# تەۋرات

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى

# 圣经

## 旧约

### 现代维吾尔文译本

© 2025 ئۇيغۇرچە «مۇقەددەس كىتاب» جەمئىيىتى

# مۇندەرىجە

## مۇسا پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان بەش سۇرە


يارىتىلىش
مىسىردىن چىقىش
لاۋىيلار
چۆلدە
قانۇنىنىڭ تەكرارى


## پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرى


يوشۇۋا
سەردارلار
رۇت
1-سامۇئىل
2-سامۇئىل
1-پادىشاھلار
2-پادىشاھلار
1-تارىخلار
2-تارىخلار
ئەزرا
نەھەمىيا
ئەستەر
ئايۇپ
پەند-نەسىھەتلەر
ھېكمەتلەر
نەزمىلەر شاھى
يەشايا
يەرەمىيا
مەرسىيەلەر
ئەزەكىئەل
دانىيال
ھوشىيا
يوئېل
ئاموس
ئوبادىيا
يۇنۇس
مىكاھ
ناھۇم
خاباقۇق
زەفانىيا
ھاگاي
زەكەرىيا
مالاكى


ھايات نۇرى

# ئالەمنىڭ يارىتىلىشى


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | 32 |
| 33 | 34 | 35 | 36 |
| 37 | 38 | 39 | 40 |
| 41 | 42 | 43 | 44 |
| 45 | 46 | 47 | 48 |
| 49 | 50 | | |

# ئالەمنىڭ يارىتىلىشى

## خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىشى

1 [1] خۇدا ھەممىدىن بۇرۇن پۈتۈن ئالەمنى ياراتتى. [2] ئۇ چاغدا
يەر شارى شەكىلسىز ۋە قۇپقۇرۇق ھالەتتە بولۇپ، سۇلارنى
قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. خۇدانىڭ روھى سۇ ئۈستىدە لەرزان
پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى.
[3] خۇدا: «يورۇقلۇق بولسۇن!» دېدى، يورۇقلۇق پەيدا بولدى.
[4-5] خۇدا يورۇقلۇقنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ يورۇقلۇقنى قاراڭغۇلۇقتىن ئايرىدى ۋە يورۇقلۇقنى «كۈندۈز»،
قاراڭغۇلۇقنى «كېچە» دەپ ئاتىدى. كېچە ۋە كۈندۈز ئۆتتى، بۇ
تۇنجى كۈن بولدى.
[6] ئاندىن خۇدا: «سۇلارنى ئىككىگە ئايرىش ئۈچۈن بىر پاسىل
بولسۇن!» دېدى. [7] شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر پاسىل پەيدا قىلىپ،
سۇلارنى ئاستى-ئۈستىگە ئايرىدى. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن شۇنداق
بولدى. [8] خۇدا بۇ پاسىلنى «ئاسمان» دەپ ئاتىدى. يەنە كېچە ۋە
كۈندۈز ئۆتتى، بۇ ئىككىنچى كۈن بولدى.
[9] ئاندىن خۇدا: «ئاسماننىڭ ئاستىدىكى سۇلار بىر يەرگە يىغىلىپ،
قۇرۇق يەر كۆرۈنسۇن!» دېدى. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن شۇنداق
بولدى. [10] خۇدا قۇرۇق يەرنى «زېمىن»، يىغىلغان سۇلارنى
«دېڭىز» دەپ ئاتىدى. خۇدا بۇلارنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆردى.
[11] ئاندىن خۇدا يەنە: «زېمىندا ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر، يەنى
ئۈرۈقلۇق ۋە مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەر ئۆز تۈرلىرى بويىچە ئۈنسۇن!»
دېدى. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن شۇنداق بولدى. [12] شۇنىڭ بىلەن يەر
يۈزىدە ھەر خىل ئۈرۈقلۇق ۋە مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەر ئۆز تۈرلىرى

بويىچە ئۇنۇپ چىقتى. خۇدا بۇلارنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆردى.
[13] يەنە كېچە ۋە كۈندۈز ئۆتتى، بۇ ئۈچىنچى كۈن بولدى.
[14] خۇدا يەنە: «كۈندۈزنى كېچىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن
ئاسماندا يورۇقلۇق بېرىدىغان جىسىملار بولسۇن. ئۇلار كۈن،
پەسىل ۋە يىللارنى ئايرىشتىكى بەلگە بولسۇن. [15] بۇ جىسىملار نۇر
چېچىپ، يەر يۈزىنى يورۇتۇپ تۇرسۇن!» دېدى. خۇدانىڭ ئەمرى
بىلەن شۇنداق بولدى. [16] خۇدا يورۇقلۇق بېرىدىغان ئىككى چوڭ
جىسىمنى ياراتتى، قۇياشنى كۈندۈزنى باشقۇرىدىغان، ئاينى كېچىنى
باشقۇرىدىغان قىلدى. خۇدا يەنە يۇلتۇزلارنىمۇ ياراتتى. [17] خۇدا
يورۇقلۇق بېرىدىغان بۇ ئىككى جىسىمنى ئاسمانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ،
[18] يەر يۈزىنى يورۇتتى ھەمدە كۈندۈزنى كېچىدىن، يورۇقلۇقنى
قاراڭغۇلۇقتىن ئايرىدى. خۇدا ئۇلارنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى
كۆردى. [19] يەنە كېچە ۋە كۈندۈز ئۆتتى، بۇ تۆتىنچى كۈن بولدى.
[20] خۇدا يەنە: «سۇ ھەر خىل جانلىقلارغا تولسۇن، ئاسماندا ھەر
خىل ئۇچار قاناتلار ئۇچسۇن!» دېدى. [21] ئاندىن ئۇ سۇدا ياشايدىغان
ئاجايىپ-غارايىپ مەخلۇقلارنى، ھەر خىل چوڭ-كىچىك جانلىقلارنى
ۋە ئاسماندىكى ھەر خىل ئۇچار قاناتلارنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە
ياراتتى. خۇدا بۇ جانلىقلارنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆردى. [22] خۇدا
بۇ جانلىقلارغا بەرىكەت ئاتا قىلىپ: «سۇدا ياشىغۇچى جانلىقلار
كۆپىيىپ، دېڭىز-ئوكيانلارنى تولدۇرسۇن، ئۇچار قاناتلار يەر
يۈزىدە ئۆلغايسۇن!» دېدى. [23] يەنە كېچە ۋە كۈندۈز ئۆتتى، بۇ
بەشىنچى كۈن بولدى.
[24] خۇدا يەنە: «يەر يۈزىدە ھەر خىل جانلىقلار، يەنى ئۆي
ھايۋانلىرى ۋە چوڭ-كىچىك ياۋايى ھايۋانلار پەيدا بولسۇن!»
دېدى. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن شۇنداق بولدى. [25] شۇنىڭ بىلەن
خۇدا يەر يۈزىدە ھەر خىل جانلىقلارنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە ياراتتى
ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆردى.
[26] ئاندىن خۇدا: «بىزنىڭ ئوبرازىمىزدەك، ئۆزىمىزگە ئوخشايدىغان
ئىنسان ياراتايلى. ئۇلار ھەر خىل جانلىقلارنى، يەنى دېڭىزدىكى
بېلىقلار، ئاسماندىكى قۇشلار، زېمىندىكى ئۆي ھايۋانلىرى ۋە
چوڭ-كىچىك جانلىقلارنى باشقۇرسۇن!» دېدى.

27 شۇنىڭ بىلەن خۇدا ئىنساننى ئۆز شەكلىدە،
يەنى ئۆزىگە ئوخشاش قىلىپ ياراتتى،
شۇنداقلا ئۇلارنى ئەر ۋە ئايال قىلىپ ياراتتى.

28 خۇدا ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلىپ مۇنداق دېدى:
- پەرزەنت كۆرۈپ كۆپىيىڭلار، يەر يۈزىنى قاپلاپ، دۇنيانى بويسۇندۇرۇڭلار. شۇنداقلا دېڭىزدىكى بېلىقلار، ئاسماندىكى قۇشلار، زېمىندىكى پۈتۈن جانلىقلارنى باشقۇرۇڭلار. 29 مەن سىلەرگە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ھەر خىل زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىپ بەردىم. 30 زېمىندىكى بارلىق چوڭ-كىچىك ھايۋانلار، ئاسماندىكى بارلىق قۇشلار، يەنى ھەممە جانلىقلارغا ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى ئوزۇق قىلىپ بەردىم. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن شۇنداق بولدى. 31 خۇدا ياراتقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆردى. يەنە كېچە ۋە كۈندۈز ئۆتتى، بۇ ئالتىنچى كۈن بولدى.

2 1 شۇنداق قىلىپ، ئالەم پۈتۈن بارلىقلىرى بىلەن يارىتىلىپ بولدى.
2 يەتتىنچى كۈنى خۇدا يارىتىش ئىشىنى تاماملاپ بولۇپ، ئارام ئالدى. 3 خۇدا يەتتىنچى كۈننى مۇبارەكلەپ، «مۇقەددەس كۈن» دەپ بېكىتتى، چۈنكى بۇ كۈنى ئۇ يارىتىشنى تاماملاپ بولۇپ، ئارام ئالغان كۈن ئىدى.
4 پەرۋەردىگار خۇدا ئالەمنى مۇشۇنداق ياراتقانىدى.

## ئېرەم باغ

پەرۋەردىگار خۇدا ئالەمنى ياراتقاندا، 5 يەر يۈزىدە ئوت-چۆپ ۋە زىرائەتلەر يوق ئىدى، چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدا تېخى يامغۇر ياغدۇرمىغانىدى، شۇنداقلا يەر تېرىيدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. 6 ئەمما يەر ئاستىدىن سۇ چىقىپ، پۈتۈن زېمىننى سۇغىراتتى. 7 پەرۋەردىگار خۇدا تۇپراقتىن ئادەمنى ياراتتى ① ۋە ئۇنىڭ بۇرنىدىن ھاياتلىق نەپەسنى پۈۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ھاياتلىققا ئېرىشتى.

① 2: 7 ئىبرانىي تىلىدا «تۇپراق» ۋە «ئادەم» ئاھاڭداش سۆزلەردۇر.

[8] پەرۋەردىگار خۇدا شەرقتىكى ئېرەم دېگەن جايدا بىر باغ
بەرپا قىلىپ، ئۆزى ياراتقان ئادەمنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى.
[9] پەرۋەردىگار خۇدا ئۇ باغدا يەنە مېۋىلىرى شېرىن ۋە چىرايلىق
بولغان ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۇردى. باغنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە ئىككى تۈپ مېۋىلىك دەرەخ ئۆسكەن بولۇپ،
بۇنىڭ بىرى «ھاياتلىق دەرىخى»، يەنە بىرى «ياخشىلىق ۋە
يامانلىق ھەققىدە بىلىم بېرىدىغان دەرەخ» ئىدى.
[10] ئېرەمدە بىر دەريا بولۇپ، ئۇ باغنى سۇغىراتتى. ئاندىن ئۇ دەريا
باغدىن تۆت دەريا بولۇپ، ئېقىپ چىقاتتى. [11] بىرىنچىسى پىشون
دەرياسى بولۇپ، ئالتۇن چىقىدىغان خاۋىلا دېگەن يەرنى ئايلىنىپ
ئۆتەتتى. [12] ئۇ يەرنىڭ ئالتۇنى ساپ بولۇپ، ئۇ يەردىن يەنە خۇش
پۇراقلىق دېۋىرقاي ۋە يوللۇق ھېقىق چىقاتتى. [13] ئىككىنچىسى
گىھون دەرياسى بولۇپ، كۇش دېگەن يەرنى ئايلىنىپ ئۆتەتتى.
[14] ئۈچىنچىسى دەجلە دەرياسى بولۇپ، ئاسسۇرىيەنىڭ شەرقىدىن
ئېقىپ ئۆتەتتى. تۆتىنچىسى فىرات دەرياسىدۇر.
[15] پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمنى ئېرەم باغدا ئىشلىسۇن ۋە ئۇنى
پەرۋىش قىلسۇن، دەپ ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. [16] پەرۋەردىگار
خۇدا ئادەمگە ئەمر قىلىپ:
- باغدىكى مېۋىلەرنى خالىغىنىڭچە يېگىن. [17] ئەمما «ياخشىلىق
بىلەن يامانلىق ھەققىدە بىلىم بېرىدىغان دەرەخ»نىڭ مېۋىسىنى
ھەرگىز يېمىگىن. چۈنكى ئۇنى يېسەڭ، چوقۇم ئۆلىسەن! ① - دېدى.

## ھاۋائانىڭ يارىتىلىشى

[18] كېيىن پەرۋەردىگار خۇدا: «ئادەمنىڭ يالغۇز ياشىشى ياخشى
ئەمەس، ئۇنىڭغا لايىق بولغۇدەك بىر ھەمراھ يارىتاي» دېدى.
[19] پەرۋەردىگار خۇدا تۇپراقتىن ھەر خىل ھايۋان ۋە قۇشلارنى
ياراتقان بولۇپ، ئادەم ئۇلارغا قانداق ئىسىم قويسا، ئۇلار شۇنداق
ئاتالسۇن دەپ، ئۇلارنى ئادەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. [20] ئادەم

① 2: 17 بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئۆلۈش خۇدادىن ئايرىلىش، يەنى روھىي
جەھەتتىكى ئۆلۈشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنسانلار جىسمانىي
جەھەتتە ئۆلۈشكە باشلىغان.

بارلىق قۇشلار ۋە ھايۋانلارغا ئىسىم قويدى. ۋاھالەنكى، ئۆزلىرىنىڭ
ئارىسىدىن ئۆزىگە لايىق بولغۇدەك بىرەر ھەمراھ تاپالمىدى.
[21] شۇڭا پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمنى قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق قىلدى.
ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا، خۇدا ئۇنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ، ئۇ
يەرنى گۆشى بىلەن ئېتىپ قويدى. [22] پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمنىڭ
قوۋۇرغىسىدىن بىر ئايال ياراتتى ۋە ئۇنى ئادەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كەلدى. [23] ئادەم مۇنداق دېدى:
— مانا ئەمدى سۆڭىكى سۆڭىكىمدىن، گۆشى گۆشۈمدىن ئېلىنغان
بىرى بولدى! ئۇ «ئايال» [ئىبرانىي تىلىدىكى «ئەر» دېگەن سۆز
بىلەن ئاھاڭداش] دەپ ئاتالسۇن، چۈنكى ئۇ ئەردىن ئېلىنغاندۇر.
[24] بىر ئادەمنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئايالى بىلەن بىرلىشىپ،
بىر تەن بولۇشى ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر.
[25] ئۇ چاغدا ئادەم بىلەن ئايالى يالىڭاچ بولۇپ، بىر-بىرىدىن
نومۇس قىلىشمايتتى.

## ئادەمنىڭ خۇدانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشى

3 [1] يىلان پەرۋەردىگار خۇدا ياراتقان جانلىقلارنىڭ ئىچىدىكى
ئەڭ ھىيلىگەرى ئىدى. ئۇ ئايالدىن:
— خۇدا راستىنلا: «باغدىكى ھەرقانداق دەرەخنىڭ مېۋىسىنى
قەتئىي يېمەڭلار!» دېدىمۇ، — دەپ سورىدى. [2] ئايال:
— باغدىكى دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى يېسەك بولىدۇ. [3] لېكىن خۇدا
بىزگە: «باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەڭلار،
ھەتتا ئۇنىڭغا قولمۇ تەگكۈزمەڭلار، بولمىسا ئۆلىسىلەر» دېدى،
— دەپ جاۋاب بەردى. [4] يىلان ئايالغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
— ياق، ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر! [5] خۇدا سىلەرنىڭ ئۇنى يېسەڭلار،
كۆزۈڭلارنىڭ ئېچىلىپ، ئۆزىگە ئوخشاش ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى
بىلىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ.
[6] ئايال بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ چىرايلىق ۋە يېيىشكە
بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ۋە ئۇنى يېسە قانچىلىك ئەقىللىق بولۇپ
كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، مېۋىدىن ئۈزۈپ يېدى، شۇنداقلا ئۇنى
يېنىدا تۇرغان ئېرىگىمۇ بەردى. ئۇمۇ يېدى. [7] ئۇلار مېۋىنى يېيىشى

بىلەنلا كۆزلىرى ئېچىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچلىقىنى بىلىپ نومۇس قىلىشتى ۋە ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىنى بىر-بىرىگە چېتىپ، بەدەنلىرىنى يېپىشۋېلىشتى.
[8] شۇ كۈنى سالقىن چۈشكەن ۋاقىتدا، ئۇلار پەرۋەردىگار خۇدانىڭ باغدا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن قېچىپ، دەرەخزارلىقنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىشتى. [9] لېكىن پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمنى:
- سەن قەيەردە؟ - دەپ چاقىردى. [10] ئادەم:
- مەن سېنىڭ باغدا مېڭىپ يۈرگەنلىكىڭنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ، يالىڭاچلىقىمدىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالدىم، - دەپ جاۋاب بەردى.
[11] خۇدا ئۇنىڭدىن:
- يالىڭاچ ئىكەنلىكىڭنى ساڭا كىم ئېيتتى؟ ياكى مەن ساڭا يېمە، دېگەن مېۋىنى يېدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. [12] ئادەم:
- سەن ماڭا بەرگەن ئۇ ئايال شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ماڭا بەرگەنىدى، شۇنى يېدىم، - دەپ جاۋاب بەردى. [13] پەرۋەردىگار خۇدا ئايالدىن:
- نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟ - دەپ سورىدى.
- مېنى يىلان ئازدۇردى، شۇڭا يېدىم، - دەپ جاۋاب بەردى ئايال.

## خۇدانىڭ ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنى جازالىشى

[14] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار خۇدا يىلانغا:
- بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن جازاغا تارتىلىسەن! بارلىق جانلىقلارنىڭ ئىچىدە پەقەت سەنلا قارغىشقا قالىسەن:

«ھازىردىن باشلاپ، يەر بېغىرلاپ مېڭىپ،
ئۆمۈرۋايەت توپا يەيسەن.
[15] سېنى ئايال بىلەن دۈشمەن قىلىمەن.
ئۇنىڭ ئەۋلادى بىلەن سېنىڭ ئەۋلادىڭ دۈشمەنلىشىپ ئۆتىدۇ.
ئۇنىڭ ئەۋلادى سېنىڭ بېشىڭنى يانجىيدۇ،
سەن ئۇنىڭ تاپىنىنى چاقىسەن» دېدى.

16 كېيىن پەرۋەردىگار خۇدا ئايالغا مۇنداق دېدى:

«ھامىلىدارلىقىڭنىڭ ئازابىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىمەن.
تۇغۇتۇڭدا تولغىقىنىمۇ زىيادە قىلىمەن،
شۇنداقتىمۇ ئېرىڭگە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلايسەن،
ئۇ سېنى باشقۇرىدۇ.»

17 پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمگە مۇنداق دېدى:

«سەن ئايالىڭنىڭ سۆزىگە كىرىپ،
مەن ‹يېمەڭلار› دەپ ئەمر قىلغان مېۋىنى يېگەنلىكىڭلار
ئۈچۈن،
يەرمۇ قارغىشىمغا قالدى.
سەن ئۆمۈرۋايەت جاپالىق ئىشلەش بىلەنلا ئوزۇقلۇققا ئىگە
بولىسەن.
18 يەردىن تىكەن ۋە قامغاق ئۈنىدۇ،
سەن ئۆزۈڭ تېرىغان زىرائەتلەرنى يەيسەن.
19 باش-كۆزۈڭ تەرگە چۈمگەندىلا
تويغۇدەك بىر نەرسىگە ئىگە بولىسەن،
تاكى سەن ئۆلۈپ تېنىڭ توپىغا ئايلىنىپ كەتكۈچە
ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەيسەن.
تۇپراقتىن يارىتىلدىڭ ۋە تۇپراققا قايتىسەن!»

20 ئادەم ئايالىغا ھاۋا [ئىبرانىي تىلىدىكى «ھاياتلىق» دېگەن
سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ ئىسىم قويدى، چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ
ئانىسى بولاتتى. 21 پەرۋەردىگار خۇدا ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئايالىغا
ھايۋاننىڭ تېرىسىدىن كىيىم قىلىپ، كىيدۈرۈپ قويدى.

## ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ ئېرەم باغدىن قوغلىنىشى

22 ئاندىن پەرۋەردىگار خۇدا مۇنداق دېدى:

– ئادەم بىزگە ئوخشاش ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى بىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يەپ قويۇشىدىن ساقلىنايلى. بولمىسا، ئۇ مەڭگۈ ياشايدۇ!

[23] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار خۇدا ئۇلارنى ئېرەم باغدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرى يارىتىلغان تۇپراقتا ئىشلەيدىغان بولدى. [24] خۇدا ئادەمئاتىنى ئېرەم باغدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ھاياتلىق دەرىخىگە بارىدىغان يولنى قوغداش ئۈچۈن ئېرەم باغنىڭ شەرق تەرىپىگە «كېرۇب» دەپ ئاتىلىدىغان مەخلۇقلارنى ۋە ھەر تەرەپكە بارالايدىغان ئوتلۇق بىر قىلىچنى ئورۇنلاشتۇردى.

## قابىل بىلەن ھابىل

4 [1] ئادەمئاتا ئايالى ھاۋائانا بىلەن بىللە بولدى. ھاۋائانا ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇ: «پەرۋەردىگارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئوغۇلغا ئىگە بولدۇم» دېدى ۋە ئىسمىنى قابىل [ئىبرانىي تىلىدىكى «ئىگە بولدۇم» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] قويدى. [2] كېيىن ئۇ يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئىسمىنى ھابىل قويدى. ئىككىلەن چوڭ بولغاندىن كېيىن ھابىل پادىچى، قابىل دېھقان بولدى.

[3] ھوسۇل مەزگىلى كەلگەندە، قابىل يېرىدىن چىققان مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىپ، پەرۋەردىگارغا ئاتىدى. [4] ھابىلمۇ پادىلىرى ئىچىدىن تۇنجى تۇغۇلغان پاقلانلىرىدىن سويۇپ، مايلىق يېرىدىن پەرۋەردىگارغا ئاتىدى. پەرۋەردىگار ھابىلدىن ۋە ئۇنىڭ ئاتىغانلىرىدىن رازى بولدى. [5] بىراق قابىلدىن ۋە ئۇنىڭ ئاتىغانلىرىدىن رازى بولمىدى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خاپا بولغان قابىلنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى.

[6] شۇ چاغدا پەرۋەردىگار قابىلغا:

– نېمىشقا خاپا بولىسەن؟ چىرايىڭ نېمىشقا تۇتۇلۇپ كەتتى؟ [7] ئەگەر دۇرۇس ئىش قىلغان بولساڭ، سېنىمۇ قوبۇل قىلغان بولاتتىم! گۇناھ دائىم ئىشىك ئالدىدا سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇ سېنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقچى بولىدۇ، لېكىن سەن ئۇنى يېڭىشىڭ لازىم! – دېدى.

8 كېيىن قابىل ئىنىسى ھابىلغا:
- يۈر، دالادا سەيلە قىلىپ كېلەيلى! - دېدى. ئۇلار دالادىكى ۋاقتىدا، قابىل ئىنىسىغا قول سېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.
9 پەرۋەردىگار قابىلدىن:
- ئىنىڭ ھابىل قېنى؟ - دەپ سورىدى.
- بىلمەيمەن، مەن ئىنىمنىڭ باققۇچىسىمىدىم؟ - دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. 10 پەرۋەردىگار كەينىدىنلا ئۇنى:
- بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئىنىڭنىڭ يەرگە چېچىلغان قېنى ماڭا پەرياد قىلماقتا. 11 سەن ئەمدى قارغىشىمغا قالىسەن، يەرگە ئىشلىيەلمەيسەن! چۈنكى سەن ئىنىڭنى ئۆلتۈرۈپ، يەرگە قان تۆكتۈڭ. 12 سەن يەرگە ئىشلىگەن تەقدىردىمۇ، يەر ساڭا ھوسۇل بەرمەيدۇ. سەن ئەمدى سەرسان بولۇپ، يەر يۈزىدە سەرگەردانلىقتا ياشايسەن، - دەپ ئەيىبلىدى.
13 بۇنى ئاڭلىغان قابىل پەرۋەردىگارغا مۇنداق دېدى:
- مەن بۇنداق ئېغىر جازانى كۆتۈرەلمەيمەن. 14 سەن مېنى بۇ يەردىن قوغلاپ، ھۇزۇرۇڭدىن ھەيدەۋاتىسەن! مەن ئەمدى ئۆي-ماكانسىز، سەرسان بولۇپ، يەر يۈزىدە سەرگەردانلىقتا ياشايمەن. مېنى كېيىن بىرەرسى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن!
15 لېكىن پەرۋەردىگار:
- ياق، سېنى ئۆلتۈرگەن كىشى يەتتە ھەسسە قاتتىق جازالىنىدۇ، - دېدى.
پەرۋەردىگار قابىلنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئالاھىدە بەلگە سېلىپ قويدى. 16 شۇنىڭ بىلەن قابىل پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدىن ئايرىلىپ، ئېرەم باغىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى نود دېگەن جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

## قابىلنىڭ ئەۋلادلىرى

17 قابىل ئايالى بىلەن بىللە بولدى. ئايالى ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى خانوك قويدى. قابىل بىر شەھەر بىنا قىلىپ، شەھەرنى ئوغلىنىڭ ئىسمىدا ئاتىدى. 18 خانوكتىن ئىراد

تۆرەلدى، ئىرادتىن مېھۇيائىل تۆرەلدى، مېھۇيائىلدىن مەتۇشائېل
تۆرەلدى، مەتۇشائېلدىن لەمەك تۆرەلدى.
[19] لەمەك ئىككى ئايال ئالدى. بىرىنىڭ ئىسمى ئاداھ، يەنە بىرىنىڭ
ئىسمى زىللاھ ئىدى. [20] ئاداھ يابالنى تۇغدى. يابال چېدىرلاردا
ياشايدىغان چارۋىچىلارنىڭ ئەجدادى بولدى. [21] ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ
ئىسمى يۇبال ئىدى. يۇبال تارلىق سازلار ۋە نەي چالغۇچىلارنىڭ
پىرى بولدى. [22] زىللاھ تۇبال-قېن دېگەن بىر ئوغۇلنى تۇغدى.
تۇبال-قېن تۇچ، تۆمۈر جابدۇقلارنى ياسىغۇچىلارنىڭ پىرى بولدى.
تۇبال-قېنىنىڭ نائاما ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بار ئىدى. [23] لەمەك
ئىككى ئايالىغا پو ئېتىپ، مۇنداق دېدى:

«ئەي ئاداھ بىلەن زىللاھ، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار!
ئەي ئاياللىرىم، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار!
ماڭا چېقىلغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈردۈم.
مېنى ئۇرغان بىر ياشنى ھالاك قىلدىم.
[24] قابىلنى ئۆلتۈرگۈچى يەتتە ھەسسە جازالانسا،
مېنى ئۆلتۈرگۈچى يەتمىش يەتتە ھەسسە جازالىنىدۇ.»

## سېت بىلەن ئەنوش

[25] ئادەمئاتا يەنە ئايالى بىلەن بىللە بولدى، ئايالى بىر ئوغۇل
تۇغدى. ھاۋائانا: «خۇدا ماڭا قابىل ئۆلتۈرىۋەتكەن ھابىلنىڭ
ئورنىغا بىر ئوغۇل بەردى» دەپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سېت [ئىبرانىي
تىلىدىكى «خۇدا بەردى» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] قويدى.
[26] سېتتىن بىر ئوغۇل تۆرەلدى، ئىسمىنى ئەنوش قويدى. مانا شۇ
چاغدىن باشلاپ، ئادەملەر پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى.

## ئادەمئاتىنىڭ ئەۋلادلىرى

5 [1] تۆۋەندىكىلەر ئادەمئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر:
خۇدا ئىنسانىنى ئۆزىگە ئوخشايدىغان قىلىپ ياراتتى.
[2] ئۇلارنى ئەر ۋە ئايال قىلىپ ئايرىپ، ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلدى
ھەمدە ئۇلارنى «ئىنسان» دەپ ئاتىدى.

[3] ئادەمئاتا 130 يېشىدا ئۆزىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سېت قويىدى. [4] سېت تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئادەمئاتا يەنە 800 يىل ياشاپ، باشقا كۆپ ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى. [5] ئۇ 930 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.
[6] سېت 105 يېشىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەنوش قويىدى. [7] كېيىن ئۇ يەنە 807 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى. [8] ئۇ 912 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.
[9] ئەنوش 90 يېشىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى قېنان قويىدى. [10] كېيىن ئۇ يەنە 815 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى. [11] ئۇ 905 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.
[12] قېنان 70 يېشىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ماھالالئېل قويىدى. [13] كېيىن ئۇ يەنە 840 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى. [14] ئۇ 910 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.
[15] ماھالالئېل 65 يېشىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى يەرەد قويىدى. [16] كېيىن ئۇ يەنە 830 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى. [17] ئۇ 895 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.
[18] يەرەد 162 يېشىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى خانوك قويىدى. [19] كېيىن ئۇ يەنە 800 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى. [20] ئۇ 962 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.
[21] خانوك 65 يېشىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى مەتۇشەلاخ قويىدى. [22] كېيىن ئۇ يەنە 300 يىل ياشاپ، خۇدا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولدى ۋە باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى. [23] ئۇ يەر يۈزىدە جەمئىي 365 يىل ياشىدى. [24] ئۇ ھاياتىنى خۇدا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكۈزۈپ، بىر كۈنى كۆزدىن غايىب بولدى. چۈنكى خۇدا ئۇنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كەتكەنىدى.
[25] مەتۇشەلاخ 187 يېشىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇنىڭ ئىسمىنى لەمەك قويىدى. [26] كېيىن ئۇ يەنە 782 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى. [27] ئۇ 969 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.
[28] لەمەك 182 يېشىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، [29] ئۇنىڭ ئىسمىنى نۇھ [ئىبرانىي تىلىدىكى «يەڭگىللەتتىش» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ قويىدى. ئۇ: «يەر پەرۋەردىگارنىڭ قارغىشىغا

قېلىپ، بىز جاپالىق ئىشلارغا مۇپتىلا بولغاندۇق، ئەمدى بۇ بالا بىزنىڭ ئېغىرىمىزنى يەڭگىللەتكەي» دېدى.
[30] نۇھ تۇغۇلغاندىن كېيىن، لەمەك يەنە 595 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى. [31] ئۇ 777 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.
[32] نۇھ 500 ياشقا كىرگەندىن كېيىن سام، هام، يەفەت ئىسىملىك ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆردى.

## ئىنسانلارنىڭ رەزىللىكى

6 [1] ئىنسانلار دۇنيادا كۆپىيىشكە باشلىغاندا، قىزلارمۇ كۆپلەپ تۇغۇلغاندى. [2] «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى» ① شۇ قىزلارنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرى خالىغان قىزلارنى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا باشلىدى.
[3] بۇنى كۆرگەن پەرۋەردىگار:
- مېنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن روھىم ئۇلاردا مەڭگۈ ياشىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆمرى 120 ياشتىن ئاشمايدۇ!
- دېدى.
[4] «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى» ئىنسانلارنىڭ قىزلىرى بىلەن بىللە بولۇپ، ئەۋلاد قالدۇرغان چاغلاردا ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەر يۈزىدە «نەفىللار» دەپ ئاتىلىدىغان دېۋدەك چوڭ ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلار قەدىمكى زاماننىڭ باتۇرلىرى ۋە داڭلىق كىشىلىرى ئىدى.
[5] پەرۋەردىگار ئىنسانلارنىڭ شۇنچىلىك رەزىل ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ نىيىتىنىڭ ھەرقاچان يامان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، [6] ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنى ياراتقانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. [7] ئۇ ئىنتايىن ئېچىنغان ھالدا:

---

① 6: 2 «خۇدانىڭ ئوغۇللىرى» - بۇ سۆز ھەققىدە ئۈچ خىل چۈشەنچە بار: 1. ئەرشتىكى زات ياكى پەرىشتە بولۇشى مۇمكىن. 2. پادىشاھ ياكى ھۆكۈمدارغا ئوخشاش ئالاھىدە ئىنسانلار بولۇشى مۇمكىن. 3. خۇدا يولىدا ماڭمايدىغان قابىلنىڭ ئەۋلادلىرى ئەمەس، بەلكى خۇدا يولىدا ماڭىدىغان سېتنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن.

— مەن ئۆزۈم ياراتقان ئىنسانلارنى يەر يۈزىدىن يوقىتىمەن. شۇنداقلا بارلىق چوڭ-كىچىك ھايۋانلارنى ۋە قۇشلارنى يوق قىلىمەن. ئۇلارنى ياراتقانلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن! — دېدى. [8] لېكىن پەرۋەردىگار نۇھتىن خۇرسەن ئىدى.

## نۇھنىڭ كېمە ياسىشى

[9-10] نۇھنىڭ ئىش-ئىزلىرى تۆۋەندىكىچە: نۇھنىڭ سام، ھام، يەفەت ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. نۇھ ئۆز زامانىدا بىردىنبىر دۇرۇس، قۇسۇرسىز ئادەم بولۇپ، خۇدا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ ياشىغانىدى. [11] باشقا ئىنسانلار بولسا خۇدانىڭ نەزىرىدە گۇناھقا پاتقان بولۇپ، يەر يۈزى ئۇلار سەۋەبلىك زوراۋانلىققا تولغانىدى. [12] خۇدا دۇنياغا نەزەر سېلىپ، دۇنيانىڭ كىشىلەرنىڭ رەزىللىكلىرىدىن ئىنتايىن بۇزۇلغانلىقىنى كۆردى. [13] شۇنىڭ بىلەن خۇدا نۇھقا:

— دۇنيا ئىنسانلارنىڭ زوراۋانلىقىغا تولۇپ كەتتى. شۇڭا مەن ئۇلارنى يوقىتىمەن، ئۇلارنى دۇنيا بىلەن قوشۇپ پۈتۈنلەي يوقىتىمەن! [14] سەن ياخشى ياغاچتىن ئۆزۈڭگە بىر كېمە ياسا، كېمىدە ئۆيلەر بولسۇن. كېمىگە سۇ كىرمەسلىكى ئۈچۈن كېمىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا قارا موم سۈركىگىن. [15] كېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 150 مېتىر، كەڭلىكى 25 مېتىر، ئېگىزلىكى 15 مېتىر بولسۇن. [16] كېمىنىڭ ئۈستى لەمپە شەكىللىك بولسۇن، لەمپىنىڭ يان تەرەپلىرىدە 50 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە پەنجىرىلەر بولسۇن. كېمىنى ئۈچ قەۋەت قىلىپ ياسىغىن، ئىشىكى يان تەرەپتە بولسۇن. [17] مەن يەر يۈزىنى توپانغا غەرق قىلىپ، پۈتۈن جانلىقلارنى ھالاك قىلىمەن، يەر يۈزىدىكى ھەممە مەۋجۇدات نابۇت بولىدۇ. [18] لېكىن سەن بىلەن ئالدىن بىر ئەھدە تۈزەي. سەن ئايالىڭ، ئوغۇللىرىڭ ۋە كېلىنلىرىڭنى ئېلىپ كېمىگە چىققىن. [19] سەن يەنە يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەر تۈرىدىن جۈپى بىلەن كېمىگە ئېلىۋالغىن. [20] ھەر خىل چوڭ-كىچىك ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭغا جۈپى

بىلەن ئۆزلىرى كىرىدۇ. [21] ئۆزۈڭلار ۋە باشقا جانلىقلار ئۈچۈن ھەر خىل ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى ئېلىۋالغىن، – دېدى.
[22] نۇھ خۇدانىڭ ئەمر قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈردى.

## توپان بالاسى

7 [1] پەرۋەردىگار نۇھقا:
– بۇ دۇنيادىكى ئىنسانلار ئارىسىدا سېنىڭ بىردىنبىر دۇرۇس كىشى ئىكەنلىكىڭنى بايقىدىم. شۇڭا سەن پۈتۈن ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېمىگە چىققىن. [2] مەن «ھالال» دەپ بېكىتكەن ھايۋاناتلارنىڭ ھەر تۈرىدىن ئەركەك-چىشىسىدىن يەتتە جۈپتىن، «ھارام»لىرىنىڭ ھەر تۈرىدىن ئەركەك-چىشىسىدىن بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن. [3] ئۇچار قاناتلارنىڭ ھەر تۈرىدىن ئەركەك-چىشىسىدىنمۇ يەتتە جۈپتىن ئېلىۋالغىن. شۇنداق بولغاندا، توپان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەر خىل ھايۋانات، قۇشلار ھايات قېلىپ، يەر يۈزىدە ئۇلارنىڭ ئۇرۇقى قايتا كۆپىيەلەيدۇ. [4] يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇدا قىرىق كېچە-كۈندۈز قاتتىق يامغۇر ياغدۇرىمەن ۋە ياراتقان پۈتكۈل جانلىقلارنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىمەن، – دېدى.
[5] نۇھ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈردى.
[6] يەر يۈزىنى توپان باسقاندا، نۇھ ئالتە يۈز ياشتا ئىدى. [7] ئۇ توپان بالاسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن ئايالى، ئوغۇللىرى ۋە كېلىنلىرىنى ئېلىپ كېمىگە چىقتى. [8-9] خۇدانىڭ نۇھقا ئېيتقىنىدەك، ھەر خىل چوڭ-كىچىك «ھالال» ۋە «ھارام» ھايۋاناتلار ۋە ئۇچار قاناتلار نۇھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، جۈپلىرى بىلەن كېمىگە كىردى. [10] يەتتە كۈندىن كېيىن يەر يۈزىنى توپان بېسىشقا باشلىدى.
[11] نۇھ 600 ياشقا كىرگەن يىلى، 2-ئاينىڭ 17-كۈنى يەر ئاستىدىكى ھەممە بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقتى، يامغۇر ئاسماندىن چېلەكلەپ سۇ قويغاندەك قاتتىق ياغدى. [12] يامغۇر قىرىق كېچە-كۈندۈز توختىماي ياغدى. [13] دەل يامغۇر باشلانغان كۈنى نۇھ، ئايالى، سام، ھام، يەفەتتىن ئىبارەت ئۈچ ئوغلى ۋە كېلىنلىرى كېمىگە چىقتى. [14] ھەر خىل چوڭ-كىچىك ياۋايى ھايۋانلار، ئۆي

هايۋانلىرى ۋە ئۇچار قاناتلار، [15] جۈملىدىن بارلىق جانلىقلار ئۆز جۈپلىرى بىلەن نۇھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كېمىگە چىقتى. [16] بارلىق جانلىقلار خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە ئۆز جۈپلىرى بىلەن كېمىگە كىرگەندىن كېيىن، پەرۋەردىگار كېمىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويدى.
[17] يامغۇر قىرىق كۈن داۋاملاشتى. سۇ ئۇلغايغانسېرى كېمە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. [18] سۇ تېخىمۇ ئېگىزلەپ، كېمە سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالدى. [19] توپان يەر يۈزىنى قاپلاپ، ھەتتا ئېگىز تاغ چوققىلىرىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. [20] سۇ ئۆرلەپ تاكى ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن يەتتە مېتىر ئېشىپ كەتكۈچە داۋاملاشتى. [21] نەتىجىدە يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان پۈتكۈل جانلىقلار، يەنى قۇشلار، چوڭ-كىچىك ھايۋاناتلار ۋە ئىنسانلار پۈتۈنلەي ھالاك بولدى. [22] دېمەك، يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. [23] خۇدا يەر يۈزىدىكى ھەممە جانلىقلارنى، يەنى ئىنسانلار، چوڭ-كىچىك ھايۋاناتلار ۋە قۇشلارنى يوقاتتى. پەقەت نۇھ بىلەن ئۇنىڭ كېمىسىدىكى جانلىقلارلا ھايات قالدى. [24] يەر يۈزىنى 150 كۈن توپان باستى.

## توپان بالاسىنىڭ ئاخىرلىشىشى

8 [1] لېكىن خۇدا نۇھنى ۋە كېمىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان بارلىق جانلىقلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ يەر يۈزىدە شامال چىقارغانىدى، سۇ پەسىيىشكە باشلىدى. [2] يەر ئاستىدىكى بۇلاقلار يېپىلدى، ئاسماندىن يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇرمۇ توختىدى. [3] 150 كۈندىن كېيىن سۇ ئاستا-ئاستا ئازىيىشقا باشلىدى. [4] 7-ئاينىڭ 17-كۈنى كېمە ئارارات تاغ تىزمىلىرىدىكى بىر تاغنىڭ ئۈستىدە توختىدى. [5] سۇ داۋاملىق پەسىيىپ، 10-ئاينىڭ 1-كۈنى تاغ چوققىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.
[6] يەنە 40 كۈندىن كېيىن نۇھ پەنجىرىنى ئېچىپ، [7] بىر قۇزغۇننى قويۇپ بەردى. بۇ قۇزغۇن تاكى يەر يۈزىدىكى سۇ قۇرۇپ بولغۇچە كېمىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈردى. [8] ئاندىن نۇھ سۇنىڭ يەر يۈزىدىن يانغان ياكى يانمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بىر كەپتەرنى قويۇپ بەردى. [9] لېكىن يەر يۈزىنى تېخىچە سۇ قاپلاپ تۇرغاچقا، كەپتەر قونغۇدەك جاي تاپالماي قايتىپ كەلدى. نۇھ

قولىنى سۇنۇپ، ئۇنى تۇتۇپ كېمىگە ئەكىرىۋالدى. [10] يەنە يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇ كەپتەرنى يەنە قويۇپ بەردى. [11] كەچقۇرۇن ھېلىقى كەپتەر تۇمشۇقىدا يېڭى زەيتۇن يوپۇرمىقىنى چىشلىگەن ھالدا قايتىپ كەلدى. نۇھ بۇنىڭدىن سۇنىڭ يەر يۈزىدىن ئاساسىي جەھەتتىن يانغانلىقىنى بىلدى. [12] يەنە يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇ كەپتەرنى يەنە قويۇپ بەردى. بۇ قېتىم كەپتەر قايتىپ كەلمىدى.

[13] نۇھ 601 ياشقا كىرگەن يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى سۇ يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يېنىپ بولدى. نۇھ كېمىنىڭ تۈڭلۈكىنى ئېچىپ، ئەتراپىغا قاراپ، يەر يۈزىنىڭ قۇرۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆردى. [14] 2-ئاينىڭ 27-كۈنى يەر يۈزى پۈتۈنلەي قۇرۇپ بولدى.

[15-16] خۇدا نۇھقا:

- ئايالىڭ، ئوغۇللىرىڭ ۋە كېلىنلىرىڭنى كېمىدىن ئېلىپ چىققىن. [17] كېمىدىكى بارلىق مەخلۇقلار، يەنى ئۇچار قاناتلار ۋە چوڭ-كىچىك ھايۋانلارنى ئېلىپ چىققىن. ئۇلار يەر يۈزىدە يەنە كۆپىيىپ، زېمىنغا تارالسۇن، - دېدى.

[18] شۇنىڭ بىلەن نۇھ ئايالى، ئوغۇللىرى ۋە كېلىنلىرىنى ئېلىپ، كېمىدىن چىقتى. [19] يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلار، يەنى چوڭ-كىچىك ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار ئۆز تۈرلىرى بىلەن توپ-توپ بولۇشۇپ كېمىدىن چىقىشتى.

## نۇھنىڭ خۇداغا قۇربانلىق قىلىشى

[20] نۇھ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياساپ، ھالال ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ ھەر تۈرىدىن تاللاپ سويۇپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلدى. [21] پەرۋەردىگار قۇربانلىقنىڭ خۇش پۇرىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، كۆڭلىدە: «ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئەمدى زېمىننى قارغىمايمەن. ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلارنى ھەرگىز بۇ قېتىمقىدەك پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمەيمەن. [22] زېمىن مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنىڭدا تېرىم-يىغىم، ئىسسىق-سوغۇق، قىش-ياز، كېچە-كۈندۈز مەۋجۇت بولىدۇ!» دېدى.

## خۇدانىڭ نۇھ بىلەن ئەھدە تۈزۈشى

9 [1] خۇدا نۇھ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بەخت ئاتا قىلىپ مۇنداق دېدى:
– سىلەر نەسىلڭلارنى كۆپەيتىڭلار، ئۇرۇق-ئەۋلادىڭلار پۈتۈن دۇنياغا تارالسۇن. [2] يەر يۈزىدىكى بارلىق چوڭ-كىچىك ھايۋانلار، قۇشلار ۋە دېڭىزدىكى بېلىقلار سىلەردىن قورقۇپ، سىلەرنىڭ باشقۇرۇشۇڭلاردا بولىدۇ. [3] بۇرۇن سىلەرگە ئۆسۈملۈكلەرنى ئوزۇق قىلىپ بەرگەنىدىم، ئەمدى سىلەرگە ھايۋاناتلارنىمۇ ئوزۇق قىلىپ بېرىمەن. [4] لېكىن سىلەر قېنى بار گۆشنى ھەرگىز يېمەڭلار، چۈنكى جان قاندىدۇر. [5] ئادەم ئۆلتۈرۈپ قان تۆكسەڭلار، چوقۇم ھېساب ئالىمەن. ھەرقانداق بىر ھايۋان ئادەم ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭدىنمۇ ھېساب ئالىمەن. ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەردىن چوقۇم ھېساب ئالىمەن.

[6] مەن ئادەمنى ئۆزۈمگە ئوخشايدىغان قىلىپ ياراتتىم،
شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى باشقا بىر ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكسە،
ئۇنىڭ قېنىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن تۆكۈلىدۇ.

[7] سىلەر نەسىلڭلارنى كۆپەيتىڭلار. سىلەرنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىڭلار پۈتۈن دۇنيانى قاپلىسۇن.
[8] ئاندىن خۇدا نۇھ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا مۇنداق دېدى:
[9] – مەن ئەمدى سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىڭلار، [10] ھەمدە يەر يۈزىدىكى بارلىق ھايۋاناتلار، يەنى سىلەر بىلەن بىرگە كېمىدىن چىققان ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار بىلەن ئەھدە تۈزىمەن. [11] سىلەرگە ۋەدە بېرىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل جانلىقلار توپان بالاسى بىلەن قايتا يوقىتىلمايدۇ، يەر يۈزىنى خاراب قىلىدىغان توپان بالاسى ئىككىنچى يۈز بەرمەيدۇ. [12-13] مەن سىلەر ۋە بارلىق جانلىقلار بىلەن تۈزگەن مەڭگۈلۈك ئەھدەمنىڭ بەلگىسى مەن ئاسماندا پەيدا قىلغان ھەسەن-ھۈسەندۇر. [14] مەيلى قاچان بولمىسۇن، بۇلۇت پەيدا قىلغىنىمدا ھەسەن-ھۈسەن كۆرۈنسە، [15] سىلەر ۋە پۈتكۈل جانلىقلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى

ئېسىمگە ئالمەن. توپان بالاسى بارلىق جانلىقلارنى قايتا ھالاك قىلمايدۇ. [16] ھەسەن-ھۈسەننىڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا پەيدا بولۇشى مېنىڭ سىلەر ۋە يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل جانلىقلار بىلەن تۈزگەن مەڭگۈلۈك ئەھدەمنى ئېسىمگە سالىدۇ. [17] ھەسەن-ھۈسەن مېنىڭ بارلىق جانلىقلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنىڭ بەلگىسىدۇر.

## نۇھ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى

[18] كېمىدىن چىققان نۇھنىڭ ئوغۇللىرى: سام، ھام ۋە يەفەت. (ھام كەنئانلىقلارنىڭ بوۋىسى.) [19] دۇنياغا تارقالغان ھەممە خەلقلەر نۇھنىڭ بۇ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

[20] نۇھ دېھقان بولۇپ، ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلغان كىشى ئىدى. [21] ئۇ بىر قېتىم شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ، چېدىرىدا كىيىمسىز يېتىپ قالىدۇ. [22] كەنئاننىڭ ئاتىسى بولغان ھام ئاتىسىنىڭ يالىڭاچ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ئىشنى ئىككى قېرىندىشىغا ئاشكارىلاپ قويىدۇ. [23] سام بىلەن يەفەت يەلكىسىگە ئۇزۇن بىر چاپاننى ئارتىپ، چېدىرغا كەينىچە مېڭىپ كىرىپ، چاپاننى ئاتىسىغا يېپىپ قويىدۇ. ئۇلار يۈزىنى ئالدى تەرەپكە قىلىپ، ئاتىسىنىڭ يالىڭاچ تېنىگە قارىمايدۇ. [24] نۇھ ئويغىنىپ، كەنجى ئوغلى ھامنىڭ قىلغانلىرىنى بىلىپ، [25] ئۇنىڭ ئوغلى كەنئاننى قارىغاپ مۇنداق دەيدۇ:

«كەنئانغا لەنەت بولغاي!
ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ قۇلىنىڭ قۇلى بولغاي.
[26] سام ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار خۇدا مەدھىيەلەنگەي!
كەنئاننىڭ ئەۋلادى سامنىڭ ئەۋلادىغا قۇل بولغاي.
[27] خۇدا يەفەتنى گۈللەپ ياشناتقاي.
ئۇنىڭ ئەۋلادى سامنىڭ ئەۋلادى بىلەن ئىناق ياشىغاي.
كەنئاننىڭ ئەۋلادى يەفەتنىڭ ئەۋلادىغا قۇل بولغاي.»

[28] توپان بالاسىدىن كېيىن نۇھ يەنە 350 يىل ئۆمۈر كۆردى. [29] ئۇ 950 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## نۇھنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرى

10
[1] نۇھنىڭ ئوغۇللىرى بولغان سام، هام ۋە يەفەت توپان
بالاسىدىن كېيىن پەرزەنتلىك بولدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى
تۆۋەندىكىچە:①

[2] يەفەتنىڭ ئەۋلادلىرى: گومەر، ماگوگ، مادىي، ياۋان، تۇبال،
مەشەك ۋە تىراس.

[3] گومەرنىڭ ئەۋلادلىرى: ئاشكىناز، رىفات ۋە توگارما.

[4] ياۋاننىڭ ئەۋلادلىرى: ئەلىشا، تارشىش، كىتتىم ۋە رودانىم.

[5] ئۇلار دېڭىز بويلىرى ۋە ئاراللاردا ياشايدىغان ئەللەرنىڭ ئەجدادى
بولدى. ئۇلار ئوخشىمىغان يۇرتلاردا ياشايدىغان ھەر خىل
قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ئوخشىمايدىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان
ئەللەردىن بولۇپ قالدى.

[6] هامنىڭ ئەۋلادلىرى: كۇش، مىسىر، پۇئۇت ۋە كەنئان.

[7] كۇشنىڭ ئەۋلادلىرى: سىبا، خاۋىلا، سابتا، راماھ ۋە سابتىكا.
راماھنىڭ ئەۋلادلىرى: شىبا ۋە دىدان.

[8] كۇشنىڭ نىمرود ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ يەر
يۈزىدىكى بىرىنچى باتۇر ھېسابلىناتتى. [9] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ
نەزىرىدىكى ئەڭ باتۇر ئوۋچى ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئارىسىدا
«پەرۋەردىگار سېنى نىمرودتەك باتۇر ئوۋچى قىلسۇن!» دېگەن
سۆز تارقالغانىدى. [10] بابىل پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىدا بابىل، ئەرەك،
ئاككاد، كالنېھ دېگەن شەھەرلەر بار ئىدى. [11-12] نىمرود زېمىنىنى
ئاسسۇرىيەگە كېڭەيتىپ، نىنەۋى، رەھوبوتىر، كالاخ ۋە رەسەن
دېگەن شەھەرلەرنى بىنا قىلدى. رەسەن شەھرى نىنەۋى بىلەن
كالاخ شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۇ كاتتا شەھەر ئىدى.

[13] مىسىرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كېلىپ چىققان خەلقلەر: لۇدلار،
ئاناملار، لەھابلار، نافتۇخلار، [14] پاترۇسلار، كاسلۇخلار ۋە كرىتلار.
فىلىستىيەلىكلەر بولسا كاسلۇخلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى.

---

① 10:1 نۇھنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسىملىرى كېيىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىسىملىرىغا ئايلاندى. ئۇلار شۇ ئەللەرنىڭ ئەجدادى بولدى ۋە ئۇلار ياشىغان يەرلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتالدى.

[15] كەنئاننىڭ تۇنجى ئوغلى سىدون بولۇپ، ئۇ سىدونلارنىڭ ئەجدادىدۇر. كەنئان يەنە خىتلارنىڭ ئەجدادىدۇر. [16] كەنئاندىن يەنە يەبۇس، ئامور، گىرگاش، [17] خىۋ، ئارقى، سىن، [18] ئارۋاد، زىمار ۋە خاماتلارمۇ كېلىپ چىقتى.

كېيىن كەنئانلىقلارنىڭ قەبىلىلىرى ناھايىتى كەڭ تارقالدى. [19] ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ چېگراسى سىدوننىڭ جەنۇبىدىن گىرارنىڭ يېنىدىكى گازا شەھىرىگىچە، شەرقتە سودوم، گومورا، ئادماھ ۋە زىبويىمنىڭ يېنىدىكى لەشا شەھىرىگىچە ئىدى [20] ھامنىڭ ئەۋلادلىرى مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ھەر خىل قەبىلە ۋە ئەللەرگە بۆلۈنۈپ، ئوخشىمىغان يۇرتلاردا ياشىدى. ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان تىللىرى بار ئىدى.

[21] يەفەتنىڭ ئاكىسى بولغان سامنىڭمۇ ئەۋلادلىرى بار ئىدى. سام ئېبەر جەمەتىنىڭ ئەجدادى بولدى. [22] سامنىڭ ئەۋلادلىرى: ئېلام، ئاسسۇر، ئارپاكشاد، لۇد ۋە ئارام.

[23] ئارامنىڭ ئەۋلادلىرى: ئۇز، خۇل، گەتەر ۋە ماش.

[24] ئارپاكشاد شەلاخنىڭ ئاتىسى، شەلاخ بولسا ئېبەرنىڭ ئاتىسى ئىدى. [25] ئېبەردىن ئىككى ئوغۇل تۆرەلدى. بىرىنىڭ ئىسمى پەلەگ [مەنىسى «بۆلۈنۈش»] ئىدى. ئۇ ياشىغان دەۋردە ئىنسانلار بۆلۈنۈشكە باشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پەلەگ دېگەن بۇ ئىسىم قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمى يوقتان ئىدى.

[26] يوقتاننىڭ ئەۋلادلىرى: ئالموداد، شەلەف، خازارماۋەت، يەراھ، [27] ھادورام، ئۇزال، دىقلاھ، [28] ئوبال، ئابىمائېل، شىبا، [29] ئوفىر، خاۋىلا ۋە يوباب. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقتاننىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، [30] ئۇلار مېشادىن سىفارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغقىچە بولغان جايلاردا ياشايتتى.

[31] سامنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەۋلادلىرى ھەر خىل قەبىلە ۋە ئەللەرگە بۆلۈنۈپ، ئوخشىمىغان يۇرتلاردا ياشىدى. ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان تىللىرى بار ئىدى.

[32] يۇقىرىدىكىلەر نۇھنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زېمىندىكى قەبىلىلەر بويىچە خاتىرىلەنگەندۇر.

تۇپان بالاسىدىن كېيىنكى پۈتۈن دۇنيادىكى ئەللەر نۇھنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن تارقالغاندۇر.

## خەلقلەرنىڭ كۆپ خىل تىللارغا بۆلۈنۈشى

11 [1] دەسلەپتە يەر يۈزىدە بىرلا تىل بار ئىدى، ئادەملەر پەقەت
بىرلا تىلدا سۆزلىشەتتى. [2] ئۇلار شەرققە قاراپ يۆتكىلىپ،
بابىلدىكى بىر تۈزلەڭلىككە كېلىپ جايلاشتى. [3] ئۇلار ئۆزئارا:
- كېسەك قۇيۇپ، ئوتتا پىشۇرايلى! - دەپ مەسلىھەتلەشتى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاشنىڭ ئورنىغا خىش، لايىنىڭ ئورنىغا قارا
موم ئىشلىتىدىغان بولدى.
[4] ئاندىن ئۇلار:
- كېلىڭلار، بىز بىر شەھەر بىنا قىلايلى! شەھەر مۇنارىنىڭ
ئۇچى بۇلۇتقا تاقاشسۇن. بىز شۇ ئارقىلىق نامىمىزنى
چىقىرىپ، تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشىمىزدىن ساقلىنايلى!
- دېيىشتى.
[5] پەرۋەردىگار ئىنسانلارنىڭ بىنا قىلىۋاتقان شەھەر ۋە مۇنارىنى
كۆرگىلى پەسكە چۈشتى. [6] پەرۋەردىگار:
- ئۇلار بىرلىشىپ بىر خەلق بولۇپتۇ، بىر تىلدا سۆزلىشىدىكەن.
بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر!
بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار نېمە قىلىشنى خالىسا، شۇنى قىلالىغۇدەك.
[7] شۇڭا پەسكە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ تىلىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتەيلى،
ئۇلار بىر-بىرىنىڭ تىلىنى چۈشەنمىسۇن، - دېدى.
[8] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئۇلارنى پۈتۈن يەر يۈزىگە
تارقىتىۋەتتى. ئۇلار بىنا قىلىۋاتقان شەھەرمۇ ئىشتىن توختىدى.
[9] پەرۋەردىگار بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ تىلىنى
قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا
تارقىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ شەھەرنىڭ نامى بابىل [ئىبرانيى
تىلىدىكى «قالايمىقانچىلىق» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش]
دەپ ئاتالدى.

## سامنىڭ ئەۋلادلىرى

[10] سامنىڭ ئەۋلادلىرى: توپان بالاسى ئۆتۈپ ئىككىنچى يىلى سامنىڭ ئوغلى ئارپاكشاد تۇغۇلدى. بۇ چاغدا سام 100 ياشتا ئىدى.
[11] كېيىن ئۇ يەنە 500 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى.
[12] ئارپاكشاد 35 يېشىدا ئوغلى شەلاخ تۇغۇلدى. [13] كېيىن ئۇ يەنە 403 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى.
[14] شەلاخ 30 يېشىدا ئوغلى ئېبەر تۇغۇلدى. [15] كېيىن ئۇ يەنە 403 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى.
[16] ئېبەر 34 يېشىدا ئوغلى پەلەگ تۇغۇلدى. [17] كېيىن ئۇ يەنە 430 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى.
[18] پەلەگ 30 يېشىدا ئوغلى رېئۇ تۇغۇلدى. [19] كېيىن ئۇ يەنە 209 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى.
[20] رېئۇ 32 يېشىدا ئوغلى سرۇگ تۇغۇلدى. [21] كېيىن ئۇ يەنە 207 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى.
[22] سرۇگ 30 يېشىدا ئوغلى ناخور تۇغۇلدى. [23] كېيىن ئۇ يەنە 200 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى.
[24] ناخور 29 يېشىدا ئوغلى تەراھ تۇغۇلدى. [25] كېيىن ئۇ يەنە 119 يىل ياشاپ، باشقا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلەرنى كۆردى.
[26] تەراھ 70 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىبرام، ناخور ۋە هاران قاتارلىق ئوغۇل پەرزەنتلەرنى كۆردى.

## تەراھنىڭ ئەۋلادلىرى

[27] تەراھنىڭ ئەۋلادلىرى: تىن ئىبرام، ناخور ۋە هاران. هاراندىن لۇت تۆرەلدى. [28] هاران كالدانلارنىڭ زېمىنى بولغان ئۆز يۇرتى ئۇر شەھىرىدە ئاتىسى تەراھتىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتتى. [29] ئىبرام ساراھقا، ناخور هاراننىڭ قىزى مىلكاھقا ئۆيلەندى. هاراننىڭ يەنە يىسكاھ ئىسىملىك بىر قىزىمۇ بار ئىدى. [30] ساراھ تۇغماس بولغاچقا، پەرزەنت كۆرمىگەنىدى.

[31] تەراھ ئوغلى ئىبرام، نەۋرىسى لۇت (ھاراننىڭ ئوغلى) ۋە كېلىنى، يەنى ئىبرامنىڭ ئايالى ساراھنى ئېلىپ، كالدانلارنىڭ زېمىنى بولغان ئۇر شەھىرىدىن ئايرىلىپ، كەنئانغا كەتمەكچى بولدى. بىراق ئۇلار خاران دېگەن شەھەرگە كەلگەندە، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. [32] تەراھ 205 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، خاراندا ئالەمدىن ئۆتتى.

## خۇدانىڭ ئىبراھىمنى تاللىشى

12 [1] پەرۋەردىگار ئىبرامغا① مۇنداق دېدى:
– سەن ئاتاڭ ۋە باشقا ئۇرۇق-جەمەتلىرىڭدىن ئايرىلىپ، يۇرتۇڭدىن چىقىپ كەتكىن. مەن ساڭا بىر يەرنى كۆرسىتىمەن، سەن شۇ يەرگە بارغىن.

[2] «مەن سېنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىڭنى كۆپەيتىپ،
ئۇلارنى چوڭ بىر خەلق قىلىمەن.
مەن ساڭا بەخت ئاتا قىلىپ، نامىڭنى ئۇلۇغ قىلىمەن.
شۇنداق قىلىپ، سەن بەخت مەنبەسى بولىسەن.
[3] ساڭا بەخت تىلىگەنلەرگە بەخت ئاتا قىلىمەن،
ساڭا لەنەت ئوقۇغانلارغا لەنەت ئوقۇيمەن.
سەن ئارقىلىق ھەممە خەلقلەرگە بەخت ئاتا قىلىمەن!»

[4] شۇڭا ئىبرام پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن 75 يېشىدا خاران شەھىرىدىن يولغا چىقتى، لۇتمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يولغا چىقتى. [5] ئىبرام ئايالى ساراھ، جىيەنى لۇت ۋە ئۆزلىرى خاران شەھىرىدە تاپقان بايلىقى ۋە قۇللىرىنى ئېلىپ، كەنئان رايونىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار كەنئان تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن [6] سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شەكەم شەھىرىگە يېقىن مورەھ دېگەن جايدىكى چوڭ بىر دۇب دەرىخىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ چاغدا كەنئانلىقلار شۇ زېمىندا ياشايتتى.

① 12: 1 ئىبرام – خۇدا كېيىن «ئىبراھىم» دەپ ئاتالغان.

[7] پەرۋەردىگار ئىبرامغا زاھىر بولۇپ، ئۇنىڭغا:
- مانا بۇ زېمىننى سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا ئاتا قىلىمەن، - دېدى.
شۇڭا ئىبرام ئۇ يەردە ئۆزىگە زاھىر بولغان پەرۋەردىگارغا ئاتاپ
بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياساپ، ئىبادەت قىلدى. [8] كېيىن ئۇ جەنۇبقا
يۆتكىلىپ، بەيتەل شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى تاغلىق رايونغا باردى.
غەرب تەرىپى بەيتەلگە، شەرق تەرىپى ئاي دېگەن جايغا تۇتىشىدىغان
بۇ جايغا ئورۇنلىشىپ، ئۇ يەردىمۇ بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياساپ،
پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلدى. [9] كېيىن ئۇ ئاستا-ئاستا كەنئاننىڭ
جەنۇبىدىكى نەگېب چۆللۈكىگە يۆتكەلدى.

## ئىبرامنىڭ مىسىرغا بېرىشى

[10] كەنئاندا ئاچارچىلىق يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىبرام مىسىرغا
بېرىپ، ۋاقىتنچە تۇرۇپ تۇرماقچى بولدى، چۈنكى ئەھۋال ئىنتايىن
ئېغىر ئىدى. [11] ئۇلار مىسىرغا كىرىشكە ئاز قالغاندا، ئىبرام ئايالى
ساراھقا:
- سەن بىر گۈزەل ئايال، [12] مىسىرلىقلار سېنىڭ مېنىڭ ئايالىم
ئىكەنلىكىڭنى بىلسە، سېنى ھايات قالدۇرۇپ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى
مۇمكىن. [13] شۇڭا سەن ئۇلارغا ئۆزۈڭنى مېنىڭ سىڭلىم دېگىن.
شۇنداق دېسەڭ، ئۇلار سېنى دەپ، مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولمايدۇ،
ئەكسىچە ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، - دېدى.
[14] ئىبرام مىسىرغا كىرگەن ۋاقىتتا، مىسىرلىقلار دەرۋەقە ئۇنىڭ
ئايالىنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى بايقىدى. [15] ئوردىدىكى بىرنەچچە
ئەمەلدار ساراھنى كۆرۈپ، پىرئەۋننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ
تەرىپىنى قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ساراھ ئوردىغا ئېلىپ كىرىلدى.
[16] پىرئەۋن ساراھنىڭ سەۋەبىدىن ئىبرامغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى.
ئۇنىڭغا نۇرغۇن قوي، كالا، ئېشەك، تۆگە، قۇل ۋە دېدەكلەرنى سوۋغا
قىلدى. [17] لېكىن پىرئەۋن ساراھنى ئوردىسىدا ئېلىپ قالغانلىقى
ئۈچۈن، پەرۋەردىگار پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىدىكىلەرگە ئاپەت
ياغدۇردى. ئۇلار ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى. [18] كېسەلنىڭ
سەۋەبىنى سەزگەن پىرئەۋن ئىبرامنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا:

- نېمىشقا ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىسەن؟ نېمىشقا ساراھنىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى دېمەيسەن؟ [19] نېمىشقا ئۇنى سىڭلىم دېدىڭ؟ سېنىڭ ئۇنى سىڭلىم دېگىنىڭنى ئاڭلاپ، مەن ئۇنى ئەمرىمگە ئالماقچى بولغانىدىم. ئايالىڭ مانا، ئۇنى ئېلىپ كەت! - دېدى.
[20] شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن ئۆز ئەمەلدارلىرىغا ئىبرامنى چېگرادىن چىقىرىۋېتىشكە ئەمر قىلدى. ئۇلار ئىبرامنى، ئايالىنى، ئادەملىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان بارلىق نەرسىلەرنى قوشۇپ، چېگرادىن چىقىرىۋەتتى.

## ئىبرام بىلەن لۇتنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى

# 13

[1] ئىبرام ئايالى ۋە ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ھەممە نەرسىلىرىنى ئېلىپ مىسىردىن چىقىپ، كەنئاننىڭ جەنۇبىدىكى نەگېب چۆللۈكىگە باردى. لۇتمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە باردى. [2] ئىبرام باي بولۇپ، نۇرغۇن مال-ۋارانلىرى ۋە ئالتۇن-كۈمۈشلىرى بار بولدى. [3] كېيىن ئۇ نەگېب چۆللۈكىدىن ئايرىلىپ، ئاستا-ئاستا شىمالغا يۆتكىلىپ، بەيتەل شەھىرىگە قايتا باردى. ئۇ بەيتەل بىلەن ئاي شەھىرىنىڭ ئارىلىقىغا، يەنى تۇنجى قېتىم ئورۇنلىشىپ، [4] قۇربانلىق سۇپىسى ياسىغان يەرگە قايتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلدى.
[5] ئىبرام بىلەن بىرگە ماڭغان لۇتنىڭمۇ چارۋا ماللىرى ۋە قۇللىرى كۆپ ئىدى. [6] بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ چارۋا ماللىرى بەك كۆپ بولغاچقا، ئوتلاقلار يېتىشمەي، [7] ئۇلارنىڭ پادىچىلىرىنىڭ ئارىسىدا تالاش-تارتىش چىقىشقا باشلىدى. (بۇ چاغدا كەنئانلار بىلەن پەرىززىلەر يەنىلا شۇ يەرلەردە ياشايتتى.)
[8] شۇڭا ئىبرام لۇتقا:
- بىز بولساق ئۇرۇق-تۇغقان، ئارىمىزدا ياكى پادىچىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا تالاش-تارتىش چىقمىسۇن. [9] ئايرىلىپ ياشايلى. مانا، پۈتۈن زېمىن سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. خالىغان يەرنى تاللا! ئوڭ تەرەپنى تاللىساڭ، سول تەرەپ ماڭا قالسۇن، سول تەرەپنى تاللىساڭ، ئوڭ تەرەپ ماڭا قالسۇن، - دېدى.

[10] لۇت تۆت تەرەپكە نەزەر سېلىپ، ئىئوردان تۈزلەڭلىكىدىن زوئارغىچە سۇ زۇلغان كەڭ تۈزلەڭلىكنى كۆردى. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ سۈيى مول بولۇپ، خۇددى ئېرەم باغقا ۋە مىسىرنىڭ يەرلىرىگە ئوخشايتتى. (ئۇ چاغدا پەرۋەردىگار سودوم بىلەن گومورا شەھەرلىرىنى تېخى خارابىلىككە ئايلاندۇرمىغانىدى.)
[11] شۇڭا لۇت ئۇ يەرنى تاللاپ، شەرق تەرەپكە يۆتكەلدى. ئۇ ئىككىيلەن مانا شۇنداق ئايرىلدى. [12] ئىبرام كەنئاندا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. لۇت ئىئوردان تۈزلەڭلىكىدىكى شەھەرلەرگە يېقىنلىشىپ، سودوم شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشتى. [13] سودوملۇقلار رەزىللىككە تولغان بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئېغىر گۇناھكارلار ئىدى.

## ئىبرامنىڭ ھېبرونغا كۆچۈشى

[14] لۇت ئىبرامدىن ئايرىلغاندىن كېيىن پەرۋەردىگار ئىبرامغا:
— سەن تۇرغان جايىڭدىن شەرق، غەرب، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلەرگە قاراپ باققىن. [15] سەن كۆرۈۋاتقان بۇ زېمىنلارنى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا ئاتا قىلىمەن. بۇ زېمىن مەڭگۈ سىلەرگە مەنسۇپتۇر. [16] مەن سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭنى ھەددى-ھېسابسىز كۆپەيتىمەن. يەر يۈزىدىكى قۇمنى ھېچكىم سانىيالمىغانغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ سانىنىمۇ ھېچكىم سانىيالمايدۇ. [17] ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، بۇ زېمىننى كېزىپ چىققىن، مەن ئۇنى ساڭا ئاتا قىلىمەن! — دېدى.
[18] شۇنىڭ بىلەن ئىبرام چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ھېبرون شەھىرىگە يېقىن مامرەدىكى دۇپ دەرەخلىكىنىڭ يېنىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئۇ يەردە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق سۇپىسى ياسىدى.

## ئىبرامنىڭ لۇتنى قۇتقۇزۇشى

14 [1] شۇ كۈنلەردە بابىل پادىشاھى ئامرافەل، ئەللاسار پادىشاھى ئارىيوك، ئېلام پادىشاھى كىدورلاۋمەر، گويىم پادىشاھى تىدئال قاتارلىق تۆت پادىشاھ بىرلىشىپ، [2] سودوم پادىشاھى بەرا، گومورا پادىشاھى بىرشا، ئادماھ پادىشاھى شىناب، زېبويىم پادىشاھى شەمئېبەر ۋە بەلا (زوئار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) پادىشاھىغا

قارشى جەڭگە ئاتلاندى. [3] بۇ بەش پادىشاھ قوشۇنلىرىنى سىددىم ۋادىسىغا يىغدى. (سىددىم ۋادىسى ھازىرقى «ئۆلۈك دېڭىز» ئەتراپىدىدۇر.) [4] ئەسلىدە بۇ بەش پادىشاھ 12 يىل كېدورلائومەر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان بولۇپ، 13-يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى.

[5] 14-يىلى كېدورلائومەر پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ، ئاشتاروت-قارنائىم دېگەن يەردە رافاھلارنى، ھام دېگەن يەردە زۇزلارنى، قىرياتائىم تۈزلەڭلىكىدە ئېيملارنى [6] ۋە سەئىر تاغلىق رايونىدا ياشاۋاتقان خورىلارنى چۆل بويىدىكى ئەلپارانغىچە قوغلاپ بېرىپ تارمار قىلدى. [7] ئارقىدىنلا ئۇلار ئېنمىشپات، يەنى كادېشقا قايتىپ، ئامالەكلەرنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، خازون-تاماردا ياشاۋاتقان ئامورلارنىمۇ تارمار قىلدى.

[8] شۇنىڭ بىلەن سودوم، گومورا، ئادماھ، زېبويىم ۋە بەلا، يەنى زوئار قاتارلىق بەش پادىشاھلىقنىڭ پادىشاھلىرى قوشۇنلىرىنى باشلاپ، سىددىم ۋادىسىدا جەڭگە تەييارلاندى. [9] ئۇلار ئېلامنىڭ پادىشاھى كېدورلائومەر، گويىمنىڭ پادىشاھى تىدئال، بابىلنىڭ پادىشاھى ئامرافەل ۋە ئەللاسارنىڭ پادىشاھى ئاريوكتىن ئىبارەت تۆت پادىشاھ بىلەن جەڭ قىلدى. [10] سىددىم ۋادىسىنىڭ ھەممە يېرىدە قارا ماي بىلەن تولغان كۆلچەكلەر بار ئىدى. سودوم پادىشاھى بىلەن گومورا پادىشاھى يېڭىلىپ قاچقان ۋاقتىدا، قوشۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى قارا ماي كۆلچەكلىرىگە غەرق بولدى، قالغانلىرى تاغقا قېچىپ كەتتى.

[11] تۆت پادىشاھ سودوم بىلەن گومورانىڭ پۈتۈن بايلىق ۋە ئاشلىق-تۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. [12] ئۇ چاغدا ئىبرامنىڭ جىيەنى لۇت سودومدا تۇراتتى. ئۇلار ئۇنىمۇ مال-مۈلۈكلىرى بىلەن قوشۇپ بۇلاپ كەتتى.

[13] لېكىن قۇتۇلۇپ قالغان بىر كىشى بۇ ئىشلارنى ئىبرانىي[①] ئىبرامغا مەلۇم قىلدى. ئۇ چاغدا ئىبرام ئامور قەبىلىسىدىن بولغان مامرە ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ دۇپ دەرەخلىكىنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

---

[①] 14: 13 ئىبرانىي ـ قەدىمكى يەھۇدىيلارنى، يەنى ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ.

مامرە ۋە ئەككى ئىنىسى، يەنى ئەشكول ۋە ئانېر ئىبرام بىلەن كېلىشىم تۈزگەن ھەمكارلاشقۇچىلار ئىدى.

[14] ئىبرام جىيەنى لۇتنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئىشەنچلىك ئادەملىرى ئىچىدىكى قورال تۇتالايدىغان 318 ئادەمنى توپلاپ، تۆت پادىشاھنى دان دېگەن جايغىچە قوغلاپ باردى. [15-16] ئۇ ئادەملىرىنى ئۇ يەردە بىرقانچە توپقا بۆلۈپ، كېچىسى ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلارنى دەمەشقنىڭ شىمالىدىكى خوباھ دېگەن جايغىچە قوغلاپ بېرىپ، بۇلاپ كېتىلگەن ھەممە مال-مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىپ، جىيەنى لۇتنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن بايلىقلىرىنى، ئاياللارنى ۋە باشقا ئەسىرگە چۈشكەن كىشىلەرنى قايتۇرۇپ ئالدى.

## مالكىسادىقنىڭ ئىبرامغا بەخت تىلىشى

[17] ئىبرام كىدورلائومەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان ھەرقايسى پادىشاھلارنى مەغلۇپ قىلىپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەندە، سودوم پادىشاھى ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شاۋېھ جىلغىسى (خان جىلغىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)غا باردى.

[18] ئۇلۇغ خۇدانىڭ روھانىيسى ھەم سالېمنىڭ پادىشاھى مالكىسادىقمۇ نان ۋە شاراب ئېلىپ، ئىبرامنىڭ ئالدىغا چىقىپ، [19] ئۇنىڭغا بەخت تىلەپ:

«پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئۇلۇغ خۇدا
ئىبرامنى بەختلىك قىلغاي!
[20] سېنى دۈشمەنلىرىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرغان ئۇلۇغ
خۇداغا ھەمدۇسانا بولغاي!» دېدى.

ئىبرام غەنىيمەت ئالغان نەرسىلەرنىڭ ئوندىن بىرىنى مالكىسادىققا تەقدىم قىلدى. [21] سودوم پادىشاھى ئىبرامغا:

– سەن غەنىيمەت ئالغان مال-مۈلكۈمنىڭ ھەممىسى ساڭا مەنسۇپ بولسۇن، لېكىن ئادەملىرىمنى قايتۇرۇپ بەرسەڭ! – دېدى. [22] ئىبرام ئۇنىڭغا:

- پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان پەرۋەردىگار، يەنى ئۇلۇغ خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، [23] مەن سېنىڭ ھەرقانداق نەرسەڭنى، يەنى ئايىغىڭنىڭ بوغقۇچىنى، ھەتتا بىر تال يىپىڭنىمۇ ئالمايمەن. بولمىسا، سەن كېيىن: «مەن ئىبرامنى باي قىلىپ قويدۇم!» دېيىشتىن يانمايسەن. [24] شۇڭا پەقەت ئادەملىرىمنىڭ يېگىنىلا سەندىن ئالغىنىم بولسۇن. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمەڭنى ئالمايمەن. لېكىن مېنىڭ ھەمكارلاشقۇچىلىرىم بولغان ئانېر، ئەشكول ۋە مامرەلەرگە غەنىيمەتلەردىن تېگىشلىكىنى ئايرىپ بەرگىن، - دېدى.

## خۇدانىڭ ئىبرام بىلەن ئەھدە تۈزۈشى

15 [1] بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن پەرۋەردىگار ئىبرامغا چۈشىدە غايىبانە ئالامەتتە كۆرۈنۈپ:
- ئىبرام، قورقما! مەن ساڭا قالقان بولىمەن ۋە ساڭا ناھايىتى زور ئىنئام ئاتا قىلىمەن، - دېدى. [2] لېكىن ئىبرام:
- ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، مېنىڭ پەرزەنتىم بولمىسا، سېنىڭ بەرمەكچى بولغان ئىنئامىڭنىڭ پايدىسى نېمە؟ مېنىڭ بىردىنبىر مىراسخورۇم دەمەشقتىن كەلگەن چاكىرىم ئەلىئەزەردۇر. [3] سەن ماڭا پەرزەنت بەرمىدىڭ، شۇڭا مېنىڭ تەئەللۇقاتىمغا چاكىرىم مىراسخور بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى.
[4] ئارقىدىنلا ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىگە يەنە: «چاكىرىڭ ئەلىئەزەر سېنىڭ مىراسخورۇڭ بولمايدۇ، پەقەت ئۆزۈڭدىن بولغان ئوغلۇڭلا مىراسخورۇڭ بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى.
[5] شۇنىڭدىن كېيىن پەرۋەردىگار ئۇنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ:
- ئاسمانغا قارا، يۇلتۇزلارنى سانىيالىساڭ ساناپ باق. سېنىڭ ئەۋلادىڭ ئەنە ئاشۇ يۇلتۇزلاردەك سان-ساناقسىز بولىدۇ! - دېدى.
[6] ئىبرام پەرۋەردىگارغا ئىشەندى، شۇڭا پەرۋەردىگار ئۇنى ھەققانىي ئادەم دەپ ھېسابلىدى. [7] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا يەنە:

– مەن سېنى كالدانلارنىڭ زېمىنى بولغان ئۇر شەھىرىدىن ئېلىپ چىققان پەرۋەردىگاردۇرمەن، بۇ زېمىننى ساڭا مۈلۈك قىلىپ بېرىمەن، – دېدى. [8] لېكىن ئىبرام:

– ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، مەن بۇ زېمىنغا چوقۇم ئىگە بولىدىغانلىقىمنى قانداق بىلىمەن؟ – دەپ سورىدى. [9] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:

– سەن ماڭا ئىنەك، ئۆچكە، قوچقار تەييارلىغىن، ھەممىسى ئۈچ ياشلىقتىن بولسۇن. بۇنىڭدىن سىرت پاختەك ۋە كەپتەرمۇ تەييارلىغىن، – دەپ جاۋاب بەردى.

[10] ئىبرام بۇ ھايۋانلارنى خۇدا ئۈچۈن تەييارلاپ، قۇشلاردىن باشقىسىنىڭ قارنىنى يېرىپ ئىككى پارچە قىلدى ۋە ئۇلارنى ئىككى تەرەپكە بىر-بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ تىزىپ قويدى. [11] قۇزغۇنلار ئۇچۇشۇپ كېلىپ، ئۇلارغا قونماقچى بولۇۋىدى، ئىبرام ئۇلارنى قوغلىۋەتتى. [12] كۈن پېتىۋاتقاندا ئىبرام قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنى قورقۇنچلۇق بىر قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. [13] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

– ئەي ئىبرام، شۇنى بىلىپ قويغىنكى، سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ باشقا بىر ئەلدە مۇساپىر بولىدۇ. شۇ ئەلدىكى كىشىلەرگە قۇل بولۇپ، تۆت يۈز يىل ئازاب چېكىدۇ. [14] لېكىن مەن ئۇلارنى قۇل قىلغۇچى خەلقنى چوقۇم جازالايمەن. ئۇلار ئۇ ئەلدىن چىققىنىدا، نۇرغۇن بايلىقلار بىلەن چىقىدۇ. [15] سەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتۈپ، دەپنە قىلىنىسەن. [16] سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ بۇ يەرگە كەلگۈچە، ئۇ يەردە تۆت ئەۋلاد ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغىچە بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئامورلارنىڭ گۇناھى چېكىگە يەتمەيدۇ.

[17] كۈن پېتىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئىس چىقىپ تۇرغان ئوچاق ۋە يېنىپ تۇرغان مەشئەل تۇيۇقسىز پەيدا بولدى ۋە ھېلىقى ئىككى قاتار تىزىلغان ھايۋان پارچىسى ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. [18] دەل شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ئىبرامغا ئەھدە قىلىپ، مۇنداق دېدى:

– مەن مىسىر چېگراسىدىن تاكى ئۇلۇغ فىرات دەرياسىغىچە سوزۇلغان بۇ زېمىننىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا ئاتا قىلىمەن. [19] بۇ زېمىن قېنلار، قېنازلار، قادمونلار، [20] خىتلار، پەرىززىلەر،

رافاھلار، [21] ئامورلار، كەنئانلار، گىرگاشلار ۋە يەبۇسلار دەپ تونۇلغان خەلقلەرنىڭ زېمىنلىرىنىڭ ھەممىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئىسمائىلنىڭ تۇغۇلۇشى

16 [1] ئىبرامنىڭ ئايالى ساراھ تۇغماس ئىدى، ئۇنىڭ ھەجەر ئىسىملىك مىسىرلىق بىر دېدەكى بار ئىدى. [2] ساراھ ئىبرامغا:
— پەرۋەردىگار مېنى تۇغماس يارىتىپتۇ، ئەمدى سىز دېدەكىم بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇڭ! بەلكىم مەن ئۇ ئارقىلىق بىرەر پەرزەنتلىك بولۇپ قالارمەن، — دېدى.
ئىبرام ساراھنىڭ بۇ سۆزىگە قوشۇلدى. [3] شۇنىڭ بىلەن ساراھ ھەجەرنى ئىبرامغا كىچىك خوتۇنلۇققا بەردى. بۇ ۋەقە ئىبرام كەنئاندا تۇرغان ئونىنچى يىلى يۈز بەردى. [4] ئىبرام ھەجەر بىلەن بىللە بولغاندىن كېيىن، ھەجەر ھامىلدار بولدى. ھەجەر ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى سەزگەندىن باشلاپ مەغرۇرلىنىپ، خوجايىنى ساراھنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولدى. [5] ساراھ ئىبرامغا قېيداپ:
— ھەممىنى قىلغان سىز! مەن ھەجەرنى سىزگە قوشۇپ قويغاندىم. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىلدارلىقىنى پەش قىلىپ، مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالدى. كىمنىڭ قىلغانلىقىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە پەرۋەردىگار ئۆزى ھۆكۈم قىلسۇن، — دېدى. [6] ئىبرام:
— ئۇ سېنىڭ دېدەكىڭ، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى خالىساڭ، شۇنداق مۇئامىلە قىل، — دەپ جاۋاب بەردى.
شۇنىڭ بىلەن ساراھ ھەجەرنى بوزەك قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا ھەجەر ئۇيدىن قېچىپ كەتتى.
[7] پەرىشتىنىڭ سۈرىتىدە كەلگەن پەرۋەردىگار① ھەجەرنى چۆلدىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىدا كۆردى. بۇلاق شۇر دېگەن يەرگە بارىدىغان يولنىڭ بويىدا ئىدى. [8] پەرىشتە ئۇنىڭدىن:
— ئەي ساراھنىڭ دېدەكى ھەجەر، سەن قەيەردىن كەلدىڭ، نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

---

① 16: 7 سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى» بولۇپ، تەۋراتتا بۇ كۆپ ۋاقىتلاردا پەرىشتە قىياپىتىدە كۆرۈلگەن خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

- مەن ئايال خوجايىنىم سارادىن قېچىپ چىقتىم، - دەپ جاۋاب بەردى ھەجەر. [9] پەرىشتە ئۇنىڭغا:
- سەن ئايال خوجايىنىڭ سارانىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغىن، - دېدى. [10] پەرىشتە يەنە مۇنداق دېدى:
- مەن سېنىڭ ئەۋلادىڭنى شۇنداق كۆپەيتىمەنكى، ئۇلارنىڭ سانىنى ھېچكىم سانىيالمايدۇ. [11] سەن ھامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغىسەن، ئىسمىنى ئىسمائىل [مەنىسى «ئاڭلىغۇچى خۇدا»] قويغىن، چۈنكى سېنىڭ داد-پەريادىڭ پەرۋەردىگارغا يەتتى. [12] سېنىڭ ئوغلۇڭ كۆندۈرۈلمىگەن ياۋايى ئېشەكتەك ياشايدۇ، ئۇ ھەممىگە قارشى قول كۆتۈرىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا قارشى قول كۆتۈرىدۇ. ئۇ تۇغقانلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ ياشايدۇ.
[13] ھەجەر ئۆز-ئۆزىگە: «مەن راستىنلا ماڭا غەمخورلۇق قىلغان خۇدانى كۆردۇم!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە سۆز قىلغان پەرۋەردىگارنى «ئېل-روئى» [مەنىسى «مېنى كۆرگۈچى خۇدا»] دەپ ئاتىدى. [14] شۇڭا كىشىلەر ئۇ بۇلاقنا بەئەر-لاخايروئى [مەنىسى «مېنى كۆرگۈچى خۇدانىڭ بۇلىقى»] دەپ نام قويدى. بۇ بۇلاق ھازىرمۇ كادېش بىلەن بەرەد شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىدۇر.
[15] ھەجەر ئىبرامغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئىبرام ئۇنىڭغا ئىسمائىل دەپ ئات قويدى. [16] ئۇ چاغدا ئىبرام 86 ياشتا ئىدى.

## ئەھدىنىڭ بەلگىسى خەتنە قىلىنىشتۇر

17 [1] ئىبرام 99 ياشقا كىرگەندە، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا زاھىر بولۇپ:
- مەن ھەممىگە قادىر خۇدادۇرمەن. سەن داۋاملىق مېنىڭ يولۇمدا مېڭىپ، قۇسۇرسىز ئادەم بولغىن. [2] مەن سەن بىلەن تۈزگەن ئەھدەمدە چىڭ تۇرۇپ، سېنى كۆپ ئەۋلادلىق قىلىمەن، - دېدى.
[3] ئىبرام يەرگە باش قويدى. خۇدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
[4] - مەن سەن بىلەن تۈزگەن ئەھدەم بويىچە ساڭا شۇنى ۋەدە قىلىمەنكى، سەن نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ ئاتىسى بولىسەن.
[5] ھازىردىن باشلاپ سېنىڭ ئىسمىڭ ئىبرام ئەمەس، ئىبراھىم [مەنىسى «نۇرغۇن ئەۋلادلارنىڭ ئاتىسى»] بولسۇن. چۈنكى

مەن سېنى نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ ئاتىسى قىلىمەن. [6] مەن سېنىڭ
ئەۋلادلىرىڭنى زىيادە قىلىمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يېڭى ئەل ۋە
پادىشاھلار چىقىدۇ. [7] مەن سەن ۋە سەندىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭ
بىلەن تۈزگەن مەڭگۈلۈك ئەھدەمدە تۇرىمەن. مەن سېنىڭ ۋە
ئەۋلادلىرىڭنىڭ خۇداسىدۇرمەن. [8] سەن ھازىر كەنئاندا مۇساپىر
بولۇپ ياشاۋاتىسەن. ئەمما بۇ زېمىننى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا
ئاتا قىلىمەن. ئۇ سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭنىڭ مەڭگۈلۈك مۈلكى بولىدۇ.
مەن ئۇلارنىڭمۇ خۇداسى بولىمەن!
[9] خۇدا يەنە مۇنداق دېدى:
- سەن ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ بىلەن تۈزگەن ئەھدەمدە
چىڭ تۇرۇڭلار. [10] ئاراڭلاردىكى ھەرقانداق ئەر كىشى خەتنە
قىلىنسۇن. مانا بۇ مېنىڭ سەن ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ بىلەن
تۈزگەن ئەھدەمدۇر. [11-12] ھازىردىن باشلاپ، سىلەر بارلىق
ئوغۇل بوۋاقلىرىڭلارنىڭ، مەيلى ئۆيۈڭلاردىكى قۇللار تۇغقان
ياكى باشقا ئەللەردىن سېتىۋالغان قۇلۇڭلار تۇغقان ئوغۇل
بوۋاقلار بولسۇن، ئۇلار تۇغۇلۇپ سەككىزىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ
خەتنىسىنى قىلىڭلار. خەتنە قىلىش ئارىمىزدا تۈزۈلگەن
ئەھدىنىڭ بەلگىسىدۇر. [13] ھەممە ئەرلەر خەتنە قىلىنسۇن.
سىلەرنىڭ تېنىڭلاردىكى بەلگە ئارىمىزدا تۈزۈلگەن مەڭگۈلۈك
ئەھدىمىزنىڭ بەلگىسىدۇر. [14] خەتنە قىلىنمىغان ئەر خەلقىم
قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. ئۇنداق كىشى ئەھدىنى بۇزغان
بولىدۇ.
[15] خۇدا ئىبراھىمغا يەنە مۇنداق دېدى:
- سېنىڭ ئايالىڭ ساراھنىڭ ئىسمى ھازىردىن باشلاپ سارە
[مەنىسى «مەلىكە»] بولسۇن. [16] مەن ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلىمەن،
سېنىڭ ئۇنىڭدىن بىر ئوغلۇڭ بولىدۇ. سارە نۇرغۇن ئەللەرنىڭ
ئانىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن پادىشاھلار چىقىدۇ.
[17] ئىبراھىم بۇنى ئاڭلاپ، يەرگە باش قويدى. لېكىن ئۇ كۈلۈپ،
كۆڭلىدە «100 ياشلىق بوۋاي قانداقمۇ پەرزەنت كۆرەلىسۇن؟! سارە
90 ياشقا كىرگەن تۇرسا، قانداقمۇ ھامىلدار بولالىسۇن؟» دەپ
ئويلىدى [18] ۋە خۇداغا:

– ئىسمائىل ئىزباسارىم بولسىچۇ؟ – دېدى.

19 لېكىن خۇدا مۇنداق دېدى:

– ياق، ئاياللىڭ سارە ساڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىسھاق [مەنىسى «كۈلكە»] قوي. مەن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن تۈزگەن مەڭگۈلۈك ئەھدەمدە چىڭ تۇرىمەن.

20 لېكىن مەن تەلىپىڭنى ئاڭلىدىم، ئىسمائىلغىمۇ بەخت ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ نەسلىنى ناھايىتى كۆپ قىلىمەن. ئۇ 12 پادىشاھنىڭ ئاتىسى بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلۇغ بىر ئەلگە ئايلاندۇرىمەن.

21 بىراق مەن ئەھدەمنى تۇغۇلىدىغان ئوغلۇڭ ئىسھاق بىلەن تۈزىمەن. كېلەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا سارە ئۇنى تۇغىدۇ.

22 خۇدا ئىبراھىمغا بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى.

23 شۇ كۈنى ئىبراھىم خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە، ئائىلىسىدىكى ھەممە ئەرلەرنى، يەنى ئوغلى ئىسمائىلنى، ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ۋە سېتىۋېلىنغان قۇللارنى خەتنە قىلدۇردى. 24 ئىبراھىم خەتنە قىلىنغاندا، 99 ياشتا، 25 ئىسمائىل 13 ياشتا ئىدى. 26-27 ئىبراھىم، ئىسمائىل ۋە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان قۇللار، شۇنداقلا يات ئەللەردىن سېتىۋېلىنغان قۇللار بىرلىكتە بىر كۈندە خەتنە قىلىندى.

## ئەرشتىن چۈشكەن ئۈچ مېھمان

18 1 كېيىن پەرۋەردىگار مامرەدىكى دۇپ دەرەخلىكىدە ئىبراھىمغا قايتا زاھىر بولدى. بۇ ۋەقە مۇنداق بولغانىدى. كۈن تىكلەشكەن ۋاقىتتا، ئىبراھىم چېدىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇراتتى. 2 ئۇ قارىۋىدى، ئۇدۇلدا ئۈچ كىشىنىڭ ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى 3 ۋە ئۇلارغا:

– ھەزرەتلىرىم، ماڭا ئىلتىپات قىلىپ، ئۆيىمىزگە كىرىپ، مېھمان بولۇپ قايتىشقايلا. 4 ھەرقايسىلىرى دەرەخ سايىسىدە دەم ئېلىپ تۇرغايلا، مەن پۇت-قوللىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇ، 5 غىزالىنىشلىرى ئۈچۈن بىرئاز يېمەكلىك ئېلىپ كېلەي. ئارام

ئېلىپ، ئاندىن يوللىرىنى داۋاملاشتۇرغايلا، كەلگەنلىكلىرىدىن خۇشال بولدۇم، ــ دېدى.
ــ رەھمەت، ئېيتقانلىرى بولغاي، ــ دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى ئۇلار.
[6] ئىبراھىم دەرھال چېدىرغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، سارەگە:
ــ دەرھال سۈپەتلىك ئۇندىن كۆپرەك نان پىشۇرغىن! ــ دېدى.
[7] ئارقىدىنلا ئۇ يەنە كالا پادىلىرىدىن سېمىز بىر تورپاقنى تالالاپ، چاكىرىغا تاپشۇردى. چاكىرى دەرھال تورپاقنى سويۇپ، تەييار قىلدى. [8-9] ئاندىن ئىبراھىم سۈزمە، سۈت ۋە گۆشنى ئۈچ مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى. ئۆزى ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن يېنىدا كۈتۈپ تۇردى. تاماق يەۋاتقاندا، ئۇلار ئىبراھىمدىن:
ــ ئايالىڭ سارە قەيەردە؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ چېدىردا، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.
[10] مېھمانلاردىن بىرى، يەنى پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
ــ كېلەر يىلى مۇشۇ چاغدا مەن يەنە چوقۇم كېلىمەن. شۇ چاغدا ئايالىڭ سارە بىر ئوغۇلغا ئانا بولىدۇ، ــ دېدى.
سارە ئۇلارنىڭ كەينىدىكى چېدىردا ئىشىك تۈۋىدە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى.
[11] بۇ چاغدا ئىبراھىم بىلەن سارە قېرىپ قالغانىدى. سارەنىڭ ئادەت كۆرۈشمۇ توختاپ كەتكەنىدى. [12] شۇڭا سارە ئىچىدە كۈلۈپ، ئۆز-ئۆزىگە: «مەن قېرىپ كەتتىم، ئېرىممۇ قېرىپ كەتكەن تۇرسا، ئەمدى ماڭا بۇنداق خۇشاللىق قانداق نېسىپ بولسۇن؟!» دېدى.
[13] شۇڭا پەرۋەردىگار ئىبراھىمغا:
ــ سارە نېمىشقا كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىگە: «مەن شۇنچە قېرىپ كەتكەن تۇرسام، يەنە قانداق ھامىلىدار بولالايمەن؟!» دەيدۇ؟
[14] مەن پەرۋەردىگار قىلالمايدىغان ئىش بارمۇ؟! ئېيتقىنىمدەك، كېلەر يىلى مۇشۇ چاغدا قايتا كېلىمەن. ئۇ چاغدا سارە چوقۇم بىر ئوغۇلغا ئانا بولىدۇ، ــ دېدى.
[15] سارە قورقۇپ:
ــ مەن كۈلمىدىم! ــ دەپ تاندى.
ــ ياق، سەن راستتىنلا كۈلدۈڭ، ــ دېدى پەرۋەردىگار.

## ئىبراھىمنىڭ سودوم ھەققىدە خۇداغا يالۋۇرۇشى

[16] مېھمانلار بۇ يەردىن ئايرىلىپ، سودوم شەھىرى تەرەپكە يۈزلەندى. ئىبراھىممۇ ئۇلارنى ئۇزىتىپ، بىرگە ماڭدى.
[17] مېھمانلاردىن بىرى، يەنى پەرۋەردىگار ئۆز-ئۆزىگە مۇنداق دېدى: «مەن قىلىدىغان ئىشىمنى ئىبراھىمدىن يوشۇرسام بولمايدۇ. [18] چۈنكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى چوقۇم ئۇلۇغ ۋە كۈچ-قۇدرەتلىك بىر خەلق قىلىمەن. مەن ئۇ ئارقىلىق دۇنيادىكى باشقا ھەممە خەلقلەرگە بەخت ئاتا قىلىمەن. [19] مەن ئۇنى ئۆز بالىلىرى ۋە ئەۋلادلىرىغا مېنىڭ يولۇمنى تۇتۇشنى ھەم ئۇلارنىڭ دۇرۇس ۋە ھەققانىي بولۇشنى بۇيرۇسۇن، دەپ تاللىدىم. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن.»
[20] پەرۋەردىگار ئىبراھىمغا:
- مەن كىشىلەرنىڭ سودوم ۋە گومورا شەھىرى ھەققىدە قىلغان ئاھۇزارىنى ئاڭلىدىم. بۇ شەھەرلەرنىڭ گۇناھى چەكتىن ئېشىپتۇ. [21] مەن چوقۇم بېرىپ، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ئەمەلىيەت ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن، - دېدى.
[22] ئاندىن كېيىن مېھمانلارنىڭ ئىككىسى سودومغا كەتتى. پەرۋەردىگار ئىبراھىمنىڭ قېشىدا قالدى. [23] ئىبراھىم پەرۋەردىگارغا يېقىنلىشىپ:
- سەن راستىنلا ھەققانىيلارنى گۇناھكارلار بىلەن بىرلىكتە ھالاك قىلامسەن؟ [24] ئەگەر شەھەردە 50 ھەققانىي ئادەم بولسا، سەن ئۇلارنى ساقلاپ قالماي، يەنىلا پۈتۈن شەھەرنى خاراب قىلامسەن؟ [25] سەن ھەققانىيلارنى گۇناھكارلار بىلەن بىرگە يوقاتمايسەنغۇ، ئۇنداق قىلماسسەن؟ ئۇنداق قىلساڭ، ھەققانىيلار گۇناھكارلار بىلەن تەڭ جازاغا ئۇچرايدۇ. بۇ مۇمكىنمۇ؟ سەن پۈتۈن ئالەمنىڭ سوراقچىسى تۇرساڭ، جەزمەن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىسەن! - دېدى. [26] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
- ئەگەر سودوم شەھىرىدە 50 ھەققانىي ئادەم تاپالىسام، ئۇلارنى دەپ پۈتۈن شەھەرنى ساقلاپ قالىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى.
[27] ئىبراھىم يەنە مۇنداق دېدى:

- ئى ئىگەم! سۆزۈمنى باشلىغانىكەنمەن، داۋاملاشتۇراي. ئېغىر كۆرمىسەڭ، مەندەك بىر ئاجىز بەندەڭنىڭ يۈرەكلىك ھالدا سەندىن يەنە سوئال سورىشىغا رۇخسەت قىلغايسەن! [28] ناۋادا شەھەردە 45 ھەققانىي ئادەم بولۇپ، پەقەت بەش ئادەم كەم بولسا، سەن يەنىلا پۈتۈن شەھەرنى خاراب قىلامسەن؟ پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
- ئەگەر شەھەردىن 45 ھەققانىي ئادەم تاپالىسام، شەھەرنى خاراب قىلمايمەن، - دەپ جاۋاب بەردى. [29] ئىبراھىم يەنە:
- ئەگەر پەقەت 40 ئادەم بولسىچۇ؟ - دېدى.
- ئەگەر 40 ئادەم بولسا، خاراب قىلمايمەن، - دەپ جاۋاب بەردى پەرۋەردىگار. [30] ئىبراھىم يەنە:
- ئى ئىگەم، خاپا بولمىغىن، سەندىن يەنە سوئال سوراي. مۇبادا 30 ئادەم بولسىچۇ؟ - دېدى.
- ئەگەر 30 ئادەم بولسا، خاراب قىلمايمەن، - دەپ جاۋاب بەردى پەرۋەردىگار. [31] ئىبراھىم يەنە:
- ئى ئىگەم، سەندىن يۈرەكلىك ھالدا يەنە سوئال سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسەن. مۇبادا 20 ئادەم بولسىچۇ؟ - دېدى.
- ئەگەر 20 ئادەم بولسا، مەن يەنىلا خاراب قىلمايمەن، - دەپ جاۋاب بەردى پەرۋەردىگار. [32] ئەڭ ئاخىرىدا ئىبراھىم:
- ئى ئىگەم، خاپا بولمىغىن، سەندىن يەنە بىر قېتىم سوئال سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسەن. ئەگەر پەقەت 10 ئادەم بولسىچۇ؟ - دېدى.
- پەقەت 10 ھەققانىي ئادەم بولسا، بۇ شەھەرنى يەنىلا خاراب قىلمايمەن، - دەپ جاۋاب بەردى پەرۋەردىگار.
[33] پەرۋەردىگار ئىبراھىم بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى. ئىبراھىممۇ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

## سودوم شەھىرىدىكىلەرنىڭ يامانلىقى

19 [1] شۇ كۈنى ئاخشىمى ھېلىقى ئىككى پەرىشتە سودومغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا لۇت شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. لۇت ئۇلارنى كۆرۈپلا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تەزىم قىلىپ:

[2] ـ ھەزرەتلىرىم، بىزنىڭ ئۆيگە مەرھەمەت قىلىپ، داستىخىنىمىغا داخىل بولغايلا. پۇت-قوللىرىنى يۇيۇپ، بىرەر كېچە ھاردۇق ئېلىپ، ئەتە سەھەردە يوللىرىغا راۋان بولۇشقايلا، ـ دېدى. لېكىن ئۇلار:
ـ ياق، بىز كېچىنى كوچىدا ئۆتكۈزىمىز، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى.
[3] لېكىن لۇت بەك چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇلار ئاخىر لۇتنىڭ ئۆيىگە باردى. لۇت خىزمەتكارلىرىغا پېتىر نان پىشۇرۇشنى ۋە ئۇنى تاماقلار بىلەن بىرگە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇشنى بۇيرۇدى. تاماق تەييار بولغاندىن كېيىن ئۇلار غىزالاندى.
[4] مېھمانلار تېخى ياتمىغانىدى، سودومدىكى پۈتۈن قېرى-ياش ئەرلەر كېلىپ لۇتنىڭ ئۆيىنى قورشىۋالدى. [5] ئۇلار لۇتنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:
ـ بۈگۈن كەچتە سىلەرنىڭ ئۆيگە چۈشكەن كىشىلەر قېنى؟ ئۇلارنى ئېلىپ چىق! بىز ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماقچىمىز، ـ دېدى.
[6] لۇت سىرتقا چىقىپ، ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ، [7] ئۇلارغا:
ـ بۇرادەرلەر، بۇنداق پەسكەشلىك قىلماڭلار! [8] قاراڭلار، مېنىڭ تېخى ئەرگە تەگمىگەن ئىككى قىزىم بار. ئۇلارنى سىلەرگە ئېلىپ چىقىپ بېرەي، ئۇلارنى نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار، لېكىن بۇ ئىككى كىشىگە ھەرگىز تەگمەڭلار. ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن مېھماندۇر. شۇڭا مەن ئۇلارنى قوغدايمەن! ـ دېدى. [9] لېكىن ئۇلار:
ـ يوقال! سەن تېخى ياقا يۇرتتىن كېلىپ، بىزگە ئۇنى قىل، بۇنى قىل دېگۈدەك قانچىلىك ئادەم ئىدىڭ؟ كۆزىمىزدىن يوقال! بولمىسا، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەن، ـ دېيىشتى ۋە لۇتنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىكنى بۇزۇپ، ئۆيگە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولۇشتى. [10] لېكىن ھېلىقى ئىككى پەرىشتە قوللىرىنى سوزۇپ، لۇتنى ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋېلىپ، ئىشىكنى تاقىۋالدى. [11] ئاندىن تاشقىرىدىكى قېرى-ياش ھەممە ئەرلەرنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشىكنى تاپالمىدى.

## لۇتنىڭ سودومدىن قېچىشى

[12] ئاندىن ھېلىقى ئىككى پەرىشتە لۇتقا:

ـ سىنىڭ بۇ شەھەردە باشقا تۇغقانلىرىڭ بارمۇ؟ ئوغۇل-
قىزلىرىڭ، كۈيئوغۇللىرىڭ ياكى باشقا تۇغقانلىرىڭ بولسا،
ئۇلار بۇ شەھەردىن دەرھال چىقىپ كەتسۇن. [13] بىز بۇ شەھەرنى
خاراب قىلىمىز. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئاھۇزارى پەرۋەردىگارغا
يەتتى. شۇڭا ئۇ بىزنى بۇ شەھەرنى خاراب قىلىشقا ئەۋەتتى،
ـ دېدى.
[14] شۇنىڭ بىلەن لۇت تاشقىرىغا چىقىپ، قىزلىرىنىڭ لايىقلىرىنىڭ
يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا:
ـ سىلەر بۇ شەھەردىن دەرھال كېتىڭلار. چۈنكى پەرۋەردىگار بۇ
شەھەرنى خاراب قىلماقچى، ـ دېدى. لېكىن ئۇلار لۇتنى چاقچاق
قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاشتى.
[15] تاڭ ئاتقاندا پەرىشتىلەر لۇتنى ئالدىرىتىپ:
ـ ئايالىڭ بىلەن ئىككى قىزىڭنى ئېلىپ، بۇ شەھەردىن دەرھال
چىقىپ كەت! بولمىسا، سىلەرمۇ بۇ شەھەر بىلەن بىرگە ھالاك
بولىسىلەر، ـ دېدى.
[16] لېكىن لۇت يەنىلا ئارىسالدى بولۇپ تۇراتتى. پەرۋەردىگارنىڭ
ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى، شۇڭا ھېلىقى ئىككى پەرىشتە لۇتنى،
ئايالىنى ۋە ئىككى قىزىنى يېتىلەپ، شەھەردىن چىقىرىپ قويدى.
[17] ئۇلار شەھەردىن چىقىشى بىلەنلا پەرىشتىلەردىن بىرى:
ـ سىلەر جېنىڭلارنى ئېلىپ قېچىڭلار! كەينىڭلارغا قارىماڭلار،
تۈزلەڭلىكتە توختىماڭلار، تاغقا قېچىڭلار! بولمىسا، ھالاك
بولىسىلەر، ـ دېدى. [18] لېكىن لۇت:
ـ ھەزرەتلىرىم، ئۇنداق قىلىشمىغايلا! [19] سىلى ماڭا ئىچ
ئاغرىتىپ، شاپائەت قىلىپ، جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىلا. لېكىن
ئۇ تاغ بەك يىراق ئىكەن، بەلكىم مەن ئۇ تاغقا يېتىپ بارماي
تۇرۇپلا، مېنى پالاكەت بېسىپ، ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن. [20] ئاۋۇ
شەھەرنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇ شەھەر كىچىك بولسىمۇ، بۇ يەردىن
ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن. شۇ يەرگە قېچىپ بېرىشىمغا ئىجازەت
بەرگەن بولسىلا، شۇ يەردە جېنىمنى ساقلاپ قالاي! ـ دېدى.
[21] پەرىشتە مۇنداق دېدى:

— ماقۇل، ساڭا رۇخسەت قىلدىم. ئۇ كىچىك شەھەرنى خارابىلىككە ئايلاندۇرماي. [22] تېز قاچقىن، سەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغۇچە، سودومنى ۋەيران قىلمايمەن!
بۇ شەھەر شۇنىڭدىن كېيىن زوئار [مەنىسى «كىچىك»] دەپ ئاتالدى.

## سودوم بىلەن گومورا شەھەرلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى

[23] لۇت زوئارغا يېتىپ بارغۇچە كۈن چىقتى. [24] پەرۋەردىگار تۇيۇقسىز ئاسماندىن ئوت ۋە گۈڭگۈرت ياغدۇرۇپ، سودوم بىلەن گومورا شەھەرلىرىنى، [25] يەنى بۇ ئىككى شەھەرنى، شەھەردىكى ئاھالىلەرنى، تۈزلەڭلىكنى ۋە تۈزلەڭلىكتىكى پۈتۈن ئۆسۈملۈكلەرنى خاراب قىلدى. [26] شۇ چاغدا لۇتنىڭ ئايالى كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ئۇ شۇ تۇرقىدا قېتىپ، تاشتۇزغا ئايلىنىپ قالدى.
[27] ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئىبراھىم پەرۋەردىگار بىلەن سۆزلەشكەن يەرگە باردى. [28] ئۇ سودوم، گومورا ۋە پۈتۈن تۈزلەڭلىككە قارىۋىدى، ئۇ يەرلەردىن تۈتۈن كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ مەنزىرە خۇمداندىن چىقىۋاتقان ئىس-تۈتەككە ئوخشايتتى. [29] بىراق خۇدا لۇت ياشىغان شەھەرلەرنى خارابىلىككە ئايلاندۇرغاندا، ئىبراھىمنىڭ تەلپىنى ئېسىگە ئېلىپ، لۇتنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالغانىدى.

## لۇت ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى

[30] لۇت زوئار شەھىرىدە تۇرۇشتىن قورقتى. شۇڭا ئۇ ئىككى قىزىنى ئېلىپ، تاغقا چىقىپ، ئۆڭكۈردە ياشايدىغان بولدى. [31] بىر كۈنى چوڭ قىزى سىڭلىسىغا:
— ئاتىمىز ياشىنىپ قالدى. بۇ يەردە قائىدە-يوسۇن بويىچە بىزنى نىكاھىغا ئېلىپ، پەرزەنت تاپىدىغان ئەرمۇ قالمىدى. [32] ئاتىمىزنى مەست قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا يېتىپ، ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرەيلى. شۇنداق قىلساق، ئەۋلاد قالدۇرالايمىز، — دېدى.
[33] ئۇ كۈنى كېچىسى ئۇلار ئاتىسىنى مەست قىلىپ قويۇپ، چوڭ قىزى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتتى. لۇت قاتتىق مەست بولۇپ

كەتكەن بولۇپ، يۈز بەرگەن ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى.
[34] ئەتىسى چوڭ قىزى سىڭلىسىغا:
- تۈنۈگۈن مەن ئاتام بىلەن بىر ئورۇندا ياتتىم. بۈگۈن ئاخشام ئۇنى يەنە مەست قىلىپ قويۇپ، سەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتقىن. شۇنداق قىلساق، ھەر ئىككىمىز ئاتىمىزدىن پەرزەنت كۆرۈپ، نەسلىمىزنى داۋاملاشتۇرالايمىز، - دېدى.
[35] شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈنى كەچتە ئۇلار لۇتنى يەنە مەست قىلىپ قويۇپ، كىچىك قىزى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتتى. ئۇ يەنە قاتتىق مەست بولۇپ كەتكەچكە، يۈز بەرگەن ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالدى. [36] شۇنداق قىلىپ، لۇتنىڭ بۇ ئىككى قىزى ئۆز ئاتىسىدىن ھامىلدار بولدى. [37] چوڭ قىزى بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى موئاب [ئىبرانىي تىلىدىكى «ئاتىدىن» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ قويدى. ئۇ كېيىن موئابلارنىڭ ئەجدادى بولدى. [38] كىچىك قىزىمۇ بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى بەنئاممى [مەنىسى «خەلقىمنىڭ ئوغلى»] دەپ قويدى. ئۇ كېيىن ئاممونلارنىڭ ئەجدادى بولدى.

## ئىبراھىم بىلەن ئابىمەلەك

20 [1] ئىبراھىم مامرەدىن كەنئاننىڭ جەنۇبىدىكى نەگېب چۆللۈكىگە يۆتكىلىپ، مەلۇم ۋاقىت كادىش بىلەن شۇر ئارىلىقىدىكى يەردە ياشىدى، كېيىن گىرارىدا ياشىدى. [2] ئۇ چاغدا ئىبراھىم كىشىلەرگە ئايالى سارەنى سىڭلىم، دەپ ئېيتقانىدى. شۇڭا گىرارنىڭ پادىشاھى ئابىمەلەك سارەنى ئوردىسىغا ئەكەلدۈرۈۋالغانىدى.
[3] بىر كۈنى كېچىسى خۇدا ئابىمەلەكنىڭ چۈشىدە كۆرۈنۈپ:
- پات ئارىدا ھالاك بولىسەن! چۈنكى سەن ئەكەلدۈرۈۋالغان ئايال باشقا بىرسىنىڭ ئايالىدۇر، - دېدى.
[4] ئابىمەلەك سارەگە يېقىنلاشمىغانىدى. شۇڭا ئۇ خۇداغا:
- ئەجەبا، سەن گۇناھسىز بىر ئەلنى ھالاك قىلماقچىمۇسەن؟
[5] ئىبراھىم ئۆزى بۇ ئايال سىڭلىم، بۇ ئايالمۇ ئىبراھىمنى ئاكام دېگەنىدىغۇ؟ مەن ۋىجدانىمغا، ئىنساپىمغا خىلاپ ئىش قىلمىدىم!
- دېدى.

[6] ئاندىن خۇدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
- شۇنداق، سېنىڭ ۋىجدانىڭغا خىلاپ ئىش قىلمىغانلىقىڭنى بىلىمەن. شۇڭا سېنى ماڭا قارشى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويمىسۇن، دەپ سېنى سارەگە چېقىلىپ قويۇشۇڭدىن توستۇم. [7] ئىبراھىم بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ ساڭا دۇئا قىلىشى ئۈچۈن ئايالىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەر. شۇندىلا سەن ھايات قالىسەن. لېكىن سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، ئەگەر بۇ ئايالنى ئېرىگە قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ، پۈتۈن خەلقىڭ بىلەن بىرگە ھالاك بولىسەن!
[8] ئابىمەلەك سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، بارلىق ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، ھەممە ئىشلارنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردى. ئۇلار ئىنتايىن قورقۇشۇپ كەتتى. [9] ئابىمەلەك ئىبراھىمنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن:
- بىزگە نېمىشقا زىيانكەشلىك قىلىسەن؟ مېنى ۋە خەلقىمنى ئېغىر گۇناھقا قويغۇدەك بىز سېنى قانداق رەنجىتكەنىدۇق؟ سەن ماڭا ھېچكىم قىلمايدىغان ئىشنى قىلدىڭ. [10] نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟ - دەپ سورىدى. [11] ئىبراھىم مۇنداق جاۋاب بەردى:
- مەن بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنى خۇدادىن قورقمايدۇ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئايالىمنى بۇلاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. [12] ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ مېنىڭ سىڭلىم ئىكەنلىكى راست، ئۇ ئاتا بىر، ئانا باشقا سىڭلىم. كېيىن مەن ئۇنىڭغا ئۆيلەندىم. [13] خۇدا مېنى يۇرتۇمدىن ئايرىپ، باشقا يۇرتلاردا مۇساپىر قىلغاندا، مەن ئۇنىڭغا: «بىز قەيەرگە بارمايلى، مەن ھەققىمدە گەپ بولسا، مېنى ئاكام دەپ ئېيتقىن. شۇندىلا سەن ماڭا بولغان چىن مۇھەببىتىڭنى كۆرسەتكەن بولىسەن» دېگەنىدىم.
[14] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئابىمەلەك سارەنى ئىبراھىمغا قايتۇرۇپ بەردى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا قوي، كالا، قۇل ۋە دېدەكلەرنىمۇ تەقدىم قىلدى. [15] ئۇ ئىبراھىمغا:
- قارا، بۇ مېنىڭ زېمىنىم، سەن قەيەردە ياشاشنى خالىساڭ، شۇ يەردە ياشىغىن، - دېدى. [16] ئۇ سارەگىمۇ:
- مەن سېنىڭ پاكلىقىڭنى كۆپچىلىككە ئىسپاتلاش ئۈچۈن «ئاكاڭ» ئىبراھىمغا مىڭ كۈمۈش تەڭگە تەقدىم قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ پاكلىقىڭ ھەممە كىشىگە ئايان بولىدۇ، - دېدى.

[17-18] پەرۋەردىگار ئىبراھىمنىڭ ئايالى سارە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار سەۋەبىدىن ئابىمەلەكنىڭ ئوردىسىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى تۇغماس قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئىبراھىم خۇداغا دۇئا قىلدى. خۇدا پادىشاھ ئابىمەلەك، ئايالى ۋە كېنىزەكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى يەنە پەرزەنت كۆرەلەيدىغان قىلدى.

## ئىسھاقنىڭ دۇنياغا كېلىشى

21
[1] پەرۋەردىگار ئۆزى ۋەدە قىلغاندەك، سارەگە بەخت ئاتا قىلدى.
[2] سارە ھامىلىدار بولۇپ، ياشىنىپ قالغان ئىبراھىمغا بىر
ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. بالا دەرۋەقە خۇدا ئېيتقان ۋاقىتتا تۇغۇلدى.
[3] ئىبراھىم ئۇنىڭغا ئىسھاق [مەنىسى «كۈلكە»] دەپ ئات قويدى.
[4] خۇدا ئەمر قىلغاندەك، ئىسھاق تۇغۇلۇپ سەككىزىنچى كۈنى
ئىبراھىم ئۇنىڭ خەتنىسىنى قىلدى. [5] ئىسھاق تۇغۇلغان چاغدا،
ئىبراھىم 100 ياشتا ئىدى.
[6] سارە ئۆزىگە: «خۇدا ماڭا شادلىق ئاتا قىلىپ، مېنى كۈلدۈردى.
بۇ ئىشنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم مەن بىلەن بىرگە خۇش بولۇپ
كۈلىدۇ! [7] كىم سارەنى ئىبراھىمنىڭ بالىسىنى ئېمىتىدۇ، دەپ
ئويلىغان؟ لېكىن مەن ئىبراھىمنىڭ قېرىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا بىر
ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم!» دېدى.

## ھەجەر بىلەن ئىسمائىلنىڭ قوغلىنىشى

[8] ۋاقىت ئۆتۈپ، بالا ئاستا-ئاستا چوڭ بولۇپ، ئەمچەكتىن ئايرىلغان
كۈنى ئىبراھىم مېھمان چاقىرىپ، چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزدى.
[9] شۇ كۈنى سارە ئوغلى ئىسھاقنى مىسىرلىق ھەجەرنىڭ ئوغلى
ئىسمائىلنىڭ بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. [10] شۇنىڭ بىلەن
سارە ئىبراھىمغا:
- سەن بۇ دېدەك ئايالنى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ھەيدىۋەت!
چۈنكى بۇ دېدەكنىڭ ئوغلى ھەرگىز مېنىڭ ئوغلۇم ئىسھاق بىلەن
ئورتاق مىراسخور بولۇپ قالمىسۇن! - دېدى.
[11] سارەنىڭ بۇ گېپى ئىبراھىمنى ئىنتايىن قايغۇغا سالدى،
چۈنكى ئىسمائىلمۇ ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى. [12] لېكىن خۇدا ئىبراھىمغا:

ـ ئوغلۇڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ ئىشى توغرۇلۇق قايغۇرما، سارەنىڭ دېگىنىدەك قىل. چۈنكى مەن ساڭا ۋەدە قىلغان ئەۋلادلىرىڭ ئىسھاقتىن ئاپىرىدە بولىدۇ. [13] ھەجەرنىڭ ئوغلىغا كەلسەك، مەن ئۇنىڭغىمۇ نۇرغۇن پەرزەنت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى بىر ئەل قىلىمەن، چۈنكى ئۇمۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ، ـ دېدى.

[14] ئەتىسى سەھەردە ئىبراھىم بىر خۇرجۇن نان ۋە بىر تۇلۇم سۇ تەييارلاپ، ئۇلارنى ھەجەرنىڭ مۈرىسىگە ئارتىپ، ئانا-بالا ئىككىسىنى يولغا سېلىپ قويدى. ھەجەر بالىسى بىلەن ئۆيدىن چىقىپ، بەئەرشەبا چۆلىگە كېلىپ، ئۇ يەردە ئادىشىپ قالدى.

[15-16] ھەجەر سۈيى تۈگىگەندە، بالىسىنى چاتقالنىڭ سايىسىگە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆز-ئۆزىگە: «مەن قاراپ تۇرۇپ بالامنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىمايمەن!» دەپ، بىر ئوقيا يېتىم يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇپ، دەرد-پەرياد قىلىشقا باشلىدى.

[17] بالىنىڭ يىغا ئاۋازى خۇداغا يەتتى. خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئاسماندىن ھەجەرگە:

ـ ئەي ھەجەر، سەن نېمىگە قايغۇرىسەن؟ قورقما، بالاڭنىڭ يىغىسى خۇداغا يەتتى. [18] ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، بالىنى قولۇڭغا ئېلىپ تەسەللى بەر. مەن ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئۇلۇغ بىر ئەل قىلىمەن، ـ دېدى.

[19] خۇدا ھەجەرنىڭ كۆزلىرىنى روشەنلەشتۈردى، ئارقىدىنلا ھەجەر بىر قۇدۇقنى كۆردى. ئۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ، تۇلۇمغا سۇ تولدۇرۇپ، بالىسىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى.

[20] بالا چوڭ بولغۇچە خۇدا ئۇنىڭغا يار بولدى. ئۇ چۆلدە ياشاپ، ئۇستا مەرگەن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. [21] ئۇ پاران چۆلىدىكى ۋاقتىدا ئانىسى ئۇنىڭغا مىسىردىن بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەردى.

## ئىبراھىمنىڭ ئابىمەلەك بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى

[22] شۇ چاغدا پادىشاھ ئابىمەلەك ئۆز لەشكەر بېشى فىكول بىلەن بىرگە ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

ـ سېنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرىڭدا خۇدا ساڭا يار بولۇپتۇ. [23] شۇڭا سەن بۇ يەردە خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ، ۋەدە بەر. مېنى، پەرزەنتلىرىمنى ۋە ئەۋلادلىرىمنى ھەرگىز ئالدىما. مەن ئەزەلدىن

ساۋا سادىق بولغانىدەك، سەنمۇ ماۋا، يەنى ئۆزۈڭ مېھمان بولۇپ
تۇرۇۋاتقان بۇ ئەلگە سادىق بول، ــ دېدى. [24] ئىبراھىم ئۇلارغا:
ــ بولىدۇ، قەسەم قىلىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى.
[25] ئاندىن ئىبراھىم ئابىمەلەكنىڭ چاكارلىرى تارتىۋالغان بىر
قۇدۇق توغرىسىدا ئابىمەلەككە ئەرز قىلدى. [26] ئابىمەلەك:
ــ بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغىنىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن. سەنمۇ بۇ
ئىشنى ماۋا ئېيتماپسەن، بۇنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشىم، ــ دېدى.
[27] شۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم ئابىمەلەككە قوي ۋە كالا تەقدىم
قىلدى. ئىككىيلەن كېلىشىم تۈزدى. [28] ئاندىن ئىبراھىم يەتتە تۇياق
چىشى قوزىنى بىر تەرەپكە ئايرىپ قويدى. [29] ئابىمەلەك ئۇنىڭدىن:
ــ نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ ــ دەپ سورىدى. [30] ئىبراھىم
ئۇنىڭغا:
ــ بۇ قۇدۇقنى مېنىڭ كولىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلغانلىقىڭىزنى
بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ يەتتە چىشى قوزىنى قوبۇل قىلغايسىز، ــ
دەپ جاۋاب قايتۇردى.
[31] شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرنىڭ نامى بەئەرشەبا [ مەنىسى «قەسەم
قۇدۇقى» ] دەپ ئاتالدى. چۈنكى ئۇلار بۇ يەردە كېلىشىم تۈزۈپ،
قەسەم قىلىشقانىدى.
[32] ئۇلار بەئەرشەبادا كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن، ئابىمەلەك بىلەن
فىكول ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى. [33] ئىبراھىم بەئەرشەبادا بىر
تۈپ يۇلغۇن تىكىپ، ئۇ يەردە پەرۋەردىگارغا، يەنى مەڭگۈ ھايات
خۇداغا سەجدە قىلدى. [34] ئىبراھىم فىلىستىيەلىكلەرنىڭ زېمىنىدا
خېلى ئۇزۇن تۇردى.

## خۇدانىڭ ئىبراھىمنى سىنىشى

22 [1] بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن خۇدا ئىبراھىمنىڭ ئېتىقادىنى سىناپ:
ــ ئىبراھىم! ــ دەپ چاقىردى. ئىبراھىم:
ــ لەببەي! ــ دېدى. [2] خۇدا ئۇنىڭغا:
ــ سەن ئوغلۇڭنى، يەنى ئامراق يالغۇز ئوغلۇڭ ئىسھاقنى
ئېلىپ، مورىيا رايونىغا بارغىن. مەن ئۇ يەردە ساڭا بىر تاغنى

كۆرسىتىمەن، سەن شۇ تاغنىڭ ئۈستىدە ئوغلۇڭنى ماڭا ئاتاپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلغىن، ـ دېدى.

[3] ئەتىسى سەھەردە ئىبراھىم ئېشىكىنى تەييارلاپ، ئىسھاق بىلەن ئىككى چاكىرىنى ئېلىپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىققا ئىشلىتىدىغان ئوتۇنلارنى تەييارلاپ، خۇدا كۆرسەتكەن جايغا قاراپ ماڭدى. [4] ئۈچىنچى كۈنى ئىبراھىم ئۇ يەرنى يىراقتىن كۆردى. [5] ئۇ چاكارلىرىغا:

ـ سىلەر ئېشەك بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار. بالام ئىككىمىز ئۇ يەرگە بېرىپ، ئىبادەت قىلىپ كېلەيلى، ـ دېدى.

[6] ئىبراھىم ئىسھاققا ئوتۇنلارنى كۆتۈرتۈپ، ئۆزى قولىغا پىچاق بىلەن ئوتنى ئېلىپ، بىرلىكتە ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. [7] ئىسھاق:

ـ ئاتا، ـ دەپ چاقىردى. ئىبراھىم:

ـ ھە، ئوغلۇم؟ ـ دېدى.

ـ ئوت بىلەن ئوتۇن بار، لېكىن كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىدىغان پاقلان قېنى؟ ـ دەپ سورىدى ئىسھاق. [8] ئىبراھىم ئۇنىڭغا:

ـ ئەي ئوغلۇم، قۇربانلىق قىلىدىغان پاقلاننى خۇدا ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئىككىيلەن توختىماي مېڭىۋەردى.

[9] ئۇلار خۇدا ئىبراھىمغا كۆرسەتكەن جايغا كەلگەندە، ئىبراھىم قۇربانلىق سۇپىسى ياساپ، ئۈستىگە ئوتۇنلارنى دۈۋىلەپ، ئوغلى ئىسھاقنى باغلاپ، ئوتۇننىڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى. [10] ئاندىن ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن پىچاقنى كۆتۈردى. [11] بىراق پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى① ئەرشتىن:

ـ ئىبراھىم! ئىبراھىم! ـ دەپ ۋارقىرىدى.

ـ لەببەي! ـ دېدى ئۇ. [12] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا:

ـ قولۇڭنى تارت! بالىغا چېقىلما! سېنىڭ ماڭا بولغان ئىخلاسمەنلىكىڭنى ئەمدى بىلدىم. چۈنكى سەن ئۆز ئوغلۇڭنى، يەنى يالغۇز ئوغلۇڭنىمۇ مەندىن ئايىمىدىڭ، ـ دېدى.

[13] ئىبراھىم ئارقىسىغا قارىۋىدى، مۈڭگۈزى چاتقالغا ئېلىشىپ قالغان بىر قوچقارنى كۆردى. ئۇ بېرىپ قوچقارنى ئەكېلىپ، ئۇنى ئوغلىنىڭ ئورنىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلدى.

---

① 22: 11 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ـ خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

[14] شۇڭا ئىبراھىم بۇ يەرنى «ياھۋەھ-يىرەھ» [مەنىسى «پەرۋەردىگار تەمىنلەيدۇ»] دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۆز «پەرۋەردىگار ئۆز تېغىدا تەمىنلەيدۇ» دېگەن تەمسىلگە ئايلاندى. بۇ تەمسىل شۇنىڭدىن بېرى ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

[15] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئىككىنچى قېتىم ئاسماندىن ئىبراھىمغا:

[16] — پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئۆز ئوغلۇڭنى، يەنى يالغۇز ئوغلۇڭنى ئايىمىغانلىكەنسەن، مەن ئۆز نامىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، [17] ساڭا چوقۇم بەخت ئاتا قىلىمەن. سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك، دېڭىز ساھىلدىكى قۇملاردەك كۆپ قىلىمەن. ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ شەھەرلىرىنى ئىگىلەيدۇ. [18] سەن مېنىڭ ئەمرىمگە ئىتائەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدىكى ھەممە خەلقلەر سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ ئارقىلىق بەختكە ئېرىشىدۇ»، — دېدى.

[19] ئىبراھىم چاكارلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە بەئەرشەباغا قايتتى. ئىبراھىم داۋاملىق شۇ يەردە ياشاپ قالدى.

## ناخورنىڭ ئەۋلادلىرى

[20] بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىبراھىم ئىنىسى ناخورنىڭ ئايالى مىلكاھنىڭ سەككىز ئوغۇل تۇغقانلىقىنى ئاڭلىدى. [21] تۇنجى ئوغلى ئۈز، ئىككىنچى ئوغلى بۇز، ئۈچىنچى ئوغلى كېمۇئېل (ئارامىلارنىڭ ئەجدادى بولدى)، [22] قالغانلىرى كەسەد، خازو، پىلداش، يىدلاف ۋە بېتۇئېل ئىدى. [23] بېتۇئېل كېيىن رىبەقانىڭ ئاتىسى بولدى. يۇقىرىدىكىلەر مىلكاھ ناخورغا، يەنى ئىبراھىمنىڭ ئىنىسىغا تۇغۇپ بەرگەن سەككىز ئوغۇل ئىدى. [24] ناخورنىڭ توقلى رېئۇمامۇ تۆت ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئۇلار تەباخ، گاخام، تاخاش ۋە مائاكا ئىدى.

## ئىبراھىمنىڭ سارەنى دەپنە قىلىشى

23 [1] سارە 127 ياش ئۆمۈر كۆردى. [2] ئۇ كەنئاننىڭ قىريات-ئاربا، يەنى ھېبرون دېگەن جايدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئىبراھىم

ئۇنىڭغا ھەسرەت بىلەن يىغا-زار قىلدى. [3] ئىبراھىم ئايالىنىڭ
مېيىتىنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ھىتلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇلارغا:
[4] - مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ياشاۋاتقان ياقا يۇرتلۇق مۇساپىرمەن.
ئايالىمنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ماڭا بىر پارچە يەر سېتىپ بەرسەڭلار،
- دېدى. [5-6] ئۇلار ئىبراھىمغا:
- جانابلىرى، قۇلاق سالسىلا! سىلى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ھۆرمەتكە
سازاۋەر بىر ئادەم، ئاياللىرىنى ئەڭ ياخشى يەرلىكلىرىمىزدىن بىرىگە
دەپنە قىلغايلا. ھېچقايسىمىز سىلىدىن قەبرىلىك يەر ئايىمايمىز،
- دېدى. [7] ئىبراھىم ئۇلارغا تەزىم قىلىپ:
[8] - ئەگەر سىلەر ئايالىمنى بۇ يەرگە دەپنە قىلىشىمغا رازى
بولساڭلار، زوخارنىڭ ئوغلى ئەفروندىن [9] ماكپېلا دېگەن يەردىكى
ئۆڭكۈرنى ماڭا سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلساڭلار. ئۇ ئۆڭكۈر
ئۇنىڭ ئېتىزىنىڭ چېتىدە. ئۇ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئۆڭكۈرگە باھا
قويۇپ بەرسە، ئۇ ئۆڭكۈرنى سېتىۋېلىپ ئائىلەمگە قەبرىستانلىق
قىلاي دەيمەن، - دېدى.
[10] شۇ چاغدا ئەفرون باشقا ھىتلار بىلەن بىرگە شەھەر دەرۋازىسىنىڭ
ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا:
[11] - جانابلىرى، قۇلاق سالغايلا، مەن ئېتىزىمنى ئۆڭكۈر بىلەن
قوشۇپ سىلىگە بېرەي. كۆپچىلىك ئالدىدا ئۇنى سىلىگە سوۋغا
قىلاي. ئاياللىرىنى ئۇ يەرگە دەپنە قىلغايلا، - دېدى.
[12] لېكىن ئىبراھىم ئولتۇرغان ھەممە ھىتلارغا تەزىم قىلىپ،
[13] ھەممە ئادەمگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، ئەفرونغا:
- سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، پۇلۇمنى قوبۇل قىلىپ، ئايالىمنى
ئۇ يەرگە دەپنە قىلىشقا رۇخسەت قىلغايلا، - دېدى.
[14] ئەفرون جاۋاب قايتۇرۇپ:
[15] - جانابلىرى، ئۇ يەر ئاران بەش كىلو كۈمۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ
سىلى بىلەن مېنىڭ ئارامدا قانچىلىك بىر ئىش ئىدى. ئاياللىرىنى
ئۇ يەرگە دەپنە قىلىۋەرگەيلا، - دېدى.
[16] ئىبراھىم ئەفروننىڭ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئېيتقىنى بويىچە
ئۇنىڭغا يەرلىكلەرنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە بەش كىلو كۈمۈشكە
تۆلەپ بەردى.

[17] شۇنداق قىلىپ، ئەفرون مامرەنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان ماكپېلادىكى ئۇ يەرنى ئىبراھىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇ يەر ئېتىز، ئۆڭكۈر ۋە ئېتىز قىرىدىكى دەل-دەرەخلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. [18] شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا توپلانغان خىتلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرنىڭ ئەمدى ئىبراھىمغا مەنسۇپ بولغانلىقىغا گۇۋاھ بولدى.

[19] شۇنداق قىلىپ، ئىبراھىم ئايالى سارەنى كەنئاننىڭ ماكپېلا دېگەن يېرىدىكى ئاشۇ ئۆڭكۈرگە دەپنە قىلدى.

[20] خىتلارغا مەنسۇپ بولغان بۇ ئېتىز ۋە ئېتىزلىقتىكى ئۆڭكۈر ئەمدى ئىبراھىمنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلانغانىدى.

## ئىسھاقنىڭ ئۆيلىنىشى

24 [1] ئىبراھىم قېرىپ كەتكەنىدى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشىنى ئاسان قىلىپ، ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلغانىدى. [2] ئۇ بىر كۈنى ئائىلىسىدىكى غوجىدارغا:

- قولۇڭنى يوتامنىڭ ئاستىغا قويۇپ تۇرۇپ، [3] ئوغلۇم ئىسھاققا بۇ يەردىكى كەنئانلىقلاردىن ئايال ئېلىپ بەرمەيدىغانلىقىڭغا پەرۋەردىگار، يەنى پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىل. [4] سەن چوقۇم يۇرتۇمغا بېرىپ، ئوغلۇم ئىسھاققا ئۆز تۇغقانلىرىم ئارىسىدىن ئايال ئېلىپ بېرىدىغانلىقىڭغا ۋەدە بەر، - دېدى. [5] لېكىن غوجىدار ئۇنىڭدىن:

- ئەگەر ئۇ قىز ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، بۇ يەرگە كەلگىلى ئۇنىمىسا، ئوغلىڭىزنى يۇرتىڭىزغا ئېلىپ بارامدىمەن؟ - دەپ سورىدى. [6] ئىبراھىم مۇنداق جاۋاب بەردى:

- ئوغلۇمنى ھەرگىز يۇرتۇمغا ئاپارما! [7] پەرۋەردىگار، يەنى ئەرشتىكى خۇدا مېنى يۇرت ۋە ئۇرۇق-جەمەتىمدىن ئايرىپ، بۇ زېمىننى ئەۋلادلىرىمغا ئاتا قىلىشقا ۋەدە بەرگەن. شۇڭا پەرۋەردىگار پەرىشتىسىنى سېنىڭ ئالدىڭغا ئەۋەتىپ، سېنىڭ ئوغلۇمغا ئۇ يەردىن ئايال ئېلىپ بېرىشىڭغا ياردەم قىلىدۇ. [8] مۇبادا ئۇ قىز سەن بىلەن بىرگە كېلىشكە ئۇنىمىسا، سەن

قەسەمگەدىن خالىي بولغان بولىسەن. لېكىن ئوغلۇمنى ھەرگىز يۇرتۇمغا ئاپارمىغىن!
[9] شۇنىڭ بىلەن غوجىدار قولىنى خوجايىنى ئىبراھىمنىڭ يوتىسىنىڭ ئاستىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تاپشۇرغانلىرىنى ئورۇندايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم بەردى.
[10] غوجىدار خوجايىنى ئىبراھىمنىڭ تۆگىلىرىدىن ئونىنى تاللاپ، ئۇلارغا ھەر خىل قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى ئارتىپ، يولغا چىقتى. ئۇ ئارام-ناھارايىم رايونىغا بېرىپ، ناخور تۇرغان شەھەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، [11] شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا تۆگىلىرىنى چۆكتۈردى. بۇ كۈن پېتىپ قالغان چاغ بولۇپ، قىزلار قۇدۇققا سۇ ئالغىلى چىقىدىغان ۋاقىت ئىدى.
[12] غوجىدار مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:
- ئى پەرۋەردىگار، سەن خوجايىنىم ئىبراھىم ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداسەن. خوجايىنىمغا مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپ، ئىشىمنى ئوڭ قىلغايسەن. [13] مەن ھازىر قۇدۇق يېنىدا تۇرىمەن. شەھەر قىزلىرى بۇ يەرگە سۇغا كېلىدۇ. [14] مەن ئۇلارنىڭ بىرىگە: «كومزىكىڭىزدىكى سۇدىن ئىچىۋالسام قانداق؟» دەيمەن. ئەگەر ئۇ: «ئىچىڭ، تۆگىلىرىڭىزگىمۇ سۇ ئەكېلىپ بېرەي» دېسە، بۇ قىز خىزمەتكارىڭ ئىسھاققا تاللاپ بەرگىنىڭ بولسۇن. بۇنىڭدىن سېنىڭ خوجايىنىمغا مېھرىبانلىق قىلغانلىقىڭنى بىلەي.
[15] ئۇنىڭ دۇئاسى ئاياغلاشمايلا، بىر قىز كومزىكىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ، قۇدۇقنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ قىز بېتۇئېلنىڭ قىزى رىبەقا ئىدى. بېتۇئېل ئىبراھىمنىڭ ئىنىسى ناخور بىلەن مىلكاھنىڭ ئوغلى ئىدى. [16] رىبەقا ئىنتايىن چىرايلىق، ئىپپەتلىك، پاك قىز ئىدى. ئۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ، كومزىكىگە سۇ تارتىپ چىقتى. [17] ئىبراھىمنىڭ غوجىدارى قىزنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن:
- ماڭا سۈيىڭىزدىن ئازراق بەرسىڭىز؟ - دەپ سورىدى. [18] قىز ئۇنىڭغا:

- مانا، ئىچىڭ، - دەپلا، دەرھال مۇرىسىدىكى كومزەكنى قولىغا ئېلىپ، ھېلىقى غوجىدارغا بەردى. [19] غوجىدار سۇنى ئىچىپ بولۇشىغا، رىبەقا ئۇنىڭغا:
- تۆگىلىرىڭىزگىمۇ سۇ ئەكېلىپ بېرەي، ئۇلارمۇ قانغۇدەك ئىچسۇن، - دېدى.
[20] رىبەقا دەرھال كومزەكتىكى سۇنى نورغا قۇيغاندىن كېيىن، يەنە يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ كېلىپ، ھەممە تۆگىلەرنى قانغۇدەك سۇغاردى.
[21] غوجىدار پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى ئوچۇق قىلغان-قىلمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن جىمجىت كۆزىتىپ تۇردى. [22] تۆگىلەر سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قىزنىڭ بۇرنىغا 6 گىراملىق ئالتۇن ھالقا تاقاپ، قولىغا 120 گىراملىق بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك سېلىپ قويدى. [23] ئاندىن ئۇ:
- سىز كىمنىڭ قىزى بولىسىز؟ ئۆيۈڭلاردا قونغۇدەك يەر بارمۇ؟
- دەپ سورىدى.
[24] قىز ئۇنىڭغا:
- ناخور بىلەن مىلكاھنىڭ ئوغلى بېتۇئېلنىڭ قىزى بولىمەن.
[25] بىزنىڭ ئۆيدە قونغۇدەك يەر بار ھەمدە يەم-خەشەكمۇ كۆپ،
- دەپ جاۋاب بەردى.
[26] شۇنىڭ بىلەن غوجىدار پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىپ، [27] مۇنداق دېدى:
- پەرۋەردىگار، يەنى خوجايىنىم ئىبراھىم ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا ھەمدۇسانا بولسۇن! ئۇ خوجايىنىمغا مېھىر-مۇھەببىتىنى كۆرسىتىپ، بەرگەن ۋەدىسىگە سادىق بولۇپ، مېنى ئۇدۇل خوجايىنىمنىڭ ئۆز تۇغقىنىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى.
[28] ھېلىقى قىز ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈز بەرگەن پۈتۈن ئىشنى ئائىلىسىدىكىلەرگە سۆزلەپ بەردى. [29] رىبەقانىڭ لابان ئىسىملىك بىر ئاكىسى بار ئىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ، قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى ئىبراھىمنىڭ غوجىدارىنىڭ يېنىغا باردى.
[30] ئۇ سىڭلىسىنىڭ ھالقا ۋە بىلەزۈك سېلىۋالغىنىنى كۆرگەن ۋە سىڭلىسىدىن غوجىدارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدى.

ئۇ قۇدۇقنىڭ تۈۋىدە تۆگىلەرنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىبراھىمنىڭ غوجىدارىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، [31] ئۇنىڭغا:

- پەرۋەردىگار بەختلىك قىلغان ئادەم نېمىشقا تاشقىرىدا تۇرىسىز؟ مەن بىلەن يۈرۈڭ، ئۆيگە بارايلى! مەن سىزگە ئۆي، تۆگىلىرىڭىزگە جاي تەييارلاپ قويدۇم، - دېدى.

[32] غوجىدار ئۆيگە كىردى. لابان تۆگىلەردىكى ماللارنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تۆگىلەرگە يەم-خەشەك سېلىپ بەردى. ئاندىن غوجىدارغا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا پۇت-قوللىرىنى يۇغىلى سۇ ئېلىپ كەلدى. [33] تاماقلار كەلتۈرۈلگەندە غوجىدار:

- مەن سىزگە دەيدىغىنىمنى دەپ بولمىغۇچە غىزالانمايمەن، - دېدى.

- قېنى، گېپىڭىزنى ئېيتىڭ، - دېدى لابان. [34] غوجىدار مۇنداق دېدى:

- مەن ئىبراھىمنىڭ غوجىدارى. [35] پەرۋەردىگار خوجايىنىمنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلىپ، ئۇنى ئىنتايىن باي قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇنى كالا، قوي ۋە ئۆچكە پادىلىرىغا، ئالتۇن-كۈمۈش، قۇل، دېدەك، تۆگە ۋە ئېشەكلەرگە مۇيەسسەر قىلدى. [36] خوجايىنىمنىڭ ئايالى سارە ياشانغان ۋاقتىدا خوجايىنىمغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەندى. خوجايىنىم پۈتۈن بايلىقىنى شۇ ئوغلىغا ئاتىدى. [37] خوجايىنىم ئۆزىنىڭ تاپشۇرغانلىرىغا ئەمەل قىلىشىم ئۈچۈن مېنى قەسەم قىلدۇردى. ئۇ: «سەن ئوغلۇمغا بۇ يەردىكى كەنئانلىقلاردىن ئايال ئېلىپ بەرمەي، [38] يۇرتۇمغا بېرىپ، ئۆز تۇغقانلىرىم ئارىسىدىن ئايال ئېلىپ بەر» دېگەندى. [39] مەن خوجايىنىمدىن: «ئەگەر قىز بۇ يەرگە كەلگىلى ئۇنىمىسا، قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورىسام، [40] ئۇ: «مەن خىزمىتىدە بولۇپ كەلگەن پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ پەرىشتىسىنى سەن بىلەن بىرگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ سېنىڭ ئىشىڭنى ئوڭ قىلىدۇ. سەن ئوغلۇمغا يۇرتۇمدىكى تۇغقانلىرىم ئارىسىدىن ئايال ئېلىپ بەر. [41] سەن تۇغقانلىرىمنىڭ ئۆيىگە بارساڭلا، ئۇلار قىزنى بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، سەن يەنىلا قەسەمدىن خالىي بولغان بولىسەن» دېگەندى. [42] بۈگۈن مەن قۇدۇق يېنىغا كەلگىنىمدە، خۇداغا دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگار،

يەنى خوجايىنىم ئىبراھىم ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ئىشىنى ئوڭ قىلغايسەن. [43] مەن ھازىر قۇدۇق يېنىدا تۇرىمەن. بىرەر قىز بۇ يەرگە سۇ ئالغىلى كەلسە، مەن ئۇنىڭدىن: ‹كومزىكىڭىزدىكى سۇدىن ئازراق ئىچىۋالسام بولامدۇ؟› دەپ سورايمەن. [44] ئەگەر ئۇ قىز قوشۇلسا ۋە تۆگىلىرىمگىمۇ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ بەرسە، ئۇ قىز پەرۋەردىگارنىڭ خوجايىنىمنىڭ ئوغلىغا تاللاپ قويغان قىز بولسۇن» دېدىم. [45] دۇئايىم ئاياغلاشمايلا، رىبەقا كومزىكىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ، قۇدۇقنىڭ يېنىغا سۇ ئالغىلى كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن: «سۇيىڭىزدىن ئازراق ئىچىۋالسام بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدىم. [46] ئۇ دەرھال مۈرىسىدىكى كومزەكنى قولىغا ئېلىپ: «مانا، ئىچىڭ! تۆگىلىرىڭىزگىمۇ سۇ بېرەي» دېدى. سۇنى ئىچتىم، ئۇ تۆگىلەرگىمۇ سۇ بەردى. [47] ئاندىن مەن ئۇنىڭدىن: «سىز كىمنىڭ قىزى بولىسىز؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: «ناخور بىلەن مىلكاھنىڭ ئوغلى بېتۇئېلنىڭ قىزى بولىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. شۇڭا مەن ئۇنىڭ بۇرنىغا ھالقا تاقاپ، قوللىرىغا بىلەزۈك سېلىپ قويدۇم. [48] ئاندىن مەن پەرۋەردىگارغا، يەنى خوجايىنىم ئىبراھىم ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا سەجدە قىلىپ، ھەمدۇسانا ئوقۇدۇم. چۈنكى ئۇ مېنى ئۇدۇل خوجايىنىمنىڭ تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ، خوجايىنىمغا ئۇنىڭ قىزىنى كېلىنلىككە ئېلىشىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى. [49] ئەمدى سىلەر خوجايىنىمغا مېھرىبان ۋە سادىق بولۇپ، بۇ توي ئىشىغا قوشۇلساڭلار، بۇنى ئېيتىڭلار، قوشۇلمىساڭلارمۇ ئېيتىڭلار. مەن قانداق قىلىشىم ھەققىدە بىر قارارغا كېلەي.

[50] لابان بىلەن بېتۇئېل غوجىدارغا:

— بۇ ئىش پەرۋەردىگارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەن، بىز نېمە دېيەلەيمىز! [51] مانا رىبەقا، ئۇنى ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ. ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنىدەك، خوجايىنىڭىزنىڭ كېلىنى بولسۇن، — دەپ جاۋاب بەردى.

[52] ئىبراھىمنىڭ غوجىدارى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلدى. [53] ئارقىدىن ئۇ كىيىم-كېچەك، ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن

ياسالغان زىبۇ-زىننەت بۇيۇملارنى چىقىرىپ، رىبەقاغا سۇندى. ئاندىن ئاكىسى ۋە ئانىسىغىمۇ قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى بەردى.
[54] شۇنداق قىلىپ، ئىبراھىمنىڭ غوجىدارى ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە يەپ-ئىچىپ، بىر كېچە قوندى. ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، رىبەقانىڭ ئۆيىدىكىلەرگە:
- خوجايىنىمنىڭ يېنىغا قايتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر، - دېدى.
[55] لېكىن رىبەقانىڭ ئاكىسى بىلەن ئانىسى ئۇنىڭغا:
- رىبەقا بىز بىلەن ھېچ بولمىسا يەنە ئون كۈن تۇرۇپ، ئاندىن كېيىن بارسۇن، - دېدى. [56] لېكىن غوجىدار:
- بىزنى كېچىكتۈرمىگەيسىلەر. پەرۋەردىگار ھەممە ئىشىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلغانىكەن، خوجايىنىمنىڭ يېنىغا قايتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر، - دېدى.
[57] - بىز قىزدىن سوراپ كۆرەيلى، ئۇ نېمە دەيدىكىن، - دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار [58] ۋە رىبەقانى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن:
- سەن بۇ كىشى بىلەن كېتىشنى خالامسەن؟ - دەپ سورىدى.
- خالايمەن، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.
[59] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رىبەقانى ئىنىكئانىسى بىلەن بىرگە ئىبراھىمنىڭ غوجىدارى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا قوشۇپ يولغا سالدى. [60] ئۇلار رىبەقاغا بەخت تىلەپ، مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئەي رىبەقا، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەنلەرنىڭ بولغايسەن ئانىسى،
ئەۋلادلىرىڭ ئىگىلىگەي دۈشمەنلىرىنىڭ شەھەرلىرىنى!»

[61] رىبەقا ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغان دېدەكلەر سەپەرگە تەييارلىنىپ، تۆگىلەرگە مىندى. ئىبراھىمنىڭ غوجىدارى رىبەقانى ئېلىپ، يولغا راۋان بولدى.
[62] ئۇ ۋاقىتتا ئىسھاق بەئەر-لاخايروئى دېگەن يەردىن ئايرىلىپ، كەنئاننىڭ جەنۇبىدىكى نەگېب چۆللۈكىگە قايتىپ كېلىپ، شۇ يەردە ياشاۋاتقانىدى. [63] بىر كۈنى كۈن پېتىش ۋاقتىدا ئۇ دالادا

خۇدانى چوڭقۇر سىغىنىپ ئۇلتۇراتتى. يىراقتىن تۆگە كارۋىنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
[64-65] رىبەقامۇ ئىسھاقنى كۆردى ۋە تۆگىدىن چۈشۈپ، ئىبراھىمنىڭ غوجىدارىدىن:
– دالادا بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئاۋۇ كىشى كىم؟ – دەپ سورىدى.
– ئۇ خوجايىنىمنىڭ ئوغلى، – دەپ جاۋاب بەردى غوجىدار.
شۇنىڭ بىلەن رىبەقا يۈزىنى ياغلىقى بىلەن يېپىۋالدى.
[66] غوجىدار ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئىسھاققا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.
[67] ئىسھاق رىبەقانى ئانىسى سارە ھايات ۋاقتىدا تۇرغان چېدىرغا باشلاپ كىرىپ، نىكاھىغا ئالدى. ئانىسى ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇ رىبەقانىڭ مۇھەببىتىدىن ئۆزىگە تەسەللى تاپتى.

## ئىبراھىمنىڭ باشقا ئەۋلادلىرى

25 [1] ئىبراھىم قىتۇرا ئىسىملىك يەنە بىر ئايالنى توقاللىققا ئالدى. [2] ئۇ ئىبراھىمغا زىمران، يوقشان، مىدان، مىديان، يىشباق ۋە شۇۋاختىن ئىبارەت ئالتە ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. [3] يوقشان شىبا بىلەن دىداننىڭ ئاتىسى ئىدى. ئاشۇرلار، لىتۇشلار ۋە لىئۇملار دىداننىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. [4] مىديانىنىڭ ئېفاھ، ئېفەر، خانوك، ئابىدا ۋە ئەلدائا قاتارلىق ئوغۇللىرى بار ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قىتۇرانىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.
[5] ئىبراھىم پۈتۈن مال-مۈلۈكلىرىنى ئىسھاققا ئاتىۋەتكەنىدى.
[6] لېكىن ئۇ ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئىككى توقلىدىن بولغان ئوغۇللىرىغىمۇ سوۋغاتلارنى بېرىپ، ئۇلارنى ئىسھاقتىن يىراق تۇرسۇن دەپ، شەرقتىكى زېمىنغا ئەۋەتىۋەتكەنىدى.

## ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈمى ۋە دەپنە قىلىنىشى

[7-8] ئىبراھىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، 175 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.
[9] ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىسھاق بىلەن ئىسمائىل ئۇنى مامرەگە يېقىن بولغان ماكپېلادىكى ئېتىزلىقنىڭ چېتىگە جايلاشقان ئۆڭكۈرگە

دەپنە قىلدى. بۇ يەر بۇرۇن خىتلاردىن بولغان زوخارنىڭ ئوغلىغا تەۋە ئىدى. [10] ئىبراھىم خىتلاردىن سېتىۋالغان ئېتىزلىق دەل شۇ ئىدى. ئىبراھىمنىڭ ئايالى سارەمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىدى. [11] ئىبراھىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خۇدا ئۇنىڭ ئوغلى ئىسھاققا بەخت ئاتا قىلدى. ئىسھاق شۇ ۋاقىتتا بەئەر-لاخايروئى دەپ ئاتالغان قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى جايدا تۇرۇۋاتاتتى.

## ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى

[12] سارەنىڭ دېدىكى مىسىرلىق ھەجەر ئىبراھىمغا تۇغۇپ بەرگەن ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى. [13] تۇغۇلۇش تەرتىپى بويىچە نىبايوت، قېدار، ئادبىئېل، مىبسام، [14] مىشما، دۇماھ، ماسا، [15] خاداد، تەما، يېتۇر، نافىش ۋە قېدىماھ ئىدى.
[16] ئۇلار ئون ئىككى قەبىلىنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلار ياشىغان يېزا ۋە قىشلاقلارنىڭ ناملىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتالدى. [17] ئىسمائىل 137 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. [18] ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئولتۇراقلاشقان جاي خاۋىلا رايونىدىن شۇر دېگەن يەرگە قەدەر ئىدى. شۇر مىسىرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، ئاسسۇرىيەگە بارىدىغان يولدا ئىدى. ئۇلار ئىبراھىمنىڭ باشقا ئەۋلادلىرى بىلەن چېقىشالمىدى.

## ئەساۋ بىلەن ياقۇپنىڭ دۇنياغا كېلىشى

[19] تۆۋەندىكىلەر ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ ئىش-ئىزلىرىدۇر.
[20] ئىسھاق قىرىق يېشىدا رىبەقاغا ئۆيلەندى. رىبەقا بېتۇئېلنىڭ قىزى ۋە لابانىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ئۇلار پاددان-ئاررامدىكى ئارران دېگەن جايدا ياشايتتى. [21] رىبەقا پەرزەنت كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسھاق پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى، رىبەقا ھامىلىدار بولدى. [22] بالا قوشكېزەك بولۇپ، ئۇلار ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىلا بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشاتتى. رىبەقا: «نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟» دەپ پەرۋەردىگاردىن سورىدى. [23] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

«سېنىڭ قورسىقىڭدا ئىككى خەلق بار.
ئۇلار تۇغۇلۇپلا بىر-بىرىگە رەقىب بولىدۇ.
بىرى يەنە بىرىدىن كۈچلۈك بولۇپ،
ئاۋۋال تۇغۇلغىنى كېيىن تۇغۇلغىنىغا خىزمەت قىلىدۇ.»

[24] رىبەقانىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ، قوشكېزەك بالا تۇغدى. [25] ئاۋۋال تۇغۇلغىنى قىزغۇچ بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى ھايۋانىڭكىدەك تۈكلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەساۋ [مەنىسى «تۈكلۈك»] دەپ قويدى. [26] كېيىن تۇغۇلغىنى تۇغۇلغاندا، ئەساۋنىڭ تاپىنىنى چىڭ تۇتۇۋالغان ھالەتتە تۇغۇلدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمىنى ياقۇپ [مەنىسى «تاپىنىغا ئېسىلىۋالغۇچى»] دەپ قويدى. ئۇلار تۇغۇلغاندا ئىسھاق 60 ياشقا كىرگەنىدى.

## ئەساۋنىڭ مىراس ھوقۇقىنى سېتىۋېتىشى

[27] ئىككى بالا چوڭ بولدى. ئەساۋ ئۇستا ئوۋچى بولۇپ، دالادا يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن ئىنىسى ياقۇپ ھەمىشە ئۆيدە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان جىمغۇر ئادەم ئىدى. [28] ئىسھاق ئەساۋنى ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى ئۇ ئەساۋ ئوۋلاپ كەلگەن ئوۋ گۆشىگە ئامراق ئىدى. رىبەقا ياقۇپنى ياخشى كۆرەتتى.
[29] بىر كۈنى ياقۇپ قىزىل ماش شورپىسى قايناتىۋاتاتتى. ئوۋدىن ئېچىرقاپ قايتىپ كەلگەن ئەساۋ [30] ياقۇپقا:
— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. قايناتىۋاتقان ئاۋۇ قىزىل ماش شورپاڭدىن ئىچكىلى قويساڭچۇ! — دېدى. شۇ سەۋەبتىن ئەساۋنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئىدوم [ئىبرانىي تىلىدىكى «قىزىل» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ ئاتالدى. [31] ياقۇپ ئۇنىڭغا:
— تۇنجى ئوغۇللۇق مىراس ھوقۇقۇڭنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسەڭ، ساڭا بۇ شورپىدىن بېرەي، — دېدى.
[32] — بولىدۇ، بولىدۇ! قورسىقىم ئېچىپ ئۆلەي دەپ قالدىم. تۇنجى ئوغۇللۇق مىراس ھوقۇقىنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى؟ — دېدى ئەساۋ. [33] ياقۇپ ئۇنىڭغا:

- سەن ئاۋۋال مېنىڭ ئالدىمدا تۇنجى ئوغۇللۇق مىراس ھوقۇقۇڭنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىڭگە قەسەم قىل، - دېدى.
ئەساۋ قەسەم قىلىپ، تۇنجى ئوغۇللۇق مىراس ھوقۇقىنى ياقۇپقا ئۆتۈنۈپ بەردى. [34] شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپ ئۇنىڭغا نان بىلەن ماش شورپىسىنى بەردى. ئەساۋ غىزالانغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ئوغۇللۇق مىراس ھوقۇقىغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقى ئىدى.

## ئىسھاقنىڭ گېراردا مۇساپىر بولۇشى

26 [1] ئىبراھىمنىڭ زامانىدا كەنئاندا بىر قېتىم ئاچارچىلىق يۈز بەرگەنىدى. كېيىن يەنە بىر قېتىم ئاچارچىلىق يۈز بەردى. ئىسھاق گېرار شەھىرىگە باردى. ئۇ يەردە فىلىستىيەلىكلەرنىڭ پادىشاھى ئابىمەلەك ياشايتتى. [2] پەرۋەردىگار ئىسھاققا زاھىر بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
- سەن مىسىرغا بارمىغىن، بۇ زېمىندا، يەنى مەن ساڭا كۆرسەتكەن يەرگە ئولتۇراقلىشىپ، [3] شۇ يەردە ياشاپ تۇرغىن. شۇنداق قىلساڭ، مەن ساڭا يار بولىمەن ھەمدە سېنى بەختلىك قىلىمەن. مەن بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا ئاتا قىلىمەن. ئاتاڭ ئىبراھىم بىلەن تۈزگەن ئەھدەمدە چىڭ تۇرىمەن. [4] مەن سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ قىلىمەن ھەمدە ئۇلارغا بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتا قىلىمەن. يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل خەلقلەر سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ ئارقىلىق بەختكە ئېرىشىدۇ. [5] چۈنكى ئىبراھىم ماڭا ئىتائەت قىلىپ، پۈتۈن قانۇن ۋە ئەمر-پەرمانلىرىمغا رىئايە قىلدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق گېراردا تۇرۇپ قالدى. [7] ئۇنىڭ ئايالى رىبەققا ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئايالى رىبەققانى كىم دەپ سورىسا، ئۇ ئۇلارغا ئايالىنى «سىڭلىم»، دەپ جاۋاب بەردى. چۈنكى ئۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، رىبەققانى ئېلىپ كېتىشىدىن قورقاتتى.
[8] ئىسھاق ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇردى. بىر كۈنى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ پادىشاھى ئابىمەلەك دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراۋېتىپ، ئىسھاقنىڭ

رىبەقا بىلەن قوچاقلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. [9] ئۇ ئىسھاقنى چاقىرتىپ:
- ئۇ سېنىڭ ئايالىڭ ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۇنى سىڭلىم دېدىڭ؟
- دەپ سورىدى. ئىسھاق جاۋاب بېرىپ:
- باشقىلار ئايالىمنى دەپ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن دەپ ئويلىدىم، - دېدى. [10] ئابىمەلەك ئۇنىڭغا:
- نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟ ناۋادا خەلقىم ئىچىدىكى بىرەرسى ئايالىڭغا چېقىلىپ قويغان بولسا، پۈتۈن خەلقىمنى گۇناھقا قويغان بولاتتىڭ ئەمەسمۇ؟! - دېدى. [11] ئاندىن پادىشاھ ئابىمەلەك ئۆز خەلقىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:
- كىمدىكىم بۇ كىشىگە ياكى ئايالىغا چېقىلسا، جېنىدىن جۇدا قىلىنىدۇ، - دېدى.
[12] ئىسھاق بىر يىلى يېرىگە ئۇرۇق چاچتى. ئۇ شۇ يىلى يېرىدىن يۈز ھەسسە كۆپ ھوسۇل ئالدى، چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلغانىدى. [13] ئۇ بارغانچە روناق تېپىپ، كاتتا باي بولۇشقا باشلىدى. [14] فىلىستىيەلىكلەر ئۇنىڭ نۇرغۇن چارۋا ماللىرى ۋە چاكارلىرى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشقا باشلىدى. [15] شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ھايات ۋاقتىدا چاكارلىرىغا قازدۇرغان قۇدۇقلارنى توپا بىلەن تىندۇرۇۋەتتى.
[16] كېيىن ئابىمەلەك ئىسھاققا:
- زېمىنىمىزدىن چىقىپ كەت! چۈنكى سەن ھازىر بىزدىن كۈچلۈكسەن، - دېدى.
[17] شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، گىرار جىلغىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردە چېدىر تىكىپ، بىر مەزگىل تۇردى. [18] ئىبراھىم ھايات ۋاقتىدا بىرمۇنچە قۇدۇقلارنى قازدۇرغانىدى. بىراق ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، فىلىستىيەلىكلەر ئۇ قازدۇرغان ھەممە قۇدۇقلارنى تىندۇرۇۋەتكەنىدى. ئىسھاق ئۇلارنى قايتا قازدۇرۇپ، ئۇلارنى يەنىلا ئاتىسى قويغان ئىسىملار بىلەن ئاتىدى.
[19] ئىسھاقنىڭ چاكارلىرى گىرار جىلغىسىدا بىر قۇدۇق قېزىپ، سۇ چىقاردى. [20] بىراق گىرارلىق پادىچىلار بىلەن ئىسھاقنىڭ پادىچىلىرى ماجىرالىشىپ: «بۇ بىزنىڭ قۇدۇقىمىز» دېيىشتى.

شۇڭا ئىسھاق ئۇ قۇدۇقنى ئەسەك [مەنىسى «ماجىرا»] دەپ ئاتىدى. [21] ئىسھاقنىڭ چاكارلىرى يەنە بىر قۇدۇق قازدى. ئۇلار يەنە بۇ قۇدۇق ئۈچۈن ماجىرالاشتى. شۇڭا ئىسھاق بۇ قۇدۇقنى سىتناھ [مەنىسى «ئۆچمەنلىك»] دەپ ئاتىدى. [22] ئىسھاق ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، يەنە بىر قۇدۇق قازدۇردى. بۇ قېتىم ماجىرا چىقمىدى. شۇڭا ئۇ بۇ قۇدۇقنىڭ ئىسمىنى رەھوبوت [مەنىسى «ئازادە يەر»] دەپ ئاتىدى. ئۇ: «پەرۋەردىگار ئاخىر بىزنى ئازادە يەردە ياشاشقا مۇيەسسەر قىلدى. بىز بۇ يەردە چوقۇم روناق تاپىمىز» دېدى.

[23] ئىسھاق ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، بەئەرشەباغا كۆچۈپ باردى. [24] ئۇ كۈنى كەچتە پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا زاھىر بولۇپ: «مەن ئاتاڭ ئىبراھىم ئېتىقاد قىلغان خۇدادۇرمەن، قورقمىغىن! مەن ساڭا ياردۇرمەن. خىزمەتكارىم ئىبراھىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ساڭا بەخت ئاتا قىلىمەن ۋە ئەۋلادلىرىڭنى كۆپەيتىمەن» دېدى.

[25] ئىسھاق ئۇ يەردە قۇربانلىق سۇپىسى ياساپ، پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسھاق ئۇ يەردە چېدىر تىكىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدى ھەمدە ئۇنىڭ چاكارلىرى ئۇ يەردىمۇ بىر قۇدۇق قازدى.

## ئىسھاقنىڭ پادىشاھ ئابىمەلەك بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى

[26] پادىشاھ ئابىمەلەك ئاخۇززات دېگەن مەسلىھەتچىسى بىلەن لەشكەر بېشى فىكولنى ئېلىپ، گىراردىن ئىسھاقنى زىيارەت قىلىپ كەلدى.

[27] ئىسھاق ئۇلارغا:

– بۇرۇن سىلەر ماڭا ئۆچمەنلىك قىلىپ، مېنى زېمىنىڭلاردىن قوغلاپ چىقارغانىدىڭلار. ئەمدى نېمە ئۈچۈن يەنە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىڭلار؟ – دېدى.

[28] ئۇلار جاۋابەن:

– بىز پەرۋەردىگارنىڭ ساڭا يار ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. شۇڭا بىز بىر-بىرىمىزگە قەسەم بېرىپ، ئۆزئارا كېلىشىم تۈزەيلى دېيىشتۇق. [29] بىز ساڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمىز، سەنمۇ

بىزگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە بەرگىن. بىز بۇرۇن ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، سېنىڭ ئۇ يەردىن ئامان-ئېسەن ئايرىلىشىڭغا يول قويغانىدۇق. شۇڭا سەن بۈگۈن پەرۋەردىگارنىڭ بەخت ئاتا قىلىشىغا ئېرىشتىڭ، — دېدى.

[30] ئىسھاق زىياپەت تەييارلاپ، ئۇلارنى مېھمان قىلدى. [31] ئۇلار سەھەر تۇرۇپ، ئۆزئارا قەسەم بېرىشىپ، كېلىشىم تۈزۈشتى. ئۇلار ئىسھاق بىلەن خوشلاشتى، ئىسھاق ئۇلارنى دوستانە ئۇزىتىپ قويدى.

[32] ئۇ كۈنى ئىسھاقنىڭ چاكارلىرى كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرى قازغان قۇدۇق توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ:

— بىز سۇ تاپتۇق! — دېدى.

[33] ئۇ قۇدۇقنى شىبئاھ [مەنىسى «قەسەم»] دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن بېرى بۇ شەھەر بەئەرشەبا [مەنىسى «قەسەملەشكەن قۇدۇق»] دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## ئەساۋنىڭ يات قەبىلىدىن ئالغان ئاياللىرى

[34] ئەساۋ قىرىق يېشىدا خىت خەلقىدىن بولغان ئىككى قىزنى خوتۇنلۇققا ئالدى. بۇ ئىككى قىز بەئەرىنىڭ قىزى يەھۇدىت بىلەن ئېلوننىڭ قىزى باسمات ئىدى. [35] ئۇلار ئىسھاق بىلەن رىبەقانىڭ ئارامىنى بۇزدى.

## ياقۇپنىڭ ئىسھاقنى ئالدىشى

27 [1] ئىسھاق قېرىپ كەتتى، كۆزىمۇ كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئۇ تۇنجى ئوغلى ئەساۋنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، — دېدى.

— مانا مەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئەساۋ. [2] ئىسھاق مۇنداق دېدى:

— قارا، مەن قېرىپ كەتتىم، يەنە قانچە ئۆزۈن ياشىشىمنى بىلمەيمەن. [3] سەن ئوقيايىڭنى ئېلىپ، دالاغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاپ كېلىپ، [4] مەن ياخشى كۆرىدىغان لەززەتلىك تاماق تەييارلاپ، ماڭا يېگۈزگىن. ئاندىن مەن ساڭا ۋاپاتىمدىن ئىلگىرىكى دۇئايىمنى قىلىپ، خەيرلىك تىلەي.

[5] رىبەقا ئىسھاقنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئەساۋنىڭ ئوۋغا
چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، [6] ئوغلى ياقۇپقا مۇنداق دېدى:
— مەن بايا ئاتاڭنىڭ ئاكاڭ ئەساۋغا: [7] «سەن ئوۋ ئوۋلاپ كېلىپ،
لەززەتلىك تاماق تەييارلاپ، ماڭا يېگۈزگىن. ئاندىن مەن ساڭا
ۋاپاتىمدىن ئىلگىرىكى دۇئايىمنى قىلىپ، خەيرلىك تىلەي»
دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. [8] ئوغلۇم، گېپىمگە قۇلاق سېلىپ،
دېگىنىمنى قىلغىن. [9] قوي پادىسىغا بېرىپ، سېمىز ئوغلاقتىن
ئىككىنى ئېلىپ كەلگىن. مەن ئۇنى ئاتاڭ ياخشى كۆرىدىغان تەمدە
پىشۇراي. [10] سەن ئۇنى ئېلىپ كىرىپ ئاتاڭغا يېگۈزسەڭ، ئۇ ۋاپات
بولۇشتىن ئىلگىرىكى دۇئاسىنى ساڭا قىلىپ، خەيرلىك تىلەيدۇ،
— دېدى. [11] لېكىن ياقۇپ ئانىسىغا:
— سىزگە مەلۇم، ئەساۋنىڭ پۈتۈن بەدىنى تۈكلۈك، مېنىڭ
تېنىم تۈكسىز. [12] مۇبادا ئاتام تېنىمنى تۇتۇپ قالسا، مېنىڭ
ئۇنى ئالدىغانلىقىمنى بىلىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ دۇئاسىنى
ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قارغىشىغا قالىمەن! — دېدى.
[13] ئانىسى ئۇنىڭغا:
— ئەي ئوغلۇم، قارغىشقا قالىدىغان ئىش بولسا مەن قالاي!
مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىپ، ئوغلاقلارنى ئېلىپ كەلگىن، — دېدى.
[14] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ ئوغلاقلارنى ئانىسىغا ئەكېلىپ بەردى.
ئانىسى رىبەقا تاماقنى ئاتىسى ئىسھاق ياخشى كۆرىدىغان تەمدە
پىشۇردى. [15] ئاندىن ئۆيدىكى ئەساۋنىڭ ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى
ئېلىپ چىقىپ، ياقۇپقا كىيدۈردى [16] ۋە ئۇنىڭ ئىككى قولى ۋە بوينى
قاتارلىق تۈكسىز جايلىرىنى ئوغلاقنىڭ تېرىسى بىلەن يۆگىدى.
[17] ئاندىن لەززەتلىك تاماق بىلەن ناننى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. [18] ياقۇپ
ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:
— ئاتا، — دېدى.
— ئوغلۇم، سەن قايسى ئوغلۇم بولىسەن؟ — دېدى ئاتىسى.
[19] ياقۇپ ئۇنىڭغا:
— مەن چوڭ ئوغلىڭىز ئەساۋ. تاپشۇرۇقىڭىزنى ئورۇنداپ
بولدۇم. قوپۇڭ، مەن ئوۋلاپ كەلگەن ئوۋ گۆشىگە ئېغىز تېگىپ،
ئاندىن ماڭا دۇئايىڭىزنى قىلىپ، خەيرلىك تىلىگەيسىز، — دېدى.

[20] ـ ئوغلۇم، نېمانچە تېز ئوۋلاپ كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى ئىسھاق.
ـ پەرۋەردىگارىڭىز بولغان خۇدا تەلىيىمنى ئوڭ قىلىپ، ماڭا ياردەم قىلدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى ياقۇپ. [21] ئىسھاق ياقۇپقا:
ـ ئوغلۇم، يېنىمغا كەل، تۇتۇپ كۆرەي، سەن راست ئەساۋمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى. [22] ياقۇپ يېنىغا باردى. ئىسھاق تۇتۇپ كۆرۈپ:
ـ ئاۋازىڭ ياقۇپقا، قولۇڭ ئەساۋنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، ـ دېدى.
[23] ئىسھاق ئۇنىڭ ياقۇپ ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى. چۈنكى ياقۇپنىڭ قولى ئەساۋنىڭكىگە ئوخشاش تۈكلۈك ئىدى. ئۇ ياقۇپقا دۇئا قىلىدىغان چاغدا، [24] يەنە بىر قېتىم:
ـ سەن راست ئەساۋمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.
ـ شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بەردى ياقۇپ. [25] ئىسھاق ئۇنىڭغا:
ـ گۆشنى ئەكەل، ئۇنى يېگەندىن كېيىن ساڭا دۇئا قىلاي، ـ دېدى. ياقۇپ گۆشنى ئەكەلدى ۋە ئۇنىڭغا شاراب تۇتتى.
[26] ئىسھاق يەپ-ئىچىپ بولغاندىن كېيىن:
ـ ئوغلۇم، ئالدىمغا كېلىپ، مېنى سۆيگىن، ـ دېدى. [27] ياقۇپ ئالدىغا بېرىپ ئاتىسىنى سۆيدى. ئىسھاق ياقۇپنىڭ كىيىمدىكى پۇراقنى پۇرىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ، خەيرلىك تىلىدى:

«ئوغلۇمنىڭ تېنىدىكى خۇش پۇراق
دەل پەرۋەردىگارىم بەرىكەت بەرگەن تۇپراقنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىكەن.
[28] خۇدا ئاسماندىن ساڭا شەبنەم چۈشۈرۈپ،
تۇپرىقىڭنى مۇنبەت قىلغاي.
ئۇ ساڭا مول ئاشلىق،
شارابلارنى ئاتا قىلغاي.
[29] باشقا ئەللەرمۇ خىزمىتىڭدە بولغاي،
خەلقلەر ساڭا تەزىم قىلغاي.
قېرىنداشلىرىڭغا خوجا بولغايسەن.
ئاناڭنىڭ ئەۋلادلىرى ساڭا ئېگىلگەي.

ساڭا لەنەت ئوقۇغانلار لەنەتكە قالغاي،
ساڭا بەخت تىلىگەنلەر بەختلىك بولغاي.»

## ئەساۋنىڭ ئىسهاقتىن دۇئا تەلەپ قىلىشى

30 ياقۇپ ئىسهاقنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ چىقىپ تۇرۇشىغىلا، ئاكىسى ئەساۋ ئوۋدىن قايتىپ كەلدى. 31 ئەساۋمۇ گۆشنى لەززەتلىك پىشۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ:
– ئاتا، قوپۇڭ، مەن ئوۋلاپ كەلگەن ئوۋ گۆشىگە ئېغىز تېگىڭ، ئاندىن ماڭا دۇئا قىلىپ، خەيرلىك تىلىگەيسىز، – دېدى.
32 – سەن كىم بولىسەن؟ – دەپ سورىدى ئىسهاق.
– چوڭ ئوغلىڭىز ئەساۋ بولىمەن، – دەپ جاۋاب بەردى ئەساۋ.
33 ئىسهاقنىڭ پۈتۈن ئەزاسىنى تىترەك باستى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:
– ئۇنداقتا، هازىر ماڭا ئوۋ گۆشىنى ئېلىپ كەلگەن كىم؟ سەن كېلىشتىن بۇرۇن مەن ئۇنى يەپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ، خەيرلىك تىلىگەندىم. بۇ بەخت مەڭگۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولدى. 34 بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەساۋ ئىنتايىن ئازابلىنىپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ:
– ئاتا، ماڭىمۇ دۇئا قىلىپ، خەيرلىك تىلىگەيسىز! – دېدى.
35 – ئىنىڭ كىرىپ مېنى ئالداپ، سېنىڭ بەختىڭگە ئولتۇرۇپتۇ، – دېدى ئىسهاق. 36 ئەساۋ:
– بۇ ئۇنىڭ مېنى ئىككىنچى قېتىم ئالدىشى. ئۇنىڭ ياقۇپ① دەپ ئاتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن! ئۇ مېنىڭ تۇنجى ئوغۇللۇق مىراس هوقۇقۇمنى تارتىۋالغانىدى. ئەمدى ماڭا مەنسۇپ بولغان دۇئانىمۇ تارتىۋاپتۇ. ئاتا، مەن ئۈچۈن دۇئايىڭىز قالمىدىمۇ؟ – دېدى. 37 ئىسهاق مۇنداق جاۋاب بەردى:
– مەن ئۇنى ساڭا خوجايىن قىلدىم. ئۇنىڭ پۈتۈن قېرىنداشلىرىنى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغان قىلدىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا ئاشلىق ۋە شارابلارنى بېغىشلىدىم. ئەي ئوغلۇم، ئەمدى مەن ساڭا يەنە نېمىنى بېرىمەن؟ 38 ئەساۋ ئاتىسىغا يەنە يالۋۇردى:

① 27: 36 ياقۇپ دېگەن ئىسىم ئىبرانىي تىلىدىكى «تاپانغا ئېسىلىۋالماق» دېگەن ئىدىئوم بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ «ئالدىماق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ـ ئاتا، سىز پەقەت ياقۇپقىلا دۇئا قىلىپ، خەيرلىك تىلەمسىز؟ ماڭىمۇ دۇئا قىلىپ، خەيرلىك تىلىگەيسىز! [39] ئاندىن ئىسھاق مۇنداق دېدى:

«مۇنبەت تۇپراقتىن نېسىۋەڭ يوقتۇر.
ساڭا ئاسماندىن شەبنەم چۈشمەيدۇ.
[40] سەن قىلىچقا تايىنىپ ياشايسەن،
ئىنىڭنىڭ خىزمىتىدە بولىسەن.
لېكىن سەن ئۇنىڭغا قارشى چىقساڭ،
ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلالايسەن.»

[41] ئەساۋ ياقۇپقا قارىتا كۆڭلىگە ئۆچمەنلىك پۈكتى. چۈنكى ئاتىسى ياقۇپقا دۇئا قىلىپ، خەيرلىك تىلىگەنىدى. ئۇ ئىچىدە: «ئاتام ئالەمدىن ئۆتۈشكە ئاز قالدى. قارىلىق كۈنىنى ئۆتكۈزۈپلا، ياقۇپنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن» دەپ ئويلىدى.
[42] رىبەقا باشقىلاردىن ئەساۋنىڭ پىلانىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ياقۇپنى چاقىرتىپ:
ـ گېپىمگە قۇلاق سالغىن، ئاكاڭ ئەساۋ سېنى ئۆلتۈرۈپ، دەردىنى چىقارماقچى. [43] ئەي ئوغلۇم، سەن مېنىڭ دېگىنىمنى قىلغىن: دەرھال هاران رايونىدىكى ئاكام لابانىنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتكىن. [44] ئاكاڭ ئەساۋنىڭ ئاچچىقى يانغۇچە، شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن. [45] ئۇ سېنىڭ قىلغانلىرىڭنى ئۇنتۇپ، ئاچچىقى يانغاندا، مەن ئادەم ئەۋەتىپ، سېنى قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن. نېمە ئۈچۈن بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە ھەر ئىككىڭلاردىن ئايرىلىپ قالغۇدەكمەن،
ـ دېدى.

## ياقۇپنىڭ لابانىنىڭ يېنىغا كېتىشى

[46] رىبەقا ئىسھاققا:
ـ مەن ئەساۋنىڭ خىتلاردىن ئالغان ئاشۇ ئىككى ئايالىدىن تويۇپ كەتتىم. ئەگەر ياقۇپمۇ خىتلاردىن قىز ئالسا، ئۇنداقتا مېنىڭ ئۆلگىنىم ياخشى، ـ دېدى.

28 [1] ئىسھاق ياقۇپنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ، مۇنداق بۇيرۇدى:
- سەن كەنئانلىق قىزلارغا ئۆيلەنمىگىن. [2] پاددان-ئارام رايونىدا ياشايدىغان ئاناڭنىڭ ئاتىسى بېتۇئېلنىڭ ئۆيىگە بارغىن ۋە ئاناڭنىڭ ئاكىسى لابانىنىڭ قىزلىرىدىن بىرىنى ئەمرىڭگە ئالغىن. [3] ھەممىگە قادىر خۇدا ساڭا بەخت ئاتا قىلىپ، ئەۋلادلىرىڭنى كۆپ قىلغاي، ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەللەر كېلىپ چىققاي! [4] ئۇ ئىبراھىمغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا بەخت ئاتا قىلغاي. سەن ھازىر مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقان يەرنى، يەنى خۇدا ئىبراھىمغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىننى ساڭا ئاتا قىلغاي!
[5] شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق ياقۇپنى پاددان-ئارام رايونىدىكى ئاراملاردىن بولغان بېتۇئېلنىڭ ئوغلى لابانىنىڭ يېنىغا يولغا سالدى. لابان رىبەقانىڭ ئاكىسى بولۇپ، رىبەقا ئەساۋ بىلەن ياقۇپنىڭ ئانىسى ئىدى.

## ئەساۋنىڭ يەنە بىر ئايال ئېلىشى

[6-7] ئەساۋ ئىنىسى ياقۇپنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پاددان-ئارام رايونىغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىدىن ۋە ئاتىسى ئىسھاق ئۇنىڭغا دۇئا قىلغاندا، كەنئانلىق قىزلارغا ئۆيلەنمەسلىكنى تاپىلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. [8] ئەساۋ بۇنىڭدىن ئاتىسى ئىسھاقنىڭ كەنئانلىق ئاياللارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. [9] شۇڭا ئۇ تاغىسى ئىسمائىلنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قىزى ماخالاتنى ئاياللىرىنىڭ ئۈستىگە خوتۇنلۇققا ئالدى. ماخالات نىبايوتنىڭ سىڭلىسى ئىدى.

## ياقۇپنىڭ بەيتەلدە چۈش كۆرۈشى

[10] ياقۇپ بەئەرشەبادىن ئايرىلىپ، ھارانغا قاراپ يولغا چىقتى.
[11] كۈن پاتقاندا، ئۇ بىر يەرگە يېتىپ كېلىپ، شۇ يەردە قوندى. ئۇ بىر تاشنى بېشىغا قويۇپ، ئۇيقۇغا كەتتى. [12] ئۇ چۈشىدە يەردىن ئاسمانغا تۇتاشقان بىر پەلەمپەينى كۆردى. خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى پەلەمپەيدە يۇقىرى-تۆۋەن مېڭىپ يۈرەتتى. [13] ئۇ يەنە پەرۋەردىگارنىڭ

پەلەمپەيىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۆزىگە: «مەن پەرۋەردىگار، بوۋاڭ ئىبراھىم ۋە ئاتاڭ ئىسھاق ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا بولىمەن. مەن ھازىر سەن ياتقان زېمىننى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا ئاتا قىلىمەن. [14] ئۇلارنىڭ سانى قۇملاردەك كۆپ بولىدۇ، ئۇلار شەرققە غەربكە، جەنۇبقا ۋە شىمالغا تارقىلىپ، پۈتۈن زېمىننى قاپلايدۇ. يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل ئەللەر سەن ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ ئارقىلىق بەخت تاپىدۇ. [15] مەن ساڭا يار بولىمەن. سەن قەيەرگە بارساڭ، سېنى شۇ يەردە قوغدايمەن ھەمدە سېنى بۇ يەرگە قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن. سېنى ھەرگىز تاشلىمايمەن، ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمەن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى.

[16] ياقۇپ ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپلا: «مەن بىلمەپتىكەنمەن، پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن بۇ يەردە ئىكەن!» دېدى. [17] ئۇ قورقۇپ كەتتى. ئۇ: «بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق جاي، بۇ باشقا يەر ئەمەس، دەل خۇدانىڭ ئۆيى، يەنى ئەرشكە چىقىدىغان دەرۋازا ئىكەن!» دېدى.

[18] ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا ياقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىغا قويغان ھېلىقى تاشنى خاتىرە قىلىپ تىكلىدى ۋە ئۇنى خۇداغا ئاتاپ ئۈستىگە ياغ قۇيدى. [19] بۇ يەرنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى لۇز بولسىمۇ، ياقۇپ ئۇنى بەيتەل [مەنىسى «خۇدانىڭ ئۆيى»] دەپ ئاتىدى.

[20] ئاندىن ئۇ خۇداغا قەسەم قىلىپ:

- ئەگەر سەن ماڭا يار بولۇپ، سەپىرىمدە مېنى قوغداپ، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ئاتا قىلىپ، [21] يۇرتۇمغا ئامان-ئېسەن قايتۇرۇپ ئاپارساڭ، ساڭا مەڭگۈ ئەگىشىمەن. [22] مەن خاتىرە تاش تىكلەپ قويغان بۇ جاي ئىنسانلار ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان مۇقەددەس جاي بولىدۇ. ماڭا بېغىشلىغانلىرىڭنىڭ ئوندىن بىرىنى ساڭا ئاتايمەن، - دېدى.

## ياقۇپنىڭ لابانىنىڭ ئۆيىگە بېرىشى

29 [1] ياقۇپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شەرق تەرەپتىكىلەرنىڭ زېمىنىغا كەلدى. [2] ئۇ دالادىكى بىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا ئۈچ توپ قوينىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى. قويچىلار قويلىرىنى شۇ

قۇدۇقتىن سۇغىراتتى. قۇدۇقنىڭ ئاغزى يوغان بىر تاش بىلەن ئېتىپ قويۇلغانىدى. [3] قويلارنىڭ ھەممىسى يىتىپ كەلگەندە، قويچىلار بىرلىكتە قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى دومىلىتىۋېتىپ، قويلىرىنى سۇغىرىۋېلىپ، ئاندىن يەنە شۇ تاش بىلەن قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قوياتتى. [4] ياقۇپ بۇ قويچىلاردىن:

- بۇرادەرلەر، سىلەر قەيەرلىك؟ - دەپ سورىدى.

- بىز ھارانلىق، - دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى ئۇلار.

[5] - سىلەر ناخورنىڭ ئوغلى لاباننى تونۇمسىلەر؟ - دېدى ئۇ.

- تونۇيمىز! - دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار. [6] ياقۇپ يەنە:

- ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

- ئۇ ناھايىتى ياخشى. ئەنە قاراڭ! ئۇنىڭ قىزى راھىلە قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ، - دېدى. [7] ياقۇپ ئۇلارغا:

- ۋاقىت تېخى بالدۇرغۇ، قويلارنى نېمىشقا بۇ يەرگە يىغىۋالدىڭلار؟ ئۇلارنى تېزرەك سۇغىرىپ، ئاندىن ئوتلاققا ئاپىرىپ باقساڭلار بولمامدۇ؟ - دېدى. [8] ئۇلار:

- بولمايدۇ، ھەممە قويچىلار قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، بىرلىكتە قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى دومىلىتىۋەتمىگۈچە، قويلىرىمىزنى سۇغىرالمايمىز، - دەپ جاۋاب بېرىشتى.

[9] ياقۇپنىڭ قويچىلار بىلەن پارىڭى تېخى تۈگىمەيلا، راھىلە قويلىرىنى ھەيدەپ يېتىپ كەلدى. [10] ياقۇپ راھىلە بىلەن تاغىسى لاباننىڭ قوي پادىسىنى كۆرۈپلا، قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى دومىلىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىپ بەردى. [11-12] ئاندىن ئۇ راھىلەنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، ھاياجان بىلەن يىغلاپ كەتتى ۋە راھىلەگە:

- مەن سىزنىڭ ئاتىڭىزنىڭ جىيەنى بولىمەن، يەنى ئاتىڭىزنىڭ سىڭلىسى رىبەقانىڭ ئوغلى بولىمەن، - دېدى.

راھىلە يۈگۈرگەن پېتى قايتىپ بېرىپ، ئاتىسىغا ئېيتتى. [13] لابان جىيەنى ياقۇپنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كۆرۈشۈپ، ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ياقۇپ ئۇنىڭغا يۈز بەرگەن پۈتۈن ئىشنى ئېيتىپ بەردى.

[14] ــ سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ جانجىگەر تۇغقىنىم! ــ دېدى لابان.
شۇنداق قىلىپ، ياقۇپ ئۇ يەردە بىر ئاي تۇردى.

## ياقۇپنىڭ لېياھ ۋە راھىلەنى ئەمرىگە ئېلىشى

[15] بىر كۈنى لابان ياقۇپقا:
ــ سەن مېنىڭ جىيەنىم بولساڭمۇ، ماڭا بىكارغا ئىشلەپ بەرسەڭ بولماس. قانچىلىك ئىش ھەققى تەلەپ قىلىسەن، ئېيتقىن، ــ دېدى.
[16] لابانىنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى لېياھ، كىچىكىنىڭ ئىسمى راھىلە ئىدى. [17] لېياھنىڭ كۆزلىرى چىرايلىق ئىدى، لېكىن راھىلە ھەممە جەھەتتە گۈزەل ۋە كېلىشكەن قىز ئىدى. [18] ياقۇپ راھىلەگە ئاشىق بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ:
ــ مەن سىزگە يەتتە يىل ئىشلەپ بەرسەم، سىز راھىلەنى ئەمرىمگە ئېلىشىمغا قوشۇلامسىز، ــ دېدى. [19] لابان ئۇنىڭغا:
ــ ئۇنى باشقا بىرىگە ياتلىق قىلغىنىمدىن ساڭا ياتلىق قىلغىنىم ياخشى! سەن يېنىمدا قالغىن، ــ دېدى.
[20] ياقۇپ راھىلەنى ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن يەتتە يىل ئىشلىگەن بولسىمۇ، بۇ كۈنلەر ئۇنىڭغا بىرنەچچە كۈندەكلا بىلىندى. چۈنكى ئۇ راھىلەنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.
[21] يەتتە يىل توشقاندا، ياقۇپ لابانغا:
ــ بىز كېلىشكەن ۋاقىت توشتى، قىزىڭىزنى ئەمرىمگە ئېلىشىمغا قوشۇلغايسىز! ــ دېدى.
[22] شۇنىڭ بىلەن لابان توي زىياپىتى تەييارلاپ، شۇ يەردىكى ھەممە كىشىلەرنى تەكلىپ قىلدى. [23] لېكىن توي كېچىسى لابان راھىلەنىڭ ئورنىغا لېياھنى بەردى. ياقۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتتى. [24] لابان دېدەكلىرىدىن زىلپانى لېياھقا دېدەك قىلىپ بەردى.
[25] ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىلا، ياقۇپ ئايالىنىڭ لېياھ ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ لابانغا:
ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ مەن راھىلەنى دەپ، سىزگە يەتتە يىل ئىشلىدىم. مېنى نېمىشقا ئالدىدىڭىز؟ ــ دېدى. [26] لابان ئۇنىڭغا:
ــ بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە چوڭ قىزى ياتلىق قىلىنمىغۇچە، كىچىك قىزى ياتلىق قىلىنمايدۇ. [27] لېياھ بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بىر

ھەپتىلىك توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىنلا، راھىلەنىمۇ نىكاھىڭغا ئالساڭ بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا يەنە يەتتە يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ كېرەك! ـ دېدى.
[28] ياقۇپ ماقۇل بولدى. لېياھ بىلەن بىر ھەپتىلىك توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، لابان راھىلەنىمۇ ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى.
[29] لابان دېدەكلىرىدىن بىلھاھنى راھىلەگە دېدەك قىلىپ بەردى.
[30] ياقۇپ راھىلە بىلەنمۇ بىر ئورۇندا ياتتى. ئۇ راھىلەنى لېياھتىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپ لابانغا يەنە يەتتە يىل ئىشلەپ بەردى.

## ياقۇپنىڭ پەرزەنتلىرى

[31] پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ لېياھنى بەكمۇ ياخشى كۆرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، لېياھنى پەرزەنت كۆرۈشكە قادىر قىلدى، لېكىن راھىلە يەنىلا بالا تۇغمىدى. [32] لېياھ ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇ: «پەرۋەردىگار مېنىڭ بەختسىز ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپتۇ، ئەمدى ئېرىم مېنى ياخشى كۆرىدىغان بولدى» دېدى. شۇڭا بالىنىڭ ئىسمىنى رۇبېن [مەنىسى «بالا كۆردۈم» ۋە ئىبرانىي تىلىدىكى «بەختسىزلىكىمنى كۆردى» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش] دەپ قويدى. [33] ئۇ يەنە ھامىلدار بولۇپ، ئىككىنچى ئوغلىنى تۇغدى. ئۇ: «پەرۋەردىگار ماڭا بۇ ئوغۇلنىمۇ بەردى، چۈنكى مېنىڭ ياخشى كۆرۈلمىگەنلىكىم ئۇنىڭغا يېتىپتۇ» دېدى. شۇڭا بالىنىڭ ئىسمىنى شىمون [مەنىسى «ئۇ ئاڭلىدى»] دەپ قويدى. [34] ئۇ يەنە ھامىلدار بولۇپ، ئۈچىنچى ئوغلىنى تۇغدى. ئۇ: «ئەمدى ئېرىم ماڭا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم» دېدى. شۇڭا بالىنىڭ ئىسمىنى لاۋىي [ئىبرانىي تىلىدىكى «يېقىنلىشىش» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ قويدى. [35] ئۇ يەنە ھامىلدار بولۇپ، تۆتىنچى ئوغلىنى تۇغدى. ئۇ: «ئەمدى مەن پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئوقۇي» دېدى. شۇڭا بالىنىڭ ئىسمىنى يەھۇدا [ئىبرانىي تىلىدىكى «مەدھىيە» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تۇغمىدى.

30 [1] راھىلە ياقۇپقا بالا تۇغۇپ بېرەلمىگەچكە، ھەدىسىگە ھەسەت قىلىپ، ياقۇپقا:
- مەندىنمۇ بالا تېپىلىك، بولمىسا ئۆلگىنىم ياخشى! - دېدى.
[2] ياقۇپ راھىلەگە ئاچچىقلاپ:
- سېنى تۇغماس قىلىپ قويغان خۇدا تۇرسا، مەن نېمە قىلالايتتىم؟
- دېدى. [3] راھىلە ئۇنىڭغا:
- سىز مېنىڭ دېدىكىم بىلھاھ بىلەن بىر ئورۇندا يېتىڭ. ئۇ ماڭا بالا تۇغۇپ بەرسۇن، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئانا بولۇپ قالاي، - دېدى.
[4] شۇنداق قىلىپ، راھىلە دېدىكى بىلھاھنى ئېرىگە توقاللىققا بەردى. ياقۇپ بىلھاھ بىلەن بىر ئورۇندا ياتتى. [5] بىلھاھ ھامىلىدار بولۇپ، ياقۇپقا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. [6] راھىلە: «خۇدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ دۇئايىمنى ئاڭلاپ، ماڭا بىر ئوغۇل بەردى!» دېدى. شۇڭا بالىنىڭ ئىسمىنى دان [مەنىسى «ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش»] دەپ قويدى. [7] بىلھاھ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، ياقۇپقا ئىككىنچى ئوغۇلنى تۇغۇپ بەردى. [8] راھىلە: «مەن ھەدەم بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلىپ، ئاخىر ئۇنى يەڭدىم» دېدى. شۇڭا بالىنىڭ ئىسمىنى نافتالى [مەنىسى «كۈرىشىم»] دەپ قويدى.
[9] لېياھ ئۆزىنىڭ تۇغۇتىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى سېزىپ، دېدىكى زىلپانى ياقۇپقا توقاللىققا بەردى. [10] زىلپا ياقۇپقا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. [11] لېياھ: «مەن ھەقىقەتەن تەلەيلىك!» دېدى ۋە بالىنىڭ ئىسمىنى گاد [مەنىسى «تەلەيلىك»] قويدى.
[12] زىلپا ياقۇپقا ئىككىنچى ئوغۇلنى تۇغۇپ بەردى. [13] لېياھ: «مەن ھەقىقەتەن بەختلىك-ھە! ئاياللار مېنى بەختلىك ئايال دېيىشىدۇ!» دېدى. شۇڭا بالىنىڭ ئىسمىنى ئاشىر [مەنىسى «بەختلىك»] دەپ قويدى.
[14] ئورما مەزگىلىدە لېياھنىڭ چوڭ ئوغلى رۇبېن بۇغدايلىقتىن تۇغماسلىققا شىپا بولىدىغان بىر خىل دورا ئۆسۈملۈك تېپىۋېلىپ، ئانىسى لېياھقا بەردى. بۇنى كۆرگەن راھىلە لېياھقا:
- ماڭا ئوغلۇڭ تېپىۋالغان دورا ئۆسۈملۈكتىن بىرئاز بەرگىن، - دېدى. [15] لېياھ ئۇنىڭغا:

ـ مېنىڭ ئېرىمنى تارتىۋالغىنىڭ يەتمەمدۇ؟ ئەمدى مېنىڭ ئوغلۇم تېپىۋالغان دورا ئۆسۈملۈكىنىمۇ تارتىۋېلىپ، مېنى بالا تۇغۇشتىن مەھرۇم قىلماقچىمۇسەن؟ ـ دېدى. راھىلە:
ـ ئەگەر سەن ئوغلۇڭ تېپىۋالغان دورا ئۆسۈملۈكنى ماڭا بەرسەڭ، بۈگۈن كېچە ياقۇپ سەن بىلەن بىللە بولسۇن، ـ دېدى.
[16] شۇ كۈنى كەچتە ياقۇپ بۇغدايلىقتىن قايتىپ كەلگەندە، لېياھ ئالدىغا چىقىپ:
ـ بۈگۈن ئاخشام چوقۇم مەن بىلەن يېتىڭ. چۈنكى ئوغلۇم تېپىۋالغان دورا ئۆسۈملۈكىنىڭ بەدىلىگە سىز بىلەن بۈگۈن كېچە بىر ئورۇندا يېتىش ھوقۇقىغا ئېرىشتىم، ـ دېدى. شۇڭا ئۇ كېچە ياقۇپ لېياھ بىلەن بىللە ياتتى.
[17] لېياھنىڭ دۇئاسى خۇداغا يەتتى. ئۇ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، ياقۇپقا بەشىنچى ئوغۇلنى تۇغۇپ بەردى. [18] لېياھ: «مەن دېدەكىمنى ئېرىمگە توقاللىققا بەرگەنلىكىم ئۈچۈن، خۇدا مېنى مۇكاپاتلىدى» دېدى. شۇڭا ئۇ بالىنىڭ ئىسمىنى ئىسساكار [ئىبرانىي تىلىدىكى «مۇكاپات» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ قويدى.
[19] لېياھ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، ياقۇپقا ئالتىنچى ئوغۇلنى تۇغۇپ بەردى. [20] ئۇ: «خۇدا ماڭا قىممەتلىك سوۋغات بەردى. ئەمدى ئېرىم ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئالتە ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم» دېدى. شۇڭا ئۇ بالىنىڭ ئىسمىنى زەبۇلۇن [ئىبرانىي تىلىدىكى «سوۋغات» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ قويدى. [21] ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر قىز تۇغدى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى دىنا دەپ قويدى.
[22] كېيىن خۇدا راھىلەگە مەرھەمەت قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى پەرزەنت كۆرۈشكە قادىر قىلدى. [23] ئۇ ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇ: «خۇدا ماڭا بىر ئوغۇل ئاتا قىلىپ، مېنى نومۇستىن خالاس قىلدى، [24] پەرۋەردىگاردىن يەنە بىر ئوغۇل تىلەيمەن!» دەپ، تۇغۇلغان ئوغلىنىڭ ئىسمىنى يۈسۈپ [ئىبرانىي تىلىدىكى «يەنە بەرسۇن» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ قويدى.

## ياقۇپنىڭ بېيىپ كېتىشى

[25] راھىلە يۈسۈپنى تۇغقاندىن كېيىن، ياقۇپ لابانغا:
- ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن ئۆز يۇرتۇمغا قايتاي. [26] ئايال ۋە بالىلىرىمنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىشىمگە رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۇلارغا مەن سىزگە ئىشلەپ بېرىپ، ئىگە بولدۇم. مېنىڭ قانداق تىرىشىپ ئىشلىگىنىم ئۆزىڭىزگە مەلۇم، - دېدى. [27] لابان ئۇنىڭغا:
- سەن مەندىن رازى بولغان بولساڭ، يېنىمدىن ئايرىلما. پال ئاچتۇرۇپ شۇنى بىلدىمكى، پەرۋەردىگار سەن ئارقىلىق ئىشلىرىمغا بەرىكەت ئاتا قىلغانىكەن. [28] ئېيتقىن، قانچىلىك ئىش ھەققى سورىساڭ، جەزمەن شۇنچىلىك ئىش ھەققى بېرىمەن، - دېدى.
[29] ياقۇپ مۇنداق جاۋاب بەردى:
- مېنىڭ جان تىكىپ ئىشلىشىم بىلەن چارۋا ماللىرىڭىز شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتتى، بۇ ئۆزىڭىزگە ئايان. [30] مەن كېلىشتىن ئىلگىرى سىزنىڭ قول-ئىلكىڭىزدىكى مال-مۈلۈكلەر شۇنچىلىك ئاز ئىدى، ھازىر بايلىقىڭىز شۇنچىلىك كۆپەيدى. پەرۋەردىگار مېنىڭ يېنىڭىزدا بولغىنىمدىن سىزگە بەخت ئاتا قىلدى. ئەمدى مەن ئۆز ئائىلەمنى ئويلىشىم كېرەك.
[31] - ئەمىسە، ساڭا قانچىلىك ئىش ھەققى بېرەي؟ - دەپ سورىدى لابان. ياقۇپ مۇنداق جاۋاب بەردى:
- ماڭا ئىش ھەققى كېرەك ئەمەس! ئەگەر تۆۋەندىكى بۇ تەكلىپىمگە قوشۇلسىڭىز، چارۋىلىرىڭىزنى داۋاملىق باقاي. [32] بۈگۈن مەن قوي، ئۆچكىلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدىكى تاغىل، چىپار ۋە قارا قويلارنى ھەمدە چىپار ۋە تاغىل ئۆچكىلەرنى ئايرىپ چىقاي. بۇلار مېنىڭ ئىش ھەققىم بولسۇن. [33] ئەگەر سىز كېيىن ماڭا ئىش ھەققى سۈپىتىدە بەرگەن قوي، ئۆچكىلەرنى تەكشۈرگىنىڭىزدە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاغىل ۋە چىپار بولمىغان ئۆچكە ياكى قارا بولمىغان قويلارنى بايقىسىڭىز، ئۇلارنى ئوغرىلاپ كېلىنگەن دەپ بىلىڭ. سىز بۇنىڭدىن مېنىڭ سەمىمىي ياكى ئەمەسلىكىمنى بىلىسىز. [34] لابان:
- سېنىڭ تەكلىپىڭگە قوشۇلدۇم، دېگىنىڭدەك بولسۇن! - دېدى.

[35] بىراق شۇ كۈنى لابان ئەسلى ياقۇپقا بىرىشكە تېگىشلىك بولغان تاغىل، چىپار تېكىلەرنى، چىپار، تاغىل ۋە ئازراق ئاق ئارىلاشقان ئالا چىشى ئۆچكىلەرنى ھەمدە بارلىق قارا قويلارنى ئاستىرتىن ئايرىپ چىقىپ، ئۆز ئوغۇللىرىغا باقتۇردى. [36] ئاندىن ئۇ بۇ قوي ۋە ئۆچكىلەرنى ئېلىپ، ياقۇپتىن ئۈچ كۈنلۈك يول يىراقلىقتىكى بىر جايغا كەتتى. ياقۇپ لابانىنىڭ قالغان پادىلىرىنى بېقىپ قالدى. [37] ئۇ تېرەك، بادام ۋە چىنار دەرەخلىرىدىن يېڭى شاخلارنى كېسىپ ئەكېلىپ، ئۇلارنى بىر يولىدا قوۋزىقى بار، يەنە بىر يولىدا قوۋزىقى يوق قىلىپ، ئالا-تاغىل سويدى. [38] ئۇ بۇ شاخلارنىماللار سۇ ئىچىدىغان نورىنىڭ ئىچىگە تىك تۇرغۇزۇپ قويدى. [39] ماللار سۇ ئىچكىلى كەلگەندە، شۇ يەردە جۈپلىشىپ قالاتتى. ماللار شاخلارنىڭ ئالدىدا جۈپلەشكەنلىكى ئۈچۈن، تاغىل ۋە چىپار قوزىلارنى تۇغاتتى. [40] ياقۇپ يېڭى تۇغۇلغان تاغىل ۋە چىپار قوزىلارنى باشقا قوي ۋە ئۆچكىلەردىن ئايرىپ باقتى. قالغان قوي، ئۆچكىلەرنى لابان ئېلىپ كەتكەن تاغىل ۋە قارا قوي ۋە ئۆچكىلەرگە قارىتىپ جۈپلەشتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپ ئۆز پادىلىرىنى كۆپەيتتى ھەمدە لابانىنىڭ پادىلىرىدىن ئايرىپ چىقتى. [41] كۈچلۈك قوي، ئۆچكىلەر جۈپلەشسە، ياقۇپ شاخلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى نورىنىڭ ئىچىگە تىك تۇرغۇزۇپ قوياتتى. ماللار شۇ شاخلارنىڭ ئالدىدا جۈپلىشەتتى. [42] لېكىن تېنى ئاجىز ماللار جۈپلەشسە، ئۇنداق قىلمايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاجىز ماللار لابانغا قېلىپ، كۈچلۈك ماللار ياقۇپنىڭ بولدى. [43] شۇنداق قىلىپ، ياقۇپ بارغانسېرى بېيىپ، نۇرغۇن قوي، ئۆچكە، قۇل، دېدەك، تۆگە ۋە ئېشەكلەرگە ئىگە بولدى.

## ياقۇپنىڭ لابانىنىڭ يېنىدىن قېچىشى

31 [1] ياقۇپ لابانىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ: «ياقۇپ ئاتىمىزنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنى بۇلىۋالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بايلىقى بىزنىڭ ئاتىمىزنىڭ مال-مۈلكى ئىدى!» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى. [2] ياقۇپ ئۆزىمۇ لابانىنىڭ بۇرۇنقىدەك دوستانە مۇئامىلە قىلمايۋاتقانلىقىنى سەزدى. [3] بۇ چاغدا پەرۋەردىگار ياقۇپقا: «سەن

ئاتا-بوۋاڭ ياشىغان يۇرتۇڭغا، يەنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنىڭ يېنىغا بار، مەن ساڭا يار بولىمەن» دېدى.

[4] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ راھىلە بىلەن لېياھقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۆزى قوي بېقىۋاتقان يەرگە چاقىرىپ ئەكەلدۇردى. [5] ياقۇپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

- **ئاتاڭلارنىڭ ماڭا بۇرۇنقىدەك دوستانە مۇئامىلىدە بولمايۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتىمەن. لېكىن ئاتامنىڭ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ماڭا يار بولۇپ كەلمەكتە.** [6] سىلەرگە مەلۇمكى، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئاتاڭلارنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم. [7] لېكىن ئۇ مېنى ئالداپ، ئىش ھەققىمنى ئون قېتىم ئۆزگەرتتى. گەرچە ئۇ شۇنداق قىلغان بولسىمۇ، خۇدا ئۇنىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويمىدى. [8] ئاتاڭلار ماڭا: «چىپار قوي ۋە ئۆچكىلەر سېنىڭ ئىش ھەققىڭ بولسۇن» دېگەندە، ئۇلار چىپار قوزا ۋە ئوغلاق تۇغدى، «تاغىل قوي ۋە ئۆچكىلەر سېنىڭ ئىش ھەققىڭ بولسۇن» دېگەندە، ئۇلار تاغىل قوزا ۋە ئوغلاق تۇغدى. [9] شۇنداق قىلىپ، خۇدا ئاتاڭلارنىڭ ماللىرىنى تارتىۋېلىپ، ماڭا ئېلىپ بەردى.

[10] بىر قېتىم قويلار جۈپلىشىدىغان مەزگىلدە، بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە جۈپلىشىۋاتقان تېكىلەرنىڭ ھەممىسى تاغىل، چىپار ياكى ئالا ئىكەن. [11] خۇدانىڭ پەرىشتىسى چۈشۈمدە: «ئەي ياقۇپ!» دېدى. مەن: «لەببەي!» دېدىم. [12] ئۇ: «قارا، جۈپلىشىۋاتقان تېكىلەرنىڭ ھەممىسى تاغىل، چىپار ياكى ئالادۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن شۇنداق قىلدىم، چۈنكى لابانىنىڭ ساڭا قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇردۇم. [13] مەن بەيتەلدە ساڭا كۆرۈنگەن خۇدادۇرمەن. سەن ئۇ يەردە بىر تاشنى ماڭا ئاتاپ، خاتىرە قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغ قۇيدۇڭ ۋە ئۇ يەردە ماڭا قەسەم بەردىڭ. ئەمدى سەن ئۆز يۇرتۇڭغا قايتىپ كېتىشكە ھازىرلان!» دېدى.

[14] راھىلە بىلەن لېياھ ياقۇپقا مۇنداق دېدى:

- بىز بەربىر ئاتىمىزدىن مىراس ئالالمايمىز. [15] ئۇ بىزنى تالانىڭ ئادىمى، دەپ قارايدۇ. ئۇ بىزنى ساتتى ۋە بىزنىڭ تويلۇقىمىزنىمۇ يەپ كەتتى. [16] خۇدا بىزنىڭ ئاتىمىزدىن سىزگە ئېلىپ بەرگەن بايلىق ئەسلى ئاتىمىزغا ئەمەس، بەلكى بىزگە ۋە

بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزگە مەنسۇپتۇر. خۇدا سىزگە نېمە دېگەن بولسا، شۇنى قىلىڭ!
[17-18] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ كەنئانغا، يەنى ئاتىسى ئىسھاقنىڭ يېنىغا بېرىشقا ھازىرلاندى. ئۇ ئاياللىرى، بالاچاقىلىرىنى تۆگىگە مىندۈرۈپ، پۈتۈن مال-ۋارانلىرىنى ھەيدەپ، ئۆزىنىڭ پاددان-ئارامدا توپلىغان مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى.
[19] راھىلە ئاتىسى لابان‌نىڭ قوي قىرقىغىلى كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ خانىسىدىكى بۇتلىرىنى ئوغرىلىۋالغانىدى.
[20] ياقۇپ لابانغا ئۇقتۇرماي ئوغرىلىقچە يولغا چىقتى. [21] ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى ئېلىپ، فىرات دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گىلئاد ئېدىرلىقىغا قاراپ ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

## لابان‌نىڭ ياقۇپنى قوغلىشى

[22] ئۈچىنچى كۈنى لابانغا ياقۇپنىڭ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. [23] ئۇ ئۆز تۇغقانلىرىنى ئېلىپ، ياقۇپنى قوغلىدى ھەمدە يەتتە كۈندىن كېيىن گىلئاد تاغلىق رايونىدا ئۇنىڭغا يېتىشتى. [24] شۇ كۈنى كېچىدە خۇدا لابان‌نىڭ چۈشىدە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا: «سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، ياقۇپنىڭ چىشىغا تەگمە» دېدى.
[25] ياقۇپ چېدىرىنى گىلئاد تاغلىق رايونىغا تىككەنىدى. لابان ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىمۇ ياقۇپقا يېتىشىپ، چېدىرلىرىنى شۇ ئەتراپقا تىكتى. [26] لابان ياقۇپقا:
— سەن نېمە ئۈچۈن مېنى ئالداپ، قىزلىرىمنى ئەسىرگە ئوخشاش ئېلىپ كەتتىڭ؟ [27] نېمە ئۈچۈن گەپ-سۆز قىلماي، ئوغرىلىقچە قاچتىڭ؟ ئەگەر سەن ماڭا دېگەن بولساڭ، مەن سېنى چوقۇم داپ ۋە لىرا چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، خۇشاللىق ئىچىدە ئۇزىتىپ قويىماتتىم؟ [28] ئەڭ بولمىغاندا، ماڭا نەۋرىلىرىم بىلەن قىزلىرىمنى سۆيۈپ ئۇزىتىپ قويۇش پۇرسىتىنىمۇ بەرمەپسەن. بەكمۇ ئەخمەقلىق قىلىپسەن! [29] ئەسلىدە ئەدىبىڭنى بېرىدىغان كۈچۈممۇ بار ئىدى. لېكىن تۈنۈگۈن كېچە ئاتاڭ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا سېنىڭ چىشىڭغا تەگمەسلىكىمنى ئېيتتى. [30] مەن ئۆز

يۇرتۇڭنى سېغىنغانلىقىڭنى، ئائىلەڭگە قايتماقچى بولغانلىقىڭنى چۈشىنىمەن. لېكىن مېنىڭ بۇتلىرىمنى نېمىشقا ئوغرىلاپ قاچتىڭ؟
– دېدى. [31] ياقۇپ ئۇنىڭغا:
– مەن سىزنىڭ قىزلىرىڭىزنى مەندىن زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشىڭىزدىن قورقۇپ قاچقانىدىم. [32] لېكىن بۇتلىرىڭىز كىمنىڭ يېنىدىن تېپىلسا، شۇ ئۆلتۈرۈلسۇن! قېرىنداشلىرىمىز گۇۋاھ بولسۇنكى، ئەگەر سىز يېنىمىزدىن سىزگە تەۋە نېمە تاپسىڭىز، شۇنى ئېلىۋېرىڭ، – دېدى. چۈنكى ياقۇپ راھىلەنىڭ ئاتىسى لابائىنىڭ بۇتلىرىنى ئوغرىلىۋالغانلىقىنى بىلمەيتتى.
[33] لابان ئالدى بىلەن ياقۇپنىڭ چېدىرىغا كىرىپ ئاختۇردى. كېيىن لېياھ ۋە ئىككى دېدەكنىڭ چېدىرلىرىغا كىرىپ ئاختۇردى. بىراق ھېچنېمە تاپالمىدى. ئاندىن ئۇ راھىلەنىڭ چېدىرىغا كىردى.
[34] راھىلە ئاتىسىنىڭ بۇتلىرىنى تۆگىگە ئارتىدىغان خۇرجۇنغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالغانىدى. لابان چېدىرنى ئاختۇرۇپ چىقىپ، ھېچ نەرسە تاپالمىدى. [35] راھىلە ئاتىسىغا:
– خاپا بولماڭ ئاتا، مەن ئاي كۆرۈپ قالدىم. ئالدىڭىزدا ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالىم يوق، – دېدى.
لابائىنىڭ ئاختۇرمىغان يېرى قالمىدى، لېكىن بۇتلىرىنى تاپالمىدى.
[36] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ لابانغا قاتتىق خاپا بولۇپ، مۇنداق دېدى:
– سىز مېنىڭ كەينىمدىن مۇشۇ يەرگىچە قوغلاپ كەلگۈدەك، مەن زادى نېمە گۇناھ قىلدىم، قايسى قائىدە-يوسۇنغا خىلاپلىق قىلدىم؟ [37] پۈتۈن يۈك-تاقلىرىمنى ئاختۇرۇپ چىقتىڭىز، زادى بىرەر نەرسىڭىزنى تاپالىدىڭىزمۇ؟ تاپالىغان بولسىڭىز، قېنى ئۇنى چىقىرىپ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئالدىدا كۆرسىتىڭ، ئارىمىزدىكى بۇ ئىشقا ئۇلار ھۆكۈم چىقارسۇن. [38] مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا بولغان يىگىرمە يىل ئىچىدە قوي، ئۆچكىلىرىڭىزنىڭ بالىسمۇ چۈشۈپ كەتمىدى، مەن بىرەرسىنى يەپمۇ كەتمىدىم. [39] ھەتتا يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن قويلارنىمۇ سىزگە ئەكېلىپ كۆرسەتمەي، ئۆزۈمنىڭ قويلىرىمدىن سەپلەپ قويدۇم. قويلار مەيلى كېچىسى، مەيلى كۈندۈزى ئوغرىلانغان بولسۇن، ھەممىسنى ماڭا تۆلەتتىڭىز.
[40] مەن ھەمىشە كۈندۈزى ئىسسىقنىڭ دەردىنى تارتسام، كېچىسى

سوغۇقنىڭ دەردىدىن تولۇق ئۇخلىيالمىدىم. [41] يىگىرمە يىلدىن بۇيان سىزگە مانا شۇنداق ئىشلىدىم. ئىككى قىزىڭىزنى ئېلىش ئۈچۈن ئون تۆت يىل، پادىلار ئۈچۈن ئالتە يىل ئىشلىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئىش ھەققىمنى ئون قېتىم ئۆزگەرتتىڭىز! [42] بوۋام ئىبراھىم ئېتىقاد قىلغان، ئاتام ئىسھاق ئىخلاس قىلغان خۇدا ماڭا يار بولمىغان بولسا، سىز مېنى چوقۇم قۇرۇق قول قايتۇرغان بولاتتىڭىز. لېكىن خۇدا مېنىڭ قانداق قىينالغىنىمنى، قانداق جاپا تارتقىنىمنى كۆرۈپ، تۈنۈگۈن كېچە سىزنى ئەيىبلىدى.

## ياقۇپنىڭ لابان بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى

[43] لابان ياقۇپقا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

— بۇ قىزلار مېنىڭ قىزلىرىم، باللىرى بولسا مېنىڭ نەۋرىلىرىمدۇر. قويلارمۇ مېنىڭ، كۆز ئالدىڭدىكى ھەممە نەرسە مېنىڭدۇر. مەن قىزلىرىم بىلەن نەۋرىلىرىمنى ئېلىپ قالالمىغاندىكىن، [44] سەن بىلەن بىر كېلىشىم تۈزگىنىم تۈزۈكتەك تۇرىدۇ. بۇ يەرگە تاش دۆۋىلەيلى، تاش دۆۋىسى كېلىشىمىمىزگە گۇۋاھ بولسۇن.

[45-46] شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بىر تاشنى ئەكېلىپ، ئۇنى خاتىرە قىلىپ، تىكلەپ قويدى ۋە قېرىنداشلىرىغا: «تاش يىغىپ، دۆۋىلەپ قويۇڭلار» دېدى. كېيىن كۆپچىلىك تاش دۆۋىسىنىڭ يېنىدا تاماق يېيىشتى. [47] لابان ئۆز تىلىدا بۇ يەرنى جەگار-ساخادۇتا دەپ ئاتىدى. ياقۇپ ئۆز تىلىدا گالېئاد دەپ ئاتىدى. [ھەر ئىككىلى سۆزنىڭ مەنىسى «كېلىشىمگە گۇۋاھ تاش دۆۋىسى»دۇر.] [48] لابان ياقۇپقا:

— بۈگۈندىن كېيىن بۇ تاش دۆۋىسى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمگە گۇۋاھ بولسۇن، — دېدى. مانا بۇ، بۇ يەرنىڭ «گالېئاد» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. [49] لابان يەنە:

— بىز بىرگە بولمىغان چاغلاردا پەرۋەردىگار ئۈستىمىزدىن كۆزىتىپ تۇرسۇن، — دېدى. شۇڭا بۇ جاي مىزپاھ [مەنىسى «كۆزىتىش مۇنارى»] ئاتالدى. [50] لابان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئەگەر سەن قىزلىرىمغا يامان مۇئامىلە قىلساڭ ياكى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئايال ئالساڭ، باشقىلار بىلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئېسىڭدە بولسۇنكى، خۇدا بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. [51] مانا ئىككىمىزنىڭ

ئارىسىدا خاتىرە قىلىپ تىكلىگەن ۋە دۆۋىلىگەن تاش تۇرۇپتۇ.
[52] بۇلار بىزگە گۇۋاھ بولسۇنكى، مەن ھەرگىز بۇلاردىن نېرىسىغا ئۆتۈپ، ساڭا زىيانكەشلىك قىلمايمەن، سەنمۇ بۇلاردىن بېرىسىگە ئۆتۈپ، ماڭا زىيانكەشلىك قىلمايسەن. [53] ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ئىشقا ئىبراھىم، ناخور ۋە ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئېتىقاد قىلغان خۇدا ھۆكۈم چىقارسۇن، - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بۇ كېلىشىمگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئاتىسى ئىسھاق ئىخلاس قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدى. [54] ئاندىن ئۇ تاغدا مال بوغۇزلاپ، قۇربانلىق قىلدى ھەمدە قېرىنداشلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن ھەمداستىخان بولدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار شۇ يەردە قوندى. [55] ئەتىسى تاڭ سەھەردە لابان نەۋرىلىرى ۋە قىزلىرىنى سۆيۈپ، ئۇلارغا بەخت تىلەپ، ئۆيىگە قايتتى.

## ياقۇپنىڭ ئەساۋنىڭ ئالدىغا خىزمەتكارلىرىنى ئەۋەتىشى

32 [1] ياقۇپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا، يول ئۈستىدە ئۇنىڭغا خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى ئۇچرىدى. [2] ياقۇپ ئۇلارنى كۆرۈپ: «بۇ يەر خۇدانىڭ دەرگاھى ئىكەن!» دېدى ۋە ئۇ جاينىڭ ئىسمىنى ماخانايىم [مەنىسى «ئىككى دەرگاھ»] دەپ ئاتىدى.

[3] ياقۇپنىڭ ئاكىسى ئەساۋ ئېدوم، يەنى سەئىر رايونىدا تۇرۇۋاتاتتى. ياقۇپ ئاكىسى ئەساۋنىڭ ئالدىغا ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، [4] ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىشنى بۇيرۇدى: «كەمىنىلىرى ياقۇپ تا ھازىرغىچە لابانىنىڭ يېنىدا تۇرغانىدىم، ئەمدى قايتىپ كەلدىم. [5] مېنىڭ ھازىر كالا، ئېشەك، قوي، ئۆچكە، قۇل ۋە دېدەكلىرىم بار بولدى. مەن مەرھەمەتلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدىلىرىغا ئادەملىرىمنى ئەۋەتتىم!»

[6] ياقۇپنىڭ ئادەملىرى قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

- بىز ئاكىڭىز ئەساۋ بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇ تۆت يۈز ئادەمنى ئېلىپ، سىز بىلەن كۆرۈشكىلى يولغا چىقتى، - دېدى.

[7] ياقۇپ قورقۇنچ ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئۆز ئادەملىرىنى ئىككى توپقا بۆلدى ھەمدە قوي، ئۆچكە، كالا ۋە تۆگىلىرىنىمۇ ئىككىگە ئايرىدى. [8] چۈنكى ئۇ: «ئەگەر ئەساۋنىڭ ئادەملىرى بىر توپقا ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر توپ قېچىپ قۇتۇلۇپ قالار» دەپ ئويلىغانىدى.
[9] ياقۇپ مۇنداق دۇئا قىلدى:
- ئى بوۋام ئىبراھىم بىلەن ئاتام ئىسھاق ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، دۇئايىمغا قۇلاق سالغايسەن! ئى پەرۋەردىگار، سەن مېنى يۇرتۇمغا ھەمدە تۇغقانلىرىمنىڭ يېنىغا قايتىشقا بۇيرۇغان ۋە ھەممە ئىشلىرىمنى ئوڭ قىلىپ بېرىدىغانلىقىڭنى ئېيتقانىدىڭ.
[10] مەن سېنىڭ مەندەك بىر خىزمەتكارىڭغا كۆرسەتكەن بارلىق مېھرىبانلىقىڭ ۋە سەمىمىيىتىڭگە لايىق ئەمەسمەن. بۇرۇن مەن ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكىنىمدە، قولۇمدا پەقەت بىرلا ھاسا بار ئىدى. ئەمدى بۇ ئىككى توپ كىشىنى باشلاپ قايتىۋاتىمەن.
[11] مېنى ئاكام ئەساۋنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغايسەن. مەن ئۇنىڭ مېنى، ھەتتا ئاياللىرىم ۋە بالىچاقىلىرىمنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمەن. [12] ھەممە ئىشلىرىمنى ئاسان قىلىدىغانلىقىڭ ۋە ماڭا دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك سان-ساناقسىز ئەۋلاد بېرىدىغانلىقىڭ ھەققىدە قىلغان ۋەدەڭنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن.
[13-15] ياقۇپ ئۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنى، يەنى 200 ئۆچكە، 20 تېكە، 200 ساغلىق قوي، 20 قوچقار، بوتىلاقلىرى بىلەن قوشۇپ 30 چىشى تۆگە، 40 ئىنەك، 10 بۇقا، 20 مادا ئېشەك ۋە 10 ھاڭگا ئېشەكنى ئاكىسى ئەساۋغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن تاللىدى. [16] ئۇ بۇ ماللارنى ئايرىم-ئايرىم پادا قىلىپ، ھەربىر توپ پادىغا ئايرىم پادىچى تەيىنلەپ، ئۇلارغا:
- سىلەر ئالدىمدا مېڭىۋېرىڭلار. ھەربىر توپ پادىنىڭ ئارىسىغا بەلگىلىك ئارىلىق قويۇپ ھەيدەڭلار، - دېدى. [17] ئۇ يول باشلاپ ماڭغان خىزمەتكارىغا:
- ئاكام ئەساۋ ساڭا ئۇچراپ، سەندىن: «خوجايىنىڭ كىم، قەيەرگە بارىسەن، سەن ھەيدەپ كېتىۋاتقان بۇ ماللار كىمنىڭ؟» دەپ سورىسا، [18] سەن: «بۇلار خىزمەتكارىڭىز ياقۇپنىڭ ماللىرى

بولۇپ، خوجايىنى ئەساۋغا قىلغان سوۋغىتىدۇر. ئۆزى كەينىمىزدە كېلىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگىن، ــ دېدى.
[19-20] ئۇ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى توپنىڭ يېتەكچىلىرىگە ۋە باشقىلارغا:
ــ سىلەر ئەساۋغا ئۇچرىغاندا: «خىزمەتكارىڭىز ياقۇپ كەينىمىزدە كېلىۋاتىدۇ» دەڭلار، ــ دەپ بۇيرۇدى.
ياقۇپ ئىچىدە: «بىز كۆرۈشكەندە، بۇ سوۋغاتلار بىلەن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرسام، بەلكىم ئۇ مېنى كەچۈرۈۋېتەر» دەپ ئويلىدى.
[21] شۇنىڭ بىلەن ئۇ سوۋغاتلارنى ئالدىن يولغا سېلىۋېتىپ، كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى.

## ياقۇپنىڭ خۇدا بىلەن چېلىشىشى

[22] شۇ كۈنى كېچىدە ياقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى ئايالى، ئىككى توقلى ۋە 11 پەرزەنتىنى ئېلىپ، ياببوق دەرياسىدىن ئۆتتى. [23] ئۇلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەممە تەئەللۇقاتلىرىنىمۇ قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈۋەتتى. [24] ئۆزى بۇ تەرەپتە يالغۇز قالدى. ئۇ شۇ يەردە بىر كىشى بىلەن تاڭ ئاتقۇچە چېلىشتى. [25] ئۇ كىشى ياقۇپتىن ئۈستۈن كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپنىڭ سۆڭگىچى ئورنىدىن چىقىپ كەتتى. [26] ئۇ كىشى:
ــ تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، مېنى قويۇپ بەر! ــ دېدى.
ــ سەن ماڭا بەخت ئاتا قىلمىغۇچە، قويۇپ بەرمەيمەن، ــ دېدى ياقۇپ. [27] ئۇ كىشى ياقۇپتىن:
ــ ئىسمىڭ نىمە؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ ئىسمىم ياقۇپ، ــ دېدى. [28] ھېلىقى كىشى يەنە:
ــ بۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىڭ ياقۇپ ئەمەس، ئىسرائىل [مەنىسى «خۇدا بىلەن چېلىشتى»] بولسۇن. چۈنكى سەن خۇدا بىلەنمۇ ھەم ئىنسانلار بىلەنمۇ چېلىشىپ، ئۇلاردىن ئۈستۈن كەلدىڭ، ــ دېدى. [29] ياقۇپ ئۇنىڭدىن:
ــ ئېيتقىن، ئىسمىڭ نىمە؟ ــ دەپ سورىدى. ھېلىقى كىشى:

– نېمىشقا ئىسمىمنى سورايسەن، – دېدى ۋە ياقۇپقا بەخت
ئاتا قىلدى.
30 ياقۇپ ئىچىدە:
– مەن خۇدا بىلەن يۈزمۇيۈز كۆرۈشكەن بولساممۇ، جېنىم ساق
قالدى! – دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يەرنىڭ نامىنى پىنىئەل [مەنىسى «خۇدانىڭ
يۈزى»] دەپ ئاتىدى. 31 ياقۇپ پىنىئەلدىن يولغا چىققاندا، كۈن
چىققانىدى. ئۇنىڭ سۆڭگىچى ئورنىدىن چىقىپ كەتكەچكە،
ئاقساپ ماڭاتتى. 32 خۇدا ياقۇپنىڭ ساغرىسىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن،
ئىسرائىللار تا بۈگۈنگىچە ھايۋانلارنىڭ ساغرىسىنىڭ پىيىنى يېمەيدۇ.

## ياقۇپنىڭ ئەساۋ بىلەن ئۇچرىشىشى

33
1 ياقۇپ ئەساۋنىڭ تۆت يۈز كىشىنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، پەرزەنتلىرىنى لېياھ، راھىلە ۋە ئىككى توقلىغا
بۆلۈپ بەردى. 2 ئۇ ئىككى توقلىنى باللىرى بىلەن بىرىنچى
سەپتە، لېياھنى باللىرى بىلەن ئىككىنچى سەپتە ماڭدۇردى.
ئەڭ كەينىدە راھىلە بىلەن يۈسۈپنى ماڭدۇردى. 3 ياقۇپ ئۆزى
ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بېشى
يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ، يەتتە قېتىم تەزىم قىلدى.
4 ئەساۋ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، قۇچاقلاپ سۆيۈپ
كەتتى، ھەر ئىككىسى يىغلىشىپ كۆرۈشتى. 5 ئەساۋ ئەتراپىغا
قاراپ، ئاياللار ۋە باللارنى كۆرۈپ:
– يېنىڭدىكى بۇ كىشىلەر كىم بولىدۇ؟ – دەپ سورىدى. ياقۇپ:
– خۇدا كەمىنلىرىگە ياخشىلىق قىلىپ، بۇ باللارنى ئاتا قىلدى،
– دەپ جاۋاب بەردى.
6 ئاندىن ئىككى توقلى باللىرىنى باشلاپ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئەساۋغا
ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. 7 كەينىدىن لېياھ ۋە ئۇنىڭ باللىرى،
ئاخىردا يۈسۈپ بىلەن راھىلەمۇ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئېگىلىپ تەزىم
قىلدى. 8 ئەساۋ يەنە:
– پادىلارنى ئالدىڭدا ماڭدۇرۇشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ – دەپ
سورىدى.

- مەن مەرھەمەتلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن سوۋغىتىمدۇر، - دېدى ياقۇپ. [9] بىراق ئەساۋ:
- ئۇكام، مېنىڭ توققۇزۇم تەل. بۇ نەرسىلەر ئۆزۈڭدە قالسۇن، - دېدى.
[10] - ياق، ماڭا مەرھەمەت قىلسىلا، سوۋغىتىمنى قوبۇل قىلغايلا. سىلى مېنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدىلا، دىدارلىرىنى كۆرگىنىمدە، خۇدانىڭ دىدارىنى كۆرگەندەك بولدۇم. [11] مېنىڭ سىلىگە ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتىمنى قوبۇل قىلغايلا، خۇدا ماڭا ياخشىلىق قىلدى. ئۇ ماڭا ئېھتىياجلىق بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بېغىشلىدى، - دېدى ياقۇپ.
ياقۇپ ئەساۋدىن سوۋغىتىنى قوبۇل قىلىشنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلغاچقا، ئەساۋ ئاخىر نائىلاج قوبۇل قىلدى.
[12] - ئەمىسە ماڭايلى، مەن سەن بىلەن بىللە ماڭاي، - دېدى ئەساۋ. [13] بىراق ياقۇپ:
- سىلى بىلىلا، باللىرىم يول ئازابىدىن بەك ئاجىزلاپ كەتتى، موزاي، قوزىلارمۇ تېخى سۈتتىن ئايرىلمىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىم كېرەك. ئەگەر بىز يەنە بىر كۈنلا ماڭساق، ھەممە كالا، قويلىرىمىز ھالاك بولىدۇ. [14] شۇڭا سىلى ئالدىمىزدا مېڭىپ تۇرسىلا. چارۋا ماللار ۋە باللار قانچىلىك ماڭالىسا، مەنمۇ شۇنچىلىك ماڭاي. سىلى بىلەن سەئىردە كۆرۈشەيلى، - دېدى.
[15] - ئۇنداق بولسا، مەن ئادەملىرىمدىن بىرقانچىنى ساڭا ياردەمگە قالدۇرۇپ كېتەي، - دېدى ئەساۋ. لېكىن ياقۇپ:
- ھاجىتى يوق، سىلىنىڭ مەرھەمەتلىرىگە ئېرىشكەنلىكىم ماڭا كۇپايە، - دېدى.
[16] شۇنىڭ بىلەن ئەساۋ شۇ كۈنىلا يولغا چىقىپ، سەئىرگە قايتتى. [17] لېكىن ياقۇپ باشقا يەرگە باردى. ئۇ شۇ يەردە ئۆزىگە ئۆي، ماللىرىغا لاپاس سالدى. شۇڭا بۇ يەرنىڭ نامى سۇككوت [مەنىسى «لاپاس»] دەپ ئاتالدى.
[18] دېمەك، ياقۇپ پاددان-ئارامدىن كەنئان رايونىدىكى شەكەم شەھىرىگە ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلاشتى. [19] ئۇ بۇ يەرنى ھامۇرنىڭ ئوغۇللىرىدىن

يۈز كۆمۈش تەڭگىگە سېتىۋالغانىدى. (شەكەم خامورنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىرى ئىدى.) [20] ئۇ بۇ يەردە قۇربانلىق سۇپىسى ياساپ، ئۇنىڭغا ئەل-ئەلوھې-ئىسرائىل [مەنىسى «ئىسرائىل ئىبادەت قىلغان خۇدا»] دەپ نام قويدى.

## شەكەمنىڭ دىنانىڭ نومۇسىغا تېگىشى

34 [1] بىر كۈنى ياقۇپنىڭ لېياھتىن بولغان قىزى دىنا يەرلىك كەنئانلىقلارنىڭ قىزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى چىقتى. [2] ئۇ يەرنىڭ قەبىلە باشلىقى خىۋلاردىن بولغان خامورنىڭ شەكەم ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ دىنانى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگدى. [3] لېكىن ئۇ دىنانى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، تاتلىق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشمەكچى بولدى. [4] ئۇ ئاتىسى خامورغا:

- مەيلى قانداق بولمىسۇن، مۇشۇ قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەر، - دېدى.

[5] ياقۇپ قىزىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. لېكىن ئۇ چاغدا ئوغۇللىرى يايلاقتا مال بېقىۋاتقاچقا، داۋراڭ سالماي، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. [6] شەكەمنىڭ ئاتىسى خامور ياقۇپنىڭ ئالدىغا قىزنى سوراپ كەلگەندە، [7] ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى يايلاقتىن يېڭىلا كەلگەنىدى. ئۇلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق غەزەپكە كەلدى ۋە شەكەمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىڭلىسى بولغان دىنانىڭ نومۇسىغا تېگىشىنى پۈتۈن ئىسرائىل قەبىلىسىنى ھاقارەتلەيدىغان، شۇنداقلا يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان سەتچىلىك دەپ قارىدى.

[8] خامور ئۇلارغا:

- ئوغلۇم شەكەم دىنانى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئوغلۇمنىڭ ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشىغا رۇخسەت قىلغايسىلەر. [9] بىز ئىككى قەبىلە قۇدا بولايلى، سىلەرنىڭ قىزلىرىڭلارنى بىز ئالايلى، بىزنىڭ قىزلىرىمىزنى سىلەر ئېلىڭلار. [10] شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر بىزنىڭ يۇرتىمىزدا خالىغان يېرىڭلاردا ئولتۇراقلىشىپ، ئەركىن سودا قىلىپ، يەر-زېمىن سېتىۋالالايسىلەر، - دېدى.

[11] ئارقىدىن شەكەم ئۆزى دىنانىڭ ئاتىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن مۇنداق دەپ ئۆتۈندى:

- سىلەرنىڭ مەرھەمەتىڭلارغا ئېرىشسەم، مەندىن نېمە تەلەپ قىلساڭلار شۇنى بېرىمەن. [12] پەقەت دىنانى نىكاھىمغا ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلساڭلار، قانچىلىك تويلۇق تەلەپ قىلساڭلار قولۇم كۆكسۈمدە.

[13] شەكەم دىنانىڭ نومۇسىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن، دىنانىڭ ئاكىلىرى شەكەم ۋە ئاتىسى خامورنى ئالداپ، [14] مۇنداق دېدى:

- بىز سىڭلىمىزنى خەتنە قىلىنمىغان كىشىگە بەرمەيمىز. بۇنداق قىلىش بىزگە نومۇس. [15] پەقەت سىلەر بىر شەرتنى قوبۇل قىلساڭلار، سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارغا ماقۇل بولىمىز. سىلەر بىزگە ئوخشاش ھەممە ئەرلىرىڭلارنى خەتنە قىلدۇرۇڭلار. [16] شۇنداق بولغاندا، بىز قىزلىرىمىزنى سىلەرگە بېرىمىز ھەم قىزلىرىڭلارنى ئالىمىز ۋە يۇرتۇڭلاردا تۇرۇپ قېلىپ، سىلەر بىلەن بىر خەلق بولىمىز. [17] ئەگەر سىلەر بىزنىڭ خەتنە قىلىش توغرىسىدىكى شەرتىمىزنى قوبۇل قىلمىساڭلار، سىڭلىمىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىمىز، - دېدى.

[18] ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى خامور ۋە ئوغلى شەكەمنىڭ قۇلىقىغا ياقتى. [19] شەكەم ياقۇپنىڭ قىزى دىناغا كۆيۈپ قالغاچقا، خەتنە قىلدۇرۇشقا ئالدىرىدى. ئۇ ئائىلىسىدە ئاتىسىدىن قالسىلا ئەڭ ئابرۇيلۇق ئادەم ئىدى. [20] شۇنىڭ بىلەن خامور ۋە شەكەم شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى كىشىلەر يىغىلىدىغان جايغا بېرىپ، يۇرت ئەھلىگە:

[21] - بۇ كىشىلەر دوستانە ئادەملەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىغا ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلايلى. زېمىنىمىز كەڭ، ئۇلار سىغىپ كېتىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئالساق، ئۇلار بىزنىڭ قىزلىرىمىزنى ئالسا بولىدۇ. [22] لېكىن بۇ كىشىلەر بىزگە بىر شەرت قويۇۋاتىدۇ، يەنى بىزنىڭ ئەرلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە ئوخشاش خەتنە قىلدۇرۇلۇشى كېرەك ئىكەن. ئەگەر بىز بۇ شەرتنى قوبۇل قىلساق، ئۇلار بىز بىلەن بىرگە ياشاپ، بىز بىلەن بىر خەلق بولىدىكەن. [23] بىز

ئۇلارنى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن بۇ شەرتكە ماقۇل بولايلى. شۇنداق قىلساق، ئۇلارنىڭ چارۋا ماللىرى ۋە پۈتۈن مۈلكى بىزنىڭ بولامدۇ؟ ـ دېدى.
[24] خامور بىلەن شەكەمنىڭ تەكلىپىنى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلغان پۈتۈن يۇرت ئەھلى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەردىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى خەتنە قىلىندى.
[25] ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى، خەتنە قىلىنغان ئەرلەر تېخى ساقايمىغانىدى. ياقۇپنىڭ ئىككى ئوغلى، يەنى دىنانىڭ ئاكىلىرى بولغان شىمون بىلەن لاۋىي قولىغا قىلىچ ئېلىپ، شەھەرگە تۇسالغۇسىز بۆسۈپ كىرىپ، شەھەردىكى پۈتۈن ئەرلەرنى قىرىپ تاشلىدى. [26] ھەتتا خامور بىلەن ئوغلى شەكەمنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئۇلار شەكەمنىڭ ئۆيىدىن دىنانى ئېلىپ چىقتى.
[27] قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ياقۇپنىڭ باشقا ئوغۇللىرى شەھەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، سىڭلىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدى. [28] ئۇلار شەھەر ۋە دالالاردىكى كالا، قوي، ئۆچكە، ئېشەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى بۇلاپ كەتتى. [29] شۇنداقلا، ئۇلار يەنە بارلىق قىممەتلىك بايلىقلارنى ۋە ھەممە ئۆيلەردىكى بار بىساتلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، خوتۇن-قىزلىرى، بالىلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. [30] ياقۇپ شىمون بىلەن لاۋىيغا:
ـ سىلەر مېنى بالاغا تىقتىڭلار. بۇ گۆرۈندىن باشلاپ، كەنئانلىقلار، پەرىززىلەر ۋە بۇ يەردىكى باشقا ئەللەر ماڭا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. بىزنىڭ ئادەم سانىمىز ئاز، ئەگەر ئۇلار بىرلىشىپ بىزگە ھۇجۇم قىلسا، پۈتۈن ئائىلىمىز ھالاك بولىدۇ، ـ دېدى. [31] لېكىن ئۇلار:
ـ ئۇنداقتا، ئۇلار سىڭلىمىزغا پاھىشە ئايالغا قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلسا بولامدۇ؟! ـ دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى.

## خۇدانىڭ بەيتەلدە ياقۇپقا بەخت ئاتا قىلىشى

35 [1] خۇدا ياقۇپقا:
ـ سەن ئاكاڭ ئەساۋدىن قېچىپ ماڭغىنىڭدا، بەيتەل شەھرىدە ساڭا زاھىر بولغان خۇدا مەن بولىمەن. سەن ئەمدى بەيتەلگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلاش ۋە مەن ئۈچۈن بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياسا، ـ دېدى.

[2] بۇ چاغدا ياقۇپ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە ئۆزلىرى بىلەن
بىرگە تۇرۇۋاتقانلارغا:
– سىلەر بۇتلىرىڭلارنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزۈڭلارنى پاكلاپ،
پاكىز كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار. [3] بىز بۇ يەردىن ئايرىلىپ، بەيتەل
شەھىرىگە بارىمىز. مەن ئۇ يەردە خۇداغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق
سۇپىسى ياسايمەن. چۈنكى مەن قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ، مۇساپىر
بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا، خۇدا ماڭا يار بولۇپ، ياردەم قىلغانىدى،
– دېدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتۈن بۇتلىرىنى ۋە قۇلىقىدىكى ھالقىلارنى
ياقۇپقا تاپشۇردى. ياقۇپ بۇ نەرسىلەرنى شەكەم شەھىرىگە يېقىن
جايدىكى پىستە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويدى.
[5] ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى يولغا چىققان ۋاقىتتا، خۇدا ئەتراپتىكى
شەھەرلەرنىڭ خەلقلىرىگە قورقۇنچ سېلىپ، ئۇلارنى ئۇلارنىڭ
كەينىدىن قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويدى. [6] ياقۇپ
پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كەنئان رايونىنىڭ لۇز دېگەن يېرىگە،
يەنى ھازىر بەيتەل دەپ ئاتىلىدىغان جايغا يېتىپ كەلدى. [7] ياقۇپ
ئۇ يەردە بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياساپ، ئۇ يەرنى ئەل-بەيتەل
[مەنىسى «بەيتەلدىكى خۇدا»] دەپ ئاتىدى. چۈنكى ئۇ ئاكىسىدىن
قېچىپ ھارانغا ماڭغاندا، خۇدا ئۇ يەردە ئۇنىڭغا كۆرۈنگەنىدى.
[8] ئۇلار بەيتەلگە كەلگەندىن كېيىن، رىبەقانىڭ ئىنىكئانىسى دىبورا
ۋاپات بولدى. ئۇ بەيتەلنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ بىر دۇپ دەرىخىنىڭ
تۈۋىگە دەپنە قىلىندى. ئۇ دەرەخ ئاللون-باقۇت [مەنىسى «كۆز
يېشى دۇپ دەرىخى»] دەپ ئاتالدى.

## خۇدانىڭ ياقۇپنىڭ ئىسمىنى تەكرارلىشى

[9] ياقۇپ پاددان-ئارام رايونىدىن بەيتەلگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
خۇدا ئۇنىڭغا يەنە زاھىر بولۇپ، بەخت ئاتا قىلدى [10] ۋە ئۇنىڭغا:
– سېنىڭ ئىسمىڭ ياقۇپ ئەمەس، ئىسرائىل، – دېدى. شۇنداق
بولۇپ، ياقۇپ ئىسرائىل ئاتىلىدىغان بولدى. [11] خۇدا ئۇنىڭغا يەنە:
– مەن ھەممىگە قادىر خۇدادۇرمەن. سەن نۇرغۇن ئەۋلادلىق
بولۇپ، كۆپىيىسەن. نۇرغۇن خەلقلەر سېنىڭ نەسلىڭدىن بارلىققا

كېلىدۇ. سەن نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ ئەجدادى بولىسەن [12] مەن ئىبراھىم ۋە ئىسھاققا بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىننى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا ئاتا قىلىمەن، ـ دېدى.
[13] خۇدا بۇ سۆزنى قىلىپ بولۇپ، ياقۇپ بىلەن سۆزلەشكەن يەردىن ئايرىلدى. [14] ياقۇپ خۇدا ئۆزىگە سۆزلىگەن جايدا بىر خاتىرە تاش تىكلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇداغا ئاتاپ شاراب ۋە ياغ قۇيدى. [15] ئۇ خۇدا ئۆزىگە كۆرۈنگەن بۇ جاينى بەيتەل [مەنىسى «خۇدانىڭ ئۆيى»] دەپ ئاتىدى.

## راھىلەنىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىشى

[16] ياقۇپ ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بەيتەلدىن يولغا چىقىپ، ئەفراتا يېزىسىغا ئاز قالغاندا، راھىلەنىڭ تولغىقى تۇتۇپ، تۇغۇتى قىيىن بولدى. [17] راھىلە تولغاقتىن كۆپ ئازاب چەككەندىن كېيىن، تۇغۇت ئانىسى ئۇنىڭغا:
ـ قورقما، يەنە بىر ئوغۇل تۇغدۇڭ، ـ دېدى.
[18] ئۇنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ، نەپەسى توختاي دېگەندە، بالىسىغا بەنئونى [مەنىسى «قايغۇلۇق ئوغلۇم»] دەپ ئىسىم قويدى. بالىنىڭ ئاتىسى بولسا ئۇنىڭغا بىنيامىن [مەنىسى «ئامەتلىك بالا»] دەپ ئىسىم قويدى.
[19] راھىلە ۋاپات بولۇپ، ئەفراتاغا، يەنى ھازىر «بەيتلەھەم»گە ماڭىدىغان يولنىڭ بويىغا دەپنە قىلىندى. [20] ياقۇپ راھىلەنىڭ قەبرىسىگە بىر تاش ئابىدە تىكلىگەن بولۇپ، بۇ تاش شۇنىڭدىن بېرى شۇ يەردە تۇرماقتا. [21] ئاندىن ئىسرائىل [ياقۇپ] ئۆز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىگدال-ئېدەر دېگەن يەردىن ئۆتۈپ چېدىرىنى تىكتى.

## ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى

[22] ئىسرائىل ئۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبېن ئاتىسىنىڭ توقلى بىلھاھ بىلەن بىر ئورۇندا ياتتى. ئىسرائىل بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى.

يائقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىدى. [23] لېياھتىن تۇغۇلغانلىرى: رۇبېن (تۇنجى ئوغۇل)، شىمون، لاۋىي، يەھۇدا، ئىسساكار ۋە زەبۇلۇن. [24] راھىلەدىن تۇغۇلغانلىرى: يۈسۈپ ۋە بىنيامىن. [25] راھىلەنىڭ دېدەكى بىلھاھتىن تۇغۇلغانلىرى: دان ۋە نافتالى. [26] لېياھنىڭ دېدەكى زىلپادىن تۇغۇلغانلىرى: گاد ۋە ئاشىر. بۇ ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى پاددان-ئارامدا تۇغۇلغانىدى.

## ئىسھاقنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

[27] ياقۇپ ئاتىسى ئىسھاقنىڭ يېنىغا، يەنى مامرە دېگەن يەرگە كەلدى. مامرە قىريات-ئاربا، يەنى ھېبروننىڭ يېنىدا بولۇپ، بۇ دەل ئىبراھىم بىلەن ئىسھاق تۇرغان جاي ئىدى. [28] ئىسھاق 180 ياش ئۆمۈر كۆردى. [29] ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنى ئوغۇللىرى ئەساۋ بىلەن ياقۇپ دەپنە قىلدى.

## ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى

36 [1] تۆۋەندىكىلەر ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ئەساۋنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئېدوم بولۇپ، [2] ئۇ كەنئانلىق قىزلارنى ئەمرىگە ئالغانىدى. بىرىنچى ئايالىنىڭ ئىسمى ئاداھ بولۇپ، خىتلاردىن بولغان ئېلوننىڭ قىزى ئىدى. ئىككىنچى ئايالىنىڭ ئىسمى ئوھولىباما بولۇپ، خىۋلاردىن بولغان زىبئوننىڭ ئوغلى ئاناھنىڭ قىزى ئىدى. [3] ئۈچىنچى ئايالىنىڭ ئىسمى باسمات بولۇپ، ئىسمائىلنىڭ قىزى، نىبايوتنىڭ سىڭلىسى ئىدى. [4] ئاداھتىن ئەلىفاز، باسماتتىن رېئۇئېل، [5] ئوھولىبامادىن يېئۇش، يالام ۋە كوراھ تۇغۇلدى. ئەساۋنىڭ بۇ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى كەنئاندا تۇغۇلدى.

[6] ئەساۋ ئاياللىرى، پەرزەنتلىرى، ئائىلىسىدىكى پۈتۈن ئادەملىرى، چارۋا ماللىرى ۋە كەنئاندا تاپقان مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ، ئىنىسى ياقۇپتىن ئايرىلىپ، باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتتى. [7] بۇ ئىككىيلەننىڭ چارۋا ماللىرى ۋە باشقا مۈلۈكلىرى نۇرغۇن بولغاچقا، بۇ يەر ئۇلارغا يېتىشمىگەنىدى. [8] شۇڭا ئەساۋ، يەنى ئېدوم سەئىر تاغلىق رايونىغا بېرىپ تۇردى.

[9] تۆۋەندىكىلەر سەئىر تاغلىق رايونىدىكى ئىدوملۇقلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.
[10] ئەساۋنىڭ ئايالى ئاداھتىن تۇغۇلغان ئوغلىنىڭ ئىسمى ئەلىفاز، ئايالى باسماتتىن تۇغۇلغان ئوغلىنىڭ ئىسمى رېئۇئېل ئىدى.
[11] ئەلىفازنىڭ بەش ئوغلى بولدى. ئۇلار: تېمان، ئومار، زىفو، گاتام ۋە قېناز. [12] ئەلىفازنىڭ توقلى تىمنا بىر ئوغۇل تۇغقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئامالەك ئىدى.
[13] رېئۇئېلنىڭ تۆت ئوغلى بولدى. ئۇلار: ناخات، زەراخ، شامماھ ۋە مىززاھ. بۇلار ئەساۋنىڭ ئايالى باسماتنىڭ نەۋرىلىرى ئىدى.
[14] ئەساۋنىڭ ئايالى ئوھولىباما زىبېئوننىڭ نەۋرىسى، ئاناھنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ ئەساۋغا ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئۇلار: يېئۇش، يالام ۋە كوراھ.
[15] ئەساۋنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى بولغان ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر. ئەساۋنىڭ تۇنجى ئوغلى ئەلىفازنىڭ ئوغۇللىرى: تېمان، ئومار، زىفو، قېناز، [16] كوراھ، گاتام ۋە ئامالەك. بۇلار ئىدوم رايونىدىكى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ، ئەساۋنىڭ ئايالى ئاداھنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.
[17] ئەساۋنىڭ ئوغلى رېئۇئېلنىڭ ئوغۇللىرى: ناخات، زەراخ، شامماھ ۋە مىززاھ. بۇلارمۇ ئىدوم رايونىدىكى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ، ئەساۋنىڭ ئايالى باسماتنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.
[18] ئەساۋنىڭ ئايالى، ئاناھنىڭ قىزى ئوھولىبامادىن تۇغۇلغان ئوغۇللار: يېئۇش، يالام ۋە كوراھ. ئۇلارمۇ قەبىلە باشلىقلىرى ئىدى. [19] يۇقىرىدىكى قەبىلىلەر ۋە قەبىلە باشلىقلىرى ئەساۋ، يەنى ئىدومنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

## سەئىرنىڭ ئەۋلادلىرى

[20] ئىدوم رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق خورىلاردىن بولغان سەئىرنىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر: لوتان، شوبال، زىبېئون، ئاناھ، [21] دىشون، ئېزېر ۋە دىشان. بۇلار خورى قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى.
[22] لوتاننىڭ ئەۋلادلىرى: خورى ۋە ھومام. تىمنا لوتاننىڭ سىڭلىسى ئىدى.

[23] شوبالنىڭ ئەۋلادلىرى: ئالۋان، ماناخات، ئېبال، شىفو ۋە ئونام.
[24] زىبئوننىڭ ئەۋلادلىرى: ئايياھ ۋە ئاناھ. (چۆلدە ئاتىسىنىڭ ئېشەكلىرىنى بېقىۋېتىپ، ئارشاڭلارنى بايقىغان دەل مانا مۇشۇ ئاناھتۇر.)
[25] ئاناھنىڭ بالىلىرى: ئوغلى دىشون ۋە قىزى ئوھولىباما.
[26] دىشوننىڭ ئەۋلادلىرى: خەمدان، ئەشبان، يىتران ۋە كىران.
[27] ئېزەرنىڭ ئەۋلادلىرى: بىلھان، زائاۋان ۋە ئاقان.
[28] دىشاننىڭ ئەۋلادلىرى: ئۇز ۋە ئاران.
[29] خورىلاردىن بولغان قەبىلە باشلىقلىرى: لوتان، شوبال، زىبئون، ئاناھ، [30] دىشون، ئېزەر ۋە دىشان. بۇلار خورىلاردىن بولغان قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىدۇر.

## ئېدومدىكى پادىشاھلار

[31] ئىسرائىللارنىڭ تېخى ئۆز پادىشاھى بولماستا، ئېدوملۇقلارنىڭ پادىشاھى بار ئىدى.
[32] بېئورنىڭ ئوغلى بەلا ئېدومغا پادىشاھ بولۇپ، ئۇ دىنھابا دېگەن شەھەردە تۇراتتى.
[33] بەلا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا زەراخنىڭ ئوغلى بوزرالىق يوباب چىقتى.
[34] يوباب ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا تېمان رايونىدىن كەلگەن خۇشام چىقتى.
[35] خۇشام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا بىدادنىڭ ئوغلى هاداد چىقتى. ئۇ مىديانلارنى موئاب زېمىنىدا تارمار قىلدى. ئۇ تۇرغان شەھەرنىڭ ئىسمى ئاۋىت ئىدى.
[36] هاداد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا ماسرېقالىق ساملاھ چىقتى.
[37] ساملاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا فىرات دەرياسى بويىغا جايلاشقان رېھوبوت شەھىرىدىن كەلگەن شائۇل چىقتى.
[38] شائۇل ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا ئاكبورنىڭ ئوغلى بائال-خانان چىقتى.

[39] ئاكبورنىڭ ئوغلى بائال-خانان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا هاداد چىقتى. ئۇ تۇرغان شەھەرنىڭ ئىسمى پائۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى مەھېتابىئېل بولۇپ، ئۇ ماترېدنىڭ قىزى، ماترېد مىزاھابنىڭ قىزى ئىدى. [40] ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۆز قەبىلىلىرى ۋە ياشىغان رايونلىرىغا باشلىق بولغانلارنىڭ ئىسملىرى: تىمنا، ئالۋاھ، يېتېت، [41] ئوھولىباما، ئەلاھ، پىنون، [42] قېناز، تېمان، مىبزار، [43] ماگدىئېل ۋە ئىرام. بۇلار ئۆز رايونلىرىدىكى ئىدوملۇقلارنىڭ ياشىغان جايلىرىغا باشلىق بولغانىدى. ئەساۋ ئىدوملۇقلارنىڭ ئەجدادى ئىدى.

## يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى

37 [1] ياقۇپ ئۆز ئاتىسى تۇرغان كەنئان رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. [2] تۆۋەندىكىلەر ياقۇپ ئائىلىسىنىڭ كەچمىشلىرىدۇر.

يۈسۈپ 17 ياشقا كىرگەن چاغلىرىدا، ھەمىشە ئاتىسىنىڭ توقاللىرى بىلھاھ ۋە زىلپانىڭ ئوغۇللىرىغا ياردەملىشىپ، قوي باققىلى چىقاتتى. ئۇ ئاكىلىرىنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرىنى ئاتىسىغا مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. [3] ئىسرائىل يۈسۈپنى باشقا ئوغۇللىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى يۈسۈپ ئۇنىڭ قېرىغان ۋاقتىدا كۆرگەن بالىسى ئىدى. ئىسرائىل يۈسۈپكە بىر ئالا تون تىكتۈرۈپ بەرگەنىدى. [4] ئاتىلىرىنىڭ ئۇنى ئۆزلىرىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سەزگەن ئاكىلىرى يۈسۈپكە شۇنچىلىك ئۆچمەنلىك قىلاتتىكى، ھەتتا ئۇنىڭغا سىلىق گەپمۇ قىلغۇسى كەلمەيتتى.

[5] بىر كۈنى يۈسۈپ چۈش كۆردى ۋە چۈشىنى ئاكىلىرىغا ئېيتىپ بەردى. ئاكىلىرى ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى. [6] ئۇ:

– قۇلاق سېلىڭلار! كۆرگەن چۈشۈمنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي. [7] بىز ھەممەيلەن ئېتىزدا بۇغداي باغلاۋاتقۇدەكمىز. مېنىڭ باغلىغان بۇغداي بېغىم تىك تۇرغۇدەك، سىلەرنىڭ باغلىغان بۇغداي باغلىرىڭلار مېنىڭ بۇغداي بېغىمنىڭ ئەتراپىدا بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىلىپ تۇرغۇدەك! – دېدى. [8] ئاكىلىرى ئۇنىڭدىن:

- سەن بىزگە پادىشاھ بولۇپ، بىزنى باشقۇرماقچىمۇسەن؟
- دەپ سوراشى. يۈسۈپ چۈشىنى ئاكىلىرىغا ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار يۈسۈپكە تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى.
[9] كېيىن يۈسۈپ يەنە بىر چۈش كۆرۈپ، ئۇنىمۇ ئاكىلىرىغا ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئۇلارغا:
- مەن يەنە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە قۇياش، ئاي ۋە 11 يۇلتۇز ماڭا تەزىم قىلىپ تۇرغۇدەك! - دېدى.
[10] يۈسۈپ بۇ چۈشنى ئاتىسىغىمۇ ئېيتىپ بەردى. ئاتىسى ئۇنى ئەيىبلەپ:
- قانداق چۈش بۇ؟ ئاناڭ، ئاكىلىرىڭ ۋە مەن يەرگە باش قويۇپ، ساڭا تەزىم قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ - دېدى.
[11] شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھەسەت قىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن ئاتىسى ئوغلى يۈسۈپنىڭ دېگەنلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

## يۈسۈپنىڭ مىسىرغا سېتىلىشى

[12] بىر كۈنى يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى شەكەمدىكى يايلاقتا ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى باقىقىلى باردى. [13] ئىسرائىل يۈسۈپكە:
- ئاكىلىرىڭ شەكەمدە قوي بېقىۋاتىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ يوقلاپ كەلگىن، - دېدى.
- ماقۇل، باراي، - دەپ جاۋاب بەردى يۈسۈپ. [14] ئاتىسى ئۇنىڭغا:
- سەن ئاكىلىرىڭ ۋە پادىلارنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى بىلىپ، ماڭا خەۋەر قىلغىن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسى ئۇنى ھېبرون جىلغىسىدىن يولغا سالدى.
يۈسۈپ شەكەمگە بېرىپ، [15] دالادا ئاكىلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەندە، بىر كىشى ئۇنىڭغا ئۇچراپ:
- كىمنى ئىزدەيسەن؟ - دەپ سورىدى.
[16] - ئاكىلىرىمنى ئىزدەيمەن. ئۇلارنىڭ قەيەردە قوي بېقىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟ - دېدى ئۇ. [17] ئۇ كىشى:

ـ ئۇلار كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ دوتانغا بارماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئاكىلىرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئۇلارنى دوتاندىن تاپتى.

[18] ئۇلار يۈسۈپنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆردى. ئۇلار يۈسۈپ يېتىپ كەلگۈچە مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇشتى. [19] ئۇلار ئۆزئارا:

ـ ھېلىقى چۈش پىرى كەپتۇ. [20] بىز ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى. ئاندىن ئۆلۈكىنى سۇيى قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇقتا تاشلىۋېتىپ، يىرتقۇچ ھايۋان يەپ كېتىپتۇ، دەيلى. قېنى، ئۇنىڭ چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئاشقىنىنى بىر كۆرەيلى، ـ دېيىشتى.

[21] قېرىنداشلىرىنىڭ سۇيىقەستىنى ئاڭلىغان رۇبېن يۈسۈپنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولۇپ:

ـ ئۇنى ئۆلتۈرمەيلى، [22] قان تۆكمەيلى. چۆلدىكى سۇيى قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇقتا تاشلىۋېتەيلى، زىنھار ئۇنىڭغا قول تەگكۈزمەيلى، ـ دېدى.

ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى مەقسىتى، كېيىن يۈسۈپنى بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاتىسىغا قايتۇرۇپ بېرىش ئىدى.

[23-24] يۈسۈپ ئاكىلىرىنىڭ يېنىغا كېلىش بىلەنلا ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ، ئۇچىسىدىكى ئالا تونىنى سالدۇرۇۋېلىپ، سۇيى قۇرۇپ كەتكەن بىر قۇدۇققا تاشلىۋەتتى.

[25] ئۇلار تاماققا ئولتۇرغىنىدا، ئىسمائىل قەبىلىسىگە تەۋە بىر كارۋاننىڭ گىلئادتىن مىسىر تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار تۆگىلىرىگە دورا-دەرمان، دېۋىرقاي ۋە مۇرمەككىلەرنى ئارتىپ كەلگەنىدى. [26] يەھۇدا قېرىنداشلىرىغا:

ـ بىزنىڭ ئىنىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، جىنايىتىمىزنى يوشۇرۇشىمىزنىڭ پايدىسى نېمە؟ [27] ئۇنى ئۆزىمىز قول سېلىپ ئۆلتۈرگىنىمىزدىن كۆرە، ئىسمائىللارغا سېتىۋەتكىنىمىز تۈزۈك. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بىزنىڭ ئىنىمىز، بىزنىڭ قان قېرىندىشىمىز، ـ دېدى. قېرىنداشلىرى بۇنىڭغا قوشۇلدى. [28] شۇڭا مىدياندىن كەلگەن ئىسمائىل قەبىلىسىدىكى سودىگەرلەر بۇ يەردىن ئۆتكەندە، يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى ئۇنى

قۇدۇقتىن چىقىرىپ، ئىسمائىللارغا 240 گىرام كۈمۈشكە سېتىۋەتتى.
سودىگەرلەر يۈسۈپنى مىسىرغا ئېلىپ كەتتى.
[29] يۈسۈپ سودىگەرلەرگە سېتىلغاندا، رۇبېن يوق ئىدى. ئۇ قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، قۇدۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ، يۈسۈپنىڭ يوقلۇقىنى
كۆرۈپ، ئېچىنغان هالدا كىيىملىرىنى يىرتىپ، [30] قېرىنداشلىرى
تۇرغان يەرگە بېرىپ:
- يۈسۈپ يوق تۇرىدۇ! ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ - دېدى.
[31] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆچكىدىن بىرنى بوغۇزلاپ، يۈسۈپنىڭ ئالا
تونىنى ئۆچكىنىڭ قېنىغا مىلەپ، [32] ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ:
- بىز بۇ ئالا تونىنى تېپىۋالدۇق، سەن كۆرۈپ باقساڭ، بۇ
يۈسۈپنىڭمۇ؟ - دېدى. [33] ياقۇپ بۇ تونىنى تونۇپ:
- بۇ ئوغلۇمنىڭ تونىغۇ! ئۇ جەزمەن يىرتقۇچ هايۋانلارغا يەم
بوپتۇ! - دېدى.
[34] ياقۇپ هەسرەتتە كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ماتەملىك
كىيىم كىيىپ، ئوغلى ئۈچۈن ئۇزۇنغىچە هازا تۇتتى. [35] ئۇنىڭ
قىز-ئوغۇللىرىنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بەرسىمۇ، ئۇ
بولدى قىلمىدى. ئۇ:
- مەن تاكى ئۆلگۈچە ئوغلۇمغا قارىلىق تۇتىمەن! - دېدى.
ئۇ ئوغلى يۈسۈپ ئۈچۈن داۋاملىق هازا تۇتتى.
[36] شۇ ئارىلىقتا مىديانىدىن كەلگەن هېلىقى سودىگەرلەر يۈسۈپنى
مىسىرغا ئاپىرىپ، پىرئەۋنىنىڭ بىر ئەمەلدارى، يەنى ياساۋۇللار
باشلىقى پوتىفارغا سېتىۋەتتى.

## يەهۇدا بىلەن تامار

38
[1] شۇ كۈنلەردە يەهۇدا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىدىن
كېتىپ، ئادۇللام يېزىسىدىكى خىراھ دېگەن كىشىنىڭ
يېنىغا چۈشتى. [2] يەهۇدا ئۇ يەردە كەنئانلىق شۇئانىڭ قىزى بىلەن
تونۇشۇپ، ئۇنى نىكاھىغا ئالدى. [3] ئايالى هامىلىدار بولۇپ، بىر
ئوغۇل تۇغدى. يەهۇدا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېر قويدى. [4] ئايالى يەنە
هامىلىدار بولۇپ، ئىككىنچى ئوغلىنى تۇغدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى

ئونان قويدى. [5] كېيىن ئۈچىنچى ئوغلىنى تۇغدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى شېلاھ قويدى. شېلاھ تۇغۇلغاندا، ئۇلار كىزىب دېگەن يەردە ئىدى.
[6] يەھۇدا تۇنجى ئوغلى ئېرگە تامار ئىسىملىك بىر قىزنى ئېلىپ بەردى. [7] ئېر پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل دەپ قارالغاچقا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى.
[8] بۇ چاغدا يەھۇدا ئوغلى ئونانغا:
- سەن بېرىپ يەڭگەڭنى ئەمرىڭگە ئېلىپ، ئاكاڭنىڭ نەسلىنى داۋاملاشتۇر. بۇ سېنىڭ بۇرچۇڭ، - دېدى.
[9] لېكىن ئونان تۇغۇلىدىغان بالا ئۆزىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ھەر قېتىم يەڭگىسى بىلەن بىر ئورۇندا ياتقاندا ئاكىسىغا نەسىل قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، مەقسەتلىك ھالدا مەنىنى سىرتقا ئاقتۇرۇۋېتەتتى. [10] ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى پەرۋەردىگار رەزىللىك دەپ قارىغاچقا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭمۇ جېنىنى ئالدى.
[11] ئاندىن يەھۇدا كېلىنى تامارغا:
- ئوغلۇم شېلاھ چوڭ بولغۇچە ئاتاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تۇرمۇشقا چىقماي تۇرۇپ تۇرغىن، - دېدى. ئۇ شېلاھنىڭمۇ ئىككى ئاكىسىدەك ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، شۇنداق دېگەنىدى. شۇڭا تامار ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.
[12] بىرقانچە يىللاردىن كېيىن يەھۇدانىڭ ئايالى، يەنى شۇئانىڭ قىزى ئالەمدىن ئۆتتى. قارىلىق تۇتۇش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، ئۇ ئادۇللاملىق دوستى خىراھ بىلەن بىرگە تىمناھ دېگەن يەرگە باردى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى قوي قىرقىۋاتاتتى.
[13] بىرەيلەن تامارغا قېينئاتىسى يەھۇدانىڭ تىمناھ دېگەن يەرگە قوي قىرقىغىلى كەتكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. [14] شۇڭا تامار تۇل خوتۇنلۇق كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، باشقا كىيىملەرنى كىيىپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن يۈزىگە چۈمپەردە تارتىپ، تىمناھقا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى ئېنايىم شەھىرىگە بېرىپ، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇردى. چۈنكى ئۇ يەھۇدانىڭ كىچىك ئوغلى شېلاھ چوڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەھۇدانىڭ ئۆزىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ قويمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

[15] تامار يۈزىنى يېپىۋالغانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدا ئۇنى كۆرگەندە، ئۇنى پاھىشە ئايال ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. [16] شۇڭا يەھۇدا يول قىرىدا ئولتۇرغان ئۇ ئايالنىڭ قېشىغا باردى. چۈنكى يەھۇدا ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ كېلىنى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. يەھۇدا ئۇنىڭغا:

- يۈر، مەن بىلەن بىر ئورۇندا يات؟ - دېدى.

- مەن سىز بىلەن بىر ئورۇندا ياتسام، ماڭا نېمە بېرىسىز؟ - دېدى تامار.

[17] - بىر ئوغلاق ئەۋەتىپ بېرىمەن، - دېدى يەھۇدا.

- بولىدۇ، ئوغلىقىڭىزنى ئەۋەتىپ بەرگۈچە، بىرەر نەرسىڭىزنى گۆرۈگە قويۇپ قويۇڭ، - دېدى تامار.

[18] - گۆرۈگە نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ - دەپ سورىدى ئۇ.

- بويىنىڭىزغا ئېسىۋالغان مۆھرىڭىز بىلەن قولىڭىزدىكى ھاسىڭىزنى، - دېدى تامار.

شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا بۇ نەرسىلەرنى تامارغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتتى، تامار ھامىلىدار بولدى. [19] تامار ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، يۈزىدىكى چۈمپەردىسىنى ئېلىۋېتىپ، تۇللۇق كىيىملىرىنى قايتا كىيىۋالدى.

[20] يەھۇدا ئادۇللاملىق دوستى خىراھنى ئۇ ئايالغا بىر ئوغلاق ئاپىرىپ بېرىپ، گۆرۈگە قويغان نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. لېكىن خىراھ ئۇنى تاپالمىدى. [21] خىراھ ئېنايىم شەھىرىدىكى كىشىلەردىن:

- بۇرۇن يول بويىدا تۇرغان ھېلىقى پاھىشە ئايال نەگە كەتتى؟

- دەپ سورىدى. ئۇلار:

- بۇ يەردە پاھىشە ئايال زادىلا بولۇپ باقمىغان، - دەپ جاۋاب بېرىشتى.

[22] خىراھ يەھۇدانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

- ئۇنى تاپالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ يەرلىك كىشىلەر: «بۇ يەردە پاھىشە ئايال بولۇپ باقىقان ئەمەس!» دېيىشىدۇ، - دېدى.

[23] يەھۇدا ئۇنىڭغا:

- بوپتۇ، ئۇ نەرسىلەرنى ئالسا ئالسۇن، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالمايلى. ھەر ھالدا مەن ئوغلاقنى ئەۋەتتىم. بىراق سەن ئۇنى تاپالماپسەن، - دېدى.
[24] تەخمىنەن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىرەيلەن يەھۇداغا:
- كېلىنىڭ تامار بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ھامىلىدار بولۇپ قاپتۇ، - دېدى.
- ئۇنى ئەكېلىپ ئوتتا كۆيدۈرۈڭلار! - دېدى يەھۇدا.
[25] تامار ئۆيدىن ئېلىپ مېڭىلغاندا، ئۇ قېيىنئاتىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ:
- مەن بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىدىن ھامىلىدار بولدۇم. قاراپ بېقىڭ! بۇ مۆھۈر ۋە ھاسا كىمنىڭ؟ - دېدى. [26] يەھۇدا بۇ نەرسىلەرنى تونۇپ:
- بۇنىڭغا مەن ئەيىبلىك! مەن ئەسلىدە ئۇنى ئوغلۇم شېلاھقا ئېلىپ بېرىشىم كېرەك ئىدى، - دېدى.
شۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدا ئۇنىڭ بىلەن قايتا بىر ئورۇندا ياتمىدى.
[27] تامار تۇغۇۋاتقاندا، بالىنىڭ قوشكېزەك ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. [28] ئالدى بىلەن بىر بالىنىڭ بىر قولى چىقتى. تۇغۇت ئانىسى بۇ قولغا قىزىل يىپ باغلاپ قويۇپ:
- بۇ ئاۋۋال تۇغۇلغىنى، - دېدى. [29] لېكىن بۇ بالا قولىنى تارتىپ ئەكىرىپ كېتىپ، يەنە بىرى ئاۋۋال تۇغۇلدى. شۇڭا تۇغۇت ئانىسى:
- سەن مۇشۇنداق تالىشىپ چىقتىڭ؟ - دېدى. شۇڭا بالىغا پەرەس [مەنىسى «تالىشىپ چىققان»] دەپ ئىسىم قويۇلدى. [30] كەيىندىن قىزىل يىپ باغلاپ قويۇلغىنى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ قولىغا قىپقىزىل يىپ باغلانغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا زەراخ [مەنىسى «قىپقىزىل»] دەپ ئىسىم قويۇلدى.

## يۈسۈپ ۋە پوتىفارنىڭ ئايالى

39 [1] ئىسمائىل قەبىلىسىدىكى سودىگەرلەر يۈسۈپنى مىسىرغا ئەكېلىپ، مىسىر پادىشاھى، يەنى پىرئەۋننىڭ بىر ئەمەلدارى، يەنى ياساۋۇللار باشلىقى پوتىفارغا ساتقانىدى. [2] پەرۋەردىگار يۈسۈپكە يار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئوڭ قىلدى. ئۇ مىسىرلىق خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە تۇردى. [3] پوتىفار پەرۋەردىگارنىڭ

يۈسۈپكە يار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئوڭ قىلغانلىقىنى بايقىدى. [4] پوتىفار ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ياردەمچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى ئائىلە ئىشلىرى ۋە پۈتۈن مال-مۈلكىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. [5] شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، پەرۋەردىگار پوتىفارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىگە، چارۋا ماللىرىغا ۋە ئېرىقچىلىقىغا بەرىكەت ئاتا قىلدى. [6] شۇنىڭ بىلەن پوتىفار ھەممىنى يۈسۈپنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىدىن باشقا ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمايدىغان بولدى.

يۈسۈپ كېلىشكەن، چىرايلىق يىگىت ئىدى. [7] ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭغا خوجايىنىنىڭ ئايالىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ يۈسۈپكە:

- كەل، مەن بىلەن بىر ئورۇندا يات! - دېدى. [8] يۈسۈپ رەت قىلىپ:

- ئويلاپ كۆرۈڭ، خوجايىنىم ماڭا ئىشىنىپ، بارلىق مال-مۈلكىنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا تاپشۇردى. مەن بولغاچقىلا، ئۇ پۈتۈن ئائىلە ئىشلىرىدىن خاتىرجەم. [9] مەن بۇ ئائىلىدە ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ھوقۇقلۇق. ئۇ سىزدىن باشقا ھەممە نەرسىسىنى ماڭا تاپشۇردى. سىز ئۇنىڭ ئايالى تۇرسىڭىز، مەن قانداقمۇ بۇنداق ئەخلاقسىز ئىشنى قىلىپ، خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولاي؟ - دېدى.

[10] پوتىفارنىڭ ئايالى ھەر كۈنى شېرىن سۆزلەر بىلەن يۈسۈپنى ئۆزىگە قاراتماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن يۈسۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا يېتىش تۇگۇل، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە تۇرۇشنىمۇ رەت قىلىپ كەلدى.

[11] بىر كۈنى يۈسۈپ بىر ئىش سەۋەبى بىلەن ئۆيگە كىردى. ئۇ چاغدا ئۆيدە باشقا خىزمەتكارلار يوق ئىدى. [12] پوتىفارنىڭ ئايالى يۈسۈپنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تونىغا ئېسىلىۋېلىپ:

- كەلگىن، بىز بىر ئورۇندا ياتايلى! - دېدى. بىراق يۈسۈپ قېچىپ، تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. تونى بولسا ئايالنىڭ قولىدا قالدى. [13] ئۇ يۈسۈپنىڭ تونىنى تاشلاپ قېچىپ چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، [14] چۇقان سېلىپ، ئۆي خىزمەتكارلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا:

- قاراڭلار، ئېرىم ئەكەلگەن ئىبرانىي قۇل بىز مىسىرلىقلارغا ھاقارەت قىلدى. ئۇ مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ، نومۇسۇمغا تەگمەكچى بولغانىدى، مەن قاتتىق ۋارقىرىدىم. [15] ئۇ مېنىڭ ۋارقىرىغىنىمنى

ئاتلاپ، تونىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، قېچىپ چىقىپ كەتتى،
– دېدى.
16 ئۇ يۈسۈپنىڭ تونىنى بەرمەي، ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.
17 ئېرى كەلگەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
– سىز ئەكەلگەن ھېلىقى ئىبرانىي قۇل مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ،
ماڭا ھاقارەت قىلدى. 18 مەن ۋارقىرىغانىدىم، ئۇ تونىنى ئېلىشقىمۇ
ئۈلگۈرەلمەي، قېچىپ چىقىپ كەتتى.
19 يۈسۈپنىڭ خوجايىنى ئايالىنىڭ يەنە: «سېنىڭ قۇلۇڭنىڭ ماڭا
قىلغان مۇئامىلىسى مانا مۇشۇ!» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن
غەزەپلەندى. 20 ئۇ يۈسۈپنى تۇتۇپ، ئوردا زىندانىغا قاماپ قويدى.
شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئۇ يەردە قاماقتا ياتتى.
21 لېكىن پەرۋەردىگار يۈسۈپكە يار بولۇپ، ئۇنىڭغا مېھىر-شەپقەت
كۆرسەتتى. شۇڭا زىندان بېشى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، 22 ئۇنى
زىنداندىكى باشقا مەھبۇسلارنى باشقۇرۇش ۋە زىندان ئىشلىرىغا
مەسئۇل بولۇشقا تەيىنلىدى. 23 يۈسۈپ مەسئۇل بولغان ئىشلارغا
زىندان بېشى باش قاتۇرمايدىغان بولدى. چۈنكى پەرۋەردىگار يۈسۈپكە
يار بولغاچقا، ئۇ باشقۇرغان ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولاتتى.

## يۈسۈپنىڭ تۈرمىداشلىرىنىڭ چۈشلىرىگە تەبىر بېرىشى

40 1 مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئوردىنىڭ باش ساقىيى
بىلەن باش ناۋىيى مىسىر پادىشاھى، يەنى پىرئەۋنىنىڭ
ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزدى. 2 پىرئەۋن غەزەپلىنىپ، 3 بۇ ئىككى
يۇقىرى ئەمەلدارنى ياساۋۇل مەھكىمىسىدىكى زىندانغا، يەنى
يۈسۈپ قامالغان زىندانغا قامىدى. 4 ئۇلار زىنداندا بىر مەزگىل
ياتتى. ياساۋۇل بېگى يۈسۈپنى بۇ ئىككى ئەمەلدارنى كۈتۈشكە
ئورۇنلاشتۇردى.
5 بىر كۈنى كېچىدە باش ساقىي بىلەن باش ناۋاي چۈش كۆردى.
ئىككىيلەنىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ مەنىسى ئوخشىمايتتى.
6 ئەتىسى ئەتىگەندە يۈسۈپ ئۇلارنى يوقلاپ كىرگىنىدە، ئۇلارنىڭ
كۆڭلىنىڭ بىئاراملىقىنى كۆردى. 7 ئۇ ئۇلاردىن:

- سىلەر بۈگۈن نېمانچىلا پەرىشان؟ - دەپ سورىدى. [8] ئۇلار:
- ئىككىمىز ئاخشام چۈش كۆردۇق. لېكىن چۈشىمىزنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىدىغان ئادەم يوق، - دەپ جاۋاب بېرىشتى. يۈسۈپ ئۇلارغا:
- چۈشكە تەبىر بېرىش قابىلىيىتى خۇدادىن كېلىدۇ. چۈشۈڭلارنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار، - دېدى. [9] شۇنىڭ بىلەن باش ساقىي چۈشىنى ئېيتىپ بەردى:
- چۈشۈمدە ئالدىمدا بىر تۈپ ئۈزۈم كۆچىتى تۇرۇپتىمىش. [10] كۆچەتتە ئۈچ تال يۇمران شاخ بولۇپ، ئۇلار بىخلاپ، چېچەكلەپ، ئۈزۈم چۈشۈپ، ئۈزۈم پىشىپتىمىش. [11] قولۇمدا پىرئەۋننىڭ شاراب جامى بولۇپ، مەن ئۈزۈملەرنى ئۈزۈپ، شىرنىسىنى جامغا سىقىپ، جامنى پىرئەۋنگە سۇنۇپتىمىشمەن.
[12] يۈسۈپ مۇنداق دېدى:
- بۇ چۈشنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئۈچ يۇمران شاخ ئۈچ كۈننى كۆرسىتىدۇ. [13] ئۈچ كۈن ئىچىدە پىرئەۋن سىزگە كەڭچىلىك قىلىپ، ئەسلى مەنسىپىڭىزنى بېرىدىكەن. سىز پىرئەۋنگە بۇرۇن باش ساقىي بولغان ۋاقتىڭىزدىكىدەك يەنە شاراب تۇتىدىكەنسىز. [14] ئەمما ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولغاندا، مېنى ئۇنتۇپ قالماي، ماڭا ھېسداشلىق قىلغايسىز. پىرئەۋن ئالدىدا مەن ئۈچۈن گەپ قىلىپ، زىنداندىن چىقىشىمغا ياردەم قىلغايسىز. [15] مەن ئەسلىدە ئىبرانىيمەن، يۇرتۇمدىن ناھەق تۇتۇپ كېلىنگەنمەن. مىسىردىمۇ مېنى زىندانغا تاشلىغۇدەك بىرەر يامان ئىش قىلغىنىم يوق.
[16] باش ساقىينىڭ چۈشىگە ياخشى تەبىر بەرگەنلىكىنى كۆرگەن باش ناۋاي يۈسۈپكە مۇنداق دېدى:
- مەنمۇ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە بېشىمدا ئۈچ سېۋەتتە نان بارمىش. [17] ئەڭ ئۈستىدىكى سېۋەتتە ھەر خىل ئۇندا پىشۇرۇلغان پىرئەۋن يەيدىغان نانلار بارمىش. لېكىن ئۇلارنى ئۇچار قاناتلار يەۋاتقۇدەكمىش.
[18] يۈسۈپ مۇنداق دېدى:
- بۇ چۈشنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئۈچ سېۋەت ئۈچ كۈننى كۆرسىتىدۇ. [19] ئۈچ كۈن ئىچىدە پىرئەۋن كاللىڭىزنى ئېلىپ،

جەستىگىزنى ياغاچقا سانجىپ قويىدىكەن، تېنىگىز قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولىدىكەن.
[20] ئۈچىنچى كۈنى پىرئەۋىننىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ، پىرئەۋن ئۆز ئەمەلدارلىرىغا زىياپەت بەردى. ئۇ باش ساقىي بىلەن باش ناۋاينى زىنداندىن چىقارتىپ، ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى.
[21] ئۇ باش ساقىينىڭ مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، [22] باش ناۋاينى ئۆلتۈرگۈزۈپ، جەستىنى خادىغا سانجىتىپ قويدى. بۇ ئىشلار دەل يۈسۈپنىڭ تەبىرىدەك بولۇپ چىقتى. [23] لېكىن باش ساقىي يۈسۈپنى ئېسىدىن چىقىرىپ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى.

## يۈسۈپنىڭ پىرئەۋىننىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشى

41 [1] ئىككى يىلدىن كېيىن پىرئەۋن مۇنداق بىر چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە نىل دەرياسىنىڭ بويىدا تۇراتتى.
[2] دەريادىن يەتتە تۇياق ساغلام ھەم سېمىز كالا چىقىپ، قىرغاقتىكى قومۇشلۇقتا ئوتلىدى. [3] ئارقىدىن كۆرۈمسىز ۋە ئورۇق يەتتە تۇياق كالا چىقىپ، قىرغاقتىكى ھېلىقى يەتتە كالىنىڭ يېنىغا باردى.
[4] بۇ يەتتە كۆرۈمسىز ۋە ئورۇق كالا ھېلىقى يەتتە ساغلام ھەم سېمىز كالىنى يەۋەتتى. دەل شۇ چاغدا پىرئەۋن ئويغىنىپ كەتتى.
[5] ئۇ قايتا ئۇيقۇغا كېتىپ، يەنە بىر چۈش كۆردى. ئۇ چۈشىدە بىر تۈپ بۇغداينىڭ تولۇق ۋە يېتىلگەن يەتتە دانە باشاق چىقارغانلىقىنى كۆردى. [6] ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ بىر تۈپ بۇغداينىڭ يەنە يەتتە دانە پۇچەك باشاق چىقارغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئىسسىق شامالدا سولىشىپ قالدى. [7] كېيىن بۇ يەتتە دانە سولىشىپ قالغان پۇچەك باشاق ھېلىقى تولۇق يېتىلگەن يەتتە باشاقنى يۇتۇۋەتتى. دەل شۇ چاغدا پىرئەۋن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى. [8] تاڭ ئاتقاندا پىرئەۋن چۈشىدىن بىئارام بولدى. ئۇ مىسىردىكى بارلىق چۈشكە تەبىر بەرگۈچىلەرنى ۋە دانىشمەنلەرنى چاقىرتىپ، چۈشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردى. لېكىن ئۇنىڭ چۈشلىرىگە ھېچكىم تەبىر بېرەلمىدى.
[9] شۇ چاغدا باش ساقىي پىرئەۋنگە مۇنداق دېدى:

- بۇگۈن مېنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىم ئېسىمگە كەلدى.
[10] بىر قېتىم ئالىيلىرى بىزگە قاتتىق غەزەپلىنىپ، باش ناۋاي بىلەن مېنى ياساۋۇل مەھكىمىسىدىكى زىندانغا قامىتىپ قويغانىدىلە.
[11] بىر كۈنى كېچىدە بىز ئىككىلىمىز چۈش كۆرۈپتۇق. كۆرگەن چۈشلىرىمىزنىڭ ئوخشىمىغان ئۆزىگە خاس مەنىسى بار ئىدى.
[12] ئۇ چاغدا بىر ئىبرانىي ياش بىز بىلەن بىر زىنداندا ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ياساۋۇل بېگىنىڭ خىزمەتكارى ئىكەن. ئىككىمىز چۈشىمىزنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرسەك، ئۇ چۈشىمىزگە تەبىر بەرگەنىدى. [13] نەتىجىدە، ئىشلار دەل ئۇنىڭ تەبىرىدەك بولۇپ چىقتى. ئالىيلىرى مېنىڭ مەنسىپىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، باش ناۋاينى دارغا ئاستىلا.
[14] پىرئەۋن يۈسۈپنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار دەرھال بېرىپ، ئۇنى زىنداندىن چىقىرىپ، چاچ-ساقاللىرىنى چۈشۈرتۈپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، پىرئەۋننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. [15] پىرئەۋن ئۇنىڭغا:
- مەن بىر چۈش كۆرگەنىدىم، لېكىن چۈشۈمگە ھېچكىم تەبىر بېرەلمىدى. ئاڭلىشىمچە سەن چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىكەنسەن، - دېدى. [16] يۈسۈپ:
- ئالىيلىرى، مەن شەخسەن ئۆزۈم چۈشكە تەبىر بېرەلمەيمەن. لېكىن خۇدا ئۆزلىرىگە ياخشى تەبىر بېرىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى.
[17] پىرئەۋن مۇنداق دېدى:
- چۈشۈمدە مەن نىل دەرياسىنىڭ بويىدا تۇرۇپتىمىشمەن. [18] يەتتە تۇياق سېمىز ھەم ساغلام كالا دەريادىن چىقىپ، قىرغاقتىكى قومۇشلۇقتا ئوتلاشقا باشلىدى. [19] ئارقىدىن يەنە يەتتە تۇياق ئاۋاق، ئاجىز ۋە بەك كۆرۈمسىز كالا دەريادىن چىقتى. مەن بۇرۇن مىسىردا بۇنداق قورقۇنچلۇق كالىلارنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. [20] بۇ ئورۇق ۋە ئاۋاق كالىلار ھېلىقى سېمىز كالىلارنى يەۋەتتى. [21] لېكىن ئۇلار يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۆرۈمسىز ئىدىكى، سېمىز كالىلارنى يەۋەتكەندەك تۇرقى يوق ئىدى. بۇ چاغدا مەن ئويغىنىپ كەتتىم.
[22] كەينىدىن يەنە بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە بىر تۈپ بۇغداي يەتتە دانە تولۇق ۋە يېتىلگەن باشاق چىقاردى. [23] ئۇنىڭدىن كېيىن

ئاشۇ بىر تۈپ بۇغداي يەنە يەتتە دانە پۇچەك باشاق چىقاردى. ئۇلار ئىسسىق شامالدا سولىشىپ قالدى. [24] بۇ پۇچەك باشاقلار ھېلىقى تولۇق يېتىلگەن باشاقلارنى يۇتۇۋەتتى. مەن بۇ چۈشۈمنى چۈشكە تەبىر بەرگۈچىلەرگە ئېيتىپ بەرگەندىم، لېكىن ھېچكىم تەبىر بېرەلمىدى.

[25] يۈسۈپ پىرئەۋنگە مۇنداق دېدى:

- بۇ ئىككى چۈشنىڭ مەنىسى بىردۇر. خۇدا ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشلارنى ئالىيلىرىغا ئالدىن بىلدۈرۈپتۇ. [26] يەتتە سېمىز كالا يەتتە يىلنى كۆرسىتىدۇ. تولۇق يېتىلگەن يەتتە باشاقمۇ يەتتە يىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى چۈشنىڭ مەنىسى ئوخشاش. [27] كەينىدىن چىققان يەتتە ئورۇق ۋە كۆرۈمسىز كالا بىلەن ئىسسىق شامالدا سولىشىپ قالغان يەتتە پۇچەك باشاق بولسا يەتتە يىل قەھەتچىلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. [28] دېمەك، كەمىنىلىرى ھېلى ئۆزلىرىگە دېگىنىمدەك، خۇدا ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشلاردىن ئالىيلىرىغا ئالدىن بېشارەت بېرىپتۇ. [29] پۈتكۈل مىسىردا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا يەتتە يىل باياشاتچىلىق بولىدۇ. [30] كەينىدىن يەتتە يىل قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، پۈتكۈل مىسىرنى ئاچارچىلىق قاپلايدۇ. كىشىلەر ئىلگىرىكى باياشات يىللارنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. [31] ئاچارچىلىق شۇنداق قاتتىق بولىدۇكى، كىشىلەر بۇرۇنقى باياشات يىللىرىنى قايتا ئېسىگە ئالالمايدۇ. [32] ئالىيلىرىنىڭ ئوخشاش ئىككى چۈش كۆرۈشلىرى خۇدانىڭ بۇ ئىشلارنى پات ئارىدا جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.

[33] شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىيلىرىنىڭ مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشقا ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە يىراقنى كۆرەر بىر كىشىنى قويۇشلىرىغا [34] ھەم ئەمەلدارلارنى تاللاپ، باياشات بولغان يەتتە يىلدا پۈتۈن مىسىردىكى ئاشلىقنىڭ بەشتىن بىرىنى يىغىۋېلىشلىرىغا تەكلىپ بېرىمەن. [35] ئۇلار ئالىيلىرىنىڭ نازارىتىدە مۇشۇ باياشات يىللاردا ئاشلىق توپلاپ، ھەرقايسى شەھەرلەردە ساقلىسۇن. [36] شۇندىلا كەينى-كەينىدىن كېلىدىغان يەتتە قەھەتچىلىك يىلىدا بۇ زاپاس ساقلانغان ئاشلىق بىلەن پۈتۈن خەلقنى تەمىنلەپ، خەلقنى ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالالايلا.

## يۈسۈپنىڭ مىسىرنى ئىدارە قىلىشى

37 پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى يۈسۈپنىڭ بۇ تەكلىپىنى
قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. 38 شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن ئەمەلدارلىرىغا:
– بىز بۇ ئىشنى باشقۇرۇشقا يۈسۈپتىنمۇ لايىق كىشىنى تاپالمايمىز. چۈنكى ئۇنىڭدا خۇدانىڭ روھى بار ئىكەن! – دېدى.
39 ئاندىن پىرئەۋن يۈسۈپكە:
– خۇدا بۇ ئىشلارنى ساڭا ئۇقتۇرغانىكەن، سەن چوقۇم
ھەممەيلەندىن ئەقىللىق ۋە يىراقنى كۆرەردۇرسەن. 40 مەن سېنى
مەملىكىتىمنى ئىدارە قىلىشقا تەيىنلەيمەن. پۈتۈن خەلقىم سېنىڭ ئەمرىڭگە بويسۇنىدۇ. مەملىكىتىمدە پەقەت مېنىڭ ھوقۇقۇملا
سەندىن يۇقىرى بولىدۇ. 41 ھازىردىن باشلاپ سېنى مىسىرنىڭ
باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىدىم، – دېدى.
42 شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن ئۆز بارمىقىدىكى مۆھۈرلۈك ئۈزۈكنى چىقىرىپ، يۈسۈپنىڭ قولىغا سالدى ۋە ئۇچىسىغا ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىلگەن تون كىيدۈرۈپ، بوينىغا ئالتۇن زەنجىر ئېسىپ قويدى.
43 ئۇ يەنە يۈسۈپنى ئوردىنىڭ ۋەزىرلىك ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزدى.
ھارۋىنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقان مۇھاپىزەتچىلەر يول بويىدىكى كىشىلەرنى ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولدى.
شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ، پۈتۈن
مەملىكەتنى ئىدارە قىلدى. 44 پىرئەۋن يۈسۈپكە:
– مەن بولسام پىرئەۋن. لېكىن مىسىردا سېنىڭ رۇخسىتىڭسىز ھەرقانداق ئادەمنىڭ مىدىر-سىدىر قىلىشىغا رۇخسەت يوق! – دېدى.
45-46 پىرئەۋن يۈسۈپكە مىسىرچە زافنات-پانېئاخ دەپ ئىسىم قويدى ۋە ئۇنىڭغا ئون دېگەن شەھەرنىڭ روھانىيسى پوتىفېرانىڭ قىزى ئاسناتنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەردى.
يۈسۈپ مىسىرنىڭ پىرئەۋنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا باشلىغان ۋاقتىدا، ئوتتۇز ياشتا ئىدى. ئۇ پىرئەۋن ئوردىسىدىن چىقىپ،
مىسىرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. 47 باياشاتلىق
بولغان يەتتە يىلدا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىدىن مول ھوسۇل
ئېلىندى. 48 يۈسۈپ شۇ يىللار جەريانىدا مىسىردا ئاشلىق توپلاپ،

شەھەرلەردە ساقلىدى. ھەر شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزلاردىن يىغىۋېلىنغان ئاشلىقنى شۇ شەھەرلەرگە قويدى. [49] يۈسۈپ دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك شۇنچە كۆپ ئاشلىق توپلىدىكى، ئۇنى ھېسابلاشتىن ۋاز كەچتى. چۈنكى ئاشلىقلار ھېسابلىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئىدى.

[50] قەھەتچىلىك يىللىرى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى يۈسۈپنىڭ ئايالى، يەنى ئون دېگەن شەھەرنىڭ روھانىيسى پوتىفېرانىڭ قىزى ئاسىنات ئۇنىڭغا ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. [51] يۈسۈپ: «خۇدا پۈتۈن دەردىمنى ۋە ئاتامنىڭ ئائىلىسىنى كۆڭلۈمدىن كۆتۈرىۋەتتى» دەپ، تۇنجى ئوغلىغا ماناسسە [ئىبرانىي تىلىدىكى «ئۇنتۇلدۇرغان» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ ئىسىم قويدى. [52] ئىككىنچى ئوغلىغا «خۇدا مېنى ئازاب-ئوقۇبەتلىك يەردە پەرزەنتكە ئېرىشتۇردى» دەپ، ئەفرايىم [ئىبرانىي تىلىدىكى «ئىككى قېتىم مېۋىلەش» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ ئىسىم قويدى.

[53] مىسىرلىقلار بەھرىمەن بولغان يەتتە باياشات يىل ئاياغلاشتى. [54] يۈسۈپ ئالدىن ئېيتقاندەك، يەتتە قەھەتچىلىك يىلى ئارقا-ئارقىدىن كەلدى. ئەتراپتىكى ھەممە دۆلەتلەردىمۇ ئاچارچىلىق يۈز بەردى. لېكىن مىسىرنىڭ ھەممە يېرىدىن ئاشلىق تېپىلاتتى. [55] ئاخىرى مىسىردىمۇ ئاچارچىلىق يۈز بەردى. خەلق پىرئەۋنگە يالۋۇرۇپ، ئاشلىق تەلەپ قىلدى. پىرئەۋن ئۇلارغا يۈسۈپنىڭ يېنىغا بېرىشنى ۋە ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشنى بۇيرۇدى.

[56] ئاچارچىلىق بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، مىسىرنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلاشقا باشلىدى. شۇڭا يۈسۈپ پۈتكۈل ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئېچىپ، زاپاس ئاشلىقلارنى مىسىرلىقلارغا سېتىپ بەردى. [57] ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىكى كىشىلەرمۇ كېلىشىپ، يۈسۈپتىن ئاشلىق سېتىۋالدى. چۈنكى ھەممە يەردە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر ئىدى.

## يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مىسىرغا ئاشلىق ئالغىلى بېرىشى

42
[1] ياقۇپ مىسىردا ئاشلىق بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئوغۇللىرىغا:
- سىلەر بىر-بىرىڭلارغا قارىشىپلا تۇرامسىلەر! نېمىشقا
بىر چىقىش يولى تاپمايسىلەر؟ [2] ئاڭلىشىمچە مىسىردا ئاشلىق
بار ئىكەن. ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمەيلى. ئۇ يەرگە بېرىپ، بىرئاز
ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئەكېلىڭلار، - دېدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپنىڭ ئون ئاكىسى مىسىرغا ئاشلىق
سېتىۋالغىلى باردى. [4] لېكىن ياقۇپ يۈسۈپنىڭ ئىنىسى بىنيامىننى
ئۇلار بىلەن بىرگە ئەۋەتمىدى. چۈنكى ياقۇپ ئۇنىڭ بىرەر يامانلىققا
ئۇچراپ قېلىشىدىن قورقاتتى.
[5] ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرى ۋە باشقىلار ئاشلىق سېتىۋالغىلى
مىسىرغا بېرىشتى. چۈنكى كەنئاندىمۇ ئاچارچىلىق ئېغىر بولغانىدى.
[6] يۈسۈپ مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى بولغاچقا، ھەرقايسى جايلاردىن
كەلگەنلەرگە ئاشلىق سېتىپ بېرىشكە مەسئۇل ئىدى. شۇڭا يۈسۈپنىڭ
ئاكىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ
تەزىم قىلدى. [7] يۈسۈپ ئاكىلىرىنى كۆرۈپلا تونۇپ قالدى، لېكىن
تونۇماسلىققا سېلىپ، ئۇلاردىن جىددىي قىياپەتتە:
- سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟ - دەپ سورىدى.
- بىز كەنئاندىن ئاشلىق سېتىۋالغىلى كەلدۇق، - دەپ جاۋاب
بېرىشتى ئۇلار.
[8] يۈسۈپ ئاكىلىرىنى تونۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يۈسۈپنى
تونۇمىغانىدى. [9] ئۇ ئاكىلىرى توغرىسىدا كىچىك ۋاقتىدا كۆرگەن
چۈشلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارغا:
- سىلەر ئايغاقچى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى بىلگىلى
كەلدىڭلار! - دېدى. [10] ئۇلار:
- ياق جانابلىرى، بىز ئاشلىق سېتىۋالغىلى كەلدۇق. [11] بىز
ئاكا-ئۇكىلار راستچىل ئادەملەرمىز، بىز ھەرگىز ئايغاقچى ئەمەس!
- دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى. [12] يۈسۈپ ئۇلارغا:

ـ ياق، سىلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى بىلگىلى كەلدىڭلار! ـ دەپ، سۆزدە چىڭ تۇردى. [13] ئۇلار:
ـ ئى جانابلىرى، بىز ئەسلىدە بىر ئاتىدىن ئون ئىككى قېرىنداش ئىدۇق. ئاتىمىز كەنئاندا تۇرىدۇ. ئەڭ كىچىك ئىنىمىز ئۇنىڭ يېنىدا قالدى، يەنە بىر ئىنىمىز يوقاپ كەتتى! ـ دېدى. [14] يۈسۈپ يەنە چىڭ تۇرۇپ:
ـ ياق، مەن ھازىر ئېيتقاندەك، سىلەر راستىنلا ئايغاقچى. [15] سىلەرنىڭ سەمىمىيىتىڭلارنى سىناش ئۈچۈن پىرئەۋننىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كىچىك ئىنىڭلار بۇ يەرگە كەلمىگۈچە، سىلەرنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن. [16] ئاراڭلاردىن بىرىڭلار بېرىپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار. گېپىڭلار ئىسپاتلانمىغۇچە، قالغانلىرىڭلار بۇ يەردە زىنداندا ياتىسىلەر. ئىنىڭلارنى ئەكېلەلمىسەڭلار، ھەممىڭلار چوقۇم ئايغاقچى! ـ دېدى.
[17] شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۈچ كۈن زىندانغا قاماپ قويدى. [18] ئۈچىنچى كۈنى يۈسۈپ ئۇلارغا:
ـ مەن خۇداغا ئىخلاسمەن ئادەممەن. ئەگەر سىلەر مېنىڭ شەرتىمنى قوبۇل قىلساڭلار، بىر قوشۇق قېنىڭلاردىن كېچىمەن. [19] ئۆزۈڭلارنىڭ سەمىمىي ئادەم ئىكەنلىكىڭلارنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر ئادىمىڭلارنى زىنداندا قالدۇرۇپ، قالغانلىرىڭلار ئالغان ئاشلىقلارنى ئېلىپ، ئائىلەڭلاردىكى ئاچارچىلىقتا قالغانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىڭلار. [20] ئاندىن كىچىك ئىنىڭلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقى ئىسپاتلىنىپ، ئۆلۈمدىن ئامان قالىسىلەر! ـ دېدى.
ئۇلار بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىپ، [21] ئۆزئارا: «بۇرۇن بىز بىر ئىنىمىزغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۈگۈن بىز بۇ جازاغا دۇچار بولدۇق! ئەينى چاغدا بىز ئۇنىڭ ئازابىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، يالۋۇرۇشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ پىسەنت قىلمىغانىدۇق. ئەمدى بىز بۇ بالا-قازاغا يولۇقتۇق!» دېيىشتى. [22] رۇبىن ئۇلارغا:
ـ مەن سىلەرگە: «بۇ بالىغا تەگمەيلى» دېسەم، ئاڭلىمىغانىدىڭلار. ئەمدى ئۇنىڭ قان قىساسىنى تۆلەيدىغان بولدۇق! ـ دېدى.

[23] يۈسۈپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەندى. ئاكىلىرى بولسا بۇنى بىلمەيتتى، چۈنكى يۈسۈپ ئۇلار بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلەشكەنىدى.
[24] يۈسۈپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، يىغلاپ تاشلىدى. ئاندىن قايتىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شىموننى تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنى باغلاتتى.

## يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىنىڭ كەنئانغا قايتىشى

[25] يۈسۈپ خىزمەتكارلىرىغا ئاكىلىرىنىڭ تاغارلىرىغا ئاشلىق تولدۇرۇپ بېرىشنى، ئاشلىقتا تۆلىگەن پۇللىرىنى تاغارلىرىغا سېلىپ قويۇشنى ۋە ئۇلارغا ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، [26] ئۇلار ئالغان ئاشلىقلىرىنى ئېشەكلىرىگە ئارتىپ، يولغا راۋان بولدى. [27] ئۇلار قونالغۇغا بارغاندا، ئارىسىدىن بىرى ئېشىكىگە يەم بېرىش ئۈچۈن تاغىرىنى ئېچىپ، پۇلىنىڭ تاغاردا تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە [28] قېرىنداشلىرىغا:
– ئۇلار پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. مانا تاغارنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ!
– دېدى. ئۇلار قورقۇپ، تىترەشكەن ھالدا ئۆزئارا: «بۇ خۇدانىڭ بىزگە نېمە قىلغىنىدۇ؟» دېيىشتى.
[29] ئۇلار كەنئانغا قايتىپ كېلىپ، ئاتىسى ياقۇپنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. [30] ئۇلار مۇنداق دېدى:
– مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى بىزگە قاتتىق گەپ قىلىپ: «سىلەر زېمىنىمىزنى چارلاشقا كەلگەن ئايغاقچىلار» دەپ، بىزنى ئەيىبلىدى. [31] بىز ئۇنىڭغا: «بىز ئايغاقچى ئەمەسمىز، سەممىي ئادەملەرمىز. [32] بىز بىر ئاتىدىن جەمئىي ئون ئىككى قېرىنداش ئىدۇق، بىر ئىنىمىز يوقاپ كەتتى. ئەڭ كىچىك ئىنىمىز كەنئاندا ئاتىمىزغا ھەمراھ بولۇپ قالدى» دېدۇق. [33] بىراق ئۇ: «سىلەرنىڭ سەممىيىتىڭلارنى سىنايمەن. بىر ئادىمىڭلارنى زىندانغا قامايمەن. قالغانلىرىڭلار ئالغان ئاشلىقىڭلارنى ئېلىپ، ئاچارچىلىقتا قالغان ئائىلەڭلارغا يەتكۈزۈپ بېرىڭلار. [34] ئاندىن كىچىك ئىنىڭلارنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، سىلەرنىڭ

ئايغاقچى ئەمەس، بەلكى سەممىي ئادەم ئىكەنلىكىڭلارغا ئىشىنىپ، قېرىندىشىڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىمەن. بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ، سودا قىلساڭلارمۇ بولىدۇ» دېدى.
[35] كېيىن ئۇلار ئاشلىقلىرىنى تۆككەندە، ئۆز پۇللىرىنىڭ تاغاردا ئىكەنلىكىنى كۆرۈشتى. ئاتا-باللار پۇل قاپچۇقلىرىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن قورقۇشتى. [36] ياقۇپ ئۇلارغا:
– سىلەر بىر-بىرلەپ مېنى ھەممە ئوغۇللىرىمدىن جۇدا قىلماقچىمۇسىلەر؟ يۈسۈپ يوق بولدى، شىمونمۇ يوق بولدى. ئەمدى بىنيامىننىمۇ ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟ بالا-قازانىڭ ھەممىسى مېنىڭ بېشىمغىلا كېلەمدۇ؟ – دېدى. [37] رۇبېن ئاتىسىغا ۋەدە بېرىپ:
– ئەگەر مەن بىنيامىننى قايتۇرۇپ ئەكەلمىسەم، مېنىڭ ئىككى ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ. كىچىك ئىنىمىز بىنيامىننى ماڭا ئامانەت قىلىڭ. مەن ئۇنى چوقۇم قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن، – دېدى. [38] لېكىن ياقۇپ ئۇلارغا:
– بۇ ئوغلۇم سىلەر بىلەن بارمىسۇن! ئۇنىڭ بىر قورساقتىن بولغان ئاكىسى ئۆلۈپ كېتىپ، يالغۇز قالدى. مۇبادا ئۇ يولدا بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالسا، مەن قېرىغىنىمدا ھەسرەت چېكىپ ئۆلۈپ كېتىمەن، – دېدى.

## يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ بىنيامىننى مىسىرغا ئېلىپ بېرىشى

43 [1] كەنئاندىكى ئاچارچىلىق بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. [2] ياقۇپنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مىسىردىن ئېلىپ كېلىنگەن ئاشلىقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ياقۇپ ئوغۇللىرىغا:
– سىلەر يەنە مىسىرغا بېرىپ، بىرئاز ئاشلىق سېتىۋېلىڭلار، – دېدى. [3] يەھۇدا ئاتىسىغا:
– بىراق ئۇ ئادەم بىزگە: «كىچىك ئىنىڭلارنى ئېلىپ كەلمىگۈچە، يۈزۈمگە قارىغۇچى بولماڭلار» دېگەنىدى. [4] ئەگەر سىز كىچىك ئىنىمىزنى بىز بىلەن بىرگە ئەۋەتسىڭىز، بارىمىز، [5] بولمىسا بارمايمىز. چۈنكى ئۇ كىشى بىزگە: «كىچىك ئىنىڭلانى ئېلىپ

كەلمىگۈچە، يۈزۈمگە قارىغۇچى بولماڭلار» دېگەنىدى، ـ دېدى.
6 ياقۇپ ئۇلارغا:
ـ سىلەر نېمىشقا مېنى بۇنداق قىنىدىڭلار؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ كىشىگە: «ئۆيدە يەنە بىر ئىنىمىز بار» دەپ ئېيتتىڭلار؟ ـ دېدى.
7 ئۇلار مۇنداق جاۋاب بەردى:
ـ ئۇ كىشى بىزنى ۋە ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كوچىلاپ سۈرۈشتۈرۈپ: «ئاتاڭلار ھاياتمۇ؟ يەنە باشقا قېرىنداشلىرىڭلار بارمۇ؟» دەپ سورىدى. بىز ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىسەك بولمايتتى. بىز ئۇنىڭ: «كىچىك ئىنىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار» دەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلەتتۇق؟ 8 يەھۇدا ئاتىسىغا:
ـ بىنيامىننى ماڭا تاپشۇرۇڭ. بىز دەرھال يولغا چىقايلى. شۇنداق قىلىپ، بىز، سىز ۋە باللىرىمىز ئاچارچىلىقتىن ئامان قالايلى، ئۆلۈپ كەتمەيلى! 9 كىچىك ئىنىمغا مەن كېپىل بولاي، پۈتۈن جاۋابكارلىقنى ئۈستۈمگە ئالاي. مەن ئۇنى ئامان-ئېسەن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆز قولىڭىزغا تاپشۇرمىسام، ئۆمۈرۋايەت گۇناھكار بولۇپ ئۆتەي! 10 ئەگەر بىز ۋاقىتنى كەينىگە سۈرمىگەن بولساق، بۇ چاغقىچە ئىككى قېتىم بېرىپ كېلەتتۇق، ـ دېدى.
11 ياقۇپ ئۇلارغا:
ـ ئۇنداق بولسا، باش ۋەزىرگە مەلھەم، ھەسەل، دورا-دەرمەك، مۇرمەككى، پىستە-بادام قاتارلىق ھەر خىل ئەڭ ياخشى يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغا سۈپىتىدە ئالغاچ بېرىڭلار. 12 يەنە بىر ھەسسە ئارتۇق پۇل ئالغاچ بېرىپ، ئالدىنقى قېتىم تاغارلىرىڭلارغا سېلىپ قويۇلغان پۇللارنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار. ئېھتىمال بۇ ئىشتا سەۋەنلىك كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. 13 ئىنىڭلارنىمۇ ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا تېزدىن ئېلىپ بېرىڭلار. 14 ھەممىگە قادىر خۇدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ، بىنيامىن بىلەن شىموننى سىلەرگە قوشۇپ قايتۇرغاي. ناۋادا تەقدىر باللىرىمنى مەندىن ئايرىۋەتسە، ئامالىم يوق! ـ دېدى.
15 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەييارلىغان سوۋغاتلىرىنى، بىر ھەسسە ئارتۇق پۇل ۋە بىنيامىننى ئېلىپ، يولغا چىقتى. ئۇلار مىسىرغا

بارغاندىن كېيىن، يۈسۈپ بىلەن كۆرۈشتى. [16] بىنيامىننىڭ ئۇلار بىلەن بىرگە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن يۈسۈپ غوجىدارىغا:
- بۇ كىشىلەرنى ئۆيۈمگە ئېلىپ بار. ئۇلار چۈشلۈك تاماقتا مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ. سىلەر بىر مال سويۇپ، زىياپەت تەييارلاڭلار، - دېدى.
[17] غوجىدار بۇيرۇققا بىنائەن ئۇلارنى يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. [18] ئۇلار غوجىدار تەرىپىدىن يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىلغانلىقىدىن ئىنتايىن قورقۇشۇپ: «بىزنى چوقۇم ئالدىنقى قېتىمقى تاغارلىرىمىزدىكى پۇللار سەۋەبىدىن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئېھتىمال ئۇلار بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئېشەكلىرىمىزنى تارتىۋېلىپ، بىزنى قۇل قىلىشى مۇمكىن!» دېيىشتى، [19] ھەمدە ئۇلار يۈسۈپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىش بىلەنلا غوجىدارىغا:
[20] - تەقسىر، ئالدىنقى قېتىم بىز بۇ يەرگە ئاشلىق ئالغىلى كەلگەنىدۇق. [21] ئۆيگە قايتىش يولىمىزدا قونىدىغان يەرگە كېلىپ تاغارلارنى ئاچساق، پۇللىرىمىزنىڭ تاغارلىرىمىزدا ئۆز پېتى تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ھازىر بۇ پۇللارنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەكەلدۇق. [22] بۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە ئاشلىق سېتىۋالىدىغانغىمۇ پۇل ئەكەلدۇق. ئالدىنقى قېتىم تاغارلىرىمىزغا پۇللارنى كىم سېلىپ قويدىكىن بىلمىدۇق، - دېيىشتى. [23] غوجىدار ئۇلارغا:
- قورقماڭلار، قورقماڭلار! پۇللىرىڭلارنى مەن تاپشۇرۇپ ئالغانىدىم. ئۇنى تاغارلىرىڭلارغا چوقۇم خۇدا، يەنى ئاتاڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا سېلىپ قويغان ئوخشايدۇ، - دېدى ۋە شىمونىنى زىنداندىن ئېلىپ چىقتۇرۇپ، ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى.
[24] غوجىدار ئۇلارنى يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، پۇتلىرىنى يۇيۇشقا سۇ، ئېشەكلىرىگە يەم بەردى. [25] ئۇلار سوۋغاتلارنى تەييارلاپ، چۈشتە يۈسۈپ كەلگەندە ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇردى. چۈنكى ئۇلار يۈسۈپ بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىرگە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. [26] يۈسۈپ ئۆيگە كەلگەندە، ئۇلار باشلىرىنى يەرگە تەگكۈچە ئېگىپ تەزىم قىلىپ، سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى. [27] يۈسۈپ ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

- سىلەر ماڭا ياشىنىپ قالغان ئاتاڭلار توغرۇلۇق گەپ قىلغانىدىڭلار. ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق، ھاياتمۇ؟ - دەپ سورىدى. [28] ئۇلار جاۋابەن:
- بىز كەمىنىلىرىنىڭ ئاتىسى ھايات ۋە ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، - دەپ، باشلىرىنى قايتا يەرگە تەگكۈچە ئېگىپ تەزىم قىلدى.
[29] يۇسۇپ بىر ئانىدىن بولغان ئىنىسى بىنيامىننى كۆرۈپ:
- سىلەر ماڭا ئېيتقان ھېلىقى ئەڭ كىچىك ئىنىڭلار مۇشۇمۇ؟ ئەي ئوغلۇم، خۇدا ساڭا بەخت ئاتا قىلغاي، - دېدى.
[30] يۇسۇپ ئۆز ئىنىسىنى كۆرۈش بىلەنلا ھېسسىياتىنى باسالماي، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ بىرھازاغىچە كۆز يېشى قىلدى. [31] ئاندىن ئۇ يۈزىنى يۇيۇپ، ھېسسىياتىنى بېسىپ، قايتىپ كىرىپ، خىزمەتكارلىرىغا تاماق ئەكىرىشكە بۇيرۇدى.
[32] يۇسۇپ ئۆزى يالغۇز بىر داستىخاندا، قېرىنداشلىرى ئايرىم بىر داستىخاندا ئولتۇردى. زىياپەتتە بىللە بولغان مىسىرلىقلار يەنە بىر داستىخاندا ئولتۇردى. چۈنكى مىسىرلىقلار ئىبرانىيلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇشنى تۆۋەن كۆرەتتى. [33] يۇسۇپ قېرىنداشلىرىنى ئۆزىگە قارىتىپ، چوڭ-كىچىك تەرتىپى بويىچە ئولتۇرغۇزدى. بۇنى كۆرگەن ئاكا-ئۇكىلىرى ھاڭ-تاڭ بولغىنىدىن بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى. [34] تاماق ئۇلارغا يۇسۇپنىڭ داستىخىنىدىن بۆلۈپ بېرىلدى. بىنيامىنغا باشقىلاردىن بەش ھەسسە ئارتۇق بېرىلدى. ئۇلار يۇسۇپ بىلەن بىر سورۇندا يەپ-ئىچىپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى.

## يۇسۇپنىڭ كۈمۈش جامىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى

44 [1] يۇسۇپ غوجىدارىغا:
- سەن ئۇلارنىڭ تاغارلىرىغا ئۇلار ئېلىپ كېتەلىگۈدەك ئاشلىق قاچىلاپ، پۇللىرىنى تاغارلىرىغا سېلىپ قوي. [2] ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكىنىڭ تاغىرىغا مېنىڭ كۈمۈش جامىم بىلەن پۇلىنى سېلىپ قوي! - دەپ بۇيرۇق قىلدى. غوجىدار بۇيرۇقئا بىنائەن شۇنداق قىلدى.

[3] ئەتىسى تاڭ سەھەردە يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى ئېشەكلىرى بىلەن يولغا سېلىپ قويۇلدى. [4] ئۇلار شەھەردىن چىقىپ ئانچە يىراققا بارمايلا، يۈسۈپ غوجىدارىغا:

– سەن دەرھال ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارغا: «سىلەر نېمشقا ياخشىلىققا يامانلىق قىلىسىلەر؟ [5] نېمشقا خوجايىنىمنىڭ كۈمۈش جامىنى ئوغرىلاپ كېتىسىلەر؟ خوجايىنىم ئۇ جامدا ھەم شاراب ئىچەتتى، ھەم پال ئاچاتتى. سىلەر ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۈڭلار!» دېگىن، – دېدى.

[6] غوجىدار ئۇلارغا يېتىشىپ، يۈسۈپنىڭ سۆزىنى ئۇلارغا دېدى. [7] ئۇلار:

– غوجام، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ بىز بۇنداق ئىشتىن نېرىدۇرمىز! [8] ئۆزلىرىگە مەلۇم، بىز ھەتتا ئۆتكەن قېتىمدا تاغارلىرىمىزدا پۇللارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى كەنئاندىن قايتۇرۇپ ئەكەلگەن تۇرساق، خوجايىنلىرىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئوغرىلامدۇق؟ [9] ئەگەر ئۆزلىرى قايسىمىزنىڭ تاغىرىدىن جامنى تېپىۋالسىلا، شۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولسۇن. قالغانلىرىمىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ قۇلى بولايلى! – دېيىشتى. [10] غوجىدار:

– دېگىنىڭلاردەك بولسۇن. كىم جامنى ئوغرىلىغان بولسا، شۇ مېنىڭ قۇلۇم بولسۇن. قالغانلىرىڭلار قايتىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، – دېدى.

[11] شۇنىڭ بىلەن ھەركىم ئۆزىنىڭ تاغارلىرىنى دەرھال ئېشەكلىرىدىن يەرگە چۈشۈرۈپ، ئاغزىنى ئاچتى. [12] غوجىدار چوڭىنىڭ تاغىرىدىن كىچىكىنىڭ تاغىرىغىچە ئاختۇرۇپ چىقتى. ئاخىردا كۈمۈش جامنى بىنيامىننىڭ تاغىرىدىن تېپىۋالدى. [13] قېرىنداشلىرى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا كىيىملىرىنى يىرتىشىپ، يۈك-تاقلىرىنى ئېشەكلىرىگە ئارتىشىپ، ئارقىسىغا، يەنى كەلگەن شەھەرگە قايتىپ كېلىشتى.

## يەھۇدانىڭ بىنيامىن ئۈچۈن يېلىنىشى

[14] يەھۇدا ۋە قېرىنداشلىرى يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە قايتىپ بارغىنىدا، يۈسۈپ تېخى ئۆيىدە ئىدى. ئۇلار يۈسۈپنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. [15] يۈسۈپ ئۇلارغا:

– سىلەرنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ مەندەك بىر ئادەمنىڭ پال ئاچالايدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭلار؟ – دېدى. [16] يەھۇدا جاۋابەن:

– ئى ئالىيلىرى، بىز بۇ ئىشقا نېمە دېيەلەيمىز؟ ئۇنى ئالمىدۇق، دەپ قانداقمۇ ئۆزىمىزنى ئاقلىيالايمىز؟ خۇدا بىزنىڭ گۇناھىمىزنى ئاشكارا قىلدى. ئەمدى بىز جاملىرىنى ئېلىۋالغان ئىنىمىز بىلەن بىرگە سىلىنىڭ قۇللىرى بولايلى! – دېدى. [17] يۇسۇپ ئۇلارغا:

– ياق، ھەرگىز ھەممىڭلارنى قۇل قىلمايمەن! پەقەت جامنى ئالغان كىشىلا ماڭا قۇل بولسۇن. قالغانلىرىڭلار ئاتاڭلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىڭلار، ئامان-ئېسەن بولۇڭلار، – دېدى. [18] يەھۇدا يۇسۇپنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

– ئى جانابلىرى، ئۆزلىرىگە ئەھۋالنى ئوچۇق بايان قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايلا. ئۆزلىرى پىرئەۋن بىلەن باراۋەر ئادەم، كەمىنىلىرىگە رەھىم قىلغايلا! [19] ئۆزلىرى بىزدىن: «سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ياكى باشقا قېرىنداشلىرىڭلار بارمۇ؟» دەپ سورىغانىدىلە، [20] بىز: «ياشىنىپ قالغان ئاتىمىز ۋە ئاتىمىز ياشىنىپ قالغاندا كۆرگەن بىر كىچىك ئىنىمىز بار. بۇ ئىنىمىزنىڭ بىر قورساقتىن بولغان ئاكىسى ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ ئۇلارنىڭ ئانىسىدىن قالغان بىردىنبىر بالا، شۇڭا ئاتىمىز ئۇنىڭغا بەك ئامراق» دېگەنىدۇق. [21] ئۆزلىرى بىزگە: «ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي» دەپ تاپىلىغانىدىلە. [22] لېكىن بىز بۇ بالىنىڭ ئاتىسىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئايرىلسا، ئاتىمىزنىڭ چوقۇم ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. [23] ئۆزلىرى بىزگە: «كىچىك ئىنىڭلارنى ئېلىپ كەلمىگۇچە، يۈزۈمگە قارىغۇچى بولماڭلار!» دېگەنىدىلە. [24] بىز ئاتىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدۇق. [25] كېيىن ئاتىمىز بىزنى يەنە ئاشلىق ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. [26] بىز ئۇنىڭغا: «ئىنىمىز بىز بىلەن بىرگە بارمىغۇچە، بىز ئۇ كىشىنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمىز. كىچىك ئىنىمىز بىز بىلەن بىرگە بارمىسا، بىزمۇ بارمايمىز» دېدۇق. [27] ئاتىمىز بىزگە: «سىلەرگە مەلۇمكى، ئايالىم راھىلە ماڭا پەقەت ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. [28] ئۇلارنىڭ بىرى مەندىن جۇدا بولدى. ئۇ مەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنى قايتا كۆرمىدىم. ئۇ چوقۇم يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولدى. [29] ئەگەر

سىلەر بۇ ئوغلۇمنى مەندىن ئېلىپ كېتىپ، ئۇمۇ يولدا بىرەر
پىشكەللىككە يولۇقۇپ قالسا، قېرىغىنىمدا ھەسرەت چېكىپ، ئۆلۈپ
كېتىمەن» دېدى. [30] ئەمدى ئويلاپ باقسىلا! ئەگەر بىز بۇ بالىنى
ئېلىپ كەتمىسەك، ئاتىمىز بۇ بالىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى
كۆرۈپلا، ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. چۈنكى ئاتىمىزنىڭ ھاياتى بۇ
بالىنىڭ تەقدىرىگە باغلىقتۇر. [31] ئاتىمىز بىلەن كۆرۈشكىنىمىزدە
ئىنىمىز يېنىمىزدا بولمىسا، ئۇ قېرىغىنىدا ھەسرەت چېكىپ
ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە بىز سەۋەبچى بولغان بولىمىز.
[32] كەمىنىلىرى ئاتامغا كېپىللىك بېرىپ: «ئەگەر بالىنى قايتۇرۇپ
ئەكەلمىسەم، ئۆمۈرۋايەت گۇناھكار بولۇپ ئۆتەي» دېگەنىدىم.
[33] شۇڭا ئى جانابلىرى، بۇ بالا ئۈچۈن كەمىنىلىرى بۇ يەردە قېلىپ،
ئۆزلىرىگە قۇل بولاي. ئۇ بالا ئاكىلىرى بىلەن بىرگە قايتىپ كەتسۇن!
[34] ئەگەر مەن بۇ بالىسىز يالغۇز كەتسەم، ئاتامنىڭ يۈزىگە قانداق
قارىيالايمەن؟ مەن ئاتامنىڭ بۇنداق بالا-قازاغا ئۇچرىشىغا چىداپ
تۇرالمايمەن! ــ دېدى.

## يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئۆزىنى ئاشكارىلىشى

45 [1] يۈسۈپ ئۆز ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىشقا ئامالسىز قېلىپ،
خىزمەتكارلىرىنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ تۇرۇشىنى بۇيرۇدى.
ئۇ قېرىنداشلىرى بىلەن يالغۇز قالغاندا، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى
ئاشكارا قىلدى. [2] شۇ چاغدا ئۇ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، ئۇنىڭ
ئاۋازىنى ئۆيىنىڭ سىرتىدىكىلەرمۇ ئاڭلىدى. بۇ خەۋەر تېزدىن
پىرئەۋننىڭ ئوردىسىغىمۇ يېتىپ باردى.

[3] يۈسۈپ ئىبرانىي تىلىدا قېرىنداشلىرىغا مۇنداق دېدى:

ــ مەن يۈسۈپ بولىمەن! ئاتام سالامەتمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قېرىنداشلىرى ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىدىن
گەپ قىلىشالماي تۇرۇشۇپلا قالدى. [4] يۈسۈپ ئۇلارغا:

ــ يېقىنراق كېلىڭلار، ــ دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە،
ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

ــ مەن سىلەرنىڭ ئىنىڭلار، يەنى سىلەر مىسىرغا سېتىۋەتكەن
يۈسۈپ بولىمەن. [5] لېكىن سىلەر بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئازابلانماڭلار

ھەم ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەپمۇ يۈرمەڭلار. مېنى خۇدا خەلقنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىلەردىن بۇرۇن بۇ يەرگە ئەۋەتتى. [6] بۇ يەردىكى قەھەتچىلىككە ئەمدى ئىككى يىل بولدى. يەنە بەش يىلغىچە تېرىقچىلىق قىلغىلىمۇ بولمايدۇ، ھوسۇل ئالغىلىمۇ بولمايدۇ. [7] شۇڭا سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ۋە نەسلىڭلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خۇدا چوڭ مۆجىزە كۆرسىتىپ، مېنى بۇ يەرگە سىلەردىن ئاۋۋال ئەۋەتتى. [8] دېمەك، مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن سىلەر ئەمەس، بەلكى خۇدادۇر. ئۇ مېنى پىرئەۋننىڭ باش مەسلىھەتچىسى ۋە مىسىرنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە ئولتۇرغۇزۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشقا مۇيەسسەر قىلدى.

[9] سىلەر ئاتامنىڭ يېنىغا تېزدىن بېرىپ، ئۇنىڭغا: «ئوغلىڭىز يۈسۈپ: ‹خۇدا مېنى پۈتۈن مىسىر دۆلىتىنىڭ باش ۋەزىرى قىلىپ تىكلىدى. سىز ئەمدى كېچىكمەي، بۇ يەرگە تېزدىن يېتىپ كېلىڭ. [10] ئوغۇل-قىزلىرىڭىز، نەۋرىلىرىڭىز، چارۋا ماللىرىڭىز ۋە باشقا پۈتۈن مال-مۈلكىڭىزنى ئېلىپ، گوشەن رايونىغا كېلىڭ ۋە ماڭا يېقىن ئولتۇرۇڭ. [11] چۈنكى قەھەتچىلىك يەنە بەش يىل داۋاملىشىدۇ. مەن سىزنى باقىمەن. مەن پۈتۈن ئائىلىڭىز ۋە چارۋا ماللىرىڭىزنىڭ ئاچارچىلىق يىللىرىدا مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايمەن› دېدى» دەڭلار، ــ دېدى. [12] يۈسۈپ يەنە:

ــ مانا، مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ھەممىڭلار ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار، بىنيامىن سەنمۇ كۆردۈڭ. [13] ئاتامغا مىسىردىكى ھۆرمىتىمنىڭ قانچىلىك يۇقىرىلىقىنى ئېيتىڭلار ۋە كۆرگىنىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ، ئۇنى تېزدىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار، ــ دېدى.

[14] ئۇ ئىنىسى بىنيامىننى قۇچاقلاپ، يەنە قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئىنىسىمۇ ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ قاتتىق يىغلىدى. [15] ئاندىن ئۇ يىغلىغان پېتى ئاكىلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى.

[16] يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مىسىرغا كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئوردىغا يېتىپ كەلگەندە، پىرئەۋن ۋە خىزمەتكارلىرى ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. [17] پىرئەۋن يۈسۈپكە:

ـ قېرىنداشلىرىڭغا ئېيت، ئۇلار ئۇلاغلىرىغا دەرھال مال ئارتىپ، كەنئانغا قايتىپ بېرىپ، [18] ئاتاڭ بىلەن بارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلسۇن. مەن ئۇلارغا مىسىرنىڭ ئەڭ ياخشى زېمىنىنى بېرىمەن. ئۇلار بۇ يەردە باياشات تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولسۇن. [19] ئۇلارغا يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويغىنكى، ئۇلار ئاتاڭنى، ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرىنى ۋە بالاچاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مىسىردىن هارۋا ئالغاچ كەتسۇن. [20] ئۇلار ئۇ يەردىكى مال-مۈلۈكلىرىنى ئويلىمىسۇن، چۈنكى مىسىر زېمىنىنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىلىرى ئۇلارنىڭ بولىدۇ، ـ دېدى.

[21] ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى بۇ سۆزگە بىنائەن ئىش قىلدى. يۈسۈپ پىرئەۋننىڭ ئەمرى بويىچە ئۇلارغا هارۋا ۋە يولغا يېتەرلىك ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلاپ بەردى. [22] ئۇ يەنە ھەربىر ئاكىسىغا بىر قۇردىن يېڭى كىيىم سوۋغا قىلدى. بىنيامىنغا بولسا بەش قۇر كىيىم بىلەن 3.5 كىلو كۈمۈش بەردى. [23] ئۇ ئاتىسىغا ئون هاڭگا ئېشەككە مىسىرنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىنى، يەنە ئون مادا ئېشەككە ئاتىسىنىڭ مىسىرغا كېلىش يولىدا ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن ئاشلىق، نان ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئارتىپ بەردى. [24] ئۇ قېرىنداشلىرىنى يولغا سېلىش ئالدىدا ئۇلارغا يولدا جېدەل-ماجىرا چىقارماسلىقنى تاپىلىدى.

[25] ئۇلار مىسىردىن چىقىپ، كەنئانغا، يەنى ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ باردى. [26] ئۇلار ئاتىسىغا:

ـ يۈسۈپ هايات ئىكەن! مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى بوپتۇ!

ـ دېدى.

ياقۇپنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى. [27] لېكىن ئۇ ئۇلاردىن يۈسۈپنىڭ ئېيتىپ بەرگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەمدە يۈسۈپنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن هارۋىلىرىنى كۆرۈپ، ئەس-هوشىغا كەلدى. [28] ئۇ:

ـ ئىشەندىم، ئوغلۇم يۈسۈپنىڭ هايات ئىكەنلىكىگە ئەمدى ئىشەندىم! كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بېرىپ ئۇنى كۆرەي! ـ دېدى.

## ياقۇپنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ مىسىرغا بېرىشى

46 [1] ياقۇپ پۈتۈن مال-مۈلۈكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بەئەرشەباغا كېلىپ، ئۇ يەردە ئاتىسى ئىسھاق ئېتىقاد قىلغان خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلدى. [2] شۇ كېچىسى ئۇنىڭغا بىر غايىبانە ئالامەت كۆرۈنۈپ، خۇدا:

- ياقۇپ، ياقۇپ! - دەپ چاقىردى.

- لەببەي، - دەپ جاۋاب بەردى ياقۇپ. [3] خۇدا ئۇنىڭغا:

- مەن خۇدا، سېنىڭ ئاتاڭ ئېتىقاد قىلغان خۇدادۇرمەن. سەن مىسىرغا بېرىشتىن قورقما. چۈنكى مەن ئۇ يەردە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭنى ئۇلۇغ بىر خەلق قىلىمەن. [4] مەن ساڭا مىسىردا يار بولىمەن ۋە كېيىن ئەۋلادلىرىڭنى بۇ زېمىنغا چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىمەن. سەن ئالەمدىن ئۆتكەندە، يۈسۈپ يېنىڭدا بولىدۇ، - دېدى.

[5] ياقۇپ بەئەرشەبادىن يولغا چىقتى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسى ياقۇپنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى پىرئەۋن ئەۋەتكەن ھارۋىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، [6] كەنئاندىكى چارۋىلىرى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ، مىسىرغا قاراپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەۋلادلىرى، [7] يەنى ئوغۇل-قىزلىرى ۋە ئوغۇل-قىز نەۋرىلىرىمۇ مىسىرغا بىرگە كەلدى.

[8] ئىسرائىل، يەنى ياقۇپنىڭ مىسىرغا بىرلىكتە كەلگەن ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

ياقۇپنىڭ چوڭ ئوغلى رۇبېن [9] ۋە ئۇنىڭ خانوك، پاللۇ، خەزرون ۋە كارمى قاتارلىق ئوغۇللىرى،
[10] شىمون ۋە ئۇنىڭ يەمۇئېل، يامىن، ئوھاد، ياكىن، زوخار، شۇنداقلا كەنئانلىق ئايالدىن بولغان شائۇل قاتارلىق ئوغۇللىرى،
[11] لاۋىي ۋە ئۇنىڭ گېرشون، قوھات ۋە مىرارى قاتارلىق ئوغۇللىرى،

[12] يەھۇدا ۋە ئۇنىڭ شېلاھ، پەرەس، زەراخ قاتارلىق
ئوغۇللىرى، (يەھۇدانىڭ يەنە ئېر ۋە ئونان ئىسىملىك
ئوغۇللىرى بولۇپ، ئۇلار كەنئاندا ئۆلۈپ كەتكەنىدى.)
پەرەس ۋە ئۇنىڭ خەزرون، خامۇل قاتارلىق ئوغۇللىرى،
[13] ئىسساكار ۋە ئۇنىڭ تولاھ، پۇۋاھ، يوب ۋە شىمرون
قاتارلىق ئوغۇللىرى،
[14] زەبۇلۇن ۋە ئۇنىڭ سەرەد، ئېلون، ياخلىئېل قاتارلىق
ئوغۇللىرى.

[15] يۇقىرىدىكىلەر پاددان-ئارامدا ياقۇپ بىلەن ئايالى لېياھتىن تارالغان ئەۋلادلار بولۇپ، قىزى دىنانى قوشقاندا، جەمئىي 33 نەپەر ئىدى.

[16] گاد ۋە ئۇنىڭ زىفيون، خاگگى، شۇنىي، ئەزبون، ئەرى،
ئارودى ۋە ئارئېلى قاتارلىق ئوغۇللىرى،
[17] ئاشېر ۋە ئۇنىڭ يىمناھ، يىشۋاھ، يىشۋى، بىرىئا قاتارلىق
ئوغۇللىرى، قىزى سەراخ ۋە بىرىئانىڭ خەبەر ۋە
مالكىئېل قاتارلىق ئوغۇللىرى.

[18] يۇقىرىدىكىلەر لابان قىزى لېياھقا دېدەك قىلىپ بەرگەن زىلپا بىلەن ياقۇپتىن تارالغان ئەۋلادلار بولۇپ، ئۇلار جەمئىي 16 نەپەر ئىدى.

[19] ئايالى راھىلە ياقۇپقا ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن بولۇپ،
ئۇلار يۈسۈپ بىلەن بىنيامىن ئىدى. [20] يۈسۈپ مىسىردا
ئون دېگەن شەھەرنىڭ روھانىيسى پوتىفېرانىڭ قىزى
ئاسىناتتىن ماناسسە ۋە ئەفرايىم ئىسىملىك ئىككى
ئوغۇل كۆرگەنىدى.
[21] بىنيامىننىڭ بەلا، بەكەر، ئاشبېل، گېرا، نائامان، ئېخى،
روش، مۇپپىم، خۇپپىم ۋە ئارد قاتارلىق ئوغۇللىرى
بار ئىدى.

[22] يۇقىرىدىكىلەر راھىلە بىلەن ياقۇپتىن تارالغان ئەۋلادلار بولۇپ، جەمئىي 14 نەپەر ئىدى.
[23] داننىڭ خۇشىم ئىسىملىك بىر ئوغلى،
[24] نافتالىنىڭ ياخزىئېل، گۇنى، يېزەر ۋە شىللېم قاتارلىق ئوغۇللىرى بار ئىدى.

[25] يۇقىرىدىكىلەر لابان قىزى راھىلەگە دېدەك قىلىپ بەرگەن بىلھاھ بىلەن ياقۇپتىن تارالغان ئەۋلادلار بولۇپ، جەمئىي 7 نەپەر ئىدى.
[26] دېمەك، ياقۇپنىڭ كېلىنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياقۇپ بىلەن بىرگە مىسىرغا بارغان ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى جەمئىي 66 كىشى ئىدى. [27] يۈسۈپنىڭ مىسىردا كۆرگەن ئىككى ئوغلىنى قوشقاندا، ياقۇپ جەمەتىنىڭ مىسىردىكى سانى جەمئىي 70① كىشى بولدى.

## ياقۇپنىڭ يۈسۈپ بىلەن كۆرۈشۈشى

[28] ياقۇپ گوشەن رايونىغا بارىدىغان يولنى بىلىش ئۈچۈن يەھۇدانى يۈسۈپنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار گوشەنگە كەلگەندە، [29] يۈسۈپ ۋەزىرلىك ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ، ئاتىسى ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا باردى. يۈسۈپ ئاتىسىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنى قۇچاقلاپ، ئۆزۈنىچە يىغلىدى. [30] ئىسرائىل يۈسۈپكە:
— مەن سېنىڭ ھايات ئىكەنلىكىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق! — دېدى.
[31] يۈسۈپ قېرىنداشلىرىغا ۋە بارلىق ئائىلە ئەزالىرىغا مۇنداق دېدى:
— مەن پىرئەۋنگە سىلەرنىڭ كەنئاندىن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭلارنى مەلۇم قىلاي. [32] ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ چارۋىچى ئىكەنلىكىڭلارنى، چارۋا ۋە مال-مۈلكۈڭلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىڭلارنى ئېيتاي.

---

① 46: 27 بۇ بابنىڭ 15-، 18-، 22-، 25-ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئادەم سانىنى قوشقاندا مىسىرغا بارغانلار جەمئىي 70 ئادەم بولىدۇ. بىراق بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان 66 ئادەم ئىچىگە يۈسۈپنىڭ ئىككى ئوغلى، يەنى ماناسسە بىلەن ئەفرايىم، شۇنداقلا يەھۇدانىڭ كەنئاندا ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلى ئېر بىلەن ئونان قوشۇلمىغان.

33 پىرئەۋن سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، كەسىپىڭلارنى سورىسا، 34 ئۈنىڭغا: «بىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ چارۋىچىلىق قىلىپ كەلگەن، ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ چارۋىچى ئىدى» دەڭلار. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىلەرنى ئۆز خەلقىدىن ئايرىپ، گوشەن رايونىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، - دېدى.
يۈسۈپنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب، مىسىرلىقلار چارۋىچىلارنى پەقەت كۆزگە ئىلمايتتى.

# 47

1 يۈسۈپ پىرئەۋن بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپ، ئۇنىڭغا:
- ئاتام بىلەن قېرىنداشلىرىم كەنئاندىن چارۋا ۋە پۈتۈن مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلدى. ھازىرچە ئۇلار گوشەندە تۇرۇۋاتىدۇ، - دېدى.
2 ئاندىن كېيىن يۈسۈپ قېرىنداشلىرىدىن بەشىنى پىرئەۋن بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ئېلىپ كەلدى. 3 پىرئەۋن يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرىدىن:
- سىلەر قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار جاۋابەن:
- ئالىيلىرى، بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمىز. 4 كەنئانداماللىرىمىزنى باقىدىغان ئوتلاق قالمىدى، قەھەتچىلىكمۇ ئېغىر بولدى. شۇ سەۋەبتىن بىز بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدۇق. ئالىيلىرىدىن بىزنىڭ گوشەن رايونىدا تۇرۇشىمىزغا ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمىز، - دېيىشتى.
5 پىرئەۋن يۈسۈپكە:
- ئاتاڭ بىلەن قېرىنداشلىرىڭ بۇ يەرگە كەپتۇ. 6 مىسىرنىڭ زېمىنى ئۇلارنىڭمۇ زېمىنىدۇر. ئۇلار مىسىرنىڭ قەيېرىدە تۇرۇشنى خالىسا، شۇ يەردە تۇرسۇن، گوشەندە تۇرسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مال بېقىشقا ماھىر كىشىلەر بولسا، ئۇلارنى ماللىرىمنى باشقۇرۇشقا قويساڭمۇ بولىدۇ، - دېدى.
7 كېيىن يۈسۈپ ئاتىسى ياقۇپنى ئوردىغا باشلاپ كېلىپ، پىرئەۋن بىلەن كۆرۈشتۈردى. ياقۇپ پىرئەۋنگە بەخت-سائادەت تىلىدى.
8 پىرئەۋن ئۇنىڭدىن:
- قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ - دەپ سورىدى. 9 ياقۇپ ئۇنىڭغا:

– مەن بۇ دۇنيادا 130 يىل ياشىدىم، ھاياتىم مۇساپىرچىلىق ئىچىدە جاپا-مۇشەققەتلىك ئۆتتى. مەن ئېخى ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ يېشىغا يەتمىدىم، – دەپ جاۋاب بەردى.
[10] خوشلىشىش ئالدىدا ياقۇپ يەنە پىرئەۋنگە بەخت تىلىدى ۋە ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن چىقتى. [11] يۈسۈپ پىرئەۋننىڭ ئەمرى بويىچە ئاتىسى بىلەن قېرىنداشلىرىنى مىسىرنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىگە، يەنى رەمسېس رايونىغا ئورۇنلاشتۇردى. [12] يۈسۈپ ئاتىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ جان سانىغا قاراپ، ئاشلىق يەتكۈزۈپ بەردى.

## قەھەتچىلىك

[13] ھەممە يەردە ئاشلىق قالمىدى، قەھەتچىلىك ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتتى. مىسىرلىقلار ۋە كەنئانلىقلار قەھەتچىلىك سەۋەبىدىن ئازاب چېكەتتى. [14] يۈسۈپ ئاشلىق سېتىپ، مىسىرلىقلار بىلەن كەنئانلىقلارنىڭ قولىدىكى ھەممە پۇللارنى يىغىپ، ئوردىغا تاپشۇردى. [15] مىسىر ۋە كەنئاندىكى خەلقنىڭ قولىدىكى پۇللار تۈگىگەندە، مىسىر خەلقى يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن:
– پۇللىرىمىز تۈگىدى. كۆز ئالدىلىرىدا ئۆلۈپ كەتمەيلى، بىزگە ئاشلىق تېپىپ بەرگەيلا، – دەپ تەلەپ قىلىشتى. [16] يۈسۈپ ئۇلارغا:
– ئەگەر پۇلۇڭلار تۈگەپ كەتكەن بولسا، چارۋا ماللىرىڭلارنى ئاشلىققا تېگىشىڭلار، – دېدى.
[17] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چارۋا ماللىرىنى يۈسۈپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. يۈسۈپ ئۇلارنىڭ ئات، ئېشەك، قوي، كالا ۋە ئۆچكىلىرىگە ئاشلىق تېگىشىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ بۇ يىلى ئاشلىق بەدىلىگە ئۇلارنىڭ چارۋا ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى.
[18] كېيىنكى يىلى ئۇلار يەنە كېلىپ:
– جانابلىرى، ھەقىقىي ئەھۋالىمىزنى سىلىدىن يوشۇرمايمىز. پۇللىرىمىز پۈتۈنلەي تۈگىدى. چارۋا ماللىرىمىزمۇ ئۆزلىرىگە ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر بىزنىڭ تېنىمىز ۋە يېرىمىزدىن باشقا ھېچ نەرسىمىز قالمىدى. [19] كۆز ئالدىلىرىدا ئۆلۈپ كەتمەيلى، يەرلىرىمىزمۇ ئاق تاشلىنىپ قالمىسۇن. بىزمۇ، يېرىمىزمۇ پىرئەۋنگە تەۋە بولسۇن، بىزگە ئاشلىق بەرگەيلا. بىز پىرئەۋننىڭ قۇلى بولۇپ،

ئۇنىڭ دېھقانچىلىقنى قىلايلى. ھايات قېلىشىمىز ۋە يەرلەرنىڭ ئاق تاشلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇقلۇق بەرگەيلا! ــ دەپ تەلەپ قىلىشتى.
[20] شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ مىسىرنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى پىرئەۋن ئۈچۈن سېتىۋالدى. ئاچارچىلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن مىسىرلىقلار يەرلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە، پۈتۈن يەر-زېمىن پىرئەۋنگە ئۆتۈپ كەتتى. [21] پۈتۈن مىسىر خەلقىمۇ ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى. [22] پەقەت روھانىيلارنىڭ يەرلىرىلا ئۆز قوللىرىدا قالدى، چۈنكى ئۇلار پىرئەۋندىن ھەقسىز ئاشلىق ئالاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى سېتىشى ھاجەتسىز ئىدى.
[23] يۈسۈپ خەلققە:
ــ مەن پادىشاھ ئۈچۈن سىلەرنى ۋە يەر-زېمىنلىرىڭلارنى سېتىۋالغانىكەنمەن، ئۇ يەرلەردە دېھقانچىلىق قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئۇرۇق بېرەي. [24] ھوسۇل ئالغان ۋاقتىڭلاردا ھوسۇلنىڭ بەشتىن بىرىنى پادىشاھقا تاپشۇرۇپ، قالغىنىنى ئۆزۈڭلارغا ئوزۇق قىلىڭلار ۋە ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن ساقلاپ قويۇڭلار، ــ دېدى. [25] ئۇلار:
ــ جانابلىرى بىزگە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ھاياتىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدىلا. بىز پىرئەۋنىنىڭ قۇلى بولۇشقا رازىمىز، ــ دېيىشتى.
[26] شۇڭا يۈسۈپ مىسىرلىقلارغا قانۇن تۈزۈپ: «دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ بەشتىن بىر قىسمى پادىشاھقا تەۋەدۇر» دەپ بېكىتتى. بۇ قانۇن شۇنىڭدىن بېرى كۈچكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. پەقەت روھانىيلارنىڭ يەرلىرىلا پىرئەۋنىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتمىدى.

## ياقۇپنىڭ ئاخىرقى تەلىپى

[27] ئىسرائىللار مىسىرنىڭ گوشەن ۋىلايىتىدە ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار يەرگە ئىگە بولۇپ، روناق تېپىپ، ئاھالىلىرىنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. [28] ياقۇپ مىسىردا 17 يىل ياشاپ، 147 يىل ئۆمۈر كۆردى.
[29] ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا يۈسۈپنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:
ــ ئەگەر سەن مەندىن رازى بولساڭ، قولۇڭنى يوتامنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ماڭا مېھرىبان، ۋاپادار بولىدىغانلىقىڭغا ۋە مېنى مىسىرغا

دەپنە قىلمايدىغانلىقىڭغا قەسەم قىل. [30] مەن ۋاپات بولغاندا، مېنى مىسىردىن ئېلىپ كېتىپ، ئاتا-بوۋام دەپنە قىلىنغان يەرگە دەپنە قىل، ــ دېدى. يۈسۈپ ئاتىسىغا:
ــ ۋەسىيىتىڭىزنى چوقۇم ئورۇندايمەن، ــ دېدى. [31] ئىسرائىل:
ــ ئۇنداق بولسا، ماڭا قەسەم قىل، ــ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ قەسەم قىلدى. ئىسرائىل تۆشكى ئۈستىدە خۇداغا سەجدە قىلدى.

## ياقۇپنىڭ ئەفرايىم ۋە ماناسسەگە دۇئا قىلىشى

48 [1] بىر مەزگىلدىن كېيىن يۈسۈپكە ئاتىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يەتتى. شۇڭا يۈسۈپ ئىككى ئوغلى ماناسسە بىلەن ئەفرايىمنى ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا باردى. [2] ياقۇپ ئوغلى يۈسۈپنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ياتقان ئورنىدىن كۈچىنىڭ بارىچە كۈچەپ تۇرۇپ، ئاران ئولتۇردى.
[3] ياقۇپ يۈسۈپكە:
ــ ھەممىگە قادىر خۇدا كەنئاندىكى لۇز دېگەن يەردە ماڭا زاھىر بولۇپ، ماڭا بەخت ئاتا قىلغانىدى. [4] ئۇ ماڭا: «مەن سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭنى كۆپەيتىپ، ئۇلارنى نۇرغۇن ئەل قىلىمەن ۋە بۇ زېمىننى سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا مەڭگۈ مۈلۈك قىلىپ بېرىمەن» دېگەنىدى، ــ دېدى. [5] ياقۇپ يەنە:
ــ ئەي يۈسۈپ، مەن مىسىرغا كەلمەستە، سەن بۇ يەردە ئىككى ئوغۇللۇق بولۇپسەن. بۇ ئىككى ئوغلۇڭ، يەنى ئەفرايىم بىلەن ماناسسە رۇبېن بىلەن شىمونغا ئوخشاش مېنىڭ ئوغۇللىرىم ھېسابلانسۇن. [6] باشقا پەرزەنت يۈزى كۆرسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ بولسۇن. ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ئىگە بولىدىغان مىراس يېرى ئەفرايىم بىلەن ماناسسەنىڭ زېمىنى ئىچىدە بولسۇن. [7] مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم ئانائىڭ راھىلەنىڭ ۋەجىدىندۇر. پادداندىن قايتىپ كېلىش يولىدا، ئانائىڭ راھىلە كەنئان رايونىدىكى ئەفراتاغا بارىدىغان يول بويىدا ۋاپات بولۇپ، مېنى ھەسرەتتە قالدۇردى. مەن ئۇنى شۇ يەردىلا دەپنە قىلدىم، ــ دېدى. (ئەفراتا ھازىر «بەيتلەھەم» دەپ ئاتىلىدۇ.)
[8] ئىسرائىل يۈسۈپنىڭ يېنىدىكى باللارنى كۆرۈپ:

- بۇ باللار كىم؟ - دەپ سورىدى. [9] يۈسۈپ:
- مېنىڭ ئوغۇللىرىم. مەن مىسىرغا كەلگەندىن كېيىن خۇدا ماڭا بەرگەن باللار، - دەپ جاۋاب بەردى. ئىسرائىل يەنە:
- ئۇلارنى يېنىمغا ئەكەلگىن، مەن ئۇلارغا دۇئا قىلىپ، خەيرلىك تىلەي، - دېدى.
[10] ئىسرائىل قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كۆزى تورلىشىپ ياخشى كۆرمەيتتى. يۈسۈپ باللىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئىسرائىل ئۇلارنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ، [11] يۈسۈپكە:
- ئەسلى سېنى قايتا كۆرەرمەن، دەپ ئويلىمىغانىدىم. مانا ئەمدى خۇدا ماڭا سېنىڭ ئوغۇللىرىڭنىمۇ كۆرسەتتى! - دېدى.
[12] يۈسۈپ ئىسرائىلنىڭ تىزىدىن ئىككى ئوغلىنى يەرگە چۈشۈرۈپ، ئۆزى ئاتىسىنىڭ ئالدىدا بېشىنى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىپ تەزىم قىلدى. [13] يۈسۈپ ئەفرايىمنى ئىسرائىلنىڭ سول يېنىغا، ماناسسەنى ئوڭ يېنىغا تۇرغۇزدى. [14] لېكىن ئىسرائىل ئىككى قولىنى ئالماشتۇرۇپ، ئوڭ قولىنى كىچىك نەۋرىسى ئەفرايىمنىڭ بېشىغا، سول قولىنى چوڭ نەۋرىسى ماناسسەنىڭ بېشىغا قويۇپ، [15] يۈسۈپكە بەخت تىلەپ، مۇنداق دۇئا قىلدى:

«بوۋىلىرىم ئىبراھىم بىلەن ئىسهاق يولىدا ماڭغان خۇدا
بۇ ئىككى نەۋرەمنى بەختلىك قىلغاي.
مېنى بۈگۈنگىچە يېتەكلەپ كەلگەن خۇدا
ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلغاي.
[16] مېنى پۈتۈن بالا-قازالاردىن قۇتقۇزغان پەرىشتە
ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلغاي.
مېنىڭ نامىم ۋە ئاتا-بوۋام ئىبراھىم بىلەن ئىسهاقنىڭ
نامى
بۇ باللار ئارقىلىق مەڭگۈ داۋاملاشقاي.
ئۇلار نۇرغۇن ئەۋلادلىق بولۇپ، يەر يۈزىدە گۈللەپ
ياشنىغاي.»

17 يۈسۈپ ئاتىسىنىڭ ئوڭ قولىنى ئەفرايىمنىڭ بېشىغا قويغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە نارازى بولغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاتىسىنىڭ ئوڭ قولىنى ئەفرايىمنىڭ بېشىدىن ماناسسەنىڭ بېشىغا يۆتكىمەكچى بولۇپ، 18 ئاتىسىغا:
– ئاتا، توغرا بولمىدى، چوڭ ئوغلۇم بۇ. ئوڭ قولىڭىزنى ئۇنىڭ بېشىغا قويغايسىز! – دېدى. 19 ئاتىسى رەت قىلىپ:
– ئەي ئوغلۇم، مەن بىلىمەن، بىلىمەن. ماناسسەنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ چوڭ ئەل بولىدۇ، لېكىن ئىنىسى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئىنىسىنىڭ ئەۋلادلىرى روناق تاپقان كۆپ خىل ئەللەرگە ئايلىنىدۇ!
– دېدى.
20 ئۇ كۈنى ئىسرائىل ئۇلارغا بەخت تىلەپ، مۇنداق دېدى:

«كەلگۈسىدە ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرى كىشىلەرگە دۇئا
قىلىپ، خەيرلىك تىلىگەندە، مۇنداق دېسۇن:
‹خۇدا سىلەرنى ئەفرايىم بىلەن ماناسسەگە ئوخشاش
بەختلىك قىلغاي!›»

شۇنداق قىلىپ، ياقۇپ ئەفرايىمنى ئۇنىڭ ئاكىسى ماناسسەدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويدى.
21 كېيىن ئىسرائىل يۈسۈپكە:
– مېنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشۈمگە ئاز قالدى. لېكىن خۇدا جەزمەن سىلەرگە يار بولۇپ، سىلەرنى ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ زېمىنىغا قايتۇرۇپ كېتىدۇ. 22 مەن سىلەرگە زېمىن تەقسىم قىلغاندا، قېرىنداشلىرىڭغا قارىغاندا ساڭا ئارتۇق زېمىن بېرىمەن، يەنى تاغنىڭ باغرىنى قوشۇپ بېرىمەن. ئۇ يەرنى مەن ئامورلارنىڭ قولىدىن قىلىچ ۋە ئوقيايىم بىلەن تارتىۋالغانىدىم، – دېدى.

## ياقۇپنىڭ ۋەسىيىتى

49 1 ياقۇپ ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

- ھەممىڭلار ئالدىمغا كېلىڭلار، سىلەرگە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئاڭلىتاي!

2 «ئەي ئوغۇللىرىم، ھەممىڭلار كېلىپ قۇلاق سېلىڭلار.
ئاتاڭلار ئىسرائىلنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاڭلار.

3 ئەي رۇبېن، سەن تۇنجى ئوغلۇمسەن،
سەن كۈچ-قۇدرىتىمسەن.
قۇۋۋىتىمنىڭ تۇنجى مېۋىسىسەن،
ئوغۇللىرىم ئىچىدە ئەڭ غۇرۇرلۇقى ۋە كۈچلۈكى
سەن.
4 بىراق سەن كەلكۈندەك ئېقىپ، تۇتۇق بەرمىدىڭ!
سەن توقلىمى بىلەن بىر ئورۇندا يېتىپ،
تۆشىكىمنى بۇلغىدىڭ، ئەمدى كاتتا كىشى
بولالمايسەن.

5 شىمون بىلەن لاۋىي بىرلەشتى،
قىلىچلىرى رەھىمسىزلىك قىلدى.
6 قوشۇلمايمەن ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىگە،
قاتناشمايمەن ئۇلارنىڭ سۈيىقەستلىك پىلانىغا،
چۈنكى ئۇلار غەزەپلىنىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ،
خالىغانچە ئۆكۈزلەرنىڭ پېيىنى كەستى.
7 ياغسۇن لەنەتلەر ئۇلارنىڭ غەزىپىگە،
شۇنداقلا رەھىمسىز ئۆچمەنلىكىگە.
تارقىتىۋېتەرمەن ئەۋلادلىرىنى ياقۇپنىڭ زېمىنلىرىغا،
چېچىۋېتەرمەن ئۇلارنى ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىغا.

8 ئەي يەھۇدا، قېرىنداشلىرىڭ سېنى ماختار.
سەن دۈشمەنىنىڭ گېلىنى سىقارسەن.
قېرىنداشلىرىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا باش ئېگەر.
9 يەھۇدا دۈشمىنىگە ياش شىردەك ئېتىلىدۇ.

ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قايتىپ كېلىدۇ ئۇۋىسىغا.
سوزۇلۇپ ياتسا ئۇۋىسىدا،
كىممۇ جۈرئەت قىلار ئويغىتىشقا؟
10 يەھۇدا تۇتار سەلتەنەت ھاسىسىنى،
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يۈرگۈزەر ھاكىمىيەتنى.
كېيىن پۈتكۈل ئەل ئۇنىڭغا ئولپان تاپشۇرار،
خەلقلەر ھەم تەزىم قىلار.①
11 باغلاپ قويار ئۇ تەخىينى ئەڭ ياخشى ئۈزۈمگە،
غاجاپ قويىسمۇ ئۇ ئۈزۈمنى گەرچە،
ئۈزۈم شارابىدا يۇيار كىيىملىرىنى،
ئېسىل شارابتا تونلىرىنى.
12 شارابتىن ھەم قارا كۆزلىرى،
سۈتتىن ھەم ئاپئاق چىشلىرى.

13 زەبۇلۇن دېڭىز بويىدا تۇرار،
ئۇ يەر كېمە پورتى بولار،
زېمىنى سىدون تەرەپكە سوزۇلار.

14 ئىسساكار گويا كۈچلۈك ئېشەك بولۇپ،
ئېغىلىنىڭ ئىچىدە ياتار.
15 كۆرگەندە ئۇ دەم ئېلىش ئورنىنىڭ ياخشىلىقىنى
ۋە ئۇ يەرنىڭ ھۇزۇرلۇقىنى،
ئارتىپ يۈكنىڭ ئېغىرىنى مۈرىسىگە،
قۇل بولۇپ، جاپالىق ئىشلەشكە مەجبۇر بولار.

16 دانمۇ ئىسرائىل قەبىلىسىدىن بىرى بولار،
ئۇ ئۆز خەلقىگە ئادىل ھۆكۈم قىلار.
17 ئۇ يىلاندەك يول بويىلىرىدا،

① 49: 10 3- ۋە 4- قۇرنى مۇنداق چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ: ھەقىقىي ھاكىمىيەت ئىگىسى كېلەر بىر كۈنى، شۇندا خەلقلەر تەزىم قىلار ئۇنىڭغا.

زەھەرلىك يىلاندەك چىغىر يوللاردا،
چىۋىقپ ئاتنىڭ پۇتىنى،
يىقىتار ئاتلىقلارنى.

18 ئى پەرۋەردىگارىم، قۇتقۇزۇشۇڭنى كۈتمەكتىمەن!

19 گاد قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرار.
لېكىن ئۇ كېيىن ھۇجۇمىغا ئۆتۈپ، زەربە بېرەر.

20 ئاشىرنىڭ زېمىنى بەئەينى مول ئاشلىق ئامبىرى بولۇپ،
پادىشاھلارنى ئۇ تەمىنلەر خاس لەززەتلىك تائاملىرى
بىلەن.

21 نافتالى ئەركىن ئانا كېيىكتۇر،
ئۇ تۇغار سۆيۈملۈك بالا كېيىكلەرنى.

22 يۈسۈپ مېۋىلىك دەرەختۇر.
ئۇ بۇلاققا يېقىندۇر.
ئۇنىڭ شاخلىرى ھالقىپ ئۆتەر تامدىن.
23 شىددەتلىك ھۇجۇم قىلار ئوقياچىلار ئۇنىڭغا،
ئوقيالار دەھشەتلىك ئېتىلار ئۇنىڭغا،
24 لېكىن يۈسۈپ تايانغاچقا ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان قادىر
خۇداغا،
يەنى ئىسرائىلنىڭ پادىچىسىغا، قورام تېشىغا.
ئۇنىڭ يايى مەزمۇت، قوللىرى كۈچلۈك يەنىلا.
25 ئاتاڭ ئىبادەت قىلغان خۇدا ساڭا ياردەم قىلار،
ھەممىگە قادىر خۇدا سېنى بەختلىك قىلار.
ئۇ ساڭا خاسىيەتلىك يامغۇر ياغدۇرۇپ،
يەردىكى بۇلاقلارنى ئاتا قىلار.
چارۋا ماللىرىڭنى ھەم ئاۋۇتۇپ،
ئەۋلادلىرىڭنى ھەسسىلەپ كۆپەيتەر.

26 ئاتاڭ خۇدادىن ئېرىشكەن بۇ بەخت،
قەدىمكى تاغ چوققىلىرىدىنمۇ،
ئېدىرلىقلاردىكى بايلىقلاردىنمۇ بۇيۇكتۇر.
مانا بۇ بەخت-سائادەت يۈسۈپنىڭ بېشىغا،
يەنى قېرىنداشلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شەرەپلىكىگە قونار.

27 بىنيامىن گويا يىرتقۇچ بۆرىدۇر،
ئۇ ئەتىگىنى تۇتقىنىنى يالماپ يۇتار،
كېچىسى ئولجىلارنى بۆلۈشەر.»

28 بۇ سۆزلەر ياقۇپ دۇئا قىلغاندا ھەربىر ئوغلىغا لايىق ئېيتقان سۆزلەردۇر. ياقۇپنىڭ بۇ 12 ئوغلى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىنىڭ بوۋىلىرى بولدى.

## ياقۇپنىڭ ۋاپاتى

29 ياقۇپ ئوغۇللىرىغا مۇنداق دەپ تاپىلىدى:
- مېنىڭ ئالەمدىن ئۆتىدىغان ۋاقتىمغا ئاز قالدى. سىلەر مېنى ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ يېنىغا، يەنى خىتلاردىن بولغان ئەفروننىڭ ئېتىزلىقىدىكى ئۆڭكۈرگە دەپنە قىلىڭلار. 30 بۇ ئۆڭكۈر كەنئاندىكى مامرەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ماكپېلا دېگەن يەردە بولۇپ، ئىبراھىم بۇ ئۆڭكۈر بىلەن يەرنى خىتلاردىن بولغان ئەفروندىن قەبرە قىلىش ئۈچۈن سېتىۋالغانىدى. 31 ئىبراھىم ۋە ئايالى سارە ئۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ئىسھاق ۋە ئايالى رىبەقامۇ ئۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. مەن لېياھنىمۇ ئۇ يەرگە دەپنە قىلدىم. 32 ئۇ يەر بىلەن ئۆڭكۈر خىتلاردىن سېتىۋېلىنغان بولۇپ، سىلەر مېنىمۇ شۇ يەرگە دەپنە قىلىڭلار. 33 ياقۇپ ئوغۇللىرىغا بۇ سۆزلەرنى تاپىلىغاندىن كېيىن، يېتىپلا نەپىسى توختاپ، ئالەمدىن ئۆتتى.

## ياقۇپنىڭ دەپنە قىلىنىشى

50 1 يۈسۈپ ئاتىسىنىڭ مېيىتىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ھەسرەت بىلەن يىغلىدى ۋە يۈزىنى سۆيدى. 2 كېيىن يۈسۈپ قول

ئاستىدىكى تېۋىپلىرىغا ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى مومىلاشنى بۇيرۇدى.
ئۇلار ياقۇپنىڭ جەسىتىنى مومىيالاشتى. 3 ئۇلار بۇ ئىش ئۈچۈن
قىرىق كۈن سەرپ قىلدى، چۈنكى جەسەتنى مومىيالاش ئۈچۈن
قىرىق كۈن ۋاقىت كېتەتتى. مىسىرلىقلار ئۇنىڭغا يەتمىش كۈن
ماتەم تۇتتى.
4 قارىلىق تۇتۇش مەزگىلى ئۆتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ پىرەۋننىڭ
ئەمەلدارلىرىغا:
— ئېغىر كۆرمىسەڭلار، پىرەۋنگە مۇنداق دەڭلار: 5 «ئاتام جان
ئۈزۈش ئالدىدا مېنى ئۆزىنى كەنئاندا تەييارلاپ قويغان يەرلىككە
قويۇشۇمغا قەسەم قىلدۇرغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا ئىجازەت
بەرسە، ئۇ يەرگە بېرىپ ئاتامنى دەپنە قىلىپ كەلسەم»، — دېدى.
6 پىرەۋن:
— بارسۇن، ئاتىسىغا بەرگەن قەسىمىنى ئورۇنداپ، ئاتىسى تەلەپ
قىلغان جايغا دەپنە قىلسۇن، — دەپ جاۋاب قايتۇردى.
7 شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئاتىسىنى دەپنە قىلغىلى كەتتى.
پىرەۋننىڭ بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، يەنى ئوردا
ئەمەلدارلىرى ۋە مىسىردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەربابلار يۈسۈپ
بىلەن بىللە بېرىشتى. 8 يۈسۈپنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى، قېرىنداشلىرى
ۋە ئاتىسىنىڭ باشقا ئائىلە ئەزالىرىمۇ بىرگە باردى. پەقەت
يۈسۈپنىڭ كىچىك بالىلىرى ۋە چارۋا ماللىرىلا گوشەندە قالدى.
9 ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغانلارنىڭ ئىچىدە يەنە جەڭ هارۋىلىرىنى
ھەيدىگەن لەشكەرلەرمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار چوڭ
بىر قوشۇنغا ئايلانغانىدى.
10 ئۇلار ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان
ئاتاد دېگەن يەردىكى خامانغا كەلگەندە، قاتتىق يىغا-زار قىلىشتى.
ئۇلار ئۇ يەردە يەتتە كۈن هازا تۇتتى. 11 بۇنى كۆرگەن كەنئانلىقلار:
«مىسىرلىقلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى نېمىدېگەن داغدۇغىلىق» دېيىشتى.
شۇڭا بۇ يەرگە ئابېل-مىزرائىم [مەنىسى «مىسىرلىقلارنىڭ هازا
تۇتۇشى»] دەپ نام قويۇلدى.
12 شۇنداق قىلىپ، ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇقى
بويىچە 13 ئۇنىڭ جەسىتىنى كەنئانغا ئاپىرىپ، مامرەنىڭ شەرقىدىكى

ماكپېلادىكى ئۆڭكۈرگە دەپنە قىلدى. ئىبراھىم بۇ ئۆڭكۈر بىلەن يەرنى خىتلاردىن بولغان ئەفروندىن قەبرە قىلىش ئۈچۈن سېتىۋالغانىدى. [14] يۈسۈپ ئاتىسىنى دەپنە قىلىپ بولۇپ، ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن بارلىق كىشىلەر بىلەن بىرگە مىسىرغا قايتتى.

## يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرىنى خاتىرجەم قىلىشى

[15] يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن: «بىز بۇرۇن يۈسۈپكە يامانلىق قىلغانىدۇق، ئەگەر ئۇ كۆڭلىدە بىزگە ئاداۋەت ساقلاپ، بىزدىن ئىنتىقام ئالسا، بىز قانداق قىلىمىز؟» دەپ ئويلاشتى. [16] شۇڭا ئۇلار بىر كىشى ئارقىلىق يۈسۈپكە: «ئاتىمىز جان ئۈزۈش ئالدىدا [17] بىزگە ساڭا بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ قويۇشىمىزنى تاپىلاپ: ‹ئاكىلىرىڭ ساڭا يامانلىق قىلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكىن› دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىمىز ئىبادەت قىلغان خۇدانىڭ خىزمەتكارلىرى بولغان بىزلەردىن گۇناھىمىزنى كەچۈرۈۋېتىشىڭنى سورايمىز» دەپ سۆز يەتكۈزدى. يۈسۈپ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتتى.

[18] ئاندىن يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بېشى يەرگە تەگكۈچە تەزىم قىلىپ، مۇنداق دېدى:

– بىز سېنىڭ قۇلۇڭ بولايلى! [19] يۈسۈپ ئۇلارغا:

– قورقماڭلار! مەن سىلەرنى جازالايدىغانغا خۇدا ئەمەسمەن! [20] سىلەر ئەسلىدە ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچىدىڭلار، لېكىن خۇدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يامان نىيىتىڭلارنى ياخشىلىققا ئايلاندۇردى. مانا بۈگۈن شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەر ھايات قالدى. [21] قورقماڭلار، مەن چوقۇم سىلەرنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن، – دېدى.

يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرىغا مېھرىبانلىق بىلەن تەسەللى بېرىشى ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى.

## يۈسۈپنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

[22] يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۇرۇق-جەمەتى مىسىردا ياشاپ قالدى. يۈسۈپ 110 يىل ئۆمۈر كۆردى. [23] ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئوغلى ئەفرايىمنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلادىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. يۈسۈپ ماناسسەنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ ئوغۇللىرىنىمۇ ئۆز پەرزەنتلىرى قاتارىدا قوبۇل قىلدى. [24] ئۇ قېرىنداشلىرىغا:

- مەن ئالەمدىن ئۆتۈشكە ئاز قالدىم. خۇدا چوقۇم سىلەردىن خەۋەر ئالىدۇ ۋە سىلەرنى بۇ يەردىن ئېلىپ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپقا بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىنغا باشلاپ بارىدۇ، - دېدى. [25] ئاندىن يۈسۈپ ئىسرائىل خەلقىگە:

- خۇدا سىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، سىلەرنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بارىدىغان ۋاقىتتا، مېنىڭ جەسىتىمنى بىرگە ئېلىپ كېتىشكە ئالدىمدا قەسەم قىلىڭلار! - دېدى.

[26] يۈسۈپ 110 يېشىدا مىسىردا ئالەمدىن ئۆتتى. مىسىرلىقلار ئۇنىڭ جەسىتىنى مۇمىيالاپ، ساندۇققا سېلىپ قويدى.

# مسسردن چقش


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | 32 |
| 33 | 34 | 35 | 36 |
| 37 | 38 | 39 | 40 |

# مىسىردىن چىقىش

## ئىسرائىللارنىڭ مىسىردا تارتقان ئازابلىرى

1
1 ئىسرائىل، يەنى ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى بالاچاقىلىرىنى ئېلىپ،
ئاتىسى ياقۇپ بىلەن بىرگە مىسىرغا باردى. 2 ياقۇپنىڭ
رۇبېن، شىمون، لاۋىي، يەھۇدا، 3 ئىسساكار، زەبۇلۇن، بىنيامىن،
4 دان، نافتالى، گاد ۋە ئاشېر ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولۇپ، 5 ئۇلار
بالىچاقىلىرى بىلەن بىرگە جەمئىي يەتمىش كىشى ئىدى. ياقۇپنىڭ
يەنە بىر ئوغلى يۇسۇپ بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان مىسىردا ئىدى.
6 كېيىن يۇسۇپ ۋە قېرىنداشلىرى ھەمدە بارلىق زامانداشلىرى
ئالەمدىن ئۆتتى. 7 شۇنداقتىمۇ، ئىسرائىلنىڭ (يەنە بىر ئىسمى
ياقۇپ) ئەۋلادلىرى تېز كۆپىيىپ، كۈچلۈك بىر خەلققە ئايلاندى
ۋە مىسىرنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى.
8 كېيىن مىسىردا يېڭى بىر پادىشاھ تەختكە چىقتى. ئۇ يۇسۇپ
ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى. 9 ئۇ مىسىرلىقلارغا:
— قاراڭلار، ئىسرائىللار بىزگە قارىغاندا كۆپىيىپ، كۈچىيىپ
كەتتى! 10 ئەڭ ياخشىسى بىز تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ
كۈچىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالايلى. ناۋادا ئۇرۇش يۈز بېرىپ قالسا،
ئۇلار دۈشمەنلەر بىلەن بىرلىشىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشى ۋە بۇ
يەردىن قېچىپ كېتىشى مۇمكىن، — دېدى.
11 شۇنىڭ بىلەن مىسىرلىقلار ئىسرائىللارنى ئېغىر ئەمگەكلەرگە
سېلىپ، ئۇلارنى ئەزدى ۋە ئەمگەك نازارەتچىلىرىنى تەيىنلىدى.
ئۇلارغا پىتوم ۋە رەمسېس شەھەرلىرىنى سالدۇردى. بۇ شەھەرلەر
پىرئەۋن، يەنى مىسىر پادىشاھىنىڭ ئاشلىقلىرىنى ساقلايدىغان
شەھەرلىرىگە ئايلاندى. 12 لېكىن مىسىرلىقلار ئىسرائىللارنى

قانچە ئەزگەنسېرى، ئۇلار شۇنچە كۆپىيىپ، مىسىرنىڭ باشقا يەرلىرىگىمۇ تارقالدى. شۇ سەۋەبتىن مىسىرلىقلار ئىسرائىللاردىن قورقۇپ، [13] ئۇلارنى تېخىمۇ ئېغىر ئىشلارغا سالدى. [14] مىسىرلىقلار ئۇلارنى لاي ئېتىش، كېسەك قۇيۇش ۋە ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشتەك ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن قاتتىق ئازابلارغا دۇچار قىلدى.

[15] مىسىردا شىفراھ ۋە پۇئاھ ئىسىملىك ئىككى نەپەر ئىبرانىي تۇغۇت ئانىسى بار ئىدى. مىسىر پادىشاھى ئۇلارغا:

[16] ــ سىلەر ئىبرانىي ئاياللىرىنى تۇغدۇرغان ۋاقتىڭلاردا، بوۋاقنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكىگە قاراڭلار. ئەگەر ئوغۇل تۇغۇلسا، بوۋاقنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، قىز تۇغۇلسا، تىرىك قالدۇرۇڭلار، ــ دېدى.

[17] لېكىن بۇ ئىككى تۇغۇت ئانىسى خۇداغا ئىخلاسمەن بولغاچقا، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي، ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرمىدى.

[18] شۇڭا پادىشاھ ئۇلارنى چاقىرتىپ:

ــ سىلەر نېمە ئۈچۈن ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرمىدىڭلار، نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭلار؟ ــ دەپ سورىدى. [19] ئۇلار:

ــ ئىبرانىي ئاياللىرى مىسىر ئاياللىرىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ناھايىتى ساغلام كېلىدۇ. بىز يېتىپ بارغۇچە، ئۇلار ئۆزلىرى تۇغۇپ بولىدىكەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى. [20-21] شۇڭا ئىسرائىللار داۋاملىق كۆپىيىپ، تېخىمۇ كۈچەيدى. تۇغۇت ئانىلىرى خۇداغا ئىخلاسمەن ئاياللار بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنىمۇ بالىچاقىلىق قىلدى. [22] شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن ئۆز خەلقىگە:

ــ ئىسرائىللاردىن تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنىڭ ھەممىسىنى نىل دەرياسىغا تاشلاڭلار، قىز بوۋاقلىرىنىلا تىرىك قالدۇرۇڭلار، ــ دەپ ئەمر قىلدى.

## مۇسانىڭ دۇنياغا كېلىشى

2 [1] لاۋىي قەبىلىسىدىكى بىر كىشى ئۆز قەبىلىسىدىكى بىر قىز بىلەن نىكاھلاندى. [2] ئايالى كېيىنكى ھامىلدارلىقىدا بىر ئوغۇل تۇغدى. ئانا بوۋاقنىڭ ئوماقلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۈچ ئاي

يوشۇرۇن ساقلىدى. [3] ئۇ بالىنى يوشۇرالمىغۇدەك يەرگە كەلگەندە، قومۇشتىن بىر سېۋەت توقۇپ، ئۇنى قارا موم بىلەن سۇۋاپ، سۇ ئۆتمەس قىلدى ۋە بالىنى سېۋەتكە سېلىپ، نىل دەرياسى بويىدىكى قومۇشلۇقتا يوشۇرۇن بېرىپ، سېۋەتنى سۇغا قويۇۋەتتى. [4] بالىنىڭ هەدىسى قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدىكىن دەپ، يىراقتىن سېۋەتنى كۆزىتىپ تۇردى.

[5] پىرئەۋننىڭ قىزى، يەنى مەلىكە دەريا بويىغا سۇغا چۈمۈلگىلى كەلدى. ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى دەريا بويىدا سەيلە قىلىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز مەلىكە قومۇشلۇقتا بىر سېۋەتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن خاس كېنىزىكىنى ئەۋەتتى. [6] مەلىكە سېۋەتتە بىر ئوغۇل بوۋاقنىڭ يىغلاپ ياتقىنىنى كۆردى. مەلىكە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ:

– بۇ چوقۇم بىر ئىبرانىينىڭ بوۋىقى، – دېدى.

[7] بۇ چاغدا بوۋاقنىڭ هەدىسى كېلىپ، مەلىكىگە:

– مەن بېرىپ، ئىبرانىيلاردىن بوۋاقنى ئېمىتىدىغانغا بىر ئىنىكئانا تېپىپ كېلەيمۇ؟ – دەپ سورىدى. [8] مەلىكە:

– ماقۇل، بارغىن، – دېدى. ئۇ بېرىپ، بوۋاقنىڭ ئۆز ئانىسىنى چاقىرىپ كەلدى. [9] مەلىكە بۇ ئايالغا:

– بوۋاقنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېتىپ، مەن ئۈچۈن ئېمىت، ئىش ھەققىڭنى بېرىمەن، – دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى بوۋاقنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ ئېمىتتى. [10] بالا خېلى چوڭ بولغاندا، ئانىسى ئۇنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. مەلىكە ئۇنى ئوغۇل قىلىپ بېقىۋالدى ۋە ئۇنى سۇدىن سۇزۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇسا [ئىبراني تىلىدىكى «سۇزۇۋېلىش» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دېگەن ئىسمىنى قويدى.

## مۇسانىڭ مىديان دۆلىتىگە قېچىپ كېتىشى

[11] مۇسا چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىبراني قېرىنداشلىرى ئىشلەۋاتقان يەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. شۇ ئارىدا ئۇ بىر مىسىرلىقنىڭ بىر ئىبرانىينى، يەنى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن بىرىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،

[12] ئەتراپىغا قارىدى. ئەتراپتا باشقا ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ھېلىقى مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكنى قۇمغا كۆمۈۋەتتى.
[13] ئەتىسى مۇسا يەنە سىرتقا چىقىپ، ئىككى ئىبرانىينىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ يولسىزلىق قىلغان بىرىگە:
- نېمىشقا ئۆز قېرىندىشىڭنى ئۇرىسەن؟ - دېدى. [14] ھېلىقى كىشى:
- كىم سېنى بىزگە باشلىق ياكى سوراقچى قىلىپ تەيىنلىدى!؟ سەن ھېلىقى مىسىرلىقنى ئۆلتۈرگىنىڭدەك ئەمدى مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ - دېدى. مۇسا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ قالدى. ئۇ ئىچىدە «مېنىڭ قىلغان ئىشىمنى باشقىلار بىلىپ قاپتۇ» دەپ ئويلىدى.
[15] پىرئەۋن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، مۇسانى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بىراق مۇسا مىديان ئېلىگە قېچىپ كەتتى.
ئۇ بىر كۈنى بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇراتتى. [16] مىدياندىكى بىر روھانىينىڭ يەتتە قىزى ئۇ يەرگە سۇ ئالغىلى كەلدى. ئۇلار دائىم ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن بۇ قۇدۇققا كېلىپ، سۇ تارتىپ، نورنى تولدۇرۇشاتتى. [17] بۇنداق ۋاقىتلاردا بىرقانچە پادىچى كېلىپ، ئۇلارنى قوغلىۋېتەتتى. بۇ قېتىم مۇسا ئۇلارنى قوغدىدى ۋە ئۇلارغا ياردەملىشىپ سۇ تارتىپ بەردى. [18] ئۇلار ئاتىسى رېئۇئېلنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىدا، ئاتىسى ئۇلاردىن:
- بۈگۈن ئەجەب بۇرۇنلا قايتىپ كەپسىلەرغۇ؟ - دەپ سورىدى.
[19] ئۇلار:
- بىر مىسىرلىق بىزنى پادىچىلارنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قۇتۇلدۇردى، ھەتتا سۇ تارتىپ قويلىرىمىزنى سۇغىرىپ بەردى، - دەپ جاۋاب بېرىشتى.
[20] ئاتىسى قىزلىرىغا:
- ئۇ قەيەردە قالدى؟ ئۇنى سىرتقا تاشلاپ كەلگىنىڭلار نېمىسى؟ ئۇنى بىز بىلەن بىرگە تاماق يېيىشكە چاقىرىپ كېلىڭلار، - دېدى.
[21] مۇسا رېئۇئېلنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالدى. رېئۇئېل قىزى زىپپورانى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا

بەردى. [22] زىپپورا بىر ئوغۇل تۇغدى. مۇسا «مەن ياقا يۇرتلۇق مۇساپىر ئىدىم» دەپ، بالىغا گېرشوم [ئىبرانىي تىلىدىكى «مۇساپىر» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دېگەن ئىسىمنى قويدى.
[23] ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، مىسىر پادىشاھىمۇ ئۆلدى. لېكىن ئىسرائىللار يەنىلا ئېغىر ئەمگەكلەر بىلەن قاتتىق ئازاب چېكىۋاتاتتى. ئۇلار خۇدادىن ياردەم تىلەپ، نالە-پەرياد كۆتۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ نالە-پەريادى خۇداغا يەتتى. [24] خۇدا ئۇلارنىڭ نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنى ئېسىگە ئالدى.
[25] خۇدا ئىسرائىللارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئىنتايىن ئىچ ئاغرىتتى.

## خۇدانىڭ مۇسانى چاقىرىشى

3 [1] مۇسا مىديان روھانىيسى، يەنى قېيىنئاتىسى يېتروننىڭ (يەنە بىر ئىسمى رېئۇئېل) قويىنى باقاتتى. ئۇ بىر كۈنى پادىسىنى ھەيدەپ چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ، خۇدانىڭ تېغى، يەنى سىناي تېغىغا① كەلدى. [2] ئۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى② تۇيۇقسىز چاتقاللىقتىكى يالقۇنجاپ يېنىۋاتقان ئوت ئىچىدىن ئۇنىڭغا كۆرۈندى. ئۇ كۆردىكى، چاتقاللىقتا ئوت كۆيۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما چاتقاللىق كۆيمەيۋاتاتتى. [3] ئۇ «بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ، چاتقاللىق نېمىشقا كۆيۈپ كەتمەيدىغاندۇ؟ يېنىغا بېرىپ قاراپ باقايچۇ!» دەپ ئويلىدى.
[4] مۇسانىڭ يېقىنلاپ كەلگىنىنى كۆرگەن پەرۋەردىگار چاتقاللىقنىڭ ئىچىدىن:
– مۇسا، مۇسا! – دەپ چاقىردى.
– مانا مەن! – دەپ جاۋاب بەردى مۇسا. [5] خۇدا ئۇنىڭغا:
– يېقىن كەلمە، چورۇقۇڭنى سال، چۈنكى سەن دەسسەپ تۇرغان بۇ يەر مۇقەددەس يەردۇر. [6] مەن سېنىڭ ئاتاڭنىڭ خۇداسىدۇرمەن،

---

① 3: 1 سىناي تېغى – خورېب دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
② 3: 2 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى – بۇ خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنداقلا ئەجدادلىرىڭ بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدادۇرمەن، ــ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان مۇسا خۇداغا قاراشقا پېتىنالماي، يۈزىنى ئېتىۋالدى.

[7] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ــ مەن خەلقىم ئىسرائىللارنىڭ مىسىردا خارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەمگەك نازارەتچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن قىلغان نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ ئازاب تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. [8] شۇڭا مەن ئۇلارنى مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان بىپايان مۇنبەت زېمىنغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن چۈشتۈم. ئۇ يەر كەنئانلار، خىتلار، ئامورلار، پەرىززىلەر، خىۋلار ۋە يەبۇسلارنىڭ ماكانىدۇر. [9] خەلقىمنىڭ قىلغان نالە-پەريادى قۇلىقىمغا ئاڭلانماقتا. مىسىرلىقلارنىڭ ئۇلارنى قانداق ئەزگەنلىكىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرماقتا. [10] شۇڭا سېنى پىرئەۋننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىمەن. سەن بېرىپ، مېنىڭ خەلقىم بولغان ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىق. [11] لېكىن مۇسا خۇداغا:

ــ مەن پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقالايدىغان قانچىلىك چوڭ ئادەم ئىدىم؟ ــ دېدى.

[12] خۇدا ئۇنىڭغا:

ــ مەن ساڭا يار بولىمەن. سەن ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، سىلەر بۇ تاغقا كېلىپ ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار. مانا بۇ مېنىڭ سېنى ئەۋەتكەنلىكىمنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ، ــ دېدى.

[13] ــ مەن بېرىپ، ئىسرائىللارغا: «مېنى بۇ يەرگە سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ئەۋەتتى» دېسەم، ئۇلار ماڭا ئىشەنمەي: «كىم ئۇ؟» دەپ سورىسا، مەن نېمە دەيمەن؟ ــ دېدى مۇسا. [14] خۇدا مۇنداق دېدى:

ــ مەن «مەڭگۈ بار بولغۇچى»دۇرمەن. سەن بېرىپ، ئۇلارغا: «مېنى ‹مەڭگۈ بار بولغۇچى› ئەۋەتتى» دېگىن. [15] خۇدا مۇساغا يەنە:

ــ ئىسرائىللارغا: «مېنى ‹ياھۋەھ›، يەنى ئەجدادلىرىڭلار ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ئەۋەتتى»

دېگىن. ياھۋەھ مېنىڭ مەڭگۈلۈك نامىمدۇر، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىمەن. [16] سەن بېرىپ ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا: «ياھۋەھ، يەنى ئەجدادلىرىمىز بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ماڭا كۆرۈندى» دېگىن ۋە ئۇلارغا بۇ سۆزۈمنى يەتكۈزگىن: «مەن مىسىرلىقلارنىڭ سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. [17] مەن سىلەرنى ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ۋەدە قىلدىم. مەن سىلەرنى سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىنغا، يەنى كەنئانلار، خىتلار، ئامورلار، پەرىززىلەر، خىۋلار ۋە يېبۇسلارنىڭ ماكانىغا ئېلىپ بارىمەن».

[18] – ئاقساقاللار سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن كېيىن سىلەر بىرلىكتە مىسىر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ھەممىڭلار: «پەرۋەردىگار، يەنى ئىبرانىيلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا بىزگە ئايان بولدى. ئەمدى بىزنىڭ ئۈچ كۈنلۈك يولنى بېسىپ، چۆل-باياۋانغا بېرىپ، پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا قۇربانلىق قىلىشىمىزغا ئىجازەت بەرگەيسىز» دەڭلار. [19] ماڭا مەلۇمكى، مىسىر پادىشاھىنى قۇدرەتلىك قولۇم بىلەن مەجبۇر قىلمىغۇچە، ئۇ سىلەرگە ئىجازەت بەرمەيدۇ. [20] شۇڭا مەن مىسىرلىقلارغا ئۆز قولۇم بىلەن ھەر خىل كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى جازالايمەن. شۇنىڭ بىلەن مىسىر پادىشاھى سىلەرنى مىسىردىن كېتىشىڭلارغا يول قويىدۇ.

[21] سىلەر مىسىردىن چىقىدىغان ۋاقتىڭلاردا، مەن مىسىرلىقلارنى سىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىمەن، شۇڭا سىلەر مىسىردىن قۇرۇق قول چىقمايسىلەر. [22] ئىسرائىل ئاياللىرى مىسىردىن چىقىدىغاندا، مىسىرلىق قوشنىلىرى ۋە قوشنىلىرىنىڭ مېھمانلىرىدىن ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ-زىننەتلەر ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار بۇ نەرسىلەر بىلەن باللىرىنى ياساندۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ سىلەر مىسىرلىقلارنىڭ بايلىقلىرىنى تارتىۋالغان بولىسىلەر، – دېدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئالاھىدە ئىقتىدار ئاتا قىلىشى

4 [1] ئىبراق مۇسا پەرۋەردىگارغا:

ـ ئىسرائىللار ماڭا ئىشەنمىسە، سۆزۈمگە قۇلاق سالمىسا ۋە ماڭا: «پەرۋەردىگار ساڭا ئەسلا كۆرۈنمىدى» دېسە، قانداق قىلىمەن، ـ دېدى. [2] پەرۋەردىگار ئۇنىڭدىن:

ـ قولۇڭدىكى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ تاياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى مۇسا. [3] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:

ـ تاياقنى يەرگە تاشلا، ـ دەپ بۇيرۇدى. مۇسا ئۇنى يەرگە تاشلىۋىدى، ئۇ يىلانغا ئايلاندى. مۇسا يىلاندىن قاچتى. [4] پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە:

ـ يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى تۇت، ـ دەپ بۇيرۇدى. مۇسا يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋىدى، يىلان يەنە تاياققا ئايلىنىپ قالدى.

[5] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:

ـ مانا بۇ مۆجىزە ئىسرائىللارنى پەرۋەردىگارنىڭ، يەنى ئۇلارنىڭ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپ قاتارلىق ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ ساڭا كۆرۈنگەنلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ، ـ دېدى.

[6] پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە:

ـ ئەمدى قولۇڭنى قوينۇڭغا سېلىپ چىقار، ـ دېدى. مۇسا قولىنى قوينىغا سېلىپ چىقارغاندى، قولىنى تېرە كېسىلى قاپلاپ، قاردەك ئاپئاق بولۇپ كەتكەنىدى. [7] ئاندىن پەرۋەردىگار:

ـ قولۇڭنى يەنە قوينۇڭغا سېلىپ چىقار، ـ دېدى. مۇسا قولىنى قوينىغا سېلىپ چىقاردى، بۇ قېتىم قولى ئەسلىگە كېلىپ، بەدىنىنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش ھالەتكە كەلگەنىدى. [8] پەرۋەردىگار سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ـ ئەگەر ئۇلار ساڭا ئىشەنمىسە ياكى دەسلەپكى مۆجىزىدىن كېيىن يەنىلا قايىل بولمىسا، كېيىنكى مۆجىزە بەلكىم ئۇلارنى قايىل قىلىدۇ. [9] ئەگەر بۇ ئىككى مۆجىزىمۇ ئۇلارنى قايىل قىلالمىسا ۋە سۆزۈڭگە ئىشەندۈرەلمىسە، ئۇ چاغدا سەن نىل دەرياسىنىڭ سۈيىدىن بىرئاز ئېلىپ، قۇرۇق يەرگە تۆك، سۇ شۇ ئان قانغا ئايلىنىدۇ، ـ دېدى. [10] لېكىن مۇسا:

- ئى ئىگەم، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇما، مەن ئەزەلدىنلا سۆزمەن ئادەم ئەمەسمەن. مەن سەن بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا شۇنداقمەن، مەن مانا مۇشۇنداق تىلى ئېغىر ئادەممەن، - دېدى. [11] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:

- ئادەمگە سۆزلەش قابىلىيىتىنى بەرگەن كىم؟ ئۇنى سۆزلىيەلەيدىغان ياكى سۆزلىيەلمەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان ياكى ئاڭلىيالمايدىغان، كۆرەلەيدىغان ياكى كۆرەلمەيدىغان قىلغان مەن پەرۋەردىگار ئەمەسمۇ؟ [12] سەن بېرىۋەر، مەن سېنى سۆزمەن قىلىمەن، ساڭا نېمە دېيىشنى ئۆگىتىمەن، - دېدى. [13] لېكىن مۇسا جاۋابەن:

- ئى ئىگەم، مەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۆزۈڭ ئىختىيار قىلغان باشقا بىرسىنى ئەۋەتكىن، - دېدى. [14] بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پەرۋەردىگار مۇساغا غەزەپلىنىپ:

- سېنىڭ لاۋىي قەبىلىسىدىن بولغان هارۇن ئىسىملىك بىر ئاكاڭ بارغۇ، ئۇنىڭ ناتىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئۇ سېنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئاللىقاچان يولغا چىقتى. ئۇ سېنى كۆرسە خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. [15] سەن دېمەكچى بولغانلىرىڭنى ئۇنىڭغا ئېيت. سېنى ۋە ئۇنى سۆزمەن قىلىمەن ۋە ھەر ئىككىڭلارغا نېمە قىلىشىڭلار كېرەكلىكىنى ئۆگىتىمەن. [16] ئۇ سېنىڭ ئاغزىڭ بولۇپ، ساڭا ۋاكالىتەن خەلققە سۆز قىلىدۇ. سەن خۇددى ماڭا ئوخشاش، ئۇنىڭغا نېمە دەيدىغانلىقىنى ئۆگىتىسەن. [17] بۇ تاياقنى ئېلىۋال. چۈنكى سەن بۇنىڭ بىلەن مۆجىزە كۆرسىتىسەن، - دېدى.

## مۇسانىڭ مىسىرغا قايتىشى

[18] شۇنىڭ بىلەن مۇسا قېيىنئاتىسى يېترونىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

- مېنىڭ مىسىرغا قايتىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلىپ كېلىشىمگە ئىجازەت بەرگەيسىز، - دېدى. يېترو ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ئاق يول تىلىدى.

[19] مۇسا تېخى مىدياندىكى ۋاقتىدا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:

- سەن مىسىرغا قايتىپ كەت! چۈنكى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەم ئۆلدى، - دېگەنىدى. [20] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئايالى

ۋە بالىلىرىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ خۇدا ئېلىشۋېلىشنى بۇيرۇغان تاياقنى قولىغا ئېلىۋالدى.
[21] پەرۋەردىگار مۇساغا ئىسكە سېلىپ يەنە مۇنداق دېدى:
- مىسىرغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، پىرئەۋننىڭ ئالدىدا مەن سېنى كۆرسىتىشكە قادىر قىلغان ھەر خىل مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكىن. لېكىن مەن ئۇنى جاھىللاشتۇرىمەن، ئۇ خەلقىمنى قويۇپ بەرمەيدۇ. [22] ئۇ چاغدا سەن پىرئەۋنگە: «پەرۋەردىگار: ‹ئىسرائىل خەلقى مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇمدۇر. [23] ئوغلۇمنى ماڭا ئىبادەت قىلىشقا ئېرىشتىن توسما. رەت قىلىدىغان بولساڭ، سېنىڭ تۇنجى ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرىمەن› دەيدۇ» دېگىن.
[24] مىسىر يولىدىكى بىر قونالغۇدا پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولدى. [25] شۇڭا مۇسانىڭ ئايالى زىپپورا قىرلىق بىر تاشنى قولىغا ئېلىپ، ئوغلىنىڭ خەتنىسىنى قىلىپ، خەتنىلىكىنى مۇسانىڭ پۇتلىرىغا تەگكۈزدى ۋە مۇنداق دېدى:
- سەن ھەقىقەتەن خەتنىلىك قان ئارقىلىق قۇتۇلدۇرۇلغان ئېرىمسەن. [26] (زىپپورا ئوغلىنى خەتنە قىلىپ، مۇسانى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «خەتنىنىڭ قېنى ئارقىلىق قۇتۇلدۇرۇلغان ئېرىم» دېدى.) شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار مۇسانى ئامان قالدۇردى.
[27] شۇ ۋاقىتلاردا پەرۋەردىگار ھارۇنغا:
- سەن چۆل-باياۋانغا بېرىپ، مۇسانى كۈتۈۋال، - دېگەنىدى. ھارۇن يول يۈرۈپ خۇدانىڭ تېغىغا يەتكەندە، مۇسا بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنى سۆيدى. [28] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىگە ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىنى ۋە مىسىردا ئۆزى كۆرسىتىشكە بۇيرۇلغان بارلىق مۆجىزىلەرنى ھارۇنغا سۆزلەپ بەردى.
[29] شۇنداق قىلىپ، مۇسا بىلەن ھارۇن مىسىرغا بېرىپ، ئىسرائىل ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغدى. [30] ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى ھەم مۇسا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتى. [31] ئاقساقاللار ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندى. ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ۋە زۇلۇم ئىچىدىكى ھاياتىغا نەزەر سالغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان، باشلىرىنى ئېگىپ خۇداغا سەجدە قىلىشتى.

## مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پىرئەۋن بىلەن كۆرۈشۈشى

5 [1] شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا بىلەن ھارۇن پىرئەۋن بىلەن كۆرۈشۈپ:
– پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن
خۇدا: «خەلقىمنىڭ مەن ئۈچۈن ھېيت ئۆتكۈزگىلى چۆل-باياۋانغا
بېرىشىغا يول قوي» دەيدۇ، – دېدى.
[2] پىرئەۋن ئۇلارغا:
– مېنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ، ئىسرائىل خەلقىنى قويۇپ
بەرگۈزگۈدەك قانداق پەرۋەردىگار ئىكەن ئۇ؟ مەن پەرۋەردىگارنى
تونۇمايمەن. ئىسرائىللارنىمۇ قويۇپ بەرمەيمەن، – دېدى. [3] مۇسا
بىلەن ھارۇن:
– ئىبرانىيلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا بىزگە ئايان بولدى.
ئەمدى بىزنىڭ ئۈچ كۈنلۈك يول يۈرۈپ، چۆل-باياۋانغا بېرىپ،
پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا قۇربانلىق قىلىشىمىزغا ئىجازەت بەرسىڭىز.
بولمىسا، ئۇ بىزنى ۋابا ۋە ئۇرۇش بىلەن ھالاك قىلىشى مۇمكىن،
– دېدى. [4] مىسىر پادىشاھى مۇسا ۋە ھارۇنغا:
– بۇ نېمە دېگىنىڭلار! خەلقنىڭ ئىشىغا دەخلى قىلماقچىمۇسىلەر؟
بېرىپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار! [5] سىلەر بۇ يەردىكى ئىسرائىللارنىڭ
سانىنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماستىن، ئۇلارنى ئىشتىن توختاتماقچى
بولۇۋاتامسىلەر؟ – دېدى.
[6] پىرئەۋن شۇ كۈنى مىسىرلىق ئەمگەك نازارەتچىلىرى بىلەن
ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئىسرائىل ئىش باشلىرىغا بۇيرۇق
چۈشۈرۈپ:
[7] – بۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىللارنىڭ كېسەك قۇيۇشى ئۈچۈن
بۇرۇنقىدەك سامان يىغىپ بەرمەڭلار! سامانىنى ئۆزلىرى يىغسۇن.
[8] لېكىن ئۇلار كېسەك سانىنى بۇرۇنقىدەكلا ئورۇندىسۇن. بۇ سانىنى
كېمەيتىشىڭلارغا قەتئىي بولمايدۇ. ئۇلار ھورۇن، ئۇلارنىڭ:
«خۇدايىمىز ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغىلى بېرىشىمىزغا ئىجازەت
بەرگەيسىز» دېيىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇ! [9] ئۇلارنى تېخىمۇ
ئېغىر ئىشلارغا سېلىڭلار. بۇنداق قىلساڭلار، ئۇلار تىنىم تاپماستىن

ئىشلەپ، يالغان گەپلەرگە قۇلاق سېلىشقا ۋاقىتمۇ چىقىرالمايدۇ، - دېدى.

[10] مىسىرلىق ئەمگەك نازارەتچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئىسرائىل ئىش باشلىرى بېرىپ، ئىسرائىللارغا:

- پىرئەۋن بىزگە: «بۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىللارغا سامان بەرمەڭلار، [11] قەيەردە سامان بولسا، شۇ يەردىن ئۆزلىرى ئەكەلسۇن. بىراق كېسەكنىڭ سانىنى قەتئىي كېمەيتمەڭلار» دەيدۇ، - دېدى.

[12] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار مىسىرنىڭ ھەممە جايلىرىغا بېرىپ، ئېگىزدىن سامان توپلايدىغان بولدى. [13] ئەمگەك نازارەتچىلىرى ھەر كۈنى ئۇلارنى: «سىلەرگە سامان بېرىلگەن بۇرۇنقى ۋاقىتتىكىدەكلا كۆپ كېسەك قۇيىسىلەر» دەپ قىستىدى.

[14] پىرئەۋننىڭ ئەمگەك نازارەتچىلىرى ئۆزلىرى تەيىنلىگەن ئىسرائىل ئىش باشلىرىنى قامچىلاپ، ئۇلارنى:

- نېمىشقا تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن قۇللارغا بۇرۇنقىدەك ساندا كېسەك قۇيدۇرمىدىڭلار؟ - دەپ سوراق قىلىدىغان بولدى.

[15] شۇڭا ئىسرائىل ئىش باشلىرى پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

- ئالىيلىرى، قۇللىرىغا نېمىشقا مۇنداق مۇئامىلە قىلىدىلا؟ [16] قۇللىرىغا سامان يەتكۈزۈپ بېرىلمەيۋاتىدۇ، لېكىن بىز يەنىلا بۇرۇنقى ساندا كېسەك قۇيۇشقا بۇيرۇلۇۋاتىمىز. ھازىر قۇللىرى تاياق يەۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلار سىلەر مىسىرلىقلارنىڭ خاتالىقى، - دەپ نالە قىلىشتى. [17] پىرئەۋن ئۇلارغا:

- ھەرقايسىڭ ھورۇن، ھورۇن نېمىلەرسەن! «پەرۋەردىگارىمىز ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىپ كېلىشكە ئىجازەت بەرگەيلا» دېيىشكەنلىرىڭنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. [18] دەرھال قايتىپ بېرىپ ئىشىڭنى قىلىش! ھەرقايسىڭغا بېرىلىدىغان سامان يوق. كېسەكنى يەنىلا بۇرۇنقى ساندا تاپشۇرۇشسەن، - دېدى.

[19] كېسەك سانىنىڭ كېمەيتىلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىسرائىل ئىش باشلىرى بېشىغا چوڭ بالا-قازانىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىشتى. [20] ئۇلار پىرئەۋننىڭ يېنىدىن چىقىپ، تاشقىرىدا ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مۇسا بىلەن ھارۇنغا:

[21] ـ سىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭلارغا پەرۋەردىگار گۇۋاھ بولسۇن. پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ ئەدىبىڭلارنى بەرسۇن. سىلەر پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىدا نامىمىزنى سېسىتتىڭلار. ئۇلارنىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈشكە باھانە تېپىپ بەردىڭلار، ـ دېدى.

## خۇدانىڭ ئىسرائىللارنى ئازاد قىلىشقا ۋەدە قىلىشى

[22] شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
ـ ئى ئىگەم، ئۆز خەلقىڭنى نېمىشقا بۇنداق خورلايسەن؟ مېنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئەۋەتتىڭ؟ [23] مەن پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ سېنىڭ سۆزلىرىڭنى يەتكۈزگەندىن بېرى، ئۇ خەلقىڭگە تېخىمۇ زۇلۇم سالىدىغان بولدى. ئەمما سەن ئۇلارنى قەتئىي قۇتقۇزمىدىڭ! ـ دېدى.

6 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا:
ـ ئەمدى سەن مېنىڭ پىرئەۋنگە قىلىدىغانلىرىمنى كۆرىسەن. ئۇ مېنىڭ قولۇمنىڭ قۇدرىتى كۆرۈپ، ئىسرائىللارنى قويۇپ بېرىدۇ، ھەتتا زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، ـ دېدى. [2] خۇدا مۇساغا يەنە مۇنداق دېدى:
ـ مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن. [3] مەن بۇرۇن ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارغا ھەممىگە قادىر خۇدا بولۇپ زاھىر بولدۇم. لېكىن مەن ئۆزۈمنى ئۇلارغا «ياھۋەھ» دېگەن نامىم بىلەن ئاشكارىلىمىدىم. [4] ئەمما مەن ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزۈپ، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان كەنئان زېمىنىنى ئۇلارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدىم. [5] ھازىر مەن ئىسرائىللارنىڭ مىسىرلىقلار تەرىپىدىن زۇلۇمغا ئۇچراپ، داد-پەرياد قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئەھدەمنى ئېسىمگە ئالدىم. [6] شۇڭا سەن بېرىپ، ئىسرائىللارغا سۆزلىرىمنى يەتكۈز: «مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن، سىلەرنى مىسىرلىقلارنىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرىدىن ئازاد قىلىمەن، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرىمەن. مەن ھەممىگە قادىر قولۇم بىلەن سىلەرنى قۇتقۇزىمەن، مىسىرلىقلارنى قاتتىق جازالايمەن. [7] سىلەرنى ئۆز خەلقىم قىلىمەن ۋە مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن. مىسىرلىقلارنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلغان ۋاقتىڭلاردا، بۇ ئىشنى مېنىڭ، يەنى پەرۋەردىگارىڭلار

بولغان خۇدانىڭ قىلغانلىقىنى بىلىسىلەر. [8] مەن سىلەرنى ئەجدادلىرىڭلار بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىنغا ئېلىپ بارىمەن ۋە ئۇ يەرنى سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىمەن، مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.»

[9] مۇسا بۇ سۆزلەرنى ئىسرائىللارغا يەتكۈزدى، لېكىن ئېغىر قۇللۇق ئازابىدىن روھسىزلانغان ئىسرائىللار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. [10] پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە:

[11] — سەن پىرئەۋننىڭ، يەنى پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشىگە يول قويۇشنى ئېيتقىن، — دېدى. [12] مۇسا پەرۋەردىگارغا:

— سۆزۈمگە ئىسرائىللار قۇلاق سالمىغان يەردە پىرئەۋن قانداقمۇ قۇلاق سالسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن تىلى ئېغىر بىر ئادەم تۇرسام! — دەپ جاۋاب قايتۇردى.

[13] لېكىن پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا:

— سىلەر ئىسرائىللارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا: «خۇدا بىزنىڭ ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىشىمىز ئۈچۈن پىرئەۋنگە ئەمر قىلدى» دەڭلار — دېدى.

## مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ ئەجدادلىرى

[14] تۆۋەندىكىلەر ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىكى بىر قىسىم جەمەتلەرنىڭ باشلىقلىرىدۇر. ياقۇپنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبېننىڭ خانوك، پاللۇ، خەزرون ۋە كارمى قاتارلىق تۆت ئوغلى بولۇپ، ئۇلار ئۆز جەمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى.

[15] شىموننىڭ يەمۇئېل، يامىن، ئوھاد، ياكىن، زوخار ۋە كەنئانلىق ئايالىدىن بولغان شائۇل قاتارلىق ئوغۇللىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆز جەمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى.

[16] لاۋىينىڭ گېرشون، قوھات ۋە مىرارى ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇلار ئۆز جەمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى. لاۋىي 137 يىل ئۆمۈر كۆردى. [17] گېرشوننىڭ لىبنى ۋە شىمئى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئۇلار ئۆز جەمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى.

[18] قوھاتنىڭ ئامرام، يىزھار، ھېبرون ۋە ئۇززىئېل قاتارلىق تۆت

ئوغلى بولۇپ، ئۇ 133 يىل ئۆمۈر كۆردى. [19] مەرارىنىڭ ماخلى ۋە مۇشى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىدى.

يۇقىرىقىلار لاۋىي قەبىلىسىدىكى جەمەتلەرنىڭ باشلىقلىرىدۇر.

[20] قوھاتنىڭ ئوغلى ئامرام ئۆز ھاممىسى يوكەبەدنى ئەمرىگە ئالغانىدى. ئۇ ھارۇن بىلەن مۇسانى تۇغدى. ئامرام 137 يىل ئۆمۈر كۆردى. [21] يىزھارنىڭ كوراھ، نەفەگ ۋە زىكرى ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. [22] ئۇززىئېلنىڭ مىشائېل، ئەلزافان ۋە سىترى ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى.

[23] ھارۇن ناخشوننىڭ سىڭلىسى، ئاممىنادابنىڭ قىزى ئەلىشەبانى ئەمرىگە ئالدى. ئەلىشەبا ھارۇنغا ناداب، ئابىھۇ، ئەلئازار ۋە ئىتامار ئىسىملىك تۆت ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. [24] كوراھتىن ئاسسىر، ئەلقانا، ئەبىئاساف ئىسىملىك ئۈچ ئوغۇل تۆرەلدى. ئۇلار كوراھ جەمەتىدىكى تارماق جەمەتلەرنىڭ باشلىقلىرى بولدى. [25] ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازار پۇتىئېلنىڭ قىزلىرىدىن بىرىنى ئەمرىگە ئالدى. ئۇ پىنىخاسنى تۇغدى.

مانا بۇلار لاۋىي قەبىلىسىدىكى جەمەتلەرنىڭ باشلىقلىرى.

[26] دەل يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ھارۇن بىلەن مۇسا ئىسرائىللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن توپ-توپى بىلەن مىسىردىن ئېلىپ چىققانىدى. [27] پىرئەۋن، يەنى مىسىر پادىشاھىدىن ئىسرائىللارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلارمۇ مانا مۇشۇ مۇسا بىلەن ھارۇن ئىدى.

## ھارۇننىڭ مۇساغا ۋاكالەتەن سۆزلىشى

[28] پەرۋەردىگار مىسىردا مۇسا بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا:
[29] — مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن، ساڭا دېگەن سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى پىرئەۋن، يەنى مىسىر پادىشاھىغا يەتكۈزگىن، — دېگەنىدى. [30] لېكىن مۇسا:
— مەن يا سۆزمەن بولمىسام، پىرئەۋن مېنىڭ سۆزۈمگە قانداقمۇ قۇلاق سالسۇن؟ — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

7 [1] ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېگەندى:
– مەن سېنى پىرئەۋن ئالدىدا خۇددى مەن خۇدادەك قۇدرەتلىك
قىلىمەن. ئاكاڭ ھارۇن سېنىڭ سۆزلىرىڭنى بىر پەيغەمبەر خەلققە
يەتكۈزگەندەك پىرئەۋنگە يەتكۈزىدۇ. [2] مەن ساڭا تاپىلىغان سۆزلەرنىڭ
ھەممىسىنى ھارۇنغا يەتكۈز. ھارۇن پىرئەۋندىن ئىسرائىللارنىڭ
مىسىردىن چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت سورىسۇن. [3] لېكىن مەن
پىرئەۋننى جاھىللاشتۇرىمەن، شۇڭا ئۇ سۆزۈڭلارنى ئاڭلىمايدۇ.
شۇنىڭ بىلەن مەن مىسىردا مۆجىزە ۋە كارامەتلىرىمنى كۆپلەپ
كۆرسىتىمەن. [4] شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا سۆزۈڭلارنى ئاڭلىمايدۇ. مەن
يەنە قۇدرىتىمنى كۆرسىتىپ، مىسىرلىقلارغا ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى
چۈشۈرىمەن ۋە ئىسرائىللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى مىسىردىن
توپ-توپى بىلەن ئېلىپ چىقىمەن. [5] مەن قۇدرىتىمنى كۆرسىتىپ،
ئۇلارنى جازالاپ، ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان ۋاقتىمدا،
ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.
[6] پەرۋەردىگار ئۇلارغا نېمە ئەمر قىلغان بولسا، مۇسا بىلەن ھارۇن
دەل شۇنى قىلدى. [7] ئۇلار پىرئەۋن بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقىتتا، مۇسا
80 ياشتا، ھارۇن 83 ياشتا ئىدى.

## ھارۇننىڭ تايىقى

[8] پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا:
[9] – پىرئەۋن سىلەرگە: «ئۆزۈڭلارنىڭ خۇدا تەرىپىدىن
ئەۋەتىلگەنلىكىڭلارنى بىر مۆجىزە ئارقىلىق ئىسپاتلاڭلار» دەيدۇ.
ئەي مۇسا، ئۇ چاغدا سەن ھارۇنغا: «تايىقىڭنى پىرئەۋننىڭ ئالدىغا
تاشلا» دېگىن. تاياق يىلانغا ئايلىنىدۇ، – دېدى.
[10] مۇسا بىلەن ھارۇن پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ
ئەمرى بويىچە ئىش كۆردى. ھارۇن تايىقىنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ
ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا تاشلىۋىدى، تاياق يىلانغا ئايلاندى.
[11] پىرئەۋن دەرھال ئۆزىنىڭ دانىشمەنلىرى ۋە سېھىرگەرلىرىنى
يىغدى. ئۇلار سېھىر ئىشلىتىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنى قىلدى.
[12] ئۇلارنىڭ ھەربىرى قولىدىكى تاياقنى يەرگە تاشلىۋىدى، ئۇلارمۇ
يىلانغا ئايلاندى. لېكىن ھارۇننىڭ يىلىنى ئۇلارنىڭ يىلانلىرىنى

يۈتۈۋەتتى. [13] ئەمما پىرئەۋن دەل پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىدەك جاھىللىق قىلىپ، مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى.

## قان ئاپىتى

[14] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

- پىرئەۋن تولىمۇ جاھىلدۇر. ئۇ ئىسرائىل خەلقىنى قويۇپ بېرىشنى خالىمايدۇ. [15] ئەتە ئەتىگەندە ئۇ نىل دەرياسىغا بارىدۇ. سەن دەريا بويىدا كۈتۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈش. يىلانغا ئايلانغان ھېلىقى تايىقىڭنى قولۇڭغا ئېلىۋال. [16] سەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: «پەرۋەردىگار، يەنى ئىبرانىيلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا مېنى سىزگە: ‹ئۆز خەلقىمنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن چۆل-باياۋانغا بېرىشىغا يول قويۇڭ› دەپ ئېيتىشىمنى بۇيرۇدى. سىز باشتىن-ئاخىر سۆزۈمگە قۇلاق سالماي كەلدىڭىز. [17] شۇڭا پەرۋەردىگار: ‹سەن ئەمدى مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىمدىن مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن› دەيدۇ. قاراڭ، مەن قولۇمدىكى تاياقنى نىل دەرياسىدىكى سۇغا ئۇرسام، سۇ قانغا ئايلىنىدۇ، [18] بېلىقلار تامامەن ئۆلىدۇ، نىل دەرياسى سېسىپ كېتىدۇ. مىسىرلىقلار دەريا سۈيىدىن سەسكىنىپ، ئۇنى ئىچەلمەيدۇ.» - دېدى. [19] پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە:

- سەن ھارۇنغا: «تايىقىڭنى ئال، قولۇڭنى مىسىردىكى ھەرقايسى دەريا، ئۆستەڭ، سازلىق ۋە كۆللەرگە قارىتىپ ئۇزات. بۇ چاغدا مىسىرنىڭ ھەممە يېرىدىكى سۇلار، ھەتتا ئىدىش ۋە تاش كۈپلەردىكى سۇلارمۇ قانغا ئايلىنىدۇ» دېگىن، - دېدى.

[20] مۇسا بىلەن ھارۇن پەرۋەردىگار تاپىلىغان ئىشلارنى بەجا كەلتۈردى. ئۇ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىدا تايىقىنى كۆتۈرۈپ، نىل دەرياسىنىڭ سۈيىگە ئۇرۇۋىدى، دەريا سۈيى شۇ ئان قانغا ئايلاندى. [21] نىل دەرياسىدىكى بېلىقلار ئۆلدى. دەريا سۈيى سېسىق پۇراپ، مىسىرلىقلار بۇ سۇنى ئىچەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. مىسىرنىڭ ھەممە يېرىنى قان قاپلىدى.

[22] بىراق پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرىمۇ سېھرى ئارقىلىق ئوخشاش ئىشنى قىلدى. نەتىجىدە، دەل پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىدەك،

پىرئەۋن جاھىللىق قىلىپ، مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ سۆزىنى رەت
قىلدى [23] ۋە بۇرۇلۇپلا ئوردىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشقا قىلچە
ئەھمىيەت بەرمىدى. [24] مىسىرلىقلار نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى
ئىچەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئىچىدىغان سۇ ئىزدەپ، دەريا
ئەتراپلىرىنى كولىدى.
[25] پەرۋەردىگار نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى قانغا ئايلاندۇرۇپ،
ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى.

## پاقا ئاپىتى

8 [1] ئۇنىڭدىن كېيىن پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
— سەن يەنە پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:
«پەرۋەردىگارىمىز: ‹ئۆز خەلقىمنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن
چۆل-باياۋانغا بېرىشىغا يول قوي. [2] ئەگەر يەنە رەت قىلساڭ، ساڭا
ئېيتىپ قويايكى، پۈتۈن زېمىنىڭغا پاقا ئاپىتى بىلەن زەربە بېرىمەن.
[3] نىل دەرياسى پاقىغا تولۇپ كېتىدۇ. پاقىلار دەريادىن چىقىپ ئورداڭغا،
ھۇجراڭغا، ھەتتا تۆشەكلىرىڭگە كىرىدۇ. ئەمەلدارلىرىڭنىڭ ۋە
خەلقىڭنىڭ ئۆيلىرىگە، ھەتتا ئوچاقلىرىغا، تەڭنىلىرىنىڭ ئىچىگىمۇ
كىرىدۇ. [4] سېنىڭ ئۈچاڭغا، ئەمەلدارلىرىڭنىڭ ۋە خەلقىڭنىڭ
ئۈچىسىغىمۇ يامىشىدۇ› دەيدۇ» دېگىن. [5] پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە:
— سەن ھارۇنغا: «تاياق تۇتقان قولۇڭنى مىسىردىكى دەريا،
ئۆستەڭ، سازلىق ۋە كۆللەرگە قارىتىپ ئۇزات. مىسىر زېمىنىنى
پاقىلار بىلەن تولدۇرۇۋەت» دەپ ئېيتقىن، — دېدى. [6] شۇنىڭ بىلەن
ھارۇن قولىنى مىسىرنىڭ سۇلىرىغا قارىتىپ ئۇزىتىۋىدى، مىسىر
زېمىنىنى پاقىلار قاپلىدى.
[7] بىراق مىسىردىكى سېھىرگەرلەرمۇ سېھىر ئىشلىتىپ، مىسىر زېمىنىدا
پاقا پەيدا قىلدى.
[8] پىرئەۋن مۇسا بىلەن ھارۇننى چاقىرتىپ، مۇساغا:
— پەرۋەردىگاردىن پاقىلارنى مەندىن ۋە مىسىر خەلقىدىن
يىراقلاشتۇرۇشنى تىلەپ دۇئا قىل. شۇندىلا خەلقىڭنىڭ پەرۋەردىگارىغا
قۇربانلىق قىلىشى ئۈچۈن بېرىشىغا يول قويىمەن، — دېدى.
[9] مۇسا جاۋابەن:

ـ بولىدۇ، سىز بىر ۋاقىت بەلگىلەڭ. مەن سىزگە، ئەمەلدارلىرىڭىز ۋە خەلقىڭىزگە دۇئا قىلاي. شۇ چاغدا پاقىلار سىلەردىن ۋە ئۆيلىرىڭلاردىن يوقىلىدۇ. پەقەت نىل دەرياسىدىكى پاقىلاردىن باشقا پاقىلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ، ـ دېدى.

[10] پىرئەۋن ئۇنىڭغا:

ـ ئەتىلا دۇئا قىل، ـ دېدى. مۇسا:

ـ سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن. شۇندىلا سىز پەرۋەردىگارىمىز خۇدادىن باشقا ھېچقانداق خۇدانىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ قالىسىز. [11] پاقىلار سىزدىن، ئۆردىڭىزدىن، ئەمەلدارلىرىڭىز ۋە خەلقىڭىزدىن ئايرىلىدۇ. پەقەت نىل دەرياسىدىلا پاقا قالىدۇ، ـ دېدى. [12] شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا بىلەن ھارۇن پىرئەۋننىڭ يېنىدىن چىقىشتى. مۇسا پەرۋەردىگاردىن مىسىردىكى پاقىلارنى يوقىتىشنى تىلەپ، دۇئا قىلىپ يالۋۇردى. [13] پەرۋەردىگار مۇسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئۆي، ھويلا ۋە ئېتىزلاردىكى پاقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى. [14] مىسىرلىقلار پاقا ئۆلۈكلىرىنى دۆۋە-دۆۋە قىلىپ توپلىغانىدى، پۈتۈن مىسىر سېسىقچىلىققا تولدى. [15] بىراق پەرۋەردىگار ئالدىن ئېيتقاندەك، پاقىلارنىڭ تامامەن ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن پىرئەۋن جاھىللىق قىلىپ، مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

## پاشا ئاپىتى

[16] پەرۋەردىگار مۇساغا:

ـ سەن ھارۇنغا: «تايىقىڭنى يەرگە ئۇر. چاڭ-توزانلار پاشىلارغا ئايلىنىپ، پۈتۈن مىسىرنى قاپلايدۇ» دېگىن، ـ دېدى. [17] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنىدەك قىلىشتى. ھارۇن تايىقىنى يەرگە ئۇرۇۋىدى، چاڭ-توزانلار پاشىلارغا ئايلىنىپ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىنى قاپلاپ كەتتى. مىسىر زېمىنىدىكى چاڭ-توزانلارنىڭ ھەممىسى پاشىغا ئايلاندى.

[18] سېھىرگەرلەرمۇ ئۆز سېھىرلىرى بىلەن پاشا پەيدا قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمىدى. ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ بەدىنىنى پاشا قاپلاپ كەتتى. [19] سېھىرگەرلەر پىرئەۋنگە:

- بۇ ئىشنى خۇدا قىلدى! - دېيىشتى. بىراق دەل پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىدەك، پىرئەۋن جاھىللىق قىلىپ، مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى.

## چېۋىن ئاپىتى

[20] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
- ئەتە تاڭ سەھەردىلا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، پىرئەۋن دەريا بويىغا چىققاندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگارىمىز: ‹خەلقىمنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بېرىشىغا يول قوي. [21] سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، ئەگەر سەن مېنىڭ خەلقىمنى قويۇپ بەرمەيدىغان بولساڭ، ساڭا، ئەمەلدارلىرىڭ ۋە خەلقىڭگە چېۋىنلار توپىنى ئەۋەتىمەن. ئۆيلىرىڭلار چېۋىنلارغا تولىدۇ ۋە ھەممە يەرنى چېۋىنلار قاپلايدۇ. [22] لېكىن مېنىڭ خەلقىم ئىسرائىللار ياشاۋاتقان گوشەن ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالىنى باشقىچە قىلىمەن. ئۇ يەر چېۋىنلار توپىدىن خالىي بولىدۇ. شۇندىلا سەن مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇ يەردىمۇ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن. [23] مەن ئۆز خەلقىمنى سېنىڭ خەلقىڭدىن پەرقلەندۈرىمەن. بۇ مۆجىزە ئەتە كۆرۈلىدۇ› دەيدۇ» دەپ ئېيتقىن. [24] پەرۋەردىگار دېگىنىنى قىلدى. توپ-توپ چېۋىنلار پىرئەۋننىڭ ئوردىسىغا ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ، پۈتۈن مىسىر زېمىنىنى خاراب قىلىۋەتتى.
[25] پىرئەۋن مۇسا بىلەن ھارۇننى چاقىرتىپ، ئۇلارغا:
- بارساڭلار بېرىڭلار! بىراق خۇدايىڭلارغا قىلىدىغان قۇربانلىقنى مىسىر چېگراسى ئىچىدە قىلىڭلار! - دېدى. [26] لېكىن مۇسا:
- بۇنداق قىلساق توغرا بولمايدۇ، چۈنكى پەرۋەردىگارىمىز ئۈچۈن قىلىدىغان قۇربانلىقلىرىمىز مىسىرلىقلارنى يىرگەندۈرىدۇ. ئەگەر بىز مىسىرلىقلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلارنى يىرگەندۈرىدىغان قۇربانلىقلارنى قىلساق، ئۇلار بىزنى چالما-كېسەك قىلىدۇ! [27] بىز پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ ئەمر قىلغىنىدەك ئۈچ كۈنلۈك يولنى بېسىپ، چۆل-باياۋانغا بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلىشىمىز كېرەك، - دېدى. [28] پىرئەۋن ئۇنىڭغا:

– چۆل-باياۋانغا بېرىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا قۇربانلىق
قىلىشىڭلارغا ئىجازەت بېرەي، لېكىن ئانچە يىراققا كەتمەڭلار.
مەن ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىڭلار، – دېدى.
[29] مۇسا جاۋابەن:
– مەن يېنىڭىزدىن چىقىپلا پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلاي. چىۋىنلار
توپى ئەتىلا سىزدىن، ئەمەلدارلىرىڭىز ۋە پۇقرالىرىڭىزدىن ئايرىلىدۇ.
لېكىن سىز بىزنى ئالداپ، پەرۋەردىگار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا
بېرىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىڭىز كېرەك، – دېدى.
[30] شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا پىرئەۋننىڭ يېنىدىن چىقىپ، پەرۋەردىگارغا
دۇئا قىلدى. [31] پەرۋەردىگار مۇسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ،
چىۋىنلار توپىنى پىرئەۋن، ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالاردىن ئايرىدى.
مىسىردا بىر تال چىۋىنمۇ قالمىدى. [32] لېكىن بۇ قېتىممۇ پىرئەۋن
يەنە جاھىللىق قىلىپ، ئىسرائىل خەلقىنىڭ قۇربانلىق قىلىشقا
بېرىشىغا يول قويمىدى.

## ۋابا

9 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
– سەن پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگار،
يەنى ئىبرانىيلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا: ‹ئۆز خەلقىمنىڭ
ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن چۆل-باياۋانغا بېرىشىغا يول قوي.
[2] ئەگەر سەن ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى رەت قىلىپ يەنىلا تۇتۇپ
تۇرىۋالىدىغان بولساڭ، [3] سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، چارۋا
ماللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى، يەنى ئات، ئېشەك، تۆگە، كالا، قوي ۋە
ئۆچكىلىرىڭنى ۋاباغا دۇچار قىلىمەن. [4] بىراق ئىسرائىللارنىڭ چارۋا
ماللىرىنى مىسىرلىقلارنىڭكىدىن پەرقلەندۈرىمەن. ئىسرائىللارنىڭ
ماللىرىدىن بىرىمۇ ئۆلمەيدۇ› دەيدۇ» دېگىن. [5] پەرۋەردىگار ۋاقىت
بەلگىلەپ:
– مەن بۇ ئىشنى ئەتىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قارار قىلدىم، – دېدى.
[6] ئەتىسى پەرۋەردىگار ئېيتقىنىنى قىلدى. مىسىرلىقلارنىڭ چارۋا
ماللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋاباغا دۇچار بولۇپ ئۆلۈشكە
باشلىدى. لېكىن ئىسرائىللارنىڭ چارۋا ماللىرىنىڭ بىرىمۇ زىيانغا

ئۇچرىمىدى. [7] پىرئەۋن ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرتۈپ، ئىسرائىللارنىڭ ماللىرىدىن بىرىنىڭمۇ ئۆلمىگەنلىكىنى ئۇقتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا جاھىللىق قىلىپ، ئىسرائىللارنىڭ كېتىشىگە يول قويمىدى.

## چاقا ئاپىتى

[8] كېيىن پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا:

- ئوچاقتىن بىرقانچە چاڭگال كۈل ئېلىۋېلىڭلار. مۇسا ئۇنى پىرئەۋننىڭ ئالدىدا ھاۋاغا چاچسۇن. [9] بۇ كۈل چاڭ-توزان بولۇپ، مىسىرنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدەنلىرىنى يىرىڭلىق چاقا قاپلاپ كېتىدۇ، - دېدى.

[10] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوللىرىغا ئوچاقتىن كۈل ئېلىپ، پىرئەۋننىڭ ئالدىغا باردى. مۇسا كۈلنى ھاۋاغا چاچتى. نەتىجىدە، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدەنلىرىنى يىرىڭلىق چاقا قاپلاپ كەتتى. [11] ھەتتا سېھىرگەرلەرمۇ مۇساغا تاقابىل تۇرالمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەدىنىنىمۇ باشقا مىسىرلىقلارنىڭكىگە ئوخشاش يىرىڭلىق چاقا قاپلاپ كەتكەنىدى. [12] شۇنداقتىمۇ، پەرۋەردىگار تەرىپىدىن جاھىللاشتۇرۇلغان پىرئەۋن خۇددى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئېيتقىنىدەك، مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى.

## مۆلدۈر ئاپىتى

[13] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

- ئەتە تاڭ سەھەردىلا پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بىرىپ، ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگار، يەنى ئىبرانىيلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا: ‹ئۆز خەلقىمنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن چۆل-باياۋانغا بېرىشىغا يول قوي. [14] بولمىسا، بۇ قېتىم ئەمەلدارلىرىڭ ۋە خەلقىڭنى بالايىئاپەتكە دۇچار قىلىپلا قالماي، ھەتتا سېنىمۇ بىرلىكتە بالايىئاپەتكە دۇچار قىلىمەن. شۇندىلا سەن ئالەمدە مەندىن باشقا خۇدانىڭ يوقلۇقىنى بىلىسەن. [15] ئەسلى مەن قۇدرىتىمنى كۆرسىتىپ، سېنى ۋە خەلقىڭنى ۋاباغا مۇپتىلا قىلىپ، سىلەرنى يەر يۈزىدىن يوق قىلالايتتىم. [16] بىراق مەن ئۇنداق قىلمىدىم. ئەكسىچە، قۇدرىتىمنى ساڭا كۆرسىتىش ۋە نامىمنى ئالەمگە نامايان

قىلىش مەقسىتى بىلەن سېنى پىرئەۋن قىلىپ تىكلىدىم. [17] لېكىن
سەن يەنىلا زوراۋانلىق قىلىپ، خەلقىمنى قويۇپ بەرمەيۋاتىسەن.
[18] شۇڭا ئەتە مۇشۇ چاغدا قاتتىق مۆلدۈر ياغدۇرىمەن، مىسىر
تارىخىدا ھېچقاچان بۇنداق مۆلدۈر يېغىپ باقمىغاندۇر. [19] ھازىر
سەن ئادەملىرىڭگە سىرتتىكى ساڭا تەۋە بولغان بارلىق چارۋا مال
ۋە باشقا نەرسىلىرىڭنى دالدىغا ئېلىپ كىرىۋېلىشىغا ئەمر قىل.
چۈنكى سىرتتا قېلىپ قالغان ئادەم ۋە ھايۋانلار مۆلدۈردە ھالاك
بولىدۇ› دەيدۇ» دېگىن.
[20] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن بىر قىسىم پىرئەۋننىڭ
ئەمەلدارلىرى قۇل ۋە چارۋا ماللىرىنى دەرھال دالدىغا ئېلىپ
كىرىۋالدى. [21] پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەنلەر بولسا قۇل
ۋە چارۋا ماللىرىنى تاشقىرىدا قويۇۋەردى.
[22] پەرۋەردىگار مۇساغا:
— سەن قولۇڭنى ئاسمانغا قارىتىپ كۆتۈر! پۈتكۈل مىسىر
زېمىنىدىكى ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈستىگە
مۆلدۈر ياغدۇ، — دېدى. [23] مۇسا تايىقىنى ئاسمانغا قارىتىپ
كۆتۈرۈۋىدى، پەرۋەردىگار چاقماق چاقتۇرۇپ، گۈلدۈرماما
ياڭرىتىپ، مىسىر زېمىنىغا مۆلدۈر ياغدۇرۇشقا باشلىدى.
[24] شۇنداق قىلىپ، چاقماقلار چېقىلىپ، يوغان-يوغان مۆلدۈرلەر
يەرگە تۆكۈلۈپ چۈشتى. بۇ مىسىر تارىخىدا ھازىرغىچە يۈز
بېرىپ باقمىغان ئەڭ چوڭ مۆلدۈر ئاپىتى ئىدى. [25] مۆلدۈر مىسىر
زېمىنىدىكى ئوچۇقچىلىقتا قالغان نەرسىلەرنى، جۈملىدىن ئادەم،
ھايۋان، ئېتىزدىكى زىرائەتلەر ۋە بارلىق دەل-دەرەخلەرنى ۋەيران
قىلىۋەتتى. [26] پەقەت ئىسرائىللار ياشايدىغان گوشەن ۋىلايىتىدىلا
مۆلدۈر ياغمىدى.
[27] پىرئەۋن دەرھال مۇسا بىلەن ھارۇننى چاقىرتىپ:
— بۇ قېتىم مەن خاتا قىلدىم، خەلقىمدىن سەۋەنلىك ئۆتتى.
پەرۋەردىگار ئادىلدۇر. [28] مەن ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىڭلار.
بىزگە بۇ ھەيۋەتلىك گۈلدۈرماما ۋە مۆلدۈرلەر يېتەر. مەن سىلەرنىڭ
كېتىشىڭلارغا يول قوياي. سىلەر ئەمدى بۇ يەردە تۇرمىساڭلارمۇ
بولىدۇ، — دېدى. [29] مۇسا ئۇنىڭغا:

- مەن بۇ شەھەردىن چىقىشىم بىلەنلا، قولۇمنى كۆتۈرۈپ پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىمەن، گۈلدۈرماما ۋە مۆلدۈرلەر شۇ ھامان توختايدۇ. شۇ چاغدا سىز دۇنيانىڭ پەرۋەردىگارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. [30] لېكىن سىز ۋە ئەمەلدارلىرىڭىزنىڭ تېخىچە پەرۋەردىگار خۇدادىن قورقمايۋاتقانلىقىڭلار ماڭا مەلۇم، - دېدى.

[31] بۇ زىغىر چېچەكلىگەن ۋە ئارپا تېخى پىشمىغان ۋاقىت ئىدى، شۇڭا مۆلدۈر ئۇلارنى خاراب قىلىۋەتكەنىدى. [32] پەقەت بۇغدايلارلا زىيانغا ئۇچرىمىغانىدى، چۈنكى ئۇلار تېخى باش تۇتمىغانىدى.

[33] مۇسا پىرئەۋننىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شەھەردىن چىقىپ، پەرۋەردىگارغا قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. گۈلدۈرمامىلار ۋە مۆلدۈر شۇ ھامان توختىدى، يامغۇرمۇ تىنچىدى. [34] گەرچە پىرئەۋن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە گۇناھ سادىر قىلدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى يەنىلا جاھىللىق قىلىشتى. [35] پەرۋەردىگار بۇرۇن مۇساغا ئېيتقاندەك، پىرئەۋن جاھىللىق قىلىپ، ئىسرائىللارنىڭ كېتىشىگە يەنىلا يول قويمىدى.

## چېكەتكە ئاپىتى

10 [1] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار مۇساغا:

- سەن پىرئەۋننىڭ يېنىغا يەنە بارغىن. مەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى يەنە جاھىللاشتۇرىمەن. مەقسىتىم كۈچ-قۇدرىتىمنى مىسىر خەلقىگە نامايان قىلىشتۇر. [2] شۇنداق بولغاندا، سىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىڭلار ۋە نەۋرىلىرىڭلارغا مېنىڭ مىسىرلىقلارنى قانداق جازالىغانلىقىم ۋە ئۇلارغا قانداق مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەنلىكىمنى سۆزلەپ بېرەلەيسىلەر. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلەلەيسىلەر، - دېدى.

[3] شۇنداق قىلىپ، مۇسا ۋە ھارۇن پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

- پەرۋەردىگار، يەنى ئىبرانىيلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا: «سەن مېنىڭ ئالدىمدا زادى قاچانغىچە جاھىللىق قىلىسەن؟ خەلقىمنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بېرىشىغا يول قوي! [4] ئەگەر يول قويمىساڭ، سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، مەن ئەتە سېنىڭ

زېمىنىڭدا چېكەتكە ئاپىتى پەيدا قىلىمەن. [5] چېكەتكىلەر زېمىنىڭنى
قاپلايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن يەر يۈزىنىمۇ كۆرەلمەي قالىسەن.
چېكەتكىلەر مۆلدۈردىن ئامان قالغان زىرائەتلەرنى، ھەتتا دالادىكى
دەل-دەرەخلەرنىمۇ يەپ تۈگىتىدۇ. [6] ئۇلار ئورداڭغا، ئەمەلدارلىرىڭ
ۋە خەلقىڭنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ كىرىدۇ. بۇنداق قورقۇنچلۇق ئاپەتنى
ئاتا-بوۋىلىرىڭمۇ كۆرۈپ باقمىغان» دەيدۇ، - دېدى ۋە دەرھال
كەينىگە بۇرۇلۇپ، پىرئەۋىننىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتتى.
[7] ئەمەلدارلار پىرئەۋنگە:
- ئالىيلىرى، بۇ ئادەمنىڭ بىزگە ۋەيرانچىلىق سېلىشىغا قاچانغىچە
يول قويىدىلا؟ ئىسرائىللارنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان خۇداسىغا
ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بېرىشىغا يول قويسىلا! مىسىرنىڭ خاراب
بولغانلىقىدىن خەۋەرلىرى يوقمۇ؟ - دېدى.
[8] شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن مۇسا بىلەن ھارۇننى چاقىرتىپ، ئۇلارغا:
- سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار بولغان خۇداغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن
بارساڭلار بېرىڭلار. لېكىن زادى كىملەر بارماقچى؟ - دېدى.
[9] مۇسا جاۋابەن:
- قېرى-ياش، بالىچاقا ۋە چارۋا ماللىرىمىزنى ئېلىپ، ھەممىمىز
بارماقچى. چۈنكى بىز ئۇ يەردە ھېيت ئۆتكۈزۈپ، پەرۋەردىگارىمىزغا
ئىبادەت قىلىپ تەنتەنە قىلىمىز، - دېدى. [10] پىرئەۋن ئۇلارغا:
- ھىم! مەن سىلەرنىڭ خوتۇن ۋە بالىچاقىلىرىڭلارنى ئېلىپ
بېرىشىڭلارغا ھەقىقەتەن يول قويۇشۇم كېرەك ئىكەن-دە!؟
سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلار ئۆزى ساقلىسۇن! قاراڭلار، نىيىتىڭلار
نېمانداق يامان! [11] قەتئىي يول قويمايمەن! ئەگەر سىلەرنىڭ تەلەپ
قىلغىنىڭلار ئىبادەت قىلىشقا بېرىش بولسا، ئۇنداقتا پەقەت ئەرلەرلا
بارسۇن، - دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا بىلەن ھارۇن ئوردىدىن
قوغلاپ چىقىرىلدى.
[12] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار مۇساغا:
- چېكەتكە پەيدا قىلىش ئۈچۈن مىسىرنىڭ ھەممە تەرىپىگە
قولۇڭنى ئۇزات! چېكەتكىلەر مىسىر تەۋەسىدە مۆلدۈردىن ئامان
قالغان ھەممە ئۆسۈملۈكلەرنى يەپ تۈگەتسۇن، - دېدى.

[13] شۇنىڭ بىلەن مۇسا قولىدىكى تايىقىنى مىسىرنىڭ ھەممە تەرىپىگە قارىتىپ ئۇزاتتى. پەرۋەردىگار بىر كېچە-كۈندۈز شەرق شاملى چىقاردى. تاڭ ئاتقاندا شامال چېكەتكىلەرنى ئېلىپ كەلدى. [14] چېكەتكىلەر توپ-توپى بىلەن مىسىر زېمىنىغا قوندى، ئۇلار مىسىرنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. بۇنچە كۆپ چېكەتكە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. [15] پۈتۈن زېمىن قارىداپ كەتتى. چېكەتكىلەر مۆلدۈردىن ئامان قالغان ھەممە نەرسىنى، يەنى ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە شاختىكى مېۋىلەرنى يەپ تۈگەتتى. پۈتۈن مىسىر تەۋەسىدىكى ئېتىزلىقلاردا ۋە دەل-دەرەخلەردە يېشىللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

[16] شۇڭا پىرئەۋن دەرھال مۇسا بىلەن ھارۇننى چاقىرتىپ:

– سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان خۇدا ئالدىدا ھەم سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا گۇناھكارمەن. [17] ئەمدى يەنە بىر قېتىم ماڭا كەڭچىلىك قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادىن: «مىسىرلىقلارنى بۇ ئەجەللىك ئاپەتتىن قۇتقۇزغايسەن» دەپ دۇئا قىلغايسىلەر، – دېدى.

[18] شۇنىڭ بىلەن مۇسا پىرئەۋننىڭ يېنىدىن چىقىپ، پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى. [19] پەرۋەردىگار شەرق شاملىنى قاتتىق غەرب شاملىغا ئايلاندۇرۇپ، چېكەتكىلەرنى قىزىل دېڭىزغا ئۇچۇرۇپ كەتتى. مىسىر دىيارىدا بىرمۇ چېكەتكە قالمىدى. [20] لېكىن پىرئەۋن ئىسرائىللارنىڭ چېگرادىن چىقىپ كېتىشىگە يەنىلا يول قويمىدى، چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنى يەنىلا جاھىللاشتۇرغانىدى.

## قاراڭغۇلۇق

[21] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا:

– سەن قولۇڭنى ئاسمانغا كۆتۈر! پۈتۈن مىسىرنى زۇلمەت قاپلايدۇ، – دېدى. [22] مۇسا قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈۋىدى، پۈتۈن مىسىرنى ئۈچ كۈن زۇلمەت قاپلىدى. [23] بۇ چاغدا مىسىرلىقلار بىر-بىرىنى كۆرەلمىدى، ئۆيدىن تالاغا چىقالمىدى. لېكىن ئىسرائىللار ياشايدىغان يەرلەر بولسا يورۇق تۇردى.

[24] پىرئەۋن مۇسانى چاقىرتىپ:

- سىلەر بېرىپ پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەتتىڭلارنى قىلىڭلار. ھەتتا خوتۇن ۋە بالاچاقىلىرىڭلارنىمۇ ئېلىپ بارساڭلار بولىدۇ. لېكىن كالا، قوي، ئۆچكىلىرىڭلار بۇ يەردە قالسۇن، - دېدى.
[25] مۇسا جاۋابەن:
- ياق، سىز بىزنىڭ قۇربانلىق ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ماللىرىمىزنى ئېلىپ بېرىشىمىزغا ئىجازەت بېرىڭ. [26] بىز چارۋا ماللىرىمىزنى چوقۇم ئېلىپ بارىمىز، ھەتتا بىرەر تۇياق مېلىمىزنىمۇ بۇ يەردە قالدۇرمايمىز. بىز پەرۋەردىگارغا ئاتايدىغان قۇربانلىقنى ئۆز ماللىرىمىز ئىچىدىن تاللايمىز. ئۇ يەرگە بارمىغۇچە، پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا قايسى مالنى قۇربانلىق قىلىشنى بىلمەيمىز، - دېدى.
[27] پەرۋەردىگار پىرئەۋننى جاھىللاشتۇرغاچقا، ئۇ ئىسرائىللارنى يەنىلا قويۇپ بەرمىدى. [28] پىرئەۋن مۇساغا:
- كۆزۈمدىن يوقال، ئېھتىيات قىل، ماڭا قايتا كۆرۈنگۈچى بولما! يەنە كۆرۈنگۈچى بولساڭ، جېنىڭنى ئالىمەن! - دېدى. [29] مۇسا ئۇنىڭغا:
- ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن. مەنمۇ سىزگە كۆرۈنمەيمەن، - دېدى.

## تۇنجى بالىلارنىڭ ئۆلۈشى

11

[1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
- پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە ئەڭ ئاخىرقى ئاپەتنى چۈشۈرىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىلەرنى جەزمەن قويۇپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ سىلەردىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇش ئۈچۈن سىلەرنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. [2] ئەمدى سەن بېرىپ ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، ئۇلار مىسىرلىق قوشنىلىرىنىڭكىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى سوراپ ئالسۇن. [3] (پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارنى ئىسرائىللارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمەلدارلار ۋە خەلقنى مۇسانى ئۇلۇغ ئادەم، دەپ ھۆرمەتلەيدىغان قىلىپ قويغانىدى.)
[4] شۇنىڭ بىلەن مۇسا پىرئەۋنگە مۇنداق دېدى:
- پەرۋەردىگار: «بۈگۈن تۈن يېرىمىدا، مەن مىسىرنىڭ ھەممە يېرىنى كېزىمەن. [5] شۇ ۋاقىتتا مىسىر تەختىدە ئولتۇرغان

پىرئەۋننىڭ تۈنجى ئوغلىدىن تارتىپ تاكى يارغۇنچاقتا ئۇن تارتىدىغان دېدەكنىڭ تۈنجى ئوغلىغىچە ھەممە تۈنجى ئوغۇللار ئۆلىدۇ، ھەتتا تۈنجى تۇغۇلغان ئەركەك ماللىرىمۇ ئۆلىدۇ. [6] شۇ چاغدا پۈتۈن مىسىردا ئەلمىساقتىن بولمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدىغان قاتتىق يىغا-زار بولىدۇ. [7] لېكىن ئىسرائىللارغا ياكى ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ھەتتا ئىتمۇ قاۋاپ قويمايدۇ» دەيدۇ. ئەنە شۇ چاغدا سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ مىسىرلىقلار بىلەن ئىسرائىللارنى پەرقلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر. [8] ئاخىردا ئەمەلدارلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئالدىمغا كېلىپ ماڭا ئېگىلىدۇ ۋە خەلقىم ئىسرائىللارنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا شۇ چاغدا مەن بۇ يەردىن ئايرىلىمەن. مۇسا سۆزىنى تۈگىتىپ، پىرئەۋننىڭ ئالدىدىن دەرغەزەپ بىلەن چىقىپ كەتتى.

[9] پەرۋەردىگار بۇرۇن مۇساغا: «پىرئەۋن سېنىڭ سۆزۈڭنى داۋاملىق رەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەن مىسىردا تېخىمۇ كۆپ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىمەن» دېگەنىدى. [10] مۇسا بىلەن ھارۇن پىرئەۋننىڭ ئالدىدا ئەنە شۇنداق نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پەرۋەردىگار پىرئەۋننى جاھىللاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشىگە يول قويمىدى.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى

12 [1] پەرۋەردىگار مىسىردا مۇسا بىلەن ھارۇنغا مۇنداق دېدى: [2] — ھازىردىن باشلاپ، بۇ ئاي ئىسرائىل خەلقى ئۈچۈن يىلنىڭ بىرىنچى ئېيى بولسۇن. [3] سىلەر تۆۋەندىكىلەرنى پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە تاپىلاڭلار. مۇشۇ ئاينىڭ 10-كۈنى ھەربىر ئائىلىنىڭ ئائىلە باشلىقى ئۆز ئائىلىسىنىڭ مەن خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشى ئۈچۈن بىر قوچقار ياكى تېكە تەييارلىسۇن. [4] ئەگەر ئائىلىسىدە ئادەم سانى ئاز بولۇپ، بىر مال كۆپلۈك قىلسا، ئۇنى قوشنىسى بىلەن بىرلىشىپ قۇربانلىق قىلىپ، گۆشنى ئادەم سانى ۋە يېيىش مىقدارىغا قاراپ تەقسىم قىلسۇن. [5] لېكىن قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال بىر ياشلىق بېجىرىم ئەركەك پاقلان ياكى تېكە بولسۇن. [6] پۈتۈن ئىسرائىل ئائىلىلىرى تاللىغان ماللىرىنى مۇشۇ

ئاينىڭ 14-كۈنىگىچە ياخشى بېقىپ، شۇ كۈنى گۇگۇم ۋاقتىدا بوغۇزلىسۇن. [7] ئاندىن قۇربانلىقنىڭ قېنىدىن ئازراق ئېلىپ، قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى يېگەن ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكنىڭ بېشى ۋە كېشەكلىگە سۈركەپ قويسۇن. [8] شۇ كېچىسى گۆشنى ئوتتا پىشۇرۇپ، ئاچچىق-چۈچۈك كۆكتات ۋە پېتىر نان بىلەن يېسۇن. [9] قۇربانلىقنى خام ياكى سۇدا پىشۇرۇپ يېمەي، ئىچ-باغرى بىلەن پۈتۈن پېتى ئوتتا پىشۇرۇپ يېسۇن. [10] ئېشىپ قالغىنىنى ئەتىسىگە قالدۇرماي، شۇ كېچىسىلا كۆيدۈرۈۋەتسۇن. [11] قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى يېگەن ۋاقتىدا، خۇددى سەپەرگە تەييارلانغاندەك بەللىرىنى چىڭ باغلاپ، چورۇقلىرىنى كىيىشىپ، قوللىرىدا ھاسىلىرىنى تۇتۇشۇپ تېز يېسۇن. بۇ كېچە مەن پەرۋەردىگارنى ھۆرمەتلەپ، ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۆتكۈزىدىغان كېچە بولىدۇ.

[12] بۇ كېچىسى مەن پۈتۈن مىسىرنى كېزىپ يۈرۈپ، مەيلى تۇنجى تۇغۇلغان ئوغۇل ياكى تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك مال بولسۇن، ھەممىسىنىڭ تۇنجى تۇغۇلغانلىرىنى ئۆلتۈرىمەن. مىسىرنىڭ بارلىق ئىلاھلىرىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىمەن چۈنكى مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن. [13] ئىشىك كېشەكلىرىگە سۈركەپ قويۇلغان قان سىلەر تۇرىدىغان ئۆيلەرنىڭ بەلگىسىدۇر. مەن بۇ قانلارنى كۆرگىنىمدە، ئۆيلىرىڭلاردىن ئۆتۈپ كېتىمەن. مىسىرلىقلارنى جازالىغان ۋاقتىمدا، سىلەرگە ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتمەيدۇ.

## پېتىر نان ھېيتى

[14] پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:

- سىلەر بۇ كۈننى خاتىرىلەپ، ھەر يىلى مۇشۇ كۈندە پەرۋەردىگار ئۈچۈن ھېيت ئۆتكۈزۈڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە مەڭگۈلۈك بەلگىلىمە بولسۇن. [15] يەتتە كۈنلۈك ھېيت مەزگىلىدە پېتىر نان يەڭلار. ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىلا ئۆيلىرىڭلاردىكى خېمىرتۇرۇچنى تاشلىۋېتىڭلار. بۇ يەتتە كۈن ئىچىدە خېمىرتۇرۇچ قوشۇلغان ھەرقانداق يېمەكلىكنى يېگەن ئادەم ئىسرائىللار قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. [16] ھېيتنىڭ بىرىنچى ۋە يەتتىنچى كۈنلىرى مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار. بۇ ئىككى كۈندە يېمەكلىك

تەييارلاشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلماڭلار، [17] پەقەت پېتىر نان ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. چۈنكى مەن سىلەرنى سىلەر ھېيت ئۆتكۈزمەكچى بولغان مۇشۇ ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ھەرقايسى قەبىلىلەر بويىچە توپ-توپى بىلەن مىسىردىن ئېلىپ چىقىمەن. پېتىر نان ھېيتىنى ئۆتكۈزۈش سىلەرگە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە مەڭگۈلۈك بەلگىلىمە بولسۇن. [18] ھەر يىلى 1-ئاينىڭ 14-كۈنى① كەچقۇرۇندىن باشلاپ 21-كۈنى كەچقۇرۇنغىچە پېتىر نان يەڭلار. [19] بۇ يەتتە كۈن ئىچىدە ئۆيلىرىڭلاردا خېمىرتۇرۇچ بولمىسۇن. خېمىرتۇرۇچ قوشۇلغانلىكى ھەرقانداق يېمەكلىكنى يېگەن كىشى مەيلى ئىسرائىل ياكى يات خەلق بولسۇن، ئىسرائىل خەلقى قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. [20] قەيەردە بولۇشۇڭلاردىن قەتئىينەزەر، خېمىرتۇرۇچ قوشۇلغان ھەرقانداق يېمەكلىكنى يېمەڭلار، پەقەت پېتىر نان يەڭلار.

## تۇنجى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى

[21] مۇسا پۈتۈن ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

- ھەربىر ئائىلە بىردىن مال تاللاپ، ئۇنى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قۇربانلىقى سۈپىتىدە سويسۇن.

[22] قوللىرىغا بىر تۇتام لېپەكگۈل ئېلىپ، قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ داستىكى قېنىغا چىلاپ، ئۇنى ئىشىكلىرىنىڭ بېشى ۋە كېشىكىگە سۈركىسۇن. ئەتىسى ئەتىگەنگىچە ھېچكىم ئىشىكتىن چىقمىسۇن. [23] چۈنكى پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن بۇ زېمىننى كېزىدۇ. پەرۋەردىگار ئىشىك بېشى ۋە كېشەكتىكى قاننى كۆرگىنىدە، ھالاك قىلغۇچى پەرىشتىنىڭ ئۆيلىرىڭلارغا كىرىپ، سىلەرنى ھالاك قىلىشىغا يول قويمايدۇ. [24] سىلەر ۋە ئەۋلادلىرىڭلار بۇ قائىدىگە مەڭگۈ ئەمەل قىلىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بەلگىلىمە بولسۇن. [25] سىلەر پەرۋەردىگار بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىنغا بارغىنىڭلاردىمۇ، بۇ ھېيت ھەققىدىكى بەلگىلىمىگە

---

① 12: 18 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 23-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

ئەمەل قىلىڭلار. [26] ئەگەر پەرزەنتلىرىڭلار سىلەردىن: «بۇ قانداق ھېيت؟» دەپ سورىسا، [27] سىلەر: «بۇ ئۆتۈپ كېتىش كۈنىدە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قىلىنغان قۇربانلىق مۇراسىمىدۇر. چۈنكى پەرۋەردىگار مىسىردا مىسىرلىقلارنىڭ جېنىنى ئالغان كېچىدە، ئۇ بىز ئىسرائىللارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، ئائىلىلىرىمىزنى ساقلاپ قالغانىدى» دەڭلار.

ئىسرائىللار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، باشلىرىنى ئېگىپ خۇداغا سەجدە قىلىشتى. [28] ئاندىن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇسا بىلەن ھارۇنغا قىلغان ئەمرى بويىچە ئىش كۆردى.

## تۇنجى ئوغۇل ۋە تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك مالنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

[29] شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە، پەرۋەردىگار تەختتە ئولتۇرغان پىرئەۋننىڭ تۇنجى ئوغلىدىن تارتىپ تاكى زىنداندىكى مەھبۇسلارنىڭ تۇنجى ئوغلىغىچە مىسىرلىقلارنىڭ تۇنجى ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنىنى ئالدى، شۇنداقلا تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەكماللارنىمۇ ئۆلتۈردى. [30] ئۇ كېچە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەمدە پۈتۈن خەلق ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قاتتىق يىغا-زار قىلىشتى. چۈنكى ئادەم ئۆلمىگەن بىرمۇ ئائىلە يوق ئىدى. [31] ئۇ كېچە پىرئەۋن مۇسا بىلەن ھارۇننى چاقىرتىپ، ئۇلارغا:

- دەرھال كېتىڭلار! ھەممە ئىسرائىللارنى باشلاپ، يۇرتۇمدىن تېز چىقىپ كېتىڭلار. ئۆزۈڭلار تەلەپ قىلغىنىڭلاردەك بېرىپ، پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار. [32] كالا، قوي، ئۆچكىلىرىڭلارنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىڭلار. ماڭىمۇ خەيرلىك دۇئا قىلىپ قويۇڭلار، - دېدى.

[33] مىسىرلىقلار ئىسرائىللارنى ئۆز يۇرتىدىن چاپسان كېتىشكە ئالدىراتتى. ئۇلار:

- سىلەر چىقىپ كەتمىسەڭلار، بىز ئۆلۈپ تۈگەيدىكەنمىز، - دېيىشتى. [34] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار خېمىرلىرىنى تەڭنىلىرىگە سېلىپ، كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن يۆگەپ، مۈرىسىگە قويۇپ ئېلىپ مېڭىشتى. [35] ئۇلار يەنە مۇسانىڭ تاپىلىغىنى بويىچە مىسىرلىقلاردىن

ئالتۇن-كۈمۈش زىننەت بۇيۇملار ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى سوراپ ئېلىشتى. [36] پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارنى ئىسرائىللارنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇلار مىسىرلىقلاردىن نېمە سورىسا، شۇنى بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئىسرائىللار مىسىرلىقلارنىڭ بايلىقلىرىنى ئېلىپ كەتتى.

## ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىشى

[37] ئىسرائىللار رەمسېس شەھىرىدىن سۇككوت شەھىرىگە قاراپ پىيادە يولغا چىققان ۋاقتىدا، ئاياللار بىلەن بالىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا پەقەت ئەرلەرلا ئالتە يۈز مىڭ كىشى ئىدى. [38] كۆپلىگەن يات قەبىلىلىكلەرمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ، نۇرغۇن چارۋا ماللىرىنى ئېلىپ بىللە مېڭىشتى. [39] ئۇلار مىسىردىن ئېلىپ كەلگەن خېمىرلاردىن پېتىر نان قىلدى. چۈنكى ئۇلار مىسىردىن تېز چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاچقا، خېمىرلىرىنى بولدۇرۇپ، يېمەكلىك تەييارلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى.
[40] ئىسرائىللار مىسىردا جەمئىي 430 يىل تۇردى. [41] دەل 430 يىل توشقان كۈنى پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى بولغان ئىسرائىللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى مىسىردىن چىقتى. [42] شۇ كۈنى كېچىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى ئۇلارنى مىسىردىن مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ چىقتى. شۇڭا ئىسرائىللار بۇ كېچىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ھەر يىلى خاتىرىلەيدىغان بولدى.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرى

[43] پەرۋەردىگار بۇرۇن مۇسا بىلەن ھارۇنغا مۇنداق دېگەنىدى:
- ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قۇربانلىق گۆشىنى يات خەلقلەر يېمىسۇن. [44] لېكىن ئۆزۈڭلار سېتىۋالغان ھەم خەتنە قىلغان قۇللار يېسە بولىدۇ. [45] ئۆيۈڭلاردا ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ياتلار ۋە مەدىكارلار يېمىسۇن. [46] قۇربانلىق قوينىڭ گۆشى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىلماي، ئۆينىڭ ئىچىدىلا يېيىلسۇن. قوينىڭ بىر تال سۆڭىكىمۇ سۇندۇرۇلمىسۇن. [47] پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى بۇ قائىدە-تۈزۈملەرگە رىئايە قىلسۇن. [48] ئەگەر ئاراڭلاردا ياشايدىغان

يات خەلقلەر ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈشنى خالىسا، ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسىدىكى پۈتۈن ئەرلەرنى خەتنە قىلدۇرسۇن. شۇنداق قىلغاندا، ئۇلارمۇ ئىسرائىللارغا ئوخشاش بۇ ھېيتنى ئۆتكۈزەلەيدۇ. لېكىن خەتنە قىلىنمىغانلار قۇربانلىق قوينىڭ گۆشىنى يېمىسۇن. [49] مەيلى ئىسرائىللار بولسۇن، مەيلى ئىسرائىللار ئارىسىدا ياشايدىغان يات خەلقلەر بولسۇن، ھەممىسى مانا شۇ قائىدە-تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلسۇن.

[50] بارلىق ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ مۇسا بىلەن ھارۇنغا بۇيرۇغان قائىدە-تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلدى. [51] پەرۋەردىگار مانا شۇ كۈنى ئىسرائىللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى مىسىردىن ئېلىپ چىقاندى.

## ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى ئوغلىنى خۇداغا ئاتىشى

13 [1] پەرۋەردىگار بۇرۇن مۇساغا:

[2] - سىلەر تۇنجى ئوغلۇڭلارنى ۋە تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك مالنى ماڭا ئاتاڭلار. چۈنكى ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى ئوغۇللىرى ۋە تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك ماللىرى ماڭا مەنسۇپتۇر، - دېگەنىدى.

[3] مۇسا ئىسرائىل خەلقىگە مۇنداق دېدى:

- بۇ كۈننى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار. چۈنكى بۇ كۈن سىلەر قۇللۇقتا ياشىغان مىسىر زېمىنىدىن يولغا چىققان كۈندۇر. بۇ كۈن پەرۋەردىگار قۇدرەتلىك قولى بىلەن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان كۈندۇر. شۇڭا سىلەر ھەر يىلى مۇشۇ كۈنى خېمىرتۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇلغان ھەرقانداق يېمەكلىكنى يېمەڭلار. [4] سىلەر زىرائەتلەر بىخ چىقارغان ئابىب ئېيىنىڭ بىر كۈنى مىسىردىن يولغا چىققاندىڭلار. [5] پەرۋەردىگار سىلەرنى كەنئانلار، خىتلار، ئامورلار، خىۋلار ۋە يېبۇسلارنىڭ زېمىنلىرىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، سىلەر ھەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ كۈننى مۇبارەكلەپ ھېيت ئۆتكۈزۈڭلار. چۈنكى پەرۋەردىگار سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان بۇ زېمىننى سىلەرگە بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەجدادلىرىڭلارغا ۋەدە بەرگەنىدى. [6] ھېيت مەزگىلىدە يەتتە كۈنگىچە پېتىر نان يەڭلار. يەتتىنچى كۈنى پەرۋەردىگار ئۈچۈن ئالاھىدە ئىبادەت مۇراسىمى ئۆتكۈزۈڭلار. [7] بۇ

يەتتە كۈن ئېچىدە پېتىر نان يەڭلار. ئۆيۈڭلاردا، ھەتتا سىلەرگە تەۋە زېمىن ئىچىدە خېمىرتۇرۇچ بولمىسۇن. [8] ھېيت كۈنلىرى پەرزەنتلىرىڭلارغا بۇ ھېيتنىڭ سىلەرنىڭ مىسىردىن ئايرىلغان ۋاقتىڭلاردا پەرۋەردىگارنىڭ كۆرسەتكەن پۈتۈن مۆجىزىلىرىنى ئەسلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزىدىغانلىقىڭلارنى چۈشەندۈرۈڭلار. [9] ھېيت خۇددى قولۇڭلار ياكى پېشانەڭلاردىكى بەلگىدەك سىلەرگە پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنلىرىنى ھەمىشە ئېغىزىڭلاردىن چۈشۈرمەسلىكىڭلارنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى پەرۋەردىگار قۇدرەتلىك قولى بىلەن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتى. [10] شۇڭا سىلەر ھەر يىلى مەن بەلگىلىگەن مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ ھېيتنى ئۆتكۈزۈڭلار.

[11] پەرۋەردىگار سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارغا ۋەدە قىلغىنىدەك، ئۇ سىلەرنى كەنئانلىقلارنىڭ زېمىنىغا ئېلىپ كىلىپ، ئۇ يەرنى سىلەرگە ھەدىيە قىلغاندىن كېيىن، [12] سىلەر تۇنجى تۇغۇلغان ئوغۇل ۋە تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك مېلىڭلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتاڭلار. تۇنجى ئوغۇل ۋە تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك مېلىڭلار پەرۋەردىگارغا مەنسۇپ بولسۇن. [13] سىلەر تۇنجى ئەركەك تەخەيلىنىڭ ئورنىغا قوي قۇربانلىق قىلساڭلارمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، تەخەيلىنىڭ بويىنىنى سۇندۇرۇپ قۇربانلىق قىلىڭلار. لېكىن تۇنجى ئوغۇللىرىڭلارنى چوقۇم بەدەل تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىڭلار. [14] كەلگۈسىدە ئوغۇللىرىڭلار: «سىلەر نېمىشقا بۇنداق قىلىسىلەر؟» دەپ سورىسا، سىلەر: «پەرۋەردىگار بىزنى قۇدرەتلىك قولى بىلەن مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. [15] ئۇ چاغدا پىرئەۋن جاھىللىق قىلىپ، بىزنى چىقىراسىدىن چىقارمىغانىدى. شۇڭا پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارنىڭ تۇنجى ئوغۇللىرىنى ۋە ھايۋانلىرىنىڭ تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك بالىلىرىنى ھالاك قىلدى. شۇ سەۋەبتىن بىز پۈتۈن چارۋا ماللىرىمىزنىڭ تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك بالىلىرىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىمىز. بىراق تۇنجى ئوغۇللىرىمىزنى بەدەل تۆلەپ قايتۇرۇۋالىمىز. [16] بىزنىڭ بۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىشىمىز خۇددى قولىمىزغا ياكى پېشانىمىزگە چېكىۋالغان تۇگۈنچەكنىڭ بىزگە مەلۇم نەرسىنى ئەسلىتىپ تۇرغىنىدەك، پەرۋەردىگارنىڭ بىزنى

قۇدرەتلىك قولى بىلەن مىسىردىن ئېلىپ چىققانلىقىنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈندۇر» دەپ جاۋاب بېرىڭلار.

## بۇلۇت ۋە ئوت تۈۋرۈكى

[17] پىرئەۋن ئىسرائىللارنىڭ كېتىشىگە يول قويغان ۋاقىتتا، گەرچە ئىسرائىللارنىڭ فىلىستىيەلىكلەر زېمىنى بىلەن مېڭىشى مەنزىلگە يېقىن بولسىمۇ، خۇدا ئۇلارنى ئۇ يولغا باشلىمىدى. چۈنكى خۇدا: «خەلقىم جەڭگە ئۇچراپ قالسا، بەلكىم پۇشايمان قىلىپ، مىسىرغا قايتىپ كېتىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىغانىدى. [18] شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئۇلارنى يىراق يول بىلەن چۆلدىن ئۆتكۈزۈپ، قىزىل دېڭىز تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندا، قوراللىنىپ جەڭگە تەييار بولۇپ ماڭغانىدى.
[19] مۇسا يۈسۈپنىڭ جەسەت-سۆڭىكىنىمۇ ئېلىپ ماڭدى. چۈنكى يۈسۈپ ئۆز قان-قېرىنداشلىرى ئالدىدا: «خۇدا سىلەرنى چوقۇم قۇتقۇزىدۇ. شۇ چاغدا سىلەر چوقۇم مېنىڭ جەسەت سۆڭىكىمنى بىللە ئېلىپ كېتىڭلار» دەپ، ئۇلارنى قەسەم قىلدۇرغانىدى.
[20] ئىسرائىللار سۇككوت شەھىرىدىن چىقىپ، چۆلنىڭ بويىدىكى ئېتام دېگەن يەردە چېدىرلىرىنى تىكىشتى. [21] پەرۋەردىگار كۈندۈزى بۇلۇت تۈۋرۈكى ئارقىلىق ئۇلارغا يول باشلىسا، كېچىسى ئوت تۈۋرۈكى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كېچە-كۈندۈز ماڭالايدىغان بولدى. [22] پەرۋەردىگار كۈندۈزى بۇلۇت تۈۋرۈكىنى، كېچىسى ئوت تۈۋرۈكىنى ئۇلاردىن ئايرىمىدى.

## ئىسرائىللارنىڭ قىزىل دېڭىزدىن ئۆتۈشى

14 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا:
[2] — سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ، مىگدول شەھىرى بىلەن دېڭىز ئارىلىقىدىكى پىھاخىروت دېگەن يەرنىڭ يېنىدا چېدىرلىرىنى تىكسۇن. ئۇ يەر بائال-زەفوننىڭ قارشى تەرىپىدىدۇر. [3] شۇنداق قىلساڭلار، پىرئەۋن: «ئىسرائىللار ئايلىنىپ يۈرۈپ، يوللىرىدىن ئېزىپ، ئاخىرى چۆلدە قاپتۇ» دەپ ئويلايدۇ. [4] مەن پىرئەۋننى يەنە جاھىللاشتۇرىمەن. شۇنىڭ

بىلەن ئۇ كەينىگىلاردىن قوغلايدۇ. مەن پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىنى يېڭىمەن، شۇ چاغدا ھەممە ئادەم مېنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ. مىسىرلىقلارمۇ مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ، − دېدى. ئىسرائىللار خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئۇ يەردە چېدىرلىرىنى تىكىشتى.

[5] پىرئەۋن «ئىسرائىللار قېچىپ كەتتى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرگە قارارىنى ئۆزگەرتىپ:

− بىز نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئەخمەقلىق قىلدۇق؟ ئىسرائىللارنىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول قويۇپ، نۇرغۇن قۇلدىن مەھرۇم قاپتۇق! − دېيىشتى. [6] شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن شاھانە جەڭ ھارۋىسىنى تەييار قىلدۇرۇپ، قوشۇنىنى باشلاپ يولغا چىقتى. [7] ئۇ مىسىردىكى بارلىق جەڭ ھارۋىلىرىنى باشلاپ ماڭدى. بۇ جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تاللانغان ئالتە يۈز جەڭ ھارۋىسىمۇ بار ئىدى. ھەربىر جەڭ ھارۋىسىدا بىردىن لەشكەر بېشى بار ئىدى. [8] پەرۋەردىگار پىرئەۋن، يەنى مىسىر پادىشاھىنى جاھىللاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن زەپەر بىلەن چىقىپ كېتىۋاتقان ئىسرائىللارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. [9] مىسىر قوشۇنى، جۈملىدىن جەڭ ھارۋىلىرى، ھارۋىلىق لەشكەرلەر ۋە پىيادە لەشكەرلەر ئىسرائىللارنى تاكى قىزىل دېڭىزغىچە، يەنى ئۇلار چېدىر قۇرغان جايغىچە توختىماي قوغلاپ باردى. ئۇ يەر پىھاخىروتنىڭ يېنىدا بولۇپ، بائال-زىفوننىڭ قارشى تەرىپىدە ئىدى.

[10] ئىسرائىللار پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن قورقۇپ كېتىشتى ۋە پەرۋەردىگارغا پەرياد قىلىشتى. [11] ئۇلار مۇساغا:

− بىزنى مىسىردىن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىنىڭىز نېمىسى؟ ئەجەبا، بىزنى چۆل-باياۋاندا ئۆلسۇن دېمەكچىمىدىڭىز؟ بىزگە مىسىردا ياتقۇدەك گۆر چىقار بولغىيدى؟ [12] ئۆز ۋاقتىدا، بىز سىزگە: «بولدى قىلىڭ، مىسىردا قۇل بولساق بولايلى» دېمىگەنمىدۇق؟! قۇل بولۇش ھامان چۆلدە ئۆلگەندىن ياخشى ئەمەسمىدى؟! − دېيىشتى.

[13] بىراق مۇسا ئۇلارغا:

- قورقماڭلار، تەۋرەنمەڭلار! بۈگۈن سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرنى قانداق قۇتقۇزىدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر. سىلەر بۈگۈن كۆرگەن مىسىرلىقلارنى ئىككىنچى كۆرمەيسىلەر. [14] پەرۋەردىگار سىلەر ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ. سىلەر شۈك تۇرۇڭلار، - دېدى.
[15] پەرۋەردىگار مۇساغا:
- ماڭا يىلىنما! ئىسرائىللارغا: «مېڭىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىل.
[16] ئاندىن تايىقىڭنى دېڭىزغا قارىتىپ شىلتىغىن، دېڭىز سۈيى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ئىسرائىللار قۇرۇق يەردىن مېڭىپ ئۆتەلەيدۇ. [17] مەن مىسىرلىقلارنى جاھىللاشتۇرىمەن. ئۇلار سىلەرنىڭ ئارقىڭلاردىن قوغلايدۇ. مەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى، جەڭ هارۋىلىرى ھەمدە هارۋىلىق لەشكەرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمەن. شۇنداقلا ھەممە ئادەم مېنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ. [18] مەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغىنىمدا، ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ، - دېدى.
[19] ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىۋاتقان خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئەمدى ئۇلارنىڭ كەينىگە ئۆتتى. بۇلۇت تۈۋرۈكمۇ كەينىگە ئۆتۈپ، [20] مىسىرلىقلار بىلەن ئىسرائىللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ توختىدى. بۇلۇت مىسىرلىقلارغا قاراڭغۇلۇق، لېكىن ئىسرائىللارغا يورۇقلۇق چۈشۈردى. شۇڭا مىسىر قوشۇنى ئىسرائىللارغا كېچىچە يېقىن كېلەلمىدى.
[21] مۇسا دېڭىزغا قولىنى شىلتىدى. پەرۋەردىگار بىر كېچە قاتتىق شەرق شامىلى چىقىرىپ، دېڭىز سۈيىنى ئىككىگە بۆلۈپ، قۇرۇقلۇق پەيدا قىلدى. [22] ئىسرائىللار دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇق يەردىن مېڭىپ، دېڭىزدىن ئۆتتى. سۇلار ئىككى تامدەك كۆتۈرۈلگەن ھالدا ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇراتتى. [23] مىسىرلىقلار، جۈملىدىن پىرئەۋننىڭ جەڭ هارۋىلىرى ۋە هارۋىلىق لەشكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ، دېڭىزدىكى قۇرۇق يەردىن ماڭدى. [24] تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە، پەرۋەردىگار ئوت ۋە بۇلۇت تۈۋرۈكى ئىچىدىن مىسىر قوشۇنىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. [25] ئۇلارنىڭ جەڭ هارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى چۈشۈپ قېلىپ، داۋاملىق مېڭىشقا ئامالسىز قالدى. مىسىرلىقلار:

– پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا ياردەم قىلىپ، بىزنى مەغلۇپ قىلدى، تېز قاچايلى! – دېيىشتى. [26] پەرۋەردىگار مۇساغا:
– دېڭىزغا قولۇڭنى شىلتى، بۆلۈنگەن سۇ ئەسلىگە كەلسۇن. مىسىرلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ جەڭ هارۋىلىرى، هارۋىلىق لەشكەرلىرى سۇغا غەرق بولسۇن، – دېدى. [27] بۇ تاڭ ئاتقان ۋاقىت بولۇپ، مۇسا قولىنى دېڭىزغا قارىتىپ شىلتىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇ يەنە ئەسلىگە قايتىشقا باشلىدى. مىسىرلىقلار ئىككى تەرەپتىن كېلىۋاتقان سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قاچتى. لېكىن پەرۋەردىگار ئۇلارنى دېڭىزغا هالاك قىلىۋەتتى. [28] دېڭىز سۈيى ئەسلىگە قايتىپ، ئىسرائىللارنى قوغلىغان پۈتۈن جەڭ هارۋىلىرى، هارۋىلىق لەشكەرلىرى ۋە پۈتۈن مىسىر قوشۇنلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي غەرق قىلىۋەتتى. [29] ئىسرائىللار قۇرۇق جاي بىلەن دېڭىزدىن ئۆتكەندە، سۇ خۇددى ئىككى تامدەك كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەنىدى. [30] ئىسرائىللار دېڭىز بويىدا مىسىرلىقلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرگىنىدە، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغانلىقىنى بىلدى. [31] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز قۇدرىتى بىلەن مىسىرلىقلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، پەرۋەردىگاردىن قورقۇشتى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشتى. ئۇنىڭ خىزمەتكارى بولغان مۇساغىمۇ ئىشەندى.

## مۇسانىڭ خۇداغا مەدھىيە ئوقۇشى

15 [1] شۇ چاغدا مۇسا بىلەن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلەپ، مۇنداق مۇناجات ئېيتتى:

«ھەمدۇسانا ئېيتىمەن پەرۋەردىگارغا، ئۇ ئېرىشتى شانلىق غەلىبىگە،
جەڭ هارۋىلىرى ۋە هارۋىلىق لەشكەرلەرنى غەرق قىلدى دېڭىزغا.
[2] پەرۋەردىگار قۇدرىتىم، مۇناجاتىمدۇر مېنىڭ، قۇتقۇلدۇردى ئۇ مېنى.
خۇدايىمدۇر ئۇ مېنىڭ، شۇڭا ماختايمەن ئۇنى،
ئۇ ئاتام ئىبادەت قىلغان خۇدادۇر، ماختايمەن شۇڭا ئۇنى.

3 پەرۋەردىگار جەڭچىدۇر، ‹ياھۋەھ›تۇر ئۇنىڭ نامى،
4 ئۇ دېڭىزغا غەرق قىلدى مىسىر قوشۇنىنى ھەم جەڭ ھارۋىلىرىنى،
قىزىل دېڭىزغا غەرق قىلدى ئۇلارنىڭ ئالىي لەشكەر باشلىرىنى.
5 چوڭقۇر دېڭىز يۇتتى ئۇلارنى،
ئۇلار تاشتەك چۆكتى دېڭىزغا.
6 ئى پەرۋەردىگار، قۇدرەت تاپتى سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ،
ئى پەرۋەردىگار، شۇڭا سەن تارمار قىلدىڭ رەقىبىڭنى.
7 چەكسىز ھەيۋىتىڭ يەر بىلەن يەكسان قىلدى ساڭا قارشى چىققانلارنى،
قەھر-غەزىپىڭ ساماندەك ئۆرتىدى ئۇلارنى.
8 كۈچلۈك تىنىقىڭدىن سۇلار تامدەك تىكلىنىپ،
قورۇقلۇقتا ئايلاندى دېڭىز تېگى.
9 ئۇلارنى قوغلاپ تۇتىمەن، دەپ جار سالدى دۈشمەن.
دېدى ئۇلار: ‹مال-مۈلكىنى ئولجا ئېلىپ، قىلىچ بىلەن ئالىمەن دەردىمنى›.
10 بىراق سەن بوران بىلەن غەرق قىلدىڭ ئۇلارنى دېڭىزغا.
ئۇلار گويا قوغۇشۇندەك چۆكتى سۇنىڭ تېگىگە.
11 ئى پەرۋەردىگار، نەدە بار ئالەمدە سەندەك بىر ئىلاھ؟
كىمدە بار سەندىكىدەك ھەيۋەت، ئۇلۇغ شان-شەرەپ؟
قايسى ئىلاھ ساڭا ئوخشاش كۆرسىتەلىسۇن مۆجىزە-كارامەت؟
12 ئوڭ قولۇڭنى سوزغانىدىڭ، زېمىن يۇتتى رەقىبىڭنى.
13 مېھرىڭ بىلەن يېتەكلەيسەن قۇتۇلدۇرغان خەلقىڭنى،
مۇقەددەس ماكانىڭغا باشلاپ كېلىسەن قۇدرىتىڭ بىلەن ئۇلارنى.
14 بۇلارنى ئاڭلىسا تىترەك باسار جىمى ئالەمنى،
ۋەھىمە باسار فىلىستىيە خەلقىنى.
15 ئېدومنىڭ باشلىقلىرى قورقۇشۇپ كېتەر،
موئابنىڭ باتۇرلىرىنى ھەم تىترەك باسار.

كەنئانلىقلارمۇ ۋەھىمىگە چۈشەر،
[16] ئۇلارغا دەھشەت ۋەھىمە چۈشەر.
ئى پەرۋەردىگار،
قۇللۇقتىن قۇتقۇزغان خەلقىڭ ئۆتۈپ بولغۇچە ئۇلار
ئالدىدىن،
تېڭىرقاپ تۇرۇشۇپ قالار
كۈرگىنىدە زور قۇدرىتىڭنى.
[17] باشلاپ كېلىپ ئۇلارنى ئۆز تېغىڭغا،
ئۇ يەردە ئۇلارنى كۆچەت قىلىپ يېتىشتۈرگەيسەن.
سەن پەرۋەردىگار تاللىغان ماكاندۇر ئۇ،
مۇقەددەس تۇرالغۇڭنى ئۇ يەردە سالغايسەن.
[18] ئى پەرۋەردىگار، ئەبەدىلئەبەد پادىشاھ بولغايسەن!»

[19] مىسىرنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ھارۋىلىق لەشكەرلىرى دېڭىزدىكى قۇرۇق يولغا كىرگەندە، پەرۋەردىگار دېڭىز سۈيىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى سۇغا غەرق قىلىۋەتكەنىدى. بىراق ئىسرائىللار دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇق يەردىن مېڭىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. [20] ھارۇننىڭ ھەدىسى پەيغەمبەر مەريەمنىڭ قولىدا داپ بار ئىدى. نۇرغۇن ئاياللار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە داپ چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىاشتى. [21] مەريەم خۇدانى مەدھىيەلەپ، ئۇلارغا مۇنداق مۇناجات ئوقۇدى:

«ھەمدۇسانا ئېيتىمەن پەرۋەردىگارغا، ئۇ ئېرىشتى شانلىق
غەلىبىگە،
جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ھارۋىلىق لەشكەرلەرنى غەرق قىلدى
دېڭىزغا.»

## ماراھتىكى بەتتەم سۇ

[22] كېيىن مۇسا ئىسرائىللارنى قىزىل دېڭىزدىن باشلاپ، شۇر چۆلىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار چۆلدە ئۈدا ئۈچ كۈن ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن سۇ تاپالمىدى. [23] ئۇلار ئاخىر ماراھقا يېتىپ كەلدى. ئۇ

يەرنىڭ سۈيى بەتتەم بولۇپ، ئىچكىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ يەر ماراھ [مەنىسى «بەتتەم»] دەپ ئاتالدى.
[24] خەلق:
- نېمە ئىچىمىز؟ - دەپ، مۇساغا نارازىلىق بىلدۈردى. [25] مۇسا پەرۋەردىگارغا يىلىنىپ تەلەپ قىلغانىدى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا بىر شاخنى كۆرسەتتى. ئۇ شاخنى سۇغا تاشلىغانىدى، بەتتەم سۇ ئىچكىلى بولىدىغان تاتلىق سۇغا ئايلاندى.
پەرۋەردىگار ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن ئۇ يەردە ئۇلارغا قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرنى بېكىتتى. [26] پەرۋەردىگار:
- ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار بولغان مەن خۇدانىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، مېنىڭ نەزىرىمدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ئەمر-پەرمانلىرىمغا تولۇق ئەمەل قىلساڭلار، مەن مىسىرلىقلارغا كەلتۈرگەن كېسەللەرنى سىلەرگە كەلتۈرمەيمەن. مەن سىلەرگە شىپا بولىدىغان پەرۋەردىگاردۇرمەن، - دېدى.
[27] ئاندىن كېيىن ئۇلار ئېلىم دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە ئون ئىككى بۇلاق، يەتمىش تۈپ خورما دەرىخى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇلاق بويىدا چېدىرلىرىنى تىكتى.

## ماننا بىلەن بۆدۈنە

16 [1] پۈتۈن ئىسرائىللار ئېلىم دېگەن يەردىن يولۇپ كەتتى. ئۇلار مىسىردىن ئايرىلىپ بىر يېرىم ئايدىن كېيىن ئېلىم بىلەن سىناي ئېگىزلىكى ئارىلىقىدىكى سىن چۆلىگە يېتىپ باردى.
[2] چۆلدە ئۇلار مۇسا بىلەن ھارۇنغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ:
[3] - پەرۋەردىگار بىزنى مىسىردا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ بوپتىكەن. ئۇ يەردە ھېچبولمىغاندا قازاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى تويغۇدەك يەيتتۇق. لېكىن سىلەر بىزنى چۆلگە ئېلىپ كېلىپ، بۇ يەردە ئاچلىقتىن ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر، - دېيىشتى. [4] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار مۇساغا:
- مەن ئاسماندىن يېمەكلىك ياغدۇرىمەن. ئىسرائىللار ھەر كۈنى چىقىپ، شۇ كۈنلۈك ئوزۇقنى يىغىۋالسۇن. مەن ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىمگە رىئايە قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى

مۇشۇ ئارقىلىق سىنايمەن. [5] ھەر ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى ئۇلار ئىككى كۈنلۈك ئوزۇقنى يىغىۋالسۇن، ــ دېدى. [6] شۇڭا مۇسا بىلەن ھارۇن ئىسرائىللارغا:

ــ بۈگۈن كېچە سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىققۇچىنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر. [7] ئەتە ئەتىگەندە پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرىسىلەر. سىلەرنىڭ رەنجىگەنلىكىڭلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇنىڭغا قارشى نارازىلىق بىلدۈرگۈدەك بىز كىم ئىدۇق؟ [8] پەرۋەردىگار كەچتە سىلەرگە گۆش، ئەتىگەندە تويغۇدەك نان بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ رەنجىگەنلىكىڭلارنى ئاڭلىدى. سىلەرنىڭ بىزدىن رەنجىگىنىڭلار ئەمەلىيەتتە پەرۋەردىگاردىن رەنجىگىنىڭلاردۇر! ــ دېدى. [9] ئاندىن مۇسا ھارۇنغا:

ــ سەن بېرىپ، پۈتۈن خەلققە: «پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلىڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ رەنجىگىنىڭلارنى ئاڭلىدى» دېگىن، ــ دېدى. [10] ھارۇن پۈتۈن خەلققە گەپ قىلىۋاتقاندا، ئۇلار چۆللۈكتە پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىنىڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا پارلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. [11] شۇ چاغدا پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[12] ــ مەن ئىسرائىللارنىڭ رەنجىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. سەن ئۇلارغا: «خۇدا: ‹كەچتە گۆش، ئەتىگەندە تويغۇدەك نان يەيسىلەر. شۇنىڭ بىلەن سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان خۇدا ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر› دېدى»، ــ دېگىن.

[13] كەچقۇرۇن سان-ساناقسىز بۆدۈنە ئۇچۇپ كېلىپ، پۈتۈن قارارگاھنى قاپلىدى. ئەتىسى سەھەردە قارارگاھنىڭ ئەتراپىغا شەبنەم چۈشتى. [14] شەبنەم قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە نېپىز بىر قەۋەت قىرووۋدەك نەرسە كۆرۈندى. [15] ئىسرائىللار بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشەلمەي، بىر-بىرىدىن:

ــ بۇ نېمىدۇ؟ ــ دەپ سوراشتى. مۇسا ئۇلارغا:

ــ بۇ پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان يېمەكلىكىدۇر. [16] پەرۋەردىگار سىلەرنى ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ يىغىۋالسۇن، چېدىرىدىكى ئادەم سانى بويىچە كىشى بېشىغا بىر قاچىدىن ئالسۇن، دەپ بۇيرۇدى، ــ دېدى.

[17] ئىسرائىللار خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە ئىش كۆردى. بەزىلەر كۆپرەك يىغىۋالدى، بەزىلەر ئازراق يىغىۋالدى. [18] كۆپرەك يىغىۋالغانلارنىڭ ئېشىپ قالمىدى، ئاز يىغىۋالغانلارنىڭمۇ يەتمەي قالمىدى. ھەممەيلەننىڭ يىغىۋالغىنى ئۆز ئېھتىياجىغا دەلمۇدەل بولدى. [19] مۇسا ئۇلارغا:

- يېمەكلىكنى ئەتىكىنچى كۈنگە ئاشۇرۇپ قويۇشقا رۇخسەت يوق، - دېدى. [20] لېكىن بەزىلەر مۇسانىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، ئەتىسى ئەتىگەنگە بىرئاز ئاشۇرۇپ قويىدى. بىراق ئاشۇرۇپ قويۇلغان يېمەكلىكنىڭ ھەممىسى قۇرۇتلاپ سېسىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئۇلارغا خاپا بولدى.

[21] ھەممە ئادەم ھەر كۈنى سەھەردە چىقىپ، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق يېمەكلىك يىغىۋالدى. چۈنكى كۈن قىزىغان ۋاقىتتا، يېمەكلىك ئېرىپ كېتەتتى. [22] ئالتىنچى كۈنى ئۇلار بىر ھەسسە ئارتۇق، يەنى ھەر كىشى ئىككى قاچىدىن يېمەكلىك يىغىۋالدى. خەلق ئىچىدىكى يېتەكچىلەر بۇ ئىشنى مۇساغا مەلۇم قىلدى. [23] مۇسا ئۇلارغا:

- پەرۋەردىگار: «ئەتە تولۇق دەم ئالىدىغان كۈندۇر. بۇ كۈن مەن پەرۋەردىگارغا ئاتالغان كۈندۇر. بۈگۈن يېمەكلىكلىرىڭلارنى ئوتقا قاقلاپ، سۇدا قاينىتىپ، خالىغىنىڭلارچە پىشۇرۇڭلار. ئېشىپ قالغىنىنى ئەتىگە قالدۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇغانىدى، - دېدى.

[24] ئۇلار مۇسانىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئېشىپ قالغان يېمەكلىكلەرنى ئەتىكىنچى كۈنگە قالدۇردى، لېكىن يېمەكلىكلەر قۇرۇتلاپمۇ كەتمىدى، سېسىپمۇ قالمىدى. [25] مۇسا ئۇلارغا:

- بۈگۈن مۇشۇ يېمەكلىكلەرنى يەڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان بۇ دەم ئېلىش كۈنىدە سىلەر يەردىن ھېچقانداق يېمەكلىك تاپالمايسىلەر. [26] سىلەر ئالتە كۈن ئىچىدە يېمەكلىك يىغىۋالىسىلەر، يەتتىنچى كۈنى دەم ئېلىش كۈنى بولۇپ، بۇ كۈنى ھېچ نەرسە تاپالمايسىلەر، - دېدى.

[27] يەتتىنچى كۈنى بەزىلەر يەنىلا يېمەكلىك يىغقىلى چىققانىدى، لېكىن ئۇلار ھېچ نەرسە تاپالمىدى. [28] پەرۋەردىگار مۇساغا:

- بۇ خەلق ھېلىغىچە مېنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىمنى رەت قىلىۋاتامدۇ؟

[29] ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، مەن سىلەرگە دەم ئېلىش كۈنىنى ئاتا

قىلدىم. شۇڭا سىلەرگە ئالتىنچى كۈنى ئىككى كۈنلۈك يېمەكلىك بەردىم. يەتتىنچى كۈنى ھەممە ئادەم ئۆيىدە ئولتۇرسۇن، سىرتقا چىقمىسۇن، ـ دېدى. [30] شۇڭا ئىسرائىللار يەتتىنچى كۈنى ئىش قىلماي دەم ئېلىشتى.

[31] ئىسرائىللار بۇ يېمەكلىكنى «ماننا» دەپ ئاتىدى. ماننا ئاق رەڭلىك بولۇپ، شەكلى ئاشكۆكنىڭ ئۇرۇقىغا، تەمى ھەسەل قوشۇلغان نانغا ئوخشايتتى. [32] مۇسا ئۇلارغا:

ـ پەرۋەردىگار: «ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ مېنىڭ سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، چۆل-باياۋاندا يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىگەنلىكىمنى بىلىشى ئۈچۈن ماننادىن بىر قاچا ساقلاپ قويۇڭلار» دېگەندى، ـ دېدى [33] ۋە ھارۇنغا:

ـ بىر كومزەككە بىر قاچا كەلگۈدەك ماننا ئېلىپ، ئۇنى ئەۋلادلىرىمىزغا ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا قويۇپ قويغىن، ـ دېدى.

[34] ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا چۈشۈرگەن ئەمرى بويىچە كومزەكنى ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. [35] ئىسرائىللار تاكى ئادەم ئولتۇراقلاشقىلى بولىدىغان يەرگە، يەنى كەنئان زېمىنىغا بارغۇچە، جەمئىي قىرىق يىل ماننا يېدى. [36] (ئەينى زاماندا، ئۆلچەم قاچىسىنىڭ سىغىمى بىر لىتىر نەرسە پاتقۇدەك ئىدى.)

## قورام تاشتىن چىققان سۇ

17 [1] ئىسرائىل خەلقى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن قەدەممۇ قەدەم سىن چۆلىدىن چىقىپ، سەپەر قىلىپ، رىفىدىمدە چۈشكۈن قىلدى. بىراق ئۇ يەردە سۇ يوق ئىدى. [2] شۇڭا ئۇلار يەنە مۇسا بىلەن جېدەللىشىپ:

ـ بىزگە ئىچكىلى سۇ بەرگىن! ـ دېدى. مۇسا ئۇلارغا:

ـ نېمىشقا مەن بىلەن جېدەللىشىسىلەر؟ نېمىشقا پەرۋەردىگارنى سىنىماقچى بولىسىلەر؟ ـ دېدى.

[3] لېكىن خەلق ئىنتايىن ئۇسساپ كەتكەچكە، مۇساغا داۋاملىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ:

– بىزنى نېمە ئۈچۈن مىسىردىن ئېلىپ چىقتىڭ؟ سەن بىزنى، باللىرىمىزنى ۋە چارۋا ماللىرىمىزنى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ – دېدى.

[4] شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەرۋەردىگارغا يېلىنىپ:

– بۇ خەلقنى قانداق قىلاي؟ ئۇلار مېنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدىغان يەرگە يەتتى، – دېدى. [5] پەرۋەردىگار مۇساغا:

– سەن ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرنەچچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، خەلق ئالدىدىن ئۆتكىن. نىل دەرياسىغا ئۇرغان تايىقىڭنى قولۇڭغا ئېلىۋالغىن. [6] مەن سىناي تېغىدىكى بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرىمەن. سەن قورام تاشنى ئۇرغىن، سىلەرگە ئىچكىلى سۇ چىقىدۇ، – دېدى. مۇسا ئىسرائىل ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىدا شۇنداق قىلغانىدى، سۇ ئېتىلىپ چىقتى. [7] مۇسا ئۇ يەرنى «ماسساھ» ۋە «مىرىبا» [مەنىسى «سىناش» ۋە «جېدەللىشىش»] دەپ ئاتىدى. چۈنكى ئىسرائىللار ئۇ يەردە مۇسا بىلەن جېدەللىشىپ، پەرۋەردىگارنى سىنىماقچى بولغانىدى. ئۇلار: «پەرۋەردىگار زادى ئارىمىزدا بارمۇ-يوق؟» دېيىشكەنىدى.

## ئامالەكلەر بىلەن جەڭ قىلىش

[8] ئامالەكلەر رىفىدىمگە كېلىپ، ئىسرائىللارغا ھۇجۇم قىلدى. [9] مۇسا يوشۇۋاغا:

– سەن ئەتە ئامالەكلەر بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئادەم تاللىغىن. مەن قولۇمغا خۇدا ماڭا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەمر قىلغان تاياقنى تۇتۇپ، تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرىمەن، – دېدى. [10] يوشۇۋا مۇسانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئامالەكلەر بىلەن جەڭ قىلدى. مۇسا، ھارۇن ۋە خۇر تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ جەڭنى كۆزەتتى. [11] مۇسا قوللىرىنى كۆتۈرسە، ئىسرائىللار ئۈستۈن كېلەتتى. قوللىرىنى چۈشۈرسە، ئامالەكلەر ئۈستۈن كېلەتتى. [12] مۇسانىڭ قوللىرى تېلىپ قالغاندا، ھارۇن بىلەن خۇر بىر تاشنى يۆتكەپ كېلىپ، مۇسانى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى قولىنى ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن تاكى كۈن پاتقۇچە كۆتۈرۈپ تۇردى. [13] شۇنداق قىلىپ،

يوشۇۋا ئامالەكلەر قوشۇنىنى قىرغىن قىلىپ، ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. [14] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇساغا:

- كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بوۋاقلىرى بولغان ئامالەكلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن

يېزىپ قالدۇرغىن. ئامالەكلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىدىغانلىقىمنى يوشۇۋاغا يەتكۈزۈپ قوي، - دېدى. [15] شۇنىڭ بىلەن مۇسا بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياساپ، ئۇنىڭ نامىنى «ياھۋەھ-نىسسە» [مەنىسى «پەرۋەردىگار مېنىڭ تۇغۇمدۇر»] دەپ ئاتىدى. [16] مۇسا:

- پەرۋەردىگارنىڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرىمەن! پەرۋەردىگار ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئامالەكلەر بىلەن جەڭ قىلغاي، - دېدى.

## يېترونىڭ مۇسانى زىيارەت قىلىشى

18 [1] مۇسانىڭ قېيىنئاتىسى ۋە مىديان روھانىيسى بولغان يېترو خۇدانىڭ مۇسا ۋە ئىسرائىللارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. [2] مۇسا بۇرۇنلا ئايالى زىپپورا ۋە بالىلىرىنى قېيىنئاتىسى يېترونىڭ يېنىغا ئەۋەتىۋەتكەنىدى. [3] تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى گېرشوم [ئىبرانىي تىلىدىكى «مۇساپىر» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] بولۇپ، مۇسا «مەن يات ئەلدە مۇساپىر بولۇپ تۇرغان» دەپ ئوغلىغا شۇ ئىسمنى قويغانىدى. [4] ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئەلىئەزەر [مەنىسى «خۇدا مېنىڭ ياردەمچىم»] بولۇپ، مۇسا «ئاتام ئىبادەت قىلغان خۇدا ماڭا ياردەم قىلىپ، مېنى پىرئەۋننىڭ ئۆلتۈرۈشىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى» دەپ، شۇ ئىسمنى قويغانىدى. [5] يېترو مۇسانىڭ ئايالى ۋە ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ، خۇدانىڭ تېغىنىڭ يېنىغا، يەنى مۇسا قارارگاھ قۇرغان چۆللۈككە كەلدى. [6] ئۇ قارارگاھقا كېلىشتىن بۇرۇن مۇساغا ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر يوللىغانىدى. [7] شۇڭا مۇسا قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى تەزىم قىلىپ كۈتۈۋالدى ۋە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار ئۆزئارا ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئۇ مۇسانىڭ چېدىرىغا كىردى. [8] مۇسا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە قىلغانلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ

يەنە ئىسرائىللارنىڭ يول بويى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىنى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارنى قانداق قۇتقۇزغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بەردى. [9] يېترو بۇلارنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. [10] ئۇ:

- پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا بولغاي! ئۇ سىلەرنى مىسىرلىقلار ۋە پىرئەۋننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپتۇ. [11] مەن پەرۋەردىگارنىڭ پۈتكۈل ئىلاھلاردىن ئۇلۇغلۇقىنى ئەمدى بىلدىم. چۈنكى مىسىرلىقلار ئىسرائىللارنى خارلىغاندا، ئۇ ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپتۇ، - دېدى. [12] شۇنىڭ بىلەن مۇسانىڭ قېيىنئاتىسى يېترو خۇداغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى ئاتىدى. ھارۇن ۋە ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا تائاملارنى يېدى.

## يېترونىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتى

[13] ئەتىسى مۇسا ئەتىگەندىن كەچكىچە خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. [14] بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مۇسانىڭ قېيىنئاتىسى يېترو ئۇنىڭغا:

- بۇنچىۋالا كۆپ ئادەم ئەتىگەندىن كەچكىچە سېنى كۈتۈپ تۇرسا، ماجىرالارنى ئۆزۈڭ يالغۇز بىر تەرەپ قىلساڭ، بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟ - دېدى.

[15] مۇسا ئۇنىڭغا:

- خەلق مەندىن خۇدانىڭ ئەمرىنى سورايدۇ. [16] ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا ماجىرا پەيدا بولسا، مېنى ئىزدەيدۇ. كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەقلىقىنى ئايرىپ، خۇدانىڭ قانۇنى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى. [17] قېيىنئاتىسى ئۇنىڭغا:

- بۇنداق قىلغىنىڭ ياخشى ئەمەس. [18] بۇنداق كېتىۋەرسە ئۆزۈڭنىمۇ، ئەتراپىڭدىكى قېرىنداشلىرىڭنىمۇ چارچىتىپ قويىسەن. بۇنچىۋالا كۆپ يۈكنى ئۆز ئۈستۈڭگە ئېلىۋالساڭ، ئۆزۈڭ يالغۇز يېتىشەلمەيسەن. [19] مەن ساڭا مەسلىھەت بېرەي، خۇدانىڭ ساڭا يار بولۇشىنى تىلەيمەن. سەن خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا خەلققە ۋاكالىتەن خەلق ئارىسىدىكى ماجىرالارنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلغىن. [20] خۇدانىڭ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىنى خەلققە ئۆگىتىپ، ئۇلارغا قانداق

ياشىسا بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگىن. [21] خەلق ئىچىدىن قابىلىيەتلىك، خۇداغا ئىخلاسمەن، ئىشەنچلىك ۋە پارا ئالمايدىغان كىشىلەرنى تاللاپ، ئۇلارنى مىڭبېشى، يۈزبېشى، ئەللىكبېشى ۋە ئونبېشى قىلىپ تەيىنلىگىن. [22] ئاندىن خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇلارغا تاپشۇرغىن. ئۇلار قىيىنراق ماجىرالارنى سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىپ، كىچىك ماجىرالارنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلسۇن. شۇنداق قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ ۋەزىپەڭنى ئورتاقلىشىپ، يۈكۈڭنى يېنىكلىتىدۇ. [23] ئەگەر مېنىڭ مەسلىھەتلىرىمنى خۇدا خالىسا، سەن خەلقنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالايسەن، خەلقنىڭ ماجىرالىرىمۇ تېز ھەل بولىدۇ، − دېدى.

[24] مۇسا قېيىنئاتىسىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆردى. [25] ئۇ پۈتۈن ئىسرائىللار ئىچىدىن قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تاللاپ، ئۇلارنى مىڭبېشى، يۈزبېشى، ئەللىكبېشى ۋە ئونبېشى قىلىپ تەيىنلىدى. [26] ئۇلار خەلق ئارىسىدىكى ماجىرالارنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. ئۇلار كىچىك ماجىرالارنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىپ، قىيىنراق ماجىرالار بولسا مۇسانىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى سوراشتى.

[27] كېيىن مۇسا قېيىنئاتىسىنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا ئىجازەت بەردى، يېترو ئۆز يۇرتىغا قايتتى.

## ئىسرائىللار سىناي تېغىدا

19 [1] ئىسرائىللار مىسىردىن چىقىپ دەل ئىككى ئاي بولغان كۈنى سىناي چۆللىگە يېتىپ كېلىپ، [2] سىناي تېغى باغرىدا چېدىرلىرىنى تىكىشتى. ئۇلار رەفىدىمدىن يولغا چىقىپ، بۇ يەرگە كەلگەندى. [3] مۇسا خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا بولۇش ئۈچۈن تاغقا چىقتى. پەرۋەردىگار تاغدىن مۇساغا جاراڭلىق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

− ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىللارغا مۇنداق دەپ ئېيتقىن: [4] «سىلەر مەن پەرۋەردىگارنىڭ مىسىرلىقلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىمنى كۆردۈڭلار. مەن خۇددى ئانا بۈركۈت بالىلىرىنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ يۈرگەندەك، مەنمۇ سىلەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم.

[5] ئەگەر سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلىپ، سىلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدەمگە ئەمەل قىلساڭلار، نۇرغۇنلىغان خەلقلەر ئارىسىدىن سىلەرنى ئۆزۈمگە مەنسۇپ قىممەتلىك خەلق قىلىمەن. چۈنكى پۈتۈن دۇنيا ماڭا تەۋەدۇر. [6] سىلەر مېنىڭ پادىشاھلىقىمنىڭ روھانىيلىرى ۋە مېنىڭ مۇقەددەس خەلقىم بولىسىلەر.» بۇ سۆزلىرىمنى ئىسرائىللارغا يەتكۈزگىن.

[7] شۇنىڭ بىلەن مۇسا تاغدىن چۈشۈپ، خەلق ئىچىدىكى ئاقساقاللارنى يىغىپ، پەرۋەردىگار بۇيرۇغان سۆزلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزدى. [8] خەلق بىردەك:

— بىز چوقۇم پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرىمىز، — دېيىشتى. مۇسا تاغقا چىقىپ، خەلقنىڭ جاۋابىنى پەرۋەردىگارغا يەتكۈزدى. [9] پەرۋەردىگار مۇساغا:

— مەن قويۇق بۇلۇت ئىچىدە سېنىڭ يېنىڭغا كېلىمەن. سېنىڭ بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىمىزنى خەلق ئاڭلىسۇن. شۇنىڭ بىلەن خەلق ساڭا مەڭگۈ ئىشىنىدۇ، — دېدى.

مۇسا ئىسرائىللارنىڭ جاۋابىنى پەرۋەردىگارغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، [10] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:

— سەن خەلقنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇلار بۈگۈن ۋە ئەتە كىيىم-كېچەكلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنى پاكلىسۇن. [11] ئۆگۈنلۈككىچە ھەممىسى تەييارلىقنى پۈتكۈزسۇن. چۈنكى ئۇ كۈنى مەن ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدىلا سىناي تېغىغا چۈشىمەن. [12] بىراق سەن تاغنىڭ ئەتراپىغا چېگرا بەلگىلەپ، ئۇلارغا تاغقا چىقماسلىقنى، ھەتتا تاغنىڭ باغرىغىمۇ يېقىن كەلمەسلىكنى تاپىلىغىن. كىمدىكىم بەلگىلەنگەن چېگرادىن ئۆتۈپ، بۇ تاغقا بىر قەدەم باسسا، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن. [13] ئۇنداق ئادەملەرگە يېقىن كەلمەڭلار، ئۇلارنى پەقەت يىراقتىن چالما-كېسەك قىلىپ ياكى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈڭلار. بۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار مەيلى ئادەم ياكى ھايۋان بولسۇن، ھېچقايسىسى تىرىك قالدۇرۇلمىسۇن. خەلق پەقەت بۇرغا① ئۇزاقراق چېلىنغاندىلا، ئاندىن تاغ باغرىغا كەلسۇن، — دېدى.

① 19: 13 بۇرغا — قوچقار قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسىلىدىغان، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بىر خىل قەدىمىي چالغۇ ئەسۋاب.

[14] مۇسا تاغدىن چۈشۈپ، خەلقنى كىيىم-كېچەكلىرىنى پاكلاشقا بۇيرۇدى. [15] مۇسا ئۇلارغا:
- ئۈچ كۈنلۈككىچە ھەممىڭلار تەييار بولۇپ تۇرۇڭلار، ئاياللىڭلارغا يېقىنلاشماڭلار، - دېدى.
[16] ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، تاغدا بىر پارچە قويۇق بۇلۇت پەيدا بولدى. بۇرغىنىڭ قاتتىق چېلىنغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قارارگاھتىكىلەر بۇنى ئاڭلاپ، قورقۇپ تىترەپ كېتىشتى. [17] مۇسا ئۇلارنى خۇدا بىلەن دىدارلاشتۇرۇش ئۈچۈن قارارگاھتىن باشلاپ چىقىپ، سىناي تېغىنىڭ ئېتىكىگە كەلدى. [18] پۈتۈن سىناي تېغىنى ئىس-تۈتەك قاپلىغانىدى، چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇ يەرگە ئوت ئىچىدە چۈشكەنىدى. بۇ ئىس-تۈتەك خۇددى خۇمداندىن چىققان ئىس-تۈتەككە ئوخشايتتى. پۈتۈن تاغ تۇيۇقسىز سىلكىندى. [19] بۇ چاغدا بۇرغىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچەيدى. مۇسا سۆز قىلدى، خۇدا ئۇنىڭغا گۈلدۈرماما بىلەن جاۋاب قايتۇردى. [20] پەرۋەردىگار سىناي تېغىنىڭ چوققىسىغا چۈشكەن بولۇپ، مۇسانى تاغقا چىقىشقا چاقىردى. مۇسا تاغقا چىقتى.
[21] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
- سەن تاغدىن چۈشۈپ، خەلقنى ئاگاھلاندۇر. چېگرادىن ھالقىپ، مېنى كۆرگىلى كەلمىسۇن. بولمىسا، ئۇلار ھالاك بولىدۇ. [22] مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىدىغان روھانىيلارمۇ ئۆزىنى ماڭا بېغىشلاپ بولۇپ، ئاندىن خىزمىتىمدە بولسۇن. بولمىسا، ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن، - دېدى. [23] مۇسا پەرۋەردىگارغا:
- خەلق بۇ يەرگە چىقمايدۇ، چۈنكى سەن بىزنىڭ بۇ تاغنى «مۇقەددەس تاغ» دەپ ئاتىشىمىزنى ۋە تاغنىڭ ئەتراپىغا چېگرا بەلگىلىشىمىزنى بۇيرۇغانىدىڭ، - دېدى. [24] پەرۋەردىگار مۇساغا:
- سەن تاغدىن چۈشۈپ، ھارۇننى باشلاپ كەل. لېكىن روھانىيلار بىلەن خەلق بەلگىلەنگەن چېگرادىن ھالقىپ، بۇ يەرگە كەلمىسۇن. بولمىسا، مەن ئۇلارنى جازالايمەن، - دېدى. [25] شۇنىڭ بىلەن مۇسا تاغدىن چۈشۈپ، خەلقنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى.

## ئون پەرز

20 [1] خۇدا مۇنداق دېدى:
[2] ــ مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇداۋەندە،
سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇردۇم.
[3] مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھىڭلار بولمىسۇن.
[4] ئاسمان، زېمىن ۋە سۇدىكى ھەرقانداق نەرسىلەرنىڭ شەكلىدە
بۇت ياسىماڭلار، [5] ئۇلارغا چوقۇنماڭلار ۋە سەجدە قىلماڭلار.
چۈنكى مەن ساداقەتسىزلىكنى ئۆچ كۆرىدىغان پەرۋەردىگارىڭلار
خۇداۋەندە. مەندىن نەپرەتلەنگەنلەرنى تاكى ئۈچىنچى، تۆتىنچى
ئەۋلادىغىچە جازالايمەن. [6] لېكىن مېنى سۆيگەن، ئەمرلىرىمگە
ئىتائەت قىلغانلارنىڭ مىڭ ئەۋلادىغىچە مېھرىبانلىق قىلىمەن.
[7] نامىمنى قالايمىقان تىلغا ئالماڭلار. كىمدىكىم نامىمنى قالايمىقان
تىلغا ئالسا، مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۇنى چوقۇم جازالايمەن.
[8] دەم ئېلىش كۈنىنى مۇقەددەس كۈن بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل
قىلىڭلار. [9] ئالتە كۈن ئىشلەپ، ھەممە ئىشلىرىڭلارنى قىلىۋېلىڭلار.
[10] يەتتىنچى كۈنى ماڭا ئاتالغان كۈن بولۇپ، بۇ كۈنى مەيلى سىلەر
بولۇڭلار، مەيلى پەرزەنتلىرىڭلار، قۇللىرىڭلار، دېدەكلىرىڭلار، چارۋا
ماللىرىڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردا ياشايدىغان يات خەلقلەر بولسۇن،
ھېچكىم ھېچقانداق ئىش قىلمىسۇن. [11] مەن پەرۋەردىگارىڭلار
ئاسمان، زېمىن، دېڭىز ۋە ئۇلاردىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى
ئالتە كۈندە ياراتتىم. لېكىن يەتتىنچى كۈنى دەم ئالدىم. شۇڭا
مەن پەرۋەردىگار دەم ئېلىش كۈنىگە بەخت ئاتا قىلىپ، بۇ كۈننى
مۇقەددەس كۈن دەپ بەلگىلىدىم.
[12] ئاتا-ئاناڭلارنى ھۆرمەتلەڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، مەن سىلەرگە
ئاتا قىلىدىغان زېمىندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىلەر.
[13] قاتىللىق قىلماڭلار.
[14] زىنا قىلماڭلار.
[15] ئوغرىلىق قىلماڭلار.
[16] يالغان گۇۋاھلىق بەرمەڭلار.

[17] باشقىلارنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرى، ئايالى، قۇللىرى، دېدەكلىرى، ئۆكۈزلىرى، ئېشەكلىرى ياكى باشقا تەئەللۇقاتلىرىغا كۆز قىرىڭلارنى سالماڭلار.

## خەلقنىڭ ۋەھىمىسى

[18] خەلق گۈلدۈرماما ۋە بۇرغا ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، چاقماق چېقىلغاننى ۋە تاغدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان ئىس-تۈتەكنى كۆرۈپ، قورقۇپ تىترەپ كېتىشتى ۋە يىراقراق بېرىپ تۇرۇشتى.
[19] خەلق مۇساغا:
- بىزگە سەنلا سۆزلىگىن، سۆزۈڭنى چوقۇم ئاڭلايمىز. خۇدا بىزگە ئۆزى بىۋاستە سۆز قىلمىغاي. بولمىسا، ھالاك بولىدىغان ئوخشايمىز، - دېدى.
[20] مۇسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:
- قورقماڭلار، خۇدانىڭ بۇ يەرگە كېلىشى سىلەرنى سىناش ۋە سىلەرنىڭ ھەمىشە ئۆزىدىن قورقۇپ، گۇناھتىن خالىي بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر، - دېدى. [21] لېكىن كىشىلەر يەنىلا يىراقتا تۇرۇشتى، پەقەت مۇسالا خۇدانى قورشاپ تۇرغان قارا بۇلۇتنىڭ يېنىغا باردى.

## قۇربانلىق سۇپىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە

[22] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
- سەن بېرىپ ئىسرائىللارغا مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى يەتكۈزگىن: «سىلەر مېنىڭ ئەرشتىن سۆز قىلغانلىقىمنى كۆردۈڭلار. [23] سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ھەرقانداق شەكىلدە بۇت ياساپ، ئۇلارغا سەجدە قىلماڭلار. ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار. [24] تۇپىدىن مەن ئۈچۈن بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياساپ، ئۈستىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنى كۆيدۈرۈڭلار. مەن سىلەرنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن جايلارغا كېلىپ، سىلەرگە بەخت ئاتا قىلىمەن. [25] ئەگەر ماڭا ئاتاپ تاشتىن قۇربانلىق سۇپىسى ياسساڭلار، يونۇلانغان تاشتىن ياسىماڭلار. چۈنكى مەن ئەسۋاب تەگكەن تاشنى قوبۇل قىلمايمەن. [26] ماڭا پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان قۇربانلىق

سۈپىتى ياسىماڭلار. بولمىسا پەلەمپەيدىن چىققۇچە نومۇسلۇق
يېرىڭلار كۆرۈنۈپ قالىدۇ.»

## قۇللارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى بەلگىلىمىلەر

21 [1] ـ سەن ئىسرائىل خەلقىگە تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرنى ئېلان
قىل: [2] «ئەگەر بىرى ئىبرانىيلار ئىچىدىن قۇل سېتىۋالغان
بولسا، قۇل پەقەت ئالتە يىل خوجايىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇن.
يەتتىنچى يىلى ئۇنىڭغا ھۆرلۈك بېرىلسۇن ھەمدە ئۇ خوجايىنىغا
ھېچقانداق ھەق تۆلىمەي كېتىۋەرسۇن. [3] ئەگەر ئۇ قۇل بولغان
ۋاقتىدا بويتاق بولغان بولسا، كېتىدىغان ۋاقتىدىمۇ بويتاق پېتى
كەتسۇن. ئەگەر ئۇ قۇل بولۇشتىن ئىلگىرى نىكاھلىق بولغان
بولسا، ئايالى بىلەن بىرگە كەتسۇن.
[4] ئەگەر خوجايىنى ئۇنىڭغا ئايال ئېلىپ بەرگەن بولۇپ، ئايالى
ئۇنىڭغا پەرزەنت تۇغۇپ بەرگەن بولسا، ئايالى ۋە بالىچاقىلىرى
خوجايىنىغا تەۋە بولىدۇ. پەقەت ئۇ يالغۇز ئۆزىلا ھۆرلۈككە
ئېرىشەلەيدۇ. [5] ئەگەر ئۇ: ‹خوجايىنىمنى ۋە خوتۇن-بالىلىرىمنى
ياخشى كۆرىمەن. مەن ھۆر بولۇشنى خالىمايمەن› دېسە، [6] خوجايىنى
ئۇنى سوتچىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسۇن، ئاندىن ئۇنى ئىشىك
ياكى ئىشىك كېشىكىگە يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ، بىگىز بىلەن
قۇلىقىنى تېشىپ قويسۇن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ خوجايىنىنىڭ
مەڭگۈلۈك قۇلى بولىدۇ.
[7] ئەگەر بىرى قىزىنى دېدەك قىلىپ سېتىۋەتكەن بولسا، ئۇ قىز
ئەرلەرگە ئوخشاش ھەقسىز ھۆر بولۇپ كېتەلمەيدۇ. [8] ئۇ قىزنى
خوجايىنى ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن سېتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن
كېيىن ئۇنى ياخشى كۆرمىسە، ئۇنداقتا خوجايىن قىز تەرەپنىڭ
ھەق تۆلەپ قىزنى ھۆر قىلىشىغا پۇرسەت بەرسۇن. خوجايىنىنىڭ
ئۇ قىزنى ياتلارغا سېتىش ھوقۇقى بولمايدۇ. چۈنكى خوجايىن
ۋەدىسىدە تۇرمىغاندۇر. [9] ئەگەر خوجايىن ئۇنى ئوغلىغا ئېلىپ
بەرگەن بولسا، ئۇنى ئۆز قىزىدەك كۆرسۇن. [10] ئەگەر خوجايىن
دېدەكنى خوتۇنلۇققا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە باشقا
خوتۇن ئالغان بولسا، ئۇ چوقۇم دېدەكنىڭ يېمەك-ئىچمەك،

كىيىم-كېچەك ئېھتىياجىدىن ۋە جىنسىي ھاجىتىدىن بۇرۇنقىدەك چىقسۇن. [11] ئەگەر خوجايىن بۇ ئۈچ تۈرلۈك بۇرچىنى ئادا قىلالمىسا، دېدەككە ھۆرلۈك بەرسۇن، ھەق ئالمىسۇن.

## زوراۋانلىققا قارشى بەلگىلىمە

[12] كىمدىكىم بىر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنسۇن. [13] لېكىن بۇ ئىش مەقسەتسىز ھالدا ۋە مېنىڭ يول قويۇشۇم بىلەن يۈز بەرگەن بولسا، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى مەن بېكىتكەن جايغا قېچىپ بارسا بولىدۇ. [14] ئەگەر بىرى باشقىلارنى قەستەن ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن قۇربانلىق سۇپامنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋالغان بولسىمۇ، ئۇ قۇربانلىق سۇپامدىن تارتىپ ئەكېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنسۇن.
[15] ئاتىسى ياكى ئانىسىنى ئۇرغانلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنسۇن.
[16] باشقىلارنى تۇتۇۋېلىپ ساتقان ياكى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ قۇل قىلغانلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنسۇن.
[17] ئاتىسى ياكى ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنسۇن.
[18] ئەگەر ئۇرۇشۇپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى يەنە بىرىنى تاش ياكى مۇشت بىلەن ئۇرسا، ئۇرۇلغان كىشى ئۆلمەي، زەخىملىنىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولسا، [19] لېكىن ئۇ كىشى كېيىن ساقىيىپ، ھاسا تۇتۇپ ماڭغۇدەك بولسا، ئۇرغۇچى گۇناھسىز دەپ ھېسابلانسۇن. ئەمما يارىلانغۇچىنىڭ ۋاقىت جەھەتتە تارتقان زىيىنىنى تۆلىسۇن ۋە ئۇنى داۋالىتىپ ساقايتسۇن.
[20] كىمدىكىم قۇلىنى ياكى دېدىكىنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ جازاغا تارتىلسۇن. [21] لېكىن قۇل ياكى دېدەك ئۆلمەي، بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن ساقىيىپ قالسا، خوجايىن جازالانمىسۇن، چۈنكى قۇل خوجايىنىنىڭ تەئەللۇقاتىدۇر.
[22] ئەگەر ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، مۇناسىۋەتسىز بىر ھامىلىدار ئايالغا زىيان يەتكۈزسە، لېكىن ھامىلىدار ئايالدا بالىسىنىڭ بالدۇر تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن باشقا زەخىملىنىش ئالامىتى بولمىسا، ئۇلار يارىلانغان ئايالنىڭ ئېرىنىڭ تەلىپى بويىچە سوتچى تەرىپىدىن

ھۆكۈم قىلىنغان جەرىمانىنى تۆلىسۇن. [23] ئەگەر ھامىلىدار ئايالدا باشقا زەخىملىنىش ئالامەتلىرى بولسا، جانغا جان، [24] كۆزگە كۆز، چىشقا چىش، قولغا قول، پۇتقا پۇت، [25] كۆيۈككە كۆيۈك، زەخىمگە زەخىم ۋە كۆككە كۆك ھالەتتە ئۆچ ئېلىنسۇن.

[26] ئەگەر بىر كىشى قۇل ياكى دېدىكىنىڭ كۆزىگە ئۇرۇپ بىر كۆزىنى كور قىلىپ قويغان بولسا، كۆزىنىڭ بەدىلىگە ئۇ كىشى قۇلىنى ئازاد قىلسۇن. [27] ئەگەر ئۇ كىشى قۇل ياكى دېدىكىنىڭ چىشىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتكەن بولسا، چىشىنىڭ بەدىلىگە ئۇ قۇلىنى ئازاد قىلسۇن.

[28] ئەگەر بىرسىنىڭ ئۆكۈزى ئادەم ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۆلگۈچى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆكۈز چوقۇم چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلسۇن. ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر، لېكىن ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى گۇناھكار ھېسابلانمىسۇن. [29] ئەگەر ئۇ ئۆكۈز ئەزەلدىنلا ئادەم ئۈسىدىغان ئۆكۈز بولۇپ، باشقىلار ئۆكۈزنىڭ ئىگىسىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى ئاگاھلاندۇرۇشقا پەرۋا قىلماي، ئۆكۈزنى يەنىلا بوش قويۇۋېتىپ، ئۆكۈزنىڭ ئادەم ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىغا سەۋەبچى بولغان بولسا، ئۆكۈز ئوخشاشلا چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلسۇن ھەم ئۆكۈزنىڭ ئىگىسىمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنسۇن. [30] ئەگەر تۆلەم تۆلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنسا، ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى ئۆلتۈرۈلمىسۇن، ھاياتى بەدىلىگە تەلەپ قىلىنغان تۆلەمنى تۆلەپ بەرسۇن.

[31] ئەگەر ئۆكۈز باشقىلارنىڭ ئوغلى ياكى قىزىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، يۇقىرىقى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنسۇن. [32] ئەگەر ئۆكۈز باشقىلارنىڭ قۇلى ياكى دېدىكىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى قۇلنىڭ خوجايىنىغا 360 گىرام كۈمۈش تۆلەپ بەرسۇن ھەم ئۆكۈز چالما-كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلسۇن.

[33] ئەگەر بىرەرسى قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ئوچۇق قويۇپ ياكى كولاۋاتقان قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ياپماي، ئۆكۈز ياكى ئېشەكنىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ، ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا،

[34] قۇدۇق ئىگىسى مال ئىگىسىگە تۆلەم تۆلىسۇن. ئۆلگەن مال قۇدۇق ئىگىسىنىڭ بولسۇن.
[35] ئەگەر مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئۆكۈزى باشقا بىرسىنىڭ ئۆكۈزىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۆكۈزلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۈسكۈچى ئۆكۈزنى سېتىپ پۇلنى تەڭ بۆلۈشسۇن ھەم ئۆلگەن ئۆكۈزنىڭ گۆشىنىمۇ شۇنداق قىلسۇن. [36] ئەگەر خوجايىن ئۆز ئۆكۈزىنىڭ ئۈسىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى باغلاپ قويماي باشقىلارنىڭ ئۆكۈزىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىغا سەۋەبچى بولغان بولسا، خوجايىن ئۆكۈزنىڭ ئورنىغا ئۆكۈز تۆلەپ بەرسۇن. ئۆلگەن ئۆكۈزنى ئۆزى ئېلىپ قالسۇن.

## تۆلەم تۆلەش ھەققىدىكى بەلگىلىمە

# 22

[1] ئەگەر بىرى باشقا بىرىنىڭ كالىسىنى ياكى قويىنى ئوغرىلاپ سېتىۋەتكەن ياكى سويۇپ يەۋەتكەن بولسا، بىر كالىغا بەش كالا، بىر قويغا تۆت قوي تۆلەپ بەرسۇن.
[2] ئەگەر بىرى كېچىسى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرىپ، تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى گۇناھسىز دەپ قارالسۇن. [3] لېكىن بۇ ئىش كۈندۈزى يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا قاتىللىق گۇناھى ئارتىلسۇن. ئوغرى ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى تۆلىسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمىسا، ئۆزىنى قۇل ئورنىدا سېتىپ، زىياننى تۆلىسۇن. [4] ئۇنىڭ ئوغرىلىغىنى كالا، ئېشەك ياكى قوي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ مال ئوغرىنىڭ قولىدا تېخى تىرىك بولسا، ئوغرى مال ئىگىسىگە بىر ھەسسە ئارتۇق تۆلەم بەرسۇن.
[5] ئەگەر بىرى ئېتىزلىقتا ياكى ئۈزۈمزارلىقتا پادا بېقىپ، پادىلىرىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ، پادىلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىزلىقىدىكى زىرائەتلەرنى ياكى ئۈزۈملەرنى يېيىشىگە يول قويسا، ئۇلارنىڭ زىيىنىنى ئۆز ئېتىزى ياكى ئۈزۈمزارلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى مەھسۇلاتى بىلەن تۆلەپ بەرسۇن.

6 ئەگەر بىرى ئۆزىنىڭ ئېتىزلىرىنى كۆيدۈرگەندە، ئوت باشقىلارنىڭ
زىرائەتلىرى ياكى خامىنىغا تۇتىشىپ كېتىپ، ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن
بولسا، ئوت قويغۇچى بارلىق زىياننى تۆلەپ بەرسۇن.
7 ئەگەر بىرى پۇللىرى ياكى مال-مۈلۈكلىرىنى قوشنىسىغا ئامانەت
قويۇپ قويغاندىن كېيىن، بۇ نەرسىلەر قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن
ئوغرىلانغان بولسا، ئوغرى تۇتۇلغاندىن كېيىن ئوغرىلىغان پۇل
ياكى مال-مۈلۈكلەرنى بىر ھەسسە ئارتۇقى بىلەن تۆلەپ بەرسۇن.
8 ئەگەر ئوغرى تۇتۇلمىسا، ئامانەت قىلىنغۇچى سوتچىنىڭ ئالدىغا
ئاپىرىلسۇن. سوتچى ئۇنىڭ ئامانەت قىلىنغان پۇل ياكى مال-
مۈلۈكلەرنى ئېلىۋالغان ياكى ئېلىۋالمىغانلىقىغا ھۆكۈم چىقارسۇن.
9 ھەرقانداق مال-مۈلۈك ماجىراسى توغرىسىدىكى دەۋا كالا،
ئېشەك، قوي، كىيىم-كېچەك ياكى باشقا يوقالغان نەرسىلەرگە
چېتىشلىق بولسا ھەمدە ماجىرالاشقان ئىككى تەرەپ تالاش-تارتىش
قىلىپ دەۋانى بىر تەرەپ قىلالمىسا، سوتچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز
قىلسۇن. سوتچى كىمگە گۇناھ بېكىتسە، شۇ ئادەم قارشى تەرەپكە
بىر ھەسسە ئارتۇق تۆلىسۇن.
10 بىرى ئېشىكى، كالىسى، قويى ياكى باشقا ھايۋانلىرىنى
قوشنىسىنىڭ قاراپ قويۇشىغا ھاۋالە قىلغاندىن كېيىن ھايۋانلار ئۆلۈپ
قالسا، يارىلانسا ياكى باشقىلار ئېلىپ كەتسە، لېكىن بۇنى ھېچكىم
كۆرمىسە، 11 ھاۋالە قىلىنغۇچى بۇ ھايۋانلارنى ئېلىۋالمىغانلىقى
توغرىسىدا مەن پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن،
ھايۋان ئىگىسىمۇ قايتا سۈرۈشتە قىلمىسۇن، ھاۋالە قىلىنغۇچىمۇ
تۆلەم تۆلىمىسۇن. 12 لېكىن ھايۋانلار ئوغرىلانغان بولسا، ھاۋالە
قىلىنغۇچى ئىگىسىگە تۆلەپ بەرسۇن. 13 ئەگەر ھايۋاننى يىرتقۇچ
ھايۋانلار يەپ كەتكەن بولسا، ھاۋالە قىلىنغۇچى يەپ كېتىلگەن
ھايۋاننىڭ قالدۇقىنى ئەكېلىپ، ئىسپات قىلىپ كۆرسەتسۇن،
تۆلەم تۆلىمىسۇن.
14 ئەگەر بىرى باشقا بىرىنىڭ ھايۋىنىنى ئارىيەت ئالغاندىن
كېيىن بۇ ھايۋان ئىگىسى يوق يەردە زەخىملەنسە ياكى ئۆلۈپ
قالسا، ئارىيەت ئالغۇچى ھايۋاننى تۆلەپ بەرسۇن. 15 ئەگەر ئىگىسى

نەق مەيداندا بولسا، تۆلىمىسۇن. ئەگەر هايۋان ئىجارىگە ئېلىنغان بولسا، پەقەت ئىجارە هەققىنى تۆلىسۇن.

## جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەخلاقىي مىزانلار

[16] ئەگەر بىر ئادەم تېخى ياتلىق بولۇشقا پۈتۈشمىگەن قىزنى ئازدۇرۇپ، ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگسە، تويلۇق بېرىپ ئۇ قىز بىلەن نىكاھلانسۇن. [17] ئەگەر قىزنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا قىزنى بېرىشكە رازى بولمىسا، ئۇ ئادەم قىزنىڭ تويلۇقىغا باراۋەر كېلىدىغان پۇل تۆلەپ بەرسۇن.

[18] جادۇگەرلىك قىلغان ئايالنى تىرىك قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

[19] هايۋان بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغانلار ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنسۇن. [20] مەندىن باشقا هەرقانداق ئىلاهقا قۇربانلىق سۇنغان كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن.

[21] يات خەلقلەردىن بولغان مۇساپىرلارنى خورلىماڭلار ياكى بوزەك قىلماڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ مىسىردا مۇساپىر بولۇپ تۇرغانلىقىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار.

[22] تۇل ئايال ۋە يېتىم-يېسىرلارنى خورلىماڭلار. [23] ئەگەر ئۇلارنى خورلىساڭلار، ئۇلار ماڭا نالە قىلسا، مەن ئۇلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلايمەن ۋە [24] دەرغەزەپ بولۇپ، سىلەرنى قىلىچ ئاستىدا هالاك قىلىمەن، ئاياللىرىڭلار تۇل، پەرزەنتلىرىڭلار يېتىم قالىدۇ.

[25] ئەگەر خەلقىم ئىچىدىكى هەرقانداق بىر كەمبەغەلگە قەرز پۇل بەرگەن بولساڭلار، جازانىخورلارغا ئوخشاش ئۆسۈم ئالماڭلار. [26] ئەگەر باشقىلار چاپىنىنى سىلەرگە گۆرۈگە قويغان بولسا، كۈن پاتقۇچە قايتۇرۇپ بېرىڭلار. [27] چۈنكى ئۇلار پەقەت شۇ چاپان بىلەنلا ئىسسىنىشىدۇ. بۇ چاپان بولمىسا، ئۇلار نېمىنى يېپىنچا قىلىپ ئۇخلىسۇن؟ ناۋادا ئۇلار ماڭا نالە قىلىپ ياردەم تىلىسە، ئۇلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلايمەن، چۈنكى مەن رەھىمدىلدۇرمەن.

[28] كۇپۇرلۇق قىلماڭلار، خەلقىڭنىڭ يېتەكچىلىرىنى قارغىماڭلار.

[29] باش هوسۇلۇڭلاردىن ماڭا قىلىدىغان بۇغداي، شاراب، ياغ هەدىيەلىرىڭلارنى ئايىماڭلار.

تۇنجى ئوغلۇڭلارنى ماڭا ئاتاڭلار. [30] كالا، قوي ۋە ئۆچكىلىرىڭلارنىڭ تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك باللىرىنىمۇ ماڭا ئاتاڭلار. ھايۋانلار تۇغۇلۇپ يەتتە كۈن ئانىلىرى بىلەن بىللە تۇرسۇن، سەككىزىنچى كۈنى ماڭا ئاتاڭلار. [31] سىلەر مېنىڭ پاك خەلقىم بولۇڭلار. يىرتقۇچ ھايۋانلار قارنىنى يىرتىۋەتكەن ماللارنىڭ گۆشىنى يېمەي، ئۇنى ئىتقا بېرىڭلار.

## ھەققانىيەت ۋە ئادىللىق

23 [1] ئىغۋا تارقاتماڭلار. يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ، گۇناھكارغا يان باسماڭلار. [2] كۆپ سانلىقلارغا ئەگىشىپ يامانلىق قىلماڭلار. دەۋادا گۇۋاھلىق بەرگەندە، كۆپچىلىككە يان بېسىپ ھەقنى بۇرمىلىماڭلار. [3] دەۋادا كەمبەغەللىگىمۇ يان باسماڭلار.

[4] ئەگەر ئاداۋىتىڭلار بار كىشىلەرنىڭ كالىسى ياكى ئېشىكىنىڭ ئادىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسەڭلار، ئۇلارنى يېتىلەپ كېلىپ، ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. [5] ئەگەر ئاداۋىتىڭلار بار كىشىلەرنىڭ ئېشىكى يۈكنى كۆتۈرەلمەي يىقىلىپ چۈشسە، كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قالماي، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئېشىكنى قوپۇرۇشۇپ بېرىڭلار. [6] دەۋادا كەمبەغەللەرگە ئۇۋال قىلماڭلار. [7] تۆھمەت قىلىپ ئەرز قىلماڭلار. بىگۇناھ، دۇرۇس ئادەمنى ئۆلۈمگە ئىتتىرمەڭلار. چۈنكى مەن بۇنداق رەزىل ئىش قىلغۇچىلارنى چوقۇم جازالىماي قويمايمەن. [8] پارا ئالماڭلار، چۈنكى پارا ئەقىل كۆزۈڭلارنى خىرەلەشتۈرۈپ، ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ.

[9] يات خەلقلەردىن بولغان مۇساپىرلارنى بوزەك قىلماڭلار. چۈنكى مىسىردا مۇساپىر بولۇپ تۇرغىنىڭلاردا ياقا يۇرتتىكى مۇساپىرچىلىقنىڭ تەمىنى سىلەرمۇ تېتىغان.

## يەتتىنچى يىل ۋە يەتتىنچى كۈن

[10] ئالتە يىل يېرىڭلارنى تېرىپ، ھوسۇل ئېلىڭلار. [11] يەتتىنچى يىلى يەرنى ئارام ئالدۇرۇپ ئاق قويۇڭلار. ئۆزى ئۈنۈپ قالغان زىرائەتلەرنى كەمبەغەللەرگە قالدۇرۇڭلار. قالغىنىنى ياۋايى

ھايۋاناتلار يېسۇن. ئۈزۈمزارلىقىڭلار بىلەن زەيتۇنلۇقۇڭلارنىمۇ شۇنداق قىلىڭلار.
[12] ئالتە كۈن ئىشلەپ، يەتتىنچى كۈنى ئارام ئېلىڭلار. ئۆكۈز، ئېشەك، قۇل ۋە يات خەلقلەردىن بولغان مۇساپىرلارمۇ ئارام ئالسۇن.
[13] مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە ئېيتقان سۆزلەرگە تولۇق ئەمەل قىلىڭلار، باشقا ئىلاھلارنىڭ نامى بىلەن دۇئا قىلماڭلار، ھەتتا ئۇلارنىڭ نامىنى تىلغىمۇ ئالماڭلار.

## ئۈچ مۇھىم ھېيت

[14] ھەر يىلى مەن ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ھېيت قىلىڭلار. [15] ئالدى بىلەن پېتىر نان ھېيتىنى ئۆتكۈزۈڭلار. مېنىڭ ئەمرىم بويىچە يەتتە كۈنلۈك ھېيتتا پېتىر نان يەڭلار. بۇ ھېيت ھەر يىلى زىرائەتلەر بىخ چىقارغان ئابىب ئېيىدا ئۆتكۈزۈلسۇن. سىلەر مۇشۇ ئايدا مىسىردىن ئايرىلغانىدىڭلار. ھۇزۇرۇمغا قۇرۇق قول كەلمەڭلار. [16] تۇنجى پىشقان زىرائەتلىرىڭلارنى ئورىغاندا، ئورما ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. كۈزدە ھوسۇلۇڭلارنى يىغقىنىڭلاردا، ھوسۇل يىغىش ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. [17] ھەر يىلى بۇ ئۈچ ھېيتتا پۈتكۈل ئەرلەر مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا، يەنى ئىگەڭلار بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا كەلسۇن.
[18] ماڭا ئاتالغان قۇربانلىقنىڭ قېنىنى خېمىرتۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇلغان يېمەكلىك بىلەن بىرگە ئاتىماڭلار. ھېيت مەزگىلىدە قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ مېيىنى ئەتىسى سەھەرگىچە ساقلىماڭلار.
[19] ھەر يىلى تۇنجى ئېلىنغان ھوسۇلۇڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى ئىبادەت جايىمغا ئەكېلىپ، ماڭا، يەنى پەرۋەردىگارىڭلار بولغان خۇداغا ئاتاڭلار.
ئوغلاقنىڭ گۆشىنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە پىشۇرماڭلار.»

## خۇدانىڭ پەرىشتىسىنىڭ يول باشلىشى

[20] پەرۋەردىگار سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە مۇنداق دېدى:
– پەرىشتەمنى ئالدىڭلارغا ئەۋەتىمەن. ئۇ يوللاردا سىلەرنى قوغداپ، سىلەرنى مەن سىلەرگە تەييارلاپ قويغان يەرگە ئېلىپ

بارىدۇ. [21] سىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كۆڭۈل قويۇپ قۇلاق سېلىڭلار، قارشىلىق قىلماڭلار. بولمىسا، ئۇ گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ مېنىڭ نامىمدا كېلىدۇ. [22] ئەگەر سىلەر سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىپ، مېنىڭ پۈتۈن ئەمرلىرىمگە ئەمەل قىلساڭلار، دۈشمىنىڭلارغا دۈشمەن، رەقىبىڭلارغا رەقىب بولىمەن. [23] مېنىڭ پەرىشتەم سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مېڭىپ، سىلەرنى ئامورلار، خىتلار، پەرىززىلەر، كەنئانلار، خىۋلار ۋە يەبۇسلارنىڭ زېمىنىغا ئېلىپ كىرىدۇ. مەن ئۇلارنى يوقىتىمەن. [24] ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا سەجدە قىلماڭلار، چوقۇنماڭلار، قىلىقلىرىنى دورىماڭلار. ئۇلارنىڭ بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلىرىنى يىقىتىۋېتىڭلار. [25] سىلەر پەقەت ماڭىلا، يەنى پەرۋەردىگارىڭلار بولغان خۇداغىلا ئىبادەت قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، يېمەك-ئىچمەكلىرىڭلارغا بەرىكەت بېرىمەن، سىلەرنى پۈتۈن كېسەللەردىن خالىي قىلىمەن. [26] ئاراڭلاردا بويىدىن ئاجراپ كېتىدىغان ياكى تۇغماس ئاياللار بولمايدۇ. سىلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىمەن.

[27] سىلەر قەيەرگە بارساڭلار، مەن شۇ يەردىكىلەرنى سىلەردىن چۆچۈيدىغان، سىلەرنى كۆرسىلا ئالدى-كەينىگە قارىماي قاچىدىغان قىلىمەن. [28] دۈشمىنىڭلارنى پاراكەندە قىلىپ، سىلەر ئۇ يەرگە كىرىشتىن بۇرۇنلا، خىۋلار، كەنئانلار ۋە خىتلارنى قوغلاپ چىقىرىمەن. [29] لېكىن يەرلەرنىڭ تېرىلماي ئاق قىلىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ماكانى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي قوغلىۋەتمەيمەن. [30] نوپۇسۇڭلار كۆپىيىپ، ئۇ زېمىننى ئىگىلىشىڭلارغا ئەگىشىپ، ئۇلارنى ئاستا-ئاستا قوغلاپ چىقىرىمەن. [31] سىلەرنىڭ زېمىنىڭلارنىڭ چېگراسىنى قىزىل دېڭىزدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە، قۇملۇق رايوندىن فىرات دەرياسىغىچە كېڭەيتىمەن. مەن سىلەرگە يەرلىك خەلقنى بويسۇندۇرۇش قۇدرىتىنى بېرىمەن. سىلەر ئۇ يەرگە كىرگەن ۋاقتىڭلاردا، ئۇلارنى قوغلىۋېتەلەيسىلەر. [32] ئۇلار ياكى ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى بىلەن بىرەر ئەھدە تۈزمەڭلار. [33] ئۇلارنى زېمىنىڭلاردا تۇرغۇزماڭلار. بولمىسا، ئۇلار سىلەرنى گۇناھقا باشلايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇنساڭلار، سىلەر چوقۇم ئۇلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشىسىلەر.

## ئىسرائىل خەلقىنىڭ مۇقەددەس ئەھدىنى قوبۇل قىلىشى

24
[1] پەرۋەردىگار مۇساغا:
ــ سەن ھارۇن، ناداب، ئابىھۇلارنى ۋە ئىسرائىل ئاقساقاللىرىدىن يەتمىش كىشىنى ئېلىپ، بۇ تاغقا چىقىپ، يىراقتا تۇرۇپ بىرلىكتە ماڭا سەجدە قىلىڭلار. [2] ئالدىمغا يالغۇز ئۆزۈڭلا كەل. باشقىلار يېقىن كەلمىسۇن. خەلقمۇ سەن بىلەن بىرگە تاغقا چىقمىسۇن، ــ دېدى.
[3] مۇسا قايتىپ كېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھەممە ئەمرلىرى ۋە قانۇنلىرىنى خەلققە بايان قىلدى. پۈتۈن خەلق:
ــ پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئەمرلىرىگە چوقۇم ئەمەل قىلىمىز، ــ دەپ بىر ئېغىزدىن جاۋاب قايتۇرۇشتى. [4] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئەمرلىرىنى خاتىرىلىۋالدى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە تاغ باغرىدا بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياسىدى ۋە 12 تاشنى تىكلىدى. 12 تاش ئىسرائىللارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. [5] ئاندىن كېيىن مۇسا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بۇقىلارنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئامانلىق قۇربانلىقى قىلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە ياشلارنى ئەۋەتتى.
[6] مۇسا قۇربانلىقلارنىڭ قېنىنىڭ يېرىمىنى داشقا ئېلىپ قويۇپ، يېرىمىنى قۇربانلىق سۇپىسىغا چاچتى. [7] ئاندىن كېيىن ئەھدىنامىنى قولىغا ئېلىپ، خەلققە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ بەردى. خەلق:
ــ بىز چوقۇم پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرىمىز، ــ دېيىشتى. [8] شۇنىڭ بىلەن مۇسا داستىكى قاننى خەلقنىڭ ئۈچىسىغا سېپىپ:
ــ بۇ قان ئەھدە قېنىدۇر، پەرۋەردىگارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ سىلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنىڭ ئاساسىدۇر، ــ دېدى.
[9] مۇسا، ھارۇن، ناداب ۋە ئابىھۇ ھەمدە ئىسرائىل ئاقساقاللىرىدىن يەتمىش كىشى تاغقا چىقىشتى. [10] ئۇلار ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانى كۆردى! ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئاسمانغا ئوخشاش سۈپسۈزۈك كۆك ياقۇت پاياندار بار ئىدى. [11] ئىسرائىل ئاقساقاللىرى

خۇدانى كۆرسىمۇ، خۇدا ئۇلارغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمىدى.
ئۇلار خۇدانىڭ ھوزۇرىدا غىزالاندى.

## مۇسا سىناي تېغىدا

[12] پەرۋەردىگار مۇساغا:
– سەن تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، مېنىڭ يېنىمغا كەل. خەلقنىڭ
ئۆگىنىشى ئۈچۈن مەن پۈتۈن قانۇن ۋە پەرزلەرنى ئىككى تاش
تاختىغا يازدىم. ئۇنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، – دېدى. [13] مۇسا
ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى يوشۇۋا ئورنىدىن قوزغىلىپ، خۇدانىڭ
تېغىغا چىقتى. [14] مېڭىش ئالدىدا مۇسا ئىسرائىل ئاقساقاللىرىغا:
– بىز قايتىپ كەلگۈچە، سىلەر بۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار.
ھارۇن بىلەن خۇر سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا قالىدۇ. بىرەر تالاش-تارتىش
چىقسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەل قىلىڭلار، – دېدى.
[15] شۇنىڭ بىلەن مۇسا سىناي تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقتى.
بۇ ۋاقىتتا تاغنى بۇلۇت قاپلىۋالدى. [16] پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق
نۇرى تاغقا چۈشتى. ئالتە كۈنگىچە تاغنى بۇلۇت قاپلاپ تۇردى.
يەتتىنچى كۈنى پەرۋەردىگار بۇلۇت ئارىسىدىن مۇسانى چاقىردى.
[17] چوققىدىكى بۇ پارلاق نۇر باشقا ئىسرائىللارغا گويا دەھشەتلىك
كۆيۈۋاتقان ئوتتەك كۆرۈندى. [18] مۇسا بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
ئۇ يەردە قىرىق كېچە-كۈندۈز تۇردى.

## ئىبادەت چېدىرى ئۈچۈن سۇنۇلىدىغان ھەدىيەلەر

25 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] – ئىسرائىللار ماڭا ھەدىيە سۇنسۇن. ئۆز رازىلىقلىرى
بىلەن سۇنغان ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلىڭلار. [3] ئۇلارنىڭ مۇنداق
ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلىڭلار:

ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ،
[4] كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ، ئېسىل
زىغىر رەخت، ئۆچكە تىۋىتى،
[5] قىزىل بويالغان قوچقار تېرىسى، چىداملىق تېرە،

ئاكاتسىيە ياغىچى،
[6] چىراغ ئۈچۈن زەيتۇن يېغى، مۇقەددەس ياغ،
ئىسرىق ئۈچۈن خۇشبۇي ئەشيالار،
[7] باش روھانىي تاقايدىغان پەرتۇق،
كۆكرەكلىككە قادىلىدىغان يوللۇق ھېقىق ۋە باشقا
گۆھەرلەر.

[8] ئۇلار ماڭا ئاتاپ بىر ئىبادەت جايى ياسىسۇن، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايمەن. [9] ئىبادەت چېدىرى ۋە ئىچىدىكى نەرسىلەر مەن ساڭا كۆرسەتكەن نۇسخىغا ئوخشاش ياسالسۇن.

## ئەھدە ساندۇقى

[10] – ئۇلار ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئۇزۇنلۇقنى 125 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكىنى 75 سانتىمېتىر قىلىپ، بىر ساندۇق ياسىسۇن. [11] ساندۇقنىڭ ئىچى-سىرتى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىنىپ، چۆرىسى ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنسۇن. [12] ئالتۇندىن تۆت ھالقا قۇيۇلۇپ، ساندۇقنىڭ تۆت پۇتىغا ئورنىتىلسۇن. ھالقىلار ھەربىر تەرىپىدە ئىككىدىن بولسۇن. [13-14] ئۇلار ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئىككى بالداق ياساپ، ئۇلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، ساندۇقنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئالتۇن ھالقىلاردىن ئۆتكۈزسۇن. [15] ئىككى بالداق ھەمىشە ھالقىدا تۇرسۇن، چىقىرىۋېتىلمىسۇن. [16] مەن ساڭا بېرىدىغان پەرزلەر يېزىلغان ئىككى تاش تاختا ساندۇقنىڭ ئىچىگە قويۇلسۇن.
[17] ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ساپ ئالتۇندىن ئۇزۇنلۇقى 125، كەڭلىكى 75 سانتىمېتىر كېلىدىغان ساندۇق قاپقىقى، يەنى «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى» ياسالسۇن. [18] ئالتۇندىن ئىككى دانە «كېرۇب»نىڭ① ھەيكىلى سوقۇلۇپ، [19] «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»نىڭ ئىككى بېشىغا بىردىن ئورنىتىلىپ، قاپقاق بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ

① 25: 18 كېرۇب – ئەرشتە ياشايدىغان ۋە پەرىشتىگە ئوخشايدىغان ئىنتايىن كۈچلۈك بىر خىل قاناتلىق مەخلۇقتۇر.

بىرلەشتۈرۈلسۇن. [20] يۈزمۇيۈز قويۇلغان ھەيكەللەرنىڭ ئېچىلغان قاناتلىرى قاپقاقنى يېپىپ، يۈزلىرى قاپقاققا قاراپ تۇرسۇن. [21] مەن ساڭا بېرىدىغان پەرزلەر يېزىلغان ئىككى تاش تاختا ئاشۇ ساندۇقنىڭ ئىچىگە قويۇلۇپ، ئاندىن ساندۇقنىڭ قاپقىقى يېپىلسۇن. [22] مەن ئۇ يەردە، يەنى قاپقاقنىڭ ئۈستىدە، ئىككى كېرۇبنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، سەن بىلەن ئۇچرىشىمەن ۋە ئىسرائىللارغا چۈشۈرىدىغان ئەمرلىرىمنى ساڭا يەتكۈزىمەن.

## شىرە

[23] – ئۇلار ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بىر شىرە ياسىسۇن. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 75 سانتىمېتىر بولسۇن. [24] شىرە ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلانسۇن ۋە چۆرىسى ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنسۇن. [25] شىرەنىڭ چۆرىسىگە 8 سانتىمېتىر كەڭلىكتە قىر چىقىرىلسۇن ۋە ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنسۇن. [26] تۆت ئالتۇن ھالقا ياسىلىپ، شىرەنىڭ تۆت بۇرجىكىدىكى تۆت پۇتقا، [27] يەنى شىرەنىڭ قىرىغا يېقىنراق ئورنىتىلسۇن. چۈنكى ئالتۇن ھالقىلاردىن بالداقلار ئۆتكۈزۈلۈپ، شىرە كۆتۈرۈلۈپ مېڭىلىدۇ. [28] بالداقلارمۇ ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياسىلىپ، ئالتۇن بىلەن قاپلانسۇن. [29] شىرەنىڭ ئۈستىدىكى تاۋاق ۋە تەخسە، شۇنداقلا ئىچىملىك ھەدىيەسىگە ئىشلىتىلىدىغان چەينەك ۋە چىنىلەر ساپ ئالتۇندىن ياسالسۇن. [30] شىرەگە ھەمىشە ماڭا ئاتىلىدىغان نانلار تىزىپ قويۇلسۇن.

## چىراغدان

[31] – ئۇلار ساپ ئالتۇندىن بىر چىراغدان ياسىسۇن. چىراغداننىڭ پۇتى، غولى، تارماق شاخلىرى ۋە گۈل نۇسخىسىدىكى چىراغ تەكچىلىرى بىر پۈتۈن ئالتۇندىن سوقۇلسۇن. [32] چىراغداننىڭ بىر تەرىپىگە ئۈچ، يەنە بىر تەرىپىگە ئۈچ بولۇپ، جەمئىي ئالتە دانە شاخچە چىقىرىلسۇن. [33] ھەربىر شاخچىدە بادام چېچىكى شەكلىدىكى ئۈچ دانە گۈل بەرگى بولسۇن. چىراغداننىڭ ئالتە شاخچىسىنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇنداق بولسۇن. [34] چىراغداننىڭ غولىدا بادام

چىچەكى شەكلىدە تۆت دانە گۈل بەرگى بولسۇن. [35] بۇ گۈل بەرگلىرى چىراغداننىڭ غولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىقىرىلغان ھەربىر جۈپ شاخچىنىڭ، يەنى ئالتە دانە شاخچىنىڭ ئاستىدا بولسۇن. [36] پۈتۈن چىراغدان، يەنى ئۇنىڭ بارلىق بېزەكلىرى بىرلا پارچە ئالتۇندىن سوقۇلسۇن. [37] چىراغدانغا يورۇقى ئالدى تەرەپكە چۈشىدىغان قىلىپ يەتتە چىراغ ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن. [38] پىلىك قىسقۇچ، پىلىك قالدۇقىنى قويىدىغان تەخسە ساپ ئالتۇندىن قىلىنسۇن. [39] چىراغدان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەرنى ياساش ئۈچۈن 35 كىلو ساپ ئالتۇن ئىشلىتىلسۇن. [40] بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ساڭا تاغدا كۆرسەتكەن نۇسخا بويىچە كۆڭۈل قويۇپ ياسالسۇن.

## ئىبادەت چېدىرى

26 [1] – ئۇلار ئىبادەت چېدىرى ئۈچۈن ئون پارچە يوپۇق تەييارلىسۇن. بۇ يوپۇقلار ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىلىپ، ئۇلارغا قولى چېۋەر ئۇستىلار تەرىپىدىن كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كېرۇبلارنىڭ سۈرىتى نەپىس كەشتىلەنسۇن. [2] ھەربىر يوپۇقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش قىلىنسۇن، ئۇزۇنلۇقى 14 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر بولسۇن. [3] يوپۇقلار كەڭلىكلىرى تەرىپىدىن بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ، بەش دانىسى بىر پارچە، يەنە باشقا بەش دانىسى بىر پارچە قىلىنىپ ئۇلانسۇن. [4-5] ئۇلانغان ھەربىر چوڭ پارچىنىڭ چېتىگە ئەللىك دانىدىن كۆك رەڭلىك ئىزمە تىكىلسۇن. بۇ ئىككى پارچىدىكى تىكىلگەن ئىزمىلەر بىر-بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل كەلسۇن. [6] ئەللىك ئالتۇن ئىلمەك ياسىلىپ، بۇ ئىككى پارچە چوڭ يوپۇق بىر-بىرىگە ئۇلانسۇن.

[7] ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يوپۇقلارنىڭ ئۈستىگە يېپىش ئۈچۈن ئۆچكە تىۋىتىدىن 11 پارچە قېلىن يوپۇق توقۇلسۇن. [8] بۇ 11 پارچە يوپۇق ئوخشاش چوڭلۇقتا، يەنى ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر بولسۇن. [9] بۇ يوپۇقلار كەڭلىكلىرى تەرىپىدىن بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ، بەش دانىسى بىر پارچە، يەنە باشقا ئالتە دانىسى بىر پارچە قىلىنىپ ئۇلانسۇن. ئاندىن مۇشۇ پارچىنىڭ كىرىش ئېغىزى تەرىپىدىكى ئالتىنچى پارچىسىنىڭ يېرىمى كەينىگە قايرىلىپ

قويۇلسۇن. [10] ھەربىر چوڭ پارچىنىڭ چېتىدە ئەللىك دانىدىن ئىزمە بولسۇن. [11] ئاندىن تۇچتىن ئەللىك ئىلمەك ياسىلىپ، ئۇلار ئىزمىلەردىن ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ ئىككى پارچە چوڭ يوپۇق بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ، بىر پۈتۈن يوپۇق قىلىنسۇن. [12] يوپۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئېشىپ قالغان قىسمى چېدىرنىڭ كەينىدە يەرنى يېپىپ تۇرسۇن. [13] بۇ يوپۇق چېدىرغا يېپىلغان زىغىر رەختتىن قىلىنغان يوپۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدىن يېرىم مېتىردىن ئۇزۇن بولۇپ، ئۇلار يەرگە تېگىپ، چېدىرنى تولۇق يېپىپ تۇرسۇن. [14] بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېپىش ئۈچۈن قىزىل بويالغان قوچقار تېرىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىش ئۈچۈن چىداملىق تېرىلەر تەييارلانسۇن.

[15] ئۇلار ئىبادەت چېدىرى ئۈچۈن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن تىك راملار ياسىسۇن. [16] ھەربىر رامنىڭ ئېگىزلىكى 5 مېتىر، كەڭلىكى 75 سانتىمېتىر بولسۇن. [17] ھەربىر رامنىڭ تۆۋەن تەرىپى رام پۇتىغا ماسلاشتۇرۇپ ياسالسۇن. ھەممە راملار شۇنداق ياسالسۇن. [18] چېدىرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە يىگىرمە رام [19] ۋە راملارنىڭ تېگىگە كۈمۈشتىن قىرىق دانە پۇت ياسالسۇن. ھەربىر رام ئىككىدىن پۇتقا ئورنىتىلسۇن. [20] چېدىرنىڭ شىمال تەرىپىگىمۇ يىگىرمە رام [21] ۋە ئۇلار ئۈچۈنمۇ كۈمۈشتىن قىرىق دانە پۇت ياسالسۇن. ھەربىر رام ئىككىدىن پۇتقا ئورنىتىلسۇن. [22] چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدە، يەنى غەرب تەرىپىدە ئالتە دانە رام بولسۇن. [23] چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئىككى بۇلۇڭغا بىردىن رام ياسالسۇن. [24] بۇ ئىككى رام پەس ۋە يۇقىرى تەرەپلىرىدىن يان ۋە كەينىدىكى راملارنىڭ ئاخىرقى رىمىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۈستى تەرەپلىرىدىن ھالقا بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلسۇن. ھەربىر بۇلۇڭ مۇشۇ يول بىلەن ياسالسۇن. [25] دېمەك، چېدىرنىڭ غەرب تەرىپىدە سەككىز رام بولۇپ، ھەربىر رامنىڭ تېگىگە ئىككىدىن جەمئىي 16 دانە كۈمۈش پۇت ياسالسۇن.

[26] بۇنىڭدىن باشقا ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بالداقلار ياسىسۇن. بۇلاردىن بەش دانىسى ئىبادەت چېدىرىنىڭ بىر يېنىغا، [27] يەنە بەش دانىسى يەنە بىر يېنىغا، قالغان بەش دانىسى چېدىرنىڭ غەربىگە، يەنى كەينىگە ئىشلىتىلسۇن. [28] راملارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن توغرىسىغا چېتىلىدىغان بالداقلار چېدىرنىڭ بىر بېشىدىن يەنە بىر

بېشىغا تۇتاشسۇن. [29] راملار ۋە بالداقلار ئالتۇن بىلەن قاپلانسۇن ۋە بالداقلار ئۆتكۈزۈلىدىغان ھالقىلارمۇ ئالتۇندىن ياسالسۇن. [30] ئىبادەت چېدىرى مەن ساڭا تاغدا كۆرسەتكەن نۇسخا بويىچە ياسالسۇن.

[31] ئېسىل زىغىر رەختتىن بىر پەردە تىكىلسۇن، ئۇنىڭغا كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كېرۇبلارنىڭ سۈرىتى نەپىس كەشتىلىنىپ، [32] ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياسالغان تۆت تۈۋرۈككە ئورنىتىلغان ئالتۇن ئىلمەكلەرگە ئېسىپ قويۇلسۇن. تۈۋرۈكلەر ئالتۇن بىلەن قاپلىنىپ، كۈمۈشتىن ياسالغان تۆت پۇتقا ئورنىتىلسۇن. [33] پەردە چېدىر يوپۇقىدىكى قاتار ئىلمەكلەرنىڭ ئاستىغا توغرا كەلسۇن. پەرزلەر يېزىلغان ئىككى تاش تاختا سېلىنغان ئەھدە ساندۇقى پەردىنىڭ كەينىگە قويۇلسۇن. بۇ پەردە ئەڭ مۇقەددەس جاي بىلەن مۇقەددەس جاينى ئايرىپ تۇرىدۇ. [34] ساندۇق قاپقىقى ئەھدە ساندۇقىغا يېپىلسۇن. [35] شىرە ئەڭ مۇقەددەس جاينىڭ سىرتىغا، يەنى مۇقەددەس جاينىڭ شىمال تەرىپىگە، چىراغدان مۇقەددەس جاينىڭ جەنۇب تەرىپىگە قويۇلسۇن.

[36] بۇنىڭدىن باشقا، ئېسىل زىغىر رەختتىن يەنە بىر پەردە تىكىلىپ، ئۇ كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن كەشتىلەنسۇن ۋە ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئالدى تەرىپى، يەنى ئادەم كىرىدىغان تەرىپىگە ئېسىپ قويۇلسۇن. [37] پەردىنى ئېسىش ئۈچۈن ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بەش دانە تۈۋرۈك ياسىلىپ، تۈۋرۈك بېشى ئالتۇن بىلەن قاپلانسۇن. تۈۋرۈكلەردە ئالتۇن ئىلمەكلەر بولسۇن ھەم تۇچتىن بەش دانە تۈۋرۈك پۇتى ياسالسۇن.

## قۇربانلىق سۇپىسى

27 [1] - ئۇلار ئاكاتسىيە ياغىچىدىن تۆت چاسا شەكىللىك بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياسىسۇن. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 2.5 مېتىر بولسۇن. [2] قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە بۆرتۈپ چىققان شەكىللەر بولسۇن. بۇ شەكىللەر قۇربانلىق سۇپىسى بىلەن بىرلىكتە ياسىلىپ، پۈتۈن سۇپا تۇچ بىلەن قاپلانسۇن. [3] قۇربانلىق سۇپىسىدا ئىشلىتىلىدىغان

كۆل قاچىسى، گۈرجەك، داس، ئارا ۋە چوغدان قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تۇچتىن ياسالسۇن. [4-5] بۇنىڭدىن باشقا، قۇربانلىق سۇپىسىغا تۇچتىن بىر شالا ياسىلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېرىم چوڭقۇرلۇقىدىكى شالا تەكچىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇلسۇن. تۇچتىن تۆت دانە ھالقا ياسىلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە، يەنى شالانىڭ ئۇدۇلىغا ئورنىتىلسۇن. [6] قۇربانلىق سۇپىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئىككى دانە بالداق ياسالسۇن ۋە ئۇلار تۇچ بىلەن قاپلانسۇن. [7] بالداقلار قۇربانلىق سۇپىسىنى كۆتۈرگەندە، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ھالقىلارغا ئۆتكۈزۈلسۇن. [8] قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئوتتۇرىسى كاۋاك قىلىنىپ، تاختايدىن ياسالسۇن. قۇربانلىق سۇپىسى مەن تاغدا ساڭا كۆرسەتكەن نۇسخىدا تاختايدىن ياسالسۇن.

## ئىبادەت چېدىرىنىڭ ھويلىسى

[9] ـ ئىبادەت چېدىرىنىڭ تۆت ئەتراپى ئېسىل زىغىر رەختلەر بىلەن توسۇلۇپ، ھويلا قىلىنسۇن. ھويلىنىڭ جەنۇب تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر بولسۇن. [10] رەختلەرنى ئېسىش ئۈچۈن يىگىرمە دانە تۈۋرۈك ۋە يىگىرمە دانە تۇچ پۇت ياسالسۇن. تۈۋرۈكلەرگە كۈمۈشتىن ئىلمەك ياسىلىپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ بېشى ياپلاق كۈمۈش چەمبەر بىلەن قاپلانسۇن. [11] شىمال تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ 50 مېتىر بولسۇن. يىگىرمە دانە تۈۋرۈك ۋە يىگىرمە دانە تۇچ پۇت ياسالسۇن. تۈۋرۈكلەرگە كۈمۈشتىن ئىلمەك ياسىلىپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ بېشى ياپلاق كۈمۈش چەمبەر بىلەن قاپلانسۇن. [12] غەرب تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر بولسۇن. ئون دانە تۈۋرۈك ۋە ئون دانە پۇت ياسالسۇن. [13] شەرق تەرىپىنىڭ، يەنى ئالدى تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ 25 مېتىر بولسۇن. [14-15] كىرىش ئېغىزى ھويلىنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشسۇن. كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 7.5 مېتىردىن بولسۇن. رەختلەرنى ئېسىش ئۈچۈن كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۈچ دانە تۈۋرۈك ۋە ئۈچ پۇت ياسالسۇن.

[16] ھويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئېسىل زىغىر رەختتىن 10 مېتىر كەڭلىكتە بىر پەردە تىكىلىپ، ئۇ كۆك، سۆسۈن ۋە تولۇق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن كەشتىلەنسۇن. پەردە تۆت دانە پۇتقا بېكىتىلگەن تۆت تۈۋرۈككە ئېسىلسۇن. [17] ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى بارلىق تۈۋرۈكلەرنىڭ بېشى ياپىلاق كۈمۈش چەمبەر بىلەن قاپلانسۇن ۋە تۈۋرۈكلەردە كۈمۈش ئىلمەكلەر بولسۇن. تۈۋرۈكلەرنىڭ پۇتلىرى تۇچتىن ياسالسۇن. [18] ھويلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىگى 25 مېتىر، ھويلىنى ئوراپ تۇرغان ئېسىل زىغىر رەختلەرنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر بولسۇن. تۈۋرۈكلەرنىڭ پۇتلىرى تۇچتىن ياسالسۇن. [19] ئىبادەت چېدىرىدىكى بۇيۇملار، ھويلا ۋە چېدىرغا كېرەكلىك قوزۇقلار تۇچتىن ياسالسۇن.

## چىراغ ھەققىدىكى بەلگىلىمە

[20] — سەن ئىسرائىللارغا بۇيرۇغىن، ئۇلار ساپ زەيتۇن يېغى ئەكېلىپ بەرسۇن. سەن ئۇنى چىراغلارغا ئىشلەتكىن، چىراغلار تۈن بويى يېنىپ تۇرسۇن. [21] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇچرىشىش چېدىرىدىكى① ئەھدە ساندۇقىنى توسۇپ تۇرغان پەردىنىڭ ئالدىدىكى چىراغلارغا مەسئۇل بولسۇن. بۇ چىراغلار مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا شام ۋاقتىدىن ئەتىسى سەھەرگىچە يېنىپ تۇرسۇن. ئىسرائىللار بۇ مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىگە ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەمەل قىلسۇن.

## روھانىيلارنىڭ مۇقەددەس كىيىملىرى

28 [1] — ئىسرائىللار ئىچىدىن ئاكاڭ ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ناداب، ئابىھۇ، ئەلئازار ۋە ئىتامارلارنى روھانىيلىققا تەيىنلىگىن. [2] ئاكاڭ ھارۇننىڭ سالاپىتى ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇقەددەس روھانىيلىق كىيىمى تەييارلىغىن. [3] بۇ كىيىملەرنى ئىقتىدار ئاتا قىلىنغان بارلىق ئۇستىلارغا بۇيرۇغىن، ئۇلار ھارۇننىڭ كىيىملىرىنى تىكسۇن. ھارۇن ماڭا بېغىشلىنىپ،

① 27: 21 ئۇچرىشىش چېدىرى — ئىبادەت چېدىرىنىڭ يەنە بىر نامى.

مېنىڭ روھانىيلىق خىزمىتىمنى قىلىدۇ. [4] ئۇلار كۆكرەكلىك، پەرتۇق، پەرىجە، كەشتىلەنگەن تونچە كۆڭلەك، سەللە ۋە پوتىلارنى تەييار قىلسۇن. ئۇلار بۇ مۇقەددەس كىيىم-كېچەكلەرنى ئاكاڭ ھارۇن ۋە ئۇنىڭ روھانىيلىق قىلىدىغان ئوغۇللىرى ئۈچۈن تەييارلىسۇن. [5] ئۇستىلار بۇلارنى ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىپ، زەر يىپ، كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن كەشتىلىسۇن.

## پەرتۇقنىڭ لايىھەسى

[6] — پەرتۇقنى قولى چېۋەر ئۇستىلار ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىپ، زەر يىپ، كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن كەشتىلىسۇن. [7] پەرتۇقنىڭ ئىككى دانە مۈرە تاسمىسى بولسۇن. پەرتۇقنىڭ ئالدى ۋە كەينى قىسمى بۇ ئىككى تاسما ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلسۇن. [8] پەرتۇقنىڭ بەل تاسمىسى پەرتۇققا ئوخشاش ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىلىپ، زەر يىپ، كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كەشتىلىنىپ، پەرتۇققا ئۇلانسۇن. [9] ئىككى دانە يوللۇق ھېقىق تېپىپ كېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئىسرائىللارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىنىڭ، يەنى ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسىملىرى ئويۇلسۇن. [10] بىر تاشتا ئالتىدىن ئىسىم بولسۇن. تاشقا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تۇغۇلۇش تەرتىپى بويىچە [11] ئۇستىلار تەرىپىدىن مۆھۈرگە ئويۇلىدىغان نەقىشلەردەك ئويۇلسۇن. ئاندىن بۇ ئىككى تاش ئالتۇن كۆزلۈككە قويۇلۇپ، [12] پەرتۇقنىڭ ئىككى دانە مۈرە تاسمىسىغا قادىلىپ، ئىسرائىللارنىڭ خاتىرە تېشى قىلىنسۇن. ھارۇن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى مۈرىسىگە مانا مۇشۇنداق بېكىتىپ، ماڭا، يەنى مەن پەرۋەردىگارغا خەلقىمنى دائىم ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. [13-14] ئۇنىڭدىن باشقا، ساپ ئالتۇندىن ئىككى دانە ئۆرۈمە زەنجىر سوقۇلۇپ، كۆزلۈكلەرنىڭ ئاستىدىكى ھالقىلارغا ئۇلانسۇن.

## كۆكرەكلىكنىڭ ياسىلىشى

[15] ــ سەن خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلىش ئۈچۈن تاقىلىدىغان كۆكرەكلىكنى قولى چېۋەر ئۇستىلارغا تىكتۈرگىن. تىكىلىش ئۇسۇلى پەرتۇق بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇ ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىلىپ، زەر يىپ، كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن كەشتىلەنسۇن. [16] كۆكرەكلىك تىكىلىدىغان رەخت ئىككى قاتلىنىپ، تۆت چاسا قىلىنىپ خالتا شەكلىدە تىكىلسۇن. كۆكرەكلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكمۇ ئوخشاشلا 25 سانتىمېتىردىن بولسۇن. [17] كۆكرەكلىكنىڭ ئۈستىگە تۆت قۇر گۆھەر قادالسۇن. بىرىنچى قۇرىغا قىزىل ياقۇت، توپاز ۋە زۇمرەت قادالسۇن. [18] ئىككىنچى قۇرىغا فىرۇزە، كۆك ياقۇت ۋە ئالماس قادالسۇن. [19] ئۈچىنچى قۇرىغا سۆسۈن ياقۇت، ھېقىق ۋە سۆسۈن كۋارتس قادالسۇن. [20] تۆتىنچى قۇرىغا سېرىق ياقۇت، يوللۇق ھېقىق ۋە قىزىل ھېقىق قادالسۇن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن كۆزلۈككە ئېلىنىپ، كۆكرەكلىككە قادالسۇن. [21] ئىسرائىللارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئون ئىككى گۆھەرگە ئون ئىككى قەبىلىنىڭ ئىسمى خۇددى مۆھۈرگە ئويۇلىدىغان نەقىشلەردەك ئويۇلسۇن.

[22] كۆكرەكلىكنى پەرتۇققا بېكىتىش ئۈچۈن ساپ ئالتۇندىن ئىككى دانە ئۆرۈمە زەنجىر تەييارلانسۇن. [23] كۆكرەكلىكنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئىككى بۇرجىكىگە بىردىن ئالتۇن ھالقا بېكىتىلسۇن. [24] زەنجىرلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالتۇن ھالقىلاردىن ئۆتكۈزۈلۈپ، [25] پەرتۇقنىڭ مۈرە تاسمىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن كۆزلۈكلەرگە [26] ۋە كۆكرەكلىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىككى بۇرجەكنىڭ ئىچكى قېتىدىكى ئىككى دانە ئالتۇن ھالقىغا باغلانسۇن. [27] شۇنداقلا، پەرتۇقنىڭ بەل قىسمىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە، يەنى بەل تاسمىسىنىڭ يۇقىرىسىغا ئىككى دانە ئالتۇن ھالقا بېكىتىلسۇن. [28] ئاندىن كۆكرەكلىكنىڭ پەس تەرىپىدىكى ھالقىلار بىلەن پەرتۇقتىكى ھالقىلار بىر تال كۆك يىپ ئارقىلىق ئۆزئارا ئۇلانسۇن. مۇشۇنداق بولغاندا، كۆكرەكلىك پۇلاڭلاپ كەتمەي، پەرتۇققا چاپلىشىپ تۇرىدۇ.

[29] ھارۇن ھەر قېتىم ئىبادەت چېدىرىدىكى مۇقەددەس جايغا كىرگەندە، ئىسرائىللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئىسمى

ئويۇلغان كۆكرەكلىكنى مەيدىسىگە ئېسىۋالسۇن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىسرائىللارنى پەرۋەردىگارغا دائىم ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. [30] ئۇ يەنە «ئۇرىم» ۋە «تۇمممىم»[①]لارنى كۆكرەكلىكنىڭ ئىچىگە سالسۇن. شۇنداق بولغاندا ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدىكى ۋاقتىدا خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئۇرىم» ۋە «تۇمممىم»لار داۋاملىق ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۈستىدە بولغان بولىدۇ.

## روھانىيلار كىيىدىغان باشقا كىيىملەر

[31] – پەرتۇقنىڭ ئىچىگە كىيىلىدىغان پەرىجە كۆك رەڭلىك يىپتىن توقۇلسۇن. [32] پەرىجىگە ئويما ياقا ئېچىلىپ، يىرتىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ياقىنىڭ چۆرىسىگە پەۋاز تۇتۇلسۇن. [33-34] پەرىجىنىڭ پېشىنىڭ چۆرىسىگە ئېسىش ئۈچۈن كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن ئانارلار ياسالسۇن. ئانارلارنىڭ ئارىسىغا بىردىن ساپ ئالتۇندىن ياسالغان قوڭغۇراقلار ئېسىلسۇن. [35] ھارۇن روھانىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندە، بۇ پەرىجىنى كىيىۋالسۇن. ئۇ مۇقەددەس جايغا، يەنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كىرىپ چىققاندا، قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، شۇندىلا ئۇ ئۆلمەيدۇ.

[36] ھارۇننىڭ سەللىسىنىڭ ئالدىغا تاقاش ئۈچۈن ساپ ئالتۇندىن بىر دانە ئالاھىدە قاداق ياسالسۇن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە «پەرۋەردىگارغا ئاتالدى» دېگەن خەتلەر مۆھۈرگە ئويۇلغاندەك ئويۇلسۇن. [37] قاداق بىر تال كۆك رەڭلىك يىپ بىلەن سەللىنىڭ ئالدىغا تاقاپ قويۇلسۇن. [38] ئالتۇن قاداق ھارۇننىڭ پېشانىسىدە بولسۇن. بۇ ھارۇننىڭ ئىسرائىللار ھەدىيەلەر سۇنغاندا ئۆتكۈزگەن گۇناھلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالتۇن قاداق دائىم ھارۇننىڭ پېشانىسىدە بولسۇن. شۇندىلا پەرۋەردىگار ئىسرائىللار سۇنغان ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلىدۇ.

---

[①] 28 : 30 «ئۇرىم» ۋە «تۇمممىم» – بۇلار خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلىش ئۈچۈن تاشلىنىدىغان مۇقەددەس چەكتۇر. «ئۇرىم»نىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى مەنىسى «قارغاش» بولۇپ، بۇ يەردە «بولمايدۇ» دېگەن مەنىدە، «تۇمممىم»نىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى مەنىسى «تەلتۆكۈس» بولۇپ، بۇ يەردە «بولىدۇ» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

[39] ھارۇننىڭ تونچە كۆڭلىكى ئېسىل زىغىر يىپتىن توقۇلسۇن ۋە سەللىسى ئېسىل زىغىر رەختتە قىلىنسۇن ھەم پوتىسى كەشتىلەنسۇن. [40] ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈنمۇ تونچە كۆڭلەك، پوتا ۋە باش كىيىم تىكىلسۇن. شۇندىلا ئۇلار سالاپەتلىك كۆرۈنۈپ، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. [41] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ماشا بېغىشلاپ، ئۇلارغا روھانىيلىق كىيىملىرىنى كىيدۈرگىن ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا مۇقەددەس ياغ قۇيۇپ، ئۇلارنى روھانىيلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگىن. ئۇلار مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلسۇن.
[42] بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئۈچۈن ئېسىل زىغىر رەختتىن تامبال تىكىلسۇن. تامبال تىزىغىچە ئۇزۇنلۇقتا بولسۇن ۋە ئەۋرەتنى يېپىپ تۇرسۇن. [43] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇچرىشىش چېدىرىغا كىرىپ-چىققاندا ياكى مۇقەددەس جايدا ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئۈچۈن ئىسرىقدانغا يېقىنلاشقاندا، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ ئۆلۈمگە دۇچار بولماسلىقى ئۈچۈن تامبال كىيىۋالسۇن. بۇلار ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مەڭگۈ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەلگىلىمىلەردۇر.

## ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ روھانىي بولۇشى

29 [1] - ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى روھانىيلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەندە، تۆۋەندىكى قائىدە-يوسۇن بويىچە ئىش كۆرگىن: بۇقىدىن بىرنى ۋە بېجىرىم قوچقاردىن ئىككىنى تاللىغىن. [2] يەنە سوپەتلىك بۇغداي ئۇنىدىن پېتىر نان، زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان پېتىر توقاچ ۋە زەيتۇن يېغى سۈرتۈلگەن نېپىز پېتىر نانلار تەييارلىغىن. [3] ئاندىن بۇ نانلارنى سېۋەتكە سېلىپ، بىر تۇياق بۇقا، ئىككى تۇياق قوچقار بىلەن بىرلىكتە ئۇچرىشىش چېدىرىغا ئېلىپ كەلگىن. [4] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى چېدىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، بويىنى سۇغا سالغىن. [5] ئۇنىڭدىن كېيىن ھارۇنغا تونچە كۆڭلەك، پەرىجە ۋە پەرتۇقنى كىيدۈرگىن. ئۇنىڭدىن كېيىن پەرتۇقنىڭ ئۈستىگە كۆكرەكلىكنى تاقاپ، پەرتۇقنىڭ نەپىس توقۇلغان بەل تاسمىسىنى باغلاپ قويغىن. [6] بېشىغا سەللە يۆگەپ، سەللىنىڭ

ئالدىغا ئالتۇن قاداقنى تاقاپ قويغىن. [7] ئۇنىڭدىن كېيىن
مۇقەددەس ياغنى ئۇنىڭ بېشىغا قۇيۇپ، ئۇنى روھانىي قىلىپ
تەيىنلىگىن. [8] ئاندىن ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىغىمۇ تونچە كۆڭلەك
[9] ۋە باش كىيىم كىيدۈرۈپ، بەللىرىگە پوتا باغلىغىن. شۇندىلا
ئۇلار بۇ مەڭگۈلۈك بەلگىلىمە بويىچە روھانىيلىق ۋەزىپىسىگە
ئېرىشىدۇ. سەن مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە ئۇلارنى روھانىيلىق
ۋەزىپىسىگە ئاجراتقىن.
[10] سەن بۇقىنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگىن.
ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوللىرىنى بۇقىنىڭ بېشىغا قويسۇن.
[11] ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا، يەنى مېنىڭ ھوزۇرۇمدا بۇقىنى
بوغۇزلىغىن، [12] ئاندىن قېنىدىن ئازراق ئېلىپ، بارمىقىڭ بىلەن
قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۈرتۈپ چىققان تۆت بۇرجىكىگە سۈركەپ
قويغىن. قالغان قاننى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۈۋىگە تۆككىن.
[13] بۇقىنىڭ چاۋا مايلىرى، جىگىرىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى، ئىككى
بۆرىكى ۋە بۆرەك مېيىنى چىقىرىۋېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىدا
كۆيدۈرگىن. [14] لېكىن بۇقىنىڭ تېرىسى، گۆشى ۋە ئۈچەيىنى
قارارگاھنىڭ سىرتىدا كۆيدۈرگىن. مانا بۇ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش
قۇربانلىقىدۇر.
[15] ئاندىن قوچقارلاردىن بىرنى ئېلىپ كەلگىن، ھارۇن ۋە ئۇنىڭ
ئوغۇللىرى قوللىرىنى قوچقارنىڭ بېشىغا قويسۇن. [16] سەن قوچقارنى
بوغۇزلاپ، قېنىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە چاچقىن
[17] ۋە قوچقارنى پارچىلىغىن. ئىچ-قارنى ۋە پۇت-پاچاقلىرىنى پاكىز
تازىلاپ، قۇربانلىق سۇپىسى ئۈستىدىكى پارچىلانغان گۆش ۋە
باشنىڭ ئۈستىگە قويغىن، [18] ئاندىن ئۇلارنى كۆيدۈرگىن. مانا بۇ
كۆيدۈرمە قۇربانلىقتۇر. بۇ مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان
خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولىدۇ.
[19] ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قوچقارنى ئېلىپ كەلگىن. ھارۇن
ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوللىرىنى قوچقارنىڭ بېشىغا قويسۇن.
[20] سەن بۇ قوچقارنى بوغۇزلاپ، قېنىدىن ئازراق ئېلىپ، ھارۇن
ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا، ئوڭ قولى
ۋە ئوڭ پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا سۈركەپ قويغىن. ئېشىپ قالغان

قانىنى قۇربانلىق سۈپىتىدە تۆت تەرىپىگە چاچقىن. [21] ئاندىن مۇقەددەس ياغ ۋە قۇربانلىق سۈپىتىدىكى قاندىن ئازراق ئېلىپ، ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ھەم ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگە چاچقىن. مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ كىيىملىرىمۇ مۇقەددەس بولىدۇ.

[22] قوچقارنىڭ مايلىرىنى، يەنى قۇيرۇق مېيى، چاۋا مايلىرى، جىگىرىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى، ئىككى بۆرىكى ۋە بۆرەك مېيى، شۇنداقلا ئوڭ يانپىشىنى چىقىرىۋالغىن. چۈنكى قوچقار ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ روھانىيلىققا تەيىنلىنىش مۇراسىمىغا ئىشلىتىلىدۇ. [23] بۇنىڭدىن سىرت، ھۇزۇرۇمدىكى نانلار سېلىنغان سېۋەتتىن بىر دانە پېتىر نان، بىر دانە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان پېتىر توقاچ ۋە بىر دانە نېپىز پېتىر نان ئالغىن. [24] ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزغىن. ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ماڭا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرسۇن. [25] ئاندىن سەن بۇ نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئۇلارنى قۇربانلىق سۈپىتىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بىلەن بىرگە كۆيدۈرۈپ، مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى قىلغىن. [26] سەن ھارۇننىڭ روھانىيلىققا تەيىنلىنىش مۇراسىمىدا ئىشلىتىلگەن قوچقارنىڭ تۆشىنى قولۇڭغا ئېلىپ، ماڭا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرگىن. ئۇ سېنىڭ نېسىۋەڭ بولسۇن.

[27] روھانىيلىققا تەيىنلىنىش مۇراسىمىدا ئىشلىتىلگەن قوچقارنىڭ پارچىلىرى، يەنى سۇنۇلغان يانپاش ۋە ماڭا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن تۆش مۇقەددەستۇر. بۇلار ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەۋە بولسۇن. [28] بۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىللار ھەر قېتىم ئامانلىق قۇربانلىقى سۇنغاندا، بۇلار ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۈلۈشى بولىدۇ.

[29] ھارۇننىڭ كىيىملىرى ئۇنىڭ ئورنىغا روھانىي بولىدىغان ئوغۇللىرىغا تەۋە بولسۇن. ئۇلار مۇقەددەس ياغ سۈركىلىپ، روھانىيلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندە، بۇ كىيىملەرنى كىيسۇن. [30] ھارۇننىڭ روھانىيلىققا تەيىنلەنگەن ئوغلى مۇقەددەس جايدا

خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۈچرىشىش چېدىرىغا تۇنجى كىرگەندە، بۇ مۇقەددەس كىيىمنى ئۇدا يەتتە كۈن كىيىپ يۈرسۇن.
[31] روھانىيلىققا تەيىنلىنىش مۇراسىمىدا ئىشلىتىلگەن قوچقارنىڭ گۆشى مۇقەددەس ھېسابلانغان ئۈچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا پىشۇرۇلسۇن. [32] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوچقارنىڭ گۆشى ۋە سېۋەتتىكى نانلارنى ئۈچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا يېسۇن. [33] ئۇلار گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش ھەم روھانىيلىققا تەيىنلىنىش مۇراسىمىدا ئىشلىتىلگەن تائاملارنى پەقەت ئۆزلىرىلا يېسۇن، باشقىلار يېمىسۇن. چۈنكى بۇ تائاملار مۇقەددەستۇر. [34] ئەگەر گۆش ۋە نانلار ئەتىسى سەھەرگىچە يېيىلمىگەن بولسا، يېيىلمىسۇن، كۆيدۈرۈۋېتىلسۇن. چۈنكى بۇ تائاملار مۇقەددەستۇر.
[35] سەن مېنىڭ ئەمرىم بويىچە ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن يەتتە كۈنگىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزگىن. [36] ھەر كۈنى بىر بۇقىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنى پاكلىغىن ۋە ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى سۈركەپ، ماگا بېغىشلىغىن. [37] قۇربانلىق سۇپىسىنى ئۇدا يەتتە كۈن گۇناھتىن ساقىت قىلىنىش ئورنى سۈپىتىدە پاكلىغىن. شۇندىلا قۇربانلىق سۇپىسى ئەڭ مۇقەددەس ئورۇنغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇربانلىق سۇپىسىغا روھانىيلاردىن سىرت ھەرقانداق ئادەم تەگسە بولمايدۇ، چۈنكى قۇربانلىق سۇپىسى مۇقەددەستۇر.

## كۈندىلىك قۇربانلىق توغرىسىدا

[38] — ھەر كۈنى قۇربانلىق سۇپىسىدا بىر ياشلىق پاقلاندىن ئىككىسى قۇربانلىق قىلىنسۇن. [39] ئۇلارنىڭ بىرى ئەتىگەندە، يەنە بىرى گۇگۇم چۈشكەندە قىلىنسۇن. [40] بىرىنچى قويغا بىر لىتىر ساپ زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان بىر كىلو سۈپەتلىك ئۇن قوشۇپ ئاتالسۇن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر لىتىر شارابمۇ ئىچىملىك ھەدىيەسى سۈپىتىدە ئاتالسۇن. [41] گۇگۇم چۈشكەندە قۇربانلىق قىلىنغان ئىككىنچى قويغا قوشۇپ ئاتىلىدىغان ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەسىمۇ ئەتىگەندىكىگە ئوخشاش قىلىنسۇن. بۇ

نەرسىلەر مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولىدۇ.
[42] كۇندىلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا، يەنى مەن پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا قىلىنسۇن، بۇ قائىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋام قىلىنسۇن. مەن بۇ يەردە ئىسرائىل خەلقى بىلەن ئۇچرىشىمەن ۋە سەن بىلەن سۆزلىشىمەن. [43] بۇ يەر مېنىڭ ئىسرائىللار بىلەن ئۇچرىشىدىغان يېرىمدۇر. بۇ يەر مېنىڭ پارلاق نۇرۇم بىلەن مۇقەددەس بولىدۇ.
[44] مەن ئۇچرىشىش چېدىرى ۋە قۇربانلىق سۇپىسىنى مۇقەددەس قىلىپ قالماستىن، بەلكى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ روھانىيلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ مۇقەددەس قىلىمەن. [45] مەن ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدا ياشايمەن ۋە ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن. [46] ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان خۇدا ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ ھەمدە مېنىڭ ئۇلارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىشىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشىشىم ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى خۇدادۇرمەن.

## ئىسرىقدان

30 [1] – ئىسرائىللار ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بىر ئىسرىقدان ياسىسۇن. [2] ئىسرىقدان تۆت چاسا بولسۇن، ئېگىزلىكى بىر مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى يېرىم مېتىردىن بولسۇن. ئىسرىقداننىڭ بۆرتۈپ چىققان تۆت بۇرجىكى ئىسرىقدان بىلەن بىر پۈتۈن ياسالسۇن. [3] ئۈستى، تۆت ئەتراپى ۋە بۆرتۈپ چىققان تۆت بۇرجىكى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىنىپ، ئۈستى تەرىپىنىڭ چۆرىسى ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنسۇن. [4] ئىسرىقداننى كۆتۈرىدىغان بالداقلارنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىككى تەرىپىگە ئىككىدىن ئالتۇن ھالقا ياسىلىپ، ئالتۇن نەقىشنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئورنىتىلسۇن. [5] بالداقلارمۇ ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياسىلىپ، ئالتۇن بىلەن قاپلانسۇن. [6] ئىسرىقدان ئەھدە ساندۇقىنى توسۇپ تۇرغان پەردىنىڭ سىرتىغا، ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»غا قارىتىپ قويۇلسۇن. ئۇ يەر مەن سەن بىلەن ئۇچرىشىدىغان يەردۇر.

[7] ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى باش روھانىي ھارۇن چىراغلاردىن خەۋەر ئالغىنى كەلگەندە، ئىسرىقدانىدا خۇشبۇي ئىسرىقلارنى كۆيدۈرسۇن. [8] گۇگۇم ۋاقتىدا چىراغلارنى ياققانىدىمۇ ئىسرىقدانىدا ئىسرىق كۆيدۈرسۇن. ھۇزۇرۇمدا ئىسرىق سېلىش دائىملىق قائىدە سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملاشسۇن. [9] ئىسرىقدانىدا مەنئى قىلىنغان ئىسرىقلار ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىق كۆيدۈرۈلمىسۇن ھەمدە ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەسىمۇ سۇنۇلمىسۇن. [10] ھارۇن ھەر يىلى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى سۈپىتىدە بوغۇزلانغان مالنىڭ قېنىنى ئىسرىقداننىڭ بۇرتۇپ چىققان تۆت بۇرجىكىگە سېپىپ، ئىسرىقداننى پاكلىسۇن. بۇ مۇراسىم ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملاشسۇن. چۈنكى بۇ ئىسرىقدان مەن پەرۋەردىگار ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەستۇر.

## ھاياتى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەل پۇللار

[11] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[12] — سەن ئىسرائىللارنىڭ نوپۇسىنى تەكشۈرگەن ۋاقتىڭدا، رويخەتكە ئېلىنغان ھەربىر ئەر ھاياتى ئۈچۈن ماڭا بەدەل پۇلى تۆلىسۇن. شۇندىلا مەن ئۇلارغا بالا-قازا كەلتۈرمەيمەن. [13] رويخەتكە ئېلىنغانلار تۆلەيدىغان بەدەل پۇلى مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە كىشى بېشىغا 6 گىرامدىن كۈمۈش بولسۇن. بۇ مەن پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ھەدىيە ھېسابلانسۇن. [14] يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ بەدەل پۇلنى مەن پەرۋەردىگار ئۈچۈن تۆلىسۇن. [15] ھاياتى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەل پۇللارنى بايلار ئارتۇق، كەمبەغەللەر كەم تاپشۇرۇپ قويمىسۇن. [16] ھاياتى ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەل پۇللار ئۈچرىشىش چېدىرىنىڭ خىراجىتى قىلىنسۇن. بۇ پۇللار ھاياتلىرىنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە ئىسرائىللارنى مەن پەرۋەردىگارغا ئەسلىتىپ تۇرىدۇ.

## پاكلىنىش دېسى

[17] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[18] ـ ئىسرائىللار تۇچتىن بىر پاكلىنىش دېسى ۋە داس قويغۇچ ياساپ، ئۇنى ئۇچرىشىش چېدىرى بىلەن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويسۇن ۋە ئىچىگە سۇ تولدۇرسۇن. [19-20] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چېدىرغا كىرگەندە ياكى قۇربانلىق سۇپىسىغا قۇربانلىق سۇنغىلى كەلگەندە، بۇ داستىكى سۇ بىلەن پۇت-قوللىرىنى يۇيسۇن. بولمىسا، ئۇلار ئۆلتۈرۈلىدۇ. [21] ئۇلار پۇت- قوللىرىنى چوقۇم يۇيسۇن، شۇندىلا ئۇلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەمەل قىلىدىغان مەڭگۈلۈك بەلگىلىمە بولسۇن.

## مۇقەددەس ياغ تەييارلاش ئۇسۇلى

[22] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[23] ـ ئىسرائىللار مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ئەڭ ئېسىل خۇشبۇي ئەشيالاردىن، يەنى مۇرمەككى سۇيۇقلۇقىدىن 6 كىلو، قوۋزاقدارچىندىن 3 كىلو، پۇراقلىق ئېگىردىن 3 كىلو، [24] گۈلدارچىندىن 6 كىلو ۋە زەيتۇن يېغىدىن 4 لىتىر تەييارلاپ، [25] ئۇلارنى ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مۇقەددەس ياغ ياسىسۇن. [26] بۇ ياغ ئۇچرىشىش چېدىرى، ئەھدە ساندۇقى، [27] شىرە ۋە شىرە ئۈستىدىكى قاچا-قۇچىلار، چىراغدان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر، ئىسرىقدان، [28] كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇپىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر، پاكلىنىش دېسى ۋە داس قويغۇچ قاتارلىقلارغا سۈركەلسۇن، [29] شۇنداق قىلىپ، بۇ نەرسىلەر ماڭا بېغىشلانسۇن. بۇ نەرسىلەرگە روھانىيلاردىن سىرت ھەرقانداق ئادەم تەگسە بولمايدۇ، چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئەڭ مۇقەددەستۇر.
[30] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ماڭا بېغىشلىنىپ، ھۇزۇرۇمدا روھانىيلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭمۇ بېشىغا ياغ قۇيغىن. [31] ئىسرائىللارغا شۇنى ئېيتقىنكى، بۇ مۇقەددەس ياغ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە پەقەت مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغاندا ئىشلىتىلسۇن. [32] ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلمىسۇن ھەم بۇ ياغنىڭ ئوخشىشىمۇ ياسالمىسۇن. چۈنكى بۇ ياغ مۇقەددەستۇر.

سىلەرمۇ بۇ ياغنى چوقۇم مۇقەددەس دەپ بىلىڭلار. 33 كىمدىكىم بۇ
ياغنىڭ ئوخشايدىغىنىنى ياسىسا ۋە روھانىيلاردىن باشقا ھەرقانداق
كىشىگە سۈركىسە، ئۇ خەلقىم قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن.

## ئىسرىق ياساش ئۇسۇلى

34 پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
– يېلىم، قۇلۇلە قېپى تالقىنى، دېۋىرقاي ۋە ساپ مەستىكى
رۇمدىن ئوخشاش مىقداردا ئېلىنىپ، 35 ئۇلار ئادەتتىكى خۇشبۇي
بۇيۇم ياساش ئۇسۇلى بويىچە تەڭشىلىپ، ئاندىن ئۇلارغا ئازراق
تۇز ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ساپ ۋە مۇقەددەس ئىسرىق ياسالسۇن. 36 بۇ
ئىسرىقلاردىن ئازراق ئېلىنىپ، تالقاندەك ئۇششاق يانجىلىپ،
ئۇچرىشىش چېدىرى ئىچىدىكى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىغا
قويۇلسۇن. مەن ئۇ يەردە سىلەر بىلەن ئۇچرىشىمەن. سىلەر بۇ
ئىسرىقنى ئەڭ مۇقەددەس ئىسرىق، دەپ بىلىڭلار. 37 لېكىن سىلەر
ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بۇ خىل ئۇسۇلدا ئىسرىق ياسىماڭلار. چۈنكى بۇ
خىل ئىسرىق پەقەت مەن پەرۋەردىگارغىلا مەنسۇپتۇر. 38 ئۆزلىرى
ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن بۇ خىل ئىسرىقتا ئوخشىتىپ ئىسرىق
ياسىغانلارنىڭ ھەممىسى خەلقىم قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن.

## ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تاللىنىشى

31 1 پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
2 – قارا! مەن يەھۇدا قەبىلىسىدىن خۇرنىڭ نەۋرىسى،
ئۇرىنىڭ ئوغلى بولغان بىزالئېلنى تاللىدىم. 3 ئۇنى ئۆز روھىمغا
چۆمدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەقىل-پاراسەت، بىلىم ۋە خىلمۇخىل
ھۈنەر-سەنئەت ئىقتىدارىنى ئاتا قىلدىم. 4 ئۇ ھازىر خىلمۇخىل
ھۈنەرلەرنى، يەنى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە تۇچتىن ھەر خىل
نەرسىلەرنى ياساش، 5 قىممەتلىك تاشلارنى كېسىش ۋە ئۇلارنى
زىننەت بۇيۇملىرىغا قويۇش ھەمدە ياغاچلارغا نەقىش ئويۇشتەك
ھۈنەرلەرنى بىلىدۇ.
6 مەن يەنە دان قەبىلىسىدىن ئاخىساماقنىڭ ئوغلى ئوھولىئابنى
ئۇنىڭغا ياردەمچىلىككە تاللىدىم. ھەممە ھۈنەرۋەنلەرگە تېخىمۇ

كۆپ ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلىپ، مەن بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ياساش ئىقتىدارىنى بەردىم. [7] ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەندىكى نەرسىلەرنى تەييارلاشتۇر:

ئۇچرىشىش چېدىرى ۋە چېدىردىكى بارلىق نەرسىلەر،
يەنى ئەھدە ساندۇقى، «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»،
[8] شىرە ۋە شىرەگە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر،
ئالتۇن چىراغدان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر،
ئىسرىقدان،
[9] كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇپىسى ۋە قۇربانلىق سۇپىسىغا
مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر،
پاكلىنىش دېسى ۋە داس قويغۇچ،
[10] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى روھانىيلىق ۋەزىپىسىنى
ئۆتىگەندە كىيىدىغان نەپىس مۇقەددەس كىيىملەر،
[11] مۇقەددەس ياغ ۋە مۇقەددەس جايدا ئىشلىتىلىدىغان
خۇشبۇي ئىسرىقلار.

ئۇلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ ئەمرىم بويىچە قىلسۇن.

## دەم ئېلىش كۈنىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش

[13-12] پەرۋەردىگار مۇساغا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئىسرائىللارغا يەتكۈزۈشنى تاپىلىدى:

– سىلەر مەن بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىگە چوقۇم ئەمەل قىلىڭلار. چۈنكى دەم ئېلىش كۈنى سىلەر بىلەن مېنى ئەۋلادمۇئەۋلاد باغلاپ تۇرىدىغان بىر بەلگىدۇر. سىلەر بۇ ئارقىلىق سىلەرنى پاك قىلغۇچىنىڭ مەن پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. [14] سىلەر دەم ئېلىش كۈنىگە قاتتىق ئەمەل قىلىڭلار، چۈنكى بۇ مۇقەددەس كۈندۇر. كىمدىكىم بۇ كۈنگە ھۆرمەت قىلماي، ئادەتتىكى كۈندىكىدەك ئىشلىسە، خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنسۇن. [15] ئالتە كۈن ئىش كۈنىدۇر، لېكىن يەتتىنچى كۈنى ماڭا ئاتالغان ھەم سىلەر تولۇق دەم ئالىدىغان

كۆندۇر. بۇ مۇقەددەس كۈندە ئىش قىلغان كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن. [16] ئىسرائىللار بۇ دەم ئېلىش كۈنىگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەمەل قىلسۇن، بۇ مەڭگۈلۈك ئەھدىدۇر. [17] دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلىش مەن بىلەن ئىسرائىللار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنىڭ مەڭگۈلۈك بەلگىسىدۇر. چۈنكى مەن پەرۋەردىگار پۈتۈن ئالەمنى ئالتە كۈندە ياراتتىم، يەتتىنچى كۈنى ئىش قىلمىدىم، ئارام ئالدىم.

[18] خۇدا سىناي تېغىدا مۇساغا بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، پەرزلەر يېزىلغان ئىككى تاش تاختىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. تاش تاختىغا پەرزلەر خۇدا تەرىپىدىن ئۆز قولى بىلەن يېزىلغانىدى.

## ئالتۇن موزاي

32 [1] ئىسرائىللار مۇسانىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى تاغدىن چۈشمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھارۇننىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇنىڭغا:

– يۈرۈڭ، بىزگە بۇت ياساپ بېرىڭ، ئۇ بىزگە يول كۆرسەتسۇن. بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان مۇسانىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق، – دېيىشتى.

[2] ھارۇن ئۇلارغا:

– ئاياللىرىڭلار ۋە بالىچاقىلىرىڭلارنىڭ قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقىلارنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىڭلار، – دېدى. [3] ئۇلار ئالتۇن ھالقىلارنى ئېلىپ، ھارۇننىڭ ئالدىغا كېلىشتى. [4] ھارۇن ھالقىلارنى ئېرىتىپ، موزاينىڭ بۇتىنى ياسىدى.

خەلق:

– ئەي ئىسرائىللار، بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان ئىلاھىمىز مانا مۇشۇ! – دېيىشتى.

[5] ھارۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئالتۇن موزاي بۇتىنىڭ ئالدىغا بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياسىدى ۋە:

– ئەتە پەرۋەردىگار ئۈچۈن ھېيت قىلىمىز، – دەپ ئېلان قىلدى.

[6] ئەتىسى سەھەردە، خەلق كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئامانلىق

قۇربانلىقنى قىلدى. ئاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ، خالىغانچە يەپ-ئىچىشىپ، كەيپ-ساپا قىلىشتى.

[7] پەرۋەردىگار مۇساغا:

- سەن دەرھال تاغدىن چۈشكىن! چۈنكى سەن مىسىردىن ئېلىپ چىققان خەلقىڭ تاپتىن چىقتى. [8] ئۇلار مەن كۆرسەتكەن يولدىن تېزلا چەتنەپ، ئالتۇندىن موزاي بۇت ياساپ، ئۇنىڭغا چوقۇندى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشتى. ئۇلار: «بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان ئىلاھىمىز مانا مۇشۇدۇر» دېيىشتى. [9] مەن بۇ خەلقنىڭ بويىنىنىڭ ئىنتايىن قاتتىقلىقىنى بىلدىم. [10] ئەمدى سەن مېنى توسما، مەن ئۇلارغا غەزىپىمنى چۈشۈرىمەن ۋە ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن. لېكىن سېنى ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭنى بۈيۈك بىر ئەل قىلىمەن، - دېدى.

[11] لېكىن مۇسا پەرۋەردىگارى بولغان خۇداغا مۇنداق دېدى:

- ئى پەرۋەردىگار، ئۆز خەلقىڭگە نېمىشقا بۇنداق غەزەپلىنىسەن؟ ئۇلارنى سەن يۈكسەك كۈچ-قۇدرىتىڭ ۋە قۇدرەتلىك قولۇڭ بىلەن مىسىردىن ئېلىپ چىقمىغانمىدىڭ؟ [12] سەن نېمە ئۈچۈن مىسىرلىقلارنىڭ «ئۇلارنىڭ خۇداسى ئۇلارنى تاغ-دالالاردا ھالاك قىلىش، يەر يۈزىدىن يوق قىلىش ئۈچۈن مەقسەتلىك ھالدا مىسىردىن ئېلىپ چىققانىكەن» دېيىشىگە سەۋەب تېپىپ بېرىسەن؟ غەزىپىڭنى بېسىۋېلىپ، نىيىتىڭدىن يانغايسەن. ئۆز خەلقىڭگە چوڭ بالايىئاپەت چۈشۈرمىگەيسەن. [13] خىزمەتكارلىرىڭ بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارنى ئەسلىگەيسەن. سەن ئۆز نامىڭ بىلەن قەسەم قىلىپ، ئۇلارغا: «ئەۋلادلىرىڭلارنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ قىلىمەن. مەن بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىننى ئەۋلادلىرىڭغا مەڭگۈلۈك مىراس قىلىپ بېرىمەن» دېگەنىدىڭ، - دېدى. [14] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار نىيىتىدىن يېنىپ، ئۆز خەلقىگە بالايىئاپەت چۈشۈرمىدى.

[15] مۇسا ئىككى يۈزىگە پەرزلەر يېزىلغان ئىككى تاش تاختىنى ئېلىپ تاغدىن چۈشتى. [16] بۇ ئىككى تاش تاختىغا پەرزلەرنى خۇدا ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۆز قولى بىلەن يازغانىدى.

[17] يوشۇۋا خەلقنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرىنى ئاڭلاپ، مۇساغا:

– قارارگاھتىن ئۇرۇشنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرى كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ! – دېدى.
[18] مۇسا ئۇنىڭغا:
– بۇ ئاۋاز جەڭ غەلىبىسىنىڭ تەنتەنىسى ياكى مەغلۇبىيەتنىڭ پەريادىمۇ ئەمەس، بەلكى ناخشا-كۈينىڭ ساداسىدۇر! – دېدى.
[19] مۇسا قارارگاھقا يېقىن كېلىپ، موزاي بۇت ۋە ئۇسسۇلغا چۈشكەن خەلقنى كۆرۈپ، غەزىپىنى باسالماي، قولىدىكى ئىككى تاش تاختىنى تاغنىڭ ئېتىكىدە يەرگە ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. [20] ئاندىن ئۇ خەلقنىڭ ياسىۋالغان موزاي بۇتىنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنى كۇلدەك ئېزىپ، سۇغا چېچىۋەتتى ۋە ئىسرائىللارغا ئۇ سۇنى ئىچكۈزدى.
[21] مۇسا ھارۇنغا:
– بۇ كىشىلەرنى شۇنچە چوڭ گۇناھقا پاتتۇرغۇدەك، ئۇلار ساڭا نېمە يامانلىق قىلغانىدى؟ – دېدى.
[22] ھارۇن مۇنداق جاۋاب بەردى:
– ماڭا خاپا بولمىغايسەن. بۇ كىشىلەرنىڭ يامانلىق قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرىڭ بار. ئۇلار ماڭا: [23] «بىزگە يول كۆرسىتىدىغان بۇت ياساپ بېرىڭ! بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان ھېلىقى مۇسانىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق» دېدى.
[24] مەن ئۇلارغا: «ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىڭلارنى ئەكېلىڭلار» دېدىم. ئۇلار ئالتۇن بۇيۇملىرىنى ئەكېلىپ ماڭا تاپشۇردى. مەن بۇ ئالتۇن زىننەت بۇيۇملارنى ئوتقا تاشلىۋىدىم، ئۇلار ئوتتىن مۇشۇ موزاي بولۇپ چىقتى.
[25] مۇسا ھارۇننىڭ خەلقنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالغانلىقى سەۋەبىدىن خەلق باشباشتاق بولۇپ، دۈشمەنلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە قالغانلىقىنى بىلدى. [26] ئۇ قارارگاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ:
– پەرۋەردىگار تەرەپتە تۇرىدىغانلار يېنىمغا كېلىڭلار! – دەپ ۋارقىرىغانىدى، پۈتكۈل لاۋىيلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى.
[27] مۇسا ئۇلارغا:
– پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا سىلەرنىڭ قىلىچىڭلارنى قولۇڭلارغا ئېلىپ، قارارگاھنى ئارىلاپ يۈرۈپ، قېرىنداشلىرىڭلارنى، دوست-بۇرادىرىڭلارنى ۋە قوشنىڭلارنى

ئۆلتۈرۈشۈشلارنى بۇيرۇدى، ــ دېدى. [28] لاۋىيلار مۇسانىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇ كۈنى ئىسرائىل خەلقىدىن تەخمىنەن ئۈچ مىڭ ئادەمنى قىرىۋەتتى.

[29] مۇسا لاۋىيلارغا:

ــ بۈگۈن ئۆزۈڭلارنى پەرۋەردىگارىڭلارغا ئاتىدىڭلار. سىلەر بۈگۈن ھەتتا ئۆز ئوغۇللىرىڭلار ۋە ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارنىمۇ ئايىمىغىنىڭلار ئۈچۈن، پەرۋەردىگارنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولدۇڭلار، ــ دېدى.

[30] ئەتىسى مۇسا خەلققە:

ــ مەن يەنە تاغقا، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا چىقىمەن. بەلكىم سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېگە بولالىشىڭلار مۇمكىن، ــ دېدى.

[31] شۇنىڭ بىلەن مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ بۇ خەلق ئالتۇندىن بۇت ياساپ، چوڭ گۇناھ قىلدى. [32] ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەيسەن. بولمىسا، مېنىڭ ئىسمىمنى پۈتۈكۈڭدىن ئۆچۈرۈۋەتكەيسەن، ــ دېدى.

[33] پەرۋەردىگار مۇساغا:

ــ كىم گۇناھ قىلسا، شۇنىڭ ئىسمىنى پۈتۈكۈمدىن ئۆچۈرۈۋېتىمەن. [34] ئەمدى سەن خەلقنى مەن ساڭا كۆرسەتكەن جايغا ئېلىپ بار. مېنىڭ پەرىشتەم ئالدىڭدا يول باشلاپ ماڭىدۇ. لېكىن ۋاقتى كەلگەندە، مەن ئۇلارنى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن جازالايمەن، ــ دېدى.

[35] پەرۋەردىگار خەلق ئىچىگە ۋابا چۈشۈردى. چۈنكى ئۇلار ھارۇن ياساپ بەرگەن ئالتۇن موزايغا چوقۇنغانىدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنى سىناي تېغىدىن كېتىشكە بۇيرۇشى

33 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

ــ سەن ئۆزۈڭ مىسىردىن ئېلىپ چىققان خەلقنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارنى مەن بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىنغا ئېلىپ بارغىن. مەن: «بۇ زېمىننى ئەۋلادلىرىڭلارغا ئاتا قىلىمەن» دەپ، ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارغا ۋەدە قىلغانىدىم. [2] سىلەرگە

يول باشلاشقا پەرىشتەمنى ئەۋەتىمەن. مەن كەنئانلار، ئامورلار، خىتلار، پەرىززىلەر، خىۋلار ۋە يەبۇسلارنى زېمىنلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، [3] سىلەرنى سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىنغا ئاپىرىمەن. لېكىن مەن سىلەر بىلەن بىللە بارمايمەن. چۈنكى سىلەر بويىنى قاتتىق خەلق بولغاچقا، سىلەرنى يولدا ھالاك قىلىۋېتىشىم مۇمكىن.

[4-5] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

- تۆۋەندىكى سۆزلىرىمنى ئىسرائىللارغا يەتكۈزگىن: «سىلەر بويىنى قاتتىق خەلقسىلەر. ئەگەر مەن سىلەر بىلەن ئازراقلا بىرگە بولسام، سىلەرنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىشىم مۇمكىن. شۇڭا سىلەر ئەمدى ئۆزۈڭلاردا قېلىپ قالغان زىننەت بۇيۇملارنى ئېلىۋېتىڭلار. مەن شۇنىڭغا قاراپ سىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بەلگىلەيمەن.» بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان خەلق ئىنتايىن مەيۈسلىنىپ، زىننەت بۇيۇملارنى تاقىمايدىغان بولدى. [6] شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىللار سىناي تېغىدىن ئايرىلغاندىن تارتىپ، زىننەت بۇيۇملارنى زادىلا تاقىمىدى.

## ئۇچرىشىش چېدىرى

[7] ھەر قېتىم ئىسرائىللار قارارگاھ قۇرغاندا، مۇسا «ئۇچرىشىش چېدىرى»نى قارارگاھتىن خېلى يىراق جايغا تىكەتتى. پەرۋەردىگاردىن مەسلىھەت سورايدىغانلار ئۇ يەرگە باراتتى. [8] مۇسا ئۇچرىشىش چېدىرىغا ماڭغاندا، خەلق دائىم چېدىرلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ، تاكى ئۇ ئۇچرىشىش چېدىرىغا كىرىپ بولغۇچە كەينىدىن قارىشىپ تۇرۇشاتتى. [9] مۇسا چېدىرغا كىرىپ، پەرۋەردىگار بىلەن سۆزلەشكەندە، بۇلۇت تۈۋرۈكى پەسلەپ، ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. [10] خەلق بۇلۇت تۈۋرۈكىنىڭ ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرسىلا، ئۆز چېدىرلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىشاتتى. [11] پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن خۇددى دوستى بىلەن سۆزلەشكەندەك يۈزمۇيۈز سۆزلىشەتتى. مۇسا قارارگاھقا

قايتىپ كەلگىنىدە، نۇنىنىڭ ئوغلى، يەنى ئۇنىڭ ياش ياردەمچىسى يوشۇۋا يەنىلا ئۇچرىشىش چېدىرىدا بولاتتى.

## پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى

[12] مۇسا پەرۋەردىگارغا:

- سەن ماڭا بۇ خەلقنى باشلاپ مېڭىشقا ئەمر قىلدىڭ. لېكىن كىمنىڭ مەن بىلەن بىرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتمىدىڭ. سەن مېنى ئالاھىدە مەقسەت بىلەن تاللىغانلىقىڭنى ۋە ماڭا ئىلتىپات كۆرسەتكەنلىكىڭنى ئېيتقانىدىڭ. [13] شۇنداق ئىكەن، ھەمىشە سېنىڭ يولۇڭدا مېڭىپ، داۋاملىق سېنىڭ ئىلتىپاتىڭغا ئېرىشىشىم ئۈچۈن ماڭا يول كۆرسەتكەيسەن ۋە بۇ خەلقنىڭ ئۆز خەلقىڭ ئىكەنلىكىنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن، - دېدى.

[14] - مەن ساڭا ئۆزۈم يار بولۇپ، سېنى غەم-قايغۇدىن خالاس قىلىمەن، - دېدى پەرۋەردىگار.

[15] مۇسا پەرۋەردىگارغا:

- ئەگەر سەن بىزگە ئۆزۈڭ يار بولمىساڭ، بىزنى بۇ يەردىن ئايرىمىغايسەن. [16] ئەگەر سەن بىزگە يار بولمىساڭ، باشقىلار خەلقىڭنىڭ ۋە مېنىڭ پەرۋەردىگارىمىز بولغان سېنىڭ ئىلتىپاتىڭغا ئېرىشكەنلىكىمىزنى قانداق بىلسۇن؟! بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئىش بىزنى دۇنيادىكى باشقا خەلقلەردىن پەرقلەندۈرەلىسۇن؟! - دەپ جاۋاب قايتۇردى.

[17] پەرۋەردىگار مۇساغا:

- سېنىڭ تەلىپىڭ بويىچە ئىش كۆرىمەن. چۈنكى سەن مېنىڭ ئىلتىپاتىمغا ئېرىشتىڭ. مەن سېنى ئالاھىدە مەقسەت بىلەن تاللىدىم، - دېدى.

[18] مۇسا پەرۋەردىگارغا:

- ئۆز ئۇلۇغلۇقۇڭنى كۆرسەتكەيسەن، - دېدى.

[19] پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:

- مەن ساڭا پۈتۈن ياخشىلىقىمنى زاھىر قىلىپ، ئالدىڭدىن ئۆتىمەن، ھەم سېنىڭ ئالدىڭدا مېنىڭ «ياھۋەھ» دېگەن مۇقەددەس نامىمنى جاكارلايمەن.

كىمگە مېھرىبانلىق قىلغۇم كەلسە، شۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىمەن، كىمگە ئىچ ئاغرىتقۇم كەلسە، شۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىمەن. [20] بىراق ساڭا ئۆز دىدارىمنى كۆرسەتمەيمەن. چۈنكى مېنى كۆرگەن كىشى تىرىك قالمايدۇ. [21] قارا، ماڭا يېقىن جايدا بىر قورام تاش بار. سەن شۇ قورام تاشنىڭ ئۈستىدە تۇر. [22] مېنىڭ پارلاق نۇرۇم ئۇ يەردىن ئۆتكەندە، مەن سېنى ئاشۇ قورام تاشنىڭ يېرىقىغا مۆكتۈرۈپ، قولۇم بىلەن يېپىپ تۇرىمەن. پارلاق نۇرۇم ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، [23] قولۇمنى تارتىۋالىمەن. سەن مېنى كەينىمدىن كۆرىسەن، چىرايىمنى كۆرەلمەيسەن.

## ئون پەرز يېزىلغان تاختىسنىڭ قايتا بېرىلىشى

34 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا:

– سەن ئىككى پارچە تاش تاختا تەييارلىغىن، ئۇلار ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشاش بولسۇن. سەن چېقىۋەتكەن ھېلىقى تاش تاختىدىكى سۆزلەرنى شۇ ئىككى تاش تاختىغا قايتىدىن يازاي. [2] سەن ئەتە ئەتىگەنگىچە تەييارلىقىڭنى پۈتتۈرۈپ، سىناي تېغىغا چىقىپ، تاغنىڭ چوققىسىدا مەن بىلەن كۆرۈشكىن. [3] ھەرقانداق كىشى سەن بىلەن بىرگە كەلمىسۇن. تاغنىڭ ھېچ يېرىدە ئادەم بولمىسۇن، ھەتتا تاغنىڭ ئېتىكىدە چارۋا ماللىرىمۇ ئوتلىمىسۇن، – دېدى. [4] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئالدىنقىسىغا ئوخشاش قىلىپ، ئىككى پارچە تاش تاختا تەييارلاپ، ئەتىسى سەھەردە پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇلارنى سىناي تېغىغا ئېلىپ چىقتى.
[5] پەرۋەردىگار بۇلۇت ئىچىدە پەسكە چۈشتى ۋە مۇسانىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «ياھۋەھ» دېگەن مۇقەددەس نامىنى جاكارلىدى.
[6] پەرۋەردىگار مۇسانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

– مەن «ياھۋەھ»تۇرمەن، پەرۋەردىگاردۇرمەن. مەن ئىنتايىن رەھىمدىل ۋە شەپقەتلىك خۇدادۇرمەن، ئاسانلىقچە غەزەپلەنمەيمەن. مەن چەكسىز مېھىر-مۇھەببەتلىك ۋە ۋاپادار خۇدادۇرمەن. [7] مېھىر-مۇھەببىتىم مىڭلىغان ئەۋلادقىچە داۋاملىشىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى، ئاسىيلىقلىرىنى ۋە سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرىمەن. لېكىن گۇناھىغا توۋا قىلمىغان گۇناھكارلارنى جازالىماي

قويمايمەن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى تاكى ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئەۋلادىغىچە جازالايمەن.

[8] مۇسا دەرھال يەرگە باش قويۇپ سەجدە قىلدى [9] ۋە مۇنداق دېدى:

— ئى ئىگەم، ئەگەر سەن مەندىن رازى بولغان بولساڭ، بىز ئۇ يەرگە بارغاندا، بىزگە يار بولغايسەن. بۇ خەلقنىڭ بويىنى قاتتىق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھ ۋە سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز خەلقىڭ سۈپىتىدە قوبۇل قىلغايسەن، — دېدى.

## يېڭىباشتىن ئەھدە تۈزۈش

[10] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

— ئەمدى مەن سىلەر بىلەن ئەھدە تۈزىمەن. مەن سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە يۈز بېرىپ باقمىغان ياكى ھېچقانداق بىر خەلق كۆرۈپ باقمىغان بۈيۈك كارامەتلەرنى كۆرسىتىمەن. ئەتراپىڭلاردىكى خەلقلەر مەن پەرۋەردىگارنىڭ سىلەر ئۈچۈن كۆرسەتكەن بۈيۈك كارامەتلىرىمنى كۆرىدۇ. [11] مەن بۈگۈن سىلەرگە ئەمر-پەرمانلىرىمنى جاكارلايمەن، سىلەر ئۇلارغا رىئايە قىلىڭلار. سىلەر ئۇ زېمىنغا كىرگەن ۋاقتىڭلاردا، مەن ئامورلار، كەنئانلار، خىتلار، پەرىززىلەر، خىۋلار ۋە يەبۇسلارنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىمەن. [12] ھوشيار بولۇڭلاركى، ئۇ زېمىندىكى خەلقلەر بىلەن ھەرگىز كېلىشىم تۈزمەڭلار. بولمىسا، سىلەر ئۇلارنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ، ئۇلارغا ئوخشاش رەزىل يولغا كىرىپ قالىسىلەر. [13] شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قۇربانلىق سۇپىلىرىنى بۇزۇۋېتىڭلار، بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلىرىنى چېقىۋېتىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھەسى ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى چېپىۋېتىڭلار. [14] مەن ساداقەتسىزلىكنى ئۆچ كۆرىدىغان خۇدادۇرمەن، «ساداقەتسىزلىكنى ئۆچ كۆرۈش» مېنىڭ يەنە بىر نامىمدۇر. [15] ئۇ زېمىندىكى خەلقلەر بىلەن ھەرگىز كېلىشىم تۈزمەڭلار. ئۇلار ئۆز ئىلاھلىرىغا چوقۇنغان ۋە قۇربانلىق قىلغان ۋاقىتلىرىدا سىلەرنىمۇ تەكلىپ قىلىشى ۋە سىلەرنى ئۆز ئىلاھلىرىغا ئاتىغان قۇربانلىقلىرىغا ئېغىز تېگىشكە قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن. [16] شۇنداقلا، ئوغۇللىرىڭمۇ يات

خەلقلەرنىڭ قىزلىرىنى نىكاھىغا ئېلىپ، مەندىن يۈز ئۆرۈشى
ۋە يات ئىلاھلارغا چوقۇنۇشى مۇمكىن.
[17] چوقۇنۇش ئۈچۈن بۇت ياسىماڭلار.
[18] پېتىر نان ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. مېنىڭ ئەمرلىرىمگە بىنائەن
بۇ ھېيتتا ئۇدا يەتتە كۈن پېتىر نان يەڭلار. ھېيتنى زىرائەتلەر
بىخ چىقارغان ئابىب ئېيىدا ئۆتكۈزۈڭلار، چۈنكى سىلەر شۇ ئايدا
مىسىردىن ئايرىلدىڭلار.
[19] پۈتكۈل تۇنجى ئوغۇل ۋە بارلىق تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك
مال، مەيلى ئۇ كالا ياكى قوي ياكى ئۆچكە بولسۇن، ھەممىسى
ماڭا مەنسۇپتۇر. [20] سىلەر تۇنجى ئەركەك تەخەيلىنىڭ ئورنىغا قوي
قۇربانلىق قىلساڭلارمۇ بولىدۇ. بولمىسا، تەخەيلىنىڭ بوينىنى
سۇندۇرۇپ، قۇربانلىق قىلىڭلار. ئۆز ئەۋلادلىرىڭلار ئىچىدىكى
پۈتكۈل تۇنجى ئوغۇللارنى چوقۇم بەدەل تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىڭلار.
ئالدىمغا قۇرۇق قول كەلمەڭلار.
[21] ئىش قىلىشىڭلارغا يېتەرلىك ئالتە كۈن بار. يەتتىنچى
كۈنى مەيلى تېرىقچىلىق ياكى ئورما ئورۇش ۋاقتى بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر چوقۇم ئارام ئېلىڭلار. [22] تۇنجى پىشقان بۇغدىيىڭلارنى
ئورىغاندا، ئورما ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. كۈزدە ھوسۇل يىغقان
ۋاقتىڭلاردا، ھوسۇل يىغىش ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. [23] بارلىق ئەرلەر
ھەر يىلى ئۈچ قېتىم ئالدىمغا، يەنى ئىسرائىل خەلقى ئېتىقاد
قىلىپ كەلگەن ئىگىسى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا كەلسۇن.
[24] مەن يات خەلقلەرنى سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا زېمىنلىرىدىن
قوغلاپ چىقىرىپ، زېمىنىڭلارنى كېڭەيتىمەن. سىلەر يىلدا
ئۈچ قېتىم ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان ۋاقتىڭلاردا،
ھېچكىم سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا يامان كۆز تىكەلمەيدۇ.
[25] ماڭا ئاتالغان قۇربانلىقنىڭ قېنىنى خېمىرتۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇلغان
يېمەكلىك بىلەن بىرگە ئاتىماڭلار. ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدا قىلىنغان
قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئەتىسى سەھەرگىچە ساقلىماڭلار.
[26] ھەر يىلى تۇنجى ئېلىنغان ھوسۇلۇڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى
ئىبادەت جايىمغا ئەكېلىپ، ماڭا، يەنى پەرۋەردىگارىڭلار بولغان
خۇداغا ئاتاڭلار.

ئوغلاقنىڭ گۆشىنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە پىشۇرماڭلار.
[27] پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە مۇنداق دېدى:
- بۇ دېگەنلىرىمنى خاتىرىلىۋالغىن، چۈنكى بۇ سۆزلەر مېنىڭ سەن ۋە ئىسرائىل خەلقى بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنىڭ ئاساسىدۇر.
[28] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ يېنىدا قىرىق كېچە-كۈندۈز تۇردى. ئۇ جەرياندا ئۇ ھېچ نەرسە يېمىدى ھەم ئىچمىدى. پەرۋەردىگار ئەھدە سۆزلىرىنى، يەنى ئون پەرزنى ئىككى تاش تاختىغا يېزىپ بەردى.

## مۇسانىڭ تاغدىن چۈشۈشى

[29] مۇسا پەرزلەر يېزىلغان تاش تاختىلارنى ئېلىپ سىناي تېغىدىن چۈشتى. ئۇ پەرۋەردىگار بىلەن سۆزلەشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر ياغاتتى. بىراق ئۆزى بۇنى بىلمەيتتى. [30] ھارۇن ۋە باشقا ئىسرائىللار مۇسانىڭ چىرايىدىكى نۇرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېقىن كېلىشتىن قورقۇشتى. [31] مۇسا ھارۇن ۋە جامائەت يېتەكچىلىرىنى چاقىردى، ئۇلار مۇسانىڭ ئالدىغا كەلدى. مۇسا ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى. [32] شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل ئىسرائىللار مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىشتى. مۇسا پەرۋەردىگار سىناي تېغىدا ئۆزىگە بەرگەن قانۇننى ئۇلارغا يەتكۈزدى. [33] مۇسا ئۇلارغا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ياغلىق بىلەن يۈزىنى يېپىۋالدى. [34] ئۇ ھەر قېتىم ئۇچرىشىش چېدىرىغا كىرىپ پەرۋەردىگار بىلەن سۆزلەشكىنىدە، يۈزىنى ئېچىۋېتەتتى. چېدىردىن چىققان ۋاقتىدا، پەرۋەردىگار تاپشۇرغان سۆزلەرنى ئىسرائىللارغا يەتكۈزەتتى. [35] بۇنداق ۋاقىتلاردا ئىسرائىللار ئۇنىڭ يۈزىدىن نۇر يېغىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسا يەنە يۈزىنى يېپىۋالاتتى. پەرۋەردىگار بىلەن سۆزلەشكىلى كىرگىنىدە يەنە ئېچىۋېتەتتى.

## دەم ئېلىش كۈنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى

35 [1] مۇسا پۈتۈن ئىسرائىللارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشىڭلارنى بۇيرۇدى: [2] «ئالتە كۈن ئىش كۈندۈر، لېكىن يەتتىنچى كۈنى ماڭا ئاتالغان ھەم سىلەر تولۇق دەم ئالىدىغان

كۆندۈر. بۇ مۇقەددەس كۆندە ئىش قىلغان كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن. [3] دەم ئېلىش كۈنىدە ھەتتا ئۆز ئۆيۈڭلاردا ئوت يېقىشقىمۇ بولمايدۇ.»

## ئىبادەت چېدىرى ئۈچۈن ھەدىيە سۇنۇش

[4] مۇسا پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە يەنە مۇنداق دېدى: - پەرۋەردىگار تۆۋەندىكىلەرنى سىلەرگە ئەمر قىلدى: [5] «خالىغىنىڭلار مەن پەرۋەردىگارغا ھەدىيە سۇنۇڭلار:

ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ،
[6] كۆك، سۆسۈن، توق قىزىل رەڭلىك يىپ، ئېسىل زىغىر رەخت، ئۆچكە تىۋىتى،
[7] قىزىل بويالغان قوچقار تېرىسى، چىدامىلىق تېرە،
ئاكاتسىيە ياغىچى،
[8] چىراغ ئۈچۈن زەيتۇن يېغى، مۇقەددەس ياغ،
ئىسرىق ئۈچۈن خۇشبۇي ئەشيالار،
[9] باش روھانىي تاقايدىغان پەرتۇق،
كۆكرەكلىككە قادىلىدىغان يوللۇق ھېقىق ۋە باشقا گۆھەرلەر.»

## ئىبادەت چېدىرىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر

[10] - ئاراڭلاردىكى ماھىر ئۇستىلار كېلىپ، مەن پەرۋەردىگار بۇيرۇغان بارلىق نەرسىلەرنى ياسىسۇن:

[11] يوپۇقلار، ئىلمەكلەر، راملار، بالداقلار، تۈۋرۈكلەر ۋە تۈۋرۈك پۇتلىرى،
[12] ئەھدە ساندۇقى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بالداقلار،
ساندۇقنىڭ قاپقىقى، يەنى «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»،
ئەھدە ساندۇقىنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردە،

[13] شىرە ۋە ئۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بالداقلار،
شىرەگە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر،
خۇداغا ئاتىلىدىغان نانلار،
[14] چىراغدان ۋە چىراغدانغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر،
چىراغ ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان زەيتۇن يېغى،
[15] ئىسرىقدان ۋە ئۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بالداقلار،
مۇقەددەس ياغ، خۇشبۇي ئىسرىق،
چېدىرنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ پەردىسى،
[16] قۇربانلىق سۇپىسى ۋە ئۇنىڭ تۇچ شالاسى،
قۇربانلىق سۇپىسىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر،
قۇربانلىق سۇپىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بالداقلار،
پاكلىنىش دېسى ۋە داس قويغۇچ،
[17] هويلىنىڭ تۆت ئەتراپىنى توسىدىغان رەختلەر، تۈۋرۈكلەر، تۈۋرۈك پۇتلىرى،
هويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ پەردىسى،
[18] قوزۇقلار، تانىلار،
[19] روهانىي هارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇقەددەس جايدا خىزمەت قىلغاندا كىيىدىغان نەپىس مۇقەددەس كىيىملەر.

## خەلقنىڭ هەدىيەلىرى

[20] پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى مۇسانىڭ يېنىدىن قايتىشتى. [21] قەلبى تەسىرلەنگەن ۋە هەدىيە سۇنۇشقا رازى بولغانلارنىڭ هەممىسى ئۈچرىشىش چېدىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ياساشقا هەمدە مۇقەددەس كىيىملەرنى تىكىشكە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشتى. [22] هەدىيە سۇنۇشقا رازى بولغان ئەرلەر ۋە ئاياللار بىلەيۈزۈكلەر، هالقا، ئۈزۈك ۋە بىلەزۈك قاتارلىق هەر خىل ئالتۇن بۇيۇملىرىنى ئەكېلىپ، پەرۋەردىگارغا ئاتىدى. [23] كۆك، سۆسۈن، توق قىزىل رەڭلىك يىپ، ئېسىل زىغىر رەخت،

ئۆچكە تىۋىتى، قىزىل بويالغان قوچقار تېرىسى ۋە چىداملىق تېرە قاتارلىق نەرسىلىرى بارلىرى ئۇلارنى ئېلىپ كېلىپ ھەدىيە قىلىشتى. [24] كۈمۈش ياكى تۇچ ھەدىيە قىلالايدىغانلار ھەدىيەلىرىنى ئېلىپ كېلىشتى. ئاكاتسىيە ياغىچى بارلارمۇ ئۇنى ئېلىپ كېلىشتى. [25] قولى چېۋەر ئاياللار ئۆز قولى بىلەن ئېگىرگەن كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يىپلىرىنى ھەم ئېسىل زىغىر رەختلىرىنى ئېلىپ كېلىشتى. [26] قەلبى تەسىرلەنگەن، ھۈنەرگە ماھىر ئاياللار يەنە ئۆچكە تىۋىتىدىن يىپ ئېگىرىشتى. [27] جامائەت يېتەكچىلىرى پەرتۇقتا ۋە كۆكرەكلىككە قادىلىدىغان يوللۇق ھېقىق، باشقا ئېسىل تاشلار، [28] چىراغ، مۇقەددەس ياغ، ئىسرىق ئۈچۈن خۇشبۇي ئەشيالار ۋە ياغلارنى ئېلىپ كېلىشتى. [29] مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، پەرۋەردىگارغا ھەدىيە سۇنۇشنى خالىغان ئىسرائىللار خالىس ھەدىيەلىرىنى ئېلىپ كېلىشىپ، پەرۋەردىگار مۇساغا ئەمر قىلغان بارلىق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن تەقدىم قىلىشتى.

## ئىبادەت چېدىرىنى ياساش ھۈنىرى

[30] مۇسا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە مۇنداق دېدى:

– قاراڭلار! پەرۋەردىگار يەھۇدا قەبىلىسىدىن خۇرنىڭ نەۋرىسى، ئۇرىنىڭ ئوغلى بولغان بىزالئېلنى تاللىدى. [31] ئۇنى ئۆز روھىغا چۆمدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەقىل-پاراسەت، بىلىم ۋە خىلمۇخىل ھۈنەر-سەنئەت ئىقتىدارىنى ئاتا قىلدى. [32] ئۇ ھازىر خىلمۇخىل ھۈنەرلەرنى، يەنى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە تۇچتىن ھەر خىل نەرسىلەرنى ياساش، [33] قىممەتلىك تاشلارنى كېسىش ۋە ئۇلارنى زىننەت بۇيۇملىرىغا قويۇش ھەمدە ياغاچلارغا نەقىش ئويۇشتەك ھۈنەرلەرنى بىلىدۇ. [34] پەرۋەردىگار يەنە دان قەبىلىسىدىن ئاخىساماقنىڭ ئوغلى ئوھولىئابقىمۇ ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى باشقىلارغا ئۇستاز قىلدى. [35] پەرۋەردىگار ئۇلارغا ئويمىچىلىق، نەققاشلىق ھۈنىرىنى، شۇنداقلا ئېسىل زىغىر رەختكە كۆك، سۆسۈن، توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كەشتە تىكىش ھەمدە رەختلەرنى توقۇش قاتارلىق ھەر خىل

نەپىس ھۈنەر-سەنئەت ئىقتىدارلىرىنى ئاتا قىلدى. ئۇلار ھەر خىل ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئۇلار خىلمۇخىل ھۈنەرلەرگە ماھىردۇر.

36 [1] شۇڭا ئىبادەت چېدىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىزالئېل، ئوھولىئاب ۋە پەرۋەردىگار ئەقىل-پاراسەت، ئىقتىدار ئاتا قىلغان، شۇنداقلا ئىبادەت چېدىرىنى قانداق ياساشنى بىلىدىغان كىشىلەر ياسىسۇن.

## خەلقنىڭ ھەدىيەلىرى

[2] مۇسا بىزالئېل، ئوھولىئاب ۋە پەرۋەردىگار قابىلىيەت ئاتا قىلغان، شۇنداقلا قەلبى تەسىرلىنىپ، خىزمەت قىلىشنى خالىغان كىشىلەرنى يىغدى. [3] ئۇلار مۇسادىن ئىسرائىللارنىڭ ئىبادەت چېدىرىنىڭ ياسىلىشىغا ھەدىيە قىلغان بارلىق سوۋغاتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. كىشىلەر ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى خالىس ھەدىيەلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. [4] شۇڭا ئىبادەت چېدىرىنى ياساشقا قاتناشقان ئۇستىلار ئۆز خىزمەتلىرىنى توختىتىپ، [5] مۇسانىڭ ئالدىغا بېرىپ: «كىشىلەر ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەلەر پەرۋەردىگار بۇيرۇغان ئىبادەت جايىنى ياساش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتتى!» دېيىشتى.
[6] شۇڭا مۇسا پۈتۈن قارارگاھتىكىلەرگە: «ئەمدى ئىبادەت چېدىرى ئۈچۈن ھەدىيە ئەكەلمەڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھەدىيە ئېلىپ كېلىشنى توختاتتى. [7] ئېلىپ كېلىنگەن ھەدىيەلەر پۈتۈن ئىبادەت چېدىرىغا يېتىپ، ئېشىپ قالاتتى.

## ئىبادەت چېدىرىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ تەييارلىنىشى

[8] ئىشلەمچىلەر ئىچىدىكى ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرىنى ياساشقا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى تەييارلاشقا باشلىدى. چېدىر ئۈچۈن ئون پارچە يوپۇق تەييارلىدى. بۇ يوپۇقلارنى ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىپ، قولى چېۋەر ئۇستىلار ئۇلارغا كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كېرۇبلارنىڭ سۈرىتىنى نەپىس كەشتىلىدى. [9] ھەربىر يوپۇقنىڭ

چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 14 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر ئىدى. [10] يوپۇقلارنى كەڭلىكلىرى تەرىپىدىن بىر-بىرىگە ئۇلاپ، بەش دانىسىنى بىر پارچە، يەنە باشقا بەش دانىسىنى بىر پارچە قىلىپ ئۇلىدى. [11-12] ئۇلانغان ھەربىر چوڭ پارچىنىڭ چېتىگە ئەللىك دانىدىن كۆك رەڭلىك ئىزمە تىكتى. بۇ ئىككى پارچىدىكى تىكىلگەن ئىزمىلەر بىر-بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلەتتى. [13] ئاندىن ئەللىك ئالتۇن ئىلمەك ياساپ، بۇ ئىككى پارچە چوڭ يوپۇقنى بىر-بىرىگە ئۇلىدى.

[14] ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يوپۇقلارنىڭ ئۈستىگە يېپىش ئۈچۈن ئۆچكە تىۋىتىدىن 11 پارچە قېلىن يوپۇق توقۇدى. [15] بۇ 11 پارچە يوپۇق ئوخشاش چوڭلۇقتا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر ئىدى. [16] ئاندىن بۇ يوپۇقلارنى كەڭلىكلىرى تەرىپىدىن بىر-بىرىگە ئۇلاپ، بەش دانىسىنى بىر پارچە، يەنە باشقا ئالتە دانىسىنى بىر پارچە قىلىپ ئۇلىدى [17] ۋە ھەربىر چوڭ پارچىنىڭ چېتىگە ئەللىك دانىدىن ئىزمە تىكتى. [18] ئاندىن تۇچتىن ئەللىك ئىلمەك ياساپ، ئۇلارنى ئىزمىلەردىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئىككى پارچە چوڭ يوپۇقنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ، بىر پۈتۈن يوپۇق قىلدى. [19] بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېپىش ئۈچۈن قىزىل بويالغان قوچقار تېرىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىش ئۈچۈن چىداملىق تېرىلەرنى تەييارلىدى.

[20] ئىبادەت چېدىرى ئۈچۈن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن تىك راملار ياسىدى. [21] ھەربىر رامنىڭ ئېگىزلىكى 5 مېتىر، كەڭلىكى 75 سانتىمېتىر ئىدى. [22] ھەربىر رامنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى رام پۇتىغا ماسلاشتۇرۇپ ياسىدى. ھەممە راملارنى شۇنداق ياسىدى. [23] چېدىرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە يىگىرمە رام [24] ۋە راملارنىڭ تېگىگە كۈمۈشتىن قىرىق دانە پۇت ياسىدى. ھەربىر رام ئىككىدىن پۇتقا ئورنىتىلاتتى. [25] چېدىرنىڭ شىمال تەرىپىگىمۇ يىگىرمە رام [26] ۋە ئۇلار ئۈچۈنمۇ كۈمۈشتىن قىرىق دانە پۇت ياسىدى. ھەربىر رام ئىككىدىن پۇتقا ئورنىتىلاتتى. [27] چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىگە، يەنى غەرب تەرىپىگە ئالتە دانە رام ياسىدى. [28] چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئىككى بۇلۇڭغا بىردىن رام ياسىدى. [29] بۇ ئىككى

رام پەس ۋە يۇقىرى تەرەپلىرىدىن يان ۋە كەينىدىكى راملارنىڭ ئاخىرقى رىمىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۈستى تەرەپلىرىدىن ھالقا بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلاتتى. ھەربىر بۇلۇڭ مۇشۇ يول بىلەن ياسىلاتتى.
[30] دېمەك، چېدىرنىڭ غەرب تەرىپىدە سەككىز رام بولۇپ، ھەربىر رامنىڭ تېگىگە ئىككىدىن جەمئىي 16 دانە كۈمۈش پۇت ياسىدى.
[31] بۇنىڭدىن باشقا، ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بالداقلار ياسىدى. بۇلاردىن بەش دانىسى ئىبادەت چېدىرىنىڭ بىر يېنىغا، [32] يەنە بەش دانىسى يەنە بىر يېنىغا، قالغان بەش دانىسى چېدىرىنىڭ غەربىگە، يەنى كەينىگە ئىشلىتىلەتتى. [33] راملارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن توغرىسىغا چېتىلىدىغان بالداقلار چېدىرنىڭ بىر بېشىدىن يەنە بىر بېشىغا تۇتىشاتتى. [34] راملار ۋە بالداقلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى ۋە بالداقلار ئۆتكۈزۈلىدىغان ھالقىلارنىمۇ ئالتۇندىن ياسىدى.
[35] ئېسىل زىغىر رەختتىن بىر پەردە تىكىپ، ئۇنىڭغا كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كېرۇبلارنىڭ سۈرىتىنى نەپىس كەشتىلىدى. [36] بۇ پەردە ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياسالغان تۆت تۈۋرۈككە ئورنىتىلغان ئالتۇن ئىلمەكلەرگە ئېسىلاتتى. تۈۋرۈكلەرنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. بۇ تۈۋرۈكلەر كۈمۈشتىن ياسالغان تۆت پۇتقا ئورنىتىلاتتى.
[37] بۇنىڭدىن باشقا، ئېسىل زىغىر رەختتىن يەنە بىر پەردە تىكىپ، ئۇنى كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن كەشتىلىدى. بۇ پەردە ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئالدى تەرىپى، يەنى ئادەم كىرىدىغان تەرىپىگە ئېسىلاتتى. [38] پەردىنى ئېسىش ئۈچۈن بەش دانە تۈۋرۈك ياساپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى ۋە بۇ تۈۋرۈكلەرگە ئالتۇن ئىلمەكلەر بېكىتىپ، تۇچتىن بەش دانە تۈۋرۈك پۇتى ياسىدى.

## ئەھدە ساندۇقىنىڭ ياسىلىشى

**37** [1] بىزالئېل ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئۇزۇنلۇقى 125 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى 75 سانتىمېتىر قىلىپ بىر ساندۇق ياسىدى. [2] ساندۇقنىڭ ئىچى-سىرتىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، چۆرىسىنى ئالتۇن بىلەن نەقىشلىدى. [3] ئۇ يەنە ئالتۇندىن تۆت ھالقا

قۇيدۇرۇپ، ساندۇقنىڭ تۆت پۇتىغا ئورناتتى. ھالقىلار ھەربىر تەرىپىدە ئىككىدىن بولدى.[4-5] ئەھدە ساندۇقنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئىككى بالداق ياساپ، ئۇلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. بالداقلار ساندۇقنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئالتۇن ھالقىلاردىن ئۆتكۈزۈلەتتى.[6] ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ساپ ئالتۇندىن ئۇزۇنلۇقى 125، كەڭلىكى 75 سانتىمېتىر كېلىدىغان ساندۇق قاپقىقى، يەنى «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»نى ياسىدى.[7] ئالتۇندىن ئىككى دانە «كېرۇب»نىڭ ھەيكىلىنى سوقۇپ،[8] «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»نىڭ ئىككى بېشىغا بىردىن ئورنىتىپ، قاپقاق بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈردى.[9] يۈزمۇيۈز قويۇلغان ھەيكەللەرنىڭ ئېچىلغان قاناتلىرى قاپقاقنى يېپىپ، يۈزلىرى قاپقاققا قاراپ تۇراتتى.

## شىرەنىڭ ياسىلىشى

[10] بىزالىل ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بىر شىرە ياسىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 75 سانتىمېتىر بولۇپ،[11] ئۇنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى، چۆرىسىنى ئالتۇن بىلەن نەقىشلىدى.[12] شىرەنىڭ چۆرىسىگە 8 سانتىمېتىر كەڭلىكتە قىر چىقىرىپ، ئۇنىمۇ ئالتۇن بىلەن نەقىشلىدى.[13] تۆت ئالتۇن ھالقا ياساپ، ئۇلارنى شىرەنىڭ تۆت بۇرجىكىدىكى تۆت پۇتقا،[14] يەنى شىرەنىڭ قىرىغا يېقىنراق ئورناتتى. چۈنكى ئالتۇن ھالقىلاردىن بالداقلار ئۆتكۈزۈلۈپ، شىرە كۆتۈرۈپ مېڭىلاتتى.[15] بالداقلارنىمۇ ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياساپ، ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.[16] شىرەنىڭ ئۈستىدىكى تاۋاق ۋە تەخسە، شۇنداقلا ئىچىملىك ھەدىيەسىگە ئىشلىتىلىدىغان چىنە ۋە چەينەكلەرنى ساپ ئالتۇندىن ياسىدى.

## چىراغداننىڭ ياسىلىشى

[17] ئۇ ساپ ئالتۇندىن بىر چىراغدان ياسىدى. چىراغداننىڭ پۇتى، غولى، تارماق شاخلىرى ۋە گۈل نۇسخىسىدىكى چىراغ تەكچىلىرى بىر پۈتۈن ئالتۇندىن سوقۇلدى.[18] چىراغداننىڭ بىر تەرىپىگە ئۈچ، يەنە بىر تەرىپىگە ئۈچ بولۇپ، جەمئىي ئالتە دانە شاخچە

چىقىرىلغانىدى. [19] ھەربىر شاخچىدە بادام چېچىكى شەكلىدىكى ئۈچ دانە گۈل بەرگى بار ئىدى. چىراغدانىڭ ئالتە شاخچىسىنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇنداق ياسالغانىدى. [20] چىراغدانىڭ غولىدا بادام چېچىكى شەكلىدە تۆت دانە گۈل بەرگى بار ئىدى. [21] بۇ گۈل بەرگلىرى چىراغدانىڭ غولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىقىرىلغان ھەربىر جۈپ شاخچىنىڭ، يەنى ئالتە دانە شاخچىنىڭ ئاستىدا ئىدى. [22] پۈتۈن چىراغدان، يەنى ئۇنىڭ بارلىق بېزەكلىرى بىرلا پارچە ئالتۇندىن سوقۇلغانىدى. [23] ئۇ ساپ ئالتۇندىن چىراغدانغا يەتتە چىراغ، پىلىك قىسقۇچ ۋە پىلىك قالدۇقىنى قويىدىغان تەخسە ياسىدى. [24] چىراغدان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەرنى ياساش ئۈچۈن 35 كىلو ساپ ئالتۇن ئىشلەتتى.

## ئىسرىقدانىڭ ياسىلىشى

[25] ئۇ ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بىر ئىسرىقدان ياسىدى. ئىسرىقدان تۆت چاسا بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى يېرىم مېتىر ئىدى. ئىسرىقدانىڭ بۇرتۇپ چىققان تۆت بۇرجىكى ئىسرىقدان بىلەن بىر پۈتۈن ياسالغانىدى. [26] ئۇ ئىسرىقدانىڭ ئۈستى، تۆت ئەتراپى ۋە بۇرتۇپ چىققان تۆت بۇرجىكىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، ئۈستى تەرىپىنىڭ چۆرىسىنى ئالتۇن بىلەن نەقىشلىدى. [27] ئۇ ئىسرىقداننى كۆتۈرىدىغان بالداقلارنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىككى تەرىپىگە ئىككىدىن ئالتۇن ھالقا ياساپ، ئالتۇن نەقىشنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئورناتتى. [28] ئۇ بالداقلارنىمۇ ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياساپ، ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.

[29] ئۇ ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن مۇقەددەس ياغ ۋە خۇشبۇي ئىسرىقلارنى ياسىدى.

## قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ياسىلىشى

38 [1] بىزالىل ئاكاتسىيە ياغىچىدىن تۆت چاسا شەكىللىك بىر كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇپىسى ياسىدى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 2.5 مېتىر ئىدى. [2] قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە بۇرتۇپ چىققان شەكىللەر بار ئىدى.

بىزالىل بۇ شەكىللەرنى قۇربانلىق سۇپىسى بىلەن بىرلىكتە ياسىغان بولۇپ، پۈتۈن سۇپىنى تۇچ بىلەن قاپلىدى. [3] ئۇ قۇربانلىق سۇپىسىدا ئىشلىتىلىدىغان كۈل قاچىسى، گۆرجەك، داس، ئارا ۋە چوغدان قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇچتىن ياسىدى. [4] بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ قۇربانلىق سۇپىسىغا تۇچتىن بىر شالا ياساپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېرىم چوڭقۇرلۇقىدىكى شالا تەكچىسىنىڭ ئۈستىگە قويىدى. [5] ئۇ يەنە بالداقلارنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۇچتىن تۆت دانە ھالقا ياساپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە، يەنى شالانىڭ ئۇدۇلىغا ئورناتتى. [6] ئۇ ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئىككى دانە بالداق ياساپ، تۇچ بىلەن قاپلىدى. [7] بۇ بالداقلار قۇربانلىق سۇپىسىنى كۆتۈرگەندە، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ھالقىلاردىن ئۆتكۈزۈلەتتى. قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئوتتۇرىسى كاۋاك بولۇپ، تاختايدىن ياسالغانىدى. قۇربانلىق سۇپىسى پەرۋەردىگار تاغدا مۇساغا كۆرسەتكەن نۇسخىدا تاختايدىن ياسالدى.

## پاكلىنىش دىسىنىڭ ياسىلىشى

[8] ئۇ پاكلىنىش دىسى ۋە داس قويغۇچنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلىدىغان ئاياللار ھەدىيە قىلغان تۇچ ئەينەكلەردىن ياسىدى.

## ھويلىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ تەييارلىنىشى

[9] ئۇ ئىبادەت چېدىرىنىڭ تۆت ئەتراپىنى توسۇپ، ھويلا ياساش ئۈچۈن ئېسىل زىغىر رەختلەرنى تەييارلىدى. ھويلىنىڭ جەنۇب تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر بولاتتى. [10] ئۇ رەختلەرنى ئېسىش ئۈچۈن يىگىرمە دانە تۈۋرۈك ۋە يىگىرمە دانە تۇچ پۇت ياسىدى. تۈۋرۈكلەرگە كۈمۈشتىن ئىلمەك ياساپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ بېشىنى ياپىلاق كۈمۈش چەمبەر بىلەن قاپلىدى. [11] شىمال تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ 50 مېتىر بولاتتى. ئۇ يىگىرمە دانە تۈۋرۈك ۋە يىگىرمە دانە تۇچ پۇت ياسىدى. تۈۋرۈكلەرگە كۈمۈشتىن ئىلمەك ياساپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ بېشىنى ياپىلاق كۈمۈش چەمبەر بىلەن قاپلىدى. [12] غەرب تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر بولاتتى. ئۇ ئون دانە

تۇۋرۇك، ئون دانە پۇت، كومۇش ئىلمەك ۋە تۇۋرۇكلەرنىڭ بېشىغا ياپىلاق كومۇش چەمبەر ياسىدى. [13] شەرق تەرىپىنىڭ، يەنى ئالدى تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ 25 مېتىر بولاتتى. [14-15] كىرىش ئېغىزى ھويلىنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 7.5 مېتىردىن بولاتتى. رەختلەرنى ئېسىش ئۈچۈن كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۈچ دانە تۇۋرۇك ۋە ئۈچ دانە پۇت ياسىدى. [16] ھويلىنى توسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بارلىق رەختلەر ئېسىل زىغىر رەختلەردىن تەييارلاندى. [17] تۇۋرۇكلەرنىڭ پۇتلىرى تۇچتىن، ئىلمەك ۋە چەمبەرلەر كومۇشتىن تەييارلاندى. تۇۋرۇكلەرنىڭ بېشى كومۇش بىلەن قاپلاندى. دېمەك، ھويلىنىڭ ئەتراپىغا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق تۇۋرۇكلەرنىڭ بېشىدا ياپىلاق كومۇش چەمبەرلەر بولدى.

[18] ھويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ پەردىسىنى ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىپ، كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن كەشتىلىدى. ئۇنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر بولۇپ، ئېگىزلىكى ھويلىنى توسىدىغان رەختلەرنىڭ ئېگىزلىكىدەك 2.5 مېتىر ئىدى. [19] پەردە تۇچتىن ياسالغان تۆت دانە پۇتقا ئورنىتىلغان تۇۋرۇكلەرگە ئېسىلاتتى. تۇۋرۇكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئىلمەك ۋە چەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كومۇشتىن ياسالدى. تۇۋرۇكلەرنىڭ بېشىمۇ كومۇش بىلەن قاپلاندى. [20] ئىبادەت چېدىرى ۋە ھويلىغا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق قوزۇقلار تۇچتىن ياسالدى.

## ئىبادەت چېدىرىغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار

[21] ئەھدە چېدىرى، يەنى ئىبادەت چېدىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار مۇسانىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە لاۋىيلار تەرىپىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلگەن بولۇپ، روھانىي ھارۇننىڭ ئوغلى ئىتامارنىڭ سانىقىدىن ئۆتتى. [22] يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان خۇرنىڭ نەۋرىسى، يەنى ئۇرىنىڭ ئوغلى بەزالئېل پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈردى. [23] ئۇنىڭ دان قەبىلىسىدىن بولغان ياردەمچىسى، يەنى ئاخىساماقنىڭ ئوغلى ئوھولىئاب ئويمىچىلىق، نەققاشلىق ھۈنىرىنى، شۇنداقلا ئېسىل

زىغىر رەختكە كۆك، سۆسۈن، توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كەشتە تىكىشنى بىلەتتى.

[24] ئىبادەت جايى ئۈچۈن ئاتالغان ئالتۇننىڭ ئىغىرلىقى مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1000 كىلو ئىدى. [25] نوپۇس تىزىملىكىدىكى كىشىلەر ھەدىيە قىلغان كۈمۈش مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە تەخمىنەن 3621 كىلو ئىدى. [26] نوپۇس تىزىملىكىگە ئاساسلانغاندا، يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكىلەر جەمئىي 603,550 نەپەر بولۇپ، مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ھېسابلىغاندا ھەربىر كىشى تاپشۇرغان كۈمۈش 6 گىرامغا توغرا كېلەتتى. [27] ئىبادەت چېدىرىنىڭ راملىرى بېكىتىلىدىغان پۇتلارنى ۋە ئىچىدىكى پەردىنى ئاسىدىغان تۈۋرۈكلەرنىڭ پۇتلىرىنى ياساش ئۈچۈن جەمئىي 3600 كىلو كۈمۈش ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھەربىر پۇت 36 كىلو كۈمۈشتىن ياسالغانىدى. [28] تۈۋرۈكلەرگە بېكىتىلگەن ئىلمەكلەر، چەمبەرلەر ۋە تۈۋرۈكلەرنىڭ بېشىنى قاپلاش ئۈچۈن 21 كىلو كۈمۈش ئىشلىتىلگەنىدى. [29] ھەدىيە قىلىنغان تۇچ جەمئىي 2550 كىلو بولۇپ، [30] بۇ تۇچلار ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى تۈۋرۈك پۇتلىرى، قۇربانلىق سۇپىسى ۋە ئۇنىڭ شالاسى، قۇربانلىق سۇپىسىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر، [31] ھويلىنىڭ ئەتراپىدىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ پۇتلىرى، ھويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ پۇتلىرى، ئىبادەت چېدىرى ۋە ھويلىغا ئىشلىتىلگەن قوزۇقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنىدى.

## روھانىيلارنىڭ مۇقەددەس كىيىملىرىنىڭ تىكىلىشى

39 [1] ئۇستىلار كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپتىن توقۇلغان رەختتىن روھانىيلار مۇقەددەس جايدا ۋەزىپە ئۆتىگەندە كىيىدىغان مۇقەددەس روھانىيلىق كىيىملىرىنى تىكتى. ھارۇن ئۈچۈن تىككەن مۇقەددەس كىيىملەرنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغىنى بويىچە تىكتى. [2] پەرتۇقنى ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىپ، زەر يىپ، كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن كەشتىلىدى. [3] زەر يىپنى قولى چېۋەر ئۇستىلار ئالتۇننى نېپىز سوقۇپ، كېسىپ ياسىدى. ئاندىن زەر يىپ، كۆك،

سۆسۈن، توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلارنى بىرلىكتە پەرتۇقا ئىشلەتتى. [4] پەرتۇقنى ئىككى دانە مۇرە تاسمىسى تىكتى. پەرتۇقنىڭ ئالدى ۋە كەينىنى مۇشۇ ئىككى تاسما ئارقىلىق تۇتاشتۇردى. [5] پەرتۇقنىڭ بەل تاسمىسىنى پەرتۇقا ئوخشاش ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىپ، ئۇنى زەر يىپ، كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كەشتىلەپ، پەرتۇقا ئۇلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى. [6] ئىككى دانە يوللۇق ھېقىقنى ئالتۇن كۆزلۈككە قويۇپ، ئاندىن ئىسرائىللارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىنىڭ، يەنى ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسىملىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مۆھۈرگە ئويۇلىدىغان نەقىشلەردەك ئويدى. [7] ئاندىن ئۇلارنى پەرتۇقنىڭ ئىككى دانە مۇرە تاسمىسىغا قاداپ، ئىسرائىللارنىڭ خاتىرە تېشى قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى.

## كۆكرەكلىك تىكىلىشى

[8] ئۇلار خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلىش ئۈچۈن تاقىلىدىغان كۆكرەكلىكنى ئۇستىلىق بىلەن تىكتى. كۆكرەكلىكنىڭ تىكىلىش ئۇسۇلى پەرتۇق بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىمۇ ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىپ، زەر يىپ، كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كەشتىلىدى. [9] كۆكرەكلىك تىكىلىدىغان رەختنى ئىككى قاتلاپ، تۆت چاسا قىلىپ، خالتا شەكلىدە تىكتى. كۆكرەكلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىمۇ ئوخشاشلا 25 سانتىمېتىردىن ئىدى. [10] كۆكرەكلىكنىڭ ئۈستىگە تۆت قۇر گۆھەر قادىدى. بىرىنچى قۇرىغا قىزىل ياقۇت، تويپاز ۋە زۇمرەت قادىدى. [11] ئىككىنچى قۇرىغا فىرۇزە، كۆك ياقۇت ۋە ئالماس قادىدى. [12] ئۈچىنچى قۇرىغا سۆسۈن ياقۇت، ھېقىق ۋە سۆسۈن كۋارتس قادىدى. [13] تۆتىنچى قۇرىغا سېرىق ياقۇت، يوللۇق ھېقىق ۋە قىزىل ھېقىق قادىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالتۇن كۆزلۈككە ئېلىپ، كۆكرەكلىككە قادىدى. [14] ئىسرائىللارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئون ئىككى گۆھەرگە

ئون ئىككى قەبىلىنىڭ ئىسمىنى خۇددى مۆھۈرگە ئويۇلىدىغان نەقىشلەردەك ئويدى.

[15] كۆكرەكلىكنى پەرتۇقتا بىكىتىش ئۈچۈن ساپ ئالتۇندىن ئىككى دانە ئۆرۈمە زەنجىر، [16] ئىككى دانە ئالتۇن كۆزلۈك ۋە ئىككى دانە ئالتۇن ھالقا تەييارلىدى. ھالقىلارنى كۆكرەكلىكنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئىككى بۇرجىكىگە بىردىن بىكىتتى. [17] زەنجىرلەرنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالتۇن ھالقىلاردىن [18] ۋە پەرتۇقنىڭ مۈرە تاسمىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن كۆزلۈكلەردىن ئۆتكۈزۈپ، كۆكرەكلىكنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ھالقىلارغا باغلاپ قويدى. [19] كۆكرەكلىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىككى بۇرجىكىنىڭ ئىچكى قېتىغا ئىككى دانە ئالتۇن ھالقا بىكىتتى. [20] شۇنداقلا، پەرتۇقنىڭ بەل قىسمىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە، يەنى بەل تاسمىسىنىڭ يۇقىرىسىغا ئىككى دانە ئالتۇن ھالقا بىكىتتى. [21] ئاندىن كۆكرەكلىكنىڭ پەس تەرىپىدىكى ھالقىلار بىلەن پەرتۇقتىكى ھالقىلارنى بىر تال كۆك يىپ ئارقىلىق ئۆزئارا ئۇلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆكرەكلىك پۇلاڭلاپ كەتمەي، پەرتۇقتا چاپلىشىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى.

## روھانىيلار كىيىدىغان باشقا كىيىملەرنىڭ تىكىلىشى

[22] پەرتۇقنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان پەرىجىنى كۆك رەڭلىك يىپتىن توقۇدى. [23] پەرىجىگە ئويما ياقا ئېچىپ، يىرتىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ياقىنىڭ چۆرىسىگە پەۋاز تۇتتى. [24] كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلاردىن ئانارلار ياساپ، پەرىجىنىڭ پېشىنىڭ چۆرىسىگە ئاستى. [25] ئېسىلغان بۇ ئانارلارنىڭ ئارىسىغا بىردىن ساپ ئالتۇندىن ياسالغان قوڭغۇراقلارنى ئاستى. [26] پېشىگە ئانار ۋە ئالتۇن قوڭغۇراقلار ئېسىلغان بۇ پەرىجىنى روھانىيلار روھانىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندە كىيەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى.

[27] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئېسىل زىغىر رەختتىن تونچە كۆڭلەك تىكتى [28] ۋە تامبال تەييارلىدى. ھارۇن ئۈچۈن ئېسىل زىغىر رەختتىن سەللە، ئوغۇللىرى ئۈچۈن باشقا باش كىيىم

هازىرلىدى. [29] ئېپسىل زىغىر رەختتىن بىر پوتا تىكىپ، كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كەشتىلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى. [30] ساپ ئالتۇندىن بىر دانە ئالاھىدە قاداق ياساپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «پەرۋەردىگارغا ئاتالدى» دېگەن خەتلەرنى مۆھۈرگە ئويغاندەك ئويدى [31] ھەمدە كۆك رەڭلىك يىپ بىلەن سەللىگە تاقاپ قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى.

## مۇسانىڭ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشى

[32] ئىبادەت چېدىرى، يەنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى پۈتۈنلەي تاماملاندى. ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغانلىرىنى بىر-بىرلەپ ئورۇندىدى. [33] ئۇلار ئىبادەت چېدىرىنى ياساشقا كېرەكلىك بولغان ھەم ئىبادەت چېدىرىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنى مۇسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى:

ئىلمەكلەر، راملار، بالداقلار، تۈۋرۈكلەر ۋە تۈۋرۈك پۇتلىرى،
[34] قىزىل بويالغان قوچقار تېرىسىدىن ئىشلەنگەن يوپۇقلار، چىداملىق تېرىدىن ئىشلەنگەن يوپۇقلار،
ئەھدەساندۇقىنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردە،
[35] پەرزلەر يېزىلغان تاش تاختىلار سېلىنغان ئەھدە ساندۇقى ۋە ئەھدە ساندۇقىنىڭ قاپقىقى، يەنى «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»،
ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بالداقلار،
[36] شىرە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر، خۇداغا ئاتىلىدىغان نانلار،
[37] ساپ ئالتۇن چىراغدان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر، چىراغ ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان زەيتۇن يېغى،
[38] ئالتۇن ئىسرىقدان، مۇقەددەس ياغ، خۇشبۇي ئىسرىق،

ئىبادەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ پەردىسى،
[39] تۇچ بىلەن قاپلانغان قۇربانلىق سۇپىسى ۋە ئۇنىڭ تۇچ
شالاسى،
قۇربانلىق سۇپىسدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر،
قۇربانلىق سۇپىسىنى كۆتۈرۈش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان
بالداقلار،
پاكلىنىش دېسى ۋە داس قويغۇچ،
[40] ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپىنى توسىدىغان رەختلەر، تۈۋرۈكلەر،
تۈۋرۈك پۇتلىرى،
ھويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ پەردىسى،
تانىلار، قوزۇقلار ۋە چېدىردا ئىشلىتىلىدىغان باشقا
نەرسىلەر،
[41] روھانىي ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇقەددەس جايدا
خىزمەت قىلغاندا كىيىدىغان نەپىس، مۇقەددەس
كىيىملەر.

[42] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغانلىرىنى بىر-بىرلەپ ئورۇندىدى. [43] مۇسا پۈتۈن نەرسىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھەممە نەرسىنىڭ پۈتۈنلەي پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە بولغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلارغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلدى.

## ئىبادەت چېدىرىنىڭ ياسىلىشى

**40** [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: [2] ـ 1-ئاينىڭ 1-كۈنى① ئىبادەت چېدىرىنى، يەنى ئۇچرىشىش چېدىرىنى تىكىپ، [3] ئون پەرز يېزىلغان تاش تاختىلار سېلىنغان ئەھدە ساندۇقىنى ئۇنىڭ ئىچىگە قويۇپ، ئۇنى پەردە بىلەن توسۇپ قويغىن. [4] شىرەنى چېدىر ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇستىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تىزىپ قويغىن. چىراغدانىنمۇ ئېلىپ

① 40: 2 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 29-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

كىرىپ، چىراغلىرىنى يېقىپ قويغىن. [5] ئالتۇن ئىسرىقدانىنى ئېلىپ كىرىپ، ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئۇدۇلىغا، يەنى پەردىنىڭ سىرتىغا قويغىن. ئاندىن چېدىرنىڭ كىرىش ئېغىزىغا پەردە تارتىپ قويغىن.
[6] كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇپىسىنى ئىبادەت چېدىرى، يەنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا قويغىن. [7] پاكلىنىش دېسىنى ئۇچرىشىش چېدىرى بىلەن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇپ قويغىن. [8] چېدىرنىڭ ئەتراپىنى رەختلەر بىلەن توسۇپ، هويلا ياساپ، كىرىش ئېغىزىغا پەردە ئېسىپ قويغىن.
[9] ئىبادەت چېدىرى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرگە مۇقەددەس ياغ سۈركەپ، ئۇلارنى ماڭا بېغىشلىغىن. شۇندىلا بۇ نەرسىلەر مۇقەددەس بولىدۇ. [10] ئۇنىڭدىن كېيىن قۇربانلىق سۇپىسىغا ۋە ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە مۇقەددەس ياغ سۈركەپ، ماڭا بېغىشلىغىن. شۇندىلا قۇربانلىق سۇپىسى ئەڭ مۇقەددەس بولىدۇ. [11] پاكلىنىش دېسى ۋە داس قويغۇچقىمۇ مۇقەددەس ياغ سۈركەپ، ماڭا بېغىشلىغىن. [12] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى بويىنى سۇغا سېلىپ، پاكلىغىن. [13] ھارۇنغا مۇقەددەس كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، بېشىغا مۇقەددەس ياغ قۇيۇپ، ئۇنى ماڭا بېغىشلىغىن. شۇندىلا ئۇ مېنىڭ روھانىيلىق خىزمىتىمنى قىلالايدۇ. [14] ئاندىن ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارغا تونچە كۆڭلەكلەرنى كىيدۈرۈپ، [15] خۇددى ئاتىسىنىڭ بېشىغا ياغ قۇيغاندەك، ئۇلارنىڭ بېشىغىمۇ مۇقەددەس ياغ قۇيغىن. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ روھانىيلىق خىزمىتىمنى قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇش ئۇلارنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە روھانىيلىق خىزمىتىمنى قىلىشقا تەيىنلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. [16] مۇسا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى.
[17] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىسىردىن چىقىپ 2-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىبادەت چېدىرىنى تىكتى. [18] مۇسا پۇتلارغا راملارنى ئورنىتىپ، بالداقلىرىنى بېكىتىپ، تۈۋرۈكلىرىنى ئورناتتى. [19] ئاندىن ئۇ پۈتۈن ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىنى رەخت يوپۇق

بىلەن يېپىپ، ئۈستىنى باشقا يوپۇقلار بىلەن قاپلىدى. مۇسا بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى. [20] ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پەرزلەر يېزىلغان ئىككى تاش تاختىنى ئەھدە ساندۇقىغا سېلىپ، ئۈستىگە قاپقىقىنى، يەنى «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»نى يېپىپ، كۆتۈرۈش بالداقلىرىنى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ھالقىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، [21] ئەھدە ساندۇقىنى ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويدى. ئۇنى توسۇپ قويۇش ئۈچۈن پەردىنى ئاستى. مۇسا بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى.

[22] مۇسا شىرەنى ئۇچرىشىش چېدىرىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى مۇقەددەس جاينىڭ شىمال تەرىپىگە، ئەڭ مۇقەددەس جايىنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردىنىڭ سىرتىغا قويدى. [23] شىرەگە پەرۋەردىگارغا ئاتالغان نانلارنى تىزدى. مۇسا بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى. [24] ئۇ چىراغداننى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە شىرە بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل قىلىپ قويدى. [25] ئاندىن چىراغداندىكى چىراغلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا يېقىپ قويدى. مۇسا بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى. [26] ئۇ ئالتۇن ئىسرىقداننى ئۇچرىشىش چېدىرىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جايىنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردىنىڭ ئالدىغا قويدى. [27] ئاندىن ئىسرىقداندا خۇشبۇي ئىسرىقلارنى كۆيدۈردى. مۇسا بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى. [28] ئۇ ئىبادەت چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا پەردە ئاستى. [29] ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ، يەنى ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇپىسىنى قويۇپ، ئۈستىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى قويدى. مۇسا بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدى.

[30] مۇسا پاكلىنىش دېسىنى ئىبادەت چېدىرى، يەنى ئۇچرىشىش چېدىرى بىلەن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، پاكلىنىش ئۈچۈن داسقا سۇ تولدۇرۇپ قويدى. [31-32] مۇسا، ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇچرىشىش چېدىرىغا كىرىشتىن ياكى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىغا بېرىشتىن ئاۋۋال پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە داستىكى سۇ بىلەن پۇت-قولىنى يۇيىدىغان بولدى. [33] مۇسا

ئىبادەت چېدىرى ۋە قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۈت ئەتراپىغا رەخت تارتىپ، هويلا ياسىدى ھەمدە ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزىغا پەردە ئاستى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پۈتۈن ئىشلارنى تاماملىدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىنىڭ ئۇچرىشىش چېدىرىنى قاپلىشى

[34] شۇ چاغدا بىر پارچە بۇلۇت ئۇچرىشىش چېدىرىنى قاپلىدى. چېدىر پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىغا تولدى. [35] مۇسا ئۇچرىشىش چېدىرىغا كىرەلمىدى. چۈنكى بۇلۇت چېدىرنى قاپلىغان بولۇپ، چېدىرنىڭ ئىچى پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىغا تولغانىدى. [36] چېدىردىن بۇلۇت كۆتۈرۈلگەندە، ئىسرائىللار توختىغان يېرىدىن قوزغىلىپ، سەپەرلىرىنى داۋاملاشتۇردى. [37] بۇلۇت قوزغالمىغۇچە، ئۇلارمۇ قوزغالمىدى. [38] ئۇلار پۈتۈن سەپىرى جەريانىدا، كۈندۈزى پەرۋەردىگارنىڭ بۇلۇتىنى چېدىرنىڭ ئۈستىدە كۆرسە، كېچىسى بۇلۇت ئىچىدە كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆردى.

# لاۋيلار


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | |

# لاۋىيلار

## كۆيدۈرمە قۇربانلىق

1
1 پەرۋەردىگار ئۇچرىشىش چېدىرىدىن مۇسانى چاقىرىپ،
ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
2 ــ سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، سىلەردىن بىرسى مەن پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ قۇربانلىق سۇنماقچى بولسا، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەردىن
قۇربانلىق قىلسۇن. 3 ئەگەر كالىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلماقچى
بولسا، مېنىڭ قۇربانلىقنى قوبۇل قىلىشىم ئۈچۈن ھەممە ئەزايى
بېجىرىم بولغان بۇقىنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كەلسۇن. 4 قۇربانلىق سۇنغۇچى قۇربانلىق قىلغاندا، قولىنى
قۇربانلىق بۇقىنىڭ بېشىغا قويسۇن. شۇندىلا قىلغان قۇربانلىقى
قوبۇل قىلىنىپ، گۇناھى ساقىت قىلىنىدۇ. 5 ئاندىن قۇربانلىق
سۇنغۇچى بۇقىنى ھۇزۇرۇمدا بوغۇزلىسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن
ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى، يەنى روھانىيلار قۇربانلىقنىڭ قېنىنى
ئېلىپ، ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدىكى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ
تۆت تەرىپىگە چاچسۇن. 6 قۇربانلىق سۇنغۇچى بۇقىنىڭ تېرىسىنى
سويۇپ، تېنىنى پارچىلىسۇن. 7 ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى، يەنى
روھانىيلار قۇربانلىق سۇپىسىدىكى ئوتنى يالقۇنلىتىپ، ئۈستىگە
ئوتۇن تاشلىسۇن. 8 ئاندىن قۇربانلىقنىڭ پارچىلىرىنى، بېشىنى
ۋە چاۋا مايلىرىنى قۇربانلىق سۇپىسىدىكى كۆيۈۋاتقان ئوتۇننىڭ
ئۈستىگە قويسۇن. 9 قۇربانلىق سۇنغۇچى قۇربانلىقنىڭ ئىچ-
قارنىنى، پۇت-پاچاقلىرىنى يۇيسۇن، ئاندىن روھانىي ھەممىسىنى
قۇربانلىق سۇپىسىدىكى ئوتتا كۆيدۈرسۇن. بۇ خىل كۆيدۈرمە

قۇربانلىق مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولىدۇ.

[10] ئەگەر قوي ياكى ئۆچكىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، چوقۇم بىجىرىم قوچقار ياكى تېكىنى ئېلىپ كەلسۇن. [11] قۇربانلىقنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا، يەنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بوغۇزلىسۇن. ئاندىن ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى، يەنى روھانىيلار قۇربانلىقنىڭ قېنىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە چاچسۇن. [12] قۇربانلىق سۇنغۇچى قۇربانلىقنى پارچىلىسۇن. ئاندىن روھانىي قۇربانلىق پارچىلىرىنى، قۇربانلىقنىڭ بېشىنى ۋە چاۋا مايلىرىنى قۇربانلىق سۇپىسىدىكى كۆيۈۋاتقان ئوتۇننىڭ ئۈستىگە قويسۇن. [13] قۇربانلىق سۇنغۇچى قۇربانلىقنىڭ ئىچ-قارنىنى، پۇت-پاچاقلىرىنى يۇيسۇن. ئاندىن روھانىي ھەممىسىنى قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. بۇ خىل كۆيدۈرمە قۇربانلىق مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولىدۇ.

[14] ئەگەر بىرسى ماڭا ئاتاپ قۇشنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، پاختەك ياكى ياش كەپتەرنى ئېلىپ كەلسۇن. [15] روھانىي قۇشنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، بوينىنى تولغاپ ئۈزسۇن، بېشىنى قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. قېنىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يان تەرىپىگە تېمىتسۇن. [16] تاشلىقنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ شەرقىدىكى كۇل تۆكىدىغان يەرگە تاشلىۋەتسۇن. [17] روھانىي قۇشنى ئىككى قانىتىدىن تۇتۇپ ئىككىگە بۆلسۇن، لېكىن ئۈزۈۋەتمىسۇن. ئاندىن قۇشنى قۇربانلىق سۇپىسىدىكى كۆيۈۋاتقان ئوتۇننىڭ ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈرسۇن. بۇ خىل كۆيدۈرمە قۇربانلىق مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولىدۇ.

## ئاشلىق ھەدىيەسى

2 [1] - ئەگەر بىرسى مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنماقچى بولسا، سۈپەتلىك بۇغداي ئۇنى سۇنسۇن. ئۇنىغا زەيتۇن يېغى قۇيسۇن ۋە مەستىكى رۇمى قويسۇن. [2] ئۇنى

ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى، يەنى روھانىيلارنىڭ ئالدىغا ئاپارسۇن. روھانىي زەيتۇن يېغى قويۇلغان ئۇندىن بىر چاڭگال ۋە قويۇلغان مەستىكى رۇمىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، نىشانە سۈپىتىدە قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. بۇ خىل ئاشلىق ھەدىيەسى مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولىدۇ. [3] قالغان قىسمى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەۋە بولسۇن. بۇ ماڭا ئاتالغان ئەڭ مۇقەددەس تائام ھەدىيەسى ھېسابلىنىدۇ.

[4] ئەگەر تونۇردا يېقىلغان ناننى ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنماقچى بولسا، سۈپەتلىك ئۇنغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلغان پېتىر توقاچ ياكى يۈزىگە زەيتۇن يېغى سۈرتۈلگەن نېپىز پېتىر نانلار سۇنسۇن.

[5] ئەگەر تاۋىدا پىشۇرۇلغان ناننى ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنماقچى بولسا، زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سۈپەتلىك ئۇندا پىشۇرۇلغان پېتىر نان سۇنسۇن. [6] پېتىر ناننى پارچىلاپ، ئۈستىگە زەيتۇن يېغى قۇيسۇن. بۇ ئاشلىق ھەدىيەسىدۇر.

[7] ئەگەر قازاندا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكنى ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنماقچى بولسا، سۈپەتلىك ئۇندا قىلىنغان ۋە زەيتۇن يېغىدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكنى سۇنسۇن.

[8] ئاشلىق ھەدىيەسىنىڭ قايسى ئۇسۇلدا تەييارلانغىنىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى مېنىڭ ھوزۇرۇمغا ئېلىپ كېلىپ، روھانىيغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن. روھانىي ئۇنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسۇن [9] ۋە ئۇنىڭدىن ئازراق ئوشتۇپ ئېلىپ، نىشانە سۈپىتىدە قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. بۇ خىل ئاشلىق ھەدىيەسى مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولىدۇ. [10] قالغان قىسمى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەۋە بولسۇن. بۇ ماڭا ئاتالغان ئەڭ مۇقەددەس تائام ھەدىيەسى ھېسابلىنىدۇ.

[11] ماڭا ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنۇلىدىغان ھەرقانداق كۆيدۈرمە ھەدىيەلەرگە خېمىرتۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇلمىسۇن. چۈنكى خېمىرتۇرۇچ ياكى ھەسەلنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، تائام

ھەدىيەسى سۈپىتىدە ماڭا ئاتاشقا بولمايدۇ. [12] لېكىن تۇنجى
ئېلىنغان ھوسۇلدىن قىلىنغان يېمەكلىككە خېمىرتۇرۇچ ۋە
ھەسەل قوشۇپ ماڭا ھەدىيە قىلسا بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنى مەن
خۇدانى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق ھەدىيە سۈپىتىدە
قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرۈشكە بولمايدۇ. [13] بارلىق ئاشلىق
ھەدىيەلىرىگە تۇز سېلىنسۇن. تۇز مەن خۇدانىڭ ئىسرائىللار
بىلەن تۈزگەن ئەھدىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋولىدۇر،
تۇز سېلىنمىغان بىرەر ھەدىيە بولمىسۇن.
[14] بىرەرسى تۇنجى ئېلىنغان ھوسۇلدىن ماڭا ئاتاپ ئاشلىق
ھەدىيەسى سۇنماقچى بولسا، ئالدى بىلەن يېڭى داننى ئوتتا قورۇپ،
ئاندىن يارما قىلىپ، [15] ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى ۋە مەستىكى رۇمى
قوشسۇن. بۇ ئاشلىق ھەدىيەسىدۇر. [16] روھانىي بۇغداي يارمىسى
بىلەن زەيتۇن يېغىدىن ئازراق ۋە مەستىكى رۇمىنىڭ ھەممىسىنى
ئېلىپ، نىشانە سۈپىتىدە قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. بۇ ماڭا
ئاتالغان تائام ھەدىيەسى ھېسابلىنىدۇ.

## ئامانلىق قۇربانلىقى

3 [1] - ئەگەر بىرسى كالىنى ئامانلىق قۇربانلىقى سۈپىتىدە مەن
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، بىجىرىم
بۇقا ياكى ئىنەكنى قۇربانلىق قىلسۇن. [2] قۇربانلىق سۇنغۇچى
كالىنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، قولىنى
كالىنىڭ بېشىغا قويسۇن، ئاندىن بوغۇزلىسۇن. ھارۇننىڭ
ئوغۇللىرى، يەنى روھانىيلار قۇربانلىقنىڭ قېنىنى قۇربانلىق
سۇپىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە چاچسۇن. [3] قۇربانلىق سۇنغۇچى
ئامانلىق قۇربانلىقىدىن مەن پەرۋەردىگارغا تائام ھەدىيەسى
سۇنسۇن، يەنى قۇربانلىق سۇنغۇچى قۇربانلىقنىڭ بارلىق چاۋا
مايلىرى، [4] ئىككى بۆرىكى، بۆرەك مېيى ۋە جىگىرىنىڭ ئەڭ
ياخشى يېرىنى چىقىرىۋالسۇن. [5] بۇلارنى ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى
قۇربانلىق سۇپىسىدىكى كۆيۈۋاتقان ئوتۇننىڭ ئۈستىگە قويۇپ،
كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن بىرلىكتە كۆيدۈرسۇن. بۇ خىل ئامانلىق

قۇربانلىقى مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق
تائام ھەدىيەسى بولىدۇ.
6 ئەگەر بىرسى قوي ياكى ئۆچكىنى ئامانلىق قۇربانلىقى
سۈپىتىدە ماڭا سۇنماقچى بولسا، مەيلى ئەركەك، مەيلى
چىشى بولسۇن، چوقۇم بىجىرىم بولسۇن. 7 ئەگەر سۇنماقچى
بولغىنى قوي بولسا، قۇربانلىق سۇنغۇچى قويىنى مېنىڭ
ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كېلىپ، 8 قولىنى قويىنىڭ بېشىغا قويسۇن،
ئاندىن ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىسۇن. ھارۇننىڭ
ئوغۇللىرى قويىنىڭ قېنىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە
چاچسۇن. 9 قۇربانلىق سۇنغۇچى ئامانلىق قۇربانلىقىنىڭ
مايلىرىنى چىقىرىۋېلىپ، مەن پەرۋەردىگارغا تائام ھەدىيەسى
سۈپىتىدە سۇنسۇن. ئۇ ئومۇرتقىسىدىن پۈتۈن قۇيرۇق مېيىنى
چىقىرىۋالسۇن ھەمدە قۇربانلىقىنىڭ بارلىق چاۋا مايلىرىنى،
10 ئىككى بۆرىكىنى، بۆرەك مېيىنى ۋە جىگىرىنىڭ ئەڭ ياخشى
يېرىنى چىقىرىۋالسۇن. 11 بۇلارنى روھانىي قۇربانلىق سۇپىسىدا
كۆيدۈرسۇن. بۇ ماڭا ئاتالغان تائام ھەدىيەسى بولىدۇ. 12 ئەگەر
سۇنماقچى بولغىنى ئۆچكە بولسا، سۇنغۇچى ئۆچكىنى مېنىڭ
ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كېلىپ، 13 قولىنى ئۆچكىنىڭ بېشىغا قويسۇن،
ئاندىن ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىسۇن. ھارۇننىڭ
ئوغۇللىرى ئۆچكىنىڭ قېنىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت
تەرىپىگە چاچسۇن. 14 قۇربانلىق سۇنغۇچى مەن پەرۋەردىگارغا
تائام ھەدىيەسى سۇنۇش ئۈچۈن قۇربانلىق ئۆچكىنىڭ بارلىق
چاۋا مايلىرىنى، 15 ئىككى بۆرىكىنى، بۆرەك مېيىنى ۋە جىگىرىنىڭ
ئەڭ ياخشى يېرىنى چىقىرىۋالسۇن. 16 بۇلارنى روھانىيلار
قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. بۇلار مەن پەرۋەردىگارنى
مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولىدۇ.
بارلىق مايلار ماڭا تەئەللۇقتۇر.
17 ماي ۋە قاننى قەتئىي يېمىسۇن. ئىسرائىللار قەيەردە
ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىگە ئەۋلادمۇئەۋلاد
ئىتائەت قىلسۇن.

## گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى

4 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] — سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، ئەگەر بىرسى بىخەستەلىكتىن
مەن پەرۋەردىگارنىڭ چەكلەش ئەمرلىرىنىڭ بىرىگە خىلاپلىق
قىلىپ، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالسا، تۆۋەندىكىچە ئىش كۆرۈلسۇن:
[3] ئەگەر باش روھانىي گۇناھ سادىر قىلىپ، پۈتۈن جامائەتنى
ئەيىبدار قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ چوقۇم قىلغان گۇناھى ئۈچۈن
بېجىرىم بىر بۇقىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى
سۈپىتىدە ماڭا ئاتىسۇن. [4] بۇقىنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا
ئېلىپ كېلىپ، قولىنى بۇقىنىڭ بېشىغا قويسۇن، ئاندىن مېنىڭ
ھۇزۇرۇمدا بوغۇزلىسۇن. [5] باش روھانىي ئۇچرىشىش چېدىرىغا
بۇقىنىڭ قېنىدىن ئازراق ئېلىپ كىرىپ، [6] بارمىقىنى قانغا تەگكۈزۈپ،
قاننى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ئەڭ مۇقەددەس جاينى توسۇپ تۇرغان
پەردە تەرەپكە قارىتىپ، يەتتە قېتىم چاچسۇن. [7] ئاندىن قاننىڭ بىر
قىسمىنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ئۇچرىشىش چېدىرى ئىچىدە تۇرغان
خۇشبۇي ئىسرىق سېلىنىدىغان ئىسرىقداننىڭ بۈرتۈپ چىققان تۆت
بۇرجىكىگە سۈركەپ قويسۇن. ئېشىپ قالغان قاننى ئۇچرىشىش
چېدىرىنىڭ ئالدىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۈۋىگە
تۆكۈۋەتسۇن. [8] ئۇ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىنغان
بۇقىنىڭ بارلىق چاۋا مايلىرى، [9] ئىككى بۆرىكى، بۆرەك مېيى
ۋە جىگىرىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىنى چىقىرىۋالسۇن. [10] ئامانلىق
قۇربانلىقى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان بۇقىنىڭ مايلىرىنى قانداق
چىقىرىۋالغان بولسا، گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىنىڭ
مايلىرىنىمۇ شۇنداق چىقىرىۋالسۇن. ئۇ بۇ مايلارنى قۇربانلىق
سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. [11-12] بۇقىنىڭ قالغان قىسمىنى، يەنى
تېرىسى، گۆشى، بېشى، پۇت-پاچىقى، قارىن ۋە ئۈچەيلىرىنى
قارارگاھنىڭ سىرتىدىكى كۈل تۆكىدىغان پاك يەرگە ئېلىپ چىقىپ،
كۈلنىڭ ئۈستىدە ئوتۇندا ئوت قالاپ كۆيدۈرۈۋەتسۇن.
[13] پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى مەن پەرۋەردىگارنىڭ چەكلەش
ئەمرلىرىنىڭ بىرىگە بىخەستەلىكتىن خىلاپلىق قىلىپ، گۇناھ

ئۆتكۈزۈپ سالسىمۇ، ئوخشاشلا گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ. [14] بۇ ئىش ئۇلارغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن، جاماقەت بىر تورپاق بۇقىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى سۈپىتىدە ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلسۇن. [15] جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرى قوللىرىنى بۇقىنىڭ بېشىغا قويسۇن، ئاندىن ئۇنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا بوغۇزلىسۇن. [16] باش روھانىي ئۇچرىشىش چېدىرىغا بۇقىنىڭ قېنىدىن ئازراق ئېلىپ كىرىپ، [17] بارمىقىنى قانغا تەگكۈزۈپ، قاننى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەردە تەرەپكە قارىتىپ، يەتتە قېتىم چاچسۇن. [18] ئاندىن قاننىڭ بىر قىسمىنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ئۇچرىشىش چېدىرى ئىچىدە تۇرغان ئىسرىقدانىنىڭ بۈرتۈپ چىققان تۆت بۇرجىكىگە سۈركەپ قويسۇن. ئېشىپ قالغان قاننى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدىكى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۈۋىگە تۆكۈۋەتسۇن. [19] ئۇ بۇقىنىڭ بارلىق مايلىرىنى چىقىرىپ، قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. [20] روھانىي گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى سۈپىتىدە بوغۇزلىنىدىغان بۇقىنى قانداق قىلغان بولسا، بۇ بۇقىنىمۇ شۇنداق قىلسۇن. شۇندىلا خەلقىنىڭ گۇناھى ساقىت قىلىنىدۇ ۋە ئۇلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. [21] ئاندىن روھانىي بۇقىنىڭ قالغان قىسمىنى قارارگاھنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، ئالدىنقى بۇقىنى قانداق كۆيدۈرگەن بولسا، بۇنىمۇ شۇنداق كۆيدۈرسۇن. بۇ جامائەتنىڭ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

[22] ئەگەر يېتەكچىلەردىن بىرى مەنكى پەرۋەردىگار خۇدانىڭ چەكلەش ئەمرلىرىنىڭ بىرىگە بىخەستەلىكتىن خىلاپلىق قىلىپ سالسىمۇ، ئوخشاشلا گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ. [23] يېتەكچىنىڭ قىلغان گۇناھى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ چوقۇم بېجىرىم بولغان تېكىدىن بىرنى قۇربانلىق قىلسۇن. [24] ئۇ قولىنى تېكىنىڭ بېشىغا قويسۇن ۋە ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بوغۇزلىنىدىغان جايدا پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا بوغۇزلىسۇن. بۇ ئۇنىڭ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ھېسابلىنىدۇ. [25] روھانىي بارمىقىنى تېكىنىڭ قېنىغا تەگكۈزۈپ، قاننى كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۈرتۈپ چىققان تۆت بۇرجىكىگە سۈركەپ قويسۇن، قالغىنىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۈۋىگە تۆكۈۋەتسۇن. [26] خۇددى ئامانلىق

قۇربانلىقنىڭ مايلىرىنى كۆيدۈرگەنگە ئوخشاش، تېكىنىڭ بارلىق مايلىرىنى قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. شۇندىلا ئۇنىڭ گۇناھى ساقىت قىلىنىدۇ ۋە ئۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

[27] ئەگەر ئادەتتىكى بىر كىشى بىخەستەلىكتىن مېنىڭ چەكلەش ئەمرلىرىمنىڭ بىرىگە خىلاپلىق قىلىپ سالسىمۇ، ئوخشاشلا گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ. [28] قىلغان گۇناھى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، چوقۇم بىجىرىم بولغان چىشى ئۆچكىدىن بىرنى قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ كەلسۇن. [29] ئۇ قولىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىنىڭ بېشىغا قويسۇن، ئاندىن ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بوغۇزلىنىدىغان جايدا بوغۇزلىسۇن. [30] روھانىي بارمىقىنى قۇربانلىقنىڭ قېنىغا تەگكۈزۈپ، قاننى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۈرتۈپ چىققان تۆت بۇرجىكىگە سۈركەپ قويسۇن، قالغىنىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۈۋىگە تۆكۈۋەتسۇن. [31] قۇربانلىق سۇنغۇچى خۇددى ئامانلىق قۇربانلىقنىڭ مايلىرىنى چىقارغانغا ئوخشاش ئۆچكىنىڭ مايلىرىنىمۇ چىقىرىۋالسۇن. روھانىي ھەممە ماينى مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق ھەدىيە سۈپىتىدە قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. شۇندىلا ئۇنىڭ گۇناھى ساقىت قىلىنىدۇ ۋە ئۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

[32] ئەگەر ئادەتتىكى بىر كىشى بىر قوينى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى سۈپىتىدە ئېلىپ كەلسە، چوقۇم بىجىرىم بولغان ساغلىق بولسۇن. [33] ئۇ قولىنى قوينىڭ بېشىغا قويسۇن، ئاندىن ئۇنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى سۈپىتىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بوغۇزلىنىدىغان جايدا بوغۇزلىسۇن. [34] روھانىي بارمىقىنى قۇربانلىقنىڭ قېنىغا تەگكۈزۈپ، قاننى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۈرتۈپ چىققان تۆت بۇرجىكىگە سۈركەپ قويسۇن، قالغىنىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۈۋىگە تۆكۈۋەتسۇن. [35] قۇربانلىق سۇنغۇچى خۇددى ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان قوينىڭ مايلىرىنى چىقارغانغا ئوخشاش، ساغلىقنىڭمۇ مايلىرىنى چىقارسۇن. روھانىي ھەممە ماينى قۇربانلىق سۇپىسىدا مەن پەرۋەردىگارغا ئاتالغان تائام ھەدىيەسى بىلەن بىرگە كۆيدۈرسۇن. شۇندىلا روھانىي ئۇنى ئۇ سادىر قىلغان گۇناھتىن ساقىت قىلىدۇ ۋە ئۇ كىشى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

5 [1] – سوت مەلۇم ۋەقە ھەققىدە گۇۋاھچى ئىزدەپ، ئېلان
چىقارسا، لېكىن ۋەقەنى كۆرگۈچى ياكى بىلگۈچى ئۆزىنىڭ
كۆرگەن، بىلگەنلىرى ھەققىدە سوتتا گۇۋاھلىق بېرىشنى خالىمىسا،
جازايىمغا ئۇچرايدۇ.
[2] ئەگەر بىرسى مەيلى ياۋايى ھايۋان، مەيلى ئۆي ھايۋىنى بولسۇن،
ھەرقانداق بىر ھارام ھايۋاننىڭ ئۆلۈكىگە ياكى ھارام ئۆمىلىگۈچى
جانلىقلارنىڭ ئۆلۈكىگە بىخەستەلىكتىن تېگىپ كەتسە ۋە كېيىن
ئۆزىنىڭ ناپاك بولغانلىقىنى بىلسە، يەنىلا ئەيىبكار ھېسابلىنىدۇ.
[3] ئەگەر بىرسى باشقىلارنىڭ تېنىدىن چىققان ناپاك نەرسىگە
بىخەستەلىكتىن تېگىپ كەتسە ۋە كېيىن ئۆزىنىڭ ناپاك بولغانلىقىنى
بىلسە، ئوخشاشلا ئەيىبكار ھېسابلىنىدۇ.
[4] ئەگەر بىرسى مەيلى ياخشى نىيەتتىن، مەيلى يامان نىيەتتىن
بولسۇن، ئويلانمايلا قەسەم قىلغان بولسا ۋە كېيىن ئۆزىنىڭ ئويلانمايلا
قەسەم قىلغانلىقىنى بىلسە، ئوخشاشلا ئەيىبكار ھېسابلىنىدۇ.
[5] ئەگەر بىرسى يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ بىرەرسىدە ئۆزىنى
ئەيىبكار دەپ بىلسە، ئۇ قىلغان گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلسۇن.
[6] ئۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن مەن پەرۋەردىگارغا
ئاتاپ بىر تۇياق بىجىرىم ساغلىق ياكى چىشى ئۆچكىنى گۇناھ
كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى سۈپىتىدە ئېلىپ كەلسۇن. شۇندىلا
ئۇنىڭ گۇناھى ساقىت قىلىنىدۇ.
[7] ئەگەر ئۇنىڭ قوي ياكى ئۆچكىنى قۇربانلىق قىلىشقا قۇربى
يەتمىسە، ئىككى پاختەك ياكى ئىككى ياش كەپتەرنى گۇناھىنىڭ
بەدىلى ئۈچۈن ماڭا ئاتاپ ئېلىپ كەلسۇن. بىرى گۇناھ كەچۈرۈم
قىلىنىش قۇربانلىقى، يەنە بىرى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن
بولسۇن. [8] قۇربانلىق سۇنغۇچى ئۇلارنى روھانىينىڭ يېنىغا
ئېلىپ كەلسۇن. روھانىي ئالدى بىلەن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش
قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر پاختەكنىڭ بويىنىنى تولغاپ سۇندۇرسۇن،
لېكىن بېشىنى بىراقلا ئۈزۈۋەتمىسۇن. [9] پاختەكنىڭ ئازراق قېنىنى
قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يان تەرىپىگە سەپسۇن، قالغىنىنى قۇربانلىق
سۇپىسىنىڭ تۈۋىگە تېمىتسۇن. بۇ قۇربانلىق گۇناھ كەچۈرۈم
قىلىنىش قۇربانلىقىدۇر. [10] ئىككىنچى پاختەكنى روھانىي قائىدە

بويىچە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلسۇن. شۇندىلا ئۇنىڭ گۇناھى ساقىت قىلىنىدۇ ۋە ئۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

[11] ئەگەر ئۇ قۇربانلىق قىلىشقا ئىككى پاختەك ياكى ئىككى ياش كەپتەر تاپالمىسا، بىر كىلو سۈپەتلىك ئۇننى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى سۈپىتىدە ئېلىپ كەلسۇن. سۈپەتلىك ئۇنغا زەيتۇن يېغى ياكى مەستىكى رۇمى قوشۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش ھەدىيەسىدۇر. [12] ئۇ سۈپەتلىك ئۇننى روھانىيغا ئېلىپ بارسۇن، روھانىي ئۇنىدىن بىر چاڭگال ئېلىپ، نىشانە سۈپىتىدە قۇربانلىق سۈپىسىدا پەرۋەردىگارغا ئاتالغان تائام ھەدىيەسىنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. بۇ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش ھەدىيەسىدۇر. [13] شۇندىلا روھانىي ئۇ كىشىنى گۇناھتىن ساقىت قىلىدۇ ۋە ئۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش ھەدىيەسىدىن قالغان ئۇنلار خۇددى ئاشلىق ھەدىيەلىرىدەك، روھانىيغا تەۋە بولىدۇ.

## ئەيىب قۇربانلىقى

[14] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[15] ــ ئەگەر بىر كىشى بىخەستەلىكتىن ماڭا ئاتىلىدىغان مۇقەددەس نەرسىلەرگە ئائىت قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزسە، ئەيىب قۇربانلىقى سۈپىتىدە قوي پادىلىرىدىن بىجىرىم بىر قوچقارنى ماڭا ئاتىسۇن. قوچقارنىڭ باھاسى مۇقەددەس جاينىڭ كۈمۈش ئۆلچىمى بويىچە بېكىتىلسۇن. [16] ئۇ سەۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئاتىيالمىغان نەرسىلىرىنى ئاتىغاندىن سىرت، ئۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنىڭ قىممىتىگە توغرا كېلىدىغان نەرسىنى قوشۇپ روھانىيغا بەرسۇن. روھانىي قوچقارنى ئەيىب قۇربانلىقى قىلىپ، ئۇ كىشىنى گۇناھتىن ساقىت قىلىدۇ ۋە ئۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

[17] ئەگەر بىرسى بىخەستەلىكتىن مېنىڭ چەكلەش ئەمرلىرىمنىڭ بىرىگە خىلاپلىق قىلىپ سالغان بولسا، ئۇ ئۇخشاشلا گۇناھكار ھېسابلىنىپ، جازايىمغا ئۇچرايدۇ. [18] ئۇ مۇۋاپىق باھادىكى بىجىرىم بىر قوچقارنى ئەيىب قۇربانلىقى سۈپىتىدە روھانىيغا

ئېلىپ كەلسۇن. شۇندىلا روھانىي ئۇنى بىخەستەلىكتىن سادىر قىلغان گۇناھىدىن ساقىت قىلىدۇ ۋە ئۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.[19] بۇ ئەيىب قۇربانلىقىدۇر، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ئەيىبلىك ئىش قىلغاندۇر.

# 6

[1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[2] ــ ئەگەر بىرسى ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، گۇناھ ئۆتكۈزسە، يەنى بىرسى ساقلاپ بېرىشكە ئامانەت قويغان ياكى گۆرۈگە قويغان نەرسىگە خىيانەت قىلسا، ياكى بىرسىنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىۋالسا، ياكى بىرسىنىڭ نەرسىسىنى ناھەق يول بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا،[3] ياكى تېپىۋالغان نەرسىسىنى ئېتىراپ قىلمىسا ۋە يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلمىدىم، دەپ مەن خۇدانىڭ نامى بىلەن يالغان قەسەم قىلسا،[4] ئوغرىلىۋالغان، ئىگىلىۋالغان، ئالدىۋالغان ۋە تېپىۋالغان[5] ھەرقانداق نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرسۇن ۋە ئۇستىگە ئەسلى باھاسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى قوشۇپ، ئەيىب قۇربانلىقى سۇنغان كۈنىنىڭ ئۆزىدە ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسۇن.[6] شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئەيىب قۇربانلىقى سۈپىتىدە بېجىرىم ۋە مۇۋاپىق باھادىكى قوچقاردىن بىرنى ماڭا ئاتاپ، روھانىيغا ئېلىپ كەلسۇن.[7] روھانىي ئۇنى ھۇزۇرۇمدا قۇربانلىق قىلسۇن. شۇندىلا ئۇنىڭ ھەرقانداق گۇناھى ساقىت قىلىنىدۇ ۋە گۇناھكارمۇ گۇناھلىق ئىشلىرىدىن كەچۈرۈمگە ئېرىشىدۇ.

## يەنە كۆيدۈرمە قۇربانلىق توغرىسىدا

[8] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[9] ــ سەن ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق توغرىسىدا بەلگىلىمىلەرنى يەتكۈزگىن. كۆيدۈرمە قۇربانلىق قۇربانلىق سۇپىسىدىكى شالادا پۈتۈن كېچە كۆيۈپ تۇرسۇن، ئوت ئۆچۈپ قالمىسۇن.[10] ئەتىگەندە روھانىي زىغىر رەختتە قىلىنغان تونچە كۆڭلەك ۋە تامبال كىيىپ، قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرۈلگەن قۇربانلىقنىڭ كۈلىنى تازىلاپ ئېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىغا قويسۇن.[11] ئاندىن ئۇستىدىكى كىيىملەرنى يېشىپ، باشقا كىيىملەرنى كىيىپ، كۈلنى قارارگاھ سىرتىدىكى

پاك بىر جايغا تۆكسۇن. [12] قۇربانلىق سۇپىسىدىكى ئوت داۋاملىق كۆيۈپ تۇرسۇن، ئۆچۈپ قالمىسۇن. روھانىي ھەر كۈنى ئەتىگىنى قۇربانلىق سۇپىسىدىكى ئوتقا ئوتۇن سېلىپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى ئوتقا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئامانلىق قۇربانلىقىنىڭ مايلىرىنى كۆيدۈرسۇن. [13] قۇربانلىق سۇپىسىدىكى ئوت داۋاملىق كۆيۈپ تۇرسۇن، ئۆچۈپ قالمىسۇن.

## يەنە ئاشلىق ھەدىيەسى توغرىسىدا

[14] – ئاشلىق ھەدىيەسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر تۆۋەندىكىدەكتۇر: ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى ئاشلىق ھەدىيەسى سۇپىتىدىكى ھەدىيەلەرنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئالدىدا مەن پەرۋەردىگارغا ئاتىسۇن. [15] روھانىي زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سۇپەتلىك ئۇندىن بىر چاڭگال ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مەستىكى رۇمىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، نىشانە سۈپىتىدە قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. بۇ خىل ئاشلىق ھەدىيەسى مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولىدۇ. [16] ئاشلىق ھەدىيەسىنىڭ قالغان قىسمىدا ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇقەددەس ھېسابلانغان ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا پېتىر نان پىشۇرۇپ يېسۇن. [17] نانغا خېمىرتۇرۇچ قوشمىسۇن. ماڭا ئاتاپ تائام ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنۇلغان بۇ ئاشلىق ھەدىيەسىنىڭ قالغان قىسمى روھانىيلارنىڭ نېسىۋىسىدۇر. بۇ خۇددى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ۋە ئەيىب قۇربانلىقىغا ئوخشاش ئەڭ مۇقەددەستۇر. [18] ھارۇننىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان بۇ تائام ھەدىيەلىرىدىن يېسە بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغىچە داۋاملىشىدىغان مەڭگۈلۈك ئۈلۈشىدۇر. بۇ ھەدىيەلەرگە ھارۇننىڭ ئەۋلادىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەم تەگسە بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ھەدىيەلەر مۇقەددەستۇر.

[19] پەرۋەردىگار يەنە مۇساغا مۇنداق دېدى:

[20] – ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى روھانىيلىققا تەيىنلەنگەن كۈنى ماڭا ھەدىيە سۇنسۇن. ئۇلارنىڭ سۇنىدىغان ئاشلىق ھەدىيەسى بىر كىلو سۇپەتلىك ئۇندىن تەييارلانسۇن. ئۇنىڭ يېرىمى ئەتىگەندە،

يېرىمى كەچتە سۇنۇلسۇن. [21] بۇ ھەدىيە ئۇنى زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، خېمىر قىلىپ يۇغۇرۇلۇپ، تاۋىدا پىشۇرۇلسۇن. ئاندىن پىشۇرۇلغان نان پارچىلىنىپ، مېنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق ھەدىيە سۈپىتىدە سۇنۇلسۇن. [22] باش روھانىيلىققا تەيىنلەنگەن ھارۇننىڭ ئوغلىمۇ مۇشۇنداق ھەدىيەنى سۇنسۇن. ھەر قېتىملىق روھانىيلىققا تەيىنلىنىش مۇراسىمىدا سۇنۇلغان ھەدىيە مېنىڭ ئۈلۈشۈم بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈلسۇن. [23] روھانىيلار سۇنغان ھەرقانداق ئاشلىق ھەدىيەلىرى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈلسۇن، ئۇنى يېيىشكە بولمايدۇ.

## يەنە گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى توغرىسىدا

[24] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[25] – ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنى يەتكۈزگىن. ئۇلار مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق بوغۇزلىنىدىغان يەردە گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىنى بوغۇزلىسۇن، بۇ قۇربانلىق ئەڭ مۇقەددەستۇر. [26] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىنى سۇنغان روھانىي قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى مۇقەددەس ھېسابلانغان ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا يېسۇن. [27] بۇ قۇربانلىققا بۇ قۇربانلىقنى سۇنغان روھانىيدىن باشقا ھەرقانداق ئادەم تەگسە بولمايدۇ، چۈنكى بۇ قۇربانلىق مۇقەددەستۇر. ئەگەر بىرەر كىيىمگە قۇربانلىقنىڭ قېنى چاچراپ كەتكەن بولسا، شۇ كىيىم جەزمەن مۇقەددەس ھېسابلانغان ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا يۇيۇلسۇن. [28] بۇ قۇربانلىقنىڭ گۆشى پىشۇرۇلغان قازان ساپال قازان بولسا، چېقىۋېتىلسۇن؛ تۇچ قازان بولسا، سۈرتۈپ تازىلىنىپ، چايقالسۇن. [29] روھانىيلارنىڭ ئائىلىسىدىن ھەرقانداق ئەر كىشى بۇ قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېسە بولىدۇ، بۇ قۇربانلىق ئەڭ مۇقەددەستۇر. [30] لېكىن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقنىڭ قېنى كىشىلەرنى گۇناھتىن ساقىت قىلىش ئۈچۈن ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئىچىگە، يەنى مۇقەددەس جايغا ئېلىپ كىرىلسە، بۇنداق قۇربانلىقنىڭ گۆشى يېيىلمىسۇن، بەلكى كۆيدۈرۈلسۇن.

## يەنە ئەيىب قۇربانلىقى توغرىسىدا

7 [1] ـ ئەيىب قۇربانلىقى ئەڭ مۇقەددەس بولۇپ، ئۇنىڭ
بەلگىلىمىلىرى تۆۋەندىكىدەكتۇر:
[2] ئەيىب قۇربانلىقى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بوغۇزلىنىدىغان
يەردە بوغۇزلانسۇن. قېنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە
چېچىلسۇن. [3] روھانىي قۇربانلىقنىڭ بارلىق مايلىرىنى، يەنى
قۇيرۇق مېيى، چاۋا مايلىرى، [4] بۆرەك مېيى، ئىككى بۆرىكى ۋە
جىگىرىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىنى چىقىرىۋالسۇن. [5] روھانىي بۇلارنى
قۇربانلىق سۇپىسىدا تائام ھەدىيەسى سۈپىتىدە كۆيدۈرۈپ، مەن
پەرۋەردىگارغا سۇنسۇن. بۇ ئەيىب قۇربانلىقى بولىدۇ. [6] روھانىيلارنىڭ
ئائىلىسىدىن ھەرقانداق ئەر كىشى بۇ قۇربانلىقنى يېسە بولىدۇ.
بۇنى مۇقەددەس ھېسابلانغان ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا
يېسۇن، بۇ قۇربانلىق ئەڭ مۇقەددەستۇر.
[7] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ياكى ئەيىب قۇربانلىقى
بولسۇن، ھەممىسىنىڭ بەلگىلىمىسى ئوخشاش بولۇپ،
قۇربانلىقلارنىڭ گۆشى گۇناھتىن ساقىت قىلىش مۇراسىمىنى
ئۆتكۈزگەن روھانىيغا تەۋە بولىدۇ. [8] بىرەر كىشىنىڭ كۆيدۈرمە
قۇربانلىقىنى سۇنغان روھانىي قۇربانلىق مالنىڭ تېرىسىگە ئىگە
بولىدۇ. [9] ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنۇلغان ھەرقانداق
ھەدىيەلەر مەيلى تونۇردا، مەيلى قازاندا ياكى تاۋىدا پىشۇرۇلغان
بولسۇن، ھەممىسى ئۇلارنى سۇنغان روھانىيغا تەۋە بولىدۇ. [10] لېكىن
ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنۇلغىنى ئۇن بولسا، ئۇنىڭغا
مەيلى زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلسۇن ياكى ئارىلاشتۇرۇلمىسۇن،
ھەممىسى ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىغا تەڭ تەۋە بولىدۇ.

## يەنە ئامانلىق قۇربانلىقى توغرىسىدا ئىلتىجا

[11] ـ مەن پەرۋەردىگارغا ئامانلىق قۇربانلىقى سۇنۇشقا مۇناسىۋەتلىك
بەلگىلىمىلەر تۆۋەندىكىدەكتۇر:
[12] ئەگەر بىرسى ماڭا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولسا،
مىننەتدارلىق قۇربانلىقى بىلەن بىرگە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان

پېتىر توقاچ، زەيتۇن يېغى سۈرتۈلگەن نېپىز پېتىر نان ۋە كۆپرەك زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سۈپەتلىك ئۇندا قىلىنغان توقاچنى سۇنسۇن. [13] مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۇنۇلىدىغان ئامانلىق قۇربانلىقىغا قوشۇپ خېمىرتۇرۇچ سېلىنغان توقاچمۇ سۇنسۇن. [14] نانلارنىڭ ھەربىر تۈرىدىن بىرى مېنىڭ نېسۋەم بولسۇن. بۇ نانلار ئامانلىق قۇربانلىقىنىڭ قېنىنى چاچقان روھانىيغا تەۋە بولسۇن. [15] مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۇنۇلىدىغان ئامانلىق قۇربانلىقىنىڭ گۆشىنى روھانىي شۇ كۈنىلا يەۋەتسۇن، ئەتىسىگە قالدۇرمىسۇن.

[16] سۇنۇلغان ئامانلىق قۇربانلىقى مەيلى ئىچكەن قەسىمىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قىلىنغان ياكى خالىس قىلىنغان بولسۇن، قۇربانلىقىنىڭ گۆشىنى شۇ كۈنى يەپ بولالمىسا، ئەتىسى يېسىمۇ بولىدۇ. [17] ئەگەر قۇربانلىقىنىڭ گۆشى ئۈچىنچى كۈنىگە ئېشىپ قالسا، چوقۇم كۆيدۈرۈلسۇن. [18] ناۋادا ئۈچىنچى كۈنىمۇ يەنە ئامانلىق قۇربانلىقىنىڭ گۆشى يېيىلسە، قۇربانلىق قوبۇل بولمايدۇ ھەم قۇربانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بۇ قۇربانلىق سېسىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى يېگۈچى جازايىمغا ئۇچرايدۇ.

[19] ئەگەر ئامانلىق قۇربانلىقى ھەرقانداق بىر ناپاك نەرسىگە تېگىپ كەتسە، ئۇنى يېيىشكە بولمايدۇ، ئۇ كۆيدۈرۈلسۇن. لېكىن ئامانلىق قۇربانلىقى ناپاك بولمىغان بولسا، ئۇنى ھەرقانداق پاك كىشى يېسە بولىدۇ. [20] ئەگەر ناپاك بىر ئادەم ماڭا ئاتالغان ئامانلىق قۇربانلىقىدىن يەپ سالسا، ئۇ ئادەم خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. [21] ھەرقانداق بىر ئادەم باشقىلارنىڭ تېنىدىن چىققان ناپاك نەرسىگە، ھارام ھايۋاننىڭ ئۆلۈكىگە ياكى باشقا ھەرقانداق ناپاك، يىرگىنچلىك نەرسىگە تېگىپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا ئاتالغان ئامانلىق قۇربانلىقىدىن يەپ سالسا، ئۇ كىشى خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن.

[22] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[23] — سەن ئىسرائىللارغا مۇنداق دەپ ئېيتقىن: «كالا، قوي ۋە ئۆچكىنىڭ مېيىنى يېمەڭلار. [24] يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۆلتۈرۈپ قويغان ياكى ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ مېيىنىمۇ

يېمەڭلار، لېكىن ئۇنى باشقا ئىشلارغا ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ.
[25] ھەرقانداق بىر كىشى ماڭا تائام ھەدىيەسى سۈپىتىدە
سۇنۇلغان قۇربانلىقنىڭ مېيىنى يېسە، ئۇ خەلقىمنىڭ قاتارىدىن
چىقىرىۋېتىلسۇن. [26] مەيلى سىلەر نەدە بولماڭلار، قۇشنىڭ ۋە
ھايۋاننىڭ قېنىنى يېمەڭلار. [27] قان يېگۈچىلەر خەلقىمنىڭ
قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن.»
[28] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[29] ــ ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، كىمكى ئامانلىق قۇربانلىقى
سۇنسا، ئۇنىڭ بىر قىسىم گۆشىنى ھەدىيە سۈپىتىدە ماڭا
ئاتىسۇن. [30] ماڭا ئاتالغان تائام ھەدىيەسىنى، يەنى قۇربانلىقنىڭ
مايلىرىنى ۋە تۆشىنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ كەلسۇن. تۆشنى
ماڭا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرسۇن. [31] مايلارنى روھانىي قۇربانلىق
سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن، تۆشى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەۋە
بولسۇن. [32-33] قۇربانلىقنىڭ ئوڭ يانپىشى روھانىينىڭ، يەنى
ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدىكى ئامانلىق قۇربانلىقنىڭ قان ۋە
مايلىرىنى سۇنغان روھانىينىڭ نېسىۋىسىدۇر. [34] چۈنكى ئامانلىق
قۇربانلىقى ئىچىدىكى سۇنۇلغان يانپاش ۋە ئېگىز كۆتۈرۈلىدىغان
تۆشنى ئىسرائىل خەلقى ئارقىلىق روھانىي ھارۇن ۋە ئۇنىڭ
ئوغۇللىرىغا ئاتىدىم. بۇ ئۇلارنىڭ ئىسرائىللاردىن ئىگە بولىدىغان
مەڭگۈلۈك ئۈلۈشىدۇر. [35] تائام ھەدىيەلىرىدىكى يانپاش ۋە تۆش
ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىش ئۈچۈن
روھانىيلىققا تەيىنلەنگەن كۈندىن باشلاپ، ئىگە بولىدىغان
نېسىۋىدۇر. [36] ئۇلار بېشىغا ياغ قۇيۇلۇپ روھانىي بولغان كۈنى
مەن پۈتۈن ئىسرائىللارغا قۇربانلىقنىڭ بۇ قىسمىنى ئۇلارغا
بېرىشكە ئەمر قىلدىم. ئىسرائىللار بۇ مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىگە
ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەمەل قىلسۇن.
[37-38] يۇقىرىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ھەدىيەسى، گۇناھ
كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى، ئەيىب قۇربانلىقى، روھانىيلىققا
تەيىنلىنىش مۇراسىمىدا سۇنۇلىدىغان قۇربانلىق ھەم ئامانلىق
قۇربانلىقىغا ئائىت بەلگىلىمىلەرنى پەرۋەردىگار سىناي تېغىدا
مۇساغا ئەمر قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەرۋەردىگار سىناي

چۆلدە ئىسرائىل خەلقىنىڭ قۇربانلىقلارنى ئۆزىگە ئاتاپ ئېلىپ
كېلىشىنى بۇيرۇغانىدى.

## روھانىيلارنىڭ تەيىنلىنىشى

8 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] — ھارۇن ۋە ئوغۇللىرىنى ئېلىپ كەلگىن. ئۇلار بىلەن
بىرگە روھانىيلىق كىيىم، مۇقەددەس ياغ، گۇناھ كەچۈرۈم
قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تۇياق بۇقا، ئىككى تۇياق قوچقار
ۋە بىر سېۋەت پېتىر نان ئېلىپ كەلگىن. [3] ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن
جامائەتنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا جەم قىلغىن.
[4] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش كۆردى. جامائەت
ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا جەم بولدى. [5] مۇسا جامائەتكە:
— پەرۋەردىگار ماڭا بۇ ئىشلارنى قىلىشنى ئەمر قىلدى، — دېدى.
[6] ئاندىن ئۇ ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى چېدىرنىڭ ئالدىغا
ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى بويىنى سۇغا سېلىشقا بۇيرۇدى.
[7] ئۇنىڭدىن كېيىن ھارۇنغا تونچە كۆڭلەك كىيدۈرۈپ، بېلىگە
پوتا باغلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرجىنى كىيدۈرۈپ، پەرتۇقنى
تاقىدى ۋە پەرتۇقنى ئۆزىنىڭ بەل تاسمىسى بىلەن چىگىتتى.
[8] ئاندىن كۆكرەكلىكنى تاقاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە «ئۇرىم» ۋە
«تۇممىم»لارنى① سالدى. [9] بېشىغا سەللە يۆگەپ، ئالتۇن قاداقنى،
يەنى مۇقەددەس بەلگىنى قادىدى. ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ
ئەمرىگە بىنائەن بولدى.
[10] ئاندىن مۇسا ئىبادەت چېدىرى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان بارلىق
بۇيۇملارغا مۇقەددەس ياغ سۈركەپ، ئۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ
خىزمىتىگە ئاتىدى. [11] ئۇ يەنە قۇربانلىق سۇپىسىغا يەتتە قېتىم
مۇقەددەس ياغ سېپىپ، قۇربانلىق سۇپىسىدا ئىشلىتىلىدىغان

---

① 8:8 «ئۇرىم» ۋە «تۇممىم» — بۇلار خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلىش ئۈچۈن تاشلىنىدىغان مۇقەددەس چەكتۇر. «ئۇرىم»نىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى مەنىسى «قارغاش» بولۇپ، بۇ يەردە «بولمايدۇ» دېگەن مەنىدە، «تۇممىم»نىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى مەنىسى «تەلتۆكۈس» بولۇپ، بۇ يەردە «بولىدۇ» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

بۇيۇملار، پاكلىنىش دىبسى ۋە داس قويغۇچقا ياغ سۈركەپ، ھەممىسىنى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىگە ئاتىدى.
[12] ئاندىن مۇسا ھارۇننىڭ بېشىغا مۇقەددەس ياغ قۇيۇپ، ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىگە بېغىشلىدى. [13] ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىمۇ ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارغا تونچە كۆڭلەك كىيدۈرۈپ، بەللىرىگە پوتا باغلىدى، باشلىرىغا باش كىيىم كىيدۈردى، ھەممە ئىشلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە بولدى.
[14] ئاندىن مۇسا گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىغا ئاتالغان بۇقىنى ئېلىپ كەلدى. ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوللىرىنى بۇقىنىڭ بېشىغا قويدى. [15] مۇسا بۇقىنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن قېنىدىن ئازراق ئېلىپ، بارمىقى بىلەن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۆرتۈپ چىققان تۆت بۇرجىكىگە سۈركىدى ۋە قالغان قاننى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۈۋىگە تۆكتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ قۇربانلىق سۇپىسىنى پاكلىدى ۋە پەرۋەردىگارغا بېغىشلىدى. [16] ئۇ بۇقىنىڭ چاۋا مايلىرى، جىگىرىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى، ئىككى بۆرىكى ۋە بۆرەك مېيىنى چىقىرىۋېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈردى. [17] پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە بۇقىنىڭ تېرىسى، گۆشى ۋە ئۈچەيىنى قارارگاھنىڭ سىرتىدا كۆيدۈردى.
[18] ئاندىن مۇسا كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن قوچقارنى ئېلىپ كەلدى. ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوللىرىنى قوچقارنىڭ بېشىغا قويدى. [19] مۇسا قوچقارنى بوغۇزلاپ، قېنىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە چاچتى. [20] قوچقارنى پارچىلاپ، بېشىنى، گۆشىنى، چاۋا مايلىرىنى، [21] تازىلانغان ئىچ-قارنى ۋە پۇت-پاچاقلىرىنى، يەنى پۈتۈن قوچقارنى قۇربانلىق سۇپىسىدا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە كۆيدۈردى. بۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولدى.
[22] مۇسا ئىككىنچى قوچقارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى روھانىيلىققا تەيىنلەش مۇراسىمىغا سۇنۇلغان قوچقار ئىدى. ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوللىرىنى قوچقارنىڭ بېشىغا قويدى. [23] مۇسا قوچقارنى بوغۇزلاپ، قېنىدىن ئازراق ئېلىپ، ھارۇننىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى، ئوڭ قولى ۋە ئوڭ

پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا سۈركەپ قويدى. [24] ئۇ يەنە ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، قوچقارنىڭ قېنىدىن ئۇلارنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى ۋە ئوڭ قولى بىلەن ئوڭ پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا سۈركەپ قويدى. ئاندىن قالغىنىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە چاچتى. [25] مۇسا قوچقارنىڭ مايلىرىنى، يەنى قۇيرۇق مېيى، چاۋا مايلىرى، جىگىرىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى، ئىككى بۆرىكى ۋە بۆرەك مېيى، شۇنداقلا ئوڭ يانپىشىنى چىقىرىۋالدى. [26] بۇنىڭدىن سىرت، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدىكى نانلار سېلىنغان سېۋەتتىن بىر دانە پېتىر نان، بىر دانە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان پېتىر توقاچ ۋە بىر دانە نېپىز پېتىر نان ئېلىپ، ئۇلارنى قوچقارنىڭ ئوڭ يانپىشى بىلەن مايلارنىڭ ئۈستىگە قويدى. [27] ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزدى. ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈردى.

[28] شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا بۇ نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئۇلارنى قۇربانلىق سۇپىسىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كۆيدۈردى. بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ روھانىيلىققا تەيىنلىنىش قۇربانلىقى بولۇپ، پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق ئائام ھەدىيەسى بولدى. [29] مۇسا قۇربانلىقنىڭ تۆشنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈردى. بۇ تۆش روھانىيلىققا تەيىنلىنىش مۇراسىمىدا قۇربانلىق قىلىنغان قوچقارنىڭ گۆشىدىن مۇساغا تېگىشلىك بولغان نېسىۋە ئىدى. ھەممە ئىش پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە بولدى.

[30] مۇسا مۇقەددەس ياغ ۋە قۇربانلىق سۇپىسىدىكى قاندىن ئازراق ئېلىپ، ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ھەم ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگە چاچتى. شۇنداق قىلىپ، مۇسا ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىگە بېغىشلىدى.

[31] مۇسا ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا مۇنداق دېدى:

— سىلەر گۆشنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا پىشۇرۇڭلار. ئۇنى مەن بۇيرۇغاندەك، شۇ يەردە روھانىيلىققا تەيىنلىنىش مۇراسىمىدا سۇنۇلغان سېۋەتتىكى نانلار بىلەن يەڭلار. [32] ئېشىپ قالغان گۆش ۋە

نانلارنى كۆيدۈرۈۋەتسۇن. [33] سىلەر ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدىن روھانىيلىققا تەيىنلىنىش مۇراسىمى ئاياغلاشمىغۇچە كەتمەڭلار، يەتتە كۈن تۇرۇڭلار. چۈنكى روھانىيلىققا تەيىنلەش مۇراسىمىغا يەتتە كۈن كېتىدۇ. [34] بۈگۈن قىلىنغان بارلىق ئىشلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە بولدى، بۇ سىلەرنىڭ سادىر قىلغان گۇناھىڭلارنىڭ ساقىت قىلىنىشى ئۈچۈندۇر. [35] سىلەر ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا يەتتە كېچە-كۈندۈز تۇرۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ھالاك بولمايسىلەر. مانا بۇ پەرۋەردىگار ماڭا قىلغان ئەمردۇر.

[36] شۇنداق قىلىپ، ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈردى.

## روھانىيلارنىڭ خىزمىتىنىڭ باشلىنىشى

9 [1] سەككىزىنچى كۈنى مۇسا ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى، شۇنداقلا ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنى چاقىرتتى. [2] ئۇ ھارۇنغا مۇنداق دېدى:

- سەن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىڭ ئۈچۈن بىجىرىم بىر تورپاق، كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭ ئۈچۈن بىجىرىم بىر قوچقارنى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلگىن. [3] ئاندىن ئىسرائىللارغا: «سىلەر گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىجىرىم بولغان بىر ياشلىق تورپاق ۋە بىر ياشلىق پاقلان، [4] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر بۇقا ۋە بىر قوچقارنى كەلتۈرۈپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا قۇربانلىق قىلىڭلار، ھەم بۇلار بىلەن بىرلىكتە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇننى ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنۇڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگار بۈگۈن سىلەرگە زاھىر بولىدۇ» دېگىن.

[5] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار مۇسانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە قۇربانلىقلارنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پۈتۈن جامائەت ئۇ يەردە جەم بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇشتى. [6] مۇسا ئۇلارغا:

– پەرۋەردىگار مۇشۇنداق قىلىشقىلارنى ئەمر قىلدى. شۇنداق قىلساڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى سىلەرگە زاھىر بولىدۇ،
– دېدى.

7 ئاندىن مۇسا ھارۇنغا مۇنداق دېدى:
– سەن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزۈڭ ۋە خەلقىڭنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ساقىت قىلىنىشى ئۈچۈن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىڭ ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭنى سۇنغىن. ئاندىن خەلقنى گۇناھلىرىدىن ساقىت قىلىدىغان قۇربانلىقلارنى سۇنغىن. مانا بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىدۇر.

8 شۇنىڭ بىلەن ھارۇن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تورپاقنى ئۆزى ئۈچۈن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى سۈپىتىدە بوغۇزلىدى. 9 ئوغۇللىرى تورپاقنىڭ قېنىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى، ئۇ بارمىقىنى قانغا تەگكۈزۈپ، قاننى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۈرتۈپ چىققان تۆت بۇرجىكىگە سۈركەپ قويدى. ئېشىپ قالغان قاننى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۈۋىگە تۆكتى. 10 ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرىگە بىنائەن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىنىڭ مايلىرى، بۆرەكلىرى ۋە جىگىرىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىنى قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈردى. 11 گۆش ۋە تېرىسىنى قارارگاھنىڭ سىرتىدا كۆيدۈردى.

12 ھارۇن يەنە كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن تەييارلانغان قوچقارنى بوغۇزلىدى، ئوغۇللىرى ئۇنىڭ قېنىنى ھارۇنغا سۇنۇپ بەردى، ھارۇن ئۇنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە چاچتى. 13 ئۇلار كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ پارچىلىرىنى ۋە بېشىنى ئۇنىڭغا بەردى، ھارۇن ئۇلارنى قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈردى. 14 ئۇ يەنە قۇربانلىقنىڭ ئىچ-قارنىنى ۋە پۇت-پاچاقلىرىنى يۇيۇپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈردى.

15 ئۇنىڭدىن كېيىن خەلقنىڭ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىنى قانداق قىلغان بولسا، خەلقنىڭ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى بولغان تېكىنىمۇ شۇ بويىچە بوغۇزلاپ، قۇربانلىق قىلدى. 16 ئۇ يەنە كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىمۇ ئېلىپ كېلىپ، قائىدە

بويىچە قۇربانلىق قىلدى. [17] ئۇ ئەتىگەنلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىقتىن باشقا يەنە ئاشلىق ھەدىيەسىدىن بىر چاڭگال ئېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈردى.

[18] ھارۇن خەلقنىڭ ئامانلىق قۇربانلىقى سۈپىتىدە ئەكەلگەن بۇقا ۋە قوچقارنىمۇ بوغۇزلىدى. ئاندىن ئوغۇللىرى قۇربانلىقنىڭ قېنىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ قانلارنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە چاچتى. [19] ئۇلار بۇقا ۋە قوچقارنىڭ مېيىنى، يەنى قۇيرۇق مېيى، چاۋا مېيى، بۆرەكلىرى ۋە جىگىرىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىنى [20] قۇربانلىقلارنىڭ تۆشلىرىنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ھارۇن بۇلارنى قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈردى. [21] لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھارۇن مۇسانىڭ بۇيرۇغىنىدەك، قۇربانلىقلارنىڭ تۆشلىرى ۋە ئوڭ يانپاشلىرىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرگەنىدى.

[22] ھارۇن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ جامائەتكە بەخت تىلىدى. ئۇ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى، كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئامانلىق قۇربانلىقىنى سۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇربانلىق سۇپىسىدىن ئايرىلدى. [23] مۇسا بىلەن ھارۇن ئۇچرىشىش چېدىرىغا كىردى. ئاندىن چىقىپ خەلققە يەنە بەخت تىلىدى. پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى پۈتۈن خەلققە زاھىر بولدى. [24] شۇ ئەسنادا پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىدىن بىر ئوت چىقىپ، قۇربانلىق سۇپىسىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى ۋە مايلارنى بىراقلا كۆيدۈرۈۋەتتى. پۈتۈن جامائەت بۇنى كۆرۈپ، خۇشاللىقلىرىدىن چۇقان سېلىشىپ، باشلىرىنى يەرگە قويۇشتى.

## ناداب ۋە ئابىھۇنىڭ ئۆلۈمى

10 [1] ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىدىن ناداب ۋە ئابىھۇ ئىسرىقدانلىرىنى ئېلىپ، ئىچىگە چوغ ۋە ئىسرىق سېلىپ، ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىردى. لېكىن پەرۋەردىگار بۇ ئوتنى ئۆزىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىرىشكە ئەمر قىلمىغانىدى. [2] شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىدىن بىر ئوت ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى كۆيدۈردى. ئۇلار شۇ يەردە، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىدا ھالاك بولدى. [3] شۇ ۋاقىتتا مۇسا ھارۇنغا:

- پەرۋەردىگارنىڭ «مەن روھانىيلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلق ئالدىدا مۇقەددەسلىكىمنى ۋە ئۇلۇغلۇقۇمنى نامايان قىلىمەن» دېگىنى مۇشۇ، - دېدى. ھارۇن زۇۋان سۈرمىدى.

4 مۇسا ھارۇننىڭ تاغىسى ئۇززىئېلنىڭ ئوغۇللىرى مىشائېل ۋە ئەلزافاننى چاقىرتىپ، ئۇلارغا:

- كېلىڭلار، قېرىندىشىڭلارنىڭ جەسىتىنى مۇقەددەس جايىنىڭ ئالدىدىن قارارگاھنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار، - دېدى.

5 ئۇلار كېلىپ، مۇسانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە تونچە كۆڭلەك بىلەن ياتقان جەسەتلەرنى قارارگاھنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

6 مۇسا ھارۇن ۋە ئۇنىڭ قالغان ئوغۇللىرى ئەلئازار بىلەن ئىتامارغا مۇنداق دېدى:

- سىلەر چېچىڭلارنى چۇۋۇپ، كىيىمىڭلارنى يىرتىپ، ھازا تۇتۇپ يۈرمەڭلار. ئۇنداق قىلساڭلار ھالاك بولىسىلەر. پەرۋەردىگار پۈتۈن خەلققىمۇ غەزەپ ياغدۇرىدۇ. بىراق سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار بولغان ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ غەزەپ ئوتىدا ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ھەسرەت چەكسە بولىدۇ. 7 لېكىن سىلەر ئۇلارغا ھازا تۇتۇش ئۈچۈن ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ھويلىسىدىن چىقماڭلار، بولمىسا سىلەرمۇ ھالاك بولىسىلەر. چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس يېغى ئۈستۈڭلارغا قۇيۇلۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىگە تەيىنلەندىڭلار.

ئۇلار مۇسانىڭ دېگىنى بويىچە ئىش تۇتتى.

8 پەرۋەردىگار ھارۇنغا مۇنداق دېدى:

9 - سەن ۋە ئوغۇللىرىڭ ئۇچرىشىش چېدىرىغا كىرىشتىن ئىلگىرى شاراب ۋە مەي ئىچمەڭلار، بولمىسا ھالاك بولىسىلەر. سىلەر بۇ مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىگە ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەمەل قىلىڭلار. 10 سىلەر نېمىنىڭ مۇقەددەس، نېمىنىڭ مۇقەددەس ئەمەسلىكىنى، نېمىنىڭ پاك، نېمىنىڭ ناپاك ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىشنى بىلىڭلار. 11 سىلەر مەن مۇساغا ئەمر قىلغان بارلىق بەلگىلىملىرىمنى ئىسرائىللارغا ئۆگىتىڭلار.

12 مۇسا ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئامان قالغان ئىككى ئوغلى ئەلئازار بىلەن ئىتامارغا مۇنداق دېدى:

- سىلەر پەرۋەردىگارغا سۇنۇلغان تائام ھەدىيەلىرىدىن ئېشىپ قالغان ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدىكى ھەدىيە ئۈلۈشلىرىدىن پېتىر نان پىشۇرۇپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا يەڭلار، چۈنكى ئۇ ئەڭ مۇقەددەس يېمەكلىكتۇر. [13] سىلەر ئۇنى مۇقەددەس ھېسابلانغان ئۇچىرىشىش چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا يەڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگارغا سۇنۇلغان بۇ تائام ھەدىيەلىرى سېنىڭ ۋە ئوغۇللىرىڭنىڭ ئۈلۈشلىرىدۇر. بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا قىلغان ئەمرىدۇر. [14] پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن تۆش ۋە سۇنۇلغان يانپاشنى سەن ئوغۇل-قىزلىرىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەرقانداق پاك يەردە يېسەڭ بولىدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئىسرائىللار سۇنغان ئامانلىق قۇربانلىق ئىچىدىكى سىلەرنىڭ ئۈلۈشۈڭلاردۇر. [15] پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن تۆش ۋە سۇنۇلغان يانپاش تائام ھەدىيەسىنىڭ مېيى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېلىنسۇن. بۇلار سىلەرنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئۈلۈشىدۇر. بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىدۇر.

[16] شۇ ۋاقىتتا مۇسا گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىنىدىغان تېكىنى سۈرۈشتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئاللىقاچان كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ھارۇننىڭ ئامان قالغان ئوغۇللىرىدىن ئەلئازار ۋە ئىتامارغا ئاچچىقلىنىپ مۇنداق دېدى:

[17] - گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىنى نېمىشقا مۇقەددەس ھېسابلانغان ئۇچىرىشىش چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا يېمىدىڭلار؟ بۇ قۇربانلىق ئەڭ مۇقەددەس قۇربانلىق ئەمەسمىدى! بۇ قۇربانلىقنى پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىدا سىلەرنىڭ خەلقنى ئەيىبتىن خالاس قىلىشىڭلار، گۇناھتىن ساقىت قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە تەقدىم قىلغانىدىغۇ!؟ [18] بۇ قۇربانلىقنىڭ قېنى مۇقەددەس جايغا ئېلىپ كىرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، مېنىڭ بۇيرۇغىنىم بويىچە بۇ قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۇچىرىشىش چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا يېيىشىڭلار بولاتتىغۇ!؟

[19] ھارۇن مۇساغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

- قارا، بىز بۈگۈن پەرۋەردىگارغا گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى قائىدە بويىچە سۇندۇق.

شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن يەنىلا مۇشۇنداق قازاغا مۇپتىلا بولدۇم.
ئەگەر مەن بۈگۈن بۇ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىنىڭ
گۆشىنى يېگەن بولسام، پەرۋەردىگار قوبۇل قىلاتتىمۇ؟
[20] مۇسا ھارۇننىڭ جاۋابىدىن رازى بولدى.

## ھالال ۋە ھارام ھايۋانلار

11
[1] پەرۋەردىگار مۇسا ۋە ھارۇنغا مۇنداق دېدى:
[2] — ئىسرائىللارغا ئېيتىڭلار: «يەر يۈزىدىكى جانلىقلاردىن
[3] تۇيىقى ئاچىماق ھەم كۆشەيدىغان ھەرقانداق ھايۋانلارنى يېسەڭلار
بولىدۇ. [4] لېكىن پەقەت كۆشەيدىغان ياكى پەقەت تۇيىقى ئاچىماق
ھايۋان بولسىلا يېسەڭلار بولمايدۇ. تۆگە ھارامدۇر، چۈنكى ئۇ
كۆشىسىمۇ، ئەمما ئاچىماق تۇياقلىقلارغا كىرمەيدۇ. [5] سۇغۇر
ھارامدۇر، چۈنكى ئۇ كۆشىسىمۇ، ئەمما ئاچىماق تۇياقلىقلارغا
كىرمەيدۇ. [6] توشقان ھارامدۇر، چۈنكى ئۇ كۆشىسىمۇ، ئەمما
ئاچىماق تۇياقلىقلارغا كىرمەيدۇ. [7] چوشقا ھارامدۇر، چۈنكى تۇيىقى
ئاچىماق بولسىمۇ، ئۇ كۆشىمەيدۇ. [8] ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېسەڭلارمۇ،
ئۆلۈكىنى تۇتساڭلارمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ھارامدۇر.
[9] دېڭىز ۋە دەريادىكى قاناتلىق ۋە قاسراقلىق جانلىقلارنى يېسەڭلار
بولىدۇ. [10] لېكىن دېڭىز ۋە دەريادىكى ھەرقانداق قاناتسىز ۋە
قاسراقسىز جانلىقلاردىن يىرگىنىڭلار. [11] ئۇلارنى يىرگىنچلىك دەپ
بىلىڭلار، ئۇلارنى يېمەڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىدىنمۇ يىرگىنىڭلار.
[12] سۇدا ياشايدىغان ھەرقانداق قاناتسىز ۋە قاسراقسىز جانلىقلارنىڭ
ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن يىرگىنچلىكتۇر.
[13] تۆۋەندىكى قۇشلارنى يىرگىنچلىك دەپ بىلىڭلار ھەم قەتئىي
يېمەڭلار: بۈركۈت، بارلىق تاپ قۇشلىرى، [14] ھەر خىل سار ۋە
لاچىن، [15] قاغا-قۇزغۇنلار، [16-18] ھەر خىل ھۇۋقۇش، چايكا، قۇرغۇي
تىپىدىكى قۇشلار، قارونا، تازقارا، [19] لەيلەك، قوتان تىپىدىكى
قۇشلار، ھۆپۈپ ۋە شەپەرەڭ.
[20] كۆپ پۇتلۇق ھەم قاناتلىق ھاشاراتلاردىن يىرگىنىڭلار. [21] پەقەت
ھەم ئۇچىدىغان ھەم سەكرەيدىغان ھاشاراتلارنى يېسەڭلار بولىدۇ.
[22] مەسىلەن، چېكەتكە ۋە قارا چېكەتكە تىپىدىكى ھاشاراتلارنى

يېسەڭلار بولىدۇ. [23] باشقا بارلىق قاناتلىق ھەم ئۆمىلەيدىغان ھاشاراتلار سىلەر ئۈچۈن يىرگىنچلىكتۇر.

[24] تۆۋەندىكى جانلىقلار سىلەر ئۈچۈن ھارامدۇر. ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىگە تەگسە، شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [25] ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنى يۆتكىگەنلىكى كىشى كىيىملىرىنى يۇيسۇن. لېكىن يەنىلا كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر.

[26] تۇيىقى ئاچماق بولمىغان ھەم كۆشىمەيدىغان ھەرقانداق ھايۋاننى ھارام ھېسابلاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىگە تەگكەن ھەرقانداق ئادەم ناپاك ھېسابلىنىدۇ. [27] تۆت پۇتتا ماڭىدىغان تاپانلىق ھايۋانلار ھارامدۇر، ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىگە تەگكەن ھەرقانداق ئادەم شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [28] ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنى يۆتكىگەنلىكى كىشى كىيىملىرىنى يۇيسۇن. ئۇلار شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. ئۇ ھايۋانلار ھارامدۇر.

[29-30] ئۆمىلىگۈچى جانلىقلاردىن ئاغمىخان، چاشقان، پاتمىچۇق، سالما، ۋاران كەسلەنچۈكى، باشقا ھەر خىل كەسلەنچۈكلەر ۋە خامېلېئون ھارامدۇر. [31] يۇقىرىقى ئۆمىلىگۈچى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر. ھەرقانداق ئادەم بۇ جانلىقلارنىڭ ئۆلۈكىگە تەگسە، شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [32] ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆلۈكى ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشسە، مەيلى ئۇ ياغاچ، رەخت، خۇرۇم ياكى ئۆچكە تىۋىتىدا توقۇلغان نەرسە بولسۇن، ئۇلارنى مەيلى قانداق مەقسەتتە ئىشلەتسۇن، ھەممىسى ناپاك ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى سۇغا چىلاپ قويسۇن، ئۇلار شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر، كۈن پاتقاندا ئاندىن ئۇلار پاكلىنىدۇ. [33] ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆلۈكى ساپال قاچىنىڭ ئىچىگە چۈشسە، ئىچىدىكى ھەرقانداق نەرسە ھارام بولىدۇ. سىلەر چوقۇم ئۇ ساپال قاچىنى چېقىۋېتىڭلار. [34] ئەگەر ئۇ ساپال قاچىدىكى سۇ يېمەكلىككە تېمىپ كەتسە، يېمەكلىك ھارامدۇر. ئىچىملىككە تېمىپ كەتسە، ئىچىملىكمۇ ھارامدۇر. [35] بۇ جانلىقلارنىڭ ئۆلۈكى قانداق نەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇ نەرسە ناپاكتۇر، مەيلى تونۇر ياكى ئوچاق بولسۇن، چېقىۋېتىلسۇن. ئۇلار ناپاكتۇر. سىلەر ئۈچۈن ناپاكتۇر. [36] لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆلۈكى بۇلاق ياكى كۆلچەككە چۈشۈپ كەتسە،

سۇيى يەنىلا ھالالدۇر، بىراق ئۆلۈككە تەگكەن كىشى ناپاكتۇر.
37 ئەگەر بۇ جانلىقلارنىڭ ئۆلۈكى تېرىلماقچى بولغان ئۇرۇقنىڭ
ئۈستىگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇرۇق يەنىلا ھالالدۇر. 38 لېكىن ئۇرۇق
سۇغا چىلاقلىق بولۇپ، ئۆلۈك ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتسە،
بۇنداق ئۇرۇق ھارامدۇر.
39 ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قالغان ھالال ھايۋاننىڭ ئۆلۈكىگە تەگكەن
كىشى شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. 40 ئۇنىڭ گۆشىنى يېگەن
ياكى ئۆلۈكىنى يۆتكىگەن كىشى كىيىملىرىنى يۇيسۇن، لېكىن
يەنىلا شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر.
41 ئۆمىلىگۈچى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن
يىرگىنچلىكتۇر، ئۇلارنى يېمەڭلار، 42 يەنى يەر بېغىرلىغۇچى،
تۆت پۇتلۇق، كۆپ پۇتلۇق ئۆمىلىگۈچى جانلىقلار ۋە قۇرت-
قوڭغۇزلارنى يېمەڭلار، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن يىرگىنچلىكتۇر.
43 بۇنداق جانلىقلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى بۇلغاپ، ناپاك بولماڭلار.
44 مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن. ئۆزۈڭلارنى ماڭا بېغىشلاڭلار،
پاك بولۇڭلار، چۈنكى مەن مۇقەددەستۇرمەن. ئۆمىلىگۈچى جانلىقلار
ۋە قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزۈڭلارنى ناپاك قىلماڭلار.
45 مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن، سىلەرنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشىڭلار
ئۈچۈن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتىم. سىلەر پاك بولۇڭلار،
چۈنكى مەن مۇقەددەستۇرمەن.
46 يۇقىرىدىكىلەر ماڭىدىغان، ئۇچىدىغان، سۇدا ئۈزىدىغان،
يەردە ئۆمىلەيدىغان جانلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەردۇر.
47 نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام، نېمىنى يېسە بولىدىغان، نېمىنى
يېسە بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىڭلار.»

## تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ پاكلىنىشى

12
1 پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
2 — سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، ئەگەر ئايال ھامىلدار
بولۇپ ئوغۇل تۇغسا، تۇغۇتتىن كېيىنكى يەتتە كۈن ھەيز
مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش ناپاك ھېسابلىنىدۇ. 3 ئوغۇل بوۋاق
سەككىزىنچى كۈنى خەتنە قىلىنسۇن. 4 تۇغۇتلۇق ئايال يەنە ئوتتۇز

ئۈچ كۈندىن كېيىن قاندىن پاكلىنىدۇ. قىرىقى توشمىغۇچە ئۇ ئايال ھەرقانداق مۇقەددەس نەرسىگە يېقىن كەلمىسۇن، ئىبادەت جايىغىمۇ كىرمىسۇن. [5] ئەگەر ئايال قىز تۇغسا، تۇغۇتتىن كېيىنكى ئون تۆت كۈن ھەيز مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش ناپاك ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە 66 كۈندىن كېيىن قان كېلىشتىن پاكلىنىدۇ.

[6] تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ پاكلىنىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئوغۇل ياكى قىز تۇغقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن بىرنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن، پاختەك ياكى ياش كەپتەردىن بىرنى پاكلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن، ئۈچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا روھانىيغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن. [7] روھانىي ئايالنى پاكلاش ئۈچۈن ئۇلارنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا قۇربانلىق قىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئايال قاندىن پاكلىنىدۇ. بۇ ئوغۇل ياكى قىز تۇغقان ئايال ئۈچۈن بېكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر. [8] ئەگەر تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ پاقلان ئېلىشقا قۇربى يەتمىسە، ئىككى پاختەك ياكى ئىككى ياش كەپتەر ئالسۇن. بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، يەنە بىرىنى پاكلىنىش قۇربانلىقى قىلسۇن. شۇنداق قىلىپ، روھانىي ئۇنى ناپاكلىقتىن خالاس قىلىدۇ، ئايال بولسا پاكلىنىدۇ.

## تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى

13

[1] پەرۋەردىگار مۇسا ۋە ھارۇنغا مۇنداق دېدى:
[2] — ئەگەر بىرسىنىڭ تېرىسىدە ئىششىق، تاشما، ئاق داغ پەيدا بولۇپ، تېرە كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئۇ روھانىي ھارۇن ياكى ئۇنىڭ روھانىي ئوغۇللىرىنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلسۇن. [3] روھانىي بەدەندىكى كېسەل ئورنىنى تەكشۈرۈپ كۆرسۇن. ئەگەر كېسەل تېرە ئاستىغا ئۆتۈپ، تۈكلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولسا، بۇ تېرە كېسىلىدۇر. روھانىي ئۇنى ناپاك دەپ ئېلان قىلسۇن. [4] ئەگەر كېسەل ئورنىدا ئاق داغلار پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن تېرە ئاستىغا ئۆتۈپ كەتمىگەن، تۈكلىرى ئاقىرىپ كەتمىگەن بولسا، روھانىي ئۇنى يەتتە كۈن جامائەتتىن ئايرىۋەتسۇن. [5] يەتتىنچى كۈنى روھانىي كېسەل ئورنىنى يەنە

تەكشۈرۈپ كۆرسۇن. ئەگەر كېسەل ئورنىدا يامانلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن، كېسەل ئورنى كېڭىيىپ كەتمىگەن بولسا، روھانىي ئۇنى جامائەتتىن يەنە يەتتە كۈن ئايرىۋەتسۇن. [6] يەتتىنچى كۈنى روھانىي كېسەل ئورنىنى يەنە تەكشۈرۈپ كۆرسۇن. ئەگەر كېسەل ئورنىنىڭ رەڭگى سۇسلىشىپ، كېسەل ئورنى كېڭىيىپ كەتمىگەن بولسا، روھانىي ئۇنى پاك دەپ ئېلان قىلسۇن. ئۇنىڭ كېسىلى پەقەت تېرە تاشمىسى بولۇپ، كىيىمنى يۇيۇۋەتسىلا پاكلىنىدۇ. [7] لېكىن روھانىي تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنى پاك دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېرە تاشمىسى كېڭىيىپ كەتسە، ئۇ چوقۇم روھانىيغا يەنە كۆرۈنسۇن. [8] روھانىي تەكشۈرۈش جەريانىدا تېرە تاشمىسىنىڭ كېڭىيىپ كەتكەنلىكىنى بايقىسا، ئۇنى ناپاك دەپ ئېلان قىلسۇن، چۈنكى بۇ تېرە كېسىلىدۇر.

[9] ئەگەر بىرسى تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولسا، چوقۇم روھانىينىڭ ئالدىغا ئاپىرىلسۇن. [10] روھانىي ئۇنىڭ تېرىسىدە ئاق ئىششىق، تۈكلىرى ئاقىرىپ كېتىش ۋە جاراھىتى ئېچىلىپ قېلىش ئالامەتلىرىنى بايقىسا، [11] بۇ سوزۇلما خاراكتېرلىك تېرە كېسىلىدۇر، روھانىي ئۇنى ناپاك دەپ ئېلان قىلسۇن. ئۇنى جامائەتتىن ئايرىۋېتىپ، قايتا تەكشۈرۈش زۆرۈر ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئېنىقلا تېرە كېسىلىدۇر. [12] ئەگەر تېرە كېسىلى يامراپ، بېشىدىن تارتىپ تاكى پۇتىغىچە ھەممە يېرىنى قاپلاپ كەتكەن بولسا، [13] روھانىي ئۇنى قايتىدىن تەكشۈرسۇن. ناۋادا روھانىي تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىسا، روھانىي ئۇنى پاك، دەپ ئېلان قىلسۇن. [14] ئەگەر ئۇنىڭ تېنىدىكى جاراھىتى ئېچىلىپ قالغان بولسا، ئۇ ناپاكتۇر. [15] روھانىي ئېچىلىپ قالغان جاراھەتنى كۆرگەن ھامان ئۇنى ناپاك دەپ ئېلان قىلسۇن. چۈنكى ئۇنىڭ تېنىدىكى ئاشۇ جاراھەت تېرە كېسىلىنىڭ ئالامىتىدۇر. [16] ئەگەر ئېچىلىپ قالغان جاراھەت ساقىيىشقا يۈزلىنىپ، ئاقىرىشقا باشلىسا، روھانىينىڭ ئالدىغا كەلسۇن. [17] روھانىي تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، جاراھەت ئورنىنىڭ ھەقىقەتەن ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىسا، ئۇنى پاك، دەپ ئېلان قىلسۇن، ئۇ پاكتۇر.

[18] ئەگەر بىرسىگە چىقان چىقىپ، ساقىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، [19] لېكىن چىقاننىڭ ئورنىدا ئاق رەڭلىك ئىششىق ياكى قىزغۇچ ئاق داغ پەيدا بولغان بولسا، روھانىيغا كۆرۈنسۇن. [20] روھانىي تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كېسەل تېرە ئاستىغا ئۆتۈپ، تۈكلىرى ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىسا، روھانىي ئۇنى ناپاك دەپ ئېلان قىلسۇن. چۈنكى بۇ چىقاننىڭ تېرە كېسىلىگە ئايلانغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. [21] لېكىن روھانىي تەكشۈرگەن ۋاقتىدا چىقان چىققان ئورۇندا ئاق تۈك، تېرە ئاستىغا ئۆتۈپ كېتىش ئالامىتى بولماي، تېرىسىنىڭ رەڭگى سۇسلاپ كەتكەن بولسا، ئۇنى يەتتە كۈن جامائەتتىن ئايرىۋەتسۇن. [22] ئايرىۋېتىلگەن مەزگىلدە، كېسەللىك يېيىلىپ كەتسە، روھانىي ئۇنى ناپاك دەپ ئېلان قىلسۇن، چۈنكى ئۇ تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندۇر. [23] ئەگەر كېسەل ئورۇندىكى داغ ئەسلىدىكىدىن ئۆزگەرمىسە، كېڭىيىپمۇ كەتمىسە، بۇ چىقاندىن قالغان بىر ئىزدۇر. روھانىي ئۇنى پاك، دەپ ئېلان قىلسۇن.

[24] ئەگەر بىرسى ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋالغاندىن كېيىن كۆيگەن يېرى قىزغۇچ ئاق ياكى ئاق رەڭگە ئۆزگىرىپ قالسا، [25] كۆيگەن يېرىنى روھانىيغا تەكشۈرتسۇن. ئەگەر كۆيگەن يېرىدىكى تۈكلەر ئاقىرىپ، يارا تېرە ئاستىغا ئۆتكەن بولسا، كۆيۈك يارىسىنىڭ تېرە كېسىلىگە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر، روھانىي ئۇنى ناپاك دەپ ئېلان قىلسۇن. چۈنكى ئۇ تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندۇر. [26] ئەگەر كۆيگەن يەردىكى تۈكلەر ئاقارماي، يارا تېرە ئاستىغا ئۆتمەي، پەقەت رەڭگى سۇسلاپ قالغان بولسا، روھانىي ئۇنى يەتتە كۈن جامائەتتىن ئايرىۋەتسۇن. [27] يەتتىنچى كۈنى روھانىي يەنە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كۆيۈك يارىسىنىڭ يېيىلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىسا، ئۇنى ناپاك دەپ ئېلان قىلسۇن. چۈنكى ئۇ تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندۇر. [28] ئەگەر كۆيۈك يارىسى يامانلاشمىغان، كېڭىيىپ كەتمىگەن ۋە رەڭگى ئەسلىگە قايتىشقا باشلىغان بولسا، بۇ پەقەت كۆيۈكتىن قالغان ئىششىقتۇر. روھانىي ئۇنى پاك دەپ ئېلان قىلسۇن، چۈنكى ئۇ پەقەت كۆيۈكتىن قالغان بىر ئىزدۇر.

[29] ئەگەر ئەر ۋە ئاياللارنىڭ بېشى ياكى ئېڭىكىدە يارا پەيدا بولۇپ قالسا، [30] روھانىي تەكشۈرۈپ كۆرسۇن. ئەگەر يارا تېرە ئاستىغا

ئۆتۈپ كەتكەن، يارا ئۇستىدىكى تۈكلەرمۇ سارغىيىپ، ئىنچىكىلەپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنى ناپاك دەپ ئېلان قىلسۇن. چۈنكى بېشى ياكى ئېڭىكىدە پەيدا بولغىنى تەمرەتكە بولۇپ، تېرە كېسىلى ھېسابلىنىدۇ. [31] لېكىن روھانىي تەكشۈرگەندە، يارا تېرە ئاستىغا ئۆتۈپ كەتمىگەن ئەمما قارا تۈكلەر قالمىغان بولسا، ئۇ كىشىنى يەتتە كۈن جامائەتتىن ئايرىۋەتسۇن. [32] يەتتىنچى كۈنى روھانىي تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، تەمرەتكىنىڭ كېڭىيىپ كەتمىگەنلىكىنى، ئۇستىدە سېرىق تۈكمۇ يوقلۇقىنى ھەم تەمرەتكىنىڭ تېرە ئاستىغا ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنى بايقىسا، [33] ئۇ ئادەم چېچىنى، ساقال-بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرۈۋەتسۇن، لېكىن تەمرەتكە ئورنىدىكى تۈكلەرنى چۈشۈرۈۋەتمىسۇن. روھانىي ئۇنى يەنە يەتتە كۈن جامائەتتىن ئايرىۋەتسۇن. [34] يەتتىنچى كۈنى روھانىي يەنە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، تەمرەتكىنىڭ كېڭىيىپ كەتمىگەنلىكىنى ھەم تېرە ئاستىغا ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنى بايقىسا، روھانىي ئۇ ئادەمنى پاك دەپ ئېلان قىلسۇن. لېكىن ئۇ ئادەم كىيىملىرىنى يۇيسۇن، ئاندىن ئۇ پاكلىنىدۇ. [35] ئۇ ئادەم پاكلانغاندىن كېيىن، تەمرەتكە يەنە پەيدا بولۇپ كېڭىيىپ كەتسە، [36] روھانىي ئۇنى يەنە تەكشۈرسۇن. ئەگەر تەمرەتكە ھەقىقەتەن كېڭىيىپ كەتكەن بولسا، روھانىي يەنە كېسەل بولغان ئورۇندىن سېرىق تۈك ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئادەم ناپاكتۇر. [37] ئەگەر روھانىي تەمرەتكىنىڭ ئەسلى ھالىتىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، تەمرەتكە بولغان ئورۇنغا قارا تۈكلەرنىڭ چىققانلىقىنى كۆرسە، ئۇ ئادەمنى پاك دەپ ئېلان قىلسۇن. چۈنكى بۇ تەمرەتكىنىڭ ساقىيىپ، ئۇ ئادەمنىڭ پاكلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

[38] ئەگەر ئەر ۋە ئاياللارنىڭ تېرىسىدە ئاق داغ پەيدا بولۇپ قالسا، [39] روھانىي تەكشۈرۈپ كۆرسۇن. ئەگەر داغ رەڭگى سۇس ئاق رەڭلىك بولسا، ئۇ پەقەت تاشمىدۇر، ئۇ كىشى پاكتۇر.

[40] ئەرلەرنىڭ چېچىنىڭ كەينى چۈشۈپ كەتسە، پاك ھېسابلىنىدۇ. [41] ماڭلاي چېچى چۈشۈپ كەتسىمۇ، يەنىلا پاك ھېسابلىنىدۇ. [42] ئەگەر چاچ چۈشۈپ كەتكەن يەردە قىزغۇچ ئاق يارا پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇ تېرە كېسىلىنىڭ باشلىنىشىدۇر. [43] روھانىي كېسەل ئورنىنى

تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، جاراھەت ئورنىدا قىزغۇچ ئاق ئىششىق بايقىسا ۋە قارىماققا تېرە كېسەللىدەك كۆرۈنسە، [44] ئۇ كىشى تېرە كېسەللىگە گىرىپتار بولغان بولىدۇ، ئۇ كىشى ناپاكتۇر. روھانىي ئۇ كىشىنى بېشىدىكى يارىسى سەۋەبىدىن ناپاك دەپ ئېلان قىلسۇن.

[45] تېرە كېسەللىگە گىرىپتار بولغۇچىلار كىيىملىرىنى يىرتىپ، چېچىنى چۇۋۇپ، يۈزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى يېپىۋېلىپ: «ناپاكتۇرمەن، ناپاكتۇرمەن!» دەپ ۋارقىرىسۇن. [46] كېسىلى ساقايمىغۇچە ئۇ ناپاك بولۇپ، قارارگاھ سىرتىدا جامائەتتىن ئايرىلىپ تۇرسۇن.

## نەرسە-كېرەكلەرنىڭ پاختىلىشىپ قېلىشى

[47] — ئەگەر كىيىم-كېچەكتە پاختىلىشىپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، مەيلى ئۇ يۇڭ ياكى زىغىر رەختتە تىكىلگەن كىيىم بولسۇن، [48] يۇڭ ياكى زىغىر تالاسىدا توقۇلغان رەخت بولسۇن، مەيلى ئۇ خۇرۇم ۋە خۇرۇمدا تىكىلگەن بۇيۇم بولسۇن، [49] ھەممىسىدە سۇس يېشىل ياكى قىزغۇچ داغلار پەيدا بولسا، ئۇنى پاختىلىشىپ قالغان ھېسابلاپ، روھانىيغا تەكشۈرتسۇن. [50] روھانىي تەكشۈرگەندىن كېيىن، بۇنداق كىيىملەرنى يەتتە كۈن ئايرىم قويۇشقا بۇيرۇسۇن. [51] يەتتىنچى كۈنى روھانىي يەنە تەكشۈرۈپ، ئەگەر كىيىم-كېچەك، توقۇلما ياكى خۇرۇم نەرسىلەردە پاختىلىشىشنىڭ يامراش ئەھۋالىنى بايقىسا، ئۇ نەرسىلەر ناپاك ھېسابلىنىدۇ. [52] مەيلى قايسى خىل كىيىم بولسۇن، يەنى قوي يۇڭىدا، زىغىر تالاسىدا تىكىلگەن نەرسە ياكى خۇرۇمدا قىلىنغان نەرسە بولسۇن، روھانىي ئۇنى چوقۇم كۆيدۈرۈۋەتسۇن، چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن پاختىلىشىپ قالغاندۇر. پاختىلىشىپ قالغان كىيىم-كېچەك، نەرسىلەر چوقۇم كۆيدۈرۈپ تاشلانسۇن.

[53] ئەگەر كىيىم-كېچەك، توقۇلما بۇيۇملار ياكى خۇرۇمدىكى پاختىلىشىپ قېلىش ئالامەتلىرى يامراپ كەتمىگەن بولسا، [54] روھانىي ئۇنى يۇيۇشقا ۋە يەنە يەتتە كۈن ئايرىم قويۇشقا بۇيرۇسۇن. [55] شۇنىڭدىن كېيىن روھانىي يۇيۇلغان نەرسىلەرنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ كۆرسۇن. ئەسلىدىكى كۆكەرگەن داغلار يامرىمىغان بولسىمۇ، يەنىلا كۆكەرگەن رەڭگى ئۆزگەرمىسە، ئۇ نەرسىلەر يەنىلا

ناپاكتۇر. پاختىلىشىپ قالغان جاي كېيىمنىڭ ئۈچى ياكى تېشىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كېيىم كۆيدۈرۈلسۇن.

[56] روھانىي يۇيۇلغان نەرسىلەرنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، پاختىلىشىپ قالغان يەرنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىسا، كېيىم-كېچەكنىڭ، خۇرۇمنىڭ، توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ئاشۇ يېرىنى كېسىپ ئېلىۋەتسۇن. [57] لېكىن بۇ كېيىم-كېچەك، توقۇلما بۇيۇم ياكى خۇرۇملاردا پاختىلىشىپ قېلىش ئەھۋالى يەنە كۆرۈلسە ۋە كېڭىيىپ كەتسە، ئۇلار كۆيدۈرۈلسۇن. [58] يۇيۇلغاندىن كېيىن كېيىم-كېچەك، توقۇلما بۇيۇم ياكى خۇرۇملاردىكى داغلار يوقالغان بولسا، يەنە بىر قېتىم يۇيۇلسۇن. شۇندىلا ئۇ پاكلىنىدۇ.

[59] يۇڭ كېيىم، زىغىر رەخت كېيىم، توقۇلما بۇيۇم ياكى خۇرۇم بۇيۇملاردا پاختىلىشىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەندە، يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بۇ نەرسىلەرنىڭ پاك ياكى ناپاك ئىكەنلىكىنى بېكىتىڭلار.

## تېرە كېسىلىدىن پاكلىنىش توغرىسىدا

14 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[2] — تېرە كېسىلىدىن ساقايغۇچىنىڭ پاكلىنىش مۇراسىمىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر تۆۋەندىكىدەكتۇر:

تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى ساقايغاندىن كېيىن، روھانىي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، [3] ئۇنى قارارگاھنىڭ سىرتىدا تەكشۈرۈپ كۆرسۇن. روھانىي كېسەلنىڭ ساقايغانلىقىنى بايقىسا، [4] ئۇنى پاكلاش ئۈچۈن ئىككى دانە ھالال قۇش، ئارچا قارىغاي شېخى، توق قىزىل يىپ ۋە بىر تۇتام لېپەكگۈل ئەكېلىشكە بۇيرۇسۇن. [5] روھانىي قۇشلاردىن بىرىنى ئېقىن سۇ تولدۇرۇلغان ساپال قاچىغا بوغۇزلاشنى بۇيرۇسۇن. [6] ئاندىن روھانىي ئىككىنچى قۇشنى قارىغاي شېخى، توق قىزىل يىپ ۋە لېپەكگۈل بىلەن بىرلىكتە قۇشنىڭ قېنى ئارىلاشقان سۇغا چىلىسۇن. [7] ئاندىن قاننى پاكلىنىدىغان كىشىنىڭ ئۈستىگە يەتتە قېتىم چېچىپ، ئۇنى پاك دەپ ئېلان قىلسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇشنى دالاغا قويۇۋەتسۇن.

[8] پاكلانغۇچى كىيىملىرىنى يۇيۇپ، چاچ-ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ،

بويىنى سوّغا سالسۇن. ئاندىن ئۇ كىشى پاك كىشى ھېسابلىنىپ، قارارگاھقا كىرسە بولىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى ئاۋۋال ئۆز چېدىرىنىڭ سىرتىدا يەتتە كۈن تۇرسۇن.

[9] يەتتىنچى كۈنى يەنە چاچ-ساقلى، قاشلىرى ۋە بەدىنىدىكى پۈتۈن تۈكلەرنى چۈشۈرۈۋەتسۇن ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيۇپ، بويىنى سۇغا سالسۇن. ئاندىن بۇ كىشى پاكلانغان بولىدۇ.

[10] سەككىزىنچى كۈنى ئۇ ئىككى تۇياق بېجىرىم ئەركەك پاقلان، بىر تۇياق بېجىرىم بىر ياشلىق ساغلىق ئېلىپ كەلسۇن. ئۇنىڭدىن سىرت ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان ئۈچ كىلو سېپەتلىك ئۇن ۋە بىر پىيالە زەيتۇن يېغى ئېلىپ كەلسۇن. [11] پاكلىنىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان روھانىي پاكلانغۇچىنى ۋە قۇربانلىقلىرىنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا، يەنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كەلسۇن.

[12] ئاندىن ئەركەك پاقلاننىڭ بىرىنى ئەيىب قۇربانلىقى قىلىپ، ئۇنى بىر پىيالە زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە ماڭا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرسۇن. [13] پاقلاننى روھانىي گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىق بوغۇزلىنىدىغان جايدا، يەنى مۇقەددەس ھېسابلانغان ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا بوغۇزلىسۇن. ئەيىب قۇربانلىقى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىغا ئوخشاش روھانىيغا مەنسۇپ بولۇپ، ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ. [14] روھانىي ئەيىب قۇربانلىقىنىڭ قېنىدىن ئازراق ئېلىپ، پاكلانغۇچىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا، ئوڭ قولىنىڭ ۋە ئوڭ پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا سۈرتۈپ قويسۇن. [15] روھانىي يەنە سول قولىنىڭ ئالقىنىغا زەيتۇن يېغىدىن ئازراق قۇيۇپ، [16] ئوڭ قولىنىڭ بارمىقىنى زەيتۇن يېغىغا تەگكۈزۈپ، ئۇنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا يەرگە يەتتە قېتىم چاچسۇن. [17] ئاندىن ئالقىنىدا ئېشىپ قالغان زەيتۇن يېغىنى ئەيىب قۇربانلىقىنىڭ قېنىنى سۈرتكەن يەرلەرگە، يەنى پاكلانغۇچىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى، ئوڭ قولىنىڭ ۋە ئوڭ پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا سۈرتسۇن. [18] روھانىي ئالقىنىدا ئېشىپ قالغان زەيتۇن يېغىنى يەنە پاكلانغۇچىنىڭ بېشىغا سۈرتسۇن. شۇنداق قىلىپ، روھانىي ئۇنى ھۇزۇرۇمدا ناپاكلىقتىن خالاس قىلسۇن.

[19] ئاندىن روھانىي بىر ياشلىق ساغلىقنى پاكلىنىش قۇربانلىقى قىلىپ، پاكلانغۇچىنى ناپاكلىقتىن خالاس قىلسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن روھانىي كۆيدۈرمە قۇربانلىققا ئاتالغان يەنە بىر ئەركەك پاقلاننى بوغۇزلاپ، [20] ئۇنى ئاشلىق ھەدىيەسى بىلەن بىرگە قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن ۋە ئۇ كىشىنى ناپاكلىقتىن خالاس قىلسۇن، شۇندىلا ئۇ كىشى پاكلىنىدۇ.

[21] ئەگەر ئۇ نامرات بولۇپ، بۇ قۇربانلىقلارنى قىلىشقا قۇربى يەتمىسە، ناپاكلىقىدىن پاكلىنىشى ئۈچۈن ماڭا ئاتاپ ئىگىز كۆتۈرۈلىدىغان ئەيىب قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر تۇياق ئەركەك پاقلاننى سۇنسۇن. ئۇنىڭدىن باشقا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان بىر كىلو سۈپەتلىك ئۇن ۋە بىر پىيالە زەيتۇن يېغىنى ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنسۇن. [22] ئۇنىڭدىن سىرت، ئۆزىنىڭ قۇربى يەتكىنىچە ئىككى پاختەك ياكى ئىككى ياش كەپتەر تەييارلاپ، بىرسىنى پاكلىنىش قۇربانلىقى، يەنە بىرسىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنسۇن.

[23] سەككىزىنچى كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ پاكلىنىشى ئۈچۈن قۇربانلىقلىرىنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا روھانىيغا تاپشۇرسۇن. [24] روھانىي ئەيىب قۇربانلىقى قىلىنىدىغان پاقلان ۋە بىر پىيالە زەيتۇن يېغىنى ماڭا ئاتاپ ئىگىز كۆتۈرسۇن. [25] ئۇنىڭدىن كېيىن روھانىي ئەيىب قۇربانلىقى قىلىنىدىغان پاقلاننى بوغۇزلاپ، قېنىنى ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى، ئوڭ قولىنىڭ ۋە ئوڭ پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا سۈرتۈپ قويسۇن. [26] روھانىي سول ئالقىنىغا زەيتۇن يېغىدىن ئازراق قۇيۇپ، [27] ئوڭ قولىنىڭ بارمىقىنى زەيتۇن يېغىغا تەگكۈزۈپ، ھۇزۇرۇمدا يەرگە يەتتە قېتىم چاچسۇن. [28] ئۇنىڭدىن كېيىن ئالقىنىدىكى زەيتۇن يېغىدىن ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى، ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقى ۋە ئوڭ پۇتىنىڭ باش بارمىقىغا، يەنى ئەيىب قۇربانلىقىنىڭ قېنىنى سۈرتكەن يەرلەرگە سۈرتسۇن. [29] روھانىي ئالقىنىدا ئېشىپ قالغان زەيتۇن يېغىنى ئۇنىڭ بېشىغا سۈرتۈپ، ئۇنى ھۇزۇرۇمدا ناپاكلىقتىن خالاس قىلسۇن. [30] ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ قۇربى يەتكىنىچە ئىككى پاختەك ياكى ئىككى ياش كەپتەر تەييارلاپ، [31] بىرسىنى پاكلىنىش قۇربانلىقى، يەنە

بىرسىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلسۇن. ئۇلارغا يەنە ئاشلىق ھەدىيەسىمۇ قوشسۇن. شۇنداق قىلىپ روھانىي ئۇنى ھۇزۇرۇمدا ناپاكلىقتىن خالاس قىلسۇن.

[32] بۇلار تېرە كېسەللىكگە گىرىپتار بولغان، لېكىن پاكلىنىش رەسمىيىتىگە كېرەكلىك قۇربانلىقلارنى كەلتۈرۈشكە قۇربى يەتمىگەن كىشىلەر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمىلەردۇر.

## كۆكەرگەن ئۆينى پاكلاش توغرىسىدا

[33] پەرۋەردىگار مۇسا ۋە ھارۇنغا مۇنداق دېدى:

[34] — سىلەر مەن سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان زېمىن كەنئانغا بارغاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى كۆكەرتىپ قويسام، [35] ئۆي ئىگىسى: «مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ تاملىرى كۆكىرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ» دەپ روھانىيغا مەلۇم قىلسۇن. [36] ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ناپاك دەپ ئېلان قىلىنماسلىقى ئۈچۈن، روھانىي ئۆينى تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۆينى بوشاتقۇزسۇن. ئاندىن روھانىي ئۆيگە كىرىپ، ئۆينىڭ كۆكەرگەن يېرىنى تەكشۈرسۇن. [37] تامدا سۇس يېشىل ياكى قىزغۇچ رەڭدىكى ئالامەتلەر بايقالسا ھەم تامنىڭ ئىچىگە قاراپ يېيىلغان بولسا، [38] روھانىي ئۆينى يەتتە كۈن پېچەتلىسۇن. [39] يەتتىنچى كۈنى روھانىي ئۆينى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرسۇن، ئەگەر ئۆينىڭ تاملىرىدىكى كۆك يېيىلىپ كەتكەن بولسا، [40] كۆك يېيىلىپ كەتكەن جايدىكى تاشلارنى چىقىرىپ، شەھەر سىرتىدىكى ناپاك يەرگە تاشلاشقا ئەمر قىلسۇن. [41] ئۆي ئىچىدىكى تاملارنىڭ سۇۋاقلىرىنى قىرىپ چۈشۈرۈپ، شەھەر سىرتىدىكى ناپاك يەرگە تۆكۈشكە ئەمر قىلسۇن. [42] ئاندىن باشقا تاشلار ئەسلىدىكى چىقىرىۋېتىلگەن تاشلار ئورنىغا قويۇلۇپ، ئۈستى لاي بىلەن يېڭىدىن سۇۋالسۇن.

[43] تاشلار چىقىرىۋېتىلىپ، سۇۋاقلىرى قىرىلىپ، يېڭىدىن سۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە يەنە كۆكىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، [44] روھانىي بېرىپ تەكشۈرسۇن. ئەگەر تامدىكى كۆكەرگەن يەر ئەتراپىغا يامراپ كەتكەن بولسا، ئۇ يامان سۈپەتلىك كۆكىرىشتۇر، ئۆي ناپاك ھېسابلانسۇن. [45] ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى بۇزۇپ، تاش،

ياغاچ، كاكىللىرىنى شەھەر سىرتىدىكى ناپاك يەرگە تاشلىۋەتسۇن. [46] ئۆي پېچەتلەنگەن مەزگىلدە ھەرقانداق ئادەم ئۇ ئۆيگە كىرسە، شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [47] ئاشۇ ئۆيدە تۇرغان، تاماق يېگەنلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم كىيىملىرىنى يۇيسۇن.

[48] لېكىن روھانىي بېرىپ يېڭىدىن سۇۋالغان ئۆينى تەكشۈرۈپ، ئۆينىڭ تاملىرىدا كۆك بايقىمىسا، ئۆينى پاك دەپ ئېلان قىلسۇن، چۈنكى تامدىكى كۆك يوقالغاندۇر. [49] روھانىي ئۆينى پاكلاش مۇراسىمىغا ئىككى قۇش، ئازراق قارىغاي شېخى، توق قىزىل يىپ ۋە بىر تۇتام لېپەكگۈل ئېلىپ كەلسۇن. [50] ئاندىن قۇشلاردىن بىرىنى ئېقىن سۇ تولدۇرۇلغان ساپال قاچىغا بوغۇزلىسۇن. [51] ئۇنىڭدىن كېيىن ساپال قاچىغا قارىغاي شېخى، توق قىزىل يىپ، لېپەكگۈل ۋە ئىككىنچى تىرىك قۇشنى چىلاپ، قان ئېمىتىلگەن سۇنى ئۆيگە قارىتىپ، يەتتە قېتىم چاچسۇن. [52] روھانىي مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆينى پاكلىسۇن. [53] ئاندىن تىرىك قۇشنى شەھەر سىرتىدىكى دالاغا قويۇۋەتسۇن. روھانىي ئۆينى پاكلاش مۇراسىمىنى مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزسە، ئۆي پاكلانغان بولىدۇ.

[54] يۇقىرىدىكىلەر تېرە كېسىلى، تەمرەتكە، [55] كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پاختىلىشىشى ۋە ئۆيلەرنىڭ كۆكىرىپ قېلىشى، [56] ئىششىق، تاشما ياكى ئاق داغ ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەردۇر. [57] يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەر پاك ياكى ناپاكلىققا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر.

## ئەرلەرنىڭ ئاجرالما كېسىلىدىن پاكلىنىشى

15 [1] پەرۋەردىگار مۇسا ۋە ھارۇنغا مۇنداق دېدى:
[2] — سىلەر ئىسرائىللارغا ئېيتىڭلار، كېسەللىك سەۋەبىدىن بىر ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن ئاجرالمىلار ئاقسا، ئۇ ئەر ناپاكتۇر. [3] مەيلى ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن ئاجرالمىلار ئاققان بولسۇن، ياكى جىنسىي يولى توسۇلۇپ قالغان بولسۇن، بۇ خىل كېسەللىك بەربىر ئۇنى ناپاك قىلىدۇ. [4] ئۇ ئۇخلىغان تۆشەك، ئولتۇرغان ھەرقانداق نەرسە ناپاكتۇر. [5] ئۇنىڭ تۆشىكىنى تۇتقان ئادەممۇ ناپاكتۇر. ئۇمۇ چوقۇم كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بويىنى سۇغا سالسۇن، ئۇ شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [6] ئۇ ئولتۇرغان نەرسىلەرگە

ئۆلتۈرغان ئادەملەرمۇ ناپاكتۇر. ئۇلارمۇ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بويىنى سۇغا سالسۇن. ئۇلار شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [7] كېسەل كىشىگە تېگىپ كەتكەن ھەرقانداق ئادەم ناپاكتۇر. ئۇلار كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بويلىرىنى سۇغا سالسۇن، ئۇلار شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر.

[8] ئەگەر كېسەل كىشىنىڭ تۈكۈرۈكى پاك كىشىگە چاچراپ كەتسە، پاك كىشى چوقۇم كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بويىنى سۇغا سالسۇن، ئۇ شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [9] كېسەل كىشى ئىشلەتكەن ئېگەرمۇ ناپاكتۇر. [10] ئۇ ئولتۇرغان نەرسىلەرگە تېگىپ كەتكەن كىشىلەرمۇ شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. كىمكى شۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرگەن بولسا، كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بويلىرىنى سۇغا سالسۇن، ئۇلار شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [11] ئەگەر كېسەل كىشى قولىنى سۇدا چايقىماي تۇرۇپ، باشقىلارنى تۇتۇپ سالسا، تۇتۇلغان كىشىمۇ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بويىنى سۇغا سالسۇن، ئۇ شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [12] كېسەل كىشى تېگىپ كەتكەن ساپال قاچا چېقىۋېتىلسۇن، ياغاچ نەرسىلەر سۇدا چايقالسۇن.

[13] كېسەل كىشى ساقايغاندىن كېيىن يەتتە كۈنلۈك پاكلىنىش مۇددىتىنى ئۆتكۈزۈپ، كىيىملىرىنى يۇيۇپ، ئېقىن سۇدا يۇيۇنسۇن، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ پاكلىنىدۇ. [14] سەككىزىنچى كۈنى ئۇ ئىككى پاختەك ياكى ئىككى ياش كەپتەرنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا روھانىيغا تاپشۇرسۇن. [15] روھانىي بىرسىنى پاكلىنىش قۇربانلىقى، يەنە بىرسىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلسۇن. شۇنداق قىلىپ روھانىي مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ئاجرالما كېسەللىكگە گىرىپتار بولغان كىشىنى ناپاكلىقتىن خالاس قىلسۇن.

## ئەرلەرنىڭ ئېھتىلامدىن پاكلىنىشى

[16] — بىر ئەر ئېھتىلام بولۇپ قالسا، بويىنى سۇغا سالسۇن، ئۇ شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [17] مەنى تېگىپ قالغان كىيىم ۋە خۇرۇملارمۇ چوقۇم سۇ بىلەن يۇيۇلسۇن، ئۇلار شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [18] ئەگەر ئەر-ئايال جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ،

ئەردىن مەنى كەلسە، ھەر ئىككىلىسى بويىنى سۇغا سالسۇن، ئۇلار شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر.

## ئاياللارنىڭ ھەيزدىن پاكلىنىشى

[19] ـ ئايال ھەيز كۆرگەن كۈندىن باشلاپ يەتتە كۈن ناپاكتۇر. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭغا تېگىپ كەتكەن ئادەممۇ شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [20] ھەيز مەزگىلىدە ئۇ ياتقان ۋە ئولتۇرغان ھەرقانداق نەرسە ناپاكتۇر. [21] ئۇنىڭ تۆشىكىگە تېگىپ كەتكەن ھەرقانداق ئادەم كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بويىنى سۇغا سالسۇن. ئۇ شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [22] ھەيز كۆرگەن ئايال ئولتۇرغان نەرسىگە تېگىپ كەتكەن ئادەممۇ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بويىنى سۇغا سالسۇن. ئۇ شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [23] ھەيز كۆرگەن ئايالنىڭ تۆشىكىگە ياكى تۆشىكىنىڭ ئۈستىدىكى ھەرقانداق نەرسىگە تېگىپ كەتكەن كىشى شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [24] ئەگەر بىر ئەر ھەيز كۆرگەن ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ قالسا، ئايالنىڭ ناپاكلىقى ئەرگە ئۆتىدۇ. ھەيز ئەرنى يەتتە كۈنگىچە ناپاك قىلىدۇ. ئەر ياتقان تۆشەكمۇ ناپاك بولىدۇ.

## ئاياللارنىڭ خۇن تەۋرەش كېسىلىدىن پاكلىنىشى

[25] ـ ئەگەر ئايالنىڭ ھەيز مەزگىلىدىن كېيىن يەنە قان كەلسە ياكى ھەيز مەزگىلى ئۇزىرىپ كەتسە، ئايال ھەيز مەزگىلىدىكىدەك ناپاك ھېسابلىنىدۇ. [26] ئاشۇ مەزگىلدە ئۇ ياتقان تۆشەك ۋە ئولتۇرغان نەرسىلىرى خۇددى ھەيز مەزگىلىدىكىدەك ناپاكتۇر. [27] بۇ نەرسىلەرگە تېگىپ كەتكەن ئادەممۇ ناپاكتۇر. ئۇ چوقۇم كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بويىنى سۇغا سالسۇن. ئۇ شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر.

[28] ئۇ ئايال خۇن توختىغان كۈندىن باشلاپ يەتتە كۈننى ساناپ ئۆتكۈزسۇن، ئاندىن ئۇ ئايال پاك ھېسابلىنىدۇ. [29] سەككىزىنچى كۈنى ئۇ ئىككى پاختەك ياكى ئىككى ياش كەپتەرنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، روھانىيغا تاپشۇرسۇن. [30] روھانىي ئۇ پاختەكلەرنىڭ بىرىنى پاكلىنىش قۇربانلىقى، يەنە بىرىنى

كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلسۇن. شۇنداق قىلىپ، روھانىي ھەيز كۆرگەن ئايالنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ناپاكلىقىدىن خالاس قىلسۇن.
[31] ئىسرائىللارنىڭ ناپاك ۋاقتىدا، ئۇلارنى ئىبادەت چېدىرىدىن يىراق تۇرۇشنى ئاگاھلاندۇرۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىبادەت چېدىرىمنى بۇلغاپ قويۇپ، ناپاك ھالەتتە جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنالايسىلەر.
[32-33] يۇقىرىقىلار ئاجرالما كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئېھتىلام بولۇپ، ھەيز كۆرۈپ، ھەيزدىن كېيىن يەنە قان كېلىپ ۋە ھەيز كۆرگەن ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ ناپاك بولغانلارغا ئائىت بەلگىلىمىلەردۇر.

## گۇناھتىن ساقىت قىلىنىش كۈنى

16 [1] ھارۇننىڭ ئىككى ئوغلى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ھالاك بولغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] — ئاكاڭ ھارۇنغا ئېيتقىن، ئۇ پەردىنىڭ كەينىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جايغا قويۇلغان ئەھدە ساندۇقىنىڭ قاپقىقىغا، يەنى «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»غا خالىغانچە يېقىنلاشمىسۇن. بولمىسا، جەزمەن ھالاك بولىدۇ. چۈنكى مەن «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»نىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى بۇلۇت ئىچىدە زاھىر بولىمەن.
[3] ھارۇن ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىرىدىغان ۋاقتىدا، مۇنداق قىلسۇن: گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تۇياق بۇقا، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تۇياق قوچقار تەييار قىلسۇن. [4] ئاندىن ئۇ زىغىر رەختتىن تەييارلانغان مۇقەددەس كىيىملەرنى كىيسۇن، يەنى تۆۋىنىگە تامبال، ئۈستىگە تونچە كۆڭلەك كىيسۇن، بېلىگە پوتا باغلىسۇن، بېشىغا سەللە يۆگىسۇن. ھارۇن بۇلارنى كىيىشتىن بۇرۇن بويىنى سۇغا سالسۇن. [5] ئۇ ئىسرائىل جامائىتىدىن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى تۇياق تېكە، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر تۇياق قوچقار ئالسۇن.

6 ھارۇن ئالدى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتىنى گۇناھتىن
ساقىت قىلىش ئۈچۈن ھېلىقى بۇقىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش
قۇربانلىقى سۈپىتىدە ئېلىپ كەلسۇن. 7 ئاندىن ئىككى تۇياق
تېكىنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا، يەنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا
ئېلىپ كەلسۇن. 8 ئاندىن چەك تاشلاش ئارقىلىق قايسى تېكىنىڭ
مەن پەرۋەردىگارغا ئاتىلىدىغانلىقىنى، قايسى تېكىنىڭ ئازازۇل①
تەرەپكە قوغلىۋېتىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىسۇن. 9 ھارۇن چەك
تاشلاش ئارقىلىق ماڭا ئاتالغان تېكىنى، يەنى گۇناھ كەچۈرۈم
قىلىنىش قۇربانلىقىنى تەييار قىلسۇن. 10 چەك تاشلاش ئارقىلىق
ئازازۇلغا ئاتالغان تېكىنى، يەنى خەلقنى گۇناھتىن ساقىت
قىلىش ئۈچۈن چۆلگە قوغلىنىدىغان تېكىنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا
ئېلىپ كەلسۇن.

11 ھارۇن ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ گۇناھىنى ساقىت
قىلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بۇقىنى، يەنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش
قۇربانلىقىنى بوغۇزلىسۇن. 12 ئاندىن ھۇزۇرۇمدىكى قۇربانلىق
سۇپىسىدىن چوغ ئېلىپ، ئىسرىقدانىنى تولدۇرسۇن ۋە يۇمشاق
ئېزىلگەن خۇشبۇي ئىسرىقلاردىن بىر ئوچۇم ئېلىپ، پەردىنىڭ
كەينىدىكى ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىرسۇن 13 ھەمدە ئۇنى مېنىڭ
ھۇزۇرۇمدا ئوتتا كۆيدۈرسۇن. ئىسرىقلارنىڭ خۇشبۇي ئىسى
ئەھدە ساندۇقىنىڭ قاپقىقىنى، يەنى «گۇناھ ساقىت قىلىنىش
جايى»نى قاپلىغاندا، ئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. 14 ئۇ بۇقىنىڭ
قېنىدىن ئازراق ئېلىپ، بارمىقى بىلەن قاپقاققا، يەنى «گۇناھ
ساقىت قىلىنىش جايى»نىڭ شەرقىي يان تەرىپىگە بىر قېتىم ۋە
ساندۇقنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى يەرگە يەتتە قېتىم چاچسۇن. 15 ئاندىن
ھارۇن خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى
ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا ئاتىغان تېكىسىنى بوغۇزلاپ، قېنىنى
پەردىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، خۇددى بۇقىنىڭ قېنىنى چاچقانغا
ئوخشاش «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»غا ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا

① 16 : 8 ئازازۇل – چۆللەردە ياشايدىغان جىننى كۆرسىتىشى مۇمكىن.
پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا خەلقنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىنى تېكىگە يۈكلەپ،
تېكىنى چۆلدىكى ئازازۇل تەرەپكە قوغلىۋېتىشكە ئەمر قىلغاندۇر.

چاچسۇن. [16] ئۇ شۇ تەرىقىدە ئەڭ مۇقەددەس جاينى ئىسرائىللارنىڭ ناپاكلىقى، ئىتائەتسىزلىكى ۋە پۈتۈن گۇناھلىرىدىن پاكلىسۇن، ئۇچرىشىش چېدىرىنىمۇ پاكلىسۇن. چۈنكى ئۇچرىشىش چېدىرى ناپاك خەلقنىڭ ئارىسىدىدۇر. [17] ھارۇن ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىرىپ، ئۆزىنى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ۋە پۈتۈن ئىسرائىللارنى گۇناھتىن ساقىت قىلىپ، قايتىپ چىقمىغۇچە، ھېچكىم ئۇچرىشىش چېدىرىغا كىرمىسۇن. [18] ئاندىن ئۇ ئۇچرىشىش چېدىرىدىن چىقىپ، ھۇزۇرۇمدىكى قۇربانلىق سۇپىسنى پاكلىسۇن. ھارۇن بۇقا ۋە تېكىنىڭ قېنىدىن ئازراق ئېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۈرتۈپ چىققان تۆت بۇرجىكىگە سۈرتسۇن. [19] ئۇ يەنە بۇقا ۋە تېكىنىڭ قېنىغا بارمىقىنى تەگكۈزۈپ، قۇربانلىق سۇپىسىغا يەتتە قېتىم چاچسۇن، شۇ ئارقىلىق قۇربانلىق سۇپىسىنى ئىسرائىللارنىڭ ناپاكلىقلىرىدىن پاكلاپ، مۇقەددەس قىلسۇن.

[20] ھارۇن ئەڭ مۇقەددەس جاي، ئۇچرىشىش چېدىرى ۋە قۇربانلىق سۇپىسىنى ناپاكلىقتىن خالاس قىلغاندىن كېيىن، ئازازۇلغا ئاتالغان تىرىك تېكىنى يېتىلەپ كەلسۇن. [21] ئۇ ئىككى قولىنى تېكىنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئىسرائىللارنىڭ ئاسىيلىقى، ئىتائەتسىزلىكى ۋە گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلسۇن ۋە ئۇلارنى تېكىگە يۈكلىسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن بەلگىلەنگەن ئادەم تېكىنى چۆلگە قوغلىۋەتسۇن. [22] چۆلگە قوغلىۋېتىلگەن تېكە خەلقنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىنى چۆلگە ئېلىپ كېتىدۇ.

[23] ئاندىن ھارۇن ئۇچرىشىش چېدىرىغا قايتىپ كىرىپ، ئەڭ مۇقەددەس جايغا كىرگەندە كىيگەن زىغىر رەخت كىيىمنى سېلىپ، شۇ يەردە قالدۇرسۇن. [24] ئۇنىڭدىن كېيىن چېدىردىن چىقىپ، مۇقەددەس ھېسابلانغان ھويلىدا بويىنى سۇغا سېلىپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كىيىدىغان روھانىيلىق كىيىمنى كىيسۇن. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ساقىت قىلىش ئۈچۈن تەييار قىلىنغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى ۋە خەلقنىڭ گۇناھىنى ساقىت قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى قۇربانلىق قىلسۇن. [25] ئۇ يەنە گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقىنىڭ مايلىرىنى قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن.

[26] ئازازىلغا ئاتالغان تېكىنى چۆلگە قوغلىغۇچى كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بويىنى سۇغا سىلىپ، ئاندىن قارارگاھقا قايتسۇن.
[27] گۇناھنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ۋە گۇناھنىڭ ساقىت قىلىنىشى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان ۋە قېنى ئەڭ مۇقەددەس جايغا ئېلىپ كىرىلگەن بۇقا ۋە تېكە قارارگاھنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىلىپ، تېرىسى، گۆشى ۋە ئۈچىيى كۆيدۈرۈلسۇن. [28] كۆيدۈرۈشكە مەسئۇل كىشى كىيىملىرىنى يۇيۇپ، بويىنى سۇغا سىلىپ، ئاندىن قارارگاھقا قايتسۇن.
[29] ھەر يىلى 7-ئاينىڭ 10-كۈنى ① مەيلى ئىسرائىللار بولسۇن، مەيلى ئىسرائىللار بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان يات خەلقلەر بولسۇن، ھەممىسى نەپسىنى يىغىپ، ھېچقانداق ئىش قىلمىسۇن. بۇ ئۇلارنىڭ ئەمەل قىلىشىغا تېگىشلىك بولغان مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىسىدۇر.
[30] چۈنكى بۇ كۈنى خەلقنىڭ ھەممە گۇناھى ساقىت قىلىنىپ پاك بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پاكلىنىدۇ. [31] بۇ كۈنى ئۇلار نەپسىنى يىغىپ، تولۇق دەم ئالسۇن. بۇ ئۇلارنىڭ ئەمەل قىلىشىغا تېگىشلىك بولغان مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىسىدۇر.
[32] بېشىغا مۇقەددەس ياغ قۇيۇلۇپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا باش روھانىيلىققا تەيىنلەنگەن كىشى قۇربانلىق سۇنۇپ، خەلقنى گۇناھتىن ساقىت قىلسۇن. ئۇ زىغىر رەختتىن تىكىلگەن مۇقەددەس كىيىمنى كىيىپ، [33] ئەڭ مۇقەددەس جاي، ئۇچرىشىش چېدىرى، قۇربانلىق سۇپىسىنى پاكلاش ۋە روھانىيلار بىلەن پۈتۈن خەلقنى گۇناھتىن ساقىت قىلىش ئۈچۈن مۇراسىم ئۆتكۈزسۇن. [34] ھەر يىلى ئىسرائىللار بىر قېتىم پۈتۈن گۇناھلىرىدىن ساقىت قىلىنسۇن. ئىسرائىللارنى گۇناھلىرىدىن ساقىت قىلىش مۇراسىمى ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلسۇن. بۇ ئۇلارنىڭ ئەمەل قىلىشىغا تېگىشلىك بولغان مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىسىدۇر.
پەرۋەردىگار مۇساغا نېمىنى ئەمر قىلغان بولسا، ھارۇن شۇنى بەجا كەلتۈردى.

---

① 16: 29 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 14-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

## قۇربانلىقلار بوغۇزلىنىدىغان جاي

17 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] ــ سەن تۆۋەندىكى ئەمرلىرىمنى هارۇن ۋە ئۇنىڭ
ئوغۇللىرىغا، شۇنداقلا پۈتۈن ئىسرائىللارغا يەتكۈزگىن، [3] ئىسرائىللارنىڭ
ئارىسىدا بىرەرسى كالا، قوي ۋە ئۆچكىلىرىنى مەيلى قارارگاھ
ئىچىدە ياكى سىرتىدا بوغۇزلىغان بولسۇن، [4] ئۇلارنى ئىبادەت
چېدىرىم دەپ ئاتالغان ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كېلىپ، ماڭا ئاتاپ قۇربانلىق قىلمىسا، ئۇ قان تۆككەن گۇناھكار
ھېسابلىنىپ، خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. [5] بۇ قائىدە
ئىسرائىللارغا هايۋانلارنى خالىغان يەردە بوغۇزلىماسلىقنى ھەمدە
ئۇلارنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا، يەنى روھانىيغا ئېلىپ
كېلىپ، ئامانلىق قۇربانلىقى سۈپىتىدە ماڭا ئاتاپ قۇربانلىق
قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. [6] روھانىي قۇربانلىقنىڭ قېنىنى ئۇچرىشىش
چېدىرىنىڭ ئالدىدىكى مېنىڭ قۇربانلىق سۇپامغا چاچسۇن،
مايلىرىنى كۆيدۈرۈپ، مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان
خۇش پۇراقلىق ھەدىيە سۈپىتىدە سۇنسۇن. [7] ئۇلار بۇنىڭدىن
كېيىن يەنە ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، قۇربانلىقلىرىنى تېكە
بۇتلارغا ئاتىمىسۇن. بۇ مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىدۇر، بۇنىڭغا ئۇلار
ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەمەل قىلسۇن.
[8] ئۇلارغا شۇنى ئېيتقىنكى، مەيلى ئىسرائىللار، مەيلى ئىسرائىللار
ئارىسىدىكى يات خەلقلەر بولسۇن، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ياكى
ئامانلىق قۇربانلىقلىرىنى [9] ماڭا ئاتاپ، ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كەلمىسە، خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن.

## قان يېيىشنىڭ چەكلىنىشى

[10] ــ مەيلى ئىسرائىللار ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان يات
خەلقلەر بولسۇن، كىمكى قان يېسە، مەنكى پەرۋەردىگار ئۇلارغا
قارشى تۇرىمەن ۋە ئۇلارنى خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىمەن.
[11] چۈنكى ھەممە جانلىقنىڭ جېنى قانىدىدۇر. مەن پەرۋەردىگار
قاننى ئۇلارغا قۇربانلىق سۇپىسىدا ئۆزلىرىنى گۇناھتىن ساقت

قىلىشى ئۇچۇن بەردىم. ئۇلارنى گۇناھتىن ساقىت قىلىدىغىنى
جانلىقنىڭ جېنى بولغان قاندۇر. 12 شۇڭا مەن ئىسرائىللارغا ۋە
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان يات خەلقلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى،
ئۇلار قان يېمىسۇن.
13 ئەگەر ئىسرائىللار ۋە ئىسرائىللار ئارىسىدا ياشاۋاتقان يات خەلقلەر
ھالال قۇش ياكى ھالال ياۋايى ھايۋاننى ئوۋلاپ تۇتۇۋالسا، ئۇنى
دەرھال بوغۇزلاپ، قېنىنى كۆمۈۋەتسۇن. 14 چۈنكى ھەممە جانلىقنىڭ
جېنى قاندىدۇر. شۇڭا مەن ئىسرائىللارنىڭ ۋە ئىسرائىللارنىڭ
ئارىسىدا ياشاۋاتقان يات خەلقلەرنىڭ قان يېيىشىنى چەكلىدىم،
چۈنكى جان قاندىدۇر. قان يېگەن ئادەم خەلقىمنىڭ قاتارىدىن
چىقىرىۋېتىلسۇن.
15 مەيلى ئىسرائىللار ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان يات
خەلقلەر بولسۇن، ئۇلار يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۆلتۈرۈپ قويغان ياكى
ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېسە ناپاك بولىدۇ.
ئۇلار چوقۇم كىيىمنى يۇيۇپ، بويىنى سۇغا سالسۇن. ئۇلار شۇ
كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر، كۈن پاتقاندا ئاندىن ئۇلار پاكلىنىدۇ.
16 ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلمىسا، جازايىمغا ئۇچرايدۇ.

## زىنانىڭ مەنئى قىلىنىشى

18 1 پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
2 – ئىسرائىللارغا ئېيتقىن: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار
خۇدادۇرمەن. 3 سىلەر ياشىغان مىسىرنىڭ خەلقىنىڭ قائىدىلىرىنىمۇ
ۋە مەن سىلەرنى ئېلىپ بارىدىغان كەنئان خەلقىنىڭ ئادەتلىرىنىمۇ
دورىماڭلار. 4 مېنىڭ قانۇنلىرىمغا ئەمەل قىلىڭلار، بەلگىلىمىلىرىمگە
رىئايە قىلىڭلار. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.
5 سىلەر مەن بۇيرۇغان قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلساڭلار،
ھايات قالىسىلەر. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
6 ھەرقاندىقىڭلار قان قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن زىنا قىلماڭلار، مەن
پەرۋەردىگاردۇرمەن. 7 ئاناڭلار بىلەن زىنا قىلىپ، ئاتاڭلارغا ھاقارەت
قىلماڭلار. ئۇلار سىلەرنىڭ ئاناڭلار بولغاچقا، ئۇلار بىلەن زىنا
قىلماڭلار. 8 ئاتاڭلارنىڭ توقاللىرى بىلەن زىنا قىلىپ، ئاتاڭلارغا

هاقارەت قىلماڭلار. [9] ئاچا-سىڭىللىرىڭلار، ئانا باشقا ياكى ئاتا
باشقا ئاچا-سىڭىللىرىڭلار بىلەن زىنا قىلماڭلار. ئۇلار بىلەن بىر
ئائىلىدە چوڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقىڭلاردىن قەتئىينەزەر بۇنداق
مۇناسىۋەتتە بولماڭلار. [10] ئوغلۇڭلارنىڭ ياكى قىزىڭلارنىڭ قىزى
بىلەن زىنا قىلماڭلار، ئۇ شەنىڭلارغا داغ چۈشۈرىدۇ. [11] ئۆگەي
ئاناڭلاردىن تۇغۇلغان بىر ئۆيدە چوڭ بولغان قىز قېرىندىشىڭلار
بىلەن زىنا قىلماڭلار. ئۇلار سىلەرنىڭ ئاچا-سىڭلىڭلاردۇر.
[12] ئاتاڭلارنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى بىلەن زىنا قىلماڭلار، ئۇ ئاتاڭلارنىڭ
قان قېرىندىشىدۇر. [13] ئاناڭلارنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى بىلەن زىنا
قىلماڭلار، ئۇ ئاناڭلارنىڭ قان قېرىندىشىدۇر. [14] ئاتاڭلارنىڭ ئاكا-
ئىنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىپ، تاغاڭلارغا هاقارەت قىلماڭلار.
چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ يەڭگەڭلاردۇر.
[15] كېلىنىڭلار بىلەن زىنا قىلماڭلار. ئۇ ئوغلۇڭلارنىڭ ئايالىدۇر،
ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىشقا بولمايدۇ. [16] ئاكا-ئىنىڭلارنىڭ ئاياللىرى
بىلەن زىنا قىلىپ، قېرىندىشىڭلارغا هاقارەت قىلماڭلار.
[17] بىر ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ
قىزى ۋە قىز نەۋرىسى بىلەن زىنا قىلماڭلار، ئۇلار قانداشتۇر. بۇنداق
قىلىش رەزىللىكتۇر. [18] ئاياللىڭلار هايات ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ ئاچا-
سىڭىللىرىنى ئەمرىڭلارغا ئېلىپ، ئۇلارنى كۈنداش قىلىپ قويماڭلار.
[19] ھەيز كۆرۈپ ناپاك بولغان ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت
قىلماڭلار.
[20] باشقىلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن زىنا قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماڭلار.
[21] ئوغۇل-قىزلىرىڭلارنى بۇت ئىلاھى مولەككە قۇربانلىق سۈپىتىدە
ئاتاپ كۆيدۈرمەڭلار، مەن خۇدايىڭلارنىڭ نامىنى بۇلغىماڭلار. مەن
پەرۋەردىگاردۇرمەن. [22] بىر ئەر ئايال بىلەن ياتقاندەك، باشقا بىر
ئەر بىلەن ياتمىسۇن، بۇ يىرگىنچلىك ئىشتۇر.
[23] هايۋانلار بىلەن جىنسىي ئالاقىدە بولۇپ، ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماڭلار.
ئاياللارمۇ ئۆزىنى هايۋانغا تۇتۇپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن جىنسىي
ئالاقە قىلمىسۇن، بۇ ئېپلاسلىقتۇر.
[24] سىلەر بۇ ئىشلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماڭلار. مەن سىلەرنىڭ
كۆز ئالدىڭلاردا قوغلاپ چىقارماقچى بولغان خەلقلەر دەل مۇشۇنداق

ئىشلار بىلەن ئۆزلىرىنى بۇلغىغانلاردۇر. [25] ئۇلار تۇرغان زېمىنلارمۇ بۇلغاندى. مەن ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بۇ زېمىننى جازالايمەن، شۇڭا بۇ زېمىن ئۇلارنى قۇسۇپ چىقىرىۋېتىدۇ. [26] سىلەر چوقۇم مېنىڭ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلىڭلار. مەيلى سىلەر بولۇڭلار، مەيلى ئاراڭلاردا ياشاۋاتقان يات خەلقلەر بولسۇن، ھېچقايسىڭلار بۇنداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلماڭلار. [27] بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان كىشىلەر مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن بۇ زېمىننى بۇلغىدى. [28] ئەگەر سىلەرمۇ بۇ زېمىننى بۇلغىساڭلار، بۇ زېمىن ھازىر ياشاۋاتقان خەلقلەرنى قۇسۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك، سىلەرنىمۇ قۇسۇپ چىقىرىۋېتىدۇ. [29] مۇشۇنداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلغانلار خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. [30] سىلەر ئەمرلىرىمگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇ زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئادەتلىرى بىلەن ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماڭلار. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.»

## پاك ۋە ئادىل ياشاش توغرىسىدا

19 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] – سەن پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە مۇنداق دەپ ئېيتقىن: «پاك بولۇڭلار، چۈنكى مەنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا مۇقەددەستۇرمەن.
[3] ئاتا-ئاناڭلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار. مەن بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلىڭلار. مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.
[4] بۇتلارغا سەجدە قىلماڭلار، بۇت ياسىماڭلار. مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.
[5] ماڭا ئامانلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇنغىنىڭلاردا، مەن جاكارلىغان قائىدىلەرگە ئەمەل قىلساڭلار، قۇربانلىقىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن.
[6] سۇنۇلغان قۇربانلىقلار شۇ كۈنى ياكى ئەتىسى يەپ تۈگىتىلسۇن. ئەگەر ئۈچىنچى كۈنىگە ئېشىپ قالسا، ھەممىسى كۆيدۈرۈلسۇن،
[7] چۈنكى ئۇ سېسىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يېيىلسە، مەن بۇنداق قۇربانلىقنى قوبۇل قىلمايمەن. [8] ئۇنى يېگەن ئادەم جازايىمغا

ئۇچرايدۇ. چۈنكى ئۇ مەن مۇقەددەس دەپ بىلگەن قۇربانلىقنى بۇلغىدى. ئۇنداق كىشى خەلقىنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن.
[9] ئورما ئورغان ۋاقىتىڭلاردا ئېتىزنىڭ قىرىدىكى زىرائەتلەرنى ئورماڭلار ھەم ئېتىزدا قالغان باشاقلارنى تېرىۋالماڭلار. [10] ئۈزۈمزارلىقتىكى ئۈزۈملەرنى پاك-پاكىز يىغىۋالماڭلار ھەم يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئۈزۈملەرنى يىغماڭلار. ئۇلارنى ئاراڭلاردىكى كەمبەغەللەرگە ۋە يات خەلقلەردىن بولغان مۇساپىرلارغا قالدۇرۇڭلار. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.
[11] ئوغرىلىق، يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق قىلماڭلار.
[12] مېنىڭ نامىم بىلەن قەسەم قىلساڭلار، قەسىمىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار، بولمىسا نامىمنى بۇلغايسىلەر. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[13] باشقىلارنى قاقتى-سوقتى قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماڭلار. ئادەم ئىشلەتسەڭلار، ھەققىنى شۇ كۈنى بېرىڭلار، ئەتىگە قالدۇرماڭلار.
[14] گاسنى ھاقارەتلىمەڭلار، قارىغۇنى پۇتلىماڭلار، مەن خۇدايىڭلاردىن ئەيمىنىڭلار. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[15] ھەقىقەتنى بۇرمىلىماڭلار، ھەم نامراتلارغا يان باسماڭلار ھەم ھوقۇقدارلارغا خۇشامەت قىلماڭلار، ھۆكۈمدە ئادىل بولۇڭلار.
[16] باشقىلارغا تۆھمەت قىلماڭلار. باشقىلار ھەققىدە يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ ھاياتىغا زامىن بولماڭلار. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[17] قېرىنداشلىرىڭلارغا ئاداۋەت ساقلىماڭلار، ئەيىبىنى يۈزىگە دەڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولۇپ قالمايسىلەر.
[18] ئۆچ ئالماڭلار، قېرىنداشلىرىڭلارغا غۇم ساقلىماڭلار، باشقىلارنى ئۆزۈڭلارنى سۆيگەندەك سۆيۈڭلار. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[19] بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلىڭلار. ئوخشىمىغان تۈردىكى ھايۋانلارنى ئۆزئارا جۈپلەشتۈرمەڭلار. بىر ئېتىزغا ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئۇرۇق ئارىلاشتۇرۇپ چاچماڭلار، ئىككى خىل يىپتىن توقۇلغان كىيىمنى كىيمەڭلار.
[20] بىر كىشىگە نىكاھلىنىشقا پۈتۈشۈپ قويۇلغان دىدەك تېخى سېتىلمىغان ياكى ئازاد قىلىنمىغان ئەھۋالدا، باشقا بىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتسا، ئۇ دىدەكنىڭ ئىگىسىگە تۆلەم تۆلىسۇن. لېكىن

ئۇلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنمىسۇن، چۈنكى دېدەك تېخى ئازاد
ئەمەستۇر. 21 دېدەك بىلەن بىرگە ياتقان ئادەم ئەيىب قۇربانلىقى
سۈپىتىدە بىر تۇياق قوچقارنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا
ئەكېلىپ، مەن پەرۋەردىگارغا ئاتىسۇن. 22 روھانىي ئەيىب قۇربانلىقى
ئارقىلىق ئۇنى گۇناھتىن ساقىت قىلسۇن، ئاندىن ئۇنىڭ گۇناھى
كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.
23 سىلەر كەنئان زېمىنىغا كىرىپ، ئۇ يەردە ھەر خىل مېۋىلىك
دەرەخلەرنى تىككەندىن كېيىن، ئۈچ يىلغىچە مېۋىسىنى يېمەڭلار،
ئۇلارنى يېيىش مەنئى قىلىنسۇن. 24 تۆتىنچى يىلىدىكى مېۋىلەرنىڭ
ھەممىسى مەدھىيە ھەدىيەسى سۈپىتىدە ماڭا ئاتالسۇن. 25 بەشىنچى
يىلى مېۋىلەرنى يېسەڭلار بولىدۇ. بۇ قائىدىگە ئەمەل قىلساڭلار،
مېۋىلىك دەرىخىڭلار تېخىمۇ كۆپ مېۋە بېرىدۇ. مەن سىلەرنىڭ
پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.
26 قانسىرىمىغان گۆشنى يېمەڭلار. پال سالغۇزماڭلار ۋە
ئەپسۇنمۇ ئوقۇتماڭلار. 27 چېكە چېچىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار،
ساقىلىڭلارنىڭ يانلىرىنى قىرقىماڭلار. 28 ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ھازا
تۇتقىنىڭلاردا تېنىڭلارنى تىلماڭلار. تېنىڭلارغا بەلگە سالماڭلار.
مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
29 قىزىڭلارنى پاھىشىلىككە سېلىپ، ئۇنى خورلىماڭلار، بولمىسا
زېمىنىڭلار بۇزۇقچىلىققا ۋە رەزىللىككە تولۇپ كېتىدۇ.
30 مەن بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلىڭلار ۋە ئىبادەت
جايىمغا ھۆرمەت قىلىڭلار، مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
31 ئەرۋاھ چاقىرغۇچىلاردىن ياكى جادۇگەرلەردىن ئۈمىد كۈتۈپ،
ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماڭلار. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.
32 مويسىپىت كىشىلەرنى كۆرگەندە ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار،
ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەڭلار. مەنكى خۇدايىڭلاردىن ئەيمىنىڭلار،
مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
33 سىلەر بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان يات خەلقلەردىن بولغان
مۇساپىرلارنى خورلىماڭلار، 34 ئۇلارنى ئىسرائىل قېرىنداشلىرىڭلاردەك
كۆرۈڭلار، ئۇلارنى ئۆزۈڭلارنى سۆيگەندەك سۆيۈڭلار، چۈنكى

سىلەرمۇ بۇرۇن مىسىردا مۇساپىر بولۇپ ياشاپ باققان. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.
[35] ئۆزۈنلۈق، ئېغىرلىق ۋە مىقدار ئۆلچەملىرىدە ئالدامچىلىق قىلماڭلار. [36] تارازاڭلار، تارازا تېشىڭلار، كۈرە ۋە كەمچىنىڭلار توغرا بولسۇن. مەن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.
[37] مېنىڭ بارلىق قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلىڭلار. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.»

## ئېغىر گۇناھلارغا بېرىلىدىغان جازالار

20 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] ــ سەن ئىسرائىل خەلقىگە ئېيتقىن: «ئىسرائىل خەلقىدىن ياكى يۇرتۇڭلاردا ياشاۋاتقان يات خەلقلەردىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى بۇت ئىلاھى مولەككە ئاتاپ قۇربانلىق قىلسا، ئۇ كىشى چوقۇم ئۆلتۈرۈلسۇن، جامائەت ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسۇن. [3] مەنمۇ ئۇنداق ئادەمگە قارشى چىقىپ، ئۇنى خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىمەن. چۈنكى ئۇ پەرزەنتىنى بۇت ئىلاھى مولەككە ئاتاپ، مېنىڭ ئىبادەت جايىمنى ۋە مۇقەددەس نامىمنى بۇلغىدى. [4] ئەگەر جامائەت بالىلىرىنى بۇت ئىلاھى مولەككە ئاتاپ قۇربانلىق قىلغۇچى بىلەن كارى بولماي، ئۇنى ئۆلتۈرمىسە، [5] مەن ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قارشى چىقىمەن. مەندىن يېنىپ بۇت ئىلاھى مولەككە چوقۇنغۇچىلارنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنى خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىمەن. [6] ئەگەر بىرسى مەندىن يېنىپ ئەرۋاھ چاقىرغۇچىلار ياكى جادۇگەرلەردىن ئۈمىد كۈتسە، مەن ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىمەن.
[7] ئۆزۈڭلارنى ماڭا بېغىشلاپ، پاك بولۇڭلار. چۈنكى مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن. [8] مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلىڭلار. مەن سىلەرنى پاكلىغۇچى پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[9] ئاتا-ئانىسىنى قارغىغانلار ئۆلتۈرۈلسۇن. ئۇلار ئاتا-ئانىسىنى قارغىغانلىقى ئۈچۈن، گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن.

10 ئەگەر بىرسى باشقا بىرىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغان بولسا، زىنا قىلغان ھەر ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلسۇن.
11 ئەگەر بىرسى ئاتىسىنىڭ توقلى بىلەن زىنا قىلغان بولسا، ئاتىسىغا ھاقارەت قىلغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلسۇن، ئۇلار گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن.
12 ئەگەر بىرسى كېلىنى بىلەن زىنا قىلغان بولسا، ھەر ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئىپلاسلىق بولۇپ، ئۇلار گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن.
13 ئەگەر بىر ئەر ئايال بىلەن ياتقاندەك، باشقا بىر ئەر بىلەن ياتسا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسۇن ۋە گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن.
14 ئەگەر بىرسى توي قىلغاندىن كېيىن، ئايالىنىڭ ئانىسى بىلەن نىكاھلانسا، بۇ رەزىللىك ھېسابلىنىدۇ، ئۈچىلىسى ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن. بۇ خىل رەزىللىكلەر ئاراڭلاردا قەتئىي يۈز بەرمىسۇن.
15 ئەگەر بىر ئەر ھايۋان بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلسا، ھەر ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلسۇن.
16 ئەگەر بىر ئايال ھايۋان بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلسا، ھەر ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلسۇن، يەنى گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن.
17 ئەگەر بىرسى ئۆز ئاچا-سىڭىللىرى ياكى ئانا باشقا ياكى ئاتا باشقا ئاچا-سىڭىللىرىنى خوتۇن قىلىپ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، بۇ نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا خەلقىمىنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. ئۇ ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن.
18 ئەگەر بىر ئەر ھەيز كۆرگەن ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ھەر ئىككىلىسى ئايالنىڭ ھەيز مەنبەسىنى ئاچقان ھېسابلىنىپ، خەلقىمىنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن.
19 ئانىسىنىڭ ياكى ئاتىسىنىڭ قىز قېرىنداشلىرى بىلەن زىنا قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ قان قېرىنداشلىرىنى ھاقارەتلىگەنلىكتۇر. ئۇلار جازايىمغا ئۇچرايدۇ.

[20] ئاتىسىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئاياللىرى بىلەن زىنا قىلىش قېرىنداشلىرىنى ھاقارەتلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىككىلىسى ئۆز گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىپ، پەرزەنت يۈزى كۆرمەي، ئۆلىدۇ.
[21] كىمكى ئاكىسى ياكى ئىنىسىنىڭ خوتۇنىنى خوتۇنلۇققا ئالسا، ئۇ قېرىندىشىنى ھاقارەتلىگەن بولىدۇ، بۇ ئىپلاسلىقتۇر. ئۇلار پەرزەنت يۈزى كۆرمەي ئۆلىدۇ.
[22] مېنىڭ بارلىق قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلىڭلار. شۇندىلا سىلەر مەن سىلەرنى ئېلىپ بارغان زېمىندىن قۇسۇپ چىقىرىۋېتىلىشتىن ساقلىنالايسىلەر. [23] مەن سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا ئۇ زېمىندىكى باشقا خەلقلەرنى قوغلاپ چىقىرىمەن. سىلەر ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىگە ئەگەشمەڭلار. ئۇلار يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى ئۆچ كۆرىمەن. [24] مەن سىلەرگە: ‹ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەيسىلەر، سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىننى سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىمەن› دېگەنىدىم. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن. مەن سىلەرنى باشقا خەلقلەردىن ئايرىپ چىقتىم. [25] شۇڭا سىلەر ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ھالال ۋە ھاراملىرىنى ئايرىڭلار. مەن ھارام دەپ بېكىتكەن ئۇچار قاناتلارنى، ھايۋانلارنى ۋە قۇرت-قوڭغۇزلارنى يەپ، ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماڭلار. [26] پاك بولۇڭلار، چۈنكى مەن پەرۋەردىگار مۇقەددەستۇرمەن. سىلەرنى باشقا خەلقلەردىن ئايرىپ چىقىپ، مېنىڭ خەلقىم قىلدىم.
[27] ئەگەر بىرسى ئەرۋاھ چاقىرىپ، جادۇگەرلىك قىلسا، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، ھەممىسى ئۆلتۈرۈلسۇن. سىلەر ئۇلارنى چالما-كېسەك قىلىپ، ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن.»

## روھانىيلارغا ئائىت بەلگىلىمىلەر

# 21

[1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

- سەن ھارۇننىڭ روھانىي ئوغۇللىرىغا ئېيتقىن، روھانىيلار خەلق ئارىسىدىكى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ جەسىتىگە تېگىپ، ئۆزلىرىنى ناپاك قىلمىسۇن. [2] ئۇلار پەقەت ئۆزى بىلەن

قانداش بولغان ئاتا-ئانىسى، ئوغۇل-قىزلىرى، ئاكا-ئىنىلىرى،
[3] تېخى ياتلىق بولمىغان ئاچا-سىڭىللىرى سەۋەبىدىن ناپاك بولسا
بولىدۇ. [4] لېكىن ئۇلار خەلقىنىڭ باشلامچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن،
باشقىلارنىڭ جەستى سەۋەبىدىن ئۆزلىرىنى بۇلغىسا بولمايدۇ.
[5] ئۇلار هازىدار بولغاندا چېچىنى چۈشۈرمىسۇن، ساقاللىرىنىڭ
يانلىرىنى قىرقىمىسۇن، تەنلىرىنى تىلمىسۇن. [6] ئۇلار مېنىڭ
ئالدىمدا پاك بولسۇن، نامىمنى بۇلغىمىسۇن. چۈنكى ئۇلار مەن
پەرۋەردىگارغا يېمەكلىك سۈپىتىدىكى تائام هەدىيەلىرىنى سۇنىدۇ،
شۇڭا ئۇلار پاك بولسۇن.
[7] روهانىيلار بۇلغانغان پاهىشە ئاياللارنى ياكى ئاجراشقان ئاياللارنى
ئەمرىگە ئالمىسۇن، چۈنكى روهانىيلار مېنىڭ نەزىرىمدە پاكتۇر.
[8] سىلەر روهانىيلارنى مۇقەددەس دەپ بىلىڭلار، چۈنكى ئۇلار
ماڭا ئاتالغان يېمەكلىكنى سۇنغۇچىلاردۇر. سىلەر روهانىيلارنى
مۇقەددەس دەپ بىلىڭلار، چۈنكى مەن پەرۋەردىگار مۇقەددەستۇرمەن.
سىلەرنىمۇ پاكلىغۇچى مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[9] روهانىيلارنىڭ قىزلىرى زىنا قىلىپ ئۆزلىرىنى بۇلغىسا،
ئاتىلىرىغا هاقارەت قىلغانلىق بولىدۇ، ئۇلار ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن.
[10] روهانىيلارنىڭ ئىچىدىكى بېشىغا ياغ قۇيۇلۇپ، مۇقەددەس
توننى كىيىپ، باش روهانىيلىققا تەيىنلەنگۈچى هازا تۇتۇش ئۈچۈن
چاچلىرىنى چۇۋۇپ، كىيىملىرىنى يىرتمىسۇن. [11] ئۇ هەرقانداق
جەسەتكە يېقىنلاشمىسۇن، هەتتا ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ جەستى
بولسىمۇ يېقىنلاشمىسۇن. ئۆزىنى بۇلغاشتىن ساقلىسۇن. [12] ئىبادەت
جايىمنىڭ بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن ئۇ دەپنە مۇراسىمىغا بارمىسۇن.
چۈنكى ئۇ مېنىڭ مۇقەددەس يېغىم بىلەن ماڭا بېغىشلانغاندۇر.
مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[13] باش روهانىي ئىپپەتلىك قىزنى ئەمرىگە ئالسۇن. [14] تۇل ئايالنى،
ئاجراشقان ئايالنى، ياكى بۇلغانغان پاهىشەنى ئەمرىگە ئالمىسۇن.
ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ قەبىلىسى ئىچىدىكى ئىپپەتلىك قىزنى ئەمرىگە
ئالغاندىلا، [15] پەرزەنتلىرى خەلق ئارىسىدا پاك هېسابلىنىدۇ. مەن
ئۇنى پاكلىغۇچى پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[16] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[17] ـ ھارۇنغا ئېيتقىن، ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغان جىسمانىي جەھەتتە ئەيىبى بارلارنىڭ ھېچقايسىسى ماڭا ئاتاپ ھۇزۇرۇمغا يېمەكلىك ئەكەلمىسۇن. بۇنىڭغا كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭمۇ ئەمەل قىلسۇن. [18] جىسمانىي جەھەتتە ئەيىبى بارلارنىڭ ھەممىسى، يەنى مەيلى قارىغۇ، ئاقساق-چولاق، چىرايى بۇزۇلغان، پۇت-قوللىرى ئۇزۇن ئۆسۈپ قالغان، [19] قول-پۇتى سۇنغان، [20] دوك، پارپا، كۆزى ئەيىبلىك، قوتۇر ياكى قىچىشقاق بولسۇن، ياكى ئۇرۇقدېنى ئېزىلىپ كەتكەن بولسۇن، ھېچقايسىسى ماڭا ھەدىيە سۇنمىسۇن. [21] روھانىي ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىدىن جىسمانىي جەھەتتە ئەيىبى بولغىنى ھۇزۇرۇمغا كېلىپ يېمەكلىك سۇپىتىدىكى تائام ھەدىيەلىرىنى سۇنمىسۇن. [22] لېكىن ئۇ مەن خۇداغا سۇنۇلغان يېمەكلىكلەردىن، مەيلى مۇقەددەس بولسۇن ياكى ئەڭ مۇقەددەس بولسۇن، ھەممىسىدىن يېسە بولىدۇ. [23] بىراق ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئەيىبى بولغاچقا، ئەڭ مۇقەددەس جاينىڭ ئالدىدىكى پەردىگە ياكى چېدىر ئالدىدىكى قۇربانلىق سۇپىسىغا يېقىن كەلمىسۇن. بولمىسا، ئۇ مېنىڭ مۇقەددەس بولغان جايلىرىمنى بۇلغايدۇ. مەن بۇلارنى مۇقەددەس قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[24] مۇسا بۇلارنى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ھەم ئىسرائىللارغا تاپىلىدى.

## مۇقەددەس يېمەكلىكلەر

22 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] ـ ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ئېيتقىن، مېنىڭ مۇقەددەس نامىمنىڭ بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئىسرائىللارنىڭ ماڭا بېغىشلىغان مۇقەددەس يېمەكلىكلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلسۇن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن. [3] ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرەرسى ناپاك تۇرۇپ، ئىسرائىللارنىڭ ماڭا بېغىشلىغان مۇقەددەس يېمەكلىكلىرىگە يېقىنلاشسا، ئۇ ئىبادەت جايىمدا قەتئىي خىزمەت قىلمىسۇن، مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[4] ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدىكى تېرە كېسەللىكى ياكى جىنسىي ئەزاسىدىن ئاجرالما ئېقىش كېسەللىكى گىرىپتار بولغانلىرى

تاكى پاكلانغۇچە مۇقەددەس يېمەكلىكلەردىن يېمىسۇن. جەسەت سەۋەبىدىن ناپاك بولغان نەرسىگە تېگىپ كەتكەن ئادەم، ئېھتىلام بولغان ئادەم، [5] ياكى هارام ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارغا ۋە ناپاك ئادەمگە تېگىپ كېتىپ ناپاك بولغان ئادەم بولسۇن، [6] شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. بويىنى سۇغا سالمىغۇچە، مۇقەددەس يېمەكلىكلەردىن يېمىسۇن. [7] كۈن ئولتۇرغاندا ئۇ پاكلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ مۇقەددەس يېمەكلىكلەردىن يېسە بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ يېمەكلىكىدۇر. [8] ئۇ يىرتقۇچ هايۋانلار ئۆلتۈرۈپ قويغان ياكى ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ قالغان هايۋانلارنى يەپ، ئۆزىنى بۇلغىمىسۇن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.

[9] روھانىيلار مەن جاكارلىغان بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلسۇن. بولمىسا مۇقەددەس يېمەكلىكلەرنى بۇلغايدۇ. بۇ گۇناھى ئۈچۈن گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتىپ هالاك بولىدۇ. مەن ئۇلارنى پاكلىغۇچى پەرۋەردىگاردۇرمەن.

[10] روھانىي ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا هەرقانداق ئادەم مۇقەددەس يېمەكلىكلەردىن يېمىسۇن. مەيلى روھانىينىڭ مېھمىنى، مەيلى روھانىينىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان مەدىكار بولسۇن، هېچكىم مۇقەددەس يېمەكلىكلەردىن يېمىسۇن. [11] لېكىن روھانىي سېتىۋالغان قۇل ياكى روھانىينىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان قۇل مۇقەددەس يېمەكلىكلەردىن يېسە بولىدۇ. [12] روھانىينىڭ قىزى روھانىيلاردىن باشقا كىشىگە ياتلىق قىلىنسا، روھانىينىڭ نېسۋىسى بولغان مۇقەددەس يېمەكلىكلەردىن يېمىسۇن. [13] ناۋادا روھانىينىڭ قىزى تۇل بولۇپ قالسا، ياكى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپ، بالىسى بولمىغانلىقتىن ئاتىسىنىڭ ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن بولسا، قىزلىق دەۋرىدىكىدەك ئاتىسىنىڭ يېمەكلىكلىرىدىن يېسە بولىدۇ. مۇقەددەس يېمەكلىكلەرنى روھانىي ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقىلار يېمىسۇن.

[14] ئەگەر بىرى مۇقەددەس يېمەكلىكلەردىن ئۇقۇشماي يەپ سالسا، مۇقەددەس يېمەكلىكلەرنىڭ ئەسلى قىممىتىگە يەنە بەشتىن بىر قىسمىنى قوشۇپ، روھانىيغا تۆلەپ بەرسۇن. [16-15] روھانىيلار ئىسرائىللارنىڭ ماڭا ئاتاپ سۇنغان مۇقەددەس يېمەكلىكلىرىنى روھانىي بولمىغانلارنىڭ ئۆز مەيلىچە يېيىشىگە يول قويۇپ، يېمەكلىكلەرنى هارام قىلمىسۇن. بولمىسا، يېمەكلىكلەرنى يېگەن

كىشىلەر گۇناھكار ھېسابلىنىپ، ئەيىب قۇربانلىقى سۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەن ئۇلارنى پاكلاندۇرغۇچى پەرۋەردىگاردۇرمەن.

## قوبۇل بولىدىغان قۇربانلىقلار

[17] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[18] — ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ھەمدە پۈتۈن ئىسرائىللارغا مۇنداق دەپ ئېيتقىن: «سىلەر ياكى ئاراڭلاردا تۇرۇۋاتقان يات خەلقلەر ئىچكەن قەسەمگلار بويىچە ياكى خالىس ھالدا ماڭا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنماقچى بولساڭلار، [19] بىر تۇياق بېجىرىم بۇقا، قوچقار ياكى تېكە سۇنۇڭلار، شۇندىلا قۇربانلىقىڭلار قوبۇل بولىدۇ. [20] بېجىرىم بولمىغان ھايۋانلارنى سۇنساڭلار، قوبۇل بولمايدۇ. [21] ئەگەر بىرىڭلار ئىچكەن قەسەمگلار بويىچە ياكى خالىس ھالدا ماڭا ئاتاپ ئامانلىق قۇربانلىقى سۇنماقچى بولساڭلار، چوقۇم كالا، قوي ۋە ئۆچكىلىرىڭلارنىڭ بېجىرىم ۋە ساغلاملىرىدىن سۇنۇڭلار. [22] قارىغۇ، ئاقساق-چولاق، زەخىملەنگەن، يىرىڭلىق يارا ۋە قوتۇر باسقان ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلماڭلار. بۇلارنى ماڭا ئاتاپ قۇربانلىق سۇپىسىدا تائام ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنۇشقا بولمايدۇ. [23] لېكىن خالىس ھالدا قۇربانلىق سۇنماقچى بولساڭلار، بىر پاچىقى قىسقا ياكى ئۇزۇن بولغان كالا ياكى قوينى سۇنساڭلار بولىدۇ. لېكىن ئىچكەن قەسەمگلارغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن بۇنداق بېجىرىم بولمىغان ھايۋانلارنى سۇنماڭلار. بۇنى مەن پەرۋەردىگار قوبۇل قىلمايمەن. [24] ئۇرۇقدېنى زەخىملەنگەن، ئېزىلگەن، يىرتىلغان ياكى پىچىۋېتىلگەن ھايۋانلارنى ماڭا ئاتاپ قۇربانلىق قىلماڭلار. زېمىنىڭلاردا بۇنداق ئىشلارغا يول قويماڭلار. [25] بۇنداق بېجىرىم بولمىغان ھايۋانلارنى يات خەلقلەردىن سېتىۋېلىپ، ماڭا ئاتالغان يېمەكلىك سۈپىتىدە سۇنماڭلار. چۈنكى ئۇ مېيىپ ۋە بېجىرىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قوبۇل بولمايدۇ.»

[26] پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە مۇنداق دېدى:

[27] — يېڭى تۇغۇلغان موزاي، قوزا ۋە ئوغلاقلار يەتتە كۈن ئانىسىغا ئەگىشىپ يۈرسۇن، سەككىزىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئۇنى ماڭا تائام ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنساڭلار بولىدۇ، بۇ قوبۇل بولىدۇ. [28] مەيلى

كالا، قوي ياكى ئۆچكە بولسۇن، ئانىسى بىلەن بالىلىرىنى بىر كۈندە بوغۇزلاشقا بولمايدۇ. [29] ماڭا مىننەتدارلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇنغىنىڭلاردا قۇربانلىقىڭلارنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن مەن سىلەرگە جاكارلىغان بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىڭلار. [30] قۇربانلىقنى شۇ كۈنى يەپ تۈگىتىڭلار، ئىككىنچى كۈنى سەھەرگە ئېشىپ قالمىسۇن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[31] ئەمرلىرىمگە ئەمەل قىلىڭلار. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[32] مۇقەددەس نامىمنى بۇلغىماڭلار. ئىسرائىللار مېنى مۇقەددەس دەپ بىلسۇن، مەن سىلەرنى پاكلىغۇچى پەرۋەردىگاردۇرمەن. [33] مەن سىلەرنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتىم، مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.

## ھېيتنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى

23 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] — سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن: «مەن بەلگىلىگەن ھېيت كۈنلىرىنى مۇقەددەس يىغىلىش كۈنلىرى، دەپ جاكارلاڭلار. [3] ئالتە كۈن ئىش كۈنى، يەتتىنچى كۈنى تولۇق دەم ئېلىش كۈنىدۇر. دەم ئېلىش كۈنىدە مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، ھېچقانداق ئىش قىلماڭلار. مەيلى سىلەر قەيەردە ياشىماڭلار، مەن پەرۋەردىگارغا ئاتالغان بۇ دەم ئېلىش كۈنىدە تولۇق دەم ئېلىڭلار.
[4] مەن پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈشۈڭلار ئۈچۈن بەلگىلىگەن تۆۋەندىكى كۈنلەرنى ھېيت كۈنلىرى دەپ جاكارلاڭلار.»

## ئۆتۈپ كېتىش ۋە پېتىر نان ھېيتى

[5] «1-ئاينىڭ 14-كۈنى① گۇگۇم چۈشكەندىن باشلاپ ماڭا ئاتاپ، ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. [6] مۇشۇ ئاينىڭ 15-كۈنى ماڭا ئاتالغان پېتىر نان ھېيتىدۇر. سىلەر ئۇدا يەتتە كۈن پېتىر نان يەڭلار.

① 23: 5 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 23-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

[7] بىرىنچى كۈنى مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، ئىش قىلماڭلار.
[8] ماڭا ئاتاپ يەتتە كۈن تائام ھەدىيەلىرىنى سۇنۇڭلار. يەتتىنچى
كۈنى يەنە مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، ئىش قىلماڭلار.»

## باش ھوسۇل ھەدىيەسى

[9] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[10] — سەن ئىسرائىللارغا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيتقىن:
«سىلەر مەن سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىنغا بارغاندىن كېيىن،
ھەر قېتىم زىرائەتلىرىڭلارنى ئورىغاندا، تۇنجى باغلىمىنى روھانىيغا
بېرىڭلار. [11] دەم ئېلىش كۈنىنىڭ ئەتىسى روھانىي بىر باغلام زىرائەتنى
ماڭا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرسۇن. شۇندىلا سىلەر قوبۇل قىلىنىسىلەر.
[12] روھانىي ئاشۇ بىر باغلام زىرائەتنى ماڭا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرگەن
شۇ كۈنى، سىلەر بىر ياشلىق بىجىرىم پاقلاندىن بىرنى ماڭا ئاتاپ
كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىڭلار. [13] شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۈپەتلىك
ئۇندىن ئىككى كىلو ئېلىپ، ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ،
ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنۇڭلار. بۇلار مەن پەرۋەردىگارنى
مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولىدۇ. بىر
لىتىر شارابنىمۇ ئىچىملىك ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنۇڭلار. [14] ماڭا
ھەدىيە سۇنۇلمىغۇچە، يېڭى ئېلىنغان ھوسۇلۇڭلاردىن مەيلى نان،
مەيلى قوماچ ياكى دان بولسۇن يېمەڭلار. سىلەر نەدە ياشىماڭلار،
بۇ مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىگە ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەمەل قىلىڭلار.»

## ئورما ھېيتى

[15] «دەم ئېلىش كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن، يەنى سىلەر مەن
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئاشۇ بىر باغلام زىرائەتنى ئېگىز كۆتۈرگەن
كۈندىن باشلاپ، تولۇق يەتتە ھەپتە ھېسابلاڭلار. [16] ئەللىكىنچى
كۈنى، يەنى يەتتىنچى قېتىملىق دەم ئېلىش كۈنىنىڭ ئەتىسى ماڭا
تۇنجى پىشقان بۇغدىيىڭلاردىن ھەدىيە سۇنۇڭلار. [17] مەيلى نەدە
ياشىماڭلار، ھەربىر ئائىلە بويىچە ئىككى كىلو سۈپەتلىك ئۇنغا
خېمىرتۇرۇچ قوشۇپ ئىككى دانە نان يېقىپ، ئۇنى زىرائەتلىرىڭلاردىن
ئېلىنغان تۇنجى ھوسۇل سۈپىتىدە ماڭا ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەدىيە

قىلىش ئۈچۈن ئەكېلىڭلار. [18] شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىلەر بىرلىكتە يەتتە تۇياق بىر ياشلىق بىجىرىم ئەركەك پاقلان، بىر تۇياق بۇقا، ئىككى تۇياق قوچقارنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىڭلار. بۇلارنى ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەسى بىلەن بىرلىكتە ماڭا ئاتاڭلار. بۇلار مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق ئاتام ھەدىيەسى بولىدۇ. [19] ئاندىن بىر تۇياق تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى، ئىككى تۇياق بىر ياشلىق پاقلاننى ئامانلىق قۇربانلىقى سۈپىتىدە سۇنۇڭلار. [20] روھانىي تۇنجى ھوسۇل ھەدىيەسىگە تەۋە نانلارنى ئىككى تۇياق قوي بىلەن بىرلىكتە ماڭا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرسۇن. ماڭا ئاتالغان بۇ مۇقەددەس نەرسىلەر روھانىيغا تەۋەدۇر. [21] بۇ كۈنى مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغىنىڭلارنى جاكارلاڭلار، ئىش قىلماڭلار. مەيلى سىلەر نەدە ياشىماڭلار، بۇ سىلەرنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەمەل قىلىدىغان مەڭگۈلۈك بەلگىلىمەڭلاردۇر.

[22] ئورما ئورغان ۋاقتىڭلاردا ئېتىزنىڭ قىرىدىكى زىرائەتلەرنى ئورماڭلار ھەمدە ئېتىزدا قالغان باشاقلارنى تېرىۋالماڭلار. ئۇنى كەمبەغەللەرگە ۋە ئاراڭلاردا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان يات خەلقلەرگە قالدۇرۇڭلار. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.»

## بۇرغا چېلىش ھېيتى

[23] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[24] ــ سەن ئىسرائىللارغا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيتقىن: «سىلەر 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ① تولۇق دەم ئېلىڭلار. بۇرغا چېلىپ، مەن پەرۋەردىگارنى ئەسلەپ، مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار. [25] بۇ كۈنى ئىش قىلماڭلار. ماڭا ئاتام ھەدىيەسى سۇنۇڭلار.»

## گۇناھتىن ساقىت قىلىنىش كۈنى

[26] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

---

① 23: 24 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

[27] ـ 7-ئاينىڭ 10-كۈنى ① گۇناھتىن ساقت قىلىنىش كۈنىدۇر. سىلەر بۇ كۈنى مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، ھەمدە نەپسىڭلارنى يىغىپ، ماڭا تائام ھەدىيەسى سۇنۇڭلار. ماڭا تائام ھەدىيەسى سۇنۇڭلار. [28] بۇ كۈن سىلەرنىڭ مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا گۇناھىڭلاردىن ساقت قىلىنىش كۈنۈڭلاردۇر. بۇ كۈنى ھېچقانداق ئىش قىلماڭلار. [29] بۇ كۈنى نەپسىنى يىغمىغانلار خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. [30] بۇ كۈنى ئىشلىگەنلەر مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇلارنى خەلقىمنىڭ ئارىسىدىن يوقىتىمەن. [31] سىلەر بۇ كۈنى ھېچقانداق ئىش قىلماڭلار. نەدە ياشىماڭلار، بۇ سىلەرنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەمەل قىلىدىغان مەڭگۈلۈك بەلگىلىمەڭلاردۇر. [32] بۇ كۈنى سىلەر نەپسىڭلارنى يىغىپ، تولۇق دەم ئېلىڭلار ۋە 7-ئاينىڭ 9-كۈنى كەچ ۋاقتىدىن باشلاپ، ئەتىسى كەچ كىرگۈچە دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلىڭلار.

## كەپە تىكىش ھېيتى

[33] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[34] ـ سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن: «7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن ② باشلاپ ئۇدا يەتتە كۈن مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كەپە تىكىش ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. [35] بىرىنچى كۈنى مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، ئىش قىلماڭلار. [36] بۇ يەتتە كۈن ئىچىدە ھەر كۈنى ماڭا تائام ھەدىيەسى سۇنۇڭلار. سەككىزىنچى كۈنى يەنە مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار ۋە ماڭا تائام ھەدىيەسى سۇنۇڭلار. بۇ تەنتەنىلىك يىغىلىش كۈنىدۇر، ئىش قىلماڭلار.
[37] يۇقىرىقىلار مەن پەرۋەردىگار بەلگىلىگەن ھېيتلاردۇر. سىلەر بۇ ھېيت كۈنلىرىنى مۇقەددەس يىغىلىش كۈنى دەپ جاكارلاپ، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە ماڭا ئاتالغان تائام ھەدىيەلىرىنى، يەنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ھەدىيەسى، ئىچىملىك ھەدىيەسى ۋە

① 23: 27 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 14-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.
② 23: 34 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 19-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

باشقا قۇربانلىقلارنى سۇنۇڭلار. [38] مەن بىكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلغاندىن سىرت، يەنە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېيتلارغىمۇ ئەمەل قىلىڭلار. يۇقىرىدىكى مەنكى پەرۋەردىگارغا ئاتايدىغان ھەدىيەلەرنى قەسەمىڭلار بويىچە ۋە خالىس ھالدا سۇنىدىغان ھەدىيەلەر ھەمدە دائىملىق ھەدىيەلەردىن سىرت سۇنۇڭلار.

[39] سىلەر زېمىنىڭلاردىكى ھوسۇلۇڭلارنى ۋە مېۋىلىرىڭلارنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، 7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن باشلاپ، ئۇدا يەتتە كۈن ماڭا ئاتاپ ھېيت ئۆتكۈزۈڭلار. بىرىنچى كۈنى ۋە سەككىزىنچى كۈنى تولۇق دەم ئېلىڭلار. [40] بىرىنچى كۈنى ئەڭ ياخشى مېۋىلەردىن ئۈزۈۋېلىڭلار. خورما دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن، يوپۇرماقلىرى قويۇق بولغان دەرەخ شاخلىرىدىن ۋە دەريا بويىدىكى سۆگەت تاللىرىدىن ئېلىپ، كەپە تىكىڭلار ۋە مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا يەتتە كۈن شاد-خۇراملىق بىلەن ھېيت ئۆتكۈزۈڭلار. [41] ھەر يىلى 7-ئاينىڭ مۇشۇ يەتتە كۈنىدە ماڭا ئاتاپ ھېيت ئۆتكۈزۈڭلار. بۇ سىلەرنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەمەل قىلىدىغان مەڭگۈلۈك بەلگىلىمەڭلاردۇر. [42] سىلەر يەتتە كۈن كەپىدە تۇرۇڭلار. پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى شۇنداق قىلسۇن. [43] سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، مەن ئىسرائىللارنى باشلاپ، مىسىردىن ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنى كەپىدە تۇرغۇزغانلىقىمنى كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ بىلەلەيدۇ. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.»

[44] شۇنداق قىلىپ، مۇسا پەرۋەردىگار بەلگىلىگەن بۇ ھېيتلارنى ئىسرائىللارغا يەتكۈزدى.

## ئۈچۈرۈلمەس چىراغلار

24 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] – سەن ئىسرائىللارغا بۇيرۇغىن، ئۇلار ساپ ساپ زەيتۇن يېغى ئەكېلىپ بەرسۇن. سەن ئۇنى چىراغلارغا ئىشلەتكىن، چىراغلار تۈن بويى يېنىپ تۇرسۇن. [3] ھارۇن ئۇچرىشىش چېدىرىدىكى ئەھدە ساندۇقىنى توسۇپ تۇرغان پەردىنىڭ ئالدىدىكى چىراغلارغا مەسئۇل بولسۇن. بۇ چىراغلار مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا شام ۋاقتىدىن ئەتىسى سەھەرگىچە يېنىپ تۇرسۇن. ئۇلار بۇ مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىگە

ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەمەل قىلسۇن. [4] مېنىڭ ھۇزۇرۇمدىكى ساپ ئالتۇندىن ياسالغان چىراغداندىكى چىراغلاردىن ھەر دائىم ياخشى خەۋەر ئالسۇن.

## خۇداغا ئاتالغان نانلار

[5] – سۈپەتلىك ئۇندا ئون ئىككى دانە نان تەييارلاتقىن، ھەربىر نانغا ئىككى كىلو ئۇن ئىشلەتسۇن. [6] نانلارنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدىكى ساپ ئالتۇن شىرەگە ئىككى دەستە قىلىپ تىزغىن. ھەربىر دەستىدە ئالتە دانە نان بولسۇن. [7] ھەربىر دەستە نان ئۈستىگە بىرئازدىن ساپ مەستىكى رۇمى قويغىن. بۇ مەستىكى رۇملار مەن پەرۋەردىگارغا تائام ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنۇلغان نانلارنىڭ نىشانىسى بولىدۇ. [8] ھارۇن ئىسرائىللارغا ۋاكالىتەن ھەربىر دەم ئېلىش كۈنى نانلارنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرسۇن. بۇ مەڭگۈلۈك مەسئۇلىيەتتۇر. [9] بۇ نانلار ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەۋەدۇر. ئۇلار بۇ نانلارنى مۇقەددەس ھېسابلانغان ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا يېسۇن. چۈنكى ماڭا سۇنۇلغان تائام ھەدىيەلىرىنىڭ ئىچىدە بۇ نانلار ئەڭ مۇقەددەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئۈلۈشىدۇر.

## خۇدانى ھاقارەتلىگۈچىگە ۋە قاتىلغا بېرىلىدىغان جازا

[10] بىرسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئانىسى ئىسرائىللاردىن، ئاتىسى مىسىر خەلقىدىن ئىدى. ئۇ بىر كۈنى قارارگاھتا بىر ئىسرائىل بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، [11] ئاغزىنى بۇزۇپ پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى ھاقارەتلىدى. ئىسرائىللار ئۇنى مۇسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى شىلومىت بولۇپ، دان قەبىلىسىدىن بولغان دىبرىنىڭ قىزى ئىدى. [12] ئۇلار ئۇنى تاكى پەرۋەردىگاردىن ۋەھىي كەلگۈچە قاماپ قويدى.

[13] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[14] – مېنى ھاقارەت قىلغۇچى قارارگاھ سىرتىغا ئېلىپ چىقىلسۇن، ھاقارەتنى ئاڭلىغان بارلىق كىشىلەر قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويسۇن. ئاندىن كېيىن جامائەت ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسۇن.

[15] سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، كىمكى مەن خۇدانى ھاقارەتلىسە،

شۇ ئۆز گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. [16] مەنكى پەرۋەردىگارنى ھاقارەتلىگۈچى ئۆلتۈرۈلسۇن، جامائەت ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسۇن. مەيلى ئىسرائىللار، مەيلى يات خەلقلەر بولسۇن، مېنى ھاقارەتلىگەن بولسىلا، ئۆلتۈرۈلسۇن.

[17] قاتىللار چوقۇم ئۆلتۈرۈلسۇن. [18] باشقىلارنىڭ ھايۋانلىرىنى ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلار ھايۋاننىڭ ئورنىغا ھايۋان تۆلەپ بەرسۇن. جانغا جان قايتۇرسۇن. [19] كىمكى بىرىنى زەخىملەندۈرسە، ئۇمۇ شۇنداق زەخىملەندۈرۈلسۇن. [20] يارىلاندۇرسا يارىلاندۇرۇلسۇن، كۆزگە كۆز، چىشقا چىش ئېلىنسۇن. قانداق زەخىملەندۈرگەن بولسا، شۇنداق زەخىملەندۈرۈلسۇن. [21] باشقىلارنىڭ ھايۋانلىرىنى ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلار ھايۋان تۆلەپ بەرسۇن، لېكىن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەر جانغا جان قايتۇرسۇن. [22] مەيلى يات خەلقلەر بولسۇن، ياكى ئىسرائىللار بولسۇن، بۇ قانۇن ھەممىسىگە ئوخشاشتۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.

[23] مۇسا بۇ ۋەھيىنى ئىسرائىللارغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغىنى بويىچە، پەرۋەردىگارنى ھاقارەتلىگۈچىنى قارارگاھ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشتى.

## ئېتىزنى دەم ئالدۇرۇش يىلى

25 [1] پەرۋەردىگار سىناي تېغىدا مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] — ئىسرائىللارغا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيتقىن: «سىلەر مەن سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىنغا بارغىنىڭلاردا، ئېتىزلارنى ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم ماڭا ئاتاپ دەم ئالدۇرۇڭلار. [3] ئالتە يىل يېرىڭلارنى تېرىڭلار، ئۈزۈمزارلىقىڭلارنى پۇتاپ تۇرۇڭلار، ھوسۇل ئېلىڭلار. [4] لېكىن يەتتىنچى يىلى يېرىڭلارنى ماڭا ئاتاپ تولۇق دەم ئالدۇرۇڭلار. بۇ يىلى يەر تېرىماڭلار، ئۈزۈمزارلىقىڭلارنى پۇتىماڭلار. [5] بۇ يىل يەر تولۇق دەم ئالدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئېتىزلاردا ئۆزى ئۆسۈپ قالغان زىرائەتلەرنى، پەرۋىش قىلىنمىغان تاللاردىكى ئۈزۈملەرنى ھوسۇل سۈپىتىدە يىغماڭلار. [6] لېكىن سىلەر بۇ زىرائەت، ئۈزۈملەرنى ئېتىزدا يېسەڭلار بولىدۇ، شۇنداقلا قۇلۇڭلار،

دېدەكلىرىڭلار، سىلەر بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقان مەدىكارلىرىڭلار ۋە يات خەلقلەر يېسىمۇ بولىدۇ. [7] ئېتىزىڭلاردا ئۆزى ئۆسۈپ قالغان بۇ زىرائەتلەرنى چارۋا مېلىڭلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارمۇ يېسە بولىدۇ.»

## قۇت يىلى

[8] «سىلەر يەتتە قېتىملىق دەم ئالدۇرۇش يىلىنى ھېسابلاڭلار، بۇ 49 يىل بولىدۇ. [9] 50-يىلىنىڭ 7-ئېيىنىڭ 10-كۈنى ①، يەنى گۇناھتىن ساقىت قىلىنىش كۈنىدە پۈتۈن زېمىندا بۇرغا چالدۇرۇڭلار. [10] سىلەر 50-يىلىنى مۇقەددەس يىل بىلىپ، بۇ يىلنى زېمىنىڭلاردىكى پۈتۈن خەلققە ھۆرلۈك يىلى دەپ جاكارلاڭلار. بۇ يىل سىلەرگە قۇت يىلى بولسۇن. سېتىلىپ كەتكەن پۈتۈن زېمىن ۋە ئۆيلەر بۇ يىلدا ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلسۇن. بۇرۇن قۇل قىلىپ سېتىلغانلار ھۆر قىلىنىپ، ئۆز ئائىلىسىگە قايتۇرۇلسۇن. [11] 50-يىلى سىلەرنىڭ قۇت يىلىڭلاردۇر. بۇ يىلى يەر تېرىماڭلار، ئېتىزلاردا ئۆزى ئۆسۈپ قالغان زىرائەتلەرنى، پەرۋىش قىلىنمىغان تاللاردىكى ئۈزۈملەرنى ھوسۇل سۈپىتىدە يىغماڭلار. [12] چۈنكى بۇ يىل قۇت يىلىدۇر، سىلەرنىڭ مۇقەددەس يىلىڭلاردۇر. لېكىن سىلەر يېرىڭلاردا ئۆسۈپ قالغان زىرائەتلەرنى يېسەڭلار بولىدۇ. [13] قۇت يىلىدا ھەركىم ئۆزىنىڭ يېرىگە قايتىپ، ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلسۇن. [14] سىلەر قېرىنداشلىرىڭلار بولغان ئىسرائىللار بىلەن يەر-زېمىن سودىسى قىلغان ۋاقتىڭلاردا، ئۆز مەنپەئەتىڭلارغا چوغ تارتماڭلار. [15] يەرنىڭ باھاسى سودا بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ قۇت يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىل سانى بويىچە بەلگىلەنسۇن. [16] قۇت يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىلنىڭ سانى كۆپ بولسا باھاسى يۇقىرى، ئاز بولسا، باھاسى تۆۋەن بولسۇن. چۈنكى باھالىنىدىغىنى ئېتىزدىن ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ قېتىم سانىدۇر. [17] مەن پەرۋەردىگارىڭلاردىن ئەيمىنىڭلار، ئۆز مەنپەئەتىڭلارغا چوغ تارتماڭلار. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن. [18] مېنىڭ

---

① 25: 9 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 14-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلىپ، ئەمر-پەرمانلىرىمنى ئىجرا قىلساڭلار، ئۇ زېمىندا خاتىرجەم ياشايسىلەر. [19] يېرىڭلار ھوسۇل بېرىدۇ، سىلەر قانائەتلەنگۈدەك يېمەكلىككە ئىگە بولىسىلەر ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشىسىلەر.

[20] بەلكىم سىلەر: ‹يەتتىنچى يىلى ھېچنېمە تېرىمىساق، ھوسۇل ئالمىساق، نېمە يەيمىز؟› دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. [21] مەن سىلەرنىڭ ئالتىنچى يىلى ئالغان ھوسۇلۇڭلارغا بەرىكەت بېرىمەن، ئۇ ئۈچ يىل يېيىشىڭلارغا يېتىدۇ. [22] سەككىزىنچى يىلى ئۇرۇق تېرىغان ۋاقتىڭلاردىمۇ يەنىلا ئاشۇ ئالتىنچى يىلىدىن ئېشىپ قالغان ئاشلىقىڭلارنى يەيسىلەر. توققۇزىنچى يىلى يەردىن ھوسۇل ئالغۇچە سىلەردە يەنىلا ئېشىنچا ئاشلىق بولىدۇ.»

## يەر ۋە مال-مۈلۈكلەرنىڭ قايتۇرۇلۇشى

[23] «يەر-زېمىنىڭلارنى مەڭگۈلۈككە ساتماڭلار، چۈنكى يەر مېنىڭدۇر. سىلەر پەقەت بىر يولۇچى، مېھمانلىرىمدۇرسىلەر. [24] ئۆزىنىڭ يەرلىرىنى ساتقان ئادەمگە يەرلىرىنى قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىڭلار.

[25] ئەگەر قېرىنداشلىرىڭلار بولغان ئىسرائىللاردىن بىرەرسى نامراتلىشىپ، يېرىنىڭ بىر قىسمىنى باشقا بىرىگە ساتقان بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئۇ سېتىۋەتكەن يەرنى سېتىۋالسۇن. [26] ئەگەر يەرنى سېتىۋالغۇدەك يېقىن تۇغقىنى بولمىسا، ئۆزى پۇل تېپىپ، سېتىۋالغۇدەك ھالغا كەلگەندە، ئۆزى سېتىۋالسۇن. [27] يەرنىڭ باھاسى سېتىلغان يىل سانى بويىچە ھېسابلىنىپ، ھەق تۆلىسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېرى ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ. [28] ئەگەر ئۇنىڭ سېتىۋېلىشقا ئىقتىسادى يەتمىسە، سېتىۋېتىلگەن يەر تاكى قۇت يىلى كەلگۈچە يەنىلا ئالغۇچىنىڭ قولىدا قالىدۇ. قۇت يىلى كەلگەندە، يەر ئىگىسىگە قايتىدۇ، يەر ئىگىسىمۇ ئۆزىنىڭ يېرىگە قايتىسا بولىدۇ.

[29] ئەگەر بىرسى سېپىللىق شەھەردىكى ئۆيىنى ساتقان بولسا، بىر يىلىنىڭ ئىچىدە ئۆيىنى قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. بىر يىل قايتا سېتىۋېلىش ۋاقىت چېكىدۇر. [30] ئەگەر ئۇ

بىر يىل ئىچىدە ئۆيىنى قايتۇرۇپ سېتىۋالالمىسا، بۇ ئۆي ئالغۇچىغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەڭگۈلۈك تەۋە بولىدۇ، قۇت يىلىدىمۇ قايتۇرۇلمايدۇ. [31] لېكىن ئەتراپى سېپىلسىز بولغان يېزىدىكى ئۆي بولسا، يېزا يېرى ھېسابلىنىپ، قايتۇرۇپ سېتىۋالغىلى بولىدۇ ھەم قۇت يىلىدا ئىگىسىگە قايتىدۇ.

[32] لاۋىيلار ياشايدىغان شەھەرلەردە لاۋىيلار ئۆزلىرى سېتىۋەتكەن ئۆيلىرىنى خالىغان ۋاقىتتا قايتۇرۇپ سېتىۋالالايدۇ. [33] لاۋىيلار ياشايدىغان شەھەرلەردە ئەگەر ئۇلار ئۆيلىرىنى ساتقاندىن كېيىن قايتۇرۇپ سېتىۋالمىسا، ئۆيىنى ئالغۇچى قۇت يىلىدا قايتۇرۇپ بەرسۇن. چۈنكى لاۋىيلارنىڭ بۇ شەھەرلەردىكى ئۆيلىرى ئۇلارنىڭ ئىسرائىللار زېمىنىدىكى مۈلكىدۇر. [34] لېكىن لاۋىيلار ياشايدىغان شەھەرلەرنىڭ سىرتىدىكى ئوتلاقلارنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ سېتىشىغا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ئوتلاقلار لاۋىيلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئورتاق مۈلكىدۇر.»

## ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش

[35] «ئىسرائىللاردىن بولغان قېرىنداشلار نامراتلىشىپ، قولى قىسقا بولۇپ قالسا، ئاراڭلاردىكى يات خەلقتىن بولغان مۇساپىرلارغا ياردەم بەرگەندەك، ئۇلارغىمۇ ياردەم بېرىڭلار، ئۇلارمۇ ئاراڭلاردا ياشاپ قالسۇن. [36] ئۇلاردىن جازانە ئالماڭلار. مەن خۇدايىڭلاردىن ئەيمىنىڭلار، ئىسرائىل قېرىنداشلار ئاراڭلاردا ياشاپ قالسۇن. [37] ئۆسۈمنى ئويلاپ، پۇل ياكى ئاشلىق قەرز بەرمەڭلار. [38] مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن. سىلەرگە كەنئان زېمىنىنى ئاتا قىلىش ۋە سىلەرنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتىم.»

## قۇللارنى ھۆرلۈككە چىقىرىش

[39] «ئەگەر ئىسرائىللاردىن بولغان قېرىنداشلار نامراتلىشىپ، ئۆزلىرىنى سىلەرگە ساتقان بولسا، ئۇلارنى قۇل ئورنىدا ئىشلەتمەڭلار. [40] ئۇلار قۇت يىلى كەلگۈچە يىللىقچى بولۇپ ياكى مۇساپىر ئىشلەمچىلەردەك ئىشلەپ تۇرسۇن. [41] قۇت يىلى كەلگەندە، ئۇلار

بالىچاقىلىرى بىلەن بىرلىكتە سىلەردىن ئايرىلىپ، ئۆز جەمەتىگە ۋە ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان يېرىگە قايتىسا بولىدۇ. [42] چۈنكى ئىسرائىللار مېنىڭ خىزمەتكارلىرىمدۇر، مەن ئۇلارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتىم. ئۇلار قۇل ئورنىدا سېتىلمىسۇن. [43] ئۇلارغا زۇلۇم قىلماڭلار، مەن خۇدايىڭلاردىن ئەيمىنىڭلار.

[44] سىلەرگە قۇل ۋە دېدەكلەر كېرەك بولسا، ئەتراپىڭىزدىكى ئەللەردىن سېتىۋېلىڭلار. [45] سىلەر بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان يات خەلقلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنىڭلاردا تۇغۇلغانلىرىدىن سېتىۋېلىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ مۈلكى قىلساڭلار بولىدۇ. [46] ئۇلارنى ئەۋلادلىرىڭلارغا مىراس قالدۇرىدىغان مۈلكۈڭلار سۈپىتىدە مەڭگۈلۈك قۇل قىلساڭلارمۇ بولىدۇ. لېكىن قېرىنداشلار بولغان ئىسرائىللارغا رەھىمسىزلىك قىلماڭلار.

[47] سىلەر بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان يات خەلقتىن بولغان قوشناڭلارنىڭ قول ئىلكىدە بولۇپ، ئىسرائىللاردىن بولغان قېرىنداشلار نامراتلىقتىن ئۆزلىرىنى ئۇلارغا ياكى ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكىلەردىن بىرەرسىگە ساتقان بولسا، [48] ئۇلارنىڭ كېيىن ھۆر بولۇش ھوقۇقى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭمۇ ئۇلارنى سېتىۋېلىپ، ھۆرلۈككە چىقىرىش ھوقۇقى بولىدۇ. [49] ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ ئاكا-ئىنىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنىڭمۇ ئۇلارنى سېتىۋېلىپ، ھۆرلۈككە چىقىرىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكى باشقا قانداشلىرىنىڭمۇ ئۇلارنى سېتىۋېلىپ، ھۆرلۈككە چىقىرىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئۇلار پۇل تاپقاندا، ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلۈكىنى سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ. [50] ئۇلار خوجايىنى بىلەن ھېسابلاشقاندا، ئۆزلىرى سېتىلغان يىلدىن تاكى قۇت يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىللارنى ھېسابلىسۇن، باھا شۇ يىللاردىكى مەدىكارلارنىڭ ئىش ھەققى بويىچە بېكىتىلسۇن. [51] ئەگەر قۇت يىلىغا قالغان يىللار كۆپ بولسا، ھۆرلۈككە ئېرىشىش باھاسى يۇقىرىراق بولىدۇ. [52] ئەگەر قۇت يىلىغا قالغان يىللار ئاز بولسا، ھۆرلۈككە ئېرىشىش باھاسى قالغان يىللارنىڭ سانى بويىچە ھېسابلىنىپ تۆۋەنرەك بولىدۇ. [53] سېتىۋالغۇچىلار ئۇلارغا يىللىقچى ھېسابىدا مۇئامىلە قىلسۇن. سىلەر سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشىغا يول قويماڭلار.

[54] قۇت يىلى كەلگۈچە، ئەگەر ئۇلار يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن
ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلۈكىنى سېتىۋالالمىسا، قۇت يىلى كەلگەندە، ئۇلار
بالىچاقىلىرى بىلەن بىرلىكتە ھۆرلۈككە ئېرىشىشى. [55] چۈنكى
ئىسرائىللار مېنىڭ خىزمەتكارلىرىمدۇر، مېنىڭ مىسىردىن ئېلىپ
چىققان خىزمەتكارلىرىمدۇر. مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.»

## ئىتائەتمەنلەر ئېرىشىدىغان بەخت

26 [1] «ئۆزۈڭلارغا مەبۇد، بۇت ياكى بۇتسىمان تاش تۈۋرۈك
تىكلىمەڭلار. زېمىنىڭلاردا تاشقا شەكىل ئويۇپ، ئۇنىڭغا
چوقۇنماڭلار. چۈنكى مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.
[2] مەن بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلىڭلار ۋە ئىبادەت
جايىمغا ھۆرمەت قىلىڭلار، مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
[3] ئەگەر مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلىپ، ئەمرلىرىمگە
رىئايە قىلساڭلار، [4] سىلەرگە ئۆز ۋاقتىدا يامغۇر ياغدۇرىمەن. يېرىڭلار
ھوسۇل، مېۋىلىك دەرەخلىرىڭلار مېۋە بېرىدۇ. [5] خامان تېپىش
مەزگىلى ئۈزۈم يىغىش مەزگىلىگىچە، ئۈزۈم يىغىش مەزگىلى
ئۇرۇق چېچىش مەزگىلىگىچە داۋاملىشىدۇ. يېمەك-ئىچمىكىڭلار
مول بولىدۇ، زېمىنىڭلاردا خاتىرجەم ياشايسىلەر. [6] مەن زېمىنىڭلاردا
تىنچلىق بەرپا قىلىمەن، خاتىرجەم ئۇخلايسىلەر، ھېچكىم سىلەرنى
قورقۇتمايدۇ. مەن زېمىنىڭلاردىكى رەزىل ھايۋانلارنى يوق قىلىمەن.
زېمىنىڭلاردا ئۇرۇش بولمايدۇ. [7] سىلەر دۈشمىنىڭلارنى قوغلاپ
يېتىشەلەيسىلەر، ئۇلار قىلىچىڭلاردا ھالاك بولىدۇ. [8] بەشىڭلار
يۈز ئادەمنى، يۈزۈڭلار تۈمەن ئادەمنى قوغلايسىلەر، دۈشمىنىڭلار
قىلىچىڭلاردا ھالاك بولىدۇ. [9] مەن سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن خەۋەر
ئالىمەن، نەسلىڭلارنى بەرىكەتلىك قىلىپ، ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىڭلارنى
ئاۋۇتىمەن ھەم سىلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدەمدە چىڭ تۇرىمەن.
[10] سىلەر ساقلىغان كونا ئاشلىقىڭلارنى يەپ بولالماي تۇرۇپ،
ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى ئاشلىق بىلەن تولدۇرىسىلەر. [11] ئاراڭلاردا
ياشايمەن. [12] مەن سىلەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن. مەن ئاراڭلاردا
بولۇپ، سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن، سىلەر مېنىڭ خەلقىم
بولىسىلەر. [13] مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن. مەن

سىلەرنى داۋامىلىق مىسىرلىقلارنىڭ قۇلى بولمىسۇن دەپ، ئۇ يەردىن ئېلىپ چىقتىم. بويۇنتۇرۇقلىرىڭلارنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بويۇنتۇرۇقنى پاچاقلاپ تاشلىدىم، سىلەر ئەمدى قەددىڭلارنى رۇسلايسىلەر.»

## ئىتائەتسىزلەرگە بېرىلىدىغان جازا

[14] «ئەگەر سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىساڭلار، ئەمرلىرىمگە، [15] بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، قائىدە-تۈزۈملىرىمدىن نەپرەتلەنسەڭلار، پەرمانلىرىمغا پەرۋا قىلماي، مېنىڭ سىلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى بۇزساڭلار، [16] مەن سىلەرنى شۇنداق جازالايمەنكى، سىلەرنى ۋەھىمىگە سېلىپ، ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ، قىزىتماڭلارنى ئۆرلىتىمەن. كۆزلىرىڭلارنى تورلاشتۇرۇپ، تېنىڭلارنى زەئىپلەشتۈرىمەن. چاچقان ئۇرۇقۇڭلار بىكارغا كېتىدۇ، ھوسۇلۇڭلارنى دۈشمىنىڭلار يەيدۇ. [17] مەن سىلەرگە قارشى تۇرىمەن. سىلەر دۈشمىنىڭلارنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولىسىلەر. سىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلار سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ھېچكىم سىلەرنى قوغلىمىسىمۇ، قورقۇپ جېنىڭلارنى ئېلىپ قاچىسىلەر.

[18] ئەگەر سىلەر مۇشۇنداق جازالارغا ئۇچراپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا سۆزۈمگە قۇلاق سالمىساڭلار، سىلەرنى ھەسسىلەپ قاتتىق جازالايمەن. [19] ھەيۋەڭلار بىلەن تەكەببۇرلۇقۇڭلارنى سۇندۇرىمەن، ئاسماننى تۆمۈر، يەرنى تۇچتەك قاتتىق قىلىمەن. [20] مېھنىتىڭلار ئۈنۈمسىز بولىدۇ، چۈنكى يېرىڭلاردىن ھېچنېمە ئۆسمەيدۇ، مېۋىلىك دەرەخلەر مېۋە بەرمەيدۇ.

[21] سىلەر يەنىلا مەن بىلەن قارشىلىشىپ، سۆزۈمگە قۇلاق سالمىساڭلار، گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەرگە ھەسسىلەپ قاتتىق زەربە بېرىمەن. [22] ئاراڭلارغا يىرتقۇچ ھايۋانلارنى قويۇۋېتىمەن. ئۇلار پەرزەنتلىرىڭلارنى ھالاك قىلىدۇ، چارۋا مېلىڭلارنى قىرغىن قىلىدۇ. سانىڭلار ئازلاپ، كوچىلار چۆلدەرەپ قالىدۇ.

[23] ئەگەر سىلەر يەنىلا ئىبرەت ئالماي، ماڭا قارشى تۇرساڭلار، [24] مەنمۇ سىلەرگە قارشى تۇرىمەن، گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ھەسسىلەپ قاتتىق زەربە بېرىمەن. [25] سىلەر ئەھدىنى بۇزغىنىڭلار ئۈچۈن،

سىلەردىن ئۈرۈش بىلەن قىساس ئالىمەن. شەھەرلىرىڭلارغا قېچىپ كىرىپ پاناھلانساڭلارمۇ، ئاراڭلارغا ۋابا ئەۋەتىمەن. سىلەر دۈشمەن قولىغا چۈشىسىلەر. [26] سىلەرنى ئاش-نانىغا زار قىلىمەن، ئۇ چاغدا ئون ئايالنىڭ يۇغۇرغان خېمىرى پەقەت بىر تونۇر نان بولىدۇ. ئاياللار نانىنى ئۆلچەپ بېرىشىدۇ، يەيسىلەر، لېكىن تويمايسىلەر.

[27] ئەگەر سىلەر يەنىلا مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالماي، ماڭا قارشى تۇرساڭلار، [28] مەنمۇ سىلەرگە قارشى تۇرۇپ، غەزىپىمنى ياغدۇرىمەن. سىلەرنى گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ھەسسىلەپ جازالايمەن. [29] سىلەر ئوغۇل-قىزلىرىڭلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر. [30] مەن سىلەرنىڭ غەيرىي سەجدىگاھلىرىڭلارنى، ئىسرىقدانلىرىڭلارنى ۋەيران قىلىپ، جەسەتلىرىڭلارنى جانسىز بۇتلارنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويىمەن. مەن سىلەردىن سەسكىنىمەن. [31] شەھەرلىرىڭلارنى خارابىلىككە، ئىبادەتگاھىڭلارنى چۆللۈككە ئايلاندۇرىمەن. سىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىق ھەدىيەڭلارنى قوبۇل قىلمايمەن. [32] مەن سىلەرنىڭ زېمىنىڭلارنى شۇنداق قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەنكى، ئۇنى ئىگىلىگەن دۈشمەنلىرىڭلارمۇ چۆچۈپ كېتىدۇ. [33] مەن قىلىچىمنى يالىڭاچلاپ، ئارقاڭلاردىن قوغلايمەن، سىلەرنى باشقا ئەللەرگە چېچىۋېتىمەن. زېمىنىڭلار چۆللۈككە، شەھەرلىرىڭلار خارابىلىككە ئايلىنىدۇ. [34] سىلەر ئەسىر ئېلىنىپ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئەللىرىگە ئەكېتىلگەن ۋاقىتىڭلاردا، يېرىڭلار دەم ئالىدۇ ۋە ئاخىرى چۆللىشىپ، دەم ئېلىشقا ئېرىشىدۇ. [35] يېرىڭلار قانچە ئۇزۇن چۆللۈكتە تۇرسا، شۇنچە ئۇزۇن دەم ئالىدۇ، چۈنكى سىلەر يۇرتۇڭلاردا ياشىغان ۋاقىتلاردا، يېرىڭلارنى دەم ئېلىش يىللىرى دەم ئالدۇرمىغانىدىڭلار.

[36] ئاراڭلاردىن ھايات قالغىنىڭلارنى دۈشمەن ئەللەردە ۋەھىمىگە سالىمەن، سىلەر غازاڭلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىدىنمۇ دەھشەتكە چۈشىسىلەر. خۇددى قىلىچلىق ئادەمدىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغاندەك قاچىسىلەر. ھېچكىم قوغلىمىسىمۇ، يىقىلىپ چۈشىسىلەر. [37] گەرچە سىلەرنى ھېچكىم قوغلىمىسىمۇ، خۇددى قىلىچلىق ئادەمدىن قاچقاندەك قېچىشىپ، بىر-بىرىڭلارغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشىسىلەر. دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايسىلەر. [38] سىلەر يات ئەللەردە ئۆلىسىلەر، ئۆلۈكۈڭلار

دۈشمىنىڭلارنىڭ زېمىنىدا قالىدۇ. [39] ھايات قالغىنىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ
ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ
زېمىنىدا ئازاب چېكىسلەر.
[40] لېكىن سىلەر ئاخىرى ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ
گۇناھلىرىنى، يەنى ماڭا قىلغان ئاسىيلىقىڭلار ۋە قارشىلىقلىرىڭلارنى
ئېتىراپ قىلىسىلەر. [41] ئەۋلادلىرىڭلار مېنىڭمۇ سىلەر بىلەن
قارشىلىشىپ، سىلەرنى دۈشمىنىڭلارنىڭ يېرىگە پالىغانلىقىمنى
توغرا چۈشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى تاشلاپ، گۇناھلىرىنىڭ
جازاسىنى تارتقاندىن كېيىن، [42] مەن ياقۇپ بىلەن، شۇنداقلا بۇرۇن
ئىبراھىم ۋە ئىسھاق بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى ھەم بۇ زېمىننى
ئەسكە ئالىمەن. [43] لېكىن بۇنىڭدىن ئاۋۋال خەلقىم زېمىنىدىن
ھەيدەپ چىقىرىلىپ، زېمىنى بوش قالىدۇ ۋە دەم ئېلىشقا ئېرىشىدۇ.
خەلقىم گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ
ئەمرلىرىمنى تەرك ئېتىپ، بەلگىلىمىلىرىمنى ئۆچ كۆردى. [44] ئەمما
ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ زېمىنىدىكى ۋاقتىدا، مەن ئۇلارنى تەرك
ئەتمەيمەن ۋە ئۆچ كۆرمەيمەن ھەمدە ئۇلارنى پۈتۈنلەي ۋەيران
قىلغۇدەك ۋە ئۇلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى بۇزغۇدەك دەرىجىدە
نەپرەتلەنمەيمەن. چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى خۇدادۇرمەن.
[45] مەن ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن
تۈزگەن ئەھدەمنى ئەسلەيمەن. ئۇلارنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشى
ئۈچۈن مەن ئۇلارنى باشقا ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا مىسىردىن ئېلىپ
چىقتىم. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.»
[46] يۇقىرىدىكى قانۇن، ئەمر ۋە بەلگىلىمىلەرنى پەرۋەردىگار سىناي
تېغىدا مۇسا ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقىگە يەتكۈزدى.

## قوشۇمچە بەلگىلىمىلەر

27 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2-3] — ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، ئەگەر بىرسى مەن
پەرۋەردىگارغا مەلۇم بىر ئادەمنى ئاتاشقا ئالاھىدە قەسەم قىلغان
بولسا، ئاتالغان ئادەمنىڭ ئىش قىممىتى بويىچە مۇقەددەس جاينىڭ
كۈمۈش ئۆلچىمىدە پۇل ھەدىيە قىلىسۇن:

20 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئەرلەر ئۈچۈن 600 گىرام كۈمۈش،
[4] ئاياللار ئۈچۈن 360 گىرام كۈمۈش.
[5] بەش ياشتىن يىگىرمە ياشقىچە بولغان ئوغۇللار ئۈچۈن 240 گىرام كۈمۈش،
قىزلار ئۈچۈن 120 گىرام كۈمۈش.
[6] بىر ئايلىقتىن بەش ياشقىچە بولغان ئوغۇل بالىلار ئۈچۈن 60 گىرام كۈمۈش،
قىز بالىلار ئۈچۈن 36 گىرام كۈمۈش.
[7] ئاتمىش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئەرلەر ئۈچۈن 180 گىرام كۈمۈش،
ئاياللار ئۈچۈن 120 گىرام كۈمۈش.

[8] ئەگەر قەسەم قىلغۇچى نامراتلىقىدىن قەسىمنى ئورۇنداشقا كۈچى يەتمىسە، بەلگىلەنگەن ئادەمنى روھانىينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلسۇن. روھانىي قەسەم قىلغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن باشقا باھا بېكىتسۇن.
[9] ئەگەر بىرسى قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ھايۋاندىن بىرەرسىنى مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاشقا قەسەم قىلغان بولسا، ئاتالماقچى بولغان ھايۋان مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ. [10] بۇنداق ھايۋاننى باشقا ھايۋانغا ئالماشتۇرۇشقا ۋە بېجىرىمنى بېجىرىم بولمىغىنىغا، بېجىرىم بولمىغىنىنى بېجىرىمىغا ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا، ھەر ئىككىلىسى مۇقەددەس ھېسابلىنىپ، ماڭا تەۋە بولىدۇ. [11] ئەگەر ئاتىماقچى بولغان ھايۋان ھارام ھايۋان بولسا، ئۇنى ماڭا قۇربانلىق سۈپىتىدە ئاتاشقا بولمايدۇ. ئۇنى روھانىينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلسۇن. [12] روھانىي ئۇنىڭ بېجىرىم ياكى بېجىرىم ئەمەسلىكىگە قاراپ، باھاسىنى بېكىتسۇن. روھانىي قانداق بېكىتسە، شۇنداق بولسۇن. [13] ناۋادا ئۇ ئادەم ھايۋاننى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتىدە بولسا، روھانىي باھالىغان باھاغا يەنە ئۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى قوشۇپ تۆلىسۇن.

[14] ئەگەر بىرسى ئۆيىنى ماگا ئاتىغان بولسا، روھانىي ئۆيىنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا ئاساسەن باھاسىنى بېكىتسۇن، روھانىي قانداق بېكىتسە، شۇنداق بولسۇن. [15] ئەگەر ئۇ ئۆيىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، روھانىي باھالىغان باھاغا يەنە ئۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى قوشۇپ تۆلىسۇن، شۇندىلا ئۆي ئۇنىڭ بولىدۇ.

[16] ئەگەر بىرسى مىراس قالغان زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى ماگا ئاتىسا، روھانىي يەرنىڭ باھاسىنى يەرگە تېرىلىدىغان ئارپا ئۇرۇقىنىڭ مىقدارىغا ئاساسەن بېكىتسۇن. 60 كىلو ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەرنىڭ باھاسى 600 گىرام كۈمۈشتۇر. [17] ئەگەر ئۇ قۇت يىلىدىن باشلاپ يېرىنى ئاتىغان بولسا، يەرنىڭ باھاسى تولۇق ھېسابلانسۇن. [18] ئەگەر ئۇ يېرىنى قۇت يىلىدىن كېيىن ئاتىغان بولسا، روھانىي قۇت يىلىدىن تاكى ئاتىغان يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىللارنى ھېسابلاپ، يەرنىڭ باھاسىدىن ئېلىۋەتسۇن. [19] ناۋادا يېرىنى ئاتىغۇچى كېيىن يېرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا، باھالانغان باھاغا يەنە ئۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى قوشۇپ تۆلىسۇن، شۇندىلا يەر ئۇنىڭ بولىدۇ. [20] ئەگەر ئۇ يېرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلىماي، باشقىلارغا ساتسا، ئۇ يەرنى ھەرگىز قايتۇرۇۋالالمايدۇ. [21] قايتۇرۇۋېلىنمىغان يەر قۇت يىلى كەلگەندە، پەرۋەردىگارنىڭ مەڭگۈلۈك مۈلكى سۈپىتىدە روھانىيلارغا تەۋە بولىدۇ.

[22] ئەگەر ماگا ئاتالغان يەر مىراس يەر بولماي، سېتىۋېلىنغان يەر بولسا، [23] روھانىي يەر سېتىۋېلىنغان ۋاقتىتىن باشلاپ قۇت يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىل سانىغا قاراپ، يەرنىڭ باھاسىنى بېكىتسۇن. يەر ئىگىسى بېكىتىلگەن باھا بويىچە شۇ كۈنى ھەق تۆلىسۇن. پۇل ماگا ئاتالسۇن. [24] قۇت يىلى كەلگەندە يەر ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، يەنى مىراس ئىگىسىگە قايتىدۇ. [25] ھەرقانداق نەرسىنىڭ باھاسىنى باھالىغاندا، مۇقەددەس جاينىڭ كۈمۈش ئۆلچەم بىرلىكى ئاساس قىلىنسۇن.

[26] - ھايۋانلارنىڭ تۇنجى تۇغۇلغىنى مەن پەرۋەردىگارغا مەنسۇپتۇر. بۇلار ھەدىيە سۈپىتىدە سۇنۇلمىسۇن، چۈنكى مەيلى كالا، قوي ياكى ئۆچكىنىڭ بالىسى بولسۇن، بەربىر مېنىڭدۇر. [27] ھارام ھايۋانلارنىڭ تۇنجى تۇغۇلغىنىنى ئەسلىدىكى باھالىغان باھاغا،

يەنە بەشتىن بىر قىسمىنى قوشۇپ، قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ. ئەگەر قايتۇرۇپ ئالمىسا، روھانىي بەلگىلىگەن باھا بويىچە سېتىلسۇن.

[28] مەن پەرۋەردىگارغا مەڭگۈلۈك ئاتالغان ھەرقانداق نەرسىنى، يەنى ئادەملەرنىڭ ماڭا ئاتىغان ئادەم، ھايۋان، مىراس يەر قاتارلىق ھەرقانداق نەرسىسىنى ئىگىلىرىنىڭ سېتىشىغا ۋە قايتۇرۇپ سېتىۋېلىشىغا بولمايدۇ. ماڭا مەڭگۈلۈك ئاتالغان ھەرقانداق نەرسە ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ.

[29] ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان گۇناھكارلارنى ھەق تۆلەپ ئۆلۈمدىن خالاس قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلار چوقۇم ئۆلتۈرۈلسۇن.

[30] زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر، مەيلى يەردىن ئېلىنغان ھوسۇل بولسۇن، مەيلى دەرەخلەردىكى مېۋىلەر بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشى ماڭا تەۋەدۇر. بۇلار ماڭا مۇقەددەستۇر. [31] ناۋادا ماڭا تەۋە ئوندىن بىر ئۈلۈشنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ سېتىۋالماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى باھاسىغا يەنە بەشتىن بىر قىسمىنى قوشۇپ تۆلىسۇن. [32] كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ يېڭى تۇغۇلغانلىرىنىڭ ئوندىن بىرى، يەنى پادىچىنىڭ سانىقىدىن ئۆتكەنلىرىنىڭ ھەربىر ئونىنچىسى ماڭا تەۋە بولۇپ، مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ. [33] ياخشى-يامىنى سۈرۈشتۈرۈلمىسۇن، ئورنىغا ئالماشتۇرۇلمىسۇن. ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا، ئەسلىدىكىسىمۇ، ئالماشتۇرۇلغىنىمۇ مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ، قايتۇرۇپ سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

[34] مانا بۇلار پەرۋەردىگارنىڭ سىناي تېغىدا مۇسا ئارقىلىق ئىسرائىللارغا يەتكۈزگەن ئەمر-پەرمانلىرىدۇر.

# چۆلدە


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | 32 |
| 33 | 34 | 35 | 36 |

# چۆلدە

## ئىسرائىللارنىڭ رويخەتكە ئېلىنىشى

1 [1] ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىنكى 2-يىلى 2-ئاينىڭ
1-كۈنى ① پەرۋەردىگار سىناي چۆلىدىكى ئۇچرىشىش چېدىرىدا
مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2-3] — ھارۇن ئىككىڭلار پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىنىڭ سانىنى ئېلىپ،
يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان
ئەرلەرنى ئۇرۇق-جەمەتى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىمغا ئېلىڭلار ۋە
ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزلىرى تەۋە بولغان قوشۇنلىرى بويىچە
رويخەتكە پۈتۈڭلار. [4] ھەر قەبىلىدىن بىر جەمەت باشلىقى سىلەرگە
ياردەمدە بولسۇن. [5] تۆۋەندىكىلەر سىلەرگە ياردەم بېرىدىغانلارنىڭ
ئىسىملىرىدۇر:

رۇبېن قەبىلىسىدىن شىدېئۇرنىڭ ئوغلى ئەلىزۇر،
[6] شىمون قەبىلىسىدىن زۇرىشادداينىڭ ئوغلى شىلۇمىئېل،
[7] يەھۇدا قەبىلىسىدىن ئامىنادابنىڭ ئوغلى ناخشون،
[8] ئىسساكار قەبىلىسىدىن زۇئارنىڭ ئوغلى نىتانئېل،
[9] زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن خېلوننىڭ ئوغلى ئەلىئاب،
[10] يۈسۈپنىڭ ئوغلى ئەفرايىم قەبىلىسىدىن ئاممىھۇدنىڭ
ئوغلى ئەلىشاما،

① 1:1 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 4-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ
11-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

يۈسۈپنىڭ ئوغلى ماناسسە قەبىلىسىدىن پىدازۇرنىڭ ئوغلى گاملىئېل،
11 بىنيامىن قەبىلىسىدىن گىدئونىنىڭ ئوغلى ئابىدان،
12 دان قەبىلىسىدىن ئاممىشادداينىڭ ئوغلى ئاخىئەزەر،
13 ئاشىر قەبىلىسىدىن ئوكرانىڭ ئوغلى پاگىئېل،
14 گاد قەبىلىسىدىن دېئۇئېلنىڭ ئوغلى ئەلياساف،
15 نافتالى قەبىلىسىدىن ئېناننىڭ ئوغلى ئاخىرا.

16 بۇلار قەبىلە باشلىقلىرى ھەم ئىسرائىل قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىلىرى بولۇپ، جامائەت ئارىسىدىن تاللانغان ئىدى.
17 مۇسا بىلەن ھارۇن تاللانغان بۇ ئەرلەرگە چاقىرتىپ ئەكەلدى.
18 ئۇلار شۇ كۈنى پۈتۈن خەلقنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارنى ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە رويخەتكە ئالدى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئەرلەرنى بىر-بىرلەپ تىزىمغا ئالدى.
19 شۇنداق قىلىپ، مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە سىناي چۆلىدە خەلقنى رويخەتكە ئالدى.
21-20 ئىسرائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبېننىڭ قەبىلىسىدىن 46,500 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.
23-22 شىمون قەبىلىسىدىن 59,300 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.
25-24 گاد قەبىلىسىدىن 45,650 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.
27-26 يەھۇدا قەبىلىسىدىن 74,600 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان

ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.

28-29 ئىسساكار قەبىلىسىدىن 54,400 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.

30-31 زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن 57,400 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.

32-33 يۈسۈپنىڭ ئوغلى ئەفرايىم قەبىلىسىدىن 40,500 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.

34-35 يۈسۈپنىڭ ئوغلى ماناسسە قەبىلىسىدىن 32,200 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.

36-37 بىنيامىن قەبىلىسىدىن 35,400 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.

38-39 دان قەبىلىسىدىن 62,700 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.

40-41 ئاشىر قەبىلىسىدىن 41,500 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.

[43-42] نافتالى قەبىلىسىدىن 53,400 ئەر تىزىمغا ئېلىندى. ئۇلار يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئۇرۇق-جەمەتى ۋە ئىسىملىرى بويىچە بىر-بىرلەپ تىزىملاندى.

[44] يۇقىرىقىلار مۇسا، ھارۇن ۋە ئىسرائىللارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىگە ۋەكىللىك قىلغان جەمەت باشلىقلىرىنىڭ رويخەتكە ئالغان ئادەملىرىنىڭ سانىدۇر. [45] يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلىرىنىڭ ھەممىسى جەمەتلەر بويىچە رويخەتكە ئېلىنغان بولۇپ، [46] جەمئىي 603,550 ئادەم ئىدى.

## لاۋىي قەبىلىسىنىڭ ئالاھىدە مەرتىۋىسى

[47] لاۋىي قەبىلىسىدىكىلەر باشقا ئىسرائىللار بىلەن بىرگە رويخەتكە ئېلىنمىدى. [48] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېگەنىدى: [49] «لاۋىي قەبىلىسىنى باشقا ئىسرائىللار بىلەن بىرگە رويخەتكە ئالمىغىن. [50] ئۇلارنى ئەھدەساندۇقى قويۇلغان ئىبادەت چېدىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى باشقۇرۇشقا قويغىن. ئۇلار ئىبادەت چېدىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى توشۇش ھەم قوغداش خىزمىتىنى قىلسۇن. ئۇلار ئۆز چېدىرلىرىنى ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا تىكسۇن. [51] ھەر قېتىم ئىبادەت چېدىرىنى يۆتكەشكە توغرا كەلگەندە، لاۋىيلار ئۇنى چۇۋۇپ، بارماقچى بولغان يەرگە ئاپىرىپ تىكسۇن. ئەگەر لاۋىيلاردىن باشقا بىرەرى ئىبادەت چېدىرىغا يېقىنلاشسا، ئۆلتۈرۈلسۇن. [52] ئىسرائىللار ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ تۇغى ئاستىدا ئۆزلىرى تەۋە بولغان توپلىرى بىلەن چېدىرلىرىنى تىكسۇن. [53] لاۋىيلار چېدىرلىرىنى ئەھدە چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا تىكسۇن. شۇنداق قىلغاندا، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئەھدە چېدىرىغا يېقىن بېرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارنى خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن ساقلاپ قالالايدۇ.»

[54] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ مۇسا ئارقىلىق قىلغان بارلىق ئەمرلىرى بويىچە ئىش كۆردى.

## قەبىلىلەرنىڭ قارارگاھتىكى ئورنى

2 [1] پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا مۇنداق دېدى:
[2] ــ ئىسرائىللار چېدىرلىرىنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ
ئەتراپىغا مەلۇم ئارىلىق تاشلاپ، ئۆز قەبىلىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى
يېتەكلەيدىغان قەبىلىنىڭ تۇغى ۋە جەمەت بەلگىسىنىڭ ئاستىغا
تىكسۇن.
[3] يەھۇدا قوشۇنلىرى تۇغىنى كۈنچىقىش تەرەپكە قادىسۇن ۋە
چېدىرلىرىنى قوشۇنلىرىنىڭ تەرتىپى بويىچە شۇ يەرگە تىكسۇن.
يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاممىنادابنىڭ ئوغلى ناخشوندۇر.
[4] ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ سانى 74,600دۇر. [5] يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ بىر
تەرىپىدە ئىسساكار قەبىلىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ باشلىقى زۇئارنىڭ
ئوغلى نىتانئېلدۇر. [6] ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ سانى 54,400دۇر. [7] يەھۇدا
قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە زەبۇلۇن قەبىلىسى بولسۇن،
ئۇلارنىڭ باشلىقى خېلوننىڭ ئوغلى ئەلىئابدۇر. [8] ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ
سانى 57,400دۇر. [9] يەھۇدا قەبىلىسى يېتەكلەيدىغان قوشۇنلارنىڭ
ئومۇمىي سانى 186,400 بولۇپ، ئۇلار ئالدىنقى سەپتە ماڭسۇن.
[10] رۇبېن قوشۇنلىرى تۇغىنى جەنۇب تەرەپكە قادىسۇن ۋە
چېدىرلىرىنى قوشۇنلىرىنىڭ تەرتىپى بويىچە شۇ يەرگە تىكسۇن.
رۇبېن قەبىلىسىنىڭ باشلىقى شىدېئۇرنىڭ ئوغلى ئەلىزۇردۇر.
[11] ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ سانى 46,500دۇر. [12] رۇبېن قەبىلىسىنىڭ
بىر تەرىپىدە شىمون قەبىلىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ باشلىقى
زۇرىشادداينىڭ ئوغلى شېلۇمىئېلدۇر. [13] ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ سانى
59,300دۇر. [14] رۇبېن قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە گاد قەبىلىسى
بولسۇن، ئۇلارنىڭ باشلىقى دېئۇئېلنىڭ ئوغلى ئەلىياسافتۇر، [15] ئۇنىڭ
ئادىمىنىڭ سانى 45,650دۇر. [16] رۇبېن قەبىلىسى يېتەكلەيدىغان
قوشۇنلارنىڭ ئومۇمىي سانى 151,450 بولۇپ، ئۇلار ئىككىنچى
سەپتە ماڭسۇن.
[17] ئالدىنقى ئىككى قوشۇن بىلەن كېيىنكى ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا
لاۋىيلار ئۇچرىشىش چېدىرىنى ئېلىپ ماڭسۇن. بارلىق قەبىلە
ئۆز تۇغى ئاستىدا قارارگاھ قۇرغاندەك، ئۆز ئورۇنلىرىدا ماڭسۇن.

[18] ئەفرايىم قوشۇنلىرى تۇغىنى كۈنپېتىش تەرەپكە قادىسۇن ۋە چېدىرلىرىنى قوشۇنلىرىنىڭ تەرتىپى بويىچە شۇ يەرگە تىكسۇن. ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشامادۇر. [19] ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ سانى 40,500دۇر. [20] ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ بىر تەرىپىدە ماناسسە قەبىلىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ باشلىقى پىدازۇرنىڭ ئوغلى گامالىئېلدۇر. [21] ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ سانى 32,200دۇر. [22] ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بىنيامىن قەبىلىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ باشلىقى گىدئونىنىڭ ئوغلى ئابىداندۇر. [23] ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ سانى 35,400دۇر. [24] ئەفرايىم قەبىلىسى يېتەكلەيدىغان قوشۇنلارنىڭ ئومۇمىي سانى 108,100 بولۇپ، ئۇلار ئۈچىنچى سەپتە ماڭسۇن.

[25] دان قوشۇنلىرى تۇغىنى شىمال تەرەپكە قادىسۇن ۋە چېدىرلىرىنى قوشۇنلىرىنىڭ تەرتىپى بويىچە شۇ يەرگە تىكسۇن. دان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاممىشادداينىڭ ئوغلى ئاخىئەزەردۇر. [26] ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ سانى 62,700دۇر. [27] دان قەبىلىسىنىڭ بىر تەرىپىدە ئاشىر قەبىلىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ باشلىقى ئوكراننىڭ ئوغلى پاگىئېلدۇر. [28] ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ سانى 41,500دۇر. [29] دان قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە نافتالى قەبىلىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ باشلىقى ئېناننىڭ ئوغلى ئاخىرادۇر. [30] ئۇنىڭ ئادىمىنىڭ سانى 53,400دۇر. [31] دان قەبىلىسى يېتەكلەيدىغان قوشۇنلارنىڭ ئومۇمىي سانى 157,600 بولۇپ، ئۇلار ئۆز تۇغلىرىنى كۆتۈرۈپ، پۈتۈن سەپنىڭ كەينىدە ماڭسۇن.

[32] خۇلاسىلىغاندا، رويخەتكە ئېلىنغان ئىسرائىللارنىڭ سانىغا ئاساسلانغاندا، ھەرقايسى قارارگاھتىكى لەشكەرلەرنىڭ سانى 603,550كە يەتكەندى. [33] لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە لاۋىيلارنىڭ ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئارىسىدىكى سانى ھېسابلانمىدى. [34] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە ئىش كۆردى. ھەركىم ئۆز تۇغى ئاستىدا قارارگاھ قۇردى، ھەرقايسىسى ئۆز ئۇرۇق-جەمەتلىرى بىلەن يولغا چىقتى.

## لاۋىيلارنىڭ روھانىيلارغا خىزمەت قىلىشى

3 [1] پەرۋەردىگار سىناي تېغىدا مۇسا بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقىتتا، ھارۇن ۋە مۇسانىڭ تۆۋەندىكىدەك ئوغۇللىرى بار ئىدى.

[2] ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى: تۇنجى ئوغۇل ناداب، ئابىھۇ، ئەلئازار ۋە ئىتامار. [3] ئۇلارنىڭ بېشىغا مۇقەددەس ياغ قۇيۇلۇپ، روھانىيلىق ۋەزىپىسگە تەيىنلەنگەندى. [4] لېكىن ناداب بىلەن ئابىھۇ سىناي چۆلدە خۇداغا بويسۇنماي، پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىغا چەكلەنگەن ئوتنى ئەكىرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىبادەت چېدىرىدا ئۆلگەندى، ئۇلاردىن پەرزەنت قالمىغانىدى. شۇڭا ئەلئازار بىلەن ئىتامار ئاتىسى ھارۇننىڭ قېشىدا روھانىيلىق قىلاتتى.

[5] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[6] — سەن لاۋىي قەبىلىسىنى روھانىي ھارۇننىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە سالغىن. [7] لاۋىيلار ھارۇننىڭ ۋە پۈتۈن جامائەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلسۇن. [8] ئۇلار باشقا ئىسرائىللارغا ۋاكالىتەن ئىبادەت چېدىرىدا خىزمەت قىلىپ، ئىبادەت چېدىرىنىڭ بارلىق نەرسە-كېرەكلىرىگە مەسئۇل بولسۇن. [9] سەن لاۋىيلارنى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگىن. چۈنكى لاۋىيلارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ياردەملىشىشتۇر. [10] سەن ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى روھانىيلىق ۋەزىپىسگە قويغىن. ئەگەر باشقىلار روھانىيلىق ۋەزىپىسىنى بېجىرسە، ئۆلتۈرۈلسۇن.

[11] پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە مۇنداق دېدى:

[12-13] — لاۋىيلار ئەمدى ماڭا تەئەللۇق بولىدۇ. مەن مىسىرلىقلارنىڭ بارلىق تۇنجى ئوغۇللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ تۇنجىسىنى ئۆلتۈرگەندە، ئىسرائىللارنىڭ بارلىق تۇنجى ئوغۇللىرى ۋە ماللىرىنىڭ تۇنجىسىنى ئۆزۈمگە ئاتىغانىدىم. ئەمدى مەن ئىسرائىل خەلقىدىن لاۋىيلارنى تاللاپ، ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى ئوغۇللىرى ئورنىدا ئۆزۈمگە تەئەللۇق قىلىمەن. لاۋىيلار ماڭا تەئەللۇقتۇر. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن!

## لاۋىيلارنىڭ رويخەتكە ئېلىنىشى

[14] پەرۋەردىگار سىناي چۆلدە مۇساغا مۇنداق ئەمر قىلدى:

[15] — لاۋىيلارنىڭ بىر ئايلىق بولغان ئوغۇل بوۋاقلىرىدىن تارتىپ بارلىق ئەرلىرىنى ئۇرۇق-جەمەتى بويىچە رويخەتكە ئالغىن.

[16] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش كۆرۈپ، لاۋىيلارنى روييخەتكە ئالدى. [17] لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى: گېرشون، قوھات ۋە مىرارى. [18] گېرشوننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرى جەمەت ناملىرىغا ئائىلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى لىبنى ۋە شىمئى ئىدى. [19] قوھاتنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ جەمەت ناملىرىغا ئائىلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئامرام، يىزھار، ھېبرون ۋە ئۇززىئېل ئىدى. [20] مىرارىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ جەمەت ناملىرىغا ئائىلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ماخلى ۋە مۇشى ئىدى. يۇقىرىقىلار لاۋىي قەبىلىسىدىكى جەمەتلەر ئىدى.

[21] گېرشونلاردىن لىبنى ۋە شىمئىدىن ئىبارەت ئىككى جەمەت كېلىپ چىققان بولۇپ، [22] ئۇلارنىڭ بىر ئايلىق بولغان ئوغۇل بوۋاقلىرىدىن تارتىپ روييخەتكە ئېلىنغان ئەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 7500 ئادەم ئىدى. [23] گېرشون جەمەتى ئىبادەت چېدىرىنىڭ كەينىگە، يەنى كۈنپېتىش تەرەپكە ئورۇنلىشىشى شەرت ئىدى. [24] ئۇلارنىڭ جەمەت باشلىقى لائېلنىڭ ئوغلى ئەلياساف ئىدى. [25] ئۇلار ئىبادەت چېدىرىنىڭ يوپۇقلىرىغا، چېدىرنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى پەردىگە، [26] ئىبادەت چېدىرىنىڭ ھويلىسىنىڭ تۆت ئەتراپىنى توسىدىغان رەختلەرگە، ھويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى پەردىگە ۋە ئۇنىڭ تانىلىرىغا ھەم ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى.

[27] قوھاتلاردىن ئامرام، يىزھار، ھېبرون ۋە ئۇززىئېلدىن ئىبارەت تۆت جەمەت كېلىپ چىققان بولۇپ، [28] بۇلارنىڭ بىر ئايلىق بولغان ئوغۇل بوۋاقلىرىدىن تارتىپ روييخەتكە ئېلىنغان ئەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 8600 ئادەم ئىدى. قوھات جەمەتى مۇقەددەس چېدىردىكى نەرسىلەرگە مەسئۇل ئىدى. [29] بۇ جەمەت ئىبادەت چېدىرىنىڭ يېنىغا، يەنى جەنۇب تەرەپكە ئورۇنلىشىشى شەرت ئىدى. [30] ئۇلارنىڭ جەمەت باشلىقى ئۇززىئېلنىڭ ئوغلى ئەلىزافان ئىدى. [31] ئۇلار ئەھدە ساندۇقى، شىرە، چىراغدان، قۇربانلىق سۇپىسى، ئىسرىقدان ۋە باشقا نەرسىلەر، شۇنداقلا ئەڭ مۇقەددەس جاينى توسۇپ تۇرىدىغان پەردە ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى.

[32] روھانىي ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازار لاۋىيلارنىڭ باش يېتەكچىسى بولۇپ، مۇقەددەس جايدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى.

[33] مەرارىلاردىن ماخلى ۋە مۇشىدىن ئىبارەت ئىككى جەمەت كېلىپ چىققان بولۇپ، [34] ئۇلارنىڭ بىر ئايلىق بولغان ئوغۇل بوۋاقلىرىدىن تارتىپ رويخەتكە ئېلىنغان ئەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 6200 ئادەم ئىدى. [35] مەرارى جەمەتى ئىبادەت چېدىرىنىڭ يېنىغا، يەنى شىمالىي تەرىپىگە ئورۇنلىشىشى شەرت ئىدى. ئۇلارنىڭ جەمەت باشلىقى ئابىخايىلنىڭ ئوغلى زۇرىئېل ئىدى. [36-37] ئۇلار ئىبادەت چېدىرىنىڭ راملىرى، بالداقلىرى، تۈۋرۈكلىرى، تۈۋرۈك پۇتلىرى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرگە، شۇنداقلا ھويلىنىڭ تۈۋرۈكلىرى، تۈۋرۈك پۇتلىرى، قوزۇقلىرى ۋە تانىلىرىغا ھەمدە شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى.

[38] ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا، يەنى كۈنچىقىش تەرىپىگە مۇسا، ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئورۇنلىشىشى شەرت ئىدى. ئۇلار ئىسرائىللارغا ۋاكالىتەن ئىبادەت چېدىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇقەددەس بۇيۇملارنى باشقۇراتتى. ئەگەر روھانىيلاردىن باشقا ئادەملەر مۇقەددەس جايغا يېقىنلاشسا ئۆلتۈرۈلەتتى. [39] مۇسا بىلەن ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە بىنائەن جەمەتلەر بويىچە بىر ئايلىق بولغان ئوغۇل بوۋاقلاردىن تارتىپ رويخەتكە ئالغان لاۋىي ئەرلىرىنىڭ سانى جەمئىي 22,000 ئادەم ئىدى.

## تۇنجى ئوغۇللارنىڭ پەرۋەردىگارغا تەئەللۇق بولۇشى

[40] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

– ئىسرائىللارنىڭ بىر ئايلىق بولغان ئوغۇل بوۋاقلىرىدىن تارتىپ تۇنجى ئەركەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىسىملىرى بويىچە رويخەتكە ئالغىن. [41] لاۋىيلارنى ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى ئوغۇللىرىنىڭ ئورنىدا ماڭا تەئەللۇق قىلغىن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن! ئۇلارنىڭ چارۋا ماللىرىنى پۈتۈن ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى تۇغۇلغان چارۋا ماللىرىنىڭ ئورنىدا ماڭا تەئەللۇق قىلغىن.

43-42 مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە بىنائەن پۈتۈن ئىسرائىللارنىڭ تۈنجى ئوغۇللىرىنى بىر ئايلىق بولغان بوۋاقلاردىن تارتىپ رويخەتكە ئالدى. ئۇلارنىڭ سانى جەمئىي 22,273 ئادەم بولدى.

44 پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە:

45 — ئەمدى سەن ئىسرائىللارنىڭ تۈنجى ئوغۇللىرىنىڭ ئورنىدا لاۋىيلارنى ماڭا تەئەللۇق قىلغىن ۋە لاۋىيلارنىڭ چارۋا ماللىرىنىمۇ ئىسرائىللارنىڭ تۈنجى تۇغۇلغان چارۋا ماللىرىنىڭ ئورنىدا ماڭا تەئەللۇق قىلغىن. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن! 46 ئىسرائىللارنىڭ لاۋىيلاردىن باشقا تۈنجى تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنىڭ سانى لاۋىيلارنىڭ ئومۇمىي ساندىن 273 ئادەم ئارتۇق، شۇڭا ئارتۇقىغا تۆلەم تۆلەنسۇن. 47 ھەربىر كىشىگە مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 60 گرام كۈمۈش تۆلەنسۇن. 48 ئارتۇقىغا تۆلەنگەن بۇ كۈمۈشلەرنى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بەرگىن، — دېدى.

49 مۇسا لاۋىيلارنىڭ ساندىن ئېشىپ كەتكەن ئىسرائىللارنىڭ تۈنجى ئوغۇللىرى ئۈچۈن تۆلەنگەن تۆلەمنى يىغىۋالدى. 50 بۇلارنى مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 16 كىلو كۈمۈش بولدى. 51 مۇسا بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

## قوھات جەمەتى ۋە روھانىيلارنىڭ ۋەزىپىسى

4

1 پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا مۇنداق دېدى:

2 — لاۋىيلارنىڭ قوھات جەمەتىنىڭ ئادەم سانىنى ئۇرۇق-جەمەتى بويىچە تىزىملاپ، 3 ئۇچرىشىش چېدىرىدا ئىشلىيەلەيدىغان ئوتتۇز ياشتىن ئەللىك ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى رويخەتكە ئېلىڭلار. 4 قوھاتلارنىڭ ئۇچرىشىش چېدىرىدىكى ۋەزىپىسى ئەڭ مۇقەددەس نەرسىلەرگە مەسئۇل بولۇشتۇر.

5 قارارگاھنى كۆچۈرگەن چاغدا، ئاۋۋال ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇچرىشىش چېدىرىغا كىرىپ، ئەھدە ساندۇقىنى توسۇپ تۇرىدىغان پەردىنى چۈشۈرۈپ، ساندۇقنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويسۇن. 6 ئۇنىڭ ئۈستىنى يەنە چىدامىلىق تېرە بىلەن يېپىپ،

ئارقىدىن كۆك رەڭلىك رەخت ئارتىپ قويسۇن. ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بالداقلارنى جايىغا ئورناتسۇن.

[7] ئۇلار ماڭا ئاتالغان نانلار تىزىلىدىغان شىرەنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە كۆك رەڭلىك رەخت يېپىپ، ئۈستىگە تاۋاقلار، تەخسىلەر، چىنىلەر ۋە ئىچىملىك ھەدىيەسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چەينەكلەرنى قويسۇن. ماڭا ئاتالغان نانلار ئۇ يەردە تۇرسۇن. [8] ئۇلار بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى بىر پارچە توق قىزىل رەڭلىك رەخت بىلەن يېپىپ، ئۈستىگە يەنە چىداملىق تېرىنى ئارتىپ قويسۇن. شىرەنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بالداقلارنى جايىغا ئورناتسۇن.

[9] ئۇلار چىراغدان، چىراغلار، پىلىك قىسقۇچلار، تەخسە ۋە بارلىق زەيتۇن يېغى قاچىلانغان قاچىلارنى كۆك رەڭلىك رەخت بىلەن يۆگەپ، [10] ئۈستىنى چىداملىق تېرە بىلەن ياپقاندىن كېيىن، زەمبىلگە سالسۇن.

[11] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئالتۇن ئىسرىقداننىڭ ئۈستىگە بىر پارچە كۆك رەڭلىك رەخت يېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىداملىق تېرىنى ئارتىپ قويسۇن. ئىسرىقداننى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بالداقلارنى جايىغا ئورناتسۇن. [12] مۇقەددەس جايدا ئىشلىتىلىدىغان باشقا نەرسىلەرنى كۆك رەڭلىك رەختكە يۆگەپ، چىداملىق تېرە بىلەن ئۈستىنى ياپقاندىن كېيىن، زەمبىلگە سالسۇن.

[13] قۇربانلىق سۇپىسىدىكى كۈللەرنى تازىلاپ، ئۈستىگە سۆسۈن رەڭلىك رەخت ياپسۇن. [14] ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇربانلىق سۇپىسىدا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى، يەنى چوغدان، ئارا، گۈرجەك ۋە داسلارنى قويۇپ، كېيىن چىداملىق تېرىنى ئۈستىگە يېپىپ قويسۇن. ئاندىن قۇربانلىق سۇپىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بالداقلارنى جايىغا ئورناتسۇن.

[15] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇقەددەس بۇيۇملارنىڭ ئۈستىنى ياپقاندىن كېيىن، چېدىرلارنى كۆچۈرۈشكە تەييار بولغاندا، قوھاتلار بالداقلار بىلەن ئۇلارنى توشۇسۇن. بىراق قوھاتلار بۇ مۇقەددەس نەرسىلەرگە قول تەگكۈزمىسۇن! ئەگەر ئۇلار ئۇ نەرسىلەرگە قول

تەگكۈزسە، ھالاك بولىدۇ. ئۇچرىشىش چېدىرىدىكى بۇ مۇقەددەس نەرسىلەرنى توشۇش قوھاتلارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

[16] روھانىي ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازار چىراغ يېغى، خۇشبۇي ئىسرىق، كۈندىلىك ئاشلىق ھەدىيەسى، مۇقەددەس ياغ ھەمدە پۈتۈن ئىبادەت چېدىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەرگە، جۈملىدىن چېدىرنىڭ جاھازلىرى ۋە جابدۇقلىرىغا مەسئۇل بولسۇن.

[17] پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا يەنە مۇنداق دېدى:

[18] — قوھات جەمەتلىرىنىڭ لاۋىي قەبىلىسىدىن يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇڭلار! [19] ئۇلار ئەڭ مۇقەددەس نەرسىلەرگە يېقىنلاشقاندا، ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلارنى ئۇچرىشىش چېدىرىغا باشلاپ كىرىپ، نېمە قىلىدىغانلىقىنى ۋە نېمىنى كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەرسۇن. [20] بىراق روھانىيلار ئۇچرىشىش چېدىرىدىكى مۇقەددەس نەرسىلەرنى يېپىۋاتقاندا، قوھات جەمەتلىرىدىكىلەر قەتئىي كىرمىسۇن، كىرىپ كۆرسە ئۆلىدۇ!

## گېرشون ۋە مىرارى جەمەتلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى

[21] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[22] — گېرشون جەمەتىنىڭ ئادەم سانىنى ئۇرۇق-جەمەتى بويىچە تىزىملاپ، [23] ئۇچرىشىش چېدىرىدا ئىشلىيەلەيدىغان 30 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى رويخەتكە ئالغىن. [24] گېرشون جەمەتىنىڭ ۋەزىپىسى ئىبادەت چېدىرىنى يۆتكەشكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولسۇن. [25] ئۇلار ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئىچكى يوپۇقى، سىرتىدىكى چىدامliq تېرە يوپۇقى قاتارلىق يوپۇقلارنى، كىرىش ئېغىزىغا ئېسىلغان پەردىنى، [26] ئىبادەت چېدىرىنىڭ ھويلىسىنىڭ تۆت ئەتراپىنى توسىدىغان رەختلەرنى، ھويلىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئېسىلغان پەردە ۋە تانىلارنى، شۇنداقلا چېدىرغا مۇناسىۋەتلىك باشقا نەرسىلەرنى يۆتكەشكە مەسئۇل بولسۇن ۋە شۇنىڭغا دائىر ئىشلارنى قىلسۇن. [27] گېرشونلار نەرسىلەرنى توشۇغاندا ياكى باشقا ئىشلارنى قىلغاندا، ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلسۇن. ئۇلار گېرشونلارنىڭ نېمىنى توشۇيدىغانلىقىنى

بەلگىلەپ بەرسۇن. [28] مانا بۇلار گېرشونلارنىڭ ئۇچرىشىش چېدىرىدىكى ۋەزىپىلىرىدۇر. ئۇلار روھانىي ھارۇننىڭ ئوغلى ئىتامارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلسۇن.

[29] مىرارى جەمەتىنىڭ ئادەم سانىنىمۇ ئۇرۇق-جەمەتى بويىچە تىزىملاپ، [30] ئۇچرىشىش چېدىرىدا ئىشلىيەلەيدىغان 30 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى رويخەتكە ئالغىن. [31] ئۇلار ئىبادەت چېدىرىنىڭ راملىرى، بالداقلىرى، تۈۋرۈكلىرى، تۈۋرۈك پۇتلىرى، [32] ھويلىنى چۆرىدەپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكلەر، تۈۋرۈك پۇتلىرى، قوزۇقلار، تانىلار ۋە سايمان-جابدۇقلارنى توشۇشقا مەسئۇل بولسۇن. ھەربىر ئادەمنىڭ نېمىنى توشۇيدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىلسۇن. [33] مانا بۇلار مىرارى جەمەتىدىكىلەرنىڭ روھانىي ھارۇننىڭ ئوغلى ئىتامارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇچرىشىش چېدىرىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان پۈتۈن ۋەزىپىلىرىدۇر.

## شەرتكە توشقان لاۋىيلارنىڭ رويخەتكە ئېلىنىشى

[34] مۇسا، ھارۇن ۋە ئاقساقاللار قوھات جەمەتلىرىنىڭ ئادەم سانىنى ئۇرۇق-جەمەتى بويىچە تىزىملاپ، [35] ئۇچرىشىش چېدىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلالايدىغان 30 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى رويخەتكە ئالدى. [36] پۈتۈن جەمەتتىكىلەرنىڭ سانى جەمئىي 2750 كىشى بولۇپ چىقتى. [37] قوھات جەمەتلىرىدىن ئۇچرىشىش چېدىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلىدىغانلارنىڭ سانى مۇشۇ ئىدى. مۇسا ۋە ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە قوھات جەمەتىدىكىلەرنى رويخەتكە ئالدى.

[38] مۇسا، ھارۇن ۋە ئاقساقاللار گېرشون جەمەتلىرىنىڭ ئادەم سانىنى ئۇرۇق-جەمەتى بويىچە تىزىملاپ، [39] ئۇچرىشىش چېدىرىدا ئىشلىيەلەيدىغان 30 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى رويخەتكە ئالدى. [40] پۈتۈن جەمەتتىكىلەرنىڭ سانى جەمئىي 2630 كىشى بولۇپ چىقتى. [41] گېرشون جەمەتىدىن ئۇچرىشىش چېدىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلىدىغانلارنىڭ سانى مۇشۇ ئىدى. مۇسا ۋە ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە گېرشون جەمەتىدىكىلەرنى رويخەتكە ئالدى.

[42] مۇسا، ھارۇن ۋە ئاقساقاللار مىرارى جەمەتلىرىنىڭ ئادەم سانىنى ئۇرۇق-جەمەتى بويىچە تىزىملاپ، [43] ئۇچرىشىش چېدىرىدا ئىشلىيەلەيدىغان 30 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى رويخەتكە ئالدى. [44] پۈتۈن جەمەتتىكىلەرنىڭ سانى جەمئىي 3200 كىشى بولۇپ چىقتى. [45] مىرارى جەمەتىدىن ئۇچرىشىش چېدىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلىدىغانلارنىڭ سانى مۇشۇ ئىدى. مۇسا ۋە ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە مىرارى جەمەتىدىكىلەرنى رويخەتكە ئالدى.

[46] مۇسا، ھارۇن ۋە ئىسرائىل ئاقساقاللىرى پۈتۈن لاۋىيلارنى ئۇرۇق-جەمەتى بويىچە تىزىملاپ، [47] ئۇچرىشىش چېدىرىدا خىزمەت قىلالايدىغان 30 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى رويخەتكە ئالدى. [48] ئۇلارنىڭ سانى جەمئىي 8580 كىشى بولۇپ چىقتى. [49] مۇسا ۋە ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە ھەربىر ئادەمنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ۋە نېمىلەرنى توشۇيدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە رويخەتكە ئېلىندى.

## ناپاك كىشىلەرنىڭ قارارگاھتىن چىقىرىلىشى

5 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] — ئىسرائىللارغا بۇ ئەمرنى يەتكۈزگىن: «ئېغىر تېرە كېسەللىكى گىرىپتار بولغانلار، جىنسىي ئەزاسىدىن ئاجرالما چىققانلار، جەسەتنى تۇتۇپ ناپاك بولغانلار [3] مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەممىسى قارارگاھنىڭ سىرتىدا تۇرسۇن. بۇ قارارگاھ ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن بۇلغانمىسۇن، چۈنكى مەن بۇ قارارگاھتا، يەنى ئاراڭلاردا ياشايمەن.»
[4] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرىگە بىنائەن بۇنداق كىشىلەرنى قارارگاھتىن چىقىرىۋەتتى.

## زىيان ئۇچۇن تۆلەم تۆلەش

[5] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[6] ـ ئىسرائىللارغا بۇ ئەمرنى يەتكۈزگىن: «مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، كىشلەرگە ئادالەتسىزلىك قىلسا، ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ. ئۇ ئادەم گۇناھكاردۇر. [7] ئۇنداق ئادەم گۇناھىنى بويىنغا ئېلىپ، زىيان سالغان كىشىگە زىياننى تۆلەپ بەرسۇن ھەم بولغان زىياننىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى قوشۇپ بەرسۇن. [8] ئەگەر تۆلەم ئالغۇچى ۋاپات بولغان بولۇپ، يېقىن تۇغقىنى بولمىسا، تۆلەمنى مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ روھانىيغا بەرسۇن. گۇناھكار گۇناھىنىڭ ساقىت قىلىنىشى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدىغان قوچقىرىنى ھەم تۆلەمنى قوشۇپ روھانىيغا بەرسۇن.

[9] ئىسرائىللارنىڭ ماڭا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن بارلىق ھەدىيەلىرى روھانىيغا مەنسۇپ بولسۇن. [10] ھەربىر روھانىي ئۆزىگە ئېلىپ كېلىنگەن ھەدىيەلەرنى ئۆزى قوبۇل قىلسۇن.»

## ئايالنىڭ سادىقلىقىنى تەكشۈرۈش

[11] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[12] ـ ئىسرائىللارغا بۇ ئەمرنى يەتكۈزگىن: «ئەگەر بىر ئايال يولدىن چىقىپ، ئېرىگە ساداقەتسىزلىك قىلىپ، [13] مەلۇم بىر ئەر بىلەن زىنا قىلسا ھەم بۇ ئىشنى ئېرىدىن يوشۇرسا، گەرچە ئۇ ئايال بۇلغانغان بولسىمۇ لېكىن بايقالمىغان بولسا، ھەمدە گۇۋاھچىسىمۇ بولمىسا، [14] ئەرنىڭ كۆندەشلىكى تۇتۇپ بۇزۇقچىلىق قىلغان ئايالىنى كۆنلىسە، ياكى ئايالى بۇزۇقچىلىق قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئايالىنى كۆنلىسە، [15] ئەر ئايالىنى روھانىينىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسۇن. ئۇ يەنە ئايالى ئۈچۈن بىر كىلو ئارپا ئۇننى ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە ئېلىپ بارسۇن. بۇ ئاشلىق ھەدىيەسى كۆندەشلىكنى ھەم گۇناھنى ئاشكارىلايدىغان ھەدىيە بولغاچقا، ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى قۇيمىسۇن، مەستىكى رۇممۇ سالمىسۇن.

[16] روھانىي ئۇ ئايالنى ئېلىپ كېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئالدىدا، يەنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا تۇرغۇزسۇن. [17] ئاندىن ساپال قاچىغا ئازراق مۇقەددەس سۇ ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئىچىدىن ئازراق توپا ئېلىپ سالسۇن. [18] روھانىي مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ئۇ ئايالنىڭ چېچىنى چۇۋۇپ، كۆندەشلىكنى ھەم گۇناھنى

ئاشكارىلاش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن ھەدىيەنى ئايالنىڭ قولىغا
تۇتقۇزسۇن. شۇنداقلا، روھانىي لەنەت ئېلىپ كېلىدىغان ئازاب
سۈيىنى قولىغا ئېلىپ تۇرسۇن.
[19] روھانىي ئۇ ئايالغا قەسەم ئىچكۈزۈپ، مۇنداق دېسۇن:
‹ئەگەر سەن بىرەر ئەر بىلەن ياتمىغان، ئېرىڭنىڭ ئەمرىدە تۇرۇپ
بۇزۇقچىلىق قىلمىغان بولساڭ، لەنەت ئېلىپ كېلىدىغان بۇ ئازاب
سۈيىنىڭ زەھەرلىشىدىن خالاس بولسەن. [20] ئەگەر سەن ئېرىڭنىڭ
ئەمرىدە تۇرۇپ، يولدىن چىقىپ، باشقا ئەر بىلەن زىنا قىلىپ،
ئۆزۈڭنى بۇلغىغان بولساڭ، [21] (ئۇ ۋاقىتتا روھانىي ئايالغا قەسەم
ئىچكۈزىدۇ) پەرۋەردىگار سېنى تۇغماس قىلىپ، قورسىقىڭنى
كۆپتۈرۈپ، خەلقىڭ ئالدىدا لەنەتكە قالغانلارنىڭ مىسالى قىلسۇن.
[22] بۇ سۇ ئىچىڭگە كىرىپ، ساڭا لەنەت ئېلىپ كەلسۇن، ھەمدە
قورسىقىڭنى كۆپتۈرۈپ، سېنى تۇغماس قىلسۇن.› كېيىن ئۇ ئايال
‹ئامىن، ئامىن› دېسۇن.
[23] روھانىي بۇ لەنەت سۆزلىرىنى تېرىگە يازسۇن، ئاندىن ئۇنى
ئازاب سۈيىدە يۇيسۇن. [24] روھانىي لەنەت ئېلىپ كېلىدىغان بۇ ئازاب
سۈيىنى ئۇ ئايالغا ئىچكۈزسۇن. سۇ ئايالنىڭ قورسىقىغا كىرگەندە،
ئەگەر ئايال گۇناھكار بولسا، سۇ ئۇنىڭغا ئېغىر ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ.
[25] روھانىي ئايالنىڭ قولىدىكى كۈندەشلىكنى ئاشكارىلايدىغان
ئاشلىق ھەدىيەسىنى ئېلىپ، مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئېگىز
كۆتۈرسۇن، ئاندىن قۇربانلىق سۇپىسىغا ئېلىپ كەلسۇن. [26] روھانىي
ئاشلىق ھەدىيەسىدىن بىر چاڭگال ئېلىپ، ئۇنى نىشانە سۈپىتىدە
قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرسۇن. كېيىن ئازاب سۈيىنى ئايالغا
ئىچكۈزسۇن. [27] روھانىي بۇ سۇنى ئىچكۈزگەندە، ئەگەر ئۇ ئايال
ھەقىقەتەن ئېرىگە ساداقەتسىزلىك قىلىپ، بۇزۇقچىلىق قىلغان
بولسا، لەنەت ئېلىپ كېلىدىغان بۇ سۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
ئۇنى ئازابلايدۇ. قورسىقى كۆپۈپ، تۇغماس بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئايال
خەلقىنىڭ ئالدىدا لەنەتكە قالغانلارنىڭ مىسالى بولىدۇ. [28] ئەگەر
ئۇ ئايال پاك بولۇپ، بۇزۇقچىلىق قىلمىغان بولسا، ھېچقانداق
زىيانغا ئۇچرىمايدۇ ھەمدە پەرزەنت كۆرەلەيدۇ.

[29-30] مانا بۇ بىر ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئەمرىدە تۇرۇپ يولدىن چىقىپ، بۇزۇقچىلىق قىلغان ياكى ئېرىنىڭ كۆڭلىدە شىلكى تۇتۇپ، ئايالنى كۈنلىگەن چاغدىكى گۇمانلىق ئىشلارنى ھەل قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان قانۇندۇر. مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، ئەر ئايالنى مىنىڭ ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كەلسۇن. روھانىي بۇ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلسۇن. [31] مەيلى قانداق بولمىسۇن ئەر گۇناھسىزدۇر. ئايال گۇناھكار بولسا، گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.»

## پەرۋەردىگارغا ئۆزىنى ئالاھىدە بېغىشلاش

6 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] – ئىسرائىل خەلقىگە بۇ ئەمرنى يەتكۈزگىن: «مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئەگەر قەسەم ئىچىپ، ئۆزىنى مەلۇم مۇددەتكىچە مەن پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلىماقچى بولسا، [3] ئۆزىنى شاراب ياكى مەيدىن نېرى قىلسۇن. ئۈزۈم ياكى باشقا نەرسىلەردىن ئېچىتىلغان ئىچىملىكلەرنى ئاغزىغا ئالمىسۇن. ئۈزۈم شەربىتى ئىچمىسۇن ھەمدە ئۈزۈم ۋە كىشمىش يېمىسۇن. [4] ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلىغان كۈنلەردە ئۈزۈمدىن ياسالغان يېمەكلىكلەرنى، ھەتتا ئۈزۈم ئۇرۇقى ۋە پوستىنىمۇ يېمىسۇن. [5] ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلىغان كۈنلەردە بېشىغا ئۇستىرا تەگكۈزمىسۇن. ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا بېغىشلىغان كۈنلەرنىڭ مۇددىتى توشقۇچە چېچىنى ئۆستۈرۈپ يۈرسۇن. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە ئاتىغاندۇر. [6] ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلىغان كۈنلەردە جەسەتكە يېقىنلاشمىسۇن. [7] ھەتتا ئاتا-ئانىسى ياكى قىز ۋە ئوغۇل قېرىنداشلىرى تۇگەپ كەتسىمۇ، ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، ئۆزلىرىنى بۇلغىمىسۇن. ئۇنىڭ چېچى ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. [8] ئۇ ئۆزىنى ماڭا بېغىشلىغان كۈنلەردە، ئۇ ماڭا ئالاھىدە ئاتالغان بولىدۇ.
[9] ئەگەر بىرى ئۇنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ مەن پەرۋەردىگارغا بېغىشلاپ ئۆستۈرگەن چېچى بۇلغانغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى پاكلاش ئۈچۈن يەتتە كۈندىن كېيىن چېچىنى چۈشۈرسۇن. [10] سەككىزىنچى كۈنى ئىككى پاختەك ياكى

ئىككى ياش كەپتەرنى ئۇچۇرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، روھانىيغا بەرسۇن. [11] روھانىي ئۇنى ئۆلۈككە يېقىنلاشقانلىق گۇناھىدىن ساقىت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىرىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلسۇن. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارغا ئاتالغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن چېچىنى ئۆستۈرۈپ، [12] ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا قايتىدىن ئالاھىدە بېغىشلىسۇن. ئۇ ئۆزىنى بېغىشلاشنى قايتىدىن باشلىغانلىقى ئۈچۈن بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن بىرنى قۇربانلىق قىلسۇن. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئۆزىنى بېغىشلىغان كۈنلىرى ئىناۋەتسىزدۇر. چۈنكى ئۇ ناپاك نەرسىگە تېگىپ، ئۆزىنى بۇلغىدى.»

## ئالاھىدە بېغىشلاش مۇددىتىنىڭ ئاخىرلىشىشى

[13] «ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا مەلۇم بىر مۇددەت ئىچىدە ئالاھىدە بېغىشلاشقا قەسەم قىلغۇچىنىڭ مۇددىتى توشقاندا، تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىنسۇن. ئۇ ئۇچۇرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنسۇن. [14] ئۇ مەن پەرۋەردىگارغا تۆۋەندىكى ھەدىيەلەرنى ئېلىپ كەلسۇن. كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بېجىرىم بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان، گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بېجىرىم بىر ياشلىق ساغلىق، ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن بېجىرىم بىر قوچقار، [15] بىر سېۋەت پېتىر نان، يەنى سۈپەتلىك ئۇنغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلغان پېتىر توقاچ ۋە يۈزىگە زەيتۇن يېغى سۈرتۈلگەن نېپىز پېتىر نان ۋە ئۇلار بىلەن بىللە سۇنۇلىدىغان ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەسى.

[16] روھانىي ئۇلارنى مەن پەرۋەردىگارغا سۇنغاندا، ئالدى بىلەن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى. [17] ئاندىن قوچقارنى پېتىر نان بىلەن ئامانلىق قۇربانلىقى سۈپىتىدە سۇنسۇن. روھانىي يەنە ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەسىنىمۇ سۇنسۇن.

[18] ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلىغان كىشى
ئۇچرىششى چېدىرىنىڭ ئالدىدا چېچىنى چۈشۈرۈپ، ئامانلىق
قۇربانلىقى كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىسۇن.
[19] ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلىغۇچى چېچىنى
چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، روھانىي قوچقارنىڭ سۇدا پىشۇرۇلغان
ئالدى پۇتىنى ۋە سېۋەتتىن بىر پېتىر توقاچ بىلەن بىر نېپىز پېتىر
ناننى ئېلىپ، ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلىغۇچىنىڭ
قولىغا تەگكۈزسۇن. [20] ئاندىن بۇ نەرسىلەرنى روھانىي مېنىڭ
ھۇزۇرۇمدا ماڭا ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرسۇن. بۇ نەرسىلەر، شۇنداقلا ماڭا
ئاتاپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن تۆش ۋە سۇنۇلغان يانپاشمۇ روھانىينىڭ
نېسىۋىسىدۇر. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى ماڭا ئالاھىدە بېغىشلىغۇچى
شاراب ئىچسە بولىدۇ.
[21] مانا بۇلار ئۆزىنى مەن پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلىغۇچىغا
ئائىت بەلگىلىمىلەردۇر. ئەگەر ئۆزىنى ماڭا ئالاھىدە بېغىشلىغۇچى
ئۆزىنى ماڭا بېغىشلاشقا قەسەم قىلغاندىن باشقا، ئىقتىسادىي
ئەھۋالىغا قاراپ ماڭا يەنە ھەدىيە سۇنۇشقا قەسەم قىلغان بولسا،
ئۇ قىلغان قەسىمىنى بەلگىلىمە بويىچە ئادا قىلسۇن.»

## روھانىينىڭ دۇئاسى

[22] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[23] — ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ئېيتقىن، ئۇلار ئىسرائىل
خەلقىگە بەخت تىلىگەندە، مۇنداق دېسۇن:

[24] «پەرۋەردىگار ساڭا بەخت ئاتا قىلىدۇ ۋە سېنى قوغدايدۇ!
[25] پەرۋەردىگار ساڭا دىدارىنىڭ نۇرىنى چاچىدۇ
ۋە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىدۇ!
[26] پەرۋەردىگار ساڭا ئۆز دىدارىنى كۆرسىتىدۇ
ۋە ساڭا ئامان-ئېسەنلىك ئاتا قىلىدۇ!»

[27] ئۇلار ئىسرائىللارغا مېنىڭ نامىم بىلەن بەخت تىلىسە، مەن
ئىسرائىللارغا بەخت ئاتا قىلىمەن.

## قەبلە باشلىقلىرى سۇنغان ھەدىيەلەر

7 [1] مۇسا ئىبادەت چېدىرىنى قۇرۇپ بولغان كۈنى ئىبادەت چېدىرى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان بارلىق نەرسىلەرگە، قۇربانلىق سۇپىسىغا ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بارلىق نەرسىلەرگە مۇقەددەس ياغ سۈركەپ، ئۇلارنى مۇقەددەس قىلدى. [2] شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىل ئاقساقاللىرى، يەنى روييخەتكە ئېلىشقا مەسئۇل بولغان ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ھەدىيەلىرىنى سۇنۇشتى. [3] ئۇلار ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئالتە دانە ھارۋا ۋە ئون ئىككى تۇياق ئۆكۈز ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ھەربىر قەبىلە باشلىقى بىردىن ئۆكۈز، ھەر ئىككى قەبىلە باشلىقى بىرلىشىپ، بىردىن ھارۋا ئېلىپ كېلىشكەنىدى.

[4] پەرۋەردىگار مۇساغا:

[5] — ئۇلار ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغىن. بۇ نەرسىلەرنى ئۇچرىشىش چېدىرىدا ئىشلىتىڭلار. لاۋىيلارنىڭ قىلىدىغان ئىشىغا قاراپ، بۇ نەرسىلەرنى ئۇلارغا بۆلۈپ بەرگىن، — دېدى.

[6] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ھارۋا ۋە ئۆكۈزلەرنى لاۋىيلارغا تاپشۇرۇپ بەردى، [7-8] يەنى ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشىغا قاراپ، روھانىي ھارۇننىڭ ئوغلى ئىتامارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى گېرشون ئەۋلادلىرىغا ئىككى ھارۋا بىلەن تۆت ئۆكۈز، مىرارى ئەۋلادلىرىغا تۆت ھارۋا بىلەن سەككىز ئۆكۈز بەردى. [9] بىراق قوھات ئەۋلادلىرى مۇقەددەس نەرسىلەرنى مۈرىسىدە كۆتۈرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا ھېچنېمە بېرىلمىدى.

[10] قۇربانلىق سۇپىسىغا مۇقەددەس ياغ سۈركەلگەندىن كېيىن، ئاقساقاللار قۇربانلىق سۇپىسىنى پەرۋەردىگارغا بېغىشلاش ئۈچۈن ھەدىيەلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. [11] چۈنكى پەرۋەردىگار مۇساغا: «ئۇلار قۇربانلىق سۇپىسىنى ماڭا بېغىشلاش ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر ئاقساقال ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇنسۇن» دېگەنىدى.

[12] بىرىنچى كۈنى يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ ئاقساقلى ئامىنادابنىڭ ئوغلى ناخشون ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [13] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5

كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن سۈپەتلىك ئۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [14] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [15] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [16] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [17] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. ئاممىنادابنىڭ ئوغلى ناخشوننىڭ ھەدىيەلىرى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[18] ئىككىنچى كۈنى ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى زۇئارنىڭ ئوغلى نىتانئىل ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [19] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جايىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن سۈپەتلىك ئۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [20] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [21] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [22] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [23] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. زۇئارنىڭ ئوغلى نىتانئىلنىڭ ھەدىيەسى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[24] ئۈچىنچى كۈنى زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى خېلوننىڭ ئوغلى ئەلىئاب ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [25] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جايىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن سۈپەتلىك ئۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [26] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [27] كۆيدۈرمە قۇربانلىق

ئۆچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [28] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [29] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. خېلوننىڭ ئوغلى ئەلىئابنىڭ ھەدىيەسى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[30] تۆتىنچى كۈنى رۇبېن قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى شىدېئۇرنىڭ ئوغلى ئەلىزۇر ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [31] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن سۈپەتلىك ئۈن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [32] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [33] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [34] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [35] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. شىدېئۇرنىڭ ئوغلى ئەلىزۇرنىڭ ھەدىيەسى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[36] بەشىنچى كۈنى شىمون قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى زۇرىشادداينىڭ ئوغلى شېلۇمىئېل ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [37] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن سۈپەتلىك ئۈن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [38] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [39] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [40] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [41] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. زۇرىشادداينىڭ ئوغلى شېلۇمىئېلنىڭ ھەدىيەسى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[42] ئالتىنچى كۈنى گاد قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى دېئۇئېلنىڭ ئوغلى ئەلياساف ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [43] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن سۈپەتلىك ئۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [44] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [45] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [46] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [47] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. دېئۇئېلنىڭ ئوغلى ئەليالسافنىڭ ھەدىيەسى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[48] يەتتىنچى كۈنى ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [49] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن سۈپەتلىك ئۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [50] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [51] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [52] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [53] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشامانىڭ ھەدىيەسى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[54] سەككىزىنچى كۈنى ماناسسە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى پىدازۇرنىڭ ئوغلى گامالىئېل ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [55] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن

كەلتۈرۈلگەن سۆپەتلىك ئۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [56] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [57] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [58] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [59] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. پىدازۇرنىڭ ئوغلى گامىلىئېلنىڭ ھەدىيەسى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[60] توققۇزىنچى كۈنى بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى گىدئونىنىڭ ئوغلى ئابىدان ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [61] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن سۆپەتلىك ئۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [62] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [63] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [64] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [65] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. گىدئونىنىڭ ئوغلى ئابىداننىڭ ھەدىيەسى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[66] ئونىنچى كۈنى دان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاممىشادداينىڭ ئوغلى ئاخىئەزەر ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [67] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن سۆپەتلىك ئۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [68] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [69] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [70] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [71] ئامانلىق

قۇربانلىقى ئۇچۇن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. ئاممىشادداينىڭ ئوغلى ئاخىئەزەرنىڭ ھەدىيەسى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[72] ئون بىرىنچى كۈنى ئاشىر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئوكراننىڭ ئوغلى پاگىئېل ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [73] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جايىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن سۈپەتلىك ئۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [74] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [75] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [76] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [77] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. ئوكراننىڭ ئوغلى پاگىئېلنىڭ ھەدىيەسى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[78] ئون ئىككىنچى كۈنى نافتالى قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئېناننىڭ ئوغلى ئاخىرا ئۆز ھەدىيەلىرىنى سۇندى. [79] ئۇنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى: مۇقەددەس جايىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 1.5 كىلو ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش تاۋاق، 800 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر كۈمۈش قاچا (ھەر ئىككىلىسى ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن سۈپەتلىك ئۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى)، [80] ئىسرىق قويۇلغان 115 گىرام ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن تەخسە، [81] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە بىر ياشلىق بىر ئەركەك پاقلان، [82] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكە، [83] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن ئىككى بۇقا، بەش قوچقار، بەش تېكە ۋە بەش تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان. ئېناننىڭ ئوغلى ئاخىرانىڭ ھەدىيەسى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[84] قۇربانلىق سۇپىسىغا مۇقەددەس ياغ سۈركەلگەن كۈنى ئىسرائىل ئاقساقاللىرى قۇربانلىق سۇپىسىنى خۇداغا بېغىشلاش ئۈچۈن

12 كۈمۈش تاۋاق، 12 كۈمۈش قاچا، 12 ئالتۇن تەخسە سۇنغان بولۇپ، [85] مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە ھەربىر كۈمۈش تاۋاقنىڭ ئېغىرلىقى 1.5 كىلو، ھەربىر كۈمۈش قاچىنىڭ ئېغىرلىقى 800 گىرام بولۇپ، بارلىق كۈمۈشنىڭ ئېغىرلىقى 27 كىلو 600 گىرام ئىدى. [86] 12 دانە ئالتۇن تەخسىگە ئىسرىق قويۇلغان بولۇپ، ھەربىر تەخسىنىڭ ئېغىرلىقى مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 115 گىرام بولۇپ، بارلىق تەخسىلەرنىڭ ئېغىرلىقى 1 كىلو 380 گىرام ئىدى. [87] كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن 12 بۇقا، 12 قوچقار، 12 تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان ھەمدە قوشۇمچە ئاشلىق ھەدىيەسى، گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن 12 تېكە، [88] ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن 24 بۇقا، 60 قوچقار، 60 تېكە، 60 تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان سۇنۇلغانىدى. قۇربانلىق سۇپىسىغا مۇقەددەس ياغ سۈركەلگەندىن كېيىن، قۇربانلىق سۇپىسىنى خۇداغا بېغىشلاش ئۈچۈن سۇنۇلغان ھەدىيەلەر مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

[89] مۇسا پەرۋەردىگار بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئۇچرىشىش چېدىرىغا كىرگەندە، ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى «گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايى»غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى «كېرۇب»نىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىۋاتقان پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. پەرۋەردىگار شۇ خىل ئۇسۇلدا مۇسا بىلەن سۆزلەشتى.

## يەتتە چىراغنى ئورۇنلاشتۇرۇش

8 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى: [2] — ھارۇنغا ئېيتقىن، ئۇ يەتتە چىراغنى چىراغدانغا ئورۇنلاشتۇرغاندا، چىراغلارنىڭ نۇرى چىراغداننىڭ ئالدىنى يورۇتىدىغان قىلىپ قويسۇن.

[3] ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە چىراغلارنى چىراغداننىڭ ئالدىنى يورۇتىدىغان قىلىپ قويدى. [4] چىراغدان پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا كۆرسەتكىنى بويىچە پۈتۈندىن تارتىپ تاكى گۈللۈك نەقىشلىرىگىچە پۈتۈنلەي ئالتۇندىن سوقۇلغانىدى.

## لاۋىيلارنىڭ پاكلىنىشى ۋە خۇداغا بېغىشلىنىشى

[5] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[6] — لاۋىيلارنى ئىسرائىل خەلقىدىن ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارنى
پاكلىغىن. [7] لاۋىيلارنى پاكلىغاندا مۇنداق قىلغىن. ئۇلارغا پاكلىنىش
سۈيىنى سەپكىن، ئاندىن ئۇلار ئۇستىرا بىلەن پۈتۈن بەدەنلىرىنى
قىرسۇن ۋە كىيىملىرىنى يۇيسۇن، شۇندىلا ئۇلار پاكلانغان بولىدۇ.
[8] ئاندىن ئۇلار بىر تۇياق بۇقا ۋە ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن زەيتۇن
يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سۈپەتلىك ئۇن ئېلىپ كەلسۇن. ئۇلار گۇناھ
كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن يەنە بىر تۇياق بۇقا ئېلىپ
كەلسۇن. [9] ئاندىن ئىسرائىل خەلقىنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا
توپلىغىن ۋە لاۋىيلارنى ئۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىن. [10] سەن لاۋىيلارنى مېنىڭ
ھۇزۇرۇم بولغان ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگىنىڭدە،
ئىسرائىل خەلقى قوللىرىنى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قويۇشسۇن. [11] شۇنداق
قىلىپ، ھارۇن لاۋىيلارنى ماڭا بېغىشلىسۇن. ئۇلار ئىسرائىل خەلقىنىڭ
ئالاھىدە ھەدىيەسى سۈپىتىدە مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلسۇن. [12] لاۋىيلار
ئىككى تۇياق بۇقىنىڭ باشلىرىغا قوللىرىنى قويۇشسۇن. ھارۇن
ئۇلارنىڭ بىرىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى، يەنە بىرىنى
كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ، لاۋىيلارنى گۇناھلىرىدىن ساقىت قىلسۇن.
[13] سەن لاۋىيلارنى ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ،
ئۇلارنى ئالاھىدە ھەدىيە سۈپىتىدە ماڭا بېغىشلىغىن. [14] شۇنداق قىلىپ،
لاۋىيلارنى ئىسرائىل خەلقى ئارىسىدىن ئايرىۋالغىن. شۇندىلا ئۇلار
ماڭا تەۋە بولىدۇ. [15] لاۋىيلار پاكلىنىپ، ئالاھىدە ھەدىيە سۈپىتىدە ماڭا
بېغىشلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇچرىشىش چېدىرىغا مۇناسىۋەتلىك
خىزمەتنى قىلسا بولىدۇ. [16] ئۇلار ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدىن ماڭا
تولۇق بېغىشلانغان بولۇپ، مەن ئۇلارنى ئىسرائىللارنىڭ بارلىق
تۇنجى تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنىڭ ئورنىدا ئۆزۈمگە تەئەللۇق قىلدىم.
[17] ئىسرائىللارنىڭ بارلىق تۇنجىلىرى مەيلى ئىنسان ياكى چارۋا مال
بولسۇن، ماڭا تەئەللۇقتۇر. چۈنكى مەن مىسىردا مىسىرلىقلارنىڭ بارلىق
تۇنجى تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنى ھالاك قىلغان كۈنى، ئىسرائىللارنىڭ
بارلىق تۇنجىلىرىنى ئۆزۈمگە ئاتىغاندىم. [18] مانا ئەمدى پۈتۈن

ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنىڭ ئورنىغا لاۋىيلارنى تاللىدىم. [19] مەن لاۋىيلارنى ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىپ چىقىپ، ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ھەدىيە سۈپىتىدە تەقدىم قىلدىم. ئۇلار ئىسرائىل خەلقى ئۈچۈن ئۇچرىشىش چېدىرىدا ئىشلەپ، خەلقنى گۇناھلىرىدىن ساقىت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئۇچرىشىش چېدىرىغا يېقىنلىشىپ قالسىمۇ، ئۇلارغا بالا-قازا كەلمەيدۇ.

[20] مۇسا، ھارۇن ۋە پۈتۈن خەلق پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە ئىش قىلىپ، لاۋىيلارنى پەرۋەردىگارغا بېغىشلىدى. [21] لاۋىيلار ئۆزلىرىنى گۇناھتىن پاكلاپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن، ھارۇن ئۇلارنى ئالاھىدە ھەدىيە سۈپىتىدە پەرۋەردىگارغا بېغىشلىدى ھەم ئۇلارنى گۇناھتىن ساقىت قىلىپ پاكلىدى. [22] ھەممە ئىشلار ئاياغلاشقاندىن كېيىن، لاۋىيلار ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇچرىشىش چېدىرىغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتنى باشلىدى. ئىسرائىل خەلقى پەرۋەردىگارنىڭ لاۋىيلار توغرىسىدا مۇساغا قىلغان ئەمرىنى بەجا كەلتۈردى.

[23] پەرۋەردىگار مۇساغا يەنە مۇنداق دېدى:

[24] — لاۋىيلار توغرىسىدىكى بەلگىلىمە مۇنداقتۇر: لاۋىيلار 25 ياشتىن باشلاپ ئۇچرىشىش چېدىرىغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى قىلسۇن. [25] 50 يېشىدا دەم ئېلىشقا چىقىپ، قايتا خىزمەت قىلمىسۇن. [26] ئەمما ئۇلار ئۇچرىشىش چېدىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان باشقا لاۋىيلارغا ياردەم قىلسا بولىدۇ. لېكىن ئۆزى يالغۇز خىزمەت قىلسا بولمايدۇ. سەن لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىسىنى مانا شۇنداق بەلگىلەپ بەرگىن.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قوشۇمچە بەلگىلىمىلىرى

9 [1] ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىنكى 2-يىلى 1-ئايدا پەرۋەردىگار سىناي چۆلىدە مۇساغا:

[2] — ئىسرائىل خەلقى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىتا ئۆتكۈزسۇن. [3] مۇشۇ ئاينىڭ 14-كۈنى ① گۇگۇم چۈشكەندىن

① 9: 3 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 23-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

باشلاپ، ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى بەلگىلەنگەن بارلىق بەلگىلىمىلەر
ۋە قائىدىلەر بويىچە ئۆتكۈزسۇن، ــ دېدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن مۇسا خەلققە ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈشنى
بۇيرۇدى. [5] 1-ئاينىڭ 14-كۈنى گۇگۇم چۈشكەندىن باشلاپ،
ئۇلار سىناي چۆلىدە ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزدى. خەلق
پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرلىرىنى بىر-بىرلەپ بەجا
كەلتۈردى. [6] بىراق بىرنەچچە كىشى جەسەتلەرنى تۇتۇپ، ناپاك
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇ كۈنى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزسە
بولمايتتى. ئۇلار مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ:
[7] ــ بىز پەقەت جەسەت تۇتۇپ ناپاك بولۇپ قالدۇق. نېمە
ئۈچۈن بىزنىڭ ئىسرائىل خەلقى بىلەن بىرگە بەلگىلەنگەن كۈندە
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشىمىزغا رۇخسەت يوق؟ ــ
دەپ سورىشتى. [8] مۇسا ئۇلارغا:
ــ مۇشۇ يەردە بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرگە
نېمە ئەمرى باركىن، ئاڭلاپ باقاي، ــ دېدى.
[9] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[10] ــ سەن ئىسرائىل خەلقىگە ئېيتقىن، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى
ئىچىدە جەسەتنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن ناپاك بولۇپ قالغانلار ياكى
ئۇزۇن سەپەردە بولۇپ قالغانلار بولسا، ماڭا ئاتالغان ئۆتۈپ كېتىش
ھېيتىنى ئۆتكۈزۈۋەرسۇن. [11] لېكىن بۇنداق كىشىلەر بىر ئايدىن
كېيىن، يەنى 2-ئاينىڭ 14-كۈنى گۇگۇم چۈشكەندىن باشلاپ
ھېيت قىلسۇن. ھېيتنىڭ قۇربانلىقىنى پېتىر نان ۋە ئاچچىق-
چۆچۈك كۆكتات بىلەن يېسۇن. [12] ئېشىپ قالغان يېمەكلىكنى
ئەتىسى ئەتىگەنگىچە ساقلىمىسۇن. مالنىڭ بىر تال سۆڭىكىنىمۇ
سۇندۇرمىسۇن. ھېيتنى پۈتۈن قائىدە-يوسۇنلىرى بويىچە
ئۆتكۈزسۇن. [13] ئەگەر ھەرقانداق بىر كىشى پاك بولۇپ تۇرۇقلۇق
ياكى ئۇزۇن سەپەرگە چىقمىغان تۇرۇقلۇق ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى
ئۆتكۈزمىسە، ئۆز گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتىپ، خەلقىمنىڭ
قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. چۈنكى ئۇ بەلگىلەنگەن كۈندە ماڭا
قۇربانلىق قىلمىدى. [14] ئەگەر ئاراڭلاردىكى يات خەلقلەردىن بىركىم
ھېيتنى ئۆتكۈزمەكچى بولسا، ئۇ ھېيتنى پۈتۈن بەلگىلىمىلىرى

ۋە قائىدىلىرى بويىچە ئۆتكۈزسۇن. مەيلى ئىسرائىللار ياكى يات خەلقلەر بولسۇن، ھەممىسگە ئوخشاش بەلگىلىمىلەر قوللىنىلسۇن.

## خەلقنى يېتەكلەيدىغان بۇلۇت

[15] ئەھدە چېدىرى، يەنى ئىبادەت چېدىرى تىكلىگەن كۈنى بىر پارچە بۇلۇت ئۇنى قاپلاپ تۇردى. كەچتىن ئەتىگەنگىچە چېدىرنى قاپلاپ تۇرغان بۇ بۇلۇت خۇددى ئوتتەك كۆرۈنەتتى. [16] بۇ ئەھۋال داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇردى. كۈندۈزى چېدىرنى بۇلۇت قاپلىۋالاتتى، كېچىسى بۇلۇت خۇددى ئوتتەك كۆرۈنەتتى. [17] بۇلۇت چېدىردىن كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئىسرائىللار چېدىرلىرىنى چۇۋۇپ يولغا چىقاتتى. بۇلۇت پەسلىگەن جايلاردا چېدىرلىرىنى تىكەتتى. [18] شۇنداق قىلىپ، ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن چېدىرلىرىنى چۇۋۇپ، يولغا چىقىشتى ۋە يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن چېدىرلىرىنى تىكىشتى. بۇلۇت ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە قانچىلىك ۋاقىت توختىسا، ئۇلار قارارگاھىدا شۇنچىلىك ۋاقىت تۇرۇشتى. [19] بۇلۇت ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇزاقراق توختىسا، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، يۆتكەلمەيتتى. [20] بەزىدە بۇلۇت ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە ئاران بىرنەچچە كۈنلا توختايتتى. ئەھۋال قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە بىنائەن چېدىرلىرىنى چۇۋۇپ، كۆچەتتى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە بىنائەن چېدىرلىرىنى تىكەتتى. [21] بەزىدە بۇلۇت پەقەت بىر كېچىلا توختاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. بۇلۇت كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلارمۇ يولغا چىقاتتى. مەيلى كۈندۈزى ياكى كېچىسى بولسۇن، بۇلۇت كۆتۈرۈلسىلا، ئۇلار يولغا چىقاتتى. [22] ئىككى كۈن، بىر ئاي ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ۋاقىت بولسىمۇ، پەقەت بۇلۇت ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە توختىسىلا، ئۇلار قوزغالمايتتى. بۇلۇت كۆتۈرۈلسىلا، ئۇلار يەنە يولغا چىقاتتى. [23] ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى چۇۋۇپ كۆچۈشى ياكى چېدىرلىرىنى تىكىشى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە بولدى. ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرلىرى بويىچە ئىش كۆردى.

## خەۋەر يەتكۈزۈش كانايلىرى

10 1 پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
2 ـ كۈمۈشتىن ئىككى كاناي سوقتۇرغىن. ئۇلارنى جامائەتنى
يىغىش ۋە قارارگاھلارنى كۆچۈرۈشتە ئۇقتۇرۇش قىلىشقا ئىشلەتكىن.
3 ئىككى كۈمۈش كاناي تەڭ چېلىنغاندا، پۈتۈن جامائەت ئۇچرىشىش
چېدىرىنىڭ ئالدىغا، يەنى سېنىڭ يېنىڭغا يىغىلسۇن.
4 ئەگەر بىر
كاناي چېلىنسا، ئىسرائىل قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىلىرى بولغان
ئاقساقاللار يىغىلسۇن.
5 ئەگەر كاناي قىسقا چېلىنسا، شەرق تەرەپتە
چېدىر تىككەن قەبىلىلەر چېدىرلىرىنى چۇۋۇپ، يولغا چىقسۇن.
6 ئىككىنچى قېتىم قىسقا چېلىنسا، جەنۇب تەرەپتە چېدىر تىككەن
قەبىلىلەر چېدىرلىرىنى چۇۋۇپ، يولغا چىقسۇن. قارارگاھلارنى
كۆچۈرۈش ئۈچۈن كاناي قىسقا چېلىنسۇن.
7 جامائەتنى يىغىشتا
ئۇزۇن چېلىنسۇن، قىسقا چېلىنمىسۇن.
8 كانايلارنى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان روھانىيلار چالسۇن.
بۇ مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىگە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئەمەل قىلىڭلار.
9 سىلەر زېمىنىڭلارغا باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەنگە قارشى جەڭگە
ئاتلانغاندا، بۇ كانايلار بىلەن چاقىرىق قىلىڭلار. مەن پەرۋەردىگارىڭلار
خۇدا سىلەرنى قوغداپ، دۈشمىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرىمەن.
10 شاد-
خۇراملىق كۈنلىرىڭلاردا، يەنى بەلگىلەنگەن ھېيتلىرىڭلاردا ۋە يېڭى
ئاي بايراملىرىڭلاردا كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقلىرى سۇنغاندا،
بۇ كانايلارنى چېلىڭلار. شۇندا مەن سىلەرنى ئەسكە ئېلىپ، سىلەرگە
ياردەم قىلىمەن. مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.

## ئىسرائىللارنىڭ سەپەرگە چىقىشى

11 ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىنكى 2-يىلى 2-ئاينىڭ
20-كۈنى ئەھدە چېدىرىنىڭ ئۈستىدىكى بۇلۇت كۆتۈرۈلدى.
12 ئىسرائىللار سەپەرگە ئاتلىنىپ، سىناي چۆلىدىن چىقىپ كەتتى.
بۇلۇت پاران چۆلىگە كېلىپ توختىدى.
13 بۇ ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىم
پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە يولغا چىقىشى ئىدى.

[14] ھەر قېتىم ئۇلار يولغا چىققاندا، ئالدى بىلەن يەھۇدا تۇغى ئاستىدىكىلەر يولغا چىقىپ، سەپ تارتىپ ماڭدى. يەھۇدا قەبىلىسىگە ئاممىنادابنىڭ ئوغلى ناخشون يېتەكچىلىك قىلدى. [15] زۇئارنىڭ ئوغلى نىتانئېل ئىسساكار قەبىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. [16] خېلوننىڭ ئوغلى ئەلىئاب زەبۇلۇن قەبىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. [17] ئىبادەت چېدىرى چۇۋۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، گېرشون ۋە مىرارىنىڭ ئەۋلادلىرى چېدىرنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقتى.

[18] ئۇنىڭ كەينىدىن رۇبېن تۇغى ئاستىدىكىلەر يولغا چىقىپ، سەپ تارتىپ ماڭدى. رۇبېن قەبىلىسىگە شىدېئۇرنىڭ ئوغلى ئەلىزۇر يېتەكچىلىك قىلدى. [19] زۇرىشادداينىڭ ئوغلى شىلۇمىئېل شىمون قەبىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. [20] دېئۇئېلنىڭ ئوغلى ئەلياساف گاد قەبىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. [21] ئاندىن كېيىن قوھاتنىڭ ئەۋلادلىرى مۇقەددەس نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقتى. ئۇلار قارارگاھقا يېتىپ بارغۇچە، ئىبادەت چېدىرى تىكىلىپ بولغانىدى.

[22] ئۇنىڭ كەينىدىن ئەفرايىم تۇغى ئاستىدىكىلەر يولغا چىقىپ، سەپ تارتىپ ماڭدى. ئەفرايىم قەبىلىسىگە ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما يېتەكچىلىك قىلدى. [23] پىدازۇرنىڭ ئوغلى گامىلئېل ماناسسە قەبىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. [24] گىدئونىنىڭ ئوغلى ئابىدان بىنيامىن قەبىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

[25] ئەڭ ئاخىرىدا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى بولغان دان تۇغى ئاستىدىكىلەر يولغا چىقىپ، سەپ تۈزۈپ ماڭدى. دان قەبىلىسىگە ئاممىشادداينىڭ ئوغلى ئاخىئەزەر يېتەكچىلىك قىلدى. [26] ئوكراننىڭ ئوغلى پاگئېل ئاشىر قەبىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. [27] ئېناننىڭ ئوغلى ئاخىرا نافتالى قەبىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. [28] ئىسرائىللار چېدىرلىرىنى چۇۋۇغاندىن كېيىن، مانا مۇشۇ تەرتىپ بويىچە سەپ تارتىپ ماڭدى.

[29] مۇسا مىديانلاردىن بولغان قېيىنئاتىسى رېئۇئېلنىڭ ئوغلى خوبابقا:

– بىز پەرۋەردىگار ۋەدە قىلغان زېمىنغا بارىمىز. ئۇ ئىسرائىللارنى روناق تاپقۇزۇشقا ۋەدە قىلدى. شۇڭا بىز بىلەن بىرگە ماڭغايسىز. بىز ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىمىز، – دېدى. [30] لېكىن خوباب:

– مەن بارمايمەن، ئۆز يۇرتۇمغا، يەنى قېرىنداشلىرىمنىڭ قېشىغا كېتەي، – دەپ جاۋاب بەردى.
[31] مۇسا ئۇنىڭغا:
– بىزدىن ئايرىلمىغايسىز. سىز بۇ چۆلنى ياخشى بىلىسىز. بىزگە يول باشلىغۇچى بولۇپ، قەيەردە قارارگاھ قۇرساق بولىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەيسىز. [32] ئەگەر سىز بىز بىلەن بىرگە بارسىڭىز، پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بارلىق سائادەتلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىسىز، – دېدى.
[33] ئىسرائىللار پەرۋەردىگار زاھىر بولغان سىناي تېغىدىن ئايرىلىپ، ئۈچ كۈن يول ماڭدى. پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەنلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، چېدىر تىكىدىغانغا جاي ئىزدىدى. [34] ئۇلار بىر قارارگاھتىن يەنە بىر قارارگاھقا كۆچكىنىدە، پەرۋەردىگارنىڭ بۇلۇتى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن نېرى كەتمىدى.
[35] ئەھدە ساندۇقىنى ھەر قېتىم يۆتكىگەندە، مۇسا:

«ئى پەرۋەردىگار، قوزغالغايسەن!
تىرىپىرەن قىلغايسەن دۈشمەنلىرىڭنى!
قېچىپ كەتسۇن ئالدىڭدىن
يامان كۆرگۈچىلەر سېنى» دەپ دۇئا قىلاتتى.

[36] ئەھدە ساندۇقى ھەربىر توختىغاندا، مۇسا:

«ئى پەرۋەردىگار، تۈمەن مىڭلىغان ئىسرائىللار ئىچىگە
قايتىپ كەلگەيسەن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

## خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ جازاسى

11 [1] خەلق قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ، ئاغرىنىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاغرىنىشلىرى پەرۋەردىگارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. پەرۋەردىگار غەزەپلىنىپ، ئۇلارغا ئوت چىچىپ، قارارگاھنىڭ بىر چېتىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. [2] خەلق مۇساغا يالۋۇرۇۋىدى، مۇسا پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى. ئاندىن ئوت ئۆچتى. [3] پەرۋەردىگار

ئۇلارغا ئوت چاچقاچقا، ئۇ يەر تابئېرا [مەنىسى «كۆيگەن يەر»]
دەپ ئاتالدى.

## خەلقنىڭ گۆش تەلەپ قىلىشى

[4] ئىسرائىللار بىلەن سەپەرداش بولغان بەزى يات قوۋمدىكى
جىدەلخور ئادەملەرنىڭ نەپسى گۆش سېغىنىپ كەتكەندى.
ئىسرائىللارمۇ زارلىنىپ:
– ئەگەر گۆش بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى!
[5] مىسىردىكى چاغلىرىمىز ھېلىمۇ ئېسىمىزدە، ئۇ ۋاقىتتا بېلىقلار
بىكارلىق ئىدى، خالىغانچە يەيتتۇق. تەرخەمەك، تاۋۇز، غولپىياز،
پىياز ۋە سامساقمۇ بار ئىدى. [6] ئەمدى ئىشتىھايىمىز تۇتۇلۇپ
كەتتى. ھەر كۈنى ماننادىن باشقا يەيدىغان ھېچ نەرسە يوق! –
دەپ نارازى بولۇشتى.
[7] (ماننانىڭ شەكلى ئاشكۆكنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشاش بولۇپ،
سارغۇچ رەڭدە ئىدى. [8-9] ھەر كۈنى سەھەردە شەبنەم چۈشكەندە
ئۇمۇ چۈشەتتى. ئەتىگەنلىكى ھەممەيلەن ماننا تېرىپ كېلىپ،
يارغۇنچاق ياكى ھاۋانچا ئارقىلىق ئۇن قىلىپ، ئۇنى قازان قاتلىمىسى
قىلىپ يەيتتى. ئۇنىڭ تەمى زەيتۇن يېغى بىلەن پىشۇرۇلغان
قاتلىمىغا ئوخشايتتى.)
[10] مۇسا كۆپچىلىكنىڭ ئۆز چېدىرلىرىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ
زارلاشقانلىقىنى ئاڭلىدى. پەرۋەردىگار خەلققە بەكمۇ غەزەپلەندى،
مۇسامۇ خاپا بولدى. [11] مۇسا پەرۋەردىگارغا مۇنداق دېدى:
– خىزمەتكارىڭ بولغان مېنى نېمىشقا بۇنچە قىينايسەن؟ سەن
نېمىشقا ماڭا ئىلتىپات كۆرسەتمەيسەن؟ نېمىشقا بۇ خەلقنىڭ ئېغىر
يۈكىنى يەلكەمگە يۈكلەيسەن؟ [12] ئۇلار مېنىڭ پەرزەنتلىرىممىدى؟
ئۇلارنى مەن ئاپىرىدە قىلغانمىدىم؟ سەن نېمىشقا مەندىن ئۇلارنى
خۇددى بوۋاقنى ئاسرىغان ئاتىغا ئوخشاش ئاسراپ، ئەجدادلىرىغا
ۋەدە قىلغان زېمىنغا قوغداپ ئاپىرىشىمنى تەلەپ قىلدىڭ؟ [13] ئۇلار
مېنىڭ ئالدىمدا يىغلاپ: «گۆش تېپىپ بەرگىن!» دەپ يالۋۇرماقتا.
مەن شۇنچە خەلققە گۆشنى نەدىن تېپىپ بېرەلەيمەن؟ [14] بۇ خەلقنى
باشقۇرۇش ۋەزىپىسى ماڭا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. مەن بۇنى

يالغۇز ئۇستۇمگە ئاﻻلمىغۇدەكمەن. [15] سەن ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغانىكەنسەن، ماڭا رەھىم قىلىپ، دەرھال جېنىمنى ئال، مەن بۇ جاپانى قايتا تارتماي!

## مۇسانىڭ ياردەمچى تەيىنلىشى

[16] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

- خەلقىنىڭ ئارىسىدىكى سەن تونۇيدىغان پېشقەدەم ئاقساقاللار ۋە باشقۇرغۇچىلاردىن يەتمىشنى يىغىپ، ئۇلارنى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگىن. ئۇلار يېنىڭدا تۇرسۇن. [17] مەن شۇ يەرگە چۈشۈپ، سەن بىلەن سۆزلىشىمەن. ساڭا ئاتا قىلغان روھتىن ئۇلارغىمۇ ئاتا قىلىمەن. سېنىڭ بۇ خەلقنىڭ ئېغىرلىقىنى يالغۇز كۆتۈرمەسلىكىڭ ئۈچۈن ئۇلار ساڭا ياردەملىشىپ، يۈكۈڭنى يەڭگىللىتىدۇ. [18] سەن خەلققە پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيتقىن: «ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى پاكلاپ، ئەتە گۆش يېيىش ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار. سىلەرنىڭ: ‹كىم بىزگە گۆش بېرىدۇ؟ مىسىردا پاراۋان ياشىغانىدۇق!› دەپ ۋايساشلىرىڭلار قۇلىقىمغا يەتتى. مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە گۆش بېرىمەن، ئۇنى چوقۇم يەيسىلەر. [19] بىر-ئىككى كۈن ئەمەس، ياكى بەش-ئون كۈن، ھەتتا يىگىرمە كۈنمۇ ئەمەس، [20] پۈتۈن بىر ئاي، كۆز-قۇلىقىڭلاردىن تېشىپ چىققۇچە، ئېشىڭلار ئارتىپ كەتكۈچە يەيسىلەر. چۈنكى سىلەر: ‹مىسىردىن ئايرىلمىساق بوپتىكەن› دەپ زارلىنىپ، ئاراڭلاردىكى مەن پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈدۈڭلار.»

[21] مۇسا پەرۋەردىگارغا:

- ئەتراپىمدىكى ئەرلەر 600 مىڭدىن ئاشىدۇ. لېكىن سەن: «ئۇلارغا بىر ئاي يەتكۈدەك گۆش بېرىمەن» دېدىڭ. [22] ئۇلارنى تويدۇرۇشقا يەتكۈدەك ئۇنچىۋاﻻ كۆپ قوي، كالىلارنى نەدىن تاپقىلى بولار؟ ئۇلارغا دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ يەتمەسمىكىن؟! - دېدى.

[23] پەرۋەردىگار مۇساغا:

- مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمنى شۇنچىلىك چەكلىك دەپ ئويلامسەن؟ سەن سۆزلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ناھايىتى تېزلا كۆرىسەن!

- دېدى.

[24] شۇنىڭ بىلەن مۇسا چىقىپ، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى خەلققە يەتكۈزدى. ئۇ كۆپچىلىك ئىچىدىن يەتمىش ئاقساقالنى تاللاپ، ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ چۆرىسىگە تۇرغۇزدى. [25] پەرۋەردىگار بۇلۇت ئىچىدە چۈشۈپ، مۇسا بىلەن سۆزلەشتى ۋە مۇساغا ئاتا قىلىنغان روھتىن يەتمىش ئاقساقالغىمۇ ئاتا قىلدى. روھ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشۈشى بىلەنلا ئۇلار ھاياجانلانغان ھالدا زىكىر قىلغىلى تۇردى. لېكىن بۇنداق زىكىر قىلىش كېيىن قايتا تەكرارلانمىدى. [26] ئاقساقاللار ئىچىدىكى ئەلداد ۋە مېداد ئىسىملىك ئىككى ئاقساقال ئۇچرىشىش چېدىرىغا بارماي قارارگاھلىرىدا قالغانىدى، ئۇ يەردە ئۇلارغىمۇ روھ چۈشتى. ئۇلارمۇ ھاياجانلانغان ھالدا زىكىر قىلىشتى. [27] مەلۇم بىر يىگىت مۇسانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئەلداد بىلەن مېدادنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى. [28] بۇ چاغدا نۇننىڭ ئوغلى، يەنى ياش ۋاقتىدىن بۇيان مۇسانىڭ ياردەمچىسى بولۇپ كەلگەن يوشۇۋا مۇساغا:

- تەقسىر، ئۇلارنى توسۇۋالغايسىز؟ - دېدى. [29] مۇسا ئۇنىڭغا:

- سەن مېنىڭ ئورنۇمدىن ئەنسىرەۋاتامسەن؟ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز روھىنى پۈتۈن خەلققە ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پەيغەمبەر بولۇشىنى خالايتتىم، - دەپ جاۋاب بەردى.

[30] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ۋە ئىسرائىللارنىڭ يەتمىش ئاقساقلى قارارگاھلىرىغا قايتىپ كەتتى.

## پەرۋەردىگارنىڭ بۆدۈنە ياغدۇرۇشى

[31] پەرۋەردىگار شامال چىقاردى ۋە شامال توپ-توپ بۆدۈنىلەرنى دېڭىز تەرەپتىن ئۇچۇرۇپ كەلدى. بۆدۈنىلەر بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچقان بولۇپ، قارارگاھنىڭ ھەممە تەرىپىنى بىر كۈنلۈك يول يىراقلىققىچە قاپلاپ كەتكەنىدى. [32] كىشىلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە ۋە كېچىسى بۆدۈنە تۇتقىلى كىرىشىپ كەتتى. ئەتىسىمۇ يەنە پۈتۈن بىر كۈن بۆدۈنە تۇتتى. ھەربىر ئادەم ئاز دېگەندە ئەللىك سېۋەتتىن تۇتۇشتى. ئۇلار بۆدۈنىلەرنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن چېدىرلارنىڭ ئەتراپىغا يېيىپ قويۇشتى.

[33] كۆپچىلىك گۆشلەرنى تېخى يەپ بولالماي تۇرۇپلا، پەرۋەردىگار
ئۇلارغا غەزىپىنى ياغدۇرۇپ، ئەجەللىك ۋابا تارقاتتى. [34] بۇ يەرگە
نەپسى يامانلار دەپنە قىلىنغاچقا، ئۇ يەر قىبروت-ھاتتائاۋا [مەنىسى
«نەپسى يامانلارنىڭ قەبرىستانلىقى»] دەپ ئاتالدى. [35] ئىسرائىل
خەلقى قىبروت-ھاتتائاۋادىن خازېروت دېگەن يەرگە كۆچۈپ
بېرىپ، ئۇ يەردە تۇردى.

## مەريەم بىلەن ھارۇننىڭ مۇساغا قارشى سۆزلىشى

12 [1] مۇسا كۇشتىن كەلگەن ئايالغا ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈن، مەريەم
بىلەن ھارۇن ئۇنىڭغا قارشى سۆزلەرنى قىلىشتى. [2] ئۇلار:
— پەرۋەردىگار بىزگە پەقەت مۇسا ئارقىلىقلا سۆزلەرمۇ؟! ئەجەبا،
ئۇ بىز ئارقىلىق سۆز قىلماسمۇ؟ — دېيىشتى.
پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. [3] (مۇسا شۇنچىلىك
كەمتەر كىشى بولۇپ، يەر يۈزىدىن ئۇنىڭدەك كەمتەر كىشىنى تاپقىلى
بولمايتتى.) [4] بىردىنلا پەرۋەردىگار مۇسا، ھارۇن ۋە مەريەمگە:
— ئۈچۈڭلار ئۈچرىشىش چېدىرىغا كېلىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۈچىلىسى ئۈچرىشىش چېدىرىغا كېلىشتى.
[5] پەرۋەردىگار بۇلۇت تۈۋرۈكىنىڭ ئىچىدە چۈشۈپ، چېدىرنىڭ
ئالدىدا تۇردى ۋە ھارۇن بىلەن مەريەمنى چاقىردى. ئۇلار ئالدىغا
مېڭىشىغا [6] پەرۋەردىگار ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
— سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! ئاراڭلاردا مەن ئەۋەتكەن
پەيغەمبەر بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى غايىبانە ئالامەتتە زاھىر
قىلىمەن ياكى چۈشىدە ئۇنىڭغا سۆزلەيمەن. [7] لېكىن خىزمەتكارىم
مۇساغا باشقىچە سۆزلەيمەن. ئۇ پۈتۈن خەلقىمنىڭ ئىشلىرىغا
سادىقتۇر. [8] مەن ئۇنىڭغا يۈزتۇرانە سۆزلەيمەن، يوشۇرۇن مەنىلەر
بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېنىق قىلىپ سۆزلەيمەن. ئۇ سىياقىمنى
كۆرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا قارشى
سۆزلەشكە پېتىندىڭلار؟
[9] پەرۋەردىگار ئۇلارغا ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇ يەردىن ئايرىلدى.
[10] بۇلۇت چېدىر ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈشىگىلا، مەريەمنى قاردەك ئاپئاق

تېرە كېسىلى قاپلىدى. ھارۇن مەريەمگە بۇرۇلۇپ، مەريەمنىڭ تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى كۆردى. [11] ئۇ مۇساغا يالۋۇرۇپ:
- ئەي ھەزرىتىم، بىز ئەخمەقلىق قىلىپ گۇناھ قىلدۇق، گۇناھىمىزدىن كېچىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. [12] مەريەم ھەرگىزمۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئۆلۈك تۇغۇلغان، يېرىمى چىرىپ كەتكەن ھاملىگە ئوخشاپ قالمىسۇن! - دېدى.
[13] شۇنىڭ بىلەن مۇسا:
- ئى خۇدا، ئۇنىڭغا شىپالىق بەرگەيسەن! - دەپ، پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلدى. [14] پەرۋەردىگار مۇساغا جاۋابەن:
- مۇبادا ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرسە، ئۇ يەتتە كۈنگىچە ئۇيالماسمىدى؟! شۇڭا سىلەر ئۇنى قارارگاھتىن يەتتە كۈن چىقىرىۋېتىڭلار. ئاندىن ئۇنى قايتۇرۇپ كەلسەڭلار بولىدۇ، - دېدى.
[15] شۇنىڭ بىلەن مەريەم قارارگاھ سىرتىدا يەتتە كۈن تۇردى. تاكى ئۇ قايتۇرۇپ كېلىنگۈچە، خەلق ھېچ يەرگە كۆچمىدى. [16] كېيىن خەلق خازېروتتىن قوزغىلىپ، پاران چۆلىگە كېلىپ قارارگاھ قۇردى.

## ئايغاقچىلارنىڭ كەنئان زېمىنىنى كېزىشى

13 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا:
[2] - ئەجدادىڭلارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىدىن بىردىن قەبىلە باشلىقىنى تاللاپ، مەن سىلەرگە ئاتا قىلماقچى بولغان كەنئان زېمىنىنى چارلاشقا ئەۋەتكىن، - دېدى.
[3] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇلارنى پاران چۆلىدىن يولغا سالماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىللارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى ئىدى. [4] تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىدۇر:

رۇبېن قەبىلىسىدىن زاككۇرنىڭ ئوغلى شاممۇۋا،
[5] شىمون قەبىلىسىدىن خورىنىڭ ئوغلى شافات،
[6] يەھۇدا قەبىلىسىدىن يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىب،
[7] ئىسساكار قەبىلىسىدىن يۈسۈپنىڭ ئوغلى يىگال،
[8] ئەفرايىم قەبىلىسىدىن نۇننىڭ ئوغلى ھوشىيا،

[9] بىنيامىن قەبىلىسىدىن رافۇنىڭ ئوغلى پالتى،
[10] زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن سودىنىڭ ئوغلى گاددىئېل،
[11] يۈسۈپنىڭ ئوغلى ماناسسە قەبىلىسىدىن سۇسىنىڭ ئوغلى گاد،
[12] دان قەبىلىسىدىن گىماللىنىڭ ئوغلى ئاممىئېل،
[13] ئاشىر قەبىلىسىدىن مىكائىلنىڭ ئوغلى سېتۇر،
[14] نافتالى قەبىلىسىدىن ۋوفسىنىڭ ئوغلى ناخبى،
[15] گاد قەبىلىسىدىن ماكىنىڭ ئوغلى گېئۇئېل.

[16] بۇلار مۇسا كەنئان زېمىنىنى چارلاشقا ئەۋەتمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىدۇر. مۇسا نۇننىڭ ئوغلى ھوشىياغا [مەنىسى «ياردەم»] يوشۇۋا [مەنىسى «پەرۋەردىگار ياردەم قىلىدۇ»] دەپ ئىسىم قويدى. [17] مۇسا ئۇلارنى كەنئان زېمىنىنى چارلاشقا ئەۋەتىپ، مۇنداق دېدى:
— نەگېب چۆللۈكىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، تاغلىق رايونغا كىرىڭلار. [18] ئۇ يەرلەرنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈڭلار ۋە ئۇ جايدا ياشايدىغان ئەللەرنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز، ئاز ياكى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار. [19] ئۇلار ياشايدىغان زېمىن ياخشىمۇ-يامانمۇ، ئۇلار ياشايدىغان شەھەرلەرنىڭ سېپىللىرى بارمۇ-يوق، [20] تۇپرىقى مۇنبەتمۇ ياكى قاقاسمۇ، ئۇ يەرلەردە دەل-دەرەخلەر بارمۇ-يوق، بىلىپ كېلىڭلار. ئامال قىلىپ ئۇ يەرلەرنىڭ مېۋىسىدىن ئالغاچ كېلىڭلار.
بۇ دەل ئۈزۈمنىڭ تۇنجى پىشقان مەزگىلى ئىدى. [21] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چارلاپ شىمالغا قاراپ ماڭدى. جەنۇب تەرەپتىكى زىن چۆلىدىن تارتىپ تاكى شىمال تەرەپتىكى لىبو-خامات يېنىدىكى رىخوب شەھىرىگىچە باردى. [22] ئۇلار دەسلەپ نەگېب چۆللۈكىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ھېبرون شەھىرىگە كەلدى. ئۇ يەردە ئاناقنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئاخىمان، شېشاي ۋە تالمايلار ياشايتتى. (ھېبرون مىسىردىكى زوئان شەھىرىدىن يەتتە يىل ئىلگىرى بىنا قىلىنغانىدى.) [23] ئۇلار ئەشكول جىلغىسىغا كەلگەندە، ئۈزۈم باراڭلىرىدىن بىر ساپاق ئۈزۈمنى شېخى بىلەن كېسىۋالدى. ئۇنى خادىغا ئېسىپ كۆتۈرۈپ كېلىشتى. ئۇنىڭغا قوشۇپ، ئانار ۋە

ئەنجۈر ئېلىپ كەلدى. [24] ئىسرائىللار ئۇ يەردىن بىر ساپاق ئۈزۈم ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەر ئەشكول جىلغىسى [ مەنىسى «ئۈزۈم ساپىقى جىلغىسى» ] دەپ ئاتالدى.

[25] ئۇلار قىرىق كۈندىن كېيىن كەنئان زېمىنىنى چارلاشتىن قايتىپ كەلدى. [26] ئۇلار مۇسا، ھارۇن ۋە بارلىق ئىسرائىل خەلقى تۇرۇۋاتقان پاران چۆلىدىكى كادېش دېگەن جايغا قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۇ جايدا مۇسا، ھارۇن ۋە ئۇ يەرگە يىغىلغان بارلىق ئىسرائىل خەلقىگە كەنئان زېمىنىنىڭ مېۋىلىرىنى كۆرسەتتى [27] ھەمدە مۇساغا مۇنداق دەپ تەسۋىرلەپ بەردى:

- سەن بىزنى ئەۋەتكەن ئاشۇ زېمىنغا ئىچكىرىلەپ كىردۇق. ئۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىن ئىكەن. مانا، بۇ مېۋىلەر ئاشۇ يەرنىڭ مېۋىلىرى. [28] لېكىن ئۇ جايدا ياشايدىغان ئادەملەر كۈچتۈڭگۈر، شەھەرلىرى ناھايىتى چوڭ ۋە مۇستەھكەم ئىكەن. بىز ئۇ يەردە ھەتتا ئاناقنىڭ ئەۋلادلىرىنىمۇ كۆردۇق. [29] نەگېب چۆللۈكىدە ئامالەكلەر ياشايدىكەن، خىتلار، يېبۇسلار ۋە ئامورلار تاغلىق رايونلاردا ياشايدىكەن. كەنئانلار ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدا ۋە ئىئوردان دەرياسى بويىدا ياشايدىكەن.

[30] كالىب مۇسانىڭ ئالدىدىكى كىشىلەرنى تىنچلاندۇرۇپ:

- بىز ئاتلىنىپ ئۇ زېمىنىنىڭ ئىگىدارلىقىنى چوقۇم ئالايلى، بىز جەزمەن شۇنداق قىلالايمىز، - دەپ خىتاب قىلدى. [31] لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغان كىشىلەر:

- بىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلالمايمىز، ئۇلار بىزدىن كۈچلۈك، - دېيىشتى.

[32] ئۇلار ئۆزلىرى چارلىغان زېمىن ھەققىدە ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، مۇنداق دېيىشتى:

- بىز چارلاشقا بارغان ئۇ يەرلەر ئادەم يۇتىدىكەن. بىز ئۇ يەردە كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ھەيۋەتلىك ئىكەن. [33] بىز ئۇ يەردە ھەتتا دېۋىلەردەك چوڭ نىفىللارنى كۆردۇق (ئۇلارنىڭ كۆرگىنى ئەسلى ئاناقنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى). بىز ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا چېكەتكىدەك ھېس قىلدۇق ھەم بىز ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چېكەتكىدەك ئىدۇق.

## خەلقنىڭ پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈشى

14 [1] ئۇ كېچە پۈتۈن جامائەت زارلاندى ۋە قاتتىق يىغلاشتى.
[2] ئىسرائىل خەلقى مۇسا ۋە هارۇندىن ئاغرىنىپ:
- مىسىردا ياكى مۇشۇ چۆلدە ئۆلگەن بولساق ئوبدان بولاركەن.
[3] پەرۋەردىگار نېمە ئۈچۈن بىزنى بۇ زېمىنغا باشلاپ كېلىپ، قىلىچ
ئاستىدا ئۆلۈشكە بۇيرۇيدۇ؟ ئەمدىلىكتە خوتۇن-بالىلىرىمىز
بۇلاڭ-تالاڭغا قالىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن كۆرە مىسىرغا قايتىپ
كەتكىنىمىز ئەۋزەل ئەمەسمىدى؟! - دېيىشتى. [4] ئاندىن بىر-بىرىگە:
- بىز بىر يېتەكچى تاللاپ، مىسىرغا قايتىپ كېتەيلى، - دېيىشتى.
[5] مۇسا بىلەن هارۇن يىغىلغان پۈتۈن ئىسرائىل جامائىتىنىڭ
ئالدىدا ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ، باشلىرىنى يەرگە تەگكۈزۈشتى.
[6] كەنئان زېمىنىنى چارلاشقا بارغانلاردىن نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا
ۋە يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىب كىيىملىرىنى يىرتىشىپ، [7] پۈتۈن
ئىسرائىل جامائىتىگە:
- بىز چارلاپ، كۆرۈپ كەلگەن ئۇ زېمىن ناھايىتى مۇنبەت ئىكەن.
[8] ئەگەر پەرۋەردىگار بىزدىن خۇرسەن بولسا، بىزنى ئۇ زېمىنغا باشلاپ
كىرىدۇ ھەمدە ئاشۇ سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىننى
بىزگە ئاتا قىلىدۇ. [9] پەرۋەردىگارغا ھەرگىز ئاسىيلىق قىلماڭلار!
ئۇ جاينىڭ ئادەملىرىدىن قورقماڭلار. چۈنكى بىز ئۇلارنى چايناپ،
پۇركۇپ تاشلايمىز. ئۇلارنىڭ ھىمايىچىسى يوق، لېكىن بىزگە
پەرۋەردىگار ياردۇر، ئۇلاردىن قورقماڭلار، - دېيىشتى.
[10] ئەمما يىغىلغان پۈتۈن جامائەت: «ئۇلارنى چالما-كېسەك
قىلايلى» دېيىشتى. شۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى
ئۇچرىشىش چېدىرىدىن پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە نامايان بولدى.

## مۇسانىڭ خەلق ئۈچۈن دۇئا قىلىشى

[11] پەرۋەردىگار مۇساغا:
- بۇ كىشىلەر مېنى قاچانغىچە مەنسىتمەيدۇ؟ مەن ئۇلارغا
كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، قاچانغىچە ماڭا
ئىشەنمەيدۇ؟ [12] ئەمدى مەن ئۇلارنى ۋابا بىلەن يوقىتىمەن، ئۇلارنى

ھالاك قىلمەن. لېكىن سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭنى ئۇلاردىنمۇ بۈيۈك ۋە كۈچلۈك بىر خەلق قىلمەن، ــ دېدى. [13] مۇسا پەرۋەردىگارغا مۇنداق دېدى:

ــ ئۇلارنى ھالاك قىلساڭ، مىسىرلىقلار بۇ ئىشتىن چوقۇم خەۋەر تاپىدۇ! سەن بۇ خەلقنى ئۆزۈڭنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ چىققانىدىڭ. [14] مىسىرلىقلار كەنئان زېمىنىدىكى خەلقلەرگە بۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ زېمىندىكى خەلقلەر ئاللىقاچان سەن توغرۇلۇق خەۋەر ئاڭلىغان. ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ بۇ خەلق بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىڭنى، سېنىڭ خەلقىڭ ئارىسىدا يۈزتۇرانە زاھىر بولغانلىقىڭنى، بۇلۇتۇڭنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغانلىقىنى، سېنىڭ كۈندۈزى بۇلۇت تۈۋرۈكى ئىچىدە، كېچىسى ئوت تۈۋرۈكى ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغانلىقىڭنى ئاڭلىغان. [15] ئەگەر سەن بۇ خەلقنىڭ ھەممىسىنى تۇيۇقسىز ھالاك قىلساڭ، سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭدىن خەۋەردار بولغان ئەللەر چوقۇم: [16] «پەرۋەردىگار ئۇ خەلقنى ئاشۇ زېمىنغا ئېلىپ بېرىشقا ۋەدە قىلغانىدى، لېكىن ئېلىپ بارالماپتۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنى چۆلدە قىرغىن قىلىپتۇ» دېيىشىدۇ. [17] ئى ئىگەم، ئەمدى كۈچ-قۇدرىتىڭنى كۆرسەتكەيسەن. خۇددى ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك، [18] سەن ئاسانلىقچە غەزەپلەنمەيسەن، مېھىر-مۇھەببىتىڭ چەكسىزدۇر، گۇناھ ۋە ئاسىيلىقلارنى كەچۈرىسەن. لېكىن سەن گۇناھىغا توۋا قىلمىغان گۇناھكارلارنى جازالىماي قويمايسەن. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى تاكى ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئەۋلادىغىچە جازالايسەن. [19] سەن مىسىردىن چىققاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۆز خەلقىڭنى كەچۈرۈپ كەلگىنىڭگە ئوخشاش، ئۇلۇغ مېھىر-مۇھەببىتىڭ بىلەن بۇ خەلقنىڭ گۇناھىنى يەنە بىر قېتىم كەچۈرگەيسەن.

[20] پەرۋەردىگار بۇنىڭغا جاۋابەن:

ــ ئۆتۈنۈشۈڭنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى كەچۈردۈم. [21] شۇنداقتىمۇ، مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم ۋە پۈتۈن يەر-زېمىننى قاپلىغان ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، [22] مىسىردا ھەم چۆلدە كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىمنى ۋە ئۇلۇغلۇقۇمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ مېنى ئون قېتىم سىنىغان ۋە ماڭا ئىتائەت قىلمىغان بۇ خەلق [23] ئەجدادلىرىغا

ۋەدە قىلغان زېمىننى ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ. مېنى مەنسىتمىگەن ھەرقانداق بىر ئادەم ئۇ يەرنى كۆرەلمەيدۇ. [24] لېكىن مېنىڭ خىزمەتكارىم كالىب ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ پۈتۈن قەلبى بىلەن ماڭا ئەگەشتى. مەن ئۇنى ئۇ بېرىپ باققان ئاشۇ زېمىنغا باشلاپ كىرىمەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. [25] لېكىن ھازىر ئامالەكلەر ۋە كەنئانلار ئۇ يەردىكى جىلغىلاردا تۇرىدۇ. شۇڭا سىلەر ئەتە ئارقاڭلارغا قايتىپ، قىزىل دېڭىز تەرەپتىكى چۆللۈككە بېرىڭلار، - دېدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ خەلقنى جازالىشى

[26] پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا يەنە مۇنداق دېدى:

[27] - بۇ رەزىل خەلق قاچانغىچە ماڭا نارازى بولىدۇ؟ مەن ئىسرائىللارنىڭ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. [28] شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: «مەن پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرگە ئالدىمدا ئېيتقان ئاشۇ سۆزلىرىڭلارغا ئوخشاش بالا-قازا چۈشۈرىمەن، [29] جەسىتىڭلار مۇشۇ چۆلدە قالىدۇ. سەپەردە ماڭا نارازىلىق بىلدۈرگەن يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى رويخەتكە ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ. [30] مەن سىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىڭلار ئۈچۈن بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئاشۇ زېمىنغا سىلەرنى كىرگۈزمەيمەن. پەقەت يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىب ۋە نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا ئۇ زېمىنغا كىرەلەيدۇ.

[31] سىلەر 〈بۇلاڭ-تالاڭغا قالىدۇ〉 دېگەن بالىلىرىڭلارنى سىلەر بېرىشنى رەت قىلغان ئاشۇ زېمىنغا باشلاپ كىرىپ ھۇزۇرلاندۇرىمەن. [32] لېكىن سىلەرنىڭ جەسىتىڭلار چۆلدە قالىدۇ. [33] سىلەرنىڭ ساداقەتسىزلىكىڭلار تۈپەيلىدىن پەرزەنتلىرىڭلار چۆلدە قىرىق يىل سەرسان بولۇپ، تاكى سىلەر ئۆلۈپ تۈگىگۈچە ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە ياشايدۇ. [34] سىلەر ئۇ زېمىننى چارلىغان قىرىق كۈنۈڭلارنىڭ ھەربىر كۈنى ئۈچۈن بىر يىلدىن قىرىق يىل ئازاب چېكىسىلەر ۋە مېنىڭ سىلەردىن يۈز ئۆرۈگىنىمنى بىلىسىلەر. [35] مەن پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە شۇنداق دەپ ئېيتىمەنكى، ماڭا

بىرلىشىپ قارشى تۇرغان بۇ رەزىل خەلققە ئېيتقانلىرىمنى چوقۇم مۇشۇ چۆلدە ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. ئۇلار بۇ چۆلدە ھالاك بولىدۇ، بۇ جايدا ئۆلىدۇ».

[36] مۇسا كەنئاننى چارلاشقا ئەۋەتكەن ئاشۇ ئادەملەر قايتىپ كېلىپ، شۇ زېمىن ھەققىدە يامان خەۋەر تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى مۇساغا قارشى شىكايەت قىلدى. [37] شۇڭا پەرۋەردىگار بۇ ئادەملەرگە ۋابا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ھالاك قىلدى. [38] چارلاشقا بارغانلاردىن پەقەت نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا ۋە يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىبلا ئامان قالدى.

[39] مۇسا بۇ ئىشلارنى ئىسرائىللارغا خەۋەر قىلغاندا، ئىسرائىل خەلقى قاتتىق قايغۇرۇشتى. [40] ئەتىسى سەھەردە ئۇلار تاغلىق رايونلارغا بېرىشقا تەييارلىنىپ، «بىز گۇناھ قىلدۇق، بىز ئەمدى پەرۋەردىگار ۋەدە قىلغان زېمىنغا بارىمىز» دېيىشتى. [41] لېكىن مۇسا ئۇلارغا:

- سىلەر نېمە ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىسىلەر؟ ئەمدى سىلەر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىلەر. [42] ئۇ يەرگە بارماڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرگە يار ئەمەستۇر. سىلەر دۈشمەنلىرىڭلارغا مەغلۇپ بولىسىلەر. [43] ئامالەكلەر ۋە كەنئانلار ئۇ يەردە سىلەرگە قارشى چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلىسىلەر! چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈدۈڭلار، پەرۋەردىگار سىلەرگە يار بولمايدۇ، - دېدى.

[44] شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزلۈكىدىن تاغلىق رايونلارغا كېتىشتى. لېكىن مۇسا ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى قارارگاھتا قالدى. [45] تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان ئامالەكلەر ۋە كەنئانلار تاغلاردىن چۈشۈپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ تاكى خورماھقىچە قوغلاپ زەربە بەردى.

## قوشۇمچە ھەدىيەلەر

15 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] - ئىسرائىل خەلقىگە بۇ ئەمرنى يەتكۈزگىن: «سىلەر مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە ئاتا قىلماقچى بولغان زېمىنغا كىرىپ

ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، 3 مېنى مەمنۇن قىلىش ئۈچۈن خۇش
پۇراقلىق تائام ھەدىيەلىرىنى سۇنماقچى بولساڭلار، يەنى مەيلى
كۆيدۈرمە قۇربانلىق ياكى باشقا قۇربانلىق قىلماقچى بولساڭلار،
مەيلى قەسەمڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياكى خالىس
قۇربانلىق قىلماقچى بولساڭلار ياكى ھېيتلىرىڭلاردا قۇربانلىق
قىلماقچى بولساڭلار، كالا ياكى قوي-ئۆچكىلەرنى ئېلىپ كېلىپ،
مېنىڭ ئېيتقىنىم بويىچە قۇربانلىق قىلىڭلار.
4 پاقلان ياكى ئوغلاق قۇربانلىق قىلىدىغانلار ئۇنىڭغا قوشۇپ
بىر لىتىر زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان بىر كىلو سۆپەتلىك ئۇننى
ئاشلىق ھەدىيەسى قىلسۇن 5 ۋە ئىچىملىك ھەدىيەسى ئۈچۈن بىر
لىتىر شاراب سۇنسۇن.
6 قوچقار قۇربانلىق قىلىدىغانلار ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر يېرىم
لىتىر زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان ئىككى كىلو سۆپەتلىك ئۇننى
ئاشلىق ھەدىيەسى قىلسۇن 7 ۋە بىر يېرىم لىتىر شارابنى ئىچىملىك
ھەدىيەسى قىلسۇن. بۇ مەن پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ۋە مېنى مەمنۇن
قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق قۇربانلىق بولىدۇ.
8 قىلغان قەسەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياكى ماڭا ئاتاپ
ئامانلىق قۇربانلىقى سۇنۇش ئۈچۈن بىر بۇقىنى كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ياكى باشقا قۇربانلىق قىلغاندا، 9 بۇنىڭغا قوشۇپ ئىككى
لىتىر زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان ئۈچ كىلو سۆپەتلىك ئۇننى
ئاشلىق ھەدىيەسى قىلسۇن 10 ۋە ئىككى لىتىر شارابنى ئىچىملىك
ھەدىيەسى قىلسۇن. بۇلار مەن پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ۋە مېنى
مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى بولىدۇ.
11 سىلەر بۇقا، قوچقار، پاقلان ياكى ئوغلاق قۇربانلىق قىلغاندا،
12 قۇربانلىق قىلغان چارۋا مېلىڭلارنىڭ تۈرى ۋە سانى بويىچە
قوشۇمچە ھەدىيەلەرنى سۇنۇڭلار.
13 ھەربىر ئىسرائىل مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ مېنى مەمنۇن
قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى سۇنغاندا، مانا مۇشۇ
قائىدىلەرگە ئەمەل قىلسۇن. 14 ئاراڭلاردا ياشاپ كەلگەن ياكى
ۋاقتىنچە تۇرۇۋاتقان يات خەلقلەر مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ مېنى
مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى سۇنماقچى

بولسا، سلەر قانداق قلغان بولساڭلار ئۇلارمۇ شۇنداق قلسۇن.
[15] ئىسرائىللار ۋە ئاراڭلاردا ياشايدىغان يات خەلقلەر ئۇچۇن بۇ
بەلگىلىمە ئوخشاشتۇر. بۇ مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىگە ئەۋلادتىن
ئەۋلادقىچە ئەمەل قىلىڭلار. يات خەلقلەر مەنكى پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا سلەر بىلەن ئوخشاشتۇر. [16] ئاراڭلاردا ياشايدىغان يات
خەلقلەرگىمۇ بۇ قانۇن ۋە قائىدە ئوخشاشتۇر.»

## تۇنجى دانلىق زىرائەت ھەدىيەسى

[17] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[18] – ئىسرائىل خەلقىگە بۇ ئەمرنى يەتكۈزگىن: «مەن پەرۋەردىگار
سلەرنى ئېلىپ بارماقچى بولغان زېمىنغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن،
[19] ئۇ زېمىننىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولغىنىڭلاردا، بىر
قىسمىنى ھەدىيە سۈپىتىدە مەن پەرۋەردىگارغا سۇنۇڭلار. [20] تۇنجى
ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ ئۇنىدىن توقاچ پىشۇرۇپ، خاماندىن كەلگەن
ھەدىيە سۈپىتىدە مەن پەرۋەردىگارغا سۇنۇڭلار. [21] تۇنجى ئېلىنغان
ھوسۇلنىڭ ئۇنىدىن مەن پەرۋەردىگارغا ھەدىيە سۇنۇڭلار. بۇ
قائىدىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇڭلار.»

## بىخەستەلىكتىن قىلىنغان گۇناھلارنىڭ قۇربانلىقلىرى

[22-23] «ئەگەر جامائەت ھازىر ياكى كەلگۈسىدە مەن پەرۋەردىگار
مۇساغا ئەمر قىلغان بارلىق پەرمانلىرىمغا [24] بىلمەسلىكتىن ۋە
بىخەستەلىكتىن خىلاپلىق قىلىپ سالغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار
بىر بۇقىنى مەن پەرۋەردىگارغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلسۇن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ۋە مېنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش
پۇراقلىق قۇربانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قائىدە بويىچە
ئاشلىق ھەدىيەسى، ئىچىملىك ھەدىيەسى سۇنسۇن ۋە بىر تېكىنى
گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن سۇنسۇن. [25] شۇنداق
قىلىپ، روھانىيلار پۈتۈن جامائەتنى گۇناھتىن ساقىت قىلىدۇ ۋە
جامائەت كەچۈرۈلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ گۇناھنى بىخەستەلىكتىن
ئۆتكۈزگەندۇر ۋە ئۇلار ئۆز خاتالىقى ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا ئاتام

ھەدىيەسى ۋە گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى سۇنغاندۇر.
[26] پۈتۈن ئىسرائىل جامائىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان يات خەلقلەرمۇ كەچۈرۈلىدۇ، چۈنكى ئۇلار بىخەستەلىكتىن خاتالىق ئۆتكۈزگەندۇر.
[27] ئەگەر بىرەر كىشى بىخەستەلىكتىن گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، ئۇ بىر ياشلىق چىشى ئۆچكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلسۇن. [28] روھانىيلار بىخەستەلىكتىن گۇناھ قىلغان كىشىنى مەن پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا گۇناھتىن ساقىت قىلىدۇ ۋە ئۇ كىشى كەچۈرۈلىدۇ. [29] مەيلى ئىسرائىللار ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان يات خەلقلەر بىخەستەلىكتىن گۇناھ سادىر قىلسا، ئوخشاش قائىدىگە ئەمەل قىلسۇن. [30] ئەمما كىمدىكىم بىلىپ تۇرۇپ قەستەن گۇناھ سادىر قىلسا، مەيلى ئۇ ئىسرائىللاردىن بولسۇن ياكى يات خەلقلەردىن بولسۇن، پەرۋەردىگارغا كۇپۇرلۇق قىلغان بولىدۇ. بۇنداق ئادەم خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. [31] ئۇلار مەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى كەمسىتىپ، مېنىڭ ئەمرىمگە قەستەن خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، چوقۇم خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىلىپ، ئۆز گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن.»

## دەم ئېلىش كۈنىگە خىلاپلىق قىلىش

[32] ئىسرائىللار چۆلدىكى ۋاقتىدا بىر كىشىنىڭ دەم ئېلىش كۈنىدە ئوتۇن تېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. [33] ئۇنىڭ ئوتۇن تېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان كىشىلەر ئۇنى مۇسا، ھارۇن ۋە پۈتۈن جامائەتنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. [34] بىراق ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش تېخى ئېنىق بولمىغاچقا، ئۇنى نەزەربەندكە ئالدى. [35] پەرۋەردىگار مۇساغا:
– بۇ كىشى جەزمەن ئۆلتۈرۈلسۇن. جامائەت ئۇنى قارارگاھنىڭ سىرتىدا چالما-كېسەك قىلسۇن، – دېدى.
[36] شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن جامائەت ئۇنى قارارگاھنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈردى.

## كىيىمگە چوچا ئېسىپ يۈرۈش ھەققىدە

[37] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[38] – ئىسرائىل خەلقىگە بۇ ئەمرنى يەتكۈزگىن: «ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە كىيىمڭلارنىڭ ئېتىكىگە چوچا ئېسىپ يۈرۈڭلار. ھەربىر چوچىدا بىر تال كۆك يىپ بولسۇن. [39] ھەر قېتىم بۇ چوچىلارنى كۆرگىنىڭلاردا، مەن پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئەمرلىرى ئېسىڭلارغا كېلىپ، ئۇلارغا ئەمەل قىلىسىلەر. شۇنداق بولغاندا سىلەر ئۆز ئارزۇ-ھەۋەسلىرىڭلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلمايسىلەر.
[40] شۇنداق قىلىپ، سىلەر مەن پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئەمرلىرىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇپ، ماڭا ئىتائەت قىلىسىلەر ۋە مەن خۇدايىڭلارغا ئاتالغان بولىسىلەر. [41] مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇداۋەندىمەن. سىلەرنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتىم. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇداۋەندىمەن.»

## كوراھ، داتان ۋە ئابىراملارنىڭ ئاسىيلىقى

16 [1] لاۋىينىڭ ئەۋرىسى، قوھاتنىڭ نەۋرىسى، يىزھارنىڭ ئوغلى بولغان كوراھ رۇبېن قەبىلىسىدىن بولغان ئەلىئابنىڭ داتان ۋە ئابىرام قاتارلىق ئوغۇللىرى، شۇنداقلا پەلەتنىڭ ئوغلى ئون بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، [2] مۇساغا قارشى تۇردى. ئىسرائىللار ئىچىدىكى 250 يېتەكچىمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇلار جامائەت تەرىپىدىن تاللانغان ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئىدى. [3] ئۇلار بىرلىشىپ مۇسا ۋە ھارۇنغا:
– سىلەر ھەددىڭلاردىن بەك ئېشىپ كەتتىڭلار! ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھەربىر ئادىمى پەرۋەردىگارغا ئاتالغاندۇر، پەرۋەردىگار ئۇلارغىمۇ ياردۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى چوڭ تۇتۇپ، ئۆزۈڭلارنى پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىدىن ئۈستۈن تۇتىسىلەر؟ – دېيىشتى.
[4] مۇسا بۇنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. [5] ئاندىن ئۇ كوراھ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە:

ـ ئەتە سەھەردە پەرۋەردىگار كىمنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى،
كىمنىڭ ئۆزىگە ئاتالغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا بارسا
بولىدىغانلىقىنى ئايان قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى تاللىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە
يېقىنلىششىغا يول قويىدۇ. [6] كوراھ، سەن شېرىكلىرىڭ بىلەن
ئىسرىقدان ئېلىپ كېلىپ، [7] ئەتە پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇلارغا
چوغ سېلىپ، ئىسرىق سېلىڭلار. پەرۋەردىگار كىمنى تاللىسا، شۇ
پەرۋەردىگارغا ئاتالغان بولىدۇ. سىلەر لاۋىيلار ھەددىڭلاردىن بەك
ئاشتىڭلار! ـ دېدى.

[8] مۇسا يەنە كوراھقا قاراپ، مۇنداق دېدى:

ـ ئەي لاۋىيلار، سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار! [9] ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ
كەلگەن پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرنى باشقا ئىسرائىللاردىن ئايرىۋېلىپ،
ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىبادەت چېدىرىغا مۇناسىۋەتلىك
خىزمەتلەرنى قىلدۇرۇشى، شۇنداقلا پۈتۈن جامائەتنىڭ ۋەكىلى
سۈپىتىدە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تاللىشى يېتەرلىك
ئەمەسمۇ؟ [10] ئەي كوراھ، پەرۋەردىگار سېنى ۋە باشقا لاۋىيلارنى
ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ كەلدى. لېكىن سىلەر ئەمدى روھانىيلىقنىمۇ
تالاشماقچىمۇ؟ [11] سەن شېرىكلىرىڭ بىلەن بىرلىشىپ، ماڭا قارشى
تۇرغىنىڭ ھارۇنغا قارشى تۇرۇش بولماستىن، بەلكى پەرۋەردىگارغا
قارشى تۇرۇشتۇر!

[12] مۇسا ئەلىئابنىڭ ئوغۇللىرى بولغان داتان ۋە ئابىرامنى
چاقىرتتى. لېكىن ئۇلار:

ـ بىز بارمايمىز! [13] سەن بىزنى سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان
مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، مۇشۇ چۆلدە ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ ئەجەبا،
بۇ يەتمەمدۇ؟ ھازىر سەن يەنە ئۆزۈڭنى پادىشاھ كۆرۈپ، بىزنى
باشقۇرماقچىمۇ؟ [14] يەنە كېلىپ، سەن بىزنى سۈت ۋە ھەسەل
ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىنغا تېخى باشلاپ كىرمىدىڭ ياكى ۋەدە
قىلغىنىڭدەك ئېكىنزارلىق ۋە ئۈزۈمزارلىقمۇ بەرمىدىڭ. سەن
كۆزلىرىمىزنى باغلاپ، بىزنى يەنە داۋاملىق ئالدىماقچىمۇ؟ ياق،
بىز بارمايمىز! ـ دېدى.

[15] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ناھايىتى ئاچچىقلاندى ۋە پەرۋەردىگارغا:

- ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلمىغايسەن. مەن ئۇلارنىڭ بىر تۇياق ئېشىكىنىمۇ ئېلىپ باقمىدىم ياكى ئۇلارغا ھېچقانداق ناھەقچىلىك قىلىپ باقمىدىم، - دېدى.
[16] شۇنىڭ بىلەن مۇسا كوراھقا يەنە:
- ئەتە سەن بارلىق شېرىكلىرىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگىن، ھارۇنمۇ كەلسۇن. [17] شېرىكلىرىڭ بولغان 250 ئادەم ئۆز ئىسرىقدانلىرىنى ئېلىپ كەلسۇن. سەنمۇ ئىسرىقدىنىڭنى ئېلىپ كەل. ھارۇنمۇ ئېلىپ كەلسۇن. ھەركىم ئۆز ئىسرىقدانلىرىدا ئىسرىق سالسۇن، - دېدى.
[18] شۇنىڭ بىلەن ھەركىم ئۆز ئىسرىقدىنىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا چوغ ۋە ئىسرىق سېلىپ، مۇسا ۋە ھارۇن بىلەن بىرگە ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشتى. [19] كوراھ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا مۇسا ۋە ھارۇنغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلاندى. شۇ ئەسنادا پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى پۈتۈن جامائەتكە زاھىر بولدى.
[20] پەرۋەردىگار مۇسا ۋە ھارۇنغا:
[21] - سىلەر جامائەتتىن ئايرىلىپ چىقىڭلار. مەن مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنى ھالاك قىلىمەن، - دېدى.
[22] لېكىن مۇسا بىلەن ھارۇن ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ، نالە قىلدى:
- ئى خۇدا، ئىنسانلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى خۇدا، بىر ئادەمنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى ئۈچۈن پۈتۈن جامائەتكە غەزەپلىنەمسەن؟
[23] پەرۋەردىگار مۇساغا:
[24] - جامائەتكە ئېيتقىن، ئۇلار كوراھ، داتان ۋە ئابىراملارنىڭ چېدىرلىرىدىن يىراق تۇرسۇن! - دېدى.
[25] مۇسا ئورنىدىن تۇرۇپ، داتان ۋە ئابىراملارغا قاراپ ماڭدى. ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. [26] ئۇ جامائەتنى ئاگاھلاندۇرۇپ:
- بۇ رەزىل كىشىلەرنىڭ چېدىرلىرىدىن يىراق تۇرۇڭلار! ئۇلارنىڭ ھەرقانداق نەرسىسىگە تەگمەڭلار، بولمىسا ئۇلارنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن سىلەرمۇ بىرلىكتە ھالاك بولىسىلەر، - دېدى.

[27] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كوراھ، داتان ۋە ئابىرامنىڭ چېدىرلىرىدىن يىراقلاشتى. داتان بىلەن ئابىرام ئاياللىرى ۋە باللىرى بىلەن بىرگە چىقىپ، چېدىرلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشتى. [28] مۇسا جامائەتكە مۇنداق دېدى:

– مەن قىلغان بارلىق ئىشلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە قىلىۋاتقانلىقىمنى، شەخسىي غەرەزىمنىڭ يوقلۇقىنى تېزلا بىلىپ قالىسىلەر. [29] بۇ كىشىلەر ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەيدۇ، ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەر دۇچار بولمايدىغان ئىشلارغا دۇچار بولىدۇ. ئەگەر مېنىڭ دېگەنلىرىم يۈز بەرمىسە، مېنى پەرۋەردىگار ئەۋەتمەپتۇ، دەپ بىلىڭلار. [30] ئەگەر پەرۋەردىگار بۇرۇن قىلمىغان ئىشتىن بىرنى قىلىپ، يەرنى يېرىپ، ئۇلارنى بارلىق نەرسىلىرى بىلەن بىرگە يەر ئاستىغا، يەنى گۆرگە تىرىكلا ئېلىپ كىرىپ كەتسە، بۇنى ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارنى مەنسىتمىگەنلىكىدىن بولغان، دەپ بىلىڭلار.

[31] مۇسا سۆزلىرىنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغىلا، كوراھ، داتان ۋە ئابىرام دەسسەپ تۇرغان يەر يېرىلىپ، [32] ئۇلارنى باللىچاقىلىرى ۋە مال-مۈلۈكلىرى بىلەن بىرگە بىراقلا يۇتۇپ كەتتى. [33] ئۇلار يەر ئاستىغا ئۆزلىرىنىڭ مال-مۈلۈكلىرى بىلەن بىرگە تىرىكلا چۈشۈپ كەتتى. يەر ئەسلىگە قايتقىنىدا، ئۇلار ئاللىقاچان جامائەت ئارىسىدىن غايىب بولغانىدى. [34] ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ پەريادلىرىنى ئاڭلىغان بارلىق ئىسرائىللار بىزنىمۇ يەر يۇتۇپ كەتمىسۇن دەپ، قېچىپ كېتىشكەنىدى.

[35] پەرۋەردىگار يەنە ئوت چۈشۈرۈپ، ئىسرىق سېلىۋاتقان 250 ئادەمنى كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلدى. [36] پەرۋەردىگار مۇساغا:

[37] – روھانىي ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازارغا ئېيتقىن، ئۇ ئىسرىقدانلارنى قالدۇق ئوتنىڭ ئىچىدىن ئېلىۋالسۇن. چۈنكى ئىسرىقدانلار مۇقەددەستۇر. چوغلارنى يىراقراق جايغا چېچىۋەتسۇن. [38] گۇناھى سەۋەبىدىن ھالاك بولغانلارنىڭ ئىسرىقدانلىرىنى سوقۇپ، نېپىزلىتىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئۈستىنى قاپلىسۇن، چۈنكى ئىسرىقدانلاردا مەن پەرۋەردىگارغا ئىسرىق كۆيدۈرۈلگەندۇر، ئۇلار مۇقەددەستۇر. ئۇلار ئىسرائىللارغا ئىبرەت بولسۇن، – دېدى.

[39] شۇنىڭ بىلەن روھانىي ئەلئازار تۇچ ئىسرىقدانلارنى كۆيۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ يېنىدىن يىغىۋالدى ھەمدە ئۇلارنى سوقۇپ، نېپىزلىتىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئۈستىنى قاپلاتتى. [40] بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە بولدى. مۇشۇ ئارقىلىق ئىسرائىللارغا ھارۇننىڭ ئەۋلادىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئىسرىق سالسا بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ كوراھ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىدەك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىبرەت بېرىلدى.

[41] لېكىن ئەتىسى پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى مۇسا ۋە ھارۇنغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ:

- سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار! - دېدى.

[42] خەلق مۇسا ۋە ھارۇنغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يىغىلغاندا، ئۇلار بىردىنلا ئۇچرىشىش چېدىرىنى بۇلۇتنىڭ ئورىۋالغانلىقىنى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىنىڭ نامايان بولغانلىقىنى كۆرۈشتى. [43] مۇسا بىلەن ھارۇن ئۇچرىشىش چېدىرى ئالدىغا كەلدى. [44] پەرۋەردىگار مۇساغا:

[45] - جامائەتتىن ئايرىلىپ چىقىڭلار. مەن ئۇلارنى بىراقلا ھالاك قىلىمەن، - دېدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلىدى. [46] ئاندىن مۇسا ھارۇنغا:

- ئىسرىقدىنىڭنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قۇربانلىق سۇپىسىدىن چوغ ئېلىپ سالغىن ۋە ئۈستىگە ئىسرىق قويغىن، ئاندىن تېزلىك بىلەن جامائەتنى گۇناھلىرىدىن ساقىت قىلغىن. چۈنكى پەرۋەردىگار قەھر-غەزەپكە كەلدى، ۋابا باشلىنىدىغان بولدى، - دېدى.

[47] ھارۇن مۇسانىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، ئىسرىقداننى ئېلىپ جامائەت ئارىسىغا يۈگۈرۈپ باردى. كىشىلەر ئارىسىدا ئاللىقاچان ۋابا تارقىلىشقا باشلىغانىدى. ھارۇن ئىسرىق سېلىپ، جامائەتنى گۇناھلىرىدىن ساقىت قىلىپ، [48] ئۆلۈكلەر بىلەن تىرىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ۋابا توختىدى. [49] لېكىن شۇ كۈنىلا كوراھ سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەردىن باشقا 14,700 ئادەم ۋابا بىلەن جېنىدىن ئايرىلدى. [50] ۋابا توختىغاندىن كېيىن، ھارۇن ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇسانىڭ يېنىغا كەلدى.

## هارۇننىڭ تايىقىنىڭ بىخلىنىشى

17
1 پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
2 ــ ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، ھەربىر قەبىلىنىڭ باشلىقلىرى
بىردىن جەمئىي 12 تاياق ئېلىپ كەلسۇن. تاياقلارغا قەبىلە
باشلىقلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلسۇن. 3 لاۋىيلارنىڭ تايىقىغا ھارۇننىڭ
ئىسمى يېزىلسۇن. ھەربىر قەبىلە باشلىقىنىڭ بىردىن تايىقى بولسۇن.
4 ئۇلارنى سەن ئۇچرىشىش چېدىرى ئىچىدىكى ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئالدىغا، يەنى مەن پەرۋەردىگار سىلەر بىلەن كۆرۈشىدىغان جاينىڭ
ئالدىغا قويغىن. 5 كىمنىڭ تايىقى بىخ چىقارسا، مەن تاللىغان
كىشى شۇ بولىدۇ. مەن شۇ ئارقىلىق ئىسرائىللارنىڭ سىلەردىن
ئاغرىنىشىنى توختىتىمەن.
6 شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئىسرائىللارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ
تاياقلىرىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ھارۇننىڭ
تايىقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ، جەمئىي 12 تاياق ئىدى. 7 مۇسا
تاياقلارنى ئەھدە چېدىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىغا،
يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا قويدى.
8 ئەتىسى مۇسا ئەھدە چېدىرىغا كىرىپ، لاۋىيلارغا تەۋە ھارۇننىڭ
تايىقىنىڭ بىخلاپلا قالماي بەلكى غۇنچىلاپ، چېچەكلەپ ھەم
بادامىلغانلىقىنى كۆردى. 9 مۇسا ھەممە تاياقلارنى ئۇچرىشىش
چېدىرىدىن ئېلىپ چىقىپ، پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە كۆرسەتتى.
قەبىلە باشلىقلىرى ئۆز تاياقلىرىنى ئېلىشتى. 10 پەرۋەردىگار مۇساغا:
ــ ھارۇننىڭ تايىقىنى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىغا قايتا ئاپىرىپ
قويغىن. ئۇ قارشى تۇرغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن شۇ يەردە
تۇرسۇن. ئەمدى ئۇلارنىڭ ماڭا قارشى شىكايەتلىرى توختىسۇن،
شۇندىلا ئۇلار ئۆلمەيدۇ، ــ دېدى.
11 مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈردى.
12 ئىسرائىل خەلقى مۇساغا:
ــ بىز ئۆلىدىغان بولدۇق! بىز تۈگەشتۇق، ھەممىمىز تۈگەشتۇق!
13 پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرىغا يېقىنلاشقان ھەرقانداق بىر
ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندەك، بىزمۇ ئۆلەرمىزمۇ؟ ــ دېيىشتى.

## لاۋىيلار ۋە روھانىيلارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى

18 [1] پەرۋەردىگار ھارۇنغا مۇنداق دېدى:
– سەن ۋە ئوغۇللىرىڭ، شۇنداقلا لاۋىي قەبىلىسىدىكى
قېرىنداشلىرىڭ ئىبادەت چېدىرى ھەققىدىكى ئەمرلەرنىمگە
خىلاپلىق قىلساڭلار، جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر. روھانىيلار ۋەزىپە
ئۆتەش جەريانىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن پەقەت سەن ۋە
ئوغۇللىرىڭ جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر.
[2] سەن ۋە ئوغۇللىرىڭ ئەھدە چېدىرىنىڭ ئالدىدا خىزمەتتە
بولغىنىڭلاردا، لاۋىي قەبىلىسىدىكى قېرىنداشلىرىڭلارنى بىرگە
ئېلىۋېلىپ، ئۆزۈڭلارغا ياردەملەشتۈرۈڭلار. [3] ئۇلار سېنىڭ ۋە
چېدىرنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن. لېكىن ئۇلار چېدىرغا كىرىپ،
چېدىرنىڭ ئىچىدىكى مۇقەددەس بۇيۇملارغا، شۇنداقلا قۇربانلىق
سۇپىسىغا يېقىنلاشمىسۇن. بولمىسا ئۇلار ھەم سىلەر ھالاك
بولىسىلەر. [4] ئۇلار ساڭا ياردەملىشىپ، ئۇچرىشىش چېدىرىغا
قاراشقا، چېدىرنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل
بولسۇن. لاۋىيلاردىن باشقىلارنىڭ سىلەرگە يېقىنلىشىشىغا
بولمايدۇ. [5] سىلەر ئۇچرىشىش چېدىرى ۋە قۇربانلىق سۇپىسىغا
قاراشقا مەسئۇل بولىسىلەر. سىلەر ئۆز مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئادا
قىلىپ، ئىسرائىللارغا يەنە غەزەپ قىلىشىمدىن ساقلىنىڭلار. [6] مەن
پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدىن قېرىنداشلىرىڭ بولغان
لاۋىيلارنى تاللاپ، ئۇلارنى ساڭا ياردەمچى قىلىپ، ئۇچرىشىش
چېدىرىغا قاراشقا مەسئۇل قىلدىم.
[7] قۇربانلىق سۇپىسى ۋە ئەڭ مۇقەددەس جايغا مۇناسىۋەتلىك
روھانىيلىق ۋەزىپىسىگە پەقەت سەن ۋە ئوغۇللىرىڭ مەسئۇل
بولىسىلەر. بۇ سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار. چۈنكى مەن روھانىيلىق
خىزمىتىنى سىلەرگە ھەدىيە قىلدىم. باشقىلار مۇقەددەس جايغا
يېقىن بارسا، چوقۇم ئۆلتۈرۈلسۇن.

## روھانىيلارنىڭ نېسىۋىسى

[8] پەرۋەردىگار ھارۇنغا مۇنداق دېدى:

– سېنى ئىسرائىللار ماڭا سۇنغان ھەدىيەلەرگە قاراشقا مەسئۇل قىلدىم. ماڭا ئاتالغان ھەدىيەلەرنى ساڭا ۋە ئوغۇللىرىڭغا تەقدىم قىلىپ، سىلەرنىڭ ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان نېسىۋەڭلار قىلدىم. بۇ سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئۈلۈشۈڭلاردۇر.

[9] ئىسرائىللار ماڭا ھەدىيە قىلغان ئەڭ مۇقەددەس نەرسىلەردىن مەيلى ئاشلىق ھەدىيەسى بولسۇن، مەيلى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى بولسۇن، مەيلى ئەيىب قۇربانلىقى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ كۆيدۈرۈلمىگەن قىسمى ساڭا ۋە ئەۋلادلىرىڭغا تەۋەدۇر. [10] بۇ نەرسىلەرنى ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلاپ، پەقەت ئەرلەر يېسۇن. بۇ نەرسىلەرنى مۇقەددەس بىلىڭلار.

[11] ئىسرائىللارنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈپ قىلغان ھەدىيەلىرى ساڭا مەنسۇپتۇر. مەن بۇلارنى ساڭا ۋە ئوغۇل-قىزلىرىڭغا تەقدىم قىلدىم. بۇ سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئۈلۈشۈڭلاردۇر. ئائىلەڭدىكى پاك بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى يېسە بولىدۇ.

[12] ئىسرائىللار ئالغان تۇنجى ھوسۇلدىن ماڭا ھەدىيە قىلغان ئەڭ ياخشى زەيتۇن يېغىنى، شارابلىرىنى ۋە ئاشلىقلىرىنى ساڭا تەقدىم قىلدىم. [13] ئىسرائىللار مەن پەرۋەردىگارغا ھەدىيە قىلغان بارلىق تۇنجى ئېلىنغان ھوسۇلىنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن. ئائىلەڭدىكى پاك بولغان ھەممە كىشىلەر ئۇنى يېسە بولىدۇ.

[14] ئىسرائىللار ماڭا ئاتىغان بارلىق نەرسىلەر ساڭا مەنسۇپ بولسۇن.

[15] ماڭا ھەدىيە قىلىنغان تۇنجى ئوغۇللار ۋە تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك ھايۋانلارمۇ ساڭا مەنسۇپ بولسۇن. لېكىن خەلق تۇنجى ئوغۇل ۋە ناپاك ھايۋاننىڭ تۇنجى ئەركەك پۇشتىنى سىلەرگە ھەق تۆلەپ، قايتۇرۇۋالسۇن. [16] ئۇلار ئېيىغا توشقاندا، ھەربىرىدىن مۇقەددەس جاينىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە 60 گىرام كۈمۈش قايتۇرۇۋېلىش ھەققى ئېلىپ، قايتۇرۇپ بېرىڭلار.

[17] ئەمما كالا، قوي ياكى ئۆچكىنىڭ تۇنجى تۇغۇلغانلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار مەن پەرۋەردىگارغا ئاتالغاندۇر. ئۇلارنىڭ قېنى قۇربانلىق سۇپىسىغا چېچىلسۇن. مايلىرى كۆيدۈرۈلۈپ، مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسى قىلىنسۇن. [18] ئۇلارنىڭ گۆشى ئېگىز

كۆتۈرۈلگەن تۆش ۋە ئوڭ يانپاش ھەدىيەلىرىگە ئوخشاش ساڭا مەنسۇپ بولسۇن.
[19] ئىسرائىللارنىڭ ماڭا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ۋە سېنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىڭغا مەنسۇپ قىلدىم. بۇ سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئۈلۈشۈڭلاردۇر. بۇ مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا سەن ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ بىلەن تۈزگەن ۋە بىكار قىلىشقا بولمايدىغان مەڭگۈلۈك ئەھدەمدۇر.

## لاۋىيلارنىڭ نېسىۋىسى

[20] پەرۋەردىگار ھارۇنغا يەنە مۇنداق دېدى:
- ئىسرائىللار ئىگە بولىدىغان زېمىندا سېنىڭ ئۈلۈشۈڭ بولمايدۇ. ئۇلارغا نېسىۋە قىلىپ بېرىلگەن زېمىندىمۇ سېنىڭ نېسىۋەڭ بولمايدۇ. چۈنكى مەن ئۆزۈم سېنىڭ ئىسرائىللار ئارىسىدىكى ئۈلۈشۈڭ ۋە نېسىۋەڭدۇرمەن. [21] ئىسرائىللار تەقدىم قىلغان بارلىق ئوندىن بىر ئۈلۈش ھەدىيەلەرنى سىلەر لاۋىيلارنىڭ نېسىۋىسى بولسۇن دەپ، ئۇچرىشىش چېدىرىدىكى خىزمىتىڭلارنىڭ ھەققى قىلىپ بەردىم. [22] ھازىردىن باشلاپ لاۋىيلاردىن باشقا ھېچكىم ئۇچرىشىش چېدىرىغا يېقىنلاشمىسۇن. بولمىسا ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆلۈمگە دۇچار بولىدۇ. [23] پەقەت لاۋىيلارلا ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا خىزمەتتە بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىش جەريانىدا سادىر قىلغان سەۋەنلىكلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئەمەل قىلىشىڭلارغا تېگىشلىك بولغان مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىدۇر. لاۋىيلارنىڭ ئىسرائىللار ئارىسىدا نېسىۋىسى بولمايدۇ. [24] چۈنكى مەن ئىسرائىللارنىڭ ماڭا ئېلىپ كەلگەن ئوندىن بىر ئۈلۈش ھەدىيەسىنى لاۋىيلارنىڭ نېسىۋىسى قىلدىم. شۇڭا مەن «لاۋىيلارنىڭ ئىسرائىللار ئارىسىدا نېسىۋىسى بولمايدۇ» دەپ ئېيتتىم.

## لاۋىيلارنىڭ ھەدىيە بېرىشى

[25] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[26] ـ سەن لاۋىيلارغا بۇ ئەمرنى يەتكۈزگىن: «ئەي لاۋىيلار، مەن
پەرۋەردىگار سىلەرگە مەنسۇپ قىلىپ بەرگەن ئوندىن بىر ئۈلۈش
نېسىۋەڭلارنى قوبۇل قىلغىنىڭلاردا، ئۇنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى
ماڭا ھەدىيە قىلىڭلار. [27] مەن سىلەرنىڭ ھەدىيەڭلارنى ئىسرائىللارنىڭ
خاماندىكى ئاشلىقى، ئۈزۈم ئېزىش كۆلچىكىدىكى شەربىتىدەك
قوبۇل قىلىمەن. [28] سىلەر ئىسرائىللارنىڭ تەقدىم قىلغان ئوندىن بىر
ئۈلۈش ھەدىيەسىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ماڭا تەقدىم قىلىڭلار.
ماڭا بېغىشلىغان بۇ ھەدىيەنى روھانىي ھارۇنغا تاپشۇرۇڭلار.
[29] سىلەر ئېرىشكەن بارلىق ھەدىيەلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن ماڭا
مەنسۇپ بولغان ئۈلۈشنى ماڭا ئاتاپ ھەدىيە قىلىڭلار.»
[30] لاۋىيلارغا يەنە مۇنداق دەپ ئېيتقىن: «سىلەر مەن پەرۋەردىگارغا
ئەڭ ياخشىسىنى سۇنغىنىڭلاردا، مەن بۇنى خاماندىن ياكى ئۈزۈم
ئېزىش كۆلچىكىدىن كەلگەندەك قوبۇل قىلىمەن. [31] قالغانلىرىنى
سىلەر ۋە ئائىلەڭلاردىكىلەر نەدىلا يېسەڭلار بولىدۇ. چۈنكى ئۇ
سىلەرنىڭ ئۇچرىشىش چېدىرىدا قىلغان خىزمىتىڭلارنىڭ ھەققىدۇر.
[32] سىلەر ئەڭ ياخشىسىنى مەن پەرۋەردىگارغا ھەدىيە قىلىپ،
قالغانلىرىنى يېسەڭلار، گۇناھكار بولمايسىلەر. ھەدىيە قىلىنغان
مۇقەددەس نەرسىلەرنى بۇلغىماڭلار، بولمىسا ھالاك بولىسىلەر.»

## پاكلىنىش سۈيى

19 [1] پەرۋەردىگار مۇسا ۋە ھارۇنغا مۇنداق دېدى:
[2] ـ ئىسرائىللار مەن ئەمر قىلغان بۇ قانۇنغا ئەمەل
قىلسۇن. ئۇلارغا: «سىلەر بىزگە بىجىرىم، نۇقسانسىز ۋە تېخى
بويۇنتۇرۇق سېلىنمىغان ياش بىر تورۇق ئىنەكنى ئېلىپ كېلىڭلار»
دەپ ئېيتىڭلار. [3] ئاندىن ئۇنى روھانىي ئەلئازارغا بېرىڭلار. ياش
ئىنەك قارارگاھ سىرتىغا ئېلىپ چىقىلىپ، روھانىي ئەلئازارنىڭ
ئالدىدا بوغۇزلانسۇن. [4] روھانىي ئەلئازار بارمىقىنى ئۇنىڭ قېنىغا
چىلاپ، قاننى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قارىتىپ، يەتتە
قېتىم چاچسۇن. [5] ياش ئىنەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆيدۈرۈلسۇن.
تېرىسى، گۆشى، قېنى ۋە ئۈچەيمۇ كۆيدۈرۈلسۇن. [6] روھانىي
ئارزاق قارىغاي شېخى، بىر تۇتام لېپەكگۈل ۋە توق قىزىل يىپنى

ئېلىپ، كۆيۈۋاتقان ياش ئىنەكنىڭ ئۈستىگە تاشلىسۇن. [7] ئۇنىڭدىن كېيىن روھانىي كىيىملىرىنى يۇيسۇن ۋە بويىنى سۇغا سالسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قارارگاھىغا قايتىپ كەتسە بولىدۇ. لېكىن روھانىي كۈن پاتقۇچە يەنىلا ناپاكتۇر. [8] ياش ئىنەكنى كۆيدۈرگەن كىشىمۇ كىيىملىرىنى يۇيسۇن ۋە بويىنى سۇغا سالسۇن، ئۇمۇ كۈن پاتقۇچە يەنىلا ناپاكتۇر. [9] پاك بىر كىشى ياش ئىنەكنىڭ كۈلىنى يىغىپ، قارارگاھ سىرتىدىكى پاك بىر جايغا قويۇپ قويسۇن. بۇ كۈل ئىسرائىل خەلقىنىڭ پاكلىنىش سۈيىگە سېلىپ ئىشلىتىلىشى ئۈچۈن ساقلىنىدۇ ۋە گۇناھتىن پاكلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. [10] كۈلنى يىغقان كىشىمۇ ئوخشاشلا كىيىملىرىنى يۇيسۇن، ئۇمۇ كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. بۇلار ئىسرائىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان يات خەلقلەر ئۈچۈنمۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولىدىغان مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىدۇر.

[11] ھەرقانداق ئادەم جەسەتكە تەگسە، يەتتە كۈنگىچە ناپاكتۇر. [12] ئۇ ئۈچىنچى ۋە يەتتىنچى كۈنى پاكلىنىش سۈيى بىلەن ئۆزىنى پاكلىسۇن. شۇندىلا ئۇ پاك بولىدۇ. مۇبادا ئۇ ئۈچىنچى ۋە يەتتىنچى كۈنلىرى ئۆزىنى پاكلىمىغان بولسا، ئۇ يەنىلا ناپاكتۇر. [13] ھەرقانداق بىر ئادەم جەسەتكە تېگىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى پاكلىمىغان بولسا، ئۇنداق ئادەم مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرىنى بۇلغىغان ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم ئىسرائىللارنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. چۈنكى پاكلىنىش سۈيى ئۇنىڭ ئۈستىگە سېپىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ تېخى ناپاكتۇر.

[14] ئەگەر بىرەرسى چېدىردا قازا قىلسا، تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئىش كۆرۈلسۇن: ئەگەر ئادەم قازا قىلغاندا بىرەرسى شۇ چېدىردا بولسا ياكى بىرەرسى چېدىرغا سىرتتىن كىرسە، ئۇلار يەتتە كۈنگىچە ناپاكتۇر. [15] قاپقىقى بار ھەرقانداق قاچا-قۇچا ئوچۇق قالسا ناپاكتۇر. [16] ئەگەر بىر ئادەم سىرتتا قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ جەسىتىگە ياكى سۆڭىكىگە ياكى قەبرىسىگە تەگكەن بولسا، ئوخشاشلا يەتتە كۈنگىچە ناپاكتۇر. [17] بۇ ناپاك كىشىنىڭ پاكلىنىشى ئۈچۈن كۆيدۈرۈلگەن پاكلىنىش قۇربانلىقىنىڭ كۈلىدىن كۆپكە سېلىپ، ئۈستىگە پاكىز

سۇ قۇيۇلسۇن. [18] ئاندىن پاك بىر كىشى لېپەكگۈلنى ئۇ سۇغا
چىلاپ، چېدىرغا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرگە ھەمدە
ئۇ يەردىكى ئادەملەرگە سەپسۇن. قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ياكى
ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ جەسىتىگە
ياكى سۆڭەككە ياكى قەبرىسىگە تەگكەن ئادەمگىمۇ ئاشۇ سۇدىن
سېپىلسۇن. [19] پاك كىشى ناپاك كىشىگە ئۈچىنچى ۋە يەتتىنچى
كۈنلىرى سۇ سەپسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى يەتتىنچى كۈنى
پاكلىنىدۇ. پاكلانغان كىشى كىيىملىرىنى يۇيسۇن ۋە بويىنى سۇغا
سالسۇن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كىشى شۇ كۈنى كېچىسى پاكلىنىدۇ.
[20] ناپاك تۇرۇپ ئۆزىنى پاكلىمىغان ھەرقانداق كىشى خەلقىمنىڭ
قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلسۇن. چۈنكى ئۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ
مۇقەددەس ئىبادەت چېدىرىنى بۇلغايدۇ. پاكلىنىش سۈيى ئۇنىڭغا
سېپىلمىگەچكە ئۇ ناپاكتۇر. [21] بۇ سىلەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئەمەل
قىلىشقا تېگىشلىك بولىدىغان مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىدۇر. پاكلىنىش
سۈيىنى سەپكەن كىشىمۇ كىيىملىرىنى يۇيسۇن. پاكلىنىش سۈيىگە
تەگكەن ھەرقانداق بىر كىشى كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر. [22] ناپاك كىشى
تەگكەن ھەرقانداق نەرسە ناپاكتۇر. ئۇ كىشىگە تەگكەن ھەرقانداق
كىشىمۇ كۈن پاتقۇچە ناپاكتۇر.»

## مۇسانىڭ تاشتىن سۇ چىقىرىشى

20 [1] ئىسرائىل خەلقىنىڭ پۈتۈن جامائىتى زىن چۆلىگە 1-ئايدا①
يېتىپ كېلىپ، كادىش دېگەن جايدا تۇرۇپ قالدى. مەريەم
شۇ يەردە قازا قىلىپ، دەپنە قىلىندى.
[2] ئۇ يەردە سۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق مۇسا ۋە ھارۇننىڭ
ئالدىغا توپلاشتى. [3] ئۇلار مۇسا بىلەن جېدەللىشىپ، ئۇنىڭغا
مۇنداق دېيىشتى:
- بىزمۇ قېرىنداشلىرىمىزدەك پەرۋەردىگار ئالدىدا ئۆلۈپ كەتسەك
بوپتىكەن! [4] سىلەر نېمە ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىنى بۇ چۆلگە

① 20: 1 بۇ ۋاقىت ئىسرائىللارنىڭ چۆللۈكتىكى ئەڭ ئاخىرقى يىلى بولۇپ، مۇساپىرلىقنىڭ 40-يىلى ئىدى.

باشلاپ كەلدىڭلار؟ بىزنى ۋە ماللىرىمىزنى بۇ چۆلدە ئۆلسۇن
دېگەنمىدىڭلار؟ [5] بىزنى نېمە ئۈچۈن مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ،
بۇ ھالاكەتلىك يەرگە ئېلىپ كەلدىڭلار؟ بۇ جايدا نە ئاشلىق، نە
ئەنجۈر دەرىخى، نە ئۈزۈم تېلى، نە ئانار دەرىخى بولسۇن، ھەتتا
ئىچىدىغانغا سۇمۇ يوق!
[6] مۇسا بىلەن ھارۇن جامائەتتىن ئايرىلىپ، ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ
ئالدىغا بېرىپ، ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلىدى. پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق
نۇرى ئۇلارغا زاھىر بولدى. [7] پەرۋەردىگار مۇساغا:
[8] – تايىقىڭنى ئالغىن ۋە ئاكاڭ ھارۇن بىلەن بىرلىكتە جامائەتنى
يىغقىن. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇ يەردىكى تاشقا بۇيرۇق بەرگىن،
تاشتىن سۇ چىقىدۇ. سۇ چىققاندىن كېيىن، جامائەت ۋە ئۇلارنىڭ
مال‌لىرى سۇ ئىچسە بولىدۇ، – دېدى.
[9] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئەھدە ساندۇقى ئالدىدىن
تايىقىنى ئالدى. [10] ئۇ ھارۇن بىلەن بىرلىكتە جامائەتنى تاشنىڭ
ئالدىغا يىغدى. مۇسا ئۇلارغا:
– ئەي ئىسيانكارلار، ئەجەبا سىلەرگە قورام تاشتىن سۇ چىقىرىپ
بېرىشىمىز كېرەكمۇ؟ – دېدى.
[11] ئاندىن مۇسا قولىنى كۆتۈرۈپ، تاياق بىلەن تاشنى ئىككى
قېتىم ئۇرۇۋىدى، سۇ ئېتىلىپ چىقتى. جامائەت ۋە ئۇلارنىڭ
مال‌لىرى سۇدىن ئىچىشتى. [12] لېكىن پەرۋەردىگار مۇسا ۋە ھارۇنغا:
– سىلەر ماڭا تولۇق ئىشەنمىدىڭلار، ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا
مۇقەددەسلىكىمگە ھۆرمەت قىلمىدىڭلار، شۇڭا سىلەر خەلقنى مەن
سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىنغا باشلاپ بارالمايسىلەر، – دېدى.
[13] بۇ يەر «مېرىبا سۈيى» [مەنىسى «جېدەللىشىش سۈيى»]
دەپ ئاتالدى. چۈنكى بۇ يەردە ئىسرائىللار پەرۋەردىگار بىلەن
جېدەللەشكەن ۋە پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئۇلارغا
نامايان قىلغانىدى.

## ئېدوم پادىشاھىنىڭ ئىسرائىللارغا يول بەرمەسلىكى

[14] مۇسا كادېشتىن ئېدوم پادىشاھىغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى.
ئەلچىلەر تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېدوم پادىشاھىغا يەتكۈزدى:

«بۇ قېرىنداشلىرى ئىسرائىل خەلقىنىڭ سۆزلىرىدۇر: ‹سىلىنىڭ بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بارلىق كۈلپەتلەردىن خەۋەرلىرى بار. [15] بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز مىسىرغا بېرىپ نۇرغۇن يىللار ياشىغانىدى. مىسىرلىقلار ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ۋە بىزگە زۇلۇم سالدى. [16] بىز پەرۋەردىگارغا نالە-پەرياد قىلغانىدۇق، ئۇ نالىمىزنى ئاڭلاپ، بىر پەرىشتە ئەۋەتىپ، بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتى. ھازىر بىز سىلىنىڭ زېمىنلىرىنىڭ چېگراسىدىكى كادېشتا تۇرۇۋاتىمىز.

[17] بىزنىڭ سىلىنىڭ زېمىنلىرىدىن ئۆتۈۋېلىشىمىزغا يول قويغايلا. بىز ئېتىزلىقلىرىدىن ياكى ئۈزۈمزارلىقلىرىدىن ماڭمايمىز، قۇدۇقلىرىدىن سۇ ئىچمەيمىز. بىز زېمىنلىرىدىن ئۆتكۈچە چوڭ خانلىق يولدا ماڭىمىز، يولدىن چەتنەپ كەتمەيمىز.›»

[18] لېكىن ئېدوم پادىشاھى جاۋابەن مۇنداق دېدى:

- سىلەر مېنىڭ زېمىنىمدىن ئۆتسەڭلار بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، قىلىچىمىزنى سىلەرگە قارىتىپ، ھۇجۇمغا ئۆتىمىز.

[19] ئىسرائىللارنىڭ ئەلچىلىرى:

- بىز پەقەتلا چوڭ يولدا ماڭىمىز. ئەگەر بىز ياكى چارۋىلىرىمىز سۇلىرىنى ئىچىپ سالساق، ھەققىنى بېرىمىز. بىز پەقەت ئۆتۈپ كېتىشنىلا سورايمىز، - دېدى. [20] ئېدوم پادىشاھى:

- سىلەرنى ئۆتكۈزمەيمىز، - دېدى.

ئاندىن ئېدوم پادىشاھى ئۇلارغا قارشى زور، كۈچلۈك قوشۇن بىلەن ئاتلاندى. [21] ئېدوم پادىشاھى ئىسرائىللارنىڭ ئۆز زېمىنىدىن ئۆتۈشىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئايلىنىپ باشقا يول بىلەن ماڭدى.

## ھارۇننىڭ ۋاپات بولۇشى

[22] پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى كادېشتىن چىقىپ، ھور تېغىغا كەلدى. [23] ئېدوم چېگراسىدىكى ھور تېغىدا پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن ھارۇنغا مۇنداق دېدى:

[24] ـ ھارۇننىڭ ئاللەمدىن ئۆتىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئۇ مەن ئىسرائىللارغا ئاتا قىلىدىغان زېمىنغا كىرەلمەيدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىڭلار «مەرىبا سۈيى»دە مېنىڭ ئەمرىمگە قارشى چىقتىڭلار. [25] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەلئازارنى ھور تېغىغا ئېلىپ چىققىن. [26] ھارۇننىڭ روھانىيلىق كىيىملىرىنى يېشىپ، ئوغلى ئەلئازارغا كىيدۈرگىن. شۇ جايدا ھارۇن ئاللەمدىن ئۆتۈپ، بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ.

[27] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىنى بەجا كەلتۈردى. ئۇلار پۈتۈن خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ھور تېغىغا چىقتى. [28] مۇسا ھارۇننىڭ روھانىيلىق كىيىملىرىنى يېشىپ، ئوغلى ئەلئازارغا كىيدۈردى. ئاندىن ھارۇن شۇ تاغ ئۈستىدە قازا قىلدى. كېيىن مۇسا بىلەن ئەلئازار تاغدىن قايتىپ چۈشتى. [29] پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى ھارۇننىڭ قازا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇز كۈن ھازا تۇتتى.

## ئاراد پادىشاھىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى

21 [1] نەگېب چۆللۈكىگە جايلاشقان ئارادنىڭ كەنئانلىق پادىشاھى ئىسرائىللارنىڭ ئاتارىمغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئەسىرگە ئالدى. [2] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا: «ئەگەر سەن بۇ خەلقنى بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈرۈپ بەرسەڭ، ئۇلارنى قىرغىن قىلىپ، شەھەرلىرىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىمىز» دەپ قەسەم قىلدى. [3] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ ئۆتۈنۈشىنى ئاڭلاپ، كەنئانلارنى ئۇلارغا تاپشۇردى. ئۇلار كەنئانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلدى. شۇڭا ئۇ جاي خورماھ [مەنىسى «ھالاكەت»] دەپ ئاتالدى.

## تۇچ يىلان

[4] ئىسرائىللار ھور تېغىدىن قىزىل دېڭىزغا بارىدىغان يولغا چىقىپ، ئېدومدىن ئايلىنىپ ئۆتمەكچى بولدى. لېكىن كىشىلەر يولدا تاقەتسىزلىنىپ، [5] خۇدا ۋە مۇسادىن ئاغرىنىشقا باشلىدى:

- سەن نېمىشقا بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، بۇ چۆلدە ئۆلۈمگە باشلايسەن؟ بۇ جايدا يا نان يوق، يا سۇ يوق! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز بۇ ناچار ماناندىن تويۇپ كەتتۇق! - دېدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئارىسىغا زەھەرلىك يىلانلارنى ئەۋەتتى. يىلانلار نۇرغۇن ئىسرائىللارنى چېقىپ ئۆلتۈردى. [7] خەلق مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ:
- بىز سەن ۋە پەرۋەردىگاردىن ئاغرىنىپ، گۇناھ قىلدۇق. پەرۋەردىگاردىن يىلانلارنى بىزدىن يىراق قىلىشىنى تىلەپ، دۇئا قىلغايسەن، - دېدى.
شۇنىڭ بىلەن مۇسا خەلق ئۈچۈن دۇئا قىلدى. [8] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
- يىلاندىن بىرنى ياساپ، خادىنىڭ ئۈستىگە ئورناتقىن. يىلان چاققان ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭغا قارىسا ھايات قالىدۇ.
[9] شۇڭا مۇسا تۇچتىن بىر يىلان ياساپ، ئۇنى خادىنىڭ ئۈستىگە ئورناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يىلان چېقىۋالغان ئادەم تۇچتىن ياسالغان يىلانغا قاراپ، ھايات قالدى.

## موئاب تۈزلەڭلىكىگە سەپەر

[10] ئىسرائىللار يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئوبوتتا قاراگاھ قۇردى. [11] ئاندىن ئۇلار ئوبوتتىن چىقىپ، ئاباریم تاغلىرىدىكى ئىيىمغا كەلدى ۋە موئابنىڭ شەرقىي چېگراسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى چۆلدە قاراگاھ قۇردى. [12] ئۇ جايدىن ئايرىلىپ، زەرەد جىلغىسىدا قاراگاھ قۇردى. [13] ئاندىن ئۇ جايدىن ئايرىلىپ، ئارنون دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدا قاراگاھ قۇردى. بۇ جاي ئامورلارنىڭ زېمىنىغا تۇتىشىدىغان چۆلدە ئىدى. ئارنون دەرياسى موئابنىڭ چېگراسى بولۇپ، موئاب بىلەن ئامورلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. [14] شۇڭا بۇ جايلار «پەرۋەردىگارنىڭ جەڭنامىسى»گە پۈتۈلگەنىدى. ئۇلار: «... سۇفاھتىكى ۋاھېب بازىرى، ئارنوننىڭ چوڭقۇر جىلغىلىرى، [15] ئار يېزىسىغا يېتىپ بارىدىغان ۋە موئاب چېگراسىغا سوزۇلىدىغان جىلغىلارنىڭ باغرىلىرى...» قاتارلىق جايلار ئىدى.

[16] ئۇلار ئۇ جايدىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ بەئەرگە [ مەنىسى «قۇدۇق» ] باردى. بۇ يەر پەرۋەردىگار مۇساغا: «خەلقنى يىغقىن، مەن ئۇلارغا سۇ بېرىمەن» دېگەن يەر ئىدى. [17] ئۇ چاغدا ئىسرائىللار تۆۋەندىكى ناخشىنى ئېيتقاندى:

«ئەي قۇدۇق، ئېتىلىپ چىققاي سۇلىرىڭ،
كۈيلىگەيمىز بىز سېنى،
[18] ئەل باشچىلىرى، ئەل سەركىلىرى كولاپ سېنى،
سەلتەنەت ھاسىلىرىدا قازغاندى.»

ئاندىن ئۇلار چۆلدىن چىقىپ، ماتتاناغا باردى. [19] ماتتانادىن ناخالىئېلغا، ناخالىئېلدىن باموتقا، [20] باموتتىن موئاب زېمىنىغا، يەنى چۆلنى كۆرگىلى بولىدىغان پىسگاھ تېغىنىڭ بويىدىكى جىلغىغا يېتىپ باردى.

## سىخون ۋە ئوگ پادىشاھلارنىڭ تارمار قىلىنىشى

[21] ئىسرائىللار ئامورلارنىڭ پادىشاھى سىخونغا ئەلچى ئەۋەتىپ:

[22] «بىزنىڭ زېمىنلىرىدىن ئۆتۈشىمىزگە يول قويغان بولسىلا. بىز ئېتىزلىقلىرىدىن ياكى ئۈزۈمزارلىقلىرىدىن ماڭمايمىز، قۇدۇقلىرىدىن سۇ ئىچمەيمىز. بىز تاكى سىلىنىڭ زېمىنلىرىدىن ئۆتۈپ بولغۇچە، پەقەت چوڭ خانلىق يولدىلا ماڭىمىز» دېدى.

[23] لېكىن سىخون ئىسرائىللارنىڭ ئۆزىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق لەشكەرلىرىنى يىغىپ، چۆلگە بېرىپ، ياھاز دېگەن جايدا ئىسرائىللارغا ھۇجۇم قىلدى. [24] ئىسرائىللار پادىشاھ سىخوننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئارنون دەرياسىدىن ياببوق دەرياسىغىچە بولغان زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، مۇداپىئەسى كۈچلۈك بولغان ئاممونلارنىڭ چېگراسىغىچە يېتىپ باردى. [25] ئىسرائىللار ئامورلارنىڭ بارلىق شەھەرلىرىنى، جۈملىدىن خەشبون ۋە ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاقلارنى ئىگىلىدى ۋە ئۇ يەرلەرگە

ئۆلتۇراقلاشتى. [26] خەشبون ئامورلارنىڭ پادىشاھى سىخوننىڭ شەھىرى بولۇپ، سىخون موئابلارنىڭ ئاۋۋالقى پادىشاھى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ ئارنون دەرياسىغىچە بولغان بارلىق زېمىنىنى ئىگىلىۋالغانىدى. [27] شۇڭا بەزىلەر بۇ توغرۇلۇق مۇنداق قوشاق توقۇغانىدى:

«خەشبون شەھىرىگە كېلىپ، ئۇنى قايتا قۇرسۇن،
سىخوننىڭ شەھىرى قايتا بىنا بولسۇن.
[28] يالقۇن خەشبوندىن چىقتى،
سىخون شەھىرىدىن ئاتەش ياندى.
موئابنىڭ ئار شەھىرىنى يالماپ،
ئارنون ئېگىزلىكىنىڭ پۇقرالىرىنى كۆيدۈردى.
[29] ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي موئابلار!
ئاھ كىموش ئىلاھىنىڭ خەلقى، تۈگەشتىڭلار ئەمدى!
ئىلاھىڭلار ئوغۇللىرىنىڭ قاچاق بولۇشىنى توسالمىدى،
ئىلاھىڭلار قىزلىرىنىڭ تۇتقۇن بولۇشىنى توسالمىدى،
ئۇلار ئامور پادىشاھى سىخوننىڭ بولدى.
[30] بىز ئۇلارنى قىرىپ تاشلىدۇق،
خەشبوننى ۋەيران قىلدۇق تاكى دىبونغىچە.
پايخان قىلدۇق ئۇلارنى تاكى نوفاخقىچە،
نوفاختىن ھەتتا مېدىباغىچە.»

[31] شۇنداق قىلىپ، ئىسرائىللار ئامورلارنىڭ زېمىنىغا ئولتۇراقلاشتى. [32] مۇسا يازېر شەھىرىنى چارلاشقا ئادەم ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئىسرائىللار ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاقلارنى ئىگىلىدى ۋە ئۇ جايدىكى ئامورلارنى قوغلاپ چىقاردى. [33] ئاندىن ئىسرائىللار ئارقىسىغا يېنىپ، باشانغا قاراپ يول ئالدى. باشان پادىشاھى ئوگ پۈتۈن لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئەدرەئىدە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولدى. [34] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭدىن قورقمىغىن، چۈنكى مەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق لەشكەرلىرىنى، ھەمدە ئۇنىڭ زېمىنلىرىنى سېنىڭ قولۇڭغا

تاپشۇرىمەن. خەشبوندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئامورلارنىڭ پادىشاھى
سىخونغا قانداق قىلغان بولساڭ، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق قىلغىن.
[35] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئوگنى ئوغۇللىرى ۋە پۈتۈن
لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇپ تارمار قىلدى. ئۇلاردىن ھېچكىمنى
ئامان قويمىدى، ھەمدە ئۇنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلىدى.

## موئاب پادىشاھىنىڭ بىلئامنى چاقىرتىشى

22 [1] ئىسرائىللار موئاب تۈزلەڭلىكىگە يېتىپ بېرىپ، ئىئوردان
دەرياسىنىڭ شەرقىگە، يەنى ئېرىخا شەھىرىنىڭ قارشى
تەرىپىدە قارارگاھ قۇردى. [2] زىپپورنىڭ ئوغلى، يەنى موئابنىڭ
پادىشاھى بالاق ئىسرائىللارنىڭ ئامورلارنى قىرغىن قىلغانلىقىدىن
خەۋەر تاپقانىدى. [3] ئىسرائىللارنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىدىن موئابلار
قورقۇنچتا قالدى. ۋەھىمىدە قالغان موئابلار [4] مىديانلارنىڭ
ئاقساقاللىرىغا:

- خۇددى كالىلار ئوتلاقتىكى ھەممە چۆپلەرنى يەۋەتكەندەك،
بۇ بىر توپ ئادەملەر ئەتراپىمىزدىكى ھەممە نەرسىنى يالماپ
يۇتۇۋېتىدىغان بولدىغۇ ئاخىر، - دېيىشتى.

بۇ چاغدا زىپپورنىڭ ئوغلى بالاق، يەنى موئابنىڭ پادىشاھى
[5] ئاماۋ زېمىنىدىكى فىرات دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان پېتور
شەھىرىدە ياشايدىغان بېئورنىڭ ئوغلى بىلئامغا ئەلچى ئەۋەتىپ،
تۆۋەندىكى خەۋەرنى يەتكۈزمەكچى بولدى:

«مىسىردىن چىققان بىر خەلق جاھاننى قاپلاپ، بېسىپ
كەلدى. ئۇلار قارشى تەرىپىمگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. [6] ئۇلار
مەندىن قۇدرەتلىك ئىكەن، مەن ئۇچۇن ئۇلارنى قارغىشىڭنى
ئۆتۈنىمەن. شۇنداق بولغاندىلا، بەلكىم مەن ئۇلارنى مەغلۇپ
قىلىپ، قوغلىۋېتەلەرمەن. بىلىمەن، سەن كىمگە بەخت تىلىسەڭ،
شۇ بەختكە ئېرىشىدۇ، كىمنى قارغىساڭ، شۇ قارغىشقا قالىدۇ.»

[7] موئاب ۋە مىديانلارنىڭ ئەلچىلىرى بولغان ئاقساقاللار بىلئامغا
سوۋغا قىلماقچى بولغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

ئۇلار بىلئامنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ، بالاقنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. [8] بىلئام ئۇلارغا:

- بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەردە قونۇڭلار. پەرۋەردىگار ماڭا نېمە دېسە، مەن سىلەرگە شۇ بويىچە جاۋاب بېرىمەن، - دېدى.

موئابتىن كەلگەن ئەلچىلەر بىلئامنىڭ يېنىدا قالدى. [9] خۇدا بىلئامغا زاھىر بولۇپ، ئۇنىڭدىن:

- بۇلار كىم؟ - دەپ سورىدى. [10] بىلئام جاۋاب بېرىپ:

- بۇلار زىپپورنىڭ ئوغلى، يەنى موئابنىڭ پادىشاھى بالاقنىڭ ئەلچىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، [11] مىسىردىن چىققان بىر خەلق جاھاننى قاپلاپ كېتىپتۇ. بالاق مېنىڭ ئۇ خەلقنى قارغىشىمنى ئۆتۈنۈپتۇ. شۇنداق بولغاندا، پادىشاھ بالاق ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى قوغلىۋېتەلىشى مۇمكىن ئىكەن، - دېدى. [12] خۇدا بىلئامغا مۇنداق دېدى:

- سەن ئۇلار بىلەن بىرگە بېرىپ، ئۇ خەلقنى قارغىساڭ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ خەلق مەن بەخت ئاتا قىلغان خەلقتۇر.

[13] ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بىلئام بالاقنىڭ ئەلچىلىرىگە:

- سىلەر يۇرتۇڭلارغا قايتىڭلار، سىلەر بىلەن بىرگە بېرىشىمغا پەرۋەردىگار رۇخسەت قىلمىدى، - دېدى.

[14] موئابنىڭ ئەلچىلىرى قايتىپ بېرىپ، بالاققا:

- بىلئام بىز بىلەن بىرگە كېلىشكە ئۇنىمىدى، - دېدى.

[15] بالاق ئالدىنقى قېتىمدىن ھەم كۆپ، ھەم ئابرۇيلۇق بولغان ئەلچىلەرنى يەنە ئەۋەتتى. [16] ئۇلار بىلئامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

- زىپپورنىڭ ئوغلى بالاق سىزنى مەيلى قانداق قىلمىسۇن، چوقۇم كەلسۇن! [17] مەن ئۇنى مەردلەرچە تارتۇقلايمەن. ئۇ خالىغىنىنى ئالسۇن، پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ خەلقنى قارغىشىنىلا ئۆتۈنىمەن، - دېدى. [18] بىلئام جاۋابەن:

- بالاق خەزىنىسىدىكى بارلىق ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ماڭا بەرگەن تەقدىردىمۇ، مەن پەرۋەردىگارىم خۇدانىڭ ئەمرىسىز ھېچقانداق بىر ئىشتا قىلمايمەن. [19] سىلەر بۇ يەردە قونۇپ قېلىڭلار. پەرۋەردىگارنىڭ يەنە قانداق تاپشۇرۇقلىرىنىڭ بارلىقىغا قاراپ باقايلى، - دېدى.

[20] شۇ كېچىسى خۇدا بىلئامغا زاھىر بولدى ۋە مۇنداق دېدى:

- بۇ كىشىلەر سېنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەنىكەن، ئۇلار بىلەن بىرگە بارساڭمۇ بارغىن، لېكىن پەقەت مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلغىن.

[21] بىلئام سەھەر تۇرۇپ، ئېشىكىنى توقۇپ، موئابنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە يولغا چىقتى.

[22] بىلئام ماڭغاندىن كېيىن، خۇدانىڭ غەزىپى كەلدى. بىلئام ئېشىكىنى مىنىپ، ئىككى خىزمەتكارىنى ئەگەشتۈرۈپ يولدا كېتىۋاتاتتى. پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭ يولىنى توستى.

[23] ئېشەك پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ قولىغا قىلىچ ئېلىپ يولنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يولدىن چەتنەپ ئېتىزلىققا كىرىپ كەتتى. بىلئام ئېشەكنى ئۇرۇپ يولغا قايتۇرۇپ كەلدى.

[24] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئىككى ئۈزۈمزارلىقنىڭ ئارىسىدىكى بىر تار چىغىر يولدا تۇراتتى، ئىككى تەرىپى تام ئىدى. [25] ئېشەك پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنى كۆرۈپ، تام تەرەپكە قىستىلىپ مېڭىپ، بىلئامنىڭ پۇتىنى يارىلاندۇرۇپ قويدى. بىلئام يەنە ئېشەكنى ئۇردى. [26] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئالدىغىراق بېرىپ، يولنىڭ تېخىمۇ تار يېرىدە تۇردى. ئىككى تەرىپىدە ئادەم ئۆتكۈدەك يەر يوق ئىدى. [27] ئېشەك پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنى كۆرۈپ، يەردە يېتىۋالدى. بىلئام غەزەپلىنىپ، ئېشەكنى ھاسىسى بىلەن ئۇردى. [28] پەرۋەردىگار ئېشەكنى زۇۋانغا كەلتۈرۈپ، بىلئامغا:

- سەن مېنى ئۈچ قېتىم ئۇردۇڭ، مەن قانداق خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، - دېگۈزدى. [29] بىلئام:

- سەن مېنى ئەخمەق قىلدىڭ، ئەگەر قىلىچىم بولغان بولسا، سېنى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، - دېدى. [30] ئېشەك:

- مەن سېنىڭ ئۇزۇندىن بېرى مىنىپ يۈرگەن ئېشىكىڭمەن، مەن بۇرۇن مۇشۇنداق قىلىپ باققانمىدىم؟ - دەپ سورىدى. بىلئام جاۋاب بېرىپ:

- ياق، - دېدى.

[31] دەل شۇ چاغدا پەرۋەردىگار بىلئامنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈردى. بىلئام پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ يولدا قىلىچ تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى

كۆرۈپ، يەرگە باش قويۇپ سەجدە قىلدى. [32] پەرۋەردىگارنىڭ
پەرىشتىسى بىلئامغا مۇنداق دېدى:
– ئېشىكىڭنى ئۈچ قېتىم ئۇرغىنىڭ توغرىمۇ؟ مەن ئالايتەن
سېنى توسقىلى كەلدىم، چۈنكى سېنىڭ يولۇڭ گۇناھ يولىدۇر.
[33] ئېشىكىڭ مېنى كۆرۈپ، ئۈچ قېتىم يولدىن چەتنىدى. بولمىسا
ئاللىقاچان سېنى ئۆلتۈرۈپ، ئېشەكنى قويۇۋەتكەن بولار ئىدىم.
[34] بىلئام پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىگە مۇنداق دېدى:
– مەن گۇناھ قىلدىم، سېنىڭ يول توسۇپ تۇرغانلىقىڭنى
بىلمەپتىمەن. ئەگەر سەن مېنىڭ بېرىشىمدىن خۇرسەن بولمىساڭ،
مەن ھازىرلا قايتىپ كېتەي.
[35] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى:
– بۇلار بىلەن بىرگە بارغىن، لېكىن پەقەت مېنىڭ ئېيتقىنىمنى
ئېيتقىن، – دېدى.
شۇنىڭ بىلەن بىلئام بالاقنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە يولغا چىقتى.
[36] بالاق بىلئامنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، موئابتىكى ئارنون
دەرياسى بويىغا جايلاشقان چېگرا شەھەرگە كېلىپ كۈتۈۋالدى.
[37] بالاق بىلئامدىن:
– ئالدىنقى قېتىم مەن سېنىڭ چوقۇم كېلىشىڭنى ئۆتۈنگەندىم. سەن
نېمىشقا كەلمىدىڭ؟ ئەجەبا، سېنى مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرەلمەسمىدىم؟
– دەپ سورىدى. [38] بىلئام مۇنداق دېدى:
– مانا، مەن ھازىر كەلدىم. لېكىن مەن ئۆزۈم خالىغانچە
سۆزلىيەلمەيمەن، پەقەت خۇدانىڭ ئېيتقىنى بويىچىلا سۆزلەيمەن،
– دېدى.
[39] بالاق بىلەن بىلئام بىرلىكتە قىريات-خۇزوت شەھىرىگە
كەلدى. [40] بالاق ئۇ يەردە كالا ۋە قويلارنى قۇربانلىق قىلىپ، بىلئام
ۋە ئۇنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلەرگە سۇندى. [41] ئەتىسى سەھەردە
بالاق بىلئامنى ئەگەشتۈرۈپ، باموت-بائالغا كەلدى. ئۇ يەردىن
بىر قىسىم ئىسرائىللارنى كۆرگىلى بولاتتى.

## بىلئامنىڭ بىرىنچى بايانى

23 [1] بىلئام بالاققا:
− بۇ يەرگە مەن ئۈچۈن يەتتە قۇربانلىق سۇپىسى ياستىپ، يەتتە تۇياق بۇقا ۋە يەتتە تۇياق قوچقار تەييارلىغىن، − دېدى.
[2] بالاق بىلئامنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. ئۇلار قۇربانلىق سۇپىلىرىدا بىردىن بۇقا ۋە بىردىن قوچقار قۇربانلىق قىلدى.
[3] ئاندىن بىلئام بالاققا:
− سەن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا قالغىن، مەن ئالدى تەرەپكە باراي، بەلكىم پەرۋەردىگار مەن بىلەن كۆرۈشۈپ قالار. پەرۋەردىگار ماڭا نېمە دېسە، مەن شۇنى ساڭا يەتكۈزىمەن، − دېدى ۋە بىر تاقىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى.
[4] خۇدا بىلئامنىڭ ئالدىدا زاھىر بولدى. بىلئام ئۇنىڭغا:
− مەن يەتتە قۇربانلىق سۇپىسى تەييارلاپ، ھەربىرىدە بىر تۇياقتىن بۇقا، بىر تۇياقتىن قوچقار قۇربانلىق قىلدىم، − دېدى.
[5] پەرۋەردىگار بىلئامغا نېمە دېيىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن:
− سەن بالاقنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، دېگەنلىرىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگىن، − دېدى.
[6] بىلئام قايتىپ بارغاندا، بالاق موئابنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. [7] بىلئام تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلدى:

«موئاب پادىشاھى بالاق مېنى ئاراامدىن ئېلىپ كەلدى،
ئۇ مېنى شەرقىي تاغلاردىن تەكلىپ قىلدى.
ئۇ ماڭا: ‹ياقۇپ ئەۋلادلىرىنى قارغىغىن،
ئىسرائىللارغا لەنەت ئوقۇغىن!› دېدى.
[8] لېكىن خۇدا قارغىمىسا،
مەن قانداق قارغىيالايمەن؟
پەرۋەردىگار لەنەتلىمىسە،
مەن قانداق لەنەتلىيەلەيمەن؟

9 مەن ئېگىز قىيا تاشلاردىن ئۇلارغا نەزەر سالدىم،
ئېگىز تۆپىلىكلەردىن ئۇلارغا باقتىم.
ئۇلار ئايرىم ياشايدىغان خەلقتۇر،
ئۇلار ‹باشقىلارغا ئەسلا ئوخشىمايمىز› دەپ ئويلايدۇ.
10 ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى خۇددى چاڭ-توزاندەك كۆپتۇر،
كىم ئۇلارنىڭ سانىنى ئالالايدۇ؟
كىم ئىسرائىللارنىڭ تۆتتىن بىرىنى ساناپ چىقالايدۇ؟
مەن ئۇلارغا ئوخشاش دۇرۇس ئادەم بولۇپ ئالەمدىن
ئۆتەي،
ئاخىرىتىم خۇددى ئۇلارنىڭكىدەك بولسۇن.»

11 بالاق بىلئامغا:
– نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ مەن سېنى دۈشمەنلىرىمنى قارغاشقا ئەكەلسەم، سەن ئۇلارغا بەخت تىلەۋاتىسەنغۇ! – دېدى. 12 بىلئام مۇنداق دېدى:
– پەرۋەردىگار ماڭا دېيىشكە بۇيرۇغان سۆزلەرنى دېمەسلىكىمگە نېمە ھەددىم؟

## بىلئامنىڭ ئىككىنچى بايانى

13 بالاق مۇنداق دېدى:
– يۈر، مەن بىلەن باشقا يەرگە بارغىن. ئۇ يەردىن باشقا ئىسرائىللارنى كۆرەلەيسەن. سەن شۇ يەردە مەن ئۈچۈن ئۇلارنى قارغىغىن.
14 ئۇ بىلئامنى پىسگاھ تېغىنىڭ زوفىم ئېگىزلىكىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇ يەردە يەتتە قۇربانلىق سۇپىسى ياسىتىپ، ھەربىر قۇربانلىق سۇپىسىدا بىردىن بۇقا ۋە بىردىن قوچقار قۇربانلىق قىلدى. 15 بىلئام بالاققا:
– سەن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا قالغىن. مەن نېرىراق يەرگە بېرىپ، پەرۋەردىگار بىلەن كۆرۈشىمەن، – دېدى.
16 پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئالدىدا زاھىر بولۇپ، بىلئامغا نېمە دېيىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ:

– سەن بالاقنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، دېگەنلىرىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگىن، – دېدى. [17] بىلئام بالاقنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ موئاب ئەمەلدارلىرى بىلەن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

بالاق:

– پەرۋەردىگار نېمە دېدى؟ – دەپ سورىدى. [18] بىلئام تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلدى:

«ئى بالاق، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا،
ئى زىپپورنىڭ ئوغلى بالاق، سۆزلىرىمگە قۇلاق سال.
[19] خۇدا ئىنسان ئەمەس، ئۇ يالغان سۆزلىمەس،
خۇدا ئىنساننىڭ بالىسىدەك ئەمەس، ئۇ قارارىنى
ئۆزگەرتمەس.
ئۇ دېگىنىنى قىلماي قويماس،
ۋەدىسىنى ئورۇندىماي قالماس.
[20] بەخت تىلەشكە ئەمر ئالدىم،
ئۇ تىلىگەن بەختنى مەن ئۆزگەرتىشكە ئىمكانىم يوق.
[21] ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا كۈلپەت چۈشمەس،
ئىسرائىللار بېشىغا بالا-قازا كەلمەس.
ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى خۇدا ئۇلارغا ياردۇر،
ئۇلار ئۆز پادىشاھى بولغان پەرۋەردىگارغا ئالقىشلار
ياغدۇرار.
[22] خۇدا ئۇلارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتى،
ئۇ خۇددى ياۋايى بۇقىدەك كۈچلۈكتۇر.
[23] ھېچبىر سېھىرگەرلىك ياقۇپ ئەۋلادلىرىغا كار قىلمايدۇ،
ھەرقانداق قارغىشمۇ ئىسرائىللارنى ۋەيران قىلالمايدۇ.
ۋاقتى كەلگەندە كىشىلەر ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان
ئىسرائىللار ھەققىدە:
‹قاراڭلار، خۇدانىڭ بۈيۈك ئىشلىرىغا!› دېيىشىدۇ.
[24] بۇ خەلق ئانا شىرغا ئوخشاش ئېتىلىدۇ،
خۇددى ئەركەك شىردەك سەكرەيدۇ،

ئۆلجىسىنى يىمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ،
ئۆلجىسىنىڭ قېنىنى ئىچمىگۈچە ئارام ئالمايدۇ.»

25 بالاق بىلئامغا:
– سەن ئۇلارنى قارغىمىساڭ مەيلى، ئەمما ئۇلارغا بەخت
تىلىمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى، – دېدى. 26 بىلئام جاۋاب بېرىپ:
– مەن ساڭا مەن چوقۇم پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە
ئىش قىلىمەن دېمىدىممۇ؟ – دېدى. 27 بالاق:
– كەل، سېنى باشقا بىر يەرگە باشلاپ باراي. خۇدا ئۇ يەردە
بولسىمۇ سېنىڭ ئۇلارنى مەن ئۈچۈن قارغىشىڭغا يول قويۇپ
قالار، – دېدى.
28 ئۇ بىلئامنى چۆلنى كۆرگىلى بولىدىغان پېئور چوققىسىغا
ئېلىپ چىقتى. 29 بىلئام بالاققا:
– سەن بۇ يەردە يەتتە قۇربانلىق سۇپىسى تەييارلاپ، يەتتە تۇياق
بۇقا، يەتتە تۇياق قوچقار هازىرلىغىن، – دېدى.
30 بالاق بىلئامنىڭ دېگىنى بويىچە هەربىر قۇربانلىق سۇپىسىدا
بىردىن بۇقا ۋە بىردىن قوچقار قۇربانلىق قىلدى.

## بىلئامنىڭ ئۈچىنچى بايانى

24 1 بىلئام ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىدىن ئىسرائىللارغا
بەخت تىلەشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدى. شۇڭا
ئۇ بۇ قېتىم ئالدىنقى ئىككى قېتىمقىدەك بەلگە-بېشارەتلەرنى
ئىزدىمەستىن، بەلكى چۆلگە يۈزلەندى. 2 ئۇ كۆردىكى، ئىسرائىللار
چۆلدە قەبىلە-قەبىلە بويىچە قارارگاھ قۇرغانىدى. خۇدانىڭ روھى
ئۇنىڭغا چۈشتى، 3 بىلئام تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلدى:

«بۇ بېئورنىڭ ئوغلى بىلئامنىڭ قىلغان سۆزىدۇر،
بۇ كۆزى ئېچىلغان ئادەمنىڭ سۆزىدۇر.
4 ئۇ خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالايدۇ،
هوشىدىن كەتسىمۇ،
هەممىگە قادىر خۇدانىڭ غايىبانە ئالامىتىنى كۆرەلەيدۇ.

5 ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، چېدىرلىرىڭ نەقەدەر گۈزەل!
ئەي ئىسرائىللار، قارارگاھلىرىڭ نەقەدەر گۈزەل!

6 ئىسرائىللار خۇددى بىپايان خورمىزارلىقلارغا،
ساھىلدىكى باغلارغا،
خۇددى پەرۋەردىگار تىرىغان خۇش پۇراقلىق دەرەخلەرگە،
سۇ بويىدىكى كېدىر دەرەخلىرىگە ئوخشايدۇ.
7 ئۇلارنىڭ چېلەكلىرىدىن سۇ تېشىپ تۇرىدۇ،
تىرىغان ئۇرۇقلىرى سۇغا تويۇنىدۇ.
ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئامالەكلەرنىڭ پادىشاھى ئاگاگتىن بۈيۈكتۇر،
پادىشاھلىقى ئۇلۇغلىنىدۇ.
8 خۇدا ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتى،
ئۇ خۇددى ياۋايى بۇقىدەك كۈچلۈكتۇر.
ئۇلار دۈشمەنلىرىنى يالماپ يۇتۇپ،
ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئېزىۋېتىدۇ.
ئوقيالىرى دۈشمەنلىرىنى تېشىپ ئۆتىدۇ.
9 ئۇلار سوزۇلۇپ ياتقان ئەركەك شىرغا
ھەم چىشى شىرغا ئوخشايدىغان تۇرسا،
كىممۇ ئۇلارنى ئويغىتىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالىسۇن؟
ئۇلارغا بەخت تىلىگەنلەر بەخت تاپقاي،
ئۇلارنى قارغىغانلار قارغىشقا قالغاي.»

10 بالاق بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئاچچىقلىنىپ، مۇشتۇمنى تۈگدى ۋە بىلئامغا:
– مەن سېنى دۈشمىنىمنى قارغاشقا تەكلىپ قىلسام، ئەكسىچە سەن ئۇلارغا ئۈچ قېتىم بەخت تىلىدىڭ. 11 ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت، مەن سېنى كاتتا تارتۇقلايمەن دېگەنىدىم، بىراق پەرۋەردىگارىڭ بۇنى ساڭا نېسىپ قىلمىدى، – دېدى. 12 بىلئام جاۋابەن مۇنداق دېدى:

- سەن ئەۋەتكەن ئەلچىلەرگە بۇنى دېمىگەنمىدىم؟ [13] سەن ماڭا ئورداڭدىكى بارلىق ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى بەرگەن تەقدىردىمۇ پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، مەيلى ياخشى ياكى يامان ئىش بولسۇن، ئۆزۈمنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلالمايمەن. مەن پەقەت پەرۋەردىگار «سۆزلە» دېگەننى سۆزلەيمەن. [14] مەن ھازىر ئۆيۈمگە قايتىپ كېتىمەن، لېكىن مەن ساڭا ئىسرائىللارنىڭ كەلگۈسىدە خەلقىڭگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي.

## بىلئامنىڭ تۆتىنچى بايانى

[15] بىلئام تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلدى:

«بۇ بېئورنىڭ ئوغلى بىلئامنىڭ قىلغان سۆزىدۇر،
كۆزى ئېچىلغان ئادەمنىڭ سۆزىدۇر.
[16] ئۇ خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالايدۇ،
ئۇلۇغ خۇدانىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشىنىدۇ،
ھوشىدىن كەتسىمۇ،
ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ غايىبانە ئالامەتنى كۆرەلەيدۇ.

[17] غايىبانە ئالامەتتە بىرسىنى كۆردۈم، لېكىن ئۇ ھازىر بۇ يەردە ئەمەس.
ئۇنىڭغا قارىدىم، لېكىن ئۇ يېقىنمۇ ئەمەس.
دېمەك، بىر يۇلتۇز چىقار ياقۇپ نەسلىدىن،
بىر سەلتەنەت ھاسىسى چىقار ئىسرائىللاردىن.
ئۇ موئابنىڭ پېشانىسىنى ئۇرۇپ يارىدار قىلار،
شېتنىڭ پۈتۈن ئەۋلادلىرىنىڭ بېشىنى چېقىپ تاشلار.
[18] ئۇ ئېدومنى بويسۇندۇرۇپ،
دۈشمەن بولغان سەئىرنىمۇ ئىگىلەيدۇ.
ئىسرائىللار ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.
[19] ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ،
ئېدومنىڭ شەھەرلىرىدىكى قالغان خەلقلەرنى يوقىتىدۇ.»

[20] بىلئام غايىبانە ئالامەتتە ئامالەكلەرنى كۆرۈپ، تۆۋەندىكىنى
بايان قىلدى:

«ئامالەكلەر ئەللەر ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلار ئاخىر ھالاك بولار.»

[21] بىلئام غايىبانە ئالامەتتە قېنىلارنى كۆرۈپ، تۆۋەندىكىنى بايان
قىلدى:

«ئەي قېنىلار، گەرچە سىلەرنىڭ قارارگاھىڭلار مۇستەھكەم،
ئۇۋاڭلار تىك ياردا بولسىمۇ،
[22] لېكىن سىلەر چوقۇم زاۋاللىققا يۈزلىنىپ،
ئاشۇرلارغا ئەسىر بولىسىلەر.»

[23] بىلئام يەنە تۆۋەندىكىنى بايان قىلدى:

«خۇدا بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا، كىممۇ ھايات
قالىدۇ؟
[24] سىپرۇستىن كېمىلەر كېلىپ،
ئاشۇرلار بىلەن ئېبەرلەرنى بويسۇندۇرىدۇ.
لېكىن ئۇلار ئۆزىمۇ ھالاك بولىدۇ.»

[25] بىلئام سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇرتىغا
قايتتى، بالاقمۇ قايتىپ كەتتى.

## ئىسرائىللارنىڭ پېئوردا ئازدۇرۇلۇشى

25 [1] ئىسرائىللار شىتتىمدىكى ۋاقتىدا بىر قىسىم ئەرلەر موئاب
قىزلىرى بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. [2] موئاب
قىزلار ئۇلارنى موئابلار چوقۇنىدىغان ئىلاھلارنىڭ قۇربانلىق
زىياپەتلىرىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ، سۇنۇلغان
قۇربانلىقلاردىن غىزالىنىپ، ئۇلارنىڭ بۇت ئىلاھلىرىغا چوقۇندى.

[3] شۇنداق قىلىپ، ئىسرائىللار پېئوردىكى ئىلاھ بائالغا باغلىنىپ
قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار غەزەپلىنىپ، [4] مۇساغا:
– مېنىڭ ئەمرىم بويىچە ئۇلارنىڭ باشلامچىلىرىنى تۇتۇپ،
خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ، ئىسرائىللارغا بولغان غەزىپىمنى
باسقىن، – دېدى.
[5] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئىسرائىللارنىڭ سوتچىلىرىغا:
– ئادەملار ئارىسىدىكى پېئوردىكى ئىلاھ بائالغا چوقۇنغانلارنىڭ
ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار، – دەپ بۇيرۇدى.
[6] دەل شۇ چاغدا ئىسرائىللاردىن بىرى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ
ئالدىدا مۇشۇ گۇناھ سەۋەبىدىن كۆز يېشى قىلىشىۋاتقان مۇسا ۋە
ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا مىديان بىر ئايالنى ئۆزىنىڭ چېدىرىغا
ئېلىپ كىرىپ كەتتى. [7] بۇنى كۆرگەن روھانىي ھارۇننىڭ نەۋرىسى،
ئەلئازارنىڭ ئوغلى بولغان پىنىخاس جامائەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ،
قولىغا نەيزىسىنى ئېلىپ، [8] چېدىرغا كىردى ۋە ھېلىقى ئەر بىلەن
مىديان ئايالنىڭ قورسىقىغا نەيزە تىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللارنىڭ
مۇشۇ گۇناھى سەۋەبىدىن خەلق ئارىسىغا تارقالغان ۋابا توختىدى.
[9] لېكىن ئاللىقاچان 24 مىڭ ئادەم ۋابا بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنىدى.
[10] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
– [11] روھانىي ھارۇننىڭ نەۋرىسى، ئەلئازارنىڭ ئوغلى بولغان
پىنىخاس مېنىڭ ئىسرائىللارغا بولغان غەزىپىمنى باستى.
چۈنكى ئۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش خەلقنىڭ ساداقەتسىزلىكىدىن
قاتتىق غەزەپلەنگەنىدى. شۇڭا مەن غەزىپىمنى بېسىپ، ئۇلارنى
يوقاتمىدىم. [12] ئۇنىڭغا ئېيتقىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن «ئامانلىق
ئەھدىسى» تۈزىمەن. [13] ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مۇشۇ «ئامانلىق
ئەھدىسى»گە ئاساسەن مەڭگۈ روھانىي بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مەن
ئۈچۈن جان-دىل بىلەن ئىش قىلىپ، ئىسرائىللارنى گۇناھتىن
ساقىت قىلدى.
[14] مىديان ئايال بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلگەن ئىسرائىلنىڭ ئىسمى
زىمرى بولۇپ، سالۇنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ شىمون قەبىلىسىدە بىر
جەمەتنىڭ باشلىقى ئىدى. [15] ئۆلتۈرۈلگەن مىديان ئايالنىڭ ئىسمى
كوزبى بولۇپ، مىديانلارنىڭ قەبىلە باشلىقى زۇرنىڭ قىزى ئىدى.

[16] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[17] ــ سىلەر مىديانلارنى دۈشمەن دەپ بىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار.
[18] چۈنكى ئۇلار سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىپ، سىلەرنى پېئوردىكى ئىلاھ بائالغا چوقۇنۇشقا ئازدۇردى ۋە بالا-قازا كەلتۈردى. ئۇلار مىديانلارنىڭ باشلىقىنىڭ قىزى كوزبى ئارقىلىق سىلەرنى ئازدۇردى. ئۇ قىز پېئور ۋەقەسى پەيدا بولغان، ۋابا كېسىلى تارقالغان كۈندە ئۆلتۈرۈلدى.

## ئىسرائىللارنىڭ قايتا رويخەتكە ئېلىنىشى

26 [1] ۋابا كېسىلى بېسىققاندىن كېيىن، پەرۋەردىگار مۇسا ۋە روھانىي ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازارغا مۇنداق دېدى:
[2] ــ سىلەر پۈتۈن ئىسرائىللارنىڭ سانىنى جەمەتلەر بويىچە رويخەتكە ئېلىپ، يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى تىزىملاڭلار.
[3] مۇسا ۋە روھانىي ئەلئازار ئېرىخا شەھىرىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى، يەنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى موئاب تۈزلەڭلىكىدە ئىسرائىللارغا مۇنداق دېدى:
[4] ــ سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى بارلىق ئەرلەرنى رويخەتكە ئېلىڭلار.
مىسىردىن چىققان ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە:
[5] ئىسرائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبېن. رۇبېننىڭ ئوغۇللىرىدىن خانوك، پاللۇ، [6] خەزرون، كارمى قاتارلىق جەمەتلەر كېلىپ چىققان بولۇپ، [7] جەمئىي 43,730 ئادەم ئىدى. [8] پاللۇنىڭ ئوغلى ئەلئاب، [9] ئەلئابنىڭ ئوغۇللىرى نەمۇئېل، داتان ۋە ئابىرام. داتان بىلەن ئابىراملار جامائەت سايلىغان يېتەكچىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كوراھ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، مۇسا بىلەن ھارۇنغا قارشى چىقىپ، پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلغاچقا، [10] يەر يېرىلىپ، ئۇلارنى يۇتۇپ كەتكەنىدى. ئەينى چاغدا يەنە 250 كىشى ئوتتا كۆيۈپ، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولغانىدى. [11] لېكىن كوراھنىڭ ئەۋلادلىرى يوقىتىلمىغانىدى.

[12] شىمونىنىڭ ئوغۇللىرىدىن نىمۇئېل، يامىن، ياكىن، [13] زەراخ، شائۇل قاتارلىق جەمەتلەر كېلىپ چىققان بولۇپ، [14] جەمئىي 22,200 ئادەم ئىدى.
[15] گادنىڭ ئوغۇللىرىدىن زىفون، خاگگى، شۇنىي، [16] ئوزنى، ئەرى، [17] ئارودى، ئارئېلى قاتارلىق جەمەتلەر كېلىپ چىققان بولۇپ، [18] جەمئىي 40,500 ئادەم ئىدى.
[19] يەھۇدانىڭ ئىككى ئوغلى ئېر بىلەن ئونان كەنئان زېمىنىدا ۋاپات بولغانىدى. [20] يەھۇدانىڭ باشقا ئوغۇللىرىدىن كېلىپ چىققان جەمەتلەر: شېلاھ، پەرەس، زەراخ. [21] پەرەسنىڭ ئوغۇللىرىدىن كېلىپ چىققان جەمەتلەر: خەزرون، خامۇل. [22] يەھۇدانىڭ ھەرقايسى جەمەتلىرى جەمئىي 76,500 ئادەم ئىدى.
[23] ئىسساكارنىڭ ئوغۇللىرىدىن تولاھ، پۇۋاھ، [24] ياشۇب، شىمرون قاتارلىق جەمەتلەر كېلىپ چىققان بولۇپ، [25] جەمئىي 64,300 ئادەم ئىدى.
[26] زەبۇلۇننىڭ ئوغۇللىرىدىن سەرەد، ئېلون، ياخلىئېل قاتارلىق جەمەتلەر كېلىپ چىققان بولۇپ، [27] جەمئىي 60,500 ئادەم ئىدى.
[28] يۈسۈپنىڭ ماناسسە ۋە ئەفرايىم ئىسىملىك ئىككى ئوغلىدىن تۆۋەندىكى جەمەتلەر كېلىپ چىققانىدى.
[29] ماناسسەنىڭ ماكىر ئىسىملىك ئوغلىدىن گىلئاد جەمەتى كېلىپ چىققانىدى. ماناسسە ماكىرنىڭ ئاتىسى، ماكىر گىلئادنىڭ ئاتىسى ئىدى. [30] گىلئادنىڭ ئوغۇللىرىدىن كېلىپ چىققان جەمەتلەر: ئىئەزەر، خېلەق، [31] ئاسرىئېل، شەكەم، [32] شىمىدا، خېفەر. [33] خېفەرنىڭ ئوغلى زىلوفخادنىڭ ئوغلى يوق، پەقەت قىزلىرىلا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىسىملىرى ماخلاھ، نوئاھ، خوگلاھ، مىلكاھ ۋە تىرزاھ ئىدى. [34] ماناسسەنىڭ جەمەتلىرى جەمئىي 52,700 ئادەم ئىدى.
[35] ئەفرايىمنىڭ ئوغۇللىرىدىن شۇتەلاخ، بەكەر، تاخان قاتارلىق جەمەتلەر كېلىپ چىققان بولۇپ، [36] شۇتەلاختىن ئېران جەمەتى چىققانىدى. [37] ئۇلار جەمئىي 32,500 ئادەم ئىدى. يۇقىرىدىكىلەر يۈسۈپنىڭ ئوغۇللىرىدىن كېلىپ چىققان جەمەتلەر ئىدى.
[38] بىنيامىننىڭ ئوغۇللىرىدىن بەلا، ئاشبېل، ئاخىرام، [39] شىفۇفام، خۇفام قاتارلىق جەمەتلەر، [40] بەلانىڭ ئوغۇللىرىدىن ئارىد ۋە

نائامان قاتارلىق جەمەتلەر كېلىپ چىققان بولۇپ، [41] جەمئىي 45,600 ئادەم ئىدى.

[42] داندىن كېلىپ چىققان جەمەت شۇخام جەمەتى بولۇپ، [43] جەمئىي 64,400 ئادەم ئىدى.

[44] ئاشىرنىڭ ئوغۇللىرىدىن كېلىپ چىققان جەمەتلەر: يىمناھ، يىشۋى، بىرىئا. [45] بىرىئانىڭ ئوغۇللىرىدىن كېلىپ چىققان جەمەتلەر: خەبەر، مالكىئېل. [46] ئاشىرنىڭ يەنە سەراخ ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. [47] ئاشىرنىڭ جەمەتلىرى جەمئىي 53,400 ئادەم ئىدى.

[48] نافتالى ئوغۇللىرىدىن ياخزئېل، گۇنى، [49] يېزەر، شىللېم قاتارلىق جەمەتلەر كېلىپ چىققان بولۇپ، [50] ئۇلار جەمئىي 45,400 ئادەم ئىدى.

[51] رويخەتكە ئېلىنغان ئىسرائىللارنىڭ ئومۇمىي سانى 601,730 ئادەم بولدى.

[52] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[53] — سەن ھەر قەبىلىنىڭ ئادەم سانىغا قاراپ، يەر تەقسىم قىلىپ بەرگىن. [54] ئادەم سانى كۆپلەرگە كۆپرەك، ئادەم سانى ئازلارغا ئازراق بەرگىن. تىزىملانغان ئادەم سانى بويىچە تەقسىم قىلىپ بەرگىن. [55] ئىسرائىللار ھەرقايسى قەبىلىلەر بويىچە تاشلىغان چەكنىڭ ئاساسەن يەرگە ئىگە بولسۇن. [56] مەيلى چوڭ ياكى كىچىك قەبىلە بولسۇن، تاشلىغان چېكىگە ئاساسەن زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلسۇن.

[57] لاۋىي قەبىلىسىنىڭ جەمەتلىرى بويىچە رويخەتكە ئېلىنغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: گېرشون، قوھات، مىرارى. [58] بۇ جەمەتلەردىن لىبنى، ھېبرون، ماخلى، مۇشى ۋە كوراھ قاتارلىق جەمەتلەر كېلىپ چىققاندى. قوھات ئامرامنىڭ ئەجدادى ئىدى. [59] ئامرامنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى يوكەبەد بولۇپ، لاۋىينىڭ قىزى ئىدى. ئۇ مىسىردا تۇغۇلغانىدى. ئۇ ئامرامغا ھارۇن ۋە مۇسا قاتارلىق ئىككى ئوغۇل ۋە مەريەم ئىسىملىك بىر قىز تۇغۇپ بەردى. [60] ھارۇننىڭ ناداب، ئابىھۇ، ئەلئازار ۋە ئىتامار ئىسىملىك تۆت ئوغلى بار ئىدى. [61] لېكىن ناداب بىلەن ئابىھۇ پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا چەكلەنگەن ئوتنى ئېلىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

[62] لاۋىيلارنىڭ بىر ئايلىق بولغان ئوغۇل بوۋاقلىرىدىن تارتىپ بارلىق ئەرلىرىنىڭ سانى جەمئىي 23,000 بولسىمۇ، ئۇلار باشقا ئىسرائىللار بىلەن بىرلىكتە تىزىملانمىدى. چۈنكى ئۇلارغا باشقا ئىسرائىللارغا ئوخشاش زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىلمەيتتى.
[63] يۇقىرىدىكىلەر مۇسا بىلەن روھانىي ئەلئازار ئېرىخا شەھىرىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى، يەنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى موئاب تۈزلەڭلىكىدە رويخەتكە ئالغان ئىسرائىللارنىڭ سانىدۇر.
[64] لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسا بىلەن روھانىي ھارۇن ئىلگىرى سىناي چۆلىدە بىرىنچى قېتىم رويخەتكە ئالغانلاردىن بىرىمۇ ئادەم يوق ئىدى. [65] چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئاشۇ چۆلدە چوقۇم ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. دەرۋەقە يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىب ۋە نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋادىن باشقىلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەنىدى.

## قىزلارنىڭ مىراسخورلۇق ھوقۇقى

**27** [1] بىر كۈنى زىلوفخادنىڭ ماخلاھ، نوئاھ، خوگلاھ، ملكاھ ۋە تىرزاھ قاتارلىق ياتلىق بولمىغان قىزلىرى ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئېلىشقا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاتىسى زىلوفخاد خېفەرنىڭ ئوغلى، گىلئادنىڭ نەۋرىسى، ماكىرنىڭ ئەۋرىسى، ماناسسەنىڭ چەۋرىسى ئىدى، ماناسسە يۇسۇپنىڭ ئوغلى ئىدى.
[2] ئۇلار ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مۇساغا، روھانىي ئەلئازارغا، ئاقساقاللارغا ۋە بارلىق جامائەتكە مۇنداق دېدى:
[3] — ئاتىمىز چۆلدە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ كوراھ بىلەن بىرگە پەرۋەردىگارغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتمىدى، بەلكى ئۆزىنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئوغۇل پەرزەنت قالمىدى. [4] ئەجەبا، ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ نامى جەمەت ئىچىدىن ئۆچۈپ كېتىشى كېرەكمۇ؟ ئاتىمىزنىڭ جەمەتىدىن بىزگىمۇ زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىڭلار.
[5] مۇسا ئۇلارنىڭ ئۆتۈنۈشىنى پەرۋەردىگارغا مەلۇم قىلدى.
[6] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[7] — زىلوفخادنىڭ قىزلىرىنىڭ دېگەنلىرى توغرۇلۇق. سەن ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ جەمەتىنىڭ زېمىنىدىن بىر ئۈلۈش بۆلۈپ بېرىپ،

ئۇلارنىمۇ زېمىنىغا ئىگە قىلغىن. [8] سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن،
ئەگەر بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇ ئادەمنىڭ ئوغلى بولمىسا،
زېمىنىغا قىزى ۋارىسلىق قىلسۇن. [9] ئەگەر قىزىمۇ بولمىسا، ئۇ
ئادەمنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى ۋارىسلىق قىلسۇن. [10] ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ
ئاكا-ئۇكىلىرىمۇ بولمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ دادىسىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى
ۋارىسلىق قىلسۇن. [11] ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ دادىسىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىمۇ
بولمىسا، جەمەت ئىچىدىكى ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋارىسلىق
قىلسۇن. مانا بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ سەن ئارقىلىق ئىسرائىللارغا
يەتكۈزمەكچى بولغان ۋە ئۇلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان
قانۇندۇر.

## يوشۇۋانىڭ يېتەكچى بولۇشى

[12] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
- سەن ئابارىم تېغىغا چىقىپ، مەن ئىسرائىللارغا ئاتا قىلىدىغان
زېمىنغا نەزەر سالغىن. [13] ئاندىن كېيىن سەن خۇددى ئاكاڭ ھارۇنغا
ئوخشاش ئالەمدىن ئۆتىسەن. [14] چۈنكى زىن چۆلىدە خەلق ماڭا
قارشى چىققاندا، سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ ئەمرىمگە ئەمەل قىلماي،
خەلقنىڭ ئالدىدا مۇقەددەسلىكىمگە ھۆرمەت قىلمىدىڭلار. (بۇ ۋەقە
زىن چۆلىدىكى كادېشتا، يەنى «مەرىبا سۈيى»دە يۈز بەرگەن.)
[15] مۇسا پەرۋەردىگارغا مۇنداق دېدى:
[16] - ئى پەرۋەردىگار، سەن ئىنسانغا ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى
خۇدادۇرسەن. سەندىن ئۆتۈنەي، بۇ خەلققە بىر يېتەكچى
تەيىنلىگەيسەن، [17] ئۇ خەلقىڭنى يېتەكلىسۇن. ھازىر بۇ خەلق
خۇددى قويچىسى يوق قويلارغا ئوخشاپ قالدى.
[18] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
- نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋادا مېنىڭ روھىم بار. سەن ئۇنى باشلاپ
كېلىپ، قولۇڭنى ئۇنىڭ بېشىغا قويغىن. [19] ئۇنى روھانىي ئەلئازار
ۋە پۈتۈن جامائەتنىڭ ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا يېتەكچى
قىلىپ تەيىنلىگىن. [20] پۈتۈن ئىسرائىللارنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى
ئۈچۈن ھوقۇقۇڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگىن.
[21] ئۇ بىر ئىشقا يولۇقسا، روھانىي ئەلئازارنىڭ يېنىغا بارسۇن.

ئەلئازار يوشۇۋاغا ۋاكالىتەن «ئۇرىم» ئارقىلىق مېنىڭ ئىرادەمنى
سورايدۇ. يوشۇۋا ۋە ئىسرائىل خەلقى ھەممە ئىشنى بۇ ئۇسۇل
بىلەن قىلسۇن.
[22] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە يوشۇۋانى چاقىرىپ كېلىپ،
ئۇنى روھانىي ئەلئازار ۋە پۈتۈن جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزدى.
[23] ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە قوللىرىنى ئۇنىڭ بېشىغا
قويۇپ، ئۇنى يېتەكچى قىلىپ تەيىنلىدى.

## كۈندىلىك ھەدىيەلەر

28 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] ــ ئىسرائىللارغا بۇ ئەمرنى يەتكۈزگىن. ئۇلار مەن
پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ۋە مېنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق
تائام ھەدىيەلىرىنى چوقۇم بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا سۇنسۇن.
[3] تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ مەن پەرۋەردىگارغا سۇنىدىغان كۈندىلىك
تائام ھەدىيەلىرىدۇر. ئۇلار ھەر كۈنى ئىككى تۇياق بىر ياشلىق
بېجىرىم ئەركەك پاقلان كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىنسۇن. [4] ئۇلارنىڭ
بىرى ئەتىگەندە، يەنە بىرى گۇگۇم چۈشكەندە قىلىنسۇن. [5] شۇنىڭ
بىلەن بىرگە بىر لىتىر ساپ زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان بىر كىلو
سۈپەتلىك ئۇن ئاشلىق ھەدىيەسى قىلىنسۇن. [6] بۇلار سىناي تېغىدا
بەلگىلەنگەن كۈندىلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولۇپ، ماڭا ئاتاپ
كۆيدۈرۈلگەن ۋە مېنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام
ھەدىيەلىرىدۇر. [7] ھەربىر قۇربانلىق قىلىنغان پاقلانغا قوشۇپ بىر
لىتىر شاراب ئىچىملىك ھەدىيەسى سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىنسۇن. بۇ
ئىچىملىك ھەدىيەسى ماڭا ئاتالغان قۇربانلىق سۈپىتىدە قۇيۇلسۇن.
[8] گۇگۇم چۈشكەندە پاقلان قۇربانلىق قىلىنغاندىمۇ ئەتىگەندىكىگە
ئوخشاش ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە ئىچىملىك ھەدىيەسى سۇنۇلسۇن.
بۇلار ماڭا ئاتالغان ۋە مېنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق
تائام ھەدىيەسىدۇر.

## دەم ئېلىش كۈنىدىكى ھەدىيەلەر

[9] ــ دەم ئېلىش كۈنىدە بېجىرىم بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن ئىككى تۇياق قۇربانلىق قىلىنسۇن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان ئىككى كىلو سۈپەتلىك ئۇن ئاشلىق ھەدىيەسى قىلىنسۇن ۋە ئىچىملىك ھەدىيەسى سۇنۇلسۇن. [10] بۇ ئادەتتىكى كۈنلەردە قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرىدىن باشقا دەم ئېلىش كۈنلىرى قىلىنىدىغان ھەدىيەلەردۇر.

## ئاي بېشىدىكى ھەدىيەلەر

[11] ــ ئاي بېشىدا مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئىككى بۇقا، بىر قوچقار ۋە يەتتە تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىنسۇن، ھەممىسى بېجىرىم بولسۇن. [12] شۇنىڭ بىلەن بىرگە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سۈپەتلىك ئۇندىن ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنۇلسۇن. ھەربىر بۇقا ئۈچۈن ئۈچ كىلو، ھەربىر قوچقار ئۈچۈن ئىككى كىلو، [13] ھەربىر پاقلان ئۈچۈن بىر كىلو ئۇن قوشۇپ ھەدىيە قىلىنسۇن. بۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق ماڭا ئاتالغان ۋە مېنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسىدۇر. [14] ماللار قۇربانلىق قىلىنغاندا، ئۇلارغا قوشۇپ ئىچىملىك ھەدىيەلىرى سۇنۇلسۇن. ھەربىر بۇقا ئۈچۈن ئىككى لىتىر شاراب، ھەربىر قوچقار ئۈچۈن بىر يېرىم لىتىر شاراب، ھەربىر پاقلان ئۈچۈن بىر لىتىر شاراب قوشۇپ ھەدىيە قىلىنسۇن. بۇلار مەن پەرۋەردىگارغا سۇنۇلىدىغان ھەدىيەلەردۇر. مۇشۇنداق ھەدىيەلەر ھەر يىلى ھەر ئايدا ھەدىيە قىلىنسۇن. [15] كۈندىلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ۋە ئۇلارغا قوشۇپ سۇنۇلغان ئىچىملىك ھەدىيەلىدىن باشقا يەنە بىر تېكە گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى سۈپىتىدە مەن پەرۋەردىگارغا سۇنۇلسۇن.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدىكى ھەدىيەلەر

[16] ـ 1-ئاينىڭ 14-كۈنى① مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. [17] 15-كۈندىن باشلاپ پېتىر نان ھېيتى باشلىنىدۇ. سىلەر مۇشۇ كۈندىن باشلاپ يەتتە كۈنگىچە پېتىر نان يەڭلار. [18] بىرىنچى كۈنى مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، ئىش قىلماڭلار. [19] بۇ كۈنى ئىككى بۇقا، بىر قوچقار ۋە يەتتە تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىنىپ، مەن پەرۋەردىگارغا تائام ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنۇلسۇن، ھەممىسى بىجىرىم بولسۇن. [20] شۇنىڭ بىلەن بىرگە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سۈپەتلىك ئۇندىن ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنۇلسۇن. ھەربىر بۇقا ئۈچۈن ئۈچ كىلو، ھەربىر قوچقار ئۈچۈن ئىككى كىلو، [21] ھەربىر پاقلان ئۈچۈن بىر كىلو ئۇن قوشۇپ ھەدىيە قىلىنسۇن. [22] بۇنىڭغا قوشۇپ گۇناھىڭلارنىڭ ساقىت قىلىنىشى ئۈچۈن بىر تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار. [23] ئەتىگىنى قىلىنىدىغان كۈندىلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىقلاردىن باشقا يەنە ھېيت كۈنى قىلىنىدىغان قۇربانلىقلار قىلىنسۇن. [24] شۇ بويىچە ئۇدا يەتتە كۈن مۇشۇنداق قۇربانلىقلار قىلىنسۇن. بۇ ماڭا ئاتالغان ۋە مېنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەلىرىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۈندىلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بىلەن ئىچىملىك ھەدىيەلىرى سۇنۇلسۇن. [25] يەتتىنچى كۈنى مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، ئىش قىلماڭلار.

## ئورما ھېيتىدىكى ھەدىيەلەر

[26] ـ ئورما ھېيتى كۈنى، يەنى تۇنجى ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن مەن پەرۋەردىگارغا ھەدىيە قىلىدىغان كۈنى سىلەر مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، ئىش قىلماڭلار. [27] ئىككى بۇقا، بىر قوچقار ۋە يەتتە

① 28: 16 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 23-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

تۇياق بىر ياشلىق پاقلاننى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىڭلار. بۇ قۇربانلىقلار مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدۇ. [28] بۇ قۇربانلىقلار بىلەن بىرگە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سۈپەتلىك ئۇندىن ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنۇڭلار. ھەربىر بۇقا ئۈچۈن ئۈچ كىلو، ھەربىر قوچقار ئۈچۈن ئىككى كىلو، [29] ھەربىر پاقلان ئۈچۈن بىر كىلو ئۇن قوشۇپ ھەدىيە قىلىڭلار. [30] بۇنىڭدىن باشقا بىر تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار. [31] بۇ قۇربانلىقلار ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرىدىن باشقا كۈندىلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئاشلىق ھەدىيەسىمۇ سۇنۇلسۇن. مالنىڭ ھەممىسى بېجىرىم بولسۇن.

## بۇرغا چېلىش ھېيتىدىكى ھەدىيەلەر

29 [1] 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ① مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، ئىش قىلماڭلار. بۇ كۈندە بۇرغا چېلىنسۇن. [2] مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇڭلار. قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللار بېجىرىم بولغان بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە يەتتە تۇياق بىر ياشلىق ئەركەك پاقلان بولسۇن. [3] شۇنىڭ بىلەن بىرگە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سۈپەتلىك ئۇننى ئاشلىق ھەدىيەسى قىلىپ سۇنۇڭلار. ھەربىر بۇقا ئۈچۈن ئۈچ كىلو، ھەربىر قوچقار ئۈچۈن ئىككى كىلو، [4] ھەربىر پاقلان ئۈچۈن بىر كىلو ئۇن قوشۇپ ھەدىيە قىلىڭلار. [5] بۇنىڭغا قوشۇپ گۇناھىڭلارنىڭ ساقىت قىلىنىشى ئۈچۈن بىر تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار. [6] بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى سۇنۇلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئاشلىق ھەدىيەسى، كۈندىلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرىمۇ سۇنۇلسۇن. بۇلار مەن پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ۋە مېنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەلىرىدۇر.

① 29: 1 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

## گۇناھتىن ساقىت قىلىنىش كۈنىدىكى ھەدىيەلەر

[7] ـ 7-ئاينىڭ 10-كۈنى ① مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، نەپسىڭلارنى يىغىپ، ھېچقانداق ئىش قىلماڭلار. [8] مەن پەرۋەردىگارنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇڭلار. بېجىرىم بولغان بۇقىدىن بىرنى، قوچقاردىن بىرنى، بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن يەتتىنى قۇربانلىق قىلىڭلار. [9] شۇنىڭ بىلەن بىرگە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سۈپەتلىك ئۇندىن ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنۇڭلار. ھەربىر بۇقا ئۈچۈن ئۈچ كىلو، ھەربىر قوچقار ئۈچۈن ئىككى كىلو، [10] ھەربىر پاقلان ئۈچۈن بىر كىلو ئۇن قوشۇپ ھەدىيە قىلىڭلار. [11] گۇناھتىن ساقىت قىلىنىش كۈنىدىكى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ۋە كۈندىلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىق، شۇنداقلا ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرىدىن باشقا يەنە بىر تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار.

## كەپە تىكىش ھېيتىدىكى ھەدىيەلەر

[12] ـ 7-ئاينىڭ 15-كۈنى ② مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار، ئىش قىلماڭلار. مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ يەتتە كۈن ھېيت قىلىڭلار. [13] مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بۇقىدىن 13 تۇياق، قوچقاردىن 2 تۇياق، بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن 14 تۇياق كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىڭلار، ھەممىسى بېجىرىم بولسۇن. بۇ مېنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام ھەدىيەسىدۇر. [14] شۇنىڭ بىلەن بىرگە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سۈپەتلىك ئۇندىن ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنۇڭلار. ھەربىر بۇقا ئۈچۈن ئۈچ كىلو، ھەربىر قوچقار ئۈچۈن ئىككى كىلو، [15] ھەربىر پاقلان ئۈچۈن بىر كىلو ئۇن قوشۇپ ھەدىيە قىلىنسۇن. [16] كۈندىلىك قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ۋە ئىچىملىك

---

① 29: 7 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 14-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

② 29: 12 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 19-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

ھەدىيەلىرىدىن باشقا يەنە بىر تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار.
[17] ھېيتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى بېجىرىم بولغان بۇقىدىن 12 تۇياق، قوچقاردىن 2 تۇياق ۋە بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن 14 تۇياق قۇربانلىق قىلىڭلار. [18] شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەلگىلەنگەن مىقداردىكى ئاشلىق، ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى بۇقا، قوچقار ۋە پاقلانغا قوشۇپ ھەدىيە قىلىڭلار. [19] كۆندىلىك قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرىدىن باشقا يەنە بىر تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار.
[20] ھېيتىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بېجىرىم بولغان بۇقىدىن 11 تۇياق، قوچقاردىن 2 تۇياق، بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن 14 تۇياق قۇربانلىق قىلىڭلار. [21] شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەلگىلەنگەن مىقداردىكى ئاشلىق، ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى بۇقا، قوچقار ۋە پاقلانغا قوشۇپ ھەدىيە قىلىڭلار. [22] كۆندىلىك قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرىدىن باشقا يەنە بىر تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار.
[23] ھېيتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى بېجىرىم بولغان بۇقىدىن 10 تۇياق، قوچقاردىن 2 تۇياق، بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن 14 تۇياق قۇربانلىق قىلىڭلار. [24] شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەلگىلەنگەن مىقداردىكى ئاشلىق، ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى بۇقا، قوچقار ۋە پاقلانغا قوشۇپ ھەدىيە قىلىڭلار. [25] كۆندىلىك قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرىدىن باشقا يەنە بىر تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار.
[26] ھېيتىنىڭ بەشىنچى كۈنى بېجىرىم بولغان بۇقىدىن 9 تۇياق، قوچقاردىن 2 تۇياق، بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن 14 تۇياق قۇربانلىق قىلىڭلار. [27] شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەلگىلەنگەن مىقداردىكى ئاشلىق، ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى بۇقا، قوچقار ۋە پاقلانغا قوشۇپ ھەدىيە قىلىڭلار. [28] كۆندىلىك قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرىدىن باشقا يەنە بىر تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار.

[29] ھېيتنىڭ ئالتىنچى كۈنى بېجىرىم بولغان بۇقىدىن 8 تۇياق،
قوچقاردىن 2 تۇياق، بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن 14 تۇياق
قۇربانلىق قىلىڭلار. [30] شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەلگىلەنگەن مىقداردىكى
ئاشلىق، ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى بۇقا، قوچقار ۋە پاقلانغا قوشۇپ
ھەدىيە قىلىڭلار. [31] كۈندىلىك قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق،
ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرىدىن باشقا يەنە بىر تېكىنى گۇناھ
كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار.
[32] ھېيتنىڭ يەتتىنچى كۈنى بېجىرىم بولغان بۇقىدىن 7 تۇياق،
قوچقاردىن 2 تۇياق، بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن 14 تۇياق
قۇربانلىق قىلىڭلار. [33] شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەلگىلەنگەن مىقداردىكى
ئاشلىق، ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى بۇقا، قوچقار ۋە پاقلانغا قوشۇپ
ھەدىيە قىلىڭلار. [34] كۈندىلىك قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق،
ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرىدىن باشقا يەنە بىر تېكىنى گۇناھ
كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار.
[35] ھېيتنىڭ سەككىزىنچى كۈنى يەنە مۇقەددەس يىغىلىش
ئۆتكۈزۈڭلار، ئىش قىلماڭلار. [36] مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بۇقىدىن
بىر تۇياق، قوچقاردىن بىر تۇياق، بىر ياشلىق ئەركەك پاقلاندىن
يەتتە تۇياق كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىڭلار، ھەممىسى بېجىرىم
بولسۇن. بۇلار مېنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق تائام
ھەدىيەسى بولىدۇ. [37] شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەلگىلەنگەن مىقداردىكى
ئاشلىق، ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى بۇقا، قوچقار ۋە پاقلانغا قوشۇپ
ھەدىيە قىلىڭلار. [38] كۈندىلىك قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق،
ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرىدىن باشقا يەنە بىر تېكىنى گۇناھ
كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىڭلار.
[39] بۇلار سىلەرنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا مەن پەرۋەردىگارغا
سۇنىدىغان ھەدىيەڭلاردۇر. بۇ قەسەمڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ياكى خالىس قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن سۇنىدىغان كۆيدۈرمە
قۇربانلىق، ئاشلىق، ئىچىملىك ۋە ئامانلىق ھەدىيەلىرىڭلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.
[40] مۇسا پەرۋەردىگار ئەمر قىلغان بارلىق سۆزلەرنى ئىسرائىللارغا
يەتكۈزدى.

## قەسەم قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر

30 [1] مۇسا ئىسرائىل قەبىلە باشلىقلىرىغا مۇنداق دېدى:
– تۆۋەندىكىلەر پەرۋەردىگارنىڭ قىلغان ئەمرلىرىدۇر:
[2] «بىر ئەر كىشى پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن بىر ئىشنى قىلىشقا
ۋەدە قىلغان ياكى بىر ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلغان بولسا،
سۆزىدە تۇرۇپ، ئاغزىدىن چىققانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىسۇن.
[3] بىر قىز بالا تېخى ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىكى ۋاقتىدا پەرۋەردىگارغا
بىر ئىشنى قىلىشقا ۋەدە قىلغان ياكى بىر ئىشنى قىلماسلىققا
قەسەم قىلغان بولسا، [4] ئاتىسى ئاڭلىغاندىن كېيىن قارشى تۇرمىسا،
ئۇ چوقۇم قىلغان ۋەدىسى ياكى قەسىمىنى ئورۇندىسۇن. [5] ئەگەر
ئاتىسى ئاڭلىغاندىن كېيىن قارشى تۇرسا، قىزنىڭ ۋەدىسى ۋە
قەسىمى ئىناۋەتسىز بولىدۇ. پەرۋەردىگار قىزنى قىلغان ۋەدىسى
ياكى قەسىمىدىن ئازاد قىلىدۇ، چۈنكى ئاتىسى قىزنىڭ ۋەدىسى
ۋە قەسىمىگە قارشى تۇردى.
[6] ئەگەر بىر قىز بىر ئىشنى قىلىشقا ۋەدە قىلغان ياكى بىر ئىشنى
ئويلىماستىن قىلماسلىققا قەسەم قىلغان بولسا، قىز نىكاھلانغاندىن
كېيىن، [7] ئېرى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قارشى تۇرمىسا، ئۇ قىز چوقۇم
قىلغان ۋەدىسى ياكى قەسىمىنى ئورۇندىسۇن. [8] ئەگەر ئېرى
قارشى تۇرسا، قىزنىڭ قىلغان ۋەدىسى ياكى ئويلىماستىن قىلغان
قەسىمىنى ئىناۋەتسىز قىلسا بولىدۇ. شۇندىلا پەرۋەردىگار قىزنى
قىلغان ۋەدىسى ياكى قەسىمىدىن ئازاد قىلىدۇ.
[9] لېكىن تۇل ئايال ياكى ئەردىن ئاجراشقان ئايال قىلغان ھەرقانداق
ۋەدىسى ياكى قەسىمىنى چوقۇم ئورۇندىسۇن.
[10] ئەگەر نىكاھلانغان بىر ئايال بىر ئىشنى قىلىشقا ۋەدە قىلغان ياكى
بىر ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلغان بولسا، [11] ئېرى ئاڭلىغاندىن
كېيىن ئۈندىمىسە ۋە قارشى تۇرمىسا، ئايال چوقۇم قىلغان ۋەدىسى
ياكى قەسىمىنى ئورۇندىسۇن. [12] ئەگەر ئېرى ئاڭلىغاندىن كېيىن
ئۇلارنى ئىناۋەتسىز قىلسا، ئايال قىلغان ۋەدىسى ياكى ئويلىماستىن
قىلغان قەسىمىنى ئورۇندىمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى ئۇلارنى

ئىناۋەتسىز قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگار ئايالنى قىلغان ۋەدىسى ياكى قەسەمدىن ئازاد قىلىدۇ.
[13] ئەرنىڭ ئايالىنىڭ بىر ئىشنى قىلىشقا قىلغان ۋەدىسىنى ياكى بىر ئىشنى قىلماسلىققا قىلغان قەسىمىنى ئېتىراپ قىلىش ياكى ئىناۋەتسىز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. [14] لېكىن ئېرى ئايالىنىڭ ۋەدىسىنى ياكى قەسەمنى ئاڭلىغان كۈنى قارشى تۇرمىسا، ئۇ ئايالىنىڭ قىلغان ۋەدىسى ياكى قەسىمىنى ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ. ئېرىنىڭ ئايالىنىڭ ۋەدىسىنى ياكى قەسىمىنى ئاڭلىغان كۈنى قارشى تۇرمىغانلىقى ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ۋەدىسى ياكى قەسىمىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدۇر. [15] ئەمما كېيىن يېنىۋالسا، ئېرى ئايالىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.»
[16] يۇقىرىقىلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغان ئەر بىلەن ئايال ۋە ئاتا بىلەن ياتلىق بولمىغان قىزنىڭ مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەردۇر.

## مىديانلاردىن قىساس ئېلىش

31 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا:
[2] ــ ئىسرائىللار ئۈچۈن مىديانلاردىن قىساس ئالغىن، ئاندىن سەن ئالەمدىن ئۆتىسەن، ــ دېدى. [3] شۇڭا مۇسا خەلققە:
ــ ئاراڭلاردىكى بىر قىسىم ئەرلەر قولۇڭلارغا قورال ئېلىپ، مىديانلارغا ھۇجۇم قىلىڭلار! پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە قىساس ئالىمىز. [4] ئىسرائىللارنىڭ ھەربىر قەبىلىسى جەڭ قىلىش ئۈچۈن مىڭدىن ئادەم چىقارسۇن، ــ دەپ بۇيرۇدى.
[5] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللارنىڭ ھەربىر قەبىلىسى مىڭدىن ئادەم چىقاردى. ئۇلار جەمئىي 12 مىڭ ئادەمنى قوراللاندۇردى. [6] مۇسا ھەربىر قەبىلىدىن چىققان مىڭ ئادەمنى جەڭگە ئاتلاندۇردى. روھانىي ئەلئازارنىڭ ئوغلى پىنىخاس ئىبادەت چېدىرىدىكى مۇقەددەس بۇيۇملارنى ۋە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىدا چېلىنىدىغان كانايلارنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى. [7] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە مىديانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، مىديانلارنىڭ ھەممە ئەرلىرىنى ئۆلتۈردى. [8] بۇلارنىڭ ئىچىدە مىديانلارنىڭ ئەۋى،

رەقەم، زۇر، خۇر ۋە رەبا قاتارلىق بەش پادىشاھمۇ بار ئىدى. ئۇلار يەنە بىئورنىڭ ئوغلى بىلئامنىمۇ قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى. [9] ئىسرائىللار مىديانلارنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، پۈتۈن چارۋا ماللىرىنى ۋە مال-مۈلكىنى ئولجا ئالدى. [10] ئۇلارنىڭ شەھەر، يېزا ۋە قارارگاھلىرىغا ئوت قويۇۋېتىپ، [11] ئەسىر ۋە ئولجا ئالغان ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەممىنى قويماي ئېلىپ كەتتى. [12] ئۇلار ئېرىخا شەھىرىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى، يەنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى موئاب تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان قارارگاھقا قايتىپ كېلىپ، ئەسىرلەر ۋە بارلىق ئولجىلارنى مۇسا، روھانىي ئەلئازار ۋە ئىسرائىل خەلقىگە تاپشۇردى.

[13] مۇسا، روھانىي ئەلئازار ۋە خەلقنىڭ ئاقساقاللىرى قارارگاھنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. [14] لېكىن مۇسا جەڭدىن قايتىپ كەلگەن لەشكەر باشلىرى بولغان مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلارغا ئاچچىقلىنىپ، [15] مۇنداق دېدى:

– سىلەر نېمىشقا بۇ ئاياللارنى ھايات قالدۇردۇڭلار؟ [16] دەل مۇشۇ ئاياللار پېئوردىكى ۋاقتىمىزدا بىلئامنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن خەلقىمىزنى ئازدۇرۇپ، پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگار ئۈستىمىزگە ۋابا كېسىلى چۈشۈرمىدىمۇ؟ [17] ھازىر سىلەر بارلىق ئوغۇل بالىلارنى ۋە ئەرلەر بىلەن بىر ئورۇندا ياتقان بارلىق ئاياللارنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. [18] لېكىن ئېپپەتلىك قىزلارنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ساقلاپ قالساڭلار بولىدۇ. [19] ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ۋە جەسەتنى تۇتقانلار يەتتە كۈنگىچە قارارگاھنىڭ سىرتىدا تۇرسۇن. ئۈچىنچى ۋە يەتتىنچى كۈنلىرى ئۆزلىرىنى ۋە ئەسىرلىرىنى پاكلىسۇن. [20] شۇنداقلا، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كىيىم-كېچەكلىرىنى، خۇرۇم بۇيۇملىرىنى، ئۆچكە تىۋىتىدىن توقۇلغان نەرسىلىرىنى ۋە ياغاچ ئەسۋابلىرىنى پاكلىسۇن.

[21] روھانىي ئەلئازار جەڭدىن قايتىپ كەلگەن لەشكەرلەرگە مۇنداق دېدى:

– تۆۋەندىكىلەر پەرۋەردىگار مۇساغا ئەمر قىلغان قانۇندۇر: [22] ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، تۆمۈر، قەلەي، قوغۇشۇن قاتارلىق [23] ئوتقا چىدامىلىق نەرسىلەر ئوت بىلەن پاكلانسۇن، ئاندىن پاكلىنىش سۈيىگە

سىلىنسۇن. ئوتتا كۆيىدىغان ھەرقانداق نەرسە بولسا پاكلىنىش سۈيىگە سىلىنسۇن. [24] يەتتىنچى كۈنى كىيىمڭلارنى يۇيۇۋېتكەندىن كېيىن پاكلىنىسىلەر، ئاندىن قارارگاھقا قايتساڭلار بولىدۇ.

[25] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[26] — سەن، روھانىي ئەلئازار ۋە جەمەت باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەسىرلەرنىڭ ۋە ئولجا ئېلىنغان چارۋا ماللارنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ چىقىڭلار. [27] ئاندىن بۇلارنى ئىككىگە بۆلۈڭلار. بىر قىسمىنى جەڭگە قاتناشقان لەشكەرلەرگە، يەنە بىر قىسمىنى خەلققە تەقسىم قىلىپ بېرىڭلار. [28] لەشكەرلەرگە بۆلۈنگەن ئەسىر، كالا، ئېشەك ۋە قوي-ئۆچكىلەرنىڭ بەش يۈزدىن بىرىنى مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ، [29] روھانىي ئەلئازارغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. [30] خەلققە تەقسىملەنگەن ئەسىر، كالا، ئېشەك ۋە قوي-ئۆچكىلەرنىڭ ئەللىكتىن بىرىنى مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرىغا قارايدىغان لاۋىيلارغا بېرىڭلار.

[31] مۇسا بىلەن روھانىي ئەلئازار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە ئىش قىلدى. [32] جەڭدە لەشكەرلەر ئالغان ئولجىلارنىڭ ئىچىدە 675,000 قوي، [33] 72,000 كالا، [34] 61,000 ئېشەك، [35] 32,000 ئېيپەتلىك قىز بار ئىدى.

[36] جەڭگە قاتناشقان لەشكەرلەرگە بۆ ئولجىلاردىن تۆۋەندىكىلەر تەقسىم قىلىندى: 337,500 قوي، [37] بۇلاردىن 675 تۇيىقى پەرۋەردىگارغا ئاتالدى. [38] 36,000 كالا، بۇلاردىن 72 تۇيىقى پەرۋەردىگارغا ئاتالدى. [39] 30,500 ئېشەك، بۇلاردىن 61 تۇيىقى پەرۋەردىگارغا ئاتالدى. [40] 16,000 ئېيپەتلىك قىز، بۇلاردىن 32 نەپىرى پەرۋەردىگارغا ئاتالدى. [41] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە ئولجىلارنىڭ پەرۋەردىگارغا ئاتالغان قىسمىنى روھانىي ئەلئازارغا تاپشۇرۇپ بەردى.

[42] مۇسا جەڭدىن ئېلىنغان ئولجىلارنىڭ ئىسرائىل خەلقىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىنى ئۇلارغا تارقىتىپ بەردى. [43] بۇلار 337,500 قوي، [44] 36,000 كالا، [45] 30,500 ئېشەك، [46] 16,000 ئېيپەتلىك قىز ئىدى. [47] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە خەلققە تەۋە بولغان ئولجىلارنىڭ ئەللىكتىن بىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرىغا قارايدىغان لاۋىيلارغا بەردى.

[48] قوشۇننىڭ لەشكەر باشلىرى بولغان مىڭبېشىلار ۋە يۈزبېشىلار مۇسا بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ:
[49] — بىز قول ئاستىمىزدىكى لەشكەرلەرنىڭ سانىنى ئالدۇق. بىرمۇ لەشكەر چىقىم بولماپتۇ. [50] ئەمدى بىز ئۆلجا ئالغان ئالتۇن بۇيۇملار، يەنى بىلەزۈك، مۆھۈرلۈك ئۈزۈك، ھالقا، زەنجىر قاتارلىقلارنى گۇناھىمىزنىڭ ساقىت قىلىنىشى ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا ھەدىيە قىلماقچى، — دېدى.
[51] مۇسا ۋە روھانىي ئەلئازار ئۇلار ئېلىپ كەلگەن بارلىق ئالتۇن بۇيۇملارنى تاپشۇرۇپ ئالدى. [52] مىڭبېشىلار ۋە يۈزبېشىلار پەرۋەردىگارغا ھەدىيە قىلغان ئالتۇنلار 200 كىلو ئىدى. [53] لەشكەرلەر ئۆزلىرى ئۆلجا ئالغان نەرسىلەرنى ساقلاپ قالدى. [54] مۇسا بىلەن روھانىي ئەلئازار پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىل خەلقىنى دائىم ئېسىدە تۇتۇشى ئۈچۈن مىڭبېشىلار ۋە يۈزبېشىلار ھەدىيە قىلغان ئالتۇنلارنى ئۇچرىشىش چېدىرىغا ئېلىپ كىردى.

## ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قەبىلىلەر

# 32

[1] رۇبېن قەبىلىسى بىلەن گاد قەبىلىسىنىڭ نۇرغۇن چارۋا ماللىرى بار ئىدى. ئۇلار يازېر بىلەن گىلئاد دىيارلىرىنىڭ مال بېقىشقا مۇۋاپىق يەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، [2] مۇسا، روھانىي ئەلئازار ۋە ئاقساقاللارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مۇنداق دېدى:
[3] — ئاتاروت، دىبون، يازېر، نىمراھ، خەشبون، ئەلئالى، سىبام، نىبو، بېئون قاتارلىق [4] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بۇ زېمىنلار مال بېقىشقا مۇۋاپىق ياخشى جايلار ئىكەن. بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان چارۋا ماللىرىمىز بار. [5] ئەگەر بىزگە ئىلتىپات كۆرسەتسەڭلار، بۇ يەرلەرنى بىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، بىزنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋەتمىسەڭلار.
[6] مۇسا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
— ئەجەبا، سىلەر بۇ يەردە قېلىپ، باشقا قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇرۇشقا ئەۋەتمەكچىمۇ؟ [7] سىلەر نېمىشقا ئىسرائىل لەشكەرلىرىنىڭ يۈرىكىگە ۋەسۋەسە سېلىپ، ئۇلارنى پەرۋەردىگار ئاتا قىلماقچى بولغان زېمىنغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلماقچى بولىسىلەر؟

[8] ئىلگىرى مەن كادىش-بارنېيادىكى ۋاقتىمىزدا ئاتىلىرىڭلارنى ئۇ يەرنى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتسەم، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلغانىدى. [9] ئۇلار ئەشكول جىلغىسىغا بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگەندىن كېيىن، ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىپ، ئۇلارنى پەرۋەردىگار ئاتا قىلماقچى بولغان زېمىنغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. [10] ئۇ كۈنى پەرۋەردىگار غەزەپلىنىپ، قەسەم قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: [11] «مىسىردىن چىققان يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ھېچبىر ئادەم مەن ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئاشۇ زېمىننى كۆرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار پۈتۈن قەلبى بىلەن ماڭا ئەگەشمىدى. [12] پەقەت قېناز جەمەتىدىن بولغان يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىب بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋالا ئۇ زېمىنغا كىرەلەيدۇ، چۈنكى ئۇلار پۈتۈن قەلبى بىلەن ماڭا ئەگەشتى.» [13] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى چۆلدە قىرىق يىل سەرسان قىلدى. بۇ ئىش تاكى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلغان ئاشۇ ئەۋلاد كىشىلەر ئۆلۈپ تۈگىگۈچە داۋاملاشتى. [14] ئاشۇ بىر توپ گۇناھكارلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان سىلەر ئەمدى يەنە ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، پەرۋەردىگارنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرمەكچىمۇ؟! [15] ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنى ئىككىنچى قېتىم چۆلگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن پۈتۈن خەلق ۋەيران بولىدۇ.

[16] ئۇلار مۇساغا يېقىن كېلىپ، مۇنداق دېدى:

- ئۇنداقتا، بىز بۇ يەردە چارۋا ماللىرىمىزغا قوتان سالايلى، بالاچاقىلىرىمىز ئۈچۈن شەھەرلەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقايلى. [17] ئائىلىمىزدىكىلەرنى مۇستەھكەم شەھەر ئىچىدە قالدۇرۇپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلدۇرايلى. ئاندىن بىز قوراللىرىمىزنى ئېلىپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، تاكى باشقا ئىسرائىل قېرىنداشلىرىمىز ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگۈچە جەڭ قىلايلى. [18] باشقا قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ زېمىنلىرىغا ئىگە بولمىغۇچە، ھەرگىز ئۆيلىرىمىزگە قايتمايمىز. [19] لېكىن بىز ئۇلار بىلەن ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا زېمىن بۆلۈشمەيمىز.

چۈنكى بىز ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى زېمىنلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىمىز.

[20] مۇسا مۇنداق دېدى:

- ئەگەر سىلەر ۋەدەڭلاردا تۇرساڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا قوراللىرىڭلارنى ئېلىپ جەڭگە چىقىڭلار. [21] پۈتۈن قوشۇنۇڭلار بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈڭلار. تاكى پەرۋەردىگار ئۆز دۈشمەنلىرىنى يوقاتقۇچە جەڭ قىلىڭلار. [22] ئۇ زېمىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆيۈڭلارغا قايتساڭلار بولىدۇ. شۇندىلا سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ۋە ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئادا قىلغان بولىسىلەر. بۇ زېمىننى پەرۋەردىگار سىلەرگە مەنسۇپ قىلىدۇ.

[23] ئەگەر سىلەر ۋەدەڭلاردا تۇرمىساڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلغان بولىسىلەر، ئۇنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايسىلەر. [24] سىلەر ھازىر بېرىپ، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن شەھەرلەرنى قايتا قۇرۇپ چىقىڭلار، چارۋا ماللىرىڭلار ئۈچۈن قوتان سېلىڭلار. بەرگەن ۋەدەڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

[25] گاد ۋە رۇبېن قەبىلىسىدىكىلەر مۇساغا مۇنداق دېدى:

- بىز سىلىنىڭ بۇيرۇغانلىرى بويىچە ئىش كۆرىمىز. [26] ئاياللىرىمىز، باللىرىمىز ۋە چارۋا ماللىرىمىزنىڭ ھەممىسى گىلئادنىڭ شەھەرلىرىدە قالىدۇ. [27] ئارىمىزدىكى جەڭ قىلالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ بۇيرۇغانلىرى بويىچە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا دەريادىن ئۆتۈپ، جەڭ قىلىدۇ.

[28] شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا روھانىي ئەلئازار، نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا ۋە ئىسرائىلىيە قەبىلىلىرىدىكى جەمەت باشلىقلىرىغا مۇنداق دېدى:

[29] - ئەگەر گاد ۋە رۇبېن قەبىلىلىرىدىكى بارلىق جەڭ قىلالايدىغان ئەرلەر سىلەر بىلەن بىرگە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەڭ قىلسا، سىلەر ئۇ زېمىننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، گىلئاد زېمىنىنى ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىڭلار. [30] ئەگەر ئۇلار قوراللىرىنى ئېلىپ، سىلەر بىلەن بىرلىكتە دەريادىن ئۆتۈپ جەڭ قىلمىسا، بۇ يەردىن ئەمەس، كەنئاندىن ئۆزىگە تېگىشلىك زېمىننى ئالىدۇ.

[31] گاد بىلەن رۇبېن قەبىلىسىدىكىلەر ئىككىنچى قېتىم يەنە
مۇنداق دېدى:
— بىز خىزمەتكارلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش
تۇتىمىز. [32] بىز چوقۇم قوراللىرىمىزنى ئېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا دەريادىن ئۆتۈپ، كەنئاندا جەڭ قىلىمىز. كېيىن قايتىپ
كېلىپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىن زېمىن ئالىمىز.
[33] شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئامورلار پادىشاھى سىخون بىلەن باشان
پادىشاھى ئوگنىڭ پۈتۈن زېمىنلىرىنى، يەنى شەھەرلىرى ۋە
ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاقلارنى گاد، رۇبېن قەبىلىلىرىگە ۋە
يۈسۈپنىڭ ئوغلىدىن بولغان ماناسسەنىڭ قەبىلىسىنىڭ يېرىمىغا
تەقسىم قىلىپ بەردى. [34] گاد قەبىلىسى دىبون، ئاتاروت، ئاروئېر،
[35] ئاتروت-شوفان، يازېر، يوگبوھا، [36] بەيت-نىمراھ، بەيت-ھاران
قاتارلىق مۇستەھكەم شەھەرلەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى ۋە
چارۋا ماللار ئۈچۈن قوتانلارنى سالدى. [37] رۇبېننىڭ قەبىلىسى
خەشبون، ئەلئالى، قىرياتائىم، [38] نىبو، بائال-مئون (بۇ ئىككى
شەھەرنىڭ ئىسىملىرى كېيىن ئۆزگەرتىلدى) ۋە سىبماھ قاتارلىق
شەھەرلەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى.
[39] ماناسسەنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ ئەۋلادلىرى گىلئادنى ئىگىلەپ،
ئۇ يەردىكى ئامورلارنى قوغلاپ چىقاردى. [40] شۇڭا مۇسا گىلئادنى
ماناسسەنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ ئەۋلادلىرىغا بەردى، ئۇلار شۇ يەردە
ئولتۇراقلاشتى. [41] ماناسسەنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان يائىر گىلئادنىڭ
يېزىلىرىنى بېسىۋېلىپ، بۇ يېزىلارغا «يائىرنىڭ يېزىلىرى» دەپ
نام قويدى. [42] نوباخ ئىسىملىك كىشى قېنات شەھىرى ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى يېزىلارنى بېسىۋېلىپ، ئۇ شەھەرنى ئۆز ئىسمى بىلەن
«نوباخ» دەپ ئاتىدى.

## ئىسرائىللارنىڭ ئۇزۇن سەپىرى

33
[1] تۆۋەندىكىلەر ئىسرائىللارنىڭ مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ
يېتەكچىلىكىدە مىسىردىن ئايرىلغاندىن كېيىن بېسىپ
ئۆتكەن سەپەر جەريانلىرىدۇر. [2] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى

بويىچە ھەر قېتىملىق قارارگاھ قۇرغان ۋە قوزغالغان جايلىرىنى خاتىرىلەپ ماڭدى.
[3] 1-ئاينىڭ 15-كۈنى، يەنى ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىسرائىللار قەدىدىنى كۆتۈرگەن ھالدا مىسىرلىقلارنىڭ كۆز ئالدىدا رەمسېس شەھىرىدىن ئايرىلدى. [4] ئۇ چاغدا مىسىرلىقلار تۇنجى ئوغۇللىرىنى دەپنە قىلىۋاتاتتى. پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارنىڭ تۇنجى ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى جازالىغانىدى.
[5] ئىسرائىللار رەمسېستىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سۇككوتتا قارارگاھ قۇردى.
[6] سۇككوتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، چۆل بويىدىكى ئېتامدا قارارگاھ قۇردى.
[7] ئېتامدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بائال-زىفوننىڭ ئۇدۇلىدىكى پىھاخىروتقا قايتىپ، مىگدولغا يېقىن جايدا قارارگاھ قۇردى.
[8] پىھاخىروتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قىزىل دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، چۆللۈككە كەلدى. ئېتام چۆللۈكىدە ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، ماراھتا قارارگاھ قۇردى.
[9] ماراھتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئېلىمدە قارارگاھ قۇردى. ئۇ يەردە ئون ئىككى بۇلاق، يەتمىش تۈپ خورما دەرىخى بار ئىدى.
[10] ئېلىمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قىزىل دېڭىزنىڭ ساھىلىدا قارارگاھ قۇردى.
[11] قىزىل دېڭىزنىڭ ساھىلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سىن چۆلىدە قارارگاھ قۇردى.
[12] سىن چۆلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، دوفقاھتا قارارگاھ قۇردى.
[13] دوفقاھتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئالۇشتا قارارگاھ قۇردى.
[14] ئالۇشتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، رىفىدىمدە قارارگاھ قۇردى. ئۇ يەردە خەلققە سۇ يوق ئىدى.
[15] رىفىدىمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سىناي چۆلىدە قارارگاھ قۇردى.
[16] سىناي چۆلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قىبروت-ھاتتائاۋادا قارارگاھ قۇردى.

[17] قىبروت-ھاتتاۋادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خازېروتتا قارارگاھ قۇردى.
[18] خازېروتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، رىتماھتا قارارگاھ قۇردى.
[19] رىتماھتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، رىممون-پارەزدە قارارگاھ قۇردى.
[20] رىممون-پارەزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، لىبناھتا قارارگاھ قۇردى.
[21] لىبناھتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، رىسساھتا قارارگاھ قۇردى.
[22] رىسساھتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قەھېلاتادا قارارگاھ قۇردى.
[23] قەھېلاتادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شەفەر تېغىدا قارارگاھ قۇردى.
[24] شەفەر تېغىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خاراداھتا قارارگاھ قۇردى.
[25] خاراداھتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ماقخېلوتتا قارارگاھ قۇردى.
[26] ماقخېلوتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تاخاتتا قارارگاھ قۇردى.
[27] تاخاتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تەراھتا قارارگاھ قۇردى.
[28] تەراھتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مىتقاھتا قارارگاھ قۇردى.
[29] مىتقاھتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خاشمونادا قارارگاھ قۇردى.
[30] خاشمونادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، موسېروتتا قارارگاھ قۇردى.
[31] موسېروتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىنە-يائاقاندا قارارگاھ قۇردى.
[32] بىنە-يائاقاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خور-ھاگگىدگادتا قارارگاھ قۇردى.
[33] خور-ھاگگىدگادتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يوتباتادا قارارگاھ قۇردى.
[34] يوتباتادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئابرونادا قارارگاھ قۇردى.
[35] ئابرونادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەزيون-گەبەردە قارارگاھ قۇردى.
[36] ئەزيون-گەبەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، زىن چۆلىدىكى كادېشتا قارارگاھ قۇردى.
[37] كادېشتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئېدومنىڭ چېگراسىدىكى ھور تېغىدا قارارگاھ قۇردى.
[38] ئىسرائىللار مىسىردىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى 40-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى روھانىي ھارۇن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە ھور تېغىغا چىقتى ۋە شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى. [39] ھارۇن ھور تېغىدا ۋاپات بولغاندا، 123 ياشتا ئىدى.

40 نەگېب چۆللۈكىگە جايلاشقان ئارادنىڭ كەنئانلىق پادىشاھى
ئىسرائىللارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى.
41 ئىسرائىللار ھور تېغىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، زالمونادا
قارارگاھ قۇردى.
42 زالمونادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، پۇنوندا قارارگاھ قۇردى.
43 پۇنوندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئوبوتتا قارارگاھ قۇردى.
44 ئوبوتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، موئاب چېگراسىغا جايلاشقان
ئابارىم تاغلىرىدىكى ئىيىمدا قارارگاھ قۇردى.
45 ئىيىمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، دىبون-گادتا قارارگاھ قۇردى.
46 دىبون-گادتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئالمون-دىبلاتايىمدا
قارارگاھ قۇردى.
47 ئالمون-دىبلاتايىمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئابارىم تاغلىرىدىكى
نىبو تېغىنىڭ ئالدىدا قارارگاھ قۇردى.
48 ئابارىم تاغلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئېرىخا شەھىرىنىڭ
قارشى تەرىپىدىكى، يەنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى
موئاب تۈزلەڭلىكىدە قارارگاھ قۇردى. 49 ئۇلارنىڭ قارارگاھى بەيت-
يەشموتتىن تاكى ئابېل-شىتتىمغىچە سوزۇلغانىدى.
50 ئۇ يەردە پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
51 – ئىسرائىللارغا مۇنداق دەپ ئېيتقىن: «سىلەر ئىئوردان
دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كەنئان زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن، 52 ئۇ
يەردىكى ئەللەرنى قوغلاپ چىقىرىڭلار. ئۇلارنىڭ ئويما ۋە قۇيما
بۇتلىرىنى ۋە سەجدىگاھلىرىنى ۋەيران قىلىڭلار. 53 سىلەر ئۇ
زېمىننى ئىگىلەپ، شۇ يەردە ياشاڭلار، چۈنكى مەن ئۇ زېمىننى
سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىمەن. 54 جەمەتلەر بويىچە چەك تاشلاپ،
يەرلەرنى تەقسىملەڭلار. جان سانى كۆپلەرگە كۆپ، جان سانى ئازلارغا
ئاز بولسۇن. چەككە قايسى يەر چىقسا شۇ يەرگە ئىگە بولسۇن.
مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قەبىلەڭلارغا زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىڭلار.
55 ئەگەر سىلەر ئۇ يەردىكى ئەللەرنى قوغلىۋەتمىسەڭلار، ئۇلار
كۆزۈڭلارغا تىكەن، بېقىنىڭلارغا نەشتەر بولۇپ سانجىلىپ، ئاراڭلاردا
پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىدۇ. 56 ئەگەر ئۇلارنى قوغلىۋەتمىسەڭلار،

ئۆلارنىڭ بېشىغا نېمە سالماقچى بولغان بولسام، شۇنى سىلەرنىڭ
بېشىڭلارغا سالىمەن.»

## كەنئاننىڭ چېگرالىرى

34 [1] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[2] ــ ئىسرائىللارغا بۇ ئەمرنى يەتكۈزگىن: «سىلەر مەن
سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان كەنئان زېمىنىغا كىرگەندىن
كېيىن، زېمىنىڭلارنىڭ چېگرالىرى مۇنداق بولىدۇ:
[3] جەنۇب تەرەپتە زىن چۆلىدىن ئېدوم چېگراسىنى بويلاپ
سوزۇلىدۇ. شەرقتە جەنۇبتىكى چېگرا ئۆلۈك دېڭىزنىڭ جەنۇبىي
ئۇچىدىن باشلىنىپ، [4] جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلۇپ، چايان داۋىنىدىن
ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يەنە جەنۇبقا سوزۇلۇپ، زىن چۆلىدىن ئۆتۈپ،
كادىش-بارنېيا شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا، خازار-ئاددار شەھىرىگە،
ئۇ يەردىن ئازمون شەھىرىگە بارىدۇ. [5] ئاندىن بۇرۇلۇپ، مىسىر
چېگراسىدىكى دەريانى بويلاپ، ئاخىرىدا ئوتتۇرا دېڭىزغىچە تۇتىشىدۇ.
[6] غەرب تەرەپتىكى چېگرايىڭلار ئوتتۇرا دېڭىز بولىدۇ.
[7] شىمال تەرەپتىكى چېگرايىڭلار ئوتتۇرا دېڭىزدىن باشلىنىپ،
هور تېغىدىن، [8] ئاندىن لىبو-خامات ئارقىلىق زىداد شەھىرىدىن
ئۆتىدۇ ۋە [9] زىفرون شەھەرلىرىگە سوزۇلۇپ، خازار-ئېناندىن
بارىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ شىمالىي چېگرايىڭلار بولىدۇ.
[10] شەرق تەرەپتىكى چېگرايىڭلار خازار-ئېناندىن شىفامغا،
[11] ئاندىن جەنۇب تەرەپكە بېرىپ، ئايىننىڭ شەرق تەرىپىدىكى
رىبلاھقا بارىدۇ. ئاندىن جەلىلىيە① كۆلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا
كېلىپ، [12] ئۇ يەردىن ئىئوردان دەرياسىنى بويلاپ ئۆلۈك دېڭىزغىچە
بارىدۇ. مانا بۇلار زېمىنىڭلارنىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ چېگرالىرىدۇر.»
[13] مۇسا ئىسرائىللارغا يەنە مۇنداق دېدى:
ــ مانا بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە ئىسرائىللارنىڭ توققۇز
يېرىم قەبىلىسىگە چەك تاشلاش ئارقىلىق تەقسىم قىلىنىدىغان
زېمىندۇر. [14] رۇبېن ۋە گاد قەبىلىلىرى جەمەتلەر بويىچە تەقسىم

---

① 34: 11 جەلىلىيە كۆلى ــ كىننەرەت كۆلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قىلىنغان زېمىنلىرىغا ئىگە بولدى. ماناسسە قەبىلىسىنىڭ غەربىي يېرىمىمۇ ئۆز زېمىنىغا ئىگە بولدى. [15] بۇ ئىككى يېرىم قەبىلە ئىگە بولغان زېمىنلار ئېرىخا شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ئىدى.

[16] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[17] — ئىسرائىللارغا يەر تەقسىم قىلىشقا روھانىي ئەلئازار بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا مەسئۇل بولسۇن. [18] ھەربىر قەبىلىدىن بىردىن باشلىق تاللىنىپ، يەر تەقسىم قىلىشقا ياردەملەشسۇن. [19] تۆۋەندىكىلەر يەر تەقسىم قىلىشقا تاللانغان باشلىقلارنىڭ ئىسىملىرىدۇر:

يەھۇدا قەبىلىسىدىن يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىب،
[20] شىمون قەبىلىسىدىن ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى سامۇئىل،
[21] بىنيامىن قەبىلىسىدىن كىسلوننىڭ ئوغلى ئەلداد،
[22] دان قەبىلىسىدىن يوگلىنىڭ ئوغلى بۇققى،
[23] يۈسۈپنىڭ ئوغلى ماناسسە قەبىلىسىدىن ئېفودنىڭ ئوغلى خاننىئېل،
[24] يۈسۈپنىڭ ئوغلى ئەفرايىم قەبىلىسىدىن شىفتاننىڭ ئوغلى كىمۇئېل،
[25] زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن پارناكنىڭ ئوغلى ئەلىزافان،
[26] ئىسساكار قەبىلىسىدىن ئاززاننىڭ ئوغلى پالتىئېل،
[27] ئاشىر قەبىلىسىدىن شىلومىنىڭ ئوغلى ئاخىھۇد،
[28] نافتالى قەبىلىسىدىن ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى پېدائېل.

[29] يۇقىرىدىكىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە ئىسرائىللارغا كەنئان زېمىنىنى تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان باشلىقلارنىڭ ئىسىملىرىدۇر.

## لاۋىيلارغا تەقسىم قىلىنغان شەھەرلەر

35 [1] ئېرىخا شەھىرىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى، يەنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى موئاب تۈزلەڭلىكىدە پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[2] ـ ئىسرائىللارغا بۇ ئەمرنى يەتكۈزگىن: «ئۇلار ئىگە بولغان زېمىنلىرىدىكى بىر قىسىم شەھەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنى لاۋىيلارغا بەرسۇن. [3] ئۇلار ئۇ شەھەرلەردە ئولتۇرۇپ، ئوتلاقلاردا كاللىرى ۋە باشقا چارۋا ماللىرىنى باقىدۇ. [4] لاۋىيلارغا بېرىلگەن شەھەرلەرنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار شەھەر سېپىلىدىن باشلاپ 500 مېتىر يىراقلىقىچە سوزۇلسۇن. [5] شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىنى ئوتلاقلار ئوراپ تۇرغان بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە، شىمالدىن جەنۇبقىچە مىڭ مېتىردىندۇر. بۇلار لاۋىيلارنىڭ ئوتلاقلىرى بولسۇن.
[6] لاۋىيلارغا 42 شەھەر بېرىڭلار. بۇلاردىن باشقا ئالتە شەھەرنى بىخەستەلىك قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچىلارنىڭ پاناھلىنىشى ئۈچۈن قوشۇپ بېرىڭلار. [7] جەمئىي 48 شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار لاۋىيلارغا تەۋە بولسۇن. [8] ئىسرائىللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ئۆزلىرى ئىگە بولغان زېمىنلىرىدىكى بىر قىسىم شەھەرلەرنى لاۋىيلارغا بەرسۇن. ئادەملىرى كۆپ قەبىلىلەر كۆپرەك، ئادەملىرى ئاز قەبىلىلەر ئازراق بەرسۇن. ھەربىر قەبىلە لاۋىيلارغا قانچە شەھەر بېرىدىغانلىقىنى زېمىنلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىسۇن.»

## پاناھلىنىدىغان شەھەرلەر

[9] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
[10] ـ ئىسرائىللارغا بۇ سۆزلەرنى يەتكۈزگىن: «سىلەر ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەنئان زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن، [11] بىر قىسىم شەھەرلەرنى پاناھلىنىدىغان شەھەر قىلىپ تاللاڭلار. بىخەستەلىك قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپ قېچىپ يۈرگەنلەر بۇ شەھەرلەردە پاناھلىنىپ، [12] ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قىساس ئېلىشىدىن ساقلانسۇن. بىخەستەلىك قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچىلار جامائەت ئالدىدا سوتلانمىغۇچە ئۆلتۈرۈلمىسۇن. [13] ئالتە شەھەرنى پاناھلىنىدىغان شەھەر قىلىپ تاللاڭلار. [14] بۇ شەھەرلەرنىڭ ئۈچى ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە، يەنە ئۈچى كەنئان زېمىنىدا بولسۇن. [15] بىخەستەلىك قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچىلار

مەيلى ئىسرائىللاردىن بولسۇن، مەيلى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ياكى مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان يات خەلقلەردىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ شەھەرلەرگە كېلىپ پاناھلانسا بولىدۇ.

[16] ئەگەر بىر ئادەم باشقا ئادەمنى تۆمۈر بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئادەم قاتىل ھېسابلىنىپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولسۇن. [17] ئەگەر بىر ئادەم باشقا ئادەمنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ قاتىل ھېسابلىنىپ، ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر. [18] ئەگەر بىر ئادەم باشقا ئادەمنى ياغاچ بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ قاتىل ھېسابلىنىپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولسۇن. [19] ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقىنى قاتىلنى نەدە تاپسا، شۇ يەردە ئۆلتۈرسۇن. [20] ئەگەر بىر ئادەم بىرسىنى ئۆچمەنلىك بىلەن ئىتتىرىپ ئۆلتۈرگەن بولسا، ياكى قەستەن بىر نەرسە ئېتىپ ئۆلتۈرگەن بولسا، [21] ياكى ئۆچمەنلىك قىلىپ، مۇشتلاپ ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ قاتىل ھېسابلىنىپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولسۇن. ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقىنى ئۇنداقلارنى تاپقان يېرىدە ئۆلتۈرسۇن.

[22] ئەگەر بىرسى ھېچبىر ئۆچ-ئاداۋەتسىز يەنە بىرسىنى بىخەستەلىك قىلىپ ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولسا، ياكى غەرەزسىز ھالدا بىر نەرسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، [23] ياكى كۆرمەي قېلىپ، چوڭ بىر تاشنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۆلتۈرۈپ قويغۇچىنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن ئۆچ-ئاداۋىتى بولمىسا، [24] جامائەت ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرانى تۆۋەندىكىدەك ھەل قىلسۇن:

[25] جامائەت بىخەستەلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچىنى ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، پاناھلىنىدىغان شەھەرگە ئەۋەتسۇن. ئۇ شۇ شەھەردە تاكى بېشىغا مۇقەددەس ياغ قۇيۇلۇپ تەيىنلەنگەن باش روھانىي ۋاپات بولغۇچە تۇرسۇن. [26] لېكىن بىخەستەلىك قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى پاناھلىنىدىغان شەھەردىن ئايرىلغان بولسا، [27] ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى پاناھلىنىدىغان شەھەرنىڭ سىرتىدا ئۇنى تېپىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، قىساس ئالغۇچى قاتىل ھېسابلانمىسۇن.

[28] چۈنكى بىخەستەلىك قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى چوقۇم پاناھلىنىدىغان شەھەردە تۇرۇشى كېرەك. باش روھانىي ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆز يۇرتىغا قايتسا بولىدۇ. [29] سىلەر مەيلى نەدە ياشاڭلار، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە بۇ قانۇنغا ئەمەل قىلىڭلار.

[30] ئەگەر بىرسى يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن قاتىللىق قىلدى دەپ ئەرز قىلسا، چوقۇم بىرقانچە ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ. لېكىن بىرلا ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. [31] ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل چوقۇم جانغا جان قايتۇرۇشى كېرەك، پۇل تۆلەپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. [32] پاناھلىنىدىغان شەھەردە پاناھلىنىۋاتقۇچىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ، ئۇنى باش روھانىي ئۆلۈشتىن بۇرۇن يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىشقا بولمايدۇ. [33] شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر ئۆزۈڭلار تۇرىدىغان زېمىننى بۇلغىمىغان بولىسىلەر، چۈنكى قان زېمىننى بۇلغايدۇ. قان بىلەن بۇلغانغان زېمىننى پەقەت قاتىلنىڭ قېنى بىلەن پاكلىغىلى بولىدۇ. [34] سىلەر ياشايدىغان بۇ زېمىننى بۇلغىساڭلار بولمايدۇ، چۈنكى بۇ مەن ياشاۋاتقان زېمىندۇر. مەن پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ياشايمەن.»

## قىزلارغا تەۋە زېمىنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى

36 [1] گىلئاد ماكىرنىڭ ئوغلى، ماناسسەنىڭ نەۋرىسى، يۈسۈپنىڭ ئەۋرىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان جەمەتنىڭ باشلىقلىرى مۇسا ۋە باشقا قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە مۇساغا مۇنداق دېدى:

[2] – پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە زېمىنلارنى چەك تاشلاش يولى بىلەن ئىسرائىللارغا تەقسىم قىلغانلىرىدا، پەرۋەردىگار زىلوفخادنىڭ زېمىننى ئۇنىڭ قىزلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىشلىرىنى بۇيرۇغانىدى. [3] ئەگەر ئۇ قىزلار باشقا قەبىلىلەرگە ياتلىق بولسا، قەبىلىمىزنىڭ زېمىنىدىن ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلار ئۇلار ياتلىق بولغان ئەرلەرنىڭ قەبىلىلىرىگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا قەبىلىمىزگە چەك تاشلاش ئارقىلىق تەقسىم

قىلىنغان زېمىنلارمۇ ئازلاپ كېتىدۇ. [4] قۇت يىلىغا كەلگەندە، سېتىۋېلىنغان بارلىق زېمىنلار ئەسلى ئىگىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن زىلوفخادنىڭ قىزلىرىنىڭ زېمىنى ئۇلارنىڭ ئەرلىرى تەۋە قەبىلىدە قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ قەبىلىمىز ئۇ زېمىندىن ئايرىلىپ بولۇپ قالىدۇ.

[5] مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە ئىسرائىللارغا مۇنداق دېدى:

– يۈسۈپنىڭ ئوغلىنىڭ قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ دېگىنى توغرا. [6] زىلوفخادنىڭ قىزلىرى ھەققىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى مۇنداق: «ئۇلار ئۆز ئەركىنلىكى بىلەن ياتلىق بولسا بولىدۇ، لېكىن چوقۇم ئۆز قەبىلىسى ئىچىدىكىلەر بىلەن تويلاشسۇن. [7] ئىسرائىللارنىڭ ئىچىدە بىر قەبىلىنىڭ زېمىنى يەنە بىر قەبىلىنىڭ ئىلكىگە ئۆتمىسۇن. ھەربىر قەبىلە ئەجدادلىرىدىن قالغان زېمىنىنى چوقۇم ساقلاپ قالسۇن. [8] زېمىنغا ئىگە بولغان قىزلار چوقۇم ئۆز قەبىلىسى ئىچىدىكىلەرگە ياتلىق بولسۇن. شۇنداق بولغاندا، ھەربىر قەبىلە ئەجدادلىرىدىن قالغان زېمىنىنى ساقلاپ قالالايدۇ. [9] ئىسرائىللارنىڭ ھەربىر قەبىلىسىنىڭ زېمىنى بىر-بىرىگە ئۆتۈپ كەتمىسۇن. ھەربىر قەبىلە چوقۇم ئەجدادلىرىدىن قالغان زېمىنىنى ساقلاپ قالسۇن.»

[10] زىلوفخادنىڭ قىزلىرى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرىگە ئەمەل قىلدى. [11] ماخلاھ، تىرزاھ، خوگلاھ، مىلكاھ ۋە نوئاھلار ئاتىسىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا ياتلىق بولدى. [12] ئۇلار يۈسۈپنىڭ ئوغلى ماناسسەنىڭ قەبىلىسىدىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ قىزلارنىڭ زېمىنى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قەبىلىسىدە قالدى.

[13] يۇقىرىقىلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېرىخا شەھىرىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى، يەنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى موئاب تۈزلەڭلىكىدە مۇسا ئارقىلىق ئىسرائىللارغا قىلغان ئەمرلىرى ۋە بەرگەن قانۇنلىرىدۇر.

# قانۇننىڭ تەكرارى


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | 32 |
| 33 | 34 | | |

# قانۇنىڭ تەكرارى

## كىرىش سۆز

1 [1] تۆۋەندىكىلەر مۇسانىڭ پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر. ئەينى چاغدا ئىسرائىللار ئىئوردان دەرياسىنىڭ
شەرقىدىكى چۆلدە بولۇپ، بۇ يەر سۇفنىڭ قارشىسىدىكى پاران،
توفەل، لابان، خازېروت ۋە دىزاھاب شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئىدى. [2] سىناي تېغىدىن كادېش-بارنېياغا بېرىش ئۈچۈن سەئىر
تاغلىرىدىكى يول بىلەن ماڭسا، 11 كۈن كېتەتتى. [3] ئىسرائىللار
مىسىردىن چىققاندىن كېيىنكى 40-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى①
مۇسا پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا چۈشۈرگەن بارلىق ئەمرلىرىنى
ئۇلارغا يەتكۈزدى. [4] بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇسا خەلقنى باشلاپ،
خەشبوندىكى ئامورلارنىڭ پادىشاھى سىخوننى، ئاندىن ئاشتاروت
شەھىرىدە ياشايدىغان باشان پادىشاھى ئوگنى ئەدرەئىدە مەغلۇپ
قىلغانىدى.

## سىناي تېغىدىن كېتىش

[5] مۇسا ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى موئابلارنىڭ زېمىنىدا
پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىنى ئىسرائىللارغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق
دېدى:

---

① 1: 3 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 1-ئاي ياكى 2-ئايدىكى مەلۇم بىر كۈنگە
توغرا كېلىدۇ.

6 ـ پەرۋەردىگارىمىز خۇدا سىناي تېغىدا بىزگە مۇنداق دېگەنىدى:
«سىلەر بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قالدىڭلار. 7 ئەمدى ئامور
خەلقىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ
ئەتراپىدىكى قوشنا رايونلىرىغا، تاغلىق رايونلار ۋە غەربىي
ئېدىرلىقلارغا، نەگېب چۆللۈكى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى
تۆزلەڭلىككە بېرىڭلار. كەنئان زېمىنىغا ۋە لىۋانغا قاراپ يولغا
چىقىڭلار، تاكى فىرات دەرياسىغىچە بېرىڭلار. 8 ئۇ زېمىنلارنى
سىلەرگە ئاتا قىلىمەن، بېرىپ ئىگىلەڭلار. ئۇ يەرلەرنى مەن
پەرۋەردىگار ئەجدادلىرىڭلار ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ ۋە ئۇلارنىڭ
ئەۋلادلىرىغا ئاتا قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغانىدىم.»

## مۇسانىڭ باشقا باشقۇرغۇچىلارنى تەيىنلىشى

9 ـ ئەينى چاغدا مەن مۇسا خەلققە: «مەن سىلەرنى باشقۇرۇشتەك
بۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنى يالغۇز ئۈستۈمگە ئالالمايمەن. 10 چۈنكى
سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى كۆپەيتتى، سىلەر
بۈگۈن خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپىيىپ كەتتىڭلار.
11 ئەجدادلىرىڭلار ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار خۇدا سىلەرگە ۋەدە
قىلغىنىدەك، سىلەرنى يەنە مىڭ ھەسسە كۆپەيتكەي، سىلەرگە
بەخت ئاتا قىلغاي. 12 لېكىن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مەسىلىلەرنى،
تالاش-تارتىشلارنى، يەنى سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى قانداقسىگە ئۆزۈم
يالغۇز ئۈستۈمگە ئالالايمەن؟! 13 ھەرقايسى قەبىلىلەردىن ئەقىللىق،
نەزەر دائىرىسى كەڭ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەرلەرنى تاللاڭلار، مەن
ئۇلارنى سىلەرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەيمەن» دېدىم. 14 خەلق:
«دېگەنلىرىڭ توغرا» دەپ مېنى قوللىدى. 15 شۇڭا مەن ھەرقايسى
قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەقىللىق، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنى
تاللاپ، خەلققە مىڭبېشى، يۈزبېشى، ئەللىكبېشى، ئونبېشىلارنى
ۋە باشقا باشقۇرغۇچىلارنى تەيىنلىدىم. 16 مەن ئۇلاردىن سىرت
يەنە سوتچىلارنى تەيىنلەپ، ئۇلارنى ئەرزلەرنى ئاڭلاشقا، مەيلى
ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدىكى، مەيلى ئىسرائىللار بىلەن يات خەلقلەر
ئارىسىدىكى ئەرزلەر بولسۇن، ھەممىسىنى ئادىل سوتلاشقا، 17 يان
باسماسلىققا، نامرات ۋە باينىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاش قۇلاق سېلىشقا

بۇيرۇدۇم. مەن: «سىلەر باشقۇرغۇچىلار ھەرقانداق كىشىدىن قورقماڭلار، چۈنكى ھۆكۈم خۇدانىڭدۇر. ئۆزۈڭلار يېشەلمىگەن دەۋالارنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، مەن ھەل قىلاي» دېدىم. [18] ئەينى چاغدا مەن خەلققە قىلىشقا تېگىشلىك ھەممە ئىشلارنى ئېيتتىم.

## ئون ئىككى ئايغاقچىنىڭ ئەۋەتىلىشى

[19] ـ بىز پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە سىناي تېغىدىن يولغا چىقىپ، سىلەر كۆرگەن ئاشۇ چەكسىز، قورقۇنچلۇق قاقاس چۆللۈكتىن ئۆتۈپ، ئامورلارنىڭ تاغلىق رايونىغا باردۇق، ئاندىن كادىش-بارنېياغا باردۇق. [20] مەن خەلققە: «مانا ئەمدى بىز پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بىزگە ئاتا قىلماقچى بولغان ئامور خەلقىنىڭ تاغلىق رايونىغا يېتىپ كەلدۇق. [21] قاراڭلار، ئەجدادلىرىڭلار ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار بۇ زېمىننى سىلەرگە ئاتا قىلماقچى، سىلەر ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە بۇ يەرنى ئىگىلەڭلار، قورقماڭلار، بوشىشىپ قالماڭلار!» دېدىم. [22] لېكىن خەلق قېشىمغا كېلىپ: «ئالدى بىلەن ئۇ يەرلەرنى چارلاپ كېلىشكە ئايغاقچى ئەۋەتەيلى، ئۇلار چارلاپ كېلىپ، ماڭىدىغان يول ۋە ھۇجۇم قىلىپ ئېلىشقا تېگىشلىك شەھەرلەرنى بىزگە مەلۇم قىلسۇن» دېدى. [23] مەن ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدۇم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن 12 ئادەمنى، يەنى ھەربىر قەبىلىدىن بىردىن ئادەم تاللىدىم. [24] ئۇلار تاغلىق رايونلارغا، ئەشكول جىلغىسىغا بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلىدى. [25] ئۇلار ئۇ يەرنىڭ مېۋىلىرىدىن ئالغاچ كېلىپ: «بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بىزگە ئاتا قىلىدىغان زېمىن ناھايىتى مۇنبەت ئىكەن» دەپ مەلۇم قىلدى.

## خەلقنىڭ پەرۋەردىگارغا ئىتائەتسىزلىك قىلىشى

[26] ـ لېكىن خەلق پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىپ، ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىمىدى. [27] ئۇلار چېدىرلىرىدا پەرۋەردىگاردىن ئاغرىنىپ: «پەرۋەردىگار بىزگە ئۆچ بولغاچقا، بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، ئامور خەلقىنىڭ قولى بىلەن بىزنى يوقاتماقچى بولغان ئوخشايدۇ. [28] ئەمدى بىز نەگە بارارمىز؟ ئۇ يەرگە بارغان

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىزدىن كۈچلۈك ۋە ئېگىزمىش. شەھەرلىرى ھەيۋەتلىك، سېپىللىرى ئېگىزلىكىدىن بۇلۇتقا تاقىشىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەردە ئاناقنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بار ئىكەن، شۇڭا بىز قورقۇپ، يۈرەكلىرىمىز ئېغىزلىرىمىزغا تىقىلىپ قالدى» دېيىشتى.

[29] مەن ئۇلارغا: «ھودۇقماڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار. [30] مىسىردا پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا كۆز ئالدىڭلاردا سىلەر ئۈچۈن جەڭ قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇ يەردىمۇ سىلەر ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ. [31] چۆلدىكى پۈتۈن سەپەر جەريانىدا پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە خۇددى ئاتىنىڭ ئۆز بالىسىغا مېھرىبانلىق قىلغىنىدەك مېھرىبانلىق قىلىپ، بۇ يەرگىچە باشلاپ كەلگەنلىكىگە شاھىت بولدۇڭلار» دېدىم.

[32-33] پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئۇلارغا چېدىر تىكىدىغان يەرلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. كېچىدە ئوت، كۈندۈزى بۇلۇت بولۇپ، يول باشلىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خەلق يەنىلا پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىشەنمىدى.

[34] پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئاغرىنىشىنى ئاڭلاپ، غەزەپلەندى. ئۇ قەسەم قىلىپ: [35] «بۇ رەزىل ئەۋلادتىن ھېچكىمنى مەن ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان بۇ گۈزەل زېمىننى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلمايمەن. [36] پەقەت يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىبنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىمەن. ئۇنىڭ ئايىغى تەگكەن ھەممە يەرلەرنى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئاتا قىلىمەن. چۈنكى ئۇ ماڭا چىن قەلبى بىلەن ئەگەشتى» دېدى. [37] خەلق تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگار ماڭا غەزەپلىنىپ: «سەنمۇ ئۇ يەرگە بارالمايسەن، [38] لېكىن نۇننىڭ ئوغلى، يەنى سېنىڭ ياردەمچىڭ بولغان يوشۇۋا بارالايدۇ. سەن ئۇنى رىغبەتلەندۈرگىن، چۈنكى ئۇ ئىسرائىللارنى ئاشۇ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا باشلاپ بارىدۇ» دېدى. [39] ئۇلارنىڭ بالىلىرى ھەققىدە پەرۋەردىگار ئۇلارغا مۇنداق دېگەنىدى: «سىلەر: ‹بالاچاقىلىرىمىز ئەسىر بولۇپ قالىدۇ› دەپ ئويلىغانىدىڭلار، لېكىن ئاق-قارىنى تېخى پەرق ئېتەلمەيدىغان بۇ بالىلار ئاشۇ زېمىنغا بارىدۇ. مەن ئۇ زېمىننى ئۇلارغا ئاتا قىلىمەن، ئۇلار ئۇ يەرنى ئىگىلەيدۇ.

[40] سىلەر ئەمدى ئارقاڭلارغا قايتىپ، قىزىل دېڭىز تەرەپتىكى چۆللۈككە بېرىڭلار.»
[41] خەلق ماڭا: «بىز پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلدۇق، ئەمدى بىز پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە ئۇرۇش قىلىشقا رازىمىز» دېيىشتى. ئۇلار قوراللانساقلا، ئۇ تاغلىق رايوننى ئاسانلا ئالالايمىز، دەپ ئويلاشتى.
[42] لېكىن پەرۋەردىگار ماڭا: «سەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوي، جەڭگە ئاتلانمىسۇن، چۈنكى مەن ئۇلارغا يار ئەمەسمەن. ئۇلار دۈشمەنلىرىگە مەغلۇپ بولىدۇ.» دېدى. [43] مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى خەلققە يەتكۈزدۈم، لېكىن ئۇلار كىبىرلىك قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە قۇلاق سالماي، تاغلىق رايونلارغا يۈرۈپ كەتتى. [44] تاغلاردا ياشايدىغان ئامورلار ئۇلارغا قارشى ھەرىدەك جەڭگە ئاتلاندى. ئامورلار ئۇلارنى سەئىر رايونىدىكى خورماھقىچە قوغلاپ كەلدى ۋە ئۇ يەردە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى.
[45] ئۇلار قايتىپ كېلىپ، پەرۋەردىگارغا يىغلىدى، لېكىن پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ كۆز يېشىغا پەرۋا قىلمىدى. [46] شۇڭا بىز كادېش-بارنېيادا ناھايىتى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدۇق.

## چۆلدىكى قىرىق يىللىق مۇساپىرلىق

2 [1] - پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا ئېيتقىنىدەك، بىز ئارقىمىزغا قايتىپ، قىزىل دېڭىز تەرەپتىكى چۆللۈككە كەتتۇق. سەئىر تاغلىرىنى ئايلىنىپ، نۇرغۇن كۈنلەر يۈردۇق. [2] كېيىن پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: [3] «سىلەر سەئىر تاغلىرىنى ئايلىنىپ يۈرگىلى تالاي ۋاقىتلار بولدى، ئەمدى شىمالغا بېرىڭلار. [4] سەن خەلققە مۇنداق بۇيرۇغىن: ‹سىلەر سەئىردە ياشايدىغان قېرىندىشىڭلار ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتىسىلەر. ئۇلار سىلەردىن قورقىدۇ. لېكىن ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇڭلار، [5] ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ، ئۇرۇشۇپ يۈرمەڭلار. چۈنكى مەن ئۇ زېمىننى سەئىرلىكلەرگە مۈلۈك قىلىپ بەرگەنمەن، ئۇلارنىڭ زېمىنىدىن بىر غېرىچىنىمۇ سىلەرگە بەرمەيمەن. [6] يېمەك-ئىچمەكنى ئۇلاردىن سېتىۋېلىڭلار. [7] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ھەممىشە ئىشىڭلارنى راۋان قىلىپ، سىلەرنى

بەختكە ئېرىشتۈرۈپ كەلدى. سىلەر بىپايان چۆللۈكتىن ئۆتكىنىڭلاردا
ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالدى، 40 يىلدىن بېرى سىلەر بىلەن بىرگە
بولدى، ھېچنېمەڭلارنى كەم قىلمىدى»».
[8] شۇنىڭ بىلەن بىز قېرىندىشىمىز ئەساۋنىڭ زېمىنى بولغان
سەئىردىن ئۆتۈپ كەتتۇق. ئېلات ۋە ئەزيون-گەبەر شەھەرلىرىدىن
ئۆلۈك دېڭىزغا بارىدىغان يول بىلەن موئاب چۆللۈكىگە باردۇق.
[9] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: «موئابلار بىلەن جېدەللىشىپ،
ئۇرۇشۇپ يۈرمەڭلار، ئۇلارنىڭ زېمىنى بولغان ئارنى سىلەرگە
بەرمەيمەن. مەن ئۇ زېمىننى موئابلارغا، يەنى لۇتنىڭ ئەۋلادلىرىغا
مۈلۈك قىلىپ بەرگەنمەن.»
[10] (بۇرۇن ئېيملار ئۇ يەردە ياشايتتى. ئۇلار كۈچلۈك خەلق
بولۇپ، سانى كۆپ ئىدى. ئادەملىرى ئاناقنىڭ ئەۋلادلىرىدەك ئېگىز
ئىدى. [11] ئۇلار ئادەتتە ئاناقنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش رافاھلار
دەپ ئاتىلاتتى. لېكىن موئابلار ئۇلارنى ئېيملار دەپ ئاتايتتى.
[12] بۇرۇن سەئىردە خور خەلقى ياشايتتى، لېكىن ئەساۋ خەلقى
ئۇلارنى يوقىتىپ، زېمىنلىرىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، شۇ يەردە
ياشاپ قالغانىدى. بۇ ئىش ئىسرائىللارنىڭ پەرۋەردىگار ئۆزلىرىگە
مۈلۈك قىلىپ بەرگەن زېمىندىكى باشقا ئەللەرنى يوقىتىپ، شۇ
يەردە ياشاپ قالغىنىغا ئوخشايتتى.)
[13] پەرۋەردىگار يەنە: «ئەمدى ئاتلىنىڭلار، زەرەد دەرياسىدىن
ئۆتۈڭلار» دەپ ئەمر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زەرەد دەرياسىدىن
ئۆتتۇق. [14] بىز كادىش-بارنېيادىن يولغا چىقىپ، زەرەد دەرياسىدىن
ئۆتكۈچە 38 يىل كەتتى. پەرۋەردىگار قەسەم قىلىپ ئېيتقىنىدەك،
بۇ جەرياندا بىر ئەۋلاد جەڭچىلەر ئۆلۈپ تۈگىدى. [15] پەرۋەردىگار
ئۇلارغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئىسرائىل خەلقى ئىچىدىكى
بۇ جەڭچىلەر تامامەن يوقىتىلغانىدى.
[16] جەڭچىلەر ئۆلۈپ تۈگىگەندىن كېيىن، [17] پەرۋەردىگار ماڭا
مۇنداق دېدى: [18] «بۈگۈن موئابنىڭ چېگراسىدىن ئار شەھىرى
ئارقىلىق ئۆتۈڭلار. [19] ئاممون خەلقىنىڭ زېمىنىغا كىرگەندە، ئۇلار
بىلەن جېدەللىشىپ، ئۇرۇشۇپ يۈرمەڭلار. چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ

زېمىننى سىلەرگە بەرمەيمەن، مەن ئۇ يەرنى لوتنىڭ ئەۋلادلىرىغا مۈلۈك قىلىپ بەرگەنمەن.»
[20] (ئۇ يەر بۇرۇن رافاھلارنىڭ زېمىنى ھېسابلىناتتى. ئاممون خەلقى ئۇلارنى زامزۇملار دەپ ئاتايتتى. [21] رافاھلار كۈچلۈك خەلق بولۇپ، سانى كۆپ ئىدى، ئادەملىرى ئاناقلاردەك ئېگىز ئىدى. پەرۋەردىگار رافاھ خەلقىنى ئاممون خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا يوقىتىپ، ئاممون خەلقىنى ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ئىگە قىلدى. ئۇلار شۇ يەردە ياشاپ قالدى. [22] خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، پەرۋەردىگار سەئىردە ياشايدىغان خور خەلقىنى ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا يوقىتىپ، بۇ زېمىنغا ئۇلارنى ئىگە قىلدى. ئۇلار شۇنىڭدىن بېرى بۇ يەردە ياشىماقتا. [23] كرىت خەلقمۇ گازانىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا ياشايدىغان ئاۋۋىم خەلقىنى يوقىتىپ، زېمىننى ئىگىلىۋالغانىدى.)

## ئىسرائىللارنىڭ خەشبون پادىشاھىنى مەغلۇپ قىلىشى

[24] پەرۋەردىگار سۆزىنى داۋام قىلىپ، مۇنداق دېدى: «ئەمدى ئاتلىنىپ، ئارنون جىلغىسىدىن ئۆتۈڭلار. مەن ئامور خەلقىنىڭ خەشبوندا ياشايدىغان پادىشاھى سىخوننى ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىڭلار، زېمىننى ئىگىلەڭلار. [25] بۈگۈندىن باشلاپ يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلارنى سەندىن قورقىدىغان قىلىمەن. ئۇلار سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاڭلىسا، قورقۇپ تىترىشىپ كېتىدۇ.»
[26] شۇنىڭ بىلەن مەنكى مۇسا قىدېموت چۆلىدىن خەشبون پادىشاھى سىخونغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇنداق تىنچلىق تەكلىپى سۇندۇم:

[27] «بىزنىڭ زېمىنلىرىدىن ئۆتۈشىمىزگە يول قويغان بولسىلا. بىز زېمىنلىرىدىن ئۆتكۈچە چوڭ يولدا ماڭىمىز، يولدىن چەتنەپ كەتمەيمىز. [28] يېمەك-ئىچمەكلەرنى سىلىدىن سېتىۋالىمىز. بىزنى ئۆتكىلى قويۇشلىرىنى، [29] بىزگە سەئىردە ياشايدىغان ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئاردا ياشايدىغان موئاب خەلقىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز. بىز پەقەت ئىئوردان

دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بىزگە ئاتا قىلىدىغان زېمىنغا بارماقچىمىز.»

[30] لېكىن خەشبوننىڭ پادىشاھى سىخون زېمىنىدىن ئۆتۈشىمىزگە رۇخسەت قىلمىدى. چۈنكى پەرۋەردىگارىمىز خۇدا سىخوننى بىزنىڭ قولىمىزغا تاپشۇرماقچى بولغاچقا، ئۇنى جاھىل ۋە تاش يۈرەك قىلىپ قويغانىدى. كېيىن ئۇنى ھەقىقەتەن قولىمىزغا تاپشۇردى. [31] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: «سىخوننى ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئۇنىڭ زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا باشلىغىن.» [32] سىخون پۈتۈن لەشكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، ياھازدا بىز بىلەن جەڭ قىلدى. [33] لېكىن پەرۋەردىگارىمىز خۇدا ئۇلارنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەردى. بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن لەشكەرلىرىنى قىردۇق. [34] ئۇ ۋاقىتتا بىز سىخوننىڭ پۈتۈن شەھەرلىرىنى ئىگىلەپ، شەھەرلەردىكى ئەر-ئايال ۋە بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردۇق، بىرىمۇ تىرىك قالمىدى. [35] لېكىن چارۋا ماللار ۋە شەھەرلىرىدىكى مال-مۈلۈكلەرنى ئولجا قىلدۇق. [36] ئارنون جىلغىسىنىڭ چېتىگە جايلاشقان ئاروئېر شەھىرى ۋە جىلغىنىڭ ئىچىدىكى شەھەردىن تارتىپ تاكى گىلئادقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق شەھەرلەرمۇ بىزگە تاقابىل تۇرالمىدى. پەرۋەردىگارىمىز خۇدا ئۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ قولىمىزغا تاپشۇردى. [37] لېكىن بىز پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە ئاممونلارنىڭ زېمىنىغا، يەنى ئۇلارنىڭ ياببوق دەرياسىنىڭ بويىدىكى ۋە تاغلىق رايونلىرىدىكى شەھەرلىرىگە تەگمىدۇق.

## ئىسرائىللارنىڭ باشان پادىشاھىنى مەغلۇپ قىلىشى

3 [1] ـ ئاندىن بىز ئارقىمىزغا يېنىپ، باشانغا قاراپ يول ئالدۇق. باشان پادىشاھى ئوگ پۈتۈن لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئەدرەئىدە بىز بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولدى. [2] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭدىن قورقمىغىن، چۈنكى مەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق لەشكەرلىرىنى، ھەمدە ئۇنىڭ زېمىنلىرىنى سېنىڭ قولۇڭغا

تاپشۇرىمەن. خەشبوندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئامورلارنىڭ پادىشاھى سىخونغا قانداق قىلغان بولساڭ، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق قىلغىن.»
[3] شۇنداق قىلىپ، پەرۋەردىگارىمىز خۇدا باشان پادىشاھى ئوگ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن لەشكەرلىرىنى بىزنىڭ قولىمىزغا تاپشۇردى. بىز ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي، ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدۇق. [4] باشان پادىشاھى ئوگنىڭ پادىشاھلىقىغا تەۋە بولغان پۈتۈن ئارگوب رايونى بىزگە تەۋە بولدى. بىز ئۇنىڭ بارلىق شەھەرلىرىنى ئىگىلىدۇق. ئۇنىڭ جەمئىي ئاتمىش شەھىرى بولۇپ، بىزگە تەۋە بولمىغان بىرمۇ شەھىرى قالمىدى. [5] بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېگىز سېپىللىرى بولۇپ، سېپىل دەرۋازىلىرى بالداقلار بىلەن مۇستەھكەملەنگەنىدى. يەنە نۇرغۇن سېپىلسىز يېزىلارمۇ بار ئىدى. [6] بىز خەشبوندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئامورلارنىڭ پادىشاھى سىخوننىڭ شەھەرلىرىدە قانداق قىلغان بولساق، ئوگنىڭ بارلىق شەھەرلىرىدىمۇ شۇنداق قىلىپ، ئەر-ئايال ۋە بالىلارنى قىرغىن قىلدۇق. [7] لېكىن چارۋا ماللار ۋە شەھەرلىرىدىكى مال-مۈلۈكلەرنى ئولجا قىلدۇق.
[8] شۇنداق قىلىپ، بىز ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھەر ئىككى ئامور پادىشاھىنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالدۇق. ئارنون جىلغىسىدىن تاكى خەرمون تېغىغىچە بولغان يەرلەر بىزنىڭ بولدى. [9] (خەرمون تېغىنى سىدونلۇقلار سىريون، ئامور خەلقى سىنىر دەپ ئاتايدۇ.) [10] بىز ئېگىزلىكتىكى بارلىق شەھەرلەرنى، گىلئاد ۋە باشان زېمىنلىرىنى، باشاندىكى ئوگ پادىشاھقا قاراشلىق سالكاھ ۋە ئەدرەئى شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزدۇق. [11] (پادىشاھ ئوگ رافاھلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھايات قالغان ئەڭ ئاخىرقى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ كارىۋىتى تۆمۈر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 4.5 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر ئىدى. ئۇ كارىۋات شۇنىڭدىن بېرى ئاممونلارنىڭ رابباھ شەھىرىدە تۇرماقتا.)

## ئېگىلەنگەن زېمىننىڭ تەقسىم قىلىنىشى

[12] - بىز بۇ زېمىنلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، مەن ئارنون جىلغىسىغا جايلاشقان ئاروئېرنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى، گىلئاد تاغلىق رايونىنىڭ يېرىمىنى ۋە ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنى رۇبېن ۋە گاد قەبىلىلىرىگە بۆلۈپ بەردىم. [13] گىلئادنىڭ قالغان يېرىمىنى ھەمدە پۈتۈن باشاننى، يەنى ئوگنىڭ پادىشاھلىقىنى ماناسسە قەبىلىسىنىڭ يېرىمىغا بۆلۈپ بەردىم. (باشان، يەنى پۈتۈن ئارگوب زېمىنى رافاھلارنىڭ زېمىنلىرى دەپمۇ ئاتىلاتتى. [14] ماناسسە قەبىلىسىدىن بولغان يائىر پۈتۈن ئارگوب زېمىنىغا، يەنى باشانغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ چېگراسى گىشۇرلار ۋە مائاكالارنىڭ زېمىنىغا تۇتىشاتتى. ئۇ يېزىلارغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى قويدى، بۇ يەرلەر شۇنىڭدىن بېرى «يائىرنىڭ يېزىلىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.) [15] ماناسسە قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان گىلئادنى ماكىر جەمەتىگە بەردىم. [16] گىلئادتىن ئارنون جىلغىسىغىچە بولغان زېمىننى رۇبېن ۋە گاد قەبىلىلىرىگە بۆلۈپ بەردىم. ئارنون جىلغىسىنىڭ ئوتتۇرىسى بۇ ئىككى قەبىلىگە تەۋە زېمىنلارنىڭ جەنۇبىي چېگراسى ئىدى، ئۇلارنىڭ زېمىنى ئاممونىنىڭ چېگراسى بولغان ياببوق دەرياسىغىچە سوزۇلغانىدى. [17] ئۇلارنىڭ غەربىي چېگراسى ئىئوردان دەرياسى، شىمالىي چېگراسى جەلىلىيە كۆلى، جەنۇبىي چېگراسى ئۆلۈك دېڭىز ۋە شەرقىي چېگراسى پىسگاھ تېغى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

[18] شۇ ۋاقىتتا مەن رۇبېن، گاد ۋە ماناسسەنىڭ شەرقىي يېرىمىدىكى قەبىلىلىرىگە مۇنداق دېدىم: «پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بۇ زېمىنلارنى سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بەردى. لېكىن سىلەرنىڭ قوراللانغان بارلىق لەشكەرلىرىڭلار باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئالدىدا دەريادىن ئۆتسۇن، باشقا قەبىلىلەر ئارقاڭلاردىن ئەگەشسۇن. [19] پەقەت ئاياللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار ۋە چارۋا ماللىرىڭلار (سىلەرنىڭ نۇرغۇن چارۋا ماللىرىڭلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرىم بار) مەن سىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن شەھەرلەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. [20] سىلەر ئەمدى پەرۋەردىگار قېرىنداشلىرىڭلارغا

ئاتا قىلدىغان ئەمورىيلار زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى زېمىننى ئىگىلىشىگە ياردەمدە بولۇڭلار. پەرۋەردىگار سىلەرنى بۇ يەرگە خاتىرجەم ئولتۇراقلاشتۇرغىنىدەك، ئۇلارنىمۇ ئۇ يەرگە خاتىرجەم ئولتۇراقلاشتۇرغۇچە ھەمدەمدە بولۇڭلار. ئاندىن سىلەر مەن سىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن بۇ زېمىنغا قايتىپ كەلسەڭلار بولىدۇ.»

[21] ئۇ چاغدا مەن يوشۇۋاغا: «سەن پەرۋەردىگارىڭ خۇدانىڭ ئىككى پادىشاھقا نېمە قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ. سەن دەريادىن ئۆتۈپ، باشقا ئەللەرنى ئىگىلەشكە ئاتلانغىنىڭدا، پەرۋەردىگار ئۇ ئەللەرنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈرىدۇ. [22] ئۇلاردىن قورقماڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۆزى سىلەر ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ» دېدىم.

## مۇسانىڭ ئەمورىيلار دەرياسىدىن ئۆتۈش تەلىپىنىڭ رەت قىلىنىشى

[23] — ئۇ ۋاقىتتا مەن پەرۋەردىگاردىن مۇنداق دەپ ئۆتۈندۈم: [24] «ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، سەن مەن خىزمەتكارىڭغا ئۇلۇغلۇقۇڭ ۋە قولۇڭنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىشقا باشلىدىڭ. مەيلى ئاسماندا، مەيلى يەردە بولسۇن، سەن قىلغان ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالايدىغان باشقا ھېچقانداق خۇدا يوقتۇر! [25] ئۆتۈنەي، مېنىڭ ئەمورىيلار دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇ تەرەپتىكى گۈزەل زېمىننى، ئاشۇ گۈزەل تاغلىق يەرلەرنى ۋە لىۋاننى كۆرۈشۈمگە نېسىپ قىلغايسەن.» [26] لېكىن سىلەرنىڭ تۈپەيلىڭلاردىن پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا غەزىپى كېلىپ، ئۆتۈنۈشۈمگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ ماڭا: «بولدى، بۇ ئىشنى يەنە ئاغزىڭغا ئالمىغىن. [27] پىسگاھ تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، شەرق، جەنۇب، غەرب ۋە شىمال تەرەپلەرگە نەزەر سالساڭ بولىدۇ، لېكىن ئەمورىيلار دەرياسىدىن ئۆتسەڭ بولمايدۇ. [28] سەن بۇ ئىشنى يوشۇۋاغا ھاۋالە قىلغىن، ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئىرادىسىنى مۇستەھكەملىگىن. چۈنكى ئۇ ئىسرائىللارنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ، سەن نەزەر سالغان ئاشۇ زېمىننى ئىگىلەيدۇ»

دېدى. [29] شۇنىڭ بىلەن بىز بەيت-پېئورنىڭ قارشىسىدىكى جىلغىغا كېلىپ چۈشتۇق.

## مۇسانىڭ ئىسرائىللارنى خۇداغا ئىتائەت قىلىشقا ئۈندىشى

4 [1] — ئەي ئىسرائىللار، مەن سىلەرگە ئۆگەتمەكچى بولغان قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە قۇلاق سېلىڭلار، ئۇلارغا ئەمەل قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ھايات قالىسىلەر، ئەجدادلىرىڭلار ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىنغا كىرىپ، ئۇ يەرگە ئىگە بولالايسىلەر. [2] مەن سىلەرگە بۇيرۇغان ئەمرلىرىمگە بىر نەرسە قوشماڭلار ياكى چىقىرىۋەتمەڭلار. مەن سىلەرگە يەتكۈزگەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار.
[3] سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ بائال-پېئوردا قىلغان ئىشلىرىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. ئۇ ئاراڭلاردىكى پېئورنىڭ ئىلاھى بائالغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتى.
[4] لېكىن پەرۋەردىگارغا سادىق بولغان ھەممىڭلار بۈگۈنگىچە ھايات قالدىڭلار.
[5] مەن پەرۋەردىگارىم خۇدانىڭ ماڭا قىلغان ئەمرلىرى بويىچە ئۇنىڭ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىنى سىلەرگە ئۆگەتتىم. ئۇلارنى سىلەر ئىگىلىگەن زېمىنلاردا ئىجرا قىلىڭلار. [6] سىلەر بۇ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلساڭلار، يات ئەللەرمۇ سىلەرنىڭ ئەقىل-پاراستىڭلارنى بىلىپ يېتىدۇ. ئۇلار بۇ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئاڭلاپ: «بۇ ئۇلۇغ خەلق ھەقىقەتەن ئەقىل-پاراسەتلىك ئىكەن» دېيىشىدۇ. [7] بىز ھەر قېتىم پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا ئىلتىجا قىلغىنىمىزدا، ئۇ بىزگە شۇنچىلىك يېقىندۇر. قايسى ئۇلۇغ خەلقنىڭ مۇشۇنداق خۇداسى بار؟ [8] قايسى ئۇلۇغ خەلقنىڭ مەن بۈگۈن سىلەرگە ئۆگەتكەندەك شۇنداق ئادالەتلىك قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرى بار؟
[9] لېكىن ھوشيار ۋە ئېھتىياتچان بولۇڭلار! ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگىنىڭلارنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئۇلارنى ئۆمۈر بويى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار، پەرزەنتلىرىڭلار ۋە نەۋرە-چەۋرىلىرىڭلارغا

ئېيتىپ بېرىڭلار. [10] سىلەر سىناي تېغىدا پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ كۈنى، پەرۋەردىگار ماڭا: «خەلقنى ھۇزۇرۇمغا يىغقىن، ئۇلار سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، مەندىن ئۆمۈر بويى ئەيمىنىشنى ئۆگەنسۇن، پەرزەنتلىرىگىمۇ ئۆگەتسۇن» دېدى. [11] سىلەر تاغنىڭ ئېتىكىگە كېلىپ تۇردۇڭلار. تاغ كۆيۈپ، ئوت يالقۇنى ئاسمانغا تاقاشقانىدى. قارا بۇلۇت ۋە قاراڭغۇلۇق تاغنى قاپلىغانىدى. [12] پەرۋەردىگار ئوت ئىچىدىن سىلەرگە سۆز قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭلار، لېكىن ئۆزىنى كۆرەلمىدىڭلار. پەقەت پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلاندى. [13] ئۇ سىلەرگە ئۆزىنىڭ ئەھدىسىنى، يەنى سىلەر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئون تۈرلۈك پەرزنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئۇنى ئىككى پارچە تاش تاختىغا يازدى. [14] ئەينى چاغدا پەرۋەردىگار ماڭا بۇ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرنى سىلەرگە ئۆگىتىشىمنى ۋە بۇ قانۇنلارنى سىلەر ئىگىلىگەن زېمىنلاردا ئىجرا قىلىشىڭلارنى ئەمر قىلدى.

## بۇتپەرەسلىك ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش

[15] ـ پەرۋەردىگار سىناي تېغىدىكى ئوت ئىچىدىن سىلەرگە سۆزلەۋاتقاندا، سىلەر ئۇنىڭ سىياقىنى كۆرمىدىڭلار. شۇڭا سىلەر ئىنتايىن ھوشيار بولۇڭلار، [16] سىلەر ئۆزۈڭلارنى بۇلغاپ، بۇت ياسىماڭلار. خۇدانى بىرەر ئەرگە، ئايالغا، [17] ياۋايى ھايۋان ياكى ئۇچار قانات، [18] يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋان ياكى بېلىققا ئوخشىتىپ، ئۇلارنىڭ شەكلىدە بۇت ياسىماڭلار. [19] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئالەمدىكى ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان قۇياش، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى كۆرگەن ۋاقتىڭلاردا، ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، ئۇلارغا سەجدە قىلىپ، چوقۇنماڭلار. [20] پەرۋەردىگار سىلەرنى مىسىردىن، يەنى تۆمۈر تاۋلاش ئوچىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكىدەك قىممەتلىك خەلقى قىلدى.

[21] سىلەرنىڭ تۈپەيلىڭلاردىن پەرۋەردىگار خۇدا ماڭا غەزەپلىنىپ، مېنى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزمەسلىككە، سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بەرمەكچى بولغان ئاشۇ گۈزەل زېمىنغا كىرگۈزمەسلىككە

قەسەم قىلدى. [22] مەن بۇ يەردە ۋاپات بولىمەن، ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتەلمەيمەن. لېكىن سىلەر دەريادىن ئۆتۈپ، ئاشۇ گۈزەل زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىسىلەر. [23] ھوشيار بولۇڭلاركى، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ سىلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالماڭلار. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھەر خىل نەرسىنىڭ سىياقىدا بۇت ياسىماڭلار. [24] چۈنكى سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ساداقەتسىزلىكنى ئۆچ كۆرىدىغان خۇدادۇر، ئۇ خۇددى كۆيۈۋاتقان دەھشەتلىك ئوتتۇر.

[25] كەلگۈسىدە سىلەر ئۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ، نەۋرە-چەۋرىلىك بولغىنىڭلاردا، ھەر خىل بۇتلارنى ياساپ، ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماڭلار. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ئۇنى غەزەپلەندۈرمەڭلار. [26] ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلمىساڭلار، بۈگۈن ئاسمان-زېمىن سىلەرگە قارشى گۇۋاھ بولسۇنكى، ئىئوردان دەرياسىنىڭ قارشىسىدىكى سىلەر ئىگىلەيدىغان زېمىنىڭلاردا تېز ۋەيران بولىسىلەر. ئۇ يەردە ئۇزاق ياشىيالمايسىلەر، پۈتۈنلەي يوق قىلىنىسىلەر. [27] پەرۋەردىگار سىلەرنى باشقا ئەللەرگە تارقىتىۋېتىدۇ. ئۇ ئەللەردە پەقەت بىر قىسمىڭلارلا ئامان قالىسىلەر. [28] سىلەر ئۇ يەردە ياغاچ ياكى تاشتىن ياسالغان بۇت ئىلاھلارغا چوقۇنىسىلەر، ئۇلار ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاڭلىيالمايدۇ، يېيەلمەيدۇ ياكى پۇرىيالمايدۇ. [29] لېكىن سىلەر ئۇ يەردە پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا پۈتۈن قەلبىڭلار، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن ئىنتىلسەڭلار، ئۇ سىلەرگە ئايان بولىدۇ. [30] بۇ ئىشلار بېشىڭلارغا كېلىپ، ئازاب چەككەن ۋاقتىڭلاردا، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ يولىغا قايتىسىلەر، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىسىلەر. [31] چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا رەھىمدىل خۇدادۇر. ئۇ سىلەرنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ھالاك قىلمايدۇ ھەم ئەجدادلىرىڭلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

## پەرۋەردىگاردىن باشقا خۇدا يوق

[32] – ئۆتمۈشنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭلار. خۇدا ئىنساننى ياراتقاندىن بېرى پۈتۈن دۇنيادا مۇشۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىپ بېقىپتىمۇ؟ مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىرى ئاڭلاپ

بېقىپتۇ؟ [33] ئوت ئىچىدىن سۆزلەۋاتقان خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنە هايات قالغان سىلەرگە ئوخشاش باشقا بىر خەلق بارمۇ؟ [34] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇپ چىققىنىدەك، قايسى بىر ئىلاھ بىر ئەلدىن بىر خەلقنى ئۆزى ئۈچۈن ئېلىپ چىققان؟ ئۇ ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك قولى بىلەن ئاپەت، مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇرۇش ۋە ئادەمگە ۋەھىمە سالىدىغان ئىشلارنى كۆز ئالدىڭلاردا پەيدا قىلىپ، سىلەرنى قۇتقۇزدى. [35] پەرۋەردىگارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدىن باشقا بىر خۇدانىڭ يوق ئىكەنلىكىنى سىلەرگە بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. [36] ئۇ ئەرشتىن ئاۋازىنى ئاڭلىتىپ، سىلەرگە تەربىيە بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئوتىنى زېمىندا كۆرسەتتى، سىلەرمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئوت ئىچىدىن ئاڭلىدىڭلار. [37] ئۇ ئەجدادلىرىڭلارنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان سىلەرنى تاللىدى. ئۇ شەخسەن ئۆزىنىڭ بۈيۈك كۈچ-قۇدرىتى بىلەن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتى. [38] سىلەردىن چوڭ ۋە كۈچلۈك بولغان ئەللەرنى كۆز ئالدىڭلاردا زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇ زېمىننى سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بەردى، خۇددى سىلەر بۈگۈن كۆرۈپ تۇرغىنىڭلاردەك. [39] شۇڭا سىلەر شۇنى بىلىشىڭلار ۋە ئېسىڭلاردا تۇتۇشۇڭلار كېرەككى، پەرۋەردىگار پۈتۈن ئالەمنىڭ خۇداسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا خۇدا يوقتۇر. [40] مەن بۈگۈن پەرۋەردىگارنىڭ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىنى سىلەرگە يەتكۈزىمەن، ئۇلارغا ئەمەل قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر ۋە ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئىگىدارچىلىق قىلىشىڭلارغا بەرمەكچى بولغان بۇ زېمىندا ئۇزۇن ياشىيالايسىلەر.

## پاناھلىنىدىغان شەھەرلەر

[41] ئەينى چاغدا مۇسا ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ئۈچ شەھەرنى پاناھلىق ئۈچۈن بەلگىلىگەنىدى. [42] بىخەستەلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان ۋە ئۆلگۈچى بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتى

بولمىغان كىشىلەر بۇ شەھەرلەرگە قېچىپ بېرىپ پاناھلىناتتى.
[43] رۇبېن قەبىلىسى ئۈچۈن ئېگىزلىكتىكى چۆللۈككە جايلاشقان بەزەر شەھىرى، گاد قەبىلىسى ئۈچۈن گىلئادتىكى راموت شەھىرى، ماناسسە قەبىلىسى ئۈچۈن باشاندىكى گولان شەھىرى بەلگىلەپ بېرىلگەنىدى.

## سىناي تېغىدا يەتكۈزۈلگەن قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەر

[44] تۆۋەندىكىلەر مۇسا ئىسرائىللارغا ئۆگەتكەن قانۇندۇر. [45] مۇسا بۇ قانۇن، ئەمر ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئىسرائىللار مىسىردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا ئۆگەتتى. [46] ئەينى چاغدا ئۇلار ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى بەيت-پېئورنىڭ قارشى تەرىپىدىكى جىلغىدا تۇراتتى. بۇ يەر ئەسلى خەشبوندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئامور خەلقىنىڭ پادىشاھى سىخونغا قاراشلىق ئىدى. مۇسا ئىسرائىللارنى باشلاپ مىسىردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سىخوننى مەغلۇپ قىلىپ، [47] ئۇنىڭ زېمىنىنى ۋە باشان پادىشاھى ئوگنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىدى. سىخون بىلەن ئوگ ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئامورلارنىڭ ئىككى پادىشاھى ئىدى. [48] بۇ ئەللەرنىڭ زېمىنلىرى ئارنون جىلغىسىنىڭ چېتىگە جايلاشقان ئاروئېر شەھىرىدىن سىريون تېغىغىچە، يەنى خەرمون تېغىغىچە سوزۇلاتتى. [49] شۇنداقلا، ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى پۈتۈن ۋادىلارنى، پىسگاھ تېغى ئېتىكىدىكى ئۆلۈك دېڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

## ئون پەرز

5 [1] مۇسا پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا بۇ سۆزلەرنى قىلدى:
— ئەي ئىسرائىللار، بۈگۈن مەن سىلەرگە جاكارلىغان بۇ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە قۇلاق سېلىڭلار، ئۇلارنى ئۆگىنىڭلار، ئۇلارغا كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار. [2] پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بىز بىلەن سىناي تېغىدا ئەھدە تۈزگەنىدى. [3] بۇ ئەھدىنى ئەجدادلىرىمىز بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بۇ يەردە ھايات ياشاۋاتقان بىزلەر بىلەنمۇ تۈزگەنىدى. [4] پەرۋەردىگار تاغدىكى كۆيۈۋاتقان

ئوت ئىچىدىن سىلەر بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سۆزلەشكەندى.
[5] ئەينى چاغدا سىلەر ئوتتىن قورقانلىقىڭلار ئۈچۈن، تاغ ئۈستىگە چىقمىدىڭلار. مەن پەرۋەردىگار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تۇرۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى سىلەرگە يەتكۈزۈپ بەردىم.
پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:

[6] «مەن سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن. سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇردۇم.
[7] مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھىڭلار بولمىسۇن.
[8] ئاسمان، زېمىن ۋە سۇدىكى ھەرقانداق نەرسىلەرنىڭ شەكلىدە بۇت ياسىماڭلار، [9] ئۇلارغا چوقۇنماڭلار ۋە سەجدە قىلماڭلار. چۈنكى مەن ساداقەتسىزلىكنى ئۆچ كۆرىدىغان پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن. مەندىن نەپرەتلەنگەنلەرنى تاكى ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئەۋلادىغىچە جازالايمەن. [10] لېكىن مېنى سۆيگەن، ئەمرلىرىمگە ئىتائەت قىلغانلارنىڭ مىڭ ئەۋلادىغىچە مېھربانلىق قىلىمەن.
[11] نامىمنى قالايمىقان تىلغا ئالماڭلار. كىمدىكىم نامىمنى قالايمىقان تىلغا ئالسا، مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۇنى چوقۇم جازالايمەن.
[12] مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئەمر قىلغاندەك، دەم ئېلىش كۈنىنى مۇقەددەس كۈن بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار. [13] ئالتە كۈن ئىشلەپ، ھەممە ئىشلىرىڭلارنى قىلىۋېلىڭلار. [14] يەتتىنچى كۈنى ماڭا ئاتالغان كۈن بولۇپ، بۇ كۈنى مەيلى سىلەر بولۇڭلار، مەيلى پەرزەنتلىرىڭلار، قۇللىرىڭلار، دېدەكلىرىڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردا ياشايدىغان يات خەلقلەر بولسۇن، ھېچكىم ھېچقانداق ئىش قىلمىسۇن. ھەتتا ئۆكۈزۈڭلار، ئېشىكىڭلار ياكى باشقا چارۋا مېلىڭلارنىمۇ ئىشلەتمەڭلار. قۇللىرىڭلار ۋە دېدەكلىرىڭلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش دەم ئالسۇن. [15] ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر مىسىردىكى ۋاقتىڭلاردا قۇل بولغانىدىڭلار. مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك قولۇم بىلەن سىلەرنى قۇللۇقتىن ئېلىپ چىقتىم. شۇڭا مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلىڭلار، دەپ ئەمر قىلدىم.

[16] مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئەمر قىلغاندەك، ئاتا-ئاناڭلارنى ھۆرمەتلەڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، مەن سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىندا ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈپ، بەختلىك ياشايسىلەر.
[17] قاتىللىق قىلماڭلار.
[18] زىنا قىلماڭلار.
[19] ئوغرىلىق قىلماڭلار.
[20] يالغان گۇۋاھلىق بەرمەڭلار.
[21] باشقىلارنىڭ ئايالى، ئۆي-ئىمارەتلىرى، ئېتىزلىرى، قۇللىرى، دېدەكلىرى، ئۆكۈزلىرى، ئېشەكلىرى ياكى باشقا تەئەللۇقاتلىرىغا كۆز قىرىڭلارنى سالماڭلار.»

[22] يۇقىرىدىكىلەر پۈتۈن خەلق تاغنىڭ ئېتىكىگە يىغىلغاندا، پەرۋەردىگارنىڭ تاغ ئۈستىدە ئوت، قارا بۇلۇت ۋە قويۇق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سىلەرگە ئېيتقان ئون پەرزدۇر. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئىككى پارچە تاش تاختىغا يېزىپ، ماڭا تاپشۇردى. [23] ئەينى چاغدا تاغدا ئوت كۆيۈۋاتاتتى، سىلەر پەقەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلايتتىڭلار. ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئاقساقاللىرى ئالدىمغا كېلىپ، [24] مۇنداق دېگەنىدىڭلار: «قاراڭلار، پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بىزگە ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسەتتى. بىز ئۇنىڭ ئوت ئىچىدىن كەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. بىز بۈگۈن ئىنسان زاتىنىڭ خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ يەنە تىرىك قالغانلىقىنى كۆردۇق. [25] شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز نېمىشقا يەنە خەۋپكە تەۋەككۇل قىلايلى؟ ئۇ قورقۇنچلۇق ئوت يالقۇنى بىزنى چوقۇم ۋەيران قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىساق، جەزمەن ھالاك بولىمىز. [26] بۇ دۇنيادا كىممۇ بىزگە ئوخشاش مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ ئوت ئىچىدىن كەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ يەنە ھايات قالالىغان؟ [27] ئەگەر سەن بېرىپ، پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاندىن كېلىپ بىزگە يەتكۈزسەڭ، بىز ئاڭلايمىز، ئىتائەت قىلىمىز.»

[28] پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ، ماڭا مۇنداق دېگەندى: «مەن خەلقنىڭ ساڭا دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا. [29] ئۇلارنىڭ مەندىن ھەر دائىم ئەيمىنىشىنى ۋە پەرزلىرىمگە ئەمەل قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇنداق قىلسا، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى مەڭگۈ بەختكە ئېرىشىدۇ. [30] ئۇلارغا ئېيتقىن، ئۇلار چېدىرلىرىغا قايتىپ كەتسۇن، [31] لېكىن سەن يېنىمدا قالغىن. مەن ساڭا بارلىق قانۇن، ئەمر ۋە بەلگىلىمىلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي، سەن ئۇلارنى خەلققە ئۆگەتكىن. ئۇلار بۇ قانۇننى مەن ئۇلارغا مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان زېمىنلاردا ئەمەلگە ئاشۇرسۇن.»

[32] شۇڭا سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئەمر قىلغانلىرىغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتمەڭلار. [33] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئەمر قىلغان يول بويىچە مېڭىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ھايات قالىسىلەر، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ئىگىلىگەن زېمىنلاردا گۈللىنىسىلەر.

## پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى سۆيۈڭلار

6 [1] – پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ماڭا تۆۋەندىكى قانۇن، ئەمر ۋە بەلگىلىمىلەرنى سىلەرگە ئۆگىتىشىمنى ئەمر قىلدى. ئۇنىڭغا سىلەر ئىگىلىگەن زېمىنلاردا ئەمەل قىلىڭلار. [2] سىلەر، پەرزەنتلىرىڭلار ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭلار پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادىن ئۆمۈرۋايەت ئەيمىنىپ، پەرۋەردىگارنىڭ مەن سىلەرگە يەتكۈزگەن بارلىق قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلساڭلار، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىلەر. [3] ئەي ئىسرائىللار، ئاڭلاڭلار، كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىندا ئىشلىرىڭلار راۋان بولىدۇ، خەلقىڭلار كۆپىيىدۇ. بۇنى ئەجدادلىرىڭلار ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار خۇدا سىلەرگە ۋەدە قىلغاندۇر.

[4] ئەي ئىسرائىللار، قۇلاق سېلىڭلار، پەرۋەردىگار بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر، ئۇ يېگانىدۇر. [5] پەرۋەردىگارىڭلار بولغان خۇدانى پۈتۈن قەلبىڭلار، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار ۋە پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن سۆيۈڭلار. [6] بۈگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن بۇ ئەمرلەرنى قەلبىڭلاردا ساقلاڭلار. [7] پەرزەنتلىرىڭلارغا سەمىمىي ئۆگىتىڭلار. مەيلى ئۆيدە،

مەيلى يولدا، مەيلى ياتقاندا، مەيلى تۇرغاندا بولسۇن، بۇ ئەمرلەر ھەققىدە داۋاملىق سۆزلەڭلار. [8] بۇلارنى تۇگۇنچەككە تۆگۈپ، نىشانە سۈپىتىدە قولۇڭلارغا باغلىۋېلىڭلار، پېشانەڭلارغا ئېسىۋېلىڭلار. [9] ئىشىكىڭلارنىڭ كېشەكلىرىگە ۋە دەرۋازىلىرىڭلارغا يېزىپ قويۇڭلار. [10] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى ئەجدادلىرىڭلار ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپقا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان زېمىنغا باشلاپ كىرىدۇ. لېكىن ئۇ يەردىكى چوڭ، ھەيۋەتلىك شەھەرلەرنى سىلەر قۇرمىغان، [11] ئۇ يەردىكى ئۆيلەردە تولۇپ تۇرغان مال-دۇنيانى سىلەر توپلىمىغان، قۇدۇقلارنى سىلەر قازمىغان، ئۈزۈمزارلىق ۋە زەيتۇنلۇقلارنى سىلەر بەرپا قىلمىغان. شۇڭا سىلەر ئۇ يەردە يەپ-ئىچىپ تويغاندىن كېيىن، [12] ھوشيار بولۇڭلاركى، سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرغان پەرۋەردىگارنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالماڭلار! [13] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادىن ئەيمىنىڭلار، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، يالغۇز ئۇنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىڭلار. [14] ئەتراپىڭلاردىكى يات ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇنماڭلار، [15] بولمىسا پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى تۇتۇپ، سىلەرنى يەر يۈزىدىن يوقىتىدۇ. چۈنكى ئاراڭلاردىكى خۇدا ساداقەتسىزلىكنى ئۆچ كۆرىدىغان خۇدادۇر. [16] ماسساھتا خەلق پەرۋەردىگار خۇدانى سىنىغاندەك، ئۇنى يەنە سىناپ بېقىش غەرىزىدە بولماڭلار. [17] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئەمر قىلغان پەرزلەر، قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار. [18] پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس ۋە ياخشى بولغان ئىشلارنى قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ھەممە ئىشىڭلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. پەرۋەردىگار ئەجدادلىرىڭلارغا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان گۈزەل زېمىنغا ئىگە بولىسىلەر. [19] خۇددى پەرۋەردىگار ئېيتقاندەك، پەرۋەردىگارىڭلار ئۇ يەردىن دۈشمەنلىرىڭلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.

[20] كەلگۈسىدە ئەۋلادىڭلار سىلەردىن: «پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ بىزگە جاكارلىغان بۇ قانۇن، ئەمر ۋە بەلگىلىمىلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟» دەپ سورايدۇ. [21] سىلەر ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىڭلار: «بىز مىسىردا پىرئەۋننىڭ قۇللىرى بولۇپ ياشاۋاتقاندا، پەرۋەردىگار قۇدرەتلىك قولى بىلەن بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتى. [22] بىز پەرۋەردىگارنىڭ بۈيۈك ئىشلىرىنى، قورقۇنچلۇق

مۆجىزىلىرىنى ھەمدە مىسىرنى، پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قانداق جازالىغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. [23] ئۇ بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، ئەجدادلىرىمىزغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىنغا ئېلىپ كەلدى ۋە بۇ زېمىننى بىزگە ئاتا قىلدى. [24] بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بىزگە بارلىق قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشىمىزنى، ئۆزىدىن ئەيمىنىشىمىزنى ئەمر قىلغاندۇر. شۇنداق قىلساق، خۇددى بۈگۈنكىدەك ھايات قېلىپ، ھەمىشە بەخت ئىچىدە ياشايمىز. [25] ئەگەر بىز پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن بارلىق ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلساق، ھەققانىي ئادەم ھېسابلىنىمىز.»

## يات ئەللەرنى زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىش

7 [1] – پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى سىلەر ئىگىلەيدىغان زېمىنلارغا باشلاپ كىرگەندە، خىت، گىرگاش، ئامور، كەنئان، پەرىززى، خىۋ، يېبۇس قاتارلىق سىلەردىن چوڭ ۋە كۈچلۈك بولغان يەتتە خەلقنى كۆز ئالدىڭلاردا زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. [2] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۇلارنى سىلەرگە تاپشۇرغاندا، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىڭلار، تەلتۆكۈس يوقىتىڭلار.① ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزمەڭلار، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتماڭلار، [3] ئۇلار بىلەن توي قىلماڭلار، ئۇلارغا قىز بەرمەڭلار ھەم ئۇلاردىن قىز ئالماڭلار. [4] چۈنكى ئۇلارنىڭ قىزلىرى ئوغۇللىرىڭلارنى پەرۋەردىگاردىن ۋاز كەچتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇندۇرسا، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى تۇتۇپ، سىلەرنى تېزلا ھالاك قىلىدۇ. [5] سىلەر مۇنداق قىلىڭلار: ئۇلارنىڭ قۇربانلىق سۇپىلىرىنى بۇزۇۋېتىڭلار، بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلىرىنى چېقىۋېتىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىلاھەسى ئاشىرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى چېپىۋېتىڭلار ۋە باشقا بۇتلىرىنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار. [6] سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئالاھىدە ئاتالغان خەلقسىلەر. پەرۋەردىگار يەر يۈزىدىكى بارلىق خەلقلەرنىڭ ئارىسىدىن سىلەرنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك خەلقى قىلدى. [7] پەرۋەردىگار سىلەرنى

① 7: 2 بۇ يەردىكى ئىبرانىيچە سۆزنىڭ مەنىسى: «ئادەم ۋە نەرسىلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتاش».

سانىغلارنىڭ باشقا ئەللەردىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن تاللىدى. ئەمەلىيەتتە سىلەر جاھاندىكى ئەللەر ئارىسىدا ئەڭ كىچىك بىر خەلق ئىدىڭلار. [8] پەرۋەردىگار سىلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە ئەجدادلىرىڭلارغا بەرگەن ۋەدىسىدە چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، قۇدرەتلىك قولى بىلەن سىلەرنى مىسىر پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇللۇقتىن قۇتقۇزدى. [9] سىلەر شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك خۇدادۇر. ئۇ ئۆز ئەھدىسىدە تۇرۇپ، ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلەرنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلغانلارنىڭ مىڭ ئەۋلادىغىچە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىدۇ. [10] لېكىن ئۇ ئۆزىگە ئۆچمەنلىك قىلغانلارغا كېچىكتۈرمەيلا جازا بېرىدۇ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. [11] شۇڭا سىلەر مەن بۈگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن پەرز، قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار.

[12] ئەگەر سىلەر بۇ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنساڭلار ۋە ئەمەل قىلساڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئەجدادلىرىڭلار بىلەن قەسەم قىلىپ تۈزگەن ئەھدىسىدە چىڭ تۇرىدۇ ۋە سىلەرگە دائىم مېھرىبانلىق قىلىدۇ. [13] ئۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، سىلەرگە بەخت ئاتا قىلىدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىندا نەسلىڭلارنى كۆپەيتىدۇ، شۇنداقلا ئاشلىق، شاراب، زەيتۇن يېغى، قوي ۋە كالاڭلارنى مول قىلىدۇ. [14] سىلەر پۈتكۈل خەلقلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ بەختلىك خەلق بولىسىلەر، ئاراڭلاردا پەرزەنتسىز ئەر ياكى ئايال بولمايدۇ، چارۋا ماللىرىڭلارمۇ قىسىر قالمايدۇ. [15] پەرۋەردىگار سىلەرنى بارلىق ئاغرىق-سىلاقلاردىن ۋە سىلەر مىسىردا كۆرگەن يامان كېسەللەردىن ساقلايدۇ. پەرۋەردىگار بۇ كېسەللەرنى سىلەرنى يامان كۆرگەنلەرگە بېرىدۇ. [16] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا قولۇڭلارغا تاپشۇرغان بارلىق يات ئەللەرنى ھالاك قىلىڭلار، رەھىم قىلماڭلار. ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇنماڭلار، چۈنكى ئۇلارغا چوقۇنۇش سىلەرگە بىر تۇزاق بولىدۇ.

[17] بەلكىم سىلەر كۆڭلۈڭلاردا: «بۇ ئەللەر شۇنداق كۈچلۈك تۇرسا، بىز ئۇلارنى قانداق قوغلاپ چىقىرارمىز؟» دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن. [18] لېكىن ئۇلاردىن قورقماڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار

خۇدانىڭ مىسىرغا ۋە پىرئەۋنگە قانداق قىلغانلىقىنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار. [19] سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قانداق ئېغىر ئاپەتلەرنى چۈشۈرگەنلىكىنى، ئاجايىپ مۆجىزىلىرىنى، كارامەتلىرىنى ۋە ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك قولى بىلەن سىلەرنى مىسىردىن قانداق ئېلىپ چىققانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا مىسىرغا قانداق قىلغان بولسا، سىلەر قورقىۋاتقان بارلىق يات ئەللەرگىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. [20] ئۇ ئۇلارنى پاراكەندە قىلىپ، قاچقان ۋە يوشۇرۇنۇۋالغانلارنىمۇ ھالاك قىلىدۇ. [21] ئۇلاردىن قورقماڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىدۇر، ئۇ ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك خۇدادۇر. [22] ئۇ سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا ئۇ خەلقلەرنى ئاستا-ئاستا قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۇلارنى دەرھال يوقىتىشىڭلارغا يول قويمايدۇ، بولمىسا ئەتراپىڭلاردا يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپىيىپ كېتىدۇ. [23] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۇلارنى سىلەرگە تاپشۇرىدۇ، تاكى ئۇلار يوقالغۇچە ئۇلارنى ئالاقزادىلىككە سالىدۇ. [24] پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى قولۇڭلارغا تاپشۇرغاندا، ئۇلارنىڭ نامىنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىڭلار. ھېچكىم سىلەرنى توسالمايدۇ، ئۇلارنى ھالاك قىلىڭلار. [25] ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار. بۇتلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرگە كۆز قىزارتماڭلار، ئۇلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ قىلىۋالماڭلار. چۈنكى بۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەر سىلەرنى تۇزاققا چۈشۈرىدۇ. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بۇلاردىن يىرگىنىدۇ. [26] ھەرقانداق يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى ئۆيۈڭلارغا ئېلىپ كەلمەڭلار، بولمىسا سىلەرمۇ ئۇ نەرسىلەرگە ئوخشاش ۋەيران بولىسىلەر. ئۇلاردىن قاتتىق يىرگىنىڭلار ۋە قاتتىق نەپرەتلىنىڭلار. چۈنكى بۇ نەرسىلەر يوقىتىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەردۇر.

## پەرۋەردىگارنى ئۇنتۇماڭلار

8 [1] — مەن بۈگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن ئەمرلەرگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلساڭلار، ھايات قالىسىلەر، ئەۋلادلىرىڭلار كۆپىيىدۇ ھەمدە پەرۋەردىگار ئەجدادلىرىڭلارغا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان زېمىننى ئىگىلىيەلەيسىلەر. [2] سىلەر چۆلدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن قىرىق يىل ئىچىدە پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ

سىلەرنى قانداق يېتەكلىگەنلىكىنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار. ئۇ سىلەرنىڭ نىيىتىڭلارنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلغان-قىلمىغانلىقىڭلارنى بىلىش ئۈچۈن سىلەرنى قىيىن ئەھۋالغا قويۇپ سىنىدى، [3] ئاچ قويۇپ قىيىنچىلىق سالدى، ئاندىن سىلەر ۋە ئەجدادلىرىڭلار كۆرۈپ باقمىغان ماننانى رىزىق قىلىپ بەردى. ئىنسان پەقەت نان بىلەن ئەمەس، يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر سۆزى بىلەنمۇ ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. [4] كىيىم-كېچەكلىرىڭلار يىرتىق بولمىدى ۋە پۇتۇڭلارمۇ ئىششىمىدى. [5] شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، پەرۋەردىگار خۇدا ئادەمنى خۇددى ئاتا ئۆز پەرزەنتىنى تەربىيەلىگەندەك تەربىيەلەيدۇ. [6] شۇڭا سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ بارلىق ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ يولىنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىڭلار. [7] چۈنكى ئۇ سىلەرنى گۈزەل بىر زېمىنغا باشلاپ بارىدۇ. ئۇ يەردە جىلغا ۋە تۆپىلىكلەرنى سۇغۇرىدىغان ئېرىق-ئۆستەڭلەر، بۇلاقلار ۋە ئېقىن سۇلار بار. [8] ئۇ يەر بۇغداي، ئارپا، ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار، زەيتۇن ۋە ھەسەلگە بايدۇر. [9] ئۇ يەردە يېمەكلىكلەر مول بولۇپ، ھېچنېمە كەم ئەمەستۇر. تاشلىرىدىن تۆمۈر، تاغلىرىدىن مىس چىقىدۇ. [10] سىلەر ئۇلاردىن يەپ تويغىنىڭلاردىن كېيىن، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى مەدھىيەلەڭلار، چۈنكى ئۇ ئاشۇ گۈزەل زېمىننى سىلەرگە ئاتا قىلدى.

[11] ھوشيار بولۇڭلاركى، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى قەتئىي ئۇنتۇپ قالماڭلار. مەن بۈگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن ئەمر، قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلماي قالماڭلار. [12] قورسىقىڭلار توق، ئۆزۈڭلار ياسىغان ياخشى ئۆيلەردە ئولتۇرغان، [13] چارۋا مېلىڭلار، ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا بايلىقلىرىڭلار كۆپەيگەن ۋاقتىتا، ئېھتىياتچان بولۇڭلار. [14] مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئۇ سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇردى. [15] ئۇ سىلەرگە زەھەرلىك يىلان ۋە چايانلار قاپلىغان قۇرغاق ۋە قورقۇنچلۇق چەكسىز چۆللۈكتە يول باشلاپ ماڭدى. ئىچىشىڭلار ئۈچۈن قاتتىق تاشتىن سۇ چىقىرىپ بەردى. [16] چۆللۈكتە ئەجدادلىرىڭلار ئەزەلدىن يەپ باقمىغان ماننانى يېگۈزدى.

سىلەرنى ياخشىلىقتا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قىيىنچىلىق بىلەن
سىنىدى. 17 سىلەر بۇ بايلىقلارغا ئىككى قولىمىز ۋە ئىقتىدارىمىزغا
تايىنىپ ئېرىشتۇق، دەپ ئويلىماڭلار. 18 ئېسىڭلاردا بولسۇنكى،
سىلەرنىڭ بايلىق تېپىش ئىقتىدارلىقىڭلارنى پەرۋەردىگارىڭلار
خۇدا بەرگەندۇر. ئۇ ئەجدادلىرىڭلار بىلەن قەسەم قىلىپ تۈزگەن
ئەھدىسىدە چىڭ تۇرغاچقىلا، سىلەر بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشتىڭلار.
19 ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى ئۇنتۇپ، باشقا
ئىلاھلارنى ئىزدىسەڭلار، ئۇلارغا چوقۇنۇپ، سەجدە قىلساڭلار، مەن
بۈگۈن سىلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمەنكى، سىلەر چوقۇم ھالاك
بولىسىلەر! 20 ئەگەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىتائەت قىلمىساڭلار،
خۇددى باشقا ئەللەر كۆز ئالدىڭلاردا ھالاك بولغىنىدەك، سىلەرمۇ
چوقۇم ھالاك بولىسىلەر.

## يات ئەللەرنىڭ زېمىنىدىن قوغلىنىشىنىڭ سەۋەبى

9 1 ـ ئەي ئىسرائىللار، قۇلاق سېلىڭلار! يېقىندا سىلەر ئىئوردان
دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سىلەردىن چوڭ ۋە كۈچلۈك بولغان ئەللەرنى
زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ئىگىدارچىلىق
قىلىسىلەر. ئۇلار سېپىللىرى بۇلۇتقا تاقاشقان چوڭ شەھەرلەردە
ياشايدۇ. 2 ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك ۋە بويلىرى ئېگىز بولغان
ئاناقنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ باردۇر. سىلەر ئۇلارنى بىلىسىلەر ھەم
«ئاناقلارغا كىم قارشى تۇرالايدۇ؟» دېگەن سۆزلەرنىمۇ ئاڭلىغان.
3 لېكىن بۈگۈن بىلىشىڭلار كېرەككى، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا
ئالدىڭلاردا خۇددى دەھشەتلىك كۆيۈۋاتقان ئوتتەك مېڭىپ، ئۇلارنى
بويسۇندۇرىدۇ ۋە ھالاك قىلىدۇ. سىلەر ئۇلارنى زېمىنىدىن قوغلاپ
چىقىرىپ، تېزلا يوقىتىسىلەر. بۇ ئىشلار خۇددى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ
سىلەرگە ۋەدە قىلغىنىدەك بولىدۇ. 4 پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۇ
ئەللەرنى سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغاندىن
كېيىن، سىلەر كۆڭلۈڭلاردا: «بىز ھەققانىي بولغانلىقىمىز ئۈچۈن،
پەرۋەردىگار بىزنى بۇ زېمىننى ئىگىلەشكە ئېلىپ كەلدى» دەپ
ئويلىماڭلار. ئەمەلىيەتتە، ئۇ يەردىكى ئەللەر رەزىل بولغانلىقى
ئۈچۈن، پەرۋەردىگار ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا زېمىنىدىن

قوغلاپ چىقاردى. [5] سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىشىڭلار ئىش-ئەمەللىرىڭلارنىڭ ھەققانىي، دۇرۇس بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ رەزىل بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئۇلارنى كۆز ئالدىڭلاردا زېمىنىدىن قوغلىۋېتىشى پەرۋەردىگارنىڭ ئەجدادلىرىڭلار بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى سەۋەبىدىندۇر. [6] بىلىشىڭلار كېرەككى، پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرگە ئۇ گۈزەل زېمىننى مۈلۈك قىلىپ بېرىشى سىلەرنىڭ ھەققانىي بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەمەستۇر. ئەمەلىيەتتە، سىلەر جاھىل خەلقتۇرسىلەر.

## خەلقنىڭ ئىتائەتسىزلىكى

[7] – خەلقنىڭ چۆللۈكتە پەرۋەردىگار خۇدانىڭ غەزىپىنى قانداق كەلتۈرگەنلىكىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ئۇنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. خەلق مىسىردىن چىققان كۈندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىپ كەلدى. [8] سىناي تېغىدا خەلق پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى شۇنداق كەلتۈردىكى، ئۇ خەلقنى ھالاك قىلماقچى بولدى. [9] مەن تاغقا پەرۋەردىگارنىڭ خەلق بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى يېزىلغان تاش تاختىلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن چىقتىم. تاغ ئۈستىدە قىرىق كېچە-كۈندۈز تۇردۇم، نان يېمىدىم، سۇ ئىچمىدىم. [10] پەرۋەردىگار ماڭا ئىككى پارچە ئەھدە تېشىنى بەردى. ئەھدە تاشلىرىغا خەلق تاغ ئېتىكىگە يىغىلغان ئاشۇ كۈنى خۇدا تاغدىكى ئوت ئىچىدە تۇرۇپ خەلققە ئېيتقان سۆزلىرى يېزىلغانىدى. پەرۋەردىگار ئەھدىنى تاش تاختىلارغا ئۆز بارمىقى بىلەن ئويغانىدى. [11] قىرىق كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن پەرۋەردىگار ئەھدە يېزىلغان ئىككى پارچە تاش تاختىنى ماڭا بەردى. [12] ئاندىن پەرۋەردىگار ماڭا: «تېزدىن تاغدىن چۈشكىن، سەن ئۆزۈڭ مىسىردىن ئېلىپ چىققان بۇ خەلق تاپتىن چىقتى. ئۇلار شۇنچە تېزلا مەن ئەمر قىلغان يولدىن چىقىپ، ئۆزلىرىگە بۈت ياسىۋالدى!» دېدى.

[13] پەرۋەردىگار ماڭا: «مەن بۇ خەلقنىڭ جاھىللىقىنى كۆرۈپ يەتتىم. [14] مېنى توسما، مەن ئۇلارنى ھالاك قىلىپ، يەر يۈزىدىن نامىنى يوقىتاي. مەن سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭنى ئۇلاردىنمۇ چوڭ ۋە كۈچلۈك بىر خەلق قىلىمەن» دېدى. [15] مەن ئەھدە يېزىلغان ئىككى پارچە تاش تاختىنى قولۇمدا ئېلىپ، تاغدىن قايتىپ چۈشتۈم. تاغدا تېخىچىلا ئوت يالقۇنلاپ تۇراتتى. [16] كۆردۈمكى، خەلق پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئالدىدا ئېغىر گۇناھ قىلىپ، موزاي بۇت ياساپ، ئۇ ئەمر قىلغان يولدىن شۇنچە تېز چەتنەپتۇ. [17] شۇنىڭ بىلەن مەن قولۇمدىكى ئاشۇ ئىككى پارچە تاش تاختىنى خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇرۇپ چېقىۋەتتىم.

[18] مەن يەنە بىر قېتىم پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز نان يېمىدىم، سۇ ئىچمىدىم، چۈنكى خەلقىمىز ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇلار پەرۋەردىگار يىرگىنىدىغان ئىشنى قىلىپ، ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. [19] پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارغا قاتتىق غەزىپى كېلىپ، ئۇلارنى يوقاتماقچى بولغانلىقىدىن قورقتۇم. لېكىن پەرۋەردىگار يەنە بىر قېتىم مېنىڭ ئۆتۈنۈشۈمنى ئاڭلىدى. [20] پەرۋەردىگار ھارۇنغا شۇنچىلىك غەزەپلەندىكى، ھەتتا ئۇنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولدى. مەن يەنىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتۈندۈم. [21] سىلەر موزاي بۇت ياساپ گۇناھ قىلدىڭلار، شۇڭا مەن ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتىم. ئاندىن ئۇنى كۇكۇم-تالقان قىلىپ، تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن ئېرىققا چېچىۋەتتىم.

[22] خەلقىمىز تابئېرا، ماسساھ ۋە قىبروت-ھاتتائاۋادىمۇ پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. [23] پەرۋەردىگار خەلقنى كادېش-بارنېيادىن ئايرىلىپ، ئۇلارغا ئاتا قىلماقچى بولغان زېمىننى ئىگىلەشكە ئەمر قىلدى. لېكىن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىدى، چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئىشەنمىگەنىدى. [24] مەن سىلەرنى تونۇغاندىن بېرى، سىلەر داۋاملىق پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىپ كەلدىڭلار.

[25] پەرۋەردىگار سىلەرنى ھالاك قىلىمەن دېگەچكە، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا قىرىق كېچە-كۈندۈز ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ، [26] ئۇنىڭدىن ئۆتۈندۈم: «ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، ئۆز خەلقىڭنى ھالاك

قىلمىغىن! ئۇلار سېنىڭ مۈلكۈڭدۇر، سەن ئۇلارنى ئۇلۇغلۇقۇڭ بىلەن قۇتقۇزدۇڭ، قۇدرەتلىك قولۇڭ بىلەن مىسىردىن ئېلىپ چىقتىڭ. [27] سېنىڭ خىزمەتكارلىرىڭ بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپنى ياد ئېتىپ، بۇ خەلقنىڭ جاھىللىقى، رەزىللىكى ۋە گۇناھلىرىغا نەزەر سالمىغىن. [28] مىسىرلىقلار: ‹ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ۋەدە قىلغان زېمىنىغا ئېلىپ بارالماپتۇ. ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ئۆچ كۆرگەچكە، ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن چۆلگە ئېلىپ بېرىپتۇ!› دېمىسۇن. [29] ئۇلار نېمىلا بولسۇن، سېنىڭ خەلقىڭ، سېنىڭ مۈلكۈڭ، ئۇلارنى يۈكسەك كۈچ-قۇدرىتىڭ ۋە قۇدرەتلىك قولۇڭ بىلەن مىسىردىن ئېلىپ چىقتىڭ.»

## ئىككىنچى قېتىملىق تاش تاختا

10 [1] ـ ئەينى چاغدا پەرۋەردىگار ماڭا: «ئىككى پارچە تاش تاختا تەييارلىغىن، ئۇلار ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشاش بولسۇن. بىر ياغاچ ساندۇق ياسىغىن، ئاندىن تاغقا چىقىپ، مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن. [2] سەن چېقىۋەتكەن ھېلىقى تاش تاختىدىكى سۆزلەرنى شۇ ئىككى تاش تاختىغا قايتىدىن يازاي. سەن ئۇلارنى ياغاچ ساندۇقتا ساقلىغىن» دېدى. [3] شۇنىڭ بىلەن مەن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بىر ساندۇق ياسىدىم ۋە ئالدىنقىسىغا ئوخشاش قىلىپ ئىككى پارچە تاش تاختا تەييارلىدىم، ئاندىن ئىككى پارچە تاش تاختىنى ئېلىپ، تاغقا چىقتىم. [4] ئىلگىرى خەلقىمىز تاغ ئېتىكىدە جەم بولغاندا، پەرۋەردىگار ئوت ئىچىدىن سىلەرگە ئون پەرزنى بەرگەنىدى. ئۇ بۇ پەرزلەرنى ئىككى پارچە تاش تاختىغا قايتىدىن يېزىپ، ماڭا بەردى. [5] مەن تاغدىن چۈشكەندىن كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە تاش تاختىلارنى ئۆزۈم ياسىغان ساندۇققا سالدىم. تاش تاختىلار ھازىرمۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋېتىدۇ.

[6] (ئىسرائىل خەلقى يائاقانلارنىڭ قۇدۇقلىرى دېگەن يەردىن يولغا چىقىپ، موسىراغا كەلدى. ھارۇن شۇ يەردە ۋاپات بولدى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئەلئازار ئۇنىڭ ئورنىغا باش

روھانىي بولدى. [7] خەلق ئۇ يەردىن يۇرۇپ، گۇدگوداغا باردى، ئاندىن ئېرىقلاردا سۇلار ئېقىپ تۇرغان يوتباتاغا كەلدى. [8] خەلق تاغدا بولغان ۋاقتتا، پەرۋەردىگار لاۋىيلارنى تاللاپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈشكە، پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ۋە پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن خەلققە بەخت تىلەشكە ئەمر قىلغانىدى. ئۇلار بۈگۈنمۇ شۇ خىزمەتلەرنى قىلماقتا. [9] شۇڭا ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا پەقەت لاۋىيلارنىڭلا تەقسىملەپ بېرىلگەن زېمىنى يوقتۇر. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۇلارغا ئېيتقىنىدەك، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىدۇر.)

[10] مەن ئالدىنقىسىغا ئوخشاش تاغدا قىرىق كېچە-كۈندۈز تۇردۇم. پەرۋەردىگار مېنىڭ ئۆتۈنۈشۈمنى بۇ قېتىممۇ ئاڭلاپ، سىلەرنى ھالاك قىلمايدىغان بولدى. [11] پەرۋەردىگار ماڭا: «ئورنۇڭدىن تۇرغىن، خەلقنى مەن ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان زېمىننى ئىگىلەشكە باشلاپ ماڭغىن! ئۇلار ئۇ يەرنى ماكان قىلسۇن» دېدى.

[12] ئەي ئىسرائىللار، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئەمدى سىلەردىن ئۆزىدىن ئەيمىنىشىڭلارنى، ئۆزىنىڭ يولىدا مېڭىشىڭلارنى، ئۆزىنى سۆيۈشۈڭلارنى، پۈتۈن قەلبىڭلار ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىڭلارنى، [13] ئۆزىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىشىڭلارنى كۈتىدۇ. سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن مەن بۈگۈن بۇ ئەمر-پەرمانلارنى سىلەرگە يەتكۈزدۈم. [14] قاراڭلار، ئاسمان-زېمىن، ھەتتا ئەرشئەلادىكى بارلىق مەۋجۇدات پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا مەنسۇپتۇر. [15] لېكىن پەرۋەردىگار ئەجدادلىرىڭلارغا ئۆزىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان سىلەرنى پۈتكۈل ئەللەر ئىچىدىن تاللىدى. ئەھۋال مانا بۈگۈن سىلەر كۆرۈپ تۇرغاندەكتۇر. [16] شۇڭا قەلبىڭلارنى پاكلاڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن جاھىللىق قىلماڭلار. [17] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا خۇدالارنىڭ خۇداسى، ئىلاھلارنىڭ ئىلاھىدۇر. ئۇ ئۇلۇغ خۇدادۇر، ھەممىگە قادىردۇر ھەم ھەيۋەتلىكتۇر. ئۇ ئايرىمچىلىق قىلمايدۇ، پارا ئالمايدۇ. [18] پەرۋەردىگار تۇل ئايال ۋە يېتىملەرگە ئادالەتلىكتۇر، ئاراڭلاردا ياشايدىغان يات خەلقلەرگە كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى يېمەكلىككە،

كىيىمگە ئېگە قىلىدۇ. [19] شۇڭا ئاراڭلاردىكى يات خەلقلەرگە كۆيۈنۈڭلار، چۈنكى سىلەرمۇ بۇرۇن مىسىردا مۇساپىر بولۇپ ياشاپ باققان. [20] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادىن ئەيمىنىڭلار، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولۇڭلار، پەقەت ئۇنىڭ نامى بىلەنلا قەسەم قىلىڭلار. [21] مەدھىيە پەقەت پەرۋەردىگارغا خاستۇر، ئۇ سىلەرنىڭ خۇدايىڭلاردۇر. ئۇنىڭ سىلەر ئۈچۈن قىلغان ئۇلۇغ ۋە ئاجايىپ ئىشلىرىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. [22] بۇرۇن ئەجدادلىرىڭلار مىسىرغا بارغاندا، پەقەت يەتمىش ئادەم ئىدى. ھازىر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ قىلدى.

## خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىش بەختتۇر

11 [1] - پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى سۆيۈڭلار. ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى، قانۇن-تۈزۈملىرىگە ھەر دائىم ئەمەل قىلىڭلار. [2] بۈگۈن شۇ نەرسە ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، پەرۋەردىگارنىڭ تەربىيەسىنى ئالغانلار پەرزەنتىڭلار ئەمەس، بەلكى سىلەردۇرسىلەر. پەرزەنتىڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك قولىنى، [3] مىسىر پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن خەلقىگە قارشى قانداق ئاجايىپ مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى، [4] مىسىر قوشۇنلىرىغا، ئاتلىرىغا ۋە جەڭ ھارۋىلىرىغا قانداق قارشى تۇرغانلىقىنى، ئۇلار قوغلاپ كەلگەندە، ئۇلارنى قىزىل دېڭىزغا قانداق غەرق قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن. [5] ئۇلار سىلەر چۆللۈكتىن تاكى بۇ يەرگە كەلگۈچە پەرۋەردىگارنىڭ ھالىڭلاردىن قانداق خەۋەر ئالغانلىقىنى، [6] پەرۋەردىگارنىڭ رۇبىننىڭ ئەۋلادى، يەنى ئەلىئابنىڭ ئوغۇللىرى بولغان داتان ۋە ئابىرامنى قانداق جازالىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا يەر يېرىلىپ، داتان ۋە ئابىرامنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىنى، چېدىرلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە ھايۋانلىرىنى قانداق يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەن. [7] لېكىن سىلەر ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ قىلغان بارلىق ئۇلۇغ ئىشلىرىنى كۆرۈپ كەلدىڭلار.

[8] شۇڭا سىلەر مەن بۇگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن بارلىق ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىڭلار. ئۇ سىلەرنى كۈچلۈك قىلىدۇ. سىلەر دەريادىن ئۆتۈپ، ئىبرىشمەكچى بولغان زېمىننى ئىگىلەيسىلەر. [9] پەرۋەردىگار ئەجدادلىرىڭلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىندا ئۇزاق ياشايسىلەر. [10] سىلەر ئىگىلىمەكچى بولغان ئۇ زېمىن سىلەر ياشىغان مىسىرغا ئوخشىمايدۇ. مىسىردا سىلەر ئۆزۈڭلار ئۇرۇق چېچىپ، ئۆزۈڭلار سۇغىراتتىڭلار. [11] لېكىن سىلەر ئىگىلىمەكچى بولغان ئۇ زېمىندىكى تاغلار ۋە جىلغىلار يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. [12] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا كۆڭۈل بۆلگەن ئۇ زېمىن يىل بېشىدىن تاكى يىل ئاخىرىغىچە پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ نەزىرىدىدۇر.

[13] ئەگەر بۈگۈن مەن سىلەرگە يەتكۈزگەن ئەمرلەرگە چىن قەلبىڭلار بىلەن ئەمەل قىلساڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى سۆيسەڭلار، پۈتۈن قەلبىڭلار ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلساڭلار، [14] ئۇ زېمىنىڭلارغا ۋاقتى-ۋاقتىدا كۈز يامغۇرى، باھار يامغۇرى ياغدۇرۇپ، سىلەرنى ئاشلىق، شاراب ۋە زەيتۇن يېغىغا ئىگە قىلىدۇ. [15] چارۋا ماللىرىڭلارنى ئېتىزىڭلاردا ئوت-چۆپلەرگە ئىگە قىلىدۇ. سىلەر يەيسىلەر، توق ياشايسىلەر.

[16] ھوشيار بولۇڭلاركى، ئېزىپ، خۇدادىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ئىلاھلارغا قەتئىي چوقۇنۇپ سالماڭلار. [17] بولمىسا پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى كېلىدۇ. ئۇ ئاسماننى يېپىپ، يامغۇر ياغدۇرمايدۇ، يېرىڭلارنى ھوسۇلسىز قالدۇرىدۇ. سىلەر پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان ئاشۇ گۈزەل زېمىندا ھالاك بولىسىلەر. [18] سىلەر بۇ سۆزلىرىمنى قەلبىڭلاردا ساقلاڭلار، ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار. بۇلارنى تۇگۈنچەككە تۈگۈپ، نىشانە سۈپىتىدە قولۇڭلارغا باغلىۋېلىڭلار، پېشانەڭلارغا ئېسىۋېلىڭلار، [19] پەرزەنتلىرىڭلارغا ئۆگىتىڭلار. مەيلى ئۆيدە، مەيلى يولدا، مەيلى ياتقاندا، مەيلى تۇرغاندا بولسۇن، بۇ ئەمرلەر ھەققىدە داۋاملىق سۆزلەڭلار. [20] ئىشىكىڭلارنىڭ كېشەكلىرىگە ۋە دەرۋازىلىرىڭلارغا يېزىپ قويۇڭلار. [21] شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر ۋە پەرزەنتلىرىڭلار پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئەجدادلىرىڭلارغا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان زېمىندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىلەر. ئاسمان زېمىن ئۈستىدە قانچىلىك

ئۆزۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا، سىلەرمۇ ئۇ زېمىندا شۇنچىلىك ئۆزۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايسىلەر. [22] پەرۋەردىگار خۇدانىڭ مەن سىلەرگە يەتكۈزگەن بارلىق ئەمرلىرىگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلساڭلار ۋە پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى سۆيسەڭلار، شۇنداقلا ئۇنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۇنىڭغا سادىق بولساڭلار، [23] ئۇ بارلىق ئەللەرنى سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلاردىن چوڭ ۋە كۈچلۈك ئەللەرنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەيسىلەر. [24] سىلەرنىڭ ئايىغىڭلار تەگكەنلا زېمىن سىلەرگە تەۋە بولىدۇ. چۆللۈكتىن لىۋان تاغلىرىغىچە، فرات دەرياسىدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان ھەممە يەرلەر سىلەرنىڭ زېمىنىڭلار بولىدۇ. [25] سىلەرگە ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا دېگىنىنى قىلىدۇ. سىلەر نەگىلا ئاياغ باسساڭلار، شۇ يەردىكىلەر سىلەردىن قورقۇپ، ۋەھىمىگە چۈشىدۇ.

[26] قاراڭلار، مەن بۈگۈن ئالدىڭلارغا بەخت ۋە قارغىشتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى قويدۇم، ئۆزۈڭلار تاللاپ ئېلىڭلار. [27] ئەگەر سىلەر مەن بۈگۈن يەتكۈزگەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلساڭلار، بەختلىك بولىسىلەر. [28] ئەگەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلماي، ئەكسىچە يولدىن چەتنەپ، ئەزەلدىن نامىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغان بولساڭلار، قارغىشقا قالىسىلەر. [29] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى ئاشۇ زېمىننى ئىگىلىشىڭلار ئۈچۈن باشلاپ كىرگەندە، گېرىزىم تېغىدا تۇرۇپ نېمىنىڭ بەختكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى، ئېبال تېغىدا تۇرۇپ نېمىنىڭ قارغىشقا قالدۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاڭلار. [30] بۇ ئىككى تاغ ئىئوردان دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىگە، يەنى كۈنپېتىش تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىئوردان ۋادىسىدىكى كەنئانلىقلارنىڭ يېرىدىكى گىلگالنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ. مورەھ دېگەن جايدىكى دۇب دەرەخلىرى بۇ ئىككى تاغقا يېقىندۇر. [31] سىلەر ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلماقچى بولغان زېمىننى ئىگىلەڭلار. سىلەر ئۇ زېمىنغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، [32] مەن بۈگۈن سىلەرگە جاكارلىغان بارلىق قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار.

## بەلگىلەنگەن جايدىلا ئىبادەت قىلىش

12 [1] ـ ئەجدادلىرىڭلار ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلماقچى بولغان زېمىننى ئىگىلىگەن ۋاقتىڭلاردا، تۆۋەندىكى قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار:
[2] سىلەر ئۇ يەردىكى يات ئەللەرنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاشۇ ئەللەرنىڭ تاغلاردىكى، تۆپىلىكلەردىكى ۋە بوك-باراقسان ئۆسكەن دەرەخ ئاستىلىرىدىكى ئىلاھلىرىغا چوقۇنغان بارلىق يەرلىرىنى ۋەيران قىلىڭلار. [3] ئۇلارنىڭ قۇربانلىق سۇپىلىرىنى بۇزۇۋېتىڭلار، بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلىرىنى چېقىۋېتىڭلار، ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار ۋە باشقا ئىلاھلىرىنىڭ ئويما بۇتلىرىنى چېپىۋېتىڭلار. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ نامىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىڭلار.
[4] سىلەر ئۇلارنىڭ ئادىتى بىلەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىبادەت قىلساڭلار بولمايدۇ. [5] پەرۋەردىگار بارلىق ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنلىرى ئىچىدىن سىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن بىر جاينى بەلگىلەپ بېرىدۇ. سىلەر پەقەت شۇ جايغىلا بېرىڭلار. [6] سىلەر كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭلارنى، باشقا قۇربانلىقلارنى، ئوندىن بىر ئۈلۈش ھەدىيەڭلارنى، شەخسىي ھەدىيەڭلارنى، بەرگەن قەسەمڭلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ياكى خالىس سۇنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭلارنى، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ تۇنجى ئەركەك بالىسىنى ئۇ يەرگە ئاپىرىڭلار. [7] سىلەر ئائىلەڭلار بىلەن بىرگە ئىبادەت قىلىدىغان يەرگە بېرىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ھوزۇرىدا يەڭلار، قىلغان بارلىق ئىشىڭلاردىن شادلىنىڭلار. چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرگە بەخت ئاتا قىلغاندۇر.
[8-9] ھازىرغا قەدەر سىلەر ئۆزۈڭلار بىلگەنچە ئىبادەت قىلىپ كەلدىڭلار. چۈنكى سىلەر تېخىچە پەرۋەردىگار سىلەرگە ئاتا قىلماقچى بولغان زېمىنغا كىرىپ، ئۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇراقلىشالمىدىڭلار. ئۇ يەرگە كىرگىنىڭلاردا ھازىرقى ئۇسۇلدا ئىبادەت قىلساڭلار بولمايدۇ. [10] لېكىن سىلەر ئىئوردان دەرياسىدىن

ئۆتۈپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىندا ئولتۇراقلىشىسىلەر. پەرۋەردىگار چېگرايىڭلارنى ئامان قىلىپ، سىلەرنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدۇ. [11] ئۇ ۋاقىت كەلگەندە، ئۇ سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن بىر جاينى بەلگىلەپ بېرىدۇ. مەن سىلەرگە سۇنۇشقا بۇيرۇغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭلارنى، باشقا قۇربانلىقلارنى، ئوندىن بىر ئۈلۈش ھەدىيەڭلارنى، باشقا شەخسىي ھەدىيەڭلارنى ۋە سۇنۇشقا قەسەم قىلغان ئېسىل ھەدىيەڭلارنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا شۇ يەردە سۇنۇڭلار. [12] سىلەر، ئوغۇل-قىزلىرىڭلار، قۇل، دېدەكلىرىڭلار ۋە يۇرتۇڭلاردا ياشايدىغان لاۋىيلار بىلەن بىرلىكتە پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا شادلىنىڭلار. لاۋىي قەبىلىسىنىڭ زېمىنى يوقلۇقى ئېسىڭلاردا بولسۇن. [13] سىلەر خالىغان يەردە پەرۋەردىگارغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنماڭلار. [14] پەرۋەردىگار قەبىلىلىرىڭلارنىڭ بىرسىنىڭ زېمىنىدىن ئىبادەت قىلىدىغان بىر جاينى بەلگىلەپ بېرىدۇ. سىلەر پەقەت شۇ يەردىلا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭلارنى مېنىڭ بۇيرۇغىنىمدەك سۇنۇڭلار.

[15] يۇرتۇڭلاردا خالىغان ۋاقىتتا مال سويۇپ يېسەڭلار بولىدۇ. پەرۋەردىگار خۇدا سىلەرگە بەرگەن بۇ بەختتىن ھۇزۇرلىنىڭلار. بۇ ماللارنىڭ گۆشىنى پاكلارمۇ، ناپاكلارمۇ خۇددى سىلەر جەرەن ۋە بۇغا گۆشلىرىنى يېگىنىڭلاردەك يېسە بولىدۇ. [16] لېكىن قاننى يېمەڭلار، قاننى خۇددى سۇنى يەرگە تۆككەندەك تۆكۈۋېتىڭلار. [17] ئەمما ئاشلىق، شاراب، زەيتۇن يېغىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ تۇنجى ئەركەك بالىسىنى، بەرگەن قەسەمڭلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ياكى خالىس سۇنىدىغان ھەدىيەلىرىڭلارنى ۋە باشقا شەخسىي ھەدىيەلىرىڭلارنى يۇرتۇڭلاردا يېسەڭلار بولمايدۇ. [18] ئۇلارنى پەقەت پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بەلگىلەپ بەرگەن جايدا، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا ئوغۇل-قىزلىرىڭلار، قۇللىرىڭلار، دېدەكلىرىڭلار ۋە يۇرتۇڭلاردا ياشايدىغان لاۋىيلار بىلەن بىرلىكتە يېسەڭلار بولىدۇ. ئۇ يەردە قىلغان بارلىق ئىشىڭلاردىن شادلىنىڭلار. [19] ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر مۇشۇ زېمىندا ياشىساڭلارلا لاۋىيلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

[20] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۆزىنىڭ بەرگەن ۋەدىسى بويىچە زېمىنىڭلارنى كېڭەيتكەندىن كېيىن، گۆش يېگۈڭلار كەلسە، خالىغىنىڭلارچە يېسەڭلار بولىدۇ. [21] ئەگەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن جاي سىلەردىن بەك يىراق بولسا، ئۆزۈڭلارنىڭ يۇرتلىرىدا مېنىڭ بۇيرۇغىنىم بويىچە پەرۋەردىگار سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا مېلىڭلارنى خالىغىنىڭلارچە سويۇپ يېسەڭلار بولىدۇ. [22] خۇددى هازىر پاكلارمۇ، ناپاكلارمۇ جەرەن ۋە بۇغىنىڭ گۆشنى يېگىنىگە ئوخشاش، ئۇ گۆشلەرنىمۇ يېسە بولىدۇ. [23] لېكىن قاننى يېمەڭلار. چۈنكى جان قاندىدۇر، هاياتلىقنى گۆش بىلەن بىرگە يېسەڭلار بولمايدۇ. [24] قاننى يېمەڭلار، ئۇنى خۇددى سۇ تۆككەندەك يەرگە تۆكۈۋېتىڭلار. [25] قاننى يېمەڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدىكى دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلغان بولىسىلەر. ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ ئىشلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

[26] پەرۋەردىگارغا ئاتالغان هەدىيەلەر ۋە بەرگەن قەسەمىڭلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان هەدىيەلەرنى پەرۋەردىگار بەلگىلەپ بەرگەن جايغا ئاپىرىڭلار. [27] ئۇلارنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىڭلار. هەتتا گۆش ۋە قانلىرىنىمۇ سۇنۇڭلار. قۇربانلىقلارنىڭ قېنىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ تۈۋىگە تۆكۈڭلار، لېكىن قۇربانلىقلارنىڭ گۆشنى يېسەڭلار بولىدۇ. [28] مېنىڭ دېگەنلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئىجرا قىلساڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ ئىشلىرىمۇ مەڭگۈ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. چۈنكى سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدىكى ياخشى ۋە دۇرۇس ئىشلاردۇر.

[29] سىلەر يات خەلقلەرنىڭ زېمىنىغا هۇجۇم قىلغىنىڭلاردا، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۇلارنى كۆز ئالدىڭلاردا يوقىتىدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىسىلەر. [30] ئۇ چاغدا ئېهتىياتچان بولۇڭلار! يات ئەللەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئالدىنىپ، تۇزاققا چۈشمەڭلار. ئۇلارنىڭ ئىلاهلىرى هەققىدىكى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ: «بۇ ئەللەر ئۆز ئىلاهلىرىغا قانداق چوقۇنىدىغاندۇ؟ مەنمۇ دوراپ باقسام» دېمەڭلار. [31] پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئۇلارنىڭ

ئادەتلىرى بىلەن ئىبادەت قىلماقلار. چۈنكى ئۇلار چوقۇنغاندا، پەرۋەردىگار نەپرەتلىنىدىغان ھەر خىل يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئىلاھلىرىغا ئاتايدۇ.

[32] مەن يەتكۈزگەن بۇ بارلىق ئەمرلەرگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار. ئۇلارغا بىر نەرسە قوشماڭلار ياكى چىقىرىۋەتمەڭلار.

## خەلقنى بۇتپەرەسلىكتىن ئاگاھلاندۇرۇش

13 [1] - ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغان بىرى ياكى چۈشكە تەبىر بېرىدىغان بىرى ئاراڭلاردا پەيدا بولۇپ، سىلەرگە كارامەت ۋە مۆجىزە كۆرسىتىمەن دېسە [2] ۋە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلگە ئاشسا ۋە «بىز باشقا ئىلاھلارنى ئىزدەيلى، ئۇلارغا چوقۇنايلى» دەپ، سىلەرنى ئەزەلدىن نامىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىلاھلارغا چوقۇنۇشقا ئېزىقتۇرسا، [3] ئۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار. چۈنكى بۇ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ سىلەرنى سىنىغىنىدۇر. ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزىنى پۈتۈن قەلبىڭلار ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن سۆيىدىغان ياكى سۆيمەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىپ باقماقچى بولغانلىقىدۇر. [4] پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىڭلار، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولۇڭلار. [5] ئاراڭلاردا پەيدا بولۇپ قالغان ئاشۇ ساختا پەيغەمبەر ياكى چۈشكە تەبىر بەرگۈچىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرغان پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئاسىيلىق قىلدۇرىدۇ. ئۇلار سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاراڭلاردىكى رەزىللىكنى يوقىتىڭلار.

[6] ئەگەر سىلەرنى قېرىندىشىڭلار، ئوغۇل-قىزلىرىڭلار، سۆيۈملۈك ئاياللىرىڭلار ياكى ئەڭ يېقىن دوستۇڭلار سىلەرمۇ ۋە ئەجدادلىرىڭلارمۇ نامىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئىلاھلارغا يوشۇرۇنچە قىزىقتۇرۇپ: «بىز باشقا ئىلاھلارنى ئىزدەيلى، ئۇلارغا چوقۇنايلى» دېسە، [7] ئۇلار قىزىقتۇرغان ئۇ ئىلاھلار مەيلى

يېقىن ئەتراپتىكى ياكى يىراق جايدىكى يات ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرى بولسۇن، [8] ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار ۋە ئىشەنمەڭلار. ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، ئىچ ئاغرىتماڭلار ۋە ئۇلارنى قوغدىماڭلار. [9] ئۇلارنى چوقۇم ئۆلتۈرۈڭلار. ئۇلارغا ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار قول سېلىڭلار، ئاندىن جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈڭلار. [10] ئۇلارنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرغان پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادىن يۈز ئۆرۈشكە ئۈندىدى. [11] ئۇلارنى ئۆلتۈرسەڭلار، پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى ئاڭلاپ قورقىدۇ. ئاراڭلاردىن ھېچكىم يەنە مۇشۇنداق رەزىل ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

[12-13] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلغان ھەرقايسى شەھەرلەردە رەزىل كىشىلەر پۈتۈن جامائەتكە «بىز باشقا ئىلاھلارنى ئىزدەيلى، ئۇلارغا چوقۇنايلى» دەپ، ئۇلارنى سىلەر نامىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئىلاھلارغا قىزىقتۇرغانلىقىنى ئاڭلىساڭلار، [14] ھەقىقىي ئەھۋالنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار. ئەگەر ئاراڭلاردا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق يىرگىنچلىك ئىش يۈز بەرگەن بولسا، [15] ئاشۇ شەھەردىكى ئاھالىلەرنى ۋە چارۋا ماللارنى قىلىچ بىلەن تەلتۆكۈس يوقىتىڭلار. [16] شەھەردىكى مال-مۈلۈكلەرنى شەھەر ئوتتۇرىسىغا توپلاپ، ئۇلارنى ۋە پۈتۈن شەھەرنى كۆيدۈرۈپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنۇڭلار. شەھەر مەڭگۈلۈك خارابىلىككە ئايلاندۇرۇلسۇن، قايتا بىنا قىلىنمىسۇن. [17] يوقىتىشقا تېگىشلىك ھېچقانداق بىر نەرسىنى ساقلاپ قالماڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، پەرۋەردىگار ئۆز غەزىپىدىن يېنىپ، سىلەرگە رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەجدادلىرىڭلارغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە سىلەرنى كۆپەيتىدۇ. [18] شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىتائەت قىلىپ، مەن بۈگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلىڭلار.

## ھارام ۋە ھالال يېمەكلىكلەر

14
[1] — سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىدۇرسىلەر، شۇڭا ئۆلگەنلەرگە ماتەم تۇتقىنىڭلاردا تېنىڭلارنى تىلماڭلار

ياكى چېچەكلارنىڭ ئالدىنى چۇشۇرمەڭلار. [2] سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئاتالغان خەلقدۇرسىلەر. ئۇ سىلەرنى يەر يۈزىدىكى بارلىق خەلقلەر ئارىسىدىن تاللاپ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك خەلقى قىلدى.

[3] خۇدا مەنئى قىلغان ھەرقانداق نەرسىلەرنى يېمەڭلار. [4] كالا، قوي، ئۆچكە، [5] بۇغا، جەرەن، كېيىك، تاغ ئۆچكىسى، بۆكەن ۋە ئارقارنى يېسەڭلار بولىدۇ. [6] تۇيىقى ئاچىماق ھەم كۆشەيدىغان ھەرقانداق ھايۋانلارنى يېسەڭلار بولىدۇ. [7] لېكىن كۆشەيدىغان ياكى تۇيىقى ئاچىماق ھايۋانلاردىن تۆگە، توشقان ۋە سۇغۇرنى يېمەڭلار. چۈنكى ئۇلار كۆشىسىمۇ، لېكىن تۇيىقى ئاچىماق بولمىغاچقا، سىلەر ئۈچۈن ھارامدۇر. [8] چوشقىمۇ سىلەر ئۈچۈن ھارامدۇر، چۈنكى تۇيىقى ئاچىماق بولسىمۇ، ئۇ كۆشىمەستۇر. ئۇنىڭ گۆشىنى يېسەڭلارمۇ، ئۆلۈكىنى تۇتساڭلارمۇ بولمايدۇ.

[9] سۇدا ياشايدىغان قاناتلىق ۋە قاسىراقلىق جانلىقلارنى يېسەڭلار بولىدۇ. [10] سۇدا ياشايدىغان قاناتسىز ۋە قاسىراقسىز جانلىقلار سىلەر ئۈچۈن ھارامدۇر، يېسەڭلار بولمايدۇ.

[11] ھالال قۇشلارنى يېسەڭلار بولىدۇ. [12] يېگىلى بولمايدىغان ھارام قۇشلار: بۈركۈت، بارلىق تاپ قۇشلىرى، [13] ھەر خىل سار ۋە لاچىن، [14] قاغا-قۇزغۇنلار، [15-17] ھەر خىل ھۇۋقۇش، چايكا، قۇرغۇي تىپىدىكى قۇشلار، قارونا، تازقارا، [18] لەيلەك، قوتان تىپىدىكى قۇشلار، ھۆپۈپ ۋە شەپەرەڭ.

[19] قاناتلىق ھاشاراتلار سىلەر ئۈچۈن ھارامدۇر، يېسەڭلار بولمايدۇ. [20] لېكىن بارلىق قاناتلىق ھالال جانلىقلارنى يېسەڭلار بولىدۇ.

[21] ئۆلۈك ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېمەڭلار، لېكىن ئۇنى شەھەردە سىلەر بىلەن بىرگە ياشايدىغان يات خەلقلەرگە بەرسەڭلار ياكى ساتساڭلار بولىدۇ. چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا مەنسۇپ، پاك خەلقسىلەر.

ئوغلاقنىڭ گۆشىنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە پىشۇرماڭلار.

## ئوندىن بىر ئۆلۈش

[22] – ھەر يىلى ھوسۇلۇڭلارنىڭ ئوندىن بىر ئۆلۈشىنى [23] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن

بەلگىلەپ بەرگەن جايدا تەقدىم قىلىڭلار. تەقدىم قىلىنغان ئوندىن بىر ئۈلۈش ئاشلىق، شاراب، زەيتۇن يېغى، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەك باللىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىدا يەڭلار ۋە ئىچىڭلار. شۇنداق قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادىن بىر ئۆمۈر ئەيمىنىشنى ئۆگىنىسىلەر. [24] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە بەخت ئاتا قىلسا، لېكىن سىلەر تۇرىدىغان يەر ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جايدىن يىراق بولۇپ، مال-مۈلكۈڭلارنىڭ ئوندىن بىرىنى ئاپىرىپ بېرەلمىسەڭلار، [25] ئۇنى كۈمۈشكە ئايلاندۇرۇپ، بەلگىلەنگەن ئىبادەت قىلىش جايىغا ئېلىپ بېرىڭلار. [26] سىلەر شۇ يەردە كالا، قوي، شاراب ۋە مەيلەرنى خالىغانچە سېتىۋېلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ھوزۇرىدا بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرلىكتە يەڭلار، ئىچىڭلار ۋە شادلىنىڭلار. [27] لېكىن يۇرتۇڭلاردىكى لاۋىيلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، چۈنكى ئۇلارغا يەر تەقسىم قىلىنمىغاندۇر.

[28] ھەر ئۈچىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئالغان بارلىق ھوسۇلۇڭلارنىڭ ئوندىن بىرىنى ئايرىپ، شەھەردە ساقلاڭلار. [29] ئۇنى يۇرتۇڭلاردىكى يات خەلقلەر، يېتىم باللار، تۇل ئاياللار ۋە يەر تەقسىم قىلىنمىغان لاۋىيلارغا بېرىڭلار، ئۇلار يەپ تويسۇن. شۇنداق قىلساڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئىشلىرىڭلارنى راۋاج قىلىپ، بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.

## قەرزنى كەچۈرۈم قىلىش يىلى

**15** [1] - ھەر يەتتىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەرزدارلارنىڭ قەرزىنى كەچۈرۈم قىلىڭلار. [2] ئۇنىڭ قائىدىسى مۇنداق بولسۇن: بارلىق قەرز ئىگىلىرى قېرىنداشلىرى بولغان ئىسرائىللارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىڭلار. ئۇلاردىن قەرز سوّيلىمەڭلار، چۈنكى قەرزنى كەچۈرۈم قىلىشنى پەرۋەردىگار ئەمر قىلغاندۇر. [3] يات خەلقلەردىن قەرز سوّيلىسەڭلار بولىدۇ، لېكىن ئىسرائىللاردىن بولغان قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قانداق قەرزى بولسۇن ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىڭلار. [4-5] پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا تولۇق ئىتائەت قىلىپ، مەن بۈگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن بارلىق ئەمرلەرگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلساڭلار، پەرۋەردىگار سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان ئاشۇ زېمىندا سىلەرنى ئۆزى بەرىكەتلىك قىلىدۇ، ئاراڭلاردا

نامراتلار بولمايدۇ. [6] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۆزىنىڭ بەرگەن ۋەدىسى بويىچە سىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. سىلەر باشقا خەلقلەرگە قەرز بېرىسىلەر، لېكىن ئۇلاردىن قەرز ئالمايسىلەر. نۇرغۇن ئەللەرنى باشقۇرىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى باشقۇرمايدۇ.

[7] سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان ئاشۇ زېمىنغا كىرگەندىن كېيىن، يۇرتۇڭلاردا ئىسرائىللاردىن بولغان نامرات قېرىنداشلار بولسا، ئۇلارغا يۈرىكىڭلارنى قاتتىق قىلماڭلار، ياردەم قىلىشنى رەت قىلماڭلار. [8] ئەكسىچە، ئۇلارغا سېخىيلىق قىلىڭلار، ئۇلارغا قانچىلىك كېرەك بولسا، شۇنچىلىك قەرز بېرىڭلار. [9] ھوشيار بولۇڭلاركى، قەرز كەچۈرۈم قىلىنىدىغان يەتتىنچى يىلىنىڭ ئاخىرى كەلگەندە قەتئىي نىيىتىڭلارنى بۇزماڭلار! ئىسرائىللاردىن بولغان نامرات قېرىنداشلارغا سوغۇق نەزەردە قارىماڭلار، ياردەم قولۇڭلارنى سۇنۇڭلار. بولمىسا ئۇلار پەرۋەردىگارغا نالە قىلىدۇ، سىلەر گۇناھكار بولىسىلەر. [10] سېخىي بولۇڭلار، بەرگىنىڭلاردىن پۇشايمان قىلماڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ قىلغان بارلىق ئىشىڭلارغا بەرىكەت بېرىدۇ. [11] زېمىنىڭلاردا ھامىنى نامراتلار بولىدۇ، شۇڭا سىلەرنىڭ ئىسرائىللاردىن بولغان موھتاج، نامرات قېرىنداشلارغا سېخىيلىق بىلەن ياردەم قىلىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن.

[12] ئەگەر ئىبرانىيلاردىن بولغان ئەر-ئايال قېرىنداشلار سىلەرگە قۇللۇققا سېتىلسا، ئالتە يىل خىزمىتىڭلارنى قىلسۇن، يەتتىنچى يىلى ئۇلارنى ھۆرلۈك بېرىڭلار. [13] ئۇلارنى قۇرۇق قول قايتۇرماڭلار. [14] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە سېخىيلىق بىلەن ئاتا قىلغان قوي، ئاشلىق ۋە شارابتىن ئۇلارغىمۇ سېخىيلىق بىلەن ھەدىيە قىلىڭلار. [15] ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر مىسىردا قۇللۇقتا ياشاۋاتقاندا، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى قۇتقۇزدى. شۇڭا مەن بۇگۈن سىلەرگە مۇشۇنداق قىلىشنى بۇيرۇيمەن. [16] لېكىن قۇللىرىڭلار سىلەرنى ۋە ئائىلەڭلارنى ياخشى كۆرگەنلىكى، سىلەر بىلەن ئىناق ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن سىلەردىن ئايرىلىشنى خالىمىسا، [17] ئۇلار ئىشىككە يۆلەنسۇن، سىلەر بىگىز بىلەن ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا بىر تۆشۈك تېشىڭلار. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك

قۇلۇۋلار بولىدۇ. دېدەكلەرنىمۇ شۇنداق قىلىڭلار. [18] قۇللىرىڭلارنى ئازاد قىلىدىغان ۋاقتىڭلاردا ئەپسۇسلانماڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرگە ئالتە يىل خىزمەت قىلدى. ئادەتتە قۇلنىڭ قىلىدىغان خىزمىتى مەدىكارنىڭ قىلىدىغان خىزمىتىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ قىلغان بارلىق ئەجىرلىرىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.

[19] پادىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ تۇنجى تۇغۇلغان ئەركەكلىرىنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئاتاڭلار. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كالىلار بىلەن يەر ھەيدىمەڭلار ۋە قوچقارلارنى قىرقىماڭلار. [20] ھەر يىلى سىلەر پۈتۈن ئائىلەڭلار بىلەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بەلگىلەپ بەرگەن ئىبادەت قىلىش جايىغا بېرىپ، ئاشۇ كالا، قويلارنىڭ گۆشىنى يەڭلار. [21] ئەگەر بۇ ماللار ئاقساق-چولاق، قارىغۇ ياكى باشقا نۇقسانلىرى بولسا، پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلماڭلار، [22] يۇرتۇڭلاردا يەڭلار. بۇلارنى خۇددى جەرەن ۋە بۇغا يېگەنگە ئوخشاش پاك كىشىلەرمۇ، ناپاك كىشىلەرمۇ يېسە بولىدۇ. [23] لېكىن قېنىنى يېمەڭلار، قېنىنى خۇددى سۇ تۆككەندەك يەرگە تۆكۈۋېتىڭلار.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى

**16** [1] – زىرائەتلەر بىخ چىقارغان ئابىب ئېيىدا، پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئاتاپ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈڭلار. چۈنكى ئاشۇ ئاينىڭ بىر كېچىسى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتى. [2] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن جايدا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قۇربانلىقى بولغان كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنى ئۇنىڭغا سۇنۇڭلار. [3] قۇربانلىق گۆشنى خېمىرتۇرۇچ سېلىنغان نان بىلەن يېمەڭلار. يەتتە كۈن پېتىر نان، يەنى «كۈلپەت نېنى»نى يەڭلار. سىلەر ئەينى چاغدا مىسىردىن تېز چىقىپ كەتكەنىدىڭلار. شۇڭا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدا پېتىر نان يېسەڭلار، مىسىردىن چىققان ئاشۇ كۈننى ئۆمۈرۋايەت ئەسلەپ تۇرىسىلەر. [4] ئاشۇ يەتتە كۈن ئىچىدە زېمىنىڭلاردا خېمىرتۇرۇچ بولمىسۇن. بىرىنچى كۈندىكى قۇربانلىق گۆشى

ئەتىسى سەھەرگە قالمىسۇن. [5] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلغان خالىغان بىر يۇرتتا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قۇربانلىقىنى قىلساڭلار بولمايدۇ. [6] پەقەت پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن جايدىلا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قۇربانلىقىنى قىلساڭلار بولىدۇ. سىلەر ئەينى چاغدا گۆگۈم چۈشكەندىن كېيىن مىسىردىن ئايرىلغانىدىڭلار. شۇڭا سىلەر ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قۇربانلىقىنى گۆگۈم چۈشكەندىن كېيىن قىلىڭلار. [7] سىلەر قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنى بەلگىلەپ بېرىلگەن ئىبادەت قىلىش جايىدا پىشۇرۇپ يەڭلار. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە چېدىرىڭلارغا قايتىڭلار. [8] كېيىنكى ئالتە كۈن ئىچىدە پەقەت پېتىر نان يەڭلار. يەتتىنچى كۈنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا بېغىشلاپ، مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈڭلار. ئۇ كۈنى ئىش قىلماڭلار.

## ئورما ھېيتى

[9] – ھوسۇل يىغقان بىرىنچى كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا يەتتە ھەپتىدىن كېيىن [10] پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئاتاپ ئورما ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان رىزقىڭلارغا يارىشا خالىس ھەدىيەلىرىنى سۇنۇڭلار. [11] ئۇ كۈنى ئوغۇل-قىزلىرىڭلار، قۇللىرىڭلار، دېدەكلىرىڭلار، يۇرتۇڭلاردىكى لاۋىيلار، يات خەلقلەر، يېتىملەر ۋە تۇل ئاياللار بىلەن بىرلىكتە پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن جايدا، يەنى پەرۋەردىگارىڭلار ھۇزۇرىدا شادلىنىڭلار. [12] مىسىردىكى قۇل بولغان چاغلىرىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار، ھەر دائىم بۇ بەلگىلىمىلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىڭلار.

## كەپە تىكىش ھېيتى

[13] – ھوسۇلۇڭلار خامىنىڭلاردىن يىغىلىپ، شەربەتلىرىڭلار ئۈزۈم ئېزىش كۆلچىكىڭلاردىن چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەتتە كۈن كەپە تىكىش ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. [14] كەپە تىكىش ھېيتىدا ئوغۇل-قىزلىرىڭلار، قۇللىرىڭلار، دېدەكلىرىڭلار، يۇرتۇڭلاردىكى لاۋىيلار، يات خەلقلەر، يېتىملەر ۋە تۇل ئاياللار بىلەن بىرلىكتە شادلىنىڭلار.

[15] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بەلگىلەپ بەرگەن ئىبادەت قىلىش جايىدا يەتتە كۈننى كەيپىدە ئۆتكۈزۈڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. ھوسۇلۇڭلارنى مول، ھەممە ئىشلىرىڭلارنى ئۇغۇشلۇق قىلىپ، سىلەرنى خۇشال قىلىدۇ.
[16] بارلىق ئەرلەر ھەر يىلى ئۈچ قېتىم، يەنى پېتىر نان ھېيتى، ئورما ھېيتى، كەپە تىكىش ھېيتىدا پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بەلگىلەپ بەرگەن ئىبادەت قىلىش جايىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا تۇرسۇن. ئۇنىڭ ھوزۇرىغا قۇرۇق قول بارمىسۇن. [17] ھەركىم پەرۋەردىگار خۇدا ئاتا قىلغان رىزقىغا يارىشا ھەدىيە ئاپارسۇن.

## سوتچى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تەيىنلىنىشى

[18] - پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە قەبىلىلەر بويىچە تەقسىم قىلغان ھەرقايسى شەھەرلەردە سوتچى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنى تەيىنلەڭلار. ئۇلار ئادالەت بىلەن ئىش قىلسۇن. [19] يۈز ئاياپ قانۇننى بۇزمىسۇن، يان باسمىسۇن، پارا ئالمىسۇن. چۈنكى پارا دانالارنىڭ ئەقىل كۆزىنى خىرەلەشتۈرۈپ، ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. [20] سىلەر ئادالەتنى، پەقەت ئادالەتنى ئىزدەڭلار، شۇندىلا سىلەر ھايات قالىسىلەر ۋە پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلغان زېمىندا ئۇزۇن ياشىيالايسىلەر.

## پەرۋەردىگار ئۆچ كۆرىدىغان ئىبادەتلەر

[21] - كېيىن سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۈچۈن قۇربانلىق سۇپىسىنى ياسىغاندا، ئۇنىڭ يېنىغا ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتىنى ۋە [22] بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلەرنىمۇ تىكلىمەڭلار. چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بۇلارنى ئۆچ كۆرىدۇ.

17 [1] - مېيىپ ۋە بىجىرىم بولمىغان قوي، كالىلارنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلماڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىڭلار پەرۋەردىگارنى يىرگەندۈرىدۇ.
[2] ئەگەر ئاراڭلاردىن بىرەر ئەر ياكى ئايال پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلغان شەھەرلەرنىڭ بىرىدە پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئەھدىسىگە

خىلاپلىق قىلسا، [3] يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلماي، باشقا ئىلاھلارنىڭ ئىبادىتىگە ئېزىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا باش ئۇرۇپ، ياكى قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا سەجدە قىلسا، [4] سىلەر بۇ ئىشلارنى بىلگەندىن كېيىن، چوقۇم تەپسىلىي تەكشۈرۈڭلار. ئەگەر ئىسرائىل خەلقى ئارىسىدا ھەقىقەتەن بىرسى مۇشۇنداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلغان بولسا، [5] ئۇنى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار. [6] لېكىن سىلەر بىرلا ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى بولسا، ئاندىن ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرسەڭلار بولىدۇ. [7] گۇۋاھچىلار ئالدى بىلەن تاش ئاتسۇن، ئاندىن باشقىلار ئاتسۇن. شۇنداق قىلىپ، ئاراڭلاردىكى رەزىللىكنى يوقىتىڭلار.

## مۇرەككەپ دەۋالارغا ھۆكۈم

[8] – ئەگەر ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئادەم يارىلاندۇرۇش ۋە ھەق تەلەپ دەۋاسى قاتارلىق مۇرەككەپ ۋە ھۆكۈم قىلىش قىيىن بولغان دەۋالار بولسا، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بەلگىلەپ بەرگەن ئىبادەت قىلىش جايىغا بېرىپ، [9] لاۋىيلاردىن بولغان روھانىيلارغا ۋە نۆۋەتچى سوتچىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلار ھۆكۈم چىقارسۇن. [10] پەرۋەردىگار بەلگىلەپ بەرگەن جايدا ئۇلار چىقارغان ھۆكۈمنى كۆڭۈل قويۇپ ئىجرا قىلىڭلار. [11] ئۇلارنىڭ بۇيرۇغان سۆزلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ئەمرلىرىگە قەتئىي خىلاپلىق قىلماڭلار. [12] ئەگەر بىر ئادەم تەكەببۇرلىشىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان روھانىي ۋە سوتچىنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنمىسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار. شۇنداق قىلىپ، ئىسرائىل خەلقىدىكى رەزىللىكنى يوقىتىڭلار. [13] پۈتۈن خەلق بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ، قايتا كىبىرلىك قىلىشتىن قورقىدۇ.

## پادىشاھ ھەققىدىكى كۆرسەتمىلەر

[14] – سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىننى ئىگىلەپ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، خۇددى ئەتراپىڭلاردىكى ئەللەرگە ئوخشاش ئۆزىمىزگە پادىشاھ تىكلەيلى

دەيسلەر. [15] سىلەر تىكلەيدىغان پادىشاھ چوقۇم پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان ئىسرائىللاردىن بولسۇن، ياقا يۇرتلۇق بولمىسۇن. [16] پادىشاھىڭلارنىڭ جەڭ ئاتلىرى كۆپ بولمىسۇن، مىسىرغا ئادەم ئەۋەتىپ ئات سېتىۋالمىسۇن. چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ مىسىرغا قايتا بارماسلىقىڭلارنى بۇيرۇغان. [17] پادىشاھنىڭ ئاياللىرى كۆپ بولمىسۇن، بولمىسا پەرۋەردىگارغا بولغان مۇھەببىتى سۇسلاپ كېتىشى مۇمكىن. ئۆزى ئۈچۈن كۆپلەپ ئالتۇن-كۈمۈش توپلىمىسۇن. [18] ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، لاۋىيلاردىن بولغان روھانىيلاردا ساقلىنىۋاتقان بۇ قانۇندىن ئۆزى ئۈچۈن بىر نۇسخا كۆچۈرتسۇن. [19] پادىشاھ بۇ قانۇننى ئۆمۈرۋايەت يېنىدىن ئايرىماي ئوقۇسۇن ۋە پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادىن ئەيمىنىشنى ئۆگەنسۇن. بۇ قانۇندىكى بارلىق سۆزلەر ۋە ئەمرلەرگە ئەمەل قىلسۇن. [20] شۇندىلا ئۇ خەلقىگە تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسرائىلىيەگە ئۇزۇن مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

## لاۋىيلار ۋە روھانىيلارنىڭ ئۈلۈشلىرى

18 [1] - پۈتۈن لاۋىي قەبىلىسىدىكىلەر ۋە ئۇلاردىن بولغان روھانىيلارغا نېسىۋىسى سۈپىتىدە زېمىن تەقسىملەپ بېرىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان تائام ھەدىيەلىرىدۇر. [2] ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا پەقەت لاۋىيلارنىڭلا زېمىنى يوقتۇر، چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارغا ۋەدە قىلغىنىدەك، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىدۇر. [3] سىلەر كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنى قۇربانلىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدى پۇتى، ئېڭەك گۆشى ۋە قارنىنى روھانىيلارغا بېرىڭلار. [4] تۇنجى ئېلىنغان ھوسۇل، شاراب، زەيتۇن يېغى ۋە تۇنجى قىرقىلغان قوي يۇڭۇڭلاردىن روھانىيلارغا ھەدىيە قىلىڭلار. [5] چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا لاۋىيلارنى ئىسرائىل قەبىلىلىرى ئارىسىدىن تاللاپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانغا تەيىنلىگەندۇر.

[6] ئەگەر لاۋىيلار ئىسرائىلىيەدە ئۆزلىرى تۇرىدىغان شەھەرلەردىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئايرىلىپ، پەرۋەردىگار بەلگىلەپ بەرگەن ئىبادەت قىلىش جايىغا بارسا، [7] پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان باشقا لاۋىيلارغا ئوخشاش، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلسا بولىدۇ. [8] ئۇ ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى سېتىپ، پايدىغا ئېرىشىشتىن سىرت، يەنە باشقا روھانىيلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ نېسىۋىسى بولغان ھەدىيە ۋە قۇربانلىقلارغا ئېرىشسە بولىدۇ.

## يات ئەللەرنىڭ ئادەتلىرىنى دورىماسلىق

[9] — سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىنغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئادەتلىرىنى دورىماڭلار. [10] ئاراڭلاردا ئوغۇل-قىزلىرىنى كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق قىلىدىغانلار، پال سالىدىغانلار، رەمچىلەر، سېھىرگەرلەر، [11] ئەپسۇن ئوقۇيدىغانلار، ئەرۋاھ چاقىرىدىغانلار، جادۇگەرلىك قىلىدىغانلار، ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەيدىغانلار بولمىسۇن. [12] پەرۋەردىگار بۇنداق ئىش قىلىدىغان ئادەملەردىن يىرگىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بۇ خەلقلەرنى كۆز ئالدىڭلاردا زېمىنلىرىدىن قوغلىۋېتىدۇ. [13] پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا مۇتلەق سادىق بولۇڭلار. [14] سىلەر قوغلىۋېتىدىغان ئەللەر رەمچى ۋە پالچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ، لېكىن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭلارغا يول قويمايدۇ.

## پەيغەمبەرلىك توغرىسىدا

[15] — پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدىن ماڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەر چىقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىڭلار. [16] بۇنى سىلەر سىناي تېغىدا يىغىلغان ۋاقتىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادىن تەلەپ قىلغانىدىڭلار. ئەينى چاغدا سىلەر: «ئەي پەرۋەردىگارىمىز خۇدا، ئەمدى بىزگە ئاۋازىڭنى ئاڭلاتمىغايسەن، بىزگە يەنە ئوت يالقۇنۇڭنى كۆرسەتمىگەيسەن، بولمىسا بىز ئۆلىمىز» دېگەنىدىڭلار. [17] شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇلار توغرا دەيدۇ. [18] مەن ئىسرائىللارنىڭ

ئاربىسىدىن ساڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەر چىقىرىپ، سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويىمەن. ئۇ مېنىڭ بارلىق سۆزلىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ. [19] ئۇ مېنىڭ نامىمدا سۆز قىلىدۇ. ئەگەر بىرەرسى بۇ سۆزلەرگە ئىتائەت قىلمىسا، ئۇ ئادەمنى ئۆزۈم جازالايمەن. [20] ئەگەر بىرەر پەيغەمبەر مېنىڭ نامىم بىلەن مەن دېمىگەن سۆزلەرنى قىلسا ياكى باشقا ئىلاھلارنىڭ نامىدا سۆزلىسە، ئۇ چوقۇم ئۆلتۈرۈلسۇن.
[21] بەلكىم سىلەر كۆڭلۈڭلاردا: ‹پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ئەمەسلىكىنى قانداق بىلىمىز؟› دەپ ئويلايدىغانسىلەر. [22] ئەگەر بىر پەيغەمبەر مېنىڭ نامىم بىلەن سۆز قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەمەلگە ئاشمىسا، ئۇنىڭ سۆزى مەندىن كەلگەن ئەمەستۇر. ئۇ پەقەت ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىگەندۇر، سىلەر ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماڭلار.»

## پاناھلىنىدىغان شەھەرلەر

**19** [1] – سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىندىكى ئەللەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇ يەردىكى شەھەر ۋە ئۆيلەرگە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، [2-3] ئۇ زېمىننى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ، ھەر بۆلەكتە بىردىن شەھەرنى پاناھلىنىدىغان شەھەر قىلىپ بەلگىلەپ چىقىڭلار. بۇ ئۈچ شەھەرگە بارغىلى بولىدىغان يول ياساڭلار. ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلار ئاشۇ شەھەرلەرگە قېچىپ بېرىپ پاناھلانسۇن.
[4] پاناھلىنىشنىڭ شەرتلىرى مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر بىر ئادەم بىخەستەلىك قىلىپ، ئاداۋىتى بولمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، پاناھلىنىدىغان شەھەرلەردىن بىرسىگە قېچىپ بېرىپ، پاناھلانسۇن. [5] مەسىلەن، ئىككى ئادەم بىرگە ئورمانغا ياغاچ كەسكىلى بارغاندا، بىرسىنىڭ پالتىسىنىڭ بېشى سىيرىلىپ چىقىپ كېتىپ، شېرىكىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى پاناھلىنىدىغان شەھەرگە قېچىپ بېرىپ، پاناھلانسا بولىدۇ. [6] ناۋادا پاناھلىنىدىغان شەھەردىن پەقەت بىرسى بولۇپ، ئارىلىقى يىراق بولۇپ قالسا، غەزەپلەنگەن ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقىنى ئۇنى قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە ئۇ ئادەم ئۆلمەسلىكى كېرەك، چۈنكى ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى

ئۆزى بىلەن قىلچە ئاداۋىتى بولمىغان بىر ئادەمنى بىخەستەلىكتىن ئۆلتۈرۈپ قويغاندۇر. [7] شۇڭا مەن سىلەرنىڭ پاناھلىنىشلار ئۈچۈن ئۈچ شەھەرنى بەلگىلىشلارنى بۇيرۇيمەن.

[8-9] ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى سۆيۈپ، داۋاملىق ئۇنىڭ يولىدا مېڭىپ، مەن بۈگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن ئۇنىڭ بارلىق ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، پەرۋەردىگار زېمىنىڭلارنى كېڭەيتىدۇ ۋە ئەجدادلىرىڭلارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىنلارنى سىلەرگە تولۇق بېرىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر يەنە پاناھلىنىش ئۈچۈن ئۈچ شەھەرنى بەلگىلەپ چىقىڭلار. [10] پەرۋەردىگار خۇدا سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان زېمىندا بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن ساقلىنىڭلار. بولمىسا سىلەر گۇناھسىز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن جىنايەتكار بولۇپ قالىسىلەر.

[11] ئەگەر بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە ئۆچمەنلىك قىلىپ، پايلاپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن پاناھلىنىدىغان شەھەرگە قېچىپ بېرىۋالسا، [12] ئەسلىدىكى قاتىل تۇرۇشلۇق شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن ۋە قاتىل ئۆلتۈرۈلسۇن. [13] قاتىللارغا رەھىم قىلماڭلار. ئىسرائىللار ئارىسىدىن بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرىدىغان گۇناھكارلارنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن ئىشىڭلار راۋان بولىدۇ.

## يەر پاسلى توغرىسىدا

[14] – پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان زېمىندا قوشناڭلارنىڭ پاسىل تېشىنى يۆتكىمەڭلار، چۈنكى ئۇنى ئەجدادلىرىڭلار تىكلىگەندۇر.

## گۇۋاھچىلار توغرىسىدا

[15] – بىر ئادەمنىڭ جىنايەت ياكى گۇناھ سادىر قىلغان-قىلمىغانلىقىغا بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەنلا ھۆكۈم قىلماڭلار. ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ھۆكۈم قىلىڭلار. [16] ئەگەر بىرسى ساختا گۇۋاھلىق بېرىپ، باشقىلارنى قارىلىسا،

[17] قارىلىغۇچىمۇ ۋە قارىلانغۇچىمۇ پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىدىغان جايغا بارسۇن. نۆۋەتچى روھانىيلار ۋە سوتچىلار ھۆكۈم چىقارسۇن. [18] سوتچىلار ۋەقەنى تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن، گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ ساختا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئېنىقلانسا، [19] ساختا گۇۋاھچىنىڭ يامان نىيىتىنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋېلار. شۇنداق قىلىپ، ئاراڭلاردىكى رەزىللىكنى يوقىتىڭلار.

[20] باشقىلار بۇنى ئاڭلىسا، قورقىدۇ ۋە يەنە مۇشۇنداق رەزىل ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. [21] رەزىللەرگە رەھىم قىلماڭلار، جانغا جان، كۆزگە كۆز، چىشقا چىش، قولغا قول، پۇتقا پۇت ئېلىڭلار.

## ئۇرۇش توغرىسىدا

20 [1] – دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ۋاقتىڭلاردا، ئاتلار، جەڭ ھارۋىلىرى ۋە سىلەردىنمۇ كۆپ لەشكەرلەرگە دۇچ كەلسەڭلار، ئۇلاردىن قورقۇپ كەتمەڭلار. چۈنكى سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە يار بولىدۇ. [2] سىلەر ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئىلگىرى روھانىي لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ مۇنداق دېسۇن: [3] «ئەي ئىسرائىللار، قۇلاق سېلىڭلار! بۈگۈن سىلەر دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر. يۈرەكسىزلىك قىلماڭلار، قورقماڭلار، ھودۇقماڭلار، ئالاقزادە بولۇپ كەتمەڭلار! [4] چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە يار بولۇپ، سىلەر ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، سىلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ.»

[5] لەشكەر باشلىرى ئۇلاردىن مۇنداق دەپ سورىسۇن: «ئاراڭلاردا يېڭىدىن ئۆي سالغان، لېكىن ئۆيىنىڭدا ئولتۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەنلەر بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، ئۆيىگە قايتىپ، ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلانسۇن. بولمىسا باشقىلار ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرىدۇ. [6] ئاراڭلاردا ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلغان، لېكىن مېۋىسىدىن تېخى تېتىپ باقمىغانلار بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، ئۇمۇ ئۆيىگە قايتىپ، ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلانسۇن. بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈزۈملىرىدىن باشقىلار بەھرىلىنىدۇ. [7] ئاراڭلاردا توي قىلىشقا پۈتۈشكەن، لېكىن تېخىچە توي قىلمىغانلار بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، ئۇمۇ ئۆيىگە قايتىپ،

ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلانسۇن. بولمىسا، ئۇنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىزنى باشقىلار خوتۇنلۇققا ئالىدۇ.»
[8] لەشكەر باشلىرى لەشكەرلەردىن يەنە مۇنداق دەپ سورىسۇن: «ئاراڭلاردا يۈرەكسىزلىك قىلىپ، قورقىدىغانلار بارمۇ؟ بولسا، باشقىلارنىڭ ئىرادىسىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۆيىگە قايتسۇن.» [9] لەشكەر باشلىرى لەشكەرلەردىن سوراپ بولغاندىن كېيىن، سەركەردىلەرنى تەيىنلىسۇن.
[10] سىلەر بىر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى شەھەر ئاھالىسىنىڭ سۈلھى قىلىشىغا پۇرسەت بېرىڭلار. [11] ئەگەر ئۇلار تەسلىم بولۇپ، شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئاچسا، ئۇلارنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قۇلدەك ئىشلىتىڭلار. [12] ئەگەر ئۇلار تەسلىم بولۇشقا ئۇنىماي، ئۇرۇش قىلماقچى بولسا، ئۇ شەھەرنى قورشاۋغا ئېلىڭلار. [13] پەرۋەردىگار خۇدا بۇ شەھەرنى سىلەرگە تاپشۇرغان ۋاقتىدا، شەھەردىكى بارلىق ئەرلەرنى قىرىپ تاشلاڭلار. [14] لېكىن شەھەردىكى ئاياللار، بالىلار، چارۋا ماللار ۋە باشقا مال-مۈلۈكلەرنى ئولجا ئالساڭلار بولىدۇ. دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ بۇ نەرسىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇڭلار، چۈنكى بۇ نەرسىلەرنى پەرۋەردىگار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلغاندۇر. [15] بۇ ئۇسۇلنى پەقەت يىراقتىكى شەھەرلەرگە ئىشلىتىڭلار، يېقىندىكى شەھەرلەر بۇنىڭ سىرتىدىدۇر. [16] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا يېقىندىكى ئەللەرنىڭ شەھەرلىرىنى سىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشىڭلارغا بەرگەندۇر، بۇ شەھەرلەردە بىرەر جانىنىمۇ تىرىك قالدۇرماڭلار. [17] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئەمر قىلغىنىدەك، خىت، ئامور، كەنئان، پەرىززى، خىۋ، يەبۇس ئەللىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىڭلار. [18] بولمىسا ئۇلار سىلەرنى ئازدۇرۇپ، بۇتقا چوقۇنۇشتەك ھەر خىل يىرگىنچلىك ئادەتلىرىنى ئۆگىتىدۇ. بۇ پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا قارشى ئېغىر گۇناھتۇر.
[19] بىر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇزاققىچە ئالالمىساڭلار، ئۇ يەردىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنى كەسمەڭلار، چۈنكى مېۋىسىنى يەيسىلەر. ئېتىزدىكى دەرەخلەر سىلەر قورشاپ ھۇجۇم قىلىدىغانغا ئادەم ئەمەسقۇ!؟ [20] لېكىن شەھەرنى قورشاش ئۈچۈن مېۋىسىز

دەرەخلەرنى كەسسەڭلار ۋە ئۇلارنى تاكى شەھەرنى ئالغۇچە ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ.

## ئېنىقلانمىغان قاتىللىق توغرىسىدا

21 [1] — پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان زېمىندا ئىگىلىۋالىدىغان زېمىندا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۆلۈكىنىڭ دالاغا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى بايقىساڭلار، لېكىن كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمىسەڭلار، [2] ئاقساقال ۋە سوتچىلىرىڭلار جەسەتنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەر بىلەن بولغان ئارىلىقنى ئۆلچەپ باقسۇن. [3] جەسەت بىلەن ئارىلىقى ئەڭ يېقىن ھېسابلانغان شەھەردىكى ئاقساقاللار بويۇنتۇرۇق سېلىنمىغان ياش بىر ئىنەكنى [4] سۇلار ئېقىپ تۇرغان بىر جىلغىدىكى بوز يەرگە ئەكىلىپ، بويىنىنى سۇندۇرسۇن. [5] ئۇ يەردە لاۋىيلاردىن بولغان روھانىيلار ئالدىغا چىقسۇن، چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا تەرىپىدىن ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تاللانغاندۇر. ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا بەخت تىلەيدۇ، بارلىق تالاش-تارتىشلارنى ۋە زوراۋان قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. [6] ئاشۇ شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى جىلغىدا بويىنى سۇندۇرۇلغان ياش ئىنەكنىڭ ئۈستىدە قولىنى يۇيسۇن. [7] ئاندىن: «بىزنىڭ قولىمىز بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمىدى، كۆزىمىز كىمنىڭ بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرمىدى. [8] ئى پەرۋەردىگار، سەن ئۆزۈڭ قۇتقۇزغان ئىسرائىل خەلقىدىن بۇ گۇناھنى ساقىت قىلغايسەن، گۇناھسىز بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ گۇناھىنى ئۆز خەلقىڭگە ئارتمىغايسەن» دەپ دۇئا قىلسۇن. شۇندىلا قاتىللىق قىلىش گۇناھى خەلقتىن ساقىت قىلىنىدۇ. [9] سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى شۇ بويىچە ئىجرا قىلساڭلار، ئىسرائىل خەلقىگە ئارتىلغان بۇ قاتىللىق گۇناھىدىن ئاقلىنىسىلەر.

## ئايال ئەسىرلەر توغرىسىدا

[10] — دۈشمىنىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋاقتىڭلاردا، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا دۈشمىنىڭلارنى قولۇڭلارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنى سىلەرگە ئەسىر قىلىپ بەرسە، [11] بەزىلىرىڭلار ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدىكى

چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەندە، ئۇلارنى ئەمرىڭلارغا ئالغۇڭلار كېلىشى مۇمكىن. [12] ئۇنداقتا، ئۇ قىزنى ئۆيۈڭلارغا ئېلىپ كېتىپ، چېچىنى چۈشۈرۈپ، تىرناقلىرىنى ئېلىپ، [13] ئەسىرلىكتە كىيگەن كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن بىر ئاي قارىلىق تۇتۇشقا يول قويۇڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمرىڭلارغا ئېلىڭلار. [14] ئەگەر كېيىن ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار، ئەركىنلىككە چىقىرىڭلار. ئۇلارنى سېتىشقا، قۇل قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار مەجبۇرىي نىكاھىڭلارغا ئېلىنغاندۇر.

## تۇنجى ئوغۇلنىڭ مىراسخورلۇق هوقۇقى توغرىسىدا

[15] — ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ، هەر ئىككىلا ئايالى ئوغۇل تۇغقان بولسا، لېكىن ئۇ ئادەم بىر ئايالىنى ياخشى كۆرۈپ، يەنە بىر ئايالىنى ياخشى كۆرمىسە، تۇنجى ئوغلى ياخشى كۆرمەيدىغان ئايالىنىڭ بالىسى بولسا، [16] ئۇ ئادەم مۈلۈك تەقسىملەيدىغان چاغدا تۇنجى ئوغلىنىڭ هوقۇقىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئايالىنىڭ بالىسىغا ئېلىپ بېرىشكە بولمايدۇ. [17] ئۇ ئادەم ياخشى كۆرمەيدىغان ئايالىدىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلىغا ئىككى كىشىلىك مىراس بەرسۇن. چۈنكى تۇنجى ئوغلى ئۇ ئادەمنىڭ قىران ۋاقتىلىرىدا تاپقان بالىسى بولۇپ، تۇنجى ئوغۇللۇق هوقۇقىدىن بەهرىمەن بولسۇن.

## ئىتائەتسىز ئوغۇل توغرىسىدا

[18] — ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئوغلى جاھىل، ئىتائەتسىز، ئاتا-ئانىسىغا بويسۇنمايدىغان بولۇپ، تەربىيە قىلسىمۇ گەپ ئاڭلىمىسا، [19] ئاتا-ئانىسى ئۇنى تۇتۇپ، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئاقساقاللارنىڭ ئالدىغا ئاپارسۇن ۋە: [20] «بىزنىڭ بۇ ئوغلىمىز جاھىل ۋە ئىتائەتسىزدۇر، گەپ ئاڭلىمايدۇ، ئۇ بىر بەتخەج هەم شارابخوردۇر» دېسۇن. [21] ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەردىكى پۈتۈن ئەرلەر ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ، ئۆلتۈرسۇن. شۇنداق قىلىپ، ئاراڭلاردىكى رەزىللىكنى يوقىتىڭلار. پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىبرەت ئېلىپ قورقىدىغان بولىدۇ.

## باشقا ئىشلار توغرىسىدا

[22] - ئەگەر بىرسى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، جەستى خادىغا سانجىپ قويۇلسا، [23] جەسەت خادىدا كېچىچە تۇرۇپ قالمىسۇن. ئۇنى چوقۇم شۇ كۈنىلا دەپنە قىلىۋېتىڭلار. دەرەخكە ئېسىلغان ئادەم خۇدانىڭ قارغىشىغا قالغاندۇر. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان بۇ زېمىننى بۇلغىماڭلار.

22 [1] ئەگەر ئىسرائىل قېرىندىشىڭلارنىڭ كالا، قويلىرىنىڭ ئېزىپ قالغانلىقىنى كۆرسەڭلار، كۆرمەسكە سالماي، ئۇلارنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. [2] ئەگەر ئىگىسىنىڭ ئۆيى يىراق بولسا، ياكى ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمىسەڭلار، ئۇلارنى ئۆيۈڭلارغا ئەكېتىپ، ئىگىسى ئىزدەپ كەلگەندە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. [3] ئىسرائىل قېرىندىشىڭلار يوقىتىپ قويغان ئېشەك، كىيىم-كېچەك ياكى باشقا نەرسىلەرنى تېپىۋالساڭلار، يۇقىرىقىدەك بىر تەرەپ قىلىڭلار، كۆرمەسكە سالماڭلار.
[4] ئىسرائىل قېرىندىشىڭلارنىڭ ئېشىكى ياكى كالىسىنىڭ يولدا يىقىلىپ قالغانلىقىنى كۆرسەڭلار، كۆرمەسكە سالماي، قېرىندىشىڭلارغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنى يۆلىشىپ بېرىڭلار.
[5] ئاياللار ئەرلەرنىڭ، ئەرلەر ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيمىسۇن. چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بۇنداق ئىشتىن يىرگىنىدۇ.
[6] ئەگەر يول بويىدا، دەرەخ ئۈستىدە ياكى يەردە ئۇۋىسىدا تۇخۇم ياكى باچكىسىنى بېسىپ ياتقان ئانا قۇشنى كۆرسەڭلار، ئانا قۇشنى باچكىلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتمەڭلار. [7] ناۋادا ئېلىپ كەتسەڭلار، باچكىسىنى ئېلىپ قېلىپ، ئانا قۇشنى قويۇۋېتىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئىشلىرىڭلار راۋان بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىلەر.
[8] يېڭى ئۆي سالغان ۋاقتىڭلاردا، ئۆگزىنىڭ تۆت ئەتراپىغا قىر چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار، بولمىسا، قان قەرزىگە قالىسىلەر.
[9] ئۈزۈمزارلىقىڭلارغا ئۈزۈمدىن باشقا زىرائەتلەرنى تېرىماڭلار. بولمىسا، ھەممىسىنى پەرۋەردىگارغا بېغىشلاشقا توغرا كېلىپ، يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ.

[10] ئۆكۈز بىلەن ئېشەكنى بىرلىكتە ساپانغا قېتىپ يەر ھەيدىمەڭلار.
[11] قوي يۇڭى ۋە زىغىر يىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ توقۇلغان كىيىملەرنى كىيمەڭلار.
[12] كىيىۋالغان تونۇڭلارنىڭ ئېتىكىگە تۆت دانە چۇچا ئېسىۋېلىڭلار.

## ئېپپەت توغرىسىدا

[13] ئەگەر بىرسى ئۆيلىنىپ، توي كېچىسىدىن كېيىن قىزنى ياقتۇرماي، [14] ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىپ: «مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندا، ئۇ قىز چىقمىدى» دەپ ئۇنىڭ نامىنى بۇلغىسا، [15] قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئاقساقاللارنىڭ ئالدىغا ئىسپاتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قىزنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلىسۇن. [16] قىزنىڭ ئاتىسى ئاقساقاللارغا: «مەن قىزىمنى بۇ ئادەمگە ياتلىق قىلغانىدىم. ھازىر بۇ ئادەم قىزىمنى ياقتۇرماي، [17] ‹مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندا ئۇ قىز چىقمىدى› دەپ تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ. لېكىن بىزدە قىزىمنىڭ پاكلىقىنىڭ ئىسپاتى بار» دەپ، قىزى توي كېچىسى ئىشلەتكەن كىرلىكنى ئاقساقاللارغا كۆرسەتسۇن. [18] ئاقساقاللار ئۇ ئادەمنى تۇتۇپ كېلىپ، جازالىسۇن. [19] ئۇ ئادەم قىزنىڭ ئاتىسىغا تۆلەم ھېسابىدا بىر كىلو كۈمۈش بەرسۇن. چۈنكى ئۇ بىر پاك ئىسرائىل قىزغا تۆھمەت قىلدى. ئۇ قىز يەنىلا ئۇنىڭ ئايالى بولىدۇ، ئېرىنىڭ ئۆمۈر بويى ئۇنى قويۇۋېتىشكە ھەققى بولمايدۇ.
[20] لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئەيىبلەشلىرى راست بولۇپ، ئاتا-ئانىسى قىزنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلىيالمىسا، [21] ئۇ ئادەم قىزنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسۇن. شەھەردىكى ئەرلەر ئۇ قىزنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسۇن. چۈنكى ئۇ قىز تويدىن ئىلگىرى بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ئىسرائىللارنى شەرمەندە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئاراڭلاردىكى رەزىللىكنى يوقىتىڭلار.
[22] ئەگەر بىرسى ئېرى بار ئايال بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغان بولسا، بۇزۇقچىلىق قىلغان ئەر بىلەن ئايالنى ئۆلتۈرۈڭلار. شۇنداق قىلىپ، ئىسرائىل خەلقىدىكى رەزىللىكنى يوقىتىڭلار.

[23] ئەگەر بىرسى شەھەردە توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ بولغان بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغان بولسا، [24] ھەر ئىككىلىسىنى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا ئەكىلىپ، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار. چۈنكى ئۇ قىز شەھەردە بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ خالىمىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ياردەم سوراپ ۋارقىرىمىغان. ئەرنىمۇ چوقۇم ئۆلتۈرۈڭلار، چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ ئايالى بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئاراڭلاردىكى رەزىللىكنى يوقىتىڭلار.

[25] ئەگەر بىرسى دالادا توي قىلىشقا پۈتۈشكەن بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىلغان بولسا، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈڭلار. [26] لېكىن قىزنى ئۆلتۈرمەڭلار، چۈنكى ئۇ گۇناھسىزدۇر. بۇنداق ۋەقە بىر گۇناھسىز كىشىنىڭ يەنە بىر كىشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش ۋەقەدۇر. [27] ئۇ قىز دالادا باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ۋارقىرىسىمۇ قۇتقۇزىدىغان ئادەم يوقتۇر.

[28] ئەگەر بىر ئادەم توي قىلىشقا پۈتۈشمىگەن بىر قىز بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغاندىن كېيىن بايقىلىپ قالسا، [29] بۇ ئادەم قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا يېرىم كىلو كۈمۈش تۆلەم تۆلەپ، قىزنى ئەمرىگە ئالسۇن. بۇ ئادەم قىزنى مەڭگۈ قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ قىز بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغاندۇر.

[30] ھېچكىم ئاتىسىنىڭ توقىلىنى ئەمرىگە ئالمىسۇن، بۇ ئاتىسىغا قىلىنغان ھاقارەتتۇر.

## جامائەتكە كىرگۈزۈلمەيدىغان ئادەملەر توغرىسىدا

23 [1] - ئۇرۇقدېنى زەخىملەنگەن ياكى ئاختا قىلىنغان ئەرلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىگە كىرگۈزمەڭلار.

[2] نىكاھسىز تۇغۇلغانلارنى ئونىنچى ئەۋلادىغىچە پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىگە كىرگۈزمەڭلار.

[3] ئامونلار ۋە موئابلارنى ئونىنچى ئەۋلادىغىچە پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىگە كىرگۈزمەڭلار. [4] چۈنكى سىلەر مىسىردىن چىققان ۋاقتىڭلاردا ئۇلار سىلەرنى سۇ ۋە يېمەكلىك بىلەن كۈتۈۋالمىدى. ئۇلار ئارام-ناھارايىمدىكى پېتور شەھىرىدە تۇرىدىغان بېئورنىڭ

ئوغلى بىلئامنى چاقىرىپ كېلىپ، سىلەرنى قارغاتتى. [5] لېكىن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بىلئامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدى، ئەكسىچە قارغىشنى بەختكە ئايلاندۇردى. چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ سىلەرگە مېھىر-مۇھەببىتى بار ئىدى. [6] ھايات بولساڭلارلا، ئۇلارنىڭ ئامانلىق ۋە روناق تېپىشىغا ياردەم قىلماڭلار.

[7] ئېدوملۇقلارنى ئۆچ كۆرمەڭلار، ئۇلار قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. مىسىرلىقلارنى ئۆچ كۆرمەڭلار، چۈنكى سىلەر ئۇ زېمىندا مۇساپىر بولۇپ ياشاپ باققان. [8] بۇ ئىككى ئەلنىڭ بالىلىرىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئۈچىنچى ئەۋلادى پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتىگە كىرسە بولىدۇ.

## بارگاھنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش توغرىسىدا

[9] – سىلەر لەشكەر باشلاپ، ئۇرۇشقا چىققان ۋاقتىڭلاردا، ھەرقانداق ناپاك ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. [10] ئەگەر بىرسى كەچتە ئىھتىلام بولۇپ قېلىپ بۇلغانسا، ئۇ بارگاھنىڭ سىرتىغا كېتىپ تۇرسۇن. [11] ئەتىسى كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى بويىنى سۇغا سېلىپ، كۈن پاتقاندا بارگاھقا قايتسۇن. [12] بارگاھنىڭ سىرتىغا تەرەت قىلىش ئۈچۈن مۇقىم بىر يەرنى بېكىتىڭلار. [13] ھەممە ئادەمنىڭ جابدۇقلىرىنىڭ ئىچىدە بىردىن ئوتىغۇچ بولسۇن. چوڭ تەرەت قىلغاندا يەرنى كولاپ، تەرىتىنى كۆمۈۋەتسۇن. [14] چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بارگاھىڭلاردا سىلەر بىلەن بىرگىدۇر. ئۇ سىلەرنى قوغداپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرىدۇ. شۇڭا بارگاھىڭلار پاك بولسۇن. پەرۋەردىگار سىلەردىن ۋاز كېچىدىغان پەسكەش ئىشلارنى قىلماڭلار.

## باشقا ئىشلار توغرىسىدا

[15] – ئەگەر بىرەر قۇل باشقا ئەلدىن قېچىپ كېلىپ، سىلەردىن پاناھلىق تىلىسە، قېچىپ كەلگەن قۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەڭلار. [16] ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ تاللىغان شەھەردە سىلەر بىلەن بىرگە تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ناھەقچىلىك قىلماڭلار.

[17] ئىسرائىللاردىن بولغان ئەر ۋە ئاياللار بۇتخانىدا پاھىشىۋازلىق قىلمىسۇن. [18] پاھىشە ۋە بەچچىۋازلارنىڭ تاپقان كىرىمىنى ھەدىيە قىلىشقا قەسەم قىلغان نەرسە سۈپىتىدە پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئىبادەت جايىغا ئېلىپ كەلمەڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۇلاردىن يىرگىنىدۇ.

[19] سىلەر قېرىنداشلىرىڭلارغا قەرز بەرگەن پۇل، ئاشلىق ياكى باشقا ھەرقانداق نەرسىلەردىن ئۆسۈم ئالماڭلار. [20] سىلەر يات ئەللەردىن ئۆسۈم ئالساڭلار بولىدۇ، لېكىن ئىسرائىل قېرىنداشلىرىڭلاردىن ھەرگىز ئۆسۈم ئالماڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە مۇلۇك قىلىپ بېرىدىغان زېمىندا قىلغان بارلىق ئىشىڭلارغا بەرىكەت بېرىدۇ.

[21] ئەگەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا قەسەم قىلغان بولساڭلار، قەسىمىڭلارنى كېچىكتۈرمەي ئەمەلگە ئاشۇرۇڭلار. چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ قىلغان قەسىمىڭلاردا تۇرۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلىدۇ. تۇرمىساڭلار، گۇناھكار بولىسىلەر. [22] ئەگەر قەسەم قىلمىغان بولساڭلار، گۇناھكار بولمايسىلەر. [23] لېكىن ئۆزۈڭلار خالاپ قەسەم قىلغان بولساڭلار، جەزمەن قەسەمگە ۋاپا قىلىڭلار.

[24] ئىسرائىل قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۈزۈمزارلىقىغا كىرسەڭلار، ئۈزۈملەردىن خالىغانچە يېسەڭلار بولىدۇ. لېكىن ئۈزۈملەرنى سېۋەتلىرىڭلارغا سېلىپ، ئېلىپ چىقىپ كەتمەڭلار. [25] ئەگەر ئىسرائىل قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ بۇغدايلىقىغا كىرسەڭلار، ئۇلاردىن ئۈزۈپ، يېسەڭلار بولىدۇ، لېكىن ئورغاق بىلەن ئورۇۋالساڭلار بولمايدۇ.

## تالاق توغرىسىدا

24 [1] ـ ئەگەر بىر ئادەم توي قىلغاندىن كېيىن، ئايالىنىڭ بىرەر خاتالىقى سەۋەبىدىن ئۇنى تالاق قىلىپ، قولىغا تالاق خېتىنى يېزىپ بېرىپ، ئۆيىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن بولسا، [2] ئۇ ئايال يەنە توي قىلىشى مۇمكىن. [3] ناۋادا كېيىنكى ئېرىمۇ ئۇنى ياقتۇرماي، تالاق خېتى يېزىپ بېرىپ، ئۆيىدىن كەتكۈزۈۋەتسە، ياكى كېيىنكى ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، [4] ئۇنداقتا بۇرۇنقى ئېرى بۇ ئايالنى قايتا ئەمرىگە ئالمىسۇن، ئۇ ئايال بۇرۇنقى ئېرى ئۈچۈن

ناپاكتۇر. ناپاك ئايالنى ئەمرىگە ئېلىش قىلمىشىدىن پەرۋەردىگار يىرگىنىدۇ. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان بۇ زېمىننى بۇنداق گۇناھلىق ئىشلار بىلەن بۇلغىماڭلار.

## باشقا ئىشلار توغرىسىدا

[5] يېڭىدىن توي قىلغان ئەرلەر بىر يىلغىچە لەشكەر بولمىسۇن ياكى جامائەت ئىشلىرىنى قىلمىسۇن. ئۇلار بىر يىلغىچە ئۆيىدە قېلىپ، يېڭىدىن توي قىلغان ئايالى بىلەن خۇشال ياشىسۇن.
[6] قەرزدارنىڭ يارغۇنچاق تېشى قەرز ھېسابىدا گۆرۈگە ئېلىنمىسۇن. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ھاياتىنى گۆرۈگە ئالغانغا باراۋەردۇر.
[7] كىمكى ئىسرائىل قېرىندىشىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى قۇل بولۇشقا مەجبۇرلىسا، ياكى ئۇنى قۇل ئورنىدا ساتسا، ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولسۇن. شۇنداق قىلىپ، ئاراڭلاردىكى رەزىللىكنى يوقىتىڭلار.
[8] تېرە كېسىلىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالساڭلار، لاۋىيلاردىن بولغان روھانىيلارنىڭ بۇيرۇغىنىدەك قىلىڭلار. مەن لاۋىيلارغا يەتكۈزگەن تېرە كېسىلى توغرىسىدىكى ئەمرلەرگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار. [9] سىلەر مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ سەپەردە مەريەمنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ئەسلەڭلار.
[10] ئىسرائىل قېرىندىشىڭلارغا بىرنەرسە قەرز بەرگەن بولساڭلار، ئۆيىگە كىرىپ، بىر نەرسىلىرىنى گۆرۈ ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ كەتمەڭلار. [11] سىلەر تاشقىرىدا كۈتۈپ تۇرۇڭلار. قەرزدار گۆرۈگە قويىدىغان نەرسىسىنى ئېلىپ چىقىپ بېرىدۇ. [12] ئەگەر گۆرۈگە قويغۇچى نامرات بولۇپ، ئۆز تونىنى گۆرۈگە قويغان بولسا، تونىنى كەچ بولغاندا قايتۇرۇپ بېرىڭلار. [13] شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار. ئۇ تونىنى يېپىنىپ، ئۇيقۇسىنى ئۇخلىسۇن. ئۇ بۇ ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بەخت تىلەيدۇ. سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ نەزىرىدىكى ھەق ئىشلارنى قىلغان بولىسىلەر.
[14] نامرات، بىچارە مەدىكارلار مەيلى ئىسرائىللاردىن بولسۇن، مەيلى شەھىرىڭلاردا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان يات خەلقلەر

بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەققىنى يېمەڭلار. [15] ھەر كۈنى كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ شۇ كۈنلۈك ئىش ھەققىنى بېرىڭلار. چۈنكى ئۇلار نامرات بولۇپ، ھەر كۈنلۈك ئىش ھەققىگە تايىنىپ جان ساقلايدۇ. ئەگەر بەرمىسەڭلار، ئۇلار پەرۋەردىگارغا نالە قىلىدۇ، سىلەر گۇناھقا قالىسىلەر.

[16] بالىسىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىنى ئۆلتۈرۈشكە، ئاتا-ئانىسىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بالىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ھەركىم ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئۆلسۇن.

[17] يات خەلقلەر ۋە يېتىملەرگە ئادالەتسىزلىك قىلماڭلار. تۇل ئاياللارنىڭ كىيىملىرىنى گۆرۈگە ئالماڭلار. [18] ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر مىسىردا قۇل بولغان ۋاقتىڭلاردا، سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا قۇتقۇزغانىدى. شۇڭا مەن سىلەرنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن.

[19] ئېتىزىڭلاردا بۇغداي ئورغان ۋاقتىڭلاردا، بىر باغلام بۇغداينى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولساڭلار، قايتىپ بېرىپ ئالماڭلار. ئۇنى يېتىم، تۇل ئايال ۋە يات خەلقلەرگە قالدۇرۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ھەممە ئىشلىرىڭلارغا بەرىكەت بېرىدۇ. [20] زەيتۇن قاققان ۋاقتىڭلاردا پەقەت بىر قېتىم قېقىڭلار، قالغانلىرىنى يېتىم، تۇل ئايال، يات خەلقلەرگە قالدۇرۇڭلار. [21] ئۈزۈمۈڭلارنى بىر قېتىم ئۈزۈڭلار، قايتا ئۈزمەڭلار. ئۇلارنى يېتىم، تۇل ئايال، يات خەلقلەرگە قالدۇرۇڭلار. [22] ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەرمۇ مىسىردا قۇل بولغان، شۇڭا مەن سىلەرنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن.

25 [1] – ئەگەر تالاش-تارتىش يۈز بېرىپ، ھەر ئىككىلا تەرەپ سوتقا ئەرز قىلسا، سوتچى ھەق-ناھەقنى ئايرىپ، بىگۇناھ ئادەمنى ئاقلىسۇن، گۇناھكارنى جازالىسۇن. [2] ئەگەر گۇناھكارغا قامچىلاش جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك بولسا، سوتچى نەق مەيداندا گۇناھكارنى يەرگە ياتقۇزۇپ، گۇناھىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلسۇن. [3] ئەڭ كۆپ بولغاندا، قىرىق قامچا ئۇرۇلسۇن. ئەگەر قىرىق قامچىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۆزۈڭلارنىڭ قېرىندىشىنى ئوچۇق-ئاشكارا ھاقارەت قىلغان بولىسىلەر.

[4] خامان تېپىۋاتقان ئۆكۈزنىڭ ئاغزىنى بوغماڭلار.
[5] بىر ھويلىدا بىرگە ياشاۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ بىرى ۋاپات بولسا، لېكىن ئۇنىڭ ئوغلى بولمىسا، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى سىرتقا ياتلىق بولمىسۇن. قېرىنداشلىرى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ، ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ ئايالىنى ئەمرىگە ئالسۇن. [6] ئۆلگۈچىنىڭ نامى ئىسرائىللارنىڭ ئىچىدىن يوقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغۇل ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ھېسابلانسۇن. [7] ئەگەر بىرسى ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىنىڭ تۇل قالغان ئايالىنى ئەمرىگە ئېلىشقا ئۇنىمىسا، تۇل ئايال شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئاقساقاللارنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «يولدىشىمنىڭ قېرىندىشى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، مېنى ئەمرىگە ئېلىپ، قېرىندىشى ئۈچۈن نام قالدۇرۇشقا ئۇنىمىدى» دېسۇن. [8] ئاقساقاللار ئۆلگۈچىنىڭ قېرىندىشىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا تەربىيە قىلسۇن. ئەگەر ئۇ يەنىلا ئۇنىمىسا، [9] تۇل ئايال ئاقساقاللارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىر پاي ئايىغىنى سالدۇرۇۋالسۇن ۋە يۈزىگە تۈكۈرۈپ: «ئۆز قېرىندىشىنىڭ نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۇنىمىغان كىشى مۇشۇنداق ھاقارەتكە قالىدۇ» دەپ جاكارلىسۇن. [10] شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىسرائىللار ئارىسىدا «ئايىغى سالدۇرۇلغاننىڭ ئائىلىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

[11] ئەگەر ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرسىنىڭ ئايالى ئېرىگە ياردەملىشىپ، يەنە بىر ئادەمنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى تۇتۇۋالسا، [12] ئۇ ئايالنىڭ قولى كېسىلسۇن. ئۇنىڭغا رەھىم قىلىشقا بولمايدۇ.

[13] تىجارەت قىلغاندا، تېشى چوڭ، كىچىك بولغان ئىككى خىل تارازا ئىشلەتمەڭلار. [14] ئۆيۈڭلاردىمۇ ئۆلچىمى خاتا كەمچەن ئىشلەتمەڭلار. [15] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىندا ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭلار ئۈچۈن توغرا ۋە دەل تارازا ۋە ئۆلچىگۈچ ئىشلىتىڭلار. [16] چۈنكى مۇنداق ئىشلاردا ئالدامچىلىق قىلىدىغانلاردىن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا يىرگىنىدۇ.

## ئامالەكلەرنى يوقىتىش توغرىسىدىكى ئەمر

[17] ــ سىلەر مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، ئامالەكلەرنىڭ سەپەرلەردە سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئۇنتۇماڭلار. [18] ئۇلار سىلەرنىڭ ھېرىپ، ھالسىزلاردىن كەتكەن ۋاقتىڭلاردىن پايدىلىنىپ، سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارغا ھۇجۇم قىلدى، خۇدادىن قورقمىدى. [19] شۇڭا پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە مۇلۇك قىلىپ بېرىدىغان زېمىنغا سىلەرنى ئۆزى باشلاپ كىرىپ، چېگرايىڭلارنى ئامان قىلغاندىن كېيىن، ئامالەك خەلقىنى يوقىتىڭلار. ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىنمۇ ئۆچۈرۈۋېتىڭلار. بۇ ئىشسىڭلاردا بولسۇن.

## ھوسۇللاردىن بېرىلىدىغان ھەدىيەلەر

26 [1] ــ سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە مۇلۇك قىلىپ بېرىدىغان زېمىننى ئىگىلەپ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ بولغاندىن كېيىن، [2] تۇنجى ئالغان ھەر خىل ھوسۇلۇڭلاردىن سېۋەتكە سېلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن جايغا ئېلىپ بېرىڭلار [3] ۋە شۇ كۈندىكى نۆۋەتچى روھانىيغا: «بىز بۇگۈن پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا شۇنى ئېيتىمىزكى، پەرۋەردىگار ئەجدادلىرىمىزغا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان زېمىنغا كىرىپ بولدۇق» دەڭلار. [4] باش روھانىي قولۇڭلاردىكى سېۋەتنى ئېلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويسۇن. [5] سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا مۇنداق دەڭلار: «بىزنىڭ ئەجدادىمىز ئەسلىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئاراملاردىن ئىدى. ئۇ مىسىردا مۇساپىر بولۇپ ياشىغاندا، ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ سانى ئاز ئىدى. كېيىن بىزنىڭ سانىمىز كۆپىيىپ، ئۇلۇغ ۋە كۈچلۈك بىر خەلققە ئايلاندۇق. [6] كېيىن مىسىرلىقلار بىزگە ناچار مۇئامىلە قىلىپ، زۇلۇم سالدى ۋە بىزنى ئېغىر ئىشلارغا زورلىدى. [7] شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇداغا يالۋۇردۇق. ئۇ بىزنىڭ نالە-پەريادلىرىمىزنى ئاڭلىدى. قىيىنچىلىقىمىزنى، جاپالىرىمىزنى، ئېزىلگەنلىكىمىزنى كۆردى. [8] ئۇ ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك قولى بىلەن مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنى

كۆرسەتتى ۋە ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىپ، بىزنى مىسىردىن قۇتقۇزۇپ چىقتى. [9] ئۇ بىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ، سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىننى ئاتا قىلدى. [10] ئى پەرۋەردىگار، بىز ھازىر سەن بىزگە بەرگەن زېمىنىمىزدىن چىققان تۇنجى ھوسۇلىمىزنى ساڭا ھەدىيە قىلىمىز.» سىلەر بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، سېۋەتىڭلارنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا قويۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. [11] ئاندىن لاۋىيلار ۋە سىلەر بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان يات خەلقلەر بىلەن بىرگە پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلغان گۈزەل مەئىشەتلەردىن خۇشاللىنىپ شادلىنىڭلار.

[12] ھەر ئۈچىنچى يىلى ئوندىن بىر ئۆلۈشۈڭلارنى بېرىدىغان ۋاقتىڭلاردا، ھوسۇلۇڭلارنىڭ ئوندىن بىر ئۆلۈشىنى ئايرىپ، لاۋىيلارغا، يات خەلقلەرگە، يېتىملەرگە ۋە تۇل ئاياللارغا بېرىڭلار. ئۇلار سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا تويغۇچە يېسۇن. [13] ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، مۇنداق دەڭلار: «بىز سېنىڭ ئەمرلىرىڭ بويىچە ساڭا ئاتىغان ئۆلۈشىمىزنى ئائىلىمىزدىن ئېلىپ كېلىپ، لاۋىيلار، يات خەلقلەر، يېتىملەر ۋە تۇل ئاياللارغا تەقسىملەپ بەردۇق. بىز سېنىڭ ھەرقانداق ئەمرلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق ۋە ئۇلارغا خىلاپلىق قىلمىدۇق. [14] بىز بۇ مۇقەددەس نەرسىلەرنى ھازىدار ۋاقتىمىزدا يەپ باقمىدۇق، ناپاك ۋاقتىمىزدا تۇتۇپ باقمىدۇق، ئۆلۈكلەرگە ئاتاپ باقمىدۇق. بىز ساڭا ئىتائەت قىلدۇق. سېنىڭ ئەمر قىلغان بارلىق سۆزلىرىڭگە ئەمەل قىلدۇق. [15] ئى پەرۋەردىگار، ئەرشتىكى مۇقەددەس ماكانىڭدىن بىزگە نەزەر سېلىپ، ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىللارغا ۋە سەن ئاتا قىلغان بۇ زېمىنغا، يەنى سەن ئەجدادلىرىمىزغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان بۇ زېمىنغا بەخت ئاتا قىلغايسەن.»

## پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس خەلقى

[16] – پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بۈگۈن سىلەرگە: «بۇ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىڭلار» دەپ ئەمر قىلدى. شۇڭا سىلەر چوقۇم پۈتۈن قەلبىڭلار، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن تولۇق ئەمەل

قىلىڭلار. [17] سىلەر بۈگۈن: «پەرۋەردىگار بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر،
ئۇنىڭ يولىنى تۇتىمىز، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ قانۇن،
ئەمر ۋە بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىمىز» دەپ گۇۋاھلىق بەردىڭلار.
[18] پەرۋەردىگار بۈگۈن ئۆزىنىڭ ۋەدىسى بويىچە سىلەرنى «مېنىڭ
قىممەتلىك خەلقىم» دەپ ئېتىراپ قىلدى ۋە سىلەرنىڭ ئۇنىڭ
بارلىق ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىشىڭلارنى بۇيرۇدى. [19] ئۇ سىلەرنى
مەدھىيە، شۆھرەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ، ئۆزى ياراتقان
بارلىق خەلقلەردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى بەرگەن ۋەدىسى
بويىچە سىلەرنى ئۆزىگە ئاتالغان مۇقەددەس بىر خەلق قىلىدۇ.

## تاشقا پۈتۈلگەن قانۇن

27 [1] مۇسا ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن بىرگە تۇرۇپ،
خەلققە مۇنداق دېدى:
— مەن بۈگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن بارلىق ئەمرلەرگە ئەمەل
قىلىڭلار. [2] ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەرۋەردىگارىڭلار
خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىنغا كىرگەندىن كېيىن، چوڭ
تاشلاردىن بىرقانچە ئابىدە تىكلەپ، ئۇلارنى ھاكلاپ ئاقارتىڭلار.
[3] ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئەجدادلىرىڭلار ئېتىقاد قىلغان
پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان سۈت ۋە ھەسەل
ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىنغا كىرگەندىن كېيىن، ئاشۇ ئابىدە تاشلارغا
بۇ ئەمر-پەرمانلارنى پۈتۈپ چىقىڭلار. [4] ئىئوردان دەرياسىدىن
ئۆتكەندىن كېيىن، مەن بۈگۈن بۇيرۇغاندەك، بۇ ئاقارتىلغان
تاشلارنى ئېبال تېغىغا ئېلىپ بېرىپ تىكلەڭلار. [5] سىلەر شۇ يەردە
تاشلاردىن پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق سۇپىسى
ياساڭلار. تاشلارغا تۆمۈر ئەسۋاب تەگكۈزمەڭلار. [6] پەرۋەردىگارىڭلار
خۇداغا ئاتالغان بۇ قۇربانلىق سۇپىسى تاراشلانمىغان تاشلاردىن
ياساڭلار. ئۇنىڭ ئۈستىدە پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئاتاپ كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلارنى سۇنۇڭلار. [7] سىلەر يەنە ئامانلىق قۇربانلىقلىرىنىمۇ
سۇنۇڭلار. ئۇنى ئۇ يەردە يەڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا
شادلىنىڭلار. [8] بۇ ئەمر-پەرمانلارنى ئاشۇ ئابىدە تاشلارغا ئېنىق
قىلىپ پۈتۈپ چىقىڭلار.

9 مۇسا لاۋىيلاردىن بولغان روھانىيلار بىلەن بىرگە تۇرۇپ،
ئىسرائىللارغا مۇنداق دېدى:
— ئەي ئىسرائىللار، جىم تۇرۇڭلار، قۇلاق سېلىڭلار. سىلەر
بۈگۈن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ خەلقى بولدۇڭلار. 10 شۇڭا
پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ بۈگۈن مەن
ئارقىلىق سىلەرگە يەتكۈزگەن ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىڭلار.

## ئەھدىگە پۈتۈلگەن قارغىشلارنىڭ جاكارلىنىشى

11 ئۇ كۈنى مۇسا خەلققە مۇنداق بۇيرۇدى:
12 — ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شىمون، لاۋىي،
يەھۇدا، ئىسساكار، يۈسۈپ ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرى ئەھدىگە
پۈتۈلگەن بەختلەرنى تىلەش ئۈچۈن گېرىزىم تېغىدا تۇرسۇن.
13 رۇبېن، گاد، ئاشىر، زەبۇلۇن، دان ۋە نافتالى قەبىلىلىرى ئەھدىگە
پۈتۈلگەن قارغىشلارغا گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن ئېبال تېغىدا تۇرسۇن.
14 ئاندىن لاۋىيلار پۈتكۈل ئىسرائىللارغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن
مۇنداق دەپ جاكارلىسۇن:
15 «ئويما ۋە قۇيما بۇت ياساپ، مەخپىي جايغا تىكلىگەنلەر
قارغىشقا قالىدۇ! بۇتلارنى ھۈنەرۋەنلەر ياسايدۇ، بۇلاردىن
پەرۋەردىگار يىرگىنىدۇ!»

پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.
16 «ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەت قىلمىغانلار قارغىشقا قالىدۇ!»
پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.
17 «قوشنىلىرىنىڭ پاسىل تاشلىرىنى يۆتكىگەنلەر قارغىشقا
قالىدۇ!»
پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.
18 «ئەما ئادەمنى قەستەن خاتا يولغا باشلىغانلار قارغىشقا قالىدۇ!»
پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.
19 «يات خەلقلەرگە، يېتىملەرگە، تۇل ئاياللارغا ئادالەتسىز
مۇئامىلە قىلغانلار قارغىشقا قالىدۇ!»
پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.

20 «ئاتىسىنىڭ توقلى بىلەن زىنا قىلىپ، ئاتىسىغا ھاقارەت
قىلغانلار قارغىشقا قالىدۇ!»
پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.
21 «ھايۋان بىلەن زىنا قىلغانلار قارغىشقا قالىدۇ!»
پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.
22 «ئاچا-سىڭىللىرى ياكى ئۆگەي ئاچا-سىڭىللىرى بىلەن زىنا
قىلغانلار قارغىشقا قالىدۇ!»
پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.
23 «قېيىنئانىسى بىلەن زىنا قىلغانلار قارغىشقا قالىدۇ!»
پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.
24 «ئادەمنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەنلەر قارغىشقا قالىدۇ!»
پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.
25 «پارا ئېلىپ بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلەر قارغىشقا قالىدۇ!»
پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.
26 «بۇ ئەمر-پەرمانلارنى قوبۇل قىلغان، لېكىن ئىتائەت قىلمىغانلار
قارغىشقا قالىدۇ!»
پۈتۈن خەلق: «ئامىن!» دېسۇن.

## ئىتائەتمەنلىكنىڭ نەتىجىسى

28 1 – پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا تولۇق ئىتائەت قىلساڭلار
ۋە بۈگۈن مەن سىلەرگە يەتكۈزگەن ئۇنىڭ بارلىق
ئەمر-پەرمانلىرىغا كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلساڭلار، ئۇ سىلەرنى
ئالەمدىكى بارلىق خەلقلەردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. 2 پەرۋەردىگارىڭلار
خۇداغا ئىتائەت قىلساڭلار، بەرىكەت تاپىسىلەر ۋە بەرىكەت سىلەرگە
ھەمراھ بولىدۇ.
3 مەيلى سىلەر شەھەردە ياكى يېزىدا بولۇڭلار، بەختلىك بولىسىلەر.
4 باللىرىڭلار بەختلىك، ئېتىزىڭلار ھوسۇللۇق بولىدۇ. كالا،
قوي، ئۆچكە ۋە باشقا چارۋا ماللىرىڭلار كۆپ بولىدۇ.
5 سېۋەتلىرىڭلار ۋە خېمىر يۇغۇرىدىغان تەڭنىلىرىڭلار بەرىكەتلىك
بولىدۇ.
6 ئۆيدە بولساڭلارمۇ، يولدا بولساڭلارمۇ بەختلىك بولىسىلەر.

[7] پەرۋەردىگار سىلەرگە ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنلىرىڭلارنى كۆز ئالدىڭلاردا مەغلۇپ قىلىدۇ. دۈشمەنلىرىڭلار سىلەرگە بىر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان بولسا، ئۆزلىرى جانلىرىنى تەرەپ-تەرەپكە ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ.
[8] پەرۋەردىگار بارلىق ئىشلىرىڭلارغا بەرىكەت ئاتا قىلىپ، ئامبارلىرىڭلارنى ئاشلىققا تولدۇرىدۇ. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلغان زېمىندا سىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.
[9] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ يولىنى تۇتساڭلار، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەدىسى بويىچە سىلەرنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس خەلقى قىلىدۇ. [10] يەر يۈزىدىكى بارلىق خەلقلەر سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارغا مەنسۇپ بولغان خەلق ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىدۇ ھەم سىلەردىن قورقىدۇ.
[11] پەرۋەردىگار ئەجدادلىرىڭلارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىندا سىلەرنى روناق تاپقۇزىدۇ. ئۆيۈڭلارنى بالىلارغا، قوتىنىڭلارنى چارۋا ماللارغا تولدۇرىدۇ، ئېتىزىڭلارنى ھوسۇللۇق قىلىدۇ. [12] پەرۋەردىگار سىلەر ئۈچۈن ئەرشتىكى خەزىنىسىنى ئېچىپ، ئۆز ۋاقتىدا يامغۇر ياغدۇرىدۇ، ھەممە ئىشىڭلار بەرىكەتلىك بولىدۇ. سىلەر باشقا نۇرغۇن ئەللەرگە قەرز بېرىسىلەركى، ئۇلاردىن قەرز ئالمايسىلەر.
[13] مەن بۈگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلساڭلار، ئۇ سىلەرنى قۇيرۇق ئەمەس، بەلكى باش قىلىدۇ، ئورنۇڭلار پەگاھتا ئەمەس، بەلكى تۆردە بولىدۇ. [14] مەن بۈگۈن يەتكۈزگەن ئەمرلەردىن چەتنەپ كەتمەڭلار، باشقا ئىلاھلارنى ئىزدىمەڭلار ۋە ئۇلارغا چوقۇنماڭلار.

## ئىتائەتسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتى

[15] — پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىتائەت قىلمىساڭلار ۋە ئۇنىڭ مەن بۈگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن بارلىق ئەمر-پەرمانلىرىغا كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلمىساڭلار، تۆۋەندىكى قارغىشلارنىڭ ھەممىسى بېشىڭلارغا چۈشىدۇ.
[16] مەيلى شەھەردە ياكى يېزىدا بولۇڭلار، ئۇخشاشلا قارغىشقا قالىسىلەر.

[17] سېۋەتلىرىڭلار ۋە خېمىر يۇغۇرىدىغان تەڭنىلىرىڭلار قارغىشقا قالىدۇ.
[18] پەرزەنتلىرىڭلار، ئېتىزلىرىڭلار، چارۋا ماللىرىڭلار قارغىشقا قالىدۇ.
[19] ئۆيدە بولساڭلارمۇ، يولدا بولساڭلارمۇ قارغىشقا قالىسىلەر.
[20] پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈپ، رەزىللىك قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، پەرۋەردىگارنىڭ قارغىشىغا قالىسىلەر، پاراكەندە بولىسىلەر، ھەممە ئىشىڭلار ئوڭۇشسىز بولۇپ، ئاخىرى تۇيۇقسىز خاراب بولىسىلەر.
[21] ئۇ سىلەرنى ۋاباغا مۇپتىلا قىلىدۇ ۋە ۋابا سىلەر ئىگىلىگەن زېمىندا سىلەر ۋەيران بولغۇچە داۋام قىلىدۇ.
[22] تاكى سىلەر ھالاك بولغۇچە، پەرۋەردىگار سىلەرنى قىزىتما، ياللۇغ ۋە ساقايماس كېسەللەرگە گىرىپتار قىلىدۇ ۋە ئىسسىق شامال ۋە قۇرغاقچىلىق ئەۋەتىپ، زىرائەتلىرىڭلارنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ ياكى سېستىۋېتىدۇ.
[23] ئۇ يامغۇر ياغدۇرماي، ئاسماننى تۇچتەك، يەرنى تۆمۈردەك قاتتىق قىلىدۇ.
[24] سىلەر تاكى ۋەيران بولغۇچە ئاسماندىن يامغۇر ئورنىغا چاڭ-توزان ياغدۇرىدۇ.
[25] ئۇ سىلەرنى دۈشمىنىڭلارنىڭ كۆز ئالدىدا مەغلۇپ قىلىدۇ. سىلەر دۈشمىنىڭلارغا بىر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان بولساڭلار، جېنىڭلارنى تەرەپ-تەرەپكە ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولىسىلەر. تەقدىرىڭلاردىن ئالەمدىكى بارلىق ئەللەر چۆچۈيدۇ. [26] جەسەتلىرىڭلار قاغا-قۇزغۇنلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا يەم بولىدۇ. قاغا-قۇزغۇنلارنى قوغلىغۇدەك ئادەم بولمايدۇ.
[27] پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارنىڭ تېنىنى يىرىڭلىق چاقىلارغا گىرىپتار قىلغاندەك، سىلەرنىمۇ يىرىڭلىق چاقا ۋە ئۆسمىگە گىرىپتار قىلىدۇ، تېنىڭلار قوتۇر بولىدۇ. بۇ كېسەللەرگە داۋا تاپالمايسىلەر.
[28] ئۇ سىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ساراڭ قىلىدۇ، كۆزۈڭلارنى كور قىلىدۇ.
[29] خۇددى قارىغۇ ئادەم يول تاپالماي، تەمتىلەپ يۈرگەندەك، سىلەرمۇ كۈپكۈندۈزدە تەمتىلەپ يۈرىسىلەر. يوللىرىڭلار راۋان

بولمايدۇ، داۋاملىق باشقىلارنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرايسىلەر. ھېچكىم سىلەرنى قۇتقۇزمايدۇ.
[30] تويى قىلىشقا پۈتۈشكەن قىزىڭلارنى باشقىلار ئىگىلىۋالىدۇ. ئۆي سالساڭلار، ئۆيۈڭلاردا ياشىيالمايسىلەر. ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلساڭلار، ئۈزۈمۈڭلارنى ئۆزۈڭلار يېيىشكە نېسىپ بولمايدۇ.
[31] كالاڭلارنىڭ سويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، گۆشىنى يېيەلمەيسىلەر. ئېشەكلىرىڭلار تارتىۋېلىنىپ، قايتۇرۇلمايدۇ. قويلىرىڭلار بۇلانسىمۇ، سىلەرگە ھېچكىم ياردەم قىلمايدۇ.
[32] ئوغۇل-قىزلىرىڭلار يات ئەل تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىسىلەر، لېكىن قۇتقۇزۇشقا ئامالىڭلار بولمايدۇ.
[33] سىلەر تونۇمايدىغان بىر ئەل ئېتىزىڭلاردىن چىققان ھوسۇلۇڭلارنى، ئەمگەك قىلىپ ئېرىشكىنىڭلارنى يەپ تۈگىتىدۇ. سىلەر ھەمىشە ئېزىلىسىلەر، بوزەك قىلىنىسىلەر. [34] بېشىڭلارغا كەلگەن كۈلپەتتىن ساراڭ بولىسىلەر. [35] پەرۋەردىگار ئىككى پۇتۇڭلارنى، ئاندىن بېشىڭلاردىن پۇتۇڭلارغىچە پۈتۈن تېنىڭلارنى ساقايماس يېرىڭلىق چاقىغا تولدۇرىدۇ.
[36] پەرۋەردىگار سىلەرنى ۋە پادىشاھىڭلارنى سىلەر ۋە ئەجدادىڭلار نامىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئەلگە سۈرگۈن قىلىدۇ. سىلەر ئۇ يەردە ياغاچ، تاش بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر.
[37] سىلەر سۈرگۈن قىلىنغان بارلىق ئەللەردە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە ئىزا-ئاھانەت ۋە كۈلكىگە قالىسىلەر.
[38] كۆپ ئۇرۇق چاچساڭلارمۇ ئاز ھوسۇل ئالىسىلەر، چۈنكى زىرائىتىڭلارنى چېكەتكىلەر يەپ كېتىدۇ.
[39] ئۈزۈم تىكىپ، ئۈزۈملۈك بەرپا قىلساڭلارمۇ، ئۈزۈم يېيەلمەيسىلەر، شاراب ئىچەلمەيسىلەر. چۈنكى ئۈزۈمۈڭلارنى قۇرتلار يەپ كېتىدۇ.
[40] پۈتۈن زېمىنىڭلاردا زەيتۇن دەرىخى ئۆسسىمۇ، تېنىڭلارغا زەيتۇن يېغى سۈرتەلمەيسىلەر. چۈنكى زەيتۇنۇڭلار پىشماي تۇرۇپ، تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

[41] ئوغۇل-قىزلىرىڭلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ يېنىڭلاردا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەسىرگە ئېلىنىپ، سۈرگۈن قىلىنىدۇ.
[42] دەرەخلىرىڭلارنى، يېرىڭلاردىن چىققان زىرائەتلىرىڭلارنى چېكەتكىلەر يەپ كېتىدۇ.
[43] ئاراڭلاردا ياشايدىغان يات خەلقلەر كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىدۇ، سىلەر كۈندىن-كۈنگە خارابلىشىسىلەر. [44] ئۇلار سىلەرگە قەرز بېرىدۇ، سىلەر ئۇلارغا قەرز بېرەلمەيسىلەر. ئۇلار باش، سىلەر قۇيرۇق بولىسىلەر.
[45] پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىتائەت قىلمىساڭلار ۋە ئۇ ئەمر قىلغان قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلمىساڭلار، مۇشۇ قارغىشلارنىڭ ھەممىسى بېشىڭلارغا چۈشىدۇ. بۇ قارغىشلار تاكى سىلەر ۋەيران بولغۇچە سىلەرگە ياندىشىدۇ. [46] بۇ قارغىشلاردا تىلغا ئېلىنغان بالايىئاپەتلەر سىلەر ۋە ئەۋلادلىرىڭلارغا مەڭگۈ ئاگاھلاندۇرۇش بولىدۇ. [47] چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ھەر جەھەتتىن بەرىكەت ئاتا قىلسىمۇ، لېكىن سىلەر ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن خۇشال ھالدا ئىبادەت قىلمىدىڭلار. [48] شۇ سەۋەبتىن سىلەر بارلىق نەرسەڭلاردىن ئايرىلىپ، ئاچ، يالىڭاچ ۋە چاڭقىغان ھالدا پەرۋەردىگار سىلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قۇلى بولىسىلەر. دۈشمەن تۆمۈر بويۇنتۇرۇقنى تاكى سىلەر ھالاك بولغۇچە بوينۇڭلارغا سالىدۇ.
[49] پەرۋەردىگار بىر ئەلنى ناھايىتى يىراقتىن ئاتلاندۇرىدۇ. ئۇلار خۇددى بۈركۈتتەك شۇڭغۇپ كېلىپ، سىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ تىلىنى چۈشەنمەيسىلەر. [50] ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. چوڭلارغا ھۆرمەت قىلمايدۇ، كىچىكلەرگە ئىچ ئاغرىتمايدۇ. [51] ئۇلار تاكى سىلەر ۋەيران بولغۇچە چارۋا ماللىرىڭلارنى ۋە ئېتىزىڭلاردىن ئالغان ھوسۇللىرىڭلارنى يەيدۇ. سىلەرگە يا ئاشلىق، يا شاراب، يا زەيتۇن يېغى، يا قوزا ياكى موزايلارنى قالدۇرمايدۇ، سىلەر ھالاك بولىسىلەر. [52] ئۇلار بارلىق شەھەرلىرىڭلارنى قورشىۋالىدۇ. سىلەرنىڭ تايىنىدىغان ئېگىز، مۇستەھكەم سېپىللىرىڭلار ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئۇلار

پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلغان پۈتۈن زېمىنىڭلاردىكى شەھەرلەرنى قورشاۋغا ئالىدۇ.

[53] سىلەر دۈشمەنىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىڭلاردا، ئۆزۈڭلارنىڭ بالىلىرىنى، يەنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلغان ئوغۇل-قىزلىرىڭلارنى يەيسىلەر. [54-55] دۈشمەنىنىڭ قورشاۋىدا قالغان شەھەرلىرىڭلاردا ئاچلىقنىڭ دەردىدىن ئاراڭلاردىكى ئەڭ مۇلايىم ۋە دىيانەتلىك ھېسابلىنىدىغان ئەرلەرمۇ بالىلىرىنى ئۆزى يالغۇز يەيدۇ. قېرىنداشلىرىغا، ھەتتا سۆيۈملۈك ئايالى ياكى باشقا پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بېرىشنىمۇ خالىمايدۇ. [56-57] دۈشمەنىنىڭ قورشاۋىدا قالغان شەھەرلەردە ئاچلىقنىڭ دەردىدىن ئاراڭلاردىكى ئەڭ مۇلايىم، ئەڭ نازۇك ھېسابلىنىدىغان، ھەتتا يەرگە ئاۋايلاپ دەسسەيدىغان ئاياللارمۇ ئۆزى تۇغقان بوۋاقلىرى ۋە ھەمراھىنى سۆيۈملۈك ئېرى ۋە بالىلىرىغا بۆلۈپ بەرمەي، ئۆزى يالغۇز يەيدۇ.

[58] مۇشۇ يازمىغا پۈتۈلگەن ھەممە قانۇنغا كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ بۈيۈك ۋە ھەيۋەتلىك نامىغا ھۆرمەت قىلىڭلار، [59] بولمىسا ئۇ سىلەرنى ۋە ئەۋلادلىرىڭلارنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېغىر ئاپەتلەر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك ئېغىر كېسەللەرگە دۇچار قىلىدۇ. [60] مىسىرلىقلار مۇپتىلا بولغان قورقۇنچلۇق كېسەللەرگە سىلەرنىمۇ مۇپتىلا قىلىپ، مەڭگۈ ساقايتمايدۇ. [61] تاكى سىلەر ۋەيران بولغۇچە، سىلەرنى بۇ قانۇندا خاتىرىلەنمىگەن باشقا ھەر خىل كېسەللەر ۋە ئاپەتلەرگىمۇ دۇچار قىلىدۇ. [62] ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىتائەت قىلمىساڭلار، سانىڭلار ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىن كۆپ بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ناھايىتى ئاز قالىسىلەر. [63] سىلەرگە بەخت ئاتا قىلىپ، سىلەرنى گۈللەندۈرگەنلىكىدىن خۇشاللانغان پەرۋەردىگار يەنە سىلەرنى ھالاك قىلىپ، يوقاتقانلىقىدىن ئوخشاشلا خۇشاللىنىدۇ. سىلەر ئىگىلىگەن زېمىنىڭلاردىن تۈپ يىلتىزىڭلاردىن قومۇرۇپ تاشلىنىسىلەر.

[64] پەرۋەردىگار سىلەرنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى يات خەلقلەرنىڭ ئارىسىغا چېچىۋېتىدۇ. سىلەر ئۇ يەردە ئەجدادلىرىڭلارمۇ نامىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ياغاچ، تاش بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر. [65] سىلەرگە بۇ خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا يا خاتىرجەملىك، يا پۇت

تىققۇدەك يەر بولمايدۇ. پەرۋەردىگار سىلەرنى غەم-قايغۇ، ئۈمىدسىزلىك ۋە مەيۈسلۈككە پاتۇرىدۇ. [66] تەشۋىشتە قالىسىلەر، كېچە-كۈندۈز ۋەھىمە ئىچىدە ياشايسىلەر، ھايات-ماماتىڭلارنى بىلىشىڭلار قىيىن بولىدۇ. [67] دەھشەتلىك ئىشلارنى كۆرۈپ، قەلبىڭلار قورقۇنچقا تولىدۇ، كۈندۈزى كېچىنىڭ كېلىشىنى، كېچىدە تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتىسىلەر. [68] پەرۋەردىگار سىلەرگە: «مىسىرغا ھەرگىز قايتىپ كەتمەيسىلەر» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا سىلەرنى كېمە بىلەن مىسىرغا قايتۇرىدۇ. سىلەر ئۇ يەردە ئۆزۈڭلارنى دۈشمىنىڭلارغا قۇللۇققا ساتماقچى بولساڭلارمۇ، لېكىن ھېچكىم سىلەرنى ئالمايدۇ.

29 [1] پەرۋەردىگار سىناي تېغىدا ئىسرائىللار بىلەن ئەھدە تۈزگەندىن باشقا، موئابتىمۇ ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزدى. يۇقىرىدىكىلەر پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرىنىڭ، يەنى ئىسرائىللار بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنىڭ مەزمۇنىدۇر.

## ئەھدىنىڭ قايتا ئەسلەپ ئۆتۈلۈشى

[2] مۇسا پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- سىلەر مىسىردا پەرۋەردىگارنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرى ھەمدە پۈتۈن خەلقىگە قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. [3] سىلەر ئۇنىڭ ئېغىر ئاپەتلەرنى قانداق پەيدا قىلىپ، قانداق بۈيۈك مۆجىزە-كارامەتلەرنى ياراتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. [4] لېكىن پەرۋەردىگار تاكى بۈگۈنگىچە سىلەرگە چۈشىنەلەيدىغان قەلب، كۆرەلەيدىغان كۆز، ئېنىق ئاڭلىيالايدىغان قۇلاق بەرمىدى. [5] قىرىق يىلدىن بېرى مەن سىلەرنى چۆلدە باشلاپ يۈرۈۋاتىمەن، كىيىمىڭلار يىرتىلىپ، ئايىغىڭلار تېشىلىپ باقمىدى. [6] بۇ جەرياندا نان يەپ باقمىغان، شاراب ياكى مەي ئىچىپ باقمىغان بولساڭلارمۇ، ئەمما پەرۋەردىگار ئېھتىياجىڭلارنى قامداپ كەلدى. بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنىڭ سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئىدى. [7] بىز بۇ يەرگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا، خەشبون پادىشاھى سىخون، باشان پادىشاھى ئوگ بىزگە ھۇجۇم قىلدى، بىز ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق.

[8] ئىگىلىگەن زېمىنلارنى رۇبېن، گاد ھەمدە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ يېرىمىغا مۈلۈك قىلىپ بەردۇق. [9] شۇڭا سىلەر بۇ ئەھدىدىكى سۆزلەرگە ئەمەل قىلساڭلار، بارلىق ئىشىڭلار راۋان بولىدۇ.

[10] ھەممىڭلار بۈگۈن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇۋپسىلەر. ئاراڭلاردا قەبىلە باشلىقلىرى، ئاقساقاللار، باشقۇرغۇچىلار، باشقا بارلىق ئىسرائىل ئەرلىرى، [11] بالىلار، ئاياللار ۋە ئوتۇنۇڭلارنى يېرىپ، سۈيۈڭلارنى توشۇپ، سىلەر بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان يات خەلقلەرمۇ بار. [12] بۈگۈن سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرۇۋپسىلەر. پەرۋەردىگار بۇ ئەھدىنى ئۆز قەسىمى بىلەن مۆھۈرلەيدۇ. [13] ئەھدىنى قوبۇل قىلساڭلار، پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ سىلەرگە ۋە ئەجدادلىرىڭلار ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارغا قىلغان ۋەدىسىگە بىنائەن بۈگۈن سىلەرنى ئۆز خەلقى قىلىپ، سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىدۇ. [14] پەرۋەردىگار بىز بىلەن قەسەم قىلىپ تۈزگەن بۇ ئەھدە پەقەت بىز بىلەنلا تۈزۈلگەن ئەھدە بولماستىن، [15] بەلكى بۈگۈن پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرغان بىز ۋە بىزنىڭ تېخى تۇغۇلمىغان ئەۋلادلىرىمىز بىلەنمۇ تۈزگەن ئەھدىدۇر.

[16] سىلەر بىزنىڭ مىسىردا قانداق ياشىغانلىقىمىزنى، باشقا ئەللەردىن ئۆتۈپ، بۇ يەرگە قانداق كەلگەنلىكىمىزنى بىلىسىلەر. [17] ئۇلارنىڭ ياغاچ، تاش، ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان يىرگىنچلىك بۇتلىرىنى كۆردۈڭلار. [18] ھوشيار بولۇڭلار، ئاراڭلاردىكى مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، مەيلى جەمەت ياكى قەبىلە بولسۇن، ھېچقايسىسى پەرۋەردىگارىمىز خۇدادىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇنمىسۇن! ئاراڭلاردا زەھەرلىك ۋە قىرتاق مېۋىلەرنى بېرىدىغان يىلتىز ئۆسمىسۇن! [19] ئاراڭلاردىن ھېچكىممۇ بۇ ئەھدىگە پۈتۈلگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەنە پەرۋا قىلماي ئىچىدە: «مەن ئۆزۈم خالىغان يول بىلەن كېتىۋەرسەممۇ، ماڭا ھېچنېمە بولمايدۇ» دەپ ئويلىمىسۇن. ئۇ ياخشىلارغىمۇ ھەم يامانلارغىمۇ كۈلپەت كەلتۈرىدۇ. [20] پەرۋەردىگار بۇنداق ئادەمنى كەچۈرمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قاتتىق قەھر-غەزىپىنى ياغدۇرىدۇ. بۇ يازمىدا پۈتۈلگەن بارلىق قارغىشلار ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدۇ، ئۇنىڭ

نامىنى دۇنيادىن يوقىتىدۇ. 21 پەرۋەردىگار ئۇنى پۈتۈن ئىسرائىل
قەبىلىلىرى ئارىسىدىن سىقىپ چىقىرىپ، بۇ قانۇن يازمىسىغا
پۈتۈلگەن ئەھدىدىكى بارلىق قارغىشلار بىلەن جازالايدۇ.
22 كېيىنكى ئەۋلادىڭلار ۋە يىراقتىن كەلگەن يات خەلقلەر
پەرۋەردىگارنىڭ بۇ زېمىنغا چۈشۈرگەن بالايىئاپەت ۋە كېسەللىكلىرىنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. 23 پۈتۈن زېمىن كۆيۈپ، تۇپراقلىرىنى
گۈڭگۈرت ۋە تۇز قاپلاپ كېتىدۇ. ھېچكىم تېرىقچىلىق قىلالمايدۇ،
سالغان ئۇرۇقى بىخلىمايدۇ، يەردىن ھېچنېمە ئۈنمەيدۇ. بۇ زېمىن
پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق غەزىپى بىلەن ۋەيران بولغان سودوم، گومورا،
ئادماھ ۋە زىبوييم شەھەرلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. 24 دۇنيادىكى
ئەللەر: «پەرۋەردىگار بۇ زېمىنغا نېمىشقا بۇنداق قىلغاندۇ؟ نېمىشقا
شۇنچە ئاچچىقلانغاندۇ؟» دەپ سورىسا، 25 باشقىلار جاۋاب بېرىپ:
«چۈنكى بۇ زېمىندىكى خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئېتىقاد
قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدا بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىدىن يۈز
ئۆرۈپتۇ. بۇ ئەھدىنى پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى مىسىردىن
ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن تۈزگەنىكەن. 26 ئەمدى
ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بۇ خەلق ئۆزلىرى بىلمەيدىغان ۋە
پەرۋەردىگارى ئۇلارنىڭ چوقۇنۇشىنى چەكلىگەن باشقا ئىلاھلارغا
چوقۇنۇپ، ئۇلارغا سەجدە قىلىپتۇ. 27 شۇڭا پەرۋەردىگارى بۇ زېمىنغا
غەزەپلىنىپ، ئەھدىسىگە پۈتۈلگەن بارلىق قارغىشلارنى بۇ زېمىنغا
چۈشۈرۈپتۇ. 28 خۇددى سىلەر بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك،
ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى دەرغەزەپكە كېلىپ، ئۇلارنى بۇ يەردىن
يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئېلىپ، باشقا يەرلەرگە تاشلاپتۇ» دەيدۇ.
29 سىرلار پەرۋەردىگارىمىز خۇداغىلا خاستۇر. لېكىن سىر
ئەمەسلىرى، يەنى بۇ قانۇن بىزگە ۋە ئەۋلادلىرىمىزغا مەڭگۈ
تەۋەدۇر. بىز بۇ قانۇنغا پۈتۈلگەن بارلىق ئەمر-پەرمانلارغا ئەمەل
قىلىشىمىز كېرەك.

## ساداقەتمەنلىك بىلەن ئەھدىگە ئىتائەت قىلىش

30 1 - مەن سىلەرگە دېگەن بارلىق بەخت ۋە قارغىشلار
بېشىڭلارغا كەلگەندە، سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى

سۈرگۈن قىلىنغان ئاشۇ ئەللەردە تۇرۇپ، ئاشۇ ئەھدىنى ئېسىڭلارغا ئېلىڭلار. [2] ئۇ چاغدا سىلەر ۋە ئەۋلادلىرىڭلار پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ يولىغا قايتىپ، مەن بۈگۈن يەتكۈزگەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈن قەلبىڭلار ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن ئەمەل قىلساڭلار، [3] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ، سىلەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ سىلەرنى ئۆزى سۈرگۈن قىلغان بارلىق ئەللەردىن قايتۇرۇپ كېلىدۇ. [4] سىلەر دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن بولساڭلارمۇ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى شۇ يەرلەردىن قايتۇرۇپ كېلىدۇ. [5] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ زېمىنىغا ئېلىپ كىرىدۇ. سىلەر ئۇ زېمىنغا ئىگە بولىسىلەر. پەرۋەردىگار سىلەرنى ئەجدادلىرىڭلاردىنمۇ بەكرەك روناق تاپقۇزۇپ، سانىڭلارنى كۆپەيتىدۇ. [6] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ قەلبلىرىنى پاكلايدۇ. شۇندىلا سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى پۈتۈن قەلبىڭلار، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن سۆيىسىلەر ۋە ھايات قالىسىلەر. [7] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بارلىق قارغىشلارنى سىلەرنى ئۆچ كۆرىدىغانلار ھەم سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغان دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرىدۇ. [8] سىلەر قايتىدىن پەرۋەردىگارغا ئىتائەتمەن بولىسىلەر، ئۇنىڭ بۈگۈن مەن تارقىلىق يەتكۈزگەن بارلىق ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىسىلەر. [9-10] ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىتائەت قىلساڭلار ۋە بۇ قانۇنغا پۈتۈلگەن بارلىق ئەمر-پەرمانلارغا ئەمەل قىلساڭلار، پۈتۈن قەلبىڭلار ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلەنسەڭلار، ئۇ بارلىق ئىشىڭلارنى روناق تاپقۇزۇپ، ئۆيۈڭلارنى بالىلارغا، قوتىنىڭلارنى چارۋا ماللارغا تولدۇرىدۇ ۋە ئېتىزىڭلاردىن ئالغان ھوسۇلۇڭلارنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ. ئۇ ئەجدادلىرىڭلارنى روناق تاپقۇزغىنىدەك، سىلەرنىمۇ روناق تاپقۇزسا خۇشال بولىدۇ.

[11] مەن بۈگۈن سىلەرگە يەتكۈزگەن ئەمر سىلەر ئەمەل قىلالمىغۇدەك قىيىن ئەمەستۇر ياكى سىلەر تاپالمىغۇدەك يىراقتىمۇ ئەمەستۇر. [12] بىزنىڭ ئەمەل قىلىشىمىز ئۈچۈن كىم ئاسمانغا چىقىپ، ئۇنى ئېلىپ چۈشۈپ، بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ دېگۈدەك، ئۇ ئاسماندىمۇ ئەمەستۇر. [13] بىزنىڭ ئەمەل قىلىشىمىز ئۈچۈن كىم دېڭىزدىن

ئۆتۈپ، ئېلىپ كېلىپ، بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ دېگۈدەك، ئۇ دېڭىزنىڭ قارشى قىرغىقىدىمۇ ئەمەستۇر. [14] ئەكسىچە، بۇ ئەمر سىلەرگە ئىنتايىن يېقىندۇر، ئۇ تىلىڭلار ۋە دىلىڭلاردىدۇر. ئۇنىڭغا ئاسانلا ئەمەل قىلالايسىلەر. [15] مەن بۈگۈن ھايات-مامات، بەخت-سائادەت ۋە بالايىئاپەتنى ئالدىڭلارغا قويدۇم. [16] مەن بۈگۈن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى سۆيۈشۈڭلارنى، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىشىڭلارنى، ئۇنىڭ قانۇن، ئەمر ۋە بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن. شۇنداق قىلساڭلار، ھايات قالىسىلەر، سانىڭلار كۆپىيىدۇ. سىلەر ئىگىلىگەن زېمىندا پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. [17] ئەگەر سىلەر سۆزۈمگە قۇلاق سالماي، پەرۋەردىگارنىڭ يولىدىن چەتنەپ، باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ، سەجدە قىلساڭلار، [18] مەن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، سىلەر چوقۇم ھالاك بولىسىلەر. سىلەر ئىگىلىمەكچى بولغان ئىئوردان دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى زېمىندا ئۇزاق ياشىيالمايسىلەر. [19] بۈگۈن مەن ئاسمان-زېمىننى گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ، ھايات ياكى ماماتنى، بەخت ياكى قارغىشنى ئالدىڭلارغا قويدۇم. ھاياتلىقنى تاللاڭلار، شۇندىلا سىلەرمۇ ۋە ئەۋلادلىرىڭلارمۇ ھايات قالىدۇ. [20] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى سۆيۈڭلار، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا سادىق بولۇڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردۇر. پەرۋەردىگار ئەجدادلىرىڭلار بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارغا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان زېمىندا ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىدۇ.

## يوشۇۋانىڭ مۇسانىڭ ئورنىغا يېتەكچى بولۇشى

31
[1] مۇسا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە مۇنداق دېدى:

[2] — مەن ھازىر 120 ياشقا كىردىم. ئەمدى سىلەرگە باشلامچىلىق قىلالمايمەن. پەرۋەردىگار ماڭا: «سەن ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتمە» دېگەنىدى. [3] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۆزى سىلەرنى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇ يەردىكى يات ئەللەرنى كۆز ئالدىڭلاردا يوقىتىدۇ ۋە سىلەرنى ئۇ زېمىنغا ئىگە قىلىدۇ. پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىدەك،

يوشۇۋا سىلەرنىڭ يېتەكچىڭلار بولىدۇ. [4] پەرۋەردىگار خۇددى ئامورلارنىڭ پادىشاھلىرى سىخون بىلەن ئوگنى يوقاتقىنىدەك، ئۇ يەردىكى ئەللەرنىمۇ يوقىتىدۇ. [5] پەرۋەردىگار ئۇلارنى قولۇڭلارغا تاپشۇرغاندا، سىلەر ئۇلارنى مەن يەتكۈزگەن ئەمر بويىچە بىر تەرەپ قىلىڭلار. [6] سىلەر قەيسەر ۋە جاسارەتلىك بولۇڭلار، ئۇلاردىن قورقۇپ، تىترىمەڭلار، خۇدا سىلەرگە ياردۇر. ئۇ سىلەردىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، ھەمدە سىلەرنى تاشلىمايدۇ.

[7] مۇسا يوشۇۋانى چاقىرىپ كېلىپ، پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «قەيسەر ۋە جاسارەتلىك بول، چۈنكى سەن ئىسرائىللارنى پەرۋەردىگار ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان زېمىنغا باشلاپ كىرىسەن. ئۇلار سەن ئارقىلىق بۇ زېمىنغا ئىگە بولىدۇ. [8] پەرۋەردىگار سېنى باشلايدۇ، ساڭا يار بولىدۇ. ئۇ سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ ھەمدە سېنى تاشلىمايدۇ. قورقما ۋە بوشىشىپ قالما!»

[9] مۇسا بۇ قانۇننى پۈتۈپ، ئۇنى ئىسرائىللارنىڭ بارلىق ئاقساقاللىرى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرىدىغان لاۋىيلاردىن بولغان روھانىيلارغا بەردى. [10] مۇسا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

– قەرز كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ھەر يەتتىنچى يىلدىكى كەپە تىكىش ھېيتىدا [11] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بەلگىلەپ بەرگەن جايغا كېلىپ، ئىبادەت قىلغان ۋاقتىڭلاردا، خەلققە بۇ قانۇننى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىڭلار. [12] ئەر-ئاياللار، باللار ۋە يۇرتۇڭلاردىكى يات خەلقلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا بۇ قانۇننى ئاڭلىتىڭلار. ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىخلاس قىلىشنى، بۇ قانۇندىكى بارلىق ئەمرلەرگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىشنى ئۆگەنسۇن. [13] شۇنداق قىلساڭلار، بۇ قانۇننى تېخى ئاڭلىمىغان باللارنىڭ ئاڭلىشىغا پۇرسەت بولىدۇ. ئۇلار مەيلى ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىدىكى سىلەر ئىگىلىگەن زېمىنلاردا قانچە يىل ياشىسۇن، پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىخلاس قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا بەرگەن ئاخىرقى كۆرسەتمىسى

[14] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
- سېنىڭ ئالەمدىن ئۆتىدىغان ۋاقتىڭ يېقىنلىشىپ قالدى. يوشۇۋانى چاقىرىپ، ئۇچرىشىش چېدىرىغا بىللە كېلىڭلار. مەن ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇراي.
مۇسا بىلەن يوشۇۋا ئۇچرىشىش چېدىرىغا كەلدى. [15] شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئۈستىدە بۇلۇت تۈۋرۈكىنىڭ ئىچىدە زاھىر بولدى. [16] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:
- سېنىڭ ئالەمدىن ئۆتىدىغان ۋاقتىڭ يېقىنلىشىپ قالدى. بۇ خەلق ئۇ زېمىنغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى يات خەلقلەرنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇپ، خۇددى پاھىشىلەردەك ساداقەتسىزلىك قىلىدۇ. ئۇلار مېنى تاشلاپ، مەن بىلەن تۈزگەن ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىدۇ. [17] ئۇ چاغدا مەن ئۇلارغا غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى تاشلايمەن، ئۇلاردىن دىدارىمنى يوشۇرىمەن. ئۇلار ھالاك بولىدۇ، نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرگە ئۇچرايدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار: «خۇدا بىزگە يار بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بالا-قازالار بېشىمىزغا چۈشكەنمىدۇ؟» دېيىشىدۇ. [18] ئۇلار رەزىللىك قىلىپ، باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇلاردىن چوقۇم دىدارىمنى يوشۇرىمەن. [19] سەن ھازىر بىر مۇناجات يازغىن، ئاندىن ئۇنى ئىسرائىل خەلقىگە ئۆگەتكىن ۋە ئۇلار ئۇنى ئېيتسۇن. بۇ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىمگە گۇۋاھ بولىدۇ. [20] مەن ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا بۇ زېمىننى ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغانمەن. مەن ئۇلارنى سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىنغا باشلاپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇ يەردە قورساقلىرىنى تويدۇرۇپ، راھەت ياشايدۇ. ئاندىن ئۇلار مەندىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنىدۇ. مېنى تاشلاپ، مەن بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ. [21] نۇرغۇن بالايىئاپەتلەر ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەندە، بۇ مۇناجات ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىمگە گۇۋاھ بولىدۇ. بۇ مۇناجات ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇنتۇلمايدۇ. گەرچە مەن ئۇلارنى ئەجدادلىرىغا ئاتا

قىلىشقا ۋەدە قىلغان زېمىنغا تېخى باشلاپ كىرمىگەن بولساممۇ، ئۇلارنىڭ ئوي-خىياللىرىنى بىلىمەن.
[22] شۇ كۈنى مۇسا بۇ مۇناجاتنى يېزىپ، ئىسرائىللارغا ئۆگەتتى.
[23] پەرۋەردىگار نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋاغا مۇنداق دەپ ئەمر قىلدى:
— قەيسەر ۋە جاسارەتلىك بولغىن، سەن ئىسرائىللارنى مەن ئۇلارغا ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان زېمىنغا باشلاپ بارىسەن، مەن ساڭا يار بولىمەن.
[24] مۇسا بۇ قانۇننىڭ پۈتۈن ئەمرلىرىنى پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، [25] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرىدىغان لاۋىيلارغا مۇنداق دەپ بۇيرۇدى:
[26] — بۇ قانۇن پۈتۈلگەن يازمىنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ يېنىغا قويۇڭلار. ئۇ خۇدانىڭ سىلەرنى ئەيىبلىگەنلىكىگە گۇۋاھ بولسۇن. [27] سىلەرنىڭ ئاسىي ۋە جاھىل ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىمەن. سىلەر مەن ھايات ۋاقتىمدا پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈگەن تۇرساڭلار، مەن ئۆلگەندىن كېيىن نېمە ئىش بولماقچىدى؟ [28] ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى، باشقۇرغۇچىلارنى ئالدىمغا چاقىرىپ كېلىڭلار، مەن بۇ سۆزلەرنى ئۇلارغىمۇ دەي. بۇنىڭغا ئاسمان-زېمىن گۇۋاھ بولسۇن. [29] بىلىمەنكى، مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاپتىن چىقىسىلەر ۋە مەن بۇيرۇغان يولدىن ئازىسىلەر. كەلگۈسىدە پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىسىلەر ۋە قىلغان قىلمىشىڭلار ئارقىلىق ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىسىلەر، بالايىئاپەت بېشىڭلارغا كېلىدۇ.
[30] ئاندىن مۇسا تۆۋەندىكى مۇناجاتنى پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە ئوقۇپ بەردى.

## مۇسانىڭ مۇناجاتى

32 [1] ئەي ئەرشئەلا، قۇلاق سال ماڭا،
ئەي زېمىن، سۆزۈمنى ئاڭلا.
[2] يۇمران چۆپنى ھۆل قىلغان،
بېدىلەرنى سۇغارغان

يامغۇر كەبى تۆكۈلسۇن تەلىملىرىم،
شەبنەم كەبى چۈشسۇن سۆزلىرىم.
3 مەن پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى جاكارلايمەن،
سىلەر خۇدايىمىزنىڭ بۈيۈكلۈكىنى مەدھىيىلەڭلار.
4 ئۇ قورام تاشتۇر،
ئۇنىڭ ياراتقانلىرى مۇكەممەلدۇر،
قىلغانلىرى توغرىدۇر.
ئۇ يامانلىق قىلمايدۇ، ساداقەتلىكتۇر،
ئادىل ۋە دۇرۇستۇر.

5 لېكىن سىلەر ساداقەتسىزلىك قىلدىڭلار ئۇنىڭغا،
ئەيىبلىكسىلەر، مۇناسىپ ئەمەسسىلەر ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇشقا.
سىلەر چىرىك ۋە رەزىل ئەۋلادتۇرسىلەر.
6 ئەي بىلىمسىز، نادانلار،
مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرامسىلەر پەرۋەردىگارغا؟
ئۇ سىلەرنى ياراتقان ئاتاڭلارغۇ؟
سىلەرنى بىر خەلق قىلدىغۇ؟
7 ئەسلەپ بېقىڭلار ئۆتمۈشۈڭلارنى،
سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭلار تارىخىڭلارنى.
سوراڭلار ئاتاڭلاردىن،
سۈرۈشتۈرسەڭلار ئاقساقاللاردىن،
جاۋاب بېرىدۇ ئۇلار.
8 ئۇلۇغ خۇدا ئەللەرگە بەرگەندە زېمىنلارنى،
ئايرىغاندا ئىنسانلارنى،
ئىسرائىللارنىڭ سانى بويىچە
بەلگىلىدى ئەللەرنىڭ چېگرالىرىنى.
9 لېكىن ئىسرائىل خەلقى پەرۋەردىگارغا تەۋەدۇر،
ياقۇپ ئۇنىڭ مۈلكىدۇر.

10 قاقاس چۆللۈكتىن، ياۋايى ھايۋانلار ھۇۋلاپ تۇرىدىغان دالادىن
پەرۋەردىگار تاپتى ئىسرائىللارنى.
باقتى ئۇلارنى، قوغدىدى ئۇلارنى
خۇددى قوغدىغاندەك كۆز قارىچۇقنى.
11 پەرۋەردىگار ئۇۋىسنى قوغداۋاتقان بۈركۈتكە ئوخشايدۇ،
ئۇ ھەر زامان باللىرىنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىدۇ.
ئۆز خەلقى يىقىلاي دېگەندە،
ئۇ قانىتىنى كېرىپ يۆلەشكە تەييار تۇرىدۇ.
12 پەرۋەردىگار ئۆزى يالغۇز خەلقىنى باشلاپ ماڭغاندا،
يات ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرى يوق ئىدى يېنىدا.
13 ئۇلارنى ئېگىزلىكتىكى يۇرتقا ھاكىم قىلدى،
ئېتىزلىرىنىڭ ھوسۇلىنى يېگۈزدى.
تېتىتتى قىيا تاشتىكى بالنىڭ تەمىنى،
تاشلىق يەردىكى زەيتۇن يېغىنى.
14 سۈزمە، قوي سۈتى ئىچكۈزدى.
يېگۈزدى سېمىز پاقلان،
باشاننىڭ قوي، ئۆچكىلىرىنى
ۋە ئەڭ ئېسىل بۇغدايلارنى.
ئىچكۈزدى ئۈزۈم شارابىنى.

15 لېكىن ئىسرائىللار يەپ-ئىچىپ تويۇپ،
سەمرىگەندىن كېيىن ئاسىيلىق قىلدى.
ئۇلارنى ياراتقان خۇدادىن يۈز ئۆرۈدى
ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزغان قورام تاشنى كۆزگە ئىلمىدى.
16 يات خەلقلەرنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇپ، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.
يىرگىنچلىك بۇتلارغا سېغىنىپ، ئۇنى غەزەپلەندۈردى.
17 ئۇلار خۇداغا ئەمەس، جىنلارغا قۇربانلىق قىلدى.
ئۇلار بۇرۇن بىلمىگەن، كېيىن ئاڭلىغان،
ئەجدادلىرى چوقۇنمىغان ئىلاھلارغا چوقۇندى.

18 ئۇلار تەرك ئەتتى ئۆزلىرىگە ھاياتلىق بەرگەن خۇدانى،
ئۇنتۇدى ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاشۇ قورام تاشنى.

19 كۆرۈپ پەرۋەردىگار بۇ رەزىللىكنى
غەزىپى تېشىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تاشلىدى.
20 پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:
«بۇ چىرىك خەلق، ۋاپاسىز ئەۋلاد بىلەن كارىم يوق!
قېنى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىكىن، كۆرۈپ
باقاي.
21 ئۇلار ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ، غەزىپىمنى قوزغىدى.
ئەرزىمەس بۇتلار بىلەن ئاچچىقىمنى كەلتۈردى.
ئۆز خەلقىم بولمىغان باشقا خەلق ئارقىلىق
ئۇلارنىڭ ھەسىتىنى،
ئۇلار ئەقىلسىز دەپ قارايدىغان خەلق ئارقىلىق
ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغايمەن.
22 غەزىپىم ئوتتەك يانماقتا،
ئۆرتەپ تۆگىتەر پۈتۈن جاھاننى.
تۇتىشىپ بۇ ئوت گۆرنىڭ تېگىگىچە
يالماپ يۇتىدۇ تاغلارنى يىلتىزلىرىغىچە.

23 ئۇلارنىڭ بېشىغا داۋاملىق بالا كەلتۈرىمەن،
ئوقلىرىمنى ئۇلارغا تۈگىگۈچە ئاتىمەن.
24 ئۇلار ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىدۇ.
كېسەللىك ۋە ۋابا ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ،
يىرتقۇچ ھايۋانلارنى، زەھەرلىك يىلانلارنى ئۇلارغا
ئەۋەتىمەن.
25 سىرتنى قىر-چاپ، ئۆي ئىچىنى قورقۇنچ قاپلايدۇ.
ئوغۇل، قىز، بوۋاق، قېرىلارمۇ ھالاك بولىدۇ.
26 مەن ئۇلارنى يوقىتاتتىم،
ئۇلارنى ئالەم ئۇنتۇپ كېتەتتى.
27 لېكىن دۈشمەنلەرنىڭ چۈشەنمەي، مازاق قىلىپ:

‹ئىسرائىللارنى پەرۋەردىگار ئەمەس،
بەلكى بىز مەغلۇپ قىلدۇق› دېيىشىنى خالىمىدىم.

28 ئىسرائىللار ئەقىلسىز، ئىدراكسىز خەلقتۇر.
29 ئەگەر ئۇلاردا ئەقىل بولسا ئىدى، ھەممىنى چۈشەنگەن،
ئاقىۋىتىنى بىلگەن بولار ئىدى.
30 ئەگەر ئۇلارنىڭ قورام تېشى سېتىۋەتمىگەن،
يەنى پەرۋەردىگار ئۇلارنى تاشلىۋەتمىگەن بولسا،
بىر ئادەم قانداقمۇ مىڭلىغان ئادەمنى،
ئىككى ئادەم قانداقمۇ تۈمەنلىگەن ئادەمنى
چېكىندۈرەلىسۇن؟
31 دۈشمەنلىرىمىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ قورام تېشىنىڭ
بىزنىڭ قورام تېشىمىزغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ
قىلىدۇ.
32 دۈشمەنلىرىمىز سودوملۇقلارنىڭ نەسلىگە ئوخشايدۇ،
ئۇلار گومورادا ئۆسكەن ئۈزۈم تېلىغا ئوخشايدۇ.
ئۈزۈمىنىڭ دانلىرى قىرتاق، ساپاقلىرى زەھەردۇر.
33 ئۈزۈمىنىڭ شارابلىرى يىلان،
يەنى زەھەرلىك يىلاننىڭ ئەجەللىك زەھىرىگە ئوخشايدۇ.

34 مەن ئىسرائىللارنىڭ دۈشمەنلىرىگە نېمە قىلماقچى
بولغانلىقىمنى دىلىمدا ساقلايمەن.
ۋاقتى كەلگەندە مەن ئۇلارنى جازالايمەن.
35 ئىنتىقام ئالغۇچى مەندۇرمەن، مەن چوقۇم ئىنتىقام
ئالىمەن.
ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار يىقىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ ھالاك بولىدىغان كۈنى ئاز قالدى،
ئۇلارنىڭ قىسمىتى تېزلا يېتىپ كېلىدۇ.»

36 پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزىدۇ،
ئۇ ئۆز خىزمەتكارلىرىنىڭ كۈچىنىڭ قالمىغانلىقىنى،

ئۇلار مەيلى قېرى، مەيلى ياش بولسۇن، ئاز قالغانلىقىنى
كۆرۈپ،
ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ.
37 پەرۋەردىگار ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: «ئىلاھلىرىڭلار نەدە؟
سىلەر پاناھلىنىدىغان ‹قورام تېشىڭلار› قەيەردە؟
38 سىلەر ئۇ ئىلاھلىرىڭلارغا قۇربانلىق ياغلارنى سۇندۇڭلار،
شاراب ھەدىيە قىلدىڭلار.
ئۇنداقتا، ئۇ ئىلاھلىرىڭلار كېلىپ، سىلەرگە ياردەم قىلسۇن
ۋە سىلەرنى قوغدىسۇن!

39 بىلىشىڭلار كېرەككى، مەن بىردىنبىر خۇدادۇرمەن.
مەندىن باشقا ھېچقانداق خۇدا يوقتۇر.
ھايات-مامات مېنىڭ ئىلكىمدىدۇر.
زەخىملىنىشمۇ، ساقىيىشمۇ مەندىندۇر.
ھېچكىم مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.
40 مەن قولۇمنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ،
مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
41 مەن پارقىراق قىلىچىمنى بىلەپ ئىتتىكلىتىمەن،
ئۇنىڭ بىلەن ئادالەت ئورنىتىمەن.
مەن دۈشمىنىمدىن قىساس ئالىمەن،
ماڭا نەپرەتلەنگەنلەرنىڭ نەپرىتىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرىمەن.
42 ئوقلىرىمنى ئۇلارنىڭ قېنى بىلەن مەست قىلىمەن.
قىلىچىمنى ئۇلارنىڭ گۆشلىرى بىلەن تويدۇرىمەن.
ئەسىرلەرنىڭمۇ قېنىنى تۆكىمەن،
يېتەكچىلىرىنىڭمۇ باشلىرىنى ئالىمەن.»

43 ئەي ئەللەر، خۇدانىڭ خەلقى بىلەن بىرلىكتە شادلىنىڭلار،
چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۈچۈن
قىساس ئالىدۇ.
ئۇ دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىپ، زېمىنىنى ۋە خەلقىنى
گۇناھتىن پاكلايدۇ.

[44] مۇسا ۋە نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا بۇ مۇناجاتنى جامائەتكە ئوقۇپ بەردى. [45] ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇسا پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە مۇنداق دېدى:

[46] ـ مېنىڭ بۈگۈن ئېيتقان بارلىق ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار. بۇ قانۇندىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىشنى پەرزەنتلىرىڭلارغا بۇيرۇڭلار. [47] بۇ سۆزلەر مۇنداقلا دەپ قويغان ئەرزىمەس سۆزلەر بولماستىن، بەلكى ھاياتىڭلاردۇر. بۇلارغا ئەتائەت قىلساڭلار، ئىئوردان دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى سىلەر ئىگىلىگەن زېمىندا ئۇزۇن ياشالايسىلەر.

## مۇسانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى توغرىسىدا

[48] شۇ كۈنى پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

[49] ـ ئېرىخا شەھىرىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى، يەنى موئابنىڭ ئابارىم تاغلىرىدىكى نىبو تېغىغا چىققىن. ئۇ يەردىن مەن ئىسرائىللارغا مۈلۈك قىلىپ بەرمەكچى بولغان كەنئان زېمىنىغا نەزەر سالغىن. [50] ئاكاڭ ھارۇن ھور تېغىدا ئالەمدىن ئۆتكەندەك، سەنمۇ ئۆزۈڭ چىققان نىبو تېغىدا ئالەمدىن ئۆتىسەن. [51] ھارۇن ئىككىڭلار زىن چۆلىدىكى كادېشتا، يەنى مىرىبا سۈيىدە ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئالدىدا ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، مېنىڭ مۇقەددەسلىكىمگە ھۆرمەت قىلمىدىڭلار. [52] شۇڭا سەن ئىسرائىللارغا ئاتا قىلىدىغان زېمىننى يىراقتىنلا كۆرىسەن، لېكىن ئۇ يەرگە كىرەلمەيسەن.

## مۇسانىڭ ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە بەخت تىلىشى

33 [1] بۇ خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى مۇسانىڭ دۇنيادىن كېتىش ئالدىدا ئىسرائىللارغا بەخت تىلەپ قىلغان دۇئاسىدۇر.
[2] مۇسا مۇنداق دۇئا قىلدى:

«پەرۋەردىگار سىناي تېغىدىن،
سەئىر زېمىنىدىن بىزگە زاھىر بولدى،
پاران تېغىدىن نۇر چاچتى،
ئۇ تۈمەنلىگەن مۇقەددەس پەرىشتىلەر ئارىسىدا ئىدى،

ئوك قولىدىن ئوت چاچتى.
3 پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى سۆيىدۇ،
ئۇ ئۆزىگە بېغىشلانغانلارنى قوغدايدۇ.
ئۇلار ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ،
ئۇنىڭدىن تەلىم ئالىدۇ.
4 مەن سىلەرگە خۇدانىڭ قانۇنىنى يەتكۈزدۈم،
بۇ قانۇن ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ مۈلكىدۇر.
5 ئىسرائىل قەبىلىلىرى يىغىلغاندا،
ئىسرائىللارنىڭ يېتەكچىلىرى توپلانغاندا،
پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى بولدى.»

6 مۇسا رۇبېن قەبىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دۇئا قىلدى:
«رۇبېن قەبىلىسى ياشىسۇن، يوقالمىسۇن،
لېكىن ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولىدۇ».

7 مۇسا يەھۇدا قەبىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دۇئا قىلدى:
«ئى پەرۋەردىگار، قۇلاق سالغايسەن يەھۇدانىڭ
ئىلتىجاسىغا.
ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلگەيسەن خەلقىمىزنىڭ ئارىسىغا،
ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆزلىرىنى قوغدايدۇ.
ياردەم بەرگەيسەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى
تۇرۇشىغا».

8 مۇسا لاۋىي قەبىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دۇئا قىلدى:
«ئى پەرۋەردىگار، ئۆتتۈنەي، ‹تۇممىم› ۋە ‹ئۇرىم›نى
بەرگەنسەن ساداقەتمەن لاۋىيلارغا.
ئۇلارنى سىنىدىڭ ماسساھتا،
ئۇلار بىلەن جېدەللەشتىڭ مەرىبا سۈيىدە.
9 ئۇلارنىڭ ساڭا بولغان ساداقىتى ئېشىپ چۈشەر
ئاتا-ئانا، قېرىنداش ۋە پەرزەنتلىرىگە بولغان ساداقىتىدىن.
ئەمەل قىلدى ئۇلار ئەمرلىرىڭگە،

چىڭ تۇرۇپ كەلدى سېنىڭ ئەھدەڭدە.
10 ئۇلار سېنىڭ ئەمر، قانۇنلىرىڭنى
يەتكۈزىدۇ ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا، يەنى ئىسرائىللارغا.
خۇش پۇراق ئىسرىقلارنى ئالدىڭغا قويىدۇ،
قۇربانلىق سۇپاڭدا قۇربانلىق مالنى پۈتۈن كۆيدۈرىدۇ.
11 ئى پەرۋەردىگار، كۈچ ئاتا قىلغىن ئۇلارغا،
قوبۇل قىلغىن خىزمەتلىرىنى،
سۇندۇرغىن دۈشمەنلىرىنىڭ بېلىنى،
قايتىدىن باش كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويغىن رەقىبلىرىنى.»

12 مۇسا بىنيامىن قەبىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دۇئا قىلدى:
«پەرۋەردىگارنىڭ ياخشى كۆرگەن قەبىلىسى
پەرۋەردىگارنىڭ قۇچىقىدا بىخەتەردۇر،
پەرۋەردىگار كۈنبويى قوغدايدۇ ئۇلارنى.»

13 مۇسا يۈسۈپ قەبىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دۇئا قىلدى:
«پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ زېمىنىغا بەخت ئاتا قىلسۇن.
ئۇلار ئاسماندىن چۈشكەن شەبنەم،
يەر ئاستىدىن چىققان بۇلاق سۇلىرى بىلەن
بەرىكەتلەنسۇن.
14 ئاپتاپتا پىشقان مېۋىلىرى مول بولسۇن،
ئۇلار ئايمۇئاي مول ھوسۇل ئالسۇن.
15 قەدىمىي تاغلاردىن، مەڭگۈلۈك ئېدىرلىقلاردىن
ئالغان ھوسۇللىرى ئەڭ ئېسىل بولسۇن.
16 كۆيۈۋاتقان چاتقاللىقتا چاقىرغان پەرۋەردىگار
ئۇلارغا مول ئىلتىپات كۆرسىتىپ،
پۈتۈن زېمىنىنى ئېسىل نېمەتلىرى بىلەن تولدۇرسۇن.
بۇ بەخت-سائادەت يۈسۈپنىڭ بېشىغا،
يەنى قېرىنداشلىرىدىن تاللانغىنىغا قونسۇن.
17 يۈسۈپ تۇنجى تۇغۇلغان بۇقىدەك،
ياۋايى بۇقىنىڭ مۈڭگۈزىدەك ھەيۋەتلىكتۇر.

ئۇ يات ئەللەرنى مۈڭگۈزى بىلەن ئۇسۇپ،
تاكى زېمىننىڭ چېتىگىچە سۈرىدۇ.
ئەفرايىمنىڭ تۈمەنلىگەن لەشكەرلىرى
ۋە ماناسسەنىڭ مىڭلىغان جەڭچىلىرى ئۇنىڭ
مۈڭگۈزىدۇر.»

[18] مۇسا زەبۇلۇن ۋە ئىسساكار قەبىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دۇئا قىلدى:
«زەبۇلۇنلار سىرتقا چىققاندا خۇرسەن بولسۇن،
ئىسساكارلار چېدىرلىرىدا تۇرغاندا شادلانسۇن.
[19] ئۇلار خەلقنى تاغقا چىقىشقا چاقىرىپ،
ئۇ يەردە دۇرۇس بولغان قۇربانلىقلارنى قىلىدۇ.
ئۇلار دېڭىزدىن بايلىق، قۇملۇقتىن گۆھەر ئالىدۇ.»

[20] مۇسا گاد قەبىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دۇئا قىلدى:
«گادلارنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتكەن خۇدا مەدھىيەلەنسۇن!
گادلار ماراپ ياتقان شىرغا ئوخشايدۇ،
ئولجىسىنىڭ بىلىكىنى ۋە بېشىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ.
[21] ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى زېمىننى تاللىدى.
باشلىقنىڭ نېسىۋىسى ئۇلارغا قالدۇرۇپ قويۇلدى.
ئىسرائىل ئاقساقاللىرى جەم بولغاندا،
گادلار پەرۋەردىگارنىڭ ئادالىتىنى ئىجرا قىلدى،
ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلدى.»

[22] مۇسا دان قەبىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دۇئا قىلدى:
«دان قەبىلىسى شىرغا ئوخشاش باشاندىن سەكرەپ
چىقىدۇ.»

[23] مۇسا نافتالى قەبىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دۇئا قىلدى:
«ئەي نافتالىلار، سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتىگە نائىل
بولۇپ،

ئۇ بەرگەن بەختكە تولسىلەر،
غەرب ۋە جەنۇبتىكى زېمىنلارغا ئىگە بولسىلەر.»

24 مۇسا ئاشىر قەبىلىسى توغرىسىدا مۇنداق دۇئا قىلدى:
«ئاشىرلار جامائەتنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ بەختلىكىدۇر،
ئۇلار قېرىنداشلىرىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ،
پۇتلىرى زەيتۇن يېغى بىلەن يۇيۇلىدۇ.
25 شەھەر دەرۋازىسىنىڭ بالداقلىرى تۆمۈر ۋە تۇچ بولىدۇ.
ئۇلار مەڭگۈ كۈچ-قۇدرەتكە تولۇپ ئۆتىدۇ.»

26 «ئەي ئىسرائىللار، خۇداغا ئوخشايدىغان بىرمۇ زات يوقتۇر،
ئۇ بۇلۇتلارنى مىنىپ، سىلەرگە ياردەمگە كېلىدۇ،
ئاسماندا ھەيۋىسىنى نامايان قىلىدۇ.
27 ئەزەلدىن بار بولغان خۇدا سىلەرنىڭ باشپاناھىڭلاردۇر،
ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك بىلىكى سىلەرنىڭ يۆلەنچۈكۈڭلاردۇر.
ئۇ كۆز ئالدىڭلاردا دۈشمىنىڭلارنى قوغلاپ،
ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ.
28 ئىسرائىللار بىخەتەر بولىدۇ،
ياقۇپ ئەۋلادلىرى خاتىرجەملىكتە ياشايدۇ.
زېمىنىدا ئاشلىق ۋە شاراب مول بولىدۇ،
ئاسماندىن چۈشكەن شەبنەم زېمىنىنى سۇغىرىدۇ.
29 ئەي ئىسرائىللار، سىلەر نېمىدېگەن بەختلىك-ھە!
قايسى خەلق سىلەرگە ئوخشايدۇ؟
سىلەر پەرۋەردىگار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلدۇڭلار،
ئۇ سىلەرنىڭ قالقىنىڭلار ۋە ياردەمچىڭلاردۇر،
سىلەرنىڭ شان-شەرەپلىك قىلىچىڭلاردۇر،
دۈشمىنىڭلار قورقۇپ، سىلەرگە تىز پۈكىدۇ،
سىلەر ئۇلارنىڭ دۆڭلىرىنى دەسسەيسىلەر.»

## مۇسانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

34 [1] مۇسا موئاب تۈزلەڭلىكىدىكى نىبو تېغىغا كېلىپ، ئېرىخانىڭ قارشى تەرىپىدىكى پىسگاھ چوققىسىغا چىقتى. شۇ يەردە پەرۋەردىگار مۇساغا گىلئادتىن تاكى دانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن زېمىننى، [2] پۈتۈن نافتالى، ئەفرايىم، ماناسسە زېمىنلىرىنى، ئوتتۇرا دېڭىزغىچە سوزۇلغان پۈتۈن يەھۇدا زېمىنلىرىنى، [3] نەگېب چۆللۈكىنى، ئىئوردان دەرياسىنىڭ ۋادىسى، يەنى خورمىزارلىق شەھەر ئېرىخانىڭ تۈزلەڭلىكىدىن زوئارغىچە بولغان بارلىق يەرلەرنى كۆرسەتتى. [4] پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى:

— مانا بۇلار مەن ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپلارغا: «بۇ زېمىننى ئەۋلادلىرىڭلارغا ئاتا قىلىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان زېمىنلاردۇر. ھازىر بۇ زېمىنلارنى ساڭا كۆرسەتتىم، لېكىن سەن دەريادىن ئۆتۈپ، ئۇ زېمىنغا كىرمەيسەن.

[5] خۇددى پەرۋەردىگار ئېيتقاندەك، پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى بولغان مۇسا موئابتا ۋاپات بولدى. [6] پەرۋەردىگار ئۇنى موئابتىكى بەيت-پېئورنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بىر جىلغىغا دەپنە قىلدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ نەدىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. [7] مۇسا ۋاپات بولغان ۋاقتىدا 120 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخى خىرەلەشمىگەن، تېنى مادارىدىن قالمىغانىدى. [8] ئىسرائىللار موئاب تۈزلەڭلىكىدە مۇساغا ئاتاپ ئوتتۇز كۈن قارىلىق تۇتتى. مۇساغا ئاتالغان ھازا كۈنلىرى شۇنىڭ بىلەن تامام بولدى.

[9] مۇسا ھايات ۋاقتىدا، نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋانىڭ بېشىغا قوللىرىنى قويۇپ، ئۇنى يېتەكچى قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. خۇدا يوشۇۋاغا ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغانىدى. شۇڭا ئىسرائىللار ئۇنىڭغا بويسۇندى ۋە ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا ئەمر قىلغىنى بويىچە ئىش قىلدى. [10] شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىللار ئىچىدىن پەرۋەردىگار يۈزمۇيۈز سۆزلەشكەن مۇسادەك بىرمۇ پەيغەمبەر چىقىپ باقمىدى. [11] ھېچكىم مۇساغا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن مىسىرغا قايتىپ بېرىپ، پۈتۈن زېمىندا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئالدىدا

مۆجىزە-كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ باقمىدى. [12] پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئالدىدا ھېچكىم مۇساغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئاجايىپ كارامىتىنى نامايان قىلىپ باقمىدى.

# يوشۇۋا


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |

# يوشۇۋا

## پەرۋەردىگارنىڭ يوشۇۋاغا كەنئاننى ئىگىلەشنى بۇيرۇشى

1
1 پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن
كېيىن، پەرۋەردىگار نۇننىڭ ئوغلى، يەنى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ
ياردەمچىسى يوشۇۋاغا مۇنداق دېدى:
2 − مېنىڭ خىزمەتكارىم مۇسا ۋاپات بولدى. ئەمدى سەن بارلىق
ئىسرائىل خەلقىنى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى مەن
ئۇلارغا ئاتا قىلماقچى بولغان زېمىنغا ئېلىپ بېرىشقا تەييارلانغىن.
3 مەن مۇساغا قىلغان ۋەدەم بويىچە، سىلەرنىڭ ئايىغىڭلار تەگكەنلا
زېمىننى سىلەرگە بېرىمەن. 4 سىلەرنىڭ زېمىنىڭلار جەنۇبىي
تەرەپتىكى چۆللۈكتىن باشلىنىپ شىمال تەرەپتىكى لىۋان تاغلىرىغىچە،
كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئۇلۇغ فىرات دەرياسىدىن باشلىنىپ پۈتكۈل
خىتلارنىڭ زېمىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئوتتۇرا
دېڭىزغىچە كېڭىيىدۇ. 5 سەن ھايات ۋاقتىڭدا ھېچكىم ساڭا قارشى
چىقالمايدۇ. مەن مۇساغا قانداق يار بولغان بولسام، ساڭىمۇ
شۇنداق يار بولىمەن. مەن سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن ھەمدە
سېنى تاشلىمايمەن.
6 سەن قەيسەر ۋە جاسارەتلىك بول! چۈنكى سەن ئۆز خەلقىڭنى
مەن ئەجدادلىرىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىنغا ئىگىدارچىلىق
قىلىشقا ئېلىپ بارىسەن. 7 سەن ئىنتايىن قەيسەر ۋە جاسارەتلىك
بول! خىزمەتكارىم مۇسا ساڭا ئۆگەتكەن پۈتكۈل قانۇنلىرىمغا
كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭدىن تېيىپ كەتمىسەڭلا،
نەگىلا بارساڭ، ھەممە ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. 8 قانۇنلىرىم

ئاغزىڭدىن چۈشمىسۇن، كېچە-كۈندۈز قانۇنلىرىم ئۈستىدە چوڭقۇر
ئويلىنىپ، ئۇنىڭدا يېزىلغانلارغا كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلغىن.
شۇنداق قىلساڭ، بارلىق ئىشلىرىڭ يۈرۈشۈپ، ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.
[9] مەن ساڭا: «قەيسەر ۋە جاسارەتلىك بول، قورقما ھەم بوشىشىپ
قالما» دەپ بۇيرۇغان ئەمەسمىدىم! چۈنكى سەن قەيەرگە بارساڭ،
مەن پەرۋەردىگارىڭ، يەنى سەن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ساڭا
يار بولىمەن.
[10] شۇنىڭ بىلەن يوشۇۋا خەلقنىڭ يېتەكچىلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ:
[11] – سىلەر ھەرقايسى قارارگاھلارنى ئارىلاپ، خەلققە:
«ئوزۇق-تۈلۈكلىرىڭلارنى تەييارلاپ قويۇڭلار. ئۈچ كۈندىن كېيىن
پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بىزگە مۈلۈك قىلىپ بەرمەكچى بولغان زېمىنغا
ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتىمىز» دەپ
ئۇقتۇرۇش قىلىڭلار، – دېدى.
[12] يوشۇۋا يەنە رۇبېن، گاد قەبىلىلىرى ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ
شەرقىي يېرىمىغا مۇنداق دېدى:
[13] – سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ھايات
ۋاقتىدا سىلەرگە نېمىنى بۇيرۇغانلىقىنى بىلىسىلەر. مۇسا پەيغەمبەر
مۇنداق دېگەنىدى: «پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئىئوردان دەرياسىنىڭ
شەرق قىرغىقىدىكى بۇ زېمىننى سىلەرنىڭ ماكانلىشىشىڭلار ئۈچۈن
ئاتا قىلدى.» [14] شۇڭا سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار، باللىرىڭلار ۋە چارۋا
ماللىرىڭلار مۇسا پەيغەمبەر سىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىئوردان
دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى بۇ زېمىندا قالسا بولىدۇ. ئەمما بارلىق
پالۋانلىرىڭلار قوراللىنىپ، قېرىنداش قەبىلىلەرنى باشلاپ دەريادىن
ئۆتۈپ، قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەمدە بولسۇن. [15] پەرۋەردىگار قېرىنداش
قەبىلىلەرنى سىلەرگە ئوخشاش ماكانلاشتۇرۇپ بولغۇچە، ئۇلارغا
ياردەمدە بولۇڭلار. ئۇلارمۇ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئاتا قىلىدىغان
زېمىنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى
مۇسا پەيغەمبەر سىلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن ئىئوردان دەرياسىنىڭ
شەرقىي قىرغىقىغا قايتساڭلار بولىدۇ.
[16] ئۇلار يوشۇۋاغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

– سەن بىزگە نېمىنى بۇيرۇساڭ، بىز شۇنى بەجا كەلتۈرىمىز،
نەگە ئەۋەتسەڭ شۇ يەرگە بارىمىز. [17] بىز ساڭا مۇسا پەيغەمبەرگە
بويسۇنغاندەك بويسۇنىمىز. پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بۇرۇن مۇسا
پەيغەمبەرگە يار بولغاندەك ساڭىمۇ يار بولسۇن. [18] كىم سېنىڭ
سۆزلىرىڭگە قارشى چىقىدىكەن، بۇيرۇقلىرىڭغا بويسۇنمايدىكەن،
ئۇ چوقۇم جېنىدىن جۇدا قىلىنسۇن. بىراق سەن قەيسەر ۋە
جاسارەتلىك بول!

## يوشۇۋانىڭ ئېرىخاغا ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىشى

2 [1] نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا ئۆز خەلقىنىڭ شىتتىمدىكى
قارارگاھىدىن ئىككى ئايغاقچىنى كەنئان زېمىنىغا يوشۇرۇن
ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
– سىلەر بېرىپ كەنئان زېمىنىنى، بولۇپمۇ ئېرىخا شەھىرىنى
چارلاپ كېلىڭلار.
ئۇلار ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، راھاب ئىسىملىك بىر پاھىشە
ئايالنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، شۇ يەردە تۈنەپ قالدى. [2] ئېرىخا
شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئىسرائىللارنىڭ بۇ زېمىننى چارلاشقا
ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرىنىڭ راھابنىڭ ئۆيىگە چۈشكەنلىكىدىن
خەۋەر تېپىپ، [3] ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ:
– ئۆيۈڭگە كەلگەنلەرنى چىقىرىپ بەر! ئۇلار زېمىنىمىزنى
چارلاش ئۈچۈن كەلگەنلەردۇر، – دېدى.
[4] ئەمما راھاب ئۇ ئىككىسىنى ئاللىقاچان يوشۇرۇپ قويغانىدى.
ئۇ پادىشاھ ئەۋەتكەن ئادەملەرگە:
– شۇنداق، ئىككى ئادەمنىڭ كەلگەنلىكى راست، ئەمما ئۇلارنىڭ
قەيەردىن كەلگەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق. [5] گۇگۇم چۈشۈپ، شەھەر
دەرۋازىسى تاقىلىدىغان چاغدا، ئۇ ئىككىسى چىقىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ
قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. سىلەر دەرھال قوغلىساڭلار،
چوقۇم يېتىشىۋالىسىلەر، – دېدى.
[6] (ئەمەلىيەتتە، راھاب ئۇلارنى ئاللىقاچان ئۆگزىدىكى دۆۋىلەپ
قويۇلغان زىغىر پاخلىغا يوشۇرۇپ قويغانىدى.) [7] شۇنىڭ بىلەن
پادىشاھ ئەۋەتكەن ئادەملەر ئىئوردان دەرياسىنىڭ كېچىكىگە

باربدىغان يولدا ئۇلارنى قوغلىدى. قوغلاپ كەلگەنلەر شەھەردىن
چىقىشى بىلەنلا شەھەر دەرۋازىسى تاقالدى.
[8] ئىككى ئايغاقچى ئۇخلاشتىن بۇرۇن راھاب ئۆگزىگە چىقىپ،
[9] ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇ زېمىننى سىلەرگە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى
بىلىمەن. سىلەر بىزنى بەكلا قورقۇتۇۋەتتىڭلار. بۇ زېمىندىكى
بارلىق خەلق سىلەردىن قورقۇپ، يۈرەكلىرى سۇ بولۇپ كەتتى.
[10] سىلەر مىسىردىن چىققاندا پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرگە قىزىل
دېڭىزنى يېرىپ، يەرنى قۇرۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز
بار. يەنە سىلەرنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى
ئامورلارنىڭ سىخون ۋە ئوگ دېگەن ئىككى پادىشاھىنى ۋە
پۇقرالىرىنى تەلتۆكۈس يوقاتقانلىقىڭلاردىنمۇ خەۋەردارمىز. [11] بىز
بۇلارنى ئاڭلىغان ھامان قورقۇپ، جاسارىتىمىز يوقالدى. چۈنكى
پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا پۈتۈن ئالەمنىڭ خۇداسىدۇر. [12-13] مەن
سىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلدىم. شۇڭا ھازىر سىلەر مېنىڭ
جەمەتىمگە چېقىلماسلىققا پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم
بەرسەڭلار. مېنىڭ ئاتا-ئانام، ئاكا-ئۇكىلىرىم، ئاچا-سىڭىللىرىم
ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن
ساقلاپ قېلىشقا كاپالەت بەرسەڭلار.
[14] ئۇ ئىككى چارلىغۇچى قەسەم بېرىپ مۇنداق دېدى:
- ئەگەر سەن بىزنى ئاشكارىلاپ قويمىساڭلا، پەرۋەردىگار بىزگە
ئاتا قىلىدىغان بۇ زېمىن قولىمىزغا ئۆتكەن ھامان بىز ساڭا بەرگەن
ۋەدىمىزدە تۇرۇپ، مېھرىبانلىقىمىزنى كۆرسىتىمىز. ئەگەر بىز
ۋەدىمىزدە تۇرمىساق، پەرۋەردىگار بىزنىڭ جېنىمىزنى ئالسۇن.
[15] سېپىل راھابنىڭ ئۆيىنىڭ پاسىل تېمى بولغاچقا، ئۇ ئارغامچا
بىلەن ئۇ ئىككىسىنى دېرىزىدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ قويۇپ،
[16] ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- تاغ ئېچىگە كىرىپ كەتسەڭلار، قوغلاۋاتقانلار سىلەرنى
تاپالمايدۇ. سىلەر شۇ يەردە ئۈچ كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭلار. ئۇلار
شەھەرگە قايتقاندىن كېيىن، ئاندىن يولغا چىقىڭلار.
[17] ئۇ ئىككىسى مېڭىش ئالدىدا راھابقا:

– سەن چوقۇم بىز دېگەندەك قىلغىن، بولمىسا بىز ساڭا بەرگەن
قەسىمىمىزگە ئىگە بولمايمىز. [18] بىز بۇ يەرگە قايتا كەلگەندە، سەن
چوقۇم بۇ قىزىل ئارغامچىنى بىزنى چۈشۈرۈپ قويغان دېرىزىگە
باغلاپ قويغىن. سەن ئاتا-ئاناڭ، ئاكا-ئۇكىلىرىڭ ۋە بارلىق ئائىلە
ئەزالىرىڭنى ئۆز ئۆيۈڭگە جەم قىلغىن. [19] ئەگەر كىم بۇ ئۆيدىن
ئايرىلىپ، جېنىدىن جۇدا بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ شورىدۇر، بىز ئۇنىڭغا
ئىگە بولالمايمىز. ئەگەر ئادەملىرىمىز سېنىڭ ئۆيۈڭدە بىرەرسىگە
قول تەگكۈزۈپ قالسا، بۇنىڭغا بىز ئەيىبكار. [20] لېكىن بىز توغرۇلۇق
بىرەرسىگە ئېغىز ئاچساڭ، ئۇنداقتا بىز قىلغان قەسىمىمىزدىن
خالاس بولىمىز، – دېدى. [21] راھاب:
– بولىدۇ، سىلەر دېگەندەك بولسۇن! – دېدى.
راھاب ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن، قىزىل ئارغامچىنى
دېرىزىگە باغلاپ قويدى.
[22] بۇ ئىككى ئايغاقچى تاغقا چىقىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. قوغلىغۇچىلار
ئۇلارنى يول بويى ئۈچ كۈن ئىزدەپ تاپالماي، ئېرىخا شەھىرىگە
قايتىپ كەلدى. [23] شۇنىڭ بىلەن ئايغاقچىلار تاغدىن چۈشۈپ،
دەريادىن ئۆتۈپ نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا بىلەن كۆرۈشۈپ، بېشىدىن
ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى مەلۇم قىلدى. [24] ئۇلار:
– پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن پۈتكۈل زېمىننى بىزگە ئاتا قىلىپتۇ.
ئۇ يەردىكى ئادەملەر قورقىنىدىن يۈرەكلىرى سۇ بولۇپ كېتىپتۇ!
– دېدى.

## ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈشى

3 [1] ئەتىسى سەھەردە يوشۇۋا بىلەن بارلىق ئىسرائىل خەلقى
شىتتىمدىكى قارارگاھىدىن قوزغىلىپ، ئىئوردان دەرياسى
بويىغا كەلدى ۋە ئۇ يەردە قارارگاھ قۇرۇپ، دەريادىن ئۆتۈشنى
كۈتۈپ تۇردى. [2] ئۈچ كۈندىن كېيىن يېتەكچىلەر قارارگاھلارنى
ئارىلاپ، [3] خەلققە:
– سىلەر، لاۋىيلاردىن بولغان روھانىيلار پەرۋەردىگار خۇدانىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلىقىنى كۆرگەن ھامان، چوقۇم
قارارگاھىڭلاردىن ئايرىلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىڭلار. [4] سىلەر

بۇ يەرلەرگە كېلىپ باقمىغاچقا، ئۇلار ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدۇ.
بىراق سىلەر ئەھدە ساندۇقىغا يېقىنلاشماي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
بىر كىلومېتىر ئارىلىق تاشلاپ مېڭىڭلار، – دەپ ئۇقتۇردى. [5] كېيىن
يوشۇۋا خەلققە مۇنداق دېدى:
– سىلەر ئۆزۈڭلارنى پاكلاڭلار. ئەتە پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ
ئاراڭلاردا ئۇلۇغ مۆجىزە يارىتىدۇ.
[6] ئەتىسى ئەتىگەندە يوشۇۋا روھانىيلارغا مۇنداق دېدى:
– ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئالدىدا مېڭىڭلار.
شۇنىڭ بىلەن روھانىيلار ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ خەلقنىڭ
ئالدىدا ماڭدى.
[7] پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا مۇنداق دېدى:
– بۈگۈندىن باشلاپ سېنى پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆز
ئالدىدا كۆككە كۆتۈرىمەن. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار مېنىڭ مۇساغا
يار بولغىنىمدەك، ساڭىمۇ يار بولغانلىقىمنى بىلەلەيدۇ. [8] سەن
ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان روھانىيلارغا مېنىڭ ئەمرىمنى
يەتكۈزگىن، ئۇلار ئىئوردان دەرياسى بويىغا كەلگەندە، دەريانىڭ
ئىچىدە تۇرسۇن.
[9] كېيىن يوشۇۋا ئىسرائىل خەلقىگە مۇنداق دېدى:
– كېلىڭلار، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ سىلەرگە دېگەن سۆزلىرىنى
ئاڭلاڭلار. [10] سىلەر مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ ئاراڭلاردا ئىكەنلىكىنى
ھەمدە ئۇنىڭ سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا كەنئانلارنى، ختلارنى،
خىۋلارنى، پەرىززىلەرنى، گىرگاشلارنى، ئامورلارنى ۋە يەبۇسلارنى
زېمىنلىرىدىن چوقۇم قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىسلەر.
[11] قاراپ تۇرۇڭلار، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىگىسىنىڭ ئەھدە ساندۇقى
سىلەردىن بۇرۇن ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. [12] سىلەر ھازىر
ئىسرائىللارنىڭ ھەربىر قەبىلىسىدىن بىردىن، جەمئىي 12 ئەرنى
تاللاڭلار. [13] پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە
ساندۇقىنى كۆتۈرگەن روھانىيلارنىڭ ئايىغى سۇغا تەگكەن ھامان،
ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى شۇ ھامان توختاپ، دەريانىڭ يۇقىرىسىدا
بىر يەرگە يىغىلىدۇ.

[14] شۇنىڭ بىلەن خەلق قارارگاھلىرىدىن چىقىپ ئىئوردان دەرياسىغا قاراپ ماڭدى. ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن روھانىيلار ئۇلاردىن بۇرۇن ماڭدى. [15] ھوسۇل مەزگىلىدە ئىئوردان دەرياسى قىنىغا پاتماي، قىرغاقلاردىن تېشىپ ئاقاتتى. ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن روھانىيلار دەريا بويىغا كېلىپ، دەرياغا كېچىشى ھامان، [16] يۇقىرىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان دەريا سۈيى شۇ ھامان ئېقىشتىن توختاپ، زارېتان دېگەن جايدىكى ئادام شەھىرىدىن خېلى يىراقتىكى بىر جايغا يىغىلىپ قالدى. ئۆلۈك دېڭىز①، يەنى تۇز دېڭىزىغا قاراپ ئېقىۋاتقان تۆۋەنكى ئېقىن سۈيىمۇ پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئېرىخا شەھىرىگە يېقىن يەردە دەريادىن ئۆتتى. [17] ئىسرائىل خەلقى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن روھانىيلار، قۇرۇپ كەتكەن دەريا ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، پۈتكۈل خەلق دەريادىن ئۆتۈپ بولغۇچە ساقلاپ تۇردى.

## ئون ئىككى ئابىدە تېشى

4 [1] پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا مۇنداق دېدى:
[2] - سەن خەلق ئارىسىدىن، يەنى ھەربىر قەبىلىدىن بىردىن، جەمئىي 12 ئەرنى تاللاپ، [3] ئۇلارغا ئېيتقىن: «دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى روھانىيلار توختىغان يەردىن 12 تاشنى ئېلىپ، بۈگۈن كەچتە سىلەر قارارگاھ قۇرىدىغان يەرگە ئېلىپ بارسۇن.»
[4] شۇنىڭ بىلەن يوشۇۋا ھەربىر قەبىلىدىن بىردىن، جەمئىي 12 ئەرنى تاللاپ، ئۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، [5] ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- سىلەر ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى توختىغان يەرگە بېرىڭلار ھەمدە ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ سانىغا ئاساسەن ھەربىرىڭلار دەريادىن بىردىن تاشنى يۈدۈپ كېلىپ، [6] بۇ تاشلار بىلەن ئابىدە تىكلەڭلار. كەلگۈسىدە سىلەرنىڭ باللىرىڭلار سىلەردىن: «بۇ تاشلارنىڭ قانداق ھېكايىسى بار؟»

① 3: 16 ئۆلۈك دېڭىز - ئارابا دېڭىزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

دەپ سورىسا، [7] سىلەر ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى
ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈلگەندە، دەريا سۈيىنىڭ ئېقىشتىن
توختىتىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار. بۇ تاشلار ئىسرائىل خەلقىگە
بۇگۈن بۇ يەردە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى مەڭگۈ ئەسلىتىدۇ.
[8] تاللانغان بۇ 12 ئەر پەرۋەردىگارنىڭ يوشۇۋاغا دېگىنىدەك،
يوشۇۋانىڭ ئەمرى بويىچە ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
ئىسرائىللارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسى ئۈچۈن 12 تاشنى يۈدۈپ،
يېڭى قونغان قارارگاھقا ئېلىپ كەلدى ۋە شۇ يەردە ئابىدە تىكلىدى.
[9] يوشۇۋامۇ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن روھانىيلار توختىغان
ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرگە 12 تاش تىزىپ
قويدى. بۇ تاشلار شۇنىڭدىن بېرى ئاشۇ جايدا شۇ پېتى تۇرماقتا.
[10] پەرۋەردىگارنىڭ يوشۇۋا ئارقىلىق خەلققە قىلغان بارلىق
ئەمرلىرى ئادا قىلىنىپ بولغۇچە، ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن
روھانىيلار ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ تۇردى.
بۇ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يوشۇۋاغا ئىلگىرى بەرگەن بۇيرۇقىدەك
بولدى. خەلق تېزلا دەريادىن ئۆتتى. [11] پۈتكۈل خەلق دەريادىن
ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن روھانىيلار
دەريادىن چىقىپ، خەلق توپىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. [12] رۇبېن ۋە گاد
قەبىلىسى ھەم ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمى مۇسا
پەيغەمبەرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قوراللىنىپ، قالغان خەلقتىن
بۇرۇن دەريادىن ئۆتتى. [13] ئۇرۇشقا تەييارلانغان 40 مىڭچە قوراللىق
ئادەم دەريادىن ئۆتۈپ، ئېرىخا تۈزلەڭلىكىگە كەلدى. پەرۋەردىگار
ئۇلارغا يار ئىدى.
[14] شۇ كۈنى پەرۋەردىگار يوشۇۋانى پۈتۈن ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا
كۆككە كۆتۈردى. خەلق مۇسا پەيغەمبەرنى قانداق ھۆرمەتلىگەن
بولسا، يوشۇۋا ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئۇنىمۇ شۇنداق ھۆرمەتلەندى.
[15] پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا:
[16] — ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن روھانىيلارنىڭ دەريادىن
چىقىشىنى بۇيرۇغىن، — دېدى.
[17] شۇنىڭ بىلەن يوشۇۋا ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن روھانىيلارغا
دەريادىن چىقىشنى بۇيرۇدى. [18] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى

كۆتۈرگەن روھانىيلار دەريادىن چىقىپ، قىرغاقنى دەسسىشى بىلەن تەڭ، دەريا سۈيى ئەسلى ھالىتىگە كېلىپ، تاشقىنلاپ ئاقتى.
[19] خەلق ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئېرىخا شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىنىڭ سىرتىدىكى گىلگالدا قارارگاھ قۇرغان ۋاقىت 1-ئاينىڭ 10-كۈنىگە① توغرا كەلدى. [20] يوشۇۋا ئىئوردان دەرياسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن 12 تاشنى گىلگالدا ئابىدە قىلىپ تىكلىدى. [21] يوشۇۋا ئىسرائىل خەلقىگە مۇنداق دېدى:
- كەلگۈسىدە بالىلىرىڭلار سىلەردىن: «بۇ تاشلارنىڭ قانداق ھېكايىسى بار؟» دەپ سورىسا، [22] سىلەر ئۇلارغا: «ئىئوردان دەرياسىنىڭ سۈيى توختاپ، ئىسرائىل خەلقىنىڭ قۇرۇق دەريادىن ئۆتكەنلىكىنى» سۆزلەپ بېرىڭلار. [23] پەرۋەردىگارىمىز خۇدا خۇددى بۇرۇن ئاتا-بوۋىلىرىمىز قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكۈچە ئۇنىڭ سۈيىنى توختىتىپ بەرگەندەك، بىز ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈچە، ئۇنىڭ سۈيىنى توختىتىپ بەردى. [24] پەرۋەردىگار يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ قولىنىڭ قۇدرىتىنى تونۇپ يېتىشى، ھەمدە سىلەرنىڭمۇ ھەر ۋاقىت ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدى.

5 [1] ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئامورلارنىڭ بارلىق پادىشاھلىرى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى كەنئانىنىڭ بارلىق پادىشاھلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنىڭ ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈچە دەريا سۈيىنى قانداق قۇرۇتۇپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قورقۇنچ ئىچىدە يۈرەكلىرى سۇ بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئىسرائىللارغا تاقابىل تۇرغۇدەك جاسارەت قالمىدى.

## ئىسرائىللارنىڭ خەتنە مۇراسىمى

[2] بۇ چاغدا پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا مۇنداق دېدى:
- سەن چاقماق تېشىنى پىچاق قىلىپ، ئىسرائىل خەلقىنىڭ بۇ يېڭى ئەۋلادىنىڭ خەتنىسىنى قىلغىن.

① 4: 19 بۇ كۈن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن بولۇپ، مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

3 شۇنىڭ بىلەن يوشۇۋا چاقماق تېشىدىن پىچاق ياساپ،
«خەتنە مۇراسىم تېغى» دېگەن جايدا ئىسرائىللارنىڭ خەتنىسىنى
قىلدۇردى. 4 چۈنكى ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇش قىلالايدىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى
چۆل-باياۋانلاردىكى سەپەردە ئۆلۈپ كەتكەنىدى. 5 ئەسلىدە
ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەتنە قىلىنغانىدى، ئەمما چۆل-باياۋاندىكى
سەپەر ئۈستىدە تۇغۇلغانلار خەتنە قىلىنمىغانىدى. 6 ئىسرائىللار
مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، ئىچىدىكى ئۇرۇش قىلالايدىغان
ئەرلەرنىڭ ھەممىسى تاكى ئۆلۈپ تۈگىگۈچە، قىرىق يىل چۆل-
باياۋانلارنى كېزىپ، سەرگەردان بولۇپ يۈردى. چۈنكى ئۇلار خۇداغا
ئىتائەت قىلمىغانىدى. پەرۋەردىگار: «ئەجدادلىرىڭلارغا بېرىشكە
ۋەدە قىلغان سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىننى سىلەرگە
كۆرسەتمەيمەن» دەپ قەسەم ئىچكەنىدى. 7 پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ
ئورنىغا، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى شۇ زېمىنغا يەتكۈزدى. يوشۇۋا
مانا شۇلارنىڭ خەتنىسىنى قىلدى. ئىلگىرى ئۇلار سەپەر ئۈستىدە
بولغانلىقتىن خەتنە قىلىنمىغانىدى. 8 بارلىق ئەرلەرنىڭ خەتنىسى
قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ساقايغۇچە شۇ قارارگاھتا تۇردى.

## كەنئاندىكى تۇنجى قېتىملىق ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى

9 پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا مۇنداق دېدى:
- بۈگۈن مەن سىلەردىن مىسىردا قۇل بولۇپ تارتقان خورلۇقۇڭلارنى
ئېلىپ تاشلىدىم.
شۇڭا بۇ يەر شۇنىڭدىن بېرى «گىلگال» [ئىبراني تىلىدىكى
«ئېلىپ تاشلاش» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ ئاتىلىپ
كەلمەكتە.
10 شۇ ئاينىڭ 14-كۈنى كەچتە ئىسرائىللار ئېرىخا تۈزلەڭلىكىدىكى
گىلگالدا قۇرغان قارارگاھتا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزدى.
11 ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۆتۈپ ئىككىنچى كۈنى ئۇلار شۇ يەرنىڭ
ئاشلىقلىرىدىن پېتىر نان ۋە قوماچنى يېيىشتى. 12 ئىسرائىل
خەلقى شۇ زېمىننىڭ ئاشلىقلىرىنى يېگەن كۈندىن باشلاپ، ماننا

چۇشۇرۇلۇشتىن توختىدى. شۇ يىلدىن باشلاپ ئۇلار ماننانى ئەمەس، كەنئاندىن چىقىدىغان ئاشلىقنى يەيدىغان بولدى.

## پەرۋەردىگار قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى

[13] يوشۇۋا ئېرىخا شەھىرىگە يېقىنلاپ قالغان چاغدا، قولىدا قىلىچ تۇتقان بىر كىشىنى كۆردى. يوشۇۋا ئۇنىڭدىن:
– سەن بىز تەرەپىڭمۇ ياكى دۈشمەن تەرەپىڭمۇ؟ – دەپ سورىدى.
[14] ئۇ ئادەم جاۋابەن:
– ھېچقايسى تەرەپنىڭ ئەمەس، مەن پەرۋەردىگارنىڭ قوشۇنىغا سەركەردە بولۇشقا كەلدىم، – دېدى.
ئاندىن يوشۇۋا يەرگە باش قويۇپ، تەزىم قىلىپ:
– تەقسىر، خىزمەتكارلىرىغا نېمە بۇيرۇقلىرى باركىن؟ – دەپ سورىدى.
[15] پەرۋەردىگار قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئۇنىڭغا:
– چورۇقۇڭنى سال، چۈنكى سەن دەسسەپ تۇرغان بۇ يەر مۇقەددەس يەردۇر! – دېدى.
يوشۇۋا ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈردى.

## ئېرىخا شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى

6 [1] ئىسرائىللارنىڭ ۋەھىمىسىدىن ئېرىخا شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى مەھكەم ئېتىلگەن بولۇپ، ھېچكىمنىڭ كىرىپ-چىقىشىغا يول قويۇلمىغانىدى. [2] پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا مۇنداق دېدى:
– مەن ئېرىخا شەھىرىنى ئۇنىڭ پادىشاھى ۋە جەسۇر لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇپ ھەممىسىنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. [3] سەن لەشكەر تارتىپ، سېپىلنى كۈنىگە بىر قېتىمدىن، جەمئىي ئالتە كۈن ئايلىنىپ چىققىن. [4] يەتتە روھانىي قوچقار مۈڭگۈزىدىن ياسالغان بۇرغىلارنى ئېلىپ، ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا ماڭسۇن. يەتتىنچى كۈنى روھانىيلار بۇرغىلارنى چالغان ھالدا شەھەرنى يەتتە قېتىم ئايلانسۇن. [5] سىلەر ئۇلارنىڭ ئۇزۇن سادا چىقىرىپ چالغان بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا، پۈتكۈل خەلق يۇقىرى ئاۋازدا

ۋارقىرىسۇن. شۇ ھامان شەھەر سېپىلى ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، شۇ
چاغدا بارلىق خەلق شەھەرگە ئۇدۇل بېسىپ كىرسۇن.
[6] نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا روھانىيلارغا چاقىرىق قىلىپ:
- سىلەر ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈڭلار، يەتتىڭلار ئۇنىڭ ئالدىدا
بۇرغىلارنى ئېلىپ مېڭىڭلار، - دېدى.
[7] ئاندىن يوشۇۋا خەلققە ئەمر قىلىپ:
- ئاتلىنىڭلار! قوراللانغان لەشكەرلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە
ساندۇقىنىڭ ئالدىدا ماڭسۇن، شەھەر سېپىلىنى ئايلىنىڭلار.
[8] يوشۇۋا خەلققە ئەمر قىلغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە
ساندۇقىنىڭ ئالدىدا يەتتە بۇرغىنى چېلىپ ماڭىدىغان يەتتە روھانىي
ئالغا قاراپ ماڭدى. ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
كۆتۈرۈپ ماڭغان روھانىيلار ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. [9] قوراللانغان
لەشكەرلەر بۇرغا چالغان روھانىيلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى، قالغان
لەشكەرلەر ئەھدە ساندۇقىنىڭ كەينىدىن ماڭدى، بۇرغا توختىماي
چېلىندى. [10] يوشۇۋا خەلققە مۇنداق ئەمر قىلغانىدى: «ئاۋاز
چىقارماڭلار، سۆزلىمەڭلار. مەن ۋارقىراڭلار دېمىگۈچە، زۇۋان
سۈرمەڭلار. ئەمر چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ۋارقىراڭلار.» [11] ئۇلار
يوشۇۋانىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ، شەھەر
سېپىلىنى ئايلاندى. ئاندىن قارارگاھقا قايتىپ كېلىپ تۈنىدى.
[12] يوشۇۋا ئەتىسى ئورنىدىن سەھەر تۇردى. روھانىيلار
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈردى. [13] يەتتە بۇرغىنى
چېلىپ ماڭغان يەتتە روھانىي پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى
ئالدىدا ماڭدى. بۇرغىلار توختىماي چېلىندى، قوراللانغان لەشكەرلەر
روھانىيلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى، قالغان لەشكەرلەر پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. [14] شۇنداق قىلىپ ئىككىنچى
كۈنى خەلق شەھەر سېپىلىنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ، قارارگاھقا
قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئۇدا ئالتە كۈن شۇنداق قىلدى.
[15] يەتتىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئىسرائىللار تاڭ يورۇشى
بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈندىكىدەك شەھەر سېپىلىنى ئايلىنىپ
يۈرۈش قىلىشتى. ئەمما بۇ قېتىم يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چىقىشتى.

[16] يەتتىنچى قېتىملىق ئايلىنىشتا روھانىيلار بۇرغىنى چالغان چاغدا، يەشۇئا خەلققە مۇنداق دەپ بۇيرۇق بەردى:
- ۋارقىراڭلار، چۈنكى پەرۋەردىگار بۇ شەھەرنى سىلەرگە ئاتا قىلدى. [17] ئېرىخا شەھىرى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ تەلتۆكۈس يوقىتىڭلار. پەقەت پاھىشە راھاب ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىزنىڭ ئايغاقچىلىرىمىزنى يوشۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى تىرىك قالدۇرۇڭلار. [18] سىلەر پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ھەرقانداق بىر نەرسىنى ئېلىۋالغۇچى بولماڭلار. ئەگەر سىلەر ئۇ نەرسىلەرنى يوقاتماي، قارارگاھىمىزغا ئېلىپ كەلسەڭلار، ئىسرائىللارغا زور بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىسىلەر. [19] بارلىق ئالتۇن-كۈمۈش، تۇچ ۋە تۆمۈرلەردىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارغا تەۋەدۇر، ئۇلار چوقۇم پەرۋەردىگارنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك.
[20] روھانىيلار بۇرغا چالغاندا، خەلق ۋارقىرىدى. بۇرغا ساداسى ياڭرىغان ۋە خەلق ۋارقىرىغاندا، سېپىل ئۆرۈلدى ۋە خەلق شەھەرگە ئۇدۇل بېسىپ كىرىپ، ئېرىخا شەھىرىنى ئالدى. [21] ئۇلار شەھەردىكى بارلىق ئەر-ئايال، قېرى-ياش، كالا، قوي ۋە ئېشەكلەرنى قىلىچ بىلەن تەلتۆكۈس يوقاتتى.
[22] يەشۇئا ھېلىقى ئىككى ئايغاقچىغا مۇنداق دېدى:
- سىلەر پاھىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا بەرگەن قەسىمىڭلار بويىچە، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ كېلىڭلار.
[23] ئۇلار ئىككىسى راھابنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە بارلىق قېرىنداشلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئىسرائىللارنىڭ قارارگاھىنىڭ سىرتىدىكى بىر بىخەتەر يەرگە ئورۇنلاشتۇردى.
[24] ئاندىن كېيىن ئىسرائىللار ئېرىخا شەھىرىنى ۋە شەھەردىكى بارلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. پەقەت ئالتۇن-كۈمۈش، تۇچ، تۆمۈرلەردىن ياسالغان نەرسىلەر ئېلىپ كېلىنىپ، پەرۋەردىگارنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلدى. [25] يەشۇئا پاھىشە ئايال راھاب ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. چۈنكى ئۇ يەشۇئا ئېرىخا شەھىرىنى چارلاشقا ئەۋەتكەن ئادەملەرنى يوشۇرۇپ

قالغانىدى. شۇنىڭدىن بىرى راھاب ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىسرائىللار ئارىسىدا ياشاپ كەلمەكتە.
26 شۇنىڭدىن كېيىن يوشۇۋا قەسەم ئىچىپ، مۇنداق دېدى:

«كىمكى ئېرىخا شەھىرىنى قايتا قۇرۇشقا ئۇرۇنىدىكەن،
پەرۋەردىگار شۇنىڭغا لەنەت ياغدۇرىدۇ.
كىمكى شەھەرنىڭ ئۇلىنى قويىدىكەن،
ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى قازا قىلىدۇ.
كىمكى شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئورنىتىدىكەن،
ئۇ كەنجى ئوغلىدىن ئايرىلىدۇ.»

27 پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا يار بولغاچقا، يوشۇۋانىڭ شۆھرىتى پۈتكۈل زېمىنغا تارقالدى.

## ئاكاننىڭ گۇناھى

7 1 ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا ئاتالغان نەرسىلەردە ساداقەتسىزلىك قىلىپ، ئۇلارنى يوقاتماي، گۇناھ ئۆتكۈزدى. ئاكان ئىسىملىك بىر كىشى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان نەرسىلەردىن بىر قىسمىنى تىقىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئىسرائىللاردىن ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئاكان بولسا يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان زەراخنىڭ ئوغلى زابدىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، كارمىنىڭ ئوغلى ئىدى.
2 يوشۇۋا بىرنەچچە ئادەمنى ئېرىخا شەھىرىدىن بەيتەل شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى بەيتئاۋەن شەھىرىگە يېقىن ئاي شەھىرىگە ئەۋەتتى. يوشۇۋا ئۇلارغا:
— سىلەر ئۇ زېمىنغا بېرىپ چارلاپ كېلىڭلار، — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەر ئاي شەھىرىنى چارلاپ كېلىشكە يۈرۈپ كەتتى. 3 ئۇلار قايتىپ كېلىپ، يوشۇۋاغا مۇنداق دېدى:
— ئاي شەھىرىنىڭ ئادىمى ئاز ئىكەن، شۇڭا بارلىق ئادىمىمىزنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن، پەقەت ئىككى-ئۈچ مىڭ ئادەم بارسىلا ئۇ شەھەرنى ئىگىلىگىلى بولغۇدەك. ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسى بېرىپ، ئاۋارە بولمىسۇن!

4 شۇنىڭ بىلەن ئاي شەھىرىگە ئىسرائىللاردىن تەخمىنەن ئۈچ مىڭ
ئادەملا باردى. بىراق ئاي شەھىرىنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى مەغلۇپ
قىلىپ قوغلىۋەتتى. 5 ئاي شەھىرىنىڭ ئادەملىرى ئىسرائىللارنى
شەھەر دەرۋازىسىدىن تاش قېزىش ئورنىغىچە قوغلاپ باردى.
ئىسرائىللار دۆڭلۈكتىن تۆۋەن تەرەپكە چېكىنىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ
تەخمىنەن 36 ئادىمى ئۆلتۈرۈلدى. بۇنى كۆرگەن ئىسرائىللارنىڭ
يۈرەكلىرى قورقۇنچتىن سۇ بولۇپ كەتتى. 6 يوشۇۋا ۋە ئىسرائىللارنىڭ
ئاقساقاللىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىنتايىن قايغۇردى. ئۇلار
كىيىملىرىنى يىرتىشىپ، باشلىرىغا توپا چېچىپ، پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقى ئالدىدا يۈزىنى يەرگە يېقىپ دۇم ياتتى. ئۇلار كۈن
پاتقۇچە شۇنداق قىلدى. 7 ئاندىن يوشۇۋا مۇنداق دېدى:
— ئى ئىگەم پەرۋەردىگار! سەن نېمە ئۈچۈن بىزنى ئىئوردان
دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئامورلارنىڭ قولى بىلەن ۋەيران قىلماقچى
بولىسەن؟ بۇنىڭدىن كۆرە، بىزنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ
قېتىدا ياشىغىنىمىز ئەۋزەل ئەمەسمىدى! 8 ئى ئىگەم! ئىسرائىللار
دۈشمەندىن يېڭىلىپ، قېچىپ كەلدى. ئەمدى مەن نېمە دېيەلەيمەن؟
9 بۇنىڭدىن كەنئانلىقلار ۋە بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان بارلىق خەلق خەۋەر
تاپىدۇ. ئەمدى ئۇلار بىزنى قورشايدۇ ۋە نامىمىزنى يەر يۈزىدىن
يوق قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلۇغ نامىڭنى قانداق قوغداپ قالىسەن؟
10 پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا مۇنداق دېدى:
— ئورنۇڭدىن تۇر! سەن نېمە ئۈچۈن يۈزۈڭنى يەرگە يېقىپ،
دۇم ياتىسەن؟ 11 ئىسرائىللار ئۆزلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدەمگە
خىلاپلىق قىلىپ، گۇناھ ئۆتكۈزدى. ئۇلار يالغانچىلىق قىلىپ،
ماڭا ئاتالغان نەرسىلەرنى تەلتۆكۈس يوقاتماي، ئۆز بىساتىغا
قوشۇۋېلىپ، خىيانەت قىلدى. 12 شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسرائىللار
دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرالماي، ئۇلاردىن يېڭىلىپ، ئارقىسىغا
قاراپ قاچتى. ھازىر ئىسرائىللارنىڭ ئۆزى ھالاكەتكە يۈزلەندى.
سىلەر تىقىۋالغان نەرسىلەرنى يوقاتمىغۇچە، مەن سىلەرگە يار
بولمايمەن. 13 ئورنۇڭدىن تۇر! ئەمدى ئىسرائىل خەلقىنى پاكلا.
ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى ئەتىكى كۈن ئۈچۈن تەييارلاپ، پاكلاڭلار.
پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا: ‹ئەي

ئىسرائىللار، ماڭا ئاتالغان نەرسىلەرنى تىقىۋالدىڭلار! سىلەر بۇ
نەرسىلەرنى يوقاتمىغۇچە دۈشمىنىڭلارغا تاقابىل تۇرالمايسىلەر!›
دەيدۇ» دە. [14] ئەتىگەندە سىلەر قەبىلىلەر بويىچە جەم بولۇڭلار.
پەرۋەردىگارىڭلار كۆرسەتكەن قەبىلە، ئۆز جەمەتلىرى بىلەن ئالدىغا
چىقسۇن. پەرۋەردىگار كۆرسەتكەن جەمەت، ئۆز ئائىلىلىرى بويىچە
ئالدىغا چىقسۇن. پەرۋەردىگار كۆرسەتكەن ئائىلە، ئائىلە ئەزالىرى
بىلەن ئالدىغا چىقسۇن. [15] پەرۋەردىگارغا ئاتالغان نەرسىلەرگە خىيانەت
قىلغان كىشى، شۇ نەرسىلەر بىلەن بىرگە كۆيدۈرۈلسۇن. چۈنكى
ئۇ ئىسرائىللار ئارىسىدا شەرمەندە ئىش قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدىسىنى بۇزدى.

[16] ئەتىسى ئەتىگەندە يوشۇۋا ئىسرائىل قەبىلىلىرىنى يىغدى،
ئۇلاردىن يەھۇدا قەبىلىسى تاللاندى. [17] شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا
قەبىلىسىدىكى جەمەتلەر ئالدىغا چىقتى، بۇلاردىن زەراخ جەمەتى
تاللاندى. ئاندىن كېيىن زەراخ جەمەتى ئائىلىلىرى بىلەن ئالدىغا
چىقتى، ئۇلاردىن زابدى ئائىلىسى تاللاندى. [18] ئاندىن زابدى
ئائىلىسىنىڭ ئادەملىرى بىر-بىرلەپ ئالدىغا چىقتى، بۇلارنىڭ
ئىچىدىن ئاكان تاللاندى. ئاكان بولسا يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان
كارمىنىڭ ئوغلى ئىدى. كارمى بولسا زابدىنىڭ ئوغلى، زابدى بولسا
زەراخنىڭ ئوغلى ئىدى. [19] يوشۇۋا ئاكانغا:

– ئوغلۇم، راست گەپ قىلىپ، خۇدانىڭ، يەنى ئىسرائىللار
ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى يورۇق
قىلغىن. ماڭا نېمە ئىش قىلغىنىڭنى يوشۇرماي ئېيتقىن، – دېدى.

[20] ئاكان ئىقرار قىلىپ يوشۇۋاغا مۇنداق دېدى:

– راست ئېيتتىڭ، مەن ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. [21] مەن ئۇرۇشتا ئالغان
ئولجىلارنىڭ ئىچىدە بابىلنىڭ بىر چىرايلىق تونىنى، تۆت قاداق
كۈمۈش ۋە ئېغىرلىقى بىر قاداقتىن ئاشىدىغان چوكا ئالتۇننى
كۆرگىنىمدە، ئۇلارنى ئېلىۋالغۇم كەلدى. ئۇلار ھازىر چېدىرىمنىڭ
ئىچىدە كۈمۈش بىلەن بىرگە يەرگە كۆمۈكلۈك.

[22] يوشۇۋا ئاكاننىڭ چېدىرىغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار تېز بېرىپ،
ئاكاننىڭ چېدىرىدىن يوشۇرۇلغان نەرسىلەرنى تاپتى، كۈمۈشمۇ

شۇ نەرسىلەرنىڭ ئاستىدا ئىدى. [23] ئۇلار ئۇ نەرسىلەرنى يەشۇئا ۋە بارلىق ئىسرائىللارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا يايدى. [24] ئاندىن يەشۇئا بىلەن پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى زەراھنىڭ ئوغلى ئاكاننى ئوغرىلىغان كۈمۈشلىرى، تونى، چوكا ئالتۇنى، شۇنداقلا ئوغۇل-قىزلىرى، كالا، ئېشەك ۋە قويلىرى، چېدىرى ۋە باشقا بىساتلىرى بىلەن بىرگە ئاخور جىلغىسىغا ئېلىپ كەلدى. [25] ئاندىن يەشۇئا ئاكانغا:

- سەن نېمە ئۈچۈن بىزگە بۇ بالايىئاپەتنى ئېلىپ كېلىسەن؟ ئەمدى پەرۋەردىگار ساڭا بالا-قازا ئېلىپ كېلىدۇ، - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى ئاكان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈردى ۋە ئۇلارنىڭ جەسەتىنى كۆيدۈرىۋەتتى [26] ھەمدە جەسەتنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلارنى دۆۋىلەپ قويدى. ئۇ دۆۋىلەنگەن تاشلار شۇنىڭدىن بېرى شۇ يەردە تۇرماقتا. شۇ سەۋەب بىلەن ئاخور جىلغىسى [مەنىسى «بالايىئاپەت جىلغىسى»] دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭدىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا بولغان غەزىپى ياندى.

## ئىسرائىللارنىڭ ئاي شەھىرىنى ئىگىلىشى

8 [1] پەرۋەردىگار يەشۇئاغا مۇنداق دېدى:

- ھەرگىز قورقماڭلار ھەم بوشىشىپ قالماڭلار! سەن بارلىق لەشكەرلىرىڭنى ئېلىپ، ئاي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغىن. مەن ئاي پادىشاھىنى، ئۇنىڭ خەلقىنى، شەھىرىنى ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن. [2] سىلەر ئېرىخا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھىنى قانداق قىلغان بولساڭلار، ئاي شەھىرى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھىنىمۇ شۇنداق قىلىڭلار. بىراق بۇ قېتىم سىلەر ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈك ۋە چارۋا ماللىرىنى ئولجا ئالساڭلار بولىدۇ. شەھەرنىڭ كەينى تەرىپىگە بۆكتۈرمە قويۇڭلار.

[3] شۇنىڭ بىلەن يەشۇئا ۋە پۈتۈن قوشۇن ئاي شەھىرىگە ھۇجۇمغا ئاتلاندى. يەشۇئا 30 مىڭ لەشكەرنى تاللاپ، ئۇلارنى تۈندە يولغا سالدى. [4] يەشۇئا ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىپ، مۇنداق دېدى:

– شەھەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە يېقىن بولغان يەرگە بۆكتۈرمە
قويۇپ، ھەممىڭلار ھەرىكەت قىلىشقا تەييار تۇرۇڭلار. [5] مەن
قالغان ئادەملەر بىلەن شەھەرگە يېقىنلاپ كېلىمەن. خۇددى
بىرىنچى قېتىمقىغا ئوخشاش، ئۇلار شەھەردىن چىقىپ بىزگە
ھۇجۇم قىلغاندا، بىز ئۇلاردىن قاچىمىز. [6] ئۇلار بىزنى ئىز بېسىپ
قوغلاپ كەلگەندە، بىز قېچىپ، ئۇلارنى شەھەردىن ئالداپ ئېلىپ
چىقىمىز. بىز ئۇلاردىن قاچقاندا، ئۇلار: «ئىسرائىللار بۇرۇنقىدەك
بىزدىن قاچتى» دەيدۇ. [7] سىلەر بۇ چاغدا يوشۇرۇنغان جايىڭلاردىن
چىقىپ، شەھەرنى ئىگىلەڭلار. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بۇ شەھەرنى
قولۇڭلارغا تاپشۇرىدۇ. [8] سىلەر شەھەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن،
پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنى بويىچە شەھەرگە ئوت قويۇڭلار. بۇ مېنىڭ
سىلەرگە قىلغان ئەمرىم.
[9] شۇنىڭ بىلەن يوشۇۋا ئۇلارنى يولغا سالدى. ئۇلار ئاي
شەھىرىنىڭ غەربىگە – بەيتەل شەھىرى بىلەن ئاي شەھىرىنىڭ
ئارىلىقىدا بۆكتۈرمە قويۇپ، ئاشۇ يەرگە يوشۇرۇندى. يوشۇۋا
تۈننى لەشكەرلەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى. [10] ئەتىسى تاڭ سەھەردە
يوشۇۋا لەشكەرلىرىنى سەپكە تىزدى. ئاندىن يوشۇۋا ئىسرائىل
ئاقساقاللىرى بىلەن بىرگە ئۇلارنى باشلاپ ئاي شەھىرىگە ئاتلاندى.
[11] يۈرۈش قىلىپ كەلگەن ئىسرائىل قوشۇنى ئاي شەھىرىگە يېقىن
كېلىپ، ئاي شەھىرىنىڭ شىمالىدا قارارگاھ قۇردى. قوشۇن بىلەن
شەھەر ئوتتۇرىسىدا بىر جىلغا بار ئىدى. [12] يوشۇۋا تەخمىنەن 5
مىڭ لەشكەرنى ئاي شەھىرىنىڭ غەربىدىكى بەيتەل بىلەن ئاي
شەھىرىنىڭ ئارىلىقىغا بۆكتۈرمىگە قويدى. [13] شۇنداق قىلىپ،
ئاساسلىق قوشۇن شەھەرنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى،
قالغانلار شەھەرنىڭ غەربىگە مۆكتۈرۈلدى. يوشۇۋا شۇ كېچىنى
جىلغىدا ئۆتكۈزدى.
[14] ئاي شەھىرىنىڭ پادىشاھى شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قوشۇننى
كۆرۈپ، تاڭ سەھەردە ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ، ئالدىراپ-تېنەپ
شەھەردىن چىقىپ، ئىئوردان ۋادىسىدىكى بۇرۇن ئۇرۇشقان
جايغا بېرىپ، ئىسرائىللارغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما ئۇ شەھەرنىڭ
كەينىدىكى بۆكتۈرمىدە قوشۇن بارلىقىنى بىلمەيتتى. [15] يوشۇۋا ۋە

ئىسرائىل قوشۇنى مەغلۇپ بولغان ھالەتكە كىرىۋېلىپ، دالاغا قاراپ
قاچتى. [16] شەھەردىكى ھەممە ئادەم ئۇلارنى قوغلاشقا چاقىرىلدى.
ئۇلار ئىسرائىللارنى قوغلاۋېرىپ، شەھەردىن يىراقلىشىپ كەتتى.
[17] ئاي شەھىرى ۋە بەيتەل شەھىرىدە ئىسرائىللارنى قوغلىمىغان
بىرمۇ ئادەم قالمىدى. ئۇلار ئىسرائىللارنى قوغلاپ، شەھەرنى
قۇرۇق تاشلاپ قويدى.
[18] بۇ چاغدا پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا:
– سەن قولۇڭدىكى نەيزىنى ئاي شەھىرىگە تەڭلىگىن، مەن
شەھەرنى سىلەرگە بەردىم، – دېدى.
يوشۇۋا پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈردى. [19] يوشۇۋا
شۇنداق قىلغان ھامان، بۆكتۈرمىدىكى قوشۇن يوشۇرۇنغان يېرىدىن
چىقىپ، شەھەرگە يوپۇرۇلۇپ كىردى. ئۇلار تېزلىكتە شەھەرنى
ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا ئوت قويدى.
[20] ئاي شەھىرىنىڭ لەشكەرلىرى ئارقىسىغا قارىۋىدى، شەھەردىن
چىققان ئىس-تۈتەكنى كۆردى. ئۇلارنىڭ يا ئۇ ياققا، يا بۇ ياققا
قېچىش ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى، چۈنكى دالاغا قېچىۋاتقان
ئىسرائىللار ئەمدى كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇلارغا قارشى ئاتلانغانىدى.
[21] يوشۇۋا ۋە پۈتۈن ئىسرائىل لەشكەرلىرى بۆكتۈرمىدىكى قوشۇننىڭ
شەھەرنى ئىگىلەپ، شەھەرگە ئوت قويۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ،
كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئاي شەھىرىنىڭ ئادەملىرىگە ھۇجۇم قىلدى.
[22] بۇ چاغدا شەھەرنى ئىگىلىگەن ئىسرائىل قوشۇنى شەھەردىن
چىقىپ، ئاي شەھىرىنىڭ ئادەملىرىگە قارشى ئاتلاندى. شۇنىڭ
بىلەن ئاي شەھىرىنىڭ ئادەملىرى ئالدى-كەينىدىكى ئىسرائىل
قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپسىلىپ قالدى. ئىسرائىللارنىڭ
ھۇجۇمىدا ئۇلاردىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمىدى ۋە بىرەرسىمۇ
ئامان قالمىدى. [23] پەقەت ئاي شەھىرىنىڭ پادىشاھىلا تىرىك ھالدا
يوشۇۋانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى.
[24] ئىسرائىللار دالادا ئۆزلىرىنى قوغلاپ كەلگەن ئاي شەھىرىنىڭ
ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىچ بىلەن قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن،
ئاي شەھىرىگە كىرىپ، ئۇ يەردە قېلىپ قالغانلارنى قىرىپ تاشلىدى.
[25] شۇ كۈنى ئاي شەھىرىنىڭ بارلىق خەلقى قىرغىن قىلىندى. ئۇلار

ئەر-ئايال بولۇپ 12 مىڭ ئادەم ئىدى. [26] يوشۇۋا ئاي شەھىرىدە
ياشايدىغان بارلىق خەلق تەلتۆكۈس يوقىتىلغۇچە نەيزىسىنى
قولىدىن چۈشۈرمىدى. [27] پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا بۇيرۇغاندەك،
ئىسرائىللار شەھەردىكى مال-مۈلۈك ۋە چارۋا ماللارنى ئولجا ئالدى.
[28] يوشۇۋا ئاي شەھىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، مەڭگۈلۈك خارابىلىككە
ئايلاندۇردى. بۇ شەھەر شۇنىڭدىن بېرى خارابە ھالەتتە تۇرماقتا.
[29] يوشۇۋا ئاي پادىشاھىنىڭ جەسىتىنى گۇگۇم چۈشكۈچە دەرەخكە
ئاستۇرۇپ قويدى. قۇياش پاتقاندا جەسەتنى دەرەختىن چۈشۈرۈشكە
بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار پادىشاھنىڭ جەسىتىنى دەرەختىن چۈشۈرۈپ،
شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا تاشلىدى ۋە ئۈستىگە تاش دۆۋىلەپ
قويدى. بۇ تاش دۆۋىسى شۇنىڭدىن بېرى شۇ يەردە تۇرماقتا.

## پەرۋەردىگار بىلەن تۈزۈلگەن ئەھدىنىڭ يېڭىلىنىشى

[30] يوشۇۋا ئېبال تېغىدا پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد
قىلىپ كەلگەن خۇداغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياسىدى.
[31] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن
تەۋرات قانۇنىدىكى «تاراشلانمىغان، تۆمۈر ئەسۋابلار تەگمىگەن
تاشلاردا ماڭا بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياساڭلار» دېگەن كۆرسەتمىسى
بويىچە بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياسىدى. ئاندىن ئۇ قۇربانلىق
سۇپىسىدا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقلىرى
قىلدى. [32] يوشۇۋا ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا مۇسا پەيغەمبەرگە
چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىنى تاشلارغا ئويدى. [33] بارلىق ئىسرائىللار،
جۈملىدىن ئاقساقاللار، يېتەكچىلەر، سوتچىلار، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىكى يات خەلقلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن لاۋىيلاردىن
بولغان روھانىيلارغا يۈزلىنىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ يېرىمى گېرىزىم
تېغىغا، قالغان يېرىمى ئېبال تېغىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇردى.
بۇلار، پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ھايات
ۋاقتىدا: «ئىسرائىل خەلقىگە بەخت تىلەڭلار» دېگەن كۆرسەتمىسى
بويىچە بولدى. [34] كېيىن يوشۇۋا پۈتكۈل تەۋرات قانۇنىنى، جۈملىدىن
ئۇنىڭدا يېزىلغان بەخت تىلەش ۋە قارغاشلارغا دائىر پارچىلارنى

ئۆلۈك ئوقۇدى. [35] يوشۇۋا شۇ يەرگە توپلانغان ئىسرائىل خەلقىگە، جۈملىدىن ئاياللار، بالىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان يات خەلقلەرگە مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن قانۇندىكى سۆزلەردىن ئوقۇپ بەرمىگەنلىرى قالمىدى.

## گىبېئونلۇقلارنىڭ ئىسرائىللارنى ئالدىشى

9 [1] ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايونلاردا، غەربىي ئېدىرلىقلاردا ھەمدە لىۋان تاغلىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدا ياشاۋاتقان بارلىق پادىشاھلار، يەنى خىت، ئامور، كەنئان، پەرىززى، خىۋ، يىبۇس پادىشاھلىرى ئېرىخا شەھىرى ۋە ئاي شەھىرىدە بولغان ئىشلارنى ئاڭلىدى. [2] بۇ پادىشاھلار قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، يوشۇۋا باشچىلىقىدىكى ئىسرائىللارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. [3] گىبېئون شەھىرىدە ياشايدىغان خىۋلارمۇ يوشۇۋانىڭ ئېرىخا شەھىرى ۋە ئاي شەھىرىدە قىلغان ئىشلىرىنى ئاڭلاپ، [4-5] ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەر خىل ھىيلە-مىكىرلەرنى ئويلاپ چىقتى. ئۇلار يوشۇۋاغا ئەلچى ئەۋەتىشتى. ئەلچىلەر يىرتىلىپ جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن خۇرجۇن، ياماق سېلىنغان كونا شاراب تۇلۇملىرى ئارتىلغان ئېشەكلەرنى يېتىلىۋالغانىدى. پۇتلىرىغا كونىراپ، ئەبجىقى چىققان ئاياغلارنى، ئۈچىسىغا كونا كىيىملەرنى كىيىشىپ، كۆكىرىپ، قېتىپ كەتكەن نانلارنى ئېلىۋېلىشقانىدى. [6] ئۇلار گىلگالدا تۇرۇۋاتقان ئىسرائىللارنىڭ قاراگاھىغا كېلىپ، يوشۇۋا ۋە ئىسرائىللارغا:

– بىز يىراق بىر جايدىن سىلەر بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ كەلدۇق، – دېدى.

[7] ئىسرائىللار خىۋلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

– سىلەر بەلكىم مۇشۇ يەردە ياشايدىغان پۇقرالار بولۇشۇڭلار مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، بىز سىلەر بىلەن قانداقمۇ تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزەلەيمىز.

[8] – بىز سىلەرنىڭ خىزمەتكارىڭلار، – دېدى ئۇلار جاۋابەن.

ئەمما يوشۇۋا:

‑ سىلەر كىم؟ زادى قەيەردىن كەلدىڭلار؟ ‑ دەپ يەنە قايتىلاپ
سورىدى.
9 ‑ بىز پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا توغرىسىدا ئاڭلاپ، يىراق جايدىن
كەلگەن خىزمەتكارىڭلار. پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مىسىردا سىلەر
ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنى ئاڭلىدۇق. 10 بىز يەنە ئۇنىڭ ئىئوردان
دەرياسىنىڭ شەرقىدە ياشايدىغان ئامورلارنىڭ ئىككى پادىشاھى، يەنى
خەشبون شەھىرىنىڭ پادىشاھى سىخون بىلەن باشان زېمىنىدىكى
ئاشتاروت شەھىرىدە ياشايدىغان ئوگ پادىشاھقا قىلغان بارلىق
ئىشلىرىنى ئاڭلىدۇق. 11 شۇڭا بىزنىڭ ئاقساقاللىرىمىز ۋە بارلىق
خەلقىمىز بىزگە: «سىلەر ئۆزۈن سەپەرگە يەتكۈدەك يېمەكلىك
ئېلىپ، سەپەرگە ئاتلىنىڭلار. بېرىپ ئىسرائىل خەلقى بىلەن
كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا: ‹بىز سىلەرنىڭ خىزمەتكارىڭلار، بىز سىلەر بىلەن
تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزگىلى كەلدۇق› دەڭلار» دەپ بۇيرۇدى.
12 بۇ نانلار بىز يولغا چىققاندا يېڭىلا پىشۇرۇلغانىدى. مانا كۆرۈپ
تۇرۇپسىلەر، ھازىر بۇ نانلار كۆكىرىپ، قېتىپ كەتتى. 13 بىز بۇ
شاراب تۇلۇملىرىغا شاراب توشقۇزۇپ ماڭغاندا، بۇ تۇلۇملارمۇ يېڭى
ئىدى، ھازىر كونىراپ، يىرىلىپ كەتتى. بىزنىڭ كىيىملىرىمىز
ۋە ئاياغلىرىمىزمۇ ئۆزۈن سەپەر جەريانىدا يىرتىلىپ جۇل‑جۇل
بولۇپ كەتتى، ‑ دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار.
14 ئىسرائىللار ئۇلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى قولىغا ئېلىپ كۆردى،
ئەمما پەرۋەردىگاردىن بۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە سورىمىدى. 15 شۇنىڭ
بىلەن يوشۇۋا گىبېئون شەھىرىدە ياشايدىغان بۇ خىۋلار بىلەن
تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزدى ۋە ئۇلارنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت
بەردى. ئىسرائىل جامائىتىنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ بۇ ئەھدىنامىگە
قوشۇلۇپ قەسەم قىلىشتى.
16 گىبېئونلۇقلار بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈپ ئۈچ كۈندىن
كېيىن ئىسرائىللار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىن يەردە ياشايدىغان
قوشنا خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. 17 ئىسرائىللار بۇنى
ئېنىقلاش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، ئۈچ كۈندە ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىگە
يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەرلەرنىڭ نامى گىبېئون، كىفىرا، بەئەروت،
قىريات‑يېئارىم دەپ ئاتىلاتتى. 18 ئەمما ئىسرائىللار بۇ شەھەرلەرگە

ھۇجۇم قىلمىدى، چۈنكى ئىسرائىل جامائىتىنىڭ ئاقساقاللىرى پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم بېرىشكەنىدى. ئىسرائىل خەلقى ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ قەسەم بېرىشكەنلىكىدىن ئاغرىنىشتى. [19] بىراق ئاقساقاللار ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ:

- بىز پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچكەن، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلساق بولمايدۇ! [20] مەيلى، ئۇلار ياشاۋەرسۇن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، قەسىمىمىزنى بۇزساق، پەرۋەردىگار بىزگە غەزەپلىنىدۇ. [21] شۇڭا ئۇلارنى ھايات قالدۇرايلى، - دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئاقساقاللار گىبئونلۇقلارنى ئىسرائىللارنىڭ ئوتۇن، سۇلىرىنى توشۇيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇدى.

[22] يوشۇۋا گىبئونلۇقلارنى يىغىپ ئۇلارغا:

- سىلەر بىزگە قوشنا تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بىزنى ئالداپ: «بىز سىلەردىن يىراق يەردە ياشايمىز» دېدىڭلار؟ [23] سىلەر قارغىشقا قالىسىلەر! سىلەر ھازىردىن باشلاپ خۇدانىڭ ئىبادەت جايىدا ئوتۇن ۋە سۇ توشۇيدىغان قۇل بولىسىلەر، - دېدى.

[24] ئۇلار جاۋاب بېرىپ:

- چۈنكى بىز پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئۆز خىزمەتكارى مۇساغا ئەمر قىلىپ، پۈتكۈل زېمىننى سىلەرگە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، سىلەرنىڭ شۇ زېمىنلاردا ياشاۋاتقان بارلىق خەلقلەرنى يوقىتىدىغانلىقىڭلارنى ئاڭلىدۇق. بىز ئۆلۈپ كېتىشتىن قاتتىق قورقتۇق. مانا بۇ بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن سىلەرنى ئالدىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر. [25] ھازىر بىز سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تۇرۇپتۇق. بىزنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى توغرا تاپساڭلار، شۇنداق قىلىڭلار، - دېيىشتى.

[26] يوشۇۋا ئۇلارغا ھاياتلىق يولى بېرىپ، ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشىگە يول قويمىدى. [27] شۇ كۈندىن باشلاپ يوشۇۋا گىبئونلۇقلارنى ئىسرائىل جامائىتى ۋە قۇربانلىق سۇپىسى ئۈچۈن ئوتۇن يېرىشقا ۋە سۇ توشۇشقا بۇيرۇدى. پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانلىق سۇپىسى ئۈچۈن تاللانغان يەر قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر

ئۇلار ئاشۇ ئىشلارنى قىلىدىغان بولدى. ئۇلار شۇنىڭدىن بېرى
شۇ ئىشلارنى قىلىپ كەلمەكتە.

## جەنۇبتىكى پادىشاھلارنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى

10 [1] يېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى ئادونى-زەدەك يوشۇۋانىڭ ئېرىخا
شەھىرىنى ۋەيران قىلىپ، پادىشاھىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى
ۋە ئاي شەھىرىنىمۇ تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىپ، پادىشاھىنى
ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ يەنە گىبېئونلۇقلارنىڭ ئىسرائىللار
بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، ئىسرائىللار ئارىسىدا
ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. [2] پادىشاھ ئادونى-زەدەك بۇ ئىشلارنى
ئاڭلاپ، ئىنتايىن قورقتى. چۈنكى گىبېئون شەھىرى ئاي شەھىرىدىنمۇ
چوڭ بولۇپ، پادىشاھى بار بىرنەچچە شەھەرگە تەڭ كېلەتتى.
ئادەملىرىمۇ باتۇر ئىدى. [3] يېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى ئادونى-زەدەك
ھېبرون پادىشاھى ھوھام، يارمۇت پادىشاھى پىرئام، لاكىش
پادىشاھى يافىيا ۋە ئەگلون پادىشاھى دىبىرغا ئەلچى ئەۋەتىپ،
ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
[4] – سىلەر كېلىپ گىبېئون شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشىمغا ياردەم
بېرىڭلار. چۈنكى ئۇلار يوشۇۋا ۋە ئىسرائىللار بىلەن تىنچلىق
ئەھدىنامىسى تۈزۈشۈپتۇ.
[5] شۇنىڭ بىلەن ئامورلارنىڭ بەش پادىشاھى، يەنى يېرۇسالېم
پادىشاھى، ھېبرون پادىشاھى، يارمۇت پادىشاھى، لاكىش پادىشاھى
ۋە ئەگلون پادىشاھى بىرلىشىپ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، گىبېئونغا
ئاتلاندى. ئۇلار گىبېئوننى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. [6] گىبېئونلۇقلار
گىلگالدىكى يوشۇۋانىڭ قارارگاھىغا جىددىي ئادەم ئەۋەتىپ،
يوشۇۋادىن: «تاغلىق رايونلاردىكى ئامورلارنىڭ پادىشاھلىرى
بىرلىشىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى، تېزلىكتە كېلىپ بىزگە ياردەم
بېرىڭلار، بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، بىز خىزمەتكارلىرىڭىزنى تاشلاپ
قويماڭلار!» دەپ ئۆتۈنۈشتى.
[7] يوشۇۋا ئەڭ خىللانغان باتۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق
قوشۇننى باشلاپ، گىلگالدىن قوزغىلىپ گىبېئونغا قاراپ يولغا
چىقتى. [8] بۇ چاغدا پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا:

– ئۇلاردىن قورقما، چۈنكى مەن ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرغانمەن. ئۇلاردىن ھېچكىم ساڭا قارشى تۇرالمايدۇ، – دېدى.
[9] يوشۇۋا گىلگالدىن چىقىپ، كېچىچە توختىماي يۈرۈش قىلىپ، ئامورلار قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. [10] پەرۋەردىگار ئامورلار قوشۇنىنى پاتىپاراقچىلىققا چۈشۈرۈپ قويدى. ئىسرائىللار قوشۇنى ئامورلارنىڭ كۆپ قىسمىنى گىبېئوندا قىرىپ تاشلىدى ھەمدە دۈشمەن قوشۇنىنى بەيت-خورون شەھىرىگىچە قوغلاپ بېرىپ، يول بويى قىرىپ ماكدى ۋە ئازېقا، ماققېدا شەھىرىنىڭ يولىدا يەنە بىر قىسمىنى قىرىپ تاشلىدى. [11] ئامورلارنىڭ قالغان قوشۇنى بەيت-خورون شەھىرىگە يېقىن بولغان داۋان تەرەپكە قېچىپ بېرىپ، ئازېقا شەھىرىگە بارغۇچە، پەرۋەردىگار يول بويى ئاسماندىن شىددەتلىك مۆلدۈر ياغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمىنى يوقاتتى. شىددەتلىك مۆلدۈردە ئۆلگەنلەر ئىسرائىللارنىڭ قىلىچىدا ئۆلگەنلەردىنمۇ كۆپ بولدى. [12] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا نۇسرەت ئاتا قىلىپ، ئامورلارنى مەغلۇپ قىلغان كۈنى، يوشۇۋا ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئالدىدا پەرۋەردىگارغا: «قۇياش گىبېئون ئاسمىنىدا توختاپ تۇرسۇن، ئاي ئايىيالون جىلغىسىدا توختاپ تۇرسۇن» دەپ دۇئا قىلدى. [13] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار دۈشمىنىنى مەغلۇپ قىلغۇچە، قۇياش بىلەن ئاي ئۆز جايىدا توختاپ تۇردى. تەخمىنەن بىر كۈن قۇياش پاتماي، ئاسماننىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا توختاپ تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ ۋەقە «ياشۇر» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ئەمەسمۇ! [14] پەرۋەردىگارنىڭ يوشۇۋانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىغا ئوخشاش بۇنداق ئىش ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بولۇپ باقمىغاندى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولۇپ باقمىدى. شۇ كۈنى پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن ئىسرائىللار ئۈچۈن جەڭ قىلغانىدى.
[15] ئۇرۇشتىن كېيىن يوشۇۋا بىلەن ئىسرائىللارنىڭ پۈتۈن قوشۇنى ئۆزلىرىنىڭ گىلگالدىكى قارارگاھىغا قايتىشتى.

## جەنۇبتىكى بەش پادىشاھنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

[16] ئۇرۇشتا ئامورلارنىڭ بەش پادىشاھى قېچىپ كېتىپ، ماققېدادىكى بىر ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. [17] يوشۇۋا ئامورلارنىڭ بەش

پادىشاھىنىڭ ماقىپىدادىكى بىر ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن تېپىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، [18] قوشۇنلىرىغا:

– بىرنەچچە ئادەم قورام تاشلار بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ قويۇپ، ئۇ يەرنى كۆزەت قىلسۇن. [19] قالغانلىرىڭلار قاچقان دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن داۋاملىق قوغلاپ، ھۇجۇم قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ ئۆز شەھەرلىرىگە كىرىۋېلىشىغا يول قويماڭلار. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئۇلارنى قولۇڭلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ – دەپ بۇيرۇق قىلدى.

[20] يوشۇۋا ۋە ئىسرائىل قوشۇنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك يوقاتتى. ئاز بىر قىسمى سېپىللىرى مۇستەھكەم شەھەرلەرگە قېچىپ كىرىۋالدى. [21] ئىسرائىل قوشۇنى ماقىپىدادىكى قارارگاھىغا، يەنى يوشۇۋانىڭ يېنىغا ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېچكىم ئىسرائىللارغا قارشى بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى.

[22] يوشۇۋا ئادەملىرىگە بۇيرۇپ:

– ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، بەش پادىشاھنى ئېلىپ كېلىڭلار! – دېدى.

[23] ئۇلار يېرۇسالېم پادىشاھى، ھېبرون پادىشاھى، يارمۇت پادىشاھى، لاكىش پادىشاھى ۋە ئەگلون پادىشاھىنى ئېلىپ كەلدى. [24] ئۇلار ئېلىپ كېلىنگەندە، يوشۇۋا بارلىق ئىسرائىل قوشۇنىنى يىغىپ، سەركەردىلەرگە:

– بۇ پادىشاھلارنىڭ بويىنىغا دەسسەڭلار! – دېدى.

سەركەردىلەر ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشتى. [25] يوشۇۋا قوشۇنلىرىغا:

– ھەرگىز قورقماڭلار ھەم بوشىشىپ قالماڭلار! قەيسەر ۋە جاسارەتلىك بولۇڭلار! پەرۋەردىگار سىلەرگە قارشى چىقماقچى بولغان بارلىق دۈشمەنلىرىڭلارنىمۇ مۇشۇنداق كۈنگە قويىدۇ، – دېدى.

[26] كېيىن يوشۇۋا بەش پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى بەش دەرەخكە ئېسىپ قويۇشقا بۇيرۇق قىلدى. كەچ كىرگۈچە بۇ جەسەتلەر دەرەختە ئېسىقلىق تۇردى. [27] كۈن پاتقاندا يوشۇۋا پادىشاھلارنىڭ جەسەتنى دەرەختىن چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى يوشۇرۇنۇۋالغان ئۆڭكۈرگە تاشلاپ، ئېغىزىنى قورام تاشلار بىلەن ئېتىۋېتىشكە بۇيرۇدى. بۇ تاشلار ھازىرمۇ شۇ يەردە بار.

## جەنۇبتىكى شەھەرلەرنىڭ ئېگىلىنىشى

[28] شۇ ۋاقىتتا يوشۇۋا ماققېدا شەھىرىنى ئىگىلەپ، بۇ شەھەرنىڭ
پادىشاھى ۋە بارلىق ئادەملىرىنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي، قىلىچ
بىلەن ھەممىسىنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. ئۇلار بۇ شەھەرنىڭ
پادىشاھىنىمۇ ئېرىخا شەھىرىنىڭ پادىشاھىنى ئۆلتۈرگەنگە
ئوخشاش ئۆلتۈردى. [29] كېيىن يوشۇۋا ئىسرائىل قوشۇنىنى ماققېدا
شەھىرىدىن باشلاپ بېرىپ، لىبناھ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى.
[30] پەرۋەردىگار لىبناھ شەھىرىنىڭ پادىشاھىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق
ئادەملىرىنى ئىسرائىللارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. ئىسرائىللار
بۇ شەھەرنىڭ بارلىق ئادەملىرىنى بىرىنىمۇ تىرىك قالدۇرماي،
قىلىچ بىلەن ھەممىسىنى تەلتۆكۈس قىرىپ تاشلىدى. ئۇلار بۇ
شەھەرنىڭ پادىشاھىنىمۇ خۇددى ئېرىخا شەھىرىنىڭ پادىشاھىنى
ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش ئۆلتۈردى.
[31] كېيىن يوشۇۋا ئىسرائىل قوشۇنىنى باشلاپ لىبناھتىن ئايرىلىپ،
لاكىش شەھىرىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم
باشلىدى. [32] ئىككىنچى كۈنى پەرۋەردىگار لاكىش شەھىرىنى
ئىسرائىللارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. ئىسرائىللار لىبناھ
شەھىرىگە ئوخشاش، بۇ شەھەرنىڭ بارلىق ئادەملىرىنىمۇ قىلىچ
بىلەن قىرىپ تاشلىدى. [33] بۇ چاغدا گەزەرنىڭ پادىشاھى ھورام
قوشۇن باشلاپ، شەھەردىكىلەرگە ياردەمگە كەلگەندى. ئەمما
يوشۇۋا ھورام پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىمۇ قىرىپ تاشلاپ،
ھېچكىمنى تىرىك قالدۇرمىدى. [34] يوشۇۋا بارلىق ئىسرائىل
قوشۇنىنى باشلاپ، لاكىشتىن ئايرىلىپ، ئەگلون شەھىرىگە يۈرۈش
قىلدى. ئۇلار شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم باشلىدى. [35] شۇ كۈنى
ئىسرائىللار بۇ شەھەرنى ئىگىلەپ، بارلىق خەلقنى قىلىچ بىلەن
قىرىپ تاشلىدى. ئۇلار لاكىشتىكىگە ئوخشاش، بۇ شەھەرنىڭ
بارلىق ئادەملىرىنىمۇ تەلتۆكۈس يوقاتتى.
[36] يوشۇۋا ئىسرائىل قوشۇنىنى باشلاپ، ئەگلوندىن ھېبرون
شەھىرىگە يۈرۈش قىلىپ، بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. [37] ئۇلار
بۇ شەھەرنىمۇ ئىگىلەپ، بارلىق ئادەملىرىنى قىلىچ بىلەن قىرىپ

تاشلىدى، پادىشاھىنىمۇ ئۆلتۈردى، ھېچكىم تىرىك قالمىدى. ئۇلار
شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىكى ئادەملەرنىمۇ تىرىك قويمىدى. ئۇلار
خۇددى ئەگلوندا قىلغانغا ئوخشاش، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنىمۇ
تەلتۆكۈس يوقاتتى.
38 كېيىن يوشۇۋا يەنە ئىسرائىل قوشۇنىنى باشلاپ كەينىگە يېنىپ،
دىبىر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. 39 ئىسرائىللار بۇ شەھەرنى ئىگىلەپ،
ئۇنىڭ پادىشاھىنى تۇتۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارنىمۇ
قوشۇپ ئىگىلىدى. ئۇلار پادىشاھنى ۋە بارلىق ئادەملىرىنى قىلىچ
بىلەن تەلتۆكۈس قىرىپ تاشلاپ، ھېچكىمنى تىرىك قالدۇرمىدى.
ئۇلار ھېبرون، لىبناھ ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى قانداق قىلغان
بولسا، دىبىرنىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش قىلدى.
40 شۇنداق قىلىپ يوشۇۋا جەنۇبتىكى بارلىق زېمىنىنى، يەنى
تاغلىق رايونلارنى، نەگېب چۆللۈكىنى، غەربىي ئېدىرلىقلارنى ۋە تاغ
باغىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق زېمىنلارنىڭ پادىشاھلىرىنى
خەلقى بىلەن قوشۇپ بويسۇندۇردى. ئۇلار پەرۋەردىگار، يەنى
ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ
زېمىنلاردىكى بارلىق خەلقنى تەلتۆكۈس قىرىپ تاشلاپ، ھېچكىمنى
تىرىك قالدۇرمىدى. 41 يوشۇۋا كادېش-بارنېيا شەھىرى بىلەن
گازا شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زېمىنلارنى ۋە گوشەنگە تەۋە
بولغان زېمىنلاردىن تارتىپ، گىبئون شەھىرىگىچە بولغان پۈتكۈل
زېمىنىنى بويسۇندۇردى. 42 يوشۇۋا بۇ بىر قېتىملىق يۈرۈشىدە
ئۇ يەرلەردىكى پادىشاھلارنى بويسۇندۇرۇپ، بارلىق زېمىنىنى
ئىگىلىدى. چۈنكى پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ
كەلگەن خۇدا ئىسرائىللار ئۈچۈن جەڭ قىلغانىدى. 43 ئۇرۇشتىن
كېيىن يوشۇۋا بارلىق ئىسرائىل قوشۇنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ
گىلگالدىكى قارارگاھىغا قايتىشتى.

## شىمالدىكى پادىشاھلارنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى

11 1 خازور پادىشاھى يابىن بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغان ھامان
ئەتراپتىكى پادىشاھلارغا، يەنى مادون پادىشاھى يوبابقا،
شىمرون ۋە ئاكشاف پادىشاھلىرىغا، 2 شىمالىي تاغلىق رايونلاردىكى

پادىشاھلارغا، جەلىلىيە كۆلىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان
ئىئوردان ۋادىسىدىكى پادىشاھلارغا، غەربىي ئېدىرلىقلاردىكى
پادىشاھلارغا، غەرب تەرەپكە جايلاشقان نافوت-دور زېمىنىدىكى
پادىشاھلارغا، [3] غەربىي كەنئان ۋە شەرقىي كەنئان زېمىنىدىكى
پادىشاھلارغا، ئامور پادىشاھلىرىغا، خىتلار، پەرىززىلەر، تاغلىق
رايونلاردىكى يېبۇسلار ۋە مىزپاھ زېمىنىغا قاراشلىق خەرمون تاغ
ئېتەكلىرىدىكى شەھەرلەردە ياشايدىغان خىۋلارغا خەۋەر ئەۋەتتى.
[4] بۇ پادىشاھلار بارلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ
قوشۇنلىرى سان-ساناقسىز بولۇپ، خۇددى دېڭىز ساھىلىدىكى
قۇمدەك كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئات ۋە جەڭ ھارۋىلىرى
بار ئىدى. [5] بۇ پادىشاھلار بىرلىشىپ، ئىسرائىللار بىلەن ئۇرۇش
قىلىش ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى باشلاپ، مېروم يېنىدىكى سۇ بويلىرىدا
بارگاھ قۇردى.
[6] پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا يەنە مۇنداق دېدى:
- ئۇلاردىن قورقما، مەن ئەتە مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ
جەسىتىنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن. سەن ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ
پېيىنى كېسىۋەت، جەڭ ھارۋىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلا.
[7] شۇنىڭ بىلەن يوشۇۋا بارلىق قوشۇنىنى باشلاپ، مېروم يېنىدىكى
سۇ بويلىرىغا جايلاشقان دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز بېسىپ
كېلىپ، ھۇجۇم قىلدى. [8] پەرۋەردىگار دۈشمەنلەرنى ئىسرائىللارنىڭ
قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. ئىسرائىللار ئۇلارنى بۈيۈك سىدون
شەھىرى ۋە مىسرېفوت-مايىمغىچە، شۇنداقلا مىزپاھ جىلغىسىنىڭ
شەرقىغىچە قوغلاپ بېرىپ، بىرمۇ ئادەمنى تىرىك قالدۇرمىدى.
[9] يوشۇۋا پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ
پېيىنى كېسىۋېتىپ، جەڭ ھارۋىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.
[10] يوشۇۋا قوشۇنىنى باشلاپ كەينىگە قايتىپ، خازور شەھىرىنى
ئىگىلىدى ۋە پادىشاھىنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى. خازور پادىشاھى
شۇ چاغدا شۇ جايدىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنى باشقۇراتتى.
[11] ئىسرائىللار خازور شەھىرىدىكى بارلىق ئادەملەرنى قىلىچ
بىلەن تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ھېچقانداق تىرىك جان قالدۇرمىدى،
شەھەرنىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

[12] يوشۇۋا پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ
بۇيرۇغىنى بويىچە شىمالدىكى بارلىق شەھەرلەرنى ئېگىلەپ،
ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى تەلتۆكۈس ئۆلتۈردى. بۇ شەھەرلەردىكى
بارلىق ئادەملەرنى قىلىچ بىلەن قىرىپ تاشلىدى. [13] ئىسرائىللار
خازور شەھىرىدىن باشقا، دۆڭلۈكلەرگە قۇرۇلغان شەھەرلەرنى
كۆيدۈرمىدى. [14] ئىسرائىللار بۇ شەھەرلەردىكى ئۇرۇش ئولجىلىرى
ۋە چارۋا ماللارنى ئۆزلىرىگە قالدۇرۇپ، بارلىق ئادەملەرنى
قىلىچ بىلەن قىرىپ تاشلىدى، ھېچكىمنى تىرىك قالدۇرمىدى.
[15] بۇ ئىشلارنى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەر
پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە يوشۇۋاغا تاپشۇرغانىدى. يوشۇۋا
پەرۋەردىگارنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە بۇيرۇغانلىرىنىڭ بىرىنىمۇ
قالدۇرماي بەجا كەلتۈردى.
[16] يوشۇۋا بارلىق زېمىنلىرىنى، يەنى شىمالىي تاغلىق رايونلار،
پۈتكۈل نەگېب چۆللۈكى، پۈتكۈل گوشەن زېمىنى، غەربىي
ئېدىرلىقلار، ئىئوردان دەرياسى ۋادىسى، جەلىلىيەدىكى تاغلىق
رايونلار ۋە ئېدىرلىقلارنى بويسۇندۇردى. [17] ئىسرائىللارنىڭ زېمىنى
جەنۇبتا سەئىرنىڭ يېنىدىكى خالاق تېغىدىن باشلىنىپ، شىمالدا
لىۋان جىلغىسىنىڭ خەرمون تېغى باغرىدىكى بائالگاد شەھىرىگىچە
كېڭەيدى. يوشۇۋا بۇ زېمىنلاردىكى بارلىق پادىشاھلارنى يوقاتتى.
[18] ئىسرائىللار بۇ پادىشاھلار بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ئۇرۇش قىلدى.
[19] بۇ زېمىنلاردا ياشايدىغان گىبئونىدىكى خىۋلاردىن باشقا، ھېچكىم
ئىسرائىللار بىلەن تىنچلىق ئەھدىنامىسى تۈزمىگەنىدى، شۇڭا
ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېگىلىدى. [20] پەرۋەردىگار
بۇ پادىشاھلارنى جاھىل قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئىسرائىللار
بىلەن ئۇرۇش قىلىشتى. پەرۋەردىگارنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە
بۇيرۇغىنى بويىچە ئىسرائىللار ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەھىم
قىلماي تەلتۆكۈس يوقاتتى.
[21] بۇ چاغدا يوشۇۋا تاغلىق رايونلاردا ياشاۋاتقان ئاناقلارنى
يوقاتتى. ئۇلار ھېبرون، دىبىر، ئاناب شەھەرلىرىدە ھەم جەنۇب
ۋە شىمالدىكى پۈتۈن تاغلىق رايونلاردا ياشايتتى. يوشۇۋا ئۇلارنى
شەھەرلىرى بىلەن تەلتۆكۈس يوقاتتى. [22] ئىسرائىللارنىڭ زېمىنى

ئېچىدە ئاناقنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھېچكىم قالمىدى. بىراق ئۇلاردىن
ئازغىنا بىر قىسمى گازا، گات، ۋە ئاشدود شەھەرلىرىدە قېلىپ
قالدى. [23] يوشۇۋا پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە
بارلىق زېمىنلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى ۋە بۇ زېمىنلارنى ئىسرائىل
قەبىلىلىرىگە مۈلۈك قىلىپ تەقسىملەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن
بۇ زېمىندا ئۇرۇش ئاخىرلاشتى.

## ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى مەغلۇپ قىلىنغان پادىشاھلار

12 [1] ئىسرائىللار ئالىبۇرۇن ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى
پادىشاھلارنى مەغلۇپ قىلىپ، زېمىنلىرىنى ئىگىلىگەنىدى.
بۇ پادىشاھلارنىڭ زېمىنى جەنۇبتا ئارنون جىلغىسىدىن تارتىپ،
شىمالدا خەرمون تېغىغىچە ئىدى. بۇ ئىئوردان دەرياسىنىڭ
شەرقىدىكى رايونىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
[2] ئىسرائىللار ئالدى بىلەن خەشبون شەھرىدىكى ئامورلارنىڭ
پادىشاھى سىخوننى مەغلۇپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ زېمىنى ئارنون
جىلغىسىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان ئاروئېر شەھرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان بولۇپ، ئارنون جىلغىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تارتىپ،
ئاممونلارغا چېگرالىنىدىغان ياببوق جىلغىسىغىچە ئىدى. بۇ
زېمىن گىلېئاد زېمىنىنىڭ جەنۇبىي يېرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
[3] سىخون پادىشاھ يەنە ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا،
يەنى شىمالدىكى جەلىلىيە كۆلىدىن جەنۇبتىكى ئۆلۈك دېڭىزغىچە
بولغان يەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بۇ يەرلەر بەيت-يېشىموتقا
بارىدىغان يول ۋە پىسگاھ تېغىنىڭ ئېتىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
[4] مەغلۇپ بولغان باشان پادىشاھى ئوگ ئاشتاروت ۋە ئەدرەئى
شەھەرلىرىدە ياشايتتى. ئۇ رافاھلارنىڭ قالغانلىرىدىن بىرى ئىدى.
[5] ئۇ شىمالدا خەرمون تېغىدىن تارتىپ، سالكاھ شەھرىگىچە
بولغان زېمىنلارغا، غەربتە پۈتكۈل باشان زېمىنىدىن تارتىپ،
گېشۇر ۋە مائاكانىڭ چېگرالىرىغىچە ھەمدە گىلېئادنىڭ شىمالىي
يېرىمىدىن تارتىپ، خەشبونلۇق سىخون پادىشاھنىڭ چېگراسىغىچە
ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

6 ئىلگىرى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا ۋە ئىسرائىللار بۇ
پادىشاھلارنى مەغلۇپ قىلغانىدى. مۇسا پەيغەمبەر بۇ زېمىنلارنى
رۇبېن، گاد ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمىغا مۈلۈك
قىلىپ بەرگەنىدى.

## ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىدىكى مەغلۇپ قىلىنغان پادىشاھلار

7 يوشۇۋا ۋە ئىسرائىللار ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان
لىۋان جىلغىسىدىكى بائالگاد دېگەن جايدىن خالاق تېغىغىچە، ھەتتا
سەئىرگىچە بولغان زېمىندىكى پادىشاھلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇ
بۇ زېمىنلارنى ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە مۈلۈك قىلىپ تەقسىملەپ
بەردى. 8 بۇ زېمىنلار تاغلىق رايونلارنى، غەربىي ئېدىرلىقلارنى،
ئىئوردان دەرياسى ۋادىسىنى، تاغ باغرىلىرىنى، چۆل-باياۋانلارنى
ۋە جەنۇبىي نەگېب چۆللۈكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ زېمىنلاردا
خىتلار، ئامورلار، كەنئانلار، پەرىززىلەر، خىۋلار ۋە يەبۇسلار ياشىغان.
تۆۋەندىكىلەر ئىسرائىللار مەغلۇپ قىلغان پادىشاھلار:

9 ئېرىخا پادىشاھى
بەيتەلنىڭ يېنىدىكى ئاي پادىشاھى
10 يېرۇسالېم پادىشاھى
ھېبرون پادىشاھى
11 يارمۇت پادىشاھى
لاكىش پادىشاھى
12 ئەگلون پادىشاھى
گەزەر پادىشاھى
13 دېبىر پادىشاھى
گەدەر پادىشاھى
14 خورماھ پادىشاھى
ئاراد پادىشاھى
15 لىبناھ پادىشاھى
ئادۇللام پادىشاھى

16 ماقېدا پادىشاھى
بەيتەل پادىشاھى
17 تاپپۇۋاخ پادىشاھى
خېفەر پادىشاھى
18 ئافېق پادىشاھى
لاشارون پادىشاھى
19 مادون پادىشاھى
خازور پادىشاھى
20 شىمرون-مىرئون پادىشاھى
ئاكشاف پادىشاھى
21 تاناك پادىشاھى
مىگىددو پادىشاھى
22 قەدەش پادىشاھى
كارمەلدىكى يوقنېئام پادىشاھى
23 نافوت-دورنىڭ يېنىدىكى دور پادىشاھى
گىلگالنىڭ يېنىدىكى گويىم پادىشاھى
24 تىرزاھ پادىشاھى
جەمئىي 31 پادىشاھتۇر.

## بويسۇندۇرۇشقا تېگىشلىك قالغان زېمىنلار

13
1 يوشۇۋا ياشىنىپ، قېرىپ قالغانىدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا
مۇنداق دېدى:
- سەن ياشىنىپ، قېرىپ قالدىڭ. لېكىن سەن تېخى بويسۇندۇرۇشقا
تېگىشلىك بولغان يەنە كۆپ زېمىنلار بار. 2 سىلەرنىڭ بويسۇندۇرۇشۇڭلارغا
تېگىشلىك بولغان زېمىنلاردىن يەنە فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ۋە
گېشۇرلارنىڭ پۈتۈن زېمىنى باردۇر. 3 بۇ زېمىنلار مىسىرنىڭ
شەرقىدىكى شىخور دەرياسىدىن تارتىپ، شىمالدىكى ئەقرون
شەھىرىنىڭ چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ (بۇ زېمىنلار كەنئانلارنىڭ
زېمىنى دەپ قارىلىدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە گازا، ئاشدود، ئاشقېلون،
گات ۋە ئەقرون قاتارلىق شەھەرلەرگە فىلىستىيەلىك بەش بەگ
ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. يەنە جەنۇبتىكى ئاۋۋىم خەلقىنىڭ زېمىنىمۇ

شۇنىڭ ئىچىدە. 4 سىلەر كەنئانىيلارنىڭ شىمالدىكى پۈتكۈل زېمىنىنى،
شۇنداقلا سىدونلۇقلار تەۋەلىكىدىكى مېئارادىن تارتىپ، ئامورلار
زېمىنىغا چېگراداش ئافېق شەھىرىگىچە بولغان زېمىنلارنىمۇ
ئىگىلىشىڭلار كېرەك. 5 يەنە گىبال خەلقىنىڭ زېمىنىنى، خەرمون
تاغلىرىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بائالگاد شەھىرىدىن تارتىپ،
لىبو-خامات شەھىرىگىچە بولغان لىۋان تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى
زېمىنلارنى 6 ۋە يەنە لىۋان تاغلىرىدىن مىسرېفوت-مايىمغىچە
بولغان زېمىنىنى، يەنى سىدونلۇقلارنىڭ پۈتكۈل زېمىنلىرىنى
ئىگىلىشىڭلار كېرەك. مەن بۇ زېمىنلاردىكى خەلقلەرنى ئىسرائىل
خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا قوغلاپ چىقىرىمەن. سەن پەقەت مېنىڭ
بۇيرۇقۇم بويىچە بۇ زېمىنلارنى ئىسرائىل خەلقىگە مۈلۈك قىلىپ
تەقسىملەپ بەرگىن. 7 يەنى سەن بۇ زېمىنلارنى توققۇز ئىسرائىل
قەبىلىسى بىلەن ماناسسە قەبىلىسىنىڭ غەربىي يېرىمىغا مۈلۈك
قىلىپ تەقسىملەپ بەرگىن.

## ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى زېمىنلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشى

8 پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەر ئىئوردان دەرياسىنىڭ
شەرقىي قىرغىقىدىكى زېمىنلارنى ئاللىقاچان ماناسسە قەبىلىسىنىڭ
شەرقىي يېرىمىنىڭ ۋە رۇبېن، گاد قەبىلىلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق
قىلىشىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى. 9 ئۇلارنىڭ زېمىنى ئارنون
جىلغىسىنىڭ چېتىدىكى ئاروئېر شەھىرىدىن باشلىنىپ، جىلغىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هالدا مېدىبا شەھىرى
جايلاشقان پۈتۈن ئېگىزلىكتىن هالقىپ ئۆتۈپ، دىبون شەھىرىگىچە
سوزۇلۇپ بارىدۇ. 10 بۇ زېمىنلار يەنە ئەڭ شەرقتىكى ئاممونلارنىڭ
چېگراسىغا تۇتاشقان بولۇپ، سىخون پادىشاھلىقىنىڭ بارلىق
شەھەرلىرى، ئامورلار پادىشاھى ھۆكۈمرانلىق قىلغان خەشبون
شەھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 11 ئۇ يەنە گىلئاد، گىشۇر ۋە
مائاكالىقلارنىڭ زېمىنلىرىنى، خەرمون تېغى، شۇنداقلا باشاننىڭ
سالكاھ شەھىرىگىچە بولغان پۈتكۈل زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ، 12 يەنى باشان زېمىنىدىكى ئاشتاروت ۋە ئەدرەئى شەھىرىدە

هۆكۈمرانلىق قىلغان ئوگ پادىشاھنىڭ بارلىق زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. پادىشاھ ئوگ رافاھلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادى بولۇپ،
مۇسا پەيغەمبەر رافاھلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى بۇ زېمىنلاردىن
قوغلاپ چىقارغانىدى. [13] ئەمما ئىسرائىل خەلقى گىشۇر ۋە مائاكا
خەلقىنى بۇ زېمىندىن قوغلىمىدى، شۇڭا ئۇلار ئىسرائىل خەلقى
ئارىسىدا داۋاملىق ياشاپ كەلمەكتە.

## لاۋىي قەبىلىسىگە مەخسۇس زېمىن تەقسىم قىلىنمىغانلىقى

[14] مۇسا پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنى بويىچە پەقەت
لاۋىي قەبىلىسىگىلا ھېچقانداق زېمىن تەقسىم قىلمىغان ئىدى.
چۈنكى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇداغا
سۇنۇلغان ھەدىيەلەر ئۇلارنىڭ زېمىنى ئورنىدا تەقسىم قىلىنغان
نېسىۋىسى ئىدى.

## رۇبېن قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

[15] مۇسا پەيغەمبەر رۇبېن قەبىلىسىگە ئۇلارنىڭ جەمەتى بويىچە
تەقسىم قىلىپ بەرگەن زېمىنلار. [16] ئۇلارنىڭ زېمىنى ئارنون
جىلغىسىنىڭ چېتىدىكى ئاروئېر شەھرىدىن باشلىنىپ، جىلغىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مېدىبا شەھرى
ئورۇنلاشقان پۈتۈن ئېگىزلىككە سوزۇلۇپ بارىدۇ. [17] ئۇ يەنە خەشبون
شەھرى ۋە شۇ ئېگىزلىكتىكى بارلىق شەھەرلەرنى – دىبون،
باموت-بائال، بەيت-بائالمېئون، [18] ياھاز، قەدېموت، مېفائات،
[19] قىرياتائىم، سىبماھ ھەمدە جىلغىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان
زەرەت-شاخار، [20] بەيت-پېئور، پىسگاھ تېغىنىڭ ئېتىكى، بەيت-
يەشىموت دېگەن يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. [21] شۇنداقلا، رۇبېن
قەبىلىسىنىڭ زېمىنى شۇ ئېگىزلىكتىكى بارلىق شەھەرلەردىن سىرت
يەنە ئامورلارنىڭ پادىشاھى سىخون خەشبون شەھرىدە تۇرۇپ
ھۆكۈمرانلىق قىلغان بارلىق زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسا
پەيغەمبەر ئامورلارنىڭ پادىشاھى سىخوننى ئەۋى، رەقەم، زۇر،
خۇر، رەبا قاتارلىق مىديان خەلقىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن بىللە

مەغلۇپ قىلغان. بۇ قەبىلە باشلىقلىرى سىخون پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، شۇ زېمىندا ياشايتتى. [22] ئىسرائىل خەلقى ئۇرۇشتا بېئورنىڭ ئوغلى پالچى بىلئامنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى. [23] ئىئوردان دەرياسى رۇبېن قەبىلىسىنىڭ زېمىنىنىڭ غەربىي پاسىلى بولدى. بۇ زېمىندىكى شەھەر ۋە يېزىلار رۇبېن قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندى.

## گاد قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

[24] مۇسا پەيغەمبەر گاد قەبىلىسىگە ئۇلارنىڭ جەمەتى بويىچە زېمىن تەقسىم قىلىپ بەرگەن. [25] ئۇلارنىڭ زېمىنى يازېر، گىلئادنىڭ بارلىق شەھەرلىرى ۋە رابباھ شەھىرىنىڭ يېنىدىكى ئاروئېر شەھىرىگىچە بولغان ئاممون زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. [26] بۇ زېمىنلار يەنە جەنۇبتا خەشبون شەھىرىدىن تارتىپ، راموت-مىزپاھ ۋە بېتونىم شەھىرىگىچە، شىمالدا ماخانايىم شەھىرىدىن تارتىپ، دىبىر زېمىنىگىچە، [27] ئىئوردان ۋادىسىدىكى بەيت-خارام، بەيت-نىمراھ، سۇككوت، زافون شەھىرى، شۇنداقلا سىخون پادىشاھ خەشبوندا تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان باشقا زېمىنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەربىي پاسىلى ئىئوردان دەرياسىنى بويلاپ، شىمالدىكى جەلىلىيە كۆلىنىڭ ئايىغىغىچە سوزۇلۇپ، كېيىن شەرققە قايرىلىدۇ. [28] بۇ زېمىنلاردىكى شەھەر ۋە ئەتراپىدىكى يېزىلار گاد قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندى.

## ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمىغا تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

[29] مۇسا پەيغەمبەر ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمىغا ئۇلارنىڭ جەمەتى بويىچە زېمىن تەقسىم قىلىپ بەرگەن. [30] بۇ زېمىنلار ماخانايىم شەھىرىدىن شىمالغا قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، باشان زېمىنى (ئوگ پادىشاھ بۇرۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىن) ۋە يائىرنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى 60 يېزىنى [31] ۋە يەنە گىلئاد زېمىنىنىڭ يېرىمى ۋە باشان زېمىنىدىكى ئوگ پادىشاھنىڭ پايتەختى بولغان

ئاشتاروت ۋە ئەدرەئى شەھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ زېمىنلار
ماناسسەنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يېرىمىغا جەمەت
بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. 32 ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىگە
ۋە ئېرىخا شەھىرىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى موئاب تۈزلەڭلىكىگە
تەۋە بولغان بۇ زېمىنلار مۇسا پەيغەمبەر تەرىپىدىن تەقسىم قىلىپ
بېرىلگەن زېمىنلاردۇر. 33 ئەمما مۇسا پەيغەمبەر لاۋىي قەبىلىسىگە
ھېچقانداق زېمىن تەقسىم قىلىپ بەرمىدى، چۈنكى پەرۋەردىگار،
يەنى ئىسرائىل خەلقى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ئۇلارغا: «مەن
سىلەرنىڭ نېسىۋەڭلار بولىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدى.

## ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىدىكى زېمىنلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشى

14 1 ئىسرائىل خەلقىنىڭ قالغان قەبىلىلىرى روھانىي ئەلئازار،
نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ تەقسىم
قىلىپ بېرىشى بىلەن كەنئان زېمىنىغا ئىگە بولدى. 2 يەنى بۇ
زېمىنلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە بۇيرۇغىنى بويىچە
چەك تاشلاپ، توققۇز يېرىم قەبىلىگە تەقسىم قىلىنىپ بېرىلدى.
3 مۇسا پەيغەمبەر ئىككى قەبىلە ۋە يەنە بىر قەبىلىنىڭ يېرىمىغا
ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى زېمىنلارنى تەقسىم قىلغان،
ئەمما لاۋىي قەبىلىسىگە زېمىن تەقسىم قىلىپ بەرمىگەنىدى.
4 يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى ماناسسە ۋە ئەفرايىم دەپ، ئىككى قەبىلىگە
ئايرىلاتتى. لاۋىي قەبىلىسىگە ھېچقانداق زېمىن تەقسىم قىلىپ
بېرىلمىگەنىدى. ئۇلارغا پەقەت ياشىشى ئۈچۈن ئەتراپىدا چارۋا مال
باقىدىغان ئوتلاقلىرى بولغان شەھەرلەر بېرىلگەنىدى. 5 شۇنىڭ
بىلەن ئىسرائىللار بۇ زېمىنلارنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە
بۇيرۇغىنى بويىچە بۆلۈشۈۋالدى.

## يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كالىبنىڭ تەلىپى

6 ئىسرائىللار گىلگالدا تۇرۇۋاتقان چاغدا، يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ
بىر قىسىم ئادەملىرى يوشۇۋانىڭ ئالدىغا كىرىپ كېلىشتى. قىناز
جەمەتىدىن بولغان يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىب يوشۇۋاغا مۇنداق دېدى:

ـ كادىش-بارنىيادا پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى مۇساغا سەن
ۋە مەن توغرۇلۇق نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى بىلىسەن. 7 پەرۋەردىگارنىڭ
خىزمەتكارى مۇسا مېنى بىز بارىدىغان زېمىنلارنى چارلاپ كېلىشكە
ئەۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا مەن قىرىق ياشتا ئىدىم. مەن قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، مۇسا پەيغەمبەرگە شۇ زېمىنلاردا كۆرگەنلىرىمنى
ئەينەن ئېيتتىم. 8 مەن بىلەن بىللە بارغان ھەمراھلىرىم «ئۇ
زېمىندىكىلەر ۋەھشىي ئىكەن!» دەپ، ئىسرائىللارنى ۋەھىمىگە
سېلىپ قويغانىدى، لېكىن مەن ئىككىلەنمەي، پەرۋەردىگارىم
خۇدانىڭ بىزنى قوغدايدىغانلىقىغا چىن قەلبىمدىن ئىشەندىم.
9 شۇ چاغدا مۇسا پەيغەمبەر: «سېنىڭ قەدىمىڭ يەتكەن يەرلەرنىڭ
ھەممىسى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا مەڭگۈ تەۋە بولسۇن،
چۈنكى سەن پەرۋەردىگارىمىزغا چىن قەلبىڭ بىلەن ئەگەشتىڭ»
دەپ قەسەم بەرگەنىدى.
10 ماڭا قارا، پەرۋەردىگار ۋەدە قىلغىنىدەك، ئۇ مېنىڭ
ھاياتىمنى ساقلاپ قالدى، شۇڭا مەن ھازىرغا قەدەر ياشاپ
كەلدىم. پەرۋەردىگار مۇسا پەيغەمبەرگە ۋەدە قىلغاندىن تارتىپ
ھازىرغىچە 45 يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىل خەلقى
چۆل-باياۋانلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتقانىدى. ماڭا قارا،
مەن ھازىر 85 ياشقا كىردىم. 11 مەن ھازىرمۇ مۇسا پەيغەمبەر
مېنى چارلاشقا ئەۋەتكەن چاغدىكىدەك تىمەن تۇرۇپتىمەن،
ھازىرمۇ شۇ چاغدىكىدەك ئۇرۇش ۋە باشقا ھەممە ئىشلارنى
قىلالايمەن. 12 پەرۋەردىگارنىڭ شۇ چاغدا ۋەدە قىلغىنى بويىچە
بۇ تاغلىق رايونلارنى ماڭا بەرگىن. ئاناقنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ
ھېلىمۇ شۇ زېمىنلاردا ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىسەن، ئۇلارنىڭ
شەھەرلىرى چوڭ ھەم مۇستەھكەم. پەرۋەردىگار ماڭا يار
بولغاي. شۇنداق بولسا، پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنىدەك ئۇلارنى
زېمىندىن قوغلىۋېتىمەن.
13 يوشۇئا يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىبنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ،
پەرۋەردىگاردىن كالىبقا بەخت تىلىدى ۋە ھېبرون شەھرىنى ئۇنىڭغا
مۈلۈك قىلىپ بەردى. 14 شۇنىڭدىن بېرى ھېبرون شەھرى قېناز
قەبىلىسىدىن بولغان يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىبنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا

تۇرماقتا. چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارغا، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ
كەلگەن خۇداغا چىن قەلبى بىلەن ئەگەشكەنىدى. 15 (بۇرۇن ھېبرون
شەھىرى قىريات-ئاربا دەپ ئاتىلاتتى. ئاربا ئاناقنىڭ ئەۋلادىدىن
چىققان ئۇلۇغ قەھرىماندۇر.)
شۇنىڭدىن كېيىن بۇ زېمىندا ئۇرۇش ئاخىرلاشتى.

## يەھۇدا قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

15 1 يەھۇدا قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە زېمىن تەقسىم
قىلىپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ زېمىنلارنىڭ ئەڭ جەنۇبتىكى
پاسىلى ئېدوم چېگراسىدىكى زىن چۆلىنىڭ چېتىگىچە تۇتىشاتتى.
2 يەھۇدا زېمىنىنىڭ جەنۇبىي پاسىلى ئۆلۈك دېڭىزنىڭ جەنۇبىي
قىرغىقىدىن باشلىنىپ، 3 چايان داۋىنىدىن جەنۇبقا مېڭىپ، زىن
چۆلىدىن ئۆتۈپ، كادېش-بارنېيا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن خەزرون
شەھىرىگە سوزۇلىدۇ. كېيىن ئاددار شەھىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن
قارقا شەھىرىگە قايرىلىدۇ. 4 بۇ پاسىل يەنە ئازمون شەھىرىنى
كېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرىدا مىسىر چېگراسىدىكى دەريانى بويلاپ
ئوتتۇرا دېڭىزغىچە تۇتىشىدۇ. بۇ يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ جەنۇبىي
پاسىلىدۇر.
5 ئۇلارنىڭ شەرقىي پاسىلى ئۆلۈك دېڭىزنى بويلاپ، ئىئوردان
دەرياسىدىن ئۆلۈك دېڭىزنىڭ قويۇلۇش ئېغىزىغىچە بارىدۇ.
شىمالىي پاسىلى بولسا ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۆلۈك دېڭىزغا
قۇيۇلۇش ئېغىزىدىن باشلىنىپ، 6 بەيت-خوگلا شەھىرىگىچە
سوزۇلۇپ، كېيىن بەيت-ئارابا شەھىرىدىن ئۆتۈپ، رۇبېننىڭ ئوغلى
بوھاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تاشقىچە بارىدۇ. 7 كېيىن بالايىئاپەت
جىلغىسىدىن ئۆتۈپ دىبىر شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن شىمالغا
بۇرۇلۇپ، گىلگال شەھىرىگىچە بارىدۇ. گىلگال شەھىرى بولسا
جىلغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئادۇممىم تاغ داۋىنىنى كېسىپ ئۆتىدىغان
يولنىڭ قارشى تەرىپىدە بولۇپ، بۇ پاسىل ئېنشەمەش بۇلىقىغىچە
سوزۇلۇپ، روگېل بۇلىقى دېگەن جايدا ئاخىرلىشىدۇ. 8 كېيىن
يىبۇسلار شەھىرىنىڭ (يېرۇسالېم شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
جەنۇبىي تەرىپىدىكى بەنھىننوم جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، ھىننوم

جىلغىسىنىڭ غەربىدىكى ئېدىرلىقتا، يەنى رافاھلار جىلغىسىنىڭ
شىمال تەرىپىنىڭ ئاخىرىغىچە باردۇ. [9] بۇ پاسىل بۇ ئېدىرلىقتىن
يەنە نەفتوۋاخ بۇلىقىغىچە سوزۇلۇپ، كېيىن ئەفرون تېغىدىكى
شەھەرلەرگىچە باردۇ. ئۇ يەردىن يەنە قايرىلىپ، قىريات-يېئارىم
دەپ ئاتىلىدىغان بائالا شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. [10] ئۇ يەنە بائالا
شەھىرىدىن غەربتىكى سەئىر تېغىغا قايرىلىپ، ئۇ يەردىن يېئارىم،
يەنى كىسالون تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ، بەيت-شەمەش
شەھىرىگە بېرىپ، يەنە داۋاملىشىپ تىمناھ شەھىرىگىچە سوزۇلىدۇ.
[11] ئۇ يەنە ئەقرون شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغ باغرىنى بويلاپ،
شىككارون شەھىرىگە بۇرۇلۇپ، بائالا تېغىغا بېرىپ، يابنىئېل
شەھىرىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا دېڭىزدا ئاخىرلىشىدۇ.
[12] ئۇلارنىڭ غەربىي پاسىلى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرى ئىدى.
يەھۇدا قەبىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرىنىڭ پاسىلى مانا شۇ ئىدى.

## كالىبقا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىن

[13] يوشۇۋا پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ
قىريات-ئاربا دېگەن زېمىنىنى يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىبقا بۆلۈپ
بەردى. بۇ زېمىن هازىر هېبرون دەپ ئاتىلىدۇ. ئاربا بولسا ئاناقنىڭ
ئاتىسى ئىدى. [14] كالىب بۇ زېمىندىن ئاناقنىڭ ئۈچ ئوغلى، يەنى
شېشاي، ئاخىمان ۋە تالمايلارنىڭ جەمەتلىرىنى قوغلاپ چىقاردى.
[15] كالىب قىريات-ئاربا زېمىنىدىن ئۆتۈپ دىبىر (ئىلگىرى قىرئات-
سېفەر دەپ ئاتىلاتتى) شەھىرىگە هۇجۇم قىلدى.
[16] يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كالىب:
- قىرئات-سېفەر شەھىرىنى كىم ئالسا، قىزىم ئاكساھنى
شۇنىڭغا بېرىمەن، - دېدى.
[17] ئۇ شەھەرنى كالىبنىڭ ئىنىسى قېنازنىڭ ئوغلى ئوتنىئېل
ئالدى. كالىب قىزى ئاكساھنى ئۇنىڭغا بەردى. [18] بىر كۈنى
ئاكساھ ئاتىسىنى يەنە بىر پارچە يەر بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرۈش
ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئاكساھ ئېشەكتىن چۈشۈشى بىلەنلا
ئاتىسى ئۇنىڭدىن:
- نېمىگە كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى. [19] ئاكساھ:

- مەن پەقەت بىرلا نەرسە تەلەپ قىلىپ كەلدىم. ئاتا، ماڭا بۆلىقى بار يەرلەردىن بەرسىڭىز، چۈنكى ماڭا بەرگەن يەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى نەگىب چۆللۈكىدىكى يەرلەر ئىكەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن كالىب يۇقىرى ۋە تۆۋەندىكى بۇلاقلارنى ئۇنىڭغا بەردى.

## يەھۇدا قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان شەھەرلەر

[20] تۆۋەندىكىلەر يەھۇدا قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن شەھەرلەر.

[21] ئەڭ جەنۇبتىكى ئېدوم چېگراسىغا يېقىن شەھەرلەر:
قابزېئېل، ئەدەر، ياگۇر، [22] قىناھ، دىمونا، ئادئادا، [23] قەدەش، خازور، يىتنان، [24] زىف، تەلەم، بىئالوت، [25] خازور-خاداتتا، قىريوت-خەزرون (يەنى خازور)، [26] ئامام، شىما، مولادا، [27] خازار-گاددا، خەشمون، بەيت-پەلەت، [28] خازار-شۇئال، بەئەرشەبا، بىزيوتىيا [29] بائالا، ئىيىم، ئەزەم، [30] ئەلتولاد، كىسىل، خورماھ، [31] زىقلاق، مادماننا، سانساننا، [32] لىبائوت، شىلخىم، ئايىن ۋە رىممونلاردىن ئىبارەت جەمئىي 29 شەھەر بولۇپ، ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە.

[33] غەربىي ئېدىرلىقتىكى شەھەرلەر:
ئەشتائول، زورئاھ، ئاشناھ، [34] زانوۋاخ، ئېنگاننىم، تاپپۇۋاخ، ئېنام، [35] يارمۇت، ئادۇللام، سوكوھ، ئازېقا، [36] شائارايىم، ئادىتايىم، گىدېرا، يەنى گىدېروتايىم قاتارلىق جەمئىي 14 شەھەر بولۇپ، ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە.

[37] بۇنىڭدىن باشقا، زىنان، خاداشا، مىگدالگاد، [38] دىلئان، مىزپاھ، يوقتېئېل، [39] لاكىش، بوزقات، ئەگلون، [40] كاببون، لاخماس، كىتلىش، [41] گىدېروت، بەيت-داگون، نائاما، ماققېدالاردىن ئىبارەت جەمئىي 16 شەھەر ۋە ئەتراپىدىكى يېزىلار [42] ۋە يەنە لىبناھ، ئەتەر، ئاشان، [43] يىفتاھ، ئاشناھ، نىزىب، [44] قىيلاھ، ئاكزىب، مارېشا قاتارلىق جەمئىي توققۇز شەھەر بولۇپ، ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە.

[45] جۈملىدىن ئەقرون ۋە ئەتراپىدىكى يېزىلار [46] ۋە ئەقروندىن تارتىپ، ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان ئاشدود يېنىدىكى بارلىق شەھەرلەر [47] ھەمدە ئاشدود، گازا ئەتراپىدىكى يېزىلار بىلەن قوشۇلۇپ، مىسىر چېگراسىدىكى دەرياغا ۋە ئوتتۇرا دېڭىز ياقىسىغا باراتتى.

[48] تاغلىق رايونلاردىكى شەھەرلەر:
شامىر، ياتتىر، سوكوھ، [49] داننا، قىريات-ساننا (يەنى دىبىر)،
[50] ئاناب، ئەشتىموۋا، ئانىم، [51] گوشەن، خولون، گىلوھ قاتارلىق 11
شەھەر بولۇپ، ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە.
[52] ئۇنىڭدىن باشقا ئاراب، دۇماھ، ئەشئان، [53] يانۇم، بەيت-
تاپپۇئاخ، ئافېقا، [54] خۇمتاھ، قىريات-ئاربا (يەنى ھېبرون) زىئور
قاتارلىق جەمئىي توققۇز شەھەر ۋە ئەتراپىدىكى يېزىلار [55] ۋە ھەم
مائون، كارمەل، زىف، يۇتتاھ، [56] يىزرىئەل، يوقدىئام، زانوئاخ،
[57] قايىن، گىبئاھ ۋە تىمناھ قاتارلىق جەمئىي ئون شەھەر بولۇپ،
ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە. [58] جۇملىدىن خالخۇل،
بەيتزۇر، گىدور، [59] مائارات، بەيت-ئانوت ۋە ئەلتىقون قاتارلىق
ئالتە شەھەر ۋە ئەتراپىدىكى يېزىلار [60] ھەمدە قىريات-بائال
(يەنى قىريات-يېئارىم)، رابباھ قاتارلىق ئىككى شەھەر بولۇپ،
ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە.
[61] چۆلدىكى شەھەرلەر:
بەيت-ئارابا، مىددىن، سىكاكا، [62] نىبشان، تۇز شەھىرى ۋە
ئېنگەدى قاتارلىق ئالتە شەھەر بولۇپ، ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ
بۇلارنىڭ ئىچىدە. [63] لېكىن يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر يېرۇسالېمدىكى
يەبۇسلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئامالسىز قالغاچقا، يەبۇسلار
داۋاملىق يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە ياشاپ كەلمەكتە.

## يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرىغا تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

16 [1] يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلار:
بۇ زېمىنلارنىڭ جەنۇبىي پاسلى ئىئوردان دەرياسىنىڭ
يېرىخو يېنىدىكى يېرىخا شەھىرىدىن، يەنى ئېرىخا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى
بۇلاقلىقتىن باشلىنىپ، چۆل-باياۋانلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، تاغلىق
رايوندىكى بەيتەل شەھىرىگىچە سوزۇلىدۇ. [2] جەنۇبىي پاسىل
بەيتەل، يەنى لۇز شەھىرىدىن باشلىنىپ، ئاتاروت شەھىرىدىكى
ئاركىلارنىڭ زېمىنىغا بارىدۇ. [3] كېيىن يەنە غەربكە سوزۇلۇپ،
يافلېتلارنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ، ئاستىن بەيت-خورون شەھىرىگىچە

بېرىپ، ئۇ يەردىن يەنە گەزەر شەھىرىگىچە سوزۇلۇپ، ئاخىرى
ئوتتۇرا دېڭىزغا بېرىپ توختايدۇ.
[4] يۇسۇپنىڭ ئوغۇللىرى، يەنى ئەفرايىم بىلەن ماناسسەنىڭ
ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلارغا ئىگە بولدى.

## ئەفرايىم قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

[5] ئەفرايىم قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە بېرىلگەن زېمىنلار:
ئۇلارغا تەقسىم قىلىنغان زېمىنىنىڭ جەنۇبىي پاسلى شەرقتە
ئاتروت-ئاددار شەھىرىدىن باشلىنىپ، ئۈستۈن بەيت-خورون
شەھىرىگە تۇتىشىپ، [6] ئوتتۇرا دېڭىزغا بارىدۇ. كېيىن يەنە
شىمالدىكى مىكمىتات شەھىرىدىن ئۆتۈپ، شەرقتىكى تائانات-
شىلو شەھىرىگە بېرىپ، يانوۋاخ شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. [7] كېيىن يەنە
يانوۋاخ شەھىرىدىن جەنۇبقا قايرىلىپ، ئۇ يەردىن ئاتاروت، نائارا
شەھەرلىرىگىچە سوزۇلۇپ، كېيىن ئېرىخا شەھىرىگە تۇتىشىپ،
ئىئوردان دەرياسىدا ئاخىرلىشىدۇ. [8] بۇ پاسىل يەنە تاپپۇۋاخ
شەھىرىدىن غەربكە سوزۇلۇپ، قاناھ جىلغىسىنى بويلاپ، ئوتتۇرا
دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. مانا بۇ ئەفرايىم قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە
تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلاردۇر.
[9] ئۇنىڭدىن باشقا، ماناسسە قەبىلىسىنىڭ غەربىي يېرىمىدىكىلەرگە
تەقسىم قىلىنىپ بېرىلگەن زېمىنلار ئىچىدە، ئەفرايىم قەبىلىسىگە
بېرىلگەن شەھەر ۋە ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ بار. [10] ئەفرايىم
قەبىلىسى كەنئانىيلارنى گەزەر شەھىرىدىن قوغلاپ چىقارمىدى.
شۇڭا كەنئانىيلار داۋاملىق ئەفرايىملار بىلەن بىرگە ياشاپ، ئۇلارغا
قۇلدەك ئىشلەشكە مەجبۇر بولماقتا.

## ماناسسە قەبىلىسىنىڭ غەربىي يېرىمىغا تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

17 [1] يۇسۇپنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ماناسسە
قەبىلىسىدىكىلەرگە زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.
(ماناسسەنىڭ چوڭ ئوغلى ماكىر گىلئادنىڭ ئاتىسى بولۇپ،
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى باتۇر جەڭچىلەردىن بولغاچقا، گىلئاد زېمىنى

ۋە باشان زېمىنى ئۇلارغا بۇرۇنلا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىدى.)
2 ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىدىكى باشقا زېمىنلار ماناسسەنىڭ
قالغان ئەۋلادلىرىغا جەمەتلەر بويىچە، يەنى ئابىئەزەر، خېلەق،
ئاسرىئېل، شەكەم، خېفەر ۋە شېمىدا قاتارلىق جەمەتلەرگە تەقسىم
قىلىپ بېرىلدى. بۇ جەمەتلەر يۈسۈپنىڭ ئوغلى ماناسسەنىڭ ئەر
ئەۋلادلىرى ئىدى.
3 ئەمما خېفەرنىڭ ئوغلى، يەنى گىلئادنىڭ نەۋرىسى، ماكىرنىڭ
ئەۋرىسى، ماناسسەنىڭ چەۋرىسى بولغان زىلوفخادنىڭ ئوغلى
يوق ئىدى، پەقەت قىزلىرىلا بار ئىدى. بۇ قىزلارنىڭ ئىسمىلىرى
ماخلاھ، نوئاھ، خوگلاھ، مىلكاھ ۋە تىرزاھ ئىدى. 4 ئۇلار روھانىي
ئەلئازار، نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا ۋە ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ:
- پەرۋەردىگار مۇسا پەيغەمبەرگە، قەبىلىمىزدىكى ئەرلەرگە
ئوخشاش بىزگىمۇ زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىشنى بۇيرۇغانىدى،
- دېدى.
شۇنىڭ بىلەن يوشۇۋا پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە،
تاغىلىرىغا ئوخشاش ئۇلارغىمۇ يەر تەقسىم قىلىپ بەردى. 5 شۇنداق
قىلىپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى گىلئاد زېمىنى
بىلەن باشان زېمىنىدىن باشقا، ماناسسە قەبىلىسىگە يەنە ئون پارچە
زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. 6 ماناسسە قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ
ئايال ئەۋلادلىرىمۇ ئەر ئەۋلادلارغا ئوخشاش بىر پارچىدىن يەرگە
ئىگە بولدى. گىلئاد زېمىنى ماناسسە قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ قالغان
ئەر ئەۋلادلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.
7 ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ماناسسە قەبىلىسىنىڭ
پاسلى، شىمالدا ئاشىر قەبىلىسىنىڭ پاسلىغا تۇتىشىپ، جەنۇبتا
شەكەم شەھىرىگە يېقىن بولغان مىكمىتات شەھىرىگە سوزۇلۇپ،
مىكمىتات شەھىرىدىن يەنىمۇ جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ، ئېن-تاپپۇۋاخلار
ياشاۋاتقان زېمىنغا تۇتىشاتتى. 8 تاپپۇۋاخ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى
زېمىنلار ماناسسە قەبىلىسىگە تەۋە بولدى، ئەمما ماناسسە قەبىلىسى
زېمىنىدىكى تاپپۇۋاخ شەھىرى ئەفرايىم قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى.
9 ماناسسە قەبىلىسىنىڭ جەنۇبىي پاسلى قاناھ جىلغىسىغا تۇتىشاتتى.

ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەھەرلىرى ئىچىدە ئەفرايىم قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان شەھەرلەرمۇ بار ئىدى. ئەمما ماناسسە قەبىلىسىنىڭ پاسىلى قاناھ جىلغىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتىشاتتى. [10] ئەفرايىم زېمىنى بولسا قاناھ جىلغىسىنىڭ جەنۇبىدا، ماناسسە قەبىلىسىنىڭ زېمىنى بولسا دەريانىڭ شىمالىدا ئىدى. ئوتتۇرا دېڭىز بولسا ماناسسە قەبىلىسىنىڭ غەربىي پاسىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنى شىمالدا ئاشىر قەبىلىسىنىڭ پاسىلىغا، غەربتە ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ پاسىلىغا تۇتىشاتتى.
[11] ماناسسە قەبىلىسىگە بېرىلگەن بەيتشان، يىبلىئام، دور، يەنى نافەتدور، ئېندور، تاناك ۋە مىگىددو قاتارلىق شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار ئىسساكار قەبىلىسى بىلەن ئاشىر قەبىلىسىنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئىدى.
[12] ئەمما ماناسسە قەبىلىسى بۇ شەھەرلەرنى ئىگىلىيەلمىدى. شۇ زېمىنلاردا ياشاۋاتقان كەنئانلار داۋاملىق شۇ يەردە ياشاۋەردى.
[13] ئىسرائىللار كۈچەيگەندىن كېيىن، كەنئانلارنى قۇلدەك ئىشلەشكە مەجبۇر قىلدى، ئەمما ئۇلارنى بۇ زېمىنلاردىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقارمىدى.
[14] يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى يوشۇۋانىڭ ئالدىغا كېلىپ:
- پەرۋەردىگار بىزگە بەرىكەت بەردى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز شۇنچە كۆپ تۇرسا، سەن نېمە ئۈچۈن بىزگە بىر پارچىلا زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىسەن؟ - دەپ سورىدى.
[15] يوشۇۋا ئۇلارغا:
- ئەگەر ئادەملىرىڭلار شۇنچە كۆپ بولسا، ئەفرايىم تاغلىق رايونى سىلەرگە يەتمىگەن بولسا، ئورمانلىقتا ياشاۋاتقان پەرىززىلەر ۋە رافاھلارنىڭ زېمىنىغا بېرىپ، ئورمانلارنى كېسىپ ئۆزۈڭلارغا جاي قىلىڭلار، - دېدى.
[16] يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى جاۋاب قايتۇرۇپ:
- ئەفرايىم تاغلىق رايونى بىزگە تارلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈزلەڭلىكتىكى بەيتشان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار ۋە يىزرەئەل تۈزلەڭلىكىدە ياشاۋاتقان كەنئانلارنىڭ تۆمۈر بىلەن مۇستەھكەملەنگەن جەڭ ھارۋىلىرىمۇ بار، - دېيىشتى.

[17] يوشۇۋا يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئەفرايىم ۋە ماناسسە قەبىلىسىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى:
- سىلەر شۇنچە كۆپ ۋە كۈچلۈك ئىكەنسىلەر، سىلەرگە بىر ئۈلۈشتىن كۆپ زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىلىشى كېرەك. [18] تاغلىق رايونلارمۇ سىلەرگە تەۋە بولسۇن. ئۇ يەرلەر گەرچە ئورمانلىق بولسىمۇ، سىلەر ئورمانلارنى كېسىپ، شۇ جايلارنى ئۆزۈڭلارغا زېمىن قىلىڭلار. كەنئانلار كۈچلۈك ھەم ئۇلارنىڭ تۆمۈر بىلەن مۇستەھكەملەنگەن جەڭ ھارۋىلىرى بولسىمۇ، سىلەر ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتەلەيسىلەر.

## قالغان زېمىنلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشى

18 [1] ئىسرائىللار پۈتۈن زېمىنلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، پۈتكۈل خەلق شىلو شەھىرىگە يىغىلىپ، ئۇچرىشىش چېدىرى تىكتى. [2] ئىسرائىللارنىڭ يەنە يەتتە قەبىلىسىگە تېخى زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىلمىگەنىدى.

[3] يوشۇۋا ئىسرائىللارغا مۇنداق دېدى:
- پەرۋەردىگار، يەنى سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا سىلەرگە ئاتا قىلىدىغان زېمىنلارنى قاچانغىچە ئىگىلىمەي تۇرىسىلەر؟ [4] سىلەر ھازىرلا ھەربىر قەبىلىدىن ئۈچ ئادەم تاللاڭلار، مەن ئۇلارنى شۇ زېمىنلارنى چارلاشقا ئەۋەتىمەن. ئۇلار ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ پاسىللىرىنى بېكىتىپ، خەرىتىسىنى سىزىپ، مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلسۇن. [5] بۇ زېمىنلار يەتتە پارچىغا بۆلۈنسۇن. جەنۇبتىكى زېمىنلار يەھۇدا قەبىلىسىگە، شىمالدىكى زېمىنلار يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇلسۇن. [6] سىلەر بۇ يەتتە پارچە زېمىننىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ، مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئاندىن مەن بۇ زېمىنلارنى پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن چەك تاشلاپ، ھەربىر قەبىلىگە تەقسىم قىلىپ بېرىمەن.
[7] لېكىن لاۋىي قەبىلىسىگە ھېچقانداق زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ زېمىنى، يەنى نېسىۋىسى پەرۋەردىگارنىڭ روھانىيسى بولۇشتۇر. گاد قەبىلىسى، رۇبېن قەبىلىسى ۋە ماناسسە

قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمى ئۆزلىرىگە تەۋە زېمىنغا ئىگە بولۇپ بولغان. ئۇلارغا بۇ زېمىننى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەر ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن بەرگەن.
[8] يوشۇۋا ئايغاقچىلار مېڭىش ئالدىدا ئۇلارغا يەنە تاپىلاپ:
— سىلەر پۈتۈن زېمىنلارنى چارلاپ، خەرىتىسىنى سىزىپ كېلىڭلار. سىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن شىلودا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن چەك تاشلايمەن، — دېدى.
[9] ئايغاقچىلار پۈتۈن زېمىننى چارلاپ، شەھەرلەر بويىچە پۈتۈن زېمىننى يەتتە بۆلەككە بۆلۈپ، ھەربىر بۆلەكتىكى شەھەرلەرنى تىزىملاپ چىقتى. ئۇلار قايتىپ كېلىپ، شىلودىكى قارارگاھتا يوشۇۋا بىلەن كۆرۈشتى. [10] يوشۇۋا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا بۇ زېمىنلارنى ھەرقايسى قەبىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن چەك تاشلىدى.

## بىنيامىن قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

[11] بىرىنچى چەك بىنيامىن قەبىلىسىگە چىقتى. ئۇلارغا جەمەتلىرى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىن، يەھۇدا بىلەن يۈسۈپ قەبىلىسىنىڭ زېمىنى ئوتتۇرىسىدا ئىدى.
[12] بۇ زېمىننىڭ شىمالىي پاسىلى ئىئوردان دەرياسىدىن باشلىنىپ، ئېرىخا شەھىرىنىڭ شىمالىدىن يۇقىرىلاپ، غەربكە بۇرۇلۇپ تاغلىق رايونغا كىرىپ، ئاندىن بەيتئاۋەن چۆللۈكىگە بارىدۇ.
[13] بۇ يەردىن لۇز، يەنى بەيتەل شەھىرىگە تۇتىشىپ، ئاستىن بەيت-خورون شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېدىرلىقتا جايلاشقان ئاتروت-ئاددار شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. [14] بۇ يەردىن يەنە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، بەيت-خورون شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئېدىرلىقنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ، يەھۇدا قەبىلىسىگە تەۋە بولغان قىريات-بائال، يەنى قىريات-يېئارىم شەھىرىدە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ غەربىي پاسىلىدۇر.
[15] جەنۇبىي پاسىلى بولسا قىريات-يېئارىم شەھىرىنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ، نەفتوۋاخ بۇلاقلىرىغا تۇتىشىدۇ. [16] كېيىن يەنە رافاھلار جىلغىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ۋە بەنھىننوم جىلغىسى يېنىدىكى

ئېدىرلىقتىن تۆۋەنگە قاراپ، ھىننوم جىلغىسىنى بويلاپ، يەبۇسلار
شەھىرىنىڭ① جەنۇبىدىكى ئېدىرلىقتىن ئۆتۈپ، روگېل بۇلىقىغا
بارىدۇ. 17 بۇ پاسىل يەنە ئۇ يەردىن شىمالغا قايرىلىپ ئېنشەمەشكە
بېرىپ، ئادۇمىمم داۋىنىنىڭ قارشىسىدىكى گىلىلوتقا تۇتىشىدۇ.
كېيىن رۇبېننىڭ ئوغلى بوھاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تاشقىچە
بېرىپ، 18 ئۇ يەردىن يەنە ئىئوردان دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى
ئېدىرلىقنىڭ شىمالىنى بويلاپ ئۆتۈپ، ئىئوردان دەرياسى ۋادىسىغا
تۇتىشىدۇ. 19 ئۇ يەردىن بەيت-خوگلانىڭ شىمالىي تەرىپىگە
تۇتىشىپ، ئۆلۈك دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئىئوردان
دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قويۇلۇش ئېغىزىدا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ
ئۇلارنىڭ جەنۇبىي پاسىلىدۇر. 20 ئىئوردان دەرياسى بولسا ئۇلارنىڭ
شەرقىي پاسىلى ئىدى.

مانا بۇ تۆت تەرىپى چېگرالانغان زېمىنلار بىنيامىن قەبىلىسىگە
جەمەتلەر بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلاردۇر.

21 بىنيامىن قەبىلىسىگە بېرىلگەن شەھەرلەر: ئېرىخا، بەيت-
خوگلا، ئېمەق-قىزىز، 22 بەيت-ئارابا، زىمارايىم، بەيتەل، 23 ئاۋۋىم،
پاراھ، ئوفراھ، 24 كىفار-ئاممونا، ئوفنى، گەبا قاتارلىق 12 شەھەر
بولۇپ، ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە. 25 يەنە گىبېئون،
راماھ، بەئەروت، 26 مىزپاھ، كىفىرا، موزاھ، 27 رەقەم، يىرپېئېل،
تارئالا، 28 زېلا، ھائەلەف، يەبۇس (يېرۇسالېم)، گىبېئاھ، قىريات
قاتارلىق 14 شەھەر بولۇپ، ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ بۇلارنىڭ
ئىچىدە. مانا بۇلار بىنيامىن قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە تەقسىم
قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلاردۇر.

## شىمون قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

19 1 ئىككىنچى چەك شىمون قەبىلىسىگە چىقتى. ئۇلارغا
جەمەتلىرى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىن،
يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ زېمىنى ئىچىدىدۇر.

① 18: 16 يەبۇسلار شەھىرى ـ كېيىنكى يېرۇسالېم شەھىرىدۇر.

[2] بۇ زېمىندا بەئەرشەبا، مولادا، [3] خازار-شۇئال، بالاھ، ئەزەم،
[4] ئەلتولاد، بېتۇل، خورماھ، [5] زىقلاق، بەيت-ماركابوت، خازار-
سۇساھ، [6] بەيت-لىبائوت ۋە شارۇخەن قاتارلىق 13 شەھەر بولۇپ،
ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە.
[7] شىمون قەبىلىسى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئايىن، رىممون،
ئەتەر ۋە ئاشان قاتارلىق تۆت شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى
يېزىلارغا ئىگە بولدى. [8] بۇ زېمىن يەنە بائالات-بېئېر، يەنى
نەگېب چۆللۈكىدىكى راماھ شەھىرىگىچە بولغان بارلىق شەھەر
ۋە يېزىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ زېمىنلار شىمون قەبىلىسىگە
جەمەتلەر بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. [9] يوشۇۋا يەھۇدا
قەبىلىسىگە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىنمۇ ئارتۇق زېمىن تەقسىم
قىلىپ بەرگەنىدى، شۇڭا يەھۇدا قەبىلىسى شىمون قەبىلىسىگە
ئۆز زېمىنىدىن يەر ئاجرىتىپ بەردى.

## زەبۇلۇن قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

[10] ئۈچىنچى چەك زەبۇلۇن قەبىلىسىگە چىقتى. ئۇلارغا
جەمەتلىرى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنىنىڭ پاسىلى
سارىد شەھىرىدىن باشلىنىپ، [11] غەربكە سوزۇلۇپ، مارئالا
شەھىرىدىن ئۆتۈپ، دابەشەت شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن
يوقنىئام شەھىرىنىڭ يېنىدىكى جىلغىغىچە تۇتىشىدۇ. [12] قارشى
تەرەپتە سارىد شەھىرىدىن شەرقىي تەرەپكە سوزۇلۇپ، كىسلوت-
تابور شەھىرىنىڭ پاسىلىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن دابىرات شەھىرىگىچە
سوزۇلۇپ، يەنە يۇقىرىلاپ يافىيا شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. [13] ئاندىن
شەرققە داۋاملىشىپ گاتخېفەر شەھىرى، ئېتقازىن شەھىرى ۋە
رىممون شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، نېئاھ شەھىرىگە بۇرۇلىدۇ.
[14] زەبۇلۇنلارنىڭ شىمالىي پاسىلى خانناتون شەھىرىدىن ئۆتۈپ،
يىفتاخئېل جىلغىسىدا ئاخىرلىشىدۇ. [15] ئۇلارنىڭ زېمىنى جەمئىي
12 شەھەر بولۇپ، قاتتات، ناخالال، شىمرون، يىدئالا ۋە بەيتلەھەم
شەھەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.
[16] مانا بۇ شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار زەبۇلۇن
قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلاردۇر.

## ئىسساكار قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

[17] تۆتىنچى چەك ئىسساكار قەبىلىسىگە چىقتى. ئۇلارغا جەمەتلىرى
بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىن تۆۋەندىكى شەھەرلەرنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: [18] يىزرەئەل، كىسۇللوت، شۇنېم، [19] خافارايىم،
شىئون، ئاناخارات، [20] رابىت، قىشيون، ئەبەز، [21] رەمەت، ئېنگاننىم،
ئېنخاددا ۋە بەيت-پاززېز.
[22] ئۇلارنىڭ زېمىنى تابور، شاخازىما ۋە بەيت-شەمەش شەھەرلىرىگە
تۇتىشىپ، ئىئوردان دەرياسىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنى 16
شەھەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە.
[23] ئىسساكار قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە تەقسىم قىلىپ
بېرىلگەن زېمىنلار يۇقىرىدىكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق
يېزىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئاشىر قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

[24-25] بەشىنچى چەك ئاشىر قەبىلىسىگە چىقتى. ئۇلارغا جەمەتلىرى
بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىن تۆۋەندىكى شەھەرلەرنى،
يەنى خەلقات، خالى، بەتەن، ئاكشاف، [26] ئاللاممەلەك، ئاماد ۋە مىشئال
قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي پاسلى
كارمەل تېغى ۋە شىخور-لىبنات شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. [27] كېيىن
يەنە شەرققە بۇرۇلۇپ، بەيت-داگون شەھىرىگە سوزۇلۇپ، زەبۇلۇن
قەبىلىسىدىكى يىفتاخئېل جىلغىسىغىچە بارىدۇ. ئۇ يەردىن شىمالغا
بۇرۇلۇپ، بەيت-ئېمەق ۋە نىئىئەل شەھەرلىرىگىچە بېرىپ، ئۇ
يەردىن داۋاملىق شىمالغا ئىلگىرىلەپ، قابۇل، [28] ئەبرون، رىخوب،
خاممون، قاناھ شەھىرىگە بېرىپ ۋە ئېخىمۇ يىراقلاپ ئۇدۇل بۈيۈك
سىدون شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. [29] بۇ پاسىل يەنە راماھ شەھىرى ۋە
سېپىللىرى مۇستەھكەم تىر شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن يەنە
خوساھ شەھىرىگە بۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى ماخالاب ۋە
ئاكزىب شەھىرىگە يېقىن رايونلارغا بارىدۇ. [30] ئۇلارنىڭ زېمىنىدا
ئۇمماھ، ئافىق ۋە رىخوب قاتارلىق 22 شەھەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ئەتراپىدىكى يېزىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

[31] مانا بۇ شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار ئاشىر
قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلاردۇر.

## نافتالى قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

[32-33] ئالتىنچى چەك نافتالى قەبىلىسىگە چىقتى. ئۇلارغا
جەمەتلىرى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنىنىڭ شىمالىي
پاسىلى، خېلەف شەھىرىنىڭ زائانانىم دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى
دۇپ دەرىخىدىن باشلىنىپ، ئادامى-نەكەب، يابنىئېل ۋە تېخىمۇ
يىراقلاپ بېرىپ لاققۇم شەھەرلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىئوردان
دەرياسىدا ئاخىرلىشىدۇ. [34] غەربىي پاسىلى ئازنوت-تابور شەھىرىنى
كېسىپ ئۆتۈپ، خۇقوق شەھىرىگە بارىدۇ. بۇ پاسىلنىڭ جەنۇب
تەرىپى زەبۇلۇن قەبىلىسىگە، غەرب تەرىپى ئاشىر قەبىلىسىگە،
شەرق تەرىپى ئىئوردان دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. [35] ئۇلارنىڭ زېمىنىدا
مۇستەھكەم شەھەرلەردىن تۆۋەندىكىلەر بار: زىددىم، زېر،
خاممات، راققات، كىننەرەت، [36] ئاداما، راماھ، خازور، [37] قەدەش،
ئەدرەئى، ئېنخازور، [38] يىرئون، مىگدالئېل، خورېم، بەيت-ئانات
ۋە بەيت-شەمەش قاتارلىق جەمئىي 19 شەھەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ئەتراپىدىكى يېزىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
[39] مانا بۇ شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار نافتالى
قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلاردۇر.

## دان قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلار

[40-41] يەتتىنچى چەك دان قەبىلىسىگە چىقتى. ئۇلارغا جەمەتلىرى
بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىندا تۆۋەندىكى شەھەرلەر
بار: يەنى زورئاھ، ئەشتائول، ئىرشەمەش، [42] شائالابىن، ئايىيالون،
يىتلاھ، [43] ئېلون، تىمناھ، ئەقرون، [44] ئەلتىقې، گىببېتون، بائالات،
[45] يىھۇد، بىنەبىراق گاترىممون، [46] مېيارقون، راققون شەھىرى ۋە
يافا شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
[47] ئەمما دان قەبىلىسى بۇ زېمىنلارغا ئىگە بولالمىدى. ئۇلار باشقا
يەرگە بېرىپ، لەشەم شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ شەھەرنى
ئىگىلىدى ھەمدە بۇ شەھەرنىڭ خەلقىنى قىلىچ بىلەن قىرغىن

قىلىپ، ئۆزلىرى بۇ شەھەرگە ئورۇنلاشتى. ئۇلار بۇ شەھەرنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ، ئەجدادلىرىنىڭ نامى بىلەن «دان» دەپ ئاتاشتى. [48] مانا بۇ شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار دان قەبىلىسىگە جەمەتلەر بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلاردۇر.

## يوشۇۋاغا تەقسىم قىلىنغان زېمىن

[49] بارلىق قەبىلىلەرگە زېمىنلار بۆلۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئىسرائىللار نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋاغىمۇ زېمىن تەقسىم قىلىپ بەردى. [50] پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىسرائىللار يوشۇۋاغا ئۆزى تاللىغان شەھەرنى تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇ ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىكى تىمنات-سەراخ شەھىرىنى تاللىۋالغانىدى. ئۇ بۇ شەھەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىپ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. [51] يۇقىرىدىكى زېمىنلارنى روھانىي ئەلئازار، نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا، يەنى شىلودىكى ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ ئالدىدا چەك تاشلاپ، ئىسرائىللارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىش تاماملاندى.

## پاناھلىنىدىغان شەھەرلەر

20 [1] پەرۋەردىگار يوشۇۋاغا مۇنداق دېدى:
[2] ــ سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، مەن مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ساڭا ئەمر قىلغىنىمدەك، ئۇلار پاناھلىنىدىغان شەھەرلەرنى بېكىتىپ چىقسۇن. [3] ھەرقانداق بىر كىشى بىرسىنى بىخەستەلىك قىلىپ، مەقسەتسىز ھالدا ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇ شۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە قېچىپ بېرىپ، پاناھلانسا بولىدۇ. ئۇ بۇ شەھەردە ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قىساس ئېلىشىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ. [4] لېكىن ئۇ كىشى شۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلانماقچى بولغاندا، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئۆز قىلمىشىنى بايان قىلسۇن. ئۇلار چوقۇم ئۇ كىشىنى شەھەرگە كىرىشكە يول قويسۇن ۋە ئۇنىڭغا شۇ شەھەردىن تۇرىدىغان جاي كۆرسىتىپ بەرسۇن. [5] ئەگەر

ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى قىساس ئېلىش ئۈچۈن قوغلاپ كەلسە، ئاقساقاللار ھەرگىزمۇ ئۆلتۈرگۈچىنى ئۇلارغا چىقىرىپ بەرمىسۇن. چۈنكى ئۆلتۈرگۈچى ئۆلگۈچىنى قەستەن ئۆلتۈرمىگەن، شۇنداقلا بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئاداۋىتىمۇ بولمىغان.
6 ئەمما ئۆلتۈرگۈچى جامائەت ئالدىدا سوراق قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىلغۇچە، شۇ يەردە تۇرسۇن. ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىتتىكى باش روھانىي ئۆلۈپ كەتكۈچە ئۆلتۈرگۈچى چوقۇم شۇ شەھەردە تۇرسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلتۈرگۈچى ئەركىن بولۇپ، ئۆزى قېچىپ كەلگەن شەھەرگە قايتسا بولىدۇ.

7 نافتالى قەبىلىسىگە قاراشلىق تاغلىق رايوندىكى جەلىلىيەگە جايلاشقان قەدەش شەھىرى، ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ تاغلىق رايونىدىكى شەكەم شەھىرى، يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ تاغلىق رايونىدىكى قىريات-ئاربا، يەنى ھېبرون شەھىرى قاتارلىق شەھەرلەر پاناھلىنىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن شەھەرلەردۇر.
8 ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى، يەنى ئېرىخا شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى رۇبېن قەبىلىسىگە قاراشلىق ئېگىزلىكتىكى چۆللۈككە جايلاشقان بەزەر شەھىرى، گاد قەبىلىسىنىڭ زېمىنىغا جايلاشقان گىلئادتىكى راموت شەھىرى، ماناسسە قەبىلىسىنىڭ زېمىنىغا جايلاشقان باشان رايونىدىكى گولان شەھىرى قاتارلىق شەھەرلەر پاناھلىنىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن شەھەرلەردۇر.
9 بۇ شەھەرلەر بارلىق ئىسرائىللار ۋە شۇ زېمىندا ياشاۋاتقان يات خەلقلەر ئۈچۈن پاناھلىنىدىغان شەھەرلەر قىلىپ بېكىتىلگەن. ھەرقانداق بىر كىشى بىرسىنى بىخەستەلىك قىلىپ، مەقسەتسىز ھالدا ئۆلتۈرۈپ قويسا، شۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلانسا بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق جامائەت ئالدىدا سوراق قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قىساس ئېلىشىدىن ساقلىنالايدۇ.

## لاۋىي قەبىلىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن شەھەرلەر

21 1-2 لاۋىي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى كەنئان زېمىنىدىكى شىلو شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان روھانىي ئەلئازار، نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا ۋە ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارغا:

– پەرۋەردىگار مۇسا پەيغەمبەرگە بىزگە شەھەر ۋە چارۋا
ماللىرىمىزغا ئوتلاق بېرىشنى بۇيرۇغانىدى، – دېدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە
لاۋىي قەبىلىسىگە ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىندىن
تۆۋەندىكى شەھەرلەرنى ۋە ئوتلاقلارنى ئايرىپ بەردى.
[4] چەك تاشلاش ئارقىلىق لاۋىي قەبىلىسىنىڭ قوھات جەمەتىدىن
بولغان ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا يەھۇدا، شىمون ۋە بىنيامىن
قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلاردىكى 13 شەھەر
ئايرىپ بېرىلدى.
[5] يەنە چەك تاشلاش ئارقىلىق، قوھات جەمەتىنىڭ باشقا ئەۋلادلىرىغا
ئەفرايىم، دان ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ غەربىي يېرىمىغا تەقسىم
قىلىپ بېرىلگەن زېمىندىكى 10 شەھەر ئايرىپ بېرىلدى.
[6] يەنە چەك تاشلاش ئارقىلىق، گېرشون جەمەتىگە ئىسساكار،
ئاشېر، نافتالى ۋە باشاندىكى ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي
يېرىمىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلاردىكى 13 شەھەر
ئايرىپ بېرىلدى.
[7] مىرارى جەمەتىگىمۇ چەك تاشلاش ئارقىلىق رۇبېن، گاد ۋە
زەبۇلۇن قەبىلىسىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلاردىكى 12
شەھەر ئايرىپ بېرىلدى.
[8] شۇنداق قىلىپ ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە
بۇيرۇغىنى بويىچە يۇقىرىقى شەھەر ۋە ئوتلاقلارنى لاۋىي قەبىلىسىگە
چەك تاشلاش ئارقىلىق ئايرىپ بەردى.
[9-10] لاۋىي قەبىلىسىنىڭ قوھات جەمەتىدىن بولغان ھارۇننىڭ
ئەۋلادلىرىغا بىرىنچى بولۇپ چەك چىققانلىقى ئۈچۈن، ئىسرائىللار
يەھۇدا ۋە شىمون قەبىلىلىرىگە تەۋە شەھەرلەرنى ئۇلارغا ئەڭ ئالدىدا
ئايرىپ بەردى: [11] يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ تاغلىق رايونىدىكى قىريات-
ئاربا، يەنى ھېبرون شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنىمۇ
ئۇلارغا ئايرىپ بەردى (ئاربا ئاناقنىڭ ئەجدادى ئىدى). [12] ئەمما
شەھەرنىڭ سىرتىدىكى داللار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار بۇرۇنلا
يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىبقا تەقسىملەپ بېرىلگەنىدى.

[13] شۇنىڭ بىلەن روھانىي ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا ھېبرون شەھىرى
(بىخەستەلىك قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلارنىڭ پاناھلىنىدىغان
شەھەرلىرىنىڭ بىرى)، لىبناھ، [14] ياتتىر، ئەشتەموۋا، [15] خولون،
دىبىر، [16] ئايىن، يۇتتاھ ۋە بەيت-شەمەش قاتارلىق توققۇز شەھەر
ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنى ئايرىپ بەردى.
[17] ئىسرائىللارنىڭ بىنيامىن قەبىلىسىدىن ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا
گىبئون، گەبا، [18] ئاناتوت ۋە ئالمون قاتارلىق تۆت شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ
ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار ئايرىپ بېرىلدى. [19] روھانىي ھارۇننىڭ
ئەۋلادلىرىغا جەمئىي 13 شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار
ئايرىپ بېرىلدى.
[20] لاۋىي قەبىلىسىدىكى قوھات جەمەتىنىڭ باشقا ئەۋلادلىرىغا
ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ شەھەرلىرى ئايرىپ بېرىلدى. [21] ئىسرائىللار
ئۇلارغا تاغلىق رايوندىكى ئەفرايىمنىڭ شەكەم شەھىرى (بىخەستەلىك
قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلارنىڭ پاناھلىنىدىغان شەھەرلىرىنىڭ
بىرى)، گەزەر، [22] قىبزايىم ۋە بەيت-خورون شەھەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار بولۇپ، جەمئىي 4 شەھەرنى ئايرىپ بەردى.
[23] ئىسرائىللار ئۇلارغا يەنە دان قەبىلىسىدىن ئەلتەقې، گىببېتون،
[24] ئايىيالون، گاترىممون ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار بولۇپ،
جەمئىي 4 شەھەرنى ئايرىپ بەردى.
[25] ئۇلارغا يەنە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ غەربىي يېرىمىدىن تاناك،
گاترىممون ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار بولۇپ، جەمئىي 2
شەھەرنى ئايرىپ بەردى. [26] قوھات جەمەتىنىڭ قالغان ئەۋلادلىرى
10 شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنى ئايرىۋالدى.
[27] لاۋىي قەبىلىسىنىڭ باشقا جەمەتىدىن بولغان گېرشوننىڭ
ئەۋلادلىرى ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمىدىكى تۆۋەندىكى
شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنى ئايرىۋالدى:
باشاندىكى گولان (بىخەستەلىك قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلارنىڭ
پاناھلىنىدىغان شەھەرلىرىنىڭ بىرى) ۋە بېئەشتىرادىن ئىبارەت
2 شەھەر.

[28] ئىسساكار قەبىلىسىدىن تۆۋەندىكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ
ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنى ئايرىۋالدى: قىشيون، دابىرات، [29] يارمۇت
ۋە ئېنگاننىمدىن ئىبارەت 4 شەھەر.
[30] ئاشىر قەبىلىسىدىن تۆۋەندىكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ
ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنى ئايرىۋالدى: مىشئال، ئابدون، [31] خەلقات
ۋە رىخوبتىن ئىبارەت 4 شەھەر.
[32] نافتالى قەبىلىسىدىن تۆۋەندىكى شەھەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ
ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنى ئايرىۋالدى: جەلىلىيەدىكى قەدەش
(بىخەستەلىك قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلارنىڭ پاناھلىنىدىغان
شەھەرلىرىنىڭ بىرى)، خاموتدور ۋە قارتاندىن ئىبارەت 3 شەھەر.
[33] شۇنداق قىلىپ، جەمئىي 13 شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى
ئوتلاقلار گېرشون جەمەتىگە ئايرىپ بېرىلدى.
[34] لاۋىي قەبىلىسىنىڭ قالغان جەمەتلىرىدىن مىرارى جەمەتى،
زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن تۆۋەندىكى 4 شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى
ئوتلاقلارنى ئايرىۋالدى: يوقنىئام، قارتاھ، [35] دىمناھ ۋە ناخالال
قاتارلىق شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار.
[36] رۇبېن قەبىلىسىدىن تۆۋەندىكى 4 شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ
ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنى ئايرىۋالدى: بەزەر، ياھاز، [37] قىدېموت
ۋە مېفائات قاتارلىق شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار.
[38] گاد قەبىلىسىدىن تۆۋەندىكى 4 شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى
ئوتلاقلارنى ئايرىۋالدى: گىلئادتىكى راموت (بىخەستەلىك قىلىپ،
ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلارنىڭ پاناھلىنىدىغان شەھەرلىرىنىڭ
بىرى)، ماخانايىم، [39] خەشبون ۋە يازېر قاتارلىق شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ
ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار. [40] شۇنىڭ بىلەن مىرارى جەمەتى (لاۋىي
قەبىلىسىنىڭ قالغان جەمەتلىرى) 12 شەھەرگە ئىگە بولدى.
[41] دېمەك، ئىسرائىللار زېمىنىدىن جەمئىي 48 شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ
ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار لاۋىي قەبىلىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. [42] بۇ
شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەتراپىدا ئوتلاقلىرى بار ئىدى.
[43] شۇنداق قىلىپ پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ ئەجدادلىرىغا ۋەدە
قىلغان بارلىق زېمىننى ئۇلارغا بەردى. ئىسرائىللار بۇ زېمىنلارغا
ئىگە بولۇپ، شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشتى. [44] پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ

ئەجدادلىرىغا ۋەدە قىلغىنى بويىچە پۈتۈن زېمىنغا ئامانلىق بەردى.
ھېچقانداق بىر دۈشمەن ئۇلارغا قارشى تۇرالمىدى، چۈنكى
پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىنى ئۇلارنىڭ قولىغا
چۈشۈرۈپ بەرگەنىدى. [45] پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىل خەلقىگە بەرگەن
بارلىق ۋەدىسىنىڭ بىرىمۇ قالماي ھەممىسى ئەمەلگە ئاشتى.

## شەرقتىكى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز زېمىنلىرىغا قايتىشى

22 [1] يوشۇۋا رۇبېن، گاد ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي
يېرىمىدىكى قەبىلىلەرنى چاقىرىپ [2] ئۇلارغا:
— سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەر
سىلەرگە بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدىڭلار، شۇنداقلا
مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمغىمۇ بويسۇندۇڭلار. [3] سىلەر شۇنچە ئۇزاق
ۋاقىتلاردىن بېرى ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىكى قېرىنداشلىرىڭلارنى
تاشلىۋەتمىدىڭلار. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە
ئىزچىل بويسۇنۇپ كەلدىڭلار. [4] ھازىر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا
ئۆز ۋەدىسى بويىچە سىلەرگە ئامانلىق بەردى. سىلەر ئەمدى،
ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ
خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەر سىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن
زېمىنلاردىكى يۇرتۇڭلارغا قايتىڭلار. [5] مۇسا پەيغەمبەرنىڭ بارلىق
كۆرسەتمىسى ۋە بۇيرۇقلىرىغا چوقۇم ياخشى ئەمەل قىلىڭلار!
پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى سۆيۈڭلار، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا
مېڭىڭلار، ئەمرلىرىگە بويسۇنۇڭلار، ئۇنىڭغا سادىق بولۇڭلار،
پۈتۈن قەلبىڭلار ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن ئۇنىڭغا ئىبادەت
قىلىڭلار! — دېدى.
[6] كېيىن يوشۇۋا ئۇلارغا بەخت تىلەپ، ئۇزىتىپ قويدى. ھەممىسى
ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشتى.
[7] مۇسا پەيغەمبەر ماناسسەنىڭ شەرقىي يېرىم قەبىلىسىگە ئىئوردان
دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى باشان زېمىنىنى تەقسىم قىلىپ
بەرگەنىدى (ئۇلارنىڭ قالغان يېرىم قەبىلىسىگە ئىئوردان دەرياسىنىڭ
غەربىدىن زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن). يوشۇۋا ئۇلارغىمۇ
بەخت تىلەپ، ئۆز يۇرتلىرىغا ئۇزىتىپ قويدى. [8] يوشۇۋا ئۇلارغا:

ـ دۈشمەنلىرىڭلاردىن ئولجا ئالغان چارۋا مال، ئالتۇن-كۈمۈش،
تۇچ، تۆمۈر ۋە كىيىم-كېچەك قاتارلىق بايلىقلارنى ئېلىپ، ئۆرۈق-
تۇغقانلىرىڭلار بىلەن تەڭ بۆلۈشۈڭلار، ـ دېدى.
[9] شۇنىڭ بىلەن رۇبېن، گاد ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي
يېرىمىدىكى قەبىلىلەر كەنئان زېمىنىنىڭ شىلو شەھىرىدە قالغان
ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىن ئايرىلدى. ئۇلار گىلئادتىكى ئۆزلىرىگە تەۋە
بولغان زېمىنغا قاراپ يول ئالدى. بۇ زېمىنلارنى پەرۋەردىگار ئۇلارغا
مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق بۇيرۇپ بەرگەنىدى.

## شەرقىي قەبىلىلەرنىڭ قۇربانلىق سۇپىسى ياسىشى

[10] رۇبېن، گاد ۋە ماناسسەنىڭ شەرقىي يېرىمىدىكى قەبىلىلەر
كەنئان زېمىنىدىن چىقماي تۇرۇپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىغا
كەلگەندە، ئۇ يەردە ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بىر قۇربانلىق سۇپىسى
ياسىدى. [11] ئىسرائىللارنىڭ قالغان قەبىلىلىرىگە رۇبېن، گاد ۋە
ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمىدىكى قەبىلىلەرنىڭ كەنئان
زېمىنىنىڭ پاسىلىدىكى ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىدىكى گىلىلوتتا
بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياسىغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. [12] ئۇلار
بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بارلىق ئادەملىرى شىلوغا
يىغىلىپ، رۇبېن، گاد ۋە ماناسسەنىڭ شەرقىي يېرىمىدىكى قەبىلىلەر
بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇشتى. [13] ئەمما ئۇلار ئەلئازارنىڭ ئوغلى
روھانىي پىنىخاسنى گىلئاد زېمىنىدىكى رۇبېن، گاد ۋە ماناسسەنىڭ
شەرقىي يېرىمىدىكى قەبىلىلەرگە ئەۋەتتى، [14] يەنى ئىسرائىللارنىڭ
ھەرقايسى قەبىلىلىرى ئۆز جەمەتلىرىدىن بىردىن ئاقساقالنى تاللاپ،
جەمئىي ئون ئادەمنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەۋەتتى.
[15] ئۇلار گىلئاد زېمىنىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، رۇبېن، گاد
ۋە ماناسسەنىڭ شەرقىي يېرىمىدىكى قەبىلىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ،
ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
[16] ـ بىز، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتى سىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن
ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىڭلارنى
بىلمەكچى بولۇپ كەلدۇق. سىلەر نېمە ئۈچۈن پەرۋەردىگاردىن يۈز
ئۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى ھالدا ئۆزۈڭلارغا بىر قۇربانلىق سۇپىسى

ياسىدىڭلار؟ 17 ئاتا-بوۋىلىرىمىز پېئوردا① پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق
قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئېغىر گۇناھنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ئۇلار
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقى بولسىمۇ، پەرۋەردىگار يەنىلا ئۇلارنى
ۋابا بىلەن جازالىغانىدى، بىز بۇ گۇناھتىن تېخىچە پاكلانغىنىمىز
يوق! 18 بۈگۈن سىلەر پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈدۈڭلار. سىلەر
پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلساڭلار، ئەتە پەرۋەردىگار ھەممىمىزگە
غەزىپىنى ياغدۇرىدۇ.
19 ئەگەر سىلەر زېمىنىڭلارنى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ناپاك دەپ
ئويلىساڭلار، ئۇنداقتا بىزنىڭ زېمىنىمىزغا كېلىڭلار. بىزنىڭ
يېرىمىزگە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرى تىكىلگەن، ئۇنى
سىلەر بىلەن تەڭ ئورتاقلىشايلى. ئەمما پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ
قۇربانلىق سۇپىسىدىن باشقا، يەنە بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياساش
ئاسىيلىقتۇر، سىلەر بۇ قىلمىشىڭلار بىلەن پەرۋەردىگارغا ۋە بىزگە
قارشى چىقماڭلار. 20 زەراخ جەمەتىدىن بولغان ئاكان پەرۋەردىگارغا
ئاتالغان نەرسىنى ئوغرىلاپ گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارنىڭ
غەزىپى بارلىق ئىسرائىل خەلقىگە ياغمىدىمۇ؟ ئاشۇ بىر ئادەمنىڭ
گۇناھى ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتتىغۇ؟!
21 رۇبېن، گاد ۋە ماناسسەنىڭ شەرقىي يېرىمىدىكى قەبىلىلەر
ئىسرائىللارنىڭ بۇ ئاقساقاللىرىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشتى:
22 – ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدا، ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار
خۇدا! ئۇ ئۆزى بىلىدۇ! پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى بىلسۇن! بىز
قۇربانلىق سۇپىسىنى پەرۋەردىگارغا قارشى چىقىش ياكى ئۇنىڭغا
بويسۇنماسلىق ئۈچۈن ياسىمىدۇق. ئەگەر بىز شۇنداق خىيالدا ياسىغان
بولساق، بىزگە رەھىم قىلماڭلار! 23 ئەگەر بىز پەرۋەردىگاردىن يۈز
ئۆرۈش مەقسىتىدە ياكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئامانلىق قۇربانلىق
قىلىش ۋە ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنۇش ئۈچۈن قۇربانلىق سۇپىسى
ياسىغان بولساق، پەرۋەردىگار بىزنى جازالىسۇن.

---

① 22: 17 پېئور – موئابتىكى بىر يەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ يەردە مۇسا پەيغەمبەر ۋاقتىدا ئىسرائىل خەلقى پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىپ، بىر بۇت ياسىغان. پەرۋەردىگار 24 مىڭ نەپەر ئىسرائىللارنى يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى جازالىغان. («چۆلدە» 25: 9)

[24] بۇ قۇربانلىق سۇپىسىنى ياساشتىكى مەقسىتىمىز، كەلگۈسىدە
سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلار بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزغا: «پەرۋەردىگارىمىز،
يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا بىلەن نېمە
مۇناسىۋىتىڭلار بار؟ [25] پەرۋەردىگار ئىئوردان دەرياسىنى بىز بىلەن
سىلەرنىڭ، يەنى رۇبېن بىلەن گاد قەبىلىسىنىڭ پاسىلى قىلغان.
سىلەرنىڭ بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزغا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچقانداق
ھوقۇقۇڭلار يوق» دەپ، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنى پەرۋەردىگارغا
ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپ قويۇشىدىن قورقتۇق.
[26] شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ قۇربانلىق سۇپىسىنى ياساشنى قارار
قىلدۇق. بۇنى ياساشتىكى مەقسىتىمىز، قۇربانلىق ياكى كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ئۈچۈن ئەمەس، [27] بەلكى دەلىل-ئىسپات ئۈچۈندۇر. بۇ
قۇربانلىق سۇپىسى سىلەر بىلەن بىزگە، شۇنداقلا ئەۋلادلىرىمىزغا
گۇۋاھ بولسۇن. بۇ قۇربانلىق سۇپىسى بىزنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ
ئىبادەت چېدىرىدا پەرۋەردىگارغا كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقى
ھەم باشقا قۇربانلىقلارنى سۇنۇش ۋە پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىش
ھوقۇقىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداق بولغاندا، سىلەرنىڭ
ئەۋلادىڭلار بىزنىڭ ئەۋلادىمىزنى «پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىش
ھوقۇقۇڭلار يوق» دەپ تۇسالمايدۇ.
[28] ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلار شۇنداق دېسە، بىزنىڭ
ئەۋلادلىرىمىز: «ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانلىق
سۇپىسىغا ئوخشىتىپ ياسىغان سۇپىسىغا قاراڭلار. بۇ
قۇربانلىق سۇپىسى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ياكى باشقا قۇربانلىقلار
ئۈچۈن ياسالغان ئەمەس، بەلكى بىزنىڭمۇ پەرۋەردىگارغا مەنسۇپ
ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ قىلىش ئۈچۈن ياسالغاندۇر» دەيدۇ.
[29] بىز ھەرگىز پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈپ، ئاسىيلىق قىلمايمىز.
پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىبادەت چېدىرى ئالدىدىكى قۇربانلىق
سۇپىسىدىن باشقا ھەرقانداق بىر قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ياكى باشقا قۇربانلىقلارنى قىلمايمىز ۋە ئاشلىق
ھەدىيەسى سۇنمايمىز.
[30] روھانىي پىنىخاس ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن ئىسرائىللارنىڭ
قەبىلە ئاقساقاللىرى، يەنى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ جەمەت

ئاقساقاللىرى رۇبېن، گاد ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمىدىكى قەبىلىلەردىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قايىل بولۇشتى. [31] ئەلئازارنىڭ ئوغلى روھانىي پىنخاس ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

– بىز بۈگۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئارىمىزدا ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگارغا ساداقەتسىزلىك قىلمىدىڭلار، يەنى سىلەر ئىسرائىللارنى پەرۋەردىگارنىڭ گۇمران قىلىشىدىن ساقلاپ قالدىڭلار.

[32] ئەلئازارنىڭ ئوغلى روھانىي پىنخاس ۋە باشقا ئاقساقاللار گىلئادتىكى رۇبېن ۋە گاد قەبىلىلىرىدىن ئايرىلىپ، كەنئان زېمىنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى ئىسرائىللارغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. [33] ئىسرائىللار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇشتى ۋە خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇشتى. ئۇلار رۇبېن ۋە گاد قەبىلىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى ۋەيران قىلىشنى قايتا ئېغىزغا ئالمىدى.

[34] رۇبېن ۋە گاد قەبىلىلىرى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئىسمىنى «گۇۋاھلىق سۇپىسى» دەپ ئاتاپ: «بۇ سۇپا بىردىنبىر پەرۋەردىگار خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىمىزنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر» دېيىشتى.

## يوشۇۋانىڭ ئاخىرقى نەسىھەتى

23 [1] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئامانلىق بەرگەندىن كېيىن، خېلى زامانلار ئۆتتى. يوشۇۋامۇ قېرىپ قالدى. [2] يوشۇۋا بارلىق ئىسرائىل خەلقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى، يېتەكچىلىرىنى، سوتچىلىرىنى ۋە باشقۇرغۇچىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

– مەن قېرىپ قالدىم، [3] سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ سىلەر ئۈچۈن ئەتراپىڭلاردىكى يات خەلقلەرنى قانداق قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەر ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدى! [4] مەن سىلەرنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىڭلارغا شەرقتە ئىئوردان دەرياسىدىن تارتىپ، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان زېمىنلارنى تەقسىم قىلىپ بەردىم. مەن سىلەرگە بىز

بويسۇندۇرغان بارلىق يات خەلقلەرنىڭ زېمىنلىرىنى ۋە بىز
تېخى بويسۇندۇرمىغان يات خەلقلەرنىڭ زېمىنلىرىنىمۇ تەقسىم
قىلىپ بەردىم. [5] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا يات خەلقلەرنى سىلەرنىڭ
كۆز ئالدىڭلاردا شۇ زېمىنلاردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، پەرۋەردىگار
سىلەرگە ۋەدە قىلغىنىدەك، سىلەر شۇ زېمىنلارغا ئىگە بولىسىلەر!
[6] سىلەر مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىغا قاتتىق
ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنىڭ يولىدىن چەتنىمەڭلار! [7] سىلەر ئاراڭلاردا
قالغان باشقا يات خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەڭلار! ئۇلارنىڭ
ئىلاھلىرىنى تىلغا ئالماڭلار، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ نامى بىلەن
قەسەم قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا سەجدە قىلماڭلار ۋە ئۇلارغا
چوقۇنماڭلار! [8] سىلەر ھازىرغىچە پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا سادىق
بولۇپ كەلدىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا سادىق بولۇڭلار!
[9] پەرۋەردىگار كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك يات خەلقلەرنى كۆز
ئالدىڭلاردا قوغلاپ چىقاردى. ھازىرغىچە ھېچكىم سىلەرگە
تەڭ كېلەلمىدى. [10] سىلەرنىڭ بىر ئادىمىڭلار دۈشمەننىڭ مىڭ
ئادىمىنى قوغلاپ چىقاردى. چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ۋەدە
قىلغىنىدەك، سىلەر ئۈچۈن جەڭ قىلدى. [11] سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ
ئىش-ھەرىكىتىڭلارغا دىققەت قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى
پۈتۈن قەلبىڭلار بىلەن سۆيۈڭلار.
[12] ئەگەر خۇدادىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاراڭلاردا قالغان يات خەلقلەر
بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلار بىلەن دوستلاشساڭلار ۋە نىكاھلاشساڭلار،
[13] بىلىڭلاركى، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا بۇ يات خەلقلەرنى زېمىنىڭلاردىن
قوغلاپ چىقارمايدۇ. شۇنداقلا، سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا
سىلەرگە ئاتا قىلغان بۇ گۈزەل زېمىندا تاكى ھالاك بولمىغۇچە،
ئۇلار سىلەرگە تۇزاق، قاپقان ياكى دۈمبەڭلارغا ئۇرۇلغان قامچا،
كۆزۈڭلارغا قادالغان تىكەن بولىدۇ.
[14] مېنىڭمۇ ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالدى. شۈبھىسىزكى،
پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ سىلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ بىرىنىمۇ
قالدۇرماي ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى سىلەرنىڭمۇ
كۆڭلۈڭلارغا ئاياندۇر. [15] خۇدا سىلەرگە بەرگەن ياخشى ۋەدىلىرىنىڭ
ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا

ئېتىقاد قىلىڭلار، بولمىسا ئۇ سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقان بالايىئاپەتلەرنى بېشىڭلارغا ياغدۇرىدۇ ھەم سىلەرنى سىلەرگە ئاتا قىلغان بۇ گۈزەل زېمىندىنمۇ قوغلاپ چىقىرىدۇ. [16] ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئەجدادلىرىڭلار بىلەن قىلغان ئەھدىسىنى بۇزۇپ، باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ، ئۇلارغا سەجدە قىلساڭلار، پەرۋەردىگار سىلەرگە قاتتىق غەزىپىنى ياغدۇرىدۇ. پەرۋەردىگار سىلەرگە ئاتا قىلغان بۇ گۈزەل زېمىندىن بىر دەمدىلا يوق قىلىنىسىلەر.

## يوشۇۋانىڭ ئەھدىنى قايتا بېكىتىشى

24 [1] يوشۇۋا ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنى، يېتەكچىلىرىنى، سوتچىلىرىنى ۋە باشقۇرغۇچىلىرىنى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىسرائىل قەبىلىلىرىنى شەكەمگە چاقىردى. ئۇلار خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. [2] يوشۇۋا پۈتۈن خەلققە مۇنداق دېدى:

- پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى زاماندا تەراھ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولغان ناخور بىلەن ئىبراھىم، شۇنداقلا باشقا ئەجدادلىرىڭلار فىرات دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىدە ياشايتتى، ئۇلار باشقا ئىلاھلارغا چوقۇناتتى. [3] مەن ئەجدادىڭلار ئىبراھىمنى فىرات دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىپ، كەنئاننىڭ پۈتۈن زېمىنىنى كەزدۈردۈم. ئۇنىڭغا ئىسھاقنى ئاتا قىلىپ، ئىبراھىمنىڭ نەسلىنى ئاۋۇتتۇم. [4] ئىسھاققا ئىككى ئوغۇل، يەنى ياقۇپ بىلەن ئەساۋنى بەردىم. مەن سەئىردىكى تاغلىق رايوننى ئەساۋغا بەردىم. لېكىن ياقۇپ پەرزەنتلىرى بىلەن مىسىرغا كەتتى. [5] كېيىن مەن مۇسا بىلەن ھارۇننى مىسىرغا ئەۋەتىپ، مىسىرلىقلارغا زور بالايىئاپەت ياغدۇرۇپ، سىلەرنى ئۇ يەردىن ئېلىپ چىقتىم. [6] ئاتا-بوۋىلىرىڭلار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، قىزىل دېڭىزغا كەلدى. مىسىرلىقلار جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن ئۇلارنى قىزىل دېڭىزغىچە قوغلاپ كەلدى. [7] ئۇلار مەندىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىمنى ئۆتۈندى. بۇ چاغدا مەن زېمىنغا قاراڭغۇلۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى مىسىرلىقلاردىن ئايرىۋەتتىم ھەمدە مىسىرلىقلارنىڭ ئۈستىگە دېڭىز سۈيىنى

باستۇرۇپ، ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىۋەتتىم. مېنىڭ مىسىرلىقلارغا
نېمىلەرنى قىلغانلىقىمنى سىلەر ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار.
ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ئۇزۇن ۋاقىت چۆل-باياۋاندا ياشىدى.
[8] كېيىن مەن سىلەرنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى
ئامورلارنىڭ زېمىنىغا ئېلىپ باردىم. ئامورلار سىلەرگە قارشى جەڭ
قىلدى، لېكىن مەن ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈرۈپ،
سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇردۇم. مەن سىلەرنىڭ
كۆز ئالدىڭلاردا ئۇلارنى يوقاتتىم. [9] كېيىن موئاب پادىشاھى،
يەنى زىپپورنىڭ ئوغلى پادىشاھ بالاق سىلەرگە قارشى جەڭ
قىلدى. ئۇ سىلەرنى قارغاش ئۈچۈن بېئورنىڭ ئوغلى بىلئامنى
چاقىرتتى. [10] لېكىن مەن بىلئامنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدىم،
مەن ئۇنى سىلەرگە بەخت تىلەتتىم. شۇنداق قىلىپ، سىلەرنى
بالاقنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالدىم. [11] سىلەر ئىئوردان دەرياسىدىن
ئۆتۈپ ئېرىخا شەھىرىگە كەلگىنىڭلاردا، ئېرىخالىقلار سىلەرگە
قارشى جەڭ قىلدى. ئامورلار، پەرىززىلەر، كەنئانلىقلار، ختلار،
گىرگاشلار، خىۋلار ھەم يېبۇسلارمۇ سىلەرگە قارشى جەڭ قىلدى.
لېكىن مەن ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈرۈپ بەردىم. [12] مەن
سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا ئۇلارنى پاراكەندىچىلىككە سېلىپ،
ئامورلارنىڭ ئىككى پادىشاھىنى زېمىنلىرىدىن قوغلاپ چىقاردىم.
بۇ ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا ئوقيا ئېتىپ، قىلىچ چېپىشىڭلار
بىلەن قولغا كەلگەن ئىش ئەمەس. [13] سىلەر بوز يەر ئاچمىدىڭلار،
شەھەر بەرپا قىلمىدىڭلار، لېكىن سىلەر ھازىر شۇ شەھەرلەردە
ياشاۋاتىسىلەر. باشقىلار ئۆستۈرگەن ئۈزۈم ۋە زەيتۇنلاردىن
بەھرىمەن بولۇۋاتىسىلەر.»
[14] يوشۇۋا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە مۇنداق دېدى:
- سىلەر ئەمدى پەرۋەردىگارغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا سەممىي
ۋە ساداقەتلىك بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار! ئەجدادلىرىڭلار فىرات
دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىدە ۋە مىسىردا چوقۇنغان ئىلاھلارنى
يوقىتىپ، پەقەت پەرۋەردىگارىڭلارغىلا ئىبادەت قىلىڭلار! [15] ئەگەر
سىلەر پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشنى خالىمىساڭلار، بۈگۈن
قارارىڭلارنى بېرىڭلار. ئەجدادلىرىڭلار ئىلگىرى فىرات دەرياسىنىڭ

قارشى تەرىپىدە چوقۇنغان ئىلاھلارغا ياكى سىلەر ھازىر تۇرۇۋاتقان
جايدىكى ئامورلار چوقۇنىدىغان ئىلاھلارغا چوقۇنامسىلەر؟ مەن
ئائىلەم بىلەن بىرلىكتە پەرۋەردىگارىمىزغا ئىبادەت قىلىمىز!
16 پۈتۈن خەلق جاۋاب بېرىپ:
- خۇدا ساقلىسۇن، بىز پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ئىلاھلارغا
چوقۇنىدىغان ئىشنى مەڭگۈ قىلمايمىز! 17 پەرۋەردىگارىمىز خۇدا
ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى ۋە بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، قۇللۇقتىن
قۇتۇلدۇردى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىنى ئۆز كۆزىمىز
بىلەن كۆردۇق. بىز بېسىپ ئۆتكەن بارلىق زېمىنلاردىكى يات
خەلقلەردىن بىزنى ئامان-ئېسەن ساقلاپ كەلدى. 18 پەرۋەردىگار
بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بۇ يەردە ياشايدىغان بارلىق ئامورلارنى ۋە
باشقا يات خەلقلەرنى قوغلاپ چىقاردى. شۇڭا بىز پەرۋەردىگارغا
ئىبادەت قىلىمىز. ئۇ بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر! - دېيىشتى.
19 يوشۇۋا خەلقنى ئاگاھلاندۇرۇپ:
- سىلەر پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشنى ئاددىي ئىش دەپ ئويلىماڭلار،
ئۇ مۇقەددەس خۇدادۇر. ئۇ سىلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشۈڭلارنى،
ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشىڭلارنى كەچۈرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ
ساداقەتسىزلىكنى ئۆچ كۆرىدىغان خۇدادۇر. 20 پەرۋەردىگارىمىز
سىلەرگە شۇنچە شەپقەت قىلغان تۇرۇقلۇق، سىلەر يەنە ئۇنىڭدىن
يۈز ئۆرۈپ، يات خەلقلەرنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇنساڭلار، ئۇمۇ
سىلەردىن يۈز ئۆرۈپ، بېشىڭلارغا زور بالايىئاپەت ياغدۇرىدۇ ۋە
سىلەرنى قىرىپ تاشلايدۇ، - دېدى.
21 پۈتۈن خەلق يوشۇۋاغا:
- ياق، بىز چوقۇم پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىمىز! - دېدى.
22 يوشۇۋا خەلققە:
- سىلەر بۈگۈن ئۆز پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىشنى
تاللىدىڭلار. بۇنىڭغا ئۆزۈڭلار گۇۋاھتۇرسىلەر، - دېدى.
- ھەئە، ئۆزىمىز گۇۋاھ بولىمىز، - دېدى پۈتۈن خەلق.
23 يوشۇۋا ئۇلارغا يەنە:
- شۇنداق ئىكەن، سىلەر ئاراڭلاردىكى بارلىق يات خەلقلەرنىڭ
بۇتلىرىنى چىقىپ تاشلاپ، پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد

قىلىپ كەلگەن خۇداغا سادىق بولۇڭلار، ـ دەپ خىتاب قىلدى.
[24] پۈتۈن خەلق يوشۇۋاغا:
ـ بىز چوقۇم پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىمىز، ـ دېيىشتى.
[25] شۇ كۈنى يوشۇۋا شەكەمدە پۈتۈن خەلققە ۋاكالىتەن پەرۋەردىگار بىلەن ئەھدە تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن قائىدە-تۈزۈملەرنى قايتا بېكىتتى،
[26] ھەمدە يوشۇۋا بۇ سۆزلەرنى خۇدانىڭ قانۇنى يېزىلغان پۈتۈككە كىرگۈزدى. ئاندىن يوشۇۋا بىر قورام تاشنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتگاھى يېنىدىكى پىستە دەرىخى تۈۋىگە ئابىدە قىلىپ تىكلىدى.
[27] يوشۇۋا پۈتۈن خەلققە:
ـ قاراڭلار، مانا بۇ قورام تاش پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە قىلغان ھەممە سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. شۇڭا سىلەر خۇداغا بەرگەن ۋەدەڭلاردا تۇرمىساڭلار، بۇ تاش سىلەرگە قارشى گۇۋاھ بولىدۇ، ـ دېدى.
[28] كېيىن يوشۇۋا خەلققە ئىجازەت بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلىرىغا قايتۇردى.

## يوشۇۋانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

[29] شۇ ئىشلاردىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى، يەنى نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە 110 ياشتا ئىدى.
[30] ئىسرائىللار ئۇنى ئۆز يۇرتىدا، يەنى گائاش تېغىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان ئەفرايىم تاغلىق رايوندىكى تىمنات-سەراخقا دەپنە قىلدى.
[31] يوشۇۋا ھايات ۋاقتىدا، ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلاتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا قىلىپ بەرگەن ھەممە ئىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئاقساقاللار ھايات ۋاقتىدا، ئىسرائىللار داۋاملىق پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلدى.
[32] ئىسرائىللار مىسىردىن ئېلىپ چىققان يۈسۈپنىڭ سۆڭەكلىرىنى شەكەمدە، يەنى ياقۇپ بۇرۇن شەكەمنىڭ ئاتىسى خامورنىڭ ئوغۇللىرىدىن 100 كۈمۈش تەڭگىگە سېتىۋالغان يەرگە دەپنە قىلدى. بۇ يەر يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرىغا تەقسىم قىلىنغان زېمىندا ئىدى.

33 ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازارمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئەفرايىم تاغلىق
رايوندىكى گىبئاھ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. بۇ شەھەر ئۇنىڭ
ئوغلى پىنىخاسقا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىدى.

# سەردارلار


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | | | |

# سەردارلار

## ئىسرائىللارنىڭ كەنئان زېمىننى داۋاملىق ئىگىلىشى

**1**

[1] يوشۇۋا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسرائىللار پەرۋەردىگاردىن:
– كەنئان زېمىنىدىكى خەلقلەر بىلەن جەڭ قىلغىلى بىزدىن
قايسى قەبىلە ئاۋۋال چىقسۇن؟ – دەپ سورىدى. [2] پەرۋەردىگار
جاۋابەن:
– يەھۇدا قەبىلىسى چىقسۇن، بۇ زېمىننى ئۇلارغا ئاتا قىلىمەن،
– دېدى.
[3-4] شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر ئۆز قېرىنداشلىرى
بولغان شىمون قەبىلىسىگە:
– كەنئانلىقلار بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن بىزگە بېرىلگەن
زېمىنغا بىرگە بېرىڭلار. كېيىن سىلەرگە بېرىلگەن زېمىنغا بېرىپ،
سىلەرگە ياردەم بېرەيلى، – دېدى.
شۇنداق قىلىپ يەھۇدا قەبىلىسى بىلەن شىمون قەبىلىسى
بىرلىشىپ جەڭ قىلدى. پەرۋەردىگار كەنئانىلار بىلەن
پەرىززىلەرنى ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. ئۇلار بەزەق
شەھىرىدە ئون مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. [5] يەھۇدا قەبىلىسى
بىلەن شىمون قەبىلىسى ئۇ يەردە كەنئانىلار ۋە پەرىززىلەرنىڭ
پادىشاھى بولغان ئادونى-بەزەق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى
مەغلۇپ قىلدى. [6] ئادونى-بەزەق قاچقاندا، ئۇلار ئۇنى قوغلاپ
تۇتۇۋېلىپ، پۇت-قوللىرىنىڭ باش بارماقلىرىنى كېسىۋەتتى.
[7] ئادونى-بەزەق:
– مەن ئىلگىرى 70 پادىشاھنىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ باش بارماقلىرىنى
كېسىۋەتكەندىم، ئۇلار مېنىڭ داستىخىنىمدىن ئاشقان تاماقلارنى

تېرىپ يەيتتى. ئەمدى خۇدا قىلغانلىرىمنى ئۆزۈمگە ياندۇردى، - دېدى. ئۇ يېرۇسالېمغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ئۆلدى.
[8] يەھۇدا قەبىلىسى يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ شەھەرنى ئىگىلىدى ۋە ئاھالىسىنى قىرغىن قىلىپ، شەھەرگە ئوت قويۇۋەتتى.
[9] كېيىندىنلا ئۇلار تاغلىق رايوندا، نەگېب چۆللۈكىدە، غەربىي ئېدىرلىق [10] ۋە ھېبرون (ئىلگىرى قىريات-ئاربا شەھىرى دەپ ئاتىلاتتى) شەھىرىدە ياشايدىغان كەنئانلىقلار بىلەن جەڭ قىلىپ شېشاي، ئاخىمان ۋە تالماي قاتارلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.
[11] يەھۇدا قەبىلىسى ئۇ يەردىن ئۆتۈپ دىبىر (ئىلگىرى قىرئات-سېفەر دەپ ئاتىلاتتى) شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى.
[12] يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كالىب:
- قىرئات-سېفەر شەھىرىنى كىم ئالسا، قىزىم ئاكساھنى شۇنىڭغا بېرىمەن، - دېدى.
[13] ئۇ شەھەرنى كالىبنىڭ ئىنىسى قېنازنىڭ ئوغلى ئوتنىئېل ئالدى. كالىب قىزى ئاكساھنى ئۇنىڭغا بەردى. [14] بىر كۈنى ئاكساھ ئاتىسىنى يەنە بىر پارچە يەر بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئاكساھ ئېشەكتىن چۈشۈشى بىلەنلا ئاتىسى ئۇنىڭدىن:
- نېمىگە كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى. [15] ئاكساھ:
- مەن پەقەت بىرلا نەرسە تەلەپ قىلىپ كەلدىم. ئاتا، ماڭا بۇلىقى بار يەرلەردىن بەرسىڭىز، چۈنكى ماڭا بەرگەن يەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى نەگېب چۆللۈكىدىكى يەرلەر ئىكەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن كالىب يۇقىرى ۋە تۆۋەندىكى بۇلاقلارنى ئۇنىڭغا بەردى.
[16] مۇسا پەيغەمبەرنىڭ قېيىنئاتىسىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان قېنلار خورمىزارلىق شەھەر ئېرىخادىكى يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە ئاراد شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يەھۇدا چۆلىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. [17] يەھۇدا قەبىلىسى ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان شىمون قەبىلىسى بىلەن بىرگە زىفات شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ياشايدىغان كەنئانلىقلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇ شەھەرنى

تەلتۆكۇس ۋەيران قىلدى①. ئۇ جايغا خورماھ [مەنىسى «ھالاكەت»] دەپ ئىسىم قويدى. [18] يەھۇدا قەبىلىسى يەنە گازا، ئاشقىلون، ئەقرون قاتارلىق شەھەرلەرنى ۋە بۇ شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلارنى ئىگىلىدى. [19] پەرۋەردىگار يەھۇدا قەبىلىسىگە ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار تاغلىق رايونلارنى ئىگىلىيەلىدى. لېكىن تۈزلەڭلىكتە ياشايدىغانلارنىڭ تۆمۈر بىلەن مۇستەھكەملەنگەن جەڭ ھارۋىلىرى بولغاچقا، يەھۇدا قەبىلىسى ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئامالسىز قالدى. [20] مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئىلگىرى تاپىلىغان سۆزلىرى بويىچە ھېبرون شەھىرى كالىبقا بېرىلدى. كالىب ئاناقنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇ شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. [21] لېكىن بىنيامىن قەبىلىسى يېرۇسالېم شەھىرىدىكى يەبۇسلارنى قوغلاپ چىقارمىدى. شۇڭا يەبۇسلار داۋاملىق بىنيامىن قەبىلىسى بىلەن بىرگە ياشاپ كەلمەكتە.

[23-22] يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى② بەيتەل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇلارغا يار بولدى. بۇ چاغدا بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى لۇز ئىدى. ئۇلار شەھەرگە ئايغاقچى ئەۋەتكەنىدى. [24] ئايغاقچىلار شەھەردىن چىقىۋاتقان بىر كىشىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا:

- شەھەرگە قانداق كىرىشنى دەپ بەرسەڭ، ساڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمىز، - دېدى.

[25] ئۇ كىشى ئۇلارغا يولنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەفرايىم ۋە ماناسسە قەبىلىلىرى شەھەردىكى پۈتۈن ئاھالىلەرنى قىرىپ تاشلاپ، پەقەت ھېلىقى ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىلا ھايات قالدۇردى. [26] كېيىن ئۇ كىشى ختتلارنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇ شەھەرگە «لۇز» دەپ ئىسىم قويدى. ئۇ شەھەر شۇنىڭدىن بېرى شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

---

① 1: 17 تەلتۆكۇس ۋەيران قىلىش - بۇ ئىبرانىيچە سۆز بولۇپ «ئادەم ۋە نەرسىلەرنى تەلتۆكۇس يوقىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

② 1: 23-22 يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى - ئەفرايىم ۋە ماناسسە قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىسرائىل قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلمىغان خەلقلەر

[27] ماناسسە قەبىلىسى بەيتشان، تاناك، دور، يىبلېئام، مىگىددو ۋە بۇ شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا ياشايدىغان كەنئانلىقلارنى قوغلاپ چىقارمىدى. چۈنكى كەنئانلىقلار ئۇ يەرلەردە تۇرۇۋېلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغانىدى. [28] ئىسرائىللار كۈچەيگەن ۋاقتىدا كەنئانلىقلارنى ئۆزلىرىگە قۇلدەك ئىشلەشكە مەجبۇر قىلدى. لېكىن ئۇلارنى بۇ شەھەرلەردىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىۋەتمىدى.

[29] ئەفرايىم قەبىلىسىمۇ گەزەر شەھىرىدە تۇرىدىغان كەنئانلىقلارنى قوغلاپ چىقارمىدى. شۇڭا كەنئانلىقلار داۋاملىق ئۇلار بىلەن بىرگە ياشىدى.

[30] زەبۇلۇن قەبىلىسىمۇ قىترون ۋە ناخالال شەھەرلىرىدە تۇرىدىغان ئاھالىلەرنى قوغلاپ چىقارمىدى. شۇڭا كەنئانلىقلار ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇپ قالدى. لېكىن ئۇلار زەبۇلۇن قەبىلىسى تەرىپىدىن قۇلدەك ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىندى.

[31] ئاشىر قەبىلىسىمۇ ئاككو، سىدون، ئاخلاب، ئاكزىب، خەلباھ، ئافىق ۋە رىخوب شەھەرلىرىدىكى ئاھالىلەرنى قوغلاپ چىقارمىدى. [32] ئۇلار شۇ يەرلىك كەنئانلىقلار بىلەن بىرگە ياشىدى. [33] نافتالى قەبىلىسىمۇ بەيت-شەمەش ۋە بەيت-ئانات شەھەرلىرىدىكى ئاھالىلەرنى قوغلاپ چىقارمىدى. ئۇلار شۇ يەرلىك كەنئانلىقلار بىلەن بىرگە ياشىدى، لېكىن ئۇلارنى قۇل قىلدى.

[34] دان قەبىلىسى ئامورلار تەرىپىدىن تاغلىق رايونلارغا ھەيدىۋېتىلىپ، تۈزلەڭلىكلەرگە كەلتۈرۈلمىدى. [35] ئامورلار ئايىيالون، شائالبىم، شەھەرلىرىدە ۋە خەرەس تاغلىق رايونىدا تۇرۇۋېلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغانىدى. لېكىن ئەفرايىم ۋە ماناسسە قەبىلىلىرى كۈچىيىپ، ئۇلارنى قۇلدەك ئىشلەشكە مەجبۇر قىلدى. [36] ئامورلارنىڭ چېگراسى چايان داۋىنىدىن باشلىنىپ، سەلا دېگەن يەردىن يۇقىرىغا قاراپ سوزۇلغانىدى.

## ئىسرائىللارنىڭ ئىتائەتسىزلىكى

2 [1] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ① گىلگال شەھىرىدىن بوقىمغا كېلىپ ئىسرائىللارغا:

– مەن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، ئەجدادلىرىڭلارغا ۋەدە قىلغان زېمىنغا ئېلىپ باردىم. مەن سىلەرگە: «سىلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى ھەرگىز بۇزمايمەن. [2] سىلەر ھەرگىز يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىرەر كېلىشىم تۈزمەڭلار، ئۇلارنىڭ قۇربانلىق سۇپىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاڭلار» دېگەنىدىم. بىراق سىلەر مېنىڭ دېگىنىمگە بويسۇنمىدىڭلار. بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ [3] مەن سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، مەن ئەمدى ئۇ يەردە قالغان خەلقلەرنى قوغلاپ چىقارمايمەن. ئۇلار سىلەرنىڭ بىقىنىڭلارغا سانجىلىدىغان تىكەن بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى سىلەرنى ئازدۇرۇپ قىلتاققا چۈشۈرىدۇ، – دېدى.

[4] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندا، ئىسرائىللار ئۈن سېلىپ يىغلىشىپ كەتتى، [5] شۇڭا ئۇلار بۇ يەرنى بوقىم [مەنىسى «يىغا-زار»] دەپ ئاتىدى ۋە بۇ يەردە پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق قىلدى.

## يوشۇۋانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

[6] يوشۇۋا ئىسرائىللارنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئىسرائىللار ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. [7] يوشۇۋا ھايات ۋاقتىدا، ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلاتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا قىلىپ بەرگەن ھەممە ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئاقساقاللار ھايات ۋاقتىدا، ئىسرائىللار داۋاملىق پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلدى. [8] پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى – نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا 110 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. [9] يوشۇۋا ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىندىكى گائاش تېغىنىڭ شىمالىغا

---

① 2: 1 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى – بۇ خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

جايلاشقان ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىكى تىمنات-خەرەس شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. [10] شۇ دەۋرلەردە ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى پەرۋەردىگارنى ۋە ئۇنىڭ ئىسرائىللارغا قىلىپ بەرگەن بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

## ئىسرائىللارنىڭ پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈشى

[11] كېيىن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، بائالنىڭ بۇتلىرىغا چوقۇندى. [12-13] ئۇلار ئۆزلىرىنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان ۋە ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ئىلاھلارنى ئىزدىدى. ئەتراپىدىكى خەلقلەر چوقۇنىدىغان بائال ۋە ئىلاھە ئاشتورەت دېگەن بۇتلارغا چوقۇنۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. [14] شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا قەھر-غەزىپى قايناپ تېشىپ، ئۇلارنى تالان-تاراج قىلغۇچىلارنىڭ قولىغا، يەنى ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرىگە تاشلاپ بېرىپ، ئۇلارغا قارشى تۇرالمايدىغان قىلىپ قويدى. [15] ئۇلار ھەر قېتىم جەڭگە چىققاندا پەرۋەردىگار ئۆزى قەسەم قىلغىنىدەك، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئىنتايىن زور بالايىئاپەتلەرگە دۇچار قىلدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا سەردارلارنى تەيىنلىشى

[16] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنى تالان-تاراج قىلغۇچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا سەردارلارنى تەيىنلەپ بەردى. [17] لېكىن ئىسرائىللار بۇ سەردارلارغىمۇ ئىتائەت قىلماي، پەرۋەردىگارغا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، باشقا ئىلاھلارغا چوقۇندى ۋە سەجدە قىلىشتى. ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يولىنى تۇتماي، تېزدىنلا بۇ يولدىن يۈز ئۆرۈدى. [18] پەرۋەردىگار ھەر قېتىم ئۆزى تەيىنلىگەن سەردارلارغا يار بولۇپ، ئۇلار ھايات چاغلاردا خەلقنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزاتتى. پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ ئازاب چېكىپ، خورلۇق ئىچىدە قىلغان نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا رەھىم قىلاتتى. [19] بىراق سەردارلارنىڭ كۆزى يۇمۇلۇشى بىلەنلا ئۇلار يەنە ئۆز

سەنىمگە دەسسەپ، چىرىك يولغا مېڭىپ، ئاتا-بوۋىلىرىدىن بەكرەك رەزىللىشىپ كېتەتتى. يات ئىلاھلارنى ئىزدەپ، ئۇلارغا چوقۇناتتى ۋە سەجدە قىلاتتى، رەزىللىك ۋە جاھىللىقتىن ۋاز كەچمەيتتى.

[20] شۇڭا پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا يەنە غەزەپلىنىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ خەلق ئەجدادلىرىنىڭ رىئايە قىلىشىغا بۇيرۇغان ئەھدەمنى بۇزۇپ، ماڭا ئىتائەت قىلمىدى. [21-22] مەن ئۇلارنىڭ مېنىڭ يولۇمدا ئۆز ئەجدادلىرىدەك ماڭىدىغان-ماڭمايدىغانلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن يوشۇۋانىڭ ۋاقتىدا بۇ يەردە قېلىپ قالغان يات خەلقلەرنى قوغلاپ چىقارمايمەن.» [23] شۇ ۋەجىدىن پەرۋەردىگار ئۇ خەلقلەرنى يوشۇۋانىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەرمىگەنىدى. يوشۇۋا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنى تېزلا قوغلاپ چىقىرىۋەتمەي، داۋاملىق بۇ زېمىندا تۇرۇپ قېلىشىغا يول قويغانىدى.

## كەنئان زېمىندا قېلىپ قالغان خەلقلەر

3 [1-2] پەرۋەردىگار كەنئان زېمىندا بىر قىسىم خەلقلەرنى قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى، ئۇرۇشنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئىسرائىللارنى سىناش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا، بولۇپمۇ ئەزەلدىن جەڭگە كىرىپ باقمىغان ئىسرائىللارغا جەڭ قىلىشنى ئۆگىتىش ئىدى. [3] بۇلار فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەش بەگلىكى، پۈتۈن كەنئانلار، سىدونلۇقلار ۋە بائال-خەرمون تېغىدىن لىبو-خاماتقىچە سوزۇلغان لىۋان تاغلىق رايونىدا ياشايدىغان خىۋلار ئىدى. [4] پەرۋەردىگار بۇ خەلقلەرنى قالدۇرۇپ قويىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ـ ئىسرائىللارنىڭ پەرۋەردىگار مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئەجدادلىرىغا چۈشۈرگەن ئەمرلەرگە بويسۇنىدىغان-بويسۇنمايدىغانلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى. [5] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار كەنئانلار، خىتلار، ئامورلار، پەرىززىلەر، خىۋلار ۋە يەبۇسلار ئارىسىدا ياشىدى. [6] ئۇلار بىلەن ئۆزئارا تويلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇندى.

## ئوتنىئېلنىڭ ئىسرائىللارغا سەردار بولۇشى

[7] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ئۆز پەرۋەردىگارى خۇدانى ئۇنتۇپ، ئىلاھ بائال ۋە ئىلاھە ئاشېرانىڭ بۇتلىرىغا چوقۇندى. [8] شۇڭا پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى ئاررام-ناھارايىم پادىشاھى كۇشان-رىشئاتايىمنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 8 يىل ئۇنىڭغا قۇل بولدى. [9] كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارغا يىلىنىپ نالە-پەرياد قىلغاندى، پەرۋەردىگار ئۇلارغا بىر قۇتقۇزغۇچى تەيىنلەپ بەردى. بۇ ئادەم ئوتنىئېل بولۇپ، ئۇ كالىبنىڭ ئىنىسى قېنازنىڭ ئوغلى ئىدى. [10] پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشكەچكە، ئۇ ئىسرائىللارنىڭ سەردارى بولۇپ جەڭگە چىقتى. پەرۋەردىگار ئاررام-ناھارايىم پادىشاھى كۇشان-رىشئاتايىمنى ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى غەلىبە قازاندۇردى. [11] شۇڭا بۇ زېمىن تاكى قېنازنىڭ ئوغلى ئوتنىئېل ئالەمدىن ئۆتكۈچە 40 يىل تىنچ-ئامان تۇردى.

## ئېھۇدنىڭ ئىسرائىللارغا سەردار بولۇشى

[12] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يەنە يامان بولغان ئىشلارنى قىلغاچقا، پەرۋەردىگار موئاب پادىشاھى ئەگلوننى ئۇلارغا قارشى كۈچلەندۈردى. [13] ئەگلون ئاممونلار ۋە ئامالەكلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىسرائىللارنى مەغلۇپ قىلىپ، خورمىزارلىق شەھەر ئېرىخانى ئىگىلىدى. [14] ئىسرائىللار موئاب پادىشاھى ئەگلونغا 18 يىل قۇل بولدى. [15] كېيىن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا نالە-پەرياد قىلغاندى، پەرۋەردىگار ئۇلارغا بىر قۇتقۇزغۇچى تەيىنلەپ بەردى. ئۇ بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان گېرانىڭ ئوغلى ئېھۇد بولۇپ، سولخاي ئىدى. ئىسرائىللار ئېھۇدنى موئاب پادىشاھى ئەگلونغا ئالۋان-سېلىقلارنى ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى. [16] ئېھۇد ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا قوش بىسلىق بىر خەنجەر سوقتۇرۇپ، ئۇنى ئوڭ يانپېشىغا ئېسىپ، كىيىمىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ، [17] ئالۋان-سېلىقلارنى ئېلىپ، موئاب پادىشاھى

ئەگلوننىڭ ئالدىغا باردى. ئەگلون ناھايىتى سېمىز ئادەم ئىدى. [18-19] ئېھۇد ئالۋان-سېلىقلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن ئۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئالۋان-سېلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن كىشىلەر بىلەن گىلگال شەھىرىنىڭ يېنىدىكى تاش ھەيكەللەر بار جايغا باردى ۋە بۇ كىشىلەرنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، يەنە ئۆزى يالغۇز ئەگلوننىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ:

- ئالىيلىرىغا ئېيتىدىغان بىر مەخپىي ئىش بار ئىدى، - دېدى. پادىشاھ ئېھۇدقا:

- جىم! - دېدى. خىزمەتكارلار تاشقىرىغا چىقىپ كېتىشتى.

[20] بۇ چاغدا پادىشاھ ئۆگزىدىكى سالقىن ھۇجرىسىدا يالغۇز قالدى. ئېھۇد ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ:

- مەن ئۆزلىرىگە خۇدادىن كەلگەن بىر خەۋەرنى يەتكۈزمەكچىمەن، - دېدى. پادىشاھ ئورنىدىن تۇردى.

[21] ئېھۇد سول قولى بىلەن ئوڭ يانپېشىدىكى خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، پادىشاھنىڭ قورسىقىغا تىقىۋەتتى. [22] خەنجەر سېپى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ سېمىز قورسىقىغا كىرىپ كەتكەچكە، ئۈچەي-باغرى چۇۋۇلۇپ چىقتى. ئېھۇد پادىشاھنىڭ قورسىقىدىن خەنجەرنى تارتىۋالمايلا، [23] ئۆگزىدىكى ھۇجرىدىن يېنىپ چىقىپ، ئىشىكنى تاقاپ قويدى. [24] ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ياساۋۇللار كېلىپ ئىشىكنىڭ تاقاق ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار پادىشاھ تەرەت قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاشتى. [25] ئۇلار پادىشاھنىڭ ئۇزۇنغىچە ئىشىكنى ئاچمىغانلىقىدىن جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئاخىر ئاچقۇچنى ئېلىپ كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ، پادىشاھنىڭ يەردە ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆردى. [26] ياساۋۇللار سىرتتا كۈتۈپ تۇرغاندا، ئېھۇد قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ تاش ھەيكەللەر بار جايدىن ئۆتۈپ، [27] ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىكى سېئىرا شەھىرىگە قېچىپ كېلىپ، تاغلىق رايوندىكى بارلىق ئىسرائىللارنى بۇرغا چېلىپ جەڭگە چاقىردى ھەمدە [28] ئۇلارغا:

- مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار! پەرۋەردىگار دۈشمىنىڭلار موئابلارنى قولۇڭلارغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، - دېدى.

ئۇلار ئېھۇد بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ كېچىكنى ئىگىلەپ، ھېچقانداق ئادەمنى دەريادىن ئۆتكۈزمىدى. [29] ئۇ كۈنى ئۇلار موئابنىڭ ئون مىڭچە خىللانغان، كۈچلۈك لەشكەرلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماي، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. [30] شۇ كۈنى ئىسرائىللار موئابلارنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ زېمىن 80 يىل تىنچ-ئامان تۇردى.

## شامگارنىڭ ئىسرائىللارغا سەردار بولۇشى

[31] ئېھۇدتىن كېيىن، ئاناتنىڭ ئوغلى شامگار كالا ھەيدەيدىغان تاياق بىلەن فىلىستىيەلىكلەردىن 600 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسرائىللارنى قۇتقۇزدى.

## دىبورا بىلەن باراقنىڭ ئىسرائىللارغا سەردار بولۇشى

4 [1] ئېھۇد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يەنە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. [2] شۇڭا پەرۋەردىگار ئۇلارنى خازور شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان كەنئان پادىشاھى يابىننىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. يابىننىڭ باش سەركەردىسى سىسىرا خاروشەت-ھاگگويىم شەھىرىدە تۇراتتى. [3] ئىسرائىللار پەرۋەردىگاردىن ياردەم تىلەپ نالە-پەرياد قىلدى. چۈنكى يابىننىڭ تۆمۈر بىلەن مۇستەھكەملەنگەن 900 جەڭ ھارۋىسى بولۇپ، ئۇ ئىسرائىللارغا 20 يىل رەھىمسىزلىك بىلەن زۇلۇم سېلىپ كەلگەنىدى.

[4] ئۇ چاغدا دىبورا ئىسىملىك بىر ئايال پەيغەمبەر ئىسرائىللارغا ھاكىملىق قىلاتتى، ئۇ لاپپىدوتنىڭ ئايالى ئىدى. [5] ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىكى راماھ بىلەن بەيتەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ خورما دەرىخى بولۇپ، دىبورا ئاشۇ خورما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، دەرد ئېيتىپ كەلگەن ئىسرائىللارنىڭ دەۋالىرىنى سورايتتى (بۇ دەرەخ كېيىنچە «دىبورا دەرىخى» دەپ ئاتالغان).

[6] بىر كۈنى ئۇ نافتالىدىكى قەدەش شەھىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئابىنوئامنىڭ ئوغلى باراقنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

- پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ساڭا: «نافتالى ۋە زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن 10 مىڭ ئادەمنى يىغىپ،

ئۇلارنى تابور تېغىغا باشلاپ كەل. [7] مەن يابىننىڭ باش سەركەردىسى سىسرانى جەڭ هارۋىلىرى ۋە قوشۇنلىرى بىلەن قىشون دەرياسى بويىدا سەن بىلەن جەڭ قىلغىلى چىقىرىمەن، ھەمدە ئۇنى سېنىڭ قولۇڭغا چۈشۈرۈپ بېرىمەن» دەپ ئەمر قىلدى، ـ دېدى. [8] باراق ئۇنىڭغا:

ـ ئەگەر سىز بىللە بارسىڭىز، مەن باراي، سىز بارمىسىڭىز مەنمۇ بارمايمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. [9] دىبورا:

ـ بولىدۇ، مەن بىللە باراي. بىراق سەن غەلىبە قىلساڭمۇ شان-شۆھرىتىڭ بولمايدۇ، چۈنكى پەرۋەردىگار سىسرانى بىر ئايالنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەرگەن بولىدۇ، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن دىبورا بىلەن باراق بىللە قەدەش شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. [10] باراق زەبۇلۇن ۋە نافتالى قەبىلىلىرىنى قەدەش شەھىرىگە چاقىرىپ، ئۇلاردىن 10 مىڭ كىشىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. دىبورامۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭدى.

[11] ئۇ چاغدا قېنىلاردىن بولغان خەبەر، قەدەش شەھىرىگە يېقىن بولغان زائانانىمدىكى بىر تۈپ دۇپ دەرىخى يېنىدا چېدىر تىككەنىدى. ئۇ باشقا قېنىلاردىن ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇلار مۇسا پەيغەمبەرنىڭ قېيىنئاكىسى خوبابنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

[12] سىسرا ئابىنوئامنىڭ ئوغلى باراقنىڭ تابور تېغىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، [13] تۆمۈر بىلەن مۇستەھكەملەنگەن 900 جەڭ هارۋىسى ۋە پۈتۈن قوشۇنىنى يىغىپ، خاروشەت-هاگگويىم شەھىرىدىن قىشون دەرياسى بويىغا باردى.

[14] دىبورا باراققا:

ـ ئالغا! بۈگۈن پەرۋەردىگار سىسرانى قولۇڭغا چۈشۈرۈپ بېرىدىغان ۋە ساڭا يولباشچى بولىدىغان كۈن ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن باراق 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ تابور تېغىدىن چۈشتى. [15] باراقنىڭ قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، پەرۋەردىگار سىسرانى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن قوشۇنلىرىنى جەڭ هارۋىلىرى بىلەن قوشۇپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. سىسرا هارۋىسىنى تاشلاپ پىيادە قېچىپ كەتتى. [16] باراق ئۇلارنىڭ قوشۇنى ۋە جەڭ هارۋىلىرىنى خاروشەت-هاگگويىم شەھىرىگىچە قوغلاپ باردى.

سىسىرانىڭ پۈتۈن قوشۇنى قىلىچ ئاستىدا جان بەردى، بىرمۇ ئادەم تىرىك قالمىدى. [17] سىسىرا قېچىپ قېنىلاردىن بولغان خەبەرنىڭ ئايالى يائېلنىڭ چېدىرىنىڭ يېنىغا كەلدى. چۈنكى خازور پادىشاھى يابىن خەبەر بىلەن دوست ئىدى.

[18] يائېل سىسىرانىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭغا:

- جانابلىرى ئىچكىرىگە مەرھەمەت قىلسىلا، قورقمىسىلا، - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن سىسىرا چېدىرغا كىردى. يائېل ئۇنى تۆشەك ياپقۇچى بىلەن يوشۇرۇپ قويدى. [19] سىسىرا ئۇنىڭغا:

- ئۇسساپ كەتتىم. ئازراق سۇ بەرسىڭىز، - دېدى. يائېل ئۇنىڭغا بىر تۇلۇمنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن سۈت قۇيۇپ بەردى ۋە ئۇنى يەنە يوشۇرۇپ قويدى. [20] سىسىرا يائېلغا:

- چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغايسىز، ئەگەر بىرى كېلىپ، بۇ يەردە ئادەم بارمۇ؟ دەپ سورىسا، يوق دېگەيسىز، - دېدى.

[21] سىسىرا ئىنتايىن چارچاپ كەتكەچكە، يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. خەبەرنىڭ ئايالى يائېل قولىغا توقماق بىلەن چېدىرغا قاقىدىغان قوزۇقتىن بىرنى ئېلىپ، سىسىرانىڭ يېنىغا ئاستا كېلىپ، قوزۇقنى ئۇنىڭ چېكىسىگە قېقىپ يەرگە پاتۇرۇۋەتتى. سىسىرا ئۆلدى.

[22] باراق سىسىرانى ئىزدەپ كەلگەندى، يائېل ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

- بۇ ياققا كېلىڭ، مەن سىز ئىزدەپ كەلگەن ئادەمنى كۆرسىتەي، - دېدى. باراق ئۇنىڭ بىلەن چېدىرغا كىرىپ، سىسىرانىڭ ئۆلۈك ياتقىنىنى ۋە چېكىسىگە قوزۇق قېقىلغانلىقىنى كۆردى.

[23] ئۇ كۈنى خۇدا ئىسرائىللارغا كەنئان پادىشاھى يابىننى باش ئەگدۈرۈپ بەردى. [24] شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىللار بارغانسېرى كۈچىيىپ، كەنئان پادىشاھى يابىن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئاخىرى ئۇنى يوقاتتى.

## دبورا بىلەن باراقنىڭ مەدھىيەسى

5 [1] ئۇ كۈنى دبورا ۋە ئابىنوئامنىڭ ئوغلى باراق بۇ مەدھىيەنى ئوقۇدى:

[2] «سەردارلار يول باشلىدى ئىسرائىللارغا،
خەلق ئۆز رايى بىلەن ئەگەشكەچكە ئۇلارغا،
ئېيتىڭلار ھەمدۇسانا پەرۋەردىگارغا!

[3] ئەي پادىشاھلار، ئاڭلاڭلار!
ئەي ھۆكۈمرانلار، قۇلاق سېلىڭلار!
نەغمە-ناۋا ياڭرىتىپ، پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئېيتىمەن،
ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانى كۈيلەيمەن.

[4] ئى پەرۋەردىگار،
سەئىردىن ئايرىلغىنىڭدا،
ئېدوم زېمىنىدىن يۈرۈش قىلغىنىڭدا،
زىلزىلىگە كەلدى يەر-زېمىنلار،
تۆكۈلدى ئاسمان ۋە بۇلۇتلاردىن يامغۇرلار.

[5] تاغلار سىلكىندى سىناي تېغىدىكى پەرۋەردىگار كەلگەندە،
ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئالدىدا.

[6] يائېلنىڭ دەۋرى ـ ئانات ئوغلى شامگارنىڭ زامانىدا،
ئۆتمەيتتى كارۋان بۇ يەردىن، ماڭاتتى يولۇچىلار چىغىر يوللاردا.
[7] مەن دبورا كېلىپ ئانا بولغۇچە ئىسرائىللارغا،
چۆللىشىپ سەھرالار، بىر كىشىمۇ قالمىغانىدى ئىسرائىلىيەدە.
[8] ساختا ئىلاھلار يەڭگۈشلىنىپ، جەڭلەر بولدى قوۋۇقلاردا.
نەيزە-قالقان كۆتۈرگەن بىرمۇ لەشكەر يوق ئىدى ئەسلا،

قىرىق مىڭ ئىسرائىل قوشۇنىدا.
9 قەلبىم تەلپۈنەر ئىسرائىللارنىڭ سەركەردىلىرىگە،
مايىلدۇر ئىسرائىللارنىڭ پىدائىيلىرىغا.
ئېيتىڭلار ھەمدۇسانا پەرۋەردىگارغا!

10 ئەي ئاق ئېشەككە مىنگەنلەر،
ئېسىل ئېگەر-توقۇمدا ئولتۇرغانلار،
يولدا پىيادە ماڭغانلار ئويلاڭلار.
11 ئاڭلاڭلار قۇدۇق بېشىدىكى سازچىلارنىڭ نەغمىسىنى،
ئۇلار بايان قىلغان پەرۋەردىگارنىڭ غەلىبىسىنى،
ئىسرائىل دېھقانلىرىنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتقىنىنى.

يېتىپ كەلدى قوۋۇقلىرىغا پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى.
12 ئويغان، ئويغان! دىبورا ئويغان!
ئابىنوئام ئوغلى باراق، ئورنۇڭدىن تۇر!
ئويغان، مەدھىيە ياڭرات!
ئەسىرلىرىڭنى ئېلىپ كەت!
13 يېنىمغا كېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ قالغان خەلقى،
چىقتى يېتەكچىلەر زور قوشۇنغا قارشى جەڭ قىلغىلى.
14 خەلق ئامالەكنىڭ بۇرۇنقى زېمىنى بولغان ئەفرايىمدىن
كەلدى،
ئۇلارغا ئەگەشتى بىنيامىن قەبىلىسى،
ماكىر جەمەتىدىن سەردارلار يۈرۈش قىلدى،
سەركەردىلەر ھەم زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن كەلدى.
15 ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرى دىبورا بىلەن بىرگە
كەلدى،
باراقمۇ ئىسساكارلار بىلەن بىرگە كەلدى،
ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇلار تېزلا تۈزلەڭلىككە چۈشتى،
ئەمما ئاربىسالدىلىقتىن رۇبېن قەبىلىسى بىر قارارغا
كېلەلمىدى.
16 نېمىشقا ئولتۇرىسىلەر گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا؟

يا ئاڭلاشنى خالىدىڭلارمۇ قويچىلارنىڭ ئىسقىرتقىنىنى
قويلارغا؟
شۇنداق، ئارىسالدىلىقتىن رۇبېن قەبىلىسى كېلەلمىدى
بىر قارارغا.
17 گىلئادلىقلار تۇرۇپ قالدى ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي
قىرغىقىدا.
توختاپ قالدى نېمىشقا دان قەبىلىسى كېمىلەردە؟
قېلىپ قالدى نېمىشقا ئاشېر قەبىلىسى دېڭىز قىرغىقىدا؟
18 لېكىن زەبۇلۇن قەبىلىسى ئۆلۈمدىن باش تارتمىدى،
نافتالى قەبىلىسى جەڭ مەيدانىدا ھەم جان تىكىپ
ئېلىشتى.

19 جەڭ قىلىشتى كەنئان پادىشاھلىرى،
كېلىپ مىگىددو سۇلىرى بويىدىكى تاناكقا،
لېكىن ئۇلار ئېرىشەلمىدى كۈمۈش ئولجىغا.
20 جەڭ قىلدى يۇلتۇزلار ئۆز جايلىرىدىن،
ئۇرۇش ئاچتى سىسىراغا ئەرشتىن.
21 ئۆركەشلەپ قەدىمىي قىشون دەرياسى،
ئېلىپ كەتتى ئۇلارنى تېز كەلكۈن.
دەيمەن ئۆزۈمگە جاسارەتلىك بول، باسقىن ئالغا.
22 توختىماي چېپىپ سىسىرانىڭ تۇلپارلىرى،
تىترەتتى تۇياقلىرى گۈلدۈرلەپ يەر-زېمىننى.
23 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئېيتتى:
‹مېروز ئاھالىسىغا قارغىشلار بولسۇن،
مېروز خەلقىگە قارغىشلار ياغسۇن،
زەربە بەرمىدى كۈچلۈك دۈشمەنگە ئۇلار.›

24 قېنىلاردىن بولغان خەبەرنىڭ ئايالى يائېل،
ماختاشقا لايىق بارلىق ئاياللار ئىچىدە،
ھۆرمەتكە سازاۋەر كۆچمەن ئاياللار ئارىسىدا.
25 سۇ سورىسا سىسىرا، سۈت بەرگەن يائېل،

شاھانە چىنىدە سۈزمە سۈتنى ئېلىپ كەلدى.
[26] سول قولىغا ئېلىپ قوزۇقىنى چىڭدىنىڭ،
ئوڭ قولىدا كۆتۈرۈپ توقمىقىنى ھۇنەرۋەننىڭ،
كۈچەپ ئۇرۇپ پاتۇردى بېشىغا سىسىرانىڭ،
قوزۇقنى يەرگە قاقتى چېكىسىدىن ئۆتكۈزۈپ.
[27] سوزۇلۇپ ياتتى يەردە سىسىرا،
ياتتى يائېلنىڭ پۇتى ئالدىدا،
جان بەردى ئۇ شۇ يەردىلا!

[28] سىسىرانىڭ ئانىسى دېرىزىدىن قاراپ سىرتقا،
ساقلايتتى ئۇنى روجەك ئالدىدا ئىنتىزارلىقتا.
نىدا قىلىپ دېدى ئۇ مۇنداق:
‹نېمىشقا قايتمايدۇ تېخىچە جەڭ ھارۋىسى؟
نېمىشقا ئاڭلانمايدۇ بۇ كەمگىچە تۇياقلارنىڭ ئاۋازى؟›
[29] ئاڭلاپ چېچەن كېنىزەكلىرىنىڭ جاۋابىنى،
ئۆز-ئۆزىگە دېدى ئۇ مۇنداق:
[30] ‹ئۇلار جەزمەن بۆلۈشۈۋاتىدۇ ئولجا ھەم غەنىيمەتلەر،
تەگدى ئەلۋەتتە ھەربىرىگە بىرنەچچىدىن قىزلار،
ئالغاچ كەلگەي سىسىرا ئۆزىگە رەڭدار كىيىملەر،
ھەم ماڭىمۇ بويىنۇمغا سېلىشقا چىرايلىق ياغلىقلار.›

[31] ئى پەرۋەردىگار، دۈشمەنلىرىڭ شۇ تەرىقىدە يوقالغاي!
دوستلىرىڭ كۆتۈرۈلگەن قۇياشتەك قۇدرەتكە تولغاي!»

شۇنداق قىلىپ بۇ زېمىن 40 يىل تىنچ-ئامان تۇردى.

## مىديانلارنىڭ ئىسرائىللارنى بېسىۋېلىشى

6 [1] ئىسرائىللار يەنە پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. شۇڭا پەرۋەردىگار ئۇلارنى يەتتە يىل مىديانلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى. [2] مىديانلار ئىسرائىللاردىن كۈچلۈك بولغاچقا، ئىسرائىللار تاغدىكى بىخەتەر جايلار، ئۆڭكۈرلەر

ۋە قورغانلاردا پاناھلاندى. [3] ھەر قېتىم ئىسرائىللار تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغاندا، مىديانلار، ئامالەكلەر ۋە شەرقتىكى خەلقلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلاتتى. [4] ئۇلار جەنۇبتىكى گازا شەھىرىگىچە بولغان جايلاردا چېدىر تىكىپ، بۇ زېمىندىكى زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىۋېتەتتى. ھەمدە پۈتۈن قوي، كالا، ئېشەكلىرىنى بۇلاپ، ئىسرائىللارنىڭ زېمىنىدا ھېچقانداق ئوزۇق-تۈلۈك قويمايتتى. [5] ئۇلار خۇددى چېكەتكىدەك كۆپ بولۇپ، كالا پادىلىرى ۋە چېدىرلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە تۆگىلىرىمۇ ھېسابسىز ئىدى. ئۇلار ئىسرائىللارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەرلەرنى خاراب قىلىۋېتەتتى. [6-7] ئىسرائىللار مىديانلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا نالە-پەرياد قىلدى. [8] شۇڭا پەرۋەردىگار ئۇلارغا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى. ئۇ كېلىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

– پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇردۇم. [9] سىلەرنى مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدۇم. سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا دۈشمىنىڭلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى سىلەرگە ئېلىپ بەردىم. [10] مەن سىلەرگە: ‹مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇداۋەندىمەن، سىلەر تۇرىدىغان زېمىندىكى ئامورلارنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇنماڭلار› دېگەنىدىم. بىراق سىلەر سۆزۈمگە قۇلاق سالمىدىڭلار».

## گىدئوننىڭ سەردارلىققا تاللىنىشى

[11] كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى[①] ئوفراھ يېزىسىغا كېلىپ، يوئاشقا تەئەللۇق بولغان بىر تۈپ پىستە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردى. يوئاش بولسا ئابىئەزەر جەمەتىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى گىدئون مىديانلاردىن يوشۇرۇنچە ئۆزۈم ئېزىش كۆلچىكىدە بۇغداي ئېزىۋاتاتتى.

[12] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇ يەردە ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ:

---

[①] 6: 11 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى – بۇ خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

- ئەي باتۇر ئەزىمەت! پەرۋەردىگار ساڭا ياردۇر! - دېدى.
[13] گىدئون ئۇنىڭغا:
- تەقسىر، ئەگەر پەرۋەردىگار بىزگە يار بولغان بولسا، بىز نېمىشقا بۇنداق بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرايمىز؟ ئەجدادلىرىمىز بىزگە پەرۋەردىگارنىڭ بىزنى مىسىردىن قانداق ئېلىپ چىققانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئاشۇ ئاجايىپ مۆجىزىلەر ئەمدى نەگە كەتتى؟ پەرۋەردىگار بىزدىن ۋاز كېچىپ، بىزنى مىديانلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى، - دېدى. [14] پەرۋەردىگار گىدئونغا بۇرۇلۇپ:
- سەن ئىسرائىللارنى مىديانلارنىڭ قولىدىن پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن قۇتقۇزغىن. سېنى مانا مەن ئۆزۈم ئەۋەتىمەن! - دېدى.
[15] - تەقسىر، مەن ماناسسە قەبىلىسىنىڭ ئەڭ ئاجىز جەمەتىگە تەئەللۇقمەن. ئىسرائىللارنى قانداقمۇ قۇتقۇزالايمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتامنىڭ جەمەتىدىكى ئەڭ ئەرزىمەس كىشىمەن، - دېدى گىدئون. [16] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
- مەن جەزمەن ساڭا يار بولىمەن. سەن مىديانلارنى خۇددى بىر ئادەمنى ئۇجۇقتۇرغانغا ئوخشاش ئاسانلا يوقىتىسەن، - دېدى. [17] گىدئون:
- ئەگەر ئىلتىپاتىڭىزغا مۇيەسسەر بولىدىغان ئادەم مەن بولسام، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنىڭ مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ، ماڭا بىر ئالامەت كۆرسەتكەيسىز. [18] مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ ھەدىيەسىنى كەلتۈرمىگۈچە بۇ يەردىن كەتمىگەيسىز، - دېدى.
- سەن قايتىپ كەلگۈچە ساقلايمەن، - دېدى پەرۋەردىگار.
[19] شۇنىڭ بىلەن گىدئون ئۆيىگە بېرىپ، بىر ئوغلاقنى سويۇپ ئۇنى پىشۇردى ۋە يېرىم خالتا ئۇندا پېتىر نان پىشۇرۇپ، گۆشنى سېۋەتكە، شورپىسىنى ساپال ئىدىشقا ئېلىپ پىستە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ كەلدى. [20] خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا:
- گۆش بىلەن پېتىر ناننى بۇ قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، شورپىنى ئۈستىگە تۆككىن، - دېدى، گىدئون شۇنداق قىلدى.
[21] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى قولىدىكى ھاسىسىنىڭ ئۇچىنى گۆش بىلەن نانغا تەگكۈزۈۋىدى، تاشتىن ئوت چىقىپ، گۆش

بىلەن ناننى كۆيدۈرۈۋەتتى. پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىمۇ كۆزدىن غايىب بولدى.
[22] گىدئون ئۆزىنىڭ كۆرگىنىنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ:
- ئى ئىگەم پەرۋەردىگار! ئەمدى مەن تۈگەشتىم، پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى بىلەن يۈزمۇيۈز كۆرۈشۈپتىمەن ئەمەسمۇ! - دېدى.
[23] پەرۋەردىگار گىدئونغا:
- قورقمىغىن، ئۆلمەيسەن، ئامان بول! - دېدى.
[24] گىدئون ئۇ يەردە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياساپ، ئۇنىڭ نامىنى ياھۋەھ-شالوم [مەنىسى «پەرۋەردىگار ئامانلىقتۇر»] دەپ قويدى. شۇنىڭدىن بېرى بۇ قۇربانلىق سۇپىسى ئابىئەزەرلەرنىڭ ئوفراھ دېگەن يېرىدە تۇرماقتا.
[25] ئۇ كۈنى كېچىسى پەرۋەردىگار گىدئونغا:
- سەن ئاتاڭنىڭ يەتتە ياشلىق بۇقىسىنى، يەنى ئىككىنچى بۇقىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاتاڭ ئىلاھ بائالغا ئاتاپ ياسىغان قۇربانلىق سۇپىسىنى چېقىپ، سۇپىنىڭ يېنىدىكى ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتىنى كېسىپ يىقىتقۋەت. [26] ئاندىن بۇ قورام تاش ئۈستىدە پەرۋەردىگارىڭ خۇداغا ئاتاپ مۇۋاپىق بىر قۇربانلىق سۇپىسىنى ياساپ، ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتىنى ئوتۇن قىلىپ، ھېلىقى بۇقىنى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىل، - دېدى.
[27] شۇنىڭ بىلەن گىدئون چاكارلىرىدىن ئون كىشىنى ئېلىپ بېرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ جەمەتىدىكىلەر ۋە شەھەر ئاھالىسىدىن قورقۇپ، بۇ ئىشنى كۈندۈزى قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، كېچىسى قىلدى.
[28] ئەتىسى سەھەردە شەھەر ئاھالىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، بائالغا ئاتالغان قۇربانلىق سۇپىسى بىلەن ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتىنى ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكىنى ۋە بۇقىنىڭ يېڭى قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. [29] ئۇلار ئۆزئارا:
- بۇ ئىشنى كىم قىلغاندۇ؟ - دېيىشتى.
ئۇلار سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، بىر-بىرىگە:
- بۇ ئىشنى يوئاشنىڭ ئوغلى گىدئون قىلىپتۇ-دە، - دېيىشتى.

[30] شەھەر ئاھالىلىرى يوئاشقا:
- ئوغلۇڭنى چىقىرىپ بەر، ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم! ئۇ بائالغا ئاتالغان قۇربانلىق سۇپىسىنى چېقىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتىنى كېسىپ يىقىتىۋېتىپتۇ، - دېدى. [31] يوئاش ئۆزىنى ئەيىبلىگەن خالايىققا:
- سىلەر بائال ئۈچۈن تاكاللىشىپ، ئۇنى قوغداپ قالماقچىمۇ؟ كىم ئۇنىڭ ئۈچۈن تاكاللاشسا تاڭ ئاتماي تۇرۇپ ئۇ ئۆلىدۇ. ئەگەر بائال راستىنلا ئىلاھ بولسا، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى قوغداپ، قۇربانلىق سۇپىسىنى چېقىۋەتكەن كىشىنى ھالاك قىلسۇن، - دەپ جاۋاب قايتۇردى.
[32] بائالغا ئاتالغان قۇربانلىق سۇپىسى چېقىپ تاشلانغاندىن باشلاپ، كىشىلەر گىدىئوننى «يېرۇببائال» دەپ ئاتاشتى. بۇ «بائال ئەدىپىنى بەرسۇن!» دېگەن مەنىدە ئىدى.
[33] ئۇ چاغدا مىديانلار ئامالەكلەر ۋە شەرقتىكى خەلقلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يىزرەئەل تۈزلەڭلىكىدە چېدىرلىرىنى تىكىشتى. [34] پەرۋەردىگارنىڭ روھى گىدىئوننى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. گىدىئون بۇرغا چېلىپ، ئابىئەزەر جەمەتىنىڭ ئادەملىرىنى ئۆز ئەتراپىغا يىغدى. [35] ئۇ ماناسسە زېمىنىغىمۇ ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە ئەگىشىشكە چاقىردى. ھەمدە ئاشېر، زەبۇلۇن ۋە نافتالى قەبىلىلىرىگىمۇ ئەلچى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گىدىئوننىڭ قېشىغا كېلىشتى.

## گىدىئوننىڭ گۇمان قىلىشى

[36] شۇنىڭ بىلەن گىدىئون خۇداغا:
- ئەگەر سەن ئېيتقاندەك، ئىسرائىللارنى راستىنلا مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق قۇتقۇزماقچى بولساڭ، [37] ئۇنداقتا مەن خامانغا قوينىڭ يۇڭىنى يېيىپ قوياي. ئەگەر سەھەردە پەقەت قوي يۇڭىنىڭ ئۈستىدىلا شەبنەم بولۇپ، يەردە شەبنەم بولمىسا، سېنى ھەقىقەتەن مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق ئىسرائىللارنى قۇتقۇزماقچى بولۇپتۇ دەپ بىلەي، - دېدى.

38 ئەھۋال ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولدى. گىدىئون ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، قوي يۇڭىنى سىقىۋىدى، بىر چىنە شەبنەم سۈيى چىقتى.
39 گىدىئون خۇداغا يەنە:
- ماڭا غەزەپلەنمىگەيسەن، يەنە بىر تەلىپىمنى قوبۇل قىلغايسەن. قوي يۇڭى بىلەن يەنە بىر سىناپ باقاي. بۇ قېتىم قوي يۇڭى قۇرۇق تۇرسۇن، يەرگە شەبنەم چۈشكەي، - دېدى.
40 ئۇ كېچە خۇدا شۇنداق قىلدى. دەرۋەقە، ئەتىسى سەھەردە قوي يۇڭى قۇرۇق ئىدى، يەرگە شەبنەم چۈشكەنىدى.

## گىدىئوننىڭ مىديانلارنى مەغلۇپ قىلىشى

7 1 شۇنىڭ بىلەن يېرۇببائال، يەنى گىدىئون سەھەر تۇرۇپ ئۆزىگە قوشۇلغان ھەممە قوشۇنلىرى بىلەن خارود بۇلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ چېدىرلىرىنى تىكتى. مىديانلارنىڭ بارگاھى ئۇلارنىڭ شىمال تەرىپىدىكى جىلغا ئىچىدە، يەنى مورەھ تۆپىلىكىنىڭ يېنىدا ئىدى. 2 پەرۋەردىگار گىدىئونغا:
- ساڭا قوشۇلغان ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئەگەر مەن ئىسرائىللارنى مىديانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرسام، ئۇلار ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ غەلىبە قىلدۇق، دەپ ئويلاپ ماختىنىدۇ. 3 سەن ئۇلارغا: «دۈشمەندىن قورقۇپ تىترىگەنلەر دەرھال گىلئاد تېغىدىن ئۆيلىرىگە قايتسۇن» دەپ ئېيتقىن، - دېدى.
شۇنىڭ بىلەن 22 مىڭ كىشى قايتىپ كېتىپ، 10 مىڭ كىشى قېلىپ قالدى. 4 پەرۋەردىگار گىدىئونغا يەنە:
- قېلىپ قالغان كىشىلەر يەنىلا كۆپ، ئۇلارنى سۇ بويىغا ئېلىپ بار، مەن ئۇ يەردە ئۇلارنى سىنايمەن. ئەگەر مەن: «بۇ ئادەم بارسۇن» دېسەم، ئۇ بارسۇن، مەن: «بۇ ئادەم بارمىسۇن» دېسەم، ئۇ بارمىسۇن، - دېدى.
5 گىدىئون ئۆزىگە قوشۇلغان كىشىلەرنى سۇ بويىغا ئېلىپ باردى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
- سەن سۇنى قولىغا ئېلىپ، ئىتقا ئوخشاش تىلى بىلەن يالاپ ئىچىدىغانلار بىلەن سۇنى تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئېڭىشىپ ئىچىدىغانلارنى ئايرىپ چىق، - دېدى.

[6] 300 ئادەم سۇنى قولىغا ئېلىپ، يالاپ ئىچتى. قالغانلىرى سۇنى تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئېڭىشىپ ئىچتى. [7] پەرۋەردىگار گىدئونغا:

― مەن سۇنى قولىغا ئېلىپ يالاپ ئىچكەن ئاشۇ 300 ئادەم بىلەن سىلەرنى قۇتقۇزۇپ، مىديانلارنى قولۇڭلارغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. قالغانلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەتسۇن، ― دېدى.

[8] گىدئون 300 ئادەمنى ئېلىپ قېلىپ، باشقىلارنى ئۆز چېدىرلىرىغا كەتكۈزۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تاللانغان ئادەملەر كەتكەنلەرنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك ۋە چالىدىغان بۇرغىلىرىنى ئۆزلىرىگە ئېلىپ قالدى. مىديانلارنىڭ بارگاھى پەستىكى جىلغىدا جايلاشقانىدى.

[9] شۇ كېچىسى پەرۋەردىگار گىدئونغا:

― ئورنۇڭدىن تۇر! مىديانلارنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىل. مەن ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا چوقۇم تاپشۇرۇپ بېرىمەن. [10] ئەگەر سەن ھۇجۇم قىلىشتىن قورقساڭ، ئاۋۋال پۇراھ ئىسىملىك چاكىرىڭ بىلەن مىديانلارنىڭ بارگاھىغا بېرىپ، [11] ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىساڭ، ھۇجۇم قىلىش غەيرىتىڭگە كېلىسەن، ― دېدى.

شۇنىڭ بىلەن گىدئون چاكىرىنى ئېلىپ، دۈشمەن بارگاھىنىڭ يېنىغا باردى. [12] مىديانلار، ئامالەكلەر ۋە شەرقتىكى خەلقلەر جىلغىنى بىر ئالغان بولۇپ، خۇددى بىر توپ چېكەتكىدەك كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ تۆگىلىرى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك سان-ساناقسىز ئىدى.

[13] گىدئون بارگاھقا يېقىن كېلىپ، بىر كىشىنىڭ ئۆز ھەمراھىغا كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ كىشى:

― مەن بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە بىر ئارپا نېنى بىز مىديانلارنىڭ بارگاھىغا دومىلاپ كىرىپ، چېدىرغا تېگىپ كېتىشى بىلەن تەڭ چېدىر ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇدەك، ― دېيىشى بىلەن، [14] ئۇنىڭ ھەمراھى:

― ئۇ باشقا نەرسە ئەمەس، ئىسرائىللاردىن بولغان يوئاشنىڭ ئوغلى گىدئوننىڭ قىلىچى! خۇدا مىديانلارنى ۋە پۈتۈن قوشۇنىمىزنى ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەرگۈدەك، ― دېدى.

[15] گىدئون بۇ چۈشنى ۋە ئۇنىڭ تەبىرىنى ئاڭلىغان هامان خۇداغا هەمدۇسانالار ئېيتتى. ئۇ ئىسرائىللارنىڭ بارگاھىغا قايتىپ كېلىپ، ئادەملىرىگە:
— تۇرۇڭلار! پەرۋەردىگار مىديانلارنىڭ قوشۇنىنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ! — دېدى.
[16] گىدئون قول ئاستىدىكى 300 ئادەمنى ئۈچ توپقا بۆلۈپ، هەربىر ئادەمگە بىر بۇرغا بىلەن ئىچىگە مەشئەل قويۇلغان بىر كوزا بېرىپ، [17] ئۇلارغا:
— مەن دۈشمەن بارگاھىنىڭ يېنىغا بارغاندا، مەندىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇڭلار. مەن نېمە قىلسام، سىلەرمۇ شۇنى قىلىڭلار. [18] مەن ۋە مېنىڭ توپۇمدىكىلەر بۇرغا چالغاندا، سىلەرمۇ بارگاھ ئەتراپىدا بۇرغا چېلىڭلار ۋە «پەرۋەردىگار ئۈچۈن، گىدئون ئۈچۈن!» دەپ ۋارقىراڭلار، — دېدى.
[19] گىدئون ۋە ئۇنىڭ 100 ئادىمى تۈن يېرىم بولۇشتىن ئىلگىرى مىديانلارنىڭ قاراۋۇللىرى ئالماشقاندىن كېيىن بارگاھىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. ئۇلار بۇرغا چېلىپ قوللىرىدىكى كوزىلارنى چېقىۋەتتى، [20] شۇنداق قىلىپ ئۈچ توپنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىشتى. ئۇلار سول قولىدا مەشئەل تۇتۇپ، ئوڭ قولىدا بۇرغا چېلىپ:
— پەرۋەردىگار ئۈچۈن، گىدئون ئۈچۈن قىلىچنى كۆتۈرەيلى!
— دەپ ۋارقىراشتى.
[21] ئۇلار بارگاھىنىڭ ئەتراپىدا ئۆز ئورۇنلىرىدا مەھكەم تۇردى. دۈشمەن قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ، داد-پەرياد كۆتۈرۈپ قاچقىلى تۇردى. [22] گىدئوننىڭ 300 ئادىمى بۇرغا چالغاندا، پەرۋەردىگار دۈشمەن قوشۇنىنى ئۆزئارا بىر-بىرىنى قىرغىنچىلىققا سېلىپ قويغانىدى. ئۇلار زېرېرا تەرەپكە قاراپ، تاكى بەيت-شىتتاھ ۋە تاببات شەھىرى يېنىدىكى ئابېل-مېخولا چېگراسىغىچە قېچىشتى.
[23] نافتالى، ئاشىر ۋە پۈتۈن ماناسسەدىكى ئىسرائىللار قوزغىلىپ مىديانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا چاقىرىلدى.
[24] گىدئون ئەفرايىم تاغلىق رايونىنىڭ هەرقايسى جايلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا:

- سلەرمۇ مدیانلارغا قارشی جەڭگە ئاتلىنىڭلار، ئىئوردان دەرياسىنىڭ كېچىكنى بەيت-باراھ شەھىرىگىچە ئىگىلەپ، مدیانلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە يول قويماڭلار، - دېدى.
ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى توپلىنىپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ كېچىكنى تاكى بەيت-باراھ شەھىرىگىچە ئىگىلىدى. [25] ئۇلار مدیانلارنىڭ ئورېب بىلەن زېئېب دېگەن ئىككى سەركەردىسىنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇلار ئورېبنى تاش ئۈستىدە ئۆلتۈردى، بۇ تاش كېيىن «ئورېب قورام تېشى» دەپ ئاتالدى. زېئېبنى ئۈزۈم ئېزىش كۆلچىكىدە ئۆلتۈردى. بۇ كۆلچەك كېيىن «زېئېب ئۈزۈم ئېزىش كۆلچىكى» دەپ ئاتالدى. ئۇلار مدیانلارنى داۋاملىق قوغلاپ، ئورېب بىلەن زېئېبنىڭ كاللىسىنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا تۇرغان گىدئونغا ئېلىپ باردى.

## گىدئوننىڭ مدیان سەركەردىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشى

8 [1] ئەفرايىم قەبىلىسىدىكىلەر گىدئونغا:
- سەن بىزگە نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ سەن مدیانلارغا قارشى جەڭگە چىققاندا، نېمىشقا بىزنى چاقىرمايسەن؟ - دەپ گىدئوننى قاتتىق ئەيىبلىدى. [2] گىدئون ئۇلارغا:
- مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىم قانداقمۇ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭلارغا تەڭ كەلسۇن؟ ئەفرايىم زېمىنىدىكى ھوسۇلۇڭلاردىن ئېشىپ قالغان ئۈزۈملەر جەمەتىم بولغان ئابىئەزەرلەرنىڭ بىر يىللىق ھوسۇلىدىنمۇ كۆپقۇ؟ [3] خۇدا ئاللىقاچان سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا مدیانلارنىڭ ئىككى سەركەردىسى بولغان ئورېب بىلەن زېئېبنى چۈشۈرۈپ بەردى. مېنىڭ قىلغانلىرىمنى قانداقمۇ سىلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ - دېدى.
گىدئوننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەفرايىم قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاچچىقلىرى يېنىشتى.
[4] گىدئون 300 ئادەم بىلەن ئىئوردان دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتتى. ئۇلار ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، دۈشمەننى داۋاملىق قوغلاپ

زەربە بەردى. [5] ئۇلار سۇككوت شەھىرىگە كەلگەندە، گىدئون شەھەردىكىلەرگە:
- ئادەملىرىمگە نان بەرسەڭلار، ئۇلار بەك چارچاپ كەتتى. بىز يەنە مىديانلارنىڭ ئىككى پادىشاھى بولغان زەباخ بىلەن زالمۇننانى قوغلاپ تۇتۇشىمىز كېرەك، - دېدى. [6] سۇككوتنىڭ ئەمەلدارلىرى گىدئونغا:
- سەن تېخى زەباخ بىلەن زالمۇننانى قولغا چۈشۈرمىگەن تۇرساڭ، بىز نېمىشقا سېنىڭ ئادەملىرىڭگە نان بەرگۈدەكمىز؟ - دېدى. [7] گىدئون ئۇلارغا:
- ئۇنداقتا پەرۋەردىگار زەباخ بىلەن زالمۇننانى قولۇمغا چۈشۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، مەن قايتىپ كېلىپ چۆلدىكى تىكەن ۋە يانتاق بىلەن تېرەڭلارنى شىلىمەن، - دېدى.
[8] گىدئون سۇككوتتىن چىقىپ، پېنۇئېل شەھىرىگە كېلىپ، ئۇلاردىنمۇ نان تەلەپ قىلدى. بىراق ئۇلارمۇ سۇككوتلارغا ئوخشاش جاۋاب بەردى. [9] گىدئون ئۇلارغىمۇ:
- مەن نۇسرەت قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندە، شەھەر قەلئەسىنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن، - دېدى.
[10] شۇ ۋاقىتتا زەباخ بىلەن زالمۇننا ۋە ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى قارقور دېگەن جايدا ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى تەخمىنەن 15 مىڭ بولۇپ، ھەممىسى شەرقتىكى خەلقلەرنىڭ قىلىپ قالغان لەشكەرلىرى ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ 120 مىڭ قىلىچلىق لەشكىرى ئۆلگەنىدى.
[11] دۈشمەن قوشۇنى ئۆزىنى بىخەتەر دەپ ھېس قىلىپ تۇرغاندا، گىدئون نوباخ ۋە يوگبوھا شەھەرلىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كارۋان يولىدىن چىقىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. [12] مىديانلارنىڭ ئىككى پادىشاھى، يەنى زەباخ بىلەن زالمۇننا قاچتى. گىدئون ئۇلارنى ئارقىسىدىن قوغلاپ قولغا چۈشۈردى ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى تارمار قىلدى.
[13] ئاندىن يوئاشنىڭ ئوغلى گىدئون جەڭ مەيدانىدىن خەرەس داۋىنى ئارقىلىق قايتىپ كەلدى. [14] يولدا ئۇ سۇككوت شەھىرىلىك بىر يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن سۇككوتنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئاقساقاللىرىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇ يىگىت

77 ئادەمنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بەردى. [15] گىدئون سۇككوتقا كېلىپ بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرىگە:

ـ مانا زەباخ بىلەن زالمۇننا! سىلەر ماڭا: «سەن تېخى زەباخ بىلەن زالمۇننانى قولغا چۈشۈرمىگەن تۇرساڭ، بىز نېمىشقا سېنىڭ ھالىدىن كەتكەن ئادەملىرىڭگە نان بەرگۈدەكمىز؟» دەپ مەسخىرە قىلغانىدىڭلار، ـ دېدى.

[16] ئۇ شەھەرنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئاقساقاللىرىنى تۇتۇپ كېلىپ، چۆلدىكى تىكەن ۋە يانتاق بىلەن ئۇلارنىڭ تېرىسىنى شىلدى. [17] ئۇ يەنە پىنۇئېل شەھەر قەلئەسىنى ۋەيران قىلىپ، شەھەر ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلىدى.

[18] گىدئون زەباخ بىلەن زالمۇننادىن:

ـ سىلەر تابور تېغىدا ئۆلتۈرگەن ئادەملەر قانداق ئادەملەر ئىدى؟

ـ دەپ سورىدى. ئۇلار جاۋابەن:

ـ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشايدىغان شاھزادە سۈپەت ئادەملەر ئىدى، ـ دېدى. [19] گىدئون ئۇلارغا:

ـ ئۇلار مېنىڭ قېرىنداشلىرىم، ئانامنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. مەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سىلەر ئۇلارنى ھايات قالدۇرغان بولساڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ھايات قالدۇرغان بولاتتىم، ـ دېدى.

[20] ئاندىن ئۇ چوڭ ئوغلى يەتەرگە: «ئورنۇڭدىن تۇر، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەت!» دەپ بۇيرۇدى. لېكىن يەتەر تېخى كىچىك بولغاچقا، قورقۇپ كېتىپ قىلىچىنى چىقىرالمىدى. [21] زەباخ بىلەن زالمۇننا گىدئونغا:

ـ سەن ھەقىقىي ئەركەك بولساڭ، ئۆزۈڭ بىزنى ئۆلتۈر! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن گىدئون ئۆز قولى بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ھەمدە ئۇلارنىڭ تۆگىلىرىنىڭ بوينىدىكى ھىلال ئاي شەكىللىك بېزەكلىرىنى ئېلىۋالدى.

## گىدئوننىڭ بۇتپەرەسلىك يولىغا مېڭىشى

[22] ئاندىن ئىسرائىللار گىدئونغا:

– سەن بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلغايسەن، ئوغلۇڭدىن تارتىپ نەۋرەڭگىچە ئۈستىمىزدىن ھۆكۈم سۈرگەي. چۈنكى سەن بىزنى مىديانلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدۇڭ، – دېدى. [23] گىدئون ئۇلارغا:

– مەن ھۆكۈمرانلىق قىلمايمەن، مېنىڭ ئوغلۇممۇ ھەم شۇنداق، پەرۋەردىگار سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، – دېدى. [24] گىدئون ئۇلارغا يەنە:

– مەن سىلەردىن پەقەت بىر نەرسە تەلەپ قىلىمەن. ماڭا ھەربىرىڭلار ئالغان ئولجاڭلاردىن بىردىن ئالتۇن ھالقا بېرىڭلار، – دېدى. (مىديانلار ئىسمائىللاردىن بولغاچقا، ئۇلار ئالتۇن ھالقا تاقايتتى.)

[25] ئۇلار گىدئونغا:

– بىز بېرىشكە رازى! – دېدى-دە، توندىن بىرنى يەرگە يېيىپ، ھەربىرى بىردىن ئالتۇن ھالقىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاشتى. [26] بۇ ئالتۇن ھالقىلارنىڭ ئېغىرلىقى 20 كىلو چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھىلال ئاي شەكلىدىكى بېزەكلەر، زۈننارلار، مىديان پادىشاھلىرى كىيىدىغان سۆسۈن رەڭلىك كىيىملەر ۋە تۆگىلەرنىڭ بويىندىكى بېزەكلىك زەنجىرلەرمۇ بار ئىدى. [27] گىدئون بۇ ئالتۇنلاردىن روھانىيلىق پەرتۇقنى ياسىتىپ، ئۇنى ئۆز يۇرتى ئوفراھقا تىكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، پەرتۇققا چوقۇندى. شۇنىڭ بىلەن پەرتۇق گىدئون ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئازدۇرىدىغان قىلتاق بولدى.

## گىدئوننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

[28] شۇنداق قىلىپ مىديانلار ئىسرائىللار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، جەڭ قىلىش ئىرادىسى سۇندۇرۇلدى. بۇ زېمىن گىدئون ئالەمدىن ئۆتكۈچە بولغان 40 يىل ئىچىدە تىنچ-ئامان بولدى. [29] يوئاشنىڭ ئوغلى يېرۇببائال، يەنى گىدئون يۇرتىغا قايتىپ، ئۆز ئۆيىدە تۇردى. [30] ئۇنىڭ ئاياللىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇلاردىن 70 ئوغۇل تاپتى. [31] ئۇنىڭ شەكەم شەھىرىدە تۇرىدىغان توقلىمۇ ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. گىدئون ئۇنىڭغا ئابىمەلەك [مەنىسى «ئاتام پادىشاھتۇر»] دەپ ئىسىم قويدى. [32] يوئاشنىڭ

ئوغلى گىدئون ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۆز ئەجلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئابىئەزەرلەرگە تەۋە بولغان ئوفراھتا، ئۆز ئاتىسى يوئاشنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.
[33] گىدئون ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەنلا ئىسرائىللار يەنە پەرۋەردىگارغا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، بائالغا چوقۇندى. ئۇلار بائال-بېرىتنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھى قىلدى. [34] ئىسرائىللار ئۆزلىرىنى ئەتراپىدىكى بارلىق دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغان پەرۋەردىگار خۇدانى ئۇنتۇدى، [35] گەرچە يېرۇببائال، يەنى گىدئون ئىسرائىللارغا نۇرغۇن ياخشىلىق قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قىلچىمۇ مېھرىبانلىق قىلمىدى.

## ئابىمەلەكنىڭ شەكەمگە پادىشاھ بولۇشى

9 [1] يېرۇببائالنىڭ ئوغلى ئابىمەلەك شەكەم شەھىرىگە بېرىپ، ئۆز ئانىسىنىڭ تۇغقانلىرىغا ۋە پۈتۈن جەمەتىگە:
[2] – سىلەر شەكەمنىڭ ئاقساقاللىرىغا: «ئۆزۈڭلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا يېرۇببائال، يەنى گىدئوننىڭ 70 ئوغلىنى خالامسىلەر ياكى بىر كىشىنىمۇ؟ ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئابىمەلەكمۇ سىلەرنىڭ قان قېرىندىشىڭلار!» دەڭلار، – دېدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ تۇغقانلىرى ئابىمەلەك ئۈچۈن شەكەمنىڭ پۈتۈن ئاقساقاللىرىغا سۆز قىلدى. ئاقساقاللار: «ئۇ بىزنىڭ قېرىندىشىمىز» دەپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئابىمەلەككە ئەگىشىشنى قارار قىلدى. [4] ئۇلار ئابىمەلەككە بائال-بېرىت بۇتخانىسىدىن 70 كۈمۈش تەڭگە بەردى. ئابىمەلەك بۇ تەڭگىلەرنى بىر توپ چاكىنا ئۆكتەملەرنى ياللاشقا ئىشلەتتى. [5] ئۇ ئوفراھ شەھىرىدىكى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنى، يەنى يېرۇببائالنىڭ 70 ئوغلىنى بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. پەقەتلا يېرۇببائالنىڭ كىچىك ئوغلى يوتەم يوشۇرۇنۇۋېلىپ قېچىپ كەتتى. [6] شەكەمنىڭ بارلىق ئاقساقاللىرى ۋە بەيت-مىللولۇقلار شەكەم شەھىرىگە يىغىلدى. ئۇلار تۈۋرۈك يېنىدىكى دۇپ دەرىخى ئاستىدا ئابىمەلەكنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى.

## يوتەمنىڭ تەمسىلى

[7] بۇ خەۋەر يوتەمگە يەتكەندە، ئۇ گەرىزىم تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ۋارقىراپ تۇرۇپ:
- گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار شەكەمنىڭ ئاقساقاللىرى! ئەگەر سىلەر مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىساڭلار، خۇدامۇ سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلايدۇ.
[8] بۇرۇنقى زاماندا دەرەخلەر ئۆزلىرىگە پادىشاھ ئىزدەپ، زەيتۇن دەرىخىگە: «بىزگە پادىشاھ بولغىن» دەپتۇ. [9] لېكىن زەيتۇن دەرىخى ئۇلارغا: «مەن ئىلاھلار ۋە كىشىلەرگە شەرەپ بېرىدىغان يېغىمدىن ۋاز كېچىپ، دەرەخلەرگە پادىشاھ بولامتىم؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
[10] ئاندىن دەرەخلەر ئەنجۈر دەرىخىگە: «سەن كېلىپ بىزگە پادىشاھ بولغىن» دەپتۇ. [11] بىراق ئەنجۈر دەرىخى ئۇلارغا: «مەن ئۆزۈمنىڭ تاتلىق ۋە ياخشى مېۋىلىرىمنى تاشلاپ، دەرەخلەرگە پادىشاھ بولامتىم؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
[12] شۇنىڭ بىلەن دەرەخلەر ئۈزۈم كۆچىتىگە: «سەن كېلىپ بىزگە پادىشاھ بولغىن» دەپتۇ. [13] بىراق ئۈزۈم كۆچىتىمۇ ئۇلارغا: «مەن ئىلاھلار ۋە كىشىلەرگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان شارابىمدىن ۋاز كېچىپ، دەرەخلەرگە پادىشاھ بولامتىم؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
[14] ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق دەرەخلەر يانتاققا: «سەن كېلىپ بىزگە پادىشاھ بولغىن» دەپتۇ. [15] يانتاق ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر مېنى سەممىي نىيىتىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارغا پادىشاھ قىلماقچى بولساڭلار، كېلىپ مېنىڭ سايەم ئاستىدا پاناھلىنىڭلار. ئۇنداق بولمىسا، مەن يانتاقتىن ئوت چىقىپ، لىۋاننىڭ كېدىر دەرەخلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغاي» دەپتۇ.
[16] يوتەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
- سىلەر سەممىي ۋە دۇرۇس نىيىتىڭلار بىلەن ئابىمەلەكنى پادىشاھ قىلغان بولساڭلار، ياكى سىلەر يېرۇببائالغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ساداقەت كۆرسەتكەن بولساڭلار، سىلەر يېرۇببائالنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا لايىق جاۋاب قايتۇرغان بولاتتىڭلارغۇ!

[17] ئاتام سلەر ئۈچۈن ئۇرۇش قلىپ، هاياتىغا تەۋەككۇل قلىپ سلەرنى مديانلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدى. [18] بىراق بۈگۈنكى كۈنلۈكتە سلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاتامنىڭ جەمەتىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ 70 ئوغلىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆلتۈردۈڭلار هەمدە ئۇنىڭ دىدىكىنىڭ ئوغلى ئابىمەلەك تۇغقىنىڭلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى شەكەم خەلقىنىڭ پادىشاهى قلىپ تىكلىدىڭلار. [19] ئەگەر سلەر بۈگۈنكى كۈنلۈكتە يېرۇببائال ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە سەممىي ۋە دۇرۇس نىيەتىڭلار بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولساڭلار، ئابىمەلەك سلەردىن، سلەرمۇ هەم ئابىمەلەكتىن ئۆزئارا خۇشاللىق تاپقايسىلەر. [20] ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولساڭلار، ئابىمەلەكتىن ئوت چىقىپ، شەكەم ۋە بەيت-مىللو ئاقساقاللىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغاي. خۇددى شۇنىڭدەك شەكەم ۋە بەيت-مىللو ئاقساقاللىرىدىنمۇ ئوت چىقىپ ئابىمەلەكنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغاي، — دېدى.
[21] شۇنىڭدىن كېيىن يوتەم ئاكىسى ئابىمەلەكتىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى ۋە بەئەر دېگەن جايغا بېرىپ ياشىدى.

## شەكەملىكلەرنىڭ ئابىمەلەكتىن يۈز ئۆرۈشى

[22] ئابىمەلەك ئىسرائىللارغا ئۈچ يىل هۆكۈمران بولدى. [23] خۇدا ئابىمەلەك ۋە شەكەمنىڭ ئاقساقاللىرى ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان يامان روهنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن شەكەم ئاقساقاللىرى ئابىمەلەككە ساتقۇنلۇق قىلىشقا باشلىدى. [24] خۇدانىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقستى، يېرۇببائالنىڭ 70 ئوغلىنىڭ قېنىنى تۆككەن ئابىمەلەكنى هەمدە ئابىمەلەكنى قوللاپ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم بەرگەن شەكەم ئاقساقاللىرىنى جازالاش ئىدى. [25] شەكەم ئاقساقاللىرى ئابىمەلەكنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تاغلارغا بۆكتۈرمە قويۇپ، يولدىن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ هەممىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. بۇ سۈيىقەستتىن ئابىمەلەك خەۋەر تاپتى.
[26] ئەبەدنىڭ ئوغلى گائال شەكەم شەهرىگە قېرىنداشلىرى بىلەن كۆچۈپ كېلىپ، شەكەم ئاقساقاللىرىنىڭ ئىشەنچىگە

ئېرىشتى. [27] ئۇلار ئۇزۇمزارلىقلىقا بېرىپ، ئۇزۇملەرنى ئۈزۈپ، ئېزىپ شاراب چىقىرىپ، ئۆز ئىلاھىنىڭ بۇتخانىسىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ يەپ-ئىچىپ، ئابىمەلەككە لەنەت ئوقۇشتى. [28] ئەبەدنىڭ ئوغلى گائال ئۇلارغا:

- ئابىمەلەك دېگەن كىم ئىكەن، بىز شەكەملىكلەرنى ئۆز خىزمىتىگە سالغۇدەك؟ ئۇ دېگەن يەرۇببائالنىڭ ئوغلىغۇ؟ زىبۇلمۇ پەقەت ئۇنىڭ بىر ئەمەلدارى خالاس! شەكەمنىڭ ئاتىسى بولغان خامورنىڭ ئەۋلادلىرىغا خىزمەت قىلىڭلار! نېمىشقا ئابىمەلەككە خىزمەت قىلغۇدەكمىز؟ [29] ئەگەر مۇشۇ كىشىلەر مېنىڭ قول ئاستىمدا بولسا، مەن ئابىمەلەكنى يوقاتقان بولاتتىم! مەن ئۇنىڭغا: «قوشۇنۇڭنى چاقىرىپ چىق!» دېگەن بولاتتىم، - دېدى.

[30] شەھەر باشلىقى بولغان زىبۇل ئەبەدنىڭ ئوغلى گائالنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، غەزەپلەندى. [31] ئۇ ئابىمەلەككە مەخپىي خەۋەرچى ئەۋەتىپ: «ئەبەدنىڭ ئوغلى گائال قېرىنداشلىرى بىلەن شەكەم شەھىرىگە كەلدى. ئۇلار شەھەر خەلقىنى ساڭا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ. [32] شۇڭا سەن قوشۇنلىرىڭ بىلەن كېچىلەپ كېلىپ، شەھەر سىرتىدىكى ئېتىزلىقتا بۆكتۈرمىدە يېتىڭلار. [33] تاڭ سەھەر كۈن چىقىشى بىلەنلا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، گائال ۋە ساڭا قارشى چىققانلارغا خالىغىنىڭچە زەربە بەرگىن!» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

[34] شۇنىڭ بىلەن ئابىمەلەك ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى كېچىلەپ شەكەم شەھىرىگە يېقىن كېلىپ، تۆت توپقا بۆلۈنۈپ بۆكتۈرمىدە ياتتى. [35] ئەبەدنىڭ ئوغلى گائال شەكەمدىن چىقىپ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغاندا، ئابىمەلەك ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى يوشۇرۇنۇۋالغان جايدىن چىقتى. [36] گائال ئۇلارنى كۆرۈپ زىبۇلغا:

- قارا! تاغلاردىن ئادەملەر چۈشۈۋاتىدۇ، - دېدى. زىبۇل ئۇنىڭغا:

- ئۇ پەقەت تاغلاردىكى سايىلەر، قارىماققا ئادەمگە ئوخشايدۇ، - دېدى. [37] بىراق گائال يەنە ئۇنىڭغا:

- ياق، ئادەملەر تاغدىن چۈشۈۋاتىدۇ. يەنە بىر توپ ئادەم «پالچىلار دۇپ دەرىخى» يولى بىلەن كېلىۋاتىدۇ، - دېدى. [38] بۇ چاغدا زىبۇل ئۇنىڭغا:

ـ ماختانچاق ئاغزىڭ قېنى؟ سەن: «ئابىمەلەك دېگەن كىم ئىكەن؟ بىز نېمىشقا ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغۇدەكمىز؟» دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ بۇ ئادەملەر سەن زاڭلىق قىلغان ئادەملەر ئەمەسمۇ؟ ئەمدى چىقىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىل! ـ دېدى.

[39] شۇنىڭ بىلەن گائال شەكەم ئاقساقاللىرىنى باشلاپ ئابىمەلەك بىلەن ئۇرۇش قىلدى. [40] ئابىمەلەك ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى قوغلىدى، گائالنىڭ ئادەملىرى قېچىپ شەھەر دەرۋازىسىغا بارغۇچە نۇرغۇنلىرى قىرىلىپ كەتتى. [41] شۇنىڭدىن كېيىن ئابىمەلەك ئارۇماغا قايتىپ، ئۇ يەردە تۇردى. زىبۇل گائال ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنى شەكەمدە تۇرغىلى قويماي، ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى.

[42] ئەتىسى شەكەملىكلەر ئېتىزلىرىغا چىقماقچى بولغاندا، ئابىمەلەك بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، [43] قوشۇنىنى ئۈچ توپقا بۆلۈپ، ئېتىزلىقتا بۆكتۈرمىدە ياتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ شەھەردىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرى بىلەن يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپ، ئۇلارنى قىرىپ تاشلىدى. [44] ئابىمەلەك ۋە ئۇنىڭ توپىدىكىلەر شەھەر دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ دەرۋازىنى توستى. قالغان ئىككى توپمۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئېتىزلىقتىكى شەكەملىكلەرنى قىرىپ تاشلىدى. [45] شۇ كۈنى ئابىمەلەك پۈتۈن بىر كۈن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، شەكەم شەھىرىنى قولغا چۈشۈردى. شەھەردىكى خەلقنى قىرغىن قىلىپ، شەھەرنى تۈزلەپ، تۇز چېچىۋەتتى.

[46] شەكەم قەلئەسىدە تۇرىدىغان خەلق بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بائال-بېرىت بۇتخانىسىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىۋالدى. [47] ئابىمەلەك ئۇلارنىڭ شۇ يەرگە يىغىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، [48] قوشۇنلىرىنى زالمون تېغىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ پالتا بىلەن بىر دەرەخنىڭ شېخىنى كېسىپ، شاخنى مۈرىسىگە ئېلىپ، لەشكەرلىرىگە: «تېز، مەن قىلغاندەك قىلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق بەردى. [49] شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەرمۇ ھەربىرى بىردىن دەرەخ شېخىنى كېسىپ، ئابىمەلەككە ئەگەشتى. ئۇلار دەرەخ شاخلىرىنى بۇتخانا تېمىغا دۆۋىلەپ، ئوت قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن شەكەم قەلئەسىدە تۇرىدىغان پۈتۈن خەلق، يەنى ئەرلەر ۋە ئاياللار بولۇپ، مىڭغا يېقىن ئادەم ئۆلدى.

[50] ئاندىن كېيىن ئابىمەلەك تېبېز شەھىرىنى قورشاۋغا ئېلىپ،
ئۇنى ئىگىلىدى. [51] لېكىن شەھەر ئىچىدە بىر مۇستەھكەم قەلئە
بار ئىدى. پۈتۈن شەھەردىكى ئەرلەر، ئاياللار ۋە ئاقساقاللار
قەلئەگە قېچىپ كىرىپ، دەرۋازىنى تاقاپ، ئۆزلىرىنى قوغداش
ئۈچۈن مۇنار ئۈستىگە چىقىۋالدى. [52] ئابىمەلەك قەلئەگە ھۇجۇم
قىلدى. قەلئەنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئوت قويۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا،
[53] قەلئە ئۈستىدىكى بىر ئايال يارغۇنچاقنىڭ ئۈستۈنكى تېشىنى
ئابىمەلەكنىڭ بېشىغا تاشلاپ ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتى. [54] جان
تالىشىۋاتقان ئابىمەلەك دەرھال قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە:
- قىلىچىڭنى چىقىرىپ، مېنى ئۆلتۈرۈۋەت! «ئابىمەلەك بىر
ئايالنىڭ قولىدا ئۆلۈپتۇ» دېيىلمىسۇن، - دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىت قىلىچنى ئۇنىڭغا تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.
[55] ئابىمەلەكنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆيلىرىگە
قايتتى. [56] شۇنداق قىلىپ، خۇدا ئابىمەلەكنىڭ ئۆز ئاتىسىغا قىلغان
يامانلىقلىرىنى، يەنى 70 قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگىنىنى ئۆزىگە
قايتۇردى. [57] خۇدا يەنە شەكەملىكلەر قىلغان بارلىق يامانلىقلارنى
ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشۈردى. يېرۇببائالنىڭ ئوغلى يوتەمنىڭ
ئوقۇغان لەنىتى ئەمەلگە ئاشتى.

## تولاھ ۋە يائىرنىڭ ئىسرائىللارغا سەردار بولۇشى

10
[1] ئابىمەلەك ئۆلگەندىن كېيىن، ئىسساكار قەبىلىسىدىن
بولغان پۇئاھنىڭ ئوغلى، دودونىڭ نەۋرىسى تولاھ
ئىسرائىل خەلقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ
ئەفرايىم تاغلىق رايونىنىڭ شامىر دېگەن يېرىدە ياشايتتى. [2] ئۇ
ئىسرائىللارغا 23 يىل سەردار بولدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن
شامىرغا دەپنە قىلىندى.
[3] تولاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، گىلئادلىق يائىر ئوتتۇرىغا
چىقىپ، ئىسرائىللارغا 22 يىل سەردار بولدى. [4] يائىرنىڭ 30 ئوغلى
بولۇپ، ئۇلار 30 ئېشەككە مىنىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىلكىدە 30
يېزا بار بولۇپ، بۇ يېزىلار گىلئاد زېمىنىدا ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى

بۇ يېزىلار «يائىرنىڭ يېزىلىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. [5] يائىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قامون يېزىسىدا دەپنە قىلىندى.

## ئاموئىلارنىڭ ئىسرائىللارنى ئېزىشى

[6] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يەنە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار بائال ۋە ئىلاھە ئاشتورەت دېگەن بۇتلارغا چوقۇندى. شۇنداقلا، ئاررام، سىدون، موئاب، ئاممون ۋە فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇندى. ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى.
[7] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا قەھر-غەزىپى تېشىپ، ئۇلارنى فىلىستىيەلىكلەر بىلەن ئاممونلارنىڭ قولىغا چۇشۇرۇپ بەردى. [8] شۇنىڭدىن باشلاپ فىلىستىيەلىكلەر بىلەن ئاممونلار ئىسرائىللارنى ئېزىپ، زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى. ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئامورلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنى بولغان گىلئاد زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئىسرائىللار 18 يىل قاتتىق ئېزىلدى.
[9] ئاممونلار ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يەھۇدا، بىنيامىن ۋە ئەفرايىم قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسرائىللار قاتتىق مۇشكۈلاتتا قالدى. [10] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا:
- بىز سەن خۇدايىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ، بائالغا چوقۇنۇپ، سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھ ئۆتكۈزدۇق، - دەپ نالە-پەرياد قىلدى.
[11] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا:
- مەن سىلەرنى مىسىرلىقلار، ئامورلار، ئاممونلار ۋە فىلىستىيەلىكلەردىن قۇتقۇزمىغانمۇ؟ [12] سىدونلۇقلار، ئامالەكلەر ۋە مائونلار سىلەرنى ئەزگەن چاغدا، سىلەر ماڭا نالە قىلغىنىڭلاردا، سىلەرنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدۇم. [13] ئەمما سىلەر مەندىن يۈز ئۆرۈپ، يالغان ئىلاھلارغا چوقۇندۇڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى مەن سىلەرنى قۇتقۇزمايمەن. [14] بېرىڭلار، ئۆزۈڭلار تاللىۋالغان ئىلاھلىرىڭلارغا يېلىنىڭلار! مۇشكۈلاتتا قالغىنىڭلاردا ئۇلار سىلەرنى قۇتقۇزسۇن، - دېدى.
[15] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا يەنە يېلىنىپ:

- بىز گۇناھ ئۆتكۈزدۇق، بىزنى نېمە قىلسىڭ شۇنى قىلغىن؛ لېكىن بۈگۈن بىزنى قۇتقۇزغايسەن، خالىساڭ، شۇنداق قىلغايسەن، لېكىن بىزنى بۈگۈن قۇتقۇزغايسەن، - دېدى.

[16] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يات ئىلاھلىرىنى تاشلاپ، پەرۋەردىگارغا يەنە خىزمەت قىلدى. پەرۋەردىگار ئاخىرى ئىسرائىللارنىڭ زۇلۇم تارتىشىغا قاراپ تۇرالمىدى.

[17] ئاممونلار خەلقنى توپلاپ، گىلئاد زېمىنىدا بارگاھ قۇردى. ئىسرائىللارمۇ توپلىشىپ، مىزپاھ شەھىرىدە بارگاھ قۇردى. [18] گىلئادلىق ئاقساقاللار بىر-بىرىگە:

- كىم ئاۋۋال ئاممونلارغا ھۇجۇم قىلسا، ئۇ بىز گىلئادلىقلارنىڭ باشلىقى بولىدۇ، - دېيىشتى.

## يەفتاھنىڭ ئىسرائىللارغا سەردار بولۇشى

11 [1] گىلئادلىق يەفتاھ بىر باتۇر جەڭچى ئىدى. ئۇ گىلئادنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئانىسى پاھىشە ئىدى. [2] گىلئادنىڭ ئايالىمۇ ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىدى. ئۇلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، يەفتاھنى قوغلاپ چىقاردى ۋە ئۇنىڭغا:

- سېنىڭ ئاتىمىزنىڭ ئۆي-زېمىنىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ھەققىڭ يوق! چۈنكى سەن دېگەن باشقا ئايالنىڭ بالىسى، - دېدى.

[3] شۇنىڭ بىلەن يەفتاھ قېرىنداشلىرىدىن قېچىپ، توب زېمىنىغا بېرىپ، شۇ يەردە ياشىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر توپ ئۆكتەملەر توپلىشىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى. [4] بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاممونلار ئىسرائىللارغا ھۇجۇم قىلدى. [5] ئاممونلار ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، گىلئادلىق ئاقساقاللار توب زېمىنىدا ياشاۋاتقان يەفتاھنىڭ ئالدىغا باردى. [6] ئۇلار يەفتاھقا:

- بىز ئاممونلار بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى. سەن قايتىپ كېلىپ، بىزگە سەركەردە بولغىن، - دېدى. [7] ئەمما يەفتاھ گىلئادلىق ئاقساقاللارغا:

- مەندىن نەپرەتلەنگەن، مېنى ئاتامنىڭ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغانلار سىلەر ئەمەسمۇ؟ ئەمدى بېشىڭلارغا كۈن چۈشۈپ، مۈشكۈلاتتا قالغىنىڭلاردا، مېنى ئىزدەپ كەپسىلەرغۇ؟ - دېدى. [8] گىلئادلىق ئاقساقاللار مۇنداق دېدى:

- بولار ئىش بولدى. بىز سىلەرنىڭ ئالدىڭغا، بىزگە باش بولۇپ، ئاممونلارغا قارشى جەڭ قىلسىكەن، دەپ كەلدۇق. [9] يىفتاھ ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:
- ئەگەر مەن سىلەرگە باش بولۇپ، ئاممونلار بىلەن ئۇرۇش قىلسام، پەرۋەردىگار ئۇلارنى مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈرسە، سىلەر راستىنلا مېنى ئۆزۈڭلارغا باش قىلامسىلەر؟ - دېدى. [10] ئۇلار:
- پەرۋەردىگار گۇۋاھ بولسۇنكى، بىز سېنى چوقۇم ئۆزىمىزگە باش قىلىمىز، - دېدى.
[11] شۇنىڭ بىلەن يىفتاھ گىلئادلىق ئاقساقاللار بىلەن بىرگە گىلئادقا قايتتى. خەلق ئۇنى ئۆزلىرىگە باش ۋە سەركەردە قىلدى. يىفتاھ مىزپاھ شەھىرىدە گىلئادلىق ئاقساقاللارغا ئېيتقان سۆزلىرىنى پەرۋەردىگار گۇۋاھ بولسۇن دەپ، يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.
[12] ئاندىن يىفتاھ ئاممونلارنىڭ پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن:
- سەن نېمە ئۈچۈن زېمىنىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ، بىز بىلەن ئۇرۇشماقچى بولىسەن؟ - دەپ سورىدى.
[13] ئاممونلارنىڭ پادىشاھى يىفتاھنىڭ ئەلچىسىدىن مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:
- ئىسرائىللار مىسىردىن كېلىپ، مېنىڭ ئارنون دەرياسىدىن تارتىپ غەربتە ئىئوردان دەرياسىنىڭ شىمالدىكى ياببوق دەرياسىغىچە بولغان زېمىنىمنى بېسىۋالدى. ھازىر ئۇنى ماڭا تىنچ يول بىلەن قايتۇرۇپ بېرىڭلار.
[14] يىفتاھ ئاممونلارنىڭ پادىشاھىغا يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، [15] مۇنداق دېدى:
«ئىسرائىللار ھېچقاچان موئابلار ياكى ئاممونلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالمىدى. [16] ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، قىزىل دېڭىزغىچە بولغان چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ، كادېش شەھىرىگە كەلدى. [17] ئاندىن ئېدوم پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: ‹زېمىنىڭلاردىن ئۆتۈشىمىزگە يول قويىساڭلار› دېدى. ئەمما ئېدوم پادىشاھى بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇلار يەنە موئاب پادىشاھىغىمۇ ئەلچى ئەۋەتتى، ئەمما ئۇمۇ بۇنىڭغا يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن

ئىسرائىللار كادىشتا ياشاپ قالدى. [18] ئۇلار چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ، ئېدوم زېمىنى بىلەن موئاب زېمىنىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، موئاب زېمىنىنىڭ شەرقىگە يېتىپ كېلىپ، ئارنون دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدا بارگاھ قۇردى. بىراق ئۇلار موئابلارنىڭ تەۋەلىكىگە كىرمىدى، چۈنكى ئارنون دەرياسى موئابلارنىڭ چېگراسى ئىدى.
[19] ئىسرائىللار ئامورلارنىڭ خەشبون شەھىرىدىكى پادىشاھى سىخونغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا: ‹زېمىنىڭلاردىن ئۆتۈپ، بارىدىغان يېرىمىزگە بېرىۋېلىشىمىزغا يول قويساڭلار› دېدى. [20] ئەمما پادىشاھ سىخون ئىسرائىللارنىڭ ئۆزىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىگە ئىشەنمىدى. شۇڭا پادىشاھ سىخون ئۆز ئادەملىرىنى يىغىپ، ياھاز شەھىرىدە بارگاھ قۇرۇپ، ئىسرائىللارغا ھۇجۇم قىلدى. [21] ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدا پادىشاھ سىخون بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئىسرائىللارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شۇ يەردە ياشاپ كەلگەن ئامورلارنىڭ بارلىق زېمىنىغا ئىگە بولدى. [22] ئۇلار ئامورلارنىڭ ئارنون دەرياسىدىن تارتىپ ياببوق دەرياسىغىچە ۋە چۆل-باياۋاندىن تارتىپ ئىئوردان دەرياسىغىچە بولغان پۈتكۈل زېمىنىنى ئىگىلىدى. [23] ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدا ئامورلارنى ئۆزىنىڭ زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇ زېمىننى ئۆز خەلقى بولغان ئىسرائىللارغا بەرگەن تۇرسا، بۇ زېمىن قانداقسىگە سىلەرنىڭ بولىدۇ؟ [24] سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىلاھىڭلار بولغان كېموش سىلەرگە بەرگەن زېمىنغا ئىگە بولۇڭلار، بىزمۇ پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان بارلىق زېمىنغا ئىگە بولايلى!
[25] سىلەر موئابلارنىڭ پادىشاھى زىپپورنىڭ ئوغلى بالاقتىنمۇ كۈچلۈكمۇ؟ ئۇ ئىسرائىللارغا قارشى تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن زېمىن تالىشىپ ئۇرۇش قىلىپ باققانمىدى؟ [26] ئىسرائىللار خەشبون شەھىرى، ئارئور شەھىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارنى، ئارنون دەرياسى ۋادىسىدىكى بارلىق شەھەرلەرنى 300 يىل ئىگىلەپ ياتتى. شۇ مەزگىلدە سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇ زېمىنلارنى ئىسرائىللاردىن قايتۇرىۋالمىدىڭلار؟ [27] مەن سىلەرگە قارشى ھېچقانداق خاتا ئىش

قىلمىدىم، ئەمما سىلەر ماڭا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ، ناتوغرا ئىش قىلىۋاتىسىلەر. بۈگۈن ئاممونلار بىلەن ئىسرائىللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئىشقا ئالەمنىڭ ھۆكۈمدارى پەرۋەردىگار ئۆزى ھۆكۈم چىقارسۇن.»

[28] ئەمما ئاممونلارنىڭ پادىشاھى يىفتاھنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى.

## يىفتاھنىڭ نادانلارچە قەسەم قىلىشى

[29] پەرۋەردىگارنىڭ روھى يىفتاھنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گىلئاد ۋە ماناسسە زېمىنىدىن ئۆتۈپ، گىلئاد زېمىنىدىكى مىزپاھ شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، شۇ يەردىن ئاممونلارغا ھۇجۇمغا ئۆتتى. [30] ئۇ پەرۋەردىگارغا قەسەم قىلىپ:

– ئەگەر ئاممونلارنى قولۇمغا چۈشۈرۈپ بەرسەڭ، [31] غەلىبە قىلىپ قايتىپ كەلگىنىمدە، ئۆيۈمدىن چىققان تۇنجى تىرىك جاننى ساڭا ئاتاپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىمەن، – دېدى.

[32] شۇنىڭ بىلەن يىفتاھ ئىسرائىللارنى باشلاپ، ئاممونلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. پەرۋەردىگار ئاممونلارنى ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. [33] ئارئور شەھىرىدىن مىننىت شەھىرىگىچە ۋە مىننىت شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى، شۇنداقلا ئابېل-كىرامىم شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى جەمئىي 20 شەھەرنى ۋەيران قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئىسرائىللار ئاممونلارنى مەغلۇپ قىلدى. [34] يىفتاھ مىزپاھ شەھىرىدىكى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئالدىغا قىزى داپ چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، كۈتۈۋالغىلى چىقتى. ئۇ يىفتاھنىڭ بىردىنبىر بالىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئوغلى ياكى قىزى يوق ئىدى. [35] يىفتاھ قىزىنى كۆرۈپلا، كىيىملىرىنى يىرتىپ نالە قىلىپ:

– ۋاي قىزىم! سەن مېنى ئېچىنىشلىق قايغۇ-ئەلەمگە مۇپتىلا قىلدىڭ! مەن پەرۋەردىگارغا قەسەم قىلغانىدىم، قەسىمىمدىن يانالمايمەن، – دېدى. [36] قىزى ئۇنىڭغا:

– ئەي ئاتا، سەن پەرۋەردىگارغا قەسەم قىلغان ئىكەنسەن، مېنى شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلغىن. چۈنكى پەرۋەردىگار دۈشمىنىڭ بولغان ئاممونلاردىن ئۆچۈڭنى ئېلىپ بەردى. [37] ئەمما مېنىڭ بىر

تەلپىمگە ماقۇل بولغىن. ماڭا ئىككى ئاي ۋاقىت بەرگىن، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ئىپپەتلىك قىز بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە تاغقا چىقىپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ كېلەي، ــ دېدى.
[38] دادىسى:
ــ بوپتۇ، بارغىن، ــ دەپ، ئۇنىڭغا ئىككى ئايلىق رۇخسەت بېرىپ يولغا سالدى. قىز ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە تاغقا چىقىپ، ئۆزىنىڭ قىز پېتى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئاھ ئۇرۇپ يىغلىدى. [39] ئىككى ئايدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. يەفتاھ قىزىنى ۋەدىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. يەفتاھنىڭ قىزى ھېچقانداق ئەر زاتىغا يېقىنلاشمىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىللاردا مۇنداق بىر ئادەت شەكىللەندى: [40] ھەر يىلى ئىسرائىللارنىڭ قىزلىرى گىلئادلىق يەفتاھنىڭ قىزىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆت كۈن ماتەم تۇتىدىغان بولدى.

## ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ يەفتاھ بىلەن جەڭ قىلىشى

12 [1] ئەفرايىم قەبىلىسى قوشۇن توپلاپ، ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، زافون شەھىرىگە كەلدى. ئۇلار يەفتاھقا:
ــ سەن نېمە ئۈچۈن ئاممونلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان چاغدا بىزنى چاقىرتۇالمىدىڭ؟ بىز ئۆيۈڭنى سەن بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمىز! ــ دېدى. [2] يەفتاھ جاۋابەن مۇنداق دېدى:
ــ مەن خەلقىم بىلەن بىرلىكتە ئاممونلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلغاندا سىلەرنى شۇنچە چاقىرساممۇ، لېكىن سىلەر بىزنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالمىدىڭلار. [3] سىلەرنىڭ ياردەمگە كەلمەيدىغانلىقىڭلارنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، مەن ئۇلار بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلدىم. پەرۋەردىگار ئۇلارنى مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈرۈپ بەردى. ئەمدى سىلەر نېمىشقا بۈگۈن مەن بىلەن جەڭ قىلماقچى بولىسىلەر؟
[4] ئەفرايىم قەبىلىسىدىكىلەر مۇنداق دېيىشتى:
ــ سىلەر گىلئادلىقلار پەقەت ئەفرايىم ۋە ماناسسە زېمىنلىرىدا ياشاۋاتقان ئەفرايىملىق قاچقۇنسىلەر!

شۇنىڭ بىلەن يىفتاھ بارلىق گىلئادلىقلارنى يىغىپ، ئەفرايىم قوشۇنىغا قارشى ئاتلاندى ۋە ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. [5] گىلئادلىقلار ئىئوردان دەرياسىنىڭ كېچىكنى ئىگىلىۋېلىپ، ئەفرايىم قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆز زېمىنىغا قايتىشىدا دەريادىن ھېچكىمنى ئۆتكۈزمىدى. ھەرقانداق بىرسى كېچىكتىن ئۆتمەكچى بولسا، گىلئادلىقلار ئۇنىڭدىن: «سەن ئەفرايىم قەبىلىسىدىنمۇ؟» دەپ سورايتتى. ئەگەر ئۇ كىشى «ياق، ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرسە، [6] گىلئادلىقلار يەنە: «ئۇنداقتا ‹شىببولەت› دەپ باق» دەيتتى. ئەگەر ئۇ كىشى ئەفرايىم قەبىلىسىدىن بولسا، «سىببولەت» دەپ تەلەپپۇز قىلاتتى. چۈنكى ئەفرايىملار بۇ سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن گىلئادلىقلار ئۇنى تۇتۇپ، ئىئوردان دەرياسى كېچىكىدە ئۆلتۈرىۋېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئەفرايىم قەبىلىسىدىن 42 مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى.

[7] يىفتاھ ئىسرائىل خەلقىگە ئالتە يىل سەردار بولدى. ئۇ ۋاپات بولغان چاغدا، گىلئاد زېمىنىدىكى شەھەرلەرنىڭ بىرىگە دەپنە قىلىندى.

## ئىبزان، ئېلون ۋە ئابدوننىڭ ئىسرائىللارغا سەردار بولۇشى

[8] يىفتاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەيتلەھەملىك ئىبزان ئىسرائىل خەلقىگە سەردار بولدى. [9] ئۇنىڭ 30 ئوغلى، 30 قىزى بار ئىدى. قىزلىرىنى باشقا جەمەتلەرگە ياتلىق قىلدى. ئوغۇللىرىغا باشقا جەمەتلەردىن قىز ئېلىپ بەردى. ئىبزان ئىسرائىللارغا يەتتە يىل سەردار بولدى. [10] ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەيتلەھەمدە دەپنە قىلىندى.

[11] ئىبزاندىن كېيىن زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن بولغان ئېلون ئىسرائىللارغا ئون يىل سەردار بولدى. [12] ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، زەبۇلۇن زېمىنىدىكى ئايىيالون شەھىرىدە دەپنە قىلىندى.

[13] ئېلوندىن كېيىن پىرئاتون شەھىرىلىك ھىللېلنىڭ ئوغلى ئابدون ئىسرائىللارغا سەردار بولدى. [14] ئۇنىڭ 40 ئوغلى، 30

ئوغۇل نەۋرىسى بار ئىدى، ئۇلار 70 ئېشەككە مىنىپ يۈرۈشەتتى. [15] ئۇ ئىسرائىللارغا سەككىز يىل سەردار بولدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەفرايىم زېمىنىدىكى ئامالەكلەرنىڭ تاغلىق رايونىغا جايلاشقان پىرئاتون شەھىرىدە دەپنە قىلىندى.

## شىمشوننىڭ تۇغۇلۇشى

13 [1] ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يەنە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئۇلارنى 40 يىلغىچە فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. [2] شۇ چاغدا زورئاھ شەھىرىدە دان قەبىلىسىدىن بولغان مانوۋاخ ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى تۇغماس بولۇپ، پەرزەنتى يوق ئىدى. [3] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى① ئۇنىڭ ئايالىغا كۆرۈنۈپ، مۇنداق دېدى:

- قارا، سەن ھازىرغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەنىدىڭ، ئەمما كۆپ ئۆتمەي ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغىسەن. [4] بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلغىن، شاراب ياكى مەي ئىچمىگىن، ھارام نەرسىلەرنى يېمىگىن. [5] گېپىمنى ئاڭلا، سەن چوقۇم ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغىسەن. ئۇنىڭ بېشىغا ئۇستىرا تەگمىسۇن، چۈنكى بۇ ئوغۇل قورساقتىكى ۋاقتىدىن باشلاپلا پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلانغاندۇر. ئۇ ئىسرائىللارنى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇشنى باشلىغۇچىدۇر.

[6] ئايال ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- خۇدانىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى يېنىمغا كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقى خۇدانىڭ پەرىشتىسىگە ئوخشاش بەك سالاپەتلىك ئىدى. مەن ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سورىمىدىم، ئۇمۇ ماڭا ئۆز ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىدى. [7] ئەمما ئۇ ماڭا: «سەن چوقۇم ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغىسەن. ئەمدى شاراب ياكى مەي ئىچمىگىن، ھارام نەرسىلەرنى يېمىگىن. بۇ ئوغۇل قورساقتىكى ۋاقتىدىن باشلاپ

---

① 13: 3 پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى - بۇ خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلانغان بولىدۇ»
دېدى، ــ دېدى. [8] مانوۋاخ پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلىپ:
ــ ئەي ئىگەم، سەن ئەۋەتكەن شۇ ئادەمنى يەنە بىر قېتىم
ئەۋەتكەيسەن. ئۇ بىزگە تۇغۇلغان بالىنى قانداق تەربىيەلەيدىغانلىقىمىز
ھەققىدە تەلىم بەرسۇن، ــ دېدى.
[9] خۇدا مانوۋاخنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئېتىزدا
ئارام ئېلىپ ئولتۇرغاندا، خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭ يېنىغا يەنە
كەلدى. بۇ چاغدا مانوۋاخ ئۇنىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدى.
[10] ئايالى ئالدىراپ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ:
ــ ئالدىنقى كۈنى ماڭا كۆرۈنگەن ئادەم يەنە كەلدى، ــ دېدى.
[11] مانوۋاخ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايالىغا ئەگىشىپ، ئۇ ئادەمنىڭ
يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن:
ــ ئالدىنقى قېتىم ئايالىمغا گەپ قىلغان سىزمۇ؟ ــ دەپ
سورىدى. ئۇ ئادەم:
ــ شۇنداق، مەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى. [12] مانوۋاخ ئۇنىڭدىن
يەنە:
ــ سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، بالا قانداق
تەربىيەلىنىشى كېرەك؟ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ــ دەپ سورىدى.
[13] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى مانوۋاخقا:
ــ ئايالىڭ مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئېسىدە چىڭ ساقلىسۇن.
[14] ئۇ ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن ھەرقانداق نەرسىنى يېمىسۇن، مەي
ياكى شاراب ئىچمىسۇن، ھارام نەرسىلەرنى يېمىسۇن. ئۇ مېنىڭ
بۇيرۇقلىرىمغا چوقۇم ئەمەل قىلسۇن، ــ دېدى. [15] مانوۋاخ
پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىگە:
ــ سىزگە ئاتاپ بىر ئوغلاق سوياي، پىشقۇچە بىردەم ئولتۇرۇپ
تۇرغايسىز، ــ دېدى. [16] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى مانوۋاخقا:
ــ بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرغىنىم بىلەنمۇ، بەرىبىر يېمەكلىكىڭنى
يېمەيمەن. ئەمما سەن بىر كۆيدۈرمە قۇربانلىق تەييارلاپ،
ئۇنى پەرۋەردىگارغا ئاتىغىن، ــ دېدى. (مانوۋاخ ئۇنىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.)
[17] مانوۋاخ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىگە:

- ئىسمىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەيسىز. دېگەنلىرىڭىز ئەمەلگە ئاشقاندا، نام-شەرىپىڭىزنى ئۇلۇغلايمىز، - دېدى. [18] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى مانوۋاخقا:

- ئىسمىمنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ ئىسمىمنى چۈشىنىشكە سېنىڭ ئەقلىڭ يەتمەيدۇ، - دېدى.

[19] شۇنىڭ بىلەن مانوۋاخ پەرۋەردىگارغا ئاتالغان ئوغلاق بىلەن ئاشلىق ھەدىيەسىنى قۇربانلىق سۈپىتى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بىر قورام تاش ئۈستىگە قويۇپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلدى. پەرۋەردىگار مانوۋاخ بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز مۆجىزىسىنى كۆرسەتتى. [20] قورام تاش ئۈستىدە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىغاندا، پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى يالقۇن ئىچىدە ئۇچقاندەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بۇنى كۆرۈپ مانوۋاخ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى باشلىرىنى يەرگە قويۇشتى. [21] شۇنىڭدىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى مانوۋاخ بىلەن ئۇنىڭ ئايالىغا قايتا كۆرۈنمىدى. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن مانوۋاخ ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، [22] ئايالىغا:

- بىز ئۆلىدىغان بولدۇق، چۈنكى بىز خۇدانى كۆردۇق، - دېدى. [23] ئەمما ئايالى ئۇنىڭغا:

- پەرۋەردىگارنىڭ بىزنى ئۆلتۈرگۈسى بولسا، بىزنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقىمىز ۋە ئاشلىق ھەدىيەيمىزنى قوبۇل قىلمىغان، بىزگە بۇ كارامەتلەرنى كۆرسەتمىگەن ۋە بۇ ئاجايىپ ئىشلاردىن خەۋەر بەرمىگەن بولاتتى، - دېدى.

[24] كېيىن مانوۋاخنىڭ ئايالى بىر ئوغۇل تۇغدى ھەمدە ئۇنىڭغا شىمشون دەپ ئىسىم قويدى. بۇ ئوغۇل چوڭ بولغاندا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلدى.

[25] شىمشون زورئاھ ۋە ئەشتائول شەھەرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دان قەبىلىسىنىڭ قارارگاھىدا تۇرغاندا، پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇنى يېتەكلەشكە باشلىدى.

## شىمشوننىڭ توي قىلىشى

14 [1] شىمشون تىمناھ شەھىرىگە بېرىپ، بۇ شەھەردە
فىلىستىيەلىك بىر قىزنى كۆرۈپ قالدى. [2] ئۇ قايتىپ
كېلىپ ئاتا-ئانىسىغا:
- تىمناھ شەھىرىدە فىلىستىيەلىك بىر قىزغا كۆزۈم چۈشۈپ
قالدى. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلاي دەيمەن، ئۇنى ماڭا ئېلىپ بېرىڭلار،
- دېدى. [3] ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا:
- تۇغقانلار ياكى ئۆز خەلقىمىز ئارىسىدا قىزلار قالمىدىمۇ؟
ئاشۇ خەتنىسىز فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قىزىنى ئالماقچىمۇ سەن؟
- دېدى. ئەمما شىمشون ئاتىسىغا:
- ئۇ قىزنى ماڭا ئېلىپ بېرىسەن! ئۇ قىز ماڭا يېقىپ قالدى،
- دېدى.
[4] شىمشوننىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ ئىشنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى
بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى، پەرۋەردىگارنىڭ فىلىستىيەلىكلەرگە قارشى
تۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. چۈنكى بۇ
چاغلاردا فىلىستىيەلىكلەر ئىسرائىللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.
[5] كېيىن شىمشون ئاتا-ئانىسى بىلەن تىمناھ شەھىرىگە كېلىپ،
ئۇ يەردىكى بىر ئۈزۈمزارلىققا باردى. ئۇ يەردە تۇيۇقسىز بىر شىر
ھۆركىرىگىنىچە شىمشونغا ئېتىلىپ كەلدى. [6] شىمشونغا تۇيۇقسىز
پەرۋەردىگارنىڭ روھى چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن شىمشون قولى
بىلەن شىرنى ئوغلاقنى پارچىلىغاندەك پارچىلاپ تاشلىدى. ئەمما
ئۇ بۇ ئىشنى ئاتا-ئانىسىغا تىنمىدى. [7] كېيىن شىمشون ھېلىقى
قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنى
ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.
[8] كۆپ ئۆتمەي، شىمشون قىزنى ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن ئۇ
يەرگە يەنە باردى. ئۇ كېتىۋېتىپ، ئۆزى بۇرۇن ئۆلتۈرگەن شىرنى
كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن يولدىن ئايرىلىپ، ئۇ يەرگە باردى. قارىسا،
ئۆلۈك شىرنىڭ ئىچىگە بىر توپ ھەسەل ھەرىسى ئۇلىشىۋالغان
بولۇپ، تېنىنىڭ ئىچىگە ھەسەل توپلىنىپ قالغانىكەن. [9] ئۇ
ھەسەلدىن قولىغا ئازراق ئېلىپ، يولدا يېگەچ ماڭدى ۋە ئېلىپ

بىرىپ ئاتا-ئانىسىغىمۇ بەردى. ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇ بەرگەن ھەسەلنى يېدى. ئەمما ئۇ بۇ ھەسەللەرنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن شىرنىڭ تېنىدىن ئالغانلىقىنى ئۇلارغا ئېيتمىدى.

[10] شىمشوننىڭ ئاتىسى بېرىپ، قىز تەرەپ بىلەن كۆرۈشتى. شىمشون شۇ يەردىكى يىگىتلەرنىڭ ئادىتى بويىچە تويغا تەييارلىق قىلدى. [11] تويدا كۆپچىلىك شىمشون بىلەن كۆرۈشۈپ، 30 يىگىتنى ئۇنىڭغا تويدا ھەمراھ بولۇشقا قوشۇپ قويدى.

[12] شىمشون ئۇلارغا:

- مەن سىلەردىن بىر تېپىشماق سوراي. توي بولىدىغان يەتتە كۈن ئىچىدە سىلەر بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپالىساڭلار، مەن سىلەرگە ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىلگەن 30 قۇر ئىچ كىيىم ۋە 30 قۇر تون بېرىمەن. [13] ئەگەر تاپالمىساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەر ماڭا ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىلگەن 30 قۇر ئىچ كىيىم بىلەن 30 قۇر تون بېرىسىلەر، - دېدى. ئۇلار:

- قېنى ئەمسە، تېپىشمىقىڭنى ئېيتقىن، ئاڭلاپ باقايلى، - دېيىشتى. [14] شىمشون ئۇلارغا:

- يېمەكلىك چىقار يېگۈچىدىن، تاتلىق چىقار كۈچلۈكتىن، - دېدى.

ئۇلار ئۈچ كۈنگىچە ئويلىنىپ، تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپالمىدى.

[15] تۆتىنچى كۈنگە كەلگەندە، ئۇلار شىمشوننىڭ ئايالىغا:

- سەن ئېرىڭنى ئالداپ-سالداپ، بىزگە تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئۇقۇپ بەر! ئۇنداق قىلمىساڭ، سېنى ئاتاڭنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمىز. ئەجەبا سىلەر بىزنى مال-مۈلكىمىزدىن ئايرىلىپ قالسۇن دەپ، بۇ يەرگە چاقىرغانمۇ؟! - دېيىشتى. [16] شىمشوننىڭ ئايالى ئېرىگە يىغلاپ تۇرۇپ:

- سىز مېنى ئۆچ كۆرىدىكەنسىز! ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز! بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە بىر تېپىشماق ئېيتىپسىز، ئەمما تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ماڭا ئېيتىپ بەرمىدىڭىز، - دېدى. شىمشون ئۇنىڭغا:

- مەن ھەتتا ئاتا-ئانامغىمۇ ئېيتىپ بەرمىگەن تۇرسام، ساڭا ئېيتىپ بېرەتتىممۇ؟ - دېدى. [17] ئۇ توي ئاخىرلاشقۇچە ئېرىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ يۈردى. يەتتىنچى كۈنگە كەلگەندە، ئايالى بەك

غەلۋە قىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئاخىرى ئۇنىڭغا جاۋابنى ئېيتىپ بەردى. ئايالى بولسا بۇ جاۋابنى ئۆزى تەرەپنىڭ ئادەملىرىگە ئېيتىپ بەردى. [18] يەتتىنچى كۈنى كۈن پېتىشتىن بۇرۇن شەھەردىكىلەر شىمشونغا:

— ھەسەلدىن تاتلىق، شىردىن كۈچلۈك نېمە بار؟ — دەپ جاۋاب بېرىشتى. شىمشون ئۇلارغا:

— ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئىنىكىم بىلەن يەر ئاغدۇرمىغان بولساڭلار، تېپىشماقنىڭ جاۋابنى تاپالمىغان بولاتتىڭلار، — دېدى.

[19] شىمشونغا تۇيۇقسىز پەرۋەردىگارنىڭ روھى چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشقېلونغا بېرىپ، 30 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى ئولجا ئېلىپ، كىيىملىرىنى تېپىشماقنى تاپقانلارغا بەردى. ئاندىن شىمشون دەرغەزەپ بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. [20] شۇنداق قىلىپ، قىزنىڭ ئاتىسى قىزنى شىمشوننىڭ قولدىشىغا بەردى.

## شىمشوننىڭ فىلىستىيەلىكلەردىن ئۆچ ئېلىشى

**15** [1] بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇغداي ئورۇش پەسلى كەلگەندە، شىمشون ئوغلاقتىن بىرنى ئېلىپ ئايالىنى يوقلاپ كەلدى. شىمشون:

— مەن ئايالىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن، — دېدى. بىراق قېيىنئاتىسى ئۇنى كىرگۈزمىدى. [2] قېيىنئاتىسى ئۇنىڭغا:

— مەن تېخى سېنى ئۇنىڭغا بەك ئۆچ بولۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ، ئۇنى سېنىڭ قولدىشىڭغا بېرىۋەتكەن. ئۇنىڭ سىڭلىسى ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق، ئايالىڭنىڭ ئورنىغا سىڭلىسىنى ئالغىن، — دېدى. [3] شىمشون ئۇلارغا:

— بۇ قېتىم مەن فىلىستىيەلىكلەرگە زىيان يەتكۈزسەممۇ مەندىن كۆرمەڭلار، — دېدى. [4] شۇنىڭ بىلەن شىمشون بېرىپ ئۈچ يۈز تۈلكە تۇتۇپ كەلدى. ئۇ مەشئەل تەييارلاپ، تۈلكىلەرنى جۈپ-جۈپ قىلىپ قۇيرۇقلىرىنى بىر-بىرىگە چېتىپ، چېتىلغان جايلارغا بىردىن مەشئەل قىستۇردى. [5] ئۇ

مەشئەلگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، تۈلكىلەرنى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بۇغدايلىقىغا قويۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئورۇلۇپ بولۇنغان ۋە تېخى ئورۇلمىغان بۇغدايلىقتا ئوت كەتتى. يەنە ئۈزۈملۈكلەرنىڭ ئۈزۈمزارلىقى ۋە زەيتۇنلۇق باغلىرىمۇ كۆيۈپ كەتتى. [6] فىلىستىيەلىكلەر:

- بۇنى كىم قىلدى؟ - دەپ سورىشتى.

- بۇنى تىمناھلىقلارنىڭ كۈيئوغلى شىمشون قىلدى. چۈنكى قېيىنئاتىسى قىزىنى شىمشوننىڭ قولدىشىغا بېرىۋەتكەنىكەن، - دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن فىلىستىيەلىكلەر قوزغىلىپ، شىمشوننىڭ ئايالى ۋە قېيىنئاتىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. [7] شىمشون فىلىستىيەلىكلەرگە:

- مەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن چوقۇم قىساس ئالمىغۇچە بولدى قىلمايمەن، - دېدى. [8] شىمشون ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق يارىلاندۇردى ۋە مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىمشون ئېتام دېگەن بىر قىيا تاشلىقتىكى ئۆڭكۈرگە كىرىپ، شۇ يەردە ياشاشقا باشلىدى.

[9] فىلىستىيەلىكلەر يەھۇدا زېمىنىغا كېلىپ بارگاھ قۇردى ۋە لەخى دېگەن جايغا تارقالدى. [10] يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر:

- سىلەر نېمە ئۈچۈن بىزگە ھۇجۇم قىلىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

- بىز شىمشوننى باغلاپ ئېلىپ كېتىمىز، ئۇ بىزگە قانداق قىلغان بولسا، بىزمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىمىز، - دېيىشتى. [11] شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا قەبىلىسىدىن ئۈچ مىڭ ئادەم ئېتام دېگەن قىيا تاشلىقتىكى ئۆڭكۈرگە كېلىپ، شىمشونغا مۇنداق دېدى:

- فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەمسەن؟ سەن نېمە ئۈچۈن بىزگە ئىش تېپىپ بېرىسەن؟

شىمشون ئۇلارغا:

- ئۇلار ماڭا قانداق قىلغان بولسا، مەنمۇ ئۇلارغا شۇنداق قىلدىم، - دېدى. [12] يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا:

- بىز سېنى باغلاپ فىلىستىيەلىكلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق، - دېدى. شىمشون ئۇلارغا:

ـ سىلەر مېنى ئۆلتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىڭلار، ـ دېدى. [13] ئۇلار:
ـ ماقۇل، بىز پەقەت سېنى باغلاپ، فىلىستىيەلىكلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز. سېنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەيمىز، ـ دېيىشتى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككى يېڭى ئارغامچا بىلەن شىمشوننى باغلاپ، ئۆڭكۈردىن ئېلىپ چىقتى. [14] شىمشون لەخى دېگەن جايغا ئېلىپ كېلىندى. فىلىستىيەلىكلەر چۇقان-سۈرەن سېلىشىپ تەنتەنە قىلىشتى. شىمشونغا تۇيۇقسىز پەرۋەردىگارنىڭ روھى چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۈرە-بىلەكلىرىگە باغلانغان ئارغامچىلار خۇددى ئوتقا چۈشكەن زىغىر يىپتەك ئۈزۈلۈپ كەتتى. [15] يەردىن ئۇ ئۆلگىلى ئۇزۇن بولمىغان ئېشەكنىڭ جاغ سۆڭىكىنى ئېلىپ، مىڭ فىلىستىيەلىكنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. [16] شىمشون مۇنداق دېدى:

«ئېشەكنىڭ جاغ سۆڭىكىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى.
ئېشەكنىڭ جاغ سۆڭىكى بىلەن قولۇمدا ئۆلگەنلەر مىڭغا يەتتى.»

[17] ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، قولىدىكى سۆڭەكنى تاشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاي رامات-لەخى [مەنىسى «جاغ سۆڭىكى تۆپىلىكى»] دەپ ئاتالدى.
[18] شىمشون بەك ئۇسساپ كېتىپ، پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېدى:
ـ سەن خىزمەتكارىڭ ئارقىلىق شۇنداق ئۇلۇغ قۇتقۇزۇشنى باشلىغان ئىكەنسەن، مېنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ، تېنىمنىڭ خەتنىسىزلەرنىڭ قولىدا قېلىشىنى خالامسەن؟
[19] خۇدا لەخى دېگەن جايدا يەرنى يېرىپ، سۇ چىقاردى. سۇ يەردىن ئېتىلىپ چىقتى. شىمشون سۇدىن ئىچتى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلدى. شۇڭا بۇ بۇلاقنىڭ ئىسمى ئېن-ھاققورە [مەنىسى «ئىلتىجا قىلغۇچى بۇلىقى»] دەپ ئاتالدى. بۇ بۇلاق تېخىچە لەخى دېگەن جايدا بار. [20] فىلىستىيەلىكلەر ھۆكۈمرانلىق

قىلغۇاتقان دەۋردە، شىمشون ئىسرائىل خەلقىگە يىگىرمە يىل سەردار بولدى.

16 [1] بىر كۈنى شىمشون فىلىستىيەدىكى گازاغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر پاھىشە ئايال بىلەن بىللە بولدى. [2] گازالىقلار شىمشوننىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شەھەرنى قورشاۋغا ئېلىپ، كېچىچە شەھەر دەرۋازىسىدا شىمشوننى ساقلاپ تۇتۇش چىقارماي، بۆكتۈرمىدە ياتتى. ئۇلار كېچىچە كۈتۈپ، «تاڭ ئېتىشى بىلەنلا شىمشوننى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز» دېيىشتى.

[3] لېكىن شىمشون يېرىم كېچە بولغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ قاناتلىرىنى كېشىكى بىلەنلا قومۇرۇپ، بالداقلىرى بىلەن بىرگە مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ، ھېبرون شەھىرىنىڭ ئالدىدىكى تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## شىمشون بىلەن دىلەيلا

[4] كېيىن شىمشون سورېق جىلغىسىدا ياشايدىغان دىلەيلا ئىسىملىك بىر ئايالغا ئاشىق بولۇپ قالدى. [5] فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەگلىرى ئۇ ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سەن ئۇنى ئالداپ، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ سىرىنى ۋە بىزنىڭ ئۇنى قانداق قىلىپ بويسۇندۇرۇپ باغلىيالايدىغانلىقىمىزنى بىلىپ بەرگىن. شۇنداق قىلساڭ، ھەربىرىمىز ساڭا 1100 كۈمۈش تەڭگە بېرىمىز، — دېدى.

[6] شۇنىڭ بىلەن دىلەيلا شىمشوندىن:

— سىزنىڭ شۇنداق كۈچلۈك بولۇشىڭىزنىڭ سىرىنى ۋە قانداق قىلغاندا سىزنى بويسۇندۇرۇپ باغلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ماڭا دەپ بەرسىڭىز، — دېدى. [7] شىمشون ئۇنىڭغا:

— ئەگەر كىشىلەر تېخى قۇرۇمىغان يەتتە تال يېڭى ئوقيا كىرىچى بىلەن مېنى باغلىسا، مەن ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش ئاجىز بولۇپ قالىمەن، — دېدى.

[8] فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەگلىرى دىلەيلاغا يەتتە تال تېخى قۇرۇمىغان يېڭى ئوقيانىڭ كىرىچىنى ئەكېلىپ بەردى. ئۇ ئايال بۇ ئوقيا كىرىچى بىلەن شىمشوننى باغلىدى. [9] بۇ چاغدا ئادەملەر

ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا يوشۇرۇنۇپ كۈتۈپ تۇرغانىدى، دىلەيلا شىمشونغا قاراپ:

- شىمشون! فىلىستىيەلىكلەر كەلدى! - دەپ توۋلىدى. شىمشون شۇ ھامان ئۇقىيا كىرىچنى ئۈزۈپ تاشلىدى، ئۇقىيا كىرىچى خۇددى ئوتقا چۈشكەن زىغىر يىپتەك ئۈزۈلدى. شۇنداق قىلىپ شىمشوننىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ سىرىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. [10] دىلەيلا ئۇنىڭغا:

- سىز مېنى ئەخمەق قىلىپ، يالغان سۆزلەپسىز. ماڭا سىزنى قانداق قىلغاندا باغلىغىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ بەرسىڭىز، - دېدى. [11] شىمشون ئۇنىڭغا:

- ئەگەر كىشىلەر تېخى ئىشلىتىلمىگەن يېڭى ئارغامچا بىلەن مېنى قاتتىق باغلىسا، مەن ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ئاجىز بولۇپ قالىمەن، - دېدى.

[12] شۇنىڭ بىلەن دىلەيلا تېخى ئىشلىتىلمىگەن يېڭى ئارغامچا ئەكېلىپ شىمشوننى باغلاپ، ئۇنىڭغا:

- شىمشون! فىلىستىيەلىكلەر كەلدى! - دەپ توۋلىدى. بۇ چاغدا فىلىستىيەلىكلەر ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا يوشۇرۇنۇپ كۈتۈپ تۇرۇۋشقانىدى.

شىمشون ئارغامچىلارنى خۇددى يىپنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلىدى. [13] دىلەيلا يەنە شىمشونغا:

- سىز يەنىلا مېنى ئەخمەق قىلىپ، يالغان سۆزلەپسىز. ماڭا سىزنى قانداق قىلغاندا باغلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، - دېدى. شىمشون ئۇنىڭغا:

- ئەگەر سەن مېنىڭ بېشىمدىكى يەتتە ئۆرۈم چېچىمنى دەستىگاھتىكى يىپقا قوشۇپ توقۇپ، شىنا بىلەن چىڭىتىپ قويساڭلا، مەن ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش ئاجىز بولۇپ قالىمەن، - دېدى.

[14] شۇنىڭ بىلەن شىمشون ئۇخلاپ قالغاندا، دىلەيلا ئۇنىڭ بېشىدىكى يەتتە ئۆرۈم چاچنى دەستىگاھتىكى يىپقا قوشۇپ توقۇپ، ئۇنى شىنا بىلەن چىڭىتىپ قويدى. ئاندىن شىمشونغا:

- شىمشون! فىلىستىيەلىكلەر كەلدى! - دەپ توۋلىدى.

شىمشون ئويغىنىپ، دەستىگاھتا يىپقا قوشۇپ توقۇۋېتىلگەن چېچىنى، دەستىگاھ ۋە شىنانى يۇلۇپ ئېلىۋەتتى. [15] دىلەيلا شىمشونغا:

– سىرىڭىزنى مەندىن يوشۇرۇپ تۇرۇپ قانداقسىگە يەنە: «سېنى سۆيىمەن» دېيەلەيسىز؟ سىز مېنى ئۈچ قېتىم ئالدىدىڭىز، ماڭا سىزدىكى كۈچ-قۇدرەتنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەرمىدىڭىز، – دېدى.

[16] دىلەيلا كۈندە كوتۇلداپ، غەلۋە قىلىپ، ئۇنى ئۆلگۈدەك بىزار قىلدى. [17] ئاخىرى شىمشون ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېيتىپ بەردى:

– چۈنكى مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپلا پەرۋەردىگارغا ئالاھىدە بېغىشلانغان بولغاچقا، ھازىرغىچە چېچىمنى ئۇستىرا بىلەن چۈشۈرۈپ باقمىغان. ئەگەر مېنىڭ چېچىم ئۇستىرا بىلەن چۈشۈرۈلسە، ۋۇجۇدۇمدىكى كۈچ-قۇۋۋەت مەندىن ئايرىلىدۇ-دە، ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش ئاجىز بولۇپ قالىمەن.

[18] شىمشون دىلەيلاغا سىرىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، دىلەيلا فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەگلىرىگە:

– ئەمدى كېلىڭلار، ئۇ سىرىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى، – دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەگلىرى كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. [19] دىلەيلا شىمشوننى تىزىغا ياتقۇزۇپ ئۇخلىتىپ قويدى ۋە ئادەم چاقىرىپ كېلىپ، شىمشوننىڭ يەتتە ئۆرۈم چېچىنى تىغ بىلەن چۈشۈرگۈزۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىمشون كۈچ-قۇدرىتىدىن ئايرىلدى، دىلەيلا ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا باشلىدى. [20] ئۇ شىمشونغا:

– شىمشون! فىلىستىيەلىكلەر كەلدى! – دەپ توۋلىدى. شىمشون ئويغىنىپ، كۆڭلىدە: «مەن بۇرۇنقىدەك بىر سىلكىنىپلا بوشىنىمەن» دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. [21] فىلىستىيەلىكلەر ئۇنى تۇتۇپ، كۆزلىرىنى ئويۇۋېلىپ، گازاغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنى تۇچ زەنجىر بىلەن كىشەنلەپ، زىندانغا تاشلاپ ئۇن تارتىشقا سالدى. [22] ئەمما ئۇنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلگەن چېچى يەنە قايتا ئۆسۈشكە باشلىدى.

## شىمشوننىڭ ئۆلۈمى

[23] فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەگلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھى داگونغا ئاتاپ كاتتا قۇربانلىق ئۆتكۈزۈپ: «ئىلاھىمىز دۈشمىنىمىز شىمشوننى بىزگە تۇتۇپ بەردى» دەپ، تەنتەنە قىلىشتى. [24] پۇقرالارمۇ شىمشوننى كۆرگەندىن كېيىن، ئىلاھىغا مەدھىيە ئوقۇپ: «بىزنىڭ ئىلاھىمىز زېمىنىمىزنى ۋەيران قىلىپ، كۆپ ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن دۈشمىنىمىزنى تۇتۇپ بەردى» دەپ تەنتەنە قىلىشتى. [25] ئۇلار قاتتىق خۇشال بولۇشقان هالدا:

- شىمشوننى ئەكېلىڭلار، ئۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ، كۆڭۈل ئاچايلى، - دەپ ۋارقىراشتى. شۇنىڭ بىلەن شىمشون زىنداندىن ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار ئۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇنى بۇتخانىنىڭ تورۇسىنى تىرەپ تۇرغان ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ قويدى. [26] شىمشون ئۆزىنى يېتىلەپ كەلگەن يىگىتكە:

- مېنى بۇتخانىنى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكنىڭ يېنىغا ئېلىپ بار، مەن ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇراي، - دېدى.

[27] بۇ چاغدا بۇتخانىغا ئەرلەر ۋە ئاياللار لىق تولغان بولۇپ، فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەگلىرىنىڭ هەممىسى شۇ يەردە ئىدى. بۇتخانىنىڭ ئۆگزىسىگە ئۈچ مىڭچە ئەر ۋە ئاياللار چىقىۋالغان بولۇپ، ئۇلارمۇ شىمشوننىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتاتتى. [28] شىمشون پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېدى:

- ئەي ئىگەم پەرۋەردىگار، مېنى ئېسىڭگە ئالغايسەن، ئەي خۇدا، ماڭا يەنە بىر قېتىم كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەيسەن، مەن ئويۇۋېلىنغان كۆزلىرىم ئۈچۈن فىلىستىيەلىكلەردىن ئىنتىقام ئېلىۋالاي.

[29] شۇنىڭ بىلەن شىمشون بۇتخانا ئوتتۇرىسىدىكى تورۇسنى تىرەپ تۇرغان ئىككى تۈۋرۈكنىڭ بىرسىگە ئوڭ قولىنى، ئىككىنچىسىگە سول قولىنى تىرەپ تۇرۇپ، [30] «مەن فىلىستىيەلىكلەر بىلەن بىللە ئۆلەي!» دېدى-دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈۋرۈكنى ئىتتىرىپ تاشلىدى. بۇتخانىنىڭ ئۆگزىسى بەگلەر ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆلىدىغان چاغدىمۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆلتۈرگەن ئادەملەردىنمۇ كۆپرەك ئادەملەرنى ئۆلتۈردى.

[31] ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئاتىسىنىڭ پۈتۈن جەمەتىدىكىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، زورئاھ شەھىرى بىلەن ئەشتائول شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاتىسى مانوئاخ دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىشتى. ئۇ ئىسرائىللارغا 20 يىل سەردار بولدى.

## مىكاھنىڭ بۇتلىرى

17 [1] ئەفرايىم تاغلىق رايونىدا مىكاھ ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. [2] ئۇ ئانىسىغا:
- مەن سىزنىڭ 13 كىلو 200 گىرام كۈمۈشىڭىزنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ۋە سىزنىڭ ئۇنى ئوغرىلىۋالغان ئوغرىنى قارغىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم. قاراڭ، بۇ پۇللار مېنىڭ يېنىمدا، پۇللارنى مەن سىزدىن ئوغرىلىۋالغانىدىم، - دېدى. ئانىسى ئۇنىڭغا:
- ئوغلۇم، ئىقرار بولغانلىقىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار ساڭا بەخت ئاتا قىلغاي! - دېدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن 13 كىلو 200 گىرام كۈمۈشنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بەردى. مىكاھنىڭ ئانىسى:
- مەن بۇ كۈمۈشلەرنى چىن دىلىمدىن ئوغلۇم ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا ئاتىدىم، بۇنىڭدىن ساڭا بىر ئويما ۋە بىر قۇيما بۇت ياسىتىپ بېرەي، - دېدى.
[4] مىكاھ كۈمۈشلەرنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئانىسى 2 كىلو 400 گىرام كۈمۈشنى ئايرىپ، قۇيمىچىغا بىر ئويما ۋە بىر قۇيما بۇت ياسىتىپ، ئۇلارنى مىكاھنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويدى. [5] شۇنىڭ بىلەن مىكاھنىڭ بىر بۇتخانىسى بار بولدى. مىكاھ يەنە روھانىيلىق پەرتۇقى ۋە ئۆي بۇتلىرىنى ياسىتىپ، ئوغۇللىرىنىڭ بىرسىنى روھانىي قىلىپ تەيىنلىدى. [6] ئۇ زامانلاردا ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى يوق ئىدى. ھەركىم ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشنى قىلاتتى.
[7] يەھۇدا زېمىنىدىكى بەيتلەھەمدە لاۋىي قەبىلىسىدىن بولغان بىر ياش يىگىت يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ياشايتتى.
[8] ئۇ يىگىت باشقا ماكان تېپىش ئۈچۈن بەيتلەھەمدىن ئايرىلىپ،

ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىكى مىكاھنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدى.
[9] مىكاھ ئۇنىڭدىن:
- سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى.
- مەن يەھۇدا زېمىنىدىكى بەيتلەھەمدىن كەلدىم، لاۋىي قەبىلىسىدىن بولىمەن. ياشاش ئۈچۈن ماكان ئىزدەپ يۈرىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇ يىگىت. [10] مىكاھ ئۇنىڭغا:
- سەن مەن بىلەن بىللە تۇرۇپ، ماڭا ئۇستاز ۋە روھانىي بولغىن. مەن ساڭا يىلدا 120 گىرام كۈمۈش بېرەي، كىيىم-كېچەكلىك ۋە يېمەك-ئىچمەكلىك مەندىن بولسۇن، - دېدى.
[11-12] ياش لاۋىي ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشقا ماقۇل بولۇپ، مىكاھنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. مىكاھ ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ، روھانىي قىلىپ تەيىنلىدى. [13] مىكاھ:
- بىلىپ يەتتىمكى، پەرۋەردىگار ئەمدى ئىشلىرىمغا بەرىكەت بېرىدۇ، چۈنكى مەن لاۋىيلاردىن بىرىنى ئۆزۈمگە روھانىي قىلدىم، - دېدى.

## دان قەبىلىسىنىڭ بۇتلار ۋە ياش روھانىينى ئېلىپ كېتىشى

18 [1] ئۇ زامانلاردا ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى يوق ئىدى. ئىسرائىللاردىن بولغان دان قەبىلىسى ماكانلىشىدىغان زېمىن ئىزدەپ يۈرەتتى. چۈنكى ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندە، دان قەبىلىسى ئۆزىگە بۆلۈنگەن زېمىنغا تېخى ئىگە بولمىغانىدى. [2] شۇڭا دان قەبىلىسى ئۆز قەبىلىسىگە ۋەكىل قىلىپ زورئاھ ۋە ئەشتائولدىن بەش پالۋاننى تاللىدى ھەمدە: «بېرىپ زېمىنلارنى چارلاپ كېلىڭلار!» دەپ، ئۇلارنى ئەۋەتتى. ئۇلار ئەفرايىم تاغلىق رايونىغا كېلىپ، مىكاھنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. [3] ئۇلار مىكاھنىڭ ئۆيىدە ياش لاۋىينىڭ شىۋىسىدىن ئۇنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن:
- سېنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلدى؟ بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولىسەن؟ - دەپ سورىدى.

[4] بۇ ياش لاۋىي ئۆلارغا مىكاھنىڭ ئۆزى بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا خاس روھانىي بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. [5] ئۇلار:

- سەن خۇدادىن سوراپ باقساڭ، بىزنىڭ سەپىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولامدىكىن، - دېدى. [6] ياش لاۋىي ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

- خاتىرجەم مېڭىۋېرىڭلار، پەرۋەردىگار سەپىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، - دېدى.

[7] شۇنىڭ بىلەن بۇ بەش پالۋان يولغا چىقىپ، لايىشقا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ سىدونلۇقلارغا ئوخشاش خاتىرجەم، تىنچ-ئامان ياشاۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇلارغا زومىگەرلىك قىلىدىغان دۈشمەن يوق ئىدى. ئۇلار ئۆز دوستلىرى بولغان سىدونلۇقلاردىن يىراقتا ياشايتتى ھەم ئەتراپىدىكى باشقا خەلقلەر بىلەنمۇ بېرىش-كېلىش قىلمايتتى. [8] بەش پالۋان ئۆز قەبىلىسى تۇرىدىغان زورئاھ ۋە ئەشتائولغا قايتىپ كەلگەندە، قېرىنداشلىرى ئۇلاردىن:

- نېمىلەرنى كۆردۈڭلار؟ - دەپ سورىدى.

[9] - يۈرۈڭلار، بىز ئۇ زېمىنغا ھۇجۇم قىلايلى! ئۇ زېمىنلار ناھايىتى ئېسىل ئىكەن. بىز ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ، قانداقمۇ جىم تۇرالايمىز؟ ئىككىلەنمەي بېرىپ ئۇ يەرلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى. [10] سىلەر ئۇ يەرگە بارساڭلار خاتىرجەم، تۇرمۇشى پاراۋان ياشاۋاتقان خەلقنى كۆرىسىلەر. خۇدا بىزگە بىپايان، مۇنبەت بولغان بۇ زېمىننى بېرىدۇ! - دېدى ئۇلار.

[11] شۇنىڭ بىلەن دان قەبىلىسىدىن 600 ئادەم قوراللىنىپ زورئاھ ۋە ئەشتائولدىن يولغا چىقتى. [12] ئۇلار يەھۇدا زېمىنىدىكى قىريات-يەئارىمغا بېرىپ، ئۇ يەردە قارارگاھ قۇردى. شۇ سەۋەبتىن قىريات-يەئارىمنىڭ غەربىدىكى شۇ يەرلەر تېخىچە «دان قارارگاھى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. [13] ئۇلار يول ئۈستىدە ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىكى مىكاھنىڭ ئۆيىگە كەلدى. [14] لايىش زېمىنىغا چارلاشقا بېرىپ كەلگەن بەش پالۋان ئۆز قېرىنداشلىرىغا مۇنداق دېدى:

- سلەر بۇ ئۆيدە روھانيلىق پەرتۇقى، ئۆي بۇتلىرى ۋە باشقا ئويما ۋە قۇيما بۇتنىڭ بارلىقىنى بىلەمسلەر؟ شۇڭا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ياخشى ئويلىشىڭلار.

[15] شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بەش پالۋان ياش لاۋيي تۇرىدىغان مىكاھنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن تىنچلىق سورىدى. [16-17] بۇ ۋاقىتتا دان قەبىلىسىنىڭ قوراللانغان 600 ئادىمى ئىشىك ئالدىدا روھانيي ياش لاۋيىنى ئارىغا ئېلىۋالدى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى بەش چارلىغۇچى پالۋان ئۆيگە كىرىپ، ئۆيدىكى روھانيلىق پەرتۇقى، ئۆي بۇتلىرى ۋە باشقا ئويما ۋە قۇيما بۇتنى ئېلىپ ماڭدى.

[18] ياش روھانيي ئۇلارنىڭ مىكاھنىڭ ئۆيگە كىرىپ، روھانيلىق پەرتۇقى، ئۆي بۇتلىرى ۋە باشقا ئويما ۋە قۇيما بۇتنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن «بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟» دەپ سورىدى. [19] ئۇلار جاۋابەن:

- ئاغزىڭنى يۇم، ئۈنۈڭنى چىقارما! بىز بىلەن ماڭ، بىزگە ئۇستاز ۋە روھانيي بولغىن. بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە روھانيي بولغىنىڭدىن ئىسرائىللارنىڭ پۈتۈن بىر قەبىلىسىگە روھانيي بولغىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ - دېدى.

[20] روھانيي ئىچىدە خۇشال بولۇپ، روھانيلىق پەرتۇقى، ئۆي بۇتلىرى ۋە باشقا ئويما ۋە قۇيما بۇتنى ئېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. [21] ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ، بالىچاقىلىرى ۋە چارۋا ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ، ئۆز يولىغا راۋان بولدى. [22] ئۇلار مىكاھنىڭ ئائىلىسىدىن ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، مىكاھ بىلەن قوشنىلىرى يىغىلىپ، دان قەبىلىسىدىكىلەرنى قوغلاپ يېتىشىۋالدى ۋە [23] ئۇلارغا ۋارقىرىدى. دان قەبىلىسىدىكىلەر كەينىگە بۇرۇلۇپ، مىكاھتىن:

- سەن بۇنچە كۆپ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟

- دەپ سورىدى.

[24] - سلەر روھانييىم ۋە مەن ياساتقان بۇتلارنى ئېلىپ ماڭدىڭلار، مېنىڭ نېمەم قالدى؟ يەنە مەندىن «نېمە قىلماقچىسەن» دەپ سوراۋاتامسىلەر؟ - دېدى مىكاھ.

[25] ـ بىز بىلەن تالاشما! بولمىسا قىزىققان كىشىلەر سېنىڭ ۋە ئائىلەڭدىكىلەرنىڭ جېنىنى ئالىدۇ! ـ دېدى دان قەبىلىسىدىكىلەر. [26] شۇنىڭ بىلەن دان قەبىلىسىدىكىلەر ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇردى. مىكاھ ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئامالسىز ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

[27] دان قەبىلىسىدىكىلەر مىكاھ ياسىغان بۇتلارنى ۋە روھانىي ياش لاۋىينى ئېلىپ، لايىشقا كەلدى. ئۇلار لايىشتا تىنچ-ئامان ۋە خاتىرجەم ياشاۋاتقان خەلقنى قىلىچ بىلەن قىرغىن قىلىپ، شەھەرگە ئوت قويۇۋەتتى. [28] ئۇلارنى ھېچكىم قۇتقۇزمىدى، چۈنكى لايىش سىدونىدىن يىراق ئىدى، ئۇلار ھەم ھېچكىم بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمايتتى. بۇ شەھەر بەيت-رىخوب شەھىرى ئەتراپىدىكى جىلغىغا جايلاشقانىدى. دان قەبىلىسىدىكىلەر بۇ شەھەرنى قايتىدىن قۇرۇپ، ئۇ يەردە ياشاپ قالدى. [29] ئۇلار بۇ شەھەرنى ئىسرائىللارنىڭ ئوغلى، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى بولغان داننىڭ نامى بىلەن «دان شەھىرى» دەپ ئاتىدى. بۇرۇن بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى لايىش ئىدى. [30] دان قەبىلىسىدىكىلەر ھېلىقى ئويما بۇتنى تىكلىدى. ئۇلار سۈرگۈن قىلىنغۇچە مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى گېرشومنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان يوناتان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى دان قەبىلىسىگە روھانىي بولۇپ كەلدى. [31] خۇدانىڭ ئىبادەتگاھى شىلو شەھىرىگە جايلاشقان بولۇپ، دان قەبىلىسى مىكاھ ياسىغان بۇتنى تىكلىگەنىدى.

## لاۋىيلاردىن بولغان بىر ئادەم ۋە ئۇنىڭ توقىلى

19 [1] ئۇ زامانلاردا ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى يوق بولۇپ، ئەفرايىم تاغلىق رايونىنىڭ چەت بىر يېرىدە لاۋىي قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئادەم ياشايتتى. ئۇ يەھۇدا زېمىنىدىكى بەيتلەھەم شەھىرىدە ياشايدىغان بىر ئايالنى ئۆزىگە توقاللىققا ئالدى. [2] بىراق ئۇنىڭ توقىلى بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ئېرىنى تاشلاپ، يەھۇدا زېمىنىدىكى بەيتلەھەم شەھىرىدە ياشايدىغان ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېلىپ، ئۇ يەردە تۆت ئاي تۇردى. [3] بۇ لاۋىي بىر چاكار بىلەن ئىككى ئېشەكنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن

بېرىپ، ياخشى گەپلەر بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى
بولدى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە، توقلى ئۇنى ئاتىسىنىڭ يېنىغا
باشلاپ كىردى. ئاتىسى ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنى خۇشاللىق بىلەن
كۈتۈۋالدى. [4] قېيىنئاتىسى ئۇنى ئۈچ كۈن تۇتۇپ قالدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ بۇ ئۆيدە يەپ-ئىچىپ، تۇرۇپ قالدى. [5] تۆتىنچى كۈنى
بولغاندا، ئۇلار ئەتىگەن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدى. قېيىنئاتىسى
كۈيئوغلىغا:
— ئازراق ناشتا قىلىپ، قورسىقىڭلارنى تويدۇرۇپ مېڭىڭلار،
— دېدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى ئولتۇرۇپ غىزالاندى. قېيىنئاتىسى
كۈيئوغلىغا يەنە:
— بۈگۈنمۇ تۇرۇپ قېلىپ، مۇشۇ يەردە كۆڭلۈڭلارنى خۇش
قىلىڭلار، — دېدى.
[7] كۈيئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، قېيىنئاتىسى
ئۇنى زورلاپ تۇتۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەنە بىر كېچە
قونۇپ قالدى. [8] بەشىنچى كۈنىگە كەلگەندە، ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ
ماڭماقچى بولدى. قېيىنئاتىسى:
— تاماق يەپ چۈشتىن كېيىن مېڭىڭلار، — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاماقتا تۇرۇپ قالدى. [9] لاۋىي توقلىنى ئېلىپ
چاكىرى بىلەن مېڭىشقا تەمشەلگەندە، قېيىنئاتىسى ئۇنىڭغا يەنە:
— قاراڭلار، كەچ بولاي دەپ قالدى، كۈنمۇ ئولتۇراي دېدى، بۈگۈن
قونۇپ قېلىڭلار. مۇشۇ يەردە كۆڭۈل ئېچىپ، ئەتە ئەتىگەن سەھەر
تۇرۇپ، يولغا چىقىڭلار، — دېدى.
[10] بۇ قېتىم ئۇ ئۇنىماي، توقلىنى ئېلىپ ئىككى ئېشكى بىلەن
يولغا چىقتى. ئۇلار مېڭىپ يېبۇس، يەنى يېرۇسالېمغا يېقىن
كېلىپ قالدى. [11] كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. چاكىرى ئۇنىڭغا:
— بىز بۈگۈن مۇشۇ يېبۇسلارنىڭ شەھىرىگە كىرىپ قونايلى،
— دېدى. [12] خوجايىنى ئۇنىڭغا:
— بىز ئىسرائىللارغا تەۋە بولمىغان ياتلارنىڭ شەھىرىدە قونمايمىز.
بىز گىبئاھ شەھىرىگە بېرىپ قونايلى، — دېدى. [13] ئۇ چاكىرىغا يەنە:

- بىز گىبئاھ ياكى راماھ شەھەرلىرىنىڭ بىرىگە بېرىپ كېچىنى ئۆتكۈزەيلى، - دېدى.
[14] شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەنە يولىنى داۋام قىلدى. ئۇلار بىنيامىن قەبىلىسىگە تەۋە بولغان گىبئاھ شەھىرىگە يېقىن قالغاندا كۈنمۇ ئولتۇردى. [15] ئۇلار بۇ شەھەردە قونۇش ئۈچۈن شەھەر بازىرىغا باردى، لېكىن ھېچكىم ئۇلارنى ئۆيىگە كىرگۈزمىدى. [16] كەچ كىرگەندە، بىر بوۋاي ئېتىزدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بوۋاي ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىن كېلىپ، گىبئاھ شەھىرىدە تۇرۇپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىلار بىنيامىن قەبىلىسىدىكىلەر ئىدى.
[17] بوۋاي بۇ يولۇچىلارنىڭ بازاردا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلاردىن:
- نەگە ماڭىدىغانلار؟ قەيەردىن بولىسىلەر؟ - دەپ سورىدى.
[18] لاۋىي جاۋاب بېرىپ:
- بىز يەھۇدا زېمىنىدىكى بەيتلەھەمدىن ئەفرايىم تاغلىق رايونىنىڭ چەت بىر يېرىگە كېتىپ بارىمىز، بىز شۇ يەرلىك. مەن يەھۇدا زېمىنىدىكى بەيتلەھەمگە بېرىپ، ئۆيگە قايتىۋاتقانىدىم. ئەمما ھېچكىم بىزنى ئۆيىگە كىرگۈزمىدى. [19] بىزنىڭ ئۆزۈق-تۈلۈكىمىز ۋە ئېشەكلىرىمىزگە بېرىدىغان يەم-خەشىكىمىز بار. كەمىنىلىرى بىلەن توقىلىم ۋە چاكىرىمىنىڭمۇ يەتكۈدەك نېنى ۋە شارابى بار، بىزگە ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، - دېدى. [20] بوۋاي:
- سىرتتا قونماڭلار! ئۆيگە مەرھەمەت، مەن ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالاي، - دېدى.
[21] شۇنىڭ بىلەن بوۋاي ئۇلارنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئېشەكلىرىگە يەم بەردى. ئۇلار پۇتلىرىنى يۇيغاندىن كېيىن، بىرلىكتە غىزالاندى.
[22] ئۇلار خۇشال-خۇرام ئولتۇرغاندا، شەھەردىكى ئۆكتەملەر بوۋاينىڭ ئۆيىنى قورشىۋېلىپ، دەرۋازىنى توختىماي قاقتى. ئۇلار ئۆي ئىگىسى بوۋايغا:
- ئۆيۈڭدىكى ئەرنى چىقىرىپ بەر، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىمىز، - دەپ ۋارقىراشتى. [23] بوۋاي چىقىپ ئۇلارغا:
- بۇرادەرلەر، بۇنداق پەسكەشلىك قىلساڭلار بولمايدۇ. بۇ مېھمان مېنىڭ ئۆيۈمگە چۈشكەن ئىكەن، بۇنداق نومۇسلۇق ئىشنى

قىلىشقا يول قويمايمەن. [24] مېنىڭ تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىزىم بار، يەنە ئۇ ئادەمنىڭ توقىلىمۇ بار. ئۇلارنى ئېلىپ چىقىپ بېرەي، سىلەر ئۇلارنى قانداق ئاياغ ئاستى قىلساڭلار مەيلى. ئۇلارنى نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار. بىراق بۇ ئەر بىلەن ئۇنداق نومۇسلۇق ئىشنى قىلماڭلار، ــ دېدى.

[25] بىراق ئۇلار بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. شۇنداقتىمۇ ھېلىقى لاۋىي توقىلىنى ئۇلارغا ئېلىپ چىقىپ بەردى. ئۇلار كېچىچە ئۇ ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، دەپسەندە قىلدى. تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە ئاندىن ئۇ ئايالنى قويۇپ بەردى. [26] ئۇ ئايال تاڭ ئاتقاندا ئۆزلىرىنى قوندۇرۇپ قالغان بوۋاينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، شۇ يەردە يىقىلىپ قېلىپ، سەھەرگىچە شۇ يەردە ياتتى.

[27] ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئېرى يولغا چىقماقچى بولۇپ، دەرۋازىنى ئېچىپ، توقىلىنىڭ دەرۋازا ئالدىدا يېتىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىككى قولىنىڭ بوسۇغا ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى. [28] ئۇ توقىلىغا:

ــ ئورنۇڭدىن تۇر، ماڭايلى، ــ دېدى. ئەمما توقىلىدىن سادا چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەر توقىلىنى ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقتى. [29] ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قولىغا پىچاقنى ئېلىپ، توقىلىنى چاناپ ئون ئىككى پارچە قىلىپ پارچىلاپ، ئۇنى ئىسرائىللار زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىگە ئەۋەتىپ، ئىبرەت قىلدى.
[30] بۇ ئىشنى كۆرگەنلەر:

ــ ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن بېرى بۇنداق ئىش يۈز بېرىپ باقمىغان ھەم ھېچكىم بۇنداق بىر ئىشنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەمدى بۇ ئىشنى ياخشى ئويلىشىپ، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشەيلى، ــ دېيىشتى.

## ئىسرائىللارنىڭ بىنيامىن قەبىلىسىگە جازا يۈرۈش قىلىشى

20 [1] شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىسرائىللار شىمالدىكى داندىن تارتىپ، جەنۇبتىكى بەئەرشەبا ۋە شەرقتىكى گىلئادقىچە بولغان زېمىنلاردىن كېلىپ، مىزپاھ شەھىرىدە توپلىنىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا بىر گەۋدە بولدى. [2] ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى

ۋە 400 مىڭ ئادەم قىلىچ بىلەن قوراللىنىپ، رەتمۇرەت تىزىلىپ، خۇدانىڭ جامائىتى بولۇپ ھازىر بولدى [3] (باشقا قەبىلىلەرنىڭ مىزپاھقا توپلانغانلىقىنىڭ خەۋىرى دەرھال بىنيامىن قەبىلىسىگە يېتىپ باردى).

ئىسرائىللار ھېلىقى لاۋىيدىن:

- بىزگە بۇ پەسكەش ئىشنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، - دەپ سورىدى. [4] توقىلى ئۆلتۈرۈلگەن ھېلىقى لاۋىي مۇنداق دېدى:

- مەن توقىلىم بىلەن بىنيامىن قەبىلىسىگە تەۋە بولغان گىبېئاھقا كەلدۇق ۋە كېچىدە شۇ يەردە قونۇپ قالماقچى بولدۇق. [5] كېچىدە گىبېئاھلىقلارنىڭ ئاقساقاللىرى كېلىپ، مەن چۈشكەن ئۆينى قورشىۋېلىپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئۇلار مېنىڭ توقىلىمغا پەسكەشلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى. [6] شۇنىڭ بىلەن مەن توقىلىمنى پارچىلاپ، ئىسرائىل خەلقىگە تەقسىم قىلىنغان ھەربىر زېمىنغا ئەۋەتتىم. چۈنكى گىبېئاھلىقلار ئىسرائىللار ئارىسىدا شۇنداق نومۇسسىز ۋە ئېپلاس ئىشتىن بىرنى قىلدى. [7] ئىسرائىل خەلقى بۇنىڭغا ئۆزۈڭلار بىرنېمە دەڭلار.

[8] شۇنىڭ بىلەن خەلق بىردەك:

- ئارىمىزدىن ھېچكىم ئۆز چېدىرىغا قايتمىسۇن، ھېچكىم ئۆز ئۆيىگە يانمىسۇن. [9] چەك تاشلاپ گىبېئاھقا قارشى قانداق ئۇرۇش قىلىشنى بېكىتەيلى. [10] بىز ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىكى ھەر يۈز ئادەمدىن ئوننى، مىڭدىن يۈزنى، ياكى ئون مىڭدىن مىڭنى تاللاپ، قوشۇننى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەشكە قويىمىز. قوشۇنىمىز بىنيامىن زېمىنىدىكى گىبېئاھقا يېتىپ بارغاندا، گىبېئاھلىقلارنىڭ ئىسرائىللار ئارىسىدا قىلغان نومۇسسىزلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالايمىز، - دېيىشتى.

[11] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار بىر گەۋدە بولۇپ، بىرلىكتە گىبېئاھقا قوشۇن تارتىشتى.

[12] ئىسرائىل قەبىلىلىرى بىنيامىن قەبىلىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ:

- سىلەر قانداقسىگە مۇشۇنداق قەبىھ ئىش قىلدىڭلار؟ [13] سىلەر ھازىر گىبېئاھتىكى ھېلىقى ئۆكتەملەرنى بىزگە چىقىرىپ بېرىڭلار.

بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسرائىللار ئارىسىدىن رەزىللىكنى يوقىتايلى، ــ دېيىشتى.

بىنيامىنلار ئىسرائىل قېرىنداشلىرىنىڭ سۆزىگە كۆنمەي، [14] ئەكسىچە، ئۇلار ئۆز شەھەرلىرىدىن گىبئاھقا كېلىپ، ئىسرائىل خەلقى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييار بولۇشتى. [15] گىبئاھقا توپلانغان بىنيامىنلاردىن 26 مىڭ قىلىچلىق لەشكەر ۋە گىبئاھلىق بىنيامىنلاردىن خىللانغان 700 لەشكەر سەپكە تىزىلغانىدى. [16] لەشكەرلەر ئارىسىدا يەنە تاللانغان 700 ئادەم بار بولۇپ، ئۇلار سولخاي ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى سالغا بىلەن تاش ئاتسا نىشانغا تەگمەي قالمايتتى. [17] ئىسرائىللارنىڭ بىنيامىنلارنى ھېسابلىمىغاندا، جەڭ قىلىشقا ماھىر 400 مىڭ قىلىچلىق لەشكىرى بار ئىدى.

[18] ئىسرائىل خەلقى بەيتەلگە بېرىپ پەرۋەردىگاردىن:

ــ بىنيامىنلار بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن بىزدىن قايسى قەبىلە ئاۋۋال چىقسۇن؟ ــ دەپ سورىدى. پەرۋەردىگار جاۋاب بېرىپ:

ــ يەھۇدا قەبىلىسى ئاۋۋال چىقسۇن، ــ دېدى.

[19] ئىسرائىللار سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، گىبئاھقا يېقىن جايدا بارگاھ قۇرۇشتى. [20] ئىسرائىللار بىنيامىنلار بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييار بولۇپ، گىبئاھ شەھىرىنىڭ ئالدىدا جەڭ سېپى تۈزۈشتى. [21] بىنيامىنلار گىبئاھتىن چىقىپ 22 مىڭ ئىسرائىلنى ئۆلتۈردى. [22] ئىككىنچى كۈنى ئىسرائىللار بىر-بىرىگە مەدەت بېرىپ، ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى كۈنىدىكىدەك جەڭگىۋار ھالەتتە ئۇرۇش سېپىنى قايتىدىن تۈزۈشتى. [23] ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا كەچ كىرگۈچە نالە-زار قىلىپ، ئۇنىڭدىن:

ــ بىز يەنە قېرىنداشلىرىمىز بىنيامىنلار بىلەن جەڭ قىلساق بولامدۇ؟ ــ دەپ سوراشقانىدى. پەرۋەردىگار جاۋاب بېرىپ:

ــ بېرىڭلار، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىڭلار، ــ دېدى.

[24] شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى كۈنى ئىسرائىللار بىنيامىنلارغا ھۇجۇم قىلدى. [25] ئۇ كۈنى بىنيامىنلارمۇ گىبئاھتىن چىقىپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئۇلار ئىسرائىللاردىن 18 مىڭ قىلىچلىق لەشكەرنى ئۆلتۈردى. [26] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللارنىڭ بارلىق قوشۇنى بەيتەلگە بېرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرۇپ نالە-زار قىلدى ۋە

كەچكىچە روزا تۇتۇشتى. پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقى قىلىشتى. [27] (ئۇ چاغلاردا خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى شۇ يەردە بولۇپ، [28] ھارۇننىڭ نەۋرىسى، يەنى ئەلئازارنىڭ ئوغلى پىنىخاس شۇ چاغدا روھانىي ئىدى).

ئىسرائىللار پەرۋەردىگاردىن:

- بىز يەنە بىر قېتىم قېرىنداشلىرىمىز بىنيامىنلار بىلەن ئۇرۇش قىلايلىمۇ ياكى ئۇرۇشنى توختىتايلىمۇ؟ - دەپ سوراشتى. پەرۋەردىگار ئۇلارغا:

- بېرىڭلار، مەن ئەتە ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈرۈپ بېرىمەن، - دېدى.

[29] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار گىبئاھنىڭ ئەتراپىغا بۆكتۈرمە قويدى. [30] ئۈچىنچى كۈنى ئىسرائىللار ئالدىنقى ئىككى كۈنگە ئوخشاش گىبئاھنىڭ ئالدىدا سەپ تۈزۈشتى. [31] ئۇلار بىنيامىنلارنى شەھەردىن ئالداپ چىقىرىشتى. بىنيامىنلار ئاۋۋالقىغا ئوخشاش بەيتەلگە بارىدىغان يول بىلەن گىبئاھقا بارىدىغان يولدا ۋە دالادا جەڭ باشلاپ، ئىسرائىللاردىن ئوتتۇزدەك ئادەمنى ئۆلتۈردى. [32] بىنيامىنلار:

- ئۇلارنى ئاۋۋالقىدەكلا مەغلۇپ قىلىمىز، - دېيىشتى. ئىسرائىللار:

- بىز قاچقان بولۇپ، ئۇلارنى ئالداپ شەھەردىن يولغا باشلاپ چىقايلى، - دېيىشتى.

[33] شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئىسرائىللار ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ، بائال-تامار دېگەن يەردە سەپ تۈزۈشتى. بۆكتۈرمىدە ياتقان ئىسرائىللارمۇ ئورۇنلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىشتى. [34] ئىسرائىللاردىن خىللانغان 10 مىڭ لەشكەر گىبئاھقا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. بىنيامىنلار ئۆزلىرىگە بالا-قازانىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. [35] پەرۋەردىگار بىنيامىنلارنى ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا يوقاتتى، يەنى ئىسرائىللار شۇ كۈنى بىنيامىنلاردىن 25,100 قىلىچلىق لەشكەرنى ئۆلتۈردى. [36] شۇنداق قىلىپ بىنيامىنلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

بۇ جەرياندا يەنە مۇنداق ئىشلار يۈز بەردى: ئىسرائىللار گىبئاھ ئەتراپىغا بۆكتۈرمىگە قويغان ئادەملىرىگە ئىشەنچ قىلىپ،

بىنيامىنلارنى ئالداپ، تۇرغان يېرىدىن چىكىنىشتى. [37] شۇنىڭ بىلەن بۆكتۈرمىدىكىلەر گىبېئاھقا بۇسۇپ كىردى. ئۇلار كىرگەندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەردىكىلەرنى قىلىچ بىلەن قەتل قىلدى. [38] ئىسرائىللار بىلەن بۆكتۈرمىدىكىلەر شەھەرگە ئوت قويۇپ، ئىس-تۈتەك پەيدا قىلىپ، بەلگە بېرىشكە كېلىشىۋالغانىدى. [39] ئۇلار بۇ بەلگىنى كۆرگەندىن كېيىن، چېكىنىشتىن توختاپ، ئارقىغا يېنىپ جەڭ قىلىشى كېرەك ئىدى.

ئىسرائىللار قاچقان قىياپەتكە كىرىۋالغان چاغدا، بىنيامىنلار ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىسرائىللارنىڭ ئوتتۇزدەك ئادىمىنى ئۆلتۈردى. بىنيامىنلار: «ئۇلارنى جەزمەن بۇرۇنقىدەك مەغلۇپ قىلىمىز» دەپ ئويلىغانىدى. [40] لېكىن بىنيامىنلار ئارقىسىغا قاراپ پۈتۈن شەھەردىن قويۇق ئىس-تۈتەكنىڭ پەلەككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. [41] بۇ چاغدا ئىسرائىللار كەينىگە يېنىپ بىنيامىنلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ، بېشىغا بالا-قازا كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئالاقزادە بولۇشتى. [42] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسرائىللاردىن قېچىپ چۆلگە قاراپ چېكىنىشكە باشلىدى، بىراق ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمىدى. چۈنكى ئىسرائىللار ئەتراپتىكى شەھەرلەردىن چىقىپ ئۇلارنى قىرغىن قىلدى. [43] ئىسرائىللار بىنيامىنلارنى قورشاپ، ئۇلارنى توختىماستىن قوغلاپ گىبېئاھنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە يوقاتتى. [44] شۇنىڭ بىلەن بىنيامىنلارنىڭ 18 مىڭ پالۋىنىنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. [45] قالغان ئادەملەر چۆلدىكى رىممون قىيا تېشى تەرەپكە قاراپ قاچتى. يول بويى ئىسرائىللار ئۇلارنىڭ يەنە 5 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى. كېيىن ئۇلار گىدئومغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ 2 مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى.

[46] شۇ كۈنى بىنيامىنلارنىڭ 25 مىڭ قىلىچلىق پالۋىنىنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. [47] قالغان 600 ئادىمى چۆلدىكى رىممون قىيا تېشىنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردە تۆت ئاي تۇردى. [48] ئىسرائىللار بىنيامىنلارنىڭ شەھەرلىرىگە قايتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئادەملىرى ۋە چارۋا ماللىرىنى قىلىچ بىلەن قىرىپ تاشلىدى، شۇنداقلا شەھەرلەر ۋە يېزىلاردىكى ئۈچرىغان باشقا نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

## بىنيامىن قەبىلىسىدىكىلەرگە ئايال تېپىپ بېرىش

21 [1] بۇرۇن ئىسرائىللار مىزپاھتا قەسەم ئىچىپ: «ئارىمىزدىن
ھېچكىم قىزلىرىنى بىنيامىنلارغا خوتۇنلۇققا بەرمىسۇن»
دېيىشكەنىدى.
[2] ئىسرائىل خەلقى بەيتەلگە كېلىپ، خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا كەچكىچە
ئولتۇرۇپ، ئۈن سېلىپ ھۆكرەپ يىغلاشتى. [3] ئۇلار:
- ئى پەرۋەردىگار، ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا! نېمە
ئۈچۈن بۇنداق ئىش يۈز بېرىدۇ؟ ئىسرائىللارنىڭ بىر قەبىلىسى
ئازىيىپ كەتتىغۇ! - دېيىشتى.
[4] ئەتىسى خەلق سەھەر تۇرۇپ، شۇ يەردە بىر قۇربانلىق سۇپىسى
ياساپ، كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقى قىلىشتى. [5] ئىسرائىللار:
- بىز مىزپاھتا پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا يىغىلغان ۋاقتىمىزدا
ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىن كىملەر كەلمىدى؟ - دېيىشتى.
بۇرۇن ئۇلار مىزپاھتا پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا كەلمىگەنلەر
توغرىسىدا قاتتىق قەسەم ئىچىپ: «بۇ يەرگە كەلمىگەنلەرنى
چوقۇم ئۆلتۈرىمىز» دېيىشكەنىدى.
[6] ئىسرائىللار قېرىنداشلىرى بولغان بىنيامىنلار توغرىسىدا قايغۇرۇپ:
- بۈگۈن ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبىلىنىڭ
ئادەملىرى ئازىيىپ كەتتى. [7] بىز بۇرۇن پەرۋەردىگارنىڭ نامى
بىلەن ئۇلارغا قىزلىرىمىزنى خوتۇنلۇققا بەرمەيمىز، دەپ قەسەم
ئىچىشكەنىدۇق. ئەمدى ئۇلاردىن ھايات قالغانلىرىنىڭ خوتۇن
ئېلىش ئىشىنى قانداق ھەل قىلىشىمىز كېرەك؟ - دېيىشتى.
[8-9] ئىسرائىللار يەنە:
- ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىن كىملەر پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا
جەم بولۇش ئۈچۈن مىزپاھقا كەلمىدى؟ - دەپ سوراشتى. ئۇلار
ئادەملەرنى ساناش ئارقىلىق گىلئادتىكى يابىش شەھىرىدىن
ھېچكىمنىڭ يىغىلىشقا كەلمىگەنلىكىنى بىلىشتى. [10] ئۇلار جەم
بولغانلار ئىچىدىن 12,000 پالۋاننى تاللاپ ئۇلارغا:
- سىلەر گىلئادتىكى يابىش شەھىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ خوتۇن
ۋە بالاچاقىلىرىنى قويماي قىلىچ بىلەن قىرىپ تاشلاڭلار. [11] سىلەر

يەنە بارلىق ئەرلەرنى ۋە ئەرلەر بىلەن بىللە بولغان ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاڭلار، - دەپ جېكىلىدى.

[12] ئىسرائىللار گىلئادتىكى يابېشلىقلار ئىچىدىن ئەرلەرگە يېقىن كەلمىگەن ئىپپەتلىك 400 قىزنى تېپىپ، ئۇلارنى كەنئان زېمىنىنىڭ شىلو شەھىرىدىكى بارگاھقا ئېلىپ كەلدى.

[13] قايتا جەم بولغان ئىسرائىللار رىممون قىيا تېشىنىڭ يېنىدىكى بىنيامىنلارغا خەۋەر ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن يارىشىپ قالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. [14] شۇنىڭ بىلەن بىنيامىنلار قايتىپ كەلدى. ئىسرائىللار گىلئادتىكى يابېش شەھىرىدىن ئۆلتۈرمەي ئېلىپ كەلگەن 400 قىزنى ئۇلارغا خوتۇنلۇققا بەردى، ئەمما ئۇلارغا بۇ قىزلار يېتىشمىدى. [15] شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بىنيامىنلار ئۈچۈن يەنە قايغۇرۇشتى، چۈنكى پەرۋەردىگار ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ سانىنى ئازايتىۋەتكەنىدى. [16] يىغىلىشتا ئاقساقاللار:

- بىنيامىنلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتۇق، ھايات قالغان ئەرلەرگە قەيەردىن خوتۇن تېپىپ بېرىمىز؟ - دېيىشتى. [17] ئۇلار يەنە:

- ھايات قالغان بىنيامىنلار ئەۋلاد قالدۇرۇشى كېرەك، شۇندىلا ئىسرائىللارنىڭ بىنيامىن قەبىلىسى يوقىلىپ كەتمەيدۇ. [18] ئەمما بىز ئۇلارغا ئۆز قىزلىرىمىزنى خوتۇنلۇققا بېرەلمەيمىز، چۈنكى بىز قەسەم ئىچىپ: «بىنيامىنلارغا قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا بەرگەنلەر قارغىشقا قالسۇن» دېيىشكەنىدۇق. [19] مانا، پەرۋەردىگار ئۈچۈن يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان ھېيتمۇ كېلىپ قالدى. بىز بۇ ھېيتنى بەيتەلنىڭ شىمالىغا، بەيتەلدىن شەكەمگىچە سوزۇلغان يولنىڭ شەرقىگە ۋە لىبونانىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان شىلو شەھىرىدە ئۆتكۈزىمىز، - دېيىشتى. [20] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىنيامىنلارغا:

- سىلەر ئۈزۈمزارلىقتا بېرىپ، مۆكۈپ تۇرۇڭلار. [21] شىلو قىزلىرى ئۇسسۇل ئوينىغىلى كەلگەندە، ھەربىرىڭلار بىردىن خوتۇنلۇققا تۇتۇپ، بىنيامىن زېمىنىغا ئېلىپ كېتىڭلار. [22] ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياكى قېرىنداشلىرى كېلىپ بىزگە دەۋا قىلسا، بىز ئۇلارغا: «بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىلىپ، بىنيامىنلارغا ئىلتىپات قىلىڭلار. چۈنكى بىز يابېشتىكى جەڭدە ئۇلارغا يەتكۈدەك قىز تاپالمىدۇق. سىلەر

قىزىڭلارنى ئۇلارغا ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن بەرمىدىڭلار، شۇڭا سىلەر گۇناھسىز» دەيمىز، ــ دېيىشتى.
[23] شۇنىڭ بىلەن بىنيامىنلار ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك، ئۆزلىرىگە يەتكۈدەك ئۇسسۇلچى قىزلارنى خوتۇنلۇققا تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى. كېيىن ئۇلار يۇرتلىرىغا قايتىپ، ئۆز شەھەرلىرىنى باشقىدىن قۇرۇپ، شۇ يەرلەردە ياشاپ قالدى. [24] شۇنداق قىلىپ ئىسرائىللار تارقىلىپ، ھەممىسى ئۆز قەبىلىسى، ئۆز جەمەتى ۋە ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنغا قايتىشتى.
[25] ئۇ زامانلاردا ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى يوق ئىدى. ھەركىم ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشنى قىلاتتى.

# رُوت

1 2 3 4

# رۇت

## ئەلىمەلەك ئائىلىسىنىڭ موئاب ئېلىگە بېرىشى

1 [1-2] ئىسرائىللارغا سەردارلار يېتەكچىلىك قىلغان چاغلاردا،
ئىسرائىل زېمىنىدا قەھەتچىلىك يۈز بېرىدۇ. ئۇ چاغدا يەھۇدا
زېمىنىدىكى بەيتلەھەم شەھىرىدە ئەفراتا جەمەتىدىن بولغان
ئەلىمەلەك ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلىپ،
ئايالى نائومى ۋە ئوغۇللىرى ماخلون بىلەن كىليوننى ئېلىپ، موئاب
ئېلىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ۋاقىتلىق تۇرۇپ قالىدۇ. [3-4] ئۇلار ئۇ يەردە
ئون يىلچە ياشايدۇ. بۇ جەرياندا ئەلىمەلەك ئالەمدىن ئۆتۈپ، نائومى
ئىككى ئوغلى بىلەن قالىدۇ. ئىككى ئوغلى موئابلىق قىزلاردىن
ئورپاھ ۋە رۇتلارغا ئۆيلىنىدۇ. [5] كېيىن ماخلون ۋە كىليونلارمۇ ۋاپات
بولۇپ، نائومى پەرزەنتسىز ھەم تۇل بولۇپ قالىدۇ.

## نائومى بىلەن رۇتنىڭ بەيتلەھەمگە قايتىپ كېلىشى

[6] نائومى موئابتا تۇرغان ۋاقتىدا، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقىگە
بەخت ئاتا قىلىپ، مول ھوسۇل بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يۇرتىغا
قايتماقچى بولىدۇ. [7] ئۇ ئىككى كېلىنى بىلەن تۇرۇۋاتقان ماكانىدىن
ئايرىلىپ، يەھۇدا زېمىنىغا قاراپ يولدا كېتىۋاتقاندا، [8] ئىككى
كېلىنىگە:
— سىلەر ئەمدى ئاناڭلارنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىڭلار. سىلەر
ماڭا ۋە مەرھۇملىرىڭلارغا ياخشى قارىدىڭلار، شۇڭا سىلەرگىمۇ
پەرۋەردىگار ياخشىلىق ئاتا قىلغاي. [9] پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ يەنە
نىكاھلىنىپ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ، تىنچ-ئامان ياشىشىڭلارغا
نېسىپ قىلغاي، — دېدى.

ئاندىن نائومى ئۇلارنى سۆيۈپ قويدى، لېكىن ئىككى كېلىن:
[10] ــ ياق، بىز سىز بىلەن بىرگە خەلقىڭىزنىڭ يېنىغا كېتىمىز،
ــ دەپ ئۈن سېلىپ، يىغلىشىپ كېتىشتى. [11] بىراق نائومى:
ــ قىزلىرىم، قايتىپ كېتىڭلار! نېمىشقا مەن بىلەن كېتىسىلەر؟
ئويلاپ بېقىڭلار، مەن يەنە سىلەرگە ئەر بولىدىغان ئوغۇل تۇغالامدىمەن؟
[12] قايتىپ كېتىڭلار، قىزلىرىم، مېڭىڭلار! مېنىڭ يېشىم نىكاھلىنىش
يېشىدىن ئۆتۈپ كەتتى. نىكاھلىنىشىمغا ئازراق ئۈمىدىممۇ بار
دەيلى، مەن بۈگۈنلا بىرسىگە تېگىپ، ئوغۇللۇق بولدۇممۇ دەيلى،
[13] سىلەر ئۇ ئوغۇللار بالاغەتكە يەتكۈچە كۈتۈپ تۇرالامسىلەر؟ سىلەر
باشقا ئەرگە تەگمەي ئۇلارنى كۈتەلەمسىلەر؟ ياق، قىزلىرىم،
بۇنداق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس! مېنى پەرۋەردىگار ئۇردى.
پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان شور پېشانىلىكىنىڭ دەردىنى سىلەر
تارتساڭلار بولمايدۇ، ــ دېدى.
[14] ئۇلار يەنە قاتتىق يىغلاشتى. ئورپاھ قېيىنئانىسىنى سۆيۈپ
قويۇپ، قايتىپ كەتتى. لېكىن رۇت قېيىنئانىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى.
[15] نائومى ئۇنىڭغا:
ــ كېلىن سىڭلىڭ ئورپاھ ئۆز خەلقىنىڭ ۋە ئىلاھىنىڭ يېنىغا
قايتىپ كەتتى. رۇت، سەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قايتقىن! ــ دېدى.
[16] بىراق رۇت:
ــ مېنى سىزدىن تېنىشقا ۋە قېشىڭىزدىن كېتىشكە زورلىماڭ.
سىز نەگە بارسىڭىز، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن. سىز نەدە تۇرسىڭىز،
مەنمۇ شۇ يەردە تۇرىمەن. سىزنىڭ خەلقىڭىز مېنىڭمۇ خەلقىم.
سىزنىڭ خۇدايىڭىز مېنىڭمۇ خۇدايىم. [17] سىز قەيەردە ئۆلسىڭىز،
مەنمۇ شۇ يەردە ئۆلىمەن ۋە شۇ يەرگە كۆمۈلىمەن. ئۆلۈمدىن باشقا
ھېچقانداق نەرسە بىزنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ! ئەگەر مەن بۇ قەسەمگە
ئەمەل قىلمىسام، پەرۋەردىگار مېنى قاتتىق جازالىسۇن، ــ دېدى.
[18] رۇتنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە كېتىشنى شۇنچىلىك كۈچلۈك
تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نائومى ئۇنى قايتا زورلىمىدى.
[19] ئۇلار بىرلىكتە بەيتلەھەمگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار يېتىپ
كەلگەندە، پۈتۈن شەھەر خەلقى ھاياجانغا چۆمدى. ئاياللار
ئەجەبلىنىپ، بىر-بىرىگە:

ـ ئۇ راستىنلا نائومىمدۇ؟ ـ دېيىشتى. [20] نائومى:

ـ مېنى نائومى [مەنىسى «تاتلىق»] دېمەي، مارا [مەنىسى «ئاچچىق»] دەڭلار! ـ دېدى. ئۇ يەنە ئۇلارغا:

ـ ھەممىگە قادىر خۇدا مېنى شور پېشانە قىلدى. [21] مەن يۇرتۇمدىن كەتكىنىمدە بەختلىك ئىدىم، لېكىن ھازىر پەرۋەردىگار مېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلدى. مېنى پەرۋەردىگار ئازابقا سالدى، ھەممىگە قادىر خۇدا بەختسىز قىلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر يەنە نېمىشقا مېنى نائومى دەپ ئاتايسىلەر!؟ ـ دېدى.

[22] شۇنداق قىلىپ، نائومى ۋە ئۇنىڭ موئابلىق كېلىنى رۇت موئابتىن قايتىپ كەلدى. ئۇلار بەيتلەھەمگە يېتىپ كەلگەندە، ئارپا ئورمىسى ئەمدى باشلانغانىدى.

## رۇتنىڭ بوئازنىڭ ئېتىزىدا باشاق تېرىشى

2 [1] نائومىنىڭ ئېرى ئەلىمەلەكنىڭ جەمەتىدىن بوئاز ئىسىملىك باي ھەم ئابرۇيلۇق بىر تۇغقىنى بار ئىدى. [2] بىر كۈنى رۇت نائومىغا:

ـ ئېتىزغا بېرىپ باشاق تېرىشىمگە ماقۇل بولسىڭىز، ماڭا ئىلتىپات كۆرسىتىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، باشاق تېرەي، ـ دېدى.

ـ مەيلى، بارغىن قىزىم، ـ دېدى نائومى.

[3] رۇت ئېتىزغا بېرىپ، ئورمىچىلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، چېچىلىپ كەتكەن ئارپا باشاقلىرىنى تەردى. بۇ ئېتىز دەل بوئازنىڭ ئىدى.

[4] رۇت ئېتىزدا باشاق تېرىۋاتقاندا، بوئاز بەيتلەھەمدىن كەلدى. ئۇ ئورمىچىلارغا:

ـ پەرۋەردىگار سىلەرگە يار بولغاي! ـ دەپ سالام بەردى.

ـ پەرۋەردىگار سىزگە بەخت ئاتا قىلغاي! ـ دەپ سالام قايتۇردى ئۇلارمۇ.

[5] بوئاز ئورمىچىلارغا مەسئۇل كىشىدىن:

ـ ئاۋۇ كىمنىڭ قىزى ئىكەن؟ ـ دەپ سورىدى. [6] ئۇ:

ـ ئۇ موئابلىق قىز ئىكەن، نائومى بىلەن بىرگە موئابتىن كەپتۇ. [7] ئۇ مەندىن ئورمىچىلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئارپا باغلىرىدىن

چۈشۈپ قالغان باشاقلارنى تېرىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. سەھەردىن بېرى تېرىۋاتىدۇ، كەپىدە پەقەت بىرئاز ئارام ئالدى، ــ دەپ جاۋاب بەردى.
[8] بوئاز رۇتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:
ــ ئەي قىزىم، گېپىمگە قۇلاق سالغىن! باشقىلارنىڭ ئېتىزىغا بېرىپ باشاق تېرىش خىيالىدا بولمىغىن. بۇ يەردە ئايال خىزمەتكارلىرىمنىڭ قېشىدا تەرگىن. [9] ئورمىچىلار قەيەردە ئورما ئورسا، سەن ئاياللار بىلەن بىرگە شۇ يەرگە بارغىن. ئەر ئورمىچىلىرىمغا سېنى بوزەك قىلماسلىقنى تاپىلايمەن. ئۇسسىساڭ، ئۇلار توشقۇزۇپ قويغان كومزەكلەردىن سۇ ئېلىپ ئىچكىن، ــ دېدى.
[10] رۇت بوئازنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ:
ــ نېمىشقا مەندەك بىر مۇساپىرغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، بۇنچىۋالا غەمخورلۇق قىلىسىز؟ ــ دېدى. [11] بوئاز ئۇنىڭغا:
ــ سەن تۇل قالغاندىن كېيىن، قېيىنئاناڭغا ۋاپادار بولغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ ۋە يۇرتۇڭدىن ئايرىلىپ، بۇ يات خەلق ئىچىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىڭدىن تولۇق خەۋىرىم بار.
[12] قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى پەرۋەردىگار ئۆزۈڭگە ياندۇرغاي. سەن قانىتى ئاستىدا پاناھلىق ئىزدىگەن پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ساڭا مول ئىلتىپاتنى ياغدۇرغاي، ــ دېدى. [13] رۇت ئۇنىڭغا:
ــ خوجام، سىز ماڭا شۇنچە كۆپ ئىلتىپات كۆرسەتتىڭىز، گەرچە مەن سىزنىڭ خىزمەتكارلىرىڭىزدىن بولمىساممۇ، ماڭا شۇنداق مۇلايىم سۆزلەرنى قىلىپ، كۆڭلۈمگە تەسەللى بەردىڭىز، ــ دەپ جاۋاب قايتۇردى. [14] تاماق ۋاقتى بولغاندا، بوئاز رۇتقا:
ــ قېنى كەلگىن، نانغا ئېغىز تەگكىن. ئاچچىقسۇغا تەگكۈزۈپ يېگىن، ــ دېدى.
رۇت ئورمىچىلار بىلەن بىللە ئولتۇردى. بوئاز ئۇنىڭغا قوماچتىن ئېلىپ بەردى. ئۇ تويغۇچە يېدى ۋە ئاشۇرۇپ قويىدى. [15] رۇت ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە باشاق تەرگىلى كەتكەندە، بوئاز ئەر ئورمىچىلىرىغا:

- ئۇ باغلانغان باغلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ تەرسىمۇ توسماڭلار ۋە كۆڭلىگە ئازار بەرمەڭلار. [16] ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن باغلاردىن ئازراق سۇغۇرۇپ چىقىرىپ قويۇڭلار. ئۇنى ئەيىبلىمەڭلار، ــ دەپ تاپىلىدى.
[17] شۇنىڭ بىلەن رۇت كەچ كىرگۈچە ئېتىزدا باشاق تەردى. ئۇ تېرىپ كەلگەن ئارپا باشاقلىرىنى سوقۇۋىدى، يېرىم خالتىدەك دان چىقتى. [18] رۇت ئارپىسىنى كۆتۈرۈپ، شەھەرگە قايتىپ كەلدى ۋە قېيىنئانىسىغا قانچىلىك ئارپا تەرگەنلىكىنى كۆرسەتتى ھەم ئېشىپ قالغان تامىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. [19] نائومى ئۇنىڭغا:
- بۈگۈن بۇنچىۋالا كۆپ ئارپىنى قەيەردىن تېرىپ كەلدىڭ؟ سەن كىمنىڭ ئېتىزىدا ئىش قىلدىڭ؟ ساڭا غەمخورلۇق قىلغان شۇ كىشىگە خۇدا رەھمەت قىلسۇن! ــ دېدى.
رۇت قېيىنئانىسىغا ئۆزىنىڭ بوئازنىڭ ئېتىزىدا ئىشلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. [20] نائومى روھلانغان ھالدا:
- بىزگە ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ئەرلىرىمىزگە ئۆز مەرھەمىتىنى كۆرسەتكەن بوئازغا پەرۋەردىگار زور بەخت ياغدۇرسۇن! ــ دەپ دۇئا قىلدى. ئۇ يەنە:
- ئۇ كىشى بىزنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىمىزنىڭ بىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىزگە قاراش مەسئۇلىيىتى بار، ــ دېدى. رۇت:
[21] - ئۇ يەنە مېنىڭ تاكى ئورما ئاياغلاشقۇچە ئۆز ئورمىچىلىرىنىڭ كەينىدىن باشاق تېرىشىمگە رۇخسەت بەردى، ــ دېدى. [22] نائومى كېلىنىگە:
- قىزىم، شۇنداق قىلغىن! بوئازنىڭ ئايال خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە ئىشلىگىن. ئەگەر باشقا كىشىلەرنىڭ ئېتىزلىرىغا بارساڭ، سېنى بوزەك قىلىشى مۇمكىن، ــ دېدى.
[23] شۇنداق قىلىپ رۇت ئارپا، بۇغدايلار ئورۇلۇپ بولغانغا قەدەر، بوئازنىڭ ئايال خىزمەتكارلىرى بىلەن بىرگە باشاق تەردى. ئۇ قېيىنئانىسى بىلەن بىللە تۇرىۋەردى.

## رۇتنىڭ بوئاز بىلەن كۆرۈشۈشى

3 [1] بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، نائومى كېلىنى رۇتقا:
- ھەي قىزىم، مەن ساڭا باشپاناھ بولىدىغان بىر ئەر تاپاي، سەن ئەمدى ئۆي-ئوچاقلىق بولغىن. [2] سەن ئايال خىزمەتكارلىرى

بىلەن بىرگە ئېتىزىدا ئىشلىگەن بوئازنىڭ بىرگە تۇغقان ئىكەنلىكىنى
بىلىسەنغۇ. سۆزۈمنى ئاڭلىغىن! بۈگۈن كەچتە ئۇ خاماندا ئارپا
سورىدۇ. 3 سەن ئۇستى-بېشىڭنى يۇيۇپ، ئۆزۈڭگە خۇش پۇراقلىق
ئەرسىلەرنى چېچىپ، چىرايلىق كىيىملىرىڭنى كىيىپ، خامانغا
بارغىن. لېكىن ئۇ سېنىڭ ئۇ يەرگە بارغانلىقىڭنى بىلمىسۇن.
ئۇ ئالدى بىلەن يەپ-ئىچىپ تويسۇن. 4 ئۇنىڭ ياتىدىغان يېرىنى
كۆرۈۋالغىن. ئۇ يېتىپ بولغاندا، چاندۇرماي بېرىپ، يوتقىنىنى
ئېچىپ، ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە يېتىۋالساڭ، ئۇ ساڭا نېمە قىلىش
كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ، ــ دېدى.
5 ــ سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇنى قىلىمەن، ــ دەپ جاۋاب قايتۇردى
رۇت.
6 شۇنىڭ بىلەن رۇت خامانغا بېرىپ، قېيىنانىسىنىڭ دېگىنىدەك
قىلدى. 7 بوئاز يەپ-ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭلى ئازادە
بولۇپ راھەتلەندى ۋە خامان دۆۋىسىنىڭ كەينىدە يېتىپ، ئۇيقۇغا
كەتتى. رۇت شەپە چىقارماي، بوئازنىڭ يوتقىنىنىڭ ئاياغ تەرىپىنى
ئېچىپ، شۇ يەردە ياتتى. 8 تۈن يېرىم بولغاندا، بوئاز تۇيۇقسىز
ئويغىنىپ ئولتۇردى. ئۇ ئاياغ تەرىپىدە بىر ئايالنىڭ ياتقىنىنى
كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ:
9 ــ سەن كىم؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ بۇ مەن رۇت، خىزمەتكارىڭىز. سىز مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر
ئېلىش مەجبۇرىيىتىڭىز بولغان يېقىن تۇغقىنىم. شۇڭا سىز
قانىتىڭىزنى ماڭا سايە قىلىپ، مېنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز! ــ
دېدى رۇت. 10 بوئاز ئۇنىڭغا:
ــ ئەي قىزىم، پەرۋەردىگار ساڭا بەخت ئاتا قىلسۇن! سېنىڭ ھازىر
ئېرىڭنىڭ جەمەتىگە كۆرسىتىۋاتقان ساداقىتىڭ بۇرۇن كۆرسەتكەن
ساداقىتىڭدىنمۇ ئارتۇقتۇر. چۈنكى سەن پۇلى بولسۇن-بولمىسۇن
بىر ياشنى تاپالايتتىڭ، لېكىن ئۇنداق قىلمىدىڭ. 11 قىزىم، غەم
قىلمىغىن! سېنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنداپ
بېرىمەن، چۈنكى شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بىر
ياخشى ئايال ئىكەنلىكىڭنى بىلىدۇ. 12 مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ
يېقىن تۇغقىنىڭ، بىراق بىلگىنىكى، ساڭا مەندىنمۇ يېقىن يەنە

بىر ئادەم بار. [13] بۇگۈن كېچە بۇ يەردە قالغىن. ئەتە سەھەردە مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ ساڭا تۇغقانلىق ھەققىنى ئۆتەشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى بىلىپ باقاي. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىپ، سېنى ئەمرىگە ئالسا ياخشى، بۇ ئىش شۇنداق بولسۇن. ئەگەر خالىمىسا، مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنى ئۆزۈم ئەمرىمگە ئېلىپ، بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن. ئەمدى سەن تاڭ ئاتقۇچە بۇ يەردە يېتىپ تۇر! — دېدى.

[14] روت ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ياتتى. لېكىن تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى، چۈنكى بوئاز ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

[15] بوئازمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— مورەڭدىكى يېپىنچاڭنى ئېلىپ، ئېچىپ تۇتۇپ تۇرغىن، — دېدى.

ئۇ شۇنداق قىلدى. بوئاز ئۇنىڭغا بىر خالتا كەلگۈدەك ئارپىنى ئۇسۇپ، مورىسىگە ئارتىپ قويۇپ، ئۆزى شەھەرگە كەتتى.

[16] روت ئۆيىگە قايتىپ بارغىنىدا، قېيىنئانىسى ئۇنىڭدىن:

— ئىشلىرىڭ قانداق بولدى، قىزىم؟ — دەپ سورىدى.

روت بوئازنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنى قېيىنئانىسىغا ئېيتىپ بەردى.

[17] — ئۇ مېنى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا قۇرۇق قول قايتمىسۇن دەپ، بۇ يېپىنچىدىكى ئارپىنى بەردى، — دېدى روت. [18] نائومى ئۇنىڭغا:

— بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى چىققۇچە، بۇ جايدا ساقلاپ تۇرغىن. بوئاز بۈگۈن بۇ ئىشلارنى پۈتكۈزمەي بولدى قىلمايدۇ، — دېدى.

## بوئازنىڭ روتنى نىكاھىغا ئېلىشى

4 [1] بۇ ئارىدا بوئاز شەھەر دەرۋازىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزى ئېيتقان ئەلىمەلەكنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنىمۇ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدى. بوئاز ئۇنىڭغا:

- بۇرادەر، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرغىن! - دەپ چاقىردى، ئۇ
كېلىپ ئولتۇردى.
2 بوئاز يەنە شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىدىن ئون نەپىرىنى تەكلىپ
قىلىپ، ئۇلارنىمۇ بۇ يەردە ئولتۇرغۇزدى. كۆپچىلىك ئولتۇرۇپ
بولغاندىن كېيىن، 3 ئۇ ھېلىقى تۇغقىنىغا:
- بۇرادىرىمىز ئەلىمەلەكنىڭ ئائىلە نائومى موئابتىن قايتىپ
كېلىپ، ئۆزلىرىگە تەۋە زېمىننى ساتماقچى بولۇۋاتىدۇ. 4 شۇڭا سىنى
بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرمەكچىدىم. ئەگەر سەن بۇ يەرنى ئېلىشنى
خالىساڭ، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ئاقساقاللار ۋە جامائەت ئالدىدا
ئالغىن. ئەگەر ئېلىشنى خالىمساڭ، ئوچۇق ئېيتقىن. بۇنى مېنىڭ
بىلىشىم كېرەك، چۈنكى ئالدى بىلەن سېنىڭ ئېلىش ھوقۇقۇڭ
بار. ئاندىن كېيىن نۆۋەت ماڭا كېلىدۇ، - دېدى. ھېلىقى تۇغقىنى:
- ئالىمەن، - دېدى. 5 بوئاز ئۇنىڭغا:
- خوپ! ئەگەر سەن ئۇ زېمىننى نائومىدىن ئالساڭ، مەرھۇم
ئوغلىنىڭ موئابلىق تۇل ئائىلى رۇتنىمۇ ئەمرىڭگە ئېلىشىڭ ھەم
مەرھۇمنىڭ نامىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەۋلاد قالدۇرۇپ،
ئەۋلادىغا بۇ يەرنى مىراس قالدۇرۇشۇڭ شەرت، - دېدى. 6 ئۇ
كىشى:
- ئۇنداقتا بۇ يەرنى ئېلىش ھوقۇقۇمدىن ۋاز كېچىمەن، چۈنكى
باللىرىمغا قالدىغان مىراس بۇلۇنۇپ كېتىدىكەن. سەن ئالغىن!
مەن ئالالمايمەن، - دەپ جاۋاب بەردى.
7 ئەينى ۋاقىتلاردا ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ مال-مۈلۈك، سودا-سېتىق
ئىشلىرىدا مۇنداق بىر ئادەت بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ساتقۇچى
ئۆز ئايىغىنى يېشىپ، ئالغۇچىغا بېرەتتى. ئۇلار سودا-سېتىقنىڭ
پۈتكەنلىكىنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەيتتى. 8 شۇڭا ئۇ كىشى
بوئازغا:
- سەن ئالغىن! - دەپ ئايىغىنى سېلىپ، بوئازغا بەردى.
9 بوئاز ئۇ يەردىكى ئاقساقاللار ھەم جامائەتكە:
- ئەي جامائەت، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! بۈگۈن ھەممىڭلار
گۇۋاھ بولۇڭلار. مەن نائومىدىن ئەلىمەلەكنىڭ مىراسىنى، يەنى
كىلىيون بىلەن ماخلونغا تەۋە بولغان يەر-زېمىنلارنى ئۆزۈمنىڭ

ئىلكىمگە ئالمەن. [10] شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەرھۇمنىڭ مىراسىغا ۋارىس قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەم ئۇنىڭ نامىنىڭ بۇرادەرلىرى ئارىسىدا، شۇنداقلا ئۆز يۇرتىدا ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مەرھۇم ماخلوننىڭ ئايالى موئابلىق رۇتنىمۇ ئەمرىمگە ئالمەن. بۈگۈن سىلەر بۇ ئىشلارغا گۇۋاھ بولغايسىلەر، ــ دېدى.

[11] دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئاقساقاللار ۋە جامائەت:

ــ شۇنداق، بىز گۇۋاھدۇرىمىز. پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ ئاياللىرى راھىلە بىلەن لېياھقا نۇرغۇن پەرزەنت بەرگىنىدەك، ئايالىڭ رۇتقىمۇ كۆپ پەرزەنت ئاتا قىلغاي. ئەفراتادا باي بولغايسەن، بەيتلەھەمدە ئىززەت-ئابرۇيى تاپقايسەن. [12] پەرۋەردىگار بۇ ياش ئايالدىن ساڭا نۇرغۇن ئەۋلاد ئاتا قىلغاي، ئۇرۇق-جەمەتىڭنى تامارنىڭ يەھۇداغا تۇغۇپ بەرگەن ئوغلى پەرەسنىڭ جەمەتىگە ئوخشاش ئاۋات قىلغاي، ــ دەپ دۇئا قىلىشتى.

## پادىشاھ داۋۇت بوئاز بىلەن رۇتنىڭ ئەۋلادىدۇر

[13] شۇنداق قىلىپ، بوئاز رۇتنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇلار بىر تەكىيىگە باش قويدى. پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتى بىلەن رۇت ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. [14] شەھەردىكى ئاياللار نائومىغا:

ــ پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! ئۇ بۈگۈن سىزگە تايانچ بولىدىغان بىر نەۋرە ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ نامى ئىسرائىلىيەدە ئىززەت-ئابرۇيى تاپسۇن. [15] سىز ئۈچۈن يەتتە ئوغۇلدىنمۇ ئەۋزەل كېلىنىڭىز سىزگە ياخشى قارىدى، ھازىر ئۇ سىزگە بىر نەۋرە تۇغۇپ بەردى. بۇ نەۋرىڭىز سىزنىڭ قولىڭىزغا قول، پۇتىڭىزغا پۇت بولۇپ، ياشانغان ۋاقتىڭىزدا تايانچىڭىز بولىدۇ، ــ دېيىشتى.

[16] نائومى بۇ بالىنى قولىغا ئېلىپ، باغرىغا چىڭ باستى ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

[17] قوشنا ئاياللار بەس-بەستە:

ــ نائومى بىر ئوغۇل نەۋرىلىك بولدى! ــ دېيىشىپ، بالىغا ئوبېد دەپ ئات قويدى.

ئوبېد يىشاينىڭ ئاتىسى، يىشاي پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئاتىسى ئىدى.

[18] پەرەستىن داۋۇتقىچە بولغانلارنىڭ نەسەبنامىسى: پەرەس خەزروننىڭ ئاتىسى، [19] خەزرون رامنىڭ ئاتىسى، رام ئاممىنادابنىڭ ئاتىسى، [20] ئاممىناداب ناخشوننىڭ ئاتىسى، ناخشون سالموننىڭ ئاتىسى، [21] سالمون بوئازنىڭ ئاتىسى، بوئاز ئوبېدنىڭ ئاتىسى، [22] ئوبېد يىشاينىڭ ئاتىسى، يىشاي داۋۇتنىڭ ئاتىسىدۇر.

# سامۇئىل 1-قىسىم


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | |

# ساموئىل 1-قىسىم

## ئەلقانا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى

1 [1] ئەفرايىم تاغلىق رايونىغا جايلاشقان راماتايىم-زوفىم
شەھرىدە بىر كىشى ياشايتتى. ئۇنىڭ ئىسمى ئەلقانا بولۇپ،
ئۇ يىروخامنىڭ ئوغلى ئىدى. يىروخام ئەلىھۇنىڭ ئوغلى، ئەلىھۇ
توھۇنىڭ ئوغلى، توھۇ ئەفرايىم قەبىلىسىدىن بولغان زۇفنىڭ
ئوغلى ئىدى. [2] ئەلقانانىڭ ھاننا ۋە پىنىننا ئىسىملىك ئىككى ئايالى
بولۇپ، ئىككىنچى ئايالى پىنىننادىن پەرزەنتلىرى بار ئىدى، ئەمما
ھاننادىن پەرزەنت كۆرمىگەنىدى.
[3] ئەلقانا ھەر يىلى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارغا ئىبادەت
قىلىپ، ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆز شەھرىدىن شىلو①
شەھرىگە ئائىلىسى بىلەن بىللە باراتتى. ئۇ يەردە ئەلىنىڭ ئىككى
ئوغلى بولغان خوفنى بىلەن پىنىخاس پەرۋەردىگارغا روھانىيلىق
قىلاتتى. [4] ئەلقانا ھەر قېتىم قۇربانلىق قىلغاندا، قۇربانلىقنىڭ
گۆشىنى پىنىنناغا ۋە ئۇنىڭ قىز-ئوغۇللىرىغا بىر ئۈلۈشتىن
بۆلۈپ بېرەتتى، [5] ھانناغا بولسا ئىككى ئۈلۈش بېرەتتى. چۈنكى
ئەلقانا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ۋاھالەنكى، پەرۋەردىگار ئۇنى
تۇغماس قىلىپ قويغانىدى. [6] ھاننانى پەرۋەردىگار تۇغماس
قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، كۈندىشى پىنىننا ئۇنىڭغا قاتتىق ئازار
بېرىپ، خاپا قىلاتتى. [7] بۇنداق قىلىش ئۇزۇن يىل داۋاملاشتى.
ھاننا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتگاھىغا ھەر قېتىم بارغىنىدا، پىنىننا

---

① 1:3 شىلو شەھىرى شۇ چاغلاردا ئىسرائىللار ئۈچۈن دىنىي مەركەز ئىدى.

ئۇنىڭغا ئازار بېرەتتى. شۇڭا ئۇ كۆز يېشى قىلاتتى، گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەيتتى. [8] ئېرى ئەلقانا ئۇنىڭغا:

ـ هاننا، نېمىشقا كۆز يېشى قىلىسەن؟ نېمىشقا غىزا يېمەيسەن؟ نېمىشقا شۇنچىۋالا غەمكىنسەن؟ مەن سەن ئۈچۈن ئون ئوغۇلدىنمۇ ئارتۇق ئەمەسمۇ؟ ـ دەيتتى.

[9-10] ئۇلار شىلودىكى ۋاقتىدا، بىر كۈنى غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، هاننا ئورنىدىن تۇرۇپ، دۇئا قىلىشقا چىقتى. ئۇ چاغدا روھانىي ئەلى ئىبادەتگاھ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى سۇپىدا ئولتۇراتتى. هاننانىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم ئىدى، شۇڭا ئۇ زار-زار يىغلىغان هالدا پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى. [11] ئۇ پەرۋەردىگارغا قەسەم قىلىپ:

ـ ئى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، قۇلۇڭنىڭ بەختسىزلىكىگە نەزەر سېلىپ، مېنى ئېسىڭگە ئالغايسەن، ئۇنتۇمىغايسەن! ئەگەر ماڭا بىر ئوغۇل بەرسەڭ، مەن ئۇنى ئۆمۈرلۈك ساڭا بېغىشلايمەن ۋە ئۇنىڭ بېشىغا قەتئىي ئۇستىرا تەگكۈزۈشكە يول قويمايمەن،① ـ دېدى.

[12] هاننا پەرۋەردىگارغا ئۇزاق دۇئا قىلدى. ئەلى بولسا ئۇنىڭ ئاغزىغا سەپسېلىپ تۇراتتى. [13] هاننا ئىچىدە دۇئا قىلىپ، ئاۋازىنى چىقارمىدى. پەقەت ئۇنىڭ لەۋلىرىلا مىدىرلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى ئۇنى مەست ئىكەن، دەپ ئويلىدى-دە، [14] ئۇنىڭغا:

ـ قاچانغىچە مەست يۈرىسەن؟ شارابتىن ئۆزۈڭنى تارت! ـ دېدى. [15] هاننا ئۇنىڭغا:

ـ ياق، مەن مەست ئەمەس، تەقسىر. مەن پەرىشان بىر ئايالمەن، شاراب ۋە مەي ئىچمىدىم، پەقەت پەرۋەردىگارغا كۆڭلۈمنى تۆكتۈم. [16] مېنى يامان ئايال دەپ قالمىسىلا، غەم-قايغۇلىرىمنىڭ كۆپلىكىدىن شۇنداق دۇئا قىلدىم، ـ دېدى.

[17] ـ ئامان-ئېسەن بولغىن، ئىسرائىلنىڭ خۇدا تىلىگىنىڭنى بەرگەي، ـ دېدى ئەلى. [18] هاننا جاۋابەن:

ـ سىلىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشكەيمەن، ـ دېدى.

---

① 1: 11 ئەينى زاماندا پەرۋەردىگارغا ئۆزىنى ئالاهىدە بېغىشلىغانلار قەتئىي چېچىنى چۈشۈرمەيتتى.

ئاندىن ئۇ قايتىپ بېرىپ، غىزا يېدى، ئىلگىرىكىدەك غەمكىن بولمىدى.

## سامۇئىلنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە خۇداغا بېغىشلىنىشى

[19] ئەتىسى ئەلقانانىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن، راماھتىكى① ئۆيىگە قايتىپ كېلىشتى. ئەلقانا ئايالى ھاننا بىلەن بىر ئورۇندا ياتتى ۋە پەرۋەردىگار ھاننانىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلدى. [20] ھاننا ھامىلىدار بولۇپ، ۋاقىت-سائىتى توشقاندا بىر ئوغۇل تۇغدى. ھاننا: «ئۇنى پەرۋەردىگاردىن ئۆزۈم تىلىۋالدىم» دەپ، ئوغلىنىڭ ئىسمىنى سامۇئىل [ئىبرانىي تىلىدىكى «خۇدا ئاڭلىدى» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] قويدى. [21] شىلو شەھىرىگە بارىدىغان ۋاقىت يەنە كەلدى. ئەلقانا ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ، پەرۋەردىگارغا يىللىق قۇربانلىقنى ۋە ۋەدە قىلغان قۇربانلىقنى سۇنغىلى ئۇ يەرگە يەنە باردى. [22] بۇ قېتىم ھاننا بارمىدى. ئۇ ئېرىگە:

- بالا ئەمچەكتىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنى ئېلىپ بارىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا بولىدۇ، ئۆمۈرۋايەت شۇ يەردە قالىدۇ، - دېدى. [23] ئەلقانا ئۇنىڭغا:

- مەيلى، قانداق قىلىشنى ياخشى كۆرسەڭ، شۇنداق قىلغىن. بالا ئەمچەكتىن چىققۇچە، ئۆيدە تۇرۇپ تۇرغىن. پەرۋەردىگار قەسىمىڭنى ئادا قىلىشىڭغا مەدەت بەرگەي، - دېدى.

[24] بالا ئەمچەكتىن چىققاندىن كېيىن، ھاننا ئۇنى شىلوغا ئېلىپ باردى ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە ئۈچ ياشلىق بىر بۇقا، يېرىم خالتا ئۇن، بىر تۇلۇم شاراب ئالغاچ باردى. ھاننا سامۇئىلنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتگاھىغا ئېلىپ كىردى. بالا تېخى كىچىك ئىدى. [25] بۇقا سويۇلغاندىن كېيىن، ھاننا بىلەن ئەلقانا بالىنى روھانىي ئەلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. [26] ھاننا روھانىي ئەلىگە:

- تەقسىر، مەن ئالدىڭىزدا قەسەم قىلىمەنكى، بۇرۇن بۇ يەردە، يانلىرىدا تۇرۇپ، پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلغان ھېلىقى ئايال دەل مەن

---

① 1: 19 راماھ - راماتايىم-زوفىم شەھىرىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى.

بولىمەن. [27] مەن پەرۋەردىگاردىن پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلغانىدىم،
پەرۋەردىگار دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىپ، ماڭا بۇ بالىنى ئاتا
قىلدى. [28] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى پەرۋەردىگارغا بېغىشلىدىم.
ئۇ ئۆمۈرۋايەت پەرۋەردىگارغا مەنسۇپتۇر، – دېدى.
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇ يەردە پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلدى.

## هاننانىڭ پەرۋەردىگارغا ئوقۇغان مەدھىيەسى

2 [1] هاننا مەدھىيە ئوقۇپ، مۇنداق دېدى:

«ئى پەرۋەردىگار، شادلاندۇردىڭ قەلبىمنى،
رۇسلىدىڭ قەددىمنى.
دۈشمەنلىرىم ئالدىدا ماختىنار بولدۇم،
يايرىدىم سەن بەرگەچ نىجاتلىقىڭنى.
[2] ئى پەرۋەردىگار، سەندەك مۇقەددەس خۇدا يوقتۇر،
ئى پەرۋەردىگار، ساڭا ئوخشايدىغان ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر
ئى خۇدا، سەندەك پاناھگاھ قورام تاش يوقتۇر.
[3] ئارتۇق سۆزلىمەڭلار بېرىلىپ كىبىرلىككە،
ئاغزىڭلاردىن چىقمىسۇن تەكەببۇرلۇق سۆزلەر يەنە.
چۈنكى پەرۋەردىگار ھەممىنى بىلگۈچى خۇدادۇر،
قىلغان ئەمەللەرنى ئۇ تارتار تارازىدا.
[4] كۈچلۈكلەرنىڭ يالىرى سۇنار،
ئاجىزلار قۇدرەت كەمىرىنى باغلار.
[5] بىر بۇردا نان ئۈچۈن مەدىكاردۇر بۇرۇن توق بولغانلار،
بۇنىڭدىن كېيىن ئاچ قالماس، ئاچ قالغانلار.
تۇغماس ئايال يەتتىنى تۇغار،
كۆپ بالىلىق ئايال ئەمدى مۇسىبەتتە قالار.
[6] جاننى ئالغۇچىمۇ، بەرگۈچىمۇ پەرۋەردىگاردۇر،
گۆرگە چۈشۈرگۈچىمۇ، ئېلىپ چىققۇچىمۇ ئۇنىڭ
ئۆزىدۇر.
[7] نامرات قىلغۇچىمۇ، باي قىلغۇچىمۇ پەرۋەردىگاردۇر.
خار قىلغۇچى ھەم ئەزىز قىلغۇچىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدۇر.

[8] ئۇ قۇتقۇزار يوقسۇللارنى يوقسۇللۇق توزانىدىن،
ئېلىپ چىقار ئۇ موھتاجلارنى موھتاجلىق ئەۋرىزىدىن.
ئولتۇرغۇزار ئۇلارنى شاھزادىلەر قېشىغا، ھەتتا
مۇيەسسەر قىلار ئۇلارنى شان-شۆھرەت ئورنىغا.
چۈنكى پەرۋەردىگارغا مەنسۇپتۇر زېمىننىڭ ئۇللىرى،
ئۇ قويغاندۇر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دۇنيانى.
[9] ئۇ ئۆز تەقۋادارلىرىنىڭ يوللىرىنى قوغدار،
نۇسرەت تاپالماس ئىنسان ئۆز قۇدرىتى بىلەن،
يامانلار قاراڭغۇلۇقتا جىمىقتۇرۇلار.
[10] پەرۋەردىگارغا قارشىلىق قىلغۇچىلار بىتچىت قىلىنار،
ئۇ ئۆزى ئاسماندىن ئۇلارغا چاقماق چۈشۈرەر.
پەرۋەردىگار پۈتكۈل دۇنيانى سوراق قىلار.
ئۆزى تىكلىگەن پادىشاھقا كۈچ ئاتا قىلار،
ئۆزى تاللىغان پادىشاھنىڭ قۇدرىتىنى ئاشۇرار.»

[11] كېيىن ئەلقانالار راماھقا قايتىپ كەتتى. لېكىن بالا سامۇئىل پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن روھانىي ئەلىنىڭ ھۇزۇرىدا قالدى.

## روھانىي ئەلىنىڭ ئوسال ئوغۇللىرى

[12] روھانىي ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى ئوسال بولۇپ، پەرۋەردىگارغا بىپەرۋا ئىدى. [13] ئۇلار پەرۋەردىگار ۋە روھانىيلارنىڭ خەلققە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەلگىلىمىلىرىگە بويسۇنمايتتى. بىر كىشى قۇربانلىق قىلسا، گۆش تېخى داش قازاندا قايناۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۈچ چىشلىق ئارا تۇتۇپ كېلىپ، [14] ئۇنى گۆشكە سانجىيتتى. ئارىغا نېمە سانجىسا، شۇنى «روھانىيغا تەۋە» دەپ ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلار شىلوغا قۇربانلىق قىلغىلى كەلگەن ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق قىلاتتى. [15] ھەتتا قۇربانلىقنىڭ مېيى كۆيدۈرۈلمەي تۇرۇپلا، ئۇلارنىڭ خىزمەتكارى كېلىپ، قۇربانلىق قىلغۇچىغا: «روھانىيغا كاۋاپ قىلىش ئۈچۈن گۆش بەر، ئۇ سەندىن سۇدا پىشۇرۇلغان گۆشنى ئەمەس، بەلكى خام

گۆشنى ئېلىشنى خالايدۇ» دەيتتى. [16] ئەگەر قۇربانلىق قىلغۇچى: «ئالدى بىلەن قۇربانلىقنىڭ مېيى كۆيدۈرۈلسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغىنىڭچە ئېلىۋەر» دېسە، ئۇلارنىڭ خىزمەتكارى: «ياق، هازىرلا بەر! بولمىسا بۇلاپ ئالىمەن!» دەيتتى. [17] روهانىي ئەلىنىڭ بۇ ئىككى ئوغلىنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىكى گۇناهى تولىمۇ ئېغىر ئىدى. چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارغا سۇنۇلغان قۇربانلىققا شۇنداق هۆرمەتسىزلىك قىلىشاتتى.

[18] ئۇ چاغدا ساموئىل تېخى بالا ئىدى. ئۇ زىغىر رەختتىن تىكىلگەن روهانىيلىق پەرتۇقنى تاقاپ، پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. [19] ئانىسى ئۇنىڭغا هەر يىلى بىر كىچىك پەرىجە تىكىپ، ئېرى بىلەن يىللىق قۇربانلىق قىلىشقا بارغىنىدا ئالغاچ باراتتى. [20] روهانىي ئەلى ئەلقانا ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا بەخت تىلەيتتى ۋە ئەلقاناغا:

- پەرۋەردىگاردىن تىلەپ ئالغان هەم ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ئوغلۇڭنىڭ ئورنىغا پەرۋەردىگار بۇ ئايالىڭدىن يەنە ساڭا پەرزەنتلەر ئاتا قىلغاي، - دەپ دۇئا قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆيگە قايتاتتى. [21] پەرۋەردىگار هانناغا شاپائەت قىلدى. ئۇ هامىلىدار بولۇپ، ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغدى. ئۇ چاغدا ساموئىل پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولدى.

## ئەلىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئەيىبلىشى

[22] ئەلى ناهايىتى قېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسرائىل خەلقىگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى، هەتتا ئۇلارنىڭ «پەرۋەردىگار بىلەن ئۇچرىشىش چېدىرى» ئالدىدا خىزمەت قىلىدىغان ئاياللار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. [23] ئەلى ئۇلارغا:

- سىلەر نېمىشقا بۇنداق يامان ئىشلارنى قىلىسىلەر؟ هەممەيلەندىن سىلەرنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. [24] ئەي ئوغۇللىرىم، بۇنداق قىلماڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى ئارىسىدا يامان نامىڭلارنىڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم! [25] ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە قارشى گۇناه ئۆتكۈزسە، خۇدا ئۇنىڭغا مۇرەسسەچى بولىدۇ. لېكىن بىر كىشى پەرۋەردىگارغا قارشى گۇناه ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭغا كىممۇ مۇرەسسەچى بولالىسۇن؟

- دېدى. لېكىن ئۇلار ئاتىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى ئىدى.
[26] بالا سامۇئىل كۈندىن-كۈنگە پەرۋەردىگارنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ، چوڭ بولدى.
[27] بىر كۈنى بىر پەيغەمبەر روھانىي ئەلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
- پەرۋەردىگار دەيدۇكى، ئىسرائىللار پىرئەۋنگە قۇل بولۇپ يۈرگەندە، مەن ئەجدادىڭ هارۇن ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە ئۆزۈمنى زاهىر قىلغانىدىم. [28] مەن ئۇنى ئىسرىق كۆيدۈرۈپ، قۇربانلىق سۇپامدا قۇربانلىق قىلسۇن، ئالدىمدا روھانىي تاقايدىغان پەرتۇق تاقاپ، ماڭا روھانىي بولسۇن دەپ، ئىسرائىللارنىڭ بارلىق قەبىلىلىرى ئىچىدىن تالللىۋالغانىدىم. شۇنىڭدەك هارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۇلارنىڭ ئۈلۈشى بولسۇن دەپ، ئىسرائىللارنىڭ هەممە قۇربانلىقلىرىدىن بەرگەنىدىم. [29] شۇنداق ئىكەن، يەنە نېمە ئۈچۈن سەن ۋە ئوغۇللىرىڭ مەن ئىبادەتگاهىم ئۈچۈن بۇيرۇغان قۇربانلىق ۋە هەدىيەلەرنى كۆزگە ئىلمايسىلەر؟ ئەلى، سەن نېمىشقا ئوغۇللىرىڭنى مەندىن ئارتۇق كۆرىسەن؟ نېمە ئۈچۈن خەلقىم سۇنغان قۇربانلىقلارنىڭ ياخشى يەرلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۆزۈڭلارنى سەمرىتىسىلەر؟!
[30] شۇڭا پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تالللىغان خۇدا ساڭا مۇنداق دەيدۇ: «هەقىقەتەنمۇ ئەجدادلىرىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭنىڭ مەڭگۈ روھانىي بولۇپ، خىزمىتىمدە بولىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغانىدىم. بىراق مەن پەرۋەردىگار هازىر شۇنى ئېيتىمەنكى، ئەمدى بۇنداق بولمايدۇ. مېنى هۆرمەتلىگەنلەرنى هۆرمەتكە سازاۋەر قىلىمەن، مېنى كەمسىتكەنلەرنى خورلۇققا قالدۇرىمەن. [31] مانا، شۇنداق كۈنلەر يېقىنلاشماقتا. ئاتاڭنىڭ جەمەتىدىن بولغانلارنى ئەجىلىدىن بالدۇر هالاك قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن جەمەتىڭدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. [32] مەن ئىسرائىل خەلقىگە بەخت ئاتا قىلغانلىقىمنى كۆرۈپ، هەسەت قىلىپ ئازابلىنىسەن. سېنىڭ جەمەتىڭدىن هېچكىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيدۇ. [33] لېكىن ئەۋلادىڭدىن بىرسىنى روھانىيلىق قىلىشقا

قالدۇرىمەن. ئەمما ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدۇ، قايغۇدا ئۆتىدۇ. ئەۋلادلىرىڭنىڭ ھەممىسى ياش ئۆلۈپ كېتىدۇ. [34] ئىككى ئوغلۇڭ بولغان خوفنى بىلەن پىنىخاس بىر كۈندە ئۆلىدۇ. بۇ ساڭا ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ.

[35] مەن ئۆزۈمگە سادىق بىر روھانىي تەيىنلەيمەن. ئۇ خاھىشىم ۋە ئىرادەم بويىچە ماڭا خىزمەت قىلىدۇ. روھانىيلىق قىلىشنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بەخشەندە قىلىمەن. ئۇلار مەن تاللىغان پادىشاھ ئالدىدا مەڭگۈ خىزمەت قىلىدۇ. [36] سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭدىن ھايات قالغانلار بىر كۈمۈش تەڭگە ياكى بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ۋە ئۇلارغا: ‹ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا بىرەر روھانىيلىق خىزمىتىنى بەرسىڭىز، يېمەك-ئىچمىكىم ھەل بولسۇن› دەپ يالۋۇرۇپ، تەزىم قىلىدۇ.»

## پەرۋەردىگارنىڭ سامۇئىلنى چاقىرىشى

3 [1] بالا سامۇئىل روھانىي ئەلىنىڭ كۆز ئالدىدا پەرۋەردىگارغا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا پەرۋەردىگاردىن ۋەھيي ۋە غايىبانە ئالامەتلەر كەمدىن كەم كېلەتتى. [2] بىر كۈنى كەچتە كۆزلىرى ناھايىتى خىرەلىشىپ كەتكەن ئەلى ئۆز ئورنىدا ياتاتتى. [3] پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتگاھىدىكى چىراغ تېخىچە يېنىپ تۇراتتى. سامۇئىلمۇ ئىبادەتگاھتا ياتاتتى، ئەھدە ساندۇقىمۇ شۇ يەردە ئىدى. [4] شۇ ئەسنادا پەرۋەردىگار سامۇئىلنى چاقىردى.

– لەببەي، مانا مەن، – دەپ جاۋاب بەردى سامۇئىل ۋە [5] روھانىي ئەلى مېنى چاقىرغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى ۋە ئۇنىڭغا:

– مېنى چاقىرغانىدىڭىز، مانا مەن كەلدىم! – دېدى.

– ياق، مەن سېنى چاقىرمىدىم. بېرىپ، جايىڭدا ياتقىن، – دېدى ئەلى.

سامۇئىل قايتىپ بېرىپ ياتتى. [6] پەرۋەردىگار يەنە:

– سامۇئىل! – دەپ چاقىردى.

سامۇئىل يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەلىنىڭ يېنىغا باردى ۋە:

- مېنى چاقىرغانىدىڭىز، مانا مەن كەلدىم! - دېدى.
- مەن سېنى چاقىرمىدىم بالام. بېرىپ، جايىڭدا ياتقىن، -
دېدى ئۇ.
[7] شۇ چاغقىچە پەرۋەردىگاردىن سامۇئىلغا تېخى ۋەھيي كېلىپ
باقمىغاچقا، ئۇ پەرۋەردىگارنى بىلمەيتتى. [8] پەرۋەردىگار سامۇئىلنى
ئۈچىنچى قېتىم چاقىردى. ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەلىنىڭ
يېنىغا كەلدى ۋە:
- مېنى چاقىرغانىدىڭىز، مانا كەلدىم، - دېدى.
ئەلى شۇ چاغدا بۇ بالىنى پەرۋەردىگارنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى
بىلدى. [9] ئەلى سامۇئىلغا:
- بېرىپ، جايىڭدا ياتقىن، ئەگەر يەنە چاقىرسا، سەن: «ئى
پەرۋەردىگار، سۆزلەۋەرگىن، قۇلۇڭنىڭ قۇلىقى سەندە!» دېگىن،
- دېدى.
سامۇئىل بېرىپ ئۆز ئورنىدا ياتتى.
[10] پەرۋەردىگار ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، بايىقىدەك:
- سامۇئىل! سامۇئىل! - دەپ چاقىردى.
- سۆزلەۋەرگىن، قۇلۇڭنىڭ قۇلىقى سەندە! - دەپ جاۋاب بەردى
سامۇئىل. [11] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
- سامۇئىل، مەن ئىسرائىللار ئىچىدە شۇنداق بىر ئىش
قىلماقچىمەنكى، ئۇنى ئاڭلىغۇچىلار ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. [12] مەن
روھانىي ئەلىنىڭ ئائىلىسى توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىمنىڭ
ھەممىسىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. [13] مەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنى
مەڭگۈ جازالايدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ئېيتقانىدىم. چۈنكى ئۇ
ئوغۇللىرىنىڭ ئېغىر گۇناھلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماڭا
كۇپۇرلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى توسمىدى.
[14] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەلىنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق قەسەم
قىلدىمكى، ئەلىنىڭ ئائىلىسىنىڭ گۇناھلىرى ھەرقانداق قۇربانلىق
ۋە ھەدىيەلەر بىلەنمۇ مەڭگۈ كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، - دېدى.
[15] سامۇئىل تاڭ ئاتقۇچە ئورنىدا يېتىپ، ئاندىن تۇردى ۋە
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتگاھىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچتى. ئۇ بۇ
ۋەھيينى ئەلىگە ئېيتىشتىن قورقتى. [16] ئەلى ئۇنى:

ـ ئى ئوغلۇم ساموئىل! ـ دەپ چاقىردى.
ـ لەببەي، مانا مەن! ـ دەپ جاۋاب بەردى ساموئىل. [17] ئەلى ئۇنىڭغا:
ـ پەرۋەردىگار ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟ مەندىن يوشۇرما. ئەگەر ھەممىسىنى ئېيتمىساڭ، خۇدا سېنى قاتتىق جازالىغاي! ـ دېدى.
[18] شۇڭا ساموئىل ھېچنېمىنى يوشۇرماي، ئۆز ئەينى بويىچە ئېيتىپ بەردى. ئەلى ئۇنىڭغا:
ـ ئۇ پەرۋەردىگاردۇر، ئۇنىڭ ئىرادە قىلغىنى ئەمەلگە ئاشقاي، ـ دېدى.
[19] ساموئىل چوڭ بولغانسېرى پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا يار بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق يەتكۈزگەن سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇردى. [20] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ شىمالىدىكى دان شەھىرىدىن جەنۇبىدىكى بەئەرشەبا شەھىرىگىچە بولغان زېمىندا ياشايدىغان پۈتكۈل ئىسرائىللار ساموئىلنىڭ ھەقىقەتەن پەرۋەردىگار تاللىغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.
[21] پەرۋەردىگار شىلودا ئۆزىنى داۋاملىق ئاشكارا قىلدى، يەنى ئۆزىنى ئۆزىنىڭ سۆزى ئارقىلىق ساموئىلغا ئايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ساموئىل پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھيىسىنى پۈتكۈل ئىسرائىللارغا يەتكۈزدى.

## فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قولغا چۈشۈرۈشى

4 [1] ئۇ چاغلاردا فىلىستىيەلىكلەر ئىسرائىللارغا ھۇجۇم قىلغانىدى. ئىسرائىللار ئۇلارغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. ئىسرائىللار ئەبەنەزەر دېگەن يەردە، فىلىستىيەلىكلەر ئافىق دېگەن يەردە بارگاھ تىكىشتى. [2] فىلىستىيەلىكلەر ئىسرائىللارغا قارشى سەپ تۈزۈپ جەڭگە ئاتلىنىپ، بىر مەيدان شىددەتلىك ئېلىشىشتىن كېيىن ئىسرائىللارنى مەغلۇپ قىلدى. نەق مەيداندا ئۇلارنىڭ تۆت مىڭغا يېقىن لەشكىرىنى ئۆلتۈردى. [3] مەغلۇپ بولغان لەشكەرلەر بارگاھقا قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئىسرائىل ئاقساقاللىرى:

- نېمە ئۈچۈن پەرۋەردىگار بۈگۈن بىزنىڭ فىلىستىيەلىكلەرگە
مەغلۇپ بولۇشىمىزغا يول قويدى؟ پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە
ساندۇقىنى شىلودىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلەيلى، ئۇ بىزنىڭ
ئارىمىزدا بولسا، بىزنى دۈشمەنلىرىمىزدىن قۇتقۇزىدۇ، -
دېدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئادەم شىلوغا ئەۋەتىلدى. ئۇلار
كېرۇبلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەختتە ئولتۇرغۇچى قۇدرەتلىك
سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كەلدى.
ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى بولغان خوفنى بىلەن پىنىخاسمۇ شۇ
يەرگە ئەھدە ساندۇقى بىلەن بىرگە كەلدى. [5] پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقى بارگاھقا يېتىپ كەلگەندە، پۈتۈن ئىسرائىللار
يەر-جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن چۇقان
كۆتۈرۈشتى. [6] فىلىستىيەلىكلەر بۇ كۈچلۈك چۇقاننى ئاڭلاپ:
- ئىبرانىيلارنىڭ بارگاھىدا نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك كۈچلۈك
چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى؟ - دەپ ھەيران قېلىشتى. كېيىن
پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ بارگاھقا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى
بىلىپ، [7] قورقۇپ كېتىشتى. ئۇلار:
- ئۇلارنىڭ ئىلاھى بارگاھىغا كەپتۇ، ھالىمىزغا ۋاي! بىز
بۇرۇن ھېچقاچان بۇنداق ئىشقا يولۇقۇپ باقمىغانىدۇق!
[8] ئەمدى بىزنى كىممۇ بۇ قۇدرەتلىك ئىلاھلارنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزالايدۇ؟ مىسىرلىقلارغا چۆل-باياۋاندا تۈرلۈك
بالايىئاپەتلەر چۈشۈرگەنلەر ئاشۇ ئىلاھلار ئەمەسمىدى؟
[9] قېنى فىلىستىيەلىكلەر، ئەركەكتەك باتۇر بولايلى! بولمىسا،
ئىبرانىيلار بىزگە قۇل بولغاندەك بىزمۇ ئۇلارغا قۇل بولىمىز.
شۇنداق ئىكەن، ئەركەكتەك جەڭ قىلايلى! - دېيىشتى.
[10] شۇنىڭدىن كېيىن فىلىستىيەلىكلەر ئىسرائىللارغا ھۇجۇم
قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. قىرغىن قىلىش
شۇنداق قاتتىق بولدىكى، 30 مىڭ ئىسرائىل لەشكىرىنىڭ
ئۆلۈكى جەڭگاھتا قالدى. ھايات قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى
ئۆيلىرىگە قېچىپ كېتىشتى. [11] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى

دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. روھانىي ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى خوفنى بىلەن پىنىخاسمۇ ئۆلتۈرۈلدى.

## ئەلىنىڭ ۋاپات بولۇشى

[12] بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئادەم جەڭگاھتىن قېچىپ، شۇ كۈنىلا شىلوغا يېتىپ كەلدى. ئۇ قايغۇدىن كىيىملىرىنى يىرتقان، ئۈستى-بېشىغا توپا چاچقانىدى. [13] ئۇ چاغدا ئەلى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىدىن ئەنسىرەپ، يول بويىدىكى ئورۇندۇقىدا خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى ئادەم شەھەرگە كىرىپ، يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بەرگەندە، پۈتكۈل خەلق داد-پەرياد كۆتۈرۈشتى. [14] ئەلى چۇقان-سۈرەننى ئاڭلاپ:
- نېمىشقا بۇنداق چۇقان سالىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ھېلىقى ئادەم «بولغان ۋەقەدىن ئەلىنى خەۋەردار قىلىپ قوياي» دەپ، دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. [15] ئەلى ئۇ چاغدا 98 ياشتا بولۇپ، كۆزلىرى كۆرمەيتتى. [16] ھېلىقى ئادەم ئەلىگە:
- مەن جەڭ مەيدانىدىن كەلدىم، ئۇ يەردىن بۈگۈن قېچىپ كەلدىم، - دېدى.
- نېمە بولدى، ئوغلۇم؟ - دەپ سورىدى ئەلى. [17] خەۋەر ئەكەلگۈچى مۇنداق دېدى:
- ئىسرائىللار فىلىستىيەلىكلەرگە مەغلۇپ بولدى، لەشكەرلىرىمىزدىن نۇرغۇنلىرى ئۆلتۈرۈلدى، سىزنىڭ ئوغۇللىرىڭىز خوفنى بىلەن پىنىخاسمۇ ئۆلدى. خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىمۇ قولدىن كەتتى.
[18] گەپ پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى ئۈستىدە بولغاندا، ئەلى ئورۇندۇقىدىن ئارقىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ قېرى ھەم سېمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، بويىنى ئۈزۈلۈپ، شۇ زامان جان بەردى. ئۇ ئىسرائىللارغا قىرىق يىل يېتەكچىلىك قىلغانىدى.
[19] ئەلىنىڭ كېلىنى، يەنى پىنىخاسنىڭ ئايالى ھامىلىدار بولۇپ، كۆزى يورۇشىغا ئاز قالغانىدى. ئۇ «پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى قولدىن كەتتى، ئېرىك بىلەن قېيىنئاتاڭ ئۆلدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭ تولغىقى قاتتىق تۇتۇپ، زوڭزىيىپ

ئولتۇرۇپلا تۇغۇپ سالدى. [20] ئۇ جان ئۈزەي دەپ قالغاندا، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان ئاياللار ئۇنىڭغا:
- قورقمىغىن، ئوغۇل تۇغدۇڭ، - دېيىشتى. لېكىن ئۇ بۇنىڭغا ئېتىبار بەرمىدى، جاۋابمۇ قايتۇرمىدى. [21] خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى، قېيىنئاتىسى ۋە ئېرىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ:
- شان-شەرەپ ئىسرائىلىيەدىن كەتتى، - دېدى ۋە بالىسىغا ئىكابود [مەنىسى «شان-شەرەپ يوقالدى»] دېگەن ئىسىمنى قويدى. [22] ئۇ يەنە:
- شان-شەرەپ ئىسرائىلىيەدىن كەتتى، چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى قولدىن كەتتى، - دېدى.

## ئەھدە ساندۇقى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولىدا

5 [1] فىلىستىيەلىكلەر خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى جەڭ مەيدانى ئەبەنەزەردىن ئاشدود شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى [2] ۋە داگوننىڭ بۇتخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، داگون دېگەن بۇتنىڭ يېنىغا قويدى. [3] ئاشدودلۇقلار ئەتىسى سەھەردە داگون بۇتىنىڭ يىقىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا يەردە يۈزىچىلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار داگوننى ئېلىپ، جايىغا تۇرغۇزۇپ قويدى. [4] ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئۇلار يەنە داگوننىڭ ئوخشاشلا پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا يەردە يۈزىچىلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. بىراق بۇ قېتىم داگوننىڭ بېشى بىلەن ئىككى قولى سۇنغان بولۇپ، بوسۇغىدا تۇراتتى، پەقەت گەۋدىسىلا پۈتۈن قالغانىدى. [5] شۇ سەۋەبلىك شۇنىڭدىن بېرى داگوننىڭ روھانىيلىرى ۋە باشقىلار بۇتخانىغا كىرگەندە، ئاشۇ بوسۇغىنى دەسسىمەيدۇ.
[6] پەرۋەردىگارنىڭ جازاسى ئاشدود ئاھالىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاق ئاھالىسىنىڭ بېشىغا چۈشتى. پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىگە ئۆسمە پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئازابلىدى. [7] بۇلارنى كۆرگەن ئاشدودلۇقلار:

- ئىسرائىللارنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقى بىزدە تۇرمىسۇن. چۈنكى ئۇ بىزنى ۋە ئىلاھىمىز داگوننى قاتتىق جازالىدى، - دېيىشتى. [8] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ھەممە بەگلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن:
- ئىسرائىللارنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قانداق قىلساق بولار؟ - دەپ مەسلىھەت سوراشتى.
- ئۇنى گاتقا يۆتكىۋېتەيلى! - دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى گات شەھىرىگە يۆتكىدى. [9] ئەمما ئۇلار ئۇنى يۆتكىگەندىن كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ ئېغىر جازاسى ئۇ يەردىكىلەرنىڭمۇ بېشىغا چۈشتى، پۈتۈن شەھەرنى ۋەھىمە باستى. پەرۋەردىگار شەھەر ئاھالىسىنىڭ قېرى-ياش ھەممىسىنى ئۆسمە بىلەن جازالىدى.
[10] شۇ سەۋەبتىن ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئەقرون شەھىرىگە يۆتكىدى. خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەندە، ئەقرونلۇقلار:
- ئۇلار بىزنى ۋە پۈتكۈل خەلقىمىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسرائىللارنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى، - دەپ داد-پەرياد كۆتۈرۈشتى. [11] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ھەممە بەگلىرىنى يەنە چاقىرىپ، ئۇلارغا:
- ئىسرائىللارنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بۇ يەردىن ئۆز تەۋەلىكىگە ئاپىرىۋېتىڭلار! بولمىسا ئۇ بىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ جېنىغىمۇ زامىن بولغۇدەك، - دېيىشتى.
خۇدا نۇرغۇن ئادەملەرنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن شەھەردە ئۆلۈم ۋەھىمىسى ھۆكۈم سۈرەتتى. [12] ئۆلمەي قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆسمە كېسىلىنىڭ ئازابىنى تارتماقتا ئىدى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئاھ-پەريادلىرى كۆككە كۆتۈرۈلگەنىدى.

## ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىسرائىللارغا قايتۇرۇلۇشى

6 [1] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ زېمىنىدا يەتتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، [2] فىلىستىيەلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ روھانىيلىرى بىلەن پالچىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلاردىن:

ـ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قانداق قىلىمىز؟ ئۇنى ئۆز جايىغا قانداق قايتۇرىمىز؟ يول كۆرسىتىڭلار، ـ دەپ ياردەم سورىدى. [3] ئۇلار مۇنداق جاۋاب بېرىشتى:
ـ ئەگەر ئىسرائىللارنىڭ خۇداسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولساڭلار، ئەھدە ساندۇقىنى قۇرۇق قايتۇرماي، گۇناھىڭلارنى يۇيۇش ئۈچۈن بىر نەرسە قوشۇپ بېرىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، شىپالىق تاپىسىلەر ۋە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن سىلەرنى توختىماي جازالىغانلىقىنى بىلىپ قالىسىلەر.
[4] ـ گۇناھىمىزنى يۇيۇش ئۈچۈن نېمە بەرسەك بولار؟ ـ دەپ سوراشتى فىلىستىيەلىكلەر. ئۇلار مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشتى:
ـ گۇناھىڭلارنى يۇيۇش ئۈچۈن سىلەر ئۆز بېگىڭلارنىڭ سانىغا ئاساسەن ئالتۇندىن بەش دانە ئۆسمىنىڭ ۋە بەش دانە چاشقاننىڭ ھەيكىلىنى قۇيدۇرۇڭلار. چۈنكى ئوخشاش بالايىئاپەت سىلەرگىمۇ، سىلەرنىڭ بېگىڭلارغىمۇ كەلدى. [5] سىلەر جەزمەن ئۆسمىلەر ۋە يۇرتۇڭلاردا ۋەيرانچىلىق چىقارغان چاشقانلارنىڭ ھەيكەللىرىنى قۇيدۇرۇڭلار ۋە شۇ تەرىقىدە ئىسرائىللارنىڭ خۇداسىغا ئىززەت-ھۆرمىتىڭلارنى بىلدۈرۈڭلار. ئەنە شۇنداق قىلساڭلار، بەلكىم ئۇ سىلەرگە، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلارغا ۋە يۇرتۇڭلارغا كەلگەن بالايىئاپەتنى توختىتار. [6] سىلەرنىڭ پىرئەۋندەك ۋە مىسىرلىقلاردەك جاھىللىق قىلىشىڭلارنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئىسرائىللارنىڭ خۇداسى ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلغاندىن كېيىنلا، ئۇلار ئىسرائىللارنى قويۇپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟ شۇندىلا ئىسرائىللار مىسىردىن ئايرىلغان ئەمەسمىدى؟ [7] ئەمدى يېڭى بىر ھارۋا ۋە يېقىندىلا موزايلىغان، بويۇنتۇرۇق سېلىنىپ باقمىغان ئىككى ئىنەكنى تەييارلاپ، ئۇلارنى ھارۋىغا قېتىڭلار، موزايلىرىنى ئايرىپ ئۆيدە ئېلىپ قېلىڭلار. [8] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ھارۋىغا بېسىپ، يېنىغا گۇناھىڭلارنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاتىغان ئالتۇن ھەيكەللەر قاچىلانغان ساندۇقنى قويۇڭلار ۋە ھارۋىغا قوشۇلغان ئىنەكلەرنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىڭلار. [9] ئاندىن قاراپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ھارۋا ئىسرائىللارنىڭ بەيت-شەمەش شەھىرىگە بارىدىغان يول بىلەن ماڭسا، بۇ

بالايىئاپەتنى ئەۋەتكۈچى ئىسرائىللارنىڭ خۇداسى ئىكەن، دەپ
بىلىمىز. ئەگەر هارۋا ئۇ يول بىلەن ماڭمىسا، دېمەك، بىزنى
جازالىغۇچى ئىسرائىللارنىڭ خۇداسى ئەمەس، بەلكى بۇ بىر
تاسادىپىيلىق ئىكەن، دەپ بىلىمىز.
[10] فىلىستىيەلىكلەر ھەممىنى ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. يېقىندىلا
موزايلىغان، بويۇنتۇرۇق سېلىنىپ باقمىغان ئىككى ئىنەكنى هارۋىغا
قېتىپ، موزايلىرىنى ئۆيگە سولاپ قويدى. [11] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى هارۋىغا باستى، ئۆسمىلەر بىلەن چاشقانلارنىڭ
ئالتۇن ھەيكەللىرى سېلىنغان ساندۇقنى ئۇنىڭ يېنىغا قويدى.
[12] ئىنەكلەر بەيت-شەمەشكە بارىدىغان يولغا چۈشۈپ، يا سولغا، يا
ئوڭغا بۇرۇلماي، ياكى توختىماي، مۆرىگەن پېتى ئۇدۇل ماڭدى.
فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەش نەپەر بېگىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن
تاكى بەيت-شەمەش چېگراسىغىچە كەلدى.
[13] بەيت-شەمەش ئاھالىسى جىلغىدا ئورما ئورۇۋاتاتتى. ئۇلار
باشلىرىنى كۆتۈرگەندە ئەھدە ساندۇقىنى كۆرۈپ، شادلىققا
چۆمدى. [14] هارۋا بەيت-شەمەشلىك يوشۇۋانىڭ ئېتىزىغا كىلىپ،
چوڭ بىر قورام تاشنىڭ يېنىدا توختىدى. ئاھالىلەر هارۋىنى
ئوتۇن قىلىپ يېرىپ، ئىنەكلەرنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ، كۆيدۈرمە
قۇربانلىق قىلدى. [15] لاۋىيلار هارۋىدىن پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە
ساندۇقى بىلەن ئالتۇن ھەيكەللەر قاچىلانغان ساندۇقنى چۈشۈرۈپ،
ھېلىقى قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قويدى. شۇ كۈنى بەيت-شەمەش
ئاھالىسى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن باشقا
قۇربانلىقلارنى كەلتۈرۈشتى. [16] فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەش بېگى
ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆرۈپ بولۇپ، شۇ كۈنىلا ئەقرونغا
قايتىپ كەتتى.
[17] فىلىستىيەلىكلەرنىڭ پەرۋەردىگارغا ئەيىب قۇربانلىقى
سۈپىتىدە ئاتىغان ئۆسمە ھەيكەللىرىنىڭ بىرى ئاشدود، بىرى
گازا، بىرى ئاشقىلون، بىرى گات ۋە بىرى ئەقرون ئۈچۈن ئىدى.
[18] ئالتۇن چاشقانلارنىڭ سانى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەش بېگىگە
تەۋە سېپىللىرى مۇستەھكەم شەھەرلەر ۋە ئۇلارغا تەۋە يېزا-
قىشلاقلارنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بەيت-شەمەشلىك

يوشۇۋانىڭ ئېتىزىدىكى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى قويۇلغان ھېلىقى چوڭ قورام تاش شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئىشلارغا گۇۋاھ بولۇپ، ئۆز ئورنىدا تۇرماقتا.

## ئەھدە ساندۇقى قىريات-يېئارىم شەھىرىدە

[19] پەرۋەردىگار بەيت-شەمەشلىكلەردىن يەتمىش كىشىنىڭ جېنىنى ئالدى. چۈنكى ئۇلار ئۆز مەيلىچە ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىچىگە قارىغانىدى. ئاھالىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزلىرىنى شۇنچە قاتتىق جازالىغانلىقىغا قايغۇرۇپ ھازا ئېچىشتى.
[20] بەيت-شەمەشلىكلەر: «پەرۋەردىگار، يەنى بۇ مۇقەددەس خۇدانىڭ ئالدىدا كىممۇ ئۆلمەي، تىك تۇرالار؟ ئەھدە ساندۇقى ئەمدى بۇ يەردىن قەيەرگە ئاپىرىلىشى كېرەك؟» دەپ نالە-پەرياد قىلىشتى. [21] ئاخىرى ئۇلار قىريات-يېئارىم شەھىرىدىكى كىشىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ:
- فىلىستىيەلىكلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قايتۇرۇپ بەردى، ئەمدى بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇنى ئېلىپ كېتىڭلار! - دېدى.

7 [1] شۇنىڭدىن كېيىن قىريات-يېئارىم شەھىرىدىكى كىشىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ، كىچىكرەك بىر تاغ ئۈستىگە سېلىنغان ئابىنادابنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ساقلىسۇن دەپ، ئۇلار ئابىنادابنىڭ ئوغلى ئەلئازارنى پاكلاپ، شۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىدى.
[2] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى ئۇزاق ۋاقىت، يەنى يىگىرمە يىل قىريات-يېئارىم شەھىرىدە تۇرۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە پۈتۈن ئىسرائىللار ھەسرەت ئىچىدە پەرۋەردىگارغا ئىنتىزار بولۇپ تۇردى.

## سامۇئىلنىڭ ئىسرائىللارغا يېتەكچىلىك قىلىشى

[3] سامۇئىل ئىسرائىللارغا مۇنداق دېدى:
- ئەگەر سىلەر چىن قەلبىڭلاردىن پەرۋەردىگارغا قايتا يېقىنلىشىشنى نىيەت قىلساڭلار، يات ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرى ۋە ئىلاھە ئاشتورەتنىڭ بۇتلىرىدىن ئادا-جۇدا بولۇڭلار. ئۆزۈڭلارنى تەلتۆكۈس پەرۋەردىگارغا

ئاتاڭلار، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلارلا، ئۇ سىلەرنى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ.
4 شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار بائال ۋە ئىلاھە ئاشتورەتنىڭ بۇتلىرىنى تاشلاپ، پەقەت پەرۋەردىگارغىلا ئىبادەت قىلدى.
5 شۇ چاغدا ساموئىل ئۇلارغا:
ــ پۈتۈن ئىسرائىللار، مىزپاھقا يىغىلىڭلار، مەن ئۇ يەردە سىلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلاي، ــ دېدى.
6 شۇنداق قىلىپ پۈتۈن خەلق مىزپاھ شەھىرىگە يىغىلدى. ئۇلار قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، پەرۋەردىگارنىغا ئاتاپ تۆكۈشتى ۋە كۈنبويى روزا تۇتۇپ، «پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلدۇق» دەپ ئىقرار قىلىشتى. ساموئىل ئىسرائىللارغا يېتەكچىلىك قىلىشنى مىزپاھ شەھىرىدە باشلىدى.
7 فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ھېلىقى بەش بېگى ئىسرائىللارنىڭ مىزپاھقا يىغىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، لەشكەر تارتىپ ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. ئىسرائىللار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، فىلىستىيەلىكلەردىن ناھايىتى قورقۇشۇپ كەتتى ۋە 8 ساموئىلغا:
ــ بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا توختىماي نالە قىلىسىز، ئۇ بىزنى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغاي، ــ دەپ يېلىندى. 9 شۇنىڭ بىلەن ساموئىل ئېمىۋاتقان بىر قوزىنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن پېتى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ، پەرۋەردىگارغا سۇندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىسرائىللار ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلغانىدى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلدى.
10 ساموئىل كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىۋاتقاندا، فىلىستىيەلىكلەر ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئەمما شۇ كۈنى پەرۋەردىگار ئاسماندا قاتتىق گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىتىپ، ئۇلارنى ساراسىمىگە سالدى. نەتىجىدە، ئۇلار ئىسرائىللارغا مەغلۇپ بولدى. 11 ئىسرائىللار مىزپاھتىن چىقىپ، فىلىستىيەلىكلەرنى بەيتكارغىچە قوغلاپ، ئۇلارنى يول بويى قىرىپ ماڭدى.

[12] شۇنىڭدىن كېيىن ساموئېل مىزپاھ بىلەن شېن دېگەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تاشنى تىكلىدى ۋە بۇنى «ئەبەنەزەر» [مەنىسى ياردەم تېشى] دەپ ئاتىدى. ئۇ:
ـ بۇ چاغقىچە پەرۋەردىگار بىزگە ياردەم قىلىپ كەلدى، ـ دېدى.
[13] شۇنداق قىلىپ فىلىستىيەلىكلەر مەغلۇپ قىلىندى. ساموئېل هايات چاغدا، پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئىسرائىلىيە زېمىنىغا قايتا ئاياغ باستۇرمىدى. [14] ئىسرائىللار فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئەقروندىن گاتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى شەھەرلەرنى ۋە ئەتراپىدىكى يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، پۈتۈن ئىسرائىل زېمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ چاغلاردا ئىسرائىللار بىلەن ئامورلار تىنچ ئۆتكەندى.
[15] ساموئېل ئۆمۈر بويى ئىسرائىللارغا يېتەكچىلىك قىلدى. [16] ئۇ هەر يىلى بەيتەل، گىلگال، مىزپاھ شەھەرلىرىگە باراتتى ۋە ئۇ شەھەرلەردە ئىسرائىللارنىڭ ئەرز-دەۋالىرىنى سورايتتى. [17] ئاندىن يۇرتى راماھقا قايتىپ، ئۇ يەردىمۇ ئوخشاش ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇ راماھتا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ، بىر قۇربانلىق سۇپىسى سالدۇردى.

## ئىسرائىل خەلقىنىڭ پادىشاھ تەلەپ قىلىشى

8 [1] ساموئېل قېرىغان چېغىدا، ئۆز ئوغۇللىرىنى ئىسرائىللارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەيىنلىگەندى. [2] تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى يوئېل، ئىككىنچىسىنىڭ بولسا ئابىيا ئىدى ۋە ئىككىلىسى بەئەرشەبا شەھىرىدە خىزمەت قىلاتتى. [3] ئۇلار ئاتىسىنىڭ يولىنى تۇتماي، مال-دۇنيا قوغلىشىپ، پارا ئېلىپ، ئەرز-دەۋالار ئۈستىدىن ناھەق هۆكۈم چىقىراتتى.
[4] شۇ سەۋەبتىن ئىسرائىللارنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى جەم بولۇپ، ساموئېل بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن راماھقا كېلىشتى.
[5] ئۇلار ئۇنىڭغا:
ـ سىز ياشىنىپ قالدىڭىز، ئوغۇللىرىڭىز بولسا سىزنىڭ يولىڭىزنى تۇتمىدى. شۇڭا بىزگە يېتەكچىلىك قىلىشقا باشقا ئەللەرنىڭكىدەك بىر پادىشاھ تەيىنلەپ بەرسىڭىز، ـ دېيىشتى.

[6] ئۇلارنىڭ: «بىزگە يېتەكچىلىك قىلىشقا بىر پادىشاھ تەيىنلەپ بەرسىڭىز» دېگەن بۇ تەلىپى ساموئىلغا ياقمىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى. [7] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

سەن خەلقنىڭ ئېيتقانلىرىغا قۇلاق سالغىن! ئۇلار سېنى ئەمەس، بەلكى مېنى تەرك ئەتتى. ئۇلار مېنىڭ ئۇلارغا داۋاملىق پادىشاھ بولۇشۇمنى خالىمايدۇ. [8] مەن ئۇلارنى مىسىردىن ئېلىپ چىققاندىن بېرى، ئۇلار مېنى تاشلاپ، باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ كەلمەكتە. ئەمدى سېنىمۇ رەت قىلىۋاتىدۇ. [9] ھازىر ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن. بىراق ئۇلارنى شۇنداق قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ قويغىنكى، ئۇلار تەلەپ قىلغان پادىشاھنىڭ ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن!

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىل خەلقىنى ئاگاھلاندۇرۇشى

[10] ساموئىل ئۆزىدىن بىر پادىشاھ تەيىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان خەلققە پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزۈپ، [11] مۇنداق دېدى:

- سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى پادىشاھ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، تۆۋەندىكىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ. پادىشاھ ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆزىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە، بەزىلىرىنى ھارۋىلىرىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈشكە سالىدۇ. [12] بەزىلىرىنى مىڭ بېشى، بەزىلىرىنى ئەللىك بېشىغا تەيىنلەيدۇ. بەزىلىرىنى پادىشاھ ئۆزىنىڭ يەرلىرىنى تېرىشقا، ئورمىسىنى ئورۇشقا، شۇنداقلا قورال-ياراغلىرىنى ۋە جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ جابدۇقلىرىنى ياساشقا سالىدۇ. [13] قىزلىرىڭلار پۇراقلىق نەرسىلەرنى ياسىغۇچى، ئاشپەز ۋە ناۋاي بولىدۇ. [14] ئۇ سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئېتىز-ئېرىقلىرىڭلارنى، ئۈزۈمزارلىقىڭلارنى ۋە زەيتۇنزارلىقىڭلارنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرىغا بېرىدۇ. [15] ئاشلىق ۋە ئۈزۈمۈڭلارنىڭ ئوندىن بىرىنى ئېلىۋېلىپ، چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلىرىغا تەقدىم قىلىدۇ. [16] قىران ياش يىگىتلىرىڭلارنى، قۇل ۋە دېدەكلىرىڭلارنى ھەم ئېشەكلىرىڭلارنى تارتىۋېلىپ، ئۆز ئىشىغا سالىدۇ. [17] قويلىرىڭلارنىڭمۇ ئوندىن بىرىنى تارتىۋالىدۇ.

سىلەر ئۇنىڭغا قۇل بولۇپ قالىسىلەر. [18] شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭلارغا تىكلىگەن پادىشاھ دەستىدىن داد-پەرياد قىلىسىلەر، ئۇ چاغدا پەرۋەردىگار سىلەرگە قۇلاق سالمايدۇ.

[19] ئەمما خەلق ساموئىلنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ:

- ياق، بىزگە بىزنى باشقۇرىدىغان پادىشاھ كېرەك! [20] شۇ چاغدا بىزمۇ باشقا ئەللەرگە ئوخشاش بولىمىز. پادىشاھىمىز بىزنى باشقۇرىدۇ، ئۇ ئالدىمىزدا بىزنى باشلاپ ماڭىدۇ، جەڭلەردە بىزگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، - دەپ تۇرۇۋالدى.

[21] ساموئىل ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ سۆزلەرنى پەرۋەردىگارغا يەتكۈزدى. [22] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:

- سەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، ئۇلارغا بىر پادىشاھ تەيىنلەپ بەرگىن! - دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساموئىل ئىسرائىللارغا:

- ھەرقايسىڭلار ئۆز يۇرتۇڭلارغا قايتىڭلار، - دېدى.

## ساموئىلنىڭ سائۇل بىلەن كۆرۈشۈشى

9 [1] بىنيامىن قەبىلىسىدە كىش ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ئابرۇيلۇق ئادەم ئىدى. ئۇ ئابىئېلنىڭ ئوغلى، ئابىئېل زېرورنىڭ ئوغلى، زېرور بېكوراتنىڭ ئوغلى، بېكورات بولسا ئافىياھنىڭ ئوغلى ئىدى. [2] كىشنىڭ سائۇل ئىسىملىك كېلىشكەن بىر ئوغلى بار ئىدى، ئۇ ئىسرائىل خەلقى ئىچىدە ئەڭ ئېگىز ۋە ئەڭ كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭدەك يەنە بىر كېلىشكەن ئادەم يوق ئىدى. [3] بىر كۈنى كىشنىڭ بىرنەچچە ئېشىكى يوقاپ كەتتى. كىش ئوغلى سائۇلغا:

- بالام، خىزمەتكارلاردىن بىرەرسىنى ئېلىپ، ئېشەكلەرنى ئىزدەپ باققىنا! - دېدى.

[4] سائۇل بىر خىزمەتكار بىلەن ئېشەكلەرنى ئىزدەپ، ئەفرايىم تاغلىق رايونىغا ۋە شالىشاھ زېمىنىغا باردى، ئەمما ئېشەكلەرنى ئۇ يەردىن ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇلار شائالىم زېمىنىغا ئۆتتى، لېكىن ئېشەكلەر ئۇ يەردىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىنيامىن زېمىنىغا ئۆتۈپ، ئۇ يەرنى كېزىپ چىقتى، لېكىن ئېشەكلەرنى

ئۇ يەردىنمۇ تاپالمىدى. [5] ئۇلار زۇف زېمىنىغا كەلگەندە، سائۇل خىزمەتكارىغا:
ـ ئەمدى ئۆيگە قايتايلى! بولمىسا ئاتام ئېشەكلەردىن ئەمەس، بىزدىن ئەنسىرەشكە باشلايدۇ، ـ دېدى. [6] لېكىن خىزمەتكارى ئۇنىڭغا:
ـ ئالدىمىزدىكى شەھەردە خۇدانىڭ نەزىرى چۈشكەن بىر ئادەم بار. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا چىقىدۇ. شۇ ئادەمنىڭ يېنىغا بارساق، بەلكىم ئۇ بىزگە ئىزدەيدىغان يېرىمىزنى ئېيتىپ بېرەر، ـ دېدى.
[7] ـ ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا بارساق، ئۇ ئادەمگە نېمە سوۋغا قىلىمىز؟ ـ دېدى سائۇل، ـ خۇرجۇنىمىزدا يېگۈدەك نەرسە قالمىغان يەردە، ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغۇدەك نېمە بولسۇن! [8] خىزمەتكار سائۇلغا جاۋابەن:
ـ مەندە بىر دانە كىچىك كۈمۈش بار. ئۇنى خۇدانىڭ نەزىرى چۈشكەن شۇ ئادەمگە بېرەي، ئۇ ئادەم ئىزدەيدىغان يېرىمىزنى بىزگە ئېيتىپ بەرسۇن، ـ دېدى.
[9-11] ياخشى، ئەمىسە بارايلى، ـ دېدى سائۇل. ئۇلار خۇدانىڭ نەزىرى چۈشكەن ئادەم تۇرىدىغان شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار داۋانغا چىقىپ، شەھەرگە بارىدىغان يولدا كېتىۋاتقاندا، قۇدۇقتىن سۇ ئەكېلىشكە چىققان قىزلارنى ئۇچرىتىپ، ئۇلاردىن:
ـ غايىبنى بىلگۈچى شەھەردىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.
(ئۇ زامانلاردا ئىسرائىلىيەدە ھازىر پەيغەمبەر دېيىلگەن كىشى، «غايىبنى بىلگۈچى» دەپ ئاتىلاتتى. كىشىلەر خۇدادىن بىرەر ئىشنى ئىلتىجا قىلماقچى بولسا، «غايىبنى بىلگۈچىنىڭ قېشىغا بارايلى» دېيەتتى.)
[12] ـ ھەئە، شۇنداق. ئۇ ھېلىلا ئالدىڭلاردا كەتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى قىزلار، ـ تېزرەك مېڭىڭلار. ئۇ شەھەرگە بۈگۈنلا كەلدى. خەلق سەجدىگاھتا قۇربانلىق قىلماقچى. [13] ھازىرلا شەھەرگە كىرىڭلار، ئۇ سەجدىگاھقا غىزالانغىلى چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنى تاپالايسىلەر. كىشىلەر ئۇ كەلمىگۈچە، غىزاغا ئېغىز تەگمەيدۇ. ئۇ قۇربانلىق ئۈچۈن دۇئا قىلىپ بەرگەندىن كېيىنلا،

چاقىرىلغان كىشىلەر غىزالىنىدۇ. ئەمدى مېڭىڭلار، مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنى تاپالايسىلەر.

[14] سائۇل خىزمەتكارى بىلەن شەھەرگە كىرگەندە، سامۇئىلنىڭ سەجدىگاھقا بېرىش ئۈچۈن ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. [15] پەرۋەردىگار سامۇئىلغا سائۇلنىڭ كېلىشىدىن بىر كۈن بۇرۇن ئايان بولۇپ مۇنداق دېگەنىدى: [16] «ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا مەن سېنىڭ يېنىڭغا بىنيامىن زېمىنىدىن بىر ئادەم ئەۋەتىمەن. سەن ئۇنىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇپ، ئۇنى خەلقىم ئىسرائىللارغا باش قىلىپ تەيىنلىگىن. ئۇ خەلقىمنى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. مەن خەلقىمنىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ داد-پەريادى ماڭا يەتتى.»

[17] سامۇئىل سائۇلنى كۆرگەندە، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:

- مەن ساڭا ئېيتقان ئادەم دەل مۇشۇ، ئۇ مېنىڭ خەلقىم ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرىدۇ، - دېدى.

[18] شۇ چاغدا سائۇل شەھەر دەرۋازىسىدا سامۇئىلنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن:

- تەقسىر، غايىبنى بىلگۈچىنىڭ ئۆيى قەيەردىكىن؟ - دەپ سورىدى. [19] سامۇئىل:

- غايىبنى بىلگۈچى مەن بولىمەن. مېڭىڭلار، مېنىڭ ئالدىمدا مېڭىپ، سەجدىگاھقا بېرىڭلار. بۈگۈن سىلەر مەن بىلەن بىرگە غىزالىنىسىلەر. سائۇل، ئەتە ئەتىگەندە سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىپ، سېنى يولغا سېلىپ قويىمەن. [20] ئۈچ كۈن بۇرۇن يوقاپ كەتكەن ئېشەكلىرىڭدىن غەم قىلمىغىن، ئۇلار تېپىلدى. لېكىن سەن ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئۈمىدىنىڭ سەندە ۋە ئاتاڭنىڭ جەمەتىدە ئىكەنلىكىنى بىلگىن! - دېدى.

[21] - مەن بىنيامىندىن، يەنى ئىسرائىلنىڭ ئەڭ كىچىك قەبىلىسىدىن بولىمەن. جەمەتىمىز بۇ قەبىلە ئىچىدە ئەڭ ئەرزىمەس بىر جەمەتتۇر، سىز ماڭا نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ - دېدى سائۇل.

[22] سامۇئىل سائۇل بىلەن خىزمەتكارىنى شۇ يەردىكى ئوتتۇزچە مېھمان ئولتۇرغان چوڭ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. [23] كېيىن ئاشپەزگە:

- مەن ساڭا ئالاھىدە ساقلاپ قويغان، دېگەن گۆشنى ئەمدى ئېلىپ كەل، - دېدى.
[24] ئاشپەز ئوتنىڭ يانپاشنى ئەكېلىپ، سائۇلنىڭ ئالدىغا قويدى.
- مانا، بۇ ساڭا ساقلاپ قويۇلغان گۆش، مەرھەمەت يېگىن، ئالدىڭغا تارتىپ يېگىن! مەن بۇ گۆشنى سېنى چاقىرىلغان مېھمانلار بىلەن بىرگە يېسۇن دەپ ساقلىدىم، - دېدى سامۇئىل. شۇ كۈنى سائۇل سامۇئىل بىلەن بىللە غىزالاندى.
[25] ئۇ ئىككىسى سەجدىگاھتىن شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆگزىدە پاراڭلاشتى، سائۇل ئۆگزىدە يېتىپ قالدى. [26] تاڭ ئاتقان چاغدا سامۇئىل ئۆگزىدە ياتقان سائۇلنى چاقىرىپ:
- ئورنۇڭدىن تۇرغىن، مەن سېنى يولغا سېلىپ قويىمەن! - دېدى. سائۇل ئورنىدىن تۇرۇپ، سامۇئىل بىلەن بىرگە سىرتقا چىقتى.
[27] ئۇلار شەھەرنىڭ چېتىگە بارغاندا، سامۇئىل سائۇلغا:
- خىزمەتكارىڭغا ئېيتقىن، ئۇ ئاۋۋال مېڭىپ تۇرسۇن، - دېدى. خىزمەتكار كەتكەندىن كېيىن سامۇئىل:
- سىز بۇ يەردە بىر دەم تۇرايلى، ساڭا پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىنى يەتكۈزۈپ قوياي، - دېدى.

## سائۇلنىڭ ئىسرائىللارغا پادىشاھ بولۇشى

10 [1] ئاندىن سامۇئىل بىر قۇتا زەيتۇن يېغىنى سائۇلنىڭ بېشىغا قۇيۇپ، ئۇنى سۆيۈپ:
- پەرۋەردىگارنىڭ سېنى ئۆز خەلقى ئىسرائىللارغا باش بولۇشقا تەيىنلىدى. [2] بۈگۈن سەن مەندىن ئايرىلىپ، بىنيامىن زېمىنىنىڭ بىر چېتىدىكى زەلزاخ دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، راھىلەنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا ئىككى ئادەمنى ئۇچرىتىسەن. ئۇلار ساڭا: «سىز ئىزدەپ چىققان ئېشەكلەر تېپىلدى، ئاتىڭىز ئەمدى ئېشەكلەردىن ئەمەس، سىزدىن ئەنسىرەپ، ‹ئوغلۇمنى قانداق تاپارمەن؟› دەپ ئولتۇرىدۇ» دەيدۇ.
[3] سەن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ، يەنە ئالدىغا مېڭىپ، تابوردىكى دۇپ دەرىخىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغىنىڭدا، خۇداغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بەيتەلگە ماڭغان ئۈچ ئادەمنى ئۇچرىتىسەن. ئۇلارنىڭ بىرى

ئۈچ ئوغلاق، يەنە بىرى ئۈچ نان ۋە يەنە بىرى بىر تۇلۇم شاراب ئېلىۋالغان بولۇپ، [4] ئۇلار ساڭا سالام قىلىپ، ئىككى نان بېرىدۇ. سەن بەرگەن نانلارنى ئالغىن.

[5] ئۇنىڭدىن كېيىن سەن فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قاراۋۇل ئەترىتى جايلاشقان «خۇدانىڭ تېغى» دەپ ئاتالغان گىبئاھقا بارىسەن. شەھەرگە كىرگىنىڭدە، تاغدىكى سەجدىگاھتىن چۈشۈپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە يولۇقىسەن. ئۇلار چىلتار، داپ، نەي ۋە لىرالارنى چېلىشىپ، ھاياجانلانغان ھالدا زىكىر قىلىشىدۇ. [6] شۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ روھى ساڭا تۇيۇقسىز چۈشىدۇ. سەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا زىكىر قىلىپ، باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىسەن. [7] بۇ ئالامەتلەر كۆرۈنگەن چاغدا، سەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلغىن، چۈنكى خۇدا ساڭا ياردۇر. [8] سەن گىلگالغا مەندىن بۇرۇن يېتىپ بارىسەن. مەن شۇ يەردە كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقى قىلىش ئۈچۈن قېشىڭغا بارىمەن. سەن ئۇ يەردە مەن كەلگۈچە يەتتە كۈن ساقلاپ تۇرغىن. مەن يېتىپ بارغاندىن كېيىن، نېمە قىلىشىڭنى دەپ بېرىمەن.

[9] سائۇل سامۇئىلدىن ئايرىلىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ مېڭىشىغىلا، خۇدا ئۇنىڭغا يېڭى بىر قەلب ئاتا قىلدى. ئالدىن دېيىلگەن ئاشۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ كۈنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. [10] سائۇل خىزمەتكارى بىلەن گىبئاھقا كەلگەندە، بىر توپ پەيغەمبەرلەرگە يولۇقتى. شۇ چاغدا خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭغىمۇ تۇيۇقسىز چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى بىر توپ پەيغەمبەرلەرگە قوشۇلۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا زىكىر قىلدى. [11] ئىلگىرى سائۇلنى تونۇيدىغانلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ، بىر-بىرىگە:

ـ كىشنىڭ ئوغلىغا نېمە بولغاندۇ؟ سائۇلمۇ پەيغەمبەرلەردىنمىدۇ؟

ـ دېيىشتى. [12] لېكىن شۇ يەرلىك بىر كىشى سائۇلنى قوللاپ:

ـ ئاتىسىنىڭ كىم بولۇشى مۇھىم ئەمەس، ھەركىمنىڭ پەيغەمبەر بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار؟ ـ دېدى. «سائۇلمۇ پەيغەمبەرلەردىنمىدۇ؟» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغان.

[13] سائۇل ئۇ يەردە قىلىۋاتقان زىكىرىنى توختاتقاندىن كېيىن، سەجدىگاھقا چىقتى.

[14] سائۇلنىڭ تاغىسى ئۇنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارىنى كۆرۈپ:
- سىلەر زادى نەگە باردىڭلار؟ - دەپ سورىدى.
- ئېشەكلەرنى ئىزدىگىلى چىققان! - دېدى سائۇل، - ئېشەكلەرنى تاپالمىغاندىن كېيىن، سامۇئىلنىڭ يېنىغا باردۇق.
[15] - ئۇ سىلەرگە نېمە دېدى؟ - دەپ سورىدى سائۇلنىڭ تاغىسى.
[16] - ئۇ بىزگە ئېشەكلەرنىڭ تېپىلغانلىقىنى دەپ بەردى، - دېدى سائۇل. لېكىن ئۆزىنىڭ پادىشاھ بولۇپ تەيىنلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا سامۇئىلنىڭ ئېيتقانلىرىنى تاغىسىغا دېمىدى.
[17] سامۇئىل ئىسرائىل خەلقىنى مىزپاھقا، پەرۋەردىگارنىڭ هۇزۇرىغا چاقىردى [18] ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا شۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتىم، سىلەرنى مىسىرلىقلارنىڭ ۋە سىلەرگە زۇلۇم قىلغان بارلىق ئەللەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتىم. [19] لېكىن ئەمدى سىلەر مېنى، يەنى ئۆزۈڭلارنى پۈتۈن بالايىئاپەت ۋە مۇشەققەتلەردىن قۇتقۇزغان خۇدايىڭلارنى رەت قىلىپ، ئۆزۈڭلارغا بىر پادىشاھ تەيىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىڭلار. ئەمدى سىلەر قەبىلە ۋە جەمەت تەرتىپى بويىچە مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا هازىر بولۇڭلار.»
[20] شۇنىڭدىن كېيىن سامۇئىل ھەممە قەبىلىلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ هۇزۇرىغا تىزدى. چەك تاشلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىنيامىن قەبىلىسى تاللاندى. [21] ئاندىن سامۇئىل بىنيامىن قەبىلىسىدىكى ھەربىر جەمەتنى ئالدىغا چىقاردى. چەك تاشلاش ئارقىلىق ئۇلاردىن ماترى جەمەتى تاللاندى. ئاخىرىدا چەك تاشلاش ئارقىلىق ماترى جەمەتىدىكىلەردىن كىشنىڭ ئوغلى سائۇل تاللاندى. لېكىن ئۇلار سائۇلنى ئىزدەپ، تاپالمىدى.
[22] شۇڭا ئۇلار يەنە پەرۋەردىگاردىن:
- ئۇ ئادەم بۇ يەرگە كەلدىمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەرۋەردىگار:
- ئۇ نەرسە-كېرەكلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، - دېدى.
[23] بىرسى يۈگۈرۈپ بېرىپ، سائۇلنى ئۇ يەردىن ئېلىپ كەلدى. ئۇ

ھەممە ئادەملەردىن ئېگىز ئىدى، باشقىلار پەقەت ئۇنىڭ مۈرىسىگە
كېلەتتى. [24] ساموئىل خەلققە:
- پەرۋەردىگار تاللىغان ئادەمنى ئەمدى كۆردۈڭلارمۇ؟ خەلقىمىز
ئىچىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، - دېدى. شۇنىڭ
بىلەن خەلق:
- ياشىسۇن پادىشاھ! - دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.
[25] ساموئىل خەلققە پادىشاھنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇقىنى
ئېيتىپ بەردى ھەمدە ئۇلارنى يازما شەكلىدە يېزىپ، مۇقەددەس
جايغا قويدى. ئاندىن كېيىن خەلقنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋەتتى.
[26] سائۇلمۇ گىبىئاھقا، ئۆز ئۆيىگە قايتتى. قەلبى خۇدا تەرىپىدىن
تەسىرلەندۈرۈلگەن بىر توپ باتۇرلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.
[27] لېكىن بەزى ئوسال كىشىلەر:
- بۇ ئادەم قانداقمۇ بىزنى قۇتقۇزالايدۇ؟ - دېيىشىپ، سائۇلنى
مەنسىتمەي، ئۇنىڭغا ھېچقانداق سوۋغات بەرمىدى. سائۇل
ھېچنېمە دېمىدى.

## سائۇلنىڭ ئاممونلارنى مەغلۇپ قىلىشى

11 [1] ئاممونلارنىڭ پادىشاھى ناخاش گىلئادتىكى يابېش
شەھىرىگە كېلىپ، ئۇ يەرنى قورشاۋغا ئالدى. پۈتۈن
يابېش ئاھالىسى پادىشاھ ناخاشقا:
- ئەگەر بىز بىلەن كېلىشىم تۈزسەڭ، سىلىگە ئەل بولايلى، -
دېدى. [2] پادىشاھ ناخاش ئۇلارغا جاۋابەن:
- ئۇنداقتا ھەربىرىڭلارنىڭ ئوڭ كۆزىنى ئويۇۋېلىپ، پۈتكۈل
ئىسرائىللارنى خورلۇقتا قالدۇرۇش شەرتى ئاستىدا، سىلەر بىلەن
ئەھدە تۈزەي، - دېدى. [3] يابېشنىڭ ئاقساقاللىرى ئۇنىڭغا:
- بىزگە يەتتە كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەيلا. بىز پۈتكۈل ئىسرائىلىيە
زېمىنىغا ئەلچىلەر ئەۋەتەيلى. شۇ جەرياندا بىزنى قۇتقۇزىدىغان
ئادەم چىقمىسا، سىلىگە تەسلىم بولايلى، - دېدى.
[4] ئەلچىلەر سائۇلنىڭ يۇرتى گىبىئاھ شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە،
خەلققە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. پۈتۈن خەلق داد-پەرياد كۆتۈرۈپ
يىغلاشتى. [5] شۇ چاغدا سائۇل ئېتىزلىقتىن چىقىپ، ئۆكۈزلىرىنى

ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ: «خەلق نېمە ئۈچۈن يىغلىشىدۇ؟» دەپ ئەتراپىدىكىلەردىن سورىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا يابېشتىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئېيتتى.

[6] سائۇل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز خۇدانىڭ روھى چۈشتى ۋە ئۇنىڭ غەزىپى قاتتىق ئۆرلىدى. [7] ئۇ ئىككى ئۆكۈزنى سويۇپ، پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى خەۋەرچىلەردىن پۈتكۈل ئىسرائىلىيە زېمىنىغا ئەۋەتىپ:

- ئەمدى كىمكى سائۇل بىلەن سامۇئىلغا ئەگىشىپ ئۇرۇشقا ئاتلانمىسا، ئۇنىڭ بۇقىلىرىمۇ مۇشۇنداق پارچىلىنىدۇ - دەپ ئېلان قىلغۇزدى.

پەرۋەردىگار خەلققە سائۇلنىڭ قەھرى ئارقىلىق شۇنداق قورقۇنچ سالدىكى، ئۇلار بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ئۇرۇشقا تەييار بولدى. [8] سائۇل ئۇلارنى بەزەق دېگەن يەرگە يىغدى. ئۇ يەردە يەھۇدا قەبىلىسىدىن 30 مىڭ كىشى، ئىسرائىلنىڭ باشقا قەبىلىلىرىدىن 300 مىڭ كىشى بار ئىدى. [9] سائۇل گىلئادتىكى يابېشتىن كەلگەن ئەلچىلەرگە:

- سىلەر يابېشقا قايتىپ بېرىپ، يابېشلىقلارغا ئېيتىڭلار، ئەتە چۈشتە ئۇلار قۇتقۇزۇلىدۇ، - دېدى.

يابېشلىقلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىشتى.

[10] ئۇلار ئاممونلارغا:

- ئەتە بىز سىلەرگە تەسلىم بولىمىز. بىزگە قانداق قىلغۇڭلار كەلسە، شۇنداق قىلىڭلار، - دېدى.

[11] ئىككىنچى كۈنى سائۇل ئادەملىرىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، تاڭ ئېتىشى بىلەن ئاممونلارنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، چۈشكىچە ئۇلارنى قىرغىن قىلدى. ھايات قالغانلىرى ھەر تەرەپكە جانلىرىنى ئېلىپ قېچىشتى.

[12] خەلق سامۇئىلغا:

- سائۇل قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولالىسۇن دېگەنلەر كىملەر؟ ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقىرىلسۇن، بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرىمىز، - دېيىشتى.

[13] سائۇل:

ـ بۈگۈن ھېچكىمنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۈگۈن پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيەگە نۇسرەت ئاتا قىلغان كۈن، ـ دېدى.
14 سامۇئىل خەلققە:
ـ گىلگالغا بېرىپ، شۇ يەردە سائۇلنىڭ پادىشاھلىقىنى يېڭىباشتىن جاكارلايلى، ـ دېدى.
15 خەلق گىلگالغا بېرىپ، پەرۋەردىگار ئالدىدا سائۇلنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكىنى يېڭىباشتىن ئېتىراپ قىلىشتى ھەم پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئامانلىق قۇربانلىقلىرى سۇنۇشتى. سائۇل ۋە پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى شاد-خۇراملىققا چۆمدى.

## سامۇئىلنىڭ ئاخىرقى نۇتۇقى

12 1 سامۇئىل پۈتۈن ئىسرائىللارغا مۇنداق دېدى:
ـ قاراڭلار، مەندىن سورىغىنىڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈردۈم، سىلەرگە بىر پادىشاھ تەيىنلەپ بەردىم. 2 مانا ئەمدى بۇ پادىشاھ سىلەرگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. مەن قېرىدىم، چاچلىرىم ئاقاردى، ئوغۇللىرىممۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تۇرۇپتۇ. مەن ياش ۋاقتىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە سىلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ كەلدىم. 3 قاراڭلار، مانا مەن بۇ يەردە تۇرۇپتىمەن. سىلەر بۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ ۋە ئۇ تاللىغان پادىشاھنىڭ ئالدىدا ماڭا قارشى ئەرزىڭلار بولسا ئېيتىڭلار. مەن كىمنىڭ ئۆكۈزىنى تارتىۋالدىم، كىمنىڭ ئېشىكىنى بۇلىۋالدىم، كىمنىڭ ھەققىنى يېدىم، كىمگە زۇلۇم سالدىم، كىمنىڭ قولىدىن پارا ئالغانلىقىم سەۋەبلىك كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسام، خاتالىقىمنى تۈزىتەي!
4 ـ سىلى بىزنىڭ ھەققىمىزنى يېمىگەن، ھېچكىمگە زۇلۇم سالمىغان ۋە ھېچ كىشىنىڭ قولىدىن بىرەر نەرسە ئالمىغان، ـ دېيىشتى خەلق. 5 سامۇئىل ئۇلارغا:
ـ سىلەرنىڭ مەندە ھېچ ھەققىڭلار قالمىغانلىقىغا پەرۋەردىگار ۋە ئۇ تاللىغان پادىشاھ بۈگۈن گۇۋاھ بولسۇن، ـ دېدى. ئۇلار سامۇئىلغا:
ـ گۇۋاھ بولسۇن! ـ دېيىشتى. 6 سامۇئىل خەلققە:

- مۇسا بىلەن ھارۇننى تاللىغۇچى ھەم ئاتا-بوۋىلارنى
مىسىردىن ئېلىپ چىققۇچى دەل پەرۋەردىگاردۇر. 7 ئەمدى سىلەر
ئۆز جايىڭلاردا ئۆرە تۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە پەرۋەردىگارنىڭ
سىلەرنى، شۇنداقلا ئاتا-بوۋىلارنى قايتا-قايتا قۇتقۇزغانلىقىنى
ئۇنىڭ ئالدىدا ئېتىپ بېرەي. 8 ياقۇپ مىسىرغا كەلگەندىن كېيىن،
ئاتا-بوۋىلار پەرۋەردىگارغا يىلىندى. پەرۋەردىگار مۇسا بىلەن
ھارۇننى ئاتا-بوۋىلارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىشقا ئەۋەتتى.
ئۇلار ئاتا-بوۋىلارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، مۇشۇ يەرگە
ئولتۇراقلاشتۇردى. 9 ئەمما ئاتا-بوۋىلار ئۆزلىرىنى تاللىغان
پەرۋەردىگار خۇدانى ئۇنتۇغاچقا، خۇدا ئۇلارنى خازور شەھىرىدىكى
قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى سىسىرانىڭ، فىلىستىيەلىكلەرنىڭ
ۋە موئاب پادىشاھىنىڭ قولىغا چۈشۈردى. 10 ئاتا-بوۋىلار ئۇلارنىڭ
قولىغا چۈشكەندە، پەرۋەردىگارغا نالە-پەرياد قىلىپ: «ئى
پەرۋەردىگار، بىز سەندىن يۈز ئۆرۈپ، بائال ۋە ئىلاھە ئاشتورەتكە
چوقۇنۇپ، گۇناھ قىلدۇق. ئەمدى بىزنى دۈشمەنلىرىمىزنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزغايسەن، بىز ساڭا ئىبادەت قىلايلى» دەپ
يىلىندى. 11 شۇڭا پەرۋەردىگار گىدئون، بىدان، يىفتاھ ۋە مەن
ساموئىلنى سىلەرنى ئەتراپىڭلاردىكى دۈشمەنلەردىن قۇتقۇزۇشقا
ئەۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن سىلەر تىنچ-ئامان قالدىڭلار. 12 گەرچە
پەرۋەردىگار خۇدا سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار بولسىمۇ، ئەمما سىلەر
ئاممونلارنىڭ پادىشاھى ناخاش سىلەرگە قارشى تۇرغاندا، سىلەر
قورقۇپ، ماڭا: «بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر پادىشاھ
تەيىنلەپ بەر» دېدىڭلار.
13 مانا سائۇل، سىلەر تەلەپ قىلغان ۋە تاللىغان پادىشاھتۇر!
قاراڭلار، شۇنداق، پەرۋەردىگار سىلەرگە ئۈستۈڭلاردىن ھۆكۈمرانلىق
قىلىش ئۈچۈن بىر پادىشاھ بەردى. 14 سىلەر پەرۋەردىگاردىن
ئەيمىنىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق
سالساڭلار، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە قارشى چىقماي،
ئۈستۈڭلاردىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى پادىشاھ بىلەن بىرلىكتە
ئۇنىڭغا ئەگەشسەڭلار، ھەممە ئىشلىرىڭلار ياخشى بولىدۇ.
15 لېكىن پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلماي، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە

قارشى چىقساڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرەتلىك قولى ئاتا-بوۋاڭلارنى جازالىغاندەك سىلەرنىمۇ جازالايدۇ. [16] ئەمدى سىلەر ئۆز جايىڭلاردا تۇرۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرگە كۆرسىتىدىغان ئاجايىپ ئىشىنى كۆرۈڭلار. [17] هازىر بۇغداي ئورىدىغان قۇرغاق ۋاقىت ئەمەسمۇ؟ مەن پەرۋەردىگاردىن تىلەي، ئۇ گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ياغدۇرسۇن. شۇ چاغدا سىلەر پادىشاھ تەلەپ قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا قانچىلىك چوڭ يامان ئىش قىلغىنىڭلارنى بىلىسىلەر - دېدى.

[18] ئاندىن سامۇئىل پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىۋىدى، پەرۋەردىگار شۇ كۈنى گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ياغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن خەلق پەرۋەردىگاردىن ھەم سامۇئىلدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىشتى. [19] خەلق سامۇئىلغا:

- بىزنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭىز خۇداغا دۇئا قىلىسىڭىز. چۈنكى بىز پادىشاھ تەيىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلىپتىمىز، - دېدى. [20] سامۇئىل خەلققە:

- قورقماڭلار، گەرچە گۇناھ قىلغان بولساڭلارمۇ، ئەمدى پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈمەي، پۈتۈن قەلبىڭلار بىلەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. [21] پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈمەڭلار، بۇتلارغا چوقۇنماڭلار. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوقتۇر، ئۇلار سىلەرنى قۇتقۇزالمايدۇ، ئۇلار كېرەكسىز نەرسىلەردۇر. [22] پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نامىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆز خەلقىنى تاشلىمايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ پەرۋەردىگار سىلەرنى ئۆز خەلقى قىلىشقا ئىرادە قىلغاندۇر. [23] ماڭا كەلسەك، مەن سىلەر ئۈچۈن دائىم دۇئا قىلىمەن. ئەگەر سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلمىسام، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىمەن. مەن سىلەرگە ياخشى ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىمەن. [24] سىلەر چوقۇم پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭغا ساداقەتلىك بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇنىڭ سىلەرگە قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئويلاڭلار. [25] ئەگەر سىلەر يەنىلا گۇناھ قىلساڭلار، پادىشاھىڭلارمۇ، ئۆزۈڭلارمۇ بىردەك ھالاك بولىسىلەر، - دېدى.

## سائۇلنىڭ پەرۋەردىگارغا ئىتائەتسىزلىك قىلىشى

13 [1] سائۇل ئىسرائىلىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىككىنچى يىلى، [2] ئۆزىگە ئىسرائىلىيەنىڭ لەشكەرلىرىدىن ئۈچ مىڭنى تاللىۋالدى. ئۇلاردىن ئىككى مىڭى ئۆزى بىلەن بىرگە مىكماس ۋە بەيتەل ئېدىرلىقلىرىدا تۇردى. بىر مىڭى ئوغلى يوناتان بىلەن بىرگە بىنيامىن قەبىلىسىگە تەۋە گىبىئاھ دېگەن يەردە تۇردى. قالغانلىرىنى ئۇ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتۇردى.

[3] يوناتان گەبادىكى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قاراۋۇل ئەترىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭدى. بۇ خەۋەر فىلىستىيەلىكلەر ئارىسىدا تېز تارقالدى. ئۇ چاغدا سائۇل پۈتۈن يۇرتتا بۇرغا چالدۇرۇپ، ئىبرانىيلارنى ئۇرۇشقا چاقىردى. [4] بارلىق ئىسرائىللار سائۇلنىڭ فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قاراۋۇل ئەترىتىگە ھۇجۇم قىلىپ يەڭگەنلىكى خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ھەم فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ئىسرائىللارغا ئۆچلۈكىنى بىلىپ، چاقىرىق بويىچە گىلگالغا كېلىپ، سائۇلغا ئەگەشتى.

[5] فىلىستىيەلىكلەر ئىسرائىللار بىلەن جەڭ قىلىشقا يىغىلدى. ئۇلار ئۈچ مىڭ جەڭ ھارۋىسى، ئالتە مىڭ ھارۋىلىق لەشكەرلەر ۋە دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك سان-ساناقسىز پىيادە لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ، بەيتئاۋەننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى مىكماستا بارگاھ قۇردى. [6] ئەمما ئىسرائىللار بولسا ئۆزلىرىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى، ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىنى كۆرۈپ، غارلارغا، كامارلارغا، قىيا تاشلار ئارىسىغا، قەبرىلەرگە ۋە ئازگاللارغا يوشۇرۇنۇۋالدى. [7] بىر قىسمىلىرى بولسا ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گاد ۋە گىلئاد زېمىنىغا ئۆتۈپ كەتتى. سائۇل تېخىچە گىلگالدا ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋەھىمە باستى. [8] سامۇئىل سائۇلغا: «مېنى يەتتە كۈن كۈت» دېگەنلىكى ئۈچۈن، سائۇل ئۇنى گىلگالدا يەتتە كۈن كۈتۈپ تۇردى. ئەمما سامۇئىل تېخىچە گىلگالغا يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر سائۇلدىن ئايرىلىپ تارقىلىپ كېتىشكە باشلىدى. [9] سائۇل:

ـ كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار،
ـ دېدى.

ئاندىن ئۆزى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلدى. [10] لېكىن كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى ئەمدىلا قىلىپ بولغاندا، سامۇئىل يېتىپ كەلدى. سائۇل ئۇنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقتى. [11] سامۇئىل ئۇنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا:

ـ سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ـ دېدى. سائۇل:

ـ قارىسام خەلق مەندىن ئايرىلىپ تارقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. سىزمۇ دېگەن ۋاقتتا يېتىپ كەلمىدىڭىز، يەنە بىر تەرەپتىن فىلىستىيەلىكلەر مىكماستا توپلاشتى. [12] شۇڭا مەن ئىچىمدە: «ئەمدى فىلىستىيەلىكلەر گىلگالغا كېلىپ، ماڭا ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى، مەن تېخى پەرۋەردىگاردىن ياردەم تىلىمىگەن تۇرسام» دەپ ئويلاپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، ـ دېدى. [13] سامۇئىل:

ـ سەن ئەخمەقلىق قىلىپ، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ساڭا بۇيرۇغان ئەمرىگە رىئايە قىلماپسەن! ئەگەر رىئايە قىلغان بولساڭ، پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيە ئۈستىدىكى پادىشاھلىق ئورنۇڭنى ئەبەدىلئەبەد مۇستەھكەم قىلغان بولاتتى. [14] ئەمدى سېنىڭ پادىشاھلىق ئورنۇڭ ئۇزاققا بارمايدۇ. پەرۋەردىگار ئۆز كۆڭلىگە مۇۋاپىق بىر ئادەمنى تاپىدۇ. ئۇنى ئۆز خەلقىنىڭ بېشى قىلىدۇ. چۈنكى سەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغان ئەمرىگە رىئايە قىلمىدىڭ، ـ دېدى.

[15] ئاندىن سامۇئىل گىلگالدىن كەتتى. گىلگالدا قالغانلىرى سائۇلغا ئەگىشىپ، باشقا لەشكەرلەر بىلەن جەم بولۇش ئۈچۈن بىنيامىن قەبىلىسىگە تەۋە گىبئاھقا باردى. سائۇل ئۆز ئادەملىرىنى سانىۋىدى، ئالتە يۈزچە چىقتى.

[16] سائۇل، ئوغلى يوناتان ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەر بىنيامىن زېمىنىدىكى گىبئاھتا تۇردى. فىلىستىيەلىكلەر بولسا مىكماستا بارگاھ قۇرغانىدى. [17] بۇ چاغدا فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ئۈچ سەپكە بۆلۈنگەن زەربىدار قىسىملىرى بارگاھىدىن چىقىپ، بىر قىسمى شىمالغا، يەنى شۇئال زېمىنىدىكى ئوفراھقا يول ئالدى. [18] يەنە بىر قىسمى غەربكە، يەنى بەيت-خورونغا بارىدىغان يولغا چۈشتى.

ئۈچىنچى بىر قىسمى چۆلنىڭ چېتىدىكى زىبوئىم جىلغىسىغا قاراپ ماڭدى.

[19] ئۇ چاغلاردا پۈتۈن ئىسرائىلىيەدە بىرمۇ تۆمۈرچى يوق ئىدى. چۈنكى فىلىستىيەلىكلەر ئىبرانىيلار ئۆزلىرىگە قىلىچ، نەيزە سوقتۇرۇۋالمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ تۆمۈرچىلىك قىلىشىغا يول قويمىغانىدى، [20] شۇ سەۋەبتىن ئىسرائىللار ساپان، كەتمەن، پالتا ۋە ئورغاقلىرىنى بىلەش ئۈچۈن فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قېشىغا باراتتى. [21] ساپان ياكى كەتمەن بىلەشنىڭ ھەققى 8 گىرام كۈمۈش، ئارا، پالتا ياكى كالا نوقۇيدىغان زىخنى بىلەشنىڭ ھەققى 4 گىرام كۈمۈش ئىدى. [22] شۇ سەۋەبتىن سائۇل بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى يوناتاندىن باشقىلارنىڭ قولىدا يا قىلىچ، يا نەيزە يوق ئىدى.

[23] شۇ ۋاقىتتا فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بىر ئەترىتى مىكماستىكى داۋاننى ساقلاش ئۈچۈن بارغانىدى.

## يوناتاننىڭ فىلىستىيەلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىشى

14 [1] بىر كۈنى سائۇلنىڭ ئوغلى يوناتان ئۆزىنىڭ ياراغلىرىنى كۆتۈرگەن يىگىتكە:

– يۈر، قارشى تەرەپتىكى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قاراۋۇل ئەترىتى جايلاشقان يەرگە بارايلى، – دېدى، لېكىن بۇنى ئاتىسىغا ئېيتمىدى. [2] بۇ چاغدا سائۇل ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئالتە يۈزچە ئادەم گىبېئاھنىڭ ئەڭ چېتىدىكى مىگرون دېگەن جايدا بىر ئانار دەرىخىنىڭ يېنىدىكى بارگاھتا ئىدى. [3] روھانيي ئاخىيا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپ، روھانىيلىق پەرتۇقىنى تاقىۋالغانىدى. ئۇ ئىكابودنىڭ قېرىندىشى ئاختۇبنىڭ ئوغلى ئىدى. ئاختۇب پىنىخاسنىڭ ئوغلى، شىلودا پەرۋەردىگارغا روھانىيلىق قىلغان ئەلىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. يوناتاننىڭ كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمەي قالدى.

[4] يوناتان فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قاراۋۇل ئەترىتى جايلاشقان يەرگە بېرىش ئۈچۈن بوزېز ۋە سەنەھ دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى تىك قىيانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى داۋاندىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى.

5 قىيانىڭ بىرى شىمالغا، يەنى مىكماسقا، يەنە بىرى جەنۇبقا، يەنى گەباغا قاراپ تۇراتتى.
6 - يۈر، بۇ خەتنىسىزلەرنىڭ قاراۋۇل ئەترىتى جايلاشقان يەرگە بارايلى، - دېدى يوناتان قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە، - پەرۋەردىگار بىز ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلسا ئەجەب ئەمەس. چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ بىركىمگە نۇسرەت ئاتا قىلىشى، ئۇ كىشىنىڭ ئادەمنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشىغا باغلىق ئەمەس.
7 - كۆڭلىڭىزدە نېمە ئويلىغان بولسىڭىز، شۇنداق قىلىڭ! نېمە ئىش قىلسىڭىز، مەن سىز بىلەن بىرگە بولىمەن، - دېدى قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچىسى. 8 يوناتان:
- بىز ئۇ تەرەپكە ئۆتەيلى، فىلىستىيەلىكلەر بىزنى كۆرسۇن.
9 ئەگەر ئۇلار بىزگە: «توختاڭلار، بىز سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا بارايلى» دېسە، ئۇلارنىڭ يېنىغا بارماي، ئۆز جايىمىزدا تۇرايلى. 10 ئەگەر: «يېنىمىزغا كېلىڭلار» دېسە، يېنىغا بارايلى. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارنى بىزنىڭ قولىمىزغا تاپشۇرىدىغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى بولىدۇ، - دېدى.
11 ئىككىيلەن بېرىپ، ئۆزلىرىنى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قاراۋۇللىرىغا كۆرسەتكەندى، قاراۋۇللار:
- مانا، ئىبرانىيلار ئۆزلىرىنى يوشۇرغان كامارلاردىن چىقتى، - دېدى. 12 ئاندىن ئۇلار يوناتان بىلەن ئۇنىڭ قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە:
- بۇ ياققا كېلىڭلار، بۇرنۇڭلارنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويايلى، - دېدى.
- ماڭا ئەگىشىپ ماڭ، - دېدى يوناتان قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە، - پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئىسرائىللارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى.
13 يوناتان فىلىستىيەلىكلەر تەرەپكە ئۆمىلەپ، يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى، قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچىسىمۇ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئالدىدىن كەلگەن فىلىستىيەلىكلەرنى يوناتان يەرگە يىقىتتى. ياراغ كۆتۈرگۈچىسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئارقىسىدىن كەلگەن فىلىستىيەلىكلەرنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى.
14 بۇ دەسلەپكى ھۇجۇمدا يوناتان بىلەن ئۇنىڭ قورال-ياراغ

كۆتۈرگۈچىسى تەخمىنەن ئۈچ مو كېلىدىغان كىچىك بىر مەيداندا يىگىرمە ئادەمنى ئۆلتۈردى. [15] تۇساتتىن بارگاھ ۋە دالادىكى فىلىستىيەلىكلەر ئالاقزادە بولۇپ، قاراۋۇللار ۋە زەربىدارلارمۇ قورقۇپ، تىترەپ كېتىشتى، يەرمۇ تەۋرەپ كەتتى. بۇ خۇدادىن كەلگەن قورقۇنچ ئىدى.

## ئىسرائىللارنىڭ فىلىستىيەلىكلەرنى قوغلىشى

[16] سائۇلنىڭ بىنيامىن قەبىلىسىگە تەۋە گىبېئاھ دېگەن يەردىكى قاراۋۇللىرى فىلىستىيەلىكلەر قوشۇنىنىڭ پاراكەندە بولۇپ، ئۇياق-بۇياققا پىتىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. [17] سائۇل ئۇلارغا:
- قاراپ بېقىڭلار، ئارىمىزدا كىملەر يوق ئىكەن؟ - دېدى.
ئۇلار تەكشۈرۈپ بېقىۋىدى، يوناتان بىلەن ئۇنىڭ قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچىسى يوق بولۇپ چىقتى. [18] ئاندىن سائۇل روھانىي ئاخىياغا بۇيرۇپ:
- باش روھانىينىڭ پەرتۇقىدىكى «ئۇرىم» ۋە «تۇممىم»نى ئېلىپ كېلىڭ، - دېدى.
ئۇ ۋاقىتتا ئاخىيا ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا باش روھانىيلىق پەرتۇقنى تاقاپ ماڭاتتى. [19] سائۇل روھانىيغا شۇ سۆزلەرنى دەۋاتقاندا، فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بارگاھىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەندى. ئۇ ئاخىياغا:
- بولدى قىلىڭ، ئەمدى كېرەك ئەمەس، - دېدى.
[20] سائۇل دەرھال ئۆزىگە ئەگەشكەن پۈتۈن خەلقنى يىغىپ، جەڭگاھقا بېرىپ، فىلىستىيەلىكلەرنىڭ نەيزە-قىلىچ بىلەن ئۆزئارا بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىشىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ پاراكەندە بولۇپ كېتىشكەنلىكىنى كۆردى. [21] بۇ چاغدا ئىلگىرى فىلىستىيەلىكلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئىبرانىيلار فىلىستىيەلىكلەرنى تاشلاپ، سائۇل ۋە يوناتانغا ئەگىشىپ كەلگەن ئىسرائىللارغا قوشۇلدى. [22] ئەفرايىم تاغلىق رايونىغا يوشۇرۇنغان ئىسرائىللارمۇ فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، جەڭگە چىقىپ ئۇلارنى قوغلىدى. [23] شۇ كۈنى پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا چوڭ نۇسرەت ئاتا قىلدى. بۇ جەڭ بەيتئاۋەننىڭ يىراق يەرلىرىگىچە يېيىلدى.

## سائۇلنىڭ ئەخمىقانە قەسىمى

[24] ئۇ كۈنى ئىسرائىللار ناھايىتى ھېرىپ، ھالىدىن كەتتى. چۈنكى
سائۇل ئۇلارنى قەسەم قىلدۇرۇپ: «دۈشمەنلىرىمىزدىن ئىنتىقام
ئالماي تۇرۇپ، كەچ كىرگۈچە تائام يېگەن كىشى قارغىشقا كەتسۇن»
دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم ھېچنېمە يېمىدى. [25-26] ئۇلار
ئورمانلىققا يېتىپ بارغاندا، ھەممە يەردە ھەرە كۆنەكلىرىدىن
ئېقىپ چىقىۋاتقان ھەسەللەرنى كۆردى. ئەمما ھېچكىم ھەسەلدىن
ئېلىپ، ئاغزىغا سېلىشقا پېتىنالمىدى، چۈنكى ئۇلار قىلغان
قەسەمدىن قورقۇشتى. [27] لېكىن يوناتان ئاتىسىنىڭ خەلقنى قەسەم
قىلدۇرغانلىقىنى ئاڭلىمىغانىدى. شۇڭا ئۇ قولىدىكى تايىقىنى
ھەرە كۆنىكىگە تىقىپ، ھەسەل ئېلىپ، ئاغزىغا سېلىۋىدى، ئۇ
شۇنچە روھلىنىپ كەتتى. [28] ئەمما كۆپچىلىكتىن بىرەيلەن ئۇنىڭغا:
- ئاتىڭىز خەلقنى قاتتىق قەسەم قىلدۇرۇپ: «بۈگۈن ھەرقانداق
نەرسە يېگەن ئادەم قارغىشقا كەتسۇن» دەپ ئېيتقانىدى، شۇڭا
بىز ھېرىپ، ھالىمىزدىن كەتتۇق، - دېدى.
[29] - ئاتام بىزنى ئېغىر ئەھۋالدا قالدۇرۇپتۇ، - دېدى يوناتان،
- قاراڭلار، مەن بۇ ھەسەلدىن ئازراق تېتىپ بېقىۋىدىم، شۇنچە
روھلىنىپ كەتتىم. [30] ئەگەر بۈگۈن خەلق دۈشمەنلىرىمىزدىن
ئولجا ئالغان نەرسىلەردىن خالىغىنىچە يېگەن بولسا، تېخىمۇ
ياخشى بولماسمىدى؟ بۈگۈن ئۆلتۈرۈلگەن فىلىستىيەلىكلەر
تېخىمۇ كۆپ بولماسمىدى؟
[31] شۇ كۈنى ئۇلار فىلىستىيەلىكلەرنى سۈر-توقاي قىلىپ،
مىكماستىن ئايىيالونغىچە قوغلىدى، ئەمما ھەممەيلەن شۇنچە
ھالسىراپ كەتكەنىدى. [32] شۇڭا ئۇلار ئولجىلارغا ئۆزىنى ئېتىپ،
قوي، كالا ۋە موزايلارنى ئۇدۇل كەلگەن يەردە سويۇپ، قېنىنى
ئېقىتماي گۆشىنى يېدى. [33] بەزىلەر سائۇلغا:
- خەلق قېنى بار گۆشلەرنى يەپ، پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھ
قىلدى، - دېدى. سائۇل ئۇلارغا:
- خۇدا بىلەن تۈزگەن ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىپسىلەر، ئەمدى
دەرھال بۇ يەرگە چوڭ بىر تاشنى دومىلىتىپ ئەكېلىڭلار! [34] سىلەر

خەلقنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارغا: «ھەربىر كىشى ئۆز كالا ياكى قويىنى يېنىمغا ئەكېلىپ، بۇ يەردە سويۇپ يېسۇن. قېنى بار گۆشنى يەپ، پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھ قىلمىسۇن» دەپ ئېيتىڭلار، ــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئۇ كېچىسى ئۆز كالا ياكى قويىنى يېتىلەپ كېلىپ، شۇ يەردە سويدى. [35] سائۇل پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياسىدى، بۇ ئۇنىڭ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ياسىغان تۇنجى قۇربانلىق سۇپىسى ئىدى.

[36] ئاندىن سائۇل ئادەملىرىگە:

ــ كېچىچە فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى تارتىۋالايلى، ھېچبىرىنى تىرىك قويمايلى! ــ دېدى.

ــ سىزگە قانداق قىلىش ياخشى بولسا، شۇنداق قىلىڭ، ــ دېدى ئۇلار. لېكىن روھانىي سۆز قىستۇرۇپ:

ــ بىز ئالدى بىلەن خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلەيلى، ــ دېدى.

[37] سائۇل خۇدادىن:

ــ مەن فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىسام بولامدۇ؟ ئۇلارنى ئىسرائىللارنىڭ قولىغا تاپشۇرامسەن؟ ــ دەپ سورىدى. لېكىن شۇ كۈنى خۇدادىن ھېچ جاۋاب كەلمىدى. [38] شۇڭا سائۇل:

ــ ئەي لەشكەر باشلىرى، ھەممىڭلار بۇ يەرگە كېلىڭلار، بۈگۈن نېمە گۇناھ قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقايلى. [39] مەن ئىسرائىللارغا نۇسرەت بەرگۈچى مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ گۇناھنى قىلغان كىشى ھەتتا ئوغلۇم يوناتان بولسىمۇ ئۆلۈشى كېرەك، ــ دېدى.

لېكىن خەلقتىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. [40] ئاندىن ئۇ پۈتكۈل ئىسرائىللارغا:

ــ سىلەر بىر تەرەپتە تۇرۇڭلار، ئوغلۇم يوناتان ئىككىمىز يەنە بىر تەرەپتە تۇرايلى، ــ دېدى.

ــ سىز نېمىنى ئۇيغۇن كۆرسىڭىز، شۇنى قىلىڭ، ــ دېدى خەلق.

[41] سائۇل پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇداغا:

ـ ئى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، كىمنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەيسەن. ئەگەر گۇناھ مەن ۋە ئوغلۇم يوناتاندا بولسا، چەكتىن «ئۇرىم» چىقسۇن، ئەگەر گۇناھ ئىسرائىل خەلقىدە بولسا، چەكتىن «تۇممىم» چىقسۇن، ـ دېدى.

چەك تاشلاندى، چەك سائۇل بىلەن يوناتانغا چىقتى، خەلق ئاقلاندى. [42] سائۇل:

ـ مەن بىلەن ئوغلۇم يوناتانغا چەك تاشلانسۇن، ـ دېدى. چەك يوناتانغا چىقتى. [43] سائۇل يوناتانغا:

ـ سەن ماڭا نېمە گۇناھ قىلغانلىقىڭنى ئېيتقىن، ـ دېدى. يوناتان:

ـ قولۇمدىكى تاياق بىلەن كىچىككىنە ھەسەل ئېلىپ تېتىپ باقتىم، ئۆلۈشكە رازىمەن، ـ دېدى. [44] سائۇل:

ـ ئەي يوناتان، چوقۇم ئۆلۈشۈڭ كېرەك، بولمىسا خۇدا مېنى قاتتىق جازالايدۇ! ـ دېدى. [45] لېكىن خەلق ئۇنىڭغا:

ـ ئىسرائىللارنى شۇنچىۋالا چوڭ غەلىبە-نۇسرەتكە يەتكۈزگەن يوناتان تۇرسا، ئەجەبا ئۇ ئۆلۈشى كېرەكمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ! بىز مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئۇنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تېگىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن بۈگۈن شۇنچە چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، ـ دېدى.

شۇنداق قىلىپ، خەلق يوناتاننى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. [46] شۇنىڭدىن كېيىن سائۇل فىلىستىيەلىكلەرنى قوغلاشتىن ۋاز كەچتى، فىلىستىيەلىكلەرمۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.

## سائۇلنىڭ جەڭ غەلىبىلىرى

[47] سائۇل ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىنى مۇستەھكەم قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى بارلىق دۈشمەنلىرى بىلەن، يەنى موئابلىقلار، ئاممونلار، ئېدوملۇقلار، زوباھتىكى پادىشاھلار ۋە فىلىستىيەلىكلەر بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇ قايسى يەرگە بارمىسۇن، ھەممە يەردە غەلىبە قىلدى. [48] سائۇل جەڭدە باتۇر ئىدى. ئۇ ئامالەكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىسرائىللارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدى.

[49] سائۇلنىڭ يوناتان، يىشۋى، مالكىشۇۋا ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ قىزىنىڭ ئىسمى مېراب، كىچىك قىزىنىڭ ئىسمى مىكال ئىدى. [50] ئايالىنىڭ ئىسمى ئاخىنوئام بولۇپ، ئاخىمائازنىڭ قىزى ئىدى. سائۇلنىڭ قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى ئابنىر بولۇپ، ئۇ تاغىسى نېرنىڭ ئوغلى ئىدى. [51] سائۇلنىڭ ئاتىسى كىش بىلەن ئابنىرنىڭ ئاتىسى نېر ئابىئېلنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

[52] سائۇلنىڭ پۈتۈن ئۆمرى فىلىستىيەلىكلەر بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىش بىلەن ئۆتتى. شۇڭا سائۇل ھەرقاچان كۈچتۈڭگۈر ياكى باتۇر بىرىنى كۆرسە، ئۇنى ئۆز خىزمىتىگە سالاتتى.

## سائۇلنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنمىغانلىقى

15 [1] سامۇئىل سائۇلغا مۇنداق دېدى:

— بېشىڭغا ياغ قۇيۇپ، سېنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقى بولغان ئىسرائىللارغا پادىشاھلىققا تەيىنلىگىلى پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئادەم مەن بولىمەن. [2] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئىسرائىللار مىسىردىن چىققان چاغدا، ئامالەكلەر ئۇلارغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى جازالايمەن. [3] ئەمدى سەن ئامالەكلەرگە ھۇجۇم قىل. ئۇلارنى ئەر-ئايال، بالىچاقا دەپ ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرماي، ئۇلارنى مال-مۈلۈكلىرى، قوي، كالا، تۆگە ۋە ئېشەكلىرى بىلەن قوشۇپ تەلتۆكۈس يوقات.①»

[4] شۇنىڭدىن كېيىن سائۇل لەشكەرلەرنى تىلائىمغا يىغىپ، ساناقتىن ئۆتكۈزدى. پىيادە لەشكەرلەر سانى يەھۇدا قەبىلىسىدىن ئون مىڭ، ئىسرائىلىيەنىڭ باشقا قەبىلىلىرىدىن بولسا جەمئىي 200 مىڭ چىقتى.

---

① 15: 3 بۇ يەردىكى ئىبرانىيچە سۆزنىڭ مەنىسى: «ئادەم ۋە نەرسىلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتاش».

[5] سائۇل ئامالەكلەرنىڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ، جىلغىدا بۆكتۈرمىدە ياتتى. [6] ئاندىن قېنلارغا: «ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندا، ئۇلارغا مېھرىبانلىق كۆرسەتكەنىدىڭلار، شۇڭا سىلەرنى ئامالەكلەر بىلەن قوشۇپ يوقىتىۋەتمەسلىكىم ئۈچۈن، ئەمدى ئامالەكلەردىن ئايرىلىپ، شەھەردىن چىقىپ كېتىڭلار!» دەپ خەۋەر بەردى.
[7] سائۇل ئامالەكلەرنى خاۋىلا دېگەن يەردىن تاكى مىسىرنىڭ شەرقىدىكى شۇر دېگەن يەرگىچە قوغلاپ يۇرۇپ، قىردى. [8] ئۇ ئامالەكلەرنىڭ پادىشاھى ئاگاگنى تىرىك تۇتۇپ، قالغان پۈتۈن خەلقنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. [9] ئەمما سائۇل بىلەن خەلق ئاگاگنى، شۇنداقلا قىممىتى بار سېمىز كالا، قوي، موزاي ۋە قوزىلارنى ئېلىپ قېلىپ، قىممىتى يوق، ئەرزىمەسلىرىنى بىرىنىمۇ قويماي تەلتۆكۈس ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## سائۇلنىڭ داۋاملىق پادىشاھ بولۇشىنىڭ رەت قىلىنىشى

[10] بۇ چاغدا پەرۋەردىگار سامۇئىلغا مۇنداق دېدى:
[11] ـ سائۇل مەندىن يۈز ئۆرۈپ، ئەمرىمنى ئىجرا قىلمىدى. ئۇنى پادىشاھ قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم.
سامۇئىل بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بەكلا بىئارام بولۇپ، پۈتۈن كېچە پەرۋەردىگارغا نالە-پەرياد قىلىپ چىقتى. [12] سامۇئىل ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، سائۇلنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇنىڭغا: «سائۇل كارمەلگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بىر خاتىرە مۇنارى تىكلەپ، ئاندىن گىلگالغا كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى.
[13] سامۇئىل سائۇلنىڭ يېنىغا باردى. سائۇل ئۇنىڭغا:
ـ پەرۋەردىگار سىزگە بەخت ئاتا قىلغاي! مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلدىم، ـ دېدى. [14] سامۇئىل ئۇنىڭدىن:
ـ قۇلىقىمغا قويلارنىڭ مەرەشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ئاڭلىنىۋاتىدۇ، بۇ نېمە ئىش؟ ـ دەپ سورىدى. [15] سائۇل ئۇنىڭغا:
ـ بۇلار ئادەملىرىمنىڭ ئامالەكلەردىن ئالغان ئولجىلىرىدۇر. ئادەملىرىم پەرۋەردىگارىڭىز خۇداغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن

كالا ۋە قويلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى ساقلاپ قېلىشتى. لېكىن بىز قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەلتۆكۈس يوقاتتۇق، ـ دېدى.
[16] سامۇئىل سائۇلغا قاراپ:
ـ توختاپ تۇر! مەن ساڭا پەرۋەردىگارنىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام ماڭا دېگەن سۆزلىرىنى ئېيتىپ بېرەي، ـ دېدى.
ـ قېنى، مەرھەمەت، ـ دېدى سائۇل. [17] سامۇئىل:
ـ گەرچە سەن ئۆزۈڭنى مۇھىم ئادەم ئەمەس، دەپ ھېسابلاپ يۈرسەڭمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھىدۇرسەن. پەرۋەردىگار سېنىڭ بېشىڭغا ياغ قۇيدۇرۇپ، سېنى ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى قىلدى. [18] پەرۋەردىگار ساڭا: «بارغىن، ئاشۇ گۇناھكار ئامالەكلەرنى تەلتۆكۈس يوقاتقىن، ھەممىسى يوقالمىغۇچە ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغىن» دەپ ئەمر بېرىپ، سېنى يولغا سالغانىدى. [19] سەن نېمە ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلماي، جەڭ ئولجىلىرىنى ئېلىشقا ئالدىراپ، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشنى قىلدىڭ؟ ـ دېدى. [20] سائۇل سامۇئىلغا:
ـ مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلدىم. پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن يولىدا ماڭدىم، ئامالەكلەرنىڭ پادىشاھى ئاگاگنى تۇتۇپ، ئامالەكلەرنى تەلتۆكۈس يوقاتتىم. [21] ئادەملىرىم بولسا: «گىلگالدا پەرۋەردىگار خۇداغا قۇربانلىق قىلايلى» دەپ، تەلتۆكۈس يوقىتىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئولجىلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ياخشى قوي، كالىلارنى تاللاپ ئېلىشتى، خالاس، ـ دېدى. [22] سامۇئىل:
ـ پەرۋەردىگار كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى قىلىشىنى ياخشى كۆرەمدۇ ياكى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشنىمۇ؟ بىلگىنكى، ئىتائەت قىلىش قۇربانلىق قىلىشتىن ياخشىدۇر. پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش قوچقارنىڭ مېيىنى كۆيدۈرۈپ ھەدىيە قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. [23] ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشنىڭ گۇناھى جادۇگەرلىك گۇناھىغا ئوخشاشلا ياماندۇر. جاھىللىق قىلىشنىڭ گۇناھى بولسا، بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ گۇناھىغا ئوخشاشلا ئېغىردۇر. سەن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغانلىقىڭ

ئۈچۈن، پەرۋەردىگارمۇ سېنىڭ داۋاملىق پادىشاھ بولۇشۇڭنى رەت قىلدى، ـ دېدى. [24] سائۇل:
ـ مەن گۇناھ ئۆتكۈزدۈم! مەن خەلقتىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە ۋە سىزنىڭ سۆزىڭىزگە خىلاپلىق قىلدىم. [25] سىزدىن ئۆتۈنەي، گۇناھىمدىن كېچىپ، مەن بىلەن بىرگە قايتسىڭىز، مەن پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلاي، ـ دېدى. [26] سامۇئىل:
ـ مەن سەن بىلەن بىرگە قايتمايمەن. سەن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، پەرۋەردىگارمۇ سېنىڭ داۋاملىق ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى بولۇشۇڭنى رەت قىلدى، ـ دېدى.
[27] سامۇئىل ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ماڭماقچى بولدى. سائۇل ئۇنىڭ تونىنىڭ پېشىنى تارتىۋېدى، تون يىرتىلىپ كەتتى. [28] سامۇئىل سائۇلغا:
ـ پەرۋەردىگار بۈگۈن ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىنى سېنىڭ قولۇڭدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنى سەندىن ياخشىراق بىرسىگە بەردى. [29] ئىسرائىللارنى تاللىغان شان-شەرەپلىك خۇدا يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. ئۇ ئىنسان ئەمەس، ھەرگىز ئىرادىسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ـ دېدى. [30] سائۇل:
ـ مەن گۇناھكارمەن، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، خەلقىمنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قىلىپ، مەن بىلەن بىرگە قايتىڭ. مەن پەرۋەردىگار خۇداغا ئىبادەت قىلاي، ـ دېدى. [31] شۇنىڭدىن كېيىن سامۇئىل سائۇل بىلەن بىرگە قايتتى. سائۇل پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلدى.

## سامۇئىلنىڭ پادىشاھ ئاگاگنى ئۆلتۈرۈشى

[32] سامۇئىل ئامالەكلەرنىڭ پادىشاھى ئاگاگنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئاگاگ ئۆزىچە: «ئەمدى ئۆلۈم خەۋپى ئۆتۈپ كەتتى» دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم ھالدا سامۇئىلنىڭ ئالدىغا كەلدى. [33] سامۇئىل:

ـ سەن قىلىچىڭ بىلەن ئانىلارنى بالىلىرىدىن ئايرىغانىدىڭ، ئەمدى سېنىڭ ئاناڭمۇ ئۆز ئوغلىدىن ئايرىلسۇن، ـ دېدى. ساموئىل ئاگاگنى گىلگالدا پەرۋەردىگار ئالدىدا قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى.
[34] شۇنىڭدىن كېيىن ساموئىل راماھقا قايتتى، سائۇلمۇ گىبېئاھقا، يەنى ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. [35] ساموئىل تاكى ئالەمدىن ئۆتكۈچە سائۇلنى قايتا كۆرمىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈردى. پەرۋەردىگار سائۇلنى ئىسرائىللارغا پادىشاھ قىلغىنىغا پۇشايمان قىلغانىدى.

## خۇدانىڭ داۋۇتنى پادىشاھلىققا تاللىشى

16 [1] پەرۋەردىگار ساموئىلغا مۇنداق دېدى:
ـ مەن سائۇلنىڭ ئىسرائىلىيەگە داۋاملىق پادىشاھ بولۇشىنى رەت قىلغان تۇرسام، سەن تېخىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتامسەن؟ سەن مۈڭگۈزگە زەيتۇن يېغى تولدۇرۇپ، بەيتلەھەملىك يىشاينىڭ ئۆيىگە بارغىن. مەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنى پادىشاھلىققا تاللىماقچىمەن.
[2] ـ مەن قانداق بارىمەن؟ سائۇل ئاڭلاپ قالسا، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ـ دېدى ساموئىل. پەرۋەردىگار:
ـ سەن بىر ئىنەك ئالغاچ بارغىن ۋە: «پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلغىلى كەلدىم» دېگىن. [3] يىشاينى قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى يېيىشكە تەكلىپ قىلغىن. شۇ چاغدا سېنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ بېشىغا ياغ قۇيىدىغانلىقىنى مەن ساڭا دەپ بېرىمەن، ـ دېدى.
[4] ساموئىل پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. ئۇ بەيتلەھەمگە يېتىپ كەلگەندە، يۇرت ئاقساقاللىرى قورقۇنچ بىلەن ئۇنى قارشى ئېلىپ:
ـ تىنچلىق ئۈچۈن كەلدىلىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. [5] ئۇ ئاقساقاللارغا:
ـ شۇنداق، تىنچلىق ئۈچۈن كەلدىم. پەرۋەردىگارغا قۇربانلىق قىلغىلى كەلدىم. ئۆزۈڭلارنى پاكلاپ، مەن بىلەن بىرگە قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى يېيىشكە كېلىڭلار، ـ دېدى.

سامۇئىل يىشاي بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى پاكلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى يېيىشكە تەكلىپ قىلدى.
[6] ئۇلار كەلگەن چاغدا سامۇئىلنىڭ كۆزى ئەلىئابقا چۈشتى. ئۇ ئىچىدە: «پەرۋەردىگارنىڭ تاللىغىنى مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. [7] لېكىن پەرۋەردىگار سامۇئىلغا: «ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئېگىز بەستىگىلا قارىمىغىن، مەن ئۇنى تاللىمىدىم. پەرۋەردىگار ئادەملەرگە ئوخشاش تاشقى كۆرۈنۈشكە ئەمەس، بەلكى قەلبكە قارايدۇ» دېدى.
[8] يىشاي ئۆزىنىڭ ئوغلى ئابىنادابنى سامۇئىلنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. سامۇئىل:
- پەرۋەردىگار ئۇنى تاللىمىدى، - دېدى.
[9] يىشاي شامماھنى سامۇئىلنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. سامۇئىل:
- پەرۋەردىگار ئۇنىمۇ تاللىمىدى، - دېدى.
[10] يىشاي ئۇ يەردىكى يەتتە ئوغلىنىڭ ھەممىسىنى سامۇئىلنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. سامۇئىل:
- پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تاللىماپتۇ، - دېدى. ئاندىن [11] - ئوغۇللىرىڭىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇمۇ؟ - دەپ سورىدى.
- كەنجىسىمۇ بار، ئۇ ھازىر قوي بېقىۋاتىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى يىشاي. سامۇئىل:
- چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىڭ، ئۇ كەلمىگۈچە، داستىخانغا ئولتۇرمايمىز، - دېدى.
[12] يىشاي ئادەم ئەۋەتىپ، داۋۇتنى چاقىرىپ كەلدى. داۋۇت كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان، ئىككى مەڭزى قىزىل، كېلىشكەن بىر يىگىت ئىدى. پەرۋەردىگار سامۇئىلغا:
- دەل مۇشۇ، بېرىپ ئۇنىڭ بېشىغا ياغ قۇيغىن! - دېدى.
[13] سامۇئىل داۋۇتنىڭ بېشىغا ئاكىلىرى ئالدىدا مۇقەددەس زەيتۇن يېغىنى قۇيدى. شۇ كۈندىن تارتىپ، داۋۇتقا پەرۋەردىگارنىڭ روھى چۈشۈشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سامۇئىل راماھقا قايتىپ كەتتى.

## داۋۇتنىڭ پادىشاھ سائۇلنىڭ خىزمىتىدە بولۇشى

[14] پەرۋەردىگارنىڭ روھى سائۇلدىن ئايرىلدى. پەرۋەردىگار ئەۋەتكەن ئازاب روھى ئۇنى قاتتىق ئازابلاشقا باشلىدى. [15] سائۇلنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا:

– ھازىر خۇدا ئەۋەتكەن بىر ئازاب روھىنىڭ ئۆزلىرىنى قاتتىق ئازابلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. [16] ئالىيلىرى، بىزگە لىرانى ياخشى چالىدىغان بىر ئادەم تېپىپ كېلىشكە ئەمر قىلغايلا. پەرۋەردىگاردىن كەلگەن ئازاب روھى سىلىنى ئازابلىغاندا، ئۇ ئادەم كېلىپ لىرا چالسا، ئۆزلىرى ياخشى بولۇپ قالىلا، – دېدى. [17] سائۇل ئەمەلدارلىرىغا:

– ئۇنداقتا، ئۇستا بىر لىراچى تېپىپ ئەكېلىڭلار، – دېدى.

[18] – مەن بەيتلەھەملىك يىشاينىڭ بىر ئوغلىنى كۆرگەندىم. ئۇ لىرا چېلىشقا ماھىر، جەڭدە باتۇر، يۈرەكلىك، سۆزدە دانا، قىياپىتى كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا يار ئىكەن، – دېدى بىر خىزمەتكار.

[19] سائۇل بۇنى ئاڭلاپ، يىشايغا چاپارمەنلىرىنى ئەۋەتىپ: «قويچى ئوغلۇڭ داۋۇتنى يېنىمغا ئەۋەتكىن» دېدى. [20] يىشاي ئوغلى داۋۇتنى بىر ئوغلاق، نان ئارتىلغان بىر ئېشەك ۋە بىر تۇلۇم شاراب بىلەن بىرگە سائۇلغا ئەۋەتتى. [21] داۋۇت سائۇلنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە كىرىشتى. سائۇلنىڭ داۋۇتقا قاتتىق مېھرى چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سائۇل ئۇنى ئۆزىنىڭ قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچىسى قىلىۋالدى. [22] ئاندىن ئۇ يىشايغا: «داۋۇت ماڭا ياراپ قالدى. ئۇ داۋاملىق يېنىمدا قېلىپ خىزمىتىمنى قىلسۇن» دەپ خەۋەر ئەۋەتتى. [23] پەرۋەردىگاردىن كەلگەن ئازاب روھى سائۇلنى ئازابلىغاندا، داۋۇت لىرا چالاتتى. شۇنىڭ بىلەن سائۇل ئارام تېپىپ، ياخشى بولۇپ قالاتتى، ئازاب روھمۇ ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتەتتى.

## گولىياتنىڭ ئىسرائىللارنى ھاقارەتلىشى

17 [1] فىلىستىيەلىكلەر جەڭ قىلىش ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى يىغىپ، يەھۇدا زېمىنىغا تەۋە سوكوھ دېگەن شەھەردە جەم

بولدى. ئۇلار سوكوھ ۋە ئازېقا شەھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
ئەفەس-داممىم دېگەن يەردە بارگاھ قۇردى. [2] سائۇل ئىسرائىلىيە
لەشكەرلىرىنى يىغىپ، ئېلاھ جىلغىسىدا بارگاھ قۇردى. ئۇ
قوشۇنلىرىنى تىزىپ، فىلىستىيەلىكلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا
تەييارلاندى. [3] فىلىستىيەلىكلەر ئۇ تەرەپتىكى تاغدا، ئىسرائىللار
بولسا بۇ تەرەپتىكى تاغدا تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر
جىلغا بار ئىدى.

[4] فىلىستىيەلىكلەر تەرەپتىن گولىيات ئىسىملىك كۈچتۈڭگۈر
بىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ گات شەھىرىدىن بولۇپ، بويىنىڭ
ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىرغا يېقىن كېلەتتى. [5] بېشىغا تۇچ دۇبۇلغا،
ئۇچىسىغا زەنجىر ساۋۇت كىيگەن بولۇپ، ساۋۇتنىڭ ئېغىرلىقى
60 كىلوغا يېقىن كېلەتتى. [6] پاچىقىنىمۇ تۇچ بىلەن قوغدىغان
بولۇپ، ئۆشنىسىدە بىر تۇچ نەيزە بار ئىدى. [7] قولىدىمۇ بىر
نەيزە بولۇپ، ئۇنىڭ دەستىسى رەخت توقۇيدىغان دەستىگاھنىڭ
ئوقىدەك توم ئىدى، تۆمۈر ئۇچىنىڭ ئېغىرلىقى يەتتە كىلو
كېلەتتى. بىر لەشكەر ئۇنىڭ چوڭ قالقىنىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ
ئالدىدا ماڭاتتى.

[8] گولىيات ئىسرائىللارغا قاراپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:
– سىلەر سەپ تۈزۈپ، نېمە قىلماقچىسىلەر؟ مانا مەن
فىلىستىيەلىك، سىلەر سائۇلنىڭ قۇللىرى. قېنى، ئىچىڭلاردىن
بىرەيلەننى تاللاپ، مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتىڭلار. [9] ئەگەر ئۇ مەن
بىلەن ئېلىشىپ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەلىسە، بىز سىلەرگە قۇل بولايلى.
ئەگەر مەن ئۇنى يېڭىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم، سىلەر بىزگە قۇل بولۇپ،
خىزمىتىمىزنى قىلىڭلار.

[10] ئۇ فىلىستىيەلىك سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ:
– مەن بۈگۈن ئىسرائىلىيە قوشۇنىنى شەرمەندە قىلىمەن. قېنى،
مەن بىلەن ئېلىشقىلى بىر ئادەم چىقىرىڭلار! – دېدى.

[11] سائۇل ۋە پۈتۈن ئىسرائىللار بۇ فىلىستىيەلىكنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلاپ، قورقۇشۇپ، ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى.

## يىشاينىڭ داۋۇتنى سائۇلنىڭ بارگاھىغا ئەۋەتىشى

[12] داۋۇت يەھۇدا زېمىنىنىڭ بەيتلەھەم شەھىرىدىكى ئەفراتا جەمەتىدىن بولغان يىشاي دېگەن ئادەمنىڭ بالىسى بولۇپ، يىشاينىڭ سەككىز ئوغلى بار ئىدى. سائۇل ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، يىشاي ياشىنىپ قالغان بولۇپ، كۆپچىلىك ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. [13] يىشاينىڭ ئۈچ چوڭ ئوغلى سائۇل بىلەن جەڭگە چىققانىدى. جەڭگە چىققان تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئەلىئاب، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ئابىناداب، ئۈچىنچىسىنىڭ بولسا شامماھ ئىدى. [14] داۋۇت ئوغۇللارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ چوڭ ئاكىسى سائۇل بىلەن بىرگە جەڭگە چىققانىدى. [15] داۋۇت بەزىدە سائۇلدىن ئايرىلىپ بەيتلەھەمگە قايتىپ، ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى بېقىپ كېلەتتى. [16] ھېلىقى فىلىستىيەلىك گولىيات قىرىق كۈنگىچە ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى چىقىپ، ئۇرۇشۇشقا دەۋەت قىلىپ تۇردى.

[17] بىر كۈنى يىشاي ئوغلى داۋۇتقا:

- ئوغلۇم، سەن ماۋۇ يېرىم خالتا قوماچ بىلەن ئون ناننى بارگاھتىكى ئاكىلىرىڭغا يۈگۈرۈپ ئاپىرىپ بەرگىن. [18] يەنە ماۋۇ ئون بولاق ئىرىمچىكنى ئۇلارنىڭ مىڭ بېشىغا ئاپىرىپ بېرىپ، ئاكىلىرىڭنىڭ ھال-ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، ئۇلاردىن بىرەر نىشانە ئالغاچ كەلگىن، - دېدى.

[19] داۋۇتنىڭ ئۈچ ئاكىسى پادىشاھ سائۇل ۋە باشقا ئىسرائىللار بىلەن بىرلىكتە ئېلاھ جىلغىسىدا فىلىستىيەلىكلەرگە قارشى جەڭ قىلىۋاتاتتى.

[20] داۋۇت ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، قويلىرىنى باشقا بىر پادىچىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئاتىسى يىشاينىڭ تاپىلىغىنى بويىچە يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ بارگاھقا كەلگەندە، ئىسرائىللار قوشۇنى جەڭگە ماڭغان بولۇپ، ھەممەيلەن چۇقان كۆتۈرۈۋاتاتتى. [21] ئىسرائىللار بىلەن فىلىستىيەلىكلەر جەڭ قىلىش ئۈچۈن يۈزمۇيۈز سەپ تۈزۈپ تۇرۇشاتتى. [22] داۋۇت نەرسىلىرىنى تەمىنات باشقۇرغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئالدىن

قوشۇنىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئاكىلىرىغا سالام قىلدى. [23] ئۇ ئاكىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا، گاتلىق كۈچتۈڭگۈر گولىيات فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قوشۇنىدىن چىقىپ، ئاۋۋالقى سۆزلىرىنى يەنە تەكرارلىدى. داۋۇت ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى. [24] ئىسرائىللار گولىياتنى كۆرۈش بىلەنلا ناھايىتى قورقۇشۇپ، ئارقىلىرىغا چېكىنىشتى. [25] ئۇلار بىر-بىرىگە: «ئەنە، ئۇنى كۆردۇڭلارمۇ؟ يەنە ئىسرائىللارنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ. پادىشاھ ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئادەمگە جىق بايلىق ئىنئام قىلىپ، ئۆز قىزىنىمۇ خوتۇنلۇققا بېرىدىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن جەمەتىنى ھەر خىل باج-سېلىقتىن خالاس قىلىدىكەن» دېيىشەتتى. [26] داۋۇت يېنىدا تۇرغانلاردىن:

- بۇ فىلىستىيەلىكنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسرائىللارنى بۇ ھاقارەتتىن خالاس قىلغان كىشى نېمىگە ئېرىشىدىكەن؟ مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ قوشۇنىغا ھاقارەت قىلىدىغان بۇ خەتنىسىز فىلىستىيەلىك ئۆزىنى كىم دەپ ئويلايدىكەن؟ - دەپ سورىدى.

[27] كىشىلەر ئۇنىڭغا، گولىياتنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە بېرىلىدىغان ئىنئاملارنى دەپ بەردى. [28] داۋۇتنىڭ ئەڭ چوڭ ئاكىسى ئەلىئاب داۋۇتنىڭ كىشىلەر بىلەن قىلىشقان سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ:

- نېمىدەپ بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ دالادىكى بار-يوقى بىرقانچە قويلارنى كىمگە تاپشۇردۇڭ؟ مەن سېنىڭ ھاكاۋۇرلۇقۇڭنى ۋە يامان نىيىتىڭنى بىلىمەن. سەن ئەمەلىيەتتە جەڭنى كۆرگىلى كەلدىڭ، - دېدى. [29] داۋۇت بولسا:

- مەن نېمە قىلدىم، سوئال سوراشقا بولمامدۇ؟ - دەپ جاۋاب قايتۇردى [30] ۋە ئاكىسىنىڭ يېنىدىن كېتىپ، باشقا ئادەملەردىن شۇ سوئالنى تەكرار سورىدى. يەنىلا ئوخشاش جاۋابقا ئېرىشتى.

[31] داۋۇتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭ دېگىنىنى سائۇلغا يەتكۈزگەندى، سائۇل داۋۇتنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. [32] داۋۇت سائۇلغا:

ـ ئالىيلىرى، ھېچكىمنىڭ ئاشۇ فىلىستىيەلىكتىن قورقۇپ، ئالاقزادە بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. مەن خىزمەتكارلىرى ئۇ فىلىستىيەلىك بىلەن ئېلىشىشقا چىقىمەن، ـ دېدى.
[33] ـ سەن قانداقمۇ ئۇ فىلىستىيەلىك بىلەن ئېلىشىشقا چىقالايسەن؟ سەن تېخى كىچىك تۇرساڭ، ئۇ بولسا ياش ۋاقتىدىن بېرى جەڭچىدۇر، ـ دېدى سائۇل. [34] داۋۇت مۇنداق دېدى:
ـ ئالىيلىرى، مەن خىزمەتكارلىرى ئاتامنىڭ قويلىرىنى بېقىپ كېلىۋاتىمەن. شىر ياكى ئېيىق كېلىپ قويلاردىن بىرەرسىنى ئېلىپ قاچسا، [35] ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ، ئۇرۇپ، ئېغىزلىرىدىن قويلارنى تارتىۋالىمەن. ئۇلار ماڭا ھۇجۇم قىلسا، ياللىرىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. [36] مەن خىزمەتكارلىرى شىرنىمۇ، ئېيىقنىمۇ ئۆلتۈرگەنمەن. مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ قوشۇنىغا ھاقارەت قىلىۋاتقان ئاۋۇ خەتنىسىز فىلىستىيەلىكنىڭ ئاقىۋىتى ئاشۇ شىر ۋە ئېيىقتەك بولىدۇ. [37] پەرۋەردىگار مېنى شىر ۋە ئېيىقنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالغاندەك، ئاشۇ فىلىستىيەلىكنىڭ چاڭگىلىدىنمۇ قۇتقۇزۇۋالىدۇ، ـ دېدى. سائۇل:
ـ بوپتۇ ئەمىسە، بارغىن! پەرۋەردىگار ساڭا يار بولسۇن، ـ دېدى ۋە [38] ئۆزىنىڭ جەڭ كىيىملىرىنى، يەنى ئۇچىسىغا زەنجىر ساۋۇتنى ۋە بېشىغا تۇچ دۇبۇلغىسىنى كىيدۈرۈپ قويدى. [39] داۋۇت سائۇلنىڭ قىلىچىنى جەڭ كىيىملىرىنىڭ ئۈستىدىن ئاستى-دە، مېڭىپ باقماقچى بولدى، ئەمما بۇرۇن جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ باقمىغاچقا، تۇزۇك ماڭالمىدى، ئۇ سائۇلغا:
ـ مەن بۇ كىيىملەرنى كىيىپ جەڭ قىلالمايمەن، چۈنكى مەن ئۇلارغا ئادەتلەنمىگەن، ـ دېدى ۋە ئۇلارنى سېلىۋەتتى. [40] ئۇ قولىغا تايىقىنى ئالدى ۋە جىلغىدىن بەش دانە سىلىق تاشنى تېرىۋېلىپ، ئۇلارنى پادىچى خالتىسىغا سالدى. ئاندىن ئۇ قولىغا سالغىسىنى ئېلىپ، ئۇ فىلىستىيەلىك تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## داۋۇتنىڭ گولىيات بىلەن ئېلىشىشى

[41] فىلىستىيەلىك گولىياتمۇ داۋۇت تەرەپكە قاراپ يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ قالقان كۆتۈرگۈچىسى ئۇنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى.

[42] گولىيات ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، داۋۇتنى كۆرگەندە ئۇنى كۆزگە ئىلمىدى. چۈنكى ئۇ تېخى ياش، قىزىل يۈزلۈك، كېلىشكەن ياش يىگىت ئىدى. [43] ئۇ داۋۇتقا:

– سەن قولۇڭغا تاياق ئېلىپ، ئالدىمغا كېلىپسەن، مەن ئىتمىدىم؟

– دېدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ناملىرى بىلەن داۋۇتنى قارغىدى. [44] ئۇ يەنە داۋۇتقا مۇنداق دېدى:

– كېلىۋەر، مەن تېنىڭنى ئاسماندىكى قاغا-قۇزغۇنلارغا، دالادىكى ياۋايى ھايۋانلارغا يەم قىلىمەن! [45] داۋۇت ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

– سەن نەيزە-قىلىچ بىلەن ماڭا قارشى تۇرغىلى كېلىپسەن، لېكىن مەن سەن ھاقارەتلەۋاتقان ئىسرائىلىيە قوشۇنىنىڭ خۇداسى، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ساڭا قارشى تۇرغىلى كەلدىم. [46] بۈگۈن پەرۋەردىگار سېنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرىدۇ، سېنى ئۆلتۈرۈپ، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن. شۇنداقلا، فىلىستىيەنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى ئاسماندىكى قاغا-قۇزغۇنلارغا ۋە يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارغا يەم قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئالەمدىكىلەر ئىسرائىللارنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. [47] يەنە بۇ يەرگە يىغىلغان ھەممەيلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقىنى قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن قۇتقۇزمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ، بۇ ئۇرۇش پەرۋەردىگارنىڭ ئۇرۇشىدۇر. ئۇ سىلەرنى بىزنىڭ قولىمىزغا تاپشۇرىدۇ.

[48] گولىيات داۋۇتقا ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن ئالدىغا قاراپ ماڭدى. داۋۇتمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى. [49] داۋۇت خالتىسىدىن بىر تاشنى ئېلىپ، ئۇنى سالغىسىغا سېلىپ ئېتىۋىدى، ئۇ تاش فىلىستىيەلىكنىڭ دەل پېشانىسىگە كىرىپ كەتتى. فىلىستىيەلىك شۇ زامان يەرگە دۈم چۈشتى. [50] شۇنداق قىلىپ، داۋۇت ئۇ فىلىستىيەلىكنى سالغا تېشى بىلەن يەڭدى. ئۇ چاغدا داۋۇتنىڭ قولىدا قىلىچ يوق ئىدى. [51] ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ، فىلىستىيەلىكنىڭ غىلىپىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى، ھەمدە ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋالدى. فىلىستىيەلىكلەر ئۆز پالۋىنىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاچتى. [52] يەھۇدا قەبىلىسىدىن ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ باشقا قەبىلىلىرىدىن كەلگەن لەشكەرلەر ھۇررا

دەپ تووۋلىشىپ، فىلىستىيەلىكلەرنى گات ۋە ئەقرون قوۋۇقىغىچە قوغلاپ باردى. ئۆلتۈرۈلگەن فىلىستىيەلىكلەرنىڭ جەسەتلىرى شائارايىمدىن گات ۋە ئەقرونغىچە بولغان يول ياقلىرىدا ياتاتتى.
[53] ئىسرائىللار فىلىستىيەلىكلەرنى قوغلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بارگاھىنى بۇلاپ-تالىدى. [54] (كېيىن داۋۇت گولىياتنىڭ بېشىنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ قورال-ياراغلىرىنى بولسا ئۆز چېدىرىدا قالدۇردى.)
[55] سائۇل داۋۇتنىڭ ھېلىقى فىلىستىيەلىكنىڭ ئالدىغا ئېلىشىشقا چىققانلىقىنى كۆرۈشى ھامان قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى ئابنېردىن:
– ھەي ئابنېر، بۇ يىگىت كىمنىڭ ئوغلى ئەكەن؟ – دەپ سورىغانىدى.
– ئى پادىشاھى ئالەم، ئالدىڭىزدا قەسەم قىلىمەنكى، مەن راستىنلا بىلمەيدىكەنمەن، – دېگەنىدى ئابنېر.
[56] – سەن بېرىپ سوراپ باققىن، ئۇ يىگىت زادى كىمنىڭ ئوغلى ئىكەن، – دېگەنىدى پادىشاھ.
[57] داۋۇت فىلىستىيەلىكنى ئۆلتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئابنېر ئۇنى سائۇلنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىردى. فىلىستىيەلىكنىڭ بېشى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى.
[58] – ھەي يىگىت، سەن كىمنىڭ ئوغلى بولىسەن؟ – دەپ سورىدى سائۇل.
– مەن بەيتلەھەملىك خىزمەتكارلىرى يىشاينىڭ ئوغلى بولىمەن، – دېدى داۋۇت.

## يوناتاننىڭ داۋۇت بىلەن جانجىگەر دوست بولۇشى

18 [1] داۋۇت بىلەن سائۇلنىڭ سۆھبىتى ئەمدى ئاياغلىشىشى بىلەنلا سائۇلنىڭ ئوغلى يوناتاننىڭ كۆڭلى داۋۇتقا شۇنداق باغلاندىكى، ئۇنى ئۆزىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ قالدى. [2] سائۇل شۇ كۈندىن باشلاپ داۋۇتنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ قالدى. ئۇنى ئاتىسىنىڭ قېشىغا كەتكىلى قويمىدى. [3] يوناتان داۋۇتنى ئۆزىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن

دوستلىششقا ئەھدە قىلدى. 4 يوناتان ئۈستىدىكى تونىنى سېلىپ
داۋۇتقا بەردى، ساۋۇت، قىلىچ، ئوقيا ۋە كەمىرىنىمۇ بەردى.
5 سائۇل داۋۇتنى نەگىلا ۋەزىپىگە تەيىنلىمىسۇن، ئۇ شۇ يەرگە
بېرىپ، ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پۈتتۈرۈپ كېلەتتى. شۇڭا
سائۇل ئۇنى لەشكەر بېشى قىلىپ قويدى، بۇنىڭدىن لەشكەرلەر
ۋە سەركەردىلەر بىردەك مەمنۇن بولدى.

## سائۇلنىڭ داۋۇتقا ھەسەت قىلىشى

6 داۋۇت گولىياتنى ئۆلتۈرۈپ كۆپچىلىك بىلەن بىللە قايتىپ
كەلدى. يول بويى ئىسرائىلىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن
قىز-چوكانلار چىقىپ، شادلىقتا داپ ۋە تارلىق سازلارنى چېلىپ،
قوشاق ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، پادىشاھ سائۇلنى قارشى ئېلىشتى.
7 قىز-چوكانلار: «سائۇل قىردى مىڭلاپ-مىڭلاپ، داۋۇت قىردى
تۈمەن-تۈمەنلەپ» دەپ قوشاققا قېتىپ، ئۇسسۇل ئويناشتى.
8 سائۇل بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى، چۈنكى بۇ قوشاق ئۇنىڭغا
ياقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ:
- ئۇلار تۈمەننى ئۆلتۈرۈشنىڭ شەرىپىنى داۋۇتقا، مىڭنى
ئۆلتۈرۈشنىڭ شەرىپىنى ماڭا بەرگەن بولسا، ئەمدى ئۇنىڭغا
بېرىلمىگىنى شۇ بىر پادىشاھلىقلا قاپتۇ-دە، - دېدى.
9 شۇ كۈندىن باشلاپ سائۇل داۋۇتقا ھەسەت قىلىدىغان بولۇپ
قالدى. 10 ئەتىسى ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز پەرۋەردىگاردىن ئازاب روھى
كېلىپ، ئۇنى ئۆيدە قالايمىقان ۋارقىرايدىغان قىلىپ قويدى. داۋۇت
بولسا ئۇنىڭغا ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك لىرا چېلىپ بەردى. ئۇ
چاغدا سائۇلنىڭ قولىدا نەيزە بار ئىدى. 11 سائۇل: «نەيزە بىلەن
داۋۇتنى تامغا مىخلاپ قويايچۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ
نەيزە ئاتتى. لېكىن داۋۇت ئىككى قېتىم ئۆزىنى نەيزىدىن چەتكە
ئالدى. 12 سائۇل داۋۇتتىن قورقاتتى. چۈنكى پەرۋەردىگار سائۇلدىن
ئايرىلىپ، داۋۇتقا يار بولغانىدى. 13 شۇڭا سائۇل داۋۇتنى ئۆزىنىڭ
يېنىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، لەشكەرلەرگە مىڭ بېشى قىلىپ قويدى.
داۋۇت لەشكەرلەرگە باش بولۇپ جەڭگە باراتتى. 14 پەرۋەردىگار
داۋۇتقا يار بولغاچقا، ئۇ ھەرقانداق ئىشتا نەتىجىگە ئېرىشەتتى.

[15] سائۇل داۋۇتنىڭ ھەممە ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازغانلانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالدى. [16] لېكىن يەھۇدا قەبىلىسىدىن ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ باشقا قەبىلىلىرىدىن كەلگەنلەر داۋۇتقا ئامراق ئىدى، چۈنكى ئۇ جەڭلەردە ئالدىنقى سەپتىكى سەركەردە ئىدى.

## داۋۇتنىڭ سائۇلنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشى

[17] سائۇل داۋۇتقا مۇنداق دېدى:
- سەن ماڭا سادىق بولۇپ، پەرۋەردىگار ئۈچۈن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلساڭ، چوڭ قىزىم مېرابنى ساڭا خوتۇنلۇققا بېرىمەن. سائۇل ئىچىدە: «داۋۇت مېنىڭ قولۇم بىلەن ئەمەس، بەلكى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلسۇن» دەپ ئويلىغانىدى.
[18] - مەن كىم ئىدىم؟ ئۇرۇق-جەمەتىمىز مېنىڭ پادىشاھىمىزغا كۈيئوغۇل بولۇشۇمغا قانداقمۇ ئەرزىسۇن؟ - دېدى داۋۇت.
[19] لېكىن سائۇل قىزىنى مېراب داۋۇتقا ياتلىق قىلىدىغان چاغدا، ئۇنى مېخولالىق ئادرىئىلغا خوتۇنلۇققا بېرىۋەتتى. [20] ۋاھالەنكى، سائۇلنىڭ ئىككىنچى قىزى مىكال داۋۇتقا ئاشىق ئىدى. بۇنىڭدىن سائۇل خەۋەر تېپىپ، خۇشال بولۇپ كەتتى. [21] سائۇل ئىچىدە: «مەن مىكالنى داۋۇتقا بەرسەم، قىزىم ئارقىلىق ئۇنى تۇزاققا چۈشۈرۈپ، فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرىمەن» دەپ ئويلىدى-دە، داۋۇتقا ئىككىنچى قېتىم:
- سەن ماڭا كۈيئوغۇل بولغىن، - دېدى.
[22] سائۇل ئەمەلدارلىرىغا:
- سىلەر داۋۇتقا: «پادىشاھ سېنى ياخشى كۆرىدىكەن، پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ سېنى ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا سەن پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولغىن» دەپ، يوشۇرۇنچە ئېيتىڭلار، - دېدى.
[23] سائۇلنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ سۆزلەرنى داۋۇتقا يوشۇرۇنچە يەتكۈزدى. داۋۇت:
- پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولۇش سىلەرچە شۇنداق كىچىك ئىشمۇ؟ مەن بىر نامرات ۋە ئەرزىمەس ئادەم تۇرسام، - دېدى.

[24] ئەمەلدارلار داۋۇتنىڭ سۆزىنى سائۇلغا يەتكۈزدى. [25] سائۇل
ئەمەلدارلىرىغا:
— سىلەر داۋۇتقا: «پادىشاھ دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئالماقچىكەن.
شۇڭا تويلۇققا پەقەت يۈز فىلىستىيەلىكنىڭ خەتنىلىكىدىن باشقا
ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدىكەن» دەڭلار، — دېدى.
سائۇلنىڭ غەرىزى داۋۇتنى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈش
ئىدى. [26] سائۇلنىڭ ئادەملىرى بۇ گەپنى داۋۇتقا يەتكۈزگەندى،
داۋۇت پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولىدىغانلىقىدىن خۇشال بولدى.
قەرەلى توشۇشتىن بۇرۇن [27] داۋۇت ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى ئېلىپ
بېرىپ، ئىككى يۈز فىلىستىيەلىكنى ئۆلتۈردى. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن
فىلىستىيەلىكلەرنىڭ خەتنىلىكىنى ئېلىپ، تولۇق سانى بىلەن
پادىشاھ سائۇلغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى
بولۇشقا لايىق ئىشنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سائۇل قىزى مىكالنى
داۋۇتقا خوتۇنلۇققا بەردى. [28] سائۇل پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتقا يار
ئىكەنلىكىنى ھەم قىزى مىكالنىڭمۇ داۋۇتقا ئامراق ئىكەنلىكىنى
بىلىپ، [29] داۋۇتتىن تېخىمۇ قورقۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭغا
دۈشمەن بولۇپ ئۆتتى. [30] فىلىستىيەلىك قوشۇنلار قاچانلا ھۇجۇم
قىلمىسۇن، داۋۇت سائۇلنىڭ باشقا سەركەردىلىرىگە قارىغاندا
ئۇرۇشتا كۆپ غەلىبىگە ئېرىشەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ نامى كۈندىن-
كۈنگە شۆھرەت سازاۋەر بولدى.

## سائۇلنىڭ داۋۇتنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشى

19
[1] سائۇل ئوغلى يوناتان ۋە ھەممە ئەمەلدارلىرىغا داۋۇتنى
ئۆلتۈرۈشنى تاپىلىدى. لېكىن سائۇلنىڭ ئوغلى يوناتان
داۋۇتقا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. [2] يوناتان داۋۇتقا:
— ئاتام سائۇل سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەتە ئەتىگەندە
پەخەس بولغىن، دالاغا بېرىپ، بىرەر مەخپىي يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغىن.
[3] مەن ئاتام بىلەن دالادىكى سەن يوشۇرۇنۇۋالغان يەرگە بېرىپ،
ئۇنىڭ بىلەن سەن توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ تۇرىمەن، ئەھۋالغا قاراپ،
ساڭا خەۋەر بېرىمەن، — دېدى.

4 ئەتىسى يوناتان ئاتىسى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا، داۋۇتنى ماختاپ:
- شاھ ئاتا، ئۆز خىزمەتكارىڭىز داۋۇتقا يامانلىق قىلمىسىڭىز، ئۇ سىزگە يامانلىق قىلمىغان تۇرسا، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشى سىزگە كۆپ پايدا ئېلىپ كەلدى. 5 ئۇ جېنىنى تىكىپ قويۇپ، ھېلىقى فىلىستىيەلىكنى ئۆلتۈردى. پەرۋەردىگار ئۇ ئارقىلىق ئىسرائىللارنى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. شۇ چاغدا سىز بۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولغانىدىڭىز. ئەمدى نېمىشقا بىكاردىن-بىكار بىگۇناھ داۋۇتنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئۆزىڭىزنى گۇناھكار قىلماقچى بولىسىز؟ - دېدى.
6 سائۇل يوناتاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەسەم قىلىپ:
- مەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، داۋۇت ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، - دېدى.
7 شۇنىڭدىن كېيىن يوناتان داۋۇتنى چاقىرىپ كېلىپ، بولغان سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى، شۇنداقلا ئۇنى سائۇلنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. داۋۇت ئاۋۋالقىدەكلا سائۇلنىڭ خىزمىتىدە بولدى.
8 ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئۇرۇش بولدى. داۋۇت قوشۇن باشلاپ چىقىپ، فىلىستىيەلىكلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئاخىرىدا فىلىستىيەلىكلەر قېچىپ كېتىشتى.
9 بىر كۈنى سائۇل ئۆيىدە قولىغا نەيزە ئېلىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭغا پەرۋەردىگاردىن ئازاب روھى كەلدى. داۋۇت ئۇنىڭغا لىرا چېلىپ بېرىۋاتاتتى. 10 شۇ چاغدا سائۇل داۋۇتقا نەيزە سانجىپ، ئۇنى تامغا مىخلاپ قويماقچى بولدى. داۋۇت ئۆزىنى چەتكە ئالدى، نەيزە بولسا تامغا كىرىپ كەتتى. داۋۇت شۇ كۈنى كېچىدە ئۆيىگە قېچىپ كەتتى.

## مىكالنىڭ داۋۇتنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشى

11 سائۇل داۋۇتنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتتى. چۈنكى داۋۇتنى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىدى. ئايالى مىكال داۋۇتقا:
- بۈگۈن كېچە جېنىڭىزنى ئېلىپ قاچمىسىڭىز، ئەتە ئۆلتۈرۈلىسىز، - دېدى.

[12] شۇنداق قىلىپ، ئايالى داۋۇتنى دېرىزىدىن قاچۇرۇۋەتتى، داۋۇت قېچىپ قۇتۇلدى. [13] مىكال بىر بۇتنى تۆشەككە ياتقۇزۇپ، بېشىغا ئۆچكە تىۋىتىدىن توقۇلغان ياستۇقنى قويۇپ، ئۈستىگە كىيىملەرنى يېپىپ قويدى. [14] سائۇل تەرىپىدىن داۋۇتنى تۇتۇشقا ئەۋەتىلگەن ئادەملەر كەلگەندە، مىكال ئۇلارغا:

- ئۇ ئاغرىپ قالدى، - دېدى. [15] لېكىن سائۇل ئادەملىرىنى يەنە ئەۋەتىپ، ئۇلارغا:

- ئۇنى ياتقان تۆشىكى بىلەنلا كۆتۈرۈپ كېلىڭلار، مەن ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، - دېدى.

[16] سائۇل ئەۋەتكەن ئادەملەر ئۆيگە كىرىپ، تۆشەكتە ياتقان بۇتنى ۋە بۇتنىڭ بېشىغا قويۇلغان ئۆچكە تىۋىتىدىن توقۇلغان ياستۇقنى كۆردى. [17] شۇنىڭ بىلەن سائۇل مىكالغا:

- سەن نېمىشقا مېنى ئالداپ، دۈشمىنىمنى قاچۇرۇۋېتىسەن؟ - دېدى. مىكال:

- ئۇ ماڭا: «قېچىشىمغا ياردەم قىل، بولمىسا سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېدى، - دەپ جاۋاب بەردى.

[18] داۋۇت قېچىپ قۇتۇلغاندىن كېيىن، راماھقا كېلىپ، سامۇئىل بىلەن كۆرۈشۈپ، سائۇلنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن سامۇئىل بىلەن بىرگە نايوتقا بېرىپ، ئۇ يەردە تۇردى. [19] سائۇل داۋۇتنىڭ راماھتىكى نايوتتا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. [20] شۇنىڭ بىلەن سائۇل داۋۇتنى تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، سامۇئىلنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھاياجانلانغان ھالدا زىكىر قىلىۋاتقان بىر توپ پەيغەمبەرلەرنى كۆردى. شۇ چاغدا خۇدانىڭ روھى سائۇلنىڭ ئادەملىرىگىمۇ چۈشتى ۋە ئۇلارمۇ ھاياجانلانغان ھالدا زىكىر قىلىشقا باشلىدى. [21] سائۇل بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ يەنە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلارمۇ ھاياجانلانغان ھالدا زىكىر قىلىشىپ كەتتى. سائۇل ئۈچىنچى قېتىم ئادەم ئەۋەتكەندە، ئۇلار ھەم شۇنداق قىلىشتى. [22] ئاندىن كېيىن سائۇلنىڭ ئۆزى راماھقا قاراپ يول ئېلىپ، سىكۇدىكى چوڭ قۇدۇقنىڭ بېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كىشىلەردىن:

ـ سامۇئىل بىلەن داۋۇت نەدە، ـ دەپ سورىدى. بىرەيلەن:
ـ راماھتىكى نايوتتا، ـ دەپ جاۋاب بەردى.
[23] شۇنىڭ بىلەن سائۇل راماھتىكى نايوتقا قاراپ ماڭدى. پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇنىڭغىمۇ چۈشتى. ئۇ تاكى راماھتىكى نايوتقىچە ھاياجانلانغان ھالدا زىكىر قىلىپ باردى. [24] ئۇ راموتقا بارغاندىن كېيىن، ئۇمۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، بىر كېچە-كۈندۈز سامۇئىلنىڭ ئالدىدا ھاياجانلانغان ھالدا زىكىر قىلدى. ئۇ يىقىلغان پېتى يالىڭاچ ياتتى. شۇنىڭدىن كېيىن «سائۇلمۇ پەيغەمبەرلەردىنمىدۇ؟» دېگەن سۆز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تارقالدى.

## يوناتاننىڭ داۋۇتقا ياردەم بېرىشى

20 [1] داۋۇت راماھتىكى نايوتتىن قېچىپ چىقىپ، يوناتاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:
ـ مەن نېمە قىلىپتىمەن، نېمە گۇناھىم بار ئىكەن، ئاتاڭ جېنىمنى ئالغۇدەك، ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن؟ ـ دېدى. [2] يوناتان:
ـ خۇدا ساقلىسۇن، سەن ئۆلتۈرۈلمەيسەن. مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك ئىش بولسۇن، ئاتام ماڭا بىلدۈرمەي ئىش قىلمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ بۇ ئىشنى نېمىشقا مەندىن يوشۇرسۇن؟ سەن دېگەندەك بولمايدۇ، ـ دېدى. [3] داۋۇت مۇنداق دېدى:
ـ قەسەم قىلىمەنكى، ئاتاڭ سېنىڭ مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىچىدە: «بۇنى يوناتانغا بىلدۈرمەي، بولمىسا ئۇ ئازابلىنىدۇ» دەپ ئويلىدى. مەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئالدىڭىزدا قەسەم قىلىمەنكى، ئۆلۈمگە پەقەت بىر قەدەملا يىراقتىمەن، ـ دېدى. [4] يوناتان داۋۇتقا:
ـ سەن نېمە قىل دېسەڭ، شۇنى قىلاي، ـ دېدى. [5] داۋۇت ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
ـ ئەتە يېڭى ئاي بايرىمى، مەن پادىشاھنىڭ داستىخىنىدا بولۇشقا مەجبۇرمەن. شۇڭا سەن مېنىڭ ئۆگۈن ئاخشامغىچە دالادا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلغىن. [6] مۇبادا ئاتاڭ مېنىڭ داستىخاندا يوقلۇقۇمنى بىلىپ سوراپ قالسا، سەن: «داۋۇت ماڭا

يالۋۇرۇپ: ‹ماڭا ئۆز شەھىرىم بەيتلەھەمگە تېز بېرىشىمغا ئىجازەت
بەرگىن، چۈنكى ئۇ يەردە پۈتۈن ئۇرۇق-جەمەتىمىز بىرلىكتە
يىللىق قۇربانلىق قىلاتتۇق› دېگەنىدى» دەپ ئېيتقىن. [7] ئەگەر
ئۇ: «ئوبدان بوپتۇ!» دېسە، مەن تىنچ-ئامان قالىمەن؛ ئەگەر
ئۇ قاتتىق خاپا بولسا، بىلگىنكى، ئۇ ماڭا قەتئىي زىيانكەشلىك
قىلىش نىيىتىگە كەلگەن بولىدۇ. [8] پەرۋەردىگار ئالدىدا قىلغان
دوستلۇق ئەھدىمىزنى ئېسىڭگە ئېلىپ، ماڭا مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسەتكەيسەن. لېكىن مەندە گۇناھ بار دەپ قارىساڭ، مېنى ئاتاڭغا
تۇتۇپ بەرمەي، ئۆزۈڭلا ئۆلتۈرۈۋەتكىن.
[9] ــ خۇدا ساقلىسۇن، ــ دېدى يوناتان، ــ ئەگەر مەن ئاتامنىڭ ساڭا
زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتى بارلىقىنى بىلسەم، ساڭا ئېيتماسمەنمۇ؟
[10] ــ ئەگەر ئاتاڭ قاتتىق غەزەپلەنسە، كىم ماڭا خەۋەر بېرىدۇ؟
ــ دېدى داۋۇت.
[11] ــ يۈرە، دالاغا چىقايلى، ــ دېدى يوناتان ۋە ئىككىسى دالاغا
چىقىپ كەتتى. [12] ئاندىن ئۇ داۋۇتقا:
ــ پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا ماڭا گۇۋاھ
بولسۇنكى، ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە ئالاھازەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئاتامنىڭ
نىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىمەن. ئەگەر ئاتام ساڭا
ياخشى نىيەتتە بولسا، مەن ساڭا خەۋەر بېرىمەن. [13] ئەگەر ئۇ ساڭا
زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىدە بولسا، لېكىن مەن ساڭا خەۋەردار
قىلماي، سېنىڭ ئامان-ئېسەن قېچىشىڭغا ياردەم قىلمىسام،
پەرۋەردىگار مېنى قاتتىق جازالىسۇن! پەرۋەردىگار ئىلگىرى ئاتامغا
يار بولغاندەك ساڭىمۇ يار بولسۇن! [14] پەرۋەردىگار ماڭا مېھىر-
مۇھەببەت كۆرسەتكىنىدەك، سەنمۇ ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە
ھەر دائىم ماڭا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتكىن. ئەگەر مەن
ئۆلۈپ كەتسەم، [15] پەرۋەردىگار ھەتتا بارلىق دۈشمەنلىرىڭنى
يەر يۈزىدىن يوقاتقان تەقدىردىمۇ، سەن مېھىر-مۇھەببىتىڭنى
ئەۋلادلىرىمدىن مەڭگۈگە ئۈزمىگىن، ــ دېدى ۋە [16] داۋۇت بىلەن
ئەھدە قىلدى. يوناتان يەنە:
ــ ئەگەر ئەۋلادلىرىڭ ئەھدىمىزگە ۋاپاسىزلىق قىلسا، پەرۋەردىگار
ئۇلاردىن ھېساب ئالغاي، ــ دېدى.

[17] يوناتان داۋۇتنى ئۆزىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان دوستلۇقىنى يەنە بىر قېتىم تەستىقلىتىش ئۈچۈن ئۇنى قەسەم قىلدۇردى. [18] يوناتان داۋۇتقا مۇنداق دېدى:

ـ ئەتە يېڭى ئاي بايرىمى، داستىخاندىكى ئورنۇڭ بوش قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر سېنىڭ يوقلۇقۇڭنى بىلىپ قالىدۇ. [19] ئۆگۈنلۈككە سەن ئىلگىرى يوشۇرۇنغان يەرگە بېرىپ، تاش دۆۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدا ساقلاپ تۇرغىن. [20] مەن تاش دۆۋىلىرىنىڭ يېنىغا خۇددى بىر نىشانغا ئاتقاندەك ئۈچ قېتىم يا ئوقى ئاتىمەن. [21] ئاندىن مەن خىزمەتكار بالىغا: «سەن بېرىپ يا ئوقلىرىنى تاپقىن» دەيمەن. ئەگەر مەن ئۇنىڭغا: «قارا، يا ئوقلىرى سېنىڭ يېنىڭدا، ئۇلارنى ئەكەلگىن» دېسەم، سەن چىقساڭ بولىدۇ. مەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ئامان قالىسەن، ساڭا خەۋپ-خەتەر كەلمەيدۇ. [22] ئەگەر مەن خىزمەتكار بالىغا: «قارا، يا ئوقلىرى سېنىڭ ئالدىڭدا» دېسەم، سەن كەتكىن. چۈنكى ئۇ چاغدا پەرۋەردىگار سېنى يولغا سالغان بولىدۇ. [23] بىزنىڭ قىلغان ئەھدىمىزگە پەرۋەردىگار مەڭگۈ گۇۋاھ بولسۇن.

[24] شۇنداق قىلىپ، داۋۇت دالاغا بېرىپ يوشۇرۇندى. يېڭى ئاي بايرىمىدا پادىشاھ غىزالانغىلى داستىخانغا ئولتۇردى. [25] ئۇ ئادىتى بويىچە تام يېنىدىكى ئورۇندىن جاي ئالدى. يوناتان پادىشاھنىڭ ئۇدۇلىدا، ئابنىر پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. داۋۇتنىڭ ئورنى بولسا بوش قالدى. [26] لېكىن پادىشاھ ئۇ كۈنى ھېچنېمە دېمىدى. ئەمما كۆڭلىدە: «بەلكىم ئۇ ناپاك بىر ئىش قىلىپ قالغاندۇ، ئۇ چوقۇم پاك ئەمەس» دەپ، ئويلاپ ئولتۇردى. [27] يېڭى ئاي بايرىمىنىڭ ئىككىنچى كۈنىمۇ داۋۇتنىڭ ئورنىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆرگەن سائۇل يوناتاندىن:

ـ يىشاينىڭ ئوغلى نېمىشقا تۈنۈگۈنمۇ، بۈگۈنمۇ غىزاغا كەلمىدى؟ ـ دەپ سورىدى. [28] يوناتان مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ داۋۇت بەيتلەھەمگە بارسام دەپ، مەندىن رۇخسەت سوراپ يالۋۇردى. [29] ئۇ ماڭا: «ماڭا ئىجازەت بەرگىن، چۈنكى ئۇ شەھەردە ئۇرۇق-جەمەتىمىز بىلەن بىرگە قۇربانلىق قىلاتتۇق، ئاكام بېرىشىمنى بۇيرۇغانىدى. ماڭا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئاكىلىرىم

بىلەن كۆرۈشۈشۈمگە ئىجازەت بەرگىن» دېدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ پادىشاھىمىز بىلەن ھەمداستىخان بولالمىدى. [30] سائۇل يوناتانغا قاتتىق غەزەپلىنىپ:
ـ ھەي بۇزۇق، ئاسىي خوتۇننىڭ بالىسى، مېنى سېنىڭ يەششاينىڭ ئوغلى بىلەن بىر تەرەپتە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ سەن بۇ قىلىقىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى ۋە سېنى تۇغقان ئاناڭنى شەرمەندە قىلىۋاتىسەن. [31] يەششاينىڭ ئوغلى دۇنيادا ھاياتلا بولىدىكەن، سەن ئۆزۈڭنىمۇ، پادىشاھلىقىڭنىمۇ ساقلاپ قالالمايسەن. شۇڭا سەن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى تۇتۇپ، ئالدىمغا ئەكەل، ئۇ ئۆلۈشى كېرەك، ـ دېدى.
[32] ـ ئۇ نېمىشقا ئۆلۈشى كېرەك، ئۇ نېمە گۇناھ قىلدى؟ ـ دېدى يوناتان ئاتىسى سائۇلغا.
[33] سائۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئوغلى يوناتاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن نەيزىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. يوناتان ئاتىسىنىڭ داۋۇتنى قەتئىي ئۆلتۈرۈش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى. [34] يوناتان قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، داستىخاندىن ئىرغىپ تۇرۇپ، كېتىپ قالدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ داۋۇتنى ھاقارەتلىگەنلىكىدىن كۆڭلى غەش بولدى. ئۇ يېڭى ئاي بايرىمىنىڭ ئىككىنچى كۈنى بىر كۈن غىزا يېمىدى.
[35] يوناتان ئەتىسى ئەتىگەندە داۋۇت بىلەن پۈتۈشۈپ قويغان ۋاقىتتا بىر بالىنى ئەگەشتۈرۈپ دالاغا باردى. [36] ئۇ بالىغا:
ـ بارغىن، مەن ئاتقان يا ئوقىنى تېپىپ ئەكەلگىن ـ دېدى. بالا يۈگۈرۈپ كەتتى. يوناتان يا ئوقىنى كېتىۋاتقان بالىنىڭ ئالدىغا ئاتتى. [37] بالا يا ئوقى چۈشكەن يەرگە بارغاندى، يوناتان ئۇنىڭغا:
ـ يا ئوقى سېنىڭ ئالدىڭدا، [38] تېز يۈگۈر، توختاپ قالما، ـ دەپ توۋلىدى. بالا يا ئوقلىرىنى يىغىپ خوجايىنىغا ئەكېلىپ بەردى. [39] بالا ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەتلا يوناتان بىلەن داۋۇت بىلەتتى. [40] يوناتان ئۆزىنىڭ ئوقياسىنى بالىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:
ـ بۇلارنى ئېلىپ، شەھەرگە كىرىپ كەتكىن، ـ دېدى.
[41] بالا كەتكەندىن كېيىن، داۋۇت تاش دۆۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، يەرگە باش قويۇپ، ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى. ئىككىسى

قوغلاپ چىقىلىشىپ يىغلاشتى، داۋۇت بولسا قاتتىق يىغلاپ كەتتى.
42 يوناتان داۋۇتقا:
- بىز پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ، «پەرۋەردىگار ئىككىمىزنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ دوستلۇقىغا مەڭگۈ گۇۋاھ بولسۇن» دېگەنىدۇق. ئەمدى سەن يولۇڭغا ماڭغىن، ئامان-ئېسەن بولغىن! - دېدى.
شۇنىڭ بىلەن داۋۇت كەتتى، يوناتانمۇ شەھەرگە قايتتى.

## داۋۇتنىڭ سائۇلدىن قېچىپ يۈرۈشى

21 1 داۋۇت نوب دېگەن شەھەرگە كېلىپ، روھانىي ئاخىمەلەكنىڭ يېنىغا باردى. ئاخىمەلەك ئۇنى قورقۇنچ ئىچىدە كۈتۈۋالدى.
- نېمىشقا يالغۇز كەلدىڭىز، ئادەملىرىڭىز يوقمۇ؟ - دەپ سورىدى ئاخىمەلەك. 2 داۋۇت:
- پادىشاھ ماڭا بىر ئىشنى بۇيرۇپ: «مەن ساڭا بۇيرۇغان ئىشنى ھېچكىم بىلمىسۇن» دېگەنىدى. شۇڭا مەن ئادەملىرىمگە مەلۇم جايدا ساقلاپ تۇرۇڭلار دەپ تاپىلاپ قويۇپ كەلدىم. 3 يېگۈدەك نېمىڭىز بار؟ بەش نان ياكى باشقا يېگۈدەك نەرسىڭىز بولسا بېرىڭ، - دېدى. 4 روھانىي:
- مەندە ئادەتتىكى نان يوق، پەقەت مۇقەددەس نانلا بار. سىز ئۇنىڭغا پەقەت ئادەملىرىڭىز يېقىندىن بېرى ئۆزلىرىنى ئايال زاتىدىن نېرى تۇتقان بولسىلا ئېرىشەلەيسىز، - دەپ جاۋاب بەردى.
5 - ئەلۋەتتە ئاياللارغا يېقىنلاشمىدۇق، - دېدى داۋۇت، - بىز ئادەتتە ۋەزىپىگە ئاتلانغاندا، ئۆزلىرىمىزنى پاك تۇتىمىز. بۇ قېتىم ئالاھىدە ۋەزىپىگە چىققانلىقىمىز ئۈچۈن، تېخىمۇ شۇنداقتۇر.
6 شۇنىڭدىن كېيىن روھانىي باشقا نان بولمىغاچقا، داۋۇتقا مۇقەددەس نانلاردىن بەردى. بۇ نانلار پەرۋەردىگارغا ئاتالغان بولغاچقا، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، يېڭى نان كەلگەندە، ئۇ يەردىن ئېلىۋېتىلگەنىدى. 7 شۇ كۈنى سائۇلنىڭ ئىدوملۇق پادىچىلار بېشى دوئېگمۇ ئۇ يەردە بولۇپ، ئۇ پاكلىنىش مەرىكىسى ئۈچۈن كەلگەنىدى. 8 داۋۇت ئاخىمەلەك:

- سىزدە قىلىچ ياكى نەيزە بارمۇ؟ پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى جىددىي بولغاچقا، يېنىمغا يا قىلىچ، يا نەيزە ئېلىۋالماپتىمەن - دېدى.
[9] - سىز ئېلاھ جىلغىسىدا ئۆلتۈرگەن فىلىستىيەلىك گولىياتنىڭ قىلىچى بۇ يەردە، يەنى روھانىيلىق پەرتۇقى قويۇلغان جاينىڭ كەينىدە ماتاغا يۆگەكلىك تۇردۇ. خالىسىڭىز شۇنى ئېلىڭ، ئۇنىڭدىن باشقا قورال-ياراغ يوق، - دېدى روھانىي. داۋۇت:
- ئۇنىڭدىن ياخشى قىلىچ يوق، شۇنى ماڭا بېرىڭ، - دېدى.

## داۋۇتنىڭ فىلىستىيەلىكلەرنىڭ شەھىرى گاتقا قېچىشى

[10] شۇ كۈنى داۋۇت سائۇلدىن قېچىپ، گاتنىڭ پادىشاھى ئاكىشنىڭ يېنىغا باردى. [11] پادىشاھ ئاكىشنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا:
- بۇ ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھى داۋۇتقۇ؟ ئىسرائىلىيەدىكى ئاياللار: «سائۇل قىردى مىڭلاپ-مىڭلاپ، داۋۇت قىردى تۈمەن-تۈمەنلەپ» دەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشمىغانمىدى؟ - دېدى.
[12] داۋۇت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، گاتنىڭ پادىشاھى ئاكىشنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن بەك قورقتى. [13] شۇڭا ئۇ ئۇلار بار يەردە ئەتەي ساراڭلىق قىلىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا قالايمىقان يېزىپ-سىزىپ، ساقىلىغا شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ يۈردى. [14] ئاكىش ئەمەلدارلىرىغا:
- قاراڭلار، بۇ ئادەم ساراڭ ئىكەن، نېمىدەپ ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلدىڭلار؟ [15] ماڭا ساراڭ كەم بولۇپ قاپتىمۇ؟ ئۇنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا ساراڭلىق قىلىپ بەرسۇن، دەپ ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ؟ بۇ ئادەمنى ئوردامدىن يىراق قىلىڭلار! - دېدى.

## داۋۇتنىڭ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشى

22 [1] داۋۇت ئۇ يەردىن قېچىپ، ئادۇللام شەھىرىنىڭ يېنىدىكى غاردا پاناھلاندى. ئۇنىڭ ئاكىلىرى ۋە ئاتا جەمەتىدىكىلەر بۇنى ئاڭلاپ، شۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. [2] شۇنىڭ بىلەن بېشىغا كۈن چۈشكەن، قەرزگە بوغۇلغان ۋە نارازىلىقى بولغان ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلىشتى.

شۇنداق قىلىپ، داۋۇت ئۇلارغا يولباشچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر تۆت يۈزچە كىشى ئىدى. [3] داۋۇت ئۇ يەردىن موئاب زېمىنىدىكى مىزپاھ دېگەن شەھەرگە كېلىپ، موئاب پادىشاھىغا:
- خۇدانىڭ ماڭا قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشى بارلىقىنى بىلگۈچە، ئاتا-ئانامنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلسىلا، - دەپ ئىلتىجا قىلدى. [4] شۇنداق قىلىپ، داۋۇت ئاتا-ئانىسىنى موئاب پادىشاھىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ تاغدىكى غاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن مەزگىلدە، ئاتا-ئانىسى ئۇ يەردە تۇردى. [5] گاد پەيغەمبەر داۋۇتقا:
- تاغدىكى غاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرمەي، يەھۇدا زېمىنىغا بارغىن، - دېدى.
شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئۇ يەردىن كېتىپ، خەرەت ئورمانلىقىغا باردى.

## سائۇلنىڭ نوبتىكى روھانىيلارنى ئۆلتۈرۈشى

[6] سائۇلغا داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ تېپىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا سائۇل گىبېئاھ تۆپىلىكىدىكى بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە قولىدا نەيزىسىنى تۇتقان ھالدا ئولتۇراتتى، ئەمەلدارلىرى بولسا ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇشاتتى. [7] سائۇل ئەتراپىدىكىلەرگە:
- ھەي بىنيامىن قەبىلىسىدىن كەلگەن ئادەملىرىم، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان يىشاينىڭ ئوغلى داۋۇت سىلەرگە ئۈزۈمزارلىق ۋە ئېتىزلارنى بېرەرمىدى، سىلەرنى قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى قىلارمىدى؟ [8] سىلەر ماڭا قارشى تىل بىرىكتۈرۈۋاتىسىلەر. ئاراڭلاردىن ھېچكىم ماڭا ئوغلۇم يوناتاننىڭ يىشاينىڭ ئوغلى بىلەن ئەھدە قىلغانلىقىنى ئېيتمىدى، ھېچكىم ماڭا كۆڭۈل بۆلمىدى. ھېچقانداق ئادەم ماڭا ئۆز ئوغلۇمنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن داۋۇتنىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلىشنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتمىدى، - دېدى.
[9] شۇ چاغدا ئەمەلدارلار ئارىسىدا تۇرغان ئېدوملۇق دوئېگ سائۇلغا:

ـ مەن يىشاينىڭ ئوغلى داۋۇتنىڭ نوبتىكى ئاختۇبنىڭ ئوغلى روھانىي ئاخىمەلەكنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. [10] ئاخىمەلەك داۋۇت ھەققىدە پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭغا تائام ۋە فىلىستىيەلىك گولىياتنىڭ قىلىچىنى بەردى، ـ دېدى.

[11] پادىشاھ سائۇل روھانىي ئاخىمەلەكنى ۋە ئۇنىڭ ئاتا جەمەتىنىڭ ھەممىسىنى، يەنى نوبتىكى روھانىيلارنى چاقىرتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. [12] سائۇل:

ـ ھەي ئاختۇبنىڭ ئوغلى، سۆزۈمگە قۇلاق سال، ـ دېدى.

ـ مانا مەن، ئالىيلىرى، ـ دەپ جاۋاب بەردى ئاخىمەلەك. [13] سائۇل:

ـ سەن نېمىشقا يىشاينىڭ ئوغلى بىلەن ماڭا قارشى تىل بىرىكتۈردۈڭ؟ سەن نېمىشقا ئۇنىڭغا نان بىلەن قىلىچ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلدىڭ؟ مانا ئەمدى ئۇ ماڭا قارشى چىقىپ، ھۇجۇم قىلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا! ـ دېدى.

[14] ئاخىمەلەك سائۇلغا جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:

ـ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىچىدە سىلىگە داۋۇتتىن سادىق كىم بار؟ ئۇ سىلىنىڭ كۈيئوغۇللىرى ھەم ئوردىدىكى ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىرى ئىچىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر كىشىدۇر. [15] توغرا، مەن داۋۇت ھەققىدە پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلدىم. ئالىيلىرى، بۇ مەن خىزمەتكارلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىم ئىلتىجا قىلىشى ئەمەس. داۋۇتنىڭ يامان نىيىتىدىن ھېچ خەۋىرىم يوق. بۇ ئىشتا مېنى ياكى ئاتا جەمەتىمنى ئەيىبلىمىسىلە.

[16] پادىشاھ سائۇل:

ـ ھەي ئاخىمەلەك، سەن ۋە ئاتا جەمەتىڭنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇرسىلەر! ـ دېدى. [17] ئاندىن ئۇ ئەتراپىدىكى ياساۋۇللىرىغا مۇنداق دەپ بۇيرۇدى:

ـ پەرۋەردىگارنىڭ روھانىيلىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار داۋۇت تەرەپتە تۇردى. ئۇلار داۋۇتنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ماڭا ئېيتمىدى!

سائۇلنىڭ ياساۋۇللىرى پەرۋەردىگارنىڭ روھانىيلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن باش تارتتى. [18] بۇ چاغدا پادىشاھ سائۇل دوئېگقا:

ـ سەن بېرىپ، روھانىيلارنى ئۆلتۈر! ـ دېدى.

شۇ كۈنى ئېدوملۇق دوئېگ زىغىر رەختتىن تىكىلگەن روھانىيلىق
پەرتۇقنى تاقىغان 85 روھانىينى ئۆزى يالغۇز ئۆلتۈردى. [19] ئۇ يەنە
روھانىيلار شەھىرى نوبتىكى ئەر-ئايال، بالىچاقا، ئەمچەكتىكى
بوۋاقتىن تارتىپ پۈتۈن كىشىلەرنى قىرىپ تاشلىدى ھەتتا كالا،
ئېشەك ۋە قويلارنىمۇ ئۆلتۈردى.
[20] ئاختۇبنىڭ ئوغلى ئاخىمەلەكنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەبىياتار
قېچىپ، داۋۇتنىڭ قېشىغا كەلدى. [21] ئۇ پادىشاھ سائۇلنىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ روھانىيلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى داۋۇتقا دەپ
بەردى. [22] داۋۇت ئەبىياتارغا:
– ئۇ كۈنى ئېدوملۇق دوئېگنىڭ نوب شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى
كۆرۈپ، ئۇنىڭ سائۇلغا چوقۇم خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم.
ئاتا جەمەتىڭدىكى ھەربىر جاننىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم.
[23] ئەمدى سەن يېنىمدا قالغىن، قورقمىغىن. مېنىڭ جېنىمنى
ئالماقچى بولغانلار سېنىڭ جېنىڭنىمۇ ئالىدۇ. سەن مېنىڭ يېنىمدا
ئامان-ئېسەن تۇرىسەن، – دېدى.

## داۋۇتنىڭ قېيلاھ شەھىرىنى قۇتقۇزۇشى

23
[1] داۋۇتقا فىلىستىيەلىكلەر قېيلاھ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ،
خامانلاردىكى ئاشلىقلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋېتىپتۇ، دېگەن
خەۋەر يېتىپ كەلدى. [2] شۇ سەۋەبتىن داۋۇت پەرۋەردىگاردىن:
– مەن بېرىپ، ئۇ فىلىستىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇشايمۇ؟ – دەپ
سورىدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
– سەن بېرىپ، فىلىستىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، قېيلاھنى
قۇتقۇزغىن، – دېدى. [3] داۋۇتنىڭ ئادەملىرى بولسا داۋۇتقا:
– بىز يەھۇدا زېمىنىدا تۇرۇپ، فىلىستىيەلىكلەردىن قورقۇۋاتساق،
ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلغىلى قېيلاھقا بارىمىزمۇ تېخى؟
– دېيىشتى.
[4] داۋۇت يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىنى سورىدى. پەرۋەردىگار
ئۇنىڭغا:
– سەن قېيلاھقا بارغىن، فىلىستىيەلىكلەرنى سېنىڭ قولۇڭغا
تاپشۇرىمەن، – دەپ جاۋاب بەردى.

[5] شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى قېيلاھقا بېرىپ، فىلىستىيەلىكلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى تارتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، داۋۇت قېيلاھ ئاھالىسىنى قۇتقۇزدى.

## سائۇلنىڭ داۋۇتنىڭ كەينىدىن قوغلىشى

[6] ئاخىمەلەكنىڭ ئوغلى ئەبىياتار قېيلاھتا تۇرغان داۋۇتنىڭ يېنىغا قېچىپ بارغاندا، ئۇ ئۆزى بىلەن بىرگە روھانىيلىق پەرتۇقنى ① ئېلىۋالغانىدى. [7] سائۇلغا داۋۇت قېيلاھقا كېلىپتۇ دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، سائۇل:

ـ داۋۇت سېپىللىرىغا دەرۋازا ئورنىتىلىپ، بالداق بېكىتىلگەن شەھەرگە كىرىپ سولىنىپ قاپتۇ. بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرغانلىقى ـ دېدى.

[8] سائۇل داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قورشاۋغا ئېلىش مەقسىتىدە ھەممە لەشكەرلىرىنى قېيلاھقا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. [9] داۋۇت سائۇلنىڭ ئۆزىنى قەستلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئەبىياتارغا:

ـ روھانىيلىق پەرتۇقنى ئەكەلگىن، ـ دېدى. [10] ئاندىن ئۇ خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ، مۇنداق دېدى:

ـ ئى پەرۋەردىگار، ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا! سائۇلنىڭ مېنى دەپ قېيلاھقا كېلىپ، پۈتۈن شەھەرنى خاراب قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىدىم. [11] قېيلاھنىڭ خەلقى مېنى سائۇلنىڭ قولىغا تاپشۇرارمۇ؟ سائۇل مەن ئاڭلىغاندەك قېيلاھ شەھىرىگە كېلەرمۇ؟ ئى پەرۋەردىگار، ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مەن خىزمەتكارىڭغا يول كۆرسەتكەيسەن!

پەرۋەردىگار:

ـ سائۇل چوقۇم كېلىدۇ، ـ دېدى.

---

① 23: 6 روھانىيلىق پەرتۇقى ـ باش روھانىي ئىشلىتىدىغان ئالاھىدە بىر خىل كىيىم بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكرەكلىكىدە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مۇقەددەس چەك بولىدۇ.

[12] - قىيلاھنىڭ خەلقى مېنى ۋە ئادەملىرىمنى سائۇلنىڭ قولىغا
تاپشۇرارمۇ؟ - دېدى داۋۇت يەنە. پەرۋەردىگار:
- چوقۇم تاپشۇرىدۇ، - دېدى.
[13] شۇڭا داۋۇت ۋە ئۇنىڭ تەخمىنەن ئالتە يۈز ئادىمى قىيلاھتىن
چىقىپ، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئايلىنىپ مېڭىپ يۈردى. بەزىلەر بۇ
ئەھۋالنى سائۇلغا يەتكۈزدى. سائۇل قىيلاھقا بېرىشتىن ۋاز كەچتى.
[14] داۋۇت چۆلدە، تاغلاردا، يەنى زىف چۆلىدىكى غارلاردا يوشۇرۇنۇپ
تۇردى. سائۇل داۋۇتنى ھەر كۈنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، پەرۋەردىگار
ئۇنىڭ داۋۇتنى تۇتۇۋېلىشىغا يول قويمىدى. [15] داۋۇت زىف
چۆلىدىكى خوراش دېگەن جايدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ سائۇلنىڭ
ئۆزىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى
ئاڭلىدى. [16] سائۇلنىڭ ئوغلى يوناتان ئۇ يەرگە بېرىپ، داۋۇت بىلەن
كۆرۈشتى ھەمدە ئۇنىڭ خۇداغا بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتتى.
[17] يوناتان ئۇنىڭغا،
- قورقما، ئاتام ھېچقاچان ساڭا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. سەن
ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھى بولىسەن، مەن سەندىن قالساملا ئىككىنچى
ئورۇندىكى ئادەم بولىمەن. بۇنى ئاتاممۇ ئوبدان بىلىدۇ، - دېدى.
[18] ئۇ ئىككىسى پەرۋەردىگار ئالدىدا چىن دوستلۇق ئۈچۈن
ئەھدە قىلدى. يوناتان ئۆيىگە كەتتى، داۋۇت بولسا ئاۋۋالقىدەكلا
خوراشتا تۇرۇپ قالدى.
[19] زىفلىقلار گىبئاھقا بېرىپ، سائۇل بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا:
- داۋۇت ئارىمىزدا، يەنى يېشىمون چۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى خاكىلا
دېگەن ئېگىزلىكتىكە جايلاشقان خوراشتىكى غارلاردا يوشۇرۇنۇپ
يۈرۈپتۇ. [20] ئالىيلىرى، خالىغان چاغلىرىدا يولغا چىقسىلا، داۋۇتنى
قوللىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز، - دېيىشتى. [21] سائۇل:
- ماڭا كۆڭۈل بۆلگىنىڭلار ئۈچۈن، پەرۋەردىگار سىلەرگە
بەخت ئاتا قىلسۇن. [22] ئەمدى سىلەر يەنە بېرىپ، ئۇنىڭ قەيەردە
تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنى كىمنىڭ كۆرگەنلىكىنى ئېنىقلاپ بېقىڭلار.
ماڭا مەلۇم بولۇشىچە ئۇ تولىمۇ قۇۋ ئىكەن. [23] شۇڭا سىلەر ئۇنىڭ
ئادەتتە يوشۇرۇنىدىغان يەرلىرىنى ئېنىقلاپ، ماڭا ئېنىق ئۇچۇرنى
بېرىڭلار. ئاندىن مەن سىلەر بىلەن بىرگە ئۇ يەرگە بارىمەن.

ئەگەر داۋۇت ئۇ يەرلەردە بولسىلا، ئۇنى پۈتۈن يەھۇدالار ئىچىدىن تاپماي قويمايمەن.
[24] زىفلىقلار سائۇل يولغا چىقىشتىن زىفقا قايتىپ كەلدى. داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بولسا مائون چۆلگە جايلاشقان يېشىموننىڭ جەنۇبىدىكى ئارابا رايونىدا ئىدى. [25] سائۇل ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى داۋۇتنى ئىزدەشكە ماڭدى. داۋۇت بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، مائون چۆلىدىكى بىر تىك تاغنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ يەردە پاناھلاندى. سائۇل بۇنى ئاڭلاپ، داۋۇتنى قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن مائون چۆلگە باردى. [26] سائۇل ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تاغنىڭ بۇ تەرىپى بىلەن ماڭسا، داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تاغنىڭ ئۇ تەرىپى بىلەن ماڭاتتى. ئۇلار سائۇل ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېز قاچاتتى. سائۇل ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى تۇتىمىز دەپ، ھەر تەرەپتىن قورشاۋغا ئالماق بولاتتى. [27] لېكىن بىر ئەلچى كېلىپ سائۇلغا:
– تېز قايتمىسىڭىز بولمىدى، فىلىستىيەلىكلەر يۇرتىمىزغا ھۇجۇم قىلدى – دېدى.
[28] شۇنىڭ بىلەن سائۇل داۋۇتنى قوغلىماي، فىلىستىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇشقىلى قايتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەر «قۇتۇلۇش قىياسى» دەپ ئاتالدى. [29] داۋۇت ئۇ يەردىن چىقىپ، ئېنگەدى بوستانلىقىدىكى غارلارغا ئورۇنلاشتى.

## داۋۇتنىڭ سائۇلنى كەچۈرۈشى

24 [1] سائۇل فىلىستىيەلىكلەرنى قوغلاپ، قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا: «داۋۇت ئېنگەدى چۆلىدە تۇرۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. [2] سائۇل بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىسرائىللاردىن ئۈچ مىڭ سەرخىل لەشكەرنى تاللاپ، داۋۇت بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئىزدەپ «تاغ ئۆچكىسى قىياسى»نىڭ يېنىغا كەلدى. [3] سائۇل يول بويلىرىدا قوي قوتانلىرى بار يەرگە كەلگەندە، بىر غارنى كۆرۈپ، ھاجەت قىلغىلى كىردى. داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى دەل شۇ غارنىڭ ئىچكىرىسىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدى. [4] داۋۇتنىڭ ئادەملىرى:

ـ پەرۋەردىگار سىزگە: «دۈشمىنىڭنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن، قانداق قىلىشنى خالىساڭ، شۇنداق قىل» دېگەنىدى، قاراڭ، مانا بۈگۈن شۇ پەيت كەلدى! ـ دېدى داۋۇتقا.
داۋۇت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، سائۇلنىڭ تونىنىڭ ئېتىكىدىن تۈيدۈرماي بىر پارچە كېسىۋالدى، [5] بىراق داۋۇت بۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن كۆڭلىدە ئۆزىنى ئەيىبلىدى. [6] ئۇ ئادەملىرىگە:
ـ پەرۋەردىگار مېنى پەرۋەردىگار ئۆزى تاللىغان پادىشاھقا قول تەگكۈزۈشتىن، زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىسۇن. چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگار ئۆزى تاللىغان پادىشاھتۇر، ـ دېدى.
[7] داۋۇت شۇنداق دەپ ئۆز ئادەملىرىگە تەنبىھ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سائۇلغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىگە رۇخسەت قىلمىدى. سائۇل غاردىن چىقىپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى.
[8] شۇنىڭ بىلەن داۋۇتمۇ غاردىن چىقتى ۋە سائۇلنىڭ ئارقىسىدىن:
ـ ھەي پادىشاھ ئالىيلىرى! ـ دەپ سائۇلنى چاقىردى.
سائۇل بۇرۇلۇپ، داۋۇتنىڭ يەرگە باش قويۇپ، ئۆزىگە تەزىم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. [9] داۋۇت سائۇلغا مۇنداق دېدى:
ـ نېمىشقا كىشىلەرنىڭ: «داۋۇت سىلىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەن گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ يۈرىلا؟
[10] مانا بۈگۈن ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلە، پەرۋەردىگار غاردا سىلىنى قولۇمغا تاپشۇرغانىدى، بەزىلەر «ئۆلتۈر» دېدى، لېكىن مەن سىلىنى كەچۈردۈم. مەن ئۇلارغا: «پەرۋەردىگار تاللىغان پادىشاھ ئالىيلىرىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزسەم بولمايدۇ» دېدىم. [11] ھەي ئاتا، قاراپ باقسىلا، ئېتەكلىرىنىڭ بىر پارچىسى مانا مېنىڭ قولۇمدا تۇرۇپتۇ. سىلىنى ئۆلتۈرمەي ئېتەكلىرىنىلا كېسىۋالغانلىقىمدىن مەندە سىلىگە زىيانكەشلىك قىلىش ياكى ئاسىيلىق قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىۋالايلا. گەرچە مېنىڭ قىلچىلىك گۇناھىم بولمىسىمۇ، لېكىن سىلى مېنىڭ جېنىمنى ئالماقچى بولۇۋاتىلا.
[12] كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە پەرۋەردىگار ھۆكۈم چىقارغاي. مەن سىلىگە قول تەگكۈزمەيمەن، پەرۋەردىگار مەن ئۈچۈن سىلىدىن ئىنتىقام ئالغاي. [13] «يامانلىق يامانلاردىن كېلەر» دېگەن ماقال بار، شۇڭا مەن سىلىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمەن.

14 ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى كىمنى تۇتقىلى چىقىپتۇ؟ سىلى
كىمنى قوغلاپ يۈرىلا؟ ئۆلۈك ئىتتەك ياكى كىچىككىنە بۈرگىدەك
ئەرزىمەس مېنىمۇ؟ 15 پەرۋەردىگار ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا
سوتچى بولۇپ، كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىگە
ھۆكۈم چىقارسۇن. پەرۋەردىگار بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ، مېنى
ئاقلىسۇن ۋە مېنى سىلىنىڭ قوللىرىدىن قۇتقۇزسۇن!
16 داۋۇتنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، سائۇل:
— ئوغلۇم داۋۇت، بۇ راستتىنلا سەنمۇ؟ — دېدى ۋە قاتتىق
يىغلاپ كەتتى. 17 — سەن توغرا قىلدىڭ، مەن خاتالاشتىم. مەن
ساڭا يامانلىق قىلدىم، ئەمما سەن ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ!
18 بۈگۈن سەن ماڭا يامانلىق قىلمايدىغانلىقىڭنى ئىسپاتلىدىڭ.
گەرچە پەرۋەردىگار بۈگۈن مېنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرغان
بولسىمۇ، لېكىن سەن مېنى ئۆلتۈرمىدىڭ. 19 كىممۇ سەندەك
ئۆز دۈشمىنىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ يولغا
سالىدۇ؟ پەرۋەردىگار سېنىڭ بۈگۈن ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ
ئۈچۈن ساڭا ياخشىلىق ياندۇرغاي! 20 ئەمدى مەن سېنىڭ چوقۇم
پادىشاھ بولىدىغانلىقىڭنى، ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھلىقى سېنىڭ
قولۇڭدا مۇستەھكەملىنىدىغانلىقىنى بىلدىم. 21 سەن ئەمدى
مەن ئۆلگەندىن كېيىن، مېنىڭ ۋە ئاتا جەمەتىمنىڭ نامىنىڭ
پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى
قۇرۇتۇۋەتمەيدىغانلىقىڭ ھەققىدە پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن
قەسەم قىلغىن!
22 داۋۇت قەسەم قىلغاندىن كېيىن، سائۇل ئۆز ئۆيىگە كەتتى.
داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ تاغدىكى غارغا قايتتى.

## ساموئىلنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

25 1 ساموئىل ئالەمدىن ئۆتتى. پۈتۈن ئىسرائىللار يىغىلىپ
ماتەم تۇتۇپ، ئۇنى ئۆز يۇرتى راماھقا دەپنە قىلدى. داۋۇت
بولسا پاران چۆلىگە كەتتى.

## نابالنىڭ ئەخمەقلىقى ۋە ئابىگالنىڭ چىچەنلىكى

[2-3] كالىب جەمەتىدىن بولغان مائونلۇق نابال ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ قەۋەتلا باي ئادەم بولۇپ، ئۈچ مىڭ قويى، مىڭ ئۆچكىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ مال-دۇنياسى كارمەل شەھىرىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئابىگال ئىسىملىك ئايالى بولۇپ، ئۇ ھەم ئەقىللىق ھەم چىرايلىق ئىدى. لېكىن نابال بولسا مىجەزى تولىمۇ چۇس، توڭ ئادەم ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كارمەلدە قويلىرىنى قىرقىۋاتاتتى. [4] چۆلدە يۈرگەن داۋۇت نابالنىڭ قويلىرىنى قىرقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، [5] يىگىتلىرىدىن ئوننى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپ تاپىلىدى:

- سىلەر كارمەلگە بېرىپ، نابال بىلەن كۆرۈشۈڭلار. ئۇنىڭغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈپ، [6] مۇنداق دەڭلار: «سىزگە، ئائىلىڭىزگە ۋە سىزگە تەۋە بولغانلارغا تەن سالامەتلىك ۋە مەمۇرچىلىق تىلەيمەن. [7] ئاڭلىسام قويلىرىڭىزنى قىرقىۋېتىپسىز. بىز سىزنىڭ قويچىلىرىڭىز بىلەن كارمەلدە باردى-كەلدى قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلارغا ھېچ زەرەر يەتكۈزمىدۇق، ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىسىنى ئېلىۋالمىدۇق. [8] ئادەملىرىڭىزدىن سوراپ باقاسىڭىزلا، ئۇلار ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بىزمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئىلتىپاتقا ئېرىشكەيمىز. بىز ھۇزۇرىڭىزغا بايرام كۈنلىرى يېتىپ كەلدۇق. بىز خىزمەتكارلىرىڭىزغا، شۇنداقلا ئوغلىڭىز داۋۇتقا قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياردەم كۆرسەتكەيسىز».

[9] داۋۇت ئەۋەتكەن يىگىتلەر كېلىپ، داۋۇتنىڭ نامىدا بۇ گەپلەرنى نابالغا ئېيتىپ، جاۋاب كۈتۈپ تۇردى. [10] لېكىن نابال داۋۇتنىڭ يىگىتلىرىگە مۇنداق جاۋاب بەردى:

- كىم ئۇ داۋۇت دېگەن؟ كىم ئۇ يەشاينىڭ ئوغلى دېگەن؟ بۇ كۈنلەردە ئۆز خوجايىنلىرىدىن قېچىپ يۈرگەن خىزمەتكارلار ناھايىتى كۆپ. [11] مەن قانداقسىگە ئاش-نېنىمنى ۋە قويلىرىمنى قىرقىۋاتقانلارغا دەپ سويغان مالنىڭ گۆشىنى نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بولغان بىرلىرىگە بېرەي؟ [12] داۋۇت ئەۋەتكەن يىگىتلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتىپ كەتتى. ئۇلار داۋۇتقا نابالنىڭ سۆزلىرىنى ئەينەن يەتكۈزدى. [13] داۋۇت ئادەملىرىگە:

- ھەممىڭلار قىلچىلىرىڭلارنى ئېسىڭلار، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن قىلچىلىرىنى ئېسىشتى، داۋۇتنىڭ ئۆزىمۇ قىلچىنى ئاستى. ئىككى يۈز ئادەم نەرسە-كېرەكلەرنى ساقلاشقا قېلىپ، تۆت يۈزچە ئادەم داۋۇت بىلەن يولغا چىقتى.

[14] بۇ ئىشلار بولۇۋاتقاندا، نابالنىڭ بىر خىزمەتكارى نابالنىڭ ئايالى ئابىگالغا:

- قاراڭ، داۋۇت چۆلدىن خوجايىنىمىزغا سالامغا ئەلچى ئەۋەتىپتىكەن، خوجايىنىمىز ئۇلارنى ھاقارەتلەپتۇ. [15] لېكىن ئۇلار بىزگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغانىدى. بىز چۆل-باياۋاندا ئۇلار بىلەن باردى-كەلدى قىلغىنىمىزدا، ئۇلار بىزگە ھېچ زەرەر يەتكۈزمىگەنىدى، بىز ھېچ نەرسىمىزنى يوقاتمىغانىدۇق. [16] بىز ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇپ، قويلىرىمىزنى بېقىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۇلار بىزنى كېچە-كۈندۈز قوغدىغانىدى. [17] ئەمدى نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزىڭىز ئويلىنىپ باقسىڭىز. خوجايىنىمىز ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ بېشىغا بالا-قازا كېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. خوجايىنىمىزنىڭ مىجەزى بەك يامان، ئۇ ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدۇ، - دېدى.

[18] ئابىگال دەرھال ئىككى يۈز نان، ئىككى تۇلۇم شاراب، پىشۇرۇلغان بەش قوينىڭ گۆشى، بىر خالتا قوماچ، يۈز ئۇچۇم كىشمىش ۋە ئىككى يۈز ئۇچۇم ئەنجۈر قېقى تەييارلاپ، ئېشەكلەرگە ئارتىپ، [19] خىزمەتكارلىرىغا:

- سىلەر مېڭىۋېرىڭلار، مەن كەينىڭلاردىن بارىمەن - دېدى. لېكىن ئۇ بۇ ئىشنى ئېرى نابالغا ئېيتمىدى. [20] ئابىگال ئېشەككە مىنىپ، تاغنىڭ ئەگمىسىدىن چۈشۈۋاتقاندا، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە دۇچ كەلدى. [21] داۋۇت ئادەملىرىگە مۇنداق دېگەنىدى:

- چۆل-باياۋاندا بۇ كىشىنىڭ چارۋا ماللىرىنىڭ بىرەرسىنىمۇ يوقىتىۋەتمەي، ھەممىسىنى قوغدىغىنىم بىكار كېتىپتۇ. [22] خەپ، ئەتە تاڭ ئاتقۇچە بۇ ئادەمگە تەۋە ئەركەك زاتىدىن بىرەرسىنى تىرىك قالدۇرىدىغان بولسام، پەرۋەردىگار مېنى قاتتىق جازالىغاي!

[23] ئابىگال داۋۇتنى كۆرۈپ، دەرھال ئېشىكىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يەرگە باش قويۇپ، تەزىم قىلدى. [24] ئۇ يەنە داۋۇتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ:

— تەقسىر، گۇناھ ماڭا ئارتىلسۇن. ئاجىزەيىڭىزگە سۆزلەشكە ئىجازەت بەرگەيسىز ۋە سۆزۈمگە قۇلاق سالغايسىز. [25] تەقسىر، سىز مىجەزى چۇس نابالغا [«نابال» ئەخمەق دېگەن مەنىدە] ئېتىبار قىلمىغايسىز، چۈنكى ئۇ ئۆز ئىسمىنىڭ مەنىسىدەك ئەخمەق ئادەم. مەنكى ئاجىزەيىڭىز سىز ئەۋەتكەن يىگىتلەرنى كۆرمەي قاپتىمەن. [26] پەرۋەردىگار سىزنىڭ ئۆز قولىڭىز بىلەن قان تۆكۈپ، ئۆچ ئېلىشىڭىزنى توختاتقانىكەن، مەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قەسەم قىلىمەنكى، سىزنىڭ دۈشمەنلىرىڭىز ۋە سىزگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى نابالدەك بولىدۇ. [27] ئەمدى ئاجىزەيىڭىز ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە كەلگەن يىگىتلەرگە بەرسىڭىز. [28] ئاجىزەيىڭىزنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. پەرۋەردىگار سىزنىڭ ئەۋلادلىرىڭىزغا مۇستەھكەم خانىدانلىق ئاتا قىلىدۇ، چۈنكى سىز پەرۋەردىگار ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتىسىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىغىچە ھېچبىر يامانلىق قىلمايسىز. [29] بىرەرسى سىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەينىڭىزگە چۈشسىمۇ، پەرۋەردىگارىڭىز خۇدا سىزنى كۆز قارىچۇقىدەك ساقلايدۇ. دۈشمەنلىرىڭىزنى خۇددى سالغا سېلىپ ئاتقان تاشتەك پىرقىرىتىپ ئېتىۋېتىدۇ. [30] پەرۋەردىگار سىزگە ۋەدە قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، سىزنى ئىسرائىلىيەگە يېتەكچى قىلغان چاغدا، [31] «ئۆچ ئېلىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكتۈم» دەپ، ۋىجدانىڭىزنى ئالدىدا بىئارام بولۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. پەرۋەردىگار سىزگە بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاندا، ئاجىزەيىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغايسىز، — دېدى. [32] داۋۇت ئابىگالغا:

— سىزنى بۈگۈن مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتكەن پەرۋەردىگارغا، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇداغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! [33] ئەقلىڭىز ئۈچۈن ۋە مېنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆچ ئېلىپ،

بىگۇناھ قان تۆكۈشۈمدىن ساقلاپ قالغانلىقىڭىز ئۈچۈن، خۇدا سىزگە بەخت ئاتا قىلغاي! [34] پەرۋەردىگار مېنىڭ سىزگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشۈمنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا، يەنى مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مۇبادا سىز ئالدىمغا تېز كەلمىگەن بولسىڭىز، ئەتە تاڭ ئاتقۇچە نابالنىڭ ئادەملىرىدىن بىرمۇ ئەركەك زاتى تىرىك قالمىغان بولاتتى، - دېدى. [35] داۋۇت ئابىگال ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىپ:

- سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ئىلتىجايىڭىزنى قوبۇل قىلدىم. ئەمدى ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، ئامان-ئېسەن بولۇڭ، - دېدى.

[36] ئابىگال ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، نابال ئۆيىدە خۇددى پادىشاھتەك كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇپ، ئۇ خۇشال ۋە مەست ئىدى. شۇڭا ئابىگال ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى. [37] ئەتىسى ئەتىگەندە نابالنىڭ مەستلىكى يېشىلگەن چاغدا، ئايالى ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى. نابال بۇلارنى ئاڭلاپ، مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، پالەچ بولۇپ قالدى. [38] تەخمىنەن ئون كۈندىن كېيىن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى.

## داۋۇتنىڭ ئابىگالغا ئۆيلىنىشى

[39] داۋۇت نابالنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ:

- پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانالار بولسۇن. نابال ماڭا ھاقارەت قىلغانىدى، پەرۋەردىگار مەن ئۈچۈن ئۆچ ئاپتۇ، ھەم مېنى گۇناھ قىلىشتىن ساقلاپتۇ. نابالنىڭ يامانلىقىنىمۇ ئۆز بېشىغا قايتۇرۇپتۇ! - دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت ئارىغا ئادەم سېلىپ، ئابىگالغا ئۆيلىنىش نىيىتىنى بىلدۈردى. [40] داۋۇتنىڭ ئادەملىرى كارمەلگە بېرىپ، ئابىگال بىلەن كۆرۈشۈپ:

- داۋۇت سىزنى ئەمرىمگە ئالسام دەپ، بىزنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، - دېدى.

[41] ئابىگال يەرگە باش قويۇپ، تەزىم قىلىپ، ئۇلارغا:

ـ مەن خوجامنىڭ دېدىكى بولۇپ، ھەتتا ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ پۇتىنى يۇيۇشقىمۇ تەييارمەن، ـ دېدى.
[42] ئابىگال دەرھال جابدۇنۇپ، ئېشىكىگە مىنىپ، بەش دېدىكىنى ئېلىپ، داۋۇتنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە بېرىپ، داۋۇتقا ياتلىق بولدى. [43] داۋۇت بۇرۇن يىزرەئەللىك ئاخىنوئامنىمۇ ئەمرىگە ئالغان بولۇپ، شۇ تەرىقىدە ئۇ ئىككى ئاياللىق بولۇپ قالدى. [44] داۋۇتنىڭ بىرىنچى ئايالى مىكالنى ئاتىسى سائۇل پالتىغا خوتۇنلۇققا بېرىۋەتكەنىدى. پالتى گاللىملىق لايىشنىڭ ئوغلى ئىدى.

## سائۇلنىڭ داۋۇتنى زىف چۆلىدە ئىزدىشى

# 26

[1] بىرنەچچە زىفلىقلار گىبئاھقا كېلىپ، سائۇل بىلەن كۆرۈشۈپ:
ـ داۋۇت يېشىمون چۆلىنىڭ چېتىدىكى خاكىلا دېگەن ئېگىزلىكتە يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ، ـ دېيىشتى.
[2] بۇنى ئاڭلىغان سائۇل دەرھال ئىسرائىللاردىن ئۈچ مىڭ سەرخىل لەشكەرنى تاللاپ، داۋۇتنى ئىزدەش ئۈچۈن زىف چۆلىگە ئاتلاندى. [3] سائۇل يېشىمون چۆلىنىڭ چېتىدىكى خاكىلا ئېگىزلىكىنىڭ يېنىدىكى يول بويىدا بارگاھ قۇردى. داۋۇت ئۇ چاغدا يەنىلا چۆلدە ئىدى، ئۇ سائۇلنىڭ چۆلدە ئۆزىنىڭ كەينىگە چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، [4] تىڭتىڭلاپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى ۋە شۇ ئارقىلىق سائۇلنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېنىق بىلدى. [5] داۋۇت دەرھال سائۇل بارگاھ قۇرغان يەرگە بېرىپ، سائۇلنىڭ ۋە قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى نېرنىڭ ئوغلى ئابنېرنىڭ نەدە ياتقانلىقىنى كۆردى. سائۇل بارگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا، لەشكەرلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياتقانىدى.

## داۋۇتنىڭ سائۇلنى يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈۋېتىشى

[6] داۋۇت ئاخىمەلەك بىلەن ئابىشايدىن:
ـ قايسىڭلار مەن بىلەن بىرگە سائۇلنىڭ بارگاھىغا بارىسىلەر؟
ـ دەپ سورىدى. ئابىشاي:
ـ مەن سىز بىلەن بىرگە بارىمەن، ـ دېدى.

ئاخىمەلەك خىت خەلقىدىن ئىدى. ئابىشاي يوئابنىڭ ئاكىسى
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئانىسى زىرۇيا ئىدى. 7 شۇ كۈنى كېچىسى داۋۇت
بىلەن ئابىشاي ئىككىسى بارگاھقا بېرىپ، سائۇلنىڭ بارگاھىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى، بېشىنىڭ يېنىدا نەيزىسىنىڭ يەرگە
سانجىقلىق تۇرغانلىقىنى، ئابنېر بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ئۇنىڭ
چۆرىسىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. 8 ئابىشاي داۋۇتقا:
— بۈگۈن پەرۋەردىگار دۈشمىنىڭىزنى قولىڭىزغا تاپشۇرۇپتۇ.
ئەمدى ئىجازەت بېرىڭ، ئۇنى نەيزە بىلەن يەرگە مىخلاپ قوياي.
بىرلا سانجىسام بولدى، ئىككىنچى سانجىشىمنىڭ ھاجىتى يوق!
— دېدى. 9 داۋۇت ئابىشايغا:
— ياق، ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى بولما! پەرۋەردىگار تاللىغان پادىشاھقا
قول تەگكۈزگەن كىشى گۇناھكار بولىدۇ. 10 مەن مەڭگۈ ھايات
پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەرۋەردىگار ئۆزى
سائۇلنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ياكى ئۇنىڭ كۈنى توشۇپ ئالەمدىن
ئۆتىدۇ، ياكى جەڭدە ھالاك بولىدۇ. 11 پەرۋەردىگار مېنى ئۆزى
تاللىغان پادىشاھقا قول تەگكۈزۈشۈمدىن ساقلىسۇن! ئۇنىڭ
بېشىدىكى نەيزە بىلەن تۇلۇمنى ئېلىپ كېتەيلى.
12 شۇنىڭ بىلەن داۋۇت سائۇلنىڭ بېشىدىكى نەيزە بىلەن تۇلۇمنى
ئالدى ۋە ئۇ يەردىن كەتتى. ئۇلارنى ھېچكىم كۆرمىدى، ھېچكىم
سەزمىدى. ھەتتا ھېچبىرى ئويغانمىدى. چۈنكى پەرۋەردىگار
ئۇلارنى قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق قىلغانىدى.
13 شۇنداق قىلىپ، داۋۇت جىلغىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ،
دۆڭگە چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خېلى ئارىلىق بار ئىدى. 14 داۋۇت
سائۇلنىڭ ئادەملىرىگە ۋە نېرنىڭ ئوغلى ئابنېرغا قاراپ ۋارقىرىدى:
— ھەي ئابنېر، جاۋاب بەرمەمسەن؟
— سەن كىم، پادىشاھقا قاراپ ۋارقىراشقا جۈرئەت قىلغان؟ —
دېدى ئابنېر. 15 داۋۇت ئابنېرغا:
— سەن ئىسرائىلىيەدىكى تەڭدىشى يوق باتۇر ئەمەسمۇسەن؟ سەن
نېمىشقا پادىشاھنى ياخشى قوغدىمايسەن؟ بىرسى خوجايىنىڭ
بولغان پادىشاھنى ئۆلتۈرگىلى بارگاھقا كىردى. 16 سەن ۋەزىپەڭنى
ياخشى ئورۇندىمىدىڭ! مەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى

بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خوجايىنىڭلارنى، يەنى پەرۋەردىگار تاللىغان پادىشاھنى ياخشى قوغدىمىغىنىڭلار ئۈچۈن، ھەممىڭلار ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسىلەر. ئابنىر، قاراپ باق، پادىشاھنىڭ بېشىدىكى نەيزە بىلەن تۇلۇم ئورنىدا بارمىكەن؟

[17] سائۇل داۋۇتنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا:

ـ ئوغلۇم داۋۇت، بۇ راستىنلا سەنمۇ؟ ـ دېدى.

ـ شۇنداق، پادىشاھ ئالىيلىرى، ـ دەپ جاۋاب بەردى داۋۇت، [18] ـ ئالىيلىرى، نېمىشقا مەن خىزمەتكارلىرىنى قوغلايلا؟ مەن نېمە ئىش قىلدىم، نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۈم؟ [19] پادىشاھ ئالىيلىرى، ئەمدى خىزمەتكارلىرىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ باقسىلا! ئەگەر سىلىنىڭ ماڭا غەزەپلىنىشلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان بولسا، قۇربانلىقىم پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتكەي. ئەگەر بۇنى ئىنسانلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن قىلىۋاتقان بولسىلا، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ قارغىشىغا قالغاي. چۈنكى ئۇلار مېنى يات ئىلاھلارغا چوقۇنسۇن دەپ، پەرۋەردىگارنىڭ زېمىنىدىن قوغلىۋەتتى. [20] ئەمدى مەن پادىشاھىمدىن قېنىمنىڭ يات زېمىندا، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدىن يىراق بىر يەردە تۆكۈلۈشىگە يول قويماسلىقىنى ئۆتۈنىمەن. ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھىنىڭ مېنى، يەنى كىچىككىنە بىر بۈرگىنى ئىزدەپ يۈرۈشى، خۇددى تاغقا شىكارغا چىققانلارنىڭ كەكلىك ئوۋلىغىنىدەكلا بىر ئىشتۇر.

[21] سائۇل مۇنداق دېدى:

ـ ئوغلۇم داۋۇت، مەن گۇناھ قىلدىم، ئەمدى قايتىپ كەلگىن. بۈگۈن سەن جېنىمنى ئەزىز بىلگەنلىكىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمەن. مەن ئەخمەقلىق قىلىپ، قاتتىق گۇناھ قىلىپتىمەن. [22] داۋۇت:

ـ پادىشاھ ئالىيلىرى، مانا بۇ سىلىنىڭ نەيزىلىرى، يىگىتلىرىدىن بىرى كېلىپ ئەكەتسۇن. [23] پەرۋەردىگار بۈگۈن سىلىنى قولۇمغا تاپشۇرغانىدى، لېكىن مەن پەرۋەردىگار تاللىغان پادىشاھقا قول تەگكۈزمىدىم. پەرۋەردىگار ھەربىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئادىللىقى ۋە ساداقەتلىكىگە يارىشا مۇكاپاتلايدۇ. [24] بۈگۈن سىلىنىڭ جانلىرى مېنىڭ نەزىرىمدە ئەزىز بىلىنگەندەك، مېنىڭ جېنىممۇ

پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە ئەزىز بىلىنسۇن ۋە مېنى بارلىق
مۇشكۇلاتلاردىن خالىي قىلسۇن، ـ دېدى.
[25] ـ بالام داۋۇت، خۇدا ساڭا بەخت ئاتا قىلغاي! سەن چوقۇم
ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىسەن ھەم غەلىبىگە ئېرىشىسەن! ـ دېدى
سائۇل.
شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت ئۆز يولىغا راۋان بولدى، سائۇلمۇ
ئۆيىگە قايتتى.

## داۋۇتنىڭ فىلىستىيەلىكلەر ئارىسىدا ياشىشى

27 [1] ۋاھالەنكى، داۋۇت ئۆز كۆڭلىدە: «بىر
كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى سائۇلنىڭ قولىدا ئۆلىدىغان ئوخشايمەن. ئۇنىڭدىن
كۆرە فىلىستىيەلىكلەر زېمىنىغا قېچىپ كەتكىنىم ياخشىدەك
تۇرىدۇ. سائۇل مېنىڭ ئىسرائىلىيە زېمىنىدا ئەمەسلىكىمنى بىلسە،
ئۈمىدسىزلىنىپ، مېنى ئىزدەپ يۈرمەس. شۇنداق قىلسام، ئۇنىڭ
قولىدىن قۇتۇلۇپ كېتەرمەن» دەپ ئويلىدى. [2] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت
ئالتە يۈز ئادىمىنى باشلاپ، چېگرادىن ئۆتۈپ، مائوكنىڭ ئوغلى،
گات پادىشاھى ئاكىشنىڭ يېنىغا پاناھلانغىلى باردى. [3] ئۇلار
بالىچاقىلىرى بىلەن ئۇ يەرگە جايلاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە داۋۇتنىڭ
ئىككى ئايالى، يەنى يىزرەئەللىك ئاخىنوئام بىلەن نابالدىن تۇل
قېلىپ داۋۇتقا تەگكەن كارمەللىك ئابىگالمۇ بار ئىدى. [4] «داۋۇت
گاتقا قېچىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، سائۇل ئۇنى
ئىزدەشتىن توختىدى. [5] داۋۇت گات پادىشاھى ئاكىشقا:
ـ ئەگەر پېقىر نەزەرلىرىدە ئىلتىپاتلىرىغا لايىق ئادەم بولسام،
ئەتراپتىكى شەھەرلەردىن بىر جاي بەرسىلە، پېقىر قانداقسىگە
ئۆزلىرى بىلەن پايتەختتە ياشايمەن، ـ دېدى.
[6] ئاكىش شۇ كۈنىلا زىقلاق شەھىرىنى داۋۇتقا بەردى. (شۇنىڭدىن
بېرى زىقلاق شەھىرى يەھۇدىيە پادىشاھلىرىغا تەۋە بولۇپ
كەلمەكتە.) [7] داۋۇت فىلىستىيەلىكلەر زېمىنىدا بىر يىل تۆت
ئاي تۇردى. [8] بۇ جەرياندا ئۇ ئۆز ئادەملىرى بىلەن گىشۇرلۇقلار،
گىرزىلەر ۋە ئامالەكلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. (بۇ خەلقلەر
قەدىمدىن تارتىپ شۇر ۋە مىسىرغىچە بولغان بۇ يەرلەردە ياشاپ

كەلگەندى.) 9 داۋۇت ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، مەيلى ئەر، مەيلى
ئايال بولسۇن، ھېچكىمنى تىرىك قالدۇرمايتتى. قوي، كالا، تۆگە،
ئېشەك ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى ئولجا ئالاتتى. داۋۇت ئاكىش بىلەن
كۆرۈشكەندە، 10 ئاكىش: «سىلەر بۇ قېتىم قەيەرلەرگە ھۇجۇم
قىلدىڭلار؟» دەپ سورىسا، داۋۇت: «يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ نەگېب
چۆللۈكىدىكى بىر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدۇق» دەيتتى. بەزىدە:
«يېراخمىئېللارنىڭ چۆلدىكى بىر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدۇق»،
يەنى بەزىدە: «قېنىلارنىڭ چۆلدىكى بىر شەھىرىگە ھۇجۇم
قىلدۇق» دەيتتى.
11 داۋۇت نەگىلا ھۇجۇم قىلمىسۇن، ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ
ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ھېچكىمنى گاتقا ئېلىپ كەلمەيتتى.
چۈنكى ئۇ ئۇ يەرلەردە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ
قېلىشىدىن قورقاتتى. داۋۇت فىلىستىيەلىكلەرنىڭ زېمىنىدا تۇرغان
چېغىدا، داۋاملىق شۇنداق قىلدى. 12 ئاكىش داۋۇتقا ئىشىنەتتى.
ئۇ ئىچىدە: «داۋۇت ئۆزىنى ئۆزىنىڭ خەلقى بولغان ئىسرائىللارغا
قەبىھ دۈشمەن قىلىپ قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەڭگۈ مېنىڭ
خىزمەتكارىم بولۇپ ئۆتىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

28 1 شۇ كۈنلەردە فىلىستىيەلىكلەر ئىسرائىللار بىلەن ئۇرۇش
قىلىش ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى يىغدى. ئاكىش داۋۇتقا:
- بىلىۋېلىڭ، سىز ئادەملىرىڭىز بىلەن مەن تەرەپتە تۇرۇپ جەڭ
قىلىسىز، - دېدى. 2 داۋۇت:
- پېقىرنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى ئەمدى كۆرىلا،
- دېدى.
- ئۇنداق بولسا، سىزنى ئۆزۈمگە مەڭگۈلۈك ياساۋۇل قىلىپ
تەيىنلەيمەن، - دېدى ئاكىش.

## سائۇلنىڭ باخشى ئايالدىن مەسلىھەت سورىشى

3 ئۇ چاغدا سامۇئىل ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئۇنى ئۆز يۇرتى
راماھقا دەپنە قىلىپ، پۈتۈن ئىسرائىللار ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم
تۇتۇۋاتاتتى. سائۇل پالچى ۋە باخشىلارنى ئىسرائىلىيەدىن قوغلاپ
چىقىرىۋەتكەنىدى. 4 فىلىستىيەلىكلەر يىغىلىپ، شۇنېمدا بارگاھ

قوردى. سائۇلمۇ پۈتۈن ئىسرائىللارنى يىغىپ، گىلبوۋادا بارگاھ قۇردى. [5] سائۇل فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قوشۇنىنى كۆرۈپ، قاتتىق قورقۇپ كەتتى ۋە ئۇنى ۋەھىمە باستى. [6] سائۇل پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلغاندى، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا يا چۈش، يا «ئۇرىم» ياكى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق جاۋاب بەرمىدى. [7] شۇڭا ئۇ ئەمەلدارلىرىغا:

ـ ماڭا ئەرۋاھ چاقىرالايدىغان بىر ئايال تېپىپ كېلىڭلار، مەن ئۇ ئارقىلىق ئۆلگەنلەردىن سوراپ باقاي، ـ دېدى.

ـ ئېندوردا ئەرۋاھ چاقىرالايدىغان بىر باخشى ئايال بار، ـ دېدى ئەمەلدارلار.

[8] شۇنداق قىلىپ، سائۇل كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، تەق-تۇرقىنى ئۆزگەرتىپ، ئىككى ئادىمىنى ئېلىپ، كېچىسى ھېلىقى باخشى ئايالنىڭ قېشىغا باردى. سائۇل ئۇنىڭغا:

ـ سىزدىن ئىلتىماسىم، مەن ئۈچۈن ئەرۋاھلاردىن مەسلىھەت سورىسىڭىز، مەن ئىسمىنى ئېيتقان كىشىنىڭ روھىنى چاقىرىپ بەرسىڭىز، ـ دېدى.

[9] ـ ئۆزىڭىز پادىشاھ سائۇلنىڭ پالچى ۋە باخشىلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن جېنىمنى قەستلەپ، مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولىسىز؟ ـ دېدى باخشى ئايال.

[10] ـ مەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىز بۇ ئىش تۈپەيلى جازاغا تارتىلمايسىز، ـ دېدى سائۇل باخشى ئايالغا.

[11] ـ مەن سىزگە كىمنى چاقىرىپ بېرەي؟ ـ دېدى باخشى ئايال.

ـ ماڭا سامۇئىلنى چاقىرىپ بەرسىڭىز، ـ دېدى سائۇل. [12] باخشى ئايال سامۇئىلنى كۆرۈپ، قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى ۋە سائۇلغا:

ـ نېمىشقا مېنى ئالدايلا، سىلى سائۇل ئىكەنلىغۇ؟ ـ دېدى.

[13] سائۇل باخشى ئايالغا:

ـ قورقما! نېمىنى كۆرۈۋاتىسەن؟ ـ دېدى. باخشى ئايال سائۇلغا:

ـ مەن بىر ئەرۋاھنىڭ ئۆلۈكلەر ماكانىدىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن، ـ دېدى.

[14] ـ ئۇنىڭ تەق-تۇرقى قانداق ئىكەن؟ ـ دەپ سورىدى سائۇل.

- بىر مويسىپىت ئادەم چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇچىسىغا تون كىيىۋاپتۇ، - دېدى باخشى ئايال.
سائۇل بۇنىڭ سامۇئىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى-دە، يەرگە باش قويۇپ، تەزىم قىلدى.
[15] - سەن نېمىشقا مېنى چاقىرىپ ئاۋارە قىلىسەن؟ - دېدى سامۇئىل.
- مەن تولىمۇ پەرىشانمەن، - دېدى سائۇل، - چۈنكى فىلىستىيەلىكلەر ماڭا قارشى جەڭگە چىقتى، پەرۋەردىگارمۇ مېنى تەرك ئەتتى. ئۇ يا پەيغەمبەرلەر، يا چۈش ئارقىلىق ماڭا جاۋاب بەرمىدى. ھازىر نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلەي دەپ، ئۆزىڭىزنى چاقىردىم. [16] سامۇئىل:
- پەرۋەردىگار سېنى تاشلاپ، ساڭا دۈشمەن بولغان بولسا، ئەمدى يەنە نېمىدەپ مەندىن مەسلىھەت سوراپ يۈرىسەن؟ [17] پەرۋەردىگار مەن ئارقىلىق ئېيتقىنىنى قىلىۋاتىدۇ. پادىشاھلىقنى سەندىن تارتىۋېلىپ، داۋۇتقا بەردى. [18] سەن پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلماي، پەرۋەردىگارنىڭ ئامالەكلەرگە بولغان كۈچلۈك غەزىپىنى بەجا كەلتۈرمىدىڭ. شۇڭا پەرۋەردىگار سېنى بۈگۈن بۇ كۈنگە قويدى. [19] پەرۋەردىگار ئەمدى ئىسرائىللارنى سەن بىلەن قوشۇپ فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ. ئەتە سەنمۇ، ئوغۇللىرىڭمۇ مەن بىلەن بىرگە بولىسىلەر. پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيە قوشۇنىنى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ، - دېدى.
[20] سائۇل سامۇئىلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ شۇنداق قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يەنە كېلىپ بىر كېچە-كۈندۈز غىزا يېمىگەنلىكى ئۈچۈن ھالسىراپ كەتكەنىدى. [21] باخشى ئايال سائۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:
- قارىسىلا، كەمىنە خىزمەتكارلىرى سىلىنىڭ سۆزلىرىگە كىرىپ، ئۆلۈمگە قارىماي تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇندىدى. [22] سىلىمۇ خىزمەتكارلىرىنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئالدىلىرىغا بىرئاز غىزا

كەلتۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايلا. غىزا يەپ، قۇۋۋەتلەنگەندىن كېيىن يوللىرىغا ماڭسىلا، ــ دېدى. [23] سائۇل ئۇنىماي:
ــ ياق، يېمەيمەن، ــ دېدى.
بىراق ئەمەلدارلىرى ۋە باخشى ئايالنىڭ يالۋۇرۇشلىرىدىن كېيىن، ئۇلارغا ماقۇل بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى.
[24] باخشى ئايال ئۆيىدىكى بورداۋاتقان بىر تورپاقنى سويدى. ئاندىن خېمىر يۇغۇرۇپ، پېتىر نان پىشۇردى. [25] تاماملارنى سائۇل بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇلار غىزالىنىپ، شۇ كېچىسىلا يولغا چىقىپ كەتتى.

## فىلىستىيەلىكلەرنىڭ داۋۇتنى رەت قىلىشى

29 [1] فىلىستىيەلىكلەر ھەممە قوشۇنلىرىنى ئافىقتا يىغدى. ئىسرائىللار بولسا يىزرىئەلدىكى بۇلاق بويىدا بارگاھ قۇردى. [2] فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەگلىرى لەشكەرلىرىنى يۈزگە، مىڭغا بۆلۈپ سەپ تۈزۈپ، ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى پادىشاھ ئاكىش بىلەن بىرگە قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ماڭدى. [3] بۇ چاغدا فىلىستىيەلىكلەرنىڭ سەركەردىلىرى:
ــ بۇ ئىبرانىيلارنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىشى بار؟ ــ دېيىشتى.
ــ بۇ ئىسرائىلىيە پادىشاھى سائۇلغا سەركەردە بولغان داۋۇت، خېلىدىن بېرى يېنىمدا يۈرىدۇ. مەن تەرەپكە ئۆتكەندىن بېرى، ئۇنىڭدىن بىرەر سەۋەنلىك كۆرمىدىم، ــ دېدى ئاكىش ئۇلارغا.
[4] فىلىستىيەلىكلەرنىڭ سەركەردىلىرى ئاكىشقا خاپا بولۇپ:
ــ بۇ ئادەمنى ئۆزلىرى ئۇنىڭغا ئاجرىتىپ بەرگەن يەرگە قايتۇرۇۋەتكەن بولسىلا، ئۇ بىز بىلەن بىرگە جەڭگە كىرسە بولمايدۇ. ئۇ جەڭ مەيدانىدا بىزگە قارشى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ ئۆزىنىڭ خوجىسىنى نېمە بىلەن رازى قىلىدۇ، دەل بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ كاللىسىنى ئېلىش بىلەن رازى قىلىدۇ-دە! [5] بۇ ئىسرائىلىيەدىكى ئاياللار: «سائۇل قىردى مىڭلاپ-مىڭلاپ، داۋۇت قىردى تۇمەن-تۇمەنلەپ» دەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ماختىغان داۋۇت ئەمەسمۇ؟! ــ دېدى.
[6] ئاكىش داۋۇتنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

- مەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
سىز دۇرۇس ئادەم، سىز بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى سىزدە بىرەر
سەۋەنلىك كۆرمىدىم. جەڭگە مەن بىلەن بىرگە چىقسىڭىز ياخشى
بولاتتى. لېكىن باشقا بەگلىرىمىز سىزنى خالىمايدىكەن. [7] ئەمدى
سىز قايتىڭ، تىنچلا قايتىپ كېتىڭ، بەگلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە يامان
بولغان ئىشلارنى قىلىپ قويماڭ، - دېدى.
[8] - نېمە خاتا ئىش قىلىپتىمەن؟ - دېدى داۋۇت، - مەن سىلى
تەرەپكە ئۆتكەن كۈندىن تارتىپ، مەندىن ھېچبىر سەۋەنلىك
تاپالمىغان تۇرسىلا، نېمىشقا ئالىيلىرى بىلەن بىرگە دۈشمەنلىرىگە
قارشى جەڭ قىلسام بولمايدىكەن؟
[9] - بىلىمەن، سىز مېنىڭ نەزىرىمدە خۇددى خۇدانىڭ پەرىشتىسىدەك
ياخشى ئادەمسىز، ئەمما فىلىستىيەلىك سەركەردىلىرىمىز: «بۇ كىشى
بىز بىلەن بىرگە جەڭگە چىقسا بولمايدۇ» دەپ قارار چىقاردى.
[10] شۇڭا سىز ۋە سىزگە ئەگىشىپ كەلگەنلەر ئەتە سەھەر تۇرۇڭلار،
تاڭ ئېتىشى بىلەنلا بۇ يەردىن كېتىڭلار، - دېدى ئاكىش.
[11] شۇ سەۋەبتىن داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى سەھەر تۇرۇپ
يولغا چىقىپ، فىلىستىيەلىكلەر زېمىنىغا قايتتى. فىلىستىيەلىكلەر
يىزرەئەلگە قاراپ ئاتلاندى.

## ئامالەكلەرنىڭ زىقلاق شەھىرىنى تالان-تاراج قىلىشى

30 [1] داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۈچىنچى كۈنى زىقلاق
شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئامالەكلەر نەگېب
چۆللۈكىگە ھۇجۇم قىلغانىدى ۋە زىقلاق شەھىرىگە ئوت قويۇپ،
شەھەرنى تالان-تاراج قىلغانىدى. [2] شەھەردىكى ئاياللار مەيلى ياش
ياكى قېرى بولسۇن، ھېچقايسىسىنى ئۆلتۈرمەي، ھەممىسىنى
ئوغۇل-قىزلىرى بىلەن بىرگە ئەسىرگە ئېلىپ ئەكەتكەنىدى.
[3] داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ شەھەرگە كەلگەندە، شەھەرنىڭ
كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى، ئاياللىرى بىلەن ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ
ئەسىرگە ئېلىنىپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، [4] مادارى قالمىغۇچە
ھۆكىرەپ يىغلاشتى. [5] داۋۇتنىڭ ئىككى ئايالى ئاخىنوئام ۋە ئابىگالمۇ
ئەسىر قىلىنغانىدى. [6] داۋۇت قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى، چۈنكى

كۆپچىلىك ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەت چەكمەكتە ئىدى. ئۇلار داۋۇتنى چالما-كېسەك قىلايلى، دېيىشمەكتە ئىدى. لېكىن داۋۇت ئۆز پەرۋەردىگارى خۇدادىن مەدەت ئالدى.

## داۋۇتنىڭ ئامالەكلەردىن ئۆچ ئېلىشى

[7] داۋۇت خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلىش ئۈچۈن ئاخىمەلەكنىڭ ئوغلى روھانىي ئەبىياتارغا:

- روھانىيلىق پەرتۇقنىڭ كۆكرەكلىكىدىكى چەكلەرنى ئەكەل، - دېدى. ئەبىياتار چەكلەرنى داۋۇتقا ئەكېلىپ بەردى. [8] داۋۇت پەرۋەردىگاردىن:

- مەن بۇ قاراقچىلارنى قوغلاپ بارسام بولارمۇ، ئۇلارنى تۇتالارمەنمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەرۋەردىگار:

- قوغلا، چوقۇم تۇتالايسەن ھەم ئەسىرلەرنى قۇتقۇزالايسەن، - دەپ جاۋاب بەردى.

[9-10] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئالتە يۈز كىشى يولغا ئاتلاندى. ئۇلار بىسور جىلغىسىغا كەلگەندە، ئىككى يۈز ئادەم ھېرىپ قالغانلىقتىن جىلغىدىن ئۆتەلمەي شۇ يەردە قالدى. داۋۇت تۆت يۈز ئادەمنى باشلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. [11] داۋۇتنىڭ ئادەملىرى دالادا مىسىرلىق بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپ، ئۇنى داۋۇتنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا يېمەك-ئىچمەك [12] ھەم بىر ئاز ئەنجۈر قېقى ۋە ئىككى ئۈچۈم كىشمىش بەردى. ئۇ غىزالانغاندىن كېيىن، تېنىگە ماغدۇر كىردى. ئۇ ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئاغزىغا ھېچنېمە سالمىغانىدى. [13] داۋۇت ئۇنىڭدىن:

- سەن كىمنىڭ ئادىمىسەن، قەيەرلىكسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ:

- مەن مىسىرلىقمەن، ئامالەكلەردىن بولغان بىر ئادەمنىڭ قۇلىمەن. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى كېسەل بولۇپ قالغانىدىم، خوجايىنىم مېنى دالاغا تاشلاپ كەتتى. [14] بىز يەھۇدا زېمىنلىرىغا، يەنى نەگېب چۆللۈكىدىكى كىرېتلەرنىڭ زېمىنىغا ۋە نەگېب چۆللۈكىدىكى كالىب جەمەتىنىڭ يەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردۇق ھەم زىقلاق شەھىرىگە ئوت قويۇۋەتتۇق، - دەپ جاۋاب بەردى.

[15] داۋۇت ئۇنىڭدىن:

ـ سەن مېنى ئاشۇ قاراقچىلارنىڭ يېنىغا باشلاپ بارالامسەن؟
ـ دەپ سورىدى. ئۇ:
ـ مېنى ئۆلتۈرمەسلىككە ھەم خوجايىنىمغا تاپشۇرۇپ بەرمەسلىككە پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچسەڭ، مەن سىلىنى ئاشۇ قاراقچىلارنىڭ يېنىغا باشلاپ باراي، ـ دېدى.
[16] شۇنىڭ بىلەن مىسىرلىق ئادەم داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئامالەكلەرنىڭ يېنىغا باشلاپ ماڭدى. قاراقچىلار ئەتراپقا تارىلىپ، فىلىستىيەلىكلەر ۋە يەھۇدا زېمىنىدىن قولغا چۈشۈرگەن كاتتا ئولجىلاردىن خۇش بولۇپ، يەپ-ئىچىشىپ، ئولجىلارغا ئېرىشكەنلىكلىرىنى تەبرىكلىشىۋاتاتتى. [17] داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئەتىسى كۈن چىقىشى بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر كۈن كەچكىچە ئۇلارنى شۇنداق قىردىكى، تۆگىگە مىنىپ قاچقان تۆت يۈز يىگىتتىن باشقا ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمىدى.
[18] داۋۇت ئامالەكلەر ئەسىرگە ئالغان بارلىق ئادەملەرنى ۋە ئولجا ئالغان بارلىق مال-مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇۋالدى، جۈملىدىن ئىككى ئايالىنىمۇ قۇتقۇزۇۋالدى. [19] ئۇ ئەسىرگە ئېلىنغان قېرىلار، ياشلار، ئوغۇللار ۋە قىزلارنىڭ، شۇنداقلا ئولجا ئېلىنغان مال-مۈلۈكلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي، ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى.
[20] داۋۇت ئامالەكلەرنىڭ چارۋا ماللىرىنىمۇ ئولجا ئالدى. ئۇلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان داۋۇتنىڭ ئادەملىرى: «بۇ داۋۇتنىڭ ئولجىلىرى» دەپ ۋارقىراشتى.
[21] شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت ھېرىپ-چارچىغانلىقىدىن ئۆزى بىلەن بىرگە ماڭالماي، بىسور جىلغىسىدا قېلىپ قالغان ئىككى يۈز ئادىمىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئالدىغا چىقتى. داۋۇت ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇلارغا سالام قىلدى. [22] لېكىن داۋۇت بىلەن بىرگە بارغانلارنىڭ ئىچىدىكى پەسكەش، يامان ئادەملەر:
ـ ئۇلار بىز بىلەن بىرگە بارمىغاندىكەن، بىز ئېلىنغان ئولجىلاردىن ئۇلارغا بۆلۈپ بەرمەيلى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە بالىچاقىلىرىنىلا ئېلىپ كەتسۇن، ـ دېيىشتى. [23] داۋۇت:

- ھەي بۇرادەرلەر، بىزنى ئامان-ئېسەن ساقلاپ، قاراقچىلارنى قولىمىزغا تاپشۇرغان پەرۋەردىگار بىزگە ئىنئام قىلغان ئولجىنى ئۆلارغا بۆلۈپ بەرمىسەك بولمايدۇ. [24] سىلەرنىڭ بۇ سۆزۈڭلارغا ھېچكىم قوشۇلمايدۇ. جەڭگە چىققانلار بىلەن ياراغ-جابدۇقلارغا قاراشقا قالغانلارنىڭ ئۈلۈشى ئوخشاشتۇر، ھەممە نەرسە تەڭ بۆلۈنسۇن، - دېدى.

[25] داۋۇت شۇ كۈندىن باشلاپ بۇنى ئىسرائىللارنىڭ قانۇن-تۈزۈمى قىلىپ بېكىتتى. بۇ قانۇن-تۈزۈم شۇنىڭدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

[26] داۋۇت زىقلاق شەھرىگە قايتىپ كەلگەندە، ئولجىدىن دوستلىرىغا، يەنى يەھۇدا ئاقساقاللىرىغا ئەۋەتىپ: «بۇ بىزنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئالغان ئولجىمىز، سىلەرگە سوۋغات بولسۇن» دېدى. [27] ئۇ ئولجىلاردىن بەيتەل، نەگېب چۆللۈكىگە جايلاشقان راموت، ياتتىر، [28] ئاروئېر، سىفموت، ئەشتىموۋا [29] ۋە راكال دېگەن يەرلەرنىڭ، شۇنداقلا يىراخمىئېللار ۋە قېنلار ياشايدىغان ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ۋە [30] خورماھ، بورئاشان، ئاتاك، [31] ھېبرون دېگەن يەرلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئەۋەتتى. داۋۇت ئۆز ئادەملىرى بىلەن كېزىپ چىققان ھەممە يەرلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا سوۋغات ئەۋەتتى.

## سائۇل ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ۋاپات بولۇشى

31 [1] فىلىستىيەلىكلەر ئىسرائىللار بىلەن جەڭ قىلىشتى. نۇرغۇن ئىسرائىللار گىلبوۋا تېغىدا قازا قىلدى. قالغانلىرى فىلىستىيەلىكلەردىن قاچتى. [2] فىلىستىيەلىكلەر سائۇل ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئاخىرى سائۇلنىڭ ئوغۇللىرىدىن يوناتان، ئابىناداب، مالكىشۇۋالارنى ئۆلتۈردى. [3] سائۇلنىڭ ئەتراپىدا جەڭ ئەۋجىگە چىقتى. شۇ پەيتتە سائۇل دۈشمەن ئوقياچىلىرى ئاتقان ئوقتا ئېغىر يارىلاندى. [4] سائۇل ئۆزىنىڭ قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە:

- قىلىچىڭنى سۇغۇر، مېنى ئۆلتۈرۈۋەت، ئاۋۇ خەتنىسىزلەر كېلىپ، ماڭا قىلىچ تىقىپ، مېنى خورلىمىسۇن، - دېدى.

قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچى قاتتىق قورقۇپ كەتكىنىدىن ئۇنداق
قىلىشقا ئۇنىمىدى. سائۇل ئۆزىنىڭ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ
چىقىرىپ، ئۆزىنى قىلىچقا ئۇردى. [5] قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچى
سائۇلنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ ئۆزىنى قىلىچقا ئۇرۇپ،
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن سائۇل، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى، قورال-ياراغ
كۆتۈرگۈچىسى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى شۇ بىر كۈن ئىچىدە ئۆلدى.
[7] يىزرىئەل تۈزلەڭلىكىدە ۋە ئىئوردان دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىدە
ياشايدىغان ئىسرائىللار ئىسرائىلىيە لەشكەرلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى،
سائۇل ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شەھەرلىرىنى
تاشلاپ قاچتى. ئاندىن فىلىستىيەلىكلەر كېلىپ، ئۇ شەھەرلەردە
ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

## سائۇل ۋە ئوغۇللىرىنىڭ
## جەسەتلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى

[8] ئەتىسى فىلىستىيەلىكلەر ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى
سالدۇرۇۋېلىشقا كەلگەندە، سائۇل بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ
گىلبوۋا تېغىدا ئۆلۈك هالدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، [9] سائۇلنىڭ
كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى سالدۇرۇۋالدى.
فىلىستىيەلىكلەر هەر تەرەپكە چاپارمەنلەرنى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ
خەلقىگە ۋە بۇتخانىسىغا خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. [10] ئۇلار سائۇلنىڭ
ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى ئىلاهە ئاشتورەتنىڭ بۇتخانىسىغا قويۇپ،
جەسىتىنى بەيتشانى شەهىرىنىڭ سېپىلىغا مىخلاپ قويدى.
[11] گىلئادتىكى يابېش شەهىرىنىڭ ئاهالىسى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ
سائۇلغا قىلغانلىرىنى ئاڭلاپ، [12] ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى هەممە
باتۇرلار بىر كېچە يول مېڭىپ، ئۇ يەرگە بېرىپ، سائۇل بىلەن
ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ جەسەتلىرىنى بەيتشاننىڭ سېپىلىدىن
ئېلىپ چۈشۈپ، يابېشقا ئاپىرىپ، ئۇ يەردە كۆيدۈردى. [13] ئاندىن
ئۇلار سۆڭەكلىرىنى ئېلىپ، يابېشتىكى چوڭ بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ
تۈۋىگە دەپنە قىلىپ، يەتتە كۈن روزا تۇتتى.

# سامُوئیل 2۔قسم


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |

# ساموئىل 2-قىسىم

## داۋۇتنىڭ سائۇلنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىشى

1 [1] سائۇل ئۆلگەندىن كېيىن، داۋۇت ئامالەكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، قايتىپ كېلىپ، زىقلاق شەھىرىدە ئىككى كۈن تۇردى. [2] ئۈچىنچى كۈنى سائۇلنىڭ بارگاھىدىن بىر ياش يىگىت كەلدى. ئۇ قايغۇدىن كىيىملىرىنى يىرتىپ، بېشىغا توپا چېچىپ، بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، داۋۇتقا تەزىم قىلدى. [3] داۋۇت ئۇنىڭدىن:

— قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىسرائىللارنىڭ بارگاھىدىن قېچىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ يىگىت. [4] داۋۇت يەنە:

— نېمە بولدى؟ قېنى سۆزلە، — دېدى.

— لەشكەرلەر جەڭگاھتىن قېچىپ كېتىشتى، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۆلتۈرۈلدى. سائۇل ۋە ئوغلى يوناتانمۇ ھالاك بولدى، — دېدى يىگىت. [5] داۋۇت:

— سائۇل بىلەن ئوغلى يوناتاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى سەن قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. [6] يىگىت:

— ئۇ چاغدا مەن دەل گىلبوۋا تېغىدا ئىدىم. ئۇ يەردە سائۇل ئۆزىنىڭ نەيزىسىگە يۆلىنىپ تۇراتتى. دۈشمەنىنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كەلدى. [7] ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، مېنى كۆرۈپ، چاقىردى. مەن: «لەببەي» دېدىم. [8] ئۇ مەندىن: «سەن كىم بولىسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئامالەكلەردىن بولىمەن» دەپ جاۋاب بەردىم. [9] ئۇ ماڭا: «ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ ياققا كەل، مېنى ئۆلتۈرۈۋەت، جېنىم چىقماي بەك قىينىلىپ كەتتىم» دېدى. [10] مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئېغىر

يارىلانغانلىقىنى بىلدىم ۋە ئۇنىڭ تىرىك قالالمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. شۇنداقلا، ئۇنىڭ بېشىدىكى تاجىسىنى ۋە بىلىكىدىكى بىلەزۈكىنى سىلىگە تەقدىم قىلىشقا ئېلىپ كەلدىم، ـ دېدى.

[11] داۋۇت قايغۇدىن ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى يىرتتى، ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ شۇنداق قىلدى. [12] ئۇلار قىلىچ ئاستىدا قازا قىلغان سائۇل، ئوغلى يوناتان ۋە پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى بولغان ئىسرائىللار ئۈچۈن كۈن پاتقۇچە ماتەم تۇتۇشۇپ، يىغا-زار قىلىشىپ، روزا تۇتۇشتى.

[13] داۋۇت خەۋەر ئېلىپ كەلگەن يىگىتتىن:

ـ سەن قەيەرلىك بولىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. يىگىت:

ـ مەن ئامالەكلەردىن بولىمەن، زېمىنىڭىزدىكى مۇساپىرلارنىڭ پەرزەنتىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. [14] داۋۇت ئۇنىڭغا:

پەرۋەردىگار ئۆزى تاللىغان پادىشاھنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭ قانداق باردى؟ ـ دېدى. [15] ئاندىن داۋۇت ئادەملىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ:

ـ ئۇنى ئۆلتۈر! ـ دېدى. ئۇ ئادەم بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئامالەك يىگىتنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. [16] داۋۇت:

ـ قان تۆككەنلىكىڭ ئۆزۈڭنىڭ بېشىغا چىقتى، چۈنكى سەن پەرۋەردىگار تاللىغان پادىشاھنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئىقرار قىلىپ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ، ـ دېدى.

## داۋۇتنىڭ سائۇل بىلەن يوناتانغا ئوقۇغان مەرسىيەسى

[17-18] داۋۇت سائۇل بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى يوناتان ئۈچۈن «يا» مەرسىيەسى دەپ ئاتالغان تۆۋەندىكى مەرسىيەنى ئوقۇدى. ئۇ: «بۇ مەرسىيە يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەرگە ئۆگىتىلسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. (بۇ مەرسىيە «ياشۇر» دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنگەندۇر.)

[19] ئاھ ئىسرائىلىيە، غۇرۇرلۇق ئەزىمەتلىرىڭ قەتل قىلىندى تاغلاردا،
قانداق يىقىلغاندۇ ئۇ پالۋانلار!

20 ئېلان قىلماڭلار بۇنى گات شەھىرىدە،
جاكارلىماڭلار ئاشقىلون كوچىلىرىدا.
خۇشال بولۇپ كەتمىسۇن فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ئايالىرى،
شادىمان بولمىسۇن خەتنىسىزلەرنىڭ قىزلىرى!

21 ئەي گىلبوۋا تاغلىرى،
ئۈستۈڭلارغا شەبنەم ياكى يامغۇر چۈشمىسۇن،
يەرلىرىڭلاردىن ھوسۇل چىقمىسۇن!
چۈنكى يېرىڭلاردا باتۇرلارنىڭ قالقىنى بۇلغاندى.
سائۇلنىڭ قالقىنى ماي بىلەن ئەمەس،
22 بەلكى جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قېنى،
باتۇرلارنىڭ تېنىدىكى ماي بىلەن مايلاندى.
يوناتاننىڭ ئوقياسى قۇرۇق قايتمايتتى،
سائۇلنىڭ قىلىچىمۇ غەلىبىسىز قايتىپ كەلمەيتتى.

23 سائۇل بىلەن يوناتان قەدىردان ۋە ئېسىل ئادەملەر ئىدى.
ھايات چېغىدىمۇ، ئۆلگەندىمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلمىدى.
ئۇلار بۈركۈتتىنمۇ چاققان،
شىردىنمۇ كۈچلۈك ئىدى!

24 ئەي ئىسرائىلىيەنىڭ قىز-ئاياللىرى،
سائۇل ئۈچۈن ماتەم تۇتۇڭلار!
ئۇ سىلەرگە توق قىزىل رەڭلىك، قىممەت باھالىق
لىباسلارنى كىيدۈرۈپ،
لىباسىڭلارنى ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن
بېزەتكۈزگەنىدى.

25 قانداق يىقىلغاندۇ باتۇرلار جەڭدە،
قانداق قەتل قىلىنغاندۇ يوناتان تاغلاردا!
26 ئەي بۇرادىرىم يوناتان، مەن ساڭا ماتەم تۇتاي!
سەن ماڭا تولىمۇ قەدىردان ئىدىڭ،

ئاجايىپ ئىدى سېنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭ،
ئارتۇق ئىدى ھەتتا ئاياللارنىڭ مۇھەببىتىدىنمۇ.

[27] قانداق يىقىلغاندۇ پالۋانلار،
قانداق ۋەيران بولغاندۇ جەڭ قوراللىرى!

## داۋۇتنىڭ يەھۇدا قەبىلىسىگە پادىشاھ بولۇشى

2 [1] شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت پەرۋەردىگاردىن:
– يەھۇدا شەھەرلىرىنىڭ بىرەرسىگە بارايمۇ؟ – دەپ
سورىدى.
– بارغىن، – دېدى پەرۋەردىگار.
– قايسى شەھەرگە باراي؟ – دەپ سورىدى داۋۇت.
– ھېبرونغا بارغىن! – دېدى پەرۋەردىگار.
[2] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئىككى ئايالىنى، يەنى يىزرىئەللىك
ئاخىنوئام بىلەن كارمەللىك نابالدىن تۇل قېلىپ داۋۇتقا تەگكەن
ئابىگالنى ئېلىپ، ھېبرونغا باردى. [3] داۋۇت يەنە ئۆز ئادەملىرىنى
ھەم ئۇلارنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى بىرگە ئېلىپ باردى. ئۇلار
ھېبرون شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارغا ئولتۇراقلاشتى.
[4] شۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر ھېبرونغا كېلىپ،
داۋۇتنىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇپ، ئۇنى يەھۇدا قەبىلىسىگە پادىشاھ
قىلىپ تىكلىدى. داۋۇت سائۇلنى گىلئادتىكى يابېشلىقلارنىڭ
دەپنە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، [5] ئۇلارغا ئەلچىلەر ئارقىلىق تۆۋەندىكى
سۆزلەرنى يەتكۈزدى: «سىلەر پادىشاھىڭلار سائۇلغا شاپائەت
كۆرسىتىپ، ئۇنى دەپنە قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، پەرۋەردىگار
سىلەرگە بەخت ئاتا قىلغاي. [6] سىلەرنىڭ قىلغان بۇ خەيرلىك
ئىشلىرىڭلارغا يارىشا پەرۋەردىگار سىلەرگە ھازىرلا ھەققىي
مېھىر-مۇھەببىتىنى يەتكۈزگەي، مەنمۇ ياخشىلىقىڭلارنى
ياخشىلىق بىلەن ياندۇراي. [7] ئەمدى دادىل ۋە قەيسەر بولۇڭلار،
چۈنكى پادىشاھىڭلار سائۇل ۋاپات بولدى. يەھۇدا قەبىلىسى
مېنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى.»

## ئىشبوشەتنىڭمۇ پادىشاھ بولۇشى

[8] نىر دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى ئابنىر سائۇلنىڭ قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى بولۇپ، ئۇ سائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوشەتنى ماخانايىم شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. [9] ئۇ يەردە ئابنىر ئىشبوشەتنى گىلئاد، ئاشۇر، يىزرەئەل، ئەفرايىم ۋە بىنيامىن دېگەن زېمىنلارغا، يەنى ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. [10] سائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوشەت ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇپ تىكلەنگەندە، 40 ياشتا ئىدى. ئۇ ئىسرائىلىيەگە ئىككى يىل پادىشاھ بولدى. ۋاھالەنكى، يەھۇدا قەبىلىسى داۋۇتقا ئەگەشتى. [11] داۋۇت ھېبروندا يەھۇدا قەبىلىسىگە جەمئىي يەتتە يېرىم يىل پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدىيە بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ

[12] بىر كۈنى نىرنىڭ ئوغلى ئابنىر سائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوشەتنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ، ماخانايىمدىن چىقىپ، گىبئون شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. [13] مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب داۋۇتنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ، گىبئون كۆلچىكىنىڭ بويىدا ئۇلار بىلەن ئۇچراشتى. ئىشبوشەتنىڭ ئادەملىرى كۆلچەكنىڭ بۇ تەرىپىدە، داۋۇتنىڭ ئادەملىرى كۆلچەكنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرۇشتى.
[14] ئابنىر يوئابقا قاراپ:
- يىگىتلەردىن بىرقانچىسى چىقىپ ئېلىشىپ باقسۇن، - دەپ تووۋلىدى.
- مەيلى، ئېلىشسۇن، - دېدى يوئاب. [15] شۇنداق قىلىپ، ئىشبوشەت بىنيامىن قەبىلىسىدىن 12 ئادەم چىقاردى. داۋۇت تەرەپمۇ 12 ئادەم چىقاردى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئېلىشتى. [16] ئۇلار بىر-بىرلىرىنىڭ باشلىرىنى مەھكەم تۇتۇشۇپ، بىقىنلىرىغا خەنجەر ئۇرۇشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گىبئوندىكى بۇ يەر «خەنجەر مەيدانى» دەپ ئاتالدى. [17] شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ئابنىر باشچىلىقىدىكى ئىسرائىلىيەلىكلەر داۋۇتنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. [18] مەزلۇمە

زىرۇيانىڭ ئۈچ ئوغلى، يەنى يوئاب، ئابىشاي ۋە ئاسائىلمۇ شۇ
يەردە ئىدى. ئاسائىل خۇددى دالادىكى جەرەندەك چاققانىدى.
[19] ئۇ قاچقان ئابنىرنىڭ ئارقىسىدىن قالماي، ئىز بېسىپ قوغلاپ
ماڭدى. [20] ئابنىر ئارقىسىغا قاراپ ئۇنىڭدىن:
- سەن ئاسائىلمۇ؟ - دەپ سورىدى.
- ھەئە، - دېدى ئۇ. [21] ئابنىر:
- مېنى قوغلاشتىن توختىغىن، باشقا بىرەر لەشكەرنى قوغلاپ،
ئۇنىڭ قورال-ياراغلىرىنى تارتىۋالغىن، - دېدى. لېكىن ئاسائىل
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي، داۋاملىق قوغلاپ كەلدى.
[22] - مېنى قوغلىمىغىن! - دېدى ئابنىر ئاسائىلغا يەنە بىر قېتىم،
- مېنى جېنىڭنى ئېلىشقا زورلىمىغىن. ئۇنداق قىلسام، ئاكاڭ
يوئابنىڭ يۈزىگە قانداق قارىيالايمەن؟
[23] لېكىن ئاسائىل ئۇنى قوغلاشتىن توختىمىدى، شۇنىڭ بىلەن
ئابنىر نەيزىسىنىڭ دەستىسىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاسائىلنىڭ قورسىقىغا
بىر ئۇرۇۋىدى، نەيزىسىنىڭ دەستىسى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن تېشىپ
چىقتى. ئاسائىل يىقىلىپ، شۇ يەردىلا جان بەردى. ئاسائىلنىڭ
كەينىدىن كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ جەستى ياتقان
يەرگە كەلگەندە، توختاپ قېلىشتى. [24] لېكىن يوئاب بىلەن ئابىشاي
ئابنىرنى داۋاملىق قوغلاپ ماڭدى. ئۇلار كۈن ئولتۇرغاندا ئاماھ
دۆڭگە يېتىپ كەلدى. بۇ دۆڭ گىبئون چۆلىگە بارىدىغان يولنىڭ
بويىدىكى گىياخ دېگەن يەرنىڭ يېنىغا جايلاشقانىدى. [25] بىنيامىن
قەبىلىسىدىكىلەر ئابنىرنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، بىر توپ بولۇپ
دۆڭنىڭ ئۈستىدە ھازىر بولۇشتى. [26] ئابنىر يوئابقا قاراپ:
- قاچانغىچە بىر-بىرىمىزنى قىرىمىز؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان
بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ سەن ئادەملىرىڭگە قېرىندىشىڭلارنى
قوغلىماڭلار، دەپ قاچان بۇيرۇق قىلىسەن؟ - دەپ توۋلىدى.
[27] يوئاب:
- مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن
بايىقى سۆزلەرنى قىلمىغان بولساڭ، ئادەملىرىم ئۆز قېرىنداشلىرىنى
ئەتە سەھەرگىچە داۋاملىق قوغلىغان بولاتتى، - دېدى.

[28] شۇنىڭ بىلەن يوئاب بۇرغا① چېلىۋىدى، ئادەملىرى ئىسرائىللارنى قوغلاشتىن توختىدى ۋە ئۇلار بىلەن جەڭمۇ قىلمىدى. [29] ئابنىر ئادەملىرى بىلەن كېچىلەپ ئىئوردان ۋادىسىنى بويلاپ مېڭىپ، ئاندىن ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ماخانايىمغا يېتىپ كەلدى. [30] داۋۇتنىڭ ئادىمى بولغان يوئاب ئابنىرنى قوغلاشتىن ۋاز كېچىپ، ئادەملىرىنى توپلىغاندا، ئاسائېلدىن باشقا يەنە 19 ئادەم كەم چىقتى. [31] لېكىن داۋۇتنىڭ ئادەملىرى بىنيامىن قەبىلىسىدىن، يەنى ئابنىرنىڭ ئادەملىرىدىن 360 ئادەمنى ئۆلتۈرگەنىدى. [32] يوئاب ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاسائېلنى بەيتلەھەمگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدى. ئاندىن ئۇلار بىر كېچە يول مېڭىپ، تاڭ ئاتقاندا ھېبرونغا يېتىپ كەلدى.

# 3

[1] سائۇلنىڭ جەمەتى بىلەن داۋۇتنىڭ جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئۇزۇن ۋاقىتقىچە داۋام قىلدى. داۋۇتنىڭ جەمەتى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى، سائۇلنىڭ جەمەتى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاشتى.

[2] داۋۇت ھېبروندا بىرنەچچە ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. تۇنجى ئوغلى يىزرەئەللىك ئاخىنوئامدىن تۇغۇلغان ئامنون، [3] ئىككىنچى ئوغلى كارمەللىك نابالدىن تۇل قالغان ئابىگالدىن تۇغۇلغان كىلاب، ئۈچىنچى ئوغلى گېشۇرنىڭ پادىشاھى تالمايىنىڭ قىزى مائاكادىن تۇغۇلغان ئابسالوم، [4] تۆتىنچى ئوغلى خاگگىتتىن تۇغۇلغان ئادونىيا، بەشىنچى ئوغلى ئابىتالدىن تۇغۇلغان شىفاتىيا، [5] ئالتىنچى ئوغلى ئەگلاھتىن تۇغۇلغان يىترىئام ئىدى. بۇلار داۋۇتنىڭ ھېبروندا كۆرگەن پەرزەنتلىرىدۇر.

## ئابنىرنىڭ داۋۇتقا ئەل بولۇشى

[6] سائۇلنىڭ جەمەتى بىلەن داۋۇتنىڭ جەمەتى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئابنىرنىڭ سائۇل جەمەتىدىكى تەسىر كۈچى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ باردى. [7] سائۇلنىڭ رىزپاھ

① 2: 28 بۇرغا ـ قوچقار قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغان، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان قەدىمي چالغۇ ئەسۋاب.

ئىسمىلىك بىر توقلى بار ئىدى، ئۇ ئايياھنىڭ قىزى ئىدى. بىر كۈنى ئىشبوشەت ئابنىرغا:
- سەن نېمىشقا ئاتامنىڭ توقلى بىلەن بىر ئورۇندا ياتىسەن؟
- دېدى. [8] ئابنىر ئىشبوشەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بەك خاپا بولۇپ:
- سېنىڭچە مەن يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ لالما ئىتى ئىكەنمەن-دە؟ مەن ھازىرغىچە سىلەرنىڭ جەمەتىڭلارغا، يەنى ئاتاڭ سائۇلغا، ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ۋە دوستلىرىغا سادىق بولۇپ، سېنى داۋۇتنىڭ قولىغا چۈشۈرمىگەن بولساممۇ، لېكىن سەن بۈگۈن مېنى بىر خوتۇن ئۈچۈن ئەيىبلەۋاتىسەن. [9-10] مەن شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن سائۇلنىڭ پادىشاھلىقىنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تارتىۋېلىپ، داۋۇتنى شىمالدىكى دان شەھىرىدىن جەنۇبتىكى بەئەرشەبا شەھىرىگىچە بولغان پۈتۈن ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇزۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتقا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدىغان بولسام، خۇدا مېنى قاتتىق جازالىسۇن، - دېدى. [11] ئىشبوشەت قورقىنىدىن ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى.

[12] ئابنىر داۋۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ: «بۇ زېمىن سىزگە تەۋە بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ مەن بىلەن كېلىشىم تۈزۈڭ، مەن سىزگە ياردەملىشىپ، پۈتۈن ئىسرائىلىيەنى سىزگە ئېلىپ بېرىمەن» دېدى. [13] داۋۇت: «ياخشى گەپ! مەن سەن بىلەن كېلىشىم تۈزەي، بىراق ئالدى بىلەن سەندىن بىر ئىشنى تەلەپ قىلىمەن. سەن مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، سائۇلنىڭ قىزى مىكالنى ئېلىپ كەل، بولمىسا سەن مەن بىلەن كۆرۈشەلمەيسەن» دەپ جاۋاب قايتۇردى.
[14] داۋۇت يەنە سائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوشەتنىڭ قېشىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ: «سىڭلىڭ مىكالنى، يەنى مەن يۈز فىلىستىيەلىكنىڭ خەتنە تېرىسىگە ئالغان ئايالىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ» دېدى.
[15] شۇنىڭ بىلەن ئىشبوشەت ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، مىكالنى ئېرىدىن، يەنى لايىشنىڭ ئوغلى پالتىدىن تارتىۋالدى. [16] مىكالنىڭ ئېرى تاكى باخۇرىمغىچە ئەگىشىپ، يىغلاپ كەلدى. ئابنىر ئۇنىڭغا:
- بولدى، قايتىپ كەت! - دېدى. ئۇ قايتىپ كەتتى.
[17] ئابنىر ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا:

- سىلەر ئۆزۈڭلاردىن بۇرۇن داۋۇتنىڭ ئۆزۈڭلارغا پادىشاھ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەنىدىڭلار، [18] ئەمدى ۋاقتى كەلدى! پەرۋەردىگار خىزمەتكارى داۋۇتقا: «مەن خەلقىم ئىسرائىللارنى فىلىستىيەلىكلەر ۋە بارلىق دۈشمەنلىرىدىن سەن ئارقىلىق قۇتۇلدۇرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدى، - دېدى.

[19] ئابنىر بۇ سۆزنى بىنيامىن قەبىلىسىدىكىلەرگىمۇ ئېيتتى. ئاندىن ئۇ ئىسرائىللارنىڭ، جۈملىدىن بىنيامىن قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ نېمىگە ماقۇل بولغانلىقىنى داۋۇتقا ئېيتقىلى ھېبرونغا باردى. [20] ئابنىر يىگىرمە ئادەمنى باشلاپ، ھېبروندا تۇرۇۋاتقان داۋۇتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، داۋۇت ئابنىر ۋە ئۇنىڭ بىلەن كەلگەنلەرنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. [21] ئابنىر داۋۇتقا:

- ئەمدى كېتىشىمگە ئىجازەت بەرسىڭىز، پۈتۈن ئىسرائىللارنى ئالدىڭىزغا جەم قىلاي، ئۇلار سىز بىلەن كېلىشىم تۈزسۇن. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۈمىد قىلىپ كەلگەندەك پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىنىڭ پادىشاھى بولىسىز، - دېدى.

داۋۇت ئابنىرنى يولغا سالدى، ئۇ ئامان-ئېسەن قايتىپ كەتتى.

## يوئابنىڭ ئابنىرنى ئۆلتۈرۈشى

[22] شۇ چاغدا يوئاب ۋە داۋۇتنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇش قىلىپ، نۇرغۇن ئولجىلار بىلەن قايتىپ كەلدى. ۋاھالەنكى، ئابنىر ھېبروندا داۋۇت بىلەن بىرگە ئەمەس ئىدى. داۋۇت ئۇنى يولغا سالغان بولۇپ، ئۇ ئامان-ئېسەن قايتىپ كەتكەنىدى. [23] يوئاب قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئۇنىڭغا: «نېرنىڭ ئوغلى ئابنىر كېلىپ، پادىشاھ داۋۇت بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە پادىشاھ ئۇنى يولغا سېلىپتۇ. ئۇ ئامان-ئېسەن قايتىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. [24] بۇنى ئاڭلىغان يوئاب پادىشاھ داۋۇت بىلەن كۆرۈشۈپ:

- بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ نېرنىڭ ئوغلى ئابنىر ئۆزى يېنىڭىزغا كەلسە، نېمىشقا ئۇنى يولغا سېلىپ قويدىڭىز؟ مانا ئەمدى ئۇ كېتىپ قاپتۇ. [25] سىز نېرنىڭ ئوغلى ئابنىرنى ياخشى بىلىسىز، ئۇ بۇ يەرگە سىزنى ئالدىغلى، نەگە بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى ۋە نېمە ئىش بىلەن بەند بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلگىلى كەلگەن، - دېدى.

26 يوئاب داۋۇتنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ئابنىرنى قوغلاپ تۇتۇشقا
ئادەملىرىنى ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇنى سىراھ قۇدۇقىنىڭ يېنىدىن
ياندۇرۇپ ئېلىپ كەلدى. لېكىن داۋۇت بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر
ئىدى. 27 ئابنىر ھېبرونغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىنگەندە، يوئاب ئۇنى
ئايرىم سۆزلىشەيلى دەپ، شەھەر سېپىلىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا
جايلاشقان بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، ئىنىسى ئاسائېلنىڭ ئىنتىقامىنى
ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قورسىقىغا خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈردى.
28 داۋۇت بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
- نېرنىڭ ئوغلى ئابنىرنىڭ ئاققان قېنى ئۈچۈن مەن ۋە پادىشاھلىقىم
پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا قەتئىي گۇناھكار ئەمەسمىز. 29 ئۇنىڭ
ئاققان قېنىنىڭ گۇناھى يوئاب ۋە ئۇنىڭ ئاتا جەمەتىدىكىلەرنىڭ
بېشىغا كەلسۇن! يوئابنىڭ جەمەتىدىن يىرىڭلىق يارا ۋە تېرە
كېسەللىكلىرى ئۆكسۈمىسۇن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قولتۇق
تايىقىدا ماڭىدىغان، قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدىغان ۋە بىر بۇردا نانغا
زار بولىدىغان كىشىلەر پەقەت يوقالمىسۇن، - دېدى.
30 ئابنىر گىبئوندىكى جەڭدە يوئابنىڭ ئىنىسى ئاسائېلنى
ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، يوئاب بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى ئابىشاي
ئابنىرنى قەتل قىلغانىدى.

## داۋۇتنىڭ ئابنىرغا ماتەم تۇتۇشى

31 داۋۇت يوئاب ۋە كۆپچىلىككە:
- كىيىملىرىڭلارنى يىرتىڭلار، ماتەملىك كىيىمڭلارنى كىيىڭلار،
ئابنىر ئۈچۈن ھازا تۇتۇڭلار! - دېدى.
پادىشاھ داۋۇتمۇ جىنازىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. 32 ئۇلار ئابنىرنى
ھېبروندا دەپنە قىلدى. پادىشاھ داۋۇت ئابنىرنىڭ قەبرىسى ئالدىدا
ھۆڭرەپ يىغلىدى، كۆپچىلىكمۇ كۆز يېشى قىلىشتى. 33 پادىشاھ
داۋۇت يەنە ئابنىرغا ئاتاپ مۇنداق مەرسىيە ئوقۇدى:

ئەي ئابنىر، ئەرزىمەس ئادەمدەك ئۆلۈشۈڭ كېرەكمىدى؟
34 قولۇلىرىڭ باغلاقلىق،
پۇتلىرىڭ كىشەنلىك ئەمەس ئىدى،

ئەمما رەزىللەرنىڭ قولىدا ئۆلدۈڭ ئەمدى!

كۆپچىلىك يەنە ئابنىر ئۈچۈن ياش تۆكۈشتى. [35] ئۇلار داۋۇتنى كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ئازراق غىزا يېيىشكە ئۈندىدى. لېكىن داۋۇت قەسەم قىلىپ:

ـ ئەگەر مەن كۈن پاتقۇچە ئاغزىمغا بىرەر نەرسە سالسام، پەرۋەردىگار مېنى قاتتىق جازالىسۇن، ـ دېدى.

[36] كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ، پادىشاھتىن خۇشال بولۇشتى. ئەسلىدە ئۇلار پادىشاھنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. [37] شۇ كۈنى پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى نېرنىڭ ئوغلى ئابنىرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدە پادىشاھ داۋۇتنىڭ قولىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى.

[38] پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە:

ـ بىلمەمسىلەر، بۈگۈن ئىسرائىلىيەدىن بىر يولباشچى، يەنى ئۇلۇغ بىر ئىنسان كەتتى. [39] مەن خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان پادىشاھ بولساممۇ، لېكىن مەن يەنىلا ئاجىزمەن. زېرۇيانىڭ بۇ ئىككى ئوغلى، يەنى يوئاب بىلەن ئابىشاي زوراۋانلاردۇر، مەن ئۇلارنى باشقۇرالمايمەن. پەرۋەردىگار يامانلارنىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازاسىنى بەرگەي، ـ دېدى.

## ئىشبوشەتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

4 [1] سائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوشەت ئابنىرنىڭ ھېبروندا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا، يۈرىكى سىلىپ كەتتى. پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. [2] ئىشبوشەتنىڭ خىزمىتىدە ئىككى توپ قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ۋە رېكاب ئىسىملىك ئىككى ئاتامانى بار ئىدى. ئۇلار بەئەروتتا ياشايدىغان بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان رىممونىنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. بەئەروت شەھىرى ئۇ ۋاقىتتا بىنيامىن قەبىلىسىگە تەۋە زېمىن ئىدى. [3] بەئەروتنىڭ ئەسلى

---

① 4: 4 «مەفىبوشەت»نىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى «مەفىبائال»

ئاھالىسى گىتتايىمغا قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭدىن بېرى شۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ ياشىماقتا.

[4] سائۇلنىڭ ئوغلى يوناتاننىڭ ئىككىلا پۇتى مېيىپ بولغان مىفىبوشەت ① ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. سائۇل بىلەن يوناتان قازا قىلغاندا، ئۇ بەش ياشتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يىزرەئەلدىن يېتىپ كەلگەندە، ئىنىكئانىسى ئۇنى ئېلىپ قاچقانىدى. ئىنىكئانىسى ئۇنى ئېلىپ قاچقاندا، ئالدىراپ قاچقاچقا، بالا يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، مېيىپ بولۇپ قالغانىدى.

[5] بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا بەئەروتتا ياشايدىغان رىممۇننىڭ ئوغلى رېكاب بىلەن بائانا ئىشبوشەتنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىشبوشەت چۈشلۈك ئۇيقۇدا ئىدى. [6] ئۇلار بۇغداي ئالىدىغانلاردەك ياسىنىپ، ئۆيگە غىپپىدە كىرىۋالدى. [7] ئۇلار ئۆيگە كىرگەن چاغدا، ئىشبوشەت ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا تۆشەكتە ياتاتتى. ئۇلار ئىشبوشەتنى خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى كېسىۋالدى. ئاندىن كاللىنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ، كېچىلەپ ئىئوردان ۋادىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قېچىپ كەتتى. [8] ئۇلار ئىشبوشەتنىڭ كاللىسىنى ھېبرونغا، يەنى پادىشاھ داۋۇتنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا:

– رەقىبلىرى سائۇل ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى ئېلىش قەستىدە بولغانىدى. قارىسىلا، مانا بۇ ئۇنىڭ ئوغلى ئىشبوشەتنىڭ كاللىسى. پەرۋەردىگار بۈگۈن سىلىنىڭ سائۇل ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىن ئالىدىغان ئىنتىقاملىرىنى ئېلىپ بەردى، – دېدى.

[9] لېكىن داۋۇت رېكاب بىلەن بائاناغا جاۋاب بېرىپ:

– جېنىمنى ھەممە قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، [10] ئىلگىرى ماڭا «قارىسىلا، سائۇل ئۆلدى!» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەن كىشى ماڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزدۈم دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىگە مۇكاپات ئورنىدا ئۇنى تۇتۇپ، زىقلاقتا قەتل قىلغانىدىم. [11] شۇنداق ئىكەن، گۇناھسىز بىر ئادەمنى ئۆيىدە، ياتقان يېرىدە قەتل قىلغان رەزىل ئادەملەرگە قانداقمۇ مۇكاپات بېرەي؟ ئۇنىڭ قان قەرزىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنى يەر يۈزىدىن يوق قىلمايمەنمۇ؟ – دېدى.

[12] داۋۇت ئادەملىرىگە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. داۋۇتنىڭ
ئادەملىرى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، پۇت-قوللىرىنى كېسىپ، تەنلىرىنى
ھېبروندىكى كۆلچەكنىڭ بويىغا ئېسىپ قويۇشتى. ئىشبوشەتنىڭ
كاللىسىنى ئابنېرنىڭ ھېبروندىكى قەبرىسىگە ئېلىپ بېرىپ،
دەپنە قىلىشتى.

## داۋۇتنىڭ پۈتۈن ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇشى

5 [1] شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيەگە تەۋە قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى
ھېبروندىكى داۋۇتنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:
— قارىسىلا، بىز سىلىنىڭ جانجىگەر تۇغقانلىرى بولىمىز. [2] بۇرۇن
سائۇل بىزگە پادىشاھ بولغان ۋاقىتدا، سىلى ئۇرۇشلاردا ئىسرائىل
خەلقىگە باشچىلىق قىلغانىدىلە. پەرۋەردىگارمۇ سىلىگە: «خۇددى
بىر پادىچى ئۆز قويلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاندەك، سەنمۇ
مېنىڭ خەلقىم بولغان ئىسرائىللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن
ۋە ئۇلارغا باش بولىسەن» دېگەنىدى، — دېيىشتى.
[3] شۇنداق قىلىپ، داۋۇت ھېبروندا ئىسرائىللارنىڭ بارلىق
ئاقساقاللىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ: «پەرۋەردىگار گۇۋاھ
بولسۇن» دېيىشتى. ئۇلار داۋۇتنىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇپ، ئۇنى پۈتۈن
ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. [4] داۋۇت پادىشاھ بولغان
ۋاقىتدا ئوتتۇز ياشتا ئىدى، ئۇ قىرىق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.
[5] ئۇ ھېبروندا يەھۇدا قەبىلىسىگە يەتتە يېرىم يىل ۋە يېرۇسالېمدا
ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيەگە 33 يىل پادىشاھ بولدى.

## داۋۇتنىڭ يېرۇسالېمنى ئىگىلىشى

[6] پادىشاھ داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى يېرۇسالېم شەھىرىگە
كېلىپ، شۇ يەردە تۇرىدىغان يېبۇسلارغا ھۇجۇم قىلماقچى
بولدى. لېكىن يېبۇسلار داۋۇت بۇ شەھەرگە ھەرگىز كىرەلمەيدۇ
دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا:
— سەن بۇ شەھەرگە كىرەلمەيسەن، سېنى ھەتتا بۇ يەردىكى
كور ۋە توكۇرلارمۇ توسۇپ قالالايدۇ، — دېدى.

[7] (كېيىن داۋۇت يېرۇسالېمدىكى سىئون قەلئەسىنى ھۇجۇم
قىلىپ ئالدى ۋە بۇ قەلئەگە «داۋۇت شەھىرى» دەپ نام بەردى.)
[8] داۋۇت ئۇ چاغدا ئۆز ئادەملىرىگە:
- كىمكى يەبۇسلارنى يوقاتماقچى بولسا، شەھەرگە يەر
ئاستىدىكى سۇ يولى ئارقىلىق كىرسۇن ۋە مەن ئۆچ كۆرىدىغان
«كور» ۋە «توكۇر»لارغا ھۇجۇم قىلسۇن، - دېدى. «كور ۋە
توكۇرلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىرسە بولمايدۇ» دېيىش
مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.
[9] شۇنداق قىلىپ، داۋۇت قەلئەنى ئىگىلەپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدى
ۋە بۇ قەلئەنى «داۋۇت شەھىرى» دەپ ئاتىدى. داۋۇت يېرۇسالېم
شەھىرىنى تىندۇرۇلغان يەردىن باشلاپ كېڭەيتىپ قۇردى. [10] داۋۇت
كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى، چۈنكى پەرۋەردىگار، يەنى قۇدرەتلىك
سەردار خۇدا ئۇنىڭغا يار ئىدى.
[11] تىر پادىشاھى ھىرام داۋۇتقا ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى ۋە ئەلچىلەر
بىلەن بىرگە كېدىر ياغاچلىرى، ياغاچچىلار ۋە تاشچىلارنىمۇ
يوللىدى. ئۇلار داۋۇتقا ئوردا سېلىپ بەردى. [12] شۇنىڭ بىلەن
داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنى ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ قىلىپ
تىكلىگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆز خەلقى بولغان ئىسرائىللار ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى گۈللەندۈرگەنلىكىنى بىلدى.
[13] داۋۇت ھېبروندىن كەتكەندىن كېيىن، يېرۇسالېمدا يەنە
بىرقانچە ئايال ۋە توقاللارنى ئالدى ۋە نۇرغۇن پەرزەنت كۆردى.
[14] يېرۇسالېمدا تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرى: شاممۇۋا،
شوباب، ناتان، سۇلايمان [15] يىبخار، ئەلىشۇۋا، نەفەگ، يافىيا،
[16] ئەلىشاما، ئەلىيادا ۋە ئەلىفەلەت.

## پادىشاھ داۋۇتنىڭ فىلىستىيەلىكلەرنى يېڭىشى

[17] داۋۇتنىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇلۇپ، پۈتۈن ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ
بولغانلىقىنى ئاڭلىغان فىلىستىيەلىكلەر لەشكەرلىرىنى داۋۇتنى
تۇتۇشقا ئەۋەتتى. داۋۇت بۇنى ئاڭلاپ، تاغدىكى غارغا باردى.
[18] فىلىستىيەلىكلەر كېلىپ، رافاھلار جىلغىسىنىڭ ھەممە يېرىدە
بارگاھ قۇردى. [19] داۋۇت پەرۋەردىگاردىن:

- مەن فىلىستىيەلىكلەرگە قارشى جەڭگە چىقايمۇ؟ ئۇلارنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرامسەن؟ - دەپ سورىدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
- جەڭگە چىق، مەن چوقۇم فىلىستىيەلىكلەرنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن، - دېدى.
[20] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت بائال-پېرازىمغا بېرىپ، فىلىستىيەلىكلەرنى مەغلۇپ قىلدى ۋە: «پەرۋەردىگار دۈشمەنلىرىم ئۈستىدىن خۇددى كەلكۈندەك بۆسۈپ ئۆتتى» دېدى. شۇڭا بۇ يەرگە «بائال-پېرازىم» [مەنىسى «بۆسۈپ ئۆتكۈچى ئىلاھ»] دەپ نام بېرىلدى.
[21] فىلىستىيەلىكلەر قاچقاندا، ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىنى شۇ يەرگە تاشلاپ قاچقانىدى. داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇ بۇتلارنى ئېلىپ كەتتى.
[22] كېيىن فىلىستىيەلىكلەر يەنە كېلىپ، رافاھلار جىلغىسىنىڭ ھەممە يېرىدە بارگاھ قۇردى. [23] داۋۇت يەنە پەرۋەردىگاردىن نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى سورىدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
- ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلماي، ئارقا تەرىپىگە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تېرەكلىكنىڭ يېنىدىن ھۇجۇم قىل. [24] سەن تېرەكلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن لەشكەرلىرىمنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىشىڭ بىلەنلا تېز ھەرىكەت قىل. چۈنكى شۇ چاغدا مەن سېنىڭ ئالدىڭدا فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قوشۇنىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولىمەن، - دېدى.
[25] شۇنداق قىلىپ، داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش كۆردى. ئۇلار فىلىستىيەلىكلەرنى گەبادىن گەزەرگىچە قوغلاپ يۈرۈپ، قىردى.

## ئەھدە ساندۇقىنىڭ يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىنىشى

6 [1] داۋۇت يەنە ئىسرائىللارنىڭ سەرخىل لەشكەرلىرىنى يىغدى. ئۇلار جەمئىي 30 مىڭ ئىدى. [2] داۋۇت پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى باشلاپ، يەھۇدىيەنىڭ بائالا شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ تەختى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى كېرۇبلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ نام-شەرىپى ئەھدە ساندۇقىدا ئىدى. [3] ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كىچىكرەك

بىر تاغ ئۈستىدىكى ئابىنادابنىڭ ئۆيىدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ، يېڭى بىر هارۋىنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئابىنادابنىڭ ئوغۇللىرى بولغان ئۇززا ۋە ئاخىيو هارۋىنى هەيدەپ ماڭدى. [4] ئاخىيو هارۋىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. [5] داۋۇت ۋە پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى لىرا، چىلتار، داپ، ساپايى ۋە جاڭلارنى چېلىپ، هاياجان بىلەن ناخشا ئېيتىپ، پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئوقۇدى.

[6] ئۇلار ناكوننىڭ خامىنىغا كەلگەندە ئۆكۈز پۇتلىشىپ كەتتى. خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى هارۋىدىن چۈشۈپ كېتەي دېگەندە، ئۇززا قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنى تۇتۇۋالدى. [7] بىراق ئۇززانىڭ بۇ هەرىكىتى ئەھدە ساندۇقىغا خالىغانچە تەگمەسلىك قائىدىسىگە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ غەزىپى كېلىپ، ئەھدە ساندۇقىنىڭ يېنىدىلا ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. [8] داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئۇززانى جازالىغانلىقىغا خاپا بولۇپ، ئۇ يەرنى «پەرەس-ئۇززا» [مەنىسى «ئۇززانىڭ جازالىنىشى»] دەپ ئاتىدى. بۇ يەر شۇنىڭدىن بېرى شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

[9] شۇ كۈنى داۋۇت پەرۋەردىگاردىن قورقۇپ: «پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىغا قاراش ۋەزىپىسىنى قانداق قىلىپ ئۈستۈمگە ئالالايمەن؟» دەپ ئويلىدى. [10] شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان داۋۇت شەھىرىگە ئېلىپ كېلىشنى خالىماي، ئۇنى گاتلىق ئوبېد-ئېدومنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. [11] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى ئوبېد-ئېدومنىڭ ئۆيىدە ئۈچ ئاي تۇردى. پەرۋەردىگار ئوبېد-ئېدومنىڭ پۈتۈن ئۇرۇق-جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلدى.

[12] پادىشاھ داۋۇت پەرۋەردىگار ئەھدە ساندۇقى سەۋەبى بىلەن ئوبېد-ئېدومنىڭ جەمەتىگە ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە بەخت ئاتا قىلىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئوبېد-ئېدومنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى خۇشال هالدا داۋۇت شەھىرىگە يۆتكەپ ئەكەلدى. [13] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلار ئالتە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، داۋۇت بىر بۇقا ۋە بىر بورداقلىغان توقلى قۇربانلىق قىلدى. [14] داۋۇت زىغىر رەختتىن تىكىلگەن روھانىيلىق پەرتۇقىنى تاقاپ، پەرۋەردىگارنىڭ

ھۇزۇرىدا ھاياجان بىلەن ئۇسسۇل ئوينىدى. [15] داۋۇت ۋە پۈتۈن
ئىسرائىللار ئالقىش ياڭرىتىپ، بۇرغا چېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى يېرۇسالېمغا كۆتۈرۈپ ماڭدى.
[16] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى داۋۇت شەھىرىگە كىرگەن
ۋاقىتتا، سائۇلنىڭ قىزى مىكال دېرىزىدىن پادىشاھ داۋۇتنىڭ
پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا سەكرەپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۇنى مەنسىتمىدى. [17] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى داۋۇت تەييارلىغان چېدىرغا ئەكىرىپ قويدى.
داۋۇت پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقلىرى
قىلدى. [18] شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خەلققە قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن بەخت تىلىدى. [19] ئۇ يەنە پۈتۈن
خەلققە ئەر-ئايال دېمەي، ھەربىر ئادەمگە بىردىن نان، خورما
قېقى ۋە كىشمىش تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىك
ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى.
[20] داۋۇتمۇ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە بەخت تىلەش ئۈچۈن ئۆيىگە
قايتتى. سائۇلنىڭ قىزى، يەنى داۋۇتنىڭ ئايالى مىكال ئۇنى قارشى
ئېلىشقا چىقىپ، ئۇنىڭغا:
— پاھ، ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھى بۈگۈن قالتىس شانۇشەۋكەتلىك
بولۇپ كېتىپتىغۇ؟! ئەمەلدارلىرىنىڭ دېدەكلىرى ئالدىدا خۇددى
پەسكەش ئادەملەردەك يېرىم يالىڭاچ بولۇپ، ئۆزلىرىنى كۆرسەتتىلىغۇ!
— دېدى. [21] داۋۇت ئۇنىڭغا:
— ئۇسسۇل ئوينىغان بولسام، ئاتاڭنىڭ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن
جەمەتىنىڭ ئورنىغا مېنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ خەلقى بولغان
ئىسرائىللارنىڭ بېشى قىلىپ تاللىغان پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
شادلىنىپ ئوينىدىم. [22] مەن قانچە ئابرۇيسىز قالساممۇ، سەن
مېنى قانچىلىك كۆزگە ئىلمىساڭمۇ، مەن يەنىلا ئۇسسۇل
ئويناۋېرىمەن. ۋاھالەنكى، سەن تىلغا ئالغان ئاشۇ دېدەكلەر
يەنىلا مېنى ھۆرمەتلىشىدۇ، — دېدى.
[23] سائۇلنىڭ قىزى مىكال ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پەرزەنت يۈزى
كۆرمىدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ پادىشاھ داۋۇتقا بەرگەن ۋەدىسى

**7** [1] ئۇ چاغلاردا پادىشاھ داۋۇت ئۆز ئوردىسىدا تۇراتتى. پەرۋەردىگار
ئۇنى ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئامان ساقلىدى. [2] بىر
كۈنى داۋۇت ناتان پەيغەمبەرگە:
- قاراڭ، مەن كېدىر ياغىچىدىن ياسالغان ئوردىدا تۇرۇۋاتىمەن،
لېكىن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى چېدىردا تۇرۇۋاتىدۇ، - دېدى.
[3] ناتان داۋۇتقا:
- كۆڭلىڭىزدە قانداق ئويلىغان بولسىڭىز شۇنداق قىلىڭ، چۈنكى
پەرۋەردىگار سىزگە ياردۇر، - دېدى.
[4] لېكىن شۇ كۈنى كەچتە پەرۋەردىگاردىن ناتان پەيغەمبەرگە
ۋەھيي كەلدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
[5] - سەن بېرىپ، خىزمەتكارىم داۋۇتقا مۇنداق دېگىن: «مەن
تۇرىدىغان ئىبادەتخانىنى سەن سالماقچىمۇ؟ [6] مەن پەرۋەردىگار
ئىسرائىل خەلقىنى مىسىردىن باشلاپ چىققان كۈندىن تارتىپ
تاكى ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر ئىبادەتخانىنى ماكان قىلىپ
باقمىدىم، بەلكى ئىبادەت چېدىرى بىلەن بىرگە كۆچۈپ،
ئايلىنىپ يۈردۈم. [7] مەن خەلقىم ئىسرائىللار بىلەن بىرگە
بولغان يەرلەردە، ئۇلارنى پادىچى بولۇپ باشلاپ ماڭسۇن دەپ،
تەيىنلىگەن يېتەكچىلەرگە: ‹نېمە ئۈچۈن ماڭا ئاتاپ كېدىر
ياغىچىدىن ئوردا سالدۇرمىدىڭلار؟› دەپ باقتىممۇ؟ [8] مەنكى
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار سېنى يايلاقتا قويلارنىڭ ئارقىسىدا
يۈرگەن يېرىڭدىن تاللاپ، خەلقىم ئىسرائىللارغا يېتەكچى قىلىپ
تەيىنلىدىم. [9] قەيەرگىلا بارساڭ، مەن ساڭا يار بولۇپ، ھەممە
دۈشمەنلىرىڭنى كۆز ئالدىڭدا يوقاتتىم. ئەمدى سېنىڭ نامىڭنى
يەر يۈزىدىكى ئۇلۇغلارنىڭ نامىدەك ئۇلۇغ قىلىمەن. [10-11] مەن
خەلقىم ئىسرائىللارغا بىر زېمىن تاللاپ بېرىمەن ۋە ئۇلارنى
ئۇ يەردە مۇستەھكەم تۇرغۇزىمەن. ئۇلار ئۆز ماكانىدا بىخەتەر
ياشايدۇ. مەن سەردارلارنى خەلقىم ئىسرائىللارغا يېتەكچىلىك
قىلىشقا تەيىنلىگەن ئاشۇ زاماندىن تارتىپ باشلانغان رەزىللەرنىڭ
خەلقىمگە زۇلۇم قىلىشى ئەمدى توختايدۇ. مەن سېنى بارلىق

دۈشمەنلىرىڭدىن تىنچ-ئامان ساقلايمەن. ئەمدى مەن پەرۋەردىگار
شۇنى جاكارلايمەنكى، مەن سېنىڭ جەمەتىڭگە بىر خاندانلىق
تىكلەپ بېرىمەن. [12] سېنىڭ كۈنلىرىڭ توشۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ
يېنىغا دەپنە قىلىنغان چاغدا، ئۆز پۇشتۇڭدىن بولغان بىرسىنى
ئورنۇڭغا قويىمەن، ھەمدە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى مۇستەھكەم
قىلىمەن. [13] مېنىڭ نامىمغا ئاتىلىدىغان ئىبادەتخانىنى ئۇ سالىدۇ.
مەن ئۇنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى مەڭگۈ مۇستەھكەم قىلىمەن.
[14] مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن، ئۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ. مۇبادا ئۇ
گۇناھ ئۆتكۈزسە، ئاتا بالىسىنى جازالىغاندەك، مەنمۇ ئۇنى
جازالايمەن. [15] سېنى پادىشاھ بولسۇن دەپ، سائۇلنى مېھىر-
مۇھەببىتىمدىن مەھرۇم قىلغانىدىم. لېكىن ئۇنى ھېچقاچان
مېھىر-مۇھەببىتىمدىن مەھرۇم قىلمايمەن. [16] سېنىڭ نەسلىڭ
ۋە پادىشاھلىقىڭ مېنىڭ ئالدىمدا مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. سېنىڭ
تەختىڭنى ئەبەدىي قىلىمەن.»
[17] ناتان پەيغەمبەر پەرۋەردىگاردىن كەلگەن ۋەھىيلەرنىڭ
ھەممىسىنى داۋۇتقا يەتكۈزدى.

## داۋۇتنىڭ دۇئا ۋە مەدھىيەسى

[18] شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ داۋۇت ئەھدە ساندۇقى قويۇلغان
چېدىرغا كىرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:
- ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، ماڭا بۇ قەدەر شاپائەت قىلغۇدەك مەن
كىم ئىدىم، ئائىلەم قانچىلىك ئىدى؟! [19] ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن
مەن قۇلۇڭنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ۋەدە بەردىڭ.
ئىگەم پەرۋەردىگار، سەن باشقا ئىنسانلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە
قىلامسەن؟ [20] ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، سەن مەن قۇلۇڭنى بىلىسەن،
ساڭا دەيدىغان يەنە نېمە گېپىم بولسۇن! [21] سەن ئۆز ئىرادەڭ بويىچە
شۇنداق ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلدىڭ ۋە بەرگەن ۋەدەڭ بويىچە بۇ
ئىشلارنى قۇلۇڭغا ئايان قىلدىڭ.
[22] ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، نەقەدەر ئۇلۇغدۇرسەن، ساڭا
ئوخشايدىغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر ھەم سەندىن باشقا
خۇدامۇ يوقتۇر، بىز مۇشۇنداق ئاڭلاپ كەلدۇق. [23] يەر يۈزىدە

ئىسرائىللاردەك يەنە بىر خەلق بارمۇ؟ قايسى بىر خەلقنى
ئىسرائىللاردەك قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز خەلقىڭ قىلدىڭ؟
ئىسرائىللار ئۈچۈن قىلغان ئۇلۇغ مۆجىزىلىرىڭ شان-
شۆھرىتىڭنى نامايان قىلدى. سەن يات ئەللەرنى ئىلاھلىرى
بىلەن قوشۇپ، ئۆزۈڭ مىسىردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان ئۆز
خەلقىڭنىڭ ئالدىدىن قوغلىۋەتتىڭ. [24] ئى پەرۋەردىگار، سەن
ئىسرائىللارنى مەڭگۈلۈك ئۆز خەلقىڭ قىلدىڭ ۋە ئۆزۈڭ
ئۇلارنىڭ خۇداسى بولدۇڭ.

[25] ئى پەرۋەردىگار خۇدا، مەن قۇلۇڭ ۋە قۇلۇڭنىڭ ئەۋلادلىرى
توغرۇلۇق قىلغان سۆزلىرىڭدە مەڭگۈ تۇرغايسەن، ۋەدىلىرىڭنى
ئەمەلگە ئاشۇرغايسەن. [26] شۇندىلا نامىڭ مەڭگۈ ئۇلۇغلىنىپ،
ئىنسانلار: «ئىسرائىللارغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى خۇدا قۇدرەتلىك
سەردار پەرۋەردىگار ئىكەن» دەپ بىلىشىدۇ. قۇلۇڭ داۋۇتنىڭ
خانىدانلىقى ھۇزۇرۇڭدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىدۇ.

[27] ئەي قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، ئىسرائىللارنى تاللىغان
خۇدا! سەن مەن قۇلۇڭ داۋۇتنىڭ جەمەتىگە بىر خانىدانلىق تىكلەپ
بېرىدىغانلىقىڭنى ۋەدە قىلغانىدىڭ. شۇ سەۋەبتىن مەن ساڭا شۇنداق
دەپ دۇئا قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم. [28] ئى ئىگەم پەرۋەردىگار،
سەن بىردىنبىر خۇدادۇرسەن! سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئىشەنچلىكتۇر.
سەن ماڭا مۇشۇنداق ياخشى ئىشلارنى ۋەدە قىلدىڭ. [29] ئەمدى
مەن ساڭا شۇنداق ئىلتىجا قىلايكى، مېنىڭ خانىدانلىقىمنىڭ
ھۇزۇرۇڭدا مەڭگۈ داۋاملىشىشى ئۈچۈن بەخت ئاتا قىلغايسەن!
ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، ۋەدەڭ بويىچە قۇلۇڭنىڭ خانىدانلىقىنى
مەڭگۈ بەختكە سازاۋەر قىلغايسەن.

## داۋۇتنىڭ يات ئەللەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى

8 [1] مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن داۋۇت فىلىستىيەلىكلەرگە يەنە
ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇردى ۋە بۇ زېمىننى
فىلىستىيەلىكلەردىن تارتىۋالدى. [2] ئۇ موئابلارنىمۇ مەغلۇپ قىلدى.
ئۇ ئۇلارنى يەرگە يېتىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن تانا بىلەن ئۇلارنى
ئۆلچەپ، ئىككى تانا ئۇزۇنلۇقى ئىچىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، بىر

تانا ئۇزۇنلۇقى ئىچىدىكىلەرنى ساق قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، تىرىك قالغان موئابلار داۋۇتقا ئەل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالۋان-سېلىق تۆلەيدىغان بولدى.

[3] زوباھ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى رىخوبنىڭ ئوغلى ھادادئەزەر فىرات دەرياسى ئەتراپىدىكى زېمىننى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاتلىنىپ چىققاندا، داۋۇت ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. [4] داۋۇت ئۇنىڭ 1700 ھارۋىلىق لەشكىرىنى ۋە 20 مىڭ پىيادە لەشكىرىنى ئەسىرگە ئالدى. يۈز ھارۋىنى تارتىشقا يەتكۈدەك ئاتلارنى قالدۇرغاندىن سىرت، قالغان ئاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پېيىنى كەستۈرۈۋەتتى.

[5] دەمەشقتىكى ئارراملار زوباھ پادىشاھى ھادادئەزەرگە ياردەم بېرىشكە كەلگەندە، داۋۇت ئارراملاردىن 22 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. [6] شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت دەمەشقتىكى ئارراملار رايونىغا ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى تۇرغۇزدى. شۇنداق قىلىپ، ئارراملار داۋۇتقا ئەل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالۋان-سېلىق تۆلەيدىغان بولدى. داۋۇت مەيلى نەگە ھۇجۇم قىلمىسۇن، پەرۋەردىگار ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ تۇردى. [7] داۋۇت ھادادئەزەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئالتۇن قالقانلىرىنى ئولجا ئېلىپ، يېرۇسالېمغا قايتتى. [8] پادىشاھ داۋۇت يەنە ھادادئەزەرنىڭ بەتاخ ۋە بېروتاي دېگەن ئىككى شەھرىدىنمۇ ناھايىتى نۇرغۇن تۇچ ئولجا ئالدى. [9] خامات پادىشاھى توئۇ داۋۇتنىڭ ھادادئەزەرنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، [10] ئوغلى يورامنى پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئالدىغا سالامغا ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ھادادئەزەر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. ئەمەلىيەتتە، توئۇ ھادادئەزەر بىلەن دائىم ئۇرۇش قىلىپ كەلگەنىدى. يورام داۋۇت پادىشاھقا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە تۇچتىن ياسالغان نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. [11-12] پادىشاھ داۋۇت بۇ نەرسىلەرنى ئۆزى بۇرۇن بويسۇندۇرغان بارلىق خەلقلەردىن، يەنى ئېدوملۇقلار، موئابلار، ئاممونلار، فىلىستىيەلىكلەر ۋە ئامالەكلەردىن ئولجا ئالغان ھەممە ئالتۇن-كۈمۈشلەرگە، شۇنداقلا زوباھ پادىشاھى رىخوبنىڭ ئوغلى ھادادئەزەردىن ئالغان ئولجىلارنىڭ بىر قىسمىغا قوشۇپ، پەرۋەردىگار ئۈچۈن قىلىنىدىغان خىزمەتلەرگە ئاتىدى.

[13] داۋۇت تۇز جىلغىسىدا ئېدوملۇقلاردىن 18 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قايتقاندىن كېيىن، ناھايىتى داڭ چىقاردى. [14] ئۇ يەنە ئېدومنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئۆز قوشۇنلىرىنى تۇرغۇزدى. ئېدوملۇقلارنىڭ ھەممىسى داۋۇتقا ئەل بولدى. داۋۇت قەيەرگە بېرىپ جەڭ قىلمىسۇن، ھەممە يەردە پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلدى.

## داۋۇتنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى

[15] داۋۇت ئەمدى پۈتۈن ئىسرائىلىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ خەلقنى ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق بىلەن باشقۇردى.
[16] مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب قوشۇنغا باش سەركەردە، ئاخىلۇدنىڭ ئوغلى يەھوشافات تەزكىرىچى، [17] ئاختۇبنىڭ ئوغلى زادوق بىلەن ئەبىياتارنىڭ ئوغلى ئاخىمەلەك روھانىي، سىرايا پۈتۈكچى، [18] يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا كىرىتلەر بىلەن پىلىتلەردىن تەركىب تاپقان ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى، داۋۇتنىڭ ئوغۇللىرى روھانىي ئىدى.

## داۋۇتنىڭ مىفىبوشەتكە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىشى

9 [1] بىر كۈنى داۋۇت:
- سائۇل جەمەتىدىن ھايات قالغانلاردىن بىرەر كىشى بارمۇ؟
- دەپ سورىدى، - ئەگەر بولسا مەن يوناتاننىڭ ھەق ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇ كىشىگە مېھىر-شەپقىتىمنى كۆرسىتەي.
[2] سائۇلنىڭ جەمەتىنىڭ زىبا ئىسىملىك بىر غوجىدار بار ئىدى. ئۇنى داۋۇتنىڭ يېنىغا چاقىرتىپ كېلىشتى.
- سەن زىبا بولامسەن؟ - دەپ سورىدى پادىشاھ داۋۇت ئۇنىڭدىن.
- ھەئە ئالىيلىرى، مەن بولىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.
[3] - سائۇل جەمەتىدىن بىرەر ئادەم قالغانمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى كۆرسەتكۈم بار، - دېدى پادىشاھ.
- يوناتاننىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى ھاياتتۇر، لېكىن ئۇنىڭ ئىككىلا پۇتى مېيىپتۇر، - دەپ جاۋاب بەردى زىبا.
[4] - ئۇ نەدە؟ - دەپ سورىدى پادىشاھ.

- ئۇ لودىباردىكى ئاممىئېلنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ،
- دەپ جاۋاب بەردى زىبا.
[5] شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ داۋۇت لودىباردىكى ئاممىئېلنىڭ
ئوغلى ماكىرنىڭ ئۆيىدىن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.
[6] سائۇلنىڭ نەۋرىسى، يەنى يوناتاننىڭ ئوغلى مەفىبوشەت داۋۇتنىڭ
ئالدىغا كېلىپ، يەرگە باش قويۇپ، تەزىم قىلدى.
- مەفىبوشەت! - دېدى داۋۇت.
- لەببەي، - دېدى ئۇ.
[7] - قورقما، مەن ئاتاڭ يوناتاننىڭ ھەق ھۆرمىتى ئۈچۈن ساڭا
مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپ، بۇرۇن بوۋاڭ سائۇلغا تەۋە بولغان
يەر-زېمىننىڭ ھەممىسىنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمەن. بۇنىڭدىن
باشقا، سەن دائىم داستىخىنىمدا مەن بىلەن بىرگە غىزالىنىسەن،
- دېدى داۋۇت ئۇنىڭغا.
[8] - پېقىر ئۆلۈك ئىتتەك قەدىرسىز بىر ئادەممەن، ئۆزلىرىنىڭ
بۇنچىۋالا ياخشىلىق قىلىشلىرىغا ئەرزىمەيمەن، - دېدى مەفىبوشەت
يەنە بىر مەرتەم تەزىم قىلىپ.
[9] پادىشاھ داۋۇت سائۇلنىڭ غوجىدارى زىبانى چاقىرتىپ كېلىپ
ئۇنىڭغا:
- مەن سائۇل ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە تەۋە بولغان بارلىق مال-
مۈلۈكلەرنى خوجايىنىڭنىڭ نەۋرىسى مەفىبوشەتكە بەردىم. [10] سەن،
ئوغۇللىرىڭ ۋە بارلىق خىزمەتكارلىرىڭ خوجايىنىڭنىڭ يەرلىرىنى
تېرىپ، ئالغان ھوسۇلنى ئۇنىڭغا بەرگىن. خوجايىنىڭنىڭ نەۋرىسى
مەفىبوشەت بولسا دائىم مەن بىلەن بىر داستىخاندا بولىدۇ، - دېدى.
(زىبانىڭ 15 ئوغلى، 20 خىزمەتكارى بار ئىدى.) [11] زىبا پادىشاھقا:
- پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئەمر قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى
پېقىرلىرى بەجا كەلتۈرىدۇ، - دېدى.
شۇنىڭدىن كېيىن مەفىبوشەت خۇددى پادىشاھنىڭ ئوغلىدەك
پادىشاھ بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالىنىدىغان بولدى.
[12] مەفىبوشەتنىڭ مىكا ئىسىملىك بىر كىچىك ئوغلى بار ئىدى.
زىبانىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مەفىبوشەتنىڭ
خىزمەتكارلىرى بولدى. [13] ئىككىلا پۇتى مېيىپ بولغان مەفىبوشەت

ئەمدى يېرۇسالېمدا ياشاپ قالدى ۋە دائىم پادىشاھ بىلەن بىر داستىخاندا غىزالىنىپ تۇردى.

## داۋۇتنىڭ ئارراملار ۋە ئاممونلارنى مەغلۇپ قىلىشى

10 [1] ئاردىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاممونلارنىڭ پادىشاھى ناخاش ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ئوغلى خانۇن چىقتى.
[2] داۋۇت: «خانۇننىڭ ئاتىسى ناخاش ماڭا مېھىر-شەپقەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭ ئوغلى خانۇنغا مېھىر-شەپقەت كۆرستەي» دەپ ئويلىدى. داۋۇت ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئاممونلارنىڭ زېمىنىغا كىرگەندە، [3] ئاممونلارنىڭ ئەمەلدارلىرى خانۇنغا:
- داۋۇت ھال سورىغىلى ئادەم ئەۋەتىپتۇ. سىلىچە ئۇ ئاتىلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىۋاتقانمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى پايلاقچىلىق قىلىش، شەھەرنى تەكشۈرۈش، ئاندىن شەھەرنى ئىشغال قىلىش، دەپ ئويلىماملا؟ - دېيىشتى.
[4] شۇنىڭدىن كېيىن خانۇن داۋۇتنىڭ ئەلچىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرىنىڭ بىر تەرىپىنى چۈشۈرۈۋەتتى. يەنە ئۇلارنىڭ تونلىرىنىڭ ئاستى تەرىپىنى يانپاشلىرىغىچە كېسىۋېتىپ، ئاندىن ئۇلارنى قوغلىۋەتتى. [5] پادىشاھ داۋۇت ئەلچىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىغا ئادەم ئەۋەتتى. ئەلچىلەر تولىمۇ ئىزا-ئاھانەتتە قالغانىدى. داۋۇت ئەلچىلىرىگە: «سىلەر ئېرىخا شەھىرىدە تۇرۇپ، ساقال-بۇرۇتۇڭلار ئۆسكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىڭلار» دەپ سۆز ئەۋەتتى.
[6] ئاممونلار ئۆزلىرىنىڭ داۋۇتنى رەنجىتىپ قويغانلىقىنى بىلىپ، بەيت-رىخوب ۋە زوباھتىكى ئارراملاردىن 20 مىڭ پىيادە لەشكەر، مائاكا پادىشاھىدىن مىڭ لەشكەر، توبلۇقلاردىن 12 مىڭ لەشكەر ياللىدى. [7] داۋۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىسرائىلىيەنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى يوئابنىڭ باشچىلىقىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا يوللىدى. [8] ئاممونلار پايتەخت رابباھ شەھىرىدىن چىقىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا سەپ تۈزۈپ تۇردى. زوباھ ۋە رىخوبتىكى

ئاررامىلار، توبلۇقلار ۋە ماﺋاكانىڭ ئادەملىرى دالادا ئايرىم بىر سەپ تۈزدى.
[9] يوئاب ئۆزىنىڭ ئالدى-كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسرائىلىيەنىڭ بىر قىسىم خىل لەشكەرلىرىنى تالالاپ، ئۇلارنى ئاررامىلارغا قارشى سەپكە تۇرغۇزدى. [10] قالغان ئادەملىرىنى ئاكىسى ئابىشاينىڭ باشقۇرۇشىغا قويدى. ئابىشاي ئۇلارنى ئاممونلارغا قارشى جەڭگە تەييار قىلدى. [11] يوئاب ئابىشايغا:
- مۇبادا ئاررامىلار مەندىن كۈچلۈك چىقسا، سەن ماڭا ياردەمگە كەل، ئاممونلار سەندىن كۈچلۈك چىقسا، مەن ساڭا ياردەمگە باراي.
[12] جاسارەتلىك بول، خەلقىمىز ۋە خۇدايىمىزنىڭ شەھەرلىرى ئۈچۈن جان تىكىپ ئۇرۇش قىلايلى! پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى ئەمەلگە ئاشقاي، - دېدى.
[13] يوئاب ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاررامىلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتۈش ئۈچۈن ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئاررامىلار ئۇلاردىن قاچتى.
[14] ئاررامىلارنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرگەن ئاممونلارمۇ ئابىشايدىن قېچىپ، شەھەرگە كىرىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن يوئاب ئاممونلار بىلەن جەڭ قىلماي، يېرۇسالېمغا قايتىپ كەتتى.
[15] ئىسرائىللاردىن يېڭىلگەنلىكىنى بىلگەن ئاررامىلار يەنە قوشۇنلىرىنى يىغىشتى. [16] پادىشاھ ھادادئەزەر فىرات دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاررامىلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى يۆتكەپ كەلدى. ئۇلار ھادادئەزەر قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى شوباكنىڭ رەھبەرلىكىدە خېلام شەھىرىگە كەلدى.
[17] بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان داۋۇت ئىسرائىلىيەدىكى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خېلامغا كەلدى. ئۇ يەردە ئاررامىلار سەپ تۈزۈپ، داۋۇتقا قارشى جەڭگە ئاتلاندى.
[18] ۋاھالەنكى، ئاررامىلار ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن يەنە قاچتى. داۋۇت ئاررامىلارنىڭ ھارۋىلىق لەشكەرلىرىدىن يەتتە يۈزنى ۋە باشقا لەشكەرلىرىدىن 40 مىڭنى ئۆلتۈردى. داۋۇت يەنە ئاررامىلارنىڭ قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى شوباكنى يارىلاندۇردى. ئۇ شۇ يەردە ئۆلدى. [19] ھادادئەزەرگە ئەگەشكەن پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسرائىللاردىن مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن سۈلھى

تۈزۈشۈپ، ئۇلارغا ئەل بولۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاراملار
ئاممونلارغا ياردەم بېرىشتىن قورقتى.

## داۋۇت ۋە باتشەبا

11 [1] ئەتىياز كېلىپ، پادىشاھلار جەڭگە چىقىدىغان ۋاقىت
بولغاندا، داۋۇت پۈتۈن ئىسرائىلىيە قوشۇنىنى يوئاب
ۋە لەشكەر باشلىرىنىڭ باشچىلىقىدا جەڭگە ئاتلاندۇردى. ئۇلار
ئاممونلارنى يەڭدى ۋە رابباھ شەھىرىنى قورشاۋغا ئالدى. داۋۇت
يېرۇسالېمدا قالغانىدى.
[2] بىر كۈنى كەچقۇرۇن داۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوردىنىڭ
ئۆگزىسىدە ئۇيان-بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ناھايىتى
چىرايلىق بىر ئايالنىڭ يۇيۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. [3] داۋۇت
ئۇ ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ
ئادەم قايتىپ كېلىپ:
— ئۇ ئەلىئامنىڭ قىزى، خىت خەلقىدىن بولغان ئۇرىيانىڭ ئايالى
باتشەبا ئىكەن، — دېدى.
[4] داۋۇت ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ ئايالنى ئەكەلدۈردى ۋە ئۇنىڭ
بىلەن بىللە بولدى. (بۇ چاغدا ئۇ ئايال ھەيز كۆرۈپ، ئەمدىلا
پاكلانغانىدى.) ئاندىن ئۇ ئايال ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. [5] كېيىن
ئايال ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، داۋۇتقا خەۋەر
ئەۋەتتى. [6] داۋۇت يوئابقا ئادەم ئەۋەتىپ: «سەن خىت خەلقىدىن
بولغان ئۇرىيانى مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتكىن» دېدى. يوئاب ئۇرىيانى
داۋۇتنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى.
[7] ئۇرىيا كەلگەندىن كېيىن، داۋۇت ئۇنىڭدىن يوئاب ۋە
لەشكەرلەرنىڭ، شۇنداقلا جەڭ مەيدانىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.
[8] ئاندىن داۋۇت ئۇنىڭغا:
— ئۆيۈڭگە قايتىپ، دەم ئالغىن! — دېدى.
ئۇرىيا ئوردىدىن كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ داۋۇت ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن سوۋغاتلارنى ئەۋەتتى. [9] لېكىن ئۇرىيا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە
قايتماي، پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى بىلەن بىرگە ئوردا دەرۋازىسىنىڭ

يېنىدا قونۇپ قالدى. [10] ئۇرىيانىڭ ئۆيىگە كەتمىگەنلىكىنى ئاڭلىغان داۋۇت ئۇنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن:
- سەن سەپەردىن كەلگەن تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئۆيۈڭگە قايتمىدىڭ؟ - دەپ سورىدى. [11] ئۇرىيا جاۋاب بېرىپ:
- ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە لەشكەرلىرى چېدىرلاردا تۇرۇۋاتىدۇ، ئەھدەساندۇقىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدىدۇر. خوجام يوئاب ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرىمۇ دالادا تۇرۇۋاتسا، مەن قانداقمۇ ئۆيۈمگە قايتىپ، يەپ-ئىچىپ، ئايالىم بىلەن بىرگە بولاي؟ مەن سىلىنىڭ ناملىرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، - دېدى. [12] داۋۇت:
- بۈگۈنمۇ مۇشۇ يەردە قال. مەن سېنى ئەتە ئۇرۇش مەيدانىغا يولغا سېلىپ قوياي، - دېدى.
ئۇرىيا شۇ كۈنى يېرۇسالېمدا قالدى. [13] ئەتىسى داۋۇت ئۇرىيانى ئۆزى بىلەن بىرگە غىزالىنىشقا چاقىرتىپ، ئۇنى مەست قىلىپ قويدى. ۋاھالەنكى، ئۇرىيا كەچ بولغاندا ئۆز ئۆيىگە بېرىپ ياتماي، يەنىلا پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى ياتىدىغان جايدا ياتتى.
[14] ئەتىسى ئەتىگەندە داۋۇت يوئابقا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنى ئۇرىيادىن ئەۋەتتى. [15] ئۇ خېتىدە: «ئۇرىيانى ئەڭ شىددەتلىك جەڭ بولىدىغان ئالدىنقى سەپكە ئەۋەت. جەڭ بولغاندا، ئۇنى جەڭدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، كەينىڭلارغا چېكىنىڭلار. ئۇ جەڭدە ئۆلۈپ كەتسۇن» دەپ يازغانىدى.
[16] يوئاب ئۇ چاغدا رابباھ شەھىرىنى قورشاۋغا ئېلىۋاتاتتى. دۈشمەنلەر قەيەردە ئەڭ كۈچلۈك بولسا، ئۇ ئۇرىيانى شۇ يەرگە ئەۋەتتى. [17] دۈشمەن لەشكەرلىرى شەھەردىن چىقىپ، يوئابنىڭ قوشۇنى بىلەن ئېلىشقاندا، داۋۇتنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆلدى. خىت خەلقىدىن بولغان ئۇرىيامۇ ئۆلدى.
[18] شۇنىڭدىن كېيىن يوئاب داۋۇتقا خەۋەرچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا جەڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەردى. [19] يوئاب خەۋەرچىگە:
- سەن پادىشاھقا پۈتۈن جەڭ ئەھۋالىنى تولۇق يەتكۈزگىن.
[20] ئەگەر پادىشاھ ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولۇپ، سېنى: «سىلەر نېمىشقا شەھەرگە شۇنچە يېقىن بېرىپ جەڭ قىلدىڭلار، دۈشمەنىنىڭ

[21] گىدئوننىڭ ئوغلى ئابىمەلەكنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەمسىلەر، ئۇنى تېبېزدا بىر ئايال سېپىلدىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يارغۇنچاقنىڭ تېشىنى تاشلاپ ئۆلتۈرمىگەنمىدى؟ شۇنداق ئىكەن، سىلەر سېپىلغا نېمىشقا شۇنچە يېقىن باردىڭلار؟» دەپ ئەيىبلىسە، سەن ئۇنىڭغا: «ئۇرىيامۇ ئۆلدى» دەپ جاۋاب بەرگىن، - دېدى.

[22] خەۋەرچى كېلىپ، پادىشاھ داۋۇتقا يوئاب تاپىلىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتى. [23] خەۋەرچى:

- دۈشمىنىمىز بىزدىن كۈچلۈك كەلدى. ئۇلار شەھەردىن چىقىپ، دالادا بىز بىلەن جەڭ قىلدى. بىراق بىز ئۇلارنى شەھەر دەرۋازىسىغىچە قوغلاپ باردۇق. [24] شۇ پەيتتە دۈشمەننىڭ ئوقياچىلىرى سېپىلدا تۇرۇپ، پادىشاھىمىزنىڭ لەشكەرلىرىنى ئوقياغا تۇتۇشتى. سىلىنىڭ لەشكەرلىرىدىن بەزىلىرى ئۆلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خىت خەلقىدىن بولغان خىزمەتكارلىرى ئۇرىيامۇ بار ئىدى، - دېدى.

[25] داۋۇت خەۋەرچىگە:

- سەن بېرىپ يوئابنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا: «بۇ ئىش سەۋەبىدىن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۇرۇش رەھىمسىزدۇر. ئەمدى شەھەرگە بولغان ھۇجۇمنى كۈچەيتىپ، شەھەرنى ئىگىلە» دېگىن، - دېدى.

[26] ئۇرىيانىڭ ئايالى ئېرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھازا تۇتتى. [27] ھازا مۇددىتى توشۇشى بىلەن داۋۇت ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈۋالدى. ئۇ داۋۇتقا ئايال بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. لېكىن پەرۋەردىگار داۋۇتنىڭ بۇ قىلمىشلىرىدىن نارازى بولدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتنى ئەيىبلىشى

12 [1] پەرۋەردىگار ناتان پەيغەمبەرنى داۋۇتنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئۇ كېلىپ، داۋۇتقا مۇنداق دېدى:

- بىر شەھەردە ئىككى ئادەم بار بولۇپ، بىرسى باي، بىرسى كەمبەغەل ئىكەن. [2] باينىڭ ناھايىتى كۆپ چارۋا ماللىرى بار ئىكەن، [3] كەمبەغەلنىڭ پەقەت سېتىۋېلىپ بېقىۋاتقان كىچىككىنە بىر چىشى قوزىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. ئۇ قوزا كەمبەغەلنىڭ

ئۆيىدە ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن بىرگە چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. قوزا ئۇنىڭ قاچىسىدىن تاماق يەپ، سۈت ئىچىپ، قوينىدا ئۇخلايدىكەن. قىسقىسى قوزا ئۇ ئادەمنىڭ قىزىدەكلا بولۇپ كېتىپتۇ. [4] بىر كۈنى باينىڭ ئۆيىگە بىر يولۇچى چۈشۈپتۇ. باي مېھمانغا تائام هازىرلاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چارۋا ماللىرىدىن بىرەرنى سويۇشقا كۆزى قىيماي، ھېلىقى كەمبەغەلنىڭ پاقلىنىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى سويۇپ، يولۇچىنى مېھمان قىلىپتۇ.

[5] داۋۇت بۇنى ئاڭلاپ، بايغا قاتتىق غەزەپلىنىپ:

ـ مەڭگۈ هايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇنداق ئىشنى قىلغان ئادەم ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر. [6] باغرى تاشلىق قىلىپ، بۇنداق ئىشنى قىلغان ئادەم كەمبەغەلگە تۆت پاقلان تۆلىشى لازىمدۇر، ـ دېدى.

[7] ـ ئۇ ئادەم دەل سەن! ـ دېدى ناتان داۋۇتقا، ـ پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا ساڭا مۇنداق دەيدۇ: «مەن سېنى ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇشقا تاللىدىم ۋە سائۇلنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇردۇم. [8] ئۇنىڭ ئوردىسىنى ساڭا ئاتا قىلىپ، ئاياللىرىنى قۇچىقىڭغا تاشلاپ بەردىم. ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە پادىشاھلىقلىرىنىمۇ ساڭا بەردىم. بۇلارنى ئاز كۆرگەن بولساڭ، بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكىنى بېرەر ئىدىم. [9] سەن خىت خەلقىدىن بولغان ئۇرىيانى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردۈڭ، ئۇنىڭ جېنىنى ئاممونلارنىڭ قولى بىلەن ئالدىڭ! ئۇنىڭ ئايالىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزۈڭگە خوتۇن قىلىۋالدىڭ! سەن نېمىشقا مېنى كۆزگە ئىلماي، بۇنداق رەزىل ئىشلارنى قىلدىڭ؟ [10] سەن مېنى كۆزگە ئىلماي، ئۇرىيانىڭ ئايالىنى ئۆزۈڭگە خوتۇن قىلىۋالغانلىقىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن قىلىچ ئەۋلادلىرىڭغا دائىم خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ.»

[11] پەرۋەردىگار يەنە شۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆزۈڭنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۆزۈڭگە يامانلىق كەلتۈرىمەن. ئاياللىرىڭنى كۆز ئالدىڭدا يېقىنلىرىڭدىن بىرسىگە بېرىۋېتىمەن. ئۇ كۈپكۈندۈزدە ئاياللىرىڭنىڭ قوينىغا كىرىدۇ. [12] سەن ئۇ ئىشنى يوشۇرۇن قىلغان بولساڭ، مەن بۇنى بارلىق ئىسرائىل خەلقى ئالدىدا كۈپكۈندۈزدە قىلغۇزىمەن.»

[13] داۋۇت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناتانغا:

– مەن پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھ قىلدىم، – دېدى.
– پەرۋەردىگار گۇناھىڭنى كەچۈردى. سەن ئۆلمەيسەن، – دېدى ناتان، [14] – ئەمما سەن بۇ ئىشنى قىلىپ، پەرۋەردىگارنى مەنسىتمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن، يېڭى تۇغۇلغان ئوغلۇڭ ئۆلۈپ كېتىدۇ.
[15] شۇنىڭ بىلەن ناتان ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. پەرۋەردىگار ئۇرىيانىڭ ئايالى داۋۇتقا تۇغۇپ بەرگەن بالىنى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار قىلدى. [16] داۋۇت ئوغلى ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا يالۋۇردى. ئۇ روزا تۇتتى، ھەر كۈنى كېچىسى تۆشەكتە ئەمەس، يەردە ياتتى. [17] ئوردا ئاقساقاللىرى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنى يەردىن تۇرغۇزماقچى بولسىمۇ، داۋۇت ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇلار بىلەن بىرگە غىزا يېگىلىمۇ ئۇنىمىدى. [18] يەتتىنچى كۈنى بالا قازا قىلدى. داۋۇتنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا بالىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. ئۇلار: «بىز بالىسى ھايات چېغىدا ئۇنىڭغا شۇنچە نەسىھەت قىلىپمۇ ئۇنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەن تۇرساق، ئەمدى ئۇنىڭغا بالىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى قانداقمۇ ئېيتالايمىز؟ ئۇ ئۆزىگە بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويارمۇ؟» دېيىشتى.
[19] داۋۇت ئەمەلدارلىرىنىڭ بىر-بىرىگە پىچىرلىشىپ يۈرگەنلىكىدىن بالىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەمەلدارلىرىدىن:
– بالا قازا قىلدىمۇ؟ – دەپ سورىدى. ئۇلار:
– ھەئە! – دەپ جاۋاب بېرىشتى.
[20] شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ، خۇش پۇراقلىق بويۇملارنى چېچىپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتگاھىغا كىرىپ ئىبادەت قىلدى. ئاندىن ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، غىزا كەلتۈرگۈزۈپ يېدى. [21] شۇ چاغدا ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭدىن:
– بالا ھايات چېغىدا روزا تۇتۇپ، يىغلىدىلا. بالا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەكسىچە غىزا يېدىلە، بۇ قانداق قىلغانلىرى؟ – دەپ سوراشتى. [22] داۋۇت ئۇلارغا:
– بالا ھايات چېغىدا روزا تۇتۇپ يىغلىشىم پەرۋەردىگار ماڭا شەپقەت قىلىپ، بالىنى ھايات قالدۇرارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە بولغانلىقىمدىن ئىدى. [23] ئەمدى ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، يەنە نېمىشقا

روزا تۇتىدىكەنمەن، ئۇنى تىرىلدۈرۈۋالالايتتىممۇ؟ مەن ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن، لېكىن ئۇ مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلمەيدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى.

## سۇلايماننىڭ دۇنياغا كېلىشى

[24] ئاندىن كېيىن داۋۇت ئايالى باتشەباغا تەسەللى بەردى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتتى. باتشەبا ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. بالىغا سۇلايمان دەپ ئات قويۇلدى. پەرۋەردىگار بالىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، [25] ناتان پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا يەدىدىيا [مەنىسى «پەرۋەردىگار ياخشى كۆردى»] دەپ ئات قويدى.

## يوئابنىڭ رابباھ شەھىرىنى ئېلىشى

[26] شۇ ۋاقىتتا يوئاب ئاممونلارنىڭ پايتەختى رابباھقا بولغان ھۇجۇمنى داۋام قىلىۋاتاتتى. نەتىجىدە، ئۇ پادىشاھ ئوردىسىنى ئىگىلىدى. [27] ئۇ داۋۇتقا چاپارمەن ئەۋەتىپ:

- مەن رابباھ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسىنى ئالدىم. [28] ئەمدى قالغان ئادەملەرنى ئۆزىڭىز باشلاپ كېلىپ، شەھەرنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىڭ، بولمىسا شەھەرنى مەن ئالغان بولۇپ قالىمەن. ئۇ چاغدا خەلق «شەھەرنى يوئاب ئالغان» دېيىشىدۇ، - دېدى.

[29] شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت قالغان قوشۇننى يىغىپ، رابباھقا يۈرۈش قىلىپ، شەھەرنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. [30] ئۇ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئاممونلارنىڭ پادىشاھىنىڭ ئالتۇن تاجىنى ئېلىپ، بېشىغا كىيدى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 35 كىلو بولۇپ، ياقۇت بىلەن بېزەلگەنىدى. داۋۇت شەھەردىن يەنە نۇرغۇن ئولجىلارنى ئالدى. [31] ئۇ يەنە شەھەر ئاھالىسىنى ھەرە، كەتمەن، پالتا بىلەن قىلىنىدىغان ئىشلارغا ۋە خۇمداندا خىش پىشۇرۇشقا سالدى. داۋۇت ئاممونلارنىڭ باشقا شەھەر ئاھالىلىرىگىمۇ شۇنداق ئىشلارنى قىلدۇردى. ئاندىن داۋۇت پۈتۈن قوشۇننى باشلاپ، يېرۇسالېمغا قايتىپ كەتتى.

## ئامنون ۋە تامار

13 [1] داۋۇتنىڭ تامار ئىسىملىك ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ ئابسالومنىڭ ئۆز سىڭلىسى ئىدى. داۋۇتنىڭ باشقا ئايالىدىن ئامنون ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ تامارنىڭ ئانا باشقا ئاكىسى ئىدى. ئۇ تامارغا كۆيۈپ قالغانىدى. [2] ئەمما تامار تېخىچە قىز بولغاچقا، ئامنوننىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا كۆزى يەتمەي، كۆيۈك دەردىدە ئازابلىناتتى. [3] ئامنوننىڭ يوناداب ئىسىملىك بىر ئاغىنىسى بار بولۇپ، ئۇ داۋۇتنىڭ ئاكىسى شامماھنىڭ ئوغلى ئىدى. يوناداب ئىنتايىن قۇۋ ئادەم ئىدى. [4] ئۇ ئامنوندىن:
— شاھزادەم، نېمىشقا كۈندىن-كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتىسىز؟ سەۋەبىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:
— مەن ئانا باشقا ئىنىم ئابسالومنىڭ سىڭلىسى تامارغا كۆيۈپ قالدىم، — دېدى. [5] يوناداب:
— ئۇنداقتا سىز يالغاندىن كېسەل بولۇپ يېتىۋېلىڭ. ئاتىڭىز يوقلاپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا: «سىڭلىم تامار كېلىپ، كۆز ئالدىمدا ماڭا تاماق ئېتىپ بەرسۇن. ئۇنىڭ ئەتكەن تامىقىنى قولىدىن ئېلىپ يەي» دەڭ، — دېدى.
[6] شۇنداق قىلىپ، ئامنون يالغاندىن كېسەل بولۇپ يېتىۋالدى. ئاتىسى يوقلاپ كەلگەندە، ئامنون:
— سىڭلىم تامارنى چاقىرتىپ، كۆز ئالدىمدا مەن ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى ئەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىڭىز، تاماقنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ يېگەن بولسام، — دېدى.
[7] ئاتىسى داۋۇت ئوردىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، تامارغا: «ئاكىڭىز ئامنوننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا تاماق ئېتىپ بېرىڭ» دېدى.
[8] شۇنىڭ بىلەن تامار ئاكىسى ئامنوننىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ چاغدا ئامنون ئورۇن تۇتۇپ ياتقانىدى. تامار ئازراق ئۇندا خېمىر يۇغۇرۇپ، ئامنوننىڭ كۆز ئالدىدا تاماق ئەتتى. [9] ئۇ ئەتكەن تامىقىنى ئېلىپ كېلىپ، ئامنوننىڭ ئالدىغا قويغانىدى، ئامنون تاماقنى يېگىلى ئۇنىماي، خىزمەتكارلىرىغا: «ھەممىڭلار بۇ يەردىن چىقىپ

كېتىڭلار!» دېدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كېتىشتى.
10 ئاندىن ئامنون تامارغا:
- تاماقنى ھۇجرامغا ئەكىر، ئۆز قولۇڭدىن ئېلىپ يەي، - دېدى.
تامار ئەتكەن تاماقنى ئېلىپ، ئاكىسى ئامنوننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. 11 تامار تاماقنى ئۇنىڭغا سۇنغاندا، ئامنون ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ:
- سىڭلىم، كەل، مەن بىلەن ياتقىن! - دېدى.
12 - ياق، ئاكا، مېنى خورلىماڭ! ئىسرائىللار بۇنداق قىلسا بولمايدۇ. بۇنداق نومۇسسىز ئىشنى قىلماڭ. 13 بۇ رەسۋاچىلىقنى مەن قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەي؟ سىزمۇ ئىسرائىللار ئىچىدىكى ئۇياتسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسىز. ئۆتۈنەي، پادىشاھقا ئېيتسىڭىز، ئۇ مېنىڭ سىزگە ياتلىق بولۇشۇمغا قارشى چىقمايدۇ، - دېدى.
14 لېكىن ئامنون ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ تاماردىن كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭغا زورلۇق قىلىپ، ئۇنى دەپسەندە قىلدى.
15 ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئامنون تامارغا بەك ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆچلۈكى ئىلگىرى تامارغا بولغان مۇھەببىتىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئامنون تامارغا:
- قوپ، بۇ يەردىن يوقال! - دېدى.
16 - مېنى قوغلىماڭ! مېنى قوغلىغان بۇ گۇناھىڭىز مېنى دەپسەندە قىلغان گۇناھىڭىزدىنمۇ ئېغىر بولىدۇ، - دېدى تامار.
لېكىن ئامنون ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى، 17 ئۇ خىزمەتكارىنى چاقىرىپ:
- بۇ خوتۇننى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىشىكنى تاقاپ قوي! - دېدى.
18 ئامنوننىڭ خىزمەتكارى تامارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىكنى تاقاپ قويدى. بۇ چاغدا تامار ئۇزۇن يەڭلىك لىباس كىيىۋالغان بولۇپ، پادىشاھنىڭ ياتلىق بولمىغان قىزلىرى شۇنداق كىيىشەتتى. 19 تامار بېشىغا كۈل چېچىپ، ئۈستىدىكى ئۇزۇن يەڭلىك لىباسنى يىرتىۋەتتى. ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، ھۆڭرەپ يىغلاپ ماڭدى.
20 ئاكىسى ئابسالوم ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

- ھەي سىڭلىم، ئاكاڭ ئامنون ساڭا چېقىلدىمۇ؟ بۇ ئىشنى ئاغزىڭدىن چىقارما. ئۇ دېگەن سېنىڭ ئاكاڭ، بۇ ئىشنى كۆڭلۈڭگە ئالما، - دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن تامار تەنها ۋە غەمكىن ھالدا ئاكىسى ئابسالومنىڭ ئۆيىدە ياشىدى.

[21] پادىشاھ داۋۇت بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خاپا بولدى. [22] ئابسالوم ئامنونغا يا ياخشى، يا يامان سۆزلەرنى قىلىشنى بىلەلمىدى. چۈنكى ئامنون سىڭلىسى تامارنىڭ نومۇسىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى.

## ئابسالومنىڭ ئامنوننى ئۆلتۈرۈشى

[23] ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئابسالوم پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى بائال-خازورغا زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. بائال-خازور ئەفرايىم زېمىنىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە ئابسالومنىڭ ئادەملىرى قويلارنى قىرقىۋاتاتتى.

[24] ئابسالوم شاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- ئەي ئالىيلىرى، ئادەملىرىم قويلارنى قىرقىۋاتىدۇ. سىز ئەمەلدارلىرىڭىزنى ئېلىپ، مەن بىلەن بىرگە زىياپىتىمگە مەرھەمەت قىلغايسىز، - دېدى.

[25] - ياق ئوغلۇم، ئەگەر ھەممىمىز بارساق، ساڭا ئېغىرىمىز چۈشۈپ قالىدۇ، - دېدى پادىشاھ.

ئابسالوم پادىشاھقا قاتتىق يالۋۇردى. پادىشاھ يەنىلا بېرىشقا ئۇنىماي، پەقەت ئۇنىڭغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلدى.

[26] - ئەگەر ئۆزىڭىز بارالمايدىغان بولسىڭىز، ئاكام ئامنوننىڭ بىز بىلەن بېرىشىغا رۇخسەت قىلغايسىز، - دەپ ئۆتۈندى ئابسالوم.

پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

- نېمىشقا ئۇ سەن بىلەن بىللە بېرىشى كېرەك؟ - دەپ سورىدى.

[27] ئابسالوم يالۋۇرۇۋەرگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئاخىرى ئامنوننىڭ ۋە بارلىق ئوغۇللىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بېرىشىغا ماقۇل بولدى.

[28] ئابسالوم ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرىغا:

- ھوشيار بولۇڭلار، ئامنون شاراب ئىچىپ، سەل كەيپ بولغاندا، مەن: «ئامنوننى ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلىمەن. شۇ چاغدا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! قورقماڭلار، بۇنى سىلەرگە مەن بۇيرۇدۇم. دادىل ۋە جەسۇر بولۇڭلار، - دېدى.
[29] ئابسالومنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئامنوننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. پادىشاھنىڭ قالغان ئوغۇللىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قېچىرلىرىنى مىنىپ قېچىشتى.
[30] ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندىلا، بىرى داۋۇتقا: «ئابسالوم سىلىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. [31] داۋۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان خىزمەتكارلىرىمۇ كىيىملىرىنى يىرتىشتى. [32] لېكىن پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئاكىسى شامماھنىڭ ئوغلى يوناداب داۋۇتقا:
- پادىشاھ ئالىيلىرى، ھەممە ئوغۇللىرىمدىن ئايرىلىپتىمەن، دەپ ئويلىمىسىلا. پەقەت ئامنون ئۆلۈپتۇ، خالاس. ئۇ سىڭلىسى تامارنىڭ نومۇسىغا تەگكەن كۈندىن باشلاپ، ئابسالوم ئۇنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولۇپ كەلگەنىدى. [33] پادىشاھ ئالىيلىرى، ھەممە ئوغۇللىرى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دېگەن خەۋەرگە ئىشەنمىسىلە. ئەمەلىيەتتە، ئۆلتۈرۈلگىنى پەقەت ئامنوندۇر، - دېدى.
[34] ئۇ چاغدا ئابسالوم ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى.
سېپىلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان كۆزەتچى تاغ تەرەپتىكى يولدا بەيت-خورون شەھىرىدىن كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆرۈپ، پادىشاھقا خەۋەر قىلدى.
[35] - ئەنە، ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى كېلىۋېتىپتۇ. خۇددى پېقىر ئېيتقاندەك بولدى، - دېدى يوناداب پادىشاھقا.
[36] ئۇنىڭ سۆزى تۈگەر-تۈگىمەيلا، پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى يېتىپ كېلىپ، ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىشتى. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلارمۇ قاتتىق يىغلاپ كېتىشتى.
[37-38] ئابسالوم قېچىپ، گېشۇرنىڭ پادىشاھى تالماينىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى. تالماي ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئىدى. پادىشاھ داۋۇت ئوغلى ئامنون ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت

ماتەم تۇتتى. [39] ئامنوننىڭ ئۆلۈمىنىڭ ھەسرىتى بېسىلغاندىن كېيىن، داۋۇت ئابسالومنى سېغىنىشقا باشلىدى.

## ئابسالومنىڭ يېرۇسالېمغا قايتىپ كېلىشى

14 [1] مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب داۋۇت پادىشاھنىڭ ئابسالومنى سېغىنغانلىقىنى بىلىپ، [2] تەقوۋا شەھىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىن بىر دانىشمەن ئايالنى چاقىرتىپ كەلدى. يوئاب ئۇ ئايالغا:

– سەن ھازىدارلىق كىيىملىرىڭنى كىيىپ، ماتەم تۇتۇۋاتقان قىياپەتكە كىرگىن، پەرداز قىلمىغىن. ئۆزۈڭنى ئۇزاقتىن بېرى ماتەم تۇتۇۋاتقان ئايالدەك كۆرسىتىپ، [3] پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرگىن. مەن ساڭا نېمە دېسەم، پادىشاھقا شۇنى دېگىن، – دېدى. يوئاب ئۇ ئايالغا پادىشاھقا نېمىلەرنى دېيىشنى ئۆگەتتى.

[4] تەقوۋالىق ئايال پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، يەرگە باش قويۇپ تەزىم قىلىپ، مۇنداق دېدى:

– ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، ماڭا بىر ياردەم قىلغايلا!

[5] – نېمە ئىشىڭ بار؟ – دەپ سورىدى پادىشاھ. ئايال:

– مەن بىر تۇل ئايالمەن، ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەن. [6] ئاجىزەلىرىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئىككىسى ئېتىزلىقتا ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئۇ يەردە ئىككىسىنى ئاجرىتىپ قويىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، بىرى يەنە بىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. [7] ئەمدى پۈتۈن جەمەتىم ئاجىزەلىرىگە قارشى چىقىپ، ماڭا: «ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەر. ئۇ ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلتۈرىمىز» دېيىشىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار مېنىڭ بىردىنبىر مىراسخورۇمنى ئۆلتۈرسە، ئۇمىد چىرىغىم ئۆچىدۇ. بۇ دۇنيادا ئېرىمنىڭ نامىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بىرەرسى قالمايدۇ، – دېدى.

[8] – سەن ئۆيۈڭگە قايت! مەن ساڭا پايدىلىق پەرمان چۈشۈرىمەن، – دېدى پادىشاھ داۋۇت. [9] تەقوۋالىق ئايال يەنە:

– خەلق بۇ ئىشتا ئەيىبلىمەكچى بولسا، مېنى ۋە ئاتامنىڭ جەمەتىنى ئەيىبلىسۇن، سىلى ۋە سىلىنىڭ پادىشاھلىقلىرىنى ئەيىبلىمىسۇن، – دېدى.

[10] ‏- بۇ ئىش توغرۇلۇق كىم ساڭا بىرنېمە دېسە، ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا باشلاپ كەل. ئۇ ئادەم سېنى يەنە خاپا قىلمايدىغان بولىدۇ، - دېدى پادىشاھ.

[11] ‏- ئەي پادىشاھ ئالىيلىرى، پەرۋەردىگارلىرى خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغايلا، ئوغلۇمنىڭ ئاتا جەمەتىدىكى قانغا قان ئالىمەن دېگۈچىلەر قالغان بىر ئوغلۇمنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، تېخىمۇ چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزمىگەي، - دېدى ئايال.

- مەن مەڭگۈ هايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، - دېدى پادىشاھ، - ئوغلۇڭنىڭ بىر تال مويىغىمۇ زەرەر يەتمەيدۇ.

[12] ‏- ئاجىزەلىرىنىڭ ئالىيلىرىغا يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلغايلا، - دېدى ئايال.

- قېنى، دېگىن، - دېدى پادىشاھ. [13] ئايال مۇنداق دېدى:

- ئۇنداقتا ئۆزلىرى نېمىشقا دەل بۇنداق ناھەقچىلىكنى خۇدانىڭ خەلقىگە راۋا كۆردىلە؟ ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلى بۇنداق دەپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قېچىپ كەتكەن ئوغۇللىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە يول قويمىسىلا، ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئىش قىلغانلىقلىرىنى ئىسپاتلىمامدىلا؟ [14] بىز هامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمىز، هاياتىمىزنى قايتۇرۇۋالالمايمىز. ئۇ خۇددى يەرگە چېچىلغان سۇغا ئوخشايدۇ. لېكىن خۇدا بىزنى هاياتلىقتىن مەھرۇم قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئەمەس، بەلكى سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيدۇ.

[15] باشقىلار مېنى قورقۇتۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن مەن: «بۇگۈن پادىشاھ ئالىيلىرىغا بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئىلتىجا قىلسام، پادىشاھىم مەندەك بىر ئاجىزەنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماس، [16] ئوغلۇم بىلەن مېنى خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان يېرىمىزدىن ئايرىماقچى بولغانلاردىن قۇتقۇزار» دەپ ئويلىدىم. [17] مەن يەنە: «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ سۆزى مېنى ئەمىن تاپقۇزىدۇ. چۈنكى پادىشاھىم خۇدانىڭ پەرىشتىسىگە ئوخشاش ھەق-ناھەقنى ئايرىيالايدۇ» دەپ ئويلىدىم. ئۆزلىرىنى تاللىغان پەرۋەردىگارلىرى خۇدا سىلىگە يار بولغاي! [18] پادىشاھ:

- مەن سەندىن بىر گەپ سوراي، سەن سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەرگىن، - دېدى.

- ئالىيلىرى، قېنى، سورىسىلا، - دېدى ئايال.

[19] - سېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، بۇ سۆزلەرنى قىلىشىڭ يوئابنىڭ كۆرسەتمىسىمۇ؟ - دەپ سورىدى پادىشاھ. ئايال جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

- مەن پادىشاھ ئالىيلىرى ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرى توغرا. ماڭا نېمە دېيىشنى ۋە نېمە قىلىشنى ئۆگەتكەن دەل ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتكارلىرى يوئابتۇر. [20] ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى سىلىگە كۆرسىتىپ بېرىشتۇر. دانالىقتا ئۆزلىرى خۇدانىڭ پەرىشتىسىگە ئوخشايدىلا، يەر يۈزىدە بولۇۋاتقان ھەممە ئىشلارنى بىلىدىلا.

[21] پادىشاھ يوئابنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا:

- مەن ئارزۇيۇڭنى ئىجابەت قىلىشنى قارار قىلدىم. سەن بېرىپ، ئوغلۇم ئابسالومنى قايتۇرۇپ كەل، - دېدى.

[22] يوئاب يەرگە باش قويۇپ تەزىم قىلىپ، پادىشاھقا بەخت تىلىدى ۋە:

- پېقىر بۈگۈن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا ئىلتىپاتقا ئېرىشكەنلىكىمنى بىلدىم، چۈنكى پادىشاھىم تەلىپىمنى ئورۇندىدى، - دېدى.

[23] شۇنىڭدىن كېيىن يوئاب گېشۇرغا بېرىپ، ئابسالومنى يېرۇسالېمغا قايتۇرۇپ كەلدى. [24] لېكىن پادىشاھ:

- ئابسالوم ئۆيىگە بارسۇن، مېنىڭ ھوزۇرۇمغا كەلمىسۇن، - دېدى. شۇڭا ئابسالوم پادىشاھ بىلەن كۆرۈشمەي، ئۆز ئۆيىگە كەتتى.

## داۋۇتنىڭ ئابسالوم بىلەن كۆرۈشۈشى

[25] پۈتۈن ئىسرائىللار ئارىسىدا ئابسالومدەك قەددى-قامىتى كېلىشكەن ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن بىرەر ئەيىب تاپقىلى بولمايتتى. [26] بېشىدىكى چېچى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەچكە، ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم چېچىنى ئالدۇراتتى. ئالدۇرغان چېچىنى

ئۆلچىسە، ئىككى كىلودىن ئارتۇق كېلەتتى. [27] ئابسالومنىڭ ئۈچ ئوغلى ۋە تامار ئىسىملىك گۈزەل بىر قىزى بار ئىدى.

[28] ئابسالوم يېرۇسالېمدا ئىككى يىل تۇرغان بولسىمۇ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرمىدى. [29] شۇنىڭ بىلەن ئابسالوم يوئابنى پادىشاھ ھۇزۇرىغا ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنى چاقىرتتى، لېكىن يوئاب كەلگىلى ئۇنىمىدى. ئابسالوم ئىككىنچى قېتىم يەنە ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، يوئاب يەنىلا كەلگىلى ئۇنىمىدى. [30] شۇ سەۋەبتىن ئابسالوم خىزمەتكارلىرىغا:

- مانا، يوئابنىڭ ئارپا تېرىغان ئېتىزى مېنىڭ ئېتىزىم بىلەن يانداش تۇرۇپتۇ. سىلەر بېرىپ، ئۇنىڭ ئېتىزىغا ئوت قويۇۋېتىڭلار!

- دېدى.

ئابسالومنىڭ خىزمەتكارلىرى يوئابنىڭ ئېتىزىغا ئوت قويۇۋەتتى.

[31] شۇنىڭ بىلەن يوئاب ئابسالومنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭدىن:

- خىزمەتكارلىرىڭىز نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئېتىزىمغا ئوت قويىدۇ؟

- دەپ سورىدى.

[32] ئابسالوم يوئابقا جاۋاب بېرىپ:

- مەن سېنى چاقىرتسام، سەن كەلمىدىڭ. ئەسلىدە سېنى پادىشاھ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ، پادىشاھتىن مېنى نېمىشقا گېشۇردىن قايتۇرۇپ كەلدىڭىز؟ شۇ يەردە تۇرۇۋەرگىنىم ياخشى ئەمەسمىدى، دەپ سوراتقۇزماقچىدىم. سەن ئەمدى مېنى پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇرغىن. ئەگەر مەندە گۇناھ بولسا، مېنى ئۆلتۈرسۇن، - دېدى.

[33] يوئاب پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئابسالومنى چاقىرتتى. ئابسالوم پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە باش قويۇپ تەزىم قىلدى. پادىشاھ ئابسالومنى قۇچاقلاپ سۆيدى.

## ئابسالومنىڭ توپىلاڭ پىلانلىشى

15 [1] شۇنىڭدىن كېيىن ئابسالوم ئۆزىگە جەڭ ھارۋىسى، ئات ۋە ئەللىك مۇھاپىزەتچى ھازىرلىدى. [2] ئۇ دائىم سەھەر تۇرۇپ، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى يول بويىدا تۇراتتى. بىرەرسى

دەۋا ئىشى توغرۇلۇق پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلسە، ئابسالوم ئۇنىڭدىن «قەيەرلىكسىز؟» دەپ سورايتتى. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قايسى قەبىلىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەيتتى. [3] ئابسالوم: «قاراڭ، دەۋايىڭىز يوللۇق ھەم ھەق ئىكەن، بىراق پادىشاھنىڭ يېنىدا بۇنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق» دەيتتى. [4] ئابسالوم يەنە «ئەگەر مەن بۇ يەردە ھوقۇقدار بولغان بولسام، ئەرز قىلىپ كەلگەنلەر مېنى ئىزدىسە، مەن ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئادىل بىر تەرەپ قىلاتتىم» دەيتتى. [5] بىرەرسى كېلىپ، ئابسالومغا بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلماقچى بولسا، ئۇ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، قۇچاقلاپ سۆيۈپ قوياتتى. [6] ئابسالوم پادىشاھقا ئەرز قىلغىلى كەلگەن بارلىق ئىسرائىللارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.

[7] تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئابسالوم داۋۇت پادىشاھقا:

- مېنىڭ پەرۋەردىگارغا قىلغان ۋەدەمنى ئادا قىلىشىم ئۈچۈن ھېبرونغا بېرىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز! [8] مەن ئارراملىق گېشۇر دېگەن يېرىدە تۇرۇۋاتقىنىمدا پەرۋەردىگارغا: «ئەگەر مېنى يېرۇسالېمغا قايتۇرساڭ، ھېبروندا ساڭا ئىبادەت قىلىمەن» دەپ، ۋەدە بەرگەنىدىم، - دېدى. [9] پادىشاھ:

- بارغىن، ئامان-ئېسەن بولغىن، - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئابسالوم ھېبرونغا باردى. [10] بىراق ئابسالوم ئىسرائىلىيەنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىگە ئادەملىرىنى مەخپىي ئەۋەتىپ: «سىلەر بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ‹ئابسالوم ھېبروندا پادىشاھ بولۇپتۇ› دەڭلار» دېدى. [11] ئابسالومنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە يېرۇسالېمدىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن 200 ئادەم بار ئىدى. ئۇلار ئابسالومنىڭ يامان نىيىتىدىن خەۋەرسىز ئىدى. [12] ئابسالوم قۇربانلىق سۇنۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا داۋۇتنىڭ مەسلىھەتچىسى گىلوھلۇق ئاخىتوفەلگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى گىلوھتىن ئېلىپ كەلدى. ئابسالومغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن پادىشاھ داۋۇتقا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرىدىغانلارنىڭ كۈچىمۇ زورىيىپ باردى.

## داۋۇتنىڭ يېرۇسالېمدىن قېچىشى

[13] بىر خەۋەرچى داۋۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئىسرائىللارنىڭ قەلبى ئابسالومغا ئېغىپ كەتتى» دېدى. [14] داۋۇت يېرۇسالېمدىكى ئەمەلدارلىرىغا:

- تېز قاچايلى، بولمىسا ئابسالومدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز! تېز بولۇڭلار، بولمىسا ئۇ كېلىپ، بىزگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ ۋە پۈتۈن شەھەردىكىلەرنى قىرىۋېتىدۇ، - دېدى. [15] ئەمەلدارلار پادىشاھقا:

- باش ئۈستىگە ئالىيلىرى، نېمە قارارغا كەلگەن بولسىلا، بىز ئۇنى بېجىرىشكە تەييارمىز،

- دېيىشتى.

[16] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ داۋۇت پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقتى. ئوردىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئون توقلىنى قالدۇرۇپ قويدى. [17] پادىشاھ يولغا چىققاندا، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. پادىشاھ شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ئۆينىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە توختىدى. [18] قالغانلىرى، يەنى پادىشاھنىڭ كىرېتلەر ۋە پېلېتلەردىن تەركىب تاپقان ياساۋۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئادەملەر ۋە گاتتىن پادىشاھقا ئەگىشىپ كەلگەن 600 نەپەر گاتلىقلار داۋاملىق مېڭىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. [19] پادىشاھ گاتلىق ئىتتايغا:

- نېمىشقا بىزگە ئەگىشىپ كېلىسەن؟ قايتىپ كەتكىن! سەن ئىسرائىللاردىن ئەمەس، باشقا ئەلدىن كەلگەن مۇساپىرسەن. كىم پادىشاھلىق بولسا، شۇنىڭ يېنىدا تۇرغىن. [20] سەن يېقىندىلا كەلدىڭ. مەن ئۆزۈممۇ نەگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سېنى يەنە سەرگەردان قىلىپ يۈرەيمۇ؟ ئۆزۈڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەتكىن. خۇدا ئۆزىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە ساداقىتىنى سەندىن تەرك ئەتمىسۇن! - دېدى.

[21] ئىتتاي پادىشاھقا:

- ئى پادىشاھى ئالەم، مەن مەڭگۈ هايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا قەسەم قىلىمەنكى، سىلى نەدە

بولسىلا، پېقىر شۇ يەردە بولىمەن، سىلى بىلەن ھايات-ماماتتا بىرگە بولىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى. [22] داۋۇت ئىتتايغا:
- بوپتۇ ئەمىسە، بىز بىلەن يۈرۈۋەرگىن، - دېدى.
شۇنداق قىلىپ، گاتلىق ئىتتاي بارلىق ئادەملىرى ۋە بالىچاقىلىرى بىلەن بىرگە ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. [23] داۋۇت ئادەملىرى بىلەن ئايرىلىدىغان ۋاقىتدا، پۈتۈن يۇرت ئەھلى ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. پادىشاھ داۋۇت بارلىق ئادەملىرىنى باشلاپ، قىدرون جىلغىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، دەشت-باياۋانغا قاراپ يول ئالدى.
[24] روھانىي زادوق ۋە روھانىي ئەبىياتارمۇ خۇدانىڭ ئەھدەساندۇقىنى كۆتۈرۈۋالغان لاۋىيلار بىلەن بىرگە پادىشاھ داۋۇتقا ئەگىشىپ كەلگەنىدى. داۋۇتنىڭ ئادەملىرى شەھەردىن چىقىپ بولغۇچە، ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى يەرگە قويۇپ، ساقلاپ تۇرۇشقانىدى. [25] پادىشاھ داۋۇت زادوققا:
- خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قايتۇرۇپ كېتىڭلار! ئەگەر پەرۋەردىگار مەندىن رازى بولسا، مېنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئەھدە ساندۇقى تۇرغان ئۆينى ۋە ئەھدە ساندۇقىنى ماڭا يەنە كۆرسىتىدۇ. [26] ئەگەر پەرۋەردىگار: «سەندىن رازى ئەمەسمەن» دېسە، مەيلى، ئۇ مېنى قانداق قىلغۇسى كەلسە، شۇنداق قىلسۇن، - دېدى [27] پادىشاھ يەنە روھانىي زادوققا:
- سەن ئەھۋالنى چۈشىنىسەن. ئوغلۇڭ ئاخىمائاس، روھانىي ئەبىياتار ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يوناتان بىرلىكتە شەھەرگە تىنچ-ئامان قايتىپ كېتىڭلار. [28] مەن سىلەردىن خەۋەر كەلگۈچە دالادىكى دەريا كېچىكىدە ساقلاپ تۇرىمەن، - دېدى.
[29] شۇنداق قىلىپ، زادوق بىلەن ئەبىياتار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى يېرۇسالېم شەھىرىگە قايتۇرۇپ كېتىشتى ۋە ئۆزلىرىمۇ تۇرۇپ قېلىشتى. [30] داۋۇت ھەسرىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بېشىنى يېپىپ، يالاڭ ئاياغ مېڭىپ، زەيتۇن تېغىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ يول بويى ھۆكىرەپ يىغلاپ ماڭدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرمۇ باشلىرىنى يېپىپ، يىغلىشىپ تاغقا قاراپ مېڭىشتى.

[31] داۋۇتنىڭ مەسلىھەتچىسى ئاختوفەلنىڭ ئابسالوم تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى داۋۇتقا يېتىپ كەلگەندە، داۋۇت پەرۋەردىگارغا: «ئى پەرۋەردىگار، ئاختوفەلنى ئابسالومغا ئەخمىقانە مەسلىھەت بەرگۈزگەيسەن» دەپ دۇئا قىلدى.
[32] داۋۇت تاغنىڭ ئۈستىگە، يەنى كىشىلەر خۇداغا سەجدە قىلىدىغان يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئاركى جەمەتىدىن بولغان خۇشاي كىيىملىرىنى يىرتىپ، بېشىغا توپا چاچقان ھالدا ئۇنى شۇ يەردە كۈتۈۋالدى. [33] داۋۇت ئۇنىڭغا:
- ئەگەر سەن مەن بىلەن بىرگە ماڭساڭ، ماڭا يۈك بولۇپ قالىسەن. [34] ناۋادا سەن يېرۇسالېمغا قايتىپ بېرىپ، ئابسالومغا: «ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن ئىلگىرى ئاتىلىرىنىڭ خىزمەتكارى بولغانىدىم، ئەمدى سىلىنىڭ خىزمەتكارلىرى بولۇشنى خالايمەن» دېگىن. شۇنداق قىلساڭ، ئاختوفەلنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتىگە قارشى ماڭا ياردەم قىلالايسەن. [35] روھانىي زادوق بىلەن روھانىي ئەبىياتارمۇ شۇ يەردە، سەن ئوردىدا ئاڭلىغانلىرىڭنى ئۇلارغا يەتكۈزگىن. [36] ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ئاخىمائاز بىلەن يوناتانمۇ شۇ يەردە، ئۇلار ئۇچۇرلىرىڭنى ماڭا يەتكۈزىدۇ، - دېدى.
[37] شۇنداق قىلىپ، داۋۇتنىڭ دوستى خۇشاي يېرۇسالېمغا قايتىپ كەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئابسالوممۇ يېرۇسالېمغا كىردى.

## داۋۇت بىلەن زىبا

16 [1] پادىشاھ داۋۇت تاغدىن ئەمدىلا ئېشىشىغىلا مفىبوشەتنىڭ خىزمەتكارى زىبانى ئۇچراتتى. زىبا ئېگەرلەنگەن ئىككى ئېشەكنى يېتىلىۋالغان بولۇپ، ئېشەكلەرگە ئىككى يۈز نان، يۈز ئۈچۈم كىشمىش، بىر تۇلۇم شاراب ۋە يازلىق مېۋىلەر ئارتىلغانىدى.
[2] پادىشاھ زىبادىن:
- سەن بۇ نەرسىلەرنى نېمىشقا ئېلىپ كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى. زىبا:
- ئېشەكلەرنى پادىشاھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مىنىشىگە، نان ۋە يازلىق مېۋىلەرنى ياشلارنىڭ يېيىشىگە، شارابنى چۆلدە

ھېرىپ قالغانلارنىڭ ئىچىشىگە ئېلىپ كەلدىم، - دەپ جاۋاب بەردى. [3] پادىشاھ يەنە:

- خوجايىنىڭ سائۇلنىڭ نەۋرىسى مەفىبوشەت قەيەردە؟ - دەپ سورىدى. زىبا:

- مەفىبوشەت يېرۇسالېمدا قالدى. ئۇ بۈگۈن ئىسرائىل خەلقى ماڭا بوۋام سائۇلنىڭ پادىشاھلىقىنى قايتا تىكلەپ بېرىدۇ دەيدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى. [4] پادىشاھ:

- مەفىبوشەتكە تەۋە بولغان ھەممە نەرسە ئەمدى ساڭا تەۋەدۇر، - دېدى. زىبا:

- ئالىيلىرىغا تەزىم قىلاي، ھەر دائىم ئىلتىپاتلىرىغا سازاۋەر بولغايمەن! - دېدى.

## شىمئىنىڭ پادىشاھ داۋۇتنى قارغىشى

[5] پادىشاھ داۋۇت باخۇرىم شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. سائۇل جەمەتىدىن بىر ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ گېرانىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىسمى شىمئى ئىدى. ئۇ كېلىۋېتىپ داۋۇتنى قارغىدى. [6] ئۇ پادىشاھ داۋۇت، ئادەملىرى ۋە قوغدىغۇچى لەشكەرلىرىگە قارىتىپ تاش ئاتتى ۋە [7] پادىشاھ داۋۇتنى ھاقارەتلەپ، مۇنداق دېدى:

- ئەي قانخور، ئەي رەزىل ئىنسان، يوقال! يوقال بۇ يەردىن! [8] سەن سائۇل جەمەتىنىڭ قېنىنى تۆككەنلىكىڭ ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋالغانلىقىڭ ئۈچۈن، پەرۋەردىگار سېنى جازالاپ، پادىشاھلىق تەختىنى ئوغلۇڭ ئابسالومغا ئېلىپ بەردى. ئەي قانخور، قىلغانلىرىڭ ئۆزۈڭگە قايتتى.

[9] مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى ئابىشاي پادىشاھ داۋۇتقا:

- نېمىشقا بۇ ئۆلۈك ئىتنىڭ سىلىنى ھاقارەتلىشىگە يول قويىمىز؟ مەن بېرىپ، ئۇ بىر نېمىنىڭ كاللىسىنى ئالاي، - دېدى.

[10] پادىشاھ داۋۇت:

- ھەي زىرۇيانىڭ ئوغۇللىرى، مېنىڭ ئىشىم بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن! ئەگەر پەرۋەردىگار ئۇنى مېنى قارغاشقا ئەۋەتكەن

بولسا، ئۇنى تۇسقۇدەك سەن كىم ئىدىڭ؟ - دېدى. [11] ئاندىن داۋۇت ئابىشاي ۋە ئۆزىنىڭ بارلىق ئادەملىرىگە يەنە:
- قاراڭلار، ئۆزۈمنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئوغلۇم جېنىمنى ئالماقچى بولۇۋاتقان يەردە، بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان بۇ ئادەم نېمە قىلمايدۇ؟ مەيلىگە قويۇۋېتىڭلار، قارغاۋەرسۇن! پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇغاندۇر! [12] بەلكىم پەرۋەردىگار قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، قارغىشىنىڭ ئورنىغا بەخت ئاتا قىلىپ قالار، - دېدى.
[13] شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ داۋۇت ئادەملىرى بىلەن يولنى داۋاملاشتۇردى. شىمئى تاغ باغرىدا ماڭدى. ئۇ يول بويى داۋۇتنى قارغاپ ماڭدى ۋە ئۇنىڭغا تاش ئاتتى، توپا چاچتى. [14] پادىشاھ داۋۇت ۋە ھەمراھلىرى مەنزىلىگە يېتىپ كەلگەندە، ھارغانلىقلىرىنى ھېس قىلىشىپ، شۇ يەردە دەم ئېلىشتى.

## ئاختوفەلنىڭ ئابسالومغا مەسلىھەت بېرىشى

[15] بۇ ۋاقىتتا ئابسالوم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن پۈتۈن ئىسرائىللار يېرۇسالېمغا كىرىپ بولغانىدى. ئاختوفەلمۇ ئابسالوم بىلەن بىرگە ئىدى. [16] داۋۇتنىڭ دوستى، يەنى ئاركى جەمەتىدىن بولغان خۇشاي ئابسالومنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:
- پادىشاھ ئالىيلىرى ياشىغايلا! - دېدى. [17] ئابسالوم ئۇنىڭدىن:
- سېنىڭ دوستۇڭغا بولغان سادىقلىقىڭ شۇمۇ؟ نېمىشقا دوستۇڭ بىلەن بىرگە كەتمىدىڭ؟ - دەپ سورىدى. [18] خۇشاي ئابسالومغا:
- مەن پەرۋەردىگار، خەلق ۋە پۈتۈن ئىسرائىللار تاللىغان ئادەم تەرەپتە تۇرىمەن. ھېچ يەرگە بارمايمەن. [19] ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن داۋۇتنىڭ ئوغلى ئابسالومدىن باشقا ھېچكىمگە خىزمەت قىلمايمەن. ئاتىلىرىغا قانداق خىزمەت قىلغان بولسام، سىلىگىمۇ شۇنداق خىزمەت قىلىمەن، - دېدى.
[20] ئاندىن ئابسالوم ئاختوفەلگە قاراپ:
- ئۇنداقتا نېمە قىلىمىز؟ مەسلىھەت بەرگىن، - دېدى. [21] ئاختوفەل:
- سىلى ئاتىلىرى ئوردىغا قاراشقا قالدۇرۇپ كەتكەن توقاللار بىلەن بىر ئورۇندا ياتسىلا. شۇنداق قىلسىلىرى، پۈتۈن ئىسرائىل

خەلقى سىلىنىڭ ئۆز ئاتىلىرىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىلىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ سىلىنى قوللىشى تېخىمۇ قەتئىي بولىدۇ، ـ دېدى.

[22] شۇنداق قىلىپ، ئابسالوم ئۈچۈن ئوردىنىڭ ئۆگزىسىدە بىر چېدىر تىكىلدى. ئابسالوم ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئاتىسىنىڭ توقاللىرى بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويدى. [23] ئۇ چاغلاردا كىشىلەرگە ئاختوفەلنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتلىرى خۇدادىن كەلگەن مەسلىھەتتەك بىلىنەتتى. ئابسالوم ئاختوفەلنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى بەجايىكى داۋۇت قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلاتتى.

17 [1] ئاختوفەل ئابسالومغا يەنە:
ـ ئىجازەت بەرسىلىرى، 12 مىڭ ئادەمنى تاللاپ، بۈگۈن كېچىدىلا يولغا چىقىپ، داۋۇتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باراي. [2] هازىر ئۇ ھېرىپ-چارچىغان ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن ئەھۋالدىدۇر. مەن مۇشۇ چاغدا ھۇجۇم قىلسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالاقزادە بولۇپ قاچىدۇ. مەن پەقەت پادىشاھنىلا ئۆلتۈرىمەن. [3] ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى سىلىگە قايتۇرۇپ كېلىمەن. سىلى قوغلاپ يۈرگەن ئۇ ئادەم ئۆلسە، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە مايىل بولىدۇ، پۈتۈن خەلق تىنچىيدۇ، ـ دېدى.

[4] ئاختوفەلنىڭ بۇ مەسلىھەتى ئابسالومغىمۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ئىسرائىل ئاقساقاللىرىغىمۇ ياقتى.

## خۇشاينىڭ ئاختوفەلنىڭ پىلانىنى بۇزۇشى

[5] ئابسالوم:
ـ ئاركى جەمەتىدىن بولغان خۇشايىنىمۇ چاقىرىپ كېلىڭلار، ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى، ـ دېدى.

[6] خۇشاي ئابسالومنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئابسالوم ئۇنىڭغا ئاختوفەلنىڭ مەسلىھەتىنى ئېيتىپ بەردى ۋە ئۇنىڭدىن:
ـ بىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلساق بولارمۇ؟ سەنمۇ پىكرىڭنى دەپ باقساڭ، ـ دەپ سورىدى. [7] خۇشاي مۇنداق دېدى:
ـ ئاختوفەلنىڭ بۇ قېتىمقى مەسلىھەتى ياخشى بولماپتۇ.

[8] ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، ئاتىلىرى ۋە ئادەملىرى ماھىر جەڭچىلەردۇر.

ئۇلار ھازىر خۇددى باللىرى بۇلاپ كېتىلگەن چىشى ئېيىقتەك قەھرگە تولغاندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىلىرى تەجرىبىلىك بىر جەڭچى بولۇپ، ئۇ كېچىدە لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە ياتمايدۇ.
[9] بەلكىم ئۇ ھازىر بىر ئۆڭكۈردە ياكى باشقا بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئاتىلىرى داۋۇت سىلىنىڭ ئادەملىرىگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرسە، بۇنى ئاڭلىغانلار «ئابسالومنىڭ ئادەملىرى قىرىلىپ كېتىپتۇ» دېيىشى مۇمكىن. [10] ئۇ چاغدا ھەتتا شىر يۈرەك قەھرىمانلارمۇ قورقۇنچ ئىچىدە قالىدۇ. چۈنكى پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى ئاتىلىرىنىڭ ماھىر جەڭچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇ. [11] مەسلىھەتىم شۇكى، دان شەھىرىدىن بەئەرشەبا شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشايدىغان پۈتۈن ئىسرائىللار سىلىنىڭ ئەتراپلىرىغا توپلانسۇن. ئىسرائىللار دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك سان-ساناقسىزدۇر. ئۇلارنى سىلى ئۆزلىرى باشلاپ، جەڭگە بارغايلا. [12] بۇ چاغدا پادىشاھ داۋۇت مەيلى قەيەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرمىسۇن، بىز خۇددى يەر يۈزىگە چۈشكەن شەبنەم پۈتۈن زېمىننى قاپلىغاندەك ئۇنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بارىمىز. داۋۇتنىمۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىمۇ تىرىك قالدۇرمايمىز. [13] داۋۇت چېكىنىپ بىرەر شەھەرگە كىرىۋالسا، بىز پۈتۈن ئىسرائىللار ئارغامچىلارنى ئېلىپ كېلىپ، شەھەرنىڭ سېپىللىرىنى جىلغىغا تارتىپ چۈشۈرىمىز. ھەتتا شەھەرنىڭ ئورنىدا كىچىككىنە بىر تال تاشمۇ قالمايدۇ.
[14] ئابسالوم ۋە يېنىدىكى ئىسرائىللار: «خۇشاينىڭ مەسلىھەتى ئاختوفەلنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن» دېيىشتى. چۈنكى پەرۋەردىگار ئاختوفەلنىڭ پادىشاھقا بەرگەن مەسلىھەتىنى بۇزۇپ، ئابسالومنى بالا-قازاغا دۇچار قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى.

## داۋۇتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى ۋە قېچىپ كېتىشى

[15] خۇشاي ئاختوفەلنىڭ ئابسالوم ۋە ئىسرائىل ئاقساقاللىرىغا قانداق مەسلىھەت بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارغا قانداق

مەسلىھەت بەرگەنلىكىنى روھانىي زادوق بىلەن ئەبىياتارغا ئېيتىپ بەردى. [16] ئۇ يەنە:

- ئەمدى سىلەر دەرھال داۋۇتقا ئادەم ئەۋەتىڭلار. ئۇ بۈگۈن كېچە دالادىكى دەريا كېچىكىدە قونماي، دەرھال ئۇردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتسۇن. بولمىسا، ئۇ ئادەملىرى بىلەن بىرگە يوقىتىلىدۇ، - دېدى.

[17] بۇ چاغدا ئەبىياتارنىڭ ئوغلى يوناتان بىلەن زادوقنىڭ ئوغلى ئاخىمائاز ئۆزلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىپ چىقىۋاتقانلىقىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يېرۇسالېمنىڭ چېتىدىكى روگېل بۇلىقىنىڭ بويىدا كۈتۈپ تۇراتتى. بىر خىزمەتچى قىز ئۇلارغا خەۋەر ئەكېلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاڭلىغانلىرىنى پادىشاھ داۋۇتقا يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

[18] لېكىن بىر قېتىم ئۇلارنى بىر يىگىت كۆرۈپ قېلىپ، بېرىپ ئابسالومغا ئېيتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى دەرھال ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، باخۇرىمدىكى بىرەيلەننىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ ئادەمنىڭ ھويلىسىدا بىر قۇدۇق بار بولۇپ، ئۇلار شۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالدى. [19] ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايالى ئۇلارنىڭ سېزىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا بىر پالاس يېپىپ، ئۈستىگە بۇغداي يېيىپ قويدى.

[20] ئابسالومنىڭ ئادەملىرى بۇ ئۆيگە ئۇلارنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇ ئايالدىن:

- ئاخىمائاز بىلەن يوناتاننى كۆردۈڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئايال ئۇلارغا:

- ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ كەتتى، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئابسالومنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن، يېرۇسالېمغا قايتىپ كېتىشتى.

[21] ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئىككىيلەن قۇدۇقتىن چىقىپ، پادىشاھ داۋۇتنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا: «قېنى ھازىرلا دەريادىن ئۆتۈپ كېتىڭلار، چۈنكى ئاختوفەل ئابسالومغا سىلىگە قارشى مەسلىھەت بەردى» دېدى. [22] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ۋە ئۇنىڭ

ئادەملىرى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. تاڭ ئاتقۇچە ھەممىسى دەريادىن ئۆتۈپ بولدى، بىرمۇ ئادەم قالمىدى.
[23] ئاختوفەل ئۆز مەسلىھەتىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېشىكىنى توقۇپ، ئۆز يۇرتىغا قايتتى. ئائىلىسىدىكى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. جەسىتى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى.
[24] داۋۇت ماخانايىم شەھىرىگە يېتىپ بارغان چاغدا، ئابسالوم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئىسرائىللار ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتتى. [25] ئابسالوم يوئابنىڭ ئورنىغا ئاماسانى قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلىدى. ئاماسا ئىسمائىللاردىن بولغان يەتەرنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئابىگال ناخاشنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ يوئابنىڭ ئانىسى زىرۇيانىڭ سىڭلىسى ئىدى. [26] ئابسالوم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئىسرائىللار گىلئادتا بارگاھ تىكتى.
[27] داۋۇت ماخانايىمغا يېتىپ بارغاندا، ئۇنى ئاممونلارنىڭ رابباھ شەھىرىدىن بولغان ناخاشنىڭ ئوغلى شوبى، لودبارلىق ئاممىئېلنىڭ ئوغلى ماكىر ۋە روگىلىمدا ئولتۇرۇشلۇق گىلئادلىق بارزىللايلار كۈتۈۋالدى. [28-29] ئۇلار داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى چۆلدە يۇرۇپ ھېرىپ، قورساقلىرى ئېچىپ، ئۇسساپ كەتكەندۇ دەپ ئويلاپ، يوتقان-كۆرپە، تاۋاق، ساپال قاچا، بۇغداي، ئارپا، ئۇن، قوماچ، پۇرچاق، ماش، ھەسەل، سۈزمە، قورۇت، ئىرىمچىك ۋە قويلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

## ئابسالومنىڭ ئۆلۈشى

18 [1] داۋۇت ئادەملىرىنى يىغىپ، مىڭ بېشى ۋە يۈز باشلىرىنى تەيىنلىدى. [2] ئۇ ئادەملىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى يوئابنىڭ قولىغا، ئۈچتىن بىرىنى يوئابنىڭ ئاكىسى، يەنى مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى ئابىشاينىڭ قولىغا، قالغان ئۈچتىن بىرىنى گاتلىق ئىتتاينىڭ قولىغا تاپشۇردى. داۋۇت ئۇلارغا:
- مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرگە جەڭگە چىقىمەن، - دېدى.
[3] ئادەملىرى ئۇنىڭغا:

– ئۆزلىرى جەڭگە چىقىسىلا بولمايدۇ. ئەگەر بىز جەڭدە چېكىنمەكچى بولۇپ قالساق، دۈشمەنلىرىمىز بىزگە پەرۋا قىلمايدۇ، ھەتتا يېرىمىمىز قىرىلىپ كەتسەكمۇ ئۇلارغا بەرىبىر. ئۆزلىرىنىڭ جېنى بىزدەك تۈمەن ئادەمنىڭ جېنىدىن قىممەتلىكتۇر. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرى شەھەردە قېلىپ، بىزگە ياردەمچى ئەۋەتىپ تۇرغايلا، – دېيىشتى. [4] پادىشاھ داۋۇت ئۇلارغا:
– سىلەرچە قانداق قىلسام ياخشى بولسا، شۇنداق قىلاي! – دېدى. لەشكەرلەر شەھەردىن يۈزلەپ، مىڭلاپ چىقىشقا باشلىغاندا، پادىشاھ داۋۇت شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. [5] ئۇ يوئاب، ئابىشاي ۋە ئىتتايغا:
– مېنىڭ ھۆرمىتىم ئۈچۈن ياش يىگىت ئابسالومغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، – دەپ بۇيرۇدى.
پادىشاھنىڭ ئابسالوم توغرۇلۇق سەركەردىلەرگە بۇيرۇغان گېپىنى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىدى.
[6] شۇنىڭ بىلەن داۋۇتنىڭ ئادەملىرى ئابسالومغا ئەگەشكەن ئىسرائىللار بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن دالاغا چىقتى. جەڭ ئەفرايىم ئورمانلىقىدا بولدى. [7] داۋۇتنىڭ ئادەملىرى ئابسالومنىڭ ئادەملىرىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ كۈنى ناھايىتى كۆپ ئادەم ئۆلدى، ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 20 مىڭ ئىدى. [8] جەڭ پۈتۈن ئەتراپقا يېيىلدى. شۇ كۈنى ئورماندىكى پالاكەتلەر سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانىدىن كۆپ ئىدى.
[9] ئابسالوم داۋۇتنىڭ ئادەملىرىگە دۇچ كېلىپ قالدى. ئۇ چاغدا ئابسالوم قېچىرغا مىنىپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. قېچىر شاخلىرى ناھايىتى قويۇق ئۆسكەن چوڭ بىر پىستە دەرىخىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەندە، ئابسالومنىڭ بېشى دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدى. قېچىر چاپقان پېتى كېتىۋەردى، ئابسالوم بولسا دەرەخكە ئېسىلىپ قالدى. [10] داۋۇتنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، بېرىپ يوئابقا:
– مەن ئابسالومنىڭ بىر پىستە دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا ئېسىلىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم، – دېدى. [11] يوئاب خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە:

ـ ئۇنى كۆرگەن بولساڭ، نېمىشقا ئۇنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋەتمىدىڭ؟ ئەگەر ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولساڭ، ساڭا يۈز گىرام كۈمۈش بىلەن بىر كەمەر ئىنئام قىلغان بولاتتىم، ـ دېدى. [12] ھېلىقى ئادەم يوئابقا مۇنداق دېدى:

ـ ماڭا ھەتتا مىڭ گىرام كۈمۈش بەرسىلىمۇ، پادىشاھنىڭ ئوغلىغا قارشى قولۇمنى كۆتۈرمەيمەن. چۈنكى بىز ھەممىمىز پادىشاھنىڭ ئابىشاي، ئىتتاي ۋە سىلىگە: «مېنىڭ ھۆرمىتىم ئۈچۈن ياش يىگىت ئابسالومغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇغانلىقىنى ئاڭلىغانمىز. [13] ئەگەر پادىشاھقا خىيانەت قىلىپ، ئوغلىنى ئۆلتۈرسەم، پادىشاھ چوقۇم كىمنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى تاپىدۇ. ئۇ چاغدا سىلىمۇ ئۆزلىرىنى مەندىن چەتكە ئالىدىلا. [14] يوئاب جاۋابەن:

ـ سەن بىلەن بۇ يەردە ۋاقتىمنى ئۆتكۈزمەي، ـ دېدى ۋە قولىغا ئۈچ دانە نەيزە ئېلىپ، ئۇ يەرگە باردى. ئابسالوم پىستە دەرىخىدە ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇ تېخىچە ھايات ئىدى. يوئاب ئۇنىڭ مەيدىسىگە نەيزىلەرنى تىقتى. [15] ئاندىن يوئابنىڭ ئون نەپەر قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچىسى ئابسالومنى ئارىغا ئېلىپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.

[16] يوئاب جەڭنى توختىتىش ئۈچۈن بۇرغا چالدۇردى. ئۇنىڭ ئادەملىرى ئابسالومنىڭ ئادەملىرىنى قوغلاشتىن توختاپ، ئارقىلىرىغا قايتىشتى. [17] ئۇلار ئابسالومنىڭ جەسىتىنى دەرەختىن چۈشۈرۈپ، ئورماندىكى چوڭ بىر ئورەككە تاشلىۋەتتى ۋە ئۈستىگە ئېگىز قىلىپ تاش دۆۋىلەپ قويدى. ئابسالومغا ئەگەشكەن ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە قېچىپ كېتىشتى.

[18] ئابسالوم ھايات ۋاقتىدا نامىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئوغلۇم يوق دەپ، «پادىشاھ جىلغىسى» دېگەن يەردە ئۆزىگە ئاتاپ بىر تاش ئابىدە ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز نامىنى بەرگەنىدى. بۇ تاش ئابىدە شۇنىڭدىن بېرى «ئابسالوم ئابىدىسى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## داۋۇتنىڭ ئوغلى ئابسالومغا ماتەم تۇتۇشى

[19] زادوقنىڭ ئوغلى ئاخىمائاز يوئابقا:

- ئىجازەت بەرسىڭىز، مەن تېز بېرىپ پادىشاھقا: «پەرۋەردىگار سىلىنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدى» دەپ، خۇش خەۋەر يەتكۈزەي، - دېدى.
[20] - ياق، - دېدى يوئاب، - بۈگۈن خەۋەر يەتكۈزمىگىن، باشقا كۈنى يەتكۈزگىن. بۈگۈن بارما، چۈنكى پادىشاھنىڭ ئوغلى ئۆلدى.
[21] شۇنىڭدىن كېيىن يوئاب كۇشلاردىن بىرىگە:
- سەن بېرىپ، كۆرگەنلىرىڭنى پادىشاھقا ئېيتقىن، - دېدى. ئۇ ئادەم يوئابقا تەزىم قىلدى-دە، يۈگۈرۈپ كەتتى.
[22] لېكىن زادوقنىڭ ئوغلى ئاخىمائاز يوئابقا يەنە:
- مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، مېنىڭمۇ كۇشلاردىن بولغان ئاۋۇ ئادەم بىلەن بىرگە بېرىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز، - دېدى. يوئاب:
- سەن نېمىشقا بارىمەن، دەپ تۇرىۋالىسەن؟ ئوغلۇم، سەن خەۋەر يەتكۈزۈپ مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەيسەن، - دېدى.
[23] ئاخىمائاز يەنە:
- مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، تېز بېرىپ، خەۋەر يەتكۈزەي! - دېدى.
- بوپتۇ بارغىن! - دېدى يوئاب.
شۇنىڭ بىلەن ئاخىمائاز ئىئوردان تۈزلەڭلىكىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ، ھېلىقى كۇشلاردىن بولغان ئادەمدىن ئۆتۈپ كەتتى.
[24] داۋۇت بۇ چاغدا شەھەرنىڭ ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرىقى دەرۋازىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى. كۆزەتچى سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ، ئەتراپقا قاراپ، بىر ئادەمنىڭ يالغۇز يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە
[25] پادىشاھقا ۋارقىراپ خەۋەر يەتكۈزدى. پادىشاھ:
- ئۇ يالغۇز بولسا، چوقۇم ياخشى خەۋەر يەتكۈزگىلى كېلىۋاتقان ئادەم، - دېدى.
ئۇ ئادەم يېقىنلاپ كەلگەندە، [26] كۆزەتچى يەنە بىر ئادەمنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرۋازىۋەنگە قاراپ:
- قاراڭلا، يەنە بىر ئادەم يالغۇز يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ! - دەپ تۋۋلىدى. پادىشاھ:

- ئۇمۇ چوقۇم ياخشى خەۋەر يەتكۈزگىلى كېلىۋاتقان ئادەم،
- دېدى.
[27] - ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ يۈگۈرۈشى زادوقنىڭ
ئوغلى ئاخىمائازنىڭ يۈگۈرۈشىگە ئوخشايدىكەن، - دېدى كۆزەتچى.
- ئۇ ياخشى ئادەم، چوقۇم ياخشى خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ، -
دېدى پادىشاھ.
[28] ئاخىمائاز پادىشاھقا يۇقىرى ئاۋازدا:
- تىنچ-ئامان بولغايلا، - دەپ توۋلىدى. ئۇ يەرگە باش قويۇپ،
پادىشاھقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:
- پادىشاھ ئالىيلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە
قىلىشلىرىغا مۇيەسسەر قىلغان پەرۋەردىگار خۇداغا ھەمدۇسانالار
بولغاي. [29] پادىشاھ:
- ياش يىگىت ئابسالوم ئامان-ئېسەنمۇ؟ - دەپ سورىدى.
ئاخىمائاز:
- يوئاب كۇشلاردىن بولغان خىزمەتكارلىرىنى ۋە پېقىرنى
يولغا سالغان چاغدا، قالايمىقانچىلىق بولۇپ كېتىپ، نېمە ئىش
بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم، - دەپ جاۋاب بەردى.
[30] - بوپتۇ ئەمىسە، بىر چەتتە كۈتۈپ تۇر، - دېدى پادىشاھ
ئۇنىڭغا.
ئاخىمائاز بىر چەتكە بېرىپ تۇردى. [31] شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى
كۇشلاردىن بولغان ئادەم يېتىپ كەلدى.
- پادىشاھ ئالىيلىرىغا ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. بۈگۈن
پەرۋەردىگار ئۆزلىرىنى سىلىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلەر قولىدىن
قۇتقۇزدى! - دېدى ئۇ. [32] پادىشاھ ئۇنىڭدىن:
- ياش يىگىت ئابسالوم تىنچ-ئامانمۇ؟ - دەپ سورىدى.
- پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ، يەنى ئۆزلىرىگە
قارشى چىققانلارنىڭ تەقدىرى ئاشۇ ياش يىگىتنىڭ تەقدىرىدەك
بولغاي، - دەپ جاۋاب بەردى كۇشلاردىن بولغان ھېلىقى ئادەم.
[33] پادىشاھ ھەسرەت ئىچىدە دەرۋازا ئۈستىدىكى ئۆيگە قاراپ
ماڭدى ۋە ئازابلىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە چىققاچ:

- ئوغلۇم ئابسالوم، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن ئۆلسەم بولماسمىدى!
ئوغلۇم، ئاھ جېنىم ئوغلۇم ئابسالوم، ئوغلۇم ئابسالوم! - دەپ
پەرياد قىلدى.

## يوئابنىڭ داۋۇتقا نەسىھەت قىلىشى

19 [1] يوئابقا پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئابسالوم ئۈچۈن ھازا ئېچىپ،
ياش تۆكۈۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى.
[2] داۋۇتنىڭ ئادەملىرى پادىشاھنىڭ ئوغلى ئۈچۈن ھازا تۇتۇۋاتقانلىقىنى
ئاڭلىغاندا، ئۇلارنىڭ شۇ كۈندىكى جەڭ غەلىبىسى قايغۇغا ئايلاندى.
[3] ئۇلار شەھەرگە خۇددى جەڭگاھتىن شەرمەندىلەرچە قېچىپ
كەلگەن لەشكەرلەردەك جىمجىت كىرىپ كېلىشتى. [4] بۇ چاغدا
پادىشاھ يۈزىنى ئېتىۋېلىپ:
- ئاھ ئوغلۇم ئابسالوم! ئوغلۇم، ئاھ جېنىم ئوغلۇم! - دەپ
ئۈنلۈك يىغلاۋاتاتتى.
[5] يوئاب ئۆيگە كىرىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دېدى:
- بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ، ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ، ئاياللىرىنىڭ ۋە
توقاللىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغان بارلىق ئادەملەرنى خىجالەتچىلىككە
قويدىلا. [6] سىلى ئۆزلىرىگە ئۆچ ئادەملەرگە ئامراق، ئامراق ئادەملەرگە
ئۆچ ئىكەنلا. بۈگۈن سەركەردە ۋە لەشكەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
ئالدىلىرىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدىلا.
مەن شۇنى بىلدىمكى، ئەگەر بۈگۈن ئابسالوم ھايات قېلىپ،
قالغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولساق، سىلى خۇشال
بولىدىكەنلا. [7] ئەمدى تاشقىرىغا چىقىپ، ئادەملىرىنىڭ كۆڭلىنى
ئالغايلا. مەن پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
ئەگەر چىقمىسىلا، بۈگۈن كېچە يانلىرىدا بىرمۇ ئادەم قالمايدۇ.
بۇ ئىش ياشلىقلىرىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە باشلىرىغا كەلگەن
ئەڭ چوڭ بالا-قازا ھېسابلىنىدۇ.
[8] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرۋازا ئالدىغا
بېرىپ ئولتۇردى. پۈتۈن خەلق پادىشاھنىڭ شەھەر دەرۋازىسى
ئالدىدا ئولتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى.

ئابسالومغا ئەگەشكەن ئىسرائىللار ئاللىقاچان ئۆيلىرىگە قېچىپ كېتىشكەنىدى.

[9-10] ئىسرائىلىيەنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىن بولغان كىشىلەر ئۆزئارا تالاش-تارتىش قىلىشىپ: «پادىشاھ بىزنى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ ۋە باشقا دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغانىدى. لېكىن بىز ئابسالومنى پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىدۇق، شۇڭا داۋۇت ئابسالومدىن قېچىپ، يۇرتىدىن كېتىپ قالدى. ئەمما ھازىر ئابسالوم ئۆلدى. نېمىشقا ئەمدى داۋۇتنىڭ قايتىپ كېلىپ، بىزگە پادىشاھ بولۇشىنى تەلەپ قىلمايمىز؟» دېيىشتى.

## داۋۇتنىڭ يېرۇسالېمغا قايتىپ كېلىشى

[11] ئىسرائىللارنىڭ سۆزلىرى پادىشاھ داۋۇتنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ روھانىي زادوق بىلەن ئەبىياتارنى يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن: «پۈتۈن ئىسرائىللار پادىشاھنى ئوردىغا قايتۇرۇپ ئەكېلىش ھەققىدە سۆزلىشىۋېتىپتۇ. لېكىن سىلەر بۇ ئىشتا نېمىشقا ئۇلارنىڭ كەينىدە قالدىڭلار؟ [12] سىلەر مېنىڭ جىگەرىم، قان قېرىنداشلىرىم تۇرۇقلۇق، نېمىشقا مېنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىشتە سۇسلۇق قىلىسىلەر؟» دەپ سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

[13] داۋۇت ئۇلارغا يەنە ئاماساغا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يەتكۈزۈشنى تاپىلىدى: «ئەي ئاماسا، سەن مېنىڭ جىگەرىم، قان قېرىندىشىم. سېنى ھازىردىن باشلاپ يوئابنىڭ ئورنىغا قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى قىلمىسام، خۇدا مېنى قاتتىق جازالىسۇن!»

[14] شۇنداق قىلىپ، داۋۇت يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر پادىشاھقا: «ھەممە ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، قايتىپ كەلسىلە» دەپ خەۋەر بېرىشتى.

[15] پادىشاھ قايتىپ، ئىئوردان دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنى قارشى ئېلىپ، ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزگىلى كەلگەن يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەرمۇ گىلگالغا كەلدى.

## شىمئى بىلەن زىبانىڭ پادىشاھنى قارشى ئېلىشقا چىقىشى

[16] بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان گېرانىڭ ئوغلى باخۇرىملىق شىمئى يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە پادىشاھ داۋۇتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىئوردان دەرياسى بويىغا بېرىشقا ئالدىرىدى. [17] ئۇنىڭ يېنىدا بىنيامىن قەبىلىسىدىن مىڭ كىشى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سائۇل ئائىلىسىنىڭ غوجىدارى زىبا، ئۇنىڭ 15 ئوغلى ۋە يىگىرمە خىزمەتكارى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىئوردان دەرياسى بويىغا تېزدىن يېتىپ بېرىشتى. [18] ئۇلار:

— پادىشاھ جەمەتىنى دەريادىن ئۆتكۈزەيلى، ئۇنىڭ ھەممە تەلەپلىرىنى ئورۇندايلى، — دېيىشتى ۋە دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا ئۆتۈشتى. بۇ چاغدا پادىشاھ دەريادىن ئۆتەي دەپ تۇراتتى، گېرانىڭ ئوغلى شىمئى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەزىم قىلىپ:

[19] — ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، يېرۇسالېمدىن چىققان كۈنى ئۆتكۈزگەن گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا، گۇناھىمنى ئەسلىرىدە ساقلىمىغايلا، ئۇنتۇپ كەتكەيلا. [20] پېقىر گۇناھ قىلغانلىقىمنى بىلدىم، شۇڭا ئىسرائىلىيە قەبىلىلىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ پادىشاھ ئالىيلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا كەلدىم، — دېدى.

[21] بۇ چاغدا مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى ئابىشاي:

— پەرۋەردىگار تاللىغان پادىشاھنى قارغىغان شىمئى ئۆلتۈرۈلسۇن، — دېدى. [22] لېكىن داۋۇت:

— ئى زىرۇيانىڭ ئوغۇللىرى، كىم سىلەرنىڭ پىكرىڭلارنى سوراپتۇ؟! نېمىشقا بۈگۈن سىلەر خۇددى دۈشمىنىمدەك ئىش قىلىسىلەر؟ مەن ھازىر ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھىدۇرمەن. بۈگۈن ئىسرائىلىيەدە ھېچكىم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، — دېدى [23] ۋە شىمئىگە قاراپ قەسەم ئىچىپ:

— سەن ھەرگىز ئۆلتۈرۈلمەيسەن، — دېدى.

## مىفىبوشەتنىڭ داۋۇت ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىشى

[24] سائۇلنىڭ نەۋرىسى مىفىبوشەتمۇ پادىشاھنى كۈتۈۋېلىشقا بارغانىدى. ئۇ پادىشاھ قاچقان كۈندىن تارتىپ تاكى پادىشاھ ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلگۈچە پۇتلىرىنى، كىيىملىرىنى يۇيمىغان ۋە ساقال-بۇرۇتلىرىنىمۇ ئالدۇرمىغانىدى. [25] ئۇ يېرۇسالېمدىن پادىشاھنى كۈتۈۋېلىشقا كەلگەندە، پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

- ئى مىفىبوشەت، سەن نېمىشقا مەن بىلەن بىرگە كەتمىگەنىدىڭ؟

- دەپ سورىدى. [26] مىفىبوشەت:

- ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، پېقىرلىرى توكۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن، خىزمەتكارىم زىباغا: «ئېشەكنى ئىگەرلە، مەن ئېشەككە مىنىپ پادىشاھ بىلەن بىرگە كېتىمەن» دېگەنىدىم. لېكىن ئۇ مېنى ئالداپلا قالماستىن، [27] يەنە ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا مېنى قارىلاپتۇ. ئەمما پادىشاھ ئالىيلىرى خۇدانىڭ پەرىشتىسىگە ئوخشايلا. شۇڭا ئۆزلىرىگە قانداق قىلىش مۇۋاپىق بولسا، شۇنداق قىلغايلا. [28] بوۋامنىڭ پۈتۈن جەمەتىدىكىلەر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈمگە مەھكۇم كىشىلەر ئىدى، ئەمما ئۆزلىرى ماڭا داستىخانلىرىدىن تائام يېيىش ئىمتىيازىنى بەرگەنىدىلە. مېنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇنىڭدىن ئارتۇق بىر نەرسە سوراشقا يەنە نېمە ھەققىم بولسۇن؟ - دەپ جاۋاب بەردى. [29] پادىشاھ:

- ئۆزۈڭ توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىڭ يېتەرلىك بولدى، سائۇلنىڭ زېمىنى زىبا ئىككىڭلارغا تەۋە بولسۇن، دېدى. [30] مىفىبوشەت:

- پادىشاھ ئالىيلىرى، ئوردىغا ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلسىلە، شۇنىڭ ئۆزى ماڭا كۇپايە. ھەممە زېمىننى زىبا ئالسۇن، - دېدى.

## بارزىللاينىڭ داۋۇت بىلەن خوشلىشىشى

[31] گىلئادلىق بارزىللايمۇ پادىشاھنى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن روگىلىمدىن كەلگەنىدى. [32] ئۇ ناھايىتى ياشىنىپ قالغان ئادەم بولۇپ، 80 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ باي ئادەم بولۇپ، پادىشاھ ماخانايىمدا تۇرغان چېغىدا، ئۇنى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ تۇرغانىدى. [33] پادىشاھ بارزىللايغا:

- دەريادىن مەن بىلەن بىرگە ئۆتۈپ، يېرۇسالېمغا بېرىڭ، ھالىڭىزدىن مەن خەۋەر ئالىمەن، - دېدى. [34] لېكىن بارزىللاي پادىشاھقا:

- سىلى بىلەن يېرۇسالېمغا بارغۇدەك يەنە قانچىلىك ئۆمرۈم قالدى دەيلا؟ [35] مەن 80 ياشقا كىردىم، مەن ئۈچۈن ھازىر جاپا بىلەن راھەتنىڭ پەرقى يوق. يەپ-ئىچكەننىڭ تەمىنى سېزەلمەيمەن، ئەر-ئايال ناخشىچىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايمەن. شۇنداق ئىكەن، مەن يەنە نېمىدەپ پادىشاھ ئالىيلىرىغا يۈك بولاي؟ [36] مەن پەقەت سىلىنى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىگە بىرئاز ھەمراھ بولاي دەپ ئويلىدىم. مەن ئۈنچىلىك مۇكاپاتلىنىشقا ئەرزىمەيمەن. [37] ئۆز شەھىرىمدە ئۆلۈپ، ئاتا-ئانامنىڭ يېنىدا يېتىشىم ئۈچۈن قايتىپ كېتىشىمگە رۇخسەت بەرگەيلا. مانا، بۇ يەردە ئوغلۇم كىمھام تۇرۇپتۇ، ئۇ سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولسۇن. ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭغايلا. ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى مۇۋاپىق دەپ كۆرسىلە، شۇنداق مۇئامىلە قىلغايلا!

- دېدى. [38] پادىشاھ:

- كىمھام مەن بىلەن بىرگە دەريادىن ئۆتسۇن. ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى خالىسىڭىز، شۇنداق مۇئامىلە قىلاي. مەندىن نېمىنى تەلەپ قىلسىڭىز، شۇنى بەجا كەلتۈرەي، - دېدى.

[39] شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتتى. پادىشاھ بارزىللاينى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا بەخت تىلىدى. ئاندىن بارزىللاي ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.

## دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىنكى تالاش-تارتىشلار

[40] پادىشاھ دەريادىن ئۆتۈپ، گىلگالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كىمھاممۇ پادىشاھ بىلەن بىرگە ئىدى. يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ قوشۇنى ۋە ئابسالومغا ئەگەشكەن باشقا ئىسرائىللارنىڭ قوشۇنىنىڭ يېرىمى پادىشاھقا ھەمراھ بولدى. [41] لېكىن ئابسالومغا ئەگەشكەن ئىسرائىللار پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، نارازىلىق بىلدۈرۈپ:

- نېمە ئۈچۈن بۇرادەرلىرىمىز بولغان يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر سىلىنى ئادەملىرى، ئائىللىرى ۋە ياللىچاقلىرى بىلەن بىرلىكتە يوشۇرۇن دەريادىن ئۆتكۈزىدۇ؟ - دېيىشتى. [42] يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر ئۇلارغا:
- پادىشاھ داۋۇت بىزنىڭ قەبىلىمىزدىن بولغاچقا، شۇنداق قىلدۇق. سىلەر نېمىدەپ بۇ ئىشقا خاپا بولىسىلەر؟ بىز پادىشاھنىڭ يەيدىغانلىرىدىن بىر نەرسە يەپتۇقمۇ؟ ياكى پادىشاھ بىزگە بىرەر ئىنئام بېرىپتىمۇ؟ - دېدى. [43] ئۇلار:
- پادىشاھلىقىمىزدىكى ئون ئىككى قەبىلىنىڭ ئونى بىز تەرەپتە. شۇڭا بىزنىڭ پادىشاھ داۋۇتتا سىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ھەققىمىز بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر نېمىشقا بىزنى كۆزگە ئىلمايسىلەر؟ يەنە كېلىپ، پادىشاھىمىزنى قايتۇرۇپ كېتەيلى دەپ، بىز بىرىنچى بولۇپ ئېيتقان ئەمەسمىدۇق؟ - دېيىشتى.
مۇنازىرە جەريانىدا يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرى باشقا ئىسرائىللارنىڭكىگە قارىغاندا كەسكىن بولدى.

## شىبانىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى

20 [1] شۇ چاغدا شىبا ئىسىملىك بىر ئوسال ئادەم شۇ يەردە بولۇپ، ئۇ بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان بىكرىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ بۇرغا چالدى ۋە مۇنداق دېدى:

«يىشاينىڭ ئوغلى داۋۇتنىڭ بىزگە ئۆتكۈزۈپ قويغىنى يوق،
بىزنىڭ ھەم ئۇنىڭدا قەرزىمىز يوق.
ھەي ئىسرائىللار، ھەممىمىز ئۆز ئۆيلىرىمىزگە قايتايلى!»

[2] شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىللارنىڭ ئون قەبىلىسى داۋۇتنى تاشلاپ، بىكرىنىڭ ئوغلى شىباغا ئەگىشىپ كەتتى. يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى داۋۇتقا سادىق بولۇپ، ئىئوردان دەرياسىدىن يېرۇسالېمغا قەدەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلدى. [3] داۋۇت يېرۇسالېمدىكى ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، ئوردىنى ساقلاشقا قالدۇرغان ئون توقىلىنى مەخسۇس بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەزەربەند ئاستىغا ئالدى.

داۋۇت ئۈلارنىڭ تۇرمۇشىغا قارىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرەرسى
بىلەن بىرگە ياتمىدى. ئۇلار تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە نەزەربەند
ئاستىدا تۇل ئاياللاردەك ياشىدى.
4 شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئۆز قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى
ئاماساغا:
— ئۈچ كۈن ئىچىدە يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەرنى ھوزۇرۇمغا جەم
قىل ۋە ئۆزۈڭمۇ بۇ يەردە بول، — دېدى.
5 ئاماسا يەھۇدا قەبىلىسىدىكىلەرنى جەم قىلغىلى كەتتى.
لېكىن ئۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قايتىپ كەلمىدى. 6 شۇڭا
داۋۇت ئابىشايغا:
— بىكرىنىڭ ئوغلى شىبا بىزگە ئابسالومدىنمۇ ئېغىر زىيان
ئېلىپ كېلىدۇ. سەن ئادەملىرىمنى باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ
كەينىدىن قوغلا. ئۇ سېپىللىرى مۇستەھكەم بىر شەھەرگە كىرىپ،
يوشۇرۇنۇۋالمىسۇن، — دېدى.
7 شۇنىڭ بىلەن يوئاب ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى، كىرېتلەر بىلەن
پېلېتلەردىن تەركىب تاپقان ياساۋۇللار ۋە باھادىرلار ئابىشايغا
ئەگىشىپ، يېرۇسالېمدىن چىقىپ، بىكرىنىڭ ئوغلى شىبانى قوغلاپ
ماڭدى. 8 ئۇلار گىبېئوندىكى قورام تاشنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاماسا
ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. يوئاب جەڭ كىيىملىرىنى كىيگەن بولۇپ،
بېلىدىكى كەمەرگە غىلاپلىق خەنجەر ئېسىۋالغانىدى. ئۇ ئالدىغا
قاراپ ماڭغاندا خەنجەرنى غىلىپىدىن چىقىرىۋالدى. 9 يوئاب ئاماساغا:
— ياخشىمۇسەن قېرىندىشىم، — دېدى ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە
سۆيۈش ئۈچۈن ئوڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ ساقىلىنى تۇتتى. 10 ئاماسا
يوئابنىڭ سول قولىدىكى خەنجەرنى بايقىمىدى. شۇ چاغدا يوئاب
خەنجىرى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئىچ-قارنى
يەرگە شالاقىدە چۈشتى. ئاماساغا ئىككىنچى خەنجەر ئۇرۇشنىڭ
ئورنى قالمىدى. ئۇنىڭ جېنى دەرھال چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن
يوئاب ۋە ئاكىسى ئابىشايلار بىكرىنىڭ ئوغلى شىبانى داۋاملىق
قوغلاشقا ماڭدى.
11 ئاماسانىڭ جەسىتىنىڭ يېنىدا تۇرغان يوئابنىڭ ئادەملىرىدىن
بىرى:

- كىمكى يوئاب بىلەن داۋۇت تەرەپتە بولسا، يوئابنىڭ ئارقىسىدىن ماڭسۇن! - دېدى.

[12] ئاماسانىڭ جەستى قانغا مىلىنىپ، چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتاتتى. جەسەتنىڭ يېنىدا تۇرغان يوئابنىڭ ھېلىقى ئادىمى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەربىر ئادەمنىڭ جەسەتنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، جەسەتنى سۆرەپ، يولدىن ئېلىپ چىقىپ، ئېتىزغا ئاپىرىپ، ئۇستىنى بىر چاپان بىلەن يېپىپ قويدى. [13] جەسەت يولدىن يۆتكىۋېتىلگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن يوئابقا ئەگىشىپ، بىكرىنىڭ ئوغلى شىبانىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى.

[14] بۇ چاغدا شىبا شىمالدىكى بارلىق ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنلىرىنى بىرمۇبىر ئارىلاپ، بەيت-مائاكادىكى ئابېل شەھىرىگە يېتىپ كەلگەنىدى. بىكرىنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، شىباغا ئەگىشىپ شەھەرگە كىرگەنىدى. [15] يوئاب ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى شىبانىڭ بەيت-مائاكادىكى ئابېل شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە بېرىپ، شەھەرنى قورشاۋغا ئالدى. ئۇلار شەھەر سېپىلىنىڭ تۈۋىگە توپا دۆۋىلىدى ۋە سېپىلنى ئۇرۇپ بۇزۇۋەتمەكچى بولۇپ كولاشقا باشلىدى.

[16] شۇ پەيتتە شەھەردىكى بىر دانا ئايال:

- ئاڭلاڭلار، ئاڭلاڭلار! يوئابقا دەڭلار، ئۇ بۇ يەرگە كەلسۇن، ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىم بار! - دەپ توۋلىدى.

[17] يوئاب يېقىنراق كەلدى.

- سىلى يوئاب بولامال؟ - دەپ سورىدى ئايال.

- ھەئە، مەن شۇ، - دېدى يوئاب.

- ئاجىزەلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغايلا! - دېدى ئايال.

- ھەئە، ئاڭلاۋاتىمەن! - دېدى يوئاب. [18] ئايال گېپىنى داۋام قىلىپ:

- قەدىمكىلەر: «مەسلىھەتنى ئابېلدا ئال، بارلىق مەسىلىلەر ئۇندا ھەل بولار» دەيتتىكەن. [19] بىز ئىسرائىلىيەنىڭ تىنچلىقپەرۋەر، سادىق كىشىلىرىمىز. سىلى ئىسرائىلىيەنىڭ بۇ ئانا شەھىرىنى ۋەيران قىلماقچى بولدىلا. سىلى نېمىدەپ پەرۋەردىگارغا تەۋە بولغان بۇ شەھەرنى يوق قىلماقچى بولۇۋاتىلا؟ - دېدى. [20] يوئاب:

ـ خۇدا ساقلىسۇن! مەن بۇ شەھەرنى ۋەيران قىلماقچى ياكى يوق قىلماقچى ئەمەسمەن. [21] مېنىڭ ئۇنداق مەقسىتىم يوق. ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىن بولغان بىكرىنىڭ ئوغلى شىبا داۋۇت پادىشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. پەقەت شۇ بىر كىشىنى تاپشۇرۇپ بەرسەڭلارلا بولدى، مەن بۇ شەھەردىن كېتىمەن، ـ دېدى.
ـ بولىدۇ ئەمىسە، ئۇ ئادەمنىڭ كاللىسىنى سېپىلدىن سىلىگە تاشلاپ بېرىمىز، ـ دېدى ئايال.
[22] شۇنىڭ بىلەن ئايال پۈتۈن شەھەر ئەھلىگە نەسىھەت قىلدى. ئۇلار بىكرىنىڭ ئوغلى شىبانىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، يوئابقا تاشلاپ بەردى. يوئاب بۇرغىسىنى چالدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى. يوئاب يېرۇسالېمغا، يەنى پادىشاھ داۋۇتنىڭ يېنىغا كەتتى.
[23] شۇ چاغدا پۈتكۈل ئىسرائىلىيە قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى يوئاب، كىرېتلەر بىلەن پېلېتلەردىن تەركىب تاپقان ياساۋۇللارنىڭ قوماندانى يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا، [24] ھاشارچىلارنى باشقۇرغۇچى ئادورام، تەزكىرىچى ئاخىلۇدنىڭ ئوغلى يەھوشافات، [25] پۈتۈكچى شىۋا، روھانىي زادوق بىلەن ئەبىياتار ئىدى. [26] يائىرلىق ئىرا بولسا داۋۇتنىڭ خۇسۇسىي روھانىيسى ئىدى.

## گىبېئونلۇقلارنىڭ سائۇل جەمەتىدىن ئۆچ ئېلىشى

21 [1] داۋۇتنىڭ زامانىدا ئۇدا ئۈچ يىل ئاچارچىلىق بولدى. داۋۇت پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
ـ سائۇل گىبېئونلۇقلارنى قىرغىن قىلدى. سائۇل ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ قانخورلۇقى سەۋەبىدىن بۇ ئاچارچىلىق يۈز بەردى، ـ دېدى.
[2] گىبېئونلۇقلار ئامورلارنىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ، ئىسرائىللاردىن ئەمەس ئىدى. ئىسرائىللار ئىلگىرى ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە قەسەم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سائۇل ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە خەلقى ئۈچۈن قىزىققانلىق قىلىپ، گىبېئونلۇقلارنى يوقاتماقچى بولغانىدى. پادىشاھ داۋۇت گىبېئونلۇقلارنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلاردىن:

[3] - مەن سىلەرگە نېمە قىلىپ بەرسەم، گۇناھىمىزدىن ئۆتىسىلەر؟ قانداق قىلسام، پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى بولغان بىزنى قارغىمايسىلەر؟
[4] - بىز سائۇل ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەردىن نە ئالتۇن، نە كۈمۈش تەلەپ قىلمايمىز. بىزنىڭ ئىسرائىللاردىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈش ھوقۇقىمىزمۇ يوق، - دەپ جاۋاب بەردى گىبئونلۇقلار.
- ئۇنداقتا، سىلەر نېمىنى تەلەپ قىلساڭلار، مەن شۇنى بەجا كەلتۈرەي، - دېدى پادىشاھ داۋۇت. [5] ئۇلار پادىشاھقا:
- سائۇل بىزنى ئىسرائىلىيە زېمىنىدا ياشىمىسۇن دەپ، قىرىپ يوقاتماقچى بولغانىدى. [6] شۇڭا ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن يەتتە ئەر كىشىنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز. بىز ئۇلارنى پەرۋەردىگار تاللىغان پادىشاھ سائۇلنىڭ شەھىرى گىبئاھتا پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا قەتل قىلىمىز، - دېدى.
- بولىدۇ، مەن سائۇل جەمەتىدىن يەتتە ئەر كىشىنى قولۇڭلارغا تاپشۇرۇپ بېرەي، - دېدى پادىشاھ.
[7] پادىشاھ داۋۇتنىڭ سائۇلنىڭ نەۋرىسى، يەنى يوناتاننىڭ ئوغلى مەفىبوشەتكە ئىچى ئاغرىدى. چۈنكى ئۇ سائۇلنىڭ ئوغلى يوناتان بىلەن دوستلىشىپ، پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىشكەنىدى. [8] سائۇلنىڭ توقلىدىن، يەنى ئايياھنىڭ قىزى رىزپاھتىن تۇغۇلغان ئارمونى ۋە مەفىبوشەت ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. سائۇلنىڭ يەنە قىزى مېراب مخولالىق بارزىللاينىڭ ئوغلى ئادرائىلدىن كۆرگەن بەش نەۋرىسى بار ئىدى. [9] داۋۇت بۇ ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىنى گىبئونلۇقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى. گىبئونلۇقلار بۇ يەتتە ئوغۇلنى تاغدا پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا قەتل قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە ئارپا ئورمىسى ئەمدى باشلانغانىدى. [10] ئايياھنىڭ قىزى رىزپاھ جەسەتلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە ماتا رەخت يېيىپ، ماتەم تۇتۇپ ئولتۇردى. ئۇ ئورما باشلانغاندىن تارتىپ تاكى ئورما تۈگەپ، جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن يامغۇر ياغقانغا قەدەر جەسەتلەرنى كۈندۈزى قاغا-قۇزغۇنلاردىن، كېچىسى ياۋايى ھايۋانلاردىن قوغدىدى.

[11] سائۇلنىڭ توقلى، يەنى ئايياھنىڭ قىزى رىزپاھنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرى توغرىسىدىكى خەۋەر داۋۇتقا يېتىپ كەلدى. [12] داۋۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سائۇل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يوناتاننىڭ ئۇستىخانلىرىنى گىلئادتىكى يابېش خەلقىدىن ئالدى. (فىلىستىيەلىكلەر گىلبوۋا تېغىدا سائۇلنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ۋە ئوغلىنىڭ جەسىتىنى بەيتشان مەيدانىغا ئېسىپ قويغانىدى. كېيىن گىلئادتىكى يابېشلار ئۇ ئىككىسىنىڭ جەسىتىنى ئۇ يەردىن ئوغرىلاپ كەتكەنىدى.) [13] داۋۇت سائۇل بىلەن يوناتاننىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئۇ يەردىن ئەكەلدى. ئۇ يەنە قەتل قىلىنغان يەتتە كىشىنىڭ جەسەتلىرىنىمۇ ئەكەلدۈردى. [14] ئاندىن داۋۇت ئادەملىرىنى بۇ ئۇستىخان ۋە جەسەتلەرنى بىنيامىن زېمىنىغا جايلاشقان زېلا شەھىرىدىكى سائۇلنىڭ ئاتىسى كىشنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇدا ئۆز خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ زېمىنلىرى ئۈچۈن قىلغان دۇئالىرىنى ئاڭلىدى.

## فىلىستىيەلىكلەرنىڭ تۆت قېتىم مەغلۇپ قىلىنىشى

[15] فىلىستىيەلىكلەر بىلەن ئىسرائىللار ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۇرۇش بولدى. داۋۇت ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە فىلىستىيەلىكلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. ئەمما ئۇرۇش جەريانىدا داۋۇت ھالسىزلىنىپ كەتتى. [16] رافاھ خەلقىدىن بولغان يىشبى-بىنوب ئىسىملىك بىر پالۋان داۋۇتنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ نەيزىسىنىڭ ئۇچىنىڭ ئېغىرلىقى 3.5 كىلو كېلەتتى. ئۇ يەنە بېلىگە يېڭى قىلىچ ئېسىۋالغانىدى. [17] ئەمما مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى ئابىشاي داۋۇتقا ياردەم بەردى. ئابىشاي ھېلىقى فىلىستىيەلىك پالۋان بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا داۋۇتنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا:
- ئىسرائىلىيەنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ قالمىسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن جەڭگە چىقمىسىلا، - دېيىشتى.
[18] شۇنىڭدىن كېيىن گوب دېگەن يەردە فىلىستىيەلىكلەر بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خۇشاھلىق

سىبىبكاي راپاھ خەلقىدىن بولغان ساف ئىسىملىك بىر پالۋاننى
ئۆلتۈردى.
[19] گوبتا يۈز بەرگەن فىلىستىيەلىكلەر بىلەن بولغان يەنە بىر
ئۇرۇشتا بەيتلەھەملىك يائىرنىڭ ئوغلى ئەلخانان گاتلىق گولىياتنىڭ
قېرىندىشىنى ئۆلتۈردى. گولىياتنىڭ قېرىندىشىنىڭ نەيزىسىنىڭ
دەستىسى دەستىگاھنىڭ ئوقىدەك توم ئىدى.
[20] كېيىن گاتتا يەنە بىر مەيدان ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشقا راپاھ
خەلقىدىن بولغان ناھايىتى بەستلىك بىر ئادەم قاتناشقان بولۇپ،
ئۇنىڭ قول ۋە پۇتىدا ئالتىدىن جەمئىي يىگىرمە تۆت بارماق
بار ئىدى. [21] بۇ ئادەم ئىسرائىللارنى ھاقارەتلىگەنلىكى ئۈچۈن،
داۋۇتنىڭ ئاكىسى شامماھنىڭ ئوغلى يوناتان ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.
[22] بۇ تۆت فىلىستىيەلىك پالۋان گات شەھىرىدىكى راپاھ خەلقىدىن
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلدى.

## داۋۇتنىڭ مۇناجاتى ①

22 [1] پەرۋەردىگار داۋۇتنى بارلىق دۈشمەنلىرى ۋە پادىشاھ
سائۇلنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغان كۈنى داۋۇت بۇ مۇناجاتنى
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئوقۇغان:

[2] قورام تېشىم، قورغىنىم، نىجاتكارىم پەرۋەردىگاردۇر،
[3] ماڭا پاناھ بولىدىغان گىگانت تېغىم، باشپاناھىم،
قالقىنىم، يېڭىلمەس قۇتقۇزغۇچىم خۇدايىمدۇر.
ئۇ ئازاد قىلغۇچىم، زوراۋانلىقتىن ساقلىغۇچىمدۇر.
[4] ئىلتىجا قىلسام مەدھىيەلەر ئىگىسى پەرۋەردىگارغا،
دۈشمەنلىرىم قوللىرىدىن قۇتقۇزۇلارمەن شۇندىلا.

[5] ئۆلۈم دولقۇنلىرى ئورىۋالدى مېنى،
ھالاكەت سەللىرى چۆمكىدى مېنى.

---

① 22:1 بۇ مۇناجات «زەبۇر»دىكى 18-مۇناجاتقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

6 گۆرىستان تانىلىرىدا باغلاندىم،
ئۆلۈم تۇزاقلىرىغا دۇچ كەلدىم.
7 ئېغىر كۈلپەت ئارا ئىلتىجا قىلدىم پەرۋەردىگارغا،
ياردەم تەلەپ قىلدىم پەرياد كۆتۈرۈپ خۇدايىمغا.
ئاۋازىمنى ئاڭلىدى پەرۋەردىگار دەرگاھىدا،
ئاھۇزارىم يېتىپ باردى ئۇنىڭ قۇلىقىغا.

8 شۇ چاغ زېمىن سىلكىنىپ، يەر تەۋرىدى،
ئەرشىنىڭ ئۇلى تىترەپ، مىدىرلىدى،
چۈنكى خۇدا دەرغەزەپكە كەلگەنىدى.
9 چىقتى خۇدانىڭ بۇرنىدىن ئىس-تۈتەكلەر،
ئېتىلدى خۇدانىڭ ئاغزىدىن ئوت-لاۋىلار،
لاۋۇلداپ كۆيەتتى ھەتتا قىپقىزىل چوغلار.
10 كۆكنى يېرىپ يەر تامان چۈشكەندە خۇدا،
تۇراتتى قارا بۇلۇتلار ئايىغىنىڭ ئاستىدا.
11 ئۇ مىنىپ ئۇچتى بىر «كېرۇب»قا،
پەرۋاز قىلدى شامالنىڭ قاناتلىرىدا.
12 يېپىنچا قىلغانىدى ئۇ قاراڭغۇلۇقنى،
يامغۇرنىڭ قويۇق، قارا بۇلۇتلىرى قورشاپ تۇراتتى ئۇنى.
13 يورۇتقانىدى ئالدىنى پارلاق نۇرى،
ياغدۇرار ئىدى ئۇ مۆلدۈر ۋە قىپقىزىل چوغلارنى.
14 پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرلەر ئاسماندا
ياڭرىتار ئاۋازىنى ئۇلۇغ خۇدا.
15 تارقىتىۋەتتى خۇدا دۈشمەنلىرىنى ياغدۇرۇپ ئوقلىرىنى،
چاقماقلار چاقتۇرۇپ تىرىپىرەن قىلىپ ئۇلارنى.
16 پەرۋەردىگارنىڭ تەنبىھىدىن،
قەھرلىك تىنىقىڭنىڭ زەربىسىدىن،
كۆرۈنۈپ قالدى دېڭىزنىڭ تېگى،
ئېچىلىپ قالدى زېمىننىڭ ئۇلى.

17 پەرۋەردىگار كۆكتىن سۇنۇپ قولىنى،

چوڭقۇر سۇلاردىن تارتىپ ئالدى مېنى.
18 قۇتقۇزدى مېنى ۋەھشىي دۈشمىنىمدىن،
ماڭا ئۆچ بولغانلاردىن،
چۈنكى ئۇلار كۈچلۈك ئىدى مەندىن.
19 ئاپەتلىك كۈنلىرىمدە ھۇجۇم قىلدى ئۇلار ماڭا،
پەرۋەردىگار يار-يۆلەكىم بولدى ئەمما.
20 ئۇ مەندىن خۇرسەن بولغاچ نىجاتلىق بەردى ماڭا،
ئېلىپ چىقتى مېنى ھەم بىخەتەر جايغا.

21 ھەققانىيلىقىم ئۈچۈن ياخشىلىق قىلدى خۇدا،
قولۇمنىڭ پاكلىقىدىن ئىنئام بەردى ماڭا.
22 چۈنكى مېڭىپ كەلدىم پەرۋەردىگارنىڭ يولىدا،
رەزىللىك قىلىپ، ئاسىيلىق قىلمىدىم خۇدايىمغا.
23 كۆز ئالدىمدا بولدى دائىم ئۇنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرى،
بىر ياققا قايرىپ قويمىدىم ھەم ئۇنىڭ پەرمانلىرىنى.
24 ئۇنىڭ ئالدىدا غۇبارسىز بولدۇم،
ئۆزۈمنى گۇناھ قىلىشتىن ساقلىدىم.
25 مەن پاك، ھەققانىي بولغاچقا،
پەرۋەردىگار ئىنئام بەردى ماڭا.

26 ۋاپادارلارغا كۆرسىتىسەن ۋاپادارلىقىڭنى،
ھەققانىي ئادەملەرگە ھەققانىيلىقىڭنى.
27 پاكلىقىڭنى كۆرسىتىسەن پاك ئادەملەرگە،
لايىقىدا جاۋاب قايتۇرىسەن نىيىتى ئەگرىلەرگە.
28 قۇتقۇزىسەن چارىسىز بىچارىلارنى،
كۆزىتىپ، يەرگە ئۇرىسەن ھاكاۋۇرلارنى.
29 پەرۋەردىگار، سەن مېنىڭ ھاياتلىق چىرىغىمسەن،
پەرۋەردىگار، زۇلمەتمىنى يورۇقلۇققا ئايلاندۇرىسەن.
30 ئى ئىگەم، ياردىمىڭدە ھۇجۇم قىلالايمەن دۈشمەن قوشۇنىغا،
سېپىللاردىن بۆسۈپ ئۆتەلەيمەن تايىنىپ ساڭا.

31 خۇدانىڭ يولى مۇكەممەل يولدۇر،
ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ھەقىقەتتۇر.
پاناھ ئىزدىگۈچىلەرگە خۇدا بىر قالقاندۇر.
32 «ياھۋەھ»تىن باشقا كىمدۇر خۇدا؟!
ئىگىمىزدىن باشقا كىم بولار قورام تاشتەك باشپاناھ؟
33 مۇستەھكەم قورغىنىم خۇدادۇر،
ئۇ يولۇمنى نۇقسانسىز قىلغۇچىدۇر.
34 كېيىكنىڭكىدەك يۈگۈرۈك قىلىپ ئۇ پۇتلىرىمنى،
ئېگىز تاغلاردا ھەم مەزمۇت تۇرغۇزدى مېنى.
35 قوللىرىمنى ئۆگەتتى ئۇ جەڭ قىلىشقا،
بىلەكلىرىمنى تۇچ ئوقيانى تارتىشقا.
36 ئى ئىگەم، بەردىڭ ماڭا نىجاتلىق قالقىنىڭنى،
مۇلايىملىقىڭ يۈكسەك قىلدى مېنى.
37 بىخەتەر قىلغاچ سەن باسقان ھەربىر قەدىمىمنى،
تېيىلماستىن مېڭىپ يۈرىمەن يوللىرىمنى.

38 قوغلاپ يۈرۈپ ھالاك قىلدىم دۈشمەنلىرىمنى،
قايتمىدىم كەينىمگە يوقاتماستىن ئۇلارنى.
39 مەن ئۇلارنى يانجىۋەتتىم، تۇرالماس قايتا،
يىقىلدى ئۇلار پۇتلىرىمنىڭ ئاستىغا.
40 جەڭگە باغلىدىڭ كۈچ-قۇدرەت بىلەن بېلىمنى،
باش ئەگدۈردۈڭ پۇتلىرىمغا ماڭا ھۇجۇم قىلغانلارنى.
41 چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدىڭ رەقىبلىرىمنى،
يوقاتتىم ماڭا ئۆچ بولغانلارنى.
42 ئۇلار ئىزدىسىمۇ، چىقمىدى قۇتقۇزىدىغانلار،
نالە قىلىپ يالۋۇرسىمۇ جاۋاب بەرمىدى پەرۋەردىگار.
43 ئېزىۋەتتىم ئۇلارنى يەردىكى تۇپراقتەك،
چەيلىۋەتتىم ئۇلارنى كوچىدىكى پاتقاقتەك.

44 خەلقىم بىلەن قارشىلىشىشتىن مۇستەسنا قىلدىڭ مېنى.
باش قىلىپ كەلدىڭ مېنى يات ئەللەرگە،

قىلماقتا ئۇلار مېنىڭ خىزمىتىمنى.
45 تەسلىم بولىدۇ يات ئەللەر شۇمشىيىپ ئالدىمدا،
نامىمنى ئاڭلاش بىلەن بويسۇنار ئۇلار ماڭا.
46 جاسارىتىنى يوقاتقان يات ئەللەر،
تىترىگەن ھالدا قورغانلىرىدىن چىقىشار.

47 بەرھەق، ھاياتتۇر پەرۋەردىگار!
ئۇ قورام تېشىمغا ئېيتىلسۇن ھەمدۇسانا،
ئۇلۇغلانسۇن قورام تاشتەك نىجاتكارىم خۇدا!
48 خۇدادۇر قىساس ئېلىپ بەرگۈچى ماڭا،
بويسۇندۇرغۇچىدۇر خەلقلەرنى قول ئاستىمغا.
49 قۇتقۇزىدۇك مېنى دۈشمەنلىرىمدىن،
ئۈستۈن قىلدىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلغانلاردىن،
قۇتۇلدۇردۇڭ ھەم زوراۋانلاردىن.
50 ئى پەرۋەردىگار، ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن ياتلار ئالدىدا،
مەدھىيە كۈيى ئوقۇيمەن نامىڭغا.
51 پەرۋەردىگار ئېرىشتۈرەر ئۆزى تىكلىگەن پادىشاھنى ئۇلۇغ غەلىبىگە،
ئۇ بېغىشلار مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىنى ئۆزى تاللىغان پادىشاھقا –
تائەبەد داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا.

## داۋۇتنىڭ ۋەسىيەتلىرى

23 1 يەشاينىڭ ئوغلى داۋۇتنى خۇدا يۈكسەك قىلغاندۇر.
ياقۇپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ئۇنى تاللاپ پادىشاھ
قىلغاندۇر. ئۇ ئىسرائىلىيەنىڭ سۆيۈملۈك مۇناجاتچىسىدۇر.
داۋۇتنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

2 پەرۋەردىگارنىڭ روھى مەن ئارقىلىق سۆزلىدى،
مېنىڭ تىلىمدىدۇر ئۇنىڭ سۆزلىرى.
3 ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا،

يەنى ئىسرائىللارنى قوغداپ كەلگەن قورام تاش ماڭا
مۇنداق دېدى:
«خەلقنى ئادالەت بىلەن باشقۇرغۇچى،
خۇداغا ئىخلاس قىلىپ، ھۆكۈم سۈرگۈچى
4 ئوخشار خۇددى بۇلۇتسىز سەھەردىكى يېڭى كۆتۈرۈلگەن
قۇياشقا،
ئوخشار خۇددى يامغۇردىن كېيىن ئوت-چۆپلەرنى
پارقىراتقان قۇياشقا.»

5 مېنىڭ جەمەتىم خۇدا ئالدىدا ئەنە شۇنداق ئەمەسمۇ؟
مەن بىلەن خۇدا مەڭگۈلۈك ئەھدە تۈزمىگەنمۇ؟
بۇ ئەھدە تولۇق رەتلەنگەن بولۇپ، ئىشەنچلىكتۇر.
ئۇ مېنى ئازاد قىلار، ئارزۇ-ئارمانلىرىمغا يەتكۈزەر.
6 ئوخشار ئوسال ئادەملەر تاشلىۋېتىلگەن تىكەنگە،
تۇتقىلى بولماس ئۇلارنى قولدا.
7 تىكەنلەرنى تۇتۇشتا تۆمۈر ئەسۋاب ياكى نەيزىنىڭ سېپى
ئىشلىتىلەر
ۋە ئۇلار ياتقان يېرىدە كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى كۆككە سورۇلار.

## داۋۇتنىڭ باھادىرلىرى

8 داۋۇتنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدىكى باھادىرلارنىڭ ئىسملىرى
تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:
بىرىنچىسى تاخكىمونلۇق يوشىب-باششەبەت بولۇپ، ئۇ «ئۈچ
باھادىر»نىڭ بېشى ئىدى. ئۇ بىر قېتىملىق جەڭدە نەيزىسى بىلەن
سەككىز يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردى.
9 «ئۈچ باھادىر»نىڭ ئىككىنچىسى ئاخوۋاخ ئەۋلادىدىن
بولغان دودونىڭ ئوغلى ئەلئازار ئىدى. ئۇ فىلىستىيەلىكلەرگە
قارشى تۇرۇشتا داۋۇت بىلەن بىرگە بولدى. كېيىن ئىسرائىل
لەشكەرلىرى چېكىنىپ كېتىدۇ. 10 ئەمما ئەلئازار ئۆز ئورنىدا
چىڭ تۇرۇپ، قوللىرىنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ كەتكۈچە
فىلىستىيەلىكلەرنى قىرىدۇ. شۇ كۈنى پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا

زور غەلىبە ئاتا قىلدۇ. كېيىن ئىسرائىل لەشكەرلىرى ئۆلگەن فىلىستىيە لەشكەرلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۈچۈن يەنە قايتىپ كېلىدۇ.

[11] «ئۈچ باھادىر»نىڭ ئۈچىنچىسى ھارارلىق ئاگېنىڭ ئوغلى شامماھ ئىدى. بىر قېتىم فىلىستىيەلىكلەر لەخى دېگەن جايدا ماش تېرىلغان بىر ئېتىزلىقنىڭ يېنىدا يىغىلىدۇ. بۇنى كۆرۈپ، ئىسرائىل لەشكەرلىرى قېچىپ كېتىدۇ. [12] لېكىن شامماھ ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇپ، فىلىستىيەلىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئېتىزلىقنى قوغداپ قالىدۇ. بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا ئاتا قىلغان زور غەلىبىسى ئىدى.

[13-14] بىر قېتىم ئورما ۋاقتىدا داۋۇتنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدىكى «ئوتتۇز باتۇر» دەپ نام ئالغان باتۇرلاردىن ئۈچى داۋۇت بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن «ئادۇللام» دېگەن غارغا بارىدۇ. بۇ چاغدا داۋۇت تاغدىكى ئاشۇ غاردا پاناھلىنىۋاتقانىدى.

دەل شۇ پەيتتە فىلىستىيە لەشكەرلىرىنىڭ بىر قاراۋۇل ئەترىتى رافاھلار جىلغىسىدا بارگاھ قۇرىدۇ. فىلىستىيەنىڭ يەنە بىر قىسىم لەشكەرلىرى بەيتلەھەمنى ئىگىلىۋالىدۇ.

[15] داۋۇت:

- بىرەرسى ماڭا بەيتلەھەمنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى قۇدۇقتىن سۇ ئەكېلىپ بەرگەن بولسا ئىدى! - دەيدۇ تەشنالىق بىلەن.

[16] ھېلىقى ئۈچ باتۇر فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بارگاھىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، بەيتلەھەمنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، سۇنى داۋۇتقا ئەكېلىپ بېرىدۇ. لېكىن داۋۇت سۇنى ئىچىشنى خالىمايدۇ ۋە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ يەرگە تۆكىدۇ. ئۇ:

[17] - ئى پەرۋەردىگار، بۇ سۇ ھاياتىنىڭ خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، سۇ ئالغىلى بارغان ئۈچ باتۇرنىڭ قېنىدەك قىممەتلىك ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، مەن بۇ سۇنى قانداقمۇ ئىچەي!؟ - دەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بۇ سۇنى ئىچمەيدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىش بۇ ئۈچ باتۇرنىڭ كۆرسەتكەن جەسۇرلۇقى ئىدى.

[18] مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى، يەنى يوئابنىڭ ئاكىسى ئابىشاي «ئوتتۇز باتۇر»نىڭ بېشى ئىدى. ئۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا

نەيزىسى بىلەن ئۈچ يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، «ئۈچ باھادىر»دەك شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ. [19] ئۇ «ئوتتۇز باتۇر»نىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشى ئىدى. بىراق ئۇ «ئۈچ باھادىر»نىڭ ئىچىدە ئەمەس ئىدى.

[20] يەھويادانىڭ ئوغلى قابزىئېللىق بىنايا جەسۇر جەڭچى بولۇپ، نۇرغۇن چوڭ ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇ موئابلارنىڭ باتۇر لەشكىرىدىن ئىككىنى ئۆلتۈرىدۇ. قار ياغقان بىر كۈنى ئورىغا چۈشۈپ، بىر شىرنى ئۆلتۈرىدۇ. [21] ئۇ يەنە بەستى كېلىشكەن بىر مىسىرلىقنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ مىسىرلىقنىڭ قولىدا بىر نەيزە بار ئىدى. بىنايا مىسىرلىققا كالتەك بىلەنلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ، ئاشۇ نەيزە بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. [22] بۇلار يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايانىڭ قىلغان ئىشلىرىدۇر. شۇڭا ئۇمۇ «ئۈچ باھادىر»دەك شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ. [23] ئۇنىڭ داڭقى «ئوتتۇز باتۇر»نىڭكىدىن ئۈستۈن بولسىمۇ، بىراق «ئۈچ باھادىر»نىڭ ئىچىدە ئەمەس ئىدى. داۋۇت بىنايانى ياساۋۇللار باشلىقى قىلىدۇ.

[24] تۆۋەندىكىلەرمۇ «ئوتتۇز باتۇر»لاردىن ئىدى:

يوئابنىڭ ئىنىسى ئاسائېل،
بەيتلەھەملىك دودونىڭ ئوغلى ئەلخانان،
[25] خارودلۇق شامماھ،
خارودلۇق ئەلىقا،
[26] پالتىلىق خەلەز،
تەقوۋالىق ئىققېشنىڭ ئوغلى ئىرا،
[27] ئاناتوتلۇق ئابىئەزەر،
خۇشاھلىق مىبۇنناي،
[28] ئاخوۋاخلىق زالمون،
نىتوفالىق ماھراي،
[29] نىتوفالىق بائانانىڭ ئوغلى خېلەب،
بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان گىبئاھلىق رىباينىڭ ئوغلى ئىتتاي،
[30] پىرئاتونلۇق بىنايا،

گائاش سايلىقىدىن كەلگەن ھىدداي،
31 ئارابالىق ئابى-ئالبون،
باخۇرىملىق ئازماۋەت،
32 شائالبىملىق ئەلياخبا،
ياشېنىنىڭ ئوغۇللىرى ۋە يوناتان،
33 ھارارلىق شامماھ،
ھارارلىق شارارنىڭ ئوغلى ئاخىئام،
34 مائاكالىق ئاخاسبانىڭ ئوغلى ئەلىفەلەت،
گىلوھلۇق ئاختوفەلنىڭ ئوغلى ئەلىئام،
35 كارمەللىك خەزرو،
ئاربىلىق پائاراي،
36 زوباھلىق ناتاننىڭ ئوغلى يىگال،
گادلىق بانى،
37 ئاممونلاردىن بولغان زەلەق،
بەئەروتلۇق ناخراي (ناخراي زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئابنىڭ
ياراغ كۆتۈرگۈچىسى ئىدى)،
38 يەترىلاردىن بولغان ئىرا بىلەن گارېب
39 ۋە ختلاردىن بولغان ئۇرىيا.

ئۇلار ھەممىسى بولۇپ 37 كىشى ئىدى.

## داۋۇتنىڭ لەشكەرلەرنى سانىشى

24 [1] پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا يەنە غەزىپى كەلدى.
شۇڭا پەرۋەردىگار داۋۇتنى كۈشكۈرتۈپ: «سەن بېرىپ،
ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيەنىڭ جەڭ قىلىشقا قادىر ئادەملىرىنى
ساناپ چىق!» دېدى.
[2] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئۆز قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى يوئابقا:
— سىلەر ئىسرائىلىيەنى داندىن بەئەرشەباغىچە ئارىلاپ، ھەرقايسى
قەبىلىلەرنىڭ جەڭ قىلىشقا قادىر ئادەملىرىنى ساناپ چىقىڭلار،
مەن ئۇلارنىڭ سانىنى بىلەي، — دېدى. [3] يوئاب پادىشاھقا:

- پادىشاھ ئالىيلىرى، پەرۋەردىگار خۇدا لەشكەرلىرىنىڭ ھازىرقى سانىنى يۈز ھەسسە ئاشۇرغاي ۋە ئۇلارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكە نېسىپ قىلغاي. پادىشاھ ئالىيلىرى، نېمە سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ سانىنى بىلىشنى ئىستەپ قالدىلا؟ - دېدى.
4 لېكىن پادىشاھنىڭ سۆزى يوئاب ۋە سەركەردىلەرنىڭ سۆزىدىن ئۈستۈن كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ، ئىسرائىللارنىڭ لەشكەرلىرىنى ساناشقا يولغا كەتتى.
5 ئۇلار ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئاروئېر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا چېدىر تىكتى. ئاندىن گاد زېمىنىنى بېسىپ ئۆتۈپ يازېر شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. 6 كېيىن ئۇلار يەنە گىلېئادقا ۋە ختلارنىڭ زېمىنىدىكى كادېش شەھىرىگە باردى. ئۇلار ئۇ يەردىن دان-يائان غا بېرىپ، سىدوننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، 7 تىر قەلئەسىگە، كېيىن يەنە خىۋلار ۋە كەنئانلىقلارنىڭ ھەممە شەھەرلىرىگە باردى. ئاخىرىدا ئۇلار يەھۇدىيەنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى بەئەرشەباغا يېتىپ باردى.
8 ئۇلار پۈتۈن زېمىننى ئايلىنىپ چىقىپ، توققۇز ئاي يىگىرمە كۈن بولغاندا يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلدى. 9 يوئاب جەڭ قىلىشقا قادىر بولغان ئادەملەرنى تىزىملاش ئەھۋالىدىن پادىشاھقا مەلۇمات بەردى. ئىسرائىلىيەدە جەڭ قىلىشقا قادىر 800 مىڭ ئادەم، يەھۇدىيەدە 500 مىڭ ئادەم بار ئىدى.
10 لەشكەرلەرنىڭ سانى ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، داۋۇت كۆڭلىدە ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۇ پەرۋەردىگارغا:
- لەشكەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپتىمەن. ئى پەرۋەردىگار، قۇلۇڭنىڭ گۇناھىدىن كەچكەيسەن، مەن تولىمۇ ئەخمىقانە ئىش قىلىپتىمەن، - دېدى.
11 ئەتىسى داۋۇت ئورنىدىن تۇرغاندا، داۋۇتقا ياردەمدە بولۇۋاتقان غايىبنى بىلگۈچى پەيغەمبەر گادقا پەرۋەردىگاردىن ۋەھيي كەلدى. پەرۋەردىگار:
12 - سەن بېرىپ داۋۇتقا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ ئېيتقىن: «مەن پەرۋەردىگار سېنىڭ ئالدىڭغا ئۈچ تۈرلۈك جازانى قويىمەن،

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللىۋال، تاللىغان شۇ جازايىڭنى مەن ساڭا چۈشۈرىمەن»، ـ دېدى.

[13] شۇنىڭ بىلەن گاد داۋۇتنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، مۇنداق دېدى:

ـ زېمىنلىرىدا يەتتە يىل ئاچارچىلىق بولسۇنمۇ؟ ياكى دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا ئۈچ ئاي قېچىپ يۈرەملا؟ ياكى بولمىسا زېمىنلىرىدا ئۈچ كۈن ۋابا تارقالسۇنمۇ؟ ياخشىراق ئويلاپ كۆرسىلە، مېنى ئەۋەتكۈچىگە قايسى جاۋابنى بېرەي؟

[14] داۋۇت گادقا مۇنداق دېدى:

ـ مەن ئېغىر ئەھۋالدا قالدىم. قانداقلا بولمىسۇن، بىز ئىنسانلارنىڭ قولىغا ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ قولىغا چۈشەيلى. چۈنكى ئۇ مېھىر-شەپقەتلىكتۇر.

[15] شۇنداق قىلىپ، پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيەگە شۇ كۈنى سەھەردىن باشلاپ بەلگىلەنگەن ۋاقىتقىچە ۋابا تارقاتتى. داندىن بەئەرشەباغىچە بولغان زېمىندا 70 مىڭ ئادەم ئۆلدى. [16] نۆۋەت يېرۇسالېمغا كېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى قولىنى كۆتۈرگەندە، پەرۋەردىگار ئۇلارنى جازالاش نىيىتىدىن ياندى ۋە ۋەيران قىلغۇچى پەرىشتىگە:

ـ يېتەر ئەمدى، قولۇڭنى تارت! ـ دېدى.

بۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى يېبۇسلاردىن بولغان ئاراۋنانىڭ خامىنىدا تۇراتتى. [17] داۋۇت ئىسرائىل خەلقىنى قىرغان پەرىشتىنى كۆرۈپ، پەرۋەردىگارغا:

ـ گۇناھ قىلغان مەن، رەزىللىك قىلغانمۇ مەن، قويدەك بۇ خەلقتە نېمە گۇناھ؟ ئەگەر جازالىماقچى بولساڭ، مېنى ۋە ئاتا جەمەتىمنى جازالىغايسەن! ـ دېدى.

## داۋۇتنىڭ توۋا قىلىپ قۇربانلىق سۇنۇشى

[18] گاد پەيغەمبەر شۇ كۈنى داۋۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:

ـ سىلى يېبۇسلاردىن بولغان ئاراۋنانىڭ خامىنىغا بېرىپ، ئۇ يەردە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق سۇپىسى سالسىلا، ـ دېدى.

[19] داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ گاد ئارقىلىق قىلغان ئەمرى بويىچە يولغا چىقتى. [20] ئاراۋنا پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۆزى

تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا چىقىپ، يەرگە باش قويۇپ، پادىشاھقا تەزىم قىلدى. ئۇ:
[21] — ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، قانداقلارچە پېقىرلىرىنىڭكىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى. داۋۇت:
— خەلق ئىچىگە تارقالغان ۋابانى يوقىتىش ئۈچۈن سېنىڭ خامىنىڭنى سېتىۋېلىپ، پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق سۇپىسى سالاي دەيمەن، — دېدى.
[22] — پادىشاھ ئالىيلىرى، ئېلىۋەرسىلە! قۇربانلىق قىلىشلىرى ئۈچۈن نېمىنى خالىسىلىرى شۇنى ئالسىلا. بۇ يەردە بۇقىلىرىم، ئوتۇن ئۈچۈن خامان تېپىدىغان ياغاچ تاختا ۋە بويۇنتۇرۇقلار تۇرۇپتۇ.
[23] پادىشاھ ئالىيلىرى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پېقىر ئۆزلىرىگە ئىنئام قىلاي. پەرۋەردىگار خۇدا ئۆزلىرىدىن رازى بولسۇن، — دېدى ئاراۋنا. [24] لېكىن پادىشاھ ئاراۋناغا:
— ياق، مەن بۇلارنى ئۆز باھاسىدا سېتىۋالىمەن. بىكارغا كەلگەن نەرسىلەرنى پەرۋەردىگارىم خۇداغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلمايمەن، — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن داۋۇت خامان ۋە بۇقىلارنى600 گىرام كۈمۈشكە سېتىۋالدى. [25] داۋۇت خاماندا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق سۇپىسى سېلىپ، كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇندى. پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيە زېمىنى ئۈچۈن قىلىنغان دۇئالارنى قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ۋابا ئىسرائىللار ئارىسىدىن يوقالدى.

# پادشاهلار 1-قسم


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | | |

# پادىشاھلار 1-قىسىم

## پادىشاھ داۋۇتنىڭ ياشانغان ۋاقتى

1 [1] پادىشاھ داۋۇت قېرىپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا بىرقانچە يوتقان
يېپىپ قويسىمۇ ئىسسىمايتتى. [2] شۇڭا ئادەملىرى ئۇنىڭغا:
- پادىشاھ ئالىيلىرى، بىز سىلىگە ئىپپەتلىك قىزدىن بىرنى
تېپىپ ئەكېلەيلى. ئۇ خىزمەتلىرىنى قىلىپ، ھاللىرىدىن خەۋەر
ئالسۇن. سىلىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ھەمراھ بولسۇن، - دېدى.
[3] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسرائىلىيە زېمىنىدىن گۈزەل قىز ئىزدەپ،
شۇنېملىق ئابىشاگ ئىسىملىك بىر قىزنى تېپىپ، پادىشاھنىڭ
ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. [4] ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل قىز ئىدى، ئۇ
پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالدى. بىراق
پادىشاھ ئۇ قىز بىلەن بىللە بولمىدى.

## ئادونىيانىڭ تەختنى تارتىۋالماقچى بولۇشى

[5] شۇ چاغلاردا پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئايالى خاگگىتتىن تۇغۇلغان ئوغلى
ئادونىيا: «مەن پادىشاھ بولىمەن» دەپ كۆرەڭلەپ يۈرەتتى. ئۇ
ئۆزىگە جەڭ ھارۋىلىرى، ئاتلار ۋە ئەللىك مۇھاپىزەتچى ھازىرلىدى.
[6] ئاتىسى ئۇنى ئەزەلدىن: «نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟» دەپ
ئەيىبلىمەيتتى. ئادونىيا ئابسالومدىن كېيىنكىسى بولۇپ، ئۇمۇ
ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت ئىدى. [7] ئادونىيا قوشۇنىنىڭ باش
سەركەردىسى بولغان زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب ۋە روھانىي ئەبىياتار
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. [8] ئەمما
روھانىي زادوق، ياساۋۇللار باشلىقى بولغان يەھويادانىڭ ئوغلى

بىنايا، ناتان پەيغەمبەر، شىمئى، رېئى ۋە داۋۇتنىڭ باھادىرلىرىدىن ھېچكىم ئادونىيانى قوللىمىدى.

[9] بىر كۈنى ئادونىيا ھەممە قېرىنداشلىرى، يەنى پادىشاھنىڭ باشقا ئوغۇللىرى ۋە يەھۇدىيەنىڭ پۈتۈن ئوردا ئەمەلدارلىرىنى روگېل بۇلىقى يېنىدىكى «يىلان قورام تېشى»نىڭ يېنىغا چاقىرىپ، قوي، كالا ۋە بورداقلىغان تورپاقلارنى سويۇپ قۇربانلىق قىلدى. [10] ئەمما ئۇ ناتان پەيغەمبەر، بىنايا، ئاتىسىنىڭ باھادىرلىرى، شۇنداقلا قېرىندىشى سۇلايماننى چاقىرمىدى.

## داۋۇتنىڭ سۇلايماننى تەختكە ۋارىس قىلىشى

[11] ناتان پەيغەمبەر سۇلايماننىڭ ئانىسى باتشەباغا:

- پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئايالى خاگگىتتىن بولغان ئوغلى ئادونىيا پادىشاھ بولۇۋاپتۇ. پادىشاھىمىز داۋۇتنىڭ بۇ ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىكەن، سىلى بۇنى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟ [12] مەن سىلىگە بىر مەسلىھەت بېرەي، ئەگەر سىلى ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى ۋە ئوغۇللىرى سۇلايماننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولسىلىرى، [13] دەرھال پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا: «ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، بۇرۇن ئۆزلىرى ئاجىزەلىرىگە: ‹ئوغلۇڭ سۇلايمان ماڭا ۋارىس بولۇپ، تەختىمدە ئولتۇرىدۇ› دەپ قەسەم قىلغان ئەمەسمىدىلە؟ ئەمدى ئادونىيا قانداق بولۇپ پادىشاھ بولۇپ قالدى؟» دېسىلە. [14] سىلى پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، مەن كىرىپ سىلىنىڭ سۆزلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيمەن، - دېدى.

[15] شۇنىڭ بىلەن باتشەبا پادىشاھنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. (بۇ چاغدا پادىشاھ بەك قېرىپ كەتكەن بولۇپ، شۇنېملىق قىز ئابىشاگ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.) [16] باتشەبا پادىشاھقا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

- نېمە تەلىپىڭ بار؟ - دەپ سورىدى. [17] باتشەبا:

- ئالىيلىرى، سىلى بۇرۇن پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئاجىزەلىرىگە: «ئوغلۇڭ سۇلايمان ماڭا ۋارىس بولۇپ، تەختىمدە ئولتۇرىدۇ» دېگەنىدىلە. [18] ئەمما ھازىر ئادونىيا پادىشاھ بولۇۋالدى! ئى ئالىيلىرى، سىلى بۇنىڭدىن

تېخى خەۋەرسىز. [19] ئۇ نۇرغۇن كالا، بورداقلغان تورپاق ۋە قويلارنى قۇربانلىق قىلىپ، سىلىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەمدە روھانىي ئەبىياتار، باش سەركەردە يوئابلارنى چاقىرىپ، ئوغۇللىرى سۇلايماننى چاقىرماپتۇ. [20] ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، ھازىر بارلىق ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆزى سىلىدە، ئۇلار سىلىنىڭ كىمنى ئۆز تەختلىرىگە ۋارىس قىلىدىغانلىقلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. [21] ئەگەر سۇلايماننى ۋارىس قىلمىسىلا، سىلىدىن كېيىن قالساق، ئادونىيانىڭ بىزنى جىنايەتچى قاتارىدا كۆرۈشى ئېنىق، - دېدى.

[22] باتشەبا پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، ناتان پەيغەمبەر كەلدى. [23] پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى داۋۇتقا ناتان پەيغەمبەرنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ناتان پەيغەمبەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىلىپ، بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلدى [24] ۋە پادىشاھقا:

- ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلى بۇرۇن راستىنلا: «ئادونىيا ماڭا ۋارىس بولۇپ، تەختىمدە ئولتۇرىدۇ» دېگەنمىدىلە؟ [25] بۈگۈن ئادونىيا نۇرغۇن كالا، بورداقلغان تورپاق ۋە قويلارنى قۇربانلىق قىلىپ، ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى، سەركەردىلەرنى ۋە روھانىي ئەبىياتارنى چاقىرىپتۇ. ئۇلار: «ياشىسۇن پادىشاھ ئادونىيا!» دەپ توۋلىشىپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا يەپ-ئىچىشىۋېتىپتۇ. [26] مەن خىزمەتكارلىرىنى، روھانىي زادوقنى، يېھويادانىڭ ئوغلى بىنايا ۋە ئوغۇللىرى سۇلايماننى چاقىرماپتۇ. [27] ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، بۇ ئىش سىلىنىڭ خاھىشلىرى بويىچە بولدىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، تەختلىرىگە كىمنىڭ ۋارىس بولىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئەمەلدارلىرىغا ئېيتمىدىلا؟ - دېدى. [28] پادىشاھ داۋۇت:

- باتشەبانى چاقىرىڭلار! - دېدى.

باتشەبا پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىردى. [29-30] پادىشاھ داۋۇت باتشەباغا:

- مەن ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ساڭا: «سېنىڭ ئوغلۇڭ سۇلايمان ماڭا ۋارىس بولۇپ، تەختىمدە ئولتۇرىدۇ» دېگەنىدىم. ھازىر مېنى نۇرغۇن بالايىئاپەتلەردىن قۇتقۇزغان مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى

بىلەن شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، بۇ سۆزۈمنى بۈگۈن ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، - دېدى.
[31] باتشەبا بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلىپ:
- پادىشاھ ئالىيلىرى مەڭگۈ ياشىغايلا! - دېدى.

## سۇلايماننىڭ تەختتە ئولتۇرۇشى

[32] پادىشاھ داۋۇت:
- روھانىي زادوق، ناتان پەيغەمبەر ۋە يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايانى چاقىرىڭلار، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. [33] پادىشاھ ئۇلارغا:
- سىلەر مېنىڭ ياساۋۇللىرىمنى ئېلىپ، ئوغلۇم سۇلايماننى قېچىرىمغا مىندۈرۈپ، گىھون بۇلىقىغا ئېلىپ بېرىڭلار. [34] ئۇ يەردە روھانىي زادوق ۋە ناتان پەيغەمبەر ئىككىڭلار سۇلايماننىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇپ، ئۇنى پۈتۈن ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى تەيىنلەپ، بۇرغا چېلىپ: «ياشىسۇن پادىشاھ سۇلايمان!» دەپ توۋلاڭلار. [35] ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قايتىپ كېلىڭلار. ئۇ تەختىمدە ئولتۇرۇپ، مېنىڭ ئورنۇمدا پادىشاھ بولسۇن. مەن ئۇنى ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيەگە ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلىدىم، - دېدى.
[36] يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا پادىشاھنىڭ سۆزىگە جاۋاب قايتۇرۇپ:
- ئامىن، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئەمرىنى پەرۋەردىگار خۇدا ئەمەلگە ئاشۇرغاي! [37] پەرۋەردىگار بۇرۇن پادىشاھ ئالىيلىرىغا يار بولغاندەك، سۇلايمانغىمۇ يار بولغاي ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى سىلىنىڭكىدىنمۇ قۇدرەتلىك قىلغاي، - دېدى.
[38] شۇنىڭ بىلەن روھانىي زادوق، ناتان پەيغەمبەر ۋە يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا، شۇنداقلا كىرېتلەر بىلەن پىلېتلەردىن تەركىب تاپقان ياساۋۇللار سۇلايماننى پادىشاھ داۋۇتنىڭ قېچىرىغا مىندۈرۈپ، گىھون بۇلىقىغا ئېلىپ باردى. [39] روھانىي زادوق مۇقەددەس چېدىردىن ئېلىپ كەلگەن مۇڭگۈزدىكى ياغنى سۇلايماننىڭ بېشىغا قۇيدى. ئۇلار بۇرغا چېلىشىغا بارلىق كىشىلەر «ياشىسۇن پادىشاھ سۇلايمان!» دەپ توۋلاشتى. [40] ئۇلار نەيلەرنى چېلىشقان ھالدا

سۇلايمانغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ شاد-خۇراملىق بىلەن تەنتەنە قىلىشلىرىدىن يەر-جاھان لەرزىگە كەلدى.

[41] ئادونىيا مېھمانلىرى بىلەن زىياپەتنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا بۇ شاۋقۇن-سۈرەننى ئاڭلىدى. يوئاب بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

– شەھەردىن كېلىۋاتقان بۇ نېمە ئاۋاز؟ – دېدى.

[42] شۇ پەيتتە روھانىي ئەبىياتارنىڭ ئوغلى يوناتان كەلدى. ئادونىيا:

– كەل، سەن بىر ياخشى ئادەمسەن، بىزگە چوقۇم ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ، – دېدى. [43] يوناتان ئادونىياغا مۇنداق دېدى:

– ياق، پادىشاھىمىز داۋۇت ئالىيلىرى سۇلايماننى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. [44] پادىشاھ داۋۇت سۇلايماننى روھانىي زادوق، ناتان پەيغەمبەر، يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا، شۇنداقلا كىرېتلەر ۋە پېلېتلەردىن تەركىب تاپقان ياساۋۇللار بىلەن بىللە يولغا سالدى. ئۇلار سۇلايماننى پادىشاھ داۋۇتنىڭ قېچىرىغا مىندۈردى. [45] روھانىي زادوق بىلەن ناتان پەيغەمبەر گىھون بۇلىقىنىڭ يېنىدا سۇلايماننىڭ بېشىغا ياغ قۇيدى. ئۇلار شاد-خۇراملىق بىلەن تەنتەنە قىلىشىپ ماڭغاچقا، شەھەر ئىچى شاۋقۇن-سۈرەنگە تولدى. بۇ دەل سىلى ئاڭلىغان شاۋقۇن-سۈرەندۇر. [46] سۇلايمان پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. [47] ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى كېلىپ، پادىشاھىمىز داۋۇتنى تەبرىكلەپ: «سىلى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا سۇلايماننىڭ شان-شۆھرىتىنى سىلىنىڭكىدىنمۇ زىيادە قىلسۇن، ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى سىلىنىڭكىدىنمۇ قۇدرەتلىك قىلسۇن» دېيىشتى. پادىشاھ تۆشەكتە يېتىپ تۇرۇپ، پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىپ، [48] مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا ھەمدۇسانالار بولغاي! ئۇ بۈگۈن ئەۋلادىمدىن بىرسىنى تەختىمگە ۋارىس قىلىپ، ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈمگە نېسىپ قىلدى».

[49] ئادونىيانىڭ مېھمانلىرى بۇ خەۋەردىن قورقۇشۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى-دە، ئۆز يوللىرىغا راۋان بولۇشتى. [50] ئادونىيامۇ سۇلايماندىن قورقۇپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئالدىدىكى قۇربانلىق

سۇپىسىنىڭ بۇرتۇپ چىققان بۇرجىكىنى تۇتۇۋالدى.① [51] بىر كىشى سۇلايمانغا:

ـ ئادونىيا سىلىدىن قورقۇپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۇرجىكىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ: «پادىشاھ سۇلايمان مەن قۇلىنى ئۆلتۈرمەسلىككە قەسەم قىلسۇن» دەپ ئۆتۈنۈۋاتىدۇ، ـ دېدى. [52] سۇلايمان:

ـ ئەگەر ئۇ ماڭا سادىق بولسا، ئۇنىڭ بىر تال مويىغىمۇ زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمەن. لېكىن ئۇ بىرەر يامان غەرەزدە بولىدىكەن، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن، ـ دېدى.

[53] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ سۇلايمان ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى قۇربانلىق سۇپىسىدىن ئېلىپ كەلدى. ئۇ كېلىپ، پادىشاھ سۇلايمانغا تەزىم قىلدى. سۇلايمان ئۇنىڭغا:

ـ ئۆيۈڭگە قايتقىن، ـ دېدى.

## داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمانغا ۋەسىيەت قىلىشى

2 [1] داۋۇت ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ئوغلى سۇلايماننى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى:

[2] ـ مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالدى. جۈرئەتلىك بولۇپ، ئەركەكتەك ياشىغىن. [3] پەرۋەردىگارىڭ خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىپ، مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىدىكى ئەمر-پەرمان، قائىدە-تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلغىن. شۇنداق قىلساڭ، مەيلى نېمە ئىش قىلمىغىن، مەيلى قايسى تەرەپكە ماڭمىغىن، ھەربىر ئىشىڭدا روناق تاپىسەن. [4] شۇندىلا پەرۋەردىگار: «ئەگەر سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ مېنىڭ يولۇمدىن ئاداشماي، ماڭا چىن قەلبى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سادىق بولسا، ئىسرائىلىيە تەختىدە ئولتۇرۇشقا سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭدىن ئادەم كەم بولمايدۇ» دېگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. [5] ئۇنىڭدىن باشقا، سەن زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئابىنىڭ ماڭا نېمە قىلغانلىقىنى بىلىسەن. ئۇنىڭ ئىسرائىلىيەنىڭ ئىككى باش سەركەردىسىنى،

① 1: 50 تەۋرات قانۇنى بويىچە گۇناھ قىلغان ئادەمنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۇرجىكىنى تۇتۇۋېلىشى بىر قوشۇق قېنىنى تىلىشى ئىدى. («مىسىردىن چىقىش» 21: 13 ـ 14)

يەنى نېرىنىڭ ئوغلى ئابنېر بىلەن يەتەرنىڭ ئوغلى ئاماسانى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋىرىڭ بار. ئۇ تىنچ زاماندىمۇ خۇددى ئۇرۇش مەزگىلىدىكىدەك ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەمىرى ۋە چورۇقىنى قان بىلەن بويىدى. [6] ئۇنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. ئۇنىڭ قېرى كاللىسىنىڭ خاتىرجەم ھالدا ئۆلۈكلەر ماكانىغا يول ئېلىشىغا ئىجازەت بەرمىگىن. [7] گىلئادلىق بارزىللاينىڭ ئەۋلادلىرىغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلارغا سەن بىلەن بىر داستىخاندا تائام يەيدىغانلار ئارىسىدىن ئورۇن بەرگىن. چۈنكى مەن ئاكاڭ ئابسالومدىن قېچىپ يۈرگەن چاغلاردا، ئۇلار ماڭا ياخشىلىق قىلدى.
[8] يەنە باخۇرىملىق بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان گېرانىڭ ئوغلى شىمئىمۇ بار. مەن ماخانايىمغا بارغان چېغىمدا، ئۇ مېنى قاتتىق قارغاپ تىللىغانىدى. ئەمما ئۇ ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىغا مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، مەن: «مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن» دەپ، پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغانىدىم. [9] لېكىن سەن ئۇنى گۇناھسىز دەپ قارىمىغىن. سەن بىر ئەقىل ئىگىسى، ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىسەن. ئۇ ئاق باش قېرى ئۆلۈكلەر ماكانىغا قانغا بويالغان ھالدا يول ئالسۇن.
[10] داۋۇت ۋاپات بولۇپ، «داۋۇت شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى. [11] ئۇ ئىسرائىلىيەگە قىرىق يىل پادىشاھ بولدى. ھېبروندا يەتتە يىل، يېرۇسالېمدا 33 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [12] سۇلايمان ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ پادىشاھلىقى مۇستەھكەملەندى.

## سۇلايماننىڭ ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى

[13-14] بىر كۈنى خاگگىتنىڭ ئوغلى ئادونىيا سۇلايماننىڭ ئانىسى باتشەبانىڭ يېنىغا كىردى. باتشەبا ئۇنىڭدىن:
- ياخشى نىيەت بىلەن كەلدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.
- شۇنداق، - دەپ جاۋاب بەردى ئادونىيا، - سىلىگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى.
- سۆزلە، - دېدى باتشەبا. [15] ئادونىيا:

ـ سىلىگە مەلۇم، بۇ پادىشاھلىق ئەسلى مېنىڭ ئىدى. بارلىق ئىسرائىللار مېنى پادىشاھ بولىدۇ، دەپ ئويلىشاتتى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن پەرۋەردىگارنىڭ خاھىشى بىلەن پادىشاھلىق ئىنىمنىڭ بولۇپ قالدى. [16] ھازىر مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، رەت قىلمىغايلا، ـ دېدى.

ـ سۆزلە، ـ دېدى باتشەبا. [17] ئادونىيا:

ـ پادىشاھ سۇلايماندىن ماڭا شۇنېملىق قىز ئابىشاگنى خوتۇنلۇققا بېرىشنى سورىسىلا. ئۇ سىلىنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلمايدۇ، ـ دېدى. [18] باتشەبا:

ـ بولىدۇ، سېنىڭ ئىلتىماسىڭنى پادىشاھقا يەتكۈزەي، ـ دېدى.

[19] شۇنىڭ بىلەن باتشەبا ئادونىيانىڭ ئىلتىماسىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پادىشاھ سۇلايماننىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. پادىشاھ سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئاندىن تەختىدە ئولتۇردى ۋە خان ئانىسىغىمۇ بىر تەخت ئەكەلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى. [20] باتشەبا:

ـ مېنىڭ كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، رەت قىلمىغايسەن، ـ دېدى. پادىشاھ:

ـ ئانا، سۆزلىسىلە، مەن سىلىنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلمايمەن، ـ دېدى. [21] باتشەبا:

ـ شۇنېملىق قىز ئابىشاگنى ئاكاڭ ئادونىياغا خوتۇنلۇققا بەرسەڭ، ـ دېدى.

[22] پادىشاھ سۇلايمان ئانىسىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ سىلى نېمە ئۈچۈن شۇنېملىق قىز ئابىشاگنى ئادونىيا ئۈچۈن سوراپ كىردىلە؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئادونىيا مېنىڭ ئاكام بولغاندىكىن پادىشاھلىقنى ئۇنىڭغا بېرىشىمنى تەلەپ قىلسىلا بولماسمىدى؟ روھانىي ئەبىياتار ۋە زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئابلارمۇ ئادونىيا تەرەپتە تۇرىدىغۇ، ـ دېدى.

[23] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ:

ـ ئادونىيانىڭ شۇ سۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭ جېنىنى ئالمىسام خۇدا مېنى قاتتىق جازالىسۇن! [24] مېنى قۇدرەتلىك قىلىپ، ئاتام داۋۇتنىڭ تەختىگە

ئۆلتۈرگۈزگەن، ئاتامغا ۋەدە قىلغىنىدەك پادىشاھلىقنى ماڭا بەرگەن ۋە ئەۋلادلىرىمغا بەرمەكچى بولغان مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئادونىيا بۈگۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ــ دېدى.[①]
[25] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ سۇلايمان يەھويادانىڭ ئوغلى بىناياني ئادونىيانى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بىنايا بېرىپ، ئۇنى چېپىپ ئۆلتۈردى.
[26] پادىشاھ روھانىي ئەبىياتارغا:
ــ سەن يۇرتۇڭ ئاناتوتقا قايتقىن. ئەسلى ساڭا ئۆلۈم لايىق ئىدى، ئەمما بۈگۈن مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، چۈنكى سەن ئاتام داۋۇتنىڭ ۋاقتىدا ئىگىمىز پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن ھەم ئاتام بىلەن جاپادا بىللە بولغانىدىڭ، ــ دېدى.
[27] شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئەبىياتارنى پەرۋەردىگارنىڭ روھانىيلىق خىزمىتىدىن يىراقلاشتۇردى. بۇ ئارقىلىق پەرۋەردىگارنىڭ شىلو شەھىرىدە روھانىي ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدە ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشتى.
[28] يوئاب بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، پەرۋەردىگارنىڭ چېدىرىغا قېچىپ بېرىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۇرجەكلىرىنى تۇتۇۋالدى. چۈنكى ئۇ ئابسالومنى قوللىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئادونىيانى قوللىغانىدى.
[29] بىرسى پادىشاھ سۇلايمانغا: «يوئاب پەرۋەردىگارنىڭ چېدىرىغا قېچىپ بېرىۋالدى. ھازىر ئۇ قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا!» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. سۇلايمان يەھويادانىڭ ئوغلى بىناياغا: «بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت» دەپ بۇيرۇق بەردى. [30] بىنايا پەرۋەردىگارنىڭ چېدىرىغا كېلىپ، يوئابقا:
ــ پادىشاھ سېنى چىقسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلدى، ــ دېدى.
ئەمما ئۇ:
ــ ياق، مەن مۇشۇ يەردە ئۆلىمەن، ــ دېدى.
بىنايا يوئابنىڭ سۆزىنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. [31] پادىشاھ مۇنداق دېدى:

---

[①] 2: 24 ئۇ زاماندىكى ئادەت بويىچە پادىشاھنىڭ توقال ۋە كېنىزەكلىرى ئۆزىدىن كېيىنكى تەخت ۋارىسىغا مەنسۇپ بولاتتى. ئادونىيانىڭ ئابىشاگنى سورىشى سۇلايماندىن پادىشاھلىقنى تەلەپ قىلغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى.

- ئۇنى دېگىنى بويىچە ئۆلتۈرۈپ، كۆمۈۋەت! ئۇنىڭ بىگۇناھ
ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ گۇناھى مەندىن ۋە پۈتۈن جەمەتىمدىن
كۆتۈرۈلۈپ كەتسۇن. 32 ئۇ قان تۆككەنلىكى ئۈچۈن پەرۋەردىگار
ئۇنى چوقۇم جازالايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاتام داۋۇتنىڭ خەۋىرى بولمىغان
ئەھۋالدا ئۆزىدىن ھەققانىي ۋە ياخشى بولغان ئىسرائىلىيەنىڭ
باش سەركەردىسى نېرنىڭ ئوغلى ئابنېر بىلەن يەھۇدىيەنىڭ باش
سەركەردىسى يەتەرنىڭ ئوغلى ئاماسانى قىلىچلاپ ئۆلتۈرگەن.
33 ئۇلارنىڭ تۆكۈلگەن قېنىنىڭ قەرزى يوئاب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ
بېشىغا كەلسۇن. ئەمما ئاتام داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرى، ئائىلىسى ۋە
ئۇنىڭ تەختىگە پەرۋەردىگار مەڭگۈ تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلغاي.
34 شۇنىڭ بىلەن يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا بېرىپ، يوئابنى
ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى چۆلدىكى ئۆزىنىڭ يېرىگە دەپنە قىلدى.
35 پادىشاھ سۇلايمان يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايانى يوئابنىڭ ئورنىغا
لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلىدى. روھانىي زادوقنى ئەبىياتارنىڭ
ئورنىغا روھانىي قىلىپ تەيىنلىدى.
36 پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ، شىمئىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:
- يېرۇسالېمدا ئۆزۈڭگە بىر ئۆي سال ۋە شۇ يەردە ياشا، ھېچقانداق
يەرگە بارما. 37 شۇنى بىلىپ قويغىنكى، سېنىڭ ئۆيدىن چىقىپ
قىدرون جىلغىسىدىن ئۆتكەن كۈنۈڭ دەل سېنىڭ ئۆلىدىغان
كۈنۈڭ بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، ئۆزۈڭنىڭ شورى، -
دېدى. 38 شىمئى پادىشاھقا:
- باش ئۈستىگە پادىشاھ ئالىيلىرى، خىزمەتكارلىرى سىلىنىڭ
دېگەنلىرىدەك قىلىدۇ، - دېدى.
شۇنىڭ بىلەن شىمئى يېرۇسالېمدا ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ قالدى.
39 ئەمما ئۈچىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىمئىنىڭ ئىككى قۇلى گاتنىڭ
پادىشاھى، يەنى مائاكانىڭ ئوغلى ئاكىشنىڭ زېمىنىغا قېچىپ
بېرىۋالدى. بىرسى شىمئىگە:
- قارا، سېنىڭ قۇللىرىڭ گاتقا بېرىۋاپتۇ، - دېدى.
40 شۇنىڭ بىلەن شىمئى ئېشىكىنى توقۇپ، گاتتىكى ئاكىشنىڭ
يېنىغا بېرىپ، قۇللىرىنى تېپىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكەلدى.
41 بىرسى سۇلايمانغا شىمئىنىڭ يېرۇسالېمدىن گاتقا بېرىپ

كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. [42] پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ، شىمئىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:
- مەن سېنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئېرۇسالېمدىن چىقىپ باشقا يەرگە بارغان كۈنۈڭ، ئۆلىدىغان كۈنۈڭ بولىدۇ» دېمىگەنمىدىم!؟ سەن ماڭا: «پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك قىلىمەن» دەپ، پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭ!؟ [43] ئەمدى سەن نېمە ئۈچۈن پەرۋەردىگار ئالدىدا قىلغان قەسەمگە تۇرمايسەن؟ نېمىشقا مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا ئەمەل قىلمايسەن؟ - دېدى. [44] پادىشاھ شىمئىغا يەنە:
- ئاتام داۋۇتقا قىلغان يامانلىقىڭ ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلىگە ئايان. شۇڭا پەرۋەردىگار سېنىڭ قىلغان يامانلىقىڭنى ئۆزۈڭگە ياندۇردى. [45] ئەمما پەرۋەردىگار داۋۇتنىڭ خانىدانلىقىنى مەڭگۈ مۇستەھكەم قىلىپ، ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان پادىشاھ سۇلايماننى بەرىكەتلەيدۇ، - دېدى.
[46] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يەھويادانىڭ ئوغلى بىناياغا بۇيرۇق قىلدى، ئۇ چىقىپ شىمئىنى ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، سۇلايماننىڭ پادىشاھلىقى مۇستەھكەملەندى.

## سۇلايماننىڭ خۇدادىن ئەقىل-پاراسەت تىلىشى

3 [1] سۇلايمان مىسىر پىرئەۋنى، يەنى پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. سۇلايمان پىرئەۋننىڭ قىزىنى «داۋۇت شەھىرى»گە ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوردىسى، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى ۋە يېرۇسالېم سېپىلىنى سالدۇرۇپ بولغۇچە پىرئەۋننىڭ قىزى شۇ يەردە تۇردى.
[2] ئۇ چاغلاردا پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا ئاتاپ سېلىنىدىغان ئىبادەتخانا تېخى سېلىنمىغان بولغاچقا، خەلق يەنىلا غەيرىي سەجدىگاھلارغا بېرىپ، قۇربانلىق قىلىپ يۈرەتتى. [3] سۇلايمان پەرۋەردىگارنى ياخشى كۆرگەن ۋە ئاتىسى داۋۇتنىڭ ئىزىنى باسقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا غەيرىي سەجدىگاھلاردا قۇربانلىق قىلاتتى ۋە ئىسرىق سالاتتى.

[4] بىر كۈنى پادىشاھ سۇلايمان گىبېئون شەھىرىگە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن باردى. ئۇ يەردىكى سەجدىگاھ پەرۋەردىگارغا ئاتالغان سەجدىگاھلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ئىدى. سۇلايمان ئىلگىرى ئۇ يەردىكى قۇربانلىق سۇپىسىدا مىڭلىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى قىلغانىدى. [5] سۇلايمان گىبېئوندىكى ۋاقتىدا، بىر كېچىسى پەرۋەردىگار خۇدا ئۇنىڭ چۈشىدە زاھىر بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- نېمە تىلىكىڭ بار، سورىغىن. [6] سۇلايمان:

- خىزمەتكارىڭ ئاتام داۋۇت ساداقەتمەن، ھەققانىي ۋە دۇرۇس ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۇلۇغ مېھىر-شەپقەت كۆرسەتتىڭ ھەمدە ئۇنىڭ ئوغلىنى تەختىگە ۋارىس قىلىپ، ئۇنى داۋاملىق ئۇلۇغ مېھىر-شەپقىتىڭگە ئىگە قىلدىڭ. [7] ئى پەرۋەردىگارىم خۇدا، گەرچە مەن ياش، تەجرىبىسىز، دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلمىسەممۇ، ئەمما سەن مەن قۇلۇڭنى ئاتام داۋۇتنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلدىڭ. [8] قۇلۇڭ سېنىڭ تاللىغان خەلقىڭ بىلەن بىرگە ياشايدۇ، ئۇلار ھەددى-ھېسابسىز زور خەلقتۇر. [9] شۇڭا سەن قۇلۇڭغا خەلقىڭنى باشقۇرغۇدەك، ياخشى-يامانني پەرق قىلغۇدەك ئەقىل-پاراسەت بەرگىن، بولمىسا كىممۇ بۇ ئۇلۇغ خەلقىڭگە ھۆكۈمرانلىق قىلالىسۇن؟ - دېدى.

[10] سۇلايماننىڭ ئەقىل-پاراسەت تىلىشى ئىگەمىزنى خۇرسەن قىلدى. [11] خۇدا ئۇنىڭغا:

- سەن ئۆزۈڭگە ئۇزۇن ئۆمۈر، بايلىق ياكى دۈشمەنلىرىڭنى يوقىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلماي، بەلكى ھەق-ناھەقنى پەرق قىلغۇدەك ئەقىل-پاراسەت تەلەپ قىلدىڭ. [12] شۇڭا مەن تىلىكىڭ بويىچە ساڭا بۇرۇن ھېچكىمدە بولۇپ باقمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچكىمدە بولمايدىغان ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلىمەن. [13] ساڭا يەنە سەن مەندىن تىلىمىگەن بايلىق ۋە شان-شۆھرەتنىمۇ بېرىمەن. ئۆمرۈڭدە ساڭا تەڭ كېلىدىغان ھېچقانداق پادىشاھ بولمايدۇ. [14] ئەگەر سەن مېنىڭ يولۇمدا مېڭىپ، ئەمر-پەرمانلىرىمنى ئاتاڭ داۋۇتقا ئوخشاش ئىجرا قىلساڭ، مەن ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىمەن، - دېدى.

15 سۇلايمان ئويغىنىپ، بۇنىڭ بىر چۈش ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېرۇسالېمغا قايتىپ، ئەگەمزىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقى قىلىپ، بارلىق ئەمەلدارلىرىغا زىياپەت بەردى.

## سۇلايماننىڭ ئەقىل-پاراستى

16 بىر كۈنى ئىككى پاھىشە ئايال پادىشاھ سۇلايماننىڭ ئالدىغا داد ئېيتىپ كەلدى. 17 ئۇلارنىڭ بىرى:

- پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن بۇ ئايال بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىمەن. مەن بالا تۇغقان ۋاقتىمدا، ئۇ ئايالمۇ يېنىمدا بار ئىدى. 18 مەن تۇغۇپ ئۈچ كۈن بولغاندا، بۇ ئايالمۇ بىر بالا تۇغدى. بۇ ئۆيدە ئىككىمىزلا تۇراتتۇق، بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. 19 بىر كېچىسى بۇ ئايال ئۇخلاۋېتىپ، ئوغلىنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. 20 ئەمما ئۇ يېرىم كېچىدە ئاجىزەلىرى ئۇخلاۋاتقاندا، يېنىمدىكى ئوغلۇمنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلگەن ئوغلىنى مېنىڭ يېنىمغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. 21 مەن ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپ، ئوغلۇمنى ئېمىتەي دەپ قارىسام، ئۇ ئۆلۈپ قاپتۇ. مەن سىنچىلاپ قارىسام ئۇ مەن تۇغقان بالا ئەمەس ئىكەن، - دېدى. 22 يەنە بىر ئايال:

- ياق، ئۇنداق ئەمەس! تىرىكى مېنىڭ ئوغلۇم، ئۆلۈكى سېنىڭ!

- دەپ ۋارقىرىدى. بىرىنچى ئايال:

- ياق، ئۆلۈكى سېنىڭ، تىرىكى مېنىڭ، - دەپ تۇرۇۋالدى.

ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئەنە شۇنداق تالاش-تارتىش قىلىشتى. 23 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ:

- بىرىڭلار «تىرىكى مېنىڭ ئوغلۇم، ئۆلۈكى سېنىڭ ئوغلۇڭ» دەيسىلەر. يەنە بىرىڭلار «ياق، ئۆلۈكى سېنىڭ ئوغلۇڭ، تىرىكى مېنىڭ ئوغلۇم» دەيسىلەر. 24 خوش، ئۇنداقتا بىر قىلىچ كەلتۈرۈلسۇن!

- دېدى. بىر قىلىچ كەلتۈرۈلدى. 25 پادىشاھ:

- تىرىك بالىنى ئىككىگە پارچىلاڭلار. بىر پارچىسىنى بۇ ئايالغا، يەنە بىر پارچىسىنى ئۇ ئايالغا بېرىڭلار، - دېدى.

26 بالىنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىپ پادىشاھقا:

ـ پادىشاھ ئالىيلىرى، بالىنى ھەرگىز ئۆلتۈرمىگەيلا، بالىنى ئۇنىڭغا بەرگەيلا، ـ دېدى. يەنە بىر ئايال بولسا:
ـ بالا مېنىڭمۇ ياكى سېنىڭمۇ بولمىسۇن، ئۇنى ئىككىگە پارچىلاڭلار، ـ دېدى. [27] پادىشاھ مۇنداق دېدى:
ـ بالا ھەرگىز ئۆلتۈرۈلمىسۇن، بالىنى بىرىنچى ئايالغا بېرىڭلار، بۇ ئايال بالىنىڭ ئانىسىدۇر.
[28] پۈتۈن ئىسرائىللار پادىشاھنىڭ بۇ ئەرزنى قانداق بىر تەرەپ قىلغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ئاشتى. چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ سۇلايمانغا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئەقىل-پاراسەت بەرگەنلىكىنى بىلدى.

## سۇلايماننىڭ ئەمەلدارلىرى

4
[1] سۇلايمان پۈتۈن ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھى ئىدى.
[2] تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدۇر:

زادوقنىڭ ئوغلى ئازاريا، ئۇ روھانىي ئىدى.
[3] شىشانىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەلىخورەف ۋە ئاخىيا، ئۇلار پۈتۈكچى ئىدى.
ئاخىلۇدنىڭ ئوغلى يەھوشافات، ئۇ تەزكىرىچى ئىدى.
[4] يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا، ئۇ قوشۇننىڭ باش سەركەردىسى ئىدى.
زادوق ۋە ئەبىياتار، ئۇلار روھانىي ئىدى.
[5] ناتاننىڭ ئوغلى ئازاريا، ئۇ يەرلىك ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلىدىغان ۋەزىر ئىدى.
يەنە بىر ئوغلى زابۇد روھانىي ۋە پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى.
[6] ئاخىشار ئوردا غوجىدارى ئىدى.
ئابدانىڭ ئوغلى ئادورام، ئۇ ھاشارچىلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىدى.

[7] سۇلايماننىڭ پۈتۈن ئىسرائىلىيەدە ئوردىنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل 12 ئەمەلدارى بار ئىدى. ھەربىر ئەمەلدار ھەر يىلدا بىر ئايدىن يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەيتتى. [8] ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە مەسئۇل بولغان زېمىنلىرى:

بەنخۇر، ئۇ ئەفرايىم تاغلىق رايونىغا مەسئۇل ئىدى.
[9] بەندەقەر، ئۇ ماقاز، شائالبىم، بەيت-شەمەش ۋە ئېلون-بەيتخانان شەھەرلىرىگە مەسئۇل ئىدى.
[10] بەنخەسەد، ئۇ ئارۇببوتقا مەسئۇل ئىدى، شۇنداقلا سوكوھ شەھىرى، خېفەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلار ئۇنىڭغا قارايتتى.
[11] بەن-ئابىناداب (سۇلايماننىڭ قىزى تافاتنىڭ ئېرى)، ئۇ نافات-دورنىڭ ھەممە يەرلىرىگە مەسئۇل ئىدى.
[12] ئاخىلۇدنىڭ ئوغلى بائانا، ئۇ تاناك، مىگىددو ۋە يىزرىئەلنىڭ جەنۇبىدىكى زارتانغا يېقىن بولغان بەيتشانغا ۋە ئۇ يەردىن يوقمىئامنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئابېل-مىخولاغىچە بولغان بارلىق يەرلەرگە مەسئۇل ئىدى.
[13] بەنگېبەر، ئۇ گىلئادتىكى راموت شەھىرىگە، شۇنداقلا ماناسسەنىڭ ئوغلى يائىرنىڭ جەمەتىگە قاراشلىق گىلئادتىكى باشقا شەھەرلەرگە ھەم باشاندىكى ئارگوب رايونىغا جايلاشقان سېپىللىرى، دەرۋازىلىرى ۋە دەرۋازىلارنىڭ تۆچ بالداقلىرى بولغان ئاتمىش شەھەرگە مەسئۇل ئىدى.
[14] ئىددونىڭ ئوغلى ئاخىناداب، ئۇ ماخانايىم زېمىنىغا مەسئۇل ئىدى.
[15] ئاخىمائاس (سۇلايماننىڭ قىزى باسماتنىڭ ئېرى)، ئۇ نافتالى قەبىلىسىنىڭ زېمىنىغا مەسئۇل ئىدى.
[16] خۇشاينىڭ ئوغلى بائانا، ئۇ ئاشىر قەبىلىسىنىڭ زېمىنى ۋە بېئالوت شەھىرىگە مەسئۇل ئىدى.

[17] پارۇۋاخنىڭ ئوغلى يەھوشافات، ئۇ ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ
زېمىنىغا مەسئۇل ئىدى.
[18] ئېلانىڭ ئوغلى شىمئى، ئۇ بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ
زېمىنىغا مەسئۇل ئىدى.
[19] ئۇرىنىڭ ئوغلى گەبەر، ئۇ گىلئاد زېمىنىغا مەسئۇل ئىدى
(گىلئاد زېمىنى بۇرۇنقى ئامورلارنىڭ پادىشاھى
سىخون ۋە باشان پادىشاھى ئوگنىڭ زېمىنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ).

ۋەزىر ئازاريا پۈتۈن رايونلاردىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنى باشقۇراتتى.

## سۇلايماننىڭ پادىشاھلىقىنىڭ روناق تېپىشى

[20] يەھۇدا قەبىلىسى ۋە باشقا ئىسرائىلىيە قەبىلىسىدىكىلەر خۇددى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك كۆپ ئىدى. ئۇلار يەپ-ئىچىپ، خۇشال-خۇرام ياشايتتى. [21] پادىشاھ سۇلايمان فىرات دەرياسىدىن فىلىستىيەگىچە، فىلىستىيەدىن مىسىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن پادىشاھلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇلار سۇلايمان ھايات چېغىدا ئۇنىڭغا ئالۋان-سېلىق تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. [22] سۇلايماننىڭ ئوردىسىنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىكلىرى ئۈچۈن 1800 كىلو سۈپەتلىك ئۇن، 2400 كىلو ئاددىي ئۇن، [23] ئون تۇياق بوردالغان كالا، يىگىرمە تۇياق يايلاقتا بېقىلغان كالا، يۈز تۇياق قوي كېتەتتى. بۇلاردىن باشقا بۇغا، جەرەن، كېيىك ۋە سېمىز ئۇچار قاناتلارمۇ ئىستېمال قىلىناتتى. [24] پادىشاھ سۇلايمان تىفساختىن گازاغىچە، يەنى فىرات دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بارلىق پادىشاھلىقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى تىنچ ئىدى. [25] پادىشاھ سۇلايمان زامانىدا داندىن بەئەرشەباغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەھۇدىيە بىلەن ئىسرائىلىيە خەلقلىرى ئۆزىنىڭ ئۈزۈم باراڭلىرى ۋە ئەنجۈر دەرەخلىرى ئاستىدا خاتىرجەم ياشىدى. [26] سۇلايماننىڭ جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئاتلىرى ئۈچۈن 4 مىڭ ئاتخانىسى ۋە 12 مىڭ ئېتى بار ئىدى.
[27] يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەمەلدارلار ھەر ئايدا پادىشاھ

سۇلايماننىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە غىزالىنىدىغانلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى كەم قالدۇرماي، نۆۋەتلىشىپ تەمىنلىشەتتى. [28] ئۇلار جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ئاتلىرى ۋە باشقا ئاتلار ئۈچۈن ئارپا ۋە سامانلارنىمۇ ئۆز نۆۋىتى بويىچە بەلگىلەنگەن يەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشەتتى.

## سۇلايماننىڭ ئەقىل-پاراستى

[29] خۇدا سۇلايمانغا ئەقىل-پاراسەت، چوڭقۇر ئىدراك ۋە چەكسىز ھېكمەت ئاتا قىلغانىدى. [30] ئۇ ئەقىل-پاراسەتتە شەرقتىكى ۋە مىسىردىكى بارچە دانىشمەنلەرنى بېسىپ چۈشەتتى. [31] ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستى ھەرقانداق ئادەمدىن، جۈملىدىن ئەزراخلىق بولغان ئېتان ۋە ماخولنىڭ ئۈچ ئوغلى، يەنى ھېمان، كالكول ۋە داردانىڭكىدىنمۇ ئارتۇق ئىدى. ئۇنىڭ داڭقى تۆت ئەتراپتىكى پۈتكۈل ئەللەرگە يېيىلغانىدى. [32] ئۇنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى 3000غا، يازغان شېئىر-نەزمىلىرى 1005كە يەتكەنىدى. [33] ئۇنىڭ ھەر خىل دەل-دەرەخلەر ھەققىدە، يەنى لىۋان تاغلىرىدا ئۆسىدىغان كېدىر دەرىخىدىن تارتىپ، تامدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان لىپەككۈلگىچە ئېيتقان سۆزلىرى بار ئىدى. ئۇ ھەتتا ھايۋاناتلار، ئۇچار قاناتلار، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار ۋە بېلىقلار ھەققىدىمۇ توختالغانىدى. [34] يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار سۇلايماننىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كېلىشكە ئادەملەر ئەۋەتىشكەنىدى.

## ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق قىلىنىشى

5 [1] تىر پادىشاھى ھىرام ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پادىشاھ داۋۇت بىلەن يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئۇ سۇلايماننىڭ ئاتىسى داۋۇتنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئەلچىلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا ئەۋەتتى. [2] سۇلايمان ھىرامغا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يوللىدى:

[3] «ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، ئاتام داۋۇت ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن بولغان جەڭلەر تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ نام-شەرىپىگە ئاتاپ ئىبادەتخانا سالدۇرالمىغانىدى. ئاتام پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى تاپىنى ئاستىغا چۈشۈرۈشىنى ساقلىغانىدى. [4] لېكىن ھازىر پەرۋەردىگارىم خۇدا ماڭا ھەر جەھەتتىن خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى. دۈشمەنلىرىم قالمىدى، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش خەۋپىمۇ قالمىدى. [5] پەرۋەردىگار ئاتام داۋۇتقا: ‹مەن سېنىڭ تەختىڭدە ئولتۇرغۇزىدىغان ئوغلۇڭ ماڭا ئاتاپ ئىبادەتخانا سالىدۇ› دېگەنىكەن. شۇڭا مەن ئەمدى پەرۋەردىگارىم خۇدانىڭ نامىغا ئاتاپ بىر ئىبادەتخانا سېلىش قارارىغا كەلدىم.

[6] شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرى ئادەملىرىگە مەن ئۈچۈن لىۋان تاغلىرىدىكى كېدىر دەرەخلىرىنى كېسىپ بېرىشكە بۇيرۇق بەرگەيلا. مېنىڭ ئادەملىرىم سىلىنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىرگە ئىشلىسۇن. ئادەملىرىنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆزلىرىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە بېرىمەن. چۈنكى ئۆزلىرىگە مەلۇم، بىزنىڭ ئارىمىزدا سىلەر سىدونلۇقلاردەك ئۇستا دەرەخ كەسكۈچىلەر يوق.»

[7] ھىرام سۇلايماننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، تولىمۇ خۇشال بولدى ۋە: «بۈنداق زور خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن داۋۇتقا مۇشۇنداق بىر ئەقىللىق ئوغۇلنى بەرگەن پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دېدى. [8] ئاندىن ھىرام سۇلايمانغا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يوللىدى:

«ماڭا ئەۋەتكەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. سىلىنىڭ خاھىشلىرى بويىچە بارلىق كېدىر ۋە قارىغاي ياغاچلىرىنى مەن ئۆزۈم تەمىنلەپ بېرىمەن. [9] مېنىڭ ئادەملىرىم بۇ ياغاچلارنى لىۋاندىن ئېلىپ چىقىپ، باغلاپ سال قىلىپ، سىلى كۆرسەتكەن يەرگە ئۇتتۇرا دېڭىز ئارقىلىق ئېلىپ بارسۇن. ئادەملىرىم شۇ يەردىقىلىپە ياغاچلارنى يەشسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن سىلەر ئۇلارنى توشۇپ

ئەكېتىڭلار. لېكىن مېنىڭمۇ بىر تەلىپىم بار. سىلى ئوردامنى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ بەرگەيلا.»

[10] شۇنىڭ بىلەن ھىرام سۇلايمانغا كېرەكلىك بولغان كېدىر ۋە قارىغاي ياغاچلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. [11] سۇلايمانمۇ ھىرامنىڭ بۇ ئەجىرلىرىنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭغا 1600 تونىنا بۇغداي، 3000 لىتىر ساپ زەيتۇن يېغى بەردى. سۇلايمان ھىرامنى ھەر يىلى ئەنە شۇنداق مىقداردىكى بۇغداي ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. [12] پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ۋەدىسى بويىچە سۇلايمانغا ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلدى. ھىرام بىلەن سۇلايمان ئۆزئارا كېلىشىم تۈزۈپ، تىنچلىقنى داۋاملاشتۇردى.
[13] پادىشاھ سۇلايمان ئىسرائىل خەلقى ئىچىدىن ھاشارغا ئادەم يىغدى. ئۇلارنىڭ سانى 30 مىڭ ئادەم ئىدى. [14] سۇلايمان ئۇلاردىن ھەر ئايدا 10 مىڭ ئادەمنى نۆۋەت بىلەن لىۋان تاغلىرىغا ئەۋەتتى. ئۇلار لىۋان تاغلىرىدا بىر ئاي، ئۆيىدە ئىككى ئاي تۇراتتى. ھاشارچىلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئادورام ئىدى.
[15] پادىشاھ سۇلايماننىڭ تاغدا تاش قازىدىغان 80 مىڭ ئادىمى، يۈك توشۇيدىغان 70 مىڭ ئادىمى بار ئىدى. [16] ئۇلاردىن باشقا يەنە سۇلايماننىڭ ئىشلەمچىلەرنى نازارەت قىلىدىغان ۋە ئىش بېشىدا تۇرىدىغان 3300 نەپەر ئەمەلدارلىرى بار ئىدى.
[17] پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كىشىلەر ھەم يوغان ھەم سۈپەتلىك تاشلارنى قېزىپ چىقىرىپ، يونۇپ تەييارلىغاندىن كېيىن، ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلى قىلىشقا ئىشلەتتى. [18] شۇنداق قىلىپ، سۇلايماننىڭ ۋە ھىرامنىڭ ھۈنەرۋەنلىرى گىبال شەھىرىدىن كەلگەنلەر بىلەن بىرلىكتە تاشلارنى يونۇپ، ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك تاش-ياغاچلارنى تەييارلاشتى.

## پادىشاھ سۇلايماننىڭ ئىبادەتخانىنى سېلىشى

6 [1] سۇلايمان ئىسرائىلىيەگە ھۆكۈمران بولغان 4-يىلى 2-ئايدا، يەنى زىۋ ئېيىدا① پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى سېلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئىسرائىل خەلقى مىسىردىن چىققىنىغا 480 يىل بولغانىدى.

[2] پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سالغان ئىبادەتخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى 15 مېتىر بولدى. [3] ئالدىدىكى ئايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر ئىدى. كەڭلىكى 10 مېتىر بولۇپ، ئىبادەتخانىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. [4] ئىبادەتخانىغا پەنجىرىلەر چىقىرىلدى. [5] ئىبادەتخانىنىڭ ئاساسىي ۋە ئىچكىرىكى خانىلىرىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە يانداشتۇرۇپ، يان خانىلار سېلىندى. [6] يان خانىلارنىڭ لىملىرىنى ئىبادەتخانا تاملىرىغا كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرىنىڭ سىرتقى تەرىپى پەلەمپەي شەكىللىك ياسالدى. شۇڭا يان خانىلارنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنىڭ كەڭلىكى 2.5 مېتىر، ئىككىنچى قەۋىتىنىڭ كەڭلىكى 3 مېتىر، ئۈچىنچى قەۋىتىنىڭ كەڭلىكى 3.5 مېتىر بولدى. [7] ئىبادەتخانا ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان تاشلار تاش قېزىش مەيدانىدا ئالدىن تەييارلىناتتى. شۇڭا ئىبادەتخانىنى سالغان چاغدا، ئىبادەتخانىدا بولقا، ئىسكىنە قاتارلىق ھەرقانداق بىر تۆمۈر ئەسۋابلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. [8] بىرىنچى قەۋەتتىكى يان خانىلارنىڭ ئىشىكى ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، ئايلانما پەلەمپەيلەر ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتكە، ئىككىنچى قەۋەتتىن ئۈچىنچى قەۋەتكە چىققىلى بولاتتى. [9] سۇلايمان ئىبادەتخانا تاملىرىنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆگزىسىنى كېدىر لىملىرى ۋە كېدىر ياغاچلىرىدىن قىلىنغان تاختايلار بىلەن ياپتى. [10] ئىبادەتخانىغا يانداش سېلىنغان يان خانىلارنىڭ ھەر قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 2.5

---

① 6: 1 زىۋ ئېيى - مىلادىيە كالېندارى بويىچە تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 966- ياكى 967-يىلى 4-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇم بىر ئايغا توغرا كېلىدۇ.

مېتىردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ لىملىرى ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرىغا قويۇلغانىدى.

[11] پەرۋەردىگاردىن سۇلايمانغا ۋەھيي كەلدى: [12] «سەن بۇ ئىبادەتخانىنى سېلىۋاتىسەن. مېنىڭ ساڭا دەيدىغىنىم شۇكى، ئەگەر سەن ئەمر-پەرمانلىرىمغا رىئايە قىلىپ، بارلىق قائىدە-تۈزۈملىرىمگە ئەمەل قىلساڭ، مەن ئاتاڭ داۋۇتقا بەرگەن ۋەدەمنى سەن ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. [13] مەن خەلقىم ئىسرائىللار ئارىسىدا ياشايمەن ۋە ئۇلارنى تەرك ئەتمەيمەن.»

## ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى بېزەكلىرى

[14] شۇنداق قىلىپ، سۇلايمان ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. [15] ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرىنىڭ ئىچكى تەرىپىنى يەردىن تورۇسقىچە پۈتۈنلەي كېدىر تاختىيى بىلەن قاپلاپ، يېرىگە قارىغاي تاختىيى ياتقۇزدى. [16] ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىكى تەرىپىدىن 10 مېتىر ئارىلىقنى يەر يۈزىدىن تورۇسقىچە كېدىر تاختىيى بىلەن توسۇپ، ئىچكىرىكى خانا، يەنى ئەڭ مۇقەددەس خانىنى ھازىرلىدى. [17] ئەڭ مۇقەددەس خانىنىڭ ئالدىدىكى ئاساسىي خانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر بولدى. [18] ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرىنى كېدىر تاختايلىرى بىلەن قاپلىغانلىقى ئۈچۈن، تاشلىرى كۆرۈنۈپ قالمايتتى. كېدىر تاختايلىرىغا قاپاق ۋە ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەرنى ئويدى. [19] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قويىدىغان خانىنى ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشتۇردى. [20] ئىچكىرىكى خانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى ئوخشاشلا 10 مېتىر بولۇپ، ئۇ ھەممە يېرىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. ئىچكىرىكى خانىنىڭ ئالدىدىكى كېدىر ياغىچىدىن ياسالغان ئىسرىقدانىنىمۇ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. [21] سۇلايمان ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ئىچكىرىكى خانىنىڭ ئالدىغا ئالتۇن زەنجىر ئېسىپ قويدى. [22] شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ سۇلايمان ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىنى ۋە ئىچكىرىكى خانىنىڭ ئالدىدىكى ئىسرىقدانىنى پۈتۈنلەي ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.

[23] سۇلايمان زەيتۇن دەرىخىنىڭ ياغىچىدىن ئىككى دانە كېرۇبنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، ئىچكىرىكى خانىغا قويدى. كېرۇبلارنىڭ ئېگىزلىكى 5 مېتىر ئىدى. [24] بىرىنچى كېرۇبنىڭ ھەر ئىككى قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاشلا 2.5 مېتىردىن ئىدى. دېمەك، ئىككى قانىتىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى جەمئىي 5 مېتىر ئىدى. [25] ئىككىنچى كېرۇبنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ 5 مېتىر ئىدى. ئىككى كېرۇبنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلىمۇ ئوخشاش ئىدى. [26] ئىككى كېرۇبنىڭ ئېگىزلىكى ئوخشاشلا 5 مېتىر ئىدى. [27] سۇلايمان ئىككى كېرۇبنى ئىچكىرىكى خانىغا قويدى. كېرۇبلار قاناتلىرىنى كېرىپ تۇراتتى. بىرىنچى كېرۇبنىڭ بىر قانىتى بۇ تەرەپتىكى تامغا تېگىپ تۇرسا، ئىككىنچى كېرۇبنىڭ بىر قانىتى ئۇ تەرەپتىكى تامغا تېگىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر قاناتلىرى خانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە تېگىشىپ تۇراتتى. [28] سۇلايمان بۇ ئىككى كېرۇبنىمۇ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.

[29] ئاساسىي ۋە ئىچكىرىكى خانىلارنىڭ ھەممە تاملىرىغا كېرۇب، خورما دەرىخى ۋە ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەرنىڭ شەكىللىرىنى ئويدى. [30] ئاساسىي ۋە ئىچكىرىكى خانىلارنىڭ يەر يۈزىگە ئالتۇن ياتقۇزدى. [31] ئىچكىرىكى خانىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا زەيتۇن ياغىچىدىن قوش قاناتلىق ئىشىك ياسىدى. ئىشىكنىڭ كەڭلىكى ئىچكىرىكى خانىنىڭ كەڭلىكىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى. [32] ئۇ ئىشىككە كېرۇب، خورما دەرىخى ۋە ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەرنىڭ شەكىللىرىنى ئويدى. ئويۇلغان نەقىشلەرنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. [33] ئاساسىي خانىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا زەيتۇن ياغىچىدىن كېشەك ياسىدى. ئۇنىڭ كەڭلىكى ئاساسىي خانىنىڭ كەڭلىكىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى. [34] قارىغاي ياغىچىدىن ئىككى ئىشىك ياسىدى، ئىشىكلەرنىڭ ھەربىرى ئىككى قاناتلىق بولۇپ، ئۇلار قاتلىناتتى. [35] ئۇ ئىشىكلەرگە كېرۇب، خورما دەرىخى ۋە ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەرنىڭ شەكىللىرىنى ئويدى ۋە ئۇلارنىمۇ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.

[36] ئۇ يەنە ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسىنى پۈتتۈردى. ھويلا تېمىنى ھەربىر ئۈچ قەۋەت يونۇلغان تاش ئۈستىگە بىر قەۋەت كېدىر لىمى قويۇپ، قوپۇرۇپ چىقتى.

[37] پادىشاھ سۇلايمان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 4-يىلى زىۋ ئېيىدا، يەنى ئەتىيازنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئۇل سېلىنغانىدى. [38] 11-يىلى 8-ئايدا، يەنى بۇل ئېيىدا ئىبادەتخانا قىلىنغان ئىنچىكە لايىھە بويىچە پۈتتى. پادىشاھ سۇلايمان ئىبادەتخانىنى پۈتتۈرۈشكە يەتتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى.

## سۇلايمان سالدۇرغان ئوردا-سارايلار

7 [1] ۋاھالەنكى، پادىشاھ سۇلايمان ئۆز ئوردىسىنى سالدۇرۇشقا 13 يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى. [2-3] بۇ جەرياندا ئۇ «لىۋان ئورمىنى سارىيى»نىمۇ سالدۇردى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 25 مېتىر، ئېگىزلىكى 15 مېتىر ئىدى. سارايىنىڭ ئۆگزىسىنى كېدىر ياغىچىدىن ياسالغان تۆت رەت تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە جەمئىي 45 دانە كېدىر دەرىخىنىڭ لىمى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھەر ئىككى رەت تۈۋرۈك 15 دانە لىم بىلەن تۇتاشتۇرۇلغانىدى. لىملارنىڭ ئۈستى كېدىر تاختايلىرى بىلەن يېپىلغانىدى. [4] سارايىنىڭ ئىككى يان تاملىرىدىكى پەنجىرىلەر ئۈچ قۇردىن بولۇپ، بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. [5] ھەممە ئىشىكلەرنىڭ كېشەكلىرى تۆت چاسا ئىدى. سارايدا ئۈچ قۇردىن پەنجىرىلەر بولۇپ، بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى.

[6] ئۇ يەنە «تۈۋرۈك سارىيى»نى سالدۇردى. سارايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر ئىدى. «تۈۋرۈك سارىيى»نىڭ تاشقىرىقى خانىسىنىڭ ئالدىدا ئايۋان بولۇپ، ئايۋاننى تۈۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

[7] پادىشاھ سۇلايمان يەنە بىر ساراي سالدۇردى. ئۇ شۇ يەردە تەختتە ئولتۇرۇپ، ھۆكۈم چىقىراتتى. شۇڭا بۇ ساراي «ھۆكۈم سارىيى» دەپ ئاتالدى. سارايىنىڭ ھەممە تاملىرى كېدىر تاختىيى بىلەن قاپلانغانىدى. [8] سۇلايماننىڭ ئۆزى تۇرىدىغان ئوردىسى «ھۆكۈم سارىيى» ئارقىسىدىكى بىر ھويلىدا بولۇپ، ئۇنىڭ

قۇرۇلۇشىمۇ «ھۆكۈم سارىيى»غا ئوخشايتتى. ئۇ ئۆز ئەمرىگە ئالغان پىرئەۋننىڭ قىزى ئۈچۈنمۇ ئاشۇ سارايلارغا ئوخشايدىغان بىر ساراي سالدۇردى.

[9] ھەممە ئىمارەتلەرنىڭ ئۇلىدىن تارتىپ ئۆگزىسىگىچە ئۆلچەم بويىچە كېسىپ تەييارلانغان ۋە سىلىقلانغان سۈپەتلىك تاشلار ئىشلىتىلگەنىدى. چوڭ ھويلىنىڭ تېمىمۇ شۇ خىل تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغانىدى. [10] ئۇلىغا ئىشلىتىلگەن سۈپەتلىك، چوڭ تاشلارنىڭ ئىچىدە 4 مېتىرلىقلىرىمۇ، 5 مېتىرلىقلىرىمۇ بار ئىدى. [11] ئۇلىنىڭ ئۈستىگە ئۆلچەم بويىچە يونۇلغان سۈپەتلىك تاشلار ۋە كېدىر لىملىرى قويۇلغانىدى. [12] ئوردىنىڭ چوڭ ھويلىسىنىڭ تاملىرىمۇ ھەر ئۈچ قەۋەت يونۇلغان تاش ئۈستىگە بىر قەۋەت كېدىر لىمى قويۇلۇپ قوپۇرۇلغانىدى. پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسى ۋە ئايۋانىنىڭ تاملىرىمۇ شۇنداق قوپۇرۇلغانىدى.

## ئىككى تۈچ تۈۋرۈك

[13] پادىشاھ سۇلايمان تىرغا ئادەم ئەۋەتىپ، ھۇرام ئىسىملىك بىر كىشىنى چاقىرتىپ كەلدى. [14] ھۇرام نافتالى قەبىلىسىدىن بولغان بىر تۇل ئايالنىڭ بالىسى بولۇپ، ئاتىسى تىرلىق مىسكەر ئىدى. ھۇرام مىسكەرچىلىك ھۈنىرىگە پۇختا، ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك ئادەم ئىدى. ئۇ پادىشاھ سۇلايماننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى قىلدى.

[15] ھۇرام ئېگىزلىكى 9 مېتىر، ئايلانمىسى 6 مېتىر كېلىدىغان ئىككى تۈچ تۈۋرۈك ياسىدى. [16] تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىدىغان ئىككى تۈۋرۈك بېشىنى تۈچتىن قۇيۇپ چىقتى. تۈۋرۈك بېشىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىردىن ئىدى. [17] تۈۋرۈكلەرنىڭ بېشى ئۆرۈلگەن زەنجىرلەردىن ھاسىل بولغان تورسىمان شەكىللەر بىلەن بېزەلدى. ھەر ئىككى تۈۋرۈكنىڭ بېشى مۇشۇنداق تورلار بىلەن بېزەلدى. [18] ئۇ يەنە ھەر ئىككى تۈۋرۈك بېشىغا ئىككى قۇردىن ئىسىش ئۈچۈن تۈچتىن ئانار ياسىدى.

[19] ئايۋاننىڭ ئالدىدىكى بۇ ئىككى تۈۋرۈكنىڭ تۈۋرۈك باشلىرىنىڭ ئۈستىگە 2 مېتىر ئېگىزلىكتە نىلۇپەر شەكلىدە بېزەك ياسىدى. [20] ھەر ئىككى تۈۋرۈكنىڭ تۈۋرۈك باشلىرىدىكى تورسىمان بېزەكتە ئىككى قۇردىن جەمئىي ئىككى يۈز دانە ئانار بولۇپ، بۇ ئانارلار تۈۋرۈك باشلىرىنى ئوراپ تۇراتتى. [21] بۇ تۈۋرۈكلەر ئايۋاننىڭ ئالدىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى تۈۋرۈككە «ياكىن» [مەنىسى «خۇدا تىكلەيدۇ»]، سول تەرەپتىكى تۈۋرۈككە «بوئاز» [مەنىسى «خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن»] دەپ نام بېرىلدى. [22] تۈۋرۈكلەرنىڭ تۈۋرۈك باشلىرىنىڭ ئۈستىدە نىلۇپەر شەكىللىك بېزەك بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، تۈۋرۈكلەرنى ياساش ئىشى ئاخىرلاشتى.

## تۇچ داشقان

[23] ھۇرام يەنە دىيامېتىرى 5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2.5 مېتىر، ئايلانمىسى 15 مېتىر كېلىدىغان يۇملاق شەكىلدىكى بىر تۇچ داشقان قۇيدى. بۇ داشقان «دېڭىز» دەپ ئاتالدى. [24] تۇچ داشقاننىڭ گىرۋىكى ئاستىغا ئىككى قۇر قاپاق شەكىللىك نەقىش چىقىرىلغان بولۇپ، ھەر مېتىر ئارىلىقتا يىگىرمە دانە قاپاقنىڭ شەكلى بار ئىدى. ئۇلار داشقان قۇيۇلغان چاغدىلا بىرگە قۇيۇلۇپ چىقىلغانىدى. [25] داشقان 12 دانە تۇچ بۇقىنىڭ ئۈستىگە قويۇلدى. بۇقىلارنىڭ ئۈچى شىمالغا، ئۈچى غەربكە، ئۈچى جەنۇبقا، ئۈچى شەرققە قارىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقلىرى ئىچ تەرەپكە قارايتتى. [26] داشقاننىڭ قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر بولۇپ، گىرۋىكى خۇددى پىيالىنىڭ گىرۋىكىگە ھەم نىلۇپەر گۈلىنىڭ بەرگىگە ئوخشايتتى. داشقانغا 44 مىڭ لىتىر سۇ سىغاتتى.

## تۇچ داسلار ۋە ئۇلارنى قويىدىغان ھارۋىلار

[27] ھۇرام يەنە تۇچ داسلارنى قويۇش ئۈچۈن ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 2 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر كېلىدىغان تۇچ ھارۋىدىن ئوننى ياسىدى. [28] ھارۋىلار مۇنداق شەكىلدە ياسالدى: ھارۋىلارنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى ئىككى دانە تۆت چاسا رامكىدىن تۈزۈلۈپ، بۇ رامكىلار

تۆت بۇرجىكىدىن تۆت دانە خادا بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. [29] رامكا ۋە خادىلارغا شىر، بۇقا ۋە كېرۇبلارنىڭ شەكىللىرى ئويۇلدى. شىر ۋە بۇقىلارنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى تەرىپىگە ئۇلانغان گۈللەرنىڭ نەقىشلىرى چىقىرىلدى.

[30] ھەربىر ھارۋىغا تۆت دانە تۇچ چاق ئورنىتىلىپ، چاقلار تۇچ ئوقلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. ئاستىدىكى رامكىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە داسنى تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن تۆت دانە خادا ئورنىتىلدى ۋە ئۇلارغا گۈل زەنجىرلىرىنىڭ شەكلىدە نەقىش چىقىرىلدى.

[31] ئۈستىدىكى رامكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا داسنى قويۇش ئۈچۈن دىيامېتىرى 75 سانتىمېتىر بولغان يۇمىلاق بىر قورۇلما ئورنىتىلدى. ئۇمۇ نەقىشلەنگەن بولۇپ، ھارۋىدىن يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. رامكىلار تۆت چاسا ئىدى.

[32] ھارۋىنىڭ تۆت چاقى رامكىنىڭ ئاستىدا بولۇپ، چاقنىڭ ئوقلىرى رامكا بىلەن تۇتاشتۇرۇلغانىدى. ھەربىر چاقنىڭ ئېگىزلىكى 75 سانتىمېتىر ئىدى. [33] چاقلارنىڭ تۈزۈلۈشى جەڭ ھارۋىسىنىڭ چاقلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئوخشاش بولۇپ، چاق ئوقى، چاق گەردىشى، چاق شادىسى ۋە چاق مەركىزىنىڭ ھەممىسى تۇچتىن قۇيۇلدى.

[34] ھارۋىلارنىڭ بۇلۇڭلىرىدا بىردىن تۇتقۇچ بولۇپ، ئۇلار ھارۋىلار بىلەن بىر گەۋدە ئىدى. [35] ھارۋىلارنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۇمىلاق قورۇلمىنىڭ ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر كېلەتتى. يۇمىلاق قورۇلما تىرەكلەر بىلەن ھارۋىنىڭ تۆت چاسا رامكىلىرىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ مۇقىملاشتۇرۇلدى. [36] تىرەكلەر بىلەن رامكىلارنىڭ شادىلىرىغا كېرۇب، شىر ۋە خورما دەرەخلىرىنىڭ شەكىللىرى ئويۇلۇپ، ھەممە قىرلىرى گۈل زەنجىرلىرى بىلەن نەقىشلەندى.

[37] شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئون ھارۋىنى ياساپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۆلچىمى ۋە شەكلى ئوخشاش بولۇپ، ھەممە پارچىلىرى ئوخشاش بىر قېلىپتا قۇيۇپ چىقىلغانىدى.

[38] ھۇرام يەنە دىيامېتىرلىرى 2 مېتىر كېلىدىغان، ھەربىرىگە 900 لىتىر سۇ پاتىدىغان ئون تۇچ داس ياسىدى. ئۇلارنى ئون ھارۋىغا بىردىن قويدى. [39] ئون ھارۋىنىڭ بەشىنى ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىغا،

بەشنى شىمالغا قويدى. داشقاننى ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە ئورۇنلاشتۇردى.

## ئىبادەتخانىدىكى تۇچ ۋە ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملار

[40] ھۇرام يەنە كۆل قاچىسى، گۈرجەك ۋە داسلارنى ياسىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن پادىشاھ سۇلايمان بۇيرۇغان بارلىق ئىشلارنى پۈتتۈردى. [41] ئۇ ياسىغان نەرسىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

ئىككى تۈۋرۈك،
تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىدىكى كومزەك شەكىللىك ئىككى
تۈۋرۈك بېشى،
كومزەك شەكىللىك تۈۋرۈك بېشىنى يېپىپ تۇرىدىغان
ئىككى تورسىمان بېزەك،
[42] تۈۋرۈكلەرنىڭ بېشىدىكى كومزەك شەكىللىك ئىككى
تۈۋرۈك بېشىنى يېپىپ تۇرىدىغان تورسىمان
بېزەكلەرگە ئېسىلغان 400 دانە ئانار، (ھەربىر تۈۋرۈكتە
ئىككى قۇردىن ئانار بولۇپ، بىر قۇردا 100 دانە ئانار بار
ئىدى.)
[43] ئون ھارۋا، ھارۋا ئۈستىدىكى ئون تۇچ داس،
[44] داشقان ۋە داشقان ئاستىدىكى ئون ئىككى بۇقا،
[45] كۆل قاچىلىرى، گۈرجەكلەر ۋە داسلار.

ھۇرام سۇلايمان پادىشاھنىڭ تەلىپى بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇ نەرسىلەرنى پارقىراق تۇچتىن قۇيۇپ چىقتى. [46] بۇ نەرسىلەرنى پادىشاھ ئىئوردان تۈزلەڭلىكىدە، يەنى سۇككوت بىلەن زارىتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا سېغىز لاي قېلىپلاردا قۇيدۇردى. [47] تۇچتىن ياسالغان بۇ نەرسىلەر تولىمۇ كۆپ بولغاچقا، سۇلايمان بۇلارغا قانچىلىك تۇچ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئۆلچەپ ئولتۇرمىدى.

48 سۇلايمان يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كېرەكلىك بارلىق بۇيۇملارنى ياساتتى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئالتۇن ئىسرىقدان،
خۇداغا ئاتىلىدىغان نانلار تىزىلىدىغان ئالتۇن شىرە،
49 ئىچكىرىكى خانىنىڭ ئالدىغا، يەنى ئوڭ تەرىپىگە بەش،
سول تەرىپىگە بەش ئالتۇن چىراغدان ۋە ئۇنىڭ گۈل
شەكىللىك نەقىشلىرى، ئالتۇن چىراغلار، ئالتۇن پىلىك
قىسقۇچلار،
50 ئالتۇن پىيالىلەر، ئالتۇن پىلىك قايچىلىرى، ئالتۇن داسلار،
ئالتۇن ئىسرىق تەخسىلىرى، ئالتۇن چوغدانلار،
ئەڭ مۇقەددەس جاي بولغان ئىچكىرىكى خانىنىڭ ۋە
ئاساسىي خانىنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئالتۇن بىلەن
قاپلانغان مۇجۇقلىرى.

51 شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشلارنى تاماملىدى. پادىشاھ سۇلايمان ئاتىسى داۋۇتنىڭ پەرۋەردىگارغا ئاتىغان ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا بۇيۇملىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ خەزىنىلىرىگە قويدى.

## ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كېلىنىشى

8 1 پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى «داۋۇت شەھىرى»دىن، يەنى سىئوندىن ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنى، يەنى ھەرقايسى قەبىلە ۋە جەمەت باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېرۇسالېمدا ئۆزىنىڭ ئالدىدا جەم بولۇشقا بۇيرۇدى. 2 شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى ئېتانىم ئېيىدىكى، يەنى باش كۈزدىكى كەپە تىكىش ھېيتىدا پادىشاھ سۇلايماننىڭ ئالدىغا جەم بولدى. 3-4 ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى كەلگەندىن كېيىن، روھانىيلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ئەكەلدى. لاۋىيلار روھانىيلارغا قوشۇلۇپ،

ئۇچرىشىش چېدىرىنى ۋە چېدىر ئىچىدىكى بارلىق مۇقەددەس بۇيۇملارنى ئېلىپ كەلدى. [5] پادىشاھ سۇلايمان ۋە پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى ئەھدەساندۇقىنىڭ ئالدىغا جەم بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قوي ۋە كالىلارنى قۇربانلىق قىلىشتى. قۇربانلىقلار ھەددى-ھېسابسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

[6] ئاندىن روھانىيلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئۆز جايىغا، يەنى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئەڭ مۇقەددەس خانىغا ئېلىپ كىرىپ، ئىككى كېرۇبنىڭ ئوتتۇرىسىغا، يەنى قاناتلىرىنىڭ ئاستىغا قويدى. [7] كېرۇبلارنىڭ قاناتلىرى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە يېيىلىپ، ئەھدە ساندۇقى بىلەن ئۇنى كۆتۈرىدىغان بالداقلارنى يېپىپ تۇراتتى. [8] ئەھدە ساندۇقىنىڭ بالداقلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇچىنى ئىچكىرىكى خانىنىڭ ئالدىدا، يەنى ئاساسىي خانىدا تۇرۇپ كۆرگىلى بولاتتى، لېكىن سىرتتىن كۆرگىلى بولمايتتى. ئەھدە ساندۇقى شۇنىڭدىن بېرى شۇ يەردە تۇرماقتا. [9] ئەھدە ساندۇقى ئىچىدە مۇسا سىناي تېغىدا سېلىپ قويغان ئىككى تاش تاختىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، پەرۋەردىگار سىناي تېغىدا ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزگەنىدى.

[10] روھانىيلار مۇقەددەس جايدىن قايتىپ چىققاندا، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى بۇلۇتلارغا تولدى. [11] ئىبادەتخانا بۇلۇتقا، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىغا تولغاچقا، روھانىيلار ئىبادەتخانىغا قايتا كىرەلمەي، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالماي قالدى.

## پادىشاھ سۇلايماننىڭ خەلققە سۆز قىلىشى

[12] بۇ چاغدا پادىشاھ سۇلايمان:

– ئى پەرۋەردىگار، سەن قويۇق، قارا بۇلۇتلار ئىچىدە تۇرىمەن دېگەنىدىڭ. [13] بۈگۈن مەن ساڭا ئاتاپ ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك بىر ئىبادەتخانا سالدىم، بۇ يەر ساڭا مەڭگۈلۈك ماكان بولسۇن – دېدى. [14] ئاندىن سۇلايمان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆرە تۇرغان پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتىگە بەخت تىلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

[15] ــ ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇداغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئاتام داۋۇتقا بەرگەن ۋەدىسىنى بۈگۈن ئۆز قۇدرىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇردى. [16] ئۇ ئاتامغا: «مەن ئۆز خەلقىم ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان كۈندىن بۇيان خەلقىمنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئىبادەتخانا سېلىشقا ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە قاراشلىق شەھەرلەردىن ھېچقايسىسىنى تاللىمىدىم، بىراق خەلقىم ئىسرائىللار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا سېنى تاللىدىم» دېگەنىدى. [17] ئاتام داۋۇتنىڭ پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ نامىغا ئاتاپ بىر ئىبادەتخانا سېلىش نىيىتى بار ئىدى. [18] ئەمما پەرۋەردىگار ئاتام داۋۇتقا: «مېنىڭ نامىمغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سېلىش نىيىتىدە بولغىنىڭ ياخشى ئىش، [19] لېكىن نامىمغا ئاتىلىدىغان ئىبادەتخانىنى سەن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئۆز پۇشتۇڭدىن بولغان ئوغلۇڭ سالىدۇ» دېگەنىدى. [20] ھازىر پەرۋەردىگار ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئاتام داۋۇتنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردۇم، ھەمدە ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نامىغا ئاتاپ، بۇ ئىبادەتخانىنى سالدۇردۇم. [21] ئىبادەتخانىدا ئەھدە ساندۇقى ئۈچۈن بىر يەر ھازىرلىدىم. مانا ئەھدە ساندۇقىدا پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدىسى، يەنى ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان چاغدا، ئۇلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى تۇرۇپتۇ.

## ئىبادەتخانىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاش دۇئاسى

[22] پادىشاھ سۇلايمان پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتىنىڭ ئالدىدا پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، قوللىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ [23] مۇنداق دۇئا قىلدى:

ــ ئى پەرۋەردىگار، يەنى بىز ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، ئاسمان ۋە زېمىندا ساڭا ئوخشايدىغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. سېنىڭ يولۇڭدا چىن قەلبى بىلەن ماڭغان خىزمەتكارلىرىڭغا ئەھدەڭدە تۇرۇپ، مېھىر-مۇھەببىتىڭنى كۆرسىتىسەن. [24] سەن خىزمەتكارىڭ ئاتام داۋۇتقا بەرگەن ۋەدەڭدە تۇردۇڭ، ئۆز

ئاغزىڭ بىلەن قىلغان ۋەدەڭنى مانا بۈگۈن ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ.

[25] ئى پەرۋەردىگار، يەنى بىز ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، سەن خىزمەتكارىڭ بولغان ئاتام داۋۇتقا: «سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ ئۆزىنىڭ ئىش-ئەمەللىرىگە دىققەت قىلىپ، خۇددى ساڭا ئوخشاش ئالدىمدا توغرا يولدا يۈرسە، ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇشقا ئەۋلادىڭدىن ئادەم كەم بولمايدۇ» دەپ ئېيتقانىدىڭ. ئەمدى ئاتامغا قىلغان بۇ ۋەدەڭدە چىڭ تۇرغايسەن [26] ئى بىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، خىزمەتكارىڭ بولغان ئاتام داۋۇتقا بەرگەن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسەن! [27] ئى خۇدا، سەن راستتىنلا زېمىندا ياشامسەن؟ ساڭا ئاسمان، ھەتتا ئەرشئەلا كىچىكلىك قىلغان يەردە، مەن سالغان بۇ ئىبادەتخانا كىچىكلىك قىلماسمۇ؟! [28] شۇنداقتىمۇ، ئى پەرۋەردىگارىم خۇدا، خىزمەتكارىڭنىڭ دۇئا ۋە ئىلتىجاسىغا قۇلاق سالغايسەن. خىزمەتكارىڭنىڭ بۈگۈن سېنىڭ ئالدىڭدا قىلغان نىداسى ۋە نالىسىنى ئاڭلىغايسەن! [29] سەن «خەلق ماڭا ئىبادەت قىلسۇن» دەپ ئېيتقان بۇ ئىبادەتخانىغا كېچە-كۈندۈز نەزەر سالغايسەن. خىزمەتكارىڭنىڭ بۇ ئىبادەتخانىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ قىلغان دۇئاسىغا قۇلاق سالغايسەن! [30] مەن خىزمەتكارىڭ ۋە ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىللار بۇ يەرگە قاراپ دۇئا قىلغان ۋاقىتدا، بىزنىڭ ئىلتىجالىرىمىزغا قۇلاق سالغايسەن ۋە ئىلتىجايىمىزنى ئەرشتىكى دەرگاھىڭدا تۇرۇپ ئاڭلاپ، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن.

[31] ئەگەر بىر ئادەم قوشنىسىغا يامانلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلەنسە ۋە ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم ئىچىشكە مەجبۇر بولۇپ، بۇ ئىبادەتخانىغا كېلىپ، سېنىڭ قۇربانلىق سۇپاڭ ئالدىدا قەسەم ئىچسە، [32] سەن ئەرشتە تۇرۇپ ئاڭلاپ، ھەرىكەت قىلغايسەن ۋە خىزمەتكارلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقارغايسەن. گۇناھكارنى جازالاپ، ئۇنىڭ قىلغىنىنى ئۆز بېشىغا قايتۇرغايسەن. بىگۇناھ كىشىنى ھەققانىي ئادەم دەپ بېكىتىپ، ئۇنىڭغا ھەققانىيلىقىغا يارىشا ھەققىنى بەرگەيسەن.

[33] خەلقىڭ ئىسرائىللار ئالدىڭدا قىلغان گۇناھ تۈپەيلى دۈشمەنلىرىدىن يېڭىلسە ۋە كېيىن سېنىڭ يولۇڭغا قايتىپ، نامىڭنى ئۇلۇغلاپ، بۇ ئىبادەتخانىدا تۇرۇپ ساڭا دۇئا قىلىپ، رەھىم قىلىشىڭنى تىلىسە، [34] سەن ئەرشتە تۇرۇپ ئاڭلاپ، خەلقىڭ ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارنى سەن ئاتا-بوۋىلىرىغا بەرگەن زېمىنغا قايتۇرۇپ ئەكەلگەيسەن.

[35] خەلقىڭ ئىسرائىللار ئالدىڭدا قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئاسمان يېپىلىپ، يامغۇر ياغمىسا، ئۇلار سېنىڭ ئۇلارنى مۇشكۈللۇكتە قالدۇرغانلىقىڭنى بىلىپ، بۇ ئىبادەتخانىغا يۈزلىنىپ ساڭا دۇئا قىلىپ، نامىڭنى ئۇلۇغلىسا ۋە گۇناھلىق ئىشلىرىدىن قول ئۈزسە، [36] دۇئالىرىغا ئەرشتە تۇرۇپ قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ، يەنى ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارغا ماڭىدىغان دۇرۇس يولنى كۆرسىتىپ بەرگەيسەن ۋە ئۆز خەلقىڭگە ئاتا قىلغان زېمىنغا شەپقەت قىلىپ، يامغۇر ياغدۇرغايسەن.

[37] ئەگەر ئىسرائىللار زېمىنىدا ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ۋابا تارقالسا، زىرائەتلەر قۇرۇپ ياكى سېسىپ كەتسە، قۇرت چۈشۈپ، چېكەتكە يامراپ كەتسە، ياكى دۈشمەنلەر شەھەرلەرنى قورشىۋالسا، يەنى مەيلى ئىسرائىللار قانداق كېسەل ياكى ئاپەتكە دۇچار بولسا، [38] ئۇلار بۇ ئازابلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ ئىبادەتخانىغا يۈزلىنىپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىلتىجا قىلسا، [39] سەن ئەرشتىكى دەرگاھىڭدا تۇرۇپ ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەيسەن ۋە ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىگە ۋە تۇتقان يولىغا يارىشا مۇئامىلە قىلغايسەن. چۈنكى سەنلا ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى بىلىسەن. [40] شۇندىلا ئۇلار سەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئاتا قىلغان زېمىنىدا ئۆمۈر بويى ساڭا ئىخلاس قىلىدۇ.

[41-42] ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىللاردىن بولمىغان يات خەلقلەرمۇ ئۇلۇغ نامىڭنى ۋە ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك قولۇڭ ياراتقان مۆجىزىلەرنى ئاڭلاپ، يىراق يۇرتلاردىن بۇ ئىبادەتخانىغا كېلىپ دۇئا قىلسا، [43] سەن ئەرشتىكى دەرگاھىڭدا تۇرۇپ ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان بارلىق دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغايسەن. يەر يۈزىدىكى بارلىق خەلقلەرنى ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىللارغا ئوخشاش نامىڭغا ھۆرمەت قىلىدىغان،

ساڭا ئىخلاس قىلىدىغان ۋە مەن سالغان بۇ ئىبادەتخانىنىڭ سېنىڭ نامىڭغا بېغىشلانغانلىقىنى بىلىدىغان قىلغايسەن.

[44] ئەگەر سەن ئۆز خەلقىڭنى دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىشقا نەگىلا ئەۋەتسەڭ، ئۇلار شۇ يەردىن سەن تاللىغان بۇ شەھەرگە ۋە مەن سېنىڭ نامىڭغا ئاتاپ سالغان بۇ ئىبادەتخانىغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلسا، [45] سەن ئەرشتە ئۇلارنىڭ دۇئاسى ۋە ئىلتىجالىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ياردەم قىلغايسەن.

[46] ئۇلار ساڭا قارشى گۇناھ قىلغانلىقى سەۋەبىدىن (گۇناھ قىلمايدىغان ئىنسان يوق) غەزىپىڭگە ئۇچراپ، دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، دۈشمەنلەر ئۇلارنى مەيلى يىراق، مەيلى يېقىن بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتسە، [47] ئۇلار تۇتقۇن قىلىنىپ ئېلىپ كېتىلگەن يات ئەلدە ھوشىنى تېپىپ توۋا قىلىپ ساڭا: «بىز گۇناھ قىلدۇق، يولدىن ئېزىپ، يامانلىق قىلدۇق» دەپ رەھىم قىلىشىڭنى تىلەپ، [48] ئۆزلىرىنى تۇتقۇن قىلغان دۈشمەنلەرنىڭ يۇرتىدا چىن قەلبى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ساڭا، سەن ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا ئاتا قىلغان زېمىنىغا، يەنى سەن تاللىغان بۇ شەھەر ۋە مەن سېنىڭ نامىڭغا ئاتاپ سالدۇرغان بۇ ئىبادەتخانا تەرەپكە يۈزلىنىپ دۇئا قىلسا، [49] سەن ئەرشتىكى دەرگاھىڭدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسى ۋە ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلغايسەن. [50] ساڭا قارشى گۇناھ ئۆتكۈزگەن ۋە ئىتائەتسىزلىك قىلغان خەلقىڭنى كەچۈرۈپ، ئۇلارنى تۇتقۇن قىلغۇچىلارنىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشتۈرگەيسەن. [51] چۈنكى ئۇلار ساڭا تەۋەدۇر، سېنىڭ ئۆز خەلقىڭدۇر. سەن ئۇلارنى مىسىردىن، يەنى تۆمۈر تاۋلاش ئوچىقىدىن ئۆزۈڭ ئېلىپ چىقتىڭ.

[52] كۆزۈڭنى ئېچىپ، مەن خىزمەتكارىڭ ۋە ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىللارغا نەزەر سالغايسەن، بىزنىڭ ساڭا يالۋۇرۇپ قىلغان ئىلتىجالىرىمىزغا قۇلاق سالغايسەن. [53] ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، چۈنكى سەن ئۆزۈڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىققاندا، خىزمەتكارىڭ مۇسا ئارقىلىق ئۇلارنى يەر يۈزىدىكى خەلقلەر ئىچىدىن ئۆز مۈلكۈڭ قىلىپ تاللىۋالغانلىقىڭنى جاكارلىغانىدىڭ.

## پادىشاھ سۇلايماننىڭ خەلققە بەخت تىلىشى

[54-55] پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانلىق سۇپىسى ئالدىدا تىزلىنىپ، ئىككى قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پەرۋەردىگارغا دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈتۈن ئىسرائىل جامائىتىگە بەخت تىلەپ، يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېدى:
[56] – پەرۋەردىگار قىلغان بارلىق ۋەدىلىرى بويىچە ئۆز خەلقى ئىسرائىللارغا تىنچلىق ۋە ئامانلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! ئۇنىڭ ئۆز خىزمەتكارى مۇسا ئارقىلىق قىلغان گۈزەل ۋەدىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشتى. [57] پەرۋەردىگارىمىز خۇدا خۇددى ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا يار بولغاندەك بىزگىمۇ يار بولغاي، بىزدىن ۋاز كەچمىگەي ھەم بىزنى تاشلىۋەتمىگەي. [58] ئەكسىچە، قەلبىمىزنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، بىزنى ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭدۇرغان، ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا بۇيرۇغان قانۇن، ئەمر ۋە بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلدۇرغان قىلغاي.
[59] مېنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا قىلغان بۇ دۇئالىرىم دائىم پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ ئېسىدە تۇرغاي. ئۇ ھەر كۈنى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىغا ۋە ئۆز خەلقى ئىسرائىللارغا ياردەم بېرىپ، [60] يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەرگە پەرۋەردىگارنىڭ بىردىنبىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەي.
[61] سىلەر پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا جان-دىلىڭلار بىلەن سادىق بولۇڭلار. ئۇنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئەمر-پەرمانلىرىغا بۈگۈنكىدەك رىئايە قىلىڭلار!

## ئىبادەتخانا پەرۋەردىگارغا ئاتالغاندا قىلىنغان قۇربانلىقلار

[62] ئاندىن كېيىن پادىشاھ ۋە بارلىق ئىسرائىللار پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشتى. [63] پادىشاھ سۇلايماننىڭ پەرۋەردىگارغا ئاتاپ 22 مىڭ كالا، 120 مىڭ قوي ئامانلىق قۇربانلىقى قىلدى. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ۋە پۈتكۈل ئىسرائىللار ئىبادەتخانىنى پەرۋەردىگارغا

بېغىشلىدى. [64] شۇ كۈنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى ئالدىدىكى تۇچ بىلەن قاپلانغان قۇربانلىق سۇپىسىغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە ئامانلىق قۇربانلىقلىرىنىڭ يېغى پاتماي قالدى. شۇڭا پادىشاھ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرنى مۇقەددەس يەر قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇلارنى شۇ يەردە كۆيدۈردى.

[65] شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھ سۇلايمان شىمالدىكى لىبو-خامات شەھىرىدىن جەنۇبتىكى مىسىر چېگراسىغا جايلاشقان دەرياغىچە بولغان ئارىلىقتىن كېلىپ توپلانغان پۈتكۈل ئىسرائىللار بىلەن بىرلىكتە پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ ئالدىدا زور جامائەت بولۇپ توپلىنىپ، ئىككى كەررە يەتتە كۈن، يەنى ئون تۆت كۈن كەيپە تىكىش ھېيتى ئۆتكۈزدى. [66] ئون بەشىنچى كۈنى پادىشاھ جامائەتنى ئۆيلىرىگە قايتۇردى. جامائەت پادىشاھ ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، شاد-خۇراملىق ئىچىدە ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى داۋۇتقا ۋە ئۆز خەلقى ئىسرائىللارغا كۆرسەتكەن بارلىق شاپائىتىدىن تولىمۇ سۆيۈندى ۋە خۇرسەن بولدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ سۇلايمانغا يەنە بىر قېتىم زاھىر بولۇشى

9 [1] پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى، ئۆزىنىڭ ئوردىسىنى ۋە ئۆزى سېلىشنى ئارمان قىلىپ كەلگەن ھەممە قۇرۇلۇشلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، [2] ئۇنىڭغا پەرۋەردىگار خۇددى گىبئوندا زاھىر بولغاندەك يەنە زاھىر بولدى. [3] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- سېنىڭ قىلغان دۇئا ۋە ئىلتىجايىڭنى ئاڭلىدىم. سەن سالغان بۇ ئىبادەتخانىنى خەلقىنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مۇقەددەس قىلدىم. كۆزۈم ۋە قەلبىم ھەمىشە مۇشۇ يەردە بولىدۇ. [4] ئەگەر سەن ئاتاڭ داۋۇتقا ئوخشاش ئالدىمدا ساداقەتمەنلىك ۋە ئادىللىق بىلەن ئىش قىلساڭ، ئەمرلىرىم ۋە قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلساڭ، [5] ئاتاڭ داۋۇتقا: «ئىسرائىلىيە تەختىدە ئولتۇرۇشقا سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭدىن ئادەم

كەم بولمايدۇ» دېگىنىمدەك، سىنىڭ ئىسرائىللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدىغان تەختىڭنى ئەبەدىلئەبەد مۇستەھكەم قىلىمەن. [6] ئەمما سىلەر ياكى سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلار مەندىن يۈز ئۆرۈپ، مەن بۇيرۇغان قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمگە رىئايە قىلماي، باشقا ئىلاھلارنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۇلارغا چوقۇنسا، [7] مەن ئۇلارنى ئۇلارغا ئاتا قىلغان بۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىمەن، ھەتتا ئۆز نامىمغا ئاتاپ مۇقەددەس قىلغان بۇ ئىبادەتخانىنىمۇ نەزىرىمدىن يىراق قىلىمەن. ئۇلار بارلىق ئەللەر ئالدىدا مازاق ۋە كۆلكىگە قالىدۇ. [8] ئىبادەتخانا خارابىلىككە ئايلىنىدۇ. بۇ يەردىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر ھەيران بولۇشۇپ ۋە مەسخىرە قىلىشىپ: «پەرۋەردىگار نېمىشقا بۇ زېمىننى ۋە ئىبادەتخانىنى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. [9] باشقىلار: «چۈنكى ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان پەرۋەردىگار خۇدادىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ئىلاھلارنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۇلارغا چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ بېشىغا بۇ بالايىئاپەتلەرنى ياغدۇرغان» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ.

## سۇلايماننىڭ ھىرامغا يىگىرمە شەھەر ئىنئام قىلىشى

[10] پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوردىسىنى سالدۇرۇشقا 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى. [11] تىر پادىشاھى ھىرام پادىشاھ سۇلايمان خالىغان كېدىر، قارىغاي ياغاچلىرى ۋە ئالتۇنلارنى تەمىنلىگەچكە، پادىشاھ سۇلايمان ئۇنىڭغا جەلىلىيە زېمىنىدىكى يىگىرمە شەھەرنى بەردى. [12] بىراق پادىشاھ ھىرام سۇلايمان بەرگەن شەھەرلەرگە بېرىپ، ئۇلارنى كۆرۈپ، ئانچە ياراتمىدى. [13] ھىرام سۇلايمانغا: «بۇرادەر، ماڭا تەقدىم قىلغان شەھەرلىرىڭ مۇشۇمۇ؟» دېدى ۋە بۇ شەھەرلەر جايلاشقان زېمىنغا «قابۇل» [ئىبرانىي تىلىدىكى «ھېچنېمىگە ئەرزىمەس» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش] دەپ نام بەردى. بۇ زېمىن شۇنىڭدىن بېرى شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. [14] پادىشاھ ھىرام پادىشاھ سۇلايمانغا تۆت توننا ئالتۇن تەقدىم قىلغانىدى.

## سۇلايمان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر

[15] تۆۋەندىكىلەر پادىشاھ سۇلايماننىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئوردىسىنى سالدۇرۇش، يېرۇسالېمدىكى تىندۇرۇلغان يەرنى چىڭداش، سېپىل ھەمدە خازور، مىگىددو ۋە گەزەر شەھەرلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھاشارغا ئادەم ئالغانلىقىنىڭ خاتىرىسىدۇر: [16] (بۇرۇن مىسىر پىرئەۋنى، يەنى پادىشاھى گەزەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، شەھەردىكى كەنئانلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرگە ئوت قويۇۋەتكەن. كېيىن بۇ شەھەرنى پادىشاھ سۇلايمانغا ياتلىق قىلغان قىزىغا سوۋغا قىلىپ بەرگەن. [17] پادىشاھ سۇلايمان گەزەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى ۋە ئاستىن بەيت-خورون، [18] بائالات ۋە چۆلگە جايلاشقان تامارنى مۇستەھكەملىدى، [19] شۇنداقلا ئامبار سېلىش، جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىرىنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن باشقا شەھەرلەرنى قۇردى. ئۇ يېرۇسالېمدا، لىۋان تاغلىرىدا ۋە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھەممە يەرلەردە نېمىنى خالىسا، شۇنى سالدى.)

[20] ئىسرائىل زېمىنىدا ئىسرائىللاردىن بولمىغان ئامورلار، خىتلار، پەرىززىلەر، خىۋلار ۋە يېبۇسلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ياشايتتى. [21] ئىسرائىللار ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەندە، ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتەلمىگەنىدى. سۇلايمان قۇرۇلۇشلارنى باشلىغاندا، ئۇلارنى ھاشارغا تۇتقان بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭدىن بېرى ھاشارچى بولۇپ كەلمەكتە. [22] لېكىن سۇلايمان ئىسرائىللارنى ھاشارغا سالماي، ئۇلارنى ئۆزىگە لەشكەر، خىزمەتكار، ئەمەلدار، لەشكەر بېشى، جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ سەركەردىلىرى ۋە جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ لەشكەرلىرى قىلدى. [23] سۇلايماننىڭ 550 نەپەر ئىش بېشى ئەمەلدارلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئىشلەۋاتقانلارنى نازارەت قىلاتتى.

[24] پىرئەۋننىڭ قىزى «داۋۇت شەھىرى»دىن سۇلايمان ئۆزى ئۈچۈن سالدۇرغان سارايغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ سۇلايمان يېرۇسالېمدىكى تىندۇرۇلغان يەرنى چىڭدىدى.

[25] شۇنداق قىلىپ، ئىبادەتخانا پۈتتى. سۇلايمان پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سالدۇرغان قۇربانلىق سۇپىسىدا ھەر يىلى ئۈچ قېتىم

كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقى قىلاتتى ۋە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئىسرىق سالاتتى.

[26] پادىشاھ سۇلايمان يەنە ئېدومدىكى قىزىل دېڭىز بويىدا، يەنى ئېلاتقا يېقىن ئەزيون-گەبەردە كېمىلەر ياساتتى. [27-28] پادىشاھ ھىرام ئۆزىنىڭ كېمىلىرى ۋە تەجرىبىلىك دېڭىزچىلىرىنى سۇلايماننىڭ ئادەملىرى بىلەن بىرگە ئوفىر زېمىنىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇ يەردىن پادىشاھ سۇلايمانغا 14 توننا ئالتۇن ئېلىپ كەلدى.

## شىبانىڭ ئايال پادىشاھىنىڭ زىيارىتى

10 [1] شىبانىڭ① ئايال پادىشاھى سۇلايمان پادىشاھنىڭ داڭقىنى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا ئاتاپ قىلغان ئىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قىيىن سوئاللار بىلەن سىناپ بېقىش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا زىيارەتكە كەلدى. [2] ئۇ يېرۇسالېمغا نۇرغۇن ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە تۆگىلەرگە ئىنتايىن كۆپ خۇشبۇي ئەشيالار، ئالتۇن ۋە گۆھەرلەرنى ئارتىپ كەلگەنىدى. ئۇ سۇلايماننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن كۆڭلىگە پۈككەن قىيىن سوئاللارنىڭ ھەممىسىنى سورىدى. [3] سۇلايمان ئۇنىڭ سوئاللىرىنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بەردى، جاۋاب بېرىشتە بىرەر قېتىممۇ قىينىلىپ قالمىدى. [4] شىبانىڭ ئايال پادىشاھى سۇلايماننىڭ دانالىقىنى، ئۇ قۇرغان ئوردا-سارايلارنى، [5] شىرەگە تىزىلغان نازۇنېمەتلەرنى، ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆز مەنسەپلىرى بويىچە ئولتۇرۇشلىرىنى، خىزمەتكارلىرىنىڭ كۈتۈشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرىنى، ئوردا ساقىيلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرىنى، شۇنداقلا سۇلايماننىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا سۇنغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىنى كۆرۈپ، ناھايىتى ھەيران قالدى ۋە [6] پادىشاھقا مۇنداق دېدى:

- مەن مەملىكىتىمدە سىلىنىڭ دانالىقلىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىم راست ئىكەن. [7] مەن ئىلگىرى بۇ گەپلەرگە ئانچە ئىشەنمەپتىكەنمەن. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا، ھەممىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئاڭلىغانلىرىمنىڭ كۆرگەنلىرىمنىڭ

---

① 10: 1 شىبا - يەمەندىكى بىر جاي بولۇشى مۇمكىن.

يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دانالىقلىرىنىڭ ۋە بايلىقلىرىنىڭ مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىمدىن زىيادە كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. [8] ئادەملىرىڭىز نەقەدەر بەختلىك-ھە! ئەمەلدارلىرىڭىز ھەمىشە ئالدىلىرىدا تۇرۇپ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىيالايدىكەن، ئۇلار نەقەدەر بەختلىك-ھە! [9] پەرۋەردىگارلىرى خۇداغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! پەرۋەردىگار ئۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ، سىلىنى ئىسرائىلىيە تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا بولغان مۇھەببىتى مەڭگۈلۈك بولغاچقا، ئۇ سىلىنى ئادىل ۋە ھەققانىي ھۆكۈم چىقارسۇن دەپ، پادىشاھ قىلىپ تىكلەپتۇ.

[10] شىبانىڭ ئايال پادىشاھى سۇلايمان پادىشاھقا تۆت تونىنا ئالتۇن، نۇرغۇنلىغان خۇشبۇي ئەشيالار ۋە گۆھەرلەرنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ سۇلايمانغا شىبانىڭ ئايال پادىشاھى تەقدىم قىلغان خۇشبۇي ئەشيالاردەك ئۇنچىۋالا كۆپ خۇشبۇي ئەشيالارنى ھېچكىم تەقدىم قىلىپ باقمىدى.

[11] (بۇنىڭدىن باشقا، سۇلايمانغا ھىرام پادىشاھنىڭ ئوفىردىن ئالتۇن ئېلىپ كېلىدىغان كېمىلىرى ئوفىردىن نۇرغۇن ئېسىل ياغاچ ۋە گۆھەرلەرنى ئېلىپ كەلدى. [12] پادىشاھ سۇلايمان ئاشۇ ئېسىل ياغاچلاردىن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ۋە ئۆز ئوردىسىنىڭ رېشاتكىلىرىنى ھەم نەغمىچىلەر ئۈچۈن لىرا ۋە چىلتارلارنى ياساتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئۇنچىلىك كۆپ ئېسىل ياغاچ ئەكېلىپ باقمىدى ھەم ھېچكىممۇ بۇنچىلىك كۆپ ياغاچلارنى كۆرۈپ باقمىدى.)

[13] پادىشاھ سۇلايمان شىبانىڭ ئايال پادىشاھىغا ناھايىتى كۆپ سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى قاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئايال پادىشاھ خىزمەتكارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆز ئېلىگە قايتىپ كەتتى.

## پادىشاھ سۇلايماننىڭ بايلىقى

[14] پادىشاھ سۇلايمانغا ھەر يىلى 23 تونىنا ئالتۇن كېلىپ تۇراتتى. [15] بۇلاردىن سىرت سودىگەرلەر، تىجارەتچىلەر، ئەرەب پادىشاھلىرى ۋە ئۆلكە باشلىقلىرىدىنمۇ ئالتۇنلارنى تاپشۇرۇپ ئالاتتى. [16] پادىشاھ

سۇلايمان ياغاچتىن ئىككى يۈز دانە چوڭ قالقان ياستىپ، ھەربىرىنى 7 كىلو 200 گىرام ئالتۇن بىلەن قاپلاتتى. [17] ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئالتۇندىن ئۈچ يۈز دانە كىچىك قالقان ياساتتى، ھەربىرى 1 كىلو 800 گىرام كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «لىۋان ئورمىنى سارىيى»غا ئورۇنلاشتۇردى. [18] سۇلايمان يەنە ئۆزىگە چوڭ بىر تەخت ياستىپ، ئۇنى پىل چىشى ۋە ساپ ئالتۇن بىلەن بېزەتتى. [19] تەختكە چىقىدىغان ئالتە پەشتاقلىق پەلەمپەي بار ئىدى. تەختنىڭ يۆلەنچۈكىنىڭ ئۈستى تەرىپى كەينىگە ئەگمە قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە بىردىن قول قويغۇچ بار ئىدى. قول قويغۇچنىڭ يېنىدا بىردىن ئۆرە تۇرغان شىرنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. [20] پەلەمپەينىڭ ھەربىر پەشتىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن، جەمئىي 12 شىرنىڭ ھەيكىلى بار بولۇپ، باشقا ھېچقانداق پادىشاھلىقنىڭ تەختى بۇنداق ھەيۋەتلىك بېزەلگەن ئەمەس ئىدى.

[21] پادىشاھ سۇلايماننىڭ ئىچىملىك ئىچىدىغان قاچىلىرى ۋە «لىۋان ئورمىنى سارىيى»دىكى بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى ساپ ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، كۈمۈش ئىشلىتىلمىگەنىدى. چۈنكى سۇلايماننىڭ دەۋرىدە كۈمۈش ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. [22] پادىشاھ سۇلايماننىڭ دېڭىزدا قاتنايدىغان كاتتا كېمىلىرى پادىشاھ ھىرامنىڭ كېمىلىرى بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە چىقىپ، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئالتۇن-كۈمۈش، پىل چىشى، ئىت باش مايمۇن ۋە باشقا مايمۇنلارنى ئېلىپ كېلەتتى. [23] پادىشاھ سۇلايماننىڭ بايلىقى ۋە دانالىقى دۇنيادىكى باشقا بارلىق پادىشاھلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. [24] دۇنيادىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى: «سۇلايماننى كۆرسەك، خۇدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە سالغان ھېكمەتلەرنى ئاڭلىساق» دەپ ئارزۇ قىلاتتى. [25] ھەر يىلى كەلگەنلەر ھەر خىل تارتۇقلارنى، يەنى ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلار، تون-سەرپايلار، قورال-ياراغلار، خۇشبۇي ئەشيالار، ئات ۋە قېچىر قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى.

[26] پادىشاھ سۇلايمان ئات ۋە جەڭ ھارۋىلىرى توپلىدى. ئۇنىڭ توپلىغان جەڭ ھارۋىلىرى 1400، ئاتلىرى 12 مىڭ ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى جەڭ ھارۋىلىرى تۇرىدىغان شەھەرلەرگە ۋە

يەنە بىر قىسمىنى ئۆزى تۇرىدىغان يېرۇسالېمغا ئورۇنلاشتۇردى.
[15] پادىشاھ سۇلايماننىڭ زامانىدا يېرۇسالېمدا كۈمۈش ۋە ئالتۇن
خۇددى تاشتەك، كېدىر ياغىچى خۇددى غەربىي ئېدىرلىقتىكى ياۋا
ئەنجۈر دەرەخلىرىدەك كۆپ بولدى. ئۇ ئۇلارنى جەڭ ھارۋىلىرى
تۇرىدىغان شەھەرلەرگە ۋە ئۆزى تۇرىدىغان يېرۇسالېمغا
جايلاشتۇردى. [27] پادىشاھ سۇلايماننىڭ زامانىدا يېرۇسالېمدا كۈمۈش
خۇددى تاشتەك، كېدىر ياغىچى خۇددى غەربىي ئېدىرلىقتىكى
ياۋا ئەنجۈر دەرەخلىرىدەك كۆپ بولدى. [28] پادىشاھ سۇلايماننىڭ
ئاتلىرى مىسىردىن ۋە كىلىكىيەدىن كەلتۈرۈلەتتى. پادىشاھنىڭ
سودىگەرلىرى ئاتلارنى كىلىكىيەدىن مۇقىم باھادا سېتىۋالاتتى.
[29] مىسىردىن كەلتۈرۈلگەن جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ باھاسى
7 كىلو 200 گىرام كۈمۈش، ئاتنىڭ ھەربىرىنىڭ باھاسى 1 كىلو 800
گىرام كۈمۈش ئىدى. پادىشاھ سۇلايماننىڭ سودىگەرلىرى ئۇلارنى
ختلار ۋە ئارراملارنىڭ پادىشاھلىرىغا سېتىشاتتى.

## سۇلايماننىڭ پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈشى

11 [1] پادىشاھ سۇلايمان پىرئەۋننىڭ قىزىدىن باشقا يەنە
نۇرغۇن يات ئەللەرنىڭ قىزلىرىغا، يەنى موئابلىق،
ئاممونلۇق، ئېدوملۇق، سىدونلۇق ۋە ختلىق قىزلارغا ئاشىق
بولدى. [2] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنى بۇ يات ئەللەرنىڭ ئادەملىرى
توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇپ: «سىلەر ئۇ ئەللەرنىڭ ئادەملىرىگە قىز
بەرمەڭلار ھەمدە ئۇلاردىن قىز ئالماڭلار، بولمىسا ئۇلار جەزمەن
قەلبىڭلارنى مايىل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇپ
كېتىدۇ» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن سۇلايمان دەل ئەنە شۇ يات
ئەللەرنىڭ قىزلىرىغا ئاشىق بولدى. [3] پادىشاھ سۇلايماننىڭ 700
ئايالى، 300 توقلى بار ئىدى. بۇ ئاياللار سۇلايماننىڭ قەلبىنى
پەرۋەردىگاردىن يىراقلاشتۇردى. [4] سۇلايماننىڭ قېرىشىغا ئەگىشىپ،
ئاياللىرى ئۇنى باشقا ئىلاھلارغا ئېتىقاد قىلدۇرۇپ كەتتى. ئاتىسى
داۋۇت پەرۋەردىگار خۇداغا جان-دىلى بىلەن سادىق بولغانىدى،
ئەمما ئۇ ئاتىسىدەك سادىق بولمىدى. [5] سۇلايمان سىدونلۇقلارنىڭ
ئىلاھەسى ئاشتورەت ۋە ئاممونلارنىڭ يىرگىنچلىك ئىلاھى مولەككە

چوقۇنۇپ، [6] پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. پەرۋەردىگارغا ئاتىسى داۋۇت ئەگەشكەندەك پۈتۈن قەلبى بىلەن ئەگەشمىدى. [7] سۇلايمان موئابلارنىڭ يىرگىنچلىك ئىلاھى كىموش بىلەن ئاممونلارنىڭ يىرگىنچلىك ئىلاھى مولەككە ئاتاپ، يېرۇسالېمنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تاغدا بىر سەجدىگاھ سالدۇردى. [8] ئۇ يات ئەللەردىن ئالغان ھەممە ئاياللىرىنىڭ ئۆز ئىلاھلىرىغا ئىسرىق سېلىپ، قۇربانلىق قىلىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغىمۇ سەجدىگاھلارنى سالدۇرۇپ بەردى.

## پەرۋەردىگارنىڭ سۇلايمانغا غەزەپلىنىشى

[9] سۇلايمان ئۆزىگە ئىككى قېتىم زاھىر بولغان، ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدادىن يۈز ئۆرۈگەچكە، پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا غەزىپى كەلدى. [10] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا «باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنما» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىدى. [11] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار سۇلايمانغا مۇنداق دېدى:

ـ سەن بىلەن تۈزگەن ئەھدەمگە ۋە ساڭا بۇيرۇغان ئەمر-پەرمانلىرىمغا رىئايە قىلمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنىڭ پادىشاھلىقىڭنى جەزمەن تارتىۋالىمەن ۋە ئۇنى بىر خىزمەتكارىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. [12] لېكىن ئاتاڭ داۋۇتنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، بۇ ئىشنى سەن ھايات چاغدا قىلمايمەن. پادىشاھلىقىڭنى سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ قولىدىن تارتىۋالىمەن. [13] ئەمما مەن تاللىغان يېرۇسالېم ۋە خىزمەتكارىم داۋۇتنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، پادىشاھلىقنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى تارتىۋالماستىن، ئوغلۇڭغا بىر قەبىلىنىڭ زېمىنىنى قالدۇرىمەن.

[14] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار سۇلايمانغا قارشى چىقىدىغان بىرەيلەننى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇ ئېدوم پادىشاھىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ھاداد ئىدى. [15] ئىلگىرى پادىشاھ داۋۇت ئېدومنى مەغلۇپ قىلغاندا، قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى يوئاب جەڭدە قۇربان بولغان ئىسرائىللارنى دەپنە قىلغىلى بېرىپ، ئېدومدىكى بارلىق ئەركەكلەرنى قىرىپ تاشلىغانىدى. [16] يوئاب ۋە ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرى ئۇ يەردە تاكى ئېدومدىكى بارلىق ئەركەكلەرنى قىرىپ تۈگەتكۈچە ئالتە ئاي تۇرغانىدى. [17] بىراق ھاداد ئاتىسىنىڭ بىرقانچە ئېدوملۇق

خىزمەتكارى بىلەن مىسىرغا قېچىپ بېرىۋالغان بولۇپ، ئۇ چاغدا ئۇ تېخى كىچىك بالا ئىدى. [18] ئۇلار مىسىرغا بېرىش ئۈچۈن مىديان رايونىدىن ئۆتۈپ، پاران چۆلىگە كەلگەندە، ئۇ يەردىن يەنە بىرقانچە ئادەم ئېلىۋېلىشقانىدى. ئۇلار مىسىرغا يېتىپ كەلگەندە، پىرئەۋن بىلەن كۆرۈشكەنىدى. پىرئەۋن قول ئاستىدىكىلەرگە ئۇلارغا ئۆي، ئوزۇقلۇق بېرىشنى بۇيرۇغان ۋە بىر پارچە يەرنى ئىنئام قىلىپ بەرگەنىدى.

[19] ھاداد پىرئەۋننىڭ ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنىدى. پىرئەۋن ھەتتا ئۆزىنىڭ قېيىنسىڭلىسى، يەنى خانىش تاخپىنېسنىڭ سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا بەرگەنىدى. [20] ئۇ تاخپىنېسنىڭ سىڭلىسىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭغا گىنۇبات دەپ ئات قويغانىدى. تاخپىنېس بالىنى پىرئەۋننىڭ ئوردىسىدا چوڭ قىلغانىدى. گىنۇبات پىرئەۋننىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە ئوردىدا تۇراتتى.

[21] ھاداد مىسىردا تۇرۇپ، پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئىسرائىلىيە قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى يوئابنىڭمۇ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، پىرئەۋندىن:

- ئۆز ئېلىمگە قايتىشىمغا ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەن، - دەپ ئۆتۈندى. [22] پىرئەۋن ئۇنىڭغا:

- «ئۆز ئېلىمگە قايتىشىمغا ئىجازەت بەرسىلە» دەيسەن، بۇ يەردە بىرەر نەرسەڭ كەم بولۇپ قالدىمۇ؟ - دېدى. ئۇ:

- كەم بولۇپ قالغان بىرەر نەرسە يوق، قانداقلا بولمىسۇن ئۆز ئېلىمگە قايتىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا، - دەپ تۇرۇۋالدى.

[23] خۇدا ئەلىيادانىڭ ئوغلى رىزوننىمۇ پادىشاھ سۇلايمانغا دۈشمەن قىلىپ قويغانىدى. ئۇ خوجايىنى زوباھنىڭ پادىشاھى ھادادئەزەرنىڭ دەستىدىن قېچىپ كەتكەنىدى. [24] پادىشاھ داۋۇت زوباھلىقلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، رىزون بىر تۈركۈم قاراقچىلارنى توپلاپ، ئۆزى ئۇلارغا ئاتامان بولدى. كېيىن ئۇ دەمەشققە بېرىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. [25] ئۇ پۈتكۈل ئارامىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇ ھادادقا ئوخشاش يامان ئىشلارنى قىلىپ، ئىسرائىللارغا ئۆچمەنلىك قىلاتتى. رىزون سۇلايمان پادىشاھ ھايات چېغىدا ئىزچىل تۈردە ئىسرائىلىيەگە قارشى چىقىپ كەلدى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىنىڭ بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى بېشارەت

[26] پادىشاھ سۇلايماننىڭ خىزمەتكارى، يەنى نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئاممۇ پادىشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ ئەفرايىم قەبىلىسىدىن بولۇپ، زېرېدا شەھىرىدىن ئىدى. ئانىسىنىڭ ئىسمى زېرۇئا بولۇپ، بىر تۇل ئايال ئىدى. [27] ئۇ سۇلايمانغا قارشى چىقىشتىن بۇرۇن مۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەنىدى: سۇلايمان تىندۇرۇلغان يەرنى چىڭداپ، ئاتىسى داۋۇتنىڭ نامىغا ئاتالغان «داۋۇت شەھىرى»نىڭ سېپىللىرىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشاۋاتاتتى. [28] ياروبئام ئىنتايىن ئىقتىدارلىق يىگىت ئىدى. سۇلايمان ئۇنىڭ ناھايىتى تىرىشچان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى، يەنى ئەفرايىم ۋە ماناسسە قەبىلىسىگە تەۋە بولغان بارلىق ھاشارچىلارنى باشقۇرۇشقا قويدى.

[29] بىر كۈنى ياروبئام يېرۇسالېمدىن چىققاندا، شىلولۇق ئاخىيا پەيغەمبەر يولدا ئۇنىڭغا يولۇقتى. ئاخىيا يېڭى تون كىيگەن بولۇپ، دالادا شۇ ئىككىيلەنلا بار ئىدى. [30] ئاخىيا ئۈستىدىكى يېڭى توننى سېلىپ، يىرتىپ، ئون ئىككى پارچە قىلىپ، [31] ياروبئامغا مۇنداق دېدى:

- سەن بۇلاردىن ئون پارچىنى ئال! ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدا ساڭا مۇنداق دەيدۇ: «بىلىپ قويغىنكى، مەن سۇلايماننىڭ پادىشاھلىقىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئون قەبىلىنىڭ زېمىنىنى ساڭا بېرىمەن. [32] لېكىن خىزمەتكارىم داۋۇتنىڭ ۋە ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە تەۋە شەھەرلەردىن تاللىغان يېرۇسالېمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر قەبىلىنىڭ زېمىنىنى قالدۇرىمەن. [33] سۇلايمان مەندىن ۋاز كېچىپ، سىدونلۇقلارنىڭ ئىلاھەسى ئاشتورەت، موئابلارنىڭ ئىلاھى كىموش ۋە ئاممونلارنىڭ ئىلاھى مولەككە چوقۇنۇپ، مېنىڭ يولۇمنى تۇتمىدى. ئۇ نەزىرىمدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلماي، ئەمر-پەرمانلىرىم ۋە قائىدە-تۈزۈملىرىمگە ئاتىسى داۋۇت رىئايە قىلغاندەك رىئايە قىلمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالىمەن. [34] لېكىن

پۈتكۈل پادىشاھلىقنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالمايمەن. مەن تاللىغان خىزمەتكارىم داۋۇت مېنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىمغا رىئايە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پادىشاھ بولۇپ ياشايدۇ. [35] مەن پادىشاھلىقنى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئون قەبىلىنى ساڭا تەقدىم قىلىمەن. [36] لېكىن مەن سۇلايماننىڭ ئوغلىغا بىر قەبىلىنىڭ زېمىنىنى قالدۇرۇپ، ماڭا ئىبادەت قىلىشقا تاللىغان شەھەر يېرۇسالېمدا خىزمەتكارىم داۋۇتنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويمايمەن. [37] مەن سېنى ئۆزۈڭ ئارزۇ قىلغاندەك، ئىسرائىلىيەگە ھۆكۈمران قىلىشقا ۋە پادىشاھ بولۇشقا تاللىدىم. [38] ئەگەر سەن ئەمرلىرىمنىڭ ھەممىسىگە بويسۇنۇپ، يولۇمنى تۇتۇپ، مېنىڭ نەزىرىمدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ئەمر-پەرمانلىرىمغا خىزمەتكارىم داۋۇتتەك رىئايە قىلساڭ، مەن ساڭا يار بولۇپ، داۋۇتقا قۇرۇپ بەرگىنىمگە ئوخشاش ساڭىمۇ مۇستەھكەم بىر خانىدانلىق قۇرۇپ بېرىمەن ھەمدە ئىسرائىلىيەنى ساڭا تەقدىم قىلىمەن. [39] سۇلايماننىڭ بۇتپەرەسلىكى تۈپەيلىدىن داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرىنى مۈشكۈللۈكتە قالدۇرىمەن، بىراق بۇ مەڭگۈلۈك بولمايدۇ.»

[40] شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ سۇلايمان ياروبئامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. لېكىن ياروبئام پىرئەۋن شىشاقنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، تاكى پادىشاھ سۇلايمان ۋاپات بولغانغا قەدەر مىسىردا تۇردى.

[41] پادىشاھ سۇلايماننىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان پائالىيەتلىرى ۋە دانالىقى «پادىشاھ سۇلايماننىڭ تەزكىرىسى»گە پۈتۈلگەندۇر. [42] سۇلايمان يېرۇسالېمدا پۈتۈن ئىسرائىلىيەگە 40 يىل پادىشاھ بولدى. [43] سۇلايمان ۋاپات بولۇپ، ئاتىسى داۋۇتنىڭ نامىدا ئاتالغان «داۋۇت شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى. ئوغلى رىخوبئام تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## شىمالىي قەبىلىلەرنىڭ ئۆكتە قوپۇشى

12 [1] بارلىق ئىسرائىل خەلقى رىخوبئامنى پادىشاھ قىلىش ئۈچۈن شەكەم شەھىرىگە يىغىلدى. رىخوبئاممۇ ئۇ

يەرگە كەلدى. [2] نىباتنىڭ مىسىردا تۇرۇۋاتقان ئوغلى ياروبئام بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، مىسىردىن ئىسرائىلىيەگە قايتىپ كەلدى. ئۇ پادىشاھ سۇلايماننىڭ ۋاقتىدا سۇلايماندىن قېچىپ، مىسىرغا كەتكەنىدى. [3] شىمالدىكى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئاقساقاللىرى ياروبئامنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە رەھوبئامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار رەھوبئامغا:

[4] ـ ئاتىلىرى سۇلايمان يەلكىمىزگە ئېغىر يۈكلەرنى ئارتقانىدى. ئەمدى بىز سىلىدىن ئاتىلىرى يەلكىمىزگە ئارتقان بۇ ئېغىر يۈكلەرنى ئېلىۋېتىپ، ھاياتىمىزنى يېنىكلىتىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز. شۇنداق قىلسىلا، سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولىمىز، ـ دېيىشتى. [5] رەھوبئام:

ـ سىلەر ھازىرچە قايتىپ كېتىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىڭلار، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتىپ كېتىشتى.

[6] پادىشاھ رەھوبئام ئاتىسى سۇلايمان ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلغان مويسىپىتلاردىن مەسلىھەت سوراپ:

ـ بۇ كىشىلەرگە قانداق جاۋاب بېرەي، ـ دېدى. [7] مويسىپىتلار:

ـ ئەگەر سىلى بۈگۈن بۇ خەلقىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئۇلارغا ياخشى سۆزلەرنى قىلسىلا، ئۇلار مەڭگۈ سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى.

[8] لېكىن رەھوبئام مويسىپىتلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماي، ئۆزى بىلەن بىرگە چوڭ بولغان ۋە ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان ياشلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلاردىن:

[9] ـ كىشىلەر ماڭا: «ئاتىلىرى يەلكىمىزگە ئارتقان ئېغىر يۈكلەرنى يېنىكلىتىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز» دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلارغا قانداق جاۋاب بەرسەك بولار، سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلار قانداق؟ ـ دەپ سورىدى.

[10] رەھوبئام بىلەن بىرگە چوڭ بولغان ياشلار:

ـ بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىگە: «ئاتىلىرى يەلكىمىزدىكى يۈكلەرنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەنىدى، لېكىن سىلىنىڭ ئۇنى يېنىكلىتىپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز» دەپتۇ. ئەمدى سىلى ئۇلارغا: «مېنىڭ چىمچىلىقىم ئاتامنىڭ بېلىدىنمۇ توم! [11] ئاتام سىلەرگە ئېغىر يۈك ئارتقان بولسا، مەن ئۇنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىمەن. ئاتام

سىلەرنى قامچا بىلەن ئۇرغان بولسا، مەن سىلەرنى چايانلارغا چاقتۇرىمەن» دېسىلە، - دەپ جاۋاب بېرىشتى.

[12] ياروبئام ۋە خەلق پادىشاھ رىخوبئامنىڭ «ئۈچىنچى كۈنى كېلىڭلار» دېگەن سۆزى بويىچە، ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. [13] پادىشاھ رىخوبئام كۆپچىلىككە كەسكىن جاۋاب بەردى. ئۇ مويسىپىتلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئەمەس، [14] بەلكى ياشلارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە ئۇلارغا:

- ئاتام سىلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىڭلارنى ئېغىرلاتقان بولسا، مەن ئۇنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىمەن. ئاتام سىلەرنى قامچا بىلەن ئۇرغان بولسا، مەن سىلەرنى چايانلارغا چاقتۇرىمەن! - دېدى.

[15] پادىشاھ رىخوبئام خەلقنىڭ ئۆتۈنۈشىگە قۇلاق سالمىدى. شۇنداق قىلىپ، پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ شىلولۇق ئاخىيا ئارقىلىق نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامغا ئېيتقان سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يول ھازىرلىدى.

[16] شىمالىي قەبىلىلەردىن كەلگەن ئىسرائىللار پادىشاھ رىخوبئامنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

- يىشاينىڭ ئوغلى داۋۇتنىڭ بىزگە ئۆتكۈزۈپ قويغىنى يوق، ھەم بىزنىڭ ئۇنىڭدا ھەررىمىزمۇ يوق. ھەي ئىسرائىللار، ئۆيلىرىمىزگە قايتايلى! ئەي داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۆز خاندانلىقىڭلارغا ئۆزۈڭلار ئىگە بولۇڭلار! - دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە قايتىشتى. [17] ئەمما رىخوبئام يەھۇدا شەھەرلىرىدە ياشاۋاتقان شىمالدىن كەلگەن ئىسرائىللارغا يەنىلا پادىشاھ بولۇپ قېلىۋەردى.

[18] پادىشاھ رىخوبئام ھاشارچىلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئادورامنى ئىسرائىللارنىڭ شىمالدىكى قەبىلىلىرىگە ئەۋەتتى، ئۇلار ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. پادىشاھ رىخوبئام ئالدىراپ-تېنەپ ھارۋىسىغا چىقىپ، يېرۇسالېمغا قېچىپ كېلىۋالدى. [19] شۇنىڭدىن بېرى شىمالدىكى ئىسرائىللار داۋۇت خاندانلىقى بىلەن قارشىلىشىپ كەلمەكتە.

[20] شىمالدىكى ئىسرائىللار ياروبئامنىڭ مىسىردىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى كېڭەشكە

چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۇنى ئۆزلىرىگە، يەنى شىمالدىكى ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ قىلىپ تىكلەشتى. پەقەت يەھۇدا قەبىلىسىلا داۋۇت خانىدانلىقىغا سادىق بولۇپ قالدى.

[21] رىخوبئام يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىمالدىكى ئىسرائىللار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرىدىن 180 مىڭ سەرخىل لەشكەرنى توپلىدى. [22] بىراق خۇدا شېمايا پەيغەمبەرگە مۇنداق دېدى:

[23] ــ سەن بېرىپ، سۇلايماننىڭ ئوغلى، يەنى يەھۇدىيە پادىشاھى رىخوبئامغا، پۈتۈن يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرىگە ھەم باشقىلارغا: [24] «پەرۋەردىگار: ‹سىلەر قېرىنداشلىرىڭلار بولغان ئىسرائىللار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار. ھەممىڭلار ئۆيۈڭلارغا قايتىڭلار! چۈنكى بۇ ئىشنى مەن قىلدىم› دەيدۇ» دېگىن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىپ، شېمايا پەيغەمبەرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى.

## ياروبئامنىڭ ئىسرائىللارنى بۇتپەرەسلىككە باشلىشى

[25] پادىشاھ ياروبئام ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىكى شەكەم شەھىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ، شۇ يەردە تۇرىدىغان بولدى. كېيىن ئۇ پېنۇئېل شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ شەھەرنىمۇ مۇستەھكەملىدى. [26-27] پادىشاھ ياروبئام ئىچىدە: «ئەگەر بۇ خەلق قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق يېرۇسالېمدىكى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بېرىۋېرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى كونا ھۆكۈمرانى يەھۇدىيە پادىشاھى رىخوبئامغا مايىل بولۇپ كېتىشى ۋە مېنى ئۆلتۈرۈپ، قايتىدىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ پادىشاھلىق يەنە داۋۇت ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىدى. [28] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ياروبئام مەسلىھەتچىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئالتۇندىن ئىككى موزاينىڭ بۇتىنى ياساتتىپ، خەلققە:

ــ ئەي ئىسرائىللار، سىلەرنىڭ يېرۇسالېمغا بېرىشىڭلار ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىكتۇر. قاراڭلار، مانا بۇلار سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان ئىلاھىڭلاردۇر! ــ دېدى.

[29] ئۇ موزاي بۇتنىڭ بىرىنى بەيتەل شەھرىگە، يەنە بىرىنى دان شەھرىگە قويغۇزدى. [30] بۇ ئىش ئىسرائىللارنى گۇناھقا باشلىدى. ئۇلار ھەتتاكى يىراقتىكى دانغا بىرىپ، موزايغا چوقۇنىدىغان بولدى. [31] پادىشاھ ياروبئام بۇتخانىلارنى سېلىپ، لاۋىينىڭ ئەۋلادىدىن بولمىغان خەلقتىن كىم كەلسە، شۇنى روھانىيلىققا تەيىنلىدى.

## بەيتەلدىكى بۇتپەرەسلىكنىڭ ئەيىبلىنىشى

[32] پادىشاھ ياروبئام يەنە 8-ئاينىڭ 15-كۈنىنى① يەھۇدىيەنىڭ ھېيتىغا ئوخشاش ھېيت قىلىپ بەلگىلەپ، شۇ كۈنى بەيتەلدىكى قۇربانلىق سۇپىسىغا بېرىپ، ئۆزى ياساتقان ئالتۇن موزايلارغا قۇربانلىقلارنى سۇندى. بەيتەلدە ئۆزى سالدۇرغان بۇتخانىلارغا روھانىيلارنى تەيىنلىدى. [33] 8-ئاينىڭ 15-كۈنى، يەنى ئۆز مەيلىچە ئىسرائىللارنىڭ ھېيتى قىلىپ بەلگىلىگەن كۈنى بەيتەلدە ئۆزى سالدۇرغان قۇربانلىق سۇپىسىدا ئىسرىق سالدى.

13 [1] پادىشاھ ياروبئام بەيتەلدىكى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئىسرىق سېلىۋاتقاندا، يەھۇدىيەدىن بىر پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن يېتىپ كەلدى. [2] پەيغەمبەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە قۇربانلىق سۇپىسىغا قاراپ تۇرۇپ، ۋارقىراپ مۇنداق دېدى:

- ئەي قۇربانلىق سۇپىسى، قۇربانلىق سۇپىسى! پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «بىلىپ قويغىنكى، داۋۇتنىڭ نەسلىدىن يوشىيا ئاتلىق بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇ ھازىر سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئىسرىق سېلىۋاتقان بۇتپەرەس روھانىيلارنى قۇربانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى سېنىڭ ئۈستۈڭدە كۆيدۈرىدۇ.»

[3] (شۇ كۈنى ئۇ پەيغەمبەر بىر بېشارەت بېرىپ، مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگار شۇنداق بېشارەت بېرىدۇكى، بۇ قۇربانلىق سۇپىسى يېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مايلاشقان كۈللەرمۇ يەرگە چېچىلىپ كېتىدۇ.»)

① 12: 32 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 10-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 18-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

[4] پادىشاھ ياروبئام پەيغەمبەرنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىغا قاراپ تۇرۇپ، ۋارقىراپ قىلغان سۆزىنى ئاڭلاپلا، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، قولىنى شىلتىپ، «تۇتۇۋېلىڭلار ئۇنى!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭغا قارىتىپ شىلتىغان قولى قېتىپ قېلىپ، يىغىۋالالماي قالدى. [5] (دەرۋەقە، كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەر ئارقىلىق بەرگەن بېشارىتى ئەمەلگە ئاشتى. قۇربانلىق سۇپىسى يېرىلىپ، ئۈستىدىكى مايلاشقان كۈللەر چېچىلىپ كەتتى.)

[6] پادىشاھ پەيغەمبەرگە:

ـ مەن ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭ خۇداغا دۇئا قىلىپ، قولۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇشنى تىلىسەڭ، ـ دەپ يالۋۇردى.

پەيغەمبەر پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلغانىدى، پادىشاھنىڭ قولى ئەسلىگە كەلدى. [7] پادىشاھ پەيغەمبەرگە:

ـ مەن بىلەن بارگاھىمغا بېرىپ، غىزالانغىن، مەن ساڭا ئىنئام بېرىمەن، ـ دېدى. [8] پەيغەمبەر پادىشاھقا:

ـ ماڭا بايلىقلىرىڭنىڭ يېرىمىنى بەرسىلىمۇ، سىلى بىلەن بارگاھلىرىغا بارمايمەن، غىزامۇ يېمەيمەن، ئۇسسۇلۇقمۇ ئىچمەيمەن. [9] چۈنكى پەرۋەردىگار ماڭا: «سەن غىزا يېسەڭ ۋە ئۇسسۇلۇق ئىچسەڭ بولمايدۇ، ئەسلى كەلگەن يولۇڭ بىلەن قايتساڭمۇ بولمايدۇ» دەپ بۇيرۇغان، ـ دېدى.

[10] شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر بەيتەلگە كەلگەن يولى بىلەن ئەمەس، باشقا يول بىلەن قايتتى.

## بەيتەللىك ياشانغان پەيغەمبەر

[11] بەيتەلدە تۇرىدىغان ياشانغان بىر پەيغەمبەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كېلىپ، ئۇنىڭغا يەھۇدىيەدىن كەلگەن پەيغەمبەرنىڭ ئاشۇ كۈنى بەيتەلدە قىلغان ھەممە ئىشىنى سۆزلەپ بەردى. پادىشاھقا ئېيتقان سۆزلىرىنىمۇ دەپ بەردى. [12] ئاتىسى ئۇلاردىن: «ئۇ پەيغەمبەر قايسى يول بىلەن قايتتى؟» دەپ سورىدى. ئوغۇللىرى يەھۇدىيەدىن كەلگەن پەيغەمبەرنىڭ ماڭغان يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. [13] ئۇ ئوغۇللىرىغا:

ـ ئېشەكنى توقۇڭلار! ـ دېدى.

ئوغۇللىرى ئېشەكنى توقۇپ تەييارلىدى. ئۇ ئېشەكنى مىنىپ،
[14] ھېلىقى پەيغەمبەرنى قوغلاپ ماڭدى. ئۇ ئۇنىڭ بىر پىستە
دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى-دە، ئۇنىڭدىن:
- ئۆزلىرى يەھۇدىيەدىن كەلگەن پەيغەمبەر بولامدىلا؟ - دەپ
سورىدى. ئۇ:
- شۇنداق! - دەپ جاۋاب بەردى. [15] ياشانغان پەيغەمبەر:
- ئەمىسە مەن بىلەن يۇرسىلە، ئۆيگە بېرىپ، غىزا يېسىلە، -
دېدى. [16] يەھۇدىيەدىن كەلگەن پەيغەمبەر:
- مەن ئارقامغا قايتىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئۆيلىرىگە
بارالمايمەن، مۇشۇ يەردىمۇ سىلى بىلەن بىرگە غىزالىنالمايمەن، ھەم
ئۇسسۇلۇق ئىچەلمەيمەن. [17] چۈنكى ماڭا پەرۋەردىگار: «سېنىڭ ئۇ
يەردە غىزا يېيىشىڭگە ۋە ئۇسسۇلۇق ئىچىشىڭگە، ئەسلى كەلگەن
يولۇڭ بىلەن قايتىشىڭغا بولمايدۇ» دەپ بۇيرۇغاندى، - دېدى.
[18] ياشانغان پەيغەمبەر:
- مەنمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر پەيغەمبەرمەن. بىر پەرىشتە
پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ماڭا: «سەن يەھۇدىيەدىن كەلگەن
ھېلىقى پەيغەمبەرنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ قايت، بىر نەرسە يېسۇن، سۇ
ئىچسۇن» دېگەنىدى، - دېدى. لېكىن ئۇ يالغان سۆزلىگەنىدى.
[19] شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىيەدىن كەلگەن پەيغەمبەر ياشانغان
پەيغەمبەر بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، غىزا يېدى ۋە
ئۇسسۇلۇق ئىچتى. [20] ئۇ ئىككىسى داستىخاندا غىزالىنىۋاتقاندا،
يەھۇدىيەدىن كەلگەن پەيغەمبەرنى باشلاپ كەلگەن ياشانغان
پەيغەمبەرگە پەرۋەردىگاردىن ۋەھىي كەلدى. [21] ياشانغان پەيغەمبەر
ھېلىقى پەيغەمبەرگە ئۈنلۈك ئاۋازدا:
- پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «سەن سۆزلىرىمگە ئىتائەت
قىلماي، ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلدىڭ. [22] مەن ساڭا: ‹غىزا يېيىشكە،
ئۇسسۇلۇق ئىچىشكە بولمايدۇ› دېگەن بولساممۇ، سەن بۇ
جايغا قايتىپ كېلىپ، غىزا يەپ، ئۇسسۇلۇق ئىچتىڭ. شۇنىڭ
ئۈچۈن سېنىڭ جەسىتىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ قەبرىسىگە دەپنە
قىلىنمايدۇ»، - دېدى.

23 غىزا يەپ، ئۇسسۇلۇق ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، يەھۇدىيەدىن
كەلگەن پەيغەمبەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن ياشانغان پەيغەمبەر ئۇنىڭغا
ئۆز ئېشىكىنى توقۇپ تەييار قىلىپ بەردى. 24 يەھۇدىيەدىن كەلگەن
پەيغەمبەر يولغا راۋان بولدى. يولدا ئۇنىڭغا بىر شىر ئۇچرىدى.
شىر ئۇنى ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ جەسىتى يولدا قالدى. ئېشەكمۇ،
شىرمۇ ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىدا تۇردى. 25 يولدىن ئۆتكەنلەر بۇ
جەسەتنىڭ يولغا تاشلاپ قويۇلغانلىقىنى، شىرنىڭ جەسەتنىڭ يېنىدا
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ياشانغان پەيغەمبەر تۇرىدىغان شەھەرگە
كېلىپ، بۇ ۋەقەنى شەھەردە سۆزلەپ يۈردى. 26 يەھۇدىيەدىن
كەلگەن پەيغەمبەرنى يولدىن قايتۇرۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن
ياشانغان پەيغەمبەر ۋەقەنى ئاڭلاپ: «بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە
خىلاپلىق قىلغان ھېلىقى پەيغەمبەرنىڭ جەستى ئىكەن. خۇددى
پەرۋەردىگار ئۆزى ئېيتقاندەك، ئۇنى شىرغا تاشلاپ بېرىپتۇ، شىر
ئۇنى تالاپ ئۆلتۈرۈپتۇ» دېدى. 27 شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغۇللىرىغا:
— ماڭا ئېشەكنى توقۇپ بېرىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.
ئوغۇللىرى ئېشەكنى توقۇپ بەردى. 28 ئۇ يېتىپ بارغاندا،
پەيغەمبەرنىڭ جەسىتىنىڭ يولدا ياتقانلىقىنى، ئېشەكنىڭمۇ،
شىرنىڭمۇ جەسەتنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى، شىرنىڭ جەسەتنى
يەۋەتمىگەنلىكىنى ۋە ئېشەكنىمۇ تالاپ ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى كۆردى.
29 ياشانغان پەيغەمبەر ھازا ئېچىپ، پەيغەمبەرنىڭ جەسىتىنى
ئېشەككە ئارتىپ، دەپنە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەھىرىگە ئېلىپ
كەلدى. 30 ئۇ ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۆزىنىڭ قەبرىسىگە دەپنە قىلدى.
ئۇ ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە: «ۋاي قېرىندىشىم!» دەپ، ھازا
ئاچتى. 31 جەسەتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ياشانغان
پەيغەمبەر ئوغۇللىرىغا:
— مەن ئۆلگەندىن كېيىن، سىلەر مېنى يەھۇدىيەدىن كەلگەن
پەيغەمبەر دەپنە قىلىنغان قەبرىگە دەپنە قىلىڭلار، جەسىتىم ئۇنىڭ
يېنىدا بولسۇن. 32 ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە بەيتەلدىكى
قۇربانلىق سۇپىسى ۋە سامارىيەگە قاراشلىق شەھەرلەردىكى بۇتخانىلار
توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دېدى.

[33] شۇ ۋەقەلەردىن كېيىنمۇ پادىشاھ ياروبئام يامان يولدىن قايتماي، بۇتخانىلارغا ئاۋام خەلقتىن روھانىيلارنى تاللاپ، خالىغانلىرىنى روھانىيلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. [34] بۇ گۇناھلىق ئىشلار پادىشاھ ياروبئام جەمەتىنىڭ كېيىنچە پۇتۇنلەي قىرىلىپ، يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى.

## ياروبئام جەمەتى ھەققىدىكى بېشارەت

14 [1] شۇ ۋاقىتتا پادىشاھ ياروبئامنىڭ ئوغلى ئابىيا كېسەل بولۇپ قالدى. [2] پادىشاھ ياروبئام ئايالىغا:

– سەن كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلەپ، مېنىڭ ئايالىم ئىكەنلىكىڭنى خەقلەر تونۇۋالالمىغۇدەك ياسىنىپ، شىلوغا بارغىن. ئاخىيا پەيغەمبەر شۇ يەردە تۇرىدۇ. ئۇ ماڭا: «سەن بۇ خەلقنىڭ پادىشاھى بولىسەن» دېگەنىدى. [3] سەن ئۇنىڭ قېشىغا ئون نان، بىرنەچچە توقاچ ۋە بىر قۇتا ھەسەل ئالغاچ بارغىن. ئۇ ساڭا بالىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، – دېدى.

[4] ياروبئامنىڭ ئايالى ئەنە شۇ يوسۇندا شىلوغا بېرىپ، ئاخىيانىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئاخىيا بەك قېرىپ كەتكەچكە، كۆزلىرى غۇۋالىشىپ، ئېنىق كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. [5] پەرۋەردىگار ئاخىياغا مۇنداق دېدى:

– ياروبئامنىڭ ئايالى سەندىن كېسەل بولۇپ قالغان ئوغلىنىڭ ئىشىنى سورىغىلى كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇ باشقا بىر ئايال سىياقىدا ياسىنىۋالدى. ئۇ كەلگەندە، سەن ئۇنىڭغا مېنىڭ ساڭا دېگەنلىرىمنى دېگىن.

[6] ياروبئامنىڭ ئايالى بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشىگە ئاخىيا ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، مۇنداق دېدى:

– ئەي ياروبئامنىڭ ئايالى، كىرگىن! سەن نېمىشقا باشقا ئادەمنىڭ سىياقىدا ياسىنىۋالدىڭ؟ ساڭا شۇم خەۋەر ئېيتىشقا ماڭا پەرۋەردىگاردىن ئەمر كەلدى. [7] سەن بېرىپ، ياروبئامغا ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدا مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «مەن سېنى خەلق ئىچىدىن تاللاپ، خەلقىم ئىسرائىللارغا باش قىلدىم. [8] پادىشاھلىقنى داۋۇت جەمەتىدىن تارتىۋېلىپ، ساڭا بەردىم، لېكىن

سەن خىزمەتكارىم داۋۇتقا ئوخشىمىدىڭ. ئۇ مېنىڭ ئەمرلىرىمگە رىئايە قىلاتتى، پۈتۈن قەلبى بىلەن ماڭا ئەگىشىپ، پەقەت مېنىڭ نەزىرىمدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلاتتى. [9] لېكىن سەن يامان ئىشلارنى قىلىشتا سەندىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتىڭ، ئۆزۈڭگە بۇتلارنى قۇيدۇرۇپ، مەندىن يۈز ئۆرۈپ، غەزىپىمنى كەلتۈردۈڭ. [10] شۇڭا مەن سېنىڭ جەمەتىڭگە بالايىئاپەت كەلتۈرىمەن. ئىسرائىللار ئىچىدە ساڭا تەۋە ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى قېرى-ياش دېمەي ھالاك قىلىمەن. سېنىڭ جەمەتىڭنى نىجاسەتنى يوقاتقاندەك پۈتۈنلەي يوقىتىمەن. [11] سېنىڭ جەمەتىڭدىن شەھەردە ئۆلگەنلىرىنى ئىتلار، دالادا ئۆلگەنلىرىنى قاغا-قۇزغۇنلار يەيدۇ. بۇنى مەن پەرۋەردىگار ئېيتتىم».

[12] ئورنۇڭدىن تۇر، ئۆيۈڭگە قايت! شەھەرگە قەدەم بېسىشىڭ بىلەنلا ئوغلۇڭ ئۆلىدۇ. [13] پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى ھازا ئېچىپ، ئۇنى دەپنە قىلىدۇ. ياروبئامغا تەۋە كىشىلەر ئىچىدە پەقەت شۇلا قەبرىدە ياتىدۇ. چۈنكى ياروبئام جەمەتىدىن پەقەت شۇلا ئىسرائىللارنى ياراتقان پەرۋەردىگار خۇدانى خۇرسەن قىلغانىدى. [14] ئىسرائىللارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن پەرۋەردىگار باشقا بىر پادىشاھنى تىكلەيدۇ. ئۇ ياروبئام جەمەتىنى يوقىتىدۇ. بۈگۈن بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغان ۋاقتى كەلدى! [15] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا زەربە بېرىدۇ، ئىسرائىللار خۇددى سۇدىكى قومۇشتەك لىڭشىيدۇ. ئۇ ئىسرائىللارنى ئاتا-بوۋىلىرىغا ئاتا قىلغان بۇ مۇنبەت زېمىندىن يۇلۇپ ئېلىپ، فىرات دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە تاشلىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى ياساپ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. [16] ياروبئامنىڭ بۇتپەرەسلىكى ۋە ئىسرائىلىيەلىكلەرنى بۇتپەرەسلىككە يېتەكلىگەن گۇناھى ئۈچۈن پەرۋەردىگار ئىسرائىللاردىن ۋاز كېچىدۇ.

[17] ياروبئامنىڭ ئايالى ئورنىدىن تۇرۇپ، يولغا چىقتى. ئۇ تىرزاھ شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىشى بىلەنلا ئوغلى جان ئۈزدى. [18] خۇددى پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ خىزمەتكارى ئاخىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتقاندەك، پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى ھازا ئېچىپ، ئۇنى دەپنە قىلدى.

[19] پادىشاھ ياروبئامنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان ئۇرۇشلىرى ۋە قانداق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [20] ياروبئام 22 يىل پادىشاھ بولۇپ، ۋاپات بولدى، ئوغلى ناداب تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى رىخوبئام

[21] سۇلايماننىڭ ئوغلى رىخوبئام يەھۇدىيەگە پادىشاھ ئىدى. ئۇ تەختكە چىققان چاغدا 41 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا (پەرۋەردىگار خەلقلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ بارلىق شەھەرلىرى ئىچىدىن تاللىغان شەھەر) 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئاممونلۇق بولۇپ، ئىسمى نائاما ئىدى. [22] يەھۇدىيەلىكلەر پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك بۇتقا چوقۇنۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ قەھر-غەزىپىنى قوزغىدى. [23] ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەربىر ئېگىزلىكتە ۋە ھەربىر بۈك-باراقسان ئۆسكەن دەرەخ ئاستىلىرىدا بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلەر ۋە ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىغا ئاتاپ سەجدىگاھلارنى ياساپ چىقتى. [24] تېخىمۇ يامان بولغىنى، بۇ زېمىندىكى سەجدىگاھلاردا ئەر ۋە ئايال پاھىشىلەرنىڭمۇ پەيدا بولۇشىدۇر. خەلق پەرۋەردىگار ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن يات ئەللەرنى دوراپ، ھەممە يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلدى.

[25] پادىشاھ رىخوبئامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 5-يىلى پىرئەۋن شىشاق يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلدى. [26] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى ۋە پادىشاھ ئوردىسىدىكى بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتى. سۇلايمان ياساتقان ئالتۇن قالقانلارنىمۇ ئېلىپ كەتتى. [27] كېيىن پادىشاھ رىخوبئام ئاشۇ ئالتۇن قالقانلارنىڭ ئورنىغا تۇچ قالقانلارنى ياسىتىپ، ئوردا دەرۋازىسىغا قارايدىغان قاراۋۇللار باشلىقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. [28] پادىشاھ ھەر قېتىم پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بارغاندا، ياساۋۇللار بۇ قالقانلارنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ قالقانلارنى يەنە قورال ئامبىرىغا قويۇپ قوياتتى.

[29] پادىشاھ رىخوبئامنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [30] يەھۇدىيە پادىشاھى رىخوبئام بىلەن ئىسرائىلىيە پادىشاھى ياروبئام ئۆتتۈرىسىدا ئىزچىل ئۇرۇش بولۇپ تۇردى. [31] رىخوبئام ۋاپات بولۇپ، «داۋۇت شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئانىسى ئاممونلۇق بولۇپ، ئىسمى نائاما ئىدى. ئوغلى ئابىيا تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى ئابىيا

15 [1] ئىسرائىلىيە پادىشاھى، يەنى نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 18-يىلى ئابىيا يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولدى. [2] ئۇ يېرۇسالېمدا ئۈچ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئابسالومنىڭ قىزى مائاكا ئىدى. [3] ئابىيا ئەجدادى داۋۇت پەرۋەردىگار خۇداغا جان-دىلى بىلەن سادىق بولغاندەك سادىق بولمىدى، ئەكسىچە ئاتىسى بۇرۇن قىلغان گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. [4] لېكىن پەرۋەردىگار خۇدا داۋۇتنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمىدى، يەنى ئەۋلادى بولغان ئابىيانىڭ ئوغلىنى يېرۇسالېمدا تەختىگە ۋارىس قىلدى ۋە يېرۇسالېمنى قۇدرەت تاپقۇزدى. [5] پەرۋەردىگارنىڭ بۇنداق قىلىشى داۋۇتنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن ئىدى. داۋۇت خىتلاردىن بولغان ئۇرىيانىڭ ئىشىدىن باشقا، پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىگە ھېچقاچان خىلاپلىق قىلىپ باقمىغانىدى. [6] رىخوبئام بىلەن ياروبئام ئارىسىدا باشلانغان ئۇرۇش پادىشاھ ئابىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى. [7] پادىشاھ ئابىيانىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. ئابىيا بىلەن ئىسرائىلىيە پادىشاھى ياروبئام ئارىسىدا ئۇرۇش بولۇپ تۇردى. [8] ئابىيا ۋاپات بولۇپ، «داۋۇت شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئاسا تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسا

[9] ئىسرائىلىيە پادىشاھى ياروبئامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 20ـ يىلى ئاسا يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولدى. [10] ئۇ يېرۇسالېمدا 41 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ مومىسى ئابسالومنىڭ قىزى مائاكا ئىدى. [11] ئاسا ئەجدادى داۋۇتقا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. [12] ئۇ سەجدىگاھلاردىكى ئەر ۋە ئايال پاھىشىلەرنى زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئاتا-بوۋىلىرى ياساتقان بۇتلارنى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلىدى. [13] ئۇ ھەتتا مومىسى مائاكانىڭ خان ئانىسى مەرتىۋىسىنى بىكار قىلدى①. چۈنكى ئۇ ياغاچتىن ئىلاھە ئاشېرانىڭ بىر يىرگىنچلىك بۇتىنى ياساتقانىدى. ئاسا ئۇ يىرگىنچلىك بۇتنى يىقىتىپ، ئۇنى قىدرون جىلغىسىدا كۆيدۈرۈۋەتتى. [14] گەرچە ئاسا غەيرىي سەجدىگاھلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆمۈر بويى جان-دىلى بىلەن پەرۋەردىگارغا سادىق بولۇپ ياشىدى. [15] ئۇ ئاتىسى ۋە ئۆزى پەرۋەردىگارغا ئاتىغان نەرسىلەرنى، يەنى ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا بۇيۇملارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا قويدى.

[16] يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسا بىلەن ئىسرائىلىيە پادىشاھى باشا ئوتتۇرىسىدا ئىزچىل ئۇرۇش بولۇپ تۇردى. [17] ئىسرائىلىيە پادىشاھى باشا يەھۇدىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ، راماھنى بېسىۋالدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ يەھۇدىيەگە كىرىپ چىقىشىنى توسۇش ئۈچۈن راماھ شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. [18] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئاسا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ خەزىنىسىدە ۋە ئوردىدىكى خەزىنىدە قالغان پۈتۈن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق دەمەشقتىكى ئاررام پادىشاھى بەنھادادقا ئەۋەتتى. بەنھاداد خەزيوننىڭ نەۋرىسى، تابرىممۇننىڭ ئوغلى ئىدى. ئاسانىڭ ئەمەلدارلىرى پادىشاھ بەنھادادقا: ئاسانىڭ ئەمەلدارلىرى پادىشاھ بەنھادادقا تۆۋەندىكى تەكلىپنى بەردى:

---

① 15: 13 خان ئانىسى مەرتىۋىسى ـ بۇ قەدىمكى يەھۇدىيە ۋە بەزى قوشنا دۆلەتلەردە پادىشاھتىن قالسىلا سىياسىي ئىشلاردا تەسىر كۈچكە ئىگە بولغان ئىككىنچى دەرىجىلىك مەرتىۋە.

[19] «ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇرۇن ئىتتىپاق تۈزگىنىدەك، بىزمۇ ئىتتىپاق تۈزەيلى. سىلىگە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتىم. ئىسرائىلىيە پادىشاھى باشا بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقلىرىنى بىكار قىلغايلا. شۇندىلا ئۇ زېمىنىمىدىن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرىدۇ.»

[20] پادىشاھ بەنھاداد ئاسا پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سەركەردىلىرىنى قوشۇنلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئىيون، دان، بەيت-مائاكادىكى ئابېل، جەلىلىيە كۆلى ئەتراپىدىكى بارلىق جايلار ۋە پۈتۈن نافتالى زېمىنىنى ئىشغال قىلدى. [21] پادىشاھ باشا بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، راماھ شەھىرىنى مۇستەھكەملەش ئىشىنى توختىتىپ، تىرزاھ شەھىرىگە قايتىپ كەتتى. [22] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئاسا پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پادىشاھ باشانىڭ راماھنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغان ياغاچ-تاشلىرىنى يۆتكەپ ئەكەتتى. ھېچكىم بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى. پادىشاھ ئاسا بۇ ياغاچ-تاشلار بىلەن بىنيامىن زېمىنىدىكى گەبا ۋە مىزپاھ شەھەرلىرىنىڭ سېپىللىرىنى مۇستەھكەملىدى.

[23] پادىشاھ ئاسانىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان پائالىيەتلىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە مۇستەھكەملىگەن شەھەرلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. ئۇ ياشىنىپ قالغاندا، پۇتلىرى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. [24] ئاسا ۋاپات بولۇپ، ئەجدادى داۋۇتنىڭ نامىدا ئاتالغان «داۋۇت شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئوغلى يەھوشافات تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى ناداب

[25] ياروبئامنىڭ ئوغلى ناداب يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2-يىلى ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولدى. ئۇ ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [26] ناداب پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ئاتىسىنىڭ يولىدا ماڭدى ۋە ئىسرائىلىيەلىكلەرنى بۇتپەرەسلىككە يېتەكلەشنى داۋاملاشتۇردى.

[27] ئىسساكار قەبىلىسىدىن بولغان ئاخىيانىڭ ئوغلى باشا ناداب پادىشاھقا قارشى سۇيىقەست پىلانلىدى. ناداب پۈتۈن ئىسرائىلىيە قوشۇنىنى باشلاپ فىلىستىيەلىكلەرنىڭ گىببېتون شەھىرىنى قورشاۋغا ئالغىلى كەلگەندە، باشا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. [28] بۇ ئىش يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 3-يىلى يۈز بەردى. باشا نادابنىڭ ئورنىغا ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولدى. [29] ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا ياروبئام جەمەتىنىڭ ئادەملىرىنى قىرىپ تۈگەتتى. پەرۋەردىگار خىزمەتكارى بولغان شىلولۇق ئاخىيا ئارقىلىق ئالدىن ئېيتقىنىدەك، باشا ياروبئام جەمەتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بىرمۇ تىرىك جان قالدۇرمىدى. [30] چۈنكى ياروبئامنىڭ بۇتپەرەسلىكى ۋە ئىسرائىلىيەلىكلەرنى بۇتپەرەسلىككە يېتەكلىگەن گۇناھى ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى. [31] پادىشاھ نادابنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [32] يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسا بىلەن ئىسرائىلىيە پادىشاھى باشا ئوتتۇرىسىدا ئىزچىل ئۇرۇش بولۇپ تۇردى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى باشا

[33] يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 3-يىلى ئاخىيانىڭ ئوغلى باشا تىرزاھتا ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولدى. ئۇ 24 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [34] ئۇمۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ياروبئامنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئىسرائىلىيەلىكلەرنى داۋاملىق بۇتپەرەسلىككە يېتەكلىدى.

16 [1] پەرۋەردىگاردىن خانانىنىڭ ئوغلى يېھۇ پەيغەمبەرگە باشا ھەققىدە ۋەھيي كەلدى: [2] «ئەي باشا، مەن سېنى چاڭ-توزانلار ئىچىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ئىسرائىلىيەدىكى خەلقىمگە باش قىلغان بولساممۇ، لېكىن سەن نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ يولىدا مېڭىپ، خەلقىم ئىسرائىللارنى بۇتپەرەسلىككە يېتەكلىدىڭ. خەلقىمنىڭ گۇناھلىرى مېنىڭ غەزىپىمنى قوزغىدى. [3] شۇڭا

ئەمدى سېنى ۋە جەمەتىڭنى ياروبئامنىڭ جەمەتىگە ئوخشاش يوق قىلىمەن. [4] جەمەتىڭدىن شەھەردە ئۆلگەنلىرىنى ئىتلار، دالادا ئۆلگەنلىرىنى قاغا-قۇزغۇنلار يەيدۇ».

[5] پادىشاھ باشانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان پائالىيەتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [6] باشا ۋاپات بولۇپ، تىرزاھ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئەلاھ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. [7] دېمەك، پەرۋەردىگاردىن خانانىنىڭ ئوغلى يېھۇ پەيغەمبەرگە ۋەھيي كېلىپ، باشا ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ئەيىبلەنگەنىدى. باشا ياروبئامنىڭ جەمەتىگە ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە ياروبئامنىڭ جەمەتىنى قىرىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەنىدى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئەلاھ

[8] يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 26-يىلى باشانىڭ ئوغلى ئەلاھ تىرزاھ شەھىرىدە ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولدى. ئۇ ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [9] ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن زىمرى، يەنى ئۇنىڭ ھارۋىلىق لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىغا باش بولغان سەركەردىسى ئۇنىڭغا سۇيىقەست پىلانلىدى. بىر كۈنى پادىشاھ ئەلاھ تىرزاھتا ئوردا غوجىدارى ئارزانىڭ ئۆيىدە شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ قالدى. [10] زىمرى كىرىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، تەختنى تارتىۋالدى. بۇ ۋەقە يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسانىڭ 27-يىلى يۈز بەردى. [11] زىمرى پادىشاھ بولۇپ، تەختكە چىقىپلا باشانىڭ پۈتۈن جەمەتىنى قىرىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ جەمەتى ۋە دوست-يارەنلىرىدىن بىرەر ئەر كىشىنىمۇ تىرىك قالدۇرمىدى. [12] زىمرىنىڭ باشا جەمەتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلىشى پەرۋەردىگارنىڭ يېھۇ پەيغەمبەر ئارقىلىق باشاغا ئېيتقىنىدەك بولدى. [13] بۇ ئىشلار باشا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەلاھنىڭ ئۆتكۈزگەن بارلىق گۇناھلىرى ۋە ئىسرائىلىيەلىكلەرنى گۇناھقا يېتەكلىگەنلىكى سەۋەبىدىن يۈز بەردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس بۇتلىرىغا چوقۇنۇپ، ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنىدى.

[14] پادىشاھ ئەلاھنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى زىمرى

[15] يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 27-يىلى زىمرى ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولدى. ئۇ تىرزاھ شەھرىدە يەتتە كۈن تەختتە ئولتۇردى. ئۇ چاغدا ئىسرائىلىيە قوشۇنى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ گىبىبتون شەھرىگە يېقىن يەردە بارگاھ قۇرغانىدى. [16] بارگاھتىكىلەر زىمرىنىڭ سۇيىقەست پىلانلاپ، پادىشاھنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى ئومرىنى بارگاھتىلا ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. [17] ئومرى بارلىق قوشۇنى بىلەن گىبىبتوندىن چىقىپ، تىرزاھنى قورشاۋغا ئالدى. [18] زىمرى شەھەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپلا، ئوردا ئىچىدىكى قەلئەگە كىرىپ، ئوردىغا ئوت قويۇۋەتتى، ئۆزىمۇ شۇ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى. [19] بۇ ئۇنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىدىن، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ياروبئامنىڭ يولىدا ماڭغانلىقىدىن ئىدى. ئۇ ياروبئامدەك بۇتپەرەسلىك قىلىپلا قالماي، ئىسرائىلىيەلىكلەرنىمۇ بۇتپەرەسلىككە يېتەكلىگەنىدى. [20] پادىشاھ زىمرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان سۇيىقەستى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئومرى

[21] شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئىسرائىلىيەدىكى خەلق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. خەلقنىڭ يېرىمى گىناتنىڭ ئوغلى تىبنىغا ئەگىشىپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلماقچى بولدى. قالغان يېرىمى ئومرىغا ئەگەشتى. [22] ئومرىغا ئەگەشكەنلەر گىناتنىڭ ئوغلى تىبنىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى. تىبنى ئۆلگەندىن كېيىن، ئومرى پادىشاھ بولدى. [23] ئومرى يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 31-يىلى ئىسرائىلىيە تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ ئىسرائىلىيەگە 12

يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ئالدىنقى ئالتە يىلدا تىرزاھتا ھۆكۈم سۈردى. [24] كېيىن ئومرى سەمەر ئىسىملىك بىر كىشىدىن بىر تۆپىلىكنى 70 كىلو كۈمۈشكە سېتىۋېلىپ، ئۇ يەرگە بىر شەھەر قۇردى. ئۇ شەھەرگە شۇ تۆپىلىكنىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ نامىنى بېرىپ، ئۇنى «سامارىيە» دەپ ئاتىدى.

[25] ئومرى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. ئۇنىڭ قىلغان رەزىللىكلىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق پادىشاھلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. [26] ئۇ پۈتۈنلەي نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئام ماڭغان بۇتپەرەسلىك يولدا مېڭىپ، ئىسرائىلىيەلىكلەرنىمۇ بۇتپەرەسلىككە يېتەكلىدى. خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس بۇتلىرىغا چوقۇنۇپ، ئۆزلىرىنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. [27] پادىشاھ ئومرىنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان پائالىيەتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [28] ئومرى ۋاپات بولۇپ، سامارىيەدە دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئاخاب تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخاب

[29] يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 38-يىلى ئومرىنىڭ ئوغلى ئاخاب ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولدى. پادىشاھ ئاخاب سامارىيەدە ئىسرائىلىيەگە 22 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [30] ئومرىنىڭ ئوغلى ئاخاب پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھەممە پادىشاھلاردىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. [31] ئاخابقا نىسبەتەن نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامغا ئوخشاش گۇناھ ئۆتكۈزۈش ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەتتا سىدون پادىشاھى ئەتبائالنىڭ قىزى ئىزەبەلنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلاھى بائالغا چوقۇندى [32] ئۇ سامارىيەدە بائال ئۈچۈن بۇتخانا سالدۇردى ۋە بۇتخانىدا بائالغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياساتتى. [33] ئاخاب يەنە ئىلاھە ئاشېرانىڭ بۇتىنى ياساتتى. ئۇ ئىلگىرى ئىسرائىلىيەدە ئۆتكەن بارلىق پادىشاھلاردىن زىيادە

گۇناھ قىلىپ، پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ
غەزىپىنى كەلتۈردى.
[34] ئاخاب ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا، بەيتەللىك خىئېل
دېگەن ئادەم ئېرىخا شەھىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى. ئۇ
شەھەر سېپىلىگە ئۇل سالىدىغان چاغدا، تۇنجى ئوغلى ئابىرام
ئۆلۈپ كەتتى. شەھەر دەرۋازىسىنى ئورنىتىدىغان چاغدا، كەنجى
ئوغلى سىگۇب ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ئىشلار خۇددى پەرۋەردىگارنىڭ
نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا ئارقىلىق يەتكۈزگەن سۆزىدەك بولدى.

## ئىلياسنىڭ قۇرغاقچىلىقتىن بېشارەت بېرىشى

17 [1] گىلئادنىڭ تىشبى يېزىسىدىن بولغان ئىلياس پەيغەمبەر
پادىشاھ ئاخابقا:
— مەن خىزمىتىدە بولۇۋاتقان مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگار، يەنى
ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە مېنىڭ ئىلتىجايىمسىز نە شەبنەم
چۈشمەيدۇ، نە يامغۇر ياغمايدۇ! — دېدى.
[2] ئاندىن پەرۋەردىگار ئىلياسقا مۇنداق دېدى:
[3] — سەن بۇ يەردىن ئايرىلىپ، شەرق تەرەپكە قاراپ مېڭىپ،
ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى كېرىت ئېقىنى بويىغا بارغىن ۋە
شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغىن. [4] سەن شۇ ئېقىننىڭ سۈيىنى ئىچىسەن.
مەن قۇزغۇنلارنى ساڭا ئوزۇق ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرۇيمەن.
[5] شۇنىڭ بىلەن ئىلياس پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بويىچە ئىش
كۆرۈپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى كېرىت ئېقىنى بويىغا
كېلىپ، شۇ يەردە تۇردى. [6] قۇزغۇنلار ئەتىگىنى ۋە كەچتە ئۇنىڭغا
نان بىلەن گۆش يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. ئۇ ئېقىندىن سۇ ئىچتى.
[7] لېكىن يامغۇر ياغمىغاچقا، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئېقىن سۈيى
قۇرۇپ كەتتى.

## ئىلياس ۋە زارىفاتلىق تۇل ئايال

[8] پەرۋەردىگار ئىلياس پەيغەمبەرگە مۇنداق دېدى:

[9] - ئورنۇڭدىن تۇر، سىدوندىكى زارىفاتقا بېرىپ، شۇ يەردە تۇر. مەن ئۇ يەردىكى بىر تۇل ئايالنى ساڭا يېمەك-ئىچمەك بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردۇم.
[10] ئىلياس ئورنىدىن تۇرۇپ، زارىفاتقا باردى. ئۇ شەھەر دەرۋازىسىغا ئاز قالغاندا، بىر تۇل ئايالنىڭ ئوتۇن تېرىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. ئىلياس ئۇنىڭدىن:
- ماڭا ئىچكىلى ئازراق سۇ بەرسىڭىز! - دەپ سورىدى. [11] ئۇ ئايال سۇ ئالغىلى ماڭغاندا، ئىلياس يەنە ئۇنىڭغا:
- ماڭا بىر بۇردا نانمۇ ئالغاچ كەلسىڭىز، - دەپ توۋلىدى. [12] ئايال:
- مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارىڭىز خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەندە نان قالمىدى. ئىدىشىمدا بىر چاڭگال ئۇن، كوزامدا ئازغىنا ياغ قالدى. مانا، مەن ھازىر ئوتۇن تېرىۋاتىمەن، قايتىپ بېرىپ، ئۆزۈمگە ۋە ئوغلۇمغا ئاخىرقى غىزانى تەييارلايمەن. تاماقنى يەپ بولساقلا ئۆلۈمنى كۈتىمىز، - دېدى. [13] لېكىن ئىلياس ئۇنىڭغا:
- قورقماڭ، بېرىپ غىزايىڭىزنى تەييارلىۋېرىڭ. لېكىن ئالدى بىلەن قالغان ئۇن ۋە ياغدا ماڭا بىر نان پىشۇرۇپ ئەكېلىپ بېرىڭ. ئاندىن ئۆزىڭىز بىلەن ئوغلىڭىزغا تەييارلاڭ. [14] چۈنكى ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدا: «مەن پەرۋەردىگار يەر يۈزىگە يامغۇر ياغدۇرغۇچە، ئىدىشىڭىزدىكى ئۇن، كوزىڭىزدىكى ياغ تۈگىمەيدۇ» دەيدۇ، - دېدى.
[15] ئايال بېرىپ، ئىلياسنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆردى. ئىلياس ۋە ئايالنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ھەر كۈنى يېتەرلىك بولدى. [16] خۇددى پەرۋەردىگار ئىلياس ئارقىلىق ئېيتقىنىدەك، ئىدىشتىكى ئۇن تۈگىمىدى، ياغ كوزىسىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالمىدى.

## تۇل ئايالنىڭ ئوغلىنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى

[17] شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئۆي ئىگىسى بولغان تۇل ئايالنىڭ ئوغلى كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىرلاپ، ئاخىرى نەپەسى توختاپ قالدى. [18] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئىلىياسقا:

- ئى خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى، ماڭا نېمە ئۈچۈن بۇنداق مۇئامىلە قىلىسىز؟ سىز بۇ يەرگە گۇناھلىرىمنى ئېسىمگە سالغىلى ۋە ئوغلۇمنى ئۆلتۈرگىلى كەلگەنمىدىڭىز؟ - دېدى.

[19] - ئوغلىڭىزنى ماڭا تاپشۇرۇڭ! - دېدى ئىلياس ئۇنىڭغا. ئاندىن ئىلياس ئايالنىڭ قوچىقىدىن بالىنى ئېلىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆزى تۇرىدىغان ھۇجرىغا ئېلىپ چىقىپ، تۆشىكىگە قويدى. [20] ئىلياس پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلىپ:

- ئى پەرۋەردىگارىم خۇدا، سەن راستىنلا مەن ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان مۇشۇ تول ئايالنىڭ ئوغلىنىڭ جېنىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا بالا-قازا كەلتۈرەمسەن؟ - دېدى.

[21] ئاندىن ئىلياس بالىنىڭ ئۈستىگە ئۈچ قېتىم تاشلىنىپ، پەرۋەردىگارغا:

- ئى پەرۋەردىگارىم خۇدا، بۇ بالىنىڭ جېنىنى قايتۇرۇپ بەرگەيسەن، - دەپ، دۇئا قىلدى.

[22] پەرۋەردىگار ئىلياسنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. بالىنىڭ جېنى تېنىگە قايتىپ كەلدى، بالا تىرىلدى. [23] ئىلياس بالىنى كۆتۈرۈپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ھۇجرىدىن پەسكە چۈشۈپ، بالىنى ئانىسىغا تۇتقۇزۇپ:

- قاراڭ، بالىڭىز تىرىلدى! - دېدى. [24] تول ئايال ئىلياسقا:

- مەن سىزنىڭ خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئىكەنلىكىڭىزنى، ئاغزىڭىزدىن چىققان پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم، - دېدى.

## ئىلياس بىلەن ئوبادىيانىڭ ئۇچرىشىشى

18 [1] ئارىدىن ۋاقىت ئۆتۈپ، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئۈچىنچى يىلىغا كەلگەندە، پەرۋەردىگار ئىلياسقا مۇنداق دېدى:

- سەن پادىشاھ ئاخابنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىن، مەن زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرىمەن.

[2] شۇنىڭ بىلەن ئىلياس ئاخاب بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇ چاغدا سامارىيەدىكى ئاچارچىلىق ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. [3] پادىشاھ ئاخاب ئوردا غوجىدارى ئوبادىيانى

چاقىرتتى. (ئوبادىيا پەرۋەردىگارغا تولىمۇ ئىخلاسمەن ئادەم ئىدى. [4] پادىشاھ ئاخابنىڭ ئايالى، يەنى خانىش ئىزەبەل پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىغاندا، ئوبادىيا ئۇلاردىن يۈز نەپىرىنى قۇتقۇزۇپ قىلىپ، ئىككى ئۆڭكۈرگە ئەللىكتىن يوشۇرۇپ، ئۇلارغا نان ۋە سۇ بەرگەنىدى.)

[5] ئاخاب ئوبادىياغا:

- بىز زېمىنىمىزنى ئارىلاپ، بۇلاق ۋە ئېقىنلار بار يەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ باقايلى. ئۇ يەرلەردىن ئات ۋە قېچىرلارنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالغۇدەك ئوتلاقلار تاپالىساق ئەجەب ئەمەس. ئۇ چاغدا ماللارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، - دېدى.

[6] شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ ماڭدى. ئاخاب ئۆز ئالدىغا بىر يولغا، ئوبادىيا ئۆز ئالدىغا باشقا بىر يولغا ماڭدى.

[7] ئوبادىيا يولدا كېتىۋېتىپ، ئىلياس بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئىلياسنى تونۇپ، يەرگە باش قويۇپ تەزىم قىلىپ:

- بۇ سىلىمۇ، ئى خوجام ئىلياس؟ - دېدى. [8] ئىلياس ئۇنىڭغا:

- مەن شۇ. سەن بېرىپ خوجاڭغا: «ئىلياس مۇشۇ يەردە ئىكەن» دەپ ئېيتقىن، - دېدى. [9] ئوبادىيا ئۇنىڭغا:

- قانداق گۇناھ ئۆتكۈزگىنىمگە مەن خىزمەتكارلىرىنى خوجام ئاخابنىڭ قولىغا تاپشۇرغىلىۋاتىلا؟ مېنى ئۆلسۇن دەمدىلا؟ [10] مەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن، خوجام ئادەم ئەۋەتىپ، سىلىنى ئىزدىمىگەن بىرمۇ ئەل ياكى پادىشاھلىق قالمىدى. كىشىلەر ئەگەر سىلىنى «ئۇ يەردە يوق» دېسە، ئۇ شۇ پادىشاھلىق ياكى ئەلنى سىلىنى تاپالمىغانلىقىغا قەسەم ئىچكۈزدى. [11] ئەمدى ئۆزلىرى: «سەن بېرىپ، خوجاڭغا ‹ئىلياس مۇشۇ يەردە ئىكەن› دەپ ئېيتقىن» دەۋاتىدىلا. [12] مەن سىلىنىڭ يانلىرىدىن كەتسەم، پەرۋەردىگارنىڭ روھى سىلىنى مەن بىلمەيدىغان يەرگە ئېلىپ كەتسە، مەن بېرىپ، ئاخابقا دېسەم، ئۇ سىلىنى تاپالمىسا، كىچىكىمدىن تارتىپ پەرۋەردىگارغا ئىخلاسمەن بولۇپ كەلگەن مەن خىزمەتكارلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. [13] خوجام، ئىزەبەل پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋاتقان چاغدا، مېنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن يۈز كىشىنى ئەللىكتىن

قىلىپ، ئىككى ئۆگكۈرگە يوشۇرۇپ، ئۇلارنى نان ھەم سۇ بىلەن تەمىنلىگىنىمدىن خەۋەرلىرى يوقمۇ؟ [14] ئەمدى ئۆزلىرى: «سەن بېرىپ، خوجاڭغا: ‹ئىلىياس مۇشۇ يەردە ئىكەن› دەپ ئېيتقىن» دەۋاتىدىلا. ئۇنداق قىلسام، ئۇ مېنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، ـ دېدى.
[15] ئەمما ئىلىياس ئۇنىڭغا:
ـ مەن خىزمىتىنى قىلىدىغان مەڭگۈ ھايات قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۈگۈن ئۆزۈمنى جەزمەن ئاخابقا كۆرسىتىمەن، ـ دېدى.

## ئىلىياس ۋە بائالنىڭ پەيغەمبەرلىرى

[16] شۇنىڭ بىلەن ئوبادىيا ئاخابنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىلىياسنىڭ خەۋىرىنى بەردى. ئاخاب ئىلىياس بىلەن كۆرۈشكىلى باردى. [17] ئاخاب ئىلىياسقا:
ـ ئىسرائىلىيەگە بالا كەلتۈرگەن ئادەم سەنمۇ؟ ـ دېدى.
[18] ـ ئىسرائىلىيەگە بالا كەلتۈرگەن ئادەم مەن ئەمەس، بەلكى سەن ۋە ئاتاڭنىڭ جەمەتىدۇر. چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلماي، بائالنىڭ بۇتلىرىغا چوقۇندۇڭلار. [19] ئەمدى سەن ئادەم ئەۋەتىپ، بارلىق ئىسرائىلىيە خەلقىنى ۋە ئىزەبەلنىڭ داستىخىنىدىن غىزالىنىدىغان ئىلاھ بائالنىڭ 450 ساختا پەيغەمبىرىنى، شۇنداقلا ئىلاھە ئاشېرانىڭ 400 ساختا پەيغەمبىرىنى كارمەل تېغىغا چاقىرىپ، مېنىڭ ئالدىمغا جەم قىل، ـ دېدى ئىلىياس.
[20] پادىشاھ ئاخاب پۈتۈن ئىسرائىلىيە خەلقىگە خەۋەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ۋە ساختا پەيغەمبەرلەرنى كارمەل تېغىغا جەم قىلدى. [21] ئىلىياس خەلقنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
ـ سىلەر قاچانغىچە ئىككىلىنىپ يۈرىسىلەر؟ ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگارنى، يەنى «ياھۋەھ»نى ھەقىقىي خۇدا دەپ بىلسەڭلار، «ياھۋەھ»كە ئەگىشىڭلار، ئەگەر بائالنى ھەقىقىي خۇدا دەپ بىلسەڭلار، بائالغا ئەگىشىڭلار، ـ دېدى. لېكىن خەلق ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمىدى. [22] ئاندىن ئىلىياس خەلققە:

- پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن پەقەت مەنلا قالدىم، لېكىن بائالنىڭ ساختا پەيغەمبەرلىرىدىن 450 نەپىرى بار. [23] ئەمدى بىزگە ئىككى بۇقا كەلتۈرۈڭلار. بائالنىڭ پەيغەمبەرلىرى بۇقىدىن بىرىنى تاللاپ، پارچىلاپ، ئوتۇننىڭ ئۈستىگە قويسۇن، لېكىن ئوت ياقمىسۇن. مەنمۇ يەنە بىر بۇقىنى پارچىلاپ، ئوتۇننىڭ ئۈستىگە قوياي، ئوت ياقماي. [24] بائالنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىغا ئىلتىجا قىلسۇن، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلاي. ئوت ئارقىلىق جاۋاب بەرگىنى ھەقىقىي خۇدادۇر، - دېدى. خەلق:

- بۇ ياخشى گەپ بولدى! - دېيىشتى. [25] ئىلياس بائالنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە:

- سىلەرنىڭ ئادىمىڭلار كۆپ بولغاندىكىن، ئالدى بىلەن بىر بۇقىنى تاللاپ، ئۇنى تەييار قىلىڭلار. ئاندىن ئىلاھىڭلارغا ئىلتىجا قىلىڭلار، لېكىن ئوت ياقماڭلار، - دېدى.

[26] ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇقىنى ئەكېلىپ تەييار قىلدى. ئاندىن ئەتىگەندىن چۈشكىچە بائالغا ئىلتىجا قىلىپ:

- ئى بائال، بىزگە جاۋاب بەرگەيسەن! - دېيىشتى. لېكىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى، ھېچكىممۇ جاۋاب بەرمىدى. ئۇلار ئۆزلىرى سالغان قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئويناشتى. [27] چۈش ۋاقتى بولغاندا، ئىلياس ئۇلارنى مازاق قىلىپ:

- ئۇ دېگەن «ئىلاھىڭلار» تۇرسا، يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ ئىلتىجا قىلمامسىلەر؟ ئۇ بەلكىم چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتكەندۇ، ياكى ئالدىراشتۇ، ياكى ساياھەت قىلىپ يۈرگەندۇ، ياكى ئۇخلاپ قالغان بولسا ئويغىتىشىڭلار كېرەكتۇ، - دېدى.

[28] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۈنلۈك ۋارقىرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە بەدەنلىرىنى قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن تىلىشىپ، قان ئاققۇزۇشتى. [29] چۈشتىن كېيىنمۇ تاكى كەچلىك قۇربانلىق ۋاقتىغىچە داۋاملىق ئالا-تاغىل توۋلاشتى. لېكىن يەنىلا سادا چىقمىدى، جاۋابمۇ كەلمىدى، ھېچبىر ئالامەتمۇ كۆرۈلمىدى.

[30] ئىلياس خەلققە:

- ماڭا يېقىنراق كېلىڭلار، - دېدى، خەلق ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى.

ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ چېقىپ تاشلانغان قۇربانلىق سۇپىسىنى قايتىدىن ياساپ چىقماقچى بولۇپ، [31] قولىغا 12 تاش ئالدى. بۇ تاشلار ياقۇپ، يەنى ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىدىن كېلىپ چىققان ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. (پەرۋەردىگار بۇرۇن ياقۇپقا: «سېنىڭ ئىسمىڭ ئىسرائىل بولسۇن» دېگەنىدى.) [32] ئۇ بۇ تاشلار بىلەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق سۇپىسىنى ياساپ چىقتى ۋە قۇربانلىق سۇپىسىنى ئايلاندۇرۇپ، 5 كىلو ئۇرۇق پاتقۇدەك ئېرىق كولىدى. [33] ئاندىن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئۈستىگە ئوتۇن تىزدى ۋە بۇقىنى سويۇپ، پارچىلاپ، ئوتۇننىڭ ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ئۇ:

- قۇربانلىقنىڭ ۋە ئوتۇننىڭ ئۈستىگە تۆت ئىدىش سۇ قۇيۇڭلار، - دېدى. [34] ئۇ:

- ئىككىنچى قېتىم قۇيۇڭلار، - دېدى. ئۇلار ئىككىنچى قېتىم سۇ قۇيدى. ئۇ يەنە:

- ئۈچىنچى قېتىم قۇيۇڭلار، - دېدى. ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم سۇ قۇيدى. [35] سۇ قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئەتراپىدىن ئېقىپ، ئېرىقنىمۇ تولدۇردى.

[36] كەچلىك قۇربانلىق ۋاقتى كەلگەندە، ئىلياس پەيغەمبەر قۇربانلىق سۇپىسىغا يېقىن كېلىپ:

- ئى پەرۋەردىگار، يەنى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ئىسرائىل ئېتىقاد قىلغان خۇدا، بۈگۈن سەن بۇ خەلققە ئۆزۈڭنىڭ ئىسرائىللارنىڭ خۇداسى ئىكەنلىكىڭنى، مېنىڭ سېنىڭ خىزمەتكارىڭ ئىكەنلىكىمنى ۋە مېنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ ئەمرىڭ بويىچە قىلغانلىقىمنى بىلدۈرگەيسەن. [37] ماڭا جاۋاب بەرگىن، ئى پەرۋەردىگار، ماڭا جاۋاب بەرگىن! بۇ خەلق سېنىڭ ھەقىقىي خۇدا ئىكەنلىكىڭنى ۋە سېنىڭ ئۇلارنى قايتىدىن توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىڭنى بىلسۇن، - دېدى.

[38] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئەرشتىن ئوت چۈشۈرۈپ، قۇربانلىق، ئوتۇن، تاش ۋە توپىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتتى، ھەتتا ئېرىقتىكى سۇنىمۇ قۇرۇتۇۋەتتى. [39] خەلق بۇنى كۆرۈپ، يەرگە باش قويۇپ:

- «ياھۋەھ» ھەقىقىي خۇدا ئىكەن! پەرۋەردىگار «ياھۋەھ» ھەقىقىي خۇدا ئىكەن! - دېيىشتى. [40] ئاندىن ئىلياس ئۇلارغا:

- بائالنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى تۇتۇڭلار، بىرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماڭلار، - دېدى.
شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇلارنى تۇتتى. ئىلياس ئۇلارنى قىشون ئېقىنىغا ئېلىپ بېرىپ، شۇ يەردە قەتل قىلدى.

## قۇرغاقچىلىقنىڭ ئاياغلىشىشى

[41] ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلياس ئاخاب پادىشاھقا:
- بارغىن، غىزالانغىن، ئۇسسۇلۇق ئىچكىن! قاتتىق يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن شەپە كېلىپ قالدى، - دېدى.
[42] ئاخاب غىزالانغىلى كەتتى. لېكىن ئىلياس كارمەل تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، بېشىنى تىزلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. [43] ئۇ خىزمەتكارىغا:
- سەن بېرىپ، دېڭىز تەرەپكە قاراپ باققىن، - دېدى. ئۇ بېرىپ، قاراپ كېلىپ:
- ھېچنېمە يوق ئىكەن، - دېدى. ئىلياس ئۇنىڭغا:
- يەنە بېرىپ قارىغىن، - دەپ، ئۇدا يەتتە قېتىم بۇيرۇدى.
[44] يەتتىنچى قېتىمدا خىزمەتكار:
- ئەنە، ئالقانچىلىك كېلىدىغان كىچىك بىر بۇلۇت دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، - دېدى. ئىلياس ئۇنىڭغا:
- ئەمدى سەن بېرىپ، ئاخابقا: «يامغۇردا توسۇلۇپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن، ھارۋاڭنى قېتىپ، تاغدىن چۈش» دېگىن، - دېدى.
[45] ھەقىقەتەن ئۇزاق ئۆتمەي، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، بوران چىقىپ، قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئاخاب ھارۋىسىغا چىقىپ، يىزرەئەل شەھىرىگە كەتتى. [46] پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتى ئىلياسقا چۈشتى. ئىلياس بېلىنى باغلاپ، يۈگۈرۈپ، ئاخابتىن بۇرۇن يىزرەئەلگە يېتىپ باردى.

## ئىلياسنىڭ ئىزەبەلدىن قېچىپ يۈرۈشى

19 [1] پادىشاھ ئاخاب ئىلياس پەيغەمبەرنىڭ قىلغان پۈتۈن ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بائالنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرىنى قىلىچ بىلەن قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئايالى ئىزەبەلگە ئېيتىپ

بەردى. [2] ئىزەبەل ئىلياسقا بىر ئەلچى ئەۋەتىپ: «ئەتە مۇشۇ چاغدا سېنىڭ جېنىڭنى سەن پەيغەمبەرلەرنىڭ جېنىنى ئالغاندەك ئالمايدىغان بولسام، ئىلاھلار مېنى قاتتىق جازالىسۇن!» دېدى.
[3] ئىلياس بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قورقۇپ كەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، جېنىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ يەھۇدىيەدىكى بەئەرشەباغا كېلىپ، خىزمەتكارىنى شۇ يەردە قالدۇردى. [4] ئۆزى بىر كۈنلۈك يول يۈرۈپ، چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىر چاتقال تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، پەرۋەردىگارغا:
- ئى پەرۋەردىگار، يېتەر ئەمدى، تويدۇم، جېنىمنى ئال. مېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمدىن ئارتۇق يېرىم يوق، - دەپ خىتاب قىلدى.
[5] ئۇ چاتقالنىڭ تۈۋىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. توساتتىن بىر پەرىشتە ئۇنى نوقۇپ:
- تۇرغىن، غىزالىنىۋالغىن! - دېدى.
[6] ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىدى. بېشىدا بىر كۆمەچ بىلەن بىر كوزا سۇ تۇراتتى. ئۇ غىزالىنىپ، يەنە ياتتى. [7] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى يەنە ئۇنى نوقۇپ:
- تۇرغىن، غىزالىنىۋالغىن، بولمىسا سەپىرىڭ ساڭا تەس كېلىدۇ، - دېدى.
[8] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، غىزالىنىپ، شۇ تاماقنىڭ كۈچى بىلەن قىرىق كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپ، خۇدانىڭ تېغى بولغان سىناي تېغىغا كەلدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ سىناي تېغىدا ئىلياسقا ئايان بولۇشى

[9] ئىلياس كېچىنى بىر غاردا ئۆتكۈزدى. ئۇ يەردە پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
- ئەي ئىلياس، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ [10] ئىلياس:
- ئى پەرۋەردىگار، يەنى قۇدرەتلىك سەردار خۇدا، مەن سېنىڭ خىزمىتىڭنى ئۆتەتەك قىزغىنلىق بىلەن قىلدىم. لېكىن ئىسرائىلىيە خەلقى سېنىڭ ئەھدەڭنى تاشلاپ، قۇربانلىق سۇپىلىرىڭنى بۇزۇپ، پەيغەمبەرلىرىڭنى قىلىچلاپ ئۆلتۈردى. يالغۇز مەنلا

قالدىم، ئۇلار ئەمدى مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ، ـ دېدى. [11] پەرۋەردىگار:

ـ سەن غاردىن چىقىپ، تاغدا ھۇزۇرۇمدا تۇرغىن، مەن يېنىڭدىن ئۆتىمەن، ـ دېدى.

شۇ ئەسنادا قاتتىق بوران تاغلارنى يېرىپ، قورام تاشلارنى پارچىلىۋەتتى، لېكىن پەرۋەردىگار بوران بىلەن كەلمىدى. بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەر تەۋرىدى. لېكىن پەرۋەردىگار يەر تەۋرەش بىلەنمۇ كەلمىدى. [12] يەر تەۋرەش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئوت پەيدا بولدى، لېكىن پەرۋەردىگار ئوت بىلەنمۇ كەلمىدى. ئوت ئۆچكەندىن كېيىن، ناھايىتى سۇس بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. [13] ئىلياس بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، تونى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، غارنىڭ ئېغىزىدا تۇردى. شۇ چاغدا:

ـ ئەي ئىلياس، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ـ دېگەن سادا ئاڭلاندى. [14] ئىلياس جاۋابەن:

ـ ئى پەرۋەردىگار، يەنى قۇدرەتلىك سەردار خۇدا، مەن سېنىڭ خىزمىتىڭنى ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن قىلدىم. لېكىن ئىسرائىلىيە خەلقى سېنىڭ ئەھدەڭنى تاشلاپ، قۇربانلىق سۇپىلىرىڭنى بۇزۇپ، پەيغەمبەرلىرىڭنى قىلىچلاپ ئۆلتۈردى. يالغۇز مەنلا قالدىم، ئۇلار ئەمدى مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ، ـ دېدى.

[15] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:

ـ ئەمدى كەلگەن يولۇڭ بىلەن قايتىپ، دەمەشقنىڭ چۆلگە بارغىن. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خازائېلنىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇپ، ئۇنى ئاررامنىڭ پادىشاھى قىلىپ تىكلىگىن. [16] ئاندىن نىمشىنىڭ نەۋرىسى يېھۇنىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇپ، ئۇنى ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھى قىلىپ تىكلىگىن. ئابېل-مېخولا شەھىرىدىن بولغان شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشانى سېنىڭ ئورنۇڭغا پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىگىن. [17] خازائېلنىڭ قىلىچىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ھەرقانداق كىشىنى يېھۇ ئۆلتۈرىدۇ، يېھۇنىڭ قىلىچىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ھەرقانداق كىشىنى ئېلىشا ئۆلتۈرىدۇ. [18] مەن ئىسرائىللاردىن بۇت بائالغا تىز پۈكمىگەن ۋە ئۇنى سۆيمىگەن يەتتە مىڭ كىشىنى قالدۇرىمەن، ـ دېدى.

## ئىلياسنىڭ ئېلىشانى چاقىرىشى

[19] شۇنىڭ بىلەن ئىلياس ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشانى ئىزدەپ تاپتى. بۇ چاغدا ئېلىشا قوش ھەيدەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى. كىشىلەر 12 جۈپ ئۆكۈز بىلەن يەر ئاغدۇرۇۋاتاتتى. ئېلىشا بولسا 12-جۈپ ئۆكۈزنىڭ يېنىدا ئىدى. ئىلياس ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ تونىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇپ، كېتىپ قالدى. [20] ئېلىشا ئۆكۈزلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئىلياسنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ:

- ئاتا-ئانامنى سۆيۈپ خوشلىشۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز، ئاندىن سىزگە ئەگىشىمەن، - دېدى. ئىلياس ئۇنىڭغا:

- بېرىشىڭ زۆرۈر بولسا، بېرىپ كەلگىن، - دېدى.

[21] شۇنىڭ بىلەن ئېلىشا كەتتى. ئۇ بىر جۈپ ئۆكۈزنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆكۈزنىڭ جابدۇقلىرى بىلەن گۆشنى پىشۇرۇپ، جامائەتكە تارقىتىپ بەردى. جامائەت گۆشلەرنى يېيىشتى. ئاندىن ئۇ ئىلياسقا ئەگەشتى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى.

## ئاررامىلارنىڭ سامارىيەنى قورشىۋېلىشى

20 [1] بىر كۈنى ئاررام پادىشاھى بەنھاداد پۈتۈن قوشۇنىنى يىغدى. ئۇ ئاتلىق لەشكەرلىرى، جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئۆزىنى قوللىغان 32 پادىشاھ بىلەن بىرلىكتە سامارىيە شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. [2] ئۇ سامارىيەدىكى ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخابقا ئەلچى ئەۋەتتى. [3] ئەلچى مۇنداق دېدى:

- پادىشاھ بەنھاداد مۇنداق دەيدۇكى، سېنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىڭ، خوتۇنلىرىڭ، شۇنداقلا ئوغۇللىرىڭنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىرى مېنىڭدۇر.

[4] ئىسرائىلىيە پادىشاھى جاۋابەن:

- ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلىنىڭ سۆزلىرى بويىچە بولغاي. مەن ۋە مەندە بار ھەممە نەرسە سىلىنىڭكىدۇر، - دېدى. [5] ئەلچىلەر يەنە كېلىپ:

ـ پادىشاھ بەنھاداد دەيدۇكى، مەن ساڭا ئالتۇن-كۈمۈشلىرىڭ ۋە خوتۇن-بالىلىرىڭنى بېرىسەن دەپ ئېيتقانىدىم. [6] بۇنىڭدىن سىرت مەن يەنە ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا ئەمەلدارلىرىمنى قېشىڭغا ئەۋەتىمەن. ئۇلار ئوردىڭ بىلەن ئەمەلدارلىرىڭنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرىدۇ. ئۇلار سېنىڭ نەزىرىڭدە نېمە ئەزىز بولسا، شۇنى ئېلىپ كېتىدۇ، ـ دېدى.

[7] ئىسرائىلىيە پادىشاھى زېمىنىدىكى ئاقساقاللارنى يىغىپ، ئۇلارغا:

ـ بۇ ئادەمنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىغا قاراڭلار. ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، خوتۇن-بالىلىرىمنى ۋە ئالتۇن-كۈمۈشلىرىمنى تەلەپ قىلغانىدا، مەن ئۇنىڭغا ياق دېمىدىم، ـ دېدى.

[8] ئاقساقاللار ۋە خەلق:

ـ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىسىلا ھەم ماقۇل بولمىسىلا! ـ دېيىشتى.

[9] شۇنىڭ بىلەن ئاخاب بەنھادادنىڭ ئەلچىلىرىگە:

ـ پادىشاھ ئالىيلىرىغا سۆزۈمنى يەتكۈزۈپ قويغايسىلەر: «كەمىنىلىرىدىن دەسلەپتە تەلەپ قىلغانلىرىنى ئورۇنلايمەن، لېكىن كېيىنكى تەلەپنى ئورۇنلىيالمايمەن»، ـ دېدى.

ئەلچىلەر قايتىپ بېرىپ، بۇ سۆزنى بەنھادادقا يەتكۈزدى.

[10] بەنھاداد ئاخابقا ئەلچى ئەۋەتىپ:

ـ پۈتۈن سامارىيەنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، تۇزلەپ تاشلىغىنىمدا، ئۇ يەردە ماڭا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ قولىغا چىقىدىغان يېگىدەك توپا يېتىدىمۇ؟ ئەگەر يەتسە، ئىلاھلار مېنى قاتتىق جازالىغاي، ـ دېدى.

[11] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئەلچىگە:

ـ بەنھادادقا: «ئادەم دۇبۇلغا-ساۋۇتنى كىيىشتىن بۇرۇن ئەمەس، بەلكى يەشكەندىن كېيىن ماختىنىشى كېرەك!» دەڭلار، ـ دېدى.

[12] بەنھادادقا بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ۋە باشقا پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ چېدىرلىرىدا شاراب ئىچىشىۋاتاتتى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە:

ـ ھۇجۇمغا تەييارلىنىڭلار! ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سامارىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى.

## ئارراملارغا قارشى تۇنجى جەڭ

[13] بۇ چاغدا بىر پەيغەمبەر ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخابنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:
ـ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ زور قوشۇننى كۆردۇڭمۇ؟ مانا بۈگۈن مەن ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. شۇ چاغدا سەن مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسەن»، ـ دېدى. [14] ئاخاب ئۇنىڭدىن:
ـ كىم ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر:
ـ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلكە باشلىقلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ياش پالۋانلار ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ»، ـ دېدى. ئاخاب:
ـ جەڭنى كىم باشلايدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر:
ـ سەن، ـ دېدى.
[15] شۇنىڭ بىلەن ئاخاب ئۆلكە باشلىقلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ياش پالۋانلارنى يىغدى. ئۇلار 232 ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە پۈتۈن ئىسرائىلىيە قوشۇننى يىغدى. ئۇلارنىڭ سانى 7000 ئادەم ئىدى. [16] چۈش ۋاقتىدا بەنھاداد ۋە ئۇنىڭغا ياردەمدە بولغان 32 پادىشاھ ئۆزلىرىنىڭ چېدىرلىرىدا شاراب ئىچىشىپ، مەست بولۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى، ئىسرائىلىيەلىكلەر ھۇجۇمغا ئاتلاندى. [17] ئالدى بىلەن ئۆلكە باشلىقلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ياش پالۋانلار شەھەردىن چىقتى. بەنھاداد ئايغاقچىلارنى ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار كېلىپ، ئۇنىڭغا:
ـ دۈشمەن لەشكەرلىرى سامارىيەدىن چىقتى، ـ دېدى. [18] بەنھاداد:
ـ مەيلى ئۇلار سۈلھى ئۈچۈن چىققان بولسۇن ياكى جەڭ قىلىش ئۈچۈن چىققان بولسۇن، ئۇلارنى تىرىك تۇتۇڭلار! ـ دېدى.
[19] ئۇ ۋاقىتتا ئۆلكە باشلىقلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ياش پالۋانلار ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغان قوشۇن شەھەردىن چىقىپ بولغانىدى. [20] ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە ئۇچرىغان دۈشمەننى ئۆلتۈردى. ئارراملار قېچىشتى، ئىسرائىلىيەلىكلەر كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئاررام پادىشاھى بەنھاداد ئاتقا مىنىپ، بىرنەچچە ئاتلىقلار بىلەن

بىللە قاچتى. [21] ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخاب ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاررامىلارنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن ئاتلىق لەشكەرلىرىگە زەربە بېرىپ، ئاررامىلارنى زور دەرىجىدە قىرغىن قىلدى.

## ئاررامىلارغا قارشى ئىككىنچى جەڭ

[22] شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى پەيغەمبەر ئىسرائىلىيە پادىشاھىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- بېرىپ مۇداپىئەڭنى كۈچەيت، نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ياخشى ئويلان. چۈنكى ئەتىياز كېلىشى بىلەن ئاررام پادىشاھى ساڭا قايتىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ، - دېدى.

[23] ئاررام پادىشاھىنىڭ ئەمەلدارلىرى پادىشاھقا:

- ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ ئىلاھى تاغ ئىلاھى بولغاچقا، بىزدىن كۈچلۈك كەلدى. بىراق بىز ئۇلار بىلەن تۈزلەڭلىكتە جەڭ قىلساق، جەزمەن ئۇلاردىن كۈچلۈك كېلىمىز. [24] شۇڭا سىلى پادىشاھلارنىڭ ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سەردارلارنى قويغايلا. [25] ئالدىنقى قېتىم قانچىلىك لەشكەر، ئات، جەڭ ھارۋىسى يوقاتقان بولسىلا، شۇنچىلىك لەشكەر، ئات، جەڭ ھارۋىسى تولۇقلاپ، قوشۇن تەشكىل قىلغايلا. ئاندىن بىز تۈزلەڭلىكتە ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلايلى. شۇنداق قىلساق، بىز چوقۇم ئۇلارنى مەغلۇب قىلىمىز، - دېدى.

ئاررام پادىشاھى ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سىلىپ، شۇ بويىچە ئىش كۆردى.

[26] ئەتىياز كېلىشى بىلەن بەنھاداد قوشۇنلىرىنى يىغىپ، ئىسرائىلىيەگە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئافېققا باردى. [27] ئىسرائىلىيەلىكلەرمۇ قوشۇنىنى توپلاپ، ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلاپ، ئۇلارغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. ئىسرائىلىيەلىكلەر ئاررامىلارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، بارگاھ قۇردى. بىراق ئۇلار دالانى قاپلىغان ئاررامىلارنىڭ ئالدىدا خۇددى ئىككى كىچىك ئۆچكە توپىدەك كۆرۈنەتتى.

[28] ھېلىقى پەيغەمبەر ئىسرائىلىيە پادىشاھىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

ـ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئارراملار مېنى تاغلاردىكى ئىلاھى ئەمەس، بەلكى تاغ ئىلاھى دىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ زور قوشۇننى سىنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن. ئاندىن سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسىلەر»، ـ دىدى.

[29] ئىسرائىلىيەلىكلەر بىلەن ئارراملار يەتتە كۈن بىر-بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا بارگاھ قۇرۇپ تۇرۇشتى. يەتتىنچى كۈنى جەڭ باشلاندى. ئىسرائىلىيەلىكلەر بىر كۈن ئىچىدە ئارراملارنىڭ پىيادە لەشكەرلىرىدىن 100 مىڭ كىشىنى قىرىپ تاشلىدى. [30] ھايات قالغانلىرى ئافېق شەھىرىگە قېچىپ كىرىۋالغان بولسىمۇ، شەھەر سېپىلى ئۆرۈلۈپ، 27 مىڭ ئادەمنى بېسىپ ئۆلتۈردى. بەنھادادمۇ شەھەرگە قېچىپ كىرىپ، بىر ئۆينىڭ ئەڭ ئىچكىرى خانىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى.

[31] ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا:

ـ ئاڭلىشىمىزچە ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرى رەھىمدىل ئىكەن. بىزنىڭ ماتەملىك كىيىم كىيىپ، بوينىمىزغا ئارغامچا سېلىپ، ئىسرائىلىيە پادىشاھىنىڭ يېنىغا بېرىشىمىزغا رۇخسەت قىلغايلا. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ بىر قوشۇق قانلىرىدىن كەچسە ئەجەب ئەمەس، ـ دىدى.

[32] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماتەملىك كىيىم كىيىپ، بويۇنلىرىغا ئارغامچا سېلىپ، ئىسرائىلىيە پادىشاھىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلار:

ـ قۇللىرى بەنھاداد ئۆزلىرىدىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيدۇ، ـ دىدى. ئاخاب:

ـ ئۇ تېخى ھاياتمۇ؟ ئۇ دىگەن مېنىڭ قېرىندىشىم! ـ دىدى.

[33] ئەمەلدارلار بۇنى بىر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى دەپ چۈشىنىپ، تېزدىن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ:

ـ بەنھاداد سىلىنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر! ـ دېيىشتى. ئاخاب:

ـ ئۇنى يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! ـ دىدى.

بەنھاداد ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاخاب ئۇنى ئۆز ھارۋىسىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. [34] بەنھاداد ئۇنىڭغا:

ـ ئاتام سىلىنىڭ ئاتىلىرىدىن تارتىۋالغان شەھەرلەرنى سىلىگە قايتۇرۇپ بېرەي. خۇددى ئاتام سامارىيەدە قىلغىنىدەك، سىلىمۇ دەمەشقتە بازارلارنى سالدۇرغايلا، ـ دىدى.

ئاخاب جاۋابەن:

- مۇشۇ شەرتلەر بىلەن مەن سېنى قويۇۋېتىمەن، - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئاخاب ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، ئۇنى قويۇۋەتتى.

## پەيغەمبەرنىڭ ئاخابنى ئەيىبلىشى

[35] پەيغەمبەرلەر جامائىتىدىكىلەردىن بىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا:

- مېنى ئۇرغىن، - دېدى. بىراق ئۇ ئۇرۇشقا ئۇنىمىدى. [36] شۇڭا ئۇ پەيغەمبەر ئۇنىڭغا:

- سەن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن، يېنىمدىن كېتىشىڭ بىلەنلا سېنى بىر شىر ئۆلتۈرىدۇ، - دېدى.

دەرۋەقە، ھەمراھى پەيغەمبەرنىڭ يېنىدىن كېتىشىگىلا ئۇنىڭغا بىر شىر ئۇچراپ، ئۇنى تالاپ ئۆلتۈردى.

[37] ئۇ پەيغەمبەر يەنە بىر كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- مېنى ئۇرغىن! - دېدى.

ئۇ كىشى پەيغەمبەرنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى. [38] پەيغەمبەر ئۇ يەردىن كېتىپ، يۈز-كۆزىنى تېڭىپ، باشقا ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ، يول بويىدا پادىشاھ ئاخابنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇردى. [39] پادىشاھ ئۆتكەندە، ئۇ پەيغەمبەر ۋارقىراپ:

- مەن خىزمەتكارلىرى ئۇرۇش مەيدانىغا بارغانىدىم. بىرسى مېنى كۆرۈپ، ئەسىر ئالغان بىر ئادەمنى قېشىمغا ئېلىپ كېلىپ: «بۇ ئادەمگە قاراپ تۇر، ئەگەر ئۇنى قاچۇرۇپ قويساڭ، جېنىڭ بىلەن جاۋاب بېرىسەن ياكى 35 كىلو كۈمۈش تۆلەيسەن» دېدى. [40] لېكىن مەن خىزمەتكارلىرى باشقا ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن، ئۇ قېچىپ كېتىپتۇ، - دېدى. پادىشاھ ئاخاب:

- سەن جازاغا تارتىلىشىڭ كېرەك. ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلىپسەن، - دېدى.

[41] پەيغەمبەر دەرھال يۈز-كۆزىدىكى تېڭىقنى ئېلىپ تاشلىدى. پادىشاھ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. [42] شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر پادىشاھقا:

- پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن يوقىتىشنى ئىرادە قىلغان ئادەمنى قولدىن چىقارغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا جېنىڭنى بېرىسەن. ئادەملىرىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئورنىغا جېنىنى بېرىدۇ»، - دېدى.

[43] پادىشاھ پەرىشان ۋە خاپا بولغان ھالدا سامارىيەدىكى ئوردىسىغا قايتىپ كەتتى.

## نابوتنىڭ ئۈزۈمزارلىقى

21 [1] بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى. يىزرىئەللىك نابوت ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئۈزۈمزارلىقى بار ئىدى. بۇ ئۈزۈمزارلىق سامارىيە پادىشاھى ئاخابنىڭ يىزرىئەل شەھىرىدىكى ئوردىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. [2] بىر كۈنى پادىشاھ ئاخاب نابوتقا:

- ئۈزۈمزارلىقىڭ ئوردامنىڭ يېنىدا ئىكەن، ئۇنى ماڭا بەرگىن، مەن ئۇنى كۆكتاتلىق قىلاي. ساڭا ئۈزۈمزارلىقىڭدىنمۇ ياخشى ئۈزۈمزارلىق بېرەي، ياكى بولمىسا ئۆز باھاسىدا پۇل بېرەي، - دېدى. [3] بىراق نابوت ئاخابقا:

- خۇدا ساقلىسۇن، ئاتا-بوۋىلىرىمدىن قالغان بۇ مىراس يەرنى سىلىگە قەتئىي بەرمەيمەن، - دېدى.

[4] ئاخاب ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، نابوتنىڭ: «مەن ساڭا ئاتا-بوۋىلىرىمدىن قالغان مىراس يەرنى بەرمەيمەن» دېگەن سۆزىگە خاپا بولۇپ، ئاچچىقلانغان ھالدا تامغا قاراپ يېتىۋالدى، تاماقمۇ يېمىدى. [5] ئايالى ئىزەبەل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- تاماقمۇ يېمىگۈدەك نېمىگە روھلىرى بۇنچە چۈشۈپ كەتتى؟ - دېدى. [6] ئاخاب ئايالىغا:

- چۈنكى مەن يىزرىئەللىك نابوتقا: «ئۈزۈمزارلىقىڭنى ماڭا سېتىپ بەرگىن، ياكى خالىساڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئۈزۈمزارلىق بېرەي» دېگەنىدىم، ئۇ ماڭا «مەن ساڭا ئۈزۈمزارلىقىمنى بەرمەيمەن» دەيدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى. [7] ئايالى ئۇنىڭغا:

- سىلى ئىسرائىلىيەگە پادىشاھمۇ، ئەمەسمۇ؟ مەيۇسلەنمەي، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تاماق يېسىلە. نابوتنىڭ ئۈزۈمزارلىقىنى ئۆزلىرىگە مانا مەن ئېلىپ بېرىمەن! - دېدى.
[8] شۇنداق قىلىپ، ئىزەبەل ئاخابنىڭ نامىدا مەكتۇپ يېزىپ، ئاخابنىڭ مۆھرىنى بېسىپ، ئۇنى نابوت بىلەن بىر شەھەردە ياشايدىغان ئاقساقاللار ۋە ئېسىلزادىلەرگە ئەۋەتتى. [9] ئۇ مەكتۇپنى مۇنداق يازغانىدى:

«بىر كۈن روزا تۇتۇشنى جاكارلاڭلار ۋە نابوتنى جامائەتنىڭ ئالدىدا تۆرگە ئولتۇرغۇزۇڭلار. [10] ئىككى يارىماس ئادەمنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغۇزۇڭلار. ئۇلار: ‹سەن خۇدا ۋە پادىشاھنى لەنەتلىدىڭ› دېسۇن. ئاندىن سىلەر نابوتنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار.»

[11] نابوت بىلەن بىر شەھەردە ياشايدىغان ئاقساقاللار ۋە ئېسىلزادىلەر ئىزەبەلنىڭ مەكتۇپىدا بۇيرۇغىنى بويىچە ئىش كۆردى. [12] ئۇلار بىر كۈن روزا تۇتۇشنى جاكارلاپ، نابوتنى خەلق ئالدىدا تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. [13] ئاندىن ئىككى يارىماس ئادەم كىرىپ، نابوتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، جامائەتكە: «نابوت خۇدا ۋە پادىشاھنى لەنەتلىدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن جامائەت نابوتنى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈردى. [14] ئاندىن ئۇلار ئىزەبەلگە: «نابوت چالما-كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.
[15] ئىزەبەل نابوتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىشى بىلەن ئاخابقا:
- نابوت ئۆلدى. ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇ سىلىگە سېتىپ بېرىشكە ئۇنىمىغان ئۈزۈمزارلىقنى ئىگىدارلىق قىلسىلا، - دېدى.
[16] ئاخاب نابوتنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈزۈمزارلىقىغا ئىگىدارلىق قىلغىلى باردى.

17 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار تىشبىلىك ئىلىياسقا مۇنداق دېدى:
18 - ئورنۇڭدىن تۇر، سامارىيەدە ئىسرائىلىيەگە ھۆكۈمرانلىق
قىلىۋاتقان پادىشاھ ئاخاب بىلەن كۆرۈشكىلى بار. ئۇ ھازىر نابوتنىڭ
ئۈزۈمزارلىقىغا ئىگىدارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە باردى. 19 سەن
ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگار: ‹سەن ئادەم ئۆلتۈرۈپلا قالماي، يەنە
ئۇنىڭ يېرىنىمۇ تارتىۋالماقچىمۇسەن؟› دەيدۇ، دېگىن». ئۇنىڭغا يەنە:
«پەرۋەردىگار: ‹ئىتلار نابوتنىڭ قېنىنى قەيەردە يالىغان بولسا،
سېنىڭ قېنىڭنىمۇ شۇ يەردە يالايدۇ!› دەيدۇ، دېگىن». 20 ئىلىياس
يېتىپ بارغاندا، ئاخاب ئۇنىڭغا:
- ئەي دۈشمىنىم، مېنى تېپىۋالدىڭمۇ؟ - دېدى. ئىلىياس
جاۋابەن مۇنداق دېدى:
- شۇنداق، سېنى تېپىۋالدىم، چۈنكى سەن يامانلىققا بېرىلىپ،
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدىڭ.
21 شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۈستۈڭگە بالايىئاپەت
ياغدۇرىمەن، سېنى سۈپۈرۈپ تاشلايمەن، ئىسرائىلىيەدىكى
ساڭا تەۋە ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى قېرى-ياش دېمەي ھالاك
قىلىمەن. 22 سېنىڭ جەمەتىڭنى نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ
جەمەتىگە ۋە ئاخىيانىڭ ئوغلى باشانىڭ جەمەتىگە ئوخشاش
قىلىمەن. چۈنكى سەن ئىسرائىلىيەلىكلەرنى بۇتپەرەسلىككە
يېتەكلەپ، غەزىپىمنى قوزغىدىڭ». 23 پەرۋەردىگار يەنە ئىزەبەل
ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىزەبەلنىڭ جەستى يىزرەئەل سېپىلى
تۈۋىدە ئىتلارغا يەم بولىدۇ». 24 ئەي ئاخاب، سېنىڭ جەمەتىڭدىن
شەھەردە ئۆلگەنلىرىنى لالما ئىتلار، دالادا ئۆلگەنلىرىنى قاغا-
قۇزغۇنلار يەيدۇ.
25 (ھېچكىممۇ ھازىرغىچە ئاخابقا ئوخشاش يامانلىققا بېرىلىپ،
پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ باقمىغانىدى.
ئۇنى ئايالى ئىزەبەل ئازدۇرغانىدى. 26 ئۇ خۇددى پەرۋەردىگار
ئىسرائىللارنىڭ كۆزى ئالدىدا زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن
ئامورلارغا ئوخشاش بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ئىنتايىن يىرگىنچلىك
ئىشلارنى قىلغانىدى.)

27 ئاخاب ئىلياسنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ
تاشلاپ، ماتەملىك كىيىم كىيىپ، روزا تۇتتى. ئۇ ھەر كۈنى ماتەملىك
كىيىمى بىلەن يېتىپ قوپۇپ، غەمكىن يۈردى.
28 پەرۋەردىگار تىشبىلىك ئىلياسقا مۇنداق دېدى:
29 ـ ئاخابنىڭ ئالدىمدا گۇناھىغا شۇنچىلىك پۇشايمان قىلغانلىقىنى
كۆرگەنسەن؟ ئۇ پۇشايمان قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بېشىغا
كېلىدىغان ئاپەتنى ئۇ ھايات ۋاقتىدا كەلتۈرمەيمەن. ئۇنىڭ ئوغلى
پادىشاھ بولغاندا، ئاپەتنى ئۇنىڭ جەمەتىگە ياغدۇرىمەن.

## مىكايا پەيغەمبەر ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر

22 1 ئىسرائىلىيە بىلەن ئارام ئوتتۇرىسىدا ئۈچ يىلغىچە
ئۇرۇش بولمىدى. 2 لېكىن ئۈچىنچى يىلىغا كەلگەندە،
يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافات ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخاب
بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. 3 ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخاب ئۆز
ئەمەلدارلىرىغا:
ـ گىلئادتىكى راموت شەھىرى بىزنىڭ ئەمەسمۇ؟! بىز نېمە
ئۈچۈن ئۇنى ئارام پادىشاھىدىن قايتۇرۇۋالمايمىز؟ ـ دېدى.
4 ئۇنىڭدىن كېيىن ئاخاب يەھوشافاتتىن:
ـ سىلى گىلئادتىكى راموتنى ئالغىلى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مەن
بىلەن بىللە باراملا؟ ـ دەپ سورىدى. يەھوشافات:
ـ مەن سىلى بىلەن ئاتلىنىشقا تەييارمەن. ئادەملىرىمنى ئۆزلىرىنىڭ
ئادەملىرى، ئاتلىرىمنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرى دەپ بىلگەيلا. 5 لېكىن
سىلى بۇنى ئالدى بىلەن پەرۋەردىگاردىن سورىسىلا! ـ دېدى.
6 شۇنىڭ بىلەن ئاخاب ئۆزى پەيغەمبەر دەپ قارىغان تەخمىنەن
400 ئادەمنى يىغىپ، ئۇلاردىن:
ـ مەن راموتقا ھۇجۇم قىلسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى.
ـ ھۇجۇم قىلغايلا! ئىگىمىز راموتنى قوللىرىغا تاپشۇرىدۇ، ـ
دېدى ئۇلار.
7 بىراق يەھوشافات:
ـ بۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن ھېچكىم قالمىدىمۇ؟
ئەگەر قالسا، بىز بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سورايلى، ـ دېدى.

8 - بۇ يەردە پەرۋەردىگاردىن سوئال سورىيالايدىغان بىرى بار، - دېدى ئاخاب، - لېكىن مەن ئۇنىڭغا ئۆچ. چۈنكى ئۇ مەن ھەققىدە ۋەھيي يەتكۈزگەندە، ھەمىشە ياخشى گەپ قىلمايدۇ، يامان گەپ قىلىدۇ. ئۇ يىملاھنىڭ ئوغلى مىكايادۇر.
- پادىشاھ تۇرۇپ بۇنداق دېسلە بولمايدۇ! - دېدى يەھوشافات.
9 شۇنىڭ بىلەن ئاخاب ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن بىرەيلەننى چاقىرىپ، يىملاھنىڭ ئوغلى مىكايانى دەرھال ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.
10 ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخاب بىلەن يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافات شاھانە تونلىرىنى كىيىشىپ، سامارىيەنىڭ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى خاماندا ئۆز تەختلىرىدە ئولتۇرۇشتى. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ۋەھيىلەرنى يەتكۈزدى. 11 پەيغەمبەرلەردىن بىرى كىنائانىنىڭ ئوغلى زىدقىيا ئىدى. ئۇ تۆمۈردىن ياسالغان بىر جۈپ مۈڭگۈزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، پادىشاھ ئاخابقا:
- پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئارراملارنى يوقاتمىغۇچە، بۇ مۈڭگۈزلەر بىلەن ئۇلارنى ئۈسۈپ تۇرىسەن»، - دېدى.
12 باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ ئوخشاش سۆزنى قىلىپ:
- راموتقا ھۇجۇم قىلغايلا، سىلى غەلىبە قىلىلا، پەرۋەردىگار شەھەرنى قوللىرىغا تاپشۇرىدۇ، - دېيىشتى.
13 بۇ چاغدا مىكايانى چاقىرغىلى بارغان ئەمەلدار مىكاياغا:
- قاراڭ، ھەممە پەيغەمبەرلەر پادىشاھقا بىر ئېغىزدىن ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىشتى. سىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگەيسىز، - دېدى. 14 لېكىن مىكايا:
- مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەرۋەردىگار ماڭا نېمە دېسە، مەن شۇنى دەيمەن، - دېدى.
15 مىكايا ئاخاب پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا، پادىشاھ ئۇنىڭدىن:
- مىكايا، بىز راموتقا ھۇجۇم قىلساق بولامدۇ؟ - دەپ سورىدى.
- ھۇجۇم قىلىشقايلا، غەلىبە قىلىشلا. پەرۋەردىگار شەھەرنى قوللىرىغا تاپشۇرىدۇ، - دەپلا قويدى مىكايا. 16 لېكىن پادىشاھ:

- مەن سېنى پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن سۆز قىلغىنىڭدا راستچىل بول، دەپ قانچە قېتىم قەسەم قىلدۇردۇم؟ - دېدى.
[17] مىكايا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:
- مەن ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرىنىڭ خۇددى قويچىسىز قالغان قويلاردەك تاغقا تارقىلىپ كەتكەن كۆرۈنۈشىنى كۆردۇم. پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىشىلەرنىڭ يېتەكچىسى يوق ئىكەن، ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا ئامان-ئېسەن قايتسۇن».
[18] ئاخاب يەھوشافاتقا:
- مەن ئۆزلىرىگە بۇ ئادەم مەن ھەققىدە ۋەھىي يەتكۈزگەندە، ياخشى گەپ قىلماي، داۋاملىق يامان گەپ قىلىدۇ، دېمىگەنمىدىم؟ - دېدى.
[19] مىكايا يەنە مۇنداق دېدى:
- شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشقايلا! مەن پەرۋەردىگارنىڭ تەختىدە ئولتۇرغىنىنى كۆردۇم. پۈتكۈل ساماۋى جامائەت ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇراتتى. [20] پەرۋەردىگار: «ئاخابنىڭ جەڭدە ئۆلۈشى ئۈچۈن ئۇنى راموتقا بېرىشقا كىم ئازدۇرىدۇ؟» دەپ سورىدى. بەزىلەر بۇنداق دېسە، بەزىلەر ئۇنداق دېدى. [21] كېيىن بىر روھ چىقىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ: «مەن ئازدۇرىمەن» دېدى. [22] پەرۋەردىگار ئۇنىڭدىن: «قانداق ئازدۇرىسەن؟» دەپ سورىدى. ھېلىقى روھ: «مەن ئاخابنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىنى يالغان ئېيتقۇزىمەن» دېدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: «سەن ئۇنى چوقۇم ئازدۇرالايسەن، بېرىپ، ئۇنى ئازدۇرغىن» دېدى. [23] مىكايا ئەڭ ئاخىرىدا:
- ئىشنىڭ جەريانى مانا مۇشۇنداق، پەرۋەردىگار سىلىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىگە يالغان ئېيتقۇزدى. ئەمەلىيەتتە، پەرۋەردىگار سىلىگە بالايىئاپەت ياغدۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى! - دېدى.
[24] شۇنىڭ بىلەن كىنائاننىڭ ئوغلى زىدقىيا مىكايانىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى بىر كاچات ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن:
- پەرۋەردىگارنىڭ روھى قاچان مەندىن ئايرىلىپ، ساڭا سۆز قىلدى؟ - دەپ سورىدى. [25] مىكايا:

- بىر كۈن كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا سەن بىر ئۆيىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىكى خانىسىغا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولىسەن، شۇ چاغدا بۇنى بىلىسەن، - دەپ جاۋاب بەردى.
[26] شۇنىڭ بىلەن ئاخاب بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:
- مىكايانى تۇتۇپ، شەھەر باشلىقى ئامون بىلەن شاھزادە يوئاشنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار ۋە [27] ئۇلارغا: «پادىشاھ مۇنداق پەرمان قىلىدۇكى، ماۋۇ كىشىنى زىندانغا تاشلاڭلار. مەن ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلگۈچە، ئۇنىڭغا جىنىنى ساقلىغۇدەكلا نان بىلەن سۇ بېرىڭلار» دەڭلار، - دېدى. [28] مىكايا:
- ئەگەر ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلسىلە، پەرۋەردىگاردىن ماڭا ۋەھىي كەلمىگەن بولىدۇ. ھەربىرلىرى سۆزۈمنى ئەسلىرىدە تۇتۇشقايلا، - دېدى.

## پادىشاھ ئاخابنىڭ جەڭدە ئۆلۈشى

[29] ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخاب بىلەن يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافات گىلئادتىكى راموت شەھىرىگە قارشى جەڭگە ئاتلاندى. [30] ئاخاب يەھوشافاتقا:
- بىز جەڭگە چىققاندا، مەن قىياپىتىمنى ئۆزگەرتىۋالاي، سىلى شاھانە تونلىرىنى كىيىۋەرسىلە، - دېدى.
شۇنداق قىلىپ، ئاخاب قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ جەڭگە كىردى. [31] ئاررام پادىشاھى 32 نەپەر ھارۋىلىق لەشكەر باشلىرىغا: «سىلەر باشقا لەشكەرلەر بىلەن جەڭ قىلىپ يۈرمەي، ھۇجۇمنىڭ نىشانىنى ئىسرائىلىيە پادىشاھىغىلا قارىتىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. [32] ئۇلار يەھوشافاتنى كۆرگەندە، ئۇنى جەزمەن ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھى دەپ ئويلاپ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشتى. يەھوشافات ۋارقىراشقا باشلىدى. [33] شۇندىلا ئۇلار ئۇنىڭ ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئۇنى قوغلىماي، كېتىپ قېلىشتى. [34] بىراق بىر ئاررام لەشكىرى تاسادىپىي بىر ئوق ئېتىۋىدى، ئۇ ئوق دەل ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخابنىڭ قاسراقسىمان ساۋۇتى ياپالمىغان يېرىگە تەگدى. ئاخاب ئۆزىنىڭ جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدىگۈچىسىگە ۋارقىراپ:

ـ مەن يارىلاندىم، كەينىمگە قايت، جەڭدىن چىكىن! ـ دېدى.
[35] ئۇ كۈنى جەڭ شىددەتلىك بولدى. پادىشاھ ئاخاب ھارۋىسىدا
بىرەيلەننىڭ يۆلىشى بىلەن ئارراملارغا قاراپ ئولتۇردى. يارىلانغان
يېرىدىن ئاققان قان ھارۋىنىڭ تېگىگە ئېقىپ چۈشتى. ئۇ كەچ
بولاي دېگەندە جان ئۈزدى. [36] كۈن پاتقاندا ئىسرائىلىيە قوشۇنى
ئىچىدىن بىرسىنىڭ: «ھەممە ئادەم ئۆز ماكانىغا، ئۆز يۇرتىغا
قايتسۇن!» دېگەن چاقىرىقى ئاڭلاندى.
[37] شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئاخاب ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ
جەستى سامارىيە شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنىپ، دەپنە قىلىندى.
[38] ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىسى سامارىيەدىكى بىر كۆلچەكتە يۇيۇلۇپ
تازىلىنىۋاتقاندا، خۇددى پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئىتلار
كېلىپ ئۇنىڭ قېنىنى يالىدى. بۇ كۆلچەك پاھىشىلەر يۇيۇنىدىغان
كۆلچەك ئىدى.
[39] پادىشاھ ئاخابنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان
پائالىيەتلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ پىل چىشىدىن بېزەلگەن ئوردىسى
ۋە كېڭەيتىپ قۇرغان نۇرغۇن شەھەرلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر
«ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر.
[40] ئاخاب ۋاپات بولۇپ، ئوغلى ئاخازىيا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافات

[41] ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخابنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 4-يىلى
ئاسانىڭ ئوغلى يەھوشافات يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولدى. [42] ئۇ
تەختكە چىققان چاغدا 35 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 25 يىل
ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى شىلخىنىڭ قىزى ئازۇبا ئىدى.
[43] يەھوشافات پۈتۈنلەي ئاتىسى ئاسا ماڭغان يولدا مېڭىپ، ھېچ ياققا
ئېغىشماي، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى
قىلدى. بىراق سەجدىگاھلار يوقىتىۋېتىلمىدى. خەلق يەنىلا ئۇ
يەرلەردە قۇربانلىق قىلىپ، ئىسرىق سېلىشنى داۋاملاشتۇردى.
[44] يەھوشافات ئىسرائىلىيە پادىشاھى بىلەن تىنچ ئۆتتى.
[45] پادىشاھ يەھوشافاتنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، قولغا كەلتۈرگەن
نەتىجىلىرى ۋە قىلغان ئۇرۇشلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ

تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [46] ئۇ سەجدىگاھلاردىكى ئاتىسى ئاسانىڭ زامانىدىن قېلىپ قالغان ئەر ۋە ئايال پاھىشىلەرنى زېمىنىدىن يوقاتتى.
[47] ئۇ چاغلاردا ئېدومدا پادىشاھ يوق ئىدى. يەھۇدىيە پادىشاھى ئۇ يەرنى باشقۇرۇشقا بىر ۋالىي تەيىنلىدى. [48] يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافات ئوفىر زېمىنىدىن ئالتۇن ئەكېلىش ئۈچۈن كاتتا كېمىلەرنى ياساتتى. لېكىن كېمىلەر ئەزيون-گەبەردىن چىقماي تۇرۇپلا پارچىلىنىپ كەتتى، ئوفىرغا بارالمىدى. [49] بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاخابنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخازىيا ئۆز ئادەملىرىنى پادىشاھ يەھوشافاتنىڭ ئۈزۈن يولغا قاتنايدىغان كېمىلىرى بىلەن بىرگە بېرىش توغرىسىدا يەھوشافاتقا تەكلىپ بەردى، بىراق يەھوشافات قوشۇلمىدى.
[50] يەھوشافات ۋاپات بولۇپ، ئەجدادى داۋۇتنىڭ نامىدا ئاتالغان «داۋۇت شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئوغلى يەھورام تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخازىيا

[51] يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 17-يىلى ئاخابنىڭ ئوغلى ئاخازىيا ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولدى. ئۇ سامارىيەدە ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [52] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ئاتىسى ئاخاب ۋە ئانىسى ئىزەبەلنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئىسرائىلىيەلىكلەرنى بۇتپەرەسلىككە يېتەكلىگەن نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ يولىدا ماڭدى. [53] ئۇ ئاتىسىغا ئوخشاش بائالغا چوقۇنۇپ، ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.

# پادشاهلار 2ـقسم


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | | | |

# پادىشاھلار 2-قىسىم

## ئىلياسنىڭ ئاخازىيانىڭ ئۆلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىشى

1 [1] ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخاب ئۆلگەندىن كېيىن، موئابلار
ئىسرائىلىيەدىن يۈز ئۆرۈدى.
[2] بىر كۈنى ئىسرائىلىيەنىڭ يېڭى پادىشاھى ئاخازىيا سامارىيە
شەھىرىدە ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىنىڭ پەنجىرىسىدىن
يىقىلىپ چۈشۈپ يارىلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەقرون
شەھىرىنىڭ ئىلاھى بائال-زىبۇبتىن ئۆزىنىڭ ساقىيالايدىغان ياكى
ساقىيالمايدىغانلىقىنى سوراپ كېلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى.
[3] شۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى تىشبىلىك ئىلياسقا
مۇنداق دېدى:
- پادىشاھنىڭ سامارىيەدىن كېلىدىغان ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا
تەييارلانغىن. سەن ئۇلارغا: «ئەقروننىڭ ئىلاھى بائال-زىبۇبتىن
پادىشاھنىڭ ساقىيالايدىغان ياكى ساقىيالمايدىغانلىقىنى سوراشقا
كېتىۋاتامسىلەر؟ سىلەرچە ئىسرائىلىيەدە خۇدا يوقمۇ؟ [4] پەرۋەردىگار
پادىشاھىڭلارغا: ‹مۇشۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن ياتقان تۆشىكىڭدىن
تۇرالماي، چوقۇم ئۆلىسەن!› دەيدۇ» دېگىن.
شۇنىڭ بىلەن ئىلياس پەرىشتىنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلدى.
[5] ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى. پادىشاھ
ئۇلاردىن:
- سىلەر نېمىشقا شۇنچە تېز قايتىپ كەلدىڭلار؟ - دەپ
سورىدى. [6] ئۇلار مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشتى:

- يولدا بىر ئادەم بىزنى ئىزدەپ كېلىپ، بىزگە مۇنداق دېدى: «سىلەرنى ئەۋەتكەن پادىشاھىڭلارغا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيتىڭلار: ‹سەن ئەقروننىڭ ئىلاھى بائال-زىبۇبتىن ئۆزۈڭنىڭ ساقىيالايدىغان ياكى ساقىيالمايدىغانلىقىڭنى سوراشقا ئەلچى ئەۋەتىپسەن. سەنچە، ئىسرائىلىيەدە خۇدا يوقمۇ؟ سەن مۇشۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن تۆشىكىڭدىن تۇرالماي، چوقۇم ئۆلىسەن!›»
[7] پادىشاھ ئۇلاردىن:
- سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ گەپلەرنى قىلغان قانداق ئادەم ئىكەن؟ - دەپ سورىدى. [8] ئۇلار پادىشاھقا:
- يۇڭدىن توقۇلغان تون كىيىپ، بېلىنى خۇرۇم تاسما بىلەن باغلىۋالغان ئادەم ئىكەن - دېدى. پادىشاھ:
- ئۇ تىشبىلىك ئىلياس ئىكەن، - دېدى.
[9] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئەللىكبېشىنى ئەللىك ئادەم بىلەن ئىلياسنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئەللىكبېشى بېرىپ، بىر تۆپىلىكتە ئولتۇرغان ئىلياسقا:
- ئەي خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى، پادىشاھ سىزنى تۆپىلىكتىن پەسكە چۈشسۇن دەيدۇ، - دېدى. [10] ئىلياس ئەللىكبېشىغا:
- ئەگەر مەن راستتىنلا خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى بولسام، ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، سېنى ئەللىك ئادىمىڭ بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتسۇن، - دېدى.
دېگەندەك ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، ئەللىكبېشى بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەللىك ئادەمنى كۆيدۈرۈۋەتتى.
[11] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر ئەللىكبېشىنى ئەللىك ئادەم بىلەن ئىلياسنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئەللىكبېشى ئىلياسقا:
- ئەي خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى، پادىشاھ سىزنى: «تۆپىلىكتىن دەرھال چۈشسۇن» دەيدۇ، - دېدى. [12] ئىلياس ئۇلارغا:
- ئەگەر مەن خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى بولسام، ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، سېنى ئەللىك ئادىمىڭ بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتسۇن، - دېدى.
بۇ قېتىممۇ ئاسماندىن خۇدانىڭ ئوتى چۈشۈپ، ئەللىكبېشى بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەللىك ئادەمنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

[13] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۈچىنچى قېتىم يەنە بىر ئەللىكبېشىنى ئەللىك ئادەم بىلەن ئەۋەتتى. ئۈچىنچى ئەللىكبېشى ئىلياسنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

ـ ئەي خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى، ئۆتۈنەي، ماڭا ۋە ئادەملىرىمگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن، جېنىمىزنى ساقلاپ قالغايلا. [14] ئالدىنقى ئىككى قېتىم ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، ئىككى ئەللىكبېشى بىلەن ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، ـ دېدى. [15] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئىلياسقا:

ـ ئۇنىڭ بىلەن تۆپىلىكتىن چۈشكىن، ئۇنىڭدىن قورقمىغىن،

ـ دېدى.

ئىلياس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پادىشاھنىڭ ئالدىغا باردى. [16] ئىلياس پادىشاھقا:

ـ پەرۋەردىگار ئۆزلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئەقروننىڭ ئىلاھى بائال-زىبۇبتىن ئۆزۈڭنىڭ ساقىيالايدىغان ياكى ساقىيالمايدىغانلىقىڭنى سوراشقا ئەلچى ئەۋەتىپسەن. سەنچە، ئىسرائىلىيەدە سەن سورايدىغانغا خۇدا يوقمۇ!؟ سەن مۇشۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن تۆشىكىڭدىن تۇرالماي، چوقۇم ئۆلىسەن!» ـ دېدى.

[17] دەرۋەقە پادىشاھ ئاخازىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئىلياس ئارقىلىق ئېيتقىنىدەك ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، ئىنىسى يورام ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ يەھۇدىيە پادىشاھى يەھورامنىڭ ئىككىنچى يىلى ئىدى. يەھورام يەھوشافاتنىڭ ئوغلى ئىدى. [18] پادىشاھ ئاخازىيانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر.

## خۇدانىڭ ئىلياسنى ئەرشكە ئېلىپ چىقىپ كېتىشى

2 [1] پەرۋەردىگار ئىلياسنى قۇيۇن بىلەن ئەرشكە ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغانغا ئاز قالغاندا، ئىلياس بىلەن ئېلىشا ئىككىسى گىلگالدىن يولغا چىققانىدى. [2] ئىلياس ئېلىشاغا:

ـ پەرۋەردىگار مېنى بەيتەلگە ئەۋەتمەكچى، سەن مۇشۇ يەردە قالغىن، ـ دېدى. لېكىن ئېلىشا:

ـ مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلىدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن بەيتەلگە قاراپ يولىنى داۋام قىلدى.
3 بەيتەلدىكى پەيغەمبەرلەر جامائىتى① ئۆلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئېلىشادىن:
ـ پەرۋەردىگار بۈگۈن ئۇستازىڭىزنى سىزدىن ئېلىپ كېتىدىكەن، بۇنى بىلەمسىز؟ ـ دەپ سورىدى. ئېلىشا:
ـ بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، تىنچ تۇرۇڭلار، ـ دېدى.
4 ئىلياس ئېلىشاغا:
ـ پەرۋەردىگار مېنى ئېرىخاغا ئەۋەتمەكچى، سەن مۇشۇ يەردە قالغىن، ـ دېدى. لېكىن ئېلىشا:
ـ مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلىدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككىيلەن ئېرىخاغا كەلدى.
5 ئېرىخادىكى پەيغەمبەرلەر جامائىتى ئېلىشانىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن:
ـ پەرۋەردىگار بۈگۈن ئۇستازىڭىزنى سىزدىن ئېلىپ كېتىدىكەن، بۇنى بىلەمسىز؟ ـ دەپ سورىدى. ئېلىشا:
ـ بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، تىنچ تۇرۇڭلار، ـ دېدى.
6 ئىلياس ئېلىشاغا:
ـ پەرۋەردىگار مېنى ئىئوردان دەرياسىغا ئەۋەتمەكچى، سەن مۇشۇ يەردە قالغىن، ـ دېدى. ئېلىشا:
ـ مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلىدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن يولغا چىقىشتى.
7 پەيغەمبەرلەر جامائىتىدىن ئەللىك ئادەم ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ ئىككىيلەن ئىئوردان دەرياسى بويىدا توختىدى. پەيغەمبەرلەر جامائىتى ئۇلاردىن نېرىراق يەردە تۇختاشتى. 8 ئىلياس تونىنى

① 2: 3 پەيغەمبەرلەر جامائىتى ـ ئۇ زاماندا بەزى پەيغەمبەرلەر بىر جامائەت بولۇپ، بىللە تۇرۇپ، بىللە ئىلىم تەھسىل قىلاتتى.

تولغاپ، سۇنى ئۇرۇۋىدى، سۇ ئىككىگە بۆلۈندى. ئىككىيلەن قۇرۇق يەر بىلەن مېڭىپ، دەريادىن ئۆتتى. [9] ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىلياس ئېلىشادىن:
- نېمە تەلىپىڭ بار؟ مەن سېنىڭ يېنىڭدىن ئېلىپ كېتىلىشتىن بۇرۇن ساڭا نېمە ئىش قىلىپ بېرەي؟ - دەپ سورىدى. ئېلىشا:
- تۇنجى ئوغۇلغا مىراسىنىڭ ئىككى ئۈلۈشى بېرىلگەندەك، ماڭىمۇ سىلىگە چۈشكەن روھىڭىزنىڭ ئىككى ئۈلۈشى بېرىلسە، مەن سىلىنىڭ ئىز باسارلىرى بولسام، - دېدى. [10] ئىلياس:
- تىلىگىنىڭ قىيىن بىر ئىش. ئەگەر يېنىڭدىن ئېلىپ كېتىلگىنىمنى كۆرسەڭ، تىلىگىنىڭ ساڭا نېسىپ بولىدۇ. كۆرمىسەڭ، نېسىپ بولمايدۇ، - دېدى.
[11] ئۇلار پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى، بىردىنلا ئوت يالقۇنلاپ تۇرغان ئاتلار قېتىلغان ھارۋا پەيدا بولۇپ، ئىككىيلەننى ئايرىۋەتتى. ئىلياس قۇيۇن بىلەن ئەرشكە ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى. [12] ئېلىشا بۇنى كۆرۈپ:
- ئاتا، ئاتا! ئۆزلىرى ئىسرائىلىيەنىڭ جەڭ ھارۋىسى ۋە ھارۋىلىق جەڭچىسى ئىدىلىغۇ! - دەپ توۋلىدى ۋە ئۇنى قايتا كۆرەلمىدى.
ئاندىن ئېلىشا ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ، ئىككى پارچە قىلىۋەتتى.
[13] ئېلىشا ئىلياسنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالغان تونىنى ئېلىپ، ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىغا قايتىپ باردى. [14] ئۇ ئىلياسنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن تون بىلەن سۇنى ئۇرۇپ:
- ئى پەرۋەردىگار، ئىلياس ئېتىقاد قىلغان خۇدا، سەن قەيەردە؟
- دەپ نىدا قىلدى.
شۇ ھامان سۇ ئىككىگە بۆلۈندى. ئېلىشا دەريادىن ئۆتتى.
[15] بۇ ئىشنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان ئېرىخادىن كەلگەن پەيغەمبەرلەر جامائىتى:
- ئىلياسنىڭ روھى ئېلىشاغا چۈشۈپتۇ! - دېيىشكىنىچە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە باشلىرىنى يەرگە قويۇپ، تەزىم قىلىشتى.
[16] ئۇلار ئۇنىڭغا:

ـ بۇ يەردە خىزمەتكارلىرىدىن ئەللىك پالۋان تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇستازلىرىنى ئىزدىشىگە رۇخسەت قىلغايلا. پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇ زاتنى كۆتۈرۈپ، بىرەر تاغ ياكى بىرەر جىلغىغا چۈشۈرۈپ قويىدىمىكىن، ـ دېيىشتى. ئېلىشا:
ـ ياق، ئادەم ئەۋەتىپ يۈرمەڭلار، ـ دېدى.
[17] ئەمما ئۇلار ئۇنى تولا قىستاۋەرگەنلىكتىن ئۇ خىجالەت بولۇپ:
ـ بوپتۇ، ئەۋەتىڭلار! ـ دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەللىك ئادەم ئەۋەتىپ، ئۈچ كۈن ئىزدەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلياسنى تاپالمىدى. [18] ئاخىر ئۇلار ئېرىخادىكى ئېلىشانىڭ يېنىغا قايتتى. ئۇ ئۇلارغا:
ـ مەن سىلەرگە بارماڭلار دېمىگەنمىدىم؟ ـ دېدى.

## ئېلىشانىڭ ئېرىخا شەھىرىدىكى بۇلاقنى پاكلىشى

[19] ئېرىخا شەھىرىدىكى كىشىلەر ئېلىشاغا:
ـ ئەي ئۇستاز، مانا كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، بۇ شەھەر ئوبدان يەرگە جايلاشقان، شۇغىنىسى سۈيى ناچار، تۇپرىقى قاقاستۇر، ـ دېيىشتى.
[20] ئېلىشا ئۇلارغا:
ـ سىلەر بىر يېڭى قاچىدا تۇز ئېلىپ كېلىڭلار، ـ دېدى.
ئۇلار تۇزنى ئېلىپ كېلىشتى. [21] ئېلىشا بۇلاق بېشىغا بېرىپ، تۇزنى بۇلاققا تۆكۈپ:
ـ پەرۋەردىگار دەيدۇكى، مەن بۇ سۇنى پاكلىدىم. بۇ سۇ ئەمدى ھەرگىز جانغا زامىن بولمايدۇ ھەم تۇپراقنى شورلاشتۇرمايدۇ، ـ دېدى.
[22] سۇ خۇددى ئېلىشا ئېيتقاندەك شۇنىڭدىن بېرى پاكتۇر.

## باللارنىڭ ئېلىشانى مازاق قىلىشى

[23] ئېلىشا ئېرىخادىن بەيتەلگە ماڭدى. شۇ چاغدا شەھەردىن بىر توپ باللار چىقىپ: «كېتە تاز، كېتە تاز!» دەپ زاڭلىق قىلىشتى. [24] ئۇ ئارقىسىغا قاراپ، پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئۇلارغا لەنەت ئوقۇدى. شۇ چاغدا جاڭگالدىن ئىككى چىشى ئېيىق چىقىپ، ئۇ باللاردىن 42سىنى تىتىپ تاشلىدى. [25] ئېلىشا ئۇ يەردىن چىقىپ،

كارمەل تېغىغا باردى. ئاندىن كارمەل تېغىدىن سامارىيەگە قايتىپ كەتتى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى يورام

3 [1] يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 18-يىلى ئاخابنىڭ ئوغلى يورام سامارىيەدە ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولدى. ئۇ 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [2] يورام پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭكىگە يەتمەيتتى. ئۇ ئاتىسى ياساتقان بائالنىڭ بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلىرىنى كۆزدىن يوقاتقان بولسىمۇ، [3] لېكىن ئۇ نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ بۇتپەرەسلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى يېتەكلىگەن بۇتپەرەسلىك گۇناھلىرىغا چىڭ چاپلىشىپ، ئۇنى داۋاملاشتۇردى.

## موئاب بىلەن بولغان جەڭ

[4] موئاب پادىشاھى مېشا قويچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئۇ ھەر يىلى يۈز مىڭ پاقلاننى ۋە يۈز مىڭ قوچقارنىڭ يۇڭىنى ئىسرائىلىيە پادىشاھىغا ئولپان ھېسابىدا تاپشۇراتتى. [5] ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخاب ئۆلگەندىن كېيىن، موئاب پادىشاھى مېشا پادىشاھ يورامدىن يۈز ئۆرۈدى. [6] شۇ چاغدا پادىشاھ يورام سامارىيەدىن چىقىپ، پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىنى جەم قىلدى. [7] ئاندىن ئۇ يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافات بىلەن كۆرۈشۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ: «موئاب پادىشاھى مەندىن يۈز ئۆرۈدى. سىلى مەن بىلەن بىرلىكتە موئابقا قارشى جەڭ قىلغىلى چىقاملا؟» دەپ سورىدى.

پادىشاھ يەھوشافات ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇچۇر ئەۋەتتى ۋە: «سىلى بىلەن ئاتلىنىشقا تەييارمەن. ئادەملىرىمنى ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرى، ئاتلىرىمنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرى، دەپ بىلگەيلا. [8] سىلىچە، بىز قايسى يول بىلەن ھۇجۇم قىلساق بولار؟» دەپ سورىدى. يورام: «ئېدوم چۆللىكى يول بىلەن بارايلى» دەپ جاۋاب ئەۋەتتى.

[9] شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە، يەھۇدىيە ۋە ئېدوم پادىشاھلىرى بىرگە يولغا چىقتى. لېكىن ئۇلار يەتتە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، قوشۇنلىرى ۋە ئات-ئۇلاغلىرىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى قالمىدى. [10] ئىسرائىلىيە پادىشاھى يورام:
- ھەي ئىست! پەرۋەردىگار بىز ئۈچ پادىشاھنى موئابنىڭ قولىغا چۈشسۇن دەپ يىغقانىكەن-دە، - دېدى. [11] لېكىن يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافات:
- بۇ يەردە بېشارەت سورىغۇدەك پەرۋەردىگارنىڭ بىرەر پەيغەمبىرى يوقمۇ؟ - دېدى. ئىسرائىلىيە پادىشاھىنىڭ بىر خىزمەتكارى جاۋاب بېرىپ:
- شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشا مۇشۇ يەردە. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىلياس پەيغەمبەرنىڭ خىزمەتكارى ئىدى، - دېدى. [12] پادىشاھ يەھوشافات:
- ئۇنداقتا ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى بىزگە يەتكۈزەلەيدۇ، - دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە، يەھۇدىيە ۋە ئېدوم پادىشاھلىرى ئېلىشانىڭ يېنىغا كۆرۈشكىلى باردى. [13] ئېلىشا ئىسرائىلىيە پادىشاھى يورامغا:
مەندە نېمە ئىشىڭىز بار؟ بېرىپ، ئاتىڭىز ۋە ئانىڭىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن سوراڭ! - دېدى. لېكىن ئىسرائىلىيە پادىشاھى يورام ئۇنىڭغا:
- بۇنداق دېمەڭ، پەرۋەردىگار بىز ئۈچ پادىشاھنى يىغىپ، موئاب پادىشاھىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەرمەكچى، - دېدى. [14] ئېلىشا:
- مەن خىزمىتىنى قىلىدىغان قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسام، سىزگە قاراپمۇ قويمىغان بولاتتىم. [15] بوپتۇ، ئەمدى سىلەر مېنىڭ يېنىمغا بىر سازەندە باشلاپ كېلىڭلار، - دېدى.
سازەندە ساز چېلىۋاتقىنىدا، پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئېلىشاغا چۈشتى. [16] ئۇ ئۇلارغا:
- پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ جىلغىنىڭ ھەممە يېرىگە خەندەك قېزىڭلار، [17] گەرچە سىلەر شامال چىققىنىنى ياكى يامغۇر

ياققىنىنى كۆرمىسەڭلارمۇ، لېكىن بۇ جىلغا ئۆزۈڭلار ۋە چارۋا ماللىرىڭلارغا يەتكۈدەك سۇغا تولىدۇ». [18] پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە بۇ دېگەن كىچىككىنە بىر ئىش. ئۇ موئابلارنىمۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. [19] سىلەر بارلىق مۇستەھكەم ۋە ئاۋات شەھەر-قەلئەلەرنى ۋەيران قىلىسىلەر، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىۋېتىسىلەر، بۇلاقلارنىڭ ھەممىسىنى تىندۇرۇۋېتىسىلەر، بارلىق مۇنبەت ئېتىزلارنى تاشلار بىلەن خاراب قىلىۋېتىسىلەر، - دېدى.
[20] ئەتىسى ئەتىگەنلىك قۇربانلىق سۇنۇش ۋاقتىدا سۇ ئېدوم تەرەپتىن كەلدى، ھەممە يەر سۇغا تولدى.
[21] موئاب خەلقى پادىشاھلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى جەڭ قىلغىلى كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قورال-ياراغ كۆتۈرەلەيدىغان چوڭ-كىچىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، چېگرادا تۇرۇشتى. [22] ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا، كۈن نۇرى سۇ يۈزىدە يالتىرايتتى. شۇڭا ئۇلارغا سۇ يىراقتىن خۇددى قىپقىزىل قاندەك بولۇپ كۆرۈندى. ئۇلار:
[23] - بۇ قانغۇ، ئۈچ پادىشاھ ئۆزئارا سوقۇشۇپ، بىر-بىرىنى قىرىشقان ئوخشىمامدۇ؟ ئەي موئابلار، ئەمدى بىز ئولجا ئالغىلى بارايلى! - دېيىشتى.
[24] لېكىن موئابلار ئىسرائىللارنىڭ بارگاھى ئالدىغا كەلگەندە، ئىسرائىللار ئۇلارغا زەربە بەردى. موئابلار ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن قېچىشتى. ئىسرائىللار موئابلارنى قوغلاپ، سۈر-توقاي قىلىشتى. [25] ئىسرائىللار شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىپ، مۇنبەت ئېتىزلارنى تاش بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. ئۇلار بۇلاقلارنىڭ ھەممىسىنى تىندۇرۇپ، بارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلىدى. پەقەت سېپىللىرى تاشتىن سوقۇلغان قىرخەرەس شەھىرىلا قالدى. سالغا ئاتقۇچىلار بۇ شەھەرنى قورشاپ، ھۇجۇم قىلىشتى. [26] موئاب پادىشاھى جەڭنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ زىيانلىق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، 700 قىلىچلىق لەشكەرنى باشلاپ، ئېدوم پادىشاھىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولدى، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

[27] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولىدىغان چوڭ ئوغلىنى سېپىلنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلدى. بۇنى كۆرگەن ئىسرائىللار چوڭ بىر غەزەپنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، شەھەرنى تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىغا قايتىپ كېتىشتى.

## زەيتۇن يېغىنىڭ بەرىكەتلىنىشى

4 [1] پەيغەمبەرلەر جامائىتىدىكىلەردىن بىرىنىڭ ئايالى ئېلىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- تەقسىر، ئېرىم ئۆلۈپ كەتتى. سىلىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ پەرۋەردىگارغا ئىخلاسمەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا قەرز بەرگۈچى ئەمدىلىكتە ئىككى ئوغلۇمنى قۇللۇققا ئېلىپ كەتكىلى كەپتۇ، - دېدى. [2] ئېلىشا ئۇنىڭغا:

- مەن سىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەي؟ ئېيتىڭە، ئۆيىڭىزدە نېمىڭىز بار؟ - دېدى. ئايال:

- مەن ئاجىزەلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر كوزا زەيتۇن يېغىدىن باشقا ھېچنېمە يوق، - دېدى. [3] ئېلىشا:

- سىز چىقىپ، قولۇم-قوشنىلىرىڭىزدىن قۇرۇق كوزا ئۆتنە ئېلىپ كېلىڭ، كۆپرەك بولسۇن. [4] ئاندىن ئوغۇللىرىڭىز بىلەن ئۆيىڭىزگە كىرىپ، ئىشىكنى ئېتىۋېلىڭ-دە، كوزىلارغا يېغىڭىزدىن قۇيۇڭ، لىق تولغان كوزىلارنى بىر چەتكە قويۇڭ، - دېدى.

[5] ئۇ ئايال ئېلىشانىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ، ئوغۇللىرى بىلەن ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى ئەتتى. بالىلىرى قۇرۇق كوزىلارنى ئاپىسىغا سۇنۇپ تۇردى، ئاپىسى ياغ قۇيدى. [6] كوزىلار توشقاندا، ئۇ ئوغلىغا:

- يەنە بىر كوزا سۇنۇپ بەر، - دېدى. ئوغلى:

- ئەمدى كوزا قالمىدى، - دېدى.

ياغ ئېقىشتىن توختىدى. [7] ئايال چىقىپ، بۇنى خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئېلىشاغا خەۋەر قىلدى. ئېلىشا ئۇنىڭغا:

- ياغلارنى سېتىپ، قەرزىڭىزنى تۆلەڭ. ئاشقان پۇل بىلەن تىرىكچىلىك قىلساڭلار بولىدۇ، - دېدى.

## شۇنېملىق ئايالنىڭ ئوغلىنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى

[8] بىر كۈنى ئېلىشا شۇنېم شەھىرىگە باردى. ئۇ يەردە بىر باي ئايال بار بولۇپ، ئۇ ئېلىشانى غىزالىنىشقا قاتتىق تۇتۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر قېتىم ئۇ يەردىن ئۆتكىنىدە، شۇ يەردە غىزالىنىپ ئۆتىدىغان بولدى.

[9] ئۇ ئايال ئېرىگە:

- قاراڭ، بىزنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدىغان ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى خۇداغا ئاتىغان بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. [10] بىز ئۆگزىمىزگە كىچىك بىر ئۆي سېلىپ، تۆشەك، ئۈستەل، ئورۇندۇق ۋە چىراغ تەييارلاپ بېرەيلى. ئۇ قاچان بىزنىڭكىگە كەلسە، شۇ ئۆيدە تۇرسۇن، - دېدى.

[11] بىر كۈنى ئېلىشا ئۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆگزىدىكى ئۆيگە چىقىپ ياتتى. [12] ئېلىشا خىزمەتكارى گېخازىغا:

- سەن ئۇ شۇنېملىق ئايالنى چاقىرغىن، - دېدى. خىزمەتكارى ئۇ ئايالنى چاقىرىپ كەلدى. [13] ئېلىشا خىزمەتكارىغا:

- سەن ئۇ ئايالدىن: «سىز بىزگە كۆپ غەمخورلۇق قىلدىڭىز. بىز سىزگە نېمە قىلىپ بېرەيلى؟ سىزگە ۋاكالىتەن پادىشاھقا ياكى قوشۇن سەركەردىسىگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان بىرەر گەپ بارمۇ؟» دەپ سورىغىن، - دېدى. ئايال:

- يوق، مەن ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم ئارىسىدا ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، - دېدى.

[14] كېيىن ئېلىشا گېخازىغا:

- ئۇ ئايالغا نېمە قىلىپ بەرسەك بولار؟ - دېدى. گېخازى ئويلىنىپ:

- ئۇنىڭ ئوغلى يوق ئىكەن، ئېرىمۇ قېرىپ كېتىپتۇ، - دېدى.

[15] ئېلىشا گېخازىغا:

- ئۇ ئايالنى چاقىرغىن، - دېدى. گېخازى ئۇ ئايالنى چاقىرىۋىدى، ئايال ئىشىك ئالدىدا ھازىر بولدى. [16] ئېلىشا ئايالغا:

- كېلەر يىلى مۇشۇ چاغدا بىر ئوغۇل پەرزەنت قۇچىقىڭىزدا بولىدۇ، - دېدى. ئايال:

- ئى خوجام، خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى! ئاجىزەلىرىگە يالغان ئېيتمىغايلا، - دېدى.

[17] خۇددى ئېلىشا ئۇنىڭغا ئېيتقاندەك، ئۇ ئايال ھامىلدار بولۇپ، كېيىنكى يىلى ئېلىشا ئېيتقان ۋاقىتدا بىر ئوغۇللۇق بولدى.

[18] بالا چوڭ بولۇپ، بىر كۈنى ئورمىچىلار بىلەن تۇرغان دادىسىنىڭ قېشىغا كەلدى. [19] ئۇ دادىسىغا:

- ۋاي بېشىم، ۋاي بېشىم! - دەپ ۋارقىرىدى.

دادىسى خىزمەتكارىغا:

- بالىنى ئانىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار، - دېدى.

[20] خىزمەتكار بالىنى كۆتۈرۈپ، ئانىسىغا ئاپاردى. بالا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، چۈش بولغاندا جان ئۈزدى.
[21] ئايال بالىخانىغا چىقىپ، بالىنى خۇدانىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ تۆشىكىگە قويدى-دە، ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. [22] ئاندىن ئۇ ئېرىگە ۋارقىراپ:

- ماڭا خىزمەتكارلاردىن بىرنى ۋە ئېشەكتىن بىرنى بەرسىلە، خۇدانىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلەي، - دېدى. [23] ئېرى ئۇنىڭغا:

- يا يېڭى ئاي بايرىمى، يا دەم ئېلىش كۈنى بولمىسا، ئۇنىڭ قېشىغا نېمىدەپ بۇگۈن بارىسەن؟ - دېدى. ئايالى:

- ھېچ ئىش يوق، ئەنسىرىمىسىلە، - دېدى.

[24] ئاندىن ئۇ ئېشەكنى توقۇپ، خىزمەتكارىغا:

- ئېشەكنى سەن تېز ھەيدەپ ماڭغىن، مەن دېمىگۇچە ئاستىلاپ قالما، - دېدى.

[25] ئۇلار يولغا چىقىپ، كارمەل تېغىدىكى خۇدانىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئېلىشا ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ، خىزمەتكارى گېخازىغا:

- ئەنە قارا، شۇنېملىق ئايال كېلىۋاتىدۇ! [26] دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن: «تىنچ تۇردىڭىزمۇ؟ ئېرىڭىز تىنچلىقمۇ؟ بالىڭىز تىنچلىقمۇ؟» دەپ سورىغىن، - دېدى. ئايال ئېلىشانىڭ خىزمەتكارىغا:

- ھەممىسى تىنچلىق، - دېدى.

[27] ئاندىن ئايال تاغقا چىقىپ، خۇدانىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىۋالدى. گېخازى ئۇنى ئىتتىرىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ئېلىشا ئۇنىڭغا:
- ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەت، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان. لېكىن پەرۋەردىگار بۇ ئىشنى مەندىن يوشۇرۇپ، ماڭا ئېيتماپتۇ، - دېدى. [28] ئايال:
- مەن سىلىدىن بىر ئوغۇل تىلىدىممۇ؟ مەن سىلىگە: «يالغان ئېيتمىغايلا» دېمىگەنمىدىم؟ - دېدى.
[29] ئېلىشا گېخازىغا:
- بېلىڭنى باغلاپ، ھاسامنى قولۇڭغا ئېلىپ، يولغا چىق. يولدا مەيلى كىم ئۇچرىسۇن، سالام بەرمە. باشقىلار سالام بەرسىمۇ، سالىمىنى ئىلىك ئالما. بېرىپ، ھاسامنى بالىنىڭ يۈزىگە قوي، - دېدى.
[30] ئايال ئېلىشاغا:
- مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۆزلىرىدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايالنىڭ كەينىدىن ماڭدى. [31] گېخازى ئۇلارنىڭ ئالدىدا بېرىپ، ھاسىنى بالىنىڭ يۈزىگە قويۇۋىدى، سادا چىقمىدى، ئىنكاسمۇ بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئېلىشاغا:
- بالا ئويغانمىدى، - دېدى.
[32] ئېلىشا ئۆيگە كەلگەندە، ئۆلگەن بالا ئېلىشانىڭ تۆشىكىدە ئىدى. [33] ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا يالغۇز كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ، پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى. [34] ئاندىن تۆشەككە چىقىپ، ئاغزىنى بالىنىڭ ئاغزىغا، كۆزىنى بالىنىڭ كۆزىگە، ئالىقىنىنى بالىنىڭ ئالىقىنىغا قويۇپ، بالىنىڭ ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتتى. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ بەدىنى ئىسسىشقا باشلىدى. [35] ئاندىن ئېلىشا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ، يەنە تۆشەككە چىقىپ، بالىنىڭ ئۈستىدە ياتتى. بالا يەتتە قېتىم چۈشكۈرۈپ، ئاندىن كۆزىنى ئاچتى. [36] ئېلىشا گېخازىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

ـ شۇنېملىق ئايالنى چاقىرغىن، ـ دېدى. گېخازى ئۇ ئايالنى چاقىردى. ئېلىشا ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلگەن ئايالغا:

ـ بالىڭىزنى ئېلىڭ، ـ دېدى.

[37] ئايال ئېلىشانىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلدى ۋە بالىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## ئېلىشانىڭ شورپىنى زەھەرسىزلەندۈرۈشى

[38] كېيىن ئېلىشا گىلگالغا قايتىپ كەلدى. ئۇ زېمىندا ئاچارچىلىق بولۇۋاتقانىدى.

بىر كۈنى پەيغەمبەرلەر جامائىتىدىكىلەر ئېلىشانىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى، ئۇ خىزمەتكارىغا:

ـ چوڭ قازاننى ئېسىپ، پەيغەمبەرلەرگە شورپا قىلىپ بەر، ـ دېدى.

[39] بىرەيلەن دالاغا ئوتياش تەرگىلى ماڭدى. ئۇ ياۋا كاۋا پېلەكلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر ئېتەككە لىق كەلگۈدەك خەمەكلىرىنى تېرىپ ئەكېلىپ، توغراپ قازانغا سالدى. لېكىن ھېچكىم بۇ خەمەكنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. [40] ئاندىن شورپا كىشىلەرگە ئۇسۇپ بېرىلدى. ئۇلار شورپىنى ئىچىپلا:

ـ ئى خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى، قازاندا زەھەر بار ئىكەن! ـ دەپ توۋلىشىپ، شورپىنى ئىچمىدى. [41] ئېلىشا:

ـ ماڭا ئازراق ئۇن بېرىڭلار، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئۇننى قازانغا چېچىپ:

ـ ئەمدى ئۇسۇپ بېرىۋەر ـ دېدى. بۇ چاغدا قازاندا زەھەر قالمىغانىدى.

## يۈز ئادەمنىڭ تويدۇرۇلۇشى

[42] بائال-شالىشاھتىن بىر ئادەم كېلىپ، خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئېلىشاغا تۇنجى يىغىۋېلىنغان ئارپىنىڭ ئۇنىدا قىلىنغان يىگىرمە نان بىلەن يېڭىدىن يىغىۋېلىنغان بىر خالتا دان بەردى. ئېلىشا خىزمەتكارىغا:

ـ بۇلارنى كۆپچىلىككە تارقىتىپ بەرگىن، ئۇلار يېسۇن! ـ دېدى. [43] خىزمەتكارى:

- بۇ ئازغىنا يېمەكلىكنى يۈز ئادەمگە قانداقمۇ يەتكۈزەلەيمەن؟
- دېدى. خىزمەتكار يەنە:
- كۆپچىلىككە بەرگىن، يېسۇن. چۈنكى پەرۋەردىگار: «ئۇلار تويىدۇ، ھەتتا ئېشىپمۇ قالىدۇ» دەيدۇ، - دېدى.
[44] شۇنداق قىلىپ، خىزمەتكار يېمەكلىكلەرنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار يەپ تويۇشتى، خۇددى پەرۋەردىگار ئېلىشاغا ئېيتقاندەك، ئېشىپمۇ قالدى.

## ئېلىشانىڭ ئاررام سەركەردىسىنى ساقايتىشى

5 [1] ئاررام پادىشاھىنىڭ نەزىرىدە قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى نائامان كاتتا ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم ئىدى. چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق ئاررامغا غەلىبە ئاتا قىلغانىدى. ئۇ باتۇر بىر جەڭچى ئىدى، لېكىن ئۇ تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. [2] ئاررامىلار بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا چىققاندا، ئىسرائىلىيە زېمىنىدىن بىر كىچىك قىزنى ئەسىرگە ئالغانىدى. ئۇ قىز نائاماننىڭ ئايالىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. [3] بىر كۈنى ئۇ قىز ئايال خوجايىنىغا:
- بېگىم سامارىيەدىكى پەيغەمبەر بىلەن بىر كۆرۈشكەن بولسا ئىدى. شۇ پەيغەمبەر بېگىمنىڭ تېرە كېسىلىنى ساقايتقان بولاتتى،
- دېدى.
[4] پادىشاھ نائاماننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىسرائىلىيەلىك قىزنىڭ ئېيتقانلىرىنى دەپ بەردى. [5] پادىشاھ:
- ئەمىسە بارغىن، ئىسرائىلىيە پادىشاھىغا مەن بىر مەكتۇپ ئەۋەتىمەن، - دېدى.
نائامان ئىسرائىلىيە پادىشاھىغا 350 كىلو كۈمۈش، 70 كىلو ئالتۇن ۋە 10 قۇر كىيىم-كېچەك ئېلىپ باردى. [6] ئۇ مەكتۇپنى ئىسرائىلىيە پادىشاھىغا سۇندى. مەكتۇپتا: «مەن بۇ مەكتۇپنى خىزمەتكارىم نائاماندىن سىلىگە يوللىدىم، سىلى ئۇنىڭ تېرە كېسىلىنى ساقايتقايلا» دەپ يېزىلغانىدى.
[7] ئىسرائىلىيە پادىشاھى مەكتۇپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى يىرتىپ:

- مەن جان ئالىدىغان ياكى جان ئاتا قىلىدىغان خۇدامىدىم؟ بۇ ئادەمنىڭ ماڭا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، تېرە كېسىلى بار ئادەمنى ساقايتىسەن، دېگىنى نېمىسى؟ بۇ ئۇنىڭ قاراپ تۇرۇپ، مەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا باھانە ئىزدىگىنى ئەمەسمۇ! - دېدى.

[8] خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئېلىشا پادىشاھنىڭ ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى يىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا: «ئۆزلىرى نېمىدەپ كىيىملىرىنى يىرتىدىلا؟ ئۇ ئادەم مېنىڭ يېنىمغا كەلسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئىسرائىلىيەدە بىر پەيغەمبەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قوياي» دېگەن سۆزنى ئەۋەتتى.

[9] شۇنىڭ بىلەن نائامان جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن كېلىپ، ئېلىشانىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. [10] ئېلىشا بىر خەۋەرچى ئارقىلىق ئۇنىڭغا: «بېرىپ، ئىئوردان دەرياسىدا يەتتە قېتىم يۇيۇنغىن. شۇنداق قىلساڭ تېنىڭ ئەسلىگە كېلىدۇ ھەم پاكلىنىسەن» دېدى.

[11] نائامان غەزەپ بىلەن:

- مەن تېخى ئۇنى چوقۇم يېنىمغا كېلىپ، ئالدىمدا ئۆرە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خۇداسى بولغان پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى چاقىرىپ، قولىنى كېسەل يەرنىڭ ئۈستىدە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تېرە كېسىلىمنى ساقايتىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. [12] دەمەشقتىكى ئابانا دەرياسى بىلەن پارپار دەرياسىنىڭ سۈيى پۈتۈن ئىسرائىلىيەنىڭ سۇلىرىدىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا مەن شۇ سۇلاردا يۇيۇنسام ساقايماسمىدىم؟ - دېگىنىچە بۇرۇلۇپلا ئۇ يەردىن كەتتى.

[13] خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- ئېگىم، پەيغەمبەر ئۆزلىرىگە باشقا بىر چوڭ ئىشنى تاپىلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلغان بولاتتىلا. ھالبۇكى ئۇنىڭ سىلىگە: «يۇيۇنۇپ پاكلان» دېگىنى ئاسان بىر ئىشقۇ؟ - دېدى.

[14] شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇدانىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىئوردان دەرياسىغا بېرىپ، يەتتە قېتىم سۇغا چۆمۈلدى. شۇنىڭ ئۇ پاكلىنىپ، تېرىسى خۇددى كىچىك بالىنىڭكىدەك ئەسلىگە كەلدى.

[15] نائامان ئادەملىرى بىلەن خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئېلىشانىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا:

- مەن ئەمدى پۈتۈن ئالەمدە ئىسرائىللارنىڭ خۇداسىدىن باشقا خۇدا يوق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەتكارلىرىنىڭ سوۋغىتىنى قوبۇل قىلغايلا، - دېدى. [16] ئېلىشا:
- مەن خىزمىتىنى قىلىدىغان مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھېچقانداق سوۋغات قوبۇل قىلمايمەن، - دېدى.
نائامان ھەرقانچە زورلىسىمۇ، ئېلىشا سوۋغاتنى رەت قىلدى. نائامان:
[17] - سوۋغاتنى قوبۇل قىلمىسىلىرى مەيلى، لېكىن مەن خىزمەتكارلىرىغا ئىككى قېچىرلىق تۇپا① بولسىمۇ بەرگەيلا، شۇندىلا خىزمەتكارلىرى باشقا ئىلاھلارغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق ياكى باشقا قۇربانلىقلارنى سۇنماي، پەقەت سىلىنىڭ پەرۋەردىگارلىرىغىلا سۇنىمەن. [18] لېكىن سىلىنىڭ پەرۋەردىگارلىرى بىر ئىشتا مەن خىزمەتكارلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەي. مېنىڭ پادىشاھىم ئارراملارنىڭ ئىلاھى رىممونىنىڭ بۇتخانىسىغا ئىبادەت قىلغىلى بارغاندا، پادىشاھىم مېنىڭ بىلىكىمگە تايىنىۋالسا، مەنمۇ بىرلىكتە سەجدە قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن. شۇڭا پەرۋەردىگارلىرىنىڭ پېقىرنى كەچۈرۈۋېتىشىنى تىلەيمەن، - دېدى. [19] ئېلىشا:
- خاتىرجەم بولغىن، كېتىۋەرگىن، - دېدى.
نائامان ئېلىشانىڭ قېشىدىن ئايرىلىپ، يولغا راۋان بولدى.

## گېخازىنىڭ ئاچكۆزلۈكى

[20] شۇ ۋاقىتتا خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئېلىشانىڭ خىزمەتكارى گېخازى ئىچىدە: «خوجايىنىمنىڭ ئاۋۇ ئارراملىق نائاماننىڭ سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلمىغىنىنى قارىمامدىغان! مەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئۈندۈرۈۋالىمەن» دەپ

① 5: 17 قەدىمكى زاماندا كىشىلەر ئۇمۇمەن ئىلاھقا پەقەت شۇ ئىلاھ تەۋە بولغان ئەلدىكى زېمىندىلا ئىبادەت قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا نائامان ئىسرائىلىيەنىڭ تۇپرىقىدىن ئېلىپ كېتىپ، دەمەشقتە ئىسرائىللارنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغان بىر جاي ياسىماقچى بولىدۇ.

ئۆيلىدى. [21] ئۇ نائاماننى قوغلاپ ماڭدى. نائامان بىرەيلەننىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن جەڭ ھارۋىسىدىن چۈشتى. ئۇ كەلگەندە:

- بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ - دەپ سورىدى. [22] گېھازى:

- ھېچ ئىش بولمىدى، لېكىن خوجايىنىم: «بايىلا ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىكى پەيغەمبەرلەر جامائىتىدىن ئىككى ياش پەيغەمبەر كەلگەنىدى، ئۇلارغا 35 كىلو كۈمۈش ۋە ئىككى قۇر كىيىم بەرگەيسىز» دەيدۇ. مېنى ئۆزلىرىگە بۇ سۆزنى يەتكۈزگىلى ئەۋەتتى، - دېدى. [23] نائامان ئۇنىڭغا:

- مەرھەمەت، 70 كىلو ئالغىن، - دېدى.

نائامان ئۇنىڭغا 70 كىلو كۈمۈشنى ئىككى خالتىغا قاچىلاپ، زورلاپ بەردى ۋە ئىككى قۇر كىيىمنىمۇ قوشۇپ بەردى. نائامان بۇ نەرسىلەرنى ئىككى خىزمەتكارىغا تۇتقۇزدى. ئۇ ئىككىسى نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ، گېھازىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. [24] ئۇلار تاغقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، گېھازى نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىپ، ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى ۋە نەرسىلەرنى ئۆيگە ئاپىرىۋالدى.

[25] گېھازى ئۆيگە كىرگەندە، خوجايىنى ئېلىشا ئۇنىڭدىن:

- گېھازى، نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى. گېھازى:

- خىزمەتكارلىرى ھېچ يەرگە بارغىنى يوق، - دېدى. [26] ئېلىشا ئۇنىڭغا:

- ئۇ ئادەم ھارۋىسىدىن سەن بىلەن كۆرۈشكىلى چۈشكەندە، ئەجەبا مېنىڭ روھىم سەن بىلەن بىرگە ئەمەسمۇ؟ ھازىر پۇل، كىيىم-كېچەك، زەيتۇنلۇق، ئۈزۈمزارلىق، قوي، كالا، قۇل ۋە دېدەك قوبۇل قىلىدىغان چاغمۇ؟ [27] شۇڭا نائاماننىڭ تېرە كېسىلى مەڭگۈ ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا قالىدۇ، - دېدى.

گېھازى ئېلىشانىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىشى بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىنى تېرە كېسىلى قاپلاپ، تېرىلىرى قاردەك ئاقىرىپ كەتتى.

## پالتا بېشىنىڭ سۇدا لەيلىشى

6 [1] بىر كۈنى پەيغەمبەرلەر جامائىتىدىكىلەر ئېلىشاغا:
- ئۇستاز، كۆرۈپ تۇرۇپىلا، بىز تۇرۇۋاتقان بۇ جاي بىزگە بەك كىچىك بولۇپ قالدى. [2] ئىجازەت بەرگەن بولسىلا، ئىئوردان دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى دەرەخلەردىن كېسىپ، ئۆزىمىزگە شۇ يەردە ئۆي سالساق، - دېيىشتى. ئېلىشا:
- بېرىڭلار! - دېدى. [3] پەيغەمبەرلەردىن بىرى:
- خاپا بولماي، بىز بىلەن بىرگە بارغان بولسىلا، - دېدى. ئېلىشا:
- بولىدۇ، باراي، - دېدى.
[4] ئېلىشا ئۇلار بىلەن بىرگە باردى. ئۇلار ئىئوردان دەرياسى بويىغا كېلىپ، دەرەخلەرنى كېسىشكە باشلىدى. [5] ئۇلار دەرەخ كېسىۋاتقاندا، بىرسىنىڭ پالتىسىنىڭ بېشى سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ:
- ئاپلا! ۋاي ئۇستاز، مەن بۇ پالتىنى ئۆتنە ئالغانىدىم، - دەپ ۋارقىرىدى. [6] خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئېلىشا:
- قەيەرگە چۈشۈپ كەتتى؟ - دەپ سورىدى.
ئۇ ئادەم پالتا چۈشۈپ كەتكەن يەرنى كۆرسەتتى. خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى بىر شاخ كېسىپ، ئۇنى شۇ يەرگە تاشلىۋىدى، پالتىنىڭ بېشى لەيلەپ چىقتى. [7] ئېلىشا ئۇنىڭغا:
- ئۇنى ئالغىن، - دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىنى سوزۇپ، پالتىنىڭ بېشىنى ئالدى.

## ئارام قوشۇنىنىڭ قايمۇقتۇرۇلۇشى

[8] ئارام پادىشاھى ئىسرائىلىيەگە قارشى ئۇرۇش ھالىتىدە ئىدى. ئۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:
- مەن بارگاھىمنى پالانى-پۇستانى يەرلەرگە قۇرىمەن، - دېدى.
[9] خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئېلىشا ئىسرائىلىيە پادىشاھىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئېھتىيات قىلسىلا، ئۇ يەرلەردىن ئۆتمىسىلە، چۈنكى ئاراملار شۇ يەرگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر ئەۋەتتى.

[10] ئىسرائىلىيە پادىشاھى خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئاگاھلاندۇرغان يەرگە ئادەم ئەۋەتتى. ئېلىشا پادىشاھنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغاچقا، پادىشاھ ئۇ يەرلەردە ئېھتىيات بىلەن ئۆتىدىغان بولدى. بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلاندى. [11] بۇ ئەھۋال ئارام پادىشاھىنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ئۇ ئادەملىرىنى چاقىرىپ:

- قېنى ئېيتىڭلارچۇ، ئارىمىزدا قايسىمىز ئىسرائىلىيە پادىشاھى تەرەپدارى؟ - دېدى. [12] ئۇنىڭ بىر ئەمەلدارى:

- ئالىيلىرى، ھېچقايسىمىز ئەمەس. ئىسرائىلىيەدىكى پەيغەمبەر ئېلىشا ئۆزلىرىنىڭ ھۇجرا ئۆيلىرىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىۋېلىپ، ئۇنى ئىسرائىلىيە پادىشاھىغا ئېيتىدۇ، - دېدى. [13] ئارام پادىشاھى:

- بېرىڭلار، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئۇقۇپ كېلىڭلار. ئۇنى تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىمەن، - دېدى.

كېيىن پادىشاھقا «ئۇ ھازىر دوتاندا ئىكەن» دېگەن خەۋەر كەلدى. [14] ئارام پادىشاھى جەڭ ھارۋىلىرىمۇ بولغان زور بىر قوشۇننى ئۇ يەرگە ئەۋەتتى. ئۇلار كېچىدە كېلىپ، دوتان شەھىرىنى قورشاۋغا ئالدى.

[15] خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئېلىشانىڭ خىزمەتكارى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقىپ، شەھەرنى ئاراملارنىڭ جەڭ ھارۋىلىرىمۇ بولغان بىر قوشۇنىنىڭ قورشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئېلىشاغا:

- ۋاي خوجام، چاتاق بولدى، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ - دېدى. [16] ئېلىشا:

- قورقمىغىن، بىز بىلەن بىرگە بولىدىغانلار ئۇلار بىلەن بىرگە بولىدىغانلاردىن كۆپ، - دېدى. [17] ئاندىن ئۇ دۇئا قىلىپ:

- ئى پەرۋەردىگارىم! سەندىن تىلەيمەنكى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، كۆرەلمەيدىغان ئىشلارنى كۆرەلەيدىغان بولسۇن، - دېدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭ خىزمەتكارىنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ياللۇنلىنىپ تۇرغان ئاتلار ۋە جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ تاغ باغرىنى قاپلاپ، ئېلىشانى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

[18] ئاراملار ئېلىشاغا قارشى باستۇرۇپ كەلگەندە، ئۇ پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ:

- بۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ قويغايسەن، - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ قويدى. [19] ئېلىشا ئۇلارغا:
ـ سىلەر خاتا يولدا مېڭىپسىلەر، بۇ سىلەر ئىزدىگەن شەھەر ئەمەس. سىلەر ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، مەن سىلەرنى سىلەر ئىزدەپ يۈرگەن ئادەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باراي، ـ دېدى ۋە ئۇلارنى سامارىيە شەھىرىگە باشلاپ باردى.
[20] ئۇلار سامارىيەگە كىرگەندە، ئېلىشا:
ـ ئى پەرۋەردىگار، بۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىنى ئاچقايسەن، ئۇلار كۆرىدىغان بولسۇن! ـ دەپ دۇئا قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سامارىيە شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى كۆردى.
[21] ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئۇلارنى كۆرۈپ، ئېلىشادىن:
ـ ئى ئاتا، ئۇلارنى ئۆلتۈرەيمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. [22] ئېلىشا:
ـ ياق، ئۆلتۈرمە، قىلىچ ۋە ئوقيالىرىڭ بىلەن ئەسىرگە ئالغانلارنىمۇ ئۆلتۈرمەيتتىڭغۇ! ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېمەكلىك كەلتۈر. ئۇلار يەپ-ئىچىپ، خوجايىنىنىڭ يېنىغا كەتسۇن، ـ دېدى.
[23] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇلارغا كاتتا زىياپەت تەييارلىدى. ئۇلار يەپ-ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى. ئۇلار خوجايىنىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىل ئارراملار ئىسرائىلىيە زېمىنىغا قايتا تاجاۋۇز قىلمىدى.

## سامارىيەدىكى ئاچارچىلىق

[24] كېيىن ئاررام پادىشاھى بەنھاداد پۈتۈن قوشۇنىنى توپلاپ، سامارىيە شەھىرىنى قورشاۋغا ئالدى. [25] شۇنىڭ بىلەن سامارىيەدە قاتتىق ئاچارچىلىق يۈز بەردى. قورشاۋغا ئېلىش تاكى بىر ئېشەك كاللىسىنىڭ باھاسى بىر كىلو كۈمۈشكە، بىر پىيالە كەپتەر مايىقىنىڭ باھاسى 60 گىرام كۈمۈشكە ئۆسكۈچىلىك داۋاملاشتى.
[26] ئىسرائىلىيە پادىشاھى سېپىل ئۈستىدە كېتىۋاتقىنىدا، بىر ئايال ئۇنىڭغا نىدا قىلىپ:
ـ ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، ماڭا ياردەم بەرگەيلا! ـ دېدى. [27] پادىشاھ:

- پەرۋەردىگار ساڭا ياردەم بەرمىسە، مەن ساڭا قانداق ياردەم بېرەلەيمەن؟ خاماندىمۇ، ئۈزۈم ئېزىش كۆلچىكىدىمۇ ھېچنېمە قالمىدى، - دېدى. [28] پادىشاھ يەنە ئۇنىڭدىن:

- زادى نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ئايال:

- ماۋۇ ئايال ماڭا: «ئوغلۇڭنى بەر، بۈگۈن ئۇنى يەيلى، ئەتە مېنىڭ ئوغلۇمنى يەيلى» دېدى. [29] شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئوغلۇمنى پىشۇرۇپ يېدۇق. ئەتىسى مەن ئۇنىڭغا: «ئوغلۇڭنى بەر، بۈگۈن ئۇنى يەيلى» دېسەم، ئۇ ئوغلىنى يوشۇرۇۋالدى، - دېدى.

[30] پادىشاھ ئايالنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى يىرتتى. ئۇ سېپىل ئۈستىدە كېتىۋاتقاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ تونى ئىچىگە ماتەملىك كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى كۆردى. [31] پادىشاھ:

- ئەگەر شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشانىڭ كاللىسى بۈگۈن ئۇنىڭ تېنىدە قالىدىغان بولسا، خۇدا مېنى قاتتىق جازالىسۇن! - دېدى.

[32] بۇ چاغدا ئېلىشا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بولۇپ، ئاقساقاللار بىلەن بىرگە ئولتۇراتتى. پادىشاھ بىر ئادىمىنى ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. لېكىن ئۇ يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال ئېلىشا ئاقساقاللارغا:

- قاراڭلار، ئاۋۇ جاللاتنىڭ مېنىڭ كاللامنى ئېلىشقا ئادەم ئەۋەتكىنىنى! ئۇ كەلگەن چاغدا، ئۇنى سىلەر ئۆيگە كىرگۈزمەڭلار، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىڭلار. چۈنكى ئۇنىڭ خوجايىنىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ، - دېدى.

[33] ئېلىشا دەل ئاقساقاللارغا گەپ قىلىۋاتقاندا، پادىشاھ كېلىپ:

- بۇ بالايىئاپەت پەرۋەردىگاردىن كەلگەن تۇرسا، مەن نېمىدەپ يەنە پەرۋەردىگارغا ئۈمىد باغلاپ تۇرغۇدەكمەن؟ - دېدى.

7 [1] ئېلىشا مۇنداق دېدى:

- پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار، پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئەتە مۇشۇ ۋاقىتلاردا سامارىيە شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا 2.5 كىلو سۈپەتلىك ئۇن پەقەت 12 گىرام كۈمۈشكە، 5 كىلو ئارپىمۇ پەقەت 12 گىرام كۈمۈشكە سېتىلىدۇ».

[2] لېكىن پادىشاھنىڭ سەركەردىسى خۇدانىڭ يېقىن ئادىمىگە:

- پەرۋەردىگار ئاسماندىن تۈڭلۈك ئېچىپ قويغان تەقدىردىمۇ بۇنداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ، - دېدى. ئېلىشا:

ـ قاراپ تۇر، شۇنداق بولغىنىنى سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن، لېكىن ئۇلارنى يېيىش ساڭا نېسىپ بولمايدۇ، ـ دېدى.

## سامارىيەدىكى ئاچارچىلىقنىڭ ئاخىرلىشىشى

[3] تېرە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان تۆت ئادەم شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بىر-بىرىگە:

ـ بىز نېمىدەپ بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرىمىز؟ [4] ئەگەر بىز شەھەرگە كىرسەك، شەھەردە ئۆلۈپ كېتىمىز. چۈنكى ئۇ يەردە ئاچارچىلىق بولۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇ يەردە ئولتۇرساقمۇ، ئوخشاشلا ئۆلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئارراملارنىڭ بارگاھىغا بارايلى. ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسە ھايات قالارمىز، ئۆلتۈرىۋەتسە ئۆلەرمىز، ـ دېيىشتى.

[5] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇگۇم چۈشكەندە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئارراملارنىڭ بارگاھى تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار ئارراملارنىڭ بارگاھىغا يېقىن كەلدى، ئەمما ئۇ يەردە بىرمۇ ئادەمنى كۆرمىدى. [6] چۈنكى ئىگىمىز ئارراملارنىڭ قوشۇنىغا جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ، ئاتلارنىڭ، يەنى زور بىر قوشۇننىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىك ئاۋازىنى ئاڭلاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىر-بىرىگە: «ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئىسرائىلىيە پادىشاھى خىت ۋە مىسىرنىڭ پادىشاھلىرىغا پۇل بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا ياللاپتۇ» دېيىشىپ، [7] گۇگۇم چۈشكەندە چېدىرلىرىنى، ئات ۋە ئېشەكلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكەنىدى. ھەتتا بارگاھلىرىنىمۇ شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ، جانلىرىنى ئېلىپ قېچىشقانىدى. [8] تېرە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەملەر بارگاھقا يېقىنلاپ بېرىپ، بىر چېدىرغا كىرىپ، يەپ-ئىچىپ، ئالتۇن-كۈمۈش ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى ئېلىپ، بىر يەرگە تىقىپ قويدى. ئاندىن ئۇلار قايتىپ كېلىپ، يەنە بىر چېدىرغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ چىقىپ، تىقىپ قويدى. [9] ئاندىن ئۇلار بىر-بىرىگە:

ـ بىزنىڭ بۇنداق قىلغىنىمىز توغرا بولمىدى. بۈگۈن بىز خۇش خەۋەر يەتكۈزسەك بولاتتى. لېكىن بىز ئۈن-تىنسىز يۈرۈۋاتىمىز.

ئەگەر بىز سەھەرگىچە ساقلايدىغان بولساق، بېشىمىزغا بالا كېلىدۇ. ئەمدى بىز بېرىپ، پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزەيلى، - دېيىشتى.
[10] ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىغا كېلىپ، دەرۋازىۋەنلەرگە تۋۋلاپ:
- بىز ئارراملارنىڭ بارگاھىغا بارغانىدۇق، بارگاھتا ئادەممۇ، ھېچبىر سادامۇ يوق. پەقەت ئات، ئېشەكلەرلا باغلاقلىق تۇرۇپتۇ، چېدىرلىرىمۇ شۇ پېتى قاپتۇ، - دېدى.
[11] دەرۋازىۋەنلەر تۋۋلىشىپ، بۇ خەۋەرنى پادىشاھ ئوردىسىغا يەتكۈزۈشتى. [12] پادىشاھ كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمەلدارلىرىغا:
- مەن سىلەرگە ئارراملارنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەي. ئۇلار بىزدە ئاچارچىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا: «ئۇلار شەھەردىن چىققاندا بىز ئۇلارنى تىرىك تۇتۇپ، ئاندىن شەھەرگە كىرىمىز» دېيىشىپ، بارگاھلىرىدىن چىقىشىپ، دالادا مۆكۈنۈۋېلىشتى، - دېدى. [13] ئەمەلدارلاردىن بىرى:
- شەھەردىكى ئاھالىلەر ئاللىقاچان تۈگىشىپ، خۇددى ئۆلۈك ئادەملەردەك بولۇپ قالدى. بىز ھەممىمىز ھامىنى ئۆلۈپ كېتىمىز. شۇڭا قېلىپ قالغان ئاتلاردىن بەشنى ئېلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ باقمايمىزمۇ؟ - دېدى.
[14] ئاندىن ئۇلار ئىككى جەڭ ھارۋىسى ۋە ئاتلارنى تەييارلىدى. پادىشاھ ئۇلارنى ئارىرام قوشۇنىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا:
- بېرىپ، ئەھۋالنى بىلىپ كېلىڭلار، - دەپ تاپىلىدى.
[15] ئۇلار ئارراملارنىڭ قوشۇنىنى تاكى ئىئوردان دەرياسىغىچە ئىز قوغلاپ باردى. پۈتۈن يوللار ئارراملار ئالدىراپ قاچقاندا تاشلاپ كەتكەن كىيىم-كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار قايتىپ كېلىپ، پادىشاھقا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. [16] ئاندىن كىشىلەر چىقىپ، ئارراملارنىڭ بارگاھىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خۇددى پەرۋەردىگار ئېيتقاندەك، 2.5 كىلو سۈپەتلىك ئۇن پەقەت 12 گىرام كۈمۈشكە، 5 كىلو ئارپىمۇ پەقەت 12 گىرام كۈمۈشكە سېتىلدى.
[17] پادىشاھ سەركەردىسىنى شەھەر دەرۋازىسىغا قاراشقا قويغانىدى. خۇددى خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئېلىشا پادىشاھ ئۆيىگە كەلگەن چاغدا ئېيتقىنىدەك، خەلق سەركەردىنى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا

دەسسەپ ئۆلتۈردى. [18] ئىشلار خۇددى خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئېلىشا پادىشاھقا ئېيتقىنىدەك بولدى. ئېلىشا: «ئەتە مۇشۇ ۋاقىتلاردا سامارىيە شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدا 5 كىلو ئارپا پەقەت 12 گىرام كۈمۈشكە، 2.5 كىلو سۈپەتلىك ئۇنمۇ پەقەت 12 گىرام كۈمۈشكە سېتىلىدۇ» دېگىنىدە، [19] ھېلىقى سەركەردە خۇدانىڭ يېقىن ئادىمىگە: «پەرۋەردىگار ئاسماندىن تۈڭلۈك ئېچىپ قويغان تەقدىردىمۇ بۇنداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئۇنىڭغا: «قاراپ تۇر، شۇنداق بولغىنىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن، لېكىن ئۇنى يېيىش ساڭا نېسىپ بولمايدۇ» دېگەنىدى. [20] ئىشلار ئۇنىڭ بېشىغا شۇ تەرىقىدە كەلدى. خەلق ئۇنى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا دەسسەپ ئۆلتۈردى.

## شۇنېملىق ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقىغا قايتا ئىگە بولۇشى

8 [1] ئېلىشا ئۆزى تىرىلدۈرگەن ئوغۇلنىڭ ئانىسىغا:
 – سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن نەگە بارالىسىڭىز، شۇ يەرگە بېرىپ تۇرۇڭ. چۈنكى پەرۋەردىگار بۇ زېمىندا يەتتە يىلغىچە ئاچارچىلىق بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى، – دېدى. [2] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال خۇدانىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە فىلىستىيەلىكلەرنىڭ زېمىنىغا بېرىپ، يەتتە يىل تۇردى. [3] يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئايال فىلىستىيەلىكلەرنىڭ زېمىنىدىن قايتىپ كېلىپ، پادىشاھتىن ئۆيى ۋە ئېتىزلىقىنى تەلەپ قىلغىلى باردى. [4] بۇ چاغدا پادىشاھ خۇدانىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ خىزمەتكارى گېخازىغا: «سەن ماڭا ئېلىشا قىلغان بارلىق ئۇلۇغ ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەر» دېگەنلىكى ئۈچۈن، [5] گېخازى پادىشاھقا ئېلىشانىڭ ئۆلگەن بىر بالىنى تىرىلدۈرگەن ئىشنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانىدى. دەل شۇ پەيتتە ئېلىشا ئوغلىنى تىرىلدۈرۈپ بەرگەن ھېلىقى ئايال پادىشاھتىن ئۆيى ۋە ئېتىزلىقىنى تەلەپ قىلىپ، كىرىپ كەلدى. گېخازى:

ـ ئى پادىشاھى ئالەم، ئېلىشا ئوغلىنى تىرىلدۈرۈپ بەرگەن ئايال مانا مۇشۇدۇر، بۇ ئۇنىڭ تىرىلگەن ئوغلىدۇر، ـ دېدى.
[6] پادىشاھ ئۇ ئايالدىن سورىۋىدى، ئۇ ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن پادىشاھ ئۇ ئايالنىڭ ئىشى ئۈچۈن بىر ئەمەلدارنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭغا:
ـ ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئۇ بۇ زېمىندىن كەتكەن كۈندىن تارتىپ، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئېتىزلىقىدىن چىققان ھوسۇلىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەر، ـ دېدى.

## ئېلىشانىڭ خازائىلنىڭ رەزىللىكىنى ئالدىن ئېيتىشى

[7] بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئېلىشا دەمەشققە باردى. بۇ چاغدا ئارام پادىشاھى بەنھاداد كېسەل بولۇپ قالغانىدى. ئۇ «خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى بۇ يەرگە كەلدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، [8] ئەمەلدارى خازائىلغا:
ـ سەن سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ بېرىپ، خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى بىلەن كۆرۈشكىن. ئۇ كىشى پەرۋەردىگاردىن: «مېنىڭ كېسىلىم ساقىيارمۇ؟» دېگەن سوئالىمنى سوراپ باقسۇن، ـ دېدى.
[9] خازائىل قىرىق تۆگىگە دەمەشقنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىدىن ئارتىپ، ئېلىشا بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭدى. ئۇ ئېلىشانىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:
ـ ئوغۇللىرى ئارام پادىشاھى بەنھاداد مېنى سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا: «مەن بۇ كېسەلدىن ساقىيالايمەنمۇ؟» دېگەن سوئالنى سوراپ بېقىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ـ دېدى. [10] ئېلىشا ئۇنىڭغا:
ـ سەن بېرىپ پادىشاھقا: «ئۆزلىرىنىڭ ساقىيىپ كېتىشلىرى مۇقەررەر» دەپ ئېيتقىن، لېكىن پەرۋەردىگار ماڭا ئايان قىلدىكى، ئۇ چوقۇم ئۆلىدۇ، ـ دېدى.
[11] ئاندىن خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى تاكى خازائىل خىجىل بولغۇچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇردى، ئاخىرىدا ئېلىشا يىغلاپ كەتتى.
[12] ـ تەقسىر، ئۆزلىرى نېمىشقا يىغلايلا؟ ـ دېدى خازائىل. ئېلىشا:

- چۈنكى مەن سىنىڭ ئىسرائىل خەلقىگە قىلىدىغان يامان ئىشلىرىڭنى بىلىمەن. سەن ئۇلارنىڭ قەلئەلىرىگە ئوت قويىسەن، ئۇلارنىڭ ياشلىرىنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرىسەن، كىچىك بالىلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرىسەن، ھامىلدار ئاياللىرىنىڭ قارنىنى يارىسەن، - دېدى. [13] خازائېل:

- مەن قۇللىرى قانچىلىك ئادەم ئىدىم؟ بۇنداق چوڭ ئىشلار ئىتتىن پەرقسىز بولغان مەندەك بىر ئادەمنىڭ قولىدىن كەلسۇن؟ - دېدى.

- پەرۋەردىگار ماڭا ئايان قىلدىكى، سەن ئارام پادىشاھى بولىسەن، - دېدى ئېلىشا.

[14] خازائېل ئېلىشا بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھى بەنھادادنىڭ يېنىغا باردى. بەنھاداد ئۇنىڭدىن:

- ئېلىشا ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟ - دەپ سورىدى. خازائېل جاۋابەن:

- ئۇ ماڭا ئۆزلىرىنىڭ جەزمەن ساقىيىپ كېتىدىغانلىقلىرىنى ئېيتتى، - دېدى.

[15] لېكىن ئەتىسى ئۇ بەنھادادنى سۇغا چىلانغان يوتقان بىلەن بېسىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بەنھادادنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى يەھورام

[16] ئاخابنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى يورامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 5-يىلى يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ ئوغلى يەھورام تەختكە چىقىپ، پادىشاھ بولدى. [17] ئۇ تەختكە چىققان چاغدا 32 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا سەككىز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [18] يەھورام ئاخابنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، خۇددى ئاخاب جەمەتىدىكىلەرنىڭ قىلغىنىدەك، ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ يولىدا مېڭىپ، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. [19] شۇنداقتىمۇ، پەرۋەردىگار ئۆز خىزمەتكارى داۋۇتنىڭ ھەق-ھۆرمىتى ئۈچۈن يەھۇدىيەنى ۋەيران قىلىشنى خالىمىدى. چۈنكى پەرۋەردىگار داۋۇتقا ئەۋلادىنىڭ تەختىنى

مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدى.

[20] پادىشاھ يېھورامنىڭ ۋاقتىدا ئېدوملۇقلار يەھۇدىيەدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزلىرىگە ئايرىم بىر پادىشاھ تىكلىۋالدى. [21] شۇنىڭ بىلەن يېھورام بارلىق جەڭ ھارۋىلىرىنى ئېلىپ، زائىر شەھىرىگە باردى. ئېدوملۇقلار ئۇلارنى ئۇ يەردە قورشىۋالدى. يېھورام كېچىسى ھارۋىلىق لەشكەر باشلىرى بىلەن بىرگە قورشاۋدىن قېچىپ چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى لەشكەرلەر ئۆيلىرىگە تاراپ كەتتى. [22] شۇنىڭدىن بېرى ئېدوملۇقلار يەھۇدىيەگە قارشى چىقىپ كەلمەكتە. شۇ چاغدا لىبناھلىقلارمۇ يەھۇدىيەگە قارشى چىقىشقانىدى.

[23] پادىشاھ يېھورامنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [24] يېھورام ۋاپات بولۇپ، «داۋۇت شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئاخازىيا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى ئاخازىيا

[25] ئاخابنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى يورامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 12-يىلى يېھورامنىڭ ئوغلى ئاخازىيا يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولدى. [26] ئۇ تەختكە چىققان چاغدا 22 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا بىر يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئومرىنىڭ نەۋرىسى ئاتاليا ئىدى. [27] ئاخازىيا ئاخاب جەمەتىدىكىلەر بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتىدە بولغاچقا، ئۇمۇ ئاخاب جەمەتىدىكىلەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى.

[28] پادىشاھ ئاخازىيا ئاخابنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى يورامغا ئەگىشىپ، ئارام پادىشاھى خازائېلغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن گىلئادتىكى راموت شەھىرىگە باردى. ئاراملار يورامنى يارىلاندۇردى. [29] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يورام جاراھىتىنى ساقايتىش ئۈچۈن يىزرىئەلگە قايتىپ كەتتى. ئاخازىيا ئۇنى يوقلاپ باردى.

## يېھۇنىڭ ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇشى

9 [1] پەيغەمبەر ئېلىشا پەيغەمبەرلەر جامائىتىدىن بىر ياش
پەيغەمبەرنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:
– تېز بولغىن، ماۋۇ بىر قۇتا ياغنى كۆتۈرۈپ، گىلئادتىكى راموتقا
بارغىن. [2] ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، يەھوشافاتنىڭ ئوغلى، يەنى
نىمشىنىڭ نەۋرىسى يېھۇنى تاپقىن. ئۇنى بۇرادەرلىرى ئىچىدىن
چاقىرىپ چىقىپ، ئىچكىرىكى بىر ئۆيگە ئەكىرگىن. [3] ئاندىن
قۇتىدىكى ياغنى ئۇنىڭ بېشىغا قۇيۇپ: «پەرۋەردىگار: ‹سېنى
ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھى قىلىپ تىكلىدىم› دەيدۇ» دېگىن. ئاندىن
ئىشىكنى ئېچىپلا دەرھال قېچىپ كەتكىن، – دېدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياش پەيغەمبەر گىلئادتىكى راموتقا قاراپ ماڭدى.
[5] ئۇ راموتقا بارغاندا، ئىسرائىلىيە قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ
شۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:
– سەركەردە، سىلىگە گېپىم بار ئىدى، – دېدى.
– قايسىمىزغا؟ – دەپ سورىدى يېھۇ. ئۇ:
– ئۆزلىرىگە، ئەي سەركەردە، – دېدى.
[6] يېھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭدى. ئۇلار ئۆيگە
كىرگەندە، ياش پەيغەمبەر يېھۇنىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇپ:
– پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا ئۆزلىرىگە
مۇنداق دەيدۇ: «مەن سېنى خەلقىم بولغان ئىسرائىللارنىڭ
پادىشاھى قىلىپ تىكلىدىم. [7] سەن خوجاڭ ئاخاب پادىشاھنىڭ
جەمەتىنى يوقىتىسەن. مەن شۇ ئارقىلىق خىزمەتكارلىرىم بولغان
پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە مېنىڭ باشقا بارلىق خىزمەتكارلىرىمنىڭ
تۆكۈلگەن قېنى ئۈچۈن ئىزەبەلدىن ئىنتىقام ئالىمەن. [8] ئاخابنىڭ
پۈتۈن جەمەتى يوقىلىدۇ. مەن ئىسرائىللاردىن ئاخابقا تەۋە
ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرى-ياش دېمەي ھالاك قىلىمەن.
[9] مەن نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ جەمەتى ۋە ئاخىيانىڭ ئوغلى
باشانىڭ جەمەتىنى قانداق يوقاتقان بولسام، ئاخابنىڭ جەمەتىنىمۇ
شۇنداق يوقىتىمەن. [10] ئىزەبەلنىڭ جەسىتى يىزرىئەلنىڭ ئېتىزلىرىدا

ئىتلارغا يەم بولىدۇ، ئۇنى دەپنە قىلىشقا ئادەم چىقمايدۇ»، - دېدى، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ، قېچىپ كەتتى.

[11] يېھۇ سەركەردىلەرنىڭ قېشىغا قايتىپ چىققاندا، ئۇلاردىن بىرى ئۇنىڭدىن:

- ھەممە ئىش ياخشىدۇ؟ بۇ ساراڭ قېشىڭغا نېمىدەپ كەپتۇ؟
- دەپ سورىدى. ئۇ ئۇلارغا:
- سىلەر بۇنداق ئادەملەرنىڭ قانداق گەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىسىلەرغۇ، - دېدى. [12] ئۇلار:
- قۇرۇق گەپ قىلماي، بىزگە ئېيتقىنا، - دېدى. يېھۇ:
- ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگار: ‹مەن سېنى ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھى قىلىپ تىكلىدىم› دەپتۇ» - دېدى.

[13] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال تونلىرىنى پەلەمپەيگە سېلىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن پايانداز قىلدى ۋە بۇرغا چېلىپ، «يېھۇ پادىشاھ بولدى» دەپ جاكارلىدى.

## يېھۇنىڭ يورام ۋە ئاخازىيانى ئۆلتۈرۈشى

[14] شۇنداق قىلىپ، يەھوشافاتنىڭ ئوغلى، يەنى نىمشىنىڭ نەۋرىسى يېھۇ يورامغا سۇيىقەست پىلانلىدى. (بۇ چاغدا يورام ۋە پۈتۈن ئىسرائىلىيە قوشۇنى گىلئادتىكى راموتتا ئارام پادىشاھى خازائېلغا قارشى مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتاتتى. [15] لېكىن پادىشاھ يورام ئارام پادىشاھى خازائېل بىلەن جەڭ قىلغاندا، ئاراملار ئۇنى يارىلاندۇرغانلىقتىن، ئۇ جاراھىتىنى ساقايتىش ئۈچۈن يىزرىئەلگە قايتىپ كەتكەنىدى.) شۇڭا يېھۇ ئادەملىرىگە:

- ئەگەر مېنىڭ پادىشاھلىقىمنى ئېتىراپ قىلساڭلار، بىرەر كىشىنىڭ شەھەردىن ئايرىلىپ، يىزرىئەلگە قېچىپ بېرىپ، خەۋەر يەتكۈزۈشىگە يول قويماڭلار، - دېدى.

[16] ئاندىن ئۇ جەڭ ھارۋىسىغا چىقىپ، يىزرىئەلگە باردى. يورام ئۇ يەردە يارىدار بولۇپ ياتقانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدىيە پادىشاھى ئاخازىيا ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدى. [17] يىزرىئەلدىكى مۇناردا تۇرغان كۆزەتچى يېھۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

- بىر توپ لەشكەر كېلىۋاتىدۇ، - دېدى. يورام:

- بىر ئاتلىق لەشكەرنى چاقىرىڭلار، ئۇ بېرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، «تىنچ-ئامانمۇ؟» دەپ سورىسۇن، - دېدى.
[18] شۇنىڭ بىلەن بىر ئاتلىق لەشكەر يېھۇ بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپ:
- پادىشاھىمىز: «تىنچ-ئامانمۇسىلەر؟» دەپ ئەھۋال سوراۋاتىدۇ،
- دېدى. يېھۇ ئۇنىڭغا:
- سالىمىڭنى قويۇپ، ماڭا ئەگەشكىن! - دېدى.
كۆزەتچى بۇنى كۆرۈپ:
- خەۋەرچى ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى، لېكىن قايتىپ كەلمىدى،
- دەپ خەۋەر قىلدى.
[19] پادىشاھ ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر ئاتلىق لەشكەرنى ئەۋەتتى.
ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:
- پادىشاھىمىز: «تىنچ-ئامانمۇسىلەر؟» دەپ ئەھۋال سورىۋاتىدۇ،
- دېدى. يېھۇ ئۇنىڭغا:
- سالىمىڭنى قويۇپ، ماڭا ئەگەشكىن! - دېدى.
[20] كۆزەتچى بۇنى كۆرۈپ:
- خەۋەرچى ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى، لېكىن قايتىپ كەلمىدى.
ھارۋا ھەيدىشىدىن قارىغاندا نىمشىنىڭ نەۋرىسى يېھۇدەك قىلىدۇ،
ئۇ ھارۋىنى ساراڭدەك ھەيدەيتتى، - دەپ خەۋەر قىلدى.
[21] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يورام:
- ھارۋا تەييارلاڭلار، - دېدى.
ئۇلار پادىشاھقا ھارۋا تەييارلاپ بېرىشتى. ئىسرائىلىيە پادىشاھى يورام بىلەن يەھۇدىيە پادىشاھى ئاخازىيا يېھۇ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز جەڭ ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ، شەھەردىن چىقىشتى. ئۇلار يېھۇ بىلەن يىزرەئەللىك نابوتنىڭ ئېتىزلىقىدا ئۇچراشتى. [22] يورام يېھۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:
- تىنچ-ئامان كەلدىڭمۇ؟ - دېدى. يېھۇ:
- ئاناڭ ئىزەبەلنىڭ بۇتپەرەسلىكى بىلەن جادۇگەرلىكى شۇنچە جىق تۇرسا، قانداقمۇ تىنچ-ئامانلىق بولسۇن؟ - دېدى.
[23] يورام دەرھال بۇرۇلۇپ، قاچقىنىچە ئاخازىياغا:
- ھەي ئاخازىيا، بۇ ئاسىيلىق! - دەپ توۋلىدى.

[24] يېھۇ ياسىغا ئوقنى قويۇپ، يورامنىڭ دۈمبىسىنى چەنلەپ ئېتىۋىدى، ئوق ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ چىقتى. ئۇ ئۆز ھارۋىسىغا يىقىلدى. [25] يېھۇ ياردەمچىسى بىدقارغا:

- ئۇنىڭ جەسىتىنى يىزرەئەللىك نابوتنىڭ مۇشۇ ئېتىزلىقىغا تاشلىۋەت. ئېسىڭدە بارمۇ، سەن بىلەن مەن ئۇنىڭ ئاتىسى ئاخابنىڭ كەينىدە جەڭ ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا، پەرۋەردىگار ئاخاب ھەققىدە مۇنداق بىر ۋەھيىنى ئېيتقانىدى: [26] «مەنكى پەرۋەردىگار تۈنۈگۈن نابوتنىڭ قېنى بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قېنىنى كۆردۈم. مەن بۇ قان قەرزىنى ساڭا مۇشۇ ئېتىزلىقتا ياندۇرىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر». ئەمدى سەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى بويىچە ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېتىزلىققا تاشلىۋەت، - دېدى.

[27] يەھۇدىيە پادىشاھى ئاخازىيا بۇنى كۆرۈپ، بەيت-ھاگانىغا بارىدىغان يول بىلەن قاچتى. يېھۇ ئۇنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ:

- ئۇنىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈڭلار! - دېدى.

ئۇلار يىبلېئامغا يېقىن بولغان گۇر شەھىرىنىڭ يېنىدىكى تۆپىلىكتە ھارۋىسىدا ئۆرە تۇرغان ئاخازىياغا ئوقيا ئاتتى. لېكىن ئۇ مىگىددوغا قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە ئۆلدى. [28] خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى جەڭ ھارۋىسى بىلەن يېرۇسالېمغا ئېلىپ بېرىپ، «داۋۇت شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان قەبرىگە دەپنە قىلدى. [29] (ئاخابنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى يورامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 11-يىلى ئاخازىيا يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولغانىدى.)

[30] يېھۇ يىزرەئەلگە كەلدى. ئىزەبەل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرۈپ، چېچىنى تاراپ، دېرىزىدىن قاراپ تۇردى. [31] يېھۇ دەرۋازىدىن كىرگەن چاغدا ئىزەبەل:

- خوجىسىنى ئۆلتۈرگەن «زىمرى»،[①] تىنچلىقمۇسەن؟ - دېدى.

[32] يېھۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، دېرىزىگە قاراپ:

- كىم ماڭا ئەگىشىدۇ، زادى كىم؟ - دەپ ۋارقىرىدى.

---

[①] 9: 31 زىمرى - «پادىشاھلار 1» 16: 8 - 20.

ئىككى-ئۈچ ئاغۋات دېرىزىدىن ئۇنىڭغا قارىدى. [33] يېھۇ ئۇلارغا:
- ئىزەبەلنى يەرگە تاشلاڭلار! - دېدى. ئۇلار ئىزەبەلنى يەرگە تاشلىدى. ئۇنىڭ قېنى تامغا ۋە ئاتلارغا چاچرىدى. يېھۇ ئات بىلەن ئۇنى دەسسەپ، چەيلىدى. [34] يېھۇ ئۆيگە كىرىپ، يەپ-ئىچىپ، ئاندىن:
- سىلەر بېرىپ، ئاۋۇ قارغىش تەگكۈر خوتۇننى كۆمۈۋېتىڭلار، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ پادىشاھنىڭ قىزى ئەمەسمۇ، - دېدى.
[35] ئۇلار جەسەتنى كۆمۈشكە باردى، لېكىن ئۇنىڭ بېشى ۋە پۇت-قوللىرىدىن باشقا ھېچ يېرىنى تاپالمىدى. [36] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى يېھۇغا ئېيتتى. يېھۇ:
- پەرۋەردىگار خىزمەتكارى تىشبىلىك ئىلياس ئارقىلىق مۇنداق دېگەنىدى: «ئىزەبەلنىڭ جەستى يىزرىئەلنىڭ تۇپراقلىرىدا ئىتلارغا يەم بولىدۇ. [37] ئىزەبەلنىڭ ئۆلۈكى يىزرىئەل ئېتىزلىرىغا چېچىلغان قىغدەك چېچىلىپ كېتىدۇ. ھېچكىم ئۇنى تېپىپ: ‹ماۋۇ ئىزەبەل ئىكەن› دەپ ئېيتالمايدۇ»، - دېدى.

## يېھۇنىڭ ئاخابنىڭ جەمەتىنى قىرغىن قىلىشى

10 [1] پادىشاھ ئاخابنىڭ سامارىيە شەھرىدە يەتمىش ئوغلى بار ئىدى. يېھۇ سامارىيە شەھرىدە تۇرۇۋاتقان يىزرىئەل شەھرىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا، ئاقساقاللىرىغا ۋە ئاخابنىڭ باللىرىغا ھامىيلىق قىلغۇچىلارغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ:

[2] «ئاڭلىسام، خوجايىنىڭلارنىڭ ئوغۇللىرى سىلەرنىڭ قېشىڭلاردا ئىكەن، سېپىللىرى مۇستەھكەم شەھەردە تۇرىدىكەنسىلەر. جەڭ ھارۋىلىرىڭلار، ئاتلىرىڭلار ۋە قورال-ياراغلىرىڭلارمۇ بار ئىكەن. ئەگەر پېتىنساڭلار، بۇ مەكتۇپ قولۇڭلارغا تەگكەن ھامان [3] خوجايىنىڭلارنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدىن ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇۋاپىق بىرسىنى تاللاپ، ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزۇڭلار ھەم خوجايىنىڭلارنىڭ جەمەتى ئۈچۈن ماڭا قارشى جەڭگە چىقىڭلار» دېدى.

4 سامارىيەدىكىلەر قاتتىق قورققان ھالدا: «ئىككى پادىشاھ
يېھۇغا تەڭ كېلەلمىگەن يەردە، بىز قانداقمۇ تەڭ كېلەلەيمىز؟»
دېيىشتى. 5 ئوردا غوجىدارى، شەھەر باشلىقى، ئاقساقاللار ۋە
ئاخابنىڭ بالىلىرىغا ھامىيلىق قىلغۇچىلار بىرلىشىپ، يېھۇغا:

«بىز ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتكارلىرىدۇرمىز، نېمە قىلىشنى
بۇيرۇسىلا، شۇنى ئورۇنلايمىز. ھېچكىمنى پادىشاھ قىلىپ
تىكلىمەيمىز. سىلى نېمە قىلىشنى خالىسىلا، شۇنى قىلسىلا»
دېگەن سۆزنى ئەۋەتتى.

6 يېھۇ ئۇلارغا ئىككىنچى قېتىم مەكتۇپ ئەۋەتىپ:

«ئەگەر سىلەر سۆزۈمنى ئاڭلاپ، مەن تەرەپتە تۇرساڭلار،
خوجايىنىڭلارنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئەتە مۇشۇ
ۋاقىتلاردا يىزرىئەلگە، يەنى مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار» دېدى.

بۇ چاغدا پادىشاھ ئاخابنىڭ يەتمىش ئوغلى ئۇلارغا ھامىيلىق
قىلىۋاتقان شەھەر ئاقساقاللىرىنىڭ يېنىدا ئىدى. 7 مەكتۇپ
ئاقساقاللارغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار پادىشاھ ئاخابنىڭ يەتمىش
ئوغلىنى تۇتۇپ، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىلىرىنى سېۋەتلەرگە
سېلىپ، يىزرىئەلدە تۇرۇۋاتقان يېھۇغا ئەۋەتىپ بەردى. 8 خەۋەرچى
كېلىپ، يېھۇغا:
- ئۇلار پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كاللىلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ،
- دېدى. يېھۇ:
- كاللىلارنى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا ئىككى دۆۋە قىلىپ،
دۆۋىلەپ قويۇڭلار، ئەتە ئەتىگەنگىچە شۇ يەردە تۇرسۇن، - دېدى.
9 ئەتىسى ئەتىگەندە يېھۇ خەلقنىڭ ئالدىغا چىقىپ:
- سىلەر گۇناھسىز، خوجايىنىمنى مانا مەن سۇيىقەست پىلانلاپ
ئۆلتۈردۇم. لېكىن ئوغۇللىرىنى مەن يالغۇز ئۆلتۈرمىدىم. 10 بىلىپ
قويۇڭلاركى، پەرۋەردىگارنىڭ ئاخاب جەمەتى توغرىسىدا ئېيتقان
سۆزلىرى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. پەرۋەردىگار ئۆز

خىزمەتكارى ئىلياس ئارقىلىق ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، ــ دېدى.
[11] شۇنىڭ بىلەن يېھۇ يىزرەئەلدىكى ئاخاب جەمەتىدىن قالغانلارنى، ئاخابقا خىزمەت قىلغان ئەربابلارنى، تونۇش-بىلىشلىرىنى ۋە روھانىيلىرىنىڭ بىرىنىمۇ تىرىك قالدۇرماي قىرىپ تاشلىدى.
[12] يېھۇ سامارىيەگە قاراپ ماڭدى. ئۇ قويچىلار ئۇچرىشىدىغان بەيت-ئېقەدتىن ئۆتكەندە، [13] يەھۇدىيە پادىشاھى ئاخازىيانىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئۇچرىتىپ، ئۇلاردىن:
ــ سىلەر كىم بولىسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇلار:
ــ بىز ئاخازىيانىڭ تۇغقانلىرى بولىمىز. بىز پادىشاھ يورامنىڭ ئائىلىسىگە ۋە خان ئانىسى ئىزەبەلنىڭ ئوغۇللىرىغا سالامغا كېتىۋاتىمىز ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.
[14] يېھۇ ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە:
ــ ئۇلارنى تىرىك تۇتۇڭلار! ــ دېدى.
يېھۇنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى تۇتۇپ، بەيت-ئېقەدتىكى ئازگالنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار 42 ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ھايات قالمىدى. [15] يېھۇ ئۇ يەردىن ئايرىلدى. يولدا ئۆزىنى قارشى ئېلىشقا چىققان رېكابنىڭ ئوغلى يەھوناداب بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا سالام بەردى ۋە ئۇنىڭدىن:
ــ مەن ساڭا سادىق بولغاندەك، سەنمۇ ماڭا سادىقمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ ھەئە، ــ دېدى يەھوناداب.
ــ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئەكەل قولۇڭنى، ــ دېدى يېھۇ.
يەھوناداب قولىنى ئۇزاتتى، يېھۇ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ جەڭ ھارۋىسىغا چىقىرىۋالدى. [16] يېھۇ ئۇنىڭغا:
ــ مەن بىلەن بىرگە بېرىپ، پەرۋەردىگار ئۈچۈن قانچىلىك جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغانلىقىمنى كۆرگىن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن يېھۇ ئۇنى جەڭ ھارۋىسى بىلەن سامارىيەگە ئەكەلدى.
[17] ئۇ سامارىيەگە كەلگەندە، پەرۋەردىگارنىڭ ئىلياسقا ئېيتقان سۆزى بويىچە ئاخابنىڭ جەمەتىدىن قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى.

## يېھۇنىڭ بائالغا چوقۇنىدىغانلارنى قىرىپ تاشلىشى

[18] يېھۇ پۈتۈن خەلقنى جەم قىلىپ، ئۇلارغا:
- ئاخاب بائالنىڭ خىزمىتىنى ئاز قىلغانىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى كۆپ قىلماقچىمەن. [19] شۇڭا بائالنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرى، چوقۇنغۇچىلىرى ۋە روھانىيلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي يىغىڭلار. مەن بائالغا كاتتا بىر قۇربانلىق تەقدىم قىلماقچىمەن. كەلمىگەنلەرنى تىرىك قويمايمەن، - دېدى.
يېھۇنىڭ بۇنداق دېيىشى بائالغا چوقۇنغۇچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلىسى ئىدى. [20] ئۇ يەنە:
- بائالنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كاتتا بىر بايرام ئۆتكۈزەيلى، دەپ جاكارلىدى. خەلق بۇنى باشقىلارغا يەتكۈزدى.
[21] يېھۇ بۇ سۆزنى ئىسرائىلىيەنىڭ ھەممە يېرىدە جاكارلاتتى. بائالنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ بىرىمۇ قالماي كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بائالنىڭ بۇتخانىسىغا يىغىلدى، بۇتخانا ئادەملەرگە لىق تولدى. [22] يېھۇ بۇتخانىدىكى تونلارغا مەسئۇل كىشىگە:
- بائالغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە تونلارنى كەلتۈرگىن، - دېدى.
ئۇ ئۇلارغا تون كەلتۈردى. [23] يېھۇ رېكابنىڭ ئوغلى يەھوناداب بىلەن بۇتخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بائالنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىغا:
- بۇ يەردە بائالغا ئىبادەت قىلغۇچىلارلا قالسۇن. تەكشۈرۈپ بېقىڭلار، ئاراڭلاردا يەنە پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلغۇچىلار بولۇپ قالمىسۇن، - دېدى.
[24] جامائەت كۆيدۈرمە ۋە باشقا قۇربانلىق تەقدىم قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يېھۇ بۇتخانىنىڭ سىرتىغا سەكسەن كىشى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا: «مەن سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تاپشۇرغان بۇ كىشىلەردىن بىرەرسىنى قاچۇرۇپ قويساڭلار، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىمەن» دېگەنىدى. [25] يېھۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى تەقدىم قىلىپ بولۇپلا، ياساۋۇل ۋە سەركەردىلىرىگە:
- سىلەر بۇتخانىغا كىرىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، بىرسىمۇ قېچىپ كەتمىسۇن، - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇل ۋە سەركەردىلەر بۇتخانىغا كىرىپ، ئۇلارنى قىلىچلاپ ئۆلتۈردى. ئاندىن ئۇلار ئۆلۈكلەرنى سىرتىغا چىقىرىپ تاشلاپ، بۇتخانىنىڭ ئىچكىرىكى خانىسىغا كىرىشتى. [26] ئۇلار بۇتخانىدىكى بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكنى ئېلىپ چىقىپ، كۆيدۈرۈپ، [27] ۋەيران قىلدى ۋە بۇتخانىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن بېرى كىشىلەر ئۇ يەرنى ھاجەتخانا ئورنىدا ئىشلىتىمەكتە. [28] يېھۇ ئىسرائىلىيەدە بائالغا چوقۇنۇشنى ئەنە شۇ تەرىقىدە تۈگەتتى. [29] لېكىن يېھۇ نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى بەيتەل بىلەن داندىكى ئالتۇندىن ياسالغان موزاي بۇتلارغا چوقۇنۇشقا يېتەكلەپ ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى داۋاملاشتۇردى.

[30] پەرۋەردىگار يېھۇغا:

ـ سەن مېنىڭ نەزىرىمدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ئاخابنىڭ جەمەتىنى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك بىر تەرەپ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنىڭ تۆتىنچى ئەۋلادىڭغىچە ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ، ـ دېدى.

[31] لېكىن يېھۇ ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ تەۋرات قانۇنىغا پۈتۈن قەلبى بىلەن بويسۇنمىدى. ئۇ ياروبئامنىڭ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى يېتەكلىگەن بۇتپەرەسلىك گۇناھلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

## يېھۇنىڭ ۋاپات بولۇشى

[32] شۇ كۈنلەردە پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيە زېمىنىنىڭ دائىرىسىنى كىچىكلىتىشكە باشلىدى. ئارام پادىشاھى خازائىل ئىسرائىلىيەنىڭ ھەرقايسى چېگرالىرىغا، [33] يەنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئارنون دەرياسىغا يېقىن بولغان شەھەر ئاروئېردىن گىلئاد ۋە باشانغىچە ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇ يەردىكى گادلارنىڭ، رۇبېنلارنىڭ ۋە شەرقىي ماناسسە قەبىلىلىرىنىڭ بارلىق زېمىنلىرىنى بېسىۋالدى.

[34] پادىشاھ يېھۇنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان پائالىيەتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ھەممە نەتىجىلىرى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [35] يېھۇ ۋاپات

بولۇپ، سامارىيەدە دەپنە قىلىندى، ئوغلى يەھۇئاھاز تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. [36] پادىشاھ يېھۇ سامارىيەدە ئىسرائىلىيەگە 28 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

## ئاتالىيانىڭ يەھۇدىيەدە زوراۋانلىق قىلىشى

11 [1] پادىشاھ ئاھازىيانىڭ ئانىسى ئاتالىيا ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، پادىشاھ جەمەتىدىكى بارلىق ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى. [2] لېكىن يەھوشەبا ئاھازىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئوغۇللىرى ئارىسىدىن يوئاش ئىسىملىك ئوغلىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى ئىنىكئانىسى بىلەن بىرگە كىچىك بىر ھۇجرىغا يوشۇرۇپ قويىدى. يەھوشەبا پادىشاھ يەھورامنىڭ قىزى، ئاھازىيانىڭ سىڭلىسى ۋە باش روھانىي يەھويادانىڭ ئايالى ئىدى. يەھوشەبا بالىنى يوشۇرۇپ قالغاچقا، ئۇ قەتل قىلىنمىدى. [3] ئاتالىيا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، يوئاش بىلەن ئۇنىڭ ئىنىكئانىسى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئالتە يىل يوشۇرۇنۇپ تۇردى.

## روھانىي يەھويادانىڭ يوئاشنى پادىشاھلىققا تەيىنلىشى

[4] يەتتىنچى يىلى باش روھانىي يەھويادا كارىلىقلاردىن تەركىب تاپقان ياللانما لەشكەرلەر ۋە ياساۋۇللارنىڭ يۈزبېشىلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا يىغدى. باش روھانىي ئۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ پىلانى ھەققىدە كېلىشتى ۋە ئۇلارغا قەسەم ئىچكۈزدى. ئۇ ئۇلارغا پادىشاھنىڭ ئوغلى يوئاشنى كۆرسىتىپ، [5] مۇنداق بۇيرۇق بەردى:

– سىلەر مۇنداق قىلىڭلار، كېلەركى دەم ئېلىش كۈنى نۆۋەتچىلىك قىلىدىغانلاردىن ئۈچتىن بىرىڭلار پادىشاھ ئوردىسىدا قاراۋۇللۇق قىلىڭلار. [6] يەنە بىر ئۈچتىن بىرىڭلار «سۇر دەرۋازىسى»دا قاراۋۇللۇق قىلىڭلار، قالغان ئۈچتىن بىرىڭلار قاراۋۇلخانىنىڭ ئارقىسىدىكى دەرۋازىدا قاراۋۇللۇق قىلىڭلار. شۇنداق قىلىپ، سىلەر نۆۋەت بىلەن ئىبادەتخانىنى قوغداڭلار. [7] كېلەركى دەم ئېلىش كۈنى نۆۋەتچىلىك قىلمايدىغان ئىككى بۆلەكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ

ئىبادەتخانىسىدا، پادىشاھلىق تەختىگە چىقىدىغان يوئاشنى مۇھاپىزەت قىلسۇن. [8] ھەممىڭلار قوراللىنىپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا تۇرۇپ، ئۇنى قوغداڭلار. بىرەرسى سېپىڭلارغا يېقىنلاشسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار. يوئاش مەيلى نەدە تۇرمىسۇن، سىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماڭلار.

[9] يۈزبېشىلار باش روھانىي يەھويادانىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىجرا قىلىشتى. شۇ دەم ئىبلىش كۈنى كەلگەندە، مەيلى نۆۋەتچىلىكتىن چۈشكەنلەر، مەيلى نۆۋەتچىلىككە چىققانلار بولسۇن، ھەممىسى ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ، روھانىي يەھويادانىڭ قېشىغا كېلىشتى. [10] باش روھانىي يەھويادا بۇرۇن پادىشاھ داۋۇتقا تەۋە بولغان، ھازىر پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نەيزە ۋە قالقانلارنى يۈزبېشىلارغا بەردى. [11] ياساۋۇللار قوللىرىدا قورال-ياراغلىرىنى تۇتقان ھالدا ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدا، قۇربانلىق سۇپىسى ۋە يوئاشنىڭ ئەتراپىدا جەنۇبتىن شىمالغىچە يا شەكلىدە تۇرۇشتى. [12] باش روھانىي يەھويادا پادىشاھنىڭ ئوغلى يوئاشنى ئېلىپ چىقىپ، بېشىغا تاج كىيدۈردى. ئۇنىڭغا تەۋرات قانۇنىنى تاپشۇرۇپ، ئۇنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. ئۇلار يوئاشنىڭ بېشىغا زەيتۇن يېغىنى قۇيدى. خەلق چاۋاك چېلىشىپ، «ياشىسۇن پادىشاھ!» دەپ تۋۋلاشتى.

[13] ئاتاليا ياساۋۇللار ۋە خەلقنىڭ تووۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىبادەتخانىدىكى كىشىلەرنىڭ يېنىغا باردى. [14] ئۇ يوئاشنىڭ خۇددى پادىشاھلاردەك پادىشاھ تۇرىدىغان جايدا، يەنى تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا يۈزبېشىلار ۋە كاناينىچىلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى، خەلقنىڭ خۇشاللىقتا چۆمۈپ، كاناي چېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىيىملىرىنى يىرتتى ۋە «ئاسىيلىق، ئاسىيلىق!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

[15] باش روھانىي يەھويادا ئاتالىيانى ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسىدا ئۆلتۈرۈشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، قوشۇننىڭ يۈزبېشىلىرىغا:

— بۇ خوتۇننى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار! كىمكى ئۇنىڭغا ئەگەشسىدىكەن، ئۇنى چېپىپ تاشلاڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

[16] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، ئوردىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ۋە ئۇنى ئاتلىقلار كىرىدىغان دەرۋازىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى.
[17] باش روھانىي يەھويادا يەھۇدىيە خەلقىنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ سادىق خەلقى بولۇشى ئۈچۈن پادىشاھ ۋە خەلق بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدا ئەھدە تۈزدى. ئۇ يەنە پادىشاھ بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىمۇ ئەھدە تۈزدۈردى. [18] ئاندىن پۈتۈن خەلق بائالنىڭ بۇتخانىسىغا بېرىپ، بۇتخانىنى چېقىۋېتىشتى. ئۇلار بائالنىڭ قۇربانلىق سۇپىلىرى ۋە بۇتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بائالنىڭ روھانىيسى ماتتاننى قۇربانلىق سۇپىلىرى ئالدىدا ئۆلتۈردى. يەھويادا يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا قاراۋۇللارنى تۇرغۇزدى. [19] ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يۈزبېشىلار، كارلىقلار، ياساۋۇللارنى ۋە شۇ يەردىكى پۈتۈن خەلقنى باشلاپ، پادىشاھنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئېلىپ چىقىپ، «قاراۋۇللار دەرۋازىسى» ئارقىلىق ئوردىغا كىردى. ئاندىن يوئاش پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. [20] پۈتۈن خەلق خۇشاللىقتا چۆمۈپ، شەھەر خاتىرجەم بولدى. چۈنكى ئاتالىيا ئوردىنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى يوئاش

[21] يوئاش تەختكە چىققان چاغدا 7 ياشتا ئىدى.

12 [1] ئىسرائىلىيە پادىشاھى يېھۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 7-يىلى يوئاش يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولۇپ، يېرۇسالېمدا قىرىق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى بەئەرشەبا شەھىرىدىن بولۇپ، ئىسمى زىبىياھ ئىدى. [2] يوئاش باش روھانىي يەھويادانىڭ ۋاقتىدا ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. [3] بىراق غەيرىي سەجدىگاھلار يوقىتىۋېتىلمىدى. خەلق يەنىلا ئۇ يەرلەردە قۇربانلىق قىلىپ، ئىسرىق سېلىشنى داۋاملاشتۇردى.

## يوئاشنىڭ ئىبادەتخانىنى ئوڭشىتىشى

[4] يوئاش روھانىيلارغا:

— پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ھەدىيە قىلىنىدىغان پۇللارنى، يەنى مەيلى ئادەملەرنى رويخەتكە ئېلىش ھەققى بولسۇن، مەيلى ئادەم ئورنىغا بېرىلىدىغان تۆلەم پۇلى ياكى خالىس قىلىنىدىغان ھەدىيە بولسۇن، ھەممىسىنى يىغىپ كېلىڭلار. [5] سىلەر ھەدىيە قىلىنغان بۇ پۇللارنى ئېلىپ، ئىبادەتخانىنىڭ قايسى يېرى بۇزۇلغان بولسا، شۇ يەرنى ئوڭشىتىڭلار، — دېگەنىدى.

[6] لېكىن پادىشاھ يوئاشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 23-يىلىغا كەلگەندىمۇ، روھانىيلار ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى تېخىچە ئوڭشاتمىغانىدى. [7] شۇڭا پادىشاھ يوئاش باش روھانىي يەھويادا ۋە باشقا روھانىيلارنى چاقىرتىپ:

— سىلەر نېمە ئۈچۈن ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشاتمايسىلەر؟ ئەمدى سىلەر ھەدىيە قىلغۇچىلارنىڭ پۇللىرىنى ئالماڭلار، ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشىتىش ئۈچۈن توپلانغان پۇللارنى تاپشۇرۇڭلار، — دېدى.

[8] روھانىيلار ئەمدى خەلقنىڭ ھەدىيە قىلغان پۇللىرىنى ئالمايدىغان ۋە ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشىتىشقا مەسئۇل بولمايدىغان بولدى. [9] شۇڭا باش روھانىي يەھويادا بىر ساندۇق ياسىتىپ، ئۇنىڭ قاپقىقى ئۈستىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىغا ۋە ئىبادەتخانا ھويلىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇپ قويدى. پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ھەدىيە قىلىنغان پۇللارنى دەرۋازىغا قارايدىغان روھانىيلار شۇ ساندۇققا سالىدىغان بولدى. [10] ساندۇق پۇلغا تولغان ھامان پادىشاھنىڭ خەزىنىچىسى بىلەن باش روھانىي كېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ھەدىيە قىلىنغان بۇ پۇللارنى ساناپ، خالتىغا سالاتتى. [11] ئۇلار ساناپ چىقىلغان پۇللارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ئوڭشاشقا مەسئۇل قۇرۇلۇش نازارەتچىلىرىگە تاپشۇراتتى. ئاندىن نازارەتچىلەر بۇ پۇل بىلەن ئىبادەتخانىدا ئىشلەۋاتقان ياغاچچىلار، قۇرۇلۇشچىلار، [12] تامچىلار ۋە تاشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى بېرەتتى. ئۇلار يەنە ياغاچلار ۋە يونۇپ تەييارلانغان تاشلارنى سېتىۋالاتتى ۋە ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشىتىشقا كەتكەن چىقىملارنىڭ

ھەممىسىنى تۆلەيتتى. [13] لېكىن ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن پۇللارغا ئىبادەتخانىدا ئىشلىتىلىدىغان كۈمۈش پىيالە، پىلىك قايچىسى، داس، كاناي ياكى ھەرقانداق ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملار ياسىتىلماي، [14] بۇ پۇل قۇرۇلۇش نازارەتچىلىرىگە بېرىلىپ، ئىبادەتخانىنى ئوڭشىتىشقا ئىشلىتىلەتتى. [15] ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن نازارەتچىلەرگە بېرىلگەن پۇلنىڭ ھېساب-كىتابى قىلىنمايتتى. چۈنكى ئۇلار ئىشنى سەممىيلىك بىلەن قىلاتتى. [16] لېكىن ئەيىب قۇربانلىقلىرى ۋە گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقلىرىنىڭ پۇلى ئىبادەتخانىغا بېرىلمەيتتى، ئۇلار روھانىيلارغا تەۋە ئىدى.

## يوئاشنىڭ يېرۇسالېمنى ساقلاپ قىلىشى

[17] شۇ ۋاقىتتا ئارام پادىشاھى خازائېل گاتقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ئىگىلىۋالدى. ئۇ يەنە يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يېقىنلاپ كەلدى. [18] يەھۇدىيە پادىشاھى يوئاش يەھۇدىيەنىڭ ئىلگىرىكى پادىشاھلىرى بولغان ئاتا-بوۋىلىرىدىن يەھوشافات، يەھورام، ئاخازىيا ۋە ئۆزى پەرۋەردىگارغا تەقدىم قىلغان بارلىق مۇقەددەس بۇيۇملارنى، شۇنىڭدەك پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى ۋە ئوردا خەزىنىلىرىدىكى بارلىق ئالتۇنلارنى ئېلىپ، ئارام پادىشاھى خازائېلغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن خازائېل يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلماي چېكىندى.

[19] پادىشاھ يوئاشنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [20] يوئاشنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ، ئۇنى سىللاغا بارىدىغان يولدا، يەنى تىندۇرۇلغان يەرنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە قەتل قىلدى. [21] ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن ئەمەلدارلارنىڭ بىرى شىمېئاتنىڭ ئوغلى يوزاباد، يەنە بىرى شومېرنىڭ ئوغلى يەھوزاباد ئىدى. يوئاش «داۋۇت شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئامازىيا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاھاز

13 [1] ئاخازىيانىڭ ئوغلى، يەنى يەھۇدىيە پادىشاھى يوئاشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 23-يىلى يېھۇنىڭ ئوغلى يەھوئاھاز سامارىيەدە ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇپ، 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [2] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، گۇناھلاردىن قول ئۈزمەي، نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى يېتەكلىگەن بۇتپەرەسلىك گۇناھلىرىنى داۋاملاشتۇردى. [3] شۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى ئۇزۇن ۋاقىت ئارام پادىشاھى خازائىلنىڭ ۋە خازائىلنىڭ ئوغلى بەنھادادنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى.

[4] شۇنىڭ بىلەن يەھوئاھاز پەرۋەردىگاردىن شەپقەت تىلىدى. پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ ئارام پادىشاھى تەرىپىدىن ئېزىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلدى. [5] پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا بىر قۇتقۇزغۇچى ئەۋەتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار ئاراملارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاۋۋالقىدەكلا خاتىرجەم ياشاپ قالدى. [6] ئەمما ئۇلار ياروبئام جەمەتى ئىسرائىلىيەلىكلەرنى يېتەكلىگەن بۇتپەرەسلىك گۇناھلىرىدىن قول ئۈزمىدى ۋە شۇ گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتىمۇ سامارىيەدە تۇرىۋەردى. [7] ئارام پادىشاھى ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاھازنىڭ قوشۇنىنى خۇددى خامانىنى دەسسەپ چەيلىگەندەك چەيلەپ ۋەيران قىلغاچقا، ئاخىرى ئۇلاردىن پەقەت ئەللىك ھارۋىلىق لەشكەر، ئون جەڭ ھارۋىسى ۋە ئون مىڭ پىيادە لەشكەرلا قالغانىدى.

[8] پادىشاھ يەھوئاھازنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان پائالىيەتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [9] يەھوئاھاز ۋاپات بولۇپ، سامارىيەدە دەپنە قىلىندى، ئوغلى يەھوئاش تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاش

[10] يەھۇدىيە پادىشاھى يوئاشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 37-يىلى يەھوئاخازنىڭ ئوغلى يەھوئاش سامارىيەدە ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇپ، 16 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [11] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى يېتەكلىگەن بۇتپەرەسلىك گۇناھلىرىدىن قول ئۈزمەي، داۋاملىق گۇناھ ئۆتكۈزدى.
[12] پادىشاھ يەھوئاشنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان پائالىيەتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يەھۇدىيە پادىشاھى ئامازىياغا قارشى ئېلىپ بارغان غەلىبىلىك ئۇرۇشى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر.
[13] يەھوئاش ۋاپات بولدى. ياروبئام II ئۇنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. يەھوئاش سامارىيەدە ئىلگىرىكى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىندى.

## ئېلىشانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

[14] ئېلىشا پەيغەمبەرنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاش ئۇنى يوقلاپ كېلىپ:
- ئاتا، ئاتا، ئۆزلىرى ئىسرائىلىيەنىڭ جەڭ ھارۋىسى ۋە ھارۋىلىق جەڭچىسى ئىدىلىغۇ! - دەپ يىغلاپ كەتتى. [15] ئېلىشا ئۇنىڭغا:
- يا بىلەن بىرقانچە ئوق ئېلىپ كەل! - دېدى.
يەھوئاش يا بىلەن ئوقلارنى ئەكەلدى. [16] ئېلىشا ئۇنىڭغا:
- يانى قولۇڭغا ئال! - دېدى.
يەھوئاش يانى قولىغا ئالدى. ئاندىن ئېلىشا قولىنى پادىشاھنىڭ قولىغا قويدى ۋە:
[17] - شەرق تەرەپتىكى دېرىزىنى ئاچ، - دېدى.
يەھوئاش دېرىزىنى ئاچتى. ئاندىن ئېلىشا ئۇنىڭغا:
- ئوقنى ئات! - دېدى.
ئۇ ئوقنى ئاتتى. ئېلىشا ئۇنىڭغا:

- بۇ پەرۋەردىگارنىڭ غەلىبە ئوقى، ئاررامنى مەغلۇپ قىلىدىغان غەلىبە ئوقى! سەن ئافېقتا ئاررام‌لارنى پۈتۈنلەي يوقىتىسەن، - دېدى. [18] ئېلىشا يەنە:

- قولۇڭغا ئوق ئال! - دېدى. يەھوئاش ئوقنى قولىغا ئالدى. ئېلىشا:

- ئوقنى يەرگە ئۇر! - دېدى.

يەھوئاش ئوقنى يەرگە ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ، توختىدى. [19] شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى ئېلىشا ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ:

- سەن ئەسلى بەش ياكى ئالتە قېتىم ئۇرۇشۇڭ كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغان بولساڭ، ئاررام‌لارنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلاتتىڭ. ئەمدى سەن ئاررام‌لارنى ئۈچ قېتىملا مەغلۇپ قىلالايسەن، - دېدى.

[20] شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىشا ئالەمدىن ئۆتۈپ، دەپنە قىلىندى. ئۇ چاغلاردا ئىسرائىللار ھەر يىلى ئەتىيازدا موئاب قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايتتى. [21] كىشىلەر بىر كۈنى بىر ئۆلۈكنى دەپنە قىلىۋاتقاندا، تۇساتتىن بىر توپ موئاب قاراقچىلىرىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۆلۈكنى ئېلىشا ياتقان شام گۆرگە تاشلاپلا قاچتى. ئەمما ئۆلۈك ئېلىشانىڭ مېيىت سۆڭەكلىرىگە تېگىشى بىلەنلا تىرىلىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

## ئېلىشانىڭ ئاخىرقى بېشارىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى

[22] يەھوئاخاز ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا، ئىسرائىللار ئاررام پادىشاھى خازائېل تەرىپىدىن قايتا-قايتا زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، [23] لېكىن ئىسرائىللار پەرۋەردىگارنىڭ ئىلتىپاتى، مېھىر-شەپقىتى ۋە ئېتىبارىغا ئېرىشىپ كەلدى. چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپ بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى بار ئىدى. شۇڭا پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنى تاكى يەھوئاخازنىڭ دەۋرىگىچە خاراب قىلىشنى ۋە ئۆز ھۇزۇرىدىن قوغلاشنى خالىمىغانىدى. [24] ئاررام پادىشاھى خازائېل ۋاپات بولۇپ، ئوغلى بەنھاداد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. [25] خازائېل ئۇرۇش ۋاقتىدا يەھوئاخازنىڭ قولىدىن بىرنەچچە شەھەرلەرنى تارتىۋالغانىدى. ئەمدى

يەھوئاخازنىڭ ئوغلى يەھوئاش خازائىلنىڭ ئوغلى بەنھادادنى ئۈچ قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ قولىدىن كەتكەن شەھەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى ئامازىيا

14 [1] يەھوئاخازنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2-يىلى يوئاشنىڭ ئوغلى ئامازىيا يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولدى. [2] ئۇ تەختكە چىققان چاغدا 25 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 29 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى يېرۇسالېملىق بولۇپ، ئىسمى يەھوئاددان ئىدى. [3] ئامازىيا پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەجدادى داۋۇتنىڭكىگە يەتمەيتتى. ھەممىلا ئىشنى ئاتىسى يوئاشتەك قىلغان بولسىمۇ، [4] لېكىن يەنىلا غەيرىي سەجدىگاھلار يوقىتىۋېتىلمىدى. خەلق يەنىلا ئۇ يەرلەردە قۇربانلىق قىلىپ، ئىسرىق سېلىشنى داۋاملاشتۇردى.

[5] ئامازىيا پادىشاھلىقىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، ئاتىسىنى قەتل قىلغان ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى. [6] لېكىن قاتىللارنىڭ باللىرىنى ئۆلتۈرمىدى، چۈنكى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىدا پەرۋەردىگارنىڭ: «باللىسىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىنى ئۆلتۈرۈشكە، ئاتا-ئانىسىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن باللىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ھەركىم ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئۆلسۇن» دېگەن ئەمرى يېزىلغانىدى.

[7] ئامازىيا تۇز جىلغىسىدا 10 مىڭ ئېدوملۇقنى ئۆلتۈردى. ئۇ سەلا شەھىرىنى جەڭ بىلەن ئېلىپ، شەھەرنىڭ ئىسمىنى يوقتېئېل دەپ ئۆزگەرتتى. بۇ شەھەر شۇنىڭدىن بېرى شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## ئامازىيانىڭ يەھوئاش بىلەن جەڭ قىلىشى

[8] شۇنىڭدىن كېيىن ئامازىيا يېھۇنىڭ نەۋرىسى، يەھوئاخازنىڭ ئوغلى بولغان يەھوئاشقا، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: ــ بىز جەڭگاھتا كۆرۈشەيلى! ــ دېدى.

9 ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاشمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، يەھۇدىيە پادىشاھى ئامازىياغا مۇنداق دېدى:
- لىۋان تاغلىرىدا بىر تىكەن كېدىر دەرىخىگە: «قىزىڭنى ئوغلۇمغا خوتۇنلۇققا بەر» دەپتۇ. لېكىن لىۋان تاغلىرىدىكى بىر ياۋايى ھايۋان ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تىكەننى دەسسەپ چەيلىۋېتىپتۇ. 10 شۇنداق، سىز ئېدوملۇقلارنى مەغلۇپ قىلدىڭىز. شۇ سەۋەبتىن ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتىڭىز. ئەسلىدە سىز غەلىبىڭىزدىن ماختىنىپ، ئۆيىڭىزدە ئولتۇرسىڭىز ياخشى بولاتتى. ئەمما سىز ئەمدى نېمىدەپ چاتاق تېرىپ، ئۆزىڭىزنى ۋەيران قىلىش بىلەن بىرگە يەھۇدىيەنىمۇ ۋەيران قىلماقچى بولىسىز؟
11 لېكىن ئامازىيا ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. شۇڭا ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاش يەھۇدىيە تەۋەسىدىكى بەيت-شەمەشتە يەھۇدىيە پادىشاھى ئامازىيا بىلەن ئۇرۇشتى. 12 يەھۇدىيەلىكلەر ئىسرائىلىيەلىكلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ھەممىسى ئۆز ئۆيلىرىگە قېچىپ كېتىشتى. 13 ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاش يوئاشنىڭ ئوغلىنى، يەنى ئاخازىيانىڭ نەۋرىسى، يەھۇدىيە پادىشاھى بولغان ئامازىيانى بەيت-شەمەشتە تۇتۇۋالدى. يەھوئاش يېرۇسالېمغا كېلىپ، يېرۇسالېمنىڭ «ئەفرايىم دەرۋازىسى»دىن «بۇلۇڭ دەرۋازىسى»غىچە بولغان ئارىلىقتىكى 200 مېتىردەك سېپىلنى بۇزۇۋەتتى. 14 ئۇ يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى ۋە ئوردا خەزىنىلىرىدىكى بارلىق ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى، بۇيۇملارنى ۋە گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى ئېلىپ، سامارىيە شەھىرىگە قايتتى.
15 پادىشاھ يەھوئاشنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان پائالىيەتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يەھۇدىيە پادىشاھى ئامازىياغا قارشى ئېلىپ بارغان غەلىبىلىك ئۇرۇشى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. 16 يەھوئاش ۋاپات بولۇپ، سامارىيەدە ئىلگىرىكى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىندى. ئوغلى ياروبئام II تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## ئامازىياغا سۇيىقەست قىلىنىشى

[17] يەھوئاخازنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاش ئۆلگەندىن كېيىن، يوئاشنىڭ ئوغلى، يەنى يەھۇدىيە پادىشاھى ئامازىيا يەنە 15 يىل ئۆمۈر كۆردى. [18] پادىشاھ ئامازىيانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر.
[19] يېرۇسالېمدا بەزىلەر ئۇنىڭغا سۇيىقەست پىلانلىغاندا، ئۇ لاكىش شەھىرىگە قېچىپ كەتتى. لېكىن ئۇلار لاكىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى شۇ يەردە ئۆلتۈردى. [20] ئۇنىڭ جەسىتى ئاتقا ئارتىلىپ، قايتۇرۇپ كېلىنىپ، يېرۇسالېمدىكى «داۋۇت شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.
[21] پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقى 16 ياشلىق ئۇززىيانى ئاتىسى ئامازىيانىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. [22] ئامازىيا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇززىيا ئېلات شەھىرىنى يەھۇدىيەگە قايتۇرۇپ كەلدى ۋە شەھەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى ياروبئام II

[23] يوئاشنىڭ ئوغلى، يەنى يەھۇدىيە پادىشاھى ئامازىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 15-يىلى يەھوئاشنىڭ ئوغلى ياروبئام II سامارىيەدە ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇپ، 41 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [24] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى يېتەكلىگەن بۇتپەرەسلىك گۇناھلىرىدىن قول ئۈزمىدى.
[25] ياروبئام II خۇددى پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا ئۆز خىزمەتكارى ئامىتاينىڭ ئوغلى گاتخېفەرلىك يۇنۇس پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتقىنىدەك، ئىسرائىلىيەنىڭ شىمالىدىكى لىبو-خامات شەھىرىدىن تارتىپ تاكى جەنۇبتىكى ئۆلۈك دېڭىزغىچە① بولغان ئارىلىقتىكى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. [26] چۈنكى پەرۋەردىگار

① 14: 25 ئۆلۈك دېڭىز ـ ئارابا دېڭىزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قېرى-ياش دېمەي، ئەرزىيەت چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. [27] شۇڭا پەرۋەردىگار يەھوئاشنىڭ ئوغلى ياروبئام II نىڭ قولى ئارقىلىق ئۇلارنى قۇتقۇزدى. چۈنكى پەرۋەردىگار ئىسرائىل خەلقىنىڭ نامىنى يەر يۈزىدىن ئۆچۈرۈۋېتىمەسلىكنى ئىرادە قىلغانىدى.

[28] پادىشاھ ياروبئام IIنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان پائالىيەتلىرى، ئۇرۇشلاردا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، شۇنداقلا داۋۇتنىڭ پادىشاھلىقىغا تەۋە بولغان دەمەشق ۋە خاماتنى قانداق قىلىپ قايتىدىن ئىسرائىلىيەگە قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [29] ياروبئام II ۋاپات بولۇپ، ئىلگىرىكى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىندى، ئوغلى زىكرىيا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى ئۇززىيا

15 [1] ئىسرائىلىيە پادىشاھى ياروبئام IIنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 27-يىلى ئامازىيانىڭ ئوغلى ئۇززىيا يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولدى. [2] ئۇ تەختكە چىققان چاغدا 16 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 52 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى يېرۇسالېملىق بولۇپ، ئىسمى يېكولىيا ئىدى. [3] ئۇززىيا ئاتىسى ئامازىياغا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. [4] بىراق غەيرىي سەجدىگاھلار يوقىتىۋېتىلمىدى. خەلق يەنىلا ئۇ يەرلەردە قۇربانلىق قىلىپ، ئىسرىق سېلىشنى داۋاملاشتۇردى. [5] شۇڭا پەرۋەردىگار ئۇززىيانى جازالاپ، ئۇنى ئۆمۈرلۈك تېرە كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ قويدى. شۇڭا ئۇ ئايرىم ئۆيدە تۇردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئوغلى يوتام ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

[6] پادىشاھ ئۇززىيانىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [7] ئۇززىيا ۋاپات بولۇپ، «داۋۇت شەھىرى»دە

ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى، ئوغلى يوتەم تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى زىكرىيا

[8] يەھۇدىيە پادىشاھى ئۇززىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 38-يىلى ياروبئام IIنىڭ ئوغلى زىكرىيا سامارىيەدە ئىسرائىلىيەگە ئالتە ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [9] ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىغا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى يېتەكلىگەن بۇتپەرەسلىك گۇناھلىرىدىن قول ئۈزمىدى.

[10] يابېشنىڭ ئوغلى شاللۇم زىكرىياغا سۇيىقەست پىلانلاپ، ئۇنى خەلق ئالدىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى. [11] پادىشاھ زىكرىيانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [12] (پەرۋەردىگارنىڭ يېھۇغا «سېنىڭ نەسلىڭ تۆتىنچى ئەۋلادقىچە ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ» دېگەن سۆزى دەرۋەقە ئەمەلگە ئاشتى.)

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى شاللۇم

[13] يەھۇدىيە پادىشاھى ئۇززىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 39-يىلى يابېشنىڭ ئوغلى شاللۇم ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇپ، سامارىيەدە بىر ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [14] گادىنىڭ ئوغلى مىناخېم تىرزاھ شەھىرىدىن سامارىيە شەھىرىگە كېلىپ، يابېشنىڭ ئوغلى شاللۇمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

[15] پادىشاھ شاللۇمنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان سۇيىقەستى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر.

[16] مىناخېم تىرزاھ شەھىرىدىن كېلىۋاتقان يول ئۈستىدە تىفساخ شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق يەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغانىدى. ئۇ ھەتتا ئۇ يەرلەردىكى ھامىلدار ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ قارنىنى يېرىۋەتكەنىدى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى مىناخېم

[17] يەھۇدىيە پادىشاھى ئۇززىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 39-يىلى گادىنىڭ ئوغلى مىناخېم ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇپ، سامارىيەدە ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [18] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى يېتەكلىگەن بۇتپەرەسلىك گۇناھلىرىدىن ئۆمۈر بويى قول ئۈزمىدى.

[19] ئاسسۇرىيە پادىشاھى تىگلات-پىلئەسەر ① ئىسرائىلىيە زېمىنىغا ھۇجۇم قىلدى. مىناخېم تىگلات-پىلئەسەرگە 35 توننا كۈمۈش بېرىپ، ئۇنىڭدىن پادىشاھلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۆتۈندى. [20] مىناخېم ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا بەرگەن بۇ كۈمۈشلەرنى ئىسرائىلىيەلىك ھەربىر بايدىن 600 گرامدىن يىغقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاسسۇرىيە پادىشاھى ئىسرائىلىيە زېمىنىدا تۇرماي قايتىپ كەتتى.

[21] پادىشاھ مىناخېمنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [22] مىناخېم ۋاپات بولۇپ، ئوغلى پىقاخىيا ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى پىقاخىيا

[23] يەھۇدىيە پادىشاھى ئۇززىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 50-يىلى مىناخېمنىڭ ئوغلى پىقاخىيا سامارىيەدە ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇپ، ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [24] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى يېتەكلىگەن بۇتپەرەسلىك گۇناھلىرىدىن قول ئۈزمىدى.

[25] پادىشاھ پىقاخىيانىڭ سەركەردىسى، يەنى رىمالىيانىڭ ئوغلى بولغان پەقاخ ئۆزىگە گىلئادلىق ئەللىك نەپەر كىشىنى ھەمراھ

① 15 : 19 تىگلات-پىلئەسەر ـ بەزىدە ئۇنىڭ ئىسمى «پۇل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قىلىپ، ئارگوب ۋە ئارىيېھ بىلەن بىرلىكتە سۇيىقەست پىلانلىدى. ئۇ سامارىيەدىكى پادىشاھ ئوردىسىغا جايلاشقان قەلئەدە پادىشاھ پىقاخىيانى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا ئۆزى پادىشاھ بولدى.
[26] پادىشاھ پىقاخىيانىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى پەقاخ

[27] يەھۇدىيە پادىشاھى ئۇززىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 52-يىلى رىمالىيانىڭ ئوغلى پەقاخ سامارىيەدە ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇپ، 20 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [28] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى يېتەكلىگەن بۇتپەرەسلىك گۇناھلىرىدىن قول ئۈزمىدى.
[29] ئىسرائىلىيە پادىشاھى پەقاخنىڭ زامانىدا، ئاسسۇرىيە پادىشاھى تىگلات-پىلئەسەر ئىيون، ئابىل-بەيتمائاكا، يانوۋاخ، قەدەش، خازور شەھەرلىرى، گىلئاد بىلەن جەلىلىيە زېمىنلىرى ۋە نافتالى قەبىلىسىنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى ئىگىلەپ، خەلقىنى ئەسىر قىلىپ، ئاسسۇرىيەگە ئېلىپ كەتتى.
[30] ئۇززىيانىڭ ئوغلى، يەنى يەھۇدىيە پادىشاھى يوتەمنىڭ 20-يىلى ئەلاھنىڭ ئوغلى ھوشىيا رىمالىيانىڭ ئوغلى پەقاخقا سۇيىقەست پىلانلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى پادىشاھ بولدى.
[31] پادىشاھ پەقاخنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر.

## يەھۇدىيە پادىشاھى يوتەم

[32] رىمالىيانىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى پەقاخنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2-يىلى ئۇززىيانىڭ ئوغلى يوتەم يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولدى. [33] ئۇ تەختكە چىققان چاغدا 25 ياشتا ئىدى.

ئۇ يېرۇسالېمدا 16 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى زادوقنىڭ قىزى يېرۇشا ئىدى. [34] يوتەم ئاتىسى ئۇززىياغا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. [35] براق غەيرىي سەجدىگاھلار يوقىتىۋېتىلمىدى. خەلق يەنىلا ئۇ يەرلەردە قۇربانلىق قىلىپ، ئىسرىق سېلىشنى داۋاملاشتۇردى. يوتەم ئىبادەتخانا ھويلىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە دەرۋازا ياساتتى. [36] پادىشاھ يوتەمنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [37] شۇ ۋاقىتلاردا پەرۋەردىگار ئاررام پادىشاھى رىزىن بىلەن رىمالىيانىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى پەقاخنى يەھۇدىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىشكە باشلىدى. [38] يوتەم ۋاپات بولۇپ، ئەجدادى داۋۇتنىڭ نامىدا ئاتالغان «داۋۇت شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئاخاز تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى ئاخاز

16 [1] رىمالىيانىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى پەقاخنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 17-يىلى يوتەمنىڭ ئوغلى ئاخاز يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولدى. [2] ئاخاز تەختكە چىققان چاغدا 20 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 16 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئەجدادى داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخاز پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نەزىرىدىكى دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلمىدى. [3] ئەكسىچە ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ يولىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن يات ئەللەرنى دوراپ، يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئوغلىنىمۇ ئوتتا كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق قىلدى. [4] ئۇ غەيرىي سەجدىگاھلاردا، ئېگىزلىكلەردە ۋە بۈك-باراقسان ئۆسكەن دەرەخ ئاستىلىرىدا قۇربانلىق قىلىپ، ئىسرىق سالدى.

## ئاخازنىڭ ئاسسۇرىيەدىن ياردەم سورىشى

[5] شۇ چاغدا ئارام پادىشاھى رىزىن بىلەن ئىسرائىلىيە پادىشاھى رىمالىيانىڭ ئوغلى پەقاخ يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ئاخازنى قورشىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭەلمىدى. [6] بۇ چاغدا ئارام پادىشاھى رىزىن ئېلات شەھىرىنى ئارامنىڭ تەۋەلىكىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، يەھۇدىيەلىكلەرنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئاندىن ئېدوملۇقلار ئېلات شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار شۇنىڭدىن بېرى شۇ يەردە ياشىماقتا.
[7] ئاخاز ئاسسۇرىيە پادىشاھى تىگلات-پىلئەسەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ:
- مەن سىلىگە قۇل بولاي، بالا بولاي. سىلى كېلىپ، مېنى ئارام پادىشاھى بىلەن ئىسرائىلىيە پادىشاھىنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتقۇزۇۋالسىلا، - دېدى.
[8] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى ھەم ئوردا خەزىنىسىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. [9] شۇنىڭ بىلەن ئاسسۇرىيە پادىشاھى ماقۇل بولۇپ، ئارامنىڭ پايتەختى دەمەشقنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. ئاھالىسىنى قىر زېمىنىغا سۈرگۈن قىلدى، پادىشاھ رىزىننىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## ئاخازنىڭ ئىبادەتخانىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىشى

[10] پادىشاھ ئاخاز دەمەشققە بېرىپ، ئاسسۇرىيە پادىشاھى تىگلات-پىلئەسەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ دەمەشقتىكى قۇربانلىق سۇپىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سىزمىسى ۋە لايىھەسىنى روھانىي ئۇرىياغا يوللىدى. [11] شۇنىڭ بىلەن روھانىي ئۇرىيا پادىشاھ ئاخازنىڭ دەمەشقتىن ئەۋەتكەن كۆرسەتمىسى بويىچە پادىشاھ دەمەشقتىن قايتىپ كەلگۈچە قۇربانلىق سۇپىسىنى ياسىتىپ بولدى. [12] پادىشاھ دەمەشقتىن كېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە قۇربانلىق سۇپىسىدا قۇربانلىق قىلدى. [13] ئۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئاشلىق ھەدىيەسىنى قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرۈپ، ئىچىملىك ھەدىيەسىنى ئۇنىڭغا تۆكتى ۋە

ئاماننىڭ قۇربانلىقىنىڭ قېنىنى قۇربانلىق سۇپىسىغا چاچتى.
[14] پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى ئالدىدىكى تۇچ بىلەن قاپلاپ ياسالغان قۇربانلىق سۇپىسى ئەسلىدە يېڭى قۇربانلىق سۇپىسى بىلەن ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، پادىشاھ ئاھاز ئۇنى يۆتكەپ، يېڭى قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ شىمال تەرىپىگە قويدۇردى.
[15] پادىشاھ ئاھاز روھانىي ئۇرىياغا:
- ئەتىگەنلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى، كەچلىك ئاشلىق ھەدىيەسىنى، پادىشاھنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقى ۋە ئاشلىق ھەدىيەسىنى، ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقى ۋە ئاشلىق ھەدىيەسىنى يېڭى قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرۈڭ ۋە ئىچىملىك ھەدىيەسىنى ئۇنىڭغا تۆكۈڭ، شۇنداقلا كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە باشقا قۇربانلىقلارنىڭ ھەممە قېنىنى ئۇنىڭغا چېچىڭ. لېكىن تۇچ بىلەن قاپلانغان قۇربانلىق سۇپىسى مېنىڭ كەلگۈسىدە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلىشىم ئۈچۈن قالسۇن، - دېدى. [16] روھانىي ئۇرىيا پادىشاھ ئاھازنىڭ بۇيرۇغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلدى.
[17] پادىشاھ ئاھاز يەنە داسلار قويۇلغان تۇچ ھارۋىلارنىڭ تۆت چاسا رامكىلىرىنى كېسىۋەتتى ۋە داسلارنى ئېلىۋەتتى. ئۇ يەنە «دېڭىز» دەپ ئاتالغان داشقاننى تۇچ بۇقىلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ، تاشتىن ياسالغان سۇپىغا قويدى. [18] ئۇ يەنە ئاسسۇرىيە پادىشاھىنى رازى قىلىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى پەقەت دەم ئېلىش كۈنىلا ئىشلىتىش ئۈچۈن ياسالغان سايىۋەنلىك يولنى ۋە پادىشاھنىڭ ئىبادەتخانىغا سىرتتىن كىرىشى ئۈچۈن ياسالغان كىرىش ئېغىزىنى ئېتىۋەتتى.
[19] پادىشاھ ئاھازنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [20] ئاھاز ۋاپات بولۇپ، «داۋۇت شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئوغلى خىزكىيا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## ئىسرائىلىيە پادىشاھى ھوشىيا

17 [1] يەھۇدىيە پادىشاھى ئاھازنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 12-يىلى ئەلاھنىڭ ئوغلى ھوشىيا سامارىيەدە ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ

بولۇپ، توققۇز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [2] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى، لېكىن يامانلىقتا ئىلگىرىكى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىدىن ئېشىپ كەتمىدى.

[3] ئاسسۇرىيە پادىشاھى شالمانئەسەر ھوشىياغا ھۇجۇم قىلغىلى كەلدى. ھوشىيا ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، ئالۋان-سېلىق تاپشۇرىدىغان بولدى. [4] كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھوشىيا بۇرۇنقى يىللاردىكىدەك ئالۋان-سېلىق تاپشۇرماي، پىرئەۋن سوھقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا ئاسىيلىق قىلماقچى بولدى. بۇنى بىلىپ قالغان ئاسسۇرىيە پادىشاھى ئۇنى تۇتۇپ، زىندانغا تاشلىدى.

## ئىسرائىلىيەنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ سەۋەبى

[5] ئاسسۇرىيە پادىشاھى پۈتۈن ئىسرائىلىيە زېمىنىغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە سامارىيە شەھىرىگە كېلىپ، شەھەرنى ئۈچ يىل قورشاۋغا ئالدى. [6] ھوشىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 9-يىلى ئاسسۇرىيە پادىشاھى سامارىيەنى قولغا چۈشۈرۈپ، خەلقنى ئاسسۇرىيەگە سۈرگۈن قىلدى ۋە ئۇلارنى ئاسسۇرىيەدىكى خالاخ شەھىرىگە، خابور دەرياسى بويىدىكى گوزان شەھىرىگە ۋە مىدىيادىكى شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى.

[7] بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب ئىسرائىللار ئۆزلىرىنى مىسىر پىرئەۋنى، يەنى پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مىسىردىن ئېلىپ چىققان پەرۋەردىگار خۇدادىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ، گۇناھ ئۆتكۈزگەنىدى. [8] ئۇلار ئىزچىل تۈردە پەرۋەردىگار ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا كەنئاندىن قوغلاپ چىقارغان يات ئەللەرنىڭ ئادەتلىرى، شۇنداقلا ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئادەتلىرى بويىچە ياشاپ كەلگەنىدى. [9] ئىسرائىلىيەلىكلەر پەرۋەردىگار، يەنى ئۆزلىرىنى تاللىغان خۇدانىڭ نەزىرىدىكى دۇرۇس بولمىغان ئىشلارنى مەخپىي ھالدا قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار يېزىلاردىن تارتىپ تاكى مۇستەھكەم شەھەرلەرگىچە بولغان ھەممە يەرلەردە ئۆزلىرى ئۈچۈن غەيرىي سەجدىگاھلارنى سېلىشقانىدى. [10] شۇنداقلا، ئۇلار ھەربىر ئېگىزلىكتە ۋە بۈك-باراقسان ئۆسكەن دەرەخ ئاستىلىرىدا ئۆزلىرى

ئۇچۇن بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلەرنى ۋە ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى تىكلەشكەنىدى. [11] ئۇلار خۇددى پەرۋەردىگار ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا كەنئاندىن قوغلاپ چىقارغان يات ئەللەرگە ئوخشاش ئاشۇ ئېگىزلىكلەردە قۇربانلىق سۇنۇپ ھەم رەزىل ئىشلارنى قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈشكەنىدى. [12] گەرچە پەرۋەردىگار ئۇلارغا: «سىلەر بۇتقا چوقۇنماڭلار» دېگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا بۇتلارغا چوقۇنۇۋەرگەنىدى.

[13] پەرۋەردىگار بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە غايىبنى بىلگۈچىلەر ئارقىلىق ئىسرائىلىيە بىلەن يەھۇدىيە خەلقىگە: «يامان يولدىن قايتىڭلار! مەن سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا ئەمر قىلغان ۋە خىزمەتكارلىرىم بولغان پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق سىلەرگە يەتكۈزگەن قانۇندىكى بارلىق ئەمر-پەرمانلىرىمغا ئەمەل قىلىڭلار» دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، [14] لېكىن ئۇلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالماستىن، خۇددى ئۆزلىرىنى ياراتقان خۇداغا، يەنى پەرۋەردىگارغا ئېتىقاد قىلمىغان ئاتا-بوۋىلىرىغا ئوخشاش بويىنىنى قاتتىق قىلىپ كەلدى. [15] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ پەرمانلىرىنى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنى، شۇنىڭدەك پەرۋەردىگارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى رەت قىلدى ھەمدە ئەرزىمەس بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ئۆزلىرىنىمۇ ئەرزىمەس قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەتراپىڭلاردىكى يات ئەللەردەك قىلماڭلار» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يات ئەللەرنى دورىدى. [16] ئۇلار پەرۋەردىگار، يەنى ئۆزلىرىنى ياراتقان خۇدانىڭ بارلىق ئەمرلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىككى دانە موزاينىڭ بۇتىنى ھەم ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتىنى ياسىدى، شۇنداقلا ھەر خىل ئاسمان جىسىملىرىغا ۋە بائالغا چوقۇندى. [17] ئۇلار يەنە ئوغۇل-قىزلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق قىلدى. پالچىلىق، رەمچىلىك ۋە پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدىكى يامان بولغان ئىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى.

[18] شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيەلىكلەرگە قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يەھۇدا قەبىلىسىدىن باشقا ھەممە قەبىلىنى ئۆزىنىڭ نەزىرىدىن يىراق قىلدى. [19] كېيىن

يەھۇدىيەلىكلەرمۇ پەرۋەردىگار، يەنى ئۆزلىرىنى تاللىغان خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلماي، ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ يولىنى تۇتتى. [20] نەتىجىدە پەرۋەردىگار بارلىق ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇلارنى رەھىمسىز دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈردى. ئاخىرىدا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ نەزىرىدىن يىراق قىلدى. [21] پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيەلىكلەرنى داۋۇت جەمەتىدىن ئايرىغاندىن كېيىن، ئىسرائىلىيەلىكلەر نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلدى. ياروبئام ئىسرائىلىيەلىكلەرنى پەرۋەردىگاردىن ۋاز كەچتۈرۈپ، ئۇلارنى ئېغىر گۇناھقا يېتەكلىدى. [22] ئىسرائىلىيەلىكلەر ياروبئامنىڭ گۇناھلىرىغا ئەگىشىپ، گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن قول ئۈزمىدى. [23] ئاخىرى پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئېيتقىنىدەك، ئىسرائىلىيەلىكلەرنى ئۆزىنىڭ نەزىرىدىن يىراق قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىدىن ئاسسۇرىيەگە سۈرگۈن قىلدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇلار شۇ يەردە ياشىماقتا.

## يات خەلقلەرنىڭ سامارىيەگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

[24] ئاسسۇرىيە پادىشاھى بابىل، كۇتاھ، ئىۋۋاھ، خامات ۋە سىفارۋايىم قاتارلىق شەھەرلەردىن ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ، ئىسرائىلىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ ئورنىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار سامارىيە ۋە ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلەپ، ئۇ يەرلەردە ماكان تۇتتى. [25] ئۇلار بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان دەسلەپكى مەزگىللەردە پەرۋەردىگارغا ئېتىقاد قىلمىدى. شۇڭا پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شىرلارنى ئەۋەتتى. شىرلار ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. [26] بىرسى ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا:

ــ ئۆزلىرى ئىسرائىلىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، ئورۇنلاشتۇرغان خەلقلەر شۇ زېمىنىنىڭ خۇداسىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى بىلمىگەچكە، ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شىرلارنى ئەۋەتىپتۇ. شىرلار ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ شۇ زېمىنىنىڭ خۇداسىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى بىلمىگەنلىكىدىن بولۇپتۇ، ــ دېدى.

[27] شۇنىڭدىن كېيىن ئاسسۇرىيە پادىشاھى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:
ـ سىلەر سامارىيەدىن ئەسىر ئالغان روھانىيلارنىڭ بىرىنى شۇ يەرگە ئەۋەتىڭلار. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ، خەلققە شۇ زېمىنىنىڭ خۇداسىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئۆگەتسۇن، ـ دېدى.
[28] شۇنىڭ بىلەن سامارىيەدىن ئەسىرگە ئېلىنغان روھانىيلاردىن بىرى بەيتەلگە قايتىپ كېلىپ، ئۇلارغا پەرۋەردىگاردىن قانداق ئەيمىنىشنى ئۆگەتتى. [29] لېكىن ھەرقايسى خەلقلەر يەنىلا ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ بۇتلىرىنى ياساپ، سامارىيەلىكلەر ياسىغان غەيرىي سەجدىگاھلاردىكى بۇتخانىلارغا قويدى. ھەممە خەلقلەر ئۆزلىرى تۇرغان شەھەرلەردە شۇنداق قىلىشتى. [30] بابىللىقلار سۇككوت-بىنوتنىڭ بۇتىنى، كۇتاھلىقلار نېرگالنىڭ بۇتىنى، خاماتلىقلار ئاشىمانىڭ بۇتىنى، [31] ئاۋۋاھلىقلار نىبخازنىڭ ۋە تارتاقنىڭ بۇتىنى ياساشتى. سىفارۋايىملىقلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرى بولغان ئادراممەلەك بىلەن ئانامەلەككە ئاتىدى. [32] ئۇلار بىر تەرەپتىن پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرى ئۈچۈن غەيرىي سەجدىگاھلاردا خىزمەت قىلىدىغان روھانىيلارنى ئۆز ئىچىدىن تاللاپ چىقىشتى. [33] ئۇلار پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىش بىلەن بىرگە ئۆزلىرى بۇرۇن ياشىغان ئانا يۇرتلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە ئۆزىنىڭ ئىلاھلىرىغىمۇ چوقۇنۇشتى.
[34] سامارىيەلىكلەر يەنىلا بۇرۇنقى ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇلار پەرۋەردىگاردىن ھەقىقىي ئەيمەنمەيۋاتىدۇ ھەم ئىسرائىل دەپ ئاتالغان ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا بۇيرۇلغان ئەمر-پەرمانلار ۋە قانۇن-بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنمايۋاتىدۇ. [35] پەرۋەردىگار ئىسرائىللار بىلەن ئەھدىلىشىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپ ئەمر قىلغانىدى: «باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلماڭلار، سەجدە قىلماڭلار، چوقۇنماڭلار ۋە قۇربانلىق قىلماڭلار. [36] لېكىن سىلەر يۈكسەك كۈچ-قۇدرىتى ۋە ھەممىگە قادىر قولى بىلەن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان مەن پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىپ، ماڭا سەجدە قىلىڭلار ۋە قۇربانلىق قىلىڭلار. [37] سىلەر ئۈچۈن يېزىلغان ئەمر-پەرمانلىرىم ۋە قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمگە ھەر دائىم كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار، باشقا

ئىلاھلارغا چوقۇناتتى. [38] مېنىڭ سىلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، باشقا ئىلاھلارغا سەجدە قىلماڭلار. [39] مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادىن ئەيمىنىڭلار، مەن سىلەرنى بارلىق دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرىمەن». [40] لېكىن سامارىيەگە ئورۇنلاشقان باشقا خەلقلەر پەرۋەردىگارنىڭ بۇ ئەمرىگە قۇلاق سالماي، بۇرۇنقى ئۆرپ-ئادىتى بويىچە ياشاۋەردى. [41] شۇنداق قىلىپ، بۇ خەلقلەر بىر تەرەپتىن پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىغا چوقۇنۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ شۇنىڭدىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى قىلغان ئىشلارنى قىلىپ كەلمەكتە.

## يەھۇدىيە پادىشاھى ھىزكىيا

18 [1] ئەلاھنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى ھوشىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 3-يىلى يەھۇدىيە پادىشاھى ئاھازنىڭ ئوغلى ھىزكىيا يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولدى. [2] ئۇ تەختكە چىققان چاغدا 25 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا يەھۇدىيەگە 29 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى زىكرىيانىڭ قىزى ئابىيا ئىدى. [3] ھىزكىيا خۇددى ئەجدادى داۋۇتقا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. [4] ئۇ غەيرىي سەجدىگاھلارنى يوقاتتى، بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلەرنى چاقتى ۋە ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى ئۆرۈدى. ئۇ يەنە مۇسا پەيغەمبەر ياسىتىپ قويغان تۇچ يىلاننى پارچە-پارچە قىلىپ بۇزۇۋەتتى. چۈنكى شۇ كۈنگىچە ئىسرائىللار ئۇ تۇچ يىلاننى «نىخۇشتان» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىسرىق سالاتتى. [5] ھىزكىيا پەرۋەردىگارغا، يەنى ئىسرائىللارنى ياراتقان خۇداغا تايىنىپ ياشىدى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ئۆتكەن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن يەھۇدىيە پادىشاھلىرى ئىچىدە ئۇنىڭدەك بىرەرى چىقمىدى. [6] ئۇ پەرۋەردىگارغا سادىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەي، ئۇنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە بۇيرۇغان ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلدى. [7] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا يار ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشلۇق بولدى. ئۇ ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى.

[8] ئۇ فىلىستىيەلىكلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى گازا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا، يەنى يېزىلاردىن تاكى مۇستەھكەم شەھەرلەرگىچە ھەممە يەرلەردە مەغلۇپ قىلدى.
[9] خىزكىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 4- يىلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى بولغان ئەلاھنىڭ ئوغلى ھوشىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 7-يىلى ئاسسۇرىيە پادىشاھى شالمانئەسەر سامارىيە شەھىرىنى قورشاۋغا ئېلىش ئۈچۈن كەلدى. [10] سامارىيە شەھىرى قورشاۋغا ئېلىنغان ئۈچىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يەنى خىزكىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 6- يىلى ۋە ئىسرائىلىيە پادىشاھى ھوشىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 9- يىلى ئاسسۇرلار سامارىيەنى ئىگىلىدى. [11] ئاسسۇرىيە پادىشاھى ئىسرائىلىيەلىكلەرنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئاسسۇرىيەگە ئېلىپ كەتتى ۋە ئۇلارنى خالاخ شەھىرى، خابور دەرياسى بويىدىكى گوزان شەھىرى ۋە مىدىيانىڭ شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى. [12] چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگار خۇداغا ئىتائەت قىلماي، ئۇنىڭ بىلەن تۈزۈلگەن ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇنىڭ خىزمەتكارى بولغان مۇسا بۇيرۇغان ئەمرلەرگە ئەمەل قىلمىغانىدى.

## سانخېرىبنىڭ يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىشى

[13] پادىشاھ خىزكىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 14-يىلى ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىب يەھۇدىيەنىڭ مۇستەھكەم شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ شەھەرلەرنى بويسۇندۇردى. [14] يەھۇدىيە پادىشاھى خىزكىيا لاكىش شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇنداق دېدى:

– گۇناھ مەندە، بۇ يەردىن چېكىنىپ كەتسىلە، ماڭا قانداق سېلىق سالسىلا، مەن ئۇنى ئۈستۈمگە ئالىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاسسۇرىيە پادىشاھى يەھۇدىيە پادىشاھى خىزكىياغا ئون توننا كۈمۈش ۋە بىر توننا ئالتۇن سېلىق سالدى. [15] خىزكىيا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى ۋە ئوردا خەزىنىلىرىدىكى كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى بەردى. [16] ئۇ ھەتتا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى بۇرۇن ئۆزى قاپلاتقان ئىشىك

ۋە كېشەكلەردىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى سويۇپ ئېلىپ، ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا بەردى.

[17] كېيىن ئاسسۇرىيە پادىشاھى ئۆزىنىڭ باش سەركەردىسى، ئوردا غوجىدارى ۋە خاس سەركەردىسىنى زور قوشۇنى بىلەن بىرگە لاكىش شەھىرىدىن يېرۇسالېمدىكى پادىشاھ خىزكىيانىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلار يېرۇسالېمغا كېلىپ، بىر ئۆستەڭ بويىدا توختىدى. بۇ ئۆستەڭ «يۇقىرىدىكى كۆلچەك»كە سۇ قويۇلىدىغان، يەنى كىر يۇيىدىغان دالاغا بارىدىغان يولدا ئىدى. [18] ئۇلار پادىشاھ خىزكىيانى چاقىرتتى. خىلقىيانىڭ ئوغلى، يەنى ئوردا غوجىدارى ئەلياقىم، پۈتۈكچى شەبنا، ئاسافنىڭ ئوغلى، يەنى خاننىڭ تەزكىرىچىسى يوئاخ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. [19] سەركەردە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

- خىزكىياغا ئېيتىڭلار، ئۇلۇغ ئاسسۇرىيە پادىشاھى ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر نېمىگە تايىنىپ، ئۆزۈڭلارغا شۇنچە ئىشىنىسىلەر؟ [20] سىلەرچە، قۇرۇق گەپلەر ئۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە كۈچ-قۇدرەتنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلەمدۇ؟ سىلەر كىمگە ئىشىنىپ، ماڭا قارشى چىقتىڭلار؟ [21] سىلەر ئەمدى مىسىرغا تايانماقچىمۇ؟ مىسىر خۇددى قومۇشتىن ياسالغان سۇنۇق ھاسىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا تايانساڭلار قولۇڭلارنى تېشىۋېتىدۇ. مىسىر پىرئەۋنى، يەنى پادىشاھىغا تايانغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. [22] بەلكىم سىلەر ماڭا: ‹بىز پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ بىزگە ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز› دەپ ئېيتارسىلەر. لېكىن پادىشاھ خىزكىيا ۋەيران قىلىۋەتكەن سەجدىگاھلار ۋە قۇربانلىق سۇپىلىرى دەل پەرۋەردىگارنىڭكى ئەمەسمىدى؟ پادىشاھ خىزكىيا يەھۇدىيە خەلقىگە، جۈملىدىن يېرۇسالېم خەلقىگە پەرۋەردىگارغا پەقەت يېرۇسالېمدىكى مۇشۇ قۇربانلىق سۇپىسىدىلا ئىبادەت قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتمىغانمىدى؟»

[23] سەركەردە يەنە مۇنداق دېدى:

- كېلىڭلار، بىز خوجايىنىم ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ نامى بىلەن شەرتلىشەيلى. بىز سىلەرگە ئىككى مىڭ ئات بەرسەك، ئاتلارنى مىنىدىغانغا ئىككى مىڭ لەشكەر تاپالامسىلەر؟ [24] سىلەرگە مىسىرنىڭ لەشكەرلىرى جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن ياردەمگە كەلگەن

تەقدىردىمۇ، خوجايىنىمنىڭ قول ئاستىدىكى ئەڭ كىچىك قوشۇنىنىمۇ مەغلۇپ قىلالمايسىلەر! [25] بىزنىڭ بۇ يەرنى ۋەيران قىلىشىمىزنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان دەپ قارىمامسىلەر؟ پەرۋەردىگارىڭلار ئۆزى بىزگە: «يەھۇدىيە زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ۋەيران قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇغان.

[26] خىلقىيانىڭ ئوغلى ئەلياقىم، شەبنا ۋە يوئاخلار ئاسسۇرىيە سەركەردىسىگە مۇنداق دېدى:

- تەقسىر، بىزگە ئاراملىي تىلىدا سۆزلەڭ، بىز چۈشىنىمىز. ئىبرانىي تىلىدا سۆزلىمەڭ، سېپىل ئۈستىدىكىلەر ئاڭلاپ قالمىسۇن.

[27] سەركەردە ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

- خوجايىنىم مېنى بۇ سۆزلەرنى پەقەت سىلەر بىلەن پادىشاھىڭلارغىلا ئېيتىشقا ئەۋەتكىنى يوق. سېپىل ئۈستىدىكىلەرمۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىسۇن. ئەگەر بىز بۇ شەھەرنى قورشاۋغا ئالساق، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش پوقىنى يەپ، سۈيدۈكىنى ئىچىدۇ، - دېدى.

[28] ئاندىن ئۇ رۇسلىنىپ، ئىبرانىي تىلىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

- ئۇلۇغ پادىشاھىمىز ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار! [29] پادىشاھىمىز مۇنداق دەيدۇ: «خىزكىيانىڭ سىلەرنى ئالدىشىغا يول قويماڭلار، ئۇ سىلەرنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالمايدۇ. [30] خىزكىيانىڭ سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىپ: ‹پەرۋەردىگار بىزنى چوقۇم قۇتقۇزىدۇ، ئۇ بۇ شەھەرنى ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا تاشلاپ بەرمەيدۇ› دېگەن سۆزلىرىگە ئالدانماڭلار. [31] خىزكىيانىڭ گېپىنى ئاڭلىماڭلار! مەن ئاسسۇرىيە پادىشاھى سىلەرنى مەن بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە، ماڭا بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر ئۆز بېغىڭلارنىڭ ئۈزۈملىرىنى ۋە ئەنجۈرلىرىنى يەپ، ئۆز قۇدۇقۇڭلارنىڭ سۈيىنى ئىچەلەيسىلەر. [32] كېيىن مەن زېمىنىڭلارغا بېرىپ، سىلەرنى خۇددى ئۆز زېمىنىڭلارغا ئوخشاش ئاشلىقلىرى، شارابلىرى، يېمەكلىكلىرى، ئۈزۈمزارلىقلىرى، زەيتۇن دەرەخلىرى مول بولغان، شۇنداقلا زەيتۇن يېغى ۋە ھەسەل چىقىدىغان يېڭى زېمىنغا باشلاپ بارىمەن. ئۆلۈمنى ئەمەس، ھاياتنى تاللاڭلار. خىزكىيانىڭ

دېگەنلىرىگە قۇلاق سالماڭلار. ئۇ سىلەرنى ‹پەرۋەردىگار بىزنى قۇتقۇزىدۇ› دەپ، تولۇق يولغا باشلايدۇ. [33] قايسىبىر خەلقنىڭ ئىلاھلىرى ئۆز خەلقىنى مەن ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزالىغان؟ [34] خامات ۋە ئارپاد شەھەرلىرىنىڭ ئىلاھلىرى يوقمىدى؟ سىفارۋايىم، ھېنا ۋە ئىۋۋاھ شەھەرلىرىنىڭچۇ؟ سامارىيە شەھىرىنىڭ ئىلاھلىرى ئۆز خەلقىنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالىدىمۇ؟ [35] قايسىبىر خەلقنىڭ ئىلاھلىرى ئۆز خەلقىنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالىغان؟ ئۇنداقتا، پەرۋەردىگارىڭلار يېرۇسالېمنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالامدۇ؟»

[36] خەلق سۈكۈت قىلىپ، ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى. چۈنكى پادىشاھ خىزكىيا ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرماسلىقنى بۇيرۇغانىدى. [37] خىلقىيانىڭ ئوغلى، يەنى ئوردا غوجىدارى ئەلياقىم، پۈتۈكچى شەبنا، ئاسافنىڭ ئوغلى، يەنى خاننىڭ تەزكىرىچىسى يوئاخلار كىيىملىرىنى يىرتىشىپ، پادىشاھ خىزكىيانىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا سەركەردىنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى.

## خىزكىيانىڭ يەشايادىن ياردەم سورىشى

19 [1] پادىشاھ خىزكىيا ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزمۇ كىيىملىرىنى يىرتىپ، ماتەملىك كىيىم كىيىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا باردى. [2] ئۇ يەنە ئوردا غوجىدارى ئەلياقىم، پۈتۈكچى شەبنا ۋە يېتەكچى روھانىيلارنى ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلارمۇ ماتەملىك كىيىم كىيگەنىدى. [3] ئۇلار يەشايا پەيغەمبەرگە مۇنداق دېدى:

- پادىشاھىمىز خىزكىيا ئۆزلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن بىز ئۈچۈن قاتتىق ئازاب، تىل-ئاھانەت ۋە خورلۇققا قالغان كۈن بولدى، بىز خۇددى بوۋاقنى تۇغۇشقا كۈچى يەتمىگەن ئانىغا ئوخشاپ قالدۇق. [4] سىلى ئۆزلىرى خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگار خۇدانى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئاسسۇرىيە پادىشاھى سەركەردىسىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۆزلىرى خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان پەرۋەردىگار خۇدا سەركەردىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ،

ئۇنى شۇ سۆزلىرى ئۈچۈن جازالىغاي. ئۆزلىرى بۇ يۇرتتا قىلىپ قالغان بىزلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويسىلا».
5 پادىشاھ خىزكىيانىڭ ئەلچىلىرى يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، 6 يەشايا پەيغەمبەر ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- پادىشاھقا ئېيتىڭلار، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ چاكارلىرىنىڭ ماڭا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان سۆزلىرىدىن قورقۇپ كەتمە. 7 مەن ئاسسۇرىيە پادىشاھىنى ھازىرلا ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشىنىدىغان قىلىپ قويىمەن. ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۆز زېمىنىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ شۇ يەردە قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدىغانلىقىنى ئىرادە قىلغانمەن».
8 ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ سەركەردىسى ئۆز پادىشاھىنىڭ لاكىشتىن لىبناھ شەھىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتتى ۋە پادىشاھنى ئۇرۇش بولۇۋاتقان يەردىن تاپتى.
9 بۇ چاغدا ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىب كۇش پادىشاھى تىرھاقانىڭ ئۆزى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. شۇڭا ئۇ پادىشاھ خىزكىياغا يەنە ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. ئۇ ئەلچىلىرىگە مۇنداق دېدى:
10 - يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھى خىزكىياغا مۇنداق دەپ ئېيتىڭلار: «سەن تايىنىۋاتقان خۇدانىڭ ‹ئاسسۇرىيە پادىشاھى يېرۇسالېمنى بېسىۋالالمايدۇ› دېگەن سۆزلىرىگە ئالدانما. 11 سەن ئاسسۇرىيە پادىشاھلىرىنىڭ باشقا زېمىنلاردا نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى چوقۇم ئاڭلىدىڭ. بىز بۇ زېمىنلارنى ۋەيران قىلىۋەتتۇق. سەن ئۆزۈڭچە بىز قۇتۇلۇپ قالىمىز، دەپ ئويلامسەن؟ 12 گوزان، خاران، رەزەف ۋە تىلاسساردىكى ئەدەن خەلقىنىڭ ئىلاھلىرى ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالالىدىمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلالمىدى! مېنىڭ ئەجدادلىرىم ئۇ يەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. 13 خامات، ئارپاد، لائىر، سىفارۋايىم، ھېنا ۋە ئىۋۋاھ شەھەرلىرىنىڭ پادىشاھلىرىچۇ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟»

## پادىشاھ خىزكىيانىڭ دۇئاسى

[14] پادىشاھ خىزكىيا ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپنى ئوقۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا باردى. ئۇ بۇ يەردە خەتنى ئېچىپ قويۇپ، [15] پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى:

«ئى پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا، سەن كېرۇبلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەختتە ئولتۇرىسەن، سەن دۇنيادىكى پۈتكۈل پادىشاھلىقلارنىڭ يېگانە خۇداسىدۇرسەن، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىدۇرسەن. [16] ئى پەرۋەردىگار، دۇئايىمغا قۇلاق سالغايسەن، نىدايىمنى ئاڭلىغايسەن، كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئەھۋالىمىزنى كۆرگەيسەن، سانخېرىبنىڭ سېنى، يەنى مەڭگۈ ھايات خۇدانى ھاقارەتلەپ ئەۋەتكەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغايسەن. [17] ئى پەرۋەردىگار، ئاسسۇرىيە پادىشاھلىرىنىڭ نۇرغۇن ئەللەر ۋە زېمىنلارنى ۋەيران قىلغىنى راست. [18] ئۇلار بۇ زېمىنلارنىڭ بۇت ئىلاھلىرىنى ئوتقا تاشلىدى، چۈنكى بۇ ئىلاھلار خۇدا ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئادەملەر ئۆز قولى بىلەن ياغاچ ۋە تاشلاردىن ياسىۋالغان نەرسىلەر ئىدى، شۇڭا ئاسسۇرلار ئۇلارنى ۋەيران قىلالىدى. [19] ئى پەرۋەردىگارىمىز خۇدا، بىزنى ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىدىن ساقلاپ قالغايسەن. يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلىقلار سەن پەرۋەردىگارنىڭ بىردىنبىر خۇدا ئىكەنلىكىڭنى بىلسۇن!»

## يېرۇسالېمنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى

[20] ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەر پادىشاھ خىزكىياغا خەۋەر ئەۋەتىپ، مۇنداق دېدى:

- پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «سېنىڭ ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىب توغرىسىدا قىلغان دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم. [21] مەنكى پەرۋەردىگار، سانخېرىب توغرىسىدا مۇنداق دەيمەن:

ئەي سانخېرىب، سىئوندىكى قىزلار سەندىن نەپرەتلىنىدۇ،
سېنى زاڭلىق قىلىدۇ.

يېرۇسالېمدىكى قىزلار سېنى مەسخىرە قىلىشىپ،
كەينىڭدىن باش چايقىشىدۇ.
22 ئەي سانخېرىب، سەن كىمنى مەسخىرە قىلدىڭ، كىمنى
ھاقارەتلىدىڭ،
كىمنى ۋارقىراپ تۇرۇپ تىللىدىڭ، كىمگە ھاكاۋۇرلۇق
قىلدىڭ، بىلەمسەن؟
مېنى، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدانى!
23 سەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، مەن ئىگەڭنى مەسخىرە
قىلدىڭ.
سەن پو ئېتىپ، ‹جەڭ ھارۋىلىرىم بىلەن ئېگىز تاغلارنى،
لىۋانىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى تاغ چوققىلىرىنى بىسۋالغانمەن،
شۇنداقلا ئەڭ ئېگىز كېدىرلەرنى، ئەڭ ياخشى قارىغاي
دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلىغانمەن.
ئەڭ يىراقتىكى پىنھان جايلارغا ۋە ئەڭ بۈك-باراقسان
ئورمانلىقلارغا بارغانمەن.
24 ياقا يۇرتلاردا قۇدۇقلارنى قېزىپ، سۇلىرىنى ئىچكەنمەن.
پۇتلىرىم بىلەن مىسىرنىڭ بارلىق دەريالىرىنى كېچىپ،
سۇلىرىنى توختىتىۋەتكەنمەن› دېدىڭ.

25 سەن ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟
مەن پەرۋەردىگار بۇ ئىشلارنى بۇرۇنلا قارار قىلىپ
بولغانمەن.
بۇرۇنلا پىلان قىلىپ بولغانمەن، مانا ھازىر بۇ ئىشلارنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىمەن.
سېنىڭ مۇستەھكەم شەھەرلەرنى خارابىلىككە
ئايلاندۇرۇشۇڭ مېنىڭ پىلانىمدۇر.
26 شۇ سەۋەبتىن بۇ شەھەرلەرنىڭ پۇقرالىرى ئاجىزدۇر،
ئۇلار چۈشكۈنلىشىپ، نومۇسقا قالدى.
بۇ خۇددى دالادا ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر، يېڭى ئۆسۈپ
چىققان مايسىلار،

ئۆگزىدە ئۆسكەن ياۋا ئوتلارنىڭ ئىسسىق شامالدا قۇرۇپ
قالغىنىدەك بىر ئىشتۇر.

[27] سېنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىڭنى،
قاچان كېلىپ، قاچان كېتىدىغانلىقىڭنى،
ماڭا قانچىلىك ئاچچىق غەزەپ قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن.
[28] سېنىڭ غەزەپلىرىڭ ۋە ھاكاۋۇرلۇقۇڭ قۇلىقىمغا يەتتى.
مەن ئەمدى ئىلمىكىمنى بۇرنۇڭدىن ئۆتكۈزىمەن،
ئېغىزدۇرۇقۇمنى ئاغزىڭغا سالىمەن.
سەن قايسى يول بىلەن كەلگەن بولساڭ، سېنى شۇ يول
بىلەن قايتۇرۇپ ئەكېتىمەن.»

[29] يەشايا پەيغەمبەر پادىشاھ خىزكىياغا يەنە مۇنداق دېدى:
- بۇ ئىشلار سۆزۈمنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ: سەن بۇ يىل ئۆزى ئۆسۈپ قالغان نەرسىلەرنى يەيسەن، كېلەر يىلمۇ يەنە ئۆزى ئۆسۈپ قالغان نەرسىلەرنى يەيسەن. لېكىن ئۈچىنچى يىلى ئۆزۈڭ تېرىغان زىرائەتتىن ئالغان ھوسۇلنى، ئۆزۈڭ ئۆستۈرگەن ئۈزۈملەرنى يەيسەن. [30] يەھۇدىيەدىن ھايات قالغان بۇ ئاز بىر قىسىم ئادەملەر خۇددى مېۋىلىك دەرەختەك يەرگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، كۆپلەپ مېۋە بېرىدۇ. [31] شۇنداق، بۇ ئاز بىر قىسىم ئادەملەر كۆپىيىپ يېرۇسالېمدىن چىقىدۇ، يەنى قۇتۇلۇپ قالغانلار سىئون تېغىدىن چۇشىدۇ. قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار بۇنى جان-دىلى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ!
[32] پەرۋەردىگار ئاسسۇرىيە پادىشاھى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ قوشۇنلىرى يېرۇسالېمغا كىرەلمەيدۇ، ھەتتا يېرۇسالېمغا قارشى بىر تال يا ئوقىمۇ ئاتالمايدۇ. ئۇلار قالقانلىرىنى كۆتۈرۈپ، يېرۇسالېمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغىمۇ كېلەلمەيدۇ ۋە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن سېپىل تۈۋىگە توپىمۇ دۆۋىلىيەلمەيدۇ. [33] مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، ئۇ قايسى يول بىلەن كەلگەن بولسا، شۇ يول بىلەن كېتىدۇ. ئۇ بۇ شەھەرگە كىرەلمەيدۇ. [34] مەن ئۆز شان-شەرىپىم ئۈچۈن ۋە

خىزمەتكارىم داۋۇتنىڭ ھەق-ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ شەھەرنى قوغدايمەن، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالىمەن».

[35] شۇ كېچىسى پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئاسسۇرلارنىڭ بارگاھىغا چۈشۈپ، 185 مىڭ لەشكىرىنى قىرىپ تاشلىدى. يەھۇدىيەلىكلەر ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈتۈن يەرنى جەسەتلەر قاپلاپ كەتكىنىنى كۆردى. [36] شۇنىڭ بىلەن ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىب ھايات قالغان قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، ئۆز ئېلىگە قايتتى. ئۇ نىنەۋى شەھىرىگە بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.

[37] بىر كۈنى سانخېرىب بۇتخانىدا ئۆز ئىلاھى نىسروكقا ئىبادەت قىلىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئادراممەلەك ۋە سارئەزەر ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، ئارارات زېمىنىغا قېچىپ كەتتى. سانخېرىبنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئېسارخاددون ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

## خىزكىيانىڭ كېسەلدىن ساقىيىشى

20 [1] پادىشاھ خىزكىيا شۇ مەزگىللەردە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

- پەرۋەردىگار ساڭا مۇنداق دەيدۇ: «تەييارلىقلىرىڭنى قىلىپ قوي. ئەمدى سەن بۇ ئالەمدىن كېتىسەن، ساقىيالمايسەن»، - دېدى.

[2] پادىشاھ خىزكىيا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تام تەرەپكە قاراپ، پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى: [3] «ئى پەرۋەردىگار، ساڭا چىن دىلىم بىلەن سادىق خىزمەت قىلغانلىقىمنى بىلىسەن. مەن دائىم سېنىڭ نەزىرىڭدە ياخشى بولغان ئىشلارنى قىلىپ كەلدىم.» ئۇ شۇنداق دەپلا قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

[4] يەشايا پەيغەمبەر پادىشاھ خىزكىيانىڭ يېنىدىن چىقتى. ئۇ ئوردىنىڭ ئوتتۇرا ھويلىسىدا كېتىۋاتاتتى، پەرۋەردىگاردىن ئۇنىڭغا يەنە ۋەھيي كەلدى:

[5] - سەن خەلقىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى خىزكىيانىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: «مەن پەرۋەردىگار، يەنى ئەجدادىڭ داۋۇت ئېتىقاد قىلغان خۇدا شۇنداق دەيمەنكى، مەن

سېنىڭ دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم ۋە كۆز يېشىڭنى كۆردۇم. مەن سېنى ساقايتىمەن، ئۈچىنچى كۈنى ئىبادەتخانامغا بارالايسەن. [6] سېنىڭ ئۆمرۈڭنى يەنە 15 يىل ئۇزارتىمەن. سېنى ۋە بۇ شەھەرنى ئاسسۇرىيە پادىشاھىدىن قۇتقۇزىمەن. مەن ئۆز شان-شەرىپىم ۋە خىزمەتكارىم داۋۇتنىڭ ھەق-ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ شەھەرنى قوغدايمەن.»

[7] يەشايا پەيغەمبەر خىزكىيانىڭ خىزمەتكارلىرىغا:

- ئەنجۈرنى ئېزىپ ئەكېلىپ، ئۇنى خىزكىيانىڭ ئىششىقىغا چىپىڭلار، شۇندىلا ئۇ ساقىيىدۇ، - دېدى.

شۇنداق قىلىپ، خىزكىيا ساقىيىپ كەتتى.

[8] بۇنىڭدىن ئىلگىرى پادىشاھ خىزكىيا يەشايا پەيغەمبەردىن: «پەرۋەردىگارنىڭ مېنى ساقايتالايدىغانلىقىنى ۋە ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىغا قايتا بارالايدىغانلىقىمنى قانداق ئالامەت بىلەن ئىسپاتلايسەن؟» دەپ سورىغانىدى. [9] يەشايا پەيغەمبەر ئۇنىڭغا: «پەرۋەردىگارنىڭ ساڭا بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىنى كۆرسىتەي. قارا، پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ سايىسى ئاخازنىڭ پەلەمپىيىگە چۈشۈپتۇ. سايە ئون پەشتاق ئالدىغا ماڭسۇنمۇ ياكى ئون بالداق كەينىگە ماڭسۇنمۇ؟» دېدى. [10] پادىشاھ خىزكىيا: «سايىنىڭ ئون پەشتاق ئالدىغا مېڭىشى تەبىي. سايە ئون پەشتاق كەينىگە ماڭسۇن» دېدى. [11] شۇنىڭ بىلەن يەشايا پەيغەمبەر پەرۋەردىگاردىن تىلىدى. پەرۋەردىگار پەلەمپەيدىكى سايىنى ئون پەشتاق كەينىگە سۈرۈلۈشكە ئەمر قىلدى.

## بابىلدىن كەلگەن ئەلچىلەر

[12] ئۇ چاغدا بالئادانىڭ ئوغلى، يەنى بابىل پادىشاھى مىروداك-بالئادان پادىشاھ خىزكىيانىڭ كېسەل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا مەكتۇپ ۋە سوۋغا-سالاملار بىلەن ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. [13] پادىشاھ خىزكىيا ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۇلارغا خەزىنىسىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش، خۇش پۇراقلىق بويۇملار، ئېسىل زەيتۇن ياغلىرى ۋە قورال ئامبىرىدىكى قوراللىرىنى، يەنى بارلىق بايلىقلىرىنى كۆرسەتتى. پادىشاھ خىزكىيانىڭ ئوردىسىدا، شۇنداقلا پادىشاھلىقىدا ئۇلارغا كۆرسەتمىگەن بىرمۇ نەرسە قالمىدى!

14 يەشايا پەيغەمبەر پادىشاھ خىزكىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ:
- ئۇلار نېمە دېدى، قەيەردىن كەپتۇ؟ - دەپ سورىدى. پادىشاھ خىزكىيا جاۋاب بېرىپ:
- ئۇلار يىراقتىكى بابىلدىن كەپتۇ، - دېدى. 15 يەشايا پەيغەمبەر يەنە:
- ئۇلار ئورداڭدا نېمىلەرنى كۆردى؟ - دەپ سورىدى. پادىشاھ خىزكىيا:
- ئۇلار ئوردامدىكى ھەممە نەرسىلەرنى كۆردى، خەزىنەمدە ئۇلارغا كۆرسەتمىگەن ھېچقانداق نەرسە قالمىدى، - دەپ جاۋاب بەردى. 16 يەشايا پەيغەمبەر پادىشاھ خىزكىياغا مۇنداق دېدى:
- پەرۋەردىگاردىن كەلگەن ۋەھيىنى ئاڭلا. 17 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «قۇلاق سال، شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا سېنىڭ ئەجدادلىرىڭ ھازىرغىچە توپلىغان بارلىق بايلىقلار بابىلغا توشۇپ كېتىلىدۇ، ھېچ نەرسەڭ قالمايدۇ. 18 ئۆز ئەۋلادلىرىڭنىڭمۇ بەزىلىرى سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇلار بابىلغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئاختا قىلىنىپ، بابىل پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا خىزمەتكە سېلىنىدۇ.»
19 پادىشاھ خىزكىيا يەشايا پەيغەمبەرگە:
- سەن يەتكۈزگەن پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھيىسى ياخشى ئىكەن، - دېدى. چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە: «ھېچبولمىغاندا مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشايدىكەنمەن» دەپ ئويلىدى.
20 پادىشاھ خىزكىيانىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە ئۇنىڭ كۆل ۋە يەر ئاستى قانىلى ياساپ، شەھەرگە سۇ ئېلىپ كىرگەنلىكى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. 21 خىزكىيا ۋاپات بولۇپ، ئوغلى ماناسسە تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى ماناسسە

21 1 ماناسسە تەختكە چىققان چاغدا 12 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 55 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى خەفزىبا ئىدى. 2 ماناسسە پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا پەرۋەردىگار تەرىپىدىن زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان يات ئەللەرنى دوراپ،

يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلدى. [3] ئۇ ئاتىسى خىزكىيا بۇزۇۋەتكەن غەيرىي سەجدىگاھلارنى قايتىدىن ياساتتى. ئۇ يەنە ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخابقا ئوخشاش ئىلاھ بائالغا ئاتاپ قۇربانلىق سۇپىلىرىنى، ئىلاھە ئاشىرانىڭ ياغاچ بۇتىنى ياساتتى ھەمدە ھەر خىل ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇپ، ئۇلارغا سەجدە قىلدى.
[4] گەرچە پەرۋەردىگار: «يېرۇسالېم خەلق ماڭا ئىبادەت قىلىدىغان جاي بولسۇن» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا يېرۇسالېمدىكى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا باشقا ئىلاھلارغا ئاتاپ قۇربانلىق سۇپىلىرى ياساتتى. [5] ئۇ يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرىقى ھويلىلىرىغا ھەر خىل ئاسمان جىسىملىرى ئۈچۈن قۇربانلىق سۇپىلىرىنى ياساتتى. [6] ئۇ ئۆز ئوغلىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق قىلدى. پالچىلىق، باخشىلىق ۋە ئەرۋاھلاردىن مەدەت تىلەشتەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان نۇرغۇن گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.
[7] ئۇ يەنە ئۆزى ياغاچتىن ياساتقان ئىلاھە ئاشىرانىڭ بۇتىنى ئىبادەتخانىغا قويدى. پەرۋەردىگار بۇ ئىبادەتخانا توغرۇلۇق داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمانغا: «مەن ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە تەۋە شەھەرلەر ئىچىدىن تاللىۋالغان يېرۇسالېمدىكى مۇشۇ ئىبادەتخانا خەلق ماڭا ئىبادەت قىلىدىغان جاي بولسۇن. [8] ئىسرائىللار پەقەت مەن بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە، يەنى مېنىڭ خىزمەتكارىم مۇسا ئارقىلىق ئۇلارغا ئەمر قىلغان پۈتۈن قانۇنۇمغا كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلسا، مەن ئۇلارنى ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلغان بۇ زېمىندىن ئايرىپ، يەنە سەرگەردان قىلمايمەن» دېگەنىدى. [9] لېكىن ئۇلار قۇلاق سالمىدى. ماناسسە ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا پەرۋەردىگار تەرىپىدىن يوقىتىلغان يات ئەللەردىنمۇ بەكرەك يامان ئىشلارنى قىلدى.
[10] شۇڭا پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق مۇنداق دېدى: [11] «يەھۇدىيە پادىشاھى ماناسسە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئامورلار قىلغان يىرگىنچلىك ئىشلاردىنمۇ بەكرەك يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلغانلىقى ھەمدە بۇتپەرەسلىكى ئارقىلىق يەھۇدىيەلىكلەرنىمۇ گۇناھقا يېتەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، [12] مەن

پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيمەن: ‹ئاڭلاڭلار، مەن يېرۇسالېمغا، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەگە شۇنداق بىر بالا-قازا چۈشۈرىمەنكى، ئۇنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى چۆچۈپ كېتىدۇ. [13] مەن سامارىيە ۋە پادىشاھ ئاخاب جەمەتىگە ئىشلەتكەن ئۆلچەم تانىسىنى ئىشلىتىپ، يېرۇسالېمنى ئۆلچەيمەن، خۇددى تاۋاقنى چايقىغاندەك يېرۇسالېمنى چايقاپ، ئۇنى دۈم كۆمتۈرىمەن. [14] مەن خەلقىم ئىچىدىكى بالا-قازادىن ھايات قالغانلاردىن ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن. ئۇلار بارلىق دۈشمەنلىرىنىڭ ئولجىسى ۋە ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى بولۇپ قالىدۇ. [15] چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى مىسىردىن چىققان كۈندىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە، مېنىڭ نەزىرىمدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، غەزىپىمنى قوزغىدى›». 

[16] ماناسسە يەھۇدىيەلىكلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدىكى يامان بولغان ئىشلارنى قىلىشقا يېتەكلەپ گۇناھ قىلغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكتى. يېرۇسالېمنى ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە قان بىلەن بويىدى. [17] پادىشاھ ماناسسەنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان پائالىيەتلىرى ۋە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [18] ماناسسە ۋاپات بولۇپ، ئۆز ئوردىسىدىكى ئۇززا بېغىغا دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئامون تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى ئامون

[19] ئامون تەختكە چىققان چاغدا 22 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى مەشۇللەمەت بولۇپ، يوتباھ شەھىرىدىكى خارۇزنىڭ قىزى ئىدى. [20] ئامون ئاتىسى ماناسسەگە ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. [21] ئۇ پۈتۈنلەي ئاتىسى ماڭغان يولدا مېڭىپ، ئاتىسى چوقۇنغان بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ئۇلارغا سەجدە قىلدى. [22] ئۇ پەرۋەردىگارنى، يەنى ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدادىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ يولىنى تۇتمىدى.

[23] ئاموننىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ، ئۇنى ئوردىسىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. [24] لېكىن خەلق پادىشاھ ئامونغا سۇيىقەست قىلغان بارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئوغلى يوشىيانى ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. [25] پادىشاھ ئاموننىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [26] ئۇ ئۆززا بېغىدىكى ئۆزىگە تەييارلىغان قەبرىگە دەپنە قىلىندى. ئوغلى يوشىيا تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى يوشىيا

22 [1] يوشىيا تەختكە چىققان چاغدا 8 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 31 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى يەدىدا بولۇپ، بوزقات شەھىرىدىكى ئادايانىڭ قىزى ئىدى. [2] يوشىيا پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. ئۇ ھەر ئىشتا ئەجدادى داۋۇتنىڭ يولىنى تۇتتى، چەتنەپ كەتمىدى.

## تەۋرات قانۇنىنىڭ تېپىلىشى

[3] يوشىيا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 18-يىلى ئازاليانىڭ ئوغلى، يەنى مىشۇللامنىڭ نەۋرىسى پۈتۈكچى شافاننى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئەۋەتىپ، مۇنداق دېدى:

[4] — سەن باش روھانىي خىلقىيانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتقىن. پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا يىغىلغان پۇللارنى، يەنى دەرۋازىغا قارايدىغان روھانىيلار خەلقتىن يىغىلغان پۇللارنى تەييارلاپ، [5] پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا مەسئۇل بولغۇچى قۇرۇلۇش نازارەتچىلىرىگە بەرسۇن. ئۇلار بۇ پۇللارنى ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشايدىغان [6] ياغاچچى، تامچى قاتارلىق قۇرۇلۇشچىلارنىڭ ئىش ھەققىگە بەرسۇن. شۇنداقلا، بۇ پۇللار ئىبادەتخانىنى ئوڭشاشقا كېتىدىغان ياغاچ ماتېرىياللارنى ۋە يونۇپ تەييارلانغان تاشلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلسۇن. [7] ئەمما نازارەتچىلەرگە بېرىلگەن پۇلنىڭ ھېسابى قىلىنمىسۇن، چۈنكى ئۇلار ئىشنى سەمىمىيلىك بىلەن قىلىدۇ.

[8] باش روھانىي خىلقىيا پۈتۈكچى شافانغا:

- مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن تەۋرات قانۇنى يېزىلغان بىر يازمىنى تاپتىم، - دېدى ۋە يازمىنى ئۇنىڭغا بەردى.
شافان ئۇنى ئوقۇدى. [9] ئۇ پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ:
- خىزمەتكارلىرى ئىبادەتخانىدىكى پۇللارنى ئېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ئوڭشاشقا مەسئۇل بولغۇچى قۇرۇلۇش نازارەتچىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى، - دەپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. [10] ئاندىن شافان يەنە پادىشاھقا:
- باش روھانىي خىلقىيا ماڭا بىر يازما بەردى، - دېدى ۋە ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئوقۇدى.
[11] پادىشاھ تەۋرات قانۇنىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھەسرەتلەندى ۋە كىيىملىرىنى يىرتتى. [12] ئۇ باش روھانىي خىلقىيا، شافاننىڭ ئوغلى ئاخىقام، مىكايانىڭ ئوغلى ئاكبور، پۈتۈكچى شافان ۋە خىزمەتكارى ئاسايالارغا مۇنداق دەپ بۇيرۇدى:
[13] - ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ يازمىغا پۈتۈلگەن سۆزلەرگە قۇلاق سالمىغانلىقتىن ۋە يازمىدىكى ئەمرلەرگە بويسۇنمىغانلىقتىن پەرۋەردىگار بىزگە قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. سىلەر بېرىپ، تېپىلغان مۇشۇ يازمىدىكى سۆزلەر توغرىسىدا مەن ۋە يەھۇدىيە خەلقى ئۈچۈن پەرۋەردىگاردىن كۆرسەتمە سوراڭلار.

## خۇلداھنىڭ يەتكۈزگەن ۋەھيىسى

[14] شۇنىڭ بىلەن باش روھانىي خىلقىيا، ئاخىقام، ئاكبور، شافان، ئاسايالار ئايال پەيغەمبەر خۇلداھ بىلەن كۆرۈشكىلى باردى. ئۇ شاللۇمنىڭ ئايالى ئىدى. شاللۇم تىقۋاھنىڭ ئوغلى، خارخاسنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، كىيىم ئامبىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم ئىدى. خۇلداھ يېرۇسالېمدىكى يېڭى مەھەللىدە ئولتۇراتتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى.
[15] خۇلداھ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنى مەندىن كۆرسەتمە سوراشقا ئەۋەتكەن ئادەمگە بېرىپ ئېيتىڭلار: [16] ‹ئاڭلا، مەن دەل يەھۇدىيە پادىشاھى ئوقۇغان ئاشۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان بالا-قازانى بۇ زېمىنغا ۋە بۇ زېمىندا

ياشايدىغانلارغا چۈشۈرىمەن. [17] چۈنكى ئۇلار مەندىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ئىلاھلارغا قۇربانلىق كۆيدۈرۈپ، غەزىپىمنى كەلتۈردى. غەزەپ ئوتۇم بۇ زېمىنغا تۇتىشىدۇ، ئۆچمەيدۇ›».

[18-19] خۇلداھ ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېدى:

- سىلەرنى پەرۋەردىگاردىن كۆرسەتمە سوراشقا ئەۋەتكەن يەھۇدىيە پادىشاھىغا يەنە مۇنداق دەپ ئېيتىڭلار: «ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدا ساڭا مۇنداق دەيدۇ: ‹لېكىن سەن مېنىڭ بۇ زېمىنغا ۋە بۇ زېمىندا ياشايدىغانلارغا ئېيتقان سۆزۈمنى، يەنى ئۇ زېمىن خارابىلىككە ئايلىنىپ، قارغىشقا قالغان زېمىننىڭ مىسالى بولىدۇ، دېگەن سۆزۈمنى ئاڭلاپ، تەۋبە قىلىپ، ئالدىمدا گۇناھىڭنى تونۇپ، كىيىملىرىڭنى يىرتىپ، يىغلىدىڭ. شۇڭا مەنمۇ سېنىڭ ئىلتىجالىرىڭنى قوبۇل قىلدىم. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. [20] شۇڭا قۇلاق سالغىنكى، مەن بۇ زېمىنغا چۈشۈرىدىغان بالا-قازانى سەن ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن چۈشۈرمەيمەن. سەن قەبرىگە تىنچ ھالدا دەپنە قىلىنىسەن. بۇ بالا-قازالارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمەيسەن›».

ئۇلار قايتىپ بېرىپ، بۇ سۆزلەرنى پادىشاھقا يەتكۈزدى.

## پەرۋەردىگار بىلەن قايتا ئەھدە تۈزۈش

23 [1] پادىشاھ يوشىيا يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەدىكى بارلىق ئاقساقاللارنى يىغىلىشقا چاقىردى. [2] پۈتۈن خەلق، يەنى روھانىيلار، پەيغەمبەرلەر، يەھۇدىيەلىكلەر، يېرۇسالېملىقلار مەيلى ياش، مەيلى قېرى بولسۇن ھەممىسى پادىشاھ بىلەن بىرلىكتە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بېرىشتى. پادىشاھ ئۇ يەردە ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان يازمىغا پۈتۈلگەن ئەھدىنامىنى تولۇق ئوقۇپ بەردى. [3] پادىشاھ تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا ئەھدىنى قايتىدىن مۇقىملىدى. ئۇ پەرۋەردىگارغا چىن قەلبى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا، قائىدە-تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىپ، بۇ يازمىغا پۈتۈلگەن ئەھدىنى ئىشقا

ئاشۇرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. پۈتۈن خەلقمۇ ئەگىشىپ، ۋەدە بېرىشتى.

## بۇتپەرەسلىكنى يوقىتىش

[4] پادىشاھ يوشىيا باش روھانىي خىلقىيا، مۇئاۋىن روھانىيلار ۋە دەرۋازىغا قارايدىغان روھانىيلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى ئىلاھ بائال، ئىلاھە ئاشېرا ۋە ھەر خىل ئاسمان جىسىملىرىغا ئاتاپ ياسالغان بارلىق بۇيۇملارنى ئېلىپ چىقىپ، يېرۇسالېمنىڭ سىرتىدىكى قىدرون جىلغىسىدا كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ كۈللىرىنى بەيتەلگە ئاپارغۇزدى. [5] ئۇ ئىلگىرىكى يەھۇدىيە پادىشاھلىرى يەھۇدىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرى ۋە يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدىكى غەيرىي سەجدىگاھلاردا قۇربانلىق قىلىشقا قويغان بۇتپەرەس روھانىيلارنى بىكار قىلدى. چۈنكى ئۇلار بائال، كۈن، ئاي، يۇلتۇز تۈركۈملىرى ۋە بارچە يۇلتۇزلارغا قۇربانلىق قىلغانىدى. [6] پادىشاھ يوشىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتىنى ئېلىپ چىققۇزۇپ، يېرۇسالېمنىڭ سىرتىدىكى قىدرون جىلغىسىدا كۆيدۈرگۈزدى. ئاندىن كۆيمەي قالغان قالدۇقلىرىنى پارچىلاپ، ئاددىي پۇقرالارنىڭ قەبرىستانلىقىغا چاچقۇزدى. [7] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى ئەر ۋە ئايال پاھىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى چاقتۇردى. ئاياللار بۇ ئۆيلەردە ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرى ئۈچۈن لىباس توقۇغانىدى. [8] ئۇ يەنە شەھەر باشلىقى يوشۇۋانىڭ نامىغا بېغىشلانغان شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى غەيرىي سەجدىگاھلارنى بۇزدۇردى. ئۇ يەھۇدىيەنىڭ گەبادىن بەئەرشەباغىچە بولغان ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى غەيرىي سەجدىگاھلارنى ۋەيران قىلدى. شۇ يەرلەردە قۇربانلىق قىلغان بارلىق لاۋىي قەبىلىسىدىن بولغان روھانىيلارنى يېرۇسالېمغا قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. [9] لېكىن ئۇلارنىڭ روھانىيلارنىڭ نېسىۋىسى بولغان پېتىر ناننى تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە يېيىشكە رۇخسەت قىلىنسىمۇ، ئەمما يېرۇسالېمدىكى پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىدا خىزمەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. [10] ئۇ يەنە

كىشىلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئىلاھ مولەككە قۇربانلىق سۈپىتىدە ئاتاپ ئوتتا كۆيدۈرمەسلىكى ئۈچۈن بەنھىننوم جىلغىسىدىكى قۇربانلىق سۇپىسىنى ۋەيران قىلدى. [11] ئۇ يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ قۇياشقا ئاتىغان ئات ھەيكەللىرىنى چىقىرىۋەتتى. ئات ھەيكەللەر ئىبادەتخانا ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن جايلاشقان ئەمەلدار ناتان-مەلەكنىڭ ئىش ئۆيىنىڭ يېنىغا قويۇلغانىدى. يوشىيا قۇياشقا ئاتالغان جەڭ ھارۋىلىرىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتتى. [12] يەھۇدىيە پادىشاھلىرى ئاخاز پادىشاھنىڭ خاس سارىيىنىڭ ئۆگزىسىگە سالدۇرغان قۇربانلىق سۇپىلىرىنى ۋە ماناسسەنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرىقى ھويلىلىرىغا سالدۇرغان قۇربانلىق سۇپىلىرىنى بۇزدۇرۇپ، كۇكۇم-تالقان قىلىپ، ئاندىن قىدرون جىلغىسىغا تۆكتۈرۈۋەتتى. [13] پادىشاھ يوشىيا يەنە يېرۇسالېمنىڭ شەرقىگە جايلاشقان «بۇزۇقچىلىق تېغى»نىڭ جەنۇبىدىكى غەيرىي سەجدىگاھلارنى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى سۇلايمان سىدونلۇقلارنىڭ يىرگىنچلىك ئىلاھەسى ئاشتورەت، موئابلارنىڭ يىرگىنچلىك ئىلاھى كېموش ۋە ئاممونلارنىڭ يىرگىنچلىك ئىلاھى مولەككە ئاتاپ سالدۇرغان سەجدىگاھلارنى ۋەيران قىلدى. [14] ئۇ بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلەرنى چاقتۇرۇۋەتتى ۋە ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى كەستۈرۈۋەتتى ۋە ئۇ يەرلەرگە ئادەم ئۇستىخانلىرىنى چاچقۇزدى.

[15] بۇنىڭدىن باشقا، پادىشاھ يوشىيا ئىسرائىلىيەلىكلەرنى بۇتپەرەسلىككە يېتەكلىگەن نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامنىڭ بەيتەلدە ياساتقان غەيرىي سەجدىگاھىنى ۋە قۇربانلىق سۇپىسىنى ۋەيران قىلدى، يەنى سەجدىگاھنى كۆيدۈرۈپ، كۇل قىلدى. ئۇ يەنە ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتتى. [16] ئاندىن يوشىيا ئەتراپىغا قاراپ، تاغدىكى قەبرىلەرنى كۆردى. ئۇ قەبرىلەردىن ئۇستىخانلارنى چىقىرىپ، ئۇلارنى چېقىلغان قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرۈپ، ئۇ يەرنى بۇلغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى يەھۇدىيەدىن كېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى جاكارلىغان پەيغەمبەرنىڭ دېگەنلىرى ئەمەلگە ئاشتى.

[17] يوشىيا:
– بۇ كىمنىڭ قەبرە تېشى؟ – دەپ سورىدى. بەيتەللىكلەر ئۇنىڭغا:
– ئىلگىرى يەھۇدىيەدىن كېلىپ، سىزنىڭ مۇشۇ قۇربانلىق سۇپىسىنى بۇزدۇرىدىغان ئىشلىرىڭىزدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن پەيغەمبەرنىڭ، – دېدى. [18] يوشىيا:
– چىقىلماڭلار، ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزماڭلار! – دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە دەپنە قىلىنغان ئىسرائىلىيەلىك پەيغەمبەرنىڭ ئۇستىخىنىغا تەگمىدى.
[19] يوشىيا يەنە ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھلىرى ئۆزلىرىگە قاراشلىق شەھەرلەردە ياساتقان پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان غەيرىي سەجدىگاھلاردىكى ھەممە نەرسىلەرنى خۇددى بەيتەلدە ۋەيران قىلغاندەك ۋەيران قىلدى. [20] ئۇ غەيرىي سەجدىگاھلاردىكى روھانىيلارنى قۇربانلىق سۇپىلىرىنىڭ ئورنىدا قۇربانلىق قىلدى ۋە ئۇ يەردە ئادەم ئۇستىخانلىرىنى كۆيدۈردى، ئاندىن يېرۇسالېمغا قايتىپ كەتتى.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈش

[21] پادىشاھ پۈتۈن خەلققە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:
– مۇشۇ ئەھدىنامىدا يېزىلغىنىدەك پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا ئاتاپ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈڭلار، – دېدى.
[22] ئىسرائىللار مەيلى سەردارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا بولسۇن، مەيلى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرى بىلەن يەھۇدىيە پادىشاھلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا بولسۇن، ھېچقاچان بۇ قېتىمقىدەك ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدى.
[23] بۇ قېتىم يېرۇسالېمدا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى پادىشاھ يوشىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 18-يىلى ئۆتكۈزۈلدى.
[24] يوشىيا يەنە باش روھانىي خىلقىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن تېپىپ چىققان يازمىغا پۈتۈلگەن تەۋرات قانۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەھۇدىيەدىكى، جۈملىدىن يېرۇسالېمدىكى بارلىق داخان، باخشىلارنى، بۇتلارنى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى بۇتلارنى،

يەنى ھەممە يېرگىنچلىك نەرسىلەرنى يوقاتتى. [25] يوشىيا چىن قەلبى، پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىغا رىئايە قىلىپ، پەرۋەردىگارغا يۈزلەندى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچقانداق بىر پادىشاھ ئۇنىڭدەك قىلىپ باقمىغان ئىدى ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدەك بىرەر پادىشاھ چىقمىدى. [26] لېكىن پادىشاھ ماناسسەنىڭ قىلغان تۈرلۈك يامان ئىشلىرى سەۋەبىدىن پەرۋەردىگارنىڭ يەھۇدىيەلىكلەرگە بولغان كۈچلۈك غەزىپى يانمىدى. [27] شۇڭا پەرۋەردىگار: «ئىسرائىلىيەلىكلەرنى تاشلىۋەتكەندەك، يەھۇدىيەلىكلەرنىمۇ تاشلىۋېتىمەن، ئۆزۈم تاللىغان شەھەر يېرۇسالېمنى ۋە ‹خەلق ماڭا ئىبادەت قىلسۇن› دەپ تاللىغان ئىبادەتخانىنى تەرك ئېتىمەن» دېدى.

[28] پادىشاھ يوشىيانىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [29] ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندا مىسىر پىرئەۋنى نېكو ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن فىرات دەرياسىنىڭ بويىغا كەلدى. پادىشاھ يوشىيا لەشكەر چىقىرىپ ئالدىنى توسماقچى بولدى. ئۇلار مىگىددودا ئۇچراشتى، پىرئەۋن نېكو يوشىيانى ئۆلتۈردى. [30] يوشىيانىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى مىگىددودىن جەڭ ھارۋىسى بىلەن يېرۇسالېمغا ئەكېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان قەبرىگە دەپنە قىلدى. خەلق يوشىيانىڭ ئوغلى يوئاخازنىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى يوئاخاز

[31] يوئاخاز تەختكە چىققان چاغدا 23 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا ئۈچ ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى خامۇتال بولۇپ، لىبناھ شەھىرىدىكى يەرەمىيانىڭ قىزى ئىدى. [32] يوئاخاز خۇددى ئاتا-بوۋىلىرى قىلغاندەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. [33-34] پىرئەۋن نېكو يوئاخازنىڭ يېرۇسالېمدىكى پادىشاھلىقىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى خامات رايونىدىكى رىبلاھ شەھىرىدە زىندانغا تاشلىدى. كېيىن ئۇنى مىسىرغا ئېلىپ

كەتتى، ئۇ شۇ يەردە ئۆلدى. پىرئەۋن نىكو يوشىيانىڭ يەنە بىر ئوغلى ئەلياقىمنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ، ئىسمىنى يەھوياقىمغا ئۆزگەرتتى. ئۇ يەھۇدىيەگە 3500 كىلو كۈمۈش ۋە 35 كىلو ئالتۇن سېلىق سالدى. [35] يەھوياقىم بۇ ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرنى پىرئەۋنگە تۆلىدى. ئۇ پىرئەۋنگە تۆلىگەن بۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى پۈتۈن دۆلەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ مۈلكىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق مىقداردا سېلىق سېلىپ، يىغقانىدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياقىم

[36] يەھوياقىم تەختكە چىققان چاغدا 25 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 11 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى زىبۇدا بولۇپ، رۇماھ شەھىرىدىكى پېدايانىڭ قىزى ئىدى. [37] يەھوياقىم خۇددى ئاتا-بوۋىلىرى قىلغاندەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى.

24 [1] يەھوياقىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر يەھۇدىيەگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. يەھوياقىم ئۈچ يىل ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. [2] پەرۋەردىگار خۇددى ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرى بولغان پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئېيتقىنىدەك، يەھۇدىيەنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ئۈچۈن يەھوياقىمغا قارشى بابىل، ئارام، موئاب ۋە ئاممون قاراقچىلىرىنى ئەۋەتتى. [3] بۇ ئىشنىڭ يەھۇدىيەنىڭ بېشىغا كېلىشى پۈتۈنلەي پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغانىدى. چۈنكى پەرۋەردىگار پادىشاھ ماناسسەنىڭ گۇناھلىرى ۋە قىلمىش-ئەتمىشلىرى تۈپەيلىدىن يەھۇدىيەلىكلەرنى ئۆزىنىڭ نەزىرىدىن يىراق قىلماقچىدى. [4] بولۇپمۇ ماناسسە يېرۇسالېمدا قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنىنى تۆككەچكە، پەرۋەردىگار ئۇنى ھەرگىز كەچۈرمەيتتى.

[5] پادىشاھ يەھوياقىمنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى «يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [6] يەھوياقىم ۋاپات بولۇپ، ئوغلى يەھوياكىن تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

[7] بۇ چاغدا پىرئەۋن ئۆز زېمىنىدىن سىرتقا يۈرۈش قىلىشقا چىقالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، چۈنكى بابىل پادىشاھى مىسىرنىڭ ئېلىگىرىكى بارلىق زېمىنلىرىنى، يەنى فىرات دەرياسىدىن تاكى مىسىرنىڭ شىمالىي چېگراسىدىكى دەرياغىچە بولغان زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى يېھوياكىن

[8] يېھوياكىن تەختكە چىققان چاغدا 18 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا ئۈچ ئاي ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى يېرۇسالېملىق ئەلناتاننىڭ قىزى نەخۇشتا ئىدى. [9] يېھوياكىن خۇددى ئاتىسىغا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى.
[10] بۇ چاغدا بابىل پادىشاھى نەبۇكادنەزەرنىڭ قوشۇنى يېرۇسالېمغا كېلىپ، شەھەرنى قورشىۋالدى. [11] ئۇنىڭ قوشۇنى شەھەرنى قورشاپ تۇرغاندا، پادىشاھ نەبۇكادنەزەرنىڭ ئۆزىمۇ يېرۇسالېمغا كەلدى. [12] يەھۇدىيە پادىشاھى يېھوياكىن ئانىسى، مەسلىھەتچىلىرى، سەركەردىلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرگە بابىل پادىشاھىغا تەسلىم بولدى. بابىل پادىشاھى ئۇنى تۇتقۇن قىلدى. بۇ بابىل پادىشاھى نەبۇكادنەزەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 8-يىلى ئىدى. [13] خۇددى پەرۋەردىگار ئېيتقاندەك، بابىل پادىشاھى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى ۋە ئوردىدىكى بارلىق بايلىقلارنى ئېلىپ كەتتى. ئىسرائىلىيە پادىشاھى سۇلايمان ئىبادەتخانا ئۈچۈن ياساتقان ئالتۇن بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇۋەتتى. [14] ئۇ يېرۇسالېم ئاھالىسىنى، يەنى سەركەردىلەر، پالۋانلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە تۆمۈرچىلەر بولۇپ جەمئىي ئون مىڭ ئادەمنى سۈرگۈن قىلدى. يۇرتتا پەقەت نامرات كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. [15] ئۇ پادىشاھ يېھوياكىننى، خان ئانىسىنى، پادىشاھنىڭ ئاياللىرىنى، ئەمەلدارلىرىنى ۋە ئەلدىكى كاتتا زاتلارنى تۇتقۇن قىلىپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى. [16] ئۇ بابىلغا ئېلىپ كەتكەن يەتتە مىڭ لەشكەر، مىڭ ھۈنەرۋەن ۋە تۆمۈرچىلەرنىڭ ھەممىسى جەڭ قىلىشقا ماھىر ئادەملەر ئىدى.

[17] بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياكىننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ تاغىسى ماتتانىيانى پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ، ئىسمىنى زىدقىياغا ئۆزگەرتتى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىيا

[18] زىدقىيا تەختكە چىققان چاغدا 21 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 11 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى خامۇتال بولۇپ، لىبناھ شەھىرىدىكى يەرەمىيانىڭ قىزى ئىدى. [19] زىدقىيا خۇددى يەھوياقىمغا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. [20] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ يېرۇسالېم خەلقىگە، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىگە بولغان غەزىپى چېكىگە يېتىپ، ئۇلارنى نەزىرىدىن يىراق قىلماقچى بولدى. كېيىن زىدقىيا بابىل پادىشاھىدىن يۈز ئۆرۈدى.

25

[1] پادىشاھ زىدقىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 9-يىلى 10-ئاينىڭ 10-كۈنى① بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر پۈتۈن قوشۇنلىرى بىلەن يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا بارگاھ قۇرۇپ، شەھەرنى قورشاپ، سېپىلغا تويپا دۆۋىلىدى. [2] شۇنداق قىلىپ، شەھەر تاكى پادىشاھ زىدقىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 11-يىلىغىچە قورشاۋ ئىچىدە تۇردى. [3] شۇ يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنىگە② كەلگەندە خەلقنىڭ ئوزۇقى تۈگەپ، شەھەردە قاتتىق ئاچارچىلىق يۈز بەردى. [4] بابىللىقلار ئاخىرى شەھەر سېپىلىنى بۇزدى. گەرچە بابىللىقلار شەھەرنى ھەممە تەرەپتىن قورشاپ تۇرغان بولسىمۇ، يېرۇسالېمدىكى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھى زىدقىياغا ئەگىشىپ، كەچتە پادىشاھنىڭ بېغىنىڭ يېنىدىكى ئىككى سېپىل ئارىسىدىكى دەرۋازا ئارقىلىق ئىئوردان دەرياسى ۋادىسىغا قاراپ قاچتى. [5] بىراق بابىللىقلارنىڭ قوشۇنى پادىشاھ زىدقىيانى قوغلاپ، ئېرىخا تۈزلەڭلىكىدە يېتىشىۋالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن قوشۇنى ئۇنى تاشلاپ تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. [6] بابىللىقلار پادىشاھ

① 25: 1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 588-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
② 25: 3 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 586-يىلى 7-ئاينىڭ 18-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

زىدقىيانى تۇتۇپ، خامات رايونىدىكى رىبلاھ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. بابىل پادىشاھى شۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى. [7] ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇۋېلىپ، ئۇنى تۇچ كىشەن بىلەن كىشەنلەپ، بابىلغا ئېلىپ باردى.

[8] شۇ يىلى 5-ئاينىڭ ① 7-كۈنى، يەنى بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 19-يىلى بابىل پادىشاھىنىڭ ئەمەلدارى، يەنى ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نىبۇزارئادان يېرۇسالېمغا كەلدى. [9] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ۋە يېرۇسالېمدىكى بارلىق ئۆيلەرنى، بولۇپمۇ كاتتا زاتلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. [10] ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نىبۇزارئادان بىلەن كەلگەن بابىل لەشكەرلىرى يېرۇسالېمنىڭ پۈتۈن سېپىلىنى چېقىۋەتتى. [11] ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نىبۇزارئادان شەھەردە قالغان ئاھالىلەرنى، بابىل پادىشاھىغا بۇرۇن تەسلىم بولغانلارنى ھەم شەھەر ئەتراپىدا قالغان خەلقنى يالاپ ئېلىپ كەتتى. [12] بىر قىسىم نامراتلارنى ئۈزۈمچىلىك ۋە دېھقانچىلىق قىلىشقا قالدۇردى.

[13] بابىللىقلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى تۇچ تۈۋرۈكنى، ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسىدىكى تۇچ داسلار قويۇلغان تۇچ ھارۋىلارنى ۋە «دېڭىز» دەپ ئاتالغان تۇچ داشقاننى بۇزۇپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى. [14] ئۇلار يەنە كۈل قاچىلىرى، گۈرجەكلەر، پىلىك قايچىلىرى، ئىسرىق تەخسىلىرى ۋە ئىبادەتخانىدا ئىشلىتىلىدىغان باشقا تۇچ بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى. [15] بۇنىڭدىن باشقا، ئالتۇن ۋە كۈمۈش چوغدانلارنى، ئالتۇن ۋە كۈمۈش داسلارنى ئېلىپ كەتتى. [16] سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ياساتقان ئىككى تۈۋرۈك، داشقان ۋە ھارۋىلارغا ھەددى-ھېسابسىز تۇچ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئېغىرلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. [17] ھەربىر تۇچ تۈۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكى 9 مېتىر ئىدى. تۈۋرۈكلەرنىڭ بېشىدا تۇچتىن ياسالغان ئايرىم باش بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر ئىدى. تۈۋرۈك بېشىنى

① 25: 8 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 586-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئوراپ تۇرىدىغان تورسىمان بېزەك ۋە ئانارلار بولۇپ، ھەممىسى تۇچتىن ياسالغانىدى. تۈۋرۈكنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئوخشاش تورسىمان بېزەك بار ئىدى.

[18] ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نىبۇزارئادان باش روھانىي سىرايانى، مۇئاۋىن روھانىي زىفانىيانى، ئۈچ نەپەر دەرۋازىغا قارايدىغان روھانىينى، [19] شەھەردە قېلىپ قالغان بىر نەپەر لەشكەر نازارەتچىسىنى، بەش نەپەر پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسىنى، بىر نەپەر لەشكىرىي پۈتۈكچىنى ۋە باشقا ئاتمىش كىشىنى تۇتتى. [20] نىبۇزارئادان ئۇلارنى خامات رايونىدىكى رىبلاھتا تۇرۇۋاتقان بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. [21] بابىل پادىشاھى ئۇلارنى رىبلاھتا ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىيە خەلقى سۈرگۈن قىلىنىپ، ئۆز زېمىنىدىن ئايرىلدى.

## ۋالىي گىداليا

[22] بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر ئۆزى يەھۇدىيە زېمىنىدا قالدۇرۇپ قويغان ئاھالىلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن شافاننىڭ نەۋرىسى، يەنى ئاخىقامنىڭ ئوغلى گىداليانى ۋالىيلىققا تەيىنلىدى. [23] يەھۇدىيەنىڭ باشقا يەرلەردىكى قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىلىرى ۋە لەشكەرلىرى بابىل پادىشاھىنىڭ گىداليانى قېلىپ قالغان ئاھالىلەرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى مىزپاھقا كەلدى. ئۇلار نىتانيانىڭ ئوغلى ئىسمائىل، قارىياخنىڭ ئوغلى يوخانان، نىتوفالىق تانخۇمەتنىڭ ئوغلى سىرايا، مائاكا جەمەتىدىن بولغان يائازانيا ۋە ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ئىدى. [24] گىداليا ئۇلارغا قەسەم بېرىپ، مۇنداق دېدى:

ـ بابىللىق ئەمەلدارلارنىڭ قول ئاستىدا ياشاشتىن قورقماڭلار. بۇ زېمىنغا ماكانلىشىڭلار ۋە بابىل پادىشاھىغا بويسۇنۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ھەممە ئىشلىرىڭلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

[25] لېكىن كۈز كەلگەندە پادىشاھ جەمەتىدىن بولغان نىتانيانىڭ ئوغلى، يەنى ئەلىشامانىڭ نەۋرىسى ئىسمائىل ئۆزىگە ئون ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، مىزپاھقا كېلىپ، گىداليانى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى يەھۇدىيەلىكلەر بىلەن بابىللىقلارنى قەتل قىلدى. [26] شۇ سەۋەبتىن

پۈتۈن ئاھالىلەر قېرى-ياش دېمەي سەركەردىلەرگە قوشۇلۇپ، مىسىرغا قاراپ قېچىشتى، چۈنكى ئۇلار بابىللىقلاردىن قورققانىدى.

## بابىل پادىشاھىنىڭ يەھوياكىنغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى

[27] يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياكىن سۈرگۈندە يۈرگىنىگە 37 يىل بولغاندا، ئەۋىل-مىروداك بابىل پادىشاھى بولۇپ، تەختكە چىقتى. شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنى① ئۇ يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياكىنغا شەپقەت كۆرسىتىپ، ئۇنى زىنداندىن ئېلىپ چىقتى. [28] ئەۋىل-مىروداك ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى بابىلدا تۇتقۇندا تۇرۇۋاتقان باشقا پادىشاھلاردىن ئۈستۈن قىلدى. [29] يەھوياكىن مەھبۇسلۇق كىيىمىنى سېلىۋەتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پادىشاھ بىلەن ھەمداستىخان بولدى. [30] ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش خىراجىتىنى بابىل پادىشاھى ئۆزلۈكسىز تەمىنلەپ بەردى.

① 25: 27 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 561-يىلى 4-ئاينىڭ 2-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

# تاریخلار 1-قسم


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | | | |

# تارىخلار 1-قىسىم

## ئادەمئاتىدىن نۇھنىڭ ئوغۇللىرىغىچە بولغان ئەۋلادلار

1 [1] ئادەمئاتىدىن سىت تۆرەلدى، سىتنىڭ ئەۋلادلىرى: ئەنوش، [2] قېنان، ماھالالئېل، يەرەد، [3] خانوك، مەتۇشەلاخ، لەمەك ۋە نۇھ.
[4] نۇھنىڭ سام، ھام ۋە يەفەت ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى.

## يەفەتتىن كېلىپ چىققان خەلقلەر

[5] يەفەتنىڭ ئەۋلادلىرى: گومەر، ماگوگ، مادايى، ياۋان، تۇبال، مەشەك ۋە تىراس.
[6] گومەرنىڭ ئەۋلادلىرى: ئاشكىناز، رىفات ۋە توگارما.
[7] ياۋاننىڭ ئەۋلادلىرى: ئەلىشا، تارشىش، كىتتىم ۋە رودانىم.

## ھامدىن كېلىپ چىققان خەلقلەر

[8] ھامنىڭ ئەۋلادلىرى: كۇش، مىسىر، پۇئۇت ۋە كەنئان.
[9] كۇشنىڭ ئەۋلادلىرى: سىبا، خاۋىلا، سابتا، راماھ ۋە سابتىكا. راماھنىڭ ئەۋلادلىرى: شىبا ۋە دىدان.
[10] كۇشنىڭ نىمرود ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ يەر يۈزىدىكى بىرىنچى باتۇر ھېسابلىناتتى.
[11] مىسىرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كېلىپ چىققان خەلقلەر: لۇدلار، ئاناملار، لىھابلار، نافتۇخلار، [12] پاترۇسلار، كاسلۇخلار ۋە كرىتلار. فىلىستىيەلىكلەر بولسا كاسلۇخلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى.

[13] كەنئاننىڭ تۇنجى ئوغلى سىدون بولۇپ، ئۇ سىدونلارنىڭ ئەجدادىدۇر. كەنئان يەنە خىتلارنىڭ ئەجدادىدۇر.
[14] كەنئاندىن يەنە يېبۇس، ئامور، گىرگاش، [15] خىۋ، ئارقى، سىن، [16] ئارۋاد، زىمار ۋە خاماتلارمۇ كېلىپ چىقتى.

## سامنىڭ ئەۋلادلىرى

[17] سامنىڭ ئەۋلادلىرى: ئېلام، ئاسسۇر، ئارپاكشاد، لۇد ۋە ئاررام.
ئاررامنىڭ ئەۋلادلىرى: ئۇز، خۇل، گەتەر ۋە مەشەك.
[18] ئارپاكشاد شەلاخنىڭ ئاتىسى، شەلاخ بولسا ئېبەرنىڭ ئاتىسى ئىدى.
[19] ئېبەردىن ئىككى ئوغۇل تۆرەلدى. بىرىنىڭ ئىسمى پەلەگ [مەنىسى «بۆلۈنۈش»] ئىدى. ئۇ ياشىغان دەۋردە ئىنسانلار بۆلۈنۈشكە باشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پەلەگ دېگەن بۇ ئىسىم قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمى يوقتان ئىدى.
[20] يوقتاننىڭ ئەۋلادلىرى: ئالموداد، شەلەف، خازارماۋەت، يەراھ، [21] هادورام، ئۇزال، دىقلاھ، [22] ئوبال، ئابىمائېل، شىبا، [23] ئوفىر، خاۋىلا ۋە يوباب. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقتاننىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.
[24] سامدىن ئىبرامغىچە بولغان ئەۋلادلار تۆۋەندىكىچە: سام، ئارپاكشاد، شەلاخ، [25] ئېبەر، پەلەگ، رېئۇ، [26] سىرۇگ، ناخور، تەراھ [27] ۋە ئىبرام، يەنى ئىبراھىم.

## ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى

[28] ئىبراھىمنىڭ ئوغۇللىرى ئىسھاق ۋە ئىسمائىلدۇر.
[29] ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە:
ئىسمائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى نىبايوتتۇر. كېيىنكى ئوغۇللىرى: قېدار، ئادبەئېل، مىبسام، [30] مىشما، دۇماھ،

ماسا، خاداد، تەما، [31] يېتۇر، نافىش ۋە قېدىماھ. مانا بۇلار ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرىدۇر.
[32] ئىبراھىمنىڭ توقلى قىتۇرا ئۇنىڭغا زىمران، يوقشان، مىدان، مىديان، يىشباق ۋە شۇۋاخ قاتارلىق ئوغۇللارنى تۇغۇپ بەرگەن بولۇپ، يوقشاننىڭ شىبا ۋە دىدان ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. [33] مىدياننىڭ ئېفاھ، ئېفەر، خانوك، ئابىدا ۋە ئەلدائا قاتارلىق ئوغۇللىرى بار ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قىتۇرانىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.
[34] ئىبراھىم ئىسھاقنىڭ ئاتىسىدۇر، ئىسھاقنىڭ ئەساۋ ۋە ئىسرائىل ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.

## ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى

[35] ئەساۋنىڭ ئوغۇللىرى: ئەلىفاز، رېئۇئېل، يېئۇش، يالام ۋە كوراھ.
[36] ئەلىفازنىڭ ئوغۇللىرى: تېمان، ئومار، زىفو، گاتام، قېناز ۋە تىمنا ئىسىملىك توقلىدىن بولغان ئوغلى ئامالەك.
[37] رېئۇئېلنىڭ ئوغۇللىرى: ناخات، زەراخ، شامماھ ۋە مىززاھ.

## ئېدومدىكى سەئىرنىڭ ئەۋلادلىرى

[38] سەئىرنىڭ ئەۋلادلىرى: لوتان، شوبال، زىبېئون، ئاناھ، دىشون، ئېزېر ۋە دىشان.
[39] لوتاننىڭ ئەۋلادلىرى: خورى ۋە هومام. تىمنا لوتاننىڭ سىڭلىسى ئىدى.
[40] شوبالنىڭ ئەۋلادلىرى: ئاليان، ماناخات، ئېبال، شىفو ۋە ئونام.
زىبېئوننىڭ ئەۋلادلىرى: ئايياھ ۋە ئاناھ.
[41] ئاناھنىڭ ئوغلى: دىشون.
دىشوننىڭ ئەۋلادلىرى: خامران، ئەشبان، يىتران ۋە كىران.

42 ئېزېرنىڭ ئەۋلادلىرى: بىلھان، زائاۋان ۋە يائاقان.
دىشاننىڭ ئەۋلادلىرى: ئۇز ۋە ئاران.

## ئېدوم پادىشاھلىرى ۋە يولباشچىلىرى

43 ئىسرائىللارنىڭ تېخى ئۆز پادىشاھى بولماستا، ئېدوملۇقلارنىڭ پادىشاھى بار ئىدى. بىئورنىڭ ئوغلى بەلا ئېدومغا پادىشاھ بولۇپ، ئۇ دىنھابا دېگەن شەھەردە تۇراتتى.
44 بەلا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا زەراخنىڭ ئوغلى بوزرالىق يوباب چىقتى.
45 يوباب ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا تېمان رايونىدىن كەلگەن خۇشام چىقتى.
46 خۇشام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا بىدادنىڭ ئوغلى ھاداد چىقتى. ئۇ مىديانلارنى موئاب زېمىنىدا تارمار قىلدى. ئۇ تۇرغان شەھەرنىڭ ئىسمى ئاۋىت ئىدى.
47 ھاداد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا ماسرېقالىق ساملاھ چىقتى.
48 ساملاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا فىرات دەرياسى بويىغا جايلاشقان رىھوبوت شەھىرىدىن كەلگەن شائۇل چىقتى.
49 شائۇل ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا ئاكبورنىڭ ئوغلى بائال-خانان چىقتى.
50 بائال-خانان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا ھاداد چىقتى. ئۇ تۇرغان شەھەرنىڭ ئىسمى پائۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى مەھېتابېئېل بولۇپ، ئۇ ماترېدنىڭ قىزى، ماترېد مىزاھابنىڭ قىزى ئىدى.
51 ئاخىرىدا ھادادمۇ ئالەمدىن ئۆتتى.
ئېدوملۇقلارغا باشلىق بولغانلار: تىمنا، ئالۋاھ، يەتېت، 52 ئوھولىباما، ئەلاھ، پىنون، 53 قېناز، تېمان، مىبزار،

[54] ماگدىئىل ۋە ئىرام. مانا بۇلار ئېدوملۇقلارنىڭ باشلىقلىرىدۇر.

## ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرى

2 [1] ئىسرائىلنىڭ ① ئوغۇللىرى: رۇبېن، شىمون، لاۋىي، يەھۇدا، ئىسساكار، زەبۇلۇن، [2] دان، يۈسۈپ، بىنيامىن، نافتالى، گاد ۋە ئاشىر.

## يەھۇدانىڭ ئوغۇللىرى

[3] يەھۇدانىڭ ئېر، ئونان ۋە شېلاھ ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بولۇپ، بۇ ئۈچ ئوغۇلنى ئۇنىڭغا كەنئانلىق ئايالى باتشۇۋا تۇغۇپ بەرگەنىدى. يەھۇدانىڭ تۇنجى ئوغلى ئېر پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە رەزىل ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگار ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. [4] يەھۇدانىڭ كېلىنى تامارمۇ ئۇنىڭغا پەرەس ۋە زەراخ ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. يەھۇدانىڭ جەمئىي بەش ئوغلى بار ئىدى.

[5] پەرەسنىڭ خەزرون ۋە خامۇل ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.

[6] زەراخنىڭ بەش ئوغلى بولۇپ، ئۇلار زىمرى، ئېتان، ھېمان، كالكول ۋە دارا ئىدى.

[7] كارمى دېگەن ئادەمنىڭ ئاكان [مەنىسى «كۆلپەت»] ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. ئاكان پەرۋەردىگارغا ئاتالغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىۋېلىپ، ئىسرائىل خەلقىگە كۆلپەت كەلتۈرگەنىدى.

[8] ئېتاننىڭ ئوغلى ئازاريا ئىدى.

---

① 2: 1 ئىسرائىلنىڭ ئەسلى ئىسمى ياقۇپ بولۇپ، ئۇ ئىسھاقنىڭ ئوغلىدۇر.

## يەھۇدانىڭ نەۋرىسى خەزروندىن داۋۇتقىچە بولغان ئەۋلادلار

[9] خەزروننىڭ يېراخمەئىل، رام ۋە كالىب ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.
[10] رامدىن ئامىناداب تۆرەلدى، ئامىناداب يەھۇدا خەلقىنىڭ يولباشچىسى ناخشوننىڭ ئاتىسى ئىدى.
[11] ناخشوندىن سالمون تۆرەلدى، سالموندىن بوئاز تۆرەلدى،
[12] بوئازدىن ئوبېد تۆرەلدى، ئوبېدتىن يىشاي تۆرەلدى.
[13] يىشاينىڭ يەتتە ئوغلى بولۇپ، تۇنجى ئوغلى ئەلىئاب، ئىككىنچىسى ئابىناداب، ئۈچىنچىسى شامماھ،
[14] تۆتىنچىسى نىتانئېل، بەشىنچىسى رادداي،
[15] ئالتىنچىسى ئوزېم، يەتتىنچىسى داۋۇت ئىدى.
[16] ئۇلارنىڭ يەنە زىرۇيا ۋە ئابىگال ئىسىملىك سىڭىللىرى بار ئىدى. زىرۇيانىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئابىشاي، يوئاب ۋە ئاسائېل ئىدى. [17] ئابىگال ئىسمائىللاردىن بولغان يەتەرگە ياتلىق بولۇپ، ئاماسانى تۇغدى.

## خەزروننىڭ باشقا ئەۋلادلىرى

[18] خەزروننىڭ ئوغلى كالىبنىڭ ئازۇبا ۋە يېرىئوت ئىسىملىك ئاياللىرى بار ئىدى. ئازۇبادىن يېشەر، شوباب ۋە ئاردون ئىسىملىك ئوغۇللار تۆرەلدى. [19] ئازۇبا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كالىب ئەفراتاغا ئۆيلەندى. ئەفراتا ئۇنىڭغا خۇرنى تۇغۇپ بەردى. [20] خۇردىن ئۇرى تۆرەلدى، ئۇرىدىن بىزالئېل تۆرەلدى.
[21] خەزرون 60 ياشقا كىرگەندە، ماكىرنىڭ قىزى، يەنى گىلئادنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن سىگۇب ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. [22] سىگۇبتىن يائىر تۆرەلدى. ئۇ گىلئادتىكى 23 شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [23] كېيىن گىشۇر ۋە ئارام خەلقى

يائىرنىڭ يېزىلىرىنى، شۇنداقلا قېنات شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاتمىش يېزىنى ئىشغال قىلدى. بۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان خەلق گىلئادنىڭ ئاتىسى ماكىرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.
[24] خەزرون كالىب-ئەفراتا شەھىرىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ ئايالى ئابىيا ئاشخۇر ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغدى. ئاشخۇر تەقوۋا شەھىرىنى بىنا قىلدى.

## خەزروننىڭ ئوغلى يەراخمىئېلنىڭ ئەۋلادلىرى

[25] خەزروننىڭ تۇنجى ئوغلى يەراخمىئېلدىن تۆرەلگەن ئوغۇللار: تۇنجى ئوغلى رام، بۇناھ، ئورەن، ئوزېم ۋە ئاخىيا. [26] يەراخمىئېلنىڭ ئاتارا ئىسىملىك يەنە بىر ئايالى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئونام تۇغۇلدى.
[27] يەراخمىئېلنىڭ تۇنجى ئوغلى رامدىن مائاز، يامىن ۋە ئېقەر تۆرەلدى.
[28] ئونامنىڭ شاماي ۋە يادا ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. شاماي ناداب ۋە ئابىشۇر ئىسىملىك ئوغۇل پەرزەنتلەرنى كۆردى.
[29] ئابىشۇرنىڭ ئابىھايىل ئىسىملىك ئايالى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاخبان ۋە مولىد ئىسىملىك ئوغۇللار تۇغۇلدى.
[30] نادابنىڭ سەلەد ۋە ئاپپايىم ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. سەلەد پەرزەنت كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. [31] ئاپپايىم يىشئىنىڭ ئاتىسى، يىشئى شېشاننىڭ ئاتىسى، شېشان ئاخلاينىڭ ئاتىسى ئىدى.
[32] شامماينىڭ ئىنىسى يادانىڭ يەتەر ۋە يوناتان ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. يەتەر پەرزەنت كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. [33] يوناتاننىڭ پەلەت ۋە زازا ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىدى.
مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى يەراخمىئېلنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.
[34] شېشاننىڭ ئوغلى يوق، پەقەت قىزلىرى بار ئىدى. شېشاننىڭ يەنە يارخا ئىسىملىك بىر مىسىرلىق قۇلى

بار ئىدى. [35] شىشان قىزىنى قۇلى يارخاغا ياتلىق قىلدى. ئۇلار ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئىسمىنى ئاتتاي قويۇشتى.

[36] ئاتتايدىن ناتان تۆرەلدى،
ناتاندىن زاباد تۆرەلدى،
[37] زابادتىن ئەفلال تۆرەلدى،
ئەفلالدىن ئوبېد تۆرەلدى،
[38] ئوبېدتىن يېھۇ تۆرەلدى،
يېھۇدىن ئازاريا تۆرەلدى،
[39] ئازارىيادىن خەلەز تۆرەلدى،
خەلەزدىن ئەلئاسا تۆرەلدى،
[40] ئەلئاسادىن سىسماي تۆرەلدى،
سىسمايدىن شاللۇم تۆرەلدى،
[41] شاللۇمدىن يەقاميا تۆرەلدى،
يەقامىيادىن ئەلىشاما تۆرەلدى.

## خەزروننىڭ ئوغلى كالىبنىڭ ئەۋلادلىرى

[42] يەراخمىئىلنىڭ ئاكىسى كالىبنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، تۇنجىسىنىڭ ئىسمى مېشا، كەنجىسىنىڭ ئىسمى مارېشا ئىدى. مېشادىن زىف تۆرەلدى، مارېشادىن ھېبرون تۆرەلدى.
[43] ھېبرون كوراھ، تاپپۇۋاخ، رەقەم ۋە شەما ئىسىملىك ئوغۇللارنى كۆردى. [44] شەمادىن راخام تۆرەلدى، راخامدىن يورقوئام تۆرەلدى. رەقەمدىن شاماي تۆرەلدى. [45] شامايدىن مائون تۆرەلدى، مائوندىن بەيتزۇر تۆرەلدى.
[46] كالىبنىڭ ئېفاھ ئىسىملىك توقلى ئۇنىڭغا خاران، موزا ۋە گازېزنى تۇغۇپ بەردى. خاراندىن گازېز تۆرەلدى.
[47] ئېفاھنىڭ ئاتىسى يودايىنىڭ يەنە رەگېم، يوتەم، گېشان، پەلەت ۋە شائاف ئىسىملىك ئوغۇللىرىمۇ بار ئىدى.

48 كالىبنىڭ ماتاكا ئىسىملىك يەنە بىر توقلى ئۈنىڭغا شەبەر ۋە تىرخانا ئىسىملىك ئوغۇللارنى تۇغۇپ بەردى.

49 كېيىن ئۇ يەنە شائاف ۋە شىۋا ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل تۇغدى. شائاف مادماننا شەھىرىگە، شىۋا ماكبېنا ۋە گىبېئا شەھىرىگە ئاساس سالدى. كالىبنىڭ ئاكساھ ئىسىملىك يەنە بىر قىزىمۇ بار ئىدى.

50 مانا بۇلار كالىبنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

## كالىبنىڭ ئوغلى خۇرنىڭ ئەۋلادلىرى

كالىبنىڭ ئايالى ئەفراتادىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلى خۇر ئۈچ ئوغۇل كۆردى. بىرىنچىسىنىڭ ئىسمى شوبال بولۇپ، ئۇ قىريات-يېئارىم شەھىرىگە ئاساس سالدى. 51 ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى سالما بولۇپ، ئۇ بەيتلەھەم شەھىرىگە ئاساس سالدى. ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى خارىف بولۇپ، ئۇ بەيت-گادېر شەھىرىگە ئاساس سالدى.

52-53 قىريات-يېئارىم شەھىرىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى شوبال بولۇپ، قىريات-يېئارىم شەھىرىدىكىلەر، ھاروئەلەر ۋە ماناخات شەھىرىنىڭ يېرىم ئاھالىسى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. قىريات-يېئارىم شەھىرىنىڭ ئاھالىسى يىترى جەمەتى، پۇتى جەمەتى، شۇما جەمەتى ۋە مىشرا جەمەتىدىن تەشكىل تاپقانىدى. زورئاھ ۋە ئەشتائول خەلقىمۇ شۇ جەمەتلەردىن كېلىپ چىققانىدى.

54 سالمانىڭ ئەۋلادلىرى: بەيتلەھەملىكلەر، نىتوفالار، ئاتروت-بەيتيوئابلار، ماناخاتلىقلارنىڭ يېرىمى ۋە زورئاھلار. 55 يابېز شەھىرىدە ياشىغان تىرا، شىما ۋە سۇكاھ ئىسىملىك پۈتۈكچىلەرنىڭ جەمەتلىرىمۇ سالما ئەۋلادلىرىدىن كېلىپ چىققانىدى. سالمانىڭ ئەۋلادلىرى خامماتنىڭ جەمەتىدىن بولغان قېنلار بولۇپ، خاممات رېكابنىڭ ئەجدادى ئىدى.

## پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئوغۇللىرى

3 [1] داۋۇتنىڭ ھېبروندا تۇغۇلغان ئوغۇللىرى:

تۇنجى ئوغلى ئامنون، يىزرىئەللىك ئاخىنوئامدىن
تۇغۇلغان،
ئىككىنچى ئوغلى دانىيال، كارمەللىك ئابىگالدىن
تۇغۇلغان،
[2] ئۈچىنچى ئوغلى ئابسالوم، گېشۇرنىڭ پادىشاھى
تالمايىنىڭ قىزى مائاكادىن تۇغۇلغان،
تۆتىنچى ئوغلى ئادونىيا، خاگگىتتىن تۇغۇلغان،
[3] بەشىنچى ئوغلى شىفاتىيا، ئابىتالدىن تۇغۇلغان،
ئالتىنچى ئوغلى يىترىئام، يەنە بىر ئايالى ئەگلاھتىن
تۇغۇلغان.

[4] داۋۇتنىڭ يۇقىرىدىكى ئالتە پەرزەنتى ھېبروندا تۇغۇلدى. داۋۇت ھېبروندا يەتتە يېرىم يىل، يېرۇسالېمدا 33 يىل پادىشاھ بولدى.
[5] داۋۇتنىڭ يېرۇسالېمدا تۇغۇلغان ئوغۇللىرى: شىمئا، شوباب، ناتان ۋە سۇلايمان. بۇ تۆت ئوغۇل ئاممىئېلنىڭ قىزى باتشەبادىن تۇغۇلغان. [6] بۇلاردىن باشقا، داۋۇتنىڭ يەنە توققۇز ئوغلى بولۇپ، ئۇلار يىبخار، ئەلىشاما، ئەلىفەلەت، [7] نوگاھ، نەفەگ، يافىيا، [8] ئەلىشاما، ئەلىيادا ۋە ئەلىفەلەتلەر ئىدى.
[9] داۋۇت يەنە باشقا توقاللىرىدىنمۇ ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغانىدى. ئۇنىڭ يەنە تامار ئىسىملىك قىزىمۇ بار ئىدى.

## پادىشاھ سۇلايماننىڭ ئەۋلادلىرى

[10] سۇلايماننىڭ ئەۋلادلىرىدىن: رىخوبئام، ئابىيا، ئاسا،
يەھوشافات، [11] يەھورام، ئاخازىيا، يوئاش، [12] ئامازىيا،
ئۇززىيا، يوتەم، [13] ئاخاز، خىزكىيا، ماناسسە، [14] ئامون ۋە
يوشىيا.

15 يوشىيانىڭ ئوغۇللىرى: تۇنجى ئوغلى يوخانان، ئىككىنچى ئوغلى يەھوياقىم، ئۈچىنچى ئوغلى زىدقىيا ۋە تۆتىنچى ئوغلى يوئاخاز.
16 يەھوياقىمدىن كېيىن پادىشاھلىق تەختىدە ئوغلى يەھوياكىن ۋە ئىنىسى زىدقىيا ئولتۇردى.

## پادىشاھ يەھوياكىننىڭ ئەۋلادلىرى

17 بابىلغا ئەسىر ئېلىپ كېتىلگەن پادىشاھ يەھوياكىننىڭ ئەۋلادلىرى:

شەئالتىيەل، 18 مالكىرام، پىدايا، شەنئاززار، يىقامىيا، ھوشاما ۋە نىدابىيا.
19 پىدايانىڭ ئوغۇللىرى: زىرۇббابەل ۋە شىمئى. زىرۇббابەلنىڭ مىشۇللام، خانانىيا ئىسىملىك ئوغۇللىرى ۋە شىلومىت ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. 20 ئۇلاردىن باشقا زىرۇббابەلنىڭ يەنە خاشۇبا، ئوھەل، بەرەكىيا، خاسادىيا ۋە يۇشاب-خەسەد ئىسىملىك بەش ئوغلى بار ئىدى.
21 خانانىيانىڭ پىلاتىيا ۋە يەشايا ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولۇپ، يەشايانىڭ ئوغلى رىفايا، رىفايانىڭ ئوغلى ئارنان، ئارناننىڭ ئوغلى ئوبادىيا، ئوبادىيانىڭ ئوغلى شىكانىيا ئىدى.
22 شىكانىيانىڭ ئەۋلادلىرى: شىمايا. شىمايانىڭ خاتتۇش، يىگال، بارىياخ، نىئارىيا ۋە شافاتتىن ئىبارەت ئالتە ئوغلى بار ئىدى.
23 نىئارىيانىڭ ئەلىيوئېناي، خىزكىيا ۋە ئازرىقام ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى.
24 ئەلىيوئېنايىنىڭ ھوداۋىيا، ئەلىياشىب، پىلايا، ئاققۇب، يوخانان، دىلايا ۋە ئانانى ئىسىملىك يەتتە ئوغلى بار ئىدى.

## يەھۇدانىڭ ئەۋلادلىرى

4 [1] يەھۇدانىڭ پەرەس، خەزرون، كارمى، خۇر ۋە شوبال
ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. [2] شوبالنىڭ ئوغلى رېئايا،
رېئايانىڭ ئوغلى ياخات ئىدى. ياخاتنىڭ ئوغۇللىرى ئاخۇماي ۋە
لاھاد ئىدى. بۇلار زورئاھلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر.
[3-4] كالىب ئايالى ئەفراتادىن خۇر ئىسىملىك تۇنجى ئوغلىنى
كۆردى. خۇرنىڭ ئەۋلادلىرى بەيتلەھەم شەھىرىگە
ئاساس سالغۇچىلار ئىدى. خۇرنىڭ ئېتام، پىنۇئېل
ۋە ئەزەر ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولۇپ، ئېتامنىڭ
يىزرىئەل، يىشما ۋە يىدباش ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى ۋە
ھازلەلپونى ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. پىنۇئېل
گېدور شەھىرىگە، ئەزەر خۇشاھ شەھىرىگە ئاساس
سالغان ئىدى.
[5] تىقوۋا شەھىرىگە ئاساس سالغان ئاشخۇرنىڭ خەلئاھ ۋە
نائارا ئىسىملىك ئىككى ئايالى بار ئىدى. [6] ئاشخۇر
ئايالى نائارادىن ئاخۇززام، خېفەر، تېمنى ۋە
ھائاخاشتارى ئىسىملىك ئوغۇللارنى كۆردى. [7] ئايالى
خەلئاھتىن زەرەت، زوخار، ئەتنان [8] ۋە قوز تۇغۇلدى.
قوزنىڭ ئانۇب ۋە ھاززوبېبا ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار
ئىدى. قوز ئاخارخېل جەمەتىنىڭمۇ ئەجدادى بولۇپ،
ئاخارخېل ھارۇمنىڭ ئوغلى ئىدى.
[9] يابېز ئىسىملىك بىر ئادەم قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا كۆپ
ئابرۇيلۇق ئىدى. ئانىسى ئۇنى بەك جاپادا تۇغدۇم،
دەپ ئىسمىنى يابېز [ئىبرانىي تىلىدىكى «جاپا» دېگەن
سۆز بىلەن ئاھاڭداش] قويغانىدى. [10] يابېز ئىسرائىللار
ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا: «ئى خۇدا، ماڭا بەخت
ئاتا قىلىپ، زېمىنىمنى كېڭەيتىپ بەرگەيسەن. ماڭا يار
بولۇپ، مۇشكۈلات ۋە ئازابلاردىن يىراق قىلغايسەن»
دەپ دۇئا قىلغانىدى. خۇدا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت
قىلدى.

[11] شۇخاھنىڭ ئاكىسى كىلۇبدىن مىخىر تۆرەلدى. مىخىردىن ئەشتون تۆرەلدى. [12] ئەشتوندىن بەيت-رافا، پاسېياخ ۋە تىخىننا تۆرەلدى. تىخىننا ئىرناخاش شەھىرىنى بىنا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى رېكاھتا ياشايتتى.
[13] قېنازنىڭ ئوتنىئېل ۋە سىرايا ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئوتنىئېلنىڭ خاتات ۋە مېئونوتاي ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولدى. [14] مېئونوتايدىن ئوفراھ تۆرەلدى. سىرايادىن يوئاب تۆرەلدى. يوئاب ھۈنەرۋەنلەر جىلغىسىغا ئاساس سالدى. ئۇ يەردە ياشىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھۈنەرۋەن ئىدى.
[15] يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىب ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇلار ئىرۇ، ئەلاھ ۋە نائام ئىدى. ئەلاھتىن قېناز تۆرەلدى.
[16] يەھاللەلنىڭ زىف، زىفاھ، تىرىيا ۋە ئاسارئېل ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.
[17-18] ئەزراھنىڭ يەتەر، مەرەد، ئېفەر ۋە يالون ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. مەرەد پىرئەۋننىڭ قىزى بىتياھقا ئۆيلىنىپ ئۇنىڭدىن مەريەم ئىسىملىك بىر قىز ۋە شاماي، يىشباخ ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. يىشباخ ئەشتىموۋا شەھىرىگە ئاساس سالدى. مەرەد يەنە يەھۇدا قەبىلىسىدىن بىر ئايال ئالدى، بۇ ئايالدىن ئۈچ ئوغۇل كۆردى. ئوغلى يەرەد گىدور شەھىرىگە، ئوغلى خەبەر سوكوھ شەھىرىگە، ئوغلى يەقۇتىئەل زانوۋاخ شەھىرىگە ئاساس سالدى.
[19] ھودىيا ناخامنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەندى، ئۇنىڭ ئوغلى قىيلاھ گارمى جەمەتىنىڭ، ئوغلى ئەشتىموۋا مائاكا جەمەتىنىڭ ئەجدادى بولدى.
[20] شىموننىڭ ئامنون، رىنناھ، بەنخانان ۋە تىلون ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.
يىشئىنىڭ زوخېت ۋە بەنزوخېت ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.

21 يەھۇدانىڭ يەنە شېلاھ ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. شېلاھنىڭ ئەۋلادلىرى:
لېكاھ شەھىرىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى ئېر، مارېشا شەھىرىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى لادا، بەيت-ئاشبېيا شەھىرىدە ياشايدىغان ئېسىل زىغىر يىپتىن رەخت توقۇيدىغانلارنىڭ جەمەتلىرى، 22 يوقىم، يوئاش، ساراف ۋە كوزېبا شەھىرىنىڭ ئاھالىسى. يوئاش ۋە ساراف موئاب شەھىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئاندىن لەھەم شەھىرىگە قايتىپ بارغان. (بۇ مەلۇماتلار قەدىمكى يازمىلاردىن ئېلىنىدى.) 23 شېلاھنىڭ بەزى ئەۋلادلىرى نىتائىم ۋە گىدېرا شەھەرلىرىدە ياشايدىغان ساپال ئۇستىلىرى بولۇپ، ئۇلار پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى.

## شىمونىنىڭ ئەۋلادلىرى

24 شىمونىنىڭ نىمۇئېل، يامىن، يارىب، زەراخ ۋە شائۇل ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.
25 شائۇلنىڭ ئوغلى شاللۇم، شاللۇمنىڭ ئوغلى مىبسام، مىبسامنىڭ ئوغلى مىشما ئىدى.
26 مىشمانىڭ ئوغلى خامموئېل، خامموئېلنىڭ ئوغلى زاككۇر، زاككۇرنىڭ ئوغلى شىمئى ئىدى.
27 شىمئى 16 ئوغۇل ۋە ئالتە قىز پەرزەنت كۆردى. لېكىن ئۇنىڭ ئاكا-ئىنىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، شىمون قەبىلىسى يەھۇدا قەبىلىسىدەك كۆپەيمىدى.
28 شىمونىنىڭ ئەۋلادلىرى بەئەرشەبا، مولادا، خازار-شۇئال، 29 بىلھاھ، ئەزەم، تولاد، 30 بەيتۇئېل، خورماھ، زىقلاق، 31 بەيت-ماركابوت، خازار-سۇسىم، بەيت-بىرى ۋە شائارايىم شەھەرلىرىدە ياشايتتى. بۇ شەھەرلەر داۋۇت پادىشاھ بولغانغا قەدەر ئۇلارغا قاراشلىق بولدى. 32 ئۇلار يەنە ئېتام، ئايىن، رىممون، توكەن ۋە ئاشان دېگەن

بەش شەھەردىمۇ ياشىدى. [33] غەربىي جەنۇبتىكى
بائالات شەھىرىگىچە سوزۇلغان بۇ شەھەرلەر ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى ھەممە يېزىلار شىموننىڭ ئەۋلادلىرىغا
قاراشلىق ئىدى. ئۇلار شۇ جايدا ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ
نەسەبنامىلىرىنى يېزىپ قويغانىدى.
[34] تۆۋەندىكىلەر شىمون ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەت باشلىقلىرى
ئىدى: مەشوباب، يامليېك، ئامازىيانىڭ ئوغلى يوشاھ،
[35] يوئېل ۋە يېھۇ (يېھۇ يوشىبىيانىڭ ئوغلى، يوشىبىيا
سېرايانىڭ ئوغلى، سېرايا ئاسىئېلنىڭ ئوغلىدۇر)،
[36] يەنە ئەليوئېناي، ياائاقوبا، يەشوخايا، ئاسايا، ئادىئېل،
يەسىمىئېل، بېنايا ۋە [37] زىزا (زىزا شىفىنىڭ ئوغلى،
شىفى ئاللوننىڭ ئوغلى، ئاللون يېدايانىڭ ئوغلى،
يېدايا شىمرىنىڭ ئوغلى، شىمرى شىمايانىڭ ئوغلى
ئىدى).

[38] بۇلار شىمون ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەت باشلىقلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى كۆپىيىپ كەتكەچكە، [39] چارۋا ماللىرىغا ئوتلاق ئىزدەپ، جىلغىنىڭ شەرقىي چېتىگە جايلاشقان گېدور شەھىرىگىچە باردى. [40] ئۇلار بۇ يەردىن ئوت-چۆپلىرى مول، كەڭرى، تىنچ ۋە خىلۋەت بىر جاينى تاپتى. بۇ جاي بۇرۇن ھام ئەۋلادلىرىغا قاراشلىق جاي ئىدى.
[41] يەھۇدىيە پادىشاھى خىزكىيا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، يۇقىرىدا ئىسمىلىرى خاتىرىلەنگەن شىموننىڭ ئەۋلادلىرى ھام ئەۋلادلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىغا ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان مېئۇن خەلقىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ يەرلەردە قويلىرىغا يايلاقلار بار ئىدى. [42] شىمون ئەۋلادلىرىدىن يەنە بەش يۈز كىشى يىشئىنىڭ پېلاتىيا، نىئارىيا، رىفايا ۋە ئۇززىئېل ئىسىملىك ئوغۇللىرىنىڭ باشچىلىقىدا سەئىر تاغلىرىغا بېرىپ، [43] ئامالەك ئەۋلادلىرىنىڭ

قالغانلىرىنى قىرىپ تاشلىدى. شىمونىنىڭ ئەۋلادلىرى شۇنىڭدىن بېرى شۇ جايلاردا ياشاپ كەلمەكتە.

## رۇبېنىنىڭ ئەۋلادلىرى

5 [1] رۇبېن ئىسرائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى ئىدى. لېكىن ئۇ ئاتىسىنىڭ توقلىنىڭ بىرىگە چېقىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغۇللۇق مىراس ھوقۇقى بىكار قىلىنىپ، بۇ ھوقۇق ئۇنىڭ ئىنىسى يۈسۈپنىڭ ئوغۇللىرىغا بېرىلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن رۇبېن نەسەبنامىدا تۇنجى ئوغۇل دەپ خاتىرىلەنمىگەنىدى. [2] يەھۇدا ئاكا-ئىنىلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ قەبىلىسىدىن ھۆكۈمران چىقتى. لېكىن تۇنجى ئوغۇللۇق مىراس ھوقۇقى يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرىدا ئىدى.

[3] ئىسرائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبېنىنىڭ خانوك، پاللۇ، خەزرون ۋە كارمى ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.
[4] يوئېلنىڭ ئەۋلادلىرى: يوئېلنىڭ ئوغلى شىمايا، شىمايانىڭ ئوغلى گوگ، گوگنىڭ ئوغلى شىمئى، [5] شىمئىنىڭ ئوغلى مىكاھ، مىكاھنىڭ ئوغلى رىئايا، رىئايانىڭ ئوغلى بائال ۋە [6] بائالنىڭ ئوغلى بەئەراھ. ئاسسۇرىيە پادىشاھى تىگلات-پىلئەسەر بەئەراھنى ئەسىرگە ئېلىپ، يۇرتىغا ئېلىپ كەتكەنىدى. بەئەراھ رۇبېن قەبىلىسىنىڭ يولباشچىسى ئىدى.
[7] رۇبېن قەبىلىسىنىڭ نەسەبنامىسىدا خاتىرىلەنگەن جەمەت باشلىقلىرى: يولباشچى يەئىېل، زىكىرىيا [8] ۋە ئازازنىڭ ئوغلى بەلا. ئازاز شەمانىڭ ئوغلى، شەما يوئېلنىڭ ئوغلى ئىدى.
ئۇلار ئاروئېر شەھىرىدە ھەمدە شىمالدىكى نىبو ۋە بائال-مىئون شەھەرلىرىگىچە بولغان يەرلەردە ياشىدى.
[9] ئۇلارنىڭ گىلئاد زېمىنىدىكى چارۋاماللىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار يەنە شەرققە كېڭىيىپ

فىرات دەرياسىنىڭ غەربىگىچە سوزۇلغان كەڭ دالانى ئىگىلىۋالدى.
[10] پادىشاھ سائۇلنىڭ دەۋرىدە رۇبېننىڭ ئەۋلادلىرى ھاگرىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە گىلئادنىڭ شەرقىدىكى ھەممە زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋالدى.

## گادنىڭ ئەۋلادلىرى

[11] گاد قەبىلىسى رۇبېن قەبىلىسىنىڭ شىمالىغا يانداش بولغان باشان زېمىنىدا ياشايتتى. ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرقتە سالكاھ شەھىرىگىچە سوزۇلغانىدى. [12] يوئېل باشاندا يولباشچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ قول ياردەمچىسى شافام ئىدى. ياناي ۋە شافاتلار شافامنىڭ ياردەمچىلىرى ئىدى.
[13] گاد قەبىلىسىدىكى قېرىنداشلار تۆۋەندىكى يەتتە جەمەتتىن تەركىب تاپقانىدى: مىكائىل، مەشۇللام، شىبا، يوراي، ياكان، زىيا ۋە ئېبەر. [14] بۇلارنىڭ ھەممىسى ئابىخايىلنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. ئابىخايىل خۇرىنىڭ ئوغلى، خۇرى ياروۋاخنىڭ ئوغلى، ياروۋاخ گىلئادنىڭ ئوغلى، گىلئاد مىكائىلنىڭ ئوغلى، مىكائىل يېشىشاينىڭ ئوغلى، يېشىشاي ياخدونىڭ ئوغلى، ياخدو بۇزنىڭ ئوغلى ئىدى. [15] گۇنىنىڭ ئوغلى ئابدىيېل، ئابدىيېلنىڭ ئوغلى ئاخى بولۇپ، ئۇ جەمەت باشلىقى ئىدى.

[16] گاد قەبىلىسى گىلئاد، باشان ۋە ئۇ يەردىكى يېزىلاردا ھەمدە شاروندىكى ئوتلاقلاردا ياشايتتى. [17] بۇ خاتىرىلەر يەھۇدىيە پادىشاھى يوتەم ۋە ئىسرائىلىيە پادىشاھى ياروبئام II ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە نەسەبنامىغا كىرگۈزۈلگەنىدى.

## ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قەبىلىلەرنىڭ لەشكەرلىرى

[18] رۇبېن قەبىلىسى، گاد قەبىلىسى ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمىنىڭ قالقان، قىلىچ ۋە ئوقيا بىلەن قوراللانغان، جەڭگە ياراملىق 44,760 نەپەر لەشكىرى بار ئىدى. [19] ئۇلار ھاگرى، يېتۇر، نافىش ۋە نودابلارغا ھۇجۇم قىلدى. [20] ئۇلار جەڭدە خۇدادىن مەدەت تىلىدى. خۇدا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئۇلار ھاگرىلار بىلەن ئىتتىپاقداشلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، چۈنكى ئۇلار خۇداغا ئىشەنگەنىدى. [21] ئۇلار دۈشمەنىنىڭ چارۋىسىنى، يەنى 50 مىڭ تۆگە، 250 مىڭ قوي، ئىككى مىڭ ئېشىكىنى ئولجا ئالدى ۋە يۈز مىڭ ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى. [22] ئۇلار نۇرغۇن دۈشمەننى ئۆلتۈردى، چۈنكى بۇ جەڭ خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغانىدى. رۇبېن، گاد قەبىلىلىرى ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمى تاكى سۈرگۈن قىلىنغانغا قەدەر شۇ يەرلەردە ياشىدى.

## ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ماناسسە قەبىلىسىنىڭ يېرىمى

[23] ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمى بائال-خەرمون، سىنىر ۋە خەرمون تاغلىرىغىچە بولغان باشان زېمىنلىرىدا ياشايتتى. ئۇلارنىڭ نوپۇسى ناھايىتى كۆپ ئىدى. [24] ئۇلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرىنىڭ ئىسىملىرى: ئېفەر، يىشئى، ئەلىئېل، ئازرىئېل، يەرەميا، ھوداۋيا ۋە ياخدىئېل. ئۇلار باھادىر جەڭچىلەر بولۇپ، ئۆز جەمەتىنىڭ مەشھۇر يولباشچىلىرى ئىدى.

## ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قەبىلىلەرنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى

[25] رۇبېن، گاد قەبىلىلىرى ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمى ئاتا-بوۋىلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ، خۇدا ۋەيران قىلغان ئاشۇ يۇرتتىكى خەلقلەرنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇندى. [26] شۇڭا ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن

خۇدا ئاسسۇرىيە پادىشاھى پۇلنى، يەنى تىگلات-پىلئەسەرنى رۇبېن ۋە گاد قەبىلىلىرىگە ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. پادىشاھ پۇل ئۇلارنى خالاخ، خابور ۋە ھارا دېگەن يەرلەرگە ھەمدە گوزان دەرياسىنىڭ بويلىرىغا سۈرگۈن قىلدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇلار شۇ يەرلەردە ياشاپ كەلمەكتە.

## لاۋىيلار

6

[1] لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى: گېرشون، قوھات ۋە مىرارى.

[2] قوھاتنىڭ ئوغۇللىرى: ئامرام، يىزھار، ھېبرون ۋە ئۇززىئېل.

[3] ئامرامنىڭ بالىلىرى: ھارۇن، مۇسا ۋە مەريەم.
ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى: ناداب، ئابىھۇ، ئەلئازار ۋە ئىتامار.

[4] ئەلئازارنىڭ ئوغلى پىنىخاس،
پىنىخاسنىڭ ئوغلى ئابىشۇۋا،

[5] ئابىشۇۋانىڭ ئوغلى بۇققى،
بۇققىنىڭ ئوغلى ئۇززى،

[6] ئۇززىنىڭ ئوغلى زىراخىيا،
زىراخىيانىڭ ئوغلى مىرايوت،

[7] مىرايوتنىڭ ئوغلى ئاماريا،
ئامارىيانىڭ ئوغلى ئاخىتۇب،

[8] ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى زادوق،
زادوقنىڭ ئوغلى ئاخىمائاس،

[9] ئاخىمائاسنىڭ ئوغلى ئازارىيا،
ئازارىيانىڭ ئوغلى يوخانان،

[10] يوخانانىنىڭ ئوغلى ئازارىيا، (ئازارىيا سۇلايمان يېرۇسالېمدا قۇرغان ئىبادەتخانىدا روھانىي بولۇپ خىزمەت قىلغانىدى.)

[11] ئازارىيانىڭ ئوغلى ئاماريا،
ئامارىيانىڭ ئوغلى ئاخىتۇب،

[12] ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى زادوق،

زادوقنىڭ ئوغلى شاللۇم،
13 شاللۇمنىڭ ئوغلى خىلقىيا،
خىلقىيانىڭ ئوغلى ئازارىيا،
14 ئازارىيانىڭ ئوغلى سىرايا،
سىرايانىڭ ئوغلى يەھوزاداق ئىدى. 15 پەرۋەردىگار پادىشاھ
نىبۇكادنەزەر ئارقىلىق يېرۇسالېم خەلقىنى، شۇنداقلا
پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىنى سۈرگۈن قىلغاندا، يەھوزاداقمۇ
سۈرگۈن قىلىنغانىدى.

## لاۋىينىڭ باشقا ئەۋلادلىرى

16 لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى: گېرشون، قوھات ۋە مىرارى.
17 گېرشوننىڭ ئوغۇللىرى: لىبنى ۋە شىمئى.
18 قوھاتنىڭ ئوغۇللىرى: ئامرام، يىزھار، ھېبرون ۋە
ئۇززىئېل.
19 مىرارىنىڭ ئوغۇللىرى: ماخلى ۋە مۇشى.
ئاتا جەمەتىگە قاراپ خاتىرىلەنگەن لاۋىينىڭ ئەۋلادلىرى
تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى.
20 گېرشوننىڭ ئەۋلادلىرى: گېرشوننىڭ ئوغلى لىبنى،
لىبنىنىڭ ئوغلى ياخات، ياخاتنىڭ ئوغلى زىمماھ،
21 زىمماھنىڭ ئوغلى يوئاخ، يوئاخنىڭ ئوغلى ئىددو،
ئىددونىڭ ئوغلى زەراخ، زەراخنىڭ ئوغلى يېئاتىراي.
22 قوھاتنىڭ ئەۋلادلىرى: قوھاتنىڭ ئوغلى ئامميناداب،
ئاممينادابنىڭ ئوغلى كوراھ، كوراھنىڭ ئوغلى
ئاسسىر، 23 ئاسسىرنىڭ ئوغلى ئەلقانا، ئەلقانانىڭ
ئوغلى ئەبىئاساف، ئەبىئاسافنىڭ ئوغلى ئاسسىر،
24 ئاسسىرنىڭ ئوغلى تاخات، تاخاتنىڭ ئوغلى ئۇرىئېل،
ئۇرىئېلنىڭ ئوغلى ئۇززىيا، ئۇززىيانىڭ ئوغلى شائۇل.
25 ئەلقانانىڭ ئاماساي ۋە ئاخىموت ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار
ئىدى. 26 ئاخىموتنىڭ ئوغلى ئەلقانا، ئەلقانانىڭ ئوغلى
زوفاي، زوفاينىڭ ئوغلى ناخات، 27 ناخاتنىڭ ئوغلى

ئەلىئاب، ئەلىئابنىڭ ئوغلى يېروخام، يېروخامنىڭ
ئوغلى ئەلقانا، ئەلقانانىڭ ئوغلى سامۇئىل ئىدى.
[28] سامۇئىلنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. تۇنجىسىنىڭ ئىسمى
يوئېل، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ئابىيا ئىدى.
[29] مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرى: مەرارىنىڭ ئوغلى ماخلى،
ماخلىنىڭ ئوغلى لىبنى، لىبنىنىڭ ئوغلى شىمئى،
شىمئىنىڭ ئوغلى ئۇززاھ، [30] ئۇززاھنىڭ ئوغلى شىمئا،
شىمئانىڭ ئوغلى خاگگىيا، خاگگىيانىڭ ئوغلى ئاسايا.

## ئىبادەتخانىدىكى نەغمىچىلەر

[31] ئەھدە ساندۇقى داۋۇت ياسىغان چېدىرىغا يۆتكەپ
كېلىنگەندىن كېيىن، داۋۇت چېدىردىكى نەغمىچىلەرنى
باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئادەم تەيىنلىدى. [32] سۇلايمان
يېرۇسالېمدا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى بىنا
قىلغانغا قەدەر، بۇ نەغمىچىلەر داۋۇت ياسىغان چېدىردا
مۇناجات ئوقۇغاندىن سىرت، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت
چېدىرىدىمۇ ساز چېلىپ، مۇناجات ئوقۇدى. ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى بېرىلگەن كۆرسەتمىلەر
بويىچە ئادا قىلىشتى. [33] ئوغۇللىرى بىلەن بىرگە
خىزمەت قىلغان نەغمىچىلەر:
قوھات جەمەتىدىن نەغمىچى ھېمان. ھېماننىڭ
نەسەبنامىسى:
ھېمان يوئېلنىڭ ئوغلى، يوئېل سامۇئىلنىڭ ئوغلى،
[34] سامۇئىل ئەلقانانىڭ ئوغلى، ئەلقانا يېروخامنىڭ
ئوغلى، يېروخام ئەلىئېلنىڭ ئوغلى، ئەلىئېل توۋاخنىڭ
ئوغلى، [35] توۋاخ زۇفنىڭ ئوغلى، زۇف ئەلقانانىڭ
ئوغلى، ئەلقانا ماخاتنىڭ ئوغلى، ماخات ئاماسايىنىڭ
ئوغلى، [36] ئاماساي ئەلقانانىڭ ئوغلى، ئەلقانا يوئېلنىڭ
ئوغلى، يوئېل ئازارىيانىڭ ئوغلى، ئازارىيا زىفانىيانىڭ
ئوغلى، [37] زىفانىيا تاخاتنىڭ ئوغلى، تاخات ئاسسىرنىڭ
ئوغلى، ئاسسىر ئەبىئاسافنىڭ ئوغلى، ئەبىئاساف

كوراھنىڭ ئوغلى، [38] كوراھ يىزھارنىڭ ئوغلى، يىزھار
قوھاتنىڭ ئوغلى، قوھات لاۋىينىڭ ئوغلى، لاۋىي
ئىسرائىلنىڭ، يەنى ياقۇپنىڭ ئوغلىدۇر.
[39] ھېمانىنىڭ ئوڭ قول ياردەمچىسى تۇغقىنى بولغان ئاساف
ئىدى. ئاسافنىڭ نەسەبنامىسى: ئاساف بەرەكيانىڭ
ئوغلى، بەرەكيا شىمېئانىڭ ئوغلى، [40] شىمېئا مىكائىلنىڭ
ئوغلى، مىكائىل بائاسېيانىڭ ئوغلى، بائاسېيا
مالكىيانىڭ ئوغلى، [41] مالكىيا ئەتنىنىڭ ئوغلى، ئەتنى
زەراھنىڭ ئوغلى، زەراھ ئاداياننىڭ ئوغلى، [42] ئادايا
ئېتاننىڭ ئوغلى، ئېتان زىممانىڭ ئوغلى، زىمماھ
شىمېئىنىڭ ئوغلى، [43] شىمېئى ياخاتنىڭ ئوغلى، ياخات
گېرشوننىڭ ئوغلى، گېرشون لاۋىينىڭ ئوغلىدۇر.
[44] ھېمانىنىڭ سول قول ياردەمچىسى ئېتان بولۇپ، ئۇ
مىرارى جەمەتىدىن ئىدى. ئېتاننىڭ نەسەبنامىسى:
ئېتان قىشىنىڭ ئوغلى، قىشى ئابدىنىڭ ئوغلى، ئابدى
ماللۇكنىڭ ئوغلى، [45] ماللۇك خاشابىيانىڭ ئوغلى،
خاشابىيا ئامازىيانىڭ ئوغلى، ئامازىيا خىلقىيانىڭ ئوغلى،
[46] خىلقىيا ئامزىنىڭ ئوغلى، ئامزى بانىنىڭ ئوغلى،
بانى سەمەرنىڭ ئوغلى، [47] سەمەر ماخلىنىڭ ئوغلى،
ماخلى مۇشىنىڭ ئوغلى، مۇشى مىرارىنىڭ ئوغلى،
مىرارى لاۋىينىڭ ئوغلىدۇر.
[48] لاۋىي قەبىلىسىنىڭ قالغان ئەزالىرى ئىبادەت چېدىرىنىڭ
باشقا خىزمەتلىرىگە تەيىنلەنگەندى.

## روھانىي ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى

[49] ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىلا روھانىي بولۇپ، ئۇلار
خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق
قىلاتتى ۋە ئىسرىقدانىدا ئىسرىق سالاتتى. ئۇلار خۇدانىڭ
خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاساسەن
ئىسرائىل خەلقىنىڭ گۇناھىنىڭ ساقىت قىلىنىشى

ئۆچۈن ئەڭ مۇقەددەس بولغان بۇ جايدىكى ھەممە
مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلاتتى.
[50] ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى: ھارۇننىڭ ئوغلى ئەلئازار،
ئەلئازارنىڭ ئوغلى پىنىخاس، پىنىخاسنىڭ ئوغلى
ئابىشۇۋا، [51] ئابىشۇۋانىڭ ئوغلى بۇققى، بۇققىنىڭ
ئوغلى ئۇززى، ئۇززىنىڭ ئوغلى زىراخىيا، [52] زىراخىيانىڭ
ئوغلى مىرايوت، مىرايوتنىڭ ئوغلى ئامارىيا، ئامارىيانىڭ
ئوغلى ئاخىتۇب، [53] ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى زادوق، زادوقنىڭ
ئوغلى ئاخىمائاستۇر.

## لاۋىيلارنىڭ شەھەرلىرى

[54] قوھات جەمەتىدىكى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا چەك تاشلىنىپ، چىققان چەك بويىچە بىرىنچى بولۇپ، تۆۋەندىكى شەھەرلەر بۆلۈپ بېرىلدى.
[55] ئۇلار يەھۇدا زېمىنىدىكى ھېبرون شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارغا ئىگە بولدى. [56] لېكىن بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلار ۋە يېزىلار يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالىبقا بېرىلدى. [57] شۇنىڭ بىلەن ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا تۆۋەندىكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار بېرىلدى: پاناھلىنىدىغان شەھەر ھېبرون، لىبناھ، ياتتىر، ئەشتىموۋا، [58] خىلېن، دىبىر [59] ئاشان، يۇتتاھ ۋە بەيت-شەمەش. [60] يەنە بىنيامىن زېمىنىدىن تۆۋەندىكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارمۇ بېرىلدى: گىبئون، گەبا، ئالەمەت ۋە ئاناتوت. قوھات جەمەتىدىكى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا جەمئىي 13 شەھەر بېرىلدى. [61] قوھات جەمەتىنىڭ قالغان ئەۋلادلىرىغا تاشلانغان چەك بويىچە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ غەربىي يېرىمىغا قاراشلىق زېمىنىدىن ئون شەھەر بۆلۈپ بېرىلدى.
[62] گېرشون جەمەتىگە ئائىلىلىرى بويىچە ئىسساكار، ئاشىر، نافتالى ۋە باشاندىكى ماناسسە قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنلىرىدىن 13 شەھەر بۆلۈپ بېرىلدى.

[63] مىرارى جەمەتىگە ئائىلىلىرى بويىچە رۇبېن، گاد ۋە زەبۇلۇن قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنلىرىدىن 12 شەھەر چەك تاشلاش ئارقىلىق تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

[64] شۇنداق قىلىپ، ئىسرائىل خەلقى لاۋىيلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن مانا مۇشۇ شەھەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنى ئاجرىتىپ بەردى. [65] يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەھەرلەر يەھۇدا، شىمون ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنلىرىدىن چەك تاشلاش ئارقىلىق بۆلۈپ بېرىلگەنىدى.

[66] قوھات ئەۋلادلىرىنىڭ بەزى جەمەتلىرىگە ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن تۆۋەندىكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار بېرىلدى. [67] ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىكى پاناھلىنىدىغان شەھەر شەكەم، گەزەر، [68] يوقمېئام، بەيت-خورون، [69] ئايىيالون ۋە گاترىممون. [70] قوھات ئەۋلادلىرىنىڭ قالغان جەمەتلىرىگە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ غەربىي يېرىمىغا قاراشلىق بولغان ئانېر ۋە بىلئام دېگەن ئىككى شەھەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار قوشۇپ بېرىلدى.

[71] گېرشون جەمەتىگە تۆۋەندىكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار بېرىلدى. ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمىنىڭ زېمىنىدىن ئاشتاروت ۋە باشان زېمىنىدىكى گولان، [72] ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن قەدەش، دابرات، [73] راموت ۋە ئانېم. [74] ئاشىر قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ماشال، ئابدون، [75] خۇقوق ۋە رىخوب. [76] نافتالى قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن خاممون، قىرياتائىم ۋە جەلىلىيەدىكى قەدەش.

[77] مىرارى جەمەتىنىڭ قالغان ئائىلىلىرىگە تۆۋەندىكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار بۆلۈپ بېرىلدى. زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن رىممونو ۋە تابور، [78-79] ئېرىخا شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى، يەنى ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان رۇبېن قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ياھاز، قەدېموت، مېفائات ۋە چۆلدىكى بەزەر. [80-81] گاد قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدىن ماخانايىم، خەشبون، يازېر ۋە گىلئادتىكى راموت.

## ئىسساكارنىڭ ئەۋلادلىرى

7 [1] ئىسساكارنىڭ تولاھ، پۇئاھ، ياشۇب ۋە شىمرون ئىسىملىك تۆت ئوغلى بار ئىدى.
[2] تولاھنىڭ ئۇززى، رىفايا، يېرىئېل، ياخماي، يىبسام ۋە سامۇئىل ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولدى. ئۇلار ئۆز جەمەتىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى. پادىشاھ داۋۇتنىڭ دەۋرىدە تولاھنىڭ نەسەبنامىسىدا 22,600 لەشكىرى بار، دەپ خاتىرىلەنگەندى.
[3] ئۇززىنىڭ يىزراخىيا ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، يىزراخىيانىڭ مىكائىل، ئوبادىيا، يوئېل ۋە يىششىيا دەپ ئوغۇللىرى بار ئىدى. يىزراخىيا ۋە ئۇنىڭ تۆت ئوغلى جەمەت باشلىقلىرى ئىدى. [4] ئۇلارنىڭ خوتۇن-بالىلىرى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، نەسەبنامىسىدا جەڭ قىلىشقا تەييار 36,000 لەشكىرى بار، دەپ خاتىرىلەنگەندى.
[5] ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ جەمەتلەر نەسەبنامىسىدا جەمئىي 87,000 لەشكىرى بار، دەپ خاتىرىلەنگەندى.

## بىنيامىننىڭ ئەۋلادلىرى

[6] بىنيامىننىڭ بەلا، بەكەر ۋە يەدىئائېل ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى.
[7] بەلانىڭ ئەزبون، ئۇززى، ئۇززىئېل، يېرىموت ۋە ئىرى ئىسىملىك بەش ئوغلى بولدى. بۇ بەش ئوغۇل ئۆز جەمەتىنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسىدا 22,034 لەشكىرى بار، دەپ خاتىرىلەنگەندى.
[8] بەكەرنىڭ زىمىرا، يوئاش، ئەلىئەزەر، ئەليوئېناي، ئومرى، يېرىموت، ئابىيا، ئاناتوت ۋە ئالەمەت ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. [9] ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسىدا جەمەت

باشلىقلىرىدىن سىرت 20,200 لەشكىرى بار، دەپ خاتىرىلەنگەندى.
[10] يەدىئائىيلنىڭ بىلھان ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. بىلھاننىڭ يېئۇش، بىنيامىن، ئېھۇد، كىنائان، زېتان، تارشىش ۋە ئاخىشاخار ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولدى.
[11] يەدىئائىيلنىڭ ئوغلى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسى جەمەت باشلىقلىرى بولۇپ، نەسەبنامىسىدا جەڭ قىلىشقا ماھىر 17,200 لەشكىرى بار، دەپ خاتىرىلەنگەندى.
[12] شۇپپىم ۋە خۇپپىم خەلقلىرى ئىرنىڭ ئەۋلادى، خۇشىم خەلقى ئاخېرنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

## نافتالىنىڭ ئەۋلادلىرى

[13] نافتالىنىڭ ياخزىئېل، گۇنى، يېزەر ۋە شاللۇم ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇلار ياقۇپنىڭ توقلى بىلھاھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى.

## ماناسسەنىڭ ئەۋلادلىرى

[14] ماناسسە ئارراملىق توقلىدىن ئاسرىئېل ۋە ماكىر ئىسىملىك ئوغۇللارنى كۆردى. ماكىر گىلئادنىڭ ئاتىسى ئىدى.
[15] ماكىر خۇپپىم ۋە شۇپپىمغا ئايال ئېلىپ بەردى. ماكىرنىڭ مائاكا ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بار ئىدى. زىلوفخاد ماكىرنىڭ يەنە بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ پەقەت قىز پەرزەنتلا كۆرگەندى.
[16] ماكىرنىڭ ئايالى مائاكا ئىككى ئوغۇل تۇغدى. ئۇلارنىڭ ئىسمىنى پەرەش ۋە شەرەش قويدى. پەرەش ئۇلام ۋە رەقەم ئىسىملىك ئوغۇللارنى كۆردى.
[17] ئۇلامنىڭ بىدان ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گىلئادنىڭ ئەۋلادىدۇر. گىلئاد ماكىرنىڭ ئوغلى، ماكىر ماناسسەنىڭ ئوغلى ئىدى.

18 گىلئادنىڭ سىگلىسى هامولەكەتتىن ئىشهود، ئابىئەزەر ۋە ماخلاھ تۇغۇلدى.
19 شىمىدانىڭ ئاخيان، شەكەم، لىقخى ۋە ئانىئام ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.

## ئەفرايىمنىڭ ئەۋلادلىرى

20 ئەفرايىمنىڭ شۇتەلاخ ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى. (شۇتەلاخنىڭ ئوغلى بەرەد، بەرەدنىڭ ئوغلى تاخات، تاخاتنىڭ ئوغلى ئەلئادا، ئەلئادانىڭ ئوغلى تاخات، 21 تاخاتنىڭ ئوغلى زاباد، زابادنىڭ ئوغلى شۇتەلاخ ئىدى.) ئەفرايىمنىڭ شۇتەلاختىن سىرت يەنە ئەزەر ۋە ئەلئاد ئىسىملىك ئوغۇللىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار گات شەھىرىنىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ چارۋىلىرىنى ئوغرىلىماقچى بولغاندا، گاتلىقلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. 22 ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئەفرايىم خېلى كۈنلەرگىچە هازا تۇتتى. تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگىلى كەلدى. 23 ئەفرايىم ئايالى بىلەن يەنە بىللە بولدى. ئايالى هامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. ئەفرايىم ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن بەختسىزلىكنى ئويلاپ، ئوغلىنىڭ ئىسمىنى بېرىئا [مەنىسى «بەختسىزلىك»] قويدى. 24 ئەفرايىمنىڭ شەئەرا ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. شەئەرا ئۈستۈن بەيت-خورون ۋە ئاستىن بەيت-خورون شەھەرلىرىنى ھەمدە ئۇززېن-شەئەرا شەھىرىنى قۇرغانىدى.
25 ئەفرايىمنىڭ يەنە رەفاخ ئىسىملىك بىر ئوغلىمۇ بار ئىدى. رەفاخنىڭ ئوغلى رەشەف، رەشەفنىڭ ئوغلى تەلاخ، تەلاخنىڭ ئوغلى تاخان، 26 تاخاننىڭ ئوغلى لادان، لادانىنىڭ ئوغلى ئاممىھۇد، ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما، 27 ئەلىشامانىڭ ئوغلى نۇن، نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋا ئىدى.

28 ئەفرايىمنىڭ ئەۋلادلىرى جەنۇبتا بەيتەل شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار، شەرقتە نائاران شەھىرى، غەربتە گەزەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار، شەكەم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار ۋە ئەڭ يىراق بولغاندا ئايياھ شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپتىكى يېزىلارغىچە ئورۇنلاشقانىدى.
29 ماناسسە زېمىنىنىڭ چېگراسىدا بەيتشان، تاناك، مىگىددو، دور شەھەرلىرى ۋە ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا يېزىلار بار ئىدى. بۇ جايلاردا ئىسرائىلنىڭ ئوغلى يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى ياشايتتى.

## ئاشىرنىڭ ئەۋلادلىرى

30 ئاشىرنىڭ ئوغۇللىرى: يىمناھ، يىشۋاھ، يىشۋى ۋە بىرىئا. بۇ ئوغۇللارنىڭ سەراخ ئىسىملىك بىر سىڭلىسىمۇ بار ئىدى.
31 بىرىئانىڭ خەبەر ۋە مالكىئېل ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولۇپ، مالكىئېل بىرزايىت شەھىرىنى قۇرغانىدى.
32 خەبەرنىڭ يافلېت، شومېر ۋە خوتام ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. بۇ ئوغۇللارنىڭ شۇئا ئىسىملىك بىر قىز قېرىندىشى بار ئىدى.
33 يافلېتنىڭ پاساك، بىمھال ۋە ئاشۋات ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.
34 شومېرنىڭ ئاخى، روھاگا، يەخۇببا ۋە ئارام ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.
35 شومېرنىڭ ئىنىسى ھېلەمنىڭ زوفاخ، يىمنا، شېلەش ۋە ئامال ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.
36 زوفاخنىڭ سۇۋاخ، خارنەفەر، شۇئال، بەرى، يىمراھ، 37 بەزەر، ھود، شامما، شىلشاھ، يىتران ۋە بېئېرا ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولدى.
38 يەتەرنىڭ يىفۇننە، پىسپاھ ۋە ئارا ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.

[39] ئۇلانىڭ ئاراخ، خاننىئېل ۋە رىزىيا ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.

[40] ئاشېر ئەۋلادلىرى مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار جەمەت باشلىقلىرى، باتۇر، پىشقان جەڭچىلەر، كۆزگە كۆرۈنگەن يولباشچىلار ئىدى. ئاشېر قەبىلىسىنىڭ نەسەبنامىسىدا جەڭ قىلىشقا تەييار 26,000 جەڭچىسى بار ئىدى، دەپ خاتىرىلەنگەندى.

## بىنيامىننىڭ باشقا ئەۋلادلىرى

8 [1] بىنيامىننىڭ تۇنجى ئوغلى بەلا، ئىككىنچىسى ئاشبېل، ئۈچىنچىسى ئاخراخ، [2] تۆتىنچىسى نوخاھ، بەشىنچىسى رافا ئىدى.

[3] بەلانىڭ ئوغۇللىرى: ئاددار، گېرا، ئابىخۇد، [4] ئابىشۇۋا، نائامان، ئاخوۋاخ، [5] گېرا، شىفۇفان ۋە خۇرام.

[6-7] ئېخۇدنىڭ نائامان، ئاخىيا ۋە گېرا ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولۇپ، ئۇلار گەبا شەھىرى ئاھالىسىنىڭ جەمەت باشلىقلىرى ئىدى. گەبا ئاھالىسى ماناخاتقا سۈرگۈن قىلىنغاندا، گېرا خەلقنى باشلاپ كەتكەنىدى. گېرانىڭ ئۇززا ۋە ئاخىخۇد ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.

[8] شاخارايىم ئاياللىرى خۇشىم ۋە بائارانى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، موئاب زېمىنىدا ئوغۇل پەرزەنتلەر كۆرگەنىدى. [9] ئۇنىڭ خودەش ئىسىملىك ئايالى ئۇنىڭغا يوباب، زىبىيا، مېشا، مالكام، [10] يېئۇز، سوكياھ ۋە مىرماھ قاتارلىق ئوغۇللارنى تۇغۇپ بەردى. شاخارايىمنىڭ بۇ ئوغۇللىرى جەمەت باشلىقلىرى بولدى.

[11] شاخارايىمنىڭ خۇشىمدىن تۇغۇلغان ئابىتۇب ۋە ئەلپائال ئىسىملىك ئوغۇللىرىمۇ بار ئىدى. [12-13] ئەلپائالنىڭ ئېبەر، مىشئام، شەمەد، بېرىئا ۋە شەما ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. شەمەد ئونو بىلەن لود شەھىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارنى بىنا قىلدى. بېرىئا

ۋە شەما ئايىالون شەھىرى ئاھالىسىنىڭ جەمەت باشلىقلىرى بولۇپ، گات ئاھالىسىنى ئۇ يەردىن قوغلىۋەتكەنىدى.

[14] بېرىئانىڭ ئوغۇللىرى: ئاخيو، شاشاق، يېرېموت، [15] زىبادىيا، ئاراد، ئەدەر، [16] مىكائىل، يىشپاھ ۋە يوخا.

[17] ئەلپائالنىڭ ئوغۇللىرى: زىبادىيا، مەشۇللام، خىزقى، خەبەر، [18] يىشمىراي، يىزلىئا ۋە يوباب.

[19] شىمئىنىڭ ئوغۇللىرى: ياقىم، زىكرى، زابدى، [20] ئەلىئېناي، زىللىتاي، ئەلىئېل، [21] ئادايا، بىرايا ۋە شىمرات.

[22] شاشاقنىڭ ئوغۇللىرى: يىشپان، ئېبەر، ئەلىئېل، [23] ئابدون، زىكرى، خانان، [24] خانانىيا، ئېلام، ئانتوتىيا، [25] يىفدىيا ۋە پەنۇئېل.

[26] يەروخامنىڭ ئوغۇللىرى: شامشىراي، شىخارىيا، ئاتالىيا، [27] يائارېشىيا، ئېلىيا ۋە زىكرى.

[28] يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جەمەت باشلىقلىرى ۋە يولباشچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئۆز جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىدا خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇلار يېرۇسالېمدا ياشايتتى.

[29] يەئىئېل گىبئون شەھىرىنى بىنا قىلىپ، شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى مائاكا بولۇپ، [30] تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئابدون، كېيىنكىلىرىنىڭ ئىسمى زۇر، كىش، بائال، نېر، ناداب، [31] گىدور، ئاخيو، زېكەر [32] ۋە مىقلوت ئىدى. مىقلوت بولسا شىمئامنىڭ ئاتىسى ئىدى. ئۇلارمۇ يېرۇسالېمدا ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا ياشىدى.

## پادىشاھ سائۇلنىڭ ئەۋلادلىرى

[33] نېر كىشنىڭ ئاتىسى، كىش پادىشاھ سائۇلنىڭ ئاتىسى ئىدى.

پادىشاھ سائۇلنىڭ يوناتان، مالكىشۇۋا، ئابىناداب ۋە ئەشبائال ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.

34 يوناتان مېرىب-بائالنىڭ ئاتىسى، مېرىب-بائال①
مىكاھنىڭ ئاتىسى ئىدى.
35 مىكاھنىڭ پىتون، مەلەك، تارېيا ۋە ئاخاز ئىسىملىك
ئوغۇللىرى بار ئىدى.
36 ئاخازنىڭ ئوغلى ياداھ،
ياداھنىڭ ئوغۇللىرى ئالەمەت، ئازماۋەت ۋە زىمرى،
زىمرىنىڭ ئوغلى موزا،
37 موزانىڭ ئوغلى بىنېئا،
بىنېئانىڭ ئوغلى رىفايا،
رىفايانىڭ ئوغلى ئەلئاسا،
ئەلئاسانىڭ ئوغلى ئازىل ئىدى.
38 ئازىلنىڭ ئالتە ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى
ئازرىقام، بوكىرۇ، ئىسمائىل، شېئاريا، ئوبادىيا
ۋە خانان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازىلنىڭ
ئوغۇللىرىدۇر.
39 ئازىلنىڭ ئىنىسى ئېشەقنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، تۇنجىسى
ئۇلام، ئىككىنچىسى يېئۇش، ئۈچىنچىسى ئەلىفەلەت
ئىدى. 40 ئۇلامنىڭ ئوغۇللىرى باتۇر جەڭچى ۋە مەرگەن
ئوقياچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئوغۇللىرى ۋە
نەۋرىلىرى بولۇپ، جەمئىي 150 كىشى ئىدى. مانا
بۇلارنىڭ ھەممىسى بىنيامىنىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

9 1 دېمەك، پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى ئۆزلىرىنىڭ جەمەت
نەسەبنامىلىرىغا خاتىرىلىنىپ، «ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ
تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەنىدى.

## سۈرگۈندىن يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەنلەر

يەھۇدىيە خەلقى پەرۋەردىگارغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقى
ئۈچۈن، بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغانىدى. 2 ئەڭ ئاۋۋال
روھانىيلار، لاۋىيلار، ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ۋە

① 8: 34 «مېرىب-بائال»نىڭ يەنە بىر ئىسمى «مەفىبوشەت»تۇر.

باشقا ئىسرائىللار قايتىپ كېلىپ، ئۆز شەھەرلىرىدە
ئولتۇراقلاشتى. [3] يەھۇدا، بىنيامىن، ئەفرايىم ۋە
ماناسسە قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمىلىرى يېرۇسالېمدا
ئولتۇراقلاشتى.
[4] بۇلارنىڭ ئىچىدە يەھۇدانىڭ ئوغلى پەرەسنىڭ ئەۋلادىدىن
بولغان ئۇتايمۇ بار ئىدى. ئۇتاي ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى،
ئاممىھۇد ئومرىنىڭ ئوغلى، ئومرى ئىمرىنىڭ ئوغلى،
ئىمرى باننىنىڭ ئوغلى ئىدى.
[5] قايتىپ كەلگەن شىلاھنىڭ ئەۋلادلىرى: شىلاھنىڭ تۇنجى
ئوغلى ئاسايا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى.
[6] زەراخنىڭ ئەۋلادى: يېئۇئېل.
يەھۇدا قەبىلىسىدىن قايتىپ كەلگەنلەر جەمئىي 690 كىشى
ئىدى.

## بىنيامىن قەبىلىسىدىن قايتىپ كەلگەنلەر

[7-8] بىنيامىن قەبىلىسىدىن قايتىپ كەلگەنلەر: مەشۇللامنىڭ
ئوغلى ساللۇ، (مەشۇللام ھوداۋىيانىڭ ئوغلى، ھوداۋىيا
ھاسسىنۇئانىڭ ئوغلى ئىدى) يېروخامنىڭ ئوغلى
يىبنېيا، ئۇززىنىڭ ئوغلى، يەنى مىكرىنىڭ نەۋرىسى
ئەلاھ، شەفاتىيانىڭ ئوغلى مەشۇللام (شەفاتىيا
رېئۇئېلنىڭ ئوغلى، رېئۇئېل يىبنىيانىڭ ئوغلى ئىدى).
[9] بىنيامىن نەسەبنامىسىغا كىرگەن كىشىلەردىن 956 ئادەم
قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەمەت
باشلىقلىرى ئىدى.

## روھانىيلاردىن قايتىپ كەلگەنلەر

[10] يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەن روھانىيلار: يېدايا،
يېھويارىب، ياكىن ۋە [11] خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ
باش نازارەتچىسى ئازاريا. ئازاريا خىلقىيانىڭ ئوغلى،
خىلقىيا مەشۇللامنىڭ ئوغلى، مەشۇللام زادوقنىڭ

ئوغلى، زادوق مىرايوتنىڭ ئوغلى، مىرايوت ئاختۇبنىڭ ئوغلى ئىدى.

[12] يىروخامنىڭ ئوغلى ئادايا (يىروخام پاشخۇرنىڭ ئوغلى، پاشخۇر مالكىيانىڭ ئوغلى ئىدى) ۋە ئادىئېلنىڭ ئوغلى ماسايمۇ (ئادىئېل ياخزېرانىڭ ئوغلى، ياخزېرا مىشۇللامنىڭ ئوغلى، مىشۇللام مىشىللىمىتنىڭ ئوغلى، مىشىللىمىت ئىممېرنىڭ ئوغلى) قايتىپ كەلگەنىدى.

[13] جەمئىي 1760 روھانىي قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار يەنە جەمەت باشلىقلىرى بولۇپ، خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا خىزمەت قىلىشقا قابىل كىشىلەر ئىدى.

## لاۋىيلاردىن قايتىپ كەلگەنلەر

[14] يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەن لاۋىيلار: خاششۇبنىڭ ئوغلى شىمايا (خاششۇب ئازرىقامنىڭ ئوغلى، ئازرىقام مىرارىلاردىن بولغان خاشابىيانىڭ ئوغلى ئىدى)، [15] باقباققار، خەرەش، گالال ۋە ماتتانىيا (ماتتانىيا مىكانىڭ ئوغلى، مىكا زىكرىنىڭ ئوغلى، زىكرى ئاسافنىڭ ئوغلى ئىدى)، [16] شىمايانىڭ ئوغلى ئوبادىيا (شىمايا گالالنىڭ ئوغلى، گالال يىدۇتۇننىڭ ئوغلى ئىدى) ۋە ئاسانىڭ ئوغلى بەرەكيا (بەرەكيا ئەلقانانىڭ نەۋرىسى بولۇپ، نىتوفانىڭ يېزىلىرىدا ياشىغانىدى).

## ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرىدىن قايتىپ كەلگەنلەر

[17] يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەن ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرى: شاللۇم، ئاققۇب، تالمون، ئاخمان ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى. شاللۇم ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىدى. [18] ئۇلار شۇنىڭدىن بېرى شەرق تەرەپتىكى «پادىشاھ دەرۋازىسى»دا دەرۋازىۋەنلىك قىلماقتا. بۇرۇن لاۋىيلارنىڭ قارارگاھىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا مۇھاپىزەتچىلىك قىلغانلارمۇ شۇلار ئىدى.

[19] ئەبىئاسافنىڭ نەۋرىسى، يەنى قورېنىڭ ئوغلى

شالل‍ۇم ۋە ئۇنىڭ كوراھ جەمەتىدىن بولغان قېرىنداشلىرىمۇ ئىبادەتخانىدا دەرۋازىۋەنلىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ بۇرۇن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرىنىڭ ھويلىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا قارىغانىدى.

[20] ئەلئازارنىڭ ئوغلى پىنىخاس بۇرۇن ئۇلارغا باشلىق بولغانىدى ۋە پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا يار ئىدى.

[21] مىشەلەميانىڭ ئوغلى زىكرىيا ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسىدا دەرۋازىۋەنلىك قىلغانىدى.

[22] دەرۋازىغا قاراشقا جەمئىي 212 كىشى تاللانغانىدى. نەسەبنامىدا ئۇلار ئۆزلىرى تۇرىدىغان يېزىلار بويىچە خاتىرىلەنگەنىدى. پادىشاھ داۋۇت بىلەن غايىبنى بىلگۈچى سامۇئىل بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا تاپشۇرغانىدى. [23] ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ دەرۋازىسىدا داۋاملىق دەرۋازىۋەنلىك قىلىپ كەلمەكتە. [24] ئىبادەتخانىنىڭ تۆت تەرىپىگە، يەنى شەرق، غەرب، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى دەرۋازىلىرىغا دەرۋازىۋەنلەر قويۇلغانىدى. [25] بۇلارغا ئۆز يېزىسىدىكى تۇغقانلىرى ياردەملىشىپ، نۆۋەت بىلەن يەتتە كۈندىن قارايتتى.

[26] تۆت نەپەر دەرۋازىۋەنلەر باشلىقى لاۋىيلاردىن بولۇپ، ئۇلار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئامبارلىرى ۋە خەزىنىلىرىگە قاراشقا مەسئۇل ئىدى. [27] ئۇلار ئىبادەتخانىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا، شۇنداقلا ھەر كۈنى سەھەردە ئىبادەتخانا دەرۋازىلىرىنى ئېچىشقا مەسئۇل بولغاچقا، تۈننى ئىبادەتخانىنىڭ ئەتراپىدا ئۆتكۈزەتتى.

[28] بەزى لاۋىيلار ئىبادەتكە ئىشلىتىدىغان بۇيۇملارغا قاراشقا مەسئۇل ئىدى. ئۇلار ھەر قېتىم بۇ بۇيۇملارنى ئېلىپ چىققاندا ياكى ئەكىرىپ قويغاندا ئۇلارنىڭ سانىنى ئالاتتى. [29] يەنە بىر قىسىم لاۋىيلار ئىبادەتخانىنىڭ مۇقەددەس جايىدىكى نەرسىلەرگە، باشقا بۇيۇملارغا ۋە ئۇن، شاراب، زەيتۇن يېغى، ئىسرىق،

خۇشبۇي ئەشيا قاتارلىقلارغا قارايتتى. [30] خۇشبۇي ئەشيالارنى تەئىشەپ مۇقەددەس ياغنى ياساش روھانىيلارنىڭ ئىشى ئىدى. [31] لاۋىيلارنىڭ كوراھ جەمەتىدىن بولغان شاللۇمنىڭ تۇنجى ئوغلى ماتتىتيا ئاشلىق ھەدىيەسى سۇپىتىدە پەرۋەردىگارغا سۇنۇلىدىغان نانلارنى پىشۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. [32] قوھات جەمەتىدىكىلەردىن بەزىلىرى ھەر دەم ئېلىش كۈنى پەرۋەردىگارغا ئاتىلىدىغان نانلارنى تەييارلاشقا مەسئۇل ئىدى.

[33] لاۋىيلارنىڭ بىر قىسىم جەمەت باشلىقلىرى ئىبادەتخانىنىڭ ھۇجرىلىرىدا تۇراتتى. ئۇلار ئىبادەتخانىدا كېچە-كۈندۈز نەغمە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا ئىش قىلمايتتى. [34] يۇقىرىدا ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان لاۋىيلار نەسەبنامىدا جەمەت باشلىقلىرى، دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇلار يېرۇسالېمدا تۇراتتى.

## پادىشاھ سائۇلنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئەۋلادلىرى

[35] يەئىئېل گىبئون شەھرىنى بىنا قىلىپ، شۇ يەرگە
ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى مائاكا بولۇپ،
[36] تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئابدون، كېيىنكىلىرىنىڭ
ئىسمى زۇر، كىش، بائال، نېر، ناداب، [37] گىدور، ئاخيو،
زىكىريا ۋە مىقلوت ئىدى. [38] مىقلوت بولسا شىمئامنىڭ
ئاتىسى ئىدى. ئۇلارمۇ يېرۇسالېمدا ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ
يېنىدا ياشىدى.
[39] نېر كىشنىڭ ئاتىسى،
كىش پادىشاھ سائۇلنىڭ ئاتىسى ئىدى.
پادىشاھ سائۇلنىڭ يوناتان، مالكىشۇۋا، ئابىناداب ۋە
ئەشبائال ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.
[40] يوناتان مېرىب-بائالنىڭ ئاتىسى،
مېرىب-بائال مىكاھنىڭ ئاتىسى ئىدى.
[41] مىكاھنىڭ پىتون، مەلەك، تاخرېيا ۋە ئاخاز ئىسىملىك
ئوغۇللىرى بار ئىدى.
[42] ئاخازنىڭ ئوغلى ياداھ،

ياداھنىڭ ئوغۇللىرى ئالەمەت، ئازماۋەت ۋە زىمرى،
زىمرىنىڭ ئوغلى موزا،
43 موزانىڭ ئوغلى بىنئا،
بىنئانىڭ ئوغلى رىفايا،
رىفايانىڭ ئوغلى ئەلئاسا،
ئەلئاسانىڭ ئوغلى ئازىل ئىدى.
44 ئازىلنىڭ ئالتە ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى
ئازرىقام، بوكرۇ، ئىسمائىل، شەئاريا، ئوبادىيا ۋە
خانان ئىدى. بۇلار ئازىلنىڭ ئوغۇللىرىدۇر.

## سائۇل ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ۋاپات بولۇشى

10 1 فىلىستىيەلىكلەر ئىسرائىللار بىلەن جەڭ قىلىشتى. نۇرغۇن ئىسرائىللار گىلبوۋا تېغىدا قازا قىلدى، قالغانلىرى فىلىستىيەلىكلەردىن قاچتى. 2 فىلىستىيەلىكلەر سائۇل ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئاخىرى سائۇلنىڭ ئوغۇللىرىدىن يوناتان، ئابىناداب، مالكىشۇۋالارنى ئۆلتۈردى. 3 سائۇلنىڭ ئەتراپىدا جەڭ ئەۋجىگە چىقتى. شۇ پەيتتە سائۇل دۈشمەن ئوقياچىلىرى ئاتقان ئوقتا يارىلاندى. 4 سائۇل ئۆزىنىڭ قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە:
- قىلىچىڭنى سۇغۇر، مېنى ئۆلتۈرۈۋەت، ئاۋۇ خەتنىسىزلەر كېلىپ، مېنى خورلىمىسۇن، - دېدى.
قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچى قاتتىق قورقۇپ كەتكىنىدىن ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى. سائۇل ئۆزىنىڭ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، ئۆزىنى قىلىچقا ئۇردى. 5 قورال-ياراغ كۆتۈرگۈچى سائۇلنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ ئۆزىنى قىلىچقا ئۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. 6 شۇنىڭ بىلەن سائۇل، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ۋە پۈتۈن نەسلى بىراقلا ھالاك بولدى. 7 يىزرىئەل تۈزلەڭلىكىدە تۇرۇۋاتقان پۈتۈن ئىسرائىلىيە لەشكەرلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى، سائۇل ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شەھەرلىرىنى تاشلاپ قاچتى. ئاندىن فىلىستىيەلىكلەر كېلىپ، ئۇ شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

## سائۇل ۋە ئوغۇللىرىنىڭ
## جەسەتلىرىنىڭ دەپنە قىلىنىشى

[8] ئەتىسى فىلىستىيەلىكلەر ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىشقا كەلگەندە، سائۇل بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ گىلبوۋا تېغىدا ئۆلۈك ھالدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، [9] سائۇلنىڭ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئاندىن كاللىسىنى كېسىۋالدى. فىلىستىيەلىكلەر ئۆز زېمىنىنىڭ ھەر تەرىپىگە چاپارمەنلەرنى ئەۋەتىپ، ئۆز بۇتخانىلىرىغا ۋە خەلققە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. [10] ئۇلار سائۇلنىڭ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ بۇتخانىسىغا قويۇپ، كاللىسىنى داگون ئىلاھنىڭ بۇتخانىسىغا مىخلاپ قويدى.
[11] گىلئادتىكى يابىش شەھىرىنىڭ ئاھالىسى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ سائۇلغا قىلغانلىرىنى ئاڭلاپ، [12] ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممە باتۇرلار ئاتلىنىپ، سائۇل بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ جەسەتلىرىنى يابىشقا ئاپىرىپ، ئاندىن سۆڭەكلىرىنى يابىشتىكى چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىگە دەپنە قىلىپ، يەتتە كۈن روزا تۇتتى.
[13-14] سائۇل پەرۋەردىگارغا قىلغان ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن ھالاك بولدى. ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغان ئەمرىگە رىئايە قىلمىدى. ھەتتا ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىنى بىلىپ بېقىشنى خالىمىدى، ئەكسىچە ئەرۋاھ چاقىرىدىغان باخشى ئايالدىن مەسلىھەت سورىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھلىقنى يىشاينىڭ ئوغلى داۋۇتقا بەردى.

## داۋۇتنىڭ ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولۇشى

11 [1] شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى ھېبرونغا كېلىپ، داۋۇتنىڭ قېشىغا يىغىلدى. ئۇلار داۋۇتقا:
— قارىسىلا، بىز سىلىنىڭ جانجىگەر تۇغقانلىرى بولىمىز. [2] بۇرۇن سائۇل بىزگە پادىشاھ بولغان ۋاقىتتا، سىلى ئۇرۇشلاردا ئىسرائىل خەلقىگە باشچىلىق قىلغانىدىلە. پەرۋەردىگار خۇدايىمۇ سىلىگە: «خۇددى بىر پادىچى ئۆز قويلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر

ئالغاندەك، سەنمۇ مېنىڭ خەلقىم بولغان ئىسرائىللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسەن ۋە ئۇلارغا باش بولسەن» دېگەنىدى، - دېيىشتى.
[3] شۇنداق قىلىپ، داۋۇت ھېبروندا ئىسرائىللارنىڭ بارلىق ئاقساقاللىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ: «پەرۋەردىگار گۇۋاھ بولسۇن» دېيىشتى. ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ سامۇئىل ئارقىلىق ۋەدە قىلغىنى بويىچە داۋۇتنىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇپ، ئۇنى پۈتۈن ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى.

## پادىشاھ داۋۇت يېرۇسالېمنى ئېلىشى

[4] پادىشاھ داۋۇت ۋە پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى يېرۇسالېم شەھرىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئۇ چاغدا يېرۇسالېم يېبۇس دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردە يېبۇس خەلقى ياشايتتى. [5] يېبۇسلار داۋۇتقا:
- سەن بۇ شەھەرگە كىرەلمەيسەن، - دېدى.
(كېيىن داۋۇت يېرۇسالېمدىكى سىئون قەلئەسىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالدى ۋە بۇ قەلئەگە «داۋۇت شەھىرى» دەپ نام بەردى.)
[6] داۋۇت ئۆز ئادەملىرىگە:
- كىمكى بىرىنچى بولۇپ يېبۇسلارنى ئۆلتۈرسە، شۇ ئادەم لەشكەرلىرىمنىڭ بېشى ۋە سەركەردىسى بولىدۇ، - دېدى.
مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب بىرىنچى بولۇپ يېبۇسلارنى ئۆلتۈرۈپ، لەشكەر بېشى بولدى.
[7] شۇنداق قىلىپ، داۋۇت سىئون قەلئەسىنى ئىگىلەپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەلئە «داۋۇت شەھىرى» دەپ ئاتالدى. [8] داۋۇت يېرۇسالېم شەھىرىنى تىندۇرۇلغان يەردىن باشلاپ تۆت ئەتراپىدىكى سېپىلغىچە كېڭەيتىپ قۇردى. شەھەرنىڭ قالغان قىسمىنى يوئاب قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى. [9] داۋۇت كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى، چۈنكى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا يار ئىدى.

## داۋۇتنىڭ باھادىرلىرى

[10] تۆۋەندىكىلەر داۋۇتنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدىكى باھادىرلار ئىدى. ئۇلار پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى بىلەن بىرلىكتە پەرۋەردىگارنىڭ

ئىسرائىل ھەققىدە ئېيتقان سۆزى بويىچە داۋۇتنى پادىشاھ قىلغانلار ھەمدە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا كۈچلۈك مەدەت بەرگەنلەردۇر.

[11] داۋۇتنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدىكى باھادىرلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچىسى خاكمونىلىق ياشوبېئام بولۇپ، ئۇ «ئۈچ باھادىر»نىڭ بېشى ئىدى. ئۇ بىر قېتىملىق جەڭدە نەيزىسى بىلەن ئۈچ يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردى.

[12] «ئۈچ باھادىر»نىڭ ئىككىنچىسى ئاخوۋاخ ئەۋلادىدىن بولغان دودونىڭ ئوغلى ئەلئازار ئىدى. [13] فىلىستىيەلىكلەر جەڭ قىلىش ئۈچۈن پاسداممىمغا يىغىلغاندا، ئىسرائىل لەشكەرلىرى فىلىستىيەلىكلەردىن قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئەلئازار بىلەن داۋۇت ئارپىلىقتا بولۇپ، [14] ئۇلار ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇپ، فىلىستىيەلىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئېتىزلىقنى قوغداپ قالىدۇ. بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا ئاتا قىلغان زور غەلىبىسى ئىدى.

[15-16] بىر قېتىم داۋۇتنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدىكى «ئوتتۇز باتۇر» دەپ نام ئالغان باتۇرلاردىن ئۈچى داۋۇت بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن «ئادۇللام» دېگەن غارنىڭ ئەتراپىدىكى قورام تاشنىڭ يېنىغا بارىدۇ. بۇ چاغدا داۋۇت تاغدىكى ئاشۇ غاردا پاناھلىنىۋاتقانىدى. دەل شۇ پەيتتە فىلىستىيە لەشكەرلىرىنىڭ بىر قاراۋۇل ئەترىتى رافاھلار جىلغىسىدا بارگاھ قۇرىدۇ. فىلىستىيەنىڭ يەنە بىر قىسىم لەشكەرلىرى بەيتلەھەمنى ئىگىلىۋالىدۇ. [17] داۋۇت:

ـ بىرەرسى ماڭا بەيتلەھەمنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى قۇدۇقتىن سۇ ئەكېلىپ بەرگەن بولسا ئىدى! ـ دەيدۇ تەشنالىق بىلەن.

[18] ھېلىقى ئۈچ باتۇر فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بارگاھىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، بەيتلەھەمنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، سۇنى داۋۇتقا ئەكېلىپ بېرىدۇ. لېكىن داۋۇت سۇنى ئىچىشنى خالىمايدۇ ۋە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ يەرگە تۆكىدۇ. ئۇ:

[19] ـ خۇدايىم مېنى بۇ سۇنى ئىچىشتىن ساقلىغايسەن. بۇ سۇ ھاياتىنى ئۆلۈمگە تىكىپ قويۇپ، سۇ ئالغىلى بارغان باتۇرنىڭ قېنىدەك قىممەتلىك ئەمەسمۇ؟ ـ دەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بۇ سۇنى ئىچمەيدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىش بۇ ئۈچ باتۇرنىڭ كۆرسەتكەن جەسۇرلۇقى ئىدى.

[20] يوئابنىڭ ئاكىسى ئابىشاي «ئوتتۇز باتۇر»نىڭ بېشى ئىدى. ئۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا نەيزىسى بىلەن ئۈچ يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، «ئۈچ باھادىر»دەك شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ. [21] ئۇ «ئوتتۇز باتۇر»نىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشى ئىدى. بىراق ئۇ «ئۈچ باھادىر»نىڭ ئىچىدە ئەمەس ئىدى.

[22] يەھويادانىڭ ئوغلى قابزىئېللىق بىنايا جەسۇر جەڭچى بولۇپ، نۇرغۇن چوڭ ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇ موئابلارنىڭ باتۇر لەشكىرىدىن ئىككىنى ئۆلتۈرىدۇ. قار ياغقان بىر كۈنى ئورىغا چۈشۈپ، بىر شىرنى ئۆلتۈرىدۇ. [23] ئۇ يەنە بويىنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر كېلىدىغان بىر مىسىرلىقنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ مىسىرلىقنىڭ قولىدا بىر نەيزە بولۇپ، نەيزىسىنىڭ دەستىسى رەخت توقۇيدىغان دەستىگاھنىڭ ئوقىدەك توم ئىدى. بىنايا مىسىرلىققا كالتەك بىلەنلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ، ئاشۇ نەيزە بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. [24] بۇلار يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايانىڭ قىلغان ئىشلىرىدۇر. شۇڭا ئۇمۇ «ئۈچ باھادىر»دەك شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ. [25] ئۇنىڭ داڭقى «ئوتتۇز باتۇر»نىڭكىدىن ئۈستۈن بولسىمۇ، بىراق «ئۈچ باھادىر»نىڭ ئىچىدە ئەمەس ئىدى. داۋۇت بىنايانى ياساۋۇللار باشلىقى قىلىدۇ.

[26] تۆۋەندىكىلەرمۇ داۋۇتنىڭ باتۇرلىرىدىن ئىدى:

يوئابنىڭ ئىنىسى ئاسائېل،
بەيتلەھەملىك دودونىڭ ئوغلى ئەلخانان،
[27] ھارورلۇق شامموت،
پېلونلۇق خەلەز،
[28] تەقوۋالىق ئىققېشنىڭ ئوغلى ئىرا،
ئاناتوتلۇق ئابىئەزەر،
[29] خۇشاھلىق سىببىكاي،
ئاخوۋاخلىق ئىلاي،
[30] نەتوفالىق ماھراي،

باﺋاناننىڭ ئوغلى نىتوفالىق خېلەد،
31 بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان گىبېئاھلىق رىباينىڭ ئوغلى ئىتاي،
پىرئاتونلۇق بىنايا،
32 گائاش سايلىقىدىن كەلگەن خۇراي،
ئارابالىق ئابىئېل،
33 باخۇرىملىق ئازماۋەت،
شائالبىملىق ئەلياخبا،
34 گىزونلۇق ھاشېمنىڭ ئوغۇللىرى،
ھارارلىق شاگېنىڭ ئوغلى يوناتان،
35 ھارارلىق ساكارنىڭ ئوغلى ئاخىئام،
ئۇرنىڭ ئوغلى ئېلىفال،
36 مىكېرالىق خېفەر،
پىلونلۇق ئاخىيا،
37 كارمەللىك خەزرو،
ئەزبانىڭ ئوغلى ناﺋاراي،
38 ناتاننىڭ ئىنىسى يوئېل،
ھاگرىنىڭ ئوغلى مىبخار،
39 ئاممونلاردىن بولغان زەلەق،
بەئەروتلۇق ناخراي (ناخراي زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئابنىڭ ياراغ كۆتۈرگۈچىسى ئىدى)،
40 يىترىلاردىن بولغان ئىرا بىلەن گارېب،
41 خىتلاردىن بولغان ئۇرىيا،
ئاخلاينىڭ ئوغلى زاباد،
42 شىزانىڭ ئوغلى ھەمدە رۇبېن قەبىلىسىنىڭ يېتەكچىسى بولغان ئادىنا ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇز لەشكىرى،
43 مائاكانىڭ ئوغلى خانان،
مىتانلىق يوشافات،
44 ئاشتاروتلۇق ئۇززىيا،
ئاروئېرلىق خوتامنىڭ ئوغۇللىرى شاما بىلەن يېئىئېل،

[45] شىمرىنىڭ ئوغلى يىدىئائىل بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى تىزلىق
يوخا،
[46] ماخاۋىلىق ئەلىئىل،
ئەلنائامنىڭ ئوغۇللىرى يېرىبا بىلەن يوشاۋىيا،
موئابلىق يىتماھ،
[47] ئەلىئىل، ئوبېد ۋە مىزوبايالىق يائاسىئىل.

## داۋۇتقا قوشۇلغان باتۇرلار

12 [1] داۋۇت كىشنىڭ ئوغلى، يەنى پادىشاھ سائۇلدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ زىقلاقتا بېرىۋالغاندا، جەڭ قىلالايدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى. [2] ئۇلار بىنيامىن قەبىلىسىدىن، يەنى سائۇلنىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، ئوڭ ۋە سول قوللىرى بىلەن ئوقيا ۋە سالغا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

[3] ئاخىئەزەر ۋە يوئاش ئۇلارنىڭ بېشى بولۇپ، بۇلار
گىبېئاھلىق شىمائانىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
ئازماۋەتنىڭ ئوغۇللىرى بولغان يىزىئېل ۋە پەلەت،
ئاناتوتلۇق يېھۇ، بىراكا، [4] گىبېئونلۇق يىشمايا. يىشمايا
«ئوتتۇز باتۇر»نىڭ بىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى
ئىدى.
يەرەمىيا، ياخازىئېل، يوخانان، گىدېرالىق يوزاباد،
[5] ئەلۇزاي، يېرىموت، بېئاليا، شىماريا، خارۇفلۇق شىفاتىيا،
[6] كوراھلاردىن بولغان ئەلقانا، يىششىيا، ئازارئېل، يوئەزەر،
ياشوبېئام،
[7] گېدورلۇق يىروخامنىڭ ئوغۇللىرى بولغان يوئېلا ۋە
زىباديا.

[8] گاد قەبىلىسىدىكى ئۇرۇشقا ماھىر باتۇر جەڭچىلەر داۋۇت تەرەپكە ئۆتمەكچى بولۇپ، ئۇ تۇرۇۋاتقان قاقاسلىقتىكى غارغا باردى. ئۇلار قالقان ۋە نەيزە ئىشلىتىشكە ماھىر ئىدى. ئۇلار شىر قىياپەتلىك بولۇپ، تاغدىكى جەرەنلەردەك تېز يۈگۈرەتتى.

9 ئۇلارنىڭ بېشى ئەزەر،
ئىككىنچىسى ئوبادىيا،
ئۈچىنچىسى ئەلىئاب،
10 تۆتىنچىسى مىشماننا،
بەشىنچىسى يەرەمىيا،
11 ئالتىنچىسى ئاتتاي،
يەتتىنچىسى ئەلىئېل،
12 سەككىزىنچىسى يوخانان،
توققۇزىنچىسى ئەلزاباد،
13 ئونىنچىسى يەرەمىيا،
ئون بىرىنچىسى ماكبانناي ئىدى.

14 بۇ سەركەردىلەر گاد قەبىلىسىدىن بولۇپ، تۆۋەنلىرى يۈز ئادەمگە، ئەڭ يۇقىرىلىرى مىڭ ئادەمگە باشچىلىق قىلاتتى. 15 ئەتىياز كېلىپ، ئىئوردان دەرياسىدىكى سۇلار كۆپىيىپ قىرغاقلىرىدىن تاشقاندا، دەل مۇشۇ سەركەردىلەر دەريادىن ئۆتۈپ، جىلغىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى كىشىلەرنى قوغلىۋەتكەن ئىدى.
16 بىنيامىن ۋە يەھۇدا قەبىلىلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر غاردىكى داۋۇتنىڭ يېنىغا كېلىشتى. 17 داۋۇت غاردىن سىرتقا چىقىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. داۋۇت:
ـ ئەگەر سىلەر ياخشى نىيەتلەر بىلەن ماڭا ياردەم بېرىشكە كەلگەن بولساڭلار، مەن سىلەر بىلەن بىر نىيەتتىدۇرمەن. ئەگەر سىلەر مەندەك بىر گۇناھسىزنى دۈشمەنلىرىمگە ساتماقچى بولۇپ كەلگەن بولساڭلار، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا سىلەرنى جازالىسۇن، ـ دېدى.
18 شۇ چاغدا خۇدانىڭ روھى «ئوتتۇز باتۇر»نىڭ بېشى بولغان ئاماسايغا چۈشتى. ئاماساي:
ـ ئەي داۋۇت، بىز ساڭا تەئەللۇقمىز، ئەي يەسشاينىڭ ئوغلى، سەن بىلەن بىللىدۇرمىز! ساڭا ۋە ساڭا ياردەم قىلغۇچىلارغا تىنچ-ئامانلىق يار بولغاي! ھەقىقەتەن خۇدا ساڭا ياردەم قىلغۇچىدۇر، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى لەشكەرلەرنىڭ بېشى قىلىپ تەيىنلىدى.

[19] داۋۇت فىلىستىيەلىكلەر بىلەن بىرلىكتە سائۇلغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا، ماناسسە قەبىلىسىدىن بەزىلەر داۋۇت تەرەپكە ئۆتتى. (لېكىن كېيىن فىلىستىيەلىكلەر داۋۇتنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بەگلىرى: «ئەگەر داۋۇت ئۆز خوجايىنى سائۇل تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە، بېشىمىز تېنىمىزدىن جۇدا بولۇشى مۇمكىن!» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتكەنىدى.)

[20] داۋۇت زىقلاققا قايتىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭغا قوشۇلغان ماناسسە قەبىلىسىدىكىلەر: ئادناخ، يوزاباد، يەدىئائېل، مىكائىل، يوزاباد، ئەلىھۇ ۋە زىللىتاي. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماناسسە قەبىلىسىنىڭ مىڭبېشىلىرى ئىدى. [21] ئۇلارنىڭ ھەممىسى باتۇر جەڭچىلەر بولۇپ، كېيىن ئۇلار داۋۇت قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرىگە ئايلاندى ۋە داۋۇتنىڭ قاراقچىلارغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم قىلدى. [22] داۋۇتقا ياردەم بەرگىلى كەلگەنلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى خۇددى خۇدانىڭ قوشۇنىدەك بۈيۈك بىر قوشۇنغا ئايلاندى.

[23] پەرۋەردىگار سائۇلنىڭ پادىشاھلىقىنى داۋۇتقا ئېلىپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغانىدى. داۋۇت ھېبروندىكى ۋاقتىدا نۇرغۇن قوراللىق لەشكەرلەر كېلىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

[24] يەھۇدا قەبىلىسىدىن قالقان ۋە نەيزە بىلەن قوراللانغان 6800 جەڭچى.
[25] شىمون قەبىلىسىدىن 7100 باتۇر جەڭچى.
[26] لاۋىي قەبىلىسىدىن 4600 جەڭچى. [27] ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھارۇن جەمەتىنىڭ باشلىقى بولغان يەھويادا ۋە ئۇنىڭ 3700 ئادىمى، [28] شۇنداقلا ياش باتۇر زادوق ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىن كەلگەن 22 سەركەردە بار ئىدى.

[29] بىنيامىن قەبىلىسىگە تەۋە بولغان سائۇلنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن 3000 جەڭچى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ ۋاقىتقىچە سائۇل جەمەتىگە سادىق بولۇپ كەلگەنىدى.
[30] ئەفرايىم قەبىلىسىدىن 20,800 جەڭچى، بۇلار ئۆز جەمەتلىرىدە نامى بار باتۇر جەڭچىلەر ئىدى.
[31] ماناسسە قەبىلىسىنىڭ غەربىي يېرىمىدىن 18,000 جەڭچى، ئۇلار داۋۇتنى پادىشاھ قىلىش ئۈچۈن ئالايىتەن تاللىنىپ كەلگەنىدى.
[32] ئىسساكار قەبىلىسىدىن ۋەزىيەتنى چۈشىنىدىغان، ئىسرائىللارنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىدىغان 200 باشچى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى.
[33] زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن جەڭگە تەييار 50,000 جەڭچى، ئۇلار ھەر خىل قورال-ياراغلار بىلەن جەڭگە تەييارلانغان بولۇپ، داۋۇتقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياردەم قىلماقچىدى.
[34] نافتالى قەبىلىسىدىن 1000 سەركەردە ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى قالقان ۋە نەيزە بىلەن قوراللانغان 37,000 جەڭچى.
[35] دان قەبىلىسىدىن جەڭگە تەييار 28,600 جەڭچى.
[36] ئاشىر قەبىلىسىدىن جەڭگە تەييار 40,000 جەڭچى.
[37] ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى رۇبېن، گاد ھەم ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمىدىن ھەر خىل قورال-ياراغلار بىلەن قوراللانغان 120,000 جەڭچى.

[38] بۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى سەپ تۈزۈشۈپ ھېبرونغا كەلدى. بۇلار داۋۇتنى پۈتۈن ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھى قىلىشتا بىر نىيەتتە ئىدى. قالغان پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىمۇ داۋۇتنى پادىشاھ قىلىش ئۈچۈن ئىتتىپاقلاشقانىدى. [39] ئۇلار ھېبروندا قېرىنداشلىرى تەييارلاپ قويغان غىزالارنى داۋۇت بىلەن بىرلىكتە ئۈچ كۈن يەپ-ئىچىشتى. [40] ئۇلارغا ھەتتا ئىسساكار، زەبۇلۇن ۋە نافتالىدەك يىراقتا تۇرىدىغان قەبىلىلەرمۇ ئېشەك، تۆگە، قېچىر

ۋە بۇقىلارغا زور مىقداردا ئوزۇق-تۈلۈك، يەنى ئۇن، ئەنجۈر قېقى، كىشمىش، شاراب، زەيتۇن يېغى قاتارلىقلارنى ئارتىپ ۋە كالا، قويلارنى ھەيدەپ ئېلىپ كەلگەنىدى. چۈنكى ئىسرائىلىيە شاد-خۇراملىقتا چۆمگەنىدى.

## ئەھدە ساندۇقىنىڭ يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىنىشى

13 [1] داۋۇت مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن
مەسلىھەتلەشتى، [2-3] ئاندىن پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە
مۇنداق دېدى:

— ئەگەر سىلەر مۇۋاپىق كۆرسەڭلار ۋە پەرۋەردىگارىمىز خۇدا ئىرادە قىلسا، بىز ئىسرائىلىيەنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ياشايدىغان، جۈملىدىن شەھەر ۋە يايلاقلاردا ياشايدىغان روھانىي بىلەن لاۋىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا خەۋەر يەتكۈزەيلى، ئۇلار ئالدىمىزغا يىغىلسۇن. ئاندىن بىز خۇدايىمىزنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلەيلى، چۈنكى پادىشاھ سائۇلنىڭ دەۋرىدە بىزنىڭ خۇدايىمىزنىڭ ئەھدە ساندۇقى بىلەن ھېچ كارىمىز بولمىدى.

[4] بۇ ئىشنى پۈتۈن خەلق توغرا دەپ قارىغاچقا، ھەممەيلەن ماقۇل بولۇشتى.

## ئۇززا ۋە ئەھدە ساندۇقى

[5] شۇڭا داۋۇت خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قىريات-يېئارىم
شەھىرىدىن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مىسىرنىڭ شىخور دەرياسىدىن تاكى
لىبو-خاماتقىچە بولغان ئارىلىقتا ياشايدىغان پۈتۈن ئىسرائىللارنى
يىغدى. [6] داۋۇت پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ
كېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى باشلاپ، يەھۇدىيەنىڭ بائالا شەھىرىگە، يەنى
قىريات-يېئارىم شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. پەرۋەردىگارنىڭ
تەختى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى كېرۇبلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
بولۇپ، ئۇنىڭ نام-شەرىپى ئەھدە ساندۇقىدا ئىدى. [7] ئۇلار خۇدانىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى ئابىنادابنىڭ ئۆيىدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ، يېڭى
بىر ھارۋىنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئۇززا ۋە ئاخىيو ھارۋىنى ھەيدەپ

ماڭدى. [8] داۋۇت ۋە پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى لىرا، چىلتار، داپ،
جاڭ ۋە كانايلارنى چېلىپ، ھاياجان بىلەن ناخشا ئېيتىپ، خۇداغا
مەدھىيە ئوقۇدى.
[9] ئۇلار كىدوننىڭ خامىنىغا كەلگەندە ئۆكۈز پۇتلىشىپ كەتتى.
خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ھارۋىدىن چۈشۈپ كېتەي دېگەندە،
ئۇززا قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنى تۇتۇۋالدى. [10] ئۇ ئەھدە ساندۇقىغا
خالىغانچە قولىنى تەگكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارنىڭ
غەزىپى كېلىپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. ئۇ خۇدانىڭ ئالدىدا
جان بەردى. [11] داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئۇززانى جازالىغانلىقىغا
خاپا بولۇپ، ئۇ يەرنى «پەرەس-ئۇززا» [مەنىسى «ئۇززانىڭ
جازالىنىشى»] دەپ ئاتىدى. بۇ يەر شۇنىڭدىن بېرى شۇ نام
بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.
[12] شۇ كۈنى داۋۇت خۇدادىن قورقۇپ: «خۇدانىڭ ئەھدە
ساندۇقىغا قاراش ۋەزىپىسىنى قانداق قىلىپ ئۈستۈمگە
ئالالايمەن؟» دەپ ئويلىدى. [13] شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەھدە ساندۇقىنى
ئۆزى تۇرۇۋاتقان داۋۇت شەھىرىگە ئەكەلمەي، ئۇنى گاتلىق
ئوبېد-ئېدومنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. [14] خۇدانىڭ ئەھدە
ساندۇقى ئوبېد-ئېدومنىڭ ئۆيىدە ئۈچ ئاي تۇردى. پەرۋەردىگار
ئوبېد-ئېدومنىڭ ئۇرۇق-جەمەتى ۋە پۈتۈن مال-مۈلكىگە
بەرىكەت ئاتا قىلدى.

## داۋۇتنىڭ يېرۇسالېمدىكى پائالىيەتلىرى

14 [1] تىر پادىشاھى ھىرام داۋۇتقا ئوردا سېلىپ بېرىش
ئۈچۈن ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە كېدىر
ياغاچلىرى، تاشچىلار ۋە ياغاچچىلارنىمۇ ئەۋەتتى. [2] شۇنىڭ بىلەن
داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنى ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ قىلىپ
تىكلىگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆز خەلقى بولغان ئىسرائىللار ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى گۈللەندۈرگەنلىكىنى بىلدى.
[3] داۋۇت يېرۇسالېمدا يەنە بىرقانچە ئايال ئالدى ۋە نۇرغۇن پەرزەنت
كۆردى. [4] يېرۇسالېمدا تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرى:

شامموۋا، شوباب، ناتان، سۇلايمان، [5] يىبخار، ئەلىشۇۋا، ئەلىپەلەت، [6] نوگاھ، نەفەگ، يافىيا، [7] ئەلىشاما، بىئەلىيادا ۋە ئەلىفەلەت.

## پادىشاھ داۋۇتنىڭ فىلىستىيەلىكلەرنى يېڭىشى

[8] داۋۇتنىڭ بېشىغا ياغ قۇيۇلۇپ، پۈتۈن ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولغانلىقىنى ئاڭلىغان فىلىستىيەلىكلەر لەشكەرلىرىنى داۋۇتنى تۇتۇشقا ئەۋەتتى. داۋۇت بۇنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. [9] فىلىستىيەلىكلەر كېلىپ، رافاھلار جىلغىسىدا بۇلاڭچىلىق قىلدى. [10] داۋۇت خۇدادىن:

- مەن فىلىستىيەلىكلەرگە قارشى جەڭگە چىقايمۇ؟ ئۇلارنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرامسەن؟ - دەپ سورىدى.

پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:

- جەڭگە چىق، مەن ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن، - دېدى.

[11] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئادەملىرى بىلەن بائال-پىرازىمغا بېرىپ، فىلىستىيەلىكلەرنى مەغلۇپ قىلدى ۋە: «خۇدا مېنىڭ قولۇم بىلەن دۈشمەنلىرىم ئۈستىدىن خۇددى كەلكۈندەك بۆسۈپ ئۆتتى» دېدى. شۇڭا بۇ يەرگە «بائال-پىرازىم» [مەنىسى «بۆسۈپ ئۆتكۈچى ئىلاھ»] دەپ نام بېرىلدى. [12] فىلىستىيەلىكلەر قاچقاندا، ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىنى شۇ يەرگە تاشلاپ قاچقانىدى. داۋۇت ئادەملىرىگە بۇتلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى.

[13] كېيىن فىلىستىيەلىكلەر يەنە رافاھلار جىلغىسىدا بۇلاڭچىلىق قىلدى. [14] داۋۇت يەنە خۇدادىن نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى سورىدى، خۇدا ئۇنىڭغا:

- ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلماي، ئارقا تەرىپىگە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تېرەكلىكنىڭ يېنىدىن ھۇجۇم قىل. [15] سەن تېرەكلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن لەشكەرلىرىمنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىشىڭ بىلەنلا تېز ھۇجۇم قىل. چۈنكى شۇ چاغدا مەن سېنىڭ ئالدىڭدا فىلىستىيەلىكلەرنىڭ قوشۇنىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولىمەن، - دېدى.

[16] شۇنداق قىلىپ، داۋۇت خۇدانىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش كۆردى. ئۇلار فىلىستىيەلىكلەرنى گىبئوندىن گەزەرگىچە قوغلاپ يوروپ، قىردى [17] داۋۇتنىڭ شۆھرىتى ھەممە ئەللەرگە تارقالدى ۋە پەرۋەردىگار ھەممە خەلقلەرنى ئۇنىڭدىن قورقىدىغان قىلىپ قويدى.

## ئەھدەساندۇقىنىڭ يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىنىشى

15 [1] داۋۇت ئۆزىگە داۋۇت شەھرىدە سارايلارنى سالدۇردى. كېيىن يەنە خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئۈچۈن ئورۇن تەييارلاپ، چېدىر تىكتۈردى. [2] ئاندىن داۋۇت مۇنداق دېدى:

— خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى لاۋىيلاردىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرسە بولمايدۇ، چۈنكى پەرۋەردىگار لاۋىيلارنى ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈشكە ۋە مەڭگۈ ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تاللىغاندۇر.

[3] داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى تەييارلانغان ئورۇنغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىنى يېرۇسالېمغا يىغدى. [4] ئۇ يەنە ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن لاۋىيلارنى چاقىرتىپ كەلدى. كەلگەنلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

[5] قوھاتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن: جەمەت باشلىقى ئۇرىئېل ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن 120 كىشى،
[6] مېرارىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن: جەمەت باشلىقى ئاسايا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن 220 كىشى،
[7] گېرشوننىڭ ئەۋلادلىرىدىن: جەمەت باشلىقى يوئېل ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن 130 كىشى،
[8] ئەلىزافاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن: جەمەت باشلىقى شېمايا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن 200 كىشى،
[9] ھېبروننىڭ ئەۋلادلىرىدىن: جەمەت باشلىقى ئەلىئېل ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن 80 كىشى،
[10] ئۇززىئېلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن: جەمەت باشلىقى ئاممىناداب ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن 112 كىشى.

[11] داۋۇت روھانىي زادوق، روھانىي ئەبىياتار ۋە لاۋىيلاردىن بولغان ئۇرىئېل، ئاسايا، يوئېل، شىمايا، ئەلىئېل ۋە ئاممىنادابلارنى چاقىرتىپ، [12] ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

- سىلەر لاۋىي قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىسىلەر. شۇڭا سىلەر ۋە لاۋىي قېرىنداشلىرىڭلار ئۆزلىرىڭلارنى پاكلاپ، پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى مەن تەييارلىغان ئورۇنغا ئېلىپ كېلىڭلار. [13] ئالدىنقى قېتىم سىلەر ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ باقمىدىڭلار. بىزمۇ پەرۋەردىگارىمىز خۇدادىن ئەھدە ساندۇقىنى قانداق كۆتۈرۈپ، ئېلىپ كېلىشىمىزنى سوراپ باقمىدۇق. شۇڭا پەرۋەردىگار بىزگە غەزەپ قىلدى. [14] شۇنىڭ بىلەن روھانىيلار بىلەن لاۋىيلار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پاكلىدى. [15] لاۋىيلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بالداقلار بىلەن مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ ماڭدى.

[16] داۋۇت يەنە لاۋىيلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا لاۋىي قېرىنداشلىرىدىن نەغمىچىلەر تەيىنلەشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ چىلتار، لىرا، جاڭ قاتارلىق سازلارنى چېلىپ، شاد-خۇرام بولۇشىنى تاپىلىدى. [17] لاۋىيلار تۆۋەندىكى ئادەملەرنى تاللىدى: يوئېلنىڭ ئوغلى ھېمان، بەرەكيانىڭ ئوغلى ئاساف ۋە مىرارىلاردىن قۇشايانىڭ ئوغلى ئېتان. [18] ئۇلار يەنە لاۋىيلاردىن تۆۋەندىكى ئادەملەرنى تاللاپ، ئۇلارغا ياردەمچى قىلدى: زىكرىيا، يائازىئېل، شىمىراموت، يەخىئېل، ئۇننى، ئەلىئاب، بىنايا، مائاسېيا، ماتتىتيا، ئەلىفەلېھۇ، مىقنېيا، ۋە دەرۋازىۋەنلەردىن ئوبېد-ئېدوم ۋە يېئىئېل.

[19] نەغمىچى ھېمان، ئاساف ۋە ئېتان تۇچ جاڭلارنى چېلىشقا تەيىنلەندى. [20] زىكرىيا، ئازىئېل، شىمىراموت، يەخىئېل، ئۇننى، ئەلىئاب، مائاسېيا ۋە بىنايالار يۇقىرى ئاۋازلىق چىلتار چېلىشقا تەيىنلەندى. [21] ماتتىتيا، ئەلىفەلېھۇ، مىقنېيا، ئوبېد-ئېدوم، يېئىئېل ۋە ئازازىيالار تۆۋەن ئاۋازلىق لىرا چېلىشقا تەيىنلەندى. [22] لاۋىيلارنىڭ

بېشى بولغان كىنانىيانىڭ كەسپىي قابىلىيىتى يۇقىرى بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇ ناخشا ئېيتقۇچىلارغا مەسئۇل قىلىندى.
[23] بەرەكيا بىلەن ئەلقانا ئەھدە ساندۇقى بار ئۆينىڭ ئىشىك باقارى
بولدى. [24] شىبانىيا، يوشافات، نىتانئېل، ئاماساي، زىكرىيا، بىنايا
ۋە ئەلىئەزەر قاتارلىق روھانىيلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئالدىدا
كاناي چېلىشقا بەلگىلەندى. ئوبېد-ئېدوم بىلەن يېخىيامۇ ئەھدە
ساندۇقى بار ئۆينىڭ ئىشىك باقارى بولدى.
[25] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئىسرائىل ئاقساقاللىرى ۋە مىڭبېشىلىرى
بىلەن بىرگە ئوبېد-ئېدومنىڭ ئۆيىدىن ئەھدە ساندۇقىنى خۇشال
ھالدا ئېلىپ چىقتى. [26] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ
ماڭغان لاۋىيلارغا خۇدا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار يەتتە
بۇقا ۋە يەتتە قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى. [27] شۇ ۋاقىتتا داۋۇت
ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىلگەن تون كىيىۋالغانىدى. ئەھدە
ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان لاۋىيلار، نەغمىچىلەر، شۇنداقلا ناخشا
ئېيتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىسى بولغان كىنانىيامۇ ئوخشاشلا ئېسىل
زىغىر يىپتىن تىكىلگەن تونلارنى كىيىشىۋالغانىدى. داۋۇت يەنە
زىغىر رەختتىن تىكىلگەن روھانىيلىق پەرتۇقىنى تاقىۋالغانىدى.
[28] شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىسرائىللار ئالقىش ياڭرىتىپ، بۇرغا، كاناي،
جاڭ، چىلتار ۋە لىرا چېلىشىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
يېرۇسالېمغا كۆتۈرۈپ ماڭدى.
[29] پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى داۋۇت شەھىرىگە ئېلىپ
كىرىلگەن ۋاقىتتا، سائۇلنىڭ قىزى مىكال دېرىزىدىن پادىشاھ
داۋۇتنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ تەنتەنە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،
كۆڭلىدە ئۇنى مەنسىتمىدى.

## ئەھدە ساندۇقىنىڭ چېدىرغا قويۇلۇشى

16 [1] ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى داۋۇت تەييارلىغان
چېدىرغا ئەكىرىپ قويدى. ئۇلار خۇداغا ئاتاپ كۆيدۈرمە ۋە
ئامانلىق قۇربانلىقلىرى قىلدى. [2] شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت خەلققە
پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن بەخت تىلىدى. [3] ئۇ يەنە پۈتۈن خەلققە

ئەر-ئايال دېمەي، ھەربىر ئادەمگە بىردىن نان، خورما قېقى ۋە
كىشمىش تارقىتىپ بەردى.
[4] داۋۇت بىر قىسىم لاۋىيلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى
ئالدىدا خىزمەت قىلىشقا، يەنى دۇئا-تىلاۋەت قىلىشقا، ئىسرائىلنىڭ
پەرۋەردىگارى بولغان خۇداغا رەھمەت ئېيتىشقا ۋە مەدھىيە ئوقۇشقا
تەيىنلىدى. [5] ئۇلارنىڭ بېشى ئاساف بولۇپ، ياردەمچىسى زىكرىيا
ئىدى. باشقىلار: يېئىئېل، شېمىراموت، يېخىئېل، ماتتىتيا،
ئەلىئاب، بىنايا، ئوبېد-ئېدوم ۋە يېئىئېللار. ئۇلار چىلتار ۋە لىرا
چېلىشقا بۇيرۇلدى. ئاساف جاڭ چالىدىغان بولدى. [6] روھانىي
بىنايا بىلەن ياخازىئېل خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئالدىدا ھەر
دائىم كاناي چېلىشقا بۇيرۇلدى.

## داۋۇتنىڭ مەدھىيە كۈيى

[7] شۇ كۈنى داۋۇت تۇنجى قېتىم ئاساف ۋە قېرىنداشلىرىنى
پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا بۇيرۇدى:

[8] پەرۋەردىگارغا شۈكۈرلەر ئېيتىڭلار،
ئۇنىڭ شەنىگە مەدھىيەلەر ئوقۇڭلار،
كارامەتلىرىنى ئەللەر ئارا بايان قىلىڭلار!
[9] خۇدانى كۈيلەڭلار قېتىپ ناخشا-نەغمىگە،
مۆجىزىلىرىنى ئۇنىڭ جاكارلاڭلار ھەممىگە.
[10] ئۇلۇغلاڭلار مۇقەددەس خىسلەتلىرىنى خۇدانىڭ،
قەلبى شادلانسۇن پەرۋەردىگارنى سېغىنغانلارنىڭ.
[11] تەلپۈنۈڭلار خۇدانىڭ قۇدرىتىگە-كۈچىگە،
ئىنتىلىڭلار ھەم ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا-مېھرىگە.
[12-13] ئى خۇدانىڭ قۇلى بولغان ئىسرائىلنىڭ نەسىللىرى
ۋە ئۇ ئۆزى تاللىغان ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى،
ئېسىڭلاردا بولسۇن ئۇنىڭ كارامەتلىرى،
مۆجىزىلىرى ۋە چىقارغان ھۆكۈملىرى.
[14] ئۇ پەرۋەردىگاردۇر، ئۇ بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر،
ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ھەممە يەردە كۈچكە ئىگىدۇر.

15 ئۇنىڭ تۈزگەن ئەھدىسى ئەبەدىي يادىدىدۇر،
بۇ ئۇنىڭ ئاداققىچە ۋەدە قىلغان سۆزىدۇر.
16 پەرۋەردىگار ئىبراھىم بىلەن ئەھدە تۈزگەنىدى،
ئىسهاققىمۇ قەسەم ئىچكەنىدى.
17 ئۇ بۇنى ياقۇپقىمۇ نىزام قىلىپ بەرگەنىدى.
ئىسرائىلغا[①] مەڭگۈلۈك ئەھدە قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:
18 «كەنئان زېمىنى سېنىڭ ئۈلۈشۈڭدۇر،
ئۇ ساڭا تەئەللۇق مۈلۈكتۇر.»

19 ئۇ چاغدا ئۇلار ناھايىتى ئاز ئىدى،
نەزەردە يوق ھەم مۇساپىر ئىدى.
20 ئۇلار يۇرتمۇ-يۇرت سەرسان ئىدى،
ئەلدىن-ئەلگە كېزەر ئىدى.
21 خۇدا ھېچكىمنىڭ ئۇلارنى ئېزىشىگە يول قويمىدى،
ئۇلارنى دەپ پادىشاھلارنىمۇ مۇنداق ئاگاھلاندۇردى:
22 «مېنىڭ تاللىغانلىرىمغا چېقىلماڭلار،
پەيغەمبەرلىرىمگە زىيانكەشلىك قىلماڭلار.»

23 ناخشا ئېيتىڭلار پەرۋەردىگارغا،
ئەي جاھان ئەھلى، بايان ئەيلەپ ھەر كۈنى ئۇنىڭ
نىجاتلىقىنى.
24 تارقىتىڭلار شان-شەرىپىنى ئەللەر ئارا،
ئاجايىپ ئىشلىرىنى خەلقلەر ئارا.

25 ئۇلۇغ بولغاچ پەرۋەردىگار دائىما،
ئۇ لايىقتۇر ھەسسىلەپ مەدھىيەلىنىشكە.
ئۈستۈن بولغاچ ئۇ بارلىق «ئىلاھلار»دىن،
پەقەت ئۇلا ئەرزىيدۇ ئەيمىنىشكە.
26 پەقەت بۇتتۇر باشقىلارنىڭ ئىلاھلىرى،

---

[①] 16: 17 ئىسرائىل ـ ياقۇپ يەنە بىر ئىسمى.

ئەمما پەرۋەردىگار ياراتقاندۇر ئەرشلەرنى.
27 ئۇراپ تۇرار شان-شەرەپ ۋە بۈيۈكلۈك ئۇنى،
قۇدرەت ۋە شاد-خۇراملىققا تولغاندۇر ئۇنىڭ تۇرارگاھى.
28 ئەي بارچە ئەللەر، تەرىپلەڭلار پەرۋەردىگارنى،
تەرىپلەڭلار ئۇنىڭ شان-شەرىپى ۋە قۇدرىتىنى.
29-30 پەرۋەردىگار شەرىپىگە مۇناسىپ ھەمدۇسانا ئوقۇڭلار،
خۇدانىڭ ھوزۇرىغا ھەدىيە بىلەن كىرىڭلار.
ئەي جاھان ئەھلى، پەرۋەردىگاردىن قورقۇڭلار،
پارلاق، مۇقەددەس پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىڭلار.
بەرھەق، دۇنيا مۇستەھكەم، تەۋرەنمەستۇر.
31 شادلانسۇن يەر-جاھان، خۇش بولسۇن ئاسمانلار،
ئېيتىشسۇن ئەللەر ئارا: «پەرۋەردىگار ئەڭ ئالىي
ھۆكۈمراندۇر.»
32 تەنتەنە قىلىشسۇن دېڭىز ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىقلار،
يايرىسۇن دالالار، ئۇنىڭدىكى چارۋىلار.
33 ناخشا ئېيتسۇن ئىگىمىز ئالدىدا ئورمانلار،
چۈنكى پەرۋەردىگار جەزمەن كېلىدۇ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق
قىلىشقا.

34 شۈكۈر ئېيتىڭلار خۇداغا،
چۈنكى شاپائەتلىكتۇر پەرۋەردىگار،
ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى
مەڭگۈ داۋام قىلار.
35 يەنە شۇنداق دەپ ئېيتىڭلار:
«ئى نىجاتكارىمىز بولغان خۇدا،
قۇتقۇزغىن بىزنى،
يات ئەللەر ئارىسىدىن قايتا يىغىپ ئەكەلگىن بىزنى.
شۇندا سېنى مەدھىيەلەيلى، كۈيلەيلى،
شۇ مۇقەددەس نامىڭغا شۈكۈر-رەھمەت ئېيتايلى.»
36 مەدھىيەلەنگەي ئەبەدىلئەبەد،
ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار!

ئاندىن كېيىن پۈتۈن خالايىقلار «ئامىن» دېيىشىپ، پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇشتى.

[37] داۋۇت ئاساف ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى ئالدىدا ھەر كۈنى خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويدى. [38] ئۇلار بىلەن بىرگە خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ئوبېد-ئېدوم ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن 68 كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويدى. يېدۇتۇننىڭ ئوغلى ئوبېد-ئېدوم بىلەن خوساھنى دەرۋازىۋەنلىككە قويدى. [39] داۋۇت يەنە روھانىي زادوق بىلەن ئۇنىڭ روھانىي قېرىنداشلىرىنى گىبېئوندىكى مۇقەددەس جايغا تىكلىگەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرىدا خىزمەت قىلىشقا تەيىنلىدى. [40] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا چۈشۈرگەن تەۋرات قانۇنىدا يېزىلغىنى بويىچە ھەر كۈنى ئەتىگىنى، ئاخشىمى قۇربانلىق سۇپىسىدا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى سۇنۇشقا بۇيرۇلدى. [41] ئۇلار بىلەن بىرگە بولغانلاردىن يەنە ھېمان، يېدۇتۇن ۋە باشقا بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئالاھىدە تاللانغانلار بولۇپ، پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا بۇيرۇلدى. چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈ مەۋجۇتتۇر. [42] ھېمان ۋە يېدۇتۇن سازەندىلىككە، يەنى كاناي، جاڭ ۋە خۇدا ئۈچۈن چېلىنىدىغان بارلىق سازلارنى چېلىپ، مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئوقۇشقا مەسئۇل قىلىندى. يېدۇتۇننىڭ ئوغۇللىرى دەرۋازىغا قاراشقا قويۇلدى.

[43] شۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىك ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى، داۋۇتمۇ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە بەخت تىلەش ئۈچۈن قايتتى.

## پەرۋەردىگارنىڭ پادىشاھ داۋۇتقا بەرگەن ۋەدىسى

17 [1] ئۇ چاغلاردا پادىشاھ داۋۇت ئۆز ئوردىسىدا تۇراتتى. بىر كۈنى داۋۇت ناتان پەيغەمبەرگە:

ــ قاراڭ، مەن كېدىر ياغىچىدىن ياسالغان ئوردىدا تۇرۇۋاتىمەن، لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى چېدىردا تۇرۇۋاتىدۇ، ــ دېدى. [2] ناتان داۋۇتقا:

- كۆڭلىڭىزدە قانداق ئويلىغان بولسىڭىز شۇنداق قىلىڭ، چۈنكى خۇدا سىزگە ياردۇر، - دېدى.

[3] لېكىن شۇ كۈنى كەچتە خۇدادىن ناتان پەيغەمبەرگە ۋەھيي كەلدى. خۇدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

[4] - سەن بېرىپ، خىزمەتكارىم داۋۇتقا مۇنداق دېگىن: «مەن تۇرىدىغان ئىبادەتخانىنى سەن سالمايسەن. [5] مەن پەرۋەردىگار ئىسرائىل خەلقىنى مىسىردىن باشلاپ چىققان كۈندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر ئىبادەتخانىنى ماكان قىلىپ باقمىدىم. ئۇ يەردىن بۇ يەرگە كۆچۈپ يۈردۈم، پەقەت چېدىرنى ماكان قىلدىم. [6] مەن ئىسرائىللار بىلەن بىرگە بولغان يەرلەردە، خەلقىمنى پادىچى بولۇپ باشلاپ ماڭسۇن دەپ، تەيىنلىگەن يېتەكچىلەرگە: ‹نىمە ئۈچۈن ماڭا ئاتاپ كېدىر ياغىچىدىن ئۆردا سالدۇرمىدىڭلار؟› دەپ باقتىممۇ؟ [7] مەنكى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار سېنى يايلاقتا قويلارنىڭ ئارقىسىدا يۈرگەن يېرىڭدىن تاللاپ، خەلقىم ئىسرائىللارغا يېتەكچى قىلىپ تەيىنلىدىم. [8] قەيەرگىلا بارساڭ، مەن ساڭا يار بولۇپ، ھەممە دۈشمەنلىرىڭنى كۆز ئالدىڭدا يوقاتتىم. ئەمدى سېنىڭ نامىڭنى يەر يۈزىدىكى ئۇلۇغلارنىڭ نامىدەك ئۇلۇغ قىلىمەن.

[9-10] مەن خەلقىم ئىسرائىللارغا بىر زېمىن تاللاپ بېرىمەن ۋە ئۇلارنى ئۇ يەردە مۇستەھكەم تۇرغۇزىمەن. ئۇلار ئۆز ماكانىدا بىخەتەر ياشايدۇ. مەن سەردارلارنى خەلقىم ئىسرائىللارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەيىنلىگەن ئاشۇ زاماندىن تارتىپ باشلانغان رەزىللەرنىڭ خەلقىمگە زۇلۇم قىلىشى ئەمدى توختايدۇ. مەن بارلىق دۈشمەنلىرىڭنى ساڭا بويسۇندۇرىمەن. ئەمدى مەن پەرۋەردىگار شۇنى جاكارلايمەنكى، مەن سېنىڭ جەمەتىڭگە بىر خاندانلىق تىكلەپ بېرىمەن. [11] سېنىڭ كۈنلىرىڭ توشۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ يېنىغا كەتكەن چېغىڭدا، ئۆز پۇشتۇڭدىن بولغان ئوغۇللىرىڭدىن بىرىنى ئورنۇڭغا قويىمەن، ھەمدە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى مۇستەھكەم قىلىمەن. [12] ماڭا ئاتىلىدىغان ئىبادەتخانىنى ئۇ سالىدۇ. مەن ئۇنىڭ تەختىنى مەڭگۈ مۇستەھكەم قىلىمەن. [13] مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن، ئۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ. سەندىن ئىلگىرى پادىشاھ بولغان سائۇلنى

مېھىر-مۇھەببىتىمدىن مەھرۇم قىلغانىدىم. لېكىن مېھىر-
مۇھەببىتىمنى سېنىڭ پۈشتۈڭدىن ھېچقاچان ئايرىمايمەن. [14] مەن
ئۇنى ئۆز خانىدانلىقىم ۋە پادىشاھلىقىمدا مەڭگۈ تۇرغۇزىمەن.
ئۇنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى ئەبەدىي قىلىمەن.»
[15] ناتان پەيغەمبەر پەرۋەردىگاردىن كەلگەن ۋەھيىلەرنىڭ
ھەممىسىنى داۋۇتقا يەتكۈزدى.

## داۋۇتنىڭ دۇئا ۋە مەدھىيەسى

[16] شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ داۋۇت ئەھدە ساندۇقى قويۇلغان
چېدىرغا كىرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:
– ئى پەرۋەردىگار خۇدا، ماڭا بۇ قەدەر شاپائەت قىلغۇدەك مەن
كىم ئىدىم، ئائىلەم قانچىلىك ئىدى؟! [17] ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن
مەن قۇلۇڭنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ۋەدە بەردىڭ.
ئى پەرۋەردىگار خۇدا، سەن مېنى نەزىرىڭدە ئۇلۇغ ئادەم بىلدىڭ.
[18] سەن مەن قۇلۇڭنى شۆھرەتكە ئېرىشتۈردۈڭ، ساڭا دەيدىغان
يەنە نېمە گېپىم بولسۇن! ئى پەرۋەردىگار، سەن مەن قۇلۇڭنى
بىلىسەن. [19] سەن بۇ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى مەن قۇلۇڭ ئۈچۈن ئۆز
ئىرادەڭ بويىچە قىلدىڭ ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى ۋەدىلىرىڭنى
ئاشكارىلىدىڭ.
[20] ئى پەرۋەردىگار، ساڭا ئوخشايدىغان ھېچقانداق ئىلاھ
يوقتۇر ھەم سەندىن باشقا خۇدامۇ يوقتۇر، بىز مۇشۇنداق ئاڭلاپ
كەلدۇق. [21] يەر يۈزىدە ئىسرائىللاردەك يەنە بىر خەلق بارمۇ؟
قايسى بىر خەلقنى ئىسرائىللاردەك قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز
خەلقىڭ قىلدىڭ؟ سېنىڭ كۆرسەتكەن ئۇلۇغ مۆجىزىلىرىڭ شان-
شۆھرىتىڭنى نامايان قىلدى. سەن يات ئەللەرنى ئۆزۈڭ مىسىردىن
قۇتۇلدۇرۇپ چىققان ئۆز خەلقىڭنىڭ ئالدىدىن قوغلىۋەتتىڭ. [22] ئى
پەرۋەردىگار، سەن ئىسرائىللارنى مەڭگۈلۈك ئۆز خەلقىڭ قىلدىڭ
ۋە ئۆزۈڭ ئۇلارنىڭ خۇداسى بولدۇڭ.
[23] ئى پەرۋەردىگار، مەن قۇلۇڭ ۋە قۇلۇڭنىڭ ئەۋلادلىرى توغرۇلۇق
قىلغان سۆزلىرىڭدە مەڭگۈ تۇرغايسەن ۋە ۋەدىلىرىڭنى ئەمەلگە
ئاشۇرغايسەن. [24] شۇندىلا نامىڭ مەڭگۈ ئۇلۇغلىنىپ، ئىنسانلار:

«ئىسرائىللارغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى خۇدا ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئىكەن» دەپ بىلىشىدۇ. قۇلۇڭ داۋۇتنىڭ خاندانلىقى ھۇزۇرۇڭدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىدۇ.

[25] ئى خۇدايىم، سەن مەن قۇلۇڭ داۋۇتنىڭ جەمەتىگە بىر خاندانلىق تىكلەپ بېرىدىغانلىقىڭنى ۋەدە قىلغانىدىڭ. شۇ سەۋەبتىن مەن ساڭا شۇنداق دەپ دۇئا قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم. [26] ئى پەرۋەردىگار، سەن بىردىنبىر خۇدادۇرسەن! سەن ماڭا مۇشۇنداق ياخشى ئىشلارنى ۋەدە قىلدىڭ. [27] سەن خاندانلىقىمنىڭ ھۇزۇرۇڭدا مەڭگۈ داۋاملىشىشى ئۈچۈن خاندانلىقىمغا بەخت ئاتا قىلىشقا رازى بولدۇڭ. ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ ئاتا قىلغان بەختىڭ بىلەن قۇلۇڭنىڭ خاندانلىقى مەڭگۈ بەختكە سازاۋەر بولىدۇ.

## داۋۇتنىڭ يات ئەللەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى

# 18

[1] مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن داۋۇت فىلىستىيەلىكلەرگە يەنە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇردى ۋە ئۇ گات شەھىرىنى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يېزا-كەنتلەرنى فىلىستىيەلىكلەردىن تارتىۋالدى. [2] ئۇ موئابلارنىمۇ مەغلۇپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، موئابلار داۋۇتقا ئەل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالۋان-سېلىق تۆلەيدىغان بولدى.

[3] زوباھ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ھادادئەزەر فىرات دەرياسى ئەتراپىدىكى زېمىنغا قايتا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئاتلىنىپ چىققاندا، داۋۇت ئۇنى خاماتنىڭ يېنىدا مەغلۇپ قىلدى. [4] داۋۇت ئۇنىڭ مىڭ دانە جەڭ ھارۋىسىنى ئولجا ئالدى، شۇنداقلا يەتتە مىڭ ھارۋىلىق لەشكىرى ۋە 20 مىڭ پىيادە لەشكىرىنى ئەسىرگە ئالدى. يۈز ھارۋىنى تارتىشقا يەتكۈدەك ئاتلارنى قالدۇرغاندىن سىرت، قالغان ئاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پېيىنى كەستۈرۈۋەتتى.

[5] دەمەشقتىكى ئارراملار زوباھ پادىشاھى ھادادئەزەرگە ياردەم بېرىشكە كەلگەندە، داۋۇت ئارراملاردىن 22 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. [6] شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت دەمەشقتىكى ئارراملار رايونىغا ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى تۇرغۇزدى. شۇنداق قىلىپ، ئارراملار داۋۇتقا ئەل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالۋان-سېلىق تۆلەيدىغان بولدى. داۋۇت مەيلى

نەگە ھۇجۇم قىلمىسۇن، پەرۋەردىگار ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ تۇردى.
[7] داۋۇت ھادادئەزەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئالتۇن قالقانلىرىنى ئولجا ئېلىپ، يېرۇسالېمغا قايتتى. [8] پادىشاھ داۋۇت يەنە ھادادئەزەرنىڭ تىبخات ۋە كۇن دېگەن ئىككى شەھىرىدىنمۇ ناھايىتى نۇرغۇن تۇچ ئولجا ئالدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سۇلايمان بۇ تۇچلاردىن ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسىدىكى «تۇچ دېڭىزى» دەپ ئاتالغان تۇچ داشقان، تۈۋرۈكلەر ۋە تۇچ بۇيۇملارنى ياساتتى.
[9] خامات پادىشاھى توئۇ داۋۇتنىڭ زوباھ پادىشاھى ھادادئەزەرنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، [10] ئوغلى ھادورامنى پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئالدىغا سالامغا ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ھادادئەزەر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. ئەمەلىيەتتە توئۇ ھادادئەزەر بىلەن دائىم ئۇرۇش قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ يەنە داۋۇتقا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە تۇچتىن ياسالغان ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. [11] پادىشاھ داۋۇت بۇ نەرسىلەرنى ۋە بارلىق خەلقلەردىن، يەنى ئېدوملۇقلار، موئابلار، ئاممونلار، فىلىستىيەلىكلەر ۋە ئامالەكلەردىن ئولجا ئالغان ھەممە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى پەرۋەردىگار ئۈچۈن قىلىنىدىغان خىزمەتلەرگە ئاتىدى.
[12] مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى ئابىشاي تۇز جىلغىسىدا ئېدوملۇقلاردىن 18 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. [13] داۋۇت يەنە ئېدومغا ئۆز قوشۇنلىرىنى تۇرغۇزدى، ئېدوملۇقلارنىڭ ھەممىسى داۋۇتقا ئەل بولدى. داۋۇت قەيەرگە بېرىپ جەڭ قىلمىسۇن، ھەممە يەردە پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلدى.

## داۋۇتنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى

[14] داۋۇت پۈتۈن ئىسرائىلىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ خەلقنى ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق بىلەن باشقۇردى. [15] مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب قوشۇنغا باش سەركەردە، ئاخىلۇدنىڭ ئوغلى يەھوشافات تەزكىرىچى، [16] ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى زادوق بىلەن ئەبىياتارنىڭ ئوغلى ئاخىمەلەك روھانىي، سىرايا پۈتۈكچى، [17] يەھويادانىڭ ئوغلى بىنايا كىرىتلەر بىلەن پىلېتلەردىن تەركىب تاپقان ياساۋۇللارنىڭ

باشلىقى، داۋۇتنىڭ ئوغۇللىرى پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغان باش ئەمەلدارلار ئىدى.

## داۋۇتنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ھاقارەتلىنىشى

19 [1] ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاممونلارنىڭ پادىشاھى ناخاش ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ئوغلى خانۇن چىقتى. [2] داۋۇت: «خانۇننىڭ ئاتىسى ناخاش ماڭا مېھىر-شەپقەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭ ئوغلى خانۇنغا مېھىر-شەپقەت كۆرسىتەي» دەپ ئويلىدى. داۋۇت ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر خانۇنغا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن ئاممونلارنىڭ زېمىنىغا كىرگەندە، [3] ئاممونلارنىڭ ئەمەلدارلىرى خانۇنغا:

— داۋۇت ھال سورىغىلى ئادەم ئەۋەتىپتۇ، سىلچە ئۇ ئاتىلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىۋاتقانمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى پايلاقچىلىق قىلىش، شەھەرنى تەكشۈرۈش، ئاندىن شەھەرنى ئىشغال قىلىش، دەپ ئويلىماملا؟ — دېيىشتى.

[4] شۇنىڭدىن كېيىن خانۇن داۋۇتنىڭ ئەلچىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرۈۋەتتى. يەنە ئۇلارنىڭ تونلىرىنىڭ ئاستى تەرىپىنى يانپاشلىرىغىچە كېسىۋېتىپ، ئاندىن ئۇلارنى قوغلىۋەتتى.

[5] پادىشاھ داۋۇت ئەلچىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىغا ئادەم ئەۋەتتى. ئەلچىلەر تولىمۇ ئىزا-ئاھانەتتە قالغانىدى. داۋۇت ئەلچىلىرىگە: «سىلەر ئېرىخا شەھىرىدە تۇرۇپ، ساقال-بۇرۇتۇڭلار ئۆسكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىڭلار» دەپ سۆز ئەۋەتتى.

[6] ئاممونلارنىڭ پادىشاھى خانۇن ۋە خەلقى ئۆزلىرىنىڭ داۋۇتنى رەنجىتىپ قويغانلىقىنى بىلىپ، ئارام-ناھارايىم، ئارام-مائاكا ۋە زوباھتىكى خەلقلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن بىرگە 35 تونىنا كۈمۈشكە ياللاپ ئالدى. [7] ئۇلار يەنە 32 مىڭ ھارۋىلىق لەشكەر، شۇنداقلا مائاكا پادىشاھىنىڭ قوشۇنىنى ياللىدى. مائاكانىڭ

پادىشاھى كېلىپ، مېدىبا شەھىرىنىڭ ئالدىدا بارگاھ قۇردى. ئاممونلارمۇ ئۆز شەھەرلىرىدىن يىغىلىشىپ جەڭگە ئاتلاندى.
[8] داۋۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىسرائىلىيەنىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى يوئابنىڭ باشچىلىقىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا يوللىدى.
[9] ئاممونلار پايتەخت رابباھ شەھىرىدىن چىقىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا سەپ تۈزۈپ تۇردى، ياردەمگە كەلگەن باشقا پادىشاھلار دالادا ئايرىم بىر سەپ تۇردى.

## داۋۇتنىڭ ئارراملار ۋە ئاممونلارنى مەغلۇپ قىلىشى

[10] يوئاب ئۆزىنىڭ ئالدى-كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسرائىلىيەنىڭ بىر قىسىم خىل لەشكەرلىرىنى تاللاپ، ئۇلارنى ئارراملارغا قارشى سەپكە تۇرغۇزدى. [11] قالغان ئادەملىرىنى ئاكىسى ئابىشاينىڭ باشقۇرۇشىغا قويدى. ئابىشاي ئۇلارنى ئاممونلارغا قارشى جەڭگە تەييار قىلدى. [12] يوئاب ئابىشايغا:
- مۇبادا ئارراملار مەندىن كۈچلۈك چىقسا، سەن ماڭا ياردەمگە كەل، ئاممونلار سەندىن كۈچلۈك چىقسا، مەن ساڭا ياردەمگە باراي.
[13] جاسارەتلىك بول، خەلقىمىز ۋە خۇدايىمىزنىڭ شەھەرلىرى ئۈچۈن جان تىكىپ ئۇرۇش قىلايلى! پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى ئەمەلگە ئاشقاي، - دېدى.
[14] يوئاب ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئارراملارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتۈش ئۈچۈن ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئارراملار ئۇلاردىن قاچتى.
[15] ئارراملارنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرگەن ئاممونلارمۇ يوئابنىڭ ئاكىسى ئابىشايدىن قېچىپ، شەھەرگە كىرىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن يوئاب يېرۇسالېمغا قايتىپ كەتتى.
[16] ئىسرائىللاردىن يېڭىلگەنلىكىنى بىلگەن ئارراملار فىرات دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئارراملارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى يۆتكەپ كەلدى. ئۇلار ھادادئەزەر قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى شوباكنىڭ رەھبەرلىكىدە كەلدى.
[17] بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان داۋۇت ئىسرائىلىيەدىكى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئارراملارغا يېقىن يەرگە كېلىپ، قوشۇنلىرىنى ئۇلارغا قارشى سەپكە تۇرغۇزدى. بۇنى

كۆرگەن ئاررامىلار داۋۇتقا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. [18] ۋاھالەنكى، ئاررامىلار ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن يەنە قاچتى. داۋۇت ئاررامىلارنىڭ ھارۋىلىق لەشكەرلىرىدىن يەتتە مىڭنى ۋە پىيادە لەشكەرلىرىدىن 40 مىڭنى ئۆلتۈردى. داۋۇت يەنە ئاررامىلارنىڭ قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى شوباكنى ئۆلتۈردى. [19] ھادادئەزەرگە ئەگەشكەن پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسرائىللاردىن مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، داۋۇت بىلەن سۈلھى تۈزۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئەل بولۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاررامىلار ئاممونلارغا ياردەم بېرىشتىن باش تارتىدىغان بولدى.

## يوئابنىڭ رابباھ شەھىرىنى ئېلىشى

20 [1] ئەتىياز كىلىپ، پادىشاھلار جەڭگە چىقىدىغان ۋاقىت بولغاندا، يوئاب ئىسرائىلىيە قوشۇنىنى باشلاپ، ئاممونلارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىردى ۋە رابباھ شەھىرىنى قورشاۋغا ئالدى. داۋۇت يېرۇسالېمدا قالغانىدى. يوئاب رابباھقا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

[2] رابباھقا كەلگەن داۋۇت ئاممونلارنىڭ پادىشاھىنىڭ ئالتۇن تاجىنى ئېلىپ، بېشىغا كىيدى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 35 كىلو بولۇپ، ياقۇت بىلەن بېزەلگەنىدى. داۋۇت شەھەردىن يەنە نۇرغۇن ئولجىلارنى ئالدى. [3] ئۇ يەنە شەھەر ئاھالىسىنى ھەرە، كەتمەن، پالتا بىلەن قىلىنىدىغان ئىشلارغا سالدى. داۋۇت ئاممونلارنىڭ باشقا شەھەر ئاھالىلىرىگىمۇ شۇنداق ئىشلارنى قىلدۇردى. ئاندىن داۋۇت پۈتۈن قوشۇنىنى باشلاپ، يېرۇسالېمغا قايتىپ كەتتى.

## فىلىستىيەلىك پالۋانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

[4] شۇنىڭدىن كېيىن گەزەر دېگەن يەردە فىلىستىيەلىكلەر بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خۇشاھلىق سىببىكاي رافاھ خەلقىدىن بولغان سىپپاي ئىسىملىك بىر پالۋاننى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن فىلىستىيەلىكلەر بويسۇندى.

5 فىلىستىيەلىكلەر بىلەن بولغان يەنە بىر ئۇرۇشتا يائىرنىڭ
ئوغلى ئەلخانان گاتلىق گولىياتنىڭ قېرىندىشى لاخمىنى ئۆلتۈردى.
لاخمىنىڭ نەيزىسىنىڭ دەستىسى دەستىگاھنىڭ ئوقىدەك توم ئىدى.
6 كېيىن گاتتا يەنە بىر مەيدان ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشقا
رافاھ خەلقىدىن بولغان ناھايىتى بەستلىك بىر ئادەم قاتناشقان
بولۇپ، ئۇنىڭ قول ۋە پۇتىدا ئالتىدىن جەمئىي يىگىرمە تۆت
بارماق بار ئىدى. 7 بۇ ئادەم ئىسرائىللارنى ھاقارەتلىگەنلىكى
ئۈچۈن، داۋۇتنىڭ ئاكىسى شاماھنىڭ ئوغلى يوناتان ئۇنى
ئۆلتۈرۈۋەتتى.
8 بۇ فىلىستىيەلىك پالۋانلار گات شەھىرىدىكى رافاھ خەلقىدىن
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلدى.

## داۋۇتنىڭ لەشكەرلىرىنى رويخەتكە ئېلىشى

21 1 شەيتان ئىسرائىللارغا قارشى تۇرۇپ، داۋۇتنى ئىسرائىلىيەنىڭ
جەڭ قىلىشقا قادىر ئادەملىرىنى ساناپ چىقىشقا كۈشكۈرتتى.
2 شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئۆز قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى يوئاب
ۋە باشقا سەركەردىلىرىگە:
- سىلەر ئىسرائىللارنىڭ داندىن بەئەرشەباغىچە جايلاشقان
ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى ئارىلاپ، ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىشقا قادىر
ئادەملىرىنى ساناپ، مەلۇمات قىلىڭلار. مەن ئۇلارنىڭ سانىنى
بىلەي، - دېدى.
3 يوئاب پادىشاھقا:
- پەرۋەردىگار لەشكەرلىرىنىڭ سانىنى يۈز ھەسسە ئاشۇرغاي.
پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە
ئەمەسمۇ؟ ئالىيلىرى، نېمە سەۋەبتىن لەشكەرلىرىنىڭ سانىنى
ئېلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدىلا؟ نېمە ئۈچۈن ئىسرائىللارنى
گۇناھكار قىلماقچى بولىدىلا؟ - دېدى.
4 لېكىن پادىشاھنىڭ سۆزى يوئابنىڭ سۆزىدىن ئۈستۈن كەلدى.
شۇنداق قىلىپ، يوئاب پۈتۈن ئىسرائىلىيەنى ئايلىنىپ، ئاندىن
يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلدى. 5 يوئاب لەشكەرلەرنى تىزىملاش

ئەھۋالىدىن داۋۇتقا مەلۇمات بەردى. پۈتۈن ئىسرائىلىيەدە جەڭ
قىلىشقا قادىر بىر مىليون يۈز مىڭ ئادەم، يەھۇدىيەدە 470 مىڭ
ئادەم بار ئىدى.
6 بىراق يوئاب لاۋىي بىلەن بىنيامىن قەبىلىلىرىنى بۇ سانىغا
كىرگۈزمىگەنىدى، چۈنكى ئۇ پادىشاھنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا نارازى
ئىدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتنى جازالىشى

7 ئەمما خۇدا بۇ ئىشتىن نارازى بولۇپ، ئىسرائىل خەلقىنى
جازالىدى. 8 داۋۇت خۇداغا:
- لەشكەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ، ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپتىمەن،
قۇلۇڭنىڭ گۇناھىدىن كەچكەيسەن، مەن تولىمۇ ئەخمىقانە ئىش
قىلىپتىمەن، - دېدى.
9 پەرۋەردىگار داۋۇتقا ياردەمدە بولۇۋاتقان غايىبنى بىلگۈچى گادقا:
10 - سەن بېرىپ داۋۇتقا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ ئېيتقىن:
«مەن پەرۋەردىگار سېنىڭ ئالدىڭغا ئۈچ تۈرلۈك جازانى قويىمەن،
ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللىۋال، تاللىغان شۇ جازايىڭنى مەن
ساڭا چۈشۈرىمەن»، - دېدى.
11 شۇنىڭ بىلەن گاد داۋۇتنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ، مۇنداق دېدى:
- قېنى، ئۆزلىرى تاللىۋالسىلا. 12 ئۈچ يىل ئاچارچىلىق بولسۇنمۇ؟
ياكى دۈشمەنلىرى سىلىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ ئاي قوغلاپ
يۈرسۇنمۇ؟ ياكى ئۈچ كۈن پەرۋەردىگارنىڭ قىلىچى بولغان ۋابا
تارقىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى پۈتۈن ئىسرائىلىيەگە
بالايىئاپەت ئېلىپ كەلسۇنمۇ؟ قېنى دېسىلە، مېنى ئەۋەتكۈچىگە
قايسى جاۋابنى بېرەي؟
13 داۋۇت گادقا مۇنداق دېدى:
- مەن ئېغىر ئەھۋالدا قالدىم. قانداقلا بولمىسۇن، مەن ئىنسانلارنىڭ
قولىغا ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ قولىغا چۈشەي. چۈنكى ئۇ
ناھايىتى مېھىر-شەپقەتلىكتۇر.

[14] شۇنداق قىلىپ، پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيەگە ۋابا چۈشۈردى. ئىسرائىللاردىن 70 مىڭ ئادەم ئۆلدى. [15] خۇدا پەرىشتىسىنى يېرۇسالېمنى ۋەيران قىلىشقا ئەۋەتتى. لېكىن پەرىشتە يېرۇسالېمنى ۋەيران قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، پەرۋەردىگار ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلارنى جازالاش نىيىتىدىنياندى ۋە ۋەيران قىلغۇچى پەرىشتىگە:

- يېتەر ئەمدى، قولۇڭنى تارت! - دېدى.

بۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى يەبۇسلاردىن بولغان ئاراۋنانىڭ خامىنىدا تۇراتتى.

[16] داۋۇت قارىغانىدى، پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ يەر بىلەن ئاسماننىڭ ئارىلىقىدا قولىدىكى قىلىچىنى يېرۇسالېمغا تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. داۋۇت بىلەن ئىسرائىل ئاقساقاللىرى ماتەملىك كىيىمگە يۆگەنگەن بولۇپ، ئۇلار يەرگە باش قويدى. [17] داۋۇت خۇداغا:

- لەشكەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇغان مەن، گۇناھ قىلغانمۇ مەن، رەزىللىك قىلغانمۇ مەن، قويدەك بۇ خەلقتە نېمە گۇناھ؟ ئى پەرۋەردىگارىم خۇدا، مېنى ۋە ئاتا جەمەتىمنى جازالىغايسەن، ئۆز خەلقىڭگە ۋابا چۈشۈرمىگەيسەن! - دېدى.

## داۋۇتنىڭ تۇۋا قىلىپ قۇربانلىق سۇنۇشى

[18] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى گادقا:

- سەن داۋۇتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: «سىز يەبۇسلاردىن بولغان ئاراۋنانىڭ خامىنىغا بېرىپ، ئۇ يەردە پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق سۇپىسى سېلىڭ» دېگىن، - دەپ بۇيرۇدى.

[19] داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ گاد ئارقىلىق قىلغان ئەمرى بويىچە ئۇ يەرگە باردى. [20] ئاراۋنا تۆت ئوغلى بىلەن خاماندا بۇغداي ئايرىۋاتاتتى، ئۇ بۇرۇلۇپلا پەرىشتىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى يوشۇرۇنۇۋالدى. [21] ئاراۋنا داۋۇتنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خامىنىدىن چىقىپ، يەرگە باش قويۇپ، داۋۇتقا تەزىم قىلدى. [22] داۋۇت ئاراۋناغا:

ـ خەلق ئىچىگە تارقالغان ۋابانى يوقىتىش ئۈچۈن خامىنىڭنى ماڭا ئۆز باھاسىدا سېتىپ بەرسەڭ. مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ مۇشۇ يەرگە بىر قۇربانلىق سۇپىسى سالاي دەيمەن، ـ دېدى.

[23] ـ پادىشاھ ئالىيلىرى، ئېلىۋېرىسىلە! نىمە قىلىشنى خالىسىلىرى شۇنى قىلغايلا. كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بۇقىلىرىمنى، ئوتۇن ئۈچۈن خامان تېپىدىغان ياغاچ تاختامنى ۋە ئاشلىق ھەدىيەسى ئۈچۈن بۇغدايلىرىمنى بېرەي. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىشكە رازى، ـ دېدى ئاراۋنا. [24] لېكىن پادىشاھ داۋۇت:

ـ ياق، مەن بۇلارنى ئۆز باھاسىدا سېتىۋالىمەن. پەرۋەردىگارغا ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن سىنىڭ نەرسىلىرىڭنى بىكارغا ئالمايمەن، بىكارغا كەلگەن نەرسىلەرنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلمايمەن، ـ دېدى.

[25] شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئاراۋنانىڭ خامىنىنى 7 كىلو 200 گىرام ئالتۇنغا سېتىۋالدى.

[26] داۋۇت خاماندا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ بىر قۇربانلىق سۇپىسى سېلىپ، كۆيدۈرمە ۋە ئامانلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇندى. ئۇ پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ، ئىلتىجا قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىپ، ئاسماندىن قۇربانلىق سۇپىسىغا ئوت چۈشۈردى. [27] شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلىچىنى غىلىپىغا سالدى.

[28] داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ يېبۇسلاردىن بولغان ئاراۋنانىڭ خامىنىدا ئۆزىنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە قۇربانلىق قىلدى. [29] بۇ ۋاقىتتا مۇسا چۆلدە ياساتقان پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرى ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇپىسى گىبئوندىكى سەجدىگاھتا ئىدى. [30] لېكىن داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىنىڭ قىلىچىدىن قورقۇپ، ئۇ سەجدىگاھقا بېرىپ، خۇدادىن يول سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

## 22

[1] شۇڭا داۋۇت:

ـ پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ۋە ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىدىغان قۇربانلىق سۇپىسى مۇشۇ يەردە بولىدۇ، ـ دەپ جاكارلىدى.

## داۋۇتنىڭ ئىبادەتخانىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشى

[2] داۋۇت ئىسرائىلىيەدە ياشاۋاتقان يات خەلقلەرنى بىر جايغا
يىغىپ، خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئىشلىتىلىدىغان تاشلارنى يونۇپ،
تەييارلاشقا بۇيرۇدى. [3] داۋۇت يەنە ئىبادەتخانىنىڭ ياغاچ دەرۋازىسىنى
مىخلاشقا كېتىدىغان مىخ، شۇنداقلا مۇجۇق ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان
تۆمۈر يىغدى ۋە يەنە ھەددى-ھېسابسىز تۇچ تەييارلىدى. [4] ئۇ يەنە
نۇرغۇنلىغان كېدىر ياغىچى تەييارلىدى. بۇ كېدىر ياغاچلىرىنى
سىدونلۇقلار ۋە تىرلىقلار توشۇپ ئەكەلگەنىدى.
[5] داۋۇت كۆڭلىدە: «پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سېلىنىدىغان بۇ ئىبادەتخانا
چوقۇم ھەيۋەتلىك، كۆركەم ۋە پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان بولسۇن.
لېكىن ئوغلۇم سۇلايمان تېخى ياش ۋە تەجرىبىسىز، شۇڭا مەن بۇ
ئىبادەتخانىغا كېتىدىغان ماتېرىياللارنى ئالدىن تەييارلاپ قوياي»
دەپ ئويلىدى. شۇڭا داۋۇت ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئىبادەتخانا
ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى تەييارلىدى.
[6] كېيىن داۋۇت ئوغلى سۇلايماننى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا
ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇداغا ئاتاپ بىر ئىبادەتخانا
سېلىشنى بۇيرۇدى. [7] ئۇ سۇلايمانغا مۇنداق دېدى:
− ئوغلۇم، مەن ئەسلىدە پەرۋەردىگارىم خۇدانىڭ نام-شەرىپىگە
ئاتاپ بىر ئىبادەتخانا سېلىشنى ئويلىغانىدىم. [8] لېكىن پەرۋەردىگار
ماڭا: «سەن نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلىپ، كۆپ ئادەملەرنى ئۆلتۈردۈڭ
ۋە كۆز ئالدىمدا نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ قېنىنى تۆكتۈڭ. شۇڭا
مېنىڭ نامىمغا ئاتىلىدىغان ئىبادەتخانىنى سەن سالساڭ بولمايدۇ.
[9] لېكىن سەن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىسەن. مەن ئۇنى ئەتراپىدىكى
بارلىق دۈشمەنلىرىنىڭ پاراكەندە قىلىشىدىن قوغداپ، تىنچ-ئامان
ياشىتىمەن. ئۇنىڭ ئىسمى سۇلايمان [مەنىسى «تىنچلىق»]
بولىدۇ. ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە، مەن ئىسرائىلىيەگە تىنچ-
ئامانلىق ئاتا قىلىمەن. [10] ئۇ مېنىڭ نامىمغا ئاتاپ بىر ئىبادەتخانا
سالىدۇ. ئۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن. مەن
ئۇنىڭ ئىسرائىلىيەدىكى پادىشاھلىق تەختىنى مەڭگۈ مۇستەھكەم
قىلىمەن» دېدى.

[11] ئوغلۇم، پەرۋەردىگار ساڭا يار بولسۇن. پەرۋەردىگار ئۆزى ئۈچۈن ئىبادەتخانا سېلىشىڭغا ۋەدە قىلغىنى بويىچە سېنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرسۇن. [12] سېنىڭ ئىسرائىللارنى پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنى بويىچە باشقۇرۇشۇڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار خۇدا ساڭا ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلسۇن. [13] ئەگەر سەن پەرۋەردىگارنىڭ مۇسا ئارقىلىق ئىسرائىللارغا قىلغان ئەمر-پەرمانلىرى ۋە بۇيرۇغان بەلگىلىمىلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلساڭ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسەن. سەن قەيسەر ۋە جاسارەتلىك بول، ھەرگىز قورقما ھەم بوشىشىپ قالما.

[14] قارا ئوغلۇم، مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن 3500 توننا ئالتۇن، 35 مىڭ توننا كۈمۈش، ھەددى-ھېسابسىز تۇچ ۋە تۆمۈر تەييارلىدىم. مەن يەنە ياغاچ ۋە تاش ماتېرىياللارنىمۇ تەييارلىدىم. لېكىن سەن ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپەيتكىن. [15] ئىسرائىلىيەدە نۇرغۇن ئىشچىلار، يەنى تاشچى، تامچى، ياغاچچى ۋە باشقا ماھىر ئۇستىلارمۇ بار. [16] يەنە ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ ۋە تۆمۈرلەرنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدىغان نۇرغۇنلىغان ماھىر ھۈنەرۋەنلەرمۇ بار. قېنى، ھازىرلا ئىشنى باشلىغىن. پەرۋەردىگار ساڭا يار بولسۇن.

[17] داۋۇت يەنە ئىسرائىللارنىڭ بارلىق ئاقساقاللىرىغا: «ئوغلۇم سۇلايمانغا ياردەم قىلىڭلار» دەپ ئەمر قىلدى ۋە يەنە مۇنداق دېدى:

[18] – پەرۋەردىگار خۇدا سىلەرگە يار بولدى. ئۇ سىلەرگە ھەر تەرەپتىن تىنچلىق ئاتا قىلدى. ئۇ ئىلگىرى بۇ يەردە ياشىغان يات خەلقلەرنى مېنىڭ ئىلكىمگە تاپشۇرغانىدى. ئۇلار ئەمدى پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ خەلقى بولغان سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردا بولدى. [19] ھازىردىن باشلاپ سىلەر جان-دىلىڭلار بىلەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ نام-شەرىپىگە ئاتىلىدىغان ئىبادەتخانىنى سېلىشنى باشلاڭلار. شۇنداق قىلغاندىلا ئەھدە ساندۇقى ۋە خۇداغا تەۋە مۇقەددەس نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئىچىگە قويالايسىلەر.

## لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىسى

23 [1] داۋۇت قېرىپ، ساناقلىقلا كۈنلىرى قالغاندا، ئوغلى
سۇلايماننى ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى.
[2] داۋۇت ئىسرائىللارنىڭ بارلىق ئاقساقاللىرى ۋە روھانىيلىرىنى،
شۇنداقلا لاۋىيلارنى چاقىرتىپ كەلدى. [3] ئۇ لاۋىيلارنىڭ 30 ياشتىن
يۇقىرى ئەرلىرىنى تىزىملىدى، ئۇلار جەمئىي 38 مىڭ ئىدى. [4] داۋۇت
ئۇلارنىڭ 24 مىڭ نەپىرىنى ئىبادەتخانىنى سېلىش خىزمىتىنى
باشقۇرۇشقا قويدى. يەنە ئالتە مىڭ كىشىنى ئىبادەتخانىنىڭ
ئەمەلدارلىرى ۋە سوتچىلىرى قىلىپ تەيىنلىدى. [5] يەنە تۆت مىڭ
كىشىنى دەرۋازىۋەنلىككە قويدى، قالغان تۆت مىڭ كىشىنى داۋۇت
ئۆزى پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلەش ئۈچۈن ياساتقان چالغۇلارنى
چېلىشقا مەسئۇل قىلدى. [6] داۋۇت لاۋىيلارنى ئۇرۇق-جەمەتى بويىچە
گېرشون، قوھات ۋە مرارى دەپ ئۈچ تۈپكە بۆلدى.

## گېرشوننىڭ ئەۋلادلىرى

[7] گېرشوننىڭ لادان ۋە شىمئى ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار
ئىدى. [8] لاداننىڭ ئوغۇللىرى: تۇنجى ئوغلى يەخىئېل،
زېتام ۋە يوئېل. جەمئىي ئۈچ ئوغۇل. [9] ئۇلارنىڭ
ھەممىسى لادان جەمەتىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى.
شىمئىنىڭ ئوغۇللىرى: شىلوموت، خازىئېل ۋە ھاران.
جەمئىي ئۈچ ئوغۇل. [10] شىمئى كېيىن يەنە ياخات،
زىزا، يەئۇش ۋە بىرىئا ئىسىملىك تۆت ئوغۇل پەرزەنت
كۆردى. [11] ياخات ئوغۇللارنىڭ چوڭى، زىزا ئوغۇللارنىڭ
ئىككىنچىسى ئىدى. يەئۇش بىلەن بىرىئانىڭ ئەۋلادى
كۆپ بولمىغاچقا، ئۇلار قوشۇلۇپ بىر جەمەت قىلىپ
ھېسابلاندى.

## قوھاتنىڭ ئەۋلادلىرى

[12] قوھاتنىڭ ئامرام، يىزھار، ھېبرون ۋە ئۇززىئېل ئىسىملىك
تۆت ئوغلى بار ئىدى.

[13] ئامرامنىڭ هارۇن ۋە مۇسا ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىدى. هارۇن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىگە ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار ئەڭ مۇقەددەس بۇيۇملارنى باشقۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇلار يەنە پەرۋەردىگارنىڭ هوزۇرىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشقا، پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ۋە خەلققە مەڭگۈ بەخت تىلەشكە تەيىنلەنگەنىدى. [14] خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى بولغان مۇسانىڭ ئەۋلادلىرى لاۋىي قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى هېسابلىناتتى.

[15] مۇسانىڭ گېرشوم ۋە ئەلىئەزەر ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.

[16] گېرشومنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى شىبۇئېل ئىدى.

[17] ئەلىئەزەرنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئىسمى رىخابيا ئىدى. لېكىن رىخابيانىڭ پەرزەنتلىرى كۆپ ئىدى.

[18] قوھاتنىڭ ئىككىنچى ئوغلى يىزھارمۇ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى شىلومىت ئىدى.

[19] قوھاتنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ھېبرون تۆت ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى يېرىيا، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئامارىيا، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ياخازىئېل، تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى يېقامئام ئىدى.

[20] قوھاتنىڭ كەنجى ئوغلى ئۇززىئېلنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى مىكاھ، كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى يىششىيا ئىدى.

## مىرارىنىڭ ئەۋلادلىرى

[21] مىرارىنىڭ ماخلى ۋە مۇشى ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى.

ماخلىنىڭ ئەلئازار، كىش ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولدى.
[22] ئەلئازار ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئوغۇل پەرزەنت
كۆرمىدى، پەقەت قىز پەرزەنتلا كۆردى. ئۇنىڭ قىزلىرى
ئۆز جەمەتىدىن بولغان كىشنىڭ ئوغۇللىرىغا ياتلىق
بولدى.
[23] مۇشىنىڭ ئۈچ ئوغلى بولدى، ئۇلار ماخلى، ئەدەر ۋە
يېرىموت ئىدى.

[24] مانا بۇلار لاۋىيلارنىڭ ئۇرۇق-جەمەتلىرىنىڭ ئايرىم-ئايرىم هالدا جەمەت باشلىقلىرىنىڭ نامى بويىچە تىزىمغا ئېلىنغان ئەۋلادلىرى بولۇپ، يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكىلەرنىڭ هەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا خىزمەتكە قويۇلغانىدى. [25] داۋۇت مۇنداق دېگەنىدى: «پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا ئۆز خەلقىگە تىنچلىق ئاتا قىلدى. ئەمدى ئۇ مەڭگۈ يېرۇسالېمدا ياشايدۇ. [26] شۇڭا لاۋىيلار بۇنىڭدىن كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەت چېدىرىنى ۋە ئىچىدىكى بۇيۇملارنى كۆتۈرۈپ يۈرمىسىمۇ بولىدۇ». [27] داۋۇتنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قىلغان ئەمرلىرىگە ئاساسەن، 20 ياشتىن يۇقىرى لاۋىيلارنىڭ هەممىسى تىزىمغا ئېلىنغانىدى.
[28] لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان هارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا ياردەملىشىپ، ئىبادەتخانىنىڭ هويلىلىرى ۋە يان خانىلىرىغا مەسئۇل بولۇش، بارلىق مۇقەددەس بۇيۇملارنى پاكىزلاش ۋە شۇنىڭغا دائىر باشقا ئىشلارنى قىلىش ئىدى. [29] ئۇلار يەنە پەرۋەردىگارغا ئاتىلىدىغان نانلارنى، ئېپىز پېتىر نانلارنى، چەلپەكلەرنى پىشۇرۇشقا ۋە هەدىيە قىلىنىدىغان سۆپەتلىك ئۇنلارنى تەييارلاشقا هەمدە بۇ نەرسىلەرنىڭ مىقدارى ۋە سانىنى بەلگىلەشكە مەسئۇل ئىدى. [30] ئۇلار هەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىبادەتخانىدا پەرۋەردىگارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، هەمدۇسانا ئوقۇيتتى. [31] دېمەك، ئۇلار هەر دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، يېڭى ئاي بايراملىرىدا ۋە باشقا بەلگىلەنگەن هېيت كۈنلىرىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار قىلىنغاندا پەرۋەردىگارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، هەمدۇسانا ئوقۇيتتى. لاۋىيلار دائىم پەرۋەردىگارنىڭ

ھۇزۇرىدا بەلگىلەنگەن سان ۋە بېكىتىلگەن بەلگىلىمە بويىچە خىزمەت قىلاتتى.

[32] لاۋىيلار ئۇچرىشىش چېدىرى ۋە ئىبادەتخانىغا قاراشقا مەسئۇل بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىغا، يەنى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا ياردەم بېرەتتى.

## روھانىيلارنىڭ ۋەزىپىسى

**24** [1] ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى بىرنەچچە توپقا بۆلۈندى. ھارۇننىڭ ناداب، ئابىھۇ، ئەلئازار ۋە ئىتامار ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. [2] لېكىن ناداب ۋە ئابىھۇ ئاتىسىدىن بۇرۇن تۇگەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگەنىدى. شۇڭا ئەلئازار بىلەن ئىتامار روھانىي بولدى. [3] پادىشاھ داۋۇت ئەلئازارنىڭ ئەۋلادى زادوق ۋە ئىتامارنىڭ ئەۋلادى ئاخىمەلەكنىڭ ياردىمى بىلەن ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋەزىپىلىرىگە ئاساسەن بىرقانچە توپقا بۆلدى. [4] ئەلئازارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە جەمەت باشلىقلىرى ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرىغا قارىغاندا كۆپرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەلئازارنىڭ ئەۋلادلىرى 16 توپقا، ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرى سەككىز توپقا بۆلۈندى. [5] خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ بىر قىسمى ئەلئازارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن، يەنە بىر قىسمى ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغاچقا، چەك تاشلاش ئارقىلىق خىزمەتلەر ئادىل بۆلۈپ بېرىلدى.

[6] لاۋىيلاردىن بولغان نەتانئېلنىڭ ئوغلى شېمايا پۈتۈكچى بولۇپ، تاشلانغان چەكلەرنى تىزىملاپ ماڭدى. پادىشاھ، ئەمەلدارلار، روھانىي زادوق، ئەبىياتارنىڭ ئوغلى ئاخىمەلەك، روھانىيلار ۋە لاۋىيلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرى چەك تاشلاشقا گۇۋاھ بولدى. ئەلئازار بىلەن ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرى نۆۋەت بىلەن چەك تاشلىدى.

[7] بىرىنچى چەك يەھويارىبقا،
ئىككىنچى چەك يېدايىاغا،
[8] ئۈچىنچى چەك خارىمغا،

تۆتىنچى چەك سېئورىمغا،
9 بەشىنچى چەك مالكىياغا،
ئالتىنچى چەك مىيامىنغا،
10 يەتتىنچى چەك خاققوزغا،
سەككىزىنچى چەك ئابىياغا،
11 توققۇزىنچى چەك يېشۇۋاغا،
ئونىنچى چەك شېكانىياغا،
12 ئون بىرىنچى چەك ئەلياشىبقا،
ئون ئىككىنچى چەك ياقىمغا،
13 ئون ئۈچىنچى چەك خۇپپاھقا،
ئون تۆتىنچى چەك يەشەبئابقا،
14 ئون بەشىنچى چەك بىلگاھقا،
ئون ئالتىنچى چەك ئىممېرغا،
15 ئون يەتتىنچى چەك خېزىرغا،
ئون سەككىزىنچى چەك ھاپپىززېزغا،
16 ئون توققۇزىنچى چەك پىتاخياغا،
يىگىرمىنچى چەك يېھەزكەلگە،
17 يىگىرمە بىرىنچى چەك ياكىنغا،
يىگىرمە ئىككىنچى چەك گامۇلغا،
18 يىگىرمە ئۈچىنچى چەك دېلاياغا،
يىگىرمە تۆتىنچى چەك مائازىياغا چىقتى.

19 بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى بولغان ھارۇننىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشتى. بۇ كۆرسەتمىلەرنى ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدا ھارۇنغا چۈشۈرگەنىدى.

20 لاۋىيلاردىن بولغان باشقا جەمەت باشلىقلىرىنىڭ ئىسىملىرى:

ئامرامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن شۇبائېل،
شۇبائېلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن يەخدىيا،

21 رىخابىيانىڭ ئەۋلادلىرىدىن يولباشچى يىششىيا،
22 يىزھارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن شىلوموت،
شىلوموتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ياخات،
23 ھېبروننىڭ ئەۋلادلىرىدىن يېرىيا ۋە ئۇنىڭ ئاماريا،
ياخازىئېل، يېقامئام قاتارلىق ئىنىلىرى،
24 ئۇززىئېلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مىكاھ،
مىكاھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن شامىر [25] ۋە مىكاھنىڭ ئىنىسى
يىششىيا،
يىششىيانىڭ ئەۋلادلىرىدىن زىكرىيا،
26 مېرارىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ماخلى ۋە مۇشى،
يائازىيانىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىنو،
27 مېرارىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدىكى يائازىيا ئەۋلادلىرىغا
تەۋە بىنو، شوھام، زاككۇر ۋە ئىبرى،
28 ماخلىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەلئازار، ئەلئازارنىڭ ئوغۇللىرى
يوق ئىدى.
29 كىشنىڭ ئەۋلادلىرىدىن يېراخمئېل،
30 مۇشى ئەۋلادلىرىدىن ماخلى، ئەدەر ۋە يېرىموت.

مانا بۇلار لاۋىيلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرى ئىدى. [31] بۇلارمۇ خۇددى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش چەك تاشلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قارىماي، ئۆز ۋەزىپىلىرىنى تەقسىم قىلىشىۋالدى. بۇنىڭغا پادىشاھ داۋۇت، زادوق، ئاخىمەلەك، روھانىيلار ۋە لاۋىيلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرى گۇۋاھ بولدى.

## ئىبادەتخانا نەغمىچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى

25 [1] پادىشاھ داۋۇت باش سەركەردىلىرى بىلەن بىرگە لاۋىيلاردىن بولغان ئاساف، ھېمان ۋە يەدۇتۇننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بەزىلىرىنى لىرا، چىلتار ۋە جاڭلارنى چېلىپ، ۋەھيي يەتكۈزۈشكە تەيىنلىدى. بۇ نەغمىچىلەرنىڭ تىزىملىكى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىدەك ئىدى.

[2] ئاسافنىڭ زاككۇر، يۈسۈپ، نەتانىيا ۋە ئاسارئېلا ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە ۋەھىي يەتكۈزەتتى.
[3] يەدۇتۇننىڭ گەداليا، زېرى، يەشايا، شىمئى، خاشابىيا ۋە ماتتىتيا ئىسىملىك ئالتە ئوغلى بولۇپ، ئۇلار ئاتىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە لىرا چېلىپ، پەرۋەردىگارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە ھەمدۇسانا ئوقۇش ئارقىلىق ۋەھىي يەتكۈزەتتى.
[4-5] پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان غايىبنى بىلگۈچى ھېماننىڭ بۇققىيا، ماتتانىيا، ئۇززىئېل، شىبۇئېل، يېرىموت، خانانىيا، خانانى، ئەلىياتا، گىددالتى، رومامتى-ئەزەر، يوشبىقاشا، ماللوتى، ھوتىر ۋە ماخازىئوت ئىسىملىك ئوغۇللىرى بار ئىدى. خۇدا ئۆز ۋەدىسىگە بىنائەن ھېمانغا شاپائەت قىلىپ، ئۇنىڭغا 14 ئوغۇل ۋە ئۈچ قىز پەرزەنت بەرگەنىدى. [6] بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا جاڭ، چىلتار، لىرا چېلىش خىزمىتىنى قىلاتتى. ئاساف، يەدۇتۇن ۋە ھېمان بىۋاستە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىدا ئىدى. [7] ئۇلار ۋە قېرىنداشلىرى يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە كەسپىي نەغمىچىلەر بولۇپ، جەمئىي 288 كىشى ئىدى. [8] بۇلار ياش-قېرى، ئۇستاز-شاگىرت دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، چەك تاشلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلىدى.

[9] بىرىنچى چەك ئاساف جەمەتىدىن بولغان يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
ئىككىنچى چەك گەداليا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[10] ئۈچىنچى چەك زاككۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[11] تۆتىنچى چەك يىزرى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.

[12] بەشىنچى چەك نىتانىيا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[13] ئالتىنچى چەك بۇقىيا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[14] يەتتىنچى چەك يىسارئېلا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[15] سەككىزىنچى چەك يەشايا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[16] توققۇزىنچى چەك ماتتانىيا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[17] ئونىنچى چەك شىمئى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[18] ئون بىرىنچى چەك ئازارئېل ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[19] ئون ئىككىنچى چەك خاشابىيا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[20] ئون ئۈچىنچى چەك شۇبائېل ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[21] ئون تۆتىنچى چەك ماتتىتىيا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[22] ئون بەشىنچى چەك يەرىموت ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[23] ئون ئالتىنچى چەك خانانىيا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[24] ئون يەتتىنچى چەك يوشبەقاشا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
[25] ئون سەككىزىنچى چەك خانانى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.

26 ئون توققۇزىنچى چەك ماللوتى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
27 يىگىرمىنچى چەك ئەلىياتا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
28 يىگىرمە بىرىنچى چەك ھوتىر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
29 يىگىرمە ئىككىنچى چەك گىددالتى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
30 يىگىرمە ئۈچىنچى چەك ماخازىئوت ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.
31 يىگىرمە تۆتىنچى چەك رومامتى-ئەزەر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەمدە تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىگە چىقتى.

## ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى

# 26

1 دەرۋازىۋەنلىككە تۆۋەندىكى لاۋىيلار بەلگىلەندى:

كوراھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاساف جەمەتىدىن قورىنىڭ ئوغلى مەشەلەميا. 2 مەشەلەميانىڭ يەتتە ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى زىكرىيا، ئىككىنچىسى يەدىئائىل، ئۈچىنچىسى زىباديا، تۆتىنچىسى ياتنىئىل، 3 بەشىنچىسى ئېلام، ئالتىنچىسى يەھوخانان، يەتتىنچىسى ئەليەھوئېناي ئىدى.
5-4 خۇدانىڭ بەرىكىتى بىلەن ئوبېد-ئېدوم سەككىز ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەندى. چوڭ ئوغلى شىمايا، ئىككىنچىسى يەھوزاباد، ئۈچىنچىسى يوئاخ، تۆتىنچىسى ساكار، بەشىنچىسى نەتانئىل، ئالتىنچىسى

ئاممىئېل، يەتتىنچىسى ئىسساكار، سەككىزىنچىسى پېئۇللتاي ئىدى.
[6] ئوبېد-ئېدومنىڭ ئوغلى شىمايانىڭمۇ ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇلار قابىلىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىسى ئۆز جەمەتلىرىنىڭ جەمەت باشلىقلىرى بولغانىدى. [7] ئۇلار ئوتنى، رىفائېل، ئوبېد ۋە ئەلزاباد ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى ئەلىھۇ بىلەن سىماكىيامۇ قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئىدى.
[8] ئوبېد-ئېدومنىڭ بۇ ئەۋلادلىرى جەمئىي 62 ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن قابىلىيەتلىك ۋە ئۆز خىزمەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كىشىلەر ئىدى.
[9] مىشەلەمىيانىڭ ئوغۇللىرى ۋە تۇغقانلىرى جەمئىي 18 ئادەم بولۇپ، ئۇلارمۇ قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئىدى.
[10] مىرارىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان خوساھنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، ئوغلى شىمرى گەرچە تۇنجى ئوغۇل بولمىسىمۇ، ئاتىسى ئۇنى جەمەت باشلىقى قىلغانىدى. [11] قالغان ئوغۇللىرى خىلقىيا، تىبالىيا ۋە زىكىرىيا ئىدى. خوساھ جەمەتىدىن 13 ئادەم ئىدى.

[12] دەرۋازىۋەنلەر جەمەتلەر بويىچە ئايرىم-ئايرىم توپلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەرقايسى توپتىكىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان باشقا لاۋىيلارغا ئوخشاش ئۆز خىزمەتلىرىنى ئادا قىلاتتى. [13] جەمەتلەر مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، چەك تاشلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قايسى دەرۋازىغا مەسئۇل بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى.
[14] شەرقىي دەرۋازىنى قوغداشنىڭ چېكى شەلەمىياغا چىقتى. كېيىن ئوغلى زىكىرىياغا چەك تاشلاندى، زىكىرىيا دانا مەسلىھەتچى ئىدى، ئۇنىڭغا شىمالىي دەرۋازا چىقتى. [15] ئوبېد-ئېدومغا چەك تاشلانغاندا، ئۇنىڭغا جەنۇبىي دەرۋازا چىقتى، ئوغۇللىرىغا ئامبارغا قاراش چېكى چىقتى. [16] شۇپپىم بىلەن خوساھقا غەربىي دەرۋازا ۋە يۇقىرىغا

ئۆرلەيدىغان يولدىكى شاللەكەت دەرۋازىسىنىڭ چېكى چىقتى. دەرۋازىۋەنلەر دەرۋازىلاردا كۆزەتچىلىك قىلاتتى ۋە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇراتتى. [17] ھەر كۈنى شەرقىي دەرۋازىدا ئالتە دەرۋازىۋەن، شىمالىي دەرۋازىدا تۆت دەرۋازىۋەن، جەنۇبىي دەرۋازىدا تۆت دەرۋازىۋەن نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلاتتى. ئامبارغا ئىككىدىن ئادەم نۆۋەت بىلەن قارايتتى. [18] غەربىي ھويلىنىڭ يېنىدىكى يولدا تۆت ئادەم، ھويلىدا ئىككى ئادەم نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلاتتى.

[19] يۇقىرىدىكىلەر كوراھ ۋە مىرارىنىڭ ئەۋلادلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن كۆزەتچىلىك ۋەزىپىلىرىدۇر.

## ئىبادەتخانىدىكى باشقا خىزمەتلەر

[20] ئاخىيا باشچىلىقىدىكى باشقا لاۋىيلار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى خەزىنىلەرنى ۋە خۇداغا تەقدىم قىلىنغان بۇيۇملار ساقلىنىدىغان ئامبارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. [21] گېرشوننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان لادانىنىڭ جەمەتىدىن كۆپلىگەن جەمەت باشلىقلىرى چىققانىدى. لادانىنىڭ ئوغلى يەخىئېلى، [22] يەخىئېلىنىڭ ئوغلى زېتام ۋە ئىنىسى يوئېل پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى خەزىنىلەرگە مەسئۇل ئىدى.

[23] ئامرام، يىزھار، ھېبرون ۋە ئۇززىئېلنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ ۋەزىپىلەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى:

[24] مۇسانىڭ ئوغلى گېرشومنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان شىبۇئېل ئىبادەتخانىنىڭ باش خەزىنىچىسى بولدى.
[25] تۆۋەندىكىلەر شىبۇئېلنىڭ تۇغقانلىرى بولۇپ، ئۇلار ئەلىئەزەرنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.
ئەلىئەزەرنىڭ ئوغلى رىخابىيا، رىخابىيانىڭ ئوغلى يەشايا، يەشايانىڭ ئوغلى يورام، يورامنىڭ ئوغلى زىكرى ۋە زىكرىنىڭ ئوغلى شىلوموت ئىدى. [26] شىلوموت ۋە ئۇنىڭ جەمەتى خەزىنىدىكى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ھەدىيە قىلىنغان قىممەتلىك بۇيۇملارنى باشقۇراتتى.

بۇ خەزىنىدە پادىشاھ داۋۇت، ھەرقايسى جەمەت
باشلىقلىرى، مىڭبېشى، يۈزبېشى ۋە باشقا سەركەردىلەر
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ھەدىيە قىلغان قىممەتلىك
بۇيۇملار ساقلىناتتى. [27] ئۇلار جەڭلەردە قولغا
چۈشۈرگەن ئولجىلارنىڭ بىر قىسمىنى پەرۋەردىگارنىڭ
ئىبادەتخانىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەدىيە قىلاتتى.
[28] شىلوموت ۋە ئۇنىڭ جەمەتى يەنە غايىبنى بىلگۈچى
سامۇئىل، كىشنىڭ ئوغلى پادىشاھ سائۇل، نېرنىڭ
ئوغلى ئابنېر ۋە مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئابلار
پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ھەدىيە قىلغان قىممەتلىك
بۇيۇملارنىمۇ باشقۇراتتى.
[29] يىزھارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان كىنانيا ۋە ئۇنىڭ
ئوغۇللىرى ئىسرائىلىيەنىڭ مەمۇرىي ۋە دەۋا
ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ،
ئىبادەتخانىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا
مەسئۇل قىلىندى.
[30] ھېبروننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان خاشابيا ۋە ئۇنىڭ 1700
نەپەر تۇغقىنى مەمۇرىي ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەندى،
ئۇلار قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئىئوردان
دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە
مەسئۇل بولۇپ، پەرۋەردىگار ۋە پادىشاھنىڭ
خىزمىتىنى قىلاتتى.
[31] نەسەبنامىدا خاتىرىلىنىشچە، ھېبروننىڭ ئەۋلادلىرىدىن
بولغان يېرىيا ھېبرون جەمەتىنىڭ باشلىقى ئىدى.
پادىشاھ داۋۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 40-يىلىدا
نەسەبنامىلارغا دائىر بارلىق يازمىلار كۆرۈپ چىقىلغان
بولۇپ، بۇ يازمىلاردا گىلئادتىكى يازېر شەھىرىدە
ياشايدىغان ھېبروننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدە
قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەنىدى.
[32] پادىشاھ داۋۇت يېرىيانىڭ تۇغقانلىرىدىن 2700
نەپەر قابىلىيەتلىك جەمەت باشلىقلىرىنى مەمۇرىي

ۋەزىپىلەرگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلار
ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى رۇبېن،
گاد قەبىلىلىرىگە ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ يېرىمىغا
مەسئۇل بولۇپ، خۇدا ۋە پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى
قىلاتتى.

## ئىسرائىلىيەنىڭ قوشۇنلىرى

27 [1] تۆۋەندىكىلەر ئىسرائىللارنىڭ ھەرقايسى جەمەت
باشلىقلىرى، مىڭبېشىلىرى ۋە يۈزبېشىلىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان سەركەردىلەرنىڭ تىزىملىكى بولۇپ، بۇلار پادىشاھنىڭ
خىزمىتىنى قىلاتتى. ئۇلار ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان قوشۇنلارنى ھەر
يىلى بىر ئايدىن نۆۋەتلىشىپ باشقۇراتتى. ھەربىر قوشۇن 24
مىڭ ئادەمدىن تەشكىل تاپقانىدى.

[2] بىرىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ
سەركەردىسى زابدىئېلنىڭ ئوغلى ياشوبىئام بولۇپ،
ئۇنىڭ قوشۇنىدا 24 مىڭ ئادەم بار ئىدى. [3] ياشابىئام
پەرەس ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۇ شۇ ئايدا ۋەزىپە
ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ بارلىق سەركەردىلىرىنى
باشقۇراتتى.
[4] ئىككىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ
سەركەردىسى ئاخوۋاخنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان دوداي
بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ قول ياردەمچىسى مىقلوت ئىدى.
ئۇنىڭ قوشۇنىدىمۇ 24 مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[5] ئۈچىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى
بىنايا ئىدى. ئۇ روھانىي يەھوياداننىڭ ئوغلى بولۇپ،
ئۇنىڭ قوشۇنىدىمۇ 24 مىڭ ئادەم ئىدى. [6] بىنايا
«ئوتتۇز باتۇر»نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «ئوتتۇز
باتۇر»نىڭ سەركەردىسى ئىدى. بىنايانىڭ ئوغلى
ئاممىزابادمۇ قوشۇننىڭ باش سەركەردىلىرىنىڭ بىرى
ئىدى.

[7] تۆتىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى يوئابنىڭ ئىنىسى ئاسائىل ئىدى. ئاسائىلدىن كېيىن ئوغلى زىبادىيا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا چىقتى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىمۇ 24 مىڭ ئادەم ئىدى.

[8] بەشىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى شامھۇت بولۇپ، ئۇ يىزراخ ئەۋلادىدىن ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىمۇ 24 مىڭ ئادەم ئىدى.

[9] ئالتىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى تەقوۋالىق ئىققېشنىڭ ئوغلى ئىرا بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنىدىمۇ 24 مىڭ ئادەم ئىدى.

[10] يەتتىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى پېلونلۇق خەلەز بولۇپ، ئۇ ئەفرايىم قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىمۇ 24 مىڭ ئادەم ئىدى.

[11] سەككىزىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى خۇشاھلىق سىببىكاي بولۇپ، ئۇ زەراخىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىمۇ 24 مىڭ ئادەم ئىدى.

[12] توققۇزىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى ئاناتوتلۇق ئابىئەزەر بولۇپ، ئۇ بىنيامىن قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىمۇ 24 مىڭ ئادەم ئىدى.

[13] ئونىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى نىتوفالىق ماھراي بولۇپ، ئۇ زەراخىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىمۇ 24 مىڭ ئادەم ئىدى.

[14] ئون بىرىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى پىرئاتونلۇق بىنايا بولۇپ، ئۇ ئەفرايىم قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىمۇ 24 مىڭ ئادەم ئىدى.

[15] ئون ئىككىنچى ئايدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى نىتوفالىق خەلداي بولۇپ، ئۇ

ئوتنىئېلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىمۇ 24 مىڭ ئادەم ئىدى.

## ئىسرائىلىيەدىكى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى

16 تۆۋەندىكىلەر ئىسرائىلىيەدىكى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ تىزىملىكىدۇر.

رۇبېن قەبىلىسىنىڭ باشلىقى زىكرىنىڭ ئوغلى ئەلىئەزەر،
شىمون قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مائاكانىڭ ئوغلى شىفاتىيا،
17 لاۋىي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كىمۇئېلنىڭ ئوغلى خاشابىيا،
ھارۇن جەمەتىنىڭ باشلىقى زادوق،
18 يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى داۋۇتنىڭ ئاكىسى ئەلىھۇ،
ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مىكائىلنىڭ ئوغلى ئومرى.
19 زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئوبادىيانىڭ ئوغلى يىشمايا،
نافتالى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئازرىئېلنىڭ ئوغلى يېرىموت،
20 ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئازازىيانىڭ ئوغلى ھوشىيا،
ماناسسە قەبىلىسى غەربىي يېرىمىنىڭ باشلىقى پىدايانىڭ ئوغلى يوئېل،
21 گىلئادتىكى ماناسسە قەبىلىسىنىڭ شەرقىي يېرىمىنىڭ باشلىقى زىكرىيانىڭ ئوغلى ئىددو،
بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئابنېرنىڭ ئوغلى يائاسىئېل،
22 دان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى يېروخامنىڭ ئوغلى ئازارئېل،
ئىسرائىلىيەدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى مۇشۇلاردىن ئىبارەت ئىدى.

23 داۋۇت ئىسرائىل خەلقىنى تىزىمغا ئالغاندا، 20 ياشتىن تۆۋەنلەرنى تىزىملىمىغانىدى. چۈنكى پەرۋەردىگار: «مەن ئىسرائىللارنىڭ

سانىنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ قىلىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدى.[24] مەزلۇمە زىرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب خەلقنى تىزىملاشنى باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن تولۇق تىزىملاپ بولالمىغانىدى. چۈنكى ئۇ خەلقنى تىزىملاشقا باشلىغاندا، پەرۋەردىگار ئىسرائىللارغا غەزەپلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسرائىللارنىڭ ئومۇمىي سانى پادىشاھ داۋۇتنىڭ تەزكىرىسىگە كىرمىگەنىدى.

## ئوردىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى باشقۇرغۇچىلار

[25] ئادىئېلنىڭ ئوغلى ئازماۋەت ئوردىنىڭ ئامبارلىرىغا مەسئۇل ئىدى.
ئۇززىيانىڭ ئوغلى يوناتان شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى رايون، يېزا-قىشلاق ۋە قورغانلارغا قاراشلىق ئامبارلارغا مەسئۇل ئىدى.
[26] كىلۇبنىڭ ئوغلى ئەزرى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.
[27] راماھلىق شىمئى ئۈزۈمزارلىقلارغا مەسئۇل ئىدى.
شىفاملىق زابدى ئۈزۈمزارلىقتىكى شاراب ساقلىنىدىغان ئامبارلارغا مەسئۇل ئىدى.
[28] گەدەرلىك بائال-خانان غەربىي ئېدىرلىقتىكى زەيتۇنلۇقلارغا ۋە ئەنجۈرلۈكلەرگە مەسئۇل ئىدى.
يوئاش زەيتۇن ياغلىرىنى ساقلايدىغان ئامبارلارغا مەسئۇل ئىدى.
[29] شارونلۇق شىتراي شارون تۈزلەڭلىكىدىكى كالا پادىلىرىغا، ئادلاينىڭ ئوغلى شافات جىلغىلاردىكى كالا پادىلىرىغا مەسئۇل ئىدى.
[30] ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئوبىل تۆگىلەرگە، مېرونوتلۇق يەخدىيا ئېشەكلەرگە مەسئۇل ئىدى.
[31] ھاگرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان يازىز قوي ۋە ئۆچكە پادىلىرىغا مەسئۇل ئىدى.
يۇقىرىدىكى ئىسمى تىلغا ئېلىنغان مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھ داۋۇتنىڭ مال-مۈلكىنى باشقۇراتتى.

[32] داۋۇتنىڭ تاغىسى يوناتان دانىشمەن ئادەم بولۇپ، ئۇ
داۋۇتنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە پۈتۈكچى ئىدى. خاكمونىنىڭ
ئوغلى يەخىئېل پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تەلىم-تەربىيەسىگە
مەسئۇل ئىدى. [33] ئاخىتوفەل پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى.
ئاركى جەمەتىدىن بولغان خۇشاي پادىشاھنىڭ دوستى ئىدى.
[34] ئاخىتوفەلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا بىنايانىڭ ئوغلى يەھويادا
ۋە ئەبىياتار مەسلىھەتچىلەر بولدى. يوئاب پۈتۈن قوشۇنىنىڭ باش
سەركەردىسى ئىدى.

## داۋۇتنىڭ ئىبادەتخانا توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلىرى

28 [1] پادىشاھ داۋۇت ئىسرائىلىيەدىكى بارلىق ئەمەلدارلارنى،
يەنى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى، قوشۇنلارنىڭ مىڭبېشى،
يۈزبېشى قاتارلىق سەركەردىلىرىنى، پادىشاھ ۋە شاھزادىلەرنىڭ مال-
مۈلۈك ۋە چارۋىلىرىنى باشقۇرغۇچىلىرىنى، ئوردا خىزمەتكارلىرىنى،
باھادىرلارنى ۋە باشقا بارلىق باتۇر جەڭچىلەرنى يېرۇسالېمغا
چاقىرتتى. [2] پادىشاھ داۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
— قېرىنداشلىرىم، خەلقىم، سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! مەن
ئەسلى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن بىر
ئىبادەتخانا سالماقچىدىم. ئەھدە ساندۇقى پەرۋەردىگارنىڭ پۇتىنى
قويىدىغان يېرىدۇر. مەن ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇش تەييارلىقلىرىنى
پۈتتۈرۈپ قويدۇم. [3] لېكىن خۇدا: «مېنىڭ نامىمغا ئاتىلىدىغان
ئىبادەتخانىنى سەن سالساڭ بولمايدۇ، چۈنكى سەن ئىلگىرى
كۆپ جەڭلەرنى قىلىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قېنىنى تۆكتۈڭ»
دېدى. [4] ھالبۇكى، ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار
خۇدا ئاتامنىڭ جەمەتىدىن مېنى ۋە ئەۋلادلىرىمنى ئىسرائىل
خەلقىنىڭ پادىشاھلىقىغا مەڭگۈلۈك تاللىدى. پەرۋەردىگار
ئالدى بىلەن يەھۇدا قەبىلىسىنى يېتەكچى قىلىپ تاللىدى،
ئاندىن يەھۇدا قەبىلىسىدىن ئاتامنىڭ جەمەتىنى، ئاتامنىڭ
ئوغۇللىرى ئىچىدىن مېنى تاللىدى. ئۇ مېنى ئىسرائىلىيەنىڭ
پادىشاھى قىلىپ تىكلىگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. [5] پەرۋەردىگار
ماڭا كۆپ ئوغۇل بەردى ھەمدە ئوغۇللىرىمنىڭ ئارىسىدىن

سۇلايماننى ئىسرائىلىيەدە پەرۋەردىگارنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. [6] پەرۋەردىگار ماڭا: «ئوغلۇڭ سۇلايمان ئىبادەتخانامنى سالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھويلىلىرىنى ياسايدۇ. مەن ئۇنى ئۆزۈمگە ئوغۇل قىلىپ تاللىدىم، مەن ئۇنىڭ ئاتىسى بولىمەن. [7] ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىمنى بۈگۈنكىدەك قەتئىي ئىجرا قىلسا، مەن ئۇنىڭ تەختىنى مەڭگۈ مۇستەھكەم قىلىمەن» دېدى.

[8] خۇدا گۇۋاھ بولسۇنكى، پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتى بولغان پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئالدىدا سىلەرگە: «پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ بارلىق ئەمرلىرىنى ئىجرا قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلىمەن. شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر ئىگە بولغان بۇ گۈزەل زېمىندا داۋاملىق ياشىيالايسىلەر ۋە ئۇنى ئەۋلادلىرىڭلارغىمۇ مەڭگۈ مىراس قىلىپ قالدۇرالايسىلەر.

[9] ئەي ئوغلۇم سۇلايمان، ئاتاڭ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانى تونۇغىن، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆز ئىختىيارلىقىڭ ۋە جان-دىلىڭ بىلەن قىلغىن. چۈنكى ئۇ ھەربىر ئىنساننىڭ كۆڭلى ۋە نىيىتىنى بىلىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا ئىنتىلسەڭ، ئۇ ساڭا نامايان بولىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسەڭ، ئۇ سېنى مەڭگۈ تاشلايدۇ. [10] سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغىن، پەرۋەردىگار مۇقەددەس جاي بولغان ئىبادەتخانىنى سېلىشقا سېنى تاللىغان ئىكەن، دادىللىق بىلەن ئىشلىگىن!

[11] داۋۇت ئوغلى سۇلايمانغا ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلمىسىنى، يەنى ئىبادەتخانىنىڭ ئايۋانى، ئامبارلىرى، يۇقىرى خانىلىرى، ئىچكىرى خانىلىرى ۋە ئەڭ مۇقەددەس خانىنىڭ، يەنى گۇناھ ساقىت قىلىنىش جايىنىڭ لايىھەسىنى بەردى. [12] داۋۇت سۇلايمانغا يەنە ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىلىرى، ئەتراپىدىكى ئۆيلەر ۋە خۇداغا ئاتالغان سوۋغاتلارنى ساقلايدىغان خەزىنىلەر ھەققىدىمۇ پەرۋەردىگارنىڭ كۆڭلىگە سالغانلىرى بويىچە كۆرسەتمە بەردى. [13] داۋۇت سۇلايمانغا يەنە روھانىيلار ۋە لاۋىيلارنى قانداق تەشكىللەش، ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىدا قىلىدىغان خىزمەتلىرى

ۋە ئۆلار خىزمەت قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار ھەققىدىمۇ
چۈشەنچە بەردى.
[14] داۋۇت سۇلايمانغا يەنە خۇدانىڭ خىزمىتىدە ئىشلىتىلىدىغان
تۈرلۈك بۇيۇملارغا كېتىدىغان ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ مىقدارىنى،
[15] يەنى ئالتۇن چىراغ، ئالتۇن چىراغدانلار، كۈمۈش چىراغ، كۈمۈش
چىراغدانلار، [16] خۇداغا ئاتىلىدىغان نانلار تىزىلىدىغان ئالتۇن
شىرەلەر، باشقا كۈمۈش شىرەلەر، [17] ئالتۇن ئارا، ئالتۇن داس،
ئالتۇن چەينەك، ئالتۇن قاچىلار، كۈمۈش قاچىلار ۋە [18] ئالتۇن
ئىسرىقدانغا كېتىدىغان ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرنىڭ مىقدارىنى
بەلگىلەپ بەردى. داۋۇت يەنە سۇلايمانغا پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە
ساندۇقىنىڭ ئۈستىنى ئېچىلغان قاناتلىرى بىلەن يېپىپ تۇرغان
ئالتۇن كېرۇبلارنىڭ، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ «ھارۋىسى»نىڭ
لايىھەسىنىمۇ بەردى.
[19] داۋۇت مۇنداق دېدى:
- مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگارنىڭ كۆرسەتمىسى
بويىچە تەپسىلى يېزىپ چىقتىم.
[20] ئۇ ئوغلى سۇلايمانغا يەنە:
- ئىش قىلغاندا قەيسەر ۋە جاسارەتلىك بولغىن، ھەرگىز
قورقمىغىن ھەم بوشىشىپ قالمىغىن! چۈنكى پەرۋەردىگار خۇدا،
يەنى مەن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا ساڭا ياردۇر. پەرۋەردىگار
ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسى قۇرۇلۇپ بولغۇچە، سەندىن ئايرىلمايدۇ
ۋە سېنى ھەرگىز تاشلىمايدۇ. [21] مانا قارىغىن، روھانىيلار ۋە
لاۋىيلار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى ھەرقانداق خىزمەتلەرنى
قىلىشقا تەيياردۇر. ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە
جان-دىلى بىلەن ساڭا ياردەم قىلىدۇ. پۈتۈن ئەمەلدار ۋە خەلق
سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا بويسۇنىدۇ، - دېدى.

## ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قىلىنغان ھەدىيەلەر

29 [1] پادىشاھ داۋۇت پۈتۈن جامائەتكە مۇنداق دېدى:
- خۇدا تاللىغان ئوغلۇم سۇلايمان تېخى ياش ھەم
تەجرىبىسىز، ئەمما قىلىدىغان ئىشى ئىنتايىن بۈيۈكتۇر.

چۈنكى ئىبادەتخانا ئىنسانلارغا ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار خۇداغا ئاتىلىدۇ. [2] مەن خۇدايىمنىڭ بۇ ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن نۇرغۇنلىغان ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، تۆمۈر ۋە ياغاچ ماتېرىياللارنى تەييارلىدىم. ئۇلاردىن باشقا كۆپلىگەن يوللۇق ھېقىق، فىرۇزە تاشلار، رەڭلىك تاشلار، مەرمەر ۋە ھەر خىل قىممەتلىك تاشلارنىمۇ تەييارلىدىم. [3] مەن خۇدايىمنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بولغان ساداقىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ماتېرىياللارنى تەييارلىغاندىن باشقا، يەنە ئۆزۈمنىڭ ئەتىۋارلاپ ساقلاپ قويغان ئالتۇن، كۈمۈشلىرىمنىمۇ ھەدىيە قىلىمەن. [4] مەن ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرىنى زىننەتلەشكە 100 توننا ئوفىر ئالتۇنى ۋە 240 توننا كۈمۈش ھەدىيە قىلىمەن. [5] بۇ ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەردىن ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر ھەر خىل بۇيۇملارنىمۇ ياسايدۇ. قېنى، بۈگۈن يەنە كىم پەرۋەردىگارغا خالىس ھەدىيە بېرىشنى خالايدۇ؟

[6] شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جەمەت باشلىقلىرى، قەبىلە باشلىقلىرى، مىڭبېشىلار، يۈزبېشىلار ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۆز سوۋغاتلىرىنى خالىس ھالدا ھەدىيە قىلدى. [7] ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن قىلغان ھەدىيەلىرى 175 توننا ئالتۇن، 10 مىڭ دانە ئالتۇن تەڭگە، 350 توننا كۈمۈش، 630 توننا تۇچ ۋە 3500 توننا تۆمۈر ئىدى. [8] كىمدە قىممەتلىك تاشلار بولسا، ئۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇردى. ئامبارغا گېرشون ئەۋلادىدىن بولغان يەخىئېل قارايتتى. [9] خەلق چىن دىلىدىن خۇداغا ئاتاپ ھەدىيە بەرگەن بۇ ئادەملەردىن سۆيۈندى. پادىشاھ داۋۇتمۇ خۇرسەن بولدى.

## داۋۇتنىڭ خۇدانى مەدھىيەلىشى

[10] داۋۇت پۈتۈن جامائەت ئالدىدا پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلەپ ھەمدۇسانا ئوقۇدى:

«ئى پەرۋەردىگار، يەنى ئەجدادىمىز ئىسرائىل ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا،
ساڭا ئەبەدىلئەبەد مەدھىيەلەر بولسۇن!
11 ئى پەرۋەردىگار، ئۇلۇغلۇق، قۇدرەت، شان-شۆھرەت ۋە بۈيۈكلۈك ساڭا مەنسۇپتۇر.
ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارچە نەرسە ساڭا تەۋەدۇر!
ئى پەرۋەردىگار، بۇ سېنىڭ پادىشاھلىقىڭدۇر،
سەن ھەممىدىن يۈكسەك ھۆكۈمراندۇرسەن!
12 بايلىق ۋە شۆھرەت سەندىن كېلىدۇ،
سەن پۈتكۈل مەۋجۇداتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىسەن،
سەن پۈتكۈل ھوقۇق ۋە كۈچ-قۇدرەتنىڭ ئىگىسىدۇرسەن،
ھەركىمنى يۈكسەك، كۈچلۈك قىلىش سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر.
13 ئى خۇدايىمىز، بىز ساڭا تەشەككۈر ئېيتىمىز،
سېنىڭ شەرەپلىك نامىڭنى ئۇلۇغلايمىز!

14 ساڭا ھەدىيە سۇنغۇدەك مەن كىم ئىدىم، خەلقىم كىم ئىدى.
بىز ساڭا ھەدىيە سۇنۇشقا قانداقمۇ لايىق كېلىمىز؟
چۈنكى پۈتۈن نەرسە سەندىن كېلىدۇ.
بىز پەقەت سەندىن ئالغان نەرسىنى ئۆزۈڭگە قايتۇردۇق، خالاس!
15 بىز سېنىڭ ئالدىڭدا خۇددى ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش پەقەت ئۆتكۈنچى مېھمانلاردۇرمىز،
بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىز خۇددى كۆلەڭگىدەك ئىزسىز تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.
16 ئى پەرۋەردىگارىمىز خۇدا،
بىز سېنىڭ مۇقەددەس نام-شەرىپىڭگە ئاتاپ سالماقچى بولغان ئىبادەتخانىغا تەييارلىغان بۇ بايلىقلارمۇ سەندىن كەلگەن،
ھەممىسى ساڭا مەنسۇپتۇر.

17 ئى خۇدايىم، سېنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى
سىنايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن.
سەن دۇرۇس ئادەملەردىن خۇرسەن بولىسەن.
مەن بەرگەن نەرسىلەرنى چىن دىلىمدىن ساڭا
ئاتىدىم،
شۇنداقلا مەن بۇ يەردە تۇرغان خەلقىڭنىڭ بايلىقلىرىنى
خۇشاللىق ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ساڭا تەقدىم
قىلغانلىقىنى كۆردۈم.
18 ئى پەرۋەردىگار، يەنى ئەجدادلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق
ۋە ئىسرائىل ئېتىقاد قىلغان خۇدا،
خەلقىڭنى مەڭگۈ ئۆزۈڭگە مۇشۇنداق قىزغىن ۋە سادىق
قىلغايسەن!
19 ئوغلۇم سۇلايماننىڭ سېنىڭ ئەمر، قانۇن ۋە قائىدىلىرىڭگە
رىئايە قىلىشى،
شۇنداقلا مەن تەييارلاپ قويغان ئاشۇ ماتېرىياللارنى
ئىشلىتىپ، ئىبادەتخانىنى سېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا
كۈچلۈك ئىستەك ئاتا قىلغايسەن.»

20 كېيىن داۋۇت پۈتۈن جامائەتكە قاراپ: «پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا
ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن جامائەت ئەجدادلىرى
ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئۇلار ئالدى
بىلەن باشلىرىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلدى،
ئاندىن پادىشاھقا تەزىم قىلدى.

## سۇلايماننىڭ قايتىدىن پادىشاھ دەپ جاكارلىنىشى

21 جامائەت ئەتىسى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلدى. ئۇلار
پۈتۈن ئىسرائىلىيەگە ۋاكالىتەن مىڭ تۇياق بۇقا، مىڭ تۇياق قوچقار،
مىڭ تۇياق پاقلاننى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە ئىچىملىك ھەدىيەسى ۋە باشقا نۇرغۇن قۇربانلىقلارنىمۇ
تەقدىم قىلدى. 22 ئۇ كۈنى ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا شاد-
خۇراملىق بىلەن غىزالاندى.

ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىدا سۇلايمان ۋە زادوقنىڭ باشلىرىغا ياغ قۇيۇپ، يەنە بىر قېتىم سۇلايماننى پادىشاھ، زادوقنى روھانىي دەپ جاكارلاشتى. [23] شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئاتىسى داۋۇتنىڭ ئورنىدا پەرۋەردىگارنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. سۇلايمان ھەممە ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. [24] بارلىق ئەمەلدارلار، باتۇر جەڭچىلەر ۋە پادىشاھ داۋۇتنىڭ باشقا ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا ساداقەتنى بىلدۈرۈشتى. [25] پەرۋەردىگار سۇلايماننى پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى ئالدىدا شۇ قەدەر شۆھرەتكە ئىگە قىلدىكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىسرائىلىيەنىڭ ھەرقانداق بىر پادىشاھى بۇنداق شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولۇپ باقمىغانىدى.

## داۋۇتنىڭ ۋاپاتى

[26] يىشاينىڭ ئوغلى داۋۇت پۈتۈن ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ ئىدى. [27] ئۇ ئىسرائىلىيەگە قىرىق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ھېبروندا يەتتە يىل، يېرۇسالېمدا 33 يىل پادىشاھ بولدى. [28] داۋۇت ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. ئۇ باي-باياشاتلىق ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى سۇلايمان پادىشاھ بولدى. [29] پادىشاھ داۋۇتنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى باشتىن-ئاخىر غايىبنى بىلگۈچى سامۇئىل، ناتان پەيغەمبەر ۋە غايىبنى بىلگۈچى گادنىڭ تەزكىرىلىرىگە پۈتۈلگەندۇر. [30] بۇ تەزكىرىلەرگە پادىشاھ داۋۇتنىڭ قەھرىمانلىقلىرى، ئۇنىڭ ۋە ئىسرائىل خەلقىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى، شۇنداقلا ئىسرائىلىيەنىڭ ئەتراپىدىكى پادىشاھلىقلاردا يۈز بەرگەن ئىشلارمۇ پۈتۈلگەنىدى.

# تاریخلار 2-قسم


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | 32 |
| 33 | 34 | 35 | 36 |

# تارىخلار 2-قىسىم

## پادىشاھ سۇلايماننىڭ ئەقىل-پاراسەت تەلەپ قىلىشى

1 1 داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئۆزىنىڭ شاھلىق تەختىنى
مۇستەھكەملىدى. پەرۋەردىگار خۇدا ئۇنىڭغا يار بولۇپ،
ئۇنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى.
2 سۇلايمان پۈتۈن ئىسرائىللارنى، جۈملىدىن مىڭبېشى،
يۈزبېشى، سوتچى، يېتەكچى ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنى چاقىرتىپ،
3 ئۇلار بىلەن بىرلىكتە گىبېئوندىكى سەجدىگاھقا باردى. ئۇ يەردە
پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا چۆلدە ياساتقان ئۇچرىشىش
چېدىرى بار ئىدى. 4 (داۋۇت بۇرۇن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
قىريات-يېئارىمدىن يېرۇسالېمدىكى ئۆزى ئەھدە ساندۇقى
ئۈچۈن تەييارلىغان چېدىرغا يۆتكەپ ئەكەلدۈرگەنىدى.)
5 ئۇرىنىڭ ئوغلى، يەنى خۇرنىڭ نەۋرىسى بىزالئېل تۇچ بىلەن
قاپلاپ ياسىغان قۇربانلىق سۇپىسى گىبېئوندىكى ئۇچرىشىش
چېدىرىنىڭ ئالدىدا بولۇپ، سۇلايمان ۋە جامائەت شۇ يەردە
پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلدى. 6 سۇلايمان ئۇچرىشىش چېدىرىنىڭ
ئالدىدىكى قۇربانلىق سۇپىسىدا مىڭ تۇياق مال كۆيدۈرمە
قۇربانلىق قىلدى. 7 شۇ كېچىسى پەرۋەردىگار سۇلايمانغا زاھىر
بولۇپ، مۇنداق دېدى:
— نېمە تىلىكىڭ بار، سورىغىن.
8 سۇلايمان جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
— ئاتام داۋۇتقا ئۇلۇغ مېھىر-شەپقەت كۆرسەتتىڭ ھەمدە مېنى
ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىس قىلىپ، 9 مېنى يەر يۈزىدىكى قۇمدەك سانسىز
خەلققە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدىڭ. ئى پەرۋەردىگار خۇدا، ئەمدى

ئاتام داۋۇتقا بەرگەن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، [10] ماڭا ئۇلارنى باشقۇرغۇدەك ئەقىل ۋە بىلىم بەرگەيسەن. بولمىسا كىممۇ بۇ ئۇلۇغ خەلقىڭگە ھۆكۈمرانلىق قىلالىسۇن؟

[11] خۇدا سۇلايمانغا:

ـ سەن مەندىن ئۆزۈڭ ئۈچۈن بايلىق، مال-دۇنيا، شان-شەرەپ، ئۆزۈن ئۆمۈر ۋە دۈشمەنلىرىڭنى يوقىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلماي، پەقەت خەلقىمنى، يەنى سېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭغا تاپشۇرغان خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ۋە بىلىم تەلەپ قىلغانىكەنسەن، [12] مەن ساڭا ئەقىل ۋە بىلىم بەرگەندىن سىرت، يەنە بۇرۇنقى پادىشاھلاردىمۇ بولمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى پادىشاھلاردىمۇ بولمايدىغان بايلىق، مال-دۇنيا ۋە شان-شەرەپ ئاتا قىلىمەن، ـ دېدى.

[13] شۇنىڭدىن كېيىن سۇلايمان گىبېئوندا جايلاشقان سەجدىگاھتىكى ئۇچرىشىش چېدىرىدىن يېرۇسالېمغا قايتىپ كېلىپ، ئىسرائىلىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

[14] پادىشاھ سۇلايمان ئات ۋە جەڭ ھارۋىلىرى توپلىدى. ئۇنىڭ توپلىغان جەڭ ھارۋىلىرى 1400، ئاتلىرى 12 مىڭ ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى جەڭ ھارۋىلىرى تۇرىدىغان شەھەرلەرگە ۋە يەنە بىر قىسمىنى ئۆزى تۇرىدىغان يېرۇسالېمغا ئورۇنلاشتۇردى. [15] پادىشاھ سۇلايماننىڭ زامانىدا يېرۇسالېمدا كۈمۈش ۋە ئالتۇن خۇددى تاشتەك، كېدىر ياغىچى خۇددى غەربىي ئېدىرلىقتىكى ياۋا ئەنجۈر دەرەخلىرىدەك كۆپ بولدى. [16] پادىشاھ سۇلايماننىڭ ئاتلىرى مىسىردىن ۋە كىلىكىيەدىن كەلتۈرۈلەتتى. پادىشاھنىڭ سودىگەرلىرى ئاتلارنى كىلىكىيەدىن مۇقىم باھادا سېتىۋالاتتى. [17] مىسىردىن كەلتۈرۈلگەن جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ باھاسى 7 كىلو 200 گىرام كۈمۈش، ئاتنىڭ ھەربىرىنىڭ باھاسى 1 كىلو 800 كۈمۈش ئىدى. پادىشاھ سۇلايماننىڭ سودىگەرلىرى ئۇلارنى خىتلار ۋە ئارراملارنىڭ پادىشاھلىرىغا سېتىشاتتى.

## ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق قىلىنىشى

2 [1] سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا ئاتاپ بىر ئىبادەتخانا ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئوردا سالدۇرۇش قارارىغا كەلدى. [2] سۇلايمان تاغدا تاش قېزىش ئۈچۈن 80 مىڭ ئادەم، يۈك توشۇش ئۈچۈن 70 مىڭ ئادەم ۋە ئۇلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن 3600 ئادەم تاللىدى. [3] سۇلايمان تىر پادىشاھى ھىرامغا ئادەم ئەۋەتىپ، مۇنداق دېدى:

«سىلى ئاتام داۋۇتنىڭ ئوردا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كېدىر دەرىخى ئەۋەتىپ بەرگەندەك، ماڭىمۇ ئەۋەتىپ بەرگەيلا. [4] ھازىر مەن پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ نامىغا ئاتاپ بىر ئىبادەتخانا سېلىپ، ئۇنى پەرۋەردىگارغا بېغىشلىماقچىمەن. ئۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا خۇشبۇي ئىسرىق سېلىنىپ، پەرۋەردىگارغا ئاتالغان نانلار ھەر زامان دەستىلەپ قويۇلىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە، ھەر دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، يېڭى ئاي بايراملىرىدا ۋە پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بەلگىلىگەن باشقا ھېيتلاردا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىنىدۇ. بۇلار ئىسرائىللار مەڭگۈ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەلگىلىمىلەردۇر. [5] مەن سالماقچى بولغان بۇ ئىبادەتخانا ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بولىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ خۇدايىمىز بارلىق بۇت ئىلاھلاردىن بۈيۈكتۇر. [6] ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئاسمان، ھەتتا ئەرشئەلاغا پاتمىغان يەردە، ئۇنىڭغا كىممۇ ئىبادەتخانا سالالىسۇن؟ ئۇنىڭغا ئىبادەتخانا سالالىغۇدەك مەن كىم ئىدىم؟ مېنىڭ نىيىتىم پەقەت ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىسرىق سالغۇدەك بىر يەر ھازىرلاشتۇر، خالاس.

[7] ھازىر سىلى ماڭا بىر ئۇستا ئەۋەتىپ بەرسىلە. ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، تۆمۈردىن نەرسىلەرنى ياسىيالايدىغان، سۆسۈن، توق قىزىل، كۆك رەڭلىك رەختلەردىن كەشتىچىلىك قىلالايدىغان، ئويمىچىلىق قىلالايدىغان، ئاتام داۋۇت يېرۇسالېم، شۇنداقلا يەھۇدىيەدە تەييار قىلغان ئۇستىلار بىلەن بىرگە ئىشلىيەلەيدىغان بولسۇن. [8] لىۋاندىن كېدىر، قارىغاي ۋە ئېسىل

ياغاچلارنى ئەۋەتسىلە. سىلىنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ لىۋان تېغىدا دەرەخ كېسىشكە ئۇستا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. مەن سىلىنىڭ خىزمەتكارلىرى بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغانغا ئادەم ئەۋەتىمەن. [9] مەن ياسايدىغان ئىبادەتخانا بەك ھەشەمەتلىك بولىدىغان بولغاچقا، ئىبادەتخانىغا ناھايىتى كۆپ ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ. [10] مەن سىلىنىڭ ياغاچ كېسىدىغان خىزمەتكارلىرىغا 1600 توننا يارما قىلىنغان بۇغداي، 1200 توننا ئارپا، 440,000 لىتىر شاراب ۋە 440,000 لىتىر زەيتۇن يېغى بېرىمەن.»

[11] تىر پادىشاھى ھىرام سۇلايمانغا مەكتۇپ ئارقىلىق مۇنداق جاۋاب بەردى:

«پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ خەلقىنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن، سىلىنى ئۇلارنىڭ پادىشاھى قىلىپ تىكلىدى. [12] پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ۋە ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇداغا مەدھىيەلەر بولسۇن. پادىشاھ ئۇ داۋۇتنىڭ دانا ۋە ئەقىل-پاراسەتلىك ئوغلى سۇلايمان ئارقىلىق ئۆزىگە ئىبادەتخانا ھەم سىلىگە ئوردا سالدۇرماقچى بولۇۋېتىپتۇ.
[13] مەن سىلىگە ھۇرام ئىسىملىك ئەقىللىق ۋە چېۋەر بىر ئۇستامنى ئەۋەتەي. [14] ئۇنىڭ ئانىسى دان قەبىلىسىدىن، ئاتىسى تىرلىقتۇر. ھۇرام ئويمىچىلىقتا، لايىھەلەشكە، ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، تۆمۈر، تاش، ياغاچتىن نەرسە ياساشقا، ئېسىل زىغىر رەختلەرنى سۆسۈن، توق قىزىل، كۆك رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كەشتىلەشكە ماھىردۇر. ئۇ ئاتىلىرى داۋۇتنىڭ ئۇستىلىرى ۋە باشقا ئۇستىلار بىلەن بىرگە ئىشلىسە بولىدۇ.
[15] سىلى ئەمدى بېرىشكە ۋەدە قىلغان بۇغداي، ئارپا، زەيتۇن يېغى ۋە شارابلارنى خىزمەتكارلىرىمغا ئەۋەتىپ بەرسىلە. [16] بىز لىۋان تېغىدىن سىلىگە كېرەكلىك بولغان ياغاچلارنى كېسىپ، ئۇنى سال قىلىپ، سۇ يولى بىلەن يافاغا ئەۋەتىپ بېرەيلى. سىلى ئۇ يەردىن ئۇ ياغاچلارنى يېرۇسالېمغا توشۇۋالسىلا.»

[17] سۇلايمان ئاتىسى داۋۇتنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىسرائىلىيەدە ياشاۋاتقان بارلىق يات خەلقلەرنى تىزىملاپ چىقتى، ئۇلار جەمئىي 153,600 ئادەم ئىدى. [18] ئۇ بۇلاردىن 80 مىڭ ئادەمنى تاغدىن تاش قېزىشقا، 70 مىڭ ئادەمنى توشۇغۇچى ئىشچىلىققا، 3600 ئادەمنى نازارەتچىلىككە تاللىدى.

## ئىبادەتخانىنىڭ سېلىنىشى

3 [1] سۇلايمان يېرۇسالېمنىڭ موريا تېغىدا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى سېلىشقا باشلىدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى يەبۇسلۇق ئاراۋنانىڭ خامانلىقىدا بولۇپ، بۇ يەرنى داۋۇت بەلگىلەنگەنىدى. پەرۋەردىگار سۇلايماننىڭ ئاتىسى داۋۇتقا شۇ يەردە زاھىر بولغانىدى. [2] سۇلايمان ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 4-يىلى 2-ئاينىڭ 2-كۈنى ① قۇرۇلۇشنى باشلىدى.

[3] ئۇ ياساتماقچى بولغان خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر ئىدى. [4] ئالدىدىكى ئايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر، ئېگىزلىكى 60 مېتىر ئىدى. كەڭلىكى 10 مېتىر بولۇپ، ئىبادەتخانىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىنىڭ ھەممە يېرىگە ساپ ئالتۇن قاپلانغانىدى. [5] ئاساسىي خانا قارىغاي تاختايلىرى بىلەن قاپلىنىپ، ئاندىن ساپ ئالتۇن چاپلىنىپ، ئۈستىگە خورما دەرىخى ۋە ئۆرۈمە تانىلارنىڭ شەكلى ئويۇلغانىدى. [6] سۇلايمان ئىبادەتخانىنى گۆھەر، شۇنداقلا پارۋايىمدىن ئەكەلدۈرگەن ئالتۇن بىلەن بېزەتكۈزدى. [7] ئىبادەتخانىنىڭ لىم ياغاچلىرى، بوسۇغىلىرى، تاملىرى ۋە ئىشىكلىرىنى ئالتۇن بىلەن قاپلاتقۇزۇپ، تېمىغا كېرۇبلارنىڭ شەكلىنى ئويدۇردى.

[8] سۇلايمان ئەڭ مۇقەددەس خانىنىمۇ ياساتقۇزدى. خانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، كەڭلىكىمۇ 10 مېتىر بولۇپ، ئىبادەتخانىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. خانىنىڭ ئىچىنى 21 توننا ساپ ئالتۇن بىلەن بېزەتكۈزدى. [9] قېقىلغان مىخلارنىڭ بېشىغا قاپلانغان

① 3: 2 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 4-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 12-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

ئالتۇننىڭ ئېغىرلىقى 600 گىرام ئىدى. يۇقىرىقى خانىلارنىڭ ئىچىنىمۇ ئالتۇن بىلەن بېزەتكۈزدى. [10] سۇلايمان يەنە ئىككى دانە كېرۇب ھەيكىلىنى ياسىتىپ، ئۇلارنى ئەڭ مۇقەددەس خانىنىڭ ئىچىگە ئورناتتى ۋە ئۇلارنىمۇ ئالتۇن بىلەن قاپلاتتى. [11-12] ئىككى كېرۇبنىڭ قاناتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى جەمئىي 10 مېتىر بولۇپ، ھەربىر قاناتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 مېتىر ئىدى. ھەربىر كېرۇبنىڭ بىر تەرەپتىكى قانىتى ئىبادەتخانا تېمىغا تېگىپ تۇرغان بولۇپ، يەنە بىر قانىتى بىر-بىرىگە تېگىشىپ تۇراتتى. [13] ئۇلار ئەڭ مۇقەددەس خانىغا يانمۇيان ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلغان بولۇپ، يېيىلغان قاناتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر ئىدى. [14] سۇلايمان يەنە ئېسىل زىغىر رەختتىن ئەڭ مۇقەددەس خانىغا پەردە تىكتۈرۈپ، ئۈستىگە كۆك، سۆسۈن ۋە توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن كېرۇبلارنىڭ سۈرىتىنى كەشتىلەتتى.

[15] سۇلايمان يەنە ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا ئىككى تۈۋرۈك ئورناتقۇزدى. ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 18 مېتىر بولۇپ، ھەربىر تۈۋرۈك ئۈستىگە ئورنىتىلغان تۈۋرۈك بېشىنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر ئىدى. [16] ئۇ يەنە زەنجىر ياسىتىپ، تۈۋرۈك بېشىغا ئاستۇردى. 100 دانە ئانار ياسىتىپ، زەنجىرنى بېزەتكۈزدى. [17] بۇ تۈۋرۈكلەر ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە ئورنىتىلغان بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى تۈۋرۈككە «ياكىن» [مەنىسى «خۇدا تىكلەيدۇ»]، سول تەرەپتىكى تۈۋرۈككە «بوئاز» [مەنىسى «خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن»] دەپ نام بەردى.

## ئىبادەتخانىنىڭ بۇيۇملىرى

4 [1] سۇلايمان يەنە قۇربانلىق سۇپىسى ياساتتى. قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى 5 مېتىر بولۇپ، تۇچ بىلەن قاپلانغانىدى. [2] ئۇ يەنە دىيامېتىرى 5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2.5 مېتىر، ئايلانمىسى 15 مېتىر كېلىدىغان يۇمىلاق شەكىلدىكى بىر تۇچ داشقان قۇيدۇردى. بۇ داشقان «دېڭىز» دەپ ئاتالدى. [3] تۇچ داشقاننىڭ گىرۋىكى ئاستىغا ئىككى قۇر بۇقا

شەكىللىك نەقىش چىقىرىلغان بولۇپ، ھەر مېتىر ئارىلىقتا يىگىرمە دانە بۇقىنىڭ شەكلى بار ئىدى، ئۇلار داشقان قۇيۇلغان چاغدىلا بىرگە قۇيۇلۇپ چىقىلغانىدى. [4] داشقان 12 دانە تۇچ بۇقىنىڭ ئۈستىگە قويۇلدى. بۇقىلارنىڭ ئۈچى شىمالغا، ئۈچى غەربكە، ئۈچى جەنۇبقا، ئۈچى شەرققە قارىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقلىرى ئىچ تەرەپكە قارايتتى. [5] داشقاننىڭ قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر بولۇپ، گىرۋىكى خۇددى پىيالىنىڭ گىرۋىكىگە ھەم نىلۇپەر گۈلىنىڭ بەرگىگە ئوخشايتتى. داشقانغا 66 مىڭ لىتىر سۇ سىغاتتى.

[6] سۇلايمان يەنە ئون دانە داس ياسىتىپ، ئۇنىڭ بەشىنى ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىغا، بەشىنى شىمالىغا قويدۇردى. ئۇلار قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. تۇچ داشقاندا روھانىيلار پۇت-قولىنى يۇياتتى.

[7] سۇلايمان يەنە بېكىتىلگەن لايىھەگە ئاساسەن ئون دانە ئالتۇن چىراغدان ياسىتىپ، ئۇنىڭ بەشىنى ئىبادەتخانىنىڭ ئاساسىي خانىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە، بەشىنى شىمالىي تەرىپىگە قويغۇزدى. [8] ئۇ يەنە ئون دانە شىرە ياسىتىپ، بەشىنى ئىبادەتخانىنىڭ ئاساسىي خانىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە، بەشىنى شىمالىي تەرىپىگە قويغۇزدى. ئۇ يەنە يۈز دانە ئالتۇن داس ياساتتى.

[9] سۇلايمان روھانىيلار خىزمەت قىلىدىغان ھويلا بىلەن چوڭ ھويلىنى ياساتتى. چوڭ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ قاناتلىرىنى تۇچ بىلەن قاپلاتقۇزدى. [10] داشقاننى ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە ئورۇنلاشتۇردى.

[11] ھۇرام يەنە كۈل قاچىسى، گۈرجەك ۋە داسلارنى ياسىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن پادىشاھ سۇلايمان بۇيرۇغان ھەممە ئىشلارنى پۈتتۈردى. [12] ئۇ ياسىغان نەرسىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

ئىككى تۈۋرۈك،
تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىدىكى كومزەك شەكىللىك ئىككى
تۈۋرۈك بېشى،

كومزەك شەكىللىك تۈۋرۈك بېشىنى يېپىپ تۇرىدىغان
ئىككى تورسىمان بېزەك،
[13] تۈۋرۈكلەرنىڭ بېشىدىكى كومزەك شەكىللىك ئىككى
تۈۋرۈك بېشىنى يېپىپ تۇرىدىغان تورسىمان
بېزەكلەرگە ئېسىلغان 400 دانە ئانار، (ھەربىر تۈۋرۈكتە
ئىككى قۇردىن ئانار بولۇپ، بىر قۇردا 100 دانە ئانار بار
ئىدى.)
[14] ھارۋىلار، ھارۋىلارنىڭ ئۈستىدىكى تۇچ داسلار،
[15] داشقان ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئون ئىككى بۇقا،
[16] كۈل قاچىلىرى، گۈرجەكلەر ۋە ئارىلار.

ھۇرام سۇلايمان پادىشاھنىڭ تەلىپى بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇ نەرسىلەرنى پارقىراق تۇچتىن قۇيۇپ چىقتى. [17] بۇ نەرسىلەرنى پادىشاھ ئىئوردان تۈزلەڭلىكىدە، يەنى سۇككوت بىلەن زارىتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا سېغىز لاي قېلىپلاردا قۇيدۇردى. [18] سۇلايمان ياساتقان بۇ نەرسىلەر بەك كۆپ بولغاچقا، ئىشلىتىلگەن تۇچلارنىڭ ئېغىرلىقى ھېسابلانمىدى.
[19] سۇلايمان يەنە خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا كېرەكلىك بارلىق بۇيۇملارنى ياساتتى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئالتۇن ئىسرىقدان،
خۇداغا ئاتىلىدىغان نانلار تىزىلىدىغان شىرەلەر،
[20] ئالتۇن چىراغدانلار ۋە چىراغلار، (قائىدە بويىچە بۇ چىراغلار
ئىچكىرىكى خانىنىڭ ئالدىدا يېنىپ تۇرىدۇ.)
[21] ئالتۇن چىراغدانلارنىڭ گۈل شەكىللىك نەقىشلىرى، ئالتۇن
چىراغلار، ئالتۇن پىلىك قىسقۇچلار،
[22] ئالتۇن پىلىك قايچىلىرى، ئالتۇن داسلار، ئالتۇن ئىسرىق
تەخسىلىرى، ئالتۇن چوغدانلار ھەمدە
ئەڭ مۇقەددەس جاي بولغان ئىچكىرىكى خانىنىڭ ۋە
ئاساسىي خانىنىڭ ئالتۇن ئىشىكلىرى.

5 1 شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ
ئىبادەتخانىسىغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشلارنى تاماملىدى.
سۇلايمان ئاتىسى داۋۇتنىڭ پەرۋەردىگارغا ئاتىغان ئالتۇن-كۈمۈش
ۋە باشقا بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەكەلدۈرۈپ، خۇدانىڭ
ئىبادەتخانىسىنىڭ خەزىنىلىرىگە قويدى.

## ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كېلىنىشى

2 پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى «داۋۇت
شەھىرى»دىن، يەنى سىئوندىن ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن
ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنى، يەنى ھەرقايسى قەبىلە ۋە جەمەت
باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېرۇسالېمدا جەم بولۇشقا بۇيرۇدى.
3 شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى باش كۈزدىكى كەپە تىكىش
ھېيتىدا پادىشاھنىڭ ئالدىغا جەم بولدى.
4-5 ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى كەلگەندىن كېيىن،
لاۋىيلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ئەكەلدى.
لاۋىيلاردىن بولغان روھانىيلار ئۇچرىشىش چېدىرىنى ۋە چېدىر
ئىچىدىكى بارلىق مۇقەددەس بۇيۇملارنى ئېلىپ كەلدى. 6 پادىشاھ
سۇلايمان ۋە پۈتكۈل ئىسرائىل خەلقى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىغا
جەم بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قوي ۋە كالىلارنى قۇربانلىق قىلىشتى.
قۇربانلىقلار ھەددى-ھېسابسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى ئېلىش
مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
7 ئاندىن روھانىيلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئۆز
جايىغا، يەنى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئەڭ مۇقەددەس
خانىغا ئېلىپ كىرىپ، ئىككى كېرۇبنىڭ ئوتتۇرىسىغا، يەنى
قاناتلىرىنىڭ ئاستىغا قويدى. 8 كېرۇبلارنىڭ قاناتلىرى ئەھدە
ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە يېيىلىپ، ئەھدە ساندۇقى بىلەن ئۇنى
كۆتۈرىدىغان بالداقلارنى يېپىپ تۇراتتى. 9 ئەھدە ساندۇقىنىڭ
بالداقلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇچىنى ئىچكىرىكى
خانىنىڭ ئالدىدا، يەنى ئاساسىي خانىدا تۇرۇپ كۆرگىلى بولاتتى،
لېكىن سىرتتىن كۆرگىلى بولمايتتى. ئەھدە ساندۇقى شۇنىڭدىن
بېرى شۇ يەردە تۇرماقتا. 10 ئەھدە ساندۇقى ئىچىدە مۇسا سىناي

تېغىدا سېلىپ قويغان ئىككى تاش تاختىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، پەرۋەردىگار سىناي تېغىدا ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزگەنىدى.

[11] روھانىيلار ئىبادەتخانىدىن قايتىپ چىقىشتى. ئۇلار مەيلى قايسى تۈپتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ئۆزلىرىنى پاكلىغانىدى. [12] ئاساف، ھېمان، يەدۇتۇن، ئوغۇللىرى ۋە تۇغقانلىرى، يەنى نەغمىچى لاۋىيلارنىڭ ھەممىسى ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىلگەن تون كىيىشىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ شەرقىدە تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا جاڭ، چىلتار، لىرا بار ئىدى. 120 نەپەر كاناي چالىدىغان روھانىيلار ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىدى. [13] نەغمىچىلەر پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئوقۇپ، شۇكۇر ئېيتقان ۋاقتىدا كاناي، جاڭ ۋە باشقا سازلار تەڭكەش قىلىندى. ئۇلار: «پەرۋەردىگار شاپائەتلىكتۇر، ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر» دەپ مۇناجات ئېيتىشتى. دەل شۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى بۇلۇتقا تولدى. [14] ئىبادەتخانا بۇلۇتقا، يەنى پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىغا تولغاچقا، روھانىيلار ئىبادەتخانىغا قايتا كىرەلمەي، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالماي قالدى.

## سۇلايماننىڭ خەلققە سۆز قىلىشى

6 [1] بۇ چاغدا پادىشاھ سۇلايمان:

- ئى پەرۋەردىگار، سەن قويۇق، قارا بۇلۇتلار ئىچىدە تۇرىمەن دېگەنىدىڭ. [2] بۇگۈن مەن ساڭا ئاتاپ ھەيۋەتلىك بىر ئىبادەتخانا سالدىم، بۇ يەر ساڭا مەڭگۈلۈك ماكان بولسۇن، - دېدى. [3] ئاندىن سۇلايمان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆرە تۇرغان پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتىگە بەخت تىلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

[4] - ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇداغا ھەمدۇساناlar بولسۇن! ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئاتام داۋۇتقا بەرگەن ۋەدىسىنى بۈگۈن ئۆز قۇدرىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇردى. [5] ئۇ ئاتامغا: «مەن خەلقىمنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان كۈندىن بۇيان خەلقىمنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئىبادەتخانا سېلىشقا ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە قاراشلىق شەھەرلەردىن ھېچقايسىسىنى تاللىمىغانىدىم. خەلقىم ئىسرائىللار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق

قىلىدىغان ئادەمنىمۇ تاللىمىغانىدىم. [6] ئەمدى خەلقىمنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن يېرۇسالېمنى، خەلقىمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا سېنى تاللىدىم» دېگەنىدى. [7] ئاتام داۋۇتنىڭ پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ نامىغا ئاتاپ بىر ئىبادەتخانا سېلىش نىيىتى بار ئىدى. [8] ئەمما پەرۋەردىگار ئاتام داۋۇتقا: «مېنىڭ نامىمغا ئاتاپ ئىبادەتخانا سېلىش نىيىتىدە بولغىنىڭ ياخشى ئىش، [9] لېكىن نامىمغا ئاتىلىدىغان ئىبادەتخانىنى سەن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئۆز پۇشتۇڭدىن بولغان ئوغلۇڭ سالىدۇ» دېگەنىدى. [10] ھازىر پەرۋەردىگار ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئاتام داۋۇتنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردۇم ھەمدە ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نامىغا ئاتاپ بۇ ئىبادەتخانىنى سالدۇردۇم. [11] ئىبادەتخانىغا ئەھدە ساندۇقىنى قويدۇم. مانا ئەھدە ساندۇقىدا پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدىسى، يەنى ئۇنىڭ ئىسرائىللار بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى تۇرۇپتۇ.

## ئىبادەتخانىنى پەرۋەردىگارغا ئاتاش دۇئاسى

[12-13] پادىشاھ سۇلايمان ئىبادەتخانا ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 2.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر كېلىدىغان تۇچتىن بىر سۇپا ياساتتى. ئۇ سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پۈتكۈل ئىسرائىل جامائىتىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، [14] مۇنداق دۇئا قىلدى:

- ئى پەرۋەردىگار، يەنى بىز ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، ئاسمان ۋە زېمىندا ساڭا ئوخشايدىغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. سېنىڭ يولۇڭدا چىن قەلبى بىلەن ماڭغان خىزمەتكارلىرىڭغا ئەھدەڭدە تۇرۇپ، مېھىر-مۇھەببىتىڭنى كۆرسىتىسەن. [15] سەن خىزمەتكارىڭ ئاتام داۋۇتقا بەرگەن ۋەدەڭدە تۇردۇڭ، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن قىلغان ۋەدەڭنى مانا بۈگۈن ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ.

[16] ئى پەرۋەردىگار، يەنى بىز ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، سەن خىزمەتكارىڭ بولغان ئاتام داۋۇتقا: «سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ

ئۆزىنىڭ ئىش-ئەمەللىرىگە دىققەت قىلىپ، خۇددى ساڭا ئوخشاش قانۇنۇڭغا ئەمەل قىلسا، ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇشقا ئەۋلادىڭدىن ئادەم كەم بولمايدۇ» دەپ ئېيتقانىدىڭ. ئەمدى ئاتامغا قىلغان بۇ ۋەدەڭدە چىڭ تۇرغايسەن. [17] ئى پەرۋەردىگار، يەنى بىز ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، خىزمەتكارىڭ بولغان داۋۇتقا بەرگەن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسەن! [18] ئى خۇدا، سەن راستتىنلا ئىنسانلار بىلەن بىرگە زېمىندا ياشامسەن؟ ساڭا ئاسمان، ھەتتا ئەرشئەلا كىچىكلىك قىلغان يەردە، مەن سالغان بۇ ئىبادەتخانا كىچىكلىك قىلماسمۇ!؟ [19] شۇنداقتىمۇ، ئى پەرۋەردىگارىم خۇدا، خىزمەتكارىڭنىڭ دۇئا ۋە ئىلتىجاسىغا قۇلاق سالغايسەن، خىزمەتكارىڭنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا قىلغان نىداسى ۋە نالىسىنى ئاڭلىغايسەن! [20] سەن «خەلق ماڭا ئىبادەت قىلسۇن» دەپ ئېيتقان بۇ ئىبادەتخانىغا كېچە-كۈندۈز نەزەر سالغايسەن. خىزمەتكارىڭنىڭ بۇ ئىبادەتخانىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ قىلغان دۇئاسىغا قۇلاق سالغايسەن! [21] مەن خىزمەتكارىڭ ۋە ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىللار بۇ يەرگە قاراپ دۇئا قىلغان ۋاقتىدا، بىزنىڭ ئىلتىجالىرىمىزغا قۇلاق سالغايسەن ۋە ئىلتىجايىمىزنى ئەرشتىكى دەرگاھىڭدا تۇرۇپ ئاڭلاپ، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن.

[22] ئەگەر بىر ئادەم قوشنىسىغا يامانلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلەنسە ۋە ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم ئىچىشكە مەجبۇر بولۇپ، بۇ ئىبادەتخانىغا كېلىپ، سېنىڭ قۇربانلىق سۇپاڭ ئالدىدا قەسەم ئىچسە، [23] سەن ئەرشتە تۇرۇپ ئاڭلاپ، ھەرىكەت قىلغايسەن ۋە خىزمەتكارلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقارغايسەن. گۇناھكارنى جازالاپ، ئۇنىڭ قىلغىنىنى ئۆز بېشىغا قايتۇرغايسەن. بىگۇناھ كىشىنى ھەققانىي ئادەم دەپ بېكىتىپ، ئۇنىڭغا ھەققانىيلىقىغا يارىشا ھەققىنى بەرگەيسەن.

[24] خەلقىڭ ئىسرائىللار ئالدىڭدا قىلغان گۇناھ تۈپەيلى دۈشمەنلىرىدىن يېڭىلسە ۋە كېيىن سېنىڭ يولۇڭغا قايتىپ، نامىڭنى ئۇلۇغلاپ، بۇ ئىبادەتخانىدا تۇرۇپ ساڭا دۇئا قىلىپ، رەھىم قىلىشىڭنى تىلىسە، [25] سەن

ئەرشتە تۇرۇپ ئاڭلاپ، خەلقىڭ ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارنى سەن ئاتا-بوۋىلىرىغا بەرگەن زېمىنغا قايتۇرۇپ ئەكەلگەيسەن.

[26] خەلقىڭ ئىسرائىللار ئالدىڭدا قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئاسمان يېپىلىپ، يامغۇر ياغمىسا، ئۇلار سېنىڭ ئۇلارنى مۇشكۇللۇكتە قالدۇرغانلىقىڭنى بىلىپ، بۇ ئىبادەتخانىغا يۈزلىنىپ ساڭا دۇئا قىلىپ، نامىڭنى ئۇلۇغلىسا ۋە گۇناھلىق ئىشلىرىدىن قول ئۈزسە، [27] دۇئالىرىغا ئەرشتە تۇرۇپ قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ، يەنى ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارغا ماڭىدىغان دۇرۇس يولنى كۆرسىتىپ بەرگەيسەن ۋە ئۆز خەلقىڭگە ئاتا قىلغان زېمىنغا شەپقەت قىلىپ، يامغۇر ياغدۇرغايسەن.

[28] ئەگەر ئىسرائىللار زېمىنىدا ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ۋابا تارقالسا، زىرائەتلەر قۇرۇپ ياكى سېسىپ كەتسە، قۇرت چۈشۈپ، چېكەتكە ياماراپ كەتسە، ياكى دۈشمەنلەر شەھەرلەرنى قورشىۋالسا، يەنى مەيلى ئىسرائىللار قانداق كېسەل ياكى ئاپەتكە دۇچار بولسا، [29] ئۇلار بۇ ئاغرىق ۋە ئازابلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ ئىبادەتخانىغا يۈزلىنىپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىلتىجا قىلسا، [30] سەن ئەرشتىكى دەرگاھىڭدا تۇرۇپ ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەيسەن ۋە ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىگە ۋە تۇتقان يولىغا يارىشا مۇئامىلە قىلغايسەن، چۈنكى سەنلا ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى بىلىسەن. [31] شۇندىلا ئۇلار سەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئاتا قىلغان زېمىندا ئۆمۈر بويى ساڭا ئىخلاس قىلىپ، سېنىڭ يولۇڭدا ماڭىدۇ.

[32] ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىللاردىن بولمىغان يات خەلقلەرمۇ ئۇلۇغ نامىڭنى ۋە ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك قولۇڭ ياراتقان مۆجىزىلەرنى بىلىپ، يىراق يۇرتلاردىن بۇ ئىبادەتخانىغا كېلىپ دۇئا قىلسا، [33] سەن ئەرشتىكى دەرگاھىڭدا تۇرۇپ ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان بارلىق دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغايسەن. يەر يۈزىدىكى بارلىق خەلقلەرنى ئۆز خەلقىڭ ئىسرائىللارغا ئوخشاش نامىڭغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ساڭا ئىخلاس قىلىدىغان ۋە مەن سالغان بۇ

ئىبادەتخانىنىڭ سېنىڭ نامىڭغا بېغىشلانغانلىقىنى بىلدىغان قىلغايسەن.
[34] ئەگەر سەن ئۆز خەلقىڭنى دۈشمەنلىرىگە قارشى جەڭ قىلىشقا نەگىلا ئەۋەتسەڭ، ئۇلار شۇ يەردىن سەن تاللىغان بۇ شەھەرگە ۋە مەن سېنىڭ نامىڭغا ئاتاپ سالغان بۇ ئىبادەتخانىغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلسا، [35] سەن ئەرشتىن ئۇلارنىڭ دۇئاسى ۋە ئىلتىجالىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ياردەم قىلغايسەن.
[36] ئۇلار ساڭا قارشى گۇناھ قىلغانلىقى سەۋەبىدىن (گۇناھ قىلمايدىغان ئىنسان يوق) غەزىپىڭگە ئۇچراپ، دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، دۈشمەنلەر ئۇلارنى مەيلى يىراق، مەيلى يېقىن بولسۇن باشقا ئەلگە تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتسە، [37] ئۇلار تۇتقۇن قىلىنىپ ئېلىپ كېتىلگەن يات ئەلدە ھوشىنى تېپىپ، توۋا قىلىپ، ساڭا: «بىز گۇناھ قىلدۇق، يولدىن ئېزىپ، يامانلىق قىلدۇق» دەپ رەھىم قىلىشىڭنى تىلەپ، [38] ئۆزلىرى تۇتقۇن قىلىنغان يات ئەلدە چىن قەلبى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ساڭا، سەن ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا ئاتا قىلغان زېمىنغا، يەنى سەن تاللىغان بۇ شەھەر ۋە مەن سېنىڭ نامىڭغا ئاتاپ سالدۇرغان بۇ ئىبادەتخانا تەرەپكە يۈزلىنىپ دۇئا قىلسا، [39] سەن ئەرشتىكى دەرگاھىڭدىن ئۇلارنىڭ دۇئاسى ۋە ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلغايسەن ۋە ساڭا قارشى گۇناھ ئۆتكۈزگەن خەلقىڭنى كەچۈرگەيسەن.
[40] ئى خۇدايىم، بىزگە نەزىرىڭنى ئاغدۇرۇپ، مۇشۇ جايدىن قىلىنغان دۇئاغا قۇلاق سالغايسەن.

[41] ئى پەرۋەردىگار خۇدا، مەرھەمەت ئىبادەتخاناڭغا،
يەنى ساڭا ئاتالغان ئارامگاھىڭغا.
كىرگەيسەن ئۇ يەرگە قۇدرىتىڭ نىشانى بولغان
ئەھدە ساندۇقى بىلەن بىرگە.
ئى پەرۋەردىگار خۇدا، نىجاتلىق روھانىيلارغا كىيىم بولسۇن،
تەقۋادار خەلقلىرىڭ مېھربانلىقىڭدىن شادلىققا تولسۇن.

42 ئى پەرۋەردىگار خۇدا، رەت قىلمىغىن ئۆزۈڭ تاللىغان پادىشاھىڭنى،
ئەسكە ئالغىن خىزمەتكارىڭ داۋۇتقا ئاتا قىلغان مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىڭنى.

7 1 سۇلايمان دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار بىلەن باشقا قۇربانلىقلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى ئىبادەتخانىغا تولدى. 2 ئىبادەتخانا پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىغا تولغانلىقى ئۈچۈن، روھانىيلار ئىبادەتخانىغا كىرەلمەي قالدى. 3 بارلىق ئىسرائىللار ئاسماندىن ئوت چۈشكەنلىكىنى ۋە ئىبادەتخانىنىڭ ئۈستىدە پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تىزلىنىپ، باشلىرىنى تاش ياتقۇزۇلغان يەرگە تەگكۈزۈپ، سەجدە قىلىشتى ۋە «پەرۋەردىگار شاپائەتلىكتۇر، ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر» دەپ شۈكۈر ئېيتىشتى.

## ئىبادەتخانىدا قىلىنغان تۇنجى قۇربانلىقلار

4 ئاندىن كېيىن پادىشاھ ۋە بارلىق خەلق پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشتى. 5 پادىشاھ سۇلايمان 22 مىڭ كالا، 120 مىڭ قوي قۇربانلىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ۋە پۈتكۈل خەلق ئىبادەتخانىنى خۇداغا بېغىشلىدى. 6 روھانىيلار ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن جايلىرىدا تۇرۇپ، كاناي چالدى. لاۋىيلار ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا، پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلەش ئۈچۈن تەييارلانغان سازلارنى تۇتۇپ تۇرۇشتى. پادىشاھ داۋۇت بۇ سازلارنى پەرۋەردىگارغا شۈكۈر ئېيتىش ئۈچۈن ياساتقانىدى. لاۋىيلار بۇ سازلار بىلەن «پەرۋەردىگارنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر» دەپ مەدھىيە ئوقۇشتى. پۈتۈن خەلق ئۆرە تۇراتتى. 7 سۇلايمان تۇچ بىلەن قاپلاپ ياساتقان قۇربانلىق سۇپىسىغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە ئامانلىق قۇربانلىقلىرىنىڭ يېغى پاتماي قالغانىدى. شۇڭا سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرنى مۇقەددەس يەر قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇلارنى شۇ يەردە كۆيدۈردى.

[8] شىمالدىكى لىبو-خامات شەھىرىدىن جەنۇبتىكى مىسىر چېگراسىغا جايلاشقان دەرياغىچە بولغان ئارىلىقتىن كېلىپ توپلانغان پۈتكۈل ئىسرائىللار ناھايىتى زور جامائەت بولدى. پادىشاھ سۇلايمان ئۇلار بىلەن بىرلىكتە يەتتە كۈن كەپە تىكىش ھېيتىنى ئۆتكۈزدى. [9] ئەتىسى يىپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئۇلار قۇربانلىق سۇپىسىنى پەرۋەردىگارغا بېغىشلاش مۇراسىمىنى يەتتە كۈن ئۆتكۈزۈپ، يەنە يەتتە كۈن كەپە تىكىش ھېيتى قىلغانىدى. [10] شۇ كۈنى، يەنى 7-ئاينىڭ 23-كۈنى ① سۇلايمان جامائەتنى ئۆيلىرىگە قايتۇردى. جامائەت پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇت، سۇلايمان ۋە ئۆز خەلقى ئىسرائىللارغا كۆرسەتكەن شاپائىتىدىن تولىمۇ سۆيۈندى ۋە خۇرسەن بولدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ سۇلايمانغا يەنە زاھىر بولۇشى

[11] پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئوردىسىنى پۈتتۈردى. ئۇ ئىبادەتخانا ۋە ئوردا قۇرۇلۇشىدا ئارمان قىلىپ كەلگەن ھەممە ئىشنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇردى. [12] پەرۋەردىگار سۇلايمانغا بىر كۈنى كەچتە زاھىر بولۇپ، مۇنداق دېدى:

- سېنىڭ قىلغان دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم. مەن بۇ جاينى ئۆزۈمگە قۇربانلىق قىلىدىغان ئۆي قىلىپ بەلگىلىدىم. [13] ئەگەر مەن ئاسمانلارنى يېپىپ، يامغۇر ياغدۇرمىسام ياكى چېكەتكە ئەۋەتىپ، زېمىندىكى زىرائەتلەرنى يېگۈزسەم ياكى خەلقىم ئارىسىغا ۋابا چۈشۈرسەم، [14] ماڭا مەنسۇپ بولغان خەلقىم گۇناھىنى تونۇپ، يامان يولىدىن يېنىپ، دىدارىمغا ئىنتىلىپ، دۇئا قىلسا، مەن ئەرشتە تۇرۇپ ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، زېمىنىغا شاپائەت ياغدۇرىمەن. [15] مۇشۇ جايدىن قىلىنغان دۇئاغا كۆزۈم ۋە قۇلىقىمنى ئوچۇق قىلىمەن. [16] مەن بۇ ئىبادەتخانىنى سېنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشىڭ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مۇقەددەس قىلدىم. كۆزۈم

① 7: 10 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 27-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

ۋە قەلبىم ھەمىشە مۇشۇ يەردە بولىدۇ. [17] ئەگەر سەن ئاتاڭ داۋۇتقا ئوخشاش ئالدىمدا دۇرۇس ئىش قىلساڭ، ئەمرلىرىم ۋە قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلساڭ، [18] ئاتاڭ داۋۇتقا: «ئىسرائىللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭدىن ئادەم كەم بولمايدۇ» دېگىنىمدەك، سېنىڭ تەختىڭنى مۇستەھكەم قىلىمەن.

[19] ئەمما سىلەر مەندىن يۈز ئۆرۈپ، مەن بۇيرۇغان قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمنى تەرك ئەتسەڭلار، باشقا ئىلاھلارنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۇلارغا چوقۇنساڭلار، [20] مەن سىلەرنى ئۆزۈم سىلەرگە ئاتا قىلغان بۇ زېمىندىن ھەيدەپ چىقىرىمەن. ئۆز نامىمغا ئاتاپ، مۇقەددەس قىلغان بۇ ئىبادەتخانىنىمۇ نەزىرىمدىن يىراق قىلىمەن. ھەتتا مەن بۇ ئىبادەتخانىنى بارلىق ئەللەر ئالدىدا مازاق ۋە كۆلكىگە قالدۇرىمەن. [21] ئىبادەتخانا ۋەيران بولىدۇ، بۇ يەردىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر ھەيران بولۇشۇپ: «پەرۋەردىگار نېمىشقا بۇ زېمىننى ۋە ئىبادەتخانىنى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. [22] باشقىلار: «چۈنكى ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان پەرۋەردىگار خۇدادىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ئىلاھلارنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۇلارغا چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ بېشىغا بۇ بالايىئاپەتلەرنى ياغدۇرغان» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ.

## پادىشاھ سۇلايماننىڭ ھۆكۈمرانلىقى

8 [1] پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوردىسىنى سالدۇرۇشقا 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى. [2] شۇنىڭدىن كېيىن سۇلايمان تىر پادىشاھى ھىرام بەرگەن شەھەرلەرنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلارغا ئىسرائىللارنى ئورۇنلاشتۇردى. [3] سۇلايمان خامات-زوباھ پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىشغال قىلدى. [4] ئۇ چۆلگە جايلاشقان تادمور شەھىرىنى ۋە ئۆزى بۇرۇن ئامبار قۇرغان خاماتتىكى ھەممە شەھەرلەرنى مۇستەھكەملىدى. [5] پادىشاھ سۇلايمان ئۈستۈن بەيت-خورون ۋە ئاستىن بەيت-خورون شەھەرلىرىنىڭ سېپىللىرىنى كېڭەيتىپ قۇردى ۋە سېپىللارغا دەرۋازا ئورنىتىپ، بالداق بېكىتىپ، شەھەرلەرنى مۇستەھكەملىدى. [6] ئۇ يەنە بائالات شەھىرىنى قۇردى، شۇنداقلا ئامبار سېلىش، جەڭ

هارۋىلىرى ۋە ئاتلىرىنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن باشقا شەھەرلەرنى قۇردى. ئۇ يېرۇسالېمدا، لىۋان تاغلىرىدا ۋە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھەممە يەرلەردە نېمىنى خالىسا، شۇنى سالدى.

7 ئىسرائىل زېمىنىدا ئىسرائىللاردىن بولمىغان خىتلار، ئامورلار، پەرىززىلەر، خىۋلار ۋە يەبۇسلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ياشايتتى. 8 ئىسرائىللار ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەندە، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتەلمىگەنىدى. سۇلايمان قۇرۇلۇشلارنى باشلىغاندا، ئۇلارنى ھاشارغا تۇتقان بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭدىن بېرى ھاشارچى بولۇپ كەلمەكتە. 9 لېكىن سۇلايمان ئىسرائىللارنى ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھاشارغا سالماي، ئۇلارنى ئۆزىگە لەشكەر، لەشكەر بېشى، جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ سەركەردىلىرى ۋە جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ لەشكەرلىرى قىلدى. 10 پادىشاھ سۇلايماننىڭ خەلقلەرنى نازارەت قىلىدىغان 250 نەپەر ئەمەلدارلىرى بار ئىدى.

11 سۇلايمان ئايالى بولغان پىرئەۋننىڭ قىزىنى «داۋۇت شەھىرى»دىن ئۇنىڭ ئۈچۈن سالدۇرغان سارايغا كۆچۈرۈپ كەلدى. چۈنكى سۇلايمان: «‹داۋۇت شەھىرى› پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقى ساقلىنىدىغان مۇقەددەس جايدۇر، شۇڭا ئايالىم ئىسرائىلىيەگە پادىشاھ بولغان داۋۇتنىڭ ئوردىسىدا تۇرسا بولمايدۇ» دەپ قارىغانىدى.

12 سۇلايمان ئىبادەتخانىنىڭ ئايۋانى ئالدىدا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ سالدۇرغان قۇربانلىق سۇپىسىدا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلدى. 13 مۇسانىڭ بېكىتكىنى بويىچە ھەر دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، يېڭى ئاي بايراملىرىدا، شۇنداقلا پېتىر نان ھېيتى، ئورما ھېيتى، كەپە تىكىش ھېيتى قاتارلىق ئۈچ ھېيتتا قۇربانلىق قىلىدىغان بولدى. 14 سۇلايمان ئاتىسى داۋۇتنىڭ ھايات ۋاقتىدا بۇيرۇغىنى بويىچە روھانىيلارغا خىزمەت تەقسىملىدى ۋە لاۋىيلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلىدى. لاۋىيلار پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئوقۇيدىغان ۋە روھانىيلارنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە ياردەمدە بولىدىغان بولدى. دەرۋازىۋەنلەرنى ۋەزىپىلىرى بويىچە ھەرقايسى دەرۋازىلارغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى داۋۇت بەلگىلىگەنىدى. 15 پادىشاھ داۋۇتنىڭ روھانىيلار، لاۋىيلار،

شۇنداقلا ئامبار ۋە باشقا خىزمەتلەر ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ بويىچە ئىجرا قىلىندى. [16] سۇلايماننىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئۇل قويغاندىن تارتىپ تاكى قۇرۇلۇش تاماملانغۇچە بولغان پىلانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشتى. شۇنداق قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى پۈتتى.

[17] شۇ چاغلاردا سۇلايمان يەنە ئىدومدىكى قىزىل دېڭىز بويىدىكى ئەزيون-گەبەر ۋە ئېلاتقا باردى. [18] پادىشاھ ھىرام ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كېمىلىرى ۋە تەجرىبىلىك دېڭىزچىلىرىنى سۇلايماننىڭ ئادەملىرى بىلەن بىرگە ئوفىر زېمىنىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇ يەردىن پادىشاھ سۇلايمانغا 15 توننا ئالتۇن ئېلىپ كەلدى.

## شىبانىڭ ئايال پادىشاھىنىڭ زىيارىتى

9 [1] شىبانىڭ① ئايال پادىشاھى سۇلايمان پادىشاھنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قىيىن سوئاللار بىلەن سىناپ بېقىش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا زىيارەتكە كەلدى. ئۇ يېرۇسالېمغا نۇرغۇن ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە تۆگىلەرگە ئىنتايىن كۆپ خۇشبۇي ئەشيالار، ئالتۇن ۋە گۆھەرلەرنى ئارتىپ كەلگەنىدى. ئۇ سۇلايماننىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ، ئۇنىڭدىن كۆڭلىگە پۈككەن قىيىن سوئاللارنىڭ ھەممىسىنى سورىدى. [2] سۇلايمان ئۇنىڭ سوئاللىرىنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بەردى، جاۋاب بېرىشتە بىرەر قېتىممۇ قىينىلىپ قالمىدى. [3] شىبانىڭ ئايال پادىشاھى سۇلايماننىڭ دانالىقىنى، ئۇ قۇرغان ئوردا-سارايلارنى، [4] شىرەگە تىزىلغان نازۇنېمەتلەرنى، ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆز مەنسەپلىرى بويىچە ئولتۇرۇشلىرىنى، خىزمەتكارلىرىنىڭ كۈتۈشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرىنى، ئوردا ساقىيلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرىنى، شۇنداقلا سۇلايماننىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا سۇنغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىنى كۆرۈپ، ناھايىتى ھەيران قالدى ۋە [5] پادىشاھقا مۇنداق دېدى:

- مەن مەملىكىتىمدە سىلىنىڭ دانالىقلىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىم راست ئىكەن. [6] مەن ئىلگىرى بۇ

---

① 9: 1 شىبا - يەمەندىكى بىر جاي بولۇشى مۇمكىن.

گەپلەرگە ئانچە ئىشەنمەپتىكەنمەن. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا، ھەممىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئاڭلىغانلىرىمنىڭ كۆرگەنلىرىمنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دانالىقلىرىنىڭ مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىمدىن زىيادە كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. [7] ئادەملىرىڭىز نەقەدەر بەختلىك-ھە! ئەمەلدارلىرىڭىز ھەمىشە ئالدىلىرىدا تۇرۇپ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىيالايدىكەن، ئۇلار نەقەدەر بەختلىك-ھە! [8] پەرۋەردىگارلىرى خۇداغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! پەرۋەردىگار ئۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ، سىلىنى ئۆز ۋەكىلى سۈپىتىدە تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. خۇدالىرىنىڭ ئىسرائىللارغا بولغان مۇھەببىتى مەڭگۈلۈك ئىكەن. ئۇ ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى ئۈچۈن سىلىنى ئادىل ۋە ھەققانىي ھۆكۈم چىقارسۇن دەپ، پادىشاھ قىلىپ تىكلەپتۇ.

[9] شىبانىڭ ئايال پادىشاھى سۇلايمان پادىشاھقا تۆت تونىنا ئالتۇن، نۇرغۇنلىغان خۇشبۇي ئەشيالار ۋە گۆھەرلەرنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ سۇلايمانغا شىبانىڭ ئايال پادىشاھى تەقدىم قىلغان يۇقىرى سۈپەتلىك خۇشبۇي ئەشيالاردەك ئەشيالارنى ھېچكىم تەقدىم قىلىپ باقمىدى.

[10] (بۇنىڭدىن باشقا، پادىشاھ ھىرامنىڭ ۋە سۇلايماننىڭ ئوفىردىن ئالتۇن ئېلىپ كېلىدىغان ئادەملىرى يەنە ئېسىل ياغاچ ۋە گۆھەرلەرنى ئېلىپ كەلدى. [11] پادىشاھ سۇلايمان ئاشۇ ئېسىل ياغاچلاردىن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ۋە ئۆز ئوردىسىنىڭ پەلەمپەيلىرىنى ھەم نەغمىچىلەر ئۈچۈن لىرا ۋە چىلتارلارنى ياساتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن يەھۇدىيە زېمىنىدا ھېچكىم بۇنداق ئېسىل پەلەمپەي ۋە سازلارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.)

[12] پادىشاھ سۇلايمان شىبانىڭ ئايال پادىشاھىغا ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگىنىدىن زىيادە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى قاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئايال پادىشاھ خىزمەتكارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆز ئېلىگە قايتىپ كەتتى.

## پادىشاھ سۇلايماننىڭ بايلىقى

[13] پادىشاھ سۇلايمانغا ھەر يىلى 23 توننا ئالتۇن كېلىپ تۇراتتى. [14] بۇلاردىن سىرت، سودىگەرلەر، تىجارەتچىلەر، ئەرەب پادىشاھلىرى ۋە ئۆلكە باشلىقلىرىدىنمۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تاپشۇرۇپ ئالاتتى. [15] پادىشاھ سۇلايمان ياغاچتىن ئىككى يۈز دانە چوڭ قالقان ياسىتىپ، ھەربىرىنى 7 كىلو 200 گىرام ئالتۇن بىلەن قاپلاتتى. [16] ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئالتۇندىن ئۈچ يۈز دانە كىچىك قالقان ياساتتى، ھەربىرى 3.5 كىلو كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسنى «لىۋان ئورمىنى سارىيى»غا ئورۇنلاشتۇردى. [17] سۇلايمان يەنە ئۆزىگە چوڭ بىر تەخت ياسىتىپ، ئۇنى پىل چىشى ۋە ساپ ئالتۇن بىلەن بېزەتتى. [18] تەختكە چىقىدىغان ئالتە پەشتاقلىق پەلەمپەي ۋە تەختنىڭ تۈۋىدە ئالتۇندىن ياسالغان پۇت قويغۇچ بار ئىدى. ئىككى تەرىپىدە بىردىن قول قويغۇچ بار ئىدى. قول قويغۇچنىڭ يېنىدا بىردىن ئۆرە تۇرغان شىرنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. [19] پەلەمپەينىڭ ھەربىر پەشتىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن، جەمئىي 12 شىرنىڭ ھەيكىلى بار بولۇپ، باشقا ھېچقانداق پادىشاھلىقنىڭ تەختى بۇنداق ھەيۋەتلىك بېزەلگەن ئەمەس ئىدى.

[20] پادىشاھ سۇلايماننىڭ ئىچىملىك ئىچىدىغان قاچىلىرى ۋە «لىۋان ئورمىنى سارىيى»دىكى بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى ساپ ئالتۇندىن ياسالغانىدى. چۈنكى سۇلايماننىڭ دەۋرىدە كۈمۈش ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. [21] پادىشاھ سۇلايماننىڭ كېمىلىرى بىلەن پادىشاھ ھىرامنىڭ دېڭىزچىلىرى بىرلىكتە تارشىشقا بېرىپ، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئالتۇن-كۈمۈش، پىل چىشى، ئىت باش مايمۇن ۋە باشقا مايمۇنلارنى ئېلىپ كېلەتتى. [22] پادىشاھ سۇلايماننىڭ بايلىقى ۋە دانالىقى دۇنيادىكى باشقا بارلىق پادىشاھلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. [23] دۇنيادىكى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى: «سۇلايماننى كۆرسەك، خۇدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە سالغان ھېكمەتلەرنى ئاڭلىساق» دەپ ئارزۇ قىلاتتى. [24] ھەر يىلى كەلگەنلەر ھەر خىل تارتۇقلارنى، يەنى ئالتۇن-كۈمۈش

قاچىلار، تون-سەرپايلار، قورال-ياراغلار، خۇشبۇي ئەشيالار، ئات
ۋە قېچىر قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى.
[25] پادىشاھ سۇلايماننىڭ جەڭ هارۋىلىرى ۋە ئاتلىرى ئۈچۈن 4
مىڭ ئاتخانىسى ۋە 12 مىڭ ئېتى بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى
جەڭ هارۋىلىرى تۇرىدىغان شەھەرلەردە، يەنە بىر قىسمى ئۆزى
تۇرىدىغان يېرۇسالېمدا ئىدى. [26] سۇلايمان فىرات دەرياسىدىن تارتىپ
فىلىستىيەلىكلەر زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىسىر چېگراسىغىچە
بولغان پۈتۈن پادىشاھلىقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. [27] پادىشاھ
سۇلايماننىڭ زامانىدا يېرۇسالېمدا كۈمۈش خۇددى تاشتەك، كېدىر
ياغىچى خۇددى غەربىي ئېدىرلىقتىكى ياۋا ئەنجۈر دەرەخلىرىدەك
كۆپ بولدى. [28] سۇلايماننىڭ ئاتلىرى مىسىر ۋە باشقا دۆلەتلەردىن
كەلتۈرۈلەتتى.
[29] پادىشاھ سۇلايماننىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى «ناتان
پەيغەمبەرنىڭ تەزكىرىسى»گە، «شىلولۇق ئاخىيا پەيغەمبەرنىڭ
بېشارەتنامىسى»گە ۋە غايىبنى بىلگۈچى ئىددو يازغان «نىباتنىڭ
ئوغلى ياروبئام ھەققىدىكى ۋەھىينامە»گە پۈتۈلگەندۇر. [30] سۇلايمان
يېرۇسالېمدا پۈتۈن ئىسرائىلىيەگە 40 يىل پادىشاھ بولدى. [31] سۇلايمان
ۋاپات بولۇپ، ئاتىسى داۋۇتنىڭ نامىدا ئاتالغان «داۋۇت شەھىرى»دە
دەپنە قىلىندى. ئوغلى رەخوبئام تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## شىمالىي قەبىلىلەرنىڭ ئۆكتە قوپۇشى

10 [1] بارلىق ئىسرائىل خەلقى رەخوبئامنى پادىشاھ قىلىش
ئۈچۈن شەكەم شەھىرىگە يىغىلدى. رەخوبئاممۇ ئۇ
يەرگە كەلدى. [2] نىباتنىڭ مىسىردا تۇرۇۋاتقان ئوغلى ياروبئام بۇ
ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، مىسىردىن ئىسرائىلىيەگە قايتىپ كەلدى.
ئۇ پادىشاھ سۇلايماننىڭ ۋاقتىدا سۇلايماندىن قېچىپ، مىسىرغا
كەتكەنىدى. [3] شىمالدىكى ئىسرائىل خەلقى ياروبئامنى چاقىرتىپ،
ئۇنىڭ بىلەن بىرگە رەخوبئامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار رەخوبئامغا:
[4] — ئاتىلىرى سۇلايمان يەلكىمىزگە ئېغىر يۈكلەرنى ئارتقانىدى.
ئەمدى بىز سىلىدىن ئاتىلىرى يەلكىمىزگە ئارتقان بۇ ئېغىر يۈكلەرنى

ئېلىۋېتىپ، ھاياتىمىزنى يېنىكلىتىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز. شۇنداق
قىلسىلا، سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولىمىز، ــ دېيىشتى. 5 رەخوبئام:
ــ سىلەر ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىڭلار، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار قايتىپ كېتىشتى.
6 پادىشاھ رەخوبئام ئاتىسى سۇلايمان ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئالدىدا
خىزمەت قىلغان مويسىپىتلاردىن مەسلىھەت سوراپ:
ــ بۇ كىشىلەرگە قانداق جاۋاب بېرەي، ــ دېدى. 7 مويسىپىتلار:
ــ ئەگەر سىلى بۇ كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، رازى
بولغۇدەك ياخشى سۆزلەرنى قىلسىلا، ئۇلار مەڭگۈ سىلىنىڭ
خىزمەتلىرىدە بولىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.
8 لېكىن رەخوبئام مويسىپىتلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماي،
ئۆزى بىلەن بىرگە چوڭ بولغان ۋە ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان
ياشلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلاردىن:
9 ــ كىشىلەر ماڭا: «ئاتىلىرى يەلكىمىزگە ئارتقان ئېغىر يۈكلەرنى
يېنىكلىتىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز» دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلارغا قانداق جاۋاب
بەرسەك بولار، سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلار قانداق؟ ــ دەپ سورىدى.
10 رەخوبئام بىلەن بىرگە چوڭ بولغان ياشلار:
ــ بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىگە: «ئاتىلىرى يەلكىمىزدىكى يۈكلەرنى
ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەنىدى، لېكىن سىلىنىڭ ئۇنى يېنىكلىتىپ
بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز» دەپتۇ. ئەمدى سىلى ئۇلارغا: «مېنىڭ
چىمچىلىقىم ئاتامنىڭ بېلىدىنمۇ توم! 11 ئاتام سىلەرگە ئېغىر
يۈك ئارتقان بولسا، مەن ئۇنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىمەن. ئاتام
سىلەرنى قامچا بىلەن ئۇرغان بولسا، مەن سىلەرنى چايانلارغا
چاقتۇرىمەن» دېسىلە، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.
12 ياروبئام ۋە خەلق پادىشاھ رەخوبئامنىڭ «ئۈچىنچى كۈنى
كېلىڭلار» دېگەن سۆزى بويىچە، ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭ بىلەن
كۆرۈشكىلى كەلدى. 13 پادىشاھ رەخوبئام ئۇلارغا كەسكىن جاۋاب
بەردى. ئۇ مويسىپىتلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئەمەس، 14 بەلكى
ياشلارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە ئۇلارغا:

— ئاتام سىلەرنىڭ بويۇڭلارنى ئېغىرلاتقان بولسا، مەن ئۇنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىمەن. ئاتام سىلەرنى قامچا بىلەن ئۇرغان بولسا، مەن سىلەرنى چايانلارغا چاقتۇرىمەن! — دېدى.

[15] پادىشاھ رەخوبئام خەلقىنىڭ ئۆتۈنۈشىگە قۇلاق سالمىدى. شۇنداق قىلىپ، پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ شىلولۇق ئاخىيا ئارقىلىق نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئامغا ئېيتقان سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يول ھازىرلىدى.

[16] شىمالىي قەبىلىلەردىن كەلگەن ئىسرائىللار پادىشاھ رەخوبئامنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— يىشاينىڭ ئوغلى داۋۇتنىڭ بىزگە ئۆتكۈزۈپ قويغىنى يوق، ھەم بىزنىڭ ئۇنىڭدا قەرزىمىزمۇ يوق. ھەي ئىسرائىللار، ئۆيلىرىمىزگە قايتايلى! ئەي داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۆز خانىدانلىقىڭلارغا ئۆزۈڭلار ئىگە بولۇڭلار! — دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

[17] ئەمما رەخوبئام يەھۇدا شەھەرلىرىدە ياشاۋاتقان شىمالدىن كەلگەن ئىسرائىللارغا يەنىلا پادىشاھ بولۇپ قېلىۋەردى. [18] پادىشاھ رەخوبئام ھاشارچىلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئادورامنى ئىسرائىللارنىڭ شىمالدىكى قەبىلىلىرىگە ئەۋەتتى، ئۇلار ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىۋەتتى. پادىشاھ رەخوبئام ئالدىراپ-تېنەپ ھارۋىسىغا چىقىپ، يېرۇسالېمغا قېچىپ كېلىۋالدى. [19] شۇنىڭدىن بېرى شىمالدىكى ئىسرائىللار داۋۇت خانىدانلىقى بىلەن قارشىلىشىپ كەلمەكتە.

11 [1] رەخوبئام يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىمالدىكى ئىسرائىللار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرىدىن 180 مىڭ سەرخىل لەشكەرنى توپلىدى. [2] بىراق پەرۋەردىگار شىمايا پەيغەمبەرگە مۇنداق دېدى:

[3] — سەن بېرىپ، سۇلايماننىڭ ئوغلى، يەنى يەھۇدىيە پادىشاھى رەخوبئامغا، پۈتۈن يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرىگە: [4] «پەرۋەردىگار: ‹سىلەر قېرىندىشىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ھەممىڭلار ئۆيۈڭلارغا قايتىڭلار! چۈنكى بۇ ئىشنى مەن قىلدىم› دەيدۇ» دېگىن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىپ، ياروبئامغا قارشى ئۇرۇش قىلماي، قايتىپ كېتىشتى.

## يەھۇدىيە پادىشاھى رەھوبئام

[5] رەھوبئام يېرۇسالېمدا ياشىدى. ئۇ يەھۇدىيەدىكى شەھەرلەرنىڭ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملىدى. [6] ئۇ بەيتلەھەم، ئېتام، تەقوۋا، [7] بەيتزۇر، سوكوھ، ئادۇللام، [8] گات، مارېشا، زىف، [9] ئادورايىم، لاكىش، ئازېقا، [10] زورئاھ، ئايىيالون ۋە ھېبرون شەھەرلىرىنى ئوڭشىدى. بۇلار يەھۇدا ۋە بىنيامىن تەۋەلىكىدىكى مۇستەھكەم شەھەرلەرگە ئايلاندى. [11] رەھوبئام شەھەرلەرنىڭ سېپىللىرىنى مۇستەھكەملەپ، سەركەردىلەرنى تەۋەتتى. شەھەرلەرنى يېمەك-ئىچمەك، زەيتۇن يېغى، شارابلار بىلەن تەمىنلىدى. [12] ھەرقايسى شەھەرگە قالقان ۋە نەيزىلەرنى توپلاپ، شەھەر مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنى ئۇنىڭ قولىدا قالدى.

[13] شىمالىي قەبىلىلەردىكى، يەنى ئىسرائىلىيەدىكى روھانىيلار ۋە لاۋىيلار رەھوبئامنىڭ تەرەپدارلىرى بولدى. [14] ئۇلار ھەتتا ئۆي ۋە زېمىنلىرىنى تاشلاپ، يېرۇسالېمغا، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەنىڭ باشقا يەرلىرىگە كۆچۈپ كەلدى. چۈنكى ياروبئام ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلارنىڭ روھانىي بولۇپ، پەرۋەردىگارغا خىزمەت قىلىشىغا يول قويمىغانىدى. [15] ياروبئام غەيرىي سەجدىگاھلارغا روھانىيلارنى تەيىنلىدى. ئۇلار ياروبئام ياساتقان تېكە ۋە موزاي بۇتلار ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. [16] شىمالىي قەبىلىلەردىكى پەرۋەردىگار خۇداغا چىن قەلبىدىن تەلپۈنىدىغانلار لاۋىيلارغا ئەگىشىپ، يېرۇسالېمغا كەلدى. چۈنكى ئۇلار ئۇ يەردە ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلالايتتى. [17] ئۇلار يەھۇدىيە پادىشاھلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، سۇلايماننىڭ ئوغلى رەھوبئامغا ئۈچ يىل سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇلار داۋۇت ۋە سۇلايمان ماڭغان يولدا ماڭدى.

[18] رەھوبئام داۋۇتنىڭ ئوغلى يېرىموتنىڭ قىزى ماخالاتقا ئۆيلەندى. ماخالاتنىڭ ئانىسى ئابىھايىل يىشاينىڭ ئوغلى

بولغان ئەلئابىنىڭ قىزى ئىدى. [19] ماخالات رەخوبئامغا يېئۇش، شەمارىيا، زاھام ئىسىملىك ئوغۇللارنى تۇغۇپ بەردى. [20] كېيىن رەخوبئام ئابسالومنىڭ قىزى مائاكانى ئەمرىگە ئالدى. ئۇ ئابىيا، ئاتتاي، زىزا ۋە شىلومىتنى تۇغدى. [21] رەخوبئامنىڭ جەمئىي 18 ئايالى، 60 توقلى، 28 ئوغلى، 60 قىزى بار ئىدى. رەخوبئام ئاياللىرى ۋە توقاللىرىنىڭ ئىچىدە مائاكانى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. [22] شۇڭا ئۇ ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئابىيانى شاھزادىلەرنىڭ ئىچىدىن ۋەلىئەھد قىلىپ تەيىنلىدى. [23] رەخوبئام ئاقىلانە ئىش قىلىپ، بەزى شاھزادىلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرىنىڭ ھەرقايسى مۇستەھكەم شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى يېتەرلىك تەمىناتقا ئىگە قىلدى ۋە ئۇلارغا ئايال ۋە توقاللارنى ئېلىپ بەردى.

## مىسىرنىڭ يەھۇدىيەگە ھۇجۇم قىلىشى

**12** [1] رەخوبئام ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، پادىشاھلىقىنى كۈچەيتكەندىن كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنلىرىنى تاشلىۋەتتى. خەلقمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. [2] پادىشاھ رەخوبئامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 5-يىلى پەرۋەردىگار مىسىر پادىشاھى شىشاقنى يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، چۈنكى يەھۇدىيەلىكلەر پەرۋەردىگارغا بولغان ساداقىتىنى يوقاتقانىدى. [3] شىشاق مىسىردىن 1200 جەڭ هارۋىسى، 60 مىڭ ھارۋىلىق لەشكەر ۋە سان-ساناقسىز لىۋىيەلىكلەر، سۇكلار ۋە كۇشلارنى باشلاپ كەلگەنىدى. [4] ئۇ يەھۇدىيەنىڭ مۇستەھكەم شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇدۇل يېرۇسالېمغا قىستاپ كەلدى.

[5] شۇ ۋاقىتتا يەھۇدىيەنىڭ يېتەكچىلىرى شىشاقتىن قورقۇپ، يېرۇسالېمغا يىغىلغانىدى. شەمايا پەيغەمبەر پادىشاھ رەخوبئام ۋە يېتەكچىلەرگە مۇنداق دېدى:

- پەرۋەردىگار دەيدۇكى، سىلەر مەندىن ۋاز كەچكەچكە مەنمۇ سىلەردىن ۋاز كېچىپ، پادىشاھ شىشاقنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردىم.

[6] رەخوبئام ۋە يېتەكچىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گۇناھلىرىنى تونۇپ، مۇنداق دېدى:

- پەرۋەردىگار ئادالەتلىكتۇر.
[7] پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، شىمايا پەيغەمبەرگە مۇنداق دېدى:
- ئۇلار ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتقانىكەن، مەنمۇ ئۇلارنى يوقاتمايمەن ۋە ئۇلارغا بىر ھاياتلىق يولى بېرىمەن ھەم غەزىپىمنى يېرۇسالېمغا شىشاق ئارقىلىق چاچمايمەن. [8] لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ماڭا بويسۇنۇش بىلەن باشقا پادىشاھلارغا بويسۇنۇشنىڭ پەرقىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى شىشاققا بويسۇندۇرۇپ بېرىمەن.
[9] مىسىر پادىشاھى شىشاق يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى ۋە پادىشاھ ئوردىسىدىكى بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتى. سۇلايمان ياساتقان ئالتۇن قالقانلارنىمۇ ئېلىپ كەتتى. [10] كېيىن پادىشاھ رىخوبئام ئاشۇ ئالتۇن قالقانلارنىڭ ئورنىغا تۇچ قالقانلارنى ياسىتىپ، ئوردا دەرۋازىسىغا قارايدىغان قاراۋۇللار باشلىقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. [11] پادىشاھ ھەر قېتىم پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بارغاندا، ياساۋۇللار بۇ قالقانلارنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ قالقانلارنى يەنە قورال ئامبىرىغا قويۇپ قوياتتى.
[12] رىخوبئام گۇناھلىرىنى تونۇغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى بېسىقىپ، ئۇنى ھالاك قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ ئەھۋالى بىرئاز ياخشىلاندى.

## پادىشاھ رىخوبئامنىڭ ۋاپات بولۇشى

[13] پادىشاھ رىخوبئام ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېرۇسالېمدا داۋاملىق پادىشاھ بولدى. ئۇ تەختكە چىققان چاغدا 41 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا (پەرۋەردىگار خەلقلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ بارلىق شەھەرلىرى ئىچىدىن تاللىغان شەھەر) 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئاممونلۇق بولۇپ، ئىسمى نائاما ئىدى. [14] رىخوبئام پەرۋەردىگارغا چىن قەلبىدىن ئىنتىلمەي، يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. [15] پادىشاھ رىخوبئامنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى باشتىن-ئاخىر شىمايا پەيغەمبەر پۈتكەن تەزكىرىگە ۋە غايىبنى بىلگۈچى ئىددو

پۈتكەن تەزكىرىگە پۈتۈلگەندۇر. بۇ تەزكىرىلەر نەسەبنامىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. يەھۇدىيە پادىشاھى رىخوبئام بىلەن ئىسرائىلىيە پادىشاھى ياروبئام ئوتتۇرىسىدا ئىزچىل ئۇرۇش بولۇپ تۇردى.
[16] رىخوبئام ۋاپات بولۇپ، «داۋۇت شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئابىيا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## پادىشاھ ئابىيانىڭ ئىسرائىلىيەنى مەغلۇپ قىلىشى

13 [1] ئىسرائىلىيە پادىشاھى ياروبئامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 18-يىلى ئابىيا يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولدى. [2] ئۇ يېرۇسالېمدا ئۈچ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى مائاكا بولۇپ، گىبېئاھ شەھىرىدىكى ئۇرىئېلنىڭ قىزى ئىدى.
ئابىيا بىلەن ياروبئام ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى. [3] ئابىيا 400 مىڭ خىللانغان لەشكەر بىلەن ھۇجۇمغا ھازىرلاندى. ياروبئام 800 مىڭ خىللانغان لەشكەر بىلەن سەپ تۈزۈپ، جەڭگە تەييار بولدى. [4] ئابىيا ئەفرايىم تاغلىق رايونىدىكى زىمارايىم تېغىدا تۇرۇپ، مۇنداق دېدى:
– ئەي ياروبئام ۋە پۈتۈن ئىسرائىلىيەلىكلەر، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار. [5] ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ سىلەر بىلەن بىكار قىلىشقا بولمايدىغان ئەھدە تۈزۈپ، ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھلىقىنى داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەڭگۈلۈك بەرگەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ [6] نىباتنىڭ ئوغلى ياروبئام ئەسلى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ خىزمەتكارى ئىدى، لېكىن ئۇ خوجايىنىغا ئاسىيلىق قىلدى. [7] ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر تۈركۈم مۇتتەھەملەر يىغىلىپ، سۇلايماننىڭ ئوغلى رىخوبئام بىلەن قارشىلاشتى. ئۇ چاغدا رىخوبئام تېخى ياش، تەجرىبىسىز بولۇپ، قارشى تۇرۇشقا كۈچى يوق ئىدى.
[8] ھازىر سىلەر داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پەرۋەردىگارنىڭ پادىشاھلىقىغا قارشى تۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىسىلەر. ئەجەبا سىلەر ئادەملىرىمىز كۆپ، ھەم ياروبئام ياساپ بەرگەن ئالتۇن موزاي ئىلاھلىرىمىز بار، دەپ ئويلامسىلەر؟ [9] سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ روھانىيسى بولغان ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن

لاۋىيلارنى ھەيدىۋېتىپ، يات خەلقلەرنىڭ يامان ئادەتلىرى بويىچە ئۆزۈڭلارغا روھانىي تىكلىدىڭلار. ھەرقانداق بىر ئادەم بىر تۇياق بۇقا ۋە يەتتە تۇياق قوچقار ئەكەلسىلا، ئۇ ساختا ئىلاھلارنىڭ روھانىيسى بولالايدۇ.

[10] بىزگە كەلسەك، پەرۋەردىگار بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر، بىز ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمىدۇق. ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىۋاتقان روھانىيلىرىمىز يەنىلا ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. لاۋىيلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەۋاتىدۇ. [11] ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ، خۇشبۇي ئىسرىق سېلىپ، نانلارنى پاكلانغان شىرەگە دەستىلەپ قويۇپ، ھەر كۈنى كەچتە ئالتۇن چىراغداننىڭ چىراغلىرىنى ياندۇرۇۋاتىدۇ. بىز پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىۋاتىمىز، لېكىن سىلەر خۇدادىن يۈز ئۆرۈدۇڭلار. [12] خۇدا بىزگە ياردۇر، ئۇ بىزنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ روھانىيلىرى سىلەرگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ كانىيىنى چېلىپ، چاقىرىق قىلىدۇ. ئەي ئىسرائىلىيەلىكلەر، ئەجدادلىرىڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدا بىلەن قارشىلاشماڭلار، سىلەر غەلىبە قىلالمايسىلەر.

[13] ياروبئام بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى يەھۇدىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئەۋەتىپ، بۆكتۈرمە قويغانىدى. ياروبئامنىڭ قوشۇنلىرى يەھۇدىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدا، بۆكتۈرمە قوشۇن كەينىدە ئىدى. [14] يەھۇدىيەلىكلەر ئالدى-ئارقىسىدا دۈشمەن بارلىقىنى بايقاپ، پەرۋەردىگاردىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ياردەم تەلەپ قىلدى. روھانىيلار ھۇجۇم ئۈچۈن كاناي چالدى، [15] يەھۇدىيەلىكلەر نەرە تارتىپ، ئابىيانىڭ يېتەكچىلىكىدە ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇ پەيتتە خۇدا ياروبئام ۋە ئىسرائىلىيەلىكلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ قىلدى. [16] ئىسرائىلىيەلىكلەر يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ ئالدىدىن قاچتى. خۇدا ئۇلارنى يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. [17] ئابىيا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئىسرائىلىيەلىكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ 500 مىڭ خىللانغان قوشۇنىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. [18] شۇ كۈنى ئىسرائىلىيەلىكلەر مەغلۇپ

بولدى، يەھۇدىيەلىكلەر ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇداغا تايانغانلىقى ئۈچۈن غەلىبە قىلدى.

[19] ئابىيا ياروبئامنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، بەيتەل، يەشانا ۋە ئەفرون شەھەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارنى قولىغا كىرگۈزدى. [20] ئابىيا ھايات ۋاقتىدا، ياروبئام كۈچىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى. كېيىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ جازاسى بىلەن ئۆلدى. [21] ئابىيا بارغانسېرى كۈچلەندى، ئۇنىڭ 14 ئايالى، 22 ئوغلى ۋە 16 قىزى بار ئىدى.

[22] پادىشاھ ئابىيانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، سۆز ۋە ئەمەللىرى ئىددو پەيغەمبەر پۈتكەن تەزكىرىگە پۈتۈلگەندۇر.

14 [1] ئابىيا ۋاپات بولۇپ، «داۋۇت شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئاسا تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## پادىشاھ ئاسانىڭ كۈشنى مەغلۇپ قىلىشى

ئاسا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە دۆلەتتە ئون يىل تىنچ-ئامانلىق بولدى. [2] ئاسا پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نەزىرىدە ياخشى ھەم دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. [3] غەيرىي سەجدىگاھلاردىكى يات خەلقلەرنىڭ ئىلاھلىرىغا ئاتالغان قۇربانلىق سۇپىلىرىنى يوقاتتى، بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلەرنى چاقتى، ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى ۋەيران قىلدى. [4] پادىشاھ ئاسا يەنە يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇداغا ئىنتىلىشكە ۋە ئۇنىڭ قانۇن ۋە ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. [5] ئۇ يەھۇدىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى غەيرىي سەجدىگاھلار ۋە ئىسرىقدانلارنى يوقاتتى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە پادىشاھلىقتا تىنچ-ئامانلىق بولدى.

[6] پادىشاھ ئاسا يەھۇدىيەنىڭ شەھەرلىرىنى مۇستەھكەملىدى. ئۇ يىللاردا ئەلدە تىنچ-ئامانلىق بولدى، ئۇرۇش بولمىدى. چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغانىدى. [7] ئاسا يەھۇدىيەلىكلەرگە مۇنداق دېدى:

- بىز شەھەرلىرىمىزنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سېلىپ، كۆزىتىش مۇنارلىرى ياساپ، دەرۋازا ئورنىتىپ، بالداق بېكىتىپ، شەھەرلىرىمىزنى

مۇستەھكەملەيلى. بىز پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلدۇق، شۇڭا ئۇ بىزگە ھەر تەرەپتىن ئامانلىق ئاتا قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار شەھەرلەرنى مۇستەھكەملىدى، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولدى.

[8] ئاسانىڭ يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان چوڭ قالقانلىق ۋە نەيزىلىك 300 مىڭ لەشكىرى، بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان كىچىك قالقانلىق ۋە ئوقيالىق 280 مىڭ لەشكىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىللانغان لەشكەرلەر ئىدى. [9] كۇشتىن كەلگەن زەراخ يۈز مىڭلىغان كىشىلىك زور قوشۇن ۋە 300 جەڭ ھارۋىسى بىلەن يەھۇدىيەنىڭ مارىشا شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلدى. [10] ئاسا لەشكەرلىرى بىلەن دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. ئۇلار مارىشا شەھىرىگە يېقىن يەردىكى زىفاتا جىلغىسىدا سەپ تۈزۈشتى.

[11] ئاسا پەرۋەردىگار خۇدادىن مۇنداق دەپ ئۆتۈندى:

- ئى پەرۋەردىگارىمىز خۇدا، پەقەت سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا ئاجىزلار كۈچلۈكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ. ئۆتۈنەي، بىزگە ياردەم قىلغايسەن. بىز ساڭىلا تايىنىمىز. سېنىڭ نامىڭ بىلەن بۇ چوڭ قوشۇنغا قارشى ئاتلاندۇق. ئى پەرۋەردىگار، سەن بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇرسەن. ئىنسانلارنىڭ ئۈستۈڭدىن غەلىبە قىلىشىغا يول قويمىغايسەن.

[12] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار كۇشلارنى ئاسا ۋە يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ كۆز ئالدىدا مەغلۇپ قىلدى، كۇشلار قاچتى. [13] ئاسا قوشۇنىنى باشلاپ، ئۇلارنى قوغلاپ، تاكى گىرارغىچە باردى. كۇشلار پەرۋەردىگار ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، قىرىلىپ كەتتى، ھەتتا بىرەرسىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى. يەھۇدىيەلىكلەر ناھايىتى كۆپ مال-مۈلۈكنى ئولجا ئالدى. [14] گىرار ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىكى خەلقلەر پەرۋەردىگاردىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەنىدى. شۇڭا يەھۇدىيەلىكلەر ئۇ يەرلەرنىمۇ ئاسانلا ھۇجۇم بىلەن ئالدى. شەھەرلەردە ناھايىتى كۆپ بايلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئولجا ئېلىندى. [15] ئۇلار يەنە پادىچىلارنىڭ

چېدىرلىرىنى بۇزۇۋەتتى ۋە نۇرغۇن قوي، ئۆچكە، تۆگىلەرنى ئولجا ئالدى، ئاندىن يېرۇسالېمغا قايتتى.

## پادىشاھ ئاسانىڭ ئىسلاھاتى

15 [1] ئودېدنىڭ ئوغلى ئازارىياغا خۇدانىڭ روھى چۈشتى.
[2] ئازارىيا ئاسا پادىشاھنى كۈتۈۋالغىلى چىقىپ، ئۇنىڭغا
مۇنداق دېدى:
— ئەي ئاسا، يەھۇدالار ۋە بىنيامىنلار، سۆزلىرىمگە قۇلاق
سېلىڭلار! ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ يولىدا ماڭساڭلار، ئۇ
سىلەرگە يار بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىنتىلسەڭلار، ئۇ سىلەرگە
نامايان بولىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسەڭلار، ئۇمۇ
سىلەردىن ۋاز كېچىدۇ. [3] ئىسرائىللار ئۇزۇن ۋاقىت داۋامىدا ھەقىقىي
خۇدادىن، تەلىم بېرىدىغان روھانىيلاردىن ۋە خۇدانىڭ قانۇنىدىن
مەھرۇم قالدى. [4] لېكىن ئۇلار قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا، ئۆزلىرىنى
تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ يولىغا قايتتى. ئۇلار پەرۋەردىگارغا
ئىلتىجا قىلدى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى.
[5] ئۇ چاغلاردا سەپەرگە چىقىش خەتەرلىك ئىدى، ھەممە
يەرلەرنى قالايمىقانچىلىق قاپلىغانىدى. [6] ئەل بىلەن ئەل، شەھەر
بىلەن شەھەر بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىشقانىدى. چۈنكى خۇدا
ھەر خىل ئاپەتلەر بىلەن ئۇلارنى ئازابلىغانىدى. [7] لېكىن سىلەر
قەيسەر بولۇڭلار. بوشاپ كەتمىسەڭلارلا، ئەجرىڭلارغا لايىق
مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر.
[8] پادىشاھ ئاسا ئودېدنىڭ ئوغلى ئازارىيا پەيغەمبەرنىڭ
سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئىلھاملىنىپ،
پۈتۈن يەھۇدا، بىنيامىن زېمىنلىرىدىكى ۋە ئۆزى تارتىۋالغان
ئەفرايىم تاغلىق رايونىغا جايلاشقان ھەرقايسى شەھەرلەردىكى
يىرگىنچلىك بۇتلارنى ئالدۇرۇۋەتتى ھەمدە پەرۋەردىگارنىڭ
ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى پەرۋەردىگارغا ئاتالغان قۇربانلىق
سۇپىسىنى يېڭىلىدى. [9] ئەينى چاغدا ئەفرايىم، ماناسسە، شىمون
قەبىلىلىرىدىن بولغان نۇرغۇن كىشىلەر پەرۋەردىگار خۇدانىڭ
ئاساغا يار بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسرائىلىيەدىن ئايرىلىپ،

يەھۇدىيەگە كېلىپ، ئاساغا قوشۇلغان ۋە ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. ئاسا ئۇلارنى يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرى بىلەن بىرگە يىغدى. [10] ئاسانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 15-يىلى 3-ئايدا① ئۇلار يېرۇسالېمدا يىغىلدى. [11] ئۇ كۈنى ئۇلار ئولجا ئالغان چارۋاماللار ئارىسىدىن 700 تۇياق كالا ۋە 7000 تۇياق قوينى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلدى. [12] ئۇلار يەنە ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدانىڭ يولىدا چىن قەلبى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ماڭىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم بېرىشتى. [13] كىمكى ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ يولىدا ماڭمىسا، مەيلى قېرى-ياش بولسۇن، مەيلى ئەر-ئايال بولسۇن، ھەممىسى بىردەك ئۆلتۈرۈلىدىغان بولدى. [14] ئۇلار پەرۋەردىگارغا قەسەم بەرگەندە، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىشىپ، كاناي ۋە بۇرغا چېلىشتى. [15] پۈتۈن خەلق بەرگەن قەسەملىرىدىن خۇشاللىققا چۆمۈشتى. ئۇلار پەرۋەردىگارغا چىن قەلبى بىلەن ئىنتىلگەنلىكى ئۈچۈن، پەرۋەردىگار ئۇلارغا نامايان بولۇپ، ئۇلارنى ھەر تەرەپتە تىنچ-ئامانلىققا ئىگە قىلدى.

[16] پادىشاھ ئاسا ھەتتا مومىسى مائاكانىڭ خان ئانىسى مەرتىۋىسىنى② بىكار قىلدى. چۈنكى ئۇ ياغاچتىن ئىلاھە ئاشېرانىڭ بىر يىرگىنچلىك بۇتىنى ياساتقانىدى. ئاسا ئۇ يىرگىنچلىك بۇتنى يىقىتىپ، پارچىلاپ، قىدرون جىلغىسىدا كۆيدۈرۈۋەتتى. [17] گەرچە ئاسا غەيرىي سەجدىگاھلارنى ئۆزىنىڭ زېمىنىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆمۈر بويى جان-دىلى بىلەن پەرۋەردىگارغا سادىق بولۇپ ياشىدى. [18] ئۇ ئاتىسى ۋە ئۆزى پەرۋەردىگارغا ئاتىغان نەرسىلەرنى، يەنى ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا بۇيۇملارنى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا قويدى. [19] ئاسانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 35-يىلىغىچە ئۇرۇش بولمىدى.

① 15: 10 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 5-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇم بىر ئايغا توغرا كېلىدۇ.

② 15: 16 خان ئانىسى مەرتىۋىسى - بۇ مەرتىۋە قەدىمكى يەھۇدىيە ۋە بەزى قوشنا ئەللەردە پادىشاھتىن كېيىنكى ئىككىنچى دەرىجىلىك مەرتىۋە بولۇپ، سىياسىي ئىشلاردا تەسىر كۈچكە ئىگە ئىدى.

## ئاسانىڭ ئارراملار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى

16 [1] يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 36-يىلى ئىسرائىلىيە پادىشاھى باشا يەھۇدىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ، راماھنى بېسىۋالدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ يەھۇدىيەگە كىرىپ چىقىشىنى توسۇش ئۈچۈن راماھ شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. [2] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئاسا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ خەزىنىسىدىن ۋە ئوردىدىكى خەزىنىدىن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، دەمەشقتىكى ئاررام پادىشاھى بەنھادادقا تۆۋەندىكى تەكلىپ بىلەن بىرگە ئەۋەتتى:

[3] «ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇرۇن ئىتتىپاق تۈزگىنىدەك، بىزمۇ ئىتتىپاق تۈزەيلى. سىلىگە ئالتۇن-كۈمۈش ئەۋەتتىم. ئىسرائىلىيە پادىشاھى باشا بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقلىرىنى بىكار قىلغايلا. شۇندىلا ئۇ زېمىنىمدىن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرىدۇ.»

[4] پادىشاھ بەنھاداد ئاسا پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سەركەردىلىرىنى قوشۇنلىرى بىلەن ئىسرائىلىيە شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئىيون، دان، بەيت-مائاكادىكى ئابېل شەھەرلىرى ۋە نافتالى زېمىنىدىكى ئامبارلار جايلاشقان بارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. [5] پادىشاھ باشا بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، راماھ شەھىرىنى مۇستەھكەملەش ئىشىنى توختاتتى. [6] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئاسا پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پادىشاھ باشانىڭ راماھنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغان ياغاچ-تاشلىرىنى يۆتكەپ ئەكەتتى ۋە بۇ ياغاچ-تاشلار بىلەن گەبا ۋە مىزپاھ شەھەرلىرىنىڭ سېپىللىرىنى مۇستەھكەملىدى.

## خانانىنىڭ ئاسانى ئەيىبلىشى

[7] شۇ ۋاقىتتا غايىبنى بىلگۈچى خانانى يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسانىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- سىز پەرۋەردىگارىڭىز خۇداغا تايانماي، دۈشمىنىڭىز بولغان
ئارام پادىشاھىغا تاياندىڭىز. بۇ سىزنى ئارام پادىشاھىنىڭ
قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدۇ.
[8] سىز دۈچ كەلگەن كۇشلار بىلەن لىۋىيەلىكلەردىن تۈزۈلگەن چوڭ
قوشۇنلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەددى-ھېسابسىز جەڭ ھارۋىلىرىنى
ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ شۇ چاغدا سىز پەرۋەردىگارغا تايانغانلىقىڭىز
ئۈچۈن، پەرۋەردىگار ئۇلارنى سىزنىڭ قولىڭىزغا تاپشۇرغانىدى.
[9] پەرۋەردىگار يەر يۈزىدىكى ھەممە ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ
ئۆزىگە ھەقىقىي سادىق بولغانلارنى يۆلەيدۇ. سىز ئەخمەقلىق
قىلدىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى ئۇرۇش پالاكىتى باسىدۇ.
[10] ئاسا خاناننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى
كەلدى ۋە ئۇنىڭ پۇتىغا تاقاق سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە
بىر قىسىم كىشىلەرنى قاتتىق باستۇردى.
[11] پادىشاھ ئاسانىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى باشتىن-ئاخىر
«يەھۇدىيە ۋە ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە
پۈتۈلگەندۇر. [12] ئاسا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 39-يىلى ئېغىر پۇت
ئاغرىش كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ پەرۋەردىگاردىن
شىپالىق تىلىمىدى، بەلكى تېۋىپلاردىنلا ياردەم تەلەپ قىلدى.
[13] ئاسا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 41-يىلى ۋاپات بولدى. [14] خەلق ئۇنىڭ
مېيىتىنى تاۋۇتقا ياتقۇزۇپ، مېيىتقا ھەر خىل خۇش پۇراقلىق
بۇيۇملار ۋە ئېسىل مايلارنى ئىشلىتىپ، «داۋۇت شەھىرى»دە قىيا
تاشقا ئۆزى ئۈچۈن ئويدۇرۇپ ياساتقان قەبرىگە دەپنە قىلدى ۋە
ئۇنىڭ شەرىپىگە ناھايىتى چوڭ گۈلخان يېقىپ، تەزىيە بىلدۈردى.

## يەھوشافاتنىڭ ئادىل ھۆكۈمرانلىقى

17 [1] پادىشاھ ئاسانىڭ ئوغلى يەھوشافات تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.
ئۇ ئىسرائىلىيەگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن پادىشاھلىقىنى
مۇستەھكەملىدى. [2] يەھوشافات يەھۇدىيەنىڭ ھەممە مۇستەھكەم
شەھەرلىرىدە قوشۇنلارنى تۇرغۇزدى. ئۇ يەھۇدىيە شەھەرلىرىدە ۋە
ئاتىسى ئاسا بويسۇندۇرغان ئەفرايىمنىڭ شەھەرلىرىدە لەشكەرلىرىنى
تۇرغۇزدى. [3] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا يار بولدى، چۈنكى ئۇ بائالغا

چوقۇنماي، ئەجدادى داۋۇتنىڭ يولىدا ماڭدى. [4] ئۇ پەقەت ئاتىسى ئېتىقاد قىلغان خۇداغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلدى. ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ بۇتپەرەسلىكىگە ئەگەشمىدى. [5] شۇڭا پەرۋەردىگار ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى مۇستەھكەم قىلدى. بارلىق يەھۇدىيەلىكلەر ئۇنىڭغا سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى. ئۇ چەكسىز بايلىق ۋە شەرەپكە ئىگە بولدى. [6] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ يولىدا قىزغىنلىق بىلەن ماڭدى. يەھۇدىيەدىكى غەيرىي سەجدىگاھلارنى بۇزۇپ، ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى ئېلىپ تاشلىدى.

[7] يەھوشافات ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 3-يىلى خەلققە تەلىم بېرىش ئۈچۈن ئەمەلدارلىرىدىن بەنخايىل، ئوبادىيا، زىكرىيا، نەتانئېل، مىكايالارنى يەھۇدىيە شەھەرلىرىگە ئەۋەتتى. [8] لاۋىيلاردىن شېمايا، نەتانىيا، زىبادىيا، ئاسائېل، شېمىراموت، يەھوناتان، ئادونىيا، توبىيا، توب-ئادونىيا ۋە روھانىيلاردىن ئەلىشاما، يەھورام ئۇلارغا ھەمراھ بولدى. [9] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، يەھۇدىيەنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە خەلققە تەلىم بېرىشتى.

[10] يەھۇدىيەنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا ئەللەر پەرۋەردىگاردىن قورققانلىقى ئۈچۈن، يەھوشافات بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. [11] بىر قىسىم فىلىستىيەلىكلەر ئۇنىڭغا سوۋغاتلارنى ئەكەلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە زور مىقداردا كۈمۈشلەر بار ئىدى. ئەرەبلەرمۇ ئۇنىڭغا 7700 تۇياق قوچقار، 7700 تۇياق تېكە سوۋغا قىلدى. [12] يەھوشافات بارغانسېرى كۈچەيدى. يەھۇدىيەدە قورغان ۋە ئامبار شەھەرلەرنى قۇردى. [13] يەھۇدىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە زور مىقداردا ماددىي ئەشيا توپلىدى.

يەھوشافات يېرۇسالېمدا خىللانغان قوشۇنلارنى تۇرغۇزدى. [14] بۇ قوشۇنلار قەبىلىلەر بويىچە سەپەرۋەر قىلىنغانىدى. يەھۇدا قەبىلىسىدىن تۈمەنبېشى ئادناھ 300 مىڭ خىللانغان قوشۇنغا باشچىلىق قىلاتتى. [15] ئىككىنچى تۈمەنبېشى يەھوخانان بولۇپ، ئۇ 280 مىڭ خىللانغان قوشۇنغا باشچىلىق قىلاتتى. [16] ئۈچىنچى تۈمەنبېشى زىكرىنىڭ ئوغلى ئاماسىيا بولۇپ، ئۇ 200 مىڭ خىللانغان قوشۇنغا باشچىلىق قىلاتتى. ئۇ پەرۋەردىگارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن تىزىمغا ئالدۇرغانىدى.

[17] بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ باتۇر جەڭچىسى ئەلىيادا ئوقيا ۋە قالقان
بىلەن قوراللانغان 200 مىڭ لەشكەرگە باشچىلىق قىلاتتى.
[18] يەنە بىر تۈمەنبېشى يەھوزاباد بولۇپ، ئۇ قوراللانغان 180 مىڭ
لەشكەرگە باشچىلىق قىلاتتى. [19] يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى
يېرۇسالېمدا پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. بۇنىڭدىن سىرت
يەھۇدىيەنىڭ باشقا مۇستەھكەم شەھەرلىرىگىمۇ لەشكەرلەرنى
تۇرغۇزغانىدى.

## ئاررامىلارغا قارشى ئۇرۇش

18 [1] يەھوشافات بايلىق ۋە شۆھرەتتە چېكىگە يەتتى. ئۇ
ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخاب بىلەن قۇدىلاشتى. [2] بىرقانچە
يىلدىن كېيىن ئۇ سامارىيەگە بېرىپ، ئاخابنى زىيارەت قىلدى. ئاخاب
نۇرغۇن قوي ۋە كالا سويۇپ، ئۇنى ۋە ھەمراھلىرىنى ھەشەمەتلىك
كۈتۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئاخاب يەھوشافاتنى ئۆزى بىلەن
بىرگە گىلئادتىكى راموت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۆندۈردى.
[3] ئاخاب يەھوشافاتتىن:
— سىلى گىلئادتىكى راموتنى ئالغىلى مەن بىلەن بىللە باراملا؟
— دەپ سورىدى. يەھوشافات:
— مەن سىلى بىلەن ئاتلىنىشقا تەييارمەن. ئادەملىرىمنى ئۆزلىرىنىڭ
ئادەملىرى دەپ بىلگەيلا. مەن سىلىگە جەڭدە ياردەمدە بولاي. [4] لېكىن
سىلى بۇنى ئالدى بىلەن پەرۋەردىگاردىن سورىسىلا! — دېدى.
[5] شۇنىڭ بىلەن ئاخاب ئۆزى پەيغەمبەر دەپ قارىغان 400 ئادەمنى
يىغىپ، ئۇلاردىن:
— بىز راموتقا ھۇجۇم قىلساق بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھۇجۇم قىلىشقايلا! خۇدا راموتنى قوللىرىغا تاپشۇرىدۇ، —
دېدى ئۇلار. [6] بىراق يەھوشافات:
— بۇ يەردە پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن ھېچكىم قالمىدىمۇ؟
ئەگەر قالسا، بىز بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سورايلى، — دېدى.
[7] — بۇ يەردە پەرۋەردىگاردىن سوئال سورىيالايدىغان بىرى بار،
ئۇ يىملاھنىڭ ئوغلى مىكايادۇر، — دېدى ئاخاب، — لېكىن مەن

ئۇنىڭغا ئۆچ. چۈنكى ئۇ مەن ھەققىدە ۋەھىي يەتكۈزگەندە، ھەمىشە ياخشى گەپ قىلمايدۇ، يامان گەپ قىلىدۇ.
- پادىشاھ تۇرۇپ بۇنداق دېسىلە بولمايدۇ! - دېدى يەھوشافات.
[8] شۇنىڭ بىلەن ئاخاب ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن بىرەيلەننى چاقىرىپ، يىملاھنىڭ ئوغلى مىكايانى دەرھال ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.
[9] ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخاب بىلەن يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافات شاھانە تونلىرىنى كىيىشىپ، سامارىيەنىڭ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى خاماندا ئۆز تەختلىرىدە ئولتۇرۇشتى. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ۋەھىيلەرنى يەتكۈزدى. [10] پەيغەمبەرلەردىن بىرى كىنائانىنىڭ ئوغلى زىدقىيا ئىدى. ئۇ تۆمۈردىن ياسالغان بىر جۈپ مۈڭگۈزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، پادىشاھ ئاخابقا:
- پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئاررامىلارنى يوقاتمىغۇچە، بۇ مۈڭگۈزلەر بىلەن ئۇلارنى ئۈسۈپ تۇرىسەن»، - دېدى.
[11] باشقا پەيغەمبەرلەرمۇ ئوخشاش سۆزنى قىلىپ:
- راموتقا ھۇجۇم قىلغايلا، سىلى غەلىبە قىلىلا. پەرۋەردىگار شەھەرنى قوللىرىغا تاپشۇرىدۇ، - دېيىشتى.
[12] بۇ چاغدا مىكايانى چاقىرغىلى بارغان ئەمەلدار مىكاياغا:
- قاراڭ، ھەممە پەيغەمبەرلەر پادىشاھقا بىر ئېغىزدىن ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىشتى. سىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگەيسىز، - دېدى. [13] لېكىن مىكايا:
- مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خۇدايىم نېمە دېسە مەن شۇنى دەيمەن، - دېدى.
[14] مىكايا ئاخاب پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا، پادىشاھ ئۇنىڭدىن:
- مىكايا، بىز راموتقا ھۇجۇم قىلساق بولامدۇ؟ - دەپ سورىدى.
- ھۇجۇم قىلىشقايلا، غەلىبە قىلىشىلا. شەھەر قوللىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، - دەپلا قويدى مىكايا. [15] لېكىن پادىشاھ:
- مەن سېنى پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن سۆز قىلغىنىڭدا راستچىل بول، دەپ قانچە قېتىم قەسەم قىلدۇردۇم؟ - دېدى.
[16] مىكايا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:
- مەن ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرىنىڭ خۇددى قويچىسىز قالغان قويلاردەك تاغقا تارقىلىپ كەتكەن كۆرۈنۈشنى كۆردۈم. پەرۋەردىگار

مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىشىلەرنىڭ يېتەكچىسى يوق ئىكەن، ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا ئامان-ئېسەن قايتسۇن».
[17] ئاخاب يەھوشافاتقا:
ـ مەن ئۆزلىرىگە بۇ ئادەم مەن ھەققىدە ۋەھيي يەتكۈزگەندە، ياخشى گەپ قىلماي، داۋاملىق يامان گەپ قىلىدۇ، دېمىگەنمىدىم؟
ـ دېدى. [18] مىكايا يەنە مۇنداق دېدى:
ـ شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشقايلا! مەن پەرۋەردىگارنىڭ تەختىدە ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم. پۈتكۈل ساماۋى جامائەت ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇراتتى. [19] پەرۋەردىگار: «ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخابنىڭ جەڭدە ئۆلۈشى ئۈچۈن ئۇنى راموتقا بېرىشقا كىم ئازدۇرىدۇ؟» دەپ سورىدى. بەزىلەر بۇنداق دېسە، بەزىلەر ئۇنداق دېدى. [20] كېيىن بىر روھ چىقىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ: «مەن ئازدۇرىمەن» دېدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭدىن «قانداق ئازدۇرىسەن؟» دەپ سورىدى. [21] ھېلىقى روھ: «مەن ئاخابنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىنى يالغان ئېيتقۇزىمەن» دېدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: «سەن ئۇنى چوقۇم ئازدۇرالايسەن. بېرىپ، ئۇنى ئازدۇرغىن» دېدى.
[22] مىكايا ئەڭ ئاخىرىدا:
ـ ئىشنىڭ جەريانى مانا مۇشۇنداق، پەرۋەردىگار سىلىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆزلىرىگە يالغان ئېيتقۇزدى. ئەمەلىيەتتە، پەرۋەردىگار سىلىگە بالايىئاپەت ياغدۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى!
ـ دېدى.
[23] شۇنىڭ بىلەن كىنائاننىڭ ئوغلى زىدقىيا مىكايانىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى بىر كاچات ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن:
ـ پەرۋەردىگارنىڭ روھى قاچان مەندىن ئايرىلىپ، ساڭا سۆز قىلدى؟ ـ دەپ سورىدى. [24] مىكايا:
ـ بىر كۈن كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا سەن بىر ئۆينىڭ ئەڭ ئىچكىرىكى خانىسىغا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولىسەن، شۇ چاغدا بۇنى بىلىسەن،
ـ دەپ جاۋاب بەردى.
[25] شۇنىڭ بىلەن ئاخاب بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:

- مىكايانى تۇتۇپ، شەھەر باشلىقى ئامون بىلەن شاھزادە يوئاشنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار ۋە [26] ئۇلارغا: «پادىشاھ مۇنداق پەرمان قىلدۇكى، ماۋۇ كىشىنى زىندانغا تاشلاڭلار. مەن ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلگۈچە، ئۇنىڭغا جېنىنى ساقلىغۇدەكلا نان بىلەن سۇ بېرىڭلار» دەڭلار، - دېدى. [27] مىكايا:

- ئەگەر ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلسىلە، پەرۋەردىگاردىن ماڭا ۋەھىي كەلمىگەن بولىدۇ. ھەربىرلىرى سۆزۈمنى ئەسلىرىدە تۇتۇۋېلىشقايلا، - دېدى.

[28] ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخاب بىلەن يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافات گىلئادتىكى راموت شەھىرىگە قارشى جەڭگە ئاتلاندى. [29] ئاخاب يەھوشافاتقا:

- بىز جەڭگە چىققاندا، مەن قىياپىتىمنى ئۆزگەرتىۋالاي، سىلى شاھانە تونلىرىنى كىيىۋەرسىلە، - دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاخاب قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، جەڭگە كىردى. [30] ئاررام پادىشاھى ھارۋىلىق لەشكەر باشلىرىغا: «سىلەر باشقا لەشكەرلەر بىلەن جەڭ قىلىپ يۈرمەي، ھۇجۇمىڭلار نىشانىنى ئىسرائىلىيە پادىشاھىغىلا قارىتىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. [31] ئۇلار يەھوشافاتنى كۆرگەندە، ئۇنى ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھى دەپ ئويلاپ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشتى. يەھوشافات ۋارقىراشقا باشلىدى. پەرۋەردىگار خۇدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، ئاررامىلارنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇردى. [32] شۇندىلا ئۇلار ئۇنىڭ ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئۇنى قوغلىماي، كېتىپ قېلىشتى. [33] بىراق بىر ئاررام لەشكىرى تاسادىپىي بىر ئوق ئېتىۋىدى، ئۇ ئوق دەل ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخابنىڭ قاسراقسىمان ساۋۇتى ياپالمىغان يېرىگە تەگدى. ئاخاب ئۆزىنىڭ جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدىگۈچىسىگە ۋارقىراپ:

- مەن يارىلاندىم، كەينىڭگە قايت، جەڭدىن چىقكىن! - دېدى.

[34] ئۇ كۈنى جەڭ شىددەتلىك بولدى. ئىسرائىلىيە پادىشاھى كەچ كىرگۈچە ھارۋىسىدا ئاررامىلارغا يۈزلىنىپ، چىداپ ئولتۇردى. كۈن پاتقاندا ئۇ جان ئۈزدى.

19 1 يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوشافات يېرۇسالېمدىكى ئوردىسىغا
ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى. 2 خانانىنىڭ ئوغلى غايىبنى
بىلگۈچى يېھۇ يەھوشافاتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى ۋە
ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
- سىز نېمىشقا رەزىللەرگە ياردەم قىلىسىز؟ پەرۋەردىگارغا
ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلارنى ياخشى كۆرەمسىز؟ سىز ھازىر
پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدىڭىز. 3 لېكىن سىز بۇرۇن
خۇداغا چىن قەلبىڭىز بىلەن ئىنتىلىپ، يەھۇدىيەدىكى ئىلاھە
ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى يوق قىلىپ، ياخشى ئىشلارنىمۇ
قىلغانىكەنسىز.

## يەھوشافاتنىڭ سوتچىلارنى تەيىنلىشى

4 شۇنىڭدىن كېيىن يەھوشافات يېرۇسالېمدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ
پۈتكۈل يەھۇدىيەنى ئايلىنىپ، بەئەرشەبادىن تاكى ئەفرايىم تاغلىق
رايونىغىچە باردى ۋە خەلقنى ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن
پەرۋەردىگار خۇدانىڭ يولىغا قايتۇرۇپ ئەكەلدى. 5 ئۇ يەھۇدىيەنىڭ
ھەرقايسى مۇستەھكەم شەھەرلىرىدە سوتچىلارنى تەيىنلىدى 6 ۋە
ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- سىلەر ئىش بېجىرىشتە ئېھتىياتچان بولۇڭلار. چۈنكى سىلەر
ئىنسان نامىدىن ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ نامىدىن ھۆكۈم
چىقىرىسىلەر. سىلەر ھۆكۈم چىقارغان ۋاقىتىڭلاردا، پەرۋەردىگار
سىلەرگە يار بولىدۇ. 7 شۇڭا سىلەر پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىپ،
ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش بېجىرىڭلار. چۈنكى بىزنىڭ
پەرۋەردىگارىمىز خۇدا ناھەقچىلىك، تەرەپبازلىق ۋە پارىخورلۇق
قىلىشقا يول قويمايدۇ.
8 يەھوشافات يەنە يېرۇسالېمدا بىر قىسىم لاۋىيلارنى، روھانىيلارنى
ۋە ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنى سوتچى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلارنى
پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىغا ئائىت مەسىلىلەرنى ۋە يېرۇسالېمنىڭ
ئاھالىسىنىڭ ئەرزلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇدى. 9 يەھوشافات
ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىپ، مۇنداق دېدى:

- سىلەر پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنمىدىغان يۈرىكىڭلار، ساداقەتسىزلىكىڭلار ۋە پۈتۈن قەلبىڭلار بىلەن ئىش بىجىرىڭلار. [10] ھەرقايسى شەھەرلەردىكى قېرىنداشلىرىڭلار مەيلى قاتىللىقتا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، مەيلى قانۇن، ئەمر-پەرمان ۋە قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ئالدىڭلارغا ئەرز ئېلىپ كەلسە، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇڭلار. ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ، پەرۋەردىگارغا قارشى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويمىسۇن. بولمىسا پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى سىلەرگە ھەم خەلققە چۈشىدۇ. شۇنداق قىلساڭلار، ئەيىبسىز بولىسىلەر. [11] ئەگەر پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسا، باش روھانىي ئامارىيا مەسئۇل بولىدۇ. ئەگەر پادىشاھنىڭ قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسا، يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىسمائىلنىڭ ئوغلى زەبادىيا مەسئۇل بولىدۇ. لاۋىيلار سىلەرگە كاتىپلىق قىلىدۇ. ئىش قىلغاندا يۈرەكلىك بولۇڭلار. ۋەزىپەڭلارنى ئادىل بىجىرسەڭلار، پەرۋەردىگار سىلەرگە يار بولىدۇ.

## يەھوشافاتنىڭ غەلىبىسى

20 [1] كېيىن موئابلار، ئاممونلار ۋە مېئۇنلارنىڭ بىر قىسمى بىرلىكتە يەھوشافاتقا ھۇجۇم قىلغىلى كەلدى. [2] خەۋەرچىلەر يەھوشافاتقا مەلۇمات ئېلىپ كېلىپ، مۇنداق دېدى:

- غايەت زور بىر قوشۇن ئۆلۈك دېڭىزنىڭ شەرقىدىن، يەنى ئېدومدىن كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاللىقاچان خازون-تامارغا (يەنى ئېنگەدى) بېسىپ كىردى.

[3] قورقۇپ كەتكەن يەھوشافات پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ پۈتۈن يەھۇدىيە دائىرىسىدە روزا تۇتۇشنى جاكارلىدى. [4] پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقى يەھۇدىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن يېرۇسالېمغا يىغىلىپ، پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلىدى. [5] يەھوشافات پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ يېڭى ھويلىسىنىڭ ئالدىدا يېرۇسالېم خەلقىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، [6] مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

- ئى ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدا،
سەن ئەرشتىكى خۇدا ئەمەسمۇ؟ سەن بارلىق پادىشاھلىقلار ۋە
ئەللەرنىڭ ئىگىسىسەن، كۈچ-قۇدرەت سەندىدۇر، ھېچكىم سېنى
توسالمايدۇ. [7] ئى خۇدايىمىز، سەن بۇ زېمىندا ياشىغان خەلقلەرنى
ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا قوغلاپ چىقىرىپ، دوستۇڭ ئىبراھىمنىڭ
ئەۋلادلىرىغا مەڭگۈلۈك مۈلۈك قىلىپ بەرگەن ئەمەسمىدىڭ؟!
[8] سېنىڭ خەلقىڭ بۇ زېمىندا ياشاپ، سېنىڭ نامىڭغا ئاتاپ مۇقەددەس
ئىبادەتخانا بەرپا قىلدى. [9] ئۇلار: «ئەگەر بىز مەيلى ئۇرۇش، مەيلى
ۋابا ياكى ئاچارچىلىق بولسۇن، مەلۇم بىر قىيىنچىلىققا ئۇچرىساق،
ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدا، يەنى سېنىڭ
ھوزۇرۇڭدا تۇرۇپ، ساڭا نىدا قىلساق، سەن نىدايىمىزنى ئاڭلاپ،
ياردەم قىلىسەن» دېيىشكەن ئەمەسمىدى؟!
[10] سەن ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان ۋاقتىڭدا، ئۇلارنىڭ
ئاممونلار، موئابلار ۋە سەئىر تاغلىرىدا ياشايدىغان مېئۇنلارنىڭ
زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدىڭ. شۇڭا ئۇلار
بۇ خەلقلەرنى يوقىتالمىدى، پەقەت زېمىنلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ
كەتتى. [11] لېكىن ھازىر بۇ خەلقلەر بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى سەن
مۈلۈك قىلىپ بەرگەن بۇ زېمىندىن قوغلىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.
[12] ئى خۇدايىمىز، سەن ئۇلارنى جازالىمامسەن؟ بىزگە قارشى
كېلىۋاتقان غايەت زور بۇ قوشۇننى توسقۇدەك بىزدە كۈچ يوق.
بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي، پەقەت ساڭىلا تەلپۈنمەكتىمىز.
[13] يەھۇدىيە ئەرلىرى بالىچاقىلىرى بىلەن بىرلىكتە پەرۋەردىگارنىڭ
ھوزۇرىدا تۇرۇشتى. [14] پەرۋەردىگارنىڭ روھى جامائەت ئارىسىدا
تۇرغان ياخازىئېلنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ياخازىئېل لاۋىيلاردىن
بولغان ئاسافنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇ زىكىرىيانىڭ ئوغلى، بىنايانىڭ
نەۋرىسى، يېئىئېلنىڭ ئەۋرىسى، ماتتانىيانىڭ چەۋرىسى ئىدى.
[15] ياخازىئېل مۇنداق دېدى:
- ئەي پادىشاھ يەھوشافات، يېرۇسالېم خەلقى، شۇنداقلا پۈتۈن
يەھۇدىيە خەلقى، سۆزۈمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار! پەرۋەردىگار
سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر دۈشمەنىڭ كۆپلۈكىدىن قورقۇپ،
بوشىشىپ كەتمەڭلار. چۈنكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى سىلەرنىڭ

ئۆلكىڭلاردا ئەمەس، بەلكى مەن خۇدانىڭ ئۆلكىدىدۇر. [16] ئەتە ئۇرۇشقا چىقىڭلار. سىلەر دۈشمەن بىلەن زىس جىلغىسىنىڭ ئاخىرىدىكى يېرۇئېل چۆلىدە ئۇچرىشىسىلەر. [17] لېكىن سىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. سىلەر پەقەت ئورنۇڭلارنى مەھكەم ساقلاپ، كۈتۈپ تۇرۇڭلار. مەن پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرنى قانداق قۇتقۇزىدىغانلىقىمنى كۆرۈڭلار. ئەي يېرۇسالېملىقلار، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەلىكلەر قورقماڭلار، بوشىشىپ كەتمەڭلار، ئەتە ئۇرۇشقا چىقىڭلار! مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە ياردۇرمەن.»

[18] شۇنىڭ بىلەن يەھوشافات يەرگە باش قويۇپ، پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلدى. ئارقىدىن يېرۇسالېملىقلار، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەلىكلەر باشلىرىنى يەرگە قويۇشۇپ، پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىشتى. [19] قوھات ۋە كوراھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان لاۋىيلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانى ناھايىتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مەدھىيەلەشتى.

[20] ئەتىسى سەھەردە جامائەت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، تەقوۋا چۆلىگە بارماقچى بولۇشتى. ئۇلار يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا، يەھوشافات ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، مۇنداق دېدى:

– ئەي يېرۇسالېملىقلار، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەلىكلەر، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئىشىنىڭلار، شۇندىلا مەزمۇت تۇرىسىلەر، پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىڭلار، شۇندىلا غەلىبە قىلىسىلەر.

[21] يەھوشافات جامائەت بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، مۇراسىم كىيىمى كىيىپ، پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلەيدىغان نەغمىچىلەرنى لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ماڭدۇردى. ئۇلار سەپنىڭ ئالدىدا: «پەرۋەردىگارغا شۈكۈر ئېيتىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر» دەپ مۇناجات ئېيتىپ ماڭدى. [22] ئۇلار تەنتەنىلىك ھالدا مۇناجات ئېيتىپ، پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلەشكە باشلىغاندا، پەرۋەردىگار دۈشمەن لەشكەرلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، يەھۇدىيەلىكلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى سەئىر تاغلىرىدىن كەلگەن مىئونلارنى، شۇنداقلا ئاممون ۋە

موئابلارنى مەغلۇپ قىلدى. [23] ئەسلىدە ئاممون ۋە موئابلار سەئىر تاغلىرىدىن كەلگەنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقاتقاندىن كېيىن، ئاممون ۋە موئابلار ئۆزئارا بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىشقاندى.

[24] يەھۇدىيەلىكلەر چۆلنى كۆرەلەيدىغان جايدىن دۈشمەن لەشكەرلىرىگە نەزەر تاشلاشتى. ئۇلار كۆردىكى، پۈتۈن دالا دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ھايات قالمىغانىدى. [25] يەھوشافات ۋە ئۇنىڭ خەلقى ئولجىلارنى يىغقىلى باردى. ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ مال-مۈلۈك، كىيىم-كېچەك، قىممەت باھالىق بۇيۇملار بار ئىدى. ئولجىلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ئۇلار ئولجىلارنى بىر كۈندە توشۇپ بولالماي، ئۈچ كۈن توشۇدى. [26] تۆتىنچى كۈنى ئۇلار بىر جىلغىغا يىغىلىپ، پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئوقۇدى. (شۇنىڭدىن بېرى بۇ جىلغىنىڭ نامى بىراكا [مەنىسى «بەخت»] جىلغىسى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.)

[27] يېرۇسالېملىقلار، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەلىكلەر يەھوشافاتنىڭ رەھبەرلىكىدە تەنتەنە بىلەن يېرۇسالېمغا قايتتى. چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرغانىدى. [28] ئۇلار يول بويى چىلتار، لىرا ۋە كاناي چېلىپ ماڭدى. يېرۇسالېمغا كەلگەندە، ئۇدۇل پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا باردى. [29] ئەتراپتىكى خەلقلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنىڭ دۈشمەنلىرىنى يەڭگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قورقۇشقا باشلىدى. [30] يەھوشافات ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئەلدە تىنچ-ئامانلىق بولدى. چۈنكى ئۇ ئىشەنگەن خۇدا ئۇنىڭ چېگرالىرىغا تىنچلىق ئاتا قىلغانىدى.

[31] يەھوشافات تەختكە چىققان چاغدا 35 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 25 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى شىلخىنىڭ قىزى ئازۇبا ئىدى. [32] يەھوشافات پۈتۈنلەي ئاتىسى ئاسا ماڭغان يولدا مېڭىپ، ھېچ ياققا ئېغىشماي، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. [33] بىراق سەجدىگاھلارنى يوقىتىۋېتەلمىدى. خەلق يەنىلا ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا چىن قەلبىدىن ئەگەشمىدى.

[34] پادىشاھ يېھوشافاتنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى باشتىن-
ئاخىر «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»نىڭ بىر قىسمى
بولغان خانانىنىڭ ئوغلى «يېھۇنىڭ تەزكىرىسى»گە پۈتۈلگەندۇر.
[35] كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەھۇدىيە پادىشاھى يېھوشافات يامان ئىشلارنى
قىلىدىغان ئىسرائىلىيە پادىشاھى ئاخازىيا بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. [36] ئۇلار
تارشىشقا بېرىش ئۈچۈن كاتتا كېمىلەرنى ياستىشقا كېلىشتى. بۇ
كېمىلەرنى ئەزىيون-گەبەردە ياساتتى. [37] شۇنىڭ بىلەن مارېشالىق
دوداۋاھنىڭ ئوغلى ئەلىئەزەر يېھوشافاتقا قارشى ۋەھيي يەتكۈزۈپ:
- سىز ئاخازىيا بىلەن ئىتتىپاقلاشقانلىقىڭىز ئۈچۈن، پەرۋەردىگار
سىز ياساتقان كېمىلەرنى ۋەيران قىلىدۇ، - دېدى. دەرۋەقە كېمىلەر
ۋەيران بولۇپ، ئۇلار تارشىشقا بارالمىدى.

21 [1] يېھوشافات ۋاپات بولۇپ، «داۋۇت شەھىرى»دە ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئوغلى يېھورام
تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.
[2] يېھورامنىڭ ئازاريا، يېخىئېل، زىكرىيا، ئازارىياھۇ، مىكائىل،
شىفاتىيا ئىسىملىك ئىنىلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى
يەھۇدىيە پادىشاھى يېھوشافاتنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. [3] ئاتىسى
يېھوشافات ئۇلارغا كۆمۈش، ئالتۇن ۋە باشقا نۇرغۇن قىممەت
باھالىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغاندىن سىرت، يەنە يەھۇدىيەگە
قاراشلىق مۇستەھكەم شەھەرلەرنىمۇ ھەدىيە قىلغانىدى. لېكىن
پادىشاھلىقنى يېھورامغا بەرگەنىدى، چۈنكى ئۇ تۇنجى ئوغۇل ئىدى.

## پادىشاھ يېھورامنىڭ بۇتپەرەسلىكى

[4] يېھورام تەختكە چىقىپ، ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملىگەندىن
كېيىن، ئىنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ بەزىلىرىنى
چېپىپ تاشلىدى. [5] يېھورام تەختكە چىققان چاغدا 32 ياشتا
ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا سەككىز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.
[6] يېھورام ئاخابنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، خۇددى ئاخاب
جەمەتىدىكىلەرنىڭ قىلغىنىدەك، ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ يولىدا
مېڭىپ، پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى.
[7] شۇنداقتىمۇ، پەرۋەردىگار داۋۇتقا ئەھدە قىلغان خاندانلىقنى

ۋەيران قىلىشنى خالىمىدى. چۈنكى پەرۋەردىگار داۋۇتقا ئەۋلادىنىڭ تەختىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدى.

[8] پادىشاھ يەھورامنىڭ ۋاقتىدا ئېدوملۇقلار يەھۇدىيەدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزلىرىگە ئايرىم بىر پادىشاھ تىكلىۋالدى. [9] شۇنىڭ بىلەن يەھورام لەشكەر باشلىرى بىلەن بىرلىكتە بارلىق جەڭ ھارۋىلىرىنى ئېلىپ، ئۇرۇشقا باردى. ئېدوملۇقلار ئۇلارنى ئۇ يەردە قورشىۋالدى. يەھورام كېچىسى ھارۋىلىق لەشكەر باشلىرى بىلەن بىرگە قورشاۋدىن قېچىپ چىقتى. [10] شۇنىڭدىن بېرى ئېدوملۇقلار يەھۇدىيەگە قارشى چىقىپ كەلمەكتە. شۇ چاغدا لىبناھلىقلارمۇ يەھۇدىيەگە قارشى چىقىشقانىدى. چۈنكى يەھورام ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدادىن يۈز ئۆرۈگەنىدى. [11] ئۇنىڭ ئۈستىگە يەھورام يەھۇدىيەنىڭ تاغلىرىدا غەيرىي سەجدىگاھلارنى بەرپا قىلىپ، يېرۇسالېملىقلارنى، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەلىكلەرنى پەرۋەردىگارغا ساداقەتسىزلىك قىلىشقا ئازدۇردى. [12] ئىلياس پەيغەمبەر يەھورامغا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يوللىدى:

«ئەجدادىڭ داۋۇت ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار خۇدا مۇنداق دەيدۇ: ‹سەن ئاتاڭ يەھوشافاتنىڭ يولىدىن ھەم بوۋاڭ ئاسانىڭ ئىزىدىن ماڭماي، [13] ئەكسىچە ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ يولىدا ماڭدىڭ. ئاخاب جەمەتى ئىسرائىلىيەلىكلەرنى مەن پەرۋەردىگارغا ساداقەتسىزلىك قىلىشقا ئازدۇرغاندەك سەنمۇ يەھۇدىيە، جۈملىدىن يېرۇسالېم ئاھالىسىنى ئازدۇردۇڭ ھەم سەندىن ياخشى بولغان ئۆز ئىنىلىرىڭنى ئۆلتۈردۈڭ. [14] شۇڭا مەن پەرۋەردىگار خەلقىڭگە، قىز-ئوغۇللىرىڭغا، خوتۇنلىرىڭغا ھەم مال-مۈلۈكلىرىڭگە ئېغىر ئاپەت كەلتۈرىمەن. [15] سەن ئۈچەي كېسىلىگە گىرىپتار بولىسەن، كېسىلىڭ كۈنسېرى ئېغىرلاپ، ئۈچەيلىرىڭ تېشىغا ساڭگىلاپ قالىدۇ.›»

[16] پەرۋەردىگار فىلىستىيەلىكلەر ۋە كۇشلارنىڭ يېنىدا ياشايدىغان ئەرەبلەرنى يەھورامغا قارشى قوزغىدى. [17] ئۇلار يەھۇدىيەگە ھۇجۇم

قىلىپ كىردى ۋە ئوردىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. يەھورامنىڭ بالىلىرى ۋە خوتۇنلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. پەقەت پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلى ئاخازىيا ئامان قالدى.

[18] بۇ ئىشلاردىن كېيىن پەرۋەردىگار يەھورامنى ساقايماس ئۈچەي كېسىلىگە گىرىپتار قىلدى. [19] يەھورامنىڭ كېسىلى كۈنسېرى ئېغىرلاپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۈچەيلىرى تېشىغا ساڭگىلاپ قالدى. ئۇ ئېغىر ئازاب بىلەن ئۆلدى. خەلق بۇرۇن ئۇنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوت يېقىپ تەزىيە بىلدۈرگەندى، لېكىن ئۇنىڭغا ئۇنداق تەزىيە بىلدۈرمىدى. [20] يەھورام تەختكە چىققان چاغدا 32 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا سەككىز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ئۆلگەندە ھېچكىم قايغۇرمىدى. ئۇ «داۋۇت شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى، لېكىن پادىشاھ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمىدى.

## پادىشاھ ئاخازىيا

22 [1] يېرۇسالېمنىڭ ئاھالىسى يەھورامنىڭ كەنجى ئوغلى ئاخازىيانى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەنلەر ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاكىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن يەھورامنىڭ ئوغلى ئاخازىيا يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [2] ئۇ تەختكە چىققان چاغدا 22 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا بىر يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئومرىنىڭ نەۋرىسى ئاتاليا ئىدى. [3] ئاخازىيانىڭ ئانىسى ئاتاليا ئۇنىڭغا يامان ئىشلارنى قىلىشقا مەسلىھەت بەرگەچكە، ئۇمۇ ئاخاب جەمەتىدىكىلەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ، [4] پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. ئاخازىيانىڭ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاخاب جەمەتىدىكىلەر ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغانىدى. ئۇلار ئۇنى ھالاكەتكە باشلىدى. [5] ئاخازىيا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە كىرىپ، ئاخابنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى يورامغا ئەگىشىپ، ئارام پادىشاھى خازائېلغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن گىلئادتىكى راموت شەھىرىگە باردى. ئارامىلار يورامنى يارىلاندۇردى. [6] شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاراھىتىنى ساقايتىش ئۈچۈن يىزرېئەلگە قايتىپ كەتتى. ئاخازىيا ئۇنى يوقلاپ

بارىدى. [7] (ئۇنىڭ يورامنى يوقلىشى ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولدى، چۈنكى خۇدا بۇنى ئىرادە قىلغانىدى.) ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە نىمشىنىڭ نەۋرىسى يەھۇ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن باردى. لېكىن پەرۋەردىگار يەھۇنى ئاخابنىڭ جەمەتىدىكىلەرنى قىرىپ تاشلاشقا تاللىغانىدى. [8] يەھۇ خۇدانىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىپ، ئاخابنىڭ جەمەتىدىكىلەرنى ئۆلتۈرگەندە، ئاخازىيانىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان يەھۇدىيە سەركەردىلىرىنى ۋە ئاخازىيانىڭ جىيەنلىرىنىمۇ ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈردى. [9] ئاندىن يەھۇ ئاخازىيانى ئىزدىدى. ئاخازىيا سامارىيە شەھىرىگە قېچىپ بېرىپ مۆكۈۋالغانىدى. يەھۇنىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. يەھۇ ئۇنى ئۆلتۈردى ۋە يەھوشافاتنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇنى دەپنە قىلدى. چۈنكى ئاخازىيا يەھوشافاتنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، يەھوشافات ھايات ۋاقتىدا جان-دىلى بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ يولىدا ماڭغانىدى. نەتىجىدە ئاخازىيانىڭ جەمەتىدىن پادىشاھلىققا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قۇرامىغا يەتكەن ھېچبىر ئادەم قالمىدى.

## ئاتالىيانىڭ يەھۇدىيەدە زوراۋانلىق قىلىشى

[10] ئاخازىيانىڭ ئانىسى ئاتالىيا ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھ جەمەتىدىكى بارلىق ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى. [11] لېكىن يەھوشەبا ئاخازىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئوغۇللىرى ئارىسىدىن يوئاش ئىسىملىك ئوغلىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى ئىنىكئانىسى بىلەن بىرگە كىچىك بىر ھۇجرىغا يوشۇرۇپ قويدى. يەھوشەبا پادىشاھ يەھورامنىڭ قىزى، ئاخازىيانىڭ سىڭلىسى ۋە باش روھانىي يەھويادانىڭ ئايالى ئىدى. يەھوشەبا بالىنى يوشۇرۇپ قالغاچقا، ئاتالىيا ئۇنى ئۆلتۈرەلمىدى. [12] ئاتالىيا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، يوئاش خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئالتە يىل يوشۇرۇنۇپ تۇردى.

## يوئاشنىڭ پادىشاھلىققا تىكلىنىشى

23 [1] يەتتىنچى يىلى باش روھانىي يەھويادا قاتتىق جاسارەتكە كېلىپ، يېزىبېشىلار، يەنى يىروخامنىڭ ئوغلى ئازارىيا،

يەھوخانانىڭ ئوغلى ئىسمائىل، ئوبېدنىڭ ئوغلى ئازاريا، ئادايانىڭ ئوغلى مائاسېيا ۋە زىكرىنىڭ ئوغلى ئېلىشافات بىلەن بىر نىيەتكە كېلىشتى. [2] ئۇلار يەھۇدىيەنى ئايلىنىپ، ھەرقايسى شەھەرلەردىن لاۋىيلارنى ۋە جەمەت باشلىقلىرىنى يېرۇسالېمغا يىغدى. [3] يىغىلغانلار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا پادىشاھلىق تەختىگە چىقىدىغان يوئاش بىلەن بىرلىكتە قەسەم قىلىشتى. باش روھانىي يەھويادا ئۇلارغا:

– مانا بۇ پادىشاھنىڭ ئوغلىدۇر، ئۇ پادىشاھ بولسۇن! بۇ پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىدۇر، – دېدى ۋە سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى، [4] – سىلەر ئەمدى مۇنداق قىلىڭلار، كېلەركى دەم ئېلىش كۈنى نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان روھانىي ۋە لاۋىيلاردىن ئۈچتىن بىرىڭلار دەرۋازىلاردا قاراۋۇللۇق قىلىڭلار. [5] يەنە بىر ئۈچتىن بىرىڭلار پادىشاھ ئوردىسىدا قاراۋۇللۇق قىلىڭلار. قالغان ئۈچتىن بىرىڭلار «ئۇل دەرۋازىسى»دا قاراۋۇللۇق قىلىڭلار. باشقىلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ھويلىلىرىدا بولسۇن. [6] لېكىن روھانىيلار ۋە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان لاۋىيلاردىن باشقا ھېچكىم پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىرمىسۇن. پەقەتلا ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئاتالغاندۇر. قالغانلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئىبادەتخانىنىڭ سىرتىدا تۇرسۇن. [7] قالغان لاۋىيلار قوراللىنىپ، يوئاشنىڭ تۆت ئەتراپىدا تۇرۇپ، ئۇنى قوغدىسۇن. بىرەرسى ئىبادەتخانىغا كىرمەكچى بولسا، ئۆلتۈرۈلسۇن. يوئاش مەيلى نەدە تۇرمىسۇن، سىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماڭلار.

[8] لاۋىيلار ۋە يەھۇدىيەلىكلەر باش روھانىي يەھويادانىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىجرا قىلىشتى. باش روھانىي يەھويادا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىشىگە ئىجازەت بەرمىدى. شۇ دەم ئېلىش كۈنى كەلگەندە، مەيلى نۆۋەتچىلىكتىن چۈشكەنلەر، مەيلى نۆۋەتچىلىككە چىققانلار بولسۇن، ھەممىسى ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ كېلىشتى. [9] باش روھانىي يەھويادا بۇرۇن پادىشاھ داۋۇتقا تەۋە بولغان، ھازىر خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نەيزە ۋە چوڭ-كىچىك قالقانلارنى يۈزبېشىلارغا بەردى. [10] باش روھانىي يەھويادا يوئاشنى قوغداش ئۈچۈن

ئىبادەتخانىدىكى پۈتۈن كىشىلەرنى قوللىرىغا قورال تۇتقۇزۇپ، ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدا، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئەتراپىدا جەنۇبتىن شىمالغىچە يا شەكلىدە تۇرغۇزدى. [11] باش روھانىي يەھويادا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى پادىشاھنىڭ ئوغلى يوئاشنى ئېلىپ چىقىپ، بېشىغا تاج كىيدۈردى. ئۇنىڭغا تەۋرات قانۇنىنى تاپشۇرۇپ، ئۇنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. ئۇلار يوئاشنىڭ بېشىغا زەيتۇن يېغىنى قۇيدى. خەلق «ياشىسۇن پادىشاھ!» دەپ توۋلاشتى.

[12] ئاتاليا خەلقنىڭ يۈگۈرگەن ئاۋازلىرىنى ۋە پادىشاھنى مەدھىيەلەش سادالىرىنى ئاڭلاپ، ئىبادەتخانىدىكى كىشىلەرنىڭ يېنىغا باردى. [13] شۇ چاغدا يوئاش ئىبادەتخانىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى «پادىشاھ تۈۋرۈكى»نىڭ يېنىدا، يۈزبېشىلار ۋە كاناي‌چىلارنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى. ئاتاليا خەلقنىڭ خۇشاللىقتا چۆمۈپ، كاناي چېلىۋاتقانلىقىنى ۋە نەغمىچىلەرنىڭ مۇزىكا چېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ ۋە «ئاسىيلىق، ئاسىيلىق!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

[14] باش روھانىي يەھويادا ئاتاليانىڭ ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسىدا ئۆلتۈرۈلۈشىنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، قوشۇننىڭ يۈزبېشىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا:

– بۇ خوتۇننى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار! كىمكى ئۇنىڭغا ئەگەشىدىكەن، ئۇنى چېپىپ تاشلاڭلار، – دېدى.

[15] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، ئوردىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ۋە ئۇنى ئاتلىقلار كىرىدىغان دەرۋازىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى.

[16] باش روھانىي يەھويادا يەھۇدىيە خەلقىنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ سادىق خەلقى بولۇشى ئۈچۈن ئۆزى بىلەن پادىشاھ ۋە پۈتۈن خەلق ئوتتۇرىسىدا ئەھدە تۈزدى. [17] ئاندىن پۈتۈن خەلق بائالنىڭ بۇتخانىسىغا بېرىپ، بۇتخانىنى چېقىۋېتىشتى. ئۇلار بائالنىڭ قۇربانلىق سۇپىلىرى ۋە بۇتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بائالنىڭ روھانىيسى ماتتاننى قۇربانلىق سۇپىلىرى ئالدىدا ئۆلتۈردى.

[18] باش روھانىي يەھويادا داۋۇتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا لاۋىيلاردىن بولغان روھانىيلارنى مۇھاپىزەتچى قىلىپ تۇرغۇزدى. ئۇلارغا مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىدا يېزىلغىنىدەك، پەرۋەردىگارغا

كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار سۇنۇشنى ۋە داۋۇت ئەمر قىلغاندەك شاد-خۇراملىق بىلەن مۇناجات ئېيتىشنى بۇيرۇدى. [19] ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىلىرىغا دەرۋازىۋەنلەرنى تۇرغۇزۇپ، ھەرقانداق ناپاك ئادەمنىڭ كىرىشنى چەكلىدى.

[20] ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يۈزبېشىلارنى، ئېسىلزادىلەرنى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ۋە شۇ يەردىكى پۈتۈن خەلقنى باشلاپ، پادىشاھنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئېلىپ چىقىپ، «يۇقىرى دەرۋازا» ئارقىلىق ئوردىغا كىردى. ئاندىن يوئاشنى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. [21] پۈتۈن خەلق خۇشاللىققا چۆمۈپ، شەھەر خاتىرجەم بولدى. چۈنكى ئاتاليا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

## يوئاشنىڭ ئىبادەتخانىنى ئوڭشىتىشى

24 [1] يوئاش تەختكە چىققان چاغدا 7 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا قىرىق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى زىبىياھ بولۇپ، بەئەرشەبا شەھىرىدىن ئىدى. [2] يوئاش باش روھانىي يەھويادانىڭ ھايات ۋاقتىدا پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. [3] روھانىي يەھويادا يوئاشقا ئىككى ئايال ئېلىپ بەردى. ئۇلار يوئاشقا ئوغۇل-قىزلارنى تۇغۇپ بەردى.

[4] شۇنىڭدىن كېيىن يوئاش پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ئوڭشىتىش نىيىتىگە كەلدى. [5] ئۇ روھانىيلار ۋە لاۋىيلارنى يىغىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

- سىلەر يەھۇدىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە بېرىپ، خەلقتىن سېلىق يىغىڭلار. ھەر يىلى يىغىلغان سېلىقنى ئىبادەتخانىنى ئوڭشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىڭلار. بۇ ئىشنى دەرھال باشلاڭلار.

لېكىن لاۋىيلار بۇ ئىشنى دەرھال باشلىمىدى. [6] پادىشاھ يوئاش باش روھانىي يەھويادانى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

- سىز نېمىشقا لاۋىيلارنى يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەدىن سېلىق يىغىشقا بۇيرۇمايسىز؟ ئىسرائىل خەلقىنىڭ سېلىق تاپشۇرۇشنى پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى مۇسا ئىسرائىل

خەلققە بۇيرۇغانىدى. يىغىلغان سېلىقلارنى ئەھدە چېدىرى
ئۈچۈن ئىشلەتتى.
[7] (رەزىل ئاتالىيانىڭ شېرىكلىرى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا
باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى پەرۋەردىگارغا بېغىشلانغان بۇيۇملارنى
ئېلىپ كېتىپ، ئۇنى بائالنىڭ مۇراسىمىدا ئىشلەتكەنىدى.)
[8] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر
ساندۇق ياسىتىپ، ئۇنى ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا
قويۇپ قويدى. [9] ئاندىن ئۇلار يېرۇسالېملىقلار، شۇنداقلا پۈتۈن
يەھۇدىيەلىكلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى
مۇسا ئىسرائىل خەلققە چۆلدىكى ۋاقتىدا بۇيرۇغان سېلىقلىرىنى
ئېلىپ كېلىپ، پەرۋەردىگارغا ئاتىشىنى بۇيرۇدى. [10] يېتەكچىلەر
ۋە خەلق خۇشاللىق بىلەن كېلىشىپ، تاكى ساندۇق تولغۇچە
ئۆزلىرىنىڭ كۈمۈشلىرىنى سېلىشتى. [11] ساندۇق تولغان ھامان
لاۋىيلار كېلىپ، ساندۇقنى ئوردىغا ئېلىپ مېڭىشتى. پادىشاھنىڭ
خەزىنىچىسى ۋە باش روھانىينىڭ ۋاكالەتچىسى ساندۇقنى
بوشاتقاندىن كېيىن، يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا ئاپىرىپ قويدى.
ئۇلار ھەر كۈنى شۇنداق قىلىپ، كۆپ مىقداردا كۈمۈش توپلىدى.
[12] پادىشاھ ۋە باش روھانىي يەھويادا توپلانغان كۈمۈشلەرنى
ئىبادەتخانىغا مەسئۇل قۇرۇلۇش نازارەتچىلىرىگە تاپشۇرۇپ
بەردى. ئۇلار تاشچى، ياغاچچى، تۆمۈرچى ۋە تۇچچىلارنى
ياللاپ، ئىبادەتخانىنى ئوڭشاتتى. [13] ئىشلەمچىلەر تىرىشىپ
ئىشلىدى. قۇرۇلۇش ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. شۇنداق
قىلىپ، خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ئەسلىگە كېلىپلا قالماي،
بەلكى تېخىمۇ مەزمۇت بولدى. [14] قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن
كېيىن، نازارەتچىلەر ئېشىپ قالغان كۈمۈشلەرنى پادىشاھ
ۋە باش روھانىي يەھويادىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ كۈمۈشلەر
ئىبادەتخانىنىڭ مۇراسىملىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملارنى ۋە
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئىسرىق تەخسىلىرىنى
ۋە باشقا ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلارنى ياساشقا ئىشلىتىلدى. باش
روھانىي يەھويادا ھايات ۋاقتىدا خەلق داۋاملىق پەرۋەردىگارنىڭ
ئىبادەتخانىسىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى قىلىپ تۇردى.

[15] باش روھانىي يەھويادا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، 130 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. [16] ئۇ «داۋۇت شەھىرى»دىكى پادىشاھ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. چۈنكى ئۇ ئىسرائىللار ئۈچۈن، شۇنداقلا خۇدا ۋە خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانىدى.

## يوئاشنىڭ پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈشى

[17] باش روھانىي يەھويادا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەھۇدىيەنىڭ يېتەكچىلىرى پادىشاھنى زىيارەت قىلىشتى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالدى. [18] نەتىجىدە، ئۇلار ئەجدادلىرىنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى تەرك ئېتىپ، ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىغا ۋە باشقا بۇتلارغا چوقۇندى. ئۇلارنىڭ بۇ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن خۇدا يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەگە غەزىپىنى ياغدۇرماقچى بولدى. [19] لېكىن پەرۋەردىگار ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يولىغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولدى. پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پەرۋا قىلمىدى. [20] شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ روھى باش روھانىي يەھويادانىڭ ئوغلى زىكرىياغا چۈشتى. ئۇ خەلقنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

ـ خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر نېمىشقا مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلىسىلەر؟ راھەت-پاراغەتكە ئېرىشكۈڭلار يوقمىدى؟ سىلەر مەندىن يۈز ئۆرۈگەنىكەنسىلەر، ئەمدى مەنمۇ سىلەردىن يۈز ئۆرۈيمەن!»

[21] يەھۇدىيەلىكلەر زىكرىياغا سۇيىقەست قىلىشتى. ئۇلار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە زىكرىيانى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ھويلىسىدا چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشتى. [22] پادىشاھ يوئاش زىكرىيانىڭ ئاتىسى يەھويادانىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈردى. زىكرىيا جان ئۈزىدىغان ۋاقتىدا: «پەرۋەردىگار قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ، جازايىڭلارنى بەرسۇن» دېدى.

## يوئاشنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

[23] كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا ئارراملارنىڭ قوشۇنى يوئاشقا ھۇجۇم قىلىپ، يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەگە بېسىپ كىردى. ئۇلار خەلق ئارىسىدىكى بارلىق يېتەكچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئالغان ئولجىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دەمەشقتىكى پادىشاھىغا ئەۋەتىپ بەردى. [24] گەرچە ھۇجۇم قىلغانلار ئاررام قوشۇنىنىڭ كىچىك بىر تارمىقى بولسىمۇ، ئەمما پەرۋەردىگار يوئاشنىڭ ناھايىتى چوڭ قوشۇنىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، يوئاشنى جازالىدى. چۈنكى يەھۇدىيەلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدادىن يۈز ئۆرۈگەنىدى.
[25] ئاررام لەشكەرلىرى چېكىنگەن ۋاقىتدا، يوئاش ئېغىر يارىلانغانىدى. ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ، ئۇنى ياتقان يېرىدە ئۆلتۈرۈپ، باش روھانىي يەھويادانىڭ ئوغلىنىڭ قىساسىنى ئالدى. يوئاش ئۆلگەندىن كېيىن «داۋۇت شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى، لېكىن پادىشاھ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمىدى. [26] يوئاشقا سۇيىقەست قىلغانلار شىمئات ئىسىملىك ئاممونلۇق ئايالنىڭ ئوغلى زاباد بىلەن شىمرىت ئىسىملىك موئابلىق ئايالنىڭ ئوغلى يەھوزاباد ئىدى. [27] يوئاشنىڭ ئوغۇللىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار، يوئاش ھەققىدىكى ۋەھىيلەر ۋە ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى ئوڭشاتقانلىقى ھەققىدىكى بايانلار «پادىشاھلار تەزكىرىسىگە ئىزاھاتلار»غا پۈتۈلگەندۇر. يوئاشنىڭ ئوغلى ئامازىيا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## ئامازىيانىڭ ئېدوم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى

25 [1] ئامازىيا تەختكە چىققان چاغدا 25 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 29 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى يېرۇسالېملىق بولۇپ، ئىسمى يەھوئاددان ئىدى. [2] ئامازىيا پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چىن دىلى بىلەن قىلغان ئەمەس ئىدى.

[3] ئامازىيا پادىشاھلىقنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، ئاتىسىنى قەتل قىلغان ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى. [4] لېكىن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆلتۈرمىدى، چۈنكى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىدا پەرۋەردىگارنىڭ: «بالىسىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىنى ئۆلتۈرۈشكە، ئاتا-ئانىسىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بالىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ھەركىم ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئۆلسۇن» دېگەن ئەمرى يېزىلغانىدى.

[5] ئامازىيا يەھۇدىيەلىكلەرنى يىغىپ، يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرى بويىچە مىڭبېشىلار ۋە يۈزبېشىلارنى تەيىنلىدى. ئاندىن يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئۇرۇشقا يارايدىغان ھەم نەيزە ۋە قالقان ئىشلىتەلەيدىغان كىشىلەرنى ساناپ چىقتى. ئۇلار جەمئىي 300 مىڭ ئادەم ئىدى. [6] ئۇ يەنە 3500 كىلو كۈمۈشكە ئىسرائىلىيەدىن 100 مىڭ خىللانغان لەشكەر ياللىدى. [7] ئەمما ئامازىيانىڭ ھۇزۇرىغا بىر پەيغەمبەر كېلىپ، مۇنداق دېدى:

- ئى پادىشاھى ئالەم، ئىسرائىلىيە لەشكەرلىرى سىلى بىلەن بىرگە بارمىسۇن، چۈنكى پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيەلىكلەرگە يار ئەمەستۇر. [8] سىلەر باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلساڭلارمۇ، خۇدا سىلەرنى دۈشمىنىڭلارغا مەغلۇپ قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى غەلىبە قىلدۇرىدىغىنىمۇ، مەغلۇپ قىلىدىغىنىمۇ خۇدادۇر.

[9] پادىشاھ ئامازىيا پەيغەمبەردىن:

- ئىسرائىلىيە لەشكەرلىرىگە تۆلىگەن 3500 كىلو كۈمۈشنى قانداق قىلىمەن؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:

- پەرۋەردىگار سىلىگە تېخىمۇ كۆپ كۈمۈش ئاتا قىلىشقا قادىردۇر.

[10] شۇنىڭ بىلەن ئامازىيا ئىسرائىلىيەدىن ياللىغان لەشكەرلەرنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن تارقىتىۋەتتى. يەھۇدىيەلىكلەرگە قاتتىق ئاچچىقلانغان لەشكەرلەر غەزەپ ئىچىدە ئۆيلىرىگە قاراپ يولغا چىقىشتى.

[11] ئامازىيا قاتتىق جاسارەتكە كېلىپ، لەشكەرلىرىنى تۇز جىلغىسىغا باشلاپ باردى ۋە ئۇ يەردە سەئىر تاغلىرىدىن كەلگەن 10 مىڭ ئېدوملۇقنى قىرىپ تاشلىدى. [12] ئۇلار يەنە ئەسىرگە ئېلىنغان 10 مىڭ ئېدوملۇقنى قىيا تاشلاردىن پەسكە تاشلاپ، سۆڭەكلىرىنى

كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتى. [13] لېكىن ئامازىيا ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا قاتناشماسلىقى ئۈچۈن ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋېتىلگەن ئىسرائىلىيە لەشكەرلىرى سامارىيەدىن بەيت-خورونغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەھۇدىيە شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچ مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە نۇرغۇن مال-دۇنيانى بۇلاپ كەتتى.

## ئامازىيانىڭ ئىسرائىلىيەگە مەغلۇپ بولۇشى

[14] ئامازىيا ئېدوملۇقلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، سەئىردىكى ئېدوملۇقلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ بۇتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىلاھ قىلىپ تىكلىدى ۋە ئۇلارغا سەجدە قىلىپ، قۇربانلىق قىلدى. [15] شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ ئامازىياغا غەزىپى كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى. پەيغەمبەر مۇنداق دېدى:

- ئۆز خەلقىنى سېنىڭ قولۇڭدىن قۇتقۇزالمىغان بۇ ئىلاھلارغا نېمىشقا چوقۇنىسەن؟

[16] پەيغەمبەرنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

- ئاغزىڭنى يۇم، قاچاندىن بېرى سەن مېنىڭ مەسلىھەتچىم بولۇپ قالدىڭ، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟

پەيغەمبەر بىردەم تۇرۇۋېلىپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- مەن بىلىمەن، خۇدا سېنى چوقۇم ھالاك قىلىدۇ. چۈنكى سەن رەزىل ئىش قىلدىڭ ھەم نەسىھەتىمگە قۇلاق سالمىدىڭ.

[17] شۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدىيە پادىشاھى ئامازىيا مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كېڭىشىپ، يېھۇنىڭ نەۋرىسى، يەھوئاخازنىڭ ئوغلى بولغان يەھوئاشقا، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ:

- بىز جەڭگاھتا كۆرۈشەيلى! - دېدى.

[18] ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاشمۇ يەھۇدىيە پادىشاھى ئامازىياغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇنداق دېدى:

- لىۋان تاغلىرىدا بىر تىكەن كېدىر دەرىخىگە: «قىزىڭنى ئوغلۇمغا خوتۇنلۇققا بەر» دەپتۇ. لېكىن لىۋان تاغلىرىدىكى بىر ياۋايى ھايۋان ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تىكەننى دەسسەپ چەيلىۋېتىپتۇ. [19] سىز: «مەن ئېدوملۇقلارنى مەغلۇپ قىلدىم»

دەپ ھاكاۋۇرلىشىپ، خورىكىڭىز ئۆسۈپ كەتتى. ئەمدى ئۆيىڭىزدە
ئولتۇرسىڭىز بولاتتى. نېمىدەپ چاتاق تېرىپ، ئۆزىڭىزنى ۋەيران
قىلىش بىلەن بىرگە يەھۇدىيەنىمۇ ۋەيران قىلماقچى بولىسىز؟
[20] لېكىن ئامازىيا خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن يەھوئاشنىڭ سۆزىگە
قۇلاق سالمىدى. چۈنكى يەھۇدىيەلىكلەر ئېدوملۇقلارنىڭ
ئىلاھلىرىغا چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ
قولىغا تاپشۇرماقچىدى. [21] شۇڭا ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاش
يەھۇدىيە تەۋەسىدىكى بەيت-شەمەشتە يەھۇدىيە پادىشاھى ئامازىيا
بىلەن ئۇرۇشتى. [22] يەھۇدىيەلىكلەر ئىسرائىلىيەلىكلەر تەرىپىدىن
مەغلۇپ بولۇپ، ھەممىسى ئۆز ئۆيلىرىگە قېچىپ كېتىشتى.
[23] ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاش يوئاشنىڭ ئوغلىنى، يەنى
ئاخازىيانىڭ نەۋرىسى، يەھۇدىيە پادىشاھى بولغان ئامازىيانى بەيت-
شەمەشتە تۇتۇۋالدى. يەھوئاش ئۇنى يېرۇسالېمغا ئەكەلدى. ئاندىن
يېرۇسالېمنىڭ «ئەفرايىم دەرۋازىسى»دىن «بۇلۇڭ دەرۋازىسى»غىچە
بولغان ئارىلىقتىكى 200 مېتىردەك سېپىلنى بۇزۇۋەتتى. [24] ئۇ
بارلىق ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى، خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئوبېد-
ئېدومنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرۇۋاتقان بۇيۇملارنى، شۇنداقلا ئوردا
خەزىنىلىرىدىكى بايلىقلارنى ۋە گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى ئېلىپ،
سامارىيە شەھىرىگە قايتتى.
[25] يەھوئاخازنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى يەھوئاش
ئۆلگەندىن كېيىن، يوئاشنىڭ ئوغلى، يەنى يەھۇدىيە پادىشاھى
ئامازىيا يەنە 15 يىل ئۆمۈر كۆردى. [26] پادىشاھ ئامازىيانىڭ
ئىش-ھەرىكەتلىرى باشتىن-ئاخىر «يەھۇدىيە ۋە ئىسرائىلىيە
پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [27] ئامازىيا
پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈگەن ۋاقتىدىن باشلاپ، يېرۇسالېمدا بەزىلەر
ئۇنىڭغا سۇيىقەست پىلانلىغانىدى. كېيىن ئۇ لاكىش شەھىرىگە
قېچىپ كەتتى. لېكىن ئۇلار لاكىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى شۇ يەردە
ئۆلتۈردى. [28] ئۇنىڭ جەستى ئاتقا ئارتىلىپ، قايتۇرۇپ كېلىنىپ،
«داۋۇت شەھىرى»دە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

26 [1] پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقى 16 ياشلىق ئۇززىيانى ئاتىسى
ئامازىيانىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. [2] ئامازىيا ۋاپات

بولغاندىن كېيىن، ئۇززىيا ئېلات شەھىرىنى يەھۇدىيەگە قايتۇرۇپ كەلدى ۋە شەھەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى.

## ئۇززىيانىڭ روناق تېپىشى

[3] ئۇززىيا تەختكە چىققان چاغدا 16 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 52 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى يېرۇسالېملىق بولۇپ، ئىسمى يېكولىيا ئىدى. [4] ئۇززىيا ئاتىسى ئامازىياغا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. [5] زىكرىيا ئۇززىياغا خۇدانىڭ يولىدا مېڭىشنى ئۆگەتتى. ئۇززىيا زىكرىيا ھايات ۋاقتىدا خۇداغا ئىنتىلدى ۋە خۇدامۇ ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى.

[6] ئۇززىيا فىلىستىيەلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، گات، يابنېھ ۋە ئاشدود شەھەرلىرىنىڭ سېپىللىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ ئاشدود زېمىنىدا ۋە فىلىستىيەنىڭ باشقا رايونلىرىدا يېڭىدىن شەھەرلەرنى قۇردى. [7] ئۇ خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن فىلىستىيەلىكلەرنى، مېئۇنلارنى ۋە گۇربائالدا ياشايدىغان ئەرەبلەرنى مەغلۇپ قىلدى. [8] ئامونلار ئۇززىياغا ئالۋان-سېلىق تاپشۇرىدىغان بولدى. ئۇززىيا ناھايىتى كۈچىيىپ، شۆھرىتى تاكى مىسىرغىچە يېتىپ باردى. [9] ئۇززىيا يېرۇسالېمنىڭ «بۇلۇڭ دەرۋازىسى»، «جىلغا دەرۋازىسى» ۋە سېپىلنىڭ ئايلانمىسىغا مۇستەھكەم مۇنارلارنى سالدى. [10] ئۇ يەنە دالىلارغا كۆزىتىش مۇنارلىرىنى ياساتتى. سۇ ساقلاش ئۈچۈن يەر ئاستىغا نۇرغۇن سۇ ئامبارلىرىنى قازدۇردى، چۈنكى غەربىي ئېدىرلىقتا ۋە تۈزلەڭلىكتە ئۇنىڭ نۇرغۇن چارۋىلىرى بار ئىدى. ئۇ دېھقانلارنى ۋە ئۈزۈمچىلەرنى ياللاپ، تاغلىق رايونلاردا ۋە مۇنبەت يەرلەردە تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا سالدى. ئۇ دېھقانچىلىق ۋە ئۈزۈمچىلىكنى ياخشى كۆرەتتى.

[11] ئۇززىيانىڭ قىسىملارغا بۆلۈنگەن ھەم جەڭگە تەييار قوشۇنلىرى بار ئىدى. پۈتۈكچى يېئىئېل ۋە ئەمەلدار مائاسېيا لەشكەرلەرنى تىزىملاشقا مەسئۇل ئىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئۈستىدىن پادىشاھنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ بىرى بولغان خانانىيا نازارەتچىلىك قىلاتتى. [12] لەشكەرلەرگە 2600 نەپەر سەركەردە باشچىلىق قىلاتتى. بۇ سەركەردىلەر

ئۆز جەمەتلىرىنىڭ جەمەت باشلىقلىرى ئىدى. [13] ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا 307,500 نەپەر خىللانغان لەشكەر بولۇپ، ئۇلار ھەر ۋاقىت پادىشاھ ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييار ئىدى. [14] ئۇززىيا پۈتۈن لەشكەرلىرىنى قالقان، نەيزە، دۇبۇلغا، ساۋۇت، ئوقيا ۋە سالغا تاشلىرى بىلەن قوراللاندۇرغانىدى. [15] ئۇززىيا يەنە يا ئوقلىرىنى ۋە يوغان تاشلارنى ئېتىش ئۈچۈن يېرۇسالېمدىكى ئۇستىلارغا يېڭى قوراللارنى لايىھەلىتىپ ۋە ياسىتىپ، ئۇلارنى شەھەر سېپىلىنىڭ مۇنارلىرىغا ۋە بۇلۇڭلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ناھايىتى كۈچلەندى. ئۇنىڭ نامى نام-شەرىپى يىراق يەرلەرگە تارقالدى.

## ئۇززىيانىڭ ھالاك بولۇشى

[16] ئۇززىيا قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، ھاكاۋۇرلىشىپ، ھالاكەت يولىغا قاراپ ماڭدى. بىر كۈنى ئۇ پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىبادەتخانىغا كىردى ۋە ئىسرىقدانىدا ئىسرىق كۆيدۈرمەكچى بولدى. [17] باش روھانىي ئازاريا 80 نەپەر يۈرەكلىك روھانىيلارنى ئەگەشتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ كەينىدىن ئىبادەتخانىغا كىرىپ، [18] ئۇنى توسماقچى بولدى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- ئەي ئۇززىيا، پەرۋەردىگارغا ئىسرىق سېلىش سەن قىلىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن روھانىي ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى قىلىدىغان ئىشتۇر. سەن بۇ مۇقەددەس جايدىن چىقىپ كەتكىن. سەن ئاللىقاچان خۇدانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدىڭ. ئەمدى پەرۋەردىگار خۇدا سېنى ئەزىزلىمەيدۇ.

[19] قولىدا ئىسرىقدان كۆتۈرۈۋالغان ئۇززىيا روھانىيلارغا قاتتىق ئاچچىقلاندى. ئۇززىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئىسرىقداننىڭ يېنىدا تۇرۇپ، روھانىيلارغا ئاچچىقلىنىۋاتقان دەل شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇيۇقسىز تېرە كېسەللىكى قاپلاپ كەتتى. [20] باش روھانىي ئازاريا ۋە بارلىق روھانىيلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇززىيانى ئىبادەتخانىدىن دەرھال چىقىپ كېتىشكە ئۈندەپ، قولىدىن تارتتى. ئۇززىيا تېزلىك بىلەن ئىبادەتخانىدىن چىقىپ كەتتى، چۈنكى پەرۋەردىگار ئۇنى جازالىغانىدى.

[21] ئۇززىيا تاكى ئۆلگۈچە تېرە كېسىلىدىن ساقىيالمىدى. شۇڭا ئۇ ئايرىم ئۆيدە تۇردى، ھەتتا ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىمۇ چەكلەندى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئوغلى يوتام ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [22] پادىشاھ ئۇززىيانىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەر باشتىن-ئاخىر خاتىرىلەپ قالدۇرغاندۇر. [23] ئۇززىيا ۋاپات بولۇپ، ئاتا-بوۋىلىرى دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىگە دەپنە قىلىندى، چۈنكى ئۇ تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. ئوغلى يوتام تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## پادىشاھ يوتام

27 [1] يوتام تەختكە چىققان چاغدا 25 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 16 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى زادوقنىڭ قىزى يېرۇشا ئىدى. [2] يوتام ئاتىسى ئۇززىياغا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. ئەمما ئاتىسى ئۇززىيادەك پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىرىپ، گۇناھ ئۆتكۈزمىدى. بىراق خەلق يەنىلا يامان ئىش قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. [3] يوتام ئىبادەتخانا ھويلىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە دەرۋازا ياساتتى. ئۇ يەنە ئوفەل ئېگىزلىكىنىڭ يانباغرىدىكى سېپىلنى تېخىمۇ ئۇزارتىپ ياساتتى. [4] ئۇ يەھۇدىيەنىڭ تاغلىرىدا شەھەرلەرنى، ئورمانلىرىدا قورغان ۋە مۇنارلارنى ياساتتى. [5] يوتام ئاممونلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاممونلار شۇ يىلى 3500 كىلو كۈمۈش، 800 توننا بۇغداي ۋە 600 توننا ئارپا ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى يىللاردىمۇ شۇ مىقداردا تاپشۇردى. [6] يوتام پەرۋەردىگار خۇدانىڭ يولىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھلىقى قۇدرەت تاپتى.

[7] پادىشاھ يوتامنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، قىلغان ئۇرۇشلىرى ۋە ئەمەللىرى «ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [8] ئۇ تەختكە چىققان چاغدا 25 ياشتا ئىدى. يېرۇسالېمدا 16 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [9] يوتام

ۋاپات بولۇپ، «داۋۇت شەھىرى»دە دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئاخاز تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## ئاخازنىڭ بۇتپەرەسلىكى

28
[1] ئاخاز تەختكە چىققان چاغدا 20 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 16 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئەجدادى داۋۇت پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخاز پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلمىدى. [2] ئەكسىچە ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ يولىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ بائالغا چوقۇنۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇتلىرىنى ياساتتى. [3] ئۇ بەنھىننوم جىلغىسىدا بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىقلارنى كۆيدۈردى ھەمدە پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن يات ئەللەرنى دوراپ، يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلدى، ھەتتا ئۆز ئوغۇللىرىنىمۇ ئوتتا كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق قىلدى. [4] ئۇ غەيرىي سەجدىگاھلاردا، ئېگىزلىكلەردە ۋە بۈك-باراقسان ئۆسكەن دەرەخ ئاستىلىرىدا قۇربانلىق قىلىپ، ئىسرىق سالدى. [5] پادىشاھ ئاخاز گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەرۋەردىگار خۇدا ئۇنى ئارام پادىشاھىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. ئارراملار ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن لەشكەرلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، دەمەشىققە ئېلىپ كەتتى. پەرۋەردىگار ئاخازنى يەنە ئىسرائىلىيە پادىشاھىنىڭ قولىغىمۇ چۈشۈرۈپ بەردى، ئۇلار ئاخازنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. [6] ئىسرائىلىيە پادىشاھى، يەنى رىمالىيانىڭ ئوغلى پەقاخ بىر كۈننىڭ ئىچىدە يەھۇدىيەنىڭ خىللانغان 120 مىڭ لەشكىرىنى قىرىپ تاشلىدى. چۈنكى يەھۇدىيەلىكلەر ئەجدادلىرىنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدادىن يۈز ئۆرۈگەنىدى. [7] ئىسرائىلىيەنىڭ ئەفرايىم قەبىلىسىدىن بولغان جەڭچىسى زىكرى ئاخاز پادىشاھنىڭ ئوغلى مائاسېيانى، ساراي غوجىدارى ئازرىقامنى ۋە پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ئەلقانانى ئۆلتۈرۈۋەتتى. [8] ئىسرائىلىيەنىڭ لەشكەرلىرى يەھۇدىيەلىك قېرىنداشلىرىدىن ئاياللار ۋە بالىلار بولۇپ 200 مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە زور مىقداردىكى ئولجىلارنى سامارىيە شەھىرىگە ئېلىپ كەتتى.

[9] سامارىيەدە ئوبېد ئىسىملىك پەرۋەردىگارنىڭ بىر پەيغەمبىرى بار ئىدى. ئۇ شەھەردىن چىقىپ، ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەن ئىسرائىلىيەنىڭ لەشكەرلىرىنى قارشى ئالدى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- قاراڭلار، ئەجدادلىرىڭلارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدا يەھۇدىيەلىكلەرگە غەزەپ قىلىپ، ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈرۈپ بەردى. سىلەر چەكسىز غەزىپىڭلار بىلەن ئۇلارنى قىرغىن قىلدىڭلاركى، ئۇلارنىڭ نالىسى پەلەككە يەتتى. [10] سىلەر ئەمدى يېرۇسالېمدىن، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەدىن ئەسىر ئېلىنغان ئەر-ئاياللارنى قۇل قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر. سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆستىگە گۇناھ قىلماقچىمۇ؟ [11] سىلەر يەنىلا مېنىڭ نەسىھەتىمگە قۇلاق سېلىپ، ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەلگەن قېرىنداشلىرىڭلارنى قويۇۋېتىڭلار. ھازىر پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق غەزىپى بېشىڭلارغا كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

[12] ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى بولغان يەھوخانانىڭ ئوغلى ئازاريا، مەشىللېموتنىڭ ئوغلى بەرەكيا، شاللۇمنىڭ ئوغلى خىزكىيا ۋە خادلاينىڭ ئوغلى ئاماسالار ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، [13] مۇنداق دېدى:
- سىلەر بۇ ئەسىرلەرنى سامارىيەگە ئېلىپ كىرسەڭلار بولمايدۇ. ھېلىمۇ بىز ئېغىر گۇناھ قىلدۇق. پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق غەزىپى بىز ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ بېشىغا كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بىز پەرۋەردىگارنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرۈپ، گۇناھىمىزنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمەيلى.

[14] شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر ئەسىرلەر ۋە ئولجىلارنى ئاقساقاللار ۋە پۈتۈن جامائەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشتى. [15] بەلگىلەنگەن مەسئۇل كىشىلەر ئەسىرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇلار ئولجىلارنىڭ ئىچىدىن كىيىم-كېچەك ۋە ئاياغلارنى ئېلىپ، كىيىمسىز ئەسىرلەرگە كىيگۈزۈپ قويدى، يېمەك-ئىچمەك بەردى، يارىلىرىغا ماي سۈرتتى ۋە ئاجىزلىرىنى ئېشەكلەرگە مىندۈردى. ئۇلار ئەسىرلەرنى خورمىزارلىق شەھەر ئېرىخاغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى، ئاندىن سامارىيەگە قايتىپ كەتتى.

[16] بىر مەزگىلدىن كېيىن پادىشاھ ئاخاز ئاسسۇرىيە پادىشاھىدىن
ياردەم سوراش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. [17] چۈنكى ئېدوملۇقلار يەنە
يەھۇدىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، ئادەملىرىنى تۇتۇپ كەتكەنىدى.
[18] فىلىستىيەلىكلەرمۇ غەربىي ئېدىرلىقلارغا ۋە يەھۇدىيەدىكى
نەگېب چۆللۈكىگە ھۇجۇم قىلغانىدى. فىلىستىيەلىكلەر بەيت-
شەمەش، ئايىيالون، گېدېروت شەھەرلىرىنى، شۇنداقلا سوكوھ،
تىمناھ، گىمزو شەھەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارنى
بېسىۋېلىپ، شۇ يەرلەردە تۇرۇۋاتاتتى. [19] پەرۋەردىگار يەھۇدىيەنى
پادىشاھى ئاخازنىڭ سەۋەبىدىن بۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.
چۈنكى پادىشاھ ئاخاز يەھۇدىيەلىكلەرنى گۇناھ يولىغا يېتەكلەپ،
پەرۋەردىگارغا قاتتىق ساداقەتسىزلىك قىلغانىدى.
[20] ئاسسۇرىيە پادىشاھى تىگلات-پىلئەسەر يەھۇدىيەگە كەلگەندىن
كېيىن، ئۇ ئاخازغا ياردەم بەرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا
تېخىمۇ زۇلۇم سالدى. [21] ئاخاز پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن،
ئوردا ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن بايلىقلارنى ئېلىپ
چىقىپ، ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا بەردى، لېكىن بۇ ئەسقاتمىدى.
[22] ئاخاز قىيىنچىلىق مەزگىلدە پەرۋەردىگارغا تېخىمۇ كۆپ
ساداقەتسىزلىك قىلدى. [23] ئۇ ئۆزىنى مەغلۇپ قىلغان ئارراملارنىڭ
ئىلاھلىرىغا سەجدە قىلدى، چۈنكى ئۇ: «ئارراملارنىڭ ئىلاھلىرى
ئارراملارنىڭ پادىشاھلىرىغا ياردەم قىلغانىكەن، مەن ئۇلار ئۈچۈن
قۇربانلىق قىلسام، ئۇلار ماڭا ياردەم قىلىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى.
لېكىن ئۇ ئىلاھلار ئاخازنى ۋە پۈتۈن ئىسرائىلىيەنى ھالاكەتكە دۇچار
قىلدى. [24] شۇنىڭ بىلەن ئاخاز خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى بارلىق
نەرسىلەرنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ بۇزۇۋەتتى ۋە ئىبادەتخانىنى
تاقىۋەتتى. يېرۇسالېم كوچىلىرىنىڭ دوقمۇشلىرىغا غەيرىي
ئىلاھلار ئۈچۈن قۇربانلىق سۇپىلىرىنى ياساتتى. [25] يەھۇدىيەنىڭ
ھەممە شەھەرلىرىدە غەيرىي سەجدىگاھلارنى ياسىتىپ، ساختا
ئىلاھلارغا قۇربانلىق قىلىپ، ئەجدادلىرىنى تاللىغان پەرۋەردىگار
خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى.
[26] پادىشاھ ئاخازنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى
باشتىن-ئاخىر «يەھۇدىيە ۋە ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ

تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [27] ئاخاز ۋاپات بولۇپ، يېرۇسالېم
شەھىرىدە دەپنە قىلىندى، لېكىن پادىشاھ قەبرىستانلىقىغا دەپنە
قىلىنمىدى. ئوغلى خىزكىيا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## خىزكىيانىڭ ئىبادەتخانىنى پاكلىشى

29 [1] خىزكىيا تەختكە چىققان چاغدا 25 ياشتا ئىدى. ئۇ
يېرۇسالېمدا يەھۇدىيەگە 29 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.
ئۇنىڭ ئانىسى زىكىرىيانىڭ قىزى ئابىيا ئىدى. [2] خىزكىيا خۇددى
ئەجدادى داۋۇتقا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان
ئىشلارنى قىلدى.
[3] خىزكىيا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 1-يىلى 1-ئاينىڭ① 1-كۈنى
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنى
ئوڭشاتتى. [4] ئۇ روھانىيلار ۋە لاۋىيلارنى شەرقىي مەيدانغا چاقىرىپ،
[5] مۇنداق دېدى:
- ئەي لاۋىيلار، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، ئۆزۈڭلارنى پاكلاڭلار!
ئاندىن ئەجدادلىرىڭلارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ
ئىبادەتخانىسىدىكى ناپاك نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئىبادەتخانىنىمۇ
پاكلاڭلار. [6] ئەجدادلىرىمىز ساداقەتسىزلىك قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ
نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار پەرۋەردىگاردىن ۋاز
كېچىپ، ئىبادەتخانىنى تەرك ئەتتى. [7] ئىبادەتخانىدىكى چىراغلارنى
ئۆچۈرۈپ، ئىشىكىنى پېچەتلىدى. ئىبادەتخانىدا ئىسرائىللارنى
تاللىغان خۇداغا ئاتاپ ئىسرىق سالمايدىغان، كۆيدۈرمە قۇربانلىق
قىلمايدىغان بولدى. [8] شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ يېرۇسالېمغا، شۇنداقلا
پۈتۈن يەھۇدىيەگە غەزىپى كېلىپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك قورقۇنچ،
ۋەھىمە ۋە مەسخىرىگە قويدى. بۇ ئىشلارنى سىلەر بۈگۈنمۇ ئۆز
كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر. [9] ئەجدادلىرىمىز قىلىچ
ئاستىدا ئۆلۈپ، خوتۇن-بالىلىرى ئەسىر بولدى. [10] شۇڭا مەن
ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدا بىلەن ئەھدە تۈزۈپ،

---

① 29: 3 مىلادىيە كالېندارى بويىچە تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 715-يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 29-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇم بىر ئايغا توغرا كېلىدۇ.

غەزىپىنى بىزدىن يىراق قىلىشنى ئويلايمەن. [11] ئەي ئوغلانلىرىم، ئەمدى بىپەرۋالىق قىلماڭلار! پەرۋەردىگار سىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئىسرىق سېلىشقا تاللىدى.
[12] شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى لاۋىيلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى باشلىدى:

قوھات جەمەتىدىن ئاماسايىنىڭ ئوغلى ماخات، ئازارىيانىڭ ئوغلى يوئېل،
مىرارى جەمەتىدىن ئابدىنىڭ ئوغلى كىش، يەھاللەلنىڭ ئوغلى ئازاريا،
گېرشون جەمەتىدىن زىمماھنىڭ ئوغلى يوئاخ، يوئاخنىڭ ئوغلى ئېدەن،
[13] ئەلىزافان جەمەتىدىن شىمرى، يېئىئېل،
ئاساف جەمەتىدىن زىكرىيا، ماتتانيا،
[14] ھېمان جەمەتىدىن يىخىئېل، شىمئى،
يەدۇتۇن جەمەتىدىن شىمايا ۋە ئۇززىئېل.

[15] ئۇلار باشقا لاۋىيلارنى چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىنى پاكلىدى ھەمدە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى پاكلاشقا باردى. [16] روھانىيلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىرىپ، بارلىق ناپاك نەرسىلەرنى ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ چىقتى. لاۋىيلار بۇلارنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى قىدرون جىلغىسىغا ئېلىپ بېرىپ، تاشلىۋەتتى. [17] ئۇلار 1-ئاينىڭ 1-كۈنى پاكلاش خىزمىتىنى باشلىدى. سەككىز كۈن ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىلىرىنى، يەنە سەككىز كۈن ئىبادەتخانىنى پاكلىدى. 1-ئاينىڭ 16-كۈنى ئىبادەتخانىنى پاكلاش خىزمىتىنى تاماملىدى.
[18] ئۇنىڭدىن كېيىن لاۋىيلار پادىشاھ خىزكىيانىڭ ئالدىغا بېرىپ:
- بىز پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى، كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇپىسىنى، قۇربانلىق سۇپىسىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنى ۋە پەرۋەردىگارغا ئاتالغان نانلار تىزىلىدىغان شىرەنى ھەمدە

شىرەنىڭ ئۈستىدىكى قاچا-قۇچىلارنى پاكلىدۇق. [19] پادىشاھ ئاخاز سادىقەتسىزلىك قىلىپ تاشلىۋەتكەن ئىبادەتخانىنىڭ نەرسىلىرىنى پاكلاپ، قايتىدىن پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدۇق، - دەپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

## ئىبادەتخانىنىڭ قايتا ئېچىلىشى

[20] پادىشاھ خىزكىيا ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، بىرلىكتە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا باردى. [21] ئۇلار يەتتە تۇياق بۇقا، يەتتە تۇياق قوچقار، يەتتە تۇياق پاقلاننى ئەكىلىپ، پادىشاھ جەمەتى، مۇقەددەس جاي ۋە يەھۇدىيە خەلقى ئۈچۈن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىش قۇربانلىقى قىلدى. روھانىي ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى بۇ ھايۋانلارنى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىدا قۇربانلىق قىلدى. [22] بۇقىلار بوغۇزلانغاندىن كېيىن، روھانىيلار قېنىنى قۇربانلىق سۇپىسىغا چاچتى. ئاندىن قوچقارلارنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ قېنىنىمۇ قۇربانلىق سۇپىسىغا چاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن پاقلانلارنىمۇ بوغۇزلاپ، قېنىنى قۇربانلىق سۇپىسىغا چاچتى. [23] ئاندىن روھانىيلار گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن تەييارلانغان تېكىلەرنى پادىشاھ ۋە جامائەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار قوللىرىنى تېكىلەرنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىگە قويۇشتى. [24] روھانىيلار تېكىلەرنى بوغۇزلاپ، ئىسرائىللار ئۈچۈن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلدى. قۇربانلىقنىڭ قېنىنى ئىسرائىللارنى گۇناھتىن ساقىت قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق سۇپىسىغا چاچتى. چۈنكى پادىشاھ بارلىق ئىسرائىللارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلىشنى بۇيرۇغانىدى.

[25] پادىشاھ خىزكىيا لاۋىيلارنى داۋۇتنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ھويلىسىدا جاڭ، چىلتار، لىرا چېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ كۆرسەتمىلەرنى پەرۋەردىگار پادىشاھ داۋۇتنىڭ خىزمىتىدە بولغان غايىبنى بىلگۈچى گاد ۋە ناتان پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا بەرگەنىدى. [26] لاۋىيلار داۋۇتنىڭ سازلىرىنى، روھانىيلار كانايلارنى چالىدىغان بولدى. [27] پادىشاھ

خىزكىيا قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. كۆيدۈرمە قۇربانلىق باشلانغان ۋاقىتتا، لاۋىيلار پەرۋەردىگارغا ئاتالغان مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. كانايلار پادىشاھ داۋۇتنىڭ سازلىرىغا تەڭكەش قىلىنىپ چېلىندى. [28] پۈتۈن جامائەت تاكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق تامام بولغۇچە ناخشا ۋە كاناي ئاۋازىغا ئەگىشىپ، سەجدە قىلىشتى. [29] كۆيدۈرمە قۇربانلىق تامام بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلار يەرگە باش قويۇپ، سەجدە قىلىشتى. [30] پادىشاھ خىزكىيا ۋە ئەمەلدارلار لاۋىيلارنى داۋۇت ۋە غايىبنى بىلگۈچى ئاساف يازغان مۇناجاتلارنى ئوقۇپ، پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلەشكە بۇيرۇدى. ئۇلار شادلانغان هالدا مۇناجات ئوقۇشتى ۋە يەرگە باش قويۇپ، سەجدە قىلىشتى.

[31] پادىشاھ خىزكىيا جامائەتكە مۇنداق دېدى:

- سىلەر ئۆزۈڭلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتىغانىكەنسىلەر، ئۇنداقتا هازىر سىلەر مىننەتدارلىق قۇربانلىقلىرى ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئەكىلىڭلار.

شۇنىڭ بىلەن جامائەت مىننەتدارلىق قۇربانلىقلىرى ۋە باشقا قۇربانلىقلىرىنى ئەكېلىشكە باشلىدى. بەزىلىرى ئۆز رازىلىقى بىلەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنىمۇ هەدىيە قىلىشتى. [32] جامائەت پەرۋەردىگارغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن 70 تۇياق بۇقا، 100 تۇياق قوچقار ۋە 200 تۇياق پاقلان هەدىيە قىلىشتى. [33] باشقا قۇربانلىقلار ئۈچۈن 600 تۇياق كالا، 3000 تۇياق قوي ۋە ئۆچكە هەدىيە قىلىشتى. [34] لېكىن روهانىيلارنىڭ سانى بەك ئاز بولغاچقا، كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللارنى سويۇپ بولالمىدى. شۇڭا باشقا روهانىيلار ئۆزلىرىنى پاكلاپ بولغۇچە روهانىيلارغا قېرىنداش بولغان لاۋىيلار تاكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللار سويۇلۇپ بولغۇچە ئۇلارغا ياردەملەشتى. چۈنكى لاۋىيلار ئۆزلىرىنى پاكلاشنى روهانىيلارغا قارىغاندا مۇهىم بىلگەنىدى. [35] هەدىيە قىلىنغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ناهايىتى كۆپ ئىدى. ئامانلىق قۇربانلىقى ئۈچۈن سويۇلغان ماللارنىڭ مېيى كۆيدۈرۈلۈشى ۋە كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن بىرگە هەدىيە

قىلىنغان ئىچىملىك ھەدىيەلىرىمۇ قۇربانلىق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى ئىشلار ئەسلىگە كەلدى. [36] خىزكىيا ۋە پۈتۈن خەلق خۇدانىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىدىن شاد-خۇرام بولدى. بۇ ئىشلار ناھايىتى تېز ئەمەلگە ئاشتى.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى

30 [1] خىزكىيا پۈتۈن ئىسرائىلىيەلىكلەر ۋە يەھۇدىيەلىكلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ھەتتا ئەفرايىم ۋە ماناسسە قەبىلىلىرىگە مەكتۇپ يېزىپ، ھەممىسىنى يېرۇسالېمدىكى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ يەردە ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇداغا ئاتاپ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۆتكۈزۈلمەكچىدى. [2] پادىشاھ، ئەمەلدارلار ۋە يېرۇسالېمدىكى پۈتۈن جامائەت بىرلىكتە ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى 2-ئايدا ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغانىدى. [3] ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى 1-ئايدا ئۆتكۈزەلمەيتتى. چۈنكى ئۆزلىرىنى پاكلىغان روھانىيلار تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، جامائەتمۇ يېرۇسالېمغا يىغىلىپ بولالمايتتى. [4] شۇڭا پادىشاھ ۋە جامائەتمۇ بۇ پىلاننى لايىق كۆرگەنىدى. [5] پادىشاھ ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇداغا ئاتاپ يېرۇسالېمدا ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۆتكۈزۈش ھەققىدە پۈتۈن ئىسرائىللارغا، يەنى جەنۇبتىكى بەئەرشەبادىن تاكى شىمالدىكى دانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق كىشىلەرگە چاقىرىق ئېلان قىلدى. چۈنكى پۈتۈن خەلق ئۇزۇندىن بېرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى تەۋرات قانۇنىدا بەلگىلەنگىنى بويىچە ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدى.

[6] چاپارمەنلەر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ چاقىرىق مەكتۇپىنى ئېلىپ، پۈتۈن ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيەنى ئايلاندى. چاقىرىقتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

- ئەي ئىسرائىللار، سىلەر ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ يولىغا قايتىڭلار. شۇندىلا ئۇ ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغان سىلەرگە قايتا يار بولىدۇ. [7] سىلەر ئەجدادلىرىڭلاردىن، ئىسرائىلىيەلىك قېرىندىشىڭلاردىن ئۈلگە ئالماڭلار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار خۇداغا سادىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى سىلەر بۈگۈن كۆرۈپ تۇرغاندەك، پەرۋەردىگار ئۇلارنى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتكە دۇچار قىلدى. [8] ھازىر سىلەر ئەجدادلىرىڭلارغا ئوخشاش بوينۇڭلارنى قاتتىق قىلماي، پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلىڭلار. پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ مۇقەددەس ۋە مەڭگۈلۈك ماكانى بولغان ئىبادەتخانىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ قەھر-غەزىپىنى سىلەردىن كۆتۈرىۋېتىدۇ. [9] ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ يولىغا قايتساڭلار، ئۇ قېرىندىشىڭلارنى، قىز-ئوغۇللىرىڭلارنى تۇتۇپ كەتكەن دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ بۇ زېمىنغا ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىشىگە يول قويىدۇ. چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا رەھىمدىل ۋە شەپقەتلىكتۇر. سىلەر ئۇنىڭ يولىغا قايتساڭلار، ئۇ سىلەرنى يەنە قوبۇل قىلىدۇ.

[10] چاپارمەنلەر بۇ چاقىرىقنى ئەفرايىم ۋە ماناسسەدىن تارتىپ تاكى زەبۇلۇنغىچە يەتكۈزدى. لېكىن ئۇ يەردىكى كىشىلەر چاپارمەنلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىشىپ كۈلۈشتى. [11] پەقەت ئاشىر، ماناسسە ۋە زەبۇلۇن قەبىلىلىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر كەمتەرلىك بىلەن چاقىرىقنى قوبۇل قىلىپ، يېرۇسالېمغا كېلىشتى. [12] پەرۋەردىگار خۇدا يەھۇدىيەلىكلەرنىمۇ تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە كەلتۈردى. ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلىرى چۈشۈرگەن پەرمانغا بويسۇندى.

[13] 2-ئايدا ناھايىتى كۆپ خەلق يېرۇسالېمدا جەم بولۇپ، پېتىر نان ھېيتىنى ئۆتكۈزدى. [14] ئالدى بىلەن ئۇلار يېرۇسالېمدىكى غەيرىي قۇربانلىق سۇپىلىرىنى ۋە ئىسرىقدانلارنى بۇزۇپ، ئۇلارنى

قىدرون جىلغىسىغا تاشلىۋەتتى. [15] ئۇلار 2-ئاينىڭ 14-كۈنى [①] ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ ماللىرىنى بوغۇزلىدى. ئۆزلىرىنى 1-ئايدا پاكلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن روھانىي ۋە لاۋىيلار خىجىل بولۇپ، ئۆزلىرىنى پاكلاش ئۈچۈن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. [16] ئاندىن كېيىن ئۇلار خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى مۇساغا چۈشكەن تەۋرات قانۇنى بويىچە ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلدى. روھانىيلار لاۋىيلارنىڭ قولىدىكى قاننى ئېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىغا چاچتى.

[17] جامائەتنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنى پاكلىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۈچۈن ئەكەلگەن ماللىرىنى بوغۇزلىيالمىدى. لاۋىيلار ئۇلارغا ۋاكالىتەن بوغۇزلاپ، پەرۋەردىگارغا ئاتىدى. [18-19] ئەفرايىم، ماناسسە، ئىسساكار ۋە زەبۇلۇن قەبىلىلىرىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىلىرى ئۆزلىرىنى پاكلىماي تۇرۇپ، ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىغا بېغىشلانغان قۇربانلىق گۆشىنى يەپ قويۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن كۆرسەتمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانىدى. شۇڭا خىزكىيا ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلدى:

- ئى پەرۋەردىگار، يەنى ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلغان خۇدا، ساڭا چىن قەلبى بىلەن ئىنتىلگەن بىر قىسىم كىشىلەر گەرچە مۇقەددەس جاينىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆزلىرىنى پاكلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن سەن ئۆزۈڭنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەيسەن.

[20] پەرۋەردىگار خىزكىيانىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى كەچۈردى. [21] يېرۇسالېمغا يىغىلغان ئىسرائىللار يەتتە كۈن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن پېتىر نان ھېيتىنى ئۆتكۈزدى. روھانىي ۋە لاۋىيلار ياڭراق سازلارنى چېلىپ، ھەر كۈنى پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلىدى. [22] خىزكىيا پەرۋەردىگار ئۈچۈن سەممىيلىك بىلەن ئىش قىلغان بارلىق لاۋىيلارنى ماختىدى. جامائەت ھېيت زىياپىتى بىلەن

---

[①] 30: 15 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 5-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 21-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

يەتتە كۈننى ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئامانلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇنۇپ، ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار خۇداغا شۈكۈر ئېيتىشتى.
[23] پۈتۈن جامائەت مەسلىھەتلىشىپ، ھېيتنى يەنە يەتتە كۈن ئۆتكۈزۈشكە كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك خۇشال-خۇراملىق بىلەن يەنە يەتتە كۈن ھېيت ئۆتكۈزدى. [24] يەھۇدىيە پادىشاھى خىزكىيا كۆپچىلىككە مىڭ تۇياق بۇقا، يەتتە مىڭ تۇياق قوي ۋە ئۆچكە ھەدىيە قىلدى. ئەمەلدارلارمۇ مىڭ تۇياق بۇقا، ئون مىڭ تۇياق قوي ۋە ئۆچكە ھەدىيە قىلىشتى. نۇرغۇنلىغان روھانىيلار ئۆزلىرىنى پاكلىدى. [25] يەھۇدىيەدىكى پۈتۈن خەلق، روھانىيلار، لاۋىيلار، ئىسرائىلىيەدىن كەلگەن ئىسرائىللار ۋە يات خەلقلەر، شۇنداقلا يەھۇدىيەدە تۇرۇۋاتقان يات خەلقلەر خۇشاللىققا چۆمدى.
[26] يېرۇسالېم شادلىققا تولدى، چۈنكى داۋۇتنىڭ ئوغلى، يەنى پادىشاھ سۇلايماندىن كېيىن يېرۇسالېمدا بۇنداق بىر تەنتەنە بولۇپ باقمىغانىدى. [27] لاۋىيلاردىن بولغان روھانىيلار خەلققە بەخت تىلەشتى. ئۇلارنىڭ دۇئالىرى خۇدانىڭ ئەرشتىكى مۇقەددەس ماكانىغا يېتىپ باردى.

31 [1] ھەممە ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، توپلانغان ئىسرائىللار يەھۇدا، بىنيامىن، ئەفرايىم، ماناسسە زېمىنلىرىدىكى ھەممە شەھەرلەرگە بېرىپ، بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلەرنى چاقتى. ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى ۋەيران قىلدى. غەيرىي سەجدىگاھلار ۋە قۇربانلىق سۇپىلارنى بۇزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز شەھەرلىرىگە ۋە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى.

## خىزكىيانىڭ لاۋىيلارغا تەمىنات بېرىشى

[2] خىزكىيا روھانىيلار ۋە لاۋىيلارنى توپلارغا بۆلدى ۋە ئۇلارغا ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئامانلىق قۇربانلىقى قىلىش، پەرۋەردىگارغا شۈكۈر ئېيتىش ۋە مەدھىيە ئوقۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلىش ئىدى. [3] پادىشاھ ئۆز مال-مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنى پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارغا، يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارغا،

دەم ئېلىش كۈنلىرى، يېڭى ئاي بايراملىرى ۋە باشقا بەلگىلەنگەن ھېيت كۈنلىرى قىلىنىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارغا ئاجراتتى.
[4] ئۇ يېرۇسالېم خەلقىگە:
- روھانىيلار ۋە لاۋىيلارنىڭ نېسىۋىلىرىنى بېرىڭلار. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئادا قىلىدۇ، - دېدى.
[5] يېرۇسالېملىقلار پادىشاھنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن تۇنجى يىغقان ئاشلىقى، شارابى، زەيتۇن يېغى، ھەسىلى ۋە ئېتىزدىن چىققان باشقا زىرائەتلىرىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ھەدىيە قىلىشتى. ھەدىيە قىلىنغان بۇ نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. [6] يەھۇدىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە ياشايدىغان ئىسرائىللار ئەكەلگەن كالا، قويلارنىڭ ۋە پەرۋەردىگار خۇداغا ئاتاپ ئەكەلگەن باشقا نەرسىلەرنىڭ ئوندىن بىرىمۇ شۇنچە كۆپ ئىدى. [7] ئۇلار ئەتىيازنىڭ ئاخىرى ھەدىيە قىلىشنى باشلىغان بولۇپ، كۈزنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئاخىرلاشتى.
[8] ھىزكىيا ۋە ئەمەلدارلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن ھەدىيەلەرنى كۆرۈپ، پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئوقۇشتى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى بولغان ئىسرائىللارغا بەخت تىلەشتى. [9] ھىزكىيا دۆۋىلىنىپ كەتكەن بۇ نەرسىلەر ھەققىدە روھانىيلار ۋە لاۋىيلاردىن سوئال سورىدى.
[10] زادوق جەمەتىدىن بولغان باش روھانىي ئازاريا جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
- خەلق پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ھەدىيە ئەكەلگەندىن بېرى بىز تويغۇچە يەپ-ئىچتۇق، شۇنداقتىمۇ يەنە نۇرغۇنى ئېشىپ قالدى. پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ خەلقىگە بەرىكەت ئاتا قىلغاچقا، مۇشۇنداق كۆپ ئېشىپ قالدى.
[11] شۇنىڭ بىلەن ھىزكىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئامبار تەييارلاش بۇيرۇقىنى بەردى. ئامبار تەييارلانغاندىن كېيىن، [12] ئۇلار خەلق ئىئانە قىلغان نەرسىلەر، ئوندىن بىر ئۈلۈش نەرسىلەر ۋە پەرۋەردىگارغا ئاتالغان باشقا نەرسىلەرنى ئامبارلارغا ساداقەتلىك بىلەن ئەكىرىپ قويدى. بۇ ئىشقا لاۋىيلاردىن بولغان كونانىيا مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭ ئىنىسى شىمئى ياردەمچىسى بولدى. [13] يەخىئېل، ئازازىيا، ناخات، ئاسائېل، يېرىموت، يوزاباد، ئەلىئېل، يىسماكىيا،

ماخات ۋە بىنايالار كونانىيا ۋە شىمئىغا يارەدەملىشىپ، نازارەتچىلىك قىلدى. بۇلارنى پادىشاھ خىزكىيا ۋە خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ باش نازارەتچىسى ئازارىيا بەلگىلىگەنىدى.

[14] لاۋىيلاردىن بولغان يىمناھنىڭ ئوغلى كورې ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ دەرۋازىۋىنى ئىدى. ئۇ خۇداغا خالىس قىلىنغان ھەدىيەلەرنى، پەرۋەردىگارغا سۇنۇلغان ئىئانىلەرنى ۋە ئەڭ مۇقەددەس ھەدىيەلەرنى باشقۇرۇشقا ۋە تەقسىملەشكە مەسئۇل ئىدى. [15] ئېدەن، مىنيامىن، يېشۇۋا، شىمايا، ئامارىيا، شىكانىيالار كورېنىڭ سادىق ياردەمچىلىرى بولۇپ، ئۇلار باشقا شەھەرلەردە ياشايدىغان روھانىيلارغا نەرسىلەرنى ئۆز تۈپلىرى بويىچە قېرى-ياش دېمەي، بۆلۈپ بېرەتتى. [16] ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا نۆۋەت بويىچە ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن رويخەتكە ئېلىنغان ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى ئەركەكلەرگە نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرەتتى. [17] روھانىيلارغا ئائىلە نەسەبنامىسى بويىچە ۋە يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى لاۋىيلارغا نۆۋەتچىلىك تۈپى بويىچە نەرسىلەر تارقىتىپ بېرىلەتتى. [18] نەرسىلەر ئۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرى بويىچە ئاياللىرى ۋە بالىلىرىغىمۇ تارقىتىلىپ بېرىلەتتى. چۈنكى لاۋىيلار ئۆزلىرىنى سەممىيلىك بىلەن پاكلايتتى. [19] باشقا شەھەرلەرنىڭ سىرتىدا ياشايدىغان ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى بولغان روھانىيلارغىمۇ نەرسە تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئادەملەر ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى بارلىق ئەركەكلەرگە ۋە رويخەتكە ئېلىنغان لاۋىيلارغا ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋىلىرىنى تارقىتىپ بېرىش ئىدى.

[20] پادىشاھ خىزكىيا بۇ ئىشلارنى پۈتۈن يەھۇدىيەدە ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ ئۆزى ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نەزىرىدە ياخشى ۋە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى سەممىيلىك بىلەن قىلدى. [21] ئۇ مەيلى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى ئىشلار توغرىسىدا بولسۇن، مەيلى قانۇن ياكى ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىش توغرىسىدا بولسۇن، ھەممە ئىشتا خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ، ئىشلارنى چىن قەلبى بىلەن بېجىردى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولدى.

## ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ يېرۇسالېمغا تەھدىت سېلىشى

32 [1] پادىشاھ ھەزەكىيا بۇ ئىشلارنى سەمىمىيلىك بىلەن پۈتتۈردى. شۇ چاغدا ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىب يەھۇدىيەگە باستۇرۇپ كەلدى ۋە مۇستەھكەم شەھەرلەرنى قورشاۋغا ئالدى. [2] پادىشاھ ھەزەكىيا ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىبنىڭ يېرۇسالېمغىمۇ ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ، [3] ئەمەلدارلىرى ۋە لەشكەر باشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىش قارارىغا كەلدى، جامائەتمۇ بۇنى قوللىدى. [4] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا سۇ قالدۇرماسلىق ئۈچۈن زور مىقداردا ئادەم توپلاپ، بارلىق سۇ مەنبەلىرىنى ۋە دالاغا قاراپ ئاقىدىغان ئېقىنلارنى توستى. [5] ھەزەكىيا بۇزۇلغان شەھەر سېپىللىرىنى ياستىش قارارىغا كەلدى. مۇنارلارنى ئېگىزلەتتى. شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىغا يەنە بىر قات سېپىل سالدۇردى. «داۋۇت شەھىرى»دىكى «تىندۇرۇلغان يەر»نىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، نۇرغۇن قورال-ياراغ ۋە قالقانلار ياساتتى. [6] ئۇ قوشۇنلىرىغا سەركەردىلەرنى تەيىنلەپ، خەلقنى شەھەر دەرۋازىسى يېنىدىكى مەيدانغا توپلىدى. ئۇ خەلققە ئىلھام بېرىپ، مۇنداق دېدى:

[7] — سىلەر قەيسەر ۋە جاسارەتلىك بولۇڭلار. ئاسسۇرىيە پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ زور قوشۇنىدىن قورقۇپ، بوشىشىپ كەتمەڭلار. چۈنكى بىزگە يار بولغۇچى ئۇنىڭغا يار بولغۇچىدىن تېخىمۇ قۇدرەتلىكتۇر. [8] ئۇنىڭغا يار بولغۇچى ئىنسان بولسا، بىزگە يار بولغۇچى پەرۋەردىگارىمىز خۇدادۇر. ئۇ بىزگە ياردەمدە بولىدۇ، بىز ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ.

خەلق پادىشاھ ھەزەكىيانىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئىلھاملاندى.

[9] بۇ ۋاقىتتا ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىب پۈتۈن لەشكەرلىرى بىلەن لاكىش شەھىرىنى قورشاۋغا ئالغانىدى. ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى يېرۇسالېمغا ئەۋەتتى. ئۇلار يەھۇدىيە پادىشاھى ھەزەكىيا ۋە پۈتۈن يەھۇدىيەلىكلەرگە مۇنداق دېدى:

[10] ـ ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىب مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر نېمىگىلارغا تايىنىپ، ئۆزۈڭلارغا شۇنچىلىك ئىشىنىسىلەر؟ يېرۇسالېم قورشاۋغا ئېلىنغان ۋاقىتتا، سىلەر يەنىلا ئامان قالىمىز دەپ ئويلامسىلەر؟ [11] خىزكىيا: ‹پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بىزنى ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ› دەپ، سىلەرنى ئالداپ كەتمىسۇن. ئۇ سىلەرنى ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇپ، ھالاك قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. [12] خىزكىيا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سەجدىگاھلىرى ۋە قۇربانلىق سۇپىلىرىنى ۋەيران قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىگە پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن پەقەت بىرلا قۇربانلىق سۇپىسى يېتىدۇ، دەپ ئېيتمىغانمىدى؟ [13] ئەجەبا سىلەر مېنىڭ ۋە ئەجدادلىرىمنىڭ باشقا ئەللەرنىڭ خەلقلىرىگە نېمىلەرنى قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمسىلەر؟ قايسىبىر خەلقنىڭ ئىلاھلىرى ئۆز خەلقىنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالىغان؟ [14] قايسىبىر ئەلنىڭ ئىلاھلىرى ئۆز ئېلىنى مەن ۋە ئەجدادلىرىمنىڭ قولىدىن قۇتقۇزالىغان؟ شۇنداق ئىكەن، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار سىلەرنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالامدۇ؟ [15] شۇڭا سىلەر خىزكىيانىڭ سىلەرنى ئالدىشىغا ۋە ئازدۇرۇشىغا يول قويماڭلار ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭلار. ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ ۋە پادىشاھلىقنىڭ ئىلاھى ئۆزىنىڭ خەلقىنى ئەجدادلىرىمنىڭ قولىدىن ياكى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالمىغان يەردە، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار سىلەرنى قولۇمدىن قانداق قۇتقۇزالىسۇن؟»

[16] ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ ئەمەلدارلىرى يەنە باشقا سۆزلەر بىلەن پەرۋەردىگار خۇدانى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارى بولغان خىزكىيانى ھاقارەتلىدى.

[17] سانخېرىب يەنە نۇرغۇن مەكتۇپلارنى يېزىپ، ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانى ھاقارەتلەپ: «باشقا خەلقلەرنىڭ ئىلاھلىرى مېنىڭ قولۇمدىن خەلقىنى قۇتقۇزالمىغانىكەن، خىزكىيانىڭ خۇداسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس» دېدى.

[18] ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ ئەمەلدارلىرى شەھەرنى ئېلىشقا ئاسانلىق يارىتىش ئۈچۈن سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى يېرۇسالېملىقلارغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئىبرانىي تىلىدا ۋارقىراپ، ئۇلارنى قورقۇتماقچى ۋە ۋەھىمىگە سالماقچى بولدى. [19] ئۇلار يېرۇسالېملىقلارنىڭ خۇداسىنى باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ ئىلاھلىرى قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇ توغرۇلۇق خۇددى ئىنسان قولى بىلەن ياسالغان بۇتلار ھەققىدە سۆزلىگەندەك سۆزلىدى.

[20] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خىزكىيا ۋە ئاموزنىڭ ئوغلى، يەنى پەيغەمبەر يەشايا خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلدى. [21] پەرۋەردىگار ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ بارگاھىغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بارلىق خىللانغان لەشكەرلىرى ۋە سەركەردىلىرىنى ھالاك قىلدى. سانخېرىب نومۇس ئىچىدە يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئىلاھىنىڭ بۇتخانىسىغا بارغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرقانچىسى بىرلىكتە ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. [22] شۇنداق قىلىپ، پەرۋەردىگار خىزكىيانى ۋە يېرۇسالېملىقلارنى ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىبنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدى ۋە باشقا دۈشمەنلىرىدىن قوغداپ، زېمىنىغا تىنچلىق ئاتا قىلدى. [23] يات خەلقلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر پەرۋەردىگارغا ھەدىيە ئاتا قىلىش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا كەلدى. يەھۇدىيە پادىشاھى خىزكىياغىمۇ قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى سوۋغا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىزكىيا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

## خىزكىيانىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشلار

[24] شۇ كۈنلەردە خىزكىيا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ئۇ پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ ساقىيىدىغانلىقى ھەققىدە بىر ئالامەت كۆرسەتتى. [25] ئەمما خىزكىيا پەرۋەردىگارنىڭ شاپائىتىگە رەھمەت بىلدۈرمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە تەكەببۇرلۇق بار ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا، يېرۇسالېمغا، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەگە خۇدانىڭ غەزىپى كەلدى. [26] كېيىن

خىزكىيا ۋە يېرۇسالېم خەلقى قەلبلىرىدىكى تەكەببۇرلۇقنى تاشلاپ، تەۋبە قىلىشتى. شۇڭلاشقا خۇدانىڭ غەزىپى خىزكىيا ھاياتلا بولغۇچە ئۇلارغا چۈشمىدى.
[27] خىزكىيا شۇنچىلىك باي ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەر، خۇشبۇي ئەشيالار، قالقان ۋە باشقا ھەر خىل قىممەت باھالىق بۇيۇملىرى ئۈچۈن مەخسۇس خەزىنىلەرنى قۇردى. [28] ئۇ يەنە ئاشلىق، شاراب، زەيتۇن يېغى ئۈچۈن ئامبارلارنى ياساتتى. ھەر خىل چارۋا ماللار ئۈچۈن قوتان سالدۇردى. [29] ئۇ يەنە ئۆزى ئۈچۈن يېزىلارنى قۇردى. ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ چارۋا ماللىرى بار ئىدى. چۈنكى خۇدا ئۇنىڭغا ھەددى-ھېسابسىز بايلىق ئاتا قىلغانىدى. [30] خىزكىيا يۇقىرى تەرەپتىكى گىھون بۇلىقىنىڭ ئېقىنىنى توسۇپ، غەربكە، يەنى تۆۋەندىكى «داۋۇت شەھىرى»گە ئېلىپ كىردى. ئۇ ھەممە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. [31] بىراق بابىلنىڭ ئەلچىلىرى خىزكىيا بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ، ئۇنىڭدىن كۆرگەن ئالامەتى ھەققىدە ئۇچۇر ئالماقچى بولدى. خۇدا بۇ ئىشنى ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇردى. چۈنكى خۇدا ئۇنى سىنىماقچى ۋە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ باقماقچىدى.
[32] پادىشاھ خىزكىيانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە پەرۋەردىگارغا بولغان ساداقىتى «يەھۇدىيە ۋە ئىسرائىلىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»نىڭ بىر قىسمى بولغان «ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ۋەھىيلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [33] خىزكىيا ۋاپات بولۇپ، داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە دەپنە قىلىندى. يېرۇسالېملىقلار، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەلىكلەر ئۇنىڭغا ھازا تۇتتى. ئوغلى ماناسسە تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## پادىشاھ ماناسسە

33 [1] ماناسسە تەختكە چىققان چاغدا 12 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 55 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [2] ماناسسە پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا پەرۋەردىگار تەرىپىدىن زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىلغان يات ئەللەرنى دوراپ، يىرگىنچلىك ئىشلارنى

قىلدى. [3] ئۇ ئاتىسى خىزكىيا ۋەيران قىلغان غەيرىي سەجدىگاھلارنى
قايتىدىن ياساتتى، يەنە ئىلاھ بائالغا ئاتاپ قۇربانلىق سۇپىلىرىنى،
ئىلاھە ئاشىرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى ياساتتى ھەمدە ھەر خىل
ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇپ، ئۇلارغا سەجدە قىلدى. [4] گەرچە
پەرۋەردىگار: «يېرۇسالېم مەڭگۈ خەلق ماڭا ئىبادەت قىلىدىغان
جاي بولسۇن» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا يېرۇسالېمدىكى
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا باشقا ئىلاھلارغا ئاتاپ قۇربانلىق
سۇپىلىرى ياساتتى. [5] ئۇ يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ
ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرىقى ھويلىلىرىغا ھەر خىل ئاسمان
جىسىملىرى ئۈچۈن قۇربانلىق سۇپىلىرىنى ياساتتى. [6] ماناسسە
ئۆز ئوغۇللىرىنى بەنھىننوم جىلغىسىدا ئوتتا كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق
قىلدى. پالچىلىق، باخشىلىق، جادۇگەرلىك قىلىش ۋە ئەرۋاھلاردىن
مەدەت تىلەشتەك پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان نۇرغۇن
گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى.
[7] ئۇ يەنە ئۆزى ياغاچتىن ياساتقان بۇتنى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا
قويدى. خۇدا بۇ ئىبادەتخانا توغرۇلۇق داۋۇت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى
سۇلايمانغا: «مەن ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە تەۋە شەھەرلەر ئىچىدىن
تاللىۋالغان يېرۇسالېمدىكى مۇشۇ ئىبادەتخانا خەلق ماڭا ئىبادەت
قىلىدىغان جاي بولسۇن. [8] ئەگەر ئىسرائىللار مەن مۇسا ئارقىلىق
ئۇلارغا ئەمر قىلغان پۈتۈن قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە كۆڭۈل قويۇپ
ئەمەل قىلسا، مەن ئۇلارنى ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلغان بۇ زېمىندىن
يەنە ئايرىمايمەن» دېگەنىدى. [9] لېكىن ماناسسە يەھۇدىيە،
جۇملىدىن يېرۇسالېم خەلقىنى ئازدۇرۇپ، ئىسرائىللارنىڭ كۆز
ئالدىدا پەرۋەردىگار تەرىپىدىن يوقىتىلغان يات ئەللەردىنمۇ بەكرەك
يامان ئىشلارنى قىلدى.

[10] پەرۋەردىگار ماناسسەنى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى ئاگاھلاندۇرغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قۇلاق سالمىدى. [11] شۇڭا پەرۋەردىگار
ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ سەركەردىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا
ھۇجۇم قىلدۇردى. ئۇلار ماناسسەنى تۇتقۇن قىلىپ، بۇرنىغا
چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ، تۇچ كىشەن بىلەن كىشەنلەپ، بابىلغا ئېلىپ
كەتتى. [12] ماناسسە قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا، ئۆزى ۋە ئەجدادلىرى

ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدادىن مەدەت تىلىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھىغا قاتتىق تووۋا قىلدى. [13] پەرۋەردىگار ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى، ئۆتۈنۈشىنى ئاڭلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يېرۇسالېمغا قايتىپ كېلىپ، داۋاملىق پادىشاھ بولدى. ماناسسە شۇندىلا پەرۋەردىگارنىڭ بىردىنبىر خۇدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

[14] بۇ ئىشتىن كېيىن ماناسسە «داۋۇت شەھىرى»نىڭ تاشقى سېپىلىنى ياساتتى. ئۇ سېپىلنى قىدرون جىلغىسىدىكى گىھون بۇلىقىنىڭ غەرب تەرىپىدىن باشلاپ، ئوفەل ئېگىزلىكىنى ئايلاندۇرۇپ، «بېلىق دەرۋازىسى»غا تۇتاشتۇردى. سېپىلنى بەك ئېگىز سوقتۇردى. ماناسسە يەھۇدىيەنىڭ ھەرقايسى مۇستەھكەم شەھەرلىرىدە سەركەردىلەرنى تۇرغۇزدى. [15] پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى يات خەلقلەرنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ بۇتلىرىنى ۋە ئۆزى ياساتقان بۇتنى ئېلىپ تاشلىدى. ئۇ يەنە ئىبادەتخانا تېغىدا ۋە يېرۇسالېمدا ياساتقان بارلىق غەيرىي قۇربانلىق سۇپىلىرىنى چاقتۇرۇپ، شەھەر سىرتىغا تاشلاتتى. [16] ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىنى قايتا ياسىتىپ، ئامانلىق ۋە مىننەتدارلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇندى ھەمم يەھۇدىيە خەلقىنى ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى. [17] شۇنداق بولسىمۇ، خەلق يەنىلا غەيرىي سەجدىگاھلاردا قۇربانلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن ئۇلار قۇربانلىقلىرىنى پەقەت ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان پەرۋەردىگار خۇداغىلا ئاتايتتى.

[18] پادىشاھ ماناسسەنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، خۇداغا قىلغان دۇئاسى ۋە غايىبنى بىلگۈچىلەرنىڭ ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نامىدا ئۇنىڭغا قىلغان سۆزلىرى «ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [19] ئۇنىڭ دۇئاسى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ جاۋابى، گۇناھىغا توۋا قىلىشتىن ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرى، ساداقەتسىزلىكى، غەيرىي سەجدىگاھلارنى ياساتقان، ئاشېرا ۋە باشقا ئىلاھلارنىڭ بۇتلىرىنى تىكلىگەن جايلىرى «غايىبنى بىلگۈچىلەرنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. [20] ماناسسە ۋاپات بولۇپ، ئوردا ئىچىگە دەپنە قىلىندى. ئوغلى ئامون تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

## پادىشاھ ئامون

[21] ئامون تەختكە چىققان چاغدا 22 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [22] ئامون ئاتىسى ماناسسەگە ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ، ماناسسە ياساتقان ھەممە بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلدى ۋە ئۇلارغا چوقۇندى. [23] ئەمما ئاتىسى ماناسسە پەرۋەردىگار ئالدىدا گۇناھىنى تونۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئامون ئۇنداق قىلماي، ئاتىسىدىن كۆپرەك گۇناھ قىلدى. [24] ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ، ئۇنى ئوردىسىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. [25] لېكىن خەلق پادىشاھ ئامونغا سۇيىقەست قىلغان بارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئوغلى يوشىيانى ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى.

## خۇدانىڭ قانۇنىنىڭ يازمىسىنىڭ تېپىلىشى

34 [1] يوشىيا تەختكە چىققان چاغدا 8 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 31 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [2] يوشىيا پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە دۇرۇس بولغان ئىشلارنى قىلدى. ئۇ ھەر ئىشتا ئەجدادى داۋۇتنىڭ يولىنى تۇتتى، چەتنەپ كەتمىدى.
[3] يوشىيا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 8-يىلى، گەرچە ئۇ تېخى ياش بولسىمۇ، ئەجدادى داۋۇت ئېتىقاد قىلغان خۇداغا ئىنتىلىشكە باشلىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 12-يىلى يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەنى غەيرىي سەجدىگاھلاردىن، ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىدىن، ئويما ۋە قۇيما بۇتلاردىن تازىلاشقا باشلىدى. [4] خەلق پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئىلاھ بائالغا ئاتالغان قۇربانلىق سۇپىلىرىنى، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئىسرىقدانلارنى، ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى، ئويما ۋە قۇيما بۇتلارنى بۇزۇپ، كۇكۇم-تالقان قىلدى ھەمدە ئۇلارنى چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ قەبرىلىرىگە چېچىۋەتتى. [5] ئۇلارنىڭ روھانىيلىرىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئۇلارنىڭ قۇربانلىق سۇپىلىرىدا كۆيدۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەنى پاكلىدى. [6] ئۇ يەنە ماناسسە، ئەفرايىم، شىمون قەبىلىلىرىگە، ھەتتا يىراقتىكى نافتالى قەبىلىسىگە تەۋە شەھەرلەردىكى

ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەردىكى [7] قۇربانلىق سۇپىلىرىنى بۇزدى. ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى ۋە باشقا بۇتلارنى كۇكۇم-تالقان قىلدى. ئىسرائىلىيە چېگراسى ئىچىدىكى بارلىق ئىسرىقدانلارنى چاقتى. ئاندىن يېرۇسالېمغا قايتىپ كەتتى.

[8] يوشىيا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 18-يىلى زېمىننى ۋە ئىبادەتخانىنى پاكلىغاندىن كېيىن، ئازالىيانىڭ ئوغلى پۇتۇكچى شافانىنى، شەھەر باشلىقى مائاسېيانى ۋە يوئاخازنىڭ ئوغلى تەزكىرىچى يوئاخنى پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى ئوڭشاشقا ئەۋەتتى. [9] لاۋىيلاردىن بولغان دەرۋازىغا قارايدىغانلار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا يىغىلغان پۇللارنى ماناسسە، ئەفرايىم قەبىلىلىرىدىن، شۇنداقلا ئامان قالغان باشقا ئىسرائىلىيەلىكلەردىن، يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرىدىن ھەم يېرۇسالېم ئاھالىلىرىدىن يىغقانىدى. پادىشاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلەر باش روھانىي خىلقىيانىڭ يېنىغا بېرىپ، [10] پۇللارنى ئېلىپ، ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ئوڭشاش ۋە مۇستەھكەملەشكە مەسئۇل بولغان قۇرۇلۇش نازارەتچىلىرىگە بەردى. نازارەتچىلەر بۇ پۇللار بىلەن ئىبادەتخانىنى ئوڭشىغان ئىشچىلارنىڭ ھەققىنى تۆلىدى. [11] قالغان پۇللارنى ياغاچچى ۋە قۇرۇلۇشچىلارغا بەردى. ئۇلار بۇرۇنقى يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن خاراب بولغان ئىبادەتخانىنى ئوڭشاش ئۈچۈن يونۇپ تەييارلانغان تاش، لىم ۋە ۋاسلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى.

[12-13] ئىشچىلار سەممىيلىك بىلەن ئىشلىدى. ئۇلارغا لاۋىيلارنىڭ مرارى جەمەتىدىن بولغان ياخات ۋە ئوبادىيا، قوھات جەمەتىدىن زىكىرىيا ۋە مىشۇللاملار مەسئۇللۇققا تەيىنلەندى. ئۇلار يەنە يۈك توشۇغۇچىلارغا ۋە باشقا قۇرۇلۇشچىلارنى باشقۇرىدىغانلارغا مەسئۇل بولاتتى. لاۋىيلارنىڭ ھەممىسى ساز چېلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈكچى، باشقۇرغۇچى ۋە دەرۋازىۋەن بولۇپ ئىشلەيتتى.

[14] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى يىغىلغان پۇللارنى ئېلىۋاتقاندا، باش روھانىي خىلقىيا پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا چۈشۈرگەن تەۋرات قانۇنىنى تاپتى. [15] خىلقىيا پۈتۈكچى شافانغا:

- مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن تەۋرات قانۇنى يېزىلغان بىر يازمىنى تاپتىم، - دېدى ۋە يازمىنى ئۇنىڭغا بەردى. [16] شافان يازمىنى ئېلىپ بېرىپ، پادىشاھقا:

- بىز خىزمەتكارلىرى ئۆزلىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىۋاتىمىز. [17] پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى پۇللارنى ئېلىپ، ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولغۇچىلارغا ۋە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق، - دەپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. [18] ئاندىن پۈتۈكچى شافان يەنە پادىشاھقا:

- باش روھانىي خىلقىيا ماڭا بىر يازما بەردى، - دېدى ۋە ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئوقۇدى.

[19] پادىشاھ پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھەسرەتلەندى ۋە كىيىملىرىنى يىرتتى [20] ۋە خىلقىيا، شافاننىڭ ئوغلى ئاخىقام، مىكاھنىڭ ئوغلى ئابدون، پۈتۈكچى شافان ۋە خىزمەتكارى ئاسايىغا مۇنداق دەپ بۇيرۇدى:

[21] - ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ يازمىغا پۈتۈلگەن سۆزلەرگە قۇلاق سالمىغانلىقتىن ۋە يازمىدىكى ئەمرلەرگە بويسۇنمىغانلىقتىن پەرۋەردىگار بىزگە قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. سىلەر بېرىپ، تېپىلغان مۇشۇ يازمىدىكى سۆزلەر توغرىسىدا مەن ئۈچۈن ھەم ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيەدىكى ئامان قالغانلار ئۈچۈن پەرۋەردىگاردىن كۆرسەتمە سوراڭلار.

[22] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بەلگىلىگەن ئادەملەر خىلقىياغا ئەگىشىپ، ئايال پەيغەمبەر خۇلداھ بىلەن كۆرۈشكىلى باردى. ئۇ شاللۇمنىڭ ئايالى ئىدى. شاللۇم كىيىم ئامبىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ خاسراھنىڭ نەۋرىسى، توقھاتنىڭ ئوغلى ئىدى. خۇلداھ يېرۇسالېمدىكى يېڭى مەھەللىدە ئولتۇراتتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى. [23] خۇلداھ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

- پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنى مەندىن كۆرسەتمە سوراشقا ئەۋەتكەن ئادەمگە بېرىپ ئېيتىڭلار: [24] ‹ئاڭلا، مەن دەل يەھۇدىيە پادىشاھىنىڭ ئالدىدا ئوقۇلغان ئاشۇ يازمىدىكى قارغىشلاردا تىلغا ئېلىنغان بالا-قازانى بۇ زېمىنغا ۋە بۇ زېمىندا ياشايدىغانلارغا چۈشۈرىمەن. [25] چۈنكى ئۇلار مەندىن

يۈز ئۆرۈپ، باشقا ئىلاھلارغا قۇربانلىق كۆيدۈرۈپ، غەزىپىمنى كەلتۈردى. غەزەپ ئوتۇم مۇشۇ زېمىندا ياندۇ، ئۆچمەيدۇ›».
[26-27] خۇلداھ ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېدى:
- سىلەرنى پەرۋەردىگاردىن كۆرسەتمە سوراشقا ئەۋەتكەن يەھۇدىيە پادىشاھىغا يەنە مۇنداق دەپ ئېيتىڭلار: «ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدا ساڭا مۇنداق دەيدۇ: ‹لېكىن سەن مېنىڭ بۇ زېمىنغا ۋە بۇ زېمىندا ياشايدىغانلارغا ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈڭ يۇمشاپ، ئالدىمدا گۇناھىڭنى تونۇپ، كىيىملىرىڭنى يىرتىپ، يىغلىدىڭ. شۇڭا مەنمۇ سېنىڭ ئىلتىجالىرىڭنى قوبۇل قىلدىم. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. [28] قۇلاق سالغىنكى، مەن بۇ زېمىنغا ۋە بۇ زېمىندا ياشايدىغانلارغا چۈشۈرىدىغان بالا-قازانى سەن ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن چۈشۈرمەيمەن. سەن قەبرىگە تىنچ ھالدا دەپنە قىلىنىسەن. بۇ بالا-قازالارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمەيسەن›».
ئۇلار قايتىپ بېرىپ، بۇ سۆزلەرنى پادىشاھقا يەتكۈزدى.
[29] پادىشاھ يوشىيا يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەدىكى بارلىق ئاقساقاللارنى يىغدى. [30] پۈتۈن خەلق، يەنى روھانىيلار، لاۋىيلار، يەھۇدىيەلىكلەر، يېرۇسالېملىقلار مەيلى ياش، مەيلى قېرى بولسۇن، ھەممىسى پادىشاھ بىلەن بىرلىكتە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بېرىشتى. پادىشاھ ئۇ يەردە ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان يازمىغا پۈتۈلگەن ئەھدىنامىنى تولۇق ئوقۇپ بەردى. [31] پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا ئەھدىنى قايتىدىن مۇقىملىدى. ئۇ پەرۋەردىگارغا چىن قەلبى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا، قائىدە-تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىپ، بۇ يازمىغا پۈتۈلگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى.
[32] ئاندىن پادىشاھ پۈتۈن يېرۇسالېم ئاھالىسىگە ۋە بىنيامىن قەبىلىسىدىكىلەرگە بۇ ئەھدىگە رىئايە قىلىش ھەققىدە پەرمان بەردى. شۇنىڭ بىلەن يېرۇسالېم ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىگە ئەمەل قىلىشقا باشلىدى. [33] پادىشاھ يوشىيا ئىسرائىل خەلقىگە تەۋە بولغان

بارلىق زېمىنلاردىكى يىرگىنچلىك بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتى ۋە ئىسرائىلىيەدە ياشىغانلارنىڭ ھەممىسىنى پەرۋەردىگار خۇداغا ئىبادەت قىلدۇردى. ئۇنىڭ دەۋرىدە خەلق ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدادىن يۈز ئۆرۈمىدى.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى

35 [1] يوشىيا يېرۇسالېمدا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزدى. جامائەت ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۈچۈن بوغۇزلايدىغان پاقلان ياكى ئوغلاقنى 1-ئاينىڭ① 14-كۈنى بوغۇزلىدى. [2] يوشىيا روھانىيلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى خىزمىتىنى ياخشى قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. [3] ئۇ ئۆزلىرىنى پەرۋەردىگار ئۈچۈن پاكلىغان ۋە پۈتۈن ئىسرائىللارغا تەلىم بېرىشكە مەسئۇل بولغان لاۋىيلارغا مۇنداق دېدى:

- سىلەر ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان سالدۇرغان ئىبادەتخانىدىكى مۇقەددەس ئەھدە ساندۇقىغا چېقىلماڭلار، ئۇ ئورنىدا قالسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن ئەھدە ساندۇقىنى مۈرەڭلاردا كۆتۈرۈپ يۈرۈشۈڭلارنىڭ ھاجىتى يوق. سىلەر ھازىردىن باشلاپ سىلەر ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ۋە ئۇنىڭ خەلقى بولغان ئىسرائىللارنىڭ خىزمىتىنى قىلىڭلار. [4] سىلەر ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى داۋۇت ۋە ئوغلى سۇلايمان يازغان بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن جەمەتلەر ۋە خىزمەتلەر بويىچە ھازىرلىنىڭلار.

[5] سىلەر مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسىدا جەمەت بويىچە تۇرۇڭلار. سىلەر جەمەتلەر بويىچە ئىسرائىللارنىڭ باشقا جەمەتلىرىگە خىزمەت قىلىڭلار. [6] سىلەر ئۆزۈڭلارنى پاكلاپ، ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ قۇربانلىق ماللىرىنى بوغۇزلاڭلار ۋە ئىسرائىل قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن قۇربانلىق تەييار قىلىڭلار. بۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ مۇساغا قىلغان ئەمرى بويىچە ئېلىپ بېرىڭلار.

① 35: 1 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 23-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

[7] پادىشاھ يوشىيا ئۆزىنىڭ چارۋىلىرىدىن 30,000 پاقلان ۋە ئوغلاق چىقىرىپ، ئىسرائىللارنىڭ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۈچۈن قۇربانلىققا ئاتىدى. ئۇنىڭغا قوشۇپ، 3000 تۇياق كالا ئاتىدى. [8] ئەمەلدارلارمۇ جامائەتكە، روھانىيلارغا، لاۋىيلارغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەدىيە بەردى. خىلقىيا، زىكرىيا، يەخىئېل قاتارلىق ئىبادەتخانىنىڭ مەسئۇل روھانىيلىرى باشقا روھانىيلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن 2600 تۇياق پاقلان ۋە ئوغلاق، شۇنداقلا ئاماللىق قۇربانلىقى ئۈچۈن 300 تۇياق كالا ھەدىيە قىلدى. [9] لاۋىيلارنىڭ باشلىقى بولغان كونانيا ۋە ئۇنىڭ شىمايا، نىتانئېل قاتارلىق ئىنىلىرى ھەمدە لاۋىيلارنىڭ خاشابىيا، يېئىئېل، يوزاباد قاتارلىق باشقا باشلىقلىرى باشقا لاۋىيلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن 5000 تۇياق پاقلان ۋە ئوغلاق، شۇنداقلا 500 تۇياق كالا ھەدىيە قىلدى.

[10] شۇنداق قىلىپ، ھەممە ئىشلار تەييار بولدى. پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە روھانىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىدا تۇرۇشتى، لاۋىيلارمۇ ئۆز توپلىرى بويىچە تۇرۇشتى. [11] لاۋىيلار ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۈچۈن پاقلان ۋە ئوغلاق بوغۇزلىغاندا، روھانىيلار ئۇلاردىن قانلارنى ئېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىغا چاچتى. ئاندىن لاۋىيلار قۇربانلىق ماللارنىڭ تېرىلىرىنى شىلدى. [12] ئۇلار مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىدا يېزىلغىنى بويىچە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ئۈچۈن تەييارلانغان پاقلان ۋە ئوغلاقنى ئايرىم قويدى ۋە ئۇلارنى جامائەتكە جەمەتلەر بويىچە بۆلۈپ بەردى. جامائەت ئۇلارنى پەرۋەردىگارغا ئاتىدى. كاللارنىمۇ شۇنداق قىلدى. [13] ئۇلار بەلگىلىمە بويىچە ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ پاقلان ۋە ئوغلاقلىرىنى ئوتتا قاقلاپ پىشۇردى. پەرۋەردىگارغا ئاتالغان كاللارنىڭ گۆشىنى قازان ۋە كورىلاردا پىشۇردى. ئاندىن ئۇلارنى دەرھال جامائەتكە تارقىتىپ بەردى. [14] ئاندىن لاۋىيلار ئۆزلىرى ۋە روھانىيلار ئۈچۈن قۇربانلىق ماللىرىنى تەييارلىدى. چۈنكى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان روھانىيلار ئەتىگەندىن كەچكىچە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى ۋە باشقا قۇربانلىقلارنىڭ مايلىرىنى كۆيدۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولغانىدى. [15] ئاسافنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان نەغمىچىلەر پادىشاھ

داۋۇتنىڭ، ئاسافنىڭ، ھېمانىنىڭ ۋە پادىشاھ داۋۇتنىڭ خىزمەتتە بولغان غايىبنى بىلگۈچى يەدۇتۇننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدا تۇرۇشتى. ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرىدىن ھېچكىمنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىش زۆرۈرىيىتى بولمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان لاۋىيلار ئۇلار ئۈچۈن قۇربانلىقلارنى تەييارلىغانىدى. [16] شۇ كۈنى پادىشاھ يوشىيانىڭ پەرمانىغا ئاساسەن پەرۋەردىگارغا بېغىشلاپ ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۆتكۈزۈلۈش ۋە پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىش قاتارلىق ھەممە ئىشلار تاماملاندى.

[17] شۇنداق قىلىپ، يېرۇسالېمغا جەم بولغان ئىسرائىللار ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ھەم يەتتە كۈن پېتىر نان ھېيتىنى ئۆتكۈزدى. [18] سامۇئىل پەيغەمبەر زامانىدىن بۇيان ئىسرائىللارنىڭ زېمىنىدا ھېچقاچان بۇنداق ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۆتكۈزۈلۈپ باقمىغانىدى. ئىسرائىلىيەدە ھېچقانداق پادىشاھ يوشىياغا ئوخشاش روھانىيلار، لاۋىيلار، بارلىق يەھۇدىيەلىكلەر، ئىسرائىلىيەلىكلەر ھەم يېرۇسالېمدىكى ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدى. [19] بۇ قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى پادىشاھ يوشىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 18-يىلى ئۆتكۈزۈلدى.

## يوشىيانىڭ جەڭدە ئۆلتۈرۈلۈشى

[20] يوشىيا ئىبادەتخانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىپ بولغان شۇ ۋاقىتتا، مىسىر پادىشاھى نىكو فىرات دەرياسىنىڭ يېنىدىكى كاركىمىش شەھىرىنى قوغداش ئۈچۈن يولغا چىقتى. يوشىيا لەشكەر چىقىرىپ ئالدىنى توسماقچى بولدى. [21] نىكو يوشىياغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى:

- ئەي يەھۇدىيە پادىشاھى، مېنىڭ سەن بىلەن ھېچبىر ئۆچ-ئاداۋىتىم يوق. مەن بۈگۈن بۇ يەرگە سەن بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى ئەمەس، بەلكى مەن بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان باشقا بىر پادىشاھلىق بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى كەلدىم. خۇدا ماڭا بۇ ئۇرۇشنى تېز ئاخىرلاشتۇرۇشقا پەرمان قىلدى. سەن خۇدا بىلەن قارشىلاشما، ئۇنىڭ سېنى ۋەيران قىلىشىدىن ساقلان، چۈنكى خۇدا ماڭا ياردۇر.

[22] لېكىن يوشىيا خۇدانىڭ نىكو ئارقىلىق دېگەن سۆزلىرىگە پەرۋا
قىلمىدى. ئۇ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرمەستىن، ئەكسىچە، قىياپىتىنى
ئۆزگەرتىپ، مېگىددو تۈزلەڭلىكىدە نىكو بىلەن جەڭ قىلدى.
[23] ئوقياچىلار پادىشاھ يوشىيانى ئوقتا تۈتۈشتى. ئۇ ئادەملىرىگە:
- مەن ئېغىر يارىلاندىم، مېنى ئېلىپ كېتىڭلار، - دېدى.
[24] خىزمەتكارلىرى ئۇنى جەڭ ھارۋىسىدىن يەنە بىر ھارۋىسىغا
يۆلەپ چىقىرىپ، يېرۇسالېمغا ئېلىپ كەلدى. يوشىيا ۋاپات بولۇپ،
ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. يېرۇسالېم، شۇنداقلا
پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقى ئۇنىڭغا ماتەم تۇتتى. [25] يەرەمىيا پەيغەمبەر پادىشاھ
يوشىياغا ئاتاپ مەرسىيە ئوقۇدى. شۇنىڭدىن بېرى پادىشاھ يوشىيانى
خاتىرىلەپ مەرسىيە ئوقۇش ئىسرائىللارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ، بارلىق
ئەر-ئايال ناخشىچىلار ئۇنى خاتىرىلەپ، مەرسىيە ئوقۇپ كەلمەكتە. بۇ
مەرسىيەلەر «مەرسىيەلەر توپلىمى»دا خاتىرىلەنگەندۇر.
[26] پادىشاھ يوشىيانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات
قانۇنىنى قانداق ساداقەت بىلەن ئىجرا قىلغانلىقى [27] «ئىسرائىلىيە
ۋە يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر.

## پادىشاھ يوئاخاز

36 [1] خەلق يوشىيانىڭ ئوغلى يوئاخازنى يېرۇسالېمدا
ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. [2] يوئاخاز
تەختكە چىققان چاغدا 23 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا ئۈچ ئاي
ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [3] ئاندىن مىسىرنىڭ پادىشاھى نىكو ئۇنى
تەختتىن چۈشۈرۈپ، 3500 كىلو كۈمۈش ۋە 35 كىلو ئالتۇن
سېلىق سالدى. [4] مىسىرنىڭ پادىشاھى نىكو يوئاخازنىڭ ئاكىسى
ئەلياقىمنى يېرۇسالېمدا يەھۇدىيەگە پادىشاھ قىلىپ، ئىسمىنى
يەھوياقىمغا ئۆزگەرتتى. ئىنىسى يوئاخازنى مىسىرغا ئېلىپ كەتتى.

## پادىشاھ يەھوياقىم

[5] يەھوياقىم تەختكە چىققان چاغدا 25 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا
11 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نەزىرىدە
يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. [6] بابىل پادىشاھى نېبۇكادنەزەر

ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئۇ يەھوياقىمنى تۇچ كىشەن بىلەن كىشەنلەپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى. [7] نىبۇكادنەزەر يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى بەزى بۇيۇملارنىمۇ بابىلغا ئەكېتىپ، ئوردىسىغا قويدى. [8] پادىشاھ يەھوياقىمنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى «ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە پۈتۈلگەندۇر. ئوغلى يەھوياكىن تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

## پادىشاھ يەھوياكىن

[9] يەھوياكىن تەختكە چىققان چاغدا 18 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا ئۈچ ئاي ئون كۈن ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يەھوياكىن پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. [10] شۇ يىلى ئەتىياز كەلگەندە پادىشاھ نىبۇكادنەزەر يەھۇدىيە پادىشاھىنى تۇتقۇن قىلدى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى قىممەتلىك بۇيۇملارنى بىرگە بابىلغا ئەكەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ تاغىسى زىدقىيانى يېرۇسالېمدا يەھۇدىيەگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى.

## زىدقىيا ۋە پادىشاھلىقنىڭ ھالاك بولۇشى

[11] زىدقىيا تەختكە چىققان چاغدا 21 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا 11 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. [12] ئۇ پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. يەرەمىيا پەيغەمبەر ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونۇمىدى. [13] ئۇنىڭ ئۈستىگە، بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر ئۇنى خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدۇرغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا نىبۇكادنەزەرگە ئاسىيلىق قىلدى. ئۇ بوينى ۋە دىلىنى قاتتىق قىلىپ، ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ يولىغا قايتمىدى. [14] شۇنىڭ بىلەن بىرگە روھانىيلار ۋە يولباشچىلارمۇ بارغانسېرى يات ئەللەرنىڭ يىرگىنچلىك ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇپ چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزدى ۋە پەرۋەردىگار مۇقەددەس قىلغان يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىنى بۇلغىدى. [15] ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن پەرۋەردىگار خۇدا ئۆزىنىڭ خەلقىگە ۋە ئۆزى ماكان قىلغان

ئىبادەتخانىغا ئېچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنى داۋاملىق پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى. [16] لېكىن ئۇلار خۇدانىڭ ئەلچىلىرىنى مازاق قىلدى، سۆزلىرىنى زاڭلىق قىلدى، پەيغەمبەرلىرىنى مەسخىرە قىلدى. ئاخىرى ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى شۇ قەدەر قوزغىدىكى، ئۇلارغا قۇتۇلغۇدەك يول قالمىدى.

[17] پەرۋەردىگار بابىل پادىشاھىنى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدۇردى. بابىللىقلار مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا ئۇلارنىڭ ياشلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. ئۇلار نە قىزلارغا، نە ئوغۇللارغا، نە قېرىلارغا ياكى ئاجىزلارغا شەپقەت قىلمىدى. پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. [18] بابىل پادىشاھى خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى بارلىق چوڭ-كىچىك بۇيۇملارنى، قىممەتلىك نەرسىلەرنى، پادىشاھ خەزىنىسىدىكى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى بارلىق بايلىقلارنى، قىسقىسى ھەممىنى بابىلغا ئېلىپ كەتتى. [19] بابىللىقلار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى كۆيدۈرۈپ، يېرۇسالېمنىڭ سېپىللىرىنى بۇزۇۋەتتى، ھەمدە سارايلارغا ئوت قويۇپ، بارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى ۋەيران قىلدى. [20] ئۆلۈمدىن ئامان قالغانلارنى ئەسىرگە ئېلىپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى. ئۇلار ئۇ يەردە تاكى پېرسىيە پادىشاھلىقى باش كۆتۈرگۈچە ئۇنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ قۇلى بولۇپ ياشىدى. [21] ئىسرائىللارنىڭ زېمىنى بوش قالدى. بۇ زېمىن دەم ئالدۇرۇلمىغان يىللارنىڭ سانى توشقۇچە يەتمىش يىل تاشلاندۇق يەر بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ يەرەمىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتقان بۇ توغرىسىدىكى سۆزلىرى ئەمەلگە ئاشتى.

## يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىغا قايتىشى

[22] پېرسىيە پادىشاھى كورەشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 1-يىلى① پەرۋەردىگار يەرەمىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. پەرۋەردىگار پادىشاھ كورەشنىڭ دىلىغا سېلىپ، بىر پەرمان چۈشۈرگۈزدى. پادىشاھ ئۇنى مەكتۇپ قىلىپ پۈتكۈزۈپ، پادىشاھلىقىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقاتتى:

① 36: 22 پادىشاھ كورەش مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 539-يىلى تەختكە ئولتۇرغان.

[23] «بۇ مەنكى پېرسىيە پادىشاھى كورەشنىڭ پەرمانىدۇر. پەرۋەردىگار، يەنى ئەرشئەلادىكى خۇدا پۈتۈن يەر يۈزىدىكى پادىشاھلىقلارنى ماڭا ئاتا قىلدى. ئۇ مېنى يەھۇدىيەنىڭ يېرۇسالېم شەھىرىدە ئۆزىگە ئاتاپ بىر ئىبادەتخانا سېلىشقا تەيىنلىدى. ئاراڭلاردا ياشايدىغان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقى بولغانلار يېرۇسالېمغا قايتسا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان خۇدا ئۇلارغا يار بولغاي!»

# ئەزرا


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | | |

# ئەزرا

## يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىغا قايتىشى

1 [1] پېرسىيە پادىشاھى كورەشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 1-يىلى①
پەرۋەردىگار يەرەمىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئېيتقان سۆزلىرىنى
ئەمەلگە ئاشۇردى. پەرۋەردىگار پادىشاھ كورەشنىڭ دىلىغا سېلىپ،
بىر پەرمان چۈشۈرگۈزدى. پادىشاھ ئۇنى مەكتۇپ قىلىپ پۈتكۈزۈپ،
پادىشاھلىقىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقاتتى:

[2] «بۇ مەنكى پېرسىيە پادىشاھى كورەشنىڭ پەرمانىدۇر.
پەرۋەردىگار، يەنى ئەرشئەلادىكى خۇدا پۈتۈن يەر يۈزىدىكى
پادىشاھلىقلارنى ماڭا ئاتا قىلدى. ئۇ مېنى يەھۇدىيەنىڭ
يېرۇسالېم شەھىرىدە ئۆزىگە ئاتاپ بىر ئىبادەتخانا سېلىشقا
تەيىنلىدى. [3] ئاراڭلاردا ياشايدىغان پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقى
بولغانلار يېرۇسالېم شەھىرىگە بېرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ،
يەنى ئىسرائىللارنىڭ خۇداسىنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قايتا بىنا
قىلسا بولىدۇ. خۇدا يېرۇسالېمدىدۇر، خۇدا ئۇلارغا يار بولغاي!
[4] مەيلى قەيەردە بولسۇن، سۈرگۈندىكىلەر ئارىسىدا يېرۇسالېمغا
قايتماقچى بولغانلار بولسا، ئۇلارغا قولۇم-قوشنىلىرى ياردەم
قىلىپ، ئالتۇن-كۈمۈش، مال-مۈلۈك ۋە چارۋا مال بەرسۇن.
ئۇنىڭدىن باشقا، خۇدانىڭ يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىسىغا
خالىس ھەدىيەلەرنى سۇنسۇن.»

① 1:1 پادىشاھ كورەش مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 539-يىلى تەختكە ئولتۇرغان.

[5] شۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىسىدىكى جەمەت باشلىقلىرى، روھانىيلار ۋە لاۋىيلار خۇدا دىللىرىغا سالغان ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا بېرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن بىنا سېلىشقا تەييارلاندى. [6] ھەممە قولۇم-قوشنىلار ئۇلارغا ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلار، مال-مۈلۈك، چارۋا مال ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى ياردەم قىلغاندىن باشقا، يەنە ئىبادەتخانا ئۈچۈن خالىس ھەدىيەلەرنى سۇندى. [7] پادىشاھ كورەش ئۇلارغا بۇرۇنقى پادىشاھ نېبۇكادنەزەر يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدىن ئولجا ئېلىپ ئۆز بۇتخانىسىغا قويغان قاچا-قۇچىلارنى قايتۇرۇپ بەردى. [8] پېرسىيە پادىشاھى كورەش خەزىنە ۋەزىرى مىترىداتنى بۇ قاچا-قۇچىلارنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل قىلدى. مىترىدات يەھۇدىيەگە قايتىدىغان سۈرگۈندىكىلەرنىڭ باشلىقى شېشباسسارغا ئۇلارنى ساناپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. [9] ئۇلارنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

30 دانە ئالتۇن داس،
1000 دانە كۈمۈش داس،
29 دانە كۈمۈش ئەسۋابلار،
[10] 30 دانە ئالتۇن قاچا،
410 دانە كۈمۈش قاچا،
1000 دانە ھەر خىل قاچا-قۇچا.

[11] ھەممىسى بولۇپ 5400 دانە ئالتۇن-كۈمۈش قاچا-قۇچا بولدى. سۈرگۈندىكىلەر بابىلدىن يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەندە، شېشباسسار بۇ قاچا-قۇچىلارنى بىرگە ئېلىپ كەلدى.

## سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ تىزىملىكى

2 [1] تۆۋەندىكىلەر بابىلدىن قايتقان يەھۇدىي سۈرگۈنلەرنىڭ تىزىملىكىدۇر. بابىل پادىشاھى نېبۇكادنەزەر بۇرۇن ئۇلارنى بابىلغا ئەسىر قىلىپ، ئېلىپ كەتكەنىدى. بىراق ھازىر ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا، يەنى يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيەنىڭ باشقا جايلىرىغا

قايتىپ كەلدى. 2 زىرۇببابەل، يوشۇۋا، نەخەمىيا، سىرايا، رىئېلايا،
مورد ىكاي، بىلشان، مىسپار، بىگۋاي، رىخۇم ۋە بائانالار ئۇلارغا
يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلدى. سۈرگۈندىن قايتىپ
كەلگەن ئىسرائىل ئەرلىرىنىڭ سانى:

3 پارئوش جەمەتىدىن 2172 كىشى،
4 شىفاتىيا جەمەتىدىن 372 كىشى،
5 ئاراخ جەمەتىدىن 775 كىشى،
6 پاخات-موئاب جەمەتىدىن (يېشۇۋا ۋە يوئابنىڭ
ئەۋلادلىرى) 2812 كىشى،
7 ئېلام جەمەتىدىن 1254 كىشى،
8 زاتتۇ جەمەتىدىن 945 كىشى،
9 زاككاي جەمەتىدىن 760 كىشى،
10 بانى جەمەتىدىن 642 كىشى،
11 بېباي جەمەتىدىن 623 كىشى،
12 ئازگاد جەمەتىدىن 1222 كىشى،
13 ئادونىقام جەمەتىدىن 666 كىشى،
14 بىگۋاي جەمەتىدىن 2056 كىشى،
15 ئادىن جەمەتىدىن 454 كىشى،
16 ئاتېر جەمەتىدىن (خىزكىيانىڭ ئەۋلادلىرى) 98 كىشى،
17 بېزاي جەمەتىدىن 323 كىشى،
18 يورا جەمەتىدىن 112 كىشى،
19 خاشۇم جەمەتىدىن 223 كىشى،
20 گىببار جەمەتىدىن 95 كىشى،
21 بەيتلەھەملىكلەردىن 123 كىشى،
22 نىتوفالىقلاردىن 56 كىشى،
23 ئاناتوتلۇقلاردىن 128 كىشى،
24 ئازماۋەتلىكلەردىن 42 كىشى،
25 قىريات-يېئارىم، كىفىرا ۋە بەئەروتلۇقلاردىن 743 كىشى،
26 راماھ ۋە گەبالىقلاردىن 621 كىشى،
27 مىكماسلىقلاردىن 122 كىشى،

28 بەيتەل ۋە ئايلىقلاردىن 223 كىشى،
29 نىبولۇقلاردىن 52 كىشى،
30 ماگبىشلىقلاردىن 156 كىشى،
31 ئېلاملىقلاردىن 1254 كىشى،
32 خارىملىقلاردىن 320 كىشى،
33 لود، خادىد ۋە ئونولۇقلاردىن 725 كىشى،
34 ئېرىخالىقلاردىن 345 كىشى،
35 سىنائالىقلاردىن 3630 كىشى.

36 روھانىيلاردىن:
يىدايا جەمەتىدىن (يوشۇۋانىڭ ئەۋلادلىرى) 973 كىشى،
37 ئىممېر جەمەتىدىن 1052 كىشى،
38 پاشخۇر جەمەتىدىن 1247 كىشى،
39 خارىم جەمەتىدىن 1017 كىشى.
40 لاۋىيلاردىن:
يېشۇۋا ۋە قادمىئېل جەمەتىدىن (ھوداۋيا ئەۋلادلىرى) 74 كىشى،
41 ئىبادەتخانا نەغمىچىلىرى: ئاساف ئەۋلادلىرىدىن 128 كىشى،
42 ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرى: شاللۇم، ئاتېر، تالمون، ئاققۇب، خاتىتا ۋە شوباي جەمەتلىرىدىن 139 كىشى.
43 ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن:
زىخا، خاسۇفا، تاببائوت،
44 قېروس، سىئاھا، پادون،
45 لىبانا، خاگابا، ئاققۇب،
46 خاگاب، شالماي، خانان،
47 گىددېل، گاخار، رىئايا،
48 رىزىن، نىقودا، گاززام،
49 ئۇززا، پاسېياخ، بېساي،
50 ئاسناھ، مىئۇنىم، نىفۇسىم،
51 باقبۇق، خاقۇفا، خارخۇر،

52 بازلۇت، مخىدا، خارشا،
53 بارقوس، سىسرا، تەماخ،
54 نىزىياخ ۋە خاتىفالار.
55 پادىشاھ سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن:
سوتاي، ھەسسوفەرەت، پىرۇدا،
56 يالاھ، دارقون، گىددىل،
57 شىفاتىيا، خاتتىل، پوكەرەت-ھاززىبايىم ۋە ئامىلار.
58 ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ۋە پادىشاھ سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن جەمئىي 392 كىشى.

59 تېلمەلاخ، تېلخارشا، كىرۇب، ئاددان ۋە ئىممېر دېگەن جايلاردىن كەلگەن بىر توپ كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمىدى. 60 بۇ كىشلەر دېلايا، توبىيا ۋە نىقودا جەمەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جەمئىي 652 كىشى ئىدى.
61 خوباييا، خاققوز ۋە بارزىللاي دېگەن ئۈچ روھانىي جەمەتىمۇ قايتىپ كەلگەن بولۇپ، بارزىللاي گىلئادلىق بارزىللاينىڭ بىر قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ فامىلىسىنى ئىشلەتكەنىدى. 62 بۇ روھانىيلار نەسەبنامىلىرىدىن جەمەتناملىرىنى تاپالمىدى. شۇڭا ئۇلار ناپاك ھېسابلىنىپ، روھانىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىدى.
63 يەھۇدىيە رايونىنىڭ باشلىقى ئۇلارغا «ئۇرىم» ۋە «تۇممىم»نى① ئىشلىتىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلەلەيدىغان روھانىي كەلگۈچە، ئەڭ مۇقەددەس يېمەكلىكلەرنىڭ روھانىيلارغا تېگىشلىكلىرىدىن يېمەسلىكنى بۇيرۇدى.
64 يەھۇدىيەگە قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 42,360 كىشى ئىدى. 65 بۇلاردىن باشقا 7337 ئەر-ئايال خىزمەتكار، 200

---

① 2: 63 «ئۇرىم» ۋە «تۇممىم» ـ بۇلار خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلىش ئۈچۈن تاشلىنىدىغان مۇقەددەس چەكتۇر. «ئۇرىم»نىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى مەنىسى «قارغاش» بولۇپ، بۇ يەردە «بولمايدۇ» دېگەن مەنىدە، «تۇممىم»نىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى مەنىسى «تەلتۆكۈس» بولۇپ، بۇ يەردە «بولىدۇ» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

ئەر-ئايال ناخشىچى ۋە [66] 736 ئات، 245 قېچىر، [67] 435 تۆگە ۋە 6720 ئېشەكمۇ بار ئىدى.

[68] سۇرگۈندىن قايتىپ كەلگەنلەر پەرۋەردىگارنىڭ يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنىغا يېتىپ كەلگەندە، بەزى جەمەت باشلىقلىرى ئىبادەتخانىنى ئەسلى ئورنىغا قايتىدىن سېلىشقا خالىس ھەدىيەلەرنى تەقدىم قىلدى. [69] ئۇلار خەزىنىگە ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە جەمئىي 61 مىڭ ئالتۇن تەڭگە، 3000 كىلو كۈمۈش ۋە 100 قۇر روھانىي تونىنى ھەدىيە قىلدى.

[70] روھانىيلار، لاۋىيلار، نەغمىچىلەر، ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرى، ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ۋە بىر قىسىم كىشىلەر يېرۇسالېم ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشتى، قالغانلىرى ئۆز يۇرتلىرىغا جايلاشتى.

## قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ قايتىدىن ياسىلىشى

3 [1] كۈز پەسلىدە ① ئىسرائىللار ئۆز يۇرتلىرىغا ئورۇنلىشىپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر نىيەت بىر مەقسەتتە بولۇپ، يېرۇسالېمدا جەم بولدى. [2] يوزاداقنىڭ ئوغلى يوشۇۋا بىلەن ئۇنىڭ روھانىي قېرىنداشلىرى ۋە شېئالتىيەلنىڭ ئوغلى زىرۇببابەل بىلەن ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ قۇربانلىق سۇپىسىنى ياساشقا باشلىدى. ئۇلار ئۇنى خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى سۇنۇش مەقسىتىدە ياسىدى. [3] ئۇلار يەرلىك خەلقتىن قورقسىمۇ، يەنىلا قۇربانلىق سۇپىسىنى ئەسلى ئورنىغا قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىنى ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارغا سۇنۇشقا باشلىدى.

[4] ئۇلار تەۋرات قانۇنىغا بىنائەن كەپە تىكىش ھېيتى قىلىپ، ھەر كۈنى تېگىشلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى قىلدى. [5] ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە كۈندىلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى، يېڭى ئاي بايرىمى ۋە

---

① 3: 1 ئىبرانىي كالېندارىدا كۈز پەسلى 7-ئايدا باشلىنىدىغان بولۇپ، مىلادىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

پەرۋەردىگار بەلگىلىگەن باشقا ھېيتلاردا قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدەك، ئۇلار
پەرۋەردىگارغا خالىس ھەدىيەلىرىنى تەقدىم قىلدى. 6 روھانىيلار
كەپە تىكىش ھېيتىدىن ئون بەش كۈن بۇرۇن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ
كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلى
تېخى قويۇلۇپ بولمىغان ۋاقىت ئىدى.

## ئىبادەتخانىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى

7 شۇنىڭدىن كېيىن خەلق تاشچى ۋە ياغاچچىلارنى ياللاپ،
تىرلىقلار ۋە سىدونلۇقلارنىڭ كېدىر ياغاچلىرىغا يېمەك-ئىچمەك
ۋە زەيتۇن يېغىنى تېگىشتى. بۇ ياغاچلار دېڭىز ئارقىلىق لىۋاندىن
يافا شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنىدى. بۇ ئىش پېرسىيە پادىشاھى
كورەشنىڭ رۇخستى بىلەن بولدى.
8 خەلق سۈرگۈندىن يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى
ئىككىنچى ئەتىيازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ
قۇرۇلۇشى باشلىنىپ كەتتى. بۇ خىزمەتكە شېئالتىيېلنىڭ ئوغلى
زىرۇببابەل، يوزاداقنىڭ ئوغلى يوشۇۋا ھەم باشقا روھانىيلار،
لاۋىيلار ۋە سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قاتناشتى.
لاۋىيلارنىڭ يىگىرمە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكىلىرى ئىبادەتخانىنىڭ
قايتىدىن قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىشقا تەيىنلەندى. 9 يېشۇۋا
بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئەر قېرىنداشلىرى، قادمىيېل ۋە ئۇنىڭ
ئوغۇللىرى (ھەممىسى ھوداۋىيانىڭ ئەۋلادلىرى) ئىبادەتخانىدا
ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار ئۈستىدىن نازارەت قىلدى. لاۋىيلاردىن
بولغان خېنادادنىڭ جەمەتىدىكى ئەرلەرمۇ ئۇلارغا ياردەملەشتى.
10 ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلىنى قويۇپ بولغاندا، روھانىيلار
تونلىرىنى كىيىپ، كانايلارنى تۇتۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا
تۇرۇشتى. لاۋىيلاردىن بولغان ئاسافنىڭ ئەۋلادلىرى جاڭگالارنى
تۇتۇپ تۇرۇشتى. ئۇلار ئىسرائىلىيەنىڭ بۇرۇنقى پادىشاھى
داۋۇتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلىدى.
11 ئۇلار ئېيتىش ئېيتىشىپ، پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئوقۇدى ۋە
مىننەتدارلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى:

«پەرۋەردىگار شاپائەتلىكتۇر!
ئىسرائىلىيەگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر!»

ئاندىن بارلىق خەلق ئۈنلۈك ۋارقىرىشىپ، پەرۋەردىگارغا مەدھىيەلەر
ئوقۇشتى. چۈنكى ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلى قويۇلۇپ بولغانىدى.
[12] لېكىن بۇرۇنقى ئىبادەتخانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن نۇرغۇن
ياشانغان روھانىيلار، لاۋىيلار ۋە جەمەت باشلىقلىرى ھازىرقى
قويۇلغان ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلىنى كۆرۈپ، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.
باشقىلار بولسا قىيقاس چىقىرىپ تەنتەنە قىلىشتى. [13] ھېچكىم
تەنتەنە ساداسى بىلەن يىغا-زار ئاۋازىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. ئاۋازلار
يىراق جايلاردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

## ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىنىشى

4 [1] سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىلىرىنىڭ
رەقىبلىرى پەرۋەردىگارغا، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن
خۇداغا ئاتالغان ئىبادەتخانىنىڭ قايتىدىن بىنا قىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ
خەۋىرىنى ئاڭلىدى. [2] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زىرۇببابەل بىلەن جەمەت
باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
- ئىبادەتخانىنى قۇرۇش خىزمىتىڭلارغا بىزمۇ قاتنىشايلى! بىزمۇ
سىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان خۇداغا ئىبادەت قىلىمىز. ئاسسۇرىيە
پادىشاھى ئېسارخاددون بىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەندىن بۇيان،
داۋاملىق خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ كېلىۋاتىمىز، - دېيىشتى.
[3] زىرۇببابەل، يەشۇئا ۋە جەمەت باشلىقلىرى ئۇلارغا:
- سىلەر بىز ئىسرائىللارنىڭ خۇدايىمىزغا ئاتالغان بۇ ئىبادەتخانىنى
سېلىشىمىزغا ئارىلاشساڭلار بولمايدۇ! پېرسىيە پادىشاھى كورەشنىڭ
بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۆزىمىز ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن
خۇداغا، يەنى پەرۋەردىگارغا ئاتاپ ئۇنى قۇرۇپ چىقىمىز! - دېدى.
[4] شۇنىڭ بىلەن يەرلىك خەلق يەھۇدىيلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشكە
تىرىشىپ، قورقۇتۇپ قۇرۇلۇشقا دەخلى يەتكۈزدى. [5] ئۇلار يەنە
يەرلىك ئەمەلدارلارغا پارا بېرىپ، ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلدى. بۇ ئىش
پېرسىيە پادىشاھلىرى كورەشتىن تاكى دارىئوسقىچە داۋاملاشتى.

## ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىنىڭ قايتىدىن باشلىنىشى ①

6 نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن پادىشاھ ئاخاشۋېروش ھۆكۈمرانلىق
قىلىشقا باشلىغاندا، يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىنىڭ
رەقىبلىرى ئۇلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ مەكتۇپ سۇندى.
7 يەنە يىللار ئۆتۈپ پېرسىيە پادىشاھى ئارتاخشاستى زامانىغا
كەلگەندە، بىشلام، مىترىدات، تابئېل ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا
مەكتۇپ يازدى. بۇ مەكتۇپ ئارامىي تىلىدا يېزىلغان بولۇپ،
پادىشاھقا تەرجىمە قىلىپ سۇنۇلدى.
8 ② سەركەردە رىخۇم ۋە پۈتۈكچى شىمشايمۇ يېرۇسالېمنىڭ
ئەھۋالى توغرىسىدا پادىشاھ ئارتاخشاستىغا مەكتۇپ يازدى. 9 مەكتۇپ
تۆۋەندىكىلەرنىڭ نامىدا يېزىلدى: سەركەردە رىخۇم، پۈتۈكچى
شىمشاي، ئۇلار بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان باشقا ئەمەلدارلار،
سوتچىلار، يەرلىك ئەمەلدارلار، پېرسىيەلىكلەر، ئەرەكلىكلەر،
بابىللىقلار ۋە ئېلامنىڭ سۇزا شەھىرىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر،
10 ئۇلۇغ ۋە شانلىق پادىشاھ ئاسسۇرباناپال تەرىپىدىن يۇرتىدىن
سۈرگۈن قىلىنىپ، سامارىيەدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە ۋە فىرات
دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۆلكىدە ياشايدىغان خەلقلەر. 11 مەكتۇپنىڭ
مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«پادىشاھ ئارتاخشاستى ئالىيلىرىغا فىرات دەرياسىنىڭ
غەربىدىكى ئۆلكىدە ياشايدىغان بارلىق خىزمەتكارلىرىدىن
سالام! 12 ئالىيلىرىغا شۇنى مەلۇم قىلىمىزكى، ئالىيلىرى
تەرەپتىن بۇ ياققا كېلىپ، يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتقان يەھۇدىيلار
رەزىللىككە ۋە توپىلاڭغا تولغان ئۇ شەھەرنى قايتىدىن قۇرماقتا.
ئۇلار سېپىل ئۇلىنى رېمونت قىلىپ، سېپىللارنى بىنا قىلماقتا.

---

① 4: 6 6-ئايەتتىن 23-ئايەتكىچە بولغان مەزمۇندا تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەر 1-ئايەتتىن 5-ئايەتكىچە بولغان مەزمۇندا تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەردىن تەخمىنەن يۈز يىل كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەردۇر.

② 4: 8 ئەسلى تېكىست بۇ ئايەتتىن باشلاپ 6-باب 18-ئايەتكىچە ئارامىي تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئارامىي تىلى بابىللىقلارنىڭ دۆلەت تىلى ئىدى.

13 ئى ئالىيلىرى! بۇ شەھەر قۇرۇلۇپ، سېپىللىرى ياسىلىپ
بولسا، ئۇ كىشىلەر ھەر خىل ئالۋان-سېلىقلارنى تۆلىمەيدۇ-دە،
ئالىيلىرىنىڭ خەزىنىسىگە كىرىدىغان كىرىم كېمىيىپ كېتىدۇ.
14 بىز سىلىنىڭ تۇزلىرىنى يەپ كەلگەن پۇقرالار، ئالىيلىرىنىڭ
نامىغا داغ چۈشۈرۈشنى ھەرگىز خالىمايمىز. شۇ ۋەجىدىن بۇ
ئىشنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلدۇق. 15 ئالىيلىرىنىڭ بۇرۇنقى
پادىشاھلارنىڭ تەزكىرىلىرىنى ئىزدىنىپ بېقىشلىرىنى سورايمىز.
شۇنداق بولغاندا، بۇ شەھەرنىڭ توپىلاڭغا تولغانلىقىنى،
پادىشاھلارنى ۋە ئۆلكىلەرنى پاراكەندە قىلىپ كەلگەنلىكىنى
كۆرەلەيدىلا. بۇ شەھەردە قەدىمدىن بېرى قوزغىلاڭ بولۇپ
كەلگەن، شۇڭا شەھەر گۇمران قىلىنغان. 16 ئالىيلىرىنىڭ سەمىگە
شۇنى سالىمىزكى، ئەگەر بۇ شەھەر قايتىدىن بىنا قىلىنىپ،
سېپىللىرى پۈتسە، ئالىيلىرى فرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى
ئۆلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلالماي قالىدىلا.»

17 پادىشاھ جاۋابەن مۇنداق دېدى:

«سەركەردە رېخۇم، پۈتۈكچى شىمشاي ۋە سىلەرنىڭ سامارىيە
ھەم فرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۆلكىدە تۇرغۇچى سىلەر
بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان باشقا ئەمەلدارلارغا سالام! 18 سىلەر
سۇنغان مەكتۇپنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئوقۇتتۇم. 19 تەكشۈرۈپ
كۆرۈشكە ئەمر قىلغانىدىم. دەرۋەقە، يېرۇسالېمنىڭ قەدىمدىن
بۇيان پادىشاھلارغا قارشىلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى بايقىدىم.
ئۇ شەھەر توپىلاڭ ۋە قوزغىلاڭغا تولغانىكەن. 20 قۇدرەتلىك
پادىشاھلار ئۇ يەردە ياشىغان ۋە فرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى
پۈتۈن ئۆلكىنى سورىغانىكەن ھەم ئۇ يەردە ياشىغانلاردىن ھەر
خىل ئالۋان-سېلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. 21 شۇڭا سىلەر
بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ئىشتىن توختىتىڭلار، تاكى مەن
ئەمر قىلمىغۇچە، ئۇ شەھەر قايتىدىن بىنا قىلىنمىسۇن. 22 ئېغىر
زىيانغا ئۇچرىماسلىقىم ئۈچۈن بۇ ئىشقا سەل قارىماڭلار!»

23 سەركەردە رېخۇم، پۈتۈكچى شىمشاي ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە
ئىشلەۋاتقان ئەمەلدارلار پادىشاھ ئارتاخشاستىنىڭ جاۋاب خېتىنى
ئالغاچ، دەرھال يېرۇسالېمغا بېرىپ، قورال كۈچى بىلەن يەھۇدىيلارنى
ئىش توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى.

## ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىنىڭ قايتىدىن باشلىنىشى

24 خۇدانىڭ يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن سېلىش
قۇرۇلۇشى توختاپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋال پېرسىيە پادىشاھى
دارىئوسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2-يىلىغىچە داۋاملاشتى.
5 1 ئۇ چاغدا ھاگاي پەيغەمبەر ھەم ئىددونىڭ ئەۋلادى بولغان
زەكەرىيا پەيغەمبەر ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ھەم
ئۇلارغا يار بولغان خۇدانىڭ نامى بىلەن يېرۇسالېم، شۇنداقلا
پۈتۈن يەھۇدىيەدە تۇرىدىغان يەھۇدىيلارغا خۇدانىڭ ۋەھيىلىرىنى
يەتكۈزۈشكە باشلىغانىدى. 2 شالتىئېلنىڭ ئوغلى زەرۇببابەل ۋە
يوزاداقنىڭ ئوغلى يوشۇۋا يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىنى بىنا
قىلىشنى قايتىدىن باشلىدى. ھاگاي ۋە زەكەرىيا پەيغەمبەرلەرمۇ
ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، ياردەمدە بولدى.
3 فىرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۆلكىنىڭ باشلىقى تاتتىناي،
شىتار-بوزناي ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان باشقا ئەمەلدارلار
شۇ ۋاقىتتا يېرۇسالېمغا كېلىپ ئۇلاردىن:
- سىلەرگە بۇ ئىبادەتخانىنى بىنا قىلىشقا ۋە تاملارنى قوپۇرۇشقا
كىم رۇخسەت بەردى؟ - دەپ سورىدى.
4 ئۇلار يەنە ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىدىكىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى
سورىدى. 5 لېكىن خۇدانىڭ نەزىرى يەھۇدىيلارنىڭ ئاقساقاللىرىدا
بولغانلىقى ئۈچۈن، پارس ئەمەلدارلىرى پادىشاھ دارىئوسقا مەكتۇپ
تۇتۇپ جاۋاب ئالغۇچە، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش ئىشىنى توسمىدى.

## تاتتىنايلارنىڭ پادىشاھقا تۇتقان مەكتۇپى

6 فىرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۆلكىنىڭ باشلىقى تاتتىناي،
شىتار-بوزناي ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان باشقا ئەمەلدارلارنىڭ
پادىشاھ دارىئوسقا ئەۋەتكەن مەكتۇپى مۇنداق ئىدى:

7 «پادىشاھ دارىئۇس ئالىيلىرىغا سالام!
8 ئالىيلىرىغا شۇنى مەلۇم قىلىمىزكى، بىز يەھۇدىيە رايونىغا
بېرىپ، ئۇلۇغ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ قايتىدىن بىنا
قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بۇ ئىبادەتخانا قورام تاشلار بىلەن
ياسىلىۋېتىپتۇ ۋە تاملىرىنىڭ ئىچىگە چوڭ لىملار قويۇلۇپتۇ.
بۇ قۇرۇلۇش ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوڭۇشلۇق
كېتىۋېتىپتۇ. 9 بىز ئاقساقاللاردىن ئىبادەتخانىنى قايتىدىن بىنا
قىلىش ۋە تاملىرىنى پۈتتۈرۈشكە كىم رۇخسەت بەرگەنلىكىنى
سورىدۇق. 10 ئالىيلىرىغا بۇ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ
كىم ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى
سورىدۇق. 11 ئۇلار جاۋابەن:
‹بىز پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان خۇدانىڭ بەندىلىرىمىز.
بىز ھازىر قايتىدىن بىنا قىلىۋاتقان ئىبادەتخانىنى نۇرغۇن
يىللار ئىلگىرى ئىسرائىلىيەنىڭ بىر كۈچلۈك پادىشاھى قۇرۇپ
چىققانىدى. 12 ئەجدادلىرىمىز ئەرشئەلادىكى خۇدانىڭ غەزىپىنى
قوزغاپ قويغانلىقتىن، خۇدا ئۇلارنى كالدانلارنىڭ پادىشاھى،
يەنى بابىلنىڭ بۇرۇنقى پادىشاھى نىبوكادنەزەرنىڭ قولىغا
چۈشۈرۈپ بەردى. پادىشاھ بۇ ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلىپ،
خەلقنى بابىلغا سۈرگۈن قىلدى. 13 لېكىن بابىل پادىشاھى
كورەشنىڭ بىرىنچى يىلى مەزكۇر ئىبادەتخانىنىڭ قايتىدىن
بىنا قىلىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. 14 پادىشاھ كورەش ھەتتا
پادىشاھ نىبوكادنەزەر يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدىن ئولجا
ئېلىپ بابىلدىكى بۇتخانىغا قويدۇرغان ئالتۇن-كۈمۈشتىن
ياسالغان قاچا-قۇچىلارنى شېشباسسار ئىسىملىك بىر كىشىگە
قايتۇرۇپ بەردى. پادىشاھ كورەش ئۇنى يەھۇدىيەگە باشلىق
قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. 15 پادىشاھ ئۇنىڭغا بۇ قاچا-قۇچىلارنى
يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىغا ئالغاچ كېتىشنى ھەمدە ئىبادەتخانىنى
ئەسلى ئورنىغا قايتىدىن سېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. 16 شۇڭا
شېشباسسار قايتىپ كېلىپ، يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىنىڭ
ئۇلىنى قويۇپتۇ. قۇرۇلۇش شۇ چاغدىن تارتىپ ھازىرغىچە
داۋاملاشماقتا ۋە تېخى پۈتمىدى› دېدى.

[17] شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىيلىرى توغرا كۆرسىلە، بابىلنىڭ ئوردا ئارخىپخانىسىدىكى تەزكىرىلەرنى كۆرۈپ باققايلا. پادىشاھ كورەشنىڭ يېرۇسالېمدىكى مەزكۇر ئىبادەتخانىنى قايتىدىن بىنا قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن-چۈشۈرمىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ كۆرگەيلا. ئاندىن بىزگە بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق كۆرسەتمە بەرگەيلا.»

## پادىشاھ دارىئوسنىڭ پەرمانى

6 [1] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دارىئوس بابىلدىكى ئارخىپخانىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى بۇيرۇدى. [2] مېدىيا ئۆلكىسىنىڭ ئاخمىتا شەھىرىدىكى قەلئەدىن بىر قەدىمىي ئورالما قوليازما تېپىلدى. ئۇنىڭغا مۇنداق پۈتۈلگەنىدى:

[3] «پادىشاھ كورەش ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 1-يىلى يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانا توغرۇلۇق مۇنداق پەرمان چۈشۈردى: ‹ئىبادەتخانا يەھۇدىيلار قۇربانلىق سۇنىدىغان ئەسلى ئورنىغا قايتىدىن قۇرۇپ چىقىلسۇن. مەزكۇر ئىبادەتخانىنىڭ ئېگىزلىكى 30 مېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر بولسۇن. [4] تاملىرى ھەر ئۈچ قەۋەت قورام تاشنىڭ ئۈستىگە لىم قويۇلۇپ ياسالسۇن. پۈتۈن خىراجىتى ئوردا خەزىنىسىدىن ئاجرىتىلسۇن. [5] پادىشاھ نىبۇكادنەزەر يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدىن بابىلغا ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن-كۈمۈش قاچا-قۇچىلار قايتۇرۇلۇپ، ئىبادەتخانىدىكى ئەسلى ئورنىغا قويۇلسۇن.›»

[6] شۇڭا پادىشاھ دارىئوس مۇنداق پەرمان چۈشۈردى:

«فىرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۆلكىنىڭ باشلىقى تاتتىناي، شىتار-بوزناي ۋە بۇ ئۆلكىدە سىلەر بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان باشقا ئەمەلدارلارغا پەرمان.
سىلەر ئىبادەتخانىغا يېقىنلاشماڭلار. [7] ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىغا ئارىلاشماڭلار. يەھۇدىيەنىڭ باشلىقى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ

ئاقساقاللىرى ئىبادەتخانىنى ئەسلى ئورنىغا قايتىدىن بىنا قىلسۇن. [8] مەن سىلەرنىڭ ئۇلارغا ياردەمدە بولۇشۇڭلارنى بۇيرۇيمەن. قورۇلۇش توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پۈتۈن خىراجىتى فىرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۆلكىنىڭ ئوردا خەزىنىسىگە كىرىدىغان ئالۋان-سېلىق كىرىمىدىن كېچىكتۈرمەي ئاجرىتىلسۇن. [9] سىلەر يېرۇسالېمدىكى روھانىيلارنىڭ ئەرشتەلادىكى خۇداغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۇنۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا نېمە كېرەك بولسا شۇنى، يەنى بۇقا، قوچقار ۋە پاقلانلارنى بېرىڭلار ھەمدە ئۇلار تەلەپ قىلغان بۇغداي، تۇز، شاراب ۋە زەيتۇن ياغلىرىدىن تارتىپ ھەممىنى ھەر كۈنى ئۈزۈلدۈرمەي تەمىنلەڭلار. [10] شۇنداق بولغاندا، ئۇلار ئەرشتەلادىكى خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان قۇربانلىقلارنى سۇنۇپ، خۇدانىڭ ماڭا ۋە ئوغۇللىرىمغا بەخت ئاتا قىلىشىغا دۇئا قىلالايدۇ.

[11] يەنە شۇنداق بۇيرۇيمەنكى، كىمكى پەرمانىمغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ بىر لىمى سۇغۇرۇپ ئېلىنىپ، ئۇ ئادەم شۇ لىمغا سانجىپ قويۇلسۇن، ئۆيى ئەخلەت دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇلسۇن. [12] ئەگەر بىرەر پادىشاھ ياكى بىرەر ئەل بۇ پەرمانغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە، مەزكۇر ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولسا، خەلقىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن يېرۇسالېمنى تاللىغان خۇدا ئۇنى ئۇرسۇن.

مەزكۇر پەرماننى مەنكى دارىئۇس جاكارلىدىم، سۆزسىز ئىجرا قىلىنسۇن!»

## ئىبادەتخانىنىڭ خۇداغا بېغىشلىنىشى

[13] شۇنىڭ بىلەن فىرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۆلكىنىڭ باشلىقى تاتتىناي، شىتار-بوزناي ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان باشقا ئەمەلدارلار، پادىشاھ دارىئۇسنىڭ پەرمانىنى سۆزسىز ئىجرا قىلدى. [14] يەھۇدىيلارنىڭ ئاقساقاللىرى ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ھاگاي پەيغەمبەر ۋە ئىددونىڭ ئەۋلادى بولغان زىكرىيا پەيغەمبەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەھىيلىرى بىلەن ئۇلارنى روھى جەھەتتىن ئىلھاملاندۇردى. ئۇلار ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ

كەلگەن خۇدانىڭ ئەمرىگە بىنائەن پېرسىيە پادىشاھلىرى كورەش، دارىئۇس ۋە ئارتاخشاستىنىڭ پەرمانلىرى بويىچە ئىبادەتخانىنى بىنا قىلىشنى تاماملىدى. [15] پادىشاھ دارىئۇس ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 6-يىلى ئادار ئېيىنىڭ 3-كۈنى ① ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى تەلتۆكۈس تامام بولدى.

[16] ئىسرائىل خەلقى، يەنى روھانىيلار، لاۋىيلار ۋە باشقا سۈرگۈندىن كەلگەنلەر ئىبادەتخانىنى خۇداغا بېغىشلاش مۇراسىمىنى شاد-خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. [17] ئۇلار بۇ مۇراسىمدا 100 تۇياق بۇقا، 200 تۇياق قوچقار ۋە 400 تۇياق پاقلان قۇربانلىق قىلدى، يەنە 12 تېكىنى ئىسرائىلىيەنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسى ئۈچۈن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلدى. [18] مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋراتقا بىنائەن روھانىيلار بىلەن لاۋىيلار ئۆز تۈپلىرى بويىچە يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدا نۆۋەتچىلىك بىلەن خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تەشكىللەندى.

## ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى

[19] 1-ئاينىڭ 14-كۈنى ② سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەنلەر ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنى ئۆتكۈزدى. [20] پۈتۈن روھانىيلار ۋە لاۋىيلار ئۆزلىرىنى پاكلىدى، ئۇلار پاكلاندى. شۇڭا ئۇلار بارلىق سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەنلەر ئۈچۈن، روھانىي قېرىنداشلىرى ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ مېلىنى بوغۇزلىدى. [21] سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن ئىسرائىللار ۋە ناپاك يولنى تاشلاپ پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا ئىبادەت قىلغان شۇ يەردىكى يەھۇدىي ئەمەسلەرمۇ بۇ قۇربانلىق بىلەن غىزالاندى. [22] ئاندىن ئۇلار پېتىر نان ھېيتىنى شاد-خۇراملىق ئىچىدە يەتتە كۈن ئۆتكۈزدى. پەرۋەردىگار ئۇلارنى شادلىققا چۈمدۈرگەنىدى، چۈنكى ئۇ ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ دىلىنى يۇمشىتىپ، ئىسرائىللار

① 6: 15 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 515-يىلى 3-ئاينىڭ 12-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
② 6: 19 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 515-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن بىنا
قىلىشنى قوللاتقۇزغانىدى.

## ئەزرانىڭ يېرۇسالېمغا يېتىپ كېلىشى

7 1 نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن پېرسىيە پادىشاھى ئارتاخشاستىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئەزرا ئىسىملىك بىر روھانىي ئۆتكەنىدى.
ئۇ سىرايانىڭ ئوغلى بولۇپ، سىرايا ئازاريانىڭ ئوغلى، ئازاريا
خىلقىيانىڭ ئوغلى، 2 خىلقىيا شاللۇمنىڭ ئوغلى، شاللۇم زادوقنىڭ
ئوغلى، زادوق ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى، 3 ئاخىتۇب ئامارىيانىڭ ئوغلى،
ئامارىيا ئازاريانىڭ ئوغلى، ئازاريا مىرايوتنىڭ ئوغلى، 4 مىرايوت
زىراخيانىڭ ئوغلى، زىراخيا ئۇززىنىڭ ئوغلى، ئۇززى بۇققىنىڭ
ئوغلى، 5 بۇققى ئابىشۇۋانىڭ ئوغلى، ئابىشۇۋا پىنىخاسنىڭ ئوغلى،
پىنىخاس ئەلئازارنىڭ ئوغلى، ئەلئازار بولسا تۇنجى باش روھانىي
ھارۇننىڭ ئوغلى ئىدى. 6 بابىلدىن ئايرىلغان تەۋرات ئۇستازى ئەزرا
ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، يەنى پەرۋەردىگار مۇسا
پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن تەۋرات قانۇنىدا كامالەتكە يەتكەنىدى.
ئەزرا پادىشاھتىن نېمىنى تەلەپ قىلسا، پادىشاھ شۇنى ئورۇنداپ
بېرەتتى، چۈنكى پەرۋەردىگار، يەنى ئۇ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن
خۇدا ئۇنىڭغا يار بولغانىدى. 7 پادىشاھ ئارتاخشاستىنىڭ يەتتىنچى
يىلى ئەزرا بىر توپ ئىسرائىللارنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ كەلدى. بۇ
كىشىلەر ئارىسىدا روھانىيلار، لاۋىيلار، نەغمىچىلەر، دەرۋازىۋەنلەر
ۋە ئىبادەتخانىنىڭ خىزمەتكارلىرى بار ئىدى.
8-9 ئۇلار پادىشاھ ئارتاخشاستىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 7-يىلى،
1-ئاينىڭ 1-كۈنى ① بابىلدىن يولغا چىقتى. خۇدا ئەزراغا يار-
يۆلەك بولدى. ئۇلار 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ② يېرۇسالېمغا يېتىپ
كەلدى. 10 ئەزرا پەرۋەردىگارنىڭ تەۋرات قانۇنىنى ئۆگىنىشكە، ئىجرا
قىلىشقا ۋە بۇ قانۇننىڭ قائىدە ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئىسرائىللارغا
ئۆگىتىشكە ئۆزىنى بېغىشلىغانىدى.

---

① 7: 9-8 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 458-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
② 7: 9-8 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 458-يىلى 8-ئاينىڭ 4-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

## پادىشاھ ئارتاخشاستىنىڭ ئەزراغا يازغان مەكتۇپى

[11] پادىشاھ ئارتاخشاستى پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا چۈشۈرگەن
ئەمر-پەرمانلىرىنى پىششىق بىلىدىغان تەۋرات ئۇستازى روھانىي
ئەزراغا تۆۋەندىكى مەكتۇپنى ئەۋەتتى.

[12] ①«مەنكى شاھلارنىڭ شاھى ئارتاخشاستىدىن ئەرشئەلادىكى
خۇدانىڭ قانۇنىنىڭ ئۇستازى روھانىي ئەزراغا سالام!
[13] پادىشاھلىقىمدا ياشاۋاتقان ئىسرائىل خەلقى، جۈملىدىن
روھانىيلار، لاۋىيلار ۋە باشقىلارغا شۇنى بىلدۈرىمەنكى،
ئۇلارنىڭ خالىغانلىرى سىلى بىلەن بىرگە يېرۇسالېمغا
قايتىپ كەتسە بولىدۇ. [14] مەن يەتتە مەسلىھەتچىم بىلەن
بىرلىكتە سىلىنىڭ يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەگە
قايتقانلارنىڭ قوللىرىدىكى خۇدانىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىش
ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشلىرىنى بۇيرۇيمىز. [15] بىز ئۆز
رازىلىقىمىز بىلەن تەقدىم قىلغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى
ئىسرائىللار ئىبادەت قىلىپ كەلگەن ۋە يېرۇسالېمدا بولغان
خۇداغا بېغىشلىغايلا. [16] شۇنىڭ بىلەن بىرگە بابىل ئۆلكىسىدىكى
خەلقلەردىن يىغىلغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى، ئىسرائىللار ۋە
روھانىيلار ئىبادەت قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ يېرۇسالېمدىكى
ئىبادەتخانىسىغا خالىس سۇنۇلغان ھەدىيەلەرنى ئالغاچ كەتكەيلا.
[17] بۇلارغا بۇقا، قوچقار، پاقلانلارنى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە
سۇنۇلىدىغان ئاشلىق، شارابلارنى سېتىۋېلىپ، سىلەر ئىبادەت
قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىسىنىڭ
قۇربانلىق سۇپىسىدا ھەدىيە قىلغايلا. [18] ئېشىپ قالغان ئالتۇن-
كۈمۈشلەرنى ئۆزلىرى روھانىي قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە
سىلەر ئىبادەت قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن
مۇۋاپىق جايغا ئىشلەتكەيلا.

---

① 7: 12 ئەسلى تېكىست بۇ ئايەتتىن باشلاپ 26-ئايەتكىچە ئارامىي تىلىدا
يېزىلغاندۇر.

19 ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە بېرىلگەن قاچا-
قۇچىلارنى يېرۇسالېم ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان خۇداغا
بېغىشلىغايلا. 20 بۇنىڭدىن باشقا، خۇدايىڭلارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا
نېمە لازىم بولسا، ئۇردا خەزىنىسىدىن ئېلىپ ئىشلەتكەيلا.
21 مەنكى پادىشاھ ئارتاخشاستى فىرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى
ئۆلكىنىڭ بارلىق خەزىنە ئەمەلدارلىرىغا شۇنى بۇيرۇيمەنكى،
ئەرشئەلادىكى خۇدانىڭ قانۇنىنىڭ ئۇستازى روھانىي ئەزرانىڭ
بارلىق تەلەپلىرىنى تېزدىن بەجا كەلتۈرۈڭلار. 22 سىلەر كۈمۈشنى
3500 كىلوغىچە، بۇغداينى 8 توننىغىچە، شارابنى 2200 لىترغىچە،
زەيتۇن يېغىنىمۇ 2200 لىترغىچە تەمىنلىسەڭلار بولىدۇ.
تۇز چەكسىز تەمىنلەنسۇن. 23 سىلەر ئەرشئەلادىكى خۇدا ئۆز
ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن چۈشۈرگەن ئەمرلىرىنىڭ ھەممىسىنى
تولۇق بەجا كەلتۈرۈڭلار. شۇنداق بولغاندا، خۇدانىڭ غەزىپى ماڭا
ۋە ئوغۇللىرىمغا چۈشمەيدۇ. 24 روھانىيلار، لاۋىيلار، نەغمىچىلەر،
دەرۋازىۋەنلەر، خىزمەتكارلار ۋە ئىبادەتخانىنىڭ باشقا ھەرقانداق
خىزمەتكارلىرىدىن ئالۋان-سېلىق ئېلىنمىسۇن.
25 لېكىن ئۆزلىرى خۇدا سىلىگە ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسەتلىرى
بىلەن فىرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۆلكىدە ياشايدىغان ھەم
خۇدانىڭ قانۇنىنى بىلىدىغان بارلىق ئادەملەرنى ئىدارە قىلىشقا
ئەمەلدار ۋە سوتچىلارنى تەيىنلىگەيلا. قانۇندىن ساۋاتى يوقلارغا
تەلىم بەرگەيلا. 26 كىمكى خۇدانىڭ قانۇنىغا ياكى پادىشاھلىقنىڭ
قانۇنىغا بويسۇنمىسا، قاتتىق جازاغا تارتىلسۇن، ئۆلتۈرۈلسۇن،
سۈرگۈن قىلىنسۇن، مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنسۇن ياكى
قاماققا ئېلىنسۇن.»

## ئەزرانىڭ خۇدانى مەدھىيىلىشى

27 ئەزرا مۇنداق دېدى:
«پەرۋەردىگار، يەنى ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن
خۇداغا ھەمدۇسانا بولغاي! ئۇ يېرۇسالېمدىكى ئۆز ئىبادەتخانىسىنى
زىننەتلەش ئىستىكىنى پادىشاھنىڭ دىلىغا سالدى. 28 ئۇ ماڭا
مەڭگۈلۈك مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىپ، مېنى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ

مەسلىھەتچىلىرى ھەمدە بارلىق نوپۇزلۇق ئەمەلدارلىرىنىڭ
قوللىشىغا ئىگە قىلدى. پەرۋەردىگارىم خۇدا ماڭا يار بولۇپ،
ماڭا جاسارەت بەردى. شۇڭا مەن ئىسرائىللارنىڭ يېتەكچىلىرىنى
ئۆزۈم بىلەن بىللە قايتىشقا يىغدىم.»

## ئەزرا بىلەن بىرگە سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەنلەر

8 [1] پادىشاھ ئارتاخشاستىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە مەنكى
ئەزرا بىلەن بىرگە بابىلدىن يېرۇسالېمغا قايتىپ كەلگەن
جەمەت باشلىقلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىسمىلىكى
تۆۋەندىكىچە:

[2-3] پىنىخاس جەمەتىدىن گېرشوم،
ئىتامار جەمەتىدىن دانىيال،
داۋۇت جەمەتىدىن شىكانىيانىڭ ئەۋلادى خاتتۇش،
پارئوش جەمەتىدىن زىكىرىيا ۋە نەسەبى ئېنىق بولغان 150
ئەر،
[4] پاخات-موئاب جەمەتىدىن زىراخىيانىڭ ئوغلى ئەليېھوئېناي
ۋە 200 ئەر،
[5] زاتتۇ جەمەتىدىن ياخازىئېلنىڭ ئوغلى شىكانىيا ۋە 300 ئەر،
[6] ئادىن جەمەتىدىن يوناتاننىڭ ئوغلى ئەبىد ۋە 50 ئەر،
[7] ئېلام جەمەتىدىن ئاتالىيانىڭ ئوغلى يېشايا ۋە 70 ئەر،
[8] شىفاتىيا جەمەتىدىن مىكائىلنىڭ ئوغلى زىبادىيا ۋە 80 ئەر،
[9] يوئاب جەمەتىدىن يېخىئېلنىڭ ئوغلى ئوبادىيا ۋە 218 ئەر،
[10] بانى جەمەتىدىن يوسىفىيانىڭ ئوغلى شىلومىت ۋە 160 ئەر،
[11] بېباي جەمەتىدىن بېباينىڭ ئوغلى زىكىرىيا ۋە 28 ئەر،
[12] ئازگاد جەمەتىدىن ھاققاتاننىڭ ئوغلى يوخانان ۋە 110 ئەر،
[13] كېيىنرەك قايتىپ كەلگەن ئادونىقام جەمەتىدىن
ئەلىفەلەت، يېئۇئېل، شىمايا ۋە 60 ئەر،
[14] بىگۋاي جەمەتىدىن ئۇتاي، زاككۇر ۋە 70 ئەر.

## ئەزرانىڭ يېرۇسالېمغا كەتمەكچى بولۇشى

15 مەن بىلەن بىرگە كەتمەكچى بولغانلارنى ئاخاۋاغا قاراپ
ئاقىدىغان قانالنىڭ بويىغا جەم قىلدىم ۋە ئۇ يەردە ئۈچ كۈن
قارارگاھ قۇردۇق. مەن ئۇلارنى تەكشۈرگىنىمدە، روھانىيلاردىن
باشقا لاۋىيلارنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدىم. 16 شۇڭا يېتەكچىلەردىن
ئەلىئەزەر، ئارىئېل، شىمايا، ئەلناتان، يارىب، ئەلناتان، ناتان،
زىكرىيا ۋە مەشۇللاملارنى ھەم ئاقىلانە ئۇستازلاردىن يويارىب ۋە
ئەلناتانلارنى چاقىرىپ، 17 ئۇلارنى كاسىفىيا دېگەن جايدىكى لاۋىي
قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىددونىڭ يېنىغا ئەۋەتتىم. مەن ئىددو ۋە
ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ھەمدە ئىبادەتخانىنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن
يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىغا خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئادەم
ئەۋەتىپ بېرىشنى سورىدىم. 18 خۇدا ماڭا يار بولدى. ئۇلار بىزگە
شېرېبىيا ئىسىملىك ئەقىل-ئىدراكلىق بىر كىشىنى ئەۋەتتى.
ئۇ ماخلى جەمەتىدىن بولۇپ، لاۋىيلاردىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە باشقا ئەر قېرىنداشلىرىدىن بولۇپ،
جەمئىي ئون سەككىز كىشىنى يېنىمىزغا ئەۋەتتى. 19 يەنە ئۇلار
مىرارى جەمەتىدىن خاشابىيا ۋە يېشايا ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە
ئەر قېرىنداشلىرى بولۇپ جەمئىي يىگىرمە كىشىنىمۇ ئەۋەتتى.
20 ئۇلاردىن باشقا، يەنە 220 نەپەر ئىبادەتخانا خىزمەتكارىنىمۇ
قوشۇپ ئەۋەتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرىنى پادىشاھ داۋۇت
ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى لاۋىيلارغا ياردەم بېرىشكە بەلگىلىگەن
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تىزىملىككە بىرمۇبىر پۈتۈلگەنىدى.
21 ئاخاۋا قانىلىنىڭ بويىدا مەن جامائەتكە روزا تۇتۇشنى جاكارلاپ،
خۇدانىڭ ھوزۇرىدا كەمتەر بولۇشىمىزنى، سەپەر جەريانىدا ئۆزىمىز،
بالىلىرىمىز ۋە بارلىق مال-مۈلكىمىزنىڭ بىخەتەر بولۇشىنى
خۇدادىن تىلىدىم. 22 سەپەردە بىزنى دۈشمەندىن قوغداش ئۈچۈن
پادىشاھتىن پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەرلەرنى تەلەپ قىلىش مەن ئۈچۈن
نومۇسلۇق بىر ئىش ئىدى. چۈنكى مەن پادىشاھقا: «خۇدايىمىز
ئۆزىگە تايانغانلارغا يار بولىدۇ، لېكىن ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرگە

غەزەپ ياغدۇرىدۇ» دېگەنىدىم. [23] شۇڭا بىز روزا تۇتۇپ، خۇدانىڭ بىزنى قوغدىشىغا دۇئا قىلدۇق. خۇدا دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلدى.

[24] روھانىيلار ئىچىدىكى يېتەكچىلەردىن شېرېبىيا، خاشابىيا ۋە ئۇلارنىڭ ئون تۇغقىنىنى تاللىدىم. [25] ئاندىن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ھەم ئەمەلدارلىرى ۋە بارلىق ئىسرائىللار ئىبادەتخانىغا تەقدىم قىلغان ئالتۇن-كۈمۈش ۋە قاچا-قۇچىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ، ئۇلارغا تاپشۇردۇم. [26] مەن تاپشۇرغان نەرسىلەر تۆۋەندىكىچە:

22 تونىنا كۈمۈش،
3500 كىلو كۈمۈش قاچا-قۇچا،
3500 كىلو ئالتۇن،
[27] 20 دانە ئالتۇن قاچا (1000 ئالتۇن تەڭگىگە تەڭ كېلىدۇ)،
2 دانە ئېسىل، پارقىراق تۇچ قاچا (قىممىتى ئالتۇن بىلەن باراۋەر).

[28] مەن ئۇلارغا:
- سىلەر ۋە قاچا-قۇچىلار پەرۋەردىگارغا ئاتالدىڭلار. ئالتۇن-كۈمۈشلەر پەرۋەردىگار، يەنى ئەجدادلىرىڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇداغا بېغىشلانغان خالىس ھەدىيەلەردۇر. [29] سىلەر يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئامبارلىرىغا يېتىپ بارغۇچە، ئۇلارغا ياخشى قاراڭلار. سىلەر روھانىيلارنىڭ يېتەكچىلىرى، لاۋىيلار ۋە ئىسرائىللارنىڭ جەمەت باشلىقلىرى ئالدىدا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار، - دېدىم.
[30] شۇنىڭ بىلەن روھانىيلار ۋە لاۋىيلار بۇ ئالتۇن-كۈمۈش ۋە قاچا-قۇچىلارنى خۇدايىمىزنىڭ يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىسىغا ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.
[31] بىز 1-ئاينىڭ 12-كۈنى ① ئاخاۋا قانىلىدىن يېرۇسالېمغا قاراپ يولغا چىقتۇق. سەپىرىمىزدە خۇدايىمىز بىزگە يار بولۇپ، بىزنى

① 8: 31 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 4-ئاينىڭ 19-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

دۈشمەن ۋە قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىدى. 32 يېرۇسالېمغا
يېتىپ بېرىپ، ئۈچ كۈن دەم ئالدۇق. 33 تۆتىنچى كۈنى ئىبادەتخانىغا
بېرىپ، ئالتۇن-كۈمۈش ۋە قاچا-قۇچىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ،
ئۇرىيانىڭ ئوغلى روھانىي مىرىموتقا تاپشۇرۇپ بەردۇق. روھانىي
مىرىموتنىڭ يېنىدا پىنىخاسنىڭ ئوغلى ئەلئازار، لاۋىيلاردىن يېشۇۋانىڭ
ئوغلى يوزاباد ۋە بىننۇينىڭ ئوغلى نوئادىيا بار ئىدى. 34 ھەممە
نەرسىلەر سانىلىپ، تارازىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ خاتىرىگە ئېلىندى.
35 قايتىپ كەلگەن ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى ئېتىقاد
قىلىپ كەلگەن خۇداغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى قىلدى.
ئۇلار بارلىق ئىسرائىللار ئۈچۈن 12 بۇقا، 96 قوچقار، 77 پاقلان ۋە
گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن 12 تېكە قۇربانلىق
قىلدى. بۇ ماللارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگار ئۈچۈن كۆيدۈرمە
قۇربانلىق قىلىندى. 36 ئۇلار يەنە پادىشاھ ئۆزلىرىگە ھاۋالە قىلغان
مەكتۇپنى ئۆلكە باشلىقلىرى بىلەن فىرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى
ئەمەلدارلارغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇلار ئىسرائىل خەلقىگە ۋە خۇداغا
بېغىشلانغان ئىبادەتخانىغا ياردەمدە بولدى.

## ئىسرائىللارنىڭ يەرلىك خەلقلەر بىلەن نىكاھلىنىش مەسىلىسى

9 1 بۇ ئىشلار ئۆتۈپ، بەزى يەھۇدىي ئەمەلدارلار ماڭا كېلىپ:
— بەزى ئىسرائىللار، جۈملىدىن ئۇلار ئارىسىدىكى بەزى
روھانىيلار ۋە لاۋىيلارمۇ يەرلىك خەلقلەردىن، يەنى كەنئانلار، خىتلار،
پەرىززىلەر، يېبۇسلار، ئاممونلار، موئابلار، مىسىرلىقلار، ئامورلاردىن
ۋە ئۇلارنىڭ يىرگىنچلىك ئىشلىرىدىن ئۆزلىرىنى نېرى تۇتمىدى.
2 ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى يەرلىك خەلقلەرنىڭ قىزلىرىدىن
ئۆيلىنىپ، خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىرقىنى بۇلغىدى. ھەممىدىن
يامان بولغىنى، بۇ خىل ساداقەتسىزلىك گۇناھىنى ئۆتكۈزۈشتە
ئەمەلدارلار بىلەن يېتەكچىلەر باشلامچى بولدى! — دېدى.
3 مەن بۇ ئىشنى ئاڭلىغان ھامان، تون ۋە چاپىنىمنى يىرتىپ،
چاچ-ساقاللىرىمنى يۇلۇپ، چۆچۈگەن ھالدا ئازاب بىلەن ئولتۇرۇپ
قالدىم. 4 مېنىڭ ئازابلىنىپ ئولتۇرۇپ قېلىشىم تاكى كەچلىك

قۇربانلىقنى سۇنغۇچە داۋاملاشتى. ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ
كەلگەن خۇدانىڭ سۆزىدە چىڭ تۇرىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ
ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ساداقەتسىزلىكىنى ئاڭلاپ،
تىترىگەن هالدا ئەتراپىمغا ئۇلىشۇالدى.
[5] كەچلىك قۇربانلىق سۇنىدىغان چاغدا، مەن قايغۇ-ھەسرەت
ئىچىدە تون ۋە چاپىنىم يىرتىق هالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاندىن
تىزلىنىپ تۇرۇپ، قوللىرىمنى پەرۋەردىگارىم خۇداغا كۆتۈردۈم
ۋە [6] دۇئا قىلدىم:

«ئى خۇدايىم، ھەقىقەتەن خىجىلمەن! نومۇستىن ئالدىڭدا
يۈزۈمنى كۆتۈرەلمەيمەن. بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئاسمانغا
تاقاشتى، قىلمىشلىرىمىز چېكىگە يەتتى. [7] ئەجدادلىرىمىز
زامانىدىن تارتىپ ئېغىر گۇناھ ئىچىدە ياشىدۇق. گۇناھلىرىمىز
تۈپەيلىدىن خەلقىمىز، پادىشاھلىرىمىز ۋە روھانىيلىرىمىز
ياقا-يۇرتلۇق پادىشاھلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، قىرغىن، تۇتقۇن،
تالان-تاراج قىلىندى ۋە خورلاندى. بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا
شۇنداق بولماقتىمىز.
[8] بىراق ھازىر سەن پەرۋەردىگارىمىز خۇدا بىزگە قىسقا بىر
ۋاقىت ئىچىدە مېھىر-شەپقەت كۆرسەتتىڭ ۋە بىزنىڭ ئاز بىر
قىسمىمىزنى بولسىمۇ سۈرگۈندىن قۇتۇلدۇرۇپ، بۇ مۇقەددەس
ماكاندا ئامان-ئېسەنلىككە ئىگە قىلدىڭ. سەن بىزگە ئۈمىد
بېرىپ، قۇللۇقتىكى ھاياتىمىزغا بىرئاز بولسىمۇ ئاراملىق
بەردىڭ. [9] بىز قۇل بولساقمۇ، سەن بىزنى تاشلاپ قويمىدىڭ.
سەن بىزگە پېرسىيە پادىشاھلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا مېھىر-شەپقەت
كۆرسىتىپ، يېڭى ھاياتلىق بەردىڭ. ئىبادەتخاناڭنى قايتىدىن
سېلىشقا ھەمدە خارابىلىكلەرنى تۈزەشكە ئىمكانىيەت بەردىڭ.
سەن بىزگە يەھۇدىيە ۋە يېرۇسالېمدا سېپىل بولدۇڭ.
[10] ئى خۇدايىمىز! بىراق ئەمدى بىز نېمە دېيەلەيمىز؟ سېنىڭ
ئەمر-پەرمانلىرىڭغا يەنە ئىتائەت قىلمىدۇق. [11] خىزمەتكارلىرىڭ
بولغان پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق قىلغان ئەمرلىرىڭگە خىلاپلىق
قىلدۇق. ئۇلار بىزگە: ‹سىلەر بېرىپ ئىگە بولىدىغان يەر شۇ

يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ناپاك قىلمىشلىرى بىلەن بۇلغانغاندۇر. ئۇ يەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرى ئۇلارنىڭ يىرگىنچلىك ئىپلاسلىقلىرى بىلەن تولغاندۇر.
12 ئۇ كىشلەر بىلەن ھەرگىز نىكاھلانماڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئامانلىق ۋە روناق تېپىشىغا ياردەم قىلماڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر كۈچىيسلەر، ئۇ زېمىننىڭ ھوسۇللىرىدىن بەھرىمەن بولىسىلەر ھەمدە ئۇ يەرنى ئەۋلادلىرىڭلارغا مەڭگۈلۈك مىراس قىلىپ، قالدۇرالايسىلەر» دېگەنىدى.

13 بېشىمىزغا كەلگەن ھەممە ئىشلار بىزنىڭ رەزىللىكىمىز ۋە سەۋەنلىكلىرىمىزدىن بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئى خۇدايىمىز، گۇناھىمىزغا لايىق جازا بەرمىدىڭ، بىر قىسمىمىزنى يەنىلا ئامان قالدۇردۇڭ.
14 بىز ئەمدى قانداقمۇ سېنىڭ ئەمرلىرىڭگە خىلاپلىق قىلىپ، يىرگىنچلىك ئىش قىلغان بۇ كىشلەر بىلەن نىكاھلىنايلى؟ ئەگەر شۇنداق قىلساق، سەن غەزەپلىنىپ، بىرىمىزنىمۇ قويماي ھالاك قىلمامسەن؟
15 ئى پەرۋەردىگار، ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، سەن ھەققانىيدۇرسەن! بۈگۈن بىز ئاز بىر قىسمىمىز بولسىمۇ، قۇتۇلدۇق. لېكىن بىزگە باقساڭ، بىز ھەممىمىز ئالدىڭدا گۇناھكارمىز. شۇ ۋەجىدىن ھېچكىم سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا بولالمايدۇ.»

## تو‌ۋا قىلىش

10
1 ئەزرا ئىبادەتخانا ئالدىدا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ دۇئا قىلىپ، يىغا-زار بىلەن تو‌ۋا قىلىۋاتقىنىدا، زور بىر توپ ئىسرائىللار، جۈملىدىن ئەر-ئايال ۋە باللار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، قاتتىق يىغلاشتى.
2 ئېلام جەمەتىدىن يەخىئېلنىڭ ئوغلى شكانيا ئەزراغا:
- بىز يەرلىك يات خەلقلەردىن خوتۇن ئېلىپ، خۇدايىمىزغا ساداقەتسىزلىك قىلدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، ئىسرائىللاردا يەنىلا ئۈمىد بار.
3 شۇڭا بىز بۇ خوتۇنلار ۋە ئۇلاردىن بولغان باللاردىن ۋاز كېچىمىز دەپ، خۇدايىمىزغا قەسەم بېرىمىز. قەسىمىمىزنى سېنىڭ ۋە خۇدايىمىزنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىغان كىشلەرنىڭ نەسىھەتلىرى بويىچە مېڭىپ، خۇدانىڭ قانۇنىغا بىنائەن ئورۇندايمىز.

4 ئورنۇڭدىن تۇرغىن! سەن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق،
بىز سېنى قوللايمىز. سەن جۈرئەتلىك بولۇپ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە
ئاشۇرغىن! ــ دېدى.
5 شۇنىڭ بىلەن ئەزرا ئورنىدىن تۇرۇپ، روھانىيلار، لاۋىيلار ۋە
بارلىق ئىسرائىل خەلقىنىڭ يېتەكچىلىرىنى بۇ تەكلىپ بويىچە
ئىش كۆرۈشكە قەسەم قىلدۇردى. ئۇلار شۇ بويىچە قەسەم قىلدى.
6 ئاندىن ئەزرا ئىبادەتخانا ئالدىدىن ئايرىلىپ، ئەلياشىبنىڭ ئوغلى
يەھوخانانىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى ۋە كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى.
ئۇ يېمىدى، ئىچمىدى، پەقەت سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ
ساداقەتسىزلىكى ئۈچۈن ھەسرەت چەكتى.
7 كېيىن يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيەنىڭ باشقا جايلىرىغا سۈرگۈندىن
قايتىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يېرۇسالېمغا جەم
بولۇشى توغرىسىدا مۇنداق ئەمر چۈشۈرۈلدى: 8 «كىمكى ئۈچ كۈن
ئىچىدە يېرۇسالېمغا يېتىپ كەلمىسە، ئەمەلدار ۋە ئاقساقاللارنىڭ
بۇيرۇقى بويىچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، جامائەتنىڭ
قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ.»
9 ئۈچ كۈن ئىچىدە بارلىق يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىسىدىكىلەر
يېرۇسالېمغا جەم بولدى. 9-ئاينىڭ 20-كۈنى①، خەلق ئىبادەتخانا
ئالدىدىكى مەيداندىن ئورۇن ئالدى. قاتتىق يامغۇر ۋە بۇ ئىشنىڭ
جىددىيلىكى سەۋەبىدىن ھەممە ئادەمنى تىترەك باستى. 10 ئاندىن
ئەزرا روھانىي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارغا:
ــ سىلەر ساداقەتسىزلىك قىلىپ، يات خەلقلەردىن خوتۇن ئېلىپ،
ئىسرائىللارنى تېخىمۇ ئېغىر گۇناھقا پاتقۇزدۇڭلار. 11 ئەمدى سىلەر
گۇناھىڭلار ئۈچۈن پەرۋەردىگار، يەنى ئەجدادلىرىڭلار ئېتىقاد قىلىپ
كەلگەن خۇداغا تاۋا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرۈڭلار.
زېمىنىمىزدا تۇرىدىغان يەرلىك خەلقلەر ۋە يات خەلقلەردىن ئالغان
خوتۇنلىرىڭلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈڭلار! ــ دېدى.
12 جامائەت جاۋابەن يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

① 10: 9 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 458-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

– توغرا ئېيتتىڭىز، دېگىنىڭىزنى بەجا كەلتۈرىمىز! [13] لېكىن ئادەم كۆپ ھەم يامغۇر پەسلى بولغاچقا، بىز سىرتتا ئۇزۇن تۇرالمايمىز. بۇ بىر-ئىككى كۈندە پۈتىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ گۇناھقا پاتقان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. [14] ئەمەلدارلىرىمىز بىزگە ۋەكىل بولسۇن. يات خەلقلەردىن خوتۇن ئالغان كىشىلەر بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۆز شەھىرىنىڭ ئاقساقال ۋە سوراقچىلىرى بىلەن بىرگە كەلسۇن. شۇندىلا خۇدايىمىزنىڭ بۇ ئىشقا بولغان غەزىپى بېسىلىدۇ.

[15] پەقەت ئاسائېلنىڭ ئوغلى يوناتان بىلەن تىقۋاھنىڭ ئوغلى ياخزىيا بۇنىڭغا قارشى چىقتى. ئۇلارنى مىشۇللام بىلەن لاۋىيلاردىن شاببىتاي قوللىدى. [16] قالغانلار بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلدى. شۇڭا روھانىي ئەزرا ھەر جەمەت باشلىقلىرى ئارىسىدىن كىشىلەرنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى خاتىرىلىۋالدى. 10-ئاينىڭ 1-كۈنى① بۇ كىشىلەر جەم بولۇپ تەكشۈرۈشنى باشلىدى. [17] ئۇلار 1-ئاينىڭ 1-كۈنى② يات خەلقلەردىن خوتۇن ئالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىقلاپ بولدى.

## يات خەلقلەردىن خوتۇن ئالغانلار

[18] يات خەلقلەردىن خوتۇن ئالغان روھانىيلار جەمەتىنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

يوزاداقنىڭ ئوغلى يوشۇۋا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن:
مائاسېيا، ئەلىئەزەر، يارىب ۋە گىداليا. [19] ئۇلار خوتۇنلىرىنى قويۇپ بېرىشكە قەسەم قىلىپ، گۇناھى ئۈچۈن ئەيىب قۇربانلىقى سۈپىتىدە بىر قوچقارنى ھەدىيە قىلدى.
[20] ئىممېر جەمەتىدىن خانانى ۋە زىبادىيا،
[21] خارىم جەمەتىدىن مائاسېيا، ئىلىياس، شىمايا، يەخىئېل ۋە ئۇززىيا،
[22] پاشخۇر جەمەتىدىن ئەليوئېناي، مائاسېيا، ئىسمائىل، نەتانئېل، يوزاباد ۋە ئەلئاسا،

---

① 10 : 16 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 458-يىلى 12-ئاينىڭ 29-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
② 10 : 17 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 457-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

23 لاۋىيلاردىن يوزاباد، شىمئى، قېلايا (قېلىتا دەپمۇ
ئاتىلىدۇ)، پېتاخىيا، يەھۇدا ۋە ئەلىئەزەر،
24 ئىبادەتخانا نەغمىچىلىرىدىن ئەلياشىب،
ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرىدىن شاللۇم، تەلەم ۋە ئۇرى.
25 باشقا ئىسرائىللاردىن:
پارئوش جەمەتىدىن رامىيا، يىزىيا، مالكىيا، مىيامىن،
ئەلئازار، مالكىيا ۋە بىنايا،
26 ئېلام جەمەتىدىن ماتتانىيا، زىكىرىيا، يىخىئېل، ئابدى،
يىرېموت ۋە ئىلىياس،
27 زاتتۇ جەمەتىدىن ئەليوئېناي، ئەلياشىب، ماتتانىيا،
يىرېموت، زاباد ۋە ئازىزا،
28 بېباي جەمەتىدىن يىھوخانان، خانانىيا، زابباي، ئاتلاي،
29 بانى جەمەتىدىن مىشۇللام، مالۇك، ئادايا، ياشۇب، شىئال،
يىراموت،
30 پاخات-موئاب جەمەتىدىن ئادنا، كىلال، بىنايا، مائاسېيا،
ماتتانىيا، بىزالئېل، بىننۇي ۋە ماناسسە،
31 خارىم جەمەتىدىن ئەلىئەزەر، يىششىيا، مالكىيا، شىمايا،
شىمون، 32 بىنيامىن، مالۇك ۋە شىمارىيا،
33 خاشۇم جەمەتىدىن ماتتىناي، ماتتاتتا، زاباد، ئەلىفەلەت،
يىرېماي، ماناسسە ۋە شىمئى،
34 بانى جەمەتىدىن مائاداي، ئامرام ۋە ئۇئېل، 35 بىنايا،
بېدياھ، كىلۇھى، 36 ۋانىياھ، مىرېموت، ئەلياشىب،
37 ماتتانىيا، ماتتىناي ۋە يائاساي،
38 بىننۇي جەمەتىدىن شىمئى، 39 شەلەميا، ناتان، ئادايا،
40 ماكنادبا، شاشاي، شاراي، 41 ئازارئېل، شەلەميا،
شىمارىيا، 42 شاللۇم، ئامارىيا ۋە يۈسۈپ،
43 نىبو جەمەتىدىن يىئىئېل، ماتتىتيا، زاباد، زىبىنا، ياددای،
يوئېل ۋە بىنايا.

44 مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يات خەلقلەردىن خوتۇن ئالغان،
بەزىلىرى بۇ خوتۇنلاردىن بالىمۇ تاپقان.

# نەحەمیا


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | | | |

# نەخەمىيا

1 [1] تۆۋەندىكىلەر خاكالىيانىڭ ئوغلى نەخەمىيانىڭ سۆزلىرىدۇر.

## نەخەمىيانىڭ يېرۇسالېمغا كۆڭۈل بۆلۈشى

پېرسىيە پادىشاھى ئارتاخشاستى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 20-يىلى
كەچ كۈزنىڭ كىسلېۋ ئېيىدا①، مەنكى نەخەمىيا سۇزا شەھىرىدىكى
قەلئەدە تۇراتتىم. [2] قېرىنداشلىرىمدىن بىرى بولغان خانانى
بىرنەچچە كىشىلەر بىلەن بىرگە يەھۇدىيەدىن كەلدى. مەن
ئۇلاردىن سۈرگۈندىن قايتىپ كەتكەن يەھۇدىيلار ۋە يېرۇسالېمنىڭ
ئەھۋالىنى سورىدىم. [3] ئۇلار ماڭا سۈرگۈندىن يەھۇدىيە ئۆلكىسىگە
قايتىپ بارغان يەھۇدىيلارنىڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارغا ھەمدە
خورلۇققا دۇچ كەلگەنلىكىنى، يېرۇسالېمنىڭ سېپىللىرىنىڭ يەنىلا
خارابىلىقتا ۋە شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ھالەتتە
تۇرغانلىقىنى ئېيتتى.
[4] مەن بۇلارنى ئاڭلاپ، لاسسىدە بولۇپ، يەردە ئولتۇرۇپ قالدىم،
كۆزلىرىمدىن ياشلار تۆكۈلدى. كۈنلەپ ھەسرەتتە يۈردۈم، روزا
تۇتتۇم ھەمدە ئەرشئەلادىكى خۇداغا دۇئا قىلدىم:

[5] «ئى پەرۋەردىگار، ئەرشئەلادىكى خۇدا! سەن ئۇلۇغ ۋە
ھەيۋەتلىكسەن! سېنى سۆيگەن ۋە ئەمرلىرىڭگە ئىتائەت
قىلغانلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىپ، ئەھدەڭدە تۇرىسەن.

---

① 1:1 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 11-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 1-ئاينىڭ
1-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇم بىر ئايغا توغرا كېلىدۇ.

[6] مەن خىزمەتكارلىرىڭ بولغان ئىسرائىل خەلقى ئۈچۈن كېچە-
كۈندۈز دۇئا قىلغىنىمدا، دۇئالىرىمغا قۇلاق سالغايسەن ۋە ماڭا
نەزەر سالغايسەن! مەن بىز ئىسرائىللارنىڭ ساڭا قارشى گۇناھ
قىلغىنىغا توۋا قىلىمەن. ئەجدادلىرىم گۇناھ ئۆتكۈزدى، ھەتتا
مەنمۇ گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. [7] بىز رەزىللىك بىلەن ساڭا قارشى
چىقتۇق. بىز خىزمەتكارىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشكەن
ئەمر-پەرمان ۋە تۈزۈملىرىڭگە رىئايە قىلمىدۇق. [8] سەن مۇسا
پەيغەمبەرگە ئېيتقان سۆزلىرىڭنى يادىڭدا تۇتقايسەن، سەن:
‹سىلەر ئىسرائىللار ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلساڭلار، سىلەرنى
يات ئەللەر ئارىسىغا چېچىۋېتىمەن، [9] لېكىن مېنىڭ يولۇمغا
قايتىپ كېلىپ، ئەمر-پەرمانلىرىمغا بويسۇنۇپ، شۇ بويىچە
ياشىساڭلار، دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا چېچىۋېتىلگەن
بولساڭلارمۇ، سىلەرنى خەلقىمنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن
ئۆزۈم بەلگىلىگەن جايغا قايتا يىغىمەن› دېگەنىدىڭ.
[10] سەن يۈكسەك كۈچ-قۇدرىتىڭ ۋە قۇدرەتلىك قولۇڭ بىلەن
قۇتقۇزغان كىشىلەر سېنىڭ خەلقىڭدۇر ھەم خىزمەتكارلىرىڭدۇر.
[11] ئى ئىگەم، مېنىڭ ۋە نامىڭدىن ئەيمىنىپ خۇشاللىق تاپقان باشقا
كىشىلەرنىڭ دۇئاسىغا قۇلاق سالغايسەن. بۈگۈن ئىشلىرىمنى
ئوڭۇشلۇق قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر قىلغايسەن!»

بۇ مەزگىلدە مەن پادىشاھنىڭ باش ساقىيسى① ئىدىم.

## نەخەميانىڭ يېرۇسالېمغا بېرىشى

2 [1] تۆت ئايدىن كېيىن، يەنى پېرسىيە پادىشاھى ئارتاخشاستى
ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 20-يىلى نىسان ئېيىنىڭ بىر كۈنى②، مەن
پادىشاھقا شاراب قۇيۇپ بېرىۋاتاتتىم. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرگىز
پەرىشان بولۇپ باقمىغانىدىم. [2] ئۇ ماڭا:

---

① 1: 11 باش ساقىي ـ پادىشاھ بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، مەرتىۋىسى يۇقىرى ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ.
② 2: 1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 445-يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇم بىر ئايغا توغرا كېلىدۇ.

- سىنىڭ كىيمىڭ يوق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا پەرىشان كۆرۈنىسەن؟ كۆڭلۈڭدە چوقۇم بىر ئىش بار، - دېدى. مەن قاتتىق چۆچۈگەن هالدا [3] پادىشاهقا:

- ئالىيلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي! ئەجدادلىرىم دەپنە قىلىنغان شەهەر خارابىلىقتا، شەهەر دەرۋازىلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن هالەتتە تۇرسا، مەن قانداقمۇ پەرىشان بولماي تۇرالاي؟ - دەپ جاۋاب بەردىم. [4] پادىشاه:

- مەندىن نېمە تىلەيسەن؟ - دەپ سورىدى. مەن ئەرشئەلادىكى خۇداغا دۇئا قىلدىم ۋە [5] پادىشاهقا:

- ئەگەر ئالىيلىرى ئۇيغۇن كۆرسىلە، ئىلتىپات قىلىشنى خالىسىلا، مېنى ئەجدادلىرىم دەپنە قىلىنغان يەھۇدىيەنىڭ شەهىرىنى قايتىدىن بىنا قىلىشقا ئەۋەتكەيلا، - دېدىم.

[6] خانىش پادىشاهنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. پادىشاه مەندىن:

- قانچە ۋاقىت تۇرىسەن؟ قاچان قايتىپ كېلىسەن؟ - دەپ سورىدى. مەن ۋاقىتنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ تەلىپىمگە قوشۇلدى.

[7] مەن پادىشاهقا يەنە مۇنداق دېدىم:

- ئەگەر ئالىيلىرى ئۇيغۇن كۆرسىلە، فىرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۆلكە باشلىقلىرىغا پۈتۈۋېتىلگەن پىتقانىڭ ئۇلارنىڭ زېمىنى ئارقىلىق يەھۇدىيەگە بېرىشىمغا يول خەت پۈتتۈرۈپ بەرگەن بولسىلا. [8] ئۇنىڭدىن باشقا ئالىيلىرىنىڭ ئورمان باشقۇرغۇچىسى ئاسافنىڭ ماڭا ياغاچ بېرىشكە مەكتۇپ پۈتتۈرۈپ بەرگەن بولسىلا. پىتقىر بۇ ياغاچلارنى ئىبادەتخانىنىڭ يېنىدىكى قورغاننىڭ دەرۋازىلىرى، شەهەر سېپىلى ۋە خۇسۇسىي ئۆيۈمگە لىم قىلىپ، ئىشلەتكەن بولسام.

خۇدايىم ماڭا يار بولغاچقا، پادىشاه تەلەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنداپ بەردى. [9] پادىشاه مېنى مۇهاپىزەت قىلىش ئۈچۈن سەركەردىلەر بىلەن ئاتلىق لەشكەرلەرنى ئەۋەتتى. مەن فىرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۆلكىگە كەلگىنىمدە، پادىشاهنىڭ مەكتۇپىنى ئۆلكە باشلىقلىرىغا سۇندۇم. [10] خورونلۇق سانباللات بىلەن ئامموندىن بولغان ئەمەلدار توبىيا بىر ئادەمنىڭ ئىسرائىل خەلقىگە ياردەمگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ناهايىتى خاپا بولۇپتۇ.

## نەخەمىيانىڭ سېپىللارنى كۆزدىن كەچۈرۈشى

11-12 مەن يېرۇسالېمغا بېرىپ، ئۈچىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە
ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بىرنەچچە ھەمراھىم بىلەن سىرتقا چىقتىم.
خۇدانىڭ يېرۇسالېم ئۈچۈن قەلبىمگە سالغان ئىشنى ھېچكىمگە
تىنمىدىم. بىزدىكى بىردىنبىر ئۇلاغ مەن مىنگەن ئېشەك ئىدى.
13 مەن قاراڭغۇدا شەھەرنىڭ «جىلغا دەرۋازىسى» ئارقىلىق ئەجدىھا
بۇلىقىدىن ئۆتۈپ، «قىغ دەرۋازىسى»غا باردىم. يول بويى خاراب
بولغان سېپىللار بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن دەرۋازىلارنى كۆزدىن
كەچۈردۈم. 14 ئاندىن مەن «بۇلاق دەرۋازىسى»دىن ئۆتۈپ، «شاھ
كۆلچىكى»گە باردىم. بىراق ئېشىكىم خارابىلىقتىن ئۆتەلمىدى.
15 شۇنىڭ بىلەن مەن قاراڭغۇلۇقتا جىلغىنى بويلاپ، سېپىللارنى
كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتىم. ئاندىن بۇرۇلۇپ، «جىلغا دەرۋازىسى»
ئارقىلىق قايتىپ كەلدىم.
16 مېنىڭ نەگە بېرىپ، نېمە قىلغانلىقىمنى ئەمەلدارلار بىلمىدى.
مەن پىلانىمنى ھېچقانداق يەھۇدىي قېرىنداشلىرىمغا، مەيلى
ئۇلار روھانىيلار، جامائەت ئەربابلىرى، ئەمەلدارلار ياكى سېپىل
قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار باشقا كىشىلەر بولسۇن، تېخى تىنمىغانىدىم.
17 بىراق ھازىر مەن ئۇلارغا:
— بىزنىڭ ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرىمىزدىن سىلەرنىڭ
خەۋىرىڭلار بار. چۈنكى يېرۇسالېم خارابىلىقتا، شەھەر دەرۋازىلىرى
كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ھالەتتە تۇرماقتا. يېرۇسالېم سېپىلىنى قايتىدىن
قۇرۇپ چىقىپ، خورلۇققا خاتىمە بېرەيلى! — دېدىم.
18 مەن ئۇلارغا خۇدايىمنىڭ ماڭا يار بولغانلىقىنى ھەمدە
پادىشاھنىڭ ماڭا دېگەنلىرىنى ئېيتتىم. ئۇلار:
— خوپ، ئەمسە ئىشنى باشلايلى! — دېيىشتى ۋە پۈتۈن
كۈچلىرى بىلەن بۇ خەيرلىك ئىشنى باشلاشتى.
19 خورونلۇق سانباللات بىلەن ئامموندىن بولغان ئەمەلدار توبىيا ۋە
گەشەم ئىسمىلىك بىر ئەرەب بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، بىزگە نەپرەت قىلىپ:
— سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ پادىشاھقا قارشى ئىسيان
كۆتۈرمەكچىمۇ سىلەر؟ — دەپ سوئال قويۇشتى. 20 مەن جاۋابەن:

– ئەرشئەلادىكى خۇدا بىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى بولغان بىز بۇ قۇرۇلۇشنى باشلايمىز. سىلەرنىڭ يېرۇسالېمدا ھەققىڭلار يوق، قانۇنىي ۋە تارىخىي ھوقۇقۇڭلارمۇ يوق! – دېدىم.

## شەھەر سېپىللىرىنى قايتىدىن قۇرۇش

3 1 باش روھانىي ئەلياشىب ۋە ئۇنىڭ روھانىي قېرىنداشلىرى «قوي دەرۋازىسى»نى قايتىدىن ياساپ، ئۇنى خۇداغا بېغىشلىدى ۋە دەرۋازا قاناتلىرىنى ئورناتتى. ئاندىن سېپىلنى «يۈز مۇنارى»غىچە ئۇزارتىپ، خۇداغا بېغىشلىدى. كېيىن ئۇنى خانانئېل مۇنارىغىچە ئۇزارتتى. 2 كېيىنكى بۆلىكىنى ئېرىخالىقلار ياسىدى. قالغان كېيىنكى بۆلىكىنى ئىمرىنىڭ ئوغلى زاككۇر ياسىدى.

3 ھاسسىنائانىڭ ئوغۇللىرى «بېلىق دەرۋازىسى»نى ياسىدى. ئۇلار لىملارنى ۋە دەرۋازا قاناتلىرىنى ئورنىتىپ، بولتىلاپ، بالداقلىرىنى بېكىتتى. 4 خاققوزنىڭ نەۋرىسى، ئۇرىيانىڭ ئوغلى مىرېموت سېپىلنىڭ كېيىنكى بۆلىكىنى رېمونت قىلدى. مىشېزابەئېلنىڭ نەۋرىسى بەرەكيانىڭ ئوغلى مىشۇللام ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى رېمونت قىلدى. بائانانىڭ ئوغلى زادوق ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى رېمونت قىلدى. 5 تەقوۋالىقلار ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى رېمونت قىلدى. بىراق ئۇلارنىڭ يۇرت باشلىرى قۇرۇلۇش باشقۇرغۇچىلىرىغا بويۇنتاۋلۇق قىلدى.

6 پاسېياخنىڭ ئوغلى يويادا ۋە بىسودىيانىڭ ئوغلى مىشۇللام «كونا شەھەر دەرۋازىسى»نى رېمونت قىلدى. ئۇلار لىملارنى ۋە دەرۋازا قاناتلىرىنى ئورنىتىپ، بولتىلاپ، بالداقلىرىنى بېكىتتى. 7 گىبېئونلۇق مىلاتىيا، مېرونوتلۇق يادون ۋە گىبېئون ھەم مىزپاھ شەھىرىدىكىلەر ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى رېمونت قىلدى. مىزپاھ شەھىرىدە فىرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئۆلكىنىڭ باشلىقى تۇراتتى. 8 زەرگەرلەردىن بىرى بولغان خارھايانىڭ ئوغلى ئۇززىئېل ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى رېمونت قىلدى. خانانىيا خۇش پۇراقلىق بويۇملار ياسىغۇچىلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى كەڭ سېپىلغىچە رېمونت قىلدى.

[9] خۇرنىڭ ئوغلى، يەنى يېرۇسالېم شەھەر رايونىنىڭ يېرىمىنى باشقۇرغۇچى رىفايا ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكنى رېمونت قىلدى. [10] خارۇمافنىڭ ئوغلى يەدايا ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغىچە رېمونت قىلدى. خاشابنىيانىڭ ئوغلى خاتتۇش ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكنى رېمونت قىلدى. [11] خارىمنىڭ ئوغلى مالكىيا بىلەن پاخات-موئابنىڭ ئوغلى خاششۇب ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكى بىلەن تونۇرلار مۇنارىنى رېمونت قىلدى. [12] ھاللوھېشنىڭ ئوغلى، يەنى يېرۇسالېم شەھەر رايونىنىڭ باشقا بىر يېرىمىنى باشقۇرىدىغان شاللۇم قىزلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكنى رېمونت قىلدى.

[13] خانۇن زانوئاخلىقلارنى باشلاپ، «جىلغا دەرۋازىسى»نى رېمونت قىلدى. ئۇلار دەرۋازىنى ياساپ، قاناتلىرىنى ئورنىتىپ، بولتىلاپ، بالداقلىرىنى بېكىتتى. ئۇلار يەنە «قىغ دەرۋازىسى»غىچە بولغان 500 مېتىر ئارىلىقنى ياسىدى.

[14] رېكابنىڭ ئوغلى، يەنى بەيت-ھاككەرەم رايونىنىڭ باشقۇرغۇچىسى مالكىيا «قىغ دەرۋازىسى»نى رېمونت قىلدى. ئۇلار دەرۋازىنى ياساپ، قاناتلىرىنى ئورنىتىپ، بولتىلاپ، بالداقلىرىنى بېكىتتى.

[15] كولخوزەنىڭ ئوغلى، يەنى مىزپاھ رايونىنىڭ باشقۇرغۇچىسى شاللۇم «بۇلاق دەرۋازىسى»نى ۋە دەرۋازا ئۆگزىسىنى رېمونت قىلدى ھەمدە دەرۋازا قاناتلىرىنى ئورنىتىپ، بولتىلاپ، بالداقلىرىنى بېكىتتى. ئاندىن ئۇ پادىشاھ گۈللۈكىنىڭ يېنىدىكى «شىلوئاخ كۆلچىكى» سېپىلىنى «داۋۇت شەھىرى»دىن چۈشىدىغان پەلەمپەيگىچە رېمونت قىلدى. [16] ئازبۇقنىڭ ئوغلى، يەنى بەيتزۇر رايونىنىڭ يېرىمىنى باشقۇرغۇچى نەخەمىيا ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكنى، يەنى پادىشاھ داۋۇت قەبرىستانلىقىنىڭ ئۇدۇلىدىكى جايدىن سۇ ئامبىرى ۋە باھادىرلارنىڭ بارگاھىغىچە رېمونت قىلدى. [17] بانىنىڭ ئوغلى رىخۇمنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىر توپ لاۋىيلار ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكنى رېمونت قىلدى. ئاندىن قېيلاھ رايونىنىڭ يېرىمىنى باشقۇرغۇچى خاشابىيا ئۆز رايونىنىڭ نامىدىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكنى رېمونت قىلدى. [18] خېنادادنىڭ ئوغلى، يەنى قېيلاھ رايونىنىڭ يېرىمىنى

باشقۇرىدىغان باۋۋاي بىلەن تۇغقانلىرى ئۇنىڭدىن كېيىنكى
بۆلىكىنى رېمونت قىلدى. [19] يېشۇۋانىڭ ئوغلى، يەنى مىزپاھ
شەھىرىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئەزەر ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى،
يەنى قورال ئامبىرىغا چىقىدىغان يولنىڭ ئۇدۇلىدىن سېپىلنىڭ
ئايلانمىسىغىچە رېمونت قىلدى. [20] زاببايىنىڭ ئوغلى بارۇك
ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى، يەنى سېپىلنىڭ ئايلانمىسىدىن
باشلاپ باش روھانىي ئەلياشىبنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگىچە رېمونت
قىلدى. [21] خاققوزنىڭ نەۋرىسى، ئۇرىيانىڭ ئوغلى مىرېموت
ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى ئەلياشىبنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن
ئۇنىڭ ئاخىرىغىچە رېمونت قىلدى.
[22] يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدىغان روھانىيلار ئۇنىڭدىن
كېيىنكى بۆلىكىنى رېمونت قىلدى. [23] بىنيامىن ۋە خاششۇبلار
ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى، يەنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىنى رېمونت
قىلدى. ئانانىيانىڭ نەۋرىسى، يەنى مائاسېيانىڭ ئوغلى ئازارىيا
كېيىنكى بۆلىكىنى، يەنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىنى رېمونت قىلدى.
[24] خېنادادنىڭ ئوغلى بىننۇي كېيىنكى بۆلىكىنى، يەنى ئازارىيانىڭ
ئۆيىدىن سېپىلنىڭ ئايلانمىسى ۋە يەنە بىر دوقمۇشىغىچە رېمونت
قىلدى. [25] ئۇزاينىڭ ئوغلى پالال ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى، يەنى
سېپىلنىڭ ئايلانمىسىنى ۋە قاراۋۇلخانا ھويلىسىنىڭ يېنىدىكى
ئۈستۈنكى ئوردا مۇنارىنىڭ ئۇدۇلىنى رېمونت قىلدى. پارئوشنىڭ
ئوغلى پېدايا ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى رېمونت قىلدى،
[26] يەنى «سۇ دەرۋازىسى»نىڭ ئۇدۇلىدىن شەرقتىكى سېپىلدىن
چىقىپ تۇرغان مۇنارغىچە بولغان ئارىلىقنى ئوفەل ئېگىزلىكىدە
تۇرىدىغان ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى بىلەن بىرگە رېمونت قىلدى.
[27] كېيىنكى بۆلىكىنى تەقوۋالىقلار رېمونت قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ
رېمونت قىلغان يەنە بىر بۆلىكى بولۇپ، بۈيۈك مۇنار ئۇدۇلىدىن
ئوفەل سېپىلىغىچە ئىدى.
[28] روھانىيلار «ئات دەرۋازىسى»نىڭ يۇقىرىقى تەرىپىنى،
يەنى ھەربىر روھانىي ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىنى رېمونت قىلدى.
[29] ئىممېرنىڭ ئوغلى زادوق ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكى بولغان ئۆز
ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىنى رېمونت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى

شكانىيانىڭ ئوغلى، يەنى «شەرقىي دەرۋازا»نىڭ دەرۋازىۋەنى شىمايا رېمونت قىلدى. [30] ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى شەلەميانىڭ ئوغلى خانانىيا بىلەن زالافنىڭ ئالتىنچى ئوغلى خانۇن رېمونت قىلدى. بۇ ئۇلار رېمونت قىلغان يەنە بىر بۆلەك ئىدى. بەرەكيانىڭ ئوغلى مەشۇللام ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكى بولغان ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىنى رېمونت قىلدى. [31] زەرگەرلەرنىڭ بىرى بولغان مالكىيا ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلىكىنى «كۆزەت دەرۋازىسى» ئۇدۇلىدىكى ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرىنىڭ ھەم سودىگەرلەرنىڭ ئۆيىگىچە رېمونت قىلدى. ئاندىن سېپىلنى ئۈستىگە ئۆي جايلاشقان سېپىل دوقمۇشىغىچە ئۇزارتتى. [32] باشقا زەرگەرلەر ۋە سودىگەرلەر ئۇ دوقمۇشتىن «قوي دەرۋازىسى»غىچە بولغان ئەڭ ئاخىرقى بۆلىكىنى رېمونت قىلدى.

## سېپىل قۇرۇلۇشىغا بولغان توسقۇنلۇق

4 [1] بىزنىڭ شەھەر سېپىلىنى قايتىدىن بىنا قىلىۋاتقىنىمىزنى ئاڭلىغان سانباللات ناھايىتى خاپا بولدى ۋە غەزەپلەندى ھەم بىز يەھۇدىيلارنى مەسخىرە قىلدى. [2] ئۇ ھەمراھلىرى ۋە سامارىيە قوشۇنلىرى ئالدىدا:

- بۇ ئاجىز يەھۇدىيلار نېمە قىلالايدىكەن، ئۇلار بۇ سېپىلنى قايتىدىن ياسىماقچىمىكەن؟ ئۇلار قۇربانلىق قىلساقلا، بۇ ئىشنى بىر كۈندىلا پۈتتۈرەلەيمىز، دەپ ئويلامدىغاندۇ؟ خارابىلىقتىكى كۆل ۋە داشقالغا ئايلانغان تاشلارنى قايتىدىن ئىشلىتەمدىكەن؟
- دېدى. [3] ئاممونلاردىن بولغان توبىيا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ:
- ئۇلارنىڭ ياساۋاتقان بۇ سېپىلغا بىر تۈلكە چىقسىلا، ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ! ـ دېدى. [4] مەن مۇنداق دۇئا قىلدىم:

«ئى خۇدايىمىز، ئۇلارنىڭ بىزنى مەسخىرە قىلىشلىرىغا قۇلاق سالغايسەن! ئۇلارنىڭ مەسخىرىسىنى ئۆز بېشىغا ياندۇرغايسەن! ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىپ، تالان-تاراجغا قويغايسەن. [5] ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشچىلار ئالدىدا سېنى ھاقارەتلىگەنلىكىدەك رەزىللىكلىرىنى ئۆتنۈپ قالمىغايسەن، گۇناھلىرىنى كەچۈرمىگەيسەن.»

6 بىز ھەممىمىز چىن دىلىمىز بىلەن ئىشلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن،
سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى يېرىم قوپۇرۇلۇپ، تۇتاشتۇرۇلدى.
7 سانبااللات، توبىيا، ئەرەبلەر، ئاممونلار ۋە ئاشدودلۇقلار
يېرۇسالېم سېپىل قۇرۇلۇشىنىڭ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق
يۈرۈشۈۋاتقانلىقىنى ۋە يېرىقلىرىنىڭ ئېتىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ
ئىنتايىن غەزەپلەندى. 8 ئۇلار بىرلىكتە سۇيىقەست پىلانلاپ،
يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى تىرىپىرەن قىلماقچى بولدى.
9 بىز خۇدايىمىزغا دۇئا قىلدۇق ھەمدە ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن
قوغدىنىش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز قاراۋۇللارنى قويدۇق.
10 لېكىن يەھۇدىيلار ئارىسىدا: «ئىشلەۋاتقانلار بارغانسېرى
ھالىدىن كېتىۋاتىدۇ. خارابىلىك شۇ پېتى تۇرۇۋاتىدۇ، بىز سېپىلنى
قانداقمۇ پۈتتۈرەرمىز؟» دېگەن گەپ تارقالدى. 11 شۇنىڭ بىلەن
بىرگە رەقىبىمىزنىڭ: «بىز يەھۇدىيلارغا سەزدۈرمەي ئارىسىغا
بېرىپ، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپ، قۇرۇلۇشنى توختىتىمىز»
دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. 12 دۈشمەنگە يېقىن ئولتۇراقلاشقان
يەھۇدىيلار كېلىپ، بىزنى قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئۇلار
بىزگە ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى!» دېيىشتى. 13 شۇڭا
مەن يەھۇدىيلارنى ئۆز جەمەتى بويىچە قىلىچ، نەيزە ۋە ئوقيالار
بىلەن قوراللاندۇرۇپ، سېپىلنىڭ ئوچۇق ۋە ئەڭ پاكار يەرلىرىگە
قاراۋۇللۇققا قويدۇم. 14 ئاندىن مەن ئەھۋالنى كۆزىتىپ، جامائەت
ئەربابلىرى، ئەمەلدارلار ۋە قالغان خەلققە چاقىرىق قىلىپ:
– دۈشمەندىن قورقماڭلار! پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغ ۋە
ھەيۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار. ئاكا-ئۇكىلىرىڭلار،
بالىچاقىلىرىڭلار، ئاياللىرىڭلار ۋە ئۆي-ماكانىڭلار ئۈچۈن كۈرەش
قىلىڭلار! – دېدىم.
15 دۈشمەنلىرىمىز بىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىنى
بىلىپ قالغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، خۇدا پىلانىمىزنى بۇزۇۋەتتى دەپ
چۈشىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئەسلى ئورنىمىزغا قايتىپ، سېپىل
قۇرۇلۇشى بىلەن مەشغۇل بولدۇق. 16-17 مۇشۇ چاغدىن باشلاپ،
ئادەملىرىمنىڭ يېرىمى ئىشقا كىرىشتى، قالغان يېرىمى نەيزە،
قالقان ۋە ئوقيالار بىلەن قوراللىنىپ، ئۈچىسىغا ساۋۇت كىيىپ

قاراۋۇللۇق قىلدى. يېتەكچىلەرمۇ ئىشلەمچىلەرنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. يۈك توشۇغۇچىلارمۇ قورالىنىپ تۇرۇپ ئىش قىلدى. [18] ئىشلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى بېلىگە قىلىچ ئاستى. جەڭگە بۇرغا چالغۇچىمۇ يېنىمدا ئىدى. [19] مەن جامائەت ئەربابلىرى، ئەمەلدارلار ۋە پۇتكۇل خەلققە:

– قىلىدىغان ئىش كۆپ ھەمدە قىلىدىغان ئىش سېپىلنىڭ ھەممە يېرىدە بار. سېپىلدا بىر-بىرىمىز بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز يىراق. [20] سىلەر بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان، يېنىمغا يىغىلىڭلار. خۇدايىمىز جەڭدە بىزگە يار بولىدۇ، – دېدىم.

[21] شۇڭا سەھەردىن تاكى يۇلتۇزلار كۆرۈنگۈچە يېرىمىمىز ئىشلىدۇق، يېرىمىمىز قولىمىزغا نەيزە ئېلىپ قاراۋۇللۇق قىلدۇق. [22] مەن يەنە كىشىلەرگە:

– ھەركىم ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى بىلەن يېرۇسالېمدا كېچىسى قاراۋۇللۇق قىلسۇن، كۈندۈزى سېپىلدا ئىشلىسۇن، – دېدىم. [23] بۇ مەزگىلدە مەيلى تۇغقانلىرىم، خىزمەتكارلىرىم، مۇھاپىزەتچىلىرىم بولسۇن، مەيلى مەن بولاي، ھېچقايسىمىز ئۇچىمىزدىكى كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرمىدۇق ھەمدە قوللىرىمىزدىن قوراللارنى چۈشۈرمىدۇق.

## نەخەمىيانىڭ نامراتلارنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى يېنىكلىتىشى

5 [1] بىر مەزگىلدىن كېيىن نۇرغۇن ئەر-ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىي قېرىنداشلىرى توغرۇلۇق ئامما ئارىسىدا نارازىلىق بىلدۈردى. [2] بەزىلەر: «بىز كۆپ جانلىق، بىزگە جېنىمىزنى ساقلاپ قالغۇدەك يېمەك-ئىچمەك كېرەك!» دېيىشسە، [3] بەزىلەر: «بىز ئاچارچىلىق مەزگىلدە ئاچ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ئېتىزىمىز، ئۈزۈمزارلىقىمىز ۋە ئۆيلىرىمىزنى گۆرۈگە قويدۇق» دېيىشتى. [4] يەنە بەزىلەر: «بىز پادىشاھقا ئېتىز ۋە ئۈزۈمزارلىق ئالۋان-سېلىقى تاپشۇرۇش ئۈچۈن قەرز ئالدۇق. [5] باي يەھۇدىي قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىزنىڭ قېنىمىز بىر، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھېچ پەرقى يوق.

بىراق بىز پەرزەنتلىرىمىزنى ئۇلارغا قۇللۇققا بەرمەسلىكىمىزگە چارىمىز يوق. ھېلىمۇ قىزلىرىمىزدىن بەزىلىرى قۇل بولۇپ كەتتى. بىز بۇنىڭغا ئامالسىز. چۈنكى ئېتىزلىرىمىز ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرىمىز قولىمىزدىن كەتتى» دېيىشتى.
[6] مەن ئۇلارنىڭ نارازىلىقلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقلاندىم.
[7] بۇ ئىش ھەققىدە ئويلانغاندىن كېيىن، جامائەت ئەربابلىرى ۋە ئەمەلدارلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدىم:
— سىلەر ئۆزۈڭلار ئىسرائىل ئارقىلىق ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارغا زۇلۇم سېلىۋاتىسىلەر!
ئاندىن مەن جامائەتنى يىغىپ، ئۇلارغا قارشى يىغىن ئاچتىم.
[8] يىغىندا مەن ئۇلارغا:
— بىز يات خەلقلەرگە ئامالسىز سېتىلىپ كەتكەن يەھۇدىي قېرىنداشلىرىمىزنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تۆلەم تۆلەپ قايتۇرۇۋالغاندۇق، ئەمدى سىلەر ئۇلارنى يەنە قۇللۇققا سېتىۋاتىسىلەر! بىز ئۇلارنى قايتىدىن قۇللۇقتىن سېتىۋېلىشىمىز كېرەكمۇ؟! — دېدىم. ئۇلار سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، ئۇجۇقۇپ كەتتى ۋە ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. [9] مەن يەنە:
— قىلغىنىڭلار ھەقىقەتەن توغرا بولماپتۇ! سىلەر نېمىشقا خۇدادىن قورقماي، يات خەلقتىن بولغان رەقىبلىرىمىزنىڭ مەسخىرە قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىسىلەر؟ [10] قېرىنداشلىرىممۇ، خىزمەتكارلىرىممۇ، ھەتتا مەنمۇ خەلققە پۇل ۋە ئاشلىق قەرز بېرىپتۇق. ئەمدى بىز ئۆسۈم ئېلىشنى توختىتايلى! [11] سىلەرگە گۆرۈگە قويۇلغان ئېتىز، ئۈزۈمزارلىق، زەيتۇنلۇق ۋە ئۆيلەرنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار! پۇل، ئاشلىق، شاراب ۋە زەيتۇن يېغى قەرز بېرىپ ئالغان ئۆسۈملىرىڭلارنى ياندۇرۇپ بېرىڭلار! — دېدىم. [12] ئۇلار:
— ھەممىنى قايتۇرۇپ بېرىمىز، خەلقتىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايمىز، دېگىنىڭىز بويىچە بېجىرىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن روھانىيلارنى چاقىرتىپ كەلدىم، ئاندىن جامائەت ئەربابلىرى ۋە ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ كېلىپ، روھانىيلارنىڭ

ئالدىدا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە قەسەم قىلدۇردۇم. [13] ئاندىن كېيىن تونۇمنىڭ پېشىنى قېقىپ:

- خۇدا ۋەدىسىدە تۇرمىغانلارنى مۇشۇنداق قېقىپ، ئۇلارنى ئۆي-ماكانىدىن ۋە بېساتىدىن ئايرىسۇن، - دېدىم.

جامائەتنىڭ ھەممىسى: «ئامىن!» دېدى ۋە پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلىدى. ئۇلار ۋەدىسىدە تۇردى.

## نەخەمىيانىڭ ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىشى

[14] مەن يەھۇدىيە رايونىغا باشلىق بولغان 12 يىل جەريانىدا، يەنى ئارتاخشاستى پادىشاھنىڭ 20-يىلىدىن 32-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا باشلىققا خاس يېمەكلىكلەرنى يېمىدىم، تۇغقانلىرىمۇ شۇنداق قىلدى. [15] بۇرۇنقى باشلىقلارنىڭ ھەممىسى خەلققە ئالۋان-سېلىق سالغانىدى. ئۇلار خەلقتىن يېمەكلىك، شاراب ۋە 480 گىرام كۈمۈش ئالاتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرىمۇ خەلققە زۇلۇم سالغانىدى. لېكىن مەن ئۇنداق قىلمىدىم، چۈنكى مەن خۇداغا ئىخلاسمەن ئىدىم. [16] مەن ئۆزۈمنى سېپىل قۇرۇلۇشىغا ئاتىۋەتتىم. بىز يەرگىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلمىدۇق. ھەممە خىزمەتكارلىرىمۇ سېپىل قۇرۇلۇشى بىلەن ھەپىلەشتى. [17] مېنىڭ داستىخىنىمدىن غىزالىنىدىغان يەھۇدىيلار ۋە ئەمەلدارلار ئادەتتە بىر يۈز ئەللىك كىشى ئىدى. بۇلاردىن باشقا ئەتراپتىكى خەلقلەردىنمۇ بار ئىدى. [18] ماڭا ھەر كۈنى بىر كالا، ئالتە قوي ۋە قۇشلار، ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم ھەر خىل شارابلار تەييارلىناتتى. شۇنداقتىمۇ، مەن باشلىققا خاس يېمەكلىكلەرنى تەلەپ قىلمىدىم، چۈنكى خەلقنىڭ يۈكىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى بىلەتتىم.

[19] «ئى خۇدايىم، بۇ خەلق ئۈچۈن قىلغانلىرىمنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن ۋە ماڭا ياخشىلىق قىلغايسەن!»

## نەخەمىياغا قۇرۇلغان تۇزاق

6 [1] سانباللات، توبىيا، شۇنداقلا گەشەم ئىسىملىك ھېلىقى ئەرەب ۋە باشقا رەقىبلەر بىزنىڭ سېپىلنى پۈتتۈرۈپ

بولغانلىقىمىزدىن ۋە بىرەر يېرىقنىڭمۇ ئېتىلمەي قالمىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز تېخى سېپىلنىڭ دەرۋازا قاناتلىرىنى ئورناتمىغاندۇق. [2] ساناباللات بىلەن گەشەم ماڭا خەت يوللاپ، ئونو تۈزلەڭلىكىدىكى كىفىرىم دېگەن جايدا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ماڭا سۇيىقەست قىلماقچىدى. [3] مەن ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ: «مەن هازىر مۇهىم ئىش ئۇستىدە، ئۇ يەرگە بارالمايمەن. سىلەر بىلەن كۆرۈشىمەن دەپ، ئىشىمنى توختىتىپ قويۇشنى خالىمايمەن» دېدىم.

[4] ئۇلار ماڭا تۆت قېتىم ئوخشاش خەت يوللىدى. مەن ئۇلارغا بۇرۇنقىغا ئوخشاش جاۋاب قايتۇردۇم. [5] بەشىنچى قېتىم ساناباللات ماڭا ئۆز خىزمەتكارىدىن يەنە خەت يوللىدى. خەت پېچەتلەنمىگەنىدى. [6] خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«سىز باشلىق يەهۇدىيلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىڭلار هەققىدە خەلق ئارىسىدا گەپ تارقىلىپتۇ، گەشەممۇ شۇنداق دەيدۇ. شۇڭا سىلەر سېپىلنى قۇرۇۋېتىپسىلەر. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا سىز ئۇلارغا پادىشاھ بولماقچىكەنسىز. [7] شۇڭا سىز پەيغەمبەرلەر تىكلەپ، ئۇلار ئارقىلىق يېرۇسالېمدا ئۆزىڭىزنى يەهۇدىيەنىڭ پادىشاھى دەپ جاكارلاتقۇدەكسىز. بۇ ئىش جەزمەن پېرسىيە پادىشاھىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. شۇڭا سىز كېلىپ، مەن بىلەن بۇ توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.»

[8] مەن ئۇنىڭغا: «ئۇنداق ئىش يوق، بۇنى ئۆزىڭىز ئويدۇرۇپ چىقارغان!» دەپ جاۋاب يوللىدىم. [9] ئۇلار بىزنى قورقۇتۇپ، قولىمىزنى ئىشقا بارماس قىلىپ، سېپىلنى پۈتتۈرەلمەسلىكىمىزنى ئويلىغانىدى. مەن: «ئى خۇدا، قولۇمغا كۈچ-قۇدرەت بەرگەيسەن!» دەپ دۇئا قىلدىم.

[10] بىر كۈنى مەن مېھىتابئېلنىڭ نەۋرىسى، يەنى دىلايانىڭ ئوغلى شىمايانىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ دائىم ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ، سىرتقا چىقمايتتى. ئۇ ماڭا:

- بىز ئىبادەتخانا ئىچىدە كۆرۈشەيلى، ئىشكنى تاقىۋالايلى.
چۈنكى ئۇلار بوگۈن كەچ كېلىپ، سىزنى ئۆلتۈرمەكچى! - دېدى.
[11] مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن:
- مەندەك سالاھىيەتتىكى ئادەم قېچىپ يۈرسە، جېنىنى ساقلاپ
قېلىش ئۈچۈن ئىبادەتخانىغا مۆكۈنۇۋالسا بولامدۇ؟ مەن قەتئىي
بارمايمەن! - دېدىم.
[12] مەن شىمايانى خۇدانىڭ ئەۋەتمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ماڭا
پەيغەمبەرچە ئېيتقان سۆزىنىڭ خۇدادىن كەلمىگەنلىكىنى، بەلكى
ئۇنىڭ توبىيا بىلەن سانباللاتقا سېتىلىپ كەتكەنلىكىنى تونۇپ
يەتتىم. [13] ئۇلار مېنى قورقۇتۇپ، گۇناھقا پاتۇرماقچى بولغانىدى.
ئاندىن نامىمغا داغ كەلتۈرۈپ، تۆھمەت چاپلىماقچىدى.
[14] «ئى خۇدايىم، توبىيا بىلەن سانباللاتنىڭ قىلمىشلىرىنى
ئېسىڭدە تۇتقايسەن، شۇنداقلا مېنى قورقۇتماقچى بولغان ساختا
ئايال پەيغەمبەر نوئادىيا بىلەن باشقا ساختا پەيغەمبەرلەرنى
ئېسىڭدە تۇتقايسەن!»

## سېپىلنىڭ پۈتتۈرۈلۈشى

[15] سېپىل 52 كۈندە، كۈز پەسلى ئەلۇل ئېيىنىڭ 25-كۈنى ①
تاماملاندى. [16] رەقىبلىرىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى خەلقلەر بۇنىڭدىن
خەۋەر تاپقاندا ئۇلارنى قورقۇنچ باستى ۋە ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچى
يوقالدى. چۈنكى ئۇلار بۇ قۇرۇلۇشنىڭ خۇدانىڭ ياردىمى ئارقىلىق
پۈتكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.
[17] شۇ 52 كۈن جەريانىدا، يەھۇدىي جامائەت ئەربابلىرى بىلەن
توبىيا ئوتتۇرىسىدا خەت-ئالاقە بولۇپ تۇردى. [18] نۇرغۇن يەھۇدىيە
ئاھالىلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تۇغقانچىلىقى بولۇپ، ئۇنى قوللاشقا
قەسەم بەرگەنىدى. چۈنكى توبىيانىڭ قېيىنئاتىسى ئاراخنىڭ
ئوغلى شىكانىيا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توبىيانىڭ ئوغلى يەھوخانان
بەرەكيانىڭ مەشۇللام ئىسىملىك ئوغلىنىڭ قىزىنى ئالغانىدى.
[19] شۇڭا ئۇلار مېنىڭ ئالدىمدا توبىيانىڭ ياخشى گەپلىرىنى قىلىشتى

---

① 6: 15 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 445-يىلى 10-ئاينىڭ 2-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ھەمدە مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ تۇردى. توبىيامۇ مېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن داۋاملىق خەت يوللاپ تۇردى.

7 [1] سېپىل پۈتۈپ، دەرۋازا قاناتلىرى ئورنىتىلىپ بولۇنغانىدى. ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرى، نەغمىچىلەر ۋە باشقا لاۋىيلار خىزمەتلەرگە تەقسىم قىلىندى. [2] مەن يېرۇسالېمنى باشقۇرۇشقا قېرىندىشىم خانانىنى ۋە ئىشەنچلىك، باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىخلاسمەن قورغان قوماندانى خانانىيانى تەيىنلىدىم.
[3] مەن ئۇلارغا:
- يېرۇسالېم دەرۋازىلىرىنى چىڭقىچۈشتە ئاچماڭلار، ئاشۇ ۋاقىتتا ۋەزىپىدە تۇرغان دەرۋازىۋەنلەر دەرۋازىلارنى تاقاپ، بالداقلارنى سالسۇن! يېرۇسالېم ئاھالىسىدىن بەزىلەرنى قاراۋۇللۇققا، بەزىلەرنى ئۆز ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىنى چارلاشقا قويۇڭلار! - دېدىم.

## سۈرگۈندىن قايتقانلارنىڭ تىزىملىكى

[4] بۇ ۋاقىتتا يېرۇسالېم ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، ئاھالىسى ئانچە كۆپ ئەمەس، ئۆيلەرمۇ قايتىدىن ئانچە كۆپ ياسالمىغانىدى. [5] خۇدا مېنىڭ جامائەت ئەربابلىرى، ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالارنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىشىمنى كۆڭلۈمگە سالدى. مەن بىرىنچى تۈركۈم سۈرگۈندىن يەھۇدىيەگە قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ نەسەبنامە خاتىرىسىنى تاپتىم. ئۇنىڭدا مۇنداق خاتىرىلەنگەنىدى:

[6] تۆۋەندىكىلەر بابىلدىن قايتقان يەھۇدىي سۈرگۈنلەرنىڭ تىزىملىكىدۇر. بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر بۇرۇن ئۇلارنى بابىلغا ئەسىر قىلىپ، ئېلىپ كەتكەنىدى. بىراق ھازىر ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا، يەنى يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيەنىڭ باشقا جايلىرىغا قايتىپ كەلدى. [7] زىرۇببابەل، يوشۇۋا، نەخەمىيا، ئازاريا، رائامىيا، ناخامانى، موردىكاي، بىلشان، مىسپەرەت، بىگۋاي، نىخۇم ۋە بائانالار ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلدى.
سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن ئىسرائىل ئەرلىرىنىڭ سانى:

[8] پارئوش جەمەتىدىن 2172 كىشى،
[9] شفاتىيا جەمەتىدىن 372 كىشى،
[10] ئاراخ جەمەتىدىن 652 كىشى،
[11] پاخات-موئاب جەمەتىدىن (يېشۇۋا ۋە يوئابنىڭ ئەۋلادلىرى) 2818 كىشى،
[12] ئېلام جەمەتىدىن 1254 كىشى،
[13] زاتتۇ جەمەتىدىن 845 كىشى،
[14] زاككاي جەمەتىدىن 760 كىشى،
[15] بىننۇي جەمەتىدىن 648 كىشى،
[16] بېباي جەمەتىدىن 628 كىشى،
[17] ئازگاد جەمەتىدىن 2322 كىشى،
[18] ئادونىقام جەمەتىدىن 667 كىشى،
[19] بىگۋاي جەمەتىدىن 2067 كىشى،
[20] ئادىن جەمەتىدىن 655 كىشى،
[21] ئاتېر جەمەتىدىن (خىزكىيانىڭ ئەۋلادلىرى) 98 كىشى،
[22] خاشۇم جەمەتىدىن 328 كىشى،
[23] بېزاي جەمەتىدىن 324 كىشى،
[24] خارىف جەمەتىدىن 112 كىشى،
[25] گىبېئون جەمەتىدىن 95 كىشى،
[26] بەيتلەھەملىكلەر ۋە نىتوفالىقلاردىن 188 كىشى،
[27] ئاناتوتلۇقلاردىن 128 كىشى،
[28] بەيت-ئازماۋەتلىكلەردىن 42 كىشى،
[29] قىريات-يېئارىم، كىفىرا ۋە بەئەروتلۇقلاردىن 743 كىشى،
[30] راماھ ۋە گەبالىقلاردىن 621 كىشى،
[31] مىكماسلىقلاردىن 122 كىشى،
[32] بەيتەل ۋە ئايلىقلاردىن 123 كىشى،
[33] نىبولۇقلاردىن 52 كىشى،
[34] ئېلاملىقلاردىن 1254 كىشى،
[35] خارىملىقلاردىن 320 كىشى،
[36] ئېرىخالىقلاردىن 345 كىشى،

37 لود، خادىد ۋە ئونولۇقلاردىن 721 كىشى،
38 سىنائالىقلاردىن 3930 كىشى.

39 روھانىيلاردىن:
يىدايا جەمەتىدىن (يوشۇۋانىڭ ئەۋلادلىرى) 973 كىشى،
40 ئىممېر جەمەتىدىن 1052 كىشى،
41 پاشخۇر جەمەتىدىن 1247 كىشى،
42 خارىم جەمەتىدىن 1017 كىشى.
43 لاۋىيلاردىن:
يېشۇۋا ۋە قادمىئېل جەمەتىدىن (ھوداۋىيا ئەۋلادلىرى) 74 كىشى،
44 ئىبادەتخانا نەغمىچىلىرى: ئاساف ئەۋلادلىرىدىن 148 كىشى،
45 ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرى: شاللۇم، ئاتېر، تالمون، ئاققۇب، خاتىتا ۋە شوباي جەمەتلىرىدىن 138 كىشى.
46 ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن:
زىخا، خاسۇفا، تاببائوت،
47 قېروس، سىئا، پادون،
48 لىبانا، خاگابا، شالماي،
49 خانان، گىددېل، گاخار،
50 رېئايا، رېزىن، نىقودا،
51 گاززام، ئۇززا، پاسېياخ،
52 بېساي، مېئۇنىم، نېفۇشسىم،
53 باقبۇق، خاقۇفا، خارخۇر،
54 بازلىت، مېخىدا، خارشا،
55 بارقوس، سىسرا، تەماخ،
56 نېزىياخ ۋە خاتىفالار.
57 پادىشاھ سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن:
سوتاي، سوفەرەت، پېرىدا،
58 ياالا، دارقون، گىددېل،
59 شىفاتىيا، خاتتىل، پوكەرەت-ھاززىبايىم ۋە ئامونلار.

[60] ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ۋە پادىشاھ سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن جەمئىي 392 كىشى.

[61] تېلمەلاخ، تېلخارشا، كىرۇب، ئاددون ۋە ئىممېر دېگەن جايلاردىن كەلگەن بىر توپ كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمىدى. [62] بۇ كىشلەر دېلايا، توبىيا ۋە نەقودا جەمەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جەمئىي 642 كىشى ئىدى.
[63] خوبايىيا، خاققوز ۋە بارزىللاي دېگەن ئۈچ روھانىي جەمەتىمۇ قايتىپ كەلگەن بولۇپ، بارزىللاي گىلئادلىق بارزىللاينىڭ بىر قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ فامىلىسىنى ئىشلەتكەنىدى. [64] بۇ روھانىيلار نەسەبنامىلىرىدىن جەمەت نامىلىرىنى تاپالمىدى. شۇڭا ئۇلار ناپاك ھېسابلىنىپ، روھانىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىدى. [65] يەھۇدىيە رايونىنىڭ باشلىقى ئۇلارغا «ئۇرىم» ۋە «تۇممىم»[①]نى ئىشلىتىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلەلەيدىغان روھانىي كەلگۈچە، ئەڭ مۇقەددەس يېمەكلىكلەرنىڭ روھانىيلارغا تېگىشلىكلىرىدىن يېمەسلىكنى بۇيرۇدى.
[66] يەھۇدىيەگە قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 42,360 كىشى ئىدى. [67] بۇلاردىن باشقا 7337 ئەر-ئايال خىزمەتكار، 245 ئەر-ئايال ناخشىچى ۋە [68] 736 ئات، 245 قېچىر، [69] 435 تۆگە ۋە 6720 ئېشەكمۇ بار ئىدى.
[70] بەزى جەمەت باشلىقلىرى ئىبادەتخانىنى قايتىدىن بىنا قىلىش ئۈچۈن ئۆز مۈلۈكلىرىدىن ئىئانە قىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقى خەزىنىگە مىڭ ئالتۇن تەڭگە، 50 دانە داس، 530 قۇر روھانىي تونى ئىئانە قىلدى. [71] يەنە بەزى جەمەت باشلىقلىرى ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 20 مىڭ ئالتۇن تەڭگە ۋە 1320

① 7: 65 «ئۇرىم» ۋە «تۇممىم» ــ بۇلار خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلىش ئۈچۈن تاشلىنىدىغان مۇقەددەس چەكتۇر. «ئۇرىم»نىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى مەنىسى «قارغاش» بولۇپ، بۇ يەردە «بولمايدۇ» دېگەن مەنىدە، «تۇممىم»نىڭ ئىبرانىي تىلىدىكى مەنىسى «تەلتۆكۈس» بولۇپ، بۇ يەردە «بولىدۇ» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

كىلو كۈمۈش ئىئانە قىلدى. [72] قالغان خەلق 20 مىڭ ئالتۇن تەڭگە، 1200 كىلو كۈمۈش ۋە 67 قۇر روھانىي تونى ئىئانە قىلدى.

[73] روھانىيلار، لاۋىيلار، نەغمىچىلەر، ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرى، ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى ۋە بىر قىسىم كىشىلەر يېرۇسالېم ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشتى، قالغانلىرى ئۆز يۇرتلىرىغا جايلاشتى.

## ئەزرانىڭ تەۋرات قانۇننى ئوقۇپ بېرىشى

كۈز پەسلىدە ئىسرائىللار ئۆز يۇرتلىرىغا ئورۇنلىشىپ بولدى.

8 [1] شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر نىيەت بىر مەقسەتتە بولۇپ، يېرۇسالېمدىكى «سۇ دەرۋازىسى»نىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا جەم بولدى. ئۇلار تەۋرات ئۇستازى ئەزرانى پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن تەۋرات قانۇنى يېزىلغان يازمىسنى ئېلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. [2] شۇڭا 7-ئاينىڭ 1-كۈنى① روھانىي ئەزرا ئۇنى ئەرلەر، ئاياللار ۋە بارلىق چۈشىنەلەيدىغان باللار جەم بولغان جامائەت ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. [3] ئۇ تاڭ سەھەردىن چۈشكىچە «سۇ دەرۋازىسى»دىن كىرگەندىكى مەيداندا قانۇننى چۈشىنەلەيدىغان ھەرقانداق كىشىگە ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى. بارلىق خەلق دىققەت بىلەن ئاڭلىدى.

[4] تەۋرات ئۇستازى ئەزرا بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ئېگىز ياغاچ مۇنبەردە تۇردى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدىن ماتتىتىيا، شەما، ئانايا، ئۇرىيا، خىلقىيا، مائاسىيالار ۋە سول يېنىدىن پىدايا، مىشائېل، مالكىيا، خاشۇم، خاشباددانا، زىكىرىيا، مىشۇللاملار ئورۇن ئالدى. [5] ئەزرا مۇنبەردە تۇرغاندا، ھەممەيلەن ئۇنى ئېنىق كۆرەلىدى. ئۇ يازمىنى ئاچقاندا، بارلىق جامائەت ئورنىدىن تۇرۇشتى. [6] ئۇ پەرۋەردىگار بولغان ئۇلۇغ خۇدانى مەدھىيىلىگەندە، پۈتۈن جامائەت قوللىرىنى كۆتۈرۈپ: «ئامىن، ئامىن!» دېيىشتى. كېيىن ئۇلار تىزلىنىپ، باشلىرىنى يەرگە تەگكۈزۈپ سەجدە قىلىشتى. [7] ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرغان خەلققە يېشۇۋا، بانى، شېرېبىيا، يامىن،

① 8: 2 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 445-يىلى 10-ئاينىڭ 8-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئاققۇب، شابتاي، هودىيا، مائاسېيا، قېلىتا، ئازارىيا، يوزاباد، خانان ۋە پېلايا قاتارلىق لاۋىيلار قانۇن تونۇرۇلۇق چۈشەنچە بەردى. [8] ئۇلار خۇدانىڭ قانۇنىنى خەلققە ئوقۇپ، مەنىسىنى يېشىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن خەلق نېمىنىڭ ئوقۇلغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلدى.

[9] خەلق قانۇننى ئاڭلاپ، كۆز يېشى قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيە باشلىقى نەخەمىيا، تەۋرات ئۇستازى روھانىي ئەزرا ۋە قانۇن توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىدىغان لاۋىيلار خەلققە:

— بۈگۈن پەرۋەردىگارىمىز خۇدا ئۈچۈن مۇقەددەس كۈندۇر! سىلەر يىغا-زار قىلماڭلار! [10] ئەمدى كۆپچىلىك قايتىپ زىياپەت تەييارلاڭلار. ئېسىل تائام ۋە شېرىن ئىچىملىكلەردىن بەھرىمەن بولۇڭلار. ئۇلارنى ھېچنېمە ھازىرلىيالمىغانلار بىلەن بۆلۈپ يەڭلار. بۈگۈن خۇدايىمىز ئۈچۈن مۇقەددەس كۈندۇر، قايغۇرماڭلار! چۈنكى پەرۋەردىگاردىن كەلگەن شاد-خۇراملىقىمىز بىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمىزدۇر! — دېدى. [11] لاۋىيلار جامائەتنى تىنچلاندۇرۇپ:

— بۈگۈن مۇقەددەس كۈندۇر! قايغۇرۇشنى توختىتىڭلار! — دېدى.

[12] جامائەت ئوقۇلغان مەزمۇننى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆيلىرىگە قايتىپ، شاد-خۇراملىق ئىچىدە زىياپەت داستىخىنىدىن غىزالاندى ۋە ئۆزىدە بارنى باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتى.

## كەپە تىكىش ھېيتى

[13] ئەتىسى ھەر قايسى جەمەتلەرنىڭ باشلىقلىرى تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىملىرىنى ئوبدانراق بىلىۋېلىش ئۈچۈن روھانىيلار ۋە لاۋىيلار بىلەن بىرگە تەۋرات ئۇستازى ئەزرانىڭ يېنىغا باردى. [14] ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن قانۇنىدىن كۆزدىكى كەپە تىكىش ھېيتى مەزگىلىدە ئىسرائىللارنىڭ كەپىلەردە تۇرۇشى بۇيرۇلغانلىقىنى بايقىدى. [15] ئۇلار قانۇندا يېزىلغان: «ئېدىرلىقلارغا بېرىپ، زەيتۇن، ياۋا زەيتۇن، مىرتا، خورما ۋە باشقا قويۇق يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، كەپە ياساڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى جاكارلىشى ۋە ئۇنى ئۆز يۇرتلىرى ھەم يېرۇسالېمدا تارقىتىشى كېرەك ئىدى. [16] شۇنىڭ بىلەن خەلق

دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ كېلىپ، ئۆگزىلىرىگە، هويلىلىرىغا، ئىبادەتخانىنىڭ هويلىسىغا ۋە «سۇ دەرۋازىسى» ھەم «ئەفرايىم دەرۋازىسى» ئالدىدىكى مەيدانلارغا كەپە ياسىدى. [17] سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ياسالغان بۇ كەپىلەردە تۇردى. ئىسرائىللار بۇ ھېيتنى نۇننىڭ ئوغلى يوشۇۋانىڭ زامانىدىن تارتىپ بۇنداق تەبرىكلەپ باقمىغانىدى. ھەممە ئادەم شاد-خۇراملىققا چۆمگەنىدى. [18] ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن ئەڭ ئاخىرقى كۈنىگىچە ئەزرا ھەر كۈنى خۇدانىڭ قانۇنىدىن بىر پارچە ئوقۇپ تۇردى ۋە يەتتە كۈن ھېيت قىلىپ، سەككىزىنچى كۈنى بېكىتىلگەن بەلگىلىمە بويىچە يىغىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

## خەلقنىڭ ئۆز گۇناھلىرىغا تووۋا قىلىشى

9 [1] ئوخشاش ئاينىڭ 24-كۈنى ئىسرائىللار بىر يەرگە جەم بولۇپ، روزا تۇتتى. ئۇلار ماتەملىك كىيىم كىيىپ، بېشىغا توپا چېچىپ، قايغۇلىرىنى ئىپادىلەشتى. [2] ئۇلار يات خەلقلەردىن ئايرىلىپ بولغانىدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۆزلىرى ۋە ئەجدادلىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلارغا تووۋا قىلىشتى. [3] ئۇلار بىر كۈننىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدا پەرۋەردىگار، يەنى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدانىڭ قانۇنىنى ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئاندىن يەنە تۆتتىن بىر قىسمىدا گۇناھلىرىغا تووۋا قىلىپ، پەرۋەردىگار خۇداغا ئىبادەت قىلدى.

[4] لاۋىيلاردىن يېشۇۋا، بانى، قادمىئېل، شىبانىيا، بۇننى، شېرېبىيا، بانى ۋە كىنانىلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ياسالغان پەلەمپەيدە تۇرۇپ، پەرۋەردىگار خۇداغا ئۈنلۈك ئاۋازدا دۇئا قىلدى.

[5] لاۋىيلاردىن يېشۇۋا، قادمىئېل، بانى، خاشابنىيا، شېرېبىيا، هودىيا، شىبانىيا ۋە پېتاخىيالار خەلققە مۇنداق دېدى: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، ئەزەلدىن ئەبەدىيگىچە مەۋجۇد بولغان پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانى مەدھىيەلەڭلار!» ئاندىن ئۇلار مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى خۇدا، ئۇلۇغ نامىڭغا ھەمدۇسانا بولغاي! نامىڭ پۈتكۈل ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيەلەردىن يۈكسەكتۇر! [6] سەن بىردىنبىر

پەرۋەردىگاردۇرسەن! سەن ئاسماننى، ھەتتا ئەرشئەلا ۋە پۈتۈن يۇلتۇزلارنى، زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى، دېڭىز-ئوكيان ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنى ياراتتىڭ. سەن پۈتكۈل مەۋجۇداتلارغا جان بەرگۈچىدۇرسەن. ئەرشئەلادىكى پەرىشتىلەر ساڭا ئىبادەت قىلىدۇ. [7] سەن ئىبرامنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدادۇرسەن، سەن ئۇنى كالدانلارنىڭ ئۇر شەھىرىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئىسمىنى ئىبراھىمغا ئۆزگەرتتىڭ. [8] ئۇ ساڭا ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، سەن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا كەنئانلار، خىتلار، ئامورلار، پەرىززىلەر، يېبۇسلار ۋە گىرگاشلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېرىمەن دەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەھدە تۈزدۈڭ. سەن ھەققانىي بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ۋەدەڭدە تۇردۇڭ.

[9] سەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىسىردا خارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭ. ئۇلارنىڭ قىزىل دېڭىزدىكى نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلىدىڭ. [10] سەن پىرئەۋن، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە قارشى مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنى كۆرسەتتىڭ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقىڭنى خارلىغىنىنى بىلدىڭ. شۇڭا نامىڭ بۈگۈنگىچە مەشھۇردۇر. [11] سەن دېڭىزنى يېرىپ خەلقىڭگە يول ئېچىپ بەردىڭ. ئۇلار قۇرۇق يول بىلەن دېڭىزدىن ئۆتتى. ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەنلەرنى خۇددى تاشنى سۇغا غەرق قىلغاندەك، چوڭقۇر سۇغا غەرق قىلدىڭ. [12] كۈندۈزى ئۇلارغا بۇلۇت تۈۋرۈكى ئارقىلىق يول باشلىدىڭ، كېچىسى يولنى ئوت تۈۋرۈكى ئارقىلىق يورۇتتۇڭ. [13] سەن سىناي تېغىغا چۈشتۈڭ، ئەرشتىن خەلقىڭگە سۆز قىلدىڭ ۋە ئۇلارغا ئادىل تۈزۈم، ھەق قانۇن ۋە لىللا ئەمر-پەرمانلارنى چۈشۈردۈڭ. [14] سەن ئۇلارغا ئۆزۈڭگە بېغىشلانغان دەم ئېلىش كۈنىنى بىلدۈردۈڭ ھەمدە خىزمەتكارىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق قانۇن ۋە ئەمر-پەرمانلىرىڭنى ئېلان قىلدىڭ. [15] ئۇلارنىڭ قارنى ئاچقاندا ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بەردىڭ، ئۇسسىغاندا قورام تاشتىن سۇ چىقىرىپ بەردىڭ. سەن ئۇلارنىڭ ئۆزۈڭ ئۇلارغا ۋەدە قىلغان زېمىنغا بېرىشىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىشىنى بۇيرۇدۇڭ. [16] لېكىن ئەجدادلىرىمىز تەكەببۇرلۇق ۋە بويىنىنى قاتتىق قىلىپ، ئەمرلىرىڭگە ئىتائەت قىلمىدى. [17] ئۇلار

ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزلىرى ئۆچۈن كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىڭنى ئۇنتۇدى. ئۇلار بويىنىنى قاتتىق قىلىپ، ئۆزلىرىگە يېڭى بىر يېتەكچى تەيىنلەپ، مىسىردىكى قۇللۇقىغا قايتماقچى بولدى. لېكىن سەن ئەپۇچان، رەھىمدىل، شەپقەتلىك، ئاسانلىقچە غەزەپلەنمەيدىغان ۋە چەكسىز مېھىر-مۇھەببەتلىك خۇدا بولغاچقا، ئۇلارنى تاشلىۋەتمىدىڭ. [18] ھەتتا ئۇلار موزايىنىڭ بۇتىنى ياساپ، ‹بۇ بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان ئىلاھ› دەپ، ساڭا ئېغىر ھاقارەت كەلتۈردى. [19] شۇنداقتىمۇ سەن رەھىمدىللىكىڭ بىلەن ئۇلارنى چۆلدە تاشلىۋەتمىدىڭ. كۈندۈزى يول باشلىغان بۇلۇت تۈۋرۈكىنى ۋە كېچىسى يول كۆرسەتكەن ئوت تۈۋرۈكىنى ئۇلاردىن ئايرىمىدىڭ. [20] سەن ئۇلارغا تەلىم بېرىش ئۈچۈن ياخشى روھىڭنى ئاتا قىلدىڭ. ئۇلارغا ماننا بېرىشنى توختاتمىدىڭ ۋە ئۇسسۇزلۇقىغا سۇ بەردىڭ. [21] سەن ئۇلارنىڭ چۆل-باياۋاندىكى قىرىق يىلدا پۈتۈن ئېھتىياجىنى قاندۇردۇڭ، ئۇلار ھېچنېمىگە موھتاج بولمىدى، كىيىم-كېچەكلىرى يىرتىق بولمىدى ۋە پۇتلىرىمۇ ئىششىمىدى.

[22] سەن ئەجدادلىرىمىزغا پادىشاھلىقلارنى ۋە ئەللەرنى تاپشۇردۇڭ. خەلقىڭنى ئۇ زېمىنلارنىڭ يىراق چېگرالىرىغىچە ئورۇنلاشتۇردۇڭ. ئۇلار سىخون پادىشاھنىڭ خەشبون شەھىرى ۋە ئەتراپىدىكى زېمىنىنى ھەمدە ئوگ پادىشاھنىڭ زېمىنى باشاننى ئىشغال قىلدى. [23] سەن ئۇلارغا ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ ئەۋلاد بېرىپ، ئۇلارنى ئەجدادلىرىغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان زېمىنغا باشلاپ كەلدىڭ. [24] ئۇلار بېسىپ كىرىپ، ئۇ زېمىننى ئىشغال قىلدى. سەن ئۇلارغا كەنئان زېمىنىنىڭ ئاھالىسىنى بويسۇندۇرۇپ بەردىڭ. سەن ئۇ زېمىننىڭ پادىشاھلىرى ۋە خەلقىنى ئۇلارنىڭ مەيلىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردۇڭ. [25] خەلقىڭ سېپىللىرى مۇستەھكەم شەھەرلەرنى ۋە مۇنبەت يەرلەرنى تارتىۋالدى. ئۇلار مال-دۇنيا بىلەن تولغان ئۆيلەرگە، قېزىپ قويۇلغان قۇدۇقلارغا، ئۈزۈمزارلىقلارغا، زەيتۇنلۇقلارغا ۋە مول مېۋىلىك باغلارغا ئىگە بولدى. ئۇلار قانغۇچە يەپ-ئىچىپ، سەمرىدى ۋە ئاتا قىلىنغان پۈتكۈل نېمەتلىرىڭدىن بەھرىمەن بولدى.

[26] لېكىن خەلقىڭ ساڭا بويسۇنمىدى. سەندىن يۈز ئۆرۈدى ۋە قانۇنۇڭنى تاشلاپ قويدى. ئۇلار سېنىڭ يولۇڭغا قايتىشقا دەۋەت قىلغان پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ساڭا ئېغىر ھاقارەت كەلتۈردى. [27] شۇڭا سەن ئۇلارنى زۇلۇم سالىدىغان دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردىڭ. لېكىن ئۇلار ئازاب چېكىپ ساڭا ئىلتىجا قىلغاندا، سەن ئەرشتىن ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سالدىڭ. سەن ئىنتايىن رەھىمدىل بولۇپ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئادەملەرنى ئەۋەتتىڭ. [28] ئۇلار ئامانلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، يەنە سېنىڭ نەزىرىڭدىكى يامان ئىشلارنى قىلدى. سەن ئۇلارنى يەنە دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تۇتۇپ بەردىڭ. لېكىن ئۇلار يەنە ساڭا ئىلتىجا قىلسا، سەن ئەرشتىن ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سالدىڭ. ئۇلارغا رەھىمىڭ كېلىپ، ئۇلارنى كۆپ قېتىم قۇتۇلدۇردۇڭ.

[29] سەن ئۇلارنى قايتىدىن قانۇنۇڭغا بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلدىڭ. لېكىن ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئەمرلىرىڭگە قۇلاق سالمىدى، بەلگىلىمىلىرىڭگە رىئايە قىلمىدى. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلغان بولسا ئىدى، ھايات يولىنى تاپقان بولاتتى. ئۇلار تەرسالىق بىلەن بويىنىنى قاتتىق قىلىپ، ساڭا ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلدى. [30] سەن ئۇزۇن يىل سەۋر-تاقەت قىلدىڭ. سەن پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق روھىڭ بىلەن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردۇڭ. بىراق ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭغا قۇلاق سالمىدى. شۇڭا سەن ئۇلارنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ قولىغا تۇتۇپ بەردىڭ. [31] لېكىن سەن يەنىلا ناھايىتى رەھىمدىل بولۇپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلمىدىڭ ۋە تاشلىۋەتمىدىڭ. چۈنكى سەن شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىل خۇدادۇرسەن!

[32] ئەي پەرۋەردىگار، سەن مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىپ، ئەھدەڭدە تۇرىسەن. سەن ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك خۇدايىمىزدۇرسەن. ئاسسۇرىيە پادىشاھلىرى بىزگە زۇلۇم سالغاندىن بېرى پادىشاھلىرىمىز، ئەمەلدارلىرىمىز، روھانىيلىرىمىز، پەيغەمبەرلىرىمىز ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ، يەنى پۈتۈن خەلقىڭنىڭ دۇچ كەلگەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە سەل قارىمىغايسەن.

[33] سەن بىزنى ھەق جازالىدىڭ. سەن ئىشەنچلىكسەن، لېكىن بىز رەزىللىك قىلدۇق. [34] پادىشاھلىرىمىز، ئەمەلدارلىرىمىز، روھانىيلىرىمىز ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىز قانۇنۇڭغا بويسۇنمىدى، ئەمر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭغا قۇلاق سالمىدى. [35] ھەتتا ئۇلار ئۆز پادىشاھلىقىغا ئىگە بولغان ۋە سەن ئۇلارغا بېغىشلىغان بىپايان مۇنبەت تۇپراقتىكى نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، ساڭا ئىبادەت قىلمىدى، رەزىللىكلىرىدىن ۋاز كەچمىدى.

[36] بىز ھازىر ئۆز زېمىنىمىزدا قۇل بولۇپ قالدۇق. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مېۋە-چېۋە ۋە نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن سەن ئۇلارغا ئاتا قىلغان زېمىندا بىز قۇل بولدۇق. [37] گۇناھىمىز ۋەجىدىن بۇ تۇپراقنىڭ مول مەھسۇلاتلىرى سەن ئۈستىمىزدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قويغان پادىشاھلارغا مەنسۇپ بولدى. ئۇلار بىزنى ۋە مال-ۋارانلىرىمىزنى خالىغىنىچە باشقۇرۇۋاتىدۇ. بىز جەبىر-زۇلۇم ئىچىدە قالدۇق!»

## جامائەتنىڭ ۋەدىنامە يېزىشى

[38] يۇز بەرگەن بۇ ئىشلار ۋەجىدىن بىز ۋەدىنامە يازدۇق. ئەمەلدارلىرىمىز، روھانىيلىرىمىز ۋە لاۋىيلار ئۆز مۆھۈرلىرىنى باستى.

10

[1] مەزكۇر ۋەدىنامىگە مۆھۈرلىرىنى باسقانلار:

خاكالىيانىڭ ئوغلى يەھۇدىيەنىڭ باشلىقى نەخەمىيا ۋە زىدقىيا.

[2] روھانىيلاردىن:

سېرايا، ئازارىيا، يەرەمىيا، [3] پاشخۇر، ئامارىيا، مالكىيا، [4] خاتتۇش، شىبانىيا، ماللۇك، [5] خارىم، مېرېموت، ئوبادىيا، [6] دانىيال، گىننىتون، بارۇك، [7] مېشۇللام، ئابىيا، مىيامىن، [8] مائازىيا، بىلگاي ۋە شىمايالار.

[9] لاۋىيلاردىن:

ئازانىيانىڭ ئوغلى يېشۇۋا، خېنادادنىڭ ئوغلى بىننۇي، قادمىئېل [10] ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان شىبانىيا، ھودىيا، قېلىتا،

پىلايا، خانان، [11] مىكا، رىخوب، خاشابىيا، [12] زاككۇر، شېرېبىيا، شىبانىيا، [13] هودىيا، بانى ۋە بىنىنۇلار.

[14] ئەمەلدارلاردىن:
پارئوش، پاخات-موئاب، ئېلام، زاتتۇ، بانى، [15] بۇننى، ئازگاد، بېباي، [16] ئادونىيا، بىگۋاي، ئادىن، [17] ئاتېر، خىزكىيا، ئاززۇر، [18] هودىيا، خاشۇم، بېزاي، [19] خارىف، ئاناتوت، نېباي، [20] ماگپىئاش، مىشۇللام، خېزىر، [21] مىشېزابىئېل، زادوق، ياددۇئا، [22] پىلاتيا، خانان، ئانايا، [23] هوشىيا، خانانىيا، خاششۇب، [24] هالloهېش، پىلخا، شوبېق، [25] رىخۇم، خاشابنا، مائاسېيا، [26] ئاخىيا، خانان، ئانان، [27] ماللۇك، خارىم ۋە بائانالار.

## ۋەدىنامىنىڭ مەزمۇنى

[28] يۇقىرىقىلاردىن باشقا روھانىيلار، لاۋىيلار، نەغمىچىلەر، ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرى ۋە خىزمەتكارلىرى ھەم خۇدانىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇش يولىدا بۇ زېمىندىكى يات خەلقلەردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغانلار، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە بارلىق ئەقىل يېشىغا يەتكەن ئوغۇل-قىزلىرى [29] ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى بىلەن بىرگە خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدى. ئەگەر ئۇلار خۇدانىڭ خىزمەتكارى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىغا خىلاپلىق قىلسا، خۇدانىڭ قارغىشىغا قالىدۇ. ئۇلار ئىگىمىز پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئەمر-پەرمانلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىمىز، دەپ قەسەم بېرىشتى:

[30] «بىز بۇ زېمىندىكى يات خەلقلەر بىلەن نىكاھلانمايمىز.
[31] ئەگەر بۇ زېمىندىكى يات خەلقلەر دەم ئېلىش كۈنى ياكى باشقا مۇقەددەس كۈنلەردە ئاشلىق ۋە باشقا نەرسە ساتسا، بىز ئۇلاردىن قەتئىي سېتىۋالمايمىز. بىز ھەر يەتتىنچى يىلى يەرنى دەم ئالدۇرىمىز ۋە قەرزلەرنى بىكار قىلىمىز.
[32] بىز ئىبادەتخانىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ھەر يىلى تۆت گىرامدىن كۈمۈش بېرىشكە ۋەدە قىلىمىز. [33] بۇ كۈمۈشلەر

خۇداغا ئاتىلىدىغان نانلار، كۈندىلىك ئاشلىق ھەدىيەلىرى،
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ھەم دەم ئېلىش كۈنلىرى، يېڭى
ئاي بايراملىرى، ھەمدە بەلگىلەنگەن ھېيتلاردا قىلىنىدىغان
ھەدىيەلەر، خۇداغا ئاتىلىدىغان قۇربانلىقلار، ئىسرائىللارنىڭ
گۇناھلىرىنىڭ ساقىت قىلىنىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان گۇناھ
كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقلىرى ۋە ئىبادەتخانا خىزمەتلىرى
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
34 بىز روھانىيلار، لاۋىيلار ۋە باشقا بارلىق خەلق تەۋرات
قانۇنىغا بىنائەن پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ قۇربانلىق سۇپىسىدا
قالىنىدىغان ئوتۇنلارنى قايسى جەمەتنىڭ ھەر يىلى بەلگىلەنگەن
ۋاقىتتا ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كېلىشىنى چەك تاشلاش ئارقىلىق
بەلگىلەيمىز.
35 بىز ھەر يىلى تۇنجى ئېلىنغان ھوسۇلىمىز بىلەن
مېۋىلىرىمىزنى ئىبادەتخانىغا ئېلىپ بېرىشقا ۋەدە قىلىمىز.
36 تەۋرات قانۇنىغا بىنائەن بىز تۇنجى ئوغلىمىز ۋە چارۋا
ماللىرىمىزنى خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان ئىبادەتخانىدىكى
روھانىيلارغا ئېلىپ بارىمىز. 37 بىز ھەر يىلى ئەڭ ياخشى
ئۇن ۋە باشقا ھەدىيەلەر، ھەر خىل مېۋىلەر، شارابلار ھەم
زەيتۇن ياغلىرىنى ئىبادەتخانىنىڭ ئامبارلىرىدا ساقلاش ئۈچۈن
روھانىيلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمىز. بىز يېرىمىزدىن
چىققان مەھسۇلاتلارنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى لاۋىيلارغا
تاپشۇرىمىز. لاۋىيلار بۇنى ھەممە يېزىلىرىمىزدىن يىغىدۇ.
38 لاۋىيلار بۇنى يىغقاندا، روھانىي ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىدىن
بولغان بىر روھانىي ئۇلار بىلەن بىرگە بارىدۇ، ئاندىن لاۋىيلار
يىغىلغان ئاشلىقلارنى ئىبادەتخانا ئامبارلىرىغا ئېلىپ بارىدۇ.
39 لاۋىيلار ۋە باشقا ئىسرائىللار ھەدىيە قىلىنغان ئاشلىق، شاراب
ۋە زەيتۇن يېغىنى ئىبادەتخانىنىڭ نەرسىلىرى ساقلىنىدىغان
ۋە نۆۋەتچى روھانىيلار، ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرى ھەم
نەغمىچىلەر تۇرىدىغان ئىبادەتخانا ئۆيلىرىگە ئېلىپ بارىدۇ.
بىز نەزىرىمىزنى ئىبادەتخانىدىن نېرى قىلمايمىز.»

## يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلاشقانلار

11 [1] خەلق يېتەكچىلىرى مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلاشتى، قالغانلاردىن ھەر ئون ئائىلىدىن بىرىنىڭ يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلىشىشى ئۈچۈن چەك تاشلاشتى. چەك چىقمىغانلىرى ئۆز يۇرتلىرىدا قېلىپ قېلىشتى. [2] خەلق يېرۇسالېمدا تۇرۇشقا رازى بولغانلارغا بەخت-سائادەت تىلىدى.

[3] بۇ يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىيە ئۆلكىسىدىكى يېتەكچىلەرنىڭ ئىسىملىكى: (روھانىيلار، لاۋىيلار، ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى، پادىشاھ سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە بەزى ئىسرائىللار يەھۇدىيەدىكى باشقا جايلاردا، يەنى ئۆز ماكانلىرىدا ياشىدى. [4] يەھۇدا ۋە بىنيامىن قەبىلىسىدىن بەزىلەر يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلاشتى.)

يەھۇدا قەبىلىسىدىن:

ئاتايا ـ ئاتايا ئۇززىيانىڭ ئوغلى، ئۇززىيا زىكرىيانىڭ ئوغلى، زىكرىيا ئامارىيانىڭ ئوغلى، ئامارىيا شفاتىيانىڭ ئوغلى، شفاتىيا ماھالالئېلنىڭ ئوغلى، ماھالالئېل پەرەسنىڭ ئەۋلادى.

[5] مائاسېيا ـ مائاسېيا بارۇكنىڭ ئوغلى، بارۇك كولخوزەنىڭ ئوغلى، كولخوزە خازايانىڭ ئوغلى، خازايا ئادايانىڭ ئوغلى، ئادايا يويارىبنىڭ ئوغلى، يويارىب زىكرىيانىڭ ئوغلى، زىكرىيا شېلاھنىڭ ئەۋلادى.

[6] پەرەسنىڭ يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلاشقان ئەۋلادلىرىدىن جەمئىي 468 پالۋان بار ئىدى.

[7] بىنيامىن قەبىلىسىدىن:

ساللۇ ـ ساللۇ مەشۇللامنىڭ ئوغلى، مەشۇللام يوئېدنىڭ ئوغلى، يوئېد پېدايانىڭ ئوغلى، پېدايا قولايانىڭ ئوغلى، قولايا مائاسېيانىڭ ئوغلى، مائاسېيا ئىتىئېلنىڭ ئوغلى، ئىتىئېل يېشايانىڭ ئەۋلادى.

8 ئۇنىڭدىن باشقا گاباي ۋە ساللاي بولۇپ، بىنيامىن قەبىلىسىدىن
جەمئىي 928 كىشى بار ئىدى.
9 زىكرىنىڭ ئوغلى يوئېل يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ باشلىقى،
ھاسسىنۇئاھنىڭ ئوغلى يەھۇدا مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى.

10 روھانىيلاردىن:
يوياربنىڭ ئوغلى يەدايا، ياكىن 11 ۋە سىرايا. سىرايا خىلقىيانىڭ
ئوغلى، خىلقىيا مەشۇللامنىڭ ئوغلى، مەشۇللام زادوقنىڭ ئوغلى،
زادوق مىرايوتنىڭ ئوغلى، مىرايوت ئاختۇبنىڭ ئوغلى ئىدى،
ئاختۇب بولسا خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ باش نازارەتچىسى
بولغانىدى. 12 ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىدا خىزمەت قىلىدىغان روھانىي
قېرىنداشلىرىدىن جەمئىي 822 كىشى بار ئىدى.
ئادايا ـ ئادايا يىروخامنىڭ ئوغلى، يىروخام پىلالىيانىڭ ئوغلى،
پىلالىيا ئامزىنىڭ ئوغلى، ئامزى زىكرىيانىڭ ئوغلى، زىكرىيا
پاشخۇرنىڭ ئوغلى، پاشخۇر مالكىيانىڭ ئوغلى. 13 ئادايانىڭ
بىرگە ئىشلەيدىغان جەمەت باشلىقلىرىدىن جەمئىي 242 كىشى
بار ئىدى.
ئاماشساي ـ ئاماشساي ئازارئېلنىڭ ئوغلى، ئازارئېل ئاخزاينىڭ
ئوغلى، ئاخزاي مەشىللېموتنىڭ ئوغلى، مەشىللېموت ئىممېرنىڭ
ئوغلى. 14 ئاماشسايىنىڭ جەمەتىدە 128 پالۋان بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ
باشلىقى ھاگىدولىمنىڭ ئوغلى زابدىئېل ئىدى.

15 لاۋىيلاردىن:
شىمايا ـ شىمايا خاششۇبنىڭ ئوغلى، خاششۇب ئازرىقامنىڭ
ئوغلى، ئازرىقام خاشابىيانىڭ ئوغلى، خاشابىيا بۇننىنىڭ ئوغلى.
16 لاۋىيلارنىڭ يېتەكچىلىرىدىن شابباتاي ۋە يوزاباد ئىبادەتخانىنىڭ
تاشقى ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.
17 ماتتانىيا ـ ماتتانىيا مىكانىڭ ئوغلى، مىكا زابدىنىڭ ئوغلى،
زابدى بولسا ئاسافنىڭ ئەۋلادى. ئۇ ئىبادەتخانىدا پەرۋەردىگارغا
مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ۋە دۇئا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلاتتى.
باقبۇقىيا ماتتانىيانىڭ ياردەمچىسى ئىدى.

ئابدا ـ ئابدا شامموۋانىڭ ئوغلى، شامموۋا گالالنىڭ ئوغلى، گالال يەدۇتۇننىڭ ئوغلى. [18] مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلاشقان لاۋىيلار جەمئىي 284 كىشى ئىدى.
[19] ئىبادەتخانا دەرۋازىۋەنلىرىدىن:
ئاققۇب، تالمون ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغانلار بولۇپ، جەمئىي 172 كىشى ئىدى.

[20] قالغان ئىسرائىللار، روھانىيلار ۋە لاۋىيلار يەھۇدىيەنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۆز يەرلىرىدە ياشىدى. [21] لېكىن ئىبادەتخانا خىزمەتكارلىرى يېرۇسالېمدىكى ئوفەل ئېگىزلىكىگە ئولتۇراقلاشتى. زىخا بىلەن گىشپا ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىدى.
[22] ئۇززى يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلاشقان لاۋىيلارنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇ باننىڭ ئوغلى، بانى خاشابيانىڭ ئوغلى، خاشابيا ماتتانيانىڭ ئوغلى، ماتتانيا مىكانىڭ ئوغلى، مىكا بولسا ئاسافنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. ئاسافنىڭ ئەۋلادلىرى ئىبادەتخانىنىڭ نەغمىچىلىرىگە مەسئۇل ئىدى. [23] بۇ نەغمىچىلەر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كۈندىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى.
[24] زەراخنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان پېتاخىيا مېشېزابئېلنىڭ ئوغلى بولۇپ، يەھۇدا قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇ پېرسىيە پادىشاھىنىڭ ئىسرائىل خەلقى مەسلىھەتچىسى ئىدى.

## باشقا يەرلەردە ئولتۇراقلاشقانلار

[25] يەھۇدىيەنىڭ يېزىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ جايلىرىغا كەلسەك، يەھۇدا قەبىلىسىدىكى بەزىلەر قىريات-ئاربا، دىبون ۋە يەقابزېئېل ھەم ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارغا ئولتۇراقلاشتى. [26] يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ بەزىلىرى يېشۇۋا، مولادا، بەيت-پەلەت، [27] خازار-شۇئال، بەئەرشەبا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار، [28] زىقلاق ۋە مېكونا ھەم مېكونانىڭ يېزىلىرى، [29] ئېنرىممون، زورئاھ، يارمۇت، [30] زانوۋاخ، ئادۇللام ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار، لاكىش ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزلار،

ئازىقا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار بولۇپ، بەئەرشەبادىن بەنھىننوم جىلغىسىغىچە بولغان جايلارغا ئولتۇراقلاشتى.
[31] بىنيامىن ئەۋلادلىرى گەبا، مىكماس، ئايياھ، بەيتەل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارغا، [32] ئاناتوت، نوب، ئانانىيا، [33] خازور، راماھ، گىتتايىم، [34] خادىد، زىبوئىم، نىباللات، [35] لود، ئونو ۋە ھۈنەرۋەنلەر جىلغىسىغا ئولتۇراقلاشتى. [36] يەھۇدىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بەزى لاۋىيلارنىڭ بىنيامىن قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە تۇرۇشى بەلگىلەندى.

## روھانىيلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ تىزىملىكى

12 [1] شېئالتىيەلنىڭ ئوغلى زىرۇببابەل ۋە باش روھانىي يوشۇۋا بىلەن بىرگە سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن روھانىيلار ۋە لاۋىيلارنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

روھانىيلاردىن:
سىرايا، يەرەمىيا، ئەزرا،
[2] ئامارىيا، ماللۇك، خاتتۇش،
[3] شەكانىيا، رىخۇم، مىرېموت،
[4] ئىددو، گىننېتوي، ئابىيا،
[5] مىيامىن، مائادىيا، بىلگاھ،
[6] شېمايا، يويارىب، يېدايا،
[7] ساللۇ، ئاموق، خىلقىيا ۋە يېدايا.
يۇقىرىقىلار يوشۇۋا دەۋرىدىكى روھانىيلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئىشلىگەنلەر ئىدى.
[8] لاۋىيلاردىن:
يېشۇۋا، بىننۇي، قادمىيەل، شېرېبىيا، يەھۇدا ۋە ماتتانىيا. ماتتانىيا ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە مىننەتدارلىق ناخشىلىرى ئېيتىشقا مەسئۇل ئىدى. [9] ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بولغان باقبۇقيا بىلەن ئۇننى ناخشا ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا تۇراتتى.

## باش روھانىي يېشۇۋانىڭ ئەۋلادلىرى

[10] باش روھانىي يوشۇۋا يوياقىمنىڭ ئاتىسى، يوياقىم ئەلياشىبنىڭ
ئاتىسى، ئەلياشىب يويادانىڭ ئاتىسى ئىدى. [11] يويادا يوناتاننىڭ
ئاتىسى، يوناتان याددۇئانىڭ ئاتىسى ئىدى.

## روھانىيلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرى

[12] يوياقىم باش روھانىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىۋاتقان
مەزگىلدە، روھانىيلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرى تۆۋەندىكىچە
بولغان:

سىرايا جەمەتىدىن مىرايا،
يەرەميا جەمەتىدىن خانانىيا،
[13] ئەزرا جەمەتىدىن مىشۇللام،
ئاماريا جەمەتىدىن يەھوخانان،
[14] مالىلۇكى جەمەتىدىن يوناتان،
شىبانىيا جەمەتىدىن يۈسۈپ،
[15] خارىم جەمەتىدىن ئادنا،
مىرايوت جەمەتىدىن خەلقاي،
[16] ئىددو جەمەتىدىن زىكرىيا،
گىننىتون جەمەتىدىن مىشۇللام،
[17] ئابىيا جەمەتىدىن زىكرى،
مىنيامىن جەمەتىدىن[①]،
موئادىيا جەمەتىدىن پىلتاي،
[18] بىلگاھ جەمەتىدىن شاممۇۋا،
شىمايا جەمەتىدىن يەھوناتان،
[19] يويارىب جەمەتىدىن ماتتىناي،
يىدايا جەمەتىدىن ئۇززى،
[20] ساللاي جەمەتىدىن قاللاي،

① 12 : 17 ئەسلىدىكى ئىبرانىي قوليازمىلىرىدا بۇ يەردىكى ئىسىم چۈشۈپ
قالغان.

ئاموق جەمەتىدىن ئېبەر،
[21] خىلقىيا جەمەتىدىن خاشابىيا،
يىدايا جەمەتىدىن نەتانئېل.

## روھانىيلار ۋە لاۋىيلارنىڭ جەمەت تەزكىرىلىرى

[22] ئەلياشىب، يويادا، يوخانان ۋە ياددۇئالار باش روھانىي
بولغان مەزگىللەردە لاۋىيلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرى ۋە پېرسىيە
پادىشاھى دارىئۇس ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە روھانىيلارنىڭ
جەمەت باشلىقلىرى رويخەتكە ئېلىنغانىدى. [23] لېكىن ئىبادەتخانا
تەزكىرىسىدە رويخەتكە ئېلىنغان لاۋىيلارنىڭ جەمەت باشلىقلىرى
پەقەت ئەلياشىبنىڭ نەۋرىسى يوخانانىنىڭ دەۋرىگىچىلا تىزىملانغانىدى.

## لاۋىيلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتى

[24] خاشابىيا، شېرېبىيا، يېشۇئا، بىننۇي ۋە قادمىئېللار لاۋىيلارنىڭ
جەمەت باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلار خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى پادىشاھ
داۋۇتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىبادەتلەردە باشقىلار بىلەن
بىرگە روبىرو تۇرۇشۇپ، خۇدانى مەدھىيەلەپ، مىننەتدارلىق
بىلدۈرۈشەتتى. [25] ئىبادەتخانا دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى ئامبارلارغا
قارايدىغان دەرۋازىۋەنلەر ماتتانىيا، باقبۇقىيا، ئوبادىيا، مەشۇللام،
تالمون ۋە ئاققۇبلار ئىدى. [26] مانا بۇ كىشىلەر يوزاداقنىڭ نەۋرىسى
يوشۇۋانىڭ ئوغلى باش روھانىي يوياقىم، شۇنداقلا يەھۇدىيەنىڭ
باشلىقى نەخەمىيانىڭ ۋە روھانىي ھەم تەۋرات ئۇستازى ئەزرانىڭ
زامانىدا ياشىغانىدى.

## شەھەر سېپىللىرىنىڭ خۇداغا بېغىشلىنىشى

[27] يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ سېپىللىرى خۇداغا بېغىشلىنىدىغان
چاغدا، لاۋىيلار تۇرغان جايلىرىدىن مۇراسىمغا قاتنىشىشى ئۈچۈن
يېرۇسالېمغا تەكلىپ قىلىندى. ئۇلار مۇراسىمنى شاد-خۇراملىق
ئىچىدە مىننەتدارلىق بىلەن جاڭ، چىلتار ۋە لىرالارنى چېلىپ،
نەغمە قىلىپ، ناخشا ئېيتىپ تەبرىكلىدى. [28] نەغمىچىلەر يېرۇسالېم
ئەتراپىدىكى جايلاردىن، جۈملىدىن نىتوفانىڭ يېزىلىرىدىن،

[29] بەيت-گىلگالدىن، گەبا ۋە ئازماۋەت قاتارلىق جايلاردىن كېلىپ
يىغىلدى. چۈنكى نەغمىچىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن يېرۇسالېم
ئەتراپىدىكى يېزىلارنى قۇرۇپ چىققانىدى. [30] روھانىيلار بىلەن
لاۋىيلار ئاۋۋال ئۆزلىرىنى، ئاندىن جامائەتنى پاكلىدى. كېيىن ئۇلار
شەھەر دەرۋازىلىرى ۋە سېپىللارنىمۇ پاكلىدى.

[31] مەن يەھۇدىيە ئەمەلدارلىرىنى سېپىل ئۈستىگە يىغدىم ۋە
مىننەتدارلىق ناخشىلىرىنى ئېيتقۇچىلارنى ئىككى چوڭ بۆلەككە
بۆلدۈم. بىر بۆلىكى سېپىل ئۈستى بىلەن جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى
«قىغ دەرۋازىسى»غا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. [32] ھوشايا ۋە يەھۇدىيە
ئەمەلدارلىرىنىڭ يېرىمى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. [33] يەنە ئازارىيا،
ئەزرا، مەشۇللام، [34] يەھۇدا، بىنيامىن، شىمايا ۋە يەرەمىيالارمۇ ئۇلارغا
ئەگىشىپ ماڭدى. [35] ئاندىن بەزى روھانىيلار كاناي چېلىپ، ئاساف
ئەۋلادىدىن بولغان زىكرىيا بىلەن ماڭدى. زىكرىيا يوناتاننىڭ
ئوغلى، يوناتان شىمايانىڭ ئوغلى، شىمايا ماتتانىيانىڭ ئوغلى،
ماتتانىيا مىكايانىڭ ئوغلى، مىكايا زاككۇرنىڭ ئوغلى، زاككۇر بولسا
ئاساف ئەۋلادىدىن ئىدى. [36] ئۇلارنىڭ كەينىدىن زىكرىيانىڭ
ھەمراھلىرى ماڭدى. ئۇلار شىمايا، ئازارئېل، مىلالاي، گىلالاي،
مائاي، نەتانئېل، يەھۇدا ۋە خانانىلار بولۇپ، خۇدانىڭ يېقىن ئادىمى
پادىشاھ داۋۇتنىڭ سازلىرىغا ئوخشاش سازلارنى چېلىپ ماڭدى.
بۇ توپقا تەۋرات ئۇستازى ئەزرا يېتەكچىلىك قىلغانىدى. [37] ئۇلار
«بۇلاق دەرۋازىسى»غا كەلگەندە، پەلەمپەيلەردىن چىقىپ، «داۋۇت
شەھىرى»نىڭ ئەتراپىدىكى سېپىلنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقتى.
ئاندىن ئۇلار پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئوردىسىدىن ئۆتۈپ، شەرقتىكى
«سۇ دەرۋازىسى»غا كەلدى.

[38] مىننەتدارلىق ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغان ئىككىنچى بۆلەك
بىرىنچى بۆلەكنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن باشقا يول بىلەن
شىمالغا يۈرۈپ كەتتى. مەن ۋە جامائەتنىڭ قالغان يېرىمى ئۇلارنىڭ
كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدۇق. ئۇلار سېپىل ئۈستى بىلەن تونۇرلار
مۇنارىدىن ئۆتۈپ، كەڭ سېپىلغا يەتتى. [39] ئاندىن ئۇلار «ئەفرايىم
دەرۋازىسى»دىن ئۆتۈپ، «كونا شەھەر دەرۋازىسى»غا كەلدى.
ئۇلار «بېلىق دەرۋازىسى» ۋە «خانانئېل مۇنارى»دىن ئۆتۈپ،

«يۈز مۇنارى»غا كەلدى. ئۇلار يەنە «قوي دەرۋازىسى»غا قاراپ داۋاملىق مېڭىپ، «قاراۋۇل دەرۋازىسى»دا توختىدى.
[40] مىننەتدارلىق ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغان ھەر ئىككى توپ ئىبادەتخانىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردىن ئورۇن ئالدى. مەنمۇ بىللە كەلگەن بىر توپ ئەمەلدارلار بىلەن ئۇ يەردىن ئورۇن ئالدىم. [41] بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئورۇن ئالغانلار كاناي چالغۇچى روھانىيلار بولۇپ، ئۇلار ئەلياقىم، مائاسېيا، مىنيامىن، مىكايا، ئەليوئېناي، زىكىرىيا ۋە خانانىيالار ئىدى. [42] ئۇ يەردە يەنە مائاسېيا، شىمايا، ئەلئازار، ئۇززى، يەھوخانان، مالكىيا، ئېلام ۋە ئەزەرلەر بار ئىدى. مىننەتدارلىق ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغانلار يىزراخىيانىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈنلۈك ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشتى. [43] جامائەت ئۇ كۈنى نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى قىلدى ھەمدە شاد-خۇراملىقتا چۆمدى. چۈنكى خۇدا ئۇلارغا زور خۇشاللىق ئاتا قىلغانىدى. ئاياللار ۋە بالىلارمۇ خۇشاللىقتا چۆمدى. يېرۇسالېمدىكى شاد-خۇراملىقنى يىراق جايلاردىنمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى.

## ئىبادەتخانىنىڭ تەمىناتى

[44] ئۇ كۈنى بەزى ئەرلەر ھەدىيەلەر، تۇنجى ئالغان ھوسۇل ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشى ساقلىنىدىغان ئىبادەتخانا ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەندى. ئۇلار تەۋرات قانۇنىدا بەلگىلەنگىنى بويىچە شەھەر سىرتىدىكى ئېتىزلاردىن روھانىيلار ۋە لاۋىيلارنىڭ ئۈلۈشىنى يىغىۋېلىشقا مەسئۇل بولدى. يەھۇدىيەدىكى بارلىق خەلق روھانىيلار ۋە لاۋىيلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن خۇرسەن بولدى. [45] ئۇلار پاكلاش مۇراسىمىدا خۇدانىڭ خىزمىتىنى ئۆتىدى. نەغمىچىلەر ۋە دەرۋازىۋەنلەرمۇ پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمانغا بۇيرۇغىنىدەك ئۆز خىزمەتلىرىنى قىلىشتى. [46] داۋۇت ۋە ئاسافنىڭ زامانىدا مەدھىيە ئوقۇش ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ناخشىلىرىنى ئېيتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىرى بار ئىدى. [47] زىرۇببابەل ۋە نەخەمىيا زامانىغا كەلگەندە، بارلىق ئىسرائىللار نەغمىچىلەر، دەرۋازىۋەنلەر ۋە باشقا لاۋىيلارنىڭ كۈندىلىك يېمەك-ئىچمىكىنى تەمىنلەپ بەردى. لاۋىيلار روھانىيلارنىڭ ئۈلۈشىنى بەردى.

## نەخەمىيانىڭ بەلگىلىمىلەرنى قايتىدىن بەلگىلىشى

13 [1] ئۇ كۈنى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات
قانۇنى جامائەتكە ئوقۇپ بېرىلدى. تەۋراتتا ئاممونلار ۋە
موئابلارنىڭ ئىبادەتكە قاتناشسا قەتئىي بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى
مەزمۇنلار بايقالدى. [2] چۈنكى بۇرۇن ئىسرائىللار مىسىردىن چىققان
ۋاقتىدا ئۇلار ئىسرائىللارنى يېمەكلىك ۋە سۇ بىلەن تەمىنلىمەي،
ئەكسىچە ئىسرائىللارنى قارغاش ئۈچۈن بىلئامنى ياللىغانىدى.
ئەمما خۇدايىمىز ئۇنىڭ قارغىشىنى بەختكە ئايلاندۇرغانىدى.
[3] جامائەت تەۋرات قانۇنىنى ئاڭلىغان ھامان شالغۇتلارنى جامائەت
ئارىسىدىن چىقىرىۋەتتى.
[4] بۇنىڭدىن بۇرۇن روھانىي ئەلياشىب ئىبادەتخانىنىڭ
ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئاممونلاردىن
بولغان توبىيا بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئىدى. [5] ئەلياشىب بۇرۇن
توبىياغا ئىبادەتخانىغا قاراشلىق چوڭ بىر ئېغىز ئۆينى بوشىتىپ
بەرگەنىدى. ئىلگىرى بۇ خانىدا ئاشلىق ھەدىيەلىرى، ئىسرىقلار
ۋە ئىبادەتخانىنىڭ نەرسىلىرى ساقلىناتتى. بۇ خانىدا يەنە
پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە نەغمىچىلەر، دەرۋازىۋەنلەر ۋە باشقا
لاۋىيلارغا ئاتالغان ئاشلىق، شاراب ۋە زەيتۇن يېغىنىڭ ئوندىن
بىر ئۈلۈشى ھەم روھانىيلارغا ئاتالغان ھەدىيەلەرمۇ ساقلىناتتى.
[6] بۇ ئىشلار يۈز بەرگەندە، مەن يېرۇسالېمدا ئەمەس ئىدىم. بابىل
پادىشاھى ئارتاخشاستىنىڭ 32-يىلى مەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغانىدىم.
كېيىن مەن قايتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن رۇخسەت سورىدىم. [7] مەن
يېرۇسالېمغا قايتىپ كېلىپ، ئەلياشىبنىڭ توبىياغا ئىبادەتخانىنىڭ
ھويلىسىدىكى بىر ئېغىز ئۆينى بوشىتىپ بېرىپ، رەزىللىك
قىلغانلىقىنى بايقىدىم. [8] مېنىڭ بۇ ئىشقا بەك ئاچچىقىم كېلىپ،
توبىيانىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى ئۇ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋەتتىم.
[9] مەن روھانىيلارغا ھەممە ئۆيلەرنى يېڭىدىن پاكلاشنى، ئاندىن
ئىبادەتخانىنىڭ نەرسىلىرىنى، سۇنۇلغان ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى ۋە
ئىسرىقلارنى ئۇ ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكىرىشنى بۇيرۇدۇم.

[10] مەن يەنە لاۋىيلارنىڭ كۈندىلىك تەمىناتىنى بەرمىگەنلىكىنى، شۇڭا خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان نەغمىچىلەر ۋە باشقا لاۋىيلارنىڭ ئېتىزغا ئىشلەشكە كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. [11] شۇنىڭ بىلەن مەن ئەمەلدارلارنى ئەيىبلەپ:

- نېمە ئۈچۈن ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتى نەزىرىڭلاردىن ساقىت قىلىنىدى؟ - دېدىم.

مەن يەنە نەغمىچىلەر ۋە باشقا لاۋىيلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنى بۇرۇنقى خىزمىتىگە قويدۇم. [12] يەھۇدىيەدىكى بارلىق خەلق قايتىدىن ئاشلىق، شاراب ۋە زەيتۇن يېغىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ئىبادەتخانا ئامبارلىرىغا ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. [13] مەن روھانىي شەلەميا، پۈتۈكچى زادوق ۋە لاۋىيلاردىن بولغان پىدايانى ئامبارلارغا مەسئۇل قىلدىم. مەن يەنە ماتتانيانىڭ نەۋرىسى، زاككۇرنىڭ ئوغلى بولغان خانانىنى ئۇلارغا ياردەمچى قىلدىم. بۇلار ئىشەنچلىك ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى قېرىنداشلىرى بولغان لاۋىيلارغا ئۈلۈشلىرىنى ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىپ بېرىش ئىدى.

[14] «ئى خۇدايىم، بۇ ياخشى ئىشلىرىمنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن
هەمدە ئىبادەتخانا ئۈچۈن ۋە ئىبادەتخانىدىكى خىزمەتلەر ئۈچۈن
قىلغان سادىق خىزمىتىمنى ئۇنتۇپ قالمىغايسەن!»

[15] ئۇ كۈنلەردە مەن بەزى يەھۇدىيلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنىدە ئۈزۈم ئېزىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئادەملەرنىڭ يەنە ئاشلىق ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئېشەكلىرىگە ئارتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار دەم ئېلىش كۈنىدە شاراب، ئۈزۈم، ئەنجۈر ۋە هەر خىل مەهسۇلاتلارنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى بۇ كۈندە مەهسۇلاتلىرىنى ساتماسلىقتا ئاگاهلاندۇردۇم. [16] يېرۇسالېمدا تۇرىدىغان تىر شەهىرىدىن كەلگەنلەر بېلىق ۋە هەر خىل تاۋارلارنى ئېلىپ كېلىپ دەم ئېلىش كۈنىدە يەھۇدىيەدىكىلەرگە سېتىۋاتاتتى، هەتتا يېرۇسالېمدىمۇ شۇنداق قىلىۋاتاتتى.

[17] شۇنىڭ بىلەن مەن يەھۇدىيلارنىڭ جامائەت ئەربابلىرىنى ئەيىبلەپ، مۇنداق دېدىم:
- سىلەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق رەزىل ئىش قىلىپ، دەم ئېلىش كۈنىگە ھاقارەت قىلىسىلەر؟ [18] ئەجدادلىرىڭلارمۇ شۇنداق رەزىل ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، خۇدايىمىز بىزگە ۋە بۇ شەھەرگە بالايىئاپەتنى بەرگەن ئەمەسمىدى؟! سىلەر ھازىر دەم ئېلىش كۈنىگە ھاقارەت قىلىپ، خۇدانىڭ ئىسرائىللارغا قارشى تېخىمۇ زور غەزىپىنى قوزغاۋاتىسىلەر!
[19] شۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارنى دەم ئېلىش كۈنىدىن ئاۋۋالقى كۈنى كەچتە تاقاشنى ۋە دەم ئېلىش كۈنى ئۆتۈپ كەتمىگۈچە ئاچماسلىقنى بۇيرۇدۇم. مەن دەم ئېلىش كۈنىدە ھەرقانداق يۈك-تاقلارنىڭ كىرمەسلىكى ئۈچۈن، دەرۋازىلارغا خىزمەتكارلىرىمنى ئورۇنلاشتۇردۇم. [20] ھەر خىل تاۋارلارنى ئەكەلگەن سودىگەرلەر ۋە سېتىقچىلار بىر-ئىككى قېتىم يېرۇسالېمنىڭ سىرتىدا كېچىنى ئۆتكۈزدى. [21] شۇنىڭ بىلەن مەن:
- سىلەر نېمە ئۈچۈن كېچىنى سېپىل سىرتىدا ئۆتكۈزىسىلەر؟ ئەگەر يەنە شۇنداق قىلساڭلار، ئەدىبىڭلارنى بېرىمەن! - دەپ ئاگاھلاندۇردۇم.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دەم ئېلىش كۈنىدە قايتا كەلمىدى.
[22] ئاندىن مەن دەم ئېلىش كۈنىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن لاۋىيلارنىڭ ئۆزلىرىنى پاكلاپ دەرۋازىلارغا قاراۋۇللۇق قىلىشنى بۇيرۇدۇم.

«ئى خۇدايىم، دەم ئېلىش كۈنى ئۈچۈن قىلغانلىرىمنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن، يۈكسەك ۋە مەڭگۈلۈك مېھىر-مۇھەببىتىڭ بىلەن ماڭا رەھىم-شەپقەت كۆرسەتكەيسەن!

[23] شۇ كۈنلەردە مەن ئاشدود، ئاممون ۋە موئابلاردىن ئۆيلەنگەن بەزى يەھۇدىيلارنى كۆردۇم. [24] تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭ يېرىمىنىڭ دېگۈدەك ئۆزىنىڭ يەھۇدىي تىلىنى بىلمەي، پەقەت ئاشدودلۇق ياكى باشقا خەلقلەرنىڭ تىلىدىلا سۆزلىشى

ئىدى. [25] شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنى قارغىدىم. بەزىلىرىنى ئۇرۇپ، چېچىنى يۇلدۇم. مەن ئۇلارنى بالىلىرىنىڭ يەرلىكلەر بىلەن توي قىلىشىغا يول قويماسلىقى ئۈچۈن خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچكۈزدۈم. [26] مەن ئۇلارغا مۇنداق دېدىم:

- ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھى سۇلايمانمۇ يات خەلقلەردىن بولغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىپ، مۇشۇنداق گۇناھ ئۆتكۈزمىدىمۇ؟! ھەرقانداق ئەللەر ئارىسىدا سۇلايمانغا ئوخشاش بىر پادىشاھ بولمىغاندىغۇ؟! خۇدا ئۇنىڭغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىپ، ئۇنى ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى قىلىپ تىكلىگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ يات خەلقلەردىن بولغان ئاياللىرى ئۇنى گۇناھقا يېتەكلىدى. [27] سىلەرمۇ ئەمدى يات خەلقلەردىن بولغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىپ، خۇداغا ساداقەتسىزلىك قىلىۋاتىسىلەر. سىلەرنىڭ قىلغان بۇ رەزىللىكىڭلارغا كۆز يۇمايلىمۇ ئەمدى!

[28] باش روھانىي ئەلياشىبنىڭ ئوغلى يويادانىڭ بىر ئوغلى خورونلۇقلاردىن بولغان سانباللاتنىڭ قىزىنى ئالغانىكەن، شۇڭا مەن ئۇنى ئالدىمدىن قوغلىۋەتتىم.

[29] «ئى خۇدايىم، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن. چۈنكى ئۇلار روھانىيلىق نامىنى بۇلغىدى ۋە سېنىڭ روھانىيلار ھەم لاۋىيلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەڭگە خىلاپلىق قىلدى.»

[30] شۇنىڭ بىلەن مەن خەلقنى ھەرقانداق يات خەلقلەردىن يۇققان يامان تەسىرلەردىن پاكلىدىم. مەن روھانىيلارغا ۋە لاۋىيلارغا بەلگىلىمىلەر بېكىتىپ، ھەربىر ئادەمگە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى بىلدۈردۈم. [31] مەن يەنە خەلقنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قۇربانلىق سۇپىسىغا ئوتۇن ئېلىپ كېلىشىنى ۋە تۇنجى ئالغان ھوسۇللىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇردۇم.

«ئى خۇدايىم، مېنى ئېسىڭدە تۇتقايسەن، ماڭا مېھرىبانلىق قىلغايسەن!»

# ئەستىر


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | | |

# ئەستىر

## پادىشاھ ئاخاشۋېروشنىڭ ۋاشتىنى خانىشلىقتىن قالدۇرۇشى

1 [2-1] تۆۋەندىكى ۋەقە پادىشاھ ئاخاشۋېروش زامانىدا يۈز
بەرگەن. ئاخاشۋېروش سۇزا قەلئەسىدىكى تەختىدە ئولتۇرۇپ،
ھىندىستاندىن كۇشقىچە بولغان 127 ئۆلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى.
[3] ئۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 3-يىلىدا بارلىق ئالىي ئەمەلدارلىرى بىلەن
بەگلىرىگە بىر كاتتا زىياپەت بەردى. زىياپەتكە پېرسىيە بىلەن
مىدىيانىڭ سەركەردىلىرى، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى يۇقىرى
تەبىقىدىكىلەر ۋە ئالىي ئەمەلدارلار كېلىپ قاتناشتى. [4] زىياپەت ئالتە
ئاي داۋاملاشتى. پادىشاھ بۇ جەرياندا ئۇلارغا ئۆز ئىمپېرىيەسىنىڭ
بايلىقى ۋە ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى نامايان قىلدى.
[5] ئارقىدىنلا پادىشاھ يەنە سۇزا قەلئەسىدىكى پۈتۈن كىشىلەرگە
مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قارىماي، ئوردا گۈللۈكىدە
يەتتە كۈن زىياپەت بەردى. [6] ئوردا گۈللۈكى ئاق ۋە كۆك رەڭلىك
پاختا رەختتىن تىكىلگەن پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ،
بۇ پەردىلەر مەرمەر تاش تۈۋرۈكلەردىكى كۈمۈش ھالقىلارغا
سۆسۈن رەڭلىك ئېسىل زىغىر رەخت بىلەن چىگىلگەنىدى.
گىرانىت تاش، مەرمەر تاش، سەدەپ ۋە تۈرلۈك رەڭلىك تاشلار
ياتقۇزۇلغان يەرنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان
يۆلەنچۈكلۈك ئۇزۇن ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى. [7] شارابلار بىر-
بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالتۇن قەدەھلەرگە قۇيۇلغان بولۇپ،
پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئوردىدىكى شارابلار مەردلەرچە

تەمىنلەندى. [8] پادىشاھ ئۇردا خىزمەتكارلىرىغا ھەممەيلەننىڭ خالىغانچە شاراب ئىچىشىگە يول قويۇشنى، ئەمما ھېچكىمگە زورلىماسلىقنى بۇيرۇدى. [9] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خانىش ۋاشتى پادىشاھ ئاخاشۋېروشنىڭ ئوردىسىدا ئاياللار ئۈچۈن ھەم زىياپەت بەردى.

[10] كاتتا زىياپەتنىڭ يەتتىنچى كۈنى پادىشاھ شارابتىن كەيپى چاغ بولغىنىدا، ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلىدىغان يەتتە ھەرەمئاغىسىنى، يەنى مەھۇمان، بىزتا، خاربونا، بىغتا، ئاباغتا، زېتار، كەركەسلەرنى [11] خانىش ۋاشتىغا خانىشلىق تاجىنى كىيدۈرۈپ، ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشلىرىنى بۇيرۇدى. خانىش ئىنتايىن چىرايلىق ئايال بولغاچقا، پادىشاھ ئالىي ئەمەلدارلىرى بىلەن بارلىق زىياپەت ئەھلىگە ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆز-كۆز قىلماقچىدى. [12] لېكىن ھەرەمئاغىلىرى خانىش ۋاشتىغا پادىشاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەندە، ئۇ بېرىشنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئىنتايىن خاپا بولۇپ، غەزىپى ئۆرلىدى. [13] شۇ چاغلاردىكى پادىشاھلارنىڭ قائىدىسى بويىچە پادىشاھ مەلۇم مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، قانۇن ۋە تەرتىپ-ئىنتىزامنى ياخشى بىلىدىغانلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاتتى. شۇڭا پادىشاھ ئۆز زامانىنىڭ يېتىشكەن ئاقىللىرىدىن مەسلىھەت سورىدى. [14] كارشىنا، شېتار، ئادماتا، تارشىش، مەرەس، مارسىنا ۋە مەمۇكان قاتارلىق ئاقىللار ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئىدى. ئۇلار پېرسىيە ۋە مىدىيادىكى يەتتە ئالىي ئەمەلدار بولۇپ، پادىشاھ بىلەن دائىم كۆرۈشەلەيدىغان ۋە ئىمپېرىيەدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان كىشىلەر ئىدى. [15] پادىشاھ ئۇلاردىن:

- مەن، يەنى پادىشاھ ئاخاشۋېروش ھەرەمئاغىسىنى ئەۋەتىپ، خانىش ۋاشتىغا ئەمر بەرگەنىدىم. لېكىن ئۇ ئەمرىمنى بەجا كەلتۈرمىدى. قانۇن بويىچە ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك؟ - دەپ سورىدى. [16] مەمۇكان بۇنىڭغا جاۋابەن پادىشاھ ۋە باشقا ئالىي ئەمەلدارلارغا مۇنداق دېدى:

- خانىش ۋاشتى پەقەت پادىشاھنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى پادىشاھنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ئالىي ئەمەلدارلىرىنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل خەلقلەرنىڭ ئالدىدىمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈپتۇ!

[17] ئەگەر خانىشنىڭ قىلغان بويۇنتاۋلۇقى ئىمپېرىيەمىزدىكى ھەممە ئاياللارنىڭ ئارىسىغا تارقالسا، ئاياللارنىڭ ئۆز ئەرلىرىنى كۆزگە ئىلماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇلار: «پادىشاھ ئاخاشۋېروش خانىش ۋاشتىنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلغانىكەن، ئەمما ئۇ بېرىشنى رەت قىلىپتۇ» دېيىشىدۇ. [18] پېرسىيە ۋە مېدىيادىكى ئەمەلدارلارنىڭ خانىملىرى خانىشنىڭ بۇ ئىشىنى ئاڭلىغان ھامان ئەرلىرىگە بويۇنتاۋلۇق قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئائىلىدە مەنسىتمەسلىك ۋە خاپىلىق كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. [19] ئەگەر ئالىيلىرى خالىسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن ۋاشتى خانىش پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلمىسۇن، دەپ ئەمر چۈشۈرگەيلا ۋە بۇ ئەمرنى يازدۇرۇپ، پېرسىيە بىلەن مېدىيانىڭ قانۇنىغا ئۆزگەرمەس قىلىپ كىرگۈزگەيلا ۋە ئالىيلىرى ئۇنىڭ خانىشلىق ئورنىنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىرسىگە بەرگەيلا. [20] سىلىنىڭ ئەمرلىرى كاتتا ئىمپېرىيەلىرىنىڭ ھەممە جايلىرىغا جاكارلانغاندىن كېيىن، ھەممە ئاياللار ئۆز ئەرلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ بار-يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ، ــ دېدى.

[21] پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىرى بۇ پىكىرنى توغرا تاپتى، شۇڭا پادىشاھ مەمۇكاننىڭ تەكلىپى بويىچە ئىش كۆردى. [22] پادىشاھ ھەربىر ئۆلكە خەلقىنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىدا ئىمپېرىيەنىڭ ھەممە جايلىرىغا: «ھەربىر ئەر ئۆز ئائىلىسىنىڭ خوجايىنىدۇر» دەپ ھۆكۈم چۈشۈردى.

## ئەستىرنىڭ خانىش بولۇشى

2 [1] پادىشاھ ئاخاشۋېروشنىڭ غەزىپى قايتقاندىن كېيىن، ئۇ ۋاشتىنى ۋە ئۇنىڭ قىلمىشىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆزى چىقارغان يارلىقنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. [2] پادىشاھنىڭ خاس خىزمەتكارلىرى پادىشاھقا:

ــ ئالىيلىرى، ئادەم ئەۋەتىپ، سىلى ئۈچۈن ياش ۋە چىرايلىق قىزلار ئىزدەپ كېلەيلى. [3] سىزرا قەلئەسىدىكى ھەرەمخانىغا ياش ۋە چىرايلىق قىزلارنى يىغىپ كېلىش ئۈچۈن ئىمپېرىيەلىرىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىگە ئەمەلدارلار تەيىنلەيلى. قىزلار ھەرەمخانىغا

مەسئۇل ھەرەمئاغىسى ھېگاينىڭ باشقۇرۇشىدا بولسۇن ۋە ئۇلارنى پەرداز مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيلى. [4] ئاندىن ئۆزلىرىگە ياققان قىز ۋاشتىنىڭ ئورنىغا خانىش بولسۇن، ــ دەپ تەكلىپ بەردى. بۇ تەكلىپ پادىشاھقا ياقىاچقا، ئۇ شۇنداق قىلدى.

[5] سۇزا قەلئەسىدە موردىكاي ئىسىملىك بىر يەھۇدىي بولۇپ، ئۇ بىنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان يائىرنىڭ ئوغلى ئىدى. يائىر شىمئىنىڭ ئوغلى، شىمئى بولسا كىشنىڭ ئوغلى ئىدى. [6] بابىل پادىشاھى نىبوُكادنەزەر يېرۇسالېمدىن يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياكىننى بىر توپ ئادەملەر بىلەن بىللە ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەلگەندە، كىشمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. [7] موردىكاينىڭ ئەستىر ئىسىملىك بىر نەۋرە سىڭلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىبرانىيچە ئىسمى ھاداسسا ئىدى. ئۇ بىر گۈزەل، كېلىشكەن قىز بولۇپ، ئاتا-ئانىسى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن، موردىكاي ئۇنى ئۆز قىزى قىلىپ بېقىۋېلىپ، چوڭ قىلغانىدى.

[8] پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن نۇرغۇن قىزلار سۇزا قەلئەسىدىكى ئوردىغا كەلتۈرۈلگەندە، ئەستىرمۇ ھەرەمخانىدىكى قىزلارغا مەسئۇل بولغان ھېگايغا تاپشۇرۇلدى. [9] ئەستىر ھېگايغا ياقتى. ھېگاي ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، دەرھال ئۇنى پەرداز مۇلازىمىتى ۋە ئالاھىدە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداقلا، ئۇ ئوردىدىن يەتتە كېنىزەكنى ئەستىرنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تالالاپ، ئەستىر ۋە يەتتە كېنىزەككە ھەرەمخانىدىن ئەڭ ياخشى جاينى بەردى. [10] ئەستىر ئۆز خەلقى ۋە ئۇرۇق-ئەجدادى ھەققىدە ھېچكىمگە ھېچنېمە ئېيتمىدى، چۈنكى موردىكاي ئۇنىڭغا بۇ توغرىسىدا ئېغىز ئاچماسلىقنى بۇيرۇغانىدى. [11] موردىكاي ئەستىرنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ھەرەمخانا ھويلىسىنىڭ ئەتراپىدا مېڭىپ يۈردى.

[12] رەسمىيەت بويىچە ھەربىر ياش قىز پادىشاھ ئاخاشۋېروشنىڭ ھوزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن ئون ئىككى ئاي، يەنى ئالتە ئاي مۇرمەككى يېغى بىلەن، ئالتە ئاي خۇش پۇراقلىق بۇيۇملار ۋە مايلار بىلەن پەرداز قىلىنىشى كېرەك ئىدى. [13] قىز پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندە، ھەرەمخانىدىن ئوردىغا نېمىنى ئېلىپ كېتىشنى خالىسا،

ئۇنىڭغا شۇ نەرسىلەر بېرىلەتتى. [14] كەچقۇرۇن پادىشاھ ھۇزۇرىغا كىرگەن قىز ئەتىسى ئەتىگەندە ئوردىدىكى يەنە بىر ھەرەمخانىغا ئەۋەتىلىپ، توقاللارنى باشقۇرىدىغان ھەرەمئاغىسى شائاشغازغا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلەتتى. پەقەت پادىشاھقا ياققان ۋە ئىسمى ئاتالغان قىزلا قايتىدىن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرەلەيتتى. [15] نۆۋەت ئابىخايىلنىڭ قىزى، يەنى موردىكاي بېقىۋالغان نەۋرە سىڭلىسى ئەستىرگە كەلگەندە، ھەرەمئاغىسى ھېگاي ئۇنىڭغا نېمىنى ئېلىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن بولسا، ئۇ شۇنى ئالدى ۋە باشقا ھېچ نەرسە سورىمىدى. ئەستىرنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالاتتى. [16] شۇنداق قىلىپ، ئاخاشۋېروش ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 7-يىلى 10-ئايدا①، يەنى تەبەت ئېيىدا ئەستىر پادىشاھ ئاخاشۋېروشنىڭ ئوردىسىغا كەلتۈرۈلدى. [17] پادىشاھ ئەستىرنى بارلىق ئاياللىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆردى. پادىشاھ ئۇنىڭغا باشقا قىزلاردىن بەكرەك ئامراق بولغاچقا، ئۇنىڭ بېشىغا خانىشلىق تاجىنى تاقاپ، ۋاشتىنىڭ ئورنىغا خانىش قىلدى. [18] كېيىندىن پادىشاھ ھەممە ئالىي ئەمەلدارلىرى ۋە بەگلىرىگە ئەستىرنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بىر كاتتا زىياپەت بەردى. پۈتۈن ئۆلكىلەردە بايرام ئېلان قىلىندى ۋە سېخىيلىق بىلەن ھەدىيەلەر بېرىلدى.

## موردىكاينىڭ پادىشاھنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشى

[19] قىزلار ئىككىنچى قېتىم ھەرەمخانىغا يىغىلغاندا، موردىكاي ئوردىدا مەنسەپكە ئېرىشكەنىدى. [20] ئەستىر موردىكاينىڭ تاپىلىشى بويىچە، ئۆزىنىڭ خەلقى ۋە ئۇرۇق-ئەجدادى ھەققىدە يەنىلا ھېچكىمگە ھېچنېمە ئېيتمىدى. ئەستىر موردىكايغا ئۇنىڭ تەربىيەسىدىكى ۋاقتىدا بويسۇنغاندەك بويسۇناتتى.

[21] موردىكاي ئوردىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، ئوردا دەرۋازىسىدا كۆزەتچىلىك قىلىدىغان بىغتان ۋە تەرەش ئىسىملىك ئىككى قاراۋۇل بولۇپ، ئۇلار پادىشاھ ئاخاشۋېروشقا ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئۇنى

① 2: 16 تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 479-يىلى 12-ئايغا ياكى 478 يىلى 1-ئايغا توغرا كېلىدۇ.

قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى ئويلاپ يۈرەتتى. [22] موردىكاي بۇ سۇيىقەستنى بىلىپ قېلىپ، خانىش ئەستىرگە مەلۇم قىلدى. ئەستىر بۇ ئىشنى موردىكاينىڭ نامىدا پادىشاھقا يەتكۈزدى. [23] تەكشۈرۈلۈش ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، خادىغا سانجىلدى. بۇ ۋەقە پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىدا ئىمپېرىيەنىڭ تارىخىغا يېزىپ قويۇلدى.

## هاموننىڭ يەھۇدىيلارنى يوقىتىش سۇيىقەستى

3 [1] بۇ ئىشلاردىن كېيىن پادىشاھ ئاخاشۋېروش ئاگاگنىڭ نەسلىدىن بولغان هاممىداتانىڭ ئوغلى هاموننى بارلىق ئەمەلدارلاردىن يۇقىرى ئەمەلگە قويدى. [2] پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى هاموننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن موردىكاي ئېگىلىپ تەزىم قىلمايتتى. [3] بۇنى كۆرگەن ئوردىدىكى باشقا ئەمەلدارلار ئۇنىڭدىن:

- پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغىنىڭىز نېمىسى؟ - دەپ سورىدى. [4] ئۇلار موردىكايغا بۇ گەپنى ھەر كۈنى دېسىمۇ، ئەمما موردىكاي ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. موردىكاي ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ:

- مەن يەھۇدىي، هامونغا تەزىم قىلمايمەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار هاموننىڭ موردىكاينىڭ بۇ ئىشىغا يول قويىدىغان-قويمايدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بۇ گەپنى ئۇنىڭغا دەپ قويدى. [5] هامون موردىكاينىڭ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەزەپلەندى. [6] ئۇ يەنە موردىكاينىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، يالغۇز موردىكاينىڭ ئۆزىنىلا جازالاش ئازلىق قىلىدىكەن دەپ قاردى. شۇڭا ئۇ ئاخاشۋېروش ئىمپېرىيەسىدىكى پۈتۈن يەھۇدىيلارنى، يەنى موردىكاينىڭ خەلقىنى قىرىپ تاشلاشنى پىلانلىدى.
[7] ئاخاشۋېروشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 12-يىلى 1-ئايدا، يەنى نىسان ئېيىدا① بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر كۈننىڭ بەلگىلىنىشى ئۈچۈن هاموننىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئالدىدا «پۇر»، يەنى چەك

① 3: 7 تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 474-يىلى 4-ئايغا توغرا كېلىدۇ.

تاشلىدى. چەك 12-ئاينىڭ، يەنى ئادار ئېيىنىڭ 12-كۈنىگە[①] چىقتى. بۇ تەخمىنەن بىر يىلدىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. [8] ئاندىن هامون پادىشاھ ئاخاشۋېروشقا:

- ئىمپېرىيەلىرىنىڭ ھەممە ئۆلكىلىرىگە چېچىلىپ كەتكەن، ئۆز ئالدىغا ياشايدىغان بىر خەلق بار. ئۇلارنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى باشقا خەلقلەرنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئىمپېرىيەمىزنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنمايدۇ. ئۇلارنىڭ ياشىشىغا يول قويۇش ئىمپېرىيەمىزنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىسىزدۇر. [9] ئەگەر ئالىيلىرى خالىسىلا، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرگەيلا. مەن ئىمپېرىيەمىزنىڭ خەزىنىسىگە 350 مىڭ كىلو كۈمۈش تاپشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىمەن، - دەپ مەلۇم قىلدى. [10] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مۆھۈرلۈك ئۈزۈكىنى يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمىنى بولغان ئاگاگنىڭ نەسلىدىن بولغان هامەداتانىڭ ئوغلى هامونغا بەردى. [11] پادىشاھ ئۇنىڭغا:

- كۈمۈشلەرمۇ، بۇ خەلقمۇ ساڭا مەنسۇپ بولسۇن، ئۇلارنى قانداق قىلىمەن دېسەڭ، شۇنداق قىلغىن! - دېدى.

[12] شۇڭا هامون 1-ئاينىڭ 13-كۈنى ئوردىدىكى پۈتۈكچىلەرنى يىغىپ، ئىمپېرىيەنىڭ ھەممە ئۆلكىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، بەگلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىغا پەرمان يازدۇردى. پەرمانلار ھەربىر ئۆلكە خەلقىنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىدا يېزىلدى. پەرمان پادىشاھنىڭ نامىدا يېزىلدى ۋە پادىشاھنىڭ مۆھۈرلۈك ئۈزۈكى بىلەن مۆھۈرلەندى. [13] پەرمان چاپارمەنلەر ئارقىلىق ئىمپېرىيەنىڭ ھەممە ئۆلكىلىرىگە ئەۋەتىلىدىغان بولدى. پەرماندا: «12-ئاينىڭ، يەنى ئادار ئېيىنىڭ 13-كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ قېرى-ياش، ئەر-ئايال، بالىچاقىلىرىنىڭ ھەممىسى بىر كۈن ئىچىدە ئۆلتۈرۈلسۇن، قىرىپ تاشلانسۇن، پۈتۈنلەي يوق قىلىنسۇن، مال-مۈلۈكلىرى تالان-تاراج قىلىنسۇن» دەپ يېزىلغانىدى. [14] شۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە، ھەممە كىشىلەرنىڭ تەييار بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن پەرماننىڭ مەزمۇنى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى خەلققە ئېلان قىلىنماقچى بولدى. [15] پادىشاھنىڭ

---

[①] 3: 7 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 473-يىلى 3-ئاينىڭ 7-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ

ئەمرىگە بىنائەن مەزكۇر پەرمان سۇزا قەلئەسىدە ئېلان قىلىندى. چاپارمەنلەر پەرماننى دەرھال ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېتىشتى. بۇ ۋاقىتتا سۇزا قەلئەسى پاتىپاراقچىلىققا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھ بىلەن ھامون شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇشتى.

## موردىكاينىڭ ئەستىردىن ياردەم سورىشى

4 [1] موردىكاي بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىنتايىن قايغۇرۇپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ، ماتەملىك كىيىم كىيىپ، بېشىغا كۈل چېچىپ، سۇزا قەلئەسىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ناھايىتى قاتتىق ئاھۇپەرياد كۆتۈردى. [2] ئۇ ئوردا دەرۋازىسىغا كېلىپ، توختاپ قالدى. چۈنكى بەلگىلىمە بويىچە ماتەملىك كىيىم كىيگەن كىشىلەر ئوردىغا كىرگۈزۈلمەيتتى. [3] پادىشاھنىڭ پەرمانى قايسى ئۆلكىگە يېتىپ كەلسە، ئۇ يەردىكى يەھۇدىيلار قايغۇرۇپ، نالە-پەرياد ئۇرۇشتى. ئۇلار روزا تۇتۇپ، كۆز يېشى قىلىپ، ھازا تۇتۇشتى، نۇرغۇن كىشىلەر ماتەملىك كىيىم كىيىپ، كۈلگە مىلىنىپ يېتىشتى.

[4] ئەستىرنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان كېنىزەكلەر بىلەن ھەرەمئاغىلىرى موردىكاي ھەققىدە ئەستىرگە خەۋەر يەتكۈزگەندە، ئۇ ئىنتايىن بىئارام بولۇپ، موردىكايغا كىيىم-كېچەكلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ماتەملىك كىيىمىنى سېلىۋېتىشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن موردىكاي قوبۇل قىلمىدى. [5] ئەستىرنىڭ خىزمىتىگە تەيىنلەنگەن پادىشاھنىڭ ھاتاك ئىسىملىك بىر ھەرەمئاغىسى بار ئىدى. ئەستىر ئۇنى چاقىرتىپ، موردىكاينىڭ يېنىغا بېرىپ، زادى نېمە ئىشنىڭ ئۇنى قىيناۋاتقانلىقىنى ۋە نېمىشقا ئۇنداق بولغانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. [6] شۇنىڭ بىلەن ھاتاك ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا موردىكاي بىلەن كۆرۈشتى. [7] موردىكاي يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بەردى، شۇنداقلا ھامونىڭ يەھۇدىيلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىمپېرىيەنىڭ خەزىنىسىگە قانچىلىك پۇل ھەدىيە قىلىشقا ۋەدە قىلغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. [8] موردىكاي ئۇنىڭغا يەنە سۇزادا ئېلان قىلىنغان يەھۇدىيلارنى يوقىتىش توغرىسىدىكى پەرماندىن بىر نۇسخا بەردى. موردىكاي ئۇنىڭ بۇ پەرماننى ئەستىرگە

تاپشۇرۇپ بېرىشنى ھەمدە ئەستىرگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ،
ئۇنىڭ پادىشاھقا بېرىپ، ئۆز خەلقىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى
تىلىشنى تەلەپ قىلدى.
[9] ھاتاك قايتىپ كېلىپ، موردىكاينىڭ تەلىپىنى ئەستىرگە
يەتكۈزدى. [10] ئەستىر ھاتاكنى يەنە ئەۋەتىپ:
— موردىكايغا بۇ گەپلەرنى يەتكۈز. [11] مەيلى ئەر مەيلى ئايال
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرتىلمىغان
ئەھۋالدا كىرسە، چوقۇم ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر. بۇ قانۇننى
پادىشاھنىڭ پۈتۈن ئەمەلدارلىرى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى
خەلق بىلىدۇ. پەقەت بىرلا ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.
ئەگەر پادىشاھ چاقىرتىلمىغان ئەھۋالدا ھۇزۇرىغا كىرگەن ئادەمگە
سەلتەنەت ھاسىسىنى ئۇزاتسا، ئۇ ئادەم ئۆلۈمدىن ئامان قالىدۇ.
مېنى پادىشاھ ھۇزۇرىغا چاقىرتمىغىلى بىر ئاي بولدى، — دېدى.
[12] ئەستىرنىڭ بۇ گەپلىرى موردىكايغا يەتكۈزۈلدى. [13] موردىكاي
ئەستىرگە مۇنداق جاۋاب ئەۋەتتى:
— يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدىغان ئەھۋالدا، سەن
ھەرگىزمۇ ئوردىدا ياشىغانلىقىم ئۈچۈن ئامان قالىمەن، دەپ
ئويلىمىغىن. [14] ئەگەر سەن مۇشۇنداق ۋاقىتتا يەنىلا سۈكۈت قىلىپ
تۇرۇۋەرسەڭ، يەھۇدىيلارغا باشقا جايدىن ياردەم كېلىپ، ئۇلار
قۇتۇلۇپ قالىدۇ. لېكىن سەن پۈتۈن جەمەتىڭ بىلەن قوشۇلۇپ
ئۆلتۈرۈلىسەن. كىم بىلىدۇ، بەلكىم سەن مۇشۇ ۋاقىتلار ئۈچۈن
خانىشلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندۇرسەن؟
[15] ئەستىر كېيىن موردىكايغا مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:
[16] — سىز بېرىپ، سۇزا قەلئەسىدىكى بارلىق يەھۇدىيلارنى
يىغىڭ. سىلەر مەن ئۈچۈن ئۈچ كېچە-كۈندۈز ھېچ نەرسە يېمەي
ۋە ئىچمەي، روزا تۇتۇڭلار. مەنمۇ كېنىزەكلىرىم بىلەن شۇنداق
قىلىمەن. ئاندىن مەن قانۇنغا خىلاپ بولسىمۇ، پادىشاھنىڭ
ھۇزۇرىغا كىرىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلسەممۇ مەيلى.
[17] شۇنداق قىلىپ، موردىكاي كەتتى ۋە ئەستىرنىڭ تاپىلىغىنىدەك
قىلدى.

## ئەستىرنىڭ پادىشاھ بىلەن ھامونغا زىياپەت بېرىشى

5 [1] ئۈچىنچى كۈنى ئەستىر شاھانە لىباسنى كىيىپ، ئوردىنىڭ
ئىچكىرىكى ھويلىسىغا كىرىپ، ئۇ يەردە تۇردى. پادىشاھ
ئۆز خانىسىدا ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇلغان تەختىدە ئولتۇراتتى.
[2] پادىشاھ خانىش ئەستىرنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىدا تۇرغىنىنى
كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئالتۇن سەلتەنەت ھاسىسىنى
ئۇزاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەستىر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھاسىنىڭ
ئۇچىنى تۇتتى. [3] پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

– ئەي خانىش ئەستىر، ساڭا نېمە بولدى، نېمە تەلىپىڭ بار؟ ھەتتا سەن ئىمپېرىيەمنىڭ يېرىمىنى تەلەپ قىلساڭمۇ، ئۇنى ساڭا بېرىمەن، – دېدى.

[4] – ئەگەر ئالىيلىرى خالىسىلا، بۈگۈن ھامون بىلەن بىرگە سىلى
ئۈچۈن تەييارلىغان زىياپىتىمگە قەدەم تەشرىپ قىلغايلا، – دېدى
ئەستىر پادىشاھقا. [5] پادىشاھ:

– ئەستىرنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھامونى دەرھال چاقىرىپ كېلىڭلار، – دېدى. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ زىياپەتكە ھامون بىلەن بىرگە باردى.

[6] شاراب ئىچىلىۋاتقاندا، پادىشاھ ئەستىردىن يەنە:

– نېمىنى سورايسەن؟ سورىغىنىڭنى بېرىمەن. نېمىنى تەلەپ قىلىسەن؟ ھەتتا ئىمپېرىيەمنىڭ يېرىمىنى تەلەپ قىلساڭمۇ، ئۇنى ساڭا بېرىمەن، – دېدى.

[7-8] – ئەگەر ئالىيلىرى مەندىن رازى بولۇپ، ماڭا ئىلتىپات
قىلىشنى خالىسىلا، مېنىڭ ئىلتىماس ۋە تەلىپىم شۇكى، ئەتە
ئۆزلىرى ھامون بىلەن بىرگە ئىككىلىرى ئۈچۈن تەييارلىغان
زىياپىتىمگە قاتنىشىپ بەرگەيلا. شۇ چاغدا سىلىنىڭ سوئاللىرىغا
جاۋاب بېرەي، – دېدى ئەستىر.

## ھامونىنىڭ موردىكاينى قەستلەش پىلانى

[9] ھامون زىياپەتتىن كۆڭلى خۇش قايتتى. لېكىن ئۇ ئوردا دەرۋازىسى
ئالدىدىن ئۆتكىنىدە، موردىكاينىڭ ئۇ يەردە ئورنىدىن مىدىرلىماي

ئۆلتۈرگىنىنى، ئۆزىدىن بىرئازمۇ ئەيمەنمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن غەزەپلەندى. [10] لېكىن ئۇ غەزىپىنى بېسىۋېلىپ، ئۆيىگە قايتىپ، ئاغىنىلىرىنى چاقىرتتى ۋە ئايالى زەرەشنىمۇ كەلتۈردى. [11] هامون ئۇلارغا ئۆزىنىڭ چەكسىز بايلىقى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدە پو ئاتتى. شۇنداقلا، پادىشاھنىڭ ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ، بارلىق ئالىي ئەمەلدارلار ۋە بەگلەردىن يۇقىرى قىلغانلىقىنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىدى. [12] هامون يەنە:

- بۇلاردىن باشقا خانىش ئەستىر بەرگەن زىياپەتكە پادىشاھ بىلەن مەندىن باشقا ھېچكىم تەكلىپ قىلىنماپتۇ. ئۇ يەنە پادىشاھ بىلەن مېنى ئەتىكى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى! [13] بىراق مەن قاچانلا ھېلىقى يەھۇدىي موردىكاينىڭ ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرغىنىنى كۆرسەم، بۇ ئىشلارنىڭ ماڭا ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن، - دېدى.

[14] ئۇنىڭ ئايالى زەرەش ۋە ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا:

- سىز بويىرۇق چۈشۈرۈپ، 25 مېتىر ئېگىزلىكتە بىر دار تەييارلىتىڭ ۋە ئەتە ئەتىگەندە پادىشاھتىن موردىكاينى دارغا سانجىشنى تەلەپ قىلىڭ. شۇنداق قىلغاندا، زىياپەتكە خۇشال-خۇرام بارىسىز، - دەپ تەكلىپ بېرىشتى. ھامون بۇنى ياخشى مەسلىھەت دەپ بىلىپ، ئېگىز بىر دار تەييارلاتتى.

## پادىشاھنىڭ موردىكايغا شان-شەرەپ بېرىشى

6 [1] شۇ كۈنى كەچتە پادىشاھنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىگەچكە، ئىمپېرىيەنىڭ تارىخىنى ئالدۇرۇپ ئوقۇتتى. [2] تەزكىرىنىڭ موردىكاي پادىشاھنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى بىر سۇيىقەستنى پاش قىلدى. بۇ سۇيىقەستنى ئوردا دەرۋازىسىدا كۈزەتچىلىك قىلىدىغان بىغتان بىلەن تەرەش ئىسىملىك ئىككى قاراۋۇل پىلانلىغان دېگەن يېرىگە كەلگەندە، [3] پادىشاھ:

- بۇ ئىش ئۈچۈن موردىكاي قانداق تەقدىرلەندى، ئۇنىڭغا قانداق ئىززەت-ئىكرام كۆرسىتىلدى؟ - دەپ سورىدى. پادىشاھنىڭ خاس خىزمەتكارلىرى:

- ئۇ ھېچقانداق تەقدىرلەنمەپتۇ، - دەپ جاۋاب بېرىشتى.

[4] ـ ھويلىدا كىم بار؟ ـ دەپ سورىدى پادىشاھ. بۇ چاغدا ھامون ئۆزى ياسىغان خادىغا موردىكاينى سانجىتىش ئۈچۈن پادىشاھتىن ئىجازەت سوراپ، ئوردا ھويلىسىغا ئەمدىلا كىرگەنىدى. [5] خاس خىزمەتكارلار پادىشاھقا:

ـ ھويلىدا ھامون تۇرىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ـ ئۇ كىرسۇن! ـ دېدى پادىشاھ. [6] ھامون كىرگەندە، پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

ـ پادىشاھ بىرسىگە ئىززەت-ئىكرام كۆرسەتمەكچى بولسا، نېمە قىلىش كېرەك؟ ـ دەپ سورىدى. ھامون ئۆز كۆڭلىدە: «پادىشاھ مەندىن باشقا كىمگىمۇ ئىززەت-ئىكرام كۆرسىتەر؟» دەپ ئويلىدى. [7-8] ئۇ پادىشاھقا:

ـ پادىشاھ ئىززەت-ئىكرام كۆرسەتمەكچى بولغان كىشىگە ئۆزى كىيگەن شاھانە لىباسنى، ئۆزى مىنگەن تاجلىق ئېتىنى كەلتۈرسۇن. [9] ئاندىن پادىشاھنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئالىي ئەمەلدارلىرىدىن بىرى ئۇ كىشىگە لىباسنى كىيدۈرۈپ ۋە ئاتقا مىندۈرۈپ، شەھەر مەيدانىنى ئايلاندۇرۇپ: «قاراڭلار، پادىشاھ ئىززەت-ئىكرام كۆرسەتكەن كىشى مانا مۇشۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ!» دەپ جار سالسۇن، ـ دېدى. [10] شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ھامونغا:

ـ دەرھال شاھانە لىباس بىلەن ئاتنى كەلتۈرۈپ، ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرغان يەھۇدىي موردىكايغا ھازىرقى دېگىنىڭ بويىچە قىل! ئېيتقانلىرىڭدىن بىرەرسىمۇ كەم بولمىسۇن! ـ دەپ بۇيرۇدى. [11] ھامون شاھانە لىباس بىلەن ئاتنى كەلتۈردى. موردىكايغا لىباس كىيدۈرۈپ، ئاتقا مىندۈردى ۋە ئۇنى شەھەر مەيدانىغا ئېلىپ بېرىپ ئايلاندۇرۇپ:

ـ قاراڭلار، پادىشاھ ئىززەت-ئىكرام كۆرسەتكەن كىشى مانا مۇشۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ! ـ دەپ جار سالدى. [12] شۇنىڭ بىلەن موردىكاي ئوردىدىكى ۋەزىپىسىگە قايتىپ كەلدى. ھامون بولسا بېشىنى چۈمكەپ، غەمكىن ھالدا ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. [13] ھامون ئۆزى دۇچ كەلگەن ئىشلارنى ئايالى زەرەشكە ۋە بارلىق ئاغىنىلىرىگە بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئايالى ۋە ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا:

ـ سەن موردىكايدىن يېڭىلىشكە باشلىدىڭ. موردىكاي يەھۇدىي نەسلىدىن بولغاچقا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايسەن. سەن چوقۇم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نابۇت بولىسەن، ـ دېدى.
[14] ئۇلار سۆزلىشىپ تۇرغىنىدا، ئوردىنىڭ ھەرەمئاغىلىرى كېلىپ، ھامونني ئەستىرنىڭ تەييارلىغان زىياپىتىگە بېرىشقا ئالدىراتتى.

## ھاموننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

7 [1-2] شۇنىڭ بىلەن ھامون پادىشاھ بىلەن بىرگە ئەستىرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق زىياپىتىگە باردى. شاراب ئىچىلىۋاتقاندا، پادىشاھ ئەستىرگە:
ـ ئەي خانىش ئەستىر، نېمىنى سورايسەن؟ سورىغىنىڭنى بېرىمەن. نېمىنى تەلەپ قىلىسەن؟ ھەتتا ئىمپېرىيەمنىڭ يېرىمىنى تەلەپ قىلساڭمۇ، ئۇنى ساڭا بېرىمەن، ـ دېدى. [3] ئەستىر:
ـ ئەگەر ئالىيلىرى مەندىن رازى بولۇپ، ماڭا ئىلتىپات قىلىشنى خالىسىلا، مېنىڭ ئىلتىماس ۋە تەلىپىم شۇكى، جېنىمنى قۇتۇلدۇرغايلا، خەلقىمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغايلا. [4] چۈنكى مەن ۋە خەلقىم ئۆلتۈرۈلۈش، قىرىلىش ۋە يەر يۈزىدىن يوق قىلىنىش ئۈچۈن سېتىلدۇق. ئەگەر بىز پەقەت قۇل ۋە دېدەك بولۇش ئۈچۈن سېتىلغان بولساق ئىدۇق، مەن ئەسلا ئۈن چىقارمىغان بولاتتىم. چۈنكى بۇنداق بىر ئىش ئۈچۈن ئالىيلىرىنى ئاۋارە قىلىش ئەسلا مۇۋاپىق بولمايتتى، ـ دېدى.
[5] پادىشاھ ئاخاشۋېروش خانىش ئەستىردىن:
ـ بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشى كىم ئىكەن، ئۇ قەيەردە ئىكەن؟ ـ دەپ سورىدى. [6] ئەستىر:
ـ بىزگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان دۈشمەن دەل بۇ رەزىل ھاموندۇر! ـ دەپ جاۋاب بەردى.
ھامون پادىشاھ ۋە خانىش ئالدىدا تىترەپ كەتتى. [7] پادىشاھ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، زىياپەتخانىدىن ئوردا گۈللۈكىگە چىقىپ كەتتى. ھامون پادىشاھنىڭ ئۆزىنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، خانىش ئەستىردىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەش ئۈچۈن قېلىپ قالدى. [8] پادىشاھ ئوردا گۈللۈكىدىن زىياپەتخانىغا قايتىپ

كىرگىنىدە، هامون خانىش ئەستىر يانپاشلاپ ياتقان يېرىدە ئۆزىنى تاشلاپ ياتاتتى. پادىشاھ:

- سەن ئوردامدا كۆز ئالدىمدا خانىشىمغا ئەدەپسىزلىك قىلىۋاتامسەن؟ - دەپ ۋارقىرىدى. پادىشاھنىڭ شۇنداق دېيىشى بىلەنلا ھەرەمئاغىلىرى ھاموننىڭ باش-كۆزىنى چۈمكەپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەييار بولدى. [9] پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى بولغان خاربونا:

- ھامون ئالىيلىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغان موردىكاينى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى سانجىش ئۈچۈن ياساتقان 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى خادا ئۇنىڭ ھويلىسىدا تۇرىدۇ! - دېدى.

- ئۇنىڭغا ھاموننىڭ ئۆزىنىلا سانجىڭلار! - دەپ ئەمر قىلدى پادىشاھ. [10] شۇنىڭ بىلەن موردىكاي سانجىلماقچى بولغان خادىغا ھاموننىڭ ئۆزى سانجىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ غەزىپى بېسىلدى.

## موردىكاي بىلەن ئەستىرنىڭ ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇشى

8 [1] شۇ كۈنى پادىشاھ ئاخاشۋېروش يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمىنى ھاموننىڭ پۈتۈن ئۆي-جاي، مال-مۈلكىنى خانىش ئەستىرگە بەردى. موردىكاينىڭ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشىگە ئىجازەت بېرىلدى. چۈنكى ئەستىر پادىشاھقا ئۇنىڭ ئۆز تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. [2] پادىشاھ ھاموندىن تارتىۋېلىنغان مۆھۈرلۈك ئۈزۈكنى موردىكايغا بەردى. ئەستىر موردىكايغا ھاموننىڭ ئۆي-جاي، مال-مۈلكىنى باشقۇرۇشنى ھاۋالە قىلدى.

[3] ئەستىر يەنە پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئاگاگنىڭ نەسلىدىن بولغان ھاموننىڭ يەھۇدىيلارنىڭ نەسلىنى يوقىتىش سۇيىقەستىنى توختىتىشنى يېلىنىپ سورىدى. [4] پادىشاھ ئەستىرگە ئالتۇن سەلتەنەت ھاسىسىنى ئۇزاتتى، ئەستىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

[5] - ئەگەر ئالىيلىرى مەندىن رازى ۋە مەمنۇن بولۇپ، ماڭا ئىلتىپات قىلىشنى خالىسىلا ۋە توغرا كۆرسىلە، بىر ئەمر چۈشۈرۈپ،

ئاگاگنىڭ نەسلىدىن بولغان ھاممىداتانىڭ ئوغلى ھامونىنىڭ
ئىمپېرىيەلىرىنىڭ ھەممە ئۆلكىلىرىدىكى يەھۇدىيلارنى يوقىتىش
ئۈچۈن چۈشۈرگەن پەرمانلىرىنى بىكار قىلغايلا. [6] مەن خەلقىمنىڭ
يوقىتىلىشىغا، قېرىنداشلىرىمنىڭ قىرىلىشىغا قانداقمۇ چىداپ
تۇرالايمەن؟ - دېدى.
[7] پادىشاھ ئاخاشۋېروش خانىش ئەستىر بىلەن يەھۇدىي موردىكايغا
مۇنداق دېدى:
- ھامون يەھۇدىيلارنى قىرىپ تاشلىماقچى بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، خادىغا سانجىتتىم ۋە مال-مۈلكىنى
ئەستىرگە بەردىم. [8] ئەمدى سىلەر يەھۇدىيلار ھەققىدە مېنىڭ
نامىمدا خالىغىنىڭلارچە پەرمان يېزىپ، مۆھۈرلۈك ئۈزۈكۈم بىلەن
مۆھۈرلەڭلار. شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، پادىشاھنىڭ نامىدا
يېزىلىپ، پادىشاھنىڭ مۆھۈرلۈك ئۈزۈكى بىلەن مۆھۈرلەنگەن
ھەرقانداق پەرمان بىكار قىلىنمايدۇ.
[9] شۇنىڭ بىلەن 3-ئاينىڭ، يەنى سىۋان ئېيىنىڭ 23-كۈنى ①
پادىشاھنىڭ پۈتۈكچىلىرى چاقىرتىلدى. ئۇلار ھىندىستاندىن
كۇشقىچە بولغان ئىمپېرىيەگە قاراشلىق 127 ئۆلكىدىكى ئۆلكە
باشلىقلىرى، بەگلەر ۋە ئەمەلدارلارغا يەھۇدىيلار ھەققىدە موردىكاينىڭ
بۇيرۇغىنىدەك پەرمان يېزىشتى. پەرمان ھەربىر ئۆلكىنىڭ ئۆز
تىل-يېزىقىدا، شۇنداقلا يەھۇدىيلارنىڭ تىل-يېزىقىدا يېزىلدى.
[10] موردىكاي پادىشاھ ئاخاشۋېروشنىڭ نامىدا يېزىلغان بۇ پەرماننى
پادىشاھنىڭ مۆھۈرلۈك ئۈزۈكى بىلەن مۆھۈرلىدى ۋە ئۇنى
ئوردىدىكى چاپقۇر ئاتلارغا مىنگەن چاپارمەنلەر ئارقىلىق تارقاتتى.
[11] پادىشاھ پەرماندا يەھۇدىيلارغا ھەرقايسى شەھەرلەردە
توپلىنىپ، ئۆزلىرىنى قوغداشقا ھوقۇق بەردى. بۇنىڭدىن سىرت
يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلغان ھەرقانداق دۈشمەن خەلقنىڭ ياكى
باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ئادەملىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن-باللىرىنى
ئۆلتۈرۈشكە، قىرىشقا ۋە يوق قىلىشقا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مال-
مۈلۈكلىرىنى ئولجا ئېلىشقا رۇخسەت بەردى. [12] بۇ پەرمان پۈتۈن

① 8:9 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 474-يىلى 6-ئاينىڭ 25-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئۆلكىلەردە 12-ئاينىڭ، يەنى ئادار ئېيىنىڭ 13-كۈنى،① يەنى يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلىشقا بەلگىلەنگەن كۈنى ئوخشاش ئىجرا قىلىنسۇن دەپ بېكىتىلدى. 13 بۇ پەرمان ھەرقايسى ئۆلكىلەردە قانۇنىي ھۆججەت سۈپىتىدە جاكارلىنىپ، ھەممە ئادەمگە ئۇقتۇرۇلىدىغان بولدى. شۇنداق بولغاندا يەھۇدىيلار شۇ كۈنى دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشقا تەييار بولالايتتى. 14 چاپارمەنلەر ئوردىدىكى چاپقۇر ئاتلارغا مىنىپ، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جىددىي ئاتلاندى، سۇزادىكى قەلئەدىمۇ بۇ پەرمان ئېلان قىلىندى.

15 موردىكاي ئاق ۋە كۆك رەڭلىك شاھانە كىيىم كىيىپ، ئېسىل زىغىر رەختتىن تىكىلگەن سۆسۈن رەڭلىك يېپىنچا يېپىنىپ، كاتتا ئالتۇن تاج تاقاپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقتى. سۇزا شەھىرى خۇشاللىق تەنتەنىلىرىگە چۆمدى. 16 يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن بۇ ۋاقىت بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەن، شاد-خۇراملىق ۋە ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ۋاقىت بولدى. 17 پادىشاھنىڭ پەرمانى ھەممە ئۆلكە ۋە شەھەرلەرگە يېتىپ بارغاندا، ئۇنى ئاڭلىغان يەھۇدىيلار شادلىققا تولۇپ، خۇشاللىق زىياپىتى بېرىشتى ھەم بايرام قىلىشتى. نۇرغۇن يەرلىك ئاھالىلەر يەھۇدىيلاردىن قورقۇشۇپ، يەھۇدىي بولۇشتى.

## يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشى

9 1 12-ئاينىڭ، يەنى ئادار ئېيىنىڭ 13-كۈنى كەلدى. بۇ پادىشاھنىڭ پەرمانى ئىجرا قىلىنىدىغان، شۇنداقلا يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە ئۈمىد باغلىغان كۈن ئىدى. ئەكسىچە بۇ كۈندە يەھۇدىيلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. 2 يەھۇدىيلار ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پادىشاھ ئاخاشۋېروشقا قاراشلىق پۈتۈن ئۆلكىلەردە يىغىلىشتى. ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقلەر ئۇلاردىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ھېچقايسىسى قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. 3 پۈتۈن ئۆلكىلەرنىڭ ئۆلكە باشلىقلىرى، ئەمەلدارلار، بەگلەر ۋە ئوردا ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىملار موردىكايدىن قورققاچقا،

① 8: 12 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 473-يىلى 3-ئاينىڭ 7-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

يەھۇدىيلارغا ياردەم بېرىشتى. [4] چۈنكى موردىكاي ئوردىدا ئىنتايىن نوپۇزلۇق ئادەمگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ نام-شۆھرىتى بارلىق ئۆلكىلەرگە تارقالغانىدى. ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ باراتتى. [5] شۇڭا يەھۇدىيلار ئۆز دۈشمەنلىرىگە خالىغىنىنى قىلدى. ئۇلار دۈشمەنلىرىنى قىلىچ بىلەن قىردى. [6] يەھۇدىيلار سۇزا قەلئەسىدىلا بەش يۈز كىشىنى ئۆلتۈردى. [7-10] ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھاممېداتانىڭ ئوغلى بولغان ھاماننىڭ ئون ئوغلىمۇ، يەنى پارشانداتا، دالفون، ئاسپاتا، پوراتا، ئادالىيا، ئارىداتا، پارماشتا، ئارىساي، ئارىداي ۋە ۋايزاتالارمۇ بار ئىدى. يەھۇدىيلار دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈردى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقانداق مال-مۈلكىنى ئولجا ئالمىدى.

[11] شۇ كۈنى سۇزا قەلئەسىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى پادىشاھقا مەلۇم قىلىندى. [12] پادىشاھ خانىش ئەستىرگە:

- يەھۇدىيلار يالغۇز سۇزا قەلئەسىدىلا بەش يۈز ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ھاماننىڭ ئون ئوغلىمۇ بار ئىكەن. يەھۇدىيلار ئىمپېرىيەنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدە يەنە نېمە ئىشلارنى قىلغاندۇ؟ ئەمدى يەنى نېمىنى ئىلتىماس قىلىسەن؟ ئىلتىماسىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. يەنە نېمە تەلىپىڭ بار؟ تەلىپىڭ ئورۇندىلىدۇ، - دېدى. [13] ئەستىر:

- ئالىيلىرى خالىسىلا، سۇزادىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەتىمۇ بۈگۈنكى پەرمان بويىچە ئىش قىلىشىغا ئىجازەت بەرگەيلا، ھەمدە ھاماننىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئون ئوغلىنىڭ جەسىتىنى خادىغا سانجىتقايلا، - دېدى.

[14] پادىشاھ شۇ بويىچە پەرمان چۈشۈردى ۋە بۇ پەرمان سۇزادا جاكارلاندى. ھاماننىڭ ئون ئوغلىنىڭ جەسەتلىرى خادىلارغا سانجىلدى. [15] ئادار ئېيىنىڭ 14-كۈنى سۇزادىكى يەھۇدىيلار يەنە بىر قېتىم جەم بولۇپ، ئۈچ يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردى، لېكىن ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئولجا ئالمىدى.

[16] ئىمپېرىيەنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدىكى يەھۇدىيلارمۇ جانلىرىنى ساقلاش ۋە دۈشمەنلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆزلىرىگە ئۆچمەنلىك قىلغان 75 مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى،

لېكىن ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئولجا ئالمىدى. [17] بۇ ۋەقە ئادار ئېيىنىڭ 13-كۈنى يۈز eبەردى. ئۇلار ئىككىنچى كۈنى دەم ئالدى ۋە خۇشال بولۇشۇپ، زىياپەت ئۆتكۈزۈشتى. [18] سۇزادىكى يەھۇدىيلار دۈشمەنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئادار ئېيىنىڭ 13-، 14-كۈنلىرى جەم بولدى. شۇڭا ئۇلار 15-كۈنى دەم ئالدى ۋە خۇشال بولۇشۇپ، زىياپەت ئۆتكۈزۈشتى. [19] شۇ سەۋەبتىن كىچىك يېزا-كەنتلەردە تۇرىدىغان يەھۇدىيلار ئادار ئېيىنىڭ 14-كۈنىنى خۇشال بولۇشۇپ، زىياپەت ئۆتكۈزىدىغان ۋە بىر-بىرىگە سوۋغا تەقدىم قىلىشىدىغان كۈن قىلىپ بېكىتىشتى.

## «پۇرىم» بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى

[20] موردىكاي بۇ ئىشلارنى خاتىرىلەپ قويدى. ئۇ پۈتۈن ئاخاشۋېروش ئىمپېرىيەسىنىڭ يىراق-يېقىن ئۆلكىلىرىدىكى يەھۇدىيلارغا پەرمان چۈشۈرۈپ، [21] ئۇلارنىڭ ھەر يىلى ئادار ئېيىنىڭ 14- ۋە 15-كۈنلىرىنى بايرام كۈنى قىلىشلىرىنى بۇيرۇدى. [22] بۇ كۈنلەر يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان كۈنلەردۇر. بۇ ئاي يەھۇدىيلارنىڭ قايغۇلىرى شادلىققا، مۇڭ-زارلىرى خۇشاللىققا ئايلانغان ئايدۇر. ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ بۇ كۈنلەردە خۇشال بولۇشۇپ، زىياپەت ئۆتكۈزۈشىنى، بىر-بىرىگە، شۇنداقلا كەمبەغەللەرگە سوۋغا تەقدىم قىلىشلىرىنى بۇيرۇدى. [23] شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار موردىكاينىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قوبۇل قىلىپ، باشلىغان بايراملىرىنى داۋاملاشتۇردى. [24] يەھۇدىيلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، يەنى ئاگاگنىڭ نەسلىدىن بولغان ھامىمداتانىڭ ئوغلى ھامون يەھۇدىيلارنى يوقىتىش سۈيىقەستىنى پىلانلاپ، «پۇر» يەنى چەك تاشلاش ئارقىلىق بىر كۈننى بەلگىلىگەنىدى. [25] لېكىن پادىشاھ بۇ سۈيىقەستنى بىلگەندىن كېيىن، پەرمان چۈشۈرۈپ، ھاموننىڭ يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىش رەزىل سۈيىقەستىنى ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ جەسەتلىرىنى خادىغا سانجىتتى. [26] ھامون تارتقان چەك «پۇر» دەپ ئاتالغاچقا، يەھۇدىيلار خاتىرىلىگەن بۇ كۈنلەرمۇ «پۇرىم» دەپ ئاتالدى. يەھۇدىيلار

موردىكاينىڭ چۈشۈرگەن پەرمانى، ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەنلىرى ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرى ئاساسىدا [27] ئۆزلىرى، ئەۋلادلىرى ۋە يەھۇدىي دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن بىر ئەنئەنە بەلگىلەپ، ھەر يىلى بۇ ئىككى كۈننى خاتىرىلەشنى قارار قىلدى. [28] ئۇلار بۇ كۈنلەر ئىمپېرىيەنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلىرىدە، ھەربىر ئائىلىلەردە خاتىرىلەنسۇن، يەھۇدىيلار «پۇرىم» بايرىمىنى مەڭگۈ ئۈزۈپ قويمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۇنتۇپ قالمىسۇن، دەپ قارار ئالدى.

[29] ئابىخايىلنىڭ قىزى خانىش ئەستىر يەھۇدىي موردىكاي بىلەن بىرگە خۇددى موردىكاي بۇرۇن چۈشۈرگەن پەرمانغا ئوخشاش پەرمان چۈشۈرۈپ، خانىشلىق نوپۇزى بىلەن پۇرىم بايرىمى ئۆتكۈزۈشنى قوللىدى. [30] بۇ پەرمان پادىشاھ ئاخاشۋېروش ھاكىمىيىتىگە قاراشلىق 127 ئۆلكىدىكى پۈتۈن يەھۇدىيلارغا مەكتۇپ بىلەن بىرگە يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، مەكتۇپتا يەھۇدىيلارغا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك تىلەنگەنىدى. [31] پەرماندا يەھۇدىي موردىكاي ۋە خانىش ئەستىر يەھۇدىيلارنىڭ پۇرىم بايرىمىنى بەلگىلەنگەن كۈندە داۋاملىق ئۆتكۈزۈشنى، شۇنداقلا يەھۇدىيلارنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ روزا تۇتۇش، قارىلىق تۇتۇش قائىدىلىرىنى ئىجرا قىلىشنى بۇيرۇغانىدى. [32] ئەستىرنىڭ پەرمانى پۇرىم بايرىمىغا ئائىت قائىدىلەرنى تېخىمۇ مۇقىملاشتۇردى. بۇ پەرمان تەزكىرىگە يېزىلدى.

## پادىشاھ ئاخاشۋېروش بىلەن موردىكاينىڭ ئۇتۇقى

10 [1] پادىشاھ ئاخاشۋېروش ئۆز ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرى بولغان ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىنمۇ ئالۋان-سېلىق ئالاتتى. [2] ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى، بۈيۈك ئىش-ئىزلىرى ۋە موردىكاينى ئۆستۈرۈپ، مەرتىۋىگە ئىگە قىلغانلىقى «مىدىيا ۋە پېرسىيە پادىشاھلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى»گە يېزىلغاندۇر. [3] يەھۇدىي موردىكاي مەرتىۋە جەھەتتە پادىشاھ ئاخاشۋېروشنىڭ كەينىدىلا تۇراتتى. ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە سۆيگۈسىگە سازاۋەر

بولغانىدى. چۈنكى ئۇ خەلقىنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە ئامانلىقى ئۈچۈن تىرىشقانىدى.

# ئایوٗپ


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | 32 |
| 33 | 34 | 35 | 36 |
| 37 | 38 | 39 | 40 |
| 41 | 42 | | |

# ئايۇپ

## ئايۇپنىڭ دىيانىتى ۋە بايلىقى

1 1 1ئۇز دىياردا ئايۇپ ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەندى.
ئۇ قۇسۇرسىز، دۇرۇس، خۇداغا ئىخلاسمەن ئادەم بولۇپ،
يامانلىقتىن يىراق تۇراتتى. 2 ئۇنىڭ يەتتە ئوغۇل، ئۈچ قىز پەرزەنتى
بار ئىدى. 3 ئۇ يەتتە مىڭ تۇياق قوي، ئۈچ مىڭ تۆگە، بەش يۈز جۈپ
ئۆكۈز، بەش يۈز تۇياق مادا ئېشەك ۋە نۇرغۇن خىزمەتكارلارنىڭ
ئىگىسى بولۇپ، شەرقتىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ باي ئادەم
ھېسابلىناتتى. 4 ئۇنىڭ ئوغۇللىرى نۆۋەت بىلەن بىر-بىرىنى
ئۆيلىرىگە چاقىرىپ، زىياپەت بېرىشەتتى، ئاچا-سىڭىللىرىنىمۇ
چاقىرىپ ھەمداستىخان بولاتتى. 5 ھەر قېتىملىق زىياپەتتىن كېيىن
ئايۇپ پەرزەنتلىرىنى چاقىرتىپ، ئۇلارنى پاكلىنىشقا بۇيرۇيتتى.
ئۆزى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ ھەربىر ئوغلى ئۈچۈن كۆيدۈرمە
قۇربانلىق قىلاتتى. چۈنكى ئۇ: «پەرزەنتلىرىم كۆڭۈللىرىدە خۇداغا
بىھۆرمەتلىك قىلىپ، گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ
ئويلايتتى. ئايۇپ دائىم شۇنداق قىلاتتى.

## شەيتاننىڭ ئەرزى

6 بىر كۈنى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلدى،
شەيتانمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. 7 پەرۋەردىگار شەيتاندىن:
- قەيەردىن كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى.
- زېمىننى ئايلىنىپ يۈرگەندىم، شۇ يەردىن كەلدىم - دېدى
شەيتان جاۋابەن. 8 پەرۋەردىگار شەيتانغا:

- خىزمەتكارىم ئايۇپقا دىققەت قىلدىڭمۇ؟ زېمىندا ئۇنىڭدەك
قۇسۇرسىز، دۇرۇس ئادەم يوق. ئۇ ماڭا ئىخلاسمەن بولۇپ،
يامانلىقتىن يىراق تۇرىدۇ، - دېدى. [9] شەيتان جاۋابەن:
- ئايۇپ ساڭا سەۋەبسىزلا ئىخلاسمەن بولغانمىدۇ؟ [10] سەن
ھەمىشە ئۇنى، ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئىلكىدىكى پۈتۈن نەرسىلىرىنى
مۇھاپىزەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىپ، ھەممە ئىشلىرىنى
ئوڭۇشلۇق قىلدىڭ! ئۇنىڭ مال چارۋىلىرى پۈتۈن زېمىننى قاپلاپ
كەتتى. [11] مۇبادا سەن ئۇنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن
ئېلىپ كەتسەڭ، ئۇ سېنى ئالدىڭدىلا قارغايدۇ، - دېدى.
[12] - ئۇنداقتا ئۇنىڭ بارلىق نەرسىلىرى سېنىڭ ئىلكىڭدە
بولسۇن، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغۇچى بولما، -
دېدى پەرۋەردىگار شەيتانغا.
شەيتان پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىدىن چىقىپ كەتتى.

## ئايۇپنىڭ بىرىنچى قېتىم سىنىلىشى

[13] بىر كۈنى ئايۇپنىڭ پەرزەنتلىرى ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە مېھمان
بولۇپ، شاراب ئىچىپ ئولتۇراتتى. [14] بىر ئادەم كېلىپ ئايۇپقا:
- ئۆكۈزلەر بىلەن يەر ھەيدەۋاتاتتۇق، ئېشەكلەر بىر ياقتا
ئوتلاۋاتاتتى. [15] شىبالىقلار تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ، مال
چارۋىلارنى بۇلاپ، ھەممە خىزمەتكارلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. پەقەت
ئۆزۈم يالغۇز قېچىپ قۇتۇلدۇم، شۇڭا خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلدىم،
- دېدى.
[16] ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماستىنلا يەنە بىرەيلەن كېلىپ:
- ئاسماندىن چاقماق چۈشۈپ، قويلار بىلەن قويچىلارنى
ھالاك قىلدى. پەقەت مەن ساق قالدىم، شۇڭا خەۋەر يەتكۈزگىلى
كەلدىم، - دېدى.
[17] ئۇنىڭمۇ سۆزى ئاخىرلاشماستىنلا يەنە بىرەيلەن كېلىپ:
- كالدانلار ئۈچ توپقا بۆلۈنۈپ، بىرگە ھۇجۇم قىلدى. خىزمەتكارلارنى
ئۆلتۈرۈپ، تۆگىلەرنى بۇلاپ كەتتى. پەقەت ئۆزۈم يالغۇز قېچىپ
قۇتۇلدۇم، شۇڭا خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلدىم، - دېدى.
[18] ئۇنىڭمۇ سۆزى ئاخىرلاشماستىنلا يەنە بىرەيلەن كېلىپ:

- پەرزەنتلىرىڭىز چوڭ ئوغلىڭىزنىڭ ئۆيىدە زىياپەتتە شاراب
ئىچىپ ئولتۇرغانىدى. [19] تۇيۇقسىز چۆل تەرەپتىن قارا بوران
كېلىپ ئۆينى ئۆرۈۋەتتى. پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئۆينىڭ
ئاستىدا قېلىپ قازا قىلدى. پەقەت مەن ساق قالدىم، شۇڭا خەۋەر
يەتكۈزگىلى كەلدىم، - دېدى.
[20] ئايۇپ بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىمىنى
يىرتتى. چېچىنى چۈشۈرۈپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، مۇنداق
دۇئا قىلدى:

[21] «مەن بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كەلگەن، يەنە يالىڭاچ كېتىمەن.
پەرۋەردىگار ئۆزى بەرگەننى ئۆزى ئېلىپ كەتتى.
پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا ھەمدۇسانا بولغاي!»

[22] ئايۇپنىڭ بېشىغا شۇنچىۋالا كۆپ بالا-قازا كەلگەن بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ خۇدانى ئەيىبلەپ، گۇناھ سادىر قىلمىدى.

## ئايۇپنىڭ ئىككىنچى قېتىم سىنىلىشى

2 [1] بىر كۈنى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا يەنە يىغىلدى.
شەيتانمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. [2] پەرۋەردىگار شەيتاندىن:
- قەيەردىن كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى.
- زېمىننى ئايلىنىپ يۈرگەنىدىم، شۇ يەردىن كەلدىم، - دېدى
شەيتان جاۋابەن.
[3] - خىزمەتكارىم ئايۇپقا دىققەت قىلدىڭمۇ؟ زېمىندا ئۇنىڭدەك
قۇسۇرسىز، دۇرۇس ئادەم يوق، ئۇ ماڭا ئىخلاسمەن بولۇپ،
يامانلىقتىن يىراق تۇرىدۇ. گەرچە سەن مېنى ئۇنىڭغا سەۋەبسىزلا
زەربە بېرىشكە، ئۇنى ۋەيران قىلىشقا قۇتراتقان بولساڭمۇ، ئۇ
يەنىلا ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قالدى، - دېدى پەرۋەردىگار
شەيتانغا. [4] شەيتان جاۋابەن:
- جېنىغا ئازاب بېرىپ باققىن، نېمە قىلاركىن؟ ئىنسان ھاياتىنى
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر نەرسىسىدىن ۋاز كېچىشكە تەيياردۇر.

5 سەن ئۇنىڭ تېنىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزسەڭ، ئۇ سېنى
ئالدىڭدىلا قارغايدۇ، ــ دېدى.
6 ــ بولىدۇ، ئۇنى سېنىڭ ئىلكىڭگە تاپشۇردۇم، ئۇنى پەقەت
ھايات قويساڭلا بولدى، ــ دېدى پەرۋەردىگار شەيتانغا.
7 شەيتان پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدىن يېنىپ چىقىپ، ئايۇپقا
زەربە بېرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئازابلىق جاراھەت
قاپلاپ كەتتى. 8 ئايۇپ قولىغا ساپال پارچىسىنى ئېلىپ، گۈلاختا
بەدىنىدىكى جاراھەتلەرنى قاشلاپ ئولتۇراتتى. 9 ئايالى ئايۇپقا:
ــ سەن يەنىلا پاك ئادەم بولماقچىمۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە خۇدانى
قارغاپ، ئۆلگىنىڭ ياخشى! ــ دېدى.
10 ــ سەن خۇددى نادان خوتۇنلاردەك گەپ قىلدىڭ. ئەجەبا بىز
خۇدانىڭ بەختىگىلا ئېرىشىپ، بالا-قازاسىنى قوبۇل قىلماسلىقىمىز
كېرەكمىدى؟ ــ دېدى ئايۇپ ئايالىغا.
ئايۇپ شۇنچە كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغان بولسىمۇ،
لېكىن خۇداغا قارشى گەپ قىلىپ، گۇناھ سادىر قىلمىدى.

## ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستى

11 ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستى بار ئىدى. ئۇلار تېمانلىق ئەلىفاز،
شۇئاھلىق بىلداد، نائامالىق زوفار ئىدى. ئۇلار ئايۇپنىڭ بېشىغا
كەلگەن كۈلپەتلەردىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭدىن ھال سوراش ۋە
تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بىرلىكتە يوقلاپ كېلىشكە پۈتۈشۈپ،
يۇرتلىرىدىن كېلىشكەندى. 12 ئۇلار يىراقتىن ئايۇپنىڭ تونۇغۇسىز
ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپلا، ئۈن سېلىپ يىغلاشتى.
كىيىملىرىنى يىرتىشىپ، ئۇستىباشلىرىغا توپا چېچىشتى. 13 ئۇلار
ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە يەتتە كېچە-كۈندۈز يەردە ئولتۇرۇپ، بىر
ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. چۈنكى ئۇلار ئايۇپنىڭ بېشىغا كەلگەن
كۈلپەتلەرنىڭ ناھايىتى ئازابلىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدى.

## ئايۇپنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىشى

3 1 شۇنىڭدىن كېيىن ئايۇپ سۈكۈتنى بۇزۇپ ئېغىز ئېچىپ،
ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قارغىدى. 2 ئايۇپ مۇنداق دېدى:

3 «مەن تۇغۇلغان ئاشۇ كۈن،
ماڭا هامىلدار بولغان ئاشۇ كېچە يوقالغان بولسىچۇ.
4 ئاشۇ كۈننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ،
ئەرشتىكى خۇدا ئۇنتۇپ قالغان بولسىچۇ،
ئاشۇ كۈنى قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى بولمىغان بولسىچۇ.
5 ئاشۇ كۈن قاراڭغۇلۇق ۋە زاۋال ئىلكىدە قالغان بولسىچۇ،
قارا بۇلۇتلار ئۇنى قاپلاپ، زۇلمەت ئۇنى ۋەھىمىگە سالغان
بولسىچۇ.
6 ئاشۇ كېچىنى قاراڭغۇلۇق ئېلىپ كېتىپ،
كۈنلەر قاتاريدا سانالماي،
ئايلار ئىچىدە ئورنى بولمىغان بولسىچۇ.
7 ئاشۇ كېچىدە تۇغۇلۇش بولمىغان بولسىچۇ،
خۇشاللىق سادالىرىمۇ ئاڭلانمىغان بولسىچۇ.
8 ئاشۇ كۈندۈزنى قارغىيالايدىغانلار، لېۋىياتاننى① ئويغىتىشقا
قادىر بولالايدىغانلار ئاشۇ كېچىنى قارغىسۇن.
9 ئاشۇ كېچىنىڭ سەھەر يۇلتۇزلىرى چاقنىمىسۇن،
ئاشۇ كېچە شەپەق نۇرىنى كۈتسىمۇ،
ئەمما سەھەر نۇرىنى كۆرمىسۇن.
10 ئاشۇ كېچە ئانامنىڭ بالىياتقۇسىنىڭ ئىشىكى
ئېتىۋېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن،
مەن بۇ بالا-قازاغا مۇپتىلا بولدۇم.

11 نېمىشقا تۇغۇلۇشتا ئۆلۈپ قالمىغاندىمەن؟
نېمىشقا تۇغۇلۇۋاتقاندا تۇنجۇقۇپ قالمىغاندىمەن؟
12 نېمىشقا ئانام مېنى ئۆز باغرىغا باسقاندۇ،
نېمىشقىمۇ ئاق سۈت بېرىپ باققاندۇ؟
13 بولمىسا مەن بۈرۈنلا خاتىرجەم هالدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا
كەتمەسمىدىم؟

---

① 3: 8 لېۋىياتان ـ دېڭىزدا ياشايدىغان، ئەجدىهاغا ئوخشاپ كېتىدىغان قورقۇنچلۇق مەخلۇقتۇر.

14 مەن خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئېسىل ئوردىلارنى
سالدۇرغان پادىشاھ ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىرلىرىگە ھەمراھ
بولۇپ،
15 ئۆيلىرى ئالتۇن-كۈمۈشكە تولغان شاھزادىلەر بىلەن بىرگە
ئۇيقۇغا كەتمەسمىدىم؟
16 نېمىشقا بويىدىن ئاجراپ كەتكەن،
تېخى قۇياش نۇرىنى كۆرمىگەن ھامىلىدەك
يوقالمىغاندىمەن؟
17 ئۇ يەردە رەزىللەر ئاۋارە قىلمايتتى،
ھارغانلار خاتىرجەم ئارام ئالاتتى.
18 مەھبۇسلار خاتىرجەملىككە ئېرىشەتتى،
نازارەت قىلغۇچىنىڭ ۋارقىراشلىرىغا قالمايتتى.
19 مەيلى مەرتىۋىلىك بولسۇن، مەيلى مەرتىۋىسىز بولسۇن،
ھەممە ئادەم ئۇ يەرگە بارىدۇ.
قۇللار قۇلدارلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئازاد بولىدۇ.

20 نېمە ئۈچۈن جاپاكەشلەرگە نۇر ئاتا قىلىنىپ،
ئازاب چەككۈچىلەرگە ھايات تەقدىم قىلىنىدۇ؟
21 ئۇلار ئۆلەي دېسىمۇ ئۆلەلمەيدۇ،
ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئىستىكى بايلىقتا بولغان ئىستىكىدىن
ئۈستۈن بولىدۇ.
22 ئۇلار قەبرىگە كىرگەندە ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ،
خۇشاللىقلىرىدىن خۇدنى يوقىتىدۇ.
23 يولىنى كۆرەلمەيدىغانلارغا نېمە ئۈچۈن ھاياتلىق ئاتا
قىلىنىدۇ؟
خۇدا ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويغان تۇرسا!
24 ئاش يېيىشىنىڭ ئورنىغا ئۇھ تارتىمەن،
پەريادلىرىم سۇدەك ئاقماقتا.
25 مەن قورققان ئىشلار ئاخىرى يۈز بەردى،
مەن ۋەھىمە قىلغان ئىشلار ئاخىر بېشىمغا كەلدى.
26 خاتىرجەم بولالمىدىم، تىنچلىنالمىدىم،

ئارامىمۇ تاپالمىدىم، پەقەت كۆلپەتكە قالدىم.»

## ئەلىفاز: گۇناھسىزلار بالا-قازاغا يولۇقماس

4 [1] تېمانلىق ئەلىفاز مۇنداق دېدى:
[2] «سەن بىلەن سۆزلەشسەم بىزارلىق ھېس قىلامسەن؟
لېكىن كىممۇ سۆزلىمەي چىداپ تۇرالايدۇ؟
[3] بىلىمەن، سەن نۇرغۇن ئادەملەرگە بىلىم بېرىپ،
ئاجىز قوللارنى مۇستەھكەم قىلدىڭ.
[4] سۆزلىرىڭ يىقىلغانلارنى يۆلىدى،
ئاجىز تىزلارنى مەزمۇت قىلدى.
[5] ئەمدى ساڭا ئاپەت يېقىنلاشسا ئۆزۈڭدىن
ئۈمىدسىزلەندىڭ،
بېشىڭغا بالا كەلسە ئۈنىڭدىن ھودۇقتۇڭ.
[6] خۇداغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىڭ ساڭا ئىشەنچ بەرمەمدۇ؟
دۇرۇس ئادەم بولۇشۇڭ ساڭا ئۈمىد بەرمەمدۇ؟

[7] ئويلاپ باق، قايسى گۇناھسىز ۋاقىتسىز جېنىدىن جۇدا
بولغان؟
قايسى دۇرۇس ئىنسان ۋەيران قىلىنغان؟
[8] مەن كۆردۈمكى، كىم بالا تېرىسا بالا شۇنىڭ بېشىغا
كېلىدىكەن،
زەھەرلىك ئۇرۇق تېرىغانلار زەھەرلىك ھوسۇل ئالىدىكەن.
[9] خۇدانىڭ بىر نەپىسى بىلەن ئۇلار ھالاك بولىدۇ،
خۇدانىڭ غەزىپى تۇتسا جېنىدىن جۇدا بولىدۇ.
[10] گەرچە رەزىللەر غالجىر شىرغا ئوخشاش ناھايىتى كۈچلۈك
بولسىمۇ،
لېكىن خۇدا ئۇلارنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇرىدۇ.
[11] شىر ئوۋ ئوۋلىيالماي ئۆلۈپ كەتكەندە،
كۈچۈكلىرى ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كېتىدۇ.

[12] ماڭا غايىبتىن بىر ئاۋاز كېلىپ،

قۇلىقىمغا شىۋىرلاشلىرى ئاڭلاندى.
13 كېچىلەر غەرق ئۇيقۇدا،
كېچىنىڭ قالايمىقان چۈشلىرى قاينىمىدا ياتاتتى.
14 شۇ چاغ مېنى دەھشەتلىك بىر قورقۇنچ باستى،
پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى.
15 يۈزۈمنى بىر روھ سىلاپ ئۆتتى،
قورقىنىمدىن تېنىمدىكى تۈكلەرمۇ ھۈرپىيىپ كەتتى.
16 ئۇ نامەلۇم روھ توختىدى،
ئەمما مەن يۈزىنى كۆرەلمىدىم.
بىر سىيما كۆز ئالدىمدا تۇراتتى،
ئاۋازىنى جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلىدىم:
17 ‹ئىنسان خۇدانىڭ ئالدىدا ھەققانىي بولالامدۇ؟
ياراتقۇچىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى پاك دېيەلەمدۇ؟›
18 خۇدا ئەرشتىكى خىزمەتكارلىرىغا ئىشەنمەيدىغان تۇرسا،
ھەتتا ئۇ پەرىشتىلىرىدىنمۇ خاتالىق تاپقان تۇرسا.
19 شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ لايدىن ياسالغان، تۇپىدىن
يارىتىلغان،
ھەتتا كۈيىدەك ئاجىز ئادەمگە قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟
20 ئۇلار ئاخىرى تاڭ بىلەن شام ئارىلىقىدا ۋەيران بولىدۇ،
مەڭگۈلۈككە غايىب بولىدۇ، ھېچكىم ئۇلارغا پەرۋا
قىلمايدۇ.
21 چېدىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسى ئۈزۈۋېتىلگەندەك،
ئۇلارمۇ دانالىقتا ئېرىشەلمەي ئۆلىدۇ.

5

1 ئەي ئايۇپ، نىدا قىلىپ باققىن، كىم ساڭا جاۋاب
بېرەركىن؟
قايسى پەرىشتىدىن مەدەت تىلەيسەن؟
2 ئەخمەق ئادەمنى غەزەپ ئۆلتۈرەر،
نادان ئادەمنى ھەسەت.
3 مەن نادان ئادەمنىڭ ماكان تۇتۇپ، يىلتىز تارتقىنىنى
كۆرگەنىدىم،
لېكىن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۆيىنى قارغىش تۇتتى.

4 ئۇنىڭ بالىچاقىلىرى بىخەتەرلىكتىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى،
ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىدا سوتقا چىقىرىلغاندا بوزەك
قىلىنىسىمۇ، ھېچكىم قۇتقۇزۇۋالمىدى.
5 نادانلارنىڭ ھوسۇلىنى ئاچلار يەپ تۈگەتتى،
ھەتتا تىكەنلەر ئارىسىدا ئۆسكەنلىرىمۇ قالمىدى،
بايلىقلىرىنى ئاچكۆزلەر يۇتۇۋەتتى.
6 بالايىئاپەت يەردىن چىقماس،
مۇشكۈلات يەردىن ئۈنمەس.
7 خۇددى ئوت ئۇچقۇنلىغاندەك
ئىنسان تۇغۇلۇپلا مۇشەققەتتىن خالىي بولالماس.

8 ئەگەر مەن بولغان بولسام،
خۇدانى ئىزدەپ، ئىشلىرىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇراتتىم.
9 ئۇ مۆلچەرلىگۈسىز چوڭ ئىشلارنى قىلىدۇ.
سان-ساناقسىز مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ.
10 زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرۇپ،
ئېتىزلارنى سۇغىرىدۇ.
11 ئۇ پېقىرلارنى مەرتىۋىلىك قىلىپ،
مىسكىنلەرنى بىخەتەر جايغا قويىدۇ.
12 ھىيلىگەرلەرنىڭ ھىيلىسىنى بۇزۇپ،
ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدۇ.
13 ئۇ ئەقىللىقلارنى ئۆزىنىڭ ھىيلىسى بىلەن بابلاپ،
مەككارلارنى نائۈمىد قويىدۇ.
14 ئۇلار كۈندۈزى قاراڭغۇلۇقتا قېلىپ،
چۈشلۈكى خۇددى كېچىدەك تىمىسقىلايدۇ.
15 خۇدا نامراتلارنى زوراۋانلارنىڭ قولىدىن،
قىلىچتەك ئۆتكۈر تىللىرىدىن قۇتقۇزىدۇ.
16 شۇنداق قىلىپ نامراتلارغا ئۈمىد بېرىپ،
رەزىللەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدۇ.

17 قارا، خۇدا تەرپىدىن تەربىيەلەنگەنلەر نەقەدەر
بەختلىك-ھە!
شۇڭا سەن ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ تەربىيەسىگە سەل
قارىما.
18 خۇدا ئادەمنى يارىلاندۇرسا، يارىسىنى تاڭىدۇ،
ئادەمنى زەخىملەندۈرسە، زەخىمىسىنى داۋالايدۇ.
19 ئالتە قېتىم بالا-قازاغا ئۇچرىساڭمۇ خۇدا سېنى قۇتقۇزىدۇ،
يەتتىنچى قېتىم بېشىڭغا ئاپەت كەلسىمۇ، ساڭا زىيان-
زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ.
20 ئاچارچىلىقتا ئۇ سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدۇ.
ئۇرۇشتا سېنى قىلىچنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.
21 تىل-ئاھانەتلەردىن ئامان قالىسەن،
بالا-قازا كەلگەندە، ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان بولىسەن.
22 ئاپەتلەر ۋە قەھەتچىلىكلەرنى مەنسىتمەيسەن،
زېمىندىكى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قورقمايسەن.
23 يەر ئاغدۇرغاندا ئېتىزدىكى تاشلاردىن،
دالادىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ خەتىرىدىن
ئەنسىرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.
24 چېدىرىڭنىڭ ئامان-ئېسەن بولىدىغانلىقىنى بىلىسەن،
ساناپ كۆرسەڭ قورۇقوڭدىكى قويلار كەم چىقمايدۇ.
25 ئەۋلادلىرىڭنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى،
خۇددى ئوت-چۆپتەك مول بولىدىغانلىقىنى بىلىسەن.
26 سەن چوقۇم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن،
ۋاقتى كەلگەندە خۇددى پىشقان بۇغدايدەك ئورىلىسەن.
27 مانا بۇلار بىز ئىسپاتلىغان ھەقىقەتلەردۇر،
بۇلارنى ئاڭلىدىڭ، ئۆزۈڭ مۇلاھىزە قىلىپ كۆر.»

## ئايۇپ: دەرد تۆكۈشۈم ھەقلىق

6 1 ئايۇپ مۇنداق جاۋاب بەردى:
2 «ھەسرەتلىرىمنى تارازىغا سېلىپ باققان بولساڭ،
ماڭا كەلگەن بالا-قازالارنى ئۆلچەپ باققان بولساڭ،

3 دېڭىزلاردىكى قۇملاردىنمۇ ئېغىر كېلەتتى،
شۇڭا مەن ئويلانمايلا جاۋاب بەردىم.
4 ماڭا ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ ئوقلىرى تەگدى،
روھىم ئۇنىڭدىكى زەھەرنى سۈمۈرمەكتە،
خۇدا مېنى ھەر خىل بالايىئاپەتلەر بىلەن قورقۇتماقتا.
5 ياۋايى ئېشەكنىڭ ئوت-چۆپى بولسا ھاڭرامدۇ؟
ئۆكۈزنىڭ ھەلەپى بولسا مۆرەمدۇ؟
6 سېنىڭ تۇزسىز تائامدەك سۆزلىرىڭنىڭ نېمە لەززىتى
بولسۇن؟
كىمنىڭ تەمى يوق تۇخۇم ئېقىنى يېگۈسى كەلسۇن؟
7 ئاشۇنداق لەززەتسىز تائاملارنى يېمەيمەن،
ئۇلارنى ئويلىساملا كۆڭلۈم ئېلىشىدۇ.

8 ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشسا ئىدى،
خۇدا تىلىگىنىمنى بەرسە ئىدى،
9 خۇدا مېنى ئېزىشكە رازى بولسا،
قولىنى كۆتۈرۈپ جېنىمنى ئالسا ئىدى،
10 ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ئۇنىڭ مۇقەددەس سۆزلىرىدىن ۋاز
كەچمىگەنلىكىم
ماڭا تەسەللى بولار ئىدى،
چەكسىز ئازاب ئىچىدىن خۇشاللىق تاپار ئىدىم.
11 مەندە يەنە كۈتكۈدەك نېمە ماغدۇر بولسۇن؟
كەلگۈسۈمنى كۈتكۈدەك يەنە قانداق تاقەت بولسۇن؟
12 ئەجەبا مەن تاشتىن يارىتىلغانمۇ؟
تېنىم تۇچتىن سوقۇلغانمۇ؟
13 ئۆزۈمنى قۇتقۇزغۇدەك مادارىم قالمىدى،
ماڭغۇدەك يولۇممۇ قالمىدى.

14 ئەگەر بىرسى ئۈمىدسىزلەنگەن دوستىغا مېھرىبانلىق
كۆرسەتمىسە،

ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممىگە قادىر خۇداغا بولغان ئىخلاسىنى
يوقاتقان بولىدۇ.
15 خۇددى پەسىللىك دەريالاردەك،
بەزىدە كېلىپ، بەزىدە توختايدىغان ئېقىنلاردەك
قېرىنداشلىرىم ئىشەنچسىزدۇر.
16 مۇزلار ئېرىپ سۇلار ئاققاندا،
قار سۇلىرىغا لاتقىلار قوشۇلۇپ مول ئېقىنغا ئايلىنىدۇ.
17 ھاۋا ئىسسىغاندا سۈيى ئازلاپ،
تومۇز ئىسسىق بولغاندا پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىدۇ.
18 كارۋانلار سۇ ئىزدىشىپ، يولىدىن ئېزىپ،
قاقاس چۆلدە ئۆلۈپ كېتىدۇ.
19 تەمادىن كەلگەن كارۋانلار ئېقىن ئىزدىشىدۇ،
شىبالىق سودىگەرلەر سۇنىڭ ئېقىپ كېلىشىنى كۈتىدۇ.
20 كۈتكەنلىرى يوققا چىقىپ، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلىك باسىدۇ،
كۈتكەن يەرلىرىگە بېرىپ، يۈرەكلىرى پۇچىلىنىدۇ.
21 سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بەرمەيسىلەر، سۇسىز ئېقىنلارغا ئوخشاش
ماڭا كەلگەن بالايىئاپەتنى كۆرۈپلا تېخىمۇ قورقۇپ
كېتىۋاتىسىلەر.
22 مەن سىلەرگە: ‹بايلىقىڭلاردىن ماڭا بېرىڭلار،
ياكى پارا بېرىپ مېنى قۇتقۇزۇڭلار› دېگەنمىدىم؟
23 ياكى مەن: ‹قۇتقۇزۇڭلار دۈشمەن قولىدىن›،
ۋە: ‹سېتىۋېلىڭلار زوراۋانلاردىن› دېگەنمىدىم؟

24 قېنى ئېيتىڭلارچۇ؟ جىمجىت تۇرۇپ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاي،
قايسى ئىشتا خاتا قىلغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭلار.
25 ھەقىقەتەن توغرا سۆزنىڭ كۈچى زوردۇر،
لېكىن مېنى ئەيىبلەشكە نېمە ئاساسىڭلار بار؟
26 سۆزلىرىمنى تەنقىد قىلماقچىمۇسىلەر؟
ئۈمىدسىز ئادەمنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى خۇددى شامالغا
ئوخشاش دەپ ئويلامسىلەر؟

27 سىلەر يېتىملەرنىڭ ئۈستىدە چەك تارتىشىسىلەر،
دوست-بۇرادىرىڭلارنى ساتىسىلەر.

28 ئەمدى مەرھەمەت قىلىپ، ماڭا قاراڭلار،
مەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ، سىلەرگە يالغان ئېيتمايمەن.
29 يېتەر ئەمدى، ناھەقچىلىك قىلماڭلار،
يەنە ئويلاڭلار، مەندە ئەيىب يوق!
30 سۆزلىرىمدە ھەقىقەتسىزلىك بارمۇ؟
مەن توغرا-خاتانى پەرقلەندۈرەلەيمەن.

# 7

1 بۇ دۇنيادىكى ئىنسان ھاياتى مۇشەققەتلىك ئەمەسمۇ؟
ئۇنىڭ كۈنلىرى مەدىكارنىڭ كۈنلىرىگە ئوخشىماسمۇ؟
2 ئۇ سايىگە تەشنا بولغان قۇلغا،
ھەققىنى كۈتۈپ تۇرغان مەدىكارغا ئوخشايدۇ.
3 شۇنىڭغا ئوخشاش، مېنىڭ پېشانەمگىمۇ مەنىسىز كۈنلەر،
ئېچىنىشلىق كېچىلەر پۈتۈلگەندۇر.
4 ياتقان ۋاقتىمدا «قاچان تاڭ ئاتار؟» دەپ ئويلايمەن،
بىراق كېچە ئۇزۇندۇر، ئۆيقۇسىز ئېغىناپ تاڭنى كۈتىمەن.
5 تەنلىرىمنى جاراھەت بېسىپ، قۇرتلاپ كەتتى،
تېرىلىرىم شەلۋەرەپ، يىرىڭلاپ كەتتى.
6 كۈنلىرىم باپكارنىڭ موكىسىدىنمۇ تېز ئۆتمەكتە
ھەم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئاخىرلاشماقتا.

7 ئى خۇدا، ھاياتىمنىڭ پەقەت بىر تىنىق ئىكەنلىكىنى
ئۇنتۇمىغىن،
كۆزلىرىم ئەمدى بەختنى قايتا كۆرەلمەيدۇ.
8 سەن ھازىر مېنى كۆرەلەيسەن، لېكىن كېيىن كۆرەلمەيسەن.
سەن ماڭا نەزىرىڭنى ئاغدۇرغاندا، مەن ئاللىقاچان بۇ
دۇنيادىن يوقالغان بولىمەن.
9 ئادەم گۆرگە كىرسە، خۇددى تاراپ كەتكەن بۇلۇتتەك،
قايتىپ كەلمەيدۇ.
10 ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلمەيدۇ،

يۇرتىدىكى كىشىلەرمۇ ئۇنى ئەسكە ئالمايدۇ.

11 شۇڭا مەن ئۈنسىز تۇرالمايمەن،
يۈرىكىمدىكى ھەسرەتلىرىمنى ئېيتىمەن،
قەلبىمدىكى ئازابلىرىمنى تۆكىمەن.
12 ئى خۇدا، مېنى نېچۈن كۆزىتىپ تۇرىسەن؟
ئەجەبا مەن دېڭىزدىكى قورقۇنچلۇق مەخلۇقمىدىم؟
13 ئورۇن-كۆرپەم ماڭا راھەت بېغىشلايدۇ،
تۆشىكىم دەردىمگە دەرمان بولىدۇ دەپ ئويلىسام،
14 چۈشلىرىمدە قورقۇتىسەن،
غايىبانە ئالامەتلىرىڭ بىلەن ۋەھىمىگە سالىسەن.
15 بۇنداق ھالەتتە ياشىغاندىن،
بوغۇلۇپ ئۆلۈۋېلىشنى ئارتۇق كۆرىمەن.
16 جېنىمدىن جاق تويدۇم، داۋاملىق ياشاشقا رايىم يوق.
كۈنلىرىم نەپەستەك قىسقا بولسا، مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا
قوي.
17 ئىنسان دېگەن قانچىلىك نەرسە ئىدى،
سەن ئۇنى شۇنچە مۇھىم بىلگۈدەك،
ئۇنىڭغا شۇنچە دىققەت قىلغۇدەك،
18 ھەر سەھەردە ئۇنى كۆزەتكۈدەك،
ھەر دائىم سىنىغۇدەك؟
19 قاچان ماڭا نەزەر سالماي،
تۈكۈرۈكۈمنى يۇتقۇدەك پۇرسەت بېرىسەن؟
20 ئىنسانلارنى كۆزەتكۈچى ئى خۇدا،
گۇناھ قىلغان بولسام، بۇ ساڭا زىيان سالدىمۇ؟
نېچۈن مېنى ئوقۇڭغا نىشان قىلدىڭ؟
ئەجەبا مەن ساڭا يۈك بولۇپ قالدىمۇ؟
21 نېچۈن قىلمىشلىرىمنى كەچۈرۈم قىلىپ،
گۇناھلىرىمنى ساقىت قىلمايسەن؟
تېنىم تۇپراقتا بەخشەندە بولغاندا،
مېنى ئىزدىسەڭمۇ تاپالمايسەن.»

## بىلداد: ئايۇپ توۋا قىلىشى كېرەك

8 1 شۇۋاخلىق بىلداد ئايۇپقا مۇنداق دېدى:
2 «بۇ گەپلەرنى يەنە قاچانغىچە قىلىسەن؟
ئېغىزدىن چىققان سۆزلەر خۇددى بورانغا ئوخشار.
3 ئەجەبا خۇدا ئادالەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتەرمۇ؟
ھەممىگە قادىر خۇدا ھەق-ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتەرمۇ؟
4 پەرزەنتلىرىڭ خۇداغا قارشى گۇناھ سادىر قىلغانلىقتىن،
ئۇلار تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىدى.
5 لېكىن سەن خۇداغا ئىنتىلىسەڭ،
ھەممىگە قادىر خۇدادىن ئۆتۈنسەڭ،
6 پاك، توغرا بولساڭ،
خۇدا قوزغىلىپ، ساڭا شەپقەت قىلىپ،
يۇرت-ماكانىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ گۈللەندۈرىدۇ.
7 دەسلەپكى ئەھۋالىڭ باياشات بولمىسىمۇ،
كېيىن گۈللىنىسەن.

8 ئۆتمۈشتە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئويلا.
ئەجدادلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى تەتقىق قىل.
9 خۇددى بىز تۈنۈگۈن تۇغۇلغاندەكلا ھېچنېمىنى بىلمەيمىز،
بۇ دۇنيادىن خۇددى سايىدەكلا ئۆتۈپ كېتىمىز.
10 نېمە ئۈچۈن سەن ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ تەلىم بېرىشىگە،
ئەقىل-پاراسەتلىرىنى ئۆگىتىشىگە يول قويمايسەن؟
11 سازلىق بولمىسا يېكەن ئۆسەمدۇ، قومۇش سۇدىن ئايرىلالامدۇ؟
12 قومۇش ئۆسكەن تەقدىردىمۇ سۇ بولمىسا،
ئورۇلماي تۇرۇپلا باشقا ئوت-چۆپلەردىن بالدۇرلا قۇرۇپ كېتىدۇ.
13 خۇدانى ئۇنتۇغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇ قومۇشقا ئوخشاش بولىدۇ.

ئىمانسىزلار ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ۋەيران بولىدۇ.
14 ئۇلارنىڭ ئىشىنىدىغىنى قىلدەك ئىنچىكە ئۆمۈچۈك
تورىدۇر.
15 ئۇلار ئۆمۈچۈك تورىغا يۆلەنسە، ئۆمۈچۈك تورى ئۇلارنى
يۆلەپ تۇرالماس،
بايلىقىغا تايانسا، ئۇ تايانچ بولالماس.
16 ئۇلار خۇددى قۇياش نۇرىدا باراقسان ئۆسكەن
ئۆسۈملۈكتەك باغنى قاپلايدۇ.
17 يىلتىزلىرى تاش دۆۋىلىرىگە چىرمىشىپ،
تاشلار ئاستىدىن ئورۇن ئالىدۇ.
18 لېكىن ئۇلار يۇلۇپ تاشلانسا،
خۇددى ئۆسكەن يېرى ‹ئۇلارنى كۆرمىدۇق› دېگەندەك،
ئۇلار مەۋجۇت بولمىغاندەك بولىدۇ.
19 مانا، ئىمانسىزلارنىڭ ئۆمۈرلۈك خۇشاللىقى شۇنداق
ئاخىرلىشىدۇ،
ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقىلار ئىگىلەيدۇ.

20 بەرھەق، خۇدا دۇرۇس ئادەملەرنى تاشلىمايدۇ،
رەزىللەرنى يۆلىمەيدۇ.
21 پەرۋەردىگار سېنىڭ ئاغزىڭنى كۈلكىدىن يېپىلماس
قىلىۋېتىدۇ،
شادلىقىڭ ئۈزۈلمەيدۇ.
22 ساڭا نەپرەتلەنگەنلەر نومۇستا قالىدۇ،
رەزىللەرنىڭ چېدىرلىرى ۋەيران بولىدۇ.»

## ئايۇپ: كېسىم قىلغۇچى يوق

# 9

1 ئايۇپ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
2 «شۇنداق، دېگەنلىرىڭنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى
بىلىمەن،
لېكىن ئادەم قانداق قىلغاندا خۇدا ئالدىدا ئۆزىنىڭ
ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدۇ؟

3 ئەگەر بىر ئادەم خۇدا بىلەن بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرىلەشمەكچى
بولسا،
خۇدا ئۇنىڭدىن مىڭ سوئال سورىسا،
ئۇ ئادەم بىر سوئالىغىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ.
4 خۇدا ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە كۈچ-قۇدرەتلىكتۇر،
ھېچكىممۇ ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەلمەيدۇ.
5 ئۇ تۇيدۇرماي تاغلارنى يۆتكىۋېتەلەيدۇ،
غەزەپلەنگەندە تاغلارنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدۇ.
6 ئۇ يەرنى تەۋرىتىپ، ئورنىدىن قوزغىۋېتەلەيدۇ،
زېمىننىڭ ئۇلىنىمۇ سىلكىندۈرۈۋېتەلەيدۇ.
7 ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قۇياشنى چىقماس،
يۇلتۇزلارنى چاقنىماس قىلىۋېتەلەيدۇ.
8 ئۇ ئۆزى يالغۇز ئاسماننى يېيىپ،
دېڭىز دولقۇنلىرى ئۈستىدە مېڭىپ يۈرىدۇ.
9 ئۇ چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمى، ئورىيون يۇلتۇز تۈركۈمى،
ئۈكەر يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە جەنۇبتىكى يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى
ياراتقاندۇر.
10 ئۇ قىلغان بۈيۈك ئىشلار ساناقسىز،
ياراتقان مۆجىزىلەر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىزدۇر.
11 ئۇ يېنىمدىن ئۆتسە كۆرەلمەيمەن،
ئۇنىڭ يىراقلاپ كەتكىنىنىمۇ بىلەلمەيمەن.
12 ئەگەر ئۇ ‹ئالىمەن› دېسە كىم توسالايدۇ،
كىم ئۇنىڭدىن ‹نېمە قىلىۋاتىسەن؟› دەپ سورىيالايدۇ؟

13 خۇدا غەزەپلەنسە غەزىپىنى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ.
دېڭىز مەخلۇقى راخابنىڭ ① ياردەمچىلىرىمۇ ئۇنىڭ
ئايىغىغا باش قويىدۇ.
14 ئۇنداقتا مەن ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرەلەيمەن؟

---

① 9: 13 راخاب ـ دېڭىزدا ياشايدىغان قورقۇنچلۇق، چوڭ بىر ئەپسانىۋىي مەخلۇقنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ ھالاكەتلىك دېڭىزغا ۋە ۋەيران قىلغۇچى كۈچلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

مەن سۆز تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ
مۇنازىرىلىشەلەيمەن؟
15 گەرچە مەن گۇناھسىز بولساممۇ ئۇنىڭغا جاۋاب
بېرەلمەيمەن،
پەقەت سوتچىنىڭ رەھىم قىلىشىنىلا ئۆتۈنەلەيمەن.
16 مەن ئۇنى چاقىرغاندا، ئۇ ماڭا جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ،
ئەمما مەن يەنىلا ئۇنىڭ سۆزلىرىمگە دىققەت قىلغانلىقىغا
ئىشەنچ قىلالمايمەن.
17 ئۇ بوران-چاپقۇن بىلەن ماڭا زەربە بەردى،
كۆپ قېتىم سەۋەبسىزلا جاراھەتلەندۈردى.
18 ئۇ دېمىمنى ئېلىۋېلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمىدى،
ئازاب-ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتقۇزدى.
19 ئەگەر كۈچ ھەققىدە گەپ بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن
قۇدرەتلىكتۇر،
ئەگەر ئادىللىق ھەققىدە گەپ بولسا، كىممۇ ئۇنى سوتقا
چاقىرالىسۇن؟
20 گەرچە مەن گۇناھسىز بولساممۇ، ئاغزىم گۇناھكاردۇر.
تۈز بولساممۇ، ئاغزىم مېنى ‹ئەگرى› دەيدۇ.
21 قۇسۇرسىزلىقىم ماڭا بەرىبىر، مەن ھاياتىمدىن
تويغانمەن.
22 شۇڭا ‹ھەممىسى بەرىبىر› دەيمەن،
مەيلى قۇسۇرسىز ئادەم بولسۇن، مەيلى بۇزۇق ئادەم
بولسۇن، ھەممىسىنى ئۇ يوقىتىدۇ.
23 گەرچە گۇناھسىز بولسىمۇ، ئاپەت كېلىپ ھاياتىدىن
ئايرىلغانلارغا خۇدا كۈلىدۇ.
24 خۇدا رەزىل كىشىلەرنىڭ دۇنيانى باشقۇرۇشىغا يول
قويغان،
سوتچىلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلەپ، ئادىل ھۆكۈم
چىقىرالماس قىلىپ قويغان.
بۇنى خۇدا قىلمىغان بولسا يەنە كىم قىلدى؟

25 يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك كۈنلىرىم تېز ئۆتمەكتە،
كۈنلىرىم شۇنچە تېز قاچماقتا،
بىر كۈنمۇ ياخشى كۈن كۆرمىدىم.
26 هاياتىم قومۇشتىن ياسالغان قېيىقتەك تېز،
ئولجىغا ئېتىلغان بۈركۈتتەك چاپسان ئۆتمەكتە.
27 ئى خۇدا، ئەگەر مەن بارلىق قاقشاشلىرىمنى ئۇنتۇپ،
سولغۇن چىرايىمنى كۈلكە چىرايغا ئايلاندۇرسام ياخشى
بولار ئىدى،
28 لېكىن مەن يەنىلا ئاغرىق ئازابىدىن قورقىمەن.
چۈنكى سېنىڭ مېنى گۇناھسىز دېمەيدىغانلىقىڭنى
بىلىمەن.
29 سەن مېنى گۇناھكار دەپ قارىغانىكەنسەن،
يەنە جان تالىشىپ نېمە قىلاي؟
30 بويۇمنى قار سۈيىدە، قولۇمنى شاخاردا يۇساممۇ،
31 سەن مېنى يەنىلا ئەۋرەزگە تاشلايسەن،
كىيىم-كېچەكلىرىممۇ مەندىن يىرگىنىدۇ.
32 خۇدا ماڭا ئوخشاش ئىنسان بولمىغاندىكىن
ئۇنىڭغا قانداقمۇ جاۋاب بېرەلەيمەن،
سوتتا ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ مۇنازىرىلىشەلەيمەن؟
33 ئارىمىزدا ئىككىمىزنى كېلىشتۈرۈپ قويىدىغان
كېلىشتۈرگۈچى بولسا ياخشى ئىدى.
34 ئەگەر ئۇ مەندىن جازا تايىقىنى يىراق قىلغان بولسا،
مېنى ۋەھىمىگە سالمىسا،
35 ئۇ ۋاقىتتا مەن قورقماي، يۈرەكلىك سۆزلىيەلەيتتىم،
لېكىن مەن هازىر ئۇنداق قىلالمايمەن.»

## ئايۇپنىڭ خۇداغا نىدا قىلىشى

10 1 «هاياتىمدىن بىزار بولدۇم،
شىكايەتلىرىمنى ئوچۇق ئېيتىۋالاي،
قەلبىمدىكى ئازابلىرىمنى تۆكۈۋالاي.
2 مەن خۇداغا مۇنداق دەيمەن:

ماڭا گۇناھ ئارتمىغىن،
ئېيتقىنا قېنى، ماڭا قارشى نېمە شىكايىتىڭ بار؟
3 ئەجەبا، سەن رەزىللەرنىڭ ھىيلىلىرىگە كۈلۈمسىرەپ،
ئۆزۈڭ ياراتقان ئادەملەرنى ئېزىپ، كەمسىتىپ، پايدا ئالالامسەن؟
4 ئەجەبا سېنىڭ كۆزۈڭمۇ ئىنساننىڭ كۆزىگە ئوخشاش بولۇپ،
نەزىرىڭ ئادەملەرنىڭكىدەك تارمىدۇ؟
5 ئەجەبا كۈنلىرىڭ چەكلىك، ئۆمرۈڭ ئادەملەرنىڭكىدەك قىسقىمىدۇ؟
6 شۇ سەۋەبتىن سەن ھەمىشە خاتالىقلىرىمنى تەكشۈرۈپ،
گۇناھلىرىمنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرەمسەن؟
7 ئەمەلىيەتتە گۇناھسىزلىقىمنى بىلىسەن،
لېكىن قولۇڭدىن مېنى قۇتقۇزۇشقا ھېچكىم قادىر ئەمەستۇر.

8 سەن مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ياراتتىڭ، ياسىدىڭ،
ئەمدى مېنى يەنە ھالاك قىلماقچى بولۇۋاتىسەن.
9 مېنى توپىدىن ياراتقىنىڭنى ئۇنتۇما،
ئەجەبا مېنى توپىغا قايتۇرماقچىمۇسەن؟
10 مېنى سۈتتەك قۇيۇپ، قېتىقتەك ئۇيۇتقان ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟
11 سەن مېنى تېرە، گۆش، سۆڭەك ۋە پەيلەر بىلەن توقۇپ چىقتىڭ.
12 سەن ماڭا ھايات ۋە مېھىر-مۇھەببەت ئاتا قىلدىڭ،
سېنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشۈڭ ھاياتىمنى ساقلاپ قالدى.
13 لېكىن سەن يۈرىكىڭگە باشقا بىر نىيەتنى يوشۇردۇڭ،
سېنىڭ ئوي-خىياللىرىڭنى بىلىمەن.
14 گۇناھ سادىر قىلغان بولسام تەكشۈرەتتىڭ،
گۇناھىمنى كەچۈرۈشۈڭ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
15 گۇناھىم بولسا بالاغا قالاتتىم،

پاك تۇرۇپمۇ بېشىمنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت
قىلالمايۋاتىمەن،
ھەمدە نومۇستا قېلىپ، يەتكۈچە ئازاب چېكىۋاتىمەن.
16 مەردانە ھالدا قەددىمنى كۆتۈرسەم، ئارقامدىن شىردەك
قوغلىدىڭ،
كارامەتلىرىڭ بىلەن ماڭا ھۇجۇم قىلدىڭ.
17 يېڭى كۆلپەتلىرىڭ بىلەن ماڭا بولغان نارازىلىقىڭنى قايتا-
قايتا ئاشۇردۇڭ،
ماڭا بولغان غەزىپىڭ تولۇپ تاشتى،
ئادەملىرىڭ نۆۋەت بىلەن ماڭا ھۇجۇم قىلماقتا.

18 نېمىشقىمۇ مېنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلدىڭ؟
مەن تۇغۇلۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن بولسام ياخشى بولاتتى،
ھېچكىممۇ مېنى كۆرمىگەن بولاتتى.
19 خۇددى مەن تۇغۇلمىغاندەك،
ئانامنىڭ قورسىقىدىن ئۇدۇل قەبرىگە كىرەتتىم.
20 ۋاقتىم ئازلا قالدى،
ئۆتۈنەي، مېنى ئارامىمدا قويغىن، بىردەم بولسىمۇ
خۇشاللىنىۋالاي.
21 مەن پات ئارىدا بارسا كەلمەس يەرگە كېتىمەن،
زۇلمەت قاپلىغان قاراڭغۇ يەرگە بارىمەن.
22 ئۇ يەر قاپقاراڭغۇ، زۇلمەتلىك، قالايمىقان يەردۇر،
ئۇ يەرنىڭ يورۇقى قاراڭغۇلۇقتا ئوخشاشتۇر.»

## زوفار: سەن جازالىنىشقا لايىق

11 1 نائامالىق زوفار جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
2 «ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىگەنلەرگە رەددىيە
بېرىلمىگەنلەر چىقماسمۇ؟
ئەجەبا، جاۋلىداقلىق يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلامدۇ؟
3 ئاغزىڭ بىسىقماي كاسىلدىساڭلا، كىشىلەر ئۇن چىقارماي
جىمجىت تۇرارمۇ؟

سېنىڭ مەسخىرىلىرىڭ ئۈچۈن كىشىلەر سېنى نومۇستا
قالدۇرماسمۇ؟
4 سەن ئۆزۈڭنى ئېتىقادلىق، خۇدا ئالدىدا پاك ئادەممەن دەپ
قارامسەن؟
5 پەقەت خۇدانىڭ سۆزلىشىنى ۋە ساڭا رەددىيە بېرىشىنى
خالايمەن.
6 ئۇ ئەقىل-پاراسەتنىڭ سىرلىرىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىدۇ،
چۈنكى ھەقىقىي ئەقىل-پاراسەت ئىككى قىرلىق بولىدۇ.
بىلىشىڭ كېرەككى، خۇدا سېنى گۇناھلىرىڭغا لايىق
جازالىمىدى.

7 سەن خۇدانىڭ سىرلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلەمسەن،
ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ چەكسىزلىكىنى بىلەلەمسەن؟
8 ئۇ ئەرشتىنمۇ بۈيۈك تۇرسا نېمە ئىش قىلالىشىڭ
مۇمكىن؟
ئۇ ئۆلۈكلەر ماكانىدىن چوڭقۇر تۇرسا، نېمىنى بىلەلىشىڭ
مۇمكىن؟
9 ئۇ زېمىندىن چوڭ، دېڭىزدىن بىپاياندۇر.
10 ئۇ سېنى قاماقqa ئېلىپ سوتقا تارتسا،
كىم ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلالىسۇن؟
11 ئۇ كاززاپلارنى ياخشى بىلىدۇ،
ئەجەبا، جىنايەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارى بولماسلىقى
كېرەكمىدى؟
12 ياۋايى ئېشەك ئادەم تۇغسا، نادان داناغا ئايلىنىدۇ.

13 قەلبىڭنى خۇداغا بېغىشلاپ،
ئۇنىڭغا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىل.
14 گۇناھ قىلغان بولساڭ، گۇناھتىن قول ئۈزگىن،
چېدىرىڭدا ھېچقانداق ئادالەتسىز ئىش بولمىسۇن.
15 شۇندىلا سەن خىجالەتسىز ھالدا يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ
يۈرەلەيسەن،

مەزمۇت دەسسەپ تۇرالايسەن، ھېچبىر قورقۇنچ بولمايدۇ.
16 ئازاب-ئوقۇبەتلىرىڭنى ئۇنتۇيالايسەن،
ئۇلار كەلكۈن سۈيىدەك ئېقىپ تۈگەيدۇ.
17 ھاياتىڭ چۈشتىكى قۇياشتىنمۇ پارلاق بولىدۇ،
قاراڭغۇلۇقۇڭمۇ سەھەردەك يورۇيدۇ.
18 ئۈمىدكە تولۇپ، ئۆزۈڭنى تەمكىن ھېس قىلىسەن،
خۇدا ساقلاپ، خاتىرجەم ئۇخلايسەن.
19 ئۇخلاۋاتقىنىڭدا ھېچكىم ساڭا ۋەھىمە سالمايدۇ،
نۇرغۇن كىشىلەر سەندىن شاپائەت تىلەيدۇ.
20 لېكىن رەزىللەرنىڭ كۆزلىرى نۇرسىزلىنىدۇ،
ئۇلار قاچىدىغانغا يولى تاپالمايدۇ.
ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى پەقەت ئاخىرقى نەپەستۇر.»

## ئايۇپنىڭ دوستلىرىغا ئاغرىنىشى

12 1 ئايۇپ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
2 «سىلەر ھەقىقەتەن ئىش بىلىدىغان ئادەم
ئىكەنسىلەر-ھە،
سىلەر ئۆلسەڭلار ھېچقانداق دانا ئادەم قالمايدىكەن-دە!؟
3 لېكىن مەندىمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئەقىل بار،
ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ،
سىلەر دېگەننى كىم بىلمەيدۇ دەيسىلەر؟
4 مەن خۇدادىن ئۆتۈنۈپ ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ،
دوستلىرىمنىڭ كۈلكىسىگە قالدىم.
مەندەك ھەققانىي، دۇرۇس بىر ئادەم كىشىلەرنىڭ
كۈلكىسىگە قالدى.
5 راھەت-پاراغەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر قىيىنچىلىقتا
ياشاۋاتقان كىشىلەرنى مەنسىتمەيدۇ.
ئۇلار يىقىلاي دەپ قالغان ئادەملەرنى يىقىتىۋېتىدۇ.
6 لېكىن ئوغرىلار چېدىرلىرىدا تىنچ ياشايدۇ،
خۇدانىڭ چىشىغا تەگكەنلەر خاتىرجەملىكتە ياشايدۇ.

ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىشەنگەن
ئىلاھىدۇر.

7 ھالبۇكى ھايۋانلاردىن مەسلىھەت سورىساڭ، ئۇلار ساڭا
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
ئاسماندىكى قۇشلاردىن سورىساڭ، ئۇلار ساڭا ئېيتىپ
بېرىدۇ.
8 زېمىنغا مۇراجىئەت قىلساڭ، زېمىن ساڭا چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ.
ياكى دېڭىزدىكى بېلىقلاردىن سورىساڭ، ئۇلار ساڭا ئېيتىپ
بېرىدۇ.
9 ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسى بىرسى ئۆزلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ
ياراتقانلىقىنى بىلمەيدۇ؟
10 بارلىق ھاياتلىق ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر،
ئىنسانىنىڭ تىنىقىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەستۇر.
11 تىل تائامنىڭ تەمىنى تېتىغاندەك،
ئەجەبا قۇلاقمۇ سۆزلەرنى پەرقلەندۈرمەمدۇ؟
12 ياشانغانلار ئەقىل-پاراسەتلىك،
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر بىلىملىك بولار.

13 خۇدا ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە قۇدرەتلىكتۇر،
مەسلىھەت ۋە بىلىم ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر.
14 ئۇ ۋەيران قىلسا، قايتا قۇرغىلى بولماس،
ئۇ قاماقىا ئالسا، ھېچكىم قۇتقۇزالماس.
15 ئۇ سۇ مەنبەسىنى ئېتىۋەتسە، قۇرغاقچىلىق بولار،
سۇ مەنبەسىنى ئېچىۋەتسە، زېمىن سۇ ئاستىدا قالار.
16 ئۇ قۇدرەتلىك ۋە ئەقىل-پاراسەتلىكتۇر،
ئالدىغۇچى ۋە ئالدانغۇچى ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر.
17 ئۇ مەسلىھەتچىلەرنىڭ ئەقىل-پاراستىنى يوق قىلىۋېتىپ،
سوراقچىلارنى ئەخمەق قىلىدۇ.
18 ئۇ پادىشاھلارنىڭ تونىنى يېشىپ تاشلاپ،

خۇددى قۇللاردەك پەقەت ئەۋرەتلىرىنى يېپىپ قويىدۇ.
19 ئۇ روھانىيلارنىڭ تونىنى سالدۇرۇۋالىدۇ،
ئۇزۇن ۋاقىت ھوقۇق تۇتقانلارنى ئاغدۇرىدۇ.
20 ئۇ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىلەرنى تىلىدىن قالدۇرۇپ،
ئاقساقاللارنى بىلىمىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.
21 ئۇ مەرتىۋىلىكلەرنى شەرمەندە قىلىپ،
ئەمەلدارلارنى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.
22 ئۇ قاراڭغۇلۇقتىكى سىرلارنى ئاشكارا قىلىپ،
زاۋال باسقان قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدۇ.
23 ئۇ ئەللەرنى گۈللەندۈرىدۇ ھەم زاۋال تاپقۇزىدۇ،
ئۇلارنى كېڭەيتىدۇ ھەم چېچىۋېتىدۇ.
24 ئۇ ئەلنىڭ يېتەكچىلىرىنى ئەقلىدىن مەھرۇم قىلىپ،
ئۇلارنى چۆل-باياۋاندا ئازدۇرۇپ، سەرسان قىلىدۇ.
25 ئۇلار نۇرسىز قاراڭغۇلۇقتا تىمىسقىلاپ ماڭىدۇ،
خۇددى مەست ئادەملەردەك دەلدەڭشىيدۇ.»

## ئايۇپ: مەن يەنىلا خۇداغا ئۈمىد باغلايمەن

13
1 «مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم،
ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم ھەم چۈشەندىم.
2 سىلەر بىلگەننى مەنمۇ بىلىمەن،
مېنىڭ سىلەردىن ھېچبىر قالغۇچىلىقىم يوق.
3 ھەممىگە قادىر خۇدا بىلەن سۆزلەشكۈم،
ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكۈم بار.
4 لېكىن سىلەر ساختىپەز، داۋاسىز تېۋىپسىلەر.
5 سىلەرنىڭ سۈكۈت قىلغىنىڭلار دانالىقىڭلار ئىدى.
6 ئۆزۈمنى ئاقلىشىمغا قۇلاق سېلىڭلار،
سۆزۈمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار.
7 خۇداغا يان بېسىپ يالغان گەپ قىلماڭلار،
ئۇنىڭ ئۈچۈن مەككارلىق قىلىشىڭلار زۆرۈرمۇ؟
8 سىلەر خۇداغا يان باسماقچىمۇ؟

ئۇنى ئاقلىماقچىمۇ؟
9 ئەگەر ئۇ سىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ قالسا ياخشى بولامدۇ؟
ئەجەبا، ئىنسان ئىنساننى ئالدىغاندەك، سىلەرمۇ ئۇنى
ئالدامسىلەر؟
10 سىلەر يوشۇرۇن يان باسساڭلار،
ئۇ سىلەرنى ئەيىبلەيدۇ.
11 سىلەر ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمامسىلەر،
ئۇنىڭدىن قورقۇنچ ھېس قىلمامسىلەر؟
12 ھېكمەتلىك سۆزۈڭلار كۈللەردەك پايدىسىزدۇر،
سىلەرنىڭ مۇنازىرەڭلار لايدىن ياسالغان قالقاندەكتۇر.

13 سىلەر ئاغزىڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇڭلار، مەن گەپ قىلاي،
مەيلى، كېيىن نېمە بولسا، بولسۇن.
14 جېنىمنى تىكىپ قويدۇم،
ھاياتىمنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىشىغا قارىمايمەن.
15 ئۇ مېنى ئۆلتۈرسىمۇ مەيلى، مېنىڭ باشقا ئۈمىدىم يوق،
مەن يەنىلا ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاقلاۋېرىمەن.
16 ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلغىنىم مېنى
قۇتقۇزۇۋالىدۇ،
چۈنكى گۇناھكار بولسام، ئۇنىڭ ئالدىغا بارالمايتتىم.
17 سۆزۈمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار،
بايانلىرىمغا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىڭلار.
18 ئۆزۈمنى ئاقلاشقا تەييارلىنىپ بولدۇم،
مەن ئۆزۈمنىڭ قىلغانلىرىمنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى
بىلىمەن.
19 كىم مەن بىلەن بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەلەيدۇ؟
ئەگەر بىرەرسى مېنىڭ خاتالىقىمنى كۆرسىتىپ بېرەلىسە،
مەن ئۈنسىز ئۆلۈشكە رازى.

20 ئى خۇدا، ئەگەر سەن ئىككى ئىشنى قىلغان بولساڭ،
مەن سەندىن ئۆزۈمنى يوشۇرمايتتىم:

21 جازايىڭنى توختىتىشىڭنى،
ھەيۋەڭ بىلەن مېنى قورقۇتماسلىقىڭنى ئۆتۈنىمەن.
22 ئاندىن مېنى چاقىرغىن، مەن جاۋاب بېرىمەن
ياكى مەن بايان قىلىمەن، سەن جاۋاب بېرىسەن.
23 مېنىڭ زادى قانداق خاتالىقىم، قانداق گۇناھىم بار؟
خاتالىقىم ۋە گۇناھىمنى كۆرسىتىپ بەرگەيسەن.
24 نېمىشقا مەندىن دىدارىڭنى يوشۇرىسەن؟
نېمىشقا مېنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرىسەن؟
25 ماڭا ئوخشاش شامالدا تۆكۈلۈپ چۈشكەن بىر تال
يوپۇرماقنىمۇ قورقۇتماقچىمۇسەن؟
قۇرۇق سامانىنىمۇ قوغلىماقچىمۇسەن؟
26 مېنى ئەيىبلەش ئۈچۈن گۇناھلىرىمنى يېزىۋاتىسەن،
ياش ۋاقتىمدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى ئۈستۈمگە
يۈكلەۋاتامسەن؟
27 پۇتلىرىمنى كىشەنلەپ، ھەممە يولۇمنى كۆزەتتىڭ،
ھەتتا ھەربىر قەدىمىمگىمۇ چەك قويدۇڭ.
28 بەدەنلىرىم خۇددى پورلاشقان ياغاچتەك،
كۈيە چۈشكەن كىيىمدەك بولۇپ يوقايدۇ.»

## ئايۇپ: ھايات خۇددى سايىدەك قىسقىدۇر

14 1 «ئىنسان ئاياللاردىن تۇغۇلىدىغان بولۇپ،
ھاياتى قىسقا، مۇشكۈل بولار.
2 ئۇ گۈلدەك ئېچىلىپ، تورۇپ كېتەر،
خۇددى سايىدەك تېزلا غايىب بولۇپ، ئۇزاق تۇرماس.
3 نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قىلغانلىرىمغا نەزەر سالىسەن؟
مېنى چاقىرىپ كېلىپ يەنە سوراق قىلماقچىمۇسەن؟
4 ناپاك ئادەمنى كىم تازىلىيالايدۇ؟ ھېچكىم!
5 ئىنساننىڭ كۈنلىرى ساناقلىقتۇر،
ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقى سېنىڭ
ئىلكىڭدىدۇر،
سىزغان سىزىقىڭدىن ھېچكىم چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

6 ئۇنى تىنچ قوي، دەم ئالسۇن،
مەدىكارلارغا ئوخشاش كۈندىلىك ئىشىنى تىنچ تۈگەتسۇن.

7 دەرەخ كېسىۋېتىلسىمۇ ئۈمىد بولىدۇ،
ئۇ يەنە بىخلاپ چىقىدۇ،
يۇمران شاخلىرى توختىماي ئۆسىدۇ.
8 يىلتىزلىرى يەر ئاستىدا چىرىپ كەتسىمۇ،
ئۇنىڭ كۆتىكى چىرىپ كەتسىمۇ،
9 لېكىن ئۇنى ئازراق سۇغۇرۇپ قويسىلا،
يېڭى تىككەن كۆچەتتەك بىخ سۈرۈپ كۆكلەيدۇ.
10 بىراق ئىنسان ئۆلسە كۈچ-قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىدۇ،
تىنىقى توختاپ غايىب بولىدۇ.
11 كۆلدىكى سۇلار پارغا ئايلانغاندەك،
دەريالار قۇرۇپ كەتكەندەك،
12 ئادەم ئۆلۈپ دەپنە قىلىنسا قايتا ئورنىدىن تۇرمايدۇ.
ئاسمان يوقالمىغۇچە ئۇ ئويغانمايدۇ،
ئۇيقۇسىدىن ئويغىنالمايدۇ.
13 ئى خۇدا، مېنى ئۆلۈكلەر ماكانىغا يوشۇرۇپ قويساڭ،
غەزىپىڭ بېسىلغۇچە مېنى يوشۇرۇپ قويساڭ،
مەن ئۈچۈن بىر ۋاقىت بەلگىلەپ، كېيىن مېنى ئېسىڭگە
ئالساڭ!
14 ئادەم ئۆلسە قايتا تىرىلەمدۇ؟
ئەگەر قايتا هاياتلىققا ئېرىشكىلى بولسا،
مەن جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە بولساممۇ،
تاكى سەن ماڭا هاياتلىق ئاتا قىلغۇچە كۈتەتتىم.
15 سەن مېنى چاقىرساڭ، مەن ساڭا جاۋاب بېرەتتىم،
سەنمۇ ئۆز قولۇڭدا ئاپىرىدە قىلغىنىڭنى كۆرۈشنى
خالايسەن.
16 ئۇ چاغدا سەن قەدەملىرىمنى قوغدايتتىڭ،
لېكىن گۇناهلىرىمنى سۈرۈشتۈرمەيتتىڭ.
17 سەۋەنلىكلىرىمنى پېچەتلەپ،

گۇناھلىرىمنى يوشۇراتتىڭ.

18 لېكىن خۇددى تاغلار پارچىلىنىپ،
قىيا تاشلار ئورنىدىن قوزغىلىپ،
19 ئېقىن سۇلار تاشلارنى يالاپ،
كەلكۈن تۇپراقلارنى ئېلىپ كەتكەندەك،
ئادەمنىڭ ئۈمىدىنى بىتچىت قىلىسەن.
20 سەن مەڭگۈ ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىسەن، ئۇ غايىب
بولىدۇ،
سەن ئۇنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ دۇنيادىن جۇدا
قىلىسەن.
21 ئوغۇللىرى چوڭ بولۇپ، شەرەپ قۇچسىمۇ ئۇ بىلمەيدۇ،
ئۇلار شەرمەندە بولسىمۇ ئۇنىڭ خەۋىرى بولمايدۇ.
22 ئۇ پەقەت تېنىدىكى ئازابنىلا ھېس قىلىدۇ،
ئۆزى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدۇ.»

## ئەلىفاز: خۇدادىن قورقمامسەن؟

15 1 تېمانلىق ئەلىفاز بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
2 «ئەقىللىق ئادەم مۇنداق ھېكمەتسىز سۆزلەرنى
قىلامدۇ؟
بۇ شامال بىلەن قورساق تويدۇرغاندەك ئىش ئەمەسمۇ؟
3 ئەلۋەتتە، ئۇ پايدىسىز سۆزلەرنى قىلمايدۇ،
كېرەكسىز سۆزلەرنى ئىشلىتىپ مۇنازىرىلەشمەيدۇ.
4 سەن خۇدادىن ئەيمەنمىدىڭ،
ئۇنى سېغىنغانلارغا توسقۇنلۇق قىلدىڭ.
5 گۇناھلىرىڭ ئاغزىڭنى باشقۇرىدۇ،
سەن مەككار ئادەمدەك سۆزلەيسەن.
6 سېنى گۇناھكار قىلغان مەن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭنىڭ
ئاغزىدۇر،
لەۋلىرىڭ سېنىڭ گۇناھىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

7 سەن ئەڭ ئاۋۋالدا ئاپىرىدە بولغانمىدىڭ؟!
تاغلاردىن بۇرۇن يارىتىلغانمىدىڭ؟!
8 خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىكى يىغىلىشتا، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلىغانمىدىڭ؟!
‹ئەقىل-پاراسەت يالغۇز مەندىلا بار› دەپ قالغانمىدىڭ؟!
9 سەن بىلگەن ھەممە ئىشنى بىزمۇ بىلمەمتۇق؟!
بىزگە ئېنىق بولمىغان ئىشلارنى سەن بىلەمتىڭ؟!
10 بۇ يەردە بىزگە بىلىم بەرگەن ئاق چاچلىق ياشانغان
كىشىلەر بار،
ئۇلار سېنىڭ داداڭدىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەردۇر.
11 خۇدانىڭ تەسەللىسى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟
ئۇنىڭ ساڭا ئېيتقان مۇلايىم سۆزلىرى ئازمىدى؟
12 نېمە ئۈچۈن ھېسسىياتىڭ بويىچە ئىش قىلىسەن؟
نېمە ئۈچۈن كۆزلىرىڭدىن غەزەپ ئوتىنى چاچرىتىسەن؟
13 خۇداغا غەزەپلەنگەنلىكىڭدىن،
شۇڭا شۇنداق رەزىل سۆزلەرنى قىلىۋاتامسەن؟
14 ئادەم بولسىلا پاك بولامدۇ؟
ئايالدىن تۇغۇلسىلا ئادىل بولامدۇ؟
15 خۇدا ھەتتا پەرىشتىلىرىگىمۇ ئىشەنمىگەن،
ئاسمانمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە پاك بولمىغان يەردە،
16 گۇناھلارنى سۇدەك ئىچىدىغان، رەزىل، بۇزۇلغان بىر
ئىنسان قانداق بولار؟

17 ئى ئايۇپ، سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىل، گېپىمگە قۇلاق
سال،
كۆرگەنلىرىمنى ساڭا بايان ئەيلەي.
18 بۇ ئاقىللارنىڭ تەلىمىدۇر،
ئاقىللار ئەجدادلىرىنىڭ تەربىيەلىرىنى بىزگە يوشۇرماي
ئۆگەتتى.
19 بۇ زېمىن ئۇلارغا ئىنئام قىلىپ بېرىلگەنىدى،

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يامان تەسىر بېرىدىغان ئەمانسىز ياتلار
يوق ئىدى.
20 رەزىللەر ئۆمۈر بويى ئازاب چېكىدۇ،
زالىملار بىر ئۆمۈر جاپا تارتىدۇ.
21 ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىدىن ۋەھىمىلىك ئاۋاز
كەتمەيدۇ،
ئۇلار ئاسايىشلىق كۈنلىرىدە قاراقچىنىڭ ھۇجۇمىغا
ئۇچرايدۇ.
22 ئۇلار زۇلمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالايدىغانلىقىغا ئۈمىد
باغلىمايدۇ،
ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە قىلىچتا ئۆلۈش پۈتۈلگەندۇر.
23 ئۇلار سەرسان بولۇپ، يېمەكلىككە زار بولىدۇ،
زۇلمەتلىك كۈنلەرنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى تۇيىدۇ.
24 جاپا ۋە ئازاب ئۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىپ،
خۇددى ھۇجۇم قىلماقچى بولغان پادىشاھقا ئوخشاش،
ئۇلارغا قورقۇنچ سالىدۇ.
25 چۈنكى ئۇلار خۇداغا مۇشت ئېتىپ،
ھەممىگە قادىر خۇدا بىلەن قارشىلاشتى.
26 ئۇلار قوللىرىغا قېلىن قالقانلىرىنى ئېلىپ،
مەغرۇرلانغان ھالدا خۇداغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى.
27 ئۇلارنىڭ يۈزى گۆشكە، بېلى مايغا تولغانىدى.
28 ئۇلار خارابىغا ئايلانغان شەھەرلەردە،
يەنى ۋەيران قىلىنغان ئۆيلەردە ياشايدۇ.
29 ئۇلار ئەمدى باياشات ياشىيالمايدۇ،
بايلىقى ئۇلاردىن تارتىۋېلىنىدۇ،
ھەتتا ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە سايىسىمۇ قالمايدۇ.
30 ئۇلار زۇلمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ،
قۇياشنىڭ ھارارىتى ئۇلارنىڭ شاخلىرىنى كۆيدۈرۈپ
تاشلايدۇ،
خۇدانىڭ نەپىسى ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ.
31 ئۇلار ئۆزىنى ئالداپ، بىھۇدىلىككە ئىشەنمىسۇن،

بولمىسا بىھۇدىلىك ئۇلارنىڭ ئىرىشكەن ئىنئامى بولىدۇ.
32 ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ، شاخلار قۇرۇپ كەتكەندەك،
ئۇلارمۇ قۇرۇپ كېتىپ قايتا كۆكلىمەيدۇ.
33 ئۇلار ئۈزۈملىرى پىشماي تۇرۇپ مېۋىلىرى تۆكۈلۈپ
چۈشكەن ئۈزۈم تېلىغا ئوخشايدۇ.
ئۇ چېچەكلىرى ئېچىلىپلا توزۇپ كەتكەن زەيتۇن دەرىخىگە
ئوخشايدۇ.
34 ئىمانسىزلار ئەۋلاد قالدۇرالمايدۇ،
پارا ئالغۇچىنىڭ چېدىرى كۆيۈپ كېتىدۇ.
35 ئۇلارنىڭ ھامىلىدار بولغىنى يامانلىق، تۇغقىنى گۇناھتۇر،
قورسىقىدا تەييارلىغىنى ھىيلە-مىكىردۇر.»

## ئايۇپ: دوستلار مۇشۇنداق تەسەللى بېرەمدۇ؟

16 1 ئايۇپ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
2 «بۇنداق سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلىغانمەن،
يامان تەسەللىرىڭلار ئادەمنى ئېچىندۇرىدۇ.
3 قۇرۇق سۆزۈڭلار تۈگىمەمدۇ؟
نېمە ئىش سىلەرنى بۇنداق توختىماي سۆزلەشكە مەجبۇر
قىلىۋاتىدۇ؟
4 ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭلار،
مەنمۇ سىلەرگە بۇنداق سۆزلەرنى قىلالايتتىم،
بېشىمنى چايقاپ، سىلەرنى ئەيىبلىيەلەيتتىم.
5 لېكىن مەن سىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ،
تەسەللىرىم بىلەن ئازابىڭلارنى يەڭگىللەتتىم.

6 سۆزلىسەم ئازابىم يەڭگىللىمەيدۇ،
لېكىن سۈكۈت قىلسام ئازابتا قالىمەن.
7 ئى خۇدا، مېنى ھالىمدىن كەتكۈزدۈڭ،
ئائىلەمنى ۋەيران قىلدىڭ.
8 مېنى ئورۇقلىتىپ، قاقشال قىلدىڭ،
ئورۇقلۇقۇم گۇناھىمنىڭ ئىسپاتى بولدى.

9 خۇدا غەزىپى بىلەن تېنىمنى تىتتۇۋەتتى، ماڭا زىيانكەشلىك
قىلدى،
ئۇ ماڭا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ،
دۈشمەنلىككە تولغان غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى.
10 كىشىلەر مېنى مەسخىرە قىلماقتا،
يۈزۈمگە شاپىلاق ئۇرۇپ كەمسىتمەكتە،
بىرلىشىپ ماڭا ھۇجۇم قىلماقتا.
11 خۇدا مېنى يامانلارغا،
رەزىللەرنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى.
12 ئەسلىدە مەن خاتىرجەم ئىدىم، خۇدا مېنى ئېزىۋەتتى،
بويىنۇمدىن ئېلىپ يەرگە ئاتتى،
ئوقىغا نىشان قىلدى.
13 ئۇنىڭ ئوقياچىلىرى مېنى ئارىغا ئېلىۋالدى،
رەھىمسىزلەرچە ئاتقان ئوقلىرى يۈرەك-باغرىمنى
تېشىپ،
ئۆتۈمنى يەرگە تۆكتى.
14 ئۇ قايتا-قايتا مېنى زەخىملەندۈرگەندە،
خۇددى پالۋاندەك ماڭا ئېتىلدى.
15 مەن ماتەملىك كىيىم تىكىپ كىيىپ،
شان-شەرىپىمنى توپىغا كۆمۈۋەتتىم.
16 يىغىدىن مەڭزىلىرىم قىزىرىپ،
قاپاقلىرىم قارىداپ كەتتى.
17 ئەمما مەن زوراۋانلىق قىلمىدىم،
دۇئالىرىم سەممىي بولدى.

18 ئېھ زېمىن، قېنىمنى يوشۇرما،
نىدالىرىمنى توسما.
19 مانا، ھازىر مېنىڭ گۇۋاھچىم ئەرشتىدۇر،
مېنى ئاقلىغۇچى يۈيۈكلۈكتىدۇر.
20 دوستلىرىم مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ،
مەن خۇدا ئالدىدا ياش تۆكمەكتىمەن.

21 خۇددى ئىنسانلار ئارىسىدا كېلىشتۈرگۈچى بولغىنىدەك،
ئىنسانلار بىلەن خۇدا ئارىسىدىمۇ كېلىشتۈرگۈچى بولسا
ئىدى-ھە!؟
22 چۈنكى كۈنلىرىم ئاز قالدى،
ئۇزاققا قالماي بارسا كەلمەس جايغا كېتىمەن.»

## ئۈمىدىم قېنى؟

17 1 «مەن تۈگەشتىم، كۈنلىرىم ئاز قالدى،
قەبرە مېنى كۈتمەكتە.
2 مەسخىرىچىلەر مېنى قورشىۋالدى،
ئۇلارنىڭ مېنى ئەخمەق قىلىشلىرىغا قاراپ تۇرۇشۇمدىن
باشقا ئامالىم يوق.

3 ئى خۇدا، ماڭا كېپىل بولۇشۇڭنى ئۆتۈنىمەن،
چۈنكى سەندىن باشقا ھېچكىم ماڭا كېپىل بولالمايدۇ.
4 سەن ئۇلارنىڭ ئويلىرىنى خىرەلەشتۈردۈڭ،
شۇڭا سەن ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەيسەن.
5 كىشىلەر بايلىقنى دەپ دوستلىرىغا ساتقۇنلۇق قىلسا،
بالىلىرى كور بولىدۇ.

6 خۇدا مېنى كىشىلەرنىڭ مازاق نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ
قويدى،
ئۇلار يۈزۈمگە تۈكۈرمەكتە.
7 ئازاب كۆزۈمنى خىرەلەشتۈردى،
ئورۇقلاپ قاقشال بولدۇم.
8 بۇ ئىش دۇرۇس ئادەملەرنى ئەجەبلەندۈرۈپ،
بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئىمانسىزلارغا قارشى تۇرۇشىنى
كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.
9 ھەققانىيلار ئۆز يولىدا چىڭ تۇرىدۇ،
قولى پاك ئىنسانلارنىڭ كۈچى ئاشىدۇ.

10 قېنى، سىلەر يەنە بىر قېتىم كېلىڭلارچۇ!
ئىزدىسەم ئىچىڭلاردىن بىرمۇ دانىشمەن تېپىلمايدۇ.
11 كۈنلىرىم ئاز قالدى، ئارمانلىرىم يوق بولدى،
كۆڭلۈمنىڭ ئارزۇلىرى بەربات بولدى.
12 دوستلىرىم كېچىنى كۈندۈز دەيدۇ،
ئەتراپى قاپقاراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار: ‹يورۇقلۇق
يېقىن› دېيىشىدۇ.
13 ئەگەر مەن گۆرنى ئۆيۈم دەپ بىلسەم،
قاراڭغۇ لەھەتكە كىرىشنى ئۈمىد قىلسام،
14 قەبرىنى ئاتام،
قۇرت-قوڭغۇزلارنى ئانا ۋە ئاچا-سىڭىللىرىم دەپ ئاتىسام،
15 ئۇنداقتا ئۈمىدىم نەدە قالىدۇ؟
كىم مېنىڭ ئۈمىدىمنى كۆرەلەيدۇ؟
16 ئۈمىدىم ئۆلۈم دەرۋازىسىدىن كىرسۇنمۇ؟
تۇپراقتا مەن بىلەن بىرگە ياتسۇنمۇ؟»

## بىلداد: خۇدا گۇناھكارلارنى جازالايدۇ

18 1 شۇۋاخلىق بىلداد مۇنداق دېدى:
2 «قاچانغىچە گەپ يورغىلىتارسەن؟
ياخشى ئويلان، ئاندىن بىز پاراڭلىشايلى.
3 بىزنى نېمىشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ھايۋاندەك دۆت
كۆرىسەن؟
4 سېنىڭ بۇ ئاچچىقىڭ پەقەت ئۆزۈڭنىلا بەربات قىلىدۇ،
زېمىن سېنىڭ سەۋەبىڭدىن تاشلىنىپ قالسۇنمۇ؟
تاشلار ئورنىدىن يۆتكەپ كېتىلسۇنمۇ؟

5 رەزىللەرنىڭ چىرىغى چوقۇم ئۆچۈرۈلۈشى كېرەك.
ئۇنىڭ مەشئىلى قايتا يانمىسۇن.
6 ئۇنىڭ چېدىرىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بولۇپ،
ئۈستىدىكى چىرىغى ئۆچۈرۈلگەندۇر.
7 رەزىللەرنىڭ كۈچلۈك پۇتلىرى ئاجىزلىشىپ قالىدۇ،

ئۆز سۇيىقەستلىرى ئۇنى يىقىتىدۇ.
8 ئۇ ئۆزى قۇرغان تورغا ئۆزى چۈشۈپ، قىلتاققا ئىلىنىدۇ.
9 قاپقان ئۇنىڭ پۇتىنى قىسىۋالىدۇ،
تۇزاق ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالىدۇ.
10 ئۇنىڭ ئۈچۈن توپا ئاستىغا قاپقان كۆمۈلگەن بولۇپ،
يولدا ئۇنى قىلتاق كۈتۈپ تۇرىدۇ.
11 ئەتراپنى ۋەھىمە قاپلاپ، ئۇنى بارغانچە قىستاپ كەلمەكتە.
12 ئاچلىقتىن مادارى كېتىپ،
بالا-قازاغا يولۇقۇش ئالدىدا تۇرماقتا.
13 بەدىنىنى تېرە كېسىلى قاپلاپ،
ئۆلۈم ئۇنىڭ پۇت-قولىنى يېمەكتە.
14 ئۇ تىنچ چېدىرىدىن تارتىپ چىقىرىلىپ،
ئۆلۈكلەر ھۆكۈمدارىنىڭ يېنىغا ھەيدەپ ئاپىرىلىدۇ.
15 ئۇلارنىڭ چېدىرى گۈڭگۈرت چېچىپ تازىلانغاندىن كېيىن،
باشقىلار كېلىپ ئۇلارنىڭ چېدىرىدا ئولتۇرىدۇ.
16 ئۇلارنىڭ يىلتىزى قۇرۇپ،
شاخلىرى سولۇشۇپ قالىدۇ.
17 ئۇلار دۇنيادىن نام-نىشانسىز غايىب بولىدۇ،
ئىسمى ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ.
18 ئۇلار يورۇقلۇقتىن قاراڭغۇلۇققا ھەيدەپ كىرىلىپ،
بۇ دۇنيادىن قوغلىنىدۇ.
19 ئۇلار جەمەتى ئىچىدە ئۇرۇق-ئەۋلادسىز قالىدۇ،
ئۇنىڭ ماكانىدا ھېچكىم ھايات قالمايدۇ.
20 ئۇنىڭ ئاقىۋىتى غەربتىكىلەرنى ھەيران قالدۇرسا،
شەرقتىكىلەرنى ۋەھىمە باسىدۇ.
21 مانا بۇ رەزىل ئادەملەرنىڭ تەقدىرى،
خۇدانى تونۇمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.»

## ئايۇپ: قۇتقۇزغۇچىم ھاياتتۇر

19 1 ئايۇپ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
2 «سىلەر مېنى قاچانغىچە قىينايسىلەر؟

سۆزلىرىڭلار بىلەن قاچانغىچە ئېزىسىلەر؟
3 مېنى توختىماي ھاقارەت قىلدىڭلار،
خورلىغانلىقىڭلاردىن نومۇس قىلمىدىڭلار.
4 ئەگەر مەن راست خاتا قىلغان بولسام،
ئۇ پەقەت مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىشىدۇر.
5 ئەگەر سىلەر بىز سەندىن ياخشى، دەپ ئويلىساڭلار ۋە
خورلۇقلىرىم ئارقىلىق مېنى ئەيىبلىمەكچى بولساڭلار،
6 خۇدانىڭ ماڭا ئۇۋال قىلغانلىقىنى،
ماڭا قىلتاق قۇرغانلىقىنى بىلىشىڭلار كېرەك.
7 «ئۇۋال بولدى» دەپ قاقشىساممۇ ھېچكىم ماڭا قۇلاق
سالمىدى،
«قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىرساممۇ ھېچكىم ماڭا ئادالىتىنى
كۆرسەتمىدى.
8 خۇدا ئالدىمغا تام سوقۇپ يولۇمنى توستى،
يولۇمنى قاراڭغۇلۇق بىلەن قاپلاتتى.
9 ئۇ شان-شەرىپىمنى تارتىۋالدى،
بېشىمدىكى تاجىمنى ئېلىۋالدى.
10 تاكى مەن تۈگەشكۈچە ئۇ ماڭا ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم
قىلىدۇ،
ئۈمىدلىرىمنى خۇددى دەرەخنىڭ يىلتىزىنى
قومۇرۇۋالغاندەك يوق قىلىدۇ.
11 ئۇ ماڭا غەزەپلەندى، مېنى دۈشمەن كۆردى.
12 ئۇنىڭ بۆيۈك قوشۇنى قىستاپ كەلدى،
چېدىرىم ئەتراپىدا بارگاھ قۇرۇپ، مېنى قورشاۋغا ئالدى.

13 قېرىنداشلىرىمنى مەندىن يىراقلاشتۇردى،
تونۇشلىرىم مەندىن يۈز ئۆرۈدى.
14 تۇغقانلىرىم مېنى تاشلاپ كەتتى،
دوستلىرىم مېنى ئۇنتۇدى.
15 مېھمانلىرىم ۋە دېدەكلىرىم ماڭا يات كىشىدەك قارايدۇ،
خۇددى يات خەلقنىڭ ئادىمىدەك كۆرىدۇ.

16 چاكارلىرىمنى چاقىرسام جاۋاب بەرمەيدۇ،
يالۋۇرساممۇ كارى بولمايدۇ.
17 ئايالىم ھىدىمدىن بىزار،
قېرىنداشلىرىممۇ مەندىن نەپرەتلىنىدۇ.
18 ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ،
ئورنۇمدىن تۇرساملا، مېنى مەسخىرە قىلىدۇ.
19 يېقىن دوستۇممۇ ماڭا ئۆچلۈك قىلىدۇ،
مەن ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ ماڭا قارشى.
20 مەن بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدىم،
ئۆلۈم بىلەن مەن ئوتتۇرامدا پەقەت قىلدەك ئارىلىق قالدى.

21 ئەي دوستلىرىم، ماڭا ئىچ ئاغرىتىڭلار، ئىچ ئاغرىتىڭلار!
چۈنكى خۇدا مېنى ئۇردى.
22 خۇددى خۇدا مېنى قىستىغاندەك، نېمە ئۈچۈن سىلەرمۇ مېنى قىستايسىلەر؟
نېمە ئۈچۈن مېنى غاجايسىلەر؟

23 سۆزلىرىمنى يېزىپ قويۇشۇڭلارنى،
يازمىلارغا پۈتۈپ قويۇشۇڭلارنى،
24 تۆمۈر بىلەن قورام تاشقا ئويۇپ، قوغۇشۇن بىلەن يېزىپ قويۇشۇڭلارنى سورايمەن،
ئۇ مەڭگۈ ساقلانسۇن.
25 قوغدىغۇچىمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىمەن،
ئۇ ئاخىر بىر كۈنى زېمىنغا دەسسەيدۇ.
26 گەرچە تېرەم سېسىپ كەتكەن بولسىمۇ،
لېكىن مەن يەنىلا ئاشۇ تېنىمدە خۇدانى كۆرىمەن.
27 ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن،
شۇنداق، ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن،
قەلبىم تەشنالىقتا تولغاندۇر.

28 سىلەر: «ئاپەت يىلتىزى ئۇنىڭدا تۇرسا،
بىز قانداق ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان بولىمىز» دەپ
ئويلايسىلەر.
29 سىلەرمۇ خۇدانىڭ قىلىچىدىن قورقۇشۇڭلار كېرەك،
چۈنكى ئۇ غەزەپ ئىچىدە قىلىچ بىلەن جازالايدۇ،
شۇ چاغدىلا سىلەر سوراق كۈنىنىڭ بارلىقىنى بىلىسىلەر.»

## زوفار: خۇدا گۇناھكارلارنى جازالايدۇ

20 1 نائامالىق زوفار مۇنداق دېدى:
2 «ئىچىم تىتىلداپ، بىئارام بولۇۋاتىمەن،
گەپلىرىمنى دېۋالمىغۇچە خاتىرجەم بولالمايمەن.
3 مېنى ھاقارەتلەيدىغان ئەيىبلەشلىرىڭنى ئاڭلىدىم،
ئەقلىم مېنى جاۋاب بېرىشكە قىستاۋاتىدۇ.
4 قەدىمدىن تا ھازىرغىچە،
دۇنياغا ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى،
5 گۇناھكارنىڭ خۇشاللىقىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى،
ئىمانسىزنىڭ خۇشاللىقىنىڭ بىردەملىك ئىكەنلىكىنى
بىلمەمتىڭ؟
6 گەرچە ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقى پەلەككە يەتسىمۇ،
بېشى بۇلۇتقا تاقاشسىمۇ،
7 ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ پوقىدەك مەڭگۈ يوقىلىدۇ.
ئۇنى تونۇغانلار: ‹ئۇ نەگە كەتتى؟› دەپ سورايدۇ.
8 ئۇ خۇددى چۈشتەك يوقايدۇ ۋە تاپقىلى بولمايدۇ،
كېچىسى پەيدا بولغان خىيالدەك غايىب بولىدۇ.
9 ئۇنى كۆرگەنلەر قايتا كۆرەلمەيدۇ،
يۇرتىدىن ئىز-دېرەكسىز غايىب بولىدۇ.
10 ئۇنىڭ بالىچاقىلىرى يوقسۇللارغا تۆلەم بېرىپ،
ھارام توپلىغان بايلىقلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.
11 گەرچە ئۇنىڭ تېنى ياشلىق كۈچىگە تولغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ يەنىلا تۇپراققا كۆمۈلىدۇ.

12 رەزىللىك ئۇنىڭغا تاتلىق تېتىغاچقا،
ئۇنى تىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ،
13 ئاستا-ئاستا شۈمۈپ، تەمنى تېتىيدۇ.
14 رەزىللىك قورسىقىدا ئاچچىققا ئۆزگىرىپ،
زەھەرلىك يىلاننىڭ زەھىرىگە ئايلىنىدۇ.
15 ئۇ يۇتۇۋالغان بايلىقلارنى قۇسۇپ چىقىرىدۇ،
خۇدا ئۇنى تەتۈر ئۆرۈپ قورسىقىنى تۆكىدۇ.
16 ئۇ كۆزەينەكلىك يىلاننىڭ زەھىرىنى سۈمۈرۈۋالىدۇ،
ئۇ زەھەرلىك يىلان تەرىپىدىن چېقىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.
17 ئۇ توختىماي ئېقىپ تۇرغان بال ۋە سۈزمىدىن
بەھرىلىنەلمەيدۇ.
18 ئۇ تاپقان پۇلىدىن پايدىلىنالماي قايتۇرۇپ، تۆلەمگە
بېرىدۇ،
سودا-سېتىق قىلىپ تاپقان بايلىقلىرىدىن
ھۇزۇرلىنالمايدۇ.
19 چۈنكى ئۇ يوقسۇللارنى ئەزدى، كارى بولماي تاشلىۋەتتى،
باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى.

20 ئۇ ئىنتايىن ئاچ كۆز ئىدى،
ئۇنىڭ بايلىقى ئۇنى قۇتقۇزالمىدى.
21 ئۇ ھەممىنى يۇتۇۋالغاچقا ھېچنېمە قالمىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بەخت-سائادىتى ئۇزاققا بارمايدۇ.
22 ئۇنىڭ توققۇزى تەل بولغاندا ئازابقا يولۇقىدۇ،
ھەر خىل بالا-قازا سوقۇشىپلا كېلىدۇ.
23 ئۇ ئۆز قورسىقىنى تويدۇرغاندا،
خۇدا ئۇنىڭغا غەزەپ ئوتىنى چاچىدۇ،
ئۈستىگە زەربىلىرىنى ياغدۇرىدۇ.
24 ئۇ تۆمۈر تىغدىن قۇتۇلۇپ قالسىمۇ،
بىراق تۇچ ئوق ئۇنى تېشىپ ئۆتىدۇ.
25 ئۆتكۈر يا ئوقى دۈمبىسىدىن تېشىپ چىققاندا،
پارقىراق ئوق بېشى ئۆت خالتىسىنى يېرىپ ئۆتكەندە،

ئۇنى ۋەھىمە باسىدۇ.
26 ئۇنىڭ بايلىقلىرى زۇلمەت ئىچىدە غايىب بولىدۇ،
ئىلاھىي ئوت ئۇنى يالماپ يۇتىدۇ،
چېدىرىدىكى نەرسىلىرىنى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىدۇ.
27 ئاسمان ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئاشكارىلايدۇ،
زېمىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنى ئەيىبلەيدۇ.
28 خۇدانىڭ غەزىپى كەلگەن كۈنى
كەلكۈن ئۇنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلىدۇ.
29 بۇ خۇدانىڭ رەزىللەرگە بېرىدىغان ئاقىۋىتىدۇر،
ئۇلارغا بېرىدىغان نېسىۋىسىدۇر.»

## ئايۇپ: گۇناھكارلار جازالانمايدۇ!

21 1 ئايۇپ جاۋابەن مۇنداق دېدى:
2 «سۆزلىرىمنى ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار،
بۇ سىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن تەسەللىرىڭلار بولسۇن.
3 سۆزلىرىم تۈگىگۈچە چىداپ ئاڭلاڭلار،
ئۇنىڭدىن كېيىن مەسخىرە قىلساڭلارمۇ ئۇلگۈرىسىلەر.
4 ئەجەبا مەن ئىنسانلاردىن ئاغرىنىۋاتىمەنمۇ؟
تاقەتسىزلىنىشكە سەۋەبىم بار.
5 مېنى كۆرسەڭلار ھەيران قالىسىلەر،
ھاڭ-تاڭ بولۇپ، ئاغزىڭلارنى قولۇڭلاردا ئېتىۋالىسىلەر.
6 ئەھۋالىمنى ئويلىسامىلا قورقۇپ كېتىمەن،
پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك باسىدۇ.
7 نېمە ئۈچۈن رەزىللەر ياشايدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ،
كۈچى زورىيىدۇ؟
8 ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرى چوڭ بولۇپ، تۇرمۇشقا چىقىدۇ،
نەۋرىلىرىنىڭمۇ ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقىنى كۆرىدۇ.
9 ئۇلارنىڭ ئائىلىسى خاتىرجەم، بىخەتەردۇر،
ئۇلار خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايدۇ.
10 ئۇلارنىڭ بۇقىلىرى كۈچلۈكتۇر،

ئـﯩـنـەكـلـىـرى زىـنـھـار قـىـسـىـر قالـمايدۇ ھەم بالـىسى چۈشۈپ
كەتمەيدۇ.
11 ئۇلارنىڭ بالىلىرى سىرتلاردا خۇددى قوي پادىلىرىدەك
خۇشال ھالدا سەكرىشىپ ئوينايدۇ.
12 ئۇلار داپ بىلەن لىراغا تەڭكەش قىلىشىپ ناخشا
ئېيتىشىدۇ،
نەي ئاۋازىدىن شادلىنىدۇ.
13 ئۇلار بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشاپ، خاتىرجەم ھالدا باقىي
دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ.
14 ئۇلار خۇداغا: «بىزدىن نېرى بول، سېنىڭ يولۇڭنى
ئۆگەنگۈمىز يوق.
15 كىمكەن ئۇ ھەممىگە قادىر خۇدا دېگەن، ئۇنىڭغا نېمىشقا
ئىبادەت قىلغۇدەكمىز؟
ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشنىڭ قانداق پايدىسى بار ئىكەن»
دېيىشىدۇ.
16 ئۇلار: «بەختىم ئۆز قولۇمدىن كەلگەن» دەپ ئويلايدۇ،
لېكىن مەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قەتئىي قوشۇلمايمەن.

17 رەزىللەرنىڭ چىرىغى قاچان ئۆچۈپ باققان؟
ئۇلار قاچان بالا-قازاغا يولۇقۇپ باققان؟
خۇدانىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇلارنى قاچان جازالاپ باققان؟
18 ئۇلار قاچان شامالدا قالغان ساماندەك،
بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن توپاندەك بولۇپ باققان؟
19 سىلەر: «خۇدا جازاسىنى ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا بېرىدۇ»
دەيسىلەر،
ئەمما مەن: «ئۇلارنىڭ ئۆزىنى جازالاپ،
جازانىڭ تەمىنى ئۆزلىرىگە تېتىتىپ باقسۇن!» دەيمەن.
20 ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھالاكىتىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرسۇن،
ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ غەزىپىنىڭ تەمىنى ئۆزلىرى
تېتىسۇن.
21 ئۇلارنىڭ ۋاقتى توشۇپ، دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن،

ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ غېمىنى يېيەلمەيدۇ.

22 خۇدا ئەرشتىكى ئۇلۇغلارنىمۇ سوراققا تارتالايدىغان تۇرسا،
كىممۇ ئۇنىڭغا بىلىم بېرەلىسۇن؟
23 بەزىلەرنىڭ تاكى ئۆلگۈچە هاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ،
خاتىرجەم، راهەت-پاراغەتتە ياشايدۇ.
24 ئۇلارنىڭ قۇۋۋىتى تولۇق،
سۆڭەكلىرى بەردەم بولىدۇ.
25 بەزىلەر ئۆلگۈچە ئازاب بىلەن ياشايدۇ،
بەختنىڭ تەمىنى ئەسلا تېتىپ باقمايدۇ.
26 هەر ئىككىلىسى تۇپراققا كۆمۈلۈپ، قۇرت-قوڭغۇزلارغا
يەم بولىدۇ.

27 سىلەرنىڭ خىياللىرىڭلارنى، ماڭا ئۇۋال قىلىشقا ئاتقان هىيلە-
مىكرىڭلارنى ياخشى بىلىمەن.
28 سىلەر ‹زالىم هوقۇقدارلارنىڭ ئۆيى قەيەردە،
رەزىللەرنىڭ چېدىرى نەگە كەتتى؟› دەپ سورايسىلەر.
29 ئەجەبا سىلەر يولۇچىلاردىن سوراپ باقمىغانمۇ؟
ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ باقمىغانمۇ؟
30 شۇنداق، رەزىللەر ئاپەت كۈنىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ،
خۇدانىڭ غەزەپ كۈنىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ.
31 كىممۇ ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى يۈزتۇرانە
ئەيىبلىيەلىسۇن،
كىممۇ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا لايىق جازاسىنى بېرىدۇ؟
32 ئۇلار قەبرىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ،
ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى باقىدىغانلار چىقىدۇ.
33 ئۇلار سان-ساناقسىز ئۆلۈم ئۇزاتقۇچىلارنىڭ داغدۇغىسى
بىلەن قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىلىدۇ،
داق يەرمۇ ئۇنىڭ جەسىتىگە ئارام بېرىدۇ.
34 سىلەرنىڭ قۇرۇق گېپىڭلار ماڭا تەسەللى بېرەلەرمۇ؟
سىلەرنىڭ جاۋابىڭلار يالغانچىلىقتۇر.»

## ئەلىفاز: ئايۇپنىڭ گۇناھى ئېغىر

# 22

1 تېمانلىق ئەلىفاز جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
2 «ئادەم خۇداغا قانچىلىك پايدا يەتكۈزەلەيدۇ،
ھەتتا ئۇ ئەقىللىق ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ خۇداغا
قانچىلىك پايدا يەتكۈزەلەيدۇ؟
3 ئەجەبا ھەممىگە قادىر خۇدا سېنىڭ ھەققانىيلىقىڭدىن
شادلىنىپ،
ئىشلىرىڭنىڭ پاكلىقىدىن پايدىغا ئېرىشەرمۇ؟
4 خۇدا سېنىڭ ئۇنىڭغا ئىخلاسمەن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن،
سېنى ئەيىبلەمدۇ، سوراققا تارتامدۇ؟
5 ئەجەبا سېنىڭ گۇناھىڭ ئېغىر، جىنايىتىڭ ھېسابسىز
ئەمەسمىدۇ؟
6 سەن قېرىنداشلىرىڭنىڭ گۆرۈگە قويغان مال-مۈلكىنى
سەۋەبسىز ئېلىۋالدىڭ،
نامراتلارنىڭ كىيىملىرىنى تارتىۋالدىڭ.
7 سەن چاڭقىغانلارغا سۇ، قورسىقى ئاچقانلارغا تاماق
بەرمىدىڭ.
8 سەن مەرتىۋىلىك، يەرنىڭ ئىگىسى ھەم
ئۆز يېرىڭدە ياشايدىغان ئابرۇيلۇق ئادەم تۇرۇقلۇق،
9 تۇل ئاياللارنى قۇرۇق قول قايتۇردۇڭ،
يېتىملەرنىڭ قولىنى سۇندۇردۇڭ.
10 شۇڭا ئەتراپىڭنى تۇزاقلار قاپلاپ،
سېنى تۇيۇقسىز ۋەھىمە باستى.
11 قاراڭغۇلۇق نەزىرىڭنى توسۇۋالدى،
كەلكۈن سېنى يۇتۇپ كەتتى.
12 خۇدا ئەرشتە ئەمەسمۇ؟
قارا، يۇلتۇزلار نېمىدېگەن ئېگىزدە-ھە!
13 بىراق سەن: ‹خۇدا نېمىنى بىلەتتى،
ئۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قانداقسىگە سوراق
قىلالىسۇن؟

14 ئۇ ئاسمان گۈمبىزىنى چارلاپ يۈرگەندە،
بۇلۇتلار ئۇنىڭ نەزىرىنى تۇسۇۋالىدىغان تۇرسا› دەيسەن.
15 ئەجەبا سەن رەزىللەر ماڭغان كونا يولدا داۋاملىق
ماڭماقچىمۇسەن؟
16 ئۇلار ئەجىلى توشماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى،
ئۆمۈر يىلتىزلىرىنى سەل ئېقىتىپ كەتتى.
17 ئۇلار خۇداغا: ‹بىزدىن يىراق تۇرغىن،
ئەي ھەممىگە قادىر خۇدا، بىزنى زادى نېمە
قىلماقچىسەن؟› دېدى.
18 ئەمما خۇدا يەنىلا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى ياخشى نەرسىلەر
بىلەن تولدۇردى.
لېكىن مەن ئۇنداق رەزىللەرنىڭ ئوي-پىكىرلىرىگە
قوشۇلمايمەن.
19 ھەققانىيلار ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن خۇشاللىنىپ،
گۇناھسىزلار ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشىپ:
20 ‹دۈشمەنلىرىمىز ۋەيران بولۇشتى،
مال-مۈلكىنى ئوت يالماپ كەتتى› دېيىشىدۇ.

21 شۇڭا سەن خۇداغا بويسۇنغىن، ئۇنىڭ بىلەن ئىناق
ئۆتكىن،
شۇ چاغدا ساڭا بەخت-سائادەت كېلىدۇ.
22 ئۇنىڭ تەلىملىرىنى قوبۇل قىلغىن،
سۆزلىرىنى قەلبىڭدە ساقلىغىن.
23 ئەگەر سەن ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ يولىغا قايتىپ
كەلسەڭ، ئەسلىڭگە كېلىسەن.
گۇناھلىرىڭنى چېدىرىڭدىن يىراقلاشتۇرساڭ،
24 ئالتۇنۇڭدىن ۋاز كەچسەڭ،
ئوفىردىن كەلگەن ئالتۇنلىرىڭنىمۇ تاشلىق سايغا
تاشلىساڭ،
25 ھەممىگە قادىر خۇدا سېنىڭ ئالتۇنۇڭ،
قىممەتلىك كۈمۈشۈڭ بولىدۇ.

26 شۇندىلا سەن ھەممىگە قادىر خۇدادىن خۇشاللىق
تاپالايسەن،
بېشىڭنى كۆتۈرۈپ خۇداغا قارىيالايسەن.
27 ئۇنىڭغا دۇئا قىلساڭ، ئۇ ئاڭلايدۇ،
ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرسەن.
28 قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى غەلىبىلىك
بولىدۇ،
يوللىرىڭنى نۇر يورۇتىدۇ.
29 كىشىلەرنىڭ قەدرى بولمىغاندا ‹قەددىڭنى كۆتۈر!›
دەيسەن،
خۇدا ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ.
30 ئۇ ھەتتا گۇناھكارلارنىمۇ قۇتقۇزىدۇ،
ئۇلار سېنىڭ پاكلىقىڭدىن نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.»

## ئايۇپ: خۇدا نەدە تۇرىدۇ؟

23 1 ئايۇپ جاۋابەن مۇنداق دېدى:
2 «مەن تاكى بۈگۈنگىچە ئازاب ئىچىدە شىكايەت
قىلماقتىمەن،
مەن نالە قىلسامۇ، ئۇ ماڭا ئازاب سېلىۋاتىدۇ.
3 خۇدا نەدە تۇرار؟
بىلسەم، ئۇنىڭ تۇرىدىغان يېرىگە باراتتىم.
4 ئۇنىڭغا ئەرزىمنى ئېيتاتتىم،
ئەرزىمنى تولۇق ئىسپاتلاپ سۆزلەيتتىم.
ئەرزىم ھەققىدە دەۋالىشاتتىم.
5 ئۇنىڭ ماڭا بېرىدىغان جاۋابىنى،
نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلىپ باققۇم بار.
6 ئۇ قۇدرەتلىك تۇرۇپ، مەن بىلەن تاكاللىشارمۇ؟
ئۇنداق قىلمايدۇ، كۆڭۈل قويۇپ شىكايىتىمنى ئاڭلايدۇ.
7 ئۇ يەردە دۇرۇس ئادەم ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشەلەيدۇ،
ئۇ مېنى ئاقلاپ، ھۆكۈمدىن مەڭگۈ خالاس قىلىدۇ.

8 كۆنچىقىشقا باردىم، خۇدا ئۇ يەردە يوق ئىدى،
كۈنپېتىشقا باردىم، ئۇ يەردىمۇ ئۇنى تاپالمىدىم.
9 ئۇ شىمالدا بىر ئىش قىلغاندىمۇ ئۇنى تاپالمىدىم،
ئۇ جەنۇبقا كەلگەندىمۇ ئوخشاشلا تاپالمىدىم.
10 لېكىن ئۇ مېنىڭ ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىمنى بىلىدۇ.
ئۇ مېنى سىنىسا، مەن ئالتۇنغا ئوخشاش چىقىمەن.
11 مەن ئۇنىڭ قەدىمىگە ئەگەشتىم،
ئۇنىڭ يولىنى تۇتتۇم، ھېچ چەتنىمىدىم.
12 ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن چەتنىمىدىم،
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قەدىرلىشىم يېمەك-ئىچمەكلىرىمنى
قەدىرلەشتىنمۇ ئېشىپ كەتتى.
13 خۇدا قارارىدا قەتئىي تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قارارىنى كىممۇ
ئۆزگەرتەلەيدۇ؟
ئۇ ئۆزىنىڭ خالىغىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ.
14 ئۇ ماڭا قارشى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى چوقۇم
ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ،
ئۇنىڭ بۇنداق پىلانلىرى ناھايىتى كۆپتۇر.
15 شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىدا قورقۇپ، پاراكەندە بولىمەن.
بۇ ئىشنى ئويلىسامالا ۋەھىمىدە قالىمەن.
16 خۇدا مېنى قورقۇتتى، جۈرئىتىم قالمىدى.
ھەممىگە قادىر خۇدا مېنى پاراكەندە قىلماقتا.
17 ئەمما تېنىمنى زۇلمەت،
يۈزۈمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىۋالغانلىقى ئۈچۈنلا سۈكۈت
قىلىپ تۇرالمايمەن.

## ئايۇپ: خۇدا رەزىللەرنى قاچان جازالىغان؟

24 1 ھەممىگە قادىر خۇدا نېمىشقا سوئال-سوراق كۈنىنى
بەلگىلىمەيدۇ؟
ئۇنى تونۇيدىغانلار نېمىشقا ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىدىغان كۈنىنى كۆرەلمەيدۇ؟
2 رەزىللەر پاسىل تېشىنى يۆتكىۋېتىپ، يەرنى ئېلىۋالىدۇ،

قويلارنى ئوغرىلاپ، ئۆز پادىلىرىغا قوشۇپ باقىدۇ.
3 ئۇلار يېتىملەرنىڭ ئېشەكلىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ،
تۇل ئاياللارنىڭ ئۆكۈزىنى گۆرۈگە ئېلىۋالىدۇ.
4 ئۇلار مىسكىنلەرنى يولدىن ھەيدەيدۇ،
يوقسۇللارنى يوشۇرۇنۇۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

5 نامراتلار بالاچاقىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن
خۇددى چۆل-باياۋانلاردىكى ياۋايى ئېشەكلەردەك،
ئوزۇق ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ.
6 ئۇلار ئېتىزلاردىكى قالدۇق زىرائەتلىرىنى ئورۇۋالىدۇ،
رەزىللەردىن ئېشىپ قالغان ئۈزۈملەرنى تېرىۋالىدۇ.
7 ئۇلار كېچىلەرنى يالىڭاچ ئۆتكۈزىدۇ،
ئۇلارنىڭ سوغۇقتىن دالدا قىلغۇدەك يېپىنچىلىرى يوق.
8 ئۇلار تاغ يامغۇرلىرىدا ھۆل بولۇپ كەتسە،
قىيا تاشلارنى دالدا قىلىدۇ.
9 رەزىللەر تۇل ئاياللارنىڭ قۇچىقىدىكى بالىلارنى بۇلاپ
كېتىدۇ،
نامراتلارنىڭ بالىلىرىنى گۆرۈگە ئالىدۇ.
10 نامراتلار كىيىمسىز، يالىڭاچ سەرسان يۈرىدۇ.
ئاچ قورساق ھالدا بۇغداي باغلىرىنى توشۇيدۇ.
11 ئۇلار رەزىللەرنىڭ زەيتۇنلۇقىدا ياغ تارتىدۇ،
ئۈزۈملەرنى ئېزىپ شەربەت چىقىرىدۇ،
لېكىن چاڭقاپ كەتسىمۇ، شەربەتتىن ئىچەلمەيدۇ.
12 شەھەردىن سەكراتتىكىلەرنىڭ نىدالىرى ئاڭلىنىدۇ،
ياردەم تەلەپ قىلغان يارىدارلارنىڭ ئىڭراشلىرى
ئۈزۈلمەيدۇ.
لېكىن خۇدا رەزىللەرنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ.

13 يورۇقلۇق بىلەن قارشىلىشىدىغان رەزىللەر بار،
ئۇلار پارلاق يولنى تونۇمايدۇ،
ھەم پارلاق يولدىمۇ ماڭمايدۇ.

14 قاتىللار تاڭ ئاتماي ئورنىدىن تۇرۇپ،
نامراتلار ۋە موھتاجلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ،
كەچتە يەنە ئوغرىلىق قىلىدۇ.
15 زىناخورلار قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتىدۇ،
ئۇلار 〈بىرسى مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن〉 دەپ
يۈزلىرىنى يۆگىۋالىدۇ.
16 ئوغرىلار كېچىلىرى تام تېشىدۇ،
كۈندۈزلىرى يوشۇرۇنۇۋالىدۇ.
نۇر بىلەن ئۇچرىششنى خالىمايدۇ.
17 تاڭ نۇرى ئۇلار ئۈچۈن زۇلمەتلىكتۇر،
كېچىنىڭ قورقۇنچى ئۇلارنىڭ دوستى بولىدۇ.

18 رەزىللەر سېىسىق سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈككە ئوخشايدۇ،
ئۇلارنىڭ يەرلىرى قارغىشقا قېلىپ،
ھېچكىم ئۈزۈمزارلىقلىرىغا بارمايدۇ.
19 قۇرغاقچىلىق ۋە ئىسسىق خۇددى قار-مۇزلارنى ئېرىتىپ
كەتكەندەك،
گۆرمۇ گۇناھكارلارنى يۇتۇپ كېتىدۇ.
20 ئۇلارنى تۇغقان ئانىسىمۇ ئۇنتۇيدۇ،
تېنى قۇرتلارغا يەم بولىدۇ.
ئۇلارنى ئەسلەيدىغان ھېچكىم قالمايدۇ،
رەزىللەر خۇددى قۇرۇپ كەتكەن دەرەختەك
سۇندۇرۇۋېتىلىدۇ.
21 رەزىللەر تۇغماس، بالىسىز ئاياللارنى خورلايدۇ،
تۇل ئاياللارغا شەپقەت قىلمايدۇ.
22 قۇدرەتلىك خۇدا بۇ رەزىل ھوقۇقدارلارنى سۆرەپ
ئەكېتىدۇ.
خۇدا ئۇلارغا قارشى قوزغالسا، ئۇلار ئۆز جېنىنى
قۇتقۇزۇشقىمۇ قۇربى يەتمەيدۇ.
23 خۇدا ئۇلارنى بىر مەزگىل خاتىرجەملىكتىن بەھرىمەن
قىلسىمۇ،

لېكىن خۇدانىڭ نەزىرى ھەر دائىم ئۇلارنىڭ ئۈستىدە
بولىدۇ.
24 ئۇلار قارىماققا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندەك قىلىسمۇ،
لېكىن تېزلا غايىب بولىدۇ،
ئۇلار يەرگە ئۇرۇلۇپ، باشقىلاردەك ھالاك بولىدۇ.
خۇددى باشاقلاردەك ئورۇپ كېتىلىدۇ.
25 مېنىڭ دېگەنلىرىم ئەمەلىيەتتۇر، قېنى كىم ئىنكار
قىلالايدۇ؟
قېنى كىم دېگەنلىرىمنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايدۇ؟»

## بىلداد: خۇدانىڭ ئالدىدا كىم ھەققانىي بولالايدۇ؟

# 25

1 شۇۋاخلىق بىلداد جاۋابەن مۇنداق دېدى:
2 «خۇدا ھەممىگە ھوقۇقلۇق ھەم سۆرلۈكتۇر،
ئۇ ئەرشتە تىنچلىق ئورناتقۇچىدۇر.
3 ئۇنىڭ ساماۋى لەشكەرلىرىنىڭ سانىنى كىم سانىيالايدۇ؟
ئۇنىڭ پارلاق نۇرى قەيەرنى يورۇتمايدۇ؟
4 خۇدانىڭ ئالدىدا ئىنساننى قانداقمۇ ھەققانىي دېگىلى
بولسۇن؟
ئايال زاتىدىن تۇغۇلغانلارنى قانداقمۇ پاك دېگىلى
بولسۇن؟
5 ئۇنىڭ نەزىرىدە ئايمۇ ئۇنچىلىك يورۇق،
يۇلتۇزمۇ ئۇنچىلىك پاك ئەمەس تۇرسا،
6 لىچىنكىدەك ئادەمنى،
قۇرتتەك ئىنساننى قانداقمۇ پاك دېگىلى بولسۇن!»

## ئايۇپ: «خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئۇلۇغدۇر!»

# 26

1 ئايۇپ جاۋابەن مۇنداق دېدى:
2 «سەن ھەقىقەتەن بىر ئاجىزغا چوڭ ياردەم
قىلىپسەن!
بىلەكلىرى كۈچسىز ئادەمنى قۇتقۇزۇپسەن!

3 مەندەك ئەقىلسىزگە ئېيتقان سۆزلىرىڭ نېمىدېگەن
پاساھەتلىك-ھە!
سېنىڭ ھەقىقىي پاراستىڭ مۇشۇنداق نامايان بولدى-دە!
4 سەن كىمنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ سۆزلەرنى قىلالىدىڭ؟
كىمنىڭ روھى سەن ئارقىلىق سۆزلەۋاتىدۇ؟

5 سۇ ئاستىدىكى ئۆلۈكلەر ماكانىدا ياشايدىغان ئەرۋاھلار
تىترىمەكتە،
6 ئۆلۈكلەر ماكانى خۇدانىڭ ئالدىدا نامايانىدۇر، گۆر
ئاشكارىدۇر.
7 ئۇ شىمالدىكى ئاسماننى بوشلۇق ئۈستىگە يايدى،
زېمىننى بوشلۇقتا ئېسىپ قويدى.
8 ئۇ سۇلارنى بۇلۇتلار بىلەن يۆگەپ قويىسمۇ،
بۇلۇت ئېغىرلىقىدىن يېرىلىپ كەتمەيدۇ.
9 خۇدا ئاينىڭ يۈزىنى يوشۇرۇپ،
ئۈستىگە بۇلۇتلارنى يايدى.
10 ئۇ دېڭىز ئۈستىگە ئۈپۈق سىزىقى سىزىپ،
يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ چېگراسىنى ئايرىدى.
11 ئۇنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئاسماننىڭ تۈۋرۈكلىرى تىترەپ،
ئالاقزادە بولىدۇ.
12 ئۇ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن دېڭىزنى تىنچىتالايدۇ،
ئەقىل-پاراستى بىلەن راھابنى ۋەيران قىلالايدۇ.
13 ئۇ كۆكتىكى تۇمانلارنى تارقىتىۋېتەلەيدۇ،
قېچىپ كېتىۋاتقان يىلاننى قولىنى شىلتىپلا ئۆلتۈرەلەيدۇ.
14 قارا، بۇلار ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ پەقەت كىچىك بىر
قىسمىدۇر،
ئاڭلىغىنىمىز پەقەت ئۇنىڭ پىچىرلاشلىرىدۇر، خالاس.
ئۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك كۈچ-قۇدرىتىنى كىممۇ
چۈشىنەلىسۇن؟»

## ئايۇپ: «گۇناھ قىلمىدىم!»

27 1 ئاندىن ئايۇپ يەنە مۇنداق دېدى:
2 «ماڭا ئادىل مۇئامىلە قىلمىغان ھەممىگە قادىر خۇدا ۋە
قەلبىمنى قايغۇ-ھەسرەتكە تولدۇرغان مەڭگۇ ھايات خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
3 تېنىمدا جېنىم ۋە خۇدا ئاتا قىلغان تىنىقىم بولسىلا،
4 يامان سۆزلەر چىقماس ئاغزىمدىن، يالغانچىلىق بولماس تىلىمدا.
5 ھېچقاچان سىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىڭلارنى ھەق دەپ قارىمايمەن،
ئۆلگۈچە ئۆزۈمنىڭ ئەيىبسىز ئىكەنلىكىمدە چىڭ تۇرىمەن.
6 ئۆزۈمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدە تەۋرەنمەيمەن، مەيدانىمدىن ۋاز كەچمەيمەن،
كۆڭلۈم مېنى ھەرگىز ئەيىبلىمەيدۇ.

7 دۈشمەنلىرىمنىڭ تەقدىرى رەزىللەرنىڭكىدەك بولغاي،
مەن بىلەن قارشىلاشقانلارنىڭ ئاقىۋىتى گۇناھكارلارنىڭكىدەك بولغاي.
8 ئىمانسىزلار يوقىتىلىپ، خۇدا ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ،
ئۇ چاغدا ئۇلاردا يەنە قانداق ئۈمىد بولسۇن؟
9 بالايىئاپەت ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەندە،
خۇدا ئۇلارنىڭ پەريادىغا قۇلاق سالارمۇ؟
10 ئۇلار ھەممىگە قادىر خۇدادىن خۇشاللىق تاپالامدۇ؟
ئۇلار ھەر ۋاقىت خۇداغا يېلىنىپ تۇرامدۇ؟
11 خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سىلەرگە چۈشەندۈرەي،
ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ قىلغان ئىشلىرىنى سىلەردىن يوشۇرمايمەن.

12 ئەمەلىيەتتە سىلەرمۇ ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگەن،
شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا بىمەنە گەپلەرنى
قىلىسىلەر؟

13 تەۋەندىكىلەر خۇدانىڭ رەزىللەرنىڭ بېشىغا سالغانلىرىدۇر،
ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ زوراۋانلارغا بەرگەن جازاسىدۇر.
14 ئۇلارنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى قانچە كۆپ بولسىمۇ بەربىر
قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ،
ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھېچقاچان تويۇپ ئۆتمەيدۇ.
15 ئامان قالغانلىرى ۋابا بىلەن ئۆلىدۇ،
تۇل قالغان ئاياللىرى ئۇلارغا ھازا تۇتالمايدۇ.
16 گەرچە ئۇلارنىڭ قۇم دۆۋىلىرىدەك ھەددى-ھېسابسىز
كۈمۈشلىرى،
لاي دۆۋىلىرىدەك سان-ساناقسىز كىيىم-كېچەكلىرى
بولسىمۇ،
17 ئۇ كىيىملەرنى ھەققانىيلار كىيىدۇ، كۈمۈشلىرىنى
گۇناھسىزلار خەجلەيدۇ.
18 رەزىللەرنىڭ سالغان ئۆيلىرى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئاجىز،
ئېتىزدىكى كەپىدەك ئىشەنچسىزدۇر.
19 ئۇلار بۈگۈن ئاخشام ئۇخلىغاندا باي بولسا، ئەتىسى
كۆزىنى ئاچقاندا نامراتتۇر!
20 قورقۇنچ ئۇلارنى كەلكۈندەك باسىدۇ،
بوران چاپقۇن كېچىدە ئۇلارنى سۈپۈرۈپ كېتىدۇ.
21 شەرق شامىلى ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ،
ئۇلارنى ئۆز ئورنىدىن ئېلىپ كېتىدۇ.
22 ئۇلار شامالنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ قاچقاندا، شامال ئۇلارغا
رەھىم قىلمايدۇ.
23 دەھشەتلىك بوران ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ،
پۇشتەك چېلىپ ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ.»

## ئەقىل-پاراسەت قېنى؟

28 1 كۈمۈش قازىدىغان كانلار بار، ئالتۇن تاۋلايدىغان
جايلار بار.
2 تۆمۈر يەردىن قېزىپ ئېلىنىدۇ، ئېرىتىلگەن تاشتىن مىس
چىقىرىلىدۇ.
3 ئىنسانلار قاپقاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ،
ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە چۈشۈپ،
شۇ قاراڭغۇلۇقتا رۇدا ئىزدەيدۇ.
4 ئادەملەر ئادەمزاتسىز يىراق جايلاردا،
ئادەم ئاياغ باسمىغان جايلاردا كانلار ئېچىپ،
چوڭقۇرلۇقلاردا ئارقانلارغا ئېسىلىپ، پۇلاڭلىشىدۇ.
5 يەر ئۈستىدىن ئاشلىق چىقىدۇ،
يەر ئاستىدىكى ئوت ھەممە نەرسىنى ئېرىتىدۇ.
6 يەر ئاستىدىكى تاشلاردىن كۆك ياقۇت چىقىدۇ،
قۇم ئىچىدە ئالتۇن كۆمۈلۈپ ياتىدۇ.
7 كان يولىنى ئوۋ قۇشلىرى بىلمەيدۇ،
لاچىنمۇ ئۇنى كۆرگەن ئەمەس.
8 يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇ يەرلەرگە ئاياغ باسمىغان،
شىرلارمۇ ئۇ يەرلەردىن ئۆتمىگەن.
9 ئىنسانلار قاتتىق تاشلارنى تېشىپ،
تاغ تۈۋىنى ئاچىدۇ.
10 قىيا تاشلاردىن تونېل ئېچىپ،
خەزىنىلەرنى تېپىپ چىقىدۇ.
11 ئۇلار ئېقىنلارنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ،
بايلىقلارنى نامايان قىلىدۇ.

12 لېكىن دانالىق نەدىن تېپىلىدۇ؟
ئەقىل-پاراسەت قەيەردىن كېلىدۇ؟
13 ئەقىل-پاراسەتنىڭ قىممىتىنى ئىنسان بىلمەيدۇ،
بۇ ئالەمدە ئىنسان ئۇنى تاپالمايدۇ.

14 چوڭقۇرلۇق: «ئۇ يوقتۇر مەندە» دەيدۇ،
دېڭىز: «ئۇ يوقتۇر بۇ يەردە» دەيدۇ.
15 ئەقىل-پاراسەتنى ساپ ئالتۇنغا تېگىشكىلى بولمايدۇ.
ئۇنىڭ قىممىتىنى كۈمۈش بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.
16 ئۇنىڭ قىممىتىنى ئوفىرنىڭ ئالتۇنى، قىممەتلىك
يوللۇق ھېقىق تاش ۋە كۆك ياقۇتنىڭ قىممىتى بىلەن
ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.
17 ئۇنى ئالتۇن ۋە گۆھەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.
ساپ ئالتۇن ئىدىشلار بىلەن تېگىشكىلى بولمايدۇ.
18 ئۇنى مارجان تاشلار ۋە خرۇستال بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى
بولمايدۇ.
قىزىل ياقۇتنىڭ قىممىتىمۇ ئۇنىڭغا ئەسلا يەتمەيدۇ.
19 ئۇنى كۇشتىن ئەكەلگەن توپاز بىلەن سېلىشتۇرغىلى
بولمايدۇ.
ساپ ئالتۇنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالمايدۇ.

20 ئۇنداقتا، دانالىق قەيەردىن كېلىدۇ؟
ئەقىل-پاراسەتنىڭ ماكانى نەدە؟
21 ئۇ پىنھاندۇر، مەخلۇقاتلار كۆرەلمەس،
يوشۇرۇندۇر، ئاسماندىكى قۇشلار بايقىيالماس.
22 ئۆلۈكلەر ماكانى ۋە ئۆلۈم دەيدۇ:
«بىز كوچا گەپلىرىدىن ئاڭلىغان، لېكىن كۆرۈپ
باقمىغان».

23 خۇدا بىلەر پاراسەتنىڭ يولىنى، ئۇنىڭ بار يېرىنى.
24 چۈنكى خۇدا كۆرەر زېمىنىنىڭ ئۇ چېتىنى،
كۆزىتەر پۈتكۈل ئالەمنى.
25 ئۇ شامالغا كۈچ، سۇغا سىغىمچانلىق،
26 يامغۇرغا پاسىل، چاقماقا يول بېكىتكەندە،
27 تەكشۈرۈپ كۆرۈپ،
ئەقىل-پاراسەتنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەپ مۇقىملىدى.

28 خۇدا ئىنسانلارغا شۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگارغا
ئىخلاسمەنلىك دانالىقتۇر،
رەزىللىكتىن يىراق تۇرۇش ئەقىل-پاراسەتتۇر.»

## ئايۇپنىڭ سۆزىنى داۋام قىلىشى

29 1 ئاندىن ئايۇپ يەنە مۇنداق دېدى:
2 «بۇرۇنقى كۈنلىرىمگە،
خۇدا ھالىمدىن خەۋەر ئالغان كۈنلىرىمگە قايتسام دەيمەن.
3 ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ چىرىغى بېشىمدا يېنىپ تۇراتتى،
ئۇنىڭ نۇرى قاراڭغۇدا ماڭا ھەمراھ ئىدى.
4 ئۇ چاغلار مېنىڭ قىران چاغلىرىم ئىدى.
خۇدا چېدىرىمدا يېقىن دوستۇم ئىدى.
5 ھەممىگە قادىر خۇدا ماڭا يار ئىدى.
باللىرىم ئەتراپىمدا يۈرەتتى.
6 سۈت-قايماقلىرىم ئېشىپ-تېشىپ تۇراتتى.
زەيتۇنزارلىقىمدىن زەيتۇن يېغى ئېرىق بولۇپ ئاقاتتى.
7 شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا ئولتۇرغان
ئاقساقاللار ئارىسىدىن ئورۇن ئالغىنىمدا،
8 ياشلار مېنى كۆرسە ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى.
ياشانغانلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلاتتى.
9 بەگلەر سۆزلىرىدىن توختاپ،
ئېغىزلىرىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋالاتتى.
10 ئەمەلدارلارمۇ جىم بولۇشۇپ،
تىللىرى تاڭلايلىرىغا چاپلىشىپ قالاتتى.
11 سۆزۈمنى ئاڭلىغانلار بەخت تىلىشەتتى.
مېنى كۆرگەنلەر ماختىشاتتى.
12 چۈنكى ياردەم سورىغان يوقسۇللارنى قۇتقۇزدۇم،
ئىگە-چاقىسىز يېتىملەرگە ھامىي بولدۇم.
13 سەكراتتىكى ئادەم ماڭا بەخت تىلەيتتى.
تۇل ئاياللارنىڭ قەلبىنى شادلىققا تولدۇراتتىم.
14 مەن ھەققانىيەتنى كىيىم قىلىپ كىيگەندىم.

ئادالەت ماڭا يېپىنچا ۋە باش كىيىم بولغانىدى.
15 مەن كورنىڭ كۆزى،
توكۇرنىڭ پۇتى بولدۇم.
16 نامراتلارغا ئاتا بولدۇم،
ناتونۇشلارنى ئاقلىدىم.
17 رەزىللەرنىڭ چىشنى چېقىپ،
ئاغزىدىن ئولجىسىنى تارتىۋالدىم.

18 مەن: «كۆنلىرىم قۇمدەك كۆپتۇر،
بۇ دۇنيا بىلەن خاتىرجەم ھالدا ئائىلەمدە خوشلىشىمەن،
19 يىلتىزىم سۇ بويىغىچە سوزۇلغاندۇر،
شاخلىرىم تۈن بويى شەبنەمدە يۇيۇلىدۇ.
20 شان-شەرىپىم مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدۇ،
ئوقيايمنى تارتىدىغان كۈچۈم ھېچقاچان ئاجىزلىمىدى»
دەپ ئويلىدىم.

21 ئۇ چاغدا كىشىلەر سۆزلىرىمنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتى،
نەسىھەت بېرىشىمنى سۈكۈتتە كۈتەتتى.
22 سۆزلىرىمگە ھېچكىم قوشۇمچە قىلمايتتى.
سۆزلىرىم ئۇلارنىڭ قەلب ئېتىزىغا نەمخۇشلۇق ئاتا
قىلاتتى.
23 ئۇلار يامغۇرغا تەلپۈنگەندەك ماڭا تەلپۈنەتتى.
باھار يامغۇرىغا تەشنا بولغاندەك سۆزلىرىمگە تەشنا
بولاتتى.
24 مەن ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىسەم، ئۇلار كۆزلىرىگە
ئىشىنەلمەي قىلاتتى،
چېھرىمدىكى نۇرنى قەدىرلەيتتى.
25 ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان يېتەكچى ئىدىم.
خۇددى پادىشاھ لەشكەرلىرى ئارىسىدا ياشىغاندەك
ياشىغانىدىم.

قايغۇرۇپ ھەسرەتتە قالغانلارنىڭ تەسەللى بەرگۈچىسى
ئىدىم.

30 [1] ئەمدى بۇگۈن مەندىن كىچىكلەرمۇ
مېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ.
مەن ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى كۆزگە ئىلمايتتىم،
ھەتتا قويلىرىمغا قارايدىغان ئىتلىرىم قاتارىدىمۇ
كۆرمەيتتىم.
[2] ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى ماجالىدىن كەتكەنلەردۇر،
ماڭا ئۇلارنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟
[3] ئۇلار ئاچ-يالىڭاچ، ئاجىز يوقسۇللار ئىدى،
كېچىلىرى چۆل-باياۋانلاردا قۇرغاق يېمەكلىك غاجايتتى.
[4] ئوت-چۆپلەر ئارىسىدىن تۇزلۇق ئوت-چۆپلەرنى تېرىپ
يەيتتى،
چاتقاللارنىڭ يىلتىزى بىلەنمۇ ئوزۇقلىناتتى.
[5] ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ،
خۇددى ئوغرىلاردەك ئەيىبلىنەتتى.
[6] ئۇلار پەقەت قاقاس جىلغا،
غار ۋە ئۆڭكۈرلەردە پاناھلىناتتى.
[7] ئۇلار چاتقاللىقلاردا خۇددى ياۋايى ھايۋانلاردەك
ھۇۋلىشىپ،
توپلىشىۋالاتتى.
[8] ئۇلار نادان، ئاتاقسىزلارنىڭ پۇشتى بولۇپ،
قامچا بىلەن زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىلغانىدى.

[9] ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ باللىرى ناخشىلىرى بىلەن مېنى
مەسخىرە قىلماقتا،
مەن ئۇلارنىڭ مەسخىرە نىشانىغا ئايلىنىپ قالدىم.
[10] ئۇلار مەندىن سەسكىنىدۇ، ماڭا يېقىنلىشىشنى خالىمايدۇ،
خالىغانچە يۈزۈمگە تۈكۈرىدۇ.
[11] خۇدا كۈچۈمنى كەستى، مېنى يەرگە ئۇردى،
شۇڭا ئۇلار مەندىن تەپ تارتمايدۇ.

12 بۇ مۇتتەھەملەر ماڭا ئوڭ تەرىپىمدىن ھۇجۇم قىلىپ،
مېنى قېچىشقا مەجبۇر قىلماقچى ۋە يوقاتماقچى
بولۇۋاتىدۇ.
13 ئۇلار يولۇمنى توراپ، ماڭا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ،
ئۇلارنى توختىتىدىغان ئادەم بولمىدى.
14 ئۇلار خۇددى سېپىلنى بۆسۈپ ئۆتكەندەك،
خارابە ئىچىدىن ماڭا ئېتىلىپ كەلدى.
15 مېنى قورقۇنچ باستى،
ئىززەت-ھۆرمىتىم شامالدا ئۇچۇپ كەتتى،
نىجاتلىقىم بۇلۇتتەك تاراپ كەتتى.

16 ئەمدى ھاياتىم ئاخىرلىشاي دېدى،
ئازابلىق كۈنلەر مېنى ئىلكىگە ئالدى.
17 كېچىدە قاتتىق ئاغرىق ئۇستىخانلىرىمغا
توختاۋسىز سانجىلار.
18 خۇدا كۈچ بىلەن مەھكەم تۇتۇپ، ياقامدىن سىقتى.
19 خۇدا مېنى پاتقاققا تاشلىۋەتتى،
مەن خۇددى چاڭ-توزان ۋە كۈلدەك بولۇپ قالدىم.
20 ئى خۇدا، نالە قىلسام جاۋاب بەرمىدىڭ،
ئالدىڭدا تۇرسام قاراپ قويمىدىڭ.
21 سەن ماڭا شەپقەتسىزلىك قىلىۋاتىسەن،
قۇدرەتلىك قولۇڭ بىلەن زىيانكەشلىك قىلىۋاتىسەن.
22 مېنى كۆتۈرۈپ شامالغا تاشلاپ بەردىڭ،
قارا بوران مېنى ئۇيان-بۇيان تاشلىماقتا.
23 بىلىمەن، سەن مېنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىسەن،
بۇ سېنىڭ بارلىق ھاياتلىققا پۈتكەن قىسمىتىڭدۇر.

24 دەرۋەقە، بەختسىزلەر قىيىن ئەھۋالدا نالە قىلسا،
ھېچكىم ئۇلارغا قول ئۇزارتىپ زىيانكەشلىك قىلمايدۇ.
25 ئەجەبا، مەن جاپا چەككەنلەر ئۈچۈن يىغلىماسمەنمۇ،
يوقسۇللار ئۈچۈن پۇچىلانماسمۇ؟

26 بەختكە ئىنتىلسەم بالا-قازاغا ئۇچرىدىم،
يورۇقلۇقنى تەلپۈنسەم قاراڭغۇدا قالدىم.
27 كۆڭلۈم دائىم پاراكەندە،
ئېغىر كۈنلەر بېسىپ كەلمەكتە.
28 قۇياشنىڭ نۇرى بولمىغان زۇلمەتتە يۈرۈپتىمەن،
جامائەتنىڭ ئارىسىدا نالە قىلماقتىمەن.
29 مەن چىلبۆرىنىڭ قېرىندىشى،
ھۇۋقۇشنىڭ ھەمراھى بولۇپ قالدىم.
30 قارايغان تېرىلىرىم تۆكۈلمەكتە،
ئۇستىخانلىرىم ئوت بولۇپ كۆيمەكتە.
31 لىرام ماتەم مۇزىكىسىغا جور بولماقتا،
نېيىم نالە قىلماقتا.»

## ئايۇپنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنى ئاقلىشى

31 1 «مەن قىز-ئاياللارغا شەھۋانىيلارچە قارىمايمەن، دەپ
كۆزلىرىم بىلەن ئەھدە تۈزدۈم.
2 مەن ئەرشتىكى خۇدادىن ئالىدىغان نېسىۋەم نېمە؟
ھەممىگە قادىر ئەرشئەلادىكى خۇدانىڭ ماڭا بېرىدىغان
ئۈلۈشى نېمە؟
3 ئەجەبا ئادالەتسىزلەرگە ئاپەت،
رەزىللەرگە بالا-قازا بەرمەسمۇ؟
4 خۇدا ماڭىدىغان يولۇمنى كۆزىتىپ،
پۈتكۈل باسقان قەدەملىرىمنى سانىماسمۇ؟

5 مەن قانداقسىگە ساختىلار بىلەن بىرگە سەپەر قىلىمەن؟
قەدەملىرىم قانداقلارچە كاززاپلارغا ئەگەشسۇن؟
6 خۇدانىڭ مېنى ئادالەتنىڭ ئادىل تارازىسىغا سېلىپ،
مېنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى بىلىشىنى خالايمەن.
7 ئەگەر پۇتۇم ھەقىقەت يولىدىن چەتنەپ،
كۆزلىرىم يامانلىققا ئىنتىلىپ،
قوللىرىم جىنايەت بىلەن بۇلغانغان بولسا،

8 زىرائەتلىرىم باشقىلارغا نېسىپ بولسۇن.
ئېتىزدىكى زىرائەتلىرىم يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ تاشلانسۇن.

9 ئەگەر قەلبىم ئايالىلارغا مەستانە بولۇپ،
قوشنامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پايلاپ تۇرغان بولسام،
10 ئايالىم باشقىلارنىڭ بۇغدىيىنى يانجىسۇن،
باشقىلارنىڭ قوينىدا ياتسۇن.
11 چۈنكى بۇ چوڭ رەزىللىك، سوتقا تارتىلىدىغان
جىنايەتتۇر.
12 ئۇ ھالاكەتلىك ئوتقا ئايلىنىپ،
پۈتۈن بىساتىمنى يالماپ يۇتىدۇ.

13 چاكارلىرىم ئۆستۈمدىن ئەرز قىلسىمۇ،
ئادىل مۇئامىلە قىلمەن.
14 بولمىسا خۇدا ھېساب ئالغاندا قانداق قىلمەن؟
سوراق قىلغاندا قانداق جاۋاب بېرىمەن؟
15 مېنى ياراتقان خۇدا ئۇلارنىمۇ ياراتمىدىمۇ؟
ئۇ بىزنى ئانىمىزنىڭ قورسىقىدا ئاپىرىدە قىلمىدىمۇ؟

16 مەن يوقسۇللارنىڭ ئۆتۈنۈشىنى رەت قىلىپ،
تۇل ئاياللارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويدۇممۇ؟
17 ياكى تائاملىرىمنى يالغۇز ئۆزۈملا يەپ،
يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىدىممۇ؟
18 مەن ياشلىقىمدىنلا يېتىملەرگە ئاتا بولدۇم،
ئۆمرۈم بويى تۇل ئاياللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىم.
19 ئەگەر بىرسىنىڭ كىيىمسىز توڭلاپ ئۆلمەكچى
بولۇۋاتقانلىقىنى،
ياكى ئۇچىسى يالاڭ يوقسۇلنى كۆرۈپ تۇرۇپ،
20 قوي يۇڭلىرىمنى ئۇنىڭ ئىسسىنىشى ئۈچۈن بەرمەي،
ئۇنى نارازى قىلغان بولسام،
21 شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى ھوقۇقۇمدىن پايدىلىنىپ،

يىتىملەرگە قول كۆتۈرگەن بولسام،
22 بىلىكىم مۈرەمدىن ئاجراپ كەتسۇن،
قولۇم سۇنۇپ كەتسۇن.
23 مەن بۇنداق ئىشلارنى قىلمىدىم.
چۈنكى مەن خۇدانىڭ بالا-قازاسىدىن قورقىمەن،
ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى كۆتۈرەلمەيمەن.

24 ئەگەر مەن ئالتۇنغا ئۈمىد باغلاپ،
ئالتۇننى يۆلەنچۈك قىلغان بولسام،
25 بايلىقىمنىڭ كۆپلۈكىدىن،
مال-مۈلۈكۈمنىڭ زىيادىلىكىدىن پەخىرلەنگەن بولسام،
26 پارلاق قۇياشنى،
ھەرىكەتلىنىۋاتقان تولۇن ئاينى كۆرۈپ،
27 قەلبىمدىن ئۇلارغا يوشۇرۇن مەستانە بولۇپ،
ئۇلارغا چوقۇنۇپ، قولۇمنى سۆيگەن بولسام،
28 سوراققا لايىق گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولاتتىم،
چۈنكى بۇ ئەرشتىكى خۇدادىن تانغانلىقتۇر.

29 مەن قانداقسىگە دۈشمەنىنىڭ بالاسىدىن شادلىناي،
ئۇلارنىڭ قازاسىدىن خۇشاللىناي؟
30 مەن ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ قارغىمىدىم،
ئېغىز گۇناھى ئۆتكۈزۈشتىن ساقلاندىم.
31 چېدىرىمدىكىلەر ئەزەلدىن مېنىڭ باشقىلارنى ئاچ
قالدۇرمىغىنىمغا گۇۋاھتۇر.
32 ئىشىكىم يولدىن ئۆتكەنلەرگە ئوچۇق بولدى،
ھېچكىم سىرتتا قونۇپ قالمىدى.
33 باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى يوشۇرىدۇ،
لېكىن مەن گۇناھلىرىمنى ھەرگىز يوشۇرۇپ باقمىدىم.
34 ئەجەبا، مەن جامائەتتىن قورقۇپ،
جەمەتىمنىڭ كەمسىتىشىدىن ئەنسىرەپ،
ئۆيدىن چىقماي، ئۈن-تىنسىز يۈردۈممۇ؟!

35 كاشكى، ئەرزىمنى ئاڭلايدىغان بىرى بولسا ئىدى!
قارا، بۇ يەرگە ئىمزايىمنى قويدۇم، ھەممىگە قادىر خۇدا
ماڭا جاۋاب بەرسۇن!
ئۈستۈمدىن ئەرز قىلغۇچى ئەرزىنى يازسۇن!
36 مەن ئەرزنى دۈمبەمگە ئارتىۋالىمەن،
خۇددى تاجدەك بېشىمغا كىيىۋالىمەن.
37 مەن خۇددى شاھزادىلەردەك ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمەن،
قىلغان ئەتمىشلىرىمدىن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىمەن.

38 ئەگەر ئېتىزلىرىم ماڭا قارشى پەرياد قىلىپ،
چۆنەكلىرى يىغلاپ تۇرۇپ ئەرز قىلسا،
39 يەرنىڭ ھەققىنى بەرمەي، مەھسۇلاتلىرىنى يېگەن
بولسام،
ياكى يەر ئىگىلىرىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان بولسام،
40 بۇغداي ئورنىغا تىكەنلەر،
ئارپىنىڭ ئورنىغا ياۋايى ئوت-چۆپلەر ئۈنسۇن!»

شۇنىڭ بىلەن ئايۇپنىڭ سۆزلىرى تۈگىدى.

## ئەلىھۇنىڭ ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستىنى ئەيىبلىشى

32 [1] ئايۇپنىڭ ئۆزىنى گۇناھسىز دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرگەن
بۇ ئۈچ دوستى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتىن توختىدى.
[2] شۇ چاغدا رام جەمەتىدىن بولغان بۇزلۇق باراكئېلنىڭ ئوغلى
ئەلىھۇنىڭ ئايۇپقا ئاچچىقى كەلدى. چۈنكى ئايۇپ ئۆزىنى
ھەقلىق دەپ قاراپ، خۇدادىن ئاغرىنغانىدى. [3] ئۇنىڭ ئايۇپنىڭ بۇ
ئۈچ دوستىغىمۇ ئاچچىقى كەلدى. چۈنكى ئۇلار ئايۇپقا رەددىيە
بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۇنى ئەيىبلەپ تۇراتتى.
[4] ئەلىھۇنىڭ يېشى ئۇلاردىن كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن
كېيىن پىكىر بايان قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. [5] بۇ ئۈچەيلەننىڭ
ئايۇپنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ
ئاچچىقى كەلدى.

6 بۇزلۇق باراكئېلنىڭ ئوغلى ئەلىھۇ مۇنداق دېدى:
«مەن ياش، سىلەر مەندىن چوڭ بولغاچقا، قاراشلىرىمنى
بايان قىلىشقا پېتىنالمىغانىدىم.
7 يېشى چوڭلار سۆزلىسۇن، تەجرىبىلىكلەر ئەقىل-
پاراسەتلىك بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.
8 لېكىن ئىنسانغا ئەقىل-پاراسەت بېرىدىغىنى
ئىنساندىكى روھتۇر، يەنى ھەممىگە قادىر خۇدادىن
كەلگەن نەپەستۇر.
9 ياشانغانلارنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇشى،
يېشى چوڭلارنىڭ ھەق-ناھەقنى چۈشىنىشى ناتايىن.
10 شۇڭا سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار.
مەنمۇ قاراشلىرىمنى بايان قىلىپ باقاي.

11 سىلەر سۆزلىگەندە جىم تۇردۇم،
سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلىدىم.
ھەربىر ھېكمەتلىك سۆزلەر ھەققىدە ئويلانغىنىڭلاردا
كۈتۈپ تۇردۇم.
12 مەن ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ،
ھېچقايسىڭلارنىڭ ئايۇپقا رەددىيە
ۋە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىڭلارنى بايقىدىم.
13 سىلەر ‹بىز ئەقىل تاپتۇق، ئايۇپنى بىز ئەمەس بەلكى خۇدا
قايىل قىلسۇن› دېمەڭلار.
14 ئايۇپ مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىپ باقمىدى،
مەن ئۇنىڭغا سىلەرگە ئوخشاش جاۋاب بەرگۈم يوق.

15 ئەي ئايۇپ، ئۇلار ھودۇقۇپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي
جىمىپ قالدى،
دېيىشكە گەپمۇ تاپالمىدى.
16 ئەجەبا ئۇلار زۇۋان سۈرمەي، جىمىپ قالسا،
مەنمۇ كۈتۈپ تۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟
17 مەن جاۋاب بېرىشىم،

ئۆزۈمنىڭ قاراشلىرىنى بايان قىلىشىم كېرەك.
18 ئىچىم گەپكە توشۇپ كەتتى،
روھىم مېنى سۆزلەشكە ئۈندىمەكتە.
19 ئىچىم يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان شاراب تۇلۇمىغا
ئوخشاپ قالدى.
خۇددى شارابقا لىق تولغان تۇلۇمدەك يېرىلىپ كېتەي
دېدىم.
20 مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم، سۆزلىمىسەم بولمايدۇ،
ئېغىز ئېچىپ جاۋاب بەرگۈم بار.
21 مەن ھېچكىمگە يۈز-خاتىر قىلمايمەن
ھەم ھېچكىمگە خۇشامەت قىلمايمەن.
22 مەن خۇشامەت قىلىشقا ماھىر ئەمەسمەن.
ئەگەر خۇشامەت قىلىشقا ماھىر بولغان بولسام،
ياراتقۇچىم مېنى بىردەمدىلا يوق قىلىۋېتەتتى.»

## ئەلىھۇ: خۇدا ئادەملەرنى تەربىيەلەيدۇ

33 1 «ئەي ئايۇپ، سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغىن،
دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغىن.
2 مەن ئېغىزىم ئېچىپ سۆزلەي،
سۆزلەر تىلىمنىڭ ئۇچىدا تىزىلىپ تۇرۇپتۇ.
3 سۆزلىرىم پاك قەلبىمدىن چىقىدۇ،
ئېغىزىم سەمىمىيەتنى سۆزلەيدۇ.
4 خۇدانىڭ روھى مېنى ياراتتى،
ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ نەپسى ماڭا ھايات بەردى.
5 ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە ماڭا رەددىيە بەرگىن.
ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇپ، مەن بىلەن مۇنازىرىلەشكىن.
6 خۇدانىڭ ئالدىدا پەرقىمىز يوقتۇر،
مەنمۇ ساڭا ئوخشاش لايدىن يارىتىلدىم.
7 شۇڭا سەن مەندىن قورقمىغىن،
مەن ساڭا بېسىم قىلمايمەن.

8 گەپلىرىڭ قۇلىقىمغا كىردى،
ھەممە سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم.
9 مەن سېنىڭ: «مەن پاك، گۇناھسىزمەن،
مەن ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدىم، ئەيىبسىزمەن،
10 خۇدا پەقەت خاتالىقلىرىمنى تاللاپ،
مەن بىلەن دۈشمەنلەشتى.
11 ئۇ پۇتلىرىمنى كىشەنلەپ،
ھەممە يولۇمنى كۆزەتتى» دېگىنىڭنى ئاڭلىدىم.

12 لېكىن مەن ساڭا جاۋاب بېرەي، سۆزلىرىڭ يولسىزلىقتۇر،
چۈنكى خۇدا ئىنسانلاردىن بۈيۈكتۇر.
13 سەن نېمىشقا خۇدادىن ئاغرىنىسەن،
نېمىشقا ئۇنى «ئەرزلىرىمگە جاۋاب بەرمەيدۇ» دەيسەن؟
14 خۇدا ھەر خىل ئۇسۇلدا سۆزلەيدۇ،
ئەمما ئادەم بىلمەيدۇ.
15 كىشىلەر تۆشكىدە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە،
خۇدا چۈش ۋە غايىبانە ئالامەتلەردە
16 ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېچىپ
ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن قورقۇتۇپ،
17 گۇناھلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ،
تەكەببۇرلۇقتىن ساقلايدۇ.
18 روھلىرىنى چوڭقۇر گۆردىن،
ھاياتىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالىدۇ.

19 خۇدا ئىنسانلارغا ئاغرىق بېرىپ،
ئۇستىخانلىرىنى سىرقىرىتىپ ئاغرىتىپ تەربىيەلەيدۇ.
20 ئادەمنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ،
لەززەتلىك تائاملاردىنمۇ بىزار بولىدىغان بولۇپ قالىدۇ.
21 ئادەم كۈنسېرى ئورۇقلاپ،
قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالىدۇ.
22 روھى گۆر ئېغىزىغا،

هاياتى ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ.
23 ئەگەر مىڭلىغان پەرىشتىلەر ئىچىدىن بىرى
كېلىشتۈرگۈچى بولۇپ،
ئادەمگە ياردەملىشىپ، دۇرۇس يولنى ئۆگەتسە
24 ۋە ئىچ ئاغرىتىپ خۇداغا:
‹ئى خۇدا، ئۇنى قەبرىدىن قۇتقۇزغىن،
مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەش يولىنى تاپتىم› دېسە،
25 ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەت-تېرىلىرى خۇددى بالىلارنىڭكىدەك
يۇمرانلىشىپ،
ياشلىق هاياتىي كۈچى ئەسلىگە كېلىدۇ.
26 ئۇ دۇئا قىلسا، خۇدا خۇرسەن بولىدۇ.
ئۇ خۇشال هالدا خۇدانىڭ هۇزۇرىغا كىرىپ،
خۇدانىڭ نەزىرىدە يەنە بىر قېتىم هەققانىي ئادەمگە
ئايلىنىدۇ.
27 ئۇ خۇشاللىقىدىن كىشىلەر ئالدىدا ناخشا ئېيتىپ:
‹مەن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ،
هەقىقەت يولىدىن چەتنەپ كەتكەن بولساممۇ،
خۇدا مېنى گۇناھىمغا لايىق جازالىمىدى،
28 ئۇ مېنى قۇتقۇزۇپ، ئۆلۈمدىن خالاس قىلىپ،
هاياتىمغا يورۇقلۇق ئاتا قىلدى› دەيدۇ.

29 شۇنداق، خۇدا ئىنسانلار ئۈچۈن كۆپ قېتىم شۇنداق
قىلىدۇ،
بىر قېتىم ئەمەس، ئىككى قېتىم ئەمەس، كۆپ قېتىم
قىلىدۇ.
30 ئۇ ئىنسانلارنى گۆر ئاغزىدىن قۇتقۇزۇپ،
هاياتىنى پارلاق نۇرغا چۆمدۈرمەكتە.
31 ئەي ئايۇپ، سۆزلىرىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغىن،
ئۈن چىقارما، مەن سۆزلەي.
32 ئەگەر سۆزۈڭ بولسا ماڭا دېگىن،

گەپ قىلغىن، مەن سېنىڭ گۇناھتىن ئاقلانغىنىڭنى
كۆرگۈم بار.
33 گېپىڭ بولمىسا سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن،
ئۈن چىقارما، مەن ساڭا دانالىقنى ئۆگىتەي.»

## ئەلىھۇ: خۇدا ھەرگىز رەزىللىك قىلمايدۇ

34 1 ئەلىھۇ يەنە مۇنداق دېدى:
2 «ئەي ئۆزىنى دانىشمەن ساناydىغانلار، سۆزۈمنى
ئاڭلاڭلار.
ئەي ئۆزىنى ئەقىللىق دەپ ئويلىغانلار، سۆزۈمگە قۇلاق
سېلىڭلار.
3 تىل تائامنىڭ تەمىنى تېتىغاندەك،
قۇلاق سۆزلەرنى پەرقلەندۈرىدۇ.
4 بىز ھەقىقەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈپ
باقايلى.
بىرلىكتە نېمىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى تونۇپ باقايلى.
5 ئايۇپ: ‹مەن گۇناھسىز، خۇدا ماڭا ئادىل بولمىدى.
6 گەرچە مېنىڭ يوللۇق بولسىمۇ، لېكىن مېنى يالغانچى
دەپ قارىدى.
ئەيىبسىز بولسامۇ، ماڭا ئەجەللىك زەربە بەردى› دەيدۇ.
7 ئايۇپتەك يەنە بىرى بارمۇ؟
ئاغزىدىن كۇپۇرلۇق سۇدەك ئاقىدۇ.
8 ئۇ رەزىللەرنىڭ ئارىسىدا بولدى،
يامانلارغا ھەمراھ بولدى.
9 ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:
‹خۇدانى خۇرسەن قىلىشنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق›.

10 شۇڭا ئاقىللار سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار،
خۇدا ھەرگىز رەزىللىك قىلمايدۇ.
ھەممىگە قادىر خۇدا ھەرگىز ئادالەتسىزلىك قىلمايدۇ.
11 ئۇ ئادەمنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ ئىش كۆرىدۇ.

ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە يارىشا جازا ياكى ئىنئام بېرىدۇ.
12 خۇدا ھەرگىز رەزىللىك قىلمايدۇ،
ھەممىگە قادىر خۇدا ئادالەتنى زىنھار ئاستىن-ئۈستۈن
قىلمايدۇ.
13 بىركىم ئۇنى يەر-زېمىننى باشقۇرۇشقا،
بۇ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەنمىدى؟
14 ئەگەر خۇدا ئۆزىنىڭ روھىنى ۋە نەپىسىنى قايتۇرۇۋېلىشنى
قارار قىلسا،
15 بارلىق ھاياتلىق بىراقلا ھالاك بولۇپ،
ئىنسانلار تۇپراققا قايتقان بولار ئىدى.

16 ئەقىللىق بولساڭ سۆزۈمنى ئاڭلا،
سۆزلىرىمگە قۇلاق سال.
17 خۇدا ئادالەتتىن نەپرەتلەنگەن بولسا، ھۆكۈمران بولالامدۇ؟
سەن ھەققانىي ۋە بۈيۈك خۇدانى ئەيىبلەمسەن؟
18 ئۇ پادىشاھلارنى «يارىماس»،
ئېسىلزادىلەرنى «رەزىللەر» دېيەلەيدۇ.
19 ئۇ ھۆكۈمرانلارغا يان باسمايدۇ،
باينى كەمبەغەلدىن ئۈستۈن كۆرمەيدۇ.
چۈنكى ئۇ ھەممىنى ئۆز قولى بىلەن ئاپىرىدە قىلغاندۇر.
20 ئۇلار توساتتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ،
تۈن يېرىمىدا بىر سىلكىنىپلا ئۆلۈپ كېتىدۇ،
مۆتىۋەرلەرمۇ ئىنساننىڭ ياردىمىسىز يوق قىلىنىدۇ.

21 خۇدا ئىنسانلارنىڭ يولىنى كۆزىتىپ،
پۈتكۈل قەدەملىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.
22 رەزىللەر يوشۇرۇنغۇدەك قاراڭغۇلۇق ياكى يوشۇرۇن جاي
تاپالمايدۇ.
23 خۇدانىڭ ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا سوتلىشى ئۈچۈن
تەپسىلىي كۆزىتىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.
24 ئۇ ھوقۇقدارلارنى تەكشۈرمەستىن يىقىتىپ،

ئورنىغا باشقىلارنى قويالايدۇ.
25 ئەلۋەتتە، خۇدا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بىلىدۇ.
ئۇلارنى كېچىدە يىقىتىپ، بىتچىت قىلالايدۇ.
26 خۇدا ئۇلارنىڭ رەزىللىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ئوچۇق-ئاشكارا
ئۇرىدۇ.
27 چۈنكى ئۇلار خۇدادىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەق يولىدىن
چەتنىدى.
28 ئاشۇ رەزىللەرنىڭ دەستىدىن نامراتلارنىڭ نىدالىرى خۇداغا
يېتىپ باردى.
ئۇ موھتاجلارنىڭ نىدالىرىنى ئاڭلايدۇ.
29 ئەگەر خۇدا سۈكۈتتە تۇرۇۋالسا، كىممۇ ئۇنى تەنقىد
قىلالايدۇ؟
ئەگەر ئۇ دىدارىنى يوشۇرۇۋالسا، كىممۇ ئۇنى كۆرەلەيدۇ؟
لېكىن ئۇ مەيلى بىر ئادەم، مەيلى بىر خەلق بولسۇن،
ئۇ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ،
30 خەلقلەرنى قىلتاققا دەسسەتمەسلىك ئۈچۈن
ئىمانسىزلارنىڭ پادىشاھ بولۇشىغا يول قويمايدۇ.

31 كىم خۇداغا: ‹مەن گۇناھىمنى ئۈستۈمگە ئالدىم، ئەمدى
خاتالىق سادىر قىلمايمەن،
32 بىلمەيدىغانلىرىمنى ماڭا ئۆگەتكىن،
ئەگەر مەن رەزىللىك قىلغان بولسام، قايتا قىلمايمەن› دەپ
باقتى؟
33 ئەجەبا، سەن ئۇنىڭ يولىنى تۇتمىساڭ،
خۇدا سېنىڭ رايىڭغا باقامدۇ؟
تاللاشقا دۇچ كەلگىنى سەن، مەن ئەمەسمەن!
سەنمۇ پىكرىڭنى دەپ باققىن.
34 ئاقىللار ۋە سۆزۈمنى ئاڭلىغان دانىشمەنلەر مۇنداق دەيدۇ:
35 ‹ئايۇپ بىلمىسزلەردەك گەپ قىلدى،
ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەھمىيەتسىزدۇر.

36 ئايۇپ رەزىللەردەك جاۋاب بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىرغىچە
سىنالسۇن.
37 ئايۇپ ئاسىيلىق قىلىپ، گۇناھىغا يەنە گۇناھ قوشتى،
ئۇ ئارىمىزدا تۇرۇپ خۇدانى مەسخىرە قىلىپ،
ئۇنىڭغا قارشى نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدى.››»

## ئەلىھۇنىڭ ئايۇپنى داۋاملىق ئەيىبلىشى

35 1 ئەلىھۇ يەنە مۇنداق دېدى:
2 «ئەي ئايۇپ، سەن مېنىڭ دۇرۇس، خۇدانىڭ خاتا،
دېگەنىدىڭ،
سېنىڭچە بۇ توغرىمۇ؟
3 سەن خۇداغا: ‹گۇناھسىزلىقىم ماڭا نېمە پايدا ئېلىپ
كېلىدۇ؟
گۇناھ سادىر قىلمىسام قانداق ياخشىلىققا ئېرىشىمەن؟›
دېگەنىدىڭ.
4 ساڭا ۋە سېنىڭ دوستلىرىڭغا مەن جاۋاب بېرەي.
5 ئاسمانغا قارا، ئېگىزدىكى بۇلۇتلارغا قاراپ باق.
6 ئەگەر سەن گۇناھ قىلساڭ خۇداغا قانداق زەرەر يېتەر؟
گۇناھلىرىڭ دۆۋىلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ خۇداغا نېمە
تەسىرى بولسۇن؟
7 ئەگەر سەن ھەققانىي بولساڭ، خۇداغا نېمە پايدىسى
بولسۇن؟
خۇدا سەندىن نېمە مەنپەئەت ئالسۇن؟
8 سېنىڭ گۇناھلىرىڭ پەقەت ئىنسانلارغىلا زىيان يەتكۈزىدۇ،
ھەققانىيىتىڭ پەقەت پانىي دۇنيادىكى ئىنسانلارغىلا
مەنپەئەت بېرىدۇ.

9 كىشىلەر خىلمۇخىل زۇلۇملارغا ئۇچرىغاندا ۋارقىرايدۇ.
ھوقۇقدارلارنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلگەنلەر ياردەم تىلەيدۇ.
10 لېكىن ھېچكىم: ‹مېنى ياراتقان خۇدا نەدە؟› دەپ
سورىمايدۇ.

كېچىلىرى ئۆزلىرىگە ئۈمىد بەرگەن خۇداغا ئىلتىجا
قىلمايدۇ.
11 خۇدا ئىنساننى هايۋاندىن ئەقىللىق ياراتتى.
ئاسماندىكى قۇشلاردىنمۇ پاراسەتلىك قىلدى.
12 لېكىن ئۇلار رەزىل ۋە هاكاۋۇر بولغانلىقى ئۈچۈن،
ئۇلار ياردەم سوراپ ئىلتىجا قىلغاندا، خۇدا ئۇلارغا جاۋاب
بەرمەيدۇ.
13 خۇدا ساختا نىدالارغا قۇلاق سالمايدۇ،
هەممىگە قادىر خۇدا ئۇلارغا پەرۋا قىلمايدۇ.
14 شۇڭا سەن: ‹مەن خۇدانى كۆرمىدىم،
مېنىڭ ئىشلىرىم ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇ
مېنى ساقلىتىدۇ› دېسەڭ،
ئۇ چوقۇم پەرۋا قىلمايدۇ.
15 سەن يەنە: ‹خۇدا گۇناھكارلارنى غەزىپى بىلەن
جازالىمايدۇ،
ئۇلار بىلەن كارى بولمايدۇ› دەيسەن.
16 ئەي ئايۇپ، سېنىڭ ئېغىز ئېچىپ بۇلارنى دېيىشىڭ
بىمەنىلىكتۇر،
كۆپ سۆزلىرىڭ ئەهمىيەتسىزدۇر!»

## ئەلىھۇنىڭ خۇدانىڭ ئادالىتىنى قوغدىشى

36
1 ئەلىھۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇنداق دېدى:
2 «ماڭا يەنە ئازراق ۋاقىت بەرگىن، مەن ساڭا
چۈشەندۈرەي.
خۇدا ئۈچۈن دەيدىغان سۆزلىرىم بار.
3 مەن كۆپ تەرەپتىن نەقىل كەلتۈرۈپ،
مېنى ياراتقان خۇدانىڭ هەققانىيلىقىنى ئىسپاتلايمەن.
4 سۆزلىرىم ئاساسسىز ئەمەستۇر،
مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بىرى يېنىڭدا تۇرۇپتۇ.

5 خۇدا بۈيۈكتۇر، ئۇ هېچكىمنى كەمسىتمەيدۇ.

خۇدا بۈيۈكتۇر، ئۇ ئىرادىسىدىن يانمايدۇ.
6 ئۇ رەزىللەرنىڭ ياشىشىغا يول قويمايدۇ،
يوقسۇللارغا ئادالەت بېرىدۇ.
7 ئۇ داۋاملىق ھەققانىيلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ،
ئۇلارنى ھۆكۈمرانلار قاتارىدا ئېسىل ئورۇنلاردا
ئولتۇرغۇزۇپ،
مەڭگۈ ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ.
8 ئەگەر ئۇلار كىشەنلىنىپ،
ئازاب تانىلىرىدا باغلانغان بولسا،
9 خۇدا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىپ
بېرىدۇ.
ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە تەكەببۇرلۇقىنى بىلدۈرۈپ
قويىدۇ.
10 ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېچىپ تەلىم بېرىدۇ،
يامانلىقتىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.
11 ئەگەر ئۇلار خۇداغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلسا،
بىر ئۆمۈر بەختلىك بولۇپ، كۆڭۈللىرىنى خاتىرجەملىك
ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ.
12 لېكىن ئۇلار خۇداغا بويسۇنمىسا، قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ،
بىلىمسىز ھالدا ھالاك بولىدۇ.

13 ئىمانسىزلارنىڭ قەلبى غەزەپكە تولغان بولىدۇ،
جازالانسىمۇ شاپائەت تىلىمەيدۇ.
14 ئۇلارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ،
ھاياتى نومۇس ئىچىدە تۈگىشىدۇ.
15 خۇدا ئازابلانغانلارنى ئازابلىرى ئارقىلىق قۇتقۇزىدۇ،
مۇشكۈلاتلار ئارقىلىق قۇلاقلىرىنى ئاچىدۇ.

16 خۇدا سېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ
ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈپ،
ئېسىل تائاملار بىلەن ھوزۇرلاندۇرۇشنى خالايتتى.

17 لېكىن سەن ھازىر رەزىللەرگە ئوخشاش جازايىڭنى
تارتىۋاتىسەن.
خۇدانىڭ ئادىل ھۆكۈمىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن.
18 ئاگاھ بول، ھېچكىم سېنى بايلىقى بىلەن ئازدۇرمىسۇن،
ئالغان پاراڭنىڭ كۆپلۈكى سېنى ھەق يولدىن
ياندۇرمىسۇن.
19 ئەجەبا، بايلىقلىرىڭ ۋە ئۆز كۈچۈڭ سېنى مۇشكۈلاتتىن
قۇتۇلدۇرالامدۇ؟
20 تۈننىڭ كېلىشىنى، يەنى خەلق ھالاك بولىدىغان ۋاقىتنىڭ
كېلىشىنى ئارزۇ قىلما.
21 ئاگاھ بول، گۇناھ يولىنى تۇتما!
چۈنكى خۇدا سېنى بۇ يولدا ماڭمىسۇن دەپ، بېشىڭغا بۇ
ئازابنى چۈشۈردى.

22 قارا، خۇدا ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ.
كىممۇ ئۇنىڭدەك ئىنسانغا تەلىم بېرەلەيدۇ؟
23 كىم ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؟
كىم ئۇنىڭغا ‹سەن خاتا قىلدىڭ› دەپ ئېيتالايدۇ؟
24 سەن ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ماختاشنى ئۇنتۇما،
كىشىلەر ئۇنىڭغا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتقاندۇر.
25 خۇدانىڭ قىلغانلىرىنى پۈتكۈل ئىنسان كۆردى،
كىشىلەر يىراقتىن نەزەر سالماقتا.
26 خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىشكە قادىر ئەمەسمىز،
ئۇنىڭ يىللىرىنى سانىغىلى بولمايدۇ.
27 خۇدا سۇ تامچىلىرىنى يىغىپ،
ئۇنى يامغۇرغا ئايلاندۇرىدۇ.
28 بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغدۇرۇپ،
ئىنسانلارنى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن قىلىدۇ.
29 ئۇنىڭ بۇلۇتلارنى تارقىتىپ،
ئۆز ماكانىدا تۇرۇپ چاقماق چاقتۇرۇشىنى كىم
چۈشىنەلەيدۇ؟

30 ئۇنىڭ تۆت ئەتراپقا ياندۇرغان چاقماقلىرى
دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىنىمۇ يورۇتالايدۇ.
31 خۇدا مۇشۇنداق كۈچ-قۇدرىتى بىلەن خەلقلەرنى
باشقۇرۇپ،
ئۇلارغا مول تائام ئاتا قىلىدۇ.
32 ئۇ چاقماقنى قوللىرىغا ئېلىپ،
بەلگىلەنگەن نىشانغا ئېتىلىشىغا ئەمر قىلىدۇ.
33 گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرلىشى بورانىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى
جاكارلايدۇ،
ھەتتا بۇنى كاللارمۇ سېزەلەيدۇ.»

## ئەلىھۇنىڭ خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى جاكارلىشى

37 1 «شۇڭا مېنىڭ يۈرىكىم تىترەپ،
كۆكرەك قەپەسىمدە تېپىرلىماقتا.
2 ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ گۈلدۈرلىشىگە قۇلاق سالغىن،
ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان قاراسلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ
باققىن.
3 چاقماقلىرىنى پۈتۈن كۆكتىن كېسىپ ئۆتكۈزۈپ،
ئۇنىڭ نۇرلىرىنى زېمىننىڭ ئەڭ چېتىگە ئاپىرىدۇ.
4 ئاندىن ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ گۈلدۈرلىشىنى ئاڭلىتىپ،
ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازىنى نامايان قىلىدۇ.
ئۇ ئاۋاز چىقارسىلا چاقماق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.
5 خۇدا ئۆز ئاۋازى بىلەن ئاجايىپ گۈلدۈرماما پەيدا قىلىدۇ،
بىز ئۇنىڭ قىلغان ئۇلۇغ ئىشلىرىنى چۈشىنىشكە قادىر
ئەمەسمىز.
6 خۇدا قارنى زېمىنغا،
قاتتىق يامغۇرنى يەرگە تۆكۈلۈشكە بۇيرۇق قىلىش
ئارقىلىق
7 ئىشلەمچىلەرنى ئىشتىن توختىتىپ،
پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى بىلدۈردۇ.
8 ياۋايى ھايۋانلار ئۇۋىلىرىغا كىرىۋېلىپ،

ئۆڭكۈرلىرىدە قالىدۇ.
9 بوران-چاپقۇن جەنۇبىي ئۇردىسىدىن كەلسە،
سوغۇق ئىقىم شىمالدىن كېلەر.
10 خۇدانىڭ نەپىسى مۇز پەيدا قىلىپ،
چەكسىز سۇ يۈزىنى مۇزلىتىدۇ.
11 ئۇ قويۇق قارا بۇلۇتلارنى سۇ دانچىلىرىغا تولدۇرۇپ،
بۇلۇتلاردىن چاقماق چاقتۇرىدۇ.
12 بۇلۇت خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن
زېمىننىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا
قىلىپ،
13 زېمىننى جازالايدۇ ياكى ئۇنىڭغا شەپقەت ياغدۇرىدۇ.

14 ئەي ئايۇپ، قۇلاق سالغىن،
بىرپەس جىم تۇرۇپ خۇدانىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى توغرۇلۇق
ئويلانغىن.
15 خۇدانىڭ قانداق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ،
بۇلۇتلاردىن چاقماق چېقىرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟!
16 سەن مۇكەممەل بىلىمنىڭ مەنبەسى بولغان خۇدانىڭ
مۆجىزىلىرىنى،
يەنى بۇلۇتلارنى قانداق لەيلىتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟!
17 جەنۇب شاملى زېمىننى ئىسسىتقاندا،
كىيىم بىلەن تەرلەپ كېتىسەن، بۇنىڭ نىمە ئۈچۈنلۈكىنى
بىلەمسەن؟
18 سەنمۇ خۇداغا ئوخشاش تۈچ ئەينەكتەك ئاسماننى
يايالامسەن؟
19 خۇدا بىلەن قانداق سۆزلىشىشنى ئۆگەتكىن،
بىز نادان، خۇدا بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى بىلمەيمىز.
20 بىر ئادەم خۇداغا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى
بولغانلىقىنى ئېيتسا بولامدۇ؟
بۇنداق قىلىش ئۆزىنى ھالاك قىلىش ئەمەسمۇ؟

21 شاماللار ئاسماندىكى بۇلۇتلارنى سۈرۈپ كەتكەندىن
كېيىن،
قۇياشنىڭ كۈچلۈك نۇرىغا ھېچكىم قارىيالمايدۇ.
22 خۇدا شىمالدىن ئالتۇن رەڭلىك نۇر بىلەن كېلىدۇ،
ئۇلۇغ ھەيۋىسى بىلەن كېلىدۇ.
23 ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى شۇنچىلىك
چەكسىز تۇرسا،
بىز ئۇنىڭغا قانداقمۇ يېقىنلىشالايمىز؟
ئۇ ھەمىشە ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن ئىش قىلىپ،
ھېچكىمگە زۇلۇم سالمايدۇ.
24 شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ،
خۇدا ئۆزىنى دانا چاغلايدىغانلارنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ.»

## پەرۋەردىگارنىڭ ئايۇپقا بەرگەن جاۋابى

38 1 شۇ چاغدا پەرۋەردىگار قۇيۇننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئايۇپقا
مۇنداق دېدى:
2 «مېنىڭ دانالىقىمنى ئەقىلسىزلىقى بىلەن
خۇنۇكلەشتۈرىۋاتقان كىم؟
3 سەن بېلىڭنى چىڭ باغلاپ، ئەركەكتەك تۇر!
مەن سوئال سورايمەن، سەن جاۋاب بېرىسەن.

4 مەن زېمىننىڭ ئۇلىنى قۇرغان ۋاقتىمدا سەن نەدە ئىدىڭ؟
ئەگەر سەن شۇنچە ئەقىللىق بولساڭ، ماڭا ئېيتقىن.
5 زېمىننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى كىمنىڭ بەلگىلىگەنلىكىنى
بىلەمسەن؟
كىم ئۆلچەم تانىسى بىلەن ئۇنى ئۆلچەپ چىقالىدى؟
6 زېمىننىڭ ئاستىنى نېمە تىرەپ تۇرىدۇ؟
ئۇنىڭ ئۇلىنى كىم قويىدى؟
7 ئۇ چاغدا سۇبھىدىكى يۇلتۇزلار ناخشا ئېيتىپ،
ئەرشتىكى پەرىشتىلەر خۇشاللىقتا چۇقان كۆتۈرگەنىدى.

8 دېڭىز ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئېتىلىپ چىققاندا،
ئۇنىڭ چېگراسىنى كىم بەلگىلىگەندى؟
9 دېڭىزنى بۇلۇتلار بىلەن يېپىپ،
ئۇنى قاراڭغۇلۇق بىلەن ئوراپ قويغان مەن ئىدىم.
10 ئۇنىڭغا چېگرا بەلگىلەپ،
دەرۋازىنى يېپىپ، بالداقلىرىنى تاقاپ،
11 ‹بولدى قىل، پاسىلىڭدىن ئېشىپ كەتمە،
ئەسەبىي دولقۇنلىرىڭمۇ مۇشۇ يەردە توختىسۇن!› دېدىم.

12 سەن ئۆمرۈڭدە تاڭنىڭ ئېتىشىغا بۇيرۇق بېرىپ،
سەھەر نۇرىغا ئورۇن هازىرلاپ،
13 زېمىنغا قۇياش نۇرىنى چېچىپ،
رەزىللەرنى يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن چىقىرىپ باقتىڭمۇ؟
14 خۇددى پاتقاققا بېسىلغان تامغا نېپىز رەخت ئاستىدىن
كۆرۈنگەندەك،
نۇر زېمىننى يورۇتقاندا جىلغا ۋە تاغلار ئېنىق كۆرۈنىدۇ.
15 نۇر رەزىللەر ياخشى كۆرگەن قاراڭغۇلۇقنى قوغلىۋېتىدۇ.
ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق قىلىشقا كۆتۈرگەن قوللىرى
سۇندۇرۇلىدۇ.

16 ئەي ئايۇپ، سەن دېڭىزنىڭ تەكتىدىكى بۇلاقلارغا بېرىپ،
ئۇنىڭ چوڭقۇر تېگىگە يېتىپ باققانمۇ؟
17 ئۆلۈم دەرۋازىلىرى ساڭا كۆرۈنۈپ باققانمۇ؟
زۇلمەت دەرۋازىلىرىنى سەن كۆرۈپ باققانمۇ؟
18 زېمىننىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلەمسەن؟
ئەگەر بىلسەڭ، ماڭا دەپ بەر.

19 قايسى يول سېنى نۇرنىڭ ماكانىغا باشلاپ بارىدۇ؟
قاراڭغۇلۇقنىڭ مەنبەسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟
20 سەن ئۇلارنى ئۆز ماكانلىرىغا ئېلىپ بارالامسەن؟
سەن ئۇ يەرلەرگە تۇتىشىدىغان يوللارنى بىلەمسەن؟

21 سەن ئۆزۈڭچە مەن بىلىمەن، ئۇ چاغدا مەن تۇغۇلۇپ
بولغان، دەپ ئويلامسەن؟
ئۇنداقتا، سەن ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپسەن-دە!

22 لېكىن سەن قار ئامبارلىرىغا كىرىپ باققانمىدىڭ،
ياكى مۆلدۈر ئامبارلىرىنى كۆرگەنمىدىڭ؟
23 مەن ئۇلارنى كېلىدىغان ئاپەتلەر،
بولىدىغان جەڭ-ئۇرۇشلار ئۈچۈن ساقلاپ قويغانىدىم.
24 چاقماق مەنبەسىگە ئېلىپ بارىدىغان يول قېنى؟
شەرق شاملى قايسى تەرەپتىن زېمىنغا ئۇرۇلدى؟
شەرق شاملىنىڭ چىقىدىغان جايى قەيەردە؟
25 كىم يامغۇر سۈيى ئۈچۈن ئۆستەڭ چېپىپ،
چاقماق ئۈچۈن يول ئاچتى؟
26 كىم يامغۇر سۈيىنى ئىنسان يوق قاقاسلىققا،
ئادەم تۇرمايدىغان باياۋانغا باشلاپ كېلىپ،
27 چاڭقىغان يەرلەرنى سۇغا قاندۇرۇپ،
ئۇ يەردىن گىياھلارنى ئۆستۈردى؟

28 يامغۇرنىڭ ئاتىسى بارمۇ؟
شەبنەمنى كىم تۇغدى؟
29 مۇز كىمنىڭ ھامىلىسى؟
ئاسماندىن چۈشكەن قىروۋلارنى كىم تۇغدى؟
30 سۇ تاشتەك قاتتىق قېتىپ،
دېڭىزنىڭ ئۈستى مۇزغا ئايلىنىدۇ.

31 سەن ئۈركەر يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى يۇلتۇزلارنى بىر-بىرىگە
چېتىپ،
ئورىيون يۇلتۇز تۈركۈمىنى باغلاپ تۇرغان تۈگۈچنى
يېشەلەمسەن؟
32 سەن يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى پەسىللەر بويىچە ئېلىپ
چىقىپ،

چوڭ ئېيىق ۋە كىچىك ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمدىكى
يۇلتۇزلارغا يول كۆرسىتەلەمسەن؟
33 ئەرشتىكى بەلگىلەنگەن قانۇنىيەتلەرنى بىلەمسەن؟
زېمىننى ئەرشنىڭ قانۇنىغا بويسۇندۇرالامسەن؟

34 بۇلۇتلارغا بۇيرۇق قىلىپ،
ئۈستۈڭگە قاتتىق يامغۇر ياغدۇرالامسەن؟
35 چاقماقلارغا بۇيرۇق قىلالامسەن؟
ئۇلار: ‹خوپ، بىز تەييار!› دەپ، ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ
كېلەمدۇ؟
36 كىم تۇرنىغا ئەقىل بېرىپ،
خورازغا پاراسەت ئاتا قىلغان؟

37-38 بۇلۇتلارنى ساناشقا كىمنىڭ ئەقلى يېتىدۇ؟
توپىلارنى قاتتىق يەرگە ئايلاندۇرۇش،
داڭگاللارنى بىر-بىرىگە يېپىشتۇرۇش ئۈچۈن
كىم پەلەكنىڭ كۆپلىرىنى ئاغدۇرۇپ، يامغۇر ياغدۇرالايدۇ؟
39-40 ئۆڭكۈردە ياتقان ياكى پىنھاندا مۆكۈنۈپ ياتقان شىر ئۈچۈن
ئوۋ ئوۋلاپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويدۇرالامسەن؟
41 قۇزغۇننىڭ باللىرى ئاچلىقتىن ئۇياق-بۇياققا ئۇچۇپ،
خۇداغا نالە قىلغاندا، كىم قۇزغۇنغا يەم بېرىدۇ؟

39 1 تاغ ئۆچكىسىنىڭ قاچان ئوغلاقلايدىغانلىقىنى
بىلەمسەن؟
ئانا بۇغىنىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟
2 ئۇلارنىڭ قانچە ۋاقىت قورساق كۆتۈرىدىغانلىقىنى
بىلەمسەن؟
ئۇلارنىڭ قاچان تۇغىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟
3 ئۇلار تىزلىنىپ تۇغىدۇ،
باللىرىنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ.
4 باللىرى يېتىلىپ، قاقاس دالادا چوڭ بولۇپ،
ئۆز توپىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قايتا قايتىپ كەلمەيدۇ.

5 كىم ياۋايى ئېشەكنى ئەركىنلىككە چىقىرىدۇ؟
كىم ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى يېشىدۇ؟
6 مەن ئۇنىڭغا كەڭ دالانى ئائىلە،
شورلۇقلارنى ماكان قىلىپ بەردىم.
7 ئۇ شەھەردىكى شاۋقۇن-سۈرەنلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ،
هارۋىكەشلەرنىڭ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىمايدۇ.
8 ئۇ تاغ تىزمىلىرىنى يايلاق قىلىپ،
يېشىل ئوت-چۆپلەرنى ئىزدەيدۇ.

9 ياۋايى بۇقا خىزمىتىڭدە بولۇشقا رازى بولامدۇ؟
ئېغىلىڭدا كېچىنى ئۆتكۈزۈشنى خالامدۇ؟
10 ياۋايى بۇقىنى ساپانغا قاتالامسەن؟
ئۇ سەن بىلەن جىلغىدا يەر ئاغدۇرۇشقا كۆنەمدۇ؟
11 ئۇنىڭ كۈچىگە تايىنالامسەن؟
ئېغىر ئىشلىرىڭنى ئۇنىڭغا قىلدۇرالامسەن؟
12 ئۇنىڭ بىلەن هوسۇلۇڭنى يىغىپ،
خامانغا ئەكېلىشكە ئىشىنەلەمسەن؟

13 تۆگىقۇش قانات قاققىنى بىلەن
لەيلەكتەك ئۇچالامدۇ؟
14 ئۇ تۇخۇملىرىنى يەرگە تۇغۇپ،
تۇخۇملىرىنى قۇمنىڭ ئىسسىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ.
15 لېكىن تۇخۇمنىڭ يانجىلىپ كېتىشىنى
ياكى ياۋايى هايۋانلارنىڭ دەسسىۋېتىشىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.
16 تۆگىقۇش ئۆز بالىلىرىغا رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىدۇ،
خۇددى بالىلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ئىش قىلىدۇ.
ئۇ تۇغۇتى بىھۇدە ئىشتەك تۇغۇتىغا ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ.
17 چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئەقىل ئاتا قىلمىغان،
ئىدراك بەرمىگەنىدىم.
18 لېكىن ئۇ قانىتىنى كېرىپ يۈگۈرسە،
ئات ۋە چەۋەندازلار مەسخىرىگە قالىدۇ.

19 ئاتقا كۈچنى سەن ئاتا قىلغانمىدىڭ؟
بوينىدىكى يالىنى سەن ياپقانمىدىڭ؟
20 ئۇنى چېكەتكىدەك تاقلىتىپ،
قورقۇنچلۇق كىشنەتكەن سەنمۇ؟
21 ئۇ جىلغىدا يەرنى تاتىلاپ،
ھەيۋە بىلەن جەڭگە ئېتىلىدۇ.
22 ئۇ قورقۇنچنى مەنسىتمەيدۇ، قىلچە قورقمايدۇ،
قىلىچتىن يانمايدۇ.
23 ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئوقدان جاراڭشىيدۇ،
نەيزىلەر يالت-يۇلت قىلىپ چاقنايدۇ.
24 بۇرغا چېلىنىشى بىلەن ئۇ ئورنىدا جىم تۇرالمايدۇ،
ئەسەبىيلىشىپ، چېپىشقا ئالدىراپ يەرنى تېپچەكلەيدۇ.
25 ئۇ بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەن كىشنەيدۇ.
ئۇ يىراقتىنلا ئۇرۇشنىڭ پۇراقلىرىنى پۇراپ،
سەركەردىلەرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ۋە چۇقان-سۈرەنلەرنى
ئاڭلايدۇ.

26 قۇرغۇيلار قانات قېقىپ، جەنۇبقا ئۇچۇپ كېتىدۇ.
ئەجەبا بۇمۇ سېنىڭ ئەقلىڭمۇ؟
27 بۈركۈتلەر تېز كۆتۈرۈلۈپ، ئېگىز جايلارغا ئۇۋا سالىدۇ.
ئەجەبا بۇمۇ سېنىڭ بۇيرۇقۇڭمۇ؟
28 ئۇ ئېگىز ھاڭلاردا ماكان تۇتۇپ،
قىيا تاش، تىك يارلارغا بېكىنىۋالىدۇ.
29 ئۇ شۇ يەرلەردىن نەزىرىنى يىراقلارغا تىكىدۇ.
ئوزۇق ئۈچۈن ئوۋ ئىزدەيدۇ.
30 ئۇنىڭ باللىرى قان شورايدۇ،
نەدە تاپ بولسا ئۇ شۇ يەردە بولىدۇ.»

40

1 پەرۋەردىگار ئايۇپقا يەنە مۇنداق دېدى:
2 «ئەي تاكاللاشقۇچى، ھەممىگە قادىر مەن خۇدايىڭ
بىلەن يەنە تاكاللاشماقچىمۇسەن؟
خۇدا بىلەن گەپ تالاشقۇچى ئەمدى جاۋاب بەرگىنە.»

## ئايۇپنىڭ پەرۋەردىگارغا بەرگەن جاۋابى

3 ئايۇپ پەرۋەردىگارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
4 «مەن ئەرزىمەس بىر ئادەم، ساڭا قانداقمۇ جاۋاب
بېرەلەيمەن؟
مەن ئەمدى ئېغىزىم ئاچمايمەن.
5 كۆپ گەپ قىلدىم، ئەمدى باشقا گېپىم يوق.»

## پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشى

6 شۇ چاغدا پەرۋەردىگار قۇيۇننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئايۇپقا مۇنداق
دېدى:
7 «بىلىگىنى چىڭ باغلاپ، ئەركەكتەكتۇر!
مەن سوئال سورايمەن، سەن جاۋاب بېرىسەن.
8 سەن مېنىڭ ئادالىتىمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،
ئۆزۈڭنى ئادىل دەپ مېنى ئەيىبلىمەكچىمۇ؟
9 سەندە مەن خۇدايىڭنىڭكىدەك بىلەك بارمۇ؟
سېنىڭ ئاۋازىڭ مېنىڭ گۈلدۈرمامىغا ئوخشايدىغان
ئاۋازىمدەك ئاڭلىنامدۇ؟

10 شان-شەرەپ ۋە سالاپىتىڭنى كۆرسىتىپ،
ھۆرمەت ۋە ھەيۋىتىڭنى كىيىپ باققىنا.
11 كۈچلۈك غەزىپىڭنى قوزغاپ ياغدۇرۇپ باققىنا،
ھاكاۋۇرلارنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى يوقىتىپ
باققىنا.
12 ھاكاۋۇرلارنى تېپىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ كەمتەر
قىلغىن.
رەزىللەرنى ئۆز يېرىدە دەسسەپ چەيلىگىن.
13 ئۇلارنى بىرلىكتە يەرگە كۆمۈپ،
گۆرنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋەت.
14 شۇنداق قىلساڭلا،
ئۆڭ قولۇڭنىڭ ئۆزۈڭنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

15 بەھېموتقا① قارا،
ئۇنمۇ، سېنىمۇ مەن ياراتقان.
ئۇ كالىغا ئوخشاش چۆپ يەيدۇ.
16 ئۇنىڭ بېلىنىڭ مادارىغا قارا،
قورساق مۇسكۇللىرىنىڭ كۈچىنى كۆر.
17 قۇيرۇقى كېدىر دەرىخىدەك قاتتىق،
پۇتىنىڭ پەيلىرى چىڭ،
18 ئۇستىخانلىرى تۇچ نوردەك،
تۆت پۇتى تۆمۈر كۆتەكتەك تۇرىدۇ.
19 مەن ياراتقان جانىۋارلار ئىچىدە ئۇ ھەممىدىن بۈيۈكى بولۇپ،
پەقەت مەن ياراتقۇچى خۇدالا ئۇنى قىلىچىم بىلەن يېڭەلەيمەن.
20 تاغ ئېدىرلىرى ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق ماكانىدۇر،
ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ياۋايى ھايۋانلار ئوينار.
21 ئۇ چاتقاللارنىڭ ئاستىدا ياتىدۇ،
سازلىقتىكى قومۇشلار ئارىسىغا يوشۇرۇنىدۇ.
22 چاتقاللار ئۇنىڭغا سايە بەرسە،
ئېرىق بويلىرىدىكى سۆگەتلەر ئۇنى قورشاپ تۇرىدۇ.
23 دەريا سۈيى شىددەتلىك ئاقسىمۇ ئۇ ھودۇقۇپ كەتمەيدۇ،
ئىئوردان دەرياسى تېشىپ قىرغاقلىرىغىچە كۆتۈرۈلسىمۇ،
ئۇ ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ.
24 ئۇ سەگەك ۋاقتىدا كىم ئۇنى تۇتالايدۇ؟
ئۇنىڭ بۇرنىغا كىم چۈلۈك ئۆتكۈزەلەيدۇ؟»

# 41

1 «قارماق بىلەن لېۋىياتاننى تۇتۇپ،
تىلىنى يىپ بىلەن باغلىيالامسەن؟
2 بۇرنىدىن چۈلۈك،
ئېڭىكىدىن ئىلمەك ئۆتكۈزەلەمسەن؟
3 ئۇ سەندىن توختىماي رەھىم تىلەپ،

① 40: 15 بەھېموت ــ قەدىمدە ياشىغان بىر خىل چوڭ ھايۋاندۇر.

ساڭا ئىللىق سۆزلەرنى قىلامدۇ؟
4 ئۇ سەن بىلەن كېلىشىپ،
مەڭگۈ قۇلۇڭ بولامدۇ؟
5 ئۇنى قۇشنى ئوينىغاندەك ئوينىيالامسەن
ياكى قىزچاقىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن باغلاپ بېرەلەمسەن؟
6 بېلىقچىلار ئۇنىڭغا باھا قويالامدۇ؟
سودىگەرلەر ئۇنى پارچىلاپ ساتالامدۇ؟
7 ئۇنىڭ تېرىسىنى نەيزە بىلەن تېشەلەمسەن؟
بېشىغا ئارا سانجىيالامسەن؟
8 ئۇنىڭغا قولۇڭنى بىر تەگكۈزسەڭلا،
ئۇنىڭ قانچىلىك قارشىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىسەن
ۋە قولۇڭنى قايتا ئاپىرالمايسەن!
9 ئۇنى تۇتماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈمىدسىزلىنىدۇ.
كىشىلەر ئۇنى كۆرگەن ھامان قورقۇپ جېنى چىقىپ
كېتىدۇ.
10 قانچە ۋەھشىي ئادەم بولسىمۇ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىشكە
پېتىنالمايدۇ.
شۇنداق تۇرۇقلۇق، كىم مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشقا
پېتىنالايدۇ؟
11 كىم مەندىن تۆلەپ بېرىشمنى تەلەپ قىلالمايدۇ؟
ئالەمدىكى پۈتكۈل نەرسە مېنىڭكىدۇر.

12 لېۋىياتاننىڭ پۇت-قولى، كۈچى ۋە گۈزەل تېنى ھەققىدە
سۆزلىمەي تۇرالمايمەن.
13 كىم ئۇنىڭ تېرىسىنى سويالايدىكەن؟
كىم ئۇنىڭ ئىككى قات ساۋۇتتەك تېرىسىنى تېشەلەيدۇ؟
14 كىم ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچالايدۇ؟
ئۇنىڭ چىشلىرى شۇنچە قورقۇنچلۇقتۇر.
15 ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى يول-يول تەڭگە قاسراقلار
بىر-بىرىگە چىڭ چاپلانغان بولۇپ،
16 زىچلىقىدىن ھاۋامۇ كىرەلمەيدۇ.

17 تەڭگە قاسراقلار بىر-بىرىگە چىڭ چېتىلغان بولۇپ،
ئاجرىتىش مۇمكىن ئەمەستۇر.
18 ئۇ چۈشكۈرگەندە ئۇچقۇن چاچرايدۇ،
كۆزلىرىدىن تاڭ نۇرىغا ئوخشاش نۇر چاقنايدۇ.
19 ئاغزىدىن يالقۇن چىقىرىپ،
ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىدۇ.
20 خۇددى كۆيىۋاتقان قومۇش ئۈستىدە قايناۋاتقان قازاندەك،
ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئىس چىقىدۇ.
21 تىنىقى كۆمۈرنى ياندۇرۇپ،
ئاغزىدىن يالقۇن چىقىرىدۇ.
22 بوينى قۇدرەتلىك بولۇپ،
ۋەھىمە ئۇنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭىدۇ.
23 ئېتىدىكى قاتلاقلار بىر-بىرىگە تۇتىشىپ،
شۇنچە زىچ بىرىكىپ كەتكەندۇر.
24 يۈرىكى تاشتەك قاتتىق بولۇپ،
قاتتىقلىقتا يارغۇنچاق تېشىدەكتۇر.
25 ئۇ ئورنىدىن قوزغالسا باتۇرلارمۇ قورقىدۇ.
ئۇنىڭ مىدىرلىشىنى كۆرۈپ چېكىنىدۇ.
26 ئۇنى قىلىچلار توسالمايدۇ،
نەيزە، خەنجەر، ئاتار نەيزىلەرمۇ ئامالسىزدۇر.
27 ئۇ تۆمۈرنى ساماندەك،
تۇچنى پور ياغاچتەك كۆرىدۇ.
28 ئوقيا ئۇنى قورقىتالمايدۇ،
سالغا تېشى پاخالدەك تۇيۇلىدۇ.
29 توقماقنى قورايچىلىك كۆرمەيدۇ،
ئېتىلغان نەيزىنى مەنسىتمەيدۇ.
30 قورسىقى ساپال پارچىلىرىدەك ئۆتكۈر بولۇپ،
پاتقاق ئۈستىدە يول-يول ئىز قالدۇرىدۇ.
31 ئۇ چوڭقۇر قايناملارنى قازاندەك قاينىتىپ،
دېڭىزنى خۇددى ماي قازىنىدەك پورۇقلىتىدۇ.
32 ئۇ ئۆزۈپ ئۆتكەن يېرىدە دولقۇن قالدۇرۇپ،

قايناملارنى ئاق چاچتەك يالتىرىتىدۇ.
33 يەر يۈزىدە ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان،
ئۇنىڭدەك ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان يەنە بىر ھايۋان
يوقتۇر.
34 ئۇ ئەڭ زور ۋە مەغرۇر ھايۋانلارنى مەنسىتمەيدۇ،
ئۇ پۈتكۈل تەكەببۇر ھايۋانلارنىڭ پادىشاھىدۇر.»

## ئايۇپنىڭ توۋا قىلىشى

42 1 ئايۇپ پەرۋەردىگارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
2 «ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىڭنى،
ھېچكىم سېنىڭ مەقسەتلىرىڭنى توسالمايدىغانلىقىنى
بىلىمەن.
3 سەن: ‹مېنىڭ دانالىقىمنى ئەقىلسىزلىقى بىلەن
خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتقان كىم؟› دەپ سورىدىڭ.
دەرۋەقە، مەن چۈشەنمەيدىغان ئىشلار توغرۇلۇق كۆپ گەپ
قىلدىم.
بۇ ئاجايىپ ئىشلارنى چۈشىنىشكە ئەقلىم يەتمەيدۇ.
4 سەن: ‹سەن ئاڭلا، مەن سۆزلەي.
مەن سوئال سورايمەن، سەن جاۋاب بەر› دېدىڭ.
5 بۇرۇن كىشىلەردىن سەن توغرۇلۇق ئاڭلىغانىدىم،
ئەمدى ئۆز كۆزلىرىم بىلەن سېنى كۆردۈم.
6 شۇڭا مەن ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن،
توپا ۋە كۈلگە ملىنىپ ئولتۇرۇپ توۋا قىلىمەن.»

## پەرۋەردىگارنىڭ ئايۇپنىڭ ئۈچ دوستىنى ئەيىبلىشى

7 پەرۋەردىگار ئايۇپقا دەيدىغان سۆزلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن،
تېمانلىق ئەلىفازغا مۇنداق دېدى:
– سەن ۋە سېنىڭ ئىككى دوستۇڭغا خاپا بولدۇم، سىلەرنىڭ
مەن توغرۇلۇق قىلغان سۆزلىرىڭلار خىزمەتكارىم ئايۇپنىڭكىگە
قارىغاندا دۇرۇس بولمىدى. 8 ئەمدى سىلەر خىزمەتكارىم ئايۇپنىڭ
ئالدىغا يەتتە تۇياق بۇقا ۋە يەتتە تۇياق قوچقار ئەكىلىپ،

ئۆزۈڭلار ئۈچۈن كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىڭلار. چۈنكى سىلەرنىڭ مەن توغرۇلۇق قىلغان سۆزلىرىڭلار خىزمەتكارىم ئايۇپنىڭكىگە قارىغاندا دۇرۇس بولمىدى. خىزمەتكارىم ئايۇپ سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلسۇن. مەن ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، سىلەرنى ئەخمەقلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازادىن خالاس قىلاي.
[9] شۇنىڭ بىلەن تېمانلىق ئەلىفاز، شۇۋاخلىق بىلداد، نائامالىق زوفار پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنىدەك قىلدى. پەرۋەردىگار ئايۇپنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئايۇپنى قايتىدىن بەختلىك قىلىشى

[10] ئايۇپ دوستلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگار ئۇنىڭ بۇرۇنقى روناق تاپقان چاغلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭغا بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئارتۇق بايلىق ئاتا قىلدى. [11] ئايۇپنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە بۇرۇنقى دوستلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە غىزالاندى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ كەلتۈرگەن بارلىق بالايىئاپەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھال سورىدى ۋە تەسەللى بەردى. ھەربىرى ئۇنىڭغا بىردىن ئالتۇن ھالقا ۋە كۈمۈش ھەدىيە قىلىشتى.
[12] ئايۇپنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان بەخت-سائادىتى بۇرۇنقى ھاياتىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ بولدى. ئۇ 14 مىڭ تۇياق قوي، ئالتە مىڭ تۆگە، مىڭ جۈپ ئۆكۈز، مىڭ تۇياق مادا ئېشەككە ئىگە بولدى. [13] ئۇ يەنە يەتتە ئوغۇل، ئۈچ قىزلىق بولدى. [14] ئۇ چوڭ قىزىغا يېمىما، ئوتتۇرانچى قىزىغا قىزىئا، كىچىك قىزىغا قەرەن-ھاپپۇك دەپ ئىسىم قويدى. [15] ئۇ يەردە ئايۇپنىڭ ئۈچ قىزىغا ئوخشاش چىرايلىق قىزلار يوق ئىدى. ئايۇپ ئۇلارغا ئاكىلىرىغا ئوخشاش مىراس قالدۇرۇپ، مال-مۈلكىدىن بەھرىمەن قىلدى.
[16] شۇنىڭدىن كېيىن ئايۇپ يەنە 140 يىل ياشاپ، ئەۋرە كۆردى.
[17] ئايۇپ قېرىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى.

# پەند-نەسىھەتلەر


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | |

# پەند-نەسىھەتلەر

## پەند-نەسىھەتلەرنىڭ قىممىتى

1

1 پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى
سۇلايماننىڭ پەند-نەسىھەتلىرى:
2 بۇ پەند-نەسىھەتلەر دانالىق ۋە تەلىم-تەربىيەگە ئىگە قىلار
سېنى،
يېشەر ئىبرەتلىك سۆزلەرنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى.
3 تەربىيەلەر سېنى ئاقىلانىلىك بىلەن ياشاشقا،
ھەققانىي، ئادىل ۋە دۇرۇس بولۇشقا.
4 چېچەن قىلار گول ئادەملەرنى،
بىلىملىك ۋە پەم-پاراسەتلىك قىلار ياشلارنى.
5 ئاڭلاپ بۇلارنى دانالار تېخىمۇ دانا بولار،
ئاقىللار تېخىمۇ ئاقىلانە مەسلىھەتكە ئېرىشەر.
6 چۈشەنگىلى بولار پەند-نەسىھەتلەردىكى ئەقلىيە سۆزلەر،
تەمسىللەر، ئاقىللارنىڭ ھېكمەتلىرى ۋە تېپىشماقلىرىنى.

7 پەرۋەردىگارغا ئىخلاس قىلىش دانالىقنىڭ باشلىنىشىدۇر.
ئەخمەقلەر دانالىق ۋە تەلىم-تەربىيەنى كەمسىتىدۇ.

## ياشلارغا نەسىھەت

8 ئەي ئوغلۇم، تەربىيەسىگە قۇلاق سال ئاتاڭنىڭ،
تەلىمىگە بىپەرۋالىق قىلما ئاناڭنىڭ.
9 ئۇلارنىڭ تەلىم-تەربىيەسى بېشىڭغا تاقالغان تاجدۇر،
بوينۇڭغا ئېسىلغان ئالتۇن زەنجىردۇر.

10 ئەي ئوغلۇم، ئەگەر سېنى گۇناھكارلار ئازدۇرسا،
ئەگەشمىگىن ئۇلارغا.
11 ئەگەر ئۇلار: «كەل، بىزگە قوشۇل، تۇزاق قۇرايلى جان ئېلىشقا،
بىرەر بىگۇناھنى سەۋەبسىزلا پايلاپ تۇرايلى تۇتۇشقا.
12 ئۆلۈكلەر ماكانىدەك تىرىك يۇتايلى بىز گۇناھسىزلارنى،
گۆرگە چۈشۈپ كەتكەندەك يوقتايلى ئۇ ساغلام ئادەملەرنى.
13 تارتىپ ئالايلى شۇ چاغ خىلمۇخىل قىممەتلىك مال-دۇنيانى،
ئالغان ئولجا بىلەن تولدۇرايلى ئۆيلىرىمىزنى.
14 بىزگە شېرىك بول، تاپقىنىمىز ئورتاق بولسۇن» دېسىمۇ،
15 ئەي ئوغلۇم، يولىغا كىرمە ئۇلارنىڭ، باسما بىر قەدەممۇ.
16 چۈنكى ئېتىشىدۇ ئۇلار ئۆزلىرىنى يامانلىققا،
ئالدىرىشىدۇ ھەم قان تۆكۈشكە.
17 قۇش تۇيۇپ قالغاندا تور يېيىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتۇر،
18 لېكىن شۇ يامانلار دەل ئۆز ئۆزىگە ئەجەللىك تۇزاق قويىدۇ،
ئۆز جېنىغا زامىن بولىدىغان ئورا كولايدۇ.
19 ھارام مال-دۇنياغا ھېرىس ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى شۇكى،
ئالىدۇ بۇ ھارام مال-دۇنيا ئۇلارنىڭ جېنىنى.

## دانالىقنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى

20 دانالىق چاقىرماقتا كوچىلاردا، ئاۋازى ياڭرىماقتا بازارلاردا،
21 ئۈندىمەكتە ئاۋات جايلاردا،
ۋەز ئېيتماقتا شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئالدىدا:
22 ــ ئەي نادانلار، قاچانغىچە نادانلىقتا يۈرىسىلەر؟
ئەي مازاقچىلار، قاچانغىچە مازاق قىلىشتىن ھوزۇر ئالىسىلەر؟
ئەي ئەقىلسىزلار، قاچانغىچە بىلىمدىن نەپرەتلىنىسىلەر؟
23 تەنبىھلىرىمگە قۇلاق سالغان بولساڭلار،

سىلەرگە تۆكۈپ بېرەتتىم قەلبىمدىكىنى،
سىلەر بىلەن ئورتاقلىشاتتىم ئوي-پىكىرلىرىمنى.
24 لېكىن مېنى رەت قىلدىڭلار چاقىرغىنىمدا،
ھېچقايسىڭلار ئىلىك ئالمىدىڭلار قولۇمنى ئۇزاتقىنىمدا.
25 پەرۋا قىلمىدىڭلار نەسىھەتلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىغا،
خالىمىدىڭلار قۇلاق سېلىشنى تەنبىھلىرىمگە.
26 شۇڭا كۈلىمەن بالايىئاپەتكە يولۇققىنىڭلاردا،
سىلەرنى مەسخىرە قىلىمەن ۋەھىمىگە چۈشكىنىڭلاردا،
27 بوراندەك كەلگەن ۋەھىمىدە قالغىنىڭلاردا،
بالايىئاپەت قۇيۇندەك يېتىپ كەلگىنىدە،
ئازاب ۋە قايغۇ سىلەرنى مۇپتىلا قىلغىنىدا.

28 چاقىرىسىلەر يالۋۇرۇپ شۇ چاغ مېنى،
لېكىن بەرمەسمەن سىلەرگە جاۋاب.
ھەرقانچە ئىزدىسەڭلارمۇ تاپالمايسىلەر مېنى.
29 چۈنكى سىلەر نەپرەتلەندىڭلار بىلىمدىن،
تاللىمىدىڭلار ئەيمىنىشنى خۇدادىن.
30 قوبۇل قىلمىدىڭلار مېنىڭ نەسىھەتلىرىمنى،
مەنسىتمىدىڭلار بارلىق تەنبىھلىرىمنى.
31 شۇڭا سىلەر ئۆز بېشىڭلارنى يەيسىلەر،
ئۆزۈڭلار كولىغان ئورىغا ئۆزۈڭلار چۈشىسىلەر.
32 بەرھەق، ئۆز جېنىغا زامىن بولىدۇ نادانلار مېنى رەت قىلغانلىقتىن،
ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدۇ ھاماقەتلەر بىغەملىكىدىن.
33 بىراق ماڭا قۇلاق سالغانلار ئامان-ئېسەن ياشايدۇ،
يامانلىقنىڭ ۋەھىمىسىدىن خالىي خاتىرجەم بولىدۇ.

## دانالىقنىڭ ئاتا قىلىدىغانلىرى

2 1 ئەي ئوغلۇم، ئەگەر قوبۇل قىلساڭ سۆزلىرىمنى،
قەلبىڭدە ساقلىساڭ بۇيرۇقلىرىمنى،
2 قۇلاق سالساڭ دانالىققا،

كۆڭۈل قويساڭ ئەقىل-ئىدراكقا،
3 خىتاب قىلساڭ پاراسەتكە تەشنا بولۇپ،
چاقىرساڭ ئەقىل-ئىدراكنى تەلمۈرۈپ،
4 قازساڭ دانالىقنى ئالتۇن-كۈمۈش قازغاندەك،
ئىزدىسەڭ ئۇنى يوشۇرۇن خەزىنە ئىزدىگەندەك،
5 شۇ چاغدا پەرۋەردىگارغا ئىخلاس قىلىشنى بىلىسەن،
خۇدانى ھەقىقىي تونۇيسەن.
6 چۈنكى پەرۋەردىگار دانالىق ئاتا قىلغۇچىدۇر.
بىلىم بىلەن ئەقىل-ئىدراك ئۇنىڭ سۆزىدىن كېلۇر.
7 ئۇ ساقلاپ قويغاندۇر ياخشىلىقلارنى دۇرۇسلارغا،
ئۆزى قالقاندۇر ديانەت يولىدا ماڭغانلارغا.
8 يولىنى قوغدايدۇ ئۇ ئادىللىقنى ياقلىغۇچىلارنىڭ،
ساقلايدۇ ئۇ يولىنى سادىق بەندىلىرىنىڭ.
9 شۇ چاغ ھەققانىيلىق، ئادىللىق ۋە دۇرۇسلۇقنى
تونۇيسەن،
بۇ ياخشى يوللارنى چۈشىنىسەن.
10 چۈنكى ئورۇن ئالىدۇ دانالىق قەلبىڭدىن،
كۆڭلۈڭ ياپرايدۇ بىلىمدىن.
11 قوغدايدۇ سېنى پەم-پاراستىڭ،
مۇھاپىزەت قىلىدۇ ھەم ئەقىل-ئىدرىكىڭ.
12 شۇندا دانالىق قۇتۇلدۇرىدۇ سېنى يامان يولدىن،
تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بارلاردىن.
13 ئۇنداقلار توغرا يولنى تاشلاپ، زۇلمەتتە ياشار،
14 يامانلىق قىلىشتىن خۇشاللىنار،
رەزىللىكنىڭ نىجىسلىقىدىن شادلىنار،
15 ئەگرى يولدا مېڭىپ ساختىپەزلىك قىلار.

16 دانالىق ساقلار سېنى زىناخور ئايالدىن،
شېرىن-شېكەر سۆزلۈك، بۇزۇق خوتۇندىن.
17 بۇنداق خوتۇن تاشلار ياشلىقىدا تەگكەن جورىسىنى،
ئۇنتۇپ قالار ئۇ خۇدا ئالدىدا قىلغان ئەھدىسىنى.

18 ئۆلۈمگە ئاپىرىدىغان يولدۇر ئۇنىڭ ئۆيى،
ئەرۋاھلار ماكانىغا باشلار ئۇنىڭ يولى.
19 ئۇنىڭ يېنىغا بارغانلارنىڭ بىرىمۇ قايتالماس،
هاياتلىق يولىغا ھەم يېتەلمەس.

20 سەن ماڭ ياخشىلارنىڭ ئىزىدىن،
چىقما ھەققانىيلارنىڭ يولىدىن.
21 چۈنكى يېرىمىزدە ماكانلىشار دۇرۇسلار،
قېلىپ قالار ديانەتلىكلەر.
22 لېكىن ئۇ يەردىن تارمار قىلىنار يامانلىق قىلغۇچىلار.
يۇلۇپ تاشلىنار ۋاپاسىزلار.

## ياشلارغا يوليورۇق

3 1 ئەي ئوغلۇم، ئۇنتۇما تەلىمىنى،
چىڭ ساقلا قەلبىڭدە بۇيرۇقلىرىمنى.
2 ئۆمۈر قوشار ئۇلار ئۆمرۈڭگە،
ئامان-ئېسەنلىك ئېلىپ كېلەر ھاياتىڭغا.
3 مېھرىبانلىق ۋە ساداقەتنى تاشلىما،
ئۇلارنى مارجاندەك ئېسىۋال بوينۇڭغا،
پۈتۈۋال قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىغا.
4 تاپىسەن ھىممەت ۋە ئىززەت شۇ چاغدا،
خۇدانىڭ ھەم ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە.

5 ئىشەنمەي ئۆز ئەقلىڭگە،
ئىشەن پۈتۈن قەلبىڭ بىلەن پەرۋەردىگارغا،
6 ياد ئەت پەرۋەردىگارنى ھەر ئىشتا،
ئوچۇق قىلار يولۇڭنى ئۇ شۇندا.

7 ئۆزۈڭنى ئەقىللىق دەپ سانىما،
پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىپ، يامانلىقا يولىما.
8 شۇنداق قىلساڭ، ساغلام بولار تېنىڭ،

يىلىككە تولار سۆڭەكلىرىڭ.

9 ئۇلۇغلا پەرۋەردىگارنى ئاتاپ مال-دۇنيايىڭنى،
ھەدىيە قىلىپ ئۇنىڭغا ھوسۇلۇڭنىڭ باش بۇرنىنى.
10 شۇندا تولۇپ تاشار ئامبارلىرىڭ ئاشلىققا،
شاراب ئىدىشلىرىڭ شارابقا.

11 ئەي ئوغلۇم، باش تارتما پەرۋەردىگارنىڭ تەربىيەسىدىن،
بىزار بولما ئۇنىڭ تەنبىھىدىن.
12 چۈنكى ئاتا تەربىيەلىگەندەك ئەتىۋارلىق ئوغلىنى،
پەرۋەردىگارمۇ تەربىيەلەر سۆيگەنلىرىنى.

13 دانالىققا ئېرىشكەنلەر، ئەقىل-ئىدراك تاپقانلار
بەختلىكتۇر!
14 دانالىق كەلتۈرگەن پايدا كۈمۈشنىڭكىدىنمۇ ئارتۇقتۇر،
ئالتۇندىن ئالغان مەنپەئەتتىنمۇ ئەۋزەلدۇر.
15 ئۇ گۆھەردىن قىممەتلىكتۇر،
ھەرقانداق ئارزۇلۇق نەرسەڭ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەستۇر.
16 باردۇر ئۇزۇن ئۆمۈر دانالىقنىڭ ئوڭ قولىدا،
بايلىق ۋە شۆھرەت ئۇنىڭ سول قولىدا.
17 بېغىشلار دانالىق يولى شاد-خۇراملىق ساڭا،
يېتەكلەر ئۇ سېنى ئامانلىققا.
18 دانالىقنى تۇتۇپ تۇرغۇچىلار ئۈچۈن ئۇ ھاياتلىق
دەرىخىدۇر،
دانالىقنى مەھكەم تۇتقانلارنىڭ ھەممىسى بەختلىكتۇر.

19 پەرۋەردىگار دانالىقى بىلەن ياراتتى زېمىننى،
ئەقلى بىلەن بەرپا قىلدى ئاسماننى.
20 پەرۋەردىگارنىڭ دانالىقى بىلەن چوڭقۇر قايناملار ئېتىلدى،
بۇلۇتلار شەبنەم پۈركىدى.

21 ئەي ئوغلۇم، چىڭ تۇت دانالىق ۋە پەم-پاراسەتنى،
كۆز ئالدىڭدىن ھەرگىز يوقاتما ئۇلارنى.
22 ئۇلار ھايات بەخش ئېتەر جېنىڭغا،
بېزەك بولۇپ ئېسىلار بوينۇڭغا.
23 شۇ چاغ يولۇڭدا يۈرىسەن تىنچ-ئامان،
پۇتلىشىپ كەتمەيسەن ھېچقاچان.
24 ياتقاندا ھېچنېمىدىن قورقمايسەن،
يېتىپلا تاتلىق ئۇخلايسەن.
25 قورقما تۇيۇقسىز كەلگەن خەۋپتىن،
رەزىللەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەيرانچىلىقتىن.
26 چۈنكى تايانچىڭدۇر پەرۋەردىگار،
ئۇ پۇتلىرىڭنى تۇزاقلارغا چۈشۈشتىن ساقلار.

27 ئەگەر كەلسە ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن،
ياردىمىڭنى ئايىما ھاجەتمەنلەردىن.
28 قوشناڭغا ئېھتىياجلىق نەرسە سەندە بار بولسا،
«ئەتە كەل، شۇ چاغدا بېرەي» دەپ ئۇنى قايتۇرما.

29 قوشناڭغا زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىدە بولما،
چۈنكى ئۇ ساڭا ئىشىنىپ خاتىرجەم ياشايدۇ يېنىڭدا.
30 بىرى ساڭا يامانلىق قىلمىغان بولسا،
ئۇنىڭ بىلەن سەۋەبسىز ماجىرالاشما.

31 زوراۋانغا ھەسەت قىلما،
ئۇنىڭ يوللىرىدىن ھېچقايسىسىنى تاللىما.
32 چۈنكى ئەگرى ئادەملەر يىرگىنچلىكتۇر پەرۋەردىگارغا،
دۇرۇسلارغا ئۇ يېقىن تۇرار ئەمما.

33 پەرۋەردىگارنىڭ لەنىتى تېگەر رەزىللەرنىڭ ئۆيىگە،
ئۇ بەخت ئاتا قىلار ھەققانىيلارنىڭ ئائىلىسىگە.
34 ئۇ مەسخىرىچىلەرنى مەسخىرە قىلار،

كىچىك پېئىللارغا شەپقەت ياغدۇرار.
35 دانالار شان-شەرەپكە مۇيەسسەر بولار،
نادانلار بولسا شەرمەندىلىكتە قالار.

## دانالىقنىڭ ئەۋزەللىكى

4 1 ئەي ئوغۇللىرىم، ئاتاڭلارنىڭ تەربىيەسىگە قۇلاق سېلىڭلار.
ئەقىل-ئىدراك تېپىش ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار.
2 چۈنكى سىلەرگە ئۆگىتىمەن ئىلىم-ھېكمەتنى،
تەرك ئەتمەڭلار مېنىڭ تەلىملىرىمنى.
3 ئاتامنىڭ ئالدىدا كىچىك بالا ئىدىم،
ئانامنىڭ ئالدىدا ئەتىۋارلىق ئىدىم.
4 ئاتام ماڭا مۇنداق ئۆگەتكەنىدى:
«يۈرىكىڭدە ساقلىغىن سۆزلىرىمنى،
ئەمەل قىلغىن بۇيرۇقلىرىمغا،
ياشايسەن بەختلىك شۇندا.
5 ئەقىل تاپ، ئېرىش دانالىققا،
ئۇنتۇما ئېيتقانلىرىمنى، سۆزۈمدىن چىقما.
6 دانالىقتىن ۋاز كەچمە، ئۇ سېنى قوغدار،
ئۇنى سۆيگىن، ئۇ سېنى مۇھاپىزەت قىلار.
7 دانالىققا ئېرىشىشتۇر دانالىقنىڭ باشلىنىشى،
ئەقىل تاپ، بېرىپ بولسىمۇ پۈتۈن بايلىقىڭنى.
8 دانالىقنى ئەتىۋارلىغىن، ئۇ سېنى ئۈستۈن قىلار.
ئۇنى قۇچاقلا ئۇ سېنى شۆھرەتكە ئېرىشتۈرەر.
9 دانالىق تاقار كۆركەم تاج بېشىڭغا،
ئىنئام قىلار شەرەپ تاجىنىمۇ ساڭا.»

10 ئەي ئوغلۇم، سۆزلىرىمنى ئاڭلا، قوبۇل قىل،
شۇندا ئۇزۇن بولار ئۆمرۈڭ.
11 مەن ساڭا كۆرسەتتىم دانالىقنىڭ يولىنى،
يېتەكلىدىم توغرا يولدا مېڭىشنى.

12 توسالغۇغا ئۇچرىمايسەن ماڭغىنىڭدا،
پۇتلىشىپ كەتمەيسەن يۈگۈرگىنىڭدە.
13 ئالغان تەربىيەنى چىڭ تۇت، ئايرىلما، ئۇبدان ساقلا ئۇنى،
ئۇ سېنىڭ ھاياتىڭدۇر چۈنكى.
14 كىرمە رەزىللەرنىڭ يولىغا،
يۈرمە يامانلارنىڭ ئىزىدا.
15 ئۆزۈڭنى قاچۇر، ئۆتمە ھەم ئۇلارنىڭ يولىدىن،
بۇرۇلۇپ ئۆتۈپ كەتكىن ئۇلارغا يولىماستىن،
16 چۈنكى ئۇخلىيالماس ئۇلار يامانلىق قىلمىغۇچە،
ئۇيقۇسى كەلمەس بىرەرسىنى يىقىتمىغۇچە.
17 ئۇلار يەر رەزىللىكنىڭ نېنىنى.
ئىچەر زوراۋانلىقنىڭ شارابىنى.

18 تاڭ نۇرىغا ئوخشار ھەققانىيلارنىڭ يولى،
ئۇ نۇرلىنار چىڭقى چۈشتەك يورۇغانسېرى.
19 قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئوخشار رەزىللەرنىڭ يولى،
بىلمەس ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە پۇتلىشىپ كېتىشىنى.

20 ئەي ئوغلۇم، سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا.
ئۇبدان قۇلاق سال ئېيتقانلىرىمغا،
21 ئۇلارنى كۆز ئالدىڭدىن يوقاتما،
قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلا.
22 چۈنكى چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن بۇ سۆزلەر ھاياتلىقتۇر،
ئۇلارنىڭ تەن ساغلاملىقىدۇر.
23 پاك تۇت بار كۈچۈڭ بىلەن قەلبىڭنى،
ئۇ ھايات بۇلىقىدۇر چۈنكى.
24 بىر ئېغىزمۇ ئەگرى گەپ قىلما.
تىلىڭنى ھىيلىگەرلىكتىن ساقلا.
25 ئالدىڭغا تىككىن كۆزلىرىڭنى،
توغرا تاشلا ھەم نەزىرىڭنى.
26 ھەربىر قەدىمىڭنى ئال توغرا،

ئۆلۈك بولىدۇ ماڭغان يوللىرىڭ شۇندا.
27 ئۆلۈك، سولغا چەتلىمەي، ئالغا باسقىن،
يىراق تۇت پۇتلىرىڭنى يامانلىقتىن.

## زىنا قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش

5 1 ئەي ئوغلۇم، ھېكمەتلىك سۆزلىرىمگە كۆڭۈل قويغىن،
ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىمگە قۇلاق سالغىن.
2 شۇندا ئايرىلماس ئەقىل-ئىدراك سەندىن،
دۇرۇس سۆزلەر تۆكۈلەر لەۋلىرىڭدىن.
3 ھەسەل تامار بۇزۇق خوتۇننىڭ لەۋلىرىدىن،
سىلىقتۇر ئۇنىڭ سۆزلىرى زەيتۇن يېغىدىن.
4 لېكىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەت ئاچچىقتۇر ئەمەندەك،
ئازاب-ئوقۇبەتلىكتۇر خەنجەر بىلەن تىلغاندەك.
5 ئۆلۈمگە باشلار ئۇنىڭ تۇتقان يولى.
ئۆلۈكلەر ماكانىغا ئېلىپ بارار باسقان قەدەملىرى.
6 ئۇ ھاياتلىق يولىنى ئويلاپمۇ قويماس،
ئەگرى يوللاردا تېنەپ يۈرگەنلىكىنى ئۆزى بىلمەس.

7 ئەي ئوغلۇم، سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا.
دېگەنلىرىم ئۇنتۇماڭ.
8 بۇنداق بۇزۇق خوتۇندىن نېرى قاچ،
ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىن يولىما!
9 بولمىسا، ئۆز ئىززىتىڭنى يوقىتىسەن،
غەزەپلەنگەن ئېرىگە قەرزدار بولىسەن.
10 بايلىقىڭدىن ياتلار بەھرىمەن بولار،
مېھنەت قىلىپ تاپقانلىرىڭ ئۆزگىنىڭ ئۆيىدە قالار.
11 نالە-پەرياد چېكىسەن ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىدا،
ھېچ مادار قالمىغاندا تەن ۋە ۋۇجۇدۇڭدا.
12 شۇ چاغ دەيسەنكى:
- نېمىشقىمۇ تەربىيەنى ئۆچ كۆرگەندىمەن؟
كۆڭلۈمدە تەنبىھلەرنى مەنسىتمىگەندىمەن؟

13 ئۇستازلىرىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندىمەن؟
ماڭا تەربىيە بەرگەنلەرگە قۇلاق سالمىغاندىمەن؟
14 تاس قالدىم مانا شەرمەندە بولۇشقا،
يىغىلغان جامائەت ئالدىدا.

15 ئىچكىن ئۆز كۆلچىكىڭنىڭ سۈيىدىن،
ئۆز قۇدۇقۇڭدىكى سۈزۈك سۇدىن.
16 تاشسۇنمۇ بۇلاقلىرىڭ تاشقىرىغا، ئۆستەڭلىرىڭ
كوچىلارغا؟
17 ئۇلار مەنسۇپ بولسۇن ساڭىلا،
ئۇلارنى ئۆزگىلەر بىلەن ئورتاقلاشما.
18 قۇدۇقۇڭ بەرىكەتلىك بولسۇن،
ياشلىقىڭدا ئالغان ئايالىڭدىن ھۇزۇر ئالغىن.
19 ئۇ كېيىكتەك سۆيۈملۈك، مارالدەك چىرايلىقتۇر،
قانائەتلەنگىن ئۇنىڭ كۆكسىدىن،
مەپتۇن بولغىن ئۇنىڭغا دائىم.
20 ئوغلۇم، نېمىشقا شەيدا بولىسەن بۇزۇق خوتۇنغا؟
نېمىشقا ئاتىسەن ئۆزۈڭنى زىناخور خوتۇننىڭ قوينىغا؟

21 پەرۋەردىگارنىڭ كۆز ئالدىدىدۇر ئىنساننىڭ قىلغانلىرى،
كۆزىتىپ تۇرىدۇ ئۇ ئۇنىڭ بارلىق يوللىرىنى.
22 چۈشۈرىدۇ يامانىنىڭ قىلمىشلىرى ئۆزىنى تۇزاققا.
ئىلىنىدۇ ئۇ ئۆز گۇناھى بىلەن سىرتماققا.
23 ئۇ ئۆزىنى تۇتالماسلىقىدىن ئۆز جېنىغا زامىن بولىدۇ.
چېكىدىن ئاشقان ئەخمەقلىقى تۈپەيلى يولدىن ئازىدۇ.

## نادانلىقتىن ھەزەر ئەيلەشكە دەۋەت

6 1 ئەي ئوغلۇم، كېپىل بولغان بولساڭ دوستۇڭغا،
ياكى قول بەرگەن بولساڭ كاپالەت ئۈچۈن بىراۋغا،
2 تۇتۇلۇپ ئاغزىڭدىن چىققان سۆزۈڭ بىلەن،
باغلىنىپ قالغان بولساڭ ئۆز ۋەدەڭ بىلەن.

3 قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بۇنىڭدىن،
بۇنداق قىل، ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا دەرھال بارغىن.
ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈپ سورا تۆۋەنچىلىك بىلەن،
چۈنكى ئۇنىڭ ئىلكىدىسەن بەرگەن ۋەدەڭ بىلەن.
4 ئۇخلاپ ياتما، كىرپىك قاقما،
5 ئازاد قىل ئۆزۈڭنى،
ئوۋچى قولىدىن قاچقان جەرەندەك،
ئوۋچىنىڭ تورىدىن قۇتۇلغان قۇشتەك.

6 ئەي ھورۇن، ئال چۈمۈلىلەردىن ئۈلگە،
ئەقىل تاپ قاراپ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە.
7 يوقتۇر باشلىق، نازارەتچى، ھۆكۈمدار ئۇلاردا.
8 لېكىن تەييارلار ئۇلار قىشنىڭ ئوزۇقىنى يازدا،
ئاشلىق توپلار ھوسۇل يىغىش ۋاقتىدا.
9 ئەي ھورۇن، سەن قاچانغىچە ئۇخلايسەن؟
قاچان ئورنۇڭدىن تۇرىسەن؟
10 ئەگەر دېسەڭ:
«بىرئاز كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇخلىۋالاي،
بىردەم پۇت-قولۇمنى ئالماپ يېتىۋالاي»،
11 يېنىڭغا كېلەر قاراقچىدەك نامراتلىق،
ھەم قورالىق بۇلاڭچىدەك موھتاجلىق.

12 ئۆكتەملەر بىلەن يامانلار يالغان-ياۋىداق سۆزلەپ يۈرىدۇ.
13 كۆز قىسىپ، پۇت-قولى بىلەن شەرەت قىلىدۇ،
14 يامان نىيەت بىلەن رەزىل ئىش پىلانلايدۇ،
ھەمىشە جېدەل-ماجىرا تېرىيدۇ.
15 شۇڭا كېلىدۇ تۇيۇقسىز بالا-قازا ئۇلارغا،
بىردىنلا بىتچىت بولۇپ قالار قۇتقۇزۇلغۇسىز ھالغا.

16 پەرۋەردىگارنىڭ يىرگىنىدىغان ئىشى ئالتە،
ياق، نەپرەتلىنىدىغان ئىشى يەتتىدۇر:

17 تەكەببۇر كۆز،
يالغان سۆزلەيدىغان تىل،
بىگۇناھلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان قول،
18 سۇيىقەست ئويلايدىغان كۆڭۈل،
يامانلىققا يۈگۈرىدىغان پۇت،
19 ساختا گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئېغىز
ھەم قېرىنداشلار ئارا ماجىرا چىقارغۇچى.

20 ئەي ئوغلۇم، ئەمەل قىل بۇيرۇقىغا ئاتاڭنىڭ،
چىقما تەلىمىدىن ئاناڭنىڭ.
21 ئورنىتىپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى قەلبىڭگە،
ئېسىۋال مارجان قىلىپ بوينۇڭغا.
22 نەگىلا بارساڭ، يول باشلار ئۇ ساڭا،
قوغدار سېنى ئۇخلىغىنىڭدا،
مەسلىھەت بېرەر ساڭا ئويغانغىنىڭدا.
23 چۈنكى بۇيرۇق بولسا چىراغدۇر،
تەلىم بولسا نۇردۇر،
تەربىيەنىڭ ئۆزى ھايات يولىدۇر.
24 ئۇلار ساقلار سېنى بۇزۇق خوتۇندىن،
زىناخور خوتۇننىڭ شېرىن سۆزلىرىدىن.
25 بېرىلىپ كەتمە ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە،
ئەسىر بولۇپ كەتمە قاش-كۆز ئوينىتىشىغا.
26 نان ھەققى يېتەر پاھىشە ئايالغا،
ئۆزگىنىڭ خوتۇنى ئەزىز جېنىڭنى ئالار قارىغا.
27 كىيىمى كۆيمەمدۇ چوغ سالسا ئېتىكىگە،
28 پۇتى كۆيمەمدۇ ئەگەر ئادەم ماڭسا چوغ ئۈستىدە؟
29 ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاشتۇر ئۆزگىنىڭ خوتۇنى بىلەن زىنا قىلغۇچىنىڭ ئاقىۋىتى.
قۇتۇلالماس جازادىن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتسا كىمكى.

30 كىشىلەر كەمستمەيدۇ ئاچلىقتىن ئوغرىلىق قىلغان
ئوغرىنى،
31 لېكىن تۇتۇلۇپ قالسا، تۆلەيدۇ ئۇ بىرگە يەتتە ھەسسە
تۆلەمنى،
تاپشۇرىدۇ ئۆي ئىچىدىكى بارلىق بىساتىنى.
32 ئەمما ئۆزگىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغۇچى،
يوقتۇر ئەقلى، ھالاك قىلىدۇ ئۆز ئۆزىنى.
33 ئۇ چوقۇم شەرمەندە بولۇپ، تاياق يەيدۇ،
يۈزۈپ چىقارغۇسىز رەسۋاچىلىقتا قالىدۇ.
34 چۈنكى ئايالنىڭ ئېرى غەزەپكە كېلەر كۈندەشلىك ئوتىدا،
ھەرگىز رەھىم قىلماس ئۇ ئىنتىقام ئالغاندا.
35 ھەرقانداق تۆلەمگە ئۇ قاراپمۇ قويماس،
بەرسەڭمۇ قانچىلىك سوۋغات، ئۇ رازى بولماس.

## بۇزۇق خوتۇن

7 1 ئەي ئوغلۇم، ئەمەل قىل سۆزلىرىمگە،
بۇيرۇقلىرىمنى قەدىرلە.
2 ئەمەل قىل ئۇلارغا، بەختلىك ياشايسەن شۇندا.
تەلىملىرىمنى كۆز قارىچۇقۇڭدەك ئاسرا.
3 ئۇلارنى تېڭىپ بارماقلىرىڭغا،
پۈتۈۋال قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىغا.
4 ئاچا-سىڭىل دەپ تونۇغىن دانالىقنى،
ئۇرۇق-تۇغقان دەپ ئاتىغىن پاراسەتنى.
5 شۇندا ساقلار ئۇلار سېنى زىناخور ئايالدىن،
تىلى شېرىن، بۇزۇق خوتۇندىن.

6 ئۆيۈمنىڭ دېرىزە پەنجىرىسىدىن تاشقىرىغا قارىغىنىمدا
بىر قېتىم،
7 ساددا ياشلار ئارا بىر ئەقىلسىز يىگىتنى كۆرۈپ قالدىم.
8 ئۇ كوچا ياقىلاپ مېڭىۋەردى.
بىر خوتۇننىڭ دوقمۇشتىكى ئۆيى تەرەپكە مېڭىپ قالدى.

9 بۇ كۈن پېتىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان ۋاقىت ئىدى.

10 مانا، بىر خوتۇن يىگىتنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.
ئۇ پاھىشىدەك ياسىنىۋالغان بولۇپ، نىيىتى بۇزۇق ئىدى.
11 ئۇ بىشەم ۋە باشباشتاق بولۇپ، ئۆيىدە ئولتۇرمايتتى.
12 ئەرلەرنى ئېزىقتۇرۇشقا ساقلايتتى ھەربىر دوقمۇشتا،
بەزىدە كوچىلاردا، بەزىدە بازارلاردا.
13 ئۇ ھېلىقى يىگىتكە ئېسىلىپ، سۆيۈپ، قىلىنلىق بىلەن ئېيتتى:
14 «ئۆيۈمدە بار ئامانلىق قۇربانلىقىنىڭ گۆشى،
بۈگۈن قىلدىم خۇداغا ۋەدە قىلغان بۇ قۇربانلىقنى.
15 شۇڭا سىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن چىققاندىم،
ئەمدى سىزنى ئىزدەپ تېپىۋالدىم.
16 تۆشىكىمنى مىسىرنىڭ رەڭلىك ياپقۇچلىرى بىلەن ياپتىم.
17 ئورۇن-كۆرپىلىرىمگە مۇرمەككى، مۇئەتتەر ۋە قوۋزاقدارچىن چاچتىم.
18 كېلىڭ، تاڭ ئاتقۇچە قېنىپ ئوينىشايلى،
بىر-بىرىمىزنىڭ قوينىدا لەززەتلىنەيلى.
19 چۈنكى ئېرىم ئۆيدە يوق، چىقىپ كەتتى يىراق سەپەرگە،
20 ئېلىپ بىر ھەميان كۈمۈش تەڭگە، ئۆيگە قايتمايدۇ ئاي تولغۇچە.»

21 بەند قىلدى ئايال ئۇنى ئۆزىگە شېرىن سۆزلىرى بىلەن،
ئېزىقتۇردى ئۇنى ياغلىما گەپلىرى بىلەن.
22 ياش يىگىت ئۇ ئايالغا ئويلىمايلا ئەگەشتى،
قۇشخانىغا ئېلىپ مېڭىلغان ئۆكۈز كەبى،
قاپقانغا چۈشۈش ئالدىدىكى بۇغا كەبى،
23 قىلتاقىقا ئۆزىنى ئېتىۋاتقان قۇش كەبى.
ئوق تېشىپ ئۆتمىگۈچە ئۇنىڭ جىگىرىنى،
بىلمەس ئۇ زىنانىڭ ھاياتىغا زامىن ئىكەنلىكىنى.

24 ئەي ئوغۇللىرىم، ئەمدى قۇلاق سېلىڭلار سۆزلىرىمگە،
ئېتىبار بېرىڭلار دېگەنلىرىمگە.
25 بۇنداق خوتۇننىڭ يولىغا مايىل بولمىسۇن كۆڭلۈڭلار،
ئۇنىڭ يولىغا كىرىپ ئادىشىپ كەتمەڭلار.
26 بۇنداق ئايال نابۇت قىلغان نۇرغۇن كىشىلەرنى،
ھاياتىدىن ئايرىغان سانسىز ئەرلەرنى.
27 ئېلىپ بارار ئۇنىڭ ئۆيى گۆرگە،
ئۆلۈكلەر ماكانىدىكى چوڭقۇر يەرگە.

## دانالىقنىڭ ئۆزىنى تەرىپلىشى

8 1 دانالىق چاقىرمىدىمۇ؟
ئەقىل-ئىدراكنىڭ ئاۋازى ياڭرىمىدىمۇ؟
2 تۇرۇپ ئۇ يول بويىدىكى ئېگىز جايلاردا،
تۆت كوچىلاردا،
3 جاكارلىماقتا شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ يېنىدا،
شەھەرگە كىرىش ئېغىزلىرىدا:
4 ئەي ئىنسانلار، سىلەرنى چاقىرىۋاتىمەن،
ئادەم بالىلىرىغا خىتاب قىلىۋاتىمەن.
5 ئەي گول ئادەملەر، ئۆگىنىڭلار زېرەكلىكنى،
ئەي نادانلار، ئۆگىنىڭلار ئەقىلگلارنى ئىشلىتىشنى.
6 قۇلاق سېلىڭلار، ئېيتماقچىمەن يۈكسەك ئىشلارنى،
دۇرۇستۇر ئاغزىمدىن چىققانلىرى.
7 ھەقىقەتنى سۆزلەيمەن، رەزىللىككە نەپرەتلىنىمەن.
8 ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەقتۇر،
ئۇنىڭدا ھىيلىگەرلىك ياكى ساختىلىق يوقتۇر.
9 ئېنىقتۇر بارلىق سۆزلىرىم چۈشەنگەنلەرگە،
توغرىدۇر ئۇلار بىلىم ئالغانلارغا.
10 قوبۇل قىلىڭلار كۈمۈشنىڭ ئورنىغا نەسىھەتلىرىمنى،
ساپ ئالتۇننىڭ ئورنىغا بىلىمنى.
11 چۈنكى دانالىق قىزىل ياقۇتلاردىنمۇ قىممەتلىكتۇر،
ھەرقانداق ئارزۇلۇق نەرسە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەستۇر.

12 مەن دانالىقمەن، ئەقىل-ئىدراك بىلەن بىرگە ياشايمەن.
بىلىم ۋە پەم-پاراسەتنىڭ ئىگىسىمەن.
13 پەرۋەردىگارغا ئىخلاس قىلىش يامانلىقتىن نەپرەتلىنىشتۇر.
نەپرەتلىنىمەن تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك، يامان يول،
يالغان سۆزدىن.
14 ئىگىسىمەن نەسىھەت ۋە ھېكمەتنىڭ،
ئەقىل ھەم كۈچ-قۇدرەتنىڭ.
15 مەن ئارقىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ پادىشاھلار،
ئادىل قانۇن-پەرمان چىقىرىدۇ ھۆكۈمدارلار.
16 مەن ئارقىلىق ئىدارە قىلىدۇ ھوقۇقدارلار،
ئەمەلدارلار، بارلىق ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچىلار.
17 سۆيىمەن مەنمۇ مېنى سۆيگەنلەرنى،
تاپالايدۇ تىرىشىپ ئىزدىگەنلەر مېنى.
18 مەندە باردۇر بايلىق ۋە شۆھرەت،
تۈگىمەس مال-دۇنيا ۋە ھەققانىيەت.
19 مەن بېرىدىغان مېۋە ئالتۇندىن، ھەتتا ساپ ئالتۇندىن
قىممەتلىكتۇر.
مەندىن كېلىدىغان پايدا ساپ كۈمۈشتىنمۇ ئەۋزەلدۇر.
20 مەن ھەققانىيەت يولىدا ماڭىمەن،
ئادالەت يولىدا ئىلگىرىلەيمەن.
21 مېنى سۆيگەنلەرگە بايلىق بېرىمەن،
ئۆلارنىڭ خەزىنىلىرىنى تولدۇرىمەن.

22 پەرۋەردىگار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مېنى ئۆز ئىشلىرىنى
باشلىشىدىن بۇرۇنلا،
ھەممە مەۋجۇداتلارنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا،
23 بەرپا بولغانمەن ئەلمىساقتىلا، ئەزەلدىن تارتىپلا،
يەر-زېمىن تېخى يارىتىلماستىلا.
24 تۆرەلگەنمەن دېڭىز-ئوكيانلار يوقتىلا،
بۇلاقلار كۆز ئاچماستىلا،
25 تۆرەلگەنمەن ئېگىز تاغلار شەكىللەنمەستىلا،

تۆپىلىكلەر پەيدا بولماستىلا،
26 ئۇ بىپايان زېمىن، كەڭ دالالارنى ياراتماستىلا،
زېمىندىكى توپا-چاڭلار تېخى مەۋجۇت بولماستىلا.
27 ئۇ يەردە ئىدىم خۇدا ئاسماننى ئورناتقىنىدا،
دېڭىز يۈزىگە ئۇپۇق سىزىقىنى سىزغىنىدا،
28 ئاسمانغا بۇلۇتلارنى ئورۇنلاشتۇرغىنىدا،
دېڭىز-ئوكيانلارنى سۇ بىلەن تولدۇرغىنىدا،
29 ئۇ سۇلار تاشمىسۇن دەپ، دېڭىزغا چەك قويغىنىدا،
يەر-زېمىننىڭ ئۇلىنى بەلگىلىگىنىدە.
30 مەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇستا ھۈنەرۋەن ئىدىم.
ھەر كۈنى مەن ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىدىم،
مەنمۇ ھەر دائىم ئۇنىڭ ھوزۇرىدا شادلىناتتىم.
31 ئۇ ياراتقان پۈتكۈل ئالەم ئۈچۈن شادلىناتتىم.
دۇنيادىكى ئىنسانلاردىن سۆيۈنەتتىم.

32 ئەمدى ماڭا قۇلاق سېلىڭلار، ئەي ئوغۇللار،
نەقەدەر بەختلىكتۇر يولۇمنى تۇتقانلار!
33 تەلىم-تەربىيەمگە قۇلاق سېلىپ، ئەقىل تېپىڭلار،
ئۇلارغا بىپەرۋالىق قىلماڭلار.
34 نەقەدەر بەختلىكتۇر ئىشىك ئالدىمدىن كەتمەي،
ھەر كۈنى بوسۇغامدا كۈتۈپ، سۆزۈمنى ئاڭلايدىغان
كىشى!
35 چۈنكى مېنى تاپقانلار ھاياتلىقنى تاپار.
پەرۋەردىگارنىڭ رازىلىقىغا ئېگە بولار.
36 ئۆزى زىيان تارتار مېنى قولدىن بېرىپ قويغانلار،
ئۆلۈمنى ياخشى كۆرگەنلەردۇر مېنى يامان كۆرگەنلەر.

## دانالىقنىڭ چاقىرىقى

9 1 سالدى دانالىق بىر ئۆي ئۆزىگە،
ئورناتتى يەتتە تۈۋرۈك ئۇنىڭغا.
2 سويۇپ مال، تەييارلاپ شارابنى،

يايدى ئۇ داستىخىنىنى.
3 ئۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئېگىز جايلىرىغا ئەۋەتىپ دېدەكلىرىنى،
چاقىرغۇزدى ئۆز زىياپىتىگە ھەممەيلەننى.
4 ئۇلار: «ئەي ساددىلار، بۇ يەرگە كېلىڭلار!» دەپ توۋلىدى
ھەم ئەقىلسىزلارغا مۇنداق دېدى:
5 «ئەتكەن غىزايىمغا ئېغىز تېگىڭلار،
تەييارلىغان شارابىمنى ئىچىڭلار.
6 نادانلىق يولىنى تاشلاڭلار، بەختلىك ياشايسىلەر شۇندا،
مېڭىڭلار ئاقىللىق يولىدا.»

7 كىمكى تەنبىھ بەرسە مازاق قىلغۇچىلارغا، ئۇچرار ئاھانەتكە،
ئەيىبلىسە رەزىللەرنى، قالار ھاقارەتكە.
8 ئەيىبلىمە مازاق قىلغۇچىلارنى، بولمىسا ساڭا ئۆچ بولۇپ قالار،
گەر ئەيىبلىسەڭ دانالارنى، سۆيەر سېنى ئۇلار.
9 تەلىم بەرسەڭ داناغا، زىيادە بولار ئۇنىڭ ئەقلى،
ئۆگەتسەڭ ھەققانىي ئادەمگە، ئاشار ئۇنىڭ بىلىمى.

10 پەرۋەردىگارغا ئىخلاس قىلىش دانالىقنىڭ باشلىنىشىدۇر.
بىردىنبىر مۇقەددەس بولغۇچىنى بىلىشنىڭ ئۆزى ئەقىل-ئىدراكتۇر.
11 ماڭا ئەگەشسەڭ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولار.
يېشىڭغا ياش قوشۇلار.
12 دانا بولساڭ، ئۆزۈڭ كۆرىسەن پايدىسىنى،
مازاق قىلساڭ، ئۆزۈڭ تارتىسەن زىيىنىنى.

## نادانلىقنىڭ چاقىرىقى

13 نادانلىق ئوخشار بىشەم ۋە ھېچنېمىگە قارىمايدىغان كالۋا خوتۇنغا.
14 ئۇ ئولتۇرۇپ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا،

شەھەرنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىدا،
15 يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغا:
16 «ئەي ساددىلار، بۇ يەرگە كېلىڭلار!» دەپ توۋلىدى
ھەم ئەقىلسىزلارغا مۇنداق دېدى:
17 «ئوغرىلاپ ئىچكەن سۇ تاتلىقتۇر،
يوشۇرۇپ يېگەن نان تەملىكتۇر».
18 بىراق بىلمەس ئاڭلىغۇچىلار ئۇ يەرنىڭ ئەرۋاھلار ماكانى ئىكەنلىكىنى،
ئۆيىگە چاقىرىلغانلارنىڭ گۆرگە كىرىپ بولغانلىقىنى.

## سۇلايمان پادىشاھنىڭ پەند-نەسىھەتلىرى

10

1 سۇلايمان پادىشاھنىڭ پەند-نەسىھەتلىرى:

دانا ئوغۇل شادلاندۇرار ئاتىسىنى،
نادان ئوغۇل قايغۇغا سالار ئانىسىنى.

2 پايدا بەرمەس ھارام بايلىق،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرار ھەققانىيلىق.

3 ئاچ قويماس پەرۋەردىگار ھەققانىيلارنى،
ئەمەلگە ئاشۇرماس يامانلارنىڭ ئارزۇسىنى.

4 نامرات بولار قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرغانلار،
بايلىق كەلتۈرەر ئۆز قولى بىلەن ئىشچانلار.

5 ئەقىل-ئىدراكلىق ئوغۇلدۇر ھوسۇلنى ۋاقتىدا يىغقان،
ئۇياتقا قالدۇرىدىغان ئوغۇلدۇر ئورما مەزگىلىدە ئۇخلىغان.

6 بەرىكەت ھەققانىيلارنىڭ بېشىغا ياغار،
زوراۋانلىقنى يامانلارنىڭ سۆزلىرى يوشۇرار.

7 ھەققانىيلار مۇبارەك ئەسلىمىلەر قالدۇرار.
يامانلارنىڭ نامى تېزلا ئۇنتۇلۇپ قالار.

8 قەلبىدە دانالىق بولغانلار نەسىھەتنى قوبۇل قىلار،
ئەخمەقلەرچە سۆزلىگەن بالاغا قالار.

9 دىيانەت يولىدا ماڭغاننىڭ قەدىمى بىخەتەردۇر،
ئەگرى يولدا يۈرگەننىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتامدۇر.

10 غەرەزلىك كۆز قىسقان غەم-قايغۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرار،
ئەخمەقلەرچە سۆزلىگەن بالادا قالار.

11 ھاياتلىق بۇلىقىدۇر ھەققانىينىڭ سۆزلىرى،
يوشۇرار زوراۋانلىقنى يامانلارنىڭ تىللىرى.

12 ئۆچمەنلىك جېدەل-ماجىرا قوزغار،
مېھىر-مۇھەببەت بارلىق گۇناھلارنى ياپار.

13 ئاقىلنىڭ لەۋلىرىدىن دانالىق تامار،
ئەقىلسىزنىڭ دۈمبىسىگە دەررە تەييار تۇرار.

14 دانالار بىلىمنى ئىچىدە ساقلار،
ئەخمەقنىڭ تىلى ھالاكەت چاقىرار.

15 بايلارنىڭ مەزمۇت قورغىنىدۇر ئۆز بايلىقى.
نامراتلارنىڭ ھالاكىتىدۇر ئۆز يوقسۇزلۇقى.

16 ھاياتلىقتۇر ھەققانىينىڭ ئىرىشكىنى،
گۇناھتۇر رەزىلنىڭ تاپقىنى.

17 تەربىيەنى قوبۇل قىلغۇچى ھاياتلىق يولىدىدۇر،

تەنبىھنى رەت قىلغۇچى يولدىن ئازغان كىشىدۇر.

18 ئۆچمەنلىكنى يوشۇرغۇچىنىڭ سۆزى يالغان.
ئەخمەقتۇر باشقىلارغا تۆھمەت چاپلىغان.

19 گۇناھتىن خالىي بولماس كۆپ سۆزلەيدىغان،
دانادۇر تىلىنى تارتقان.

20 ساپ كۈمۈشتۇر ھەققانىينىڭ لەۋزى،
ئەرزىمەستۇر يامانلارنىڭ كۆڭلى.

21 ھەققانىينىڭ سۆزى كۆپكە ئوزۇق بولار،
ئەخمەقلەر ئەقىلسىزلىقىدىن ھالاك بولار.

22 بايلىق كەلتۈرەر پەرۋەردىگارنىڭ بەرىكىتى،
قوشماس بۇ بايلىققا دەرد-ئەلەمنى.

23 ھوزۇرلىنار ئەقىلسىز يامانلىق قىلغىنىدىن،
زوقلىنار ئاقىل دانالىق ئىشىدىن.

24 يامانىنىڭ قورققىنى ئۇنىڭ بېشىغا چۈشەر،
ھەققانىيلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشار.

25 قۇيۇندىن كېيىن يامان ئادەم يوقىلار،
ھەققانىي ئادەم مەڭگۈلۈك ئۇلدەك مەزمۇت قالار.

26 ئاچچىقسۇ ئاغزىنى تۈتۈن كۆزنى ئېچىشتۇرار،
ھورۇن ئۆزىنى ئىشقا سالغۇچىنى ئاۋارە قىلار.

27 پەرۋەردىگارغا ئىخلاس قىلىش ئۇزارتار ئۆمۈرنى،
قىسقا بولار يامانلارنىڭ ئۆمرى.

28 شادلىق ئېلىپ كېلەر ھەققانىيلارنىڭ ئۈمىدى،
يوقىلا چىقار يامانلارنىڭ كۈتكىنى.

29 پەرۋەردىگارنىڭ يولى دىيانەتلىكلەر ئۈچۈن باشپاناھدۇر،
يامانلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن ھالاكەتتۇر.

30 مۇستەھكەم تۇرار ھەققانىي ئادەم ئۆز ئورنىدا،
ئۈزۈن تۇرالماس يامانلار زېمىندا.

31 ھەققانىينىڭ ئاغزىدىن دانالىق تۆكۈلەر،
يالغان سۆزلەيدىغان تىل كېسىلەر.

32 ھەققانىينىڭ سۆزى كىشىلەرگە ياقار،
يامانلارنىڭ ئاغزىدىن قۇۋلۇق-شۇملۇق چىقار.

11

1 پەرۋەردىگار يېرگىنەر مەككارنىڭ تارازىسىدىن،
خۇرسەن بولار ھەققانىينىڭ تارازا تېشىدىن.

2 تەكەببۇرلۇق كەينىدىن كېلەر شەرمەندىلىك،
ھەمراھ بولار كەمتەرلىككە دانالىق.

3 بېتەكلەر دۇرۇسلارنى دىيانەتلىكى،
ۋەيران قىلار كاززاپلارنى ئۆز ھىيلىگەرلىكى.

4 مال-دۇنيانىڭ پايدىسى بولماس خۇدا غەزەپكە كەلگەن كۈنى،
ھەققانىيلىق بولسا ئۆلۈمدىن قۇتقۇزار ئادەمنى.

5 دىيانەتلىك كىشىنىڭ ھەققانىيلىقى ئۇنىڭ يولىنى ئوچۇق قىلار،
يامان ئادەم ئۆز يامانلىقىدىن يىقىلار.

6 دۇرۇسلارنى ھەققانىيلىقى قۇتقۇزار،
ساتقۇنلار ئۆز نەپسىدىن تۇتۇلار.

7 ئۆلسە يامان ئادەم ئارزۇسى يوققا چىقار،
باي بولۇش ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلىنار.

8 ھەققانىي كىشى كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇلار،
يامان ئادەم ئەكسىچە كۈلپەتكە دۇچار بولار.

9 ئىمانسىزلار يېقىنىنى تىلى بىلەن ھالاك قىلار،
ھەققانىيلار بىلىمى بىلەن قۇتقۇزۇۋالار.

10 ئەل-يۇرت شاد بولار، ھەققانىيلار روناق تاپسا،
تەنتەنە قىلار، يامانلار ھالاك بولسا.

11 ئەل-يۇرت گۈللەپ ياشنار دۇرۇسلارنىڭ بەرىكەت تىلەشلىرىدىن،
خاراب بولار يامانلارنىڭ تىلىدىن.

12 ئەقىلسىز كەمسىتەر يېقىنىنى،
سۈكۈت قىلار ئەقىل ئىگىسى.

13 چېقىمچى ئاشكارىلار مەخپىيەتلىكنى،
ئىشەنچلىك كىشى چىڭ ساقلار سىرنى.

14 ئەل ۋەيران بولار، مەسلىھەتسىز بولسا،
غەلىبە قىلار مەسلىھەتچىلەر كۆپ بولسا.

15 كۆپ زىيان تارتار ياتقا كېپىل بولغۇچى،
ئامان بولار كېپىللىكتىن باش تارتقۇچى.

16 سازاۋەر بولار لاتاپەتلىك ئايال ھۆرمەتكە،
پەقەت ئىگە بولار زوراۋانلار بايلىققا.

17 كەلتۈرەر رەھىمدىل ئۆزىگە پايدا،
ئۆچرىتار رەھىمسىز ئۆزىنى زىيانغا.

18 كۆپۈكتەك بولار يامانلارنىڭ تاپقىنى.
چوقۇم ئىنئام ئالار ھەققانىيلىق ئۇرۇقىنى چاچقۇچى.

19 ھاياتلىققا ئېرىشەر چىن ھەققانىي كىشى،
ئۆلۈمگە يۈزلىنەر يامانلىقنى قوغلاشقۇچى.

20 پەرۋەردىگار يىرگىنەر كۆڭلى ئەگرىلەردىن،
خۇرسەن بولار دىيانەتلىكلەردىن.

21 سۆزسىزكى، يامانلار چوقۇم جازالىنار،
ھەققانىيلارنىڭ ئەۋلادى قۇتقۇزۇلار.

22 ھۆسنى بار ئەقلى يوق خوتۇن ئوخشار
چوشقا تۇمشۇقىغا ئېسىلغان ئالتۇن ھالقىغا.

23 ياخشىلىققا باشلار ھەققانىيلارنىڭ ئارزۇسى،
غەزەپ-نەپرەتكە قالدۇرار يامانلارنىڭ كۈتكىنى.

24 بىرى سېخىي بولۇپ، بايلىقى يەنىلا ئاشار،
يەنە بىرى بېخىل بولۇپ ئەكسىچە نامراتلىشار.

25 روناق تاپار مەردلەر،
سۇ بەرگەنلەرگە سۇ بېرىلەر.

26 ئاشلىقنى ۋاقتىدا ساتمىغانلار قالار خەلقنىڭ لەنىتىگە،

بەرىكەت تىلىنەر ئاشلىقنى ۋاقتىدا سېتىپ بەرگەنلەرگە.

27 ياخشىلىق قىلىشقا ئىنتىلگۈچى كۆرەر ياخشىلىق،
يامانلىق قىلىشنى كۆزلىگۈچىگە كېلەر يامانلىق.

28 يىقىلىپ چۈشەر مال-دۇنياسىغا تايانغانلار،
ئەتىيازنىڭ بىخىدەك كۆكلەر ھەققانىيلار.

29 مىراس ئالالماس ئۆيىدىكىلەرگە كۈلپەت كەلتۈرگۈچى،
دانانىڭ چاكىرى بولۇپ قالار ئەقىلسىز كىشى.

30 ھاياتلىق دەرىخىدۇر ھەققانىينىڭ مېۋىسى،
ئاقىلدۇر كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۇتقۇچى.

31 سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا جازالانغان تۇرسا
ھەققانىيلار،
يامانلار بىلەن گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولار؟

# 12

1 تەربىيەنى سۆيگەن بىلىمنى سۆيگۈچىدۇر.
تەنبىھنى ئۆچ كۆرگەن ھاماقەتتۇر.

2 ياخشى ئادەم پەرۋەردىگارنىڭ شاپائىتىگە مۇيەسسەر بولار،
بەتنىيەت ئادەمنى پەرۋەردىگار جازاغا ھۆكۈم قىلار.

3 ئادەم يامانلىق قىلىپ ئامان بولالماس،
ھەققانىيلارنىڭ يىلتىزى قومۇرۇلماس.

4 پەزىلەتلىك ئايال ئېرىنىڭ تاجىدۇر،
شەرمەندە خوتۇن ئېرىنىڭ كۈچىنى خوراتقۇچىدۇر.

5 ھەققانىيلارنىڭ ئويلىرى ئادىللىقتۇر،

يامانلارنىڭ مەسلىھەتى مەككارلىقتۇر.

6 قان تۆكىدىغان تۇزاقتۇر يامانلارنىڭ تىلى،
ئادەمنى تۇزاقتىن قۇتقۇزار ھەققانىيلارنىڭ سۆزى.

7 يامانلار ۋەيران قىلىنىپ يوقىلار،
ھەققانىيلارنىڭ ئۆيى مەزمۇت تۇرار.

8 ئەقىل-ئىدرىكىگە قاراپ ئادەم ماختاشقا سازاۋەر بولار،
ئەگرى ئوي-پىكىرلىك كىشى كۆزگە ئىلىنماي قالار.

9 ئېتىبارسىز قارالسىمۇ چاكار ياللىغان كىشى،
ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ نانغا زار بولغۇچىدىن ياخشى.

10 ھەققانىي ئادەم ئۆزىنىڭ ھايۋانلىرىنى ئاسرىماي قالماس،
يامان ئادەمنىڭ «رەھىمدىللىكى» زالىملىقتۇر خالاس.

11 يېرىگە ئىشلىگەننىڭ قورسىقى توق.
قۇرۇق خىيال سۈرگەننىڭ ئەقلى يوق.

12 كۆز قىزارتار رەزىللەرنىڭ ئولجىسىغا يامانلار،
يىلتىز تارتىپ مېۋە بېرەر ھەققانىيلار.

13 يامان كىشى ئۆز ئاغزىنىڭ گۇناھىدىن تۇتۇلار،
ھەققانىي ئادەم مۇشكۇللۇكتىن قۇتۇلار.

14 ئادەم ياخشى سۆزى بىلەن ياخشىلىق تاپار،
مېھنىتى بىلەن ئىنئامغا سازاۋەر بولار.

15 ئەخمەقنىڭ يولى ئۆز نەزىرىدە توغرىدۇر،
نەسىھەتكە قۇلاق سالغۇچى دانادۇر.

16 تېزلا بىلىنەر كەلسە ئەخمەقنىڭ ئاچچىقى،
ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا زېرەك چاندۇرماس ئىنكاسىنى.

17 بىلدۈرەر ھەق سۆزلىگۈچى ئادىللىقنى،
يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچى ساختىلىقنى.

18 ئويلىمايلا قىلغان سۆز قىلىچتەك تىقىلار،
دانالارنىڭ سۆزى داۋا بولار.

19 راست گەپ مەڭگۈ پۇت تىرەپ تۇرار،
يالغان گەپ بىردەملىك بولار.

20 يامان نىيەتلىك كىشىنىڭ كۆڭلىدە ھىيلىگەرلىك بولار.
تىنچ-ئامانلىقنى دەۋەت قىلغۇچىلار خۇشاللىق تاپار.

21 ھەققانىي ئادەمنىڭ بېشىغا ھېچ كۈلپەت چۈشمەس،
رەزىللەر بەختسىزلىكتىن قۇتۇلالماس.

22 پەرۋەردىگار يىرگىنەر يالغان سۆزلەردىن،
خۇرسەن بولار سۆز-ھەرىكىتى سەممىي بولغانلاردىن.

23 بىلىندۇرمەس زېرەكلەر ئۆز بىلىمىنى،
ئاشكارىلار ئەخمەقلەر ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى.

24 تىرىشچان قول ھوقۇق تۇتار،
ھورۇن ئالۋانغا تۇتۇلار.

25 مۇكچەيتەر غەم-ئەندىشە كىشىنى،
خۇش قىلار بىر ئېغىز ياخشى سۆز ئادەمنى.

26 ھەققانىيلار يېقىنىغا يول كۆرسىتەر،

ياماننىڭ يولى ئۆزلىرىنى ئازدۇرار.

27 ھورۇن ھەتتا ئېرىنەر پىشۇرۇشقا ئوۋلىغان ئوۋنى،
تىرىشچانلىق بولسا ئادەمنىڭ قىممەتلىك بايلىقى.

28 ھەققانىيلارنىڭ يولىدا ھاياتلىق باردۇر،
بۇ يول ئۆلۈمگە يېتەكلىمەيدىغان يولدۇر.

13

1 دانا ئوغۇل ئاتىسىنىڭ تەربىيەسىگە كۆڭۈل قويار،
مەسخىرە قىلغۇچى تەنبىھتىن ئۆزىنى تارتار.

2 ياخشى ئادەم ئۆز سۆزىدىن ياخشىلىق تاپار،
خائىنلار زوراۋانلىقنىڭ كويىدا بولار.

3 ئاغزى چىڭ جېنىنى ساقلاپ قالار،
ئاغزى ئىتتىك ھالاكەتكە يۈز تۇتار.

4 ئېرىنشەلمەس ھورۇنلار كۆڭلى خالىغان ھەرقانداق نەرسىگە،
ئېرىنشەر تىرىشچانلار بارلىق ئارزۇسىغا.

5 يالغانچىلىقتىن يىرگىنەر ھەققانىيلار،
ئۇياتسىزلىق قىلىپ شەرمەندە بولار يامانلار.

6 ئادىللىق قوغدار ھەققانىينى،
رەزىللىك يىقىتار گۇناھكارنى.

7 بەزىلەر باي كۆرسىتەر ئۆزىنى، لېكىن بۇ قۇرۇق سۆلەتتۇر،
بەزىلەر يوقسۇل كۆرسىتەر ئۆزىنى، ئەمما كاتتا بايلاردۇر.

8 بايلىق باينىڭ جېنىغا تۆلەم بولار.

يوقسۇل تەھدىتتىن خالىي بولار.

9 پارلاپ تۇرار ھەققانىينىڭ نۇرى،
ئۆچۈرۈلەر يامانىنىڭ چىرىغى.

10 چىقار پەقەت جېدەل-ماجىرا كىبىرلىكتىن،
تېپىلار دانالىق نەسىھەت ئاڭلايدىغانلاردىن.

11 ئاسان ئېرىشكەن بايلىق بەرىكەتسىز بولار،
مېھنەت قىلىپ تاپقىنى بەرىكەتلىك بولار.

12 ئۇزاققا سوزۇلغان ئۈمىد كۆڭۈلنى يېرىم قىلار،
ئارزۇسىغا يەتمەك خۇددى ھاياتلىق دەرىخىگە
ئېرىشكەندەك بولار.

13 خۇدانىڭ سۆزىگە سەل قارىغۇچى ئۆزىگە ھالاكەت
كەلتۈرەر،
ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلغان تارتۇقتا ئېرىشەر.

14 دانالارنىڭ تەلىمى بۇلىقىدۇر ھاياتلىقنىڭ،
كىشىنى خالىي قىلار تۇزىقىدىن ئۆلۈمنىڭ.

15 ئەقىل-ئىدراك ھىممەت تاپقۇزار،
خائىنىنىڭ يولى مۇشەققەتلىك بولار.

16 زېرەك بىلىمگە تايىنىپ ئىش قىلار،
ھاماقەت ئۆز نادانلىقىنى ئاشكارىلار.

17 دۇچار بولار بالاغا يامان ئەلچى،
ئېلىپ كېلەر شىپالىق سادىق ئەلچى.

18 تەربىيەنى رەت قىلغۇچى نامراتلىشىپ ئۇياتقا قالار،
تەنبىھنى قوبۇل قىلغۇچى ئىززەتكە ئىگە بولار.

19 ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ شېرىندۇر كىشىگە،
يامانلىقنى تاشلاش يىرگىنچلىكتۇر هاماقەتكە.

20 دانالار بىلەن بىللە يۈرگەن دانا بولار،
هاماقەتلەرگە هەمراھ بولغان زىيانغا ئۇچرار.

21 گۇناھكارلارنىڭ كەينىدىن بالا قوغلىشار،
هەققانىيلار ياخشى ئىنئام ئالار.

22 ياخشى ئادەم مىراس قالدۇرار ئەۋلادلىرىغا،
گۇناھكارلارنىڭ مال-دۇنيالىرى قالار هەققانىيلارغا.

23 يوقسۇلنىڭ بوز يېرى تېرىلىشى بىلەن مول هوسۇل بېرەر،
بىراق ئادالەتسىزلىك تۈپەيلىدىن تارتىۋېلىنار.

24 ئوغلىدىن تاياقنى ئايىسا، ئۇنى ئۆچ كۆرگەنلىك بولار،
ئوغلىنى سۆيسە، دەل ۋاقتىدا ئۇنىڭغا تەربىيە قىلار.

25 هەققانىي ئادەمنىڭ يېمىكى مول بولار،
يامانىنىڭ قورسىقى ئاچلىقتا تارتىشار.

14 1 ئاقىل ئايال ئائىلىسىنى روناق تاپقۇزار،
ئەخمەق ئايال ئۆز قولى بىلەن ئائىلىسىنى بۇزار.

2 پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنەر توغرا يولدا ماڭغۇچى،
كۆزگە ئىلماس ئۇنى ئەگرى يولدا يۈرگۈچى.

3 توقماق بولار ئۆزىگە ئەخمەقنىڭ تەكەببۇر ئاغزى،

ئۆزىنى قوغدار ئاقىلنىڭ تىلى.

4 ئۆكۈز بولمىسا ئوقۇر قۇرۇق تۇرار،
لېكىن ئۆكۈز كۈچى بىلەن مول ھوسۇل ئالار.

5 ئاغزىدىن يالغان سۆز چىقماس سادىق گۇۋاھچىنىڭ،
تىنىقىدىن يالغانچىلىق چىقىپ تۇرار ساختا گۇۋاھچىنىڭ.

6 مازاق قىلغۇچىنىڭ دانالىقنى ئىزدىشى بىھۇدىدۇر،
ئاقىلغا بىلىم ئېلىش ئاساندۇر.

7 نېرى تۇت ئۆزۈڭنى ئەخمەقتىن،
ئاڭلىمايسەن نە بىلىم ئۇنىڭ لەۋزىدىن.

8 زېرەكنىڭ دانالىقى ئۆز يولىنى چۈشەنگەنلىكىدە،
ئەخمەقلەرنىڭ ئەقىلسىزلىقى ئالدامچىلىق قىلىشىدا.

9 مەسخىرىلىك كۆلەر ئەخمەقلەر گۇناھقا،
كەڭچىلىك بولار ھەققانىيلارنىڭ ئارىسىدا.

10 يۈرەك ئۆز دەردىنى ئۆزىلا بىلىدۇ،
خۇشاللىقىغىمۇ باشقىلار شېرىك بولالمايدۇ.

11 ئۆيى ۋەيران بولار يامانىنىڭ،
گۈللەپ ياشنار ھەققانىينىڭ.

12 بەزى يوللار توغرىدەك كۆرۈنەر كىشىگە،
لېكىن ئاخىرى ئېلىپ بارار ئۆلۈمگە.

13 بەزىدە كۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئازاب يۈرەكنى ئاغرىتار،
خۇشاللىق بەزىدە غەم-قايغۇ بىلەن ئاخىرلىشار.

14 يولدىن چىققانلار تېگىشلىك جازا تارتار.
ياخشى ئادەم ياخشىلىقىدىن تارتۇقلىنار.

15 گول كىشى ئىشىنىپ كېتەر ھەممە گەپكە،
زېرەك ئادەم ئويلىنار ھەر قەدەمدە.

16 دانا ئېھتىياتچان بولۇپ، يامانلىقتىن نېرى تۇرار،
ئەقىلسىز بەڭباش بولۇپ، بىپەرۋالىق قىلار.

17 مىجەزى ئىتتىك ئادەم ئەخمىقانە ئىش قىلار،
بەتنىيەت نەپرەتكە قالار.

18 گول ئادەملەرگە ئەخمەقلىق مىراس قالار،
زېرەكلەرگە بىلىم تاج بولۇپ تاقىلار.

19 باش ئېگەر يامانلار ياخشىلارنىڭ ئالدىدا،
رەزىللەر ھەققانىينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا.

20 نامراتقا يېقىنىمۇ ئۆچ بولار ھەتتا،
دوست تارتىدىغانلار كۆپ بولار بايغا.

21 يېقىنىنى پەس كۆرگەن گۇناھكاردۇر،
ھاجەتمەنلەرگە رەھىم قىلغان بەختلىكتۇر.

22 بەرھەق، يامان نىيەتلىك يولدىن ئادىشار،
ياخشى نىيەتلىك مۇھەببەت ۋە سادىقلىقنى تاپار.

23 كېلەر ھەربىر مېھنەتتىن پايدا،
قالدۇرار قۇرۇق پاراڭ ئادەمنى موھتاجلىقتا.

24 بايلىق دانالارنىڭ تاجىدۇر،

نادانلاردىن پەقەت نادانلىق قالىدۇ.

25 قۇتقۇزار كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى چىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى،
خائىنلىق قىلار تىنىقىدىن يالغانچىلىق چىقىپ تۇرغۇچى.

26 پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنگۈچىنىڭ يۆلەنچۈكى بار،
ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ ھىمايىگە ئىگە بولار.

27 پەرۋەردىگارغا ئىخلاس قىلىش بولىقىدۇر ھاياتلىقنىڭ،
كىشىنى خالىي قىلار تۇزىقىدىن ئۆلۈمنىڭ.

28 پادىشاھنىڭ شان-شەرىپى پۇقراسىنىڭ كۆپ بولۇشىدىن،
ھۆكۈمدارنىڭ ھالاكىتى پۇقراسىنىڭ يوق بولۇشىدىن.

29 ئەقىل-ئىدراكقا ئىگە ئېغىر-بېسىق كىشى،
ئاشكارىلار ئەخمەقلىقىنى چېچىلغاق كىشى.

30 تەنىنىڭ ساغلاملىقىدۇر كۆڭۈل خاتىرجەملىكى،
چىرىتار ھەسەتخورلۇق سۆڭەكنى.

31 كەمبەغەلنى ئەزگەنلىك ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكتۇر،
ھاجەتمەنگە شاپائەت قىلغانلىق ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئۇلۇغلىغانلىقتۇر.

32 يامان يامانلىقى تۈپەيلىدىن يىقىلار،
ھەققانىي سەكراتتا ياتقاندىمۇ باشپاناھىغا ئۆزىنى تاپشۇرار.

33 ئالار دانالىق ئاقىلنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر ئورۇننى،
بىلدۈرەر ئەخمەقلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۆزىنى.

34 كۆتۈرەر ھەققانىيەت خەلقنىڭ ئابرۇيىنى،
نومۇسقا قالدۇرار گۇناھ ھەرقانداق ئەلنى.

35 چېچەن ئەمەلدارغا ياغار پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتى،
شەرمەندە ئەمەلدارغا بولسا ئۇنىڭ غەزىپى.

15

1 مۇلايىم جاۋاب باسار غەزەپنى،
قوپال سۆز قوزغار ئاچچىقنى.

2 دانالارنىڭ سۆزى بىلىمگە جەلپ قىلار،
ئەخمەقلەرنىڭ ئاغزىدىن نادانلىق ياغار.

3 ھەر يەرگە چۈشەر پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرى،
كۆزىتىپ تۇرار ئۇ ياخشى-يامانىنى.

4 ھاياتلىق دەرىخىدۇر مۇلايىم تىل،
كىشىنىڭ روھىنى چۈشۈرەر ھىيلە-مىكىرلىك تىل.

5 رەت قىلار ئەخمەق ئاتىسىنىڭ تەربىيەسىنى،
زېرەك بولار تەنبىھكە قۇلاق سالغۇچى.

6 ئۆيىدە مول بايلىق بولار ھەققانىينىڭ،
بالا-قازا ئېلىپ كېلەر تاپقىنى يامانىنىڭ.

7 بىلىم تارقىتار دانانىڭ تىلى،
ئۇنىڭغا ئوخشىماس ئەقىلسىزنىڭ دىلى.

8 پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر يامانلارنىڭ قۇربانلىقى،
ئۇنىڭ خۇرسەنلىكىدۇر ئادىللارنىڭ دۇئاسى.

9 پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر يامانىنىڭ يولى،

ياخشى كۆرەر ئۇ ھەققانىيلىقنى ئىزدىگۈچىنى.

10 دۈچ كېلەر قاتتىق جازاغا توغرا يولنى تاشلىغۇچى،
ھالاك بولار تەنبىھنى رەت قىلغۇچى.

11 پەرۋەردىگارغا ئايان تۇرسا گۆر ۋە ئۆلۈكلەر ماكانى،
تېخىمۇ ئايان بولماسمۇ ئىنسانلارنىڭ دىلى؟

12 مەسخىرە قىلغۇچى تەنبىھنى ياقتۇرماس،
دانالارنىڭ ئالدىغا ئۇ بارماس.

13 كۆڭۈل شاد بولسا، خۇش چىراي بولار،
قەلب ئازابلانسا، روھى سۇنار.

14 تەشنا بولار بىلىمگە ئاقىلنىڭ يۈرىكى،
قانائەت تاپار نادانلىقتىن ئەقىلسىزنىڭ ئاغزى.

15 كەمبەغەلنىڭ ھەربىر كۈنى مۇشەققەتلىكتۇر،
لېكىن ئۇ كۆڭلىنى شاد تۇتسا دائىما زىياپەتتە
بولغاندەكتۇر.

16 مول بايلىقى بىلەن تەشۋىشتە ئۆتكەندىن،
ئەۋزەلدۇر ئاز دۇنيا بىلەن ئەيمىنىپ ئۆتكەن
پەرۋەردىگاردىن.

17 ئۆچ-ئاداۋەت ئىچىدە بوردىغان مالنىڭ گۆشىنى يېگەندىن
كۆرە،
ئەۋزەلدۇر كۆكتات يېگەن مېھىر-مۇھەببەت ئىچرە.

18 تېرىككەك جېدەل چىقىرار،
سەۋرچان تالاش-تارتىشلارنى تىنچلاندۇرار.

19 ھۇرۇننىڭ يولى گويا تىكەنلىك چاتقاللىقتۇر،
دۇرۇسنىڭ يولى بولسا داغدام يولدۇر.

20 شادلاندۇرار ئەقىللىق ئوغۇل ئاتىسىنى،
كەمسىتەر ئەقىلسىز ئانىسىنى.

21 ئەخمەقلىقى بىلەن خۇش بولار ئەقلى يوقلار،
توغرا ئىش كۆرەر ئەقىل-ئىدراكلىقلار.

22 پىلانلار مەغلۇپ بولار مەسلىھەت بولمىغاندا،
مۇۋەپپەقىيەتلىك بولار مەسلىھەتچى كۆپ بولغاندا.

23 جايىدا بېرىلگەن جاۋاب كىشىنى خۇش قىلۇر،
دەل ۋاقتىدا قىلغان سۆز نەقەدەر ياخشىدۇر!

24 داناغا ئۇزۇن ئۆمۈر بېغىشلار ھاياتلىق يولى،
ئۆلۈكلەر ماكانىدىن يىراقلاشتۇرار ئۇنى.

25 پەرۋەردىگار ۋەيران قىلار تەكەببۇرنىڭ ئۆيىنى،
ساقلاپ قالار تۇل ئايالنىڭ ئۆي-زېمىننىنى.

26 پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر يامانلارنىڭ ئوي-پىكرى،
ساپ بىلىنەر ئاق كۆڭۈلنىڭ يېقىملىق سۆزلىرى.

27 ئاچكۆز كىشى ئۆز ئائىلىسىگە كۈلپەت كەلتۈرەر،
پارىخورلۇقتىن نەپرەتلەنگۈچى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەر.

28 ھەققانىي ئادەم ئۆزىنى دەڭسەپ سۆزلەر،
يامان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن شۇملۇق تۆكۈلەر.

29 پەرۋەردىگار ياماندىن يىراق تۇرار.

ھەققانىينىڭ دۇئاسىغا ئۇ قۇلاق سالار.

30 خۇش چىراي كۆڭۈلنى شادلاندۇرار،
خۇش خەۋەر ئۇستىخانغا ئەت قوندۇرار.

31 ھاياتلىق بېرىدىغان تەنبىھكە قۇلاق سالغانلار،
دانالار ئارىسىدا ياشار.

32 تەربىيەنى رەت قىلغان ئۆزىنى خار قىلار،
تەنبىھكە قۇلاق سالغان ئەقىل تاپار.

33 پەرۋەردىگارغا ئىخلاس قىلىش ئادەمنى دانا قىلار،
ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ ئالدىدا كىچىك پېئىللىق يۈرەر.

16 1 كۆڭۈلدىكى ئوي-پىكىرلەر ئىنساندىندۇر،
ئۇنىڭ توغرا جاۋاب بېرىشى خۇدانىڭ ئىلھامىدىندۇر.

2 ئىنسان دۇرۇس دەپ بىلەر ئۆزىنىڭ قىلغان ھەممە
ئىشىنى،
لېكىن پەرۋەردىگار دەڭسەپ كۆرەر ئادەمنىڭ نىيىتىنى.

3 تاپشۇر قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭنى پەرۋەردىگارغا،
نەتىجىلىك بولار پىلانلىرىڭ شۇندا.

4 پەرۋەردىگار بارلىق مەۋجۇداتنى مەقسەتلىك
ئورۇنلاشتۇرغاندۇر،
ھەتتا يامانلارنى بالايىئاپەت كۈنىگە قالدۇرغاندۇر.

5 پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر تەكەببۇرلار،
مۇقەررەركى، جازاسىز قالماس ئۇلار.

6 ئۆزگەرمەس مۇھەببەت بىلەن گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنار،
پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىش ئادەملەرنى يامانلىقتىن خالىي
قىلار.

7 پەرۋەردىگارنى خۇرسەن قىلسا ئادەمنىڭ تۇتقان يولى،
پەرۋەردىگار ھەتتا ياراشتۇرار دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇنى.

8 مول بايلىق تاپقاندىن ئادالەتسىزلىك بىلەن،
ئەۋزەلدۇر ئاز تاپقان ھەققانىيلىق بىلەن.

9 ئىنسان ئۆز يولى ئۈچۈن پىلان تۈزەر كۆڭلىدە،
ئەمما پەرۋەردىگار قارار قىلار ئۇنىڭ قەدىمىگە.

10 پەرۋەردىگارنىڭ ئىلھامى بار پادىشاھنىڭ قارارىدا،
ئادالەتسىزلىك چىقماس ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھۆكۈم
چىقارغىنىدا.

11 ئادىل تارازا-مىزانلار خۇداغا خاستۇر،
تارازا تاشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىجادىدۇر.

12 پادىشاھنىڭ يامانلىق قىلىشى ئۆزى ئۈچۈن
يىرگىنچلىكتۇر،
چۈنكى تەختىنىڭ مەزمۇت تۇرۇشى ھەققانىيەت بىلەندۇر.

13 خۇرسەن قىلار توغرا سۆز پادىشاھنى،
سۆيەر ئۇ ھەق سۆزلىگەنلەرنى.

14 ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسىدۇر پادىشاھنىڭ غەزىپى،
بىراق قايتۇرار دانا كىشى ئۇنىڭ غەزىپىنى.

15 ھايات قىلىشنىڭ نىشانىسىدۇر پادىشاھنىڭ تەبەسسۇمى،

گويا باھاردىكى يامغۇردەكتۇر ئۇنىڭ شەپقىتى.

16 دانالىقنى ئېرىشىش ئالتۇنغا ئېرىشىشتىن كۆپ ئەۋزەلدۇر،
ئەقىل-ئىدراكلىقنى تاللاش كۈمۈشنى تاللاشتىن ئەلادۇر.

17 توغرا ئادەمنىڭ داغدام يولى يامانلىقتىن يىراقتۇر،
يولىغا ئېھتىيات قىلىشنىڭ ئۆزى جېنىنى ساقلاپ
قېلىشتۇر.

18 ئاۋۋال كېلەر تەكەببۇرلۇق ھالاكەتتىن،
ھاكاۋۇرلۇق يىقىلىشتىن.

19 تەكەببۇرلار بىلەن ھارام ئولجا بۆلۈشكەندىن كۆرە،
ياشاش ئەۋزەلدۇر كەمتەر بولۇپ ئېزىلگەنلەر بىلەن بىللە.

20 روناق تاپار پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە كۆڭۈل قويغانلار،
بەختلىك بولار ئىشەنچىنى پەرۋەردىگارغا باغلىغانلار.

21 كۆڭلىگە دانالىق ئورنىغۇچى پاراسەتلىك دەپ ئاتىلار،
يېقىملىق سۆزلەر ئېخمۇ قايىل قىلارلىق بولار.

22 ئەقىل-ئىدراك ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن ھايات بۇلىقىدۇر،
ئەخمەقنىڭ ئۆز ئەخمەقلىقى ئېلىپ كېلىدىغىنى جازادۇر.

23 دانانىڭ قەلبىدىكى دانالىق ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقار،
سۆزلىرى ئېخمۇ قايىل قىلارلىق بولار.

24 يېقىملىق سۆزلەر گويا ھەسەلدۇر،
جانغا راھەت، تەنگە شىپادۇر.

25 بەزى يوللار توغرىدەك كۆرۈنەر كىشىگە،

لېكىن ئاخىرى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارار.

26 ئەمگەكچىنىڭ ئىشتىھاسى ئۇنى تۈرتار ئەمگەككە،
ئاچ قارنى مەجبۇرلار ئىشلەشكە.

27 قوزغار يامانلىقنى ئۆكتەم كىشى،
ئوخشار لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا ئۇنىڭ زۇۋانى.

28 جېدەل-ماجىرانى كېلەيتەر ھىيلىگەرنىڭ سۆزى،
بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتەر غەيۋەت يېقىن دوستلارنى.

29 ئېزىقتۇرار زوراۋان كىشى ئۆز يېقىنىنى،
باشلار يامان يولدا مېڭىشقا ئۇنى.

30 كۆز قىسىش بىلەن شۇملۇق ئويلار،
لېۋىنى چىڭ يۇمۇش بىلەن يامانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرار.

31 ھەققانىيەت يولىدا ئاقارغان چاچ ھۆرمەت تاجىدۇر.

32 ئەۋزەلدۇر سەۋرچان ئادەم باتۇردىن،
ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش شەھەر ئالغاندىن.

33 چەك تاشلانغىنى بىلەن
ھۆكۈم قىلىش پەرۋەردىگاردىندۇر.

17

1 جېدەل-ماجىرالىق ئۆيدىكى مول داستىخاندىن كۆرە،
بىر بۇردا قۇرۇق نان ئەۋزەلدۇر تىنچ-خاتىرجەملىكتە.

2 چېچەن خىزمەتكار خوجايىنىنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان
ئوغلىنى باشقۇرار،
ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قاتارىدا ئوخشاش مىراس ئالار.

3 ئالتۇن-كۈمۈش ئوتتا تاۋلىنار،
ئادەم قەلبىنى پەرۋەردىگار سىنار.

4 كۆڭۈل قويار قەبىھ سۆزگە يامانلىق قىلغۇچى،
قۇلاق سالار غەيۋەت-شىكايەتكە يالغانچى.

5 كەمبەغەلنى مازاق قىلغان ھاقارەت كەلتۈرەر
ياراتقۇچىسىغا،
باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىگە شادلانغان چوقۇم دۇچ كېلەر
جازاغا.

6 تاجىدۇر نەۋرىلەر مويسىپىتلارنىڭ،
پەخرىدۇر ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ.

7 ناتىقلىق ئەخمەققە ياراشماس،
يالغان سۆز مۆتىۋەرگە ھېچ قاملاشماس.

8 پارا بىر تۇماردۇر ئۇنى بەرگۈچىنىڭ نەزىرىدە،
نەگىلا بارسا ئۇ ئىرىشىدىغاندەك مۇۋەپپەقىيەتكە.

9 مۇھەببەتنى چىڭايتار گۇناھنى كەچۈرگۈچى،
يېقىن دوستىدىن ئايرىلار كونا خامانىنى سورىغۇچى.

10 بىرىلگەن بىر ئىغىز تەنبىھ داناغا،
ئۈنۈملۈك بولار ئۇرۇلغان يۈز دەررىدىن نادانغا.

11 كۆزلەر رەزىل پەقەت ئىسيان كۆتۈرۈشنى،
شۇڭا ئەۋەتىلەر ئۇنىڭغا رەھىمسىز ئەلچى.

12 ئۇچراپ قالغاندىن ھاماقەتنىڭ ئەخمەقلىق قىلىشىغا،

ياخشىراقتۇر ئۇچراپ قىلىش كۈچۈكلىرىدىن ئايرىلغان
ئېيىققا.

13 كىمكى ياخشىلىققا قىلسا يامانلىق،
ئۆيىدىن كەتمەس يامانلىق.

14 تومىدىكى سۇ تاشقاندەكتۇر جېدەلنىڭ باشلىنىشى،
شۇڭا جېدەل ئەۋجىگە چىقىشتىن ئاۋۋال توختات ئۇنى.

15 يامانىنى ئاقلىغانلىق بىلەن ھەققانىينى قارىلىغانلىق،
ھەر ئىككىسى پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىك.

16 پۇلنىڭ نىمە پايدىسى ئەخمەقنىڭ قولىدىكى؟
سېتىۋالالامتى دانالىقنى؟
پەقەت يوق ئۇنىڭغا ئېرىشىش نىيىتى.

17 دوست ساڭا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتەر ھەرقاچان،
قېرىنداش ئېغىر كۈنلەردە ھەمدەم بولۇشقا تۇغۇلغان.

18 قول بېرىپ ئەقىلسىز كىشى كېپىل بولار ئۆزگىگە.

19 گۇناھ قىلىشقا ئامراقتۇر جېدەلخور كىشى،
ئۆز بوسۇغىسىنى ئېگىز قىلغان يىقىلار ئۆزى.

20 كۆرمەس ياخشىلىق نىيىتى يامان،
تارتار ھىيلە-مىكىرلىك تىل زىيان.

21 ئەخمەقنىڭ ئاتىسى بولۇش قايغۇلۇقتۇر،
نادانىنىڭ ئاتىسىنىڭ خۇشاللىقى يوقتۇر.

22 شاد كۆڭۈللۈك بەخش ئېتەر شىپالىقنى،

روھى سۇنۇقلۇق قۇرۇتار يىلىكنى.

23 يوشۇرۇن پارا ئېلىپ چىرىك كىشى،
بۇرمىلار ئادالەتنىڭ يولىنى.

24 دانالىق تۇرار ئەقىللىقنىڭ كۆز ئالدىدا،
ئەقىلسىز خىيالىي قارار تۆت ئەتراپقا.

25 ئازابقا سالار ھاماقەت ئوغۇل ئاتىسىنى،
دەرد-ئەلەمگە قويار ئانىسىنى.

26 ناتوغرىدۇر ھەققانىيلارغا جەرىمانە قويۇش،
ئادالەتنى قوللىغىنى ئۈچۈن ئەمەلدارلارنى ئۇرۇش.

27 بىلىملىك كىشى كەم سۆز بولار،
ئەقىل-ئىدراكلىق ئادەم ئېغىر-بېسىق كېلەر.

28 ھەتتا ئەخمەقمۇ جىم تۇرۇۋالسا ئاقىل ھېسابلىنار،
ئاغزىنى يۇمۇۋالسا پاراسەتلىك كۆرۈنەر.

18 1 تويتىن ئايرىلغان ئۆيلار ھامان ئۆزىنىلا،
قارشى چىقار ئۇ ھەرقانداق دانالىققا.

2 ئەخمەق قىزىقماس ئەقىل-ئىدراكقا،
پەقەت قىزىقار ئۆي-پىكىرلىرىنى ئېيتىشقا.

3 رەزىللىك بىلەن كەمسىتىش بىرگە يۈرەر،
نومۇسسىزلىق بىلەن ھاقارەت بىرگە كېلەر.

4 ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەر ئوخشار چوڭقۇر سۇغا،
دانالىق ئوخشار بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاققا.

5 يامانغا يان بېسىپ ھۆكۈمدە،
ھەققانىينى ناھەقچىلىككە ئۈچرىتىش ناتوغرا ئەلۋەتتە.

6 جېدەل چىقىرار ھاماقەتنىڭ تىلى،
ئۆزىنى تاياققا تۇتۇپ بېرەر ئۇنىڭ ئاغزى.

7 ھاماقەتنىڭ ئاغزى ئۆزىگە بالادۇر.
ئۇنىڭ تىلى ئۆز جېنىغا قاپقاندۇر.

8 ئوخشار غەيۋەت مەززىلىك تاماققا،
سىڭىپ كېتەر تەنگە تېزلا.

9 كىمكى ھورۇن بولسا ئۆز ئىشىدا،
قېرىنداش بولۇر بۇزغۇنچىغا.

10 مەزمۇت قەلئەدەكتۇر پەرۋەردىگارنىڭ نامى،
ئامان بولۇر ھەققانىيلار پاناھ تارتسا ئۇنى.

11 باينىڭ بايلىقى گويا ئۇنىڭ مەزمۇت قورغىنىدۇر،
ئۇنىڭ خىيالىدا ئۇ ئېگىز سېپىلدەكتۇر.

12 ھالاكەتتىن ئىلگىرى ئادەمنىڭ يۈرىكىدە بولۇر
تەكەببۇرلۇق.
ئىززەت-ھۆرمەتتىن ئىلگىرى يۈرەر كىچىك پېئىللىق.

13 سۆزنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىماي تۇرۇپ جاۋاب بەرگەن كىشى،
چاندۇرۇپ ئەخمەقلىقىنى، قالدۇرار خىجالەتكە ئۆزىنى.

14 ئادەم روھى بىلەن بەرداشلىق بېرەر ئاغرىق ئازابىغا،
بىراق كىممۇ چىدىيالار روھى سۇنۇقلۇققا؟

15 بىلىم ئالار ئاقىلنىڭ قەلبى،
بىلىمگە تەلپۈنەر دانانىڭ ئۆزى.

16 سوۋغات ئاچار كىشىگە ئاسانلىق ئىشىكنى،
باشلاپ بارار چوڭ ئەربابلارنىڭ ئالدىغا ئۇنى.

17 ھەق بىلىنەر ئاۋۋال سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى داۋادا،
قارشى تەرەپ كېلىپ سوئال قويغۇچە ئۇنىڭغا.

18 چەك تاشلاش ئارقىلىق تۈگەتكىلى بولار جاڭجالنى،
يوقاتقىلى بولار مۆتىۋەرلەر ئارىسىدىكى
تالاش-تارتىشلارنى.

19 رەنجىگەن قېرىندىشىغا يېقىنلىشىش قىيىندۇر كىرىشتىنمۇ
مەزمۇت قورغانغا،
ئارىسىدىكى جېدەل-ماجىرا ئوخشار قورغاننىڭ تۆمۈر
رېشاتكىلىرىغا.

20 دانا سۆز خۇددى ئېسىل تاماقدەك كىشىنى مەمنۇن قىلار،
توغرا سۆز كۆڭۈلگە ياقار.

21 ھايات-مامات تىلنىڭ ئىلكىدە بولار،
ئۇنى سۆيگەن ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ھوسۇل ئالار.

22 ياخشى ئايال ئالغان كىشى ياخشىلىق تاپقان بولار،
ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ مەرھەمىتىگە ئىگە بولار.

23 كەمبەغەل يالۋۇرۇپ سۆزلەر،
باي بولسا قوپال جاۋاب بېرەر.

24 بەزى دوستلار ئۆزئارا بىر-بىرىنى خاراب قىلار،

لېكىن قېرىنداشتىنمۇ يېقىن دوست بولار.

19 [1] دىيانەت يولىدا ماڭغان كەمبەغەل كىشى،
ھىيلە-مىكىر بىلەن سۆزلەيدىغان ئەخمەقتىن ياخشى.

[2] بىلمەي تۇرۇپ قىزغىنلىق قىلىش ياخشى ئەمەس،
ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ئىش قىلغان نىشانغا يەتمەس.

[3] ئادەمنىڭ نادانلىقى ھايات يولىنى نابۇت قىلار،
ئۇ كۆڭلىدە يەنىلا پەرۋەردىگاردىن خاپا بولار.

[4] بايلىق دوستنى كۆپەيتەر،
كەمبەغەل بار دوستىدىنمۇ ئايرىلىپ قالار.

[5] ساختا گۇۋاھلىق بەرگۈچى جازالانماي قالماس،
يالغان ئېيتقۇچىمۇ قېچىپ قۇتۇلالماس.

[6] كۆپ كىشىلەر مەرد ئادەمدىن ئىلتىپات كۈتەر.
ھەممە كىشى سوۋغات بەرگۈچىگە دوست تارتار.

[7] يىرگىنەر كەمبەغەلدىن قېرىنداشلىرىمۇ، يىراقلىشار
دوستلىرى تېخىمۇ،
بىكاردۇر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ يالۋۇرۇپ بارسىمۇ.

[8] دانالىقّا ئېرىشىش ئۆزىنى سۆيگەنلىكتۇر،
ئەقىل-ئىدراكلىق بولۇش بەخت تاپقانلىقتۇر.

[9] جازالانماي قالماس ساختا گۇۋاھلىق بەرگۈچى،
ھالاكەتتىن قۇتۇلالماس يالغان ئېيتقۇچى.

[10] ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ئەخمەققە ياراشماس،

قۇلنىڭ ھۆكۈمدارلار ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرۈشى تېخىمۇ
قاملاشماس.

11 ئەقىل-ئىدراكلىق كىشى ئاچچىقلانماس ئاسانلىقچە،
باشقىلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشى شۆھرەت كەلتۈرەر
ئۆزىگە.

12 شىرنىڭ ھۆركىرىشىگە ئوخشاشتۇر پادىشاھنىڭ غەزىپى.
ئوت-چۆپكە چۈشكەن شەبنەمدەكتۇر ئۇنىڭ شەپقىتى.

13 ھاماقەت ئوغۇل ئاتىسى ئۈچۈن بالادۇر،
خوتۇنىنىڭ جېدەللىرى تورۇستىن تامچىلىغان
يامغۇردەكتۇر.

14 مىراستۇر ئۆي ۋە مال-مۈلۈك ئاتا-بوۋىدىن،
ئەقىل-ئىدراكلىق ئايال پەرۋەردىگاردىن.

15 ھۇرۇنلۇق كىشىنى غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق قىلار،
بىكار تەلەپ ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتار.

16 پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلغان جېنىنى ساقلاپ
قالار،
ئۇنىڭ يولىنى كەمسىتكەن ئادەم ھالاك بولار.

17 نامراتقا ياردەم بېرىش پەرۋەردىگارغا قەرز بەرگەن بىلەن
باراۋەر،
ئۇنىڭ قىلغان شاپائىتىنى پەرۋەردىگار قايتۇرار.

18 ئۈمىد بار ۋاقتىدا پەرزەنتىڭنى تەربىيەلە،
لېكىن نابۇت قىلما ئۇنى غەزىپىڭ كەلگەندە.

19 قاتتىق قەھرلىك كىشى ئۆزىگە جازا ئەكېلەر،
قۇتقۇزساڭ ئۇنى بىر قېتىم، يەنە قۇتقۇزماق كېلەر.

20 ئاڭلا نەسىھەتنى، قوبۇل قىل تەربىيەنى،
شۇنداق قىلغىنىڭدا دانا بولىسەن ئاخىرى.

21 كىشىنىڭ كۆڭلىدە پىلان كۆپتۇر،
لېكىن ئەمەلگە ئاشىدىغىنى پەرۋەردىگارنىڭ مەقسىتىدۇر.

22 كىشىنىڭ ئىستىكى سادىقلىقتۇر.
كەمبەغەل يالغانچىدىن ئەۋزەلدۇر.

23 پەرۋەردىگارغا ئىخلاس قىلىش ئېرىشتۈرەر كىشىنى ھەقىقىي ھاياتلىققا،
ئۇ قانائەتلىك ياشاپ، ئۇچرىماس بالا-قازاغا.

24 ھۇرۇن سۇنار قولىنى قاچىغا،
لېكىن ئېرىنەر غىزانى ئاغزىغا سېلىشقا.

25 مازاقچىنى ئۇر، ساددا ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالار،
ئەقىللىققا تۈزىتىش تەربىيەسى بەر، ئۇ ئۆگىنىۋالار.

26 ئاتىسىنى خورلىغان، ئانىسىنى ئۆيدىن ھەيدىگەن ئوغۇل،
ئۇلارغا ئۇيات ھەم شەرمەندىلىك كەلتۈرگەندۇر.

27 ئەي ئوغلۇم، توختاتساڭ نەسىھەت ئاڭلاشنى،
قاچۇرغىنىڭدۇر ئىلىم-ھېكمەتتىن ئۆزۈڭنى.

28 پاسىق گۇۋاھچى مازاق قىلار ئادالەتنى،
يامانىنىڭ ئاغزى يالمار رەزىللىكنى.

29 تەيياردۇر مازاق قىلغۇچىلارغا جازا،
ھاماقەتلەرنىڭ دۈمبىسىگە قامچا.

20 1 مەي مەسخىرىچى، شاراب جېدەلخوردۇر،
ئەقىلسىزدۇر مەي، شاراب ئىچىپ ئازغۇچى.

2 پادىشاھنىڭ غەزىپى شىرنىڭ ھۆركىرىشىگە ئوخشاشتۇر،
ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئۆزىنىڭ جېنىنى تەۋەككۇل
قىلغانلىقتۇر.

3 ماجىرادىن ئۆزىنى تارتىش ئىززەت كەلتۈرەر كىشىگە،
ھەربىر ئەخمەق تەيياردۇر ئارىلىشىشقا جېدەلگە.

4 ھۇرۇن دېھقان ئۆز پەسلىدە يەر ھەيدىمەس،
يىغىم پەيتى ھېچبىر ھوسۇل ئالالماس.

5 چوڭقۇر قۇدۇقتىكى سۇغا ئوخشار ئادەمنىڭ ئوي-پىكرى،
بىراق ئۇنى تارتىپ ئالالار ئەقىل-ئىدراكلىق كىشى.

6 ئۆزىنى دوستقا سادىق دەيدىغانلار كۆپ بولار،
بىراق ھەقىقىي ئىشەنچلىك بىرىنى كىم تاپالار؟

7 ھەققانىي ئادەم دىيانەت يولىدا ماڭار،
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بەختلىك بولار!

8 پادىشاھ تەختىدە ئولتۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرار،
نەزەر سېلىپ ھەممە يامانلىقنى يانچىدىن ئايرار.

9 كىم قەلبىم پاكلاندى، گۇناھتىن تازىلاندىم دېيەلەر؟

10 تارازىدا ۋە ئۆلچەمدە ئادىل بولمىغاندا،

ھەر ئىككىسى يىرگىنچلىك بىلىنەر پەرۋەردىگارغا.

11 ئايان قىلار ھەتتا بالىمۇ قىلىقلىرىدىن ئۆزىنى،
ھەرىكىتىدە پاكلىق ۋە توغرىلىقىنىڭ بار ياكى يوقلۇقىنى.

12 كۆرىدىغان كۆزنى، ئاڭلايدىغان قۇلاقنى،
پەرۋەردىگار ياراتتى ھەر ئىككىسىنى.

13 ئامراق بولما ئۇيقۇغا، بولمىسا نامراتلىقتا قالىسەن،
تىرىشساڭ ئۇيقۇڭنى ئېچىپ، مول نېمەتكە تويىسەن.

14 خېرىدار باھا تالىشىپ «مال ناچار!» دەپ زارلىنار،
نېرىراقتا بېرىپ «ئېسىل نەرسە ئالدىم» دەپ ماختىنار.

15 ئالتۇنمۇ بار، قىزىل ياقۇتلارمۇ كۆپتۇر،
بىراق دانا سۆز بولسا تېپىلغۇسىز گۆھەردۇر!

16 ناتونۇشقا كېپىل بولغۇچىدىن كېپىلگە تونىنى ئېلىۋال،
ياتقا كېپىل بولغاندىن كېپىللىك ئال.

17 ئالداپ تاپقان نان تاتلىق بولار،
بىراق كېيىن ئاغزىغا شېغىل تولار.

18 پىلان مۇقىم بولار مەسلىھەت بىلەن،
جەڭ قىل ئاقىلانە مەسلىھەت بىلەن.

19 پىتنىخور ئاشكارىلار سىرنى،
ۋالاقتەگكۇردىن قاچۇر ئۆزۈڭنى.

20 كىمكى ئاتا-ئانىسىنى قارغىسا،
ئۆچەر ئۇنىڭ چىرىغى تۈن قاراڭغۇسىدا.

21 ئاسان ئېرىشكەن مىراس،
ئاخىرىدا بەرىكەتلىك بولماس.

22 يامانلىق قايتۇرىمەن دېمە يامانلىققا،
پەرۋەردىگارنى كۈت، ئۇ ياردەم بېرەر ساڭا.

23 تارازىدا ساختىلىق قىلىش پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر.
ساختا ئۆلچەم قەبىھلىكتۇر.

24 پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىدىندۇر ئىنساننىڭ قەدەملىرى،
شۇنداق ئىكەن قانداق بىلەر ئىنسان ئۆز يولىنى؟

25 يېنىكلىك بىلەن «خۇداغا ئاتىغان ھەدىيە» دەپ ۋەدە بېرىپ،
ئاندىن ئارىسالدا بولغان كىشى ئۆزى قىلتاققا كېتەر چۈشۈپ.

26 دانا پادىشاھ بۇغداي سورۇغاندەك سورۇۋېتەر يامانلارنى،
خامان تەپكەندەك ئېزىۋېتەر ئۇلارنى.

27 پەرۋەردىگارنىڭ نۇرى چۈشۈپ روھىغا ئادەمنىڭ،
كۆزىتىپ تۇرار بارلىق ئوي-نىيىتىنى ئۇنىڭ.

28 سادىقلىق ۋە ئىشەنچ پادىشاھنى قوغدار،
ئۇنىڭ تەختى سادىقلىق بىلەن مۇستەھكەم بولار.

29 يىگىتلەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇلارنىڭ شەرىپىدۇر،
ئاق چاچلىرى بولسا ياشانغانلارنىڭ ھۆرمىتىدۇر.

30 قامچىنىڭ ئىزى كىشىنى يامانلىقتىن تازىلار،
تاياق كۆڭۈلنى پاكلىتار.

21 [1] پەرۋەردىگارنىڭ قولىدىدۇر پادىشاھنىڭ كۆڭلى،
باشلار ئۇ ئۆزى خالىغان تەرەپكە ئېرىق سۈيىدەك
ئۇنى.

[2] ئىنسان توغرا دەپ بىلەر ئۆزىنىڭ ھەربىر يولىنى،
لېكىن پەرۋەردىگار دەڭسەپ كۆرەر ئۇنىڭ قەلبىدىكىنى.

[3] ئادەمنىڭ ھەققانىي ۋە ئادىل ئىش قىلىشى
قۇربانلىق قىلغىنىدىنمۇ بەكرەك خۇرسەن قىلار
پەرۋەردىگارنى.

[4] گۇناھتۇر كۆزنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە قەلبىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى،
يامانلارنىڭ كىبىرلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى.

[5] چوقۇم مولچىلىق كەلتۈرەر ئەستايىدىل ئادەمنىڭ پىلانى،
پەقەت موھتاجلىقتا قالار بارلىق ئالدىراڭغۇ كىشى.

[6] يالغان سۆزلەپ تاپقان بايلىقلار
غايىب بولىدىغان تۇمان ۋە ئەجەللىك تۇزاققا ئوخشار.

[7] ئۆز بېشىغا چىقار يامانلارنىڭ زالىملىقى،
چۈنكى رەت قىلار ئادالەت يولىدا مېڭىشنى.

[8] ئەگرىدۇر گۇناھكارنىڭ يولى،
دۇرۇستتۇر پاكنىڭ ئىش-ھەرىكىتى.

[9] سوقۇشقاق خوتۇن بىلەن بىر ئۆيدە ياشاشتىن
ئەۋزەلدۇر ئۆگزىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياشاش.

[10] يامانىنىڭ كۆڭلى ھېرىسمەندۇر يامانلىققا،
ھېممەت قىلماس ئۇ ھەتتا ئۆز يېقىنلىرىغا.

11 نادان ئىبرەت ئالار مازاقچى تارتىلغىنىدا جازاغا،
دانا بىلىم ئالار نەسىھەت بېرىلگەندە ئۇنىڭغا.

12 ئادىل خۇدا كۆزىتىپ تۇرار يامانىنىڭ ئۆيىنى،
زاۋاللىققا يۈز تۇتقۇزار ھامان يامانلارنى.

13 كىمكى قۇلاق سالمىسا كەمبەغەللەرنىڭ داد-پەريادىغا،
ئۆزى داد-پەرياد قىلغاندىمۇ ھېچكىم جاۋاب بەرمەس
ئۇنىڭغا.

14 باسار يوشۇرۇن سوۋغات ئاچچىقنى،
يەڭ ئىچىدە بېرىلگەن پارا قەھر-غەزەپنى.

15 ئادالەت بەجا كەلتۈرۈلگەندە ھەققانىيلار خۇشال بولار،
يامانلىق قىلغۇچىلار بولسا ۋەھىمىدە قالار.

16 ئاقىلانە يولدىن چىققۇچى
بولار ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرى.

17 راھەت-پاراغەتكە بېرىلگەن كىشى نامرات قالار،
بېيىماس شاراب ئىچىش، ياغ چايناشقا ئامراقلار.

18 ئۆزگە قايتار رەزىلنىڭ ھەققانىيغا پىلانلىغان يامانلىقى،
ۋاپاسىزنىڭ دۇرۇسقا قىلغان يامان نىيىتى.

19 سوقۇشقاق ۋە تېرىككەك خوتۇن بىلەن ياشاشتىن
ئەۋزەلدۇر چۆل-باياۋاندا ياشاش.

20 ئاقىلنىڭ ئۆيىدە بايلىق ۋە نازۇنېمەت بولار،
ئەخمەقلەر بار دۇنياسىنى بۇزۇپ-چاچار.

21 ھەققانىيەت ۋە سادىقلىقنى ئىزدىگەنلەر،
چىن ھاياتلىق، ھەققانىيلىق ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشەر.

22 ئاقىل ئادەم ئالار كۈچلۈكلەرنىڭ شەھىرىنى،
غۇلىتار ئۇلارنىڭ تايانچى بولغان قورغىنىنى.

23 ئۆز ئاغزىغا ئىگە بولغان كىشى،
ساقلاپ قالار بالادىن ئۆزىنى.

24 مەسخىرىچى تەكەببۇر ۋە چوڭچى كېلەر،
ئۇ زىيادە كىبىرلىك بىلەن ئىش قىلار.

25 ھالاك قىلار ھورۇننى ئۆزىنىڭ تەمەسى،
چۈنكى ئىشقا بارماس ئۇنىڭ قولى.

26 ئۇ كۈن بويى ئاچكۆزلۈك بىلەن تەمە قىلار،
ھەققانىي بولسا ئايىماي سېخىيلىق قىلار.

27 يامانلارنىڭ قۇربانلىقى پەرۋەردىگارغا يىرگىنچلىكتۇر،
يامان غەرەزدە قىلىنغان بولسا تېخىمۇ شۇنداقتۇر.

28 ساختا گۇۋاھلىق يوقىلا چىقار،
ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ گۇۋاھلىقى مەڭگۈلۈك
بولار.

29 يامان ئادەم ئۆزىنى كۈچلۈك كۆرسىتەر،
دۇرۇس ئادەم ماڭغان يولى ھەققىدە ئويلىنار.

30 ھەرقانداق دانالىق، ئەقىل-ئىدراك ياكى مەسلىھەت
قارشى بولسا پەرۋەردىگارغا، كارغا كەلمەس پەقەت.

31 ئاتلار جەڭ ئۈچۈن تەييار قىلىنار،
بىراق غەلىبە پەقەت پەرۋەردىگاردىنلا بولار.

# 22

1 ياخشى نام ئەۋزەلدۇر زور بايلىقتىن،
چوڭقۇر ھۆرمەت ئالتۇن-كۈمۈشتىن.

2 گاداي بىلەن باينىڭ ئورتاقلىقى شۇكى:
پەرۋەردىگار ياراتقۇچىدۇر ھەر ئىككىلىسىنى.

3 زېرەك كىشى خەۋپ-خەتەرنى كۆرۈپ قاچار،
نادان قارىغۇلارچە ئالغا بېسىپ ئازاب تارتار.

4 ئەيمەنسە كىمكى كەمتەرلىك بىلەن پەرۋەردىگاردىن،
بەھرىمەن بولۇر ئۇ باياشاتلىق، ھۆرمەت ۋە ھەقىقىي ھاياتلىقتىن.

5 ھىيلىگەرلەرنىڭ يولىدا تىكەن، تۇزاقلار ياتار،
ھاياتىنى ئەزىزلىگەن كىشى ئۇلاردىن يىراق تۇرار.

6 تەربىيەلە بالاڭنى توغرا يولدا مېڭىشقا،
چوڭ بولغاندىمۇ شۇ يولدىن چىقماس ئۇ شۇندا.

7 باي كەمبەغەلنى باشقۇرار،
قەرزدار قەرز بەرگۈچىنىڭ قۇلى بولار.

8 ناھەقلىق ئۇرۇقىنى چاچقۇچى بالايىئاپەتتىن ھوسۇل ئالار،
ئۇنىڭ قەھر تايىقى ھامان سۇندۇرۇلار.

9 سېخىي ئادەم بەرىكەت تاپار،
چۈنكى ئۇ يوقسۇللارغا ئۆز نېنىدىن بۆلۈپ بېرەر.

10 مەسخىرىچىنى قوغلىۋەتسەڭ جاڭجال يوقىلار،
جېدەل-ماجىرا ۋە ھاقارەت ھەم تۈگەر.

11 دىل پاكلىقىنى سۆيىدىغان ۋە سۆزلىرى يېقىملىق كىشى،
بولار پادىشاھنىڭ دوستى.

12 قوغدار پەرۋەردىگار ھەقىقەتنى،
يوققا چىقىرار ۋاپاسىزنىڭ سۆزلىرىنى.

13 ھورۇن شۇنداق دەر: «شىر بار تالادا،
يەم بولىمەن چىقسام كوچىغا».

14 چوڭقۇر ئورىدۇر بۇزۇق ئايالنىڭ ئاغزى،
ئۇنىڭغا چۈشەر پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن
كىشى.

15 نادانلىق قاپلىغاندۇر بالىلارنىڭ قەلبىنى،
نادانلىقنى قوغلىغۇچىدۇر تەربىيە تايىقى.

16 قالار موھتاجلىقتا پەقەت، بايلىق ئۈچۈن يوقسۇلنى
ئەزگۈچى،
بايلارغا ھەم سوۋغات بەرگۈچى.

## ئوتتۇز نەسىھەت

17 قۇلاق سال دانالارنىڭ سۆزلىرىگە،
كۆڭۈل قوي مەن ئۆگەتكەن ئىلىم-ھېكمەتكە.
18 ياخشىدۇر ساقلىساڭ ئۇلارنى قەلبىڭدە،
تەييار بولسا تىلىڭدا ئۇلار ھەمىشە.
19 ئىشەنچىڭنى باغلاش ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا،
بۈگۈن ئۇلارنى تونۇتىمەن ساڭا.
20 يازدىم ئوتتۇز نەسىھەتنى مانا؟

ئىلىم-ھېكمەت ۋە مەسلىھەت بەرسۇن دەپ ساڭا،
21 بۇنىڭدىندىكى مەقسەت سەن ھەقىقەتنى بىلسەن،
ئۆزۈڭنى ئەۋەتكۈچىلەرگە ھەم ھەقىقىي جاۋاب
بېرەلەيسەن.

## (بىرىنچى نەسىھەت)

22 يوقسۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئېزىپ نەپ ئالما،
سوتتا يۆلەنچۈكى يوقنى بوزەك قىلما.
23 چۈنكى ئاقلار پەرۋەردىگار ئۇلارنى،
ئالار ئۇ ئۇلارنى ئەزگەنلەرنىڭ جېنىنى.

## (ئىككىنچى نەسىھەت)

24 تېرىككەك ئادەم بىلەن دوست بولما،
قەھرلىك ئادەم بىلەن ئارىلاشما،
25 سەنمۇ ئۇلارنى دورايسەن بولمىسا،
چۈشسەن ئۆزۈڭ ھەم تۇزاققا.

## (ئۈچىنچى نەسىھەت)

26 بولما قول بېرىپ كېپىل بولغۇچىلاردىن،
قەرز تۆلەشكە كاپالەت بەرگۈچىلەردىن،
27 قايتۇرغۇدەك نەرسەڭ بولمىغاندا ئۆزگىنىڭ قەرزىنى،
ياتقان ئورنۇڭنى تارتقۇزۇپ قويۇشۇڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟

## (تۆتىنچى نەسىھەت)

28 يۆتكىمە قەدىمدە ئەجدادىڭ قويۇپ قويغان پاسىل تېشىنى.

## (بەشىنچى نەسىھەت)

29 كۆرگەنسەن ئىشقا ماھىر ئۇستىنى؟
ئۇ پۇقرانىڭ ئەمەس، پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدىدۇر.

## (ئالتىنچى نەسىھەت)

23 1 ھۆكۈمدار بىلەن ھەمداستىخان بولغاندا،
ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېسىڭدە ساقلا.
2 ئەگەر نەپسىڭ يامان بولسا،
ئۆزۈڭنى تارت پىچاق قادالغاندەك بوغۇزۇڭغا.
3 ئۇنىڭ نازۇنېمەتلىرىگە ئىشتەي ساقلىما،
ئالدامچىلىق يوشۇرۇلغاندۇر بەلكى ئۇلاردا.

## (يەتتىنچى نەسىھەت)

4 باي بولىمەن دەپ ئۇپراتما ئۆزۈڭنى،
ئەقىللىقلىق بىلەن تاشلا بۇ ئويۇڭنى.
5 كۆزۈڭ بايلىققا چۈشكەندە بايلىق يوقىلار،
چۈنكى ئۇ بىردىنلا قانات چىقىرىپ، بۈركۈتتەك ئۇچۇپ
كېتەر.

## (سەككىزىنچى نەسىھەت)

6 بېخىلنىڭ نېنىنى يېمە،
ئىشتەي ساقلىما ئۇنىڭ نازۇنېمەتلىرىگە.
7 چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ پايدىسىنى ئويلايدىغان
ئادەمدۇر.
«تارتىنماي يەڭ، ئىچىڭ» دەر، بىراق كۆڭلى سەندە
ئەمەستۇر.
8 يېگەن تامىقىڭ يېنىپ چىقار،
ئېيتقان چىرايلىق سۆزلىرىڭ بىكار بولار.

## (توققۇزىنچى نەسىھەت)

9 ئەخمەققە سۆزلەپ ئاۋارە قىلما ئۆزۈڭنى،
چۈنكى كۆزگە ئىلماس ئۇ ئاقىلانە سۆزلىرىڭنى.

## (ئونىنچى نەسىھەت)

10 يۈتكىمە قەدىمدە بەلگىلەپ قويغان پاسىلنى،
تارتىۋالما يېتىملەرنىڭ ئېتىزلىرىنى.
11 چۈنكى قۇدرەتلىكتۇر ئۇلارنىڭ ھىمايىچىسى،
ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالار ئۇ ساڭا قارشى.

## (ئون بىرىنچى نەسىھەت)

12 كۆڭۈل قوي نەسىھەتكە،
قۇلاق سال ھېكمەتلىك سۆزلەرگە.

## (ئون ئىككىنچى نەسىھەت)

13 بالاڭدىن تۈزىتىش تەربىيەسىنى ئايىما،
ئۇ ئۆلۈپ قالماس تاياق بىلەن سالغانغا.
14 گەر ئۇرساڭ تاياق بىلەن ئۇنى،
ساقلاپ قالارسەن ئەجەلدىن ئۇنىڭ جېنىنى.

## (ئون ئۈچىنچى نەسىھەت)

15 ئەي ئوغلۇم، دانا بولساڭ قەلبىم يايرار.
16 توغرا سۆزلىسەڭ يۈرىكىم شادلىنار.

## (ئون تۆتىنچى نەسىھەت)

17 گۇناھكارلارغا ھەسەت قىلما،
پەرۋەردىگارغا ئىخلاس قىل دائىما.
18 بەرھەق، باردۇر سېنىڭ ئىستىقبالىڭ.
يوقىا چىقماس ئارزۇ-ئۈمىدىڭ.

## (ئون بەشىنچى نەسىھەت)

19 ئەي ئوغلۇم، سۆزۈمگە قۇلاق سال، بول دانا،
قەلبىڭنى توغرا يولغا يېغىشلا.
20 بولما شارابخورلارنىڭ ئارىسىدا،

ئارىلاشما گۆشكە تويماسلارغا.
21 چۈنكى شارابخور ۋە تويماسلار يوقسۇللۇقتا قالار،
غەپلەت ئۇيقۇسى ئۇلارنى جۇل-جۇل كىيىمدە قالدۇرار.

### (ئون ئالتىنچى نەسىھەت)

22 ئاڭلا سېنى تاپقان ئاتاڭنىڭ سۆزىنى،
كەمسىتمە ياشانغاندا ئاناڭنى.
23 بەدەل تۆلىسەڭمۇ ھەقىقەتنى تاپ، ساتما ئۇنى،
تاپ ھەم دانالىق، تەربىيە ۋە پاراسەتنى.
24 ھەققانىي ئوغلى بولغان ئاتا زور خۇشاللىق تاپار،
ئاقىل ئوغۇل تاپقان ئاتا ئۇنىڭدىن شادلىققا تولار.
25 ئاتا-ئاناڭ سەندىن خوش بولسۇن،
سېنى تۇغقان ئاناڭ شادلانسۇن!

### (ئون يەتتىنچى نەسىھەت)

26 ئەي ئوغلۇم، ماڭا بېغىشلا قەلبىڭنى،
كۆزۈڭ بىلەن كۆزىتىپ تۇر يولۇمنى.
27 پاھىشە ئايال چوڭقۇر ئورىدۇر،
بۇزۇق ئايال تار قۇدۇقتۇر.
28 بۇنداق ئايال خۇددى قاراقچىلاردەك مۆكۈنۈپ تۇرار،
ئىنسانلار ئارىسىدا ئايالغا ۋاپاسىز ئەرلەرنى ئاۋۇتار.

### (ئون سەككىزىنچى نەسىھەت)

29 كىملەر ئازاب-قايغۇدا قالار، كىملەر جېدەل چىقىرار،
كىملەر زارلىنار،
كىملەر سەۋەبسىز يارىلىنار، كىمنىڭ كۆزى مەيدىن
قىزىرار؟
30 مەي سورۇنىدا ئۇزاق ئولتۇرغانلار،
ئەبجەش شارابنى ئىچىشكە بېرىلگەنلەر شۇنداق كۆنگە
قالار!
31 شارابنىڭ قىزىللىقىغا، جامدىكى جۇلاسىغا قارىما،

گېلىڭدىن شۇنداق سىلىق ئۆتكەنلىكىگە مەپتۇن بولما.
32 ئاخىرىدا ئۇ سېنى يىلاندەك چېقىۋالار،
زەھەرلىك يىلاندەك نەشتىرىنى سانجار.
33 كۆرۈنەر كۆزۈڭگە غەلىتە مەنزىرىلەر،
ئەقلىڭ ئېزىپ، چىقار ئاغزىڭدىن قالايمىقان سۆزلەر.
34 بولارسەن خۇددى دېڭىز ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ قالغاندەك،
كېمە موما ياغىچىنىڭ ئۇچىدا ياتقاندەك.
35 دەرسەنكى: «مېنى دۇمبالىدى، ئاغرىمىدى! ئۇردى،
بىلمىدىم ھېچنېمىنى.
قاچان ھوشۇمغا كېلىپ يەنە ئىچەرمەن مەينى!»

### (ئون توققۇزىنچى نەسىھەت)

24 1 يامانلارغا ھەسەت قىلما،
ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلما.
2 ئۇلار كۆڭلىدە زوراۋانلىقنى ئويلار،
ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن شۇملۇق ياغار.

### (يىگىرمىنچى نەسىھەت)

3 ئۆي سېلىنار دانالىق بىلەن،
مۇستەھكەملىنەر ئەقىل-ئىدراك بىلەن.
4 تولدۇرار بىلىم ئۆينىڭ خانىلىرىنى،
ھەر خىل قىممەتلىك ئېسىل بايلىقلار بىلەن.

### (يىگىرمە بىرىنچى نەسىھەت)

5 ئاقىل كۈچلۈكتىن قۇدرەتلىك بولار،
بىلىملىك ئادەم ئۆز قۇدرىتىنى ئاشۇرار.
6 ئاقىلانە مەسلىھەت بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ بار،
مەسلىھەتچى كۆپ بولغاندا غەلىبىلىك بولار.

### (يىگىرمە ئىككىنچى نەسىھەت)

7 ئەخمەقلەر يىراقتۇر دانالىقتىن،

يىغلىشتا ئەخمەقلەر زوۋان سۈرەلمەس.

## (يىگىرمە ئۈچىنچى نەسىھەت)

8 يامانلىق پىلانلىغان ئادەم «سۇيىقەستچى» ئاتىلۇر.
9 ئەخمەقلىق بىلەن تۈزۈلگەن پىلان گۇناھتۇر،
ئادەم ئۈچۈن مازاقچى يىرگىنچلىكتۇر.

## (يىگىرمە تۆتىنچى نەسىھەت)

10 ئېغىر كۈندە جاسارىتىڭنى يوقاتساڭ،
سەن ئاجىزسەن.

## (يىگىرمە بەشىنچى نەسىھەت)

11 قۇتقۇز ئۆلۈم خەۋپىدە قالغانلارنى،
قۇتۇلدۇر ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغانلارنى.
12 گەر «بىلمەپتىمەن» دەپ قاچۇرساڭ ئۆزۈڭنى،
ئىنسان كۆڭلىنى دەڭسىگۈچى كۆرۈپ تۇرماسمۇ بۇنى؟
ھاياتىڭنى قوغدىغۇچى بىلمەسمۇ؟
ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ ياندۇرماسمۇ؟

## (يىگىرمە ئالتىنچى نەسىھەت)

13 ئى ئوغلۇم، ھەسەل ئىستېمال قىل، ئۇ ياخشىدۇر.
ھەرە كۆنىكىدىن ئالغان ھەسەل تېخىمۇ تاتلىقتۇر.
14 تاتلىقتۇر دانالىق ھەسەلدەك جېنىڭغا،
ئىستىقبالىڭ پارلاقتۇر ئەگەر ئېرىشسەڭ ئۇنىڭغا،
ئارزۇ-ئۈمىدىڭ ھەم چىقماس يوققا.

## (يىگىرمە يەتتىنچى نەسىھەت)

15 رەزىلدەك ھەققانىينىڭ ئۆيىنى يوشۇرۇن پايلاپ تۇرما،
ئۇنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلما!
16 چۈنكى ئۇ يەتتە قېتىم يىقىلسىمۇ، يەنىلا ئورنىدىن تۇرار،
بىراق رەزىللەر بالا-قازادا يىقىلار.

### (يىگىرمە سەككىزىنچى نەسىھەت)

17 رەقىبىڭ يىقىلغاندا خۇشال بولما،
پۇتلاشقىنىدا ئىچ-ئىچىڭدىن شادلانما.
18 بولمىسا ياقتۇرماس پەرۋەردىگار كۆرۈپ بۇنى،
توختىتار رەقىبىڭدىن غەزىپىنى.

### (يىگىرمە توققۇزىنچى نەسىھەت)

19 كۆڭلۈڭ بىسەرەمجان بولمىسۇن رەزىللەردىن،
يۈرىكىڭ ئېچىشمىسۇن ھەسەت قىلىپ يامانلاردىن.
20 چۈنكى بولماس رەزىللەرنىڭ ئىستىقبالى،
ئۆچۈرۈلەر يامانلارنىڭ چىرىغى.

### (ئوتتۇزىنچى نەسىھەت)

21 ئەي ئوغلۇم، پەرۋەردىگاردىن قورقماس بولما،
پادىشاھنى ھۆرمەتلىمەي قالما،
ئۇلارغا قارشى چىققۇچىلارغا شېرىك بولما.
22 چۈنكى ئۇشتۇمتۇت بالايىئاپەت ئۇلارغا كېلەر،
پەرۋەردىگار ۋە پادىشاھ كەلتۈرىدىغان ھالاكەتنى كىممۇ
بىلەر؟

## باشقا ئەقلىيە سۆزلەر

23 بۇلارمۇ دانالارنىڭ سۆزلىرىدۇر:

ھۆكۈمدە بىر تەرەپكە يان بېسىش ياماندۇر.
24 قارغايدۇ خەلقلەر جىنايەتچىگە: «سەن گۇناھسىز»
دېگۈچىنى
ھەم ئەل-جامائەت ئۆچ كۆرىدۇ ئۇنى.
25 بىراق خەلق جىنايەتچىنى ئەيىبلىگۈچىدىن خۇرسەن
بولىدۇ،
بەخت-سائادەتلەر ئۇنىڭغا كېلىدۇ.

26 سەممىي جاۋاب بەرگۈچى كۆرستەر چىن دوستلۇقنى.

27 ئاۋۋال سىرتتىكى ئىشلىرىڭنى پۈتتۈرۈپ،
ئېتىزىڭنى تەييار قىل،
ئاندىن ئۆيۈڭنى سال.

28 سەۋەبسىز يېقىنىڭغا قارشى گۇۋاھلىق قىلما،
يالغان سۆزلەپ ئالدىما.
29 «ئۇ ماڭا قانداق قىلغان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق
قىلىمەن،
ئۇنىڭ ماڭا قىلغىنىنى ئۆزىگە ياندۇرىمەن» دېمە.

30 ئۆتتۈم مەن ھۇرۇننىڭ ئېتىزلىقىدىن،
ئەقىلسىزنىڭ ئۈزۈمزارلىقىدىن.
31 مانا ھەر يېرىدىن تىكەنلەر ئۆسۈپ چىققان،
ياۋا ئوت-چۆپلەر ھەممە يەرنى قاپلىغان،
قورۇق تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن!
32 ئۇلارنى كۆرۈشۈم بىلەن ئويغا پاتتىم،
كۆرگىنىمدىن مۇنداق ساۋاق ئالدىم:
33 ئەگەر دېسەڭ:
«بىرئاز كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇخلىۋالاي،
بىردەم پۇت-قولۇمنى ئالماپ يېتىۋالاي»،
34 يېنىڭغا كېلەر قاراقچىدەك نامراتلىق،
ھەم قوراللىق بۇلاڭچىدەك موھتاجلىق.

## پادىشاھ سۇلايماننىڭ پەند-نەسىھەتلىرىنىڭ داۋامى

25 1 تۆۋەندىكىلەرمۇ پادىشاھ سۇلايماننىڭ پەند-نەسىھەتلىرى بولۇپ، بۇلارنى يەھۇدىيە پادىشاھى خىزكىيانىڭ ئوردىسىدىكىلەر كۆچۈرۈپ توپلىغان.

2 خۇدانىڭ كارامەتلىرىنىڭ سىرلىقلىقى ئۇنىڭ
ئۇلۇغلۇقىدۇر،
پادىشاھلارنىڭ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىشى ئۇلارنىڭ
شۆھرىتىدۇر.

3 ئاسماننىڭ ئېگىزلىكىنى، يەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى
بولماس،
پادىشاھلارنىڭ كۆڭلىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولماس.

4 ئاۋۋال كۈمۈشنى تاۋلاپ، داشقىلىنى چىقىرىپ تاشلا،
ئاندىن زەرگەر قۇيۇپ چىقىدۇ نەپىس بىر قاچا.
5 ئاۋۋال پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن قوغلىۋەت يامان
مەسلىھەتچىلەرنى،
ئاندىن ھەققانىيەت بىلەن مۇستەھكەم بولار ئۇنىڭ
تەختى.

6 پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما،
ئەربابلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا تىرىشما.
7 چۈنكى ئورنۇڭنى جانابقا بېرىشكە چاقىرىلىپ، پەگاھقا
چۈشۈپ قالغاندىن،
باشقىلارنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن پەگاھتىن تۆرگە
ئۆتكىنىڭ ئەۋزەل.

8 ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن سوتقا ئەرز قىلما،
قانداق قىلىسەن مۇبادا يېقىنىڭ سېنى شەرمەندە قىلسا؟

9 مۇنازىرىلەش يېقىنىڭ بىلەن سېنىڭ ھەق بولسا،
لېكىن باشقىلارنىڭ سىرىنى ئاچما.
10 بولمىسا، بۇنى ئاڭلىغۇچى قالدۇرار سېنى ئۇياتقا،
بىر ئۆمۈر قالىسەن سېسىق نامغا.

11 جايىدا قىلىنغان سۆزلەر
كۈمۈش تاۋاقتا تىزىلغان ئالتۇن ئالمىدۇر.

12 قۇلاق سالغۇچى ئۈچۈن دانالارنىڭ تەنبىھى
ئالتۇن ھالقا ياكى ئالتۇن بېزەككە ئوخشار.

13 ئەۋەتىلسە ئەگەر ساداقەتمەن ئەلچى،
ئۇ خۇددى ئورما ۋاقتىدىكى سوغۇق سۇ كەبى
راھەتلىتەر ئادەم قەلبىنى.

14 سوۋغات بېرىمەن دەپ ماختانغان، لېكىن بەرمىگەن كىشى
ئوخشار خۇددى يامغۇرى يوق بۇلۇت ۋە بورانغا.

15 سەۋر-تاقەت بىلەن سۆزلىگەندە ھۆكۈمدار قايىل بولار،
يۇمشاق سۆز تاشنى ئېرىتەر.

16 ھەسەلگە ئېرىشكەندە پەقەت تويغۇچىلا يە،
كۆپ يەپ ياندۇرۇۋەتمە.

17 ئاز دەسسىگىن قوشناڭنىڭ بوسۇغىسىغا،
تويۇپ سەندىن ئۆچ بولۇپ قالار بولمىسا.

18 يېقىنىغا قارشى يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچى
توقماق، قىلىچ ۋە ئۆتكۈر ئوقتا ئوخشايدۇ.

19 ئېغىر كۈنلەردە تايىنىش ۋاپاسىزغا
ئوخشار تايانغانغا چىرىگەن چىش، سۇنغان پۇتقا.

20 ناخشا ئېيتىپ بېرىش غەمكىن كىشىگە،
ئوخشار سوغۇق كۈندە كىيىمىنى سالدۇرۇۋالغانغا،
ياكى تۇز قۇيغاندەك يارىسىغا.

21 دۈشمىنىڭ ئاچ بولسا، نان بەر،
ئۇسسىغان بولسا، سۇ بەر.
22 خىجالەتتە قالدۇرىسەن ئۇنى شۇندا،
ياندۇرار پەرۋەردىگار ساڭا.

23 شىمال تەرەپتىن چىققان شامال قاتتىق يامغۇر ياغدۇرار،
چېقىمچىلىق بولسا غەزەپنى چىرايغا چىقارار.

24 سوقۇشقاق خوتۇن بىلەن بىر ئۆيدە ياشاشتىن
ئەۋزەلدۇر ئۆگزىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياشاش.

25 يىراق يۇرتتىن كەلگەن خوش خەۋەر،
ئوخشار چاڭقاشنى قاندۇرغان مۇزدەك سۇغا.

26 رەزىلگە يول قويغان ھەققانىي كىشى
ئوخشار لېيىپ كەتكەن بۇلاق، بۇلغانغان قۇدۇققا.

27 ياخشى ئەمەستۇر ھەسەلنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېيىش،
شەرەپلىك ئەمەستۇر شۆھرەتپەرەسلىك قوغلىشىش.

28 ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان كىشى
ئوخشار سېپىلى بۇزۇۋېتىلگەن شەھەرگە.

26 1 يازدا قار، ئورما ۋاقتىدا يامغۇر قاملاشمىغاندەك،
ئەخمەققىمۇ ئىززەت-ھۆرمەت قاملاشماس.

2 قۇشقاچ ئۇچۇپ، قارلىغاچ قانات قاققاندەك،
سەۋەبسىز قارغاشمۇ كىشىگە تەگمەس.

3 ياراشقاندەك قامچا ئاتقا، نوختا ئېشەككە،
يارىشار دەررە ئەخمەقنىڭ دۈمبىسىگە.

4 جاۋاب قايتۇرما ئەقىلسىزنىڭ ئەخمەقلىقىگە يارىشا،
ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىسەن بولمىسا.

5 جاۋاب قايتۇر ئەقىلسىزنىڭ ئەخمەقلىقىگە يارىشا،
ئۇ ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلاپ قالار بولمىسا.

6 ئەخمەقتىن خەۋەر يوللىغان كىشى
ئوخشار ئۆز پۇتىنى ئۆزى چاپقان، زەھەر يۇتقان كىشىگە.

7 كارغا كەلمىگەندەك پۇتلىرى توكۇرنىڭ،
كارغا كەلمەس ئاغزىدىكى پەند-نەسىھەت ئەخمەقنىڭ.

8 ئىززەت-ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئەخمەققە
ئوخشار سالغىغا تاشنى باغلاپ قويغانغا.

9 ئەخمەقنىڭ ئاغزىدىكى پەند-نەسىھەت
ئوخشار مەست شىلتىۋاتقان تىكەنگە.

10 ياللىسا ئەخمەقنى ياكى ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمنى كىمكى،
بولار قارىغۇلارچە ئوق ئاتقان مەرگەن كەبى.

11 ئىت ئايلىنىپ كېلىپ يالىغاندەك ئۆز قۇسۇقىنى،
قايتۇرۇپ كېلەر ئەخمەق ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىنى.

12 كۆردۈڭمۇ ئۆزىنى ئاقىل چاغلىغان كىشىنى؟
ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتكەندىن ئەخمەقتىن ئۈمىد كۈتكەن ياخشى.

13 ھۇرۇن دەركى: «شىر باردۇر كوچا ۋە مەيداندا».

14 ئېچىلىپ-يېپىلار ئىشىك مۇجۇقىدا،

ئېغىناپ ياتار ھۇرۇن تۆشىكىدە.

15 ھۇرۇن سۇنار قولىنى قاچىغا،
لېكىن ئېرىنەر غىزانى ئاغزىغا سېلىشقا.

16 ھۇرۇن ئۆزىنى شۇنداق چاغلار،
ھەتتا ئاقىلانە جاۋاب بېرىدىغان يەتتە كىشىدىنمۇ ئاقىل سانار.

17 ئارىلىشىش ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز جاڭجالغا،
ئوخشار ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىتنىڭ قۇلىقىنى تارتقانغا.

18-19 ئۆز يېقىنىنى ئالداپ، «چاقچاق قىلىپ قويدۇم» دېگۈچى
ئوخشار ئەجەللىك ئوت ئوقيانى ئاتقان تەلۋىگە.

20 ئوت ئۆچەر ئوتۇن بولمىسا،
جېدەل توگەر چېقىمچى بولمىسا.

21 جېدەلخور خۇددى چوغ ئۇستىگە سالغان كۆمۈر،
ئوت ئۇستىگە تاشلىغان ئوتۇن كەبى
ئۇلغايتار جېدەل-ماجىرانى.

22 ئوخشار غەيۋەت مەززىلىك تاماققا،
سىڭىپ كېتەر تەنگە تېزلا.

23 تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر كىشى،
سىرلاپ قويۇلغان ساپالنىڭ ئۆزى.

24 ئۆچمەنلىك قىلغۇچى چىرايلىق سۆز بىلەن نىقابلىنار،
بىراق كۆڭلىدە ھىيلە-مىكىر ساقلار.

25 شۇڭا ئىشىنىپ كەتمە ئۇ مۇلايىم سۆزلىگەندە،
چۈنكى يەتتە قات ئىپلاسلىق باردۇر ئۇنىڭ قەلبىدە.

26 ئۆچمەنلىكىنى ئۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن ياپار،
لېكىن ئۇنىڭ رەزىللىكى جامائەت ئالدىدا ئاشكارا بولار.

27 كىشىگە ئورا كولىغان ئۆزى چۈشەر،
ئۆزگىگە دومىلاتقان تاش ئۆزىگە قايتار.

28 يالغانچى ئۆزى زىيان كەلتۈرگەنلەرنى ئۆچ كۆرەر،
خۇشامەتچى ھالاكەت ئېلىپ كېلەر.

27

1 ماختانما ئەتىكى كۈنۈڭ بىلەن،
چۈنكى ئەتىنىڭ نېمە ئېلىپ كېلىشىنى بىلمەيسەن.

2 ماختانما ئۆز ئۆزۈڭدىن، سېنى باشقىلار ماختىسۇن،
ماختانما ئۆز ئاغزىڭ بىلەن، سېنى ياتلار ماختىسۇن.

3 تاشمۇ ھەم قۇممۇ ئېغىر،
بىراق ئەخمەق كەلتۈرگەن ئازاب ئىككىسىدىنمۇ ئېغىر.

4 غەزەپ رەھىمسىزدۇر، قەھر ئۇخشار كەلكۈنگە،
بىراق تاقابىل تۇرالار كىممۇ كۈندەشلىكىگە؟

5 ئاشكارا تەنبىھ يوشۇرۇن مۇھەببەتتىن ئەلادۇر.

6 دوستۇڭنىڭ سالغان جاراھەتى ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىدىندۇر،
دۈشمىنىڭنىڭ سۆيۈشلىرى بولسا ھىيلىگەرلىكىدىندۇر.

7 بىزاردۇر توق كىشى ھەسەلدىنمۇ،
تاتلىقتۇر ئاچلىقتا ھەرقانداق ئاچچىق نەرسىمۇ.

8 ئۆيىدىن ئايرىلغان كىشى
ئۇخشار ئۇۋىسىدىن ئايرىلغان قۇشقا.

9 ئاچار خۇشبۇي ماي ۋە خۇشبۇي بۇيۇم كىشىنىڭ كۆڭلىنى،
سەمىمىي مەسلىھەتىدىن بىلىنەر دوستىنىڭ غەمخورلۇقى.

10 ئۆز دوستۇڭ ھەم ئاتاڭنىڭ دوستىنى تاشلىما.
بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە يىراقتىكى تۇغقىنىڭنىڭ ئۆيىگە بارما،
ئەلادۇر يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا.

11 ئەي ئوغلۇم، دانالىق تاپ، كۆڭلۈمنى چۆمدۈر خۇشاللىققا،
شۇندا جاۋاب قايتۇرالايمەن مېنى تەنقىد قىلغانلارغا.

12 زېرەك كىشى خەۋپ-خەتەرنى كۆرۈپ قاچار،
نادان قارىغۇلارچە ئالغا بېسىپ ئازاب تارتار.

13 ناتونۇشقا كېپىل بولغۇچىدىن كېپىلگە تونىنى ئېلىۋال،
ياتقا كېپىل بولغاندىن كېپىللىك ئال.

14 كىمكى تاڭ سەھەردە ۋارقىراپ قوشنىسىدىن ئامانلىق سورىسا،
ئاڭلىنار قارغىغاندەك قوشنىسىغا.

15 سوقۇشقاق خوتۇن ئوخشار
يامغۇرلۇق كۈندە توروۇستىن توختىماي تامچىلىغان تامچىغا.
16 ئۇ خوتۇننى توسۇش ئوخشار بوراننى توسۇشقا
ياكى قولى بىلەن زەيتۇن يېغى ئۇسقانغا.

17 تۆمۈر تۆمۈرنى بىلەيدۇ،
ئادەم ئادەمنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

18 مېۋىسنى يەر ئەنجۈر كۆچىتىنى پەرۋىش قىلغۇچى،
ئىززەتكە ئېرىشەر خوجايىنىنى ياخشى كۈتكۈچى.

19 سۇ ئادەمنىڭ يۈزىنى ئەكس ئەتتۈرگەن كەبى،
ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرەر يۈرىكى.

20 ھېچ تويماس گۆر ۋە ئۆلۈكلەر ماكانى،
قانائەت تاپماس ئادەمنىڭ نەپسى.

21 تاۋلىنار ئالتۇن-كۈمۈش ئوتتا،
سىنىلار ئادەم ماختالغاندا.

22 سوقساڭمۇ بۇغداي سوققاندەك ئەخمەقنى،
ئايرىلماس يەنىلا ئۇنىڭدىن ئەخمەقلىقى.

23 پادىلىرىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان ئىگىلە،
چارۋا ماللىرىڭغا ياخشى قارا.
24 چۈنكى بايلىق مەڭگۈلۈك بولماس،
قالماس تاجمۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس.
25 چۆپلەر قۇرۇپ، يېڭى چۆپلەر ئۆسۈپ چىققاندا،
تاغ باغرىدىكى ئوتلار ئورۇلغاندا،
26 قويلارنىڭ يۇڭلىرى ساڭا كىيىم بولار،
ئۆچكىلەرنى ساتقان پۇل بىر ئېتىزغا يارار.
27 يېتەرلىك بولار سۈتى ئۆچكىلەرنىڭ
ئوزۇقىغا سېنىڭ ۋە ئائىلەڭنىڭ،
تۇرمۇشىنى قامدار ھەم دېدەكلىرىڭنىڭ.

28 [1] قاچار ھېچكىم قوغلىمىسىمۇ يامانلار،
شىردەك باتۇردۇر ھەققانىيلار.

[2] كۆپىيەر ھۆكۈمدارلار گۇناھ كۆپەيسە يۇرتتا،
مۇقىملىق داۋاملىشار دانا ۋە بىلىملىك ھۆكۈمدار بولغاندا.

[3] كەمبەغەل كەمبەغەلنى بوزەك قىلسا،
ئوخشار زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىدىغان قارا يامغۇرغا.

[4] پەرۋەردىگارنىڭ تەلىمىدىن ۋاز كېچىش يامانلارنى ماختىغانلىقتۇر،
ئۇنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىش يامانلار بىلەن قارشىلاشقانلىقتۇر.

[5] چۈشەنمەس رەزىللەر ئادالەتنى،
تولۇق چۈشىنەر پەرۋەردىگارغا تەلپۈنگۈچىلەر ئۇنى.

[6] دىيانەت يولىدا ماڭغان كەمبەغەل كىشى
ئەگرى يولدا يۈرگەن بايدىن ياخشى.

[7] دانا ئوغۇلدۇر پەرۋەردىگارنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلغان،
ئاتىسىنى نومۇسقا قالدۇرار نان قېپىلارغا ھەمراھ بولغان.

[8] جازانىخورلۇق بىلەن بايلىقىنى كۆپەيتكەن كىشىنىڭ بايلىقى،
كەمبەغەللەرگە ساخاۋەت قىلغۇچى ئۈچۈن قالار ئاخىرى.

[9] پەرۋەردىگارنىڭ تەلىمىگە كىمكى قۇلاق سالمىسا،
ئۇنىڭ دۇئالىرىمۇ يىرگىنچلىكتۇر ھەتتا.

10 دۇرۇسلارنى يامان يولغا ئازدۇرغۇچى چۈشەر ئۆزى
كولىغان ئورىغا.
پاك-دىيانەتلىك كىشى مىراسخور بولار ياخشىلىققا.

11 دانادۇر باي ئۆز نەزىرىدە،
ئاياندۇر ئۇنىڭ قانداقلىقى زىرەك كەمبەغەلگە.

12 جاھاننى قاپلار تەنتەنە ھەققانىيلار ھوقۇق تۇتسا،
ئادەملەر ئۆزىنى قاچۇرار يامانلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزسە.

13 روناق تاپالماس ئۆز گۇناھلىرىنى يوشۇرغان،
رەھىم-شەپقەتكە ئېرىشەر گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلىپ قول
ئۈزگەن.

14 بەختلىكتۇر پەرۋەردىگارغا ئىخلاسمەن كىشى ھەمىشە،
ئۇچرار بوينى قاتتىق كىشى بالايىئاپەتكە.

15 يوقسۇللارنىڭ ئۈستىدىكى رەزىل ھۆكۈمدار
ھۆركىرەپ تۇرغان شىر، ئوۋ ئىزدەپ يۈرگەن ئېيىققا
ئوخشار.

16 ئەقىلسىز ھۆكۈمدار قاتتىق زالىملىق سالار،
ھارام بايلىقتىن نەپرەتلەنگەننىڭ ئۆمرى ئۇزىرار.

17 قان تۆكۈپ ۋىجدان ئازابى تارتقۇچى قېچىپ يۈرەر
ئۆلگۈچە،
قىلمىسۇن ئۇنى ھېچكىم ھىمايە.

18 قۇتقۇزۇلار دىيانەت يولىدا ماڭغان،
تويۇقسىز يىقىلار ئەگرى يولدا ماڭغان.

19 يېرىگە ئىشلىگەننىڭ قورسىقى توق بولار.
قۇرۇق خىيال سۈرگەن تولىمۇ يوقسۇللۇققا قالار.

20 ئېرىشەر مول بەرىكەتكە سادىق كىشى،
جازاسىز قالماس بايلىققا ئېرىششكە ئالدىرىغۇچى.

21 بىرىگە يان بېسىش ياماندۇر،
بىراق ئادەم بىر بۇردا نان ئۈچۈنمۇ بۇنداق گۇناھنى
ئۆتكۈزۈر.

22 ئاچكۆز ئالدىرار باي بولۇشقا،
بىلمەي قالار ئۇ يوقسۇللۇق چۈشۈشىنى ئۆز بېشىغا.

23 باشقىلارنىڭ خاتالىقىغا تەنبىھ بەرگۈچى خۇشامەتچىگە
قارىغاندا،
كۆپ ھىممەت تاپار ئاخىرىدا.

24 ئاتا-ئانىسىنى بۇلاپ، ئاندىن «بۇ گۇناھ ئەمەس» دېگۈچى
قاتارىدا بولار جانغا زامىن بولغۇچى.

25 جېدەل-ماجىرا تېرار ئاچكۆزلۈك قىلغان،
راۋاج تاپار پەرۋەردىگارغا ئىشەنچ باغلىغان.

26 ئەخمەقتۇر ئۆز ئەقلىگە ئىشەنگەن،
ئامان قالار دانالىق بىلەن ئىش تۇتقان.

27 موھتاجلىقتا قالماس نامراتلارغا خەيرخاھلىق قىلغان،
نۇرغۇن لەنەتكە قالار ئۇلارنى كۆرمەسكە سالغان.

28 يامانلار ھوقۇق تۇتسا، ئادەملەر ئۆزىنى قاچۇرار،
ئۇلار زاۋال تاپسا، ھەققانىيلار ھوقۇق تۇتار.

29 [1] كىمكى قايتا-قايتا ئەيىبلەنسىمۇ بوينىنى قاتتىق قىلسا،
تۇيۇقسىز بىتچىت بولۇپ، چۇشۇپ قالار قۇتقۇزغۇسىز ھالغا.

[2] يۇقىرا شادلىنار ھەققانىيلار ھوقۇق تۇتسا،
نالە-پەرياد كۆتۈرەر رەزىللەر ھۆكۈم سۈرسە.

[3] ئاتىسىنى شادلاندۇرار دانالىقنى سۆيگەن ئوغۇل،
مال-مۈلكىنى بۇزۇپ-چاچار پاھىشىلەرگە ھەمراھ بولغان ئوغۇل.

[4] پادىشاھ مۇستەھكەم قىلار ئادالەت بىلەن يۇرتنى،
پارىخور بولسا زاۋال تاپقۇزار ئۇنى.

[5] ئۆز يېقىنىغا خۇشامەت قىلغان كىشى
ئوخشار ئۆز پۇتىغا قاپقان قۇرغان كىشىگە.

[6] ئۆزىگە تۇزاق قۇرار يامانىنىڭ گۇناھى،
ناخشا ئېيتىپ شادلىنار ھەققانىي.

[7] ھەققانىي كۆڭۈل بۆلەر كەمبەغەللەرنىڭ ھوقۇقىغا،
رەزىللەرنىڭ كارى بولماس بۇنىڭغا.

[8] مازاقچىلار قالايمىقانلاشتۇرار پۈتۈن شەھەرنى،
بىراق ئاقىللار ياندۇرار قەھر-غەزەپنى.

[9] ئاقىل ئەخمەق بىلەن دەۋاغا چۈشسە،
ئەخمەق ھۆرپىيەر، ھېچقاچان تىنچلىق بولماس.

[10] دىيانەتلىكتىن نەپرەتلىنەر قانخورلار،

ئالماقچى بولار دۇرۇسنىڭ جېنىنى ئۇلار.

11 ئەخمەق بىراقلا ئاشكارىلار غەزىپىنى،
ئاقىل بېسىۋالار ئۆزىنى.

12 ھۆكۈمدار يالغان سۆزلەرگە قۇلاق سالسا،
بارلىق ئەمەلدارلىرى ماڭار يامان يولغا.

13 كەمبەغەل ۋە ئۇنى ئەزگۈچىنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى،
ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزىنى پەرۋەردىگار ئاچقاندۇر.

14 پادىشاھ ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلسا ئاجىزلارغا،
مەھكەم تۇرار ئۇنىڭ تەختى مەڭگۈگە.

15 تاياق ۋە تەنبىھ ئەقىل تاپقۇزار بالىغا،
ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلگەن بالا ئۇيات كەلتۈرەر ئانىسىغا.

16 ناھەقلىق كۆپىيەر ھوقۇق تۇتسا يامانلار،
ئۇلارنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرەر ھەققانىيلار.

17 ئوغلۇڭنى تەربىيەلىسەڭ، ئارام تاپقۇزار ئۇ سېنى،
سۆيۈندۈرەر ھەم كۆڭلۈڭنى.

18 خەلق تىزگىنسىز قالار بولمىسا پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھىيسى،
بەختلىك بولار پەرۋەردىگارنىڭ تەلىمگە ئەمەل قىلىدىغان
كىشى.

19 سۆز بىلەنلا تۈزەتكىلى بولماس قۇلنىڭ خاتالىقىنى،
ئېتىبار قىلماس ئۇ چۈشەنسىمۇ سۆزۈڭنى.

20 كۆرگەنمۇ ئويلىماي سۆزلەيدىغان كىشىنى؟

ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتكەندىن ئەخمەقتىن ئۈمىد كۈتكەن
ياخشى.

21 كىمكى قۇلىنى كىچىكىدىن ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە،
ئاخىرى ئۇ قۇل ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلەر ئۆزىگە.

22 تېرىككەك جېدەل-ماجىرا قوزغاپ تۇرار،
مىجەزى ئىتتىك كىشىنىڭ گۇناھلىرى كۆپ بولار.

23 كىشىنى پەس قىلار مەغرۇرلۇق،
ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرەر كەمتەرلىك.

24 ئۆز جېنىغا دۈشمەن بولار ئوغرى بىلەن شېرىك بولغۇچى،
سوتتا يالغان ئېيتسا، لەنەتكە قېلىشنى بىلىپ تۇرۇپمۇ
ئېيتالماس راستىنى.

25 بەندىدىن قورقۇش ئۆزى ئۈچۈن تۇزاق قۇرغانلىقتۇر،
لېكىن پەرۋەردىگارغا ئىشەنگەن ئادەم ئامان قالۇر.

26 ئىلتىپات ئىستەر كۆپ كىشىلەر ھۆكۈمداردىن،
ئادالەت كېلەر ئادەمگە پەرۋەردىگاردىن.

27 يىرگىنەر ھەققانىيلار ناھەقچىلىك قىلغانلاردىن،
يامانلار بولسا ئادىل يولدا ماڭغانلاردىن.

## ئاگۇرنىڭ پەند-نەسىھەتلىرى

30 1 ماسسالىق ياقەھنىڭ ئوغلى ئاگۇرنىڭ سۆزلىرى، ئۇنىڭ
ئىتىئېل بىلەن ئۇكالغا ئېيتقانلىرى:

2 ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ نادىنى مەن ئىكەنمەن،
ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقىل مەندە يوق ئىكەن.

3 دانالىقنى ئۆگىنەلمىدىم،
بىردىنبىر مۇقەددەس بولغۇچى ھەققىدە يوق ئىكەن
ساۋاتىم.
4 كىم ئەرشكە چىققان ھەم ئەرشتىن چۈشكەن؟
كىم شامالنى قوللىرىدا تۇتقان؟
كىم سۇلارنى تونىغا يۆگىگەن؟
كىم يەر-زېمىنىنىڭ چېگراسىنى بەلگىلىگەن؟
ئۇنىڭ ئىسمى نېمە، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىچۇ،
بىلمەمسەن؟

5 خۇدانىڭ ھەربىر سۆزى ھەقىقەتتۇر،
ئۇنى پاناھ قىلغانلارغا ئۇ قالقاندۇر.
6 قوشما خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ھېچنېمىنى،
بولمىسا ئۇ ئەيىبلەر سېنى، ئاشكارىلار يالغانچىلىقىڭنى.

7 ئى پەرۋەردىگار، تىلەيمەن ئىككى نەرسىنى سەندىن،
ئايىمىغايسەن مەن ئۆلگۈچە بۇلارنى مەندىن.
8 مەندىن يىراق قىلغايسەن ساختىلىق ۋە يالغانچىلىقنى،
قىلمىغايسەن گاداي ياكى بايمۇ مېنى،
ئېھتىياجىمغا لايىق بەرگەيسەن رىزقىمنى.
9 چۈنكى باياشاتلىق ئىچىدە سەندىن تېنىپ،
«پەرۋەردىگار كىممۇ؟» دەپ قالماي،
ياكى يوقسۇزچىلىقتا ئوغرىلىق قىلىپ،
سېنىڭ نامىڭغا داغ كەلتۈرۈپ قويماي.

10 قۇلنى يامانلىما خوجايىنىغا،
قارغىۋېتەر قۇل سېنى، ئەيىبكار بولارسەن بولمىسا.

11 شۇنداقلارمۇ باركى، ئۆز ئاتىسىنى قارغايدىغان،
ئۆز ئانىسىغا بەخت تىلىمەيدىغان.
12 شۇنداقلارمۇ باركى، ئۆزلىرىنى پاك چاغلايدىغان،

ئەمەلىيەتتە، مەينەتچىلىكى تازىلانمىغان.
13 شۇنداقلارمۇ باركى، چەقىپ تۇرار تەكەببۇرلۇقى كۆزلىرىدىن،
بېشى تاقىشار ئاسمانغا ھاكاۋۇرلۇقىدىن.
14 شۇنداقلارمۇ باركى،
يوقىتىش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىن نامراتلارنى،
يالماش ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىدىكى موھتاجلارنى،
قىلىچتەك چىشلىرى، پىچاقتەك ئېزىق چىشلىرى بولغانلار.

15 زۇلۇكنىڭ① ئىككى قىزى بار،
ئۇلار «بەرگىن، بەرگىن» دەپ تولۇلىشار.

ئۈچ نەرسە باركى، ھېچ تويمايدىغان،
ياق، تۆت نەرسە بار، ئەسلا يېتەرلىك دېمەيدىغان،
ئۇلاركى:
16 گۆر، تۇغماس خوتۇن، قاغجىرىغان يەر ۋە ئۆچمەيدىغان
ئوت.

17 ئاتىسىنى مەسخىرە قىلىپ، ئانىسىنى كەمسىتكۈچىنىڭ
كۆزىنى
چوقۇلار جىلغىدىكى قۇزغۇنلار ياكى يەۋېتەر بۈركۈتنىڭ
باللىرى.

18 ئۈچ ئىش باركى، مەن ئۈچۈن ئىنتايىن سىرلىق بولغان،
ياق، تۆت ئىش بار، ئەقلىم يەتمەيدىغان،
ئۇلاركى:
19 بۈركۈتنىڭ ئاسماندا ئۇچۇشى،
يىلاننىڭ تاشتا بېغىرلىشى،
كېمىنىڭ دېڭىزدا مېڭىشى.

---

① 30: 15 زۇلۇك ـ بوغۇم تەنلىك جانلىق. تېنى ئۇزۇنچاق ۋە سەل ياپىلاق، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شورايدۇ.

يىگىتنىڭ قىزغا ئاشىق بولۇشى.

20 مۇنداقكى زىناخور خوتۇننىڭ تۇتقان يولى:
ئوغرىلىقچە يەپ بولۇپ سۈرتەر ئۇ ئاغزىنى،
دەر: «قىلمىدىم مەن ھېچقانداق يامانلىقنى».

21 ئۈچ ئىش باركى، يەر-زېمىننى سىلكىندۈرىدىغان،
ياق، تۆت ئىش بار يەر كۆتۈرەلمەيدىغان.
ئۇلاركى:
22 قۇلنىڭ پادىشاھ بولۇشى،
ئەخمەقنىڭ راۋاج تېپىشى،
23 نەپرەتكە ئۇچرىغان ئايالنىڭ ئەرگە تېگىشى،
دېدەكنىڭ ئۆز خانىمىنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىشى.

24 دۇنيادا تۆت خىل جانىۋار بار،
كىچىك تەنلىك، بەكمۇ ئەقىللىق،
ئۇلاركى:
25 چۈمۈلە، گەرچە ئۇ ئاجىز بولسىمۇ،
بىراق يازدا ئوزۇق تەييارلىۋېلىشنى بىلەر.
26 سۇغۇر، گەرچە ئۇ كۈچسىز بولسىمۇ،
خادا تاشلارنىڭ ئارىسىغا ئۇۋۋا سالار.
27 چېكەتكە، گەرچە ئۇ پادىشاھى بولمىسىمۇ،
لېكىن قاتار سەپ تۈزۈپ ماڭار.
28 كەسلەنچۈك، گەرچە ئۇنى قول بىلەن تۇتىۋۋالغىلى بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ خان ئوردىلىرىغىمۇ كىرىۋالار.

29 ئۈچ ھايۋان باركى، قەدەملىرى ھەيۋەتلىك،
ياق، تۆت جانىۋار باركى، مېڭىشى ھەيۋەتلىك.
30 شىر، ئۇ ھايۋاناتلار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكىدۇر
ۋە ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ،

31 مەغرۇر ماڭغان خوراز، سەركە
ۋە قوشۇننى باشلاپ ماڭغان پادىشاھ.

32 ئەگەر ئەخمەق بولۇپ، چوڭ تۇتساڭ ئۆزۈڭنى
ياكى يامان غەرەزدە بولغان بولساڭ،
تۇت قولۇڭ بىلەن ئاغزىڭنى!

33 چىقار سىرىق ماي قايماق قوچۇلسا،
چىقار قان بىرىنىڭ بۇرنى مىجىلسا،
شۇنىڭدەك چىقار غەزەپتىن جېدەل-ماجىرا.

## پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ نەسىھەتى

31
1 ماسسا پادىشاھى لەمۇئېلنىڭ ئېيتقانلىرى ۋە ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆگەتكەنلىرى:

2 ئەي ئوغلۇم، باغرىمنى يېرىپ چىققان ئوغلۇم،
خۇدادىن تىلەپ ئالغان ئوغلۇم،
نېمە دېسەم بولار مەن ساڭا؟
3 سەرپ قىلما كۈچ-قۇۋۋىتىڭنى ۋە ئۆمرۈڭنى
پادىشاھلارنى ۋەيران قىلىدىغان خوتۇنلارغا.

4 ئەي لەمۇئېل، لايىق ئەمەس شاراب پادىشاھلارغا،
ياراشماس مەيگە بېرىلىش ھۆكۈمدارغا.
5 چۈنكى ئۇلار شاراب ئىچىپ، ئۇنتۇپ قېلىپ قانۇننى،
بۇرمىلىۋېتەر ئېزىلگەنلەرنىڭ ھوقۇقىنى.
6 بەرگىن مەينى ئۆلۈم گىردابىدا تۇرغانلارغا،
بەرگىن شارابنى قايغۇ-ھەسرەت چەككەنلەرگە.
7 ئۇلار شاراب ئىچىپ، ئۇنتۇسۇن ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقىنى،
ئەسلەپ قالمىسۇن تارتقان دەردلىرىنى.

8 ئۆزىنى ئاقلىيالمايدىغانلار ئۈچۈن سۆزلىگىن،

ئاجىزلارنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن ئاغزىڭنى ئاچقىن.
9 سۆكۈت قىلما، ئادىل ھۆكۈم قىلغىن،
يوقسۇل ۋە موھتاجلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىغىن.

## پەزىلەتلىك ئايال

10 كىم ئاللايدۇ پەزىلەتلىك بىر ئايال؟
ئارتۇقتۇر گۆھەردىنمۇ بۇنداق ئايال.
11 بۇنداق ئايالغا دىلىدىن ئىشەنچ قىلار ئېرى،
كەم بولماس ئېرىنىڭ ھېچ نەرسىسى.
12 ئېرىگە ياخشىلىق قىلار ئۇ ئۆمۈر بويى،
ئۇچراتماس زىيانغا ئۇنى.
13 ئۇ تاللاپ قوي يۇڭى ۋە زىغىردا قىلىنغان رەختنى،
ئۆز قولىدا ھەۋەس بىلەن پۈتكۈزەر كىيىم-كېچەكنى.
14 ئۇ سودا كېمىلىرى كەبى
توشار يىراقتىن ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى.
15 ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ تاڭ سۈزۈلمەستە،
يېمەكلىك تەييارلار ئائىلىسىدىكىلەرگە،
ئىش تەقسىم قىلار دېدەكلىرىگە.
16 ئۇ ئېتىزنى كۆرۈپ، ئويلانغاندىن كېيىن سېتىۋالار،
ئۆز ئەجرى بىلەن تاپقان پۇلىغا ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلار.
17 ئۇ ئىشقا مەھكەم باغلاپ بېلىنى،
كۈچلەندۈرەر بىلەكلىرىنى.
18 كۆرەر ئىشلىگىنىنىڭ پايدىسىنى،
كېچىچە ئۆچۈرمەس چىرىغىنى.
19 ئايلاندۇرار ئۇ قولى بىلەن ئۇرچۇقنى،
ئېگىرەر بارماقلىرى بىلەن يىپنى.
20 ئايىماس ئۇ يوقسۇللاردىن ياردىمىنى،
ئۇزىتار ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قولىنى.
21 قىش كەلسىمۇ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن يوقتۇر ئەندىشىسى،
چۈنكى قىلىن كىيىندۈرۈلگەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى.

22 ئۆزى تىكەر ئۇ تۆشەك ياپقۇچلىرىنى،
ئېسىل سۆسۈن زىغىر رەختلەردۇر ئۇنىڭ لىباسلىرى.
23 ئېرى ئولتۇرار ئاقساقاللار بىلەن شەھەر دەرۋازىسىدا،
ئۇنىڭ ئابرۇيى باردۇر جامائەتنىڭ ئالدىدا.
24 ئۇ ئايال زىغىر رەختتىن تىكىپ ساتار كىيىملەرنى،
سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزەر بەلباغلارنى.
25 كۈچ-قۇدرەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەت ئۇنىڭ لىباسىدۇر،
ئۇ كېلەچەكنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالار.
26 ئۇ دانالىق بىلەن سۆزلەر،
مېھرىبانلارچە نەسىھەت بېرەر.
27 ئۇ ئائىلىسىدىكى ئىشلارنى ياخشى باشقۇرار،
يېتىپ يېمەس بىكار.
28 پەرزەنتلىرى ھۆرمەت بىلەن ئۇنى تەرىپلەر،
ئېرىمۇ ئۇنى ماختاپ مۇنداق دەر:
29 «پەزىلەتلىك ئاياللار كۆپتۇر دۇنيادا،
لېكىن ھەممىسىدىن ئارتۇقسەن پەقەت سەنلا».
30 ئالدامچىدۇر جەلپكارلىق، بىر كۆپۈكتۇر ھۆسن-جامال،
ماختاشقا ئېرىشەر پەرۋەردىگارغا ئىخلاس قىلغان ئايال.
31 ئۇنىڭ مېھنىتىنىڭ مېۋىلىرىگە لايىق تەرىپلەڭلار ئۇنى،
شەھەر دەرۋازىلىرىدا ماختاشقا ئېرىشتۈرسۇن ئۇنى ئۇنىڭ
ئەجىرلىرى!

# ھېكمەتلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |

# ھېكمەتلەر

1 [1] بۇ ھېكمەتلەر پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى
بولغان يېرۇسالېم پادىشاھىنىڭ، يەنى ھېكمەت ئىگىسىنىڭ
دۇردانە سۆزلىرىدۇر.
[2] «بىھۇدىدۇر، بىھۇدىدۇر، ھەممىسى بىھۇدىدۇر» دەيدۇ
ھېكمەت ئىگىسى.

## مەۋجۇدات ئۆزگەرمەستۇر

[3] ئىنسان قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا قىلغان جاپالىق
ئىشلىرىدىن ئۆزىگە نېمە پايدا تاپار؟
[4] ئەۋلاد كېلەر، ئەۋلاد كېتەر، پەقەت زېمىن ياشار.
[5] قۇياش چىقىپ يەنە پاتار، چىققان ماكانىغا يەنە قايتىشقا
ئالدىرار.
[6] شىمالدىن چىققان شامال جەنۇبقا كېتەر، ئۇ يەنە جەنۇبتىن
شىمالغا كېتەر،
تەكرار-تەكرار ئايلىنىپ، ئۇ شۇ تەرىقىدە دەۋر قىلار.
[7] دەريالار ئاقار دېڭىزغا، لېكىن دېڭىز توشماس ئەسلا.
دەريالار ئايلىنىپ ئاخىر قايتار ئۆز ماكانىغا.
[8] ھەممە ئىش ئىنساننى چارچىتار، بۇنى تەسۋىرلەشكە
سۆزلەر ئاجىزلىق قىلار.
ئىنساننىڭ كۆزلىرى كۆرگەنگە تويماس، قۇلاقلىرى
ئاڭلىغانغا قانائەت قىلماس.
[9] قايتىلىنار بۇرۇنقى ئىشلار، قايتا قىلىنار قىلىنىپ بولغان
ئىشلار.
شۇڭا يوقتۇر قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا يېڭىلىقلار.

10 ئىنسان قانداق بىر نەرسىنى «قاراڭلار، بۇ يېڭىلىققۇ» دەپ ئېيتالار؟
ئەمەلىيەتتە، ھەممىسى ئەزەلدىنلا مەۋجۇت بولغان ئىشلار،
يەنى بىزدىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغان نەرسىلەردۇر.
11 ھېچكىم ئەسلىمەس ئۆتمۈشنى، كەلگۈسىدىمۇ كېيىنكىلەر ھېچنېمىنى ئەسلىمەس.

## ئەقىل-پاراسەت بىھۇدىدۇر

12 ھېكمەت ئىگىسى بولغان مەن يېرۇسالېمدا ئىسرائىلىيەنىڭ
پادىشاھى ئىدىم. 13 ئاسماننىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان
پۈتكۈل ئىشلارنى دانالىق بىلەن كۆزىتىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈردۈم.
خۇلاسىلىسەم، خۇدا ئىنسانغا شۇ قەدەر ئېغىر جاپالىق ئىشلارنى
يۈكلىگەنىكەن. 14 ئىنسانىنىڭ قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا
قىلغان بارلىق ئىشلىرىنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى، خۇددى شامالنىڭ
ئارقىسىدىن قوغلىغاندەكلا بىھۇدە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم.

15 «ئەگرىنى تۈزلىگىلى بولماس، يوق نەرسىنى سانىغىلى بولماس.»

16 كۆڭلۈمدە ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم: «مەن دانالىقتا يېرۇسالېمنىڭ
مەندىن بۇرۇن ئۆتكەن ھەرقانداق بىر ھۆكۈمرانىدىن ئېشىپ
كەتتىم. دانالىق ۋە ئىلىمدە ناھايىتى كۆپ تەجرىبىگە ئېرىشتىم.»
17 مەن يەنە كۆڭۈل قويۇپ، دانالىقنى، نادانلىق ۋە ئەخمەقلىقنى
چۈشىنىشكە تىرىشتىم. ئاخىرى شۇنى بىلدىمكى، بۇمۇ خۇددى
شامالنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغاندەكلا بىھۇدىلىك ئىكەن.

18 ئادەم قانچە دانا بولسا، شۇنچە كۆپ بولار ئىكەن ھەسرىتى،
بىلىمى قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە كۆپ بولار ئىكەن قايغۇسى.

## بايلىق ۋە خۇشاللىقنىڭ بىھۇدىلىكى

2 [1] كۆڭلۈمدە ئۆزۈمگە: «خۇشاللىقنى سىناپ باقاي، ئۇنىڭ
پايدىسى بارمۇ-يوق، بىلىپ باقاي!» دېدىم. بىلدىمكى،
بۇمۇ بىھۇدىلىك ئىكەن. [2] كۈلۈش پەقەت تەلۋىلىك ئىكەن، ئۇنداق
بولسا، خۇشاللىقنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ [3] چوڭقۇر ئويلانغاندىن
كېيىن، ئۆزۈمنى شاراب بىلەن خۇش قىلىپ باقماقچى بولدۇم.
ئۆزۈمنى نادان تۇتماقچى بولساممۇ، لېكىن قەلبىم مېنى يەنىلا
دانالىققا باشلىدى. ئاسماننىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا، ئىنسان
قىسقا ھاياتىدا نېمە ئىشلارنى قىلسا پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى
بىلمەكچى بولدۇم.
[4] مەن بۈيۈك ئىشلارنى قىلدىم. ئۆزۈمگە ئۆيلەرنى سالدۇردۇم،
ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلدىم. [5] مەن باغلارنى ياساپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە
ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكتىم. [6] سۇ كۆلچەكلىرىنى
قازدۇرۇپ، بىغىمدىكى دەل-دەرەخلەرنى سۇغاردىم. [7] قۇل ۋە
دېدەكلەرنى سېتىۋالدىم، ئۆيۈمدىمۇ قۇللىرىمدىن تۇغۇلغان قۇل
ۋە دېدەكلىرىم كۆپ ئىدى. ناھايىتى نۇرغۇن چارۋا ماللىرىم
بار بولدى. يېرۇسالېمنىڭ ئىلگىرىكى پادىشاھلىرىدىنمۇ
بۇنچىلىك كۆپ مال-دۇنيا بولۇپ باقمىغانىدى. [8] ھەددى-
ھېسابسىز ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى توپلىدىم، پادىشاھ ۋە
بەگلىكلەردىن بايلىقلارغا ئىگە بولدۇم. يېنىمغا ئەر-ئايال
ناخشىچىلارنى يىغدىم، خۇشاللىقىم ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن
توقاللارنى ئالدىم. [9] بۈيۈكلۈكتە يېرۇسالېمدا مەندىن بۇرۇن
ياشىغان پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ كەتتىم. مەن ھەر
دائىم دانالىق بىلەن ئىش قىلدىم. [10] كۆزۈم چۈشكەن، كۆڭلۈم
خالىغان ھەرقانداق نەرسىگە چەك قويمىدىم. كۆڭلۈم بۇ
قىلغانلىرىمدىن خۇشاللىق تاپتى. بۇ مېنىڭ جاپالىق ئىشلەش
ئارقىلىق ئېرىشكەنلىرىمنىڭ مۇكاپاتى بولدى. [11] ئەمما كېيىن
بىلسەم، ئۆز قولۇم بىلەن ئىشلەپ تارتقان بارلىق جاپالىرىم
بىھۇدە ئىكەن، خۇددى شامالنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغاندەكلا

بىھۇدىلىك ئىكەن. قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا ئادەم ھېچقانداق پايدا تاپالمايدىكەن.

## دانالىقنىڭ بىھۇدىلىكى

[12] مەن يەنە دانالىق، نادانلىق ۋە ئەخمەقلىق ھەققىدە ئويلاندىم. كېيىنكى پادىشاھلار بۇرۇنقىلار قىلغان ئىشلارنى تەكرارلاشتىن باشقا يەنە نېمە ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن؟ [13] بىلدىمكى، خۇددى يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقتىن ياخشى بولغىنىدەك، دانالىق نادانلىقتىن ياخشى ئىكەن. [14] دانا ئادەمنىڭ كۆزلىرى روشەن بولار، نادان ئادەم قاراڭغۇلۇقتا ماڭار. ئەمما ئۇلارنىڭ قىسمىتى ئوخشاش بولۇپ، ھەممە ئادەم بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ. [15] كۆڭلۈمدە يەنە شۇنداق دېدىم: «نادان ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن، مېنىڭ بېشىمغىمۇ كېلىدىكەن، ئۇنداقتا يەنە دانا بولۇشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟» كۆڭلۈمدە يەنە: «بۇ بىھۇدىلىكتۇر» دېدىم. [16] چۈنكى نادان ئادەملەر ئۇنتۇلۇپ كەتكىنىگە ئوخشاش دانا ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ ھەممىسى بىردەك ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ. ئەپسۇسكى، دانا ئادەملەرمۇ نادان ئادەملەردەك ئۆلۈپ كېتىدۇ. [17] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھاياتتىن نەپرەتلەندىم، چۈنكى قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا يۈز بەرگەن ھەربىر ئىشلار ماڭا قايغۇلۇق بىلىندى. بارلىق ئىشلار خۇددى شامالنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغاندەكلا بىھۇدىلىك ئىكەن.

## جاپالىق ئىشلەشنىڭ بىھۇدىلىكى

[18] قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا جاپا تارتىپ تاپقان بارلىق نەرسىلىرىمدىن نەپرەتلەندىم. چۈنكى مەن بۇلارنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇشۇم كېرەك. [19] لېكىن ئۇلارنىڭ دانا ياكى نادان بولۇشىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇلار قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا مېنىڭ دانالىقىم ۋە جاپا-مۇشەققەتلىرىم ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسىلىرىمگە ئىگە بولىدۇ. بۇمۇ بىھۇدىلىك ئىكەن. [20] قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا ئىشلەپ تارتقان جاپالىرىمغا

يۈرىكىم ئېچىشىپ، ئۈمىدسىزلەندىم. [21] چۈنكى ئادەملەر دانالىقى، بىلىمى ۋە قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، جاپا-مۇشەققەت بىلەن ئېرىشكەن ئەمگەك مېۋىلىرىنى ھېچقانداق مېھنەت سىڭدۈرمىگەن كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇشى كېرەك. بۇ ھەقىقەتەن بىھۇدىلىك ۋە بەختسىزلىكتۇر. [22] ئادەملەرنىڭ قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا ئىشلەپ تارتقان جاپالىرى ۋە ئەندىشىلىرى ئۆزلىرىگە نېمە پايدا كەلتۈرەر؟ [23] ئۇلارنىڭ ئىشلەپ جاپا تارتىشلىرى، ھەتتا كېچىلىرىمۇ خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈشى ھەقىقەتەن بىھۇدىلىكتۇر.

[24] ئادەم ئۈچۈن يەپ-ئىچىش ۋە جاپالىق ئىشلەپ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىدىن راھەتلىنىشتىن ئارتۇق خۇشاللىق يوقتۇر. بىلدىمكى، بۇمۇ خۇدانىڭ قولى بىلەن بولىدىكەن. [25] خۇدا بەرمىسە كىممۇ يەپ-ئىچەلەيدۇ؟ كىممۇ راھەتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ؟ [26] خۇدا دانالىقنى، بىلىم ۋە خۇشاللىقنى ئۆزىنى خۇشال قىلغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ. لېكىن گۇناھكارلارغا مال-دۇنيا توپلايدىغان جاپالىق ئىش بېرىپ، ئۇلارنىڭ توپلىغان مال-دۇنيالىرىنى، خۇدا ئۆزىنى خۇشال قىلغانلارغا ئېلىپ بېرىدۇ. گۇناھكارلارنىڭ بۇ ئىشى خۇددى شامالنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغاندەكلا بىھۇدىلىكتۇر.

## ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى-سائىتى بار

3 [1] ئاسماننىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى بار، يەنى ھەممە نەرسىنىڭ ۋاقتى-سائىتى بار:

[2] تۇغۇلۇشنىڭ ۋە ئۆلۈشنىڭ ۋاقتى بار،
تېرىشنىڭ ۋە يۇلۇۋېتىشنىڭمۇ ۋاقتى بار.
[3] ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋە ساقايتىشنىڭ ۋاقتى بار،
بۇزۇشنىڭ ۋە ياساشنىڭمۇ ۋاقتى بار.
[4] يىغلاشنىڭ ۋە كۈلۈشنىڭ ۋاقتى بار،
ھازا تۇتۇشنىڭ ۋە ئۇسسۇل ئويناشنىڭ ۋاقتى بار.
[5] تاش ئېتىشنىڭ ۋە تاش يىغىشنىڭ ۋاقتى بار،

باغرىغا بېسىشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭمۇ
ۋاقتى بار.
[6] ئىزدەشنىڭ ۋە ۋاز كېچىشنىڭ ۋاقتى بار،
ساقلاشنىڭ ۋە تاشلاشنىڭمۇ ۋاقتى بار.
[7] يىرتىشنىڭ ۋە تىكىشنىڭ ۋاقتى بار،
سۈكۈت قىلىشنىڭ ۋە سۆزلەشنىڭمۇ ۋاقتى بار.
[8] مۇھەببەتنىڭ ۋە نەپرەتنىڭ ۋاقتى بار،
ئۇرۇشنىڭ ۋە تىنچلىقنىڭمۇ ۋاقتى بار.

[9] ئىنسان جاپالىق ئىشلەپ نېمە پايدا تاپار؟ [10] خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئېغىر ئىش بەرگەنلىكىنى كۆردۈم. [11] خۇدا ھەممە ئىشنى ئۆز ۋاقتى-سائىتى بويىچە تولۇقلا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ مەڭگۈلۈك ئاڭنى ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە سالغان بولسىمۇ، ئىنسان خۇدانىڭ باشتىن-ئاخىرغىچە قىلغان ئىشلىرىنى ھېچقاچان چۈشەنمەيدۇ. [12] ئىنسان ئۈچۈن بەختلىك ھايات كەچۈرۈشتىن، ئۆز بەختىدىن ھۇزۇرلىنىشتىن ئارتۇق خۇشاللىقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. [13] ئادەملەر يەپ-ئىچىشى، جاپالىق ئىشلەپ ئېرىشكەن مېۋىلىرىدىن راھەتلىنىشى كېرەك، بۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدۇر. [14] مەن شۇنى بىلدىمكى، خۇدا قىلغان ھەرقانداق بىر ئىش مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، ھېچكىم ئۇنى ئازايتىپ ياكى كۆپەيتەلمەيدۇ. خۇدا بۇ ئىشلارنى ئادەملەر مەندىن ئەيمەنسۇن، دەپ قىلغاندۇر. [15] ھازىر بولغان ئىشلار بۇرۇن ھەم بولغان. كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارمۇ بۇرۇن بولغان ئىشلاردۇر. خۇدا بۇرۇن بولغان ئىشلارنى شۇ تەرىقىدە دەۋر قىلىپ داۋاملاشتۇرىدۇ.

## دۇنيادىكى ئادالەتسىزلىك ۋە ئېزىلىش

[16] مەن يەنە قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا، مەيلى سوت ئۈستىدە بولسۇن ياكى ئادالەت ھۆكۈم سۈرگەن جايدا بولسۇن، رەزىللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆردۈم. [17] مەن كۆڭلۈمدە شۇنداق دېدىم: «خۇدا ھەققانىي ئادەم ۋە رەزىل ئادەملەر ئۈستىدىن

ئۆزى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى خۇدا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ، ھەرقانداق ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى-سائىتىنى ئۆزى بەلگىلىگەندۇر.»
[18] كۆڭلۈمدە يەنە ئىنسان توغرۇلۇق شۇنداق دېدىم: «خۇدا ئادەم بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئوخشايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.» [19] چۈنكى ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ دۇچ كېلىدىغان قىسمىتى ئوخشاش. مەيلى ئۇ بولسۇن، مەيلى بۇ بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئۆلىدۇ، ئوخشاشلا نەپەسكە تايىنىپ ياشايدۇ. ئادەم ھايۋاندىن ئۈستۈن ئەمەس. ھايات ھەقىقەتەن بىھۇدىلىكتۇر. [20] ھەر ئىككىلىسىنىڭ قايتىدىغان جايى ئوخشاش، ھەممىسى تۇپراقتىن ئاپىرىدە بولغان، يەنە تۇپراققا قايتىدۇ. [21] ئادەم روھىنىڭ ئاسمانغا چىقىپ، ھايۋان روھىنىڭ يەرگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟
[22] شۇنى ئېنىق بىلدىمكى، ئىنسان ئۆچۈن ئۆز مېھنىتىدىن خۇشاللىق تېپىشتىن باشقا ياخشىراق نەرسە يوق ئىكەن، چۈنكى بۇ ئىنساننىڭ نېسىۋىسىدۇر. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كىممۇ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەلىسۇن؟

4 [1] مەن يەنە قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان زۇلۇملارنى، ئېزىلگۈچىلەرنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆردۈم. لېكىن ھېچكىم ئۇلارغا تەسەللى بېرەلمەيدىكەن، ئەزگۈچىلەر قۇدرەتلىك بولغاچقا ھېچكىم ئېزىلگۈچىلەرگە تەسەللى بېرەلمەيدىكەن.
[2] مەن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنى ياشاۋاتقانلاردىن كۆپ بەختلىك ئىكەن، دەپ ئويلىدىم. [3] ئەمما بۇ ئادەملەرگە سېلىشتۇرغاندا، تېخى تۇغۇلمىغانلار تېخىمۇ بەختلىكتۇر، چۈنكى ئۇلار قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادىكى رەزىللىكلەرنى كۆرمەيدۇ.
[4] مەن يەنە شۇنى كۆردۈمكى، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇق ئۇلارنىڭ جاپالىق ئىشلىشىگە ۋە ماھارەت يېتىلدۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپتۇ. بۇمۇ خۇددى شامالنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغاندەكلا بىھۇدىلىك ئىكەن.

[5] «نادان ھورۇنلۇقىدىن ئۆزىنى خاراب قىلىدۇ.»

[6] «بىراق ئارامخۇدا تاپقان بىر قولدىكى ئاز نەرسە،
شامالنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، جاپالىق ئىشلەپ تاپقان
ئىككى قولدىكى جىق نەرسىدىن ئەۋزەلدۇر.»

## ھەمراھنىڭ ياخشى تەرىپى

[7] مەن قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا يەنە بىر بىھۇدە ئىشنى كۆردۈم. [8] ھېچبىر يۆلەنچۈكى يوق كىشىلەر بار، ئۇلارنىڭ يا بالىسى، يا قېرىندىشى يوق. لېكىن ئۇلار ئۆمۈر بويى جاپالىق ئىشلەيدۇ، كۆزى بايلىققا تويمايدۇ. ئۇلار ئۆزىدىن: «مەن كىم ئۈچۈن ئىشلەۋاتىمەن، نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك خۇشاللىقلاردىن ۋاز كېچىمەن؟» دەپ سورىمايدۇ. بۇمۇ بىر بىھۇدىلىكتۇر، قايغۇلۇق ئىشتۇر.

[9] ئىككى ئادەم ھامىنى بىر ئادەمدىن ياخشىدۇر، چۈنكى ئىككى ئادەمنىڭ جاپا تارتىپ ئىشلىشىنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. [10] ئەگەر بىرى يىقىلسا، ئۇنى ھەمراھى يۆلەپ تۇرغۇزىدۇ. لېكىن بىر ئادەم يىقىلىپ، ئۇنى تۇرغۇزىدىغان ئادەم بولمىسا، ئۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالىدۇ. [11] ئىككى ئادەم بىرگە ئۇخلىسا، ئىسسىق ياتىدۇ، يالغۇز ئۇخلىسا، ئۇ قانداقمۇ ئىسسىق ياتسۇن؟ [12] بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز بولسا، ئۇ دۈشمىنىگە بوزەك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئىككى ئادەم بىرگە بولسا، دۈشمىنىگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرالايدۇ. ئۈچ ئۆرۈمدىن ئۆرۈلگەن ئارغامچىنى ئۈزمەك قىيىندۇر.

## سىياسىي ھوقۇقنىڭ بىھۇدىلىكى

[13] نادان، مەسلىھەتكە قۇلاق سالمايدىغان قېرى پادىشاھتىن، نامرات، لېكىن دانا يىگىت ياخشىدۇر. [14] بەلكىم ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى نامرات، زىندانغا تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆنۈلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھلىق تەختىگە چىقىدىغان بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.
[15] مانا، قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۇ يىگىتكە ئەگەشكەنلىكىنى كۆردۈم. [16] نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىن كەلگەن كىشىلەردىن

ھېچكىم ئۇنىڭ قىلغىنىدىن رازى بولمىدى. بۇمۇ بىھۇدىلىكتۇر، خۇددى شامالنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغاندەكلا بىھۇدىلىكتۇر.

## ۋەدىگە ۋاپا قىلىش

5 [1] سەن خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا كىرگىنىڭدە قەدىمىڭنى ئويلاپ باس، دىققەت بىلەن ئاڭلا. بۇنداق قىلىش نادانلارنىڭ ئويلانماي قىلغان قۇربانلىقىدىن ياخشىدۇر. چۈنكى نادان ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ رەزىللىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. [2] خۇدانىڭ ئالدىدا يېنىكلىك قىلما، ئالدىراپ ۋەدە بەرمە. چۈنكى خۇدا ئاسماندا، سەن يەردە. شۇڭا سۆزۈڭنىڭ ئاز بولغىنى ياخشى. [3] ئادەمدە تەشۋىش كۆپ بولسا، يامان چۈشمۇ كۆپ بولىدۇ، سۆز كۆپ بولسا، نادانلىق ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. [4] خۇداغا بەرگەن ۋەدەڭنى كېچىكتۈرمەي ئەمەلگە ئاشۇر. چۈنكى خۇدا نادان ئادەملەردىن خۇرسەن بولمايدۇ، شۇڭا ۋەدەڭدە تۇر. [5] ۋەدە قىلىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغاندىن كۆرە، ۋەدە قىلمىغان ياخشىدۇر. [6] ئاغزىڭدىن گۇناھقا قالما، خۇدانىڭ روھانىيلىرىغا ئورۇنسىز ۋەدە بەرمە. شۇنداق قىلساڭ، خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغايسەن. نېمىشقا ئۆز قوللىرىڭ بىلەن قىلغان ئىشلىرىڭنى يوققا چىقارغۇدەكسەن؟! [7] كۆپ خام خىيال قىلىش، كۆپ سۆزلەش بىھۇدىلىكتۇر، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇدادىن ئەيمەن.

## بايلىقنىڭ بىھۇدىلىكى

[8] ئەگەر سەن بىر جايدا نامراتلارنىڭ بوزەك قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ھەققەت ۋە ئادالەتنىڭ ئۇلاردىن تارتىۋېلىنىغانلىقىنى كۆرسەڭ، ھەيران قالما، چۈنكى ھەربىر ئەمەلدار ئۈستىدە ئۇنى قوغدايدىغان ئۇنىڭدىن چوڭ ئەمەلدار، بۇ ئەمەلدارنىڭ ئۈستىدە يەنە ئۇلاردىنمۇ چوڭ قوغدىغۇچى ئەمەلدار بولىدۇ. [9] ھەممە ئادەم ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدۇ، ھەتتا پادىشاھمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

[10] پۇلنى ياخشى كۆرىدىغانلار ھېچقاچان پۇل بىلەنلا قانائەت قىلمايدۇ، بايلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلارمۇ ھېچقاچان شۇنچە

بايلىقىدىن رازى بولمايدۇ، بۇ بىھۇدىلىكتۇر. [11] بايلىق كۆپەيسە ئۇنى ئىشلىتىدىغانلارمۇ كۆپىيىدۇ. بۇ بايلىقنىڭ ئىگىسىگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، پەقەتلا كۆرۈنۈشتە باي كۆرۈنىدۇ. [12] مېھنەتكەش مەيلى كۆپ يېسۇن ياكى ئاز يېسۇن بەرىبىر خاتىرجەم ئۇخلايدۇ. باي بولسا، بايلىقىدىن ئەنسىرەپ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ.

[13] مەن قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا كۆرگەن ئەڭ ئازابلىق ئىشلارنىڭ بىرى بەزىلەرنىڭ توپلىغان بايلىقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىتىشىدۇر. [14] ئۇلارنىڭ تىجارىتىنىڭ ساغلام بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، توپلىغان بايلىقلىرى يوقىلىپ، ئاخىردا باللىرىغا مىراس قالدۇرغۇدەك ھېچنېمىسى قالمايدۇ. [15] ئۇلار ئانىدىن قانداق تۇغۇلغان بولسا، يەنە شۇنداق كېتىدۇ. بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلەپ تاپقان بايلىقلىرىنىڭ بىر تىللاسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ.

[16] ئىنسانىنىڭ بۇ دۇنياغا قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق كېتىشى ئادەمنى ھەقىقەتەن ئازابلايدىغان بىر ئىشتۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىھۇدە ئەجىر قىلىشىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ [17] ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىنى قاراڭغۇلۇق، چوڭقۇر قايغۇ-ئەلەم، ئازاب ۋە نەپرەت ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ.

[18] مەن شۇنى چۈشەندىمكى، ئىنسانلار ئۇچۇن ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە ئەڭ ياخشى ئىش، قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادىكى خۇدا بەرگەن چەكلىك ھاياتىدا، يەپ-ئىچىش ۋە جاپالىق ئىشلەپ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىدىن راھەتلىنىشتىن ئىكەن. چۈنكى بۇ ئىنسانىنىڭ نېسىۋىسىدۇر. [19] خۇدا بىر ئادەمگە بايلىق ۋە مۈلۈك بېرىپ، يەنە ئۇنىڭغا شۇ نەرسىلەردىن ھۇزۇرلىنىشقا ئىمكانىيەت بەرسە، شۇنداقلا ئۇ ئادەم ئۆزى جاپالىق ئىشلەپ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، خۇشاللىقتا چۆمسە، مانا بۇ خۇدانىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىدۇر. [20] بۇنداق ئادەم ھاياتىنىڭ قىسقىلىقىنى ئويلىمايدۇ، چۈنكى خۇدا ئۇنىڭ قەلبىنى شادلىققا تولدۇرغاندۇر.

6 [1] مەن قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنى بېسىپ
تۇرىدىغان قاتتىق ئازابلىق بىر ئىشنى كۆردۈم. [2] خۇدا بەزى
ئادەملەرنى بايلىق، مال-مۈلۈك ۋە شەرەپلەرگە مۇيەسسەر قىلىدۇ.
ئۇلار كۆڭلى خالىغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلىسمۇ، لېكىن خۇدا ئۇلارغا
بۇ نەرسىلەردىن بەھرىلىنىش ئىمكانى بەرمەيدۇ، بۇ نەرسىلەردىن
ياتلار بەھرىلىنىدۇ. مانا بۇ بىھۇدىلىكتۇر، بۇ ئازابلىق بىر ئىشتۇر.
[3] بىر باي ئادەم يۈز پەرزەنتلىك بولۇشى ھەمدە ئۇزاق ئۆمۈر
كۆرۈشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ھاياتتىن قانائەت ھاسىل قىلالمىسا
ياكى بۇ دۇنيادىن كەتكەندە ھۆرمىتى بىلەن كۆمۈلمىسە، مېنىڭچە
بۇنداق ئادەمدىن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشۈپ كەتكەن ھامىلە
ياخشىراقتۇر. [4] چۈنكى ھامىلە بۇ دۇنياغا بىھۇدە كېلىپ، كۆز
ئاچماي تۇرۇپلا جىمجىت كېتىدۇ، قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ نامىنى
يوشۇرۇپ قالىدۇ. [6-5] گەرچە ھامىلە قۇياش نۇرىنى كۆرمىگەن
ھەم ھاياتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككى
مىڭ يىل ياشاپ، ھاياتنىڭ خۇشاللىقىدىن ھۇزۇرلىنالمىغان باي
ئادەمدىن ئۇ خاتىرجەمرەكتۇر. ھەر ئىككىلىسى يەنىلا ئوخشاش
بىر يەرگە بارىدۇ ئەمەسمۇ!
[7] ئىنساننىڭ جاپالىق ئىشلىشى قورساق ئۈچۈندۇر، لېكىن
ئىنسان مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدۇ. [8] دانا ئادەمنىڭ نادان ئادەمگە
قارىغاندا قانداق ئارتۇقچىلىقى بار؟ نامرات ئادەم بۇ دۇنيادا
توغرا ياشاشنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭغا بۇنىڭ نېمە پايدىسى
بار؟ [9] ئۆزۈڭدە بار نەرسىلەرگە رازى بولۇش يوق نەرسىلەرگە
ئىنتىلىشتىن ياخشىدۇر. بۇنداق ئىنتىلىش خۇددى شامالنىڭ
ئارقىسىدىن قوغلىغاندەكلا بىھۇدىلىكتۇر.
[10] دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ تەقدىرى ئالدىن
بەلگىلەنگەندۇر. ئىنساننىڭ تەقدىرىمۇ شۇنداق. ھېچقانداق
ئادەم خۇدا بىلەن قارشىلىشالمايدۇ. [11] سۆز قانچە كۆپ بولسا،
شۇنچە بىھۇدە بولىدۇ، بۇنىڭ ئادەم ئۈچۈن نېمە پايدىسى بار؟
[12] ئىنساننىڭ ھاياتى خۇددى بىر كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇ. كىممۇ
قىسقا، بىھۇدە ھاياتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئۆتكۈزگىلى
بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ؟ ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، قۇياشنىڭ

ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟

## هاياتلىقتىكى دانالىق

7 [1] گۈزەل نام-ئاتاق خۇشبۇي مەلھەمدىن ياخشىدۇر،
ئۆلۈم كۈنى تۇغۇلغان كۈندىن ياخشىدۇر.
[2] بەزمە بولۇۋاتقان ئۆيگە بېرىشتىن ماتەم بولۇۋاتقان ئۆيگە
بېرىش ياخشىدۇر.
چۈنكى ئۆلۈم ھەممە ئادەمنىڭ تەقدىرىدە باردۇر.
ھاياتلار بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.
[3] قايغۇرۇش ئەخمىقانە كۈلكىدىن ياخشىدۇر،
چۈنكى قايغۇ ئادەمنىڭ قەلبىنى تاۋلايدۇ.
[4] دانا ئادەملەر ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلايدۇ،
نادان ئادەملەر بولسا ھەر ۋاقىت شادلىقنى ئويلايدۇ.
[5] دانالارنىڭ ئەيىبلىشىنى ئاڭلاش،
نادانلارنىڭ ماختىشىنى ئاڭلاشتىن ياخشىدۇر.
[6] نادانلارنىڭ كۈلكىسى خۇددى قازاننىڭ ئاستىدا قاراسلاپ
كۆيۈۋاتقان تىكەنگە ئوخشايدۇ،
كۆيۈۋاتقان تىكەن ئاۋاز چىقىرىدۇ خالاس، بۇمۇ
بىھۇدىلىكتۇر.
[7] قاقتى-سوقتى قىلىش دانالارنى نادان قىلىدۇ،
پارا ئېلىش ئادەمنىڭ قەلبىنى بۇزىدۇ.
[8] بىر ئىشنىڭ ئاخىرلىششى، بىر ئىشنىڭ باشلىنىشىدىن
ياخشى.
سەۋرچان بولۇش، مەغرۇرلۇقتىن ياخشى.
[9] ئاسان ئاچچىقلانما،
چۈنكى ئاچچىقلىنىش ئەخمەقنىڭ قەلبىدە ماكان قۇرىدۇ.
[10] «نېمە ئۈچۈن بۇرۇنقى كۈنلىرىمىز ھازىرقىدىن
ياخشى؟» دەپ سورىما،
بۇنداق سوئال سوراش دانالىق ئەمەستۇر.
[11] دانالىق مىراستەك ياخشى نەرسىدۇر.

چۈنكى ئۇ قۇياشنى كۆرۈۋاتقان بارلىق ئادەملەرگە
مەنپەئەت كەلتۈرىدۇ.
[12] دانالىق ئادەمنى خۇددى پۇل قوغدىغاندەك قوغدايدۇ.
دانالىقنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇ سەندە بولسا سېنىڭ
هاياتىڭنى ساقلايدۇ.
[13] خۇدانىڭ قىلغانلىرىنى ئويلا، ئۇ ئەگرى قىلغاننى كىم
تۈزلىيەلەيدۇ؟

[14] ئىشلىرىڭ راۋان ۋاقتىدا خۇشال بولغىن، لېكىن قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، خۇشاللىق ۋە قىيىنچىلىقنىڭمۇ خۇدادىن كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇما. كەلگۈسىدە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى هېچكىم بىلەلمەيدۇ.

## دانالىق چەكلىكتۇر

[15] بۇ بىهۇدە هاياتتا نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم. ياخشى ئىش قىلىدىغان ئادەملەر هەققانىي بولسىمۇ بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدىكەن، ئۇنىڭ ئەكسىچە يامان ئادەملەر يامان ئىش قىلسىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن. [16] بەك هەققانىي ۋە دانا بولۇپ كەتمە، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ۋەيران قىلىشىڭنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ [17] يامانلىق قىلىشقا بېرىلىپ كەتمە، نادانلىقمۇ قىلما، ئەجىلىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈشۈڭنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ [18] بۇ نەسىهەتلەرنىڭ بىرىگە ئەمەل قىلىپ، يەنە بىرىگە سەل قارىما، چۈنكى خۇدادىن ئەيمىنىدىغانلار هەر ئىككىلىسىگە ئەمەل قىلىدۇ.
[19] دانالىق ئادەمنى شەهەردىكى ئون ئەمەلدارنىمۇ كۈچلۈك قىلىدۇ.
[20] بۇ دۇنيادا پەقەت ياخشى ئىشنىلا قىلىپ، بىرەر قېتىممۇ يامان ئىش قىلىپ باقمىغان بىرمۇ ئادەم يوق.
[21] باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆڭلۈڭگە ئالما. بەلكىم مالايلىرىڭنىڭمۇ تىل-ئاهانەتكە قېلىشىڭ مۇمكىن. [22] ئەمەلىيەتتە، سېنىڭمۇ باشقىلارغا كۆپ قېتىم تىل-ئاهانەت قىلغىنىڭ كۆڭلۈڭگە ئاياندۇر.
[23] مەن بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسىنى دانالىق بىلەن كۆزەتتىم. مەن ئۆزۈمگە: «مەن دانا بولاي!» دېدىم، لېكىن مەقسىتىمگە

يېتەلمىدىم. [24] دۇنيادا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇلارنى بىز چۈشىنەلمەيمىز، كىممۇ ھەممە ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلىگەن؟ [25] مەن چۈشىنىشكە پۈتۈن زېھنىمنى بېرىپ، دانالىقنى ئىزدەپ تاپماقچى ۋە بارلىق ئىشلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەكچى بولدۇم. مەن يەنە رەزىللىكنىڭ شۈنچىلىك نادانلىق، ئەخمەقلىقنىڭ شۇنچىلىك تەلۋىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە تىرىشتىم.

[26] مەن شۇنى بايقىدىمكى، ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان ئايال ئۆلۈمدىن قورقۇنچلۇق ئىكەن. ئۇنىڭ ئىشق-مۇھەببىتى قىلتاق ۋە تۇزاق، قوللىرى بولسا زەنجىردۇر. خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغانلار ئۇنداق ئايالدىن يىراق تۇرىدۇ، پەقەت گۇناھكار ئادەملەرلا ئاشۇنداق ئايالنىڭ تۇزىقىغا چۈشىدۇ.

[27] ھېكمەت ئىگىسى شۇنداق دەيدۇكى: «مەن يۈز بەرگەن ئىشلارنى قايتا-قايتا مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم. [28] مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىزدەنگەن بولساممۇ، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنى تاپالمىدىم. بۇنىڭغا مىڭ ئەركەكنىڭ ئىچىدىن بىرى جاۋاب بېرەلىدى، ئەمما مىڭ ئايالنىڭ ئىچىدىن بىرسىمۇ جاۋاب بېرەلمىدى. [29] مېنىڭ بىردىنبىر بايقىغىنىم شۇ بولدىكى، ئەسلىدە خۇدا ئادەمنى دۇرۇس قىلىپ ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما ئادەملەر ھەر خىل رەزىل يوللارنى ئىزدەپ يۈرىدىكەن.»

8 [1] كىم دانا ئادەمگە ئوخشايدۇ؟ كىم ئىشلارنىڭ مەنىسىنى
يېشىپ بېرەلەيدۇ؟
دانالىق ئادەمنىڭ چېھرىنى نۇرلاندۇرۇپ، بىزەك چىرايىنى
ئىللىق چىراي قىلىدۇ.

## پادىشاھقا ئىتائەت قىلىش

[2] پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈر، چۈنكى سەن خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچكەن. [3] مەسئۇلىيىتىڭدىن قاچما ھەم يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالما، چۈنكى پادىشاھ ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلالايدۇ. [4] پادىشاھنىڭ سۆزى قانۇندۇر. كىممۇ ئۇنىڭدىن: «نېمە

ئىش قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىيالايدۇ؟ 5 پادىشاھنىڭ ئەمرىگە
بويسۇنغانلار جازالانمايدۇ. دانا ئادەم ھەرقانداق ئىشنىڭ پەيتى
ۋە ئۇسۇلىنى بىلىدۇ. 6 گەرچە ئادەملەر ئىش قىلغاندا خىلمۇخىل
قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق ئىشنىڭ پەيتى
ۋە ئۇسۇلى بولىدۇ.

7 ھېچكىم كەلگۈسىنى بىلمەيدۇ، نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى
ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. 8 شامالنى بويسۇندۇرغىلى
بولمىغاندەك، ئۆلۈمنىمۇ بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ. لەشكەرلەر
ئۇرۇشتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغاندەك، رەزىللەر رەزىللىكتىن
قۇتۇلالمايدۇ.

9 مەن قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا يۈز بەرگەن بارلىق
ئىشلارنى كۆردۈم ھەم بۇ ئىشلار ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاندىم.
بەزىدە بىر ئادەم باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ،
ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىكەن. 10 مەن يەنە رەزىل ئادەملەرنىڭ
ھايات ۋاقتىدا مۇقەددەس جايغا كىرىپ-چىقىۋاتقانلىقىنى، يەنە
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى رەزىل ئىش قىلغان شۇ شەھەردە ماختاشقا
سازاۋەر بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆلگەندىن كېيىن ھۆرمەت بىلەن
يەرگە كۆمۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇمۇ بىر بىھۇدىلىكتۇر.
11 جىنايەتچىلەر دەرھال جازاغا تارتىلمىسا، كىشىلەر جىنايەت
ئۆتكۈزۈشكە يۈرەكلىك بولۇپ كېتىدۇ. 12 گۇناھكار ئادەم گەرچە
يۈز قېتىم گۇناھ ئۆتكۈزسىمۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، لېكىن
مەن شۇنى چۈشەندىمكى، خۇدادىن ئەيمىنىدىغانلار چوقۇم
بەخت تاپىدۇ. 13 رەزىل ئادەملەرنىڭ بەختىدىن سۆز ئاچقىلى
بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى خۇددى سايىدەك قىسقا بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكى دەل ئۇلارنىڭ خۇدادىن قورقمىغانلىقىدىن
بولغاندۇر.

14 دۇنيادا مۇنداق بىر بىھۇدىلىكمۇ بار، ھەققانىي ئادەملەر رەزىل
ئادەملەر تارتىشقا تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ، رەزىل ئادەملەر
بولسا خۇددى ھەققانىي ئادەملەردەك مۇكاپاتلىنىدۇ. مەن شۇنداق
ئويلايمەنكى، بۇمۇ بىر بىھۇدىلىكتۇر. 15 شۇڭا مەن بۇ دۇنيادا يەپ-
ئىچىپ، ھاياتتىن ھۇزۇر ئېلىشنى ئىنسانلارغا تەۋسىيە قىلىمەن.

قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا خۇدا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ھاياتىدا
ئۇلار جاپالىق ئىشلىسىمۇ، خۇشاللىق ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ.
[16] مەن كۆڭۈل قويۇپ، دانالىقنى بىلىشكە ۋە بۇ دۇنيادىكى
كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ھەتتا كېچىلىرىمۇ ئۇخلىماي
قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشتىم. [17] مەن خۇدا
قىلغان بارلىق ئىشلارنى ئويلىدىم. قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا
ھېچكىم خۇدانىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ھەقىقىي بىلمەيدىكەن.
ئىنسانىيەت ئۇنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنسىمۇ، لېكىن ھېچكىم
چۈشىنەلمەيدىكەن. ھەتتا دانا بىر ئادەم «مەن بىلدىم!» دېسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ ھەقىقىي بىلمەيدىكەن.

## ھەممە ئادەم ئۆلۈمگە يۈزلىنىدۇ

9 [1] مەن دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل
كۆزەتتىم. ھەققانىي ۋە دانا ئادەملەرنىڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ
ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ خۇدانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم.
لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان
ياكى كۆرۈلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، چۈنكى بۇ كەلگۈسىدە
بولىدىغان ئىشلار. [2] مەيلى ھەققانىي ئادەم ياكى رەزىل ئادەم،
مەيلى ياخشى ئادەم ياكى يامان ئادەم، مەيلى پاك ئادەم ياكى
ناپاك ئادەم، مەيلى قۇربانلىق قىلىدىغان ئادەم ياكى قۇربانلىق
قىلمايدىغان ئادەم، مەيلى ياخشى ئادەم ياكى گۇناھكار ئادەم
بولسۇن، مەيلى قەسەمخور ياكى قەسەم ئىچىشتىن قورقىدىغان
ئادەم بولسۇن، ھەممىسىنىڭ تەقدىرى ئوخشاش بولۇپ، ئۆلۈمگە
يۈزلىنىدۇ.
[3] قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ
ئىچىدە ئادەمنى ئازابلايدىغان بىر ئىش شۇكى، ھەممە ئادەمنىڭ
تەقدىرىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئوخشاش بولۇشىدۇر. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، ئىنسانلار ھايات ۋاقتىدا ھاياتى رەزىللىككە، قەلبلىرى
ئەخمەقلىققە تولغان بولىدۇ، ئاندىن بۇ ئالەمدىن كېتىدۇ.
[4] ھايات بولسىلا ئۈمىد بولىدۇ، تىرىك ئىت ھامان ئۆلۈك
شىردىن ياخشىدۇر. [5] ھاياتلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى

بىلىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەنلەر ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارغا يەنە ئىنئام يوقتۇر. ئۇلار پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ. [6] ئۇلارنىڭ مۇھەببەت، نەپرەت ۋە ھەسەتلىرىمۇ ئاللىبۇرۇن يوقالغان. قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا يۈز بەرگەن ئىشلاردا مەڭگۈ ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى بولمايدۇ.

[7] بېرىڭلار، خۇشال-خۇرام تامىقىڭلارنى يەپ، شادلىق بىلەن شارابىڭلارنى ئىچىڭلار! چۈنكى بۇلار خۇدانىڭ سىلەرگە بەرگەن ئىنئامىدۇر. [8] پاكىز، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىڭلار، چاچلىرىڭلاردىن خۇشبۇي ماي ئايرىلمىسۇن. [9] سەن بۇ بىھۇدە ھاياتىڭنى، يەنى خۇدا ساڭا ئاتا قىلغان قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادىكى كۈنلىرىڭنى ئۆزۈڭنىڭ ياخشى كۆرگەن ئايالىڭ بىلەن بىرگە خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزگىن. چۈنكى بۇ سېنىڭ بۇ دۇنيادا جاپالىق ئىشلىگىنىڭنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن نېسىۋىدۇر. [10] قىلالايدىغان ئىشلىرىڭنى ئامال بار تىرىشىپ قىلغىن، چۈنكى سەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن باقىي دۇنيادا قىلىدىغان ئىش، پىلان، بىلىم ۋە دانالىقمۇ يوق.

[11] مەن يەنە قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا مۇسابىقىدە تېز يۈگۈرسىلا مۇكاپاتقا ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، جەڭدە باتۇر بولسىلا غەلىبە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، دانا بولسىلا يېمەكلىككە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، چېچەن بولسىلا باي بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بىلىملىك بولسىلا قەدىرلىك بولمايدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە پۇرسەت ۋە شارائىتمۇ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

[12] ھېچكىم ئەجەلنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. خۇددى تورغا كىرىپ قالغان بېلىقتەك، تۇزاقتا چۈشۈپ قالغان قۇشتەك، ئىنسانمۇ تۇيۇقسىز كەلگەن بالا-قازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## ئەقىل-پاراسەت نادانلىقتىن غالىبتۇر

[13] مەن قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا يەنە ئەقىل-پاراسەتنىڭ نەمۇنىسىنى كۆردۈم. ئۇ مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. [14] ئاھالىسى ئانچە كۆپ بولمىغان بىر كىچىك شەھەر بولغانىكەن. كۈچلۈك

بىر پادىشاھ بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى قورشاۋغا ئاپتۇ ۋە
شەھەرگە بېسىپ كىرىش ئۈچۈن سېپىلغا توپا دۆۋىلەپتۇ. 15 ئەمما
بۇ شەھەردە نامرات، لېكىن دانا بىر ئادەم بولغانىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ
دانالىقى بىلەن شەھەرنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. كېيىن كىشىلەر ئۇنى
ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. 16 شۇڭا مەن: «ئەقىل-پاراسەت قارا كۈچتىن غالىب»
دەپ قارايمەن. لېكىن نامرات ئادەمنىڭ پاراستى كەمسىتىلىدۇ،
ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ. 17 دانا ئادەمنىڭ
سەممىي سۆزلىرىنى ئاڭلا، نادان ھۆكۈمدارنىڭ ۋارقىراشلىرىغا
قۇلاق سالما. 18 دانالىق قورال-ياراغدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. لېكىن
بىر گۇناھكار ئادەم كۆپ ياخشى ئىشلارنى بۇزۇشى مۇمكىن.

10 1 بىر ئۆلۈك چىۋىن خۇش پۇراقلىق مەلھەمنى
سېسىتىۋەتكەندەك،
قىلغان كىچىككىنە ھاماقەتلىكمۇ ئادەمنىڭ ئەقىل-
پاراستى ۋە شان-شەرىپىگە داغ چۈشۈرىدۇ.
2 دانا ئادەمنىڭ يۈرىكى توغرا ئىشلارنى قىلىشقا،
نادان ئادەمنىڭ يۈرىكى يامان ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدۇ.
3 نادان ئادەم يول يۈرگەندىمۇ، ئەقىلسىزلىقىنى
ئاشكارىلايدۇ،
ئۆزىنىڭ دۆتلۈكىنى ھەممە ئادەمگە كۆرسىتىدۇ.
4 ئەگەر بىر ئەمەلدار ساڭا ئاچچىقلانغان بولسا،
بۇنىڭلىق بىلەن ئىش ئورنۇڭنى تاشلىما،
چۈنكى تەمكىنلىك ئادەمنى چوڭ خاتالىقتىن قۇتقۇزۇپ
قالىدۇ.

5 مەن يەنە قۇياشنىڭ ئاستىدىكى بۇ دۇنيادا ھۆكۈمدارنىڭ
خاتالىقىدىن كېلىپ چىققان ئازابلىق بىر ئىشنى كۆردۈم.
6 ئۇ بولسىمۇ نادانلارنىڭ يۇقىرى ئورۇنلارغا چىقىپ، دانا
بايلارنىڭ پەس ئورۇنلارغا چۈشۈپ قېلىشىدۇر. 7 مەن قۇللارنىڭ
شاھزادىلەردەك ئات مىنگەنلىكىنى، شاھزادىلەرنىڭ قۇللاردەك
پىيادە ماڭغانلىقىنى كۆردۈم.

8 كىم ئورا كولىسا ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ،
كىم تامنى يىقىتسا ئۇنى يىلان چاقىدۇ.
9 تاش چاققۇچى تاشتىن يارىلىنىدۇ،
ئوتۇن كەسكۈچى ئوتۇندىن.

10 گاللاشقان پالتاڭنى بىلىمىسەڭ، تېخىمۇ كۆپ كۈچۈڭ كېتىدۇ،
دانالىق ئادەمنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

11 يىلان ئويناتقۇچىنى يىلان ئويناتىشتىن ئىلگىرى يىلان چېقىۋالسا،
ئۇنداقتا يىلان ئويناتقۇچىنىڭ ماھارىتىنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

12 دانالارنىڭ تىلى ئۆزلىرىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ،
نادانلارنىڭ تىلى ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ.
13 نادانلارنىڭ سۆزى نادانلىق بىلەن باشلىنىپ،
رەزىللىك ۋە تەلۋىلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.
14 نادانلار ۋالاقلاپ توختىمايدۇ.

ھېچكىم كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى بىلمەيدۇ،
ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ.

15 نادان ئادەمنىڭ جاپالىق ئىشلىرى ئۇنى شۇنداق چارچىتىۋېتىدۇكى،
ھەتتا ئۇ شەھەرگە بارىدىغان يولنىمۇ تاپالمايدۇ.

16 بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ياش ۋە بىلىمسىز بولۇپ،
ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بەزمىكەش بولسا، دۆلەت زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

17 دۆلەتنىڭ پادىشاھى دانا، ئېسىلزادە بولۇپ،
ۋەزىرلىرى كەيپ ئۈچۈن ئەمەس، قۇۋۋەت ئۈچۈن ئۆز
ۋاقتىدا غىزالىنىدىغان بولسا،
دۆلەت گۈللەپ ياشنايدۇ.

18 ئۆگزەڭنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى ھورۇنلۇقۇڭدىن،
ئۆگزەڭدىن يامغۇرنىڭ ئۆتۈشى بىكار تەلەپلىكىڭدىندۇر.

19 زىياپەت خۇشاللىق ئۈچۈندۇر، شارابمۇ خۇشاللىق
ئۈچۈندۇر،
پۇل بولسا ھەممە ئىش يورۇشۇپ كېتىدۇ.

20 پادىشاھنى ھەتتا خىيالىڭدىمۇ تىللىما، باينى ھۇجراڭدىمۇ
تىللىما،
چۈنكى قۇشلار سېنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىقىڭنى يەتكۈزۈپ
قويۇشى،
ئۇچار-قاناتلىقلار سېنىڭ سۆزلىرىڭنى دەپ قويۇشى
مۇمكىن.

## ھاياتنى مۆلچەرلىمەك قىيىن

11 1 مەبلىغىڭنى تاشقا سودىغا سال، ھامىنى بىر كۈنى
پايدىغا ئېرىشىسەن.
2 ئوخشىمىغان يەرلەرگە مەبلەغ سال،
چۈنكى بۇ دۇنيادا بېشىڭغا قانداق بالا-قازالارنىڭ
كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن.

3 بۇلۇتلار تويۇنسا يامغۇر ياغىدۇ.
دەرەخ مەيلى قايسى تەرەپكە يىقىلسۇن،
ئۇ بەرىبىر يىقىلغان يېرىدە ياتىدۇ.
4 ھاۋا رايىغا قارىساڭ، يەرگە مەڭگۈ ئۇرۇق چاچالمايسەن.
بۇلۇتلارغا قارىساڭ، مەڭگۈ ھوسۇل يىغالمايسەن.

5 شامالنىڭ يۆنىلىشىنى، ئانىنىڭ قورسىقىدا ھامىلىنىڭ قانداق شەكىللىنىشىنى بىلگىلى بولمىغاندەك، ياراتقۇچى خۇدانىڭ ئىشلىرىنى بىلگىلى بولماس.
6 ئۇرۇقلىرىڭنى سەھەر تۆرۈپ چاچقىن، كەچتىمۇ چاچقىن، چۈنكى سەن قايسى ئۇرۇقنىڭ ياخشى ئۆسىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن. بەلكىم ئۇ ياكى بۇ ياخشى ئۆسۈشى ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسى ياخشى ئۆسۈشى مۇمكىن.

## ياشلارغا ۋە ياشانغانلارغا مەسلىھەت

7 يورۇقلۇق ھۇزۇرلۇقتۇر، ئادەم قۇياشنى كۆرۈپ، كۆڭلى خۇش بولىدۇ.
8 ئادەم مەيلى قانچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن ھاياتىنى خۇشاللىقتا ئۆتكۈزۈشى كېرەك. لېكىن شۇنى بىلگىنكى، گۆردىكى قاراڭغۇ كۈنلەر تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ. كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بارلىق ئىشلار بىھۇدىدۇر.
9 ئەي ياش، ياشلىقىڭنى خۇشال ئۆتكۈز! ياشلىقىڭنىڭ ھەربىر مىنۇتىدىن ھۇزۇرلان! كۆڭلۈڭ تارتقان، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئىشلارنى قىل. لېكىن ئېسىڭدە بولسۇنكى، خۇدا قىلغان ھەربىر ئىشلىرىڭغا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.
10 ھەرقانداق ئىشتىن بىئارام بولما، ئازابلانما، چۈنكى ياشلىق ئۇزۇن تۇرمايدۇ، ئۇ بىھۇدىدۇر.

12

1 ياش ۋاقتىڭدىن باشلاپ ياراتقۇچىڭنى ئېسىڭدە تۇت،
«كۈنلىرىمدە خۇشاللىق يوق» دەپ ئاھ ئۇرىدىغان
قېرى، ئاجىز چاغلىرىڭنىڭ كېلىشىنى كۈتمە.
2 ئۇ چاغدا كۆزلىرىڭگە قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار
خىرەلىشىپ،
ئاسمىنىڭنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغاندەك كۆرۈنىدۇ.
3 ئائىلىنى بېقىۋاتقان قول ۋە پۇتلىرىڭ تىترەيدۇ،
قاۋۇل تېنىڭ ئېگىلىپ، دوك بولۇپ قالىدۇ.
چىشلىرىڭ چۈشۈپ چاينىيالمايدىغان،
كۆزلىرىڭ ئاجىزلاپ، ئېنىق كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

4 قۇلىقىڭ ئېغىرلىشىپ،
يارغۇنچاقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ،
قىزلارنىڭ بارلىق ناخشا ئاۋازلىرى يېقىملىق ئاڭلانمايدۇ،
لېكىن قۇشقاچنىڭ سايرىشلىرى سېنى ئويغىتىدۇ.
5 ئۇ چاغدا ئېگىزدىن قورقىسەن،
يول ماڭساڭ ئالاقزادە بولىسەن،
چاچلىرىڭ بادام چېچىكىدەك ئاقىرىدۇ،
كۈچۈڭ خوراپ، ھەۋەسلىرىڭ يوقىلىدۇ.
ئۇ چاغدا مەڭگۈلۈك ماكانىڭغا قايتىسەن،
ھازا تۇتقانلار كوچىدا ئارقاڭدىن كېلىدۇ.
6 كۈمۈش زەنجىر ئۈزۈلىدۇ، ئالتۇن قاچا يېرىلىدۇ،
كوزا بۇلاق بېشىدا چېقىلىدۇ، قۇدۇقتىن سۇ ئالىدىغان
چىغرىق ئۈزۈلىدۇ.
7 ئۇ چاغدا تەن تۇپراققا، روھ ھاياتلىق بەرگەن خۇداغا
قايتىدۇ.

8 «بىھۇدىدۇر، ھەممىسى بىھۇدىدۇر» دەيدۇ ھېكمەت
ئىگىسى.

## خۇلاسە

9 ھېكمەت ئىگىسى دانا بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىلىملىرىنى
خەلققە ئۆگەتكۈچىدۇر. ئۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ۋە تەتقىق
قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن پەند-نەسىھەتلەرنى يېزىپ چىققان.
10 ھېكمەت ئىگىسى ئادەمنى خۇرسەن قىلىدىغان سۆزلەر ئارقىلىق
ھەقىقەتنى توغرا كۆرسىتىپ بەرگەن.
11 دانالارنىڭ سۆزلىرى خۇددى پادىچىلارنىڭ قولىدىكى تاياققا،
ئۇلار توپلىغان ھېكمەتلەر تاياققا قېقىلغان مىخلارغا ئوخشايدۇ.
بۇ ھېكمەتلەرنى بىر پادىچى ئاتا قىلغاندۇر.
12 ئەي ئوغلۇم، بۇ ھېكمەتلەردىن باشقا، يەنە بىر نەسىھەتىمگە
قۇلاق سالغىن، كىتاب يېزىشنىڭ چېكى يوقتۇر. كۆپ تەتقىق
قىلساڭ، تېنىڭگە ھاردۇق يېتىدۇ.

[13] ھەممىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مەن مۇنداق خۇلاسىغا كەلدىم:

خۇدادىن ئەيمىنىڭلار، ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، مانا بۇلار ئىنسان ھاياتىغا ھەقىقىي مەنە بېرىدۇ. [14] ئادەمنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرىغا، مەيلى ياخشى، ياكى يامان ئىشلىرى بولسۇن، ھەتتاكى يوشۇرۇن قىلغان ئىشلىرى بولسۇن، ھەممە ئىشلىرىغا خۇدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

# نەزملەر شاهی

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |

# نەزمىلەر شاھى

1
[1] بۇ نەزمە سۇلايمانغا مەنسۇپتۇر،
نەزمىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل نەزمىدۇر.

## بىرىنچى بۆلەك

### قىز:

[2] ئۆتلۈق لەۋلىرىڭدە سۆيگىن سەن مېنى،
شارابتىن شېرىن بىلىمەن مۇھەببىتىڭنى.
[3] ئەتىرىڭدىن چىچىلار خۇش پۇراقلار،
شۆھرىتىڭ پۇراقلىق مايدەك تارقىلار،
شۇڭا سېنى سۆيىدۇ قىزلار.
[4] يۈر، قاچايلى، ئېلىپ كەت مېنى،
ئېھ پادىشاھىم، ئېلىپ كىرگىن ھۇجراڭغا مېنى.

### يېرۇسالېم قىزلىرى:

ئى پادىشاھىمىز،
شادلىنىمىز خۇشال بولۇپ سېنىڭدىن،
سۆيگۈڭنى تەرىپلەيمىز ئارتۇق شارابتىن.

### قىز:

ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستۇر قىزلارنىڭ سېنى سۆيۈشى،
ھەقلىقتۇر ئۇلارنىڭ ساڭا ئاشىق بولۇشى.
[5] ئەي يېرۇسالېم قىزلىرى، گۈزەلدۇرمەن قارا بولساممۇ،
چىرايلىقمەن قىدار خەلقىنىڭ چېدىرلىرىدەك،

سۇلايماننىڭ چېدىرىنىڭ يوپۇقلىرىدەك.
6 ھەيران بولماڭلار ئۆڭۈمگە قاراپ،
قارىلىقىمدىن قارىمايسىلەر بەلكىم ماڭا،
چۈنكى تېرىلىرىم كۆيگەندۇر ئاپتاپتا.
ئاچچىقلىنىپ ماڭا ئاكىلىرىم،
ئىشلەتتى مېنى ئۈزۈمزارلىقتا،
پۇرسەت بەرمەي قاراشقا ئۆز بېغىمغا.

7 ئەي سۆيۈملۈكۈم، ئېيتقىنا ماڭا،
قويلىرىڭنى ئوتلىتىسەن قەيەردە؟
قەيەردە دەم ئالدۇرىسەن چىڭقى چۈش مەزگىلىدە؟
ئېيتمىساڭ، ئىزدەيمەن سېنى ئۆياتسىز ئاياللاردەك
چۈمپەردە تارتىپ يۈزۈمگە،①
دوستلىرىڭنىڭ پادىلىرى ئوتلىغان يەرلەردە.

## يىگىت:

8 ئەي گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى،
ئەجەبا، بىلمەمسەن ئۇ يەرنى؟
ئۇنداقتا پادامنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ،
پادىچىلار چېدىرىنىڭ يېنىدا باققايسەن ئۆچكىلىرىڭنى.
9 ئېيە ئامرىقىم،
ئوخشايسەن پىرئەۋننىڭ جەڭ ئاتلىرى ئارىسىدىكى
بايتالغا.
10 نەقەدەر گۈزەل ھالقىلىرىڭ جۈلاسىدىكى مەڭزىلىرىڭ،
نەقەدەر چىرايلىق ئۈنچە-مارجان ئاسقان بويۇنلىرىڭ.
11 مەن ساڭا كۈمۈشتىن كۆزلەر قويۇلغان،
ئالتۇندىن زىبۇ-زىننەت ياساپ بېرىمەن.

① 1: 7 قەدىمقى ئىسرائىلىيەدە پاھىشىلەر ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن يۈزىنى يېپىپ يۈرەتتى.

**قىز:**

[12] پادىشاھىم يانپاشلاپ ياتقىنىدا،
خۇشبۇي بۇيۇملىرىم ھىدىنى چاچاتتى ئەتراپىدا.
[13] سۆيۈملۈكۈم مۇرمەككىدەك① گويا،
قونۇپ قالار كۆكسلىرىم ئارىسىدا.
[14] قەدىرلىكىم خېنە گۈلىدۇر گويا،
ئېچىلغان ئېنگەدى② ئۈزۈمزارلىقىدا.

**يىگىت:**

[15] ئېھ ئامرىقىم، چىرايلىقسەن نەقەدەر،
گۈزەلدۇر كۆزۈڭ كەپتەر كەبى شۇ قەدەر.③

**قىز:**

[16] ئېھ جانانىم، سەن نەقەدەر قامەتلىك،
سەن نەقەدەر سۆيۈملۈك،
سېلىنچىمىزدۇر يېشىل چىمەنلىك.
[17] كېدىردىن ياسالغاندۇر ئۆگزىمىزنىڭ لىملىرى،
قارىغاي ياغىچىدۇر ئۇنىڭ ۋاسلىرى.

2 [1] مەن گويا بىر ياۋا گۈلمەن ئېچىلغان شارونىدا،
ئاددىيغىنا بىر چېچەكمەن ئۆسكەن گويا جىلغىدا.

**يىگىت:**

[2] تۇرار مېنىڭ ئامرىقىم قىزلار ئارا،
چېچەكلىگەن قىزىلگۈلدەك تىكەن ئارا.

---

① 1: 13 مۇرمەككە ـ خۇش پۇراقلىق بۇيۇم بولۇپ، ئۇنى قىزلار تۇگۈنچەككە سېلىپ، بويىنىغا ئېسىۋالاتتى.
② 1: 14 ئېنگەدى ـ ئۆلۈك دېڭىزنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بىر بوستانلىقنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ يەر باشقا يەرلەرگە قارىغاندا ناھايىتى گۈزەل ۋە مۇنبەت ئىدى.
③ 1: 15

## ئىككىنچى بۆلەك

**قىز:**

3 تۇرار مېنىڭ ئاشىقىم يىگىتلەر ئارىسىدا،
خۇددى ئۆسكەن ئالما دەرىخىدەك ئورمان ئارا.
شېرىن تېتىيدۇ ئۇنىڭ مېۋىسى ماڭا،
دىلىم يايرايدۇ ئولتۇرسام سايىسىدا.
4 ئۇ باشلاپ مېنى مېھمانخانىسىغا،
لەپىلدەتتى سۆيگۈ تۇغىنى بېشىمدا.
5 كىشمىش بىلەن قۇۋۋەت بەر ماڭا،
ئالما بىلەن روھلاندۇر مېنى،
چۈنكى بىتاب بولدۇم ئىشق ئوتۇڭدا.
6 بېشىم ئاستىدا ئۇنىڭ سول قولى،
ئوڭ قولىدا قۇچاقلار مېنى.
7 ئېھ يېرۇسالېم قىزلىرى،
ئۆتۈنەي سىلەردىن،
ئويغاتماڭلار دالادىكى مارال ۋە جەرەنلەرنى،
ۋاقتى كەلمىگۈچە ئويغاتماڭلار مۇھەببەتنى.

8 ئاڭلاۋاتىمەن ئاشىقىمنىڭ ئاۋازىنى!
قارا، ئۇ كېلىۋاتىدۇ ئېشىپ تاغلاردىن،
ئويناپ ئۆتۈپ ئېدىرلاردىن.
9 ئاشىقىم خۇددى جەرەن، كېيىكتەك
ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدا يۈرىدۇ.
ئۇ دېرىزىلەردىن قارايدۇ،
روجەكلەردىن مارايدۇ.
10 دەيدۇ ماڭا ئاشىقىم:
«تۇر ئورنۇڭدىن ئامرىقىم، يۈر كەينىمدىن گۈزىلىم.
11 مانا، قىش ئۆتتى،
يامغۇر پەسلىمۇ كەتتى.

12 دالالار گۈل-چېچەككە پۈركەندى،
ناخشىلار جاراڭلايدىغان پەيت كەلدى،
قۇشلار ۋىچىرلىشىپ سايراشماقتا.
13 ئەنجۈرلەر پىشماقتا شاخلىرىدا،
تال ئۈزۈملەر چېچەكلەپ، پۇراق چاچماقتا.
تۇر ئورنۇڭدىن ئامرىقىم، يۈر كەينىمدىن گۈزىلىم.»

يىگىت:

14 ئەي كەپتىرىم، يوشۇرۇنۇۋالدىڭ قىيادىكى دالدىغا،
مۆكۈۋالدىڭ قورام تاشنىڭ يېرىقلىرىغا.
كۆرسەتكىنە جامالىڭنى، ئاڭلاي سېنىڭ ئاۋازىڭنى،
چۈنكى شېرىن ئاۋازلىرىڭ، يېقىملىقتۇر چىھرىلىرىڭ.
15 تۇتۇۋالغىن تۈلكىلەرنى،
باغنى بۇزىدىغان تۈلكىلەرنى،
چۈنكى چېچەكلىدى ئۈزۈملىرىمىز.

قىز:

16 ئاشىقىم مەنسۇپتۇر ماڭا، مەنمۇ ئۇنىڭغا،
ئۇ ھۇزۇرلىنار قىزىلگۈللەر ئارىسىدا.
17 ئېھ ئاشىقىم، كېتىۋالغىن
تۇن كېتىپ، تاڭ ئاتقۇچە.
خۇددى جەرەن، كېيىكتەك تېزلىك بىلەن
سەكرەپ ئېگىز تاغلاردىن ئۆتۈۋالغىن.

3 1 ئورنۇمدا يېتىپ، كېچىچە
ئىنتىزار بولدۇم ئاشىقىمغا،
لېكىن ئۇ كەلمىدى ئۆيۈمگە.
2 ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئايلىناي شەھەرنى،
ئارىلاپ ھەممە كوچا، مەيداننى،
ئىزدەي ئەمدى ئاشىقىمنى.
شۇنچە ئىزدىدىم، لېكىن تاپالمىدىم زادىلا ئۇنى.
3 جېسەكچىلەر مېنى كۆرۈپ توختىدى،

سورىدىم مەن ئۇلاردىن:
«كۆردۈڭلارمۇ ئاشىقىمنى؟»
4 ئۇلاردىن ئايرىلىپلا تاپتىم ئاشىقىمنى.
قويۇپ بەرمىدىم قۇچاقلاپ ئۇنى،
تاكى ئەكىرمىگۈچە ئانامنىڭ ئۆيىگە ـ
ماڭا ھامىلىدار بولغۇچىنىڭ خانىسىغا.

5 ئېھ يېرۇسالېم قىزلىرى،
ئۆتۈنەي سىلەردىن،
ئويغاتماڭلار دالادىكى مارال ۋە جەرەنلەرنى،
ۋاقتى كەلمىگۈچە ئويغاتماڭلار مۇھەببەتنى.

## ئۈچىنچى بۆلەك: توي كۈنى

### يېرۇسالېم قىزلىرى:

6 كىم ئۇ چۆل تەرەپتىن كېلىۋاتقان چاڭ توزۇتۇپ،
مۇرمەككى ۋە مەستىكى رۇمىنىڭ ھىدىنى پۇرىتىپ،
ئېپار-ئەنبەر كارۋىنىنىڭ خۇش ھىدىنى تارقىتىپ؟
7 قاراڭلار، ئۇ سۇلايماننىڭ تەختىراۋانىدۇر،
ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقان ئاتمىش پالۋان
ئىسرائىللارنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر باتۇرلىرىدۇر.
8 ئۇلارنىڭ ھەممىسى يانلىرىغا قىلىچ ئاسقان،
قىلىچ بىلەن جەڭ قىلىشقا ماھىرلاردۇر.
كېچىدىكى تاسادىپىي تەھدىتلەرگە
ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن تەيياردۇر.
9 سۇلايمان ياساتقان بۇ تەختىراۋان،
لىۋاننىڭ ياغاچلىرىدىن ياسىلىپتۇ.
10 ئۇنىڭ خادىلىرى كۈمۈشتىن،
يۆلەنچۈكى ئالتۇندىن ياسىلىپتۇ.
سۇسۇن رەختتىن سېلىنچا سېلىنىپ،
ئىچى يېرۇسالېم قىزلىرى تەرىپىدىن

مۇھەببەت بىلەن بېزىلىپتۇ.
11 ئى يېرۇسالېم قىزلىرى،
چىقىپ قاراپ بېقىڭلار سۇلايمان پادىشاھقا!
تۇردۇ ئۇ، تويى بولغان، كۆڭلى شادلانغان،
ئانىسى ئۇنىڭغا تاجنى كىيدۈرگەن كۈندىكى قىياپەتتە.

## يىگىت:

4 1 ئېھ گۈزەل سۆيۈملۈكۈم،
گۈزەلدۇرسەن نېمانچە!
كەپتەر كەبى گۈزەل كۆزلۈكۈم، كۆردۈم سېنىڭ
كۆزلىرىڭنى چۈمبەلىڭنىڭ كەينىدە.
گىلئاد تېغىدىن ئويناقلاپ چۈشۈۋاتقان ئۆچكىلەردەك،
دولقۇنلايدۇ قارا، بوستان چاچلىرىڭ شۇنچە.
2 چىشلىرىڭ بىر توپ قويدۇر يېڭى قىرقىپ، يۇيۇلغان،
كەم-كۈتىسىز جۈپ-جۈپ بولۇپ، قاتارىغا تىزىلغان.
3 نەقەدەر گۈزەل سېنىڭ ئېغىزلىرىڭ،
لەۋلىرىڭ گويا قىپقىزىل يىپەك رەختتەك.
چۈمبەلىڭدە يوشۇرغان مەڭزىلىرىڭ
قىزارغاندۇر خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك.
4 بوينۇڭ ئوخشار داۋۇتنىڭ مۇنارىغا،
ناماياں قىلغاندۇر ئۇ شەرىپىڭنى.
مىڭلىغان قالقان ئېسىلغاندۇر ئۇنىڭغا،
باتۇرلارنىڭ قورالىدۇر ھەممىسى.
5 ئىككى كۆكسۈڭ ئوخشار ئىككى كېيىك، ئىككى جەرەن
بالىسىغا،
ئوتلاپ يۈرگەن ياۋا گۈللەر ئارىسىدا.
6 تاڭ ئاتقۇچە، تۈن كېتىپ،
چىقىپ تۇراي مۇرمەككى تېغىغا،
خۇش پۇراقىقا تولغان دۆڭلەرگە.
7 ئى ئامرىقىم، گۈزەلدۇرسەن نەقەدەر،
سەندە يوقتۇر ھېچبىر نۇقسان، قۇسۇر.

8 ئى مەھبۇبەم، بىللە كېتەيلى لىۋاندىن،
مەن بىلەن بىللە كەتكىن بۇ يەردىن،
ئامانا، سىنىر، خەرمون چوققىلىرىدىن،
شىر ۋە يىلپىزلارنىڭ ئۇۋىلىرىدىن.
9 يۈرىكىمنى ئەسىر قىلدىڭ قېرىنداشىم،
لەپ قىلىپ ماڭا بىر قارىشىڭدا.
مەپتۇن قىلدىڭ كۆڭلۈمنى مەھبۇبەم،
بويىنۇڭدىكى مارجىنىڭنىڭ دانىسىدا.
10 ئى قېرىنداشىم، نەقەدەر شېرىن مۇھەببىتىڭ،
ئى مەھبۇبەم، مۇھەببىتىڭ شارابتىنمۇ شېرىندۇر شۇنچە.
ھېچبىرى خۇشبۇي پۇرىماس سەن ئىشلەتكەن ئەتىرچە.
11 لەۋلىرىڭ بالدۇر جېنىم، گويا ھەرە كۆنىكىدەك،
خۇددى تىلىڭنىڭ ئاستىغا قايماق، ھەسەل يوشۇرغاندەك.
ئېگىنلىرىڭ پۇراقلىقتۇر خۇددى لىۋاننىڭ خۇش
پۇرىقىدەك،
12 پىچەتلەنگەن بىر باغدۇرسەن قېرىنداشىم،
ئېتىك قۇدۇق، يېپىقلىق بۇلاقتۇرسەن مېنىڭ جېنىم.
13 بېھىشتەك بىر باغدۇرسەن ئانىرى بولغان،
ئېسىل مېۋە، خېنە، سۇمبۇل،
14 زەپەر، پۇراقلىق ئېگىر، قوۋزاقدارچىن،
ھەر خىل خۇشبۇي دەرەخلەر،
مۇرمەككى، مۇئەتتەرلەر ۋە
ئەڭ ئېسىل ئىسرىقلارغا لىق تولغان.
15 باغدىكى بۇلاقتۇرسەن سۈلىرى ساپ،
ئاقسەن لىۋان تاغلىرىدىن شارقىراپ.

## قىز:

16 ئويغان، ئەي شىمال شاملى،
سەنمۇ كەل، ئەي جەنۇب شاملى،
ئۇچۇپ ئۆتسەڭ ئەگەر ئۈستۈمدىن،
چېچىلار باغچەمدىن خۇش پۇراق.

ئاشىقىم كېلىپ ئۆز بېغىغا،
يېسۇن ئېسىل مېۋىلىرىنى باغلاپ ئىشتىياق.

**يىگىت:**

5
[1] كىردىم ئۆز بېغىمغا،
ئى مەھبۇبەم ـ جېنىم سىڭلىم،
يىغاي ئەمدى مۇرمەككى، تېتىتقۇلىرىمنى،
ھەرە كۆنىكى بىلەن يەي ھەسلىمنى،
ئىچەي شاراب ۋە سۈتلىرىمنى.

**يېرۇسالېم قىزلىرى:**

ئەي ئاشىقلار، يەڭلار تويغۇچە،
مۇھەببەتتىن ئىچىڭلار قانغۇچە.

## تۆتىنچى بۆلەك

**قىز:**

[2] ئۇيقۇدا ئىدىم، لېكىن ئويغاق ئىدى كۆڭلۈم،
چۈشۈمدە ئاڭلىدىم سۆيۈملۈكۈمنىڭ ئاۋازىنى،
مانا، ئۇ قاقتى ئىشىكنى!

**يىگىت:**

ئىشىكنى ئاچ سىڭلىم ـ ئامرىقىم،
ئېھ مېنىڭ غۇبارسىز كەپتىرىم.
شەبنەم چۈشۈپ بېشىمغا،
كېچىدە ھۆل بولدى چېچىم.

**قىز:**

[3] سېلىۋەتكەنىدىم ئېگىنلىرىمنى،
كىيەي يەنە قانداقمۇ ئۇنى؟
يۇيغانىدىم پۇتلىرىمنى،

بۇلغاي يەنە قانداقمۇ ئۇنى ؟
4 ئاشىقىم ئىشىكنىڭ تۆشۈكىدىن تىقتى قولىنى،
ئۆرتىدى بىر ئوت يۈرەك-باغرىمنى .
5 ئىشىكنى ئاچماق بولدۇم ئاشىقىمغا .
تامدى مۇرمەككى قوللىرىمدىن،
ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقىنىمدا .
6 ئىشىكنى ئاچتىم سۆيۈملۈكۈمگە،
بىراق ئۇ يوق ئىدى ئىشىك تۈۋىدە،
روھىسىزلاندىم ئۇ كەتكەچكە .
ئىزدىدىم ئۇنى، بىراق تاپالمىدىم،
چاقىردىم، بىراق جاۋاب ئالالمىدىم .
7 شەھەردىكى جىسەكچىلەر كۆرۈپ مېنى،
ئۇرۇپ يارىلاندۇردى تېنىمنى،
ئۇلار ئېلىپ قاچتى رومىلىمنى .
8 ئەي يېرۇسالېم قىزلىرى، ئۆتۈنەي سىلەردىن،
ئاشىقىمنى كۆرسەڭلار ئېيتىپ قويۇڭلار،
مېنى ئۇنىڭ ئىشق ئوتىدا كاۋاپ دەڭلار .

## يېرۇسالېم قىزلىرى :

9 ئېيتقىنا، ئەي گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى،
سەن بىزگە شەرت قويغۇدەك،
ئاشىقىڭ باشقىلاردىن ئارتۇقمىكىن،
ئۇنىڭ باشقىلاردىن ئارتۇق تەرىپى بارمىكىن ؟

## قىز :

10 ئاشىقىمنىڭ ئىككى قىزىل مەڭزى چاقناپ تۇرار،
تۈمەنمىڭلار ئارىسىدا خۇددى تۇغدەك سەرخىل تۇرار .
11 ساپ ئالتۇندەك نۇرغا تولغان باشلىرى،
قاپقارادۇر قوزغۇن كەبى ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرى .
12 خۇددى بۇلاق بويىدىكى كەپتەردەك،
سۈتكە چىلانغان گۆھەردەك چاقنار ئۇنىڭ كۆزلىرى .

13 خۇشبۇي گىياھ تېرىلغان گۈلزار كەبى مەڭزىلىرى،
قىزىلگۈلگە ئوخشار مۇرمەككى سۈرۈلگەن لەۋلىرى.
14 سېرىق ياقۇت قويۇلغان ئالتۇندۇر ئۇنىڭ بىلەكلىرى،
كۆك ياقۇتتا بېزەلگەن پىل چىشىدۇر بويلىرى.
15 پۇتلىرى خۇددى مەرمەر تۈۋرۈكتۇر ئالتۇن ئۇستىگە
تىكلەنگەن،
قامىتى لىۋان تېغىدۇر، كېدىر دەرەخلىرى كۆركەم، ھەيۋەت
كۆرۈنگەن.
16 ئۇنىڭ ئېغىزى بەكمۇ شېرىن،
ھەر جەھەتتىن مەپتۇن قىلار ئادەمنى.
ئى يېرۇسالېم قىزلىرى،
بۇ مېنىڭ قەدىرلىكىم، بىلىپ قېلىڭلار ھەمراھىمنى.

## يېرۇسالېم قىزلىرى:

6 1 ئېيتقىنا ئەي گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى،
ئاشىقىڭ كەتتى قايسى تەرەپكە؟
ساڭا بىز ئىزدىشىپ بېرەيلى بىرگە.

## قىز:

2 ئاشىقىم كەتتى ئۆزىنىڭ گۈلزارىغا،
دورا ئۆسۈملۈك بېغىدا ھۇزۇرلىنىشقا،
ئۇ يەردىن قىزىلگۈللەرنى يىغىشقا.
3 مەنسۇپتۇرمەن ئاشىقىمغا، ئۇمۇ ماڭا،
ھۇزۇرلىنار ئۇ قىزىلگۈللەر ئارىسىدا.

## بەشىنچى بۆلەك

## يىگىت:

4 ئى سۆيۈملۈكۈم، گۈزەلدۇرسەن تىرزاھ شەھىرىدەك،
يېقىملىقسەن يېرۇسالېمدەك،
ھەيۋەتلىكسەن تۇغ كۆتۈرگەن قوشۇندەك.

5 ماڭا قاراۋەرمە، ئېلىپ قاچقىن كۆزۈڭنى،
مەپتۇن بولۇپ قالماقتىمەن سېنىڭ شەھلا كۆزۈڭگە.
گىلئاد تېغىدىن ئۆيناقلاپ چۈشۈۋاتقان ئۆچكىلەردەك،
دولقۇنلايدۇ قارا، بوستان چاچلىرىڭ شۇنچە.
6 چىشلىرىڭ بىر توپ قويدۇر يېڭى قىرقىپ، يۇيۇلغان،
كەم-كۈتىسىز جۈپ-جۈپ بولۇپ، قاتارىغا تىزىلغان.
7 چۈمبىلىڭدە يوشۇرغان مەڭزىلىرىڭ،
قىزارغاندۇر خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك.
8 باردۇر شاھنىڭ ئاتمىش خانىش ـ ئايالى،
سانسىزلىغان كېنىزەك، سەكسەن توقلى.
9 لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈمدە پەقەت سەنلا.

مەشۇقۇم مېنىڭ غۇبارسىز كەپتىرىمدۇر،
ئۇ ئانىسىنىڭ ئەركىسىدۇر،
ئۇ ئانىسىنىڭ ئەڭ قەدىردانىدۇر.
ھەممە قىزلار ئۇنى كۆرسە داڭلىشار،
خانىش ۋە توقاللارمۇ ماختىشار:
10 «كىمدۇر ئۇ
تاڭ سەھەردەك پارلىغان،
گۈزەل ئايدەك چاقنىغان،
ئىللىق قۇياشتەك يورۇغان،
يۇلتۇزلاردەك ھەيۋەت بولۇپ كۆرۈنگەن؟»

11 كىرگەن ئىدىم ياڭاقلىققا،
كۆرەرمەنمۇ دەپ جىلغىدىكى چېچەكلەرنى،
يۇمران ئۈزۈم نوتىلىرى، ئانارنىڭ چېچەكلىرىنى.
12 ھاياجاندىن چۈمدۈم خۇشاللىق دەرياسىغا،
خۇددى ئولتۇرغاندەك خان جەمەتى ھارۋىسىغا.

## يېرۇسالېم قىزلىرى:

13 ئى شۇلاملىق قىز، قايتىپ كەلگىن ئارىمىزغا،

يەنە بىر قېتىم زەن سېلىپ باقايلى ساڭا.

**يىگىت:**

نە ۋەجىدىن زەن سېلىپ، قارىماقچى بوپ قالدىڭلار
شۇلاملىق قىزغا،
ئىككى قاتار قىزلار ئارىسىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇنىڭغا؟

**يىگىت:**

7 1 ئى مەلىكەم،
نەقەدەر گۈزەل-ھە، كېيىش كىيگەن پۇتلىرىڭ،
گۆھەردۇر يۇمىلاق يانپېشىڭ،
ئۇ بىر گۈزەل ئەسىرىدۇر ئۇستا سەنئەتكارنىڭ.
2 كىندىكىڭ ئوخشار گويا شاراب جامىغا،
خۇشبۇي مەيلەر لىقمۇلىق تولدۇرۇلغان.
قورساقلىرىڭ خۇددى بۇغداي دۆۋىسىدەك،
باشتىن بوي قىزىلگۈلگە ئورالغان.
3 ئىككى كۆكسۇڭ ئوخشار ئىككى كېيىك، ئىككى جەرەن
بالىسىغا.
4 بوينۇڭ گويا پىل چىشى مۇنارىدۇر،
كۆزلىرىڭ خۇددى باترابىم دەرۋازىسى يېنىدىكى خەشبون
كۆلچىكىدۇر.
قاڭشىرىڭ گويا دەمەشققە قاراپ تۇرغان لىۋان مۇنارىدۇر.
5 بېشىڭ گويا قەد كۆتۈرگەن كارمەل تېغى،
دولقۇنلىغان قارا چېچىڭ يالتىراق دۇردۇن كەبى،
گۈزەللىكىڭ ئەسىر قىلار ھەتتا شاھنىڭ قەلبىنى.
6 نەقەدەر ئوماق، گۈزەلسەن جېنىم،
سۆيۈنۈش تاپىمەن سەندىن ئامرىقىم.
7 قامىتىڭ ئوخشار خۇددى خورما دەرىخىگە،
كۆكسۇڭ ئوخشار ئۇنىڭ غوژمەك مېۋىلىرىگە.
8 چىقىپ خورما دەرىخىگە،
تۇتسام دەيمەن ئۇنىڭ غوژمەك مېۋىلىرىنى.

بىلىمەن ئۈزۈم ساپلىرى دەپ كۆكسۈڭنى،
پۇرىسام لەززەتلىك ئالما كەبى نەپەسىڭنى.
9 شېرىندۇر ئېسىل شاراب كەبى لەۋلىرىڭ.
سۆيۈملۈكۈم شاراب ئاقسۇن ئىچىمىزگە،
شىلدىرلاپ لېۋىمىزدىن لېۋىمىزگە.

قىز:

10 مەنسۇپتۇرمەن ئاشىقىمغا،
ئۇنىڭ ئىشتىياقى باردۇر ماڭا.
11 ئى ئاشىقىم، كەل،
ئېتىزلارغا بارايلى،
يېزىلاردا قونۇپ قالايلى.
12 سەھەر تۇرۇپ، سەيلە قىلايلى ئۈزۈمزار ئارا،
كۆرۈپ كېلەيلى ئۈزۈم تاللىرى بىخلاپتىمۇ،
گۈللەر ئېچىلىپتىمۇ،
ئانارلار چېچەكلەپتىمۇ،
مەن شۇ يەردە سۆيگۈمنى بېرەي ساڭا.
13 ھىدى كېلەر دورا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ،
ئىشىكىمىز ئۈستىگە تىزىپ قويدۇق مېۋىلەرنى،
مېۋىلەرنىڭ باردۇر كونا ۋە يېڭىلىرى،
ئى ئاشىقىم، ساقلىدىم ساڭا ئۇلارنى.

قىز:

8 1 ئېھ، قانداق ياخشى بولار ئىدى، ئېمىلداش ئاكامدەك بولغان بولساڭ،
ھېيىقماستىن سۆيسەم ئىدىم سېنى كوچىدا ئۇچراپ قالساڭ،
ھېچكىممۇ ئەيىبلەپ يۈرمەيتتى مېنى.
2 باشلاپ كىرىپ سېنى ئانامنىڭ ئۆيىگە،
ئانام مېنى تەربىيەلىگەن شۇ يەرگە،
ئىچكۈزەتتىم ساڭا مۇسەللەستىن،

ئانار شەربەتلىرىدىن.
3 بېشىم ئاستىدا ئۇنىڭ سول قولى،
ئوڭ قولىدا قۇچاقلار مېنى.
4 ئېھ يېرۇسالېم قىزلىرى، ئۆتۈنەي سىلەردىن،
ۋاقتى كەلمىگۈچە ئويغاتماڭلار مۇھەببەتنى.

## ئالتىنچى بۆلەك

### يېرۇسالېم قىزلىرى:

5 كىم ئۇ قىز، چۆل تەرەپتىن كېلىۋاتقان،
يۆلىنىپ يارىغا؟

### قىز:

ئويغاتتىم سېنى ئالما دەرىخى ئاستىدا،
ئاناڭ تولغاق يەپ شۇ يەردە،
تۇغقانىدى سېنى شۇ جايدا.
6 قولۇڭدىكى مۆھۈر ئۈزۈكتەك،
مۆھۈرلىۋال مېنى قەلبىڭگە.
مۇھەببەت كۈچلۈكتۇر ئۆلۈمدەك،
ئىشق مۇستەھكەمدۇر لەھەتتەك.
سۆيگۈنىڭ ئۇچقۇنلىرى
كۆيدۈرەر ئوتتەك،
قۇدرەتلىك يالقۇندەك.
7 سۆيگۈنى ئۆچۈرەلمەس ئۇلۇغ سۇلار،
چۆكتۈرەلمەس ئۇنى توپانلار.
ئەگەر بىركىم ئۇنى سېتىۋالماقچى بولسا بايلىقىنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ،
ئاخىر ئۆزى مەسخىرىگە قالار.

### قىزنىڭ ئاكىلىرى:

8 بار كىچىك بىر سىڭلىمىز،
تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن.

سوراپ كىرسە ئەلچىلەر،
بىز نېمە ئىش قىلىمىز؟
9 ئەگەر ئۇ بىر سېپىل بولسا،
كۈمۈش مۇنار تىكلەپ ئۇنى قوغدايلى،
ئەگەر بولسا ئۇ بىر دەرۋازا،
كېدىر ياغىچى بىلەن ئۇنى توسايلى.

## قىز:

10 ئەسلى مەن بىر سېپىل ئىدىم،
مۇناردەك ئىدى كۆكرەكلىرىم،
مەندىن خۇرسەن ئىدى يىگىتىم.
11 بائال-خاموندا بار ئىدى سۇلايماننىڭ ئۈزۈمزارلىقى،
ئۈزۈمزارلىقنى بەردى ئۇ ئىجارىگە،
ئۇلار ھوسۇلىدىن بەرمەكچى بولۇشتى مىڭ كۈمۈش
تەڭگە.
12 مىڭ تەڭگە تەۋە بولسۇن سۇلايمانغا،
ئىككى يۈز تەڭگە باققۇچىغا.
مېنىڭ ئۈزۈمزارىم ئۆزۈمنىڭكىدۇر.

## يىگىت:

13 ئەي باغدا ئولتۇرغان قىز،
دوستلىرىم تەقەززادۇر ئاۋازىڭنى ئاڭلاشقا،
ئىنتىزارمەن مەنمۇ ھەم ئاۋازىڭنى تىڭشاشقا.

## قىز:

14 ئى ئاشىقىم، چاپسان كەلگىن يېنىمغا،
خۇددى جەرەن، كېيىك كەبى قىيغىتىپ،
يېتىپ كەلگىن خۇش پۇراقلىق تېغىمغا.

# یەشایا


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | 32 |
| 33 | 34 | 35 | 36 |
| 37 | 38 | 39 | 40 |
| 41 | 42 | 43 | 44 |
| 45 | 46 | 47 | 48 |
| 49 | 50 | 51 | 52 |
| 53 | 54 | 55 | 56 |
| 57 | 58 | 59 | 60 |
| 61 | 62 | 63 | 64 |
| 65 | 66 | | |

# يەشايا

1 [1] يەھۇدىيە پادىشاھلىرى ئۇززىيا، يوتەم، ئاخاز ۋە خىزكىيا
زامانلىرىدا ئاموزنىڭ ئوغلى يەشاياغا يېرۇسالېم، شۇنداقلا
پۈتۈن يەھۇدىيە تۇغرىسىدا تۆۋەندىكى ۋەھىيلەر كەلدى.

## ئاسىي خەلق

2 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئاڭلا، ئەي ئەرشئەلا،
قۇلاق سال، ئەي يەر-زېمىن،
بېقىپ چوڭ قىلغان بالىلىرىم ماڭا قارشى چىقتى.
3 ئۆكۈز ئىگىسىنى تونۇيدۇ، ئېشەك ئوقۇرىنى بىلىدۇ،
بىراق ئىسرائىللار مېنى تونۇمايدۇ،
خەلقىم مېنىڭ ئۆزلىرىگە غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىمنى
چۈشەنمەيدۇ!»

4 ئەي گۇناھكار قوۋم، رەزىللىككە پاتقان خەلق،
قەبىھلەرنىڭ پۇشتى، ساختىلىقتا تولغان ئەل!
بۇ خەلق پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈدى،
ئۇلار ئۆزلىرىنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدانى كۆزگە
ئىلمىدى،
ئۇلار ئۇنى تاشلىۋەتتى.

5 نېمىدېگەن تاياق قېپى خەلقسىلەر؟
نېمە ئۈچۈن قارشىلىشىشنى توختاتمايسىلەر؟
باشلار يارىلانغان، يۈرەكلەر مادارىدىن كەتكەن.

6 بېشىدىن ئايىغىغىچە بىرمۇ ساق يېرى يوق،
ھەممە يېرى يارا، كۆك ئىزلىرى ۋە قان ئېقىپ تۇرغان
جاراھەت،
ئۇلار نە تازىلانمىغان، نە تېڭىلمىغان، نە مەلھەم
سۈرتۈلمىگەن.

7 ئېلىڭلار خاراب قىلىنغان، شەھەرلىرىڭلار كۆيدۈرۈلگەن.
ئېتىزلىرىڭلار كۆز ئالدىڭلاردا ياتلار تەرىپىدىن ۋەيران
قىلىندى.
زېمىنىڭلار ياتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، خارابىلىككە
ئايلاندى.
8 غېرىبانە سىئون① يالغۇز قالدى،
ئۈزۈمزارلىقتىكى يىگانە چەللىگە،
قوغۇنلۇقتىكى ئەسكى كەپىگە
ۋە قورشاۋغا ئېلىنغان شەھەرگە ئوخشاش يالغۇز قالدى.
9 ئەگەر قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئاز بىر قىسمىمىزنى
ئامان قالدۇرمىغان بولسا ئىدى،
بىز تۈپتۈز قىلىنغان سودوم شەھىرىدەك،
ۋەيران قىلىنغان گومورا شەھىرىدەك بولاتتۇق.

10 ئەي سودوم ھۆكۈمرانلىرىدەك رەزىل يەھۇدىيەنىڭ
باشلىقلىرى،
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار!
ئەي گومورا خەلقىدەك رەزىل يەھۇدىيە خەلقى،
خۇدانىڭ تەلىمىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار!
11 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ماڭا نۇرغۇنلىغان قۇربانلىق قىلىشىڭلارنىڭ نېمە
كېرىكى بار؟

① 1:8 غېرىبانە سىئون ـ ئەسلى نۇسخىدا «سىئون قىزى» دەپ ئېلىنغان.
سىئون يېرۇسالېمدىكى تاغ بولۇپ، بۇ يەردە يېرۇسالېم ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە
ئوخشىتىلغان.

قوچقارلار ۋە بوردالغان كالىلارنىڭ ياغلىرىدىن قىلىنغان
كۆيدۈرمە قۇربانلىقلاردىن تويۇپ كەتتىم.
مەن بۇقىنىڭ، پاقلاننىڭ ياكى ئۆچكىنىڭ قانلىرىدىن
خۇرسەن ئەمەسمەن.
12 سىلەر ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئىبادەتخانامغا كەلگەندە،
ئىبادەتخانامنى گۆپۈرلىشىپ، قالايمىقان قىلىڭلار دەپ كىم
ئېيتتى؟
13 بۇنداق مەنىسىز ھەدىيەلەرنى ئەمدى ئەكەلمەڭلار!
سىلەرنىڭ ئىسرىقىڭلارمۇ مەن ئۈچۈن يىرگىنچلىكتۇر!
سىلەر يېڭى ئاي بايرىمى، دەم ئېلىش كۈنى ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش ھېيتلارنى ئۆتكۈزىسىلەر،
لېكىن گۇناھلىرىڭلاردىن بۇلغانغان بۇ ھېيتلىرىڭلاردىن
بىزار بولدۇم.
14 سىلەرنىڭ يېڭى ئاي بايرىمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
ھېيت-بايراملىرىڭلاردىن نەپرەتلىنىمەن.
ئۇلار ماڭا ئېغىر يۈك بولدى، ئۇلارنى كۆتۈرۈشتىن
زېرىكتىم.
15 سىلەر دۇئاغا قوللىرىڭلارنى كۆتۈرگىنىڭلاردا،
كۆزلىرىمنى قاچۇرىمەن.
قانچە كۆپ دۇئا-تىلاۋەت قىلساڭلارمۇ ئاڭلىمايمەن،
چۈنكى قوللىرىڭلار قانغا بويالغان.
16 ئۆزۈڭلارنى يۇيۇپ تازىلاڭلار،
رەزىل قىلمىشلىرىڭلارنى كۆز ئالدىمدىن يوقىتىڭلار.
يامانلىق قىلىشنى توختىتىڭلار.
17 ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىنىڭلار،
ئادىللىقنى ئىزدەڭلار،
زۇلۇم سالغۇچىلارنى ئەدەپلەڭلار،
يېتىم-يېسىرلارنى قوغداڭلار،
تۇل ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭلار.»

18 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

«كېلىڭلار، بىرلىكتە باش قوشۇپ، بۇنى ھەل قىلايلى.
گەرچە گۇناھلىرىڭلار قىزىل داغدەك بولسىمۇ،
ئۇلار قاردەك ئاق بولىدۇ.
ئۇلار ھەتتا قىپقىزىل داغدەك بولسىمۇ،
ئاقارتىلغان قوي يۇڭىدەك ئاپئاق بولىدۇ.
19 ماڭا چىن قەلبىڭلاردىن ئىتائەت قىلساڭلار،
زېمىندىكى ئەڭ ئېسىل نېمەتلەر سىلەرنىڭ بولىدۇ.
20 ئەگەر رەت قىلىپ، ماڭا قارشى چىقساڭلار،
سىلەر قىلىچ ئاستىدا ھالاك بولىسىلەر.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

## ساداقەتسىز يېرۇسالېم

21 بۇ سادىق شەھەر قانداقلارچە پاھىشە ئايالغا ئوخشاش
ساداقەتسىز بولۇپ قالدى؟!
ئۇ ئىلگىرى ئادالەتكە تولغان، ھەققانىيەت دەۋر سۈرگەن
شەھەر ئىدىغۇ؟!
بىراق ئەمدى ئۇ يەردە قاتىللارلا قالدى، خالاس.
22 كۈمۈشلىرىڭ داشقال بولدى،
شارابلىرىڭغا سۇ قېتىلدى.
23 ئەمەلدارلىرىڭ خۇدا بىلەن قارشىلاشتى.
ئوغرى-قاراقچىلار ئۇلارنىڭ ھەمراھى بولدى.
ھەممىسى پارا ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ،
سوۋغاتنىڭ كەينىدىن چاپىدۇ.
ئۇلار يېتىم-يېسىرلارنى قوغدىمايدۇ،
تۇل ئاياللارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىمايدۇ.

24 ئىسرائىللارنى تاللىغان قادىر خۇدا،
يەنى ئىگىمىز قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە
مۇنداق دەيدۇ:
«رەقىبلىرىم بولغان سىلەرگە غەزىپىمنى ياغدۇرىمەن،
دۈشمەنلىرىم بولغان سىلەردىن ئىنتىقام ئالىمەن.

25 سىلەرگە قارشى قول كۆتۈرىمەن.
داشقاللىرىڭلارنى ئۈزۈل-كېسىل تازىلاپ،
پۈتكۈل ئەخلەتلىرىڭلارنى چىقىرىپ تاشلايمەن.
26 بۇرۇنقىدەك ئادىل سوراقچىلارنى تەيىنلەيمەن،
دانا مەسلىھەتچىلەرنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرىمەن.
شۇندىلا يېرۇسالېم ‹ھەققانىيەتلىك شەھەر› ۋە
‹ساداقەتلىك شەھەر› دەپ ئاتىلىدۇ.»

27 سىئون شەھىرى ئادالەت ئارقىلىق قۇتقۇزۇلىدۇ،
شەھەردىكى تowۋا قىلغان خەلق ھەققانىيەت ئارقىلىق
قۇتقۇزۇلىدۇ.
28 بىراق خۇدا بىلەن قارشىلاشقۇچىلار ۋە گۇناھكارلار
بىرلىكتە ھالاك قىلىنىدۇ،
پەرۋەردىگاردىن ۋاز كەچكۈچىلەر يوقىتىلىدۇ.
29 سىلەر ياخشى كۆرگەن پىستە دەرەخلىكىدىكى
بۇتپەرەسلىكىڭلار سەۋەبىدىن نومۇسقا قالىسىلەر،
سىلەر بۇتلارغا تولغان باغلارنى چوقۇنىدىغان جاي قىلىپ
تاللىغانلىقىڭلار ئۈچۈن شەرمەندە بولىسىلەر.
30 سىلەر يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ كەتكەن پىستە دەرىخىگە
ئوخشاپ قالىسىلەر،
سۇغۇرۇلمىغان باغقا ئوخشاش قاغجىراپ قالىسىلەر.
31 كۈچلۈكلەر قۇرۇق چۆپكە ئوخشاپ قالىدۇ،
ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۇچقۇنغا ئوخشايدۇ.
ئۇلار قىلغان ئىشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى كۆيدۈرىدۇ،
ھېچكىم ئۇلارنى قۇتقۇزالمايدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ تېغى

2 1 بۇ يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيە توغرىسىدا ئاموزنىڭ
ئوغلى يەشاياغا كەلگەن ۋەھىيدۇر:
2 شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى،
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى جايلاشقان تاغ

تاغلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرىدۇ.
ئۇ ھەممە تاغلاردىن بۈيۈك تۇرىدۇ،
بارلىق ئەللەر ئۇ يەرگە سەلدەك ئېقىپ كېلىدۇ.
3 نۇرغۇن خەلقلەر كېلىپ مۇنداق دېيىشىدۇ:
«كېلىڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ تېغىغا چىقايلى،
ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا بارايلى.
ئۇ يەردە پەرۋەردىگار بىزگە ئۆز يولى توغرۇلۇق تەلىم
بېرىدۇ،
بىز ئۇنىڭ يولىدا ماڭىمىز».
پەرۋەردىگارنىڭ تەلىمى سىئوندىن،
سۆزى يېرۇسالېمدىن تارقىلىدۇ.
4 ئۇ ئەللەر ئارىسىدا مەسىلىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىدۇ،
ئەللەر ئارىسىدىكى دەتالاشلارنى ھەل قىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن خەلقلەر قىلىچلىرىنى ساپانغا،
نەيزىلىرىنى شاخ پۇتايدىغان پىچاققا ئايلاندۇرۇشىدۇ.
ئەللەر بىر-بىرىگە قىلىچ كۆتۈرمەيدۇ،
ئۇرۇش مەشقى ئېلىپ بارمايدۇ.

5 ياقۇپ ئەۋلادلىرى كېلىڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ نۇرىدا
ماڭايلى.

## خۇدانىڭ جازاسى

6 ئى پەرۋەردىگار، سەن ئۆز خەلقىڭ بولغان ياقۇپنىڭ
ئەۋلادلىرىنى تەرك ئەتتىڭ،
چۈنكى ئۇلار ئۆز زېمىنىنى كۈنچىقىشتىكى ئەللەرنىڭ
خۇراپاتچىلىقىغا پاتۇردى،
فىلىستىيەلىكلەردەك رەمچىلەرگە تولدۇردى.
يات ئەللەر بىلەن ئاپاق-چاپاق بولدى.
7 ئۇلارنىڭ زېمىنى ئالتۇن-كۈمۈشكە تولدى،
خەزىنىلىرىنىڭمۇ چېكى يوق.
يايلاقلىرى ئاتلارغا تولدى،

جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ سانى چەكسىز.
8 ئۇلارنىڭ زېمىنى بۇتلارغا تولدى،
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەرلىرى بىلەن،
يەنى ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىۋالغان بۇتلارغا چوقۇنىدۇ.
9 ئۇلار شۇ بۇتلار ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۆزىنى كەمسىتىدۇ،
ئۇلارنى كەچۈرمىگەيسەن.

10 سىلەر غارلارغا كىرىۋېلىپ ياكى يەر ئاستىغا
يوشۇرۇنۇۋېلىپ،
پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى ۋە ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتىدىن ئامان
قالالامسىلەر؟!
11 ئۇ كۈن كەلگەندە پەقەت پەرۋەردىگارلا ئۇلۇغلىنىدۇ.
ئىنسانىنىڭ تەكەببۇرلۇقى يەرگە ئۇرۇلىدۇ،
مەغرۇرلۇقى سۇنىدۇ.

12 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ شۇنداق بىر كۈنى
كېلىدۇكى،
ئۇ كۈنى ئۇ تەكەببۇرلار، ھاكاۋۇرلار ۋە بارلىق ئۆزىنى چوڭ
تۇتقانلارنى يەرگە ئۇرىدۇ.
13 ئۇلارنى خۇددى لىۋاننىڭ كۆككە تاقاشقان ئېگىز
كېدىرلىرىنى
ۋە باشاننىڭ دۇپ دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلىغاندەك
كېسىپ تاشلايدۇ.
14 خۇددى بارلىق ئېگىز تاغ ۋە چوققىلارنى تۈزلىۋەتكەندەك
تۈزلىۋېتىدۇ.
15 خۇددى ئېگىز مۇنار ۋە مۇستەھكەم سېپىللارنى ۋەيران
قىلغاندەك ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.
16 خۇددى ئۇزۇن يولغا قاتنايدىغان كاتتا كېمىلەرنى
ۋە ھەشەمەتلىك كېمىلەرنى بۇزۇپ تاشلىغاندەك بۇزۇپ
تاشلايدۇ.
17 ئۇ كۈن كەلگەندە پەقەت پەرۋەردىگارلا ئۇلۇغلىنىدۇ.

ئىنسانىنىڭ تەكەببۇرلۇقى يەرگە ئۇرۇلىدۇ،
مەغرۇرلۇقى سۇنىدۇ.

18 بۇتلار پۈتۈنلەي يوقىتىلىدۇ.
19 پەرۋەردىگار ئورنىدىن قوزغىلىپ زېمىننى لەرزىگە
كەلتۈرگەندە،
كىشىلەر ئۇنىڭ غەزىپى ۋە ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتىدىن
ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئۆڭكۈر ۋە ئورەكلەرگە كىرىپ كېتىدۇ.
20 ئۇ ۋاقىت كەلگەندە ئىنسانلار چوقۇنۇش ئۈچۈن
ئۆزلىرى ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسىۋالغان بۇتلارنى
قارىغۇ چاشقان ۋە شەپەرەڭلەرگە تاشلاپ بېرىدۇ.
21 پەرۋەردىگار ئورنىدىن قوزغىلىپ زېمىننى لەرزىگە
كەلتۈرگەندە،
كىشىلەر ئۇنىڭ غەزىپى ۋە ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتىدىن
ۋەھىمىگە چۈشۈپ، غارلارغا ۋە ئۆڭكۈرلەرگە كىرىپ
كېتىدۇ.
22 ئاجىز بەندىگە ئىشىنىشتىن ۋاز كەچكىن.
ئۇنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ ئۇ نەپەسىدىن ئايرىلسا
ئۆلىدۇ، خالاس.

## يەھۇدىيەنىڭ جازالىنىشى

3 1 قاراپ تۇرۇڭلار، ئىگىمىز، يەنى قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگار
يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەنى ئۇلار تايىنىپ
كەلگەن ھەممە نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ،
يەنى ئۇ سىلەردىن نان ۋە سۇنى،
2 باتۇرلار ۋە لەشكەرلەرنى،
سوتچى ۋە پەيغەمبەرلەرنى،
پالچى ۋە ئاقساقاللارنى،
3 ئەللىكبېشى ۋە ئابرۇيلۇقلارنى،

مەسلىھەتچىلەر، ماھىر ھۈنەرۋەن ۋە ئەپسۇنچىلارنى ئېلىپ
كېتىدۇ.
4 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئۆسمۈرلەرنى ھۆكۈمران قىلىمەن،
كىچىك بالىلار خەلقىمنى باشقۇرىدۇ.
5 خەلق بىر-بىرىگە زۇلۇم سالىدۇ،
ھەتتا قوشنىلارمۇ بىر-بىرىگە زۇلۇم سالىدۇ.
ياشلار قېرىلارنى خورلايدۇ،
پەسكەش ئادەملەر ئابرۇيلۇقلارنى مەنسىتمەيدۇ.»

6 ئۇ كۈن كەلگەندە، بىرى ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ئاكىسىنى
تارتىپ، ئۇنىڭغا:
«سېنىڭ چاپىنىڭ بارمىش،
سەن بىزگە باشلىق بولغىن،
بۇ خارابىلىكنى باشقۇرغىن» دەيدۇ.
7 بۇ ۋاقىتتا ئاكىسى ۋارقىراپ تۇرۇپ:
«مەن ياراڭلارنى ساقايتالمايمەن،
ئۆيۈمدە نە نان، نە چاپان يوق.
مېنى خەلققە باشلىق قىلماڭلار!» دەيدۇ.

8 يېرۇسالېم غۇلاپ چۈشىدۇ،
يەھۇدىيە گۇمران بولىدۇ!
چۈنكى ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى پەرۋەردىگارنىڭ
زىتىغا تەگدى.
ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپىگە قارشى چىقتى.
9 يۈزلىرىدىكى ئىپادىلەر ئۇلارنىڭ ئۆز رەزىللىكىگە
گۇۋاھلىق بېرىدۇ،
خۇددى رەزىل سودوملۇقلاردەك ئۆز گۇناھلىرىنى ئاشكارا
قىلىدۇ.
ئۇلار ئۆز گۇناھلىرىدىن نومۇس قىلمايدۇ.
ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي،

چۈنكى ئۇلار ئۆز بېشىغا ئۆزى ئىش تاپتى!

10 ھەققانىيلارغا ئېيتقىن، ئۇلار ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ،
ئۇلار ئۆز ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مېۋىسىنى يەيدۇ.
11 رەزىللەرنىڭ ھالىغا ۋاي!
ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈلپەت چۈشۈپ،
قىلغان يامانلىقلىرى ئۆزىگە يانىدۇ.
12 بالىلار خەلقىمگە زۇلۇم سالىدۇ،
ئاياللار خەلقىم ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
ئاھ خەلقىم، يولباشچىلىرىڭلار سىلەرنى ئازدۇرىدۇ،
سىلەر گاڭگىراپ قېلىپ، توغرا يولنى تاپالمايسىلەر.

13 پەرۋەردىگار سوتقا ھازىرلاندى،
ئۇ خەلقنى سوراق قىلىشقا باشلايدۇ.
15-14 ئىگىمىز، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۆز
خەلقىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئاقساقاللىرىنى سوراققا
تارتىپ، ئۇلارنى:
«سىلەر ئۈزۈمزارلىقىمنى ۋەيران قىلدىڭلار،
يوقسۇللارنى تالان-تاراج قىلىپ، ئۆيۈڭلارنى تولدۇردۇڭلار.
سىلەرنىڭ خەلقىمگە بېسىم قىلىدىغان،
يوقسۇللارنى ئېزىدىغان نېمە ھوقۇقۇڭلار بار؟» دەپ
ئەيىبلەيدۇ.

## يېرۇسالېمدىكى ئاياللارنى ئاگاھلاندۇرۇش

16 پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«سىئون ئاياللىرى تەكەببۇرلىشىپ كەتتى.
ئۇلار غادىيىپ، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ،
ئۇششاق قەدەم تاشلاپ،
پۇتلىرىدىكى زىبۇ-زىننەتلەرنى شىرىقشىتىپ
مېڭىشىدۇ.

17 شۇ سەۋەبتىن مەن ئىگەڭلار سىئون ئاياللىرىنىڭ بېشىنى
تاز قىلىمەن.
مەن پەرۋەردىگار ئۇلارنى چاچسىز قويۇپ، نومۇستا
قالدۇرىمەن.»

18 ئۇ كۈن كەلگەندە ئىگىمىز ئۇلارنىڭ پۇت بېزەكلىرى، باش
لېنتىلىرى، ھىلال ئاي شەكىللىك بېزەكلىرى، 19 ھالقىلىرى،
بىلەزۈكلىرى، چۈمبەللىرى، 20 باش كىيىملىرى، پۇت زەنجىرلىرى،
كەمەرلىرى، خۇشبۇي بۆيۈملىرى، تۇمارلىرى، 21 ئۈزۈكلىرى،
بۇرۇن ھالقىلىرى، 22 بايراملىق لىباسلىرى، تونلىرى، چاپانلىرى،
ھەميانلىرى، 23 ئەينەكلىرى، زىغىر رەختتىن تىكىلگەن كىيىملىرى،
تاجلىرى ۋە رومالللىرىنى تارتىپ ئەكېتىدۇ.

24 خۇشبۇي پۇراقلارنىڭ ئورنىغا سېسىق پۇراق ئالمىشىدۇ،
كەمەر ئورنىغا ئارغامچا ئىشلىتىلىدۇ،
قويۇق چاچ ئورنىغا تاقىر باش ئالمىشىدۇ،
ئېسىل لىباس ئورنىغا ماتەملىك كىيىم كىيىدۇ،
گۈزەللىكىنىڭ ئورنىنى داغلانغان ئىز ئالىدۇ.
25 ئەرلىرىڭلار قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ،
باتۇرلىرىڭلار ئۇرۇش مەيدانىدا يەر چىشلەيدۇ.
26 سىئون دەرۋازىلىرى نالە قىلىپ ھازا تۇتىدۇ،
بۇ شەھەر توپا يەردە غېرىبسىنىپ، يالغۇز ئولتۇرغان
ئايالغا ئوخشاپ قالىدۇ.

4

1 ئۇ ۋاقىت كەلگەندە، يەتتە ئايال بىر ئەرنى تالىشىپ:
«بىز ئۆز نېنىمىزنى ئۆزىمىز تېپىپ يەيمىز،
ئۆز كىيىمىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزىمىز چىقىمىز.
بىزنى ئەمرىڭگە ئالغايلا،
ياتلىق بولالمىغان شەرمەندىچىلىكىمىزنى يوقاتقايلا!»
دەيدۇ.

## يېرۇسالېمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ۋەھيي

2 ئۇ ۋاقىت كەلگەندە، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆستۈرگەن نوتىسى
گۈزەل ۋە سەلتەنەتلىك بولىدۇ. بۇ زېمىنىنىڭ مېۋە-چېۋىلىرى
ئىسرائىلىيەدىكى ئامان قالغانلارنىڭ ئىپتىخارى ۋە شان-
شەرىپى بولىدۇ. 3 سىئوندا قالغانلار، يەنى يېرۇسالېمدا
ئامان قالغانلار «خۇداغا بېغىشلانغانلار» دەپ نام ئالىدۇ.
ئۇلار پەرۋەردىگار يېرۇسالېمدا ئامان قالدۇرۇشقا تاللىغان
ئادەملەردۇر. 4 ئىگىمىز سوراق ۋە جازالاش ئارقىلىق سىئون
ئاياللىرىنىڭ مەينەتچىلىكىنى يۇيىدۇ، يېرۇسالېمنىڭ قان
داغلىرىنىمۇ تازىلايدۇ. 5 ئارقىدىن پەرۋەردىگار سىئون تېغىدا
خەلق يىغىلغان يەردە كۈندۈزى بۇلۇتنى، كېچىسى يالقۇنجاپ
تۇرغان بىر يورۇقلۇقنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ شان-شەرىپى
پۈتكۈل زېمىنغا سايىۋەن بولىدۇ. 6 ئۇ كۈندۈزنىڭ ئىسسىقىغا
سايە ۋە كۆلەڭگە بولىدۇ، بوران-چاپقۇن ۋە يامغۇر-يېشىندا
پاناھگاھ ۋە دالدا بولىدۇ.

## ئىسرائىل خەلقى خۇدانىڭ ئۈزۈمزارلىقىدۇر

5 1 مەن سىلەرگە بىر مۇھەببەت ناخشىسى ئېيتىپ بېرەي،
بۇ ناخشا دوستۇمنىڭ ئۈزۈمزارلىقى ھەققىدىدۇر:
«دوستۇمنىڭ بار ئىدى ئۈزۈمزارلىقى،
ئۇنىڭ يېرى مۇنبەت ئېدىرلىقتا ئىدى،
2 ئۇ ئاغدۇرۇپ يېرىنى، تېرىپ تاشلاپ تاشلىرىنى،
تىكتى ئۇ يەرگە سورتلۇق ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى.
ياسىدى ئۇ يەرگە بىر كۆزەت كەپىسى،
ھەتتا قازدى ھەم بىر ئۈزۈم ئېزىش كۆلچىكى.
كۈتكەنىدى ئۇ يېرىدىن ياخشى ھوسۇلنى،
بىراق ناچار چىقتى ئۇنىڭ ئۈزۈملىرى.»

3 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي يېرۇسالېمدا ياشايدىغانلار،

ئەي يەھۇدىيە پۇقرالىرى،
مەن ۋە ئۈزۈمزارلىقىم ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىڭلار!
4 مەن ئۈزۈمزارلىقىم ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلدىم!
يەنە نېمە قىلىشىم كېرەك ئىدى؟
ئۈزۈملىرىمنىڭ ياخشى چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم،
نېمىشقا ئۈزۈملىرىم ناچار چىقتى؟

5 ئەمدى ئۈزۈمزارلىقىمغا نېمە قىلىدىغانلىقىمنى سىلەرگە
ئېيتىپ قوياي.
ئۇنىڭ قاشالىرىنى قومۇرۇپ تاشلايمەن،
ھايۋانلار كېلىپ ئۇنى يەپ تۈگەتسۇن.
ئۇنىڭ تاملىرىنى بۇزۇپ، چاقىمەن،
ئۇنى ھايۋانلار دەسسەپ-چەيلەپ ۋەيران قىلسۇن.
6 مەن ئۇنى تاشلاندۇق يەر قىلىۋېتىمەن،
ھېچكىم ئۇنىڭ شاخلىرىنى پۇتىمايدۇ، ئوتلىرىنى
ئوتىمايدۇ،
ئۇ يەرنى تىكەن ۋە ئازغانلار بېسىپ كېتىدۇ،
بۇلۇتلارغا يامغۇر ياغدۇرماسلىققا ئەمر قىلىمەن.»

7 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئۈزۈمزارلىقى ئىسرائىل
خەلقىدۇر،
يەھۇدىيە پۇقراسى ئۇنىڭ خۇشتار بولغان ئۆسۈملۈكىدۇر.
ئۇ ئادالەتنى ئارزۇ قىلغانىدى، بىراق قان تۆكۈلۈشنى
كۆردى،
ئۇ ھەققانىيلىقنى كۈتكەنىدى، بىراق نالە-پەريادنى
ئاڭلىدى.

## ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھالىغا ۋاي!

8 ئۆيى تۇرۇپ يەنە ئۆي قوشۇۋالغانلار،
قورۇقىغا يەنە قورۇق قېتىۋالغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!
بۇ زېمىندا باشقىلارغا جاي قالدۇرمىدىڭلار،

ئەمدى ئۆزۈملەر يالغۇز ياشايسىلەر.
9 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
«نۇرغۇنلىغان ئۆيلەر چۆلدەرەپ قالىدۇ،
ھەتتا ئېسىل سارايلارمۇ ئادەمسىز قالىدۇ.
10 ئون مو ئۈزۈمزارلىقتىن ئاران بىر كوپلا شاراب چىقىدۇ،
ئون تاغار ئۇرۇقتىن ئاران بىر تاغارلا ئاشلىق چىقىدۇ.»

11 قاق سەھەردە تۇرۇپ، مەينىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ،
كېچىچە شاراب ئىچىپ، غەرق مەست بولغانلارنىڭ ھالىغا
ۋاي!
12 ئۇلارنىڭ زىياپەتلىرىدە شارابلار ئىچىلىپ، لىرا، چىلتار،
داپ ۋە نەيلەر بىلەن نەغمە-ناۋا قىلىنىدۇ،
بىراق پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۇلارنىڭ
خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ،
ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا نەزەرمۇ سالمايدۇ.

13 خەلقىم مېنى تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىنىدۇ.
يۇز-ئابرۇيلۇقلار ۋە پۇقرالار
ئاچلىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولىدۇ.
14 شۇ تۈپەيلىدىن گۆرنىڭ ئىشتىھاسى يوغىناپ،
ئاغزى چەكسىز يوغان ئېچىلىدۇ.
ئۇ يېرۇسالېمنىڭ كاتتىلىرى ۋە پۇقرالىرىنى يۇتۇپ
كېتىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن بىللە ئويۇن-تاماشا قىلغانلارنىمۇ يۇتۇپ
كېتىدۇ.
15 ئىنسان خار قىلىنىدۇ،
ھاكاۋۇرلۇقى ۋە تەكەببۇرلۇقى يەرگە ئۇرۇلىدۇ.
16 بىراق قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ئادىل
ھۆكۈمى بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ.
مۇقەددەس خۇدا ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقى ئارقىلىق
مۇقەددەسلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

17 ئۇ ۋاقىت كەلگەندە، قويلار يايلاقلاردا ئوتلاپ يۈرگەندەك،
ئۈزۈمزارلىقلاردا ئوتلاپ يۈرىدۇ.
بايلارنىڭ خارابىلىكىدىنمۇ مۇساپىرلار ئوزۇقلۇق تېپىپ
يەيدۇ.

18 يالغانچىلىقنى ئارغامچا قىلىپ گۇناھنى سۆرەپ
يۈرگەنلەرنىڭ،
رەزىللىكنى هارۋىسى بىلەن هەيدەپ يۈرگەنلەرنىڭ
هالىغا ۋاي!
19 ئۇلار خۇدانى مەسخىرە قىلىپ:
«قېنى تېز بولسۇن، ئۇ قىلىدىغىنىنى تېز قىلسۇن، بىز
كۆرەيلى!
ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدا مەقسىتىنى
ئەمەلگە ئاشۇرسۇن، بىز بىلەيلى!» دەيدۇ.
20 ئاقنى قارا، قارىنى ئاق،
يورۇقلۇقنى زۇلمەت، زۇلمەتنى يورۇقلۇق،
تاتلىقنى ئاچچىق، ئاچچىقنى تاتلىق دەيدىغانلارنىڭ
هالىغا ۋاي!
21 ئۆزىنى دانا دەپ بىلگەنلەرنىڭ،
ئۆزىنى زېرەك هېسابلىغانلارنىڭ هالىغا ۋاي!
22 شاراب ئىچىشتە باتۇرلۇق قىلغانلارنىڭ،
مەيلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشتە نوچىلىق قىلغانلارنىڭ
هالىغا ۋاي!
23 ئۇلار پارا ئېلىپ گۇناھكارنى قويۇپ بېرىدۇ،
بىگۇناھقا ئادالەتسىزلىك قىلىدۇ.

24 شۇڭا ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرى چىرىپ، گۈل-چېچەكلىرى
خۇددى يالقۇنلۇق ئوتتا كۆيۈۋاتقان پاخال ۋە غازاڭدەك
كۆيۈپ كېتىدۇ.
ئۇلار قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنىنى رەت
قىلدى،

ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدانىڭ سۆزلىرىنى
كۆزگە ئىلمىدى.
25 شۇ سەۋەبتىن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقىگە غەزىپى
قوزغالدى.
ئۇ ئۇلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈردى.
تاغلار تەۋرىنىپ، جەسەتلەر خۇددى ئەخلەتكە ئوخشاش
كوچىلاردا ياتىدۇ.
شۇنداقتىمۇ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى بېسىلمايدۇ،
ئۇ كۆتۈرگەن قولىنى يەنىلا چۈشۈرمەيدۇ.

26 ئۇ يىراقتىكى ئەللەرگە تۇغ كۆرسىتىدۇ.
ئۇ پۇشتەك چېلىپ، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكىلەرنى
چاقىرىدۇ.
قاراڭلار، ئۇ ئەللەر ئۇچقاندەك تېز كېلىۋاتىدۇ!
27 ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ھارمايدۇ، پۇتلاشمايدۇ،
مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇخلاپ قالمايدۇ.
ئۇلارنىڭ نە كەمەرلىرى بوشاشمايدۇ،
نە چورۇقلىرىنىڭ يىپلىرى ئۈزۈلمەيدۇ.
28 ئۇلارنىڭ ئوقيالىرى ئۆتكۈر بولۇپ،
ساداقلىرىنىڭ كىرىچى چىڭ تارتىلغان.
ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى چاقماق تاشتەك قاتتىق،
جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى قۇيۇندەك پىرقىرايدۇ.
29 ئۇلار شىردەك ھۆركىرەيدۇ،
غالجىر شىردەك ھۇۋلايدۇ.
ئۇلار ھۆركىرەپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا ئېتىلىدۇ،
ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى ئېلىپ ماڭغاندا،
ھېچكىم ئۇنى قۇتقۇزالمايدۇ.
30 ئۇ ۋاقىت كەلگەندە، ئۇلار ئىسرائىللارغا قارشى
ھۆركىرەيدۇ،
ئۇلارنىڭ ھۆركىرىشى خۇددى دېڭىز شاۋقۇنىغا ئوخشايدۇ.
ئەگەر كىمكى ئۇ زېمىنغا باقسا،

ئۇ زۇلمەت ۋە ئازابنى كۆرىدۇ.
يورۇقلۇق قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىدۇ.

## يەشايانىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللىنىشى

6 [1] مەن ئۇززىيا پادىشاھ ۋاپات بولغان يىلى كۆكتىكى يۇكسەك
تەختتە ئولتۇرغان ئىگەمنى كۆردۈم. ئىبادەتخانىنىڭ ئىچى
ئۇنىڭ لىباسىنىڭ ئېتىكى بىلەن تولغانىدى. [2] ئۇنىڭ ئۈستى
تەرىپىدە «سىراف»لار① بار ئىدى. ھەربىر «سىراف»نىڭ ئالتە
قانىتى بولۇپ، ئۇلار ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچۇپ تۇراتتى. قالغان
ئىككى قانىتى يۈزلىرىنى، يەنە ئىككى قانىتى پۇتلىرىنى يېپىپ
تۇراتتى. [3] ئۇلار بىر-بىرىگە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

«قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇقەددەس، مۇقەددەس،
مۇقەددەستۇر!
پۈتكۈل يەر-زېمىن ئۇنىڭ شان-شەرىپىگە تولغاندۇر!»
دەپ ۋارقىراشتى.

[4] ئۇلارنىڭ ئاۋازى پۈتكۈل ئىبادەتخانىنى زىلزىلىگە سالدى ۋە
ئىبادەتخانا تۈتۈنگە تولدى. [5] مەن ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم:
— ھالىمغا ۋاي، مەن تۈگەشتىم! چۈنكى مېنىڭ ئاغزىم گۇناھقا
پاتقاندۇر، ھەمدە مەن ئاغزى گۇناھقا پاتقانلار ئارىسىدا ياشايمەن.
شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئالەمنىڭ پادىشاھى، يەنى قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم!
[6] «سىراف»لارنىڭ بىرى ماڭا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. قولىدا بىر
چوغ بار ئىدى، ئۇ ئۇنى قۇربانلىق سۇپىسىدىن لاخشىگىر بىلەن
ئالغانىدى. [7] ئۇ چوغنى ئاغزىمغا تەگكۈزۈپ قويۇپ:
— قارا، بۇ چوغ لەۋلىرىڭگە تەگكۈزۈلدى، ئەمدى ئەيىبلىرىڭ
يۇيۇلدى، گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈلدى، — دېدى.

① 6:2 سىراف — ئەرشتە ياشايدىغان ئېنتايىن كۈچلۈك بىر خىل قاناتلىق مەخلۇق.

8 شۇ چاغدا مەن ئىگەمنىڭ: «كىمنى ئەۋەتەي، كىم بىز ئۈچۈن
باردۇ؟» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. مەن:
– مەن باراي، مېنى ئەۋەتكىن! – دېدىم. 9 ئىگەم ماڭا مۇنداق
دېدى:
– سەن بېرىپ، ئۇ خەلققە:

«سۆزلىرىمنى ئاڭلايسىلەر، ئاڭلايسىلەر، بىراق
چۈشەنمەيسىلەر،
قىلغانلىرىمنى كۆرىسىلەر، كۆرىسىلەر، لېكىن مەنىسىنى
بىلمەيسىلەر» دەپ ئېيتقىن.
10 سەن قانچە كۆپ سۆزلىسەڭ، ئۇلارنىڭ زېھنى شۇنچە
زەئىپلىشىدۇ،
قۇلاقلىرى شۇنچە پاڭلىشىدۇ، كۆزلىرى شۇنچە
كورلىشىدۇ.
نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كۆرمەس، قۇلاقلىرى
ئاڭلىماس بولىدۇ، زېھنى زەئىپلىشىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ يولۇمغا قايتالمايدۇ ۋە شىپالىق
تاپالمايدۇ.

11 ئاندىن مەن:
– ئى ئىگەم، بۇ ئەھۋال قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟ – دەپ
سورىدىم. ئىگەم مۇنداق دېدى:

«بۇ تاكى شەھەرلەر ۋەيران بولۇپ، ئادەمزاتسىز قالغۇچە،
ئۆيلەر چۆلدەرەپ، زېمىنلار قاقاسلىقتا ئايلانغۇچە،
12 مەن بۇ خەلقنى يىراققا سۈرگۈن قىلغۇچە
ۋە بۇ زېمىن پۈتۈنلەي تاشلاندۇق يەرگە ئايلانغۇچە
داۋاملىشىدۇ.
13 بۇ زېمىندا خەلقنىڭ ئوندىن بىرى قالسىمۇ، زېمىن يەنىلا
ۋەيران قىلىنىدۇ.

لېكىن خۇددى كېسىۋېتىلگەن پىستە ياكى دۇپ
دەرەخلىرىنىڭ كۆتىكى قايتا كۆكلىگەندەك، ئۇلارمۇ قايتا
كۆكلەيدۇ.
شۇ كۆتەك مۇقەددەس ئۇرۇقتۇر.»

## پادىشاھ ئاخازغا يەتكۈزۈلگەن ۋەھىي

7 [1] پادىشاھ ئۇززىيانىڭ نەۋرىسى، يوتەمنىڭ ئوغلى ئاخاز
يەھۇدىيەدە پادىشاھ بولغان مەزگىلدە، ئارام پادىشاھى
رىزىن بىلەن رېمالىيانىڭ ئوغلى، يەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى پەقاخ
يېرۇسالېمغا ئۇرۇش ئاچتى، بىراق غەلىبە قىلالمىدى.
[2] ئارام بىلەن شىمالدىكى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئىتتىپاقداش
بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يەھۇدىيەدىكى پادىشاھ ئوردىسىغا
يېتىپ كەلگەندە، پادىشاھ ئاخاز ۋە بارلىق خەلق قورققىنىدىن
بورانda قالغان دەرەخلەردەك تىترەپ كەتتى.
[3] پەرۋەردىگار يەشاياغا مۇنداق دېدى:
— ئوغلۇڭ شىئار-ياشۇبنى [مەنىسى «ئامان قالغان ئاز بىر
قىسمى قايتىپ كېلىدۇ»] ئېلىپ ئاخاز پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ،
ئۇنىڭغا سۆزۈمنى يەتكۈزگىن. سەن ئۇنى يۇقىرىدىكى كۆلچەككە
سۇ قۇيۇلىدىغان ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدىن، يەنى كىر يۇيىدىغان
دالاغا بارىدىغان يولنىڭ بويىدىن تاپالايسەن. [4] ئۇنىڭغا مۇنداق
دەپ ئېيتقىن: «ئۆزۈڭنى بېسىۋال، جىددىيلەشمە ۋە قورقما.
ئارام پادىشاھى رىزىن ۋە رېمالىيانىڭ ئوغلىنىڭ غەزىپىدىن
قورقۇپ كەتمە. ئۇلار خۇددى ئوتى ئۆچكەن ئوتۇننىڭ ئىسىدۇر.
[5] ئارام پادىشاھى بىلەن رېمالىيانىڭ ئوغلى سۇيىقەست پىلانلاپ:
[6] ‹يەھۇدىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقنى ۋەھىمىگە سېلىپ، ئۇ يەرنى
ئىشغال قىلايلى. كېيىن ئۇ يەرگە تابېئالنىڭ ئوغلىنى پادىشاھ
قىلىپ تىكلەيلى› دەۋاتىدۇ. [7] بىراق مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيمەن:
‹بۇ ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ ھەم ھېچقاچان بۇنداق
ئىش يۈز بەرمەيدۇ.
[8] چۈنكى دەمەشق شەھىرى پەقەت ئارامنىڭ پايتەختىدۇر،

رىزىن بولسا پەقەت دەمەشقنىڭ بېشىدۇر.
شىمالدىكى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقى 65 يىل ئىچىدە
بىتچىت قىلىنىپ، خەلقىمۇ يوق قىلىنىدۇ.
9 سامارىيە شەھىرى پەقەت ئىسرائىلىيەنىڭ پايتەختىدۇر،
رىمالىيانىڭ ئوغلى بولسا پەقەت سامارىيەنىڭ بېشىدۇر.
ئەگەر سەن ئېتىقادىڭدا چىڭ تۇرمىساڭ، پۇت تىرەپ
تۇرالمايسەن!›»

## ئىممانۇئېل - «خۇدا بىزگە ياردۇر»

10 يەشايا ئاخاز پادىشاھقا پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ
مۇنداق دېدى:
11 - سەن پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ چوقۇم
ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلىشىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بېشارەت
تىلىگىن! تىلىگەن بېشارىتىڭ ئۆلۈكلەر ماكانىدىن كەلسىمۇ ياكى
ئاسماندىن كەلسىمۇ مەيلى.
12 بىراق ئاخاز يەشاياغا:
- مەن تىلىمەيمەن، پەرۋەردىگارنى سىنىمايمەن! - دېدى.
13 يەشايا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
- ئەي پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرى، قۇلاق سېلىڭلار!
خەلقنى بىزار قىلغىنىڭلار يەتمىگەندەك، ئەمدى خۇدانىمۇ بىزار
قىلماقچىمۇ؟ 14 پەرۋەردىگار سىلەرگە كەلگۈسىدە بولىدىغان
ئىشلاردىن مۇنداق بېشارەت بېرىدۇ: «كەلگۈسىدە ياش بىر قىز
ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. ئۇ بالىغا ‹ئىممانۇئېل›
[مەنىسى ‹خۇدا بىزگە ياردۇر›] دەپ ئىسىم قويىدۇ. 15 بالا
ئاق-قارىنى پەرق ئەتكۈدەك چوڭ بولغۇچە سۈزمە بىلەن بال
يەيدۇ 16 ۋە بۇ ۋاقىتقىچە سىلەرنى ۋەھىمىگە سالغان ئىككى
پادىشاھنىڭ زېمىنى ئاللىبۇرۇن تاشلاندۇق يەرگە ئايلىنىدۇ.
17 كېيىن پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيە يەھۇدىيەدىن بۆلۈنۈپ
چىققاندىن بۇيان يۈز بېرىپ باقمىغان بىر كۈننى سېنىڭ،
خەلقىڭنىڭ ۋە خان جەمەتىڭنىڭ بېشىغا سالىدۇ، يەنى ئۇ ئاسسۇرىيە
پادىشاھىنى زېمىنىڭغا باشلاپ كېلىدۇ.

[18] ئۇ ۋاقىت كەلگەندە پەرۋەردىگار مىسىر ۋە ئاسسۇرىيە
قوشۇنلىرىنى ئىسقىرتىپ چاقىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار خۇددى چىۋىن
ۋە ھەرىلەردەك زېمىنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشىدۇ [19] ۋە جىرالارغا،
ئۆڭكۈرلەرگە، چاتقاللىقلارغا ھەمدە يايلاقلارغا ماكانلىشىدۇ. [20] ئۇ
ۋاقىت كەلگەندە پەرۋەردىگار فىرات دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىن بىر
ئۇستىرىنى، يەنى ئاسسۇرىيە پادىشاھىنى ئىجارىگە ئالىدۇ. ئۇ
چېچىڭلارنى، پۇتۇڭلارنىڭ تۈكلىرىنى ۋە ساقىلىڭلارنى چۈشۈرۈپ
تاشلايدۇ. [21] ئۇ ۋاقىت كەلگەندە ئادەملەر پەقەت بىر ياش ئىنەك
ۋە ئىككى ئۆچكىسىنىلا ساقلاپ قالالايدۇ. [22] ئۇلارنىڭ سۈتى
پەقەت سۈزمە قىلىشقىلا يېتىدۇ. بۇ زېمىندا ھايات قالغانلارنىڭ
ھەممىسى پەقەت سۈزمە ۋە بال يەيدۇ.
[23] ئۇ ۋاقىت كەلگەندە قىممىتى 12 كىلو كۈمۈشكە باراۋەر كېلىدىغان
مىڭلىغان تاللىرى بولغان ئۈزۈمزارلىقلار ئازغان ۋە تىكەنلىككە
ئايلىنىدۇ. [24] بۇ يەرلەرنى ئازغان ۋە تىكەن قاپلاپ كەتكەنلىكى
ئۈچۈن، ئادەملەر بۇ يەرلەردە پەقەت ئوۋ ئوۋلىيالايدۇ. [25] بۇرۇن
تېرىلغان ئېدىرلىقلارغا ئەمدى بارالمايسىلەر. چۈنكى ئازغان ۋە
تىكەندىن قورقىسىلەر. ئۇ يەرلەر كالا ۋە قوي-ئۆچكىلەر ئوتلايدىغان
يەرگە ئايلىنىدۇ.

## ئاسسۇرلارنىڭ ھۇجۇمى

8 [1] كېيىن پەرۋەردىگار ماڭا:
— بىر چوڭ تاختايغا كىشىلەر ئوقۇيالىغۇدەك ئېنىق قىلىپ:
«ماخېرشالال-خاشباز» [مەنىسى «تېز تالان-تاراج قىلىش»] دەپ
يازغىن، — دېدى.
[2] مەن ئىشەنچلىك بولغان روھانىي ئۇرىيا ۋە يەبەرەكيانىڭ
ئوغلى زىكرىيانى بۇ ئىش ئۈچۈن گۇۋاھلىققا چاقىردىم. [3] كېيىن
مەن ئايالىم بىلەن بىر ئورۇندا ياتتىم. ئۇ ھامىلدار بولۇپ، بىر
ئوغۇل تۇغدى.
پەرۋەردىگار ماڭا:
— ئۇنىڭغا «ماخېرشالال-خاشباز» دەپ ئىسىم قويغىن. [4] بالىنىڭ
«ئاتا، ئانا» دەپ تىلى چىقىشتىن بۇرۇن دەمەشق ۋە سامارىيەنىڭ

ئۇلجا ئالغان بايلىقلىرى ئاسسۇرىيە پادىشاھى تەرىپىدىن ئېلىپ
كېتىلىدۇ، ـ دېدى.
5 پەرۋەردىگار ماڭا يەنە مۇنداق دېدى:
6 بۇ خەلق مېنىڭ شىلوۋاخنىڭ ئاستا ئېقىۋاتقان يۇمشاق سۇلىرىغا
ئوخشايدىغان مېھرىبانلىقىمنى رەت قىلدى. لېكىن ئۇلار پادىشاھ
رېزىن ۋە پادىشاھ پېكاھنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىشلاردىن خۇشال
بولدى. 7 شۇڭلاشقا مەنكى ئىگەڭ بولغان پەرۋەردىگار ئاسسۇرىيە
پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك قوشۇنلىرىنى ئۇلارغا قارشى باشلاپ
كېلىمەن. بۇ قوشۇنلار خۇددى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان فرات
دەرياسىدەك تاشقىنلاپ كېلىپ، قىرغاقلاردىن تاشىدۇ. 8 تاشقىنلىغان
بۇ ئېقىن يەھۇدىيە زېمىنى يۇتۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كەڭ
يېيىلغان ئېقىنلىرى پۈتكۈل زېمىنىڭنى قاپلايدۇ. ئەي ئىممانۇئېل
[مەنىسى ‹خۇدا بىزگە ياردۇر›]!

9 ئەي يات خەلقلەر، سىلەر ھالاك بولىسىلەر.
ئەي يىراقتىكى ئەللەر، قۇلاق سېلىڭلار،
ساۋۇتۇڭلارنى كىيسەڭلارمۇ ھالاك بولىسىلەر،
ساۋۇتۇڭلارنى كىيسەڭلارمۇ بەربىر ھالاك بولىسىلەر!
10 پۇختا ئۇرۇش پىلانى تۈزۈۋېرىڭلار، ئەمما ئۇ كارغا
كەلمەيدۇ.
بۇيرۇق چۈشۈرىۋېرىڭلار، بىراق ئۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ،
چۈنكى خۇدا بىزگە ياردۇر.

## پەرۋەردىگارنىڭ يەشايانى ئاگاھلاندۇرۇشى

11 پەرۋەردىگار قۇدرەتلىك قولىنى ئۈستۈمگە قويۇپ، مېنى بۇ
خەلقنىڭ ماڭغان يولىدا ماڭماسلىقىقا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:
12 «بۇ خەلق سۇيىقەست دېگەننى سەن سۇيىقەست دېمە،
ئۇلار قورققان ئىشلاردىن سەن قورقما ۋە ۋەھىمىگە
چۈشمە.
13 مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارىڭنى مۇقەددەس بىل،

پەقەت مەندىن قورقۇن، پەقەت مەندىن ۋەھىمىگە
چۈشكىن.
[14] مەن سىلەرنىڭ پاناھلىنىدىغان جايىڭلار بولىمەن.
لېكىن ئىسرائىللارنىڭ ئىككى پادىشاھلىقى ئۈچۈن
ۋە نۇرغۇن ئادەملەر ئۈچۈن پۇتلىشىپ يىقىلىدىغان تاش
بولىمەن.
يېرۇسالېم ئاھالىسى ئۈچۈن تۇزاق ۋە قاپقان بولىمەن.
[15] نۇرغۇن ئادەملەر بۇ تاشقا پۇتلىشىدۇ،
ئۇلار يىقىلىپ، پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدۇ.
ئۇلار قاپقانغا چۈشۈپ ئەسىر بولىدۇ.»

[16] تەلىملىرىم پۈتۈلگەن يازمىلىرىمنى ئوراپ قويغىن،
شاگىرتلىرىمغا ئېيتىلغان بۇ تەلىملىرىمنى پېچەتلەپ
قويغىن.
[17] مەن ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن پەرۋەردىگارنى
كۈتىمەن،
مەن ئۈمىدىمنى ئۇنىڭغا باغلىدىم.

[18] مانا قاراڭلار، پەرۋەردىگار ماڭا ئىككى پەرزەنت ئاتا قىلدى.
مەن ۋە پەرزەنتلىرىم سىئون تېغىدا ئۆز خەلقى بىلەن بىرگە بولغان
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا بەرگەن بەلگە ۋە
بېشارەتلىرىدۇرمىز.
[19] ئادەملەر سىلەرگە: «ئۆلگەنلەرنىڭ روھىدىن ياردەم تىلەپ
ئەپسۇن ئوقۇيدىغانلارنىڭ قېشىغا بېرىڭلار» دەيدۇ. ئىنسان
ئۆز تەقدىرىنى بىلىش ئۈچۈن خۇداغا مۇراجىئەت قىلماستىن،
ئۆلۈكلەرگە مۇراجىئەت قىلىشى كېرەكمۇ؟ [20] ياق، خۇدانىڭ
تەلىمى پۈتۈلگەن يازمىلارغا قاراڭلار. ئەگەر كىمدىكىم خۇدانىڭ
تەلىملىرى بويىچە مەسلىھەت بەرمىسە، ئۇلار تاڭ نۇرىنى
كۆرەلمەيدۇ. [21] ئۇلار بۇ زېمىندا قاتتىق ئازابلىنىدۇ، ئاچ-يالىڭاچ
قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئاسمانغا قاراپ
پادىشاھىغا ۋە خۇداغا لەنەت ئوقۇيدۇ. [22] ئۇلار ئەتراپىغا قاراپ،

پەقەت ئازاب، قاراڭغۇلۇق ۋە قورقۇنچلۇق كۈلپەتنى كۆرىدۇ.
ئۇلار تۇم قاراڭغۇلۇققا تاشلىنىدۇ.

## كەلگۈسىدىكى پادىشاھ

9 [1] لېكىن بۇ كۈلپەتلىك زېمىندا ئازاب ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ.
بۇرۇن پەرۋەردىگار زەبۇلۇن ۋە نافتالى زېمىنلىرىنى شەرمەندە
قىلغانىدى. بىراق كېيىنچە ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى يولدىن تارتىپ
ئىئوردان دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى يەھۇدىي ئەمەسلەر
تۇرىدىغان جەلىلىيە رايونىغىچە بولغان يەرلەرنى شان-شەرەپكە
تولدۇرىدۇ.

[2] قاراڭغۇلۇقتا يۈرگەنلەر پارلاق نۇرنى كۆرىدۇ،
زۇلمەتتە ياشىغانلارنىڭ ئۈستىگە بىر نۇر چېچىلىدۇ.
[3] ئى خۇدا، سەن خەلقنى كۆپەيتتىڭ،
ئۇلارغا كۆپ خۇرسەنلىك ئاتا قىلدىڭ.
ئۇلار خۇددى ھوسۇل ئالغاندا شادلىققا تولغانغا ئوخشاش
ۋە ئولجىلارنى بۆلۈشكەندە شادلىققا چۆمگەنگە ئوخشاش
سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا شادلىنىدۇ.
[4] بۇ خەلقنىڭ بويىنىدىكى ئېغىر بويۇنتۇرۇقنى ئېلىپ
تاشلىدىڭ،
يەلكىسىدىكى زۇلۇم تايىقى ۋە زالىملارنىڭ كالتىكىنى
سۇندۇرۇپ تاشلىدىڭ.
خۇددى مىديانىنى مەغلۇپ قىلغان كۈنگە ئوخشاش.
[5] لەشكەرلەرنىڭ ئۇرۇشتا كىيگەن ئۆتۈكلىرى،
قانغا مىلەنگەن كىيىم-كېچەكلىرى
يېقىلغۇ ئورنىدا كۆيدۈرۈلىدۇ.
[6] بىز ئۈچۈن بىر بالا تۇغۇلىدۇ،
بىزگە بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىنىدۇ.
ھاكىمىيەت ئۇنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ.
ئۇنىڭ نامى قالتىس مەسلىھەتچى، قۇدرەتلىك خۇدا،
مەڭگۈلۈك ئاتا ۋە تىنچلىق شاھى دەپ ئاتىلىدۇ.

7 ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى تىنچلىق ئىچىدە چەكسىز ھۆكۈم
سۈرىدۇ.
ئۇ داۋۇتنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى
ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن مۇستەھكەم قۇرۇپ
چىقىدۇ.
بۇ پادىشاھلىق شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار بۇ ئىشلارنى جان-دىلى
بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ!

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا غەزەپلىنىشى

8 پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا قارشى بىر ھۆكۈم
چۈشۈردى،
ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمى ئىسرائىللارغا يېتىپ كەلدى.
9 بۇنى شىمالدىكى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىدا ۋە ئۇنىڭ
پايتەختى سامارىيەدە ياشايدىغان بارلىق خەلق بىلىدۇ.
ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ماختىنىپ مۇنداق دېيىشىدۇ:
10 «خام كېسەكتىن ياسالغان ئۆيلىرىمىز ئۆرۈلدى،
لېكىن بىز ئۇنىڭ ئورنىغا يونۇلغان تاشتىن قايتىدىن ئۆي
سالىمىز.
ئەنجۈر دەرەخلىرىمىز كېسىلدى،
لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا كېدىر دەرەخلىرىنى تىكىمىز.»
11 بىراق پەرۋەردىگار پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى
ئىسرائىلىيەگە قارشى ئەۋەتىدۇ،
ئىسرائىلىيەنىڭ باشقا رەقىبلىرىنىمۇ ئۇلارغا قارشى
قوزغايدۇ.
12 شەرقتە ئاراملار، غەربتە فىلىستىيەلىكلەر ئېغىزلىرىنى
يوغان ئېچىپ ئىسرائىلىيەنى يۇتۇۋالىدۇ.
شۇنداقتىمۇ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى بېسىلمايدۇ،
ئۇ كۆتۈرگەن قولىنى يەنىلا چۈشۈرمەيدۇ.

13 ئەمما بۇ خەلق جازالانغان تۇرۇقلۇق يەنە توۋا قىلمايدۇ.

قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ يولىغا قايتىشنى
خالىمايدۇ.
14 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار بىر كۈندىلا ئىسرائىللارنىڭ
بېشى ۋە قۇيرۇقىنى،
شۇنداقلا خورما دەرىخى ۋە قومۇشلارنى كېسىپ تاشلايدۇ.
15 ئاقساقاللار ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەرلەر باش بولسا،
ساختا پەيغەمبەرلەر قۇيرۇقتۇر.
16 بۇ خەلقنىڭ ئاقساقاللىرى خەلقنى ئازدۇردى،
ئازدۇرۇلغان بۇ خەلق ۋەيران قىلىندى.
17 ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمانسىز ۋە رەزىلدۇر،
ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن پەقەت ناچار سۆزلەر چىقىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئىگەم ئۇلارنىڭ يىگىتلىرىدىن خۇرسەن
ئەمەس،
ئۇ يېتىم باللار ۋە تۇل ئاياللارغىمۇ ئىچ ئاغرىتمايدۇ.
شۇنداقتىمۇ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى بېسىلمايدۇ،
ئۇ كۆتۈرگەن قولىنى يەنىلا چۈشۈرمەيدۇ.

18 رەزىللىك ئوتقا ئوخشاش كۆيۈپ كېتىدۇ،
ئوت ئازغان ۋە تىكەنلەرنى يالماپ كېتىدۇ.
كېيىن ئۇ قويۇق ئورمانلارغىمۇ تۇتىشىپ،
قويۇق ئىس-تۈتەك بولۇپ، يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىدۇ.
19 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى زېمىننى
كۆيدۈرىدۇ.
بۇ رەزىل خەلق ئوتقا يېقىلغۇ بولىدۇ،
ھېچكىم بىر-بىرىگە ئىچ ئاغرىتمايدۇ.
20 ئوڭ تەرەپتە كىشىلەر گۆش پارچىلايدۇ،
بىراق ئۇلار يەنىلا ئاچ يۈرىدۇ.
سول تەرەپتە كىشىلەر يالماپ يۇتىدۇ،
بىراق يەنىلا تويمايدۇ.
ھەركىم بىر-بىرىنى تالاپ گۆشىنى يەيدۇ.
21 ماناسسە قەبىلىسى ئەفرايىم قەبىلىسىنى يەيدۇ،

ئەفرايىم ماناسسەنى يەيدۇ.
ئۇ ئىككىسى بىرلىشىپ يەھۇدىيەگە قارشى چىقىدۇ.
شۇنداقتىمۇ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى بېسىلمايدۇ،
ئۇ كۆتۈرگەن قولىنى يەنىلا چۈشۈرمەيدۇ.
10 1 ئادالەتسىز قانۇنلارنى تۈزگۈچىلەرنىڭ،
ناھەق تۈزۈملەرنى بېكىتكۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!
2 ئۇلار نامراتلارنى ئادالەتتىن مەھرۇم قىلدى.
خەلقىم ئارىسىدىكى ئاجىزلارنى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى،
ۋە تۇل ئايال ۋە يېتىم بالىلارنى بۇلىدى.
3 سىلەرنىڭ جازالىنىدىغان كۈنۈڭلار كەلگەندە،
يىراقتىن بالا-قازا كەلسە قانداق قىلىسىلەر؟
كىمنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، ياردەم تىلەيسىلەر؟
تولىغان مال-مۈلۈكۈڭلارنى قەيەرگە قويىسىلەر؟
4 ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ باشقا ئەسىرلەرگە ئوخشاش
تىز پۈكۈشتىن باشقا ئامالىڭلار بولمايدۇ
ياكى ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرگە ئوخشاش ئۆلىسىلەر.
شۇنداقتىمۇ، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى بېسىلمايدۇ،
ئۇ كۆتۈرگەن قولىنى يەنىلا چۈشۈرمەيدۇ.

## خۇدانىڭ ئاسسۇرلارنى جازالىشى

5 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئاسسۇرلارنىڭ ھالىغا ۋاي!
ئاسسۇرلار قەھرىمىنىڭ كالتىكى،
غەزىپىمنىڭ تايىقىدۇر.
6 مەن ئاسسۇرلارنى ئىتائەتسىز خەلقنى جازالاشقا ئەۋەتىمەن،
مېنى غەزەپلەندۈرگەن بۇ ئىسرائىل خەلقىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇيمەن.
ئاسسۇرلار ئۇلارنى بۇلاپ، مال-مۈلكىنى ئېلىپ كېتىدۇ،
ئۇلارنى كوچىدىكى پاتقاقنى پېتىقلىغاندەك پېتىقلايدۇ.

7 ئەمما ئاسسۇرىيە پادىشاھى مېنىڭ ئۆزىنى
ئەۋەتىدىغىنىمنى بىلمەيدۇ،
ئۇ كۆڭلىدىمۇ بۇنداق ئويلىمايدۇ.
ئۇ پەقەت ۋەيران قىلىشنى ئويلايدۇ.
ئۇ پەقەت نۇرغۇن ئەللەرنى مەغلۇپ قىلىشنى ئويلايدۇ.
8 ئۇ ماختىنىپ: ‹مېنىڭ سەركەردىلىرىم باشقا
پادىشاھلاردىن يۇقىرىدۇر!
9 بىز كالنو شەھىرىنى خۇددى كاركىمىش شەھىرىدەك
ۋەيران قىلدۇق!
بىز خامات شەھىرىنى خۇددى ئارپاد شەھىرىدەك ۋەيران
قىلدۇق!
بىز يەنە سامارىيە شەھىرىنى خۇددى دەمەشق شەھىرىدەك
ۋەيران قىلدۇق!
10 مېنىڭ قۇدرىتىم بۇتلار قاپلاپ كەتكەن پادىشاھلىقلار
ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.
ئۇلارنىڭ ئويما بۇتلىرى يېرۇسالېم بىلەن سامارىيەنىڭ
بۇتلىرىدىن ئۇلۇغ ئىدى.
11 مەن خۇددى سامارىيە شەھىرىنى ئۇنىڭ بۇتلىرى بىلەن
قوشۇپ ۋەيران قىلغاندەك،
يېرۇسالېمنىمۇ ئۇنىڭ بۇتلىرى بىلەن قوشۇپ ۋەيران
قىلىمەن› دەيدۇ.»

12 پەرۋەردىگار ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولى بىلەن سىئون
تېغى ۋە يېرۇسالېمنى جازالاپ بولغاندىن كېيىن، ئاسسۇرىيە
پادىشاھىنى ماختانچاقلىقى ۋە ھاكاۋۇرلۇقى ئۈچۈن جازالايدۇ.
13 پادىشاھ ماختىنىپ مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئۆز قۇدرىتىم بىلەن بۇ ئىشلارنى قىلدىم،
مەن شۇنداق دانادۇرمەنكى، بۇ ئىشلارنى ئۆز ئەقلىم بىلەن
پىلانلىدىم!
دۆلەتلەر ئارىسىدىكى چېگرالارنى يوقاتتىم،
ئۇلارنىڭ مال-دۇنياسىنى تارتىۋالدىم.

مەن خۇددى كۈچتۈڭگۈر پالۋانلاردەك
ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى تەختلىرىدىن يۇلۇپ تاشلىدىم.
14 مەن خۇددى قۇش چاڭگىسى تاپقاندەك،
بۇ ئەللەرنىڭ بايلىقىنى تاپتىم.
خۇددى چاڭگىدىكى تۇخۇملارنى ئالغاندەك،
بۇ ئەللەرنىڭ بايلىقلىرىنى ئالدىم.
ھېچبىر قۇش ماڭا قارشى قانات قاقالمىدى،
ياكى ماڭا قارشى ۋىچىرلىيالمىدى.»

15 پالتا قانداقمۇ ئۆزىنى ئىشلەتكۈچىگە «مەن سەندىن
كۈچلۈك» دەپ ماختىنالىسۇن؟!
ھەرە قانداقمۇ ئۆزىنى ئىشلەتكۈچىگە «مەن سەندىن
مۇھىم» دېيەلىسۇن؟!
توقماق ئۆزىنى تۇتقۇچىنى قانداقمۇ پۇلاڭلىتالىسۇن؟!
ھاسا قانداقمۇ ئۆزىنى ئىشلەتكۈچىنى كۆتۈرەلىسۇن؟!
16 ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئىگىمىز، يەنى قۇدرەتلىك
سەردار پەرۋەردىگار ئاسسۇرلارنىڭ پالۋانلىرىنى
ئاجىزلاشتۇرىدىغان كېسەل ئەۋەتىدۇ.
ئۇلارنىڭ شۆھرىتىنى لاۋۇلداۋاتقان ئوت يالقۇنى يالماپ
كېتىدۇ.
17 ئىسرائىللارنىڭ نۇرى بولغان پەرۋەردىگار ئوتقا،
ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدا يالقۇنغا ئايلىنىپ،
ئاسسۇرلاردىن ئىبارەت بۇ تىكەن ۋە ئازغانلارنى بىر كۈندىلا
كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.
18 ئاسسۇرلارنىڭ قويۇق ئورمانلىقى ۋە مۇنبەت ئېتىزلىرى
تۈگىشىدۇ.
ئاسسۇرلار خۇددى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ،
ئاجىزلاپ كەتكەن ئادەمدەك بولۇپ قالىدۇ.
19 ئۇلارنىڭ ئورمانلىقىدا دەرەخلەر شۇنچىلىك ئاز قالىدۇكى،
ھەتتا بىر كىچىك بالىمۇ ئۇلارنى سانىيالايدۇ.

## ئىسرائىللارنىڭ قالغان ئاز بىر قىسمىنىڭ قايتىپ كېلىشى

[20] شۇ چاغدا ئىسرائىللارنىڭ قالغان ئاز بىر قىسمى، يەنى
ياقۇپنىڭ ھايات قالغان ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنى مەغلۇپ قىلغان
ئاسسۇرلارغا تايانماستىن، بەلكى پەرۋەردىگارغا، يەنى ئىسرائىللارنى
تاللىغان مۇقەددەس خۇداغا چىن قەلبى بىلەن تايىنىدۇ. [21] ئۇلار
قايتىپ كېلىدۇ. شۇنداق، ياقۇپنىڭ ئامان قالغان بۇ ئاز بىر قىسىم
ئەۋلادلىرى قۇدرەتلىك خۇدانىڭ يولىغا قايتىپ كېلىدۇ. [22] ئەي
ئىسرائىللار، سىلەرنىڭ خەلقىڭلار دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك
كۆپ بولسىمۇ، ئەمما پەقەت ئاز بىر قىسمىڭلارلا يۇرتۇڭلارغا
قايتىپ كېلىسىلەر! چۈنكى سىلەرنىڭ گۇمران بولۇشۇڭلارنى
خۇدا ئاللىقاچان قارار قىلغاندۇر، مانا بۇ ئادالەتتۇر. [23] شۇنداق،
ئىگىمىز، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار پۈتكۈل زېمىنىنى
ئۆزىنىڭ ئالدىن قىلغان قارارى بويىچە گۇمران قىلىدۇ.
[24] شۇڭا ئىگىمىز، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ:
«ئەي سىئوندا ياشاۋاتقان خەلقىم، ئاسسۇرلارنىڭ مىسىرلىقلارغا
ئوخشاش سىلەرنى كالتەك ۋە قامچا بىلەن ئۇرغىنىدىن قورقۇپ
كەتمەڭلار. [25] ئۇزۇن ئۆتمەي مېنىڭ سىلەرگە بولغان غەزىپىم
بېسىلىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئاسسۇرلارغا غەزىپىمنى ياغدۇرۇپ،
ئۇلارنى ۋەيران قىلىمەن. [26] مەنكى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار
ئۇلارنى خۇددى مىديانلارنى ‹ئورىب قورام تېشى›دا قامچىم بىلەن
قاتتىق ساۋىغاندەك ساۋايمەن. ھاسامنى خۇددى سىلەر مىسىردىن
چىققاندا دېڭىزدىن قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگەندە كۆتۈرگەندەك
كۆتۈرىمەن. [27] شۇ كۈنى كەلگەندە، سىلەر ئاسسۇرلارنىڭ زۇلمىدىن
ئازاد بولىسىلەر. بويۇنۇڭلارغا سېلىنغان بويۇنتۇرۇقلار چېقىپ
تاشلىنىدۇ. چۈنكى سىلەر كۈچكە تولدۇڭلار.»

## دۈشمەنلەرنىڭ يېرۇسالېمغا يېقىنلاپ كېلىشى

[28] ئاسسۇرلار ئايىيات شەھىرىگە كېلىدۇ،

مگرون شەھىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ،
مكماس شەھىرىدە لەشكىري لازىمەتلىكلىرىنى قالدۇرۇپ قويىدۇ.
29 ئۇلار تاغ داۋىنىدىن ئۆتۈپ، گەبا شەھىرىدە قونىدۇ.
راماھ شەھىرىنىڭ خەلقى قورقۇشۇپ، تىترەپ كېتىدۇ،
پادىشاھ سائۇلنىڭ گىبېئاھ شەھىرىدىكى خەلقمۇ قېچىپ كېتىدۇ.
30 ئەي گاللىم شەھىرىنىڭ خەلقى، ياردەم چاقىرىڭلار!
ئەي لايشاھ شەھىرىدىكىلەر، سىلەرمۇ ئاڭلاڭلار!
ئەي بىچارە ئاناتوت شەھىرىدىكىلەر!
31 مادمېنا شەھىرىدىكى خەلقلەر قاچىدۇ،
گېبىم شەھىرىدىكىلەر پاناھ جاي ئىزدەيدۇ.
32 بۈگۈن ئاسسۇرلار نوب شەھىرىدە توختايدۇ،
ئۇلار يېرۇسالېمدىكى، يەنى سىئون تېغىدىكى خەلققە مۇشت كۆتۈرىدۇ.

33 قارا، ئىگىمىز، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۆز قۇدرىتى بىلەن
شاخلارنى قىرقىپ تاشلايدۇ،
ئېگىز دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلايدۇ!
ھاكاۋۇر ئاسسۇرلار يەرگە يىقىتىلىدۇ.
34 پەرۋەردىگار ئۇلارنى لىۋاننىڭ ئېگىز دەرەخلىرىنى پالتا بىلەن يىقىتقاندەك يىقىتىدۇ.

## داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن چىققان پادىشاھ

11 1 خۇددى كۆتەكتىن نوتا ئۈنۈپ چىققاندەك،
يېشاينىڭ① يىلتىزىدىن بىر نوتا ئۈنۈپ چىقىپ، مېۋە بېرىدۇ.
2 پەرۋەردىگارنىڭ روھى ئۇنىڭغا چۈشىدۇ.

① 11: 1 يېشاي ـ پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئاتىسى.

بۇ روھ دانالىق، ئىدراك،
نەسىھەت، كۈچ-قۇدرەت،
بىلىم ۋە پەرۋەردىگارغا بولغان ئىخلاسمەنلىك روھىدۇر.
3 ئۇ پەرۋەردىگارغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىدىن شادلىنىدۇ.
ئۇ ئادەملەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ ھۆكۈم چىقارمايدۇ
ياكى پىتنە-ئىغۋالارغا ئاساسەن قارار چىقارمايدۇ.
4 ئۇ كەمبەغەللەر ئۈچۈن ھەققانىيلىق بىلەن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ،
ئاجىزلارغا ئادىللىق بىلەن قارار چىقىرىدۇ.
ئۇ دۇنيانى سۆز تايىقى بىلەن جازالايدۇ،
ئۇ رەزىللەرنى بىر پۈۋلەپلا ھالاك قىلىدۇ.
5 ھەققانىيلىق ئۇنىڭ كەمىرىدۇر،
راستچىللىق ئۇنىڭ بەلبىغىدۇر.

6 شۇ چاغدا بۆرە بىلەن قوزا بىللە ياشايدۇ،
يىلپىز بىلەن ئوغلاق بىللە ياتىدۇ،
شىر بىلەن موزاي ۋە بوردالغان كالا بىرگە يۈرىدۇ،
كىچىك بالا ئۇلارنى يېتىلەپ يۈرىدۇ.
7 كالا بىلەن ئېيىق بىللە ئوتلايدۇ،
ئۇلارنىڭ باللىرى بىللە ياتىدۇ،
شىر كالىغا ئوخشاش سامان يەيدۇ.
8 بوۋاقلار زەھەرلىك يىلان ئۇۋىسى يېنىدا ئوينايدۇ،
باللار زەھەرلىك يىلان ئۇۋىسىغا قولىنى تىقىپ ئوينايدۇ.
9 پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس تېغى سىئوننى ھېچنېمە گۇمران قىلالمايدۇ.
خۇددى دېڭىز سۇغا تولغاندەك،
پۈتۈن يەر يۈزى پەرۋەردىگار ھەققىدىكى بىلىمگە تولىدۇ.

10 شۇ چاغدا يىشاينىڭ ئەۋلادلىرىدىن كېلىپ چىققان بۇ
پادىشاھ تۇغ بولۇپ خەلقنى يېتەكلەيدۇ. باشقا ئەللەر ئۇنىڭ
يېنىغا بېرىشقا ئىنتىلىدۇ. ئۇ تۇرغان يەر شان-شەرەپكە تولىدۇ.
11 شۇ چاغدا ئىگىمىز قولىنى ئىككىنچى قېتىم كۆتۈرۈپ،
ئامان قالغان بۇ ئاز بىر قىسىم خەلقنى قۇتقۇزىدۇ. يەنى ئۇلارنى
ئاسسۇرىيەدىن، شىمالىي ۋە جەنۇبىي مىسىردىن، كۇشتىن،
ئېلامدىن، بابىلدىن، خاماتتىن ۋە ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرىدىن
قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

12 پەرۋەردىگار شۇ ئەللەردە تۇغ چىقىرىپ،
سۈرگۈن قىلىنغان ئىسرائىللارنى يىغىدۇ.
ئۇ يەھۇدىيەنىڭ چېچىلىپ كەتكەن خەلقىنى
يەر يۈزىنىڭ تۆت تەرىپىدىن يىغىپ كېلىدۇ.
13 ئىسرائىلىيەلىكلەر يەھۇدىيەلىكلەرگە ھەسەتخورلۇق
قىلمايدىغان بولىدۇ،
يەھۇدىيەلىكلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشمۇ توختايدۇ.
ئىسرائىلىيەلىكلەر يەھۇدىيەلىكلەرگە ھەسەت قىلمايدىغان
بولىدۇ،
يەھۇدىيەلىكلەرمۇ ئىسرائىلىيەلىكلەرگە زىيانكەشلىك
قىلىشنى توختىتىدۇ.
14 ئىسرائىلىيەلىكلەر بىلەن يەھۇدىيەلىكلەر بىرلىشىپ،
غەربتىكى فىلىستىيەلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ.
ئۇلار ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى خەلقلەرنى تالان-
تاراج قىلىدۇ.
ئۇلار ئىدوم ۋە موئابلارنى بويسۇندۇرىدۇ،
ئامونلار ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدۇ.
15 پەرۋەردىگار مىسىر دېڭىزىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتىۋېتىدۇ،
ئۇ فىرات دەرياسىدا ئىسسىق شامال چىقىرىپ،
كىشىلەرنىڭ ئاسان مېڭىپ ئۆتۈشى ئۈچۈن ئۇنى يەتتە
تارماق ئېقىنغا ئايرىۋېتىدۇ.

16 خۇددى ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندا بىر يول
ئېچىلغاندەك،
پەرۋەردىگارنىڭ ئامان قالغان ئاز بىر قىسىم خەلقىگىمۇ
ئاسسۇرىيەدىن بىر يول ئېچىلىدۇ.

## مەدھىيەلەر

12 1 شۇ چاغدا يېرۇسالېم خەلقى مۇنداق دەيدۇ:
«شۈكۈر ئېيتىمەن ساڭا پەرۋەردىگار.
گەرچە سەن ماڭا غەزەپلەنگەن بولساڭمۇ،
يېنىپ ھازىر سەن غەزىپىڭدىن بەردىڭ ماڭا تەسەللى.
2 بەرھەق، خۇدا قۇتقۇزغۇچىمدۇر!
ئۇ مېنىڭ ئىشەنچىمدۇر، قورقمايمەن ھېچنىمىدىن.
چۈنكى پەرۋەردىگار، پەرۋەردىگار مېنىڭ مۇناجاتىم ۋە
كۈچ-قۇدرىتىمدۇر،
ئۇ مېنىڭ ھەم نىجاتكارىمدۇر.»

3 سىلەر خۇشاللىق بىلەن نىجاتلىق قۇدۇقىدىن سۇ ئېلىڭلار.
4 ئۇ كۈنى سىلەر مۇنداق دەيسىلەر:
«شۈكۈر ئېيتىڭلار پەرۋەردىگارغا،
مەدھىيە ئوقۇڭلار ئۇنىڭ نامىغا.
ئۇنىڭ قىلغان بۈيۈك ئىشلىرىنى جاكارلاڭلار بارچە
ئەللەرگە،
ئۇنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈڭلار ئۇلارغا!
5 ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار پەرۋەردىگارغا،
چۈنكى ئۇ قىلدى ئاجايىپ ئىشلارنى.
جاكارلانسۇن بۇ ئىشلار ھەم پۈتۈن يەر يۈزىگە!
6 ئەي سىئون خەلقى،
ياڭرىتىڭلار بار ئاۋازىڭلار بىلەن شادلىق مەدھىيەسىنى،
چۈنكى ئۇلۇغدۇر بىز ئىسرائىللارنى تاللىغان،
ئارىمىزدا بولىدىغان مۇقەددەس پەرۋەردىگار.»

## مەدىيالىقلارنى بابىللىقلارغا
## ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرىش

13 1 ئاموزنىڭ ئوغلى يەشاياغا بابىل توغرىسىدا ۋەھىي كەلدى.
2 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەر چاقىرىق قىلىش ئۈچۈن تاقىر تاغدا تۇغ تىكلەڭلار،
قوللىرىڭلارنى پۇلاڭلىتىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇلارغا
چاقىرىق قىلىڭلار.
ئۇلار ھاكاۋۇر شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىغا ھۇجۇم قىلسۇن!
3 مەن ئۆزۈم تاللىغان قوشۇنۇمغا پەرمان قىلدىم،
غەزىپىمنى ياغدۇرۇش ئۈچۈن لەشكەرلىرىمگە چاقىرىق
قىلدىم،
لەشكەرلىرىم غەلىبەمدىن شادلىنىدۇ.»

4 ئۇلاق سىلىڭلار تاغلاردىن كەلگەن سادالارغا،
ئۇ غايەت زور خەلقنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىگە ئوخشايدۇ،
قۇلاق سىلىڭلار پادىشاھلىقلاردىكى نەرە تارتقان ئاۋازلارغا،
نۇرغۇن ئەللەرنىڭ بىرلىشىشىدىن يىغىلغان ئاۋازلارغا،
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن
توپلاۋاتىدۇ.
5 ئۇلار يىراق يەردىن كېلىدۇ، زېمىننىڭ ئۇ چېتىدىن
كېلىدۇ.
پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ غەزەپلىك قوراللىرى بىلەن
كېلىۋاتىدۇ،
پۈتۈن زېمىننى گۇمران قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ.

6 ھەممىڭلار پەرياد چېكىسلەر!
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنىنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئاز
قالدى.
ئۇ كۈن ھەممىگە قادىر خۇدا ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان
كۈن بولىدۇ.

7 ھەممە ئادەمنىڭ پۇت-قوللىرىدا جان قالمايدۇ،
ھەممە ئادەمنىڭ يۈرەكلىرى سۇ بولۇپ كېتىدۇ.
8 ئۇلار ئالاقزادىلىكتە قالىدۇ،
ئازاب ۋە غەم-غۇسسە ئۇلارنى چىرمىۋالىدۇ.
ئۇلار تولغاق ئازابىدىكى ئايالدەك قاتتىق ئازابقا دۇچار
بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئېلىپ،
بىر-بىرىگە ۋەھىملىك ھالدا قارايدۇ.

9 قاراڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنى كېلەي دەپ قالدى.
بۇ شەپقەتسىز كۈن چەكسىز غەزەپ ۋە رەھىمسىزلىككە
تولغاندۇر.
ئۇ زېمىننى خارابىلىككە ئايلاندۇرىدۇ ۋە گۇناھكارلارنى
گۇمران قىلىدۇ.
10 ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ۋە يۇلتۇز تۈركۈملىرى ئۆز
يورۇقلۇقىنى چۈشۈرمەيدۇ.
قۇياش قاپقارا بولۇپ چىقىدۇ،
ئايمۇ يورۇقلۇق بەرمەيدۇ.

11 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن دۇنيانى ئۆزىنىڭ رەزىللىكى ئۈچۈن جازالايمەن،
رەزىل ئادەملەرنى ئۆز گۇناھى ئۈچۈن جازالايمەن.
مەن كۆرەڭلەپ، مەغرۇرلانغانلارنى پەسلەشتۈرىمەن.
شەپقەتسىزلەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى يەرگە ئۇرىمەن.
12 مەن ئىنسانلارنى زېمىندا ئازايتىمەن،
ئۇلار ئالتۇندىنمۇ تەستە تېپىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ
قالىدۇ.
ئادەملەرنى ئوفىرنىڭ ئالتۇنلىرىدەك ئازايتىمەن.
13 بۇ مېنىڭ ئاسماننى تىترىتىپ، زېمىننى تەۋرىتىپ،
ئۆز ئورنىدىن قوزغىتىشىمنىڭ سەۋەبىدۇر.
شۇ كۈنى مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار

ھەممىگە رەھىمسىزلەرچە غەزىپىمنى چاچىمەن.

14 شۇ كۈنى ئەھۋال شۇنداق بولىدۇكى،
جەرەن ئوۋچىدىن قاچقاندەك، قويلار پىترىپ كەتكەندەك
ھەممە ئادەم ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ ۋە ئۆز زېمىنىغا قاچىدۇ.
15 بايقالغانلارنىڭ ھەممىسىگە نەيزە سانجىلىدۇ،
تۇتۇلغانلارنىڭ ھەممىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.
16 ئۇلارنىڭ ئۇششاق باللىرى كۆز ئالدىدىلا يەرگە ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈلىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى بۇلاپ-تالىنىدۇ، ئاياللىرى دەپسەندە
قىلىنىدۇ.

17 مەن مىدىيالىقلارنى بابىللىقلارغا قارشى ئاتلاندۇرىمەن.
ئۇلار كۈمۈشكە قىزىقمايدۇ، ئالتۇنغا قاراپمۇ قويمايدۇ.
18 ئۇلار ئوقيالىرى بىلەن يىگىتلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ.
ئۇلار بوۋاقلارغا ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرمايدۇ،
باللارغا رەھىم-شەپقەت قىلمايدۇ.»

19 بابىل باشقىلار ئەڭ ھەۋەسلەنگەن پادىشاھلىق ئىدى.
بابىللىقلارنىڭ شان-شۆھرىتى ۋە ئىپتىخارى ئىدى.
ئۇ خۇددى سودوم ۋە گومورادەك
خۇدا تەرىپىدىن گۇمران قىلىنىدۇ.
20 بۇ يەردە ئەمدى ئادەم تۇرمايدۇ،
كەلگۈسىدىكى ئىنسانلارمۇ بۇ يەردە ياشىمايدۇ.
كۆچمەن خەلقلەر بۇ يەرگە كەپىلىرىنى قۇرمايدۇ،
پادىچىلارمۇ قويلىرىنى بۇ يەردە باقمايدۇ.
21 بۇ يەر چۆل جانلىقلىرىنىڭ ماكانىغا ئايلىنىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ھۇۋقۇشلار تولۇپ كېتىدۇ.
ئۇ يەردە تۆگىقۇشلار ياشايدۇ،
ياۋايى ئۆچكىلەر تاقلاپ يۈرىدۇ.
22 بابىلنىڭ قورغانلىرىدا ياۋايى ئىتلار ھۇۋلىشىپ يۈرىدۇ.

كۆركەم ئوردىلىرىدا چىلبۆرىلەر يايراپ يۈرۈشىدۇ.
بابىلنىڭ ۋاقتى توشۇپ قالدى،
ئۇنىڭغا ئەمدى ئۇزۇن ۋاقىت بېرىلمەيدۇ.

## ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز زېمىنلىرىغا قايتىشى

14 1 پەرۋەردىگار ياقۇپ ئەۋلادلىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ،
ئىسرائىللارنى قايتىدىن يەنە ئۆزىنىڭ خەلقى قىلىپ
تاللايدۇ. پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۆز زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ،
شۇنداقلا باشقا خەلقلەر كېلىپ ياقۇپ ئەۋلادلىرىغا قوشۇلۇشنى
ئۈمىد قىلىدۇ. 2 ئۇ خەلقلەر ئىسرائىللارنى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئۆز
زېمىنىغا باشلاپ كېلىدۇ. ئىسرائىللارنىڭ زېمىنىغا ياشاش ئۈچۈن
كەلگەن بۇ خەلقلەر ئىسرائىللارغا خىزمەت قىلىدۇ. ئىسرائىللار
بۇرۇن ئۆزلىرىنى ئەسىر قىلغانلارنى ئەسىر قىلىدۇ، ئۆزلىرىنى
ئەزگەنلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

## بابىل پادىشاھىنىڭ تۈگىشى

3 پەرۋەردىگار سىلەرنى ئازاب-ئوقۇبەتتىن، قالايمىقانچىلىقتىن،
رەھىمسىز قۇللۇقنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرغان كۈندە، 4 سىلەر
بابىل پادىشاھىنى بۇ سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلىسىلەر:
بۇ زوراۋان پادىشاھ تۈگەشتى!
ئۇنىڭ مۇشتۇمزورلۇقى ئاخىرلاشتى!
5 پەرۋەردىگار رەزىللەرنىڭ كۈچىنى بىتچىت قىلدى،
زوراۋان ھۆكۈمدارلارنىڭ سەلتەنەت ھاسىلىرىنى
سۇندۇردى.
6 ئۇلار قەھر-غەزەپ بىلەن توختىماي ھۇجۇم قىلىپ،
ئەللەرنى يوقاتقان،
خەلقلەرگە قەھر-غەزەپ بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ،
ئۇلارنى ھېسابسىز ئەزگەندى.
7 ئەمما ھازىر پۈتكۈل زېمىن تىنچلىنىپ، ئارام تاپتى.
خەلقلەر خۇشاللىق بىلەن تەنتەنە قىلدى.

8 ئەي بابىل پادىشاھى، لىۋانىنىڭ قارىغاي ۋە كېدىر دەرەخلىرى
سېنىڭ ئاقىۋىتىڭدىن چەكسىز شادلىنىدۇ.
ئۇلار: «سەن يوقالغاندىن كېيىن، ھېچكىم كېلىپ بىزنى كەسمەيدۇ» دەيدۇ.

9 يەر ئاستىدىكى ئۆلۈكلەر دۇنياسى ھاياجانلىنىپ، سېنى خۇشال قارشى ئالىدۇ.
بۇرۇن يەر يۈزىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلار ئويغىنىدۇ،
بۇرۇنقى پادىشاھلار چىرىگەن تەختلىرىدىن قوپۇپ سېنى كۈتۈۋالىدۇ.
10 ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
«سەنمۇ بىزدەك بىچارە بولۇپ، سېپىمىزگە قېتىلدىڭ!»
11 سېنىڭ ھەيۋەڭ سەن بىلەن بىرگە ئۆلۈكلەر دۇنياسىغا كىرىپ كەتتى.
سېنىڭ چىلتارىڭنىڭ ئاۋازىمۇ سەن بىلەن بىرگە دەپنە قىلىندى.
سەن ئەمدى قۇرت-قوڭغۇزلارنى سېلىنچا ۋە يېپىنچا قىلىسەن.

12 سەن قانداق بولۇپ كۆكتىن يىقىلدىڭ؟!
سەن ئاسماندىكى يورۇق يۇلتۇز، تاڭنىڭ نۇرى ئەمەسمىدىڭ؟!
قانداق بولۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتىڭ؟!
سەن يەر يۈزىدىكى دۆلەتلەرنى گۇمران قىلغان ئەمەسمىدىڭ؟!
13 سەن ئۆز-ئۆزۈڭگە شۇنداق دېگەنىدىڭ:
«مەن ئەرشكە چىقىپ، خۇدانىڭ يۇلتۇزلىرىنىڭ ئۈستىگە تەخت قۇرىمەن.
مەن ھامان ئىلاھلار يىغىلىدىغان شىمالدىكى تاغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن.

14 مەن بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇلۇغ خۇداغا
ئايلىنىمەن!»
15 ئەمما سەن ئۆلۈكلەر دۇنياسىغا تاشلاندىڭ،
ئۆلۈكلەر دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاراڭغۇ يېرىگە
تاشلاندىڭ.
16 ئۇ يەردە سېنى كۆرگەنلەر ساڭا تىكىلىپ قارايدۇ
ۋە ساڭا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئويلاپ مۇنداق دەيدۇ:
«بۇ ئادەم يەر يۈزىنى تەۋرەتكەن ۋە پادىشاھلىقلارنى
تىترەتكەن ھېلىقى ئادەم ئەمەسمۇ؟
17 بۇ ئادەم دۇنيانى قاقاسلىققا ئايلاندۇرغان،
شەھەرلەرنى خاراب قىلغان ئەمەسمىدى؟
ئەسىرلەرنى قاماپ قويۇپ، ئۆيلىرىگە قايتۇرمىغان
ئەمەسمىدى؟»

18 باشقا ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرى شان-شۆھرەتتە بىلەن ئۆز
قەبرىسىدە ياتىدۇ.
19 ئەمما سەن خۇددى قەدىرسىز شاخ-شۇمبىدەك قەبرەڭدىن
تارتىپ چىقىرىلىسەن.
سېنىڭ جەسىتىڭ ئۇرۇشتا ئۆلگەن ۋە دەسسەپ چەيلەنگەن
جەسەتلەر بىلەن بىرگە جەسەت ئازگاللىرىغا
تاشلىۋېتىلىدۇ.
20 سەن باشقا پادىشاھلارغا ئوخشاش دەپنە قىلىنمايسەن،
چۈنكى سەن ئۆز زېمىنىڭنى ۋە خەلقىڭنى ۋەيرانچىلىققا
دۇچار قىلدىڭ.
بۇنداق رەزىللەرنىڭ ئەۋلادى مەڭگۈ تىلغا ئېلىنمىسۇن!
21 بۇ ئادەمنىڭ ئوغۇللىرىنى يوقىتىشقا تەييار تۇرۇڭلار.
ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلسۇن.
ئۇلار يەنە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، يەر يۈزىنى
ئىشغال قىلىۋالمىسۇن.
يەر يۈزىنى ئۆز شەھەرلىرى بىلەن تولدۇرمىسۇن!

22 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بابىل شەھىرىگە قارشى ئورنىدىن تۇرىمەن،
ئۇنىڭ نامىنى، قېلىپ قالغان خەلقىنى ۋە ئۇلارنىڭ
ئەۋلادلىرىنى يوقىتىمەن.»
23 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بابىلنى ھۇۋقۇشلار ماكانىغا،
شۇنداقلا سازلىقلار ئايلاندۇرىمەن.
مەن خۇددى ئەخلەتنى سۈپۈرۈپ تاشلىغانغا ئوخشاش
بابىلنى سۈپۈرۈپ تاشلايمەن.»

## ئاسسۇرىيەنى جازالاش توغرىسىدىكى ۋەھىي

24 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار قەسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
«بۇ ئىشلار خۇددى مەن بۇرۇنلا ئىرادە قىلغىنىمدەك يۈز بېرىدۇ.
مەن قانداق بولۇشنى ئىرادە قىلغان بولسام، ئىشلار شۇنداق بولىدۇ.
25 مەن ئۆز خەلقىمنىڭ زېمىنىدا ئاسسۇرلارنى كۇكۇم-تالقان قىلىمەن،
خەلقىمنىڭ تاغلىرىدا ئۇلارنى دەسسەپ چەيلەيمەن.
ئۇلارنىڭ سالغان قۇللۇق بويۇنتۇرۇقى خەلقىمنىڭ بويىنىدىن يۇلۇپ تاشلىنىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكى خەلقىمنىڭ زىممىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.
26 بۇ مېنىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىگە قىلغان ئىرادەم.
مېنىڭ قولۇم پۈتكۈل ئەللەرگە سوزۇلۇشقا تەييار.»
27 بەرھەق، قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئىرادە قىلسا،
كىم ئۇنى توسالايدۇ؟
ئۇنىڭ قوللىرى گۇمران قىلىشقا تەييارلانسا،
كىم ئۇنى توختىتالايدۇ؟

## فىلىستىيەنى جازالاش توغرىسىدىكى ۋەھىي

28 پادىشاھ ئاھاز ئۆلگەن يىلى پەرۋەردىگاردىن ۋەھىي كەلدى:
29 «ئەي فىلىستىيەلىكلەر، سىلەر: ‹بىزنى ئۇرىدىغان كالتەك سۇندى› دەپ،
ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمەڭلار!
كېيىن چىققان يىلان زەھەرلىك يىلاندۇر.
ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان يىلان تېخىمۇ زەھەرلىك ئۇچار يىلاندۇر.
30 پېقىر-مىسكىنلەرگە يەيدىغان نېسىۋە بېرىلىدۇ،
موھتاجلارمۇ خاتىرجەم ياتىدۇ.
لېكىن مەن پەرۋەردىگار ئاچارچىلىق بىلەن يىلتىزلىرىڭلارنى قۇرۇتىمەن،
ھەممىڭلارنى قىرىپ تاشلايمەن.
31 ئەي فىلىستىيەلىكلەر، دەرۋازىلىرىڭلاردا ئولتۇرۇپ نالە-پەرياد قىلىڭلار!
شەھەرلىرىڭلاردا ئۆكسۈپ يىغلاڭلار!
ئەي پۈتكۈل فىلىستىيەلىكلەر، ۋەھىمىگە پېتىڭلار!
شىمال تەرەپتىن چاڭ-توزان توزۇتۇپ بىر قوشۇن كېلىدۇ.
ئۇنىڭ بىرمۇ لەشكىرى سەپتىن چۈشۈپ قالمايدۇ.
32 فىلىستىيەلىكلەرنىڭ يېرۇسالېمغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىگە قانداق جاۋاب بېرىلىدۇ؟
ئۇلارغا مۇنداق دەيمىز: ‹پەرۋەردىگار سىئوننى مۇستەھكەم شەھەر قىلىپ قۇردى،
ئۇنىڭ جاپاكەش خەلقى ئۇ يەردە پاناھلىق تاپىدۇ.›»

## موئابنى جازالاش توغرىسىدىكى ۋەھىي

15 1 بۇ موئاب توغرىسىدىكى ۋەھىيدۇر:
موئابتىكى ئار شەھىرى بىر كېچىدىلا خارابىلىككە ئايلاندۇرۇلۇپ، گۇمران قىلىنىدۇ!

موئابتىكى قىر شەھىرى بىر كېچىدىلا خارابىلىككە
ئايلاندۇرۇلۇپ، گۇمران قىلىنىدۇ!
2 موئابتىكى دىبون شەھىرىنىڭ خەلقى ئۆز بۇتخانىسىغا
بارىدۇ،
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەجدىگاھلىرىغا بېرىپ نالە-پەرياد
قىلىشىپ يىغلىشىدۇ.
موئابلار نىبو ۋە مېدىبا شەھەرلىرى ئۈچۈن ھازا
ئېچىشىدۇ.
ئۇلار مۇسىبەتتە چاچ-ساقاللىرىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ.
3 ئۇلار ماتەملىك كىيىم كىيىپ، كوچىلاردا ھازا تۇتىدۇ.
ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە ۋە شەھەر مەيدانلىرىدا ھەممە
ئادەم نالە-پەرياد قىلىپ ھازا ئېچىشىدۇ،
ئۇلارنىڭ يۈزلىرى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلىدۇ.
4 خەشبون ۋە ئەلئالى شەھەرلىرىنىڭ خەلقلىرى ياردەم
تىلەپ يىغلىشىدۇ،
ئۇلارنىڭ يىغا-زار ئاۋازلىرىنى يىراقتىكى ياھاز
شەھىرىدىمۇ ئاڭلىغىلى بولىدۇ.
شۇڭا موئاب لەشكەرلىرى قورقۇنچتىن چۇقان سېلىشىپ،
تىترەپ كېتىشىدۇ.

5 مەنمۇ موئاب ئۈچۈن يىغلايمەن.
ئۇنىڭ ئاھالىلىرى زوئار ۋە ئەگلات-شىلىشىيا
شەھەرلىرىگە قاچىدۇ.
ئۇلار ئېگىزلىكتىكى لۇخىت شەھىرىگە بارغۇچە يىغلاپ
ماڭىدۇ.
خورونايىم شەھىرىگە بارغۇچە ۋەيران بولغانلىقلىرىدىن
نالە-پەرياد قىلىپ مېڭىشىدۇ.
6 نىمرىم بۇلاقلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ،
ئوت-چۆپلەرمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ،
يۇمران مايسىلارمۇ سولىشىدۇ،
ھەممە يەر قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ.

7 ئۇلار ئۆزلىرى توپلىغان ۋە ساقلاپ قالغان بايلىقلىرىنى
ئېلىپ،
سۆگەت جىلغىسىدىن① ئۆتۈپ قاچىدۇ.
8 موئاب زېمىنىدىن ئۇلارنىڭ نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلىغىلى
بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ نالە-زارى ئەگلايىم شەھىرىگىچە يېتىپ بارىدۇ.
ئۇلارنىڭ داد-پەريادلىرىنى بەئەر-ئېلىم شەھىرىدىنمۇ
ئاڭلىغىلى بولىدۇ.
9 دىمون شەھىرىنىڭ دەريالىرى قان بىلەن بويىلىدۇ.
شۇنداق، پەرۋەردىگار دىمون شەھىرىنىڭ پۇقرالىرىغا
تېخىمۇ كۆپ ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ.
موئاب زېمىنىدا قېلىپ قالغان ئادەملەر ۋە قېچىپ كەتكەنلەر
شىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ.

16 1 سەلا شەھىرىدىن چىقىپ، چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ،
سىئون تېغىغا بېرىپ،
زېمىننىڭ ھۆكۈمرانىغا قوينىڭ قوزىلىرىنى تارتۇق
قىلىڭلار.
2 موئابلىق ئاياللار ئارنون دەرياسىنىڭ كېچىكىدىن كېچىپ
ئۆتىدۇ.
ئۇلار خۇددى ئۇۋىسىدىن قوغلانغان قۇشلارغا ئوخشايدۇ.
3 ئۇلار مۇنداق دەيدۇ:
«نېمە قىلىشىمىزنى بىزگە ئېيتىڭلار، بىزنى قوغداڭلار!
سىلەرنىڭ پاناھلىقىڭلار خۇددى چىڭقى چۈشتىكى سايىگە
ئوخشايدۇ،
بىزدەك قوغلانغانلارنى ئۆز پاناھىڭلارغا ئېلىڭلار،
بىزدەك پاناھلىق تىلىگۈچىلەردىن يۈز ئۆرۈمەڭلار!
4 موئابتىن سەرسان بولۇپ كەلگەن بىزلەرنى ئۆزۈڭلار بىلەن
بىرگە تۇرۇشقا يول قويۇڭلار،
بىزنى ھالاك قىلماقچى بولغانلاردىن قوغداپ قېلىڭلار.»

① 15: 7 سۆگەت جىلغىسى ـ موئاب بىلەن ئېدومنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا.

زالىملار چوقۇم يوقىلىدۇ،
ۋەيرانچىلىق ئاخىرلىشىدۇ،
تاجاۋۇزچىلار زېمىندىن يوقىلىدۇ،
5 ئۇ چاغدا پەرۋەردىگار ئىشەنچلىك بىر پادىشاھنى
تىكلەيدۇ.
ئۇ پادىشاھ داۋۇت پادىشاھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولىدۇ.
ئۇ رەھىم-شەپقەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق
قىلىدۇ.
ئۇ دائىم ئادىل ۋە توغرا ئىشلارنى قىلىدۇ.

6 بىز موئابلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى ئاڭلىغان، ئۇلار شۇنداق
ھاكاۋۇر ئىدىغۇ!
ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق، كىبىرلىك قىلىپ كۆرەڭلەپ
كەتكەندى.
ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى چوڭ چاغلىغىنى بىكار بولدىغۇ!
7 شۇ سەۋەبتىن موئابلار ئۆزلىرى ئۈچۈن نالە-پەرياد
قىلىشىدۇ،
ھەممىسى نالە-پەرياد قىلىشىدۇ.
ئۇلار قىرخارەسەتنىڭ كىشمىشلىرىنى ئەسلىشىپ
ھەسرەتلىنىدۇ، ھازا تۇتۇشىدۇ.
8 خەشبون شەھىرىنىڭ دالالىرىدىكى زىرائەتلەر قۇرۇپ
كېتىدۇ.
سىبماھ شەھىرىدىكى باراقسان ئۈزۈمزارلىقلارمۇ يوقىلىدۇ.
يات ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنى كېسىپ تاشلايدۇ.
بۇ ئۈزۈمزارلىقلار يازېر شەھىرىدىن ئۆتۈپ چۆللەرگىچە
تۇتاشقانىدى،
ئۇلارنىڭ شاخلىرى دېڭىزغىچە يېتىپ بېرىپ،
باراقسانلاشقانىدى.
9 شۇڭا مەن يازېر بىلەن سىبماھتىكى ئاشۇ ئۈزۈمزارلىقلار
ئۈچۈن يىغلايمەن.

ئەي خەشبونلۇقلار ۋە ئەلئاللىقلار، سىلەر كۆز ياشلىرىمدا
بوغۇلىسىلەر.
سىلەرنىڭ مېۋىلىرىڭلار ۋە زىرائىتىڭلاردىن مول هوسۇل
ئالغان چاغدىكى شادلىقىڭلار يوقايدۇ.
10 باغلىرىڭلاردىن شادلىقىڭلار ۋە خۇشال كۈلكەڭلار يوقىلىدۇ،
ئۈزۈمزارلىقىڭلاردا ھېچكىم ناخشا ئېيتمايدۇ،
شادلىق سادالىرى توختايدۇ.
ھېچكىم ئۈزۈملەرنى ئېزىپ، ئۈزۈم شارابى ياسمايدۇ.
سىلەرنىڭ خۇشال سادالىرىڭلار ئاخىرلىشىدۇ.
11 شۇ سەۋەبتىن مېنىڭ يۈرىكىم موئابلار ئۈچۈن خۇددى لىرا
چالغاندەك بوزلايدۇ.
قىرخەرەس شەھىرىنىڭ خەلقى ئۈچۈن زارلانماقتىمەن.
12 موئابلار ئۆزلىرىنىڭ سەجدىگاھلىرىدىكى بۇتلارغا
چوقۇنغىلى بېرىشىپ، ئۆزلىرىنى بىكار ئاۋارە
قىلىشىدۇ.
ئۇلار بۇتخانىلىرىغا بېرىپ دۇئا قىلسا، قىلغان دۇئالىرىنىڭ
نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟

13 يۇقىرىدىكى ۋەقەلەر پەرۋەردىگارنىڭ موئابلارغا بەرگەن ئالدىن
بېشارىتىدۇر. 14 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «دەل ئۈچ يىلدىن كېيىن
موئابلارنىڭ شۆھرىتى ئاخىرلىشىدۇ. گەرچە ئۇلار شۇنچە كۆپ
بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ساناقلىقلا ئادەم قالىدۇ، ئۇلار شۇنچە
بىچارە بولۇپ قالىدۇ.»

## ئاررام ۋە ئىسرائىلىيەنى جازالاش توغرىسىدىكى ۋەھىي

# 17

1 بۇ دەمەشق توغرىسىدىكى ۋەھىيدۇر:
«دەمەشق شەھىرى پات ئارىدا يوقىلىدۇ،
ئۇ ۋەيرانە خارابىلىككە ئايلىنىدۇ!
2 خەلق ئاروئېرنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى تاشلايدۇ.
بۇ شەھەرلەر چارۋىلارنىڭ ياتىدىغان يېرىگە ئايلىنىدۇ.

ھېچكىم ئۇلارنى بۇ يەردىن قوغلىمايدۇ، ئۈركۈتمەيدۇ.
3 شىمالدىكى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىنىڭ مۇستەھكەم
شەھەرلىرى ھەم دەمەشق پادىشاھلىقى يوقىلىدۇ.
ھايات قالغان ئارراملارنىڭ ئاقىۋىتى
ئىسرائىلىيەدىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش
شەرمەندىلىك بولىدۇ!
بۇ مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر.»

4 «شۇ چاغدا ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ شۆھرىتى تۈگەيدۇ.
خۇددى قاۋۇل ئادەم ئورۇقلاپ كەتكەندەك بولىدۇ.
5 ئۇنىڭ پۈتكۈل زېمىنى ھوسۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىنكى
ئېتىزلىقتا ئوخشاپ قالىدۇ.
ئۇ يەرلەر زىرائەتلەر يىغىۋېلىنغاندىن كېيىنكى رافاھلار
جىلغىسىدەك قاقاس بولۇپ قالىدۇ.
6 مېۋىلىرى قېقىۋېلىنغان زەيتۇن دەرىخىنىڭ شاخلىرىدا
قېلىپ قالغان نەچچە تال زەيتۇندەك،
شاخلاردا قالغان تۆت-بەش تال مېۋىدەك پەقەت ساناقلىقلا
ئادەم قالىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان
خۇدانىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

7 شۇ چاغدا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىغا يۈزلىنىدۇ،
ئۇلار ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇداغىلا تايىنىدۇ.
8 شۇ چاغدا ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىغان بۇتلارغا
چوقۇنمايدىغان
ياكى ئۆزلىرى ياسىغان ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىغا
ئىلتىجا قىلمايدىغان،
ھەمدە ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىغان كۆجە سۇپىلىرىدا
ئىلاھلىرىغا كۆجە كۆيدۈرمەيدىغان بولىدۇ.

[9] بۇ چاغدا ئىسرائىللارنىڭ مۇستەھكەم شەھەرلىرى تاشلاندۇق
خارابىلىككە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇ شەھەرلەر ئىلگىرى خەلقلىرى
ئىسرائىللارنىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىپ، تاشلاپ كەتكەن شەھەرلەردەك
ئادەمسىز قالىدۇ.

[10] چۈنكى سىلەر ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزغان خۇدانى ئۇنتۇپ
قالدىڭلار،
پاناھلانغان قورام تاشنى ئۇنتۇپ قالدىڭلار.
مەيلى سىلەر ئەڭ ئېسىل دەرەخلەرنى تىككەن بولۇڭلار
ياكى ئۈزۈمزارلىقلارنى بەرپا قىلغان بولۇڭلار،
[11] مەيلى ئۇلار تىكىلگەن كۈنى كۆكلىگەن بولسۇن
ياكى شۇ كۈنى ئەتىگەندە بىخ چىقارغان بولسۇن،
بەربىر شۇ ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈن كەلگەندە،
سىلەرنىڭ ھوسۇلۇڭلار يوقىلىدۇ.

[12] ئاڭلاڭلار، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرى دېڭىز
شاۋقۇنىدەك نەرە تارتىۋاتىدۇ.
قۇدرەتلىك قوشۇنلارنىڭ دېڭىز شاۋقۇنىدەك سۈرەن سېلىپ
كېلىۋاتقىنىغا قۇلاق سېلىڭلار!
[13] گەرچە ئۇلار دېڭىز شاۋقۇنىدەك سۈرەن سېلىپ
كەلسىمۇ،
لېكىن ئۇلار خۇدانىڭ ئەيىبلىشى بىلەن يىراقلارغا قېچىپ
كېتىدۇ.
ئۇلار خۇددى ئېدىرلىقتىكى شامال ئۇچۇرغان ساماندەك،
بوران ئۇچۇرغان توزاندەك قېچىپ كېتىدۇ.
[14] كەچ كىرگەندە ئىسرائىللارنى ۋەھىمە باسقان بولسا،
تاڭ ئاتقۇچە دۈشمەن غايىب بولىدۇ.
مانا بۇ بىزنى تالان-تاراج قىلغانلارنىڭ تەقدىرى،
بىزنى بۇلىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى.

## كۇشقا يەتكۈزۈلگەن ۋەھىي

18 [1] نىل دەرياسىنىڭ قارشى تەرىپىدە، يەنى ھاشاراتلار
قاناتلىرىنى ئۆرۈپ غوڭۇلدايدىغان يەردە ياشايدىغان
كۇشلارنىڭ ھالىغا ۋاي!
[2] ئۇلار قومۇشتا ياسالغان كېمىلەر بىلەن دەريا ئارقىلىق
ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىدۇ.
ئەي يەلتاپان خەۋەرچىلەر، زېمىنلىرى دەريا ئارقىلىق
ئايرىلىپ تۇرىدىغان،
تېرىلىرى سىلىق، بويلىرى ئېگىز بولغان ئەلگە بېرىڭلار.
يېقىن-يىراقتىكىلەرنى قورقۇتقان ئەلگە،
كۈچلۈك ۋە ئىشغالىيەتچى ئەلگە بېرىڭلار.

[3] ئەي دۇنيادىكى بارلىق ئەللەر، زېمىندا ياشاۋاتقان بارلىق
خەلقلەر،
سىلەر تاغدا كۆتۈرۈلگەن بىر تۇغنى كۆرگەندە ئاگاھ
بولۇڭلار!
سىلەر بۇرغىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ئاگاھ بولۇڭلار!
[4] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
«مەن ئۆز جايىمدا ھەممە ئىشنى كۆزىتىپ تۇرىمەن.
مەن تومۇز كۈنلىرىدىكى ئىسسىق ھاۋادەك،
ھوسۇل مەزگىلىدە ئەتىگىنى چۈشكەن شەبنەمدەك
تىنچ تۇرىمەن.»
[5] ھوسۇل مەزگىلىدىن بۇرۇن چېچەكلەر توزۇپ، ئۈزۈملەر
پىشاي دېگەندە،
پەرۋەردىگار يۇمران شاخلارنى كېسىپ تاشلايدۇ،
قاتار كەتكەن بوك-باراقسان ئۈزۈم باراڭلىرىنى چېپىپ
تاشلايدۇ.
[6] جەسەتلەر تاغدىكى قاغا-قۇزغۇنلار ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارغا
قالىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن قاغا-قۇزغۇنلار يازدا ئوزۇقلۇقتىن،

يىرتقۇچ هايۋانلار قىشتا ئاچ قېلىشتىن غەم قىلمايدۇ.

7 شۇ چاغدا بويلىرى ئېگىز ۋە تېرىلىرى سىلىق بولغان
خەلقتىن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارغا تارتۇقلار
قىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ يىراق-يېقىندىكىلەرنى قورقۇتقان،
كۈچلۈك ۋە ئىشغالىيەتچى خەلقتۇر.
ئۇلارنىڭ زېمىنى دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇلار قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۆز نامىنى ئۇلۇغلاشقا
تاللىغان جايغا، يەنى سىئون تېغىغا تارتۇقلارنى ئەكېلىدۇ.

## مىسىر توغرىسىدىكى ۋەھيى

19 1 بۇ مىسىر توغرىسىدىكى ۋەھيىدۇر:
پەرۋەردىگار مىسىرغا ئۇچقۇر بۇلۇتقا مىنىپ كېلىدۇ.
مىسىرنىڭ بۇتلىرى تىترىشىدۇ،
مىسىرلىقلار قورققىنىدىن يۈرەكلىرى سۇ بولۇپ كېتىدۇ.

2 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن مىسىرلىقلارنى ئۆزئارا قارشىلاشتۇرىمەن،
ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشىدۇ.
ھەممە ئائىلىلەر ئۆز ئىچىدە ۋە ھەممە قوشنىلار ئۆزئارا
ئۇرۇشىدۇ.
بىر شەھەر يەنە بىر شەھەر بىلەن،
بىر پادىشاھلىق يەنە بىر پادىشاھلىق بىلەن ئۇرۇشىدۇ.
3 مىسىرلىقلارنىڭ جاسارىتى سۇنىدۇ.
مەن ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرىمەن.
ئۇلار ئۆز بۇتلىرىدىن ياردەم تىلەيدۇ.
ئۇلار روھلار بىلەن سۆزلىشىدىغان ئادەملىرىدىن،
باخشىلىرى ۋە پالچىلىرىدىن ياردەم تىلەيدۇ.

4 مەن مىسىرنى بىر زالىم ھۆكۈمرانغا تۇتۇپ بېرىمەن.
بىر زوراۋان پادىشاھ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
بۇ مەن ئىگەڭلارنىڭ، يەنى قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

5 نىل دەرياسىنىڭ سۈيى قۇرۇپ كېتىدۇ،
دەريا قاغجىراپ، سۈيى تۈگەيدۇ.
6 مىسىرنىڭ نىل دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى سېسىپ
كېتىدۇ.
سۈيى ئاستا-ئاستا ئازىيىپ، قۇرۇپ كېتىدۇ.
قومۇشلار ۋە يېكەنلەر قاقشال بولۇپ قالىدۇ.
7 نىل دەرياسى بويىدىكى ۋە دەريا ئېغىزىدىكى ئۆسۈملۈكلەر،
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزلارغا تېرىلغان زىرائەتلەر قۇرۇپ
كېتىدۇ.
ئۇلارنى شاماللار ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ، ئۇلار يوقىلىدۇ.
8 بېلىقچىلار قايغۇغا چۆمىدۇ،
نىل دەرياسىغا قارماق تاشلايدىغانلار ھەسرەتلىنىدۇ.
دەرياغا تور تاشلايدىغانلار نالە قىلىدۇ.
9 زىغىردىن يىپ ئېشىدىغانلار قايغۇرىدۇ،
رەخت توقۇيدىغانلار ئۈمىدسىزلىككە تولىدۇ.
10 مىسىرنىڭ توقۇمىچىلىرىغا مۇسىبەت بولىدۇ،
بارلىق ئىشلەمچىلەر چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ.

11 زوئان شەھىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەقىقەتەن ئەخمەقتۇر.
پىرئەۋننىڭ دانىشمەنلىرى ئەخمىقانە مەسلىھەتلەرنى
بېرىدۇ.
ئۇلار پىرئەۋنگە قانداقلارچە ئۆزلىرىنى ماختاپ:
«مەن بىر دانىشمەنىنىڭ ئوغلى، قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ
ئەۋلادى!» دېگەندۇ؟!
12 ئەي پىرئەۋن، سېنىڭ دانىشمەنلىرىڭ قېنى؟
ئەمدى ئۇلار ساڭا قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ

مىسىرغا قارشى نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ
بەرسۇنچۇ!
13 زوئان شەھىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنى ئەخمەق
قىلىۋاتىدۇ،
نوپ شەھىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆز-ئۆزىنى ئالداۋاتىدۇ.
مىسىردىكى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى مىسىرنى تۇيۇق
يولغا باشلايدۇ.
14 پەرۋەردىگار مىسىر ئاقساقاللىرىنىڭ كاللىسىنى
قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ.
شۇڭا ئۇلار مىسىر خەلقىنى تۇيۇق يولغا باشلايدۇ.
ئۇلارنى شارابخورلاردەك ئۆز قۇسۇقلىرىغا تېيىلىپ،
دەلدەڭشىپ يۈرىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.
15 مىسىردا ھېچبىر ئادەم، يەنى مەيلى مەرتىۋىسى يۇقىرى
ياكى تۆۋەن بولسۇن،
ئۇلۇغ ياكى پېقىر بولسۇن، بۇ كەلگۈلۈكنىڭ ئالدىدا
چارىسىز قالىدۇ.

16 ئۇ چاغدا مىسىرلىقلار ئاياللاردەك قورقۇنچاق بولىدۇ.
ئۇلار قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئاتقان مۇشتۇمىنىڭ
زەربىسىدىن قورقۇشۇپ تىترەپ كېتىشىدۇ. 17 يەھۇدىيە خەلقى
مىسىرلىقلارنى ۋەھىمىگە سالىدۇ. مىسىرلىقلار يەھۇدىيەنى
ئېسىگە ئالغان ھامان قورقۇشىدۇ، چۈنكى قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارنى جازالىماقچى.
18 ئۇ چاغدا مىسىرنىڭ بەش شەھىرى ئىبرانىي تىلىدا
سۆزلىشىدۇ. ئۇلار قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارغا ساداقەت
بىلدۈرۈپ قەسەم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر شەھەر
«قۇياش شەھىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.
19 شۇ چاغدا مىسىر زېمىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرۋەردىگارغا
ئاتالغان بىر قۇربانلىق سۇپىسى ياسىلىدۇ ۋە مىسىرنىڭ چېگراسىغا
پەرۋەردىگارغا بېغىشلانغان بىر تاش ئابىدە ئورنىتىلىدۇ. 20 بۇلار
مىسىرلىقلارنىڭ قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنى ياد ئېتىپ

تۇرۇشى ئۈچۈن ياسالغان بىر خاتىرە بەلگىسى بولىدۇ. خەلق
ئۆزلىرىنى ئەزگەنلەر ئۈستىدىن پەرۋەردىگارغا يىغلاپ نالە-پەرياد
قىلغاندا، پەرۋەردىگار ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش ئۈچۈن
بىر قۇتقۇزغۇچى ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ. [21] شۇنداق
قىلىپ، پەرۋەردىگار مىسىرلىقلارغا ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇ چاغ
كەلگەندە، مىسىرلىقلار پەرۋەردىگارنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد
قىلىدۇ. ئۇلار قۇربانلىق قىلىپ ۋە ئاشلىق ھەدىيەلىرى سۇنۇپ،
پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگار ئالدىدا ۋەدە
قىلىدۇ ۋە ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. [22] پەرۋەردىگار مىسىرغا زەربە بېرىدۇ
ۋە ئاندىن ئۇنىڭغا شىپالىق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىسىرلىقلار
پەرۋەردىگارغا يۈزلىنىدۇ. پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلاپ،
ئۇلارغا شىپالىق بېرىدۇ.
[23] شۇ چاغدا مىسىردىن ئاسسۇرىيەگە بىر يول ئېچىلىدۇ. ئاسسۇرلار
مىسىرنى زىيارەت قىلىدۇ، مىسىرلىقلار ئاسسۇرىيەنى زىيارەت
قىلىدۇ. مىسىرلىقلار بىلەن ئاسسۇرلار پەرۋەردىگارغا بىرلىكتە
ئىبادەت قىلىدۇ. [24] شۇ چاغدا ئىسرائىلىيە، مىسىر ۋە ئاسسۇرىيە يەر
يۈزىدىكى خەلقلەرنىڭ بەخت مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. [25] قۇدرەتلىك
سەردار پەرۋەردىگار ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:
«مىسىرلىقلار خەلقىم، ئاسسۇرلار ئىجادىيىتىم، ئىسرائىللار
مۈلكۈمدۇر، ھەممىسى بەختلىكتۇر!»

## مىسىر ۋە كۇش توغرىسىدىكى ۋەھىي

20 [1] ئاسسۇرىيە پادىشاھى سارگون باش سەركەردىسىنى
ئاشدود شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇ شەھەرنى
ئىشغال قىلدى. [2] شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ئاموزنىڭ ئوغلى يەشاياغا:
«ماتەملىك كىيىمىڭنى ۋە ئايىغىڭنى سېلىۋەت!» دېدى. يەشايا
شۇنداق قىلدى ۋە يالىڭاچ ۋە يالاڭ ئاياغ كېزىپ يۈردى.
[3] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى: «مېنىڭ خىزمەتكارىم
يەشايا ئۈچ يىل يالىڭاچ ۋە يالاڭ ئاياغ يۈردى. بۇ مىسىر ۋە
كۇشنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىشلاردىن بېشارەتتۇر. [4] ئاسسۇرىيە
پادىشاھى مىسىرلىقلار ۋە كۇشلارنى ئەسىرگە ئالىدۇ ۋە سۈرگۈن

قىلدۇ. ياشلار ۋە ياشانغانلار يالىڭاچ ۋە يالاڭ ئاياغ هالدا يۆرىدۇ.
بۇ مىسىر ئۈچۈن نومۇستۇر. 5 كۇشقا ئۈمىد باغلىغان ۋە مىسىرنى
چوڭ بىلىپ ئۇنىڭغا تايانغانلار بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ قورقىدۇ ۋە
خىجىل بولىدۇ. 6 شۇ چاغدا دېڭىز بويىدا ياشاۋاتقانلار مۇنداق
دەيدۇ: ‹قاراڭلار، بىز ئۈمىد باغلىغان كىشىلەرگە نېمە بولدى؟
ئۇلار بىزنى ئاسسۇرلارنىڭ هۇجۇمىدىن قوغداپ قالىدۇ، دەپ
ئىشەنگەنىدۇقۇ؟ ئەمدى بىز قانداق قۇتۇلىمىز؟›»

## بابىل توغرىسىدىكى ۋەهيى

21 1 بۇ دېڭىز بويىدىكى قۇملۇق توغرىسىدىكى ۋەهيىدۇر.
نەگېب چۆللۈكىدە بوران چىققاندەك،
چۆللۈكتىن، يەنى ۋەهشىيلەرنىڭ زېمىنىدىن تاجاۋۇزچى
كېلىدۇ.
2 مەن بىر قورقۇنچلۇق غايىبانە ئالامەتنى كۆردۈم:
«ئالدامچىلار ئالدامچىلىق قىلىۋاتىدۇ،
بۇزغۇنچىلار بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ.
ئەي ئېلاملار، هۇجۇم قىلىڭلار!
ئەي مىدىيالىقلار، قورشاڭلار!
پەرۋەردىگار بابىل ئېلىپ كەلگەن بارلىق ئازابلارنى
ئاخىرلاشتۇرىدۇ!»
3 بۇ غايىبانە ئالامەت سەۋەبىدىن پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ
كەتتى،
ئاغرىق مېنى تولغاق ئازابىدەك قىينىماقتا.
مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم مېنى بىئارام قىلىۋاتىدۇ.
كۆرگەنلىرىم مېنى ۋەهىمىگە سېلىپ قويىدى.
4 بېشىم قايماقتا،
قورقۇنچتىن تىترەپ تۇرىمەن.
مەن كەچكى شەپەقنى كۈتكەنىدىم.
ئەپسۇس، كۆرگىنىم مېنى چۆچۈتۈپ قويىدى.

5 ئۇلار غايىبانە ئالامەتتە گىلەملەرنى سېلىپ، زىياپەت تەييار
قىلىشتى.
ئۇلار تائاملارنى يېيىشىپ، شارابلارنى ئىچىشتى.
تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز كەلدى:
«ئەمىرلەر، قالقانلىرىڭلارنى مايلاپ تەييار قىلىڭلار!»

6 ئىگەم ماڭا مۇنداق دېدى:
«شەھەر قوۋۇقىغا بىر قاراۋۇل قويۇڭلار.
ئۇ كۆرگەنلىرىنى خەۋەر قىلىپ تۇرسۇن.
7 ئۇ قوش ئات قېتىلغان جەڭ هارۋىلىرىنى،
ئېشەكلەرگە ياكى تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىۋاتقانلارنى
كۆرگەندە،
چوقۇم كۆز-قۇلاق بولسۇن، قاتتىق كۆزەتسۇن.»

8 قاراۋۇل مۇنداق دەپ ۋارقىرىدى:
«جانابلىرى، مەن كۈندۈزى مۇناردا كۆزەتتە تۇرىمەن.
كېچىسى ھەم كۆزەتتە تۇرىمەن.
9 قارىسىلا، قوش ئاتلىق جەڭ هارۋىلىرى كېلىۋاتىدۇ.»
ئاندىن ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:
«بابىل تۆگەشتى! بابىل تۆگەشتى!
ئۇلار چوقۇنغان بارلىق بۇتلار ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، پارە-پارە
بولدى.»

10 ئەي يەھۇدىيە خەلقىم، خاماندا بۇغدايدەك يانجىلغان ۋە
سورۇلغان خەلقىم،
مەن سىلەرگە قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار،
يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ ماڭا ئېيتقانلىرىنى
يەتكۈزدۈم.

## ئېدومنىڭ قىسقىغىنا ئامانلىقىدىن كېيىنكى زۇلۇم

11 بۇ دۇماھ توغرىسىدىكى ۋەھىيدۇر.

سەئىردىن[①] بىر ئادەم مېنى چاقىرىۋاتىدۇ:
«قاراۋۇل، تاڭ ئېتىشقا قانچىلىك قالدى؟
قاراۋۇل، تاڭ ئېتىشقا قانچىلىك قالدى؟»
12 قاراۋۇل جاۋاب بېرىدۇ:
«تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، ئارقىدىن كېچە بولىدۇ.
ئەگەر يەنە سورىماقچى بولساڭ، قايتىپ كېلىپ، ئاندىن
سورا.»

## ئەرەبلەر توغرىسىدىكى ۋەھىي

13 بۇ ئەرەب چۆللۈكى توغرىسىدىكى ۋەھىيدۇر:
ئەي دىدانلىقلارنىڭ كارۋانلىرى، سىلەر ئەرەب چۆللۈكىدە
چېدىر تىكىسىلەر.
14 چاڭقىغانلارغا ئۇسسۇلۇق بېرىڭلار.
ئەي تەما زېمىنىدا ياشايدىغانلار،
مۇساپىرلارغا تاماق بېرىڭلار.
15 ئۇلار قىلىچ ئاستىدىن قاچقانلار،
يەنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇلغان قىلىچتىن،
كىرىچى تارتىلغان ئوقيادىن،
شۇنداقلا قايناق ئۇرۇشتىن قاچقانلاردۇر.

16 ئىگەم ماڭا مۇنداق دېدى: «دەل بىر يىلدىن كېيىن قىدار خەلقىنىڭ
پۈتۈن شان-شەرىپى ئاخىرلىشىدۇ. 17 قىدارنىڭ قوشۇنلىرىدىكى
مەرگەنلەر ئاز قالىدۇ. بۇ مەن ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار
خۇدانىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## يېرۇسالېمنى جازالاش توغرىسىدىكى ۋەھىي

22 1 بۇ خۇدا ماڭا كۆرسەتكەن جىلغا، يەنى يېرۇسالېم
توغرىسىدىكى ۋەھىيدۇر:

[①] 21: 11 دۇماھ ۋە سەئىر ـ قەدىمكى ئېدوم دۆلىتىنىڭ ئىككى مۇھىم
شەھىرى.

سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ھەممىڭلار ئۆگزىگە
چىقىۋالىسىلەر؟
2 شەھىرىڭلار ھەممە يېرى ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولغان،
كۆڭۈلدە بايرام بولىدىغان، ئاۋات بىر شەھەر ئىدىغۇ؟
ئەمما ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۇرۇشتا قىلىچتا ئۆلمىدى.
3 سىلەرنىڭ سەركەردىلىرىڭلار بىرلىكتە قاچتى،
ئۇلار بىرمۇ ئوقيا ئاتماي تۇتۇلدى.
ئۇلار قانچىلىك يىراققا قاچقان بولسىمۇ، يەنىلا
تۇتۇلدى.
4 شۇڭلاشقا مەن مۇنداق دەيمەن:
«ماڭا قارىماڭلار،
مەن ئۆكسۈپ يىغلىماقتىمەن.
خەلقىم ھالاك بولغانلىقى ئۈچۈن
ماڭا تەسەللى بەرمەڭلار.»

5 ئىگەم، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ماڭا
كۆرسەتكەن جىلغىدا
ۋەيرانچىلىق، مەغلۇبىيەت ۋە قالايمىقانچىلىق كۈنلىرىنى
ۋە
سېپىللار بۇزۇپ تاشلىنىدىغان، شۇنداقلا تاغلاردىن ياردەم
تىلەپ يىغلايدىغان كۈنلەرنى ئىرادە قىلدى.
6 ئېلام پالۋانلىرى ئوقيالىرىنى ئېلىپ،
جەڭ ھارۋىلىرى ۋە ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن كېلىدۇ.
قىر پالۋانلىرى قالقانلىرىنى تەييار قىلىدۇ.
7 سىلەرنىڭ مۇنبەت جىلغاڭلار جەڭ ھارۋىلىرىغا توشۇپ
كېتىدۇ.
ئاتلىق لەشكەرلەر شەھەر قوۋۇقلىرىنى قورشايدۇ.
8 بۇ ۋاقىت كەلگەندە پەرۋەردىگار يەھۇدىيەنى
قوغدىمايدىغان بولىدۇ.

بۇ چاغدا سىلەر ئۆردىدىكى «ئورمان سارىيى»دىن ئۇرۇش
قوراللىرىنى ئىزدەيسىلەر.
9 سىلەر «داۋۇت شەھىرى»نىڭ سېپىلىنىڭ قانچە يەردىن
بۇزۇلغانلىقىنى تەكشۈرىسىلەر.
پەستىكى كۆلچەككە سۇ تولدۇرۇپ قويىسىلەر.
10 يېرۇسالېمدىكى ئۆيلەرنى تەكشۈرىسىلەر ۋە
سېپىلىڭلارنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆيلەرنى بۇزۇپ
تاشلايسىلەر.
11 سىلەر كونا كۆلنىڭ سۈيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىككى
سېپىلنىڭ ئارىسىغا يېڭى بىر كۆل ياسايسىلەر.
ئەمما سىلەر ئاشۇ ئىشلارنى پىلان قىلغان پەرۋەردىگارغا
يۈزلەنمەيسىلەر،
شۇنداقلا پەرۋەردىگارنىڭ بۇ ئىشلارنى بۇرۇنلا
بېكىتكەنلىكىنى ئويلىمايسىلەر.

12 شۇ چاغدا ئىگىمىز، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار
سىلەرگە «توۋا قىلىپ يىغلاڭلار!
چېچىڭلارنى چۈشۈرۈپ، ماتەملىك كىيىم كىيىڭلار!»
دەيدۇ.
13 ئويلاپ كۆرۈڭلار! لېكىن سىلەر شاد-خۇرام ھالدا تاماشا
قىلىپ يۈرىسىلەر،
كالا ۋە قويلارنى سويۇپ، ئېسىل تائاملارنى يەپ، شاراب
ئىچىپ يۈرىسىلەر!
سىلەر شۇنداق دەيسىلەر: «يەيلى، ئىچەيلى، ئەتە بەربىر
ئۆلىمىز!»

14 ئىگىمىز، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق
دېدى: «ئۇلار ئۆلگۈچە كەچۈرۈلمەيدۇ! بۇ مەن ئىگەڭلار
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

## شەبناغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش

[15] ئىگىمىز، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق
دېدى: «سەن ئوردا غوجىدارى شەبنانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيتقىن:
[16] ‹ئەي شەبنا، سەن بۇ يەردە نېمىدەپ تۇرىسەن؟
ئۆزۈڭنى كىم چاغلايسەن؟ بۇ يەردە ئۆزۈڭگە قەبرە
ياساۋاتامسەن؟
بۇ شۆھرەتلىك قەبرىنى ياسىغۇدەك سەن كىم ئىدىڭ؟!
تاشلاردىن ئۆزۈڭگە ئاخىرەتلىك جاي ھازىرلىغۇدەك سەن
كىم ئىدىڭ؟!
[17] ئەي ئەرباب، قارا ئۆزۈڭگە!
مەن پەرۋەردىگار سېنى چىڭ قامااللايمەن،
سېنى ئەمدى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىمەن!
[18] سېنى يىپ يۆگىگەندەك يۇمىلاق يۆگەپ،
يىراق ۋە كەڭرى بىر زېمىنغا تاشلىۋېتىمەن.
سەن ئۇ يەردە ئۆلىسەن، ئېسىل جەڭ ھارۋىلىرىڭمۇ ئۇ
يەردە قالىدۇ.
سەن پادىشاھىڭنىڭ يۈزىنى تۆكىسەن.
[19] ئەمىلىڭنى ئېلىپ تاشلايمەن،
ئەمەلدارلىقىڭنى يوق قىلىمەن!

[20] شۇ چاغ كەلگەندە، مەن خىزمەتكارىمنى، يەنى خىلقىيانىڭ
ئوغلى ئەلياقىمنى چاقىرىمەن. [21] مەن ئۇنىڭغا سېنىڭ شاھانە
تونۇڭنى كىيدۈرۈپ، بەلبېغىڭنى باغلاپ، ئەمىلىڭنى بېرىمەن.
شۇ چاغدا ئۇ يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەدە
ياشاۋاتقان خەلقنىڭ ئاتىسى بولىدۇ. [22] مەن ئۇنىڭ بويىنىغا
پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئوردىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېسىپ قويىمەن.
ئۇ ئاچقان ئىشىكنى ھېچكىم ياپالمايدۇ، ئۇ ياپقان ئىشىكنى
ھېچكىم ئاچالمايدۇ. [23] مەن ئۇنى مەزمۇت بىر يەرگە مىخ
قاققاندەك قېقىپ قويىمەن، ئۇ ئاتىسىنىڭ جەمەتىگە شەرەپ

ئېلىپ كېلىدۇ. [24] شۇنداق قىلىپ، ئاتا جەمەتىنىڭ شان-شەرىپى
ئۇنىڭ بېشىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ باللىرى ۋە تۇغقانلىرى خۇددى
جام، ئىدىشلار قوزۇقتا ئېسىلغاندەك، ئۇنىڭغا ئېسىلىدۇ.
[25] بىراق مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار دەيمەنكى، بۇ چاغدا
مەن مەزمۇت يەرگە قېقىپ قويغان مىخ جايىدىن چىقىپ سۇنۇپ
كېتىدۇ، ئۇنىڭغا ئېسىلغان بارلىق نەرسىلەر گۇمران بولىدۇ. بۇ
مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!››»

## تىر ۋە سىدوننى جازالاش توغرىسىدىكى ۋەھىي

# 23

[1] بۇ تىر شەھىرى توغرىسىدىكى ۋەھىيدۇر:
يىراقتىكى تارشىشتىن قايتىپ كەلگەن دېڭىزچىلار
قايغۇرۇپ نالە قىلىڭلار.
شەھىرىڭلار تىر گۇمران بولىدۇ،
ھېچبىر ئۆي ۋە پىرىستان ساق قالمايدۇ.
بۇ خەۋەر ئۇلارغا سىپرۇس زېمىنىدا يەتكۈزۈلىدۇ.
[2] ئەي دېڭىز بويىنى ماكان قىلغانلار ۋە سىدون
سودىگەرلىرى،
سىلەر سۈكۈتتە قايغۇرۇڭلار!
سودىگەرلىرىڭلار دېڭىزلاردا تىرىكچىلىك قىلاتتى،
[3] ئۇلار چوڭقۇر دېڭىزلاردىن ئۆتۈپ،
مىسىردىكى شىخور ۋادىسىدىن ئاشلىق سېتىۋالاتتى،
نىل دەريا ۋادىسىدىن چىققان ھوسۇللارنى ئەكېلەتتى.
يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئاۋات بازىرى سىلەردە ئىدى.

[4] ئەي سىدون شەھىرى، سېنىڭ يۈزۈڭ تۆكۈلىدۇ!
چۈنكى تىر شەھىرى، يەنى دېڭىز بويىدىكى قورغان
مۇنداق دەيدۇ:
«مېنىڭ ئەزەلدىن باللىرىم يوق، مەن ئەزەلدىن ئوغۇل-
قىزلارنى باقمىغان.»
[5] بۇ خەۋەر مىسىرغا كەلگەندە،

ئۇلار تىرغا كەلگەن كەلگۈلۈكنى ئاڭلاپ ئىنتايىن پەرىشان
بولىدۇ.
6 ئەي دېڭىز بويىنى ماكان قىلغانلار، تارشىشقا قېچىپ
كېتىڭلار، ئازابلىنىپ يىغلاڭلار!
7 قەدىمي شەھىرىڭلار خۇشال-خۇراملىقتا تولغان
شەھەرمىدى؟!
سىلەر بۇ شەھەردىن دېڭىز يوللىرى ئارقىلىق يىراق
ئەللەردە ياشاشقا بارغان ئەمەسمۇ؟!
8 بۇ ئىشلارنى تىرغا كىم ئىرادە قىلدى؟
بۇ شەھەردىن پادىشاھلار چىققان،
سودىگەرلىرى شاھزادىلەردەك مەرتىۋىلىك ئىدى.
ئۇنىڭ سودىگەرلىرى يەر يۈزىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى.
9 بۇ خەلققە كەلگەن كەلگۈلۈكنى قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگار ئىرادە قىلدى.
ئۇ ھاكاۋۇر خەلقنىڭ شۆھرىتىنى يەرگە ئۇردى.
يەر يۈزىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان سودىگەرلەرنىڭ
ئابرۇيىنى تۆكتى.

10 ئەي تارشىش خەلقى،
نىل دەريا بويىدىكى دېھقانلارغا ئوخشاش
يەرلىرىڭلارغا ئىشلەڭلار!
چۈنكى پىرىستانىڭلار ئەمدى يوق بولدى.
11 پەرۋەردىگار قولىنى دېڭىزغا سوزۇپ، پادىشاھلىقلارنى
تىترەتمەكتە.
ئۇ تىر ئەتراپىدىكى قورغانلارنى گۇمران قىلىشقا بۇيرۇق
قىلدى.
12 ئۇ: «ئەي ئېزىلگەن سىدونلۇقلار،
سىلەرنىڭ خۇشال كۈنلىرىڭلار تۈگىدى.
ئەمدى سىپرۇسقا بېرىڭلار.
ئەمما ئۇ يەردىمۇ سىلەر خاتىرجەملىك تاپالمايسىلەر.»

13 بابىل زېمىنىغا قاراڭلار، بۇ زېمىندىكى خەلق يوقالغان!
ئاسسۇرلار بۇ زېمىننى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ماكان قىلىپ
بەردى.
ئۇلار شەھەر سېپىلىغا توپا دۆۋىلەپ، سېپىلغا چىقىپ،
قورغانلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شەھەرنى خارابىلىككە
ئايلاندۇردى.

14 تارشىشتىن قايتىپ كېلىۋاتقان دېڭىزچىلار، قايغۇرۇڭلار،
چۈنكى سىلەرنىڭ قورغىنىڭلار گۇمران قىلىندى.

15 شۇ چاغ كەلگەندە تىر شەھىرى يەتمىش يىل ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ.
بۇ بىر پادىشاھنىڭ ئۆمرى بىلەن تەڭدۇر. يەتمىش يىلدىن كېيىن
تىر بۇ ناخشىدىكى پاھىشىگە ئوخشاپ قالىدۇ:

16 سازىڭ لىرانى قولۇڭغا ئال،
كەزگىن بۇ شەھەرنى، ئەي ئۇنتۇلغان پاھىشە،
ناخشاڭنى ئېيت، مۇڭلۇق سازىڭنى چال،
بەلكىم كىشىلەر سېنى قايتا ئەسكە ئالار.

17 يەتمىش يىلدىن كېيىن پەرۋەردىگار تىر شەھىرىنى ئەسلىگە
كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىر شەھىرى يەر يۈزىدىكى بارلىق
پادىشاھلىقلار بىلەن سودا قىلىپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش پاھىشە
بولۇپ، پۇل تاپىدىغان يولغا كىرىپ كېتىدۇ. 18 لېكىن ئۇنىڭ
تاپقان كىرىمىدىن پەرۋەردىگارغا ئايرىپ قويۇلىدۇ. ئۇ تاپقان
بايلىقنى دۆۋىلەپ قويمايدۇ. ئۇنىڭ كىرىمى پەرۋەردىگارغا
خىزمەت قىلىدىغانلارغا ئايرىپ بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ يېمەكلىرى
مول بولىدۇ، ياخشى كىيىنىدۇ.

## دۇنيانىڭ سوراق قىلىنىشى توغرىسىدىكى ۋەھيى

24 1 پەرۋەردىگار زېمىننى گۇمران قىلىپ، خارابىلىككە
ئايلاندۇرىدۇ.

ئۇ يەر يۈزىنى ۋەيران قىلىپ، ئىنسانلارنى ھەر تەرەپكە
چاچىدۇ.
2 روھانىيلار ۋە خەلقلەر،
خوجايىنلار ۋە قۇللار،
ئاغىچا خېنىملار ۋە دېدەكلەر،
ساتقۇچىلار ۋە ئالغۇچىلار،
قەرز بەرگۈچىلەر ۋە قەرز ئالغۇچىلار،
ھەركىم شۇ كۈننى كۆرىدۇ.
3 زېمىن پۈتۈنلەي تالان-تاراج قىلىنىپ، قۇرۇقدىلىپ قالىدۇ.
مانا بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

4 زېمىن قۇرۇپ، قاقشال بولۇپ قالىدۇ،
جاھان چۆلدەرەپ، قاغجىراپ قالىدۇ،
زېمىندىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق مۆتىۋەرلەرمۇ تۈگىشىدۇ.
5 كىشىلەر پەرۋەردىگارنىڭ تەلىمگە بويسۇنمىغانلىقتىن،
ئۇلار ئۇنىڭ پەرمانلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكتىن،
ئۇنىڭ بىلەن بولغان مەڭگۈلۈك ئەھدىنى بۇزغانلىقتىن،
يەر يۈزى بۇلغىنىپ كېتىدۇ.
6 شۇڭا يەر يۈزىگە قارغىش ياغىدۇ،
كىشىلەر ئۆز گۇناھى ئۈچۈن جازالىنىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن زېمىندا ياشاۋاتقانلار كۆيدۈرۈلىدۇ،
پەقەت ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرلا ئامان قالىدۇ.
7 ئۈزۈملۈكلەر ۋەيران قىلىنىدۇ،
شەربەتلەر يوق بولىدۇ،
ئويۇن-تاماشىغا بېرىلگۈچىلەر ئاھ ئۇرىدۇ.
8 داپ ئاۋازلىرى توختايدۇ،
تەبرىكلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ خۇشال ئاۋازلىرى جىمىقىدۇ،
لىرا سادالىرىمۇ ئۆچىدۇ.
9 ئۇلار ئەمدى ناخشا ئېيتىپ، شاراب ئىچەلمەيدۇ.
مەي ئىچكۈچىلەرگە مەي لاۋزا تېتىيدۇ.
10 خارابىگە ئايلانغان شەھەرلەر قاقاسلىشىپ كېتىدۇ.

خەۋپسىرەپ، ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ.
11 شارابسىز قالغان كىشىلەر كوچىلاردا ۋارقىرىشىپ
يۈرۈشىدۇ.
ھەممە شادلىق قايغۇغا ئايلىنىدۇ.
يەر يۈزىدىن خۇشاللىق كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.
12 شەھەر دەرۋازىلىرى پاچاقلىنىپ، شەھەرلەر خارابىلىككە
ئايلىنىدۇ.
13 مانا بۇ جاھاندىكى بارلىق خەلقنىڭ بېشىغا كېلىدىغان
كۈندۇر.
خۇددى مول ھوسۇلنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغا،
زەيتۇننىڭ شاخلىرىدىن ئۈزۈۋېلىنغانلىقىغا،
ئۈزۈملەرنىڭ تەكلەردىن كېسۋېلىنغانلىقىغا ئوخشاش،
دۇنيادا ئازلا ئادەم قالىدۇ.

14 ئۇلار خۇشاللىق سادالىرىنى ياڭرىتىدۇ.
كۈنپېتىشتا كىشىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى
مەدھىيەلەيدۇ.
15 ئەي كۈنچىقىشتا ياشىغانلار، پەرۋەردىگارنى ئۇلۇغلاڭلار.
ئەي دېڭىز بويلىرىدا ياشىغانلار، پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى،
يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانى ئۇلۇغلاڭلار.
16 جاھاننىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدىن
ھەققانىيەتچى پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپىگە ئاتالغان
مەدھىيە ناخشىلىرى ئاڭلىنىدۇ.

بىراق مەن يەشايا تۈگەشتىم، مەن تۈگەشتىم، ھالىمغا
ۋاي!
ئالدامچىلىق داۋاملىشىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ خائىنلىقى چېكىگە
يەتتى.
17 ئەي زېمىندىكى ئىنسانلار، سىلەر ۋەھىمىگە چۈشىسىلەر،
سىلەرنى ئورەكلەر ۋە تۇزاقلار كۈتۈپ تۇرىدۇ.
18 ۋەھىمىلىك ئاۋازدىن قاچقانلار ئورەككە چۈشىدۇ،

ئورەكتىن چىققانلار تۇزاققا چۈشىدۇ.

ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، ۋەيرانچىلىق يامغۇردەك
ياغىدۇ،
زېمىننىڭ ئۇلى تەۋرىنىپ كېتىدۇ.
19 يەر-زېمىن پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ،
يەر تامامەن يېرىلىپ كېتىدۇ،
زېمىن قاتتىق سىلكىنىدۇ.
20 زېمىن مەست ئادەمدەك ئىرغاڭلايدۇ،
بوران-چاپقۇندىكى ئاجىز كەپىدەك لەپەڭشىيدۇ.
زېمىن گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن
گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ قايتا ئۆرە بولالمايدۇ.

21 ئۇ چاغدا پەرۋەردىگار پەلەكتىكى كۈچلەرنى،
يەر يۈزىدىكى پادىشاھلارنى جازالايدۇ.
22 ئۇلار ئۇ چاغدا قاماقتىكى جىنايەتچىلەرگە ئوخشاش
توپلىنىدۇ،
ئۇلار زىندانغا سولىنىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن جازالىنىدۇ.
23 ئاسماندىكى ئاي ئوڭايسىزلىنىدۇ،
كۈن ئىزا تارتىدۇ.
چۈنكى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار يېرۇسالېمدىكى
سىئون تېغىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئاقساقاللىرىغا شان-شەرىپىنى نامايان
قىلىدۇ.

## پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلەش

25 1 ئى پەرۋەردىگار، سەن مېنىڭ خۇدايىمسەن، سېنى
ئۇلۇغلايمەن.
سېنىڭ نامىڭنى مەدھىيەلەيمەن.
چۈنكى سەن بۇرۇندىلا پىلانلىغان بۈيۈك ئىشلارنى
ساداقەتمەنلىك بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ.

2 سەن دۈشمەننىڭ شەھەرلىرىنى خارابىلىككە ئايلاندۇردۇڭ،
مۇستەھكەم شەھەرلەر كېسەك پارچىلىرىغا ئايلاندى،
يات ئەللەرنىڭ ئوردىلىرى ئەمدى مەڭگۈ قەد
كۆتۈرەلمەيدۇ.
3 شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك خەلقلەر سېنى ئۇلۇغلايدۇ،
شەپقەتسىز ئەللەر سەندىن قورقىدۇ.
4 سەن يوقسۇللارنىڭ باشپاناھىسەن،
قىيىنچىلىقتا قالغان بىچارىلەرنىڭ باشپاناھىسەن.
بوران-چاپقۇندىن دالدىلىنىدىغان پاناھگاھىسەن ۋە
ئىسسىقتىن دالدىلىنىدىغان سايىسىسەن.
زالىملار دەھشەتلىك بوراندەك ھۇجۇم قىلىدۇ،
5 ئۇلار چۆلدىكى پىژغىرىم ئىسسىقتا ئوخشايدۇ.
ئى پەرۋەردىگار، سەن يات ئەللەرنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرىنى
شۈك قىلىپ قويىدۇڭ.
خۇددى كۈننىڭ ئىسسىقىنى بۇلۇت توسۇۋالغاندەك،
زالىملارنىڭ زەپەر ناخشىلىرىنى توسۇۋالدىڭ.

6 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار سىئون تېغىدا بارلىق
خەلققە زىياپەت تەييارلايدۇ.
ئاجايىپ ئېسىل تائاملار، كونا، ئېسىل شارابلار بىلەن
مېھمان قىلىدۇ.
7 بۇ تاغدا پەرۋەردىگار بارلىق خەلقنىڭ ئۈستىدىكى
كېپەنلىكنى ئېلىپ تاشلايدۇ.
پۈتۈن ئەللەرنىڭ ئۈستىدىكى ئاخىرەتلىك يېپىنچىنى
ئېلىپ تاشلايدۇ.
8 ئۇ ئۆلۈمنى مەڭگۈگە يۇتۇۋېتىدۇ.
ئىگىمىز پەرۋەردىگار ھەممىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتىدۇ،
دۇنيانىڭ ئۆز خەلقىگە قىلغان ھاقارەتلىرىنى يۇيۇۋېتىدۇ.
مانا بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

9 شۇ چاغدا ئۇنىڭ خەلقى مۇنداق دەيدۇ:

«بەرھەق، بۇ بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر!
بىز ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ئۇ بىزنى قۇتقۇزدى!
مانا بۇ بىزنىڭ ئىشەنگەن پەرۋەردىگارىمىز.
ئەمدى بىز شادلىنايلى، خۇشال بولايلى، چۈنكى ئۇ بىزنى
قۇتقۇزدى.»
10 سىئون تېغى پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرەتلىك قولى ئاستىدا
بولىدۇ،
ئۇ موئابلارنى قىغ ئازگىلىدىكى سامانني دەسسىگەندەك
دەسسەيدۇ.
11 خۇددى سۇ ئۈزگۈچى قولىنى سوزغاندەك، ئۇلارمۇ
قوللىرىنى سوزىدۇ،
لېكىن پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ مەغرۇرلۇقىنى يەرگە ئۇرۇپ،
ھىيلىگەرلىكىنى ۋەيران قىلىدۇ.
12 ئۇ موئابلارنىڭ مۇستەھكەم شەھەرلىرىنى ئۆرۈپ، گۇمران
قىلىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ.

## مەدھىيە ناخشىسى

26 1 شۇ كۈنى يەھۇدىيە زېمىنىدىكى بارلىق خەلق بۇ
ناخشىنى ئېيتىدۇ:

بىزنىڭ شەھىرىمىز مۇستەھكەم!
خۇدا خۇددى سېپىل ۋە سېپىل مۇنارلىرىغا ئوخشاش بىزنى
قۇتقۇزىدۇ.
2 دەرۋازىلارنى ئېچىڭلار،
پەرۋەردىگارغا ساداقەتمەن، ھەققانىي خەلقنى ئىچىگە
كىرگۈزۈڭلار.
3 ئى خۇدا، پۈتۈن ئوي-خىيالى سەندە بولغانلارغا
سەن مۇكەممەل تىنچلىقنى بېرىسەن، چۈنكى ئۇلار ساڭا
تايىنىدۇ.
4 ھەر دائىم پەرۋەردىگارغا تايىنايلى،

چۈنكى پەرۋەردىگار، پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك
پاناھلىنىدىغان قورام تاشتۇر.
5 ئۇ تەكەببۇرلارنىڭ كىبىرىنى سۇندۇرىدۇ.
ئۆزىنى ئاسماندا چاغلايدىغانلارنىڭ شەھەرلىرىنى
تۈزلىۋېتىدۇ.
ئۇلارنى توپا دۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.
6 ئېزىلگەنلەر ئۇلارنى يانجىيدۇ،
يوقسۇللارمۇ ئۇنى دەسسەپ ئۆتىدۇ.

7 ئى پەرۋەردىگار، سەن توغرا يولدا ماڭغانلارنىڭ يولىنى
راۋان قىلىسەن،
دۇرۇسلارنىڭ يولىنى تۈز قىلىسەن.
8 پەرۋەردىگار، بىز سېنىڭ كۆرسەتكەن يولۇڭدا ماڭىمىز،
ساڭا تەلپۈنىمىز.
سېنىڭ نامىڭنى ئۇلۇغلاش قەلبىمىزنىڭ ئىستىكىدۇر.
9 ئى پەرۋەردىگار، پۈتۈن كېچە قەلبىم سېنى سېغىنىدۇ،
تاڭ سەھەردە روھىم سېنى ئىزدەيدۇ،
سەن يەر يۈزىگە سوراققا كەلگەندە،
ئىنسانلار توغرا يولنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.
10 گەرچە رەزىللەرگە شەپقەت قىلىنسىمۇ،
ئۇلار يەنىلا ھەق يولدا مېڭىشنى ئۆگەنمەيدۇ.
ئۇلار دۇرۇسلار ياشايدىغان بۇ زېمىندا گۇناھلىق ئىشلارنى
قىلىۋېرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئويلىمايدۇ.
11 ئى پەرۋەردىگار، سەن جازالاش ئۈچۈن قولۇڭنى كۆتۈردۈڭ،
لېكىن رەزىللەر بۇنى كۆرمىدى.
ئۇلار سېنىڭ ئۆز خەلقىڭنى جان-دىل بىلەن
قوغدايدىغانلىقىڭنى كۆرسۇن ۋە خىجىل بولسۇن.
سېنىڭ غەزىپىڭ دۈشمەنلىرىڭنى ئوتقا ئوخشاش يالماپ
كەتسۇن.

12 ئى پەرۋەردىگار، سەن بىزگە تىنچلىق ئاتا قىلغىن.

بىزنىڭ سىڭدۈرگەن بارلىق ئەجرىمىز سەندىن كەلگەن.
13 ئى پەرۋەردىگار، بىزنىڭ خۇدايىمىز،
سەندىن باشقا ھۆكۈمرانلار ئۈستىمىزدە ھۆكۈم سۈرگەن،
لېكىن بىز سېنىڭ نامىڭنىلا ئېتىراپ قىلىمىز.
14 ئۇ ھۆكۈمرانلار ئۆلدى، قايتا تىرىلمەيدۇ.
ئۇلار گۆردە ياتىدۇ، قايتىپ كەلمەيدۇ.
چۈنكى سەن ئۇلارنى جازالاپ يوقاتتىڭ.
ئۇلارنى دۇنيانىڭ ئېسىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتتىڭ.
15 ئى پەرۋەردىگار، ئۆز خەلقىڭنى ئۇلغايتتىڭ.
ئۆز خەلقىڭنىڭ سانىنى كۆپەيتتىڭ.
شۇنىڭ بىلەن سەن شان-شەرەپكە ئېرىشتىڭ.
سەن زېمىنىمىزنىڭ چېگرالىرىنى كېڭەيتتىڭ.

16 ئى پەرۋەردىگار، بىز قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا سېنى
ئىزدىدۇق.
سەن بىزنى جازالاپ تەربىيەلىگەندە،
بىز مەيۈسلەنگەن ئاجىز ئاۋازىمىز بىلەن دۇئا قىلدۇق.
17 ھامىلىدار ئايال تولغاق ئازابىدا يىغلىغاندەك،
بىزمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا يىغلىدۇق، ئى پەرۋەردىگار.
18 بىز تولغاق ئازابىدىكى ھامىلىدار ئايالغا ئوخشاپ قالدۇق،
لېكىن بىزدىن تۇغۇلغىنى يوقلۇق بولدى.
بىز دۇنيانى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرەلمىدۇق،
بىز دۇنيادىكى ھاياتلىقنى ياشاتالمىدۇق.
19 ئەمما ساڭا مەنسۇپ بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر
قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ!
ئۇلارنىڭ تېنى باشقىدىن تىرىلىدۇ.
ئەي تۇپراقتا ياتقانلار، ئويغىنىپ، شادلىق ناخشىسىنى
ئېيتىڭلار!
ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ تاڭ سەھەردىكى شەبنىمىڭ
ئالەمگە ھاياتىي كۈچ بەرگەندەك،
سەن ئۆلگەنلەرگىمۇ قايتا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىسەن.

20 خەلقىم، ئۆيلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، ئىشىكلىرىڭلارنى
تاقاپ قويۇڭلار.
پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى بېسىلغۇچە ئازغىنا ۋاقىت
يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭلار.
21 قاراڭلار، يەر يۈزىدىكى گۇناھكار كىشىلەرنى جازالاش
ئۈچۈن
پەرۋەردىگار ئۆز ماكانىدىن چىقتى.
زېمىنغا تۆكۈلگەن قانلارنى زېمىن ئاشكارىلايدۇ،
ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى زېمىن يوشۇرۇپ
قالالمايدۇ.

## ئىسرائىللارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى

27 1 شۇ چاغدا پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ۋە زور قۇدرەتلىك
قىلىچى بىلەن خۇددى يىلانغا ئوخشاش يۈگۈرۈك ۋە
قورقۇنچلۇق دېڭىز مەخلۇقى لېۋىياتاننى ئۆلتۈرىدۇ.

2 شۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان ئۈزۈمزارلىقنى، يەنى
خەلقىمنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتىڭلار.
3 مەن پەرۋەردىگار ئۈزۈمزارلىقىمنى قوغدايمەن،
مەن ئۇنى دائىم سۇغىرىپ تۇرىمەن.
ھېچكىمنىڭ چېقىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى كېچە-كۈندۈز
باقىمەن.
4 مەن ئەمدى ئۇنىڭغا غەزەپ ياغدۇرمايمەن.
خەلقىمنىڭ دۈشمەنلىرى تىكەن ۋە ئازغانلارغا ئوخشاش
ئۈنۈپ چىقىۋەرسۇن!
مەن دەرھال ئۇلارغا قارشى چىقىمەن ۋە ئۇلارنى
كۆيدۈرۈۋېتىمەن.
5 ئەگەر ئۇلار مەن بىلەن ياراشماقچى بولسا،
مەن بىلەن كېلىشىپ، ئاندىن پاناھلىق تىلىسۇن.»

6 ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ يىلتىز تارتىدىغان ۋاقتى كېلىدۇ،
ئىسرائىل ئەۋلادلىرى كۆكلەيدىغان چاغ كېلىدۇ.
ئۇلار يەر يۈزىنى مېۋىلەرگە تولدۇرىدۇ!

7 پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ دۈشمەنلىرىگە زەربە
بەرگەندەك، ئىسرائىللارغىمۇ زەربە بېرەمدۇ؟
ئىسرائىللارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرگەندەك، ئۇلارنىمۇ
ئۆلتۈرەمدۇ؟
8 ياق، لېكىن پەرۋەردىگار ئۆز خەلقى ئىسرائىللارنى
سۈرگۈن قىلىپ جازالايدۇ،
ئۇلارنى شەرقتىن كەلگەن شەپقەتسىز بوران بىلەن
قوغلايدۇ.
9 مۇشۇ يول بىلەن پەرۋەردىگار ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ
گۇناھىنى كەچۈرىدۇ.
ئۇلار يات دىنلارنىڭ قۇربانلىق سۇپىلىرىنىڭ تاشلىرىنى
كۇكۇم-تالقان قىلىدۇ.
ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى
ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن كۈجە كۆيدۈرىدىغان سۇپىلىرىنى
يوقىتىدۇ.
بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىنكى
نەتىجە بولىدۇ.
10 سۈرگۈندىن كېيىن مۇستەھكەم شەھەر ئادەمسىز قالىدۇ،
پۇقرالىرى شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇ، شەھەر
چۆلدەرەپ قالىدۇ.
شەھەر قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ،
بۇ يەردە موزايلار ئوتلايدۇ،
ئارام ئالىدۇ ۋە شاخ-شۇمبىلارنى يەيدۇ.
11 شاخلار سۇنۇپ، قۇرۇپ قاقشال بولغاندا،
ئاياللار تېرىۋېلىپ ئوتۇن قىلىدۇ.
بۇ خەلق ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ،
شۇڭا ياراتقۇچى ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرمايدۇ،

ئۇلارنى ئاپىرىدە قىلغۇچى ئۇلارغا شاپائەت قىلمايدۇ.

[12] ئەي ئىسرائىل خەلقى، بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، پەرۋەردىگار
سىلەرنى فىرات دەرياسىدىن تاكى مىسىر چېگراسىغا جايلاشقان
دەرياغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەرلەردىن خۇددى بۇغداينى
ساماندىن ئايرىغاندەك ئايرىپ، بىر-بىرلەپ يىغىۋالىدۇ. [13] بۇ
چاغدا بۇرغا چېلىنىدۇ، ئاسسۇرىيەدە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە قالغان
ۋە مىسىردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئىسرائىللار قايتىپ كېلىپ،
يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس تاغدا پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىدۇ.

## شىمالىي پادىشاھلىقنى جازالاش توغرىسىدىكى ۋەھىي

28 [1] شىمالىي پادىشاھلىق شارابخورلىرىنىڭ شەرەپلىك
تاج-تەختى بولغان مەغرۇر شەھەر سامارىيەنىڭ ھالىغا
ۋاي!

ئۇ مۇنبەت سايلىق ئېگىزلىككە جايلاشقان شەھەر ئىدى،
ئەمما ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى گۈلگە ئوخشاش خازان
بولىدۇ.
بۇ خەلقنىڭ مەغرۇرلۇقى شاراب بىلەن ۋەيران قىلىنىدۇ.
[2] ئەگەڭلار كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك بىرىنى ئەۋەتىدۇ.
ئۇ مۆلدۈر، قارا بوران ۋە قارا يامغۇر ئېلىپ كەلگەن
كەلكۈندەك كېلىدۇ،
بۇ شەھەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ.
[3] شىمالىي پادىشاھلىق شارابخورلىرىنىڭ شەرەپلىك تاج-
تەختى بولغان مەغرۇر شەھەر سامارىيە
دۈشمەنلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىدۇ.
[4] ئۇ شەھەر مۇنبەت سايلىق ئېگىزلىككە جايلاشقان
بولسىمۇ،
ئەمما ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى گۈلگە ئوخشاش خازان
بولىدۇ.
ئۇ خۇددى تۇنجى پىشقان ئەنجۈردەك بولۇپ،

پىشقان هامان يۇلۇۋېلىنىپ، يۇتۇۋېتىلىدۇ.

5 بۇ چاغدا قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار قايتىپ كەلگەن ئاز
بىر قىسىم خەلقىنىڭ شەرەپلىك، گۈزەل تاج-تەختى
بولىدۇ.
6 ئۇ خەلقىنىڭ سوتچىلىرىغا ئادالەتنى ئاتا قىلىدۇ.
شەھەر سېپىلىنى قوغدايدىغان ئەزىمەتلەرگە كۈچ بېرىدۇ.

7 لېكىن روھانىيلار ۋە پەيغەمبەرلەر شاراب بىلەن مەست
بولىدۇ،
ئۇلار مەيلەرنى ئىچىپ، ئىرغاڭلاپ يۈرۈشىدۇ.
ئۇلار شاراب بىلەن مەست بولۇپ، قايمۇقۇپ قالىدۇ.
ئۇلار دەلدەڭشىپ يۈرۈشىدۇ.
پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىگە كەلگەن ۋەھيىلەرنى
چۈشىنەلمەيدۇ،
روھانىيلار خاتا هۆكۈملەرنى چىقىرىشىدۇ.
8 ئۇلارنىڭ شىرەلىرى قۇسۇقلارغا تولۇپ،
ھەممە يېرى بۇلغىنىپ كېتىدۇ.

9 ئۇلار: «خۇدا كىمگە ئەقىل ئۆگىتىدۇ،
ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى كىم چۈشىنىدۇ،
ئەمچەكتىن ئەمدىلا ئايرىلغان، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن
ئەمدىلا چىققان گۆدەكلەرگە سۆزلەۋاتامدۇ؟
10 ئۇ بىزگە ئۇنى قىل، بۇنى قىل، ئۇ يەردە، بۇ يەردە
دېگەندەك چۈشىنىكسىز گەپلەر بىلەن تەلىم
بېرىۋاتىدىغۇ؟!» دېيىشىدۇ.

11 ئۇنداق بولسا، پەرۋەردىگار غەيرىي تىلدا سۆزلەيدىغانلار،
يەنى يات خەلقلەرنىڭ ئاغزى ئارقىلىق بۇ خەلققە
سۆزلىسۇن.
12 بۇرۇن پەرۋەردىگار بۇ خەلققە مۇنداق دېگەنىدى:

«بۇ بىر ئارام ئالىدىغان جايدۇر،
سىلەر ھارغىنلىق يەتكەنلەرگە ئاراملىق بېرىڭلار!
بۇ كىشىلەر ئارام ئالسا بولىدىغان جايدۇر.»
بىراق بۇ خەلق ئاڭلاشنى خالىمىدى.
13 شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارغا قىلغان سۆزلىرى ئۇلارغا
«ئۇنى قىل، بۇنى قىل، ئۇ يەردە، بۇ يەردە» دېگەندەك
چۈشىنىكسىز ئاڭلىنىدۇ.
شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ماڭغاندا يىقىلىدۇ، يارىلىنىدۇ، تۇزاققا
چۈشۈپ تۇتۇلىدۇ.

14 ئەي پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى مازاق قىلغۇچىلار،
يەنى يېرۇسالېمدا خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار،
سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاڭلار!
15 سىلەر مۇنداق دەيسىلەر:
«بىز ئۆلۈم بىلەن كېلىشىم تۈزدۇق،
بىز گۆر بىلەن توختاملاشتۇق.
دەھشەتلىك بالايىئاپەت بېشىمىزغا چۈشمەيدۇ.
بىز يالغانچىلىق بىلەن قوغدىنىمىز،
بىز چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۆزىمىزنى يوشۇرىمىز.»
16 شۇڭا ئىگەم پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن سىئون تېغىغا بىر تاش قويىمەن،
ئۇ سىناقتىن ئۆتكەن قىممەتلىك تاشتۇر،
ئۇ مۇستەھكەم بىر ئىمارەتنىڭ ئۇل تېشىدۇر،
بۇ تاشقا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تايانغان ئادەم خاتىرجەم
تۇرىدۇ.
17 ئادالەتنى ئۆلچەم تانىسى،
ھەققانىيلىقنى تۈزلۈك تانىسى قىلىمەن.
يالغانچىلىق بىلەن قۇرۇلغان پاناھلىق جاينى مۆلدۈرلەر
ۋەيران قىلىدۇ.
كەلكۈنلەر سىلەرنىڭ دالدىلانغان جايىڭلارنى بېسىۋالىدۇ.

18 سلەرنىڭ ئۆلۈم بىلەن تۈزگەن كېلىشىمىڭلار بىتچىت
بولىدۇ.
سىلەرنىڭ گۆر بىلەن تۈزگەن توختىمىڭلار بىكار بولىدۇ.
دەھشەتلىك بالايىئاپەت كەلگەندە، سىلەر يەر بىلەن يەكسان
بولىسىلەر.
19 ھەر قېتىم كەلگەن بالايىئاپەت سىلەرنى يالماپ كېتىدۇ.
شۇنداق، ھەر كۈنى سەھەر ئۇ يامراپ كېلىدۇ.
ئۇ كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ كېلىدۇ.»
ئەگەر سىلەر بۇ سۆزلەرنى چۈشەنگەن بولساڭلار،
ۋەھىمىگە چۈشكەن بولاتتىڭلار!
20 «تۆشەك كىچىك ياتقىلى بولماس،
يوتقان تار ياپقىلى بولماس»①،
دېگەن ماقالنى بىلىسىلەر.
21 پەرۋەردىگار ئىلگىرى پېرئازىم تېغىدا ئۇرۇش قىلغاندەك
ئۇرۇش قىلىدۇ.
ئۇ گىبئون جىلغىسىدا غەزەپلەنگەندەك غەزەپكە كېلىدۇ.
ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىغا يات بىر ئىشنى قىلىدۇ،
ئۆزىنىڭ كۈتۈلمىگەن ئىشنى قىلىپ، ئۇنى تاماملايدۇ.
22 مازاق قىلىشنى توختىتىڭلار، بولمىسا سىلەرنىڭ
بوينۇڭلاردىكى زەنجىر تېخىمۇ چىڭىيدۇ.
ئىگەم، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ماڭا: «بۇ
زېمىننى ۋەيران قىلىش بېكىتىلىپ بولدى!» دېدى.

## خۇدانىڭ تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسى زوردۇر

23 مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار،
دېگەنلىرىمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار!
24 دېھقان كۈندە قايتا-قايتا يەر ئاغدۇرۇۋېرەمدۇ؟
ئۇ تېرىقچىلىق قىلماي تۈپراقنى ئاغدۇرۇۋېرەمدۇ؟

---

① 28: 20 يەھۇدىيەنىڭ مىسىر بىلەن تۈزگەن كېلىشىمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كېلىشىمنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمىغانلىقتىن، ئۇ كىچىك ۋە تار تۆشەككە ئوخشىتىلغان.

25 ياق، ئۇ يەرنى تەكشى تۈزلەپ،
ئاندىن سىېرىقچېچەك ئۇرۇقى ۋە زىرە ئۇرۇقى چاچىدۇ.
ئۇ يەرنى يۇمشىتىپ، بۇغداي تېرىيدۇ،
قىر ئېلىپ ئارپا تېرىيدۇ
ۋە ئېتىز ئەتراپلىرىغا يەنە باشقا زىرائەتلەرنى تېرىيدۇ.
26 چۈنكى خۇدا ئۇنىڭغا تەلىم بېرىپ توغرا يولنى
كۆرسىتىدۇ.
27 سېرىقچېچەك ئۇرۇقىنى تىرنا بىلەن ئايرىغىلى بولمايدۇ،
زىرە ئۇرۇقىنى تاش تۈلۈق بىلەن ئەزگىلى بولمايدۇ.
سېرىقچېچەك ئۇرۇقىنى چىۋىق بىلەن، زىرە ئۇرۇقىنى
توقماق بىلەن ئايرىغۇلۇق.
28 نان قىلىدىغان ئاشلىقنى ئېزىش ئاسان،
شۇڭا ھېچكىم ئۇنى يەنە يانجىۋەرمەيدۇ.
بۇغداينى تاش تۈلۈق بىلەن خاماندا تەپكەندە،
ئۇنى ھەرگىزمۇ قاتتىق ئەزمەيدۇ.
29 بۇ پاراسەتلەرنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۆگەتكەن.
ئۇنىڭ تەلىملىرى ئىنتايىن ئورۇنلۇق،
ئۇنىڭ پاراستى قالتىستۇر.

## يېرۇسالېمنى جازالاش توغرىسىدىكى ۋەھىي

# 29

1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي يېرۇسالېم، يەنى داۋۇت بارگاھ قۇرغان شەھەر
ئارىئېل①،
سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي!
سېنىڭ ئادەملىرىڭ ھېيتلىرنى تەبرىكلەپ ئويناۋەرسۇن.
2 ئەمما مەن ئارىئېلنى بىر مۇشكۈلاتقا دۇچار قىلىمەن،
بۇ شەھەر پەرياد كۆتۈرۈپ، نالە قىلسۇن.
مەن بۇ يەرنى قۇربانلىق سۇپىسى قىلىمەن.
3 مەن سېنىڭ ھەممە تەرىپىڭدە بارگاھ قۇرىمەن،

---

① 29: 1 ئارىئېل ـ يېرۇسالېمنىڭ يەنە بىر ئىسمى.

ئەتراپىڭغا مۇنارلارنى ياسايمەن،
سېپىلىڭغا توپا دۆۋىلەپ، ھۇجۇم قىلىمەن.
4 سەن يىقىلىپ چۈشۈپ، توپىدا يېتىپ سۆزلەيسەن.
سېنىڭ سۆزلىرىڭ توپىدىن ئارانلا ئاڭلىنىدۇ.
سېنىڭ ئاۋازىڭ يەر ئاستىدىن كەلگەن جىنىنىڭ ئاۋازىدەك
ئاڭلىنىدۇ.
سېنىڭ سۆزلىرىڭ تۇپراقتىن كەلگەن پىچىرلاشتەك
بىلىنىدۇ.

5 ئەمما سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ تۈيۈقسىزدىن توپىدەك توزۇپ
كېتىدۇ.
سېنىڭ نۇرغۇن رەقىبلىرىڭ شامالدىكى چاڭ-توزاندەك
يوقاپ كېتىدۇ.
بۇ ئىشلار ئىنتايىن تۈيۈقسىز، ھەش-پەش دېگۈچە يۈز
بېرىدۇ.
6 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار خۇددى گۈلدۈرمامىدەك،
يەر تەۋرىگەندەك دەھشەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن كېلىدۇ.
جۇدۇن-چاپقۇن، قارا بوران ۋە دەھشەتلىك كۆيۈۋاتقان ئوت
بىلەن كېلىدۇ.
7 ئارىئېل بىلەن ئۇرۇش قىلغان، ئۇنىڭ سېپىللىرىغا ھۇجۇم
قىلىپ،
خەلقىگە ئازاب سالغان بارلىق ئەللەر
خۇددى كېچىدىكى چۈشتەكلا غايىب بولىدۇ!
8 ئاچ قالغان كىشىلەر چۈشىدە تاماقلانغاندەك،
ئەمما ئويغانغاندا يەنىلا ئاچ قورساق تۇرغاندەك،
چاڭقاپ كەتكەن كىشىلەر چۈشىدە ئۇسسۇلۇق ئىچكەندەك،
ئەمما ئويغانغاندا يەنىلا ئۇسسىز، ھارغىن قوپقاندەك
بولىدۇ.
مانا بۇ سىئون تېغىغا ھۇجۇم قىلغان سېنىڭ
دۈشمەنلىرىڭنىڭ ھالى.»

9 چۆچۈپ كېتىڭلار، ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېلىڭلار!
ئەمالاردەك يۇرىۋېرىڭلار!
سىلەر مەست، بىراق شارابتىن ئەمەس.
سىلەر دەلدەڭلىشىپ ماڭىسىلەر، ئەمما بۇ مەي
ئىچكىنىڭلاردىن ئەمەس.
10 پەرۋەردىگار سىلەرگە قاتتىق ئۇيقۇ بەردى.
پەيغەمبەرلىرىڭلارنىڭ كۆزلىرى يۇمدۇرۇلۇپ قويۇلغان.
غايىبنى بىلگۈچىلەرنىڭ بېشى چۈمكەپ قويۇلغان.

11 مەن سىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ۋەھىيلەرنىڭ ھەممىسىنى
سۆزلەپ بەردىم. بۇ سىلەر ئۈچۈن پېچەتلەنگەن دەستۇرغا
ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇنى ئوقۇيالايدىغان كىشىلەرگە ئوقۇش
ئۈچۈن بېرىلسە، ئۇلار: «بىز ئوقۇيالمايمىز، چۈنكى بۇ دەستۇر
پېچەتلەنگەن ئىكەن» دەيدۇ. 12 ئەگەر بۇنى ئوقۇيالمايدىغان
كىشىلەرگە ئوقۇش ئۈچۈن بېرىلسە، ئۇلار: «بىز ئوقۇشنى
بىلمەيمىز» دەيدۇ.

13 ئىگەم مۇنداق دەيدۇ:
«بۇ ئادەملەر ماڭا ئېغىزىدىلا ئېتىقاد قىلىدۇ،
تىلىنىڭ ئۇچىدىلا مېنى ئۇلۇغلايدۇ،
ئۇلارنىڭ يۈرىكى مەندىن يىراق.
ئۇلار ماڭا ئىنسانلار ياراتقان قائىدە-يوسۇنلارغا ئاساسەن
ئىبادەت قىلىدۇ.
14 شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ خەلققە ئۇلارنى چۆچۈتىدىغان
پەۋقۇلئاددە ئىشلارنى قايتا-قايتا قىلىمەن.
ئۇلارنىڭ ئاقىللىرى ئەقىلسىز بولۇپ قالىدۇ.
ئۇلارنىڭ پاراسەتلىك كىشىلىرى پاراسەتسىز بولۇپ
قالىدۇ!»

15 ئۆزلىرىنىڭ پىلانىنى پەرۋەردىگاردىن يوشۇرۇشقا
ئۇرۇنغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئۇلار ئۆز ئىشلىرىنى قاراڭغۇدا يوشۇرۇنچە قىلىدۇ ۋە
ئويلايدۇ:
«بىزنى كىم كۆرىدۇ، بىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىمىزنى كىم
بىلىدۇ؟»
16 سىلەر ئەخمەق، سىلەر ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسىلەر!
كۇلالچى بىلەن لاي تەڭ ئورۇندا تۇرامدۇ؟
نەرسىلەر ئۆزىنى ياسىغۇچىغا «ئۇ مېنى ياسىمىغان»
دەمدۇ؟
ساپال قاچا كۇلالچىغا «ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ»
دەمدۇ؟

17 قىسقا ۋاقىت ئىچىدە لىۋان مۇنبەت بىر زېمىنغا ئايلىنىدۇ،
بۇ مۇنبەت زېمىن ئورمانلىققا ئايلىنىدۇ.
18 شۇ چاغدا گاس ئادەملەر دەستۇرلاردىن ئوقۇلغان سۆزلەرنى
ئاڭلايدۇ،
قاراڭغۇ زۇلمەتتىكى ئەمالار كۆرىدۇ.
19 پەرۋەردىگارنىڭ قىلغانلىرىدىن ئاجىزلار قايتىدىن
خۇشاللىققا چۆمىدۇ.
يوقسۇللار ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدادىن
شادلىنىدۇ.
20 زالىملار يوقىلىدۇ،
مازاق قىلغۇچىلار ۋەيران بولىدۇ.
يامانلىققا ھېرىسمەنلەرنىڭ ھەممىسى تۈگىشىدۇ.
21 بۇلار كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ يالغان گۇۋاھلىقى بىلەن
زىيانكەشلىك قىلغۇچىلاردۇر.
بۇلار ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنى ئالداپ، خاتا ھۆكۈم
چىقارغۇزغۇچىلاردۇر.
يالغان سۆزلەپ، گۇناھسىز كىشىلەرگە ئادالەتسىزلىك
قىلغۇچىلاردۇر.

22 ئىبراھىمنى قۇتقۇزۇۋالغان پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى
توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇلار ئەمدى نومۇس قىلىپ ئولتۇرمايدۇ.
ئۇلارنىڭ ئەمدى يۈزى تۆكۈلمەيدۇ.
23 چۈنكى ئۇلار ئۆز ئەۋلادلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىلغان
ئىشلىرىمنى كۆرسە،
مېنىڭ نامىمغا ھۆرمەت كەلتۈرىدۇ.
ئۇلار ياقۇپنى تاللىغان مەن مۇقەددەس خۇداغا ھۆرمەت
ياغدۇرىدۇ.
ئۇلار ئىسرائىللارنى تاللىغان مەن خۇدانى چوڭقۇر ھۆرمەت
قىلىدۇ.
24 يولدىن ئازغانلار ھەقىقەتنى چۈشىنىدۇ،
مەندىن ئاغرىنغۇچىلار تەلىمنى ئاڭلايدىغان بولىدۇ.»

## يەھۇدىيەنىڭ بىھۇدە كېلىشىم تۈزۈشى

30 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئاسىي
بالىلىرىمنىڭ ھالىغا ۋاي!
ئۇلار ئۆز پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىپ، مېنىڭ پىلانىمنى ئىجرا
قىلمايدۇ.
ئۇلار مېنىڭ روھىمغا تايانماي، ئۆز ئالدىغا ئىتتىپاق
تۈزۈشىدۇ.
ئۇلار گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ سادىر قىلدى.
2 ئۇلار مېنىڭ رۇخسىتىمسىز مىسىرغا باردى.
ئۇلار پىرئەۋندىن ئۆزلىرىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىشتى.
ئۇلار مىسىردىن پاناھلىق ئىزدەشتى.
3 ئەمما پىرئەۋننىڭ ھىمايىسىگە تايىنىش ئۇلارنى نومۇسقا
قالدۇرىدۇ،
مىسىرنىڭ پاناھلىقى سىلەرنى خارلىقتا قالدۇرىدۇ.
4 يەھۇدىيەنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئەلچىلىرى مىسىرنىڭ
زوئان
ۋە خانىس شەھەرلىرىگە باردى،

5 لېكىن يەھۇدىيە خەلقى يەنىلا نومۇسقا قالىدۇ.
چۈنكى ئۇ ئەل ئۇلارغا ياردەم قىلمايدۇ.
ئۇ ئەل ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ.
ئۇلارغا پەقەت نومۇس ۋە خارلىق ئېلىپ كېلىدۇ.»

6 نەگېب چۆللۈكىدىكى هايۋانلار توغرىسىدىكى ۋەھيي:
«يەھۇدىيەنىڭ ئەلچىلىرى ئېشەكلەرگە بايلىقلارنى
ئارتىپ،
تۆگىلەرگە خەزىنىلىرىنى يۈكلەپ،
شىرلار ۋە زەھەرلىك يىلانلار ماكانلاشقان
خەتەرلىك زېمىنلاردىن ئېغىر مۈشكۈلات ۋە جاپالار بىلەن
ئۆتۈپ،
ئۆزلىرىگە قىلچىمۇ ياردەم قىلالمايدىغان بىر ئەلگە
ئاپىرىپ بېرىدۇ.
7 مىسىرنىڭ ياردىمى ئەسقاتمايدۇ، ھېچقانداق پايدىسى
يوقتۇر.
مېنىڭ ئۇنى: ‹جىم تۇرىدىغان راخاب[1]› دەپ ئاتىشىمنىڭ
سەۋەبى شۇ.»

8 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
«ئەمدى بېرىپ، يەھۇدىيە خەلقىنىڭ ئالدىدا تاش تاختىغا
بۇ ئىشلارنى خاتىرە قىلىپ ئويغىن.
بۇ ئىشلاردىن دەستۇر پۈتۈپ،
كەلگۈسىدىكىلەرگە مىراس قىلغىن.
بۇ پۈتۈكلەر مەڭگۈ گۇۋاھچى بولسۇن.
9 بۇ خەلق ئاسىيدۇر، يالغانچى بالىلاردۇر.
بۇ بالىلار پەرۋەردىگارنىڭ تەلىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

---

[1] 30: 7 راخاب ـ دېڭىزدا ياشايدىغان قورقۇنچلۇق، چوڭ بىر ئەپسانىۋى مەخلۇقنىڭ ئىسمى بولۇپ، مىسىرنىڭ لەقىمىدۇر.

10 ئۇلار غايىبنى بىلگۈچىلەرگە: ‹غايىبانە ئالامەتلەرنى
سۆزلىمەڭلار!› دەيدۇ.
ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە: ‹بىزگە توغرا-خاتا توغرىسىدىكى
ۋەھىيلەرنى يەتكۈزمەڭلار،
پەقەت شېرىن سۆزلەرنى قىلىڭلار،
خىيالىي، يالغان نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىڭلار،
11 پەيغەمبەرلىك يولۇڭلاردا ماڭماڭلار، ۋەھىي يەتكۈزۈشنى
توختىتىڭلار،
ئاتالمىش مۇقەددەس خۇدايىڭلارنىڭ نىمىلەرنى
دېگەنلىكىنى سۆزلەشتىن توختاڭلار!› دەيدۇ.»

12 شۇڭا ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدا مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەر مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى رەت قىلدىڭلار.
سىلەر زۇلۇمغا ۋە ئالدامچىلىققا تاياندىڭلار.
13 شۇڭا سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار يېرىلغان ئېگىز تامغا
ئوخشايدۇ.
ئۇ ئۆرۈلۈشكە تەييار تۇرىدۇ.
تۇيۇقسىز گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدۇ.
14 ئۇ خۇددى يەرگە چۈشكەن كومزەك پارچە-پارچە بولۇپ
كەتكەندەك،
شۇنچىلىك پارچىلىنىپ كېتىدۇكى،
ئوچاقتىن قوقاس ئالغۇدەك،
كۆلچەكتىن سۇ ئالغۇدەك پارچىسىمۇ قالمايدۇ.»

15 ئىگەم پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس
خۇدا مۇنداق دەيدۇ:
«ئەگەر سىلەر يولۇمغا قايتىپ كېلىپ، خاتىرجەملىك بىلەن
ماڭا ئىشەنسەڭلار، قۇتقۇزۇلىسىلەر.
سىلەر سۈكۈت قىلىپ، ماڭا تايانساڭلار، كۈچلۈك
بولىسىلەر.
لېكىن سىلەر ئۇنداق قىلىشنى خالىمايسىلەر.

[16] سىلەر: ‹ياق، بىز ئاتلىرىمىز بىلەن قاچىمىز› دەيسىلەر.
شۇنداق، سىلەر قاچىسىلەر.
سىلەر دەيسىلەر: ‹بىز تېز چاپىدىغان ئاتلىرىمىزغا
مىنىمىز›.
شۇنداق، لېكىن سىلەرنى قوغلىغانلارنىڭ ئېتى تېخىمۇ
تېز چاپىدۇ.
[17] سىلەرنى قوغلىغانلارنىڭ بىر ئادىمىدىن مىڭ ئادىمىڭلار
قورقۇپ قاچىدۇ.
ئۇلارنىڭ بەش ئادىمىدىن سىلەرنىڭ پۈتۈن قوشۇنۇڭلار
قورقۇپ قاچىدۇ.
سىلەر خۇددى تاغدىكى يالغۇز بايراق خادىسىدەك،
ياكى ئېراق تاغ چوققىسىدىكى بايراقتەك يېگانە
قالىسىلەر.»

## پەرۋەردىگارنىڭ رەھىمدىللىكى

[18] پەرۋەردىگار سىلەرگە رەھىم قىلىشنى كۈتۈۋاتىدۇ،
ئۇ سىلەرگە ھېسداشلىق قىلىشقا دائىم تەييار.
چۈنكى پەرۋەردىگار ئادالەتلىك خۇدادۇر.
ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىغانلار بەختلىك بولىدۇ.

[19] ئەي سىئون تېغىدىكى خەلق، يەنى يېرۇسالېمدا ياشاۋاتقان
خەلقلەر، سىلەر ئەمدى يىغلىمايسىلەر. ئەگەر سىلەر ياردەم
تىلىسەڭلار، ئۇ سىلەردىن شەپقىتىنى ئايىمايدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ
نالەڭلارنى ئاڭلىغاندا، سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ. [20] گەرچە
ئىگىمىز سىلەرگە بالا-قازادىن غىزا ۋە مۇشكۇلاتتىن ئۇسسۇلۇق
بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن سىلەرنىڭ ئۇستازىڭلار خۇدا ئۆزىنى
ئەمدى سىلەردىن يوشۇرمايدۇ. سىلەر ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار
بىلەن كۆرىسىلەر. [21] سىلەر توغرا يولدىن ئېزىپ، ئوڭغا
ياكى سولغا چەتنەپ كەتسەڭلار، ئارقاڭلاردىن كەلگەن بىر
ئاۋازنى ئاڭلايسىلەر: «ئۇدۇلغا مېڭىڭلار! ئۇ توغرا يولدۇر!»
[22] ئاندىن سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ كۈمۈش ۋە ئالتۇن بىلەن قاپلانغان

بۇتلىرىڭلارنى چىقىپ تاشلايسىلەر. سىلەر ئۇلارنى خۇددى
ئاياللار ھەيز لاتىسىنى تاشلىۋەتكەندەك تاشلىۋېتىسىلەر ۋە
ئۇلارغا «كۆزۈمدىن يوقال!» دەيسىلەر.
[23] ئىگىمىز ئېتىزىڭلارغا تېرىلغان ئۇرۇقلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ
بېرىدۇ. زېمىنىڭلار مول ھوسۇل بېرىپ، باياشاتچىلىق بولىدۇ.
شۇ چاغدا سىلەرنىڭ چارۋا ماللىرىڭلار كەڭ يايلاقلاردا ئوتلايدۇ.
[24] سىلەرنىڭ ئېتىزىڭلارنى ئاغدۇرىدىغان ئۆكۈز ۋە ئېشەكلەر ئەڭ
ياخشى يەم-خەشەكلەرنى يەيدۇ. [25] سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلار
قىرىلىپ، شەھەر مۇنارلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن شۇ كۈنى،
ھەربىر چوققا ۋە تاغلاردىن سۈپسۈزۈك سۇلار ئېرىق-ئېرىق
بولۇپ ئېقىپ كېلىدۇ. [26] پەرۋەردىگار ئۆزى جاراھەتلەندۈرگەن
خەلقىنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ، ئۇلارنىڭ يارىلىرىغا شىپالىق
بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاي نۇرى خۇددى قۇياشتەك پارلايدۇ.
قۇياشمۇ خۇددى يەتتە كۈنلۈك قۇياش نۇرى قوشۇلغاندەك
يەتتە ھەسسە يورۇقلۇق بېرىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئاسسۇرلارنى جازالىشى

[27] قاراڭلار، پەرۋەردىگار يىراقلاردىن كېلىۋاتىدۇ.
ئۇ غەزەپ ئوتلىرىنى چاچرىتىپ،
قويۇق كۆتۈرۈلگەن ئىسلار ئىچىدە كېلىۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ سۆزلىرى غەزەپكە تولغاندۇر، تىلى گويا
دەھشەتلىك كۆيۈۋاتقان ئوتتۇر.
[28] ئۇنىڭ نەپەسلىرى دۈشمەنلىرىنى بوغۇزىغىچە
چۆكۈرۈۋېتىدىغان كەلكۈنگە ئوخشايدۇ.
ئۇ ۋەيران قىلىنىدىغان ئەللەرنى ئەلگەكتە تاسقىغاندەك
تاسقايدۇ.
ئۇ ئۇلارغا يۈگەن سېلىپ، ئۇلارنى خارابىلىككە باشلاپ
بارىدۇ.

[29] ئەمما خۇدانىڭ ئۆز خەلقى بولغان سىلەر خۇددى ھېيت
كېچىسىدىكىدەك ناخشىلارنى ياڭرىتىسىلەر.

خۇددى كىشلەر نەي چېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ تېغىغا
ماڭغاندەك،
خۇددى ئىسرائىللارنى قوغداپ كەلگەن قورام تاشقا
ماڭغاندەك،
سىلەرنىڭ قەلبىڭلار شادلىققا تولىدۇ.
30 خۇددى دەھشەتلىك كۈيۈۋاتقان ئوت ھەممە نەرسىنى
كۈيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك،
خۇددى جۇدۇن-چاپقۇن ئېلىپ كەلگەن قارا يامغۇر بىلەن
مۆلدۈردەك،
پەرۋەردىگار ئۇلۇغ ئاۋازىنى ھەممە ئادەمگە ئاڭلىتىدۇ.
ئۇ غەزەپ بىلەن ئۆزىنىڭ جازالايدىغان قولىنى ھەممە
ئادەمگە كۆرسىتىدۇ.
31 ئاسسۇرلار پەرۋەردىگارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن
شۇركىنىپ كېتىدۇ.
ئۇ جازا كالتىكى بىلەن ئۇلارنى ئۇرىدۇ.
32 ھەر قېتىم پەرۋەردىگار ئۇلارنى جازا كالتىكى بىلەن
ئۇرغاندا،
ئىسرائىللارنىڭ داپ ۋە لىرالىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ.
پەرۋەردىگار ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرىدى.
33 پەرۋەردىگار بۇرۇنلا ئاسسۇرىيە پادىشاھىنى كۆيدۈرىدىغان
جاي تەييارلاپ قويغان.
ئوت ئازگىلى چوڭقۇر ھەم كەڭ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئوتۇنلار
بار.
پەرۋەردىگارنىڭ نەپىسى خۇددى گۈڭگۈرت بولۇپ، ئۇنىڭغا
ئوت تۇتاشتۇرىدۇ.

## خۇدانىڭ يېرۇسالېمنى قوغدىشى

31 1 مىسىردىن ياردەم سورىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچىنى مىسىرلىقلارنىڭ
ئاتلىرىغا،
ئۇمىدلىرىنى مىسىرنىڭ كۆپلىگەن جەڭ ھارۋىلىرىغا

ۋە ھارۋىلىق لەشكەرلىرىگە باغلىدى.
ئۇلار ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇداغا تايانمىدى.
ئۇلار پەرۋەردىگاردىن ياردەم تىلىمىدى.
2 پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن دانادۇر ۋە يەنە بالا-قازا ئېلىپ
كەلگۈچىدۇر.
ئۇ سۆزىدىن يانمايدۇ.
ئۇ رەزىللىك قىلغۇچىلارغا
ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىلەرگە قارشى ئاتلىنىدۇ.
3 مىسىرلىقلار ئىنساندۇر، ئىلاھ ئەمەس!
ئۇلارنىڭ ئاتلىرى پەقەت گۆشتۇر، روھ ئەمەس!
پەرۋەردىگار ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرگەندە،
ياردەم بەرگۈچىلەر يىقىلىدۇ ھەم ياردەم سورىغانلارمۇ
تۈگىشىدۇ.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

4 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
«شىرلار ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئولجىنىڭ ئۈستىدە ھۆركىرەيدۇ.
شىر ئۆزىنى قوغلىۋەتمەكچى بولغان قويچىلارنىڭ
ۋارقىراشلىرىغا پىسەنت قىلمايدۇ،
ئۇلارنىڭ سۈرەن سېلىشلىرىدىن قورقۇپ قالمايدۇ.
شۇنىڭغا ئوخشاش، مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار
سىئون تېغىغا چۈشۈپ، ئۇرۇش قىلىمەن.
5 خۇددى بىر قۇش ئۆز ئۇۋىسى ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ،
ئۇۋىسىنى قوغدىغانغا ئوخشاش،
مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار يېرۇسالېمنى
قوغدايمەن،
شەھەرنى قوغداپ، قۇتقۇزىمەن،
يېرۇسالېمنى پاناھىمغا ئېلىپ، قۇتۇلدۇرىمەن.»

6 ئەي ئىسرائىل خەلقى، سىلەر شۇ قەدەر ۋاپاسىزلىق بىلەن
ئاسىيلىق قىلدىڭلار. ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ يولىغا قايتىڭلار!

7 شۇندىلا ھەممىڭلار گۇناھقا پاتقان قولۇڭلار بىلەن كۈمۈش ۋە
ئالتۇندىن ياسىغان بۇتلىرىڭلارنى تاشلىۋېتىسىلەر.

8 «ئاسسۇرلار مەن پەرۋەردىگارنىڭ قىلىچى بىلەن
ئۆلتۈرۈلىدۇ.
ئىنسانلار ياسىمىغان بۇ قىلىچ ئۇلارنى ۋەيران قىلىدۇ.
ئۇلار ئىنساننىڭ قولى بىلەن ياسالمىغان بۇ قىلىچتىن
قاچىدۇ.
ئۇلارنىڭ يىگىتلىرى قۇل قىلىنىدۇ.
9 ئۇلارنىڭ ئەڭ جەسۇر لەشكەرلىرىمۇ قورقۇنچتىن
تىترەيدۇ.
ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇرۇش تۇغىنى كۆرگەندە قېچىپ
كېتىدۇ.»
مانا بۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
پەرۋەردىگارنىڭ ئوتى سىئون تېغىدا لاۋۇلدايدۇ،
ئۇنىڭ ئوچىقى يېرۇسالېمدىدۇر.

## ئادالەتلىك پادىشاھ

32 1 كەلگۈسىدە بىر پادىشاھ ھەققانىيلىق بىلەن
ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئادالەت بىلەن يۇرت سورايدۇ.
2 ئۇلار بوراندىن دالدىلىنىدىغان پاناھلىق جايغا،
جۇدۇن-چاپقۇندىن پاناھلىنىدىغان جايغا ئوخشايدۇ.
ئۇلار قاغجىرىغان يەرنى سۇغىرىدىغان ئېقىن سۇلارغا
ئوخشايدۇ.
قاتتىق ئىسسىق يەردىكى قورام تاشنىڭ سالقىن سايىسىغا
ئوخشايدۇ.

3 شۇنىڭدىن باشلاپ كۆزلەر كۆرىدىغان بولىدۇ،
قۇلاقلار ئوچۇق ئاڭلايدىغان بولىدۇ.
4 ئالدىراقسانلار چۈشىنىشكە باشلايدۇ،

كېكەچلەر راۋان ۋە ئوچۇق سۆزلەيدىغان بولىدۇ.
5 ئەخمەقلەر «ئالىيجاناب» دەپ ئىززەتلەنمەيدىغان بولىدۇ.
مەككارلار ئىززەت-ھۆرمەتلىك بولالمايدۇ.
6 ئەخمەقلەر ئەخمەقلەرچە سۆزلەپ، رەزىل پىلانلارنى
تۈزىدۇ،
ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، پەرۋەردىگار توغرىسىدا خاتا
تەلىملەرنى تارقىتىدۇ،
ئۇلار ئاچ قالغانلارنى تائامسىز، ئۇسسۇغانلارنى سۇسىز
قويىدۇ.
7 مەككارلارنىڭ ئۇسۇللىرى رەزىلدۇر.
يوقسۇللارنىڭ تەلەپلىرى توغرا بولسىمۇ،
ئۇلار ھىيلە-مىكىرلىك پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىپ،
يوقسۇللارنى يالغان گۇۋاھلىقى بىلەن ۋەيران قىلىدۇ.
8 ئەمما ئالىيجاناب ئادەملەر، ئالىيجاناب پىلانلارنى تۈزىدۇ.
ئۇلار ئالىيجاناب ئىشلاردا چىڭ تۇرىدۇ.

## جازالاش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش

9 كېلىڭلار، ئەي غەمدىن خالىي ئاياللار، مېنىڭ سۆزۈمنى
ئاڭلاڭلار.
تۇرمۇشى خاتىرجەم خېنىملار، مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق
سېلىڭلار.
10 غەمسىز يۈرۈۋاتقان سىلەرگە بىر يىلدىن كېيىن قورقۇنچ
كېلىدۇ.
ئۈزۈم تەكلىرىدىن ھوسۇل چىقمايدۇ،
باشقا مېۋىلەردىنمۇ ھوسۇل ئالالمايسىلەر.
11 قورقۇنچتىن تىترەڭلار غەمسىز خېنىملار،
ۋەھىمىدىن شۈركىنىپ كېتىڭلار خاتىرجەملىكتە
ياشاۋاتقانلار.
ئېسىل كىيىمڭلارنى سېلىۋېتىپ،
ئۇستۇڭلارغا ماتەملىك كىيىم كىيىپ، قايغۇرۇڭلار!

12 بۇرۇن باياشات بولغان ئېتىزلار ۋە مول ھوسۇللۇق
ئۈزۈملۈكلەر ئۈچۈن
مەيدەڭلارغا ئۇرۇپ يىغلاڭلار.
13 سىلەرنىڭ ئېتىزلىرىڭلارنى تىكەن ۋە ئازغانلار بېسىپ
كېتىدۇ.
سىلەرنىڭ شاد-خۇرام ئائىلەڭلار ۋە كۆڭۈللۈك شەھىرىڭلار
يوق بولىدۇ.
14 ئوردىلار تاشلىنىپ قالىدۇ.
شاۋقۇنلۇق شەھەرلەر قاقاسلىشىدۇ.
قورغان ۋە مۇنارلار ئادەمسىز، قۇپقۇرۇق بولۇپ قالىدۇ.
بۇ يەر ياۋايى ئېشەكلەرنىڭ يايرايدىغان، قويلارنىڭ
ئوتلايدىغان جايىغا ئايلىنىدۇ.
15 بۇ ئەھۋال خۇدا ئۆز روھىنى ئەرشتىن بىزگە چۈشۈرگۈچە
داۋاملىشىدۇ.
ئۇ چاغ كەلگەندە قاقاسلىقلار مۇنبەت زېمىنغا ئايلىنىدۇ.
بۇ مۇنبەت زېمىن ئورمانلىققا ئايلىنىدۇ.
16 چۆللۈكتە ئادالەت ھۆكۈم سۈرىدۇ،
ھەققانىيەت مۇنبەت زېمىندا يىلتىز تارتىدۇ.
17 ھەققانىيەتنىڭ نەتىجىسى تىنچلىق بولىدۇ،
ئۇ مەڭگۈ خاتىرجەملىك ۋە بىخەتەرلىكنى ئېلىپ كېلىدۇ.
18 مېنىڭ خەلقىم تىنچ زېمىندا ياشايدۇ،
بىخەتەر ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ،
تىنچ جايلاردا ئارام ئالىدۇ.
19 مەيلى مۆلدۈرلەر ئورمانلارنى ۋەيران قىلىۋەتسۇن
ياكى شەھەرلەرنى يوق قىلىۋەتسۇن،
20 سىلەرگە يەنىلا بەخت ھەمراھ بولىدۇ.
ئېرىق بويلىرىغا ئۇرۇق چاچىسىلەر،
كالا ۋە ئېشەكلىرىڭلارنى ئەركىن ئوتلاشقا قويۇپ
بېرىسىلەر.

## ئاسسۇرىيەنى جازالاش توغرىسىدىكى ۋەھىي

33 1 ئەي باشقىلارنى ۋەيران قىلىپ، ئۆزى ۋەيران قىلىنمىغانلار،
سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي!
ئالدام خالتىغا چۈشمىگەن ئەي ئالدامچىلار، سىلەرنىڭ
ھالىڭلارغا ۋاي!
سىلەر باشقىلارنى ۋەيران قىلىپ بولغاندىن كېيىن،
ئۆزۈڭلار ۋەيران بولىسىلەر.
سىلەر ئالدامچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭلار
ئالدىنىسىلەر.

2 ئى پەرۋەردىگار، بىزگە رەھىم قىلغىن!
بىز ساڭا ئۈمىد باغلاپ، كۈتۈپ تۇرىمىز.
ھەر كۈنى بىزگە كۈچ-قۇدرەت بەرگىن.
بېشىمىزغا كۈلپەت چۈشكەندە بىزنى قۇتقۇزغىن.

3 يات خەلقلەر سېنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىڭدىن قورقۇپ،
قاچىدۇ.
سەن ئورنۇڭدىن دەس تۇرساڭ، دۈشمەن تەرەپ-تەرەپكە
تارقىلىپ كېتىدۇ!
4 چېكەتكىلەر زىرائەتلەرنى يەۋەتكەندەك، يات خەلقلەرنىڭ
يىغىۋالغان ئولجىلىرىمۇ يوق بولىدۇ.
خەلق چېكەتكىلەر يىغىلغاندەك يىغىلىپ، ئۇلارنىڭ
ئولجىلىرىغا تاشلىنىدۇ.

5 پەرۋەردىگار ئۇلۇغدۇر، ئۇ ئەرشتە ياشايدۇ.
ئۇ سىئون ئېغىنى ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن
تولدۇرىدۇ.
6 ئۇ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارغا مۇقىم خاتىرجەملىك ئېلىپ
كېلىدۇ.

ئۇ سىلەرنىڭ بىخەتەرلىك، دانالىق ۋە بىلىم مەنبەيىڭلاردۇر.
پەرۋەردىگارغا ئىخلاسمەنلىك سىلەرنىڭ بايلىقىڭلاردۇر.

7 بىلىڭلار، سىلەرنىڭ باتۇر لەشكەرلىرىڭلار كوچىلاردا ئۈن سېلىپ يىغلايدۇ.
تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىڭلار قاتتىق يىغلايدۇ.
8 يوللار تىمتاسلىقتا قالىدۇ،
كىشىلەر سەپەر قىلمايدىغان بولىدۇ،
كىشىلەر ئارىسىدىكى توختاملار بۇزۇلىدۇ،
گۇۋاھچىلار كۆزگە ئىلىنمايدۇ،
ئىنسانلار بىر-بىرىنى قەدىرلىمەيدىغان بولىدۇ.
9 زېمىن قۇرۇپ، قاغجىراپ قالىدۇ،
لىۋاندىكى ئورمانلىقلار قۇرۇپ، قاقشال بولۇپ قالىدۇ،
شارون تۈزلەڭلىكى چۆللۈككە ئايلىنىدۇ،
باشان تۈزلەڭلىكىدىكى، كارمەل تېغىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

10 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەمدى ئورنۇمدىن قوزغىلىمەن،
ئۆزۈمنىڭ بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىمەن.
11 ئەي ئاسسۇرلار، سىلەرنىڭ بارلىق پىلانلىرىڭلار خۇددى قۇرۇق پاخالغا،
قىلغان ئىشلىرىڭلار ھېچقانداق قىممىتى يوق سامانغا ئوخشايدۇ.
سىلەرنىڭ نەپسىڭلار ئوت بولۇپ ئۆزۈڭلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.
12 خۇددى كېسىپ تاشلانغان تىكەن ئوتقا تاشلانغاندەك،
خەلقلىرىڭلار پۈتۈنلەي كۆيۈپ، كۈل بولىدۇ.

13 مەيلى سىلەر يىراقتا ياشاۋاتقان بولۇڭلار، ياكى يېقىندا
ياشاۋاتقان بولۇڭلار،
ھەممىڭلار مېنىڭ قىلغان بۈيۈك ئىشلىرىمنى ئاڭلاڭلار،
مېنىڭ غايەت قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىمنى بىلىڭلار!»

14 سىئون ئېغىدىكى گۇناھكارلارنى قورقۇنچ باسىدۇ.
ئىمانسىزلارنى تىترەك باسىدۇ.
ئۇلار سورىشىدۇ: «بىزنىڭ ئارىمىزدىن كىملەر
پەرۋەردىگارنىڭ ئوتلۇق ھۇزۇرىدا تۇرالايدۇ؟
ئارىمىزدىن كىملەر مەڭگۈلۈك ئوت ئىچىدە ياشىيالايدۇ؟»
15 توغرا ئىشلارنى قىلغانلار ۋە ھەققانىي سۆزلەيدىغانلار
ياشايدۇ.
مەككارلىق بىلەن باي بولۇشتىن باش تارتقانلار ۋە پارا
ئېلىشنى رەت قىلغانلار،
سۇيىقەستلەرگە قاتناشمىغانلار،
رەزىل ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغانلار،
16 مانا مۇشۇنداق كىشىلەر بىخەتەر جايدا ياشايدۇ،
قورام تاشتىن ياسالغان مۇستەھكەم ئۆيلەردە تۇرىدۇ،
ئۇلارنىڭ ئىزاسى ۋە ئىچىدىغان سۈيى كەم بولمايدۇ.

17 سىلەر ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن بىر شۆھرەتلىك پادىشاھنى
كۆرىسىلەر.
سىلەر بىپايان كەتكەن زېمىننى كۆرىسىلەر.
18 سىلەر بۇرۇنقى قورقۇنچلۇق چاغلارنى ئەسلەپ، مۇنداق
دەيسىلەر:
«دۈشمەنىنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارى قېنى؟
ئولجىلارنى تىزىملىغۇچىلار قېنى؟
مۇنارلىرىمىزنى سانىغانلار قېنى؟»
19 سىلەر ئەمدى، تىلىنى بىلمەيدىغان، يات تىلدا
سۆزلىشىدىغان تەكەببۇر كىشىلەرنى كۆرمەيسىلەر.

20 سلەر سئون تېغىغا، يەنى ھېيتلىرىمىزنى ئۆتكۈزۈۋاتقان شەھىرىمىزگە قاراڭلار.
يېرۇسالېمنىڭ خاتىرجەم يەرگە ئايلانغانلىقىنى،
ئۇنىڭ يۆتكەلمەيدىغان، قوزۇقلىرى سۇغۇرۇۋېلىنمايدىغان مەزمۇت ئورناپ
كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر.
ئۇنىڭ قوزۇقلىرىنى سۇغۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ،
ئۇنىڭ ئارغامچىلىرىنى ھېچكىم ئۈزەلمەيدۇ.
21 پەرۋەردىگار بىزنىڭ قۇدرەتلىك قوغدىغۇچىمىز بولىدۇ.
ئۇ دۈشمەننى توسقۇچى دەريا بولىدۇ،
ئۇنىڭدىن دۈشمەننىڭ ھېچبىر كېمىسى ئۆتەلمەيدۇ.
22 پەرۋەردىگار بىزنىڭ سوتچىمىز.
پەرۋەردىگار بىزنىڭ ھۆكۈمرانىمىز.
پەرۋەردىگار بىزنىڭ پادىشاھىمىز، ئۇ بىزنى قۇتقۇزىدۇ.

23 ھازىر سلەرنىڭ كېمەڭلارنىڭ ئارغامچىلىرى يېشىلىپ
كەتكەن،
ماچتىسى ئاجىز، يەلكىنىڭلار ئېچىلمىغان بولسىمۇ،
لېكىن ۋاقتى كەلگەندە، سلەر نۇرغۇن ئولجا ئالىسلەر،
ھەتتا ئاقساق-چولاقلارمۇ ئولجا ئالالايدۇ.
24 يېرۇسالېمنىڭ پۇقرالىرىدىن ھېچكىم ئەمدى ئۆزىنى
«مەن كېسەل» دېمەيدۇ.
پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ.

## ئىمانسىز خەلقلەرنىڭ جازالىنىشى

34 1 ئەي خەلقلەر، يېقىنراق كېلىڭلار، قۇلاق سېلىڭلار!
ئەي ئادەملەر، دىققەت قىلىڭلار!
زېمىن ۋە زېمىندىكى پۈتكۈل خەلق ئاڭلىسۇن.
پۈتكۈل جاھان ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق ھاياتلىق ئاڭلىسۇن.
2 پەرۋەردىگار بارلىق خەلقلەرگە ۋە
ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا غەزەپلەندى.
ئۇ ئۇلارنى قىرغىن قىلىپ، تەلتۆكۈس يوقىتىدۇ.

3 ئۆلارنىڭ جەسەتلىرى تاشلىنىپ قالىدۇ،
جەسەتلىرى سېسىپ كېتىدۇ،
تاغلار ئۆلارنىڭ قانلىرى بىلەن بويىلىدۇ.
4 ئاسماندىكى بارلىق يۇلتۇزلار ئېرىپ كېتىدۇ، ئاسمان
يۆگىلىدۇ.
يۇلتۇزلار خۇددى ئۈزۈم يوپۇرماقلىرى ۋە ئەنجۈرلەر يەرگە
چۈشكەندەك، يەرگە چۈشىدۇ.

5 پەرۋەردىگار: «مېنىڭ قىلىچىم ئاسماندىكى سوراقنى
تۈگىتىپ،
ئاندىن مەن تەلتۆكۈس يوقىتىشنى ئىرادە قىلغان ئېدومغا
چۈشىدۇ» دېدى.
6 پەرۋەردىگارنىڭ قىلىچى خۇددى پاقلان، ئۆچكە ۋە
قوچقارنى
قۇربانلىق قىلغان چاغدىكىدەك، قان ۋە مايغا بويىلىدۇ.
چۈنكى پەرۋەردىگار بوزرا شەھىرىدە قۇربانلىق قىلىدۇ،
ئېدومدا چوڭ قىرغىنچىلىق قىلىدۇ.
7 ياۋايى كالىلار ئۆلار بىلەن بىللە قىرغىن قىلىنىدۇ،
موزايلىرىمۇ بۇقىلار بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلىدۇ.
ئۆلارنىڭ زېمىنى قانغا بويىلىدۇ،
تۇپرىقى گۆشلەرنىڭ يېغىغا تولۇپ كېتىدۇ.

8 پەرۋەردىگار قىساس ئالىدىغان كۈننى بېكىتتى،
بۇ سىئون تېغى ئۈچۈن ئېلىنىغان ئىنتىقام.
9 ئېدومنىڭ ئېقىنلىرى قارا مايغا تولىدۇ،
ئۇنىڭ تۇپرىقى كۆيۈۋاتقان گۈڭگۈرتكە،
زېمىنى يالقۇنلاۋاتقان قارا مايغا ئايلىنىدۇ.
10 كېچە-كۈندۈز توختىماي كۆيىدۇ.
ئۇنىڭدىن تارقىغان ئىسلار ئۈزۈلمەيدۇ.
ئېدوم ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە قاقاسلىق بولىدۇ.
ئۇ يەرگە ھېچكىم قايتا قەدەم باسمايدۇ.

11 ھەر خىل ھۇۋقۇشلار ئۇ يەرلەرگە ماكانلىشىدۇ،
قاغا-قۇزغۇنلارمۇ ئۇ يەرلەرنى ماكان قىلىدۇ.
پەرۋەردىگار تانا تارتىپ ئۆلچەپ، ئۇ يەرنى ۋەيرانە
خارابىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.
12 بۇ يەرگە پادىشاھلىق قىلغۇدەك بىرەر ئېسىلزادە ئادەم
چىقمايدۇ،
ئۇ يەرنىڭ شاھزادىلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ.
13 ئوردىلارنى تىكەن بېسىپ كېتىدۇ.
قورغانلارنى چاققاق ۋە ئازغان قاپلاپ كېتىدۇ.
بۇ خارابىلىكلەر چىلبۆرىلەر ۋە ھۇۋقۇشلارنىڭ ماكانى
بولىدۇ.
14 بۇ يەردە چۆل ھايۋانلىرى، ياۋايى ئىتلار تېنىشىپ يۈرىدۇ،
ياۋايى ئۆچكىلەر خارابىلىكتە مەرەپ يۈرۈشىدۇ،
تۈن قۇشلىرى بۇ يەردە ئۇۋۇلايدۇ.
15 ھۇۋقۇشلار ئۇۋۇلاپ، تۇخۇملايدۇ.
ئۇ تۇخۇملاپ بالىلىرىنى چىقىرىدۇ.
تاپ يېگۈچى قۇشلار جۈپ-جۈپى بىلەن
بۇ يەرگە كېلىدۇ.

16 پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرى يېزىلغان يازمىلارغا قاراڭلار!
ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە ياشايدۇ،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۈپ-جۈپى بىلەن كېلىدۇ.
ئۇ بۇيرۇق قىلىپ، ئۆزىنىڭ روھى ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ
يەرگە يىغىدۇ.
17 پەرۋەردىگار زېمىننى ئاشۇلارغا بۆلۈپ بېرىدۇ،
ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.
ئۇلار بۇ زېمىننى مەڭگۈلۈك ئىگىلەيدۇ،
ئۇلار بۇ يەردە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ياشايدۇ.

## يېرۇسالېمنىڭ شادلىققا تولۇشى

35 [1] چۆل-جەزىرىلەر شادلىققا چۆمىدۇ.
قاقاسلىقلار خۇشاللىققا چۆمۈپ، گۈللەر پورەكلەپ
ئېچىلىدۇ.
[2] ھەممە يەر گۈل-چېچەككە ۋە شاد-خۇراملىققا تولىدۇ!
چۆل-جەزىرىلەر لىۋان تاغلىرىدەك يېشىللىققا پۈركىنىدۇ.
ئۇ يەرلەر كارمەل تاغلىرى ۋە شارون تۈزلەڭلىكىدەك
گۈزەللىشىپ كېتىدۇ.
پەرۋەردىگارىمىز ئۆز شان-شەرىپى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى
كۆرسىتىدۇ.
[3] تالغان قوللارغا مەدەت بېرىڭلار،
جانسىز تىزلارغا كۈچ بېرىڭلار.
[4] قورقۇپ كەتكەن كىشىلەرگە مۇنداق دەڭلار:
«جاسارەتلىك بولۇڭلار، قورقماڭلار.
سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار كېلىدۇ.
ئۇ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى جازالايدۇ.
ئۇ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ،
ئۇ كېلىپ سىلەرنى قۇتقۇزىدۇ.»

[5] ئۇ چاغدا ئەمالارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىدۇ،
گاسلارنىڭ قۇلاقلىرى ئاڭلايدۇ.
[6] ئاقساقلار كېيىكتەك تاقلاپ يۈرىدۇ،
گاچىلار خۇشاللىقتىن ۋارقىرايدۇ.
سۇلار چۆللەرگە ئېقىپ كىرىدۇ.
دەريالار قۇملۇقلارغا ئاقىدۇ.
[7] قىزىق قۇملۇقلاردا كۆللەر پەيدا بولىدۇ.
قاغجىراپ كەتكەن تۇپراقتىن بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىدۇ.
بۇرۇن چىلبۆرىلەر ياشىغان يەرلەردە
ئوت، قومۇش ۋە يېكەنلەر ئۆسۈپ چىقىدۇ.

8 زېمىندا بىر يول پەيدا بولۇپ،
بۇ يول «مۇقەددەس يول» دەپ ئاتىلىدۇ.
ناپاك ئادەملەر بۇ يولدا ماڭالمايدۇ،
بۇ يولدا پەقەت پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىلا ماڭالايدۇ.
ئەخمەقلەر ئۇنىڭدا ماڭالمايدۇ.
9 بۇ يولدا شىرلار ۋە قورقۇنچلۇق هايۋانلار يوق.
ئۇلارنى بۇ يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ.
پەرۋەردىگار قۇتقۇزغان كىشىلەرلا بۇ يولدا ماڭالايدۇ.
10 پەرۋەردىگار قۇتقۇزغان كىشىلەر يېرۇسالېمغا قايتىپ
كېلىدۇ.
ئۇلار سىئونغا قايتىپ كېلىپ، شادلىق ناخشىلىرىنى
ياڭرىتىدۇ.
مەڭگۈلۈك خۇشاللىقنى باشلىرىغا تاج قىلىپ تاقايدۇ.
ئازاب ۋە قايغۇ تۈگەيدۇ،
ئۇنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق ۋە شادلىق ئالىدۇ.

## پادىشاھ سانخېرىبنىڭ يېرۇسالېمغا هۇجۇم قىلىشى

36 1 پادىشاھ خىزكىيانىڭ هۆكۈمرانلىقىنىڭ 14-يىلى
ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىب يەھۇدىيەنىڭ مۇستەھكەم
شەھەرلىرىگە هۇجۇم قىلىپ، بۇ شەھەرلەرنى بويسۇندۇردى.
2 كېيىن ئاسسۇرىيە پادىشاھى ئۆزىنىڭ خاس سەركەردىسىنى
زور قوشۇنى بىلەن لاكىش شەھىرىدىن يېرۇسالېمدىكى پادىشاھ
خىزكىيانىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇ يېرۇسالېمغا كېلىپ، بىر ئۆستەڭ
بويىدا توختىدى. بۇ ئۆستەڭ «يۇقىرىدىكى كۆلچەك»كە سۇ
قۇيۇلىدىغان، يەنى كىر يۇيىدىغان دالاغا بارىدىغان يولدا ئىدى.
3 بۇ ۋاقىتتا خىلقىيانىڭ ئوغلى، يەنى ئوردا غوجىدارى ئەلياقىم،
پۈتۈكچى شەبنا، ئاسافنىڭ ئوغلى خاننىڭ تەزكىرىچىسى يوئاخ
ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.
4 سەركەردە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- خىزكىياغا ئېيتىڭلار، ئۇلۇغ ئاسسۇرىيە پادىشاھى ئۇنىڭغا
مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر نېمىگە تايىنىپ، ئۆزۈڭلارغا شۇنچە

ئىشىنىسىلەر؟ [5] سىلەرچە، قۇرۇق گەپلەر ئۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە
كۈچ-قۇدرەتنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلەمدۇ؟ سىلەر كىمگە ئىشىنىپ،
ماڭا قارشى چىقتىڭلار؟ [6] سىلەر مىسىرغا تايانماقچىمۇ؟ مىسىر
خۇددى قومۇشتىن ياسالغان سۇنۇق ھاسىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا
تايانساڭلار قولۇڭلارنى تېشىۋېتىدۇ. مىسىر پىرئەۋنى، يەنى
پادىشاھىغا تايانغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ شۇنداق
بولىدۇ. [7] بەلكىم سىلەر ماڭا: ‹بىز پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ بىزگە
ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز› دەپ ئېيتارسىلەر. لېكىن پادىشاھ
خىزكىيا ۋەيران قىلىۋەتكەن سەجدىگاھلار ۋە قۇربانلىق سۇپىلىرى
دەل پەرۋەردىگارنىڭكى ئەمەسمىدى؟ پادىشاھ خىزكىيا يەھۇدىيە
خەلقىگە، جۈملىدىن يېرۇسالېم خەلقىگە پەرۋەردىگارغا پەقەت
مۇشۇ قۇربانلىق سۇپىسىدىلا ئىبادەت قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى
ئېيتمىغانمىدى؟»
[8] سەركەردە يەنە مۇنداق دېدى:
− كېلىڭلار، بىز خوجايىنىم ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ نامى
بىلەن شەرتلىشەيلى. بىز سىلەرگە ئىككى مىڭ ئات بەرسەك،
ئاتلارنى مىنىدىغانغا ئىككى مىڭ لەشكەر تاپالامسىلەر؟ [9] سىلەرگە
مىسىرنىڭ لەشكەرلىرى جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن ياردەمگە كەلگەن
تەقدىردىمۇ، خوجايىنىمنىڭ قول ئاستىدىكى ئەڭ كىچىك قوشۇنىنىمۇ
مەغلۇپ قىلالمايسىلەر! [10] بىزنىڭ بۇ يەرنى ۋەيران قىلىشىمىزنى
پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان دەپ قارىمامسىلەر؟
پەرۋەردىگارىڭلار ئۆزى بىزگە: «يەھۇدىيە زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ،
ئۇ يەرنى ۋەيران قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇغان.
[11] ئەلياقىم، شەبنا ۋە يوئاخلار ئاسسۇرىيە سەركەردىسىگە
مۇنداق دېدى:
− تەقسىر، بىزگە ئاراميى تىلىدا سۆزلەڭ، بىز چۈشىنىمىز.
ئىبرانىي تىلىدا سۆزلىمەڭ، سېپىل ئۈستىدىكىلەر ئاڭلاپ قالمىسۇن.
[12] سەركەردە جاۋاب بېرىپ:
− خوجايىنىم مېنى بۇ سۆزلەرنى پەقەت سىلەر بىلەن پادىشاھىڭلارغىلا
ئېيتىشقا ئەۋەتكىنى يوق. سېپىل ئۈستىدىكىلەرمۇ بۇ سۆزلەرنى

ئاڭلىسۇن. ئەگەر بىز بۇ شەھەرنى قورشاۋغا ئالساق، ئۇلارمۇ
سىلەرگە ئوخشاش پوقىنى يەپ، سۈيدۈكىنى ئىچىدۇ، - دېدى.
[13] ئاندىن ئۇ رۇسلىنىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئىبرانىي تىلىدا
مۇنداق دېدى:
- ئۇلۇغ پادىشاھىمىز ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلاڭلار! [14] پادىشاھىمىز مۇنداق دەيدۇ: «خىزكىيانىڭ سىلەرنى
ئالدىشىغا يول قويماڭلار، ئۇ سىلەرنى قۇتقۇزالمايدۇ. [15] خىزكىيانىڭ
سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىپ: ‹پەرۋەردىگار
بىزنى چوقۇم قۇتقۇزىدۇ، ئۇ بۇ شەھەرنى ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا
تاشلاپ بەرمەيدۇ› دېگەن سۆزلىرىگە ئالدانماڭلار. [16] خىزكىيانىڭ
گېپىنى ئاڭلىماڭلار! مەن ئاسسۇرىيە پادىشاھى سىلەرنى مەن
بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە، ماڭا بويسۇنۇشقا دەۋەت
قىلىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر ئۆز بېغىڭلارنىڭ
ئۈزۈملىرىنى ۋە ئەنجۈرلىرىنى يەپ، ئۆز قۇدۇقۇڭلارنىڭ سۈيىنى
ئىچەلەيسىلەر. [17] كېيىن مەن زېمىنىڭلارغا بېرىپ، سىلەرنى خۇددى
ئۆز زېمىنىڭلارغا ئوخشاش ئاشلىقلىرى، شارابلىرى، يېمەكلىكلىرى
ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرى مول بولغان يېڭى زېمىنغا باشلاپ بارىمەن.
[18] خىزكىيا سىلەرنى ‹پەرۋەردىگار بىزنى قۇتقۇزىدۇ› دەپ، تۇيۇق
يولغا باشلىمىسۇن. قايسىبىر خەلقنىڭ ئىلاھلىرى ئۆز خەلقىنى مەن
ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزالىغان؟ [19] خامات ۋە ئارپاد
شەھەرلىرىنىڭ ئىلاھلىرى يوقمىدى؟ سىفارۋايىم شەھەرلىرىنىڭچۇ؟
سامارىيە شەھىرىنىڭ ئىلاھلىرى ئۆز خەلقىنى مېنىڭ قولۇمدىن
قۇتقۇزالىدىمۇ؟ [20] قايسىبىر خەلقنىڭ ئىلاھلىرى ئۆز خەلقىنى مېنىڭ
قولۇمدىن قۇتقۇزالىغان؟ ئۇنداقتا، پەرۋەردىگارىڭلار يېرۇسالېمنى
مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالامدۇ؟»
[21] خەلق سۈكۈت قىلىپ، ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى، چۈنكى
پادىشاھ خىزكىيا ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرماسلىقنى بۇيرۇغانىدى.
[22] خىلقىيانىڭ ئوغلى، يەنى ئوردا غوجىدارى ئەلياقىم، پۈتۈكچى
شەبنا، ئاسافنىڭ ئوغلى، يەنى خاننىڭ تەزكىرىچىسى يوئاخلار
كىيىملىرىنى يىرتىشىپ، پادىشاھ خىزكىيانىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە
ئۇنىڭغا سەركەردىنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى.

## پادىشاھ خىزكىيانىڭ پەرۋەردىگاردىن ياردەم تىلىشى

37 [1] پادىشاھ خىزكىيا ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
ئۇمۇ كىيىملىرىنى يىرتىپ، ماتەملىك كىيىم كىيىپ،
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا باردى. [2] ئۇ يەنە ئوردا غوجىدارى
ئەلياقىم، پۈتۈكچى شەبنا ۋە يېتەكچى روھانىيلارنى ئاموزنىڭ
ئوغلى يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلارمۇ ماتەملىك
كىيىم كىيگەنىدى. [3] ئۇلار يەشايا پەيغەمبەرگە مۇنداق دېدى:
— پادىشاھىمىز خىزكىيا ئۆزلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن بىز
ئۈچۈن قاتتىق ئازاب، تىل-ئاھانەت ۋە خورلۇققا قالغان كۈن بولدى،
بىز خۇددى بوۋىقىنى تۇغۇشقا كۈچى يەتمىگەن ئانىغا ئوخشاپ
قالدۇق. [4] سىلى ئۆزلىرى خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان مەڭگۈ
ھايات پەرۋەردىگار خۇدانى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئاسسۇرىيە
پادىشاھى سەركەردىسىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۆزلىرى خىزمەت قىلىپ
كېلىۋاتقان پەرۋەردىگار خۇدا سەركەردىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ،
ئۇنى شۇ سۆزلىرى ئۈچۈن جازالىغاي. ئۆزلىرى بۇ يۇرتتا قېلىپ
قالغان بىزلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويسىلا».
[5] پادىشاھ خىزكىيانىڭ ئەلچىلىرى يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا
كېلىپ، پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، [6] يەشايا
پەيغەمبەر ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
— پادىشاھقا ئېيتىڭلار، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ:
«ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ چاكارلىرىنىڭ ماڭا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان
سۆزلىرىدىن قورقۇپ كەتمە. [7] مەن ئاسسۇرىيە پادىشاھىنى ھازىرلا
ئۆسەك سۆزلەرگە ئىشىنىدىغان قىلىپ قويىمەن. ئۇ بۇ سۆزلەرنى
ئاڭلاپ، ئۆز زېمىنىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ شۇ يەردە قىلىچ ئاستىدا
ئۆلىدىغانلىقىنى ئىرادە قىلغانمەن».
[8] ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ سەركەردىسى ئۆز پادىشاھىنىڭ لاكىشتىن
لىبناھ شەھىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ
يېنىغا قايتتى ۋە پادىشاھنى ئۇرۇش بولۇۋاتقان يەردىن تاپتى.
[9] بۇ چاغدا ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىب كۇش پادىشاھى
تىرھاقانىڭ ئۆزى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى

ئاڭلىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھ خىزكىياغا يەنە ئەلچىلەرنى
ئەۋەتتى. ئۇ ئەلچىلەرگە مۇنداق دېدى:
10 ــ يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھى خىزكىياغا مۇنداق دەپ ئېيتىڭلار:
«سەن تايىنىۋاتقان خۇدايىڭ ‹ئاسسۇرىيە پادىشاھى يېرۇسالېمنى
بېسىۋالالمايدۇ› دېگەن سۆزلەرگە ئالدانما. 11 سەن ئاسسۇرىيە
پادىشاھلىرىنىڭ باشقا زېمىنلاردا نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى چوقۇم
ئاڭلىدىڭ. بىز بۇ زېمىنلارنى ۋەيران قىلىۋەتتۇق. سەن ئۆزۈڭچە
بىز قۇتۇلۇپ قالىمىز، دەپ ئويلامسەن؟ 12 گوزان، خاران رەزەف
ۋە تېلاسساردىكى ئەدەن خەلقىنىڭ ئىلاھلىرى ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ
قالالىدىمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلالمىدى! مېنىڭ ئەجدادلىرىم
ئۇ يەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. 13 خامات، ئارپاد، لائىر، سىفارۋايىم،
ھېنا ۋە ئىۋۋاھ شەھەرلىرىنىڭ پادىشاھلىرىچۇ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى
قانداق بولدى؟»

## پادىشاھ خىزكىيانىڭ دۇئاسى

14 پادىشاھ خىزكىيا ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپنى ئوقۇپ،
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا باردى. ئۇ بۇ يەردە خەتنى ئېچىپ
قويۇپ، 15 پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى:
16 «ئى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى
تاللىغان خۇدا، سەن كېرۇبلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەختتە
ئولتۇرىسەن، سەن دۇنيادىكى پۈتكۈل پادىشاھلىقلارنىڭ يېگانە
خۇداسىدۇرسەن، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىدۇرسەن. 17 ئى
پەرۋەردىگار، دۇئايىمغا قۇلاق سالغايسەن، نىدايىمنى ئاڭلىغايسەن،
كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئەھۋالىمىزنى كۆرگەيسەن، سانخېرىبنىڭ
سېنى، يەنى مەڭگۈ ھايات خۇدانى ھاقارەتلەپ ئەۋەتكەن
بارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغايسەن. 18 ئى پەرۋەردىگار، ئاسسۇرىيە
پادىشاھلىرىنىڭ نۇرغۇن ئەللەر ۋە زېمىنلارنى ۋەيران قىلغىنى
راست. 19 ئۇلار بۇ زېمىنلارنىڭ بۇت ئىلاھلىرىنى ئوتقا تاشلىدى،
چۈنكى بۇ ئىلاھلار خۇدا ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئادەملەر ئۆز قولى
بىلەن ياغاچ ۋە تاشلاردىن ياسىۋالغان نەرسىلەر ئىدى، شۇڭا
ئاسسۇرلار ئۇلارنى ۋەيران قىلالىدى. 20 ئى پەرۋەردىگارىمىز خۇدا،

بىزنى ئاسسۇرىيە پادىشاھىنىڭ قولىدىن ساقلاپ قالغايسەن. يەر
يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلىقلار سېنىڭ بىردىنبىر پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىڭنى بىلسۇن!»

## يەھۇدىيەنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىدىن بېشارەت

21 ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەر پادىشاھ خىزكىياغا خەۋەر
ئەۋەتىپ، مۇنداق دېدى:
- پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ:
«سەن ئاسسۇرىيە پادىشاھى سانخېرىب توغرىسىدا دۇئا قىلغانىدىڭ،
22 مەنكى پەرۋەردىگار، سانخېرىب توغرىسىدا مۇنداق دەيمەن:
ئەي سانخېرىب، سىئوندىكى قىزلار سەندىن نەپرەتلىنىدۇ،
سېنى زاڭلىق قىلىدۇ.
يېرۇسالېمدىكى قىزلار سېنى مەسخىرە قىلىشىپ،
كەينىڭدىن باش چايقىشىدۇ.
23 ئەي سانخېرىب، سەن كىمنى مەسخىرە قىلدىڭ، كىمنى
ھاقارەتلىدىڭ،
كىمنى ۋارقىراپ تۇرۇپ تىللىدىڭ، كىمگە ھاكاۋۇرلۇق
قىلدىڭ، بىلەمسەن؟
مېنى، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدانى!
24 سەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، مەن ئىگەڭنى مەسخىرە
قىلدىڭ.
سەن پو ئېتىپ، ‹جەڭ ھارۋىلىرىم بىلەن ئېگىز تاغلارنى،
لىۋاننىڭ ئەڭ چېتىدىكى تاغ چوققىلىرىنى بېسىۋالغانمەن،
شۇنداقلا ئەڭ ئېگىز كېدىرلەرنى، ئەڭ ياخشى قارىغاي
دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلىغانمەن.
ئەڭ يىراق، ئەڭ ئېگىز تاغلار ۋە ئەڭ بۈك-باراقسان
ئورمانلىقلارغا بارغانمەن.
25 قۇدۇقلارنى قېزىپ، سۇلىرىنى ئىچكەنمەن.
پۇتلىرىم بىلەن مىسىرنىڭ بارلىق دەريالىرىنى كېچىپ،
سۇلىرىنى توختىتىۋەتكەنمەن› دېدىڭ.

26 سەن ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟
مەن پەرۋەردىگار بۇ ئىشلارنى بۇرۇنلا قارار قىلىپ
بولغانمەن.
بۇرۇنلا پىلان قىلىپ بولغانمەن، مانا ھازىر بۇ ئىشلارنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىمەن.
سېنىڭ مۇستەھكەم شەھەرلەرنى خارابىلىككە
ئايلاندۇرۇشۇڭ مېنىڭ پىلانىمدۇر.
27 شۇ سەۋەبتىن بۇ شەھەرلەرنىڭ پۇقرالىرى ئاجىزدۇر،
ئۇلار چۆشكۈنلىشىپ، نومۇسقا قالدى.
بۇ خۇددى دالادا ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر، يېڭى ئۆسۈپ
چىققان مايسىلار،
ئۆگزىدە ئۆسكەن ياۋا ئوتلارنىڭ ئىسسىق شامالدا قۇرۇپ
قالغىنىدەك بىر ئىشتۇر.

28 سېنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىڭنى،
قاچان كېلىپ، قاچان كېتىدىغانلىقىڭنى،
ماڭا قانچىلىك ئاچچىق غەزەپ قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن.
29 سېنىڭ غەزەپلىرىڭ ۋە ھاكاۋۇرلۇقۇڭ قۇلىقىمغا يەتتى.
مەن ئەمدى ئىلمىكىمنى بۇرنۇڭدىن ئۆتكۈزىمەن،
ئېغىزدۇرۇقۇمنى ئاغزىڭغا سالىمەن.
سەن قايسى يول بىلەن كەلگەن بولساڭ، سېنى شۇ يول
بىلەن قايتۇرۇپ ئەكېتىمەن.»

30 يەشايا پەيغەمبەر پادىشاھ خىزكىياغا يەنە مۇنداق دېدى:
– بۇ ئىشلار سۆزۈمنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى
بولىدۇ: سەن بۇ يىل ئۆزى ئۆسۈپ قالغان نەرسىلەرنى
يەيسەن، كېلەر يىلمۇ يەنە ئۆزى ئۆسۈپ قالغان نەرسىلەرنى
يەيسەن. لېكىن ئۈچىنچى يىلى ئۆزۈڭ تېرىغان زىرائەتتىن
ئالغان ھوسۇلنى، ئۆزۈڭ ئۆستۈرگەن ئۈزۈملەرنى يەيسەن.
31 يەھۇدىيەدىن ھايات قالغان بۇ ئاز بىر قىسىم ئادەملەر
خۇددى مېۋىلىك دەرەختەك يەرگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ،

كۆپلەپ مېۋە بېرىدۇ. [32] شۇنداق، بۇ ئاز بىر قىسىم ئادەملەر
كۆپىيىپ يېرۇسالېمدىن چىقىدۇ، يەنى قۇتۇلۇپ قالغانلار
سىئون تېغىدىن چۇشىدۇ. قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار
بۇنى جان-دىلى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ!
[33] پەرۋەردىگار ئاسسۇرىيە پادىشاھى توغرىسىدا مۇنداق
دەيدۇ: «ئۇنىڭ قوشۇنلىرى يېرۇسالېمغا كىرەلمەيدۇ، ھەتتا
يېرۇسالېمغا قارشى بىر تال يا ئوقىمۇ ئاتالمايدۇ. ئۇلار
قالقانلىرىنى كۆتۈرۈپ، يېرۇسالېمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغىمۇ
كېلەلمەيدۇ ۋە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن سېپىل تۈۋىگە
توپىمۇ دۆۋىلىيەلمەيدۇ. [34] مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى،
ئۇ قايسى يول بىلەن كەلگەن بولسا، شۇ يول بىلەن كېتىدۇ. ئۇ
بۇ شەھەرگە كىرەلمەيدۇ. [35] مەن ئۆز شان-شەرىپىم ئۈچۈن ۋە
خىزمەتكارىم داۋۇتنىڭ ھەق-ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ شەھەرنى
قوغدايمەن، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالىمەن».
[36] ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئاسسۇرلارنىڭ بارگاھىغا
چۈشۈپ، 185 مىڭ لەشكىرىنى قىرىپ تاشلىدى. يەھۇدىيەلىكلەر
ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈتۈن يەرنى جەسەتلەر
قاپلاپ كەتكىنىنى كۆردى. [37] شۇنىڭ بىلەن ئاسسۇرىيە پادىشاھى
سانخېرىب ھايات قالغان قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، ئۆز ئېلىگە قايتتى.
ئۇ نىنەۋى شەھىرىگە بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.
[38] بىر كۈنى سانخېرىب بۇتخانىدا ئۆز ئىلاھى نىسروكقا ئىبادەت
قىلىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئادراممەلەك ۋە سارئەزەر
ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، ئارارات زېمىنىغا قېچىپ
كەتتى. سانخېرىبنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئېسارخاددون ئۇنىڭ
ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

## پادىشاھ خىزكىيانىڭ كېسەلدىن ساقىيىشى

38 [1] پادىشاھ خىزكىيا شۇ مەزگىللەردە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار
بولۇپ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ئاموزنىڭ
ئوغلى يەشايا پەيغەمبەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:

- پەرۋەردىگار ساڭا مۇنداق دەيدۇ: «تەييارلىقلىرىڭنى قىلىپ
قوي. ئەمدى سەن بۇ ئالەمدىن كېتىسەن، ساقىيالمايسەن»، -
دېدى.
2 پادىشاھ ھەزەكىيا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تام تەرەپكە
قاراپ، پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلدى: 3 «ئى پەرۋەردىگار، ساڭا چىن
دىلىم بىلەن سادىق خىزمەت قىلغانلىقىمنى بىلىسەن. مەن دائىم
سېنىڭ نەزىرىڭدە ياخشى بولغان ئىشلارنى قىلىپ كەلدىم.» ئۇ
شۇنداق دەپلا قاتتىق يىغلاپ كەتتى.
4 بۇ چاغدا پەرۋەردىگاردىن يەشايا پەيغەمبەرگە يەنە ۋەھىي
كەلدى: 5 «سەن پادىشاھ ھەزەكىيانىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ،
ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: ‹مەن پەرۋەردىگار، يەنى ئەجدادىڭ داۋۇت
ئېتىقاد قىلغان خۇدا شۇنداق دەيمەنكى، مەن سېنىڭ دۇئايىڭنى
ئاڭلىدىم ۋە كۆز يېشىڭنى كۆردۈم. سېنىڭ ئۆمرۈڭنى يەنە 15 يىل
ئۇزارتىمەن. 6 مەن سېنى ۋە بۇ شەھەرنى ئاسسۇرىيە پادىشاھىدىن
قۇتقۇزىمەن. بۇ شەھەرنى قوغدايمەن.›»
7 يەشايا پەيغەمبەر پادىشاھ ھەزەكىياغا يەنە مۇنداق دېدى:
- مانا بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ساڭا بەرگەن ۋەدىسىنىڭ بېشارىتىدۇر.
8 قارا، پېتىۋاتقان قۇياش ئاخازنىڭ پەلەمپەيگە سايىسىنى تاشلاپ
تۇرۇپتۇ. مەن بۇ سايىنى ئون بالداق كەينىگە سۇرۇلۇشكە بۇيرۇيمەن.
شۇنىڭ بىلەن سايە ئون بالداق كەينىگە سۇرۇلدى.
9 يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھى ھەزەكىيا سالامەتلىكى ئەسلىگە
كەلگەندىن كېيىن، تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدى:

10 «مەن شۇنداق ئويلىغان: ‹تازا قىران چېغىمغا كەلگەندە،
گۆرگە كىرىشىم كېرەكمىدى؟
قالغان ئۆمرۈم ئېلىپ كېتىلىشى كېرەكمىدى؟›
11 مەن يەنە شۇنداق ئويلىغان:
‹مەن ئەمدى پەرۋەردىگارنى، بۇ يورۇق دۇنيادا
پەرۋەردىگارنى كۆرەلمەيمەن،
بۇ ھاياتلىق دۇنياسىدا مەن ئەمدى ئادەملەرنى
كۆرەلمەيمەن.

12 خۇددى قويچى چېدىرىنى چۇۋۇپ كەتكەندەك،
ھاياتلىق مەندىن تارتىپ ئېلىندى.
خۇددى توقۇمىچىنىڭ توقۇش جاھازىسىدىن رەخت
كەسكىنىدەك،
ھاياتىم كېسىلىپ كەتتى.
سەن مېنىڭ ھاياتىمنى بىر كۈندىلا ئېلىپ كەتتىڭ.
13 مەن كېچىچە ئازابلىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ چىقتىم،
خۇددى شىر ئۇستىخانلىرىمنى پارچە-پارچە قىلغاندەك.
سەن مېنىڭ ھاياتىمنى بىر كۈندىلا ئېلىپ كەتتىڭ.
14 مەن خۇددى قارلىغاچ ياكى تۇرنىدەك نالە قىلدىم،
خۇددى كەپتەردەك گۇڭۇلدىدىم،
ئاسمانغا تىكىلىپ كۆزلىرىم تالدى.
ئى ئىگەم، مەن جاپادا قالدىم، مېنى قۇتقۇزغايسەن!»

15 ئەمما مەن نېمە دېيەلەيمەن؟
ئۇ ماڭا نېمە دېگەن بولسا، ئۇ شۇنى قىلدى.
مەن ھاياتىمنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۆتكۈزىمەن،
چۈنكى مېنىڭ قەلبىم كۆپ ئازاب چەككەن.
16 ئى ئىگەم، سېنىڭ تەربىيەلىرىڭ ئىنساننى چىن ھاياتلىققا
باشلايدۇ،
مېنىمۇ ھاياتلىققا باشلايدۇ.
سەن ماڭا ساغلاملىقىمنى قايتۇرۇپ، قايتا ھاياتلىق
بەردىڭ.
17 مانا قارا، مېنىڭ تارتقان بۇ قاتتىق ئازابلىرىم
مېنىڭ مەنپەئەتلىرىم ئۈچۈندۇر،
سەن مۇھەببىتىڭ بىلەن مېنى گۆر ئاغزىدىن قايتۇرۇپ
كەلدىڭ،
چۈنكى سەن گۇناھلىرىمنى نەزىرىڭدىن ساقىت قىلدىڭ.
18 گۆردىكىلەر ساڭا شۈكۈر ئېيتالمايدۇ،
ئۆلگەنلەر ساڭا مەدھىيە ئوقۇيالمايدۇ،
لەھەتتىكى مۇردا سېنىڭ ساداقىتىڭدىن ئۈمىد كۈتەلمەيدۇ.

[19] لېكىن خۇددى بۈگۈن مەن ساڭا مەدھىيە ئوقۇۋاتقاندەك،
ھاياتلار، پەقەت ھاياتلارلا ساڭا شۈكۈر ئېيتالايدۇ.
ئاتىلار سېنىڭ ساداقىتىڭنى بالىلىرىغا ئۆگىتىدۇ.
[20] پەرۋەردىگار مېنى قۇتقۇزدى،
بىز بارلىق ھاياتىمىزنى ئىبادەتخانىدا ئۆتكۈزۈپ،
تارلىق سازلىرىمىزنى چېلىپ، ئۇنى مەدھىيەلەيمىز.»

[21] ئىلگىرى يەشايا پەيغەمبەر خىزكىيانىڭ خىزمەتكارلىرىغا: «ئەنجۈرنى
ئېزىپ، ئۇنى ئىششىقىغا سۈرتسەڭ، خىزكىيا ساقىيىدۇ» دېگەنىدى.
[22] شۇ چاغدا خىزكىيامۇ «مېنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا
قايتا بارالايدىغانلىقىمنى قانداق ئالامەت بىلەن ئىسپاتلايسەن؟»
دەپ سورىغانىدى.

## بابىلدىن كەلگەن ئەلچىلەر

39 [1] ئۇ چاغدا بالئاداننىڭ ئوغلى، يەنى بابىل پادىشاھى
مېروداك-بالئادان پادىشاھ خىزكىيانىڭ كېسەلدىن
ساقايغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا مەكتۇپ ۋە سوۋغا-سالاملار
بىلەن ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. [2] پادىشاھ خىزكىيا خۇشال بولۇپ،
ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۇلارغا خەزىنىسىدىكى
ئالتۇن، كۈمۈش، خۇش پۇراقلىق بۇيۇملار، ئېسىل زەيتۇن
ياغلىرى ۋە قورال ئامبىرىدىكى بارلىق قوراللىرىنى، يەنى بارلىق
بايلىقلىرىنى كۆرسەتتى. پادىشاھ خىزكىيانىڭ ئوردىسىدا، شۇنداقلا
پادىشاھلىقىدا ئۇلارغا كۆرسەتمىگەن بىرمۇ نەرسە قالمىدى.
[3] يەشايا پەيغەمبەر پادىشاھ خىزكىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ:
– ئۇلار نېمە دېدى، قەيەردىن كەپتۇ؟ – دەپ سورىدى. پادىشاھ
خىزكىيا جاۋاب بېرىپ:
– ئۇلار يىراقتىكى بابىلدىن كەپتۇ، – دېدى. [4] يەشايا پەيغەمبەر يەنە:
– ئۇلار ئورداڭدا نېمىلەرنى كۆردى؟ – دەپ سورىدى. پادىشاھ
خىزكىيا:

- ئۇلار ئوردامدىكى ھەممە نەرسىلەرنى كۆردى، خەزىنەمدە
ئۇلارغا كۆرسەتمىگەن ھېچقانداق نەرسە قالمىدى، - دەپ جاۋاب
بەردى. 5 يەشايا پەيغەمبەر پادىشاھ ھىزكىياغا مۇنداق دېدى:
- قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگاردىن كەلگەن ۋەھىينى ئاڭلا.
6 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «قۇلاق سال، شۇنداق بىر كۈن
كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا سېنىڭ ئەجدادلىرىڭ ھازىرغىچە توپلىغان
بارلىق بايلىقلار بابىلغا توشۇپ كېتىلىدۇ، ھېچ نەرسەڭ قالمايدۇ!
7 ئۆز ئەۋلادلىرىڭنىڭمۇ بەزىلىرى سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇلار بابىلغا
ئېلىپ بېرىلىپ، ئاختا قىلىنىپ، بابىل پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا
خىزمەتكە سېلىنىدۇ.»
8 پادىشاھ ھىزكىيا يەشايا پەيغەمبەرگە:
- سەن يەتكۈزگەن پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھىيسى ياخشى ئىكەن،
- دېدى. چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە «ھېچبولمىغاندا مەن ئۆمرۈمنىڭ
ئاخىرىغىچە تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشايدىكەنمەن» دەپ ئويلىدى.

## خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە تەسەللى بېرىشى

40 1 خۇدايىمىز مۇنداق دەيدۇ:
«تەسەللى بەر، خەلقىمگە تەسەللى بەر!
2 يېرۇسالېمغا مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىگىن،
ئۇلارغا جاكارلىغىن:
‹سىلەرنىڭ ئازابلىق كۈنلىرىڭلار ئاخىرلاشتى،
سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلار كەچۈرۈم قىلىندى.
سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن پەرۋەردىگار
تەرىپىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق جازا تارتتىڭلار.›»

3 غايىبتىن بىر ئاۋاز كېلىپ، مۇنداق دەپ جاكارلىدى:
«چۆللۈكتە پەرۋەردىگارغا يول ھازىرلاڭلار!
قۇملۇقتا خۇدايىمىزغا تۈز يول تەييارلاڭلار!
4 ھەممە جىلغىلار تولدۇرۇلسۇن،
بارلىق تاغ-ئېدىرلار تۈزلەنسۇن،
ئويمان-چوڭقۇرلار تىندۇرۇلسۇن،

كاتاڭلار ئوڭشالسۇن.
5 پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى ئايان بولىدۇ،
ئۇنىڭ شان-شەرىپىنى پۈتۈن جاھان كۆرىدۇ،
بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

6 غايىبتىن بىر ئاۋاز كېلىپ: «جاكارلا!» دېدى.
مەن: «نېمە دەپ جاكارلايمەن؟» دەپ سورىدىم.
«پۈتكۈل ئىنسانلار گويا ئوت-چۆپكە ئوخشايدۇ،
ئۇلارنىڭ شان-شۆھرىتى دالادىكى گۈل-چېچەكلەردەك
توزۇپ كېتىدۇ.
7 پەرۋەردىگار بىرلا پۈۋلىسە،
ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ كېتىدۇ،
گۈل-چېچەكلەر سولىشىپ خازان بولىدۇ،
ئىنسانلار خۇددى شۇلارغا ئوخشايدۇ.
8 ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ كېتىدۇ،
گۈل-چېچەكلەر سولىشىپ خازان بولىدۇ.
پەقەت خۇدايىمىزنىڭ سۆزلىرىلا ئەبەدىي قالىدۇ.»

9 ئەي خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى سىئون خەلقى، تاغقا
چىقىن!
ئەي خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى يېرۇسالېم،
يەھۇدىيەنىڭ شەھەر-يېزىلىرىغا:
«قاراڭلار، بۇ سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار!» دەپ،
ئۈنلۈك ئاۋازدا قورقماي ۋارقىراڭلار.
10 شۇنداق، پەرۋەردىگار ئۆز قۇدرىتى بىلەن كېلىدۇ،
ئۇ قۇدرەتلىك قولى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
شۇنداق، ئۇ مۇكاپاتى بىلەن كېلىدۇ.
11 پەرۋەردىگار پادىچىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ قويلىرىنى باقىدۇ.
ئۇ ئۆزىنىڭ قوزىلىرىنى قولىغا ئالىدۇ،
ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ ماڭىدۇ.
ئۇ ساغلىق ۋە قوزىلارنى مېھرىبانلىق بىلەن يېتەكلەيدۇ.

12 كىم دېڭىز سۇيىنى قولى بىلەن ئوچۇملاپ ئۆلچىيەلەيدۇ؟
كىم ئاسماننى قولى بىلەن غېرىچلاپ ئۆلچىيەلەيدۇ؟
كىم زېمىننىڭ چاڭ-توزانلىرىنى سېۋەتكە قاچىلىيالايدۇ؟
كىم تاغ ۋە دۆڭلەرنى تارازىدا تارتالايدۇ؟
13 كىم پەرۋەردىگارنىڭ ئويلىرىنى بىلەلەيدۇ؟
كىم پەرۋەردىگارغا مەسلىھەت كۆرستەلەيدۇ؟
14 پەرۋەردىگار كىمدىن كۆرسەتمە سوراپ باققان؟
كىم ئۇنىڭغا ئادالەت يولىنى كۆرستىپ بېرەلىگەن؟
كىم ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتەلەيدۇ؟
كىم ئۇنىڭغا پاراسەت يولىنى كۆرستىپ بېرەلەيدۇ؟

15 ھەرقايسى ئەللەر چېلەكتىكى بىر تامچە سۇغا ئوخشايدۇ.
ئۇلار تارازىغا قونغان چاڭ-توزانغا ئوخشايدۇ.
پەرۋەردىگار ئاراللارنى خۇددى چاڭ-توزاننى كۆتۈرگەندەك
كۆتۈرەلەيدۇ.
16 لىۋاننىڭ ئورمانلىقىدىكى بارلىق دەرەخلەر كۆيدۈرمە
قۇربانلىققا ئوتۇن بولۇشقا يەتمەيدۇ.
لىۋاننىڭ ئورمانلىقىدىكى بارلىق ھايۋانلار ئۇنىڭغا
قۇربانلىق قىلىشقا يەتمەيدۇ.
17 يەر يۈزىدىكى ئەللەر ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە
ئەرزىمەيدۇ،
ئۇلار ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق قىممىتى يوق،
ھېچنېمىگە ئەرزىمەستۇر.

18 سىلەر كىمنى خۇداغا ئوخشىتالايسىلەر،
قايسىبىر بۇتنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرالايسىلەر؟
19 بۇتنى قۇيمىچى قۇيۇپ،
زەرگەر ئالتۇندىن ھەل بېرىپ،
كۈمۈش زەنجىرلەر بىلەن بېزىگەندۇر.
20 بۇنداق بۇتنى سېتىۋالالمىغان كىشى
چىدامىلىق ياغاچ تاللاپ،

ھۈنەرۋەن ئۇستا ئىزدەيدۇ،
ئاندىن بۇت ياستىپ، ئۇنى تۇرغۇزۇپ قويىدۇ.

21 ئەجەبا، سىلەر بىلمەمسىلەر؟
سىلەر ئاڭلاپمۇ باقمىغانمۇ؟
سىلەرگە بۇرۇن ھېچكىم ئېيتىپ بەرمىگەنمۇ؟
ئەجەبا، سىلەر خۇدانىڭ زېمىن ئاپىرىدە بولۇشتىن
ئىلگىرىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقمىغانمۇ؟
22 پەرۋەردىگار يەر شارىنىڭ ئۈستىدە ئۆز تەختىدە ئولتۇرىدۇ،
زېمىندىكى ئادەملەر خۇددى چېكەتكىلەرگە ئوخشايدۇ.
ئۇ ئاسماننى ماكان قىلىش ئۈچۈن ئۇنى خۇددى پەردىدەك
يېيىپ،
چېدىرغا ئوخشاش ياسىغاندۇر.
23 ئۇ ھۆكۈمدارلارنى ئاجىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ،
ھۆكۈمرانلارنى كېرەكسىز قىلىپ قويىدۇ.
24 ئۇلار خۇددى ئەمدىلا تىكىلگەن،
ئەمدىلا تېرىلغان ۋە ئەمدىلا ئۈنۈپ چىققان مايسىدەك،
پەرۋەردىگار بىرلا پۈۋلىسە قۇرۇپ كېتىدۇ.
بوران ئۇلارنى خۇددى پاخالدەك ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ.

25 مۇقەددەس خۇدا: «سىلەر كىمنى مەن بىلەن
سېلىشتۇرالايسىلەر،
كىم مەن بىلەن تەڭ بولالايدۇ؟» دەپ سورايدۇ.
26 سىلەر ئاسمانغا قاراڭلار،
بۇ مەۋجۇداتلارنى كىم ياراتتى؟
كىم يۇلتۇزلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ،
ئۇلارنى بىر-بىرلەپ چاقىرىپ چىقتى؟
پەرۋەردىگار چەكسىز كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگىدۇر،
شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرىمۇ چىقماي قالمىدى.

27 ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى،

سىلەر نېمە ئۈچۈن «پەرۋەردىگار بىزنىڭ جاپايىمىزنى
كۆرمەيدۇ» دەپ ئويلايسىلەر؟
ئەي ئىسرائىللار،
سىلەر نېمە ئۈچۈن «پەرۋەردىگار بىزگە ئادىل بولمىدى»
دەيسىلەر؟
28 ئەجەبا، سىلەر بىلمەمسىلەر؟
ئەجەبا، سىلەر ئاڭلاپ باقمىغانمۇ؟
پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك خۇدادۇر،
ئۇ پۈتۈن دۇنيانى ياراتقاندۇر.
ئۇ ھېچقاچان چارچاپ، ھېرىپ قالمايدۇ.
ئۇنىڭ قانچىلىك پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم
بىلەلمەيدۇ.
29 ئۇ چارچىغان كىشىلەرگە مادار،
ئاجىزلارغا كۈچ بېرىدۇ.
30 ياشلارمۇ چارچايدۇ، ھېرىپ قالىدۇ،
ھەتتا يىگىتلەرمۇ مادارىدىن كېتىپ يىقىلىدۇ.
31 ئەمما پەرۋەردىگارغا ئۈمىد باغلىغان كىشىلەرنىڭلا ھاياتىي
كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.
ئۇلار بۈركۈتكە ئوخشاش قانات قاقىدۇ.
ئۇلار توختىماي يۈگۈرسىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ،
قانچىلىك يول ماڭسىمۇ چارچىمايدۇ.

## خۇدانىڭ ئىسرائىللارغا ياردەم بېرىشى

41 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي دېڭىز بويىدا ياشاۋاتقان خەلقلەر،
شۈك تۇرۇپ، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار!
قورقماي ئالدىمغا كېلىڭلار،
مەن بىلەن سۆزلىشىڭلار، بىز مۇنازىرىلىشىپ باقايلى.

2 كىم كۈنچىقىشتىن بىر ھۆكۈمرانىنى ھەرىكەتكە
كەلتۈرىدۇ؟

كىم ئۇنى ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە چاقىرىدۇ؟
كىم ئەللەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؟
كىم پادىشاھلارنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بېرىدۇ؟
ئۇنىڭ قىلىچى ئۇلارنى توپىغا ئايلاندۇرىدۇ.
ئۇنىڭ ئوقياسى ئۇلارنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن
سامانىدەك تارقىتىۋېتىدۇ.
3 ئۇ ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغان جايلارغا بارسىمۇ،
دۈشمەنلىرىنى سۈر-توقاي قىلىپ، ئۆزى ئامان-ئېسەن
مېڭىۋېرىدۇ.
4 كىم بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؟
تارىخنىڭ يۈنىلىشىنى ئەزەلدىن كىم بەلگىلىگەن؟
بۇ ئىشلارنى قىلىدىغىنى مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن!
تۇنجىسىمۇ، ئاخىرقىسىمۇ مەندۇرمەن.
ئەبەدىلئەبەد مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغىنىمۇ مەندۇرمەن!

5 دېڭىز بويىدىكى ئەللەر مەن قىلغان ئىشلارنى كۆرسىلا
قورقىدۇ،
پۈتۈن جاھاندىكى خەلقلەر تىترىشىدۇ،
ئۇلار بىر يەرگە كېلىپ توپلىشىدۇ.
6 ئۇلار بىر-بىرىگە مەدەت بېرىپ،
‹جاسارەتلىك بول!› دېيىشىدۇ.
7 ئۇستىلار زەرگەرلەرنى ئىلھاملاندۇرىدۇ،
تۆمۈرچىلەر بازغانچىلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ،
‹ياخشى سوقتۇڭ!› دەپ ماختىشىدۇ.
ئۇلار بۇتىنىڭ يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى مىخلاپ
قويىدۇ.

8 ئەي ئىسرائىل خەلقى، سىلەر مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم،
مەن تاللىغان ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى،
مېنىڭ دوستۇم ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرىدۇرسىلەر.

9 مەن سىلەرنى جاھاننىڭ ئەڭ يىراق بۇلۇڭ-
پۇچقاقلىرىدىن يىغىپ كەلدىم.
سىلەرنى زېمىننىڭ يىراق، چەت يەرلىرىدىن چاقىرتتىم.
مەن سىلەرگە: ‹سىلەر مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم،
سىلەرنى تاللىدىم، سىلەرنى تاشلىۋەتمەيمەن.
10 قورقماڭلار، چۈنكى مەن سىلەرگە ياردۇرمەن.
ئەنسىرىمەڭلار، چۈنكى مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار.
مەن سىلەرنى كۈچلەندۈرىمەن ۋە سىلەرگە ياردەم
بېرىمەن.
مەن ئادىل ۋە قۇدرەتلىك قولۇم بىلەن سىلەرنى يۆلەيمەن›
دېدىم.

11 سىلەرگە غەزەپلەنگەنلەر چوقۇم شەرمەندە بولۇپ، نومۇستا
قالىدۇ.
سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى ۋەيران بولۇپ،
يوقىلىدۇ.
12 سىلەرنى بويسۇندۇرماقچى بولغانلارنى ئىزدىسەڭلار،
ئەمدى تاپالمايسىلەر.
سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلار ئەمدى يوق.
13 چۈنكى مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن،
سىلەرنىڭ ئوڭ قولۇڭلارنى تۇتۇپ تۇرىمەن.
‹قورقماڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم قىلىمەن!› دېگۈچى
مەندۇرمەن.
14 ئەي ئىسرائىللار، سىلەر بىز قۇرتتەك كىچىك تۇرساق،
دەپ ئويلىغان بولساڭلارمۇ قورقماڭلار!
سىلەرگە ئۆزۈم ياردەم قىلىمەن.
مەن قوغدىغۇچىڭلاردۇرمەن، ئىسرائىللارنى تاللىغان
مۇقەددەس خۇدادۇرمەن.
15 ئاڭلاڭلار، مەن سىلەرنى خامان يانجىيدىغان چىشلىق
سايمانغا ئايلاندۇرىمەن.
سىلەر تاغلارنى يانجىپ ئېزىۋېتىسىلەر،

چوققىلارنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋېتىسىلەر،
ئېدىرلىقلارنى يانجىپ، ساماندەك قىلىۋېتىسىلەر.
16 سىلەر ئۇلارنى سورۇيسىلەر، شامال ئۇلارنى ئېلىپ كېتىدۇ،
بوران ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن سىلەر مەن پەرۋەردىگاردىن خۇرسەن بولىسىلەر.
سىلەر مەندىن، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدادىن پەخىرلىنىسىلەر.

17 ھاجەتمەن نامراتلار سۇ ئىزدەپ تاپالمىغاندا،
ئاغزى قۇرۇپ كېتىدۇ.
مەن پەرۋەردىگار چوقۇم ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سالىمەن.
مەن ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا ئۇلارنى تاشلىۋەتمەيمەن.
18 مەن تاقىر ئېگىزلىكلەردە دەريالار پەيدا قىلىمەن،
جىلغىلاردا بۇلاقلار چىقىرىمەن،
چۆللۈكلەردە كۆللەر پەيدا قىلىمەن،
قۇرۇق يەرنى سۇلۇق يەرگە ئايلاندۇرىمەن.
19 مەن چۆللۈكلەرگە كېدىر دەرىخى، ئاكاتسىيە دەرىخى، مىرتا دەرىخى ۋە زەيتۇن دەرىخى،
قۇملۇقلارغا قارىغاي دەرىخى، شەمشاد دەرىخى ۋە كىپارىسلارنى تىكىمەن.
20 كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ، چوڭقۇر ئويلىنىدۇ
ۋە كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ.
بۇلارنى مەن پەرۋەردىگار ئۆز قولۇم بىلەن قىلدىم
ۋە ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدا مەن ياراتتىم.»

21 پەرۋەردىگار، يەنى ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پادىشاھى مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي بۇتپەرەسلەر، بۇتلىرىڭلارنىڭ ئىش قىلالايدىغانلىقىغا نېمە ئاساسىڭلار بار، ئىسپاتلاپ بېرىڭلار!

22 بۇتلىرىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار،
ئۇلار بىزگە كەلگۈسىدە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز
بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسۇن!
ئۇلار ئۆتمۈشتە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى
سىلەرگە ئالدىن ئېيتقانمۇ؟
ئەگەر ئېيتقان بولسا، بىزگە ئېيتىڭلار، بىز ئاڭلاپ
ئويلىنىپ باقايلى،
ھەمدە ئۇلاردىن كەلگۈسىدە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز
بېرىدىغانلىقىنى ئۇقۇۋالايلى.
23 ئەي بۇتلار، كەلگۈسىدە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز
بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ؟!
بىزمۇ سىلەرنى ھەقىقىي ئىلاھ دەپ بىلەيلى.
ئەي بۇتلار، سىلەر مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان
بولسۇن،
بىزنى ھەيران قالدۇرىدىغان ياكى قورقىتىدىغان بىرەر
ئىشنى قىلىپ بېقىڭلارچۇ؟!
24 بىراق سىلەر كېرەكسىز نەرسىلەر،
سىلەر ھېچ ئىش قىلالمايسىلەر،
سىلەرگە چوقۇنغانلار ئىپلاسلاردۇر!

25 مەن بىر ھۆكۈمرانني شىمالدىن قوزغىتىمەن،
ئۇ كۈنچىقىش تەرەپتىن كېلىدۇ.
ئۇ نامىمغا دۇئا قىلىدۇ.
تامچى ياكى كۇلالچى لايىنى دەسسەپ چەيلىگەندەك،
ئۇ ھۆكۈمرانلارنى دەسسەپ چەيلەيدۇ.
26 بىرەر بۇتلىرىڭلار بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى
ھەققىدە ئالدىن بېشارەت بېرىپ باقتىمۇ؟!
بىرەر بۇتلىرىڭلار بىزنى ئۇنىڭ بەرگەن بېشارىتى توغرا
ئىكەن دېگۈزەلىدىمۇ؟!
ياق، ھېچبىر بۇتۇڭلار بۇنداق بېشارەت بېرىپ باقمىدى،
ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى.

ھېچكىم بۇتلاردىن بۇنداق بېشارەتنى ئاڭلاپ باقمىدى!
27 مەن بىرىنچى بولۇپ سىئونغا:
‹بىلىڭلاركى، ئۇلار كېلىدۇ!
مەن يېرۇسالېمغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى ئەلچى
ئەۋەتىمەن› دېدىم.
28 لېكىن مەن كۆردۇمكى، سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلار ھېچقانداق
ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قىلالمىدى.
مەن ئۇلاردىن سوئال سورىسام، ھېچقايسىسى جاۋاب
بېرەلمىدى.
29 ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساختىدۇر،
ئۇلار ھېچبىر ئىش قىلالمايدۇ،
ئۇلار خۇددى شامالغا ئوخشاش يوقلۇقتۇر!»

## پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى

42
1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مانا بۇ مەن قوللىغان، مەن تاللىغان،
مەن ياقتۇرغان خىزمەتكارىمدۇر!
مەن ئۆزۈمنىڭ روھىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدىم.
ئۇ بارلىق خەلقلەرگە ئادالەتنى يەتكۈزىدۇ.
2 ئۇ داۋراڭ سالمايدۇ
ياكى كوچىلاردا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىمەيدۇ.
3 ئۇ زەخىملەنگەن قومۇشنى سۇندۇرمايدۇ،
ئۆچۈپ قالاي دېگەن چىراغنى ئۆچۈرمەيدۇ
ۋە چوقۇم ئادالەتنى يولغا قويىدۇ.
4 ئۇ يەر يۈزىدە ئادالەتنى ئورناتقۇچە ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ،
چۈشكۈنلەشمەيدۇ.
ھەتتا دېڭىز بويىدىكى خەلقلەرمۇ ئۇنىڭ تەلىم بېرىشىنى
تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ.»

5 ئاسماننى ياراتقان ۋە ئۇنى يايغان،

زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق مەۋجۇدىيەتلەرنى
ئاپىرىدە قىلغان،
ئىنسانلارغا نەپەس ئاتا قىلىپ، هاياتلىق بەرگەن
پەرۋەردىگارىمىز خۇدا ئۆزى تاللىغان خىزمەتكارىغا مۇنداق
دەيدۇ:
6 «مەن پەرۋەردىگار ھەققانىيلىقىم ئايان بولسۇن دەپ،
سېنى تاللىدىم.
مەن سېنى يېتەكلەيمەن ۋە سېنى قوغدايمەن.
مەن ئەھدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سېنى
خەلقىمنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتىمەن.
مەن سېنى بارلىق ئەللەرنى يورۇتىدىغان نۇر قىلىمەن.
7 سەن ئەمالارنىڭ كۆزىنى ئاچىسەن،
زىندانلاردىن مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىسەن،
قاراڭغۇلۇقتا سولانغان كىشىلەرنى ئەركىنلىككە
ئېرىشتۈرىسەن.

8 مەن ‹ياھۋەھ›تۇرمەن، بۇ مېنىڭ نامىمدۇر.
ئۇلۇغلۇقۇمنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشمايمەن.
بۇتلارنىڭ ماڭا ئوخشاش مەدھىيەلىنىشىگە يول
قويمايمەن.
9 قاراڭلار، مېنىڭ بۇرۇنقى بېشارەتلىرىمنىڭ ھەممىسى يۈز
بەردى!
ئەمدى مەن سىلەرگە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن بېشارەت
بېرىمەن،
ئىشلار يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئالدىن ئېيتىمەن.»

## مەدھىيە ناخشىلىرى

10 پەرۋەردىگارغا بېغىشلاپ يېڭى ناخشا ئېيتىڭلار!
دېڭىزچىلار ۋە دېڭىزدا ياشايدىغان جانلىقلار،
دېڭىز بويىدا ياشايدىغان خەلقلەر ناخشا ئېيتىڭلار!
دۇنيانىڭ تۆت بۇرجىكىدىن مەدھىيەلەر ياڭرىسۇن!

11 چۆلدىكى شەھەرلەردە ياشايدىغان خەلقلەر
جاراڭلىق ئاۋازدا ھەمدۇسانا ئېيتسۇن.
قېدارنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدىكى خەلقلەر شادلانسۇن.
سەلا خەلقى خۇشاللىق بىلەن ناخشا ئوقۇسۇن.
مەدھىيەلەر تاغ چوققىلىرىدىن ياڭرىسۇن.
12 ئۇلار پەرۋەردىگارنى ئۇلۇغلىسۇن.
دېڭىز بويىدا ياشايدىغان خەلقلەر مەدھىيەلەر ئوقۇسۇن.
13 چۈنكى پەرۋەردىگار خۇددى باتۇر جەڭچىدەك
ھاياجان بىلەن جەڭ شوئارى توۋلاپ،
دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا ياردەم بېرىشى

14 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئۇزۇن ۋاقىت سۈكۈت قىلدىم،
جىم تۇردۇم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.
مەن ئەمدى ئاياللار تولغاق ئازابىدىن ۋارقىرىغىنىغا
ئوخشاش
قاتتىق ۋارقىراپ، پەرياد قىلىمەن.
15 مەن چوققىلار ۋە تاغلارنى تۈپتۈز قىلىمەن،
تاغ ئۈستىدىكى گۈل-گىياھلارنى قۇرۇتىمەن.
دەريالارنى قۇرۇق يەرگە ئايلاندۇرىمەن،
كۆللەرنى قۇرۇتۇۋېتىمەن.
16 مەن ئەمالارنى ئۇلار مېڭىپ باقمىغان
ناتونۇش يوللارغا باشلايمەن.
ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقنى نۇرلاندۇرىمەن،
ئويمان-چوڭقۇرلارنى تۈزلەيمەن.
مانا بۇ مەن قىلىدىغان ئىشلاردۇر!
مەن ئۇلارنى تاشلاپ قويمايمەن.
17 ئەمما بۇتلارغا ئىشەنگەنلەر
ۋە بۇتلارنى ‹ئىلاھىم› دەپ بىلگەنلەر
چوقۇم تاشلىنىپ قالىدۇ، قاتتىق شەرمەندە بولىدۇ.»

## گاس ۋە قارىغۇ ئىسرائىللار

18 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي گاسلار، ئاڭلاڭلار!
ئەي ئەمالار، كۆرۈڭلار!
19 كىممۇ مېنىڭ خىزمەتكارلىرىمدەك ئەما؟
كىممۇ مەن ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمدەك گاس؟
كىممۇ مەن تاللىغان خەلقىمدەك قارىغۇ؟
كىممۇ مېنىڭ خىزمەتكارلىرىمدەك ئەما؟
20 سىلەر نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنى
بىلمىدىڭلار.
قۇلاقلىرىڭلار ئوچۇق تۇرۇپمۇ ھېچنېمىنى
ئاڭلىمىدىڭلار.»

21 پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ شان-شەرەپلىك تەلىملىرى ئارقىلىق
ئۆزىنىڭ ئادالىتىنى نامايان قىلماقچى بولدى.
22 ئەمما بۇ خەلق بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن، تالان-تاراج
قىلىندى،
تۇزاقلارغا چۈشتى، زىندانلارغا قامالدى.
ئۇلارنى ھېچكىم قوغدىمىغانلىقتىن ئەسىرگە ئېلىندى.
«بۇ ئەسىرلەرنى قويۇپ بەر!» دەيدىغانغا ئادەم
چىقمىدى.

23 ئاراڭلاردا كىم بۇ ئىشلارغا قۇلاق سالىدۇ؟
ۋاقتى كەلگەندە، كىم بۇ ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشنى
خالايدۇ؟
24 كىم ئىسرائىللارنى، يەنى ياقۇپ ئەۋلادلىرىنى ئەسىرلىككە
چۈشۈرۈپ قويىدۇ؟
پەرۋەردىگار شۇنداق قىلىدۇ!
چۈنكى بىز ئۇنىڭغا قارشى گۇناھ قىلدۇق،
ئۇنىڭ يولىنى تۇتمىدۇق،

ئۇنىڭ تەلىملىرىگە بويسۇنمىدۇق!
25 شۇڭا ئۇ بىزگە قاتتىق غەزەپ ياغدۇرىدۇ،
بىزنى شىددەتلىك ئۇرۇشقا دۇچار قىلىدۇ.
بىز ئوت ئىچىدە قالغاندىمۇ، ھېچنېمىنى چۈشەنمىدۇق.
بىز كۆيۈۋاتقاندىمۇ، بۇنىڭ گۇناھىمىزنىڭ ئاقىۋىتى
ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدۇق.

## پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدۇر

43 1 ئەي ئىسرائىل خەلقى، سىلەرنى ياراتقان
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاڭلار!
ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، سىلەرنى ئاپرىدە قىلغان
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«قورقماڭلار، مەن سىلەرنى قوغدايمەن.
مەن سىلەرنىڭ ئىسمىڭلارنى ئاتاپ تۇرۇپ چاقىردىم،
سىلەر ماڭا تەئەللۇقتۇرسىلەر.
2 سىلەر چوڭقۇر سۇلارنى كېچىپ ئۆتكىنىڭلاردا، مەن
سىلەرگە ياردۇرمەن.
سىلەر دەريالاردىن ئۆتكىنىڭلاردا، شىددەتلىك ئېقىم
سىلەرنى ئېقىتىپ كېتەلمەيدۇ.
ئوت ئىچىدىن ئۆتكىنىڭلاردا، كۆيۈپ كەتمەيسىلەر،
سىلەرگە ئوت تۇتاشمايدۇ.
3 مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن،
ئىسرائىللارنى تاللىغان قۇتقۇزغۇچى مۇقەددەس
خۇدادۇرمەن.
مەن سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا مىسىرنى تۆلەپ بېرىمەن.
مەن يەنە سىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۇش بىلەن سىبانى
تۆلەپ بېرىمەن.
4 مەن سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا خەلقلەرنى تۆلەپ
بېرىمەن.
چۈنكى سىلەر مەن ئۈچۈن قىممەتلىك ۋە ئەزىزدۇرسىلەر،
مەن سىلەرنى سۆيىمەن.

شۇڭا سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا ئەللەرنى
ئالماشتۇرىمەن،
شۇ ئارقىلىق سىلەرنى ساقلاپ قالىمەن.
5 قورقماڭلار، مەن سىلەرگە ياردۇرمەن.
مەن ئەۋلادلىرىڭلارنى شەرق ۋە غەربتىن قايتۇرۇپ
كېلىمەن.
6 مەن شىمالدىكى ۋە جەنۇبتىكى ھۆكۈمرانلارغا بۇيرۇق
قىلىپ:
‹خەلقىمنى قويۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنى تۇتۇپ قالماڭلار،
ئۇلار يىراق زېمىنلاردىن،
يەر يۈزىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن قايتىپ كەلسۇن›
دەيمەن.
7 ماڭا مەنسۇپ بولغان خەلقنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلسۇن!
چۈنكى مەن ئۇلارنى شان-شەرىپىم ئۈچۈن ياراتتىم ۋە
ئاپىرىدە قىلدىم.»

8 كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرمىگەنلەرنى چاقىرىڭلار،
قۇلىقى تۇرۇپ ئاڭلىمىغانلارنى چاقىرىڭلار.
9 ھەرقايسى ئەللەرنى يىغىڭلار،
بارلىق خەلقلەر يىغىلسۇن.
ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىدىن قايسىسى مۇشۇ ئىشلار ھەققىدە
بېشارەت بېرەلىگەن؟
قايسىسى ئۆتمۈشتە بولغان ئىشلاردىن ئۇچۇر بېرەلىگەن؟
ئەگەر گۇۋاھچىلىرى بولسا، ئەكىلىپ ئىسپاتلىسۇن،
گۇۋاھچىلار بۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھ بولسۇن.
10 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي ئىسرائىللار، سىلەر مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىم،
ئۆزۈم تاللىغان خىزمەتكارلىرىم.
مەن سىلەرنى ماڭا ئىشەنسۇن، مېنى تونۇسۇن،
سىلەرنىڭ بىردىنبىر پەرۋەردىگارىڭلار ئىكەنلىكىمنى
بىلسۇن دەپ تاللىدىم.

مەندىن بۇرۇن باشقا خۇدا بولۇپ باقمىغان،
كەلگۈسىدىمۇ ھەم بولمايدۇ.
11 مەن بىردىنبىر پەرۋەردىگاردۇرمەن،
سىلەرنى مەندىن باشقا ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ.
12 مەن بۇرۇن ئەجدادلىرىڭلارنى قۇتقۇزىدىغانلىقىمنى جاكارلىغان
ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزغانىدىم.
بۇنى ھېچقانداق يات ئىلاھ قىلالمايدۇ.
مەن بىردىنبىر خۇدادۇرمەن، سىلەر مېنىڭ گۇۋاھچىلىرىمدۇرسىلەر.
13 مەن مەڭگۈلۈك خۇدادۇرمەن.
ھېچكىم مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ،
ئىش قىلماقچى بولسام، كىم مېنى توسيالايدۇ؟»

14 سىلەرنىڭ قوغدىغۇچىڭلار بولغان پەرۋەردىگار،
يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدا مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەر ئۈچۈن مەن بابىلغا قارشى قوشۇن ئەۋەتىمەن،
ئۇلار ئۆزلىرى ماختىغان كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ.
15 مەن سىلەرنى تاللىغان مۇقەددەس پەرۋەردىگارىڭلار،
يەنى ئىسرائىللارنىڭ ياراتقۇچىسى، سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلاردۇرمەن.»

16 سىلەرگە دېڭىزدىن يول ئېچىپ بەرگەن،
سىلەرنى شىددەتلىك ئېقىندىن ئۆتكۈزۈپ قويغان،
17 مىسىرنىڭ جەڭ هارۋىلىرى ۋە پۈتۈن لەشكەرلەر كەلگەندە،
ئۇلارنى بىراقلا يىقىتىپ، قوپالماس قىلىۋەتكەن،
ئۇلارنى ئۆچكەن چىراغقا ئوخشاش يوق قىلىۋەتكەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

18 «ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى ئۇنتۇڭلار،
ئەسلىمىلەرگە باغلىنىپ قالماڭلار.
19 مەن يېڭى بىر ئىش قىلىۋاتىمەن.
بۇ ئىش ئەمدىلا يۈز بېرىشكە باشلىدى.
ئەجەبا، سىلەر ھېس قىلمىدىڭلارمۇ؟
مەن چۆللۈكتە يول ياسايمەن،
قۇملۇقتا دەريا ھاسىل قىلىمەن.
20 چۆللۈكلەردىكى ياۋايى ھايۋانلار ماڭا شۈكۈر ئېيتىدۇ،
ئۇلارنىڭ ئىچىدە چىلبۆرە ۋە ھۇۋقۇشلارمۇ بار.
چۈنكى مەن چۆللۈكتە بۇلاقلارنى پەيدا قىلىمەن،
قۇملۇقتا دەريا ھاسىل قىلىمەن.
بۇلاردىن مەن تاللىغان خەلقىم سۇ ئىچىدۇ.
21 مەن بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلغان خەلقىم ئۈچۈن قىلىمەن،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

22 ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، سىلەر ماڭا ئىلتىجا قىلمىدىڭلار.
ئەي ئىسرائىللار، سىلەر مەندىن بىزار بولدۇڭلار.
23 سىلەر ماڭا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن قويلارنى ئەكەلمىدىڭلار
ياكى باشقا قۇربانلىقلار ئارقىلىق ھۆرمىتىمنى قىلمىدىڭلار.
مەن سىلەرنى ئاشلىق ھەدىيەلىرى قىلىڭلار دەپ، ئېغىر يۈك سالمىدىمغۇ؟
مەن سىلەرنى ئىسرىق سېلىڭلار دەپ، چارچىتىۋەتمىدىمغۇ؟
24 سىلەر پۇل خەجلەپ ماڭا پۇراقلىق ئىگىر تەقدىم قىلمىدىڭلار،
قۇربانلىق گۆشلىرىنىڭ ياغلىرى بىلەن مېنى قانائەتلەندۈرمىدىڭلار،

ئەكسىچە سىلەر گۇناھلىرىڭلار بىلەن مېنى ئاۋارە
قىلدىڭلار،
رەزىللىكىڭلار بىلەن مېنى چارچاتتىڭلار.

25 مەن سىلەرنىڭ ئىتائەتسىزلىكىڭلارنى ئەپۇ
قىلغۇچىدۇرمەن.
مەن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى ئېسىمدە تۇتمايمەن.
26 سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ نېمىشقا ئاغرىنغانلىقىڭلارنى ماڭا
ئېيتىڭلار،
مەن بىلەن مۇنازىرە قىلىڭلار!
قېنى، ئۆزۈڭلارنىڭ گۇناھسىزلىقىڭلارنى ئىسپاتلاپ
بېقىڭلارچۇ؟
27 ئەي ئىسرائىللار، سىلەرنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىڭلار
گۇناھكار بولغانىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ يېتەكچىلىرىڭلارمۇ ئاسىيلىق
قىلىپ كەلدى.
28 شۇ سەۋەبتىن سىلەرنىڭ روھانىيلىرىڭلارنى شەرمەندە
قىلىمەن،
سىلەرنى، يەنى ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنى باشقا ئەللەرنىڭ
ۋەيران قىلىشىغا يول قويىمەن،
سىلەرنى خورلۇققا قالدۇرىمەن.»

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا بەخت ئاتا قىلىشى

44 1 «ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، يەنى مېنىڭ
خىزمەتكارلىرىم ۋە
مەن تاللىغان ئىسرائىل خەلقى، قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار.
2 سىلەرنى ئاپىرىدە قىلغان، ئاناڭلارنىڭ قورسىقىغا
تۆرەلدۈرگەن،
سىلەرگە ياردەم بېرىدىغان مەن پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيمەنكى،

قورقماڭلار، ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان
خىزمەتكارلىرىم!
سىلەر مەن تاللىغان ئىسرائىل خەلقىدۇرسىلەر.
3 مەن سىلەرنىڭ قاغجىرىغان يەرلىرىڭلارنى سۇغىرىمەن،
قۇرۇپ كەتكەن زېمىنلىرىڭلاردا ئېقىنلارنى ئاققۇزىمەن.
مەن روھىمنى ئەۋلادلىرىڭلارغا ياغدۇرىمەن،
مەن ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلىمەن.
4 ئۇلار سۇغا قېنىپ ئۆسكەن ئوت-چۆپلەردەك،
دەريا بويىدىكى سۆگەتلەردەك ياشىرىپ تۇرىدۇ.
5 بەزىلەر ئۆزلىرىنى: ‹مەن پەرۋەردىگارغا مەنسۇپ› دەيدۇ،
بەزىلەر ئۆزلىرىنى: ‹مەن ياقۇپنىڭ ئەۋلادى› دەيدۇ،
بەزىلەر قوللىرىغا: ‹مەن پەرۋەردىگارنىڭكى› دەپ
يېزىۋالىدۇ،
يەنە بەزىلەر ئۆزلىرىنى: ‹مەن ئىسرائىل› دەپ ئاتايدۇ.»

6 ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى ۋە قوغدىغۇچىسى قۇدرەتلىك
سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«تۇنجىسىمۇ ۋە ئاخىرقىسىمۇ مەندۇرمەن،
مەندىن باشقا ھېچقانداق خۇدا يوقتۇر.
7 ماڭا ئوخشاش كىم بار؟
ئەگەر بار بولسا ئۆزىنى ماڭا ئاشكارىلىسۇن.
ئۇ ماڭا بۇ قەدىمىي خەلقنى ياراتقىنىمدىن بۇيان يۈز
بەرگەن ئىشلارنى
ھەم بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى دەپ بەرسۇن.
شۇنداق، ئۇ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن
بېشارەت بەرسۇن.
8 قورقماڭلار ۋە تىترەپ كەتمەڭلار!
بۇرۇن مەن سىلەرگە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى
ئالدىن ئېيتقان ئەمەسمۇ؟
سىلەر ماڭا گۇۋاھتۇرسىلەر!
مەندىن باشقا يەنە خۇدا بارمۇ؟

يوق، مەندىن باشقا سىلەرنى قوغدىيالايدىغان ھېچقانداق
قورام تاش يوقتۇر!»

## كېرەكسىز بۇتلار

9 بۇتلارنى ياسىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەخمەق،
ئۇلار قەدىرلىگەن بۇتلارنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقتۇر.
بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلار قارىغۇلاردۇر،
ئۇلار نومۇسقا قالىدۇ.
10 پەقەت ئەخمەق كىشىلەرلا ھېچقانداق ياردەم
بېرەلمەيدىغان بۇتنى ياسايدۇ.
11 بۇت ياسىغانلارنىڭ ھەممىسى شەرمەندە بولىدۇ،
چۈنكى ئۇلار پەقەت ئاجىز ئىنسانلاردۇر!
بولمىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىغا كەلسۇن.
ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى قورقۇنچ باسىدۇ، ئۇلار نومۇسقا قالىدۇ.

12 بۇت ياسايدىغان تۆمۈرچى ئەسۋاب بىلەن
مېتالنى ئوتتا سىلىپ قىزىتىدۇ،
بولقىسى بىلەن سوقۇپ، ئۇنى ياسايدۇ،
ئۇ كۈچلۈك بىلىكى بىلەن بولقا ئۇرىدۇ.
ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ھېرىپ كېتىدۇ،
چاڭقاپ مادارىدىن كېتىدۇ.
13 ياغاچچى ياغاچنى ئۆلچەپ،
نەدىن كېسىش كېرەكلىكىنى بەلگىلەيدۇ.
ئاندىن ئىسكىنە ۋە سىركۇل ئىشلىتىپ،
ئادەمنىڭ شەكلىنى ياساپ چىقىدۇ.
ئۇ ئۇنى ناھايىتى چىرايلىق بېزەپ،
بۇتخانىغا قويۇپ قويىدۇ.
14 ئۇ كېدىر ياغىچىنى كېسىدۇ.
ياكى ئورمانلىقتىكى كىپارىس، دۇپ دەرىخىنى تاللاپ،
ئۇنىڭ چوڭ بولۇشىنى كۈتىدۇ.

ياكى قارىغاي ئۇرۇقنى تېرىيدۇ،
يامغۇر ئۇنى چوڭ قىلىدۇ.
15 ئۇ بۇ دەرەخنىڭ بىر قىسمىنى ئوتۇن قىلىپ قالاپ
ئىسسىنىدۇ ھەم نان پىشۇرىدۇ.
يەنە بىر قىسمىدا ئۆزى چوقۇنىدىغان بىر «ئىلاھ»نى
ياساپ چىقىدۇ.
ئۇ ئۆزى ياسىغان بۇتقا سەجدە قىلىدۇ.
16 ئۇ ياغاچنىڭ بىر قىسمىنى ئوتۇن قىلىپ قالاپ گۆش
پىشۇرۇپ،
قورسىقىنى تويدۇرىدۇ ۋە ئىسسىنىدۇ.
ئۇ ئۆزىگە: «پا، مەن ئىسسىندىم، شۇنچىلىك
راھەتلەندىم» دەيدۇ.
17 ئۇ ياغاچنىڭ قالغان بىر قىسمىدا بىر بۇت ياساپ،
ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ.
ئۇ بۇتقا: «سەن مېنىڭ ئىلاھىم، مېنى قۇتقۇزغىن» دەپ
دۇئا قىلىدۇ.
18 ئۇلار ھەقىقەتەن ئەخمەقتۇر،
ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كوردۇر، كۆرەلمەيدۇ.
زېھنى زەئىپتۇر، چۈشەنمەيدۇ.
19 ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلىمايدۇ،
ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ، ھېچكىم ھوشىنى تېپىپ:
«مەن ياغاچلارنىڭ بىر قىسمىنى ئىسسىنىشقا، نان ۋە
گۆشلىرىمنى پىشۇرۇشقا ئىشلەتتىم،
قالغان بىر قىسمىدا يىرگىنچلىك بۇت ياسىمىدىم.
ئەجەبا، مەن ياغاچقا سەجدە قىلىپ، چوقۇندۇممۇ؟» دەپ
ئويلىمايدۇ.
20 ئەي كۈل يەيدىغان ئەخمەقلەر،
سىلەرنىڭ نادانلىقىڭلار ئۆزۈڭلارنى ئالدايدۇ.
بۇ بۇتلار سىلەرنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ.
سىلەر: «قولۇمدىكى بۇ نەرسە خۇدا ئەمەسقۇ!» دەپ
ئويلىمايسىلەر.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنى قۇتقۇزۇشى

21 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، ئەي ئىسرائىللار!
ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، سىلەر مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم.
مەن سىلەرنى مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم بولۇشۇڭلار ئۈچۈن
ياراتتىم،
سىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايمەن.
22 سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى كەچۈرۈۋەتتىم،
گۇناھىڭلار بۇلۇتلاردەك، ئەتىگەندىكى تۇماندەك غايىب
بولدى.
يولۇمغا قايتىڭلار، چۈنكى مەن سىلەرنى قۇتقۇزدۇم.»

23 ئەي ئەرشئەلا، شادلىنىپ ناخشا ئوقۇڭلار!
چۈنكى پەرۋەردىگار ئاجايىپ بىر ئىش قىلدى.
ئەي يەر-زېمىن، شادلىق سادالىرىنى ياڭرىتىڭلار!
تاغ چوققىلىرى، ئورمانلار ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق
دەرەخلەر،
ھەممىڭلار نەغمە-ناۋا قىلىڭلار!
چۈنكى پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنى قۇتقۇزدى.
ئۇ ئىسرائىلىيەدە ئۇلۇغلىنىدۇ.

24 سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىغا تۆرەلدۈرگەن ۋە
قوغداپ كەلگەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان پەرۋەردىگاردۇرمەن،
پەقەت مەنلا ئاسماننى يايدىم،
مېنىڭ ئالەمنى يارىتىشىمغا ھېچكىم شېرىك بولمىدى.
25 مەن ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ يالغانچىلىقىنى
ئاشكارىلايمەن،
كەلگۈسىدىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ چاۋىسىنى چىتقا
يايىمەن.

بەزلەر ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدۇ،
مەن ئۇلارنىڭ ھاماقەتلىكىنى سۆكىمەن.
26 ئەمما مەن ئۆز پەيغەمبەرلىرىمنىڭ سۆزلىرىنى ئەمەلگە
ئاشۇرىمەن.
مەن ئۇلار ئارقىلىق يېرۇسالېم توغرىسىدا مۇنداق دېدىم:
‹ھامان بىر كۈنى يېرۇسالېمدا خەلقىم ياشايدۇ.›
يەھۇدىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرى توغرىسىدا
پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق مۇنداق دېدىم:
‹ئۇلار ھامان بىر كۈنى بۇ خارابىلەرنى قايتىدىن قۇرۇپ
چىقىدۇ.›
27 مەن دېڭىزغا قاراپ: ‹قۇرۇپ كەت› دېسەم، ئۇ قۇرۇپ
كېتىدۇ،
مەن دەريالارنى قۇرۇتىمەن.
28 مەن: ‹پادىشاھ كورەش پادىچىغا ئوخشاش خەلقىمنى
باقىدۇ› دېسەم،
ئۇ مېنىڭ ئىرادەمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.
ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: ‹يېرۇسالېم قايتا قۇرۇلسۇن،
ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۇللىرى قايتا سېلىنسۇن› دەيدۇ.»

## پادىشاھ كورەش پەرۋەردىگارنىڭ قورالىدۇر

45 1 پەرۋەردىگار كورەشنى تاللىدى،
پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا كۈچ-قۇدرەت بېرىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، ئۇ باشقا ئەللەرنى بويسۇندۇرىدۇ،
پادىشاھلارنى قورالسىزلاندۇرىدۇ.
شەھەر دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ،
بۇ دەرۋازىلار قايتا يېپىلمايدۇ.
پەرۋەردىگار كورەش پادىشاھقا مۇنداق دەيدۇ:
2 «ئەي كورەش، سېنىڭ ئالدىڭدا ماڭىمەن،
ئالدىڭدىكى تاغلارنى تۈزلىۋېتىمەن.
تۈچ دەرۋازىلارنى بۇزۇپ تاشلايمەن،
تۆمۈر بالداقلارنى پاچاقلايمەن.

3 مەن ساڭا يوشۇرۇپ قويۇلغان خەزىنىلەرنى،
مەخپىي جايلارغا كۆمۈپ قويۇلغان بايلىقلارنى تېپىپ
بېرىمەن.
مېنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىشتىكى مەقستىم
سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاتاپ چاقىرغۇچىنىڭ ۋە ئىسرائىللارنى
تاللىغۇچىنىڭ
مەن پەرۋەردىگار خۇدا ئىكەنلىكىمنى سېنىڭ بىلىشىڭ
ئۈچۈندۇر.
4 گەرچە سەن مېنى تونۇمىساڭمۇ،
خىزمەتكارىم ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى،
يەنى مەن تاللىغان ئىسرائىللار ئۈچۈن
سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاتاپ چاقىرىمەن
ۋە ساڭا شۆھرەتلىك نام بېرىمەن.
5 مەن بىردىنبىر پەرۋەردىگارمەن،
مەندىن باشقىسى يوقتۇر،
مەندىن باشقا ھېچقانداق خۇدا يوقتۇر!
سەن مېنى تونۇمىساڭمۇ،
مەن ساڭا كۈچ-قۇدرەت بېرىمەن.
6 كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان زېمىنلاردىكى
خەلقلەر
مەندىن باشقا ھېچقانداق خۇدانىڭ يوقلۇقىنى بىلسۇن.
مەن بىردىنبىر پەرۋەردىگارمەن، مەندىن باشقىسى
يوقتۇر!
7 مەن يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقنى ياراتتىم.
مەن كىشىلەرگە ئامانلىق بېرەلەيمەن، شۇنداقلا بالا-قازامۇ
كەلتۈرەلەيمەن.
مەن پەرۋەردىگارمەن، مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى
قىلالايمەن.
8 ئەي ئاسمان، سەندىن ھەققانىيلىق ياغسۇن،
ھەققانىيلىق بۇلۇتلاردىن قۇيۇلسۇن!

بۇلارنى يەر ئېچىپ، ھەققانىيلىق ۋە نىجاتلىق
ئۈستۈرسۇن!
بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەن پەرۋەردىگارنىڭ قولىدىن
كېلىدۇ.»

9 ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي ياراتقۇچىسى بىلەن
مۇنازىرىلەشكەنلەر،
سىلەر پەقەت لايدىن ياسالغان كوزا-ئىدىشلارغا
ئوخشايسىلەر.
لاي قانداقسىگە كۇلالچىدىن:
«سەن مېنى نېمە قىلىۋاتىسەن؟» ياكى
«ياساۋاتقان نەرسەڭنىڭ تۇتقۇچلىرى يوققۇ؟» دەپ
سورىيالىسۇن!
10 ئۆز ئاتىسىدىن: «سەن مېنى نېمە ئۈچۈن تۆرەلدۈردۈڭ؟»
دەپ سورىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!
ئۆز ئانىسىدىن: «سەن مېنى نېمە ئۈچۈن تۇغدۇڭ؟» دەپ
سورىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

11 ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدا، يەنى ئىسرائىل
خەلقىنى ياراتقان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەر خەلقىمنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق مېنى سوراققا
تارتماقچىمۇ؟
سىلەر ماڭا قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى دەپ
ئۆگەتمەكچىمۇ؟
12 زېمىننى ياراتقان ۋە زېمىندا ياشايدىغان ئىنسانلارنى
ئاپىرىدە قىلغان مەن بولىمەن.
مەن ئاسماننى ئۆز قولۇم بىلەن يايدىم،
ئاسماندىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ئۆز جايلىرىغا
ئورۇنلاشتۇردۇم.
13 ئادالەت ئۈچۈن كورەش پادىشاھنى قوزغىتىدىغان،
ئۇنىڭ يولىنى راۋان قىلىدىغان مەن بولىمەن.

ئۇ مېنىڭ شەھىرىمنى قايتا قۇرىدۇ.
ئۇ ھېچقانداق سوۋغات قوبۇل قىلماستىن ۋە پارا
ئالماستىن
مېنىڭ سۈرگۈن قىلىنغان خەلقىمنى ئازاد قىلىدۇ.
مانا بۇ مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزلىرىدۇر.»

14 پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە مۇنداق دەيدۇ:
«مىسىرنىڭ بايلىقى ۋە كۇشنىڭ مال-مۈلكى سىلەرگە تەۋە
بولىدۇ.
بويلىرى ئېگىز سىبالىقلار سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار بولىدۇ.
ئۇلار قوللىرىدىكى كىشەنلىرى بىلەن سىلەرنىڭ
ئارقاڭلاردىن ماڭىدۇ.
ئۇلار سىلەرگە باش ئېگىپ:
‹خۇدا سىلەرگە يار بولدى، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغىنى يوقتۇر،
ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق خۇدا يوقتۇر!› دەپ ئېتىراپ
قىلىدۇ.»

15 ئەي ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا، سەن بىزنىڭ
قۇتقۇزغۇچىمىز.
سەن ھەقىقەتەن ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەيدىغان خۇدادۇرسەن!
16 بۇت ياسىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شەرمەندە بولىدۇ ۋە
نومۇسقا قالىدۇ،
ئۇلار خورلۇقتا قالىدۇ.
17 لېكىن پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنى قۇتقۇزىدۇ.
ئەي ئىسرائىللار، پەرۋەردىگار سىلەرگە مەڭگۈلۈك
نىجاتلىق بېرىدۇ.
سىلەر ھېچقاچان شەرمەندە بولمايسىلەر، مەڭگۈ نومۇستا
قالمايسىلەر.

18 ئاسماننى ياراتقان پەرۋەردىگار بىردىنبىر خۇدادۇر!

ئۇ زېمىننى يارىتىپ، شەكىلگە كىرگۈزدى
ۋە ئۇنى مۇستەھكەملىدى.
ئۇ ئىنسانلارنىڭ زېمىندا ياشىشى ئۈچۈن زېمىننى بوش
قويمىدى.
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بىردىنبىر پەرۋەردىگاردۇرمەن،
مەندىن باشقا خۇدا يوقتۇر.
19 مەن يوشۇرۇن گەپ قىلمىدىم
ياكى قاراڭغۇ جايدا گەپ قىلمىدىم.
مەن ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا: ‹مېنى ئىزدەپ تاپالمايسىلەر›
دېمىدىم.
مەن پەرۋەردىگار دائىم ھەقىقەتنى ۋە ئادىللىقنى
سۆزلەيمەن.

20 ئەي ئەللەردىكى ئامان قالغانلار،
يىغىلىپ ئالدىمغا كېلىڭلار!
ياغاچتىن ياسالغان، ئۆزلىرىنى قۇتقۇزالمايدىغان بۇتلارغا
دۇئا قىلىپ،
ئۇلارنى يۈدۈپ يۈرگەن ئادەملەر نېمىدېگەن ئەخمەق-ھە!
21 بۇتلىرىڭلارنىڭ ئىش قىلالايدىغانلىقىغا نېمە ئاساسىڭلار
بار؟ ئېيتىڭلار!
سىلەر ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ بېقىڭلار.
يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن كىم ئالدىن بېشارەت بېرەلىدى؟
بىرەر بۇت سىلەرگە بۇ ئىشلاردىن بېشارەت بەردىمۇ؟
ياق، بېشارەت بەرگەن مەن پەرۋەردىگار ئەمەسمۇ؟!
مەندىن باشقا ھېچقانداق خۇدا يوقتۇر.
مەن ھەققانىي خۇدادۇرمەن ۋە قۇتقۇزغۇچىدۇرمەن.
مەندىن باشقا ھېچبىر خۇدا يوقتۇر.

22 ئەي زېمىندىكى بارلىق ئىنسانلار،
ماڭا يۈزلىنىڭلار، شۇنداق قىلغاندىلا قۇتقۇزۇلىسىلەر!

مەن بىردىنبىر خۇدادۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچقانداق
خۇدا يوقتۇر.
23 مەن ئۆز نامىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتۇر.
مېنىڭ سۆزلىرىم ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدۇ،
پۈتكۈل ئىنسان ماڭا تىزلىنىپ سەجدە قىلىدۇ،
ھەربىر ئىنسان ماڭا سادىق بولىدىغانلىقىغا قەسەم
ئىچىدۇ.
24 ئۇلار مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ:
‹پەقەت پەرۋەردىگارلا غەلىبە ۋە كۈچ-قۇدرەتنىڭ
مەنبەسىدۇر.›»
ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەنلەر ئۇنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولىدۇ.
25 پۈتكۈل ئىسرائىل ئەۋلادلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ياردىمى
بىلەنلا غەلىبە قىلىدۇ،
ئۇلار پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بابىلنىڭ ساختا ئىلاھلىرى

46 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئىلاھ بېلنىڭ تىزى ئېگىلىدۇ، ئىلاھ نىبونىڭ قەددى
پۈكۈلىدۇ،
ئۇلارنىڭ شەكلىدە ياسالغان بۇتلار ھايۋانلارغا ئارتىلىدۇ.
ئىلگىرى بابىللىقلار كۆتۈرۈپ يۈرگەن بۇ بۇتلار
ئەمدى ھارغىن ھايۋانلارغا ئېغىر يۈك بولىدۇ.
2 بۇ ئىلاھلارنىڭ قەددى پۈكۈلۈپ، تىزلىرى ئېگىلىدۇ،
بۇ ئىلاھلار ئۆزلىرىنىمۇ قۇتقۇزالمايدۇ،
ئەكسىچە ئۇلار ئىگىلىرى بىلەن بىرگە ئەسىرگە ئېلىنىپ،
ئېلىپ كېتىلىدۇ.

3 ئەي ياقۇپ جەمەتى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار!
ئەي ئامان قالغان ئىسرائىللار،

مەن سىلەرنى سىلەر تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا قوللاپ كەلدىم!
سىلەر ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەن كۈندىن باشلاپلا،
هالىڭلاردىن خەۋەر ئالدىم.
4 گەرچە سىلەر قېرىپ، چېچىڭلارغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ،
مەن يەنىلا بۇ ئىشىمنى توختاتقىنىم يوق.
مەن يەنىلا شۇ خۇدادۇرمەن، ئۆزگەرگىنىم يوق.
مەن سىلەرنى ياراتقانىكەنمەن، ئەلۋەتتە هالىڭلاردىن
خەۋەر ئالىمەن،
ئەلۋەتتە سىلەرنى كۆتۈرىمەن ۋە قۇتقۇزىمەن.

5 سىلەر مېنى كىم بىلەن سېلىشتۇرۇپ، كىم بىلەن تەڭ
قىلىۋاتىسىلەر؟
هېچكىم ماڭا ئوخشىمايدۇ، مېنىڭ تەڭدىشىم يوقتۇر!
6 بەزىلەر هەميانلىرىدىن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى چىقىرىشىپ،
تارازىلاردا تارتىشىدۇ.
ئۇلار ئۇستىلارنى ياللاپ، بۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن بىر بۇت
ياسىشىدۇ،
ھەمدە بۇ بۇتقا باش ئېگىپ چوقۇنۇشىدۇ.
7 ئۇلار بۇ بۇتنى مۈرىلىرىگە ئېلىپ، كۆتۈرۈپ ئاپىرىشىپ،
بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇ.
بۇ بۇت شۇ جايدا قىمىرلىماي تۇرىدۇ.
بىركىم ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلسا، ئۇ جاۋاب قايتۇرمايدۇ.
ئۇ هېچكىمنى ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن قۇتقۇزالمايدۇ.

8 ئەي مەندىن يۈز ئۆرۈگەن خەلقىم،
بۇ ئىشلارنى ئويلاڭلار. بۇلارنى هەر ۋاقىت ئېسىڭلاردا چىڭ
تۇتۇڭلار.
9 ئۆتمۈشتە مەن قىلغان ئىشلارنى ئويلاڭلار،
مەن بىردىنبىر خۇدادۇرمەن، مەندىن باشقا هېچقانداق
خۇدا يوقتۇر.
مەن بىردىنبىر خۇدادۇرمەن، ماڭا ئوخشايدىغىنى يوقتۇر.

10 مەن كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن ئېيتىپ بېرىمەن،
تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلارنىمۇ ئېيتىپ بېرىمەن.
مەن پىلانلىغان ھەرقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن.
مەن خالىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن.
11 مەن شەرقتىن بىر بۈركۈتنى چاقىرىپ كېلىمەن،
ئۇ يىراق بىر جايدىن كېلىدۇ، ئۇ مەن نىيمىنى خالىسام، شۇنى قىلىدۇ.
مەن ئېيتقانلىرىمنى چوقۇم قىلىمەن،
مەقسەتلىرىمنىمۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن!

12 ئەي جاھىل، ھەققانىيلىقتىن يىراق خەلقىم، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار.
13 مەن پات ئارىدا ئۆز قولۇم بىلەن ھەققانىيەت ئېلىپ كېلىمەن،
ئۇ كۈن يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ،
مېنىڭ نىجاتلىقىم كېچىكمەيدۇ،
مەن سىئوننى قۇتقۇزىمەن،
مەن ئىسرائىل خەلقىگە شان-شەرەپ ئېلىپ كېلىمەن.»

## بابىلنىڭ گۇمران بولۇشى

# 47

1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي گۈزەل مەلىكە بابىل، ئەمدى توپىدا ئولتۇر.
ئەي مەلىكە بابىل، سەن داق يەردە ئولتۇر، ئەمدى سېنىڭ تەختىڭ يوق!
ئەمدى سېنى ھېچكىم ‹نازۇك ۋە گۈزەل› دەپ تەرىپلىمەيدۇ.
2 ھازىردىن باشلاپ يارغۇنچاق بىلەن ئۇن تارتىسەن.
يۈزۋېدىكى چۈمپەردەڭنى ئېلىپ تاشلاپ، ئېتەكلىرىڭنى قايرىپ،
پاقالچاقلىرىڭنى ئېچىپ، دەريادىن كېچىپ ئۆت!

3 سەن يالىڭاچ قىلىپ، نومۇسقا قالىسەن.
مەن سەندىن قىساس ئالىمەن، مەن ھېچكىمنى
ئايىمايمەن.»

4 بىزنىڭ قوغدىغۇچىمىز ئىسرائىل خەلقىنى تاللىغان
مۇقەددەس خۇدادۇر،
ئۇنىڭ نامى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگاردۇر!

5 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي مەلىكە بابىل،
ئورنۇڭدا جىم ئولتۇر، ئەمدى سەن زۇلمەتكە يوشۇرۇنىسەن.
سېنى ئەمدى ھېچكىم ‹پادىشاھلىقلارنىڭ خانىشى› دەپ
ئاتىمايدۇ.
6 مەن خەلقىمدىن غەزەپلەندىم.
مەن ئۇلارنى تاشلىۋېتىپ،
سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇردۇم،
لېكىن سەن ئۇلارغا رەھىمدىل بولمىدىڭ،
ھەتتا قېرىلارنىمۇ ئاياپ قويمىدىڭ.
7 سەن: ‹مەن ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈك خانىشىمەن› دەپ جار
سالدىڭ.
سەن بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمىدىڭ،
ھەتتاكى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمىدىڭ.
8 ئەمدى بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالغىن:
سەن ‹تەختىم مەڭگۈ مۇستەھكەم تۇرىدۇ› دەپ ماختىنىپ،
پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتىڭ.
سەن ئۆزۈڭچە: ‹مەن بويۇكتۇرمەن، تەڭدىشىم يوقتۇر،
تۇل قالمايمەن،
باللىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابىنى تارتمايمەن› دەپ
ئويلايسەن.
9 شۇنى بىلگىنكى، ئىككى ئازاب تۇيۇقسىز بىر كۈندىلا
بېشىڭغا كېلىدۇ.

سەن قانچە كۆپ سېھىر ئىشلىتىپ، ئەپسۇنلارنى
ئوقۇساڭمۇ،
بەرىبىر تۇل قالىسەن، بالىلىرىڭدىن ھەم ئايرىلىپ
قالىسەن.
10 سەن ئۆزۈڭنىڭ رەزىللىكىڭگە تايىنىپ،
«ھېچكىم مېنى كۆرمەيدۇ» دەپ ئويلايسەن.
قىلغان يامان ئىشلىرىمنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ، دەپ
ئويلايسەن.
سېنىڭ دانالىقىڭ، بىلىمىڭ سېنى يولدىن ئازدۇردى.
سەن ئۆزۈڭچە: ‹مەن بولىۋېرىمەن، تەڭدىشىم يوقتۇر›
دەپ ئويلايسەن.
11 لېكىن بېشىڭغا شۇنداق چوڭ بالايىئاپەت كېلىدۇكى،
سەن ھەرقانداق جادۇگەرلىك قىلىپمۇ ئۆزۈڭنى
قوغدىيالمايسەن.
بېشىڭغا چۈشكەن بالايىئاپەتتىن ھەرقانچە قىلىپمۇ
قۇتۇلالمايسەن.
بۇ بالايىئاپەت شۇنداق تېز كېلىدۇكى، سەن ئۇنى بىلمەيلا
قالىسەن.

12 بالىلىقىڭدىن تارتىپ ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن سېھىر،
ئەپسۇنلىرىڭنى قېنى ئىشقا سېلىپ باقساڭچۇ!
بەلكىم ئۇنىڭ ساڭا ئازراق ياردىمى تېگىپ قالار،
بەلكىم دۈشمەنلىرىڭنى قورقۇتالارسەن.
13 ساڭا بېرىلگەن مەسلىھەتلەر سېنى ھالىڭدىن كەتكۈزدى.
قېنى ئەمدى ئاشۇ مۇنەججىملىرىڭ؟
قېنى ئەمدى يۇلتۇزلارغا قاراپ تەبىر بەرگۈچىلىرىڭ؟
قېنى ھەر يېڭى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى تەقدىرىڭنى ئالدىن
ئېيتىپ بېرىدىغان پالچىلىرىڭ؟
ئەمدى شۇلار كېلىپ، سېنى بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ
باقسۇنچۇ!
14 قارا، ئۇلار خۇددى ئوتقا تاشلانغان ساماندۇر. ئوت ئۇلارنى
يالماپ يۇتىدۇ،

ئۇلار بۇ ئوتتىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ!
بۇ ئوت ئىسسىنىش ئۈچۈن يېقىلغان ئوت ئەمەس،
ئىسسىنىمەن دەپ، بۇ ئوتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ
قالما!
15 سەن ياشلىقىڭدىن تارتىپ باردى-كەلدى قىلىپ كەلگەن بۇ
مۇنەججىملىرىڭ ئەمدى ساڭا ياردەم قىلالمايدۇ.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز يوللىرىغا كېتىدۇ،
سېنى قۇتقۇزىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمايدۇ.»

## جاھىل ئىسرائىللار

48 1 سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار!
ئەي ياقۇپ جەمەتى، ئىسرائىل نامى بىلەن ئاتالغانلار،
يەھۇدا ئەۋلادىدىن بولغانلار،
سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىسىلەر،
ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانى ئېغىزىڭلاردىن
چۈشۈرمەيسىلەر،
لېكىن چىن دىلىڭلار بىلەن سەمىمىي قىلمايسىلەر.
2 سىلەر «ئۆزۈڭلارنى مۇقەددەس شەھەرنىڭ پۇقرالىرى»
دەپ ئاتىۋالدىڭلار.
سىلەر «قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار» دېگەن نام بىلەن
ئاتالغان،
ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇداغا تايىنىمىز دەيسىلەر.

3 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئۆتمۈشتە سىلەرگە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز
بېرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن.
مەن ئۇلارنى ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتقان،
مەن ئۇلارنى سىلەرگە ئالدىن بىلدۈرگەن.
كېيىن مەن قوزغىلىپ، بارلىق بېشارەتلىرىمنى ئەمەلگە
ئاشۇردۇم.
4 چۈنكى مەن سىلەرنىڭ تەرسالىقىڭلارنى بىلىمەن،

سلەرنىڭ بوينۇڭلار خۇددى تۆمۈردەك،
پېشانەڭلار خۇددى تۇچتەك قاتتىقتۇر.
5 شۇڭا سلەرنىڭ: ‹بۇ ئىشلارنى مېنىڭ بۇتۇم قىلدى،
مېنىڭ ياسىغان بۇتۇم، مەن قۇيۇپ ياسىغان ئىلاھىم
شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدى› دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن،
مەن سلەرگە بۇرۇنلا بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئېيتقانىدىم،
بۇ ئىشلار يۈز بەرمەستىن ئىلگىرىلا سلەرگە
بىلدۈرگەنىدىم.

6 سلەر ھەممىنى ئاڭلاپ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپ،
ئەجەبا، يەنە قايىل بولمامسىلەر؟
مەن ھازىردىن باشلاپ سلەرگە يېڭى ئىشلارنى،
سلەر ئاڭلاپ باقمىغان سىرلىق ئىشلارنى بىلدۈرىمەن.
7 بۇ ئىشلار ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان، مانا ئەمدى يۈز
بېرىدۇ.
بۇ ئىشلارنى سلەر ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان.
سلەر ئەمدى: ‹بىز بۇ ئىشلارنى ئاللىبۇرۇنلا بىلەتتۇق›
دېيەلمەيسلەر.
8 سلەر بۇ ئىشلارنى بىلمەيسلەر، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغان.
سلەرنىڭ قۇلىقىڭلار ئەزەلدىن ئېچىلىپ باقمىغان.
مەن سلەرنىڭ ئىنتايىن مەككارلىقىڭلارنى بىلىمەن،
سلەر بۇرۇندىن باشلاپلا ماڭا قارشى چىقىپ كەلدىڭلار.

9 مەن ئۆزۈمنىڭ نامىنى بۇلغىماسلىق ئۈچۈنلا غەزىپىمنى
بېسىپ كەلدىم.
ئۆزۈمنىڭ شان-شەرىپىگە داغ چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈنلا
قىلمىشلىرىڭلارغا چىداپ، سلەرنى يوقاتمىدىم.
10 مانا قاراڭلار، مەن سلەرنى تاۋلىدىم.
مەن سلەرنى كۈمۈشنى ئوتتا تاۋلىغاندەك ئەمەس،
بەلكى سلەرنى ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ئوچىقىدا تاۋلاپ
پاكلىدىم.

11 مېنىڭ سىلەرنى يوقاتماسلىقىم پەقەت ئۆزۈم ئۈچۈندۇر،
چۈنكى مەن قانداقمۇ ئۆزۈمنىڭ نامىنىڭ بۇلغىنىشىغا يول
قويىمەن؟
ماڭا تېگىشلىك بولغان ئۇلۇغلۇقنى باشقا ھېچقانداق بىرى
بىلەن ئورتاقلاشمايمەن.»

## ئىسرائىللارنىڭ بابىلىقلاردىن ئازاد بولۇشى

12 «ئەي ياقۇپ جەمەتى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار،
ئەي مەن تاللاپ چاقىرغان ئىسرائىل خەلقى، گېپىمنى
ئاڭلاڭلار!
مەن پەرۋەردىگارىڭلارمەن،
مەن تۇنجىسى ۋە ئاخىرقىسىدۇرمەن.
13 مەن ئۆز قولۇم بىلەن بۇ زېمىنىنىڭ ئۇلىنى قويدۇم،
مەن ئوڭ قولۇم بىلەن ئاسماننى يايدىم.
مەن ئۇلارغا بىرلا چاقىرىق قىلسام، ئۇلار شۇ ھامان تەييار
بولىدۇ.

14 يىغىلىڭلار، ھەممىڭلار قۇلاق سېلىڭلار،
قايسى بىر بۇت سىلەرگە بۇ ئىشلارنى ئالدىن ئېيتىپ
بېرەلىگەن؟
مەن پەرۋەردىگار مېنىڭ ئىرادەم بويىچە بابىلغا قارشى ئىش
قىلغۇچىنى ياخشى كۆرىمەن.
ئۇ بابىلىقلارغا قارشى قول كۆتۈرىدۇ.
15 بۇ ئىشلارنى پەقەت مەن دېدىم،
ئۇنى مەن چاقىرىمەن، مەن باشلاپ كېلىمەن.
ئۇ قىلغان ئىشلار چوقۇم ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.
16 ھەممىڭلار يېنىمغا كېلىپ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار،
مەن ئەزەلدىنلا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى
ئوچۇق ئېيتىپ كەلدىم.
مەن باشتىن-ئاخىر بۇ ئىشلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ
كەلدىم.»

مانا ئەمدى ئىگەم پەرۋەردىگار ماڭا ئۆز روھىنى ئاتا قىلىپ، مېنى ئەۋەتتى.
17 قوغدىغۇچىمىز، يەنە ئىسرائىل خەلقىنى تاللىغان مۇقەددەس پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ:
«مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن،
مەن سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى ئۆگەتكۈچىدۇرمەن،
سىلەرنى مېڭىشىڭلار زۆرۈر بولغان يولدا ماڭدۇرغۇچىدۇرمەن.
18 سىلەر مېنىڭ ئەمرلىرىمگە بويسۇنغان بولساڭلار ئىدى،
ئامانلىقىڭلار تىنچ ئېقىپ تۇرغان دەريادەك بولاتتى.
ھەققانىيلىقىڭلارمۇ توختاۋسىز ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك دائىم ھۆكۈم سۈرەتتى.
19 ئۇرۇق-ئەۋلادىڭلار خۇددى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك ساناقسىز بولاتتى.
ئەۋلادلىرىڭلار خۇددى قۇم دانچىلىرىدەك كۆپ بولاتتى.
ئۇلارنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيتتى
ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئالدىمدىن ھەرگىز يوقالمايتتى.»

20 سىلەر بابىلدىن چىقىپ كېتىڭلار،
بابىللىقلارنىڭ قولىدىن قېچىپ كېتىڭلار.
سىلەر بار ئاۋازىڭلار بىلەن تەنتەنە قىلىپ:
«پەرۋەردىگار خىزمەتكارى ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنى قوغدىدى» دەپ،
پۈتۈن دۇنياغا جاكارلاڭلار!
21 پەرۋەردىگار خەلقىمنى چۆللۈكتىن ئېلىپ ماڭغاندا،
ئۇلار ئۇسسۇزلۇقتىن قىينالمىدى،
چۈنكى خۇدا تاشتىن سۇ چىقىرىپ بەردى.
خۇدا تاشنى يارغاندى، ئۇ يەردىن بۇلاق سۇلىرى ئېتىلىپ چىقتى.
22 پەرۋەردىگار: «رەزىل ئادەملەرگە ئامانلىق يوقتۇر» دەيدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى

49 [1] ئەي دېڭىز بويلىرىدىكى ئەللەر، قۇلاق سېلىڭلار!
ئەي يىراقتىكى خەلقلەر، دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار!
مەن تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا پەرۋەردىگار مېنى تاللىدى،
ئانامنىڭ قورسىقىدىكى چېغىمدىلا ئىسمىمنى ئاتاپ
چاقىردى.
[2] ئۇ مېنىڭ تىلىمنى خۇددى قىلىچتەك ئۆتكۈر قىلدى.
ئۇ قولىنىڭ سايىسىدا مېنى قوغدىدى.
ئۇ مېنى خۇددى ئوقيادەك ئۇچلۇق قىلدى.
ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئوقدانىدا ساقلىدى.
[3] ئۇ ماڭا: «ئەي ئىسرائىل خەلقىم، سەن مېنىڭ
خىزمەتكارىمسەن،
مەن سەن ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ شان-شەرىپىنى نامايان
قىلىمەن» دېدى.
[4] لېكىن مەن ئۇنىڭغا: «مېنىڭ مېھنەتلىرىم بىھۇدىدۇر،
مەن كۈچۈمنى سەرپ قىلىپ، ھېچبىر ئىشنى باشقا ئېلىپ
چىقالمىدىم» دېدىم.
شۇنداقتىمۇ، پەرۋەردىگار ماڭا چوقۇم ئادىل مۇئامىلە
قىلىدۇ،
خۇدا قىلغانلىرىمغا يارىشا مۇكاپات بېرىدۇ.

[5] ياقۇپ ئەۋلادلىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ يولىغا قايتۇرۇپ
كېلىش
ۋە ئىسرائىللارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا توپلاش ئۈچۈن
مەن قورساقتا تۆرەلگەن چېغىمدىلا، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ
خىزمەتكارى قىلدى.
مەن پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە ئەزىزدۇرمەن.
خۇدايىم مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمدۇر.
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاڭلار!
[6] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

«سېنى ياقۇپ قەبىلىلىرىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش،
ئىسرائىللاردىن ئامان قالغانلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈنلا
خىزمەتكارىم قىلمايمەن!
مېنىڭ نىجاتلىقىم دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە
يېتىپ بارسۇن دەپ،
سېنى پۈتكۈل ئەللەرگە نۇر قىلىمەن.»

7 «پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى
بولغان مۇقەددەس پەرۋەردىگار
ئەللەرنىڭ كەمسىتىشىگە ۋە نەپرىتىگە ئۇچرىغان
ھەمدە ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان خىزمەتكارىغا
مۇنداق دەيدۇ:
«پادىشاھلار سېنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرىدۇ،
ھۆكۈمدارلار ئالدىڭدا تىزلىنىپ، تەزىم قىلىدۇ.
چۈنكى سېنى تاللىغان پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى
تاللىغان مۇقەددەس خۇدا ئىشەنچلىكتۇر.»

## ئىسرائىلىيەنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى

8 پەرۋەردىگار سىئونغا مۇنداق دەيدۇ:
«ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە، ساڭا جاۋاب بېرىمەن
ۋە نىجاتلىق كۈنى كەلگەندە، ساڭا ياردەم قىلىمەن.
مەن سېنى قوغدايمەن
ۋە سېنى خەلقىم بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەمنىڭ
ۋاستىچىسى قىلىمەن.
سەن بۇ يۇرتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىسەن،
خارابىلىككە ئايلانغان بۇ زېمىننى قايتىدىن تەقسىم
قىلىسەن.
9 سەن ئەسىرلەرگە: ‹چىقىڭلار›،
زۇلمەتتە ياشاۋاتقانلارغا: ‹سىرتقا چىقىڭلار› دەيسەن.
ئۇلار يول بويى يېمەكلىكلەرگە ئېرىشىدۇ،
تاقىر تاغلار ئۇلارنىڭ يايلاقلىرىغا ئايلىنىدۇ.

10 ئۇلار ئاچ قالمايدۇ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازابىنى تارتمايدۇ،
ئۇلار قۇياشنىڭ ھارارىتىدە كۆيۈپ ئازابلانمايدۇ.
مەن ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنى يېتەكلەپ ماڭىمەن
ۋە ئۇلارنى بۇلاقلارغا باشلاپ بارىمەن.
11 مەن تاغلارنى تۈزلەپ يول ئېچىپ،
ئۇلارغا داغدام يول تەييارلايمەن.
12 قاراڭلار، ئۇلار يىراق جايلاردىن كېلىۋاتىدۇ،
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شىمالدىن، بەزىلىرى غەربتىن،
يەنە بەزىلىرى جەنۇبتىكى مىسىر زېمىنىدىن
كېلىشمەكتە.»

13 تەنتەنە قىلغىن، ئەي كەڭ ئاسمان!
خۇرسەنلىككە تولغىن، ئەي يەر-زېمىن!
ياڭراتقىن كۈيلىرىڭنى، ئەي تاغلار!
چۈنكى پەرۋەردىگار خەلقىگە تەسەللى بېرىدۇ.
ئېزىلگەن خەلقىگە رەھىمدىللىكىنى كۆرسىتىدۇ.

14 لېكىن سىئون:
«پەرۋەردىگار مېنى تاشلاپ كەتتى،
ئىگەم مېنى ئۇنتۇدى» دەيدۇ.
15 پەرۋەردىگارىم مۇنداق دەيدۇ:
«ئانا قانداقمۇ ئېمىۋاتقان بالىسىنى ئۇنتۇپ قالسۇن؟
ئۆزى تۇغقان بالىسىغا قانداقمۇ رەھىمدىل بولمىسۇن؟
ئانا ئۆزى تۇغقان بالىسىنى ئۇنتۇپ قالسىمۇ،
مەن سېنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.
16 قارا، مەن سېنىڭ نامىڭنى ئالىقىنىمغا يېزىۋالدىم.
سېنىڭ شەھەر سېپىللىرىڭ ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىمدا.
17 سېنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىڭ پات ئارىدا قايتىپ كېلىدۇ.
سېنى ۋەيران قىلىپ، يوقاتماقچى بولغانلار كېتىدۇ.
18 سەن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، تۆت ئەتراپىڭغا قاراپ باققىن،
ھەممە ئوغۇل-قىزلىرىڭ كېلىپ ئەتراپىڭغا توپلانماقتا.»

پەرۋەردىگارىم يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«مەن پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن شۇنداق
قەسەم قىلىمەنكى،
بۇ ئوغۇل-قىزلىرىڭ خۇددى زىبۇ-زىننەتلەردەك سېنى
ھەر جەھەتتىن بېزەيدۇ.
ئۇلار سېنى خۇددى يېڭى كېلىنچەكتەك گۈزەل تۇسكە
كىرگۈزىدۇ.
19 بۇزۇلغان، چۆلدەرىگەن،
ۋەيران قىلىنغان زېمىنلىرىڭ
ئەمدى پۇقرالىرىڭنىڭ ياشىشىغا تارلىق قىلىدۇ.
سېنى يوقاتماقچى بولغانلار ئەمدى سەندىن يىراقلىشىدۇ.
20 سەن سۈرگۈندە تۇرغان چاغلىرىڭدا تۇغۇلغان ئوغۇل-
قىزلىرىڭ ساڭا:
‹بۇ يەر بىزگە تارلىق قىلىۋاتىدۇ،
بىز ياشىغۇدەك كەڭرى يەرگە موھتاج› دەيدۇ.
21 شۇ چاغدا سەن كۆڭلۈڭدە شۇنداق ئويلايسەن:
‹مېنىڭ بالىلىرىم ئۆلتۈرۈلۈپ، مەن تۇغماس بولۇپ
قالغاندىمغۇ،
ئۇلارنى كىم ماڭا تۇغۇپ بەردى؟
مەن سىرتلاردا سەرسان بولۇپ، خار بولۇپ يۈرگەندىمغۇ،
ئۇلارنى كىم ماڭا بېقىپ چوڭ قىلىپ بەردى؟
مەن يالغۇز قالغاندىمغۇ،
ئۇلار قەيەرلەردىن كېلىپ قالدى؟›»

22 ئەگەم پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بارلىق ئەللەرگە قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ،
پۇتكۈل خەلقلەر ئالدىدا چاقىرىق تۇغۇمنى تىكلەيمەن.
ئۇلار ئوغۇللىرىڭنى قوللىرىدا كۆتۈرۈشۈپ، ساڭا ئەكېلىپ
بېرىدۇ.
قىزلىرىڭنى دۈمبىلىرىدە ھاپاشلاپ ئەكېلىپ بېرىدۇ.
23 شاھلار سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولۇپ، بالىلىرىڭنى باقىدۇ،

خانىشلار ئىنىكئانا بولىدۇ.
ئۇلار باشلىرىنى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىپ، ساڭا تەزىم
قىلىشىدۇ.
ئاياغلىرىڭدىكى توپىلارنى تىللىرى بىلەن يالايدۇ.
شۇ چاغدا سەن مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
بىلىسەن.
ماڭا ئۈمىد باغلىغانلار ھەرگىز نائۈمىدتە قالمايدۇ.»

24 باتۇرنىڭ قولىدىكى ئولجىنى كىممۇ تارتىپ ئالالىسۇن؟
زالىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەسىر قانداقمۇ قۇتۇلۇپ
چىقالىسۇن؟
25 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«باتۇرنىڭ قولىدىكى ئولجا چوقۇم تارتىپ ئېلىنىدۇ،
زالىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەسىرمۇ قۇتقۇزۇلىدۇ.
ساڭا قارشى چىققانلارغا مەن قارشى چىقىمەن،
باللىرىڭنى مەن قۇتقۇزىمەن.
26 مەن ساڭا زۇلۇم سالغانلارغا ئۆز گۆشىنى ئۆزىگە
يېگۈزىمەن.
ئۇلارنىڭ ئۆز قېنىنى ئۆزىگە ئىچۈرۈپ،
ئۇلارنى خۇددى شاراب ئىچكەندەك مەست قىلىمەن.

ئەنە شۇ چاغدا يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلار مەن خۇدانىڭ،
يەنى ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ سېنىڭ
قۇتقۇزغۇچىڭ ۋە قوغدىغۇچىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.»

## ئىسرائىللارنىڭ گۇناھى

50 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئاناڭلارنى ھەيدەپ چىقارغاندا، ئۇنى تالاق
قىلدى، دەپ ئويلىدىڭلارمۇ؟ ئۇنداقتا تالاق خېتى
قېنى؟

مەن قەرزدار بولۇپ قېلىپ، سىلەرنى قەرز بەرگۈچىگە
سېتىۋەتتىممۇ؟
ياق، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن
سېتىۋېتىلدىڭلار!
ئاناڭلار سىلەرنىڭ ئىتائەتسىزلىكىڭلاردىن ھەيدەلدى.
2 مەن سىلەرنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەندە، نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە
بىرمۇ ئادەم يوق؟
مەن چاقىرسام، نېمە ئۈچۈن بىرمۇ ئادەم جاۋاب بەرمەيدۇ؟
سىلەرنى قۇتقۇزۇش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەمدۇ؟
سىلەرنى ئازاد قىلىشقا قۇدرىتىم يەتمەمدۇ؟
مەن بىرلا بۇيرۇق قىلسام، دېڭىز قۇرۇپ كېتىدۇ،
دەريالار چۆلگە ئايلىنىدۇ.
سۇ بولمىغانلىقتىن بېلىقلار ئۆلۈپ، سېسىق پۇراق
تارقىتىدۇ.
3 ئاسمانغا قاراڭغۇلۇق كىيدۈرۈپ،
ماتەم بىلەن ئورايمەن.»

## پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارىنىڭ ئىتائەتمەنلىكى

4 ئىگەم پەرۋەردىگار ماڭا ئەقىل-پاراسەت بېرىپ،
چارچىغانلارغا قانداق سۆزلەر بىلەن مەدەت بېرىشنى
ئۆگەتتى.
ئىگەم مېنى خۇددى شاگىرتلاردەك دىققەت بىلەن
ئاڭلىسۇن دەپ،
ھەر كۈنى سەھەردە قۇلاقلىرىمنى ئويغاتتى.
5 ئىگەم پەرۋەردىگار قۇلاقلىرىمنى ئاچتى.
مەن ئىتائەتسىزلىك قىلمىدىم، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمىدىم.
6 دۇمبەمگە ئۇرغانلارغا دۇمبەمنى تۇتۇپ بەردىم،
ساقىلىمنى يۇلغانلارغا ساقىلىمنى تۇتۇپ بەردىم.
مېنى ھاقارەتلەپ، يۈزۈمگە تۈكۈرگەنلەردىن ئۆزۈمنى
قاچۇرمىدىم.
7 ئىگەم پەرۋەردىگار ماڭا مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن،

مەن شەرمەندە بولمىدىم.
شۇڭا بىلىمنى چىڭ باغلىدىم.
ئەمدى شەرمەندە بولۇشتىن ئەنسىرىشىمنىڭ هاجىتى
يوق.
8 ئاقلىغۇچىم يېنىمدىدۇر،
قېنى، كىم مېنى ئەيىبلىيەلەيدۇ؟
بىز يۈزلىشەيلى!
قېنى، كىم ئۈستۈمدىن ئەرز قىلالايدۇ؟
بىز سوتقا بارايلى!
9 ئىگەم پەرۋەردىگار ماڭا مەدەتكاردۇر،
قېنى، كىم مېنى گۇناھكار دېيەلەيدۇ؟
ئۇلار خۇددى كىيىمدەك كونىرايدۇ،
ئۇلارنى كۈيە يەپ تۈگىتىدۇ.

10 قېنى، ئاراڭلاردا كىم پەرۋەردىگارغا ئىخلاس قىلىپ،
ئۇنىڭ خىزمەتكارىغا بويسۇنىدۇ؟
زۇلمەتتە يۈرگەنلەر، يورۇقلۇقتىن مەھرۇم بولغانلار
پەرۋەردىگارغا ئۈمىد باغلىسۇن،
يەنى خۇداغا تايانسۇن.
11 لېكىن ئوت يېقىپ، ئۆزى ئۈچۈن مەشئەل تەييارلىغانلار
شۇ مەشئەلنىڭ يورۇقىدا مېڭىۋەرسۇن.
ئۇلار ھامان ئازابتا قالىدۇ،
بۇ ئاقىۋەتنى خۇدا ئۆز قولى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن
تەييارلايدۇ.

## خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە تەسەللى بېرىشى

51 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي ھەققانىيلىققا ئىنتىلىپ، مېنى ئىزدىگەنلەر،
سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار!
ئۆزۈڭلارنىڭ نەدىن كېسىۋېلىنغىنىڭلارنى ئەسلەپ
بېقىڭلار،

قەيەردىن قېزىۋېلىنغىنىڭلارنى ئويلاپ بېقىڭلار.
2 ئەجدادىڭلار ئىبراھىمنى، سىلەرنى تۇغقان سارەنى ئەسلەپ
بېقىڭلار.
مەن ئىبراھىمنى چاقىرغاندا، ئۇنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى.
لېكىن مەن ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىپ، ئەۋلادىنى
كۆپەيتتىم.
3 مانا مەن پەرۋەردىگار سىئونغا تەسەللى بېرىمەن،
ئۇنىڭ خارابىلىرىگىمۇ تەسەللى بېرىمەن.
سىئوننىڭ بارلىق خارابىلىكلىرىنى ئېرەم باغقا
ئايلاندۇرىمەن،
چۆللۈكلىرىمۇ ئېرەم باغقا ئايلىنىدۇ.
ئۇ يەردە شادلىق، خۇشاللىق،
شۈكۈر ۋە ھەمدۇسانالارنىڭ ساداسى ياڭرايدۇ.

4 ئەي خەلقىم، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار،
ئەي خەلقىم، سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار!
تەلىملىرىم مەندىن تارقىلىدۇ،
ئادالىتىم خەلققە نۇر بولىدۇ.
5 مېنىڭ نىجاتلىقىم كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ،
قۇتقۇزۇلۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.
مەن خەلقلەرگە ئادالەت بېرىمەن.
دېڭىز بويىدىكى يىراق ئەللەرمۇ مېنى كۈتىدۇ،
ئۇلار مېنىڭ قۇدرىتىمگە ئۈمىد باغلايدۇ.
6 سىلەر ئاسمانغا قاراپ بېقىڭلار،
زېمىنغىمۇ قاراپ بېقىڭلار.
ئاسمان خۇددى تۈتۈندەك ئىز-دېرەكسىز يوقىلىدۇ،
زېمىن خۇددى كىيىمدەك كونىراپ تۈگەيدۇ.
زېمىندىكى ئادەملەرمۇ خۇددى چىۋىندەك ئۆلۈپ كېتىدۇ.
لېكىن مەن بېرىدىغان نىجاتلىق مەڭگۈلۈكتۇر.
مېنىڭ ھەققانىيلىقىم مەڭگۈ ئەمەلدىن قالمايدۇ.

7 ئەي ھەققانىيلىقنى بىلگەنلەر،
مېنىڭ قانۇنلىرىمنى قەلبىگە چىڭ پۈككەنلەر،
سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار!
باشقىلارنىڭ سىلەرنى ھاقارەتلىشىدىن قورقماڭلار،
ئۇلارنىڭ سىلەرنى ئاھانەت قىلىشىدىنمۇ
ئۈمىدسىزلەنمەڭلار.
8 چۈنكى كىيىمنى كۈيە، يۇڭنى قۇرت يېگەندەك،
ئۇلارنىمۇ ئۆلۈم يەيدۇ.
لېكىن مېنىڭ ھەققانىيلىقىم مەڭگۈلۈكتۇر.
نىجاتلىقىم ئەبەدىي داۋاملىشىدۇ.»

9 ئەي پەرۋەردىگار، ئويغىنىپ قولۇڭنى كۆتۈرگەيسەن،
كۈچ-قۇدرىتىڭنى نامايان قىلغايسەن.
خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاش،
ئۆز قۇدرىتىڭنى كۆرسەتكەيسەن!
دېڭىز مەخلۇقى راخابنى پارچىلاپ تاشلىغان سەن
ئەمەسمۇ؟!
قورقۇنچلۇق دېڭىز مەخلۇقىنى سانجىپ ئۆلتۈرگەن سەن
ئەمەسمۇ؟!
10 دېڭىزدىكى سۇلارنى،
يەر ئاستىدىكى بۈيۈك سۇلارنى قۇرۇتقان سەن ئەمەسمۇ؟!
قۇللۇقتىن قۇتقۇزغان خەلقىڭنىڭ ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن
دېڭىزدىن قۇرۇق يول ئاچقان سەن ئەمەسمۇ؟!
11 پەرۋەردىگار قۇتقۇزغان كىشىلەر يېرۇسالېمغا قايتىپ
كېلىدۇ.
ئۇلار سىئونغا قايتىپ كېلىپ، شادلىق ناخشىلىرىنى
ياڭرىتىدۇ.
مەڭگۈلۈك خۇشاللىقنى باشلىرىغا تاج قىلىپ تاقايدۇ.
ئازاب ۋە قايغۇ تۈگەيدۇ،
ئۇنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق ۋە شادلىق ئالىدۇ.

12 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن، يەنى پەقەت مەنلا سىلەرگە تەسەللى بېرەلەيمەن.
سىلەر كىمدىن قورقىسىلەر، ئىنساندىنمۇ، ئىنسان بەربىر
ئۆلىدىغۇ؟
خۇددى ئوت-چۆپكە ئوخشاش سولىشىپ خازان بولىدىغان
ئىنساندىنمۇ؟
13 ئەجەبا، كەڭ ئاسمانىنى يېيىپ، زېمىنىنىڭ ئۇلىنى قويغان
مەن ياراتقۇچى پەرۋەردىگارنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟
ھەر ۋاقىت سىلەرنى يوقاتماقچى بولغان زالىملارنىڭ
غەزىپىدىن
قورقۇپ، ھودۇقۇپلا يۈرەمسىلەر؟
قېنى ئەمدى ئۇ زالىملارنىڭ غەزىپى؟
14 ئەسىردىكىلەر ئازادلىققا چىقىدۇ،
ئۇلار زىندانىدا ئۆلمەيدۇ.
ئۇلار ئەمدى يېمەكلىكىكىمۇ زار بولمايدۇ.
15 چۈنكى مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن.
مەن دېڭىز سۈيىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، دېڭىز
شاۋقۇنلىرىنى پەيدا قىلالايمەن.
‹قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار› مېنىڭ نامىمدۇر.
16 سېنىڭ جاكارلىشىڭ ئۈچۈن سۆزلىرىمنى ئاغزىڭغا سېلىپ
بەردىم،
قولۇمنى ساڭا سايە قىلدىم.
بىپايان ئاسمانىنى يېيىپ، زېمىنىنىڭ ئۇلىنى قويدۇم،
ھەمدە سىئونغا: ‹سىلەر مېنىڭ خەلقىمسىلەر› دېدىم.»

## يېرۇسالېمنىڭ ئازابىنىڭ ئاخىرلىشىشى

17 ئويغان ئەي يېرۇسالېم، ئويغان!
ئورنۇڭدىن دەس تۇر!
سەن ئادەمنى ئېگىز-پەس دەسسىتىدىغان
پەرۋەردىگارنىڭ قولىدىكى غەزەپ شارابىنى پاك-پاكىز
ئىچىۋەتتىڭ.

18 ئۆزۈڭ تۇغقان شۇنچە كۆپ ئوغۇللىرىڭدىن
سېنى يۆلەپ ماڭىدىغان بىرەرسىمۇ چىقمىدى.
ئۆزۈڭ ئۆستۈرۈپ چوڭ قىلغان شۇنچە كۆپ
ئوغۇللىرىڭدىن
سېنى يېتىلەپ ماڭىدىغان بىرەرسىمۇ چىقمىدى.
19 بېشىڭغا قوش ئاپەت كەلدى،
كىممۇ سەن ئۈچۈن قايغۇرار؟
ۋەيرانچىلىق، ھالاكەت، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش ئاپىتى
سېنىڭ بېشىڭغا چۈشتى،
كىممۇ ساڭا تەسەللى بېرەر؟
20 ئوغۇللىرىڭ خۇددى قاپقانغا چۈشۈپ قالغان بۆكەندەك،
كوچا-كويلاردا سۇنايلىنىپ ھوشسىز يېتىشماقتا.
پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق غەزىپى ۋە تەنبىھلىرى
ئۇلارنى شۇ ھالغا چۈشۈردى.

21 ئەي ئازاب-ئوقۇبەت چەككەنلەر،
سىلەر مەست، لېكىن بۇ شارابنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس.
شۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلاركى،
22 ئىگەڭلار پەرۋەردىگار،
يەنى ئۆز خەلقىنى ھىمايە قىلىدىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ:
«قاراڭلار، مەن سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن ئادەمنى ئېگىز-
پەس دەسسىتىدىغان
ئازاب شارابى تولغان قەدەھنى ئېلىۋالدىم،
ئەمدى سىلەر بۇ قەدەھتىن شاراب ئىچمەيسىلەر.
23 مەن ئەمدى بۇ قەدەھنى سىلەرگە زۇلۇم سالغانلارنىڭ
قولىغا بېرىمەن.
ئۇلار سىلەرگە: ‹يەردە يات، بىز ئۈستۈڭدىن دەسسەپ
ئۆتىمىز!› دېگەنىدى.
سىلەر يەردە يېتىپ دۈمبەڭلارنى ئۇلارغا يول قىلىپ
بەردىڭلار،
ئۇلار ئۈستۈڭلاردىن خۇددى كوچىدا ماڭغاندەك مېڭىشتى.»

## خۇدانىڭ يېرۇسالېمنى قۇتقۇزۇشى

52 [1] ئويغان ئەي سىئون، ئويغان
ۋە كۈچ-قۇدرىتىڭنى نامايان قىل!
ئەي مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېم،
ھەشەمەتلىك كىيىملىرىڭنى كىيگىن.
بۈگۈندىن باشلاپ خەتنىسىزلەر ۋە ناپاكلار
دەرۋازىلىرىڭغا باستۇرۇپ كەلمەيدۇ.
2 ئەي يېرۇسالېم،
ئۈستىبېشىڭدىكى چاڭ-توزاننى قېقىۋەتكىن.
ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئۆزۈڭنىڭ تەختىگە بېرىپ ئولتۇرغىن.
ئەي ئەسىرلىكتە قالغان قىز سىئون،
بوينۇڭدىكى ئاسارەت زەنجىرنى ئۈزۈپ تاشلىغىن.
3 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەر بىكارلىق سېتىلغانىدىڭلار،
ئەمدى بىكارلىق قۇتقۇزۇلىسىلەر.»

4 پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمدە خەلقىم مىسىرغا
بېرىپ ياشىغانىدى، كېيىن ئاسسۇرلار ئۇلارغا زۇلۇم سالدى.»
5 پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر مەن قانداق قىلىشىم
كېرەك؟ خەلقىم سەۋەبسىزلا ئەسىر قىلىندى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى
ماختىنىپ چۇقان سېلىپ، مېنىڭ نامىمغا كۈن بويى ھاقارەت
قىلماقتا. 6 ئەمما خەلقىم ھامان نامىمنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇ كۈن
كەلگەندە، ئۇلار ‹مانا مەن بۇ يەردىمەن› دەۋاتقانلىقىمنى بىلىدۇ.»

7 تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ،
خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ قەدەملىرى نەقەدەر
گۈزەل-ھە!
ئۇ تىنچلىقنى جاكارلايدۇ،
ياخشى خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ،
نىجاتلىقتىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئۇ سىئونغا: «سېنىڭ خۇدايىڭ ھۆكۈم سۈرەر» دەيدۇ.
8 قۇلاق سېلىڭلار، كۆزەتچىلىرىڭلار ۋارقىرىماقتا،
بىردەك ئالقىش ياڭراتماقتا.
چۈنكى ئۇلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن
پەرۋەردىگارنىڭ سىئونغا قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆرمەكتە.
9 ئەي يېرۇسالېمنىڭ خارابىلىرى،
خۇشاللىق ئىچىدە تەنتەنە قىلىڭلار.
چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە تەسەللى بېرىدۇ،
يېرۇسالېمنى قوغدايدۇ.
10 پەرۋەردىگار پۈتكۈل ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا
ئۆزىنىڭ مۇقەددەس قولىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ.
يەر يۈزىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقالغان
ھەممە ئادەملەر خۇدايىمىزنىڭ نىجاتلىقىنى كۆرەلەيدۇ.

11 كېتىڭلار، كېتىڭلار، بابىلدىن چىقىپ كېتىڭلار،
ناپاك نەرسىلەرگە تېگىپ كەتمەڭلار!
ئەي پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس بۇيۇملىرىنى
كۆتۈرىدىغانلار،
ئۆزۈڭلارنى پاكلاپ، ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭلار!
12 سىلەر ئۇ يەردىن ئالدىرىماي چىقساڭلارمۇ بولىدۇ،
قېچىپ چىقىش تېخىمۇ ھاجەتسىز.
چۈنكى پەرۋەردىگار ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭماقتا،
ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا سىلەرنىڭ ئارقا
تېرىكىڭلاردۇر.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئازابلانغان خىزمەتكارى

13 قاراپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ خىزمەتكارىم ھامان مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىدۇ.
ئۇ ھۆرمەتلىنىدۇ، ئىززەتلىنىدۇ ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولىدۇ.
14 نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ.

چۈنكى ئۇنىڭ تېنى قاتتىق زەخملەنگەن بولۇپ،
تۇرقى ئادەمگە ئوخشىماي قالغانىدى.
15 لېكىن ئۇ نۇرغۇن ئەللەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ[1]،
ئۇنى كۆرگەن پادىشاھلارمۇ لال بولىدۇ.
چۈنكى ئۇلار ھېچكىم سۆزلەپ بەرمىگەن ئىشلارنى
كۆرىدۇ،
ھېچقاچان ئاڭلىمىغان ئىشلارنى ئاڭلاپ چۈشىنىدۇ.

# 53

1 بىز يەتكۈزگەن بۇ سۆزلەرگە كىم ئىشىنىدۇ؟
پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى كىمگە ئايان بولدى؟
2 پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارى پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا
خۇددى يېڭى ئۈنۈپ چىققان يۇمران مايسىدەك،
قۇرغاق تۇپراقتا يېتىلگەن يىلتىزدەك ئۆستى.
ئۇنىڭ بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك سالاپەتلىك تۇرقى،
بىز ھەۋەس قىلغۇدەك گۈزەل سىياقى يوق ئىدى.
3 ئۇ كەمسىتىلدى، كىشىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىندى.
ئۇ ئازاب-ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتتى ۋە كېسەل ئازابىنىڭ
نېمىلىكىنى بىلدى.
كىشىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، نەپرەتلەندى،
بىزمۇ ئۇنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىدۇق.
4 لېكىن ئۇ بىز تارتىشقا تېگىشلىك كېسەل ئازابلىرىنى
تارتتى،
بىزنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.
ئەمما بىز: «ئۇنى خۇدا ئۇردى، خۇدا جازالىدى،
خۇدا ئۇنى شۇنداق قىيىنىدى» دەپ ئويلىدۇق.
5 لېكىن ئۇ بىزنىڭ ئىتائەتسىزلىكىمىز تۈپەيلىدىن
يارىلاندى،
بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز سەۋەبىدىن ئەرزىيەت چەكتى.
ئۇ جازالىنىپ، بىز تىنچلىققا ئېرىشتۇق،
ئۇنىڭ يارىلانغان تېنى بەدىلىگە بىز شىپالىق تاپتۇق.

---

[1] 52: 15 ئىبرانىي تىلىدا «پاكلايدۇ» دەپمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

6 ھەممىمىز خۇددى يولدىن ئازغان قويلارغا ئوخشاش
ئۆزىمىز بىلگەن يوللاردا ماڭدۇق.
لېكىن پەرۋەردىگار ھەممىمىزنىڭ گۇناھلىرىنى
ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى.

7 ئۇ زۇلۇمغا ئۇچرىدى، ئازاب-ئوقۇبەت چەكتى،
لېكىن ئۇ ھېچقانداق زۇۋان سۈرمىدى.
ئۇ خۇددى بوغۇزلاشقا ئېلىپ مېڭىلغان قوزىدەك،
قوي قىرقىغۇچىنىڭ ئالدىدا ياتقان قويدەك ھېچقانداق
زۇۋان سۈرمىدى.
8 ئۇ ناھەق تۇتۇلۇپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.
ئۇنىڭ تەقدىرىگە ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى.
ئۇ خەلقىمىزنىڭ قىلغان ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن
بۇ دۇنيادىن يوق قىلىندى.
9 گەرچە ئۇ ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان،
ھېچقاچان يالغان سۆزلىمىگەن بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ جىنايەتچىلەر قاتارىدا كۆمۈلمەكچى بولدى.
ئەمما ئۇ ئۆلگەندە، بايلار قاتارىغا قويۇلدى.

10 ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئەرزىيەت چېكىشى، ئازاب-ئوقۇبەت
تارتىشى
پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى ئىدى.
ئۇنىڭ ھاياتى ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن قۇربان
قىلىنغاندىن كېيىن،
ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ئەۋلاد كۆرىدۇ.
پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى ئاشۇ خىزمەتكارى ئارقىلىق
ئەمەلگە ئاشىدۇ.
11 ئۇ چەككەن جەبىر-جاپالىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈپ مەمنۇن
بولىدۇ.
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

«مېنىڭ ھەققانىي خىزمەتكارىمنىڭ چەككەن جەبىر-
جاپالىرى ئارقىلىق
نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ‹ھەققانىي ئادەم› دەپ ھېسابلىنىدۇ.
ئۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.
12 مەن ئۇنىڭغا ئۇلۇغلار قاتارىدىن ئورۇن بېرىمەن،
ئۇ كۈچلۈكلەر بىلەن ئولجىنى تەڭ بۆلۈشىدۇ.
چۈنكى ئۇ جېنىنى پىدا قىلىپ،
گۇناھكارلار قاتارىدا سانالدى.
ئۇ نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە
ئېلىپ،
ئۇلار ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىدۇ.»

## يېرۇسالېمنىڭ كەلگۈسىدىكى شان-شەرىپى

54 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي بالا تۇغمىغان پەرزەنتسىز ئايال،
تەنتەنە قىلغىن!
ئەي تولغاق ئازابىنى كۆرمىگەن ئايال،
شادلىق ناخشىنى ياڭراتقىن!
چۈنكى تاشلاپ كېتىلگەن ئايالنىڭ بالىلىرى
ئېرى بار ئايالنىڭ بالىلىرىدىن كۆپ بولىدۇ.
2 چېدىرلىرىڭنىڭ ئورنىنى كېڭەيتكىن ۋە
يوپۇقلىرىنى چوڭ يايغىن،
ھېچ نەرسىنى ئايىمىغىن.
ئارقانلارنى ئۇزۇن قىلىپ،
قوزۇقلارنى چىڭ قاققىن.
3 چۈنكى سەن ھەر تەرەپكە كېڭىيىسەن،
ئەۋلادلىرىڭ ئەللەرنى زېمىنلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.
تاشلاندۇق شەھەرلەرنى ئۇلار ئاۋات قىلىدۇ.

4 قورقمىغىن، چۈنكى سەن ئەمدى ئۇياتقا قالمايسەن.
خىجىل بولما، چۈنكى سەن ئەمدى شەرمەندە بولمايسەن.

سەن ياش ۋاقتىڭدىكى نومۇسلۇق ئىشلارنى ئۇنتۇپ
كېتىسەن.
تۇل ئولتۇرغان ۋاقتلىرىڭدىكى شەرمەندىچىلىكلەرنى قايتا
ئەسلىمەيسەن.
5 چۈنكى مەن سېنىڭ ياراتقۇچۇڭ، سېنىڭ ئېرىڭدۇرمەن.
مېنىڭ نامىم «قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار»دۇر.
ئىسرائىل خەلقىنى تاللىغان مەنكى مۇقەددەس خۇدا سېنىڭ
قوغدىغۇچىڭدۇرمەن.
مەن «پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ خۇداسى» دەپ ئاتىلىمەن.
6 سەن خۇددى ئېرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىپ ئازابلانغان
ئايالغا ئوخشايسەن.
سەن خۇددى ياش ۋاقتىدا تاشلىۋېتىلگەن ئايالغا
ئوخشايسەن.
مەن پەرۋەردىگارىڭ سېنى چاقىرىپ كېلىمەن.
مانا بۇ مەن خۇدايىڭنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
7 مەن سېنى ۋاقتىنچە تاشلىدىم،
لېكىن مەن ساڭا قاتتىق ھېسداشلىق قىلىمەن ۋە سېنى
قايتۇرۇپ كېلىمەن.
8 مەن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ سەندىن بىر مەزگىل
دىدارىمنى يوشۇرغانىدىم.
مەن ئەمدى مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىم بىلەن ساڭا
ھېسداشلىق قىلىمەن.
مانا بۇ سېنى قوغدايدىغان مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر.

9 نۇھ پەيغەمبەر زامانىدا يەر-زېمىننى
توپان بالاسىغا قايتا غەرق قىلمايمەن، دەپ قەسەم
قىلغىنىمدەك،
ساڭا غەزىپىمنى ياغدۇرمايمەن
ۋە سېنى جازالىمايمەن، دەپ قەسەم قىلىمەن.
10 تاغلار ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتسىمۇ،

دۆڭلەر تۈزلىنىپ كەتسىمۇ،
لېكىن مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىم سەندىن ئايرىلمايدۇ،
مانا بۇ ساڭا ھېسداشلىق قىلغۇچى مەن پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

11 ئەي ئازاب-ئوقۇبەت تارتقان، بوران-چاپقۇنلاردا قالغان،
تەسەللى تاپمىغان شەھەر يېرۇسالېم،
مەن سېنىڭ ئۇلۇڭنى ئېسىل رەڭلىك تاشلاردىن
ۋە سېنى كۆك ياقۇتلاردىن قۇرۇپ چىقىمەن.
12 سېنىڭ مۇنارلىرىڭنى قىزىل ياقۇتلاردىن،
شەھەر دەرۋازىلىرىڭنى جۇلالىق گۆھەرلەردىن ياسايمەن.
شەھەر سېپىللىرىڭنى پارقىراق ئېسىل تاشلاردىن
قوپۇرىمەن.
13 باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مەن پەرۋەردىگار ئۆزۈم تەربىيە
بېرىمەن.
ئۇلار تىنچ-ئامان ھايات كەچۈرىدۇ.
14 سەن ھەققانىيلىق بىلەن قۇرۇلىسەن،
ئەمدى ھېچكىم ساڭا زۇلۇم سالالمايدۇ.
قورقۇپ ئەندىكىپمۇ يۈرمەيسەن،
چۈنكى ئەمدى ۋەھىمە ساڭا يېقىنلىشالمايدۇ.
15 ئەگەر بىركىم ساڭا ھۇجۇم قىلسا،
بىلگىنكى، ئۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئىرادەم ئەمەس.
ساڭا ھۇجۇم قىلغانلارنى چوقۇم مەغلۇپ قىلىسەن.

16 قارا، چوغنى يالقۇنلىتىپ، قورال-ياراغ ياسايدىغان
تۆمۈرچىنى مەن ياراتتىم.
ۋەيران قىلغۇچىنىمۇ مەن ياراتتىم.
17 ساڭا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياسالغان ھەرقانداق قورال
غەلىبە قىلالمايدۇ.
سەن بىلەن دەۋالاشماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ
دەۋاسىنى سەن يوققا چىقىرالايسەن.

بۇنداق تەلەي مەن پەرۋەردىگارنىڭ خىزمەتكارلىرىغا
تەئەللۇقتۇر.
مەن ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلىمەن.
مانا بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## خۇدا خەلقلەرنى ئۆز يولىغا چاقىرىدۇ

# 55

1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي چاڭقىغانلار، كېلىڭلار، سۇ ئىچىڭلار.
ئەي پۇلسىزلار، كېلىڭلار، نەرسە ئېلىپ يەڭلار.
مەيلى شاراب ئېلىڭلار ياكى سۈت ئېلىڭلار،
ھېچقانداق پۇل تۆلىمەيسىلەر، ھەممىسى ھەقسىزدۇر.
2 نېمە ئۈچۈن قۇۋۋەتسىز يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالىسىلەر؟
نېمە ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەتتە تاپقان پۇلۇڭلارنى
ئۆزۈڭلار رازى بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئورۇنسىز سەرپ
قىلىسىلەر؟
سىلەر سۆزۈمگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىڭلار،
شۇنداق قىلساڭلار، ياخشى يېمەكلىكلەرنى يېگەن
بولىسىلەر،
كۆڭلۈڭلار توق بولىدۇ.
3 سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، يېنىمغا كېلىڭلار.
سۆزۈمنى ئاڭلىساڭلار، ھەقىقىي ھاياتلىققا ئېرىشىسىلەر.
مەن سىلەر بىلەن مەڭگۈلۈك ئەھدە تۈزىمەن.
داۋۇتقا ئاتا قىلغان مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىمنى سىلەرگىمۇ
ئاتا قىلىمەن.
4 بەرھەق، مەن داۋۇتنى ئەللەرنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمران ۋە
سەردار قىلدىم
ۋە ئۇ ئارقىلىق كۈچ-قۇدرىتىمنى نۇرغۇن ئەللەرگە نامايان
قىلدىم.
5 سىلەر ئۆزۈڭلار تونۇمايدىغان ئەللەرنى چاقىرىسىلەر،
ئۇلار سىلەرنى تونۇمىسىمۇ قېشىڭلارغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

چۈنكى ئىسرائىللارنى تاللىغان مەنكى مۇقەددەس
پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا
سىلەرگە شان-شەرەپ ئاتا قىلىمەن.»

6 پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ پەرۋەردىگارغا يۈزلەنگىن،
كېچىكمەي ئۇنىڭدىن ئۆتۈنگىن.
7 رەزىل ئادەملەر رەزىللىك قىلىشتىن توختىسۇن،
گۇناھكار ئادەملەر يامان نىيەتلىرىدىن يانسۇن،
ئۇلار پەرۋەردىگارىمىزنىڭ يولىغا قايتسۇن،
شۇندىلا پەرۋەردىگار ئۇلارغا رەھىم قىلىدۇ.
ئۇلار خۇدانىڭ يولىغا قايتسۇن،
ئەپۇچان خۇدايىمىز ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ.

8 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەرنىڭ ئوي-پىكرىڭلار مېنىڭ ئوي-پىكرىم ئەمەس،
سىلەرنىڭ يولۇڭلار مېنىڭ يولۇم ئەمەس.
9 ئاسمان يەردىن شۇنچە ئېگىزدە بولغىنىدەك،
مېنىڭ يولۇممۇ، مېنىڭ ئوي-پىكىرلىرىممۇ،
سىلەرنىڭكىدىن شۇنچە ئېگىزدۇر.
10 قار-يامغۇر ئاسماندىن ياغىدۇ،
لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ ئاسمانغا قايتىپ كەتمەيدۇ،
بەلكى يەر-زېمىننى سۇغىرىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن يەر-زېمىندىكى زىرائەتلەر ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.
ئۇ تېرىيدىغانلارغا ئۇرۇق بولىدۇ،
يەيدىغانلارغا ئاشلىق بولىدۇ.
11 ئاغزىمدىن چىققان سۆزمۇ شۇنداق بولىدۇ،
ئۇ ماڭا ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ.
ئەكسىچە، ئۇ ئىرادەمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ،
مەقسىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.
12 سىلەر شاد-خۇراملىق بىلەن يولغا چىقىپ،
ئامان-ئېسەنلىك ئىچىدە يېتەكلىنىسىلەر.

ئالدىڭلاردىكى تاغ-داۋانلار سىلەر ئۈچۈن تەنتەنە
قىلىشىدۇ،
دالالاردىكى دەل-دەرەخلەرمۇ سىلەرگە چاۋاك چالىدۇ.
13 تىكەنلىكلەر ئورنىغا قارىغايلار ئۆسۈپ چىقىدۇ،
ئوغرى تىكەنلەر ئورنىغا مىرتا دەرەخلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ.
مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەنكى پەرۋەردىگارنىڭ نامىغا
مەڭگۈ شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان بەلگىلەردۇر.»

## يات خەلقلەرنىڭ خۇدانىڭ خەلقىگە قوشۇلۇشى

56 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئادالەتنى قوغداڭلار، ھەققانىي ئىشلارنى قىلىڭلار،
چۈنكى مېنىڭ نىجاتلىقىم كېلىدۇ،
ھەققانىيلىقىم ئايان بولىدۇ.
2 ماڭا جان-دىل بىلەن بويسۇنغانلار،
دەم ئېلىش كۈنىنى بۇلغىماي، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلار،
رەزىل ئىشلاردىن قولىنى تارتقانلار
نەقەدەر بەختلىك-ھە!
3 ئۆزىنى پەرۋەردىگارغا بېغىشلىغان يات خەلقلەر:
‹پەرۋەردىگار بىزنى ئۆز خەلقىدىن ئايرىۋېتىدۇ› دېمىسۇن،
ئاختا قىلىنغان ئەر: ‹مەن قاقشال دەرەخ› دېمىسۇن.»
4 چۈنكى پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلىدىغان،
مېنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى تاللايدىغان،
ئەھدەمگە ئەمەل قىلىدىغان ئاختا قىلىنغان ئەرلەرگە
5 ئۆيۈمدا، يەنى ئۆز ھويلامدا نام-ئاتاق ئاتا قىلىپ، ئابىدە
تىكلەيمەن.
بۇ نام-ئاتاق ئوغۇل-قىزلىرى بولغاندىنمۇ ئەۋزەلدۇر.
مەن ئۇلارغا ئاتا قىلغان بۇ نام-ئاتاق ئۆچمەيدۇ، مەڭگۈ
داۋاملىشىدۇ.
6 يات خەلقلەردىن بولسىمۇ، ئۆزىنى ماڭا بېغىشلىغان،
ماڭا خىزمەت قىلىدىغان ۋە مېنى سۆيىدىغانلار

مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم بولىدۇ.
ئۇلار دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلىپ، گۇناھ سادىر
قىلمىسا،
ئەھدەمگە ئەمەل قىلسا،
7 مەن ئۇلارنى مۇقەددەس تېغىمغا ئەكېلىپ،
دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغان ئىبادەتخانامدا خۇشاللىققا
چۆمدۈرىمەن.
ئۇلارنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە باشقا قۇربانلىقلىرى
قۇربانلىق سۇپامدا قوبۇل بولىدۇ.
چۈنكى مېنىڭ ئىبادەتخانام، ‹پۈتكۈل خەلقلەرنىڭ
ئىبادەتخانىسى› دەپ ئاتىلىدۇ.»
8 چېچىلىپ كەتكەن ئىسرائىللارنى يىغىدىغان ئىگىمىز
پەرۋەردىگار دەيدۇكى:
«يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنى يىغىپ، يىغىلغان ئۆز خەلقىمگە
قوشىمەن.»

## يولباشچىلارغا جازا ھۆكۈم قىلىنىشى

9 ھەي دالادىكى بارلىق ھايۋانلار،
ھەي ئورماندىكى بارچە ھايۋانلار، كېلىپ خەلقىمنى يەپ
تۈگىتىڭلار!
10 ئىسرائىللارنىڭ قاراۋۇللىرى قارىغۇدۇر،
ھەممىسى بىلىمسىزدۇر.
ئۇلار قاۋاشنى بىلمەيدىغان گاچا ئىتلاردۇر.
ئۇلار يېتىۋېلىپ چۈش كۆرىدۇ،
ئۇيقۇنى ياخشى كۆرىدۇ.
11 بۇ ئىتلار ئاچكۆزدۇر، تويۇشنى بىلمەيدۇ.
ئۇلار ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىغان پادىچىلارغا ئوخشايدۇ.
ھەممىسى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ئۆز يوللىرىغا راۋان
بولىدۇ.
12 ئۇلار: «كېلىڭلار، شاراب ئەكېلەيلى،
قانغۇچە ئىچەيلى!

ئەتمۇ بۇگۈنكىگە ئوخشاش بولىدۇ،
ھەتتا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ» دەيدۇ.

## بۇتپەرەس ئىسرائىللارنىڭ جازالىنىشى

57 [1] ھەققانىيلار ئۆلۈپ كەتسە،
تەقۋادارلار ۋاپات بولسا،
ھېچكىم پەرۋا قىلمايدۇ،
ھېچكىم ئۇلارنىڭ ۋاپات بولۇشىنى بالا-قازادىن
قۇتۇلغانلىق دەپ چۈشەنمەيدۇ.
[2] ئۇلار خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ،
دۇرۇس يولدا ماڭغانلار قەبرىسىدە راھەت ئۇخلايدۇ.

[3] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي جادۇگەرنىڭ بالىلىرى،
زىناخور ۋە پاھىشىنىڭ ئەۋلادلىرى،
بۇياققا كېلىڭلار!
[4] خوش، سىلەر كىملەرنىڭ ئۇستىدىن كۈلۈۋاتىسىلەر؟
كىملەرگە قارشى ئېغىز ئېچىۋاتىسىلەر؟
كىملەرگە قاراپ تىلىڭلارنى چىقىرىۋاتىسىلەر؟
سىلەر ئاسىينىڭ بالىلىرى ئەمەسمۇ،
يالغانچىنىڭ ئۇرۇقىدىن بولغان ئەمەسمۇ؟
[5] سىلەر پىستە دەرەخلىرى ئارىسىدا،
بۈك-باراقسان ئۆسكەن دەرەخ ئاستىلىرىدا
قىلغان بۇزۇقچىلىقىڭلارنى ئىلاھقا چوقۇنۇش دەيسىلەر.
تاغ جىلغىلىرىدا، قىيا تاشلار ئاستىدا ئۆز بالىلىرىڭلارنى
قۇربانلىق قىلىسىلەر.
[6] سىلەر جىلغىدىكى سىلىق تاشلارنى ئىلاھ بىلىپ
تېۋىنىسىلەر،
مېنى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ تاشلارنى خۇدا دەپ بىلىسىلەر.
سىلەر ئۇلارغا ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى
ۋە ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى تەقدىم قىلىسىلەر.

خوش، مەن بۇ ئىشلارنى قوبۇل قىلارمەنمۇ؟
7 سىلەر ئېگىز تاغدا بۇزۇقچىلىق قىلىپ،
ئۇ يەردە بۇتلىرىڭلارغا قۇربانلىقلارنى تەقدىم قىلىسىلەر.
8 سىلەر ئىشىكىڭلارنىڭ ئارقىسىغا، ئىشىك كېشىكىڭلارغا
يىرگىنچلىك بەلگىلىرىڭلارنى ئېسىپ قويىسىلەر.
سىلەر مەندىن يۈز ئۆرۈپ، يالىڭاچلىنىپ،
سالغان ئورنۇڭلارغا كىرىسىلەر
ۋە پاھىشىلەر بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ،
ئۆزۈڭلارنى بۇتلارغا بېغىشلايسىلەر.
ئۇلارنىڭ تۆشىكىگە كۆڭلۈڭلار چۈشۈپ، يالىڭاچ تېنىدىن
كۆز ئۈزەلمەيسىلەر.
9 سىلەر خۇشبۇي بۇيۇم ۋە زەيتۇن يېغى ئېلىپ،
مولەك ئىلاھىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بارىسىلەر.
باشقا ئىلاھلارنى تاپايلى دەپ، يىراقلارغا ئەلچى
ئەۋەتىسىلەر.
ئەلچىلىرىڭلار مۇمكىن بولسا ھەتتا ئۆلۈكلەر ماكانىغىمۇ
باراتتى.
10 گەرچە سىلەر باشقا ئىلاھلار ھەققىدە ئىزدىنىپ، چارچىغان
بولساڭلارمۇ،
لېكىن سىلەر بۇنى بىھۇدە ھېس قىلمىدىڭلار.
ئىلاھ ئىزدەش ئۈچۈن قايتىدىن كۈچ توپلىدىڭلار،
شۇڭا ھېرىپ-چارچاش ھېس قىلمىدىڭلار.

11 كىمدىن شۇنچە قورقۇپ، ماڭا يالغان سۆزلەيدىغان
بولدۇڭلار؟
مېنى ئۇنتۇدۇڭلار،
مېنى خىيالىڭلارغىمۇ كەلتۈرمەيسىلەر.
مەن ئۇزاقتىن بېرى سۈكۈت قىلغانلىقىم ئۈچۈن،
مەندىن قورقمايدىغان بولدۇڭلار!
12 سىلەر ئۆزۈڭلارچە توغرا دەپ بىلگەن ئاشۇ
ھەققانىيلىقىڭلارنى

ۋە قىلغان ئىشلىرىڭلارنى ئېچىپ تاشلايمەن.
بۇ ئىشلىرىڭلار سىلەرگە قىلچە پايدا كەلتۈرمەيدۇ.
13 ياردەم سوراپ پەرياد قىلغىنىڭلاردا، ئاشۇ بۇتلىرىڭلار
سىلەرنى قۇتقۇزسۇن!
لېكىن شاماللار ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ،
بىر نەپەستىلا سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ.
ئەمما ماڭا تايانغانلار چوقۇم زېمىنغا ئىگە بولىدۇ،
مۇقەددەس تېغىمغا ۋارىسلىق قىلىدۇ».

## خۇدانىڭ ئۆز خەلقىگە تەسەللى بېرىشى

14 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«يولنى ياساڭلار، ئۇنى ياساپ، تەييار قىلىڭلار،
خەلقىمنىڭ يولىدىكى ھەرقانداق توسالغۇنى ئېلىۋېتىڭلار!
15 نامى مۇقەددەس بولغان، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ يۈكسەك
ۋە مەڭگۈ بار بولغان مەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن:
‹مەن ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ مۇقەددەس جايدا ياشايمەن،
ۋاھالەنكى، چىن قەلبىدىن توۋا قىلغان كىچىك پېئىللار
بىلەن بىللە بولىمەن،
كىچىك پېئىللارنىڭ روھىنى ئويغىتىمەن،
توۋا قىلغانلارنىڭ قەلبىنى يېڭىلايمەن.
16 مەن داۋاملىق ئەيىبلىمەيمەن، مەڭگۈ غەزەپلىنىپ
يۈرمەيمەن.
شۇنداق قىلسام، مەن جان ئاتا قىلغان ئىنسانلار ئالدىمدا
روھسىزلىنىپ كېتەتتى.
17 مەن ئىنسانىنىڭ ئاچكۆزلۈكى سەۋەبىدىن غەزىپىم كېلىپ،
ئۇلارغا زەربە بېرىمەن ۋە ئۇلاردىن دىدارىمنى يوشۇرىمەن.
ئەمما ئۇلار يەنىلا ئۆزى بىلگەن يامان يولىدا مېڭىۋېرىدۇ.
18 مەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمەن،
لېكىن مەن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى كېسەللىكلەرنى
ساقايتىپ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىمەن.
ھازا تۇتقان كىشىلەرگە تەسەللى بېرىمەن.

[19] شۇنداق قىلسام، ئۇلارنىڭ لەۋلىرىدىن مەدھىيەلەر
تۆكۈلىدۇ.
مەن يىراق-يېقىندىكىلەرگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىمەن
ۋە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى كېسەللىكلەرنى ساقايتىمەن!
[20] لېكىن رەزىللەر خۇددى چايقىلىۋاتقان دېڭىزدەك
تىنچىمايدۇ.
تىنچىماي چايقىلىۋاتقان سۇلاردىن پاسكىنا نەرسىلەر ۋە
لاتقىلار ئېتىلىپ چىقىدۇ.›
[21] مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەن: ‹رەزىل ئادەملەرگە
ئامانلىق يوقتۇر!›»

## پاك ۋە ھەقىقىي روزا

58 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
«يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ سۆزلە، توختاپ قالما،
ئاۋازىڭ خۇددى بۇرغا چالغاندەك ياڭراق بولسۇن.
خەلقىمگە ئۆزىنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرىنى بىلدۈر.
ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى بايان قىل.
[2] ئۇلار ھەر كۈنى مەندىن ئۆتۈنىدۇ ۋە
سېنىڭ ئەمرلىرىڭنى ئۆگىنىمىز دەيدۇ.
ئۇلار خۇددى توغرا يولدا ماڭغان خەلقتەك،
ئەمر-پەرمانلىرىمدىن ئايرىلىپ باقمىغاندەك،
مەندىن ئادىل ھۆكۈم سورايدۇ.
ئۇلار ئۆزلىرىنى ماڭا يېقىنلىشىشنى خالايدىغاندەك
كۆرسىتىدۇ.
[3] ئۇلار مەندىن: ‹سەن بىزنىڭ روزا تۇتقىنىمىزنى نېمىشقا
كۆرمەيسەن،
تاماق يېمەي جاپا تارتساق، نېمىشقا پەرۋا قىلمايسەن؟›
دەپ سورايدۇ.
قاراڭلار، سىلەر روزا تۇتقان ۋاقتىڭلاردىمۇ يەنىلا شەخسىي
مەنپەئەتىڭلارنى ئويلايسىلەر،
سىلەر ئۈچۈن جاپالىق ئىشلىگەن كىشىلەرنى ئېزىسىلەر.

4 قاراڭلار، سىلەر روزا تۇتىسىلەر، لېكىن روزا تۇتۇپ تۇرۇپ،
يەنىلا جەڭگى-جېدەل قىلىشىپ، مۇشتلىشىسىلەر.
بۇنداق روزا تۇتساڭلار،
دۇئايىڭلارنىڭ ئەرشكە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.
5 مەن مۇشۇنداق روزا تۇتۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلغانمۇ؟
مەن سىلەرنىڭ تاماق يېمەي جاپا تارتىشىڭلارنىلا تەلەپ
قىلغانمۇ؟
ئەجەبا، مەن سىلەرنى قومۇشلاردەك باش ئېگىڭلار،
ماتەملىك كىيىم كىيىپ، كۈلنىڭ ئۈستىدە يېتىڭلار
دېدىممۇ؟
سىلەر بۇنى روزا تۇتۇش دەپ ئويلامسىلەر؟
مەن پەرۋەردىگار بۇنىڭدىن خۇرسەن بولامدىمەن؟
6 ياق، مېنى خۇرسەن قىلىدىغان روزا
ئادالەتسىزلىكنىڭ كىشەنلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش،
زۇلۇم بويۇنتۇرۇقىنىڭ يىپىنى يېشىپ تاشلاش،
ئېزىلگەنلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش،
بارلىق زۇلۇم بويۇنتۇرۇقلىرىنى چېقىپ تاشلاش،
7 يېمەكلىكلەرنى ئاچلارغا بۆلۈپ بېرىش،
سەرگەردانلارنى ئۆيلەردە قوندۇرۇش،
يالىڭاچلارغا كىيىم كىيدۈرۈش
ۋە تۇغقانلاردىن يۈز ئۆرۈمەي، ئۇلارغا ياردەم بېرىش
ئەمەسمىدى؟
8 شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر خۇددى تاڭ نۇرىدەك
پارلايتتىڭلار،
قەلبىڭلاردىكى كېسەللىكلەرمۇ تېز ساقىياتتى.
ھەققانىيلىقىڭلار سىلەرگە يول باشلاپ ماڭاتتى.
مېنىڭ شان-شەرىپىم سىلەرگە ئارقا تىرەك بولاتتى.
9 شۇ چاغدا مەن سىلەرنىڭ ئىلتىجالىرىڭلارغا جاۋاب
بېرەتتىم.
سىلەر چاقىرساڭلار، مەن: ‹مەن بۇ يەردە› دەيتتىم.

بىر-بىرىڭلارغا سالغان زۇلۇم بويۇنتۇرۇقنى ئېلىپ
تاشلىساڭلار،
بىر-بىرىڭلارنى نوقۇمساڭلار ۋە بىر-بىرىڭلارغا تۆھمەت
قىلمىساڭلار،
10 ئاچلارغا شاپائەت قىلساڭلار،
جاپا-مۇشەققەتتىكى ئادەملەرگە ياردەم قىلساڭلار،
قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدىغان نۇر بولىسىلەر.
تۈنلىرىڭلار چىڭقى چۈشتەك بولىدۇ.
11 مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە ھەر دائىم يول كۆرسىتىمەن.
قاقاس يەرلەردىمۇ ئۇسسۇزلۇقۇڭلارنى قاندۇرىمەن
ھەم ئۇستىخىنىڭلارنى مەزمۇت قىلىمەن.
سىلەر خۇددى سۇغۇرۇلغان باغ
ھەم سۈيى تۈگىمەس بىر بۇلاقتەك بولىسىلەر.
12 كونا خارابىلىكىڭلار قايتىدىن قۇرۇپ چىقىلىدۇ،
بۇرۇنقى ئۇللارنىڭ ئۈستىگە ئۆيلەر سېلىنىدۇ.
سىلەر ‹سېپىللارنى رېمونت قىلغۇچى› ۋە ‹مەھەللىلەرنى
قۇرغۇچى› دەپ ئاتىلىسىلەر.

13 سىلەر دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلىڭلار،
مېنىڭ مۇقەددەس كۈنۈمدە ئۆز ئىشلىرىڭلار بىلەن بەند بولماڭلار.
دەم ئېلىش كۈنىنى بىر خۇشاللىق كۈنى دەپ بىلىپ،
مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇ مۇقەددەس كۈنىنى قەدىرلەڭلار.
خالىغانچە ئىش قىلماڭلار،
ئۆز ئىشلىرىڭلار بىلەن بەند بولماڭلار.
قۇرۇق پاراڭ سالماڭلار،
بۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىڭلار.
14 شۇنداق قىلساڭلار، مەندىن خۇشاللىق تاپىسىلەر.
مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە مول بەرىكەت ئاتا قىلىمەن
ھەم سىلەرنى ئەجدادىڭلار ياقۇپنىڭ مۈلكىدىن بەھرىمەن
قىلىمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

## يەشايانىڭ خەلقنى ئەيىبلىشى

59 1 پەرۋەردىگارنىڭ قولى سىلەرنى قۇتقۇزالمىغۇدەك قىسقا ئەمەس،
قۇلىقى ئىلتىجايىڭلارنى ئاڭلىيالمىغۇدەك گاس ئەمەس.
2 لېكىن گۇناھلىرىڭلار سىلەرنى خۇدا بىلەن ئايرىپ تۇرىۋاتىدۇ.
گۇناھلىرىڭلار تۈپەيلىدىن خۇدا سىلەردىن يۈز ئۆرۈدى.
ئۇ سىلەرنىڭ ئىلتىجالىرىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ.
3 قوللىرىڭلار قان بىلەن،
بارماقلىرىڭلار جىنايەت بىلەن بۇلغانغاندۇر.
ئاغزىڭلار يالغانچىلىققا تولغان بولۇپ،
تىلىڭلاردىن رەزىل سۆزلەرلا چىقىدۇ.
4 ھېچكىم دۇرۇس نىيەت بىلەن ئەرز قىلمايدۇ
ھەم ھېچكىم سەممىيەت بىلەن ئاقلىمايدۇ.
ئەكسىچە، ئويدۇرمىغا تايىنىپ، يالغان سۆزلەيدۇ.
يامانلىققا ھامىلدار بولۇپ، گۇناھ تۇغىدۇ.
5 ئۇلار زەھەرلىك يىلاننىڭ تۇخۇمىنى تۇغىدۇ،
ئۆمۈچۈك تورىنى توقۇيدۇ.
بۇ تۇخۇمنى يېگەنلەر چوقۇم ھالاك بولىدۇ،
تۇخۇم يېرىلسا يىلان چىقىدۇ.
6 توقۇغان تورلىرى كىيىم بولۇشقا يارىمايدۇ،
توقۇلغان نەرسىلەر ھېچكىمنىڭ ئۇستىنى ياپالمايدۇ.
ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى رەزىللىكتۇر،
قىلغان ئىشلىرى زوراۋانلىقتۇر.
7 ئۇلارنىڭ پۇتلىرى رەزىللىككە تېز يۈگۈرەيدۇ،
بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشتە ئىككىلەنمەيدۇ.
ئۇلارنىڭ خىياللىرى رەزىللىككە تولغان بولۇپ،
قەيەرگىلا بارسا ھالاكەت ۋە ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.
8 ئۇلار تىنچلىق يولىنى بىلمەيدۇ،
قىلغان ئىشلىرى ئادالەتسىزلىكتۇر.

ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەگرى يول ياسايدۇ،
بۇ يولدا ماڭغانلارنىڭ ھەممىسى تىنچلىقنى بىلمەيدۇ.

## ئىسرائىللارنىڭ ئۆز گۇناھلىرىنى تونۇپ يېتىشى

9 شۇ سەۋەبتىن ئادالەت خەلقىمىزدىن بەك يىراقتىدۇر،
ھەققانىيەت بىزنى قوغلاپ يېتىشەلمەيدۇ.
بىز يورۇقلۇقنى موھتاجمىز، بىراق پەقەت قاراڭغۇلۇق
مەۋجۇتتۇر.
بىز نۇرغا تەلپۈنىمىز، بىراق زۇلمەتتە ياشايمىز.
10 بىز خۇددى قارىغۇلاردەك تامنى سىلايمىز،
خۇددى ئەما ئادەمدەك ئەتراپىمىزنى ئىزدەيمىز.
چۈش ۋاقتىدىمۇ خۇددى شام ۋاقتىدىكىدەك پۇتلىشىمىز،
كۈچتۈڭگۈرلەر ئارىسىدا بىز خۇددى ئۆلۈك ئادەمگە
ئوخشايمىز.
11 بىز ھەممىمىز خۇددى ئېيىقتەك ھۆركىرەپ،
كەپتەردەك بۇقۇلداپ،
ئادالەتنى ئىستەيمىز، لېكىن ئېرىشەلمەيمىز.
نىجاتلىقنى ئىستەيمىز، لېكىن ئۇ يىراقتىدۇر.
12 ئالدىڭدا قىلغان ئىتائەتسىزلىكىمىز كۆپەيمەكتە،
گۇناھلىرىمىز گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۈستىمىزدىن شىكايەت
قىلماقتا.
ئاسىيلىق بىز بىلەن بىرگىدۇر.
گۇناھلىرىمىزنى ھەممىمىز بىلىمىز.
13 ئۇ بولسىمۇ پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىش، ئۇنى ئىنكار
قىلىشتۇر.
خۇدايىمىزغا ئەگەشمەيمىز،
ئاغزىمىز زۇلۇم سېلىشنى ۋە ئاسىيلىقنى سۆزلەيدۇ،
كۆڭلىمىزدىكى يالغانچىلىقلار خالىغانچە چىقىدۇ.
14 ئادالەت چېكىندى،
ھەققانىيەت يىراقتا،
سەمىمىيەت مەيداندا يىقىلىپ چۈشكەن،

ئادىللىق كېلەلمەيدۇ.

15 سەممىيەت يوقالغان،
ئۆزىنى رەزىللىكتىن يىراق قىلغان ئادەم باشقىلارنىڭ
ئولجىسىغا ئايلىنىدۇ.
پەرۋەردىگار بۇلارنى كۆرۈپ، ئادالەتنىڭ يوقالغانلىقىدىن
ئازابلاندى.

## خۇدا ئەۋەتمەكچى بولغان قۇتقۇزغۇچى

16 پەرۋەردىگار ئادالەتنى ياقلايدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى
كۆرۈپ، ھەيران قالدۇ.
شۇڭا ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئۇلارنى قۇتقۇزىدۇ.
ئۇنىڭ ھەققانىيلىقى ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.
17 ئۇ ھەققانىيلىقنى ساۋۇت،
قۇتقۇزۇش قۇدرىتىنى دۇبۇلغا،
قىساسنى كىيىم،
قىزغىنلىقنى تون قىلىپ كىيىدۇ.
18 ئۇ ھەر كىمنىڭ قىلمىشىغا قاراپ قايتۇرىدۇ،
دۈشمەنلىرىگە غەزەپلىنىدۇ،
ئۇلارنى جازالايدۇ،
يىراق ئاراللاردىكىلەرگىمۇ قىلمىشىغا يارىشا قايتۇرىدۇ.
19 كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان بارلىق ئىنسان
پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى ۋە ئۇنىڭ شان-شەرىپىنى
ھۆرمەتلەيدۇ.
پەرۋەردىگار خۇددى ئۆزى قوغلىغۇچىدەك دەھشەتلىك دەريا
ئېقىنلىرىدەك ئېتىلىپ كېلىدۇ.

20 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«بىر قۇتقۇزغۇچى چوقۇم سىئونغا كېلىدۇ،
ئۇ ياقۇپ ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى گۇناھتىن قول
ئۈزگەنلەرگە كېلىدۇ.»

21 پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«بۇ مېنىڭ ئۇلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەمدۇر: سىلەرگە ئاتا قىلغان
روھىم سىلەردىن ئايرىلمايدۇ. ئاغزىڭلارغا سالغان سۆزلىرىممۇ
سىلەرنىڭ، ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ
ئاغزىدىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ. بۇ مەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

## يېرۇسالېمنىڭ كەلگۈسىدىكى شان-شەرىپى

60 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ئەي يېرۇسالېم، ئورنۇڭدىن تۇر، پارلا، چۈنكى سېنىڭ
نۇرۇڭ كەلمەكتە!
مەن پەرۋەردىگارنىڭ شان-شەرىپى سېنى يورۇتىدۇ.
2 قارا، زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان،
ئەلنى زۇلمەت باسقان،
لېكىن مەن پەرۋەردىگار سېنى يورۇتىمەن.
شان-شەرىپىمنىڭ نۇرى ئۈستۈڭگە چېچىلىدۇ.
3 ئەللەر بۇ نۇرنى كۆرۈپ يېنىڭغا كېلىدۇ،
پادىشاھلارمۇ سەن چاچقان نۇرغا قاراپ كېلىدۇ.

4 ئەي يېرۇسالېم، تۆت ئەتراپىڭغا باق،
خەلقلەر يېنىڭغا يىغىلىۋاتىدۇ.
ئوغۇللىرىڭ يىراقتىن كېلىدۇ،
كىچىك قىزلىرىڭمۇ قوللاردا كۆتۈرۈلۈپ كېلىنىدۇ.
5 ئۇ چاغدا كۆزلىرىڭ خۇشاللىقتىن چاقنايدۇ،
يۈرىكىڭ شادلىقتىن تېپچەكلەيدۇ.
چۈنكى دېڭىزنىڭ قارشى تەرىپىدىن بايلىقلار ساڭا ئېلىپ
كېلىنىدۇ،
ئەللەرنىڭ بايلىقى ساڭا تەۋە بولىدۇ.
6 تۆگە كارۋانلىرى بېسىپ كېلىدۇ،
مىديان ۋە ئېفاھنىڭ ياش تۆگىلىرى زېمىنىڭغا تولۇپ
كېتىدۇ.

شىبانىڭ ئادەملىرىمۇ كېلىدۇ،
ئۇلار ئالتۇن ۋە ئىسرىقلارنى تارتۇق قىلىدۇ
ۋە مەن پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ.
7 قېدارنىڭ قويلىرى يېنىڭغا توپ-توپ بولۇپ يىغىلىدۇ،
نىبايوتنىڭ قوچقارلىرى قۇربانلىق قىلىشقا تاپشۇرۇلىدۇ،
مېنىڭ قۇربانلىق سۇپامدا قىلغان قۇربانلىقلىرى قوبۇل
بولىدۇ،
مەن شەرەپلىك ئىبادەتخانامنى تېخىمۇ شەرەپلىك قىلىمەن.

8 بۇلۇتتەك لەيلەپ كېلىۋاتقان،
كەپتەردەك ئۇۋىسىغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان كىم؟
9 ئاراللار ماڭا ئۈمىدىنى باغلاپ، ماڭا ئىنتىزار بولماقتا.
ئۇلارنىڭ يىراقتىكى تارشىشتىن كېلىدىغان كاتتا كېمىلىرى
باشلامچى بولۇپ،
پەرزەنتلىرىڭنى ھەم ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى يىراقتىن
ئەكەلمەكتە.
ئۇلار شۇنداق قىلىپ، مەن پەرۋەردىگارىڭنى،
يەنى ئىسرائىل خەلقىنى ناللىغان مۇقەددەس خۇدانى
ھۆرمەتلەيدۇ.
چۈنكى مەن پەرۋەردىگار سېنى شان-شەرەپكە
ئېرىشتۈردۈم.

10 يات خەلقلەر سېنىڭ سېپىللىرىڭنى قايتىدىن ياسايدۇ،
ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى ساڭا خىزمەت قىلىدۇ.
مەن غەزەپلىنىپ، سېنى جازالىغانىدىم،
لېكىن بۈگۈن ساڭا ئىچىم ئاغرىپ، شەپقەت
كۆرسەتمەكتىمەن.
11 سېنىڭ دەرۋازىلىرىڭ دائىم ئوچۇق تۇرىدۇ،
كېچە-كۈندۈز تاقالمايدۇ.
ھەممە ئەللەرنىڭ بايلىقى ساڭا ئېلىپ كېلىنىدۇ،
ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىمۇ ھەيدەپ كېلىنىدۇ.

12 ساڭا خىزمەت قىلمىغان پادىشاھلىقلار يوقىلىدۇ،
ئۇنداق ئەللەر پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ.
13 لىۋاننىڭ شان-شەرىپى بولغان
قارىغايلار، شەمشادلار، كىپارىسلار ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ.
ئۇلار مۇقەددەس ئىبادەتخانامنى بېزەيدىغانغا ئىشلىتىلىدۇ.
مەن دەسسەپ تۇرغان يېرىمنى شان-شەرەپكە تولدۇرىمەن.
14 ساڭا ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ساڭا ئېگىلىدۇ،
سېنى كەمستكەنلەر سېنىڭ پۇتۇڭغا باش قويىدۇ.
ئۇلار سېنى «پەرۋەردىگارنىڭ شەھىرى»،
ئىسرائىل خەلقىنى تاللىغان مۇقەددەس خۇدانىڭ شەھىرى،
يەنى «سىئون» دەپ ئاتايدۇ.

15 گەرچە سەن بۇرۇن تاشلىۋېتىلگەن، نەپرەتكە ئۇچرىغان،
ھەتتا زېمىنىڭدىن ھېچكىم ئۆتمەيدىغان جاي بولغان
بولساڭمۇ،
لېكىن مەن سېنى مەڭگۈلۈك شان-شۆھرەتكە،
ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە خۇشاللىققا ئىگە قىلىمەن.
16 پۈتكۈل ئەللەر سەندىن خەۋەر ئالىدۇ،
پادىشاھلار سېنى ئانىلاردەك ئېمىتىپ باقىدۇ.
شۇندىلا سەن مېنى، يەنى سېنىڭ قۇتقۇزغۇچىڭ بولغان
پەرۋەردىگارىڭنى بىلىسەن.
سېنىڭ قوغدىغۇچىڭ ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان ھەممىگە قادىر
خۇدادۇر.
17 تۇچنىڭ ئورنىغا ئالتۇن،
تۆمۈرنىڭ ئورنىغا كۈمۈش،
ياغاچنىڭ ئورنىغا تۇچ،
تاشنىڭ ئورنىغا تۆمۈر ھەدىيە قىلىمەن.
ئامانلىقنى يېتەكچىڭ،
ھەققانىيلىقنى نازارەتچىڭ قىلىمەن.
18 زېمىنىڭدىن ئەمدى زوراۋانلىقنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلانمايدۇ.

چېگرايىڭ ئىچىدە ئەمدى بۇزغۇنچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق
غوۋغالىرى ئاڭلانمايدۇ.
تاملىرىڭنى «نىجاتلىق»،
دەرۋازىلىرىڭنى «مەدھىيە» دەپ ئاتايسەن.
[19] ئەمدى سېنىڭ قۇياش ۋە ئايىڭ نۇرىغا ئېھتىياجىڭ
قالمايدۇ،
چۈنكى مەن پەرۋەردىگار سېنىڭ نۇرۇڭ بولىمەن.
مەن خۇدا سېنىڭ شان-شەرىپىڭ بولىمەن.
[20] سېنىڭ قۇياشىڭ پاتماستۇر،
ئېيىڭمۇ يوقالماستۇر.
چۈنكى پەرۋەردىگار سېنىڭ مەڭگۈلۈك نۇرۇڭ بولىدۇ،
ئازابلىق كۈنلىرىڭ ئاخىرلىشىدۇ.
[21] خەلقىڭنىڭ ھەممىسى ھەققانىي ئادەملەرگە ئايلىنىپ،
مەڭگۈلۈك زېمىنغا ئىگە بولىدۇ.
ئۇلار مېنىڭ شان-شەرىپىمنى نامايان قىلىش ئۈچۈن
تىككەن مايسامدۇر،
شۇنداقلا قوللىرىمنىڭ ئىجادىدۇر.
[22] ئەڭ كىچىك جەمەت مىڭلىغان ئادەملىرى بولغان چوڭ
جەمەتكە ئايلىنىدۇ،
ئەڭ ئاجىز ئەل كۈچلۈك بىر ئەلگە ئايلىنىدۇ.
مەن پەرۋەردىگار ۋاقتى كەلگەندە بۇ ئىشنى تېزلا ئەمەلگە
ئاشۇرىمەن.

## قۇتقۇزۇلۇشنىڭ خۇش خەۋىرى

61 [1] ئىگەم پەرۋەردىگارنىڭ روھى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا،
چۈنكى پەرۋەردىگار مېنى كەمبەغەللەرگە خۇش خەۋەر
يەتكۈزۈشكە تاللىدى،
قەلبى جاراھەتلەنگەنلەرگە شىپالىق بېرىشكە ئەۋەتتى.
تۇتقۇنلارنىڭ ئازاد بولىدىغانلىقىنى جاكارلاشقا،
گۇناھقا ئەسىر بولغانلارنىڭ گۇناھتىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى
خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى.

[2] پەرۋەردىگارنىڭ شەپقەت يەتكۈزىدىغان يىلىنى
ۋە خۇدايىمىزنىڭ قىساس ئالىدىغان كۈنىنى جاكارلاپ،
ھەسرەتلەنگەنلەرگە تەسەللى بېرىشكە ئەۋەتتى.
[3] سىئوندىكى ماتەم تۇتقانلارنىڭ بېشىغا چاچقان ھەسرەت
كۈلىنىڭ ئورنىغا ھەشەمەتلىك تاجنى،
ھەسرەتنىڭ ئورنىغا خۇشاللىقنى،
مەيۈس روھنىڭ ئورنىغا ھەمدۇسانا تونلىرىنى
بېرىدىغانلىقنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى.
ئۇلار «ھەققانىيلىق دەرەخلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ،
پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى نامايان قىلىش
ئۈچۈن
ئۇلارنى كۆچەت قىلىپ تىككەندۇر.
[4] ئۇلار كونا خارابىلەرنى ئوڭشاپ،
قاقاسلىشىپ كەتكەن يەرلەرنى ياشارتىدۇ،
ۋەيران قىلىنغىنىغا ئۇزۇن بولغان شەھەرلەرنى قايتا قۇرۇپ
چىقىدۇ.
[5] ئۇ چاغدا يات ئەللەردىن بولغانلار قويلىرىڭلارنى باقىدۇ،
يېرىڭلارنى تېرىيدۇ،
ئۈزۈمزارلىقىڭلارنى ياسايدۇ.
[6] لېكىن سىلەر «پەرۋەردىگارنىڭ روھانىيلىرى»،
«خۇدايىمىزنىڭ خىزمەتكارلىرى» دەپ ئاتىلىسىلەر.
سىلەر ئەللەرنىڭ بايلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولىسىلەر،
ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىدىن خۇشاللىق تاپىسىلەر.
[7] بۇرۇن خورلانغانىدىڭلار، ئەمدى ئىككى ھەسسە بەختكە
ئېرىشىسىلەر.
بۇرۇن ھاقارەتلەنگەن بولساڭلار، ئەمدى ئېرىشكەن
ئۈلۈشۈڭلاردىن شادلىنىسىلەر.
سىلەر زېمىنىڭلاردا ئىككى ھەسسە ئارتۇق مال-مۈلۈككە
ئىگە بولىسىلەر،
مەڭگۈلۈك خۇشاللىق سىلەرگە يار بولىدۇ.

8 «چۈنكى مەن پەرۋەردىگار ئادالەتنى ياخشى كۆرىمەن،
بۇلاڭچىلىق ۋە رەزىللىكنى ئۆچ كۆرىمەن.
مەن خەلقىمگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ياخشى جاۋاب
قايتۇرىمەن.
مەن خەلقىم بىلەن مەڭگۈلۈك ئەھدە تۈزىمەن.
9 ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ھەممە ئەللەر بىلىدىغان بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەللەرنىڭ ئارىسىدا تونۇلىدۇ.
ئۇلارنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگار
بەخت ئاتا قىلغان خەلق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.»

10 مەن پەرۋەردىگاردىن ئىنتايىن شادلىنىمەن،
يۈرىكىم خۇدادىن خۇشاللىق تاپىدۇ،
چۈنكى ئۇ نىجاتلىقنى ماڭا چاپان قىلىپ كىيدۈردى،
ھەققانىيلىقنى تون قىلىپ ياپتى.
خۇددى تويى بولغان يىگىت بېشىغا روھانىينىڭ ئېسىل
باش كىيىمىنى كىيگەندەك
ۋە تويى بولغان قىز زىبۇ-زىننەت تاقىغاندەك
خۇشاللىنىمەن.
11 تۇپراق مايسا ئۈندۈرگەندەك،
باغ تېرىغاننى ئۆستۈرگەندەك،
پەرۋەردىگارمۇ ھەققانىيلىقنى ئۆستۈرىدۇ.
بارلىق ئەللەر ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ.

## يېرۇسالېمنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى

62 1 مەن سىئون ئۈچۈن سۈكۈت قىلالمايمەن.
مەن يېرۇسالېمنىڭ ھەققانىيلىقى خۇددى نۇردەك
چاقنىمىغۇچە،
ئۇنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى مەشئەلدەك يانمىغۇچە جىم
تۇرالمايمەن.
2 ئەي يېرۇسالېم، ھەممە ئەللەر سېنىڭ ھەققانىيلىقىڭنى،
ھەممە پادىشاھلار شان-شەرىپىڭنى كۆرىدۇ.

سەن يېڭى نامغا ئىگە بولىسەن،
بۇ نامنى پەرۋەردىگار ئۆز ئاغزى بىلەن قويىدۇ.
3 سەن پەرۋەردىگارنىڭ قولىدا ئېسىل تاجغا،
خۇدانىڭ ئالىقىنىدا خاننىڭ سەللىسىگە ئايلىنىسەن.
4 سەن ئەمدى «تاشلاندۇق شەھەر» دەپ ئاتالمايسەن،
يېرىڭمۇ «قاقاسلىق» دەپ ئاتالمايدۇ.
سەن ئەمدى «مېنىڭ خۇشاللىقىم» دەپ ئاتىلىسەن،
يېرىڭمۇ «تۇرمۇشقا چىققان» دەپ ئاتىلىدۇ.
چۈنكى پەرۋەردىگار سەندىن خۇشال بولۇپ،
يېرىڭنى ياتلىق قىلىدۇ.
5 ياش يىگىت قىز بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە
ياشىغاندەك،
سېنىڭ خەلقىڭمۇ سەن بىلەن بىرگە ياشايدۇ.
يېڭى توي قىلغان يىگىت توي قىلغان قىزدىن قانداق
خۇشال بولغان بولسا،
سېنىڭ خۇدايىڭمۇ سەندىن شۇنداق خۇشال بولىدۇ.
6 ئەي يېرۇسالېم، مەن سېنىڭ شەھەر سېپىلىڭنىڭ ئۈستىگە
قاراۋۇللار قويدۇم،
ئۇلار كېچە-كۈندۈز توختىماستىن پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا
قىلىدۇ.
ئەي پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلىدىغانلار، ئارام ئالماڭلار
7 ھەم پەرۋەردىگارنىمۇ ئارام ئالدۇرماڭلار،
تاكى ئۇ يېرۇسالېمنى قۇرۇپ بولمىغۇچە ئارام ئالمىسۇن.
ئۇ يېرۇسالېمنى زېمىندىكى ئىنسانلارنىڭ ماختىشىغا
سازاۋەر قىلسۇن.

8 پەرۋەردىگار قۇدرەتلىك ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ،
قەسەم قىلىپ:
«مەن ئەمدى زىرائەتلىرىڭنى دۈشمەنلىرىڭگە ئوزۇقلۇق
بولۇشقا بەرمەيمەن.

يات خەلقلەرمۇ ئەمدى سېنىڭ جاپا تارتىپ چىقارغان
شەربەتلىرىڭنى ئىچەلمەيدۇ.
[9] پەقەت هوسۇل يىغقانلارلا هوسۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ
ھەم پەرۋەردىگارنى مەدھىيەلەيدۇ.
ئۈزۈم يىغقۇچىلارلا مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ هويلىلىرىدا
ئۈزۈم شارابىنى ئىچەلەيدۇ» دەيدۇ.

[10] چىقىڭلار، شەھەر دەرۋازىلىرىدىن چىقىڭلار!
خەلق ئۈچۈن يولنى هازىر قىلىڭلار!
يولنى ياساڭلار، يولنى ياساڭلار!
تاشلارنى ئېلىپ تاشلاڭلار!
ئەللەر ئۈچۈن تۇغ تىكلەڭلار!
[11] قاراڭلار، پەرۋەردىگار دۇنياغا مۇنداق دەپ جاكارلىماقتا:
«ئەللەر سىئون خەلقىگە مۇنداق دېسۇن:
‹قاراڭلار، سىلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىڭلار كەلمەكتە،
قاراڭلار، ئۇ مۇكاپاتى بىلەن كەلمەكتە.›
[12] ئۇلار ‹مۇقەددەس خەلق›، ‹پەرۋەردىگار قوغدىغان خەلق›
دەپ ئاتىلىدۇ،
يېرۇسالېم ‹ئەتىۋارلانغۇچى›، ‹تاشلىۋېتىلمىگەن شەھەر›
دەپ ئاتىلىدۇ.»

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىمانسىز خەلقلەرنى جازالىشى

63
[1] ئېدومدىكى بوزرادىن كېلىۋاتقان،
قىپقىزىل تون كىيگەن،
گۈزەل ياسانغان، چەكسىز قۇدرەتلىك،
چوڭ قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتقان كىم؟

پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇ مەندۇرمەن،
غەلىبەمنى جاكارلايمەن،
مەن سىلەرنى قۇتقۇزۇشقا قادىرمەن.»

2 كىيىملىرىڭ نېمىشقا قىپقىزىل؟
كىيىملىرىڭ نېمىشقا ئۈزۈم ئېزىش كۆلچىكىدە ئۈزۈم
ئېزىدىغانلارنىڭ كىيىملىرىگە ئوخشاپ قالدى؟

3 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئۈزۈم ئېزىش كۆلچىكىدە ئۈزۈم يالغۇز ئۈزۈم
ئەزدىم،
ھېچكىم مەن بىلەن بىرگە بولمىدى.
مەن دۈشمەنلىرىمنى غەزەپ بىلەن يانجىدىم،
قەھرىم بىلەن رەقىبلىرىمنى چەيلىدىم.
ئۇلارنىڭ قانلىرى كىيىم-كېچەكلىرىمگە چاچراپ،
كىيىملىرىمنىڭ ھەممە يېرىنى قىپقىزىل داغ قىلدى.
4 چۈنكى قىساس ئالىدىغان كۈن قەلبىمدە ئىدى،
ئىنتىقام ئالىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەنىدى.
5 قارىسام، خەلقىمگە ھېچكىم ياردەم قىلمىدى،
بەكلا ھەيران بولدۇم، ھېچكىم ئۇلارنى يۆلىمىدى.
شۇڭا ئۆز بىلىكىم بىلەن ئۇلارنى قۇتقۇزدۇم،
قەھرىم ماڭا مەدەت بولدى.
6 غەزىپىم بىلەن ئىمانسىز خەلقلەرنى چەيلىدىم،
ئۇلار قەھرىمنىڭ زەربىسىدىن دەلدەڭشىپ ماڭالمىدى،
قانلىرى يەرگە تۆكۈلدى.»

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىل خەلقىگە ئىچ ئاغرىتىشى

7 مەن پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان مەڭگۈلۈك
مۇھەببىتىنى بايان قىلىمەن،
ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇنى مەدھىيىلەيمەن.
چۈنكى ئۇ بىز ئۈچۈن ئاجايىپ زور ئىشلارنى،
يەنى بىز ئىسرائىللار ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆپ شاپائەتلىك
ئىشلارنى قىلغان.
پەرۋەردىگار ئۆز شاپائىتى ۋە مەڭگۈلۈك مۇھەببىتى بىلەن
بۇ ئىشلارنى قىلغان.

8 پەرۋەردىگار مۇنداق دېگەن: «پەقەت ئۇلارلا مېنىڭ خەلقىمدۇر،
ئۇلار مەندىن يۈز ئۆرۈمەيدىغان پەرزەنتلىرىمدۇر.»
شۇڭا پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى بولدى.
9 ئۇلار ئازاب چەككەندە،
ئۇمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ ئازاب چەكتى ۋە
ئۆز پەرىشتىسىنى ئۇلارنى قوغداشقا ئەۋەتتى.
ئۇ مۇھەببىتى ۋە كۆيۈنۈشى بىلەن ئۇلارنى قوغدىدى.
بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانىدى.
10 لېكىن ئۇلار ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنىڭ مۇقەددەس روھىنى ئازابلىدى.
شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ، ئۇلارغا ئۆزى زەربە بەردى.
11 شۇ چاغدىلا ئۇلار مۇسانى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى ئەسلىرىگە ئېلىشىپ:
«خەلقنى مۇسانىڭ يېتەكچىلىكىدە دېڭىزدىن ئۆتكۈزگەن پەرۋەردىگار ئەمدى قېنى؟
مۇقەددەس روھنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتكەن پەرۋەردىگار ئەمدى قېنى؟
12 بۇرۇن قۇدرەتلىك قول مۇسانىڭ ئوڭ يېنىدا ھەرىكەت قىلاتتى.
ئۇ خەلقنىڭ ئالدىدىكى دېڭىز سۈيىنى ئىككىگە ئايرىپ،
ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك نامىنى قالدۇرغانىدى.
13 ئۇلارنى باشلاپ چوڭقۇر سۇلاردىن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ يېتەكچى ھازىر قەيەردە؟
ئۇ چاغدا ئۇلار خۇددى تۈزلەڭلىكتە چاپقان ئاتلاردەك ھېچ پۇتلاشماي ماڭغانىدى.
14 تىنچ جىلغا كالىلارغا ئاراملىق بەرگەندەك،
پەرۋەردىگارنىڭ روھىمۇ ئۇلارغا ئاراملىق بەرگەنىدى.

ئۇ چاغدا پەرۋەردىگار خەلقىنى باشلاپ، ئۆزىنىڭ نامىغا
شان-شەرەپ كەلتۈرگەنىدى» دەپ ئويلاشتى.

## خۇدادىن شاپائەت تىلەش

15 ئى پەرۋەردىگار، ئەرشتىن بىزگە نەزەر سالغايسەن!
مۇقەددەس، شەرەپلىك ماكانىڭدىن نەزەر سالغايسەن.
سېنىڭ قىزغىنلىقىڭ، ھەممىگە قادىرلىقىڭ نەگە كەتتى؟
ئەجەبا، ئەمدى بىزگە ئىچ ئاغرىتمامسەن، شاپائەت
قىلمامسەن؟
16 ئى پەرۋەردىگار، ئەگەر ئەجدادلىرىمىز بولغان ئىبراھىم ۋە
ياقۇپ ھايات بولغان بولسا،
بىزنى ئېتىراپ قىلمايتتى،
لېكىن سەن يەنىلا بىزنىڭ ئاتىمىزسەن.
سەن قەدىمدىن بۇيان «قوغدىغۇچىمىز» ئاتىلىپ
كېلىۋاتىسەن.
17 ئى پەرۋەردىگار، سەن نېمىشقا بىزنىڭ يولۇڭدىن
ئېزىشىمىزغا يول قويىسەن،
قەلبىمىزنى تاش بولسۇن، بىزنى ساڭا ھۆرمەت قىلمىسۇن
دەمسەن؟
ئۆتۈنەي، خىزمەتكارلىرىڭ ۋە ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان
خەلقىڭ ئۈچۈن يېنىمىزغا قايتىپ كەلگەيسەن.
18 سېنىڭ مۇقەددەس خەلقىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭغا
قىسقا ۋاقىتلا ئىگە بولدى.
كېيىن دۈشمەنلىرىمىز كېلىپ، ئۇنى دەپسەندە قىلدى.
19 بىز خۇددى سەن ھېچقاچان باشقۇرمىغان خەلققە،
سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئاتالمىغان خەلققە ئوخشاپ قالدۇق.

# 64

1 ئى پەرۋەردىگار، ئاسماننى يېرىپ، پەسكە
چۈشكەيسەن،
تاغلار ئالدىڭدا تىترىسۇن!
2 خۇددى ئوت قۇرۇق ئوتۇننى كۆيدۈرۈپ، سۇنى قاينىتىپ
تىترەتكەندەك،

سەنمۇ پەسكە چۈشۈپ، ئىمانسىز ئەللەرنى ئالدىڭدا
تىترەتكىن.
دۈشمەنلىرىڭ سېنىڭ نامىڭنى بىلسۇن.
3 سەن بىز تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك ئاجايىپ ئىشلارنى
قىلغانىدىڭ.
سەن پەسكە چۈشكەندە، تاغلار تىترەپ كەتكەندى.
4 قەدىمدىن بۇيان ھېچكىم سەندىن باشقا ئىلاھنىڭ ئۆزىگە
ئۈمىد باغلىغان خەلقى ئۈچۈن ئىش قىلغانلىقىنى
ئاڭلاپ باقمىدى ۋە كۆرۈپمۇ باقمىدى.
5 ئادالەتنى ياقتۇرۇپ، خۇشاللىق بىلەن ياخشى ئىش قىلغان ۋە
يولۇڭنى ئېسىدە ساقلىغان ئادەملەرگە ياردەم بېرىسەن.
بىز دائىم گۇناھ قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، سەن غەزەپلەندىڭ.
بىز يەنىلا قۇتقۇزۇلىمىزمۇ؟
6 ھەممىمىز ناپاك ئادەملەرمىز،
بىز قىلغان ھەققانىي ئەمەللەرمۇ خۇددى ھەيز لاتىسىغا
ئوخشايدۇ.
بىز خۇددى يوپۇرماقتەك خازان بولىمىز،
گۇناھلىرىمىز شامال بولۇپ، بىزنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ.
7 ھېچكىم نامىڭنى ئاتاپ ئۆتۈنمەيدۇ،
ساڭا باغلىنىشقا ھېچكىم ئىنتىلمەيدۇ.
سەن بىزدىن يۈز ئۆرۈدۈڭ،
بىزنى گۇناھلىرىمىزنىڭ ئىسكەنجىسىگە تاشلىدىڭ.
8 لېكىن پەرۋەردىگار، سەن يەنىلا بىزنىڭ ئاتىمىز.
بىز لاي، سەن كۇلالچى،
بىز سېنىڭ قولۇڭدا ياسالغان.
9 ئى پەرۋەردىگار، بىزگە بۇنچىلىك غەزەپلەنمىگىن،
گۇناھلىرىمىزنى ئېسىڭدە مەڭگۈ ساقلىۋالمىغىن.
قارىغىنە پەرۋەردىگار، بىزگە قارىغىنە،
بىز ھەممىمىز سېنىڭ خەلقىڭدۇرمىز.
10 شەھەرلىرىڭ چۆللەشتى، سىئونمۇ چۆللەشتى،
يېرۇسالېم خارابىلىككە ئايلاندى.

11 بىزنىڭ ئاشۇ مۇقەددەس، گۈزەل ئىبادەتخانىمىز،
يەنى ئەجدادلىرىمىز سېنى مەدھىيىلىگەن ئاشۇ جاي
كۆيدۈرۈۋېتىلدى.
بىز قەدىرلىگەن بارلىق نەرسىلەر ۋەيران بولدى.
12 ئى پەرۋەردىگار، سەن بۇ ئىشلارغا چىداپ تۇرالامسەن؟
بىزنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ، جىم تۇرالامسەن؟

## خۇدانىڭ گۇناھكارلارنى جازالىشى

65 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مېنى سورىمىغانلارغا ئۆزۈمنى نامايان قىلىشقا تەييار
ئىدىم،
مېنى ئىزدىمىگەنلەرنىڭ مېنى تېپىۋېلىشىغا تەييار ئىدىم.
نامىمنى چاقىرمىغان خەلققە:
‹مەن بۇ يەردە، مەن بۇ يەردە› دېدىم!
2 مەن ئاسىي خەلقىمنى كۈنبويى قۇچاق ئېچىپ كۈتىمەن،
لېكىن ئۇلار يامان يولدا مېڭىۋېرىدۇ،
ئۆز خىياللىرى بويىچە ئىش قىلىدۇ.
3 ئۇلار ھەر ۋاقىت مېنى غەزەپلەندۈرىدۇ.
ئۇلار باغلىرىدا بۇتلارغا قۇربانلىق قىلىپ،
كېسەكتىن ياسالغان قۇربانلىق سۇپىلاردا كۈجە كۆيدۈرىدۇ.
4 ئۇلار قەبرىستانلىقلاردا تۈنەيدۇ.
چوشقا گۆشى يەيدۇ، قازانلىرىدا ھارام گۆش پىشۇرىدۇ.
5 شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە كىشىلەرگە ‹نېرى تۇر، ماڭا
يېقىنلاشما،
چۈنكى مەن ساڭا قارىغاندا پاكتۇرمەن› دەيدۇ.
بۇنداق كىشىلەر خۇددى ئۆچمەيدىغان ئوتتىن چىققان
ئىس-تۈتەكتەك بۇرنۇمنى ئېچىشتۇرىدۇ.
6 قارا، بۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئالدىمدا
يېزىقلىق تۇرىدۇ.
مەن ئەمدى جىم تۇرمايمەن، ئۇلارنى چوقۇم جازالايمەن،
مەن ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرىغا يارىشا جازالايمەن.

7 ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋە ئەجدادلىرىنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن
جازالىنىدۇ.
چۈنكى ئۇلار تاغلاردا يالغان ئىلاھلارغا كۈجە كۆيدۈرۈپ،
تۆپىلىكلەردە ماڭا ھاقارەت قىلدى.
مەن ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرىغا يارىشا جازالايمەن.»

8 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«كىشىلەر ئۈزۈم بارىڭىدىكى ناچار ئۈزۈملەرنىڭ
ئارىسىدىن ياخشى ئۈزۈملەرنى تاپقاندا:
‹بۇ ئۈزۈم تېلىنى يۇلۇۋەتمە، چۈنكى شىرىن، ياخشى
ئۈزۈملەر بار ئىكەن› دېيىشىدۇ.
شۇنىڭغا ئوخشاش، مەن ماڭا سادىق بولغان
خىزمەتكارلىرىمنىڭ ۋەجىدىن
خەلقىمنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىۋەتمەيمەن.
9 ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆپەيتىمەن،
يەھۇدىيەنىڭ خەلقىنى تاغلىرىمغا ئىگە قىلىمەن.
مېنىڭ تاللىغان خەلقىم زېمىنىمغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.
مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىدۇ.
10 شارون تۈزلەڭلىكى قوي پادىلىرى ئوتلايدىغان ئوتلاقلارغا،
ئاخور جىلغىسى كالا پادىلىرىنىڭ ماكانىغا ئايلىنىدۇ.
بۇلار مېنى ئىزدىگەن خەلقىمگە مەنسۇپ بولىدۇ.
11 لېكىن، ئەي مەن پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈگەنلەر،
ئەي مۇقەددەس تېغىمنى ئۇنتۇغانلار،
ئەي ‹تەلەي› ئىلاھى ئۈچۈن داستىخان سالغانلار،
ئەي ‹تەقدىر› ئىلاھى ئۈچۈن قەدەھلەرگە شاراب
تولدۇرغانلار،
12 مەن سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلارنى قىلىچ ئاستىغا قويىمەن.
ھەممىڭلار ئۆلۈمگە باش ئېگىسىلەر،
چۈنكى چاقىرسام جاۋاب بەرمىدىڭلار،
سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىدىڭلار.

ئەكسىچە، سىلەر مەن خۇشال بولمايدىغان ئىشلارنى
تاللاپ،
كۆز ئالدىمدا رەزىل ئىشلارنى قىلدىڭلار.

13 شۇڭا مەنكى ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەنكى،
خىزمەتكارلىرىم يەيدۇ، لېكىن سىلەر ئاچ قالىسىلەر،
خىزمەتكارلىرىم ئىچىدۇ، لېكىن سىلەر ئۇسسۇزلۇقتا
قالىسىلەر،
خىزمەتكارلىرىم شادلىنىدۇ، لېكىن سىلەر شەرمەندە
بولىسىلەر.
14 خىزمەتكارلىرىم قەلبلىرىدىن شادلىنىپ تەنتەنە قىلىدۇ،
لېكىن سىلەر قەلبىڭلاردىكى ئازاب تۈپەيلى يىغلايسىلەر.
روھىڭلاردىكى پىغان تۈپەيلى نالە-زار قىلىسىلەر.
15 مەن تاللىغان خەلقىم ئىسمىڭلارنى ئاتاپ قارغايدۇ.
مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار سىلەرنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن.
لېكىن خىزمەتكارلىرىمغا يېڭى ئىسىم قويىمەن.
16 زېمىندا بەخت تىلىگۈچىلەر مەن ھەقىقىي خۇدانىڭ نامى
بىلەن بەخت تىلەيدۇ.
زېمىندا قەسەم قىلغۇچىلار مەن ھەقىقىي خۇدانىڭ نامى
بىلەن قەسەم قىلىدۇ.
بۇرۇنقى ئېغىر كۈنلەر ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ ۋە
كۆز ئالدىمدىن غايىب بولىدۇ.»

## يېڭى ئاسمان ۋە يېڭى زېمىن

17 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن يېڭى ئاسمان ۋە يېڭى زېمىن يارىتىمەن.
ئىلگىرىكى ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ، ئۇلارنى ھېچكىم
ئېسىگە ئالمايدۇ.
18 مەن ياراتماقچى بولغان ئىشلاردىن خۇشال بولۇڭلار، مەڭگۈ
شادلىنىڭلار.
مەن يېرۇسالېمنى خۇشاللىق مەنبەسى،

ئاھالىسىنى شادلىق مەنبەسى قىلىمەن.
19 مەن چوقۇم يېرۇسالېمدىن شادلىنىمەن،
خەلقىمدىن خۇشال بولىمەن.
ئۇ يەردىن ئەمدى يىغا-زار ۋە نالە-پەرياد ئاۋازلىرى
ئاڭلانمايدۇ.
20 ئۇ يەردە ئەمدى بوۋاقلار تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ كەتمەيدۇ.
ياشانغانلار قېرىپ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلىدۇ،
يۈز ياش ئۆمۈر كۆرگەنلەر ياش ھېسابلىنىدۇ.
يۈز ياشقا كىرمەي تۈرۈپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر قارغىشقا
كەتكەنلەر ھېسابلىنىدۇ.
21 ئۇلار ياسىغان ئۆيلىرىدە ئۆزلىرى ئولتۇرىدۇ،
ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلىپ، مېۋىسىنى يەيدۇ.
22 ئۇلار سالغان ئۆيلەردە باشقىلار ئولتۇرالمايدۇ.
ئۇلار ئۆستۈرگەن مېۋىلەرنى باشقىلار يۇلمايدۇ.
خەلقىم دەل-دەرەخلەردەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ.
مەن تاللىغان خەلقىم ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدىن
بەھرىمەن بولىدۇ.
23 ئۇلارنىڭ ئەمگىكى بىكارغا كەتمەيدۇ.
ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى بالا-قازاغا ئۇچرىمايدۇ.
چۈنكى ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى
پەرۋەردىگار تەرىپىدىن بەخت ئاتا قىلىنغان خەلق
ھېسابلىنىدۇ.
24 ئۇلار ئىلتىجا قىلىشتىن بۇرۇن مەن جاۋاب بېرىمەن،
ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا، دۇئاسىنى ئىجابەت
قىلىمەن.
25 بۆرىلەر بىلەن قوزىلار بىرگە ئوزۇقلىنىدۇ،
شىرمۇ كالىغا ئوخشاش چۆپ يەيدۇ.
يىلاننىڭ ئوزۇقى توپا بولىدۇ،
ئۇلار مېنىڭ مۇقەددەس تېغىمدا
ئادەمگىمۇ، ھايۋانغىمۇ چېقىلمايدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

## ساختا ۋە ھەقىقىي ئىبادەت

66 [1] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەرش مېنىڭ تەختىم،
زېمىن مېنىڭ پۇت قويغۇچىمدۇر،
شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر ماڭا قانداقسىگە بىر ساراي ياكى
ئارام ئالىدىغان بىر جاي ياساپ بېرەلەيسىلەر؟
[2] بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتتىم،
شۇڭا ئۇلار مەۋجۇتتۇر.
مەن خۇرسەن بولىدىغان ئادەم
يۈرىكىدىن توۋا قىلغان، كىچىك پېئىللىق بىلەن
ياشايدىغان،
سۆزلىرىمنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمدۇر.
[3] لېكىن بەزىلەر ماڭا ئاتاپ كالا قۇربانلىق قىلىدۇ، ئاندىن
ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇتلارغا ئاتايدۇ،
ماڭا ئاتاپ قوي قۇربانلىق قىلىدۇ، ئاندىن ئىتنىڭ بوينىنى
سۇندۇرۇپ بۇتلارغا ئاتايدۇ.
بەزىلەر ماڭا ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنىدۇ، ئاندىن چوشقا
قېنىنى بۇتلارغا سۇنىدۇ،
ماڭا ئىسرىق سالىدۇ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىغا
چوقۇنىدۇ.
بۇنداق ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ يوللىرىنى ئۆزلىرى تاللايدۇ ۋە
قەلبىدىكى يىرگىنچلىك ئىشلىرىدىنمۇ خۇرسەن بولىدۇ.
[4] شۇڭا مەن ئۇلارنى چوقۇم جازالايمەن ۋە
ئۇلارنى ئۇلار قورقىدىغان ئىشلارغا يولۇقتۇرىمەن.
چۈنكى چاقىرسام، ئۇلار جاۋاب بەرمىدى،
سۆزلىسەم، سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىدى.
ئەكسىچە، نەزىرىمدە رەزىل بولغان ئىشلارنى قىلدى.
ئۇلار مەن خۇرسەن بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىشنى
تاللىدى.»

5 ئەي پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغانلار،
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاڭلار.
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان قېرىنداشلىرىڭلار
سىلەرنى جامائەتچىلىكتىن مېنىڭ نامىمدا قوغلاپ
چىقىرىۋېتىپ:
‹پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى كۆرسىتىپ،
سىلەرنى قانچىلىك خۇشال قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ
باقايلى!› دېيىشىدۇ.
لېكىن ئاخىرى ئۆزلىرى نومۇستا قالىدۇ.
6 شەھەردىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاڭلانماقتا،
ئىبادەتخانىدىن بىر ئاۋاز كەلمەكتە.
بۇ ئاۋازلار مەن پەرۋەردىگارنىڭ دۈشمەنلىرىمنى جازالىغان
ۋاقتىمدىكى ئاۋازلاردۇر!

7 سىئون تولغىقى تۇتماي بوشىنىدۇ،
ئاغرىق ھېس قىلماستىنلا ئوغۇل تۇغىدۇ.
8 بۇنداق ئىشنى كىم ئاڭلاپ باققان،
كىم كۆرۈپ باققان؟
بىر ئەل بىر كۈندىلا پەيدا بولامدۇ؟
بىر خەلق بىردەمدىلا ئاپىرىدە بولامدۇ؟
لېكىن سىئون ئاغرىق باشلىنىش بىلەنلا بالا تۇغىدۇ.
9 مەن پەرۋەردىگار ئۇنى تۇغدۇراي دېگەن ئىكەنمەن،
ئۇنى تۇغدۇرماي قالارمەنمۇ؟
سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بىرىنى تۇغدۇراي دېسە،
ئەجەبا ئۇنى تۇغدۇرماي قالارمۇ؟

10 ئەي يېرۇسالېمنى ياخشى كۆرىدىغان بارلىق كىشىلەر،
ئۇنىڭ بىلەن تەڭ شادلىنىڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال
بولۇڭلار!
ئەي يېرۇسالېم ئۈچۈن ھەسرەت چەككەن بارلىق كىشىلەر،

ئۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇشال بولۇڭلار!
11 ئۇنىڭ تەسەللىلىك قۇچىقىدىن تويغۇچە سۈت ئېمىسلەر،
ئۇنىڭ زور شان-شەرىپىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولۇپ،
پۈتۈن قەلبىڭلار بىلەن شادلىنىسلەر.»

12 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن يېرۇسالېمغا ئېقىن دەريادەك ئۈزۈلمەس ئامانلىق ئاتا قىلىمەن،
ئەللەرنىڭ بايلىقلىرى يېرۇسالېمغا خۇددى تاشقىنلىغان ئېقىنلاردەك ئېقىپ كېلىدۇ.
سىلەر خۇددى ئانا ئېمىتىپ باققان بالىدەك
ھاپاش قىلىنىسلەر، قۇچىقىدا ئەركىلىتىلىسلەر.
13 خۇددى ئانا بالىلىرىغا تەسەللى بەرگەندەك
مەن سىلەرگە تەسەللى بېرىمەن،
سىلەر يېرۇسالېمدا تەسەللىگە ئېرىشىسلەر.»

14 سىلەر بۇلارنى كۆرۈپلا قەلبىڭلاردىن شادلىنىسلەر،
ئۇستىخىنىڭلار خۇددى ئوت-چۆپلەردەك ياشىرىدۇ.
پەرۋەردىگار كۈچ-قۇدرىتىنى ئۆز خىزمەتكارلىرىغا ئايان قىلىدۇ،
لېكىن ئۇ دۈشمەنلىرىگە غەزەپ ياغدۇرىدۇ.
15 قاراڭلار، پەرۋەردىگار ئوت ئىچىدە چۈشمەكتە،
ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى قۇيۇندەك كەلمەكتە.
ئۇ غەزەپ بىلەن قىساس ئالىدۇ،
ئوت يالقۇنى بىلەن جازالايدۇ.
16 پەرۋەردىگار بارلىق ئىنسانلارنى ئوت ۋە قىلىچ بىلەن جازالايدۇ،
نۇرغۇن ئادەملەر پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

17 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

«ئۆزلىرىنى پاكلاپ، بۇتلارغا بېغىشلىغانلار ۋە سەجدىگاھلىرى
بولغان باغلارغا بېرىپ، چوشقا گۆشى، چاشقان گۆشى ۋە
يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى يېگەنلەر بىردەك يوقىتىلىدۇ. [18] مەن
ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە نىيەتلىرىنى بىلىمەن. ھەر خىل تىلدا
سۆزلىشىدىغان بارلىق خەلقلەرنى يىغىدىغان ۋاقىت كېلىدۇ ۋە
ئۇلار مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇمنى كۆرىدۇ. [19] مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
مۆجىزە كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قۇتقۇزۇلغانلارنى
نامىمنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئۇلۇغلۇقۇمنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان
تارشىش، لىۋىيە ۋە ئوقيا ئېتىش بىلەن داڭ چىقارغان لۇد، تۇبال،
يۇنانغا، شۇنداقلا يىراق دېڭىزدىكى ئاراللارغا ئەۋەتىمەن. ئۇلار
ئۇ يەرلەردە مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. [20] ئۇلار
ئىسرائىل قېرىنداشلىرىنى ماڭا ھەدىيە سۈپىتىدە ئۇ يەرلەردىن
قايتۇرۇپ كېلىدۇ. خۇددى ئىسرائىلىيەلىكلەر پاكىز قاچىلاردا
مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئاشلىق ھەدىيەسى ئېلىپ
كەلگەندەك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاتقا مىندۈرۈپ، بەزىلىرىنى
ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بەزىلىرىنى لەمپىلىك ھارۋىلارغا چىقىرىپ،
بەزىلىرىنى قېچىرغا مىندۈرۈپ ۋە بەزىلىرىنى تۆگىگە مىندۈرۈپ،
مېنىڭ مۇقەددەس تېغىم يېرۇسالېمغا ماڭا ھەدىيە سۈپىتىدە
ئېلىپ كېلىدۇ. [21] مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن روھانىيلارنى، لاۋىيلارنى
تاللايمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

[22] مەن ياراتقان يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن مەڭگۈ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغىنىدەك، سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلار ۋە نامىڭلارمۇ
مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر. [23] ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ۋە دەم ئېلىش كۈنى
بارلىق ئىنسانلار ئالدىمغا كېلىپ، ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ. [24] ئۇلار
چىقىپ، ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ.
ئاسىيلارنىڭ تېنىدىكى قۇرتلار ئۆلمەيدۇ، ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋاتقان
ئوت ئۆچمەيدۇ، پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ.»

# یەرەمیا


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | 32 |
| 33 | 34 | 35 | 36 |
| 37 | 38 | 39 | 40 |
| 41 | 42 | 43 | 44 |
| 45 | 46 | 47 | 48 |
| 49 | 50 | 51 | 52 |

# يەرەمىيا

1 [1] بۇلار خىلقىيانىڭ ئوغلى يەرەمىيانىڭ سۆزلىرىدۇر. يەرەمىيا بىنيامىن قەبىلىسىگە قاراشلىق ئاناتوت شەھىرىدىكى بىر روھانىي ئىدى. [2] ئۇنىڭغا ئامونىنىڭ ئوغلى يوشىيا يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان 13-يىلىدىن باشلاپ پەرۋەردىگاردىن ۋەھىي كېلىشكە باشلىغان. [3] يوشىيانىڭ ئوغلى يەھوياقىم يەھۇدىيەگە پادىشاھ بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ، تاكى يوشىيانىڭ يەنە بىر ئوغلى زىدقىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 11-يىلىغىچە ئۇنىڭغا پەرۋەردىگاردىن ۋەھىي كېلىپ تۇرغان. ئاشۇ يىلى يازدا يېرۇسالېم خەلقى سۈرگۈن قىلىنغان.

## يەرەمىيانىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللىنىشى

[4] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[5] – مەن سېنى ئاناڭنىڭ قورسىقىغا تۆرەلدۈرۈشتىن بۇرۇنلا بىلەتتىم. سەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن مەن سېنى ئۆزۈمگە ئاتىدىم ۋە زېمىندىكى خەلقلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ تەيىنلىدىم.
[6] مەن پەرۋەردىگارغا:
– ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، مەن قانداق سۆزلەشنى بىلمەيمەن. مەن تېخى ياش بىر يىگىت! – دېدىم. [7] لېكىن پەرۋەردىگار ماڭا:
– سەن ئۆزۈڭنى ھەرگىز كىچىك چاغلىما. مەن سېنى نەگە ئەۋەتسەم، سەن شۇ يەرگە بارىسەن. مەن ساڭا نېمە دېيىشنى ئەمر قىلسام، شۇنى دەيسەن. [8] ئادەملەردىن قورقما. مەن ساڭا يار بولىمەن ۋە سېنى قوغدايمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر! – دېدى.

9 ئاندىن پەرۋەردىگار قولىنى ئاغزىمغا تەگكۈزۈپ، مۇنداق دېدى:
- مانا، مەن سۆزلىرىمنى ئاغزىڭغا سېلىپ قويدۇم!
10 بىلىشىڭ كېرەككى، مەن بۈگۈن ساڭا پادىشاھلىقلارغا ۋە
ئەللەرگە ۋەھىيلىرىمنى يەتكۈزۈش ھوقۇقىنى بەردىم. سەن بۇ
پادىشاھلىقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قومۇرۇپ تاشلىنىدىغانلىقىنى،
يىقىتىلىدىغانلىقىنى، ۋەيران بولىدىغانلىقىنى، ئاغدۇرۇلىدىغانلىقىنى
ۋە بەزىلىرىنىڭ بولسا قايتا قۇرۇلۇپ، مۇستەھكەملىنىدىغانلىقىنى
جاكارلايسەن.

## ئىككى بېشارەت

11 پەرۋەردىگار مەندىن:
- نېمىنى كۆردۈڭ، يەرەمىيا؟ - دەپ سورىدى. مەن:
- بىر بادام دەرىخىنىڭ شېخىنى كۆردۈم، - دەپ جاۋاب بەردىم.
12 پەرۋەردىگار:
- توغرا كۆردۈڭ، بادام شېخى مېنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىمنى
بىلدۈرىدۇ. ① ئېيتقان سۆزلىرىمنى مەن تېز ئارىدا بەجا
كەلتۈرىمەن، - دېدى. 13 پەرۋەردىگار يەنە مەندىن:
- نېمىنى كۆردۈڭ؟ - دەپ سورىدى. مەن:
- قايناۋاتقان بىر قازاننى كۆردۈم. ئۇ قازان شىمالدىن بىز تەرەپكە
ئۆرۈلەي-ئۆرۈلەي دەپ تۇرۇپتۇ، - دېدىم.
14 پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:
- بۇ شىمالدىن بىر بالايىئاپەت كېلىپ، بۇ زېمىندىكى
پۈتۈن ئاھالىلەرنى باسىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. 15 ئاڭلا،
مەن پەرۋەردىگار شىمالدىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنىڭ
قوشۇنلىرىنى چاقىرىۋاتىمەن! ئۇلار يېرۇسالېمغا كېلىپ،
ئۆزلىرىنىڭ تەختلىرىنى شەھەر دەرۋازىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.
ئۇلار يېرۇسالېمنىڭ سېپىللىرىغا ۋە يەھۇدىيەنىڭ باشقا
شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ.

① 1: 12 ئىبرانىي تىلىدا «بادام» دېگەن سۆز «كۆزىتىپ تۇرماق» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش بولىدۇ.

[16] مۇشۇ ئارقىلىق مەن خەلقىمگە قارشى ھۆكۈمۈمنى ئىجرا
قىلىمەن. چۈنكى ئۇلار نىيەتلىرىنى يامان قىلىپ، مەندىن يۈز
ئۆرۈدى ۋە بۇت ئىلاھلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ، ئۆزلىرى
ياسىۋالغان بۇتلىرىغا چوقۇندى. [17] بېلىڭنى باغلا! سەن بېرىپ،
بۇ كىشىلەرگە مەن ئېيتقان بارلىق ئەمرلەرنى يەتكۈزگىن.
ئۇلاردىن قورقما، بولمىسا مەن سېنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا
تېخىمۇ قورقۇنچقا سالىمەن! [18] قارا، بۈگۈن مەن سېنى خۇددى
مۇستەھكەم شەھەردەك، تۆمۈر تۈۋرۈكتەك ۋە تۇچتىن سوقۇلغان
سېپىلدەك كۈچلۈك قىلدىم. سەن پۈتۈن يەھۇدىيەگە، يەنى
ئۇنىڭ پادىشاھلىرى، ئەمەلدارلىرى، روھانىيلىرى ۋە خەلقىگە
قارشى تۇرىسەن. [19] ئۇلار ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ، بىراق ئۇلار سېنى
يېڭەلمەيدۇ. مەن ساڭا يار بولىمەن، سېنى قۇتقۇزىمەن. بۇ مەن
پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

## ئىسرائىللارنىڭ خۇدادىن يۈز ئۆرۈشى

2 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[2] – سەن يېرۇسالېمغا بېرىپ، يېرۇسالېمنىڭ خەلقىگە
مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى جاكارلىغىن:
«مەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەنكى،
سىلەر ياش ۋاقتىڭلاردىكى ساداقىتىڭلار ۋە
يېڭى توي قىلغان ۋاقتىڭلاردىكى مۇھەببىتىڭلار بىلەن ماڭا
ئەگىشىپ،
ھوسۇل چىقمايدىغان چۆل-جەزىرىلەرگىچە قانداق
بارغىنىڭلار ئېسىمدە.
[3] ئىسرائىل خەلقى ماڭا ئاتالغان بولۇپ،
ئۇلار خۇددى تۇنجى ئېلىنغان ھوسۇلۇمغا ئوخشايتتى.
ئۇلارنى يۇتىۋالماقچى بولغانلارنىڭ ھەممىسى جازاغا
تارتىلىپ، بالايىئاپەتلەرگە ئۇچرىدى.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

4 ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، ئەي ئىسرائىل خەلقىدىن بولغان
بارلىق جەمەتلەر، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار.
5 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار مەندىن شۇنچە يىراقلاپ
كەتكۇدەك، مەندىن قانداق ئەيىب تاپقانىدى؟
ئۇلار ئەرزىمەس بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ئۆزلىرىنىمۇ
ئەرزىمەس قىلدى.
6 ئۇلار: ‹بىزنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان پەرۋەردىگار
قېنى؟
بىزنى ھېچكىم ياشاپ باقمىغان ياكى بېرىپ باقمىغان
يەرلەردىن باشلاپ،
چۆل-جەزىرىلەردىن ۋە ئۇ يەردىكى جىلغىلاردىن،
سۇسىزلىق ۋە ئۆلۈم سايىلىرىدىن ئېلىپ چىققان
پەرۋەردىگار قەيەردە؟› دەپ سوراپ باقمىدى.
7 مەن سىلەرنى مېۋىلەر ۋە ئېسىل نەرسىلەردىن
ھوزۇرلانسۇن دەپ، بۇ مۇنبەت زېمىنغا ئېلىپ
كەلگەنىدىم.
بىراق مېنىڭ زېمىنىمغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنى
بۇلغىدىڭلار.
ماڭا تەئەللۇق بولغان بۇ زېمىننى يىرگىنچلىك جايغا
ئايلاندۇرۇپ قويدۇڭلار.
8 روھانىيلار ماڭا ئىنتىلمىدى،
قانۇنلىرىمنى ئۆگەتكۈچىلەر مېنى ھەقىقىي تونۇمىدى،
يېتەكچىلەر ماڭا قارشى چىقتى.
ساختا پەيغەمبەرلەر بۇت بائالنىڭ نامىدىن ۋەھىي
يەتكۈزۈپ،
ئۆزلىرىگە قىلچە ياردەم بېرەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇندى.

9 شۇڭا مەن پەرۋەردىگار سىلەرنى ۋە نەۋرەڭلارنى سوراققا
تارتىمەن.

10 غەربكە بېرىپ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ، سىپرۇس ئارىلىنى
كۆرۈپ كېلىڭلار!
شەرققە ئادەم ئەۋەتىڭلار، ئۇلار قېدار زېمىنلىرىنى كۆرۈپ
كەلسۇن!
بۇنداق غەلىتە ئىشلارنى ئاڭلاپ باققان بىرەرسى
بارمىكىن؟
11 بىرەر خەلق ئۆز ئىلاھلىرىدىن ۋاز كېچىپتىمۇ؟
ئىلاھلىرى ھەقىقىي بولمىسىمۇ، ئۇلاردىن يۈز
ئۆرۈپتىمۇ؟
ئەمما مېنىڭ خەلقىم شان-شەرەپلىك بولغان مەن خۇدانى
ئەرزىمەس بۇتلارغا ئالماشتۇردى!
12 ئەي ئاسمانلار، سىلەرگە شۇنى دەيمەنكى،
بۇلاردىن ھەيران بولۇڭلار، چۆچۈڭلار ۋە ۋەھىمىگە
چۈشۈڭلار.
13 مېنىڭ خەلقىم رەزىل ئىشتىن ئىككىنى قىلدى:
ئۇلار ھاياتلىق سۈيىنىڭ مەنبەسى بولغان مەندىن ۋاز
كەچتى،
ھەمدە ئۆزلىرى ئۈچۈن سۇ ساقلىيالمايدىغان يېرىق
قۇدۇقلارنى كولىدى.

14 ئەي ئىسرائىل خەلقى، سىلەر قۇلمۇ؟ سىلەر قۇللۇقتا
تۇغۇلغانمۇ؟
نېمە ئۈچۈن سىلەر ئولجىلاردەك ئېلىپ كېتىلدىڭلار؟
15 سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلار شىردەك ھۆركىرىدى،
ئۇلار غەلىبە قىلىپ، تەنتەنە قىلدى ۋە
زېمىنىڭلارنى ۋەيران قىلدى.
شەھەرلىرىڭلار كۆيدۈرۈلۈپ، ھېچكىم ھايات قالمىدى.
16 نوپ ۋە تاخپانخېس شەھەرلىرىدىن كەلگەن مىسىرلىقلار
زېمىنىڭلارغا بېسىپ كىرىپ،
چېچىڭلارنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇلى قىلدى.

17 مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى توغرا يولدا
يېتەكلىگەن بولساممۇ،
سىلەر مەندىن يۈز ئۆرۈپ، بۇ ئاپەتلەرنى ئۆز بېشىڭلارغا
تاپتىڭلار.
18 مىسىرغا بېرىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورىساڭلار، سىلەرگە
نېمە پايدا كېلىدۇ؟
ئاسسۇرىيەگە بېرىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورىساڭلار،
سىلەرگە نېمە پايدا كېلىدۇ؟
19 ئۆزۈڭلارنىڭ رەزىللىكىڭلار بېشىڭلارغا چىقىدۇ.
ساداقەتسىزلىكىڭلار ئۆزۈڭلارغا جازا ئەكېلىدۇ.
مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادىن قورقماي تۇرۇپ، يۈز
ئۆرۈگىنىڭلارنىڭ
سىلەرگە قانچىلىك زور بالايىئاپەت ئەكېلىدىغانلىقىنى
بىلىپ يېتىڭلار.
بۇ مەن ئىگەڭلار قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

20 ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ھۆكۈمرانلىقىمدىن يۈز ئۆرۈپ، مەن
پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلمىدىڭلار.
سىلەر: ‹ساڭا ئېتىقاد قىلمايمىز› دېدىڭلار.
سىلەر خۇددى ئېگىز تاغلاردا ۋە بوك-باراقسان ئۆسكەن
دەرەخ ئاستىلىرىدا
پاھىشلىك قىلغان پاھىشە ئايالغا ئوخشاش ماڭا
ساداقەتسىزلىك قىلىپ، بۇتلارغا سەجدە قىلدىڭلار.
21 مەن سىلەرنى خۇددى ئەلا كۆچەتنى تىككەندەك تىكتىم.
سىلەر ئەڭ ياخشى ئۇرۇقتىن ئۆستۈڭلار.
ئەمما سىلەر نېمە ئۈچۈن سىلەر ھېچنېمىگە يارىمايدىغان
ياۋا ئۈزۈم تېلىغا ئايلىنىپ قالدىڭلار؟
22 سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى،
ھەتتا سىلەر ئۆزۈڭلارنى شاخار ۋە ئەڭ كۈچلۈك سوپۇنلار
بىلەن يۇساڭلارمۇ پاكىزلانمايسىلەر،

مەن يەنىلا رەزىللىكىڭلارنىڭ داغلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن.
23 سىلەر: ‹بىز ئۆزىمىزنى بۇلغىمىدۇق، بائالنىڭ بۇتلىرىغا
چوقۇنمىدۇق!› دېيەلەيسىلەر.
ئەمما قانداقمۇ شۇنداق دېيەلەيسىلەر؟
سىلەر بەنھىننوم جىلغىسىدا ئۆتكۈزگەن قىلمىشىڭلارغا
قاراڭلار!
ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن ئېغىر گۇناھلىرىڭلار ئۈستىدە
ئويلىنىڭلار!
سىلەر خۇددى چىشى تۆگە كۆيلەش مەزگىلىدە جۆپ
ئىزدىگەندەك، بۇتلارنى ئىزدەپ يۈرىسىلەر.
24 سىلەر قۇملۇقتىكى ياۋايى مادا ئېشەكلەرگە ئوخشايسىلەر.
ھەۋىسىڭلار قوزغالغاندا پۇراشقا باشلايسىلەر،
ھېچكىم سىلەرنى توسۇپ قالالمايدۇ.
ھاڭگا ئېشەكلەرنىڭ سىلەرنى ئىزدىشىنىڭ ھاجىتى يوق،
چۈنكى مادا ئېشەكلەر ھاڭگا ئېشەكلەرگە ئەگىشىپ كېلىدۇ!
25 ئەي ئىسرائىل خەلقى، ئايىغىڭلار يىرتىلىپ، گېلىڭلار
قۇرۇپ كەتكۈچە يات ئىلاھلارغا ئەگىشىپ يۈرمەڭلار.
ئەمما سىلەر: ‹ئارقىمىزغا قايتمايمىز، بىز يات ئىلاھلارنى
ياخشى كۆرىمىز،
ئۇلارغا ئەگىشىمىز!› دەيسىلەر.

26 تۇتۇلۇپ قالغان ئوغرى شەرمەندە بولغاندەك، سىلەر
ئىسرائىل خەلقىمۇ شەرمەندە بولىسىلەر.
سىلەرنىڭ پادىشاھلىرىڭلار، ئەمەلدارلىرىڭلار،
روھانىيلىرىڭلار ۋە پەيغەمبەرلىرىڭلارمۇ خىجالەتتە
قالىدۇ.
27 سىلەر ياغاچ بۇتلارغا: ‹سەن مېنىڭ ئاتام›،
تاش بۇتلارغا: ‹سەن ماڭا ھاياتلىق بەرگەن› دەيسىلەر.
ماڭا ئېتىقاد قىلىشىڭ ئورنىغا، مەندىن يۈز ئۆرۈيسىلەر.
لېكىن قىيىنچىلىققا يولۇققان ۋاقتىڭلاردا:
‹كېلىپ، بىزنى قۇتقۇزغىن!› دەپ، ماڭا يېلىنىسىلەر.

28 سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ياسىۋالغان ئىلاھىڭلار قېنى؟
قىيىنچىلىقتا يولۇقاندا، ئۇلار سىلەرنى قۇتقۇزسۇن.
ئەي يەھۇدىيە خەلقى، سىلەرنىڭ قانچە شەھەرلىرىڭلار
بولسا شۇنچىلىك ئىلاھلىرىڭلار بار!
29 سىلەر نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن دەۋالىشىسىلەر؟ ھەممىڭلار
ماڭا قارشى چىقىۋاتىسىلەر.
30 مەن سىلەرنى جازالىغان بولساممۇ، لېكىن ھېچقانداق
پايدىسى بولمىدى.
سىلەر مېنىڭ تەربىيەلىرىمگە پىسەنت قىلمىدىڭلار.
سىلەرنىڭ قىلىچىڭلار خۇددى ئاچ شىرلاردەك مەن
ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردى.

31 ئەي خەلقىم، مەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئېيتقانلىرىغا
قۇلاق سېلىڭلار.
مەن سىلەر ئۈچۈن بىر قۇملۇق ياكى قاراڭغۇ زېمىنمۇ؟
ئۇنداق بولمىسا نېمىشقا سىلەر ماڭا:
‹بىز ئاخىرى سەندىن قۇتۇلدۇق،
ئالدىڭغا ئەمدى بارمايمىز!› دەيسىلەر؟
32 ياش ئايال زىبۇ-زىننەتلىرىنى،
يېڭى كېلىنچەك توي كۆڭلىكىنى ئۇنتۇپ قالامدۇ؟
بىراق مېنىڭ خەلقىم بولغان سىلەر مېنى ئۇزۇن يىللاردىن
بۇيان ئۇنتۇپ قالدىڭلار.
33 سىلەر ئاشىقىڭلارنى قوغلىشىشقا نېمىدېگەن ئۇستا-ھە!
ھەتتا پاھىشە ئاياللارمۇ سىلەردىن ئۆگەنسە بولىدۇ.
34 كىيىم-كېچەكلىرىڭلار يوقسۇللار ۋە بىگۇناھلارنىڭ قېنىغا
مىلەندى.
لېكىن ئۇلار ئۆيلىرىڭلارغا يوشۇرۇن كىرىپ، تۇتۇلۇپ
قېلىنغان ئوغرى ئەمەس.
شۇنداق بولسىمۇ،
35 سىلەر تېخى ‹مەن گۇناھسىز، خۇدا ماڭا غەزەپلەنمەيدۇ›
دەيسىلەر.

‹مەن گۇناھ قىلمىدىم› دېگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، مەن
سىلەرنى جازالايمەن.
36 ياردەم سوراش ئۈچۈن يېڭى ئىتتىپاقداشلارنى ئىزدەشكە،
نېمىدېگەن تېز سىلەر-ھە؟
ئىراق سىلەرنىڭ مىسىردىكى يېڭى دوستۇڭلار سىلەرنى
خۇددى ئاسسۇرلاردەك نائۈمىد قويىدۇ.
37 سىلەر مىسىرلىقلاردىن ئىزا تارتقان ۋە ئازابلانغان ھالدا
قوللىرىڭلار بىلەن يۈزۈڭلارنى توسۇپ ئايرىلىسىلەر.
چۈنكى مەن پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئىشەنگەن ئادەملەرنى
رەت قىلدىم.
سىلەر ئۇلاردىن ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر.»

## ساداقەتسىز ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە

3 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنى قويۇۋەتسە،
ئۇ ئايال ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، باشقا بىرىگە تەگسە،
ئالدىنقى ئېرى ئۇ ئايالنى قايتا نىكاھىغا ئالسا بولامدۇ؟!
بۇنداق بىمەنىلىك پۈتۈن يۇرتنى بۇلغىمامدۇ؟!
شۇنىڭغا ئوخشاش، سىلەر ئىسرائىللار خۇددى
پاھىشىلەردەك
پەرۋەردىگارغا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى نۇرغۇن
بۇت ئىلاھلارغا ئاتىۋەتتىڭلار.
سىلەر قايسى يۈزۈڭلار بىلەن ‹بىز پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىغا
قايتىپ بارالايمىز› دەپ ئويلايسىلەر؟
2 ئەتراپىڭلاردىكى تاقىر تاغلارغا قاراپ بېقىڭلار،
ئۇ يەرلەردە بۇتلارغا چوقۇنۇپ، پاھىشىۋازلىق قىلمىغان
جاي قالدىمۇ؟
سىلەر يول بويىدا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغان پاھىشىلەرگە
ئوخشايسىلەر.
سىلەر خۇددى چۆلدە ئولجا كۈتۈپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرغان
قاراقچىلارغا ئوخشايسىلەر.

سلەرنىڭ يات ئىلاھلار بىلەن قىلغان پاھىشۋازلىقىڭلار بۇ
زېمىننى بۇلغىدى.
3 يامغۇرنىڭ قايتا ياغمىغانلىقى، ھەتتا باھاردىمۇ
ياغمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇدۇر.
سىلەر پاھىشىلەردەك يۈزسىزسىلەر، نومۇس دېگەننى
بىلمەيسىلەر.
4 ھازىر سىلەر يەنىلا ماڭا: ‹سەن بىزنىڭ ئاتىمىز،
ياشلىقىمىزدىن بۇيانقى دوستىمىزسەن!
5 شۇنداق تۇرۇقلۇق، دائىم بىزدىن ئاچچىقلىنىپ
يۈرەمسەن،
بىزگە مەڭگۈ غەزەپلىنەمسەن؟› دەيسىلەر.
بىراق سىلەر ئۆزۈڭلار قىلالايدىغانلىكى يامان ئىشلارنىڭ
ھەممىسىنى قىلىۋېرىسىلەر.»

6 يەھۇدىيە پادىشاھى يوشىيا دەۋرىدە پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق
دېدى:
- ئىسرائىلىيەنىڭ① قانچىلىك ساداقەتسىزلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟
ئۇلار ئېگىز تاغلاردا ۋە بوك-باراقسان ئۆسكەن دەرەخ ئاستىلىرىدا
بۇت ئىلاھلارغا چوقۇندى. ئۇلار ساداقەتسىزلىكتە خۇددى پاھىشە
ئاياللارغا ئوخشايدۇ. 7 ئۇلار مۇشۇ قىلمىشلىرىدىن كېيىن
مېنىڭ يولۇمغا قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئۇلار
مېنىڭ يولۇمغا قايتمىدى. بۇنى ساداقەتسىز يەھۇدىيە، يەنى
ئىسرائىلىيەنىڭ قېرىندىشى كۆرۈپ تۇردى. 8 ئىسرائىلىيەنىڭ
بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن،
ئۇنى تالاق قىلىپ، تاشلىۋەتكەنلىكىمنىمۇ بىلدى. بىراق
ساداقەتسىز يەھۇدىيە، يەنى ئىسرائىلىيەنىڭ قېرىندىشى
بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدى ھەم مەندىن قورقمىدى. ئۇمۇ خۇددى
پاھىشىگە ئوخشاش بۇت ئىلاھلارغا چوقۇندى. 9 ئۇ ئۆزىنىڭ

① 3: 6 ئىسرائىلىيە - بۇ ئايەتلەردىكى ئىسرائىلىيە ئەسلىدىكى ئىسرائىلىيەدىن
بۆلۈنۈپ چىققان شىمالىي خانىدانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

قىلغان ساداقەتسىزلىكىدىن قىلچە نومۇس قىلماي، ياغاچ ۋە
تاشلاردىن ياسالغان بۇتلارغا چوقۇنۇپ، زېمىننى بۇلغىدى.
10 شۇنىڭغا قارىماي، ئىسرائىلىيەنىڭ ساداقەتسىز قېرىندىشى
يەھۇدىيە سەممىيەتلىك بىلەن مېنىڭ يولۇمغا قايتمىدى. ئۇ
پەقەت ئەپۇ سورىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى، خالاس. بۇ مەن
پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

## ئىسرائىل خەلقىنىڭ تۋۋا قىلىشقا چاقىرىلىشى

11 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
- ۋاپاسىز ئىسرائىلىيەنىڭ گۇناھى ساداقەتسىز يەھۇدىيەنىڭكىگە
قارىغاندا يېنىكرەك. 12 سەن بېرىپ، شىمالدىكى ئەللەرنىڭ ئارىسىدا
ياشايدىغان خەلقىمگە بۇ سۆزلەرنى جاكارلىغىن:
«ئەي ۋاپاسىز ئىسرائىلىيە، يولۇمغا قايتىڭلار، مەن
سىلەردىن داۋاملىق نارازى بولىۋەرمەيمەن.
مەن مېھىر-شەپقەتلىكتۇرمەن، سىلەرگە داۋاملىق
غەزەپلىنىۋەرمەيمەن.
13 ئەمما سىلەر چوقۇم گۇناھلىرىڭلارغا تۋۋا قىلىشىڭلار
كېرەك.
چۈنكى سىلەر مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئاسىيلىق
قىلدىڭلار.
سىلەر ھەربىر بۆك-باراقسان ئۆسكەن دەرەخنىڭ ئاستىدا
ئۆزۈڭلارنى يات ئەللەرنىڭ بۇتلىرىغا بېغىشلىدىڭلار،
ئەمرلىرىمگە ئىتائەت قىلمىدىڭلار.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!
14 مەن يەنە شۇنداق دەيمەنكى، ئەي ساداقەتسىز باللىرىم،
مېنىڭ يولۇمغا قايتىڭلار، مەن سىلەرنىڭ خوجايىنىڭلاردۇرمەن.
ئەگەر يولۇمغا قايتساڭلار، ھەربىر جايدىن بىرىڭلارنى ۋە ھەربىر
جەمەتتىن ئىككىڭلارنى سىئون تېغىغا قايتۇرۇپ كېلىمەن.
15 مەن سىلەرگە ماڭا ساداقەتمەن يولباشچىلارنى بېرىمەن.
ئۇلار سىلەرنى ئەقىل-پاراسەت ۋە ھېكمەت بىلەن يېتەكلەيدۇ.
16 ئاشۇ كۈنلەردە زېمىندا سانىڭلار كۆپىيىدۇ. مەن سىلەرگە شۇنى

ئېيتمەنكى، شۇ ۋاقىتلار كەلگەندە سىلەر مېنىڭ ئەھدە ساندۇقۇمنى
تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئۇنى قايتا ئويلىمايسىلەر،
ئەسلىمەيسىلەر، سېغىنمايسىلەر ياكى باشقا بىرسىنى ياسىمايسىلەر.
[17] چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا يېرۇسالېم «پەرۋەردىگارنىڭ تەختى» دەپ
ئاتىلىدۇ. بارلىق ئەللەر يېرۇسالېمغا يىغىلىپ، مېنىڭ نامىمغا
شان-شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ. سىلەر ئەمدى ئۆزۈڭلارنىڭ يامان
نىيەتلىرىگە جاھىللارچە ئەگىشىپ ماڭمايسىلەر. [18] ئۇ ۋاقىتلاردا
يەھۇدىيە خەلقى بىلەن ئىسرائىلىيە خەلقى بىرلىشىپ ياشايدۇ.
ئۇلار شىمالدىكى زېمىنلاردىن مەن ئەجدادلىرىڭلارغا ئاتا قىلغان
زېمىنغا بىرلىكتە قايتىپ كېلىدۇ.

[19] ئەي ئىسرائىل خەلقىم، مەن ئىچىمدە مۇنداق
ئويلىغانىدىم:
مەن سىلەرنى خۇشاللىق بىلەن «ئوغلۇم» دەپ ئاتاشنى
خالايتتىم.
جاھاندىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ گۈزەل زېمىننى سىلەرگە ئاتا
قىلماقچىدىم.
مېنى «ئاتام» دەپ ئاتاپ، مەندىن يۈز ئۆرۈمەسلىكىڭلارنى
ئۈمىد قىلىپ كەلگەنىدىم.
[20] بىراق مەن سىلەرگە ئېيتىمەنكى، ئەي ئىسرائىل خەلقى،
سىلەر ئۆز ئېرىنى تاشلاپ كەتكەن ساداقەتسىز ئايالغا
ئوخشاش
ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلدىڭلار.

[21] تاقىر تاغلاردىن بىر ئاۋاز،
يەنى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئۆز بۇتلىرىغا قىلغان نالە-
پەريادلىرى ئاڭلىنىۋاتىدۇ.
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىق يوللىرىغا مېڭىپ،
مېنى، يەنى ھەقىقىي پەرۋەردىگار خۇدانى ئۇنتۇپ قالدى.

[22] ئەي ساداقەتسىز ئىسرائىل خەلقىم، مېنىڭ يولۇمغا
قايتىڭلار.

مەن سىلەرنىڭ ساداقەتسىزلىك كېسەللىكلىرىڭلارنى ساقايتىشنى خالايمەن.
سىلەرنىڭ مۇنداق دېيىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن:
‹مانا، بىز يېنىڭغا كەلدۇق، چۈنكى سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز خۇدادۇرسەن.
23 تاغلاردا يالغان بۇت ئىلاھلارغا چوقۇنۇشلىرىمىزنىڭ بىهۇدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتۇق.
ئى پەرۋەردىگارىمىز خۇدا، پەقەت سەنلا خەلقىمىزنى قۇتقۇزالايسەن.
24 بىز نومۇسسىزلارچە بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىمىزدىن بېرى ئەجدادلىرىمىز ئىشلەپ تاپقان ھەممە نەرسىمىز يوق بولدى،
چارۋا ماللىرىمىز ۋە ئوغۇل-قىزلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق.
25 بىز ئەسلى خىجالەتچىلىكنى كۆرپە، نومۇسنى يوتقان قىلىشىمىز كېرەك ئىدى.
لېكىن بىزمۇ ئەجدادلىرىمىزغا ئوخشاش ھەمىشە پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلىپ كەلدۇق.
باللىق دەۋرىمىزدىن تارتىپ تاكى مۇشۇ كۈنگىچە بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي كەلدۇق.›»

4 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي ئىسرائىللار، ئەگەر مېنىڭ يولۇمغا قايتماقچى بولساڭلار،
سىلەر چوقۇم بۇ يىرگىنچلىك بۇتلارنى كۆزۈمدىن يوقىتىشىڭلار
ۋە قايتا مېنىڭ يولۇمدىن ئەسلا ئازماسلىقىڭلار كېرەك.
2 مېنىڭ نامىم بىلەن قەسەم قىلغاندا، سەممىيلىك، ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق بىلەن قىلىڭلار.
ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، باشقا ئەللەرمۇ سىلەرگە ئوخشاش مەندىن بەخت-سائادەت تىلەيدۇ
ۋە مېنى مەدھىيەلەيدۇ.»

3 پەرۋەردىگار يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىگە
مۇنداق دەيدۇ:
«قەلب ئېتىزىڭلارنى يۇمشىتىڭلار،
تىكەنلىككە ئۇرۇق چاچماڭلار.
4 ئەي يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقى،
سىلەر خەتنە قىلىپ، خەلقىم بولغانلىقىڭلارنى ئىسپاتلاڭلار،
قەلبىڭلارنى پاكلاپ، ئۆزۈڭلارنى ماڭا بېغىشلاڭلار.
ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، قىلغان رەزىللىكىڭلار ئۈچۈن
غەزىپىم خۇددى يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتتەك سىلەرنى
كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ،
ھېچكىم بۇ ئوتنى ئۆچۈرەلمەيدۇ.»

## شىمالدىن كەلگەن بالا-قازا

5 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«بۇ خەۋەرنى يېرۇسالېمدا جاكارلىغىن، شۇنداقلا پۈتۈن
يەھۇدىيە خەلقىگە ئۇقتۇرغىن:
‹پۈتۈن زېمىندا بۇرغا چېلىنىپ، ئاگاھلاندۇرۇش
بېرىلسۇن!
خەلق يىغىلىپ، مۇستەھكەم شەھەرلەرگە قېچىپ
كىرسۇن!
6 خەلق بەلگە تۇغىنى كۆتۈرۈپ، سىئون تېغىغا بارسۇن!
ئۇلار جېنىنى ئېلىپ قاچسۇن، كېچىكمىسۇن!
چۈنكى مەن شىمالدىن ئاپەت ئېلىپ كەلمەكتىمەن.
زور ۋەيرانچىلىق بولىدۇ.››

7 شىر ئۇۋىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ،
خەلقلەرنى ۋەيران قىلغۇچى يولغا چىقتى.
ئۇ كېلىپ، سىلەرنىڭ زېمىنىڭلارنى ۋەيران قىلماقچى.
شەھەرلىرىڭلار ۋەيران قىلىنىدۇ ۋە ئۇ يەرلەردە ھېچكىم
ياشىمايدۇ.

8 شۇڭا ماتەملىك كىيىملىرىڭلارنى كىيىپ، قايغۇرۇپ، هازا
تۇتۇڭلار.
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە بولغان غەزىپى تېخى
بېسىلمىدى.
9 پەرۋەردىگار: «شۇ كۈنى پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلار ئۆز
جاسارەتلىرىنى يوقىتىدۇ،
روھانىيلار داڭ قېتىپ قالىدۇ، پەيغەمبەرلەر چۆچۈپ
كېتىدۇ» دەيدۇ.

10 مەن:
- ئى پەرۋەردىگار خۇدا، سەن يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن
يەھۇدىيەدىكى خەلقلەرنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن: «سىلەر ئامان
قالىسىلەر!» دەپ ئالدىنىشىغا يول قويدۇڭ. ئەمەلىيەتتە قىلىچ
گېلىمىزغا ئاللىقاچان تەڭلىنىپ بولدى! - دېدىم.

11 ئۇ كۈن كەلگەندە، پەرۋەردىگار يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن
يەھۇدىيە خەلقىگە:
«قۇملۇقتىن چىققان بىر ئىسسىق شامال خەلقىمگە
ئۇرۇلىدۇ.
ئۇ ئاشلىق سورۇشقا كېرەك بولغان مەيىن شامال ئەمەس،
12 بەلكى ئۇ مەن چىقارغان ناھايىتى كۈچلۈك بىر بوراندۇر.
مەن ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىمەن» دەيدۇ.

13 دۈشمەن قارا بۇلۇتلاردەك كېلىدۇ.
ئۇنىڭ جەڭ هارۋىلىرى قۇيۇندەك كېلىدۇ.
ئۇنىڭ ئاتلىرى بۈركۈتلەردىن تېز چاپىدۇ.
هالىمىزغا ۋاي، بىز ۋەيران بولىمىز!
14 ئەي يېرۇسالېم خەلقى، قەلبىڭلاردىكى رەزىللىكلەرنى
يۇيىۋېتىڭلار، شۇندىلا ئامان قالىسىلەر.
يامان نىيەتلىرىڭلارنى يەنە قاچانغىچە قەلبىڭلاردا
ساقلايسىلەر؟

15 شىمالدىكى دان شەھىرىدىن ۋە ئەفرايىم تاغلىق
رايونلىرىدىن
ئەلچىلەر كېلىپ شۇم خەۋەرلەرنى جاكارلايدۇ.

16 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەتراپتىكى ئەللەرنى بۇ ئىشلار توغرىسىدا
ئاگاھلاندۇرغىن.
بۇنى يېرۇسالېمدا جاكارلىغىن.
يىراق ئەلدىن دۈشمەن قوشۇنلىرى كېلىۋاتىدۇ.
ئۇلار يەھۇدىيە شەھەرلىرىگە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن
سۈرەن سېلىپ كېلىۋاتىدۇ.
17 يەھۇدىيە ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن،
خۇددى ئادەملەر ئېتىزنى قورشىغاندەك، دۈشمەن ئۇلارنى
قورشايدۇ.
18 ئەي خەلقىم، تۇتقان يولۇڭلار ۋە قىلغان قىلمىشىڭلار
تۈپەيلىدىن بۇ ئاپەت بېشىڭلارغا چۈشىدۇ.
بۇ سىلەرنىڭ تارتىدىغان ئېچىنىشلىق جازايىڭلاردۇر.
ئۇ سىلەرنىڭ يۈرىكىڭلارغا سانجىلىدۇ.»

19 مەن يەرەميا مۇنداق دېدىم:
«بۇ بىر ئازاب، مەن بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن!
ۋاي يۈرىكىم، يۈرىكىم قاتتىق سوقۇۋاتىدۇ!
مەن سۈزلىمەي تۇرالمايمەن.
مەن دۈشمەنىنىڭ بۇرغا ۋە نەرە تارتقان ئاۋازلىرىنى
ئاڭلاۋاتىمەن.
20 پۈتكۈل زېمىن تاكى ۋەيران بولغۇچە،
ئاپەتلەر بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى توختىماي يۈز بېرىدۇ.
بارلىق چېدىرلىرىمىز تۇساتتىن ۋەيران بولىدۇ.
چېدىرغا يېپىلغان كىگىزلەرمۇ تۇيۇقسىز يىرتىلىپ
كېتىدۇ.

21 مەن قاچانغىچە ئۇرۇش تۇغلىرىنى كۆرۈپ، جەڭ
بۇرغىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلارمەن؟»
22 پەرۋەردىگار مۇنداق جاۋاب بەردى:
«خەلقىم ھاماقەت، ئۇلار مېنى تونۇمايدۇ.
ئۇلار ئەخمەق، ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ.
ئۇلار رەزىل ئىش قىلىشنىڭ پىرلىرىدۇر،
ئۇلار ياخشىلىق قىلىشنى بىلمەيدۇ.»

23 مەن مۇنداق دېدىم:
«مەن زېمىنغا قارىدىم، زېمىن قاقاس بولۇپ، ھېچنېمە
يوق ئىدى.
مەن ئاسمانغا قارىدىم، ئاسماندا يورۇقلۇق يوق ئىدى.
24 مەن تاغلارغا قارىدىم، ئۇلار سىلكىنىۋاتاتتى.
ھەممە ئېگىزلىكلەر تەۋرىنىۋاتاتتى.
25 مەن تۆت ئەتراپقا قارىدىم، ئادەم يوق ئىدى،
ئاسماندىكى جىمى قۇشلار ئۇچۇپ كەتكەنىدى.
26 مەن مۇنبەت زېمىنلارغا قارىدىم، ئۇ چۆلگە ئايلانغانىدى.
پەرۋەردىگارنىڭ دەھشەتلىك غەزىپىدىن زېمىندىكى
بارلىق شەھەرلەر خارابىلىككە ئايلانغانىدى.»

27 پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:
«پۈتۈن زېمىن خارابىلىككە ئايلىنىدۇ،
شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتمەيمەن.
28 زېمىن ھازا تۇتىدۇ، ئاسمان قاراڭغۇلۇق بىلەن پۈركىنىدۇ.
مەن مەقسىتىمنى ئوچۇق ئېيتتىم ۋە قارار قىلدىم.
قارارىمنى ئۆزگەرتمەيمەن.»

29 شەھەردىكى بارلىق كىشىلەر ئاتلىقلار ۋە ئوقياچىلارنىڭ
ئاۋازىنى ئاڭلاپلا،
قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ.

ئۇلار ئورمانلىقلارغا قاچىدۇ، قورام تاشلارنىڭ ئارىسىغا
يوشۇرۇنۇۋالىدۇ.
پۈتۈن شەھەرلەر تاشلاندۇق يەرگە ئايلىنىدۇ،
ھېچكىم ئۇ يەرلەردە ياشىمايدۇ.
30 ئەي يېرۇسالېم، سەن ھالاكەتكە يۈزلەندىڭ!
نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىپقىزىل كىيىنىۋالىسەن؟
نېمە ئۈچۈن ئالتۇن زىبۇ-زىننەت تاقاپ، كۆزلىرىڭنى
بوياۋالىسەن؟
سەن بىكاردىن-بىكار ياسىنىۋاتىسەن!
سېنى سۆيگەن ئىتتىپاقداشلىرىڭ ئەمدى سېنى كۆزگە
ئىلمايدۇ،
ئۇلار سېنىڭ جېنىڭغا قەست قىلىدۇ.
31 مەن خۇددى تولغاق ئازابى تارتىۋاتقان بىر ئايالنىڭ
يىغىسىنى،
تۇنجى بالىسىنى تۇغۇش ئۈچۈن ئىڭرىغان بىر ئايالنىڭ
ئىڭرىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.
بۇ ئاۋاز نەپەسى بوغۇلغان گۈزەل يېرۇسالېمنىڭ قوللىرىنى
كۆككە سوزۇپ،
«ھالىمغا ۋاي، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ!» دەپ
يىغلىغان ئاۋازى ئىدى.

## يېرۇسالېمنىڭ گۇناھلىرى

5 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەر يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرىغا چىقىپ،
تۆت ئەتراپقا قاراپ، ئويلىنىپ بېقىڭلار.
ئۇنىڭ مەيدانلىرىنى كېزىپ كۆرۈڭلار.
ئەگەر سىلەر ئۇ يەردىن ئادالەتلىك، ساداقەتمەن بىرەر ئادەم
تاپالىساڭلار،
مەن بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنى كەچۈرۈۋېتىمەن.
2 گەرچە ئۇلار مېنىڭ نامىم بىلەن قەسەم قىلىسىمۇ،
لېكىن ئۇلار قەسەملىرىدە تۇرمايدۇ.»

3 ئەي پەرۋەردىگار، سېنىڭ سەممىيەت ئىزدەيدىغانلىقىڭنى
بىلىمەن.
سەن بۇ كىشىلەرنى جازالىغان بولساڭمۇ، ئۇلار
سۆزلىرىڭگە ئېتىبار قىلمىدى.
ھەتتا سەن ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە ئازلا قالغان
چاغدىمۇ، ئۇلار خاتالىقىنى تونۇتۇشنى خالىمىدى.
ئۇلار يۈرەكلىرىنى خۇددى تاشتەك قاتتىق قىلدى.
ئۇلار توۋا قىلىشنى خالىمىدى.
4 مەن ئويلىدىم: «بۇلار نامراتلىقى ۋە بىلىمسىزلىكىدىن
مۇشۇنداق قىلىدۇ.
ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى بىلمىگەچكە، ھاماقەتلەردەك
ئىش قىلىدۇ.
ئۇلار خۇدانىڭ ئۆزلىرىدىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقىنى
بىلمەيدۇ.
5 مەن يېتەكچىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن
سۆزلىشىمەن.
ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى ۋە خۇدانىڭ ئۆزلىرىدىن
نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقىنى چوقۇم بىلىدۇ.»
لېكىن ئۇلار سېنىڭ ھوقۇقۇڭنى رەت قىلىدۇ، ساڭا ئىتائەت
قىلمايدۇ.
6 شۇڭا دۈشمەنلىرى بۇ خەلقنى خۇددى ئورمانلىقتىكى
شىرلار ئولجىسىنى تىتىپ تاشلىغاندەك تىتىپ
تاشلايدۇ.
دۈشمەنلىرى ئۇلارنى قۇملۇقلاردىن كەلگەن بۆرىلەردەك
يەۋېتىدۇ.
دۈشمەنلىرى خۇددى يىلپىزلاردەك شەھەر سىرتىدا ساقلاپ
يېتىپ، كىم سىرتقا چىقىشقا پېتىنسا، شۇنىڭغا ھۇجۇم
قىلىدۇ.
چۈنكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى چېكىگە يېتىپ،
ئاسىيلىقلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى.

7 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي يېرۇسالېم، قانداقمۇ سېنى كەچۈرەلەيمەن،
سېنىڭ خەلقىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈگەن تۇرسا؟!
ئۇلار ھەقىقىي خۇدا بولمىغان بۇتلارنىڭ نامى بىلەن
قەسەم قىلدى.
گەرچە مەن ئۇلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرغان
بولساممۇ،
لېكىن ئۇلار ماڭا خۇددى ئېرىگە ساداقەتسىز ئايالدەك
مۇئامىلە قىلدى.
ئۇلار توپلىشىپ، پاھىشىخانىلارغا ئالدىرىدى.
8 ئۇلار كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ياخشى بورداlغان
ئايغىرلارغا ئوخشايتتى.
ھەممىسى قوشنىلىرىنىڭ ئاياللىرىنىڭ كەينىدىن
كىشنىشەتتى.
9 ئۇلارنى ئاشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازالىماي قانداق
تۇرالاي؟
ماڭا قارشى تۇرغان بۇنداق خەلقتىن قىساس ئالماي قانداق
تۇرالاي؟
10 مەن سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارغا شۇنداق دەپ ئېيتىمەن:
‹سىلەر مېنىڭ ئۈزۈمزارلىقىمغا كىرىپ، ئۇنى ۋەيران
قىلىڭلار،
لېكىن پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمەڭلار.
تەكلەر ماڭا مەنسۇپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى
كېسىۋېتىڭلار.
11 چۈنكى ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە خەلقى ماڭا ناھايىتى كۆپ
ساداقەتسىزلىك قىلدى.›»

12 بۇ خەلق پەرۋەردىگار توغرىسىدا يالغان سۆزلەپ مۇنداق
دېدى:
«ئۇ بىزنى ھېچنېمە قىلمايدۇ، بىزگە ھېچقانداق
بالايىئاپەت كەلمەيدۇ.

ئۇرۇش ۋە ئاچارچىلىقمۇ بولمايدۇ.
13 ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ قۇرۇق گەپ قىلغانلىقى
ئىسپاتلىنىدۇ.
پەرۋەردىگار ئۇلارغا ۋەھيي چۈشۈرگەن ئەمەس.
شۇڭا ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى ئۆز بېشىغا چۈشىدۇ.»

14 شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار، يەنى قۇدرەتلىك سەردار خۇدا
ماڭا مۇنداق دېدى:
«ئەي يەرەمىيا، بۇ خەلق مۇشۇنداق يالغان گەپ
قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەن سېنىڭ ئاغزىڭغا سالغان
سۆزلىرىمنى ئوت قىلىمەن،
بۇ خەلق خۇددى ئوتۇن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ
تاشلايدۇ.»

15 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي ئىسرائىل خەلقى، ئاڭلاڭلار!
مەن بىر خەلقنى سىلەرگە ھۇجۇم قىلدۇرۇش ئۈچۈن
يىراقتىن ئېلىپ كېلىمەن.
ئۇ تارىخى ئۇزۇن بىر قەدىمىي خەلقتۇر.
بۇ خەلقنىڭ تىلىنى سىلەر بىلمەيسىلەر.
ئۇلار سىلەر چۈشەنمەيدىغان تىللاردا سۆزلەيدۇ.
16 ئۇلارنىڭ جەڭچىلىرىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر.
ئوقيالىرى ئۆلۈم ئەلچىلىرىدۇر.
17 ئۇلار زىرائەتلىرىڭلار ۋە يېمەكلىكىڭلارنى يەپ تۈگىتىدۇ،
ئوغۇل-قىزلىرىڭلارنى ئۆلتۈرىدۇ،
چارۋا ماللىرىڭلارنى يەپ بولىدۇ،
ئۈزۈمزارلىقىڭلار ۋە ئەنجۈر دەرەخلىرىڭلارنى قۇرۇتۇپ
تاشلايدۇ.
ئۇلار سىلەر ئىشەنگەن مۇستەھكەم شەھەرلىرىڭلارنى
قىلىچ بىلەن ۋەيران قىلىدۇ.»

18 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ھەتتا ئاشۇ كۈنلەر كەلگەندىمۇ، مەن خەلقىمنى پۈتۈنلەي ۋەيران
قىلىۋەتمەيمەن. 19 ئۇلار سەندىن: ‹نېمە ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىز
خۇدا بىزگە بۇنداق غەزەپلىنىدۇ؟› دەپ سورايدۇ. سەن ئۇلارغا:
‹چۈنكى سىلەر پەرۋەردىگاردىن ۋاز كېچىپ، ئۆز زېمىنىڭلاردا
بۇتلارغا چوقۇندۇڭلار. شۇڭا سىلەر يات زېمىندا يات ئەللەرنىڭ
قۇلى بولىسىلەر› دەپ جاۋاب بەرگىن.

20 ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا جاكارلىغىن،
يەھۇدىيەنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئۇقتۇرغىن.
21 ئەي كۆزى تۇرۇپ كۆرمەيدىغان،
قۇلىقى تۇرۇپ ئاڭلىمايدىغان ئەخمەق ۋە پاراسەتسىز
خەلق، بۇنى ئاڭلاڭلار!
22 مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە دەيمەنكى،
سىلەر نېمە ئۈچۈن مەندىن قورقمايسىلەر؟
مېنىڭ ئالدىمدا نېمىشقا تىترىمەيسىلەر؟
مەن دېڭىزغا پاسىل قىلىپ قۇملۇق ساھىلنى بەرپا
قىلدىم،
دېڭىز-ئوكيانلار بۇ پاسىلدىن ھەرگىز ئۆتەلمەيدۇ.
دېڭىز دولقۇنلىشى مۇمكىن، لېكىن سۇلار ھەرگىز تېشىپ
كېتەلمەيدۇ.
شاۋقۇن چىقىرىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ھەرگىز
پاسىلدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ.
23 لېكىن بۇ خەلق جاھىل ۋە ئاسىيدۇر.
ئۇلار يولۇمدىن چەتنەپ، ئۆزلىرىنىڭ يولىدا مېڭىشتى.
24 ئۇلار ھەرگىز ئۆزلىرىگە: ‹پەرۋەردىگارىمىز خۇدادىن
ئەيمىنەيلى،
ئۇ بىزگە دەل ۋاقتىدا كۈز ۋە باھار يامغۇرلىرىنى ياغدۇرۇپ
بەرگەن،
ئۇ ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە بىزنىڭ مول ھوسۇل
ئېلىشىمىزغا كاپالەتلىك قىلغان› دېمەيدۇ.

25 سلەرنىڭ رەزىللىكلىرىڭلار سلەرنى ياخشىلىقلاردىن
مەھرۇم قىلدى.
سلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلار بەختىڭلارنى ئېلىپ كەتتى.

26 مېنىڭ خەلقىم ئارىسىدىن رەزىل كىشىلەر چىقتى.
ئۇلار قۇش ئوۋلىغۇچىلاردەك مۆكۈنۈپ ياتىدۇ.
ئۇلار تۇزاقلارنى قۇرۇپ ئادەملەرنى تۇتىدۇ.
27 ئوۋچى قەپىسىنى ئوۋلار بىلەن تولدۇرغاندەك،
ئۇلارمۇ ئۆيلىرىنى ئالدامچىلىققا تولدۇردى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باي ۋە كۈچلۈك بولۇپ كەتتى.
28 ئۇلار بوردىلىپ، سەمرىدى،
ئۇلار قىلغان رەزىل ئىشلارنىڭ چېكى يوق.
ئۇلار ئادىللىقنى ئىزدىمەيدۇ،
ئاتىسىزلارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىمايدۇ،
كەمبەغەللەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىمايدۇ.
29 شۇڭا مەن ئۇلارنى ئاشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازالىماي
قانداق تۇرالاي؟
مەن بۇنداق رەزىل خەلقتىن قىساس ئالماي قانداق
تۇرالاي؟
30 ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ۋەھىملىك ئىشلار يەھۇدىيە
زېمىنىدا يۈز بېرىۋاتىدۇ،
31 يەنى ئاتالمىش پەيغەمبەرلەر يالغان سۆزلەيدۇ،
روھانىيلار خالىغانچە خەلقنى باشقۇرىدۇ،
خەلقىممۇ شۇنى خالايدۇ.
لېكىن بېشىغا بالايىئاپەت كەلگەندە، ئۇلار نېمە ئىش
قىلالايدۇ؟»

## يېرۇسالېمغا كېلىدىغان بالايىئاپەت

6 1 جېنىڭلارنى ئېلىپ قېچىڭلار، ئەي بىنيامىن خەلقى!
يېرۇسالېمدىن قېچىپ چىقىڭلار!

تەقوۋادا بۇرغا چېلىپ، بەيت-ھاككەرەمدە گۇلخان يېقىپ،
بەلگە كۆرسىتىڭلار!
چۈنكى شىمالدىن بالايىئاپەت كېلىۋاتىدۇ،
ئېغىر ۋەيرانچىلىق يېقىنلىشىۋاتىدۇ.
2 سىئون ناھايىتى چىرايلىق ۋە لاتاپەتلىك بىر قىز ئىدى،
بىراق مەن ئۇنى ۋەيران قىلىمەن.
3 خۇددى پادىچى پادىلىرى بىلەن كەلگەندەك،
پادىشاھلار قوشۇنلىرى بىلەن كېلىپ، يېرۇسالېمغا قارشى
جەڭ قىلىدۇ.
ھەربىر قوشۇن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان يەرنى ۋەيران
قىلىدۇ.
4 ئۇلار: «يېرۇسالېمغا قارشى جەڭ قىلىشقا تەييارلىق
قىلىڭلار!
كېلىڭلار، چىڭقى چۈشتە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلايلى!»
دەيدۇ.
لېكىن بىردەمدىن كېيىن ئۇلار يەنە:
«بەك ئەپسۇس، قۇياش پېتىپ قاراڭغۇ چۈشۈۋاتىدۇ.
5 شۇڭا كېلىڭلار، كېچىدىن پايدىلىنىپ، ھۇجۇم قىلىپ،
مۇستەھكەم قورغانلىرىنى ۋەيران قىلايلى!» دەيدۇ.

6 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنى كېسىڭلار.
سېپىلىغا تۇپا دۆۋىلەپ ھۇجۇم قىلىڭلار.
بۇ شەھەر جازالىنىشى كېرەك.
ئۇنىڭدا زۇلۇمدىن باشقا نەرسە يوق.
7 قۇدۇقتىن توختىماي سۇ چىققاندەك،
بۇ شەھەردىنمۇ توختىماي رەزىللىك چىقىپ تۇرىدۇ.
زوراۋانلىق ۋە ۋەيرانچىلىقنىڭ ئەكس سادالىرى شەھەرنىڭ
ھەممە يەرلىرىدە ئاڭلانماقتا.
مەن كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى كېسەل ۋە يارىدار
كىشىلەردۇر.

8 ئەي يېرۇسالېم، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا قۇلاق سال.
بولمىسا مەن سەندىن يۈز ئۆرۈيمەن،
ھەمدە سېنى ھېچكىم ياشمايدىغان خارابىلىككە
ئايلاندۇرۇپ قويىمەن.»

9 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
«ئۈزۈم يىغقۇچى ئۈزۈم تېلىنى قايتا-قايتا تەكشۈرگىنىگە
ئوخشاش،
دۈشمەنلەر ئىسرائىلىيەدە قالغان خەلقنى بىردىن-بىردىن
تەكشۈرۈپ چىقىدۇ.»

10 مەن مۇنداق جاۋاب بەردىم:
«كىمگە گەپ قىلاي، كىمنى ئاگاھلاندۇراي؟
گېپىمنى كىم ئاڭلايدۇ؟
ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ئېتىۋېتىلگەن، ئاڭلىيالمايدۇ.
ئۇلار سېنىڭ سۆزلىرىڭنى كۆزگە ئىلمايدۇ،
پەقەت ئاڭلاشنى خالىمايدۇ.
11 ئەي پەرۋەردىگار، مەن ساڭا ئوخشاشلا غەزەپكە تولدۇم،
ھەققەتەن چىدىيالمىدىم.»

پەرۋەردىگار مۇنداق جاۋاب بەردى:
«غەزىپىڭنى كوچىدا ئويناۋاتقان باللارغا
ۋە توپلاشقان ياشلارغا چاچ.
غەزىپىڭنى ئەرلەر ۋە ئاياللار،
شۇنىڭدەك ياشانغانلارغىمۇ چاچ.
12 ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى باشقىلار ئىگىلىۋالغاندەك،
يەرلىرى ۋە ئاياللىرىنىمۇ باشقىلار ئىگىلىۋالىدۇ.
چۈنكى مەن بۇ زېمىندا ياشاۋاتقانلارغا قارشى قولۇمنى
كۆتۈرىمەن.
بۇ سۆزلەرنى مەن پەرۋەردىگار ئېيتىۋاتىمەن!

13 ئۇلارنىڭ ئاددىي كىشىلىرىدىن تارتىپ كاتتا ئەربابلىرىغىچە
ھەممىسى ھارام بايلىقنىڭ كويىدا يۈرىدۇ.
پەيغەمبەرلەردىن تارتىپ روھانىيلارغىچە ھەممىسى
ئالدامچىلىق قىلىدۇ.
14 ئۇلار خەلقىمنىڭ يارىسىغا سەل قاراپ:
‹ھەممە ئىش ياخشى، ھەممە ئىش جايىدا› دەپ، ئۇلارنى
قولىنىڭ ئۇچىدىلا داۋالايدۇ،
بىراق ئىشلار ئۇلار دېگەندەك ئەمەس.
15 ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان يىرگىنچلىك ئىشلىرى ئۈچۈن
خىجىل بولدىمۇ؟
ياق، ئۇلار پەقەتلا خىجىل بولمىدى.
ئۇلار ھەتتا ئۇيىلىپ، قىزىرىشنىمۇ بىلمەيدۇ!
شۇڭا ئۇلار خۇددى باشقىلارغا ئوخشاش ھالاك بولىدۇ.
مەن ئۇلارنى جازالىغاندا، ئۇلار چوقۇم ۋەيران بولىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

16 پەرۋەردىگار خەلققە مۇنداق دېدى:
«سىلەر تۆت كوچىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، شۇڭا يولۇڭلارنى
كۆزىتىڭلار.
كونا، ئىشەنچلىك يولنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سوراڭلار.
قايسى يولنىڭ بەخت-سائادەتكە باشلايدىغانلىقىنى
سوراپ، شۇنىڭغا ئەگىشىڭلار.
ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، قەلبىڭلار ئارام تاپىدىغان جاينى
تاپالايسىلەر.
بىراق خەلقىم: ‹بىز پەرۋەردىگارنىڭ يولىدا ماڭمايمىز!›
دېدى.
17 مەن پەيغەمبەرلەرنى كۆزەتچىلەردەك سىلەرنى
ئاگاھلاندۇرۇشقا تەيىنلەپ،
‹بۇرغا ئاۋازىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا دىققەت قىلىڭلار!›
دېدىم.
بىراق خەلقىم: ‹بىز ئاڭلىمايمىز› دېدى.

18 شۇڭا، ئەي ئەللەر، قۇلاق سېلىڭلار!
خەلقىمگە نېمە بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن
كۆرۈڭلار.
19 ئەي جاھان ئەھلى، قۇلاق سېلىڭلار!
خەلقىمگە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىمەن.
ئۇلار ھىيلىگەرلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، جازالايدىغان
ۋاقتىم كەلدى.
چۈنكى ئۇلار مېنىڭ سۆزلىرىمگە پەرۋا قىلمىدى،
قانۇنلىرىمنى رەت قىلدى.
20 ئۇلار ماڭا شىبادىن كەلتۈرۈلگەن مەستىكى رۇمى
ياكى يىراق جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن پۇراقلىق ئېگىر
كۆيدۈرسىمۇ، كارىم يوق!
مەن ئۇلارنىڭ ماڭا سۇنغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىنى
قوبۇل قىلمايمەن.
مەن ئۇلارنىڭ ماڭا ئاتىغان قۇربانلىقلىرىدىن خۇشال
بولمايمەن.
21 شۇڭا مەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن:
مەن چوقۇم بۇ كىشىلەرنىڭ يولىغا پۇتلىشىدىغان توسالغۇ
قويىمەن.
ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلار ئۇلارغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ.
دوست-بۇرادەرلەر ۋە قولۇم-قوشنىلارمۇ ۋەيران بولىدۇ.»

22 پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:
«قاراڭلار، شىمالدىن بىر كۈچلۈك قوشۇن كېلىۋاتىدۇ!
ئەڭ يىراق زېمىندىكى بىر چوڭ خەلق سىلەرگە ھۇجۇم
قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ.
23 ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ئوقيا ۋە نەيزىلەر بىلەن
قوراللانغاندۇر.
ئۇلار ناھايىتى ۋەھشىي بولۇپ، ئۇلاردا مېھىر-شەپقەت
يوقتۇر.
ئۇلار ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنىپ يۈرۈش قىلغاندا،

ئۇلاردىن خۇددى دېڭىزنىڭ شاۋقۇنلىرىدەك ئاۋاز
ئاڭلىنىدۇ.
ئەي سىئون، ئۇلار سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن سەپ
تۈزىدۇ.»

24 يېرۇسالېم ئاھالىلىرى نالە قىلىشىپ مۇنداق دەيدۇ:
«بىز ئۇلار توغرىسىدا خەۋەر ئاڭلاپ،
قوللىرىمىزدا مادار قالمىدى،
ئازاب بىزنى چىرمىۋالدى.
بىز خۇددى تولغاق ئازابى تارتىۋاتقان ئايالدەك
قىينىلىۋاتىمىز!
25 ئېتىزغا بارماڭلار، يوللاردا يۈرمەڭلار!
چۈنكى ئۇ يەرلەردە قىلىچ تۇتقان دۈشمەنلەر بار،
ھەممە يەرنى ۋەھىمە باسقان.»

26 شۇنىڭ بىلەن مەن دېدىم:
«ئەي مېنىڭ قەدىرلىك خەلقىم، ماتەملىك كىيىمڭلارنى
كىيىپ،
كۈلگە مىلىنىپ، قايغۇ-ھەسرەتكە چۆمۈڭلار.
خۇددى يالغۇز بالاڭلارنى يوقىتىپ قويغاندەك قاتتىق
قايغۇرۇڭلار.
چۈنكى ۋەيران قىلغۇچى قوشۇن ناھايىتى تېزلا كېلىپ،
بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ.»

27 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
«خەلقىم مېتالدۇر، سېنى مېتال تەكشۈرگۈچى قىلدىم.
سەن ئۇلارنىڭ يوللىرىنى كۆزىتىپ، تەكشۈرۈپ تۇرىسەن.
28 ئۇلارنىڭ ھەممىسى جاھىل، ئاسىيلاردۇر!
ئۇلارنىڭ يۈرىكى تۇچ ياكى تۆمۈرگە ئوخشاش قاتتىق.
ئۇلار باشقىلارغا تۆھمەت قىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى چىرىكلەشكەن.

29 ئوت كۆرۈكتە پۈۋلەپ ئۇلغايتىلىدۇ،
كۆمۈشتىن قوغۇشۇنلار شاللاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ.
لېكىن بۇ رەزىل خەلقنى تاۋلاشنىڭ پايدىسى يوق.
چۈنكى مەينەتچىلىكلەرنى ئۇلاردىن چىقىرىۋەتكىلى
بولمايدۇ.
30 ئۇلار سۈپەتسىز كۈمۈشتۇر،
شۇڭا مەن پەرۋەردىگار ئۇلارنى رەت قىلدىم.»

## يەرەمىيانىڭ ئىبادەتخانىدا سۆز قىلىشى

7 [1] پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا بىر ۋەھيي كەلدى. [2] پەرۋەردىگار
ئۇنىڭغا ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، يەھۇدىيە خەلقىگە
تۆۋەندىكى سۆزلەرنى جاكارلاشنى بۇيرۇدى:
«ئەي بۇ يەرگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بارلىق
يەھۇدىيە خەلقى، مەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق
سېلىڭلار. [3] بۇ مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى
ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. ئەگەر
سىلەر يامان يولۇڭلاردىن يېنىپ، مېنىڭ يولۇمغا قايتساڭلار،
مەن سىلەرنىڭ ئۆز زېمىنىڭلاردا ياشىشىڭلارغا يول قويىمەن.
[4] سىلەر: ‹پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى بۇ يەردە، پەرۋەردىگارنىڭ
ئىبادەتخانىسى بۇ يەردە!، شۇڭا بىز ئامان-ئېسەن بولىمىز!›
دېگەن يالغان سۆزلەرگە ئىشەنمەڭلار.
[5] ئەگەر سىلەر ھەقىقەتەن يامان يولۇڭلاردىن يېنىپ، مېنىڭ
يولۇمغا قايتساڭلار، بىر-بىرىڭلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلساڭلار،
[6] زېمىنىڭلاردا ياشاۋاتقان يات خەلقلەرنى، يېتىم باللارنى، تۇل
ئاياللارنى بوزەك قىلمىساڭلار، بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشتىن
قول ئۈزسەڭلار، بۇت ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ، ئۆزۈڭلارغا زىيان
يەتكۈزمىسەڭلار، [7] مەن سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارغا مەڭگۈلۈك
ئاتا قىلغان بۇ زېمىندا داۋاملىق ياشىشىڭلارغا يول قويىمەن.
[8] قاراڭلار، سىلەر سىلەرنى قۇتقۇزالمايدىغان يالغان سۆزلەرگە
ئىشىنىسىلەر. [9] ئوغرىلىق، قاتىللىق، زىناخورلۇق قىلىسىلەر،
قەسەم بەرگەندە يالغان سۆزلەيسىلەر، بائالنىڭ بۇتلىرىغا ئاتاپ

قۇربانلىق قىلىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان يات ئىلاھلارغا چوقۇنىسىلەر. [10] ئاندىن سىلەر مېنىڭ نامىمغا ئاتالغان ئىبادەتخانامغا كېلىپ، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا تۇرۇپ: ‹بۇ يەردە بىز تىنچ-ئامان!› دەيسىلەر. سىلەر ھەممە يىرگىنچلىك گۇناھلارنى قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۆزۈڭلارنى ئامان-ئېسەن ھېس قىلامسىلەر؟ [11] مېنىڭ نامىمغا ئاتالغان بۇ ئىبادەتخانا بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسىمۇ؟ سىلەرگە ئېيتايكى، مەن سىلەرنىڭ قىلغان ھەرقانداق رەزىل ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن. [12] بۇرۇن مەن سىلەرنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشىڭلارغا يول قويغان شىلوغا بېرىڭلار. ئەي خەلقىم بولغان ئىسرائىللار، سىلەر قىلغان رەزىللىكىڭلار تۈپەيلىدىن مېنىڭ ئۇ يەرنى قانداق ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىمنى كۆرۈڭلار. [13] مەن سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى،سىلەر نۇرغۇن رەزىل ئىشلارنى قىلدىڭلار، مېنىڭ قايتا-قايتا ئېيتقان سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىدىڭلار. مەن سىلەرنى توۋا قىلىشقا چاقىرغاندا، سىلەر جاۋاب بېرىشنى رەت قىلدىڭلار! [14] شۇڭا مەن، مېنىڭ نامىمغا ئاتالغان، سىلەر ‹بىزنى قوغدايدۇ› دەپ ئىشەنگەن بۇ ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلىمەن. مەن سىلەرگە ۋە ئەجدادلىرىڭلارغا بەرگەن بۇ يەرنى شىلونى ۋەيران قىلغاندەك ۋەيران قىلىمەن. [15] ھەممە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولغان ئىسرائىلىيەلىكلەرنى قوغلىغاندەك، سىلەرنىمۇ ئالدىمدىن قوغلاپ چىقىرىمەن.»

## خەلقنىڭ ئىتائەتسىزلىكى

[16] ئاندىن پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:

– ئەي يەرەمىيا، بۇ خەلق ئۈچۈن دۇئا قىلما! ئۇلارنىڭ ئورنىدا ماڭا يىغلاپ ئىلتىجا قىلما! ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ھەققىدە مەندىن ئۆتۈنمە. چۈنكى مەن دۇئايىڭنى ئاڭلىمايمەن. [17] سەن ئۇلارنىڭ يەھۇدىيە شەھەرلىرىدە ۋە يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرىدا نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ [18] باللار ئوتۇن تېرىۋاتىدۇ، ئاتىلار ئوت يېقىۋاتىدۇ. ئاياللار «جەننەت خانىشى» دەپ ئاتالغان ئايال ئىلاھقا ئاتاپ پېچىنە-پىرەنىكلەر پىشۇرۇش ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە باشقا ئىلاھلارغا ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى

سۇنۇۋاتىدۇ. ئۇلار ھەممە ئىشلارنى مېنى غەزەپلەندۈرۈش ئۈچۈن قىلدى. [19] بۇ قىلمىشلىرى بىلەن ئۇلار ماڭا ئەمەس، ئۆزلىرىگە زەرەر كەلتۈرمەكتە. ئۇلار ئۆزلىرىنى شەرمەندە قىلماقتا! [20] شۇڭا مەن دەيمەنكى، مەن غەزەپ-نەپرىتىمنى بۇ زېمىنغا، يەنى بۇ زېمىندىكى ئىنسانلار، ھايۋاناتلار، شۇنداقلا دەل-دەرەخلەر ۋە زىرائەتلەرگە ياغدۇرىمەن. غەزەپ-نەپرىتىم ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان ئوتتەك يالقۇنلايدۇ.

[21] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەر كۆيدۈرمە ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى ماڭا ئاتىماڭلار، ئېلىپ كېتىپ، ئۆزۈڭلار يەڭلار! [22] مەن ئەجدادلىرىڭلارنى مىسىردىن ئېلىپ چىققاندا، ئۇلاردىن كۆيدۈرمە قۇربانلىق ياكى ھەدىيە تەلەپ قىلمىغانىدىم. [23] لېكىن مەن ئۇلارغا مۇنداق ئەمر قىلغانىدىم: ‹ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، شۇندىلا مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن، سىلەر ھەم مېنىڭ خەلقىم بولىسىلەر. مەن بۇيرۇغان يولدا مېڭىڭلار، شۇندىلا ئىشلىرىڭلار راۋان بولىدۇ›. [24] لېكىن ئۇلار ماڭا ئىتائەت قىلمىدى، سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىدى. ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ رەزىل كۆڭۈللىرىدىكى جاھىل ئىستەكلىرىگە ئەگەشتى. ئۇلار مەندىن يۈز ئۆرۈپ، تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى. [25] ئەجدادلىرىڭلار مىسىردىن ئايرىلغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە، مەن سىلەرگە خىزمەتكارلىرىم بولغان پەيغەمبەرلەرنى قايتا-قايتا ئەۋەتتىم. [26] لېكىن ھېچقايسىڭلار سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىدىڭلار، ھەتتا ئېتىبارمۇ قىلمىدىڭلار. سىلەر ئەجدادلىرىڭلارغا قارىغاندا تېخىمۇ جاھىل ۋە ئاسىي بولدۇڭلار.»

[27] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

– سەن مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈزگىنىڭدە، ئۇلار ساڭا قۇلاق سالمايدۇ، ئۇلارنى چاقىرغىنىڭدا، ئۇلار ئۈندىمەيدۇ. [28] شۇڭا ئۇلارغا: «سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىتائەت قىلمايدىغان، تەنبىھنى قوبۇل قىلمايدىغان بىر خەلقتۇرسىلەر. سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلاردىن سەممىيەت تاپقىلى بولمايدۇ. ئاغزىڭلاردىن ھەق سۆز چىقمايدۇ. [29] شۇڭا ئەي يېرۇسالېملىقلار، ماتەم تۇتۇپ،

چاچلىرىڭلارنى چۈشۈرۈۋېتىڭلار! تاقىر تاغلارغا چىقىپ ماتەم
ناخشىسىنى ئېيتىڭلار! چۈنكى پەرۋەردىگارىڭلار غەزەپلىنىپ، بۇ
ئەۋلاد كىشىلەرنى رەت قىلدى ۋە ئۇلارنى تاشلىۋەتتى» دېگىن.
30 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«بۇ خەلق كۆز ئالدىمدا رەزىل ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار يىرگىنچلىك
بۇتلىرىنى نامىمغا ئاتالغان ئىبادەتخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇ
يەرنى بۇلغىدى. 31 ئۇلار بەنھىننوم جىلغىسىنىڭ توفەت دېگەن
يېرىگە سەجدىگاھلارنى سېلىپ، ئۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل-
قىزلىرىنى كۆيدۈرۈپ، قۇربانلىق قىلدى! مەن ئۇلارنى بۇنداق
قۇربانلىق قىلىشقا ئەمر، ھەتتا ئۇنداق قىلىشنى ئويلاپمۇ
باقمىغانىدىم. 32 شۇڭا ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ يەر ئۇزۇنغا
قالماي توفەت ياكى بەنھىننوم جىلغىسى دەپ ئاتالمايدۇ، بەلكى
‹قىرغىنچىلىق جىلغىسى› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەردە جەسەتلەرنى
كۆمگۈدەك يەرمۇ قالمايدۇ. 33 بۇ خەلقنىڭ جەسەتلىرى قاغا-
قۇزغۇنلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا يەم بولىدۇ. قاغا-قۇزغۇنلارنى
قوغلىغۇدەك ئادەم بولمايدۇ. 34 مەن يەھۇدىيەنىڭ شەھەرلىرى
ۋە يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرىدىكى خۇشاللىق سادالىرىنى، كۈلكە
ئاۋازلىرىنى ۋە توي تەنتەنىلىرىنى يوق قىلىمەن. بۇ زېمىن
قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ.»

8

1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئاشۇ ۋاقىت كەلگەندە، ئالەمدىن ئۆتكەن يەھۇدىيە
پادىشاھلىرىنىڭ، ئەمەلدارلىرىنىڭ، روھانىيلارنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ
ۋە يېرۇسالېم خەلقىنىڭ سۆڭەكلىرى گۆرلىرىدىن تارتىپ
چىقىرىلىدۇ. 2 بۇ سۆڭەكلەر بۇرۇن ئۆزلىرى سۆيۈپ، چوقۇنۇپ،
سەجدە قىلغان، يول كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان، ئىبادەت
قىلغان قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئاستىدا چېچىلىپ
ياتىدۇ. بۇلار ھەرگىزمۇ قايتا يىغىلىپ كۆمۈلمەيدۇ. ئۇلار
خۇددى گەندىدەك تاشلىنىپ قالىدۇ. 3 بۇ رەزىل خەلقنىڭ
ھايات قالغانلىرى سۈرگۈن قىلغان يەرلەردە ياشاشتىن ئۆلۈمنى
ئەۋزەل كۆرىدۇ. بۇ مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

## گۇناھنىڭ جازاسى

4 پەرۋەردىگار تۆۋەندىكى سۆزلەرنى خەلققە يەتكۈزۈشۈمنى
بۇيرۇدى:
«يىقىلغان ئادەم ئورنىدىن تۇرمامدۇ؟
يولدىن ئاداشقان ئادەم كەينىگە يانمامدۇ؟
5 نېمىشقا بۇ خەلق دائىم يولۇمدىن چەتنەپ كېتىدۇ؟
نېمىشقا يېرۇسالېم خەلقى ھەمىشە مەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟
ئۇلار ئالدىنىشقا رازىكى، يولۇمغا قايتىشنى خالىمايدۇ.
6 مەن دىققەت قىلىپ ئاڭلىدىم. ئۇلار ھەق سۆزلەرنى
سۆزلىمەيدۇ.
ھېچكىم: ‹مەن نېمە قىلدىم؟› دەپ رەزىل قىلمىشلىرىغا
پۇشايمان قىلىپ باقمايدۇ.
خۇددى جەڭ ئاتلىرى ئۇرۇش مەيدانىغا چاپقاندەك،
ھەربىرى ئۆز يوللىرىدا چېپىپ يۈرۈۋېرىدۇ.
7 لەيلەك قۇشلىرى قاچان كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ،
پاختەكلەر، قارلىغاچلار ۋە تۇرنىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قاچان
كۆچىدىغانلىقىنى بىلىدۇ،
بىراق مېنىڭ خەلقىم مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىمنى بىلمەيدۇ.
8 سىلەر قانداقمۇ: ‹بىز ئەقىللىق، بىزدە پەرۋەردىگارنىڭ
قانۇنلىرى بار› دەپ ئېيتالايسىلەر؟
ۋاھالەنكى، ئۇستازلىرىڭلار بۇلارنى ئۆز قەلەملىرى بىلەن
ئۆزگەرتىپ، يالغاننى يازدى.
9 دانالار نومۇسقا قېلىپ، ساراسىمىگە چۈشۈپ، قىلتاققا
ئىلىندى.
ئۇلار مېنىڭ سۆزلىرىمنى رەت قىلغان تۇرسا، ئۇلاردا
قانداقمۇ ئەقىل-پاراسەت بولسۇن؟
10 شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى باشقا ئەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ
يەرلىرىنى يېڭى ئىگىلىرىگە بېرىمەن.

ئۇلارنىڭ ئاددىي كىشىلىرىدىن تارتىپ، تاكى كاتتا
ئەربابلىرىغىچە ھەممىسى ھارام بايلىقنىڭ كويىدا
يۈرىدۇ.
پەيغەمبەرلەردىن تارتىپ، تاكى روھانىيلارغىچە ھەممىسى
ئالدامچىلىق قىلىدۇ.
11 ئۇلار خەلقىمنىڭ يارىسىغا سەل قاراپ:
‹ھەممە ئىش ياخشى، ھەممە ئىش جايىدا› دەپ، ئۇلارنى
قولىنىڭ ئۇچىدىلا داۋالايدۇ.
بىراق ئىشلار ئۇلار دېگەندەك ئەمەس.
12 ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان يىرگىنچلىك ئىشلىرى ئۈچۈن
خىجىل بولدىمۇ؟
ياق، ئۇلار پەقەتلا خىجىل بولمىدى.
ئۇلار ھەتتا ئۇيىلىپ، قىزىرىشنىمۇ بىلمەيدۇ!
شۇڭا ئۇلار خۇددى باشقىلارغا ئوخشاش ھالاك بولىدۇ.
مەن ئۇلارنى جازالىغاندا، ئۇلار چوقۇم ۋەيران بولىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

13 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئۇلارنىڭ ھوسۇللىرىنى ئېلىپ كېتىمەن.
ئۈزۈم تاللىرى ھوسۇل بەرمەيدۇ.
ئەنجۈر دەرەخلىرىدە مېۋە قالمايدۇ، يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ
كېتىدۇ.
ئۇلارغا بەرگەنلىرىم ئېلىپ كېتىلىدۇ.»

14 كىشىلەر دەيدۇ:
«بىز نېمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرىمىز؟
مۇستەھكەم شەھەرلەرگە بېرىپ، توپلىنايلى.
ئەگەر بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز بولغان خۇدا بىزنى
ئۆلۈشكە بۇيرۇغان تەقدىردىمۇ،
ھېچبولمىغاندا ئۇ يەردە ئۇرۇش قىلىپ ئۆلەيلى.

پەرۋەردىگارغا قارشى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇ
بىزگە زەھەر بىلەن تولغان قەدەھنى ئىچىشكە بەردى.
15 بىز تىنچلىقنى ئىزدىدۇق، لېكىن ھېچبىر ياخشى ئىش
يۈز بەرمىدى.
جاراھەتلىرىمىزنىڭ ساقىيىدىغان ۋاقتىنى كۈتكەندۇق،
ئەمما ۋەھىمىدە قالدۇق.
16 دۈشمەن ئاتلىرىنىڭ كىشنەشلىرى ئالىلقاچان دان
شەھىرىگە ئاڭلاندى.
ئايغىرلىرىنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى پۈتۈن
زېمىندىكىلەرنى قورقۇتۇپ تىترەتتى.
ئۇلار بۇ زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى گۇمران قىلىشقا
كېلىدۇ!
ئۇلار بۇ شەھەرنى ۋە بۇ شەھەردە ياشاۋاتقانلارنى ۋەيران
قىلماقچى!»

17 پەرۋەردىگار خەلقىگە مۇنداق دېدى:
«ھەقىقەتەن شۇنداق، مەن سىلەرگە قارشى دۈشمەنلەرنى
ئەۋەتىمەن!
ئۇلار خۇددى زەھەرلىك يىلانلارغا ئوخشايدۇ،
ئۇلارنى ئەپسۇن بىلەنمۇ ھەيدىۋەتكىلى بولمايدۇ،
ئۇلار سىلەرنى ۋەيران قىلىدۇ.»

## يەرەمىيانىڭ يەھۇدىيە ئۈچۈن ياش تۆكۈشى

18 مېنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىمگە داۋا يوق، يۈرىكىم قاتتىق
ئازابلىنىۋاتىدۇ!
19 بۇ زېمىننىڭ ھەممە يەرلىرىدىن قەدىرلىك خەلقىمنىڭ
يىغا ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم.
ئۇلار: «سىئوندا ئەمدى پەرۋەردىگار يوقمۇ،
سىئوننىڭ پادىشاھى ئەمدى بۇ يەردە تۇرمامدۇ؟» دەپ
يىغلاشماقتا.
پەرۋەردىگار ماڭا:

«ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئۇلار يات ئەللەرنىڭ ئەرزىمەس بۇتلىرىغا چوقۇنۇپ،
غەزىپىمنى قوزغايدۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.
20 كىشىلەر نالە قىلىپ:
«ياز ئۆتۈپ، ھوسۇل ئالىدىغان ۋاقتىمۇ ئاياغلاشتى.
بىراق بىز تېخى قۇتقۇزۇلمىدۇق» دېيىشىدۇ.
21 خەلقىمنىڭ ۋەيران بولغانلىقىدىن، يۈرىكىم لەختە بولدى.
مەن قايغۇردۇم، بەكمۇ ئازابلاندىم.
22 گىلئادتا شىپالىق مەلھەم يوقمۇ؟
ئۇ يەردە تېۋىپ يوقمۇ؟
نېمە ئۈچۈن خەلقىم تېخىچە ساقايمايدۇ.
9 1 بېشىم قۇدۇق، كۆزلىرىم بۇلاق بولۇپ،
ئۆلتۈرۈلگەن خەلقىمگە كېچە-كۈندۈز يىغلاي.
2 ئاھ، خەلقىمدىن ئايرىلىپ، ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتەي.
چۆللەرنى ماكان قىلاي.
چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى زىناخورلاردەك
خۇداغا ساداقەتسىزلىك قىلغان خەلقتۇر.

## پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكۈمى

3 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇلارنىڭ تىللىرى خۇددى ئوقيادەك ئەجەللىكتۇر.
يالغانچىلىق ۋە سەممىيەتسىزلىك بۇ زېمىننى قاپلىغان.
ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن يامان ئىش قىلىدۇ، مېنى تونۇمايدۇ.
4 ھەممە ئادەم دوست-بۇرادەرلىرىدىن پەخەس بولسۇن.
ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغىمۇ ئىشەنمىسۇن.
چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنى ئالداشنىڭ كويىدا يۈرۈشىدۇ.
دوستلارمۇ ئۆزئارا تۆھمەت قىلىشىدۇ.
5 ئۇلار بىر-بىرىنى ئالدايدۇ ۋە ھېچكىم راست گەپ قىلمايدۇ.
بۇ ئادەملەر ئېغىزلىرىنى يالغان سۆزلەشكە ئۆگىتىدۇ.

ئۇلار گۇناھ قىلىدۇ ۋە ئۇنى توختىتىشقا قۇربى يەتمەيدۇ.
6 ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن زوراۋانلىق ۋە ئالدامچىلىق قىلىدۇ.
ئۇلار مېنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىمنى بىلىشنى رەت قىلىدۇ.»

7 شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ:
«مەن ھازىر ئۇلارنى ئازاب ئوتىدا تاۋلايمەن ۋە سىنايمەن.
خەلقىمنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق
قىلىشتىن باشقا ئامالىم يوق.
8 ئۇلارنىڭ تىللىرى زەربىلىك ئوقيالارغا ئوخشايدۇ،
ئۇلار ھەمىشە يالغان سۆزلەيدۇ.
قوشنىلىرىغا دوستانە سۆزلەرنى دەيدۇ-يۇ،
ئەمما قەلبىدە قىلتاقتا چۈشۈرۈشنى ئويلايدۇ.
9 شۇڭا مەن پەرۋەردىگار ئېيتىمەنكى،
ئۇلارنى مۇشۇ رەزىل قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازالايمەن.
مۇشۇنداق بىر خەلقتىن قىساس ئالمامدىمەن؟»

10 مەن مۇنداق دېدىم:
«تاغلار ئۈچۈن نالە قىلىپ ياش تۆكىمەن.
مەن كەڭ كەتكەن يايلاقلار ئۈچۈن ماتەم تۇتىمەن.
ئۇلار ۋەيران بولغاچقا، ھېچكىم ئۇ يەرلەردىن ئۆتمەيدۇ.
كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ئاڭلانمايدۇ.
ھەتتا ئاسماندىكى قۇشلار ۋە دالادىكى ياۋايى ھايۋانلارمۇ
قېچىپ كېتىدۇ.»

11 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن يېرۇسالېمنى خارابىلىككە ئايلاندۇرىمەن،
ئۇ يەرنى چىلبۆرىلەر ماكان قىلىدۇ.
مەن يەھۇدىيە شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىمەن،
ھېچكىم ئۇ يەرلەردە ياشىيالمايدۇ.»

12 مەن مۇنداق دەپ سورىدىم:
– كىمنىڭ ئەقىل-پاراستى بۇنداق بالايىئاپەتنى چۈشىنىشكە قادىر؟ كىم پەرۋەردىگارنىڭ كۆرسەتمىسى ئارقىلىق ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ نېمىشقا بۇ زېمىن خاراب بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ زېمىن ئادەم ئاياغ باسمايدىغان قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ؟
13 پەرۋەردىگار مۇنداق جاۋاب بەردى:
– بۇ خەلق مېنىڭ ئۇلارغا چۈشۈرگەن قانۇنلىرىمنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ ئىشلار يۈز بەردى. ئۇلار ماڭا بويسۇنمىدى، يولۇمدا ماڭمىدى. 14 ئەكسىچە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامان نىيەتلىرىگە جاھىللىق بىلەن ئەگىشىپ، بائالنىڭ بۇتلىرىغا چوقۇنۇشتى. ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق قىلىشنى ئۆگەتكەن. 15 شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيمەن: «كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانسىلەركى، بۇ خەلققە ئەمەندەك قىرتاق تائام يېگۈزىمەن ۋە زەھەرلىك سۇ ئىچكۈزىمەن. 16 مەن ئۇلارنى ھەتتا ئاتا-بوۋىلىرىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئەللەر ئارىسىغا چېچىۋېتىپ، تاكى ئۇلار ھالاك بولغۇچە دۈشمەنلەرنى ئەۋەتىپ قوغلىتىمەن.»

17 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ياخشى ئويلاپ كۆرۈڭلار!
يىغىچى ئاياللارنى چاقىرىپ كېلىڭلار،
ئۇلارنىڭ ئەڭ ماھىرلىرى كەلسۇن.
18 كۆزلىرىڭلاردىن ياشلار تاراملاپ چۈشكۈچە،
ئۇلار تېز كېلىپ، سىلەر ئۈچۈن نالە-پەرياد قىلسۇن.
19 يېرۇسالېم خەلقىنىڭ ئۆمدىسىزلىنىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاڭلار:
‹بىز پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ، نومۇستا قالدۇق!
ئۆيلىرىمىز بۇزۇۋېتىلگەچكە، ئۆز زېمىنىمىزدىن
ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق!›»

20 مەن مۇنداق دېدىم:
«ئەي يىغلاۋاتقان ئاياللار، ھازىر پەرۋەردىگارنىڭ نېمە
دېگىنىنى ئاڭلاڭلار.
قۇلىقىڭلارنى دىق تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان
سۆزلەرنى تىڭشاڭلار.
قىزلىرىڭلارغا نالە-پەرياد قىلىشنى ئۆگىتىڭلار،
ھەمدە ھەممىڭلار قوشنىلىرىڭلارغا ماتەم ناخشىسىنى
ئۆگىتىڭلار.
21 چۈنكى ئۆلۈم بىزنىڭ دېرىزىلىرىمىزدىن يامىشىپ،
قورغانلىرىمىزغا كىردى.
ئۇ كوچىلاردا ئويناۋاتقان باللىرىمىزنى،
شەھەر مەيدانلىرىدا توپلانغان ياشلىرىمىزنى ئېلىپ
كەتتى.
22 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
‹ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى خۇددى گەندىلەردەك
ھەممە يەرلەرنى قاپلىغان.
ئۇلار خۇددى ئورۇۋېتىلگەن، ئەمما باغلانمىغان
زىرائەتلەردەك يەرلەردە چېچىلىپ ياتىدۇ.›»

23 پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«دانا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دانالىقىدىن ماختانمىسۇن.
كۈچلۈك ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن
ماختانمىسۇن.
بايلار ئۆز بايلىقلىرىدىن ماختانمىسۇن.
24 ماختىنىشقا توغرا كەلسە، مەن پەرۋەردىگارنى
تونۇغانلىقىدىن ۋە مېنى چۈشەنگەنلىكىدىن
ماختانسۇن.
ئۇلار مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك
مۇھەببەت، ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن ئىش
قىلىدىغانلىقىمدىن ماختانسۇن.

مەن مۇشۇنداق ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەردىن خۇرسەن
بولىمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

[25-26] پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، مەن مىسىرلىقلارنى، يەھۇدىيەلىكلەرنى، ئېدوملۇقلارنى، ئاممونلۇقلارنى، موئابلىقلارنى، شۇنداقلا قۇملۇقلارنىڭ چەت-ياقالىرىدا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى جازالايمەن. چۈنكى بۇ خەلقلەرنىڭ ھەممىسى خەتنە قىلىنغان بولسىمۇ، يولۇمدا ماڭمايدۇ. ئەي ئىسرائىل خەلقى، سىلەرمۇ خەتنە قىلىنغان بولساڭلارمۇ، ئۆز قەلبىڭلارنى ئۆزگەرتمىدىڭلار، يولۇمدا ماڭمىدىڭلار.»

## بۇتپەرەسلىكنىڭ بىمەنىلىكى

10 [1] ئەي ئىسرائىل خەلقى، پەرۋەردىگارنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاڭلار. [2] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«باشقا ئەللەرنىڭ بىمەنە ئېتىقاد يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار.
باشقا ئەللەر ئاسماندىكى غەيرىي بەلگىلەرنى كۆرۈپ،
قورقۇنچقا چۈشسە،
سىلەرمۇ بۇلارنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتمەڭلار!
[3] چۈنكى بۇ ئەللەرنىڭ ئېتىقاد يوللىرى ئەھمىيەتسىزدۇر.
ئۇلار ئورمانلىقتىن بىر دەرەخنى كېسىدۇ،
ھۈنەرۋەن ئەسۋاب ئارقىلىق ئۇنى بۇت قىلىپ ياسايدۇ.
[4] ئۇنى كۈمۈش ۋە ئالتۇن بىلەن زىننەتلەيدۇ،
ئاندىن ئۇنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بولقا ۋە
مىخلارنى ئىشلىتىپ، ئۇنى مۇقىملايدۇ.
[5] بۇنداق بۇتلار قوغۇنلۇقتىكى قارانچۇقلارغا ئوخشايدۇ.
ئۇلار سۆزلىيەلمەيدۇ، ماڭالمايدۇ،
شۇڭا باشقىلار ئۇلارنى كۆتۈرۈپ يۆتكەيدۇ.
ئۇلاردىن قورقماڭلار، ئۇلار سىلەرنى زەخىملەندۈرەلمەيدۇ،

ئۇلارنىڭ سىلەرگە ياردەم قىلغۇدەك ھېچقانداق قۇدرىتى
يوق.»

6 مەن مۇنداق دېدىم:
«ئى پەرۋەردىگار، ساڭا ئوخشايدىغان ھېچقانداق ئىلاھ
يوقتۇر.
سەن ئۇلۇغسەن، سېنىڭ قۇدرىتىڭنىڭ سايىسىدە نامىڭمۇ
ئۇلۇغدۇر.
7 ئى بارلىق ئەللەرنىڭ پادىشاھى، كىممۇ سەندىن
ئەيمەنمىسۇن؟
چۈنكى سەن ھۆرمەتكە سازاۋەرسەن.
ئەللەر ئىچىدىكى دانا كىشىلەر ياكى پادىشاھلار بولسۇن،
ھېچكىم ساڭا ئوخشىمايدۇ.
8 بۇ ئەللەرنىڭ ئادەملىرى ئەخمەق ھەم دۆتتۇر،
ئۇلار ياغاچ بۇتلاردىن نېمىنى ئۆگىنەلەيدۇ؟
9 بۇ بۇتلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن كۈمۈش
تارشىشتىن،
ئالتۇن ئۇفاز زېمىنىدىن ئېلىپ كېلىنگەندۇر.
بۇ بۇتلار ياغاچچى ۋە زەرگەرلەرنىڭ قول ھۈنىرىدۇر.
ئۇلارغا كۆك ۋە سۆسۈن رەڭلىك كىيىملەر كىيگۈزۈلگەن
بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن
ياسالغاندۇر.
10 پەقەت پەرۋەردىگارلا ھەقىقىي خۇدادۇر.
ئۇ ھاياتتۇر، مەڭگۈلۈك پادىشاھتۇر.
ئۇ ئاچچىقلانغاندا يەر-زېمىن تىترەيدۇ.
ھېچقانداق ئەل ئۇنىڭ غەزىپىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

11 ئەي ئىسرائىل خەلقى، ئاشۇ ئەللەرگە مۇنداق دەپ
جاكارلاڭلار:
‹بۇ بۇتلار پۈتۈن ئالەمنى ياراتمىغان.

ئۇلار ئاسماننىڭ ئاستىدىكى زېمىندىن يوقىلىدۇ!›

12 پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن زېمىننى ياراتتى،
ئۆزىنىڭ دانالىقى بىلەن دۇنيانى بەرپا قىلدى،
شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەقلى بىلەن ئاسماننى يايدى.
13 ئۇ سۆزلىسە، ئاسمان گۈلدۈرلەپ يامغۇر ياغىدۇ.
ئۇ زېمىننىڭ چېتىدىن بۇلۇتلارنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىدۇ.
يامغۇر بىلەن چاقماقنى ئەۋەتىدۇ، ئامبىرىدىن شامالنى
قويۇپ بېرىدۇ.
14 ئۇنىڭ ئالدىدا بارلىق ئىنسانلار دۆت ۋە بىلىمسىزدۇر!
بارلىق ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ياسىغان بۇتلىرى ئۈچۈن
شەرمەندە بولىدۇ.
چۈنكى ئۇلارنىڭ ياسىغان بۇتلىرى بىر ئالدامچىلىقتۇر.
بۇ بۇتلارنىڭ تىنىقى يوقتۇر.
15 بۇ بۇتلار ئەرزىمەستۇر، ئۇلار مەسخىرىگە لايىقتۇر.
ئۇلارنىڭ ۋەيران بولىدىغان ۋاقىت-سائىتى باردۇر.
16 بىراق بىزنىڭ ئەجدادىمىز ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان خۇدا بۇ
بۇتلارغا ئوخشىمايدۇ.
ئۇ بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر.
بىز ئىسرائىل خەلقى ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇرمىز.
ئۇنىڭ نامى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگاردۇر.»

## ئاپەتنىڭ يېتىپ كېلىشى

17 ئى يېرۇسالېم خەلقى،
دۈشمەنلىرىڭلار سىلەرنىڭ تۆت ئەتراپىڭلارنى قورشاۋغا
ئالدى.
يۈك-تاقلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ، بۇ زېمىندىن كېتىشكە
تەييارلىنىڭلار.
18 چۈنكى پەرۋەردىگار: «مەن ھازىر بۇ زېمىندا
ياشاۋاتقانلارنى تاشلىۋەتمەكچى.

ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كۆلپەت ياغدۇرىمەن، تاكى ئۇلار ھېس
قىلىپ يەتكۈچە» دېدى.

19 مەن ۋارقىراپ مۇنداق دېدىم:
«ھالىمىزغا ۋاي، بىز يارىلاندۇق!
جاراھەتلىرىمىز ئېغىر!
بىز: ‹بۇ پەقەتلا بىر كېسەللىك،
ئۇنىڭغا چىدىيالايمىز!› دەپ ئويلىغانىدۇق.
20 بىراق بىزنىڭ چېدىرلىرىمىز بۇزۇۋېتىلدى.
ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرغان ئارغامچىلار ئۈزۈلدى.
بىزنىڭ بالىلىرىمىز كەتتى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ.
چېدىرلىرىمىزنى قايتا تىكلەپ،
كىگىز ياپىدىغانغا ئادەم قالمىدى.
21 بىزنىڭ يولباشچىلىرىمىز ئەخمەقتۇر، ئۇلار
پەرۋەردىگاردىن يېتەكلەشنى ئۆتۈنمەيدۇ.
شۇڭا ئۇلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، خەلقىمىز چېچىلىپ
كەتتى.
22 ئاڭلاڭلار، شەپە كېلىۋاتىدۇ!
شىمالدىكى زېمىندىن كۈچلۈك بىر قوشۇننىڭ
يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ.
ئۇلار كېلىپ يەھۇدىيە شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىدۇ.
بۇ زېمىنلار چىلبۆرىلەرنىڭ ماكانىغا ئايلىنىدۇ.»

## يەرەميانىڭ دۇئاسى

23 ئى پەرۋەردىگار، ماڭا مەلۇمكى، ھېچكىم ئۆز تەقدىرىگە
ئۆزى ئىگە ئەمەستۇر.
كىمنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىدىغان ئىشلارنى بەلگىلەشكە
قۇربى يەتسۇن؟
24 ئى پەرۋەردىگار، خەلقىڭنى تەربىيەلىگەيسەن،
بىراق بىزگە غەزەپلەنگىنىڭدە، بىزنى بەك قاتتىق
جازالىمىغايسەن،

بولمىسا بىز تۈگىشىمىز.
25 ساڭا ئېتىبار قىلمىغان ۋە ئىبادەت قىلمىغان ئەللەرگە
غەزىپىڭنى ياغدۇرغايسەن.
چۈنكى ئۇلار سېنىڭ خەلقىڭنى، يەنى ياقۇپنىڭ
ئەۋلادلىرىنى ۋەيران قىلدى.
ئۇلار خەلقىڭنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ، ئۆي-ماكانلىرىنى
خارابىلىككە ئايلاندۇردى.

## خەلقنىڭ ئەھدىنى بۇزۇشى

11 1 پەرۋەردىگار يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:
2 — مېنىڭ ئەجدادلىرىڭلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنىڭ
سۆزلىرىنى ئاڭلا ۋە ئۇلارنى يېرۇسالېم خەلقىگە، شۇنداقلا
يەھۇدىيەنىڭ خەلقىگە يەتكۈزگىن. 3 مەن پەرۋەردىگار، يەنى
ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ ئۇلارغا مۇنداق دېگەنلىكىنى
ئېيتقىن: «كىمكى بۇ ئەھدىگە رىئايە قىلمايدىكەن، ئۇ قارغىشقا
قالسۇن. 4 بۇ ئەھدە مەن سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارنى مىسىردىن،
يەنى تۆمۈر تاۋلاش ئوچىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققىنىمدا، ئۇلار
بىلەن تۈزگەن ئەھدىدۇر. مەن ئۇلارغا: ‹ئەگەر سىلەر ماڭا
ئىتائەت قىلىپ، پۈتۈن ئەمرلىرىمگە بويسۇنساڭلار، سىلەر مېنىڭ
خەلقىم بولىسىلەر، مەنمۇ سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن› دەپ
ئېيتقانىدىم. 5 مەن سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارغا سۈت ۋە ھەسەل
ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىننى ئاتا قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم،
مەن شۇ ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم. سىلەر بۈگۈن ياشاۋاتقان بۇ
زېمىن دەل شۇ زېمىندۇر».
مەن:
— بەرھەق، ئى پەرۋەردىگار، دېگىنىڭدەك بولسۇن! — دەپ
جاۋاب بەردىم.
6 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
— يەھۇدىيە شەھەرلىرى ۋە يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرىدا تۆۋەندىكى
سۆزلەرنى جاكارلىغىن:

«بۇ ئەھدىگە پۈتۈلگەن سۆزلەرگە قۇلاق سېلىڭلار، ئۇلارغا
ئەمەل قىلىڭلار! [7] چۈنكى مەن ئەجدادلىرىڭلارنى ماڭا ئىتائەت
قىلىشقا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردۇم. مەن ئۇلارنى مىسىردىن
ئېلىپ چىققان كۈندىن تارتىپ، تاكى بۈگۈنگىچە قايتا-قايتا
ئاگاھلاندۇردۇم. [8] لېكىن ئەجدادلىرىڭلار ماڭا ئىتائەت قىلمىدى،
سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىدى. ئۇلار قەلبلىرىدىكى رەزىل
نىيەتلىرىگە جاھىللارچە ئەگەشتى. ئۇلار مەن ئۇلارنى ئەمەل
قىلىشقا بۇيرۇغان ئەھدىدىكى سۆزلەرگە ئەمەل قىلمىغانلىقى
ئۈچۈن، ئەھدىدە يېزىلغان بارلىق قارغىشلار ئۇلارنىڭ بېشىغا
چۈشتى.»
[9] پەرۋەردىگار ماڭا يەنە مۇنداق دېدى:
— يەھۇدىيە خەلقى ۋە يېرۇسالېم خەلقى ماڭا قارشى چىقىپ،
ئاسىيلىق قىلدى! [10] ئۇلار مېنىڭ ئەمرلىرىمگە ئىتائەت قىلمىغان
ئاتا-بوۋىلىرىغا ئوخشاش ئەجدادلىرىنىڭ رەزىل يولىغا قايتىپ،
باشقا ئىلاھلارنى ئىزدەپ، ئۇلارغا چوقۇندى. ئىسرائىلىيە ۋە
يەھۇدىيە خەلقىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى
بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى بۇزدى. [11] شۇڭا مەن پەرۋەردىگار
ئۇلارغا مۇنداق دەيمەنكى، ئۇلارغا قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان
ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىمەن. ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ مەندىن
ياردەم سورىسىمۇ، ئىلتىجالىرىنى ئاڭلىمايمەن. [12] شۇنىڭ
بىلەن يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيەنىڭ باشقا جايلىرىدا ياشاۋاتقانلار
ئۆزلىرى قۇربانلىق سۇنغان ئاشۇ بۇتلىرىدىن يىغلاپ تۇرۇپ
ياردەم سورايدۇ. ئەمما بۇ بۇتلار ئۇلارنى بالايىئاپەتتىن
ھەرگىزمۇ قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. [13] ئەي يەھۇدىيەلىكلەر،
قانچىلىك شەھىرىڭلار بولسا، شۇنچىلىك بۇت ئىلاھىڭلار
بار. يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرى قانچە كۆپ بولسا، سىلەرمۇ
بائالنىڭ يىرگىنچلىك بۇتلىرى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ قۇربانلىق
سۇپىلىرىنى ياسىدىڭلار.
[14] ئەي يەرەميا، بۇ كىشىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلما! ئۇلارنىڭ
مەنپەئەتى ئۈچۈن ماڭا يېلىنىپ، ئىلتىجا قىلما! بالايىئاپەت بېشىغا

كەلگەندە، ئۇلار مەندىن ياردەم تىلەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سالمايمەن.

[15] مېنىڭ ئەزىز خەلقىم شۇنچىۋالا رەزىل ئىشلارنى قىلغان تۇرسا، يەنە ئىبادەتخانامغا كېلىشكە نېمە ھوقۇقى بار؟
ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان قۇربانلىقلىرى ئۇلارنى
ۋەيرانچىلىقتىن ساقلاپ قالالامدۇ؟
ئۇلار قىلغان رەزىللىكىدىن خۇشال بولىدىغان تۇرسا!
[16] مەن پەرۋەردىگار بۇرۇن ئۇلارنى «ياخشى مېۋە بېرىدىغان
بۈك-باراقسان زەيتۇن دەرىخى» دەپ ئاتىغانىدىم،
لېكىن ھازىر مەن ئۇلارنى دەھشەتلىك ئوتتا كۆيدۈرۈپ،
شاخلىرىنى قۇرۇتۇپ تاشلايمەن.

[17] مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۆزۈم ئۆستۈرگەن بۇ زەيتۇن دەرىخىنى ۋەيران قىلىشقا ئىرادە قىلدىم. چۈنكى ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە خەلقى بائالنىڭ بۇتلىرىغا قۇربانلىق قىلىشتەك رەزىل ئىشلارنى قىلىپ، غەزىپىمنى قوزغىدى.

## خەلقنىڭ يەرەميانى قەستلەشكە ئۇرۇنۇشى

[18] پەرۋەردىگار كىشىلەرنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى ماڭا ئاشكارىلىدى. [19] مەن خۇددى بوغۇزلاشقا ئېلىپ مېڭىلغان ياۋاش قوزىغا ئوخشاپ قالدىم. مەن ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىنى، يەنى ئۇلارنىڭ: «بۇ دەرەخنى كېسىپ، مېۋىلىرىنى كۆزدىن يوقىتايلى! كېلىڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، دۇنيادىن يوق قىلايلى، كىشىلەر ئۇنى ئۇنتۇپ كەتسۇن!» دېگەنلىكىنى بىلمەيتتىم.

[20] ئى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار،
سەن ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىسەن، كىشىلەرنىڭ قەلبى
ۋە ئويلىرىنى سىنايسەن.
مەن سېنىڭ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالغىنىڭنى كۆرەي، چۈنكى
مەن ساڭا ئەرز قىلىۋاتىمەن.

21 ئاناتوت شەھىرىدىكى بەزى كىشىلەر ماڭا ئۆلۈم تەھدىتى سېلىپ: «پەرۋەردىگار نامىدىن ۋەھىي يەتكۈزۈشنى توختات، بولمىسا بىز سېنى ئۆلتۈرىمىز!» دېدى. 22 شۇڭا قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
– مەن چوقۇم ئۇلارنى جازالايمەن! ئۇلارنىڭ يىگىتلىرى ئۇرۇشتا، باشقا پەرزەنتلىرى ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. 23 ئاناتوتتىكى ئاشۇ سۇيىقەستچىلەرنىڭ بىرسىمۇ ھايات قالمايدۇ. جازالايدىغان ۋاقىت كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ياغدۇرىمەن.

## يەرەميانىڭ شىكايىتى

12 1 ئى پەرۋەردىگار، مەن سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكىنىمدە،
سەن ھەر دائىم شۇنداق ئادىل بولۇپ كەلدىڭ.
شۇنداقتىمۇ، مەن سەن بىلەن يەنە ئادىللىقىڭ توغرىسىدا سۆزلەشمەكچىمەن.
نېمە ئۈچۈن رەزىل ئادەملەرنىڭ ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ؟
نېمە ئۈچۈن بارلىق سەممىيەتسىز كىشىلەر راھەت ياشايدۇ؟
2 سەن ئۇلارنى دەرەخكە ئوخشاش تىكتىڭ ھەمدە ئۇلار يىلتىز تارتىپ، ئۆسۈپ، مېۋە بەردى.
ئۇلار ئاغزىدىلا سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى سۆزلەيدۇ،
ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبلىرى سەندىن يىراق.
3 ئى پەرۋەردىگار، سەن مېنى بىلىسەن.
سەن مېنى كۆزىتىپ، ساڭا بولغان ئويلىرىمنى سىناپ تۇرىسەن.
بۇ رەزىل كىشىلەرنى خۇددى بوغۇزلىنىشقا ئېلىپ مېڭىلغان قويلاردەك سۆرەپ ئەكەتكەيسەن!
ئۇلارنىڭ قاچان ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەيسەن!
4 قاچانغىچە زېمىنىمىز قۇرغاقلىشىپ، دالالاردىكى ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ كېتىدۇ؟

بۇ زېمىندا ياشايدىغانلارنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن
ھايۋانلار ۋە قۇشلار ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ.
لېكىن بۇ كىشىلەر: «بىزنىڭ قىلغانلىرىمىزنى خۇدا
كۆرمەيدۇ» دەيدۇ.

## خۇدانىڭ جاۋابى

5 پەرۋەردىگار يەرەمىياغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
– ئەگەر سەن ئادەملەر بىلەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە
چۈشكەندە ھېرىپ قالساڭ،
ئۇنداقتا سەن قانداقمۇ ئاتلار بىلەن مۇسابىقىلىشەلەيسەن؟
ئەگەر سەن تۈز يەردە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشسەڭ،
ئىئوردان دەرياسىنى بويلاپ كەتكەن چاتقاللىقتا قانداق
ماڭالايسەن؟
6 ئۆز ئاكا-ئۇكىلىرىڭ ۋە ئائىلەڭدىكىلەرمۇ ساڭا خىيانەت
قىلدى،
ئۇلار ھەتتا سۈيىقەست ئويلاپ سېنى يوقاتماقچى بولدى.
شۇڭا ئۇلار ساڭا يېقىنچىلىق بىلەن گەپ قىلسىمۇ، ئۇلارغا
ئىشەنمىگىن.
7 مەن خەلقىمدىن ۋاز كېچىمەن.
«ئۆز خەلقىم» دەپ ئاتىغان خەلقنى تاشلىۋېتىمەن.
مەن ئەزىز خەلقىمنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇپ بېرىمەن.
8 «ئۆز خەلقىم» دەپ ئاتىغان بۇ خەلق ئورمانلىقتىكى
شىردەك ماڭا ئېتىلدى.
ئۇلار ماڭا قاراپ ھۆركىرىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلاردىن
نەپرەتلىنىمەن.
9 ئۆز خەلقىم خۇددى ياۋايى ئىتلار ياكى قۇزغۇنلارغا
ئوخشاش ماڭا ھۇجۇم قىلدى.
ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولجا ئىزدەپ يۈرگەن قاغا-قۇزغۇنلار
ئولاشتى.
پۈتكۈل ئەللەر ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاش يىغىلسۇن.

ئۇلار كېلىپ، بۇ خەلقىمنى يەۋەتسۇن!
10 نۇرغۇن يات ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مېنىڭ
ئۈزۈمزارلىقىمنى ۋەيران قىلدى،
زېمىنىمنى دەپسەندە قىلدى.
ئۇلار مېنىڭ گۈزەل زېمىنىمنى قاقاس چۆللەرگە
ئايلاندۇردى.
11 ئۇلار مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا زېمىنىمنى قاقاس، قۇرغاق
چۆللۈككە ئايلاندۇردى.
پۈتكۈل زېمىن چۆللىشىپ كەتتى، لېكىن ھېچكىمنىڭ
كارى بولمىدى.
12 دۈشمەننىڭ لەشكەرلىرى تاقىر تاغلاردىن ئۆتۈپ كېلىدۇ.
مەن پەرۋەردىگار بۇ قوشۇنلارنى قىلىچ قىلىپ ئىشلىتىمەن.
ئۇلار پۈتكۈل زېمىننى جازالايدۇ، ھېچكىم قېچىپ
قۇتۇلالمايدۇ.
13 مېنىڭ خەلقىم بۇغداي تېرىيدۇ، بىراق ئۇلار تىكەنلەردىن
ھوسۇل ئالىدۇ.
ئۇلار تاكى ھېرىپ چارچىغۇچە ئىشلەيدۇ، بىراق
ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.
ئۇلار مەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى تۈپەيلىدىن ھوسۇل
ئالالماي ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

14 مەن پەرۋەردىگار خەلقىمگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن زېمىنغا ھۇجۇم قىلغان رەزىل قوشنا ئەللەر توغرىسىدا مۇنداق دەيمەنكى، مەن بۇ ئەللەرنى ئۆزلىرىنىڭ زېمىنلىرىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىمەن، شۇنداقلا ئۇ يەرلەرگە ئېلىپ كېتىلگەن يەھۇدىيە خەلقىنى ئازاد قىلىمەن. 15 بىراق مەن بۇ قوشنا ئەللەرنى ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن، يەنىلا ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىمەن. ئۇلارنى ئۆز زېمىنلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىمەن. مەن ھەربىر ئەل خەلقىنى ئۆز زېمىنىغا قايتۇرىمەن. 16 بۇ ئەللەر ئىلگىرى خەلقىمگە بۇت بائالنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشنى ئۆگەتتى. ئەگەردە بۇ ئەللەر خەلقىمگە ئوخشاش ماڭا ھەقىقىي ئىبادەت

قىلىشنى ئۈگەنسە، ھەمدە مېنىڭ نامىمدىن: «مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدۇق» دەيدىغان بولسا، ئۇلارنى خەلقىمنىڭ ئارىسىدا گۈللەندۈرىمەن. [17] ئەمما ھەرقانداق ئەللەر سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىسا، مەن ئۇلارنى يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلاپ، ۋەيران قىلىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

## پوتا توغرىسىدىكى تەمسىل

13 [1] پەرۋەردىگار ماڭا:
- سەن بېرىپ، زىغىر رەخت سېتىۋېلىپ، ئۇنى بېلىڭگە پوتا قىلىپ باغلىغىن. ئۇنى سۇغا تەگكۈزۈپ قويمىغىن، - دېدى.
[2] شۇنىڭ بىلەن مەن پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنى بويىچە زىغىر رەخت سېتىۋالدىم، ھەمدە ئۇنى بېلىمگە باغلىدىم.
[3] ئاندىن پەرۋەردىگار يەنە ماڭا:
[4] - سەن بېلىڭگە باغلىۋالغان پوتىنى ئېلىپ، فاراھ دەرياسى بويىغا بارغىن. ئۇنى ئۇ يەردىكى تاشلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغىن، - دېدى.
[5] مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە فاراھ دەرياسى بويىغا بېرىپ، ئۇنى يوشۇرۇپ قويدۇم.
[6] نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، پەرۋەردىگار ماڭا:
- فاراھ دەرياسى بويىغا بېرىپ، مەن ساڭا يوشۇرۇپ قويۇشنى ئېيتقان ھېلىقى پوتىنى ئېلىپ كەلگىن، - دېدى.
[7] مەن فاراھ دەرياسى بويىغا بېرىپ، ھېلىقى پوتىنى يوشۇرۇپ قويغان جايدىن ئالدىم. لېكىن ئۇ پوتا چىرىپ كەتكەن بولۇپ، ھېچنېمىگە ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقىدىم.
[8] شۇ چاغدا پەرۋەردىگاردىن ماڭا ۋەھىي كەلدى. [9] ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:
- مەن يەھۇدىيەنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى ۋە يېرۇسالېمنىڭ ئۇچىغا چىققان مەغرۇرلۇقىنى مۇشۇ پوتىدەك چىرىتىمەن. [10] بۇ رەزىل خەلق مېنىڭ تەلىملىرىمگە بويسۇنۇشنى رەت قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامان نىيەتلىرىگە جاھىللىق بىلەن ئەگىشىپ ماڭدى.

باشقا ئىلاھلارنى ئىزدەپ، ئۇلارغا چوقۇندى ۋە سەجدە قىلدى. شۇڭا ئۇلار بۇ پوتىغا ئوخشاش ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. [11] مەن پوتكول ئىسرائىلىيە خەلقى ۋە يەھۇدىيە خەلقىنى ئۆزۈمگە ئەڭ يېقىن خەلق قىلىپ تاللىدىم. بۇ خۇددى پوتىنىڭ ئادەم بەدىنىگە چىڭ يېپىشىپ تۇرغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ ئەزىز خەلقى قىلسام، ئۇلار ماڭ شان-شەرەپ، مەدھىيە ۋە ھۆرمەت كەلتۈرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما ئۇلار ماڭا ئىتائەت قىلىشنى خالىمىدى.

[12] شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا مۇنداق دەپ ئېيتقىن: «ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدا مۇنداق دەيدۇ: ‹بارلىق شاراب ئىدىشلىرى شاراب بىلەن تولدۇرۇلىدۇ›». ئۇلار بەلكىم ساڭا: «بىزنى شاراب ئىدىشلىرىنىڭ شاراب بىلەن تولدۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلامسەن؟» دېيىشى مۇمكىن. [13] ئاندىن ئۇلارغا مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئېيتقىن: «مەن پات ئارىدا بۇ زېمىندا ياشىغان پۈتۈن خەلقنى غەرق مەست قىلىۋېتىمەن. داۋۇتنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان پادىشاھلاردىن تارتىپ تاكى روھانىيلار، پەيغەمبەرلەر ۋە يېرۇسالېمنىڭ پۈتۈن خەلقىگىچە قاتتىق مەست قىلىمەن. [14] ئاندىن مەن ئۇلارنى خۇددى شاراب ئىدىشلىرى بىر-بىرىگە سوقۇلغاندەك، بىر-بىرىگە سوقىمەن. ئاتا-ئانا ۋە باللارنىمۇ شۇنداق قىلىمەن. ئۇلارغا ھېچقانداق ھېسداشلىق قىلمايمەن، ئىچ ئاغرىتمايمەن ۋە شەپقەت كۆرسەتمەيمەن. ھېچقانداق نەرسە مېنىڭ ئۇلارنى ۋەيران قىلىشىمنى توسۇپ قالالمايدۇ. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## سۈرگۈن قىلىنىش ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش

[15] مەن يەرەمىيا يەھۇدىيە خەلقىگە مۇنداق دېدىم:
«قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار، ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار!
چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرگە شۇنداق دېگەن.
[16] پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا سىلەرنى زۇلمەتكە دۇچار قىلىپ،
قاراڭغۇ تۈنلەردە تاغلاردا پۇتلاشتۇرۇپ يىقىتىشتىن بۇرۇن
ئۇنى ئۇلۇغلاڭلار.

بولمىسا سىلەر يورۇقلۇق ئىزدىگىنىڭلاردا، پەقەت زۇلمەت
قاراڭغۇلۇقتا قالىسىلەر.
17 ئەگەر سىلەر يەنىلا سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىساڭلار،
سىلەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇقۇڭلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ پىنھان
يىغلايمەن،
قاتتىق يىغلايمەن، كۆزلىرىم ئازاب ياشلىرىغا تولىدۇ.
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى سۈرگۈن بولۇپ كېتىدۇ.»

18 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
«پادىشاھ ۋە خان ئانىسىغا مۇنداق دەپ ئېيتقىن:
‹تەختلىرىڭلاردىن چۈشۈڭلار،
چۈنكى سىلەرنىڭ بۈيۈك تاجلىرىڭلار بېشىڭلاردىن
يۆتكىلىدۇ.
19 نەگىب چۆللۈكىدىكى شەھەرلەر دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىدا
قېلىپ، دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ.
ھېچكىم بۇ شەھەرلەرگە كىرەلمەيدۇ.
بارلىق يەھۇدىيە خەلقى ئەسىرگە ئېلىنىپ، سۈرگۈن
قىلىنىدۇ›».

20 مەن يەرەميا مۇنداق دېدىم:
«ئەي يېرۇسالېم، كۆزۈڭنى ئاچ!
شىمالدىن كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى كۆر!
ساڭا ھاۋالە قىلىنغان پادىلار، يەنى سېنىڭ خەلقىڭ ھازىر
قەيەردە؟
سەن شۇنچە پەخىرلەنگەن ئاشۇ خەلقىڭچۇ؟
21 پەرۋەردىگار سەن ‹دوستۇم› دەپ قارىغان ئاشۇ ئادەملەر
ئارقىلىق سېنى باشقۇرسا، سەن نېمە دەيسەن؟
سەن تولغىقى تۇتقان ئايالدەك ئازابلانىمامسەن؟
22 سەن بەلكىم ئۆزۈڭدىن: ‹نېمە ئۈچۈن بۇ كەلگۈلۈكنىڭ
ھەممىسى ماڭا كېلىدۇ؟› دەپ سورايسەن.
گۇناھلىرىڭنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن شۇنداق بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىيىملىرىڭ يىرتىلىپ، دەپسەندە
قىلىندىڭ.
23 بىر ئېفىيوپىيەلىك تېرىسىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟
يىلپىز ئۆزىنىڭ تاغىل رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟
ياق، سىلەرمۇ ھەممىشە رەزىل ئىش قىلىشقا
ئادەتلەنگىنىڭلار ئۈچۈن،
ياخشى ئىش قىلىشنى ئۆگىنەلمەيسىلەر.
سىلەر ھەممىشە رەزىل ئىش قىلىسىلەر.»

24 پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىگە مۇنداق دېدى:
«مانا بۇ سىلەرنى چۆل شاملى پاخالنى چېچىۋەتكەندەك
چېچىۋېتىشىمنىڭ سەۋەبىدۇر.
25 بۇ سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلاردۇر،
مەن ئۇنى پېشانەڭلارغا پۈتتۈم.
چۈنكى سىلەر مېنى ئۇنتۇپ، بۇت ئىلاھلارغا چوقۇندۇڭلار.
26 مەن سىلەرنىڭ كىيىملىرىڭلارنى يىرتىپ تاشلايمەن.
ئۇياتلىق يېرىڭلار ئېچىلىپ قالىدۇ.
27 مەن سىلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلغىنىڭلارنى
كۆردۈم.
مەن سىلەرنىڭ دالالاردا بۇزۇقچىلىق قىلغىنىڭلارنى،
خۇددى شەھۋانىي ئەرنىڭ يات بىر ئايالنى ئىزدىگىنىدەك،
ياكى ئايغىرنىڭ بايتالنى ئىزدىگىنىدەك،
بۇت ئىلاھلىرىڭلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارغا
چوقۇنغىنىڭلارنى كۆردۈم.
ئەي يېرۇسالېم، ھالىڭغا ۋاي، قاچانغىچە مۇشۇنداق
بۇلغىنىپ يۈرىسەن؟»

## يەھۇدىيەدىكى قۇرغاقچىلىق

14 1 بۇ يەرەمىياغا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى توغرىسىدا پەرۋەردىگاردىن
كەلگەن ۋەھىيدۇر:

2 «يەھۇدىيە قايغۇ-ھەسرەت چېكىدۇ، ئۇنىڭ شەھەرلىرى
سەكراتقا چۈشىدۇ.
ئۇنىڭ خەلقى ئازابلىنىپ ياتىدۇ، يېرۇسالېم ياردەم سوراپ
نالە قىلىدۇ.
3 بايلار خىزمەتكارلىرىنى سۇغا ئەۋەتىدۇ.
ئۇلار قۇدۇقلارغا بارىدۇ، ئەمما سۇ تاپالماي،
ئىدىشلىرى قۇرۇق ھالدا قايتىپ كېلىدۇ.
ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ، ئازابلىنىپ، باشلىرىنى
چاڭگاللىشىدۇ.
4 زېمىندا يامغۇر ياغمىغانلىقتىن، يەرلەر يېرىلىدۇ.
دېھقانلار ئۈمىدسىزلىنىپ، باشلىرىنى چاڭگاللىشىدۇ.
5 ماراللارمۇ دالالاردا ئوت-چۆپلەر بولمىغانلىقتىن،
يېڭى تۇغۇلغان باللىرىنى تاشلىۋېتىدۇ.
6 ياۋايى ئېشەكلەر ئۇسساپ كەتكەن، تاقىر تاغلىقلاردا
چىلبۆرىلەردەك ھاسىرايدۇ.
ئۇلار ئوت-چۆپ ئىزدەيدۇ، لېكىن ھېچنېمە تاپالمايدۇ،
ھالسىزلىقتىن كۆزلىرى خىرەلىشىدۇ.»

7 مەن مۇنداق دېدىم:
«ئى پەرۋەردىگار، گەرچە گۇناھلىرىمىز بىزگە قارشى
گۇۋاھلىق بەرسىمۇ،
نام-شەرىپىڭ ئۈچۈن بىزگە ياردەم بەرگىن.
بىز ھەقىقەتەن سەندىن قايتا-قايتا يۈز ئۆرۈدۇق،
ساڭا قارشى گۇناھ قىلدۇق.
8 سەن ئىسرائىلىيەنىڭ ئۈمىدى،
قىيىنچىلىق مەزگىللەردە بىزنى قۇتقۇزدۇڭ.
لېكىن ھازىر نېمىشقا زېمىنىمىزدا يات ئادەمدەك
تۇرىسەن،
نېمە ئۈچۈن پەقەت بىر ئاخشاملا قونىدىغان يولۇچىدەك
بولۇۋالىسەن؟

9 ئى پەرۋەردىگار، نېمىشقا قايمۇققان ئادەمگە ئوخشاپ
قالدىڭ؟
نېمىشقا ئادەم قۇتقۇزالمايدىغان جەڭچىگە ئوخشايسەن؟
سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئارىمىزدىدۇرسەن،
بىزمۇ ساڭا مەنسۇپتۇرمىز.
بىزدىن ۋاز كەچمىگىن!»

10 پەرۋەردىگار بۇ خەلق توغرىسىدا ماڭا مۇنداق دېدى:
«ئۇلار مەندىن يىراقلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ،
ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقۇرالمايدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارنى ئەمدى ئۆز خەلقىم دەپ قوبۇل
قىلمايمەن.
ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ،
گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالايمەن.»

11 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
– بۇ خەلق ئۈچۈن دۇئا قىلما. 12 ئۇلار روزا تۇتقان تەقدىردىمۇ،
ئىلتىجالىرىنى ئاڭلىمايمەن. ئۇلارنىڭ ماڭا ئاتىغان كۆيدۈرمە
قۇربانلىقلىرىنى ۋە ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلمايمەن.
ئەكسىچە، مەن ئۇلارنى ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە ۋابا بىلەن ۋەيران
قىلىمەن.
13 مەن مۇنداق دېدىم:
– ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا:
«ئۇرۇش ۋە ئاچارچىلىق بېشىڭلارغا كەلمەيدۇ. پەرۋەردىگار
سىلەرگە بۇ زېمىندا ئەبەدىي تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلىدۇ» دەۋاتىدۇ.
14 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
– بۇ پەيغەمبەرلەر مېنىڭ نامىم بىلەن يالغان سۆزلەۋاتىدۇ. مەن
ئۇلارنى سۆزلەشكە ئەۋەتمىدىم ياكى سۆزلەشكە بۇيرۇمىدىم. مەن
ئۇلارغا ھېچقانداق ۋەھيي چۈشۈرمىدىم. ئۇلار خۇدا تەرىپىدىن
غايىبانە ئالامەت كۆرستىلگەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ ۋە يوز بېرىدىغان
ئىشلار ھەققىدە ئالدىن بېشارەت بېرىشىدۇ، لېكىن بۇلار يالغاندۇر.

ئۇلار پەقەت ئۆز ئىچىدىن ئويلاپ تاپقان يالغان ئىشلارنى سۆزلەيدۇ. [15] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پەرۋەردىگار ئېيتىمەنكى، مەن ئۇلارغا ھېچقانداق ۋەھىي چۈشۈرمىسەممۇ، لېكىن مېنىڭ نامىم بىلەن سۆزلىگەن بۇ يالغانچى پەيغەمبەرلەرنى جازالايمەن. ئۇلار: «ئۇرۇش ۋە ئاچارچىلىق كەلمەيدۇ» دەيدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇرۇش ۋە ئاچارچىلىقتا ئۆلىدۇ! [16] ئۇلارنىڭ ۋەھىيلىرىگە قۇلاق سالغانلارمۇ ئۇرۇش ۋە ئاچارچىلىقنىڭ قۇربانلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى يېرۇسالېم كوچىلىرىغا تاشلىنىدۇ. ھېچكىم ئۇلارنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاياللىرى، ئوغۇل-قىزلىرىنىمۇ دەپنە قىلمايدۇ. مەن ئۇلارغا ۋەيرانچىلىق ياغدۇرىمەن، چۈنكى ئۇلار شۇنىڭغا لايىق.

[17] پەرۋەردىگار خەلقىمگە ئۆز دەردىمنى تۆكۈشۈمنى بۇيرۇدى، شۇڭا مەن مۇنداق دېدىم:
«كۆزلىرىمدىن كېچە-كۈندۈز توختىماي ياش ئاقتى.
چۈنكى ئۆز قىزىمدەك قەدىرلىك بولغان خەلقىم
جاراھەتلەندى.
ئۇلار ئېغىر يارىلاندى.
[18] ئېتىزلىقلاردا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن
كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرىمەن.
شەھەر كوچىلىرىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنى
كۆرىمەن.
پەيغەمبەرلەر ۋە روھانىيلار خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا،
لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى
بىلمەيدۇ.

[19] ئى پەرۋەردىگار، سەن يەھۇدىيەنى پۈتۈنلەي
تاشلىۋەتتىڭمۇ؟
سەن سىئون خەلقىدىن نەپرەتلىنەمسەن؟
نېمە ئۈچۈن بىزنى ساقايغىلى بولمايدىغان ھالەتتە ئېغىر
يارىلاندۇرىسەن؟

بىز تىنچلىقنى ئىزدىدۇق، لېكىن ھېچبىر ياخشى ئىش
يۈز بەرمىدى.
ساقىيىشنى ئۈمىد قىلدۇق، ئەمما ۋەھىمىدە قالدۇق.
20 ئى پەرۋەردىگار، بىز رەزىللىكلىرىمىزنى بويىنىمىزغا
ئالىمىز،
ئەجدادلىرىمىزنىڭ رەزىللىكلىرىنىمۇ ئىقرار قىلىمىز.
بىز ساڭا قارشى گۇناھ سادىر قىلدۇق.
21 ئۆز نام-شەرىپىڭ ئۈچۈن بىزدىن يۈز ئۆرۈمىگىن.
سېنىڭ شان-شەرەپلىك تەختىڭ جايلاشقان يەرنى نومۇستا
قالدۇرمىغىن.
بىز بىلەن تۈزگەن ئەھدەڭنى ئەسلىگىن، ئەھدەڭنى
بۇزمىغىن.
22 يات ئەللەرنىڭ ئەرزىمەس بۇتلىرى يامغۇر ياغدۇرالامدۇ؟
ئاسماندىن ئۆزلۈكىدىن يامغۇر ياغامدۇ؟
ياق، پەقەت بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز خۇدا سەنلا شۇنداق
قىلالايسەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۈمىدىمىز سەندە،
چۈنكى پەقەت سەنلا ھەممىگە قادىرسەن!»

## يەھۇدىيە خەلقىنىڭ ھالاكىتى

15 1 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
— ئەگەر مۇسا بىلەن سامۇئىل ئالدىمدا تۇرۇپ، بۇ
خەلق ئۈچۈن ماڭا ئىلتىجا قىلسىمۇ، بۇ خەلققە ھېچقانداق
مېھىر-شەپقەت كۆرسەتمەيتتىم. بۇ خەلق كەتسۇن، كۆزۈمدىن
يوقالسۇن! 2 ئەگەر ئۇلار سەندىن نەگە كېتىشلىرى كېرەكلىكىنى
سورىسا، ئۇلارغا مۇنداق دەپ ئېيتقىن:
«كېسەل بىلەن ئۆلۈشكە بۇيرۇلغانلار كېسەل تارتىپ
ئۆلىدۇ!
ئۇرۇشتا ئۆلۈشكە بۇيرۇلغانلار ئۇرۇشتا ئۆلىدۇ!
ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈشكە بۇيرۇلغانلار ئاچارچىلىقتىن
ئۆلىدۇ!

سۇرگۈن بولۇشقا بۇيرۇلغانلار سۇرگۈن بولىدۇ!»
3 مەن ئۇلارنى ئوخشىمىغان تۆت خىل ئاپەت بىلەن جازالايمەن:
مەن ئۇرۇش قوزغاپ ئۇلارنى هالاك قىلىمەن. جەسەتلىرىنى
ئىتلارغا تالىتىمەن. قاغا-قۇزغۇنلار ۋە ياۋايى هايۋانلار ئۇلارنىڭ
جەسەتلىرىنى تىتىپ يەيدۇ. 4 يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل پادىشاھلىقلار
ئىسرائىل خەلقى دۇچار بولغان پاجىئەلەرنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ
كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيە پادىشاھى خىزكىيانىڭ
ئوغلى ماناسسەنىڭ يېرۇسالېمدا قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن
بولىدۇ.
5 ئى يېرۇسالېم، كىم ساڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ؟
كىم سەن ئۈچۈن هازا تۇتىدۇ؟
كىم ئاۋارە بولۇپ ئەھۋالىڭنى سورايدۇ؟
6 مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دەپ ئېيتىمەنكى،
سەن مەندىن ۋاز كېچىپ، يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭ ئۈچۈن،
ساڭا قارشى قولۇمنى كۆتۈرۈپ، سېنى ۋەيران قىلىمەن.
ساڭا شەپقەت قىلىپ چارچىدىم.
7 مەن ھەممە شەھەرلەردە خەلقىمنى بۇغداي سورۇغاندەك
سورۇۋېتىمەن.
ئۇلارنى باللىرىدىن جۇدا قىلىمەن.
مەن ئۆز خەلقىمنى ۋەيران قىلماقچى،
چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل يوللىرىدىن قايتمىدى.
8 تۇل ئاياللار دېڭىز ساھىلىدىكى قۇملاردىنمۇ كۆپ بولىدۇ.
مەن چىڭقى چۈشتە هالاك قىلغۇچىنى ئەۋەتىپ، ياشلارنى
هالاك قىلىمەن،
ئۇلارنىڭ ئانىلىرىغا تۇيۇقسىز دەرد-ئەلەم ۋە قورقۇنچ
سالىمەن.
9 يەتتە بالىسى بار ئانا هالسىزلىنىدۇ.
ئۇنىڭ كۆڭلىرى زۇلمەتكە ئايلىنىدۇ،
ئۇلار خورلىنىپ، شەرمەندە بولىدۇ.
هايات قالغانلارنى دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قىلىچىغا تاپشۇرۇپ
بېرىمەن.

مانا بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

## يەرەميانىڭ شىكايىتى

10 مەن پەرۋەردىگارغا مۇنداق دېدىم:
«ھالىمغا ۋاي! نېمە ئۈچۈن ئانام مېنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە
قىلغاندۇ؟
بۇ زېمىندىكى خەلقنىڭ ھەممىسى ماڭا قارشى چىقىپ،
مەن بىلەن جېدەل قىلىدۇ.
مەن ھېچكىمگە قەرز بەرمىگەن ۋە ھېچكىمدىن قەرز
ئالمىغانىدىم.
لېكىن ھەممە ئادەم مېنى قارغىشىدۇ.»

11 پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:
«ئەي يەرەميا، ھالىڭدىن مەن خەۋەر ئالىمەن.
دۈشمەنلىرىڭ قىيىنچىلىق ۋە بالايىئاپەتكە ئۇچرىغاندا،
يېنىڭغا كېلىپ، سەندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ يالۋۇرىدۇ.
12 ئى يەھۇدىيە خەلقى، سىلەر تۆمۈر ۋە تۇچنى
سۇندۇرالامسىلەر؟
كىم شىمالدىن كېلىۋاتقان تۆمۈر ۋە تۇچنى سۇندۇرالايدۇ؟
13 سىلەرنىڭ بايلىق ۋە مال-مۈلكۈڭلارنى ئۈلارغا ئولجا
قىلىپ بېرىۋېتىمەن.
سىلەرنىڭ بۇ زېمىندا قىلغان پۈتكۈل گۇناھىڭلار
تۈپەيلىدىن ئۇ نەرسىلەرنى بىكارغا بېرىۋېتىمەن.
14 مەن سىلەرنى سىلەر ئاڭلاپ باقمىغان بىر زېمىندا
دۈشمەنلىرىڭلارغا قۇل قىلىپ بېرىمەن.
چۈنكى غەزىپىم تېشىپ، ئوت بولۇپ ياندى، ئەمدى ئۇ
سىلەرنى كۆيدۈرىدۇ.»

15 مەن مۇنداق دېدىم:
«ئى پەرۋەردىگار، ماڭا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى
بىلىسەن،

مېنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويمىغايسەن ۋە ماڭا ياردەم
قىلغايسەن.
ماڭا زىيانكەشلىك قىلغانلاردىن قىساس ئالغايسەن.
ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا كەڭچىلىك قىلىپ، مېنى ئۆلتۈرۈشكە
يول قويمىغايسەن!
ئېسىڭدە بولسۇنكى، مېنىڭ بۇنداق ئازابلارنى تارتىشىم
سەن ئۈچۈندۇر.
16 ئى پەرۋەردىگار، قۇدرەتلىك سەردار خۇدا،
سەن ماڭا گەپ قىلساڭ، مەن گېپىڭنى يېدىم،
قەلبىم خۇشاللىق ۋە بەختكە تولدى.
چۈنكى مەن ساڭا مەنسۇپمەن،
17 كىشىلەر تويلىشىپ، خۇشال بولۇپ ئوينىغاندا، مەن
ئەزەلدىن ئۇلارغا قوشۇلمىدىم.
مەن قولۇڭنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانلىقىم ئۈچۈن يالغۇز
ئولتۇردۇم.
سەن مېنى بۇ كىشىلەرگە قارشى غەزەپكە تولدۇردۇڭ.
18 نېمە ئۈچۈن مەن دائىم ئازاب چېكىمەن؟
نېمىشقا يارىلىرىمنى ساقايتمايسەن؟ نېمىشقا ئۇلار
ساقايمايدۇ؟
سەن يازدا قۇرۇپ كېتىدىغان ئېرىققا ئوخشاش مېنى
ئۈمىدسىزلەندۈرمەكچىمۇ؟»

19 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
«ئەگەر توۋا قىلساڭ، مەن سېنى ئەسلىڭگە قايتۇرۇپ،
ماڭا خىزمەت قىلالايدىغان قىلىمەن.
ئەگەر سەن قۇرۇق گەپ قىلماي، مېغىزلىق گەپ قىلساڭ،
يەنىلا سەن مېنىڭ سۆزلىرىمنى يەتكۈزگۈچى بولالايسەن.
ئۇ چاغدا كىشىلەر سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، سۆزۈڭنى
ئاڭلايدىغان بولىدۇ،
سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارمايسەن.

20 مەن سېنى بۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مۇستەھكەم تۇچ تامغا
ئوخشاش قىلىمەن.
ئۇلار سەن بىلەن جېدەللىشىدۇ، ئەمما يېڭەلمەيدۇ.
چۈنكى مەن ساڭا يار بولۇپ، سېنى قوغدايمەن ۋە
قۇتقۇزىمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
21 مەن سېنى رەزىللەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىمەن
ۋە زوراۋانلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىمەن.»

## پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقىنى جازالىشى

16 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[2] − بۇ يەردە توي قىلىپ بالىلىق بولمىغىن. [3] چۈنكى
مەن پەرۋەردىگار ساڭا بۇ زېمىندا تۇغۇلغان بالىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ
ئاتا-ئانىلىرىغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن. [4] ئۇلار
ئەجەللىك كېسەللەر بىلەن ئۆلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرغۇدەك
ئادەم قالمايدۇ، ئۇلار دەپنە قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى
خۇددى ئېتىزغا چېچىلغان گەندىدەك ھەممە يەردە چېچىلىپ
ياتىدۇ. ئۇلار ئۇرۇشتا ياكى ئاچارچىلىقتا ئۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ
جەسەتلىرى قاغا-قۇزغۇنلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا يەم بولىدۇ.
[5] پەرۋەردىگار ماڭا يەنە مۇنداق دېدى:
− ئۇلار دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۆيگە كىرمىگىن ۋە ئۇلار
ئۈچۈن قايغۇرۇپ ماتەم تۇتمىغىن. چۈنكى مەن بۇ كىشىلەرگە
بەرگەن ئامانلىقىم ۋە مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىمنى ئېلىپ كېتىمەن
ۋە ئۇلارغا ئەمدى رەھىمدىل بولمايمەن. [6] بۇ زېمىندىكى بايلارمۇ،
كەمبەغەللەرمۇ ئوخشاشلا ئۆلىدۇ. لېكىن ئۇلار دەپنە قىلىنمايدۇ
ياكى ئۇلارغا ماتەم تۇتۇلمايدۇ. كىشىلەر ئۇلار ئۈچۈن بەدەنلىرىنى
تىلىپ ياكى چاچ-ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ، قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى
ئىپادىلىمەيدۇ. [7] ھېچكىم ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ماتەم تۇتقانلارغا
تاماق ئەكېلىپ، تەسەللى بەرمەيدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى
تۈگەپ كەتسىمۇ، ھېچكىم ئۇلارغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن
شاراب بەرمەيدۇ.

[8] زىياپەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۆيلەرگە كىرمىگىن ھەمدە ئۇلار
بىلەن يەپ-ئىچىپ ئولتۇرمىغىن. [9] چۈنكى مەن قۇدرەتلىك
سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا ساڭا نېمە
ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن. سەن ھايات چاغدا،
كۆز ئالدىڭدىلا بۇ زېمىندىكى خۇشاللىق ۋە كۈلكە ئاۋازلىرىنى
يوقىتىمەن. تويى بولغان قىز-يىگىتلەرنىڭ شادلىق كۈلكىلىرىمۇ
يوق بولىدۇ.
[10] سەن كىشىلەرگە يۈز بېرىدىغان بۇ ئىشلارنى ئېيتىپ
بەرگىنىڭدە، ئۇلار سەندىن: «نېمە ئۈچۈن پەرۋەردىگار بىزنى بۇ
بالايىئاپەتلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ؟ بىز نېمىنى خاتا قىلدۇق؟
بىز پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا قارشى قانداق گۇناھ ئۆتكۈزدۇق؟»
دەپ سورايدۇ.
[11] سەن ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دەپ ئېيتقىن: «پەرۋەردىگار
سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ‹سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار مەندىن يۈز
ئۆرۈپ، باشقا ئىلاھلارنى ئىزدىدى، ئۇلارغا چوقۇنۇپ، سەجدە
قىلدى، مەندىن يۈز ئۆرۈپ، قانۇنلىرىمغا بويسۇنمىدى. [12] سىلەرنىڭ
گۇناھلىرىڭلار ھەتتا ئەجدادلىرىڭلارنىڭ گۇناھلىرىدىنمۇ
ئېشىپ كەتتى! سىلەر سۆزلىرىمگە قۇلاق سالماي، ئۆزۈڭلارنىڭ
يامان نىيەتلىرىگە جاھىللارچە ئەگىشىپ ماڭدىڭلار. [13] شۇڭا
مەن سىلەرنى بۇ زېمىندىن قوغلاپ، سىلەر بىلمەيدىغان،
ھەتتا ئەجدادلىرىڭلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان باشقا بىر زېمىنغا
ئاپىرىپ تاشلايمەن. ئۇ يەردە سىلەر كېچە-كۈندۈز بۇت
ئىلاھلارغا چوقۇنىسىلەر. چۈنكى مەن سىلەرگە رەھىم-شەپقەت
قىلمايمەن.›»

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى

[14] — لېكىن مەن پەرۋەردىگار شۇنى ئېيتىمەنكى، شۇنداق بىر
كۈن چوقۇم كېلىدۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەر قەسەم قىلغاندا: «ئىسرائىل
خەلقىنى مىسىر زېمىنىدىن قۇتقۇزۇپ چىققان مەڭگۈ ھايات
پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن...» دېمەيدىغان بولىدۇ، [15] بەلكى
ئۇنىڭ ئورنىغا: «ئىسرائىل خەلقىنى شىمالدىكى زېمىنلاردىن

ۋە ئۆزى سۇرگۈن قىلغان باشقا بارلىق ئەللەردىن ئۆز زېمىنىغا قايتۇرۇپ كەلگەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن...» دەيدىغان بولىدۇ. چۈنكى مەن ئۇلارنى ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلغان بۇ زېمىنغا قايتۇرۇپ كېلىمەن.

[16] لېكىن مەن پەرۋەردىگار يەنە شۇنداق دەپ ئېيتىمەنكى، مەن ھازىر بۇ خەلققە نۇرغۇن دۈشمەنلەرنى ئەۋەتىمەن، ئۇلار خەلقىمنى خۇددى بېلىقچىلار بېلىق تۇتقاندەك تۇتىدۇ. مەن يەنە خەلقىمنى ئوۋلايدىغان ئوۋچىلارنى ئەۋەتىمەن. ئۇلار خەلقىمنى مۇشۇ زېمىندىكى بارلىق تاغلاردىن، تۆپىلىكلەردىن، قورام تاشلارنىڭ ئارىلىرىدىن ئوۋلايدۇ. [17] چۈنكى مەن خەلقىم قىلغان بارلىق ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن. ئۇلارنىڭ رەزىل يوللىرى ماڭا يوشۇرۇن ئەمەس، ئۇلار گۇناھلىرىنى مەندىن يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. [18] مەن ئۇلارنى ئۆز رەزىللىكلىرى ۋە گۇناھلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە ئارتۇق جازالايمەن. چۈنكى ئۇلار ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان جانسىز بۇتلىرى بىلەن مېنىڭ زېمىنىمنى بۇلغىدى. ئۇلار ماڭا تەئەللۇق بولغان بۇ زېمىننى ئۆزلىرىنىڭ يىرگىنچلىك بۇتلىرى بىلەن تولدۇردى.

[19] ئاندىن مەن دېدىم:

«ئى پەرۋەردىگار، سەن مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىم ۋە
قورغىنىمدۇرسەن، قىيىنچىلىق كۈنلەردىكى
پاناھگاھىمسەن!
زېمىننىڭ ئەڭ يىراق چېتىدىن كەلگەن خەلقلەر ساڭا
كېلىپ:
‹ئەجدادلىرىمىزنىڭ ساختا ئىلاھلىرى ۋە كېرەكسىز
بۇتلىرىدىن باشقا ھېچنېمىسى بولمىغاندى.
[20] خەلق ئۆزلىرىنىڭ خۇدالىرىنى ياسىيالامدۇ؟
ياق، مۇمكىن ئەمەس! ئۇلارنىڭ ياسىغانلىرى ھەرگىز خۇدا
ئەمەس› دەيدۇ.»
[21] پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:
«شۇڭا مەن ئۆز كۈچ-قۇدرىتىمنى كۆرسىتىمەن.

ئاندىن ئۇلار مېنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ.»

## يەھۇدىيە خەلقىنىڭ گۇناھلىرى

17
1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئى يەھۇدىيە خەلقى، گۇناھلىرىڭلار تاش يۈرىكىڭلارغا ۋە قۇربانلىق سۇپىلىرىڭلارنىڭ بۇرجەكلىرىگە تۆمۈر قەلەم بىلەن ئويۇپ يېزىلغاندۇر. 2 سىلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تۆپىلىكلەردىكى، دالالاردىكى، تاغلاردىكى بوك-باراقسان ئۆسكەن دەرەخ ئاستىلىرىغا جايلاشقان ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىغا چوقۇنۇشنى ۋە قۇربانلىق سۇپىلىرىغا بېرىشنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىڭلار.
3 زېمىنىڭلارنىڭ ھەممە يېرى گۇناھقا تولغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق بايلىقىڭلار ۋە مال-مۈلكۈڭلارنى دۈشمەنلىرىڭلارغا ئولجا قىلىپ بېرىمەن. 4 سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ سەۋەبىدىن مەن سىلەرگە ئاتا قىلغان زېمىندىن ئايرىلىپ قالىسىلەر. شۇنداقلا، مەن سىلەرنى ئۆزۈڭلارمۇ بىلمەيدىغان يات زېمىندا دۈشمەنلىرىڭلارغا قۇل قىلىپ بېرىمەن. چۈنكى سىلەر مېنىڭ غەزىپىمنى قوزغىدىڭلار. بۇ غەزەپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشايدۇ بۇ ئوت مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.»

5 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«پەقەت ئىنسانلارغىلا ئىشەنگەن، ئادەمنىڭ كۈچ-
قۇدرىتىگە تايانغان ۋە پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈگەن
ئىنسانلار لەنەتكە قالسۇن!
6 ئۇلار چۆل-جەزىرىدىكى چاتقالغا ئوخشايدۇ،
شۇڭا ئۇلار ياخشى ھاياتتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.
ئۇلار ھېچكىم ياشىمايدىغان شورلۇق، قۇرغاق چۆل-
باياۋاندا ياشايدۇ.
7 لېكىن ماڭا ئىشەنگەن ۋە ماڭا تايانغانلار بەخت تاپىدۇ.
8 ئۇلار خۇددى دەريا بويلىرىغا تىكىلگەن ۋە يىلتىزلىرى
سۇغا يەتكەن دەرەخلەرگە ئوخشايدۇ.

بۇ دەرەخلەر ئېقىنسىز قۇرۇقمايدۇ، ئۇلارنىڭ
يوپۇرماقلىرى دائىم ياپيېشىل تۇرىدۇ.
ئۇلار قۇرغاقچىلىقتىن ئەنسىرىمەيدۇ، مېۋە بېرىشتىن
ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ.

9 ئىنسان قەلبى ھىيلە-مىكىرگە تولغاندۇر.
ئۇنى ساقايتقىلى بولماس، ھېچكىم ئۇنى چۈشىنەلمەس.
10 مەن پەرۋەردىگار ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى سىنايمەن،
ئويلىرىنى تەكشۈرىمەن.
مەن ھەركىمنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە قىلغىنىغا لايىق
ياندۇرىمەن.
11 ئوغرىلاپ كېلىنگەن تۇخۇمدىن تۆرەلگەن كەكلىك ئۇچۇپ
كەتكەندەك،
كىشىلەرنىڭ ئادالەتسىزلىك بىلەن توپلىغان مال-
دۇنيالىرىمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ.
ھايات مەزگىلىدە مال-دۇنياسىدىن ئايرىلىدۇ.
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەخمەق ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ.»

## يەرەمىيانىڭ قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى

12 مەن پەرۋەردىگارغا مۇنداق دېدىم:
«بىزنىڭ ئىبادەتخانىمىز شان-شەرەپلىك بىر تەختتۇر،
ئۇ ئەزەلدىن ھۆرمەتلىنىپ كېلىنگەندۇر.
13 ئى پەرۋەردىگار، سەن ئىسرائىلىيەنىڭ ئۈمىدى.
سەندىن ۋاز كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسى خىجالەتچىلىكتە
قالىدۇ.
سەندىن يۈز ئۆرۈگەنلەر خۇددى چاڭ-توزانغا يېزىلغان
ئىسىملاردەك يوقىلىدۇ.
چۈنكى ئۇلار ھاياتلىق سۈيىنىڭ مەنبەسى بولغان سەندىن
ۋاز كەچكەندۇر.
14 ئى پەرۋەردىگار، ئەگەر سەن مېنى ساقايتساڭ، مەن
ھەقىقىي ساقايغان بولىمەن.

ئەگەر سەن مېنى قۇتقۇزساڭ، مەن ھەقىقىي قۇتقۇزۇلغان
بولىمەن.
مەن پەقەت سېنىلا مەدھىيىلەيمەن!
15 كىشىلەر مېنى مەسخىرە قىلىپ: ‹پەرۋەردىگارنىڭ
دېگەنلىرى قېنى؟
ئۇلار نېمىشقا ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشمايدۇ!›
دېيىشىۋاتىدۇ.
16 ئى پەرۋەردىگار، سەن ماڭا تاپشۇرغان خەلقىمنىڭ
خىزمىتىنى تاشلىمىدىم.
مەن ئۇلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت چۈشۈرۈشۈڭنى
خالىمىدىم.
مېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىڭ.
17 ئۆتۈنەي، مېنى قورقۇتمىغىن،
چۈنكى سەن مېنىڭ قىيىنچىلىق ۋاقتلىرىمدىكى
پاناھگاھىمدۇرسەن!
18 مېنى ئەمەس، بەلكى ماڭا زىيانكەشلىك قىلغانلارنى
نومۇسقا قالدۇرغىن.
مېنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ۋەھىمىگە قالدۇرغىن.
ئۇلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ياغدۇرغىن.
ئۇلارنى بىر ھەسسە ئارتۇق جازا بىلەن ۋەيران قىلغىن!»

## دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلىش

19 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
– يېرۇسالېمدىكى بارلىق دەرۋازىلارغا بارغىن. ئاۋۋال
يەھۇدىيە پادىشاھى كىرىپ-چىقىدىغان دەرۋازىغا، يەنى
«خەلقلەر دەرۋازىسى»غا بېرىپ، 20 مۇنداق دەپ جاكارلىغىن:
«ئەي يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھلىرى، بۇ دەرۋازىلاردىن كىرىپ
چىقىۋاتقان يېرۇسالېم خەلقى، شۇنداقلا يەھۇدىيەنىڭ
بارلىق خەلقى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار!
21 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ‹جېنىڭلارنى ئەزىز كۆرسەڭلار،
مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنى ئاڭلاڭلار! دەم ئېلىش كۈنىدە

يېرۇسالېم دەرۋازىلىرىدىن يۈك ئېلىپ كىرىشنى توختىتىڭلار.
[22] دەم ئېلىش كۈنىدە ئۆيۈڭلاردىن يۈك كۆتۈرۈپ چىقماڭلار، ھېچقانداق ئىش قىلماڭلار. ئەجدادلىرىڭلارغا ئەمر قىلغىنىمدەك، دەم ئېلىش كۈنىنى مۇقەددەس كۈن دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار. [23] ئەمما سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىدى، كۆڭۈل بۆلمىدى. ئۇلار جاھىللىق قىلىپ، ماڭا ئىتائەت قىلمىدى ۋە تەربىيەمنى قوبۇل قىلمىدى.
[24] مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە ئېيتىمەنكى، سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلىپ، دەم ئېلىش كۈنىدە شەھەر دەرۋازىلىرىدىن ھېچقانداق يۈك-تاق ئېلىپ كىرمەڭلار. چوقۇم دەم ئېلىش كۈنىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار ۋە ھېچقانداق ئىش قىلماڭلار.
[25] شۇنداق بولغاندىلا، داۋۇت ئەۋلادىدىن بولغان پادىشاھلار ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرگە بۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىدىن دائىم كىرىپ-چىقىدۇ. پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلىرى جەڭ ھارۋىلىرىغا ئولتۇرىدۇ ياكى ئاتلارغا مىنىدۇ ھەمدە ئۇلارغا يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقلىرى ھەمراھ بولىدۇ. مۇشۇ شەھەردە ياشايدىغانلار مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ. [26] يېرۇسالېم ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن، شۇنداقلا يەھۇدىيەنىڭ باشقا شەھەر-يېزىلىرىدىن، بىنيامىن زېمىنلىرىدىن، غەربىي ئېدىرلىقلاردىن، تاغلىق رايونلاردىن ۋە نەگىب چۆللۈكىدىن خەلقلەر كېلىپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ۋە باشقا قۇربانلىقلار قىلىدۇ، ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى سۇنىدۇ ۋە ئىسرىقلار سالىدۇ. ئۇلار يەنە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا مىننەتدارلىق قۇربانلىقلىرىنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. [27] لېكىن سىلەر چوقۇم ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە دەم ئېلىش كۈنىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار. ئۇ كۈنى يېرۇسالېم دەرۋازىلىرىدىن ھېچقانداق يۈك-تاق ئېلىپ كىرمەڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار، يېرۇسالېم دەرۋازىلىرىغا ئوت قويىمەن. ئوت يېرۇسالېمدىكى قورغانلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، ھېچكىم ئۇنى ئۆچۈرەلمەيدۇ.»»

## ساپالچى ۋە لاي

18 [1] پەرۋەردىگار ماڭا يەنە مۇنداق دېدى:
[2] ــ سەن ساپالچىنىڭ ئۆيىگە بارغىن، مەن ئۇ يەردە
سەن بىلەن سۆزلىشىمەن.
[3] شۇنىڭ بىلەن مەن ساپالچىنىڭ ئۆيىگە باردىم ۋە ئۇنى چاق
ئايلاندۇرۇپ ئىشلەۋاتقان يېرىدىن تاپتىم. [4] ئۇنىڭ ياسىغان ئىدىشى
كۆڭلىدىكىدەك ياخشى چىقمىسا، ساپالچى ئۇنى لاي قىلىۋېتىپ، باشقا
بىر ئىدىشقا ئۆزگەرتىپ، ئۆزى ئويلىغان شەكىلگە كىرگۈزىدىكەن.
[5] ئاندىن پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[6] ــ ئەي ئىسرائىل خەلقى، ساپالچى لايىنى ئۆزى خالىغان شەكىلگە
كىرگۈزەلىگەن يەردە، مەنمۇ سىلەرنى قانداق قىلماقچى بولسام،
شۇنداق قىلالامدىمەن؟ لاي ساپالچىنىڭ قولىدا بولغىنىغا ئوخشاش،
سىلەرمۇ مېنىڭ قولۇمدىدۇرسىلەر. [7] شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى،
ئۇ چاغدا مەن بىرەر ئەل ياكى پادىشاھلىقنىڭ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ
تاشلىنىدىغانلىقى، يىقىتىلىدىغانلىقى ياكى ۋەيران قىلىنىدىغانلىقى
ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشتا بولىمەن. [8] ئەگەر ئاگاھلاندۇرۇلغان
ئەل ئۆزلىرى قىلغان رەزىل ئىشلىرىغا توۋا قىلسا، مەن ئۇلارنىڭ
بېشىغا بالايىئاپەت چۈشۈرۈش نىيىتىمدىن يانىمەن. [9] شۇنداق
بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا مەن بىرەر ئەل ياكى خەلققە
پادىشاھلىق قۇرۇش ۋە پادىشاھلىقنى مۇستەھكەملەش ھەققىدە
ۋەدە بېرىمەن. [10] بىراق ئۇلار ماڭا ئىتائەت قىلماي، نەزىرىمدە
رەزىل بولغان ئىشلارنى قىلسا، نىيىتىمنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارغا
قىلغان ۋەدەمدىن يانىمەن.
[11] شۇنىڭ ئۈچۈن ئەي يەرەميا، سەن يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيەنىڭ
باشقا جايلىرىدىكى بارلىق خەلقنى ئاگاھلاندۇرۇپ، مۇنداق دەپ
ئېيتقىن: «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن سىلەرگە بالايىئاپەت
ئېلىپ كېلىشكە تەييارلىنىپ، جازالاش پىلانىنى تۈزۈۋاتىمەن!
شۇڭا ھەربىرىڭلار رەزىل قىلمىشلىرىڭلاردىن يېنىپ، توغرا
يولدا مېڭىشقا نىيەت قىلىڭلار!› [12] لېكىن ئۇلار مۇنداق جاۋاب
قايتۇرىدۇ: ‹سېنىڭ نېمە دېيىشىڭ بىلەن نېمە كارىمىز! بىز

نىمە ئىش قىلغۇمىز كەلسە شۇنى قىلىمىز! قىلمىشلىرىمىز ۋە
جاھىللىقىمىزنى داۋاملاشتۇرىۋېرىمىز!›»».
13 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
«سەن باشقا ئەللەردىن سوراپ باقىن، ئۇلار مۇشۇنداق
رەزىل ئىشلارنى ئاڭلاپ بېقىپتىمۇ؟
ئەزىز ئىسرائىل خەلقىم ھەيران قالارلىق ناھايىتى رەزىل
ئىشلارنى قىلدى!
14 لىۋاننىڭ تاغ چوققىسىدىكى قارلار ئېرىپ باققانمۇ؟
يىراق تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن ئېرىقلاردىكى سوغۇق
سۇلار قۇرۇپ باققانمۇ؟
15 لېكىن خەلقىم مېنى ئۇنتۇپ كەتتى ۋە ئەرزىمەس بۇتلارغا
ئاتاپ قۇربانلىق قىلدى!
شۇ سەۋەبتىن ئۇلار كونا ۋە ئىشەنچلىك يولدىن ۋاز
كېچىپ، پۇتلىشىپ كەتتى.
مېنىڭ يولۇمغا ئەگىشىشنىڭ ئورنىغا ئەگرى-توقاي
ئەسكى يوللاردا ماڭدى.
16 شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ زېمىنى خارابىلىككە ئايلىنىدۇ.
بۇ زېمىن مەسخىرە نىشانى بولۇپ قالىدۇ.
بۇ يەردىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە
باشلىرىنى چايقىشىدۇ.
17 شەرقتىن چىققان بوران نەرسىلەرنى چېچىۋەتكەندەك، مەن
ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا چېچىۋېتىمەن.
ئۇلارغا بالا-قازا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارغا تەتۈر قاراپ،
ياردەم قىلمايمەن.»

## يەرەمىياغا قىلىنغان سۇيىقەست

18 شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئادەملەر:
- كېلىڭلار، يەرەمىياغا سۇيىقەست قىلايلى! بىزگە تەلىم
بېرىدىغان روھانىيلىرىمىز، مەسلىھەت بېرىدىغان دانالىرىمىز،
خۇدانىڭ سۆزىنى يەتكۈزىدىغان پەيغەمبەرلىرىمىز يەنە چىقىدۇ.

بىز يەرەمىيانىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلايلى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمايلى، - دېيىشتى.
[19] مەن مۇنداق دېدىم:
«ئى پەرۋەردىگار، ماڭا قۇلاق سالغايسەن،
دۈشمەنلىرىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغايسەن.
[20] ياخشىلىققا يامانلىق قايتىشى كېرەكمۇ؟
ئۇلار ھەتتا مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، ئورەك كولاۋاتىدۇ.
مەن بۇرۇن سەندىن ئاشۇ سۈيىقەستچىلەرگە بولغان
غەزىپىڭنى بېسىش ئۈچۈن
ئۆتۈنگىنىمنى يادىڭدا تۇتقايسەن.
[21] ئۇ سۈيىقەستچىلەرنىڭ بالىلىرى ئاچلىقتىن ئۆلسۇن،
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قىلىچتا ئۆلسۇن!
ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرىدىن ۋە بالىلىرىدىن ئايرىلىپ
قالسۇن!
ياشانغانلىرى كېسەللىكتىن، ياشلىرى بولسا جەڭ مەيدانىدا
قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلسۇن!
[22] ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى تۇيۇقسىز تالان-تاراج قىلىش ئۈچۈن
بۇلاڭچىلارنى ئەۋەتكەيسەن!
ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن نالە-پەريادلار ئاڭلانسۇن!
چۈنكى ئۇلار ماڭا ئورەك كولىدى، تۇزاق قۇردى.
[23] ئى پەرۋەردىگار، سەن ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن
قىلغان بارلىق سۈيىقەستىنى بىلىسەن.
ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى كەچۈرمىگەيسەن!
ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆزۈڭدىن ئۆچۈرۈۋەتمىگەيسەن!
ئۇلار كۆز ئالدىڭدا مەغلۇپ بولۇپ، يىقىلىپ چۈشسۇن!
ئۇلارنى غەزەپ بىلەن جازالىغايسەن!»

## چىقىلغان ئىدىشتىن ئېلىنغان ساۋاق

19 [1] پەرۋەردىگار يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:
- سەن بېرىپ، ساپالچىدىن بىر ئىدىش سېتىۋالغىن!
بارغىنىڭدا خەلقنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ۋە يېتەكچى روھانىيلارنىڭ

بىر قىسمىنى ئەگەشتۈرۈپ بارغىن. 2 «ساپال پارچىلىرى
دەرۋازىسى»دىن چىقىپ، بەنھىننوم جىلغىسىغا بارغىن.
شۇ يەردە ساڭا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىمنى جاكارلىغىن: 3 «ئەي
يەھۇدىيە پادىشاھلىرى ۋە يېرۇسالېم خەلقى، پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار. قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى
ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ: ‹قۇلاق سېلىڭلار،
مەن بۇ جايغا شۇنداق بىر بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىمەنكى، ئۇنى
ئاڭلىغۇچىلار ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. 4 بۇ خەلق مەندىن يۈز ئۆرۈپ،
بۇ جاينى بۇلغىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق قىلىمەن. ئۇلار بۇ يەردە
ئۆزلىرى، ئەجدادلىرى، ھەتتا يەھۇدىيە پادىشاھلىرىمۇ نامىنى
ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بۇت ئىلاھلارغا ئاتاپ قۇربانلىقلارنى
قىلدى. ئۇلار بۇ جاينى گۇناھسىز بالىلارنىڭ قانلىرى بىلەن
بويىدى. 5 ئۇلار بائالنىڭ بۇتلىرىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدىغان
سەجدىگاھلارنى ياسىدى ۋە ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇ يەردە كۆيدۈرۈپ،
قۇربانلىق قىلدى. مەن ئەزەلدىن ئۇلارغا بۇنداق قۇربانلىق
قىلىشنى ئەمر قىلمىغان ۋە ئۇلارغا ئېيتىپمۇ باقمىغان، ھەتتا
ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان! 6 شۇنىڭ ئۈچۈن
مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، كىشىلەرنىڭ بۇ جاينى
ئەمدى توفەت ياكى بەنھىننوم جىلغىسى دەپ ئاتىمايدىغان
ۋاقتى كېلەي دەپ قالدى. ئەمدى ئۇلار بۇ جىلغىنى قىرغىنچىلىق
جىلغىسى دەپ ئاتايدۇ!
7 مەن مۇشۇ جايدا، يەنى يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيەنىڭ باشقا
جايلىرىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەتلىرىنى
بۇزۇۋېتىمەن. مەن سىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمىنىڭلارنىڭ
قولىغا تاپشۇرىمەن. ئۇلار سىلەرنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن
مەن جەسەتىڭلارنى قاغا-قۇزغۇنلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا يەم
قىلىپ بېرىمەن. 8 مەن بۇ شەھەرنى خارابىلىككە ئايلاندۇرىمەن،
ئۇ يەردىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ
ۋەيرانە ھالىتىنى مەسخىرە قىلىشىدۇ. 9 سىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى
بولغان دۈشمىنىڭلارنىڭ بۇ شەھەرنى تاكى ئاشلىق قالمىغۇچە
قورشاۋغا ئېلىشىغا يول قويىمەن. قورشاۋغا چۈشكەنلەر شۇنچىلىك

ئۇمدىسىزلىنىدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنى ۋە بىر-بىرىنى يېيىشىدۇ.›»

10 ئەي يەرەمىيا، سەن باشلاپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىدىشنى چېقىۋەت! 11 ئاندىن ئۇلارغا مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى يەتكۈزگىن: «قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن ئىدىشنى چاققاندەك، بۇ خەلق ۋە بۇ شەھەرنى چاقىمەن. چېقىلغان ئىدىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. جەسەتلەر تاكى توفەتتە يەر قالمىغۇچە كۆمۈلىدۇ. 12 مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، بۇ شەھەر ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى ئاشۇنداق جازالايمەن. مەن بۇ شەھەرنى توفەتكە ئوخشاش ناپاك جاي قىلىمەن. 13 يېرۇسالېمدىكى ئۆيلەر ۋە يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئوردىلىرى توفەتكە ئوخشاش جەسەتلەر بىلەن بۇلغىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە يۇلتۇزلارغا ئاتاپ كۈجە كۆيدۈردى ۋە بۇت ئىلاھلارغا ئاتاپ ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى سۇندى.›»

14 ئاندىن يەرەمىيا پەرۋەردىگار ئۇنى ۋەھىي يەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن توفەت دېگەن جايدىن كەتتى. ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ھويلىسىدا تۇرۇپ، بارلىق خەلققە مۇنداق دېدى: 15 «ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن ئېيتقىنىمدەك، بۇ شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا ھەممە بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىمەن. سىلەر جاھىللىق قىلىپ سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىشنى رەت قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، شۇنداق قىلىمەن.›»

## روھانىي پاشكۇرنىڭ يەرەمىياغا زىيانكەشلىك قىلىشى

20 1 ئىممېرنىڭ ئوغلى روھانىي پاشكۇر پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ باش نازارەتچىسى بولۇپ، ئۇ يەرەمىيانىڭ نېمە ۋەھىي يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. 2 شۇڭا ئۇ يەرەمىيا پەيغەمبەرنى تۇتۇپ كېلىپ ئۇرغۇزدى ۋە ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ «ئۈستۈنكى بىنيامىن دەرۋازىسى»غا ئەكېلىپ، پۇتلىرىغا تاقاق سالدى.

3 ئەتىسى روھانىي پاشكۇر يەرەميانى تاقاقتىن بوشاتتى، يەرەميا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
- پەرۋەردىگار سېنى«پاشكۇر» ئەمەس، بەلكى «ماگور-مىسابىب» [مەنىسى «ھەممە يەرنى ۋەھىمە باسىدۇ»] دەپ ئاتايدۇ. 4 ئەي پاشكۇر، پەرۋەردىگار ساڭا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ساڭا ۋە دوست-بۇرادەرلىرىڭغا ۋەھىمە سالىمەن. دوستلىرىڭنى دۈشمەنلىرىنىڭ قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن. مەن پۈتكۈل يەھۇدىيە خەلقىنى بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. بابىل پادىشاھى ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ، بابىلغا يالاپ، ئېلىپ كېتىدۇ ياكى ئۇلارنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. 5 مەن بۇ شەھەردىكى بارلىق بايلىقلارنى دۈشمەنلىرىڭلارغا بېرىمەن. مەن بارلىق مەھسۇلاتلار، قىممەتلىك نەرسىلەر ۋە يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇلار ھەممە نەرسىنى ئولجا ئېلىپ، بابىلغا ئېلىپ كېتىدۇ. 6 ئەي پاشكۇر، سەن ئائىلەڭ بىلەن بىرلىكتە بابىلغا سۈرگۈن قىلىنىسەن. سەن شۇ يەردە ئۆلىسەن ۋە شۇ يەرگە كۆمۈلىسەن. سەن يەتكۈزگەن يالغان ۋەھىيلەرگە ئىشەنگەن بارلىق دوستلىرىڭمۇ ئوخشاش ھالغا چۈشىدۇ.»

## يەرەميانىڭ قاقشىشى

7 ئاندىن مەن مۇنداق دېدىم:
«ئى پەرۋەردىگار، سەن مېنى ئالدىدىڭ،
مەن سېنىڭ ئالدىشىڭغا يول قويدۇم.
سەن مەندىن ئۈستۈن كېلىپ، مېنى يەڭدىڭ.
ئادەملەر كۈن بويى مېنى مەسخىرە قىلىدۇ.
ھەممە ئادەم مېنى مازاق قىلىدۇ.
8 ھەرقاچان ۋەھىيلىرىڭنى يەتكۈزگىنىمدە:
‹زوراۋانلىق ۋە ۋەيرانچىلىق كېلىۋاتىدۇ!› دەپ پەرياد قىلىپ، ۋارقىرىشىم كېرەك.
مەن سېنىڭ ۋەھىيلىرىڭنى جاكارلىغىنىم ئۈچۈن،
ھەر كۈنى مەسخىرىلەرگە ئۇچراپ، كەمسىتىلدىم.

9 ئەگەردە مەن ‹سىنى تىلىمغا ئالمايمەن،
سىنىڭ نامىڭ بىلەن سۆزلىمەيمەن› دېسەم،
سىنىڭ سۆزلىرىڭ يۈرىكىمدە ئوتتەك كۆيىدۇ.
سۆزلىرىڭ سۆڭەكلىرىمدىكى بىر ئوتقا ئوخشايدۇ.
مەن ئۇلارنى سىر ساقلاشقا تىرىشسام چارچاپ كېتىمەن،
ئۇنى سۆزلەشكە مەجبۇر بولىمەن.
10 ماڭا قارشى چىققۇچىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان كۇسۇرلاشلىرىنى ئاڭلىدىم.
ئەتراپىمنى ۋەھىمە قاپلىغان!
ئۇلار: ‹كېلىڭلار، ئۇنى ئەيىبلەيلى، بىز ئۇنى ئەيىبلەيلى!› دېيىشىدۇ.
بارلىق يېقىن دوست-بۇرادەرلىرىم خاتالىق ئۆتكۈزۈشۈمنى كۈتىدۇ.
ئۇلار: ‹بەلكىم ئۇ ئالدام خالتىمىزغا چۈشەر،
ئاندىن بىز ئۇنى يېڭىپ، ئىنتىقام ئالىمىز› دەپ كۇسۇرلىشىدۇ.

11 لېكىن پەرۋەردىگار ھەيۋەتلىك جەڭچىگە ئوخشايدۇ، ئۇ ماڭا ياردۇر.
ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلار چوقۇم يېڭىلىدۇ.
ئۇلار مېنى يېڭەلمەيدۇ،
ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ، ئىزا-ئاھانەتكە قالىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئىزا-ئاھانەتكە قالغانلىقى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.
12 ئى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، سەن ھەققانىي كىشىلەرنى سىنايسەن،
كىشىلەرنىڭ ئوي-پىكىرلىرى ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى تەكشۈرىسەن.
سەندىن ئۆتۈنەي، دۈشمەنلىرىمدىن ئىنتىقام ئالغانلىقىڭنى كۆرەي.
چۈنكى مەن ساڭا ئەرزىمنى بايان قىلدىم.

13 پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنى ماختاڭلار!
چۈنكى ئۇ ئېزىلگەنلەرنى رەزىللەرنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزىدۇ.

14 مەن تۇغۇلغان كۈنگە لەنەت بولسۇن!
ئانام مېنى تۇغقان كۈن خەيرلىك كۈن ھېسابلانمىسۇن.
15 دادامنى بەك خۇشال قىلىپ:
‹ئوغۇل كۆردىڭىز!› دەپ خەۋەر يەتكۈزگەن ئادەمگە
قارغىش بولسۇن.
16 ئۇ ئادەم پەرۋەردىگار شەپقەتسىزلەرچە ۋەيران قىلغان
شەھەرلەرگە ئوخشاش ۋەيران بولسۇن.
ئۇ ئەتىگەندە نالە-پەرياد، چۈشتە جەڭ چۇقانلىرىنى
ئاڭلىسۇن.
17 چۈنكى ئۇ مېنى مەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرمىدى.
ئۆلتۈرگەن بولسا، ئانامنىڭ قورسىقى مېنىڭ قەبرەم
بولۇپ، ئۇ مەڭگۈ ھامىلدار پېتى قالار ئىدى.
18 نېمە ئۈچۈن ئانامنىڭ قورسىقىدىن بۇ دۇنياغا
تۆرەلگەندىمەن؟
پۈتۈن ھاياتىم جاپا-مۇشەققەت ۋە ئازابتا ئۆتتى.
شۇنداقلا، كۈنلىرىمنى ئىزا-ئاھانەتتە ئۆتكۈزدۈم.»

## خۇدانىڭ زىدقىيانىڭ ئىلتىجاسىنى رەت قىلىشى

21 1 پادىشاھ زىدقىيا مالكىيانىڭ ئوغلى پاشخۇر ۋە مائاسېيانىڭ
ئوغلى روھانىي زىفانىيانى يەرەمىيانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەندە،
پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا بىر ۋەھىي كەلدى. پادىشاھ ئەۋەتكەن
بۇ كىشىلەر يەرەمىيادىن:
2 - پەرۋەردىگاردىن سوراپ باقسىلا، بابىلنىڭ پادىشاھى نىبۇكادنەزەر
بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. بەلكىم پەرۋەردىگار بۇرۇنقىغا ئوخشاش
مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ، دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرەلەمدىكىن؟ -
دەپ ئىلتىجا قىلدى.
3 يەرەمىيا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— پادىشاھ زىدقىيانىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۇنىڭغا ئېيتىڭلار:
4 «ئىسرائىللارنى تالىغان پەرۋەردىگار خۇدا سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ:
‹ھازىر بابىل پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى شەھىرىڭلارنى
قورشاپ، سىلەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلارنى
ئىشلىمەس قىلىپ قويىمەن، ھەتتا مەن دۈشمەنلىرىڭلارنى بۇ
شەھەرنىڭ مەركىزىگىچە ئېلىپ كىرىمەن. 5 مەن نەپرەت ۋە
غەزەپ ئىچىدە قولۇمنى كۆتۈرۈپ، ھەممىگە قادىر بىلىكىم
بىلەن سىلەرگە قارشى جەڭ قىلىمەن! 6 مەن بۇ شەھەرگە
قورقۇنچلۇق ۋابا ئەۋەتىمەن، شەھەردىكى ئادەملەر ۋە ھايۋانلار
ئۆلۈپ كېتىدۇ!› 7 پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن
ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ زىدقىيانى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى،
شۇنداقلا بۇ شەھەردىكى ۋابا، ئۇرۇش ۋە ئاچارچىلىقتىن ئامان
قالغانلارنى بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەرنىڭ ۋە سىلەرنى
ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ
بېرىمەن. پادىشاھ نىبۇكادنەزەر ئۇلارنى قىرغىن قىلىدۇ ۋە
ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا ھېسداشلىق ياكى
شەپقەت قىلمايدۇ.›»
8 خۇدانىڭ بۇ سۆزلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈڭلار: «قاراڭلار،
مەن پەرۋەردىگار ھايات-ماماتلىق يولىنى ئالدىڭلارغا قويدۇم.
ئۆزۈڭلار تاللىۋېلىڭلار. 9 شەھەردە قالغانلار ئۇرۇش، ئاچارچىلىق
ياكى ۋابا بىلەن ئۆلىدۇ. شەھەردىن ئايرىلىپ، شەھەرنى قورشاۋغا
ئالغان بابىللىقلارغا تەسلىم بولغانلار ھايات قالىدۇ. بۇ ئادەملەر
ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. 10 سىلەرگە ئېيتىمەنكى، مەن بۇ
شەھەرگە ئاپەت ياغدۇرۇشنى قارار قىلغان. بۇ شەھەرگە ھېچقانداق
ياخشىلىق قىلمايمەن. مەن بۇ شەھەرنى بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇپ بېرىمەن، ئۇ بۇ شەھەرنى كۆيدۈرىدۇ.»

## يەھۇدىيە پادىشاھلىرىنىڭ جازالىنىشى

11 پەرۋەردىگار مەن يەرەمىياغا يەھۇدىيە پادىشاھىنىڭ جەمەتىگە
بۇ سۆزلەرنى يەتكۈزۈشۈمنى ئېيتتى:
«پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار!

12 ئى پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان خان جەمەتى،
پەرۋەردىگار سىلەرگە دەيدۇكى،
ھەر كۈنى ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىڭلار.
بۇلاڭچىلىقتا ئۇچرىغانلارنى زالىملارنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزۇڭلار.
ئۇنداق بولمايدىكەن، قىلغان رەزىل ئىشلىرىڭلار
تۈپەيلىدىن
غەزىپىم خۇددى يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتتەك سىلەرنى
كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ،
ھېچكىم بۇنى ئۆچۈرەلمەيدۇ.
13 ئەي جىلغا ئارىسىدىكى تاشلىق تۆپىلىكتە ياشاۋاتقان
يېرۇسالېم خەلقى،
مەن سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىمەن.
‹ھېچكىم بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، مۇداپىئەلىرىمىزنى
بۇزۇپ كىرەلمەيدۇ›
دەپ مەغرۇرلانغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن.
14 مەن پەرۋەردىگار ئېيتىمەنكى، قىلمىشلىرىڭلارغا قاراپ،
سىلەرنى تېگىشلىك جازاغا تارتىمەن.
ئورمىنىڭلارغا ئوت قويىمەن،
بۇ ئوت ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.»

## يەھۇدىيە پادىشاھلىرى ھەققىدىكى ۋەھىي

# 22

1 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
- يەھۇدىيە پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، سۆزلىرىمنى
ئۇ يەردە يەتكۈزگىن. 2 ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ئېيتقىن: «ئەي داۋۇتنىڭ
تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان يەھۇدىيە پادىشاھى، پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزلىرىگە قۇلاق سال. بۇ سۆزلىرىمنى ئوردىنىڭ دەرۋازىلىرىدىن
كىرىدىغان ئەمەلدار ۋە خەلقلىرىڭمۇ ئاڭلىسۇن. 3 پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: ‹ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق بىلەن ئىش قىلىڭلار.
بۇلاڭچىلىقتا ئۇچرىغانلارنى زالىملارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇڭلار.
يات خەلقلەرگە، يېتىملەرگە، تۇل ئاياللارغا زوراۋانلىق قىلماڭلار ۋە

ئۇلارنى بوزەك قىلماڭلار. بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكمەڭلار.
4 ئەگەر بۇ سۆزلىرىمگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلساڭلار، داۋۇت
ئەۋلادىدىن بولغان پادىشاھلار جەڭ ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ،
ئاتلارغا مىنىپ، بۇ ئوردا دەرۋازىلىرىدىن كىرىپ-چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ
ئەمەلدارلىرى ۋە خەلقى ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ. 5 لېكىن سىلەر
ئەمرلىرىمگە ئىتائەت قىلمىساڭلار، مەن ئۆز نامىم بىلەن قەسەم
قىلىمەنكى، بۇ ئوردا خارابىگە ئايلىنىدۇ.›»
6 پەرۋەردىگار يەھۇدىيە پادىشاھىنىڭ ئوردىسى توغرىسىدا
مۇنداق دەيدۇ:
«يەھۇدىيە پادىشاھىنىڭ ئوردىسى مېنىڭ نەزىرىمدە
گىلئادقا ۋە لىۋاننىڭ تاغ چوققىلىرىغا ئوخشاش
ھەيۋەتلىكتۇر.
لېكىن مەن ئۇنى چۆلگە ئوخشاش ھېچكىم ياشىمايدىغان
بىر جايغا ئايلاندۇرۇپ قويىمەن.
7 مەن ئۇنى ۋەيران قىلىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتىمەن.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى پالتىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ،
ئۇنىڭ چىرايلىق كېدىر ياغىچىدىن ياسالغان تۈۋرۈكلىرىنى
چېپىپ تاشلايدۇ
ۋە ئۇلارنى ئوتقا سالىدۇ.
8 باشقا ئەللەردىن كەلگەن كىشىلەر بۇ شەھەردىن ئۆتكەندە،
بىر-بىرىدىن: ‹پەرۋەردىگار نېمىشقا بۇ بۈيۈك شەھەرنى بۇ ھالغا
كەلتۈرۈپ قويغاندۇ؟› دەپ سورىشىدۇ. 9 ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب
قايتۇرۇلىدۇ: ‹چۈنكى بۇ خەلق پەرۋەردىگار خۇدا بىلەن تۈزگەن
ئەھدىسىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ، ئۇلارغا
سەجدە قىلىپتۇ.›»

## پادىشاھ يېھوئاخاز ھەققىدىكى ۋەھيي

10 «ئۆلتۈرۈلگەن پادىشاھ يوشىيا ئۈچۈن يىغا-زار قىلىپ
قايغۇرماڭلار.
لېكىن پادىشاھىنىڭ سۈرگۈن قىلىنغان ئوغلى ئۈچۈن
يىغلاپ قايغۇرۇڭلار.

چۈنكى ئۇ ئەمدى ئۆز زېمىنىنى قايتا كۆرەلمەيدۇ.»

[11] پادىشاھ يوشىيانىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە بۇ زېمىندىن
سۈرگۈن قىلىنغان ئوغلى يوئاخاز توغرىسىدا پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ: «ئۇ ئەمدى ھەرگىز بۇ زېمىنغا قايتىپ كېلەلمەيدۇ.
[12] چۈنكى ئۇ تۇتقۇن قىلىنىپ ئېلىپ كېتىلىپ، ئاشۇ يەردە ئۆلىدۇ
ۋە بۇ زېمىننى قايتا كۆرەلمەيدۇ.»

## پادىشاھ يەھوياقىم ھەققىدىكى ۋەھيي

[13] پەرۋەردىگار مۇنداق دېيدى:
«ئوردا سېلىپ ئادالەتسىزلىك قىلغان،
كىشىلەرگە ناھەقچىلىك قىلىپ، ساراي ئۈستىگە يەنە
ساراي سالغان پادىشاھنىڭ ھالىغا ۋاي!
ئۇ ئادەملەرنى بىكارغا ئىشلەتتى، ھەق بەرمىدى.
[14] ئۇ: ‹مەن ئۆزۈمگە ھەيۋەتلىك بىر ئوردا سالدۇرىمەن،
ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ خانىلىرى چوڭ بولىدۇ› دەيدۇ.
ئۇ دېرىزىلەرنى ئورنىتىپ،
تاملىرىنى كېدىر تاختىيى بىلەن بېزەيدۇ
ۋە خانىلىرىنى قىزىل رەڭدە سىرلايدۇ.
[15] ئەي يەھوياقىم، كېدىر ياغىچىنى كۆپ ئىشلەتكەنلىكىڭ
ئۈچۈن،
ئۆزۈڭنى بىر ئۇلۇغ پادىشاھ دەپ ئويلامسەن؟
ئاتاڭنىڭمۇ يېمەك-ئىچمىكى مول ئىدى.
لېكىن ئۇ ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق بىلەن ئىش قىلدى،
شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولدى.
[16] ئۇ نامرات ۋە موھتاجلارنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق
ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولدى.
ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلغانلىقى مېنى تونۇغانلىق
ئەمەسمۇ؟
[17] ئەمما سەن قەلبىڭنى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقتا مايىل قىلدىڭ،
بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكتۈڭ،

كۆزلىرىڭنى پەقەتلا دۇرۇس بولمىغان مەنپەئەتكە
تىكتىڭ.»

18 شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار پادىشاھ يوشىيانىڭ ئوغلى، يەنى
يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياقىم توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:
«ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈچۈن: ‹ئىسىت، قېرىندىشىم، ۋاي
جانجىگىرىم!› دېيىشىپ، ھازا تۇتمايدۇ.
خەلقى ئۇنىڭ ئۈچۈن: ‹ئىسىت، خوجايىنىمىز ئۆلۈپ
كەتتىغۇ،
ئىسىت، ئۇنىڭ شان-شۆھرىتى يوقالدىغۇ!› دەپ
يىغلىمايدۇ.
19 ئۇ خۇددى ئېشەككە ئوخشاش ئۆلۈكى قەبرىسىز قالىدۇ.
ئۇنىڭ جەستى يېرۇسالېم دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا سۆرەپ
ئېلىپ چىقىلىپ، تاشلىۋېتىلىدۇ.

20 ئەي يېرۇسالېم خەلقى، لىۋان تاغلىرىغا بېرىپ يىغلاڭلار،
باشان رايونىدا ۋارقىراپ، موئابتىكى ئابارىم تاغلىرىدا
ھۆركىرەپ يىغلاڭلار.
چۈنكى سىلەر تايانغان بارلىق ئىتتىپاقداشلىرىڭلار
يېڭىلىپ قالدى.
21 سىلەر گۈللەنگەن چاغدا مەن سىلەرگە سۆز قىلدىم،
لېكىن سىلەر ئاڭلاشنى رەت قىلدىڭلار.
سىلەر ياش ۋاقتىڭلاردىن مۇشۇنداق ئىدىڭلار،
ئەزەلدىن سۆزۈمنى ئاڭلىمىدىڭلار.
22 يېتەكچىلىرىڭلارنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ،
ئىتتىپاقداشلىرىڭلار سۈرگۈن قىلىنىدۇ.
سىلەر قىلغان بارلىق رەزىل ئىشلىرىڭلار ئۈچۈن
چوقۇم خورلۇق ۋە ئىزا-ئاھانەتكە قالىسىلەر.
23 ھازىر پادىشاھىڭلار لىۋاندىن ئەكەلگەن كېدىر ياغىچىدىن
ياسالغان ئوردىسىدا ھۇزۇرلىنىۋاتىدۇ،
لېكىن ئۇ پات ئارىدا جازالىنىدۇ.

ئۇ خۇددى تولغاق يەۋاتقان ئايالدەك ئىڭرايدۇ.»

## پادىشاھ يەھوياكىن ھەققىدىكى ۋەھيي

24 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياقىمنىڭ ئوغلى يەھوياكىن،
مەن پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن شۇنداق قەسەم
قىلىمەنكى، گەرچە سەن مېنىڭ ئوڭ قولۇمدىكى مۆھۈرلۈك ئۈزۈكۈم
بولساڭمۇ، لېكىن مەن سېنى قولۇمدىن ئېلىپ تاشلايمەن. 25 مەن
سېنى سەن قورقىدىغانلارغا ۋە سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارغا
تاپشۇرۇپ بېرىمەن. مەن سېنى بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەرگە
ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. 26 مەن
سېنى ۋە سېنى تۇغقان ئاناڭنى ئۆزۈڭلار تۇغۇلمىغان يات بىر
ئەلگە ئاپىرىپ تاشلايمەن. ھەر ئىككىڭلار شۇ يەردە ئۆلىسىلەر.
27 سىلەر قايتىپ كېلىشكە تەشنا بولغان بۇ زېمىنغا مەڭگۈ قايتىپ
كېلەلمەيسىلەر!

28 كىشىلەر: ‹نېمىشقا يەھوياكىن دېگەن بۇ ئادەم خۇددى
چېقىلىپ تاشلىۋېتىلگەن ئىدىشتەك كۆنگە قالىدۇ؟
ئۇ ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى نېمە ئۈچۈن يات بىر زېمىنغا
سۈرگۈن قىلىنىدۇ؟› دەپ سورايدۇ.
29 ئەي يەھۇدىيە زېمىنى، يەھۇدىيە زېمىنى، يەھۇدىيە
زېمىنى،
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سال!
30 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
‹بۇ ئادەمنىڭ پەرزەنتلىرى يوق، دەپ روyخەتكە ئېلىڭلار!
ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىشلىرى ھەرگىز ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ،
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى داۋۇتنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ،
يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلمايدۇ.›»

## كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد

23 [1] پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:
«خەلقىمنىڭ سەركىلىرىنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار خەلقىمنىڭ
ۋەيران بولۇپ، چېچىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.»
[2] شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا
خەلقىنىڭ سەركىلىرىگە مۇنداق دېدى:
«سىلەر خەلقىمنىڭ چېچىلىپ، سۈرگۈن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ
چىقاردىڭلار. سىلەر ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالمىدىڭلار.
شۇڭا مەن سىلەرنى قىلغان رەزىل ئىشلىرىڭلار ئۈچۈن جازالايمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر! [3] كېيىن مەن ئۆزۈم
ھەر قايسى ئەللەرگە سۈرگۈن قىلىۋەتكەن خەلقىمنىڭ ھايات
قالغانلىرىنى يىغىمەن. مەن ئۇلارنى ئۆز زېمىنىغا قايتۇرۇپ
ئەكېلىمەن. ئۇلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. [4] مەن ئۇلارغا
ياخشى يول باشلايدىغان سەركىلەرنى تىكلەيمەن. ئۇلار ھەرگىزمۇ
قورقۇپ، ۋەھىمىگە چۈشمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يوقاپ
كەتمەيدۇ. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

[5] مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە ئېيتىمەنكى، شۇنداق بىر كۈن
چوقۇم كېلىدۇ.
شۇ كۈنى مەن داۋۇت ئەۋلادىدىن بىر ‹ھەققانىيلىق
نوتىسى›نى يېتىشتۈرىمەن.
ئۇ خەلقىمنى دانالىق بىلەن باشقۇرىدۇ.
بۇ زېمىندا ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق بىلەن ئىش
يۈرگۈزىدۇ.
[6] ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا يەھۇدىيە تىنچ-ئامانلىققا
ئېرىشىدۇ،
ئىسرائىلىيە خاتىرجەملىكتە ياشايدۇ.
شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامى ‹ياھۋەھ زىدقېنۇ› [مەنىسى ‹بىزگە
ئادالەت كەلتۈرگۈچى پەرۋەردىگاردۇر›] دەپ ئاتىلىدۇ.

7 مەن پەرۋەردىگار شۇنى ئېيتىمەنكى، شۇنداق بىر كۈن چوقۇم
كېلىدۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەر قەسەم قىلغاندا: ‹ئىسرائىل خەلقىنى
مىسىر زېمىنىدىن قۇتقۇزۇپ چىققان مەڭگۈ هايات پەرۋەردىگارنىڭ
نامى بىلەن...› دېمەيدىغان بولىدۇ، 8 بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا:
‹ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى شىمالدىكى زېمىنلاردىن ۋە ئۆزى سۈرگۈن
قىلغان باشقا بارلىق ئەللەردىن ئۆز زېمىنىغا قايتۇرۇپ كەلگەن
مەڭگۈ هايات پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن...› دەيدىغان بولىدۇ.
شۇ ۋاقىتتا ئۇلار قايتىپ كېلىپ، ئۆز زېمىنىدا ياشايدۇ.»

## ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ سوراق قىلىنىشى

9 ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ يامانلىقىدىن كۆڭلۈم بىئارام
بولدى،
پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى.
پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارغا قارشى ئېيتقان مۇقەددەس
سۆزلىرىدىن
خۇددى شارابنى كۆپ ئىچىۋالغان مەستتەك گاڭگىراپ
قالدىم.
10 بۇ زېمىن خۇداغا ساداقەتسىز كىشىلەر بىلەن تولدى.
ئۇلار هوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، رەزىللىك يولىدا
ماڭىدۇ.
خۇدانىڭ لەنىتىدىن زېمىن هەسرەتلەندى، ئوتلاقلار قۇرۇپ
كەتتى.

11 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«هازىرقى پەيغەمبەر ۋە روهانىيلار ئىمانسىزدۇر.
مەن ئۇلارنىڭ هەتتا مېنىڭ ئىبادەتخانامدىمۇ رەزىللىك
قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.
12 شۇڭا ئۇلارنىڭ يوللىرى تېيىلغاق بولىدۇ.
ئۇلار قاراڭغۇلۇقتا قوغلىنىدۇ، ئۇلار شۇ يەردە پۈتلىشىپ
يىقىلىدۇ.

مەن بەلگىلەنگەن جازالىنىش ۋاقىت-سائىتى يېتىپ
كەلگەندە،
ئۇلارغا بالايىئاپەت چۈشۈرىمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

13 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن سامارىيەدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يىرگىنچلىك
ئىشلارنى قىلغانلىقىنى كۆردۈم.
ئۇلار بۇت بائالنىڭ نامىدا ۋەھىي يەتكۈزدى
ۋە خەلقىم ئىسرائىللارنى ئازدۇردى.
14 مەن يېرۇسالېمدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ تېخىمۇ
يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.
ئۇلار زىناخورلۇق قىلدى ۋە يالغان ۋەھىيلەرنى يەتكۈزدى.
ئۇلار رەزىل كىشىلەرنى كۈشكۈرتتى.
نەتىجىدە، خەلق ئۆزىنىڭ قىلغان رەزىللىكىدىن ۋاز
كەچمىدى.
مەن ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنى سودوم خەلقىدەك رەزىل،
يېرۇسالېم پۇقرالىرىنى گومورا خەلقىدەك گۇناھكار دەپ
قارايمەن.
15 شۇڭا مەنكى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار
يېرۇسالېمدىكى پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا مۇنداق
دەيمەن:
‹مەن بۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەمەندەك قىرتاق تائام يېگۈزۈپ،
زەھەرلىك سۇ ئىچكۈزىمەن.
چۈنكى يېرۇسالېمدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمانسىزلىقى
بۇ زېمىنغا كەڭ تارقالدى.›»

16 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار يېرۇسالېم خەلقىگە مۇنداق
دەيدۇ:
«ئاشۇ ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ سىلەرگە ئېيتقان
سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار.

ئۇلار سىلەرگە يالغان ئۈمىدلەرنى بېرىۋاتىدۇ.
ئۇلار مەن يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان سۆزلەرنى ئەمەس،
بەلكى ئۆزلىرى توقۇپ چىققان غايىبانە ئالامەتلەرنى
سۆزلەۋاتىدۇ.
17 ئۇلار دائىم مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئىنكار قىلغانلارغا:
‹ئىشلىرىڭلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ!› دەيدۇ.
ئۇلار قەلبلىرىدىكى ھەۋەسلىرىگە جاھىللارچە
ئەگەشكەنلەرگە:
‹سىلەر بالا-قازاغا ئۇچرىمايسىلەر!› دەيدۇ.
18 ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىممۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاش ئۈچۈن
ھۇزۇرۇمدىكى يىغىلىشقا قاتنىشىپ باققان؟
ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىممۇ سۆزلىرىمگە كۆڭۈل قويۇپ قۇلاق
سالغان؟
19 بىلىپ قويۇڭلاركى، مېنىڭ غەزىپىم خۇددى بوران-
چاپقۇندەك كېلىدۇ.
ئۇ خۇددى شىددەتلىك قارا بورانغا ئوخشاش رەزىل
كىشىلەرنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ.
20 مېنىڭ غەزىپىم تاكى مەقسەتلىرىنى تولۇق ئەمەلگە
ئاشۇرمىغۇچە يانمايدۇ.
ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە، بۇنى تولۇق چۈشىنىپ
يېتىسىلەر.
21 بۇ پەيغەمبەرلەرنى مەن ئەۋەتمىدىم، لېكىن ئۇلار ھەممە
يەردە قاتراپ يۈردى.
مەن سۆزۈمنى ئۇلارغا چۈشۈرمىدىم، لېكىن ئۇلار يەنىلا
مېنىڭ نامىمنى سېتىپ ۋەھىي يەتكۈزۈشتى.
22 ئەگەر ئۇلار مېنىڭ ھۇزۇرۇمدىكى يىغىلىشقا قاتناشقان
بولسا ئىدى،
مېنىڭ سۆزلىرىمنى خەلقىمگە جاكارلايتتى.
خەلقىمنى يامان يوللىرىدىن ياندۇرۇپ، رەزىل ئىشلاردىن
توسقان بولاتتى.
23 مەن بىر يەردىلا ئەمەس، ھەممە يەردە بار خۇدادۇرمەن.

24 مەن دەيمەنكى، ئەجەبا، ئادەملەر يوشۇرۇنۇۋالسا، مەن
كۆرەلمەيمەنمۇ؟
ئاسمان ۋە زېمىندا مەن يوق بىرەر جاي بارمۇ؟

25 مېنىڭ نامىمنى ئاتاپ تۇرۇپ يالغاندىن ۋەھىي يەتكۈزۈۋاتقان بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار: ‹مەن بىر چۈش كۆردۈم. مەن بىر چۈش كۆردۈم...› دېيىشىۋاتىدۇ. 26 بۇ ساختا پەيغەمبەرلەر قاچانغىچە ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ، يالغاندىن ۋەھىي يەتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرار؟ 27 خەلقىمنىڭ ئەجدادلىرى بۇرۇن مېنى ئۇنتۇپ بائالغا چوقۇنغانىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ساختا پەيغەمبەرلەرمۇ خەلقىنىڭ نامىمنى ئۇنتۇپ كېتىشى ئۈچۈن بىر-بىرىگە چۈشلىرىنى تارقاتماقتا. 28 مەن سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، بۇ ساختا پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ چۈشلىرىنى ئېيتىۋەرسۇن. ئەمما مېنىڭ ھەقىقىي ۋەھىي يەتكۈزگۈچىلىرىم مېنىڭ ھەربىر سۆزۈمنى سادىقلىق بىلەن جاكارلايدۇ. پاخال بىلەن دان ئوتتۇرىسىدا پەرق بار! 29 مەن سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭ سۆزلىرىم ئوتقا ئوخشاش كۆيدۈرىدۇ ھەم تاشلارنى پارچە-پارچە قىلىۋېتىدىغان بازغاندەك زەربە بېرىدۇ.
30 شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىر-بىرىدىن ئالغان ئۇچۇرلارنى ‹پەرۋەردىگاردىن كەلگەن› دەپ جاكارلايدىغان بۇنداق پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرىمەن. 31 بۇ ۋەھىي پەرۋەردىگاردىن كەلگەن دەپ، ئۆزلىرى توقۇۋالغان سۆزلەرنى تارقىتىدىغان ساختا پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرىمەن. 32 پەرۋەردىگار چۈشۈمدە سۆز قىلدى دەپ، يالغان ۋەھىي يەتكۈزۈپ، خەلقىمنى ئازدۇرغان ساختا پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرىمەن. ئۇ ساختا پەيغەمبەرلەرنى مەن ئەۋەتمىدىم. مەن ئۇلارنى ھېچقاچان پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمىدىم. ئۇلار خەلقىمگە ھېچقانداق ياخشىلىق ئەكېلەلمەيدۇ. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»
33 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

- ئەگەر خەلق، پەيغەمبەر ياكى روھانىي سەندىن: «پەرۋەردىگار
بىزگە قانداق يۈكلەرنى يۈكلەيدىكەن؟» دەپ سورىسا، سەن
ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار بىر يۈكتۇرسىلەر، شۇڭا پەرۋەردىگار
سىلەردىن ۋاز كېچىدىكەن، دەپ جاۋاب بەرگىن. 34 ئەگەر بىرەر ساختا
پەيغەمبەر، روھانىي ياكى باشقا بىر كىشى: «ماڭا پەرۋەردىگاردىن
ۋەھىي كەلدى» دېسە، مەن بۇنداق ئادەمنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن
قوشۇپ جازالايمەن. 35 ئۇلار ئۆزئارا: «پەرۋەردىگار نېمە دەپ جاۋاب
بەردى؟» ياكى «پەرۋەردىگار نېمە دەيدۇ؟» دەپ سوراشسۇن.
36 لېكىن ئۇلار «ماڭا پەرۋەردىگاردىن ۋەھىي كەلدى» دېگەن يالغان
سۆزنى دېيىشنى توختاتسۇن. چۈنكى كىشىلەر شۇنداق دېيىش
ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۆي-پىكىرلىرىنىڭ نوپۇزىنى تىكلىمەكچى
بولىدۇ. ئۇلار مەن خۇدانىڭ، يەنى مەڭگۈ ھايات قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى بۇرمىلىدى. 37 ھەممە ئادەم ئۇلاردىن:
«پەرۋەردىگار نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟» ياكى «پەرۋەردىگار نېمە
دەيدۇ؟» دەپ سوراشسۇن. 38 ئەگەر ئۇلار: «بۇ پەرۋەردىگاردىن
كەلگەن ۋەھىي!» دەپ جاۋاب بەرسە، سەن ئۇلارغا مۇنداق دېگىن:
«پەرۋەردىگار دەيدۇكى، مەن سىلەرنى ‹بۇ پەرۋەردىگاردىن كەلگەن
ۋەھىي!› دېيىشىڭلارنى توختىتىڭلار، دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولساممۇ،
لېكىن سىلەر يەنىلا شۇ سۆزنى قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، 39 سىلەرنى
چوقۇم پۈتۈنلەي ئۇنتۇيمەن. سىلەرگە ۋە ئەجدادلىرىڭلارغا
بەرگەن بۇ شەھەرنى سىلەر بىلەن قوشۇپ كۆز ئالدىمدىن يوق
قىلىمەن. 40 مەن سىلەرنى مەڭگۈلۈك ئۇياتقا ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇلۇپ
كېتەلمەيدىغان شەرمەندىچىلىككە قويىمەن.»

## ياخشى ۋە يامان ئەنجۈر

24 1 بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر يەھوياقىمنىڭ ئوغلى،
يەنى يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياكىننى يەھۇدىيەنىڭ
ئەمەلدارلىرى، ھۈنەرۋەنلىرى ۋە تۆمۈرچىلىرى بىلەن بىرگە بابىلغا
سۈرگۈن قىلغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگار ماڭا بۇ غايىبانە ئالامەتنى
كۆرسەتتى. مەن يېرۇسالېمدىكى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ
ئالدىدا ئىككى سېۋەت ئەنجۈرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. 2 بىر

سېۋەتتىكىسى تۇنجى پىشقان ناھايىتى ياخشى ئەنجۈرلەر ئىدى.
يەنە بىر سېۋەتتىكىسى ناھايىتى ناچار ئەنجۈرلەر بولۇپ، يېگىلىمۇ
بولمايتتى. [3] پەرۋەردىگار ماڭا:
– ئەي يەرەمىيا، نېمىنى كۆردۈڭ؟ – دەپ سورىدى. مەن:
– ئەنجۈر كۆردۈم. ياخشىلىرى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، لېكىن
ناچارلىرى ناچارلىقىدىن يېگىلىمۇ بولمايدىكەن، – دەپ جاۋاب
بەردىم. [4] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[5] – مەن پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق
دەيمەن: «ياخشى ئەنجۈرلەر مەن يەھۇدىيەدىن بابىل زېمىنىغا
سۈرگۈن قىلغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. مەن ئۇلارغا ياخشىلىق
قىلىمەن. [6] ئۇلارنى قوغدايمەن ۋە بۇ زېمىنغا قايتۇرۇپ كېلىمەن.
ئۇلارنى پەرۋىش قىلىمەن، ھالاك قىلمايمەن. ئۇلارنى بۇ زېمىندا
ئۆستۈرىمەن، قومۇرۇپ تاشلىمايمەن. [7] مەن ئۇلارغا مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىدىغان قەلب ئاتا قىلىمەن. ئۇلار
مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن. چۈنكى
ئۇلار چىن قەلبى بىلەن مېنىڭ يولۇمغا قايتىپ كېلىدۇ.
[8] لېكىن مەن ساڭا ئېيتايكى، ناچار ئەنجۈرلەر يەھۇدىيە پادىشاھى
زەدەقىيا، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى، يېرۇسالېمدا قالغان كىشىلەر ۋە
مىسىردا ياشايدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. مەن ئۇلارغا خۇددى سېسىپ
يېگىلى بولمايدىغان ناچار ئەنجۈرلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىمەن.
[9] مەن ئۇلارغا دۇنيادىكى بارلىق ئەللەر چۆچۈپ كەتكۈدەك بىر
بالايىئاپەت چۈشۈرىمەن. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۈلۈشىدۇ،
مەسخىرە قىلىشىدۇ ۋە ئۇلارنى خارلايدۇ. مەن ئۇلارنى چېچىۋەتكەن
ھەرقانداق يەرلەردە ئۇلارنىڭ نامى قارغىش سۆزىگە ئوخشاش
تىلغا ئېلىنىدۇ. [10] مەن ئۇلارغا ۋە ئەجدادلىرىغا بەرگەن زېمىندا
تاكى ئۇلار تەلتۆكۈس يوقىتىلغۇچە، ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە ۋابا
ئېلىپ كېلىمەن.»

## يەتمىش يىل تۇتقۇن بولۇش

25 [1] يوشىيانىڭ ئوغلى يېھوياقىمنىڭ يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق
قىلىۋاتقانلىقىنىڭ 4-يىلى، يەنى بابىل پادىشاھى

نىبۇكادنەزەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان يىلى پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا يەھۇدىيەنىڭ بارلىق پۇقرالىرى توغرىسىدا ۋەھيى كەلدى. [2] يەرەمىيا يەھۇدىيەدىكى بارلىق خەلققە ۋە يېرۇسالېمدا ياشاۋاتقان بارلىق كىشىلەرگە مۇنداق دېدى:

[3] – پەرۋەردىگاردىن ماڭا ۋەھيي كېلىۋاتقىلى 23 يىل بولدى. ئاموننىڭ ئوغلى يوشىيانىڭ يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنىڭ 13-يىلىدىن باشلاپ تاكى بۈگۈنگىچە پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ۋەھيىسىنى ماڭا يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. مەن سىلەرگە بۇ ۋەھيىلەرنى قايتا-قايتا يەتكۈزۈپ كەلدىم. لېكىن سىلەر ئۇلارغا قۇلاق سالمىدىڭلار. [4] پەرۋەردىگار سىلەرگە ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرى بولغان پەيغەمبەرلەرنى قايتا-قايتا ئەۋەتىپ كەلدى. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمىدىڭلار. [5] پەرۋەردىگار سىلەرگە ئۇلار ئارقىلىق مۇنداق دېدى: «ھەممىڭلار يامان يوللىرىڭلاردىن يېنىپ، قىلىۋاتقان رەزىل ئىشلىرىڭلارنى توختىتىڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، مەن سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارغا مەڭگۈلۈك ئاتا قىلغان بۇ زېمىندا سىلەرنى ياشاشقا قويىمەن. [6] باشقا ئىلاھلارنى ئىزدەپ، ئۇلارغا چوقۇنماڭلار ۋە سەجدە قىلماڭلار. ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياسىۋالغان بۇت ئىلاھلار بىلەن غەزىپىمنى قوزغىماڭلار. شۇندىلا مەن سىلەرگە زىيان يەتكۈزمەيمەن.»

[7] لېكىن ھازىر پەرۋەردىگار سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر سۆزۈمنى ئاڭلاشنى رەت قىلدىڭلار. ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياسىۋالغان بۇتلار ئارقىلىق غەزىپىمنى قوزغىدىڭلار. شۇ سەۋەبتىن ئۆز بېشىڭلارغا ئۆزۈڭلار بالا-قازا ئېلىپ كەلدىڭلار. [8] سىلەر سۆزلىرىمگە ئىتائەت قىلمىغانلىقىڭلار ئۈچۈن، مەن، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، [9] مەن شىمالدىكى بارلىق خەلقلەرنى ۋە ‹خىزمەتكارىم› بولغان بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەرنى چاقىرىپ ئەكېلىمەن. ئۇلارنى يەھۇدىيە ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىغا، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق قوشنا ئەللەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلاندۇرىمەن. مەن بۇ خەلقنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قوشنا ئەللەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىمەن، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى مەڭگۈلۈك خارابىلىككە ئايلاندۇرىمەن. مەن ئۇلارنى

ئادەمنى چۆچۈتىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا چۈشۈرىمەن، ئۇلار مەسخىرە نىشانى بولىدۇ. [10] مەن خۇشاللىق ۋە كۈلكە سادالىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايمەن. توي قىلغان يىگىتلەر ۋە كېلىنچەكلەرنىڭ شادلىق ئاۋازلىرى ئەمدى ھەرگىز ئاڭلانمايدۇ. ئۇن تارتىۋاتقان يارغۇنچاقلارنىڭ غىچىرلاشلىرى توختايدۇ. ئۆيلەردىكى يېنىۋاتقان چىراغلار ئۆچۈرۈلىدۇ. [11] پۈتۈن زېمىن تاشلىنىپ قالغان بىر قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ ۋە بۇ يەردىكى خەلقلەر بابىل پادىشاھىغا يەتمىش يىل قۇل بولىدۇ.

[12] لېكىن يەتمىش يىل توشقاندا، مەن بابىل پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن جازالايمەن. مەن بابىلنىڭ زېمىنلىرىنى مەڭگۈلۈك خارابىلىككە ئايلاندۇرىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر! [13] مەن بۇ زېمىنغا قارشى ئېيتقان بارلىق سۆزلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. ئۇ خەلقلەر توغرىسىدا يەرەميا ئارقىلىق يەتكۈزگەن، بۇ يازمىغا پۈتۈلگەن بارلىق ۋەھيىلىرىمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىمەن. [14] نۇرغۇن خەلقلەر ۋە ئۇلۇغ پادىشاھلار بابىل پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى قۇل قىلىدۇ. مەن ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرىغا يارىشا جازالايمەن.»

## خۇدانىڭ غەزىپىگە تولغان قەدەھ

[15] پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا بىر غايىبانە ئالامەت ئارقىلىق مەن يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:

– قولۇمدىكى قەدەھنى ئالغىن، بۇ قەدەھ غەزەپ شارابىغا تولغاندۇر. سېنى ئەۋەتىدىغان ئەللەرگە بۇ قەدەھتىكى شارابتىن ئىچكۈزگىن. [16] ئۇلار بۇ قەدەھتىكى شارابنى ئىچكەندە، دەلدەڭشىپ قالىدۇ، ئەقلىدىن ئازىدۇ. چۈنكى مەن ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچىمەن.

[17] شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ قەدەھنى پەرۋەردىگارنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئۇ مېنى ئەۋەتكەن ئەللەردىكى بارلىق خەلقلەرگە ئىچكۈزدۇم. [18] مەن يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيەنىڭ باشقا شەھەر-يېزىلىرىغا باردىم. ئۇلارنىڭ پادىشاھى ۋە ئەمەلدارلىرى بۇ غەزەپ شارابىدىن ئىچتى. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇگۈنگە قەدەر،

ئۇلار پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ، ئادەملەرنى چۆچۈتىدىغان ھالغا
كېلىپ قالدى ھەم مەسخىرە نىشانىغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ نامى
قارغىش سۆزى ئورنىدا تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى. [19] مەن بۇ
كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە بۇ غەزەپ شارابىنى ئىچكۈزىمەن.
يەنى مىسىر پادىشاھى، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، ئەمەلدارلىرى،
خەلقلىرى، [20] مىسىردا ياشاۋاتقان ياقا يۇرتلۇقلار، ئۇز زېمىنىنىڭ
بارلىق پادىشاھلىرى، فىلىستىيەلىكلەرنىڭ بارلىق پادىشاھلىرى،
ئاشقېلون، گازا، ئەقرون خەلقلىرى، ئاشدودتا ھايات قالغانلار،
[21] ئېدوم، موئاب، ئاممونىنىڭ بارلىق خەلقلىرى، [22] تىرنىڭ بارلىق
پادىشاھلىرى، سىدوننىڭ بارلىق پادىشاھلىرى، ئوتتۇرا دېڭىز
بويلىرىدىكى زېمىنلارنىڭ پادىشاھلىرى، [23] دېدان، تېما، بۇز
خەلقلىرى، چەت-ياقا جايلاردا ياشاۋاتقان خەلقلەر، [24] قۇملۇقلاردا
ياشاۋاتقان ئەرەبلەرنىڭ بارلىق پادىشاھلىرى، [25] زىمرىنىڭ
بارلىق پادىشاھلىرى، ئېلامنىڭ بارلىق پادىشاھلىرى، مىدىيانىڭ
بارلىق پادىشاھلىرى، [26] شىمالنىڭ يىراق-يېقىندىكى بارلىق
پادىشاھلىرى ۋە يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان باشقا بارلىق پادىشاھلار
پەرۋەردىگارنىڭ غەزەپ شارابىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بابىل
پادىشاھى ئىچىدۇ.
[27] ئاندىن پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
– ئۇلارغا ئېيتقىن: «قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى
ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ‹بۇ شارابتىن
سىلەر تاكى مەست بولۇپ ياندۇرغۇچە ئىچىڭلار. سىلەر تاكى
يىقىلىپ چۈشۈپ ئورنۇڭلاردىن تۇرالمىغانغا قەدەر ئىچىڭلار.
چۈنكى مەن سىلەرگە ئۇرۇش ئاچىمەن.›»
[28] پەرۋەردىگار ماڭا يەنە مۇنداق دېدى:
– ئەگەر ئۇلار قەدەھنى سېنىڭ قولۇڭدىن ئېلىپ ئىچىشنى رەت
قىلسا، ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: «قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار
سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ‹سىلەر چوقۇم ئىچىشىڭلار كېرەك! [29] قاراڭلار،
مەن ئۆزۈمگە تەۋە قىلغان بۇ شەھەرگە ئاللىقاچان بالايىئاپەت
كەلتۈرۈشنى باشلىدىم. شۇڭا سىلەر قانداقمۇ جازالىنىشتىن قېچىپ
قۇتۇلالايسىلەر؟ سىلەر جازالانماي قالمايسىلەر! چۈنكى مەن يەر

يۈزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارشى ئۇرۇش جاكارلاۋاتىمەن. بۇ مەن
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.››»

30 ئەي يەرەميا، ھازىر سەن بۇ سۆزلەرنى ئۇلارغا ئېيتقىن:
«پەرۋەردىگار ئەرشتە شىرغا ئوخشاش ھۆركىرەيدۇ.
ئۇ مۇقەددەس ماكانىدا تۇرۇپ، گۈلدۈرلەيدۇ.
ئۇ ئۆزىنىڭ خەلقىگە قارشى ھۆركىرەپ،
خۇددى ئۈزۈم يانچىۋاتقان ئادەمدەك توۋلايدۇ.
ئۇ يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل ئىنسانغا ۋارقىرايدۇ.
31 ئۇرۇش ئاۋازلىرى زېمىنىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە
ئاڭلىنىدۇ.
چۈنكى پەرۋەردىگار خەلقلەرنى سوراققا تارتىدۇ.
ئۇ بارلىق ئىنسانلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ،
رەزىللەرنى ئۇرۇشتا ئۆلۈشكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.
مانا بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

32 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«قاراڭلار، بالايىئاپەت ئەلدىن ئەلگە يامراۋاتىدۇ.
كۈچلۈك بوران زېمىنىنىڭ ئۇ چېتىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ.»

33 شۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر جاھاننىڭ
ئۇ چېتىدىن تاكى بۇ چېتىگىچە ھەممە يەردە ياتىدۇ. ھېچكىم
ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرمايدۇ ياكى ئۇلارنى يىغىپ دەپنە قىلمايدۇ.
بەلكى ئۇلار خۇددى گەندىدەك تاشلىنىپ قالىدۇ.

34 بۇ ئەللەرنىڭ سەركىلىرى قايغۇرۇپ نالە-پەرياد قىلسۇن!
بۇ خەلقلەرنىڭ يولباشچىلىرى چاڭ-توزانلارغا مىلىنىپ
ياتسۇن!
چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغان ۋاقتى كەلدى.
ئۇلار يىقىلىپ چۈشۈپ، خۇددى ئېسىل چىنىدەك سۇنىدۇ.
35 بۇ ئەللەرنىڭ سەركىلىرىگە يوشۇرۇنغۇدەك يەر قالمايدۇ.

خەلقلەرنىڭ يولباشچىلىرى قىچىپ قۇتۇلالمايدۇ!
36 سەركىلەرنىڭ يىغا-زارى ۋە يولباشچىلارنىڭ نالە-
پەريادلىرىنى ئاڭلاڭلار.
پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ.
37 تىنچ يايلاقلار پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق غەزىپىدە ۋەيران
بولىدۇ.
38 پەرۋەردىگار ئۆڭكۈرىدىن ئايرىلىۋاتقان شىرغا ئوخشاش بۇ
زېمىندىن ئايرىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ زېمىنى زۇلۇم سالغۇچىنىڭ قىلىچى ۋە
پەرۋەردىگارنىڭ قاتتىق غەزىپىدىن خارابىلىككە
ئايلىنىدۇ.

## يەرەمىيانىڭ ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى

26 1 يوشىيانىڭ ئوغلى يەھوياقىم يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق
قىلىشقا باشلىغاندا، پەرۋەردىگار يەرەمىياغا 2 مۇنداق دېدى:
– سەن ئىبادەتخانامنىڭ ھويلىسىغا بېرىپ تۇرغىن.
يەھۇدىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىن ئىبادەتخانامغا ئىبادەت
قىلغىلى كەلگەن بارلىق كىشىلەرگە مەن ساڭا ئۇلارغا ئېيتىشنى
ئەمر قىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرىنمۇ قالدۇرماي
يەتكۈزگىن. 3 بەلكىم بۇ كىشىلەر سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ،
رەزىل يوللىرىدىن قايتىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق
قىلسا، مەن ئۇلارنىڭ قىلغان رەزىل قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى
ۋەيران قىلىش نىيىتىمدىن يانىمەن. 4 ئۇلارغا مۇنداق دەپ
ئېيتقىن: «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ‹سىلەر سۆزلىرىمگە
قۇلاق سېلىپ، مەن كۆرسەتكەن يولدا مېڭىڭلار! 5 سىلەر چوقۇم
مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلاڭلار! مەن ئۇلارنى سىلەرگە قايتا-قايتا ئەۋەتتىم، لېكىن
سىلەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمىدىڭلار. 6 شۇڭا مەن
بۇ ئىبادەتخانىنى خۇددى شىلو شەھىرىنى گۇمران قىلغاندەك
گۇمران قىلىمەن. دۇنيادىكى ھەممە خەلقلەر بۇ شەھەرنىڭ
نامىنى تىلغا ئېلىپ قارغايدۇ.›»

[7] روھانىيلار، ساختا پەيغەمبەرلەر ۋە بارلىق كىشىلەر يەرەمىيانىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىدى. [8] يەرەمىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر قىلغانلىرىنى خەلققە سۆزلەپ بولغان ھامان روھانىيلار، ساختا پەيغەمبەرلەر ۋە بارلىق كىشىلەر ئۇنى تۇتۇپ:

— سەن ئۆلۈشكە لايىق! [9] سەن پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن بۇ ئىبادەتخانا خۇددى شىلو شەھىرىگە ئوخشاش گۇمران بولىدۇ، بۇ شەھەر ھېچكىم ياشىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ۋەيران قىلىنىپ خارابىلىككە ئايلىنىدۇ، دەپ بېشارەت بېرىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى ھەممە كىشىلەر ئۇنى قورشىۋالدى.

[10] يەھۇدىيە ئەمەلدارلىرى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار پادىشاھ ئوردىسىدىن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ناھايىتى تېزلا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ «يېڭى دەرۋازا» دەپ ئاتالغان كىرىش ئېغىزىدا سوت ئاچتى. [11] ئاندىن روھانىيلار ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر ئەمەلدارلارغا ۋە پۈتۈن خەلققە مۇنداق دېدى:

— بۇ ئادەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ بۇ شەھەر ھەققىدە يامان ۋەھىي يەتكۈزدى. سىلەر ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقىڭلار بىلەن ئاڭلىدىڭلار.

[12] ئاندىن يەرەمىيا بارلىق ئەمەلدارلارغا ۋە خەلققە مۇنداق دېدى:

— سىلەر مەندىن ئاڭلىغان بۇ ئىبادەتخانا ۋە بۇ شەھەرگە قارشى ئېيتىلغان بارلىق ۋەھىيلەرنى سىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەرۋەردىگار مېنى ئەۋەتتى. [13] شۇڭا ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى ۋە مېڭىۋاتقان يولۇڭلارنى ئۆزگەرتىپ، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، پەرۋەردىگار سىلەرگە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىش نىيىتىدىن يانىدۇ. [14] ماڭا كەلسەك، مەن سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا، سىلەر ياخشى ۋە توغرا دەپ قارىغىنىڭلار بويىچە مېنى بىر تەرەپ قىلىڭلار. [15] لېكىن شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭلار، سىلەر، بۇ شەھەر ۋە بۇ شەھەردە ياشايدىغان كىشىلەر گۇناھسىز بىر ئادەمنىڭ قېنىنى تۆككەن گۇناھىنى ئۈستۈڭلارغا ئالىسىلەر.

چۈنكى پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن مېنى بۇ سۆزلەرنى سىلەرگە
يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى.
[16] شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلار ۋە بارلىق خەلق روھانىيلارغا ۋە
ساختا پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق دېدى:
– بۇ ئادەم ئۆلۈمگە لايىق ئەمەس! ئۇ پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ
نامىدا بىزگە سۆزلەپتۇ.
[17] ئاندىن يەھۇدىيەنىڭ بىر قىسىم ئاقساقاللىرى ئالدىغا چىقىپ،
توپلانغان خەلققە مۇنداق دېدى:
[18] – پادىشاھ خىزكىيا يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان
ۋاقىتلاردا، موراشتىلىق مىكاھ يەھۇدىيەدىكى بارلىق خەلققە ۋەھىي
يەتكۈزۈپ: «قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ‹سىئون
تېغى خۇددى ئېتىزلاردەك ئاغدۇرۇلىدۇ، يېرۇسالېم خارابىلىككە
ئايلىنىدۇ، ئىبادەتخانا جايلاشقان تاغنى چاتقاللار قاپلايدۇ›»
دېگەنىدى. [19] لېكىن يەھۇدىيە پادىشاھى خىزكىيا ۋە پۈتكۈل
خەلق مىكاھنى ئۆلتۈرگەنمۇ؟ ياق، خىزكىيا پەرۋەردىگاردىن
ئەيمىنىپ، پەرۋەردىگارنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى تىلىگەن. شۇڭا
پەرۋەردىگار ئۇلارغا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىش نىيىتىدىن يانغان.
لېكىن بىز بولساق ئۆز بېشىمىزغا تېخىمۇ چوڭ بالا-قازا ئېلىپ
كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز.
[20] (شۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ۋەھىي يەتكۈزۈۋاتقان
يەنە بىر پەيغەمبەر بار ئىدى. ئۇ بولسا قىريات-يېئارىمدىن كەلگەن
شېمايانىڭ ئوغلى ئۇرىيا ئىدى. ئۇمۇ يەرەمىياغا ئوخشاش بۇ شەھەر
ۋە زېمىنغا قارشى ۋەھىيلەرنى يەتكۈزگەنىدى. [21] پادىشاھ يەھوياقىم،
ئۇنىڭ لەشكەر باشلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ئۇرىيانىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قەست قىلماقچى بولۇشقانىدى. لېكىن
ئۇرىيا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى قورقۇپ، مىسىرغا قېچىپ
كەتكەنىدى. [22] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يەھوياقىم ئاكبورنىڭ ئوغلى
ئەلناتاننى بىرنەچچە ئادەم بىلەن مىسىرغا ئەۋەتكەنىدى. [23] ئۇلار
ئۇرىيانى مىسىردىن قايتۇرۇپ كېلىپ، پادىشاھ يەھوياقىمنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. پادىشاھ يەھوياقىم ئۇرىيانى قىلىچ

بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى پۇقرالار قەبرىستانلىقىغا
تاشلىۋەتكەنىدى.)
24 شافاننىڭ ئوغلى ئاخىقام يەرەمىيا تەرەپتە تۇردى، يەرەمىيانى
ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇشىغا يول
قويمىدى.

## يەرەمىيا ۋە بويۇنتۇرۇق

27 1 يوشىيانىڭ ئوغلى زىدقىيا يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق
قىلىۋاتقان دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا، پەرۋەردىگار يەرەمىياغا
2 مۇنداق دېدى:
– خۇرۇم تاسما ۋە ياغاچتىن بىر بويۇنتۇرۇق ياساپ، ئۇنى
بوينۇڭغا سالغىن. 3 ئاندىن پادىشاھ زىدقىيا بىلەن كۆرۈشكىلى
يېرۇسالېمغا كەلگەن ئېدوم، موئاب، ئاممون، تىر ۋە سىدوننىڭ
ئەلچىلىرىنىڭ ئۆز پادىشاھلىرىغا يەتكۈزۈشى ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى
ئېيتقىن. 4 ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: «قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار،
يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا پادىشاھلىرىڭلارغا بۇ سۆزلەرنى
يەتكۈزۈشۈڭلارنى ئەمر قىلدى: 5 مەن يۈكسەك كۈچ-قۇدرىتىم
ۋە قۇدرەتلىك قولۇم بىلەن دۇنيانى، يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنى
ۋە ھايۋاناتلارنى ياراتتىم. مەن ئۇلارنى كىمگە بېرىشنى
خالىسام، شۇنىڭغا بېرىمەن. 6 مەن ھازىر بارلىق ئەللەرنى
خىزمەتكارىم بولغان بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەرنىڭ قولىغا
تاپشۇرىمەن. ھەتتا بارلىق ھايۋاناتلارنىمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا
تاپشۇرىمەن. 7 كېيىن نۇرغۇن ئەللەر ۋە كۈچلۈك پادىشاھلار
بابىلنى بويسۇندۇرىدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىت كەلگۈچە بارلىق ئەللەر
بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەرگە، ئوغلىغا ۋە نەۋرىسىگە خىزمەت
قىلىدۇ. 8 ئەمما قايسىبىر ئەل ياكى پادىشاھلىق ئۇنىڭ قۇلى
بولۇپ، بويۇنتۇرۇقىغا چۈشمىسە، مەن شۇ ئەللەرنى ئۇ ئارقىلىق
جازالايمەن. ئۇلار ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە ۋابادا ۋەيران بولىدۇ.
9 شۇڭا ساختا پەيغەمبەرلىرىڭلارنىڭ ياكى پالچىلىق، چۈش ئۆرۈش،
ئۆلۈكلەردىن مەسلىھەت سوراش ياكى سېھىرگەرلىك قىلىش
ئارقىلىق كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ

سۆزلىرىنى ئاڭلىماڭلار. ئۇلار سىلەرگە دائىم: ‹سىلەرنىڭ بابىل
پادىشاھىغا خىزمەت قىلىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوق› دەپ ئېيتىدۇ.
10 ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەھىيلىرى
يالغان. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش پەقەت ئۆز زېمىنىڭلاردىن
ئايرىلىپ، يىراق جايلارغا سۈرگۈن قىلىنىشىڭلارغا سەۋەبچى
بولىدۇ. ئەگەر سۆزۈمگە قۇلاق سالمىساڭلار، مەن سىلەرنى ئۆز
زېمىنىڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىمەن، سىلەر سۈرگۈن قىلىنغان
زېمىندا ئۆلىسىلەر. 11 لېكىن ھەرقانداق بىر ئەل ئۆز بوينىدىكى
بويۇنتۇرۇقنى بىلىپ يېتىپ، بابىل پادىشاھىغا بويسۇنۇپ،
ئۇنىڭغا خىزمەت قىلسا، مەن ئۇ ئەلنى ئۆز زېمىنىدا قالدۇرۇپ،
زىرائەت تېرىپ ياشىشىغا يول قويىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»
12 ئاندىن مەنكى يەرەميا ئوخشاش بىر ۋەھىينى يەھۇدىيە
پادىشاھى زىدقىياغا تەكرارلاپ، مۇنداق دېدىم:
— ئەگەر سىلەر ياشاشنى خالىساڭلار، بابىل پادىشاھىنىڭ
بويۇنتۇرۇقنى بوينۇڭلارغا سېلىپ، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە
خىزمەت قىلىڭلار. 13 خەلقىڭلارنىڭ ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە
ۋابا سەۋەبىدىن بىكاردىن ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ نېمە پايدىسى
بار؟! بۇ پەرۋەردىگارنىڭ بابىل پادىشاھىغا خىزمەت قىلىشنى
خالىمايدىغان ھەرقانداق ئەلنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىشلاردىن
ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. 14 سىلەرگە «بابىل
پادىشاھىغا خىزمەت قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ» دەپ سۆزلەۋاتقان
ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار. چۈنكى
ئۇلار سىلەرگە يالغان ۋەھىي يەتكۈزۈۋاتىدۇ. 15 پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇلارنى ئەۋەتكەن ئەمەس. ئۇلار سىلەرگە
مېنىڭ نامىمدا يالغان ۋەھىي يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئەگەر سىلەر
ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالساڭلار، مەن سىلەرنى ۋە يالغان
ۋەھىي يەتكۈزۈۋاتقان شۇ پەيغەمبەرلەرنى زېمىنىڭلاردىن
قوغلاپ چىقىرىمەن. ھەممىڭلار سۈرگۈن قىلىنغان زېمىندا
ئۆلىسىلەر.»
16 ئاندىن مەن روھانىيلار ۋە بارلىق خەلققە مۇنداق دېدىم:

– پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «‹پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئېلىپ كېتىلگەن ئالتۇن بۇيۇملار پات يېقىندا بابىلدىن قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ› دەپ ۋەھىي يەتكۈزگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار. ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان! [17] ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماي، بابىل پادىشاھىغا خىزمەت قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار داۋاملىق ھايات قالىسىلەر! شەھىرىڭلارنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟»

[18] مەن يەنە مۇنداق دېدىم:

– ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي پەيغەمبەر بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھىيلىرىنى يەتكۈزگۈچىلەر بولسا، ئۇلار قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارغا چىن دىلىدىن دۇئا قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا، پادىشاھ ئوردىسىدا ۋە يېرۇسالېمدا قېلىپ قالغان قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ بابىلغا ئېلىپ كېتەلمەسلىكىنى تىلىسۇن. [19] چۈنكى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدىكى تۈۋرۈكلەر، «دېڭىز» دەپ ئاتالغان تۇچ داڭقان، ئىبادەتخانىدىكى تۇچ ھارۋىلار ۋە بۇ شەھەردىكى بارلىق قىممەتلىك بۇيۇملار توغرىسىدا ئالدىن بېشارەت بەرگەنىدى. [20] بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر يەھوياقىمنىڭ ئوغلى، يەنى يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياكىننى يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرگە بابىلغا سۈرگۈن قىلغاندا، بۇ بۇيۇملارنى بۇ يەردە قالدۇرغانىدى. [21] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا ئىبادەتخانا، يەھۇدىيە پادىشاھى ئوردىسى ۋە يېرۇسالېمدا قالغان قىممەتلىك بۇيۇملار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: [22] «ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بابىلغا ئېلىپ كېتىلىدۇ. تاكى مەن ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكەلگۈچە، ئۇلار شۇ جايدا تۇرىدۇ. ئاندىن مەن ئۇلارنى يەنە يېرۇسالېمغا قايتۇرۇپ كېلىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## ساختا پەيغەمبەر خانانىيا

28 [1] يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىيانىڭ يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا، يەنى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ

4-يىلى 5-ئايدا، گىبئونلۇق ساختا پەيغەمبەر، يەنى ئاززۇرنىڭ ئوغلى خانانىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا روھانىيلار ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:
2 – قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن بابىل پادىشاھىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى چېقىپ تاشلايمەن. 3 بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر بۇ جايدىن بابىلغا يۆتكەپ كەتكەن بارلىق نەرسىلەرنى مەن ئىككى يىل ئىچىدە ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىمەن. 4 مەن يەنە يەھوياقىمنىڭ ئوغلى، يەنى يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياكىننى ۋە بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغان بارلىق كىشىلەرنى بۇ زېمىنغا قايتۇرۇپ كېلىمەن. مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، مەن بابىل پادىشاھىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى چېقىپ تاشلايمەن!».
5 ئاندىن يەرەمىيا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى روھانىيلار ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ساختا پەيغەمبەر خانانىياغا جاۋاب قايتۇرۇپ، 6 مۇنداق دېدى:
– شۇنداق بولسۇن، پەرۋەردىگار شۇنداق قىلغاي، پەرۋەردىگار بېشارەتلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرغاي! پەرۋەردىگار ئىبادەتخانىسىدىن بابىلغا ئېلىپ كېتىلگەن بارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارنى ۋە ئۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنغان بارلىق كىشىلەرنى بۇ جايغا قايتۇرۇپ ئەكەلگەي. 7 لېكىن ھازىر سىز بارلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭ. 8 بىزدىن بۇرۇن ياشىغان پەيغەمبەرلەر نۇرغۇنلىغان ئەللەر ۋە بۈيۈك پادىشاھلىقلارغا كېلىدىغان ئۇرۇش، بالايىئاپەت ۋە ۋابا ھەققىدە ۋەھىي يەتكۈزۈپ كەلگەنىدى. 9 ئەگەر بىر پەيغەمبەر تىنچلىق توغرىسىدا ۋەھىي يەتكۈزسە، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىشى كېرەك. شۇندىلا بىز ئۇنىڭ پەرۋەردىگار تەرىپىدىن ئەۋەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.
10 ئاندىن ساختا پەيغەمبەر خانانىيا يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ بوينىدىكى بويۇنتۇرۇقنى ئېلىپ بۇزۇۋەتتى. خانانىيا بارلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا:

11 ـ پەرۋەردىگار: «خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، مەن ئىككى يىل ئىچىدە بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەرنىڭ بارلىق ئەللەرگە سالغان بويۇنتۇرۇقنى چىقىپ تاشلايمەن» دەيدۇ، ـ دېدى.
خانانىيا بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، يەرەميا پەيغەمبەر ئۆز يەردىن كەتتى. 12 خانانىيا يەرەميا پەيغەمبەرنىڭ بويىندىكى بويۇنتۇرۇقنى چىقىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، پەرۋەردىگار يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:
13 ـ بېرىپ، خانانىياغا مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇ سۆزىنى يەتكۈزگىن: «ئى خانانىيا، سەن ياغاچ بويۇنتۇرۇقنى چىقىپ تاشلىدىڭ. لېكىن سەن ئۇنىڭ ئورنىغا بىر تۆمۈر بويۇنتۇرۇقنى سالدىڭ. 14 مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيمەنكى، مەن بارلىق ئەللەرنىڭ بوينىغا تۆمۈر بويۇنتۇرۇق سالىمەن. ئاندىن ئۇلار بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەرگە خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلار چوقۇم ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدۇ. مەن ھەتتا نىبۇكادنەزەرگە ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ بېرىمەن.»
15 يەرەميا پەيغەمبەر خانانىياغا يەنە مۇنداق دېدى:
ـ ئەي خانانىيا، ياخشى ئاڭلا! سېنى پەرۋەردىگار ئەۋەتكەن ئەمەس. سەن بۇ خەلقنى يالغان سۆزلىرىڭگە ئىشەندۈرۈۋاتىسەن. 16 شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگار ساڭا مۇنداق دەيدۇ: «مەن سېنى يەر يۈزىدىن يوقىتىمەن. سەن بۇ يىل ئۆلىسەن! چۈنكى سەن كىشىلەرنى مەن پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىشقا كۈشكۈرتتۈڭ».
17 شۇ يىلى 7-ئايدا خانانىيا ئۆلدى.

## يەرەميانىڭ بابىلدىكى يەھۇدىيلارغا يازغان خېتى

29 1 يەرەميا پەيغەمبەر نىبۇكادنەزەر تەرىپىدىن يېرۇسالېمدىن بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغانلارغا بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. ئۇ خەت ھايات قالغان ئاقساقاللار، روھانىيلار، پەيغەمبەرلەر ۋە بابىلدا سۈرگۈندە تۇرۇۋاتقان باشقا بارلىق كىشىلەرگە يېزىلغانىدى. 2 (بۇ ئىش پادىشاھ يەھوياكىن، خان ئانىسى، ئوردا ئەمەلدارلىرى، يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەنىڭ ئەمەلدارلىرى، ھۈنەرۋەنلەر ۋە تۆمۈرچىلەر سۈرگۈن قىلىنغاندىن

كېيىن يېزىپ ئەۋەتكەنىدى.) [3] ئۇ خەتنى شافاننىڭ ئوغلى ئەلئاسا ۋە
خىلقىيانىڭ ئوغلى گېمارىيا ئارقىلىق ئەۋەتتى. ئۇلارنى بابىلغا،
يەنى پادىشاھ نېبۇكادنەزەرنىڭ قېشىغا يەھۇدىيە پادىشاھى
زەدەقىيا ئەۋەتكەنىدى.

[4] «قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان
خۇدا يېرۇسالېمدىن بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغان بارلىق كىشىلەرگە
مۇنداق دەيدۇ: [5] ‹ئۆيلەرنى سېلىپ، ئۇنىڭدا ماكانلىشىڭلار.
كۆكتاتلىقلارنى بەرپا قىلىڭلار، ئېلىنغان ھوسۇلدىن يەڭلار.
[6] تويى قىلىپ پەرزەنتلىك بولۇڭلار. ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆيلەپ،
قىزلىرىڭلارنى ياتلىق قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئۇلارمۇ
پەرزەنتلىك بولىدۇ. ئۇ يەردە كۆپىيىڭلار، سانىڭلار ئازايمىسۇن.
[7] سىلەر سۈرگۈن قىلىنغان شەھەرنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مېھنەت
قىلىڭلار ۋە شۇ شەھەر ئۈچۈن مەن پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىڭلار.
چۈنكى ئۇ شەھەر گۈللەنسە، سىلەرمۇ گۈللىنىسىلەر.›
[8] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان
خۇدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‹ئاراڭلاردىكى ساختا پەيغەمبەرلەر ۋە
پالچىلار سىلەرنى ئالداپ كەتمىسۇن. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىڭلارغا
خۇش ياقىدىغان چۈشلىرىگە ئىشەنمەڭلار. [9] بۇ ئادەملەر مېنىڭ
نامىم بىلەن يالغاندىن ۋەھيي يەتكۈزۈۋاتىدۇ. مەنكى پەرۋەردىگار
سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، مەن ئۇلارنى ئەۋەتمىدىم!›
[10] پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‹بابىلدىكى يەتمىش
يىلىڭلار توشقاندا، مەن سىلەرگە شاپائەت قىلىپ، ۋەدە بەرگەن
بارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىمەن ۋە سىلەرنى ئۆز زېمىنىڭلارغا
قايتۇرۇپ كېلىمەن. [11] سىلەر ئۈچۈن قانداق پىلانلىرىمنىڭ
بارلىقىنى بىلىمەن. مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى،
مېنىڭ سىلەرگە زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئەمەس، بەلكى سىلەرنى
گۈللەندۈرۈپ، ئۈمىدكە تولغان كەلگۈسىنى ئاتا قىلىدىغان
پىلانلىرىم بار. [12] ئۇ ۋاقىتتا ماڭا يۈزلىنىپ، ئىلتىجا قىلىپ،
دۇئا قىلساڭلار، دۇئالىرىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن. [13] مېنى
ئىزدىسەڭلار، تاپالايسىلەر. ئەگەر سىلەر مېنى پۈتۈن قەلبىڭلار

بىلەن ئىزدىسەڭلار، [14] تاپالايسىلەر. مەن سىلەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىمەن. مەن سىلەرنى تارقىتىۋەتكەن يات ئەللەر ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىدىن يىغىپ، ئۆز زېمىنىڭلارغا، يەنى سىلەر بۇرۇن ئايرىلغان جايىڭلارغا قايتۇرۇپ كېلىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!›

[15] ئەمما سىلەر: ‹پەرۋەردىگار بابىلدا بىز ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى تەيىنلىدى› دەيسىلەر. [16] لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ داۋۇتنىڭ تەختىدە ئولتۇرىدىغان پادىشاھ ۋە يېرۇسالېمدا قالغانلار ھەققىدە، يەنى سىلەر بىلەن بىللە سۈرگۈن قىلىنمىغان تۇغقانلىرىڭلار ھەققىدە نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلاڭلار. [17] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن ئۇلارغا ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە ۋابا ئېلىپ كېلىمەن. ئۇلارنى خۇددى سېسىپ كەتكەن، يېگىلى بولمايدىغان ئەنجۈرگە ئوخشاش قىلىپ قويىمەن. [18] مەن ئۇلارنى داۋاملىق ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە ۋابا بىلەن قوغلايمەن. دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلىقلار ئۇلارغا نېمە بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ كېتىدۇ. مەن ئۇلارنى قەيەرگە سۈرگۈن قىلسام، شۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى ئاڭلاپ، قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئىزا-ئاھانەت، مەسخىرە ۋە قارغىشقا قالىدۇ. [19] گەرچە مەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا قايتا-قايتا سۆزلىسەممۇ، ئۇلار سۆزۈمنى ئاڭلاشنى رەت قىلدى. مەن ئېيتىمەنكى، سۈرگۈن قىلىنغان سىلەرمۇ ئاڭلىمىدىڭلار! [20] شۇڭا يېرۇسالېمدىن بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغان ھەممىڭلار سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار.›

[21] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا قولايانىڭ ئوغلى ئاخاب ۋە مائاسېيانىڭ ئوغلى زىدقىيا توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ‹ئۇلار سىلەرگە مېنىڭ نامىم بىلەن يالغان ۋەھىي يەتكۈزىدۇ. شۇڭا مەن ئۇلارنى بابىل پادىشاھى نەبۇكادنەزەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇ ئۇلارنى كۆز ئالدىڭلاردا ئۆلتۈرىدۇ. [22] بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغان بارلىق يەھۇدىيەلىكلەر باشقىلارنى قارغىغاندا، پەرۋەردىگار ساڭا بابىل

پادىشاھى ئۆتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەن زىدقىيا ۋە ئاخابقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلسۇن، دەيدۇ.
[23] ئۇلار مېنىڭ خەلقىم ئارىسىدا نومۇسسىز ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. ئۇلار قوشنىلىرىنىڭ ئاياللىرى بىلەن زىناخورلۇق قىلدى ۋە نامىمنى ئاتاپ يالغان سۆزلىدى، يەنى مەن بۇيرۇمىغان سۆزلەرنى سۆزلىدى. مەن ئۇلارنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلىمەن ۋە نېمە قىلغانلىقىغا گۇۋاھمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.››»

## شىمايائاغا كەلگەن خەۋەر

[24] پەرۋەردىگار يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:
- بابىلدىكى نىخەلاملىق شىمائىياغا [25] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ، دېگىن: «سەن ئۆز نامىڭ بىلەن يېرۇسالېمدا ياشاۋاتقان بارلىق كىشىلەرگە، شۇنداقلا مائاسىيانىڭ ئوغلى روھانىي زىفانىيا ۋە باشقا بارلىق روھانىيلارغا خەت ئەۋەتىپ، بۇ سۆزلەرنى دەپسەن:

[26] ‹ئەي زىفانىيا، پەرۋەردىگار سېنى يەھويادانىڭ ئورنىغا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا روھانىيلىققا تەيىنلىدى. سەن ئىبادەتخانىنىڭ باش نازارەتچىسى بولۇپ، ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىۋالغان ئەقلىدىن ئازغانلارنىڭ بويىنىغا تاقاق ۋە پۇتلىرىغا كىشەن سېلىشقا مەسئۇل بولدۇڭ. [27] شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئاراڭلاردىكى پەيغەمبەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئاناتوتلۇق يەرەمىيانى توسمايسەن؟ [28] ئۇ بابىلدا ياشاۋاتقان بىزلەرگە خەت ئەۋەتىپ، بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قېلىشىمىزنى، ئۆي سېلىپ، ماكانلىشىپ، كۆكتاتلىق بەرپا قىلىشىمىزنى ۋە ھوسۇل ئېلىپ يېيىشىمىزنى ئېيتتى.››»

[29] روھانىي زىفانىيا يېرۇسالېمدا بۇ خەتنى يەرەمىيا پەيغەمبەرگە ئوقۇپ بەردى. [30] پەرۋەردىگار يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:

[31] ـ بۇ خەۋەرنى بارلىق سۈرگۈندىكىلەرگە يېزىپ ئەۋەتكىن:

«بۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەخەلاملىق شېمايا ھەققىدە ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر: ‹شېمايا سىلەرگە ۋەھىي يەتكۈزدى. ئەمما مەن
ئۇنى تەيىنلىگەن ئەمەس. ئۇ سىلەرنى يالغانغا ئىشەندۈردى.
[32] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پەرۋەردىگار شۇنى ئېيتىمەنكى، مەن
نەخەلاملىق شېمايا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى جازالايمەن. خەلقىم
ئارىسىدا ئۇنىڭ جەمەتىدىن ھېچكىم ھايات قالمايدۇ. ئۇ مەن
خەلقىمگە ئاتا قىلماقچى بولغان بەختنى كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى
ئۇ سىلەرنى پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىشقا كۈشكۈرتتى. بۇ
مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!›»

## پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىنى قۇتقۇزۇش ۋەدىسى

30 [1] پەرۋەردىگار يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:
[2] ـ مەن پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا
ساڭا مۇنداق دەيمەن: «مەن ساڭا ئېيتقان بارلىق سۆزلەرنى بىر
تېرىگە پۈتكىن. [3] ۋاقتى كەلگەندە، خەلقىم بولغان ئىسرائىلىيەلىكلەر
ۋە يەھۇدىيەلىكلەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىمەن. مەن ئۇلارنى
ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلغان زېمىنغا قايتۇرۇپ كېلىمەن. ئۇلار ئۆز
زېمىنىغا قايتىدىن ئىگە بولىدۇ.» بۇ سۆزلەرنى مەن پەرۋەردىگار
ئېيتتىم!
[4] تۆۋەندىكى سۆزلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە
توغرىسىدىكى ۋەھىيسىدۇر. [5] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

«مەن تىنچلىق سادالىرىنى ئەمەس،
بەلكى ئالاقزادىلىك، قورقۇنچ قاپلىغان كىشىلەرنىڭ يىغا-
زارىنى ئاڭلاۋاتىمەن.
[6] سىلەر بىر ئەرنىڭ بالا تۇغقىنىنى كۆرۈپ باقتىڭلارمۇ؟
بۇنى ئۆزۈڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار ۋە ئويلىنىپ كۆرۈڭلار.
نېمە ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ خۇددى تولغاق ئازابىدا
قىينىلىۋاتقان ئاياللاردەك قورساقلىرىنى قاماللاپ
تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن؟

نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا قان يوق؟
[7] ھالىڭلارغا ۋاي! مانا، قورقۇنچلۇق كۈنلەر كەلمەكتە.
ئۇ كۈنلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان ھېچقانداق بىر
كۈن يوقتۇر.
ئۇ ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئازاب-ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىدىغان
كۈنلەردۇر،
لېكىن ئۇلار بۇ ئازابلىق كۈنلەردىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ.
[8] مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار دەيمەنكى،
ئۇ ۋاقىتتا مەن ئۇلارنىڭ بوينىدىكى بويۇنتۇرۇقنى
سۇندۇرۇپ تاشلايمەن،
زەنجىرلىرىنى ئۈزۈۋېتىمەن.
باشقا ئەللەر ئەمدى ئۇلارنى ھەرگىز قۇل قىلالمايدۇ.
[9] ئۇلار مەن پەرۋەردىگار خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ،
شۇنداقلا مەن داۋۇتنىڭ ئەۋلادىدىن تەيىنلىگەن پادىشاھقا
خىزمەت قىلىدۇ.
[10] مەن پەرۋەردىگار دەيمەنكى،
ئەي خىزمەتكارلىرىم بولغان ياقۇپ ئەۋلادلىرى،
قورقماڭلار!
ئەي ئىسرائىل خەلقى، ئالاقزادە بولماڭلار!
چۈنكى مەن سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلارنى
يىراقلاردىكى سۈرگۈن قىلىنغان يەرلەردىن چوقۇم
قۇتقۇزۇپ كېلىمەن.
ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، سىلەر ئۆز زېمىنىڭلارغا
قايتىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىسىلەر.
سىلەرگە ھېچكىم ۋەھىمە سالمايدۇ.
[11] چۈنكى مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى،
مەن سىلەرگە يار بولىمەن ۋە سىلەرنى قۇتقۇزىمەن.
مەن سىلەرنى چېچىۋەتكەن يەرلەردىكى خەلقلەرنى
پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىمەن،
لېكىن سىلەرنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلمايمەن.
سىلەرنى ئادىللىق بىلەن تەربىيەلەيمەن،

ئەمما ھەرگىز جازاسىز قويمايمەن.

12 مەن سىلەرگە ئېيتايكى، ياراڭلار ساقايمايدۇ،
جاراھەتلىرىڭلار شىپا تاپمايدۇ.
13 ئەرزىڭلارنى ئاڭلايدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ.
يارىلىرىڭلارنى ساقايتىدىغان دورامۇ يوق،
سىلەرگە ھېچقانداق داۋا يوق.
14 بارلىق ئىتتىپاقداشلىرىڭلار سىلەرنى تاشلىۋەتتى،
ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن كارى يوق.
مەن سىلەرگە دۈشمىنىڭلاردەك ھۇجۇم قىلىپ، قاتتىق
جازالىدىم،
چۈنكى قىلمىشلىرىڭلار ئېغىر، گۇناھلىرىڭلار كۆپتۇر.
15 سىلەر نېمە ئۈچۈن ‹يارىلىرىمىز شۇنچە ئېغىر،
ساقايماس› دەپ يىغلايسىلەر؟
مەن سىلەرنى جازالىدىم، چۈنكى گۇناھىڭلار كۆپ،
قىلمىشىڭلار ئېغىردۇر.
16 لېكىن سىلەرنى ۋەيران قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ۋەيران
بولىدۇ.
بارلىق دۈشمەنلىرىڭلار سۈرگۈن قىلىنىدۇ.
سىلەرنى تالان-تاراج قىلغانلارنىڭ ئۆزىمۇ تالان-تاراج
قىلىنىدۇ،
سىلەرگە ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ھۇجۇمغا
ئۇچرايدۇ.
17 گەرچە باشقىلار سىلەرنى ‹تاشلىۋېتىلگەن خەلق› دەپ
ئاتاپ، ‹سىئون بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق›
دېيىشسىمۇ،
لېكىن مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى،
مەن يارىلىرىڭلارنى ساقايتىپ، سالامەتلىكىڭلارنى ئەسلىگە
كەلتۈرىمەن.»

18 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

«مەن خەلقىمنى ئۆز زېمىنلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىمەن.
ھەربىر ئائىلىگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىمەن.
يېرۇسالېم خارابىلىك ئۈستىگە قايتا قۇرۇلىدۇ.
پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىدىن بىنا
قىلىنىدۇ.
19 بۇ جايلاردىن مىننەتدارلىق ناخشىلىرى ۋە خۇشاللىق
سادالىرى ئاڭلىنىدۇ.
مەن خەلقىمنى كۆپەيتىمەن، ئۇلار ئازلاپ كەتمەيدۇ.
مەن ئۇلارغا يۈز-ئابروي ئاتا قىلىمەن، ئەمدى ئۇلار ھەرگىز
كەمسىتىلمەيدۇ.
20 ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك گۈللىنىدۇ.
مەن ئۇلارنى كۆز ئالدىمدا بىر خەلق قىلىپ تىكلەيمەن.
ئۇلارغا زۇلۇم سالغانلارنى جازالايمەن.
21 ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئۇلارغا باشقۇرغۇچى بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ.
مەن ئۇنى ھۇزۇرۇمغا چاقىرىمەن، ئۇ ماڭا يېقىنلىشىدۇ.
چۈنكى ھېچكىم ئۆزىگە تايىنىپ، ماڭا يېقىنلىشىشقا
پېتىنالمايدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!
22 سىلەر مېنىڭ خەلقىم بولىسىلەر ۋە مەن سىلەرنىڭ
خۇدايىڭلار بولىمەن.»

23 بىلىپ قويۇڭلاركى، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى خۇددى
بوران-چاپقۇنغا ئوخشاش كېلىدۇ.
ئۇ خۇددى شىددەتلىك بوران-چاپقۇنغا ئوخشاش رەزىل
كىشىلەرنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ.
24 پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى تاكى يەتمەكچى بولغان
مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغۇچە يانمايدۇ.
ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە، بۇنى چۈشىنىپ يېتىسىلەر.

31 [1] پەرۋەردىگار دەيدۇكى، شۇ ۋاقىتتا مەن ئىسرائىلىيەدىكى بارلىق قەبىلىلەرنىڭ خۇداسى بولىمەن، ئۇلار مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ.

## ئىسرائىل خەلقىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىشى

[2] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«دۈشمەنىنىڭ قىلىچىدىن قۇتۇلۇپ، ئامان قالغان ئىسرائىل خەلقى
چۆل-باياۋانلاردا ئاراملىقـقا ئىنتىزار بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا،
رەھىم-شەپقەتكە ئېرىشىدۇ.
[3] مەن پەرۋەردىگار ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئەجدادلىرىڭلارغا زاھىر بولۇپ، ئۇلارغا:
‹مەن سىلەرنى مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىم بىلەن سۆيىمەن،
سىلەرنى مېھىر-شەپقىتىم بىلەن ماڭا يېقىنلاشتۇرىمەن›
دېگەنىدىم.
[4] ئەي قەدىرلىك بالىلىرىم بولغان ئىسرائىللار،
مەن سىلەرنى يەنە بىر قېتىم قايتىدىن بەرپا قىلىمەن.
شۇنىڭ بىلەن سىلەر يەنە قايتىدىن بىر خەلق بولىسىلەر.
سىلەر قايتىدىن داپلارنى قولۇڭلارغا ئېلىپ،
ئۇسسۇلچىلارنىڭ تەنتەنە قوشۇنىغا قېتىلىسىلەر.
[5] سىلەر سامارىيەنىڭ تاغلىرىدا قايتىدىن ئۈزۈمزارلىقلارنى بەرپا قىلىسىلەر،
ئۇلارنى بەرپا قىلغانلار ئۇلارنىڭ مېۋىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ.
[6] شۇنداق بىر ۋاقىتلار كېلىدۇكى، ئەفرايىم تاغلىرىدىكى قاراۋۇللار:
‹كېلىڭلار، سىئونغا بېرىپ، پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا ئىبادەت قىلايلى!› دەپ جاكارلايدۇ.»

[7] پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ياقۇپ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن خۇشاللىق ناخشىلىرىنى
ئېيتىڭلار،
ئەڭ بۈيۈك خەلق ئۈچۈن تەنتەنە قىلىڭلار،
ھەمدۇسانا ئوقۇپ مۇنداق دەڭلار:
‹ئى پەرۋەردىگار، خەلقىڭ ئىسرائىللاردىن ھايات
قالغانلارنى قۇتقۇزغىن.›
8 مەن ئۇلارنى شىمالدىكى زېمىنلاردىن،
دۇنيانىڭ يىراق جايلىرىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر يەرگە
جەم قىلىمەن.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قارىغۇ، ئاقساقلار،
ھامىلدار ۋە ئاي كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان ئاياللارمۇ
بولىدۇ.
ناھايىتى كۆپ ئادەملەر بۇ يەرگە قايتىدۇ.
9 مەن ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلگەندە،
ئۇلار كۆز يېشى قىلىپ، ماڭا دۇئا قىلىدۇ.
مەن ئۇلارنى ئېقىنلارغا يېتەكلەيمەن.
پۇتلاشمايدىغان تۈز يوللارغا باشلايمەن.
چۈنكى مەن ئىسرائىلىيەنىڭ ئاتىسىمەن،
ئەفرايىم مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇمدۇر.»

10 ئەي ئەللەر، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار.
بۇ سۆزلەرنى يىراق ئاراللارغا يەتكۈزۈڭلار:
«ئىسرائىل خەلقىنى تارقىتىۋەتكۈچى پەرۋەردىگار ئۇلارنى
يەنە جەم قىلىدۇ.
ئۇلارنى خۇددى پادىلىرىغا قارىغان پادىچىغا ئوخشاش
قوغدايدۇ».
11 چۈنكى پەرۋەردىگار ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلاردىن
كۈچلۈك بولغان بىر ئەلدىن قۇتقۇزۇپ قالدى.
12 ئۇلار قايتىپ كېلىپ، خۇشاللىقلىرىدىن سىئون تېغىدا
تەنتەنە قىلىشىدۇ.

ئۇلار پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان ئاشلىق، شاراب، زەيتۇن
يېغى، پاقلان، ئوغلاق ۋە موزاي گۆشلىرىدىن شاد-
خۇراملىقتا چۆمىدۇ.
ئۇلار ياخشى سۇغۇرۇلغان بىر باغقا ئوخشاش بولىدۇ،
ئۇلار يەنە مادارسىزلانمايدۇ.
13 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇ ۋاقىتتا قىزلار خۇشاللىقتىن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.
يىگىتلەر ۋە بوۋايلار شادلىقتا چۆمىدۇ.
مەن ئۇلارنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىنى شادلىققا ئايلاندۇرىمەن،
ئازابلىرىنىڭ ئورنىغا تەسەللى ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىمەن.
14 مەن روھانىيلارنى مول نېمەتلەر بىلەن تەمىنلەيمەن.
خەلقىم مەن ئاتا قىلغان ياخشى نەرسىلەردىن بەھرىمەن
بولىدۇ.»

15 پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«راماھ شەھىرىدىن قاتتىق قايغۇ-ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى
ئاڭلاندى.
راھىلە بالىلىرى ئۈچۈن يىغلاۋاتاتتى.
ئۇنىڭغا تەسەللى كار قىلمىدى، چۈنكى ئۇ بالىلىرىدىن
ئايرىلىپ قالغانىدى.»
16 لېكىن پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ:
«يىغلىما، ياش تۆكمە!
چۈنكى مەن بالىلىرىڭ ئۈچۈن قىلغان ھەممە مېھنىتىڭنى
ساڭا قايتۇرىمەن.
پەرزەنتلىرىڭ دۈشمەن زېمىنىدىن قايتىپ كېلىدۇ.
17 مەن ساڭا دەيمەنكى، كەلگۈسىڭدىن ئۈمىد بار!
پەرزەنتلىرىڭ ئۆز زېمىنىغا قايتىپ كېلىدۇ!

18 مەن ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ پەريادىنى ئېنىق ئاڭلىدىم.
ئۇلار ماڭا مۇنداق دېدى:
‹بىز بويۇنتۇرۇقتا كۆنمىگەن موزايغا ئوخشاپ قالغانىدۇق.

سەن بىزنى تەربىيەلىدىڭ، بىز ساۋاق ئالدۇق.
بىزنى ئۆزۈڭنىڭ يولىغا قايتۇرغايسەن.
بىز سېنىڭ يولۇڭغا قايتىشقا ئىنتىزارىمىز،
چۈنكى سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز.
19 بىز سېنىڭ يولۇڭدىن چەتنىگىنىمىزگە توۋا قىلدۇق.
بىز نېمە ئىش قىلغانلىقىمىزنى تونۇپ يەتكىنىمىزدە،
بىز مەيدىمىزگە ئۇرۇپ، يىغلىدۇق.
بۇرۇندىن باشلاپ بىز ناچار ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز
ئۈچۈن،
نومۇسقا قېلىپ كەمسىتىلدۇق.›

20 مەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن:
‹ئەفرايىم يەنىلا مېنىڭ ئوغلۇم، قەدىرلىك بالام ئەمەسمۇ؟
ئۇنى دائىم ئەيىبلىسەممۇ، لېكىن مەن يەنىلا ئۇنى
سۆيىمەن.
مەن ئۇنى سېغىنىمەن،
جەزمەن ئۇنىڭغا رەھىم قىلىمەن.›

21 ئەي قەدىرلىك بالىلىرىم بولغان ئىسرائىللار،
يوللارغا بەلگە سېلىڭلار،
يۆنىلىش تۈۋرۈكىنى ئورنىتىڭلار.
سىلەر ماڭغان ئاشۇ يوللارنى ئېسىڭلارغا ئېلىڭلار.
مېنىڭ قەدىرلىك بالىلىرىم بولغان ئىسرائىللار، قايتىڭلار،
ئۆزۈڭلارنىڭ شەھەرلىرىگە قايتىپ كېلىڭلار.
22 ئەي مېنىڭ ساداقەتسىز قىزىم، قاچانغىچە سەرگەردان
بولۇپ يۈرىسەن؟
چۈنكى مەن پەرۋەردىگار دۇنيادا يېڭى بىر ئىش قىلىمەن،
خۇددى ئايالى ئېرىنى قوغدىغىنىدەك غەلىتە بىر ئىش يۈز
بېرىدۇ.»

23 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان
خۇدا مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئۇلارنى سۈرگۈندىن قايتۇرۇپ كەلگەندە، يەھۇدىيەنىڭ
بارلىق شەھەرلىرىدىكى خەلقلەر قايتىدىن مۇنداق دەيدۇ: ‹ئەي
ھەققانىيەت ماكانى، ئەي مۇقەددەس تاغ، پەرۋەردىگار ساڭا
بەخت ئاتا قىلغاي›. 24 خەلق يەھۇدىيەنىڭ بارلىق شەھەرلىرىدە
ياشايدۇ. ئۇ يەرلەردە دېھقانلار يېرى بىلەن، پادىچىلار پادىلىرى
بىلەن ياشايدۇ. 25 چۈنكى مەن چارچىغانلارغا ئارام‌لىق، ئاجىزلارغا
كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلىمەن.»

26 بۇ ۋاقىتتا مەن يەرەميا ئويغىنىپ، ئەتراپقا قارىدىم. ناھايىتى
شېرىن ئۇخلىغانىدىم.

27 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، مەن ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيەنىڭ
خەلقىنى ۋە چارۋا ماللىرىنى كۆپەيتىمەن. 28 بۇرۇنقى چاغلاردا مەن
بۇ خەلقنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىدىم ۋە يىقىتتىم. ئۇلارنى
ۋەيران قىلدىم ۋە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىپ كۆزەتتىم. لېكىن
كەلگۈسىدە مەن ئۇلارنى قايتا بەرپا قىلىمەن ۋە قۇدرەتلىك قىلىپ
كۆزىتىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر! 29 ئۇ
ۋاقىت كەلگەندە، ھېچكىم: ‹ئاتا-ئانىسى تۇرۇك ئۈزۈم يېسە،
باللىرىنىڭ چىشى قاماپتۇ› دېگەن ماقال-تەمسىلنى قايتا تىلغا
ئالمايدۇ. 30 بەلكى ھەممە ئادەم ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆلىدۇ.
ئاچچىق ئۈزۈمنى كىم يېسە شۇنىڭ چىشى قامايدۇ.»

## يېڭى ئەھدە

31 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا مەن ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە
خەلقى بىلەن يېڭى ئەھدە تۈزىمەن. 32 بۇ ئەھدە مەن ئۇلارنىڭ
ئەجدادلىرىنى قولىدىن يېتىلەپ، مىسىردىن ئېلىپ چىققاندا
تۈزگەن بۇرۇنقى ئەھدىگە ئوخشىمايدۇ. مەن بۇرۇن ئۇلارغا

ساداقەتمەن ئەر بولدۇم، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئەھدىنى بۇزدى.
33 مېنىڭ كەلگۈسىدە ئىسرائىل خەلقى بىلەن تۈزىدىغان يېڭى ئەھدەم مۇنداق بولىدۇ: قانۇنۇمنى ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە قويىمەن، يۈرىكىگە پۈتىمەن. مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن. ئۇلارمۇ مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ. 34 ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ قولۇم-قوشنىلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ‹پەرۋەردىگارنى بىلىۋېلىڭلار› دەپ تەلىم بېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. چۈنكى مەن پەرۋەردىگار شۇنى ئېيتىمەنكى، ئۇلارنىڭ مەيلى مەرتىۋىسى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسۇن، ھەممىسى مېنى تونۇيدۇ. مەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىمەن ۋە ئەيىبلىرىنى كۆڭلۈمدە ساقلىمايمەن.»

35 پەرۋەردىگار كۈندۈز ئۇچۇن قۇياش نۇرىنى،
كېچە ئۇچۇن ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ياراتتى.
ئۇ دېڭىزنى چايقىتىپ، كۈچلۈك دولقۇنلارنى پەيدا قىلدى،
ئۇنىڭ نامى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگاردۇر.
ئۇ مۇنداق دەيدۇ:
36 «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بۇ قانۇنىيەتلىرى ئەمەلدىن قالمىسىلا،
ئىسرائىللارنىڭ ئەۋلادلىرى مەڭگۈ مېنىڭ خەلقىمدۇر.»
37 پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«ئاسماننى ئۆلچەش، زېمىننىڭ ئۇلىنى تەكشۈرۈش مۇمكىن بولمىغاندەك،
خەلقىم ئىسرائىللارنىڭ قىلغان رەزىل ئىشلىرى ئۇچۇن ئۇلارنى تاشلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

38 پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، يېرۇسالېم شەھىرى خانانئېل مۇنارىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرەپتىكى ‹بۇلۇڭ دەرۋازىسى›غىچە قايتا قۇرۇلۇپ، مېنىڭ ئالاھىدە شەھىرىم بولىدۇ. 39 ئۇنىڭ پاسىلى ئۇ

يەردىن ئۇدۇل غەرب تەرەپكە كېڭىيىپ، گارېب تېغىغىچە بارىدۇ، ئاندىن جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلۇپ، گوئاھ دەپ ئاتىلىدىغان جايغىچە سوزۇلىدۇ. [40] بارلىق جايلار، ھەتتا جەسەتلەر بىلەن كۆللەر دۆۋىلەنگەن جەنۇبتىكى پۈتۈن جىلغا، شەرقتىكى، يەنى ئۈنىڭ يېنىدىكى قىدرون جىلغىسىغا تۇتىشىدىغان ئېتىزلار ۋە ئۈنىڭغا تۇتىشىدىغان ‹ئات دەرۋازىسى›غىچە بولغان بارلىق جايلار ماڭا بېغىشلانغان بولىدۇ. يېرۇسالېم شەھىرى مەڭگۈ ۋەيران بولمايدۇ ھەم يوقالمايدۇ.»

## يەرەميانىڭ يەر سېتىۋېلىشى

32 [1] يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 10-يىلى پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا ۋەھيي كەلدى. بۇ چاغدا نىبۇكادنەزەر بابىلغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىغا 18 يىل بولغانىدى. [2] شۇ ۋاقىتتا بابىل پادىشاھىنىڭ قوشۇنى يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، يەرەميا يەھۇدىيە پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدىكى قاراۋۇلخانىنىڭ ھويلىسىدا تۇتقۇندا ئىدى. [3] يەرەميا يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىياغا قارشى ۋەھيي يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، پادىشاھ زىدقىيا ئۇنى ئەيىبلەپ: «سەن نېمىشقا بۇنداق ئىشلار توغرىسىدا ۋەھيي يەتكۈزىسەن؟» دەپ، يەرەميانى قاماپ قويغانىدى. يەرەميا مۇنداق ۋەھيي يەتكۈزگەنىدى:

«پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن بۇ شەھەرنى بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. [4] يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىيا بابىللىقلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ جەزمەن بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئۇ نىبۇكادنەزەرنىڭ ئالدىدا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ، جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. [5] زىدقىيا بابىلغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇ يەردە تاكى مەن ئۇنى جازالاپ بولغۇچە تۇرىدۇ. سىلەر بابىللىقلارغا قارشى ئۇرۇش قىلساڭلارمۇ، يېڭەلمەيسىلەر.›»

[6] يەرەميا مۇنداق دېدى:

[7] ـ پەرۋەردىگاردىن ماڭا مۇنداق ۋەھيي كەلدى: «تاغاڭ شاللۇمنىڭ ئوغلى خانامئېل يېنىڭغا كېلىپ، ساڭا: ‹ئاناتوتتىكى ئېتىزلىقمنى سېتىۋالغىن، چۈنكى سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنىمدۇرسەن. قانۇنغا ئاساسەن سەن ئۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇقسەن› دەيدۇ.»
[8] كېيىن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقىنىدەك بىر نەۋرە قېرىندىشىم خانامئېل قاراۋۇلخانىنىڭ ھويلىسىغا مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ:
ـ بىنيامىن زېمىنىغا قاراشلىق ئاناتوتتىكى ئېتىزلىقمنى سېتىۋالغىن، چۈنكى قانۇن بويىچە ئۇ يەرنى باشقىلار سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن سېنىڭ سېتىۋېلىش ھوقۇقۇڭ بار. شۇڭا ئۇ يەرنى سەن سېتىۋالغىن، ـ دېدى.
مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ماڭا ھەقىقەتەن پەرۋەردىگاردىن ۋەھيي كەلگەنلىكىنى بىلدىم. [9] شۇنداق قىلىپ، مەن بىر نەۋرە قېرىندىشىم خانامئېلنىڭ ئاناتوتتىكى ئېتىزلىقىنى سېتىۋالدىم. مەن ئۇ ئېتىزلىق ئۈچۈن 200 گىرام كۈمۈش تۆلىدىم. [10] مەن گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا سېتىۋېلىش توختامىغا ئىمزا قويۇپ، مۆھۈر بېسىپ، كۈمۈشنى تارازىدا ئۆلچەپ بەردىم.
[11] مەن سېتىۋېلىش شەرتلىرى ۋە مەزمۇنلىرى يېزىلغان توختامنىڭ مۆھۈرلۈك ۋە مۆھۈرسىز ئىككى خىل نۇسخىسىنى ئېلىپ، [12] ئۇنى بىر نەۋرە قېرىندىشىم خانامئېل ۋە توختامغا قول قويغان گۇۋاھچىلار، شۇنداقلا قاراۋۇلخانىنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرغان باشقا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ماخسېيانىڭ نەۋرىسى، يەنى نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇكقا تاپشۇرۇپ بەردىم. [13] ھەممە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مەن بارۇكقا مۇنداق دېدىم:
[14] ـ قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا ساڭا مۇنداق دەيدۇ: «مۆھۈرلۈك ۋە مۆھۈرسىز ھەر ئىككى نۇسخىنى ئالغىن، ھەمدە ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارنى بىر ساپال ئىدىشنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويغىن. [15] چۈنكى مەنكى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيمەنكى، بۇ زېمىندا ئۆيلەر، ئېتىزلار ۋە ئۈزۈمزارلىقلار قايتا سېتىلىدۇ».

## يەرەميانىڭ دۇئاسى

[16] مەن توختام نۇسخىلىرىنى نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇكقا بېرىپ
بولغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدىم:
[17] «ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، سەن ھەقىقەتەن يۈكسەك كۈچ-
قۇدرىتىڭ ۋە قۇدرەتلىك قولۇڭ بىلەن پۈتۈن ئالەمنى ياراتتىڭ.
سەن ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىيىن ئەمەس! [18] سەن مىڭلىغان
ئىنسانلارغا چەكسىز مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتتىڭ. بىراق
سەن يەنە ئاتا-ئانىلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنى
جازالايسەن. سەن بولساڭ، كۈچ-قۇدرەتلىك ئۇلۇغ خۇداسەن.
سېنىڭ نامىڭ قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگاردۇر. [19] ئۇلۇغ
پاراسىتىڭ، چەكسىز قۇدرىتىڭ بىلەن ئىش قىلىسەن. سەن
ئادەملەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىسەن. ھەركىمنىڭ
ئىش-ئەمەللىرىگە ۋە قىلغان ئەمەلىيىتىگە قاراپ ياندۇرىسەن.
[20] ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى سەن مىسىردا مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنى
كۆرسەتكەنىدىڭ. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر سەن ئىسرائىلىيە ۋە
باشقا پۈتكۈل ئەللەرنىڭ ئارىسىدا توختىماي مۆجىزە، ئاجايىپ
كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ كەلدىڭ. شۇڭا نامىڭ بۈگۈنگىچە
مەشھۇردۇر. [21] سەن مۆجىزە ۋە كارامەتلىرىڭ بىلەن مىسىرلىقلارنى
ئالاقزادە قىلدىڭ. سەن ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك قولۇڭ بىلەن
خەلقىڭ ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقتىڭ. [22] سەن
ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا بەرگەن ۋەدەڭ بويىچە سۈت ۋە ھەسەل
ئېقىپ تۇرىدىغان بۇ زېمىننى ئۇلارغا ئاتا قىلدىڭ. [23] لېكىن ئۇلار
بۇ زېمىنغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ھەم
ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ سېنىڭ سۆزلىرىڭگە قۇلاق سالمىدى،
يولۇڭدا ماڭمىدى! شۇنداقلا، ئۇلار سەن ئەمر قىلغان ئىشلارنىڭ
ھېچقايسىسىنى قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن بۈگۈن ئۇلارغا
پۈتۈن بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدىڭ.
[24] قارا، دۈشمەنلەر بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن شەھەر
سېپىللىرىغا تۇپىلارنى دۆۋىلەپ بولدى! ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە
ۋابا سەۋەبىدىن بۇ شەھەر ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان بابىللىقلارنىڭ

قولىغا چۈشىدۇ. سەن بۇ ئىشلار يۈز بېرىدۇ، دېگەنىدىڭ. مانا، ئەمدى بۇ ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىسەن. [25] ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، گەرچە بۇ شەھەر بابىللىقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدىغان بولسىمۇ، سەن يەنىلا ماڭا: ‹كۈمۈش بېرىپ، ئۇ ئېتىزلىقنى سېتىۋالغىن، سېتىۋالغاندا ئادەملەر گۇۋاھ بولسۇن!› دېدىڭ.»

[26] پەرۋەردىگار يەرەمياغا مۇنداق دېدى:

[27] «مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ خۇداسىدۇرمەن. مەن قىلالمايدىغان ئىش بارمۇ؟ [28] بۇ شەھەرنى بابىل پادىشاھى نېبۇكادنەزەر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇلار ئۇنى ئىشغال قىلىدۇ. [29] بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان بابىللىقلار شەھەرگە بۆسۈپ كىرىپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرىدۇ. ئۇلار ئۆگزىلىرىدە بائالغا ئاتاپ ئىسرىق كۆيدۈرۈپ، باشقا ئىلاھلارغا ئاتاپ ئىچىملىك ھەدىيەسى سۇنۇپ، غەزىپىمنى كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرىدۇ. [30] چۈنكى ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە خەلقى ئەزەلدىن نەزىرىمدە يامان بولغان ئىشلارنى قىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ داۋاملىق قىلىۋاتقان بۇ قىلمىشلىرى مېنى بەك غەزەپلەندۈردى. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

[31] بۇ شەھەر قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇنىڭدىكى خەلقلەر پەقەت مېنىڭ غەزەپ-نەپرىتىمنى قوزغايدىغان ئىشلارنى قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ شەھەرنى كۆز ئالدىمدىن يوقىتىمەن. [32] ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە خەلقى، يەنى پادىشاھلار، ئەمەلدارلار، روھانىيلار، ساختا پەيغەمبەرلەر، شۇنداقلا باشقا بارلىق ئادەملەر رەزىل ئىشلارنى قىلىپ، غەزىپىمنى كەلتۈردى. [33] ئۇلار مەندىن يۈز ئۆرۈپ، يولۇمغا قايتىپ كېلىشنى خالىمىدى. گەرچە مەن قايتا-قايتا ئۇلارنى يېتەكلىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇلار دېگەنلىرىمگە قۇلاق سالمىدى ھەم قىلمىشلىرىدىن ساۋاق ئالمىدى.

[34] ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ يىرگىنچلىك بۇتلىرىنى نامىمغا ئاتالغان ئىبادەتخانامغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇ يەرنى بۇلغىدى. [35] ئۇلار ئىلاھ بائالغا ئاتاپ بەنھىننوم جىلغىسىدا سەجدىگاھلارنى سالدى.

بۇ جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنى بۇت ئىلاھى مولەككە ئاتاپ كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق قىلدى. نەتىجىدە، يەھۇدىيە خەلقى بۇ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالىنىشقا لايىق بولدى. مەن ئۇلارغا بۇنداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلىشنى ئەمر قىلمىغانىدىم، ھەتتا ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم.

36 ئى يەرەميا، سىلەر: ‹بۇ شەھەر ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە ۋابادا قېلىپ، بابىل پادىشاھى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىدۇ› دەۋاتىسىلەر، بۇ راست. لېكىن مەن پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا شۇنداق دەيمەنكى، 37 قاتتىق غەزەپ-نەپرەت ئىچىدە ھەرقايسى ئەللەرگە تارقىتىۋەتكەن كىشىلەرنى قايتا بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۇلارنى بۇ زېمىنغا قايتۇرۇپ كېلىمەن ۋە ئۇلارنى بۇ جايدا خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلىمەن. 38 ئۇلار مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن.

39 ئۇلار ئۆمۈرۋايەت ماڭا ئىخلاسمەن بولسۇن دەپ، مەن ئۇلارنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە كەلتۈرىمەن. بۇ ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. 40 مەن ئۇلار بىلەن مەڭگۈلۈك ئەھدە تۈزىمەن. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ھەرگىز توختىتىپ قويمايمەن. قەلبلىرىنى ماڭا بولغان ئىخلاسمەنلىك بىلەن تولدۇرىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەرگىز مەندىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ. 41 ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن خۇشال بولىمەن. مەن پۈتۈن قەلبىم ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇلارنى بۇ زېمىنغا قايتۇرۇپ كېلىپ، بۇ يەردە ئولتۇراقلاشتۇرىمەن.

42 مەن بۇرۇن بۇ خەلققە ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەنىدىم. ئەمدى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان بارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىمەن. 43 سىلەر: ‹بۇ زېمىن ئادەم تۇگۇل ياۋايى ھايۋانلارمۇ ياشىمايدىغان چۆل-باياۋانغا ئايلىنىپ، بابىللىقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ› دېدىڭلار. لېكىن بۇ زېمىندىكى ئېتىزلىقلار قايتىدىن ئېلىپ، سېتىلىدۇ. 44 كىشىلەر ئېتىزلارنى ئېلىپ-سېتىپ، يەر خەتلىرىنى ئىمزالايدۇ، ئۇلار گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا يەر خەتلىرىنى مۆھۈرلەيدۇ. بۇ ئىشلار بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ زېمىنلىرىدا ھەم يېرۇسالېم ئەتراپىدىكى يېزىلاردا، شۇنداقلا يەھۇدىيەنىڭ باشقا

شەھەر-يېزىلىرىدا، تاغلىق رايونلاردا، غەربىي ئېدىرلىقلاردا
ۋە نەگىب چۆللۈكلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى مەن بۇ
كىشىلەرنى ئۆز يۇرتقا قايتۇرىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

## يېرۇسالېمنىڭ كەلگۈسىدىكى گۈللىنىشى

33 [1] يەرەمىيا تېخى قاراۋۇلخانىنىڭ ھويلىسىدا تۇتقۇندا
تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا، پەرۋەردىگاردىن ئۇنىڭغا ئىككىنچى
قېتىم ۋەھيي كەلدى:
[2] «مەن زېمىننى ياراتتىم، ئۇنى شەكىلگە كىرگۈزۈپ
جايلاشتۇردۇم. ‹ياھۋەھ› مېنىڭ نامىمدۇر. مەن مۇنداق دەيمەن:
[3] ماڭا ئىلتىجا قىلغىن، مەن جاۋاب بېرىمەن. ساڭا سەن تېخى
بىلمەيدىغان ئاجايىپ سىرلىق ئىشلارنى دەپ بېرىمەن. [4] مەن
ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدا شۇنداق دەيمەنكى،
خەلقىم دۈشمىنىنىڭ سېپىلىغا توپا دۆۋىلەپ قىلماقچى بولغان
ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بۇ شەھەردىكى ئۆيلەرنى،
ھەتتا يەھۇدىيە پادىشاھىنىڭ ئوردىسىنىمۇ بۇزۇپ، ئۇلارنىڭ
ياغاچ، تاشلىرىنى ئېلىپ، سېپىل تاملىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ.
[5] ئۇلار بابىل قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئويلايدۇ،
لېكىن مەن ئۇلارنى غەزەپ-نەپرىتىمدە ئۆلتۈرىمەن. ئۇلارنىڭ
جەسەتلىرى بۇزۇلغان ئۆيلەرنى تولدۇرىدۇ. بۇ شەھەردىكىلەر
قىلغان بارلىق رەزىل ئىشلار تۈپەيلىدىن مەن بۇ شەھەردىن
يۈز ئۆرۈدۈم.
[6] لېكىن بۇ شەھەرگە شىپالىق ۋە ساغلاملىق بېرىدىغان بىر ۋاقىت
كېلىدۇ. مەن خەلقىمنى داۋالايمەن ۋە ئۇلارغا ھەقىقىي تىنچلىق ۋە
ئامانلىق ئاتا قىلىمەن. [7] مەن يەھۇدىيە ۋە ئىسرائىلىيەنى قايتىدىن
ئەسلىگە كەلتۈرىمەن ۋە ئۇلارنى قايتا قۇرۇپ، بۇرۇنقى ھالىتىگە
ئەكېلىمەن. [8] ئۇلارنى ماڭا قارشى قىلغان بارلىق گۇناھلىرىدىن
پاكلايمەن. ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ۋە ئاسىيلىقلىرىنى كەچۈرىمەن.
[9] ئاندىن بۇ شەھەر يەر يۈزىدىكى بارلىق ئەللەر ئالدىدا ماڭا
شادلىق، شان-شەرەپ ۋە ھۆرمەت ئېلىپ كېلىدۇ! ئۇ ئەللەر

مېنىڭ خەلقىمگە قىلغان ھەممە ياخشى ئىشلىرىمنى ئاڭلايدۇ ۋە ئۇلارغا ئاتا قىلغان ياخشىلىقىم ۋە ئۇلارنى روناق تاپقۇزغانلىقىم سەۋەبىدىن قورقۇپ، تىترەيدۇ.

10 مەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: سىلەر بۇ زېمىن توغرىسىدا: «بۇ زېمىن خارابىلىككە ئايلاندى، بۇ يەردە ئادەم ياكى ھايۋانمۇ يوق» دەيسىلەر. لېكىن ئادەم ۋە ھايۋانمۇ ياشىمايدىغان، قاقاسلىققا ئايلانغان يەھۇدىيەنىڭ شەھەرلىرىدە ۋە يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرىدا 11 يەنە بىر قېتىم شادلىق ئاۋازلىرى، كۈلكە سادالىرى ۋە توي قىلغان قىز-يىگىتلەرنىڭ خۇشال ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئادەملەر مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا مىننەتدارلىق قۇربانلىقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، مۇنداق ناخشا ئېيتىدۇ:

«قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارغا شۈكۈر ئېيتىڭلار!
چۈنكى پەرۋەردىگار شاپائەتلىكتۇر،
ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر!»

مەن پەرۋەردىگار شۇنداق ئېيتىمەنكى، بۇ زېمىن بۇرۇن قانداق بولغان بولسا، مەن ئۇنى يەنە شۇنداق ئەسلىگە كەلتۈرىمەن. 12 مەن، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار شۇنداق ئېيتىمەنكى، گەرچە بۇ يەر ھازىر قاقاسلىققا ئايلىنىپ، ئادەم ۋە ھايۋانلار ياشىيالمايدىغان ھالغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە قايتىدىن پادىچىلار پادىلىرىنى ئوتلىتىدىغان ئوتلاقلار پەيدا بولىدۇ. 13 مەن پەرۋەردىگار شۇنداق ئېيتىمەنكى، تاغلىق رايونلاردا، غەربىي ئېدىرلىقلاردا، نەگىب چۆللۈكىدە، بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ زېمىنلىرىدا، يېرۇسالېم ئەتراپىدىكى يېزىلاردا، شۇنداقلا يەھۇدىيەنىڭ باشقا شەھەر-يېزىلىرىدا پادىچىلار پادىلىرىنى ساناپ، قوتانغا كىرگۈزىدىغان كۈنلەر قايتا كېلىدۇ.

14 مەن پەرۋەردىگار شۇنداق ئېيتىمەنكى، مېنىڭ ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيەگە قىلغان گۈزەل ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋاقىت كېلىدۇ. 15 شۇ ۋاقىت كەلگەندە، مەن داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن

ھەققانىي بىر نوتىنى يېتىشتۈرىمەن. ئۇ نوتا بۇ زېمىندا ھەققانىي ۋە دۇرۇس ئىشلارنى قىلىدۇ. [16] ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا يەھۇدىيە تىنچ-ئامانلىقتا ئىرىشىدۇ، يېرۇسالېم خەلقى خاتىرجەملىكتە ياشايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامى ‹ياھۋەھ زىدقېنۇ› [مەنىسى ‹بىزگە ئادالەت كەلتۈرگۈچى پەرۋەردىگاردۇر›] دەپ ئاتىلىدۇ.

[17] مەن پەرۋەردىگار شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، ئىسرائىلىيە تەختىدە ئولتۇرۇشقا پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادىدىن ئادەم كەم بولمايدۇ.
[18] لاۋىيلاردىنمۇ دائىم ماڭا كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى سۇنىدىغان روھانىيلار كەم بولمايدۇ.»

[19] پەرۋەردىگار يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:

[20] «مەن كېچە ۋە كۈندۈز بىلەن ئەھدە تۈزۈپ، ئۇلارنى تاكى زامان ئاخىر بولغۇچە ئۆز ۋاقتىدا ئالمىشىپ تۇرۇشقا ئەمر قىلدىم. مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە ۋەدە قىلىمەنكى، كېچە ۋە كۈندۈز بىلەن تۈزگەن بۇ ئەھدەم ھەرگىز ئەمەلدىن قالمايدىغىنىدەك، [21] خىزمەتكارىم داۋۇت ۋە لاۋىيلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەممۇ مەڭگۈ ئەمەلدىن قالمايدۇ. شۇڭا داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. لاۋىيلاردىنمۇ داۋاملىق روھانىيلار تاللىنىپ، ماڭا خىزمەت قىلىدۇ. [22] خىزمەتكارىم بولغان داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋە لاۋىيلارنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك، دېڭىز ساھىلىدىكى قۇملاردەك كۆپ قىلىمەن.»

[23] پەرۋەردىگار يەرەمىياغا يەنە مۇنداق دېدى:

[24] «كىشىلەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىڭمۇ؟ ئۇلار: ‹پەرۋەردىگار ئۆزى تاللىغان ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيەنى تاشلىۋەتتى› دەيدۇ. شۇڭا ئۇلار خەلقىمنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنى بىر ئەل قاتارىدا كۆرمەيدۇ. [25] لېكىن مەن پەرۋەردىگار كېچە ۋە كۈندۈز بىلەن ئەھدە تۈزدۈم. مەن ئاسمان ۋە زېمىننى باشقۇرىدىغان ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلەرنى بېكىتتىم. [26] شۇنىڭغا ئوخشاش، ياقۇپ ئەۋلادلىرى ۋە خىزمەتكارىم داۋۇت بىلەن تۈزگەن ئەھدەم ئۆزگەرمەستۇر. داۋۇت ئەۋلادلىرىدىن بىرىنى تاللاپ، ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپ ئەۋلادلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرىمەن. مەن خەلقىمگە ناھايىتى مېھرىبان بولۇپ، ئۇلارنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىمەن.»

## پادىشاھ زىدقىيانىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى

34 [1] بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بارلىق پادىشاھلىقلارنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا ۋەھيي كەلدى.
[2] ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدا يەرەمىيانىڭ يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىيانىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ ۋەھيىنى يەتكۈزۈشنى ئەمر قىلدى:

«مەن پەرۋەردىگار بۇ شەھەرنى بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇ بۇ شەھەرنى كۆيدۈرۈپ، ۋەيران قىلىدۇ.
[3] سەن ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. سەن چوقۇم تۇتقۇن بولۇپ، ئۇنىڭ قولىغا چۈشىسەن. سەن نىبۇكادنەزەرنىڭ ئالدىدا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ، جاۋاب بېرىشكە دۇچ كېلىسەن. ئاندىن ئۇلار سېنى بابىلغا ئېلىپ بارىدۇ. [4] ئەي يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىيا، سۆزۈمگە قۇلاق سال! مەن پەرۋەردىگار ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، سەن قىلىچتا ئۆلمەيسەن. [5] تىنچ-ئامان ئالەمدىن ئۆتىسەن، ئەجدادلىرىڭنى، يەنى سەندىن ئىلگىرىكى پادىشاھلارنى كىشىلەر دەپنە قىلىپ، ئىسرىق سالغاندەك، كىشىلەر سېنىمۇ دەپنە قىلىپ ئىسرىق سالىدۇ ۋە ماتەم تۇتۇپ: ‹ۋاي پادىشاھىمىز!› دېيىشىدۇ. بۇ سۆزلەرنى ئېيتقۇچى مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.»
[6] يەرەمىيا پەيغەمبەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېرۇسالېمدىكى يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىياغا يەتكۈزگەندە، [7] بابىل پادىشاھىنىڭ قوشۇنلىرى يېرۇسالېم، لاكىش ۋە ئازىقا شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقانىدى. چۈنكى يەھۇدىيەنىڭ مۇستەھكەم شەھەرلىرىدىن پەقەت مۇشۇ شەھەرلەرلا قالغانىدى.

## قۇللار ھەققىدىكى كېلىشىمگە رىئايە قىلماسلىق

[8] پادىشاھ زىدقىيا يېرۇسالېمدىكى بارلىق خەلق بىلەن ئۇلارنىڭ قۇللىرىنى ئازاد قىلىش توغرىسىدا بىر كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن، پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا ۋەھيي كەلگەنىدى. [9] ئۇ ۋاقىتتا ئىبرانىي

قېرىنداشلاردىن قۇل قىلىنغانلار بولمىسۇن دەپ، ئىبرانىي قۇل ۋە
دېدەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلماقچى بولۇشقانىدى. 10 شۇنىڭ
بىلەن بارلىق خەلق ۋە ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ قۇل ۋە دېدەكلىرىنى
ئازاد قىلىشقا ۋە ئۇلارنى قايتا قۇل قىلماسلىققا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى
ئازاد قىلىشقانىدى. 11 لېكىن كېيىن ئۇلار قارارنى ئۆزگەرتىپ،
ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ، قايتا قۇل قىلدى. 12 ئاندىن پەرۋەردىگار بۇ
كىشىلەرگە يەرەمىيا ئارقىلىق مۇنداق ۋەھىي چۈشۈردى:
13 «مەن پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا
سىلەرگە شۇنداق دەيمەنكى، مەن ئەجدادلىرىڭلارنى مىسىردىن
ئېلىپ چىقىپ، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرغاندا، ئۇلار بىلەن بىر ئەھدە
تۈزگەنىدىم. مەن ئۇلارغا: 14 ‹سىلەرگە سېتىلىپ، ئالتە يىل
خىزمىتىڭلارنى قىلغان ئىبرانىي قۇللارنى يەتتىنچى يىلى چوقۇم
ئازاد قىلىڭلار› دېگەنىدىم. لېكىن ئەجدادلىرىڭلار ماڭا ئىتائەت
قىلمىدى، سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىدى. 15 يېقىندا سىلەر توۋا
قىلىپ، مېنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلدىڭلار. سىلەر
قۇل بولغان ئىبرانىي قېرىنداشلىرىڭلارنى ئازاد قىلىشقا قوشۇلۇپ،
نامىمغا ئاتالغان ئىبادەتخانامغا كېلىپ، ھۇزۇرۇمدا كېلىشىم
تۈزدۈڭلار. 16 لېكىن كېيىن سىلەر قارارىڭلارنى ئۆزگەرتىپ، ماڭا
ھۆرمەتسىزلىك قىلدىڭلار. ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئازاد بولۇشنى
خالىغان قۇل ۋە دېدەكلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى قايتىدىن
قۇل بولۇشقا مەجبۇر قىلدىڭلار.
17 شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە شۇنداق دەيمەنكى،
سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلمىدىڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ ئىبرانىي
قېرىنداشلىرىڭلارنى قويۇپ بەرمىدىڭلار. شۇڭا مەن ئەمدى سىلەرنى
ئۇرۇش، ۋابا ۋە ئاچارچىلىقتا ئۆلۈشۈڭلارغا قويۇپ بېرىمەن. مەن
دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنى سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن
ئىشلار ئارقىلىق چۆچۈتىمەن. 18 مەن بىلەن تۈزۈلگەن ئەھدىنى
بۇزغان كىشىلەرنى جازالايمەن. ئۇلار ھۇزۇرۇمدا ئەھدە تۈزۈپ،
ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەن موزاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەنىدى.
لېكىن ئۇلار ئەھدىگە رىئايە قىلمىدى. مەن ئۇلارنى ئىككى پارچە
قىلىۋېتىلگەن موزاينىڭ ھالىغا چۈشۈرۈپ قويىمەن. 19 مەن يەھۇدىيە

ۋە يېرۇسالېمنىڭ يېتەكچىلىرى، ئەمەلدارلىرى ۋە روھانىيلىرىنى، شۇنداقلا بۇ زېمىندىكى ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەن موزاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، مەن بىلەن ئەھدە تۈزگەن بارلىق كىشىلەرنى جازالايمەن. [20] مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى قاغا-قۇزغۇنلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا يەم بولىدۇ. [21] مەن يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىيا ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمەنلەر بۇ يەردىن ۋاقىتلىق چېكىنگەن بابىل پادىشاھىنىڭ لەشكەرلىرىدۇر. [22] مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، بابىل قوشۇنلىرىنى بۇ شەھەرگە قايتىدىن چاقىرىپ كېلىمەن. ئۇلار بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە شەھەرنى ئىگىلەپ، كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. مەن يەھۇدىيەنىڭ شەھەرلىرىنى ئادەمزاتسىز خارابىلىككە ئايلاندۇرىمەن.»

## رېكاب ئۇرۇق-جەمەتىدىن ساۋاق

35 [1] يوشىيانىڭ ئوغلى يەھوياقىم يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، پەرۋەردىگار مەن يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:

[2] — سەن رېكاب ئۇرۇق-جەمەتىدىكىلەر ياشايدىغان جايغا بېرىپ، ئۇلارنى ئىبادەتخانامغا چاقىرىپ كەلگىن. ئۇلارنى ئىبادەتخانامغا تەۋە ھۇجرىلارنىڭ بىرىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇلارغا شاراب قۇيغىن.

[3] شۇنىڭ بىلەن مەن رېكاب جەمەتىدىكى يەرەمىيانىڭ ئوغلى، خاباززىنىيانىڭ نەۋرىسى بولغان يائازانىيانى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى، قېرىنداشلىرىنى [4] پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ كەلدىم ۋە ئۇلارنى يىگدالىيانىڭ ئوغلى خانان پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتلىرى تۇرىدىغان ھۇجرىغا باشلاپ كىردىم. ئۇ ھۇجرا ئىبادەتخانا خىزمەتچىلىرى تۇرىدىغان ھۇجرىنىڭ يېنىدا، شاللۇمنىڭ ئوغلى، يەنى ئىبادەتخانا دەرۋازىسىغا قارايدىغان مائاسېيانىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. [5] ئاندىن مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىدىشلارنى ۋە لىق شاراب قاچىلانغان كومزەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ:

– مەرھەمەت، شاراب ئىچىڭلار، – دېدىم. [6] لېكىن ئۇلار جاۋاب بېرىپ:

– بىز شاراب ئىچمەيمىز. چۈنكى بىزنىڭ ئەجدادىمىز بولغان رېكابنىڭ ئوغلى يەھوناداب بىزگە بۇيرۇق قىلىپ: «سىلەر ۋە ئەۋلادلىرىڭلار ھەرگىز شاراب ئىچمەڭلار، [7] ئۆي سالماڭلار، زىرائەت تېرىماڭلار، ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلماڭلار ياكى ئۇلارنى مۈلۈك قىلىپ ئالماڭلار. ئۆمۈر بويى چېدىردا تۇرۇڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتقان بۇ زېمىندا ئۇزۇن ۋاقىت ياشىيالايسىلەر» دېگەنىدى. [8] بىز ۋە بىزنىڭ ئاياللىرىمىز، ئوغۇل-قىزلىرىمىز، ئەجدادىمىز بولغان رېكابنىڭ ئوغلى يەھونادابنىڭ بىزگە بۇيرۇغان ھەممە ئىشلىرىغا بويسۇنۇپ كەلدۇق. بىز ئەزەلدىن شاراب ئىچىپ باقمىدۇق. [9] بىز ئۆي سالمىدۇق، ئۈزۈمزارلىق ۋە ئېتىزلىقلارنى بەرپا قىلمىدۇق، شۇڭا بىزنىڭ زىرائەتلىرىمىزمۇ يوق. [10] بىز چېدىرلاردا ياشاپ كەلدۇق. ئەجدادىمىز يەھونادابقا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىدەك قىلدۇق. [11] لېكىن بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر بۇ زېمىنغا ھۇجۇم قىلغاندا، بىز: «يۈرۈڭلار، بابىل ۋە ئاررام قوشۇنلىرىدىن ئامان قېلىش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا بارايلى» دېدۇق. شۇ سەۋەبتىن بىز ئەمدى يېرۇسالېمدا تۇرۇۋاتىمىز.

[12] ئاندىن پەرۋەردىگار مەن يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:

[13] – مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا سېنى يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەدىكى خەلقنىڭ ئالدىغا سۆزۈمنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتىمەن. ئۇلارغا مۇنداق دېگىن: «مەن پەرۋەردىگار سىلەردىن سوراپ باقاي، سىلەر نېمىشقا مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمايسىلەر، كۆرسەتكەن يولۇمدا ماڭمايسىلەر؟ [14] رېكابنىڭ ئوغلى يەھوناداب ئەۋلادلىرىغا شاراب ئىچمەسلىكنى بۇيرۇغاچقا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپتۇ. ئۇلار ئەجدادىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، تاكى بۈگۈنگىچە ھېچقانداق شاراب ئىچىپ باقماپتۇ. لېكىن مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە كۆپ قېتىم تەكىتلىسەممۇ، سۆزلىرىمگە ئىتائەت قىلمىدىڭلار. [15] مەن سىلەرگە خىزمەتكارلىرىم بولغان پەيغەمبەرلەرنى قايتا-قايتا ئەۋەتتىم. مەن ئۇلار ئارقىلىق

سلەرگە: ‹يامان يولۇڭلاردىن يېنىپ، توغرا ئىش قىلىڭلار. باشقا ئىلاھلارنى ئىزدەپ، ئۇلارغا چوقۇنماڭلار. شۇندىلا سلەرگە ۋە ئەجدادلىرىڭلارغا ئاتا قىلغان بۇ زېمىندا ياشىيالايسلەر› دېدىم. لېكىن سلەر سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىدىڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلمىدىڭلار. [16] رېكابنىڭ ئوغلى يېھونادابنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا، ئەجدادىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلدى. لېكىن مېنىڭ خەلقىم سۆزلىرىمگە ئىتائەت قىلمىدى. [17] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا شۇنداق دەيمەنكى، مەن يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەدە ياشاۋاتقان بارلىق خەلقنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقان بارلىق بالا-قازانى ئېلىپ كېلىمەن. چۈنكى مەن ئۇلارغا ئېيتتىم. لېكىن ئۇلار ئاڭلىمىدى. ئۇلارنى چاقىردىم، لېكىن ئۇلار جاۋاب بەرمىدى.»

[18] ئاندىن يەرەمىيا رېكاب جەمەتىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى:

– قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «سلەر ئەجدادىڭلار يېھونادابنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ماڭدىڭلار. ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدىڭلار. [19] شۇڭا مەنكى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيمەن: ‹رېكابنىڭ ئوغلى يېھونادابنىڭ ئەۋلادىدىن ماڭا خىزمەت قىلىدىغان ئەركەك ئەسلا كەم بولمايدۇ›».

## يەرەمىيا يازدۇرغان ئورام يازمىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى

36 [1] يوشىيانىڭ ئوغلى يېھوياقىمنىڭ يەھۇدىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 4-يىلى پەرۋەردىگاردىن يەرەمىياغا مۇنداق ۋەھىي كەلدى:

[2] – يوشىيا پادىشاھ بولغان چاغدىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر ئىسرائىلىيە، يەھۇدىيە، شۇنداقلا باشقا ئەللەر توغرىسىدا ساڭا ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىمنى تېرىگە پۈتۈپ قويغىن. [3] بەلكىم يەھۇدىيە خەلقى مەن ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلتۈرمەكچى بولغان بارلىق بالايىئاپەتلەرنى ئاڭلىغىنىدا، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل يوللىرىدىن قايتىشى مۇمكىن. شۇنداق قىلسا، مەن ئۇلارنىڭ قىلغان رەزىللىكلىرى ۋە گۇناھلىرىنى كەچۈرىمەن.

[4] شۇنداق قىلىپ، يەرەميا نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇكنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىگە ئېيتقان بارلىق سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردى. بارۇك ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تېرىگە پۈتۈپ چىقتى.
[5] يەرەميا بارۇكقا مۇنداق دېدى:
- مېنىڭ ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بېرىشىم مەنئى قىلىندى. [6] شۇڭا يەھۇدىيەدىكى بارلىق كىشىلەر ئۆز شەھەرلىرىدىن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا روزا تۇتقىلى كەلگەن كۈندە، سەن ئۇ يەرگە بارغىن. ئۇلارغا مەن ساڭا ئېيتقان، يەنى سەن تېرىگە پۈتكەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇپ بەرگىن. ھەممە ئادەم ئاڭلىغۇدەك ئۈنلۈك ئوقۇغىن. [7] شۇندا ئۇلار پەرۋەردىگاردىن رەھىم-شەپقەت تىلەپ، قىلمىشلىرىدىن قايتىشى مۇمكىن. چۈنكى پەرۋەردىگار بۇ خەلققە ئۆزىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى ياغدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاگاھلاندۇردى.
[8] شۇنىڭ بىلەن نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇك يەرەميا پەيغەمبەرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىش قىلدى. ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ھويلىسىدا تېرىگە پۈتۈلگەن پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. [9] يېرۇسالېمدا ياشاۋاتقان كىشىلەر ۋە يەھۇدىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىن يېرۇسالېمغا كەلگەن كىشىلەر روزا تۇتۇش ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا يىغىلغانىدى. بۇ روزا تۇتۇش يوشىيانىڭ ئوغلى يەھوياقىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 5-يىلى 9-ئايدا① جاكارلانغانىدى. [10] ئۇ ۋاقىتتا بارۇك پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ھويلىسىدىكى پۈتۈكچى شافاننىڭ ئوغلى گېمارىيانىڭ ھۇجرىسىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇراتتى. بۇ ھۇجرا «يېڭى دەرۋازا» يېنىدىكى ئۈستۈنكى ھويلىدا بولغاچقا، بارلىق ئادەملەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايتتى. ئۇ يازمىنى ئېچىپ، يەرەميانىڭ سۆزلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى.

① 36: 9 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 11-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 1-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇم بىر ئايغا توغرا كېلىدۇ.

[11] گېمارىيانىڭ ئوغلى، يەنى شافاننىڭ نەۋرىسى مىكايا بارۇكنىڭ ئورام يازمىدىن ئوقۇغان پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. [12] ئۇ ئوردىدىكى پادىشاھنىڭ پۈتۈكچىسىنىڭ خانىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردە پادىشاھنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرىنىڭ يىغىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پادىشاھنىڭ پۈتۈكچىسى ئەلىشاما، شېمايانىڭ ئوغلى دېلايا، ئاكبورنىڭ ئوغلى ئەلناتان، شافاننىڭ ئوغلى گېمارىيا، خانانىيانىڭ ئوغلى زىدقىيا ۋە باشقا بارلىق ئەمەلدارلار ئۇ يەردە ئولتۇراتتى. [13] بارۇك كىشىلەرگە تېرە پۈتۈكتىن ئوچۇق-ئاشكارا ئوقۇپ بەرگەن بارلىق سۆزلەرنى مىكايا ئولتۇرغانلارغا ئېيتىپ بەردى. [14] ئاندىن ئولتۇرغان پۈتۈن ئەمەلدارلار نەتانىيانىڭ ئوغلى، شەلەميانىڭ نەۋرىسى، يەنى كۇشىنىڭ چەۋرىسى بولغان يەھۇدىنى بارۇكنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ: «جامائەت ئالدىدا ئوقۇغان تېرە پۈتۈكنى ئېلىپ كەل» دەپ بۇيرۇدى. نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇك ئورالغان تېرە پۈتۈكنى ئېلىپ كەلدى. [15] ئۇلار ئۇنىڭغا:

— ئولتۇرۇپ، ئۇنى بىزگە ئوقۇپ بەرگىن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بارۇك ئولتۇرۇپ، تېرە پۈتۈكنى ئۇلارغا ئوقۇپ بەردى. [16] ئۇلار تېرە پۈتۈككە يېزىلغان بارلىق سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قورقۇنچ ئىچىدە بىر-بىرىگە قاراشتى ۋە بارۇكقا:

— بىز بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھقا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك، — دېدى. [17] ئۇلار بارۇكتىن:

— بىزگە ئېيتقىن، قانداق قىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ چىقتىڭ؟ يەرەميا ساڭا سۆزلەپ بەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

[18] بارۇك ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

— يەرەميا بۇ سۆزلەرنى ماڭا ئېيتتى، مەن تېرىگە پۈتۈۋالدىم، — دېدى. [19] شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلار بارۇكقا:

— سەن ۋە يەرەميا چوقۇم بۇ يەردىن كېتىپ يوشۇرۇنۇڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىڭلارنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەڭلار، — دېدى.

[20] ئاندىن ئۇلار ئورالغان تېرە پۈتۈكنى پادىشاھنىڭ پۈتۈكچىسى ئەلىشامانىڭ خانىسىغا قالدۇرۇپ قويۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا

بىرىپ، ئۇنىڭغا ھەممە ئىشلارنى مەلۇم قىلدى. بۇ چاغدا پادىشاھ
ئوردا ھويلىسىدا ئىدى.
[21] پادىشاھ يەھۇدىنى ئورام يازمىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.
ئۇ بېرىپ پۈتۈكچى ئەلىشامانىڭ خانىسىدىن تېرە پۈتۈكنى
ئېلىپ كېلىپ، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان بارلىق
ئەمەلدارلارغا ئوقۇپ بەردى. [22] 9-ئاي بولغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ
قىشلىق سارايدا تۇرۇۋاتقانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئوچاقتا ئوت
كۆيۈپ تۇراتتى. [23] يەھۇدى يازمىنىڭ بىرنەچچە قۇرىنى ئوقۇشى
بىلەنلا پادىشاھ ئوقۇلغان قۇرلارنى پىچاق بىلەن كېسىۋېلىپ،
ئوچاقتىكى ئوتقا تاشلىۋەتتى. ئۇ پۈتۈن يازمىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ
تۈگەتكۈچە، شۇنداق قىلدى. [24] پادىشاھ ياكى ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى
ئوقۇلغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قىلچە قورقمىدى ۋە كىيىملىرىنى
يىرتىپ، مەيۈسلەنگەنلىكىنى ئىپادىلىمىدى. [25] پادىشاھ ھەتتا
ئورام يازمىنى كۆيدۈرمەسلىكنى ئۆتۈنگەن ئەلناتان، دېلايا ۋە
گېمارىيالارنىڭ سۆزلىرىگىمۇ پىسەنت قىلمىدى. [26] ئەكسىچە، ئۇ
بەگزادىلەردىن بىرى بولغان يەراخمىئېلنى، ئازرىئېلنىڭ ئوغلى
سېرايانى ۋە ئابدىئېلنىڭ ئوغلى شەلەميانى پۈتۈكچى بارۇك ۋە
يەرەميا پەيغەمبەرنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. لېكىن پەرۋەردىگار
ئۇلارنى يوشۇرۇپ قويغانىدى. [27] يەرەميا بارۇكقا پۈتكۈزگەن
ئورام يازمىنى پادىشاھ كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، پەرۋەردىگار
يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:
[28] — سەن يېڭىدىن تېرە پارچىلىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا يەھۇدىيە
پادىشاھى يەھوياقىم كۆيدۈرۈۋەتكەن تېرە پۈتۈكتىكى ھەممە
سۆزلەرنى قايتىدىن پۈتۈپ چىققىن. [29] ئاندىن يەھۇدىيە پادىشاھى
يەھوياقىمغا بۇ سۆزلەرنى يەتكۈزگىن: «پەرۋەردىگار ساڭا
مۇنداق دەيدۇ: ‹يەرەميا بابىل پادىشاھىنىڭ بۇ زېمىنغا چوقۇم
كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ زېمىننى ۋە زېمىندىكى بارلىق ئادەم
ۋە ھايۋانلارنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى پۈتكەنلىكى ئۈچۈن، سەن ئۇ
ئورام يازمىنى كۆيدۈرۈۋەتتىڭ! [30] شۇڭا مەن پەرۋەردىگار يەھۇدىيە
پادىشاھى بولغان سەن يەھوياقىم توغرىسىدا شۇنداق دەيمەنكى،
سېنىڭ داۋۇتنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ھېچقانداق

ئەۋلادىڭ بولمايدۇ. سېنىڭ جەسىتىڭ دالاغا تاشلىنىپ، كۈندۈزى ئاپتاپتا، كېچىدە سوغۇقتا قالىدۇ. [31] مەن سېنى، ئەۋلادلىرىڭنى ۋە ئەمەلدارلىرىڭنى رەزىل قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازالايمەن. مەن سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا، يېرۇسالېمدا، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەدە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ باشلىرىغا ئىلگىرى مەن ئاگاھلاندۇرغان بارلىق بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرىمەن. چۈنكى ھەممىڭلار سۆزلىرىمنى ئاڭلاشنى رەت قىلدىڭلار.››»

[32] شۇنىڭ بىلەن يەرەمىيا يېڭى تېرە پارچىلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنى نېرىيانىڭ ئوغلى پۈتۈكچى بارۇكقا بەردى. يەرەمىيا يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياقىم كۆيدۈرۈۋەتكەن ئورام يازمىدىكى بارلىق سۆزلەرنى قايتىدىن بارۇكقا تېرىگە پۈتتۈردى. ئۇلار بۇ تېرىگە يەنە بىرقانچە باشقا ۋەھىيلەرنىمۇ قوشۇپ قويدى.

## پادىشاھ زىدقىيانىڭ دۇئا تەلەپ قىلىشى

37 [1] يوشىيانىڭ ئوغلى زىدقىيا بابىل پادىشاھى نېبۇكادنەزەر تەرىپىدىن يەھۇدىيەگە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەندى. زىدقىيا يەھوياقىمنىڭ ئوغلى يەھوياكىننىڭ ئورنىغا ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقتى. [2] پادىشاھ زىدقىيا، ئۇنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە بۇ زېمىندا قالغان خەلق يەرەمىيا پەيغەمبەر يەتكۈزگەن پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھىيلىرىگە پەرۋا قىلمىدى. [3] لېكىن پادىشاھ زىدقىيا شەلەميانىڭ ئوغلى يەھۇكال بىلەن مائاسېيانىڭ ئوغلى روھانىي زەفانىيانى يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا دۇئا قىلغىن» دەپ ئۆتۈندى. [4] (ئۇ ۋاقىتتا يەرەمىيا تېخى زىندانغا تاشلانمىغان بولۇپ، خالىغان ۋاقىتتا خەلق بىلەن ئۇچرىشالايتتى. [5] بۇ چاغدا يېرۇسالېمنى قورشاۋغا ئالغان بابىل قوشۇنلىرى يېرۇسالېمدىن چېكىنگەندى. چۈنكى ئۇلار پىرئەۋن قوشۇنلىرىنىڭ ئالىلقاچان مىسىردىن يولغا چىققانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغانىدى.)

[6-7] پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا يەرەمىيا پەيغەمبەرگە مۇنداق دېدى:

– سىنى مەندىن ياردەم تىلەشكە ئەۋەتكەن يەھۇدىيە پادىشاھىغا بۇ سۆزلەرنى يەتكۈزگىن: «سىلەرگە ياردەم بېرىشكە كەلگەن پىرئەۋننىڭ قوشۇنلىرى مىسىرغا، يەنى ئۆز زېمىنىغا قايتىدۇ. [8] ئاندىن كېيىن بابىل قوشۇنلىرى قايتىپ كېلىپ، بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە شەھەرنى ئېگىلەپ، كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. [9] شۇڭا مەن پەرۋەردىگار سىلەرنى يەنە ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بابىل قوشۇنلىرى چېكىنىدى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، دەپ ئالدىنىپ قالماڭلار. چۈنكى ئۇلار قايتىپ كېلىدۇ. [10] گەرچە سىلەر سىلەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان بارلىق بابىل قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلساڭلارمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پەقەت يارىلىنىپ، چېدىرلىرىدا يېتىۋاتقانلىرىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ شەھەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىيالايدۇ.»

## يەرەميا پەيغەمبەرنىڭ زىندانغا تاشلىنىشى

[11] پىرئەۋن قوشۇنلىرى كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بابىل قوشۇنلىرى يېرۇسالېمدىن چېكىنگەندى. [12] شۇڭا يەرەميا يېرۇسالېمدىن ئايرىلىپ، ئائىلىسىدىكى مىراسىنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنى ئېلىش ئۈچۈن بىنيامىن زېمىنىدىكى ئۆز يۇرتىغا كەتمەكچى بولدى. [13] لېكىن يەرەميا پەيغەمبەر يېرۇسالېمدىكى «بىنيامىن دەرۋازىسى»غا كەلگەندە، شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان قاراۋۇللارنىڭ باشلىقى، يەنى شەلەميانىڭ ئوغلى، خانانىيانىڭ نەۋرىسى بولغان يىرئىيا يەرەميانى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنى ئەيىبلەپ:

– سەن چوقۇم بابىللىقلارغا تەسلىم بولماقچى! – دېدى.

[14] يەرەميا:

– ياق، بابىللىقلارغا تەسلىم بولۇش نىيىتىم يوق! – دېدى.

لېكىن يىرئىيا يەرەميانىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ئۇنى ئەمەلدارلارنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. [15] ئەمەلدارلار يەرەمياغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇنى ئۇرۇپ، زىندان ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان پۈتۈكچى يوناتاننىڭ ئۆيىگە قاماپ قويدى. [16] شۇنداق قىلىپ، يەرەميا يوناتاننىڭ ئۆيىدىكى زىنداندا ياتتى. ئۇ بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن قامالدى.

[17] كېيىن پادىشاھ زىدقىيا ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلەشتى ۋە ئۇنىڭدىن:
- پەرۋەردىگاردىن بىرەر ۋەھيي كەلدىمۇ؟ - دەپ سورىدى.
- ھەئە، كەلدى، سەن بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىسەن،
- دېدى يەرەميا. [18] يەرەميا يەنە پادىشاھ زىدقىياغا مۇنداق دېدى:
- مەن ساڭا، ئەمەلدارلىرىڭغا ياكى بۇ خەلققە نېمە يامانلىق قىلدىم؟ نېمىشقا مېنى زىندانغا تاشلىدىڭ؟ [19] «بابىل پادىشاھى سىلەرگە ھۇجۇم قىلمايدۇ ۋە بۇ زېمىنغا تاجاۋۇز قىلمايدۇ» دەپ ۋەھيي يەتكۈزگەن پەيغەمبەرلىرىڭلار ھازىر قېنى؟ [20] ئى پادىشاھ ئالىيلىرى، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، ئۆتۈنۈشۈمنى قوبۇل قىلىپ، مېنى پۈتۈكچى يوناتاننىڭ ئۆيىگە قايتۇرمىغىن، بولمىسا مەن ئۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىمەن.
[21] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ زىدقىيا يەرەميانى قاراۋۇلخانىنىڭ ھويلىسىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭغا ناۋاي كوچىسىدىن تاكى بۇ شەھەردە نان تۈگەپ كەتكۈچە ھەر كۈنى بىر نان ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، يەرەميا قاراۋۇلخانىنىڭ ھويلىسىدا تۇرۇپ قالدى.

## يەرەميانىڭ قۇدۇققا تاشلىنىشى

38 [1] ماتاننىڭ ئوغلى شفاتىيا، پاشخۇرنىڭ ئوغلى گىدالىيا، شەلەميانىڭ ئوغلى يەھۇكال ۋە مالكىيانىڭ ئوغلى پاشخۇر قاتارلىق كىشىلەر يەرەميانىڭ خەلققە نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. يەرەميا مۇنداق دېگەنىدى: [2] «پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ‹بۇ شەھەردە قالغانلار ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ياكى ۋابا بىلەن ئۆلىدۇ. بۇ شەھەردىن ئايرىلىپ، بابىللىقلارغا تەسلىم بولغانلار ھايات قالىدۇ. ئۇلار جېنىنى جەڭدىن ساقلاپ قالىدۇ.› [3] پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‹بۇ شەھەر چوقۇم بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ، ئۇلار شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ›».
[4] شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلار پادىشاھقا مۇنداق دېدى:
- بۇ ئادەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق شەھەردە قالغان لەشكەرلەر ۋە پۈتۈن خەلقنى

ئۈمىدسىزلەندۈردى. بۇ ئادەم كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنىڭ ئورنىغا،
ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.
5 پادىشاھ زىدقىيا:
— ئۇنى نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار. مەن سىلەرنى توسالمايمەن،
— دېدى.
6 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەرەمىيانى تۇتۇپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئوغلى
مالكىياغا تەۋە بىر قۇدۇققا تاشلىدى. بۇ قۇدۇق قاراۋۇلخانىنىڭ
ھويلىسىدا ئىدى. ئۇلار يەرەمىيانى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە ئارغامچا
بىلەن چۈشۈردى. قۇدۇقتا سۇ يوق بولۇپ، پەقەتلا پاتقاق بار
ئىدى، يەرەمىيا پاتقاققا پېتىپ قالدى.
7 كۇش يۇرتىدىن بولغان ئەمەلدار ئەبەد-مەلەك ئوردىدا
يەرەمىيانىڭ قۇدۇققا تاشلانغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. پادىشاھ
«بىنيامىن دەرۋازىسى»دا سوت ئېچىۋاتاتتى. 8 ئەبەد-مەلەك
ئوردىدىن چىقىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا
مۇنداق دېدى:
9 — ئەي پادىشاھ ئالىيلىرى، بۇ كىشىلەر يەرەمىيا پەيغەمبەرنى
قۇدۇققا تاشلاپ، ناھايىتى يامان ئىش قىلدى. شەھەردە ئاشلىق
تۈگەپ قالغان ئەھۋالدا، ئۇ جەزمەن ئۇ يەردە ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ.
10 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كۇش يۇرتىدىن بولغان ئەمەلدار
ئەبەد-مەلەككە مۇنداق دەپ بۇيرۇدى:
— بۇ يەردىن ئوتتۇز ئادەمنى ئېلىپ بېرىپ، يەرەمىيا پەيغەمبەرنى
قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىڭلار، ئۇ قۇدۇقتا ئۆلۈپ قالمىسۇن.
11 شۇنىڭ بىلەن ئەبەد-مەلەك ئادەملەرنى بىرگە ئېلىپ بېرىپ،
ئوردا خەزىنىسىنىڭ ئاستىدىكى ئۆيگە كىردى. ئۇ يىرتىلىپ كەتكەن
كونا كىيىملەرنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئارغامچىغا باغلاپ،
قۇدۇقتىكى يەرەمىياغا تاشلىدى. 12 ئەبەد-مەلەك يەرەمىياغا:
— يىرتىلغان بۇ كونا كىيىملەر بىلەن قولتۇقىڭىزنى يۆگەپ،
ئارغامچىنى ئۈستىدىن باغلاڭ، — دېدى.
يەرەمىيا ئەبەد-مەلەكنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. 13 شۇنداق
قىلىپ، ئۇلار ئارغامچا بىلەن يەرەمىيانى قۇدۇقتىن تارتىپ

چىقاردى. ئەمما يەرەمىيا يەنىلا قاراۋۇلخانىنىڭ هويلىسىدا تۇتقۇندا قالدى.

## پادىشاھنىڭ يەرەمىيادىن مەسلىھەت سورىشى

[14] ئارىلىق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ زىدقىيا يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈچىنچى كىرىش ئېغىزىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۆزى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە بۇيرۇدى. پادىشاھ يەرەمىياغا:
- مەن سەندىن بىر سوئال سورايمەن، ھېچقانداق ئىشنى مەندىن يوشۇرما، - دېدى. [15] يەرەمىيا زىدقىياغا:
- ئەگەر مەن ساڭا راست گەپ قىلسام، سەن مېنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىسەن. مەسلىھەت بەرسەم، مەسلىھەتىمنى قوبۇل قىلمايسەن، - دېدى.
[16] شۇنىڭ بىلەن زىدقىيا باشقىلاردىن مەخپىي ھالدا قەسەم قىلىپ، مۇنداق دېدى:
- مەڭگۈ ھايات ياراتقۇچىمىز پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن ياكى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن.
[17] شۇنىڭ بىلەن يەرەمىيا زىدقىياغا مۇنداق دېدى:
- قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار خۇدا، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەن بابىل پادىشاھىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا تەسلىم بولساڭ، ھايات قالىسەن ۋە بۇ شەھەرمۇ كۆيدۈرۈلمەيدۇ. سەن بىلەن پۈتۈن ئائىلەڭ ھايات قالىدۇ. [18] ئەمما سەن بابىل پادىشاھىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا تەسلىم بولمىساڭ، بۇ شەھەر بابىللىقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇلار بۇ شەھەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. سەنمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن.»
[19] پادىشاھ زىدقىيا يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:
- مەن بابىللىقلارغا تەسلىم بولغان يەھۇدىيەلىكلەردىن قورقىمەن. بابىللىقلار مېنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرسە، ئۇلار مېنى قىينىشى مۇمكىن.

[20] يەرەميا مۇنداق دېدى:
- سەن ئۇلارغا تاپشۇرۇلمايسەن. مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلىپ، پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلغىن. شۇندىلا ھەممە ئىشلىرىڭ ياخشى بولىدۇ ۋە ھايات قالىسەن. [21] لېكىن سەن تەسلىم بولمىساڭ، پەرۋەردىگار ماڭا غايىبانە ئالامەت ئارقىلىق كۆرسەتكەن ئىشلار يۈز بېرىدۇ. مەن غايىبانە ئالامەتتە [22] يەھۇدىيە پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا قالغان بارلىق ئاياللارنىڭ بابىل پادىشاھىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا بېرىلگەنلىكىنى، بۇ ئاياللارنىڭ سېنى مازاق قىلىپ:

«سەن ئىشەنگەن يېقىن دوستلىرىڭ سېنى ئالدىدى،
ئۇلار سېنى باشقۇردى،
مانا ئەمدى پۇتلىرىڭ پاتقاققا پاتتى،
يېقىن دوستلىرىڭ سەندىن يۈز ئۆرۈدى» دېگەنلىكىنى
كۆردۈم.

[23] ئاياللىرىڭ ۋە باللىرىڭ بابىللىقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ. سەنمۇ ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. بابىل پادىشاھى سېنى ئەسىرگە ئېلىپ، بۇ شەھەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.
[24] ئاندىن زىدقىيا يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:
- سەن بىزنىڭ پاراڭلاشقانلىقىمىزنى ھېچكىمگە ئېيتما. ئەگەر باشقىلارغا ئېيتساڭ، ئۆلىسەن. [25] ئەمەلدارلار بەلكىم سەن بىلەن پاراڭلاشقانلىقىمدىن خەۋەر تېپىشى مۇمكىن. ئۇلار قېشىڭغا كېلىپ: «سېنىڭ پادىشاھقا ۋە پادىشاھنىڭ ساڭا نېمە دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەر. بىزدىن ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرما. بولمىسا، سېنى ئۆلتۈرىمىز» دېيىشى مۇمكىن. [26] سەن ئۇلارغا: «مەن ئۆلۈپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن پادىشاھتىن مېنى يوناتاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەتمەسلىكنى ئۆتۈندۈم» دېگىن.
[27] دەرۋەقە، بارلىق ئەمەلدارلار يەرەمىيانىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ ئىش توغرۇلۇق سورىدى. يەرەميا ئۇلارغا دەل پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سوراق قىلىشنى توختاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ پادىشاھ بىلەن بولغان سۆھبىتىنىڭ

مەزمۇننى ھېچكىم بىلمەيتتى. [28] يەرەمىيا تاكى يېرۇسالېم ئىشغال
قىلىنغۇچە قاراۋۇلخانىنىڭ ھويلىسىدا تۇردى.

## نىبۇكادنەزەرنىڭ يېرۇسالېمنى ۋەيران قىلىشى

39 يېرۇسالېمنىڭ ئىشغال قىلىنىشىنىڭ جەريانى مۇنداق
بولغانىدى: [1] يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ
9-يىلى 10-ئايدا بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر پۈتۈن قوشۇنلىرى
بىلەن يېرۇسالېمنى قورشاپ، ھۇجۇم قىلدى. [2] پادىشاھ زىدقىيا
ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 11-يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنى ① قوشۇنلار شەھەر
سېپىللىرىنى بۇزۇپ كىردى. [3] ئاندىن بابىل پادىشاھىنىڭ بارلىق
يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى شەھەرگە كىرىپ، ئوتتۇرا
دەرۋازىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سامگارلىق
نېرگال-شارئەزەر، باش سەركەردە نىبۇ-سارسېكىم ۋە يۇقىرى
دەرىجىلىك ئەمەلدار نېرگال-شارئەزەر ۋە باشقىلار بار ئىدى.
[4] يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىيا ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى
كۆرۈپ، قاچماقچى بولدى. ئۇلار شۇ كېچىسى شەھەردىن ئايرىلىپ،
پادىشاھ باغچىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئىككى سېپىل ئارىسىدىكى
دەرۋازا ئارقىلىق شەھەردىن چىقىپ، ئىئوردان ۋادىسىغا قاراپ يۈرۈپ
كەتتى. [5] بىراق بابىللىقلارنىڭ قوشۇنى ئۇلارنى قوغلاپ، ئېرىخا
تۈزلەڭلىكىگە كەلگەندە، پادىشاھ زىدقىياغا يېتىشىۋالدى. ئۇلار ئۇنى
تۇتقۇن قىلىپ، خامات رايونىدىكى رىبلاھ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان
بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. بابىل پادىشاھى شۇ يەردە
ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى. [6] بابىل پادىشاھى رىبلاھتا
زىدقىيانىڭ ئوغۇللىرىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆلتۈردى. بابىل
پادىشاھى يەنە يەھۇدىيەنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈردى.
[7] ئاندىن ئۇ زىدقىيانىڭ كۆزىنى ئويۇۋېلىپ، ئۇنى تۇچ كىشەن
بىلەن كىشەنلەپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى.
[8] بابىللىقلار پادىشاھ ئوردىسى ۋە خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى،
ھەمدە يېرۇسالېم سېپىللىرىنى بۇزۇۋەتتى. [9] ئاندىن ياساۋۇللارنىڭ

① 39: 2 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 586-يىلى 7-ئاينىڭ 18-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

باشلىقى نىبۇزارئادان شەھەردە قالغان پۇقرالارنى ئەسىرگە ئېلىپ،
تەسلىم بولغان كىشىلەر بىلەن بىرگە بابىلغا سۈرگۈن قىلدى.
10 لېكىن ئۇ يەھۇدىيە زېمىنىدا ھېچنېمىسى يوق نامرات كىشىلەرنى
قالدۇرۇپ قويىدى ۋە ئۇلارغا ئۈزۈمزارلىقلار ۋە ئېتىزلارنى بەردى.

## نىبۇكادنەزەرنىڭ يەرەمىيانى ئازاد قىلىشى

11 بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى
نىبۇزارئادانغا يەرەمىيا توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىپ مۇنداق دېدى:
12 − يەرەمىيانى تېپىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال، ئۇنىڭغا
زىيانكەشلىك قىلما، بەلكى نېمىنى تەلەپ قىلسا، شۇنى قىلىپ بەر.
13 شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نىبۇزارئادان، يۇقىرى
دەرىجىلىك ئەمەلدار نىبۇشازبان ۋە نېرگال-شارئەزەر ھەمدە بابىل
پادىشاھىنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرى 14 يەرەمىيانىڭ قېشىغا ئادەم
ئەۋەتىپ، ئۇنى قاراۋۇلخانىنىڭ ھويلىسىدىن ئېلىپ چىقىپ،
شافاننىڭ نەۋرىسى، يەنى ئاخىقامنىڭ ئوغلى گەدالىياغا تاپشۇرۇپ
بەردى. گەدالىيا ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن
يەرەمىيا ئۆز خەلقى بىلەن بىرگە ياشىدى.
15 يەرەمىيا قاراۋۇلخانىنىڭ ھويلىسىدا تۇتقۇندا تۇرغان ۋاقىتلاردا،
پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى:
16 − كۇش يۇرتىدىن بولغان ئەبەد-مەلەككە مۇنداق دەپ
ئېيتقىن: «قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى
تاللىغان خۇدا ساڭا مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن بۇ شەھەرگە تەھدىت
سېلىپ ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. مەن
كۆڭلىنىش ئەمەس، ئاپەت ئېلىپ كېلىمەن. سەن يېرۇسالېمنىڭ
ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرىسەن. 17 لېكىن ۋەيرانچىلىق يۈز
بەرگەندە، سېنى قۇتقۇزىمەن. مەن ۋەدە قىلىمەنكى، سەن ئۆزۈڭ
قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمايسەن. 18 مەن
سېنى چوقۇم قۇتقۇزىمەن. سەن قىلىچ بىلەن ئۆلمەيسەن. سەن
ماڭا ئىشەنگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ھاياتىڭ قۇتقۇزۇلىدۇ. بۇ مەن
پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!›»

## يەرەمىيانىڭ گېداليا بىلەن بىرگە تۇرۇشى

40 [1] كېيىن يەرەمىيا يەنە كىشەنلىنىپ، بابىلغا سۈرگۈن قىلىنماقچى بولغان يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيە ئاھالىلىرى بىلەن بىرگە راماھ شەھىرىگە ئېلىپ كېتىلدى. ئۇ يەردە ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نىبۇزارئادان ئۇنى قويۇپ بەردى. ئاندىن پەرۋەردىگار ياساۋۇللارنىڭ باشلىقىنىڭ كۆڭلىگە يەرەمىياغا سۆز قىلىشنى سالدى. [2] شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى يەرەمىيانى يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

– پەرۋەردىگارىڭ خۇدا بۇ يەرگە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشتا بولغانىدى. [3] ھازىر ئۇ ئۆزى دېگىنىدەك بۇ بالايىئاپەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇردى. چۈنكى سىلەر گۇناھ قىلىپ، پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلمىدىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئاپەتلەر بېشىڭلارغا كەلدى. [4] لېكىن مەن ھازىر قولۇڭدىكى كىشەنلەرنى ئېلىۋېتىپ، سېنى قويۇۋېتىمەن. ئەگەر سەن مەن بىلەن بىرگە بابىلغا كېتىشنى خالىساڭ، مەن سېنىڭ ھالىڭدىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن. ئەگەر بابىلغا كېتىشنى خالىمىساڭ، بۇ يەردە قالساڭمۇ بولىدۇ. بۇ زېمىندا نەگە بارغۇڭ بولسا، شۇ يەرگە بارساڭ بولىدۇ. قەيەرگە بېرىشنى ئۆزۈڭ تاللىغىن.

[5] يەرەمىيا بۇ يەردىن كېتىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى يەنە مۇنداق دېدى:

– بۇ يەردە قالىدىغان بولساڭ، شافاننىڭ نەۋرىسى، يەنى ئاخىقامنىڭ ئوغلى گېداليانىڭ يېنىغا بارغىن. بابىل پادىشاھى ئۇنى يەھۇدىيە شەھەرلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. سەن ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەر ئارىسىدا ياشىساڭمۇ ياكى نەگە بېرىشنى ئۆزۈڭ تاللىساڭمۇ بولىدۇ.

ئاندىن ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى يەرەمىياغا ئازراق يېمەكلىك ۋە سوۋغات بېرىپ، ئۇنى يولغا سالدى. [6] شۇنىڭ بىلەن يەرەمىيا مىزپاھ شەھىرىدىكى ئاخىقامنىڭ ئوغلى گېداليانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەھۇدىيە زېمىنىدا قالغان كىشىلەر ئارىسىدا ياشىدى.

## گىدالىيانى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى

7 تەسلىم بولمىغان يەھۇدىيە قوشۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سەركەردىلىرى دالالاردا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. ئۇلار بابىل پادىشاھىنىڭ ئاخىقامنىڭ ئوغلى گىدالىيانى بۇ زېمىنغا ھۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇلار يەنە ئۇنىڭ بۇ زېمىندا بابىلغا سۈرگۈن قىلىنمىغان نامرات ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلارنىمۇ باشقۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى.
8 شۇنىڭ بىلەن بارلىق سەركەردىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى گىداليا بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مىزپاھقا كەلدى. كەلگەنلەر نەتانيانىڭ ئوغلى ئىسمائىل، قارېياخنىڭ ئوغۇللىرى يوخانان ۋە يوناتان، تانخۇمەتنىڭ ئوغلى سىرايا، نەتوفالىق ئېفاينىڭ ئوغۇللىرى ۋە مائاكالىق يېزانيا قاتارلىق سەركەردىلەر ئىدى.
9 شافاننىڭ نەۋرىسى، يەنى ئاخىقامنىڭ ئوغلى گىداليا ئۇلارغا قەسەم بېرىپ، مۇنداق دېدى:

— بابىللىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاشتىن قورقماڭلار. بۇ زېمىنغا ماكانلىشىڭلار ۋە بابىل پادىشاھىغا بويسۇنۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ھەممە ئىشلىرىڭلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.
10 مەن بولسام مىزپاھتا قېلىپ، بابىللىقلار ئالدىدا سىلەرنىڭ ۋەكىلىڭلار بولىمەن. سىلەر بولساڭلار ئۆزۈڭلار ئىگىلىگەن شەھەرلەرگە ماكانلىشىڭلار ۋە ئۈزۈملەر، يازلىق مېۋىلەر، شۇنداقلا زەيتۇنلاردىن ھوسۇل ئېلىپ، ساقلاپ قويۇڭلار.

11 موئاب، ئاممون، ئېدوم ۋە باشقا يەرلەردىكى يەھۇدىيەلىكلەر بابىل پادىشاھىنىڭ بىر قىسىم يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ يەھۇدىيەدە ياشىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىنى ۋە شافاننىڭ نەۋرىسى، ئاخىقامنىڭ ئوغلى بولغان گىدالىيانى ئۇلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەنلىكىنى ئاڭلىدى.
12 شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن بارلىق يەھۇدىيەلىكلەر يەھۇدىيە زېمىنىغا قايتىپ كېلىپ، مىزپاھتىكى گىدالىيانىڭ يېنىغا كەلدى. ئاندىن ئۇلار يەھۇدىيەگە ماكانلىشىپ، ئۈزۈم ۋە يازلىق مېۋىلەردىن ھوسۇل ئالدى.

[13] قارىياخىنىڭ ئوغلى يوخانان ۋە دالالاردا يوشۇرۇنۇۋالغان قوشۇن
سەركەردىلىرى مىزپاھتىكى گەدالىيانىڭ يېنىغا كېلىپ، [14] ئۇلار
ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
— ئاممون پادىشاھى بائالىس نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى سىزنى
ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىپتۇ. سىزنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟
لېكىن ئاخىقامنىڭ ئوغلى گەداليا ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى.
[15] كېيىن قارىياخىنىڭ ئوغلى يوخانان گەداليا بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىپ،
مۇنداق دېدى:
— مېنىڭ نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى ئۆلتۈرۈشۈمگە ئىجازەت
بېرىڭ. كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. بولمىسا ئۇ
سىزنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەتراپىڭىزغا يىغىلغان بارلىق يەھۇدىيەلىكلەر
تارقىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قالغان يەھۇدىيە خەلقىمۇ تۈگەيدۇ.
[16] لېكىن ئاخىقامنىڭ ئوغلى گەداليا قارىياخىنىڭ ئوغلى يوخانانغا
مۇنداق دېدى:
— ئۇنداق قىلما، سېنىڭ ئىسمائىل توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىڭ
يالغان، ئۆسەك سۆزدۇر!

## گەدالىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

41 [1] ئىسمائىل پادىشاھ جەمەتىدىن بولغان نەتانىيانىڭ
ئوغلى، يەنى ئەلىشامانىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئۇ
پادىشاھ زىدقىيانىڭ باش سەركەردىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ شۇ
يىلنىڭ كۈز پەسلىدە ئۆزىگە ئون ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، مىزپاھ
شەھىرىدىكى ئاخىقامنىڭ ئوغلى گەدالىيانىڭ يېنىغا باردى ۋە
ئۇلار بىرلىكتە غىزالاندى. [2] دەل شۇ چاغدا نەتانىيانىڭ ئوغلى
ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن ئون ئادەم ئورۇنلىرىدىن
تۇرۇپ، قىلىچلىرىنى چىقىرىپ، گەدالىيانى ئۆلتۈرۈۋەتتى.
گەداليا بابىل پادىشاھى تەرىپىدىن بۇ زېمىننى باشقۇرۇشقا
تەيىنلىگەن ئادەم بولۇپ، شافاننىڭ نەۋرىسى، ئاخىقامنىڭ
ئوغلى ئىدى. [3] ئىسمائىل يەنە مىزپاھتا گەداليا بىلەن بىرگە
تۇرۇۋاتقان بارلىق يەھۇدىيەلىكلەرنى ۋە بابىل لەشكەرلىرىنى
ئۆلتۈرۈۋەتتى.

[4] گېدالىيانىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىك خەۋىرى تېخى تارقالمىغانىدى. ئەتىسى [5] شەكەم، شىلو ۋە سامارىيە شەھەرلىرىدىن سەكسەن ئادەم مىزپاھقا كەلدى. ئۇلار ساقال-بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرۈپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ، بەدەنلىرىنى تىلغان بولۇپ، يېرۇسالېمدىكى ۋەيران بولغان پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى ئىپادىلىمەكچى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئاشلىق ھەدىيەلىرى ۋە ئىسرىقلىرىنى ئېلىپ بارماقچىدى.
[6] نىتانىيانىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئۇلارنى ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋالدى. ئىسمائىل ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە، يالغاندىن يىغلىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- مەن بىلەن بىرگە ئاخىقامنىڭ ئوغلى گېداليا بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىڭلار.
[7] لېكىن ئۇلار شەھەرگە كىرگەن ھامان نىتانىيانىڭ ئوغلى ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، جەسەتلىرىنى سۇ ئامبىرىغا تاشلىۋەتتى. [8] ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئون ئادەم ئىسمائىلغا: «بىزنى ئۆلتۈرمە، بىز ئېتىزلىقلارغا يوشۇرۇپ قويغان بۇغداي، ئارپا، زەيتۇن يېغى ۋە ھەسەلىمىزنى ساڭا بېرەيلى» دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسمائىل ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي ھايات قالدۇردى. [9] ئىسمائىل جەسەتلەرنى تاشلىۋەتكەن سۇ ئامبىرىنى يەھۇدىيە پادىشاھى ئاسا بۇرۇنقى چاغلاردا يەھۇدىيەنى ئىسرائىلىيە پادىشاھى باشانىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىغان ۋاقتىدا قازدۇرغانىدى. بۇ سۇ ئامبىرى ھازىر نىتانىيانىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئۆلتۈرگەن ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولدى.
[10] ئاندىن ئىسمائىل يەھۇدىيە پادىشاھىنىڭ قالغان قىز-ئاياللىرىنى ۋە مىزپاھتىكى باشقا كىشىلەرنى تۇتۇپ، ئاممون زېمىنىغا قاراپ قېچىپ كەتتى. ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نىبۇزارئادان بۇ كىشىلەردىن خەۋەر ئېلىشنى ئاخىقامنىڭ ئوغلى گېدالياغا تاپشۇرغانىدى.
[11] نىتانىيانىڭ ئوغلى ئىسمائىلنىڭ قىلغان بارلىق رەزىل ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپقان قارېياخنىڭ ئوغلى يوخانان ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى باشقا قوشۇن سەركەردىلىرى [12] قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. ئۇلار گىبېئوندىكى چوڭ كۆلنىڭ يېنىدا

ئۇنىڭغا يېتىشۋالدى. [13] ئىسمائىل تۇتقۇن قىلىۋالغان كىشىلەر قارىياخىنىڭ ئوغلى يوخانان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن قوشۇن سەركەردىلىرىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. [14] ئىسمائىل مىزپاھتىن تۇتۇپ كەلگەن بارلىق كىشىلەر قارىياخىنىڭ ئوغلى يوخانانىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋالدى. [15] لېكىن نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىسمائىل سەككىز ئادەمى بىلەن بىرگە يوخانانىدىن قۇتۇلۇپ، ئاممون زېمىنىغا قېچىپ كەتتى.

[16] ئۇنىڭدىن كېيىن قارىياخىنىڭ ئوغلى يوخانان ۋە بارلىق قوشۇن سەركەردىلىرى گىبئوندا قۇتقۇزۇپ قېلىنغان ھەممە كىشىلەرنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لەشكەرلەر، ئاياللار، باللار ۋە بەزى ئەمەلدارلار بار بولۇپ، بۇلار نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاخىقامنىڭ ئوغلى گىدالىيانى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تۇتقۇن قىلىنغان كىشىلەر ئىدى. [17] ئۇلار مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بەيتلەھەم شەھىرىنىڭ يېنىدىكى گېرۇت-كىمھام دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايدا توختىدى. [18] ئۇلار بابىللىقلاردىن قورقاتتى، چۈنكى نەتانىيانىڭ ئوغلى ئىسمائىل بابىل پادىشاھى بۇ زېمىننى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن ئاخىقامنىڭ ئوغلى گىدالىيانى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.

## يەرەمىيانىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى

42 [1] قارىياخىنىڭ ئوغلى يوخانان ۋە ھوشايانىڭ ئوغلى يېزانىيا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قوشۇن سەركەردىلىرى ۋە ھەرقايسى تەبىقىدىكى كىشىلەر پەيغەمبەر يەرەمىيانىڭ يېنىغا باردى. [2] ئۇلار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- بىزنىڭ تەلىپىمىزگە قۇلاق سېلىپ، بۇ زېمىندا قالغان بىزلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا دۇئا قىلسىڭىز. بۇرۇن سانىمىز كۆپ ئىدى، لېكىن ھازىر سىز كۆرگەندەك، پەقەت نەچچىمىزلا قالدۇق. [3] پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا دۇئا قىلسىڭىز، ئۇ بىزنىڭ نەگە بېرىشىمىز ۋە قانداق قىلىشىمىز ھەققىدە بىزگە يول كۆرسىتىپ بەرسە.

[4] يەرەمىيا پەيغەمبەر:

- بولىدۇ، مەن پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا دىگىنىڭلار بويىچە دۇئا
قىلىمەن ۋە ئۇنىڭ دىگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە ئېيتىمەن.
سىلەردىن ھېچ ئىشنى يوشۇرمايمەن، - دېدى. 5 ئۇلار يەرەمياغا:
- ھەققانىي ۋە ئىشەنچلىك پەرۋەردىگارىمىز گۇۋاھ بولسۇنكى، بىز
پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ سىزگە ئېيتقىنى بويىچە ئىش قىلىمىز!
6 پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئېيتقانلىرىنى ياخشى كۆرەيلى ياكى ياخشى
كۆرمەيلى، ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ
دىگەنلىرىگە بويسۇنىمىز. سىز بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىزغا
دۇئا قىلىسىڭىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ سىزگە ئېيتقىنى بويىچە ئىش
كۆرىمىز، - دېدى.
7 ئون كۈندىن كېيىن پەرۋەردىگاردىن يەرەمياغا جاۋاب كەلدى.
8 شۇنىڭ بىلەن يەرەميا قارېياخنىڭ ئوغلى يوخانان بىلەن بىرگە
يۈرىدىغان بارلىق قوشۇن سەركەردىلىرىنى ۋە ھەممە تەبىقىدىكى
كىشىلەرنى يىغدى. 9 ئاندىن يەرەميا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
- سىلەر مېنى ئىسرائىللارنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇدانىڭ
ھوزۇرىغا تەلەپلىرىڭلارنى ئېيتىشقا ئەۋەتتىڭلار. پەرۋەردىگار
سىلەرگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: 10 «ئەگەر سىلەر داۋاملىق
بۇ زېمىندا تۇرساڭلار، مەن سىلەرنى پەرۋىش قىلىمەن، ۋەيران
قىلمايمەن، سىلەرنى ئۆستۈرىمەن، قومۇرۇپ تاشلىمايمەن. چۈنكى
سىلەرگە ئاپەت ئېلىپ كەلگىنىمدىن ناھايىتى پۇشايمان قىلدىم.
11 سىلەر ئەندىشە قىلىۋاتقان بابىل پادىشاھىدىن قورقماڭلار. مەن
سىلەرگە دەيمەنكى، ھەرگىز ئۇنىڭدىن قورقماڭلار، چۈنكى مەن
سىلەرگە يار بولىمەن، سىلەرنى قوغدايمەن ھەمدە ئۇنىڭ قولىدىن
سىلەرنى قۇتقۇزىمەن. 12 مەن ئۇنى رەھىم-شەپقەتلىك قىلىش
ئارقىلىق سىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىدىغان قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ سىلەرنى ئۆز زېمىنىڭلاردا ياشاشقا يول قويىدۇ.»
13 يەرەميا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:
- لېكىن سىلەر پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا ئىتائەت قىلماي:
«بۇ زېمىندا تۇرمايلى، 14 مىسىرغا كېتەيلى، ئۇ يەردە ئۇرۇش
كۆرمەيمىز، ئۇرۇشقا چاقىرىۋاتقان بۇرغا ئاۋازلىرىنى ئاڭلىمايمىز
ياكى ئاچ قالمايمىز، شۇڭا بىز ئۇ يەرگە بېرىپ ياشايلى»

دېسەڭلار، [15] ئەي يەھۇدىيەدە ئامان قالغانلار، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار! قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر مىسىرغا بېرىپ، ئۇ يەردە ياشاشقا قارار قىلغان بولساڭلار، [16] ئۇ يەردە سىلەر قورققان ئۇرۇشلارغا دۇچ كېلىسىلەر. سىلەر قورققان ئاچارچىلىق كەينىڭلاردىن ئەگىشىپ بارىدۇ. سىلەر مىسىردا ھالاك بولىسىلەر. [17] مىسىرغا بېرىپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى نىيەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە ۋابا تۈپەيلىدىن ھالاك بولىدۇ، ھېچكىم ھايات قالمايدۇ ياكى مەن ئۇلارغا چۈشۈرىدىغان ئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.» [18] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر مىسىرغا بارساڭلار، مەن غەزەپ-نەپرىتىمنى يېرۇسالېمدىكى خەلققە ياغدۇرغاندەك، سىلەرگىمۇ ياغدۇرىمەن. سىلەر كىشىلەرنىڭ قارغىشىغا قالىسىلەر، نامىڭلار قارغاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر سۆزگە ئايلىنىدۇ. سىلەر ناھايىتى قورقۇنچلۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالىسىلەر، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايسىلەر ۋە ئۆز زېمىنىڭلارنى ھەرگىز قايتا كۆرەلمەيسىلەر.»

[19] يەرەمىيا ئۇلارنى داۋاملىق ئاگاھلاندۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

– ئەي يەھۇدىيەدە ھايات قالغانلار، پەرۋەردىگار سىلەرنى مىسىرغا بارمىسۇن دەيدۇ. بىلىشىڭلار كېرەككى، مەن بۈگۈن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدۇم! [20] سىلەر جانغا زامىن بولىدىغان خاتالىق سادىر قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر. چۈنكى سىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز خۇداغا بىز ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ، پەرۋەردىگارىمىز خۇدا نېمە دېسە، بىز ئۇنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئىش قىلىمىز» دەپ، مېنى پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتىڭلار. [21] مەن بۈگۈن پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ سىلەرگە ئېيتىشىمنى بۇيرۇغان ھەممە سۆزلىرىنى ئېيتتىم، لېكىن سىلەر ئۇنىڭ ھېچقانداق سۆزىگە قۇلاق سالمىدىڭلار. [22] شۇنى چوقۇم بىلىشىڭلار كېرەككى، سىلەر بېرىپ ياشىماقچى بولغان مىسىر زېمىنىدا ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە ۋابا بىلەن ئۆلىسىلەر.

## ئادەملەرنىڭ مىسىرغا بېرىشى

43 1 يەرەميا پەرۋەردىگار خۇدانىڭ خەلققە ئېيتىشنى
بۇيرۇغان بارلىق سۆزلىرىنى يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن،
2 ھوشايانىڭ ئوغلى ئازاريا، قارېياخنىڭ ئوغلى يوخانان ۋە باشقا
تەكەببۇر ئادەملەر يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:
– يالغان سۆزلەۋاتىسەن، پەرۋەردىگارىمىز خۇدا سېنى بىزگە:
«مىسىرغا بارماڭلار!» دەپ ئېيتىشقا ئەۋەتمىدى. 3 نېرىيانىڭ ئوغلى
بارۇك سېنى بۇ سۆزلەرنى بىزگە ئېيتىشقا كۈشكۈرتتى. ئۇ بىزنى
بابىللىقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى. شۇنداق قىلسا، ئۇلار
بىزنى ئۆلتۈرىدۇ ياكى بابىلغا سۈرگۈن قىلىدۇ.
4 ھالبۇكى، قارېياخنىڭ ئوغلى يوخانان، بارلىق قوشۇن
سەركەردىلىرى ۋە قالغان خەلق پەرۋەردىگارنىڭ يەھۇدىيە زېمىنىدا
تۇرۇپ قېلىڭلار دېگەن بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمىدى. 5 شۇنداق قىلىپ،
قارېياخنىڭ ئوغلى يوخانان بىلەن بارلىق قوشۇن سەركەردىلىرى
بىرلىكتە ھەرقايسى دۆلەتلەردىن سۈرگۈندىن قايتىپ كېلىپ،
ئۆزلىرىگە يەھۇدىيە خەلقىنى ئەگەشتۈرۈپ، مىسىرغا ئېلىپ كەتتى.
6 ئۇلار ئەرلەر، ئاياللار، باللار ۋە يەھۇدىيە پادىشاھىنىڭ قالغان
قىز-ئاياللىرىنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار بابىل پادىشاھىنىڭ
ياساۋۇللار باشلىقى نىبۇزارئادان ئاخىقامنىڭ ئوغلى گېدالىياغا،
يەنى شافاننىڭ نەۋرىسىگە قالدۇرغان ھەممە كىشىلەرنى ئېلىپ
ماڭدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يەرەمىيا پەيغەمبەر ۋە نېرىيانىڭ
ئوغلى بارۇكمۇ بار ئىدى. 7 ئۇلار پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلماي،
مىسىردىكى تاخپانخېس شەھىرىگە باردى.
8 تاخپانخېس شەھىرىدە پەرۋەردىگار يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:
9 – بىرقانچە چوڭ تاش ئېلىپ كېلىپ، پىرئەۋننىڭ تاخپانخېستىكى
ئوردىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى خىش يولىنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ
قويغىن. يەھۇدىيە خەلقى بۇنى كۆرسۇن. 10 ئاندىن ئۇلارغا بۇ
سۆزلەرنى ئېيتقىن: «قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى
ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن
خىزمەتكارىم بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ

كېلىمەن. مەن كۆمۈلگەن بۇ تاشلارنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ تەختىنى
قۇرىمەن. بۇ تاشلارنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ ئۆز چېدىرىنى تىكىدۇ.
11 نىبۇكادنەزەر مىسىرغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ
ئارىسىدىكى پېشانىسىگە كېسەللىك پۈتۈلگەنلىرى كېسەل بىلەن
ئۆلىدۇ، سۈرگۈن قىلىنىش پۈتۈلگەنلىرى سۈرگۈن قىلىنىدۇ،
ئۇرۇشتا ھالاك بولۇشقا پۈتۈلگەنلىرى ئۇرۇشتا ھالاك بولىدۇ.
12 نىبۇكادنەزەر مىسىر ئىلاھلىرىنىڭ بۇتلىرىنى ئولجا ئالىدۇ ۋە
بۇتخانىلىرىغا ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ مىسىر زېمىنىدىكى
نەرسىلەرنى خۇددى پادىچى چاپىنىدىكى پىتلارنى تەرگەندەك،
ھەممىسىنى تېرىۋېلىپ، ساق-سالامەت قايتىپ كېتىدۇ. 13 ئۇ
مىسىردىكى قۇياشقا ئاتالغان بۇتخانىغا ئورنىتىلغان بۇتسىمان
تاش تۈۋرۈكلەرنى چېقىپ تاشلايدۇ، ھەمدە مىسىرلىقلارنىڭ
ئىلاھلىرىنىڭ بۇتخانىلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.»»

## مىسىرغا قېچىپ كەتكەنلەر ھەققىدىكى ۋەھىي

44
1 يەرەمىياغا مىسىرنىڭ شىمالىدىكى مىگدول، تاخپانخېس ۋە
نوپ شەھەرلىرىدە، ھەمدە مىسىرنىڭ جەنۇبىدا ياشاۋاتقان
يەھۇدىيە خەلقى توغرىسىدا مۇنداق ۋەھىي كەلدى:
2 — مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى
تاللىغان خۇدا سىلەرگە مۇنداق دەيمەن: «سىلەر مەن يېرۇسالېم
ۋە يەھۇدىيەنىڭ باشقا بارلىق شەھەرلىرىگە ئېلىپ كەلگەن
ھەممە بالايىئاپەتلەرنى كۆردۈڭلار. بۇ شەھەرلەر تاكى بۈگۈنگىچە
ئادەمزاتسىز خارابىلىكتە تۇرماقتا. 3 بۇ يەردە ياشىغان خەلقىم
رەزىل ئىشلارنى قىلىپ، غەزىپىمنى كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن،
بۇ بالايىئاپەتلەر يۈز بەردى. ئۇلار ئەجدادلىرىڭلار، ھەتتا
سىلەرمۇ نامىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بۇت ئىلاھلارغا
چوقۇنۇپ، قۇربانلىقلارنى كۆيدۈردى. 4 مەن خىزمەتكارلىرىم
بولغان پەيغەمبەرلەرنى قايتا-قايتا ئەۋەتىپ، خەلقىمنىڭ مەن
نەپرەتلىنىدىغان بۇنداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلماسلىقىنى
ئاگاھلاندۇردۇم. 5 لېكىن ئۇلار سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمىدى،
پەرۋامۇ قىلمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل يوللىرىدىن يانماي،

بۇت ئىلاھلارغا قۇربانلىق كۆيدۈرۈشنى توختاتمىدى. [6] شۇڭا مەن ئۇلارغا غەزەپ-نەپرىتىمنى ياغدۇردۇم. غەزەپ-نەپرىتىم يېرۇسالېمنىڭ كوچىلىرىنى ۋە يەھۇدىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىنى ئوتقا ئوخشاش كۆيدۈردى. بۇ شەھەرلەر ۋەيران بولۇپ، ھازىر خارابە ھالەتتە تۇرماقتا.

[7] شۇڭلاشقا مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا ھازىر سىلەردىن سوراي، نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا زىيان سالىدىغان بۇنداق رەزىل ئىشلارنى قىلىسىلەر؟ ئەرلىرىمىز، ئاياللىرىمىز، بالىلىرىمىز ۋە بوۋاقلىرىمىز ھالاك بولسۇن، ھېچكىم ھايات قالمىسۇن، دەمسىلەر؟! [8] نېمە ئۈچۈن مىسىرغا كېلىپ، ئۆزۈڭلار ياسىۋالغان بۇت ئىلاھلارغا قۇربانلىقلارنى كۆيدۈرۈپ، غەزىپىمنى قوزغايسىلەر؟ سىلەر پەقەت ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ۋەيران قىلىسىلەر ھەمدە دۇنيادىكى بارلىق ئەللەر قارغايدىغان ۋە مەسخىرە قىلىدىغان نىشانغا ئايلىنىپ قالىسىلەر. [9] سىلەر ئەجدادلىرىڭلارنىڭ قىلغان رەزىل ئىشلىرىنى، يەھۇدىيە پادىشاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ قىلغان رەزىل ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ شۇنداقلا، ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاياللىرىڭلارنىڭ يەھۇدىيە، جۈملىدىن يېرۇسالېم كوچىلىرىدا قىلغان رەزىل ئىشلىرىڭلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ [10] سىلەر تېخىچە توۋا قىلمىدىڭلار، ماڭا ئىخلاسمەن بولمىدىڭلار، سىلەرگە ۋە ئەجدادلىرىڭلارغا بەرگەن ئەمر-پەرمانلىرىم بويىچە ياشىمىدىڭلار.

[11] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، سىلەرگە بالايىئاپەت كەلتۈرىمەن. ھەتتا بۇ يەردە ياشاۋاتقان بارلىق يەھۇدىيەلىكلەرنى يوقىتىمەن. [12] مىسىردا ياشاشقا نىيەت قىلغان يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ ئامان قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىمەن. مەيلى مەرتىۋىسى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىسىردا ئۇرۇش ياكى ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ قارغىشىغا قېلىپ، نامى قارغاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر سۆزگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار ناھايىتى قورقۇنچلۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ. [13] مەن يېرۇسالېمدىكىلەرنى ئۇرۇش،

ئاچارچىلىق ۋە ۋابا بىلەن جازالىغاندەك، ئۇلارنىمۇ مىسىردا ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە ۋابا بىلەن جازالايمەن. [14] يەھۇدىيەدىن مىسىرغا ياشاشقا كەلگەن يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ ھېچقايسىسى ھايات قالمايدۇ ياكى يەھۇدىيەگە قايتىپ كېتەلمەيدۇ. گەرچە ئۇلار يەھۇدىيەگە قايتىپ، ئۇ يەردە ياشاشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى يەھۇدىيەگە قايتالايدۇ.»

[15] يەھۇدىيەدىن كېلىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي مىسىردا ياشاۋاتقان ئاياللارنىڭ ئېرىدىكى بۇت ئىلاھلارغا قۇربانلىق كۆيدۈرىدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەردار ئەرلەر بىر يەرگە توپلىنىپ، يەرەمىياغا مۇنداق دېدى:

[16] ـ بىز سېنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا ئېيتقان سۆزلىرىڭنى ئاڭلىمايمىز. [17] ئەكسىچە، بىز قىلىمىز دەپ قەسەم قىلغان ھەممە ئىشلىرىمىزنى جەزمەن قىلىمىز. يەھۇدىيە شەھەرلىرى ۋە يېرۇسالېم كوچىلىرىدا خۇددى ئەجدادلىرىمىز، پادىشاھلىرىمىز ۋە ئەمەلدارلىرىمىز بۇرۇن قىلغانغا ئوخشاش ئۆزىمىزنىڭ ئىلاھى، يەنى «جەننەت خانىشى»غا ئاتاپ چوقۇم قۇربانلىق كۆيدۈرىمىز ھەمدە ئۇنىڭغا ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى سۇنىمىز. چۈنكى شۇنداق قىلغان كۈنلەردە يېمەكلىكلىرىمىز مول بولۇپ، گۈللەندۇق ۋە ھېچقانداق بالايىئاپەتلەرگە ئۇچرىمىدۇق. [18] لېكىن بىز «جەننەت خانىشى»غا ئاتاپ قۇربانلىق كۆيدۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى سۇنۇشنى توختاتقاندىن بۇيان، ھەممە نەرسىمىز كەمچىل بولماقتا، قىرىنداشلىرىمىز ئۇرۇش ياكى ئاچلىقتىن ئۆلمەكتە.

[19] ئاياللار:

ـ بىز ھەقىقەتەن «جەننەت خانىشى»غا ئاتاپ قۇربانلىق كۆيدۈرۈپ، ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى سۇندۇق. بۇنى بىزنىڭ ئەرلىرىمىز بىلىدۇ ھەم «جەننەت خانىشى»نىڭ شەكلىدە پېچىنە-پىرەنىكلەرنى پىشۇرۇشىمىزنى ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى سۇنۇشىمىزنى قوللايدۇ، ـ دېدى.

[20] ئاندىن يەرەمىيا ئۆزىگە جاۋاب بەرگەن بارلىق كىشىلەر، يەنى ئەر ۋە ئاياللارغا مۇنداق دېدى:

[21] ـ سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار، پادىشاھلىرىڭلار ۋە ئەمەلدارلىرىڭلار، شۇنداقلا بۇ زېمىندىكى باشقا كىشىلەرنىڭ يەھۇدىيە شەھەرلىرى ۋە يېرۇسالېم كوچىلىرىدا بۇت ئىلاھلارغا قۇربانلىق كۆيدۈرگەنلىكىنى خۇدا بىلمەيدۇ ياكى ئۇنتۇپ قالدى، دەپ ئويلامسىلەر؟! [22] پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ قىلغان رەزىل ۋە يىرگىنچلىك ئىشلىرىڭلارغا چىداپ تۇرالمىدى. شۇ سەۋەبتىن زېمىنىڭلار ھېچكىم ياشىمايدىغان چۆل-جەزىرىگە ئايلاندى. زېمىنىڭلارنىڭ نامى قارغىش سۆزى ئورنىدا تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى. بۈگۈن ئۇ زېمىن شۇ ھالەتتە تۇرماقتا. [23] سىلەر بۇت ئىلاھلارغا ئاتاپ قۇربانلىق كۆيدۈرۈپ، پەرۋەردىگارغا قارشى گۇناھ ئۆتكۈزدۈڭلار! سىلەر پەرۋەردىگارغا ئىتائەت قىلمىدىڭلار! ئۇنىڭ قانۇن ۋە ئەمر-پەرمانلىرى بويىچە ياشىمىدىڭلار! شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بالايىئاپەتلەر بېشىڭلارغا كەلدى.

[24] ئاندىن يەرەميا بارلىق كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ھېلىقى ئاياللارغا مۇنداق دېدى:

ـ ئەي مىسىردا تۇرۇۋاتقان پۈتكۈل يەھۇدىيە خەلقى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاڭلار. [25] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە قىلغان قەسەمىڭلاردا چىڭ تۇرۇۋالدىڭلار. سىلەر: ‹قىلغان قەسەمىمىز بويىچە ئىش قىلىمىز، جەننەت خانىشىغا چوقۇم قۇربانلىق كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى سۇنىمىز› دېدىڭلار. بولىدۇ، داۋاملاشتۇرىۋېرىڭلار. قەسەمىڭلاردا چىڭ تۇرۇپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىۋېرىڭلار.» [26] ئەي مىسىردا ياشاۋاتقان بارلىق يەھۇدىيە خەلقى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار! پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلۇغ نامىم بىلەن شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، يەھۇدىيەدىن كېلىپ مىسىرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقانلارنىڭ ھېچقايسىسىنى مەن مەڭگۈ ھايات پەرۋەردىگار خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشقا يول قويمايمەن. [27] مەن سىلەرنى كۆزىتىمەن، بېشىڭلارغا بەخت ئەمەس، بەلكى ئاپەت چۈشۈرىمەن. مىسىردا ياشاۋاتقان يەھۇدىيە خەلقى ئۇرۇش ۋە ئاچارچىلىقتا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. [28] ئۇرۇشتىن قاچقان

ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا يەھۇدىيەگە قايتىدۇ. ئاندىن مىسىردا ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىيە خەلقى مېنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن كىمنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلىشىدۇ. [29] مەن پەرۋەردىگار سىلەرنى مىسىردا جازالايمەن. سىلەرنىڭ بۇ سۆزۈمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىمنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە مۇنداق بېشارەت كۆرسىتىمەن. [30] مەن يەھۇدىيە پادىشاھى زىدقىيانى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمىنى بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندەك، مىسىر پادىشاھى خوفرانىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن.»

## خۇدانىڭ بارۇكقا ۋەدە بېرىشى

45 [1] نېرىيانىڭ ئوغلى بارۇك يەرەميا پەيغەمبەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى تېرىگە پۈتكەن ۋاقتىدا، يەرەميا ئۇنىڭغا بىر ۋەھيىنى يەتكۈزگەندى. بۇ ۋەھيى يوشىيانىڭ ئوغلى يەھوياقىمنىڭ يەھۇدىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 4-يىلى پۈتۈلگەن بولۇپ، يەرەميا مۇنداق دېگەندى:

[2] — ئەي بارۇك، پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ سۆزىنى ساڭا يەتكۈزەي. [3] سەن: «ھالىمغا ۋاي، چۈنكى پەرۋەردىگار قايغۇمغا تېخىمۇ كۆپ قايغۇ قوشتى. يىغا-زاردىن ھالىم كەتتى، ئاراملىق تاپالمىدىم، دەيسەن. [4] ئەمما پەرۋەردىگار ساڭا مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن بەرپا قىلغان نەرسىلىرىمنى بۇزۇپ، تېرىغان زىرائەتلىرىمنى يۇلۇپ تاشلايمەن. بۇ ئىشلارنى پۈتكۈل يەر يۈزىدە قىلىمەن. [5] سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن چوڭ بىر ئىش قىلىشنى ئويلاۋاتامسەن؟ ئويلىمىغىن، چۈنكى مەن بارلىق ئىنسانغا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىمەن. لېكىن سەن نەگىلا بارغىن، ساڭا ھاياتىڭنى ساقلاپ قېلىشقا پۇرسەت بېرىمەن. مانا بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.›»

46 [1] بۇلار پەرۋەردىگاردىن يەرەميا پەيغەمبەرگە كەلگەن باشقا ئەللەر توغرىسىدىكى ۋەھيىلەردۇر.

## مىسىر توغرىسىدىكى ۋەھيى

2 بۇ مىسىر توغرىسىدىكى ۋەھىيدۇر. يوشىيانىڭ ئوغلى
يەھوياقىمنىڭ يەھۇدىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 4-يىلى، بابىل
پادىشاھى نىبۇكادنەزەر فىرات دەرياسىنىڭ يېنىدىكى كاركەمىش
دېگەن جايدا مىسىر پادىشاھى نىكونىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ
قىلدى. پەرۋەردىگار مىسىر قوشۇنلىرى ھەققىدە مۇنداق دېدى:
3 «مىسىر سەركەردىلىرى ۋارقىراپ:
‹چوڭ-كىچىك قالقانلىرىڭلارنى تەييارلاپ، ئۇرۇشقا
ئاتلىنىڭلار!
4 ئاتلىرىڭلارنى جەڭ ھارۋىلىرىغا قېتىپ، ھارۋىلىرىڭلارغا
چىقىڭلار،
دۇبۇلغىلارنى كىيىپ، سەپ تۈزۈپ تۇرۇڭلار،
نەيزىلىرىڭلارنى ئۇچلاپ ئۆتكۈر قىلىڭلار،
ساۋۇتۇڭلارنى كىيىڭلار!› دەيدۇ.
5 لېكىن مەن نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن؟
مىسىرنىڭ قوشۇنلىرى ۋەھىمىگە چۈشۈپ،
لەشكەرلەر قېچىپ كېتىۋاتىدۇ.
ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ،
ئارقىغا قارىماستىن تېز قاچماقتا.
ھەممە يەرنى قورقۇنچ قاپلىغان!
6 ئەڭ تېز يۈگۈرەلەيدىغانلارمۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ.
باتۇر لەشكەرلەرمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.
ئۇلار شىمالدىكى فىرات دەرياسى بويلىرىدا پۇتلىشىپ
يىقىلىدۇ.

7 كىم ئۇ نىل دەرياسىنىڭ سۈيىدەك كۆتۈرۈلۈپ، قىرغاقتىن
تېشىۋاتقان؟
8 ئۇ بولسا مىسىر، نىل دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرى
دەريا قىرغاقلىرىدىن تېشىپ كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ.

مىسىر مۇنداق دېگەنىدى: ‹مەن كۆتۈرۈلۈپ، دۇنيانى
قاپلايمەن.
شەھەرلەرنى ۋە شەھەرلەردە ياشايدىغان خەلقنى ۋەيران
قىلىمەن.›
9 ئەي ئاتلىقلار، جەڭگە چىقىۋېرىڭلار.
ئەي هارۋىلىق جەڭچىلەر، هارۋىلارنى شىددەت بىلەن
هەيدەڭلار.
ئەي قاۋۇل مىسىر جەڭچىلىرى،
كۇش ۋە لىۋىيەدىن كەلگەن، قالقانلىق ياللانما جەڭچىلەر
هەم لۇدتىن كەلگەن ئوقياچىلار، جەڭگە ئاتلىنىڭلار!
10 لېكىن بۇ كۈن مەن ئىگەڭلارغا، يەنى قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگارغا مەنسۇپتۇر.
بۇ كۈن مەن پەرۋەردىگار قىساس ئالىدىغان كۈندۇر.
مەن دۈشمەنلىرىمدىن ئىنتىقام ئالىمەن.
مېنىڭ قىلىچىم تويغۇچە گۆش يەيدۇ،
قانخورلۇقى بېسىلغۇچە قاندىن ئىچىدۇ.
مەن ئىگەڭلار قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار
شىمالدىكى فىرات دەرياسىنىڭ بويلىرىدا دۈشمەننى
قۇربانلىق قىلىمەن.

11 ئى مىسىر خەلقى، سىلەر بىكاردىن-بىكار نۇرغۇنلىغان
دورىلارنى تەييارلىدىڭلار،
گىلئادقا بېرىپ، مەلھەممۇ تېپىپ كېلىڭلار،
لېكىن سىلەر بەربىر ساقايمايسىلەر.
12 باشقا ئەللەر سىلەرنىڭ شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ
بولغانلىقىڭلارنى ئاڭلايدۇ.
دۇنيا سىلەرنىڭ يىغا-زارىڭلار بىلەن تولىدۇ.
باتۇرلىرىڭلارمۇ بىر-بىرىگە پۇتلىشىپ، يىقىلىدۇ.»

13 پەرۋەردىگار يەرەميا پەيغەمبەرگە نىبۇكادنەزەرنىڭ مىسىرغا
هۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەپ ئېيتتى:

14 «سەپ تۈزۈپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىڭلار،
چۈنكى دۈشمەن قوشۇنلىرى قوشنا ئەللەرنى ۋەيران
قىلىۋاتىدۇ،
دەپ مىسىرلىقلارغا ئۇقتۇرۇڭلار،
مىگدول، نوپ ۋە تاخپانخېس شەھەرلىرىگە جاكارلاڭلار.
15 بۇقا ئىلاھىڭلار ئاپىس نېمە ئۈچۈن يىقىلدى؟
ئۇ ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، چۈنكى مەن پەرۋەردىگار ئۇنى
يىقىتىۋەتتىم.
16 مەن ياللانما لەشكەرلىرىڭلارنى ئۆزئارا پۇتلاشتۇرىمەن.
ئۇلار تېز قاچماقچى بولۇپ، بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە
يىقىلىدۇ.
ئۇلار: ‹ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، ئۆز ئادەملىرىمىز بار
يەرگە، يەنى يۇرتىمىزغا قايتايلى،
دۈشمەن قىلىچىدىن قاچايلى!› دەيدۇ.
17 ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ بارغاندا:
‹مىسىر پىرئەۋنى، يەنى پادىشاھى ئاغزىدىلا گېپى بار
ئادەم ئىكەن،
ئۇ پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويدى!› دەيدۇ.

18 پادىشاھ، قۇدرەتلىك سەردار، يەنى مەن پەرۋەردىگار
مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن شۇنداق قەسەم
قىلىمەنكى،
تاغلار ئارىسىدىكى تابور تېغىدەك مۇستەھكەم،
دېڭىز بويىدىكى كارمەل تېغىدەك ھەيۋەتلىك بىرى
كېلىدۇ.
19 ئى مىسىر خەلقى،
نەرسىلىرىڭلارنى تەييارلاپ، سۈرگۈن قىلىنىشقا
ھازىرلىنىڭلار.
نوپ شەھىرى ۋەيران بولىدۇ.
ئۇ خارابىلىككە ئايلىنىپ، ئادەمزاتسىز قالىدۇ.

20 مىسىر چىرايلىق بىر ياش كالىغا ئوخشايدۇ،
لېكىن بىر توپ قوشۇن شىمالدىن كېلىپ،
قان شورىغۇچ كۆكۈيۈندەك، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ.
21 مىسىرنىڭ ياللانما لەشكەرلىرى سېمىز موزايلارغا
ئوخشايدۇ.
ئۇلار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچىدۇ،
ئۆز ئورۇنلىرىدا چىڭ تۇرالمايدۇ.
چۈنكى ئۇلارغا ئاپەت كېلىدىغان ۋاقىت كەلدى.
ئۇلارنى جازالايدىغان كۈن كەلدى!
22 دۈشمەنلەر كۈچلىنىپ ئىلگىرىلىگەندە،
مىسىر يىلاندەك شىپپىدە قاچىدۇ.
مىسىرلىقلار دەرەخلەرگە، دۈشمەن دەرەخ كەسكۈچىلەرگە
ئوخشايدۇ،
دۈشمەنلەر ئۇلارنى پالتا بىلەن چاپىدۇ.
23 مىسىرنىڭ ئاھالىسى كەڭ كەتكەن قويۇق بىر ئورمانلىقا
ئوخشايدۇ،
لېكىن مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە ئېيتىمەنكى، دۈشمەنلەر
ئۇلارنى كېسىپ تاشلايدۇ.
چۈنكى ئۇلارنى كېسىپ تاشلايدىغانلارنىڭ سانى
چېكەتكىلەردىنمۇ كۆپتۇر، ساناقسىزدۇر.
24 مىسىر خەلقى نومۇسقا قالىدۇ.
ئۇلار شىمالدىن كەلگەن خەلقنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ
بېرىلىدۇ.»

25 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان
خۇدا مۇنداق دەيدۇ:
«مەن نو شەھىرىنىڭ ئىلاھى ئامونني جازالايمەن. مىسىر
ۋە ئۇنىڭ بۇت ئىلاھلىرىنى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ خانىدانلىقىنى،
شۇنداقلا پىرئەۋنگە تايانغان بارلىق كىشىلەرنى جازالايمەن. 26 مەن
بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمەنلىرىگە،
يەنى بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ

قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. لېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن مىسىردا بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك ئادەم ياشايدۇ.

27 ئەي خىزمەتكارلىرىم بولغان ياقۇپ ئەۋلادلىرى،
قورقماڭلار.
ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، ۋەھىمىگە چۈشمەڭلار.
مەن سىلەرنى ۋە ئەجدادلىرىڭلارنى سۈرگۈن قىلىنغان
يىراق زېمىنلاردىن قايتۇرۇپ كېلىمەن.
ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز زېمىنىغا قايتىپ، تىنچ-
خاتىرجەم تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولىدۇ.
ئۇلارنى ھېچكىم قورقۇتمايدۇ.
28 ئى خىزمەتكارلىرىم بولغان ياقۇپ ئەۋلادلىرى،
مەن پەرۋەردىگار ئېيتىمەنكى، قورقماڭلار،
چۈنكى مەن سىلەرگە يار بولىمەن.
مەن سىلەرنى تارقىتىۋەتكەن ئەللەردىكى بارلىق خەلقلەرنى
ۋەيران قىلىمەن،
ئەمما سىلەرنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلمايمەن.
لېكىن سىلەرنى ھەرگىز جازاسىزمۇ قويمايمەن،
ئەمما سىلەرنى ئادىللىق بىلەن جازالايمەن.»

## فىلىستىيە توغرىسىدىكى ۋەھيى

47 1 بۇ پىرئەۋننىڭ گازا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئىلگىرى پەرۋەردىگاردىن فىلىستىيەلىكلەر توغرىسىدا يەرەمىياغا كەلگەن ۋەھيىدۇر. 2 پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:
«قاراڭلار، شىمالدا دۈشمەن خۇددى سۇدەك كۆپىيىۋاتىدۇ.
ئۇلار دەريادەك تاشماقچى بولۇۋاتىدۇ.
پۈتكۈل زېمىن كەلكۈندە قالىدۇ،
شەھەر ۋە ئادەملەر سۇ ئاستىدا قالىدۇ.
كىشىلەر ئالاقزادە بولۇپ، ۋارقىرايدۇ.
بۇ زېمىندا ياشايدىغان ھەممە كىشىلەر ئازابلىنىپ يىغا-زار
قىلىدۇ.

3 دۈشمەن ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازى،
جەڭ هارۋىلىرىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازلىرى ۋە چاقلىرىنىڭ
غىچىرلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ.
قورققىنىدىن مادارسىزلانغان ئاتىلار باللىرىنى
قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ كەينىگە قايتىشقا جۈرئەت
قىلالمايدۇ.
4 بارلىق فىلىستىيەلىكلەرنى ۋەيران قىلىدىغان ۋاقىت
كەلدى.
هايات قېلىپ، تىر ۋە سىدون شەھىرىگە ياردەم
قىلالايدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ۋەيران بولىدىغان
ۋاقتى كەلدى.
كرىت ئارىلىدىن كەلگەن فىلىستىيەلىكلەرنى مەن
پەرۋەردىگار تېزلا ۋەيران قىلىمەن.
5 گازا شەھىرى هازا تۇتۇپ چېچىنى چۈشۈرىدۇ.
ئاشقىلون شەھىرى جىمىقتۇرۇلىدۇ.
ئەي تۈزلەڭلىكتە هايات قالغان فىلىستىيەلىكلەر،
سىلەر قاچانغىچە تېنىڭلارنى تىلىسىلەر؟
6 ‹ئەي پەرۋەردىگارنىڭ قىلىچى،
قاچان توختايسەن؟
غىلىپىڭغا قايت، ئارام ئال!› دەيسىلەر.
7 لېكىن مېنىڭ قىلىچىم قانداقمۇ ئارام ئالسۇن،
ئۇنى مەن پەرۋەردىگار بۇيرۇغان تۇرسام؟
مەن پەرۋەردىگار ئۇنى ئاشقىلون ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى
شەھەرلەرگە هۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدۇم.»

## موئاب تۇغرىسىدىكى ۋەھيي

48 1 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى
تاللىغان خۇدا موئاب تۇغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:
«نىبو شەھىرىنىڭ هالىغا ۋاي، چۈنكى ئۇ ۋەيران
قىلىنىدۇ!
قىرياتائىم شەھىرى ئىشغال قىلىنىپ، نومۇسقا قالىدۇ.

شەھەردىكى قەلئە ئىزا-ئاھانەتكە قېلىپ، يەكسان
قىلىنىدۇ.
2 كىشىلەر ئەمدى موئابنى مەدھىيەلىمەيدۇ.
دۈشمەن خەشبوندا موئابنى ۋەيران قىلىشنى ئويلايدۇ.
ئۇلار: ‹يۈرۈڭلار، بۇ ئەلنى ۋەيران قىلايلى!› دەيدۇ.
ئەي مادمېن شەھىرى، سەنمۇ جىمىقتۇرۇلىسەن.
قىلىچ سېنى ئىزدەيدۇ.
3 خورونايىم شەھىرىدىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاڭلار.
ئۇلار: ‹ۋەيران بولدۇق، ھالاك بولدۇق!› دەپ يىغلايدۇ.
4 موئاب ۋەيران قىلىنىدۇ،
ئۇنىڭ باللىرى يىغلاپ زارلايدۇ.
5 ئۇلار لۇخىت شەھىرىگە چىقىدىغان يولدا كېتىۋېتىپ
يىغلايدۇ.
ئۇلار خورونايىم شەھىرىگە چۈشىدىغان يولدىمۇ بۇ
ۋەيرانچىلىقتىن ئازابلىنىپ يىغلىغان ئاۋازلارنى ئاڭلايدۇ.
6 ئۇلار: ‹قېچىڭلار، ھەتتا چۆلدىكى چاتقالغا ئوخشاش
يېگانە قالساڭلارمۇ،
قېچىپ ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!› دېگەن سۆزلەرنى
ئاڭلايدۇ.
7 ئەي موئاب، سەن ئۆزۈڭنىڭ كۈچ-قۇدرىتىڭگە ۋە
بايلىقىڭغا بەك ئىشىنىپ كەتتىڭ،
لېكىن سەنمۇ ئەسىرگە ئېلىنىسەن.
بۇت ئىلاھىڭ كىموش ۋە ئۇنىڭ روھانىيلىرى،
خىزمەتكارلىرى بىرلىكتە سۈرگۈن قىلىنىدۇ.

8 ۋەيران قىلغۇچىلار ھەربىر شەھەرگە كېلىدۇ.
ھېچقانداق شەھەر قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.
جىلغىلاردىكى يېزا-قىشلاقلار ۋەيران قىلىنىدۇ.
ئېگىزلىككە جايلاشقان شەھەرلەر بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرايدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

9 موئاب ئۈچۈن بىر قەبرە تۇرغۇزۇڭلار.
چۈنكى ئۇ جەزمەن ۋەيران قىلىنىدۇ!
ئۇنىڭ شەھەرلىرى قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ،
ئۇ يەرلەردە ھېچكىم ياشىمايدۇ.

10 پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىنى جان-دىلى بىلەن قىلماي،
قىلىچلىرىنى قان تۆكۈشكە ئىشلەتمىگەنلەر لەنەتكە
قالسۇن!

11 موئاب بۇرۇندىن تارتىپ بىخەتەر ياشاپ، سۈرگۈن قىلىنىپ
باقمىغان.
ئۇلار خۇددى ئىدىشتا ساقلانغان ئۈزۈم شارابىغا ئوخشايدۇ.
ئۇلار ئىدىشتىن ئىدىشقا يۆتكەلمىگەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تەمى يەنىلا شۇنداق ئېسىل،
پۇراقلىرى ئۆزگەرمىگەن.
12 لېكىن مېنىڭ موئابقا قارشى ئادەملەرنى ئەۋەتىدىغان
ۋاقتىم كېلىۋاتىدۇ.
ئۇلار موئابنى شارابنى تۆككەندەك تۆكۈپ، قۇرۇۋقدايدۇ ۋە
ئىدىشلارنى ۋەيران قىلغاندەك ۋەيران قىلىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
13 موئاب خەلقى ئۆزىنىڭ بۇت ئىلاھى كېموشتىن
ئۈمىدسىزلىنىدۇ،
ئۇلار خۇددى ئىسرائىللار بەيتەلدىكى موزاي بۇتقا ئىشىنىپ
ئۈمىدسىزلەنگەندەك ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

14 ئەي موئاب خەلقى، ئۆزۈڭلارنى قانداقمۇ بىز قەھرىمان،
يېڭىلمەس جەڭچىمىز، دېيەلەيسىلەر؟
15 موئاب ۋەيران قىلىنىپ، ئۇنىڭ شەھەر-يېزىلىرى ئىشغال
قىلىنىدۇ.
ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل قىران يىگىتلىرى قىرىلىدۇ.

بۇ مەن پادىشاھ، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
16 موئابنىڭ ۋەيران بولۇشىغا ئاز قالدى.
بالايىئاپەت ناھايىتى تېزلا كېلىدۇ.
17 موئابنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان،
ئۇنىڭ نام-شەرىپىنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ
ئۈچۈن ياش تۆكۈڭلار.
‹موئابنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە شان-شەرىپى يوقاپ كەتتى›
دەڭلار.

18 ئەي دىبون شەھرىدە ياشايدىغانلار، مەرتىۋىلىك
ئورنۇڭلاردىن چۈشۈپ،
قۇرۇق يەردە ئولتۇرۇڭلار.
چۈنكى موئابنى ۋەيران قىلغۇچىلار سىلەرگىمۇ ھۇجۇم
قىلىپ،
مۇستەھكەم شەھەرلىرىڭلارنى ۋەيران قىلىدۇ.
19 ئەي ئاروئېردا ياشاۋاتقانلار، سىلەر يوللارغا چىقىپ قاراڭلار.
قېچىۋاتقان ئەر ۋە ئاياللاردىن: ‹نېمە بولدى؟› دەپ
سوراڭلار.
20 ئۇلار: ‹موئاب مەغلۇپ بولۇپ، نومۇسقا قالدى،
ئۇنلۇك ۋارقىراپ يىغلاڭلار،
موئابنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئارنون دەرياسىنىڭ
قىرغاقلىرىدا جاكارلاڭلار!› دەپ جاۋاب بېرىدۇ.
21 ئېگىزلىكتىكى شەھەرلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.
خولون، ياھاز، مېفائات، 22 دىبون، نىبو ۋە بەيت-دىبلاتايىم،
23 قىرياتائىم، بەيت-گامۇل، بەيت-مېئون، 24 قىرىيوت ۋە بوزرا
قاتارلىق شەھەرلەر، يەنى موئابنىڭ ھەممە شەھەرلىرى مەيلى
يېقىن ياكى يىراق بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم
چىقىرىلىدۇ. 25 موئابنىڭ ھەيۋىسى سۇنۇپ، كۈچ-قۇدرىتى تۈگەيدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
26 موئاب خەلقى تەكەببۇرلىشىپ مەندىن يۈز ئۆرۈدى،

شۇڭا ئۇلار جازا شارابىنى ئىچىپ، مەست بولسۇن!
ئۇلار ئۆز قۇسۇقىغا مىلىنىپ يېتىپ، كىشىلەرنىڭ
مەسخىرىسىگە قالسۇن.
27 ئەي موئاب، سەن ئىسرائىللارنى مەسخىرە قىلدىڭ.
سەن ئۇلارنى پەقەت ئوغرى دەپلا ئويلىدىڭمۇ؟
قاچانلا ئىسرائىللار توغرىسىدا گەپ قىلساڭ،
بېشىڭنى چايقاپ، ئۇلارنى مەنسىتمىدىڭ.

28 ئەي موئاب خەلقى، شەھەرلىرىڭلارنى تاشلاپ، تىك
يارلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ياشاڭلار.
ئۆڭكۈر ئېغىزىغا ئۇۋا سالىدىغان كەپتەرلەردەك ياشاڭلار.
29 موئابنىڭ ناھايىتى تەكەببۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنى
ئاڭلىدىم.
ئۇلار بەك مەغرۇرلىشىپ كەتتى،
ئۇلار ئىنتايىن تەكەببۇر، ھاكاۋۇر ۋە كىبىرلىكتۇر، ئۇلار
ئۆزىنى قالتىس چاغلايدۇ.
30 مەن پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ مەغرۇرلۇقىنى بىلىمەن.
ئۇلارنىڭ ماختىنىشى پۇتۇنلەي بىھۇدىدۇر، قىلغان
ئىشلىرىنىڭ ئاساسى يوقتۇر.
31 شۇ سەۋەبتىن مەن موئاب ئۈچۈن يىغلايمەن،
پۈتۈن موئاب ئۈچۈن ياش تۆكۈپ يىغلايمەن،
قىرخەرەس شەھىرىنىڭ خەلقى ئۈچۈن قايغۇرىمەن.
32 يازېر شەھىرى سىبماھنىڭ ئۈزۈملىرى ئۈچۈن قايغۇرغانغا
ئوخشاش،
مەنمۇ سىبماھنىڭ ئۈزۈملىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ياش
تۆكىمەن.
سىبماھنىڭ ئۈزۈم تاللىرى بىر ۋاقىتلاردا ئۆلۈك دېڭىز ۋە
يازېر شەھىرىگىچە يېتىپ بارغانىدى.
ۋەيران قىلغۇچىلار يازلىق مېۋىلىرىڭلارنى ۋە
ئۈزۈملىرىڭلارنى ۋەيران قىلدۇ.

[33] شاد-خۇراملىق موئابنىڭ مۇنبەت زېمىنىدىن
يوقىلىدۇ.
مەن ئۈزۈم ئېزىش كۆلچىكىدىن ئېقىۋاتقان ئۈزۈم
شەربىتىنى توختىتىمەن.
ھېچكىم ئۇ يەردە ئۈزۈملەرنى ئېزىپ، خۇشاللىقىدىن
ۋارقىرىمايدۇ.
بۇ يەردە ۋارقىراشلار بولىدۇ، لېكىن بۇ خۇشاللىقتىن
ئەمەستۇر.

[34] بۇ يىغا-زار خەشبوندىن تاكى ئەلئالى ۋە ياھازغىچە، زوئاردىن خورونايىم ۋە ئەگلات-شىلىشىياغىچە ئاڭلىنىدۇ. ھەتتا نىمرىمنىڭ ئېقىنلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ. [35] مەن موئابتا غەيرىي سەجدىگاھلاردا قۇربانلىق سۇنىدىغانلارنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىلاھلىرىغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىدىغانلارنى يوق قىلىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

[36] شۇ سەۋەبتىن قەلبىم مىسكىن چېلىنغان نەيدەك موئاب ئۈچۈن قايغۇردى. قەلبىم قىرخەرەس خەلقى ئۈچۈن مەرسىيە نەغمىسى چالغان نەيدەك ھەسرەت چەكتى. ئۇلارنىڭ توپلىغان بايلىقلىرى يوقاپ كەتتى. [37] كىشىلەر قايغۇ-ھەسرەتتىن چاچ-ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلار قوللىرىنى تىلىپ، ماتەملىك كىيىملىرىنى كىيىدۇ. [38] موئاب زېمىنىدىكى ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىن ۋە كوچىلاردىن ھازا ئاۋازلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ. چۈنكى مەن موئابنى ناچار ئىدىشنى چاققاندەك چاقىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. [39] موئاب پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ، ئۇنىڭ خەلقى ھۆكىرەپ يىغلايدۇ ۋە ئېغىر ئاھانەتكە قالىدۇ! موئاب قورقۇنچلۇق ھالىتى بىلەن ئەتراپىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ.»

[40] پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«دۈشمەن خۇددى بۈركۈتتەك شىددەت بىلەن ئېتىلىپ
كېلىپ، موئاب ئۈستىدە قاناتلىرىنى يايىدۇ.

41 شەھەرلەر بېسىۋېلىنىپ، مۇستەھكەم قورغانلار ئىشغال
قىلىنىدۇ.
ئۇ كۈندە موئاب لەشكەرلىرى تولغاق ئازابى تارتىۋاتقان
ھامىلىدار ئايالدەك قىينىلىدۇ.
42 موئاب ۋەيران قىلىنىدۇ ۋە قايتىدىن بىر ئەل بولالمايدۇ.
چۈنكى ئۇ تەكەببۇرلىشىپ، مەن پەرۋەردىگاردىن يۈز
ئۆرۈدى.
43 ئى موئاب پۇقرالىرى، مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە شۇنى
ئېيتىمەنكى،
سىلەر ۋەھىمىگە چۈشىسىلەر، ئورەكلەر ۋە تۇزاقلار
سىلەرنى كۈتمەكتە!
44 ۋەھىمىدىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغانلار ئورەكلەرگە
چۈشەر،
ئورەكلەردىن چىققانلار تۇزاققا چۈشەر.
چۈنكى مېنىڭ موئاب خەلقىنى جازالايدىغان ۋاقتىم كەلدى.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
45 قاچقانلار خەشبون سېپىللىرىنىڭ سايىلىرىدا تۇرۇپ،
ھالىدىن كېتىدۇ.
پادىشاھ سىخوننىڭ قەدىمكى يۇرتى خەشبوندىن ئوت
كۆتۈرۈلىدۇ.
ئوت پۈتكۈل زېمىننى ئۇرۇشپەرەس خەلقى بىلەن قوشۇپ
ۋەيران قىلىدۇ.

46 ئەي موئاب خەلقى، ھالىڭلارغا ۋاي!
كېموشقا چوقۇنىدىغان خەلق، سىلەر تۈگەشتىڭلار!
ئوغۇللىرىڭلار تۇتقۇن قىلىنىپ،
قىزلىرىڭلار سۈرگۈن قىلىنىدۇ.
47 لېكىن مەن ۋاقتى كەلگەندە، موئابنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

موئاب توغرىسىدا ئېيتىلغان ۋەھىي مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

## ئاممون تۇغرىسىدىكى ۋەھيى

49
1 پەرۋەردىگار ئاممون تۇغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:
«گاد زېمىنىغا ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئىسرائىل
ئەۋلادلىرى يوقمۇ،
ئۇلارنىڭ ئىزباسارلىرى يوقمۇ؟
نېمە ئۈچۈن بۇت ئىلاھى مولەكنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى
گاد زېمىنىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇ يەرلەرگە
ماكانلىشىدۇ؟
2 مەن پەرۋەردىگار شۇنى ئېيتىمەنكى، بىر ۋاقىت كېلىدۇ،
ئۇ چاغدا ئاممونلارنىڭ پايتەختى رابباھ شەھىرى ئۈزىگە
قارشى جەڭ چۇقانلىرىنى ئاڭلايدۇ.
ئۇ شەھەر خارابە دۆۋىسىگە ئايلىنىدۇ،
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ،
ئاندىن ئىسرائىللار ئۆزلىرىدىن تارتىۋېلىنغان زېمىنى
قايتۇرۇۋالىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
3 ئەي خەشبونلۇقلار، نالە-پەرياد قىلىڭلار،
چۈنكى ئاي شەھىرى ۋەيران قىلىندى.
ئەي رابباھ خەلقى، يىغلاڭلار،
ماتەملىك كىيىمىڭلارنى كىيىپ قايغۇرۇڭلار.
سېپىللار ئارىسىدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا يۈگۈرۈڭلار،
چۈنكى بۇت ئىلاھىڭلار مولەك روھانىيلىرى ۋە
ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ.
4 سىلەر مۇنبەت جىلغىلىرىڭلاردىن ماختىنىسىلەر.
ئەي ساداقەتسىز خەلق، سىلەر ئۆز بايلىقىڭلارغا ئىشىنىپ،
‹كىم بىزگە ھۇجۇم قىلالايتتى؟› دەپ ئويلايسىلەر.
5 مەن ئىگەڭلار، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار
شۇنداق ئېيتىمەنكى،
مەن تۆت ئەتراپىڭلاردىكى بارلىق خەلقلەردىن سىلەرگە
ۋەھىمە كەلتۈرىمەن.

سىلەر ھەر تەرەپكە تارقىتىۋېتىلىسىلەر،
قاچقانلارنى يىغىدىغان ئادەم چىقمايدۇ.
6 لېكىن كېيىن مەن ئاممونىي ئەسلىگە كەلتۈرىمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## ئېدوم توغرىسىدىكى ۋەھىي

7 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئېدوم توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:
«تېمان شەھىرىدە ئەقىل-پاراسەتلىكلەر قالمىدىمۇ؟
شەھەردىكى دانالار ياخشى نەسىھەت بېرەلمەمدۇ؟
ئەجەبا، ئۇلاردا ئەقىل-پاراسەت غايىب بولدىمۇ؟
8 ئەي دىدان شەھىرىدە ياشايدىغانلار،
ئارقاڭلارغا بۇرۇلۇپ قېچىڭلار،
چوڭقۇر ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنۇڭلار.
چۈنكى مەن ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىغا بالايىئاپەت ئېلىپ
كېلىمەن.
مەن ئۇلارنى جازالايدىغان ۋاقتنى بەلگىلەپ بولدۇم.
9 كىشىلەر ئۈزۈملەرنى يىغقاندا ئازراق قالدۇرۇپ قويىدىغۇ،
كېچىسى ئۆيگە ئوغرى كىرسە، ئوغرى پەقەت ئۆزى
خالىغان نەرسىسىنى ئالىدىغۇ؟
10 لېكىن مەن ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى
ئېلىپ كېتىمەن.
مەن ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنغان جايلىرىنى ئېچىپ تاشلايمەن،
ئاندىن ئۇلار يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ.
ئۇلارنىڭ باللىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە قوشنىلىرى
ھالاك بولىدۇ،
ھېچكىم ھايات قالمايدۇ!
11 يېتىم باللىرىڭلارنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، ئۇلارنى ئۆزۈم
باقىمەن.
تۇل ئاياللىرىڭلارمۇ ماڭا ئىشەنسۇن.»

12 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

«قەدەھتىكى جازا شارابىنى ئىچىشكە تېگىشلىك بولمىغان كىشىلەر ئۇنى ئىچكەن يەردە، سەن قانداقمۇ جازالانماي تۇرالايسەن؟ سەن جازاسىز قالمايسەن، چوقۇم جازا شارابىنى ئىچىسەن. [13] مەن پەرۋەردىگار ئۆز نامىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بوزرا شەھىرى خارابە دۆۋىسىگە ئايلىنىپ، قورقۇنچلۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، نامىنى قارغاشقا ئىشلىتىدۇ. بوزرا ئەتراپىدىكى بارلىق شەھەر-يېزىلار مەڭگۈ ۋەيرانچىلىقتا قالىدۇ.»

[14] مەن يەرەمىياغا پەرۋەردىگاردىن بىر ۋەھىي كەلدى.
ھەرقايسى ئەللەرگە بىر ئەلچى ئەۋەتىلىپتۇ.
ئەلچى:
«ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قوشۇنلىرىڭلارنى يىغىڭلار!
ئېدومغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىڭلار!» دەيدۇ.

[15] پەرۋەردىگار ئېدومغا مۇنداق دېدى:
«ئاڭلا، مەن ئەمدى سېنى ئەللەرنىڭ ئارىسىدىكى ئاجىز بىر ئەل قىلىپ قويىمەن،
سېنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ!
[16] سەن باشقا ئەللەرنى قورقۇتقانىدىڭ،
بۇ تەكەببۇرلۇقۇڭ سېنى ئالدىدى.
سەن تاغ چوققىسىدىكى تىك قىيادا تۇرۇپ،
ئۇۋاڭنى بۈركۈتكە ئوخشاش ئېگىزگە ياسىساڭمۇ،
مەن يەنىلا سېنى ئۇ يەردىن تارتىپ چۈشۈرىمەن.
[17] ئېدوم قورقۇنچلۇق ھالەتكە چۈشىدۇ،
ئۇ يەردىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەيرانە ھالىتىنى مەسخىرە قىلىشىدۇ.
[18] مەن پەرۋەردىگار شۇنداق ئېيتىمەنكى،
ئېدوم خۇددى سودوم، گومورا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاقلارغا ئوخشاش ۋەيران بولىدۇ.
ھېچكىم ئۇ يەردە ياشىمايدۇ.
ھېچقانداق ئىنسان ئۇ يەرگە ماكانلاشمايدۇ.

19 مەن خۇددى ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى چاتقالللىقلاردىن
تۇيۇقسىز چىقىپ،
ئوتلاقتىكى قويلارنى قوغلىغان شىرغا ئوخشاش
ئېدوملۇقلارنى زېمىنىدىن تۇيۇقسىز قوغلاپ چىقىرىمەن.
ئۆزۈم تاللىغان بىر ئادەمنى ئۇ خەلققە ھۆكۈمران قىلىپ
تىكلەيمەن.
كىم ماڭا ئوخشاش قىلالايدۇ؟
كىم مەن بىلەن بەسلىشەلەيدۇ؟
قايسى يېتەكچى ماڭا قارشى تۇرالايدۇ؟
20 شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئېدومغا قارشى قانداق پىلان
تۈزگەنلىكىمنى ئاڭلاڭلار.
تېمان شەھىرىدە ياشايدىغان كىشىلەرگە قارشى قانداق
نىيىتىمنىڭ بارلىقىغا قۇلاق سېلىڭلار.
ھەتتا ئۇلارنىڭ كىچىك باللىرىمۇ ئېلىپ كېتىلىدۇ،
بۇ ئەلنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ زېمىنىنى
ۋەيران قىلىمەن.
21 ئېدوم گۈلدۈرلەپ يىقىلغاندا دۇنيا لەرزىگە كېلىدۇ.
خەلقىنىڭ ھۆكرەپ يىغلىغان ئاۋازلىرى قىزىل دېڭىزغىچە
يېتىپ بارىدۇ.
22 قاراپ تۇرۇڭلار، دۈشمەن بۈركۈتتەك شۇڭغۇپ چۈشۈپ،
قاناتلىرىنى بوزرا شەھىرىنىڭ ئۈستىگە يايىدۇ.
شۇ ۋاقىتتا ئېدوم لەشكەرلىرى تۇغۇت ئۈستىدىكى
ئايالدەك قىينىلىدۇ.»

## دەمەشق توغرىسىدىكى ۋەھيي

23 پەرۋەردىگار دەمەشق توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:
«خامات ۋە ئارپاد شەھەرلىرى شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ،
چۆچۈپ كېتىدۇ.
ئۇلارنىڭ قەلبى قورقۇنچتىن خۇددى قاتتىق دېڭىز
دولقۇنلىرىدەك تىنچلانمايدۇ.

24 دەمەشق شەھىرى ئاجىزلاپ، ئۇنىڭ خەلقى قېچىپ
كەتمەكچى بولىدۇ.
ئۇلار ئالاقزادە بولۇپ، خۇددى تولغاق ئازابى تارتىۋاتقان
ئايالدەك ئاغرىق ۋە ئازاب ھېس قىلىدۇ!
25 ئىلگىرى شاد-خۇراملىققا تولغان مەشھۇر شەھەر تاشلىنىپ
قالىدۇ.
26 ئۇنىڭ يىگىتلىرى كوچىلاردا يىقىلىپ چۈشىدۇ،
ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ بارلىق لەشكەرلىرى ھالاك بولىدۇ.
بۇ مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر.
27 مەن دەمەشق سېپىللىرىغا ئوت قويىمەن،
بۇ ئوت پادىشاھ بەنھادادنىڭ قورغانلىرىنى يالماپ
يۇتىدۇ.»

## قېدار خەلقى ۋە خازور زېمىنلىرى توغرىسىدىكى ۋەھيي

28 پەرۋەردىگار بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر تەرىپىدىن
مەغلۇپ قىلىنغان قېدار خەلقى ۋە خازور زېمىنلىرى توغرىسىدا
مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي بابىل قوشۇنلىرى، ئاتلىنىڭلار، قېدارلارغا ھۇجۇم
قىلىڭلار،
شەرقىي قۇملۇقتا ياشاۋاتقان بۇ ئەلنى يوقىتىڭلار.
29 ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى ۋە چارۋىلىرىنى تارتىۋېلىڭلار،
ئۇلارنىڭ تۆگىلىرىنى، چېدىرلىرىغا ياپىدىغان
كىگىزلىرىنى ۋە نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېلىۋېلىڭلار.
كىشىلەر ۋارقىرىشىپ: ‹ھەممە يەرنى ۋەھىمە قاپلىدى!›
دېيىشىدۇ.
30 ئەي خازوردا ياشاۋاتقانلار، مەن دەيمەنكى،
دەرھال قېچىڭلار! چوڭقۇر ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنۇڭلار!
بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر سىلەرگە قارشى پىلان
تۈزدى،

ئۇ سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى.»
31 پەرۋەردىگار بابىلغا مۇنداق دېدى:
«ئەي بابىل قوشۇنلىرى، سىلەر بېرىپ، تىنچ ۋە بىخەتەر
ياشاۋاتقان ئەلگە ھۇجۇم قىلىڭلار.
ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىدە ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان بالداقلىق
دەرۋازىلار يوقتۇر
ھەم ئۇلار يەككە-يېگانەدۇر.
32 ئۇلارنىڭ تۆگىلىرى ۋە بارلىق چارۋا ماللىرىنى
تارتىۋېلىڭلار!
مەن چەت-ياقا جايلاردا ياشاۋاتقان بۇ ئەللەرنى تەرەپ-
تەرەپكە چېچىۋېتىمەن،
ھەمدە ئۇلارغا ھەممە تەرەپتىن بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىمەن.
33 خازور زېمىنلىرى چۆل-باياۋانغا ئايلىنىپ، چىلبۆرىلەرنىڭ
ماكانى بولىدۇ.
ئۇ زېمىنلاردا ئادەم ياشىمايدۇ، ھېچكىم ئۇ يەرلەرگە
ماكانلاشمايدۇ.»

## ئېلام خەلقى توغرىسىدىكى ۋەھيي

34 زىدقىيا پادىشاھ يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان
دەسلەپكى مەزگىللەردە، پەرۋەردىگاردىن يەرەميا پەيغەمبەرگە
ئېلام توغرىسىدا ۋەھيي كەلدى.
35 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:
«مەن ئېلامنىڭ ئوقياچىلىرىنى، يەنى ئاساسلىق كۈچ-
قۇدرىتىنى ھالاك قىلىمەن.
36 مەن ئېلامنى تۆت تەرەپتىن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا
ئۇچرىتىپ،
خەلقىنى ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىۋېتىمەن.
ئېلام خەلقىنىڭ مۇساپىر بولۇپ، بارمىغان يەرلىرى
قالمايدۇ.
37 مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى،

ئېلاملىقلارنى ئۆلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان
دۈشمەنلىرىنىڭ ۋەھىمىسىگە چۈشۈرىمەن،
ئۆلارغا قەھر-غەزىپىم بىلەن بالايىئاپەت ئەكېلىمەن،
مەن تاكى ئۆلارنى ھالاك قىلغۇچە قىلىچ بىلەن قوغلايمەن.
38 مەن ئېلامدا تەختىمنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ پادىشاھى ۋە
ئەمەلدارلىرىنى ۋەيران قىلىمەن.
39 لېكىن كەلگۈسىدە مەن ئېلامنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

## بابىل توغرىسىدىكى ۋەھيي

50 1 پەرۋەردىگار يەرەميا پەيغەمبەرگە بابىل شەھىرى ۋە
بابىللىقلارنىڭ زېمىنى توغرىسىدا مۇنداق دېدى:
2 «بارلىق ئەللەرگە جاكارلاڭلار، ئۇقتۇرۇڭلار،
تۇغ كۆتۈرۈپ ئېلان قىلىڭلار.
ھېچنېمىنى يوشۇرماي مۇنداق دەپ ئېيتىڭلار:
‹بابىل ئىشغال قىلىنىدۇ،
ئۇنىڭ ئىلاھى ماردۇق نومۇستا قالىدۇ ۋە ۋەھىمىگە
چۈشىدۇ،
بۇتلىرى خارلىقتا قالىدۇ.›
3 شىمالدىن كەلگەن بىر ئەل بابىلغا ھۇجۇم قىلىپ،
بابىل زېمىنىنى خارابىلىككە ئايلاندۇرىدۇ.
ئادەم ۋە ھايۋانلار قېچىپ كېتىدۇ،
بۇ يەردە ھېچكىم قالمايدۇ.»

4 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئاشۇ ۋاقىت كەلگەندە ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە خەلقى ئۆز
زېمىنىغا قايتىپ كېلىدۇ.
ئۇلار كۆز يېشى قىلىشىپ، ئۆزلىرىنى تاللىغان مەن
پەرۋەردىگار خۇدانى ئىزدەيدۇ.
5 ئۇلار سىئون تېغىغا بارىدىغان يولنى سوراپ،
شۇ يەرگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

ئۇلار مەن پەرۋەردىگارغا باغلىنىپ، مەن بىلەن مەڭگۈ
ئېسىدىن چىقمايدىغان بىر ئەھدە تۈزىدۇ.

6 خەلقىم يۈتۈپ كەتكەن قويلارغا ئوخشاپ قالدى،
ئۇلارنى سەركىلىرى يولۇمدىن ئازدۇردى.
ئۇلار تاغلاردا ئايلىنىپ يۈرىدۇ،
تاغدىن تاغقا بېرىپ، چۆرگۈلەپ يۈرىدۇ.
ئۇلار ئۆز ماكانىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان.
7 ئۇلار بىلەن ئۇچراشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ھۇجۇم
قىلدى،
ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى:
‹بىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ گۇناھ قىلمىدۇق.
چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارغا قارشى گۇناھ ئۆتكۈزدى.
پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ ھەقىقىي يايلىقى،
ئەجدادلىرىنىڭ ئۈمىدى ئىدى› دەيدۇ.

8 ئەي خەلقىم، بابىلدىن قېچىپ چىقىڭلار!
خۇددى پادىلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان سەركىلەرگە ئوخشاش
بابىل زېمىنىدىن باشتا چىقىڭلار.
9 چۈنكى مەن شىمالدىكى چوڭ ئەللەردىن بىر قوشۇننى
قوزغاپ ئەكېلىمەن.
ئۇلار بابىلغا قارشى سەپ تۈزۈپ، بابىلنى شىمال تەرەپتىن
ئىشغال قىلىدۇ.
ئۇلار يا ئوقلىرىنى زايە قىلمايدىغان ماھىر جەڭچىلەردۇر.
10 بابىل بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىدۇ.
ئولجا ئالغۇچىلار خالىغان نەرسىلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي
ئېلىپ كېتىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

11 ئەي بابىل خەلقى، سىلەر خەلقىمنى بۇلاپ،
ناھايىتى خۇشال بولۇپ، شادلاندىڭلار.

سىلەر خۇشاللىقىڭلاردىن ياپلاقلاردىكى موزايلاردەك سەكرەپ،
ئاتتەك كىشنىدىڭلار.
12 لېكىن سىلەرنىڭ ئاناڭلار قاتتىق ئاھانەتكە ئۇچرايدۇ.
سىلەر تۇغۇلغان بۇ زېمىن نومۇسقا قالىدۇ.
بابىل بارلىق ئەللەر ئىچىدە ئەڭ ئەرزىمەس بىر جايغا ئايلىنىدۇ.
بابىل چۆلدەرەپ، چۆل-باياۋانغا ئايلىنىدۇ.
13 مەن ئۇنىڭغا غەزىپىمنى ياغدۇرغاندىن كېيىن،
بابىل ھېچكىم ياشىمايدىغان قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ.
ئۇ يەردىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە
بابىلنىڭ ۋەيرانە ھالىتىنى مەسخىرە قىلىشىدۇ.

14 ئەي بارلىق ئوقياچىلار، بابىلنى قورشاۋغا ئېلىڭلار،
ئوقيالىرىڭلارنى ئۇلارغا بەتلەپ، بىر تال ئوقۇڭلارنىمۇ ئاياپ قالماڭلار.
چۈنكى ئۇ مەن پەرۋەردىگارغا قارشى گۇناھ قىلدى.
15 شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدىن قوشۇنلارنى جەڭگە چاقىرىڭلار.
ئۇ تەسلىم بولىدۇ.
ئۇنىڭ مۇنارلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، سېپىللىرى ۋەيران قىلىنىدۇ.
چۈنكى مەن پەرۋەردىگار قىساس ئېلىۋاتىمەن،
شۇڭا سىلەر ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىڭلار!
ئۇ باشقىلارغا قانداق قىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىڭلار!
16 بابىلدا تېرىقچىلىق قىلىنمىسۇن، ھوسۇلمۇ يىغىلمىسۇن.
زۇلۇم سالغۇچىلارنىڭ قىلىچىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
بابىلنىڭ يەرلىك بولمىغان كىشىلىرى ئۆز ئېلىگە قېچىپ كەتسۇن،
ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قايتسۇن.

17 ئىسرائىل خەلقى خۇددى شىرلار قوغلاپ يۈرگەن قويلارغا
ئوخشايدۇ.
دەسلەپتە ئاسسۇرىيە پادىشاھى ئۇلارنى يۇتىۋەتتى.
ھازىر، يەنى ئەڭ ئاخىرىدا بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر
ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى غاجىدى.
18 شۇڭا مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى
ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيمەنكى،
مەن ئاسسۇرىيە پادىشاھىنى جازالىغاندەك،
بابىل پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنى جازالايمەن.
19 مەن ئىسرائىل خەلقىنى ئۇلارنىڭ ئوتلاقلىرىغا ئېلىپ
كېلىمەن.
ئۇلار كارمەل تېغىدا ۋە باشاننىڭ يايلاقلىرىدا ئوتلايدۇ،
ئەفرايىم ۋە گىلئادنىڭ ئېدىرلىقلىرىدا تاكى تويغۇچە
يەيدۇ.
20 ئۇ ۋاقىت كەلگەندە، ئادەملەر ئىسرائىلىيەنىڭ گۇناھىنى
ئىزدىسە، گۇناھى تېپىلمايدۇ،
يەھۇدىيەنىڭمۇ ھېچقانداق گۇناھى تېپىلمايدۇ.
چۈنكى مەن ئۇ يەردە ھايات قالدۇرغانلارنى كەچۈرىمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

21 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئى بابىلنىڭ دۈشمەنلىرى،
مىراتايىم زېمىنىغا ۋە پېقودتا ياشاۋاتقانلارغا ھۇجۇم
قىلىڭلار!
ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈڭلار ۋە ئۇلارنى پۈتۈنلەي
ھالاك قىلىپ،
مېنىڭ ئەمرىمنى بەجا كەلتۈرۈڭلار!
22 جەڭ ئاۋازلىرى بابىل زېمىنىدا ئاڭلىنىدۇ ۋە چوڭ
بۇزغۇنچىلىق بولىدۇ.
23 پۈتۈن دۇنيانى بازغاندەك ۋەيران قىلغان بابىلنىڭ ئەمدى
قانداق ۋەيران بولىدىغانلىقىنى كۆرۈڭلار!

بابىل ئەللەر ئارىسىدا قورقۇنچلۇق بىر ھالەتكە چۈشۈپ
قالىدۇ.
24 ئى بابىل، مەن ساڭا بىر تۇزاق قۇردۇم، سەن بىلمەستىن
بۇ تۇزاققا چۈشسەن.
سەن مەن پەرۋەردىگارغا قارشى تۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن،
تۇتقۇن قىلىندىڭ.
25 قورال ئامبىرىمنى ئېچىپ، غەزىپىمنى ياغدۇرىدىغان
قوراللارنى ئېلىپ چىقتىم.
چۈنكى مەن ئىگەڭلار قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار بابىل
زېمىنىدا بىر ئىش قىلىشىم كېرەك.
26 يىراق ئەللەردىن كېلىپ، بابىلغا ھۇجۇم قىلىڭلار.
ئۇنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئېچىڭلار!
بابىلنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ،
خارابە دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇڭلار!
ھېچكىمنى ھايات قالدۇرماڭلار!
27 ئۇنىڭ بارلىق لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىرىۋېتىڭلار!
ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇلارنىڭ يامان كۈنى كەلدى،
يەنى ئۇلارنىڭ جازالىنىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى.»

28 بابىلدىن سىئونغا قېچىپ كېلىۋاتقان مۇساپىرلارنىڭ
سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار!
ئۇلار پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ بابىلدىن قىساس
ئالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەۋاتىدۇ.
بابىللىقلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ۋەيران
قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن قىساس ئالدى.

29 «ئوقياچىلارنى چاقىرىپ، بابىلغا ھۇجۇم قىلىڭلار!
ئوقيا تۇتۇپ، ئوق ئاتالايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى
كەلسۇن.
بۇ شەھەرنى قورشاۋغا ئېلىڭلار ۋە ھېچكىمنى قاچۇرۇپ
قويماڭلار.

بابىللىقلارنىڭ قىلغان رەزىللىكلىرىنى ئۆزىگەياندۇرۇڭلار،
ئۇلارنىڭ باشقىلارغا قىلغانلىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇڭلار.
ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ، مەن پەرۋەردىگار، يەنى
ئىسرائىللارنى تاللىغان مۇقەددەس خۇداغا قارشىلىق
كۆرسەتتى.
30 شۇڭا ئۇلارنىڭ ياش يىگىتلىرى شەھەر كوچىلىرىدا
يىقىلىپ چۈشىدۇ.
شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ بارلىق لەشكەرلىرى هالاك بولىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
31 ئەي هاكاۋۇر بابىل خەلقى، قۇلاق سېلىڭلار!
مەن ئىگەڭلار، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار
سىلەرگە قارشى تۇرىمەن.
يامان كۈنۈڭلار كەلدى، يەنى سىلەرنىڭ جازالىنىدىغان
ۋاقتىڭلار يېتىپ كەلدى.
32 ئەي هاكاۋۇر بابىل خەلقى، سىلەر پۈتلىشىپ يىقىلىسىلەر.
سىلەرنى هېچكىم يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويمايدۇ.
مەن شەهەرلىرىڭلارغا ئوت قويۇپ،
ئەتراپىڭلاردىكى هەممە نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن.»

33 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئىسرائىلىيە ۋە يەهۇدىيەنىڭ خەلقلىرى زۇلۇمدا قالدى.
ئۇلارنى تۇتقۇن قىلغانلار ئۇلارنى قويۇۋېتىشنى رەت
قىلدى.
34 لېكىن ئۇلارنى كۈچلۈك بىرى قوغدايدۇ،
ئۇنىڭ نامى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگاردۇر.
ئۇ چوقۇم ئۇلارنى قوغدايدۇ.
ئۇ ئۇلارنىڭ زېمىنىغا تىنچ-ئامانلىق،
بابىلنىڭ ئاهالىلىرىگە زۇلۇم ئېلىپ كېلىدۇ.

35 مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى،
بابىلغا قارشى بىر قىلىچ كېلىدۇ!

بابىلنىڭ ئاھالىلىرى، ئەمەلدارلىرى ۋە دانىشمەنلىرى
ھالاك بولىدۇ!
36 بابىلنىڭ ساختا پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئەخمەقلىكى ھالاكەت
ئالدىدا ئىسپاتلىنىدۇ.
ھالاكەت ئالدىدا بابىلنىڭ جەڭچىلىرىنى ۋەھىمە باسىدۇ.
37 بابىلنىڭ ئاتلىرى، جەڭ ھارۋىلىرى ۋە
بارلىق ياللانما جەڭچىلىرىگە ھالاكەت قىلىچى ئۇرۇلىدۇ.
ئۇلار قورقۇپ كەتكەن ئاياللارغا ئوخشاپ قالىدۇ.
ئۇلارنىڭ خەزىنىلىرى قىلىچ بىلەن تالان-تاراج قىلىنىدۇ.
38 بابىلنىڭ دەريالىرى ۋە قانالىلىرىنىڭ سۇلىرى تارتىلىپ
كېتىدۇ،
سۇلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ!
بابىل زېمىنى بۇتلارغا تولۇپ كەتكەندۇر،
ئۇنىڭ خەلقى بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئەقلىدىن ئازدى.
39 شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋايى ھايۋانلار ۋە چىلبۆرىلەر ئۇ يەردە
ياشايدۇ.
ھۇۋقۇشلار ئۇ يەردە ماكان تۇتىدۇ.
لېكىن ھېچكىم قايتا ئۇ يەردە ياشىمايدۇ.
ئۇ يەردە مەڭگۈ ئادەمزات تۇرمايدۇ.
40 مەن پەرۋەردىگار شۇنداق ئېيتىمەنكى،
بابىلنى خۇددى سودوم، گومورا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى
يېزا-قىشلاقلارنى ۋەيران قىلغاندەك ۋەيران قىلىمەن.
ھېچكىم ئۇ يەردە ياشىمايدۇ،
ھېچقانداق ئىنسان ئۇ يەرگە ماكانلاشمايدۇ.

41 قاراڭلار، شىمالدىن بىر كۈچلۈك قوشۇن كېلىۋاتىدۇ!
ئەڭ يىراق زېمىندىكى بىر چوڭ ئەل
كۆپلىگەن پادىشاھلار بىلەن بىرلىكتە سىلەرگە ھۇجۇم
قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ.
42 ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ئوقيا ۋە نەيزىلەر بىلەن
قوراللانغاندۇر.

ئۇلار ناھايىتى ۋەھشىي بولۇپ، ئۇلاردا مېھىر-شەپقەت
يوقتۇر.
ئۇلار ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنىپ يۈرۈش قىلغاندا،
ئۇلاردىن خۇددى دېڭىزنىڭ شاۋقۇنلىرىدەك ئاۋاز
ئاڭلىنىدۇ.
ئەي بابىل، ئۇلار سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن سەپ
تۈزىدۇ.
43 بابىل پادىشاھى ئۇلار توغرۇلۇق خەۋەر ئاڭلىغاندا،
قوللىرىدا مادار قالمايدۇ.
ئازاب ئۇنى چىرمىۋالىدۇ،
ئۇ خۇددى تولغاق ئازابى تارتىۋاتقان ئايالدەك قىينىلىدۇ.
44 مەن خۇددى ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى چاتقاللىقلاردىن
تۇيۇقسىز چىقىپ،
ئوتلاقتىكى قويلارنى قوغلىغان شىرغا ئوخشاش بابىل
خەلقىنى زېمىنىدىن تۇيۇقسىز قوغلاپ چىقىرىمەن.
ئۆزۈم تاللىغان بىر ئادەمنى ئۇ خەلققە ھۆكۈمران قىلىپ
تىكلەيمەن.
كىم ماڭا ئوخشاش قىلالايدۇ؟
كىم مەن بىلەن بەسلىشەلەيدۇ؟
قايسى يېتەكچى ماڭا قارشى تۇرالايدۇ؟

45 شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بابىلغا قارشى قانداق پىلان
تۈزگەنلىكىمنى ئاڭلاڭلار.
بابىل زېمىنىغا قارشى قانداق نىيىتىمنىڭ بارلىقىغا قۇلاق
سېلىڭلار.
ھەتتا ئۇلارنىڭ كىچىك باللىرىمۇ ئېلىپ كېتىلىدۇ.
بۇ ئەلنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ زېمىنىنى
ۋەيران قىلىمەن.
46 بابىل گۇلدۇرلەپ يىقىلغاندا دۇنيا لەرزىگە كېلىدۇ.
ئۇنىڭ ھۆكىرەپ يىغلىغان ئاۋازلىرى بارلىق ئەللەرگە
ئاڭلىنىدۇ.»

51
1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بابىلنى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى ۋەيران قىلىدىغان
بوران ئېلىپ كېلىمەن.
2 مەن بابىلنى خۇددى بۇغداينى سورۇۋغاندەك
سورۇۋېتىدىغان ياللانما لەشكەرلەرنى ئەۋەتىمەن.
بابىل ھالاك بولىدىغان كۈن يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بابىلغا
ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ.
3 بابىل ئوقياچىلىرىغا ساۋۇتلىرىنى كىيگىلى، ئوقيالىرىنى
ئاتقىلى قويماڭلار.
قىران يىگىتلىرىنىمۇ ھايات قالدۇرماڭلار!
پۈتۈن قوشۇنلىرىنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىڭلار.
4 بابىل لەشكەرلىرى ئېغىر يارىلىنىپ كوچىلاردا يىقىلىدۇ،
ئۇلار ئۆز زېمىنىدا ئۆلىدۇ.
5 چۈنكى بابىلنىڭ زېمىنى ماڭا، يەنى ئىسرائىللارنى
تاللىغان مۇقەددەس خۇداغا قارشى سادىر قىلىنغان
گۇناھلار بىلەن تولدى.
مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيە ۋە
يەھۇدىيەدىن ۋاز كەچمەيمەن.
6 ئەي بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغانلار، بابىلدىن قېچىپ چىقىپ،
جېنىڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار!
ئۇنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن تۈگەشمەڭلار.
چۈنكى ئۇلاردىن قىساس ئالىدىغان ۋاقىت كەلدى،
مەن ئەمدى بابىلنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا تېگىشلىك
جازاسىنى بېرىمەن.
7 بابىل خۇددى قولۇمدىكى ئالتۇن قەدەھكە ئوخشاش
پۈتكۈل دۇنيانى مەست قىلىدىغان غەزىپىم بىلەن تولدى.
ئەللەر بابىلنىڭ شارابىنى ئىچىپ، ئەقلىدىن ئازدى.
8 لېكىن بابىل تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ۋەيران بولىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈڭلار.
ئۇنىڭ يارىلىرىغا مەلھەم سۈرۈڭلار، بەلكىم ئۇ شىپالىق
تاپار.

9 بابىلدا ياشايدىغان مۇساپىرلار مۇنداق دەيدۇ:
‹بىز بابىلنى داۋالىغان بولاتتۇق، بىراق ئۇ ساقايمايدۇ.
شۇڭا ئۇنى تاشلاپ، ھەممىمىز ئۆز ئېلىمىزگە كېتەيلى.
بابىلنىڭ جازاسىنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇلۇتلارغا تاقاشقۇدەك
ئېگىز دۆۋىلەنگەندۇر، ھەتتا ئۇ ئاسمانغا يېتىپ
باردۇ.›
10 يەھۇدىيەدىن سۈرگۈن قىلىنغانلار مۇنداق دەيدۇ:
‹پەرۋەردىگار ئادالىتىنى كۆرسىتىپ، بىزگە زور غەلىبە ئاتا
قىلدى!
كېلىڭلار، پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ بىز ئۈچۈن قىلغان
ئىشلىرىنى سىئوندا جاكارلايلى!›»

11 يايىڭلارنىڭ ئوقىنى ئۈچلاڭلار!
قالقانلىرىڭلارنى ئېلىڭلار!
پەرۋەردىگار مىدىيالىقلارنىڭ پادىشاھلىرىنى قوزغاپ، ئۇلار
ئارقىلىق بابىلنى گۇمران قىلماقچى.
ئۇ ۋەيران قىلىنغان ئىبادەتخانىسى ئۈچۈن قىساس ئالىدۇ.
12 بابىل سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىشقا تۇغ چىقىرىڭلار!
كۆپلىگەن كۆزەتچىلەرنى ئېلىپ كېلىپ،
شەھەر ئەتراپىغا تۇرغۇزۇڭلار!
بۆكتۈرمە قۇرۇپ تەييارلىنىڭلار!
چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.
ئۇ بابىل خەلقىگە قىلماقچى بولغانلىرىنى چوقۇم ئەمەلگە
ئاشۇرىدۇ.
13 ئەي بابىل خەلقى، سىلەر نۇرغۇنلىغان دەريالارنىڭ بويىدا،
مول بايلىقلارنىڭ ئىچىدە ياشىغانىدىڭلار.
ئەمدى سىلەر تۈگەشتىڭلار، ھاياتىڭلارنىڭ يىپى ئۈزۈلدى!
14 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار قەسەم قىلىپ، مۇنداق
دەيدۇ:
«مەن جەزمەن زېمىنىڭلارنى دۈشمەن لەشكەرلىرى بىلەن
تولدۇرىمەن.

ئۇلار چېكەتكىلەردەك زېمىنىڭلارنىڭ ئۈستىگە ئۆلىشىپ،
غەلبە تەنتەنىلىرىنى ياڭرىتىدۇ.»

## مەدھىيە ناخشىسى

15 پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن زېمىننى ياراتتى،
ئۆزىنىڭ دانالىقى بىلەن دۇنيانى بەرپا قىلدى،
شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەقلى بىلەن ئاسماننى يايدى.
16 ئۇ سۆزلىسە، ئاسمان گۈلدۈرلەپ يامغۇر ياغىدۇ.
ئۇ زېمىننىڭ چېتىدىن بۇلۇتلارنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىدۇ.
يامغۇر بىلەن چاقماقنى ئەۋەتىدۇ، ئامبىرىدىن شامالنى
قويۇپ بېرىدۇ.
17 ئۇنىڭ ئالدىدا بارلىق ئىنسانلار دۆت ۋە بىلىمسىزدۇر!
بارلىق ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ياسىغان بۇتلىرى ئۈچۈن
شەرمەندە بولىدۇ.
چۈنكى ئۇلارنىڭ ياسىغان بۇتلىرى بىر ئالدامچىلىقتۇر.
بۇ بۇتلارنىڭ تىنىقى يوقتۇر.
18 بۇ بۇتلار ئەرزىمەستۇر، ئۇلار مەسخىرىگە لايىقتۇر.
ئۇلارنىڭ ۋەيران بولىدىغان ۋاقىت-سائىتى باردۇر.
19 بىراق بىزنىڭ ئەجدادىمىز ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان خۇدا بۇ
بۇتلارغا ئوخشىمايدۇ.
ئۇ بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر.
بىز ئىسرائىل خەلقى ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇرمىز.
ئۇنىڭ نامى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگاردۇر.

## بابىلنىڭ جازالىنىشى

20 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي بابىل، سەن مېنىڭ كالتىكىم ۋە ئۇرۇش
قورالىمدۇرسەن.
سەن بىلەن ئەللەرنى كۇكۇم-تالقان قىلدىم،
پادىشاھلىقلارنى تارمار قىلدىم.
21 سەن بىلەن ئاتلىق لەشكەرلەرنى يوقاتتىم،

هارۋىلىق لەشكەرلىرىنى كۇكۇم-تالقان قىلدىم.
22 سەن بىلەن ئەر-ئاياللارنى، قېرىلارنى، ئوغۇل-قىزلارنى
ئۇرۇپ يوقاتتىم،
23 سەن بىلەن پادىچىلارنى قوي پادىلىرى بىلەن بىرگە ئۇرۇپ
يوقاتتىم،
دېھقانلارنى ئۆكۈزلىرى بىلەن بىرگە ئۇرۇپ يوقاتتىم،
ۋالىيلار ۋە باشقا ئەمەلدارلارنى ئۇرۇپ يوقاتتىم.

24 مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، بابىل ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ
سىئوندا قىلغان زىيانكەشلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى خەلقىمنىڭ كۆز
ئالدىدا جازالايمەن.
25 ئەي ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان تاغ، يەنى بابىل،
سەن پۈتۈن دۇنيانى ھالاك قىلدىڭ.
ئەمدى مەن ساڭا قارشى تۇرىمەن.
قۇدرەتلىك قولۇمنى ساڭا قارشى سوزۇپ،
سېنى تىك ياردىن ئىتتىرىۋېتىمەن.
سېنى كۆيۈپ كۇل بولغان تاغدەك قىلىمەن.
26 كىشىلەر سەندىن ئۇل تېشى قىلغۇدەك بىرەر تاشمۇ
تاپالمايدۇ.
سەن مەڭگۈ خارابىلىك بولۇپ قالىسەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

27 دۇنيادا جەڭ تۇغلىرى كۆتۈرۈلسۇن!
بۇرغا چېلىنىپ، ئەللەر جەڭگە چاقىرىلسۇن.
ئۇلار بابىلغا قارشى جەڭگە تەييارلانسۇن.
ئارارات، مىننى ۋە ئاشكىنازنىڭ پادىشاھلىقلىرى جەڭگە
چاقىرىلسۇن.
يېتەكلەيدىغان سەردار تەيىنلەنسۇن.
بابىلغا قارشى ئاتلار توپ-توپ چېكەتكىلەردەك
ئەۋەتىلسۇن.
28 خەلقلەر ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە تەييارلانسۇن.

مەدىيالىقلارنىڭ پادىشاھلىرى، ۋالىيلىرى ۋە باشقا
ئەمەلدارلىرى بىرلىكتە جەڭگە تەييارلانسۇن.
ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى پۈتكۈل ئەللەر ئۇنىڭغا
قارشى جەڭگە تەييارلانسۇن.
29 دۇنيا ئازاب-ئوقۇبەتتىن تىترەپ تولغىنىدۇ.
چۈنكى پەرۋەردىگار بابىلغا قارشى ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرىدۇ.
ئۇ بابىل زېمىنىنى ھېچكىم ياشىمايدىغان قاقاسلىققا
ئايلاندۇرىدۇ.
30 بابىل لەشكەرلىرى جەڭ قىلىشتىن توختايدۇ.
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورغانلىرىدا قالىدۇ،
جەڭ قىلىش مادارىنى يوقىتىدۇ.
ئۇلار قورقۇپ كەتكەن ئاجىز ئاياللارغا ئوخشاپ قالىدۇ.
بابىلنىڭ دەرۋازىلىرى بۇزۇلۇپ، ئۆيلەرگە ئوت قويۇلىدۇ.
31 خەۋەرچىلەر كەينى-كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، بابىل
پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.
ئۇنىڭغا بابىل شەھىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئىشغال
قىلىنغانلىقىنى يەتكۈزىدۇ.
32 دەريانىڭ كېچىكلىرى بېسىۋېلىنىدۇ.
دۈشمەنلەر قومۇشلۇقلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ،
بابىلنىڭ لەشكەرلىرى ۋەھىمىگە چۈشىدۇ.

33 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى
تاللىغان خۇدا مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇزۇن ئۆتمەي بابىلدا ھوسۇل يىغىش باشلىنىدۇ،
بابىل خەلقى خامانغا ئوخشاش دەسسەپ چەيلىنىدۇ.»

34 بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر بىزنى قاقتى-سوقتى قىلىپ،
يالماپ يۇتقانىدى.
ئۇ شەھىرىمىزنى بۇلاپ، قۇرۇق ئىدىشتەك قىلىپ
قويغانىدى.

ئۇ خۇددى غايەت چوڭ بىر مەخلۇقتەك بىزنى يۇتۇپ،
قورسىقىنى ئەڭ ئېسىل نەرسىلىرىمىز بىلەن تولدۇردى.
ئاندىن ئۇ بىزنى تۈكۈرۈپ چىقاردى.
35 سىئوندا ياشايدىغانلار: «بابىلنىڭ بىزگە ۋە بىزنىڭ
ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزغا قىلغان زوراۋانلىقى ئۆزىنىڭ
بېشىغا كەلسۇن» دەيدۇ.
يېرۇسالېم: «بابىلدا ياشايدىغانلار خەلقىمنىڭ قېنىنى
تۆككەنلىكى ئۈچۈن، بەدەل تۆلىسۇن!» دەيدۇ.
36 شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئەرزىڭلارنى ئاڭلايمەن،
بابىللىقلاردىن سىلەر ئۈچۈن قىساس ئالىمەن،
ئۇلارنىڭ سۇ مەنبەلىرىنى ۋە بۇلاقلىرىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن.
37 بابىل خارابە دۆۋىسىگە ئايلىنىپ،
چىلبۆرىلەر ئۇ يەردە ماكان تۇتىدۇ.
ئۇ قورقۇنچلۇق ھالەتكە چۈشۈپ،
باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ ۋە ھېچكىم ئۇ يەردە
ياشىمايدۇ.
38 بابىللىقلار ھۆركىرەۋاتقان شىرلارغا،
ئوزۇق تالىشىدىغان شىر باللىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ.
39 ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچقاندا، مەن ئۇلارغا بىر زىياپەت
تەييارلاپ،
ئۇلارنى ۋارقىراپ كۈلۈشكىدەك مەست قىلىمەن.
ئاندىن ئۇلار قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپ، مەڭگۈ ئويغانمايدۇ.
40 مەن قوزا، قوچقار، تېكىلەرنى قۇشخانىغا ھەيدەپ
كىرگەندەك، ئۇلارنى بوغۇزلىنىشقا ئېلىپ بارىمەن.

41 ئاھ، بابىل شەھرى ئىشغال قىلىنىدۇ!
پۈتۈن دۇنيا ماختىغان بۇ شەھەر بېسۋېلىنىدۇ.
بابىل ئەللەر ئارىسىدا بىر قورقۇنچلۇق ھالەتكە چۈشۈپ
قالىدۇ.

42 دۈشمەنلىرى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنى
كەلكۈندەك باسىدۇ.
43 بابىللىقلارنىڭ شەھەرلىرى خارابىلىككە ۋە چۆل-جەزىرىگە
ئايلىنىدۇ.
ئۇ يەردە ھېچكىم ياشىمايدۇ، ھەتتا ئۇ يەرگە ھېچكىم
ئاياغ باسمايدۇ.
44 مەن بابىلدا ئۇلارنىڭ ئىلاھى بېلنى جازالايمەن.
مەن ئۇ يېگەن ھەممە نەرسىلەرنى قۇستۇرىمەن.
باشقا ئەللەر ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا سەلدەك ئېقىپ بېرىپ،
ئۇنىڭغا چوقۇنمايدۇ.
بابىلنىڭ سېپىللىرى جەزمەن ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ!

45 ئەي خەلقىم، بابىلدىن چىقىپ كېتىڭلار!
پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىدىن قېچىپ، جېنىڭلارنى
قۇتقۇزۇڭلار.
46 لېكىن خەلق ئىچىدە تارقالغان ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى
ئاڭلاپ،
جاسارىتىڭلارنى يوقاتماڭلار، قورقماڭلار.
ھەر يىلى ئوخشىمىغان خەۋەرلەر چىقىپ تۇرىدۇ،
زېمىندا زوراۋانلىق پەيدا بولىدۇ، ھۆكۈمرانلار بىر-بىرگە
قارشى جەڭ قىلىدۇ.

47 شۇنداق ۋاقىت كېلىدۇكى،
مەن بابىل ۋە ئۇنىڭ بۇت ئىلاھلىرىنى جازالايمەن.
ئۇنىڭ پۈتكۈل زېمىنى نومۇستا قالىدۇ،
ھەممە يەرنى جەسەت قاپلايدۇ.
48 ئۇ ۋاقىتتا ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل جانلىقلار
بابىلنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىدۇ.
چۈنكى شىمالدىن ۋەيران قىلغۇچىلار كېلىپ، ئۇنىڭغا
ھۇجۇم قىلىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

49 بابىل خەلقى ئىسرائىل خەلقىدىن نۇرغۇن ئادەملەرنى
ئۆلتۈرگەنلىكى،
شۇنداقلا دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئەللەرنى گۇمران قىلغانلىقى
ئۈچۈن،
بابىلمۇ گۇمران بولىدۇ.
50 ئەي قىلىچتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىسرائىللار،
دەرھال كېتىڭلار، كېچىكمەڭلار!
بۇ يات زېمىندا مېنى ۋە يېرۇسالېمنى ئەسلەڭلار.
51 سىلەر: «بىز نومۇستا قالدۇق، چۈنكى بىز ھاقارەتلەندۇق.
بىز خىجالەتچىلىك ئىچىدە، چۈنكى يات ئەللەر
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى
بۇلىغىدى» دەيسىلەر.
52 مەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەنكى،
دېگىنىڭلار توغرا. بىراق شۇنداق بىر ۋاقىت چوقۇم
كېلىدۇكى،
ئۇ چاغدا مەن بابىل ۋە ئۇنىڭ بۇت ئىلاھلىرىنى
جازالايمەن.
بابىلدىكى يارىلانغان كىشىلەرنىڭ نالە-پەريادلىرى پۈتكۈل
زېمىنغا ئاڭلىنىدۇ.
53 مەن پەرۋەردىگار سىلەرگە شۇنى دەيمەنكى،
گەرچە بابىل ئېگىز ئاسمانغا چىقىۋالسىمۇ
ياكى قورغانلىرىنى قانچە مۇستەھكەم قۇرسىمۇ،
مەن ئۇنىڭغا ۋەيران قىلغۇچىلارنى ئەۋەتىمەن.»

54 بابىلدىن نالە-پەرياد ئاڭلىنىدۇ.
ئېغىر ۋەيرانچىلىقنىڭ ئاۋازلىرى بابىللىقلارنىڭ زېمىنىدا
ئاڭلىنىدۇ.
55 پەرۋەردىگار بابىلنى ۋەيران قىلىدۇ،
شەھەردىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭنى بېسىقتۇرىدۇ.
دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۆركەشلىگەن دولقۇندەك ياماراپ
كېلىپ،

يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك چۇقان سالىدۇ.
[56] بىر ۋەيران قىلغۇچى بابىلغا ھۇجۇم قىلىدۇ.
بابىلنىڭ جەڭچىلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ،
ئوقيالىرى بۇزۇپ تاشلىنىدۇ.
چۈنكى پەرۋەردىگار رەزىللەرنى جازالايدىغان خۇدادۇر.
ئۇ چوقۇم قىساس ئالىدۇ.
[57] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار دەپ ئاتالغان پادىشاھ
مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بابىلنىڭ ئەمەلدارلىرى، دانىشمەنلىرى، ۋالىيلىرى،
باشلىقلىرى ۋە جەڭچىلىرىنى مەست قىلىمەن.
ئۇلار مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپ، قايتا ئويغانمايدۇ.
[58] بابىلنىڭ قېلىن تاملىرى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ،
ئۇنىڭ ئېگىز دەرۋازىلىرىغا ئوت قويۇلىدۇ.
كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىھۇدە بولىدۇ،
ئۇلارنىڭ جاپا بىلەن ئېرىشكەنلىرى ئوتقا يەم بولىدۇ.
بۇ مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر.»

[59] پادىشاھ زىدقىيانىڭ يەھۇدىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنىڭ 4-يىلى يەرەميا پەيغەمبەر ماخسىيانىڭ نەۋرىسى، نېرىيانىڭ ئوغلى بولغان سىراياغا بۇيرۇق قىلدى. ئۇ چاغدا سىرايا زىدقىيا پادىشاھ بىلەن بىرگە بابىلغا بارماقچىدى. سىرايا بولسا زىدقىيا پادىشاھنىڭ خاس خىزمەتكارى ئىدى. [60] يەرەميا تېرىگە بابىلدا يۈز بېرىدىغان بارلىق بالايىئاپەتلەرنى ۋە بابىل توغرىسىدىكى بارلىق بېشارەتلەرنى پۈتۈپ چىقتى. [61] ئاندىن يەرەميا سىراياغا مۇنداق دېدى:

– سەن بابىلغا يېتىپ بارغاندا، بۇ بېشارەتلەرنى خەلققە ئۈنلۈك ئوقۇپ بەرگىن. [62] ئاندىن: «ئى پەرۋەردىگار، سەن بۇ زېمىننى ۋەيران قىلىدىغانلىقىڭنى ۋە بۇ زېمىندا ھېچقانداق ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ ياشىمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ زېمىننىڭ مەڭگۈلۈك چۆل-باياۋانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدىڭ» دېگىن. [63] سەن

بۇ ئورام يازمىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر تاشقا
باغلاپ، فىرات دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋەتكىن. [64] شۇنىڭدىن كېيىن:
«بابىل ۋە ئۇنىڭ خەلقى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىلگەن ئورام يازمىغا
ئوخشاش چۆكۈپ كېتىدۇ، قايتا باش كۆتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى
پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ» دېگىن.

يەرەمىياغا كەلگەن ۋەھىيلەر مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

## يېرۇسالېمنىڭ گۇمران بولۇشى

52 [1] زىدقىيا تەختكە چىققان چاغدا 21 ياشتا ئىدى. ئۇ يېرۇسالېمدا
11 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى
خامۇتال بولۇپ، لىبناھ شەھىرىدىكى يەرەمىيانىڭ قىزى ئىدى.
[2] زىدقىيا خۇددى يەھوياقىمغا ئوخشاش پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە
يامان بولغان ئىشلارنى قىلدى. [3] شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ
يېرۇسالېم خەلقىگە، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيە خەلقىگە بولغان
غەزىپى چېكىگە يېتىپ، ئۇلارنى نەزىرىدىن يىراق قىلماقچى بولدى.
كېيىن زىدقىيا بابىل پادىشاھىدىن يۈز ئۆرۈدى.
[4] پادىشاھ زىدقىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 9-يىلى 10-ئاينىڭ
10-كۈنى① بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر پۈتۈن قوشۇنلىرى بىلەن
يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا بارگاھ قۇرۇپ،
شەھەرنى قورشاپ، سېپىلغا توپا دۆۋىلىدى. [5] شۇنداق قىلىپ،
شەھەر تاكى پادىشاھ زىدقىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 11-يىلىغىچە
قورشاۋ ئىچىدە تۇردى.
[6] شۇ يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنىگە① كەلگەندە خەلقنىڭ ئوزۇقى
تۈگەپ، شەھەردە قاتتىق ئاچارچىلىق يۈز بەردى. [7] بابىللىقلار
ئاخىرى شەھەر سېپىلىنى بۇزدى. گەرچە بابىللىقلار شەھەرنى
ھەممە تەرەپتىن قورشاپ تۇرغان بولسىمۇ، يېرۇسالېمدىكى
لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھى زىدقىياغا ئەگىشىپ، كەچتە
پادىشاھنىڭ بېغىنىڭ يېنىدىكى ئىككى سېپىل ئارىسىدىكى

① 52: 4 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 588-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

دەرۋازا ئارقىلىق شەھەردىن چىقىپ، ئىئوردان دەرياسى ۋادىسىغا
قاراپ قاچتى. [8] بىراق بابىللىقلارنىڭ قوشۇنى پادىشاھ زىدقىيانى
قوغلاپ، ئېرىخا تۈزلەڭلىكىدە يېتىشىۋالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن قوشۇنى
ئۇنى تاشلاپ تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. [9] بابىللىقلار پادىشاھ
زىدقىيانى تۇتۇپ، خامات رايونىدىكى رىبلاھ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان
بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. بابىل پادىشاھى شۇ يەردە
ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى. [10] بابىل پادىشاھى رىبلاھتا
زىدقىيانىڭ ئوغۇللىرىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆلتۈردى. بابىل
پادىشاھى يەنە يەھۇدىيەنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈردى.
[11] ئاندىن ئۇ زىدقىيانىڭ كۆزىنى ئويۇۋېلىپ، ئۇنى تۇچ كىشەن
بىلەن كىشەنلەپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى ۋە ئۇنى زىندانغا تاشلىدى.
ئۇ تاكى ئۆلگۈچە شۇ يەردە تۇردى.

[12] شۇ يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى، يەنى بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەر
ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 19-يىلى بابىل پادىشاھىنىڭ ئەمەلدارى، يەنى
ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نىبۇزارئادان يېرۇسالېمغا كەلدى. [13] ئۇ
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ۋە
يېرۇسالېمدىكى بارلىق ئۆيلەرنى، بولۇپمۇ كاتتا زاتلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ
ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. [14] ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نىبۇزارئادان
بىلەن كەلگەن بابىل لەشكەرلىرى يېرۇسالېمنىڭ پۈتۈن سېپىلىنى
چېقىۋەتتى. [15] ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نىبۇزارئادان بىر قىسىم
نامرات كىشىلەرنى، بابىل پادىشاھىغا بۇرۇن تەسلىم بولغانلارنى،
شەھەردە قېلىپ قالغان ھۈنەرۋەنلەرنى ۋە باشقىلارنى يالاپ بابىلغا
ئېلىپ كەتتى. [16] لېكىن ئۇ بىر قىسىم نامراتلارنى ئۈزۈمچىلىك ۋە
دېھقانچىلىق قىلىشقا قالدۇردى.

[17] بابىللىقلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى
ئىككى تۇچ تۈۋرۈكنى، ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسىدىكى تۇچ
داسلار قويۇلغان تۇچ ھارۋىلارنى ۋە «دېڭىز» دەپ ئاتالغان تۇچ
داڭقاننى بۇزۇپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى. [18] ئۇلار يەنە كۈل قاچىلىرى،
گۈرجەكلەر، پىلىك قايچىلىرى، داسلار، ئىسرىق تەخسىلىرى ۋە

---

① 52: 6 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 586-يىلى 7-ئاينىڭ 18-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئىبادەتخانىدا ئىشلىتىلىدىغان باشقا تۈچ بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى. [19] ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى يەنە بارلىق ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلارنى، چوغدانلارنى، داسلارنى، كۈل قاچىلىرىنى، چىراغدانلارنى ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلەر ئۆچۈن ئىشلىتىدىغان قاچا-قۇچىلارنى ئېلىپ كەتتى.

[20] پادىشاھ سۇلايمان پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ياساتقان ئىككى تۈۋرۈك، داشقان، داشقان ئاستىدىكى 12 بۇقا ۋە ھارۋىلارغا ھەددى-ھېسابسىز تۈچ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئېغىرلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. [21] ھەربىر تۈچ تۈۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكى 9 مېتىر، ئايلانمىسى 6 مېتىر، قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ئىچى بوش ئىدى. [22] تۈۋرۈكنىڭ بېشىدا تۈچتىن ياسالغان ئايرىم باش بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر ئىدى. تۈۋرۈك بېشىنى ئوراپ تۇرىدىغان تورسىمان بېزەك ۋە ئانارلار بولۇپ، ھەممىسى تۈچتىن ياسالغانىدى. تۈۋرۈكنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئانار شەكىللىك بېزەك بار ئىدى. [23] تۈۋرۈك بېشىنى ئوراپ تۇرغان تورسىمان بېزەكتە جەمئىي 100 دانە ئانار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 96 دانىسىنى كۆرگىلى بولاتتى.

## يەھۇدىيە خەلقىنىڭ بابىلغا سۈرگۈن قىلىنىشى

[24] ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نىبۇزارئادان باش روھانىي سىرايانى، مۇئاۋىن روھانىي زىفانىيانى، ئۈچ نەپەر دەرۋازىغا قارايدىغان روھانىينى، [25] شەھەردە قېلىپ قالغان بىر نەپەر لەشكەر نازارەتچىسىنى، يەتتە نەپەر پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسىنى، بىر نەپەر لەشكىرىي پۈتۈكچىنى ۋە باشقا ئاتمىش كىشىنى تۇتتى. [26] نىبۇزارئادان ئۇلارنى خامات رايونىدىكى رىبلاھتا تۇرۇۋاتقان بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. [27] بابىل پادىشاھى ئۇلارنى رىبلاھتا ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىيە خەلقى سۈرگۈن قىلىنىپ، ئۆز زېمىنىدىن ئايرىلدى.

[28] نىبۇكادنەزەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 7-يىلى ئەسىرگە چۈشۈپ بابىلغا ئېلىپ بېرىلغان يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ سانى 3023 كىشى ئىدى. [29] ئاندىن نىبۇكادنەزەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 18-يىلى ئۇ يەنە

832 ئادەمنى سۈرگۈن قىلدى. [30] نېبۇكادنەزەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 23-يىلى ئۇ ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى نېبۇزارئادانىنى ئەۋەتىپ، يەنە 745 ئادەمنى بابىلغا ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، جەمئىي 4600 ئادەم ئەسىرگە ئېلىندى.

## بابىل پادىشاھىنىڭ يەھوياكىنغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى

[31] يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياكىن سۈرگۈندە يۈرگىنىگە 37 يىل بولغاندا، ئەۋىل-مەروداك بابىل پادىشاھى بولۇپ، تەختكە چىقتى. شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى① ئۇ يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياكىنغا شەپقەت كۆرسىتىپ، ئۇنى زىنداندىن ئېلىپ چىقتى. [32] ئەۋىل-مەروداك ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى بابىلدا تۇتقۇندا تۇرۇۋاتقان باشقا پادىشاھلاردىن ئۈستۈن قىلدى. [33] يەھوياكىن مەھبۇسلۇق كىيىمىنى سېلىۋەتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پادىشاھ بىلەن ھەمداستىخان بولدى. [34] ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش خىراجىتىنى بابىل پادىشاھى تاكى ئۇ ۋاپات بولغۇچە ئۈزۈلدۈرمەي تەمىنلەپ بەردى.

① 52: 31 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 561-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

# مەرسىيەلەر

1 2 3 4
5

# مەرسىيەلەر

## 1-مەرسىيە: يېرۇسالېمنىڭ نالىسى

1 [1] ئاھ، بىر چاغلاردا ئادەملەرگە لىق تولغان شەھەر،
ئولتۇرۇپتۇ ئەمدى پېتىپ يالغۇزلۇقتا!
بىر چاغلاردا ئەللەر ئارا مەشھۇر شەھەر،
ئوخشاپ قاپتۇ ئەمدى پەقەت تۇل ئايالغا.
بىر چاغلاردا مەلىكە ئىدى ئۇ ئۆلكىلەر ئارا،
ئەمدى ئۇ ئوخشاپ قالغان يوقسۇل قۇلغا.

[2] يىغلايدۇ ئۇ كېچىلىرى، مەڭزىلىرى تولار ياشقا،
ئاشنىلىرىدىن ھېچكىم بەرمەس تەسەللى ئۇنىڭغا،
دوستلىرىمۇ يۈز ئۆرۈپ، دۈشمەن بولدى ئۇنىڭغا.

[3] يەھۇدىيە خەلقى ئازاب چەكتى، قۇل بولدى،
سۈرگۈن بولۇپ يىراقلارغا، يات ئەلگە،
تاپالمىدى باش تىققۇدەك بىرەر ماكان ئۆزلىرىگە.
تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان چاغدا ئۇلار،
ئەسىرگە چۈشتى قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلىرىگە.

[4] ھېچكىم كېلىپ ھېيت ئۆتكۈزمىگەچكە،
ماتەم تۇتماقتا سىئون يوللىرى،
چۆلدەرەپ قالغان شەھەر دەرۋازىلىرى،
ھەسرەت چېكەر روھانىيلىرى.

قايغۇغا پاتقان سىئون قىزلىرى،
ئازابقا تولغان ھەم قەلبلىرى.

5 خوجايىن بولۇپ دۈشمەنلىرى سىئونغا،
روناق تېپىپ، گۈللىدى راسا.
سىئون قىلغاچ كۆپ گۇناھ،
پەرۋەردىگار ئازابتا قويدى ئۇنى،
دۈشمەنلىرى ئەسىر ئېلىپ بالىلىرىنى،
سۈرگۈن قىلدى ئۇلارنى.

6 پۈتۈنلەي يوقالدى سىئوننىڭ شان-شەرىپى،
چۆپ تاپالمىغان كېيىككە ئوخشاپ قالدى يولباشچىلىرى،
ئوۋچىلاردىن قېچىشقا يوقتۇر ئۇلارنىڭ مادارى.

7 سەرگەردانلىقنىڭ ئازابلىق پەيتلىرىدە
يېرۇسالېم ئېسىگە ئالار شانلىق كۈنلىرىنى،
ئۆتمۈشتىكى ئۆزىگە تەۋە بايلىقلىرىنى.
ئۇنىڭ خەلقى چۈشكەندە دۈشمەن قولىغا،
ياردەم بەرگۈدەك ھېچكىم بولمىدى ئۇلارغا.
دۈشمەنلىرى كۆرگەندە يېرۇسالېمنى،
مەسخىرە قىلدى ئۇنىڭ ھالاكىتىنى.

8 يېرۇسالېم قىلىپ قاتتىق گۇناھ،
بۇلغىدى ئۆزىنى.
بۇرۇن ئۇنى ھۆرمەت قىلغانلار،
كۆرۈپ ئەمدى شەرمەندىچىلىكىنى،
كەمسىتەر ئۇنى.
ئۇ ھەسرەتلىنىپ، قاچۇرار ئۆزىنى.

9 ناپاكلىق بۇلغىدى ئۇنىڭ كىيىمىنى،
ئويلاپ باقمىغانىدى ئۇ ئاقىۋىتىنى.

ئۇ پاجىئەلىك ھالدا ۋەيران بولدى،
ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى.
ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ دېدى: «ئى پەرۋەردىگار،
ئۆتۈنەي، نەزەر سالغىن كۈلپەتلىرىمگە،
ئىگە بولدى دۈشمەنلىرىم غەلىبىگە.»

10 دۈشمەن ئېلىپ كەتتى سىئوننىڭ بايلىقلىرىنى.
كۆردى سىئون خەلقى ياتلارنىڭ بېسىپ كىرگىنىنى
ئىبادەتخانىغا ـ
ئىگىمىزنىڭ ياتلارنىڭ كىرىشىنى چەكلىگەن جايىغا.

11 پۈتۈن سىئون خەلقى نانغا زار بولۇپ،
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى
ئاش تېگىشىپ يەر گۆھەرگە.
سىئون نالە قىلماقتا:
«ئى پەرۋەردىگار، نەزەر سال ماڭا،
مەن خارلانماقتىمەن!

12 ئەي يولدىن ئۆتۈۋاتقانلار، پەرۋا قىلمامسىلەر ماڭا،
كۆرۈۋاتامسىلەر مېنى؟
پەرۋەردىگار غەزەپ كۈنىدە ئازاب بەردى ماڭا،
كىم مەندەك ئازابلىنىپ باققان؟

13 ئۇ پەلەكتىن ئوت چۈشۈرۈپ،
كۆيدۈردى سۆڭەكلىرىمنى.
تۇزاق قۇرۇپ يولۇمغا،
قايتۇردى مېنى ئارقامغا.
ئۇ مېنى مەھكۇم قىلدى تەنھالىققا،
ئۈزلۈكسىز ئېچىنىشلىق ئازابقا.

14 بويۇنتۇرۇققا ئايلاندى گۇناھلىرىم،

ئۆنى ئۆزى ياسىدى پەرۋەردىگارىم.
بوينۇمغا ئېسىپ بويۇنتۇرۇقنى،
قويمىدى مېنىڭ ھالىمنى.
ئىگىمىز تاپشۇردى مېنى دۈشمەن قولىغا،
مەن تاقابىل تۇرالمايمەن ئۇلارغا.

15 ئىگىمىز مەنسىتمىدى پۈتۈن باتۇرلىرىمنى،
لەشكەر توپلاپ ھۇجۇم قىلدى ئۇ ماڭا،
بىتچىت قىلماق بولۇپ يىگىتلىرىمنى.
خۇددى ئۈزۈم ئېزىش كۆلچىكىدە ئۈزۈم ئەزگەندەك
دەسسەپ چەيلىدى يەھۇدىيە خەلقىنى.

16 مەن پەرياد قىلىمەن شۇڭا،
كۆز ياشلىرىم سەل بولۇپ ئاقماقتا.
ھېچكىم يوقتۇر تەسەللى، مەدەت بېرىشكە.
پەرزەنتلىرىم قالدى تەنھا، يېگانە،
چۈنكى دۈشمەن ئېرىشتى غەلىبىگە.»

17 سىئون قولىنى سوزۇپ ياردەم سورايدۇ،
لېكىن ھېچكىم پەرۋا قىلماس ئۇنىڭغا.
پەرۋەردىگار ئەمر قىلدى قوشنا ئەللەرگە:
«دۈشمەن بول» دەپ ياقۇپ نەسلىگە.
يېرۇسالېم قوشنا ئەللەرنىڭ نەزىرىدە
بولۇپ قالدى ئەمدى يىرگىنچلىك بىر نەرسە.

18 سىئون يەنە نالە قىلماقتا:
«لېكىن ئادالەتلىكتۇر پەرۋەردىگار،
ئۆزۈمدۇرمەن قارشى چىققان ئۇنىڭ ئەمرىگە.
ئەي بارچە ئەللەر، قۇلاق سېلىڭلار سۆزۈمگە،
بىر بېقىڭلار كۆلپەتلىرىمگە!
قىز-ئوغۇللىرىم دۈچار بولدى سۈرگۈنگە.

19 ياردەم سورىدىم ئاشنىلىرىمدىن،
لېكىن ئۇلار ئالدىدى مېنى.
روھانىي ۋە ئاقساقاللىرىم ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن
هاياتىنى،
نان ئىزدەپ يۈرۈپ، بەردى شەھەردە جېنىنى.

20 ئېھ پەرۋەردىگار،
باققىن مېنىڭ ھەسرەتلىرىمگە.
ئاسىيلىق قىلدىم ساڭا،
يۈرىكىم پۈچۈلۈپ، روھىم سولماقتا شۇڭا.
كوچىلاردا قىرغىنچىلىق،
ئائىلىلەردە ئۆلۈم ھۆكۈم سۈرمەكتە.

21 ئاڭلىسىمۇ كىشىلەر ھەسرەتلىرىمنى،
لېكىن ھېچكىم تەسەللى بەرمەس ماڭا.
پۈتۈن دۈشمەنلىرىم بولار شاد-خۇرام
سېنىڭ سالغان كۈلپەتلىرىڭدىن بېشىمغا.
كەلگەي سېنىڭ ۋەدە قىلغان ھۆكۈم كۈنۈڭ،
ئۇلارنىمۇ ماڭا ئوخشاش سالغايسەن ئازابقا.

22 نەزىرىڭدە بولسۇن رەزىللىكلىرى ئۇلارنىڭ!
گۇناھلىرىم ئۈچۈن جازالىغان بولساڭ مېنى قانداق،
ئىستىكىم شۇكى، جازالىغىن ئۇلارنىمۇ ئاشۇنداق.
كۆپتۇر مېنىڭ ئاھۇزارىم،
مادارىدىن كەتتى يۈرەك-باغرىم.»

## 2-مەرسىيە: يېرۇسالېمنىڭ جازالىنىشى

2 1 ئاھ، ئىگىمىزنىڭ غەزىپى خۇددى قارا بۇلۇتقا ئوخشاش
قاپلىدى سىئوننى،
ئەرشتىن ئېلىپ، تاشلىدى يەرگە ئىسرائىلىيەنىڭ
شەرىپىنى.

ئۇ غەزەپلەنگەندە ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ئۇيلاپمۇ
قويمىدى.

2 ئىگىمىز رەھىمسىزلىك بىلەن ۋەيران قىلىپ ياقۇپنىڭ
تۇرالغۇلىرىنى،
غەزەپ بىلەن تۆزلەپ تاشلاپ، يەھۇدىيەنىڭ قەلئەلىرىنى،
ئاياغ ئاستى قىلىپ، خورلىدى يەھۇدىيە پادىشاھلىقى ۋە
ئۇنىڭ يولباشچىلىرىنى.

3 ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، يوق قىلدى ئىسرائىلىيەنىڭ
كۈچ-قۇدرىتىنى،
دۈشمەن ھۇجۇم قىلغاندا كۆتۈرمىدى ھەممىگە قادىر
قولىنى.
ئۇ ھەممىنى يالماپ يۇتۇپ ئوت كەبى
كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى ياقۇپنىڭ يۇرتىنى.

4 پەرۋەردىگار دۈشمەنگە بەتلىگەندەك ئوقياسنى،
ئوڭ قولىدا تارتىپ يانىڭ كىرىچىنى،
ئۆلتۈردى بىز سۆيگەن بارلىق كىشىلەرنى،
ياغدۇردى ھەم سىئون خەلقىگە ئوتتەك قەھرىنى.

5 ئىگىمىز دۈشمەن كەبى ۋەيران قىلدى ئىسرائىلىيەنى،
ۋەيران قىلىپ سارايلارنى، تۈزلىۋەتتى قەلئەلەرنى،
يەھۇدىيە خەلقى توختىتالماس ماتەم يىغىسىنى.

6 ئۇ خۇددى ۋەيران قىلغاندەك بىغدىكى كەپىسىنى،
ۋەيران قىلدى ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىنى.
ئۇ ئۆزى بەلگىلىگەن ئۇچرىشىش جايىنى ۋەيران قىلدى،
بىكار قىلدى سىئوندا بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنىنى،
ئۇ قەھرى بىلەن رەت قىلدى پادىشاھ ۋە روھانىيلارنى.

7 ئىگىمىز ئۆزىنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىدىن ۋاز كەچتى
ۋە ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىنى تەرك ئەتتى.
سىئوندىكى ئوردا سېپىللىرىنى دۈشمەنگە تاپشۇردى.
دۈشمەنلەر خۇددى بايرام بولغاندەك،
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا قىيقاس-چۇقان كۆتۈردى.

8 پەرۋەردىگار سىئوننىڭ سېپىللىرىنى بۇزۇش قارارىغا
كەلدى،
ئۇنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئۆلچەپ چىقتى ۋە نىيىتىدىن
يانمىدى.
قەلئەلەر، سېپىللار ھەسرەت چېكىپ، ۋەيران بولدى.

9 پەرۋەردىگار سىئوننىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ بالداقلىرىنى
بۇزدى،
شەھەر دەرۋازىلىرى تۇپىنىڭ ئاستىدا قالدى.
پادىشاھ، يولباشچىلار يات يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىندى،
تەۋرات قانۇنى خەلققە ئۆگىتىلمەس،
پەرۋەردىگاردىن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي كەلمەس بولدى.

10 سىئوننىڭ ئاقساقاللىرى ماتەملىك كىيىم كىيىپ،
بېشىغا كۈل چېچىپ، يەردە ئۈنسىز ئولتۇرۇپ قالدى.
يېرۇسالېم قىزلىرى غەمدىن باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ
تۇرۇپ قالدى.

11 تولا يىغلاپ كۆزلىرىمنىڭ نۇرى ئۆچتى،
يۈرىكىمگە پىچاق تىققاندەك
باغرىم تىتىلدى.
چۈنكى خەلقىم ۋەيران،
بالىلار، بوۋاقلار شەھەر كوچىلىرىدا ھوشسىز ياتاتتى.

12 «ئىچىرقىدىم، چاڭقىدىم» دەپ بالىلار

ئانىلىرىغا پەرياد قىلاتتى.
ئۇلار يارىلانغان باتۇرلارغا ئوخشاش
شەھەر كوچىلىرىدا ھوشسىز ياتاتتى،
ئانىلىرىنىڭ قۇچاقلىرىدا ئاستا-ئاستا جان بېرەتتى.

13 ئەي يېرۇسالېم، نېمە دەي ساڭا؟
كىمنىڭ دەردى يېتەر ساڭا؟
ئەي سىئون، قانداق تەسەللى بېرەي ساڭا؟
نېمىگە ئوخشىتاي سېنى،
ساقايماستۇر جاراھىتىڭ،
تاپالايدۇ جاراھىتىڭگە كىممۇ داۋا؟

14 يالغاندۇر ساختا پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ۋەھىيلىرى.
ئۇلار كۆرسىتىپ بەرمىدى گۇناھلىرىڭنى،
روناق تاپقان ھالىتىڭگە ئەكەلمىدى سېنى،
ئەكسىچە، ساڭا ساختا بېشارەت بەردى.

15 چاۋاك چېلىپ، مازاق قىلار سېنى يولدىن ئۆتكەنلەر،
ئۇلار يېرۇسالېمغا قارىشىپ، بېشىنى چايقىشىپ:
«گۈزەللىكتە تەڭداشسىز شەھەر شۇمۇ؟
پۈتۈن دۇنيانى شادلاندۇرغان شەھەر شۇمۇ؟» دېيىشەر.

16 دۈشمەنلەر ئۈستۈڭدىن كۈلۈشۈپ، مەسخىرە قىلار سېنى.
ئۇلار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ دېيىشەر:
«ۋەيران قىلدۇق بىز ئۇنى،
بەرھەق، بۇ ھەقىقەتەن بىز كۈتكەن كۈن ئىدى،
ئاخىر كۆردۇق بىز كۈتكەن بۇ كۈننى!»

17 پەرۋەردىگار ئورۇندىدى پىلانىنى،
ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بۇرۇن قىلغان سۆزىنى،
ئۇ رەھىم قىلماي يوقاتتى سېنى،

مەغلۇبىيىتىڭدىن شادلاندۇرۇپ دۈشمىنىڭنى،
تىخىمۇ كۈچلەندۈردى رەقىبىڭنى.

18 ئەي سىئونىنىڭ شەھەر سېپىلى،
نىدا قىل چىن قەلبىڭدىن ئىگىمىزگە!
كېچە-كۈندۈز ئاقسۇن يېشىڭ دەريا كەبى،
كۈن ۋە تۈن يۇمما كۆزلىرىڭنى.

19 ئويغىنىپ كېچىلىرى نەچچە رەت،
نىدا قىلغىن ئىگىمىز ئالدىدا،
قەلبىڭنى ئىزھار قىلغىن ئۇنىڭغا.
قول كۆتۈرۈپ ئۆتۈنگىن ئىگەڭدىن،
ئاچلىقتىن ھوشسىز ياتقان باللىرىڭ ئۈچۈن كوچىلاردا.

20 سىئون نىدا قىلار: «ئى پەرۋەردىگار، قارىغىن ماڭا،
زەربە بېرىپ باققانمىدىڭ بىرىگە، زەربە بەرگەندەك ماڭا؟
ئەجەبا، ئۆزى باققان بالىسىنىڭ گۆشىنى يەمدۇ ئانا؟
روھانىيلار، پەيغەمبەرلەر ئۆلتۈرۈلەمدۇ ئىگىسىنىڭ
ئىبادەتخانىسىدا؟

21 قېرىلارنىڭ، باللارنىڭ جەسەتلىرى ياتار كوچىدا،
قىزلىرىم، ئوغۇللىرىم ئۆلتۈرۈلگەن قىلىچ ئاستىدا.
ئۇلارنى ئۆلتۈردۈڭ سەن غەزەپلەنگەن كۈنۈڭدە،
ھېچبىر رەھىم قىلمىدىڭ قىرىپ تاشلىغىنىڭدا.

22 خۇددى بايرام ئۈچۈن مېھمان تەكلىپ قىلغاندەك،
دۈشمەن يىغىپ ئەتراپىمغا، ھۇجۇم قىلدۇردۇڭ بىزگە.
سەن غەزەپلەنگەن كۈنى ھېچكىم قۇتۇلالمىدى
ھەم ھېچكىم ئۆز جېنىنى ساقلاپ قالالمىدى.
دۈشمەن قىرىپ تاشلىدى مەن تۇغۇپ، باققان باللارنى.»

## 3-مەرسىيە: يېرۇسالېمنىڭ خۇداغا ئۆمىد باغلىشى

3 [1] ئازاب چەككەن ئىنسانمەن خۇدانىڭ غەزەپ تايىقىدا.
[2] زۇلمەتكە باشلاپ كىردى ئۇ مېنى،
كۆرسەتمەيدۇ ئۇ ماڭا قۇياش نۇرىنى.
[3] بەرھەق، ئۇ كۈنبويى زەربە بېرەر،
ماڭا تىنىمىي ھۇجۇم قىلار.

[4] شەلۋەرەتتى ئەت ۋە تېرەمنى،
سۇندۇردى ئۇستىخانلىرىمنى.
[5] ھەر جەھەتتىن ئازابلار مېنى،
تېتىدىم جەبىر-زۇلۇمنى.
[6] مەھكۇم قىلدى مېنى زۇلمەتكە،
ئوخشاپ قالدىم خېلى بۇرۇن ئۆلگەن ئادەمگە.

[7] قاچمىسۇن دەپ، قاماپ قويدى ئۇ مېنى،
شۇنچە ئېغىر زەنجىر بىلەن باغلاپ تېنىمنى.
[8] قىلساممۇ گەر يىغلاپ نىدا،
قۇلاق سالماس دۇئايىمغا.
[9] تاشلار بىلەن توسۇپ ماڭار يولۇمنى،
شۇنچە قىيىن قىلدى مېنىڭ مېڭىشىمنى.

[10] ئېيىق كەبى پايلاپ تۇرار ئۇ مېنى بۆكتۈرمىدە،
پۈرسەت كەلسە شىر كەبى ئېتىلماق بولۇپ ئۇستۇمگە.
[11] يولدىن سۆرەپ بىر چەتكە مېنى،
تاشلاپ قويار پارچە-پارچە قىلىپ تېنىمنى.
[12] خۇدا تارتىپ ياسىنى،
نىشان قىلدى مېنى.

[13] يادىن ئۇزۇلگەن ئوقلىرى،
تەشتى مېنىڭ يۈرىكىمنى.

14 قالدىم پۈتۈن خەلقنىڭ مەسخىرىسىگە،
مازاق قىلار كۈنبويى قېتىپ بېيىتىگە.
15 ئۇ مېنى سالدى ئازابقا،
دەرد تارتتىم يەتكۈچە.

16 تويغىچە ملەپ چەيلىدى ئۇ مېنى،
تاشلار بىلەن چاقتى چىشلىرىمنى.
17 يوقاتتى ئۇ تىنچلىقىمنى،
ئۇنتۇدۇم شادلىقنىڭ نېمىلىكىنى.
18 دېدىم «قالمىدى ھېچ دەرمانىم،
ئۈزۈلدى پەرۋەردىگاردىن ئۈمىدىم.»

19 ئويلىسام دەرد تارتقان، سەرگەردان كۈنلىرىمنى،
ئەسلەيمەن ئەمەن ۋە ئۆتنىڭ قىرتاق تەملىرىنى.
20 بۇ مەنزىرىلەر قاپلاپ قەلبىمنى
شۇنچە ئېغىر باسار روھىمنى.
21 بىراق ئويلىسام پەرۋەردىگارنى،
يوقاتمايمەن ئۈمىدىمنى.

22 توختىماس پەرۋەردىگارنىڭ مەڭگۈلۈك مۇھەببىتى،
ئۈزۈلمەس ئۇنىڭ چەكسىز رەھىمدىللىكى.
23 ئۇنىڭ مۇھەببىتى ۋە رەھىمدىللىكى يېڭىلىنار ھەر كۈنى سەھەر،
ئۇنىڭ بىزگە بولغان ساداقىتى بۈيۈك شۇ قەدەر.
24 بارلىقىم دەپ بىلىمەن پەرۋەردىگارنى،
شۇڭا ئۇنىڭغا باغلايمەن ئۈمىدىمنى.

25 بەخت ئاتا قىلار پەرۋەردىگار ئۆزىگە ئۈمىد باغلىغانلارغا،
ئىلتىپاتىنى ياغدۇرار ئۆزىگە سېغىنغانلارغا.
26 پەرۋەردىگارنىڭ قۇتقۇزۇشىنى كۈتۈش گۈزەلدۇر شۇڭا.
27 پايدىلىقتۇر تەربىيە ئېلىش ياشلىقتا.

28 تەنھا ئولتۇرۇپ، سۈكۈت قىل
پەرۋەردىگاردىن تەربىيە ئالغاندا.
29 ئىتائەتچانلىق بىلەن باش قويۇ زېمىنغا،
بەلكىم بىرەر ئۈمىد باردۇر يەنىلا.
30 تەربىيەچىگە تۇتۇپ بەرگىن مەڭزىڭنى،
رەت قىلماي ئاڭلىغىن تىل-ئاھانەتلىرىنى.

31 ئىگىمىز تاشلىماس بىزنى مەڭگۈگە.
32 گەرچە ئۇ ئازار بەرسىمۇ بىزگە،
شاپائەت قىلار ئۇ يەنە،
چۈنكى ئۇ ئىگىدۇر چەكسىز مۇھەببەتكە.
33 ئىگىمىز ئادەملەرنى ئازابلاشنى، قىيناشنى خالىمايدۇ.

34 يۇرتتىكى ئەسىرلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىنى،
35 ئادەملەرنىڭ ئادالەتتىن مەھرۇم بولغانلىقىنى،
ئۇلۇغ خۇدا بىلىپ تۇرىدۇ.
36 سوتتا ناھەقچىلىك قىلغانلارنى،
ئىگىمىز كۆرۈپ تۇرىدۇ.

37 ئەگەر ئىگىمىز بۇيرۇمىغان بولسا ئۇنى،
ئەمەلگە ئاشسۇن كىمنىڭمۇ سۆزى؟
38 ئۇلۇغ خۇدانىڭ ئەمرىسىز بولغانمۇ ئاپەت ياكى ئامەت؟
39 بىز جازالاندۇق گۇناھلىرىمىز ۋەجىدىن،
قانداقمۇ ئاغرىنايلى خۇدادىن؟

40 قاراپ باقايلى يولىمىزغا،
قايتايلى پەرۋەردىگارنىڭ يولىغا.
41 قولىمىزنى سوزۇپ يۇقىرىغا،
چىن دىلىمىزدىن دۇئا قىلايلى ئەرشتىكى خۇداغا:
42 «گۇناھ قىلدۇق، يۈز ئۆرۈدۇق،
كەچۈرمىدىڭ سەن بىزنى.

43 غەزەپ بىلەن قوغلاپ ئارقىمىزدىن،
رەھىمسىزلەرچە قىردىڭ بىزنى.
44 يوشۇرۇۋالغاچقا سەن ئۆزۈڭنى بۇلۇتلارغا،
بارالمىدى دۇئايىمىز سېنىڭ يېنىڭغا.
45 ئەللەر ئارا ئايلاندۇردۇڭ بىزنى كېرەكسىز داشقالغا.

46 دۈشمەنلىرىمىز كۈلۈشۈپ، مازاق قىلار بىزنى مانا.
47 چۈشتۇق بىز قورقۇنچقا،
يۈزلەندۇق تۇزاق، ھالاكەت ۋە يوقىلىشقا.»

48 خەلقىمنىڭ ھالاكىتىدىن كۆز يېشىم بولدى دەريا.
49 ياش توختىماس كۆزۈمدىن، توختىماس ئەسلا،
50 پەرۋەردىگار ئەرشتىن باقمىغۇچە ھالىمىزغا.
51 كۆرسەم شەھەردىكى ئاياللارنى،
كۆرگەنلىرىم ئازابلايدۇ قەلبىمنى.

52 سەۋەبسىزلا دۈشمەن بولۇپ ماڭا ئادەملەر،
قۇشقاچ تۇتماقچى بولغاندەك قوغلايدۇ ئۇلار.
53 چوڭقۇر ئورىغا تاشلاپ ئۇلار مېنى،
ئەتتى تاش بىلەن ئورىنىڭ ئاغزىنى.
54 سۇ باستى مېنى،
ئۆلدۈم، دېدىم ئىچىمدە.

55 ئى پەرۋەردىگار،
چوڭقۇر ئورىدىن ئىلتىجا قىلدىم ساڭا.
56 ئاڭلىغايسەن ئىلتىجايىمنى،
قۇلاق سېلىپ تىڭشىغايسەن ندايىمنى.
57 ئىلتىجا قىلسام ساڭا،
كېلىپ مېنىڭ يېنىمغا:
«قورقما» دېدىڭ ماڭا.

58 ئى ئىگەم، ئاقلاپ مېنى،
قۇتۇلدۇردۇڭ ھاياتىمنى.
59 ئى پەرۋەردىگار،
كۆردۈڭ ماڭا ئۆۋال بولغانلىقىنى،
گۇناھسىز، دەپ ھۆكۈم قىلغايسەن مېنى!
60 بىلدىڭ ئۇلارنىڭ ماڭا ئۆچلۈكىنى،
قىلغان بارلىق سۇيىقەستلىرىنى.

61 ئى پەرۋەردىگار، ئاڭلىدىڭ ئۇلارنىڭ مېنى قانداق تىللىغانلىقىنى،
ماڭا قانداق سۇيىقەست قىلغانلىقىنى.
62 ئۇلار ماڭا تۆھمەت قىلار، قارشى تۇرار كۈنبويى.
63 قارا! ئەتىگەندىن كەچكىچە نېمە قىلسا ئۇلار،
ناخشىلىرىدا مېنى مەسخىرە قىلار.

64 ئى پەرۋەردىگار،
ئۆتۈنەي، جازالىغىن ئۇلارنى قىلمىشىغا يارىشا!
65 ئۆتۈنەي، ئەندىشە سېلىپ دىلىغا،
لەنىتىڭنى چۈشۈرگەيسەن ئۇلارغا.
66 ئى پەرۋەردىگار، ئۆتۈنەي،
غەزەپ بىلەن قوغلاپ يوروپ ئۇلارنى،
يوق قىلغايسەن دۇنيادىن تامامىنى.

## 4-مەرسىيە: ۋەيران بولغان يېرۇسالېم

4 1 ئاھ، ئالتۇن يوقاتقان جۇلاسىنى،
ساپ ئالتۇنمۇ ئۆزگەرتكەن رەڭگىنى!
ئىبادەتخانىنىڭ تاشلىرى چېچىلغان كوچىلارغا.

2 ئالتۇندەك قىممەتلىك ئىدى سىئون ئوغۇللىرى ئەسلىدە،
ئەمدى بولدى كۇلالچىنىڭ ھېجىرىدەك قەدىرسىز بوگۇندە!

3 چىلبۆرىمۇ ئۆز بالىسىنى ئېمىتەر،
لېكىن خەلقىم تۆگىقۇشتەك
بالىلىرىنى تەرك ئېتەر.

4 ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقىغان بوۋاقلارنىڭ
تىللىرى چاپلىشىپ قالغان تاڭلىيىغا،
نان سورىسا تىلەمچىلىك قىلىپ بالىلار،
بىر بۇردا نان بەرمەس ھېچكىم ئۇلارغا.

5 بىر چاغلاردا ئېسىل يېمەكلىكلەرنى يېگەنلەر،
ئەمدى بۇگۈن كوچىلاردا ئاچلىقتىن ئۆلەر.
قىممەت باھالىق توق قىزىل لىباس ئارتقانلار،
ئەمدى كۈل دۆۋىلىرىنى ماكان قىلار.

6 ھېچكىم ھۇجۇم قىلمىسىمۇ سودوم شەھىرىگە،
سودوم شەھىرى تۇيۇقسىز ۋەيران بولدى.
ۋاھالەنكى، خەلقىمنىڭ جازاسى
سودوم شەھىرىدىن ئېغىر بولدى.

7 سىئونىنىڭ يولباشچىلىرى قاردىنمۇ پاك،
سۈتتىنمۇ ئاق ئىدى.
تەنلىرى قىزىل ياقۇتتىنمۇ پارقىراق،
تەقى-تۇرقى كۆك ياقۇتتەك گۈزەل ئىدى.

8 ھازىر ئۇلارنىڭ چىرايلىرى قۇرۇمدىن قارا ئىدى،
كوچىدا ھېچكىم تونۇمايتتى.
بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ تېنى،
قۇرۇق قاقشال بولغانىدى.

9 ئاچلىقتا ئۆلگەنلەردىن بەختلىكتۇر جەڭدە ئۆلگەنلەر،
قىينىلىپ ئۆلۈپ كېتەر ئاچلىقتا ئۆلگەنلەر.

10 خەلقىم ھالاكەتكە ئۇچرىغىنىدا،
ئۆز بالىسىنى پىشۇرۇپ يېدى مېھرىبان ئانا.

11 قەھر-غەزەپكە كېلىپ پەرۋەردىگار،
چاچتى ئوتلۇق قەھرىنى.
ئوت كېتىپ سىئونغا،
كۆيدۈردى پۈتۈن شەھەرنى.

12 پادىشاھ ۋە خەلقلەرنىڭ
ھېچقايىسىسى ئىشەنمەيتتى دۈشمەننىڭ
يېرۇسالېم شەھەر دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ
كىرەلەيدىغانلىقىغا.

13 لېكىن بۇنداق ئىش ھەقىقەتەن يۈز بەردى.
چۈنكى گۇناھ قىلدى يېرۇسالېمنىڭ پەيغەمبەرلىرى،
ھەققانىيلارنىڭ قېنىنى تۆكتى شەھەردە روھانىيلىرى.

14 خۇددى كور ئادەمدەك يۈرۈپ كوچىلاردا ئۇلار،
پۈتۈن تېنىنى بۇلغىدى قاندا،
ھېچكىم جۈرئەت قىلالماس تېگىپ كېتىشكە ئۇلارغا.

15 كىشىلەر ۋارقىرىشىپ ئۇلارغا:
«يوقىلىش، ئەي ناپاكلار،
يوقىلىش، يوقىلىش، تېگىپ كېتىشمە بىزگە!» دېيىشەر.
شۇڭا سەرسان، سەرگەردان بولدى ئۇلار.
يات خەلقلەرمۇ:
«بۇ يەردە تۇرۇشما» دەپ ھەيدىشەر.

16 پەرۋەردىگار ئۆزى قوغلاپ چىقاردى ئۇلارنى،
غەمخورلۇق قىلماس ئەمدى ئۇلارغا.
كىشىلەر ھۆرمەت بىلدۈرمەس روھانىيلارغا،

مەرھەمەت كۆرسەتمەس ئاقساقاللارغا.

17 بىھۇدە كۈتتۇقمىز، تالدى كۆزىمىز،
دەرۋەقە، بىزگە ياردەم بېرەلمەيدىغان
بىر ئەلگە ئۈمىد باغلىغان ئىكەنمىز.

18 ئىز بېسىپ قوغلاپ يۈرەر دۈشمىنىمىز،
كوچىغا چىقىشقا يوقتۇر جۈرئىتىمىز.
قالدى ساناقلىق كۈنىمىز،
چېكىگە يەتتى ئۆمرىمىز،
چۈنكى توشتى ئەجىلىمىز.

19 بۈركۈتتىن تېزدۇر بىزنى قوغلىغۇچىلار،
تاغلاردا بىزنى قوغلاپ كېلەر،
بۆكتۈرمە قويۇپ چۆلدە، كۈتۈپ تۇرار.

20 پەرۋەردىگار تاللىغان پادىشاھ ــ ھاياتىمىزنىڭ يىلتىزى
چۈشتى ئۇلارنىڭ قىلتىقىغا.
ئۈمىد قىلغانىدۇق بىز ئەسلى،
ياشايمىز دەپ ئەللەر ئارا پادىشاھىمىزنىڭ سايىسىدا.

21 ئەي ئۇس يۇرتىدا ياشايدىغان ئېدوملۇقلار،
خۇشال بولۇۋېلىڭلار، شادلىنىۋېلىڭلار.
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى تولغان قەدەھ كېلەر
ئەمدى سىلەرگە،
ئۇنى ئىچىپ مەست بولىسىلەر، ئاندىن يالىڭاچلىنىسىلەر.

22 ئەي سىئون شەھىرى، تارتىپ بولدۇڭ جازايىڭنى،
پەرۋەردىگار سۈرگۈندە تۇتۇپ تۇرماس ئەمدى سېنى.
لېكىن ئەي ئېدوم، ئەمدى پەرۋەردىگار بېرەر جازايىڭنى،
ئاشكارا قىلار جىنايىتىڭنى!

## 5-مەرسىيە: يېرۇسالېمنىڭ ئىلتىجاسى

5 1 ئى پەرۋەردىگار، يادىڭدا تۇت بېشىمىزغا كەلگەنلىرىنى،
كۆرۈپ قوي تارتقان خورلۇقلىرىمىزنى.

2 ياتلارغا تاپشۇردۇڭ ئۆزۈڭ بەرگەن زېمىنىمىزنى،
يات خەلقلەرگە بەردىڭ ئۆيىمىزنى.

3 بىز ئايالىدۇق ئاتىسىز يېتىم بالىغا،
ئانىلىرىمىز ئايلاندى تۇل ئايالغا.

4 ئۆز سۇيىمىزنى سېتىۋالىمىز پۇلغا،
پۇل تۆلەيمىز ئۆز ئوتۇنىمىزغا.

5 دۈشمەن قوغلاپ، قويمىدى ھالىمىزنى،
چارچىدۇق، يوقاتتۇق خاتىرجەملىكىمىزنى.

6 ئېرىشمەك ئۈچۈن يېمەككە،
باش ئەگدۇق مىسىر ۋە ئاسسۇرىيەگە.

7 گۇناھ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى ئەجدادلىرىمىز،
ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ جازاسىنى تارتماقتىمىز.

8 بىزگە خوجايىن بولدى قۇللار،
ئۇلاردىن بىزنى كىم قۇتقۇزار؟

9 دالىلار تولۇپ كەتكەن بۇكتۇرمىگە،
يېمەكلىك تاپىمىز تەۋەككۇل قىلىپ خەتەرگە.

10 ئاچلىقتىن ئۆرلەپ قىزىتمىمىز،
تونۇردەك قىزىپ تېنىمىز.

11 سىئوندا زوراۋانلىققا ئۇچرايدۇ ئاياللار،
يەھۇدىيە شەھەرلىرىدە ئاياغ ئاستى قىلىنار قىزلار.

12 ئىككى قولىدىن ئېسىپ قويۇلار يولباشچىلار،
ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالمايدۇ ئاقساقاللار.

13 قۇل بولۇپ يارغۇنچاقتا ئۇن تارتار ياش يىگىتلىرىمىز،
ئوتۇن يۈدۈپ دەلدەڭشىپ يۈرۈشەر ئوغۇل باللىرىمىز.

14 شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرمايدۇ ئەمدى ئاقساقاللار،
ساز چېلىپ نەغمە قىلمايدۇ ياشلار.

15 قەلبىمىزدىن يوقالدى خۇشاللىقىمىز،
ماتەم يىغىسىغا ئايلاندى ئۇسسۇلىمىز.

16 شەرەپ تاجى يوق ئەمدى بېشىمىزدا،
چۈنكى بىز گۇناھ قىلدۇق، ۋاي ئەمدى ھالىمىزغا!

17 دەرد-ئەلەمگە تولدى قەلبىمىز،
يىغلاۋېرىپ خىرەلەشتى كۆزىمىز.

18 چۈنكى قاقاسلىققا ئايلاندى سىئون تېغى،
چىلبۆرىگە ماكان بولدى ھەممە يېرى.

19 لېكىن ئى پەرۋەردىگار، ھۆكۈم سۈرىسەن مەڭگۈگە،
تەختىڭ داۋاملىشىدۇ دەۋردىن-دەۋرگە.

20 نېچۈن تامام ئۇنتۇدۇڭ بىزنى،
نېچۈن شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت تاشلىدىڭ بىزنى؟

21-22 ئەگەر بىزگە ئەبەدىي غەزەپلەنمىگەن ۋە

بىزدىن ۋاز كەچمىگەن بولساڭ،
ئى پەرۋەردىگار، قايتۇرۇپ كەل بىزنى يېنىڭغا،
قايتايلى بىزمۇ ساڭا،
ئۆتۈنەيلى، قايتۇر بىزنى ئاشۇ پارلاق زامانغا.

# ئەزەكىئەل


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | 32 |
| 33 | 34 | 35 | 36 |
| 37 | 38 | 39 | 40 |
| 41 | 42 | 43 | 44 |
| 45 | 46 | 47 | 48 |

# ئەزەكىئەل

## ئەزەكىئەلنىڭ تۇنجى كۆرگەن غايىبانە ئالامىتى

1 1 ھاياتىمنىڭ 30-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى كىبار قانىلى بويىدا
سۈرگۈندىكىلەر بىلەن بىرگە ئىدىم. تۇيۇقسىز ئاسمان
يېرىلىپ، خۇدانىڭ غايىبانە ئالامەتلەر پەيدا قىلغانلىقىنى كۆردۈم.
2 (پادىشاھ يوياكىننىڭ سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنىڭ 5-يىلى
4-ئاينىڭ 5-كۈنى① 3 بابىلدىكى كىبار قانىلى بويىدا بۇزىنىڭ
ئوغلى ئەزەكىئەلگە پەرۋەردىگاردىن ۋەھيي كەلدى ۋە ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىغا پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى چۈشتى.)
4 مەن يۇقىرىغا قارىسام، غايىبانە ئالامەتتە شىمالدىن بوران
چىقىۋېتىپتۇ. بوراننىڭ ئىچىدە ئوتتەك يېنىپ تۇرغان چوڭ بىر
پارچە بۇلۇت بار ئىدى. ئەتراپى پارلاق نۇرغا تولغانىدى. ئوتنىڭ
مەركىزى تاۋلانغان مېتالدەك يالتىرايتتى. 5 ئوتنىڭ ئىچىدە تۆت
مەخلۇق تۇراتتى. كۆرۈنۈشتە ئۇلار ئادەمگە ئوخشايتتى. 6 ھەربىر
مەخلۇقنىڭ ئوخشىمىغان تۆت يۈزى ۋە تۆتتىن قانىتى بار ئىدى.
7 ئۇلارنىڭ پاچاقلىرى تۈز ئىدى، پۇتلىرى موزاي تۇياقلىرىدەك
بولۇپ، خۇددى پارقىرىتىلغان تۇچتەك يالتىرايتتى. 8 تۆت قانىتىنىڭ
ئاستىدا ئادەمنىڭكىدەك قوللىرى بار ئىدى. تۆت يۈزلۈك ۋە تۆت
قاناتلىق بۇ تۆت مەخلۇقنىڭ 9 قاناتلىرى يېيىلغاندا بىر-بىرىنىڭكىگە
تېگىشىپ تۇراتتى. ئۇلار ماڭغاندا بۇرۇلمايتتى، پەقەت ئالدىغىلا
قاراپ ماڭاتتى.

① 1:2 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 593-يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

[10] بۇ تۆت مەخلۇقنىڭ يۈزلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىدى: ئالدىدىن قارىسا ئادەمگە، ئوڭ تەرىپىدىن قارىسا شىرغا، سول تەرىپىدىن قارىسا بۇقىغا، ئارقىسىدىن قارىسا بۈركۈتكە ئوخشايتتى. [11] مەخلۇقلارنىڭ يۈزلىرى مانا مۇشۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر جۈپتىن قاناتلىرى يېيىلغان بولۇپ، يېنىدىكىلەرنىڭ قاناتلىرىغا تېگىشىپ تۇراتتى. قالغان بىر جۈپتىن قاناتلىرى بەدەنلىرىنى يېپىپ تۇراتتى. [12] پەرۋەردىگارنىڭ روھى نەگە بارسا، ئۇلارمۇ شۇ يەرگە باراتتى، ماڭغاندا بۇرۇلماي ئۇدۇل ماڭاتتى. [13] مەخلۇقلار يالقۇنلاۋاتقان چوغ ياكى مەشئەلگە ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئوت ھەرىكەت قىلاتتى. بۇ ئوت چاقناپ تۇراتتى، ئۇنىڭدىن چاقماق چېقىلاتتى. [14] ئۇلار ئۇ ياق، بۇ ياققا خۇددى چاقماقتەك تېز بېرىپ كېلىشەتتى.

[15] مەن بۇ مەخلۇقلارغا نەزەر سېلىۋېتىپ، ھەربىر مەخلۇقنىڭ يېنىدا بىردىن چاقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، چاقلار يەرگە تېگىپ تۇراتتى. [16] تۆت دانە چاقنىڭ شەكلىمۇ، تۈزۈلۈشىمۇ ئوخشاش ئىدى. ئۇلار سېرىق ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. ھەربىر چاقنىڭ ئىچىگە يەنە بىردىن چاق توغرىسىغا كىرىشتۈرۈلگەنىدى. [17] مەخلۇقلار يۈزلىرى قارىغان تۆت تەرەپكە بۇرۇلمايلا ماڭالايتتى. [18] چاقلارنىڭ چەمبىرەكلىرى ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، كۆزلەر بىلەن تولغانىدى. [19] مەخلۇقلار ماڭسا، يانلىرىدىكى چاقلارمۇ بىرگە ماڭاتتى، مەخلۇقلار يەردىن يۇقىرىغا ئۆرلىسە، چاقلارمۇ يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. [20] روھ نەگە بارسا، چاقلارمۇ شۇ يەرگە باراتتى، چۈنكى مەخلۇقلارنىڭ روھى چاقلاردىمۇ بار ئىدى. [21] مەخلۇقلار ماڭسا، چاقلارمۇ ماڭاتتى، مەخلۇقلار توختىسا، چاقلارمۇ توختايتتى. مەخلۇقلار يۇقىرى ئۆرلىسە، چاقلارمۇ بىرگە يۇقىرى ئۆرلەيتتى، چۈنكى مەخلۇقلارنىڭ روھى چاقلاردىمۇ بار ئىدى.

[22] مەخلۇقلارنىڭ بېشى ئۈستىدە خۇددى خرۇستالدەك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سۇپا بار ئىدى.

[23] سۇپىنىڭ ئاستىدا تۆت مەخلۇق قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرغان بولۇپ، ئىككىدىن قاناتلىرى بىر-بىرىنىڭ قاناتلىرىغا تېگىشىپ تۇراتتى، يەنە بىر جۈپ قاناتلىرى بەدەنلىرىنى يېپىپ تۇراتتى. [24] ئۇلار

ئۇچقان ۋاقتىدا، قاناتلىرىدىن دېڭىز شاۋقۇنىدەك كۈچلۈك ئاۋاز
چىقاتتى. ئۇ ئاۋاز خۇددى ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ ئاۋازىغا ياكى
بىر قوشۇندىن چىققان شاۋقۇن-سۈرەنگە ئوخشايتتى. مەخلۇقلار
توختىغاندا، قاناتلىرىنى يىغاتتى. [25] ئۇلار توختاپ قاناتلىرىنى
يىغقاندا، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى سۈپىنىڭ ئۈستىدىن جاراڭلىغان
بىر ئاۋاز كېلەتتى.

[26] ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدىكى سۈپىنىڭ ئۈستىدە كۆك
ياقۇتتىن ياسالغان تەختكە ئوخشايدىغان بىر نەرسە بار ئىدى.
تەختكە ئوخشايدىغان ئۇ نەرسىدە ئادەمگە ئوخشايدىغان بىرى
ئولتۇراتتى. [27] ئۇنىڭ بېلىنىڭ ئۈستىنىڭ ئوتتا قىزارغان مېتالدەك
يالتىرايدىغانلىقىنى، تۆت ئەتراپىدا ئوت يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.
ئۇنىڭ بېلىنىڭ ئاستى مەشئەلگە ئوخشايتتى ۋە ئەتراپى كۆزنى
قاماشتۇرىدىغان نۇر بىلەن قورشالغانىدى. [28] ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى
يامغۇردىن كېيىن بۇلۇتلار ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان ھەسەن-
ھۈسەنگە ئوخشايتتى. ئەتراپىدىكى پارلىغان نۇرنىڭ كۆرۈنۈشمۇ
شۇنداق ئىدى. بۇ نۇر پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىغا ئوخشايتتى.
مەن بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى يەرگە تاشلىدىم ۋە ئارقىدىن
بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم.

## ئەزاكىئەلنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللىنىشى

2 [1] ئۇ ئاۋاز ماڭا:
– ئەي ئادەم بالىسى، ئورنۇڭدىن تۇر، مەن ساڭا گەپ
قىلماقچىمەن، – دېدى. [2] ئۇ سۆزىنى باشلا باشلىماستىن، روھ
ۋۇجۇدۇمغا چۈشۈپ، مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى. مەن ئۇنىڭ
سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. [3] ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:
– ئەي ئادەم بالىسى، مەن سېنى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئارىسىغا،
يەنى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان خەلقنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتىمەن. ئۇلارنىڭ
ئاتا-بوۋىلىرىمۇ، ئۆزلىرىمۇ ھازىرغىچە داۋاملىق ماڭا قارشىلىق
قىلىپ كەلمەكتە. [4] بۇ خەلق جاھىل، بوينى قاتتىق خەلقتۇر، مەن
سېنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتىمەن. سەن ئۇلارغا: «ئىگىمىز
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ» دەپ جاكارلايسەن. [5] ئۇ ئاسىي خەلق

سۆزلىرىمنى مەيلى ئاڭلىسۇن ياكى ئاڭلىمىسۇن، ئۇلار ھامىنى
ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر پەيغەمبەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلىشىدۇ.
[6] ئەي ئادەم بالىسى، ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ گېپىدىن قورقما. گەرچە
ئەتراپىڭنى تىكەن ۋە ئازغانلار قاپلاپ كەتسىمۇ ۋە چايانلارنىڭ
ئارىسىدا ياشىساڭمۇ ھودۇقما، سۆزلىرىگە ئىرەن قىلما، ئەلپازلىرىغا
قاراپ ئەنسىرىمە، چۈنكى ئۇلار ئاسىي خەلقتۇر. [7] مەيلى ئۇلار
ئاڭلىسۇن ياكى ئاڭلىمىسۇن، سۆزلىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈز، چۈنكى
ئۇلار ئاسىيلاردۇر. [8] ئەي ئادەم بالىسى، سۆزلىرىمگە قۇلاق سال،
ئۇلارغا ئوخشاش ئاسىي بولما. ئاغزىڭنى ئاچ، بېرىدىغىنىمنى يە.
[9] شۇ چاغدا مەن بىر قولنىڭ ماڭا قاراپ سوزۇلۇۋاتقانلىقىنى، ئۇ
قولدا بىر ئورام يازما بارلىقىنى كۆردۈم. [10] ئۇ قول ئورام يازمىنى
ئالدىمدا ئاچتى، ئورام يازمىنىڭ ھەر ئىككىلا يۈزى ھەسرەت،
قايغۇ ۋە ماتەم سۆزلىرىگە تولغانىدى.

## 3

[1] ئۇ ماڭا:
- ئەي ئادەم بالىسى، ئالدىڭدىكى بۇ ئورام يازمىنى يە،
ئاندىن ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنى ئىسرائىل خەلقىگە سۆزلەپ بەر،
- دېدى. [2] شۇنىڭ بىلەن مەن يازمىنى يېيىش ئۈچۈن ئاغزىمنى
ئاچتىم. ئۇ يازمىنى ماڭا بەردى. [3] ئۇ ماڭا:
- ئەي ئادەم بالىسى، مەن ساڭا بەرگەن بۇ يازمىنى يە، ئۇنىڭ
بىلەن قورسىقىڭنى تويدۇر، - دېدى. مەن يازمىنى يېدىم، يازما
ھەسەلدەك تاتلىق تېتىدى.
[4] ئاندىن ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:
- ئەي ئادەم بالىسى، سەن ئىسرائىل خەلقى ئارىسىغا بار،
سۆزلىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈز. [5] مەن سېنى تىل بىلىشمەيدىغان يات
تىلدىكى خەلقنىڭ ئارىسىغا ئەمەس، بەلكى ئىسرائىل خەلقىنىڭ
ئارىسىغا ئەۋەتىمەن. [6] مەن سېنى تىل بىلىشمەيدىغان يات تىللىق
خەلقلەرنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتمىدىم. ئەگەر مەن سېنى ھەقىقەتەن
شۇنداق خەلقنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتكەن بولسام، ئۇلار چوقۇم
سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالاتتى. [7] لېكىن پۈتۈن ئىسرائىل خەلقى
بويىنى قاتتىق، جاھىل خەلقتۇر، ئۇلار سېنىڭ سۆزلىرىڭگە قۇلاق
سالمايدۇ، ھەتتا مېنىڭ سۆزلىرىمگىمۇ قۇلاق سالمايدۇ. [8] بىراق

مەن سېنى ئۇلاردىنمۇ جاھىل، بوينۇڭنى ئۇلارنىڭ بوينىدىنمۇ قاتتىق قىلىمەن. [9] مەن سېنى چاقماق تېشىدىن، ھەتتا ئەڭ قاتتىق تاشتىنمۇ قاتتىق قىلىمەن. گەرچە ئۇلار ئاسىي بولسىمۇ، ئۇلاردىن قورقما، ئۇلارنىڭ ئەلپازلىرىغا قاراپ ھولۇقما.

[10] ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

— ئەي ئادەم بالىسى، سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا، ئېسىڭدە مەھكەم تۇت. [11] سۈرگۈندىكى قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئارىسىغا بار، ئۇلار سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالسۇن ياكى سالمىسۇن، سەن ئۇلارغا: «ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ» دەپ جاكارلا.

[12] شۇ چاغدا روھ مېنى ئېگىز كۆتۈردى. پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى ئورنىدىن كۆتۈرۈلگەن دەل شۇ پەيتتە، كەينىمدىن گۈلدۈرماما دەك ھەيۋەتلىك بىر سادانىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. [13] بۇ مەخلۇقلارنىڭ قاناتلىرىنىڭ بىر-بىرىگە تېگىشىشىدىن چىققان ئاۋاز ھەمدە ئۇلارنىڭ يېنىدىكى چاقتىن چىققان گۈلدۈرلىگەن سادا ئىدى. [14] روھ مېنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. ئىچىم سىقىلىپ، ئاچچىقلاندىم. لېكىن پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى مېنى قاماللىۋالغانىدى. [15] مەن كىبار قانىلىنىڭ بويىدىكى تېلابىبتا سۈرگۈندە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كەلدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەيرانلىقتىن ھاڭۋېقىپ، يەتتە كۈن ئولتۇردۇم.

## ئەزەكىئەلنىڭ ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆزەتچىلىكىگە تەيىنلىنىشى

[16] يەتتە كۈندىن كېيىن پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[17] — ئەي ئادەم بالىسى، مەن سېنى ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆزەتچىسى قىلدىم، مەندىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇر. [18] ئەگەر مەن رەزىل كىشىگە: «سەن چوقۇم ئۆلىسەن» دېسەم، لېكىن سەن ئۇنىڭ يامان يولدىن قايتىپ ھايات قېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلمىساڭ ياكى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىساڭ، ئۇ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ھالاك بولىدۇ. مەن سەندىن ئۇنىڭ قېنى ئۈچۈن ھېساب ئالىمەن. [19] ئەگەر سەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرساڭ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ رەزىللىكلىرى ۋە يامان

يولىدىن يانمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن ھالاك بولىدۇ. لېكىن سەن ئۆزۈڭنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغان بولىسەن.

[20] ئەگەر بىر ھەققانىي ئادەم ھەق يولىدىن يېنىپ، رەزىللىك قىلسا، ئۇنى پۇتلايمەن، ئۇ چوقۇم ھالاك بولىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرمىغان بولساڭ، ئۇ ئۆز گۇناھى سەۋەبىدىن ھالاك بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان ھەققانىي ئىشلىرىمۇ ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. مەن سەندىن ئۇنىڭ قېنى ئۈچۈن ھېساب ئالىمەن. [21] ئەگەر سەن ئۇنى گۇناھ سادىر قىلماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان بولساڭ، ئۇ سېنىڭ نەسىھەتىڭنى ئاڭلاپ گۇناھتىن قول ئۈزگەن بولسا، ئۇ چوقۇم ھايات قالىدۇ، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغان بولىسەن.

[22] پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى يەنە ۋۇجۇدۇمغا چۈشتى. ئۇ ماڭا:

- ئورنۇڭدىن تۇر، تۈزلەڭلىككە بار. مەن سەن بىلەن شۇ يەردە سۆزلىشىمەن، - دېدى.

[23] مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تۈزلەڭلىككە باردىم. قارىسام، پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى شۇ يەردە توختاپتۇ. پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى كىبار قانىلى بويىدا كۆرگىنىم بىلەن ئوخشاش ئىدى. مەن دەرھال ئۆزۈمنى يەرگە تاشلىدىم. [24] بۇ چاغدا روھ ئىچىمگە كىرىپ، مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

- ئۆيۈڭگە كېتىپ، ئۆزۈڭنى ئۆيۈڭگە سولا. [25] ئەي ئادەم بالىسى، سەن ئارغامچا بىلەن باغلانغاندەك باغلىنىسەن، شۇنىڭ بىلەن سەن ئادەملەر ئارىسىغا بارالمايسەن. [26] سېنىڭ بۇ ئاسىي خەلقنى ئەيىبلىيەلمەسلىكىڭ ئۈچۈن، مەن تىلىڭنى تاڭلىيىڭغا چاپلاپ، سېنى گاچا قىلىپ قويىمەن. ئۇلار ئاسىي خەلقتۇر. [27] لېكىن مېنىڭ ئۇلارغا دەيدىغان سۆزۈم بولغاندا، تىلىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن. سەن ئۇلارغا: «ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ» دەپ جاكارلايسەن. سۆزۈڭنى خالىغانلار ئاڭلايدۇ، خالىمىغانلار ئاڭلىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاسىي بىر خەلقتۇر.

## يېرۇسالېمنىڭ قورشاۋغا ئېلىنىشىنىڭ بېشارىتى

4 [1] ـ ئەي ئادەم بالىسى، بىر دانە كېسەك ئەكېلىپ، ئۇنى
ئالدىڭغا قوي ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە يېرۇسالېم شەھىرىنى
ئويۇپ چىق. [2] ئاندىن ئويۇلغان شەھەرنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىغا
ئىشارە قىلىپ، ئەتراپىغا سېپىلغا چىقىدىغان ئىنشائاتلارنى ياسا،
توپا دۆۋىلە، بارگاھ قۇر، قوۋۇقبۇزار ئورۇنلاشتۇر. [3] قولۇڭغا بىر
تاۋا ئېلىپ، ئۇنى سەن بىلەن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆمۈر تام
سۈپىتىدە تىكلەپ قوي. ئاندىن شەھەرگە يۈزلەن، شەھەر قورشاۋغا
ئېلىنغان ھالەتتە بولسۇن، شەھەرنى سەن قورشاۋغا ئالىسەن. بۇ
ئىسرائىل خەلقىگە بېرىلگەن بىر بېشارەت بولىدۇ.
[4] ئاندىن سول يېنىڭنى بېسىپ يېتىپ، ئىسرائىل خەلقىنىڭ
گۇناھلىرىنى ئۈستۈڭگە ئال. سول يېنىڭنى بېسىپ ياتقان ھەربىر
كۈن سەن ئۈستۈڭگە ئالغان ئىسرائىللارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ يىل
سانى بولىدۇ. [5] ئۇلار قانچە يىل گۇناھ قىلغان بولسا، سەن شۇنچە
كۈن سول يېنىڭچە ياتىسەن. سەن ئىسرائىل خەلقىنىڭ گۇناھلىرى
ئۈچۈن 390 كۈن سول يېنىڭنى بېسىپ ياتىسەن. [6] ئاندىن سەن 40
كۈن ئوڭ يېنىڭنى بېسىپ يېتىپ، يەھۇدىيە خەلقىنىڭ گۇناھلىرىنى
ئۈستۈڭگە ئالىسەن. سەن يېنىڭنى بېسىپ ياتقان كۈنلەرنىڭ سانى
ئۇلارنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن يىللىرىنىڭ سانىدۇر. [7] ئاندىن قورشاۋ
ئاستىدىكى يېرۇسالېمغا يۈزلەن، يېڭىڭنى تۈرۈپ، بۇ شەھەرگە
قارشى بېشارەت بەر. [8] شەھەرنى قورشاۋغا ئېلىش مۇددىتى
توشمىغۇچە، ئوڭ، سول تەرىپىڭنى ئالماشتۇرۇۋالماسلىقىڭ
ئۈچۈن، سېنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويىمەن.
[9] نان قىلىش ئۈچۈن ئارپا، پۇرچاق، ماش، تېرىق ۋە ھەر خىل
بۇغدايلارنى كومزەككە قاچىلىۋال، بۇلارنى 390 كۈن يېنىڭچە
ياتقان ۋاقتىڭدا ئوزۇق قىلىسەن. [10-11] ھەر كۈنى بەلگىلەنگەن
ۋاقىتتا يەيدىغان نەرسەڭنىڭ مىقدارى بىر قاچا تاماق، بىر كاسا
سۇ بولىدۇ. [12] باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوتۇن ئورنىغا ئادەم تېزىكى
ئىشلىتىپ، نان پىشۇرىسەن.
[13] پەرۋەردىگار يەنە:

بۇ مەن ئىسرائىللارنى ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلغاندا، ئۇلارنىڭ هارام يېمەكلىكلەرنى يەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ـ دېدى. [14] مەن:
ـ ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمنى بۇلغاپ باقمىدىم! مەن بالا ۋاقتىمدىن تاكى هازىرغىچە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ياكى يىرتقۇچ هايۋانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن هايۋانلارنىڭ گۆشىنى ۋە باشقا هارام گۆشلەرنى ئاغزىمغا ئېلىپ باقمىدىم، ـ دېدىم. [15] ئۇ ماڭا:
ـ بولىدۇ، ئادەم تېزىكى ئورنىغا كالا تېزىكى ئىشلىتىشىڭگە رۇخسەت قىلاي، ـ دېدى. [16] ئۇ يەنە:
ـ ئەي ئادەم بالىسى، مەن يېرۇسالېمنىڭ ئاشلىق مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن. ئۇلار نورمىلىق يېمەكلىكلىرى ۋە سۇلىرىنى تەشۋىش ۋە قورقۇنچ بىلەن يەپ-ئىچىشىدۇ. [17] ئۇلارنىڭ ئاشلىقى ۋە سۈيى كەمچىل بولىدۇ. ئۇلار ۋەھىمە ئىچىدە بىر-بىرىگە قارىشىدۇ، ئاخىرى گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ماغدۇرسىزلىنىپ هالاك بولۇشىدۇ، ـ دېدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئۇستىرىسى

5 [1] ـ ئەي ئادەم بالىسى، بېرىپ بىر دانە ئۆتكۈر خەنجەر ئەكەل، ئۇنى ئۇستىرا ئورنىدا ئىشلىتىپ، چاچ ۋە ساقاللىرىڭنى چۈشۈر. ئاندىن چۈشۈرۈلگەن چاچ-ساقاللىرىڭنى تارازىدا تارتىپ، ئۈچكە بۆل. [2] شەھەرنى قورشاش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، چېچىڭنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى كېسەككە ئويۇلغان شەھەردە كۆيدۈر. ئىككىنچى ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئويۇلغان شەھەرنىڭ سىرتىدا خەنجەر بىلەن توغرا. ئۈچىنچى ئۈچتىن بىر قىسمىنى شامالدا ئۇچۇرۇۋەت. چۈنكى مەن قىلىچىمنى سۇغۇرۇپ، خەلقىمنى كەينىدىن قوغلايمەن. [3] لېكىن ئۈچىنچى قىسمىدىن بىرئاز قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىرقانچە تېلىنى چاپىنىڭنىڭ پېشىگە تۈگۈۋال. [4] قالغانلىرىنى ئوتتا كۆيدۈر. ئوت مۇشۇ يەردىن باشلىنىپ، پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە تۇتىشىدۇ.
[5] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «مانا بۇ يېرۇسالېمنىڭ تەقدىرىدۇر! مەن يېرۇسالېمنى باشقا ئەللەرنىڭ

ئوتتۇرىسىغا قويغانىدىم، ئەتراپىدا باشقا ئەللەر بار ئىدى. 6 لېكىن يېرۇسالېم رەزىللىك قىلىپ، قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىمگە قوشنا ئەللەردىن بەكرەك خىلاپلىق قىلدى. ئۇ مېنىڭ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلىشنى رەت قىلدى. 7 شۇڭا مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار يېرۇسالېمغا شۇنداق دەيمەنكى، سەن ئەتراپىڭدىكى باشقا ئەللەرگە قارىغاندا بەكرەك ئىتائەتسىزدۇرسەن. سەن مېنىڭ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىمگە رىئايە قىلمىدىڭ، قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىمگە رىئايە قىلىشتا قوشنا ئەللەرگىمۇ يەتمىدىڭ. 8 ئەي يېرۇسالېم، مەن ساڭا قارشى تۇرىمەن، سېنى باشقا ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا جازالايمەن. 9 يىرگىنچلىك بۇتلىرىڭنىڭ سەۋەبىدىن بۇرۇنمۇ بولۇپ باقمىغان ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدىغان جازا بىلەن جازالايمەن. 10 ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىلىرىنى، بالىلار ئۆز ئاتا-ئانىلىرىنى يەيدۇ. مەن سېنى جازالايمەن. بارلىق ھايات قالغانلارنى ھەر يەرگە چېچىۋېتىمەن.

11 مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن يىرگىنچلىك بۇت ۋە رەزىل قىلمىشلىرىڭ بىلەن مېنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانامنى بۇلغىغانلىقىڭ ئۈچۈن، مەن سېنى ئاياپ قويمايمەن، ساڭا شاپائەت قىلمايمەن ھەم ئىچ ئاغرىتمايمەن. 12 سەندىكى خەلقنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ۋابا ۋە ئاچارچىلىقتا ئۆلتۈرىمەن، ئىككىنچى ئۈچتىن بىر قىسمىنى شەھەر سىرتىدا قىلىچ ئاستىدا ھالاك قىلىمەن، قالغان ئۈچتىن بىر قىسمىنى ھەر يەرگە چېچىۋېتىمەن ھەم قىلىچىمنى كۆتۈرۈپ ئارقىسىدىن قوغلايمەن. 13 شۇندىلا ساڭا بولغان غەزىپىم بېسىلىپ، ئاچچىقىم ياندۇ ۋە ئۆزۈمنى راھەت ھېس قىلىمەن. غەزىپىم ئۈستۈڭگە چۈشكەن ۋاقىتتا، مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن دېيىلگەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن.

14 ئەتراپىڭدىكى خەلقلەر ۋە يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر كۆز ئالدىدىكى خارابىلىكنى كۆرۈپ، سېنى مازاق قىلىشىدۇ. 15 مەن غەزەپ بىلەن ئۈستۈڭدىن ھۆكۈم چىقىرىپ، سېنى ئاچچىقىم بىلەن قاتتىق جازالىغان ۋاقتىمدا، قوشنا ئەللەر تەرىپىدىن خورلۇق

ۋە مەسخىرىگە قالىسەن. قوشنا ئەللەر سېنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ. مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن، بۇ مېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمدۇر. [16] مەن ساڭا ئاچارچىلىقنىڭ ۋەيران قىلغۇچى زەھەرلىك ئوقىنى ئېتىپ، سېنى يوقىتىمەن. ئاچارچىلىق بارغانچە ئېغىرلىشىدۇ، يېمەك-ئىچمەك مەنبەسى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. [17] ئاچارچىلىق ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ساڭا ھۇجۇم قىلىمەن، سەندىكى خەلقىڭنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھالاك قىلىمەن. ۋابا ۋە تۆكۈلگەن قان سېنى ھالاك قىلىدۇ. بېشىڭدىمۇ قىلىچ ئوينىتىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## بۇتپەرەسلەرنىڭ جازالىنىشى

6 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[2] – ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا قارشى ۋەھىيىمنى يەتكۈز [3] ۋە ئۇلارغا مۇنداق دەپ ئېيت: «ئەي ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرى، ئىگىمىز پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار. ئەي تاغلار، ئېدىرلار، جىرالار ۋە جىلغىلار، پەرۋەردىگار سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن سىلەرگە قارشى قىلىچ ئەۋەتىمەن. سىلەردىكى غەيرىي سەجدىگاھلارنى ۋەيران قىلىمەن. [4] قۇربانلىق سۇپىلىرىنى بۇزۇۋېتىمەن، ئىسرىقدانلارنى چېقىۋېتىمەن! مەن سىلەردە ياشايدىغان خەلقنى بۇتلىرى ئالدىدا ھالاك قىلىمەن. [5] ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى بۇتلىرىنىڭ ئالدىدا قالىدۇ، سۆڭەكلىرىنى قۇربانلىق سۇپىلىرىنىڭ ئەتراپىغا چېچىۋېتىمەن. [6] خەلقىم ياشايدىغان شەھەرلەر ۋە غەيرىي سەجدىگاھلار خارابىلىككە ئايلىنىدۇ، قۇربانلىق سۇپىلىرى چۇۋۇۋېتىلىدۇ، بۇتلىرى بۇزۇۋېتىلىدۇ ۋە ئىسرىقدانلىرى چېقىپ تاشلىنىدۇ، يەنى خەلقىم ياسىغان ھەممە نەرسە ۋەيران قىلىنىدۇ. [7] ھەممە يەرنى ئۆلۈك قاپلايدۇ. شۇندىلا خەلقىم مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ.
[8] لېكىن مەن خەلقىمنىڭ بىر قىسمىنى ھايات قالدۇرىمەن. ئۇلار قىلىچتىن ئامان قېلىپ، يات ئەللەردە ناتونۇش خەلقلەر ئارىسىدا ياشايدۇ. [9] ئۇلار باشقا ئەللەردە سۈرگۈندە يۈرگەن مەزگىللىرىدە،

كۆڭلۈمگە قانچىلىك ئازار بېرىشكەنلىكلىرىنى ئەسلىشىدۇ،
چۈنكى ئۇلار ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلىپ ۋە مەندىن يۈز ئۆرۈپ،
ئۈمىدلىرىنى بۇتلارغا باغلىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىرگىنچلىك
قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن ئۆزلىرىدىن يىرگىنىدۇ. [10] شۇندىلا ئۇلار
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ. مېنىڭ ئۇلارغا ئاپەت
چۈشۈرىمەن دېگىنىم ھەرگىز قۇرۇق گەپ ئەمەستۇر.››»
[11] ئەي ئەزەكىيال، مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار ساڭا مۇنداق
دەيمەن: «سەن مەيدەڭنى ئۇرۇپ، يەرنى تېپىپ تۇرۇپ: ‹ئىسست،
ئىسست!› دەپ ۋارقىرا. ئۇلار قىلغان بارلىق رەزىل ۋە يىرگىنچلىك
قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن قىلىچتا، ئاچارچىلىق ۋە ۋابادا ئۆلىدۇ.
[12] يىراقتىكىلىرى ۋابادا، يېقىندىكىلىرى قىلىچتا، قالغانلىرى
ئاچارچىلىقتا ئۆلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قەھرىمنى چاچىمەن.
[13] ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرى ۋە قۇربانلىق سۇپىلىرى
ئەتراپىدا، ئېگىزلىكلەردە، تاغ چوققىلىرىدا، پىستە دەرەخلىرىنىڭ
ۋە باشقا بوك-باراقسان دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا، شۇنداقلا بۇتلىرىغا
خۇش پۇراقلىق قۇربانلىقلار سۇنغان ھەر يەردە قالىدۇ. شۇ چاغدا
ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ. [14] مەن ئۇلارنى
جازالاش ئۈچۈن قول كۆتۈرىمەن. ئۇلار ياشاۋاتقان ھەممە يەرلەرنى،
يەنى جەنۇبتىكى چۆللۈكتىن تاكى شىمالدىكى رىبلاھ شەھىرىگىچە
بولغان يەرلەرنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەن. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.»

## ئىسرائىلىيەنىڭ تۈگىشىدىغان كۈنى

7 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[2] ــ ئەي ئادەم بالىسى، مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار ئىسرائىل
زېمىنىغا مۇنداق دەيمەن: «تۈگىشىدىغان ۋاقىت-سائىتىڭ كەلدى،
پۈتۈن ئىسرائىل زېمىنىنىڭ تۈگىشىدىغان ۋاقىت-سائىتى كەلدى!
[3] ئەي ئىسرائىل زېمىنى، تۈگىشىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، ساڭا غەزەپ
قىلىمەن. مەن تۇتقان يولۇڭ ئۈچۈن ئۈستۈڭدىن ھۆكۈم چىقىرىمەن،
سېنىڭ يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭ ئۈچۈن سېنى جازالايمەن. [4] مەن
سېنى ئاياپ قويمايمەن، ساڭا ئىچ ئاغرىتمايمەن، سېنى تۇتقان

يولۇڭ ۋە يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭ ئۈچۈن جازالايمەن. شۇنداقلا سەن مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن.»

[5] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيمەن: «قارا، ئاپەت كەلمەكتە، ئاپەتلەر كەينى-كەينىدىن كەلمەكتە. [6] تۈگىشىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، سېنىڭ تۈگىشىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى! ئۇ ئويغاندى، مانا، بالايىئاپەت كەلدى! [7] ئەي ئىسرائىل زېمىنىدا ياشاۋاتقانلار، ھالاك بولىسىلەر! ۋاقتىڭلار توشتى، كۈنۈڭلار تۈگىدى، ئەمدى تاغلاردا خۇشاللىق ئورنىغا داد-پەرياد چۇقانلىرى ئاڭلىنىدۇ. [8] سىلەرگە ئەمدى غەزىپىمنى ياغدۇرۇپ، ئاچچىقىمنى چىقىرىمەن. سىلەرنى گۇناھىڭلار سەۋەبلىك سوراققا تارتىمەن ۋە يىرگىنچلىك قىلمىشىڭلار ئۈچۈن جازالايمەن. [9] ئەمدى مەن سىلەرنى ئاياپ قويمايمەن، ئىچ ئاغرىتمايمەن. سىلەر تۇتقان يولۇڭلار ۋە يىرگىنچلىك قىلمىشىڭلار ئۈچۈن جازالىنىسىلەر. شۇنداقلا سىلەر، سىلەرنى جازالىغۇچىنىڭ مەن پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر.

[10] قاراڭلار، ئاپەت كۈنى كەلدى، سىلەرنىڭ تۈگىشىدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى! زوراۋانلىق ۋە مەغرۇرلۇق چېچەكلىمەكتە. [11] زوراۋانلىق رەزىللەرنى ساۋايدىغان بىر تاياققا ئايلاندى. ئىسرائىللاردىن بىرسىمۇ ئامان قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ بايلىقى ۋە شان-شەرىپىمۇ يوقىلىدۇ. [12] ئۇلارنىڭ ۋاقىت-سائىتى توشتى، ئاپەت كۈنى كەلدى. سېتىۋالغۇچىلار خۇشال بولمىسۇن، ساتقۇچىلارمۇ ئۆكۈنمىسۇن، چۈنكى مېنىڭ غەزىپىم پۈتۈن خەلقىمنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. [13] ئۆز يەرلىرىنى ساتقۇچىلار ھايات قالسىمۇ، لېكىن ساتقان يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالالمايدۇ. چۈنكى پۈتۈن خەلق ھەققىدە بېرىلگەن بۇ بېشارەت چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇلار گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئۆز ھاياتلىرىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. [14] گەرچە ئۇلار بۇرغا چېلىپ، ئۇرۇشقا تەييار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم جەڭگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ غەزىپىم ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدۇ.

[15] شەھەر سىرتىدا ئۇرۇش، شەھەر ئىچىدە ۋابا ۋە ئاچارچىلىق بولىدۇ. شەھەر سىرتىدىكىلەر قىلىچتا، شەھەر ئىچىدىكىلەر ئاچارچىلىق ۋە ۋابادا ئۆلىدۇ. [16] ھايات قېلىپ، تاغقا قېچىپ

چىقىۋالغانلار ئازابتىن خۇددى كەپتەردەك بۇقۇلدايدۇ، گۇناھلىرى
سەۋەبىدىن زارلايدۇ. 17 ئۇلارنىڭ قوللىرىنىڭ مادارى قالمايدۇ،
قورققانلىقلىرىدىن تىقىملىرىغا سىيىۋېتىشىدۇ. 18 ئۇلار ماتەملىك
كىيىم كىيىپ، لاغىلداپ تىترەيدۇ، نومۇس تۇيغۇسى يۈزىنى
قاپلايدۇ، ھازا تۇتۇشۇپ، چاچلىرىنى چۈشۈرۈشىدۇ. 19 كۈمۈشلەر
كوچىلارغا تاشلىۋېتىلىدۇ، ئالتۇنلار ناپاك دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى
پەرۋەردىگار غەزىپىنى ياغدۇرغان كۈنى ئالتۇن-كۈمۈشلەر ئۇلارنى
قۇتقۇزالمايدۇ، قورسىقىنى تويدۇرالمايدۇ، نەپسىنى قاندۇرالمايدۇ.
ئالتۇن-كۈمۈشلەر ئۇلارنى گۇناھقا پاتۇردى. 20 ئۇلار گۈزەل بېزەك
بۇيۇملىرىدىن مەغرۇرلىنىپ، ئۇلاردىن يىرگىنچلىك بۇتلارنى
ياساشقاندى. شۇڭا مەن بۇ نەرسىلەرنى ئۇلار ئۈچۈن ناپاك
نەرسىگە ئايلاندۇرىمەن. 21 مەن بۇ نەرسىلەرنى يات خەلقلەرنىڭ
غەنىيمىتىگە، رەزىللەرنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندۇرىمەن. ئۇلار
ئىسرائىللارنىڭ بۇ مال-مۈلكىنى ناپاك قىلىدۇ. 22 مەن خەلقىمدىن
يۈز ئۆرۈيمەن. شۇنىڭ بىلەن يات خەلقلەر مېنىڭ قەدىرلىك
يېرىمگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىدۇ ۋە قاراقچىلار ئۇنىڭغا باستۇرۇپ
كىرىپ، ئۇنى بۇلغايدۇ.
23 خەلقىمگە زەنجىرلەر تەييارلانسۇن. بۇ زېمىن قاتىللىققا
تولدى، شەھەرنى زوراۋانلىق قاپلىدى. 24 مەن ئەڭ رەزىل يات
خەلقلەرنى باشلاپ كېلىمەن. ئۇلار خەلقىمنىڭ تۇرالغۇلىرىنى
ئىگىلەيدۇ. مەن چوقۇم ئىسرائىل ھوقۇقدارلىرىنىڭ مەغرۇرلۇقىنى
سۇندۇرىمەن. ئىسرائىللارنىڭ سەجدىگاھلىرى دەپسەندە بولىدۇ.
25 ۋەھىمىلىك كۈن كېلىدۇ، خەلقىم ئامانلىق ئىستەيدۇ، لېكىن
ئامانلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. 26 ئاپەت ئارقا-ئارقىدىن كېلىدۇ،
شۇم خەۋەر ئۈزلۈكسىز تارقىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى
ئىزدىشى بىھۇدىدۇر. ئۇلار روھانىيلاردىن تەلىم، ئاقساقاللاردىن
مەسلىھەت ئالالمايدۇ. 27 پادىشاھ ماتەم تۇتىدۇ، يېتەكچىلىرى
ئۈمىدسىزلىنىدۇ، پۇقرالارنىڭ قوللىرى تىترەيدۇ. مەن ئۇلارنى
قىلمىشلىرىغا لايىق جازالايمەن. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن
قانداق ھۆكۈم چىقارغان بولسا، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن

شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىمەن. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.»

## ئىبادەتخانىدىكى بۇتپەرەسلىك

8 [1] سۈرگۈندىكى ۋاقتىمىزنىڭ 6-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى①، مەن ئۆيۈمدە يەھۇدىيەلىك ئاقساقاللار بىلەن ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز ۋۇجۇدۇمغا ئىگەم پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى چۈشتى. [2] قارىسام، ئالدىمدا تۇرقى ئادەمگە ئوخشايدىغان بىر شەكىل تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بېلىنىڭ ئاستى تەرىپى ئوتقا، ئۈستى تەرىپى ئوتتا قىزارغان مېتالغا ئوخشايتتى. [3] ئۇ چېچىمدىن تۇتتى. چېچىمدىن تۇتقىنى ئادەمنىڭ قولىغا ئوخشايتتى. ئاندىن روھ مېنى غايىبانە ئالامەتنىڭ ئىچىدە كۆتۈرۈپ، يەر بىلەن ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ ماڭدى ۋە مېنى يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى ھويلىسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە بىر بۇت بولۇپ، ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ قەھر-غەزىپىنى قوزغايتتى. [4] مەن ئۇ يەردە تۇيۇقسىز ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ پارلاق نۇرىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ نۇر مەن تۈزلەڭلىكتە كۆرگەن نۇر بىلەن ئوخشاش ئىدى. [5] ئۇ ماڭا:

– ئەي ئادەم بالىسى، شىمالغا قارا، – دېدى.

مەن شىمالغا قارىدىم، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان بۇتنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەرۋازىنىڭ شىمالىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. [6] ئۇ ماڭا يەنە:

– ئەي ئادەم بالىسى، سەن ئىسرائىللارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇلار بۇ يەردە ئاشۇنداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلىپ، مېنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانامدىن يىراقلىشىشىمغا سەۋەب بولدى. سەن يەنە تېخىمۇ يىرگىنچلىك بولغان ئىشلارنى كۆرىسەن، – دېدى.

[7] ئۇ مېنى ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئاپاردى، ھويلا تېمىدا بىر كامارنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. [8] ئۇ ماڭا:

① 8: 1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 592-يىلى 9-ئاينىڭ 17-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

– ئەي ئادەم بالىسى، سەن بۇ ھويلا تېمنى تەش، – دېدى. مەن تامنى تەشكەندىن كېيىن، بىر ئىشكنى بايقىدىم. [9] ئۇ ماڭا:
– سەن مۇشۇ ئىشكتىن كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە قانداق رەزىل ۋە يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆر، – دېدى.
[10] مەن كىرىپ كۆردۈمكى، ئەتراپتىكى تاملارنىڭ ھەممىسىگە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار ۋە باشقا يىرگىنچلىك ھايۋانلار بىلەن ئىسرائىللار چوقۇنىدىغان بۇتلارنىڭ شەكىللىرى ئويۇلۇپتۇ. [11] بۇتلارنىڭ ئالدىدا ئىسرائىللارنىڭ يەتمىش نەپەر ئاقساقىلى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شافاننىڭ ئوغلى يائازانىيامۇ بار ئىدى. ئۇلار قوللىرىغا ئىسرىقدان ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن خۇشبۇي ئىس ئۆرلەپ تۇراتتى.
[12] ئۇ يەنە ماڭا مۇنداق دېدى:
– ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىل ئاقساقاللىرىنىڭ بۇتلىرى بىلەن يوشۇرۇنچە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇلار: «بىزنى پەرۋەردىگار كۆرمەيدۇ، پەرۋەردىگار زېمىنىمىزدىن ئاللىقاچان ۋاز كەچتى» دەپ ئويلايدۇ. [13] ئۇ يەنە:
– ئۇلارنىڭ تېخى بۇنىڭدىنمۇ يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى كۆرىسەن، – دېدى.
[14] ئۇ مېنى ئىبادەتخانىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا ئەكەلدى. ئۇ يەردە بىر قىسىم ئاياللارنىڭ تاممۇز① ئىلاھىغا ھازا تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. [15] ئۇ ماڭا:
– ئەي ئادەم بالىسى، كۆردۈڭمۇ؟ سەن بۇنىڭدىنمۇ يىرگىنچلىك ئىشلارنى كۆرىسەن، – دېدى.
[16] ئاندىن ئۇ مېنى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسىغا باشلاپ كىردى. ئىبادەتخانا ئالدىدا، يەنى تاشقىرىقى خانا بىلەن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئارىلىقىدا تەخمىنەن 25 ئادەم پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كەينىنى قىلىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە يۈزلىنىپ، قۇياشقا سەجدە قىلىۋاتاتتى. [17] ئۇ يەنە ماڭا:

---

① 8: 14 تاممۇز ئىلاھى بابىللىقلارنىڭ ئۆسۈملۈك ئىلاھى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەر يىلى كۈز كېلىپ، تاممۇز ئىلاھى ئۆلگەندە، ئۆسۈملۈكلەرمۇ قۇرۇپ قالارمىش.

— ئەي ئادەم بالىسى، كۆردۈڭمۇ؟ يەھۇدىيە خەلقىنىڭ بۇ يىرگىنچلىك ئىشلىرى كىچىك ئىشمۇ؟ ئۇلار پۈتۈن زېمىندا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، غەزىپىمنى تېخىمۇ قوزغىدى. ئۇلار مېنى مەنسىتمەي، قوللىرىدا شاخ تۇتۇپ، بۇتقا چوقۇندى.[18] شۇڭا مەن ئۇلارغا غەزەپ قىلىمەن، ئۇلارنى ئاياپ ئولتۇرمايمەن، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتمايمەن، ئۇلار قاتتىق نالە قىلىسىمۇ، ئەمدى پەرۋا قىلمايمەن، — دېدى.

## بۇتپەرەسلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

9 [1] مەن پەرۋەردىگارنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ: «ئەي بۇ شەھەرنى جازالىغۇچىلار، قوراللىرىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. [2] ئاندىن شىمالدىكى «يۇقىرى دەرۋازا»دىن ئالتە ئادەمنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆردۈم، قوللىرىدا ئەجەللىك قورال بار ئىدى. ئارىسىدىكى بىرسى زىغىر رەختتىن كىيىم كىيىپ، يېنىغا كاتىپلىق قوراللىرى ئېسىۋالغانىدى. ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسىدىكى تۇچ بىلەن قاپلانغان قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇشتى. [3] شۇ ئەسنادا ئالتۇندىن ياسالغان ئىككى كېرۇبنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ پارلاق نۇرى ئىبادەتخانىدىكى جايىدىن كۆتۈرۈلۈپ، بوسۇغىغا كەلدى. پەرۋەردىگار زىغىر رەختتىن كىيىم كىيىپ، يېنىغا كاتىپلىق قوراللىرى ئېسىۋالغان ئادەمنى چاقىرىپ، [4] ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن بېرىپ، يېرۇسالېمنى ئايلىنىپ، شەھەردە بولۇۋاتقان يىرگىنچلىك ئىشلارغا ئېچىنىپ، پەرياد قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ پېشانىسىگە بەلگە سېلىپ قوي.» [5] ئاندىن مەن پەرۋەردىگارنىڭ باشقىلارغا: «سىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بېرىڭلار، شەھەردىكى كىشىلەرنى قىرغىن قىلىڭلار، ھېچكىمنى ئاياپ قويماڭلار، ھېچكىمگە رەھىم قىلماڭلار. [6] ئەر-ئايال، قېرى-ياش، ئانا-بالا بولسۇن ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. لېكىن بەلگىسى بار كىشىلەرگە تەگمەڭلار. قىرغىننى ئىبادەتخانامدىن باشلاڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىرغىننى ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئاقساقاللارنى ئۆلتۈرۈشتىن باشلىدى. [7] پەرۋەردىگار

يەنە ئۇلارغا: «ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىلىرىنى ئۆلۈكلەرگە تولدۇرۇپ، ئىبادەتخانىنى بۇلغاڭلار، ھازىرلا باشلاڭلار!» دېدى.

[8] ئۇلار شەھەرگە بېرىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى باشلىدى. پەقەت مەنلا قالدىم. مەن ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ، نىدا قىلدىم:

- ئېھ ئىگەم پەرۋەردىگار، يېرۇسالېمغا غەزەپ قىلغىنىڭدا، ئىسرائىلىيەدە قېلىپ قالغان بارلىق ئىسرائىللارنىمۇ ھالاك قىلماقچىمۇ؟

[9] ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

- ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە خەلقىنىڭ گۇناھلىرى چېكىگە يەتتى. پۈتۈن زېمىن قانغا بويالدى ۋە يېرۇسالېممۇ ئادالەتسىزلىككە تولدى. ئۇلار: «پەرۋەردىگار بۇ زېمىندىن ۋاز كەچتى، بىزنى كۆرمەيدۇ» دېيىشىدۇ. [10] شۇڭا ھېچكىمنى ئاياپ قويمايمەن، ھېچكىمگە رەھىم قىلمايمەن. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا جازاسىنى بېرىمەن.

[11] ھېلىقى زىغىر رەختتىن كىيىم كىيىپ، يېنىغا كاتىپلىق قوراللىرى ئېسىۋالغان ئادەم قايتىپ كېلىپ، پەرۋەردىگارغا:

- مەن ئەمرىنى بەجا كەلتۈردۈم، - دېدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىنىڭ ئىبادەتخانىدىن ئايرىلىشى

10 [1] غايىبانە ئالامەتتە مەن كېرۇبلارنىڭ بېشى ئۈستىدىكى سۈپىدا كۆك ياقۇتتىن ياسالغان تەختكە ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى كۆردۈم. [2] پەرۋەردىگار ھېلىقى زىغىر رەختتىن تىكىلگەن كىيىم كىيگەن ئادەمگە:

- سەن كېرۇبلارنىڭ ئاستىدا ئايلىنىۋاتقان چاقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، ئالقىنىڭنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوغ بىلەن تولدۇرۇپ، ئاندىن چوغلارنى شەھەرگە چاچقىن، - دېدى. مەن ئۇنىڭ كىرىشىنى كۆزىتىپ تۇردۇم.

[3] ئۇ كىرگەن ۋاقىتتا، كېرۇبلار ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، ئىچكىرىكى ھويلا بۇلۇتقا تولغانىدى. [4] بۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى ئىبادەتخانا ئىچىدىكى ئالتۇندىن ياسالغان ئىككى كېرۇبنىڭ ئۈستىدىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، بوسۇغىغا

كەلدى. ئىبادەتخانا بۇلۇتقا، ئىچكىرىكى هويلا پەرۋەردىگارنىڭ
پارلاق نۇرىنىڭ يورۇقلۇقىغا تولدى. 5 هېلىقى تۆت دانە كېرۇبنىڭ
قاناتلىرىنى قاققان ۋاقتىدا چىققان ئاۋازى ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ
سۆزلىگەن ۋاقتىدىكى ئاۋازىغا ئوخشايتتى. بۇ ئاۋازنى تاشقىرىقى
هويلىدىنمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى.
6 پەرۋەردىگار زىغىر رەختتىن كىيىم كىيگەن ئادەمگە: «سەن
كېرۇبلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، چاقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئوت
ئالغىن» دەپ ئەمر قىلدى، ئۇ ئادەم كىرىپ، بىر چاقنىڭ يېنىدا
تۇردى. 7 بىر كېرۇب قولىنى كېرۇبلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوتقا سوزۇپ
ئوت ئېلىپ، زىغىر رەختتىن كىيىم كىيگەن ئادەمنىڭ ئالقىنىغا
قويدى. ئۇ ئادەم ئوتنى ئېلىپ، چىقىپ كەتتى. 8 كېرۇبلارنىڭ
قانىتىنىڭ ئاستىدا قول باردەك قىلاتتى.
9 قارىسام، تۆت نەپەر كېرۇبنىڭ يانلىرىدا بىردىن چاق تۇرۇپتۇ.
چاقلار سېرىق ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. 10 ھەممە چاق
ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ھەربىر چاقنىڭ ئىچىدە يەنە بىردىن چاق
بار ئىدى. 11 كېرۇبلار تۆت تەرەپكە بۇرۇلمايلا ماڭالايتتى. باشتىكى
چاق قاياققا ھەرىكەت قىلسا، قالغانلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، شۇ
ياققا ھەرىكەت قىلاتتى، بۇرۇلمايتتى. 12 كېرۇبلارنىڭ بەدىنىنى،
يەنى دۈمبىلىرى، قوللىرى ۋە قاناتلىرىنى كۆز قاپلىغانىدى، تۆت
چاقلارمۇ شۇنداق ئىدى. 13 مەن چاقلارنىڭ «ئايلىنىۋاتقان چاقلار»
دەپ ئاتالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. 14 ھەربىر كېرۇبنىڭ تۆتتىن يۈزى
بار ئىدى. بىرىنچىسى ئۆزىنىڭ ئەسلى يۈزى ئىدى، ئىككىنچىسى
ئادەمنىڭ يۈزىگە، ئۈچىنچىسى شىرنىڭ يۈزىگە، تۆتىنچىسى
بۈركۈتنىڭ يۈزىگە ئوخشايتتى.
15 كېيىن بۇ كېرۇبلار يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار دەل مەن كىبار
قانىلى بويىدا كۆرگەن مەخلۇقلار ئىدى. 16 كېرۇبلار ھەرىكەت قىلسا،
يېنىدىكى چاقلارمۇ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلاتتى. كېرۇبلار قاناتلىرىنى
قېقىپ كۆتۈرۈلگەندە، چاقلارمۇ ئۇلاردىن ئايرىلمايتتى. 17 كېرۇبلار
توختىسا، چاقلارمۇ توختايتتى. كېرۇبلار يۇقىرىغا كۆتۈرۈلسە،
چاقلارمۇ بىرلىكتە كۆتۈرۈلەتتى. چۈنكى بۇ مەخلۇقلارنىڭ روھى
چاقلاردا ئىدى.

[18] ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى ئىبادەتخانىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئايرىلىپ، كېرۇبلارنىڭ ئۈستى تەرىپىدە توختىدى. [19] مەن كېرۇبلارنىڭ قانىتىنى قېقىپ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، چاقلارنىڭمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇلار ئىبادەتخانا ھويلىسىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدا توختىدى. ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ پارلاق نۇرى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئىدى.

[20] بۇ مەخلۇقلارنى مەن كىبار قانىلى بويىدا ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ ئاستىدا كۆرگەنىدىم. ئەمدى چۈشىنىپ يەتتىمكى، ئۇلار ئاشۇ كېرۇبلار ئىكەن. [21] ھەربىر كېرۇبنىڭ تۆتتىن يۈزى، تۆتتىن قانىتى، قاناتلىرىنىڭ ئاستىدا بىردىن ئادەمنىڭكىدەك قولى بار ئىدى. [22] ئۇلارنىڭ يۈزلىرى مەن كىبار قانىلى بويىدا كۆرگەن مەخلۇقلارنىڭ يۈزلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلار ئالدىغا قاراپ ئۇدۇللا ماڭاتتى.

## يېرۇسالېمدىكى يامان مەسلىھەتچىلەرنىڭ جازالىنىشى

11 [1] شۇ چاغدا روھ مېنى كۆتۈرۈپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانا ھويلىسىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا ئېلىپ باردى. مەن ئۇ يەردە 25 ئادەمنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خەلقنىڭ يېتەكچىلىرىدىن ئازۇرنىڭ ئوغلى يائازانيا ۋە بىنايانىڭ ئوغلى پىلاتىيامۇ بار ئىدى. [2] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

— ئەي ئادەم بالىسى، بۇ ئادەملەرنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى كۆپتۇر، ئۇلار شەھەردىكىلەرگە يامان مەسلىھەت بېرىشىدۇ. [3] ئۇلار: «ئۆي سېلىشنىڭ ياخشى پەيتى كەلدى. بىزنىڭ شەھەر خۇددى قازاندەك مۇكەممەلدۇر، بىز بۇ قازاندىكى گۆشتەك بىخەتەردۇرمىز» دېيىشىدۇ. [4] شۇڭا ئەي ئادەم بالىسى، ۋەھىيمنى يەتكۈز، ئۇلارغا قارشى ۋەھىيمنى يەتكۈز.

[5] شۇ ئان پەرۋەردىگارنىڭ روھى ۋۇجۇدۇمغا چۈشتى ۋە ئىسرائىللارغا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى دېيىشمنى ئەمر قىلدى: «مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، ئەي ئىسرائىللار، ئاغزىڭلاردا ئۇنداق دېگىنىڭلار بىلەن كۆڭلۈڭلاردا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىڭلارنى بىلىمەن. [6] سىلەر

بۇ شەھەردە نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈردۈڭلار، كوچىلار جەسەت بىلەن تولدى.

[7] شۇڭا مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار دەيمەنكى، بۇ شەھەر ھەقىقەتەن قازانغا ئوخشايدۇ. لېكىن گۆش سىلەر ئەمەس، بەلكى سىلەر ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىدۇر. مەن سىلەرنى بۇ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىمەن. [8] سىلەر قىلىچتىن قورقىسىلەر، شۇڭا مەن قىلىچنى سىلەرگە تەڭلەيمەن. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. [9] سىلەرنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، ياتلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. مەن سىلەرنى جازالايمەن. [10] سىلەر قىلىچ ئاستىدا ئۆلىسىلەر. مەن سىلەرنى ئىسرائىلىيە چېگراسى ئىچىدە جازالايمەن. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. [11] بۇ شەھەر سىلەرنى قوغدايدىغان قازان ئەمەستۇر ھەم سىلەرمۇ ئىچىدىكى گۆش ئەمەستۇرسىلەر. مەن سىلەرنى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ چېگراسى ئىچىدە جازالايمەن. [12] شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. چۈنكى سىلەر مېنىڭ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلماستىن، ئەكسىچە ئەتراپىڭلاردىكى قوشنا ئەللەرنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئەگەشتىڭلار.»

[13] مەن مۇشۇ ۋەھىينى يەتكۈزۈۋاتقىنىمدا، بىنايانىڭ ئوغلى پىلاتيا ئۆلدى. مەن ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ:

– ئېھ ئىگەم پەرۋەردىگار، سەن ھايات قالغان ئاشۇ ئازغىنا ئىسرائىللارنىمۇ يوقاتماقچىمۇسەن؟ – دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا نالە قىلدىم.

## سۈرگۈنلەرنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدە

[14] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[15] – ئەي ئادەم بالىسى، يېرۇسالېمدا قالغان كىشىلەر سېنىڭ تۇغقانلىرىڭ ۋە سۈرگۈن قىلىنغان بارلىق ئىسرائىللار ھەققىدە مۇنداق دېيىشىدۇ: «ئۇلار پەرۋەردىگاردىن يىراق بىر ماكاندىدۇر، شۇڭا پەرۋەردىگار بۇ زېمىننى بىزگە مۈلۈك قىلىپ بەردى.»

[16] شۇڭا سەن سۈرگۈن قىلىنغانلارغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق

دەيدۇ، دەپ ئېيت: «گەرچە مەن سىلەرنى يىراقتىكى يات ئەللەرگە تارقىتىۋەتكەن بولساممۇ، لېكىن سىلەر سۈرگۈندىكى ۋاقىتىڭلاردا سىلەرنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈمنى سىلەرگە يار قىلدىم. [17] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيمەن: ‹مەن سىلەرنى تارقىلىپ كەتكەن ھەرقايسى ئەللەر ۋە جايلاردىن يىغىپ ئەكېلىمەن ۋە سىلەرگە ئىسرائىلىيە زېمىنىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن.›» [18] ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، زېمىندىكى يىرگىنچلىك ۋە نەپرەتلىك ھەممە بۇتلارنى يوقىتىدۇ. [19] مەن ئۇلارغا سەممىي بىر قەلب ۋە يېڭى روھ ئاتا قىلىمەن. ئۇلارنىڭ تاشتەك قاتتىق يۈرىكىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا بىر يۇمشاق يۈرەك ئاتا قىلىمەن. [20] شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قانۇنلىرىمغا رىئايە قىلىدىغان، بەلگىلىملىرىمگە بويسۇنىدىغان بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ خەلقىم، مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن. [21] لېكىن يىرگىنچلىك ۋە نەپرەتلىك بۇتلارغا قەلبىدىن ئۇرۇن بەرگەن كىشىلەرنى قىلمىشلىرىغا يارىشا جازالايمەن. بۇ مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

## خۇدانىڭ يېرۇسالېمدىن ئايرىلىشى

[22] كېرۇبلار قاناتلىرىنى قېقىپ كۆتۈرۈلدى، چاقلارمۇ تەڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ پارلاق نۇرى بار ئىدى. [23] پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى كۆتۈرۈلۈپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى شەرقىي تاغ ئۈستىدە توختىدى. [24] غايىبانە ئالامەت ئىچىدە روھ مېنى كۆتۈرۈپ، بابىلدىكى سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ باردى. شۇ ۋاقىتتا غايىبانە ئالامەت كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى. [25] پەرۋەردىگار ماڭا ئايان قىلغان ھەممە نەرسىنى سۈرگۈندىكى كىشىلەرگە ئېيتىپ بەردىم.

## سۈرگۈن بولۇش ھەققىدىكى تەمسىل

12 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[2] – ئەي ئادەم بالىسى، سەن ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا ياشايسەن. ئۇلارنىڭ كۆزى تۇرۇپ كۆرمەيدۇ، قۇلىقى تۇرۇپ ئاڭلىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاسىيلاردۇر. [3] شۇڭا سەن خۇددى

سۈرگۈنگە تەييارلانغان ئادەمدەك، كۈندۈزى نەرسە-كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇر. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن باشقا يەرگە كەت. گەرچە ئۇلار ئاسىي بولسىمۇ، ئۇلار سېنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىڭنى كۆرۈپ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلىشى مۇمكىن. [4] خۇددى سۈرگۈنگە تەييارلانغان ئادەمدەك، كۈندۈزى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نەرسە-كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇر. گۇگۇم ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى سۈرگۈن قىلىنغاندەك ماڭ. [5] يەنە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تامدىن بىر تۆشۈك تېشىپ، [6] نەرسە-كېرەكلىرىڭنى يۈدۈپ، شۇ يەردىن كەچ ۋاقتىدا چىقىپ كەت. يۈزتۈڭنى كۆرمەسلىكىڭ ئۈچۈن يۈزۈڭنى يېپىۋال. چۈنكى مەن سېنى سۈرگۈن قىلىنىدىغان ئىسرائىللارغا تەمسىل قىلماقچى.

[7] شۇنىڭ بىلەن مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر قىلغىنى بويىچە ئىش قىلدىم. كۈندۈزى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نەرسە-كېرەكلىرىمنى خۇددى سۈرگۈنگە ماڭىدىغان ئادەمدەك يىغىشتۇرۇپ، كەچ ۋاقتىدا تامنى تېشىپ، نەرسىلىرىمنى يۈدۈپ، چىقىپ كەتتىم.

[8] ئەتىسى سەھەردە پەرۋەردىگار ماڭا:

[9] — ئەي ئادەم بالىسى، ئاسىي ئىسرائىللار سەندىن: «نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىدىغۇ! [10] سەن ئۇلارغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «بۇ يېرۇسالېمدىكى پادىشاھ زىدقىيا ۋە باشقا ئىسرائىللار ھەققىدىكى ئالدىن بېشارەتتۇر.» [11] سەن ئۇلارغا يەنە: «مەن سىلەرگە پەقەت بىر تەمسىل بولدۇم. مەن كۆرسەتكەن ئىشلار چوقۇم كەلگۈسىدە سىلەرنىڭ زېمىنىڭلاردا يۈز بېرىدۇ» دەپ ئېيت. ئۇلار ئەسىرگە ئېلىنىپ، سۈرگۈن قىلىنىدۇ.

[12] يېرۇسالېمدىكى پادىشاھ نەرسە-كېرەكلىرىنى يۈدۈپ، كېچىدە يولغا چىقىپ، تامنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇ يۈرتىنى كۆرمەسلىكى ئۈچۈن يۈز-كۆزىنى ئېتىۋالىدۇ. [13] مەن تور يېيىپ، ئۇنى تۇتۇپ، بابىللىقلارنىڭ زېمىنىغا ئېلىپ كېلىمەن، لېكىن ئۇ بابىللىقلارنىڭ زېمىنىنى كۆرەلمەيدۇ ۋە شۇ يەردە ئۆلىدۇ. [14] مەن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە بارلىق لەشكەرلىرىنى تۆت ئەتراپقا چېچىۋېتىمەن ھەم قىلىچىمنى چىقىرىپ، ئۇلارنى قوغلايمەن.

[15] ئۇلارنى باشقا ئەللەرگە سۈرگۈن قىلىپ، يات خەلقلەر ئارىسىغا

چېچىۋېتىمەن. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ. [16] لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ئەللەردە ئۆزلىرى قىلغان يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى قىلىچتىن، ئاچارچىلىقتىن، ۋابادىن ساقلاپ قالىمەن. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.

[17] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[18] — ئەي ئادەم بالىسى، تامىقىڭنى تىترەپ تۇرۇپ يە، سۈيۈڭنى قورقۇپ تۇرۇپ ئىچ. [19] ئاندىن سەن بابىلدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرگە ئىگىمىز پەرۋەردىگار يېرۇسالېم ۋە ئىسرائىلىيە خەلقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئۇلار تاماقلىرىنى دەككە-دۈككىدە يەيدۇ، سۇلىرىنى ھودۇقۇپ تۇرۇپ ئىچىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنى ئۆزلىرىنىڭ زوراۋانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئادەمزاتسىز چۆلگە ئايلىنىدۇ. [20] ئادەم ئولتۇراقلاشقان شەھەرلىرى خارابىلىككە، زېمىنلىرى قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ، شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.»

[21] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[22] — ئەي ئادەم بالىسى، سىلەر ئىسرائىلىلاردا: «ۋاقىت كېتەر، بېشارەت يوقار» دەپ بىر ماقال بار. [23] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار شۇنى ئېيتىمەنكى، بۇ ماقالنى ئىسرائىللارنىڭ ئېغىزىدىن يوق قىلىمەن، ئۇلار ئۇنى ئىسرائىلىيەدە ئىككىنچى تىلغا ئالمايدىغان بولىدۇ. سەن ئۇلارغا ئېيت، ھەممە بېشارەتلەر ئەمەلگە ئاشىدىغان كۈنلەرگە ئاز قالدى. [24] ئەمدى ئىسرائىللار ئارىسىدا يالغاندىن كۆرگەن غايىبانە ئالامەتلەر ۋە ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان يالغان بېشارەتلىرى يەتكۈزۈلمەيدۇ. [25] مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن، مېنىڭ سۆزۈم چوقۇم كېچىكمەي ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەي ئاسىيلار، مېنىڭ سۆزۈم سىلەر ھايات ۋاقتىڭلاردا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

[26] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[27] — ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىللار مۇنداق دېيىشىدۇ: «ئۇنىڭ كۆرگەن غايىبانە ئالامەتلىرى كۆپ يىللاردىن كېيىن يۈز بېرىدىغان

ئىشلاردۇر. ئۇنىڭ بېشارەتلىرى يىراق كەلگۈسى ھەققىدىدۇر.»
28 شۇڭا سەن ئۇلارغا ئېگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت:
«ئېيتقان سۆزلىرىمنىڭ بىرەرسىمۇ كېچىكمەيدۇ، ھەممىسى ئەمەلگە
ئاشىدۇ.» بۇ مەن ئېگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

## ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەيىبلىنىشى

13 1 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
2-3 ــ ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىلىيەدە يالغان ۋەھىي
يەتكۈزۈپ يۈرگەن ساختا پەيغەمبەرلەرگە قارشى ۋەھىيمنى يەتكۈز.
ئۆزى بىلگەنچە سۆزلەپ يۈرىدىغان ئاشۇ ۋەھىيچىلەرگە قارشى
ئېگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئەي ئەخمەقلەر،
سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار. ھالىڭلارغا ۋاي! سىلەرگە ۋەھىي
كەلمىسىمۇ، سىلەر يالغان ۋەھىيلەرنى توقۇپ چىقىسىلەر. 4 ئەي
ئىسرائىللار، سىلەرنىڭ ساختا پەيغەمبەرلىرىڭلار خارابىلەردىكى
چىلبۆرىلەرگە ئوخشايدۇ. 5 ئۇلار سېپىللىرىڭلارنىڭ يېرىقلىرىنى
ئېتەلمەيدۇ، سېپىلىڭلارنى قايتىدىن ياساپ چىقالمايدۇ. بۇ سېپىللار
پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنى كەلگەندە بولىدىغان ئۇرۇشتا سىلەرنى
قوغدىيالمايدۇ. 6 ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن غايىبانە ئالامەتلىرى ساختا،
ۋەھىيلىرى يالغاندۇر. ئۇلار: ‹پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ› دەپ
تارقىتىدۇ، لېكىن ئۇلار مەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ئەمەستۇر.
شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىمەنە سۆزلىرىنى مېنىڭ ئەمەلگە
ئاشۇرۇشۇمنى كۈتىدۇ. 7 ئەجەبا، ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن غايىبانە
ئالامەتلىرى ساختا، يەتكۈزگەن ۋەھىيلىرى يالغان ئەمەسمىدۇ؟
ئۇلار: ‹بۇ پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرى› دەيدۇ، لېكىن بۇ سۆزلەرنى
مەن دېمىگەن.
8 شۇڭا مەن ئېگەڭلار پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، ئەي ساختا
پەيغەمبەرلەر، سىلەرنىڭ ساختا غايىبانە ئالامەتلىرىڭلار ۋە يالغان
ۋەھىيلىرىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە قارشى تۇرىمەن. 9 ئەي ئىسرائىللار،
مەن ئاشۇ ساختا غايىبانە ئالامەت توقۇيدىغانلار ۋە يالغان ۋەھىي
يەتكۈزىدىغانلارغا قارشى چىقىمەن. ئۇلارنى خەلقىمنىڭ قاتارىدىن
چىقىرىۋېتىمەن، ئىسرائىللارنىڭ تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتىمەن.

ئۇلارنىڭ ئىسرائىللارنىڭ زېمىنىغا قايتىشىغا يول قويمايمەن. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.

[10] ساختا پەيغەمبەرلەر خەلقىمنى ئالداپ: ‹سىلەر بىخەتەر دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھېچبىر بىخەتەرلىك يوقتۇر. بۇ خۇددى ئادەملەرنىڭ ياسىغان ئاجىز تېمىنى ساختا پەيغەمبەرلەر كېلىپ ھاكلاپ قويغاندەك بىر ساختا ئىشتۇر. [11] ئەي ئادەم بالىسى، شۇڭا سەن تامنى ھاكلاپ قويغان ئاشۇ ساختا پەيغەمبەرلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق ئېيت: ‹سىلەر ھاكلىغان تام چوقۇم ئۆرۈلىدۇ، قاتتىق يامغۇر كېلىۋاتىدۇ، مۆلدۈر ياغىدۇ، كۈچلۈك بوران چىقىدۇ. [12] تام ئۆرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەر سىلەردىن سىلەر ھاكلىغان تامنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىشىدۇ.›

[13] شۇ سەۋەبتىن مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار ئاشۇ ساختا پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق دەيمەن: ‹نەپرىتىم بىلەن بوران چىقىرىمەن، غەزىپىم بىلەن يامغۇر، قەھرىم بىلەن مۆلدۈر ياغدۇرىمەن. [14] مەن سىلەرنىڭ ھاكلاپ قويغان تېمىڭلارنى تۈزلەپ، ئۇلىنى ئېچىپ قويىمەن. ۋەيران قىلىنغان تام قەبرەڭلار بولىدۇ. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.› [15] ئەي ئىسرائىللار، مەن بۇ تامغا ۋە تامنى ھاكلىغان ساختا پەيغەمبەرلەرگە غەزىپىمنى ياغدۇرىمەن. شۇ چاغدا مەن سىلەرگە: ‹بۇ تام تۈگەشتى، بۇنى ھاكلىغانلارمۇ تۈگەشتى. [16] يېرۇسالېم ھەققىدە يالغان ۋەھىي يەتكۈزۈپ، يېرۇسالېم خەتەرلىك ئەھۋالدىمۇ، ئۇنى بىخەتەر دېگەنلەر دەل ئىسرائىللارنىڭ ساختا پەيغەمبەرلىرىدۇر› دەيمەن.»

[17] ئەي ئادەم بالىسى، خەلقىڭ ئىچىدىكى ئۆزى بىلگەنچە ۋەھىي توقۇيدىغان ئاياللار ھەققىدە سۆزلە، ئۇلارغا قارشى ۋەھىيىمنى يەتكۈز. [18] ئۇلارغا ئىگەمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئەي ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى ئۆزىگە بەند قىلىۋالىدىغان ئاياللار، ھالىڭلارغا ۋاي! سىلەر كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن بىلەكلىرىڭلارغا تۇمار تاقاپ، بېشىڭلارغا رومال ئارتىپ يۈرىسىلەر. سىلەر جان بېقىش ئۈچۈن باشقىلارنى ئالدىساڭلار بولامدۇ؟ [19] سىلەر بىرقانچە ئوچۇم ئارپا ۋە بىر بۇردا نان ئۈچۈن خەلقىم ئارىسىدا ماڭا كۇپۇرلۇق قىلىسىلەر. يالغان سۆزگە خۇشتارلارغا يالغان سۆزلەيسىلەر.

گۇناھسىز ئادەملەرنى نابۇت قىلىسىلەر، ئۆلۈمگە لايىق بولغان
ئادەملەرنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالىسىلەر.
[20] شۇڭا مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: ‹مەن سىلەرنىڭ
خۇددى قۇشنى تۇزاقتا چۈشۈرمەكچى بولغاندەك ئادەملەرنى تۇزاقتا
چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئېسىۋالغان تۇمارىڭلارغا قارشى تۇرىمەن. شۇڭا
مەن سىلەرنىڭ بىلىكىڭلارغا تۇمار قىلىپ ئېسىۋالغان تۈگۈنچىكىڭلارنى
ئېلىپ تاشلاپ، تۇتۇلغان قۇشلارغا ئوخشاش چاڭگىلىڭلارغا چۈشۈپ
قالغان كىشىلەرنى قۇتقۇزىمەن. [21] مەن يەنە سىلەرنىڭ رومىلىڭلارنى
يىرتىپ تاشلاپ، قولۇڭلاردىن خەلقىمنى قۇتقۇزىمەن. ئۇلار ئەمدى
سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى ئولجىغا ئايلانمايدۇ. شۇندىلا سىلەر
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. [22] مەن ئادالەتلىك
ئادەملەرنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشىنى خالىمايتتىم، لېكىن سىلەر ئۇلارنى
يالغانچىلىقىڭلار بىلەن ئۈمىدسىزلەندۈردۈڭلار. رەزىللەرنى يامان
يولىدىن يانماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھايات قېلىشىغا
توسالغۇ بولدۇڭلار. [23] شۇڭا سىلەر ئەمدى يالغاندىن غايىبانە ئالامەت
توقۇيالمايسىلەر، پال ئاچالمايسىلەر. مەن خەلقىمنى سىلەرنىڭ
چاڭگىلىڭلاردىن قۇتقۇزىمەن. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.›»

## خۇدانىڭ بۇتپەرەسلىكنى ئەيىبلىشى

14 [1] بىر كۈنى ئىسرائىللارنىڭ بىرقانچە ئاقساقاللىرى يېنىمغا
كېلىپ، ئالدىمدا ئولتۇردى. [2] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[3] — ئەي ئادەم بالىسى، بۇ ئادەملەر قەلبلىرىدە بۇتقا تېۋىنىدىكەن،
بۇ ئۇلار پۇتلىشىپ يىقىلىدىغان تاشتۇر. شۇنداق ئىكەن، مەن
قانداقمۇ ئۇلارنىڭ مەندىن مەسلىھەت سورىشىغا يول قويياي؟
[4] ئۇلارغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئەگەر
ئىسرائىل خەلقىدىن بىرسى ئۆزى پۇتلىشىپ يىقىلىدىغان بۇتقا
چوقۇنۇپ، ئاندىن كېلىپ پەيغەمبەردىن مەسلىھەت سورىسا، مەن
پەرۋەردىگار ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۇتپەرەسلىكىگە يارىشا جاۋاب
بەرگۈزىمەن. [5] مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم ئىسرائىل خەلقىمنىڭ

قەلبىنى قايتۇرۇپ كېلىشتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇتقا چوقۇنۇپ، مەندىن يىراقلاپ كەتتى.»
[6] شۇڭا ئىسرائىل خەلقىگە ئېگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «توۋا قىلىڭلار، بۇتلىرىڭلار ۋە يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. [7] ئىسرائىللار ياكى ئىسرائىلىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان يات خەلقلەر مەندىن يىراقلىشىپ، قەلبلىرىدە ئۆزلىرى پۇتلىشىپ يىقىلىدىغان بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ئاندىن كېلىپ پەيغەمبەردىن مېنىڭ ئىرادەمنى سورىسا، مەن پەرۋەردىگار ئۇلارغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن. [8] مەن ئۇلارغا قارشى چىقىپ، ئۇلارنى خەلقنىڭ ئالدىدا مەسخىرىگە قويۇپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىمەن. ئۇلارنى خەلقىمنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىمەن. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.
[9] ئەگەر پەيغەمبەر ئېزىپ، خاتا مەسلىھەت بەرسە، ئۇنىڭغا خاتا مەسلىھەت بەرگۈزگۈچى مەن بولىمەن. ئۇنىڭغا قارشى قولۇمنى كۆتۈرىمەن ۋە ئۇنى ئىسرائىل خەلقىم ئارىسىدىن يوقىتىمەن. [10] مەيلى پەيغەمبەر بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىغۇچى بولسۇن، مەن ئۇلارنى ئوخشاش جازالايمەن. [11] شۇندىلا ئىسرائىل خەلقىم يولۇمدىن ئازمايدۇ ۋە ئۆزلىرىنى گۇناھلار بىلەن بۇلغىمايدۇ. ئۇلار مېنىڭ خەلقىم، مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## خەلقنىڭ جازالىنىشى

[12] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[13] ــ ئەي ئادەم بالىسى، ئەگەر بىرەر ئەلنىڭ خەلقى ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، گۇناھ ئۆتكۈزسە، مەن ئۇلارغا قارشى قولۇمنى كۆتۈرىمەن. ئۇلارنىڭ ئاشلىق مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن، يېرىنى ئاچارچىلىق قاپلايدۇ، ئادەملەر ۋە ھايۋانلار ھالاك بولىدۇ. [14] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، ئۇ يەردە نۇھ، دانىيال ۋە ئايۇپلار ياشىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەققانىيلىقى ئارقىلىق پەقەت ئۆزلىرىنىلا قۇتقۇزالايتتى.

15 ناۋادا مەن ئۇ يەرگە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئەۋەتسەم، يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇ يەردە خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئۇ يەرنى ئادەم ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇپ قويسا، 16 مەن ئىگە پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ يەردە ئاشۇ ئۈچ ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا قۇتقۇزالايتتى، بالاچاقىلىرىنى قۇتقۇزۇشقا قادىر بولالمايتتى. ئۇ يەر يەنە قاقاس پېتى قالاتتى.

17 ئەگەر مەن ئۇ يەرگە دۈشمەن ئەۋەتىپ، قىلىچىم ئارقىلىق ئادەم ۋە ھايۋانلارنىمۇ ھالاك قىلسام، 18 مەن ئىگە پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ يەردە ئاشۇ ئۈچ ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا قۇتقۇزالايتتى، بالاچاقىلىرىنى قۇتقۇزۇشقا قادىر بولالمايتتى.

19 ئەگەر مەن ئۇ يەرگە ۋابا ئەۋەتسەم، قان تۆكۈش ئارقىلىق قەھرىمنى چاچسام، ئادەم ۋە ھايۋانلارنى قىرغىن قىلسام، 20 مەن ئىگە پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ يەردە نۇھ، دانىيال ۋە ئايۇپلار ياشىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەققانىيلىقى پەقەت ئۆزلىرىنىلا قۇتقۇزالايتتى، بالاچاقىلىرىنى قۇتقۇزۇشقا قادىر بولالمايتتى.

21 مەنكى ئىگە پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «مەن يېرۇسالېم ئۈستىگە ئۇرۇش، ئاچارچىلىق، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمى ۋە ۋابا قاتارلىق بۇ تۆت خىل دەھشەتلىك ئاپەتنى ئەكىلىپ، ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنى نابۇت قىلسام، ئۇلارغا قانچىلىك ئېغىر كېلەر؟ 22 لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزى ئوغۇل-قىزلار قېچىپ قۇتۇلۇپ، سىلەر تۇرغان يەرگە كېلىدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ بابىلدىكى يۈرۈش-تۇرۇشلىرى ۋە قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ، مېنىڭ يېرۇسالېمغا چۈشۈرگەن جازالىرىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تەسەللى تاپىسىلەر. 23 سىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ، مېنىڭ يېرۇسالېمنى سەۋەبسىزلا جازالىمىغانلىقىمدىن تەسەللى تاپىسىلەر. بۇ مەن ئىگە پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## ئۈزۈم تېلى ھەققىدىكى تەمسىل

15
1 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
2 ــ ئەي ئادەم بالىسى، ئۈزۈم تېلىنىڭ باشقا ياغاچلاردىن
پەرقى بارمۇ؟ ئورماندىكى دەرەخلەردىن بىرەر ئەۋزەللىكى بارمۇ؟!
3 ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ياكى نەرسە ئاسقىلى بولىدىغان قوزۇق
ياسىغىلى بولامدۇ؟! 4 ياق، ئۇ پەقەت ئوتۇنغىلا يارايدۇ! ئۇ كۆيۈپ،
چۇچىلا بولۇپ قالسا، ئۇنى يەنە نېمىگە ئىشلەتكىلى بولسۇن؟!
5 كۆيمەستە ھېچنېمىگە يارىمىغان ئۈزۈم تېلى كۆيگەندىن كېيىن
يەنە نېمىگە يارىسۇن؟!
6 شۇڭا مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار دەيمەنكى، يېرۇسالېملىقلار
ئورمان ئارىسىدىكى ئۈزۈم تېلىغا ئوخشايدۇ. مەن ئۈزۈم تېلىنى
قانداق ئوتقا تاشلىغان بولسام، ئۇلارنىمۇ شۇنداق تاشلايمەن. 7 مەن
ئۇلارغا قارشى چىقىمەن. ئۇلار ئوت ئىچىدىن قېچىپ چىقسىمۇ،
ئوت يەنىلا ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىدۇ. مېنىڭ ئۇلارغا قارشى
چىققىنىمدىن سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.
8 مەن ئۇلارنىڭ زېمىنىنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەن، چۈنكى ئۇلار
ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلدى. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

## ۋاپاسىز يېرۇسالېم ھەققىدىكى تەمسىل

16
1 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
2 ــ ئەي ئادەم بالىسى، يېرۇسالېمنىڭ يىرگىنچلىك
قىلمىشلىرىنى يۈزىگە سال. 3 ئۇنىڭغا ئىگەڭ پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «سېنىڭ نەسەبىڭ يات كەنئاندىندۇر،
سەنمۇ ئۇ يەردە تۇغۇلدۇڭ. ئاتاڭ ئامور خەلقىدىن، ئاناڭ
خىت خەلقىدىندۇر. 4 سەن تۇغۇلغان ۋاقتىڭدا كىندىكىڭنى
كېسىپ، تېنىڭنى يۇيۇپ تۇز سۈرتىدىغان ۋە زاكىلايدىغان ئادەم
يوق ئىدى. 5 ھېچكىم ساڭا ئىچ ئاغرىتمايتتى، ھېسداشلىق
قىلمايتتى. ھېچكىم سەن ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ئىشلارنى

قىلىشنى خالىمايتتى. سەن تۇغۇلغانىدىلا كىشىلەر سېنى ئۆچ
كۆرۈپ، دالاغا تاشلىۋەتكەنىدى.
[6] مەن سېنىڭ يېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سېنىڭ قان ئىچىدە
تېپىچەكلەۋاتقانلىقىڭنى كۆردۈم ھەم قان ئىچىدە ياتقان ساڭا:
‹ھايات قال› دېدىم. شۇنداق، قان ئىچىدە ياتقان ساڭا: ‹ھايات قال›
دېدىم. [7] مەن سېنى خۇددى ئېتىزدىكى گۈل-گىياھلارنى پەرۋىش
قىلغاندەك پەرۋىش قىلدىم. سېنىڭ بويۇڭ ئۆسۈپ، يېتىلدىڭ،
گۈزەللەشتىڭ، كۆكرەكلىرىڭ تولدى، چاچلىرىڭ ئۆستى، لېكىن
سەن يەنىلا يالىڭاچ ئىدىڭ.
[8] كېيىن مەن يەنە سېنىڭ يېنىڭدىن ئۆتتۈم. سەن قىزلارنىڭ
ياشلىق باھارىغا تولغانىدىڭ. مەن سېنىڭ يالىڭاچ تېنىڭگە
كىيىمىمنى يېپىپ قويدۇم. سەن بىلەن توي قىلىشقا ئەھدە
قىلدىم، سەن مېنىڭ بولدۇڭ. بۇ مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
[9] مەن بەدىنىڭدىكى قانلارنى يۇيۇپ، تېرىلىرىڭگە زەيتۇن
يېغى سۈرتتۇم. [10] ئاندىن ئۇچاڭغا كەشتىلىك كىيىم، پۇتۇڭغا
ئېسىل چورۇق كىيدۈرۈپ، ئۈستۈڭگە ئېسىل زىغىر ۋە يىپەك
رەخت ياپتىم. [11] مەن سېنى زىبۇ-زىننەت بىلەن ياساندۇردۇم،
قولۇڭغا بىلەزۈك سالدىم، بوينۇڭغا زەنجىر ئاستىم، [12] بۇرنۇڭغا
ۋە قۇلاقلىرىڭغا ھالقا تاقىدىم، بېشىڭغا چىرايلىق تاج كىيدۈردۈم.
[13] سېنىڭ تاقىغان زىبۇ-زىننىتىڭ ئالتۇن-كۈمۈش، كىيگىنىڭ
ئېسىل زىغىر رەختتە ۋە يىپەك رەختتە قىلىنغان كىيىم، كەشتىلىك
كىيىم، يېگىنىڭ سۈپەتلىك ئۇن، ھەسەل ۋە زەيتۇن يېغى بولدى.
سەن تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ، خانىشلىققا ئۆستۈرۈلدۈڭ. [14] داڭقىڭ
ئەللەرگە تارالدى. چۈنكى مېنىڭ ساڭا بەرگەن سالاپىتىم سېنىڭ
گۈزەللىكىڭنى تېخىمۇ تىللاردا داستان قىلغانىدى. بۇ مەن ئىگەڭ
پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
[15] لېكىن سەن ئۆزۈڭنىڭ گۈزەللىكىگە ئىشىنىپ ۋە شۆھرىتىڭدىن
پايدىلىنىپ، پاھىشىلىك قىلدىڭ. يولدىن ئۆتكەن ھەرقانداق
كىشىلەر بىلەن زىنا قىلدىڭ. گۈزەللىكىڭدىن ئۇلارنى بەھرىمەن
قىلدىڭ. [16] سەن كىيىمىڭ بىلەن بۇتخانىنى چىرايلىق بېزەپ، ئۇ

يەردە بۇزۇقچىلىق قىلدىڭ. بۇنداق ئىش يۈز بەرمەسلىكى كېرەك
ئىدى! [17] مەن ساڭا بەرگەن ئالتۇن-كۈمۈش زىبۇ-زىننەتلەردىن
ئەر بۇتلارنى ياساپ، مەيلىڭنى ئۇلارغا بەردىڭ. [18] سەن ئۇلارغا
كەشتىلىك كىيىملىرىڭنى كىيدۈردۈڭ، ساڭا بەرگەن زەيتۇن
يېغىمنى ۋە خۇش پۇراقلىق ئىسرىقىمنى ئۇلارغا ھەدىيە قىلدىڭ.
[19] مەن سېنىڭ يېيىشىڭ ئۈچۈن بەرگەن سۆپەتلىك ئۇن، زەيتۇن
يېغى ۋە ھەسەللەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان
خۇش پۇراقلىق ھەدىيە سۈپىتىدە تىزىپ قويدۇڭ. بۇ مەن ئىگەڭ
پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

[20] سەن يەنە ماڭا تۇغۇپ بەرگەن ئوغۇل-قىزلىرىڭنى قۇربانلىق
قىلىپ، بۇتلارغا يېمەكلىك سۈپىتىدە ئاتىدىڭ. ئەجەبا، سېنىڭ
قىلغان باشقا بۇزۇقچىلىقلىرىڭ يەتمىگەنمىدى؟! [21] سەن مېنىڭ
ئوغۇل-قىزلىرىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى قۇربانلىق سۈپىتىدە
كۆيدۈرۈپ، بۇتلارغا ئاتىدىڭ. [22] سەن بارلىق يىرگىنچلىك ئىشلارنى
ۋە بۇزۇقچىلىقلارنى قىلغان ۋاقتىڭدا، ئۆزۈڭنىڭ بالىلىق ۋاقتىڭدىكى
يالىڭاچ ھالىتىڭنى ۋە قان ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان كۈنلىرىڭنى
ئۇنتۇپ قالغانمىدىڭ؟!

[23] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «ھالىڭغا ۋاي،
ھالىڭغا ۋاي! سەن بۇنداق رەزىل ئىشلارنى قىلىپلا قالماي، [24] يەنە
قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭگە سۇپا ياسىدىڭ، ھەرقايسى
مەيدانلارغا ئېگىز بۇتخانىلارنى سالدۇردۇڭ. [25] ھەربىر كوچىنىڭ
ئىككى بېشىغا ئېگىز بۇتخانىلارنى سالدۇرۇپ، ئۆزۈڭنىڭ
گۈزەللىكىنى دەپسەندە قىلدىڭ. سەن يولدىن ئۆتكەن ھەرقانداق
كىشىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈڭنى ئېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بۇزۇقچىلىق
قىلدىڭ. [26] ھەتتا ئىشقىۋاز قوشنىمىز مىسىرلىقلار بىلەنمۇ
بۇزۇقچىلىق قىلىپ، غەزىپىمنى قوزغىدىڭ. [27] شۇڭا مەن سېنى
جازالاش ئۈچۈن قول كۆتۈردۈم، زېمىنىڭنى ئازايتتىم. سېنى
دۈشمەنلىرىڭ بولغان فىلىستىيەلىكلەرگە تاپشۇرۇپ بەردىم،
ئۇلارمۇ بۇزۇقچىلىقىڭدىن نومۇس قىلدى. [28] سەن تويماس
ھاۋايى-ھەۋىسىڭنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاسسۇرلار بىلەن
بۇزۇقچىلىق قىلدىڭ، لېكىن يەنىلا قانمىدىڭ. [29] سودىگەرلەر

يۇرتى بولغان بابىللىقلار بىلەنمۇ بۇزۇقچىلىق قىلدىڭ، لېكىن يەنىلا قانمىدىڭ.›
[30] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيمەن: ‹سېنىڭ شاللاقلىقىڭ چېكىگە يەتتى، سەن نومۇسنى بىلمەيدىغان بىشەم پاھىشىگە ئوخشايسەن. [31] سەن ھەربىر كوچىنىڭ بېشىغا سەجدىگاھ، ھەربىر مەيدانغا ئېگىز بۇتخانا ياسىدىڭ، لېكىن بىر تىيىنمۇ ھەق ئالمىدىڭ. ئەمەلىيەتتە سەن بىر پاھىشىگىمۇ يەتمەيسەن. [32] سەن بىر بۇزۇقسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئېرى بىلەن ئەمەس، بەلكى يات ئەرلەر بىلەن بىرگە بولۇشنى خالايسەن. [33] پاھىشىلەر پاھىشىلىك قىلسا، ھەق ئالىدۇ، لېكىن سەن ئەكسىچە ھەممە ئاشنىلىرىڭغا سوۋغات بېرىسەن. سەن ئاشنىلىرىڭنىڭ ھەممە يەردىن كېلىپ، بۇزۇقچىلىق قىلىشى ئۈچۈن پارا بېرىسەن. [34] سەن باشقا پاھىشىلەرگە ئوخشىمايسەن، ھېچكىم ساڭا ھەق بەرمەيدۇ، ئەكسىچە سەن ئۇلارغا ھەق بېرىسەن. سەن ھەقىقەتەن باشقا پاھىشىلەرگە ئوخشىمايسەن.›
[35] ئەي پاھىشە يېرۇسالېم، سۆزلىرىمگە قۇلاق سال. [36] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: ‹سەن ئىشقىۋازلىق قىلدىڭ، كىيىملىرىڭنى سېلىپ، ئاشنىلىرىڭ بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلدىڭ. بارلىق يىرگىنچلىك بۇتلارغا چوقۇندۇڭ. ئۆزۈڭنىڭ پەرزەنتلىرىڭنىڭ قېنىنى بۇتلارغا قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇندۇڭ. [37] شۇڭا مەن سەن ياخشى كۆرىدىغان ھەم نەپرەتلىنىدىغان ھەممە ئاشنىلىرىڭنى يىغىپ ئەكېلىپ، ئۇلارنى ساڭا ھەممە تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدۇرىمەن. سېنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا يالىڭاچلاپ، تېنىڭنى ئۇلارغا سازايى قىلىمەن. [38] سېنى خۇددى بۇزۇق ۋە قاتىل ئاياللارنى جازالىغاندەك قاتتىق جازالايمەن. [39] مەن سېنى ئاشنىلىرىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇلار قۇربانلىق سۇپىلىرىڭنى چاقىدۇ، ئېگىز سېلىنغان بۇتخانىلىرىڭنى تۈزلىۋېتىدۇ، كىيىملىرىڭنى سالدۇرۇپ، گۆھەرلىرىڭنى بۇلاپ كېتىدۇ، سەن يالىڭاچ قالىسەن. [40] ئۇلار يىغىلىپ ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە سېنى چالما-كېسەك قىلىدۇ، قىلىچ بىلەن چاپىدۇ. [41] ئۆيلىرىڭنى كۆيدۈرۈپ، سېنى نۇرغۇن ئاياللارنىڭ كۆز ئالدىدا جازالايدۇ. مەن سېنىڭ بۇزۇقچىلىق

قىلىشقىنى تۇسىمەن، ئەمدى ئاشنىلىرىڭغا ھەق تۆلىمەيسەن. [42] شۇندىلا مېنىڭ ساڭا بولغان غەزىپىم بېسىلىدۇ، قەھر-غەزىپىم يوقىلىپ، راھەتلىنىپ قالىمەن، قايتا غەزەپلەنمەيمەن. [43] ياش ۋاقتىلىرىڭدا ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بۇ قىلمىشلىرىڭ بىلەن مېنى غەزەپلەندۈردۈڭ. قاراپ تۇر، سېنى چوقۇم قىلمىشىڭغا لايىق جازالايمەن. ئەي يېرۇسالېم، سېنىڭ قىلغان ھەممە يىرگىنچلىك ئىشلىرىڭ يەتمەسمىدى، نېمىشقا يەنە بۇزۇقچىلىق قىلدىڭ؟ بۇ مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.›

[44] ئەي يېرۇسالېم، كىشىلەر سەن ھەققىدە: ‹قىز ئانىسىنى تارتار› دەپ تەمسىل قىلىشىدۇ. [45] سەن ھەقىقەتەن ئاناڭنىڭ قىزىسەن. ئاناڭ بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئېرىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئۆچ كۆرگەندى. سەنمۇ ئاچا-سىڭىللىرىڭغا ئوخشايسەن، ئۇلارمۇ ئېرى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئۆچ كۆرىدۇ. سېنىڭ ئاناڭ خىت خەلقىدىن، ئاتاڭ ئامور خەلقىدىندۇر. [46] ئاچاڭ سامارىيەدۇر، ئۇ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى شىمالىڭدا، سىڭلىڭ سودوم ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى سېنىڭ جەنۇبىڭدا ياشايتتى. [47] سەن ئۇلارنىڭ يولىدا يۈرۈپ، يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ جەھەتتە ناھايىتى تېزلا ئۇلاردىن ئېشىپ كەتتىڭ. [48] مەن مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىڭلىڭ سودوم ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى سەنچىلىك ۋە قىزلىرىڭچىلىك رەزىللىك قىلمىغان. [49] سىڭلىڭ سودومنىڭ گۇناھى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ۋە قىزلىرى راھەت-پاراغەتتىن شۇنچىلىك مەغرۇر ۋە تويماس بولۇپ كەتكەنىدىكى، ئۇلار كەمبەغەللەرگە ۋە موھتاجلارغا زىنھار ئىچ ئاغرىتمايتتى.

[50] ئۇلار شۇنچىلىك ھاكاۋۇر بولۇپ، ئالدىمدا نۇرغۇن يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلدى. مەن بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ۋەيران قىلدىم. [51] سامارىيەنىڭ گۇناھلىرى سېنىڭ گۇناھلىرىڭنىڭ يېرىمىغا يەتمەيدۇ. سەن قىلغان يىرگىنچلىك قىلمىشلار ئۇلار قىلغان قىلمىشلاردىن تېخىمۇ كۆپتۇر. شۇڭا سىڭىللىرىڭ ساڭا قارىغاندا پاك كۆرۈنىدۇ. [52] سەن سىڭىللىرىڭغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى ساڭا قارىغاندا پاك كۆرسەتكەن ئىكەنسەن، ئۇنداقتا سەن

خورلۇقنى قوبۇل قىل! چۈنكى سېنىڭ گۇناھلىرىڭ سىڭىللىرىڭنىڭ گۇناھلىرىدىن تېخىمۇ ئېغىردۇر. شۇڭا ئۇلار ساڭا قارىغاندا پاك كۆرۈنىدۇ. ئەمدى سەن قىلغان گۇناھلىرىڭدىن نومۇس ھېس قىلىپ، خورلۇقنى قوبۇل قىل!

[53] سىڭىللىرىڭ سودوم ۋە سامارىيەنى قىزلىرى بىلەن بىرلىكتە قايتا گۈللەندۈرىمەن، سېنىمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە گۈللەندۈرىمەن. [54] سەن ئۆزۈڭنىڭ شەرمەندىچىلىكىڭدىن نومۇس قىلىسەن. سىڭىللىرىڭ بولغان سودوم ۋە سامارىيە سېنىڭ قىلغان بارلىق قىلمىشلىرىڭدىن تەسەللىگە ئىگە بولىدۇ. [55] سىڭىللىرىڭ سودوم ۋە سامارىيە قىزلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنقى گۈللەنگەن چاغلىرىغا قايتىدۇ، سەنمۇ قايتىدىن گۈللىنىسەن. [56-57] سەن مەغرۇر چاغلىرىڭدا، رەزىللىكلىرىڭ تېخى ئاشكارىلانمىغان ۋاقىتلاردا، سىڭلىڭ سودوم سېنىڭ مەسخىرە نىشانىڭغا ئايلىنىپ قالغانىدى. لېكىن ھازىر سەن ئېدوملۇق ۋە فىلىستىيەلىكلەرنىڭ، شۇنداقلا ئەتراپىڭدىكى بارلىق ئەللەرنىڭ كۈلكىسىگە قالدىڭ. ھېچكىم سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ. [58] سەن بۇزۇقچىلىق ۋە يىرگىنچلىك ئىشلىرىڭنىڭ جازاسىنى تارتىسەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

[59] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: ‹سەن قىلغان قەسىمىڭگە ۋاپا قىلماي، ئەھدىمىزنى بۇزدۇڭ. شۇڭا قىلمىشىڭغا يارىشا جازالىنىسەن. [60] لېكىن مەن يەنىلا سېنىڭ ياش چاغلىرىڭدا سەن بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنى يېڭىلاپ، مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىمەن. [61] سەن ئاچا-سىڭىللىرىڭنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىڭدا، بۇرۇن قىلغان قىلمىشلىرىڭنى ئويلاپ، نومۇس ھېس قىلىسەن. گەرچە بۇ ئىش بۇرۇن مەن سەن بىلەن تۈزگەن ئەھدىدە بولمىسىمۇ، لېكىن مەن ئۇلارنى سېنىڭ قىزلىرىڭ قىلىپ، ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. [62] مەن سەن بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى يېڭىلىغاندا، سەن مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن. [63] سېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىڭنى ساقىت قىلغىنىمدا، بۇرۇن قىلغان قىلمىشلىرىڭنى ئويلاپ، نومۇس قىلغىنىڭدىن ئاغزىڭنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايسەن. بۇ مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.›»

## بۈركۈت بىلەن ئۈزۈم تېلى ھەققىدىكى تەمسىل

17 1 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
2 ــ ئەي ئادەم بالىسى، سەن ئىسرائىل خەلقىگە تۆۋەندىكى
مەسەل ۋە تەمسىلنى ئېيتىپ بەر ۋە 3 ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ، دەپ ئېيت: «چوڭ بىر بۈركۈت بولۇپ، قاناتلىرى كەڭ،
پەيلىرى كۆپ ۋە رەڭدار ئىكەن. بۇ بۈركۈت لىۋانغا كېلىپ، كېدىر
دەرىخىنىڭ ئۇچىدىن بىر شاخنى سۇندۇرۇپ ئاپتۇ. 4 ئاندىن ئۈزۈپ
ئالغان بۇ يۇمران شاخنى سودىگەرلەرنىڭ زېمىنىغا ئېلىپ بېرىپ،
ئۇلارنىڭ بىر شەھىرىگە تىكىپتۇ. 5 ئۇ يەنە ئىسرائىلىيەدىن بىر دانە
ئۈزۈم نوتىسىنى ئېلىپ، مۇنبەت يەرگە، يەنى سۇ بويىغا سۆگەت
تىككەندەك تىكىپتۇ. 6 نوتا شاخلاپ، ئۈزۈم تېلىغا ئايلانغاندا،
ئۇنىڭ شاخلىرى بۈركۈت تەرەپكە قاراپ بويي تارتىپتۇ. ئۇ يەر
ئاستىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، يوپۇرماقلىرى قويۇقلىشىپ،
بۈك-باراقسانلىشىپتۇ.
7 كېيىن يەنە بىر چوڭ بۈركۈت ئۇچۇپ كەپتۇ. ئۇنىڭ قاناتلىرى
كەڭ، پەيلىرى كۆپ ئىكەن. ھېلىقى بۈك-باراقسان ئۈزۈم تېلى
بۈركۈتنىڭ ئۆزىنى سۇغىرىشىغا تەشنا بولۇپ، تىكىلگەن يېرىدىن
يىلتىزى ۋە شېخىنى بۈركۈت تەرەپكە سوزۇپتۇ. 8 ئەسلى بۇ
كۆچەت بۈك-باراقسان ئۆسۈپ، مول مېۋە بېرىپ، كۆركەم ئۈزۈم
تېلىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن مۇنبەت يەرگە، يەنى مول سۇ بويىغا
تىكىلگەنىكەن.»
9 ئۇلارغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «بۇ
ئۈزۈم تېلى ئەمدى يەنە بۈك-باراقسان ئۆسەلەمدىكەن؟! ئەجەبا،
كۆچەتنى تىككەن بۈركۈت ئەمدى ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ،
ئۈزۈملىرىنى ئۈزۈپ، يوپۇرماقلىرىنى قۇرۇتۇپ تاشلىيالامدىكەن؟!
ئۈزۈم تېلىنى قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن كۈچلۈك قول ياكى زور
بىر قوشۇن كېرەك ئەمەس. 10 كۆچۈرۈلگەن ئۈزۈم تېلى يەنە
بۈك-باراقسان ئۆسەلەمدۇ، ئۇنى شەرق شامىلى قۇرۇتۇۋەتمەمدۇ،
كۆچەت كۆچۈرۈلگەن جايىدا قۇرۇپ قالامدۇ؟!»
11 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[12] ـ بۇ ئاسىي خەلققە ئېيت: «سىلەر بۇ ئىشلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەمسىلەر؟ بابىل پادىشاھى يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى. [13] بابىل پادىشاھى يەھۇدىيەنىڭ خان جەمەتىدىكىلەردىن بىرىنى تاللاپ، ئۇنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەھدە تۈزدى ۋە ئۇنى ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىشقا قەسەم قىلدۇردى. ئۇ يەنە يەھۇدىيەدىكى كاتتا زاتلارنى ئەسىرگە ئېلىپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى. [14] بۇنىڭدىكى مەقسەت، يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھلىقىنى ئاجىزلىتىپ، قايتىدىن ئىسيان كۆتۈرەلمەيدىغان، پەقەت ئەھدىگە بويسۇنغاندىلا ھايات قالالايدىغان قىلىش ئىدى. [15] لېكىن يەھۇدىيەگە تىكلەنگەن پادىشاھ بابىل پادىشاھىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ ئەلچىلىرىنى مىسىرغا ئەۋەتىپ، جەڭ ئاتلىرى ۋە لەشكەر سورىدى. ئەمما ئۇنىڭ غەلىبە قىلالىشى مۇمكىنمۇ؟! ئۇ مۇشۇنداق قىلسا جازادىن قانداق قېچىپ قۇتۇلالىسۇن؟! ئۇ ئەھدىنى بۇزغان تۇرسا، جازالانماي قالارمۇ؟!

[16] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ پادىشاھ بابىلدا، يەنى ئۇنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىگەن بابىل پادىشاھىنىڭ شەھرىدە ئۆلىدۇ. چۈنكى ئۇ قىلغان قەسىمىگە ۋاپا قىلماي، بابىل پادىشاھى بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنى بۇزدى.

[17] بابىل پادىشاھى قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يېرۇسالېمنى قورشاپ، سېپىلغا تۇپا دۆۋىلىگەندە، پىرئەۋننىڭ زور ۋە كۈچلۈك قوشۇنى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەھۇدىيە پادىشاھىغا ياردەم بەرمەيدۇ. [18] يەھۇدىيە پادىشاھى قەسىمىگە ۋاپا قىلماي، تۈزگەن ئەھدىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، بېشىغا كېلىدىغان بالا-قازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

[19] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنى چوقۇم جازالايمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ نامىم بىلەن قىلغان قەسىمىگە ۋاپا قىلماي، بابىل پادىشاھى بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنى بۇزدى. [20] مەن تورۇمنى يېيىپ، ئۇنى تۇتىمەن. ئۇنى بابىلغا ئېلىپ بېرىپ، ماڭا قىلغان ساداقەتسىزلىكى ئۈچۈن،

ئۇنى سوراق قىلىمەن. [21] ئۇنىڭ بارلىق خىل لەشكەرلىرى قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ. قالغانلىرى تۆت ئەتراپقا قېچىپ كېتىدۇ. شۇندىلا سىلەر بۇ سۆزلەرنى ئېيتقۇچىنىڭ مەن پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.

[22] مەن دەيمەنكى، ئېگىز كېدىر دەرىخىنىڭ ئۇچىدىن بىر تال نوتا ئېلىپ، يەنى ئەڭ ئېگىز ئۇچىدىن بىر تال يۇمران نوتا سۇندۇرۇپ، ئۇنى ئېگىز بىر تاغنىڭ چوققىسىغا تىكىمەن. [23] ئۇ ئىسرائىلىيەنىڭ ئېگىز تاغ چوققىسىدا ئۆسۈپ، شاخ چىقىرىپ، باراقسان بولۇپ، كۆركەم بىر كېدىر دەرىخىگە ئايلىنىدۇ، ھەر خىل قۇشلار شاخلىرىغا كېلىپ قونىدۇ، سايىسىدا پاناھلىنىدۇ. [24] دالادىكى ھەممە دەرەخلەر مەنكى پەرۋەردىگارنىڭ ئېگىز دەرەخلەرنى پاكار، پاكار دەرەخلەرنى ئېگىز قىلالايدىغانلىقىمنى، ياشىرىپ تۇرغان دەرەخلەرنى قۇرۇتۇپ، قۇرۇپ قالغان دەرەخلەرنى كۆكلىتىدىغانلىقىمنى بىلىشىدۇ. بۇنى مەنكى پەرۋەردىگار ئېيتتىم، مەن دېگىنىمنى قىلىمەن.»

## ھەركىم ئۆز گۇناھىغا جاۋابكاردۇر

18

[1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[2] — سىلەر نېمە ئۈچۈن ئىسرائىلىيە ھەققىدە ئېيتىلغان «ئاتا-ئانىسى توك ئۈزۈم يېسە، بالىلىرىنىڭ چىشى قاماپتۇ» دېگەن ماقالنى قايتا تىلغا ئالىسىلەر؟ [3] مەنكى ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ئەمدى ئىسرائىلىيەدە بۇ ماقالنى قايتا تىلغا ئالمايدىغان بولىسىلەر. [4] چۈنكى پۈتكۈل ئىنسان ماڭا تەۋەدۇر، ئاتىمۇ، بالىمۇ ماڭا تەۋەدۇر. كىم گۇناھ قىلسا، شۇ ھالاك بولىدۇ.

[5] ئەگەر ئادىل ھەم دۇرۇس ئىش قىلىدىغان ھەققانىي بىر ئادەم بار دېيىلسە، [6] ئۇ تاغدىكى بۇتخانىلارغا بېرىپ قۇربانلىق گۆشلىرىنى يېمىسە، ئىسرائىللار چوقۇنغان بۇتلارغا چوقۇنمىسا، زىنا قىلمىسا، ھەيزدار ئايالغا يېقىنلاشمىسا، [7] باشقىلارنى بوزەك قىلمىسا، ئەكسىچە باشقىلارنىڭ گۆرۈگە قويغان نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ بەرسە، ئوغرىلىق قىلمىسا، ئاچلارغا يېمەك-ئىچمەك، يالىڭاچلارغا كىيىم-كېچەك بەرسە، [8] قەرز بەرگەن پۇلدىن ئۆسۈم

ياكى جازانە ئالمىسا، ئادالەتسىز ئىشلاردىن يىراق تۇرسا، ئادالەت بىلەن ئىش بىجىرسە، [9] مېنىڭ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىمگە چىن قەلبىدىن ئەمەل قىلسا، ئۇ ئادەم ھەققانىي ئادەمدۇر، ئۇ چوقۇم ھايات قالىدۇ. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

[10] ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ زوراۋان بىر ئوغلى بار دېيىلسە، ئۇ قان تۆكۈپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قىلمىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلسا، [11] ئۆز ئاتىسى ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان يامان ئىشلارنى قىلسا، يەنى تاغدىكى بۇتخانىلارغا بېرىپ بۇتقا ئاتالغان قۇربانلىق گۆشلەرنى يېسە، زىنا قىلسا، [12] نامرات ۋە موھتاجلارنى بوزەك قىلسا، ئوغرىلىق قىلسا، باشقىلار گۆرۈگە قويغان نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، بۇتقا چوقۇنۇپ، يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلسا، [13] قەرز بەرگەن پۇلدىن ئۆسۈم ياكى جازانە ئالسا، بۇ ئوغۇل يەنە ھايات قېلىشى كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇ چوقۇم ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىسۇن، چۈنكى ئۇ يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلدى. ئۇ چوقۇم ئۆز گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن.

[14] ئەگەر ئاشۇ زوراۋان ئوغلىنىڭ بىر بالىسى بار دېيىلسە، ئۇ ئاتىسىنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ، ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن ماڭمىسا، [15] تاغدىكى بۇتخانىلارغا بېرىپ بۇتلارغا ئاتالغان قۇربانلىقلارنى يېمىسە، ئىسرائىللار چوقۇنغان بۇتلارغا چوقۇنمىسا، زىنا قىلمىسا، [16] باشقىلارنى بوزەك قىلىپ، گۆرۈگە قويغان نەرسىلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالمىسا، ئوغرىلىق قىلمىسا، ئاچلارغا يېمەك-ئىچمەك، يالىڭاچلارغا كىيىم-كېچەك بەرسە، [17] نامراتلارغا بېسىم قىلمىسا، قەرز بەرگەن پۇلدىن ئۆسۈم ياكى جازانە ئالمىسا، مېنىڭ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلسا، ئۇ ئاتىسىنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولمايدۇ، ئۇ چوقۇم ھايات قالىدۇ. [18] لېكىن ئۇنىڭ ئاتىسىغا كەلسەك، ئۇ باشقىلارنى قاقتى-سوقتى قىلغان، ئىسرائىل قېرىنداشلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلىغان ۋە نۇرغۇن ھەقسىزلىقلارنى قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبىدىن چوقۇم ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ.

[19] سىلەر: «بالىسى نېمە ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتمايدۇ؟» دەپ سورايسىلەر. چۈنكى بالىسى ئادىل

ھەم دۇرۇس ئىش قىلدى، مېنىڭ قانۇنۇمغا ئەمەل قىلدى، شۇڭا ئۇ چوقۇم ھايات قالىدۇ. [20] كىم گۇناھ قىلسا، شۇ ھالاك بولىدۇ. بالىسى ئاتىسىنىڭ قىلمىشلىرىغا، ئاتىسىمۇ بالىسىنىڭ قىلمىشلىرىغا جاۋابكار ئەمەستۇر. ھەققانىيلار ھەققانىيلىقىغا لايىق ئىنئامغا ئېرىشىدۇ، رەزىللەر رەزىللىكىگە لايىق جازالىنىدۇ.

[21] ئەگەر رەزىل ئادەم گۇناھلىق ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، مېنىڭ قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلسا ۋە ئادىل ھەم دۇرۇس ئىشلارنى قىلسا، چوقۇم ھايات قالىدۇ، ھالاك بولمايدۇ. [22] ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان توغرا ئىشلىرى سەۋەبىدىن ھايات قالىدۇ. [23] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار شۇنداق سورايمەنكى، ئەجەبا، رەزىللەر ئۆلسە، مەن خۇرسەن بولارمەنمۇ؟ ئۇلارنىڭ گۇناھلىق يوللىرىدىن يېنىپ، ھايات قېلىشىنى خالىمايمەنمۇ؟ [24] ھەققانىي ئادەم ھەق يولىدىن يېنىپ، ئادالەتسىزلىك قىلسا، رەزىللەر بىلەن بىرگە يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلسا، ئەجەبا بۇنداق ئادەم يەنىلا ھايات قېلىشى كېرەكمۇ؟ مەن بۇنداق ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ھەققانىي ئىشلىرىنى ھېسابقا ئالمايمەن، ئۇ ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلغانلىقى ۋە قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ھالاك بولىدۇ.

[25] لېكىن سىلەر: «ئىگىمىزنىڭ بۇنداق قىلىشى ئادالەتسىزلىكتۇر» دەيسىلەر. ئەي ئىسرائىل خەلقى، ئاڭلاڭلار، مېنىڭ ئەمەس، بەلكى دەل سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار ئادالەتسىزلىكتۇر! [26] ئەگەر ھەققانىي ئادەم ھەق يولىدىن يېنىپ، ئادالەتسىزلىك قىلسا، ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ، قىلغان ئادالەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن چوقۇم ھالاك بولىدۇ. [27] ئەگەر رەزىل ئادەم رەزىللىكىدىن يېنىپ، ئادىل ھەم دۇرۇس ئىشلارنى قىلسا، ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. [28] چۈنكى ئۇ ھوشىنى تېپىپ، گۇناھىدىن قول ئۈزگەنلىكى ئۈچۈن چوقۇم ھايات قالىدۇ، ھالاك بولمايدۇ. [29] لېكىن سىلەر ئىسرائىللار: «ئىگىمىزنىڭ بۇنداق قىلىشى ئادالەتسىزلىكتۇر» دەيسىلەر. ئەي ئىسرائىل خەلقى، مېنىڭ ئەمەس، بەلكى دەل سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار ئادالەتسىزلىكتۇر!

[30] شۇڭا مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، ئەي ئىسرائىل خەلقى، مەن ھەربىرىڭلارنى قىلمىشلىرىڭلارغا لايىق جازالايمەن! گۇناھىڭلارنىڭ سىلەرنى نابۇت قىلماسلىقى ئۈچۈن، توۋا قىلىپ، گۇناھلىرىڭلاردىن قول ئۈزۈڭلار. [31] سىلەر بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىق ئىشلىرىڭلاردىن قول ئۈزۈپ، قەلبىڭلارنى ۋە روھىڭلارنى يېڭىلاڭلار. ئەي ئىسرائىل خەلقى، ھالاك بولۇشنى خالامسىلەر؟ [32] مەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھالاك بولۇشىدىن خۇرسەنلىك ھېس قىلمايمەن. توۋا قىلىڭلار، ھايات قالىسىلەر. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

## ئىسرائىل پادىشاھلىرى ئۈچۈن مەرسىيە

19 [1] پەرۋەردىگار ماڭا:
- سەن ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھلىرى ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەرسىيەنى ئوقۇ، - دېدى.

[2] «ئوخشايتتى ئاناڭ نېمىگە؟
ئوخشايتتى ئۇ شىرلار ئارىسىدىكى ئانا شىرغا،
باللىرىنى باقاتتى ئۇ، يېتىپ ياش شىرلار ئارىسىدا.
[3] بېقىپ ئۇ بىر كۈچۈكىنى،
كۈچلۈك شىر قىلىپ چىقتى ئۇنى.
ئۆگەندى شىر كۈچۈكى ئوۋ ئوۋلاشنى
ۋە ئادەم يېيىشنى.
[4] بۇنى بىلىپ باشقا ئەللەر
تۇزاق قۇرۇپ ئۇنىڭغا، تۇتتى ئۇنى
ۋە ئېلىپ كەلدى بۇرنىغا ئىلمەك سېلىپ مىسىرغا.

[5] كۈتتۈۋېرىپ ئانا شىر ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى،
ئۈزدى ئۇنىڭغا باغلىغان ئۈمىدىنى.
ئۇ يەنە بېقىپ بىر شىر كۈچۈكىنى،
كۈچلۈك شىرغا ئايلاندۇردى ئۇنى.
[6] ئايلانغاچ ئۇ كۈچلۈك شىرغا،

يۇرەتتى ئۇ شىر توپىنىڭ ئارىسىدا.
ئۆگەندى ئۇ ئوۋ ئوۋلاشنى
ۋە ئادەم يېيىشنى.
7 ئۇ بۇزۇپ يات خەلقلەرنىڭ قەلئەلىرىنى،
خارابە قىلدى شەھەرلىرىنى.
تىترەيتتى يەر-جاھان ئاڭلىسا ئۇنىڭ ھۆركىرىگەن
ئاۋازىنى.
8 شۇڭا يات ئەللەر تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭغا،
چۇشۇردى ئۇنى تورلىرىغا.
چۈشتى ئۇ ئۇلارنىڭ تۇزىقىغا.
9 ئۇلار ئېلىمەك بىلەن تۇتۇپ ئۇنى، سولىدى قەپەسكە،
ئېلىپ باردى بابىل پادىشاھىنىڭ ئالدىغا.
ئۇ تۇتقۇن بولغاچ ئۇ يەردە،
ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرىدا.

10 ئاناڭ ئۈزۈمزارلىقتىكى ئۈزۈم تېلىغا ئوخشار،
ئۈزۈم تېلى تىكىلگەچ سۇ بويىغا،
مېۋىسى مول، ياپراق، شاخلىرى قويۇق ئىدى،
چۈنكى ئۇ ئىدى مول سۇ بويىدا.
11 ئۇنىڭ شاخلىرى پادىشاھىنىڭ سەلتەنەت ھاسىسى
بولغۇدەك قاۋۇل ئىدى،
باشقا ئۈزۈم تاللىرىغا قارىغاندا ئېگىز ئۆسكەنىدى.
ئۇنىڭ ياپراقلىرى ناھايىتى قويۇق ئىدى ۋە ئۇلارنى
يىراقتىن كۆرگىلى بولاتتى.
12 لېكىن ئۇ غەزەپ بىلەن يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ، يەرگە
تاشلاندى.
چۆلدىن كېلىدىغان ئىسسىق شەرق شاملى مېۋىلىرىنى
قۇرۇتتى،
باراقسان شاخلىرىمۇ قۇرىدى.
ئوت ئۇنى يالماپ يوقاتتى.
13 ئەمدى ئۇ چۆلگە،

يەنى قۇرغاق سۇسىز يەرگە تىكىلدى.
[14] ئوت ئۇنىڭ شاخلىرىدىن تۇتىشىپ،
مېۋىلىرىنى كۆيدۈرگەنىدى،
سەلتەنەت ھاسىسى بولغۇدەك بىرەر قاۋۇل شېخىمۇ
قالمىغانىدى.»

بۇ بىر مەرسىيەدۇر، بۇنى مەرسىيە قىلىپ ئېيتىڭلار.

## ئىسيانكار ئىسرائىل

20 [1] سۈرگۈندىكى ۋاقتىمىزنىڭ 7-يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى① بىرقانچە ئىسرائىل ئاقساقاللىرى پەرۋەردىگاردىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن ئالدىمغا كېلىپ ئولتۇردى. [2] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[3] — ئەي ئادەم بالىسى، ئۇلارغا ئېگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيتقىن: «مەن پەرۋەردىگاردىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن كەلدىڭلارمۇ؟ مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە ھېچقانداق مەسلىھەت بەرمەيمەن!» [4] ئەي ئادەم بالىسى، كەلگەن ئادەملەرنى ئەيىبلە ۋە ئۇلارغا تەنبىھ بەر. ئۇلارغا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنى بىلدۈر. [5] ئۇلارغا ئېگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيتقىن: «مەن ئىسرائىل خەلقىنى تاللىغان كۈنى مىسىردا ياقۇپ ئەۋلادلىرىغا ئايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇداسى بولۇشقا قەسەم قىلغانىدىم. [6] ئاشۇ كۈنى مەن ئۇلارغا ئۇلارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىدىغانلىقىم، ئۇلارنى ئۇلار ئۈچۈن مەن تاللىغان سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىندىكى ئەڭ گۈزەل ماكانغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىم ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدىم. [7] مەن ئۇلارغا: ‹سىلەرنىڭ كۆزلىرىڭلارنى سېھىرلىگەن يىرگىنچلىك بۇتلىرىڭلارنى تاشلاڭلار، مىسىرنىڭ بۇتلىرى بىلەن ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماڭلار، چۈنكى مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن› دېدىم. [8] لېكىن ئۇلار ماڭا ئاسىيلىق

① 20: 1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 591-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

قىلىپ، سۆزۈمنى ئاڭلىمىدى. ھېچكىم ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىنى سېھىرلىگەن يىرگىنچلىك نەرسىلىرىنى ۋە مىسىرنىڭ بۇتلىرىنىمۇ يوقاتمىدى. ئەسلى مەن ئۇلارغا مىسىردا غەزىپىمنى ياغدۇرۇپ، ئاچچىقىمنى چىقىرىمەن، دەپ نىيەت قىلغانىدىم. [9] لېكىن مەن نام-شەرىپىمنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان يات خەلقلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن نىيىتىمدىن ياندىم. چۈنكى ئۇ خەلقلەر مېنىڭ ئىسرائىللار ئالدىدا ئايان بولغانلىقىمنى ۋە ئۇلارنى مىسىردىن ئېلىپ چىققانلىقىمنى بىلەتتى.

[10] شۇڭا مەن ئۇلارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىقاندىن كېيىن، چۆللۈككە باشلاپ باردىم. [11] ئۇ يەردە مەن ئۇلارغا مېنىڭ قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىمنى ئېلان قىلدىم. كىمكى بۇلارغا رىئايە قىلسا، ھايات قالىدۇ. [12] مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلارنى پاك بىر خەلق قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئارىمىزدىكى ئەھدىمىزنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇلارغا دەم ئېلىش كۈننى بەردىم. [13] لېكىن ئىسرائىل خەلقى چۆللۈكتە ماڭا ئاسىيلىق قىلدى. ئۇلار قانۇنلىرىمغا ئەمەل قىلمىدى، بەلگىلىمىلىرىمنى رەت قىلدى، (ئۇلارغا ئەمەل قىلغۇچى ھايات قالىدۇ.) مەن بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىنىمۇ بۇلغىدى. شۇڭا مەن چۆللۈكتە ئۇلارغا غەزىپىمنى ياغدۇرۇپ، ئۇلارنى يوقاتماقچى بولدۇم. [14] لېكىن مەن نام-شەرىپىمنىڭ يات خەلقلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن نىيىتىمدىن ياندىم. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ئىسرائىللارنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مىسىردىن ئېلىپ چىققانلىقىمنى بىلىدۇ. [15] ۋاھالەنكى، مەن چۆللۈكتە ئۇلارغا ئاتا قىلماقچى بولغان سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان زېمىندىكى ئەڭ گۈزەل ماكانغا باشلاپ كىرمەسلىككە قەسەم قىلدىم. [16] چۈنكى ئۇلار بەلگىلىمىلىرىمنى رەت قىلدى ۋە قانۇنلىرىمغا ئەمەل قىلمىدى. مەن بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىنىمۇ بۇلغىدى، قەلبلىرىنى بۇتلارغا بەردى. [17] شۇنداقتىمۇ مەن ئۇلارنى ئايىدىم، ئۇلارنى ۋەيران قىلمىدىم، چۆللۈكتە پۈتۈنلەي ھالاك قىلمىدىم.

[18] مەن چۆللۈكتە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە: «ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ ئىزىدىن ماڭماڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى دورىماڭلار

ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرى بىلەن ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماڭلار. [19] مەن
سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادۇرمەن. مېنىڭ قانۇنۇمغا رىئايە
قىلىڭلار، بەلگىلىمىلىرىمگە كۆڭۈل قويۇپ ئەمەل قىلىڭلار. [20] مەن
بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنى ئارىمىزدىكى بىر بەلگىدۇر، ئۇنىڭغا
ئەمەل قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، مېنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا
ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر» دېدىم.
[21] لېكىن ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ماڭا ئاسىيلىق قىلدى.
قانۇنلىرىمغا رىئايە قىلمىدى، بەلگىلىمىلىرىمگە بويسۇنمىدى.
(ئۇلارغا ئەمەل قىلغۇچى ھايات قالىدۇ.) مەن بېكىتكەن دەم
ئېلىش كۈنىنىمۇ بۇلغىدى. شۇڭا مەن چۆللۈكتە ئۇلارغا غەزىپىمنى
ياغدۇرۇپ، ئاچچىقىمنى چىقارماقچى بولدۇم. [22] لېكىن مەن بۇنداق
قىلىشتىن قولۇمنى تارتتىم ۋە نام-شەرىپىمنىڭ يات خەلقلەرنىڭ
كۆز ئالدىدا بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن نىيىتىمدىن ياندىم. چۈنكى
ئۇلار مېنىڭ ئىسرائىللارنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مىسىردىن ئېلىپ
چىققانلىقىمنى بىلىدۇ. [23] ئۇلار چۆلدىكى ۋاقتىدا، مەن ئۇلارنى ياقا
يۇرتلارغا تارقىتىۋېتىمەن، يات ئەللەرگە چېچىۋېتىمەن، دەپ قەسەم
قىلدىم. [24] چۈنكى ئۇلار مېنىڭ قانۇنلىرىمغا رىئايە قىلمىدى،
بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلمىدى، بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىنىمۇ
بۇلغىدى، ئاتا-بوۋىلىرى چوقۇنغان بۇتلارغا مەپتۇن بولدى. [25] شۇڭا
مەن ئۇلارنىڭ پايدىسىز قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشىغا، ھاياتىنى
ساقلاپ قالالمايدىغان قانۇنلارغا بويسۇنۇشىغا يول قويدۇم. [26] مەن
ئۇلارنى ئۆزلىرى سۇنغان ھەدىيەلىرى، يەنى تۇنجى ئوغۇللىرىنى
كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق قىلىشى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بۇلغىشىغا يول
قويدۇم. شۇ ئارقىلىق ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
بىلسۇن دەپ، ئۇلارنى مۇشۇنداق ۋەھىمىگە چۈشۈردۈم.»
[27] ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىل خەلقىگە ئىگىمىز پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ماڭا ساداقەتسىزلىك
قىلىپ، مېنى ھاقارەتلىدى. [28] مەن ئۇلارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان
زېمىنغا ئۇلارنى باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار ھەربىر
ئېگىزلىكنى، ھەربىر بۈك-باراقسان دەرەخنى كۆرگەن ھامان،
ئۇ يەرلەردە قۇربانلىق قىلىپ، بۇتلارنى قويۇپ، خۇش پۇراقلىق

ھەدىيەلەرنى كۆيدۈرۈپ، شاراب سۇنۇپ، غەزىپىمنى قوزغىدى.
29 مەن ئۇلاردىن: ‹سىلەر بارىدىغان ئېگىزلىكنىڭ قانداق جاي
ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟› دەپ سورىدىم.» (شۇنىڭدىن كېيىن
بۇ يەر «باماھ» [مەنىسى «ئېگىزلىك»] دەپ، ئاتالدى.)
30 شۇڭا سەن ئىسرائىل خەلقىگە ئېگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ، دەپ ئېيت: «سىلەر ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا ئوخشاش
يىرگىنچلىك بۇتقا چوقۇنۇپ، ئۆزۈڭلارنى بۇلغىماقچىمۇ؟
31 سىلەرنىڭ بۈگۈنگە قەدەر بۇتلارغا ھەدىيەلەرنى سۇنۇپ،
بالىلىرىڭلارنى قۇربانلىق سۈپىتىدە بۇتقا ئاتاپ كۆيدۈرۈپ
كەلگىنىڭلار ئۆزۈڭلارنى بۇلغىغانلىق ئەمەسمۇ؟! ئەي ئىسرائىل
خەلقى، شۇنداق ئىكەن، مەن سىلەرگە مەسلىھەت بېرەرمەنمۇ؟
مەن ئېگەڭلار پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم
قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ مەندىن مەسلىھەت سورىشىڭلارغا قەتئىي
يول قويمايمەن.
32 سىلەر باشقا ئەللەرگە، يەنى يات خەلقلەرگە ئوخشاش ياغاچ
ۋە تاشلارغا چوقۇنساق، دەپ ئويلايسىلەر، لېكىن سىلەرنىڭ
بۇ خىيالىڭلار ئەمەلگە ئاشمايدۇ. 33 مەن ئېگەڭلار پەرۋەردىگار
مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەممىگە قادىر
قۇدرەتلىك قولۇم ۋە قاتتىق غەزىپىم بىلەن سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق
قىلىمەن. 34 مەن سىلەرنى تارقىلىپ كەتكەن ياقا يۇرتلاردىن ۋە يات
ئەللەردىن ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك قولۇم ۋە قاتتىق غەزىپىم
بىلەن يىغىمەن. 35 سىلەرنى يات ئەللەرنىڭ چۆللۈكلىرىگە باشلاپ
بېرىپ، يۈزمۇيۈز سوراق قىلىمەن. 36 خۇددى مەن ئىلگىرى
ئەجدادلىرىڭلارنى مىسىرنىڭ چۆللۈكىدە سوراق قىلغانغا ئوخشاش،
سىلەرنىمۇ سوراق قىلىمەن. بۇ مەن ئېگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. 37 مەن سىلەرنى تاياق ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ
تەكشۈرىمەن ۋە ئەھدىگە رىئايە قىلدۇرىمەن. 38 ئاراڭلاردىكى ئاسىي
ۋە گۇناھكارلارنى يوقىتىمەن. گەرچە مەن ئۇلارنى يات ئەللەردىن
ئېلىپ چىققان بولساممۇ، لېكىن ئۇلار ئىسرائىلىيە زېمىنىغا
كىرەلمەيدۇ. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
بىلىسىلەر.

[39] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: ‹ئەي ئىسرائىل خەلقى، ئەگەر سۆزۈمگە قۇلاق سېلىشنى خالىمساڭلار، يوقىلىڭلار، بۇتلىرىڭلارغا چوقۇنۇۋېرىڭلار! لېكىن سىلەرنىڭ ئەمدى بۇتلىرىڭلارغا قىلغان قۇربانلىق ھەدىيەلىرىڭلار ئارقىلىق مېنىڭ مۇقەددەس نامىمنى يەنە بۇلغىشىڭلارغا يول قويمايمەن. [40] مەن دەيمەنكى، مۇقەددەس تېغىمدا، يەنى ئىسرائىلىيە زېمىنىدىكى ئېگىز تاغدا بارلىق ئىسرائىللار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇ يەردە مەن ئۇلارنى قوبۇل قىلىمەن. سىلەرنىڭ ئۇ يەردە ماڭا بېكىتىلگەن ھەدىيەلەرنى، ئېسىل سوۋغاتلارنى ۋە مۇقەددەس قۇربانلىقلىرىڭلارنى سۇنۇشۇڭلارنى ئەمر قىلىمەن. [41] سىلەرنى تارقىلىپ كەتكەن ياقا يۇرتلاردىن، يات ئەللەردىن يىغىپ ئەكەلگەندە، سىلەرنى خۇددى مېنى مەمنۇن قىلىدىغان خۇش پۇراقتەك قوبۇل قىلىمەن. مەن يات خەلقلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇقەددەسلىكىمنى نامايان قىلىمەن. [42] مەن سىلەرنى ئەجدادلىرىڭلارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئىسرائىل زېمىنىغا باشلاپ بارغاندا، سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. [43] سىلەر ئۇ يەردە، بۇرۇن قىلغان قىلمىشىڭلارنى ۋە ئۆزۈڭلارنى بۇلغىغان ناپاك ئىشلارنى ئەسكە ئالىسىلەر ۋە قىلغان بارلىق يامانلىقلىرىڭلارنى ئويلاپ ئۆزۈڭلاردىن نەپرەتلىنىسىلەر. [44] ئەي ئىسرائىل خەلقى، نام-شەرىپىم ئۈچۈن سىلەرنى رەزىل ۋە يىرگىنچلىك قىلمىشىڭلارغا لايىق جازالىمايمەن. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.›»

## نەگېبتىكى ئوت

[45] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[46] – ئەي ئادەم بالىسى، جەنۇبقا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، نەگېبتىكى ئورمانلىققا قارشى ۋەھىيىمنى يەتكۈز [47] ۋە ئۇنىڭغا ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئەي نەگېبتىكى ئورمانلىق، پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزىگە قۇلاق سال. مەن ساڭا ئوت قويىمەن، بۇ ئوت سەندىكى بارلىق ياشىرىپ تۇرغان ۋە قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىدۇ. بۇ يالقۇنلۇق ئوتنى ھېچكىم

ئۆچۈرەلمەيدۇ، بۇ ئوت جەنۇبتىن شىمالغىچە ھەممىنى كۆيدۈرىدۇ.
48 شۇندىلا پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەر بۇ ئوتنى مەن پەرۋەردىگارنىڭ
قويغانلىقىنى بىلىشىدۇ، ئۇنى ھېچكىم ئۆچۈرەلمەيدۇ.»
49 شۇ چاغدا مەن:
— ئەي ئىگەم پەرۋەردىگار، ئۇلار مېنى «بۇ ئادەم پەقەت مەسەل
سۆزلەۋاتىدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدىم.

## پەرۋەردىگارنىڭ قىلىچى

21 1 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
2 — ئەي ئادەم بالىسى، يېرۇسالېمغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ،
ئۇنىڭدىكى ئىبادەتخانىغا قارشى سۆزلە، ئىسرائىلىيەگە قارشى
ۋەھىيىمنى يەتكۈز 3 ۋە ئۇنىڭغا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ
ئېيت: «ئەي ئىسرائىلىيە، مەن ساڭا قارشى تۇرىمەن، قىلىچىمنى
قىنىدىن سۇغۇرۇپ، سەندىكى ھەققانىيلارنى ۋە رەزىللەرنى قوشۇپ
يوقىتىمەن. 4 ھەققانىيلارنى ۋە رەزىللەرنى يوقىتىش ئۈچۈن مەن
قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇرىمەن، قىلىچىم جەنۇبتىن شىمالغىچە
ھەممە ئادەمگە قارشى تۇرىدۇ. 5 شۇندىلا جاھان ئەھلى قىلىچىنى
غىلىپىدىن چىقارغۇچىنىڭ مەن پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇ.
مەن قىلىچىمنى غىلىپىغا قايتا سالمايمەن.»
6 ئەي ئادەم بالىسى، نالە قىل، باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئېزىلگەن
يۈرىكىڭ بىلەن قاتتىق نالە قىل. 7 ئەگەر بىرسى سەندىن نېمىشقا
نالە قىلىسەن، دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەر: «شۇم
خەۋەر كېلىۋاتىدۇ. بۇ خەۋەردىن ھەر كىشىنىڭ يۈرىكى سىلىپ،
قوللىرىدا جان قالمايدۇ. ھەركىمنىڭ روھى چۈشۈپ، قورقۇنچتىن
تىقىملىرىغا سىيىۋېتىشىدۇ. مانا شۇ ۋاقىت يېقىنلىشىپ قالدى،
ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ». بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر.
8 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
9 — ئەي ئادەم بالىسى، ئۇلارغا ۋەھىيىمنى يەتكۈزۈپ، ئىگىمىز
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت:
«قىلىچ، قىلىچ بىلەندى، پارقىرىتىۋېتىلدى.

10 ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈر بىلەندى.
ئۇ پارقىراقلىقىدىن چاقماقتەك يالتىرايدۇ.
ئەي ئوغلۇم يەھۇدىيە، ئەجەبا، سەن سەلتەنەت
هاسىسىدىن خۇشالمۇسەن؟
ياق، چۈنكى ئۇ قىلىچ ھېچبىر سەلتەنەت ھاسىسىنى
مەنسىتمەيدۇ!
11 قىلىچ ئىشلىتىلىش ئۈچۈن پارقىرىتىلدى.
ئۇ جاللاتنىڭ قولىغا بېرىلىشى ئۈچۈن
بىلەپ پارقىرىتىلدى.
12 ئەي ئادەم بالىسى، ۋارقىراپ يىغلا،
چۈنكى بۇ قىلىچ مېنىڭ خەلقىمگە
ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق يېتەكچىلىرىگە قارشى تۇرىدۇ.
يېتەكچىلەر قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ،
خەلقىم بىلەن بىرگە قىرىلىدۇ.
شۇڭا سەن مەيدەڭگە مۇشتلا.

13 خەلقنى سىناپدىغان ۋاقىت چوقۇم كېلىدۇ. بۇ قىلىچ ھەتتا يەھۇدىيەنىڭ سەلتەنەت ھاسىسىنى مەنسىتمەيدۇ، ئەگەر سەلتەنەت ھاسىسى بولمىسا، قانداق بولار؟ بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

14 ئەي ئادەم بالىسى، ۋەھىيمنى يەتكۈز ۋە مۇشتۇڭنى تۇر.
قىلىچ ئىككى، ئۈچ قېتىم ئۇرۇلسۇن.
بۇ قىلىچ قىرغىنچىلىق ئۈچۈن تەيىنلەنگەندۇر،
ئۇ كۆپ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان قىلىچتۇر،
ئۇ ھەممە تەرەپتىن كېلىدۇ.
15 قورقۇنچتىن خەلقىمنىڭ يۈرەكلىرى يېرىلسۇن،
كۆپلىرى ھالاك بولسۇن.
شەھەر دەرۋازىلىرىغا ئۇ قىلىچنى ئورۇنلاشتۇردۇم.
ئۇ چاقماقتەك پارقىرايدۇ،
قىرغىنغا تەييار تۇرىدۇ.

16 ئەي قىلىچ، ئوڭ-سولۇڭغا ئۆرۈل،
قايسى تەرەپ بولسا مەيلى.
17 مەنمۇ مۇشتۇملىرىمنى تۈرۈپ قويىدۇم،
غەزەپلىرىم بېسىلسۇن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

## بابىل پادىشاھىنىڭ قىلىچى

18 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
19 — ئەي ئادەم بالىسى، بابىل پادىشاھى بىر قىلىچتۇر، ئۇنىڭ
بېرىشى ئۈچۈن ئىككى يول سىز. ھەر ئىككى يول بىر نۇقتىدىن
باشلانسۇن. شەھەرگە بارىدىغان يولنىڭ باشلانغان يېرىگە بەلگە
ئورنات. 20 يوللارنىڭ بىرى ئاممونلارنىڭ يۇرتىنىڭ مەركىزى
بولغان رابباھقا، يەنە بىرى يەھۇدىيەنىڭ مۇستەھكەم شەھىرى
بولغان يېرۇسالېمغا تۇتاشسۇن. 21 بابىل پادىشاھى يولنىڭ
ئايرىلىدىغان يېرىگە كەلگەندە، ئوقيانىڭ ئوقى ئارقىلىق پال
سېلىپ، بۇتقا مۇراجىئەت قىلىدۇ. مال ئۆلتۈرۈپ، جىگىرىگە قاراپمۇ
پال سالىدۇ. 22 ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا پالنىڭ جاۋابى، يەنى يېرۇسالېم
بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوۋۇقبۇزار بىلەن يېرۇسالېم سېپىلىغا
ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ لەشكەرلىرىگە: «قىرىڭلار، چۇقان
سېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق بېرىپ، شەھەر دەرۋازىلىرىغا قوۋۇقبۇزار
ئورۇنلاشتۇرۇپ، سېپىلغا توپا دۆۋىلەپ، شەھەرنى قورشاش
ئىنشائاتلىرىنى بەرپا قىلماقچى بولىدۇ. 23 لېكىن يېرۇسالېملىقلار
بابىل پادىشاھىنىڭ سالغان پالىغا ئىشەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار بابىل
پادىشاھىغا ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ قەسەم ئىچىشكەنىدى. لېكىن
بابىل پادىشاھى ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئىسيانكارلىقىنى يۈزىگە سېلىپ،
ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىدۇ. 24 شۇڭا مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيمەن: «چاۋاڭلار چىتقا يېيىلىپ، گۇناھىڭلار ئاشكارا بولدى،
شۇڭا سىلەر ئەسىر قىلىنىسىلەر.»
25 ئەي ئىسرائىللارنىڭ پاسىق ۋە رەزىل پادىشاھى، سېنىڭ
ۋاقتىڭ توشتى، سوراق قىلىنىدىغان كۈنۈڭ كەلدى. 26 مەن ئىگەڭ
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «بېشىڭدىكى سەللەڭنى يېشىپ،

تاجىڭنى ئېلىۋەت، زامان ئۆزگەردى. ئەمدى خار بولغانلار ئەزىزلىنىدۇ، ئەزىزلەنگەنلەر خار بولىدۇ. [27] ۋەيران بولىدۇ، ۋەيران بولىدۇ، مەن يېرۇسالېمنى ۋەيران قىلىمەن. لېكىن شەھەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغۇچى كەلمىگۈچە، بۇ ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ، بۇ شەھەرنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن.»

[28] ئەي ئادەم بالىسى، ئاممونلار ۋە ئۇلارنىڭ تارتىدىغان خورلۇقلىرى ھەققىدە بېشارەت بەر. ئۇلارغا ئېگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت:

«قىلىچ، قىلىچ غىلىپىدىن چىقتى، ئۇ قىرغىنچىلىق قىلىدۇ،
ئۇ چاقماقتەك چاقناش ئۈچۈن پارقىرىتىلدى.
[29] سىلەر كۆرگەن غايىبانە ئالامەتلەر ۋە سالغان پالىڭلار يالغاندۇر.
ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان رەزىللەرنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇلىدۇ.
چۈنكى ۋاقىت توشتى، جازا كۈنى كەلدى.
[30] ئەي قىلىچ، غىلىپىڭغا سېلىن!
سەن يارىتىلغان يۇرتۇڭدا سېنى سوراق قىلىمەن.
[31] ساڭا غەزىپىمنى ياغدۇرىمەن، قەھرىمنى چاچىمەن.
مەن سېنى قانخورلارغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن،
ئۇلارنىڭ ماھىرلىرى سېنى ئۆلتۈرىدۇ.
[32] سەن ئوتۇندەك كۆيدۈرۈلىسەن، قېنىڭ تۇپراقلىرىڭدا ئاقىدۇ.
ھېچكىم سېنى ئەسلىمەيدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## يېرۇسالېمنىڭ گۇناھى

22 [1] پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:
[2] ــ ئەي ئادەم بالىسى، قانخور يېرۇسالېم ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقار، ئۇنىڭ بارلىق يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنى يۈزىگە

سال. [3] ئۇنىڭغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «بۇت ياساپ ئۆزىنى بۇلغىغان ئەي قانخور شەھەر، ئەمدى ھالاك بولىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى. [4] سەن تۆككەن قانلار سەۋەبىدىن گۇناھكار بولدۇڭ. بۇت ياساپ، ئۆزۈڭنى بۇلغىدىڭ. شۇڭا سېنىڭ ۋاقتىڭ توشتى، ھالاك بولىدىغان كۈنۈڭ كەلدى. مەن سېنى باشقا ئەللەر ۋە خەلقلەر ئارىسىدا مەسخىرە ۋە خورلۇققا قالدۇرىمەن. [5] سېسىق نامى پۇر كەتكەن ئەي قالايمىقان شەھەر، يىراق ۋە يېقىندىكىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىسەن.

[6] قارا، سەندە ياشايدىغان ئىسرائىللارنىڭ يېتەكچىلىرى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئادەم ئۆلتۈرمەكتە. [7] ئۇلار ئاتا-ئانىسىنى كۆزگە ئىلمايدۇ، مۇساپىرلارنى ئالدايدۇ، يېتىملەرنى ۋە تۇل ئاياللارنى بوزەك قىلىدۇ. [8] ئىبادەتخانىدىكى مۇقەددەس نەرسىلىرىمنى خارلايدۇ، مەن بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىنى مەنسىتمەيدۇ. [9] سەندە ياشايدىغان ئىسرائىللارنىڭ بەزىلىرى تۆھمەت قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرگۈزىدۇ. بەزىلىرى تاغلاردىكى بۇتخانىلارغا چىقىپ قۇربانلىقلاردىن يەيدۇ، بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. [10] بەزىلىرى ئۆگەي ئانىسى بىلەن زىنا قىلىدۇ، بەزىلىرى ھەيزدار ئاياللارغا زورلۇق قىلىدۇ، [11] بەزىلىرى قوشنىسىنىڭ ئاياللىرى بىلەن زىنا قىلىدۇ، بەزىلىرى كېلىنلىرىنىڭ، يەنە بەزىلىرى ئاتا بىر ئانا باشقا سىڭىللىرىنىڭ نومۇسىغا تېگىدۇ. [12] يەنە بەزىلىرى پۇل ئۈچۈن قاتىللىق قىلىدۇ، بەرگەن قەرزلىرىدىن ئۆسۈم ياكى جازانە ئالىدۇ ۋە باشقىلارنى قاقتى-سوقتى قىلىدۇ. ئۇلار مېنى ئۇنتۇپ كەتتى. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. [13] سەندىكى ھارام يول بىلەن پۇل تاپقانلار ۋە قان تۆككەنلەرگە غەزەپ ئېچىدە مۇشتۇملىرىمنى تۈگىمەن.

[14] ئەي يېرۇسالېم، مەن سېنى جازالىغان كۈنۈم سەندە يەنە ماڭا قارشى چىققۇدەك جاسارەت ۋە كۈچ قالارمۇ؟ مەن پەرۋەردىگار دېگىنىمنى قىلىمەن. [15] مەن سەندىكى ئادەملەرنى ياقا يۇرتلارغا ۋە يات ئەللەرگە چېچىۋېتىمەن، سەندىكى ئېپلاسلىقلارنى يوقىتىمەن. [16] سەن ئەللەر ئالدىدا نومۇسقا قالغىنىڭدا، مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن.»

## پەرۋەردىگارنىڭ چوڭ ئوچىقى

17 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
18 ــ ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىل خەلقى مەن ئۈچۈن پەقەت
داشقالدۇر. ئۇلار كۈمۈش ئېرىتىلگەندىن كېيىن ئوچاقتا قالغان مىس،
قەلەي، تۆمۈر ۋە قوغۇشۇندۇر، يەنى كۈمۈشنىڭ داشقاللىرىدۇر.
19 شۇڭا ئۇلارغا ئىگەمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت:
«سىلەر داشقالغا ئايلىنىپ قالدىڭلار، شۇڭا مەن سىلەرنى يېرۇسالېمغا
يىغىمەن. 20 خۇددى ئادەملەر كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن
ۋە قەلەيلەرنى ئوچاقتا يىغىپ، ئۇلارنى ئېرىتىش ئۈچۈن ئوتنى
پۈۋلىگەندەك، مەنمۇ سىلەرنى يىغىپ، يېنىۋاتقان غەزەپ ئوتۇمغا
تاشلايمەن ۋە سىلەرنى ئېرىتىمەن. 21 مەن سىلەرنى يىغىمەن ۋە
غەزەپلىك ئوتۇمنى پۈۋلەيمەن، سىلەر شەھەردە ئوتۇمدا ئېرىپ
كېتىسىلەر. 22 كۈمۈش ئوچاقتا ئېرىپ كەتكەندەك، سىلەرمۇ شەھەردە
غەزەپ ئوتۇمدا ئېرىپ كېتىسىلەر. شۇندىلا سىلەر ئۈستۈڭلارغا غەزەپ
ئوتىنى چاچقۇچىنىڭ مەن پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر.»

## ئىسرائىلىيە يېتەكچىلىرىنىڭ گۇناھلىرى

23 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
24 ــ ئەي ئادەم بالىسى، سەن ئىسرائىل زېمىنىغا مۇنداق دەپ
ئېيت: «سەن مېنىڭ غەزەپلەنگەن كۈنۈمدە يامغۇرسىز قىلىپ،
پاكلانمىغان زېمىندۇرسەن. 25 سەندىكى يېتەكچىلەر خۇددى
ئولجىلىرىنى پارچە-پارچە قىلىپ ھۆركىرىشىۋاتقان شىرلارغا
ئوخشايدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىنى تارتىۋېلىپ ۋە ئۇلارنىڭ
جېنىغا قەست قىلىپ، نۇرغۇن ئاياللارنىڭ تۇل قېلىشىغا سەۋەبچى
بولدى. 26 سەندىكى روھانىيلار قانۇنۇمنى بۇزۇپ، مۇقەددەس
نەرسىلىرىمنى بۇلغىدى. ئۇلار نېمىنىڭ مۇقەددەس، نېمىنىڭ
مۇقەددەس ئەمەسلىكىنى ئايرىمىدى، نېمىنىڭ پاك، نېمىنىڭ
ناپاك ئىكەنلىكى ھەققىدە كىشىلەرگە تەلىم بەرمىدى. ئۇلار مەن
بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىگە ئەمەل قىلماي، نامىمنى خەلق ئارىسىدا
ھۆرمەتسىزلىككە دۇچار قىلدى. 27 سەندىكى يېتەكچىلەر ئولجىلىرىنى

پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن بۆرىلەردەك ئادەم ئۆلتۈرۈپ، قان تۆكۈپ، ھارامدىن بايلىق توپلىدى. [28] سەندىكى ساختا پەيغەمبەرلەر خۇددى ھاك بىلەن تام ئاقارتماقچى بولغاندەك، ئۆزىنىڭ ساختا غايىبانە ئالامەت ۋە ۋەھىيلىرى بىلەن يېتەكچىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى يېپىش ئۈچۈن 〈ئىگىمىز پەرۋەردىگار دەيدۇكى〉 دەۋالغان بولىسمۇ، لېكىن مەنكى پەرۋەردىگار ئۇلارغا ۋەھىي چۈشۈرمىدىم. [29] ئاددىي كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلدى، ئوغرىلىق قىلدى، نامرات ۋە موھتاجلارنى بوزەك قىلدى، مۇساپىرلارنى خورلىدى ۋە ئۇلارغا ئادالەتسىزلىك قىلدى.

[30] مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سېپىلنى قايتا مۇستەھكەملەيدىغان ۋە سېپىلنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن يېرىدە تۇرۇپ، يۇرتنى قوغدايدىغان ئادەمنى ئىزدىدىم، لېكىن تاپالمىدىم. [31] شۇڭا مەن ئۇلارغا قەھرىمنى چاچىمەن، غەزەپ ئوتۇم بىلەن ئۇلارنى يوقىتىمەن. مەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا جازاسىنى بېرىمەن. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## بۇزۇق ئاچا-سىڭىللار

23 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[2] — ئەي ئادەم بالىسى، بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئاچا-سىڭىل بار ئىدى. [3] ئۇلار مىسىردا پاھىشىلىك قىلاتتى ۋە ياش ۋاقتلىرىدىن باشلاپ پاھىشىلىك قىلغانىدى. ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنىڭ كۆكسىنى سىلىيالايتتى، ئەمچەكلىرىنى تۇتالايتتى. [4] كېيىن ئۇلار مېنىڭ بولدى ۋە ماڭا ئوغۇل-قىزلارنى تۇغۇپ بەردى. ئاچىسىنىڭ ئىسمى ئوھولا، سىڭلىسىنىڭ ئىسمى ئوھولىبا بولۇپ، ئۇلار سامارىيە ۋە يېرۇسالېمغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

[5] ئوھولا مېنىڭ نىكاھىمدا بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ئاشنىسى ئاسسۇرلار بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلدى. [6] ئاشنىلىرىنىڭ ھەممىسى كۆك كىيىم كىيگەن ئەمەلدار ۋە سەركەردىلەر بولۇپ، قامەتلىك، قىران ئاتلىق لەشكەرلەر ئىدى. [7] ئۇ مۇشۇنداق ئاسسۇرلارنىڭ سەرخىللىرى بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا چوقۇنۇپ، ئۆزىنى بۇلغىدى. [8] ئۇ

مىسىردىكى ۋاقتىدا قىلغان بۇزۇقچىلىقنى تاشلىمىدى. ئۇ ۋاقىتتا
ئۇ ياش بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ كۆكسىنى سىلىيالايتتى،
ئۇنىڭ بىلەن شەھۋەتنى قاندۇرالايتتى. [9] شۇڭا مەن ئۇنى ئۇ
ئىشقىۋازلىق قىلىشقان ئاسسۇرىيەلىك ئاشنىلىرىنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇپ بەرگەنىدىم. [10] ئۇلار ئۇنى يالىڭاچلاپ، باللىرىنى
تارتىۋالدى، ئاندىن ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. جازاسىنى
تارتقان ئوھولانىڭ يامان نامى ئاياللارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق جاھانغا
تارقالدى.

[11] ئۇنىڭ سىڭلىسى ئوھولىبا بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنىلا
پاھىشىلىك قىلىپ، ئاچىسىدىن بەكرەك بۇزۇقچىلىققا بېرىلىپ كەتتى.
[12] ئۇ ئاسسۇرلارنىڭ ئەمەلدارلىرى، سەركەردىلىرى، يارىشىملىق
لەشكىري كىيىم كىيگەن لەشكەرلىرى ۋە ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن
ئىشقىۋازلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قامەتلىك، قىران يىگىتلەر
ئىدى. [13] مەن ئۇنىڭ بۇلغانلىقىنى ۋە ئاچىسى بىلەن ئوخشاش
يول تۇتقانلىقىنى كۆردۈم. [14] ئۇ بۇزۇقچىلىققا تېخىمۇ بېرىلىپ
كەتكەنىدى. ئۇ بىر كۈنى تامدىكى قىزىل رەڭدە نەقىشلەنگەن
بابىللىق يىگىتلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ قالدى. [15] سۈرەتتىكى
يىگىتلەر بەللىرىگە بەلباغ باغلىغان، باشلىرىغا سەللە يۆگىگەن
بولۇپ، ئۇلار بابىلنىڭ ھارۋىلىق لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىلىرىگە
ئوخشايتتى. [16] ئوھولىبا ئۇ رەسىملەرنى بىر كۆرۈپلا، ئۇلارغا
ئاشىق بولۇپ قالدى ۋە بابىلغا ئەلچى ئەۋەتتى. [17] كېيىن بابىللىقلار
ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىشق تۆشىكىدە ئىشقىۋازلىق
قىلىپ، ئۇنى بۇلغىدى. ئوھولىبا بۇلغانغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى
بابىللىقلاردىن يىرگىنىپ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈدى.

[18] ئوھولىبا داۋاملىق ئوچۇق-ئاشكارا بۇزۇقچىلىق قىلىپ،
ئۆزىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، خۇددى مەن
ئۇنىڭ ئاچىسىدىن بىزار بولۇپ، يۈز ئۆرۈگىنىمدەك ئوھولىبادىنمۇ
بىزار بولۇپ، يۈز ئۆرۈدۈم. [19] ئۇ تېخىمۇ كۆپ بۇزۇقچىلىق
قىلىپ، مىسىردىكى ياش ۋاقىتلىرىدا قىلغان بۇزۇقچىلىقلىرىنى
ئەسلەشكە باشلىدى. [20] ئۇ جىنسىي ئەزالىرى ئېشەكنىڭكىدەك چوڭ
ۋە مەنىيلىرى ئايغىرنىڭكىدەك كۆپ بولغان ئاشنىلىرىغا مەپتۇن

بولۇپ يۈردى. [21] ئۇ مىسىردىكى ياش ۋاقىتلىرىدىكىدەك ھەرقانداق ئادەم كۆكسىنى سىلىيالايدىغان، ئەمچەكلىرىنى تۇتالايدىغان بۇزۇقچىلىققا تەشنا ئىدى.

[22] شۇڭا ئەي ئوھولىبا، ئىگىمىز پەرۋەردىگار ساڭا مۇنداق دەيدۇ: «سەن بىزار بولۇپ، يۈز ئۆرۈگەن ئاشنىلىرىڭنى ھەممە تەرەپتىن ساڭا ھۇجۇم قىلدۇرىمەن. [23] مەن بابىللىقلار، يەنى پىقود، شوئا ۋە قوئادىن كەلگەن پۈتۈن كالدانلار ۋە پۈتۈن ئاسسۇرلارنى باشلاپ كېلىمەن. ئۇلار ياش ۋە قامەتلىك ئەمەلدارلار، باشلىقلار، سەركەردىلەر ۋە پالۋانلار بولۇپ، ھەممىسى ئاتلىقتۇر. [24] ئۇلار شىمالدىن جەڭ ھارۋىلىرى، ئوزۇق-تۈلۈك ھارۋىلىرى ۋە زور قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار قوللىرىغا چوڭ-كىچىك قالقان ئالغان، باشلىرىغا دۇبۇلغا كىيگەن بولۇپ، تۆت تەرەپتىن سېنى قورشاۋغا ئالىدۇ. ئۈستۈڭدىن ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى ئۇلارغا بېرىمەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە سېنى جازالايدۇ. [25] مەن ئۇلار ئارقىلىق ساڭا غەزىپىمنى ياغدۇرىمەن. ئۇلار ساڭا قەھرى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇرنۇڭنى، قۇلاقلىرىڭنى كېسىۋالىدۇ، باللىرىڭنى ئەسىرگە ئېلىپ ئەكېتىدۇ. ئامان قالغانلىرىنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئوتتا كۆيدۈرىدۇ. [26] ئۇلار كىيىملىرىڭنى سالدۇرۇۋېلىپ، زىبۇ-زىننەتلىرىڭنى بۇلايدۇ. [27] مەن مۇشۇنداق قىلىپ، سېنىڭ مىسىردا ئۆگەنگەن بۇزۇقچىلىق ۋە پاھىشىلىكىڭنى توختىتىمەن، سېنىڭ مىسىرغا بولغان تەشنالىقىڭ يوقىلىدۇ، ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىسەن.»

[28] ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن سېنى سەن ئۆچ كۆرگەن ۋە بىزار بولۇپ يۈز ئۆرۈگەن ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. [29] ئۇلار ساڭا تولۇپ تاشقان ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. سېنىڭ تىرىشىپ تاپقانلىرىڭنى تارتىۋالىدۇ، سەن يالىڭاچ قالىسەن. سېنىڭ پاھىشىلىكىڭ ئاشكارا بولۇپ، چاۋاڭ چىتقا يېيىلىدۇ. [30] سەن باشقا ئەللەر بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇتلىرى بىلەن ئۆزۈڭنى بۇلغىغانلىقىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىشلار چوقۇم بېشىڭغا كېلىدۇ. [31] سەن ئاچاڭ بىلەن ئوخشاش يولدا ماڭغانىكەنسەن، ئۇ ئىچكەن جازا شارابىنى سەنمۇ ئىچىسەن.»

32 ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«سەن ئاچاڭنىڭ چوڭ ھەم چوڭقۇر قەدىھىدىكى جازا
شارابىنى چوقۇم ئىچىسەن،
كىشىلەرنىڭ مەسخىرە ۋە ئاھانىتىگە قالىسەن.
بۇ قەدەھ لىقمۇلىق تولغاندۇر.
33 ئاچاڭ سامارىيەگە سۇنۇلغان قەدەھ ۋەيرانچىلىق ۋە
ھالاكەت قەدىھىدۇر.
سەن ئۇنى ئىچىسەڭلا مەست بولىسەن، قەلبىڭنى ھەسرەت
قاپلايدۇ.
34 سەن ئۇ جازا شارابىنى بىر تېمىمىمۇ قالدۇرماي ئىچىسەن،
ئاندىن قەدەھنى ئۇرۇپ چاقىسەن، كۆكسۈڭنى تىلىسەن.
بۇ مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

35 ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «سەن مېنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىڭ ۋە ماڭا تەتۈر قارىغانلىقىڭ ئۈچۈن، سەن ئەمدى قىلغان بۇزۇقچىلىقىڭ ۋە ئىشقىۋازلىقىڭنىڭ جازاسىنى تارتىسەن.»
36 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
− ئەي ئادەم بالىسى، ئوھولا ۋە ئوھولىبانىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق يىرگىنچلىك قىلمىشلارنى قىلغانلىقىنى يۈزىگە سال. 37 ئۇلار بۇزۇقچىلىق قىلدى، قوللىرىنى قان بىلەن بويىدى، بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلدى. ھەتتا ئۇلار ماڭا تۇغۇپ بەرگەن باللىرىنى كۆيدۈرۈپ قۇربانلىق قىلىپ، بۇتلارغا يېمەكلىك سۈپىتىدە ئاتىدى. 38 بۇنىڭدىن تاشقىرى، مۇقەددەس ئىبادەتخانامنى بۇلغىدى ھەم مەن بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنىگىمۇ ئەمەل قىلمىدى. 39 ئۇلار پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇتقا ئاتىغان كۈنى مېنىڭ ئىبادەتخانامغا كىرىپ، ئۇنى بۇلغىدى. بۇ ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانامدا قىلغان ئىشلىرىدۇر.
40 ئۇلار ھەتتا يىراقتىكى ئەرلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلدى. ئۇلار كەلگۈچە بويىنى سۇغا سىلىپ، كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرتۈپ، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ، 41 ئېسىل تۆشەكتە ئولتۇرۇپ تۇردى.

تۆشكىنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە ماڭا مەنسۇپ بولغان پۇراقلىق
ئىسرىق ۋە زەيتۇن يېغىنى تىزدى.
42 ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىدىن كىشىلەرنىڭ غەم-ئەندىشىسىز
كۈلكە ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چۆلدىن كەلگەن شارابخور،
يارىماسلار بۇ بىر جۈپ ئاچا-سىڭىللارغا بىلەزۈكلەر سېلىپ
قويدى، باشلىرىغا گۈزەل تاجلارنى تاقىدى. 43 مەن بۇ ئاياللار
ھەققىدە مۇنداق دېدىم: «پاھىشىلىك قىلىپ ھارغان بۇ ئاياللاردىن
خالىغانچە پايدىلىنىۋېرىڭلار.» 44 ئۇ كىشىلەر نومۇسسىز ئوھولا
ۋە ئوھولىبادىن شۇنداق پايدىلىنىپ، ئۇلار بىلەن بۇزۇقچىلىق
قىلىشتى. 45 لېكىن ھەققانىي ئادەملەر بۇ ئاياللارنى زىنا قىلغان ۋە
قان تۆككەن ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازا بىلەن جازالايدۇ. چۈنكى بۇ
ئىككى ئايال پاھىشىلىك قىلدى ۋە قوللىرىنى قان بىلەن بويىدى.
46 مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «ئۇلارغا بىر قوشۇننى
ھۇجۇم قىلدۇرىمەن، ئۇلار بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراپ، قورقۇنچقا
چۈشىدۇ. 47 كىشىلەر ئۇلارنى چالما-كېسەك قىلىدۇ، قىلىچ بىلەن
ئۆلتۈرىدۇ، باللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرىدۇ.
48 شۇنداق قىلىپ، مەن بۇ زېمىندىكى بۇزۇقچىلىقلارنى يوقىتىمەن.
بارلىق ئاياللار ئىبرەت ئالىدۇ، ئۇلارغا ئەگىشىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.
49 ئەي ئاچا-سىڭىللار، مەن سىلەرنىڭ بۇزۇقچىلىق ۋە بۇتپەرەسلىك
قىلغان گۇناھىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى جازالايمەن. شۇندىلا سىلەر
مېنىڭ ئىگەڭلار پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.»

## دات باسقان قازان

24

1 سۈرگۈندىكى ۋاقتىمىزنىڭ 9-يىلى 10-ئاينىڭ 10-
كۈنى ① پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
2 — ئەي ئادەم بالىسى، بۈگۈن دەل بابىل پادىشاھىنىڭ يېرۇسالېمنى
قورشاۋغا ئالغان كۈنىدۇر، سەن چوقۇم بۇ كۈننى پۈتۈۋال. 3 سەن
ئاسىي ئىسرائىل خەلقىگە تۆۋەندىكى تەمسىلنى ئېيتىپ بەر: «مەن
ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن:

---

① 24: 1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 588-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

‹قازاننى ئوتقا قويۇڭلار. قازاننى ئوتقا قويۇپ، ئىچىگە سۇ
قۇيۇڭلار.
4 ئاندىن ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى يانپاش، بويۇن گۆشلىرىنى
سېلىڭلار،
يىلىكلىك سۆڭەكلەر بىلەن تولدۇرۇڭلار.
5 قويلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تاللاڭلار.
ئوچاققا كۆپرەك ئوتۇن سېلىڭلار،
قازاننى قاينىتىپ، گۆش ۋە سۆڭەكلەرنى پىشۇرۇڭلار.›

6 مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن:
‹قانغا بويالغان يېرۇسالېمنىڭ هالىغا ۋاي!
بۇ شەھەر داتلاشقان قازاندۇر،
ئۇنىڭ داتلىرىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ.
شۇڭا بۇ قازاننى بوشات ۋە قولۇڭغا نېمە چىقسا، شۇنى
ئال.
7 بۇ شەھەردە قىرغىنچىلىق يۈز بەردى،
ئادەملەرنىڭ قېنى تاش ئۈستىگە تۆكۈلدى،
ئەگەر قان يەرگە تۆكۈلگەن بولسا ئىدى،
تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتكەن بولاتتى.
8 مەن قاننى يوشۇرغىلى بولمايدىغان تاشقا چاچتىم.
بۇ قان داغلىرى غەزىپىمنى قوزغاپ، مېنى ئىنتىقام
ئېلىشقا ئۈندەيدۇ.›

9 شۇڭا مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن:
‹هالىڭغا ۋاي، ئەي قانخور شەھەر!
ئۆزۈم ئوتۇن دۆۋىلەيمەن.
10 كۆپرەك ئوتۇن دۆۋىلە ۋە ئوتۇنغا ئوت ياق.
گۆشنى قاينىتىۋەر، تاكى شورپىسى قالمىغۇچە قاينات،
سۆڭەكلىرى كۆيۈپ كەتسۇن.
11 ئاندىن قۇرۇق مىس قازاننى چوغ ئۈستىگە قوي،
ئۇ قىپقىزىل قىزارسۇن.

قازاندىكى داتلار ئېرىپ، مەينەتچىلىك كۆيۈپ يوق
بولسۇن.
12 مەن بىھۇدە ئىش قىلىپتىمەن.
داتلار قېلىن بولغاچقا ئوتتا ئېرىمەپتۇ.
ئوتمۇ ئۇنى تازىلىيالماپتۇ.
13 ئەي يېرۇسالېم، بۇزۇقچىلىقىڭ سېنى بۇلغاپتۇ،
مەن ئەسلى سېنى پاكلىماقچى بولغانىدىم،
لېكىن سەن پاكلىنىشنى خالىمىدىڭ.
شۇڭا مەن ساڭا غەزەپ قىلمىغۇچە،
سەن مەينەتچىلىكىڭدىن تازىلانمايسەن.

14 مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار دەيدىغىنىمنى دېدىم، ئەمدى ھەرىكەت قىلىشىنىڭ ۋاقتى كەلدى. دېگەنلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، نىيىتىمدىن يانمايمەن، ئاياپ قويمايمەن، پۇشايمانمۇ قىلمايمەن. تۇتقان يولۇڭلار ۋە قىلغان قىلمىشلىرىڭغا يارىشا جازالايمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»»

## پەيغەمبەرنىڭ ئايالىنىڭ ۋاپاتى

15 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
16 ــ ئەي ئادەم بالىسى، سېنىڭ كۆز قارىچۇقۇڭ بولغان ئايالىڭنى تۇيۇقسىز ئەكېتىمەن، لېكىن سەن ھازا ئاچما، پەرياد قىلما، ياش تۆكمە. 17 پەقەت ئۈنسىز ھەسرەتلەن، قارىلىق تۇتما. ئادەتتىكىدەك بېشىڭغا سەللە يۆگەپ، پۇتۇڭغا ئاياغ كىيىپ يۈر، ئېغىز-بۇرنۇڭنى ئەتمە، باشقىلار ئۆيۈڭگە ھال سوراپ ئەكەلگەن تاماقنىمۇ يېمە.
18 مەن ئەتىگەندە جامائەت بىلەن سۆزلەشتىم. كەچتە ئايالىم ئالەمدىن ئۆتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممە ئىشنى پەرۋەردىگارنىڭ ئەمر قىلغىنى بويىچە قىلدىم.
19 جامائەت مەندىن:
ــ ئېيتقىنا، بۇنداق قىلغىنىڭنىڭ بىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟
ــ دەپ سورىدى.
20 مەن ئۇلارغا مۇنداق دېدىم:

– پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى : [21] «ئىسرائىل خەلقىگە ئىگىمىز
پەرۋەردىگار مۇنداق دەپ ئېيت : ‹سىلەرنى پەخىرلەندۈرگەن،
سۆيۈندۈرگەن ۋە قەلبىڭلارنى ئىنتىلدۈرگەن مۇقەددەس ئىبادەتخانامنى
بۇلغايمەن. يېرۇسالېمدا قالغان پەرزەنتلىرىڭلار قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ.
[22] ئۇ چاغدا سىلەرمۇ ئەزەكىئەل قىلغاندەك ئىشلارنى قىلىسىلەر، يەنى
ئېغىز-بۇرنۇڭلارنى ئەتمەيسىلەر، باشقىلار ھال سوراپ ئەكەلگەن
تاماقنى يېمەيسىلەر. [23] بېشىڭلارغا سەللە يۆگەپ، پۇتۇڭلارغا ئاياغ
كىيىپ يۈرىسىلەر. ھازا ئاچمايسىلەر، پەرياد قىلمايسىلەر. ھالبۇكى،
گۇناھىڭلار سىلەرنى تۈگەشتۈرىدۇ، ئۆزئارا بىر-بىرىڭلارغا ئىڭراپ
دەرد تۆكىسىلەر. [24] ئەزەكىئەل سىلەر ئۈچۈن بىر تەمسىلدۇر.
سىلەرمۇ ئۇ قىلغان ئىشلارنى قىلىسىلەر. بۇ ئىشلار يۈز بەرگەندە
سىلەر مېنىڭ ئىگەڭلار پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.›»
[25] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى :
– ئەي ئادەم بالىسى، ئۇ كۈن كەلگەندە، مەن ئۇلار خۇشال بولغان،
شەرەپ ھېس قىلغان، سۆيگەن، ئارمان قىلغان قورغىنىنى ۋەيران
قىلىمەن، پەرزەنتلىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىمەن. [26] ئۇ كۈن كەلگەندە،
يېرۇسالېمدىن قېچىپ چىقىپ ھايات قالغۇچى ساڭا خەۋەر يەتكۈزىدۇ.
[27] شۇ چاغدا تىلىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن. سەن ئۇ ئادەم بىلەن
سۆزلىشەلەيسەن. سەن خەلق ئۈچۈن بىر تەمسىلدۇرسەن، شۇندىلا
ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.

## ئاممونلارغا قارشى چۈشكەن ۋەھىي

25
[1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى :
[2] – ئەي ئادەم بالىسى، ئاممون خەلقىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ،
ئۇلارغا قارشى ۋەھىيمنى يەتكۈز [3] ۋە ئۇلارغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار
مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت : «مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە
قۇلاق سېلىڭلار. مۇقەددەس ئىبادەتخانام بۇلغىنىپ، ئىسرائىلىيە
زېمىنى خارابلىشىپ، يەھۇدىيە خەلقى سۈرگۈن قىلىنغاندا سىلەر
خۇشال بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، [4] مەن سىلەرنى شەرقتىن كەلگەن
خەلقلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن. ئۇلار سىلەرنىڭ زېمىنىڭلاردا
ئولتۇراقلىشىپ، چېدىرلىرىنى تىكىدۇ، مېۋەڭلارنى يەپ، سۈتۈڭلارنى

ئېچىدۇ. [5] مەن پايتەختىڭلار رابباھ شەھىرىنى تۆگىلەر ئوتلايدىغان ئوتلاققا ئايلاندۇرىمەن، ئاممونلارنىڭ زېمىنىنى قوي قوتىنىغا ئايلاندۇرىمەن. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.

[6] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار يەنە دەيمەنكى، سىلەر كۆڭلۈڭلاردا ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، ئىسرائىلىيەنىڭ زېمىنىغا ئاپەت كەلگەندە، خۇشاللىقىڭلاردىن چاۋاك چېلىشىپ، سەكرىشىپ، تەنتەنە قىلىشتىڭلار. [7] شۇڭا مەن سىلەرگە قارشى قولۇمنى كۆتۈرۈپ، سىلەرنى باشقا ئەللەرگە ئولجا قىلىپ تۇتۇپ بېرىمەن. سىلەرنى ئەللەر ئارىسىدىن يوق قىلىمەن، سىلەر ھالاك بولىسىلەر. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.»

## موئابلارغا قارشى چۈشكەن ۋەھيي

[8] ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «موئاب ۋە سەئىر خەلقى: ‹يەھۇدىيە خەلقىنىڭ باشقا خەلقلەردىن ھېچقانداق پەرقى يوق› دەپ سۆزلەپ يۈرۈشتى. [9] شۇڭا مەن موئابنىڭ غەربىي چېگراسىنى ئاچىمەن. موئابنىڭ چېگراسىدىكى گۈزەل شەھەر ھېسابلانغان بەيت-يەشىموت، بائال-مېئون، قىرياتائىم شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىمەن. [10] مەن ئۇلارنى ئاممونلار بىلەن بىرلىكتە شەرقتىن كەلگەن خەلقلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاممونلار ئەللەر ئارىسىدا ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ. [11] موئابلارنى چوقۇم جازالايمەن، شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.»

## ئېدوملارغا قارشى چۈشكەن ۋەھيي

[12] ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئېدوم خەلقى يەھۇدىيە خەلقىدىن ئۆچ ئېلىپ، چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزدى. [13] شۇڭا مەن ئېدومغا قارشى قولۇمنى كۆتۈرۈپ، ئۇ يەردىكى ئادەملەرنى، ھايۋانلارنى يوقىتىپ، زېمىنلىرىنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەن. تېمان شەھىرىدىن دېدان شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشايدىغان خەلقنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىمەن. [14] مەن ئىسرائىللارنىڭ

قولى ئارقىلىق ئىدوملاردىن ئۆچ ئالىمەن. ئىسرائىللار مېنىڭ قەھر-غەزىپىم بويىچە ئۇلارنى جازالايدۇ. شۇنداق ئۇلار مېنىڭ قىساسىمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## فىلىستىيەلىكلەرگە قارشى چۈشكەن ۋەھىي

[15] ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «فىلىستىيەلىكلەر ئەسىرلەردىن بېرى كۆڭۈللىرىدە ساقلاپ كەلگەن كونا ئۆچ-ئاداۋەتلىرى بىلەن يەھۇدىيەلىكلەردىن ئۆچ ئالماقچى ۋە ئۇلارنى يوقاتماقچى بولۇشتى. [16] شۇڭا مەن ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن قول كۆتۈرىمەن، شۇنداقلا كرېتلەرنىمۇ يوقىتىمەن، دېڭىز بويىدا ياشايدىغانلارنىمۇ قىرىپ تاشلايمەن. [17] مەن ئۇلاردىن دەھشەتلىك قىساس ئالىمەن ۋە ئۇلارنى قەھر-غەزىپىم بىلەن جازالايمەن. مەن ئۇلاردىن قىساس ئالغاندىلا، ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.»

## تىر خەلقىگە قارشى چۈشكەن ۋەھىي

26 [1] سۈرگۈندىكى ۋاقتىمىزنىڭ 11-يىلى مەلۇم بىر ئاينىڭ 1-كۈنى پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[2] — ئەي ئادەم بالىسى، يېرۇسالېمنىڭ ۋەيران بولغانلىقىدىن تىر شەھىرى خۇشال بولۇپ: «سودا مەركىزىنىڭ دەرۋازىلىرى ۋەيران بولدى. ئەمدى ماڭا سودا يولى ئېچىلدى، ئۇ ۋەيران بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن باي بولۇپ كېتىمەن» دەيدۇ. [3] شۇڭا مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «ئەي تىر شەھىرى، ساڭا قارشى تۇرىمەن، نۇرغۇن ئەللەرنى ساڭا قارشى خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئاتلاندۇرىمەن. [4] ئۇلار سېپىللىرىڭنى ۋەيران قىلىدۇ، مۇنارلىرىڭنى يىقىتىدۇ. مەن خارابىلىرىڭنىمۇ پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلايمەن، ئورنىدا پەقەت ئەسلىدىكى قورام تاشلا قالىدۇ. [5] مەن شۇنداق دەپ جاكارلايمەنكى، سېنىڭ دېڭىزدىكى ئارىلىڭ بېلىقچىلار تورلىرىنى يېيىپ قۇرۇتىدىغان يەرگە ئايلىنىدۇ. سەن نۇرغۇن ئەللەر تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىسەن ۋە [6] قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان خەلقىڭ قىلىچ بىلەن قىرغىن

قىلىنىدۇ. شۇندىلا خەلقلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.»

[7] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «ئەي تىر شەھىرى، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەرنى جەڭ ھارۋىلىرى، ئاتلىق لەشكەرلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن شىمالدىن ساڭا ھۇجۇم قىلدۇرىمەن. [8] ئۇ سېنىڭ قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان يېزىلىرىڭدىكى ئادەملىرىڭنى قىلىچ بىلەن قىرىدۇ. ئاندىن سېنىڭ ئەتراپىڭغا قامال ئىنشائاتلىرىنى قۇرىدۇ، سېپىلىڭنىڭ تۈۋىگە توپا دۆۋىلەيدۇ ۋە قالقانلىرىنى كۆتۈرۈپ، ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ. [9] ئۇ قوشۇقبۇزار بىلەن سېپىللىرىڭغا زەربە بېرىدۇ، قورallar بىلەن مۇنارلىرىڭنى بۇزىدۇ. [10] ئۇنىڭ ئاتلىرى شۇنچە كۆپكى، سەن ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزاننىڭ ئاستىدا قالىسەن. ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن سېپىلىڭنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن باستۇرۇپ كىرىدۇ. سېپىللىرىڭ ئۇنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى، ئۇزۇق-تۈلۈك ھارۋىلىرى ۋە جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ يۈرۈشلىرىدىن لەرزىگە كېلىدۇ. [11] جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى كوچىلىرىڭنى چەيلەيدۇ. ئۇ قىلىچى بىلەن خەلقىڭنى ئۆلتۈرىدۇ، مەزمۇت تۈۋرۈكلىرىڭنى يىقىتىدۇ. [12] مال-مۈلكۈڭنى، بايلىقلىرىڭنى بۇلاپ، سېپىللىرىڭنى ۋەيران قىلىدۇ، چىرايلىق ئۆيلەرنى تۈزلىۋېتىدۇ. خارابىلىكتىكى تاش ۋە ياغاچلىرىڭنى دېڭىزغا تۆكىدۇ.

[13] مەن سەندىكى نەغمە-ناۋالارنى يوقىتىمەن، سەندە ئەمدى لىرانىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. [14] مەن سېنى ھېچنېمە يوق قورام تاشقا ئايلاندۇرىمەن، بېلىقچىلار سەندە تورلىرىنى يېيىپ قۇرۇتىدۇ. سەن قايتا ئەسلىگە كېلەلمەيسەن. بۇ مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

[15] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «ئەي تىر شەھىرى، سېنىڭ ھالاك بولغانلىقىڭنىڭ خەۋەرلىرى، سەندىكى قىرغىنىنىڭ چۇقانلىرى ۋە ياردارلارنىڭ ئازابلىق ئىڭراشلىرى دېڭىز ياقىلىرىدىكى باشقا خەلقلەرنى قورقۇنچقا سالمامدۇ؟! [16] دېڭىز بويىدىكى باشقا پادىشاھلار تەختلىرىدىن چۈشۈپ، تونلىرىنى،

كەشتىلىك لىباسلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن كۆلپەتتىن قورقۇشۇپ، يەردە ئولتۇرۇشۇپ، غال-غال تىترىشىدۇ. [17] ئۇلار سېنىڭ ھالىڭغا ئىچىنىپ، مۇنداق مەرسىيە ئوقۇشىدۇ:

‹ئەي داڭلىق دېڭىزچىلار شەھىرى،
قورقۇشاتتى قوشنا ئەللەر بىلىپ دېڭىزدىكى قۇدرىتىڭنى،
نەقەدەر ۋەيران بولۇپ كەتتىڭ ئەمدى!
[18] سەن يوقالغان كۈنى
تىترىگەندى دېڭىز بويىدىكى ئەللەر.
ۋەيران بولغانلىقىڭنى كۆرگەندە،
ساراسىمىگە چۈشتى ئاراللار.›»

[19] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيمەن: «ئەي تىر، مەن سېنى ئادەمزاتسىز خارابىلىككە ئايلاندۇرىمەن ۋە چوڭقۇر دېڭىز سۈيىگە غەرق قىلىمەن. [20] ئۇ چاغدا سەن ئۆلۈكلەر ماكانىدا بۇرۇنقى زاماندا ئۆلۈپ كەتكەنلەر بىلەن بىرگە بولىسەن، سەن ئۇ يەردە ئۇلار بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ياشايسەن. سەن ھېچقاچان قايتىپ كېلەلمەيسەن، تىرىكلەر دۇنياسىدىكى بۇرۇنقى ئورنۇڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيسەن. [21] سەن قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىسەن، قايتا مەۋجۇت بولمايسەن. سېنى ئىزدىگەنلەر سېنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ. بۇ مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## تىر شەھىرىگە مەرسىيە

27 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[2] – ئەي ئادەم بالىسى، سەن تىر شەھىرى ئۈچۈن مەرسىيە ئوقۇ. [3] دېڭىزنىڭ چىقىش ئېغىزىغا جايلاشقان ۋە دېڭىزنىڭ بويلىرىدا ياشايدىغان نۇرغۇن خەلقلەر بىلەن تىجارەت قىلىدىغان تىر شەھىرىگە ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيتقىن:
«ئەي تىر، سەن ئۆزۈڭنى ‹تەڭداشسىز گۈزەلمەن› دەپ ماختىغانىدىڭ.

4 سېنىڭ چېگرالىرىڭ دېڭىزنىڭ مەركىزىگىچە ئىدى.
سېنى بەرپا قىلغۇچىلار كەم-كۈتىسىز گۈزەل بەرپا
قىلغانىدى.
5 سەن خېرمون تېغىنىڭ قارىغاي ياغىچىدىن ياسالغان
كېمىگە ئوخشايسەن.
ماچتاڭ لىۋاننىڭ كېدىر ياغىچىدىن،
6 پالىقىڭ باشاننىڭ دۇپ دەرەخلىرىدىن ياسالغانىدى.
پولىلىرىڭ سىپرۇس قارىغايلىرىدىن ياسىلىپ،
پىل چىشىدىن نەقىش قىلىنغانىدى.
7 مىسىرنىڭ ئېسىل زىغىر رەختىدىن كەشتىلەپ ياسالغاندۇر
يەلكىنىڭ،
تۇغۇڭ ئىدى ئۇ سېنىڭ.
ئەلىشا قىرغاقلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن
كۆك ۋە سۆسۈن رەختتىن ياسالغانىدى سايىۋەنلىرىڭ.
8 كېمەڭنىڭ پالاقچىلىرى سىدون ۋە ئارۋادلىقلار ئىدى.
رولچىلىرىڭ ئىشقا ماھىر ئادەملىرىڭ ئىدى.
9 گېباللىق پىشقان ئۇستىلار كېمەڭنىڭ يوچۇقلىرىنى ئېتىپ
تۇراتتى.
دېڭىزدىكى بارلىق كېمىلەر سەن بىلەن سودا قىلاتتى.

10 قوشۇنۇڭدا پېرسىيەلىكلەر، لۇدلار، پۇئۇتلار بار ئىدى،
ئۇلار قالقان ۋە دۇبۇلغىلىرىنى ئېسىپ قويۇپ، ھەيۋەڭنى
نامايان قىلىشاتتى.
11 ئەي تىر، ئارۋادلىقلار قوشۇنلىرىڭ بىلەن بىرگە
سېپىللىرىڭنى قوغدايتتى،
گامادلىقلار مۇنارلىرىڭدا قاراۋۇللۇق قىلاتتى.
ئۇلار سېپىللارغا قالقانلىرىنى ئېسىپ قويۇپ، سېنىڭ
تەڭداشسىز گۈزەللىكىڭنى نامايان قىلاتتى.
12 سەن مول بايلىققا ئىگە بولغاچقا، تارشىشلىقلار كۈمۈش،
تۆمۈر، قەلەي ۋە قوغۇشۇنلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، سەن بىلەن
تىجارەت قىلاتتى. 13 يۇنانلار، تۇباللار، مەشەكلەر سەندە سودا

قىلاتتى. ئۇلار قۇللار ۋە تۇچ بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلىپ، سېنىڭ ماللىرىڭغا ئالماشتۇراتتى. [14] توگارمالىقلار ئات، جەڭ ئاتلىرى ۋە قېچىرلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، سەن بىلەن تىجارەت قىلاتتى. [15] رودوس خەلقى سەن بىلەن سودىلىشاتتى. دېڭىز بويلىرىدىكى كۆپ ئەللەر سېنىڭ خېرىدارلىرىڭ ئىدى. ئۇلار پىل چىشى ۋە قارا ئەبنوس ياغاچلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، سەندە سودا قىلاتتى.

[16] سەندە تاۋارلار مول بولغاچقا، ئىدوم خەلقىمۇ سەن بىلەن تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار فىرۇزە، سۆسۈن رەڭلىك رەختلەر، كەشتىلەنگەن رەختلەر ۋە ئېسىل زىغىر رەختلەرنى ھەمدە مارجان تاشلار ۋە قىزىل ياقۇتلارنى ئېلىپ كېلىپ، سەندە سودا قىلاتتى. [17] يەھۇدىيەلىكلەر ۋە ئىسرائىلىيەلىكلەرمۇ سېنىڭ خېرىدارلىرىڭ ئىدى. ئۇلار مىننىتتىن كەلتۈرۈلگەن بۇغداي، تېرىق، ھەسەل، زەيتۇن يېغى ۋە پۇراقلىق مەلھەملەرنى ئېلىپ كېلىپ، سەندە تىجارەت قىلاتتى. [18] دەمەشقلىكلەرمۇ سېنىڭ تاۋارلىرىڭ ۋە بايلىقىڭنىڭ موللۇقىنى بىلىپ، خەلبوندا ئىشلەنگەن شاراب ۋە زاخارنىڭ يۇڭلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، سەندە سودا قىلاتتى. [19] ئۇزال زېمىنىدىن ئېلىپ كەلگەن شارابلىرىنى ماللىرىڭغا ئالماشتۇراتتى. ساپ تۆمۈر، گۈلدارچىن، پۇراقلىق ئېگىر ئېلىپ كېلىپ، سەندە سودا قىلاتتى. [20] دىدانلىقلار ئېگەر-توقۇملىرىنى ئېلىپ كېلىپ، سەندە تىجارەت قىلاتتى. [21] ئەرەبلەر ۋە قېدارنىڭ بارلىق شاھزادىلىرى سېنىڭ خېرىدارلىرىڭ ئىدى. ئۇلار پاقلان، قوچقار ۋە ئۆچكە ئېلىپ كېلىپ، سەندە تىجارەت قىلاتتى. [22] شىبا ۋە راماھنىڭ سودىگەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۈپەتلىك خۇش پۇراقلىق دورا-دەرمەكلىرى، گۆھەر ۋە ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، سەندە سودا قىلاتتى. [23] خاران، كانىھ، ئەدەن، شىبا، ئاشۇر ۋە كىلماد سودىگەرلىرى سەن بىلەن سودا قىلاتتى. [24] ئۇلار ئېسىل كىيىم، كەشتىلەنگەن كۆك رەخت، پۇختا توقۇلغان نەپىس، رەڭگارەڭ گىلەملەرنى ئېلىپ كېلىپ، سەندە تىجارەت قىلاتتى.

[25] تارشىشنىڭ كاتتا كېمىلىرى ماللىرىڭنى توشۇيتتى.
سەن ئېغىر مال قاچىلانغان دېڭىزدىكى كېمىگە
ئوخشايسەن.

26 سەندىكى پالاقچىلار سېنى دېڭىز مەركىزىگىچە ئاپىرىدۇ،
لېكىن دېڭىزدا شەرق شاملى سېنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ.
27 بايلىقلىرىڭ، ماللىرىڭ، تاۋارلىرىڭ، كېمىچىلىرىڭ،
رولچىلىرىڭ
كېمە ياسىغۇچى ئۇستىلىرىڭ، سودىگەرلىرىڭ،
لەشكەرلىرىڭ ۋە كېمەڭدىكى ھەرقانداق ئادەم سەن ۋەيران
بولغان كۈنى دېڭىز مەركىزىدە پۈتۈنلەي غەرق بولىدۇ.
28 رولچىلىرىڭنىڭ ئازابلىق چۇقانلىرى دېڭىز ساھىللىرىنى
لەرزىگە سالىدۇ.
29 بارلىق پالاقچىلار كېمىلىرىنى تەرك ئېتىشىدۇ،
كېمىچىلىرى ۋە رولچىلىرىمۇ قىرغاققا چىقىشىدۇ.
30 ئۇلار سەن ئۈچۈن پەرياد قىلىپ، قاتتىق يىغلىشىدۇ،
باشلىرىغا توپا چېچىپ، كۈلدە ئېغىنىشىدۇ.
31 چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ماتەملىك كىيىم كىيىشىدۇ،
قاتتىق يىغلىشىپ، ھەسرەت چېكىشىدۇ.
32 ئۇلار نالە-پەرياد ئىچىدە سەن ئۈچۈن مەرسىيە ئوقۇشىدۇ
ۋە ساڭا تەزىيە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېيىشىدۇ:
‹دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەن تىر شەھىرىگە ئوخشاش يەنە
بىر شەھەر بارمىدى؟›
33 ماللىرىڭ دېڭىز ئارقىلىق توشۇلۇپ،
نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغانىدى،
سەندىكى زور بايلىق ۋە تاۋارلار بىلەن پادىشاھلار باي
بولغانىدى،
34 ئەمما سېنى دېڭىز دولقۇنلىرى ۋەيران قىلدى،
ماللىرىڭ ۋە بارلىق ئادەملىرىڭ دېڭىزغا غەرق بولدى.
35 سېنىڭ سەۋەبىڭدىن دېڭىز بويىدا ياشايدىغان خەلقلەر
ئالاقزادە بولۇشتى.
ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى ۋەھىمىگە چۈشۈپ، چىرايلىرى
تاتىرىپ كەتتى!
36 سەن باشقا ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە قالدىڭ.

سەن قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتكە دۇچار بولدۇڭ، ئەمدى قايتا
مەۋجۇت بولمايسەن.»

## تىر پادىشاھىغا قارشى چۈشكەن ۋەھىي

28
1 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
2 ــ ئەي ئادەم بالىسى، سەن تىر ھۆكۈمرانىغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت:
«سەن تەكەببۇرلۇق قىلىپ، كۆڭلۈڭدە: ‹مەن ئىلاھتۇرمەن،
دېڭىزدىكى ئىلاھنىڭ تەختىدە ئولتۇرىمەن› دەيسەن.
سەن ئۆزۈڭنى خۇدادەك دانا چاغلىساڭمۇ،
لېكىن سەن بەربىر ئىنسانسەن، خۇدا ئەمەستۇرسەن.
3 سەن ئۆزۈڭنى دانىيالدىنمۇ ئەقىللىق چاغلايسەن.
‹مەن بىلمەيدىغان ھېچقانداق سىر يوق› دەپ ئويلايسەن.
4 سەن ھەقىقەتەن ئەقىل-پاراسىتىڭگە تايىنىپ باي
بولدۇڭ،
خەزىنىلىرىڭ ئالتۇن-كۈمۈشكە تولدى.
5 سەن سودىغا ماھىرلىقىڭ بىلەن بايلىقىڭنى
كۆپەيتكەنلىكىڭ ئۈچۈن،
كۆڭلۈڭنى تەكەببۇرلۇق قاپلاپ كەتتى.»

6 شۇڭا مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن:
«سەن ئۆزۈڭنى مەن خۇدادەك دانا چاغلىغانلىقىڭ ئۈچۈن،
7 ساڭا ئەڭ ۋەھشىي يات ئەللەرنى ھۇجۇم قىلدۇرىمەن.
ئۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ،
دانالىقىڭ ئارقىلىق ئېرىشكەن گۈزەل نەرسىلىرىڭنى
ۋەيران قىلىدۇ
ۋە شان-شەرىپىڭنى بۇلغايدۇ.
8 ئۇلار سېنى ئۆلۈكلەر ماكانىغا تاشلايدۇ،
سەن دېڭىزنىڭ مەركىزىدە ئېچىنىشلىق ھالدا ھالاك
بولىسەن.
9 سەن ئۆزۈڭنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارنىڭ ئالدىدا

يەنىلا ئىلاھ دېيەلەمسەن؟
سەن سېنى ئۆلتۈرىدىغانلارنىڭ قولىدا
پەقەت ئاددىي بىر ئىنسانسەن، ئىلاھ ئەمەستۇرسەن.
10 سەن يات خەلقلەرنىڭ قولىدا خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە ئۆلىسەن.
بۇ مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## تىر پادىشاھىنىڭ ئاقىۋىتى

11 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
12 — ئەي ئادەم بالىسى، سەن تىر پادىشاھىغا مەرسىيە ئوقۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت:
«سەن تولۇپ تاشقان ئەقىل-پاراسەت ۋە گۈزەللىكىڭ بىلەن مۇكەممەللىكنىڭ ئۈلگىسى ئىدىڭ.
13 سەن مېنىڭ ئېرەم بېغىمدا ياشايتتىڭ.
سەن قىزىل ياقۇت، توپاز، ئالماس، سېرىق ياقۇت، يوللۇق ھېقىق، قىزىل ھېقىق،
كۆك ياقۇت، فىرۇزە ۋە زۇمرەت قاتارلىق گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەنىدىڭ،
زىبۇ-زىننەتلىرىڭ ئالتۇندىن ئىدى.
بۇ نەرسىلەر سەن ئاپىرىدە بولغان كۈندە ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولۇنغانىدى.
14 مەن سېنى ئېرەم بېغىمنى قوغدايدىغان كېرۇب قىلىپ تاللىدىم.
سەن مېنىڭ مۇقەددەس تېغىمدا ئىدىڭ،
ئوتتەك يالتىرىغان تاشلار ئارىسىدا ماڭاتتىڭ.
15 سەن يارىتىلغاندىن تارتىپ تاكى رەزىللىك قىلغىنىڭغا قەدەر توغرا يولدا ماڭغانىدىڭ.
16 لېكىن تىجارىتىڭ يۈرۈشكەندىن كېيىن، زوراۋانلىق قىلىپ، گۇناھ سادىر قىلدىڭ.
شۇ سەۋەبتىن بېغىمنى قوغدايدىغان ئەي كېرۇب،
مەن سېنى تېغىمدىن شەرمەندىلەرچە ھەيدىۋەتتىم،

ئوتتەك يالتىرىغان تاشلار ئارىسىدىن يوقاتتىم.
[17] گۈزەللىكىڭ سېنى تەكەببۇرلاشتۇردى.
پارلاق شان-شەرىپىڭ ئەقلىڭنى بۇلغىدى.
شۇڭا مەن سېنى يەرگە تاشلاپ،
باشقا ئەل پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭنى تۆكتۈم.
[18] سەن چەكسىز گۇناھلىرىڭ ۋە
سودىدىكى ئادالەتسىزلىكىڭ بىلەن
سەجدىگاھلىرىڭنى بۇلغىدىڭ،
شۇڭا مەن ئىچىڭدىن سېنى كۆيدۈرۈپ يوق قىلىدىغان ئوت
چىقاردىم
ۋە ساڭا قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئالدىدا سېنى كۆيدۈرۈپ،
كۈلگە ئايلاندۇردۇم.
[19] سېنى بىلىدىغان بارلىق ئەللەر ھاڭ-تاڭ بولۇشتى.
سەن قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتكە دۇچار بولدۇڭ،
ئەمدى قايتا مەۋجۇت بولمايسەن.»

## سىدون شەھىرىگە قارشى ۋەھىي

[20] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[21] — ئەي ئادەم بالىسى، سىدون شەھىرىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى ۋەھىيىمنى يەتكۈز [22] ۋە ئۇنىڭغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت:
«ئەي سىدون، ساڭا قارشى تۇرىمەن.
سەن ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىمەن،
ئۈستۈڭدىن ھۆكۈم چىقىرىپ، مۇقەددەسلىكىمنى نامايان
قىلىمەن،
شۇندىلا كىشىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
بىلىشىدۇ.
[23] زېمىنىڭغا ۋابا تارقىتىمەن، كوچىلىرىڭدا قان ئاققۇزىمەن،
قىلىچلىق دۈشمەنلەر ھەممە تەرەپتىن كېلىدۇ،
شەھەرنى ئۆلۈكلەر قاپلايدۇ.

شۇندىلا كىشىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
بىلىشىدۇ.»

[24] ئىسرائىللارنى كەمسىتكەن قوشنا ئەللەر ئەمدى ئۇلارغا تىكەن ۋە ئازغانلاردەك سانجىلىيالمايدۇ. شۇندىلا كىشىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.

## ئىسرائىل خەلقىنىڭ بەختلىك بولۇشى

[25] ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن باشقا ئەللەرگە تارقىلىپ كەتكەن ئىسرائىللارنى يىغىپ ئەكېلىپ، ئۇلار ئارقىلىق مۇقەددەسلىكىمنى باشقا ئەللەرگە نامايان قىلىغاندا، ئىسرائىللار مەن خىزمەتكارىم ياقۇپقا ئاتا قىلغان زېمىنغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. [26] ئۇلار ئۇ يەردە بىخەتەر ياشايدۇ، ئۆي سالىدۇ، ئۈزۈمزارلىقلارنى بەرپا قىلىدۇ. مەن ئۇلارنى كەمسىتكەن ئەتراپىدىكى قوشنا ئەللەرنى جازالىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىسرائىللار ئۇ يەردە بىخەتەر ياشايدۇ. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان خۇداسى ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.»

## مىسىرغا قارشى چۈشكەن ۋەھىي

29 [1] سۈرگۈندىكى ۋاقتىمىزنىڭ 10-يىلى 10-ئاينىڭ 12-كۈنى ① پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[2] – ئەي ئادەم بالىسى، سەن مىسىر پىرئەۋنى، يەنى پادىشاھىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ۋە پۈتۈن مىسىر خەلقىگە قارشى ۋەھيىمنى يەتكۈز [3] ۋە ئۇلارغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت:

«ئەي مىسىر پىرئەۋنى،
سەن نىل دەرياسىنىڭ ئېقىنلىرىدا ياتقان ۋەھشىي
مەخلۇقسەن،

① 29: 1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 587-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

مەن ساڭا قارشى تۇرىمەن.
سەن: ‹نىل دەرياسى مېنىڭدۇر، ئۇنى مەن ياراتتىم›
دەيسەن.
[4] لېكىن مەن ئىلمەك بىلەن جاۋغايلىرىڭدىن ئىلىپ،
دەريادىكى بېلىقلارنى قاسراقلىرىڭغا چاپلاشتۇرىمەن.
ئاندىن سېنى قاسراقلىرىڭغا چاپلاشقان بېلىقلار بىلەن
بىرگە دەريادىن يۇلۇپ ئېلىپ،
[5] چۆلگە تاشلايمەن.
ئۆلۈكۈڭ دالادا قالىدۇ، ھېچكىم سېنى ئېلىپ كېلىپ
كۆممەيدۇ.
مەن سېنى يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم
قىلىپ بېرىمەن.
[6] شۇندىلا بارلىق مىسىرلىقلار مېنىڭ پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.

سەن بىر توپ قومۇشقا ئوخشاش ئىسرائىل خەلقىگە يۆلەنچۈك بولالمىدىڭ. [7] ئۇلار سېنى تايىنىدىغان تاياق قىلغاندا، سەن يېرىلىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ قولتۇقىنى تىلىۋەتتىڭ. ئۇلار ساڭا يۆلەنگەندە، سەن سۇنۇپ كەتتىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بېلى چىم بولۇپ كەتتى.
[8] شۇڭا مەن دەيمەنكى، قىلىچىمنى ساڭا شىلتىپ، ئادەم ۋە ھايۋانلىرىڭنى يوقىتىمەن. [9] مىسىر بىر پارچە قاقاس زېمىنغا ئايلىنىدۇ. شۇندىلا مىسىرلىقلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.
سەن: ‹نىل دەرياسى مېنىڭدۇر، ئۇنى مەن ياراتتىم› دېگەنلىكىڭ ئۈچۈن، [10] ساڭا ۋە دەريا ئېقىنلىرىڭغا قارشى تۇرىمەن. مىسىرنىڭ مىگدول شەھىرىدىن تارتىپ ئاسۋان شەھىرىگىچە ۋە كۇشنىڭ چېگراسىغىچە بولغان زېمىننى پۈتۈنلەي قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەن.
[11] بۇ يەرگە ئادەم ۋە ھايۋانلار ئاياغ باسمايدۇ. قىرىق يىلغىچە بۇ يەردە ھېچكىم ياشىمايدۇ. [12] مەن مىسىرنى چۆللەرنىڭ چۆلىگە، شەھەرلىرىنى خارابىلىكلەرنىڭ خارابىلىكىگە ئايلاندۇرىمەن، بۇ

هالەت قىرىق يىل داۋاملىشىدۇ. مەن مىسىرلىقلارنى ياقا يۇرتلارغا چېچىۋېتىمەن ۋە يات ئەللەرگە تارقىتىۋېتىمەن.
[13] لېكىن مەن يەنە دەيمەنكى، قىرىق يىلدىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەرگە تارقىلىپ كەتكەن مىسىرلىقلارنى يىغىمەن. [14] تۇتقۇن بولغانلىرىنى مىسىرغا قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن. ئۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتىغا، يەنى مىسىرنىڭ جەنۇبىغا كېلىشىگە يول قويىمەن. ئۇلار ئۇ يەردە ئاجىز بىر پادىشاھلىق قۇرىدۇ. [15] بۇ پادىشاھلىق ئەللەر ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىك بىر پادىشاھلىق بولىدۇ، ھېچقاچان باشقا ئەللەردىن ئۈستۈن بولالمايدۇ. مەن ئۇنى شۇنچىلىك ئاجىز قىلىمەنكى، ئۇ باشقا ئەللەرگە قايتا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ [16] مىسىر ئەمدى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئۈمىدى بولالمايدۇ، ئەكسىچە مىسىر ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىغان چاغدىكى گۇناھىنى ئەسلىتىدۇ. شۇندىلا مىسىرلىقلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.»

## نېبۇكادنەزەرنىڭ مىسىرنى بويسۇندۇرۇشى

[17] سۈرگۈندىكى ۋاقتىمىزنىڭ 27-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى①، پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[18] — ئەي ئادەم بالىسى، بابىل پادىشاھى نېبۇكادنەزەر تىر شەھىرىگە قارشى شىددەتلىك ئۇرۇش ئېلىپ باردى. ئۇرۇشنىڭ شىددەتلىكىدىن دۇبۇلغىلار لەشكەرلەرنىڭ باشلىرىنى يالىدى، ئېغىر يۈكلەر مۈرىلىرىنى يېغىر قىلدى. لېكىن ئۇلار تۆلىگەن بەدەللىرىگە لايىق تىردىن ھېچقانداق ئولجىغا ئېرىشەلمىدى.
[19] شۇڭا مەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «مەن مىسىرنى بابىل پادىشاھى نېبۇكادنەزەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇ مىسىرنى تالان-تاراج قىلىپ، بايلىقلىرىنى غەنىيمەت ئالىدۇ. مىسىردىكى بايلىقلار بابىل لەشكەرلىرىنىڭ ئىش ھەققى بولىدۇ. [20] بابىل پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

① 29: 17 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 571-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

شۇڭا مەن مىسىرنى ئۇنىڭغا ھەق سۈپىتىدە بېرىمەن. بۇ مەن
ئىگەك پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
21 ئۇ چاغ كەلگەندە مەن ئىسرائىل خەلقىنى كۈچلەندۈرىمەن.
ئىسرائىل خەلقى سەن ئەزەكىئەلنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. شۇندىلا ئۇلار
مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.»

## پەرۋەردىگارنىڭ مىسىرنى جازالىشى

30 1 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
2 - ئەي ئادەم بالىسى، ۋەھىيمنى يەتكۈزۈپ، ئىگەم
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت:
«ئۇ كۈن كېلىۋاتىدۇ، دەپ زار يىغلاڭلار!
3 ئۇ كۈنگە ئاز قالدى، مەن پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنى
كېلىشكە ئاز قالدى.
ئۇ كۈن ھاۋانى قارا بۇلۇت قاپلايدىغان،
ئەللەر جازالىنىدىغان كۈندۇر.
4 بىر قىلىچ مىسىرغا قارشى چىقىدۇ،
كۇش ئېلى ۋەھىمىگە چۈشىدۇ.
مىسىردا نۇرغۇن ئادەم ھالاك بولىدۇ
ۋە دۈشمەنلەر مىسىرنىڭ بايلىقلىرىنى ئولجا ئالىدۇ.
مىسىر يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ.
5 كۇش، پۇئۇت، لۇد، لىۋىيە ۋە پۈتۈن ئەرەب زېمىنى، شۇنداقلا
مىسىرنىڭ قالغان ئىتتىپاقداشلىرى مىسىر بىلەن بىرگە ئۇرۇشتا
ۋەيران بولىدۇ.

6 مەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن:
‹مىسىرنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى گۇمران بولىدۇ،
مىسىرنىڭ پەخىرلەنگەن قوشۇنى ھالاك بولىدۇ.
مىگدولدىن ئاسۋانغىچە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.
7 مىسىر چۆللەرنىڭ چۆلىگە،
شەھەرلىرى خارابىلىكلەرنىڭ خارابىلىكىگە ئايلىنىدۇ.
8 مەن مىسىرغا ئوت قويۇپ،

ئۇنىڭ بارلىق ئىتتىپاقداشلىرى ھالاك بولغاندا،
ئاندىن ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.

9 مەن ئۇ كۈنى غەمسىز ياشاۋاتقان كۇشلارغا ئەلچىلەرنى كېمە بىلەن ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قورقۇنچقا سالىمەن، مىسىر ھالاك بولغان كۈنى ئۇلار ئالاقزادە بولۇپ تىترىشىدۇ. قاراپ تۇر، ئۇ كۈن چوقۇم كېلىدۇ!».
10 مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن:

«مەن بابىل پادىشاھى نىبۇكادنەزەرنىڭ قولى بىلەن
مىسىرنىڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىمەن.
11 نىبۇكادنەزەر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرى
ئىچىدىكى ئەڭ ۋەھشىيلىرىدۇر.
مەن ئۇلارنى مىسىر زېمىنىنى ۋەيران قىلىشقا ئەۋەتىمەن.
ئۇلار قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ،
مىسىر زېمىنىنى جەسەت بىلەن تولدۇرىدۇ.
12 نىل دەرياسىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن،
ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى رەزىللەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن.
مىسىر زېمىنىنى ۋە ئۇ يەردىكى بارلىق نەرسىلەرنى
ياتلارنىڭ قولى بىلەن ۋەيران قىلىمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

13 مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن:
«بۇتلارنى يوقىتىمەن،
نوپ شەھىرىنىڭ بۇتلىرىنى ۋەيران قىلىمەن،
مىسىردا ئەمدى ھۆكۈمران بولمايدۇ،
مىسىرنى ۋەھىمىگە سالىمەن.
14 مىسىرنىڭ جەنۇبىنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەن،
زوئان شەھىرىگە ئوت قويىمەن،
نو شەھىرىنى جازالايمەن.
15 مەن سىن شەھىرىگە،

يەنى مىسىرنى قوغدايدىغان قورغانغا غەزىپىمنى
ياغدۇرىمەن.
نو شەھىرىنىڭ خەلقىنى يوقىتىمەن.
16 مىسىرغا ئوت قويىمەن،
سىن شەھىرىنىڭ ئاھالىسى قاتتىق ئازابلىنىدۇ.
نو شەھىرىنىڭ سېپىلىدىن ھۇجۇم بىلەن يوچۇق
ئېچىلىدۇ.
نوپ شەھىرى ھەر كۈنى ۋەھىمىگە چۈشىدۇ.
17 ئون ۋە پىبەسەت شەھەرلىرىنىڭ يىگىتلىرى جەڭدە ھالاك
بولىدۇ،
ئاھالىلىرى تۇتقۇن بولىدۇ.
18 مەن مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋەيران قىلغاندا،
تاخپانخېس شەھىرىنى زۇلمەت قاپلايدۇ.
ئۇنىڭ ماختىنىدىغان كۈچ-قۇدرىتى يوقىتىلىدۇ،
شەھەرنى قارا بۇلۇتلار قاپلايدۇ،
ئۇنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدىكى ئاھالىلىرى ئەسىر ئېلىنىدۇ.
19 مەن مۇشۇ يوللار بىلەن مىسىرنى چوقۇم جازالايمەن،
شۇنداق ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
بىلىشىدۇ.››»

## مىسىرنىڭ بابىلغا بېقىندى بولۇشى

20 سۈرگۈندىكى ۋاقتىمىزنىڭ 11-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنى[①] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
21 — ئەي ئادەم بالىسى، مەن مىسىر پىرئەۋنى، يەنى پادىشاھىنىڭ بىلىكىنى سۇندۇردۇم، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلىكىنى تېڭىپ قويمىدى، ھېچكىم ئاغرىقىغا شىپا بولمىدى. شۇڭا ئۇ قولىدا قىلىچ كۆتۈرگۈدەك كۈچلىنەلمىدى. 22 مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «مەن مىسىر پىرئەۋنىگە قارشى تۇرىمەن، ئۇنىڭ ئىككىلا بىلىكىنى سۇندۇرۇۋېتىمەن، يەنى ئىككىنچى بىلىكىنىمۇ سۇندۇرۇۋېتىمەن،

---

① 30: 20 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 587-يىلى 4-ئاينىڭ 29-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

قولىدىن قىلىچىنى چۈشۈرىۋېتىمەن. [23] مەن مىسىرلىقلارنى ياقا
يۇرتلارغا چېچىۋېتىمەن ۋە يات ئەللەرگە تارقىتىۋېتىمەن. [24] بابىل
پادىشاھىنىڭ بىلەكلىرىگە كۈچ بېرىپ، قىلىچ تۇتقۇزىمەن، لېكىن
مەن پىرئەۋنىنىڭ بىلەكلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىمەن. پىرئەۋن ئۇنىڭ
ئالدىدا ئېغىر يارىدار ئادەمدەك ئىڭرايدۇ. [25] بابىل پادىشاھىنىڭ
بىلەكلىرىنى كۈچلۈك، پىرئەۋنىنىڭ بىلەكلىرىنى ئاجىز قىلىمەن.
قىلىچىمنى بابىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن. ئۇ قىلىچنى
پۇلاڭلىتىپ، مىسىرغا ھۇجۇم قىلغاندا، مىسىرلىقلار مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ. [26] مەن مىسىرلىقلارنى ياقا
يۇرتلارغا چېچىۋېتىمەن ۋە يات ئەللەرگە تارقىتىۋېتىمەن، شۇندىلا
ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.»

## مىسىرنىڭ ئاقىۋىتىگە قىلىنغان تەمسىل

31 [1] سۇرگۈندىكى ۋاقتىمىزنىڭ 11-يىلى، 3-ئاينىڭ 1-
كۈنى① پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[2] — ئەي ئادەم بالىسى، مىسىر پىرئەۋنى، يەنى پادىشاھى ۋە
ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا مۇنداق دەپ ئېيت:

«ئەي پىرئەۋن، بۈيۈكلۈكتە ساڭا تەڭ كېلىدىغان كىم بار؟
[3] ئاسسۇرىيەگە قارا، ئۇ لىۋاندىكى بىر تۈپ كېدىر
دەرىخىدەك ئىدى.
ئۇنىڭ بۈك-باراقسان ئۆسكەن شاخلىرى ئەتراپىغا سايە
تاشلايتتى.
ئۇنىڭ بويى ئېگىز بولۇپ، ئۇچى بۇلۇتقا تاقاشقانىدى.
[4] سۇلار ئۇنى سۇغىراتتى،
يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى سۇلار ئۇنى ئېگىز
ئۆستۈرەتتى.
ئۇ كېدىر دەرىخى تۇرغان جايدا ئېقىنلار ئاقاتتى،

① 31: 1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 587-يىلى 6-ئاينىڭ 21-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئۆستەڭدىكى سۇلار دالادىكى بارلىق دەرەخلەرگە ئېقىپ
كىرەتتى.
[5] شۇڭا ئۇ دالادىكى بارلىق دەرەخلەردىن ئېگىز ئۆسكەندى.
ئۇنىڭ شاخلىرى توم ھەم ئۇزۇن ئىدى،
چۈنكى سۇ مەنبەسى مول ئىدى.
[6] قۇشلار شاخلىرىغا ئۇۋا سالاتتى،
دالادىكى ياۋايى ھايۋانلار ئۇنىڭ ئاستىدا ئەۋلاد قالدۇراتتى،
ھەممە بۈيۈك ئەللەر ئۇنىڭ سايىسىدا ياشايتتى.
[7] ئۇ باراقسان ۋە گۈزەل بولۇپ، شاخلىرى كەڭ يېيىلغاندى.
ئۇ يەر ئاستىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، مول سۇ
مەنبەسىگە تۇتاشقاندى.
[8] ھەتتا ئېرەم بېغىدىكى كېدىر دەرەخلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا
سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.
قارىغاي ۋە چىنارلارمۇ ئۇنىڭ شاخلىرىغا تەڭ
كېلەلمەيتتى.
ئېرەم بېغىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭدەك
گۈزەل ئەمەس ئىدى.
[9] مەن ئۇنى بۈك-باراقسان ئۆستۈرۈپ، گۈزەللەشتۈردۈم.
ئېرەم بېغىدىكى دەرەخلەرمۇ ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى.

[10] شۇڭا مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق قىلدىم: «ئۇ دەرەخ ئېگىز ئۆسۈپ، بۇلۇتقا تاقىشىپ تەكەببۇرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، [11] ئۇنى ئەڭ كۈچلۈك ئەلنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردىم. بۇ ھۆكۈمران ئۇنى رەزىللىكىگە لايىق جازالايدۇ، مەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتىم. [12] يات خەلقلەر، يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ۋەھشىيلىرى ئۇنى كېسىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ سۇندۇرۇلغان شاخلىرى تاغلارغا ۋە جىلغىلارغا تاشلاندى، سۇنغان پارچىلىرى جىرالارغا چېچىلدى. ئۇنىڭ سايىسىدا ياشىغان پۈتۈن خەلقلەر ئۇ يەرنى تەرك ئەتتى. [13] قۇشلار كېسىلىپ يەردە ياتقان دەرەخ غولىغا قونسا، يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ ئارىلىرىنى ماكان قىلدى. [14] بۇنىڭدىن كېيىن سۇ ياقىسىدىكى باشقا دەرەخلەر ئۇنىڭغا

ئوخشاش بولۇتقا تاقاشقۇدەك ئېگىز ئۆسمەيدۇ. سۇ مەنبەسى تولۇق بولغان دەرەخلەرمۇ ئۇنىڭدەك يوغىنىمايدۇ، ئۇلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇپ، گۆرگە بەند بولىدۇ.›

[15] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق قىلدىم: ‹ئاشۇ بىر تۈپ كېدىر دەرىخى ئۆلۈكلەر ماكانىغا بەند بولغان كۈنى، مەن دەريا ئېقىنلىرىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن هازا تۇتقۇزدۇم. چۈنكى مەن ئۇنى سۇغارغان سۇ مەنبەلىرىنى توختاتقانىدىم. لىۋاننى قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم قىلدىم، دالادىكى پۈتۈن دەرەخلەرنى قۇرۇتتۇم. [16] مېنىڭ ئۇ كېدىر دەرىخىنى باشقىلار بىلەن بىرگە ئۆلۈكلەر ماكانىغا بەند قىلغانلىقىمنى باشقا ئەللەر ئاڭلاپ، قورقۇپ، تىترىشىپ كەتتى. ئىلگىرى ئېرەم باغ ۋە لىۋاندىكى چىغىدا تولۇق سۇغۇرۇلغان ئەڭ ياخشى ۋە ئېسىل دەرەخلەرمۇ ئۇنىڭمۇ ئۆلۈكلەر ماكانىغا كەلگەنلىكىدىن تەسەللى تېپىشتى. [17] ئاشۇ كېدىر دەرىخىنىڭ سايىسىدا ياشىغانلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆلۈكلەر ماكانىغا مەھكۇم بولۇپ، قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سېپىگە قوشۇلدى.

[18] ئەي پىرئەۋن، سېنى ئېرەم باغدىكى قايسى دەرەخكە ئوخشتاي؟ سەن بەربىر ئېرەم باغدىكى دەرەخلەرگە ئوخشاش ئۆلۈكلەر ماكانىغا مەھكۇم بولۇپ، خەتنە قىلىنمىغان، قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر بىلەن بىرگە بولىسەن! مانا بۇ سېنىڭ ۋە قوشۇنلىرىڭنىڭ ئاقىۋىتى.› بۇ مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## مىسىر پادىشاھى ھەققىدىكى مەرسىيە

32 [1] سۈرگۈندىكى ۋاقتىمىزنىڭ 12-يىلى، 12-ئاينىڭ 1-كۈنى① پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[2] — ئەي ئادەم بالىسى، مىسىر پىرئەۋنى، يەنى پادىشاھى ھەققىدىكى بۇ مەرسىيەنى ئۇنىڭغا يەتكۈز:

«شىردەك بىلدىڭ ئۆزۈڭنى ئەللەر ئارا،

① 32: 1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 585-يىلى 3-ئاينىڭ 3-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە سەن ئوخشايسەن دېڭىزدىكى بىر مەخلۇققا.
سەن پەقەت لەرزىگە سالىسەن دەريانى،
پۇتلىرىڭ بىلەن قوچۇپ لېيىتىسەن سۇلارنى.
3 ئىگەڭ پەرۋەردىگار دەيدۇكى،
ساڭا قارشى ئەۋەتىمەن نۇرغۇن خەلقلەرنى،
تور تاشلاپ، تۇتۇپ چىقار ئۇلار سېنى.
4 سېنى تاشلاپ يەرگە، ئېتىپ دالاغا،
قوندۇرىمەن قاغا-قۇزغۇنلارنى ئۈستۈڭگە،
يەم بولىسەن زېمىندىكى يىرتقۇچ هايۋانلارغا.
5 ئۆلۈكۈڭ تاغ ئارىسىدا قالىدۇ،
جەسىتىڭ جىلغىلارنى قاپلايدۇ.
6 زېمىننى سۇغىرىمەن قېنىڭدا،
تاغلار، جىرالار قالار ئاستىدا.
7 مەن سېنى يوقاتقاندا،
ئاسماننى يېپىپ،
نۇرسىز قىلىمەن يۇلتۇزلارنى.
بۇلۇت بىلەن توسىمەن قۇياشنى،
چاچمايدۇ ئايمۇ نۇرىنى.
8 توسىمەن كۆكتە پارلىغان بارلىق نۇرنى،
قاراڭغۇلۇققا ئايلاندۇرىمەن زېمىنىڭنى،
ئىگەڭ پەرۋەردىگار دېدىم بۇنى.

9 مەن سېنى ۋەيران قىلغاندا، نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ، ھەتتا سېنى تونۇمايدىغان خەلقلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە غەم چۈشىدۇ. 10 بېشىڭغا كەلگەن ئىشلار سەۋەبىدىن نۇرغۇن خەلقلەر ھەيران قالىدۇ. قىلىچىمنى پۇلاڭلاتقان ۋاقتىمدا نۇرغۇن پادىشاھلار قورقۇپ، ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. سەن گۇمران بولغان كۈنى ئۇلار جانلىرىدىن ئەنسىرىشىپ تىترىشىدۇ. 11 مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن:

‹بابىل پادىشاھىنىڭ قىلىچى ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ.
12 مەن قوشۇنۇڭنى يات خەلقلەرنىڭ،

يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ۋەھشىي لەشكەرلەرنىڭ
قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈشىگە يول قويىمەن.
لەشكەرلەر مىسىرلىقلارنىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرىدۇ،
مىسىرنىڭ پۈتۈن قوشۇنى ھالاك بولىدۇ.
[13] ئۆلتۈرىمەن ئۇنىڭ سۇلار بويىدىكى پۈتۈن پادىلىرىنى،
ئادەملەرنىڭ پۇتلىرى، ھايۋانلارنىڭ تۇياقلىرى ئەمدى
قوچۇپ، لېيىتالمايدۇ دەريا سۈيىنى.
[14] ئاندىن مەن مىسىرنىڭ دەريالىرىنىڭ سۈيىنى تىندۇرۇپ
سۈزۈك قىلىمەن،
ئۇ ئاستا ئاقىدۇ خۇددى زەيتۇن يېغىدەك.
ئىگەڭ پەرۋەردىگار دېدىم بۇنى.
[15] قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەن مىسىر تۇپراقلىرىنى،
يوق قىلىمەن ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنى،
قىرىپ تاشلايمەن ئاھالىلىرىنى.
شۇندىلا ئۇلار پەرۋەردىگار دەپ بىلىدۇ مېنى.»

[16] بۇ مىسىر ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان مەرسىيەسىدۇر. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئاياللىرى مىسىر ۋە ئۇنىڭ خەلقى ئۈچۈن بۇ مەرسىيەنى ئېيتىشىدۇ. بۇ مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## ئۆلۈكلەر ماكانىغا مەھكۇم بولغانلار

[17] شۇ ئاينىڭ 15-كۈنى① پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[18] — ئەي ئادەم بالىسى، مىسىر خەلقى ئۈچۈن ھازا تۇت. ئۇلارنى ۋە قۇدرەتلىك ئەللەرنى ئۆلۈكلەر ماكانىدىكى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈكلەر ماكانىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىغا مەھكۇم قىل. [19] مىسىرغا مۇنداق دەپ ئېيت: «ئەي مىسىر، سەن ئۆزۈڭنى ھەممىدىن گۈزەل دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ ئەمدى ئۆلۈكلەر ماكانىغا مەھكۇم بولۇپ، خەتنە قىلىنمىغانلار بىلەن بىرگە بولىسەن!» [20] مىسىر قىلىچتا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. قىلىچ غىلاپتىن چىقتى،

① 32: 17 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 585-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

مىسىر ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن قوشۇنلىرى ئېلىپ كېتىلىدۇ. [21] ئۆلگەن باتۇر سەركەردىلەر ئۆلۈكلەر ماكانىدىكى مىسىر پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ھەققىدە: «بۇلار ئۆلۈكلەر ماكانىغا مەھكۇم بولۇپ، قىلىچتا ئۆلگەن خەتنىسىزلەر بىلەن بىر يەردە بولدى» دەيدۇ.

[22] ئاسسۇرىيەمۇ پۈتۈن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇ يەردىدۇر. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى قوشۇنلىرىنىڭ قەبرىلىرىدۇر. ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەردۇر. [23] ئۇلارنىڭ جايى ئۆلۈكلەر ماكانىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىدۇر. تۆت ئەتراپى ئاسسۇرىيە قوشۇنلىرىنىڭ قەبرىلىرىدۇر. ئۇلار ھايات ۋاقتىدا باشقىلارغا ۋەھىمە سالغانىدى، ئاخىر بېرىپ، ئۆزلىرى قىلىچ ئاستىدا ئۆلدى.

[24] ئېلاممۇ ئەنە شۇ يەردىدۇر. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى قوشۇنلىرىنىڭ قەبرىلىرىدۇر. ئۇلار قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە ئۆلۈكلەر ماكانىغا مەھكۇم قىلىندى. ئۇلار ھايات ۋاقتىدا باشقىلارغا ۋەھىمە سالغانىدى، ئەمدى گۆردىكىلەر بىلەن بىرگە نومۇسقا قالماقتا. [25] ئېلام ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىدا بىر تۆشەك تەييارلاندى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى قوشۇنلىرىنىڭ قەبرىلىرىدۇر. ئۇلار خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە قىلىچ ئاستىدا ھالاك قىلىندى. ئۇلار ھايات ۋاقتىدا باشقىلارغا ۋەھىمە سالغانىدى، ئەمدى گۆردىكىلەر بىلەن بىرگە نومۇسقا قالماقتا.

[26] مەشەك ۋە تۇبالمۇ ئۇ يەردىدۇر. ئۇلارنىڭ تۆت ئەتراپى قوشۇنلىرىنىڭ قەبرىلىرىدۇر. ئۇلارمۇ ھايات ۋاقتىدا باشقىلارغا ۋەھىمە سالغانىدى، ئەمدى ئۇلار خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە قىلىچ ئاستىدا ھالاك قىلىندى. [27] بۇرۇنقى زامانلاردا باتۇرلار ئۆلسە، دەپنە قىلىنغاندا قىلىچلىرى ياستۇق، قالقانلىرى يېپىنچا قىلىناتتى. لېكىن مەشەك ۋە تۇباللار شەرەپ بىلەن دەپنە قىلىنمىدى، چۈنكى ئۇلار ھايات ۋاقتىدا باشقىلارغا ۋەھىمە سالغانىدى.

[28] ئەي پىرئەۋن، سەنمۇ ھالاك بولىسەن، ئاشۇ خەتنە قىلىنمىغان، قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىلەن بىرگە ياتىسەن.

[29] ئېدوممۇ پادىشاھلىرى ۋە شاھزادىلىرى بىلەن بىرگە ئۇ يەردىدۇر. ئۇلار بەك كۈچلۈك بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا

گۆردىكى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ۋە خەتنە قىلىنمىغانلار بىلەن بىرگىدۇر.
[30] شىمالدىكى بارلىق ھۆكۈمرانلار ۋە سىدونلۇقلارمۇ ئۇ يەردىدۇر. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارغا ۋەھىمە سالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇلار خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىلەن بىرگە نومۇسقا قالغان ھالدا گۆردە ياتماقتا.
[31] مىسىر پىرئەۋنى، يەنى پادىشاھى پەقەت ئۆزىنىڭ قوشۇنىنىڭلا قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكىنى بەلكى باشقىلارنىڭ قوشۇنىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ تەسەللى تاپىدۇ. [32] پىرئەۋن ھايات ۋاقتىدا باشقىلارغا ۋەھىمە سالغانىدى. شۇڭا ئۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى خەتنە قىلىنمىغان ۋە قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

## ئەزەكىئەلنىڭ كۆزەتچىلىككە تەيىنلىنىشى

33 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[2] — ئەي ئادەم بالىسى، خەلقىڭگە مۇنداق دەپ ئېيت:
«مەن بىر ئەلگە قارشى قىلىچ ئەۋەتسەم، ئۇ ئەل ئۆزلىرىگە بىر كۆزەتچى تەيىنلىسە ۋە [3] كۆزەتچى دۈشمەننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇرغا چېلىپ خەلقنى ئاگاھلاندۇرسا، [4] لېكىن خەلق بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا كۆزەتچىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسە، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شورىدۇر. [5] ئۇلار بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، ئاگاھلاندۇرۇشقا پىسەنت قىلمىغانىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شورىدۇر. ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇشنى پىسەنتكە ئالغان بولسا، جانلىرى ئامان قالغان بولاتتى. [6] لېكىن كۆزەتچى دۈشمەننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، بۇرغا چېلىپ خەلقنى ئاگاھلاندۇرماي، خەلقنىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولسا، گەرچە ئۆلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆزەتچىدىن ئۇلارنىڭ قان قەرزىنى سورۇشتە قىلىمەن.»

7 ئەي ئادەم بالىسى، مەن سېنى ئىسرائىل خەلقىنىڭ كۆزەتچىسى
قىلدىم، مەندىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى
ئاگاھلاندۇر. 8 ئەگەر مەن رەزىل كىشىگە: «ئەي رەزىل، سەن چوقۇم
ئۆلىسەن» دېسەم، لېكىن سەن ئۇنىڭ يامان يولىدىن يېنىشىغا
نەسىھەت قىلمىساڭ ياكى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىساڭ، ئۇ
گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ھالاك بولىدۇ. ئۇنداقتا مەن سەندىن ئۇنىڭ
قېنى ئۈچۈن ھېساب ئالىمەن. 9 ئەگەر سەن ئۇنى يامان يولىدىن
يېنىشىغا ئاگاھلاندۇرساڭ، لېكىن يامان يولىدىن يانمىسا، ئۇ
ئۆزىنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن ھالاك بولىدۇ. لېكىن سەن بولساڭ
ئۆزۈڭنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغان بولىسەن.

## شەخسنىڭ مەسئۇلىيىتى

10 – ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىللارغا مۇنداق دەپ ئېيت: «سىلەر:
‹بىزنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھ ۋە سەۋەنلىكلىرىمىز يەلكىمىزدىدۇر.
بىز بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتىمىز، قانداقمۇ ھايات
كەچۈرەلەيمىز؟› دەيسىلەر.» 11 مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك
مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، رەزىللەرنىڭ ھالاكىتىدىن
خۇرسەن بولمايمەن، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ يامان يوللىرىدىن يېنىپ،
ھايات قېلىشىنى خالايمەن. ئەي ئىسرائىل خەلقى، يېنىڭلار،
يامان يوللىرىڭلاردىن يېنىڭلار! نېمىشقا ئۆزۈڭلارنى ئۆلۈمگە
تۇتۇپ بېرىسىلەر؟

12 ئەي ئادەم بالىسى، خەلقىڭگە مۇنداق دەپ ئېيت: «ھەققانىي
ئادەم گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھەققانىيلىقى ئۇنى گۇناھىدىن
قۇتقۇزالمايدۇ. رەزىل ئادەم رەزىللىكىدىن قول ئۈزسە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى
رەزىللىكى ئۇنى ھالاك قىلمايدۇ. ھەققانىي ئادەمنىڭ بۇرۇنقى
ھەققانىيلىقى ئۇنىڭ كېيىن قىلغان گۇناھىدىن ھاياتىنى ساقلاپ
قالالمايدۇ. 13 گەرچە مەن ھەققانىي ئادەمگە: ‹سەن چوقۇم ياشايسەن›
دەپ ۋەدە بەرگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقىغا
ئىشىنىپ ئادالەتسىزلىك قىلسا، مەن ئۇنىڭ ھەققانىي ئىشلىرىنى
ھېسابقا ئالمايمەن. ئۇ قىلغان ئادالەتسىزلىكى سەۋەبىدىن ھالاك
بولىدۇ. 14 گەرچە مەن رەزىل ئادەمگە: ‹سەن چوقۇم ئۆلىسەن›

دىسەممۇ، لېكىن ئۇ گۇناھلىق ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئادىل ھەم دۇرۇس ئىشلارنى قىلسا، [15] گۆرۈگە ئالغان ۋە ئوغرىلىغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرسا، ئىنسانغا ھاياتلىق بېرىدىغان قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمگە ئەمەل قىلسا ۋە ئادالەتسىزلىك قىلمىسا، چوقۇم ھايات قالىدۇ، ھالاك بولمايدۇ. [16] ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئۇ ئادىل ھەم دۇرۇس ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ھايات قالىدۇ.

[17] خەلقىڭ: ‹ئىگەمىزنىڭ يۇنداق قىلىشى ئادالەتسىزلىكتۇر› دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئادالەتسىزلىك قىلىدۇ. [18] ئەگەر ھەققانىي ئادەم ھەق يولىدىن يېنىپ، ئادالەتسىزلىك قىلسا، چوقۇم ھالاك بولىدۇ. [19] ئەگەر رەزىل ئادەم رەزىللىكىدىن يېنىپ، ئادىل ھەم دۇرۇس ئىشلارنى قىلسا، ھايات قالىدۇ. [20] لېكىن سىلەر: ‹ئىگەمىزنىڭ يۇنداق قىلىشى ئادالەتسىزلىكتۇر› دەيسىلەر. ئەي ئىسرائىل خەلقى، مەن ھەربىرىڭلارنىڭ تۇتقان يوللىرىغا يارىشا ھۆكۈم چىقىرىمەن.»

## يېرۇسالېمنىڭ گۇمران بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر

[21] سۈرگۈندىكى ۋاقتىمىزنىڭ 12-يىلى 10-ئاينىڭ 5-كۈنى ① يېرۇسالېمدىن قېچىپ چىققان بىرى بابىلغا كېلىپ ماڭا:

- شەھەر گۇمران بولدى، - دېدى. [22] شەھەردىن قېچىپ چىققۇچى كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن كېچىدە پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋۇجۇدۇمغا چۈشۈپ، مېنىڭ گەپ قىلىش ئىقتىدارىمنى قايتۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇ ئادەم ئەتىسى ئەتىگەندە ئالدىمغا كەلگەندە، مەن ئېغىزىمنى ئېچىپ گەپ قىلالىدىم.

[23] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[24] - ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىلىيەدىكى ئاشۇ خارابە شەھەرلەردە قالغان كىشىلەر مۇنداق دەپ يۈرۈشۈپتۇ: «ئىبراھىم ئۆزى يالغۇز بۇ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ھەقلىق بولغان يەردە، بىز

---

① 33: 21 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 585-يىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

شۇنچە كۆپ بولغاندىكىن بۇ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا تېخىمۇ ھەقلىقمىز!» [25] لېكىن سەن ئۇلارغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «سىلەر قېنى بار گۆش يەيسىلەر، بۇتقا چوقۇنىسىلەر، ئادەم ئۆلتۈرىسىلەر، شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا نېمە ھەققىڭلار بار؟ [26] سىلەر قىلىچقا تايىنىپ ياشايسىلەر، يىرگىنچلىك قىلمىشلارنى قىلىسىلەر، باشقىلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن زىنا قىلىسىلەر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىشقا نېمە ھەققىڭلار بار؟»

[27] سەن ئۇلارغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «مەن مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاشۇ خارابە شەھەردە ياشاۋاتقانلار قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ، دالادا ماكان تۇتقانلارنى ياۋايى ھايۋانلارغا يەم قىلىمەن، قەلئە ۋە ئۆڭكۈرلەرگە مۆكۈنۇۋالغانلار ۋابادا ئۆلىدۇ. [28] بۇ زېمىننى قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەن، خەلقنىڭ ماختانغان كۈچى يوق بولىدۇ. ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرى شۇنداق قاقاسلىققا ئايلىنىدۇكى، ئۇ يەرگە ھېچكىم ئاياغ باسمايدۇ. [29] ئۇلارنىڭ قىلغان يىرگىنچلىك قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن بۇ زېمىننى قاقاسلىققا ئايلاندۇرغىنىمدىلا، ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.»

[30] ئەي ئادەم بالىسى، سېنىڭ خەلقىڭ كوچىلاردا ۋە ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىدا سەن ھەققىدە: «پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا نېمە خەۋەرنى يەتكۈزۈ دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى» دېيىشمەكتە. [31] ئۇلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك ئالدىڭغا توپلىشىپ كېلىپ، گېپىڭنى ئاڭلىشىدۇ، تۇرقىدىن مېنىڭ خەلقىمگە ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇلار ئەمەلىيەتتە گېپىڭگە ئەمەل قىلمايدۇ. ئۇلار ئېغىزلىرىدا تاتلىق سۆزلىسىمۇ، لېكىن قەلبلىرىدە ھارام بايلىققا ئىنتىلىدۇ. [32] سەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت چىلتار چېلىپ، مۇھەببەت ناخشىسى ئېيتىدىغان غەزەلچى، خالاس. ئۇلار سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلىسىمۇ، لېكىن بىرىگىمۇ ئەمەل قىلمايدۇ. [33] مەن ساڭا ئېيتقان ھەممە ئىشلار جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشقاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر پەيغەمبەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلىشىدۇ.

## ئىسرائىلىيەنىڭ قويچىلىرى

34 1 پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
2 ـ ئەي ئادەم بالىسى، سەن ئىسرائىللارنىڭ يېتەكچىلىرىگە
قارشى ۋەھىيىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق
دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي پەقەت ئۆزىنىڭ ھالىدىن
خەۋەر ئالىدىغان ئىسرائىللارنىڭ يېتەكچىلىرى! قويچىلارنىڭ
قويلىرى بىلەن كارى بولماسلىقى كېرەكمۇ؟! 3 قوينىڭ سۈتىنى
ئىچىسىلەر، يۇڭىدا كىيىم كىيىسىلەر، سېمىزلىرىنى بوغۇزلايسىلەر،
لېكىن قوي پادىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايسىلەر. 4 ئاجىزلىرىغا
قارىمايسىلەر، ئاغرىقلىرىنى داۋالىمايسىلەر، يارىلانغانلىرىنىڭ
يارىلىرىنى تاڭمايسىلەر، ئېزىپ قالغانلىرىنى تېپىپ كەلمەيسىلەر،
يوقاپ كەتكەنلىرىنى ئىزدىمەيسىلەر، ئەكسىچە ئۇلارنى قاتتىق
باشقۇرۇپ، زۇلۇم قىلىسىلەر. 5 قويچى بولمىغاچقا، قويلار تارقىلىپ،
ياۋايى ھايۋانلارغا يەم بولدى. 6 مېنىڭ قويلىرىم ھەممە تاغ ۋە
ئېگىزلىكلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇلار پۈتۈن يەر يۈزىگە
تارقىلىپ كەتتى، ھېچكىم ئۇلارنى ئىزدىمىدى.
7 شۇڭا ئەي قويچىلار، مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار. 8 مەن
ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
سىلەرنى چوقۇم جازالايمەن. مېنىڭ قويلىرىم قويچىسىز قېلىپ،
يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولماقتا. مېنىڭ قويچىلىرىم بولغان سىلەر
قويلىرىمنى ئىزدىمىدىڭلار. سىلەر قويلىرىمنى باقماي، ئۆزۈڭلارنى
باقتىڭلار. 9 شۇڭا ئەي قويچىلار، سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! 10 مەن
ئىگەڭلار پەرۋەردىگار دەيمەنكى، مەن سىلەرگە قارشى تۇرىمەن.
سىلەرنى قويلىرىم ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىمەن. ئەمدى سىلەر
قويلىرىمنى باقالمايسىلەر، شۇڭا ئۆزۈڭلارنىڭ ھالىدىنمۇ خەۋەر
ئالالمايسىلەر. قويلىرىمنى ئاغزىڭلاردىن تارتىۋالىمەن، قويلىرىم
ئەمدى سىلەرگە يەم بولمايدۇ.
11 مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيمەنكى، مەن ئۆزۈم
قويلىرىمنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن.
12 قويلىرى تارقىلىپ كەتكەن قويچى قويلىرىنى قانداق ئىزدىگەن

بولسا، مەنمۇ قويلىرىمنى شۇنداق ئىزدەيمەن. ئۇلار ئاپەتلىك، قاراڭغۇ كۈنلەردە تارقىلىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇلارنى تارقىلىپ كەتكەن شۇ يەرلەردىن قۇتقۇزۇپ ئەكېلىمەن. [13] مەن ئۇلارنى تارقىلىپ كەتكەن ھەرقايسى يات ئەللەردىن يىغىپ، ئۆز زېمىنىغا قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن. مەن ئۇلارنى ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرى، جىرالىرى ۋە ئادەم ياشايدىغان رايونلىرىدا باقىمەن. [14] مەن ئۇلارنى ياخشى ئوتلاقلاردا يايلىتىمەن. ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرى ئۇلارنىڭ يايلىقىغا ئايلىنىدۇ ۋە ئۇلار ياخشى يايلاقلاردا خاتىرجەم يېتىپ ئارام ئالىدۇ. ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرىدىكى ياخشى ئوتلاقلاردا ئوتلايدۇ. [15] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار دەيمەنكى، قويلىرىمغا ئۆزۈم قويچى بولىمەن ۋە ئۇلارنى يايلاقلاردا يايلىتىمەن. [16] ئېزىپ قالغانلىرىنى ئىزدەيمەن، تارقىلىپ كەتكەنلىرىنى يىغىمەن، يارىلانغانلىرىنىڭ يارىسىنى تاڭىمەن، ئاجىزلىرىنى كۈچلەندۈرىمەن. لېكىن باشقىلارنى بوزەك قىلىپ، ھارامدىن سەمرىگەن كۈچلۈكلىرىنى يوقىتىمەن. مەن پادىلىرىمنى ئادالەت بىلەن باقىمەن.

[17] ئەي پادىلىرىم، مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، مەن سىلەرنى سوراق قىلىمەن، قوي بىلەن تېكىنى، ياخشى بىلەن يامىنىنى ئايرىيمەن. [18] ئەي تېكىلەر، سىلەر ئوتلىرى ئەلۋەك ئوتلاقلاردا ئوتلاپ تويمىدىڭلارمۇ؟! يەپ بولالمىغىنىڭلارنى دەسسەپ چەيلىشىڭلار كېرەكمىدى؟ سۈزۈك سۇلارنى ئىچىپ قانغاندىن كېيىن، يەنە ئۇنى كېچىپ لېيىتىشىڭلار كېرەكمىدى؟! [19] مېنىڭ قويلىرىم سىلەر چەيلىۋەتكەن چۆپنى يېيىشى، سىلەر لېيىتىۋەتكەن سۇنى ئىچىشى كېرەكمۇ؟!

[20] شۇڭا مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، مەن سېمىز قويلار بىلەن ئورۇق قويلارنى ئايرىپ سوراق قىلىمەن. [21] سېمىز قويلار بىقىنى ۋە يەلكىسى بىلەن ئورۇق قويلارنى ئىتتىرىپ، مۈڭگۈزى بىلەن ئۈسمەكتە. [22] شۇڭا مەن قويلىرىمنى قۇتقۇزىمەن. ئەمدى ئۇلار ئولجا بولمايدۇ. مەن قويلار ئارىسىدا ئادالەت ئورنىتىمەن. [23] ئۇلارغا خىزمەتكارىم داۋۇتنىڭ ئەۋلادىدىن بىر قويچى تەيىنلەيمەن. ئۇ ئۇلارغا قويچى بولۇپ، ئۇلارنى باقىدۇ. [24] مەن پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن، ئۇ خىزمەتكارىم

داۋۇتقا ئوخشاش ئۇلارنىڭ پادىشاھى بولىدۇ. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

[25] مەن ئۇلار بىلەن تىنچلىق ئەھدىسى تۈزۈپ، بۇ زېمىندىن يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يوقىتىمەن. شۇنداق ئۇلار دالالاردا بىخەتەر ياشايدۇ، ئورمانلاردا تىنچ-ئامان ئۇخلايدۇ. [26] مەن ئۇلارنى بەختكە ئېرىشتۈرىمەن ۋە تېغىمنىڭ تۆت ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلىمەن. ئۇلارغا پەسىل يامغۇرى ياغدۇرۇپ، بەخت ئاتا قىلىمەن. [27] باغلار مېۋىلەيدۇ، ئېتىزلار ھوسۇل بېرىدۇ، خەلقىم ئۆز يۇرتلىرىدا خاتىرجەم ياشايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بويىنىدىكى بويۇنتۇرۇقنى سۇندۇرۇپ تاشلايمەن. ئۇلارنى قۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن. شۇنداق ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ. [28] ئۇلار ئەمدى باشقا ئەللەرنىڭ ئولجىسى بولمايدۇ ھەم يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولمايدۇ. ئۇلار خاتىرجەم ياشايدۇ، باشقىلار ئەمدى ئۇلارغا قورقۇنچ سالمايدۇ. [29] ئۇلارغا مۇنبەت زېمىن ئاتا قىلىمەن. ئۇلار ئەمدى ئاچلىق ئازابىنى تارتمايدۇ ھەم باشقا ئەللەرنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىمايدۇ. [30] شۇنداق ئىسرائىل خەلقى مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مېنىڭ خەلقىم ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇ. بۇ مەن ئىگەم پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. [31] ئەي ئىسرائىللار، سىلەر مېنىڭ يايلىقىمدىكى پادىلىرىمدۇرسىلەر. سىلەر مېنىڭ خەلقىم، مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن. بۇ مەن ئىگەم پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## پەرۋەردىگارنىڭ ئېدوم ئېلىنى جازالىشى

35 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[2] – ئەي ئادەم بالىسى، ئېدومدىكى سەئىر تېغىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى ۋەھىيمنى يەتكۈز [3] ۋە پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئەي سەئىر تېغى، مەن ساڭا قارشى تۇرىمەن، قولۇمنى كۆتۈرۈپ سېنى ئۇرىمەن، سېنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەن. [4] شەھەرلىرىڭنى خارابىلىككە، سېنى بىر پارچە قاقاس يەرگە ئايلاندۇرىمەن. شۇنداق سەن مېنىڭ پەرۋەردىگار

ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن. [5] سەن ئىسرائىللارغا بولغان كونا ئاداۋىتىڭ سەۋەبىدىن ئۇلار قىيىنچىلىقتا قالغان، گۇناھى سەۋەبىدىن جازاغا ئۇچرىغان ۋاقتىدا ئۇلارنى قىلىچ ئاستىغا تاشلاپ بەردىڭ. [6] شۇڭا مەن پەرۋەردىگار مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ قېنىڭنى تۆكىمەن، قان پېيىڭنى قويۇۋەتمەيدۇ. سەن قان تۆكۈشتىن نەپرەتلەنمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن، قان پېيىڭنى قويۇۋەتمەيدۇ [7] مەن سېنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەن، ئۇ يەردىن ئۆتكەن-كەچكەن ھەرقانداق ئادەمنى يوقىتىمەن. [8] مەن سېنى ۋە ئەتراپىڭدىكى تاغلارنى جەسەتلەرگە تولدۇرىمەن. ئېدىر، جىلغا ۋە جىرالىرىڭ قىلىچتا ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلۈكى بىلەن تولىدۇ. [9] سېنى مەڭگۈلۈك قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەن، شەھەرلىرىڭ ئادەمسىز قالىدۇ. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.

[10] ئەي ئېدوم، گەرچە مەن ئۇ يەردە بولساممۇ، بۇرۇن سەن: ‹يەھۇدىيە ۋە ئىسرائىلىيە بىزگە تەۋە بولىدۇ، بىز ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىمىز› دېگەنىدىڭ. [11] شۇڭا مەن مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنى ئۇلارغا قىلغان غەزىپىڭ، ھەسەتىڭ ۋە نەپرىتىڭگە لايىق جازالايمەن. مەن سېنى سوراق قىلىپ، ئۆزۈمنى ئىسرائىللارغا تونۇتىمەن. [12] سېنىڭ ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرىغا قىلغان ھاقارەتلىرىڭنى مېنىڭ ئاڭلىغانلىقىمنى بىلىپ قالىسەن، سەن: ‹بۇ تاغلار قاقاسلاشتى، ئەمدى بىزگە يەم بولىدۇ› دېگەنىدىڭ. [13] سېنىڭ مەغرۇرلىنىپ، مەن ھەققىدە قىلغان نۇرغۇن يامان سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم. [14] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: ‹مەن سېنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرغاندا، ھەممە ئادەم خۇشاللىقتا چۆمىدۇ. [15] ئىسرائىل زېمىنى قاقاسلىققا ئايلانغاندا سەن خۇشال بولدۇڭ، شۇڭا سېنىمۇ قاقاسلىققا ئايلاندۇرىمەن. ئەي سەئىر تېغى، ئەي پۈتۈن ئېدوم زېمىنى، سىلەر قاقاسلىققا ئايلىنىسىلەر. شۇندىلا ئىسرائىل خەلقى مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.››

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشى

36 [1-2] ـ ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرىغا ۋەھىيىمنى يەتكۈزۈپ، پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ

ئېيت: «ئەي ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرى، مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! دۈشمەنلەر: ‹بۇ قەدىمىي تاغلار بىزگە مەنسۇپ بولدى› دېيىشىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە.»

[3] ئەي ئادەم بالىسى، سەن ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرىغا ۋەھيىمنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «دۈشمىنىڭلار سىلەرگە ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، سىلەرنى ۋەيران قىلدى. سىلەر يات خەلقلەرنىڭ مۈلكىگە ئايلاندىڭلار ھەم ئىزا-ئاھانەت ۋە كۈلكىسىگە قالدىڭلار. [4] ئەي ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرى، مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار! مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار تاغ، ئېدىر، جىرا، جىلغا ۋە خارابىلەرگە ھەمدە يات خەلقلەر تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراپ، ئادەمسىز قېلىپ، مەسخىرىگە قالغان شەھەرلەرگە مۇنداق دەيمەن: [5] ‹مەن يات ئەللەرنى ۋە ئېدومنى قەھر-غەزىپىم بىلەن ئەيىبلەيمەن، چۈنكى ئۇلار زېمىنىمنى خۇرسەن بولغان ۋە ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمىغان ھالدا ئىگىلىۋالدى ھەم ئوتلاقلىرىمنى يۇتۇۋالدى.›» [6] شۇڭا سەن ئىسرائىلىيەنىڭ تاغ، ئېدىر، جىرا ۋە جىلغىلىرىغا ۋەھيىمنى يەتكۈزۈپ، پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيەنىڭ زېمىنى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «سىلەر يات ئەللەرنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغىنىڭلاردا قەھر-غەزىپىم تاشتى. [7] شۇڭا مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار قەسەم قىلىمەنكى، مەنمۇ تۆت ئەتراپىڭلاردىكى يات خەلقلەرنى خورلۇققا قالدۇرىمەن.

[8] ئەي ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرى، سىلەردە ئەمدى دەرەخلەر كۆكلەپ، خەلقىم ئۈچۈن مېۋە بېرىدۇ، چۈنكى ئۇلار پات ئارىدا قايتىپ كېلىدۇ. [9] مەن سىلەر تەرەپتە تۇرىمەن، سىلەرگە يۈزلىنىمەن. ئېتىزلىرىڭلار قايتىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇرۇق چېچىلىدۇ. [10] سەندە ياشايدىغان ئىسرائىل خەلقىنىڭ سانىنى كۆپەيتىمەن. خاراب بولغان شەھەرلەر قايتىدىن قۇرۇلىدۇ، شەھەرلەردە ئادەم ياشايدۇ. [11] مەن ئادەم ۋە مال-ۋارانلارنى ئاۋۇتىمەن، ئۇلار كۆپىيىپ، بەرىكەتلىك بولىدۇ. سىلەرگە ئىسرائىللار قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. سىلەر خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاش روناق تاپىسىلەر، ئىسرائىللار تېخىمۇ گۈللىنىدۇ. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى

بىلىسىلەر. [12] خەلقىم بولغان ئىسرائىللارنى سىلەردە قايتا ياشتىمەن، ئۇلار سىلەرگە ئىگە بولىدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ مۈلكى بولىسىلەر. ئەمدى ئۇلارنى بالىلىرىدىن مەھرۇم قىلمايسىلەر.
[13] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «ئەي ئىسرائىلىيە تاغلىرى، يات ئەللەر بۇ زېمىننى ئادەم يەيدىغان، ئوغۇل-قىزلارنى خەلقىدىن مەھرۇم قىلىدىغان زېمىن دېيىشىدۇ. [14] ئەمدى سىلەر ئادەم يېمەيسىلەر ۋە ئوغۇل-قىزلارنى خەلقىدىن مەھرۇم قىلمايسىلەر. بۇ مەنكى ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. [15] ئەمدى سىلەرنى يات خەلقلەرگە مازاق قىلدۇرمايمەن ۋە ئۇلارنىڭ مەسخىرىسىگە قويمايمەن. سىلەر ئەمدى خەلقىمنىڭ قايتا پۇتلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولمايسىلەر.››»
[16] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[17] – ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىل خەلقى ئۆز زېمىنىدا ياشىغان مەزگىلىدە، رەزىللىكلىرى بىلەن ئۆز زېمىنىنى بۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى مېنىڭ نەزىرىمدە خۇددى ھەيزدار ئاياللارنىڭ ھەيزلىرىدەك ناپاك ئىدى. [18] ئۇلار بۇ زېمىندا قان تۆكۈپ، بۇتلارغا چوقۇنۇپ، بۇ زېمىننى بۇلغىدى. شۇڭا مەن ئۇلارغا غەزەپلەندىم. [19] ئۇلارنى قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە قارىتا جازالاپ، ياقا يۇرتلارغا، يات ئەللەرگە چېچىۋەتتىم. [20] ئۇلار نەگىلا بارمىسۇن ئەللەر ئارىسىدا مېنىڭ مۇقەددەس نامىمنى بۇلغاپ بولدى، چۈنكى ئۇلار يات خەلقلەرنىڭ: «بۇلار پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى ئىدىغۇ؟! ئەمدى ئۇلار زېمىنىدىن قوغلىنىپتۇ» دېيىشىگە سەۋەب بولدى. [21] ئىسرائىل خەلقى نەگىلا بارمىسۇن ئەللەر ئارىسىدا مۇقەددەس نامىنى بۇلغىدى، مەن مۇقەددەس نامىم ئۈچۈن قايغۇردۇم.
[22] ئەي ئادەم بالىسى، شۇ سەۋەبتىن سەن ئىسرائىل خەلقىگە ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئەي ئىسرائىللار، مېنىڭ سىلەرنى بۇ زېمىنغا قايتۇرۇشۇم سىلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ نامىنى قوغداش ئۈچۈندۇر. چۈنكى سىلەر بارغان يات ئەللەردە مېنىڭ مۇقەددەس نامىمنى بۇلغىدىڭلار. [23] مەن ئەمدى باشقا ئەللەر ئارىسىدا بۇلغانغان نامىمنىڭ قانچىلىك مۇقەددەسلىكىنى كۆرسىتىمەن. شۇنداق ئەللەر مېنىڭ

پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
[24] سىلەرنى ياقا يۇرتلاردىن، يات ئەللەردىن يىغىپ، يۇرتۇڭلارغا قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن. [25] ئۈستۇڭلارغا پاكىز سۇ چاچىمەن، سىلەر پاك بولىسىلەر. سىلەرنى پۈتۈن ناپاكلىقلاردىن ۋە پۈتۈن بۇتلاردىن پاكلايمەن. [26] سىلەرگە يېڭى قەلب ۋە يېڭى روھ ئاتا قىلىمەن. ئىچىڭلاردىكى تاش يۈرەكنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا يۇمشاق گۆش يۈرەك قويىمەن. [27] ئىچىڭلارغا روھىمنى سالىمەن. سىلەر مېنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىمغا ئەمەل قىلىدىغان، قانۇن-بەلگىلىمىلىرىمگە چىن قەلبىڭلاردىن بويسۇنىدىغان بولىسىلەر. [28] سىلەر مەن ئەجدادلىرىڭلارغا ئاتا قىلغان زېمىندا ياشايسىلەر. سىلەر مېنىڭ خەلقىم، مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولىمەن. [29] مەن سىلەرنى ھەر خىل ناپاك ئىشلىرىڭلاردىن ئازاد قىلىمەن. ئاشلىقىڭلارنى مول قىلىپ، ئاچارچىلىق پەيدا قىلمايمەن. [30] باغلىرىڭلاردىن ۋە ئېتىزلىرىڭلاردىن مول ھوسۇل ئالىدۇرىمەن. ئەمدى سىلەر ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن يات ئەللەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالمايسىلەر. [31] ئۇ چاغ كەلگەندە، ئۆزۈڭلارنىڭ بۇرۇن قىلغان ناچار ۋە رەزىل قىلمىشلىرىڭلارنى ئەسلەيسىلەر ۋە بۇرۇنقى گۇناھ ۋە يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭلار سەۋەبىدىن ئۆزۈڭلاردىن نەپرەتلىنىسىلەر. [32] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: ‹بىلىشىڭلار كېرەككى، سىلەر مېنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىشىمغا لايىق ئەمەسسىلەر. ئەي ئىسرائىل خەلقى، قىلمىشىڭلاردىن خىجىل بولۇڭلار ۋە نومۇس قىلىڭلار.›
[33] مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيمەنكى، سىلەرنى پۈتۈن گۇناھىڭلاردىن پاكلىغان كۈنى شەھەرلىرىڭلارغا قايتىدىن ئادەم ئولتۇراقلاشتۇرىمەن، خارابىلىككە ئايلانغان شەھەرلەر قايتا قۇرۇلىدۇ. [34] تاشلىنىپ قالغان يەرلەر قايتا تېرىلىدۇ، ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئەمدى تاشلاندۇق يەرلەرنى كۆرمەيدۇ. [35] ئۇلار: ‹بۇرۇنقى قاقاس يەرلەر ئەمدى ئېرەم باغقا ئايلىنىپتۇ. بۇرۇن خارابىلىككە ئايلانغان شەھەرلەرگە قايتىدىن سېپىللار ياسىلىپ، ئادەملەر ئولتۇراقلىشىپتۇ› دېيىشىدۇ. [36] ئۇ ۋاقىتتا ئەتراپىڭلاردىكى قالغان ئەللەر بۇ يەرلەرنى مېنىڭ قايتا قۇرۇپ چىققانلىقىمنى، تاشلىنىپ

كەتكەن يەرلەرنى قايتا تېرىغانلىقىمنى بىلىشىدۇ. بۇلارنى مەن
پەرۋەردىگار دېدىم، مەن دېگىنىمنى قىلىمەن.»
37 مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «مەن ئەمدى
ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ سانىنى
قويلاردەك كۆپەيتىمەن. 38 خارابىلىككە ئايلانغان شەھەرلەرنى
ئادەملەرگە تولدۇرىمەن، ئۇلارنىڭ سانى خۇددى يېرۇسالېمغا ھېيت
كۈنلىرى قۇربانلىق قىلىنىشقا ئەكېلىنگەن چارۋا ماللارنىڭ سانىدەك
كۆپ بولىدۇ. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى
بىلىشىدۇ.»

## قۇرۇغان ئۇستىخانلارنىڭ قايتا تىرىلىشى

**37** 1 پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋۇجۇدۇمغا چۈشتى
ۋە مېنى غايىبانە ئالامەت ئىچىدە بىر تۈزلەڭلىكنىڭ
ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ باردى. تۈزلەڭلىك ئۇستىخانلارغا تولۇپ
كەتكەنىدى. 2 ئۇ مېنى ئاشۇ ئۇستىخانلارنىڭ ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ
يۈردى. ئۇ يەردە قۇرۇپ كەتكەن ئۇستىخانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى.
3 پەرۋەردىگار مەندىن:
- ئەي ئادەم بالىسى، بۇ ئۇستىخانلارنىڭ تىرىلىشى مۇمكىنمۇ؟
- دەپ سورىدى. مەن:
- ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، بۇنى پەقەت سەنلا بىلىسەن، - دېدىم.
4 پەرۋەردىگار يەنە ماڭا مۇنداق دېدى:
- سەن بۇ ئۇستىخانلارغا ۋەھيىمنى يەتكۈزۈپ، مۇنداق دەپ
ئېيت: «ئەي قۇرۇپ كەتكەن ئۇستىخانلار، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ
سۆزىنى ئاڭلاڭلار! 5 مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار ئېيتىمەنكى، مەن
سىلەرگە نەپەس بېرىمەن، سىلەر تىرىلىسىلەر. 6 ئۇستۇڭلارغا
پەي ۋە گۆش قوندۇرىمەن، تېرە قاپلايمەن. سىلەرگە نەپەس
پۈۋلەيمەن، سىلەر تىرىلىسىلەر. شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار
ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر.»
7 مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ۋەھيي يەتكۈزدۈم.
ۋەھيي يەتكۈزۈۋاتقىنىمدا ئۇستىخانلارنىڭ تاراق-تۇرۇق ئاۋازلىرىنى
چىقىرىپ، بىر-بىرىگە ئۇلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. 8 قارىسام،

ئۇستىخانلارنىڭ ئۇستىگە پەي ۋە گۆش قونۇپ، تېرىلەر قاپلىنىپتۇ، پەقەت نەپسى يوق ئىدى. [9] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

ـ ئەي ئادەم بالىسى، سەن شامالغا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئەي شامال، تۆت تەرەپتىن ئەسكىن، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرگە نەپەس پۈۋلەپ، ئۇلارنى تىرىلدۈرگىن.» [10] مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئۇنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزدۈم. نەپەس ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىردى، ئۇلار تىرىلدى ھەمدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئىنتايىن چوڭ بىر جامائەت بولدى.

[11] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

ـ ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىل خەلقى بۇ ئۇستىخانلارغا ئوخشايدۇ. ھازىر ئىسرائىللار: «ئۇستىخانلىرىمىز قۇرۇپ، ئۈمىدىمىز ئۈچۈپ، پۈتۈنلەي تۈگەشتۇق» دېيىشىدۇ. [12] شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۇلارغا ۋەھيىمنى يەتكۈزۈپ، مۇنداق دەپ ئېيت: «مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار ئېيتىمەنكى، ئەي خەلقىم، مەن سىلەرنى قەبرەڭلاردىن ئېلىپ چىقىپ، ئىسرائىلىيەگە ئېلىپ كېتىمەن. [13] ئەي خەلقىم، سىلەرنى قەبرەڭلاردىن ئېلىپ چىققىنىمدا، سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. [14] مەن روھىمنى پۈۋلەپ، سىلەرنى تىرىلدۈرىمەن ۋە سىلەرنى ئۆز يۇرتۇڭلارغا ئورۇنلاشتۇرىمەن. شۇندىلا سىلەر بۇلارنى مېنىڭ دېگەنلىكىمنى ۋە دېگىنىمنى قىلىدىغانلىقىمنى بىلىسىلەر. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## يەھۇدىيە بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى

[15] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[16] ـ ئەي ئادەم بالىسى، قولۇڭغا بىر تاياق ئېلىپ، ئۇنىڭغا: «يەھۇدىيە پادىشاھلىقىدىكى قەبىلىلەر» دەپ ياز. ئاندىن يەنە بىر تاياق ئېلىپ، ئۇنىڭغا: «يۈسۈپنىڭ ئوغلى ئەفرايىم ۋە ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىدىكى باشقا قەبىلىلەر» دەپ ياز. [17] ئاندىن بۇ ئىككى تاياقنى بىر قولۇڭدا تۇتقىنكى، ئۇلار بىر تاياقتەك كۆرۈنسۇن. [18] خەلق: «بۇنىڭ مەنىسى نېمە، بىزگە چۈشەندۈرۈپ قويامسەن؟» دەپ سورىسا، [19] ئۇلارغا ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ،

دەپ ئېيت: «مەن يۈسۈپنىڭ ئوغلى ئەفرايىم ۋە ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىدىكى باشقا قەبىلىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تاياق بىلەن يەھۇدىيە پادىشاھلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تاياقنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇلارنى بىر تاياق قىلىمەن، ئۇلار قولۇمدا بىر بولىدۇ.»

[20] سەن خەت يېزىلغان بۇ ئىككى تاياقنى خەلققە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، [21] ئۇلارغا ئىگەڭلار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «مەن ئىسرائىل خەلقىنى تارقىلىپ كەتكەن ئەللەردىن يىغىمەن ۋە ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېلىمەن. [22] مەن ئۇلارنى ئىسرائىلىيەنىڭ تۇپرىقى، يەنى تاغلىرىدا بىرلەشتۈرۈپ، بىر خەلق قىلىمەن. ئۇلارنى بىرلا پادىشاھ باشقۇرىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى پادىشاھلىققا پارچىلانمايدۇ. [23] ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن يىرگىنچلىك بۇتقا چوقۇنۇپ، رەزىل ئىشلار بىلەن ئۆزىنى ناپاك قىلمايدۇ. ئۇلارنى مەندىن قايتا-قايتا يۈز ئۆرۈگەنلىكىدەك گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ پاكلايمەن. ئۇلار مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن.

[24] خىزمەتكارىم بولغان داۋۇتنىڭ ئەۋلادىدىن پادىشاھ چىقىپ، ئۇلارنىڭ پادىشاھى بولىدۇ. ئۇ ئىسرائىللارنىڭ بىردىنبىر قويچىسى بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ قانۇنلىرىمغا رىئايە قىلىدۇ، بەلگىلىمىلىرىمگە چىن قەلبىدىن بويسۇنىدۇ. [25] ئۇلار مەن خىزمەتكارىم بولغان ياقۇپقا ئاتا قىلغان زېمىندا، يەنى ئەجدادلىرى ياشىغان زېمىندا خاتىرجەم ياشايدۇ. بۇ يەردە ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى مەڭگۈ ياشايدۇ، خىزمەتكارىم بولغان داۋۇتنىڭ ئەۋلادى مەڭگۈ ئۇلارنىڭ پادىشاھى بولىدۇ. [26] مەن ئۇلار بىلەن مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئەھدىسى تۈزۈپ، ئۇلارنى روناق تاپقۇزىمەن ۋە سانىنى كۆپەيتىمەن. مېنىڭ ئىبادەتخانام مەڭگۈ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. [27] مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايمەن ۋە ئۇلارنىڭ خۇداسى بولىمەن، ئۇلار مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ. [28] ئىبادەتخانامنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا مەڭگۈلۈك قۇرغان ۋاقتىمدا، جاھاندىكى ئەللەر ئىسرائىللارنى مۇقەددەس قىلغۇچىنىڭ مەن پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇ.»

## گوگقا قارشى ۋەھىي

38 [1] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
[2] ــ ئەي ئادەم بالىسى، ماگوگ زېمىنىدىكى مەشەك ۋە تۇباللارنىڭ ھۆكۈمرانى گوگقا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى ۋەھىيىمنى يەتكۈز [3] ۋە ئۇنىڭغا ئېگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئەي مەشەك ۋە تۇباللارنىڭ ھۆكۈمرانى گوگ، مەن ساڭا قارشى تۇرىمەن. [4] مەن سېنى يولۇڭدىن ياندۇرۇپ ئەكېلىمەن. جاۋغايلىرىڭدىن ئىلمەك بىلەن ئېلىپ، چوڭ-كىچىك قالقان تۇتقان، قىلىچ ئوينىتىدىغان بارلىق لەشكەرلىرىڭنى، ئاتلىرىڭنى ۋە ساۋۇت كىيگەن ئاتلىق لەشكەرلىرىڭنى سۆرەپ ئەكېلىمەن. [5] سېنىڭ قوشۇنۇڭدا قالقان تۇتقان، دۇبۇلغا كىيگەن پېرسىيەلىكلەر، كۇشلار، پۇتئۇتلار، [6] گومەر خەلقىنىڭ لەشكەرلىرى ۋە يىراق شىمالدىكى توگارما يۇرتىنىڭ لەشكەرلىرى بولىدۇ. بۇ قوشۇن ناھايىتى كۆپ خەلقلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇن بولىدۇ.
[7] ھازىرلان، ئەتراپىڭغا كېلىپ توپلانغان قوشۇنۇڭ بىلەن تەييار بول، سەن ئۇلارغا باشچىلىق قىلىسەن. [8] يەنە نۇرغۇن يىلدىن كېيىن سەن جەڭگە چاقىرىلىسەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەن ئۇزۇن يىل تاشلىنىپ قېلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كەلگەن زېمىنغا، يەنى ھەرقايسى ئەللەردىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرىغا ھۇجۇم قىلىسەن. [9] سەن نۇرغۇن ئەللەردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنۇڭ بىلەن بوران-چاپقۇندەك كېلىسەن. سېنىڭ قوشۇنۇڭ خۇددى قارا بۇلۇت زېمىننى قاپلىغاندەك قاپلايدۇ. [10] ئۇ چاغدا نىيىتىڭ بۇزۇلىدۇ، رەزىل پىلان تۈزىسەن. [11] سەن مۇنداق دەيسەن: ‹سېپىل ۋە دەرۋازىسىز يېزىلارغا ھۇجۇم قىلىمەن. ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان، خاتىرجەم ياشاۋاتقان خەلقنى ۋەيران قىلىمەن. [12] مەن ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلايمەن. ھەرقايسى ئەللەردىن قايتىپ كېلىپ، خاراب يۇرتلارنى گۈللەندۈرگەن خەلققە ھۇجۇم قىلىمەن. ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى ۋە مۈلكى ھەددى-ھېسابسىزدۇر، ئۇلار دۇنيانىڭ كىندىكىدىدۇر.›
[13] شىبا ۋە دېدان خەلقلىرى ھەمدە تارشىشتىكى سودىگەرلەر

سەندىن: ‹سەن بۇلاڭچىلىق قىلغىلى، يەنى تولانغان قوشۇنۇڭنى باشلاپ، ئالتۇن-كۈمۈش، چارۋا ماللارنى تالان-تاراج قىلغىلى كەلگەنمۇ!؟› دەيدۇ.»

[14] شۇنىڭ ئۈچۈن ئەي ئادەم بالىسى، سەن گوگقا قارشى ۋەھىيمنى يەتكۈزۈپ، ئىگەم پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئاشۇ كۈنى كەلگەندە، ئىسرائىل خەلقىمنىڭ خاتىرجەم ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ قالىسەن! [15] سەن يىراقتىكى شىمالدىن كېلىسەن، نۇرغۇن خەلق سېنىڭ تەرىپىڭدە بولىدۇ. ھەممىڭلار ئاتلىق زور قوشۇن بولىسىلەر. [16] ئەي گوگ، سەن خۇددى قارا بۇلۇت زېمىنغا باستۇرۇپ كەلگەندەك خەلقىم ئىسرائىللار ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىسەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سېنى زېمىنىمغا ھۇجۇم قىلدۇرىمەن، شۇ ئارقىلىق مەن باشقا ئەللەر ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ مۇقەددەسلىكىمنى نامايان قىلىمەن ۋە ئۇلارغا ئۆزۈمنى تونۇتىمەن.

[17] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: ‹ئەي گوگ، مەن ئىلگىرى خىزمەتكارلىرىم، يەنى ئىسرائىلىيەدىكى پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق سەن ھەققىدە ۋەھىي يەتكۈزگەن ئەمەسمىدىم، ئۇلار سېنىڭ ئىسرائىلىيەگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىڭ ھەققىدە ئالدىن بېشارەت بېرىشمىگەنمىدى!؟›

[18] گوگ ئىسرائىلىيەگە ھۇجۇم قىلغاندا، مەن چوقۇم غەزەپلىنىمەن. [19] مەن قاتتىق قەھر-غەزىپىم بىلەن شۇنى جاكارلايمەنكى، ئۇ كۈنى ئىسرائىلىيەدە قاتتىق يەر تەۋرەيدۇ. [20] دېڭىزدىكى بېلىقلار، ئاسماندىكى قۇشلار، يەر يۈزىدىكى ياۋايى ھايۋانلار، ئۆمىلىگۈچى جانلىقلار ۋە ئىنسانلار ئالدىمدا غال-غال تىترەيدۇ. تاغلار ئۆرۈلىدۇ، قىيالار يىمىرىلىدۇ، سېپىللار ئۆرۈلىدۇ. [21] مەن ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرىدا گوگقا قارشى قىلىچ ھازىرلايمەن، ئۇلارنى ئۆزئارا قىرغىن قىلدۇرىمەن، بۇ مەنكى ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. [22] ۋابا، قىرغىنچىلىق، قاتتىق يامغۇر، مۆلدۈر، ئوت ۋە گۈڭگۈرت بىلەن ئۇنى، قوشۇنىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن خەلقلەرنى جازالايمەن. [23] مەن ئۇلۇغلۇقۇمنى ۋە مۇقەددەسلىكىمنى نامايان قىلىمەن، ھەرقايسى

ئەللەرگە ئۆزۈمنى تونۇتىمەن. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.»

## گوگنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

39 [1] - ئەي ئادەم بالىسى، گوگقا قارشى ۋەھىيىمنى
يەتكۈزۈپ، ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ
ئېيت: «ئەي مەشەك ۋە تۇباللارنىڭ ھۆكۈمرانى گوگ، مەن ساڭا
قارشى تۇرىمەن. [2] مەن سېنى يولۇڭدىن ياندۇرۇپ، يىراقتىكى
شىمالدىن ئېلىپ كېلىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرىغا ئىتتىرىپ
كېلىمەن. [3] سول قولۇڭدىكى يانى ۋە ئوڭ قولۇڭدىكى ئوقنى
ئۇرۇپ، يەرگە چۈشۈرىمەن. [4] سەن ۋە سېنىڭ قوشۇنۇڭ، ھەمدە
ساڭا ئەگىشىپ كەلگەن خەلقلەر ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرىدا ھالاك
بولىدۇ. جەسەتلىرىڭلار قۇزغۇنلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا يەم بولىدۇ.
[5] سەن دالادا ھالاك بولىسەن، چۈنكى مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار
بۇنى ئېيتتىم. [6] ماگوگنىڭ زېمىنىدا ۋە دېڭىز بويىدىكى جايلاردا
خاتىرجەم ياشاۋاتقانلارغا ئوت ياغدۇرىمەن. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ
پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.
[7] خەلقىم ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىدا مۇقەددەس نامىمنى نامايان
قىلىمەن، ئەمدى مۇقەددەس نامىمنىڭ بۇلغىنىشىغا يول قويمايمەن.
شۇندىلا ھەرقايسى ئەللەر مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى، يەنى
ئىسرائىللارنىڭ مۇقەددەس خۇداسى ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ.
[8] مەن ئېيتقان كۈن چوقۇم كېلىدۇ، ھەممە ئىشلار شۇ كۈنى يۈز
بېرىدۇ. بۇ مەنكى ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
[9] شۇ ۋاقىتتا ئىسرائىلىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى ئاھالىلەر
لەشكەرلەرنىڭ قورالىرىنى تېرىۋېلىپ ئوتۇن قىلىپ، قالايدۇ.
چوڭ-كىچىك قالقانلار، ئوقيالار، توقماق ۋە نەيزىلەر يەتتە يىل
قالاشقا يېتىدۇ. [10] ئۇلارنىڭ ئوتۇن تېرىشىنىڭ، ئورمانلاردىن ئوتۇن
كېسىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، قوراللار ئۇلارغا ئوتۇندۇر. ئۇلار
ئۆزلىرىنى بۇلىغانلارنى بۇلايدۇ، تالىغانلارنى تالايدۇ. بۇ مەنكى
ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

[11] ئۇ كۈنى ئىسرائىلىيەدىكى دېڭىزنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تۇتىشىدىغان ‹يولۇچى جىلغىسى›دا گوگنىڭ قەبرىسىنى هازىرلايمەن. ئۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئۇ يەرگە كۆمۈلىدۇ. بۇ قەبرىستانلىق يولۇچىلارنىڭ يولىنى توسىدۇ. شۇڭا ئۇ يەر ‹گوگ قوشۇنىنىڭ جىلغىسى› دەپ ئاتىلىدۇ.

[12] ئىسرائىل خەلقى گوگ قوشۇنلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى كۆمۈپ، زېمىنىنى پاكلاش ئۈچۈن يەتتە ئاي سەرپ قىلىدۇ. [13] ئىسرائىللارنىڭ ھەممىسى جەسەت كۆمۈشكە قاتنىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار مەن ئۇلۇغۋارلىقىمنى نامايان قىلغان كۈنى ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. [14] يەتتە ئايدىن كېيىن ئۇ يەرنى چارلايدىغانغا ئادەملەر تەيىنلىنىدۇ. چارلىغۇچىلار دائىم كېزىپ يۈرۈپ، كۆمۈلمەي قالغان ئۇستىخانلارنى كۆمۈپ، زېمىننى پاكلايدۇ. [15] چارلىغۇچىلار ئۇستىخان بايقىسا، يېنىغا بەلگە سېلىپ قويىدۇ، ئاندىن كۆمۈشكە مەسئۇل بولغانلىرى ئۇستىخاننى ‹گوگ قوشۇنىنىڭ جىلغىسى›غا ئېلىپ بېرىپ كۆمىدۇ. [16] (قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدا بىر شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ھاموناۇر [مەنىسى ‹قوشۇن›].) شۇنداق قىلىپ، ئۇلار زېمىننى پاكلايدۇ.»

[17] ئەي ئادەم بالىسى، مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار ساڭا دەيمەنكى، سەن ھەر خىل قۇش ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپ ئېيت: «سىلەر ھەر تەرەپتىن توپلىشىپ كېلىڭلار، مەن پەرۋەردىگار سىلەر ئۈچۈن ھازىرلىغان قۇربانلىق زىياپىتىمگە قاتنىشىڭلار، يەنى ئىسرائىلىيەنىڭ تاغلىرىغا كېلىپ، كاتتا زىياپەتكە داخىل بولۇڭلار. ئۇ يەردە گۆش يەيسىلەر، قان ئىچىسىلەر. [18] خۇددى ئادەملەر باشان زېمىنىنىڭ بوردالغان قوچقار، پاقلان، تېكە ۋە بۇقىلىرىنى يېگەندەك، سىلەرمۇ باتۇرلارنىڭ گۆشىنى يەپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ قېنىنى ئىچىسىلەر. [19] سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن تەييارلانغان قۇربانلىق زىياپىتىدە تويغۇچە مايلىق گۆش يەيسىلەر، مەست بولغاندەك ھۇزۇرلىنىپ قان ئىچىسىلەر. [20] جەڭ ئاتلىرىنىڭ، جەڭ ھارۋىلىرىنى ھەيدىگۈچىلەرنىڭ، باتۇرلارنىڭ ۋە ھەر خىل لەشكەرلەرنىڭ گۆشلىرىنى تويغۇچە يەيسىلەر.» بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

## ئىسرائىللارنىڭ سۈرگۈندىن قايتىپ كېلىشى

[21] ـ مەن ئۇلۇغۋارلىقىمنى ئەللەر ئارا نامايان قىلىمەن. پۈتۈن ئەللەر ئۆزلىرىنى جازالىغانلىقىمنى بىلىشىدۇ ۋە قۇدرەتلىك قولۇمنى كۆرۈشىدۇ. [22] شۇ كۈندىن باشلاپ ئىسرائىل خەلقى مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان خۇداسى ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ. [23] باشقا ئەللەرمۇ ئىسرائىل خەلقىنىڭ ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى سۈرگۈن قىلغانلىقىمنى بىلىشىدۇ. مەن خەلقىمدىن دىدارىمنى يوشۇرۇپ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم. ئۇلار قىلىچ ئاستىدا جېنىدىن جۇدا بولدى. [24] مەن ئۇلارنى ئىپلاسلىقلىرى ۋە گۇناھلىرىغا لايىق جازالىدىم ھەمدە ئۇلاردىن دىدارىمنى يوشۇردۇم.

[25] شۇڭا مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيمەن: «مەن ئەمدى ياقۇپنىڭ سۈرگۈندىكى ئەۋلادلىرى بولغان پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىنى يۇرتلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىمەن، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىمەن ۋە مۇقەددەس نامىمنى قاتتىق قوغدايمەن. [26] ئۇلار باشقىلارنىڭ تەھدىتلىرىدىن قۇتۇلۇپ يۇرتلىرىدا خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندە، بۇرۇن قىلغان نومۇسسىزلىقلىرى ۋە ماڭا قىلغان بارلىق ساداقەتسىزلىكلىرىدىن نومۇس ھېس قىلىشىدۇ. [27] مەن ئۇلارنى يات ئەللەردىن ئېلىپ كەلگەن ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ زېمىنلىرىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋاقتىمدا، ئۇلار ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ مۇقەددەسلىكىمنى نامايان قىلىمەن. [28] مەن ئۇلارنى باشقا ئەللەرگە سۈرگۈن قىلغاندىم، كەلگۈسىدە ئۇلارنى يۇرتلىرىغا يىغىپ ئەكېلىمەن، بىر ئادەممۇ قېلىپ قالمايدۇ. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان خۇداسى ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ. [29] ئەمدى ئىسرائىللاردىن دىدارىمنى يوشۇرمايمەن، ئۇلارنى مۇقەددەس روھىمغا چۆمدۈرىمەن. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## ئەزەكىيالنىڭ يېرۇسالېمغا ئېلىپ بېرىلىشى

40 [1] سۈرگۈندىكى ۋاقتىمىزنىڭ 25-يىلى، يەنى يېرۇسالېم
قولدىن كەتكەنلىكىنىڭ 14-يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى①
پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋۇجۇدۇمغا چۈشتى ۋە مېنى
يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى. [2] غايىبانە ئالامەتنىڭ ئىچىدە پەرۋەردىگار
مېنى ئىسرائىل زېمىنىدىكى ئېگىز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ
چىقتى. تاغنىڭ جەنۇبىدا ئىمارەتلەر بار بولۇپ، شەھەرگە ئوخشايتتى.
[3] ئۇ مېنى ئاشۇ يەرگە ئېلىپ باردى. قارىسام، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا
تۇچتەك پارقىراق بىر ئادەم تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا زىغىر تانىدىن
ۋە تاياقتىن ياسالغان ئىككى ئۆلچىگۈچ بار ئىدى. [4] ئۇ ئادەم ماڭا:
— ئەي ئادەم بالىسى، مەن ساڭا كۆرسەتمەكچى بولغان ھەممە
نەرسىگە سىنچىلاپ قارا، دىققىتىڭنى بەر، سۆزلىرىمنى كۆڭۈل
قويۇپ ئاڭلا. شۇ سەۋەبتىن سەن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىندىڭ.
كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىڭنى ئىسرائىل خەلقىگە يەتكۈز، — دېدى.
[5] قارىسام، ئەتراپىدا ھويلا تېمى بار بىر ئىبادەتخانا بار ئىكەن.
ھېلىقى ئادەم قولىدىكى 3 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆلچەم تايىقى
بىلەن ئىبادەتخانىنىڭ ھويلا تېمىنى ئۆلچىدى. تامنىڭ قېلىنلىقى
3 مېتىر، ئېگىزلىكىمۇ 3 مېتىر ئىدى.

## ئىبادەتخانا تاشقىرىقى ھويلىسىنىڭ شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتى

[6] ئۇ ئادەم مېنى دەرۋازا ئالدىغا باشلاپ كەلدى، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ
ھويلىسىنىڭ شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتى ئىدى. ئۇ پەلەمپەيدىن
چىقىپ، كىرىش ئېغىزى ئالدىغا كەلدى ۋە كىرىش ئېغىزىنى
ئۆلچىدى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر ئىدى. [7] دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ
ئىچىدە ئۇزۇن بىر كارىدور بولۇپ، كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە
قاراۋۇلخانىلار بار ئىدى. قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىمۇ
3 مېتىردىن بولۇپ، قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئارىلىقىدىكى تاملارنىڭ

① 40: 1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 573-يىلى 4-ئاينىڭ 28-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

قېلىنلىقى 2.5 مېتىر ئىدى. قاراۋۇلخانىلاردىن كېيىن، كارىدورنىڭ ئاخىرىدا بىر خانا بولۇپ، ئاخىرقى قاراۋۇلخانىدىن بۇ خانىغىچە بولغان تامنىڭ قېلىنلىقىمۇ 3 مېتىر ئىدى. [8] ئۇ ئادەم بۇ خانىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىدى، [9] ئۇزۇنلۇقى 4 مېتىر ئىدى. تاشقىرىقى ھويلىغا تۇتىشىدىغان چىقىش ئېغىزىدىكى تامنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر بولۇپ، بۇ چىقىش ئېغىزى ئىبادەتخانىغا قاراپ تۇراتتى. [10] كارىدوردىكى ئالتە قاراۋۇلخانىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىمۇ، ئۇلارنى ئايرىپ تۇرغان تاملارنىڭ قېلىنلىقىمۇ ئوخشاش ئىدى. [11] ئاندىن چىقىش ئېغىزىنىڭ كەڭلىكىنى ئۆلچىدى، كەڭلىكى 5 مېتىر ئىدى، كارىدورنىڭ كەڭلىكى 6.5 مېتىر ئىدى. [12] ئىككى تەرەپتىكى قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ كىرىپ چىقىش ئېغىزىدىن باشقا يەرلىرى يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى پاكار تاملار بىلەن توسۇلغانىدى. قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىمۇ 3 مېتىر بولۇپ، توپ-توپ چاسا ئىدى. [13] ئۇ ئادەم يەنە دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ كەڭلىكىنى تورۇستىن ئۆلچىدى. بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرغان ئىككى قاراۋۇلخانىنىڭ ئارقا تاملىرىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، كەڭلىكى 12.5 مېتىر ئىدى. [14] ئۇ ئادەم ئىمارەتنىڭ خانىسىنى ئۆلچىدى، ئۇ 30 مېتىر ئىدى. دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئۇچ تەرىپىنى تاشقىرىقى ھويلا ئوراپ تۇراتتى. [15] دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىن چىقىش ئېغىزىغىچە بولغان كارىدورنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر ئىدى. [16] قاراۋۇلخانىلاردا ۋە خانىدا پەنجىرىلەر بار ئىدى. قاراۋۇلخانىلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاملارغا خورما دەرىخى نەقىشلەنگەنىدى.

## تاشقىرىقى ھويلا

[17] ئۇ ئادەم مېنى تاشقىرىقى ھويلىغا باشلاپ كىردى. تاشقىرىقى ھويلىنىڭ تاملىرىنى بويلاپ، ئوتتۇز ئېغىز ئۆي سېلىنغان بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا تاش ياتقۇزۇلغان يول بار ئىدى. [18] بۇ يول ۋە تاشقىرىقى ھويلا ئوخشاشلا ئىچكىرىكى ھويلىدىن پەس ئىدى. ھويلا تېمىنىڭ سىرتىدىن تاش ياتقۇزۇلغان يولنىڭ يەنە بىر قىرغىچە بولغان ئارىلىق دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ

كېلەتتى. [19] دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ تاشقىرىقى هويلىغا چىقىدىغان ئېغىزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىچكىرىكى هويلىغا كىرىدىغان يەنە بىر دەرۋازا ئىمارىتى بار ئىدى. ئۇ ئادەم بۇ ئىككى دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچىدى، بۇ ئارىلىق 50 مېتىر ئىدى.

## شىمالىي تاشقىرىقى دەرۋازا ئىمارىتى

[20] ئۇ ئادەم يەنە شىمالىي تاشقىرىقى دەرۋازا ئىمارىتىنى ئۆلچىدى. [21] بۇ دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ كارىدورىنىڭمۇ ھەر ئىككىلا تەرىپىدە ئۈچتىن قاراۋۇلخانا بار ئىدى. قاراۋۇلخانىلار، ئۇلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاملار ۋە خانا قاتارلىقلارنىڭ ئۆلچەملىرى شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئۆلچەملىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىمارەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 12.5 مېتىر ئىدى. [22] دەرۋازا ئىمارىتىدىكى خانا كارىدورنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا جايلاشقان بولۇپ، خانا ۋە ئۇنىڭدىكى پەنجىرىلەر ھەم تاملارغا نەقىشلەنگەن خورما دەرەخلىرىنىڭ ئۆلچەملىرى شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتىدىكى خانا ۋە ئۇنىڭدىكى پەنجىرىلەر ھەم ئۇنىڭغا نەقىشلەنگەن خورما دەرەخلىرىنىڭ ئۆلچەملىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. شىمالىي دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئالدىدىمۇ يەتتە پەشتاقلىق پەلەمپەي بار ئىدى. [23] خۇددى شەرقىي تاشقىرىقى دەرۋازا ئىمارىتىگە ئوخشاش شىمالىي دەرۋازا ئىمارىتىگىمۇ ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىدىغان ئىچكىرىكى ھويلا دەرۋازا ئىمارىتى بار ئىدى. ئۇ ئادەم ئىككى دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئارىلىقىنىمۇ ئۆلچىدى، ئارىلىقى 50 مېتىر ئىدى.

## جەنۇبىي تاشقىرىقى دەرۋازا ئىمارىتى

[24] ئاندىن ئۇ ئادەم مېنى تاشقىرىقى هويلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە باشلاپ باردى، ئۇ يەردىمۇ بىر دەرۋازا ئىمارىتى بار ئىدى. ئۇ ئادەم كارىدورنىڭ ئاخىرىدىكى تاشقىرىقى ھويلا تەرەپتىكى خانىنى ۋە چىقىش ئېغىزىدىكى تامنى ئۆلچىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلچىمىمۇ باشقا ئىككى دەرۋازا ئىمارەتلىرىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئوخشاش ئىدى. [25] كارىدور ۋە كارىدوردىكى خانىنىڭ پەنجىرىلىرىمۇ باشقا ئىككى دەرۋازا ئىمارەتلىرىدىكى پەنجىرىلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ،

ئىمارەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 12.5 مېتىر ئىدى. [26] ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ يەتتە پەشتاقلىق پەلەمپەي بار ئىدى. خانا كارىدورنىڭ ئاخىرىغا جايلاشقانىدى. قاراۋۇلخانىلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاملارغا خورما دەرىخى نەقىشلەنگەنىدى. [27] بۇ دەرۋازا ئىمارىتىمۇ ئىچكىرىكى هويلىغا كىرىدىغان دەرۋازا ئىمارىتى بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلەتتى. ئىككى دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئارىلىقى 50 مېتىر ئىدى.

## ئىچكىرىكى هويلىنىڭ دەرۋازا ئىمارەتلىرى

[28] ئاندىن ئۇ ئادەم مېنى جەنۇبىي دەرۋازا ئىمارىتى ئارقىلىق ئىچكىرىكى هويلىغا باشلاپ كىردى ۋە بۇ دەرۋازا ئىمارىتىنىمۇ ئۆلچىدى. بۇ دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئۆلچىمىمۇ باشقا دەرۋازا ئىمارەتلىرىنىڭ ئۆلچەملىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. [29-30] كارىدوردىكى قاراۋۇلخانىلار، ئۇلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاملار ۋە خانا قاتارلىقلارنىڭ ئۆلچەملىرىمۇ باشقىلىرىنىڭ ئۆلچەملىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قاراۋۇلخانىلار ۋە خانىدىمۇ باشقىلىرى بىلەن ئوخشاش بولغان پەنجىرىلەر بار ئىدى. ئىمارەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 12.5 مېتىر ئىدى. [31] دەرۋازا ئىمارىتىدىكى خانا كارىدورنىڭ تاشقىرىقى هويلا تەرىپىدە بولۇپ، قاراۋۇلخانىلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاملارغا خورما دەرىخى نەقىشلەنگەنىدى. دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئالدىدا سەككىز پەشتاقلىق پەلەمپەي بار ئىدى.

[32] ئاندىن ئۇ ئادەم مېنى ئىچكىرىكى هويلا ئارقىلىق شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتىگە باشلاپ كىردى. ئۇ شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتىنى ئۆلچىدى، ئۇنىڭ ئۆلچىمىمۇ باشقا دەرۋازا ئىمارەتلىرىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئوخشاش ئىدى. [33] كارىدوردىكى قاراۋۇلخانىلار، ئۇلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاملار ۋە خانا قاتارلىقلارنىڭ ئۆلچەملىرىمۇ باشقىلىرىنىڭ ئۆلچەملىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قاراۋۇلخانىلار ۋە خانىدىمۇ باشقىلىرى بىلەن ئوخشاش بولغان پەنجىرىلەر بار ئىدى. ئىمارەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 12.5 مېتىر ئىدى. [34] دەرۋازا ئىمارىتىدىكى خانا كارىدورنىڭ تاشقىرىقى هويلا

تەرىپىدە بولۇپ، قاراۋۇلخانىلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاملارغا خورما دەرىخى نەقىشلەنگەنىدى. دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئالدىدا سەككىز پەشتاقلىق پەلەمپەي بار ئىدى.

[35] ئۇ ئادەم مېنى يەنە شىمالىي دەرۋازا ئىمارىتىگە باشلاپ باردى ۋە ئۇنى ئۆلچىدى. ئۇنىڭ ئۆلچىمىمۇ باشقا دەرۋازا ئىمارەتلىرىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئوخشاش ئىدى. [36] قاراۋۇلخانىلار، ئۇلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاملار ۋە كارىدوردىكى خانا قاتارلىقلارنىڭ ئۆلچەملىرىمۇ باشقىلىرىنىڭ ئۆلچەملىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قاراۋۇلخانىلار ۋە خانىدىمۇ پەنجىرىلەر بار ئىدى. ئىمارەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 12.5 مېتىر ئىدى. [37] دەرۋازا ئىمارىتىدىكى خانا كارىدورنىڭ تاشقىرىقى ھويلا تەرىپىدە بولۇپ، قاراۋۇلخانىلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاملارغا خورما دەرىخى نەقىشلەنگەنىدى. دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئالدىدا سەككىز پەشتاقلىق پەلەمپەي بار ئىدى.

## قۇربانلىقلارنى پاكىزلاش ئۆيى

[38] ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىدىغان شىمالىي دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ يان تەرىپىدە بىر ئېغىز ئۆي بار بولۇپ، ئۇ ئۆيگە تاشقىرىقى ھويلىدىن كىرگىلى بولاتتى. كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار مۇشۇ ئۆيدە پاكىزلىناتتى. [39] ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىدىغان شىمالىي دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى خانىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككىدىن تۆت ئۈستەل بار ئىدى. بۇ ئۈستەللەردە كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار، گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقلىرى ۋە ئەيىب قۇربانلىقلىرى بوغۇزلىناتتى. [40] مۇشۇ ئىمارەتنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەينىڭ ئىككى تەرىپىدىمۇ ئىككىدىن جەمئىي تۆت ئۈستەل بار ئىدى. [41] دېمەك، شىمالىي دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا تۆتتىن جەمئىي سەككىز ئۈستەل بار بولۇپ، بۇلار قۇربانلىقلار بوغۇزلانغاندا ئىشلىتىلەتتى. [42] كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆت ئۈستەل تاشتىن يونۇپ ياسالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى ئوخشاشلا 75 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىر ئىدى. ئۇلارغا كۆيدۈرمە ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى سويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارمۇ

قويۇلاتتى. 43 قالغان تۆتىگە قۇربانلىق گۆشلەر قويۇلاتتى. خانىنىڭ
تاملىرىغا 8 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قوش ئىلمەكلەر قېقىلغانىدى.

## روھانىيلارنىڭ ئۆيلىرى

44 ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىدىغان جەنۇبىي ۋە شىمالىي دەرۋازا
ئىمارەتلىرىنىڭ يانلىرىدا بىردىن ئۆي بولۇپ، شىمالىي دەرۋازا
ئىمارىتىنىڭ يېنىدىكى ئۆينىڭ ئالدى جەنۇبقا، جەنۇبىي دەرۋازا
ئىمارىتىنىڭ يېنىدىكى ئۆينىڭ ئالدى شىمالغا قارايتتى. 45 ئۇ
ئادەم ماڭا:
- ئالدى جەنۇبقا قارايدىغان ئۆي ئىبادەتخانىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان
روھانىيلار ئۈچۈن، 46 ئالدى شىمالغا قارايدىغان ئۆي قۇربانلىق
سۇپىسىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان روھانىيلار ئۈچۈن سېلىنغاندۇر. بۇ
روھانىيلار زادوقنىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر. لاۋىيلاردىن پەقەت زادوقنىڭ
ئەۋلادلىرىلا پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا روھانىيلىق خىزمىتىنى
قىلىشقا لايىقتۇر، - دېدى.

## ئىچكىرىكى ھويلا ۋە ئىبادەتخانا

47 ئۇ ئادەم ئىچكىرىكى ھويلىنى ئۆلچىدى. ھويلا تۆت چاسا
بولۇپ، ھەربىر تەرىپى 50 مېتىردىن ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدا
قۇربانلىق سۇپىسى بار ئىدى.
48-49 ئۇ ئادەم مېنى ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى.
ئىبادەتخانىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئالدىدا ئون پەشتاقلىق پەلەمپەي
ۋە كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن تۈۋرۈك بار ئىدى.
ئۇ ئادەم كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامنى ئۆلچىدى.
بۇ تاملارنىڭ قېلىنلىقى 2.5 مېتىر، كىرىش ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى
7 مېتىر، ئىككى تەرەپتىكى تاملارنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتىردىن
ئىدى. دېمەك، تاشقىرىقى خانىنىڭ كەڭلىكى جەمئىي 10 مېتىر،
ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىر ئىدى.

## 41

1 ئاندىن ئۇ ئادەم مېنى ئاساسىي خانىغا باشلاپ كىردى ۋە
تاشقىرىقى خانا بىلەن ئاساسىي خانىنى ئايرىپ تۇرىدىغان
تامنى، يەنى ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملارنى ئۆلچىدى،

تامنىڭ قېلىنلىقى 3 مېتىر ئىدى. [2] ئىشىكنىڭ كەڭلىكى 5 مېتىر، ئىككى تەرىپىدىكى تاملارنىڭ كەڭلىكلىرى 2.5 مېتىردىن ئىدى. ئۇ ئادەم ئاساسىي خانىنىمۇ ئۆلچىدى. خانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر ئىدى. [3] ئاندىن ئۇ ئادەم ئىچكىرىكى خانىنىڭ ئىشىكىگە كىرىپ، ئىككى تەرىپىدىكى تاملارنى ئۆلچىدى. تامنىڭ قېلىنلىقى 1 مېتىر ئىدى. ئىشىكنىڭ كەڭلىكى 3 مېتىر، ئىككى تەرىپىدىكى تاملارنىڭ كەڭلىكلىرى 3.5 مېتىردىن ئىدى. [4] ئۇ يەنە ئىچكىرىكى خانىنىمۇ ئۆلچىدى. ئىچكىرىكى خانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىمۇ 10 مېتىردىن ئىدى. ئۇ ماڭا:

- بۇ ئەڭ مۇقەددەس خانىدۇر، - دېدى.

[5] ئاندىن ئۇ سىرتقا چىقىپ، ئىبادەتخانىنىڭ سىرتقى تاملىرىنى ئۆلچىدى، تاملارنىڭ ئاستىنقى قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 3 مېتىر ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئۈچ ئەتراپىدا تاملارغا يانداشتۇرۇپ سېلىنغان يان خانىلار بار ئىدى. پەستىكى خانىلارنىڭ كەڭلىكى 2 مېتىردىن بولۇپ، [6] بۇ يان خانىلار ئۈچ قەۋەت قىلىپ سېلىنغانىدى. ھەربىر قەۋەتتە ئوتتۇز خانا بار ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ تېمىنىڭ سىرتقى قىسمى ئۈچ بالداق شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، بۇ بالداقلار خانىلارنىڭ ئۆگزە لىملىرىنى قويىدىغانغا يۆلەك بولغانىدى. شۇڭا يان خانىلارنىڭ ئۆگزە لىملىرىنى ئىبادەتخانا تاملىرىغا كىردۈرۈشكە ھاجەت بولمىغانىدى. [7] بۇ يان خانىلار ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىققانچە كېڭىيىپ باراتتى، چۈنكى ئىبادەتخانىنىڭ تېمىنىڭ ئاستى قېلىن بولۇپ، ئۈستىگە چىققانچە تارىيىپ باراتتى. پەلەمپەي ئارقىلىق ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قەۋەتكە چىققىلى بولاتتى. [8] ئىبادەتخانا ۋە يان خانىلارنىڭ 3 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سۇپىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى كۆردۈم. [9-10] يان خانىلارنىڭ سىرتقى تېمىنىڭ قېلىنلىقى 2.5 مېتىر ئىدى. ئىبادەتخانا بىلەن ئىككى تەرىپىدىكى خانىلارنىڭ ئارىلىقىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا كەڭلىكى 10 مېتىردىن بولغان بوش يەر بار ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئارقىسىدىمۇ كەڭلىكى 10 مېتىر بولغان بوش يەر بار ئىدى. [11] ئىبادەتخانىغا يانداشتۇرۇپ سېلىنغان يان خانىلارغا كىرىدىغان ئىككى ئىشىك بولۇپ، بىرى

شىمالدا، يەنە بىرى جەنۇبتا ئىدى. سۇپا ئىبادەتخانا ۋە يان خانىلاردىن 2.5 مېتىر كەڭلىكتە چىقىپ تۇراتتى.

## غەرب تەرەپتىكى ئىمارەت

[12] ئىبادەتخانىنىڭ غەربىي تەرىپىدە، يەنى ئارقىسىدىكى بوش يەردىن كېيىن چوڭ بىر ئىمارەت بار ئىدى. ئىمارەتنىڭ ئىچىنىڭ كەڭلىكى 35 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 45 مېتىر، تېمىنىڭ قېلىنلىقى 2.5 مېتىر ئىدى.

## ئىبادەتخانا سىرتىنىڭ ئۆلچەملىرى

[13] ئاندىن ئۇ كىشى ئىبادەتخانىنى سىرتىدىن ئۆلچىدى، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ كەينى تېمىدىن غەربىي ئىمارەتنىڭ ئاخىرقى تېمىغىچە بولغان ئارىلىق 50 مېتىر ئىدى. [14] ئىبادەتخانىنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ كەڭلىكى ئىككى يان تەرىپىدىكى بوش يەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 50 مېتىر ئىدى.
[15] ئۇ كىشى ئىبادەتخانىنىڭ كەينىدىكى بوش يەردىن كېيىن ياسالغان ئىمارەتنى ئىككى تەرىپىدىكى پېشايۋان بىلەن قوشۇپ ئۆلچىدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر ئىدى.

## ئىبادەتخانا ئىچىنىڭ تەسۋىرى

ئىبادەتخانىنىڭ تاشقىرىقى، ئاساسىي ۋە ئىچكىرىكى خانىلىرىنىڭ [16] تاملىرى يەردىن پەنجىرىلىرىگىچە بولغان ئارىلىقى تاختاي بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تاملارنىڭ ئوتتۇرىسىغا گىرۋەك چىقىرىلغانىدى، پەنجىرىلەرنى ئېچىپ ياپقىلى بولاتتى.
[17] ئىبادەتخانىنىڭ ئاساسىي ۋە ئىچكىرىكى خانىلىرىنىڭ تاملىرىغا، شۇنداقلا ئاساسىي خانىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە [18] كېرۇب ۋە خورما دەرەخلىرىنىڭ شەكىللىرى بىر كېرۇب، بىر خورما دەرىخى شەكلىدە ئۆلچەملىك ھالدا نەقىشلەنگەنىدى. كېرۇبلار ئىككى يۈزلۈك بولۇپ، [19] بىر يۈزى ئادەمنىڭكىگە، يەنە بىر يۈزى شىرنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇلار ئىككى تەرىپىدىكى خورما دەرەخلىرىگە قارىشىپ

تۇراتتى. ئىبادەتخانىدىكى تاملارنىڭ ھەممىسى [20] يەردىن ئىشىكنىڭ ئۈستىگىچە دەل مۇشۇنداق شەكىلدە ئىدى.

[21] ئاساسىي خانىنىڭ ئىشىكىنىڭ كېشىكى تۆت چاسا ئىدى. ئاساسىي خانىدىن ئەڭ مۇقەددەس خانىغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ ئالدىدا [22] قۇربانلىق سۇپىسىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر بولۇپ، تۆت بۇرجىكى، ئاستى ۋە تۆت ئەتراپى ياغاچتىن ياسالغانىدى. ئۇ ئادەم ماڭا:

- بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلدۇر، - دېدى.

[23] ئاساسىي خانا ۋە ئەڭ مۇقەددەس خانىغا قوش قاناتلىق ئىشىكلەر ئورنىتىلغان بولۇپ، [24] ئىشىكلەرنىڭ ھەربىر قانىتى قاتلىنىدىغان ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقانىدى. [25] ئۇلارغىمۇ كېرۇب ۋە خورما دەرىخى نەقىشلەنگەنىدى. تاشقىرىقى خانىنىڭ كىرىش ئېغىزى ياغاچ پېشايۋانلىق ئىدى. [26] تاشقىرىقى خانىنىڭ يان تاملىرىدا پەنجىرىلەر بار بولۇپ، بۇ تاملارغىمۇ خورما دەرىخى نەقىشلەنگەنىدى. يان خانىلارنىڭ ئىككى تەرەپتىكى كىرىش ئىشىكلىرىنىڭ ئايۋانلىرى بار ئىدى.

## روھانىيلارغا تەۋە ئىمارەتلەر

**42** [1] ئاندىن ئۇ ئادەم مېنى ئىبادەتخانىدىن ئېلىپ چىقىپ، شىمالىي دەرۋازا ئىمارىتى ئارقىلىق تاشقىرىقى ھويلىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەردە خانىلارغا بۆلۈنگەن بىر ئىمارەت بولۇپ، بۇ ئىمارەت ئىبادەتخانىنىڭ غەربىدىكى ئىمارەتنىڭ شىمالىغا جايلاشقانىدى. [2] بۇ ئىمارەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 25 مېتىر بولۇپ، خانىلارنىڭ ئىشىكلىرى شىمالغا قارايتتى. [3] بۇ ئىمارەتنىڭ ئالدى تەرىپى تاشقىرىقى ھويلىدىكى تاش ياتقۇزۇلغان يولغا قارايتتى. ئىمارەتنىڭ كەينى تەرىپى ئىبادەتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدىغان بوش يەرگە قارايتتى. بۇ ئىمارەت ئۈچ قەۋەت سېلىنغانىدى. [4] ئىمارەتنىڭ ئالدىدا كەڭلىكى 5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر كېلىدىغان بىر يول بار ئىدى. خانىلارنىڭ ئىشىكلىرى شىمالغا قارايتتى. [5] ئىمارەتنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى خانىلار

ئىككىنچى قەۋەتتىكى خانىلارغا، ئىككىنچى قەۋەتتىكى خانىلار بىرىنچى قەۋەتتىكى خانىلارغا قارىغاندا تارراق بولۇپ، پەلەمپەي شەكلىدە سېلىنغانىدى، چۈنكى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قەۋەتتىكى خانىلارنىڭ ئالدىغا كەڭرەك بوشلۇق قالدۇرۇلغانىدى.[6] بۇ ئىمارەت هويلىلاردىكى باشقا ئۆيلەردەك تۈۋرۈكلۈك ئەمەس ئىدى. خانىلار يۇقىرى قەۋەتكە چىققانچە تارىيىپ باراتتى.[7-8] ئىمارەتنىڭ شىمالىدا، يەنى تاشقىرىقى هويلا تەرەپتە يەنە بىر ئۆي بار ئىدى. بۇ ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر بولۇپ، ئىمارەتنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى. ئۆينىڭ جەنۇبىي يان تېمىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ بىر تام قوپۇرۇلغان بولۇپ، بۇ تام ئىمارەتكە پاراللېل كېلەتتى. تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر ئىدى.[9] ئىمارەتكە تاشقىرىقى هويلىدىن ئىمارەت بىلەن تامنىڭ ئارىلىقىدىكى يولنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئېغىز ئارقىلىق كىرگىلى بولاتتى.

[10] ئىبادەتخانىنىڭ غەربىدىكى ئىمارەتنىڭ جەنۇبىدا، يەنى تاشقىرىقى هويلا تەرەپتە شىمالدىكى ئىمارەت بىلەن ئوخشاش يەنە بىر ئىمارەت بار ئىدى.[11] بۇ ئىمارەتنىڭ ئالدىدىمۇ ئوخشاشلا بىر يول بار ئىدى. ئىمارەتتىكى خانىلار بىلەن شىمالدىكى ئىمارەتنىڭ خانىلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئىشىكلىرى، قۇرۇلمىسى ئوخشاش ئىدى.[12] خانىلارنىڭ ئىشىكلىرى جەنۇبقا قارايتتى، ئىمارەتكە ئىمارەت بىلەن تامنىڭ ئارىلىقىدىكى يولنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئېغىز ئارقىلىق كىرگىلى بولاتتى.

[13] ئۇ ئادەم ماڭا مۇنداق دېدى:

- ئىبادەتخانىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى ئىمارەتلەردىكى خانىلار مۇقەددەس بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ئىبادەتخانىدا خىزمەت قىلىدىغان روھانىيلار ئەڭ مۇقەددەس قۇربانلىقلارنى، يەنى ئاشلىق هەدىيەلىرى، گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقلىرى، ئەيىب قۇربانلىقلىرى قاتارلىق ئەڭ مۇقەددەس قۇربانلىقلارنى يەيدۇ ۋە ساقلايدۇ. چۈنكى بۇ خانىلار مۇقەددەستۇر.[14] روھانىيلار ئىبادەتخانىغا كىرىپ، ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تاشقىرىقى هويلىدىكى خەلقنىڭ ئالدىغا ئۈستىدىكى كىيىمى بىلەن چىقماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن ئاشۇ خانىلاردا كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئادەتتىكى

چاغلاردا كىيدىغان كىيىملىرىنى كىيىپ چىقىدۇ، چۈنكى بۇ كىيىملەرمۇ مۇقەددەستۇر.

## ئىبادەتخانىنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىنىڭ تېمى

[15] ئۇ ئادەم ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسىدىكى ئىمارەتلەرنى ئۆلچەپ بولغاندىن كېيىن، تاشقىرىقى شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتى ئارقىلىق مېنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى ۋە ھويلا تېمىنى ئۆلچىدى. [16] ئۇ ئاۋۋال ئۆلچەم تايىقى بىلەن شەرق تەرەپتىكى تامنى ئۆلچىدى، تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 250 مېتىر ئىدى. [17] ئۇ شىمال تەرەپتىكى تامنىمۇ ئۆلچىدى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ 250 مېتىر ئىدى. [18] ئۇ يەنە جەنۇب تەرەپتىكى تامنىمۇ ئۆلچىدى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ 250 مېتىر ئىدى. [19] ئاندىن ئۇ بۇرۇلۇپ، غەرب تەرەپتىكى تامنى ئۆلچىدى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ 250 مېتىر ئىدى. [20] دېمەك، تۆت تەرەپنىڭ ئۇزۇنلۇقى 250 مېتىردىن ئىدى. بۇ تاملار ئىبادەتخانا رايونى بىلەن ئادەتتىكى رايونلارنى ئايرىپ تۇراتتى.

## پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا قايتىپ كېلىشى

43 [1] كېيىن ئۇ ئادەم مېنى تاشقىرىقى شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتىگە ئەكەلدى. [2] قارىسام، ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدانىڭ پارلاق نۇرى شەرقتىن كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن دېڭىز شاۋقۇنىدەك كۈچلۈك ئاۋاز چىقاتتى. زېمىنمۇ خۇدانىڭ پارلاق نۇرىدىن جۇلالانغانىدى. [3] مەن كۆرگەن بۇ غايىبانە ئالامەت خۇدا يېرۇسالېمنى ۋەيران قىلماقچى بولغان چاغدا كۆرگەن ئالامەتكە ۋە كىبار قانىلى بويىدا كۆرگەن ئالامەتكە ئوخشايتتى. مەن دەرھال ئۆزۈمنى يەرگە تاشلىدىم. [4] پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرى شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتى ئارقىلىق ئىبادەتخانىغا كىردى. [5] ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ روھى مېنى كۆتۈرۈپ، ئىچكىرىكى ھويلىغا ئېلىپ كىردى. ئىبادەتخانا پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىغا تولغانىدى.

[6] ئۇ ئادەم مېنىڭ يېنىمدا تۇراتتى. ئىبادەتخانا ئىچىدىن پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. [7] ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

- ئەي ئادەم بالىسى، مېنىڭ تەختىم بۇ يەردىدۇر، بۇ يەر مېنىڭ پۇت قويىدىغان يېرىمدۇر. مەن بۇ يەردە ئىسرائىللار ئارىسىدا مەڭگۈ ياشايمەن. ئىسرائىل خەلقى ۋە ئىسرائىل پادىشاھلىرى بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، ئۆلۈپ كەتكەن پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىلىرىگە تاۋاپ قىلىپ، مۇقەددەس نامىمنى بۇلغىمايدۇ. [8] ئۇلار ئەمدى ئىبادەتخانامغا يانداشتۇرۇپ بۇتخانا سېلىپ، بۇتخانىسىنىڭ بوسۇغا ۋە دەرۋازىلىرى بىلەن مېنىڭ ئىبادەتخانامنىڭ بوسۇغا ۋە دەرۋازىلىرىنى قىستىمايدۇ. ئەسلى ئىبادەتخانام بىلەن ئۇلارنىڭ بۇتخانىسىنى بىرلا تام ئايرىپ تۇراتتى. ئۇلار مەن يىرگىنچلىك دەپ قارىغان، مۇقەددەس نامىمنى بۇلغايدىغان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، غەزىپىم كېلىپ، ئۇلارنى يوقاتتىم. [9] ئۇلار ئەمدى بۇتقا چوقۇنمىسۇن، ئۆلۈپ كەتكەن پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى تاۋاپ قىلمىسۇن. شۇندىلا مەن مەڭگۈ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايمەن.

[10] ئەي ئادەم بالىسى، ئىسرائىل خەلقىگە ساڭا كۆرسىتىلگەن ئىبادەتخانىنى تەسۋىرلەپ بەرگىن. ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ مۇكەممەل لايىھەسى ھەققىدە ئويلانسۇن ۋە ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىدىن نومۇس ھېس قىلسۇن. [11] ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىدىن نومۇس ھېس قىلغاندا، ئۇلارغا سەن ئىبادەتخانىنىڭ لايىھەسى، قۇرۇلمىسى، دەرۋازا ئىمارەتلىرى ۋە نەقىشلىرىدىن تارتىپ، ئىبادەتخانىغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە-تۈزۈملەرگىچە سۆزلەپ بەرگىن ھەمدە بۇلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا پۈتۈپ قويغىن، ئۇلار لايىھەنى چۈشەنسۇن، قائىدىگە رىئايە قىلسۇن.

[12] تاغ ئۈستىدىكى ئىبادەتخانا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتۈن يەرلەرنى ئەڭ مۇقەددەس يەر دەپ قاراڭلار. ئىبادەتخانىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم بەلگىلىمە مۇشۇدۇر.

## قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ پەرۋەردىگارغا بېغىشلىنىشى

[13] پەرۋەردىگار سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ماڭا يەنە مۇنداق دېدى:
— تۆۋەندىكىلەر قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئۆلچەملىرىدۇر. قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئاستىنقى بۆلىكىنىڭ تۆت ئەتراپىدا چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىمۇ يېرىم مېتىردىن كېلىدىغان ئېرىق بولسۇن، ئېرىقنىڭ سىرتقى تەرىپىگە 25 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە قىر چىقىرىلسۇن.
قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئېگىزلىكى مۇنداق بولسۇن: [14] ئېرىق قىرىدىن باشلاپ ئۆلچىگەندە قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئاستىنقى بۆلىكىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر بولسۇن. ئوتتۇرىدىكى بۆلىكى ئاستىنقى بۆلىكىدىن يېرىم مېتىر ئىچىگە تارتىپ ياسالسۇن، ئېگىزلىكى 2 مېتىر، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى ئوخشاشلا 7 مېتىردىن بولسۇن. [15] ئۈستۈنكى بۆلىكىنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر، تۆت بۇرجىكىدە بۆرتۈپ چىققان شەكىللەر بولسۇن. [16] ئۈستۈنكى بۆلىكىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىمۇ ئوخشاشلا 6 مېتىردىن بولسۇن. [17] ئوتتۇرىدىكى بۆلىكىنىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ گىرۋىكىگە يېرىم مېتىر كەڭلىكتە ئېرىق ياسالسۇن، ئېرىقنىڭ سىرتقى تەرىپىگە 25 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە قىر چىقىرىلسۇن. قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە پەلەمپەي بولسۇن.
[18] پەرۋەردىگار سۆزىنى داۋام قىلىپ، مۇنداق دېدى:
— ئەي ئادەم بالىسى، مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «قۇربانلىق سۇپىسى پۈتكەندىن كېيىن، كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىش ۋە قان چېچىشقا ئائىت قائىدىلەر مۇنداق بولىدۇ. [19] ھوزۇرۇمدا مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىدىغان لاۋىيلاردىن بولغان روھانىي زادوق ئەۋلادلىرىغا گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر بۇقا بەرگىن. [20] ئاندىن بۇقىنىڭ قېنىدىن ئازراق ئېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۆرتۈپ چىققان تۆت بۇرجىكىگە، ئوتتۇرىدىكى بۆلىكىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ۋە قىرىغا سۈركەپ قويغىن. شۇنداق قىلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىنى ھەممە ناپاكلىقلاردىن پاكلىغىن.
[21] گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن

بۇقا ئىبادەتخانا ھويلىلىرىنىڭ سىرتىدىكى بەلگىلەنگەن ئورۇندا كۆيدۈرۈلسۇن.

[22] ئىككىنچى كۈنى بىجىرىم بولغان بىر تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن سۇنغىن. ئاندىن قۇربانلىق سۇپىسىنى بۇقىنىڭ قېنى بىلەن قانداق پاكلىغان بولساڭلار، تېكىنىڭ قېنى بىلەن شۇنداق پاكلاڭلار. [23] قۇربانلىق سۇپىسىنى پاكلاپ بولغاندىن كېيىن، بىجىرىم بولغان بىر تۇياق بۇقا ۋە قوچقارنى [24] ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرگىن. روھانىي سويۇلغان قۇربانلىقنىڭ ئۈستىگە تۇز سېپىپ، ماڭا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە كۆيدۈرسۇن. [25] ئۇدا يەتتە كۈن، ھەر كۈنى بىر تۇياق تېكىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى قىلغىن. بۇنىڭدىن سىرت، ھەر كۈنى بىر تۇياق بۇقا، بىر تۇياق قوچقارنى قۇربانلىق ئۈچۈن كەلتۈر، ھەممىسى بىجىرىم بولسۇن. [26] بۇ يەتتە كۈندە روھانىيلار قۇربانلىق سۇپىسىنى ھەممە ناپاكلىقلاردىن پاكلاپ، مەن پەرۋەردىگارغا بېغىشلىسۇن. [27] يەتتە كۈندىن كېيىن، يەنى سەككىزىنچى كۈندىن باشلاپ روھانىيلار قۇربانلىق سۇپىسىدا خەلقنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئامانلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇنسا بولىدۇ. شۇندىلا مەن سىلەرنى قوبۇل قىلىمەن. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ كىرىپ چىقىشقا چەكلىنىشى

44 [1] ئۇ ئادەم مېنى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسىدىن تاشقىرىقى ھويلىدىكى شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتىگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى. دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ كىرىش ئىشىكى تاقاق ئىدى.

[2] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

– بۇ ئىشىك دائىم تاقاق تۇرسۇن، ھېچكىم ئاچمىسۇن، ھېچكىم ئۇ يەردىن كىرمىسۇن. چۈنكى بۇ ئىشىكتىن مەن پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللارنى تاللىغان خۇدا كىرگەندۇرمەن. بۇ ئىشىك تاقاق تۇرسۇن. [3] ئەمما پەقەت پادىشاھلا بۇ دەرۋازا ئىمارىتىدىكى خانىدا ئولتۇرۇپ، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا مۇقەددەس تائاملاردىن يېسە بولىدۇ.

پادىشاھ بۇ خانىغا باشقا دەرۋازا ئىمارىتى ئارقىلىق تاشقىرىقى
ھويلا بىلەن كىرسۇن ۋە شۇ يەر بىلەن چىقىپ كەتسۇن.

## روھانىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنىڭ شەرتلىرى

[4] ئاندىن ئۇ ئادەم مېنى قايتىدىن ئىچكىرىكى شىمالىي دەرۋازا
ئىمارىتى ئارقىلىق ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. قارىسام،
ئىبادەتخانا پەرۋەردىگارنىڭ پارلاق نۇرىغا تولۇپتۇ. مەن ئۆزۈمنى
يەرگە تاشلىدىم. [5] پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
— ئەي ئادەم بالىسى، مېنىڭ ئىبادەتخانىغا مۇناسىۋەتلىك
قائىدە-تۈزۈملەر ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا.
مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا قانداق كىشىلەرنىڭ كىرسە بولىدىغان ياكى
بولمايدىغانلىقىغا دىققەت قىل. [6] ئاندىن ئاشۇ ئاسىي ئىسرائىل
خەلقىگە ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ، دەپ ئېيت: «ئەي
ئىسرائىل خەلقى، ئەمدى يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىڭلارنى توختىتىڭلار!
[7] سىلەر تائام ھەدىيەلىرى، قۇربانلىقلارنىڭ مايلىرى ۋە قانلىرىنى
سۇنغان ۋاقىتىڭلاردا، خەتنە قىلىنمىغان تەكەببۇر يات خەلقلەرنىڭ
مۇقەددەس ئىبادەتخانامغا كىرىشىگە يول قويۇپ، ئىبادەتخانامنى
بۇلغىدىڭلار ۋە يىرگىنچلىك قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، سىلەر
بىلەن تۈزگەن ئەھدەمگە خىلاپلىق قىلدىڭلار. [8] ئۇنىڭ ئۈستىگە
سىلەر مۇقەددەس نەرسىلىرىمگە ئائىت تەلەپلىرىمنى بېجىرمەستىن،
ئەكسىچە مېنىڭ ئىبادەتخانامدىكى خىزمەتلەرنى يات خەلقلەرگە
بېرىۋەتتىڭلار.»
[9] مەن ئىگەڭ پەرۋەردىگار ساڭا يەنە مۇنداق دەيمەنكى،
ئىسرائىللار ئارىسىدا ياشايدىغان خەتنە قىلىنمىغان تەكەببۇر يات
خەلقلەر مېنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانامغا كىرمىسۇن. [10] ئىسرائىللار
مەندىن يۈز ئۆرۈپ بۇتقا تېپىنغان ۋاقىتلاردا، لاۋىيلار مەندىن
يىراقلاشتى. شۇڭا ئۇلار ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى
تارتىدۇ. [11] ئۇلار ئىبادەتخانامدا دەرۋازىۋەنلىك، جامائەت ئۈچۈن
كۆيدۈرمە ۋە باشقا قۇربانلىقلارنى بوغۇزلاش قاتارلىق ھەر خىل
يۈگۈر-يېتىم خىزمەتلەرنى قىلسا بولىدۇ. [12] لېكىن ئۇلار بۇتقا
چوقۇنغان ئىسرائىللارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇلارنى گۇناھقا

پاتۇرغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار شۇنداق قەسەم قىلمەنكى، ئۇلار ئۆتكۈزگەن گۇناھىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ. [13] ئۇلارنىڭ مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا يېقىنلىشىپ، روھانىيلىق خىزمىتىنى قىلىشىغا ۋە مۇقەددەس نەرسىلىرىمگە ياكى ئەڭ مۇقەددەس قۇربانلىقلارغا قول تەگكۈزۈشىگە يول قويمايمەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىدىن نومۇس قىلسۇن. [14] لېكىن مەن يەنىلا ئۇلارنى ئىبادەتخانامنى قوغداش ۋە ئىبادەتخانامدىكى ھەر خىل ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى قىلىشقا قويىمەن.

## روھانىيلارغا ئائىت بەلگىلىمىلەر

[15] ئىگىمىز پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

– ئىسرائىللار مەندىن يۈز ئۆرۈگەن ۋاقىتلاردا، لاۋىيلارنىڭ زادوق نەسلىدىن بولغان روھانىيلارنىڭ ئەۋلادلىرى يەنىلا ئىبادەتخانامدىكى ۋەزىپىلىرىنى ساداقەت بىلەن ئادا قىلىپ كەلدى. شۇڭا ئۇلار مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا خىزمىتىمنى قىلىپ، قۇربانلىقلارنىڭ مېيى ۋە قانلىرىنى ماڭا سۇنسا بولىدۇ. [16] پەقەت ئۇلارلا مېنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانامغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى ئۈستەلنىڭ يېنىدا خىزمىتىمنى قىلسا ۋە ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدۇ.

[17] ئۇلار ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرگەندە، زىغىر رەختتىن تىكىلگەن كىيىم كىيسۇن. ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئىچىدە ۋە ئىبادەتخانامدا خىزمىتىمنى قىلغاندا، قوي يۇڭىدا توقۇلغان كىيىم كىيمىسۇن. [18] بېشىغا زىغىر رەختتىن قىلىنغان سەللە يۆگىسۇن، زىغىر رەختتىن قىلىنغان تامبال كىيسۇن، ئادەمنى ئاسان تەرلىتىدىغان كىيىم كىيمىسۇن. [19] ئۇلار تاشقىرىقى ھويلىدىكى خەلقنىڭ ئالدىغا چىقىشتىن بۇرۇن، خىزمىتىمنى قىلغان چاغدا كىيگەن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، مۇقەددەس خانىلارغا قويۇپ قويسۇن ۋە ئۈستىگە ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كىيىدىغان كىيىمنى كىيسۇن. بۇ مۇقەددەس كىيىمنىڭ تاشقىرىقى ھويلىغا ئېلىپ چىقىلماسلىقى ۋە خەلقنىڭ بۇ نەرسىلەرگە تېگىپ كەتمەسلىكى

ئۆچۈندۇر. چۈنكى بۇ كىيىم مۇقەددەستۇر. [20] ئۇلار چېچىنى چۈشۈرمىسۇن ياكى ئۇزۇن قويمىسۇن، پەقەت چېچىنى ياساتسۇن.
[21] روھانىيلار ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرىكى هويلىسىغا كىرىشتىن ئىلگىرى شاراب ئىچمىسۇن.
[22] ئۇلار تۇل ئاياللارنى ياكى ئاجراشقان ئاياللارنى ئەمرىگە ئالمىسۇن. پەقەت ئىسرائىللار ئىچىدىكى ئىپپەتلىك قىزلارنى ياكى روھانىيلاردىن تۇل قالغان ئاياللارنى ئەمرىگە ئالسا بولىدۇ.
[23] ئۇلار مېنىڭ خەلقىمگە نېمىنىڭ مۇقەددەس، نېمىنىڭ مۇقەددەس ئەمەسلىكىنى ئۆگەتسۇن، نېمىنىڭ پاك ياكى نېمىنىڭ ناپاك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسۇن.
[24] ئۇلار خەلق ئارىسىدىكى ماجىرالارنى مېنىڭ بەلگىلىمىلىرىم بويىچە بىر تەرەپ قىلسۇن. ئۇلار مېنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىم بويىچە بارلىق هېيت-بايراملارغا ۋە مەن بېكىتكەن دەم ئېلىش كۈنلىرىگە ئەمەل قىلسۇن.
[25] روھانىيلار مېيىتكە يېقىنلىشىپ، ئۆزلىرىنى ناپاك قىلمىسۇن. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، ئوغۇل-قىزلىرى، ئاكا-ئىنىلىرى، تېخى ياتلىق بولمىغان ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ مېيىتىغا يېقىنلىشىپ، ئۆزلىرىنى ناپاك قىلسا بولىدۇ. [26] ناپاك بولغان روھانىيلار پاكلانغاندىن كېيىن، يەنە يەتتە كۈن كۈتسۇن. [27] ئۇلار ئىچكىرىكى هويلىغا كىرىپ، مۇقەددەس جايدىكى خىزمىتىنى قايتا باشلاشتىن بۇرۇن، ئۆزلىرى ئۈچۈن پاكلىنىش قۇربانلىقى سۇنسۇن. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.
[28] روھانىيلارغا ئىسرائىل زېمىنىدىن هېچقانداق زېمىن مۈلۈك قىلىپ بېرىلمىسۇن. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر مۈلكى ۋە نېسىۋىسى مەندۇرمەن. [29] ئىسرائىللار سۇنغان ئاشلىق هەدىيەسى، گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ۋە ئەيىب قۇربانلىقلىرى ئۇلارنىڭ يېمەكلىكىدۇر. ئىسرائىل خەلقىنىڭ ماڭا ئاتىغانلىرى ئۇلارغا تەۋەدۇر. [30] تۇنجى ئېلىنغان هوسۇلنىڭ ئەڭ ئېسىل قىسمى ۋە باشقا بېكىتىلگەن هەر خىل هەدىيە ۋە قۇربانلىقلار روھانىيلارغا تەۋەدۇر. سىلەر تۇنجى ئېلىنغان هوسۇلنىڭ ئۇنىنى روھانىيلارغا ئاتاڭلار. شۇندىلا ئائىلەڭلار بەرىكەت تاپىدۇ.

[31] روھانىيلار مەيلى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان ياكى قۇش بولسۇن، ھېچقايسىسىنى يېمىسۇن.

## مۇقەددەس يەر

45 [1] — ئىسرائىل زېمىنىنى ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە مۈلۈك قىلىپ تەقسىم قىلغىنىڭلاردا، بىر پارچە يەرنى مەن پەرۋەردىگارغا ئايرىپ قويۇڭلار. بۇ يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 كىلومېتىر بولسۇن. بۇ يەرنى مۇقەددەس يەر دەپ ئاتاڭلار. [2-3] بۇ مۇقەددەس يەرنى ئىككى بۆلەككە بۆلۈڭلار، ھەربىر بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 5 كىلومېتىردىن بولسۇن. شۇلارنىڭ بىرىدىن ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاشلا 250 مېتىر كېلىدىغان بىر يەرنى ئىبادەتخانا ئۈچۈن ئايرىۋېلىڭلار، بۇ ئەڭ مۇقەددەس ئورۇن بولىدۇ. ئىبادەتخانا ھويلا تېمىنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ سىرتىدىن 25 مېتىر كەڭلىكتە بوشلۇق قالدۇرۇڭلار. [4] مۇقەددەس يەرنىڭ بۇ يېرىمى يەنە ئىبادەتخانامدا ھۇزۇرۇمغا يېقىنلىشىپ، خىزمەت قىلىدىغان روھانىيلارغىمۇ تەۋە بولۇپ، بۇ يەردە روھانىيلارنىڭ تۇرالغۇلىرى بولىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە روھانىيلارنىڭ تۇرالغۇلىرى ۋە ئىبادەتخانا بولىدۇ. [5] مۇقەددەس يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئىككىنچى يېرىمى ئىبادەتخانامدا يۈگۈر-يېتىم ئىشلارنى قىلىدىغان لاۋىيلارنىڭ مۈلكىدۇر. ئۇلار ياشايدىغان تۇرالغۇلار شۇ يەرگە جايلاشسۇن. [6] مۇقەددەس يەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئۇزۇنلۇقى 12.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2.5 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يەرنى ئايرىۋېلىڭلار. شۇ يەرگە شەھەر جايلاشسۇن، بۇ شەھەر پۈتۈن ئىسرائىل خەلقىگە تەۋە بولىدۇ.

[7] مۇقەددەس يەر بىلەن شەھەرنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى ئىككى پارچە يەر پادىشاھقا تەۋە بولسۇن. غەرب تەرىپىدىكى يەر ئوتتۇرا دېڭىزغا، شەرق تەرىپىدىكى يەر ئىئوردان دەرياسىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ غەربتىن شەرققىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى باشقا قەبىلىلەرگە تەقسىم قىلىنغان

يەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئۆزۈنلۈقى بىلەن ئوخشاشتۇر. [8] ئىسرائىل زېمىنىدىكى بۇ خانلىق يەر پادىشاھنىڭ مۈلكىدۇر. ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھلىرى بۇنىڭدىن كېيىن خەلقىمگە زۇلۇم سالمايدۇ، ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز يەرلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا يول قويىدۇ.

## پادىشاھ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

[9] ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

— ئەي ئىسرائىللارنىڭ يېتەكچىلىرى، بولدى بەس! ئەمدى زوراۋانلىق ۋە زۇلۇمنى قويۇپ، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن ئىش قىلىڭلار، خەلقىمنى ئۆز يەرلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلماڭلار. بۇ مەنكى ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. [10] تارازا ۋە ئۆلچەمىڭلار توغرا ۋە ئادىل بولسۇن. [11-12] ئاشلىق ياكى سۇيۇق نەرسىلەرنى ئۆلچىگەندە، ئۆلچەملىك بىر قاچا ئىشلىتىڭلار.

[13] تۆۋەندىكىلەر ئىسرائىللار ھېيت-بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن پادىشاھقا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەر ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەردۇر. پادىشاھقا بۇغداي ۋە ئارپىدىن ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ ئاتمىشتىن بىرى، [14] زەيتۇن يېغىنىڭ يۈزدىن بىرى بېرىلسۇن. [15] ئىسرائىللارنىڭ سۇلىرى ئەلۋەك يايلاقلىرىدىكى قويلارنىڭ ئىككى يۈزدىن بىرى بېرىلسۇن. يۇقىرىقىلار ئىسرائىللارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ساقىت قىلىنىشى ئۈچۈن ئاشلىق ھەدىيەسى، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئامانلىق قۇربانلىقى سۈپىتىدە سۇنۇلىدۇ. بۇ مەنكى ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. [16] بارلىق ئىسرائىللار مۇشۇنداق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، پادىشاھقا تاپشۇرۇپ بەرسۇن. [17] ئىسرائىل خەلقىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ساقىت قىلىنىشى ئۈچۈن پادىشاھ يېڭى ئاي بايرىمى ۋە باشقا ھېيت-بايرام كۈنلىرى، شۇنداقلا دەم ئېلىش كۈنلىرى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى، ئاشلىق ھەدىيەسى، ئىچىملىك ھەدىيەسى، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئامانلىق قۇربانلىقلىرىنى سۇنىدۇ.

## ھېيت-بايراملاردىكى ھەدىيەلەر

18 ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
- 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ① مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى پاكلاش ئۈچۈن بىر تۇياق بېجىرىم بۇقىنى قۇربانلىق قىلىڭلار. 19 روھانىي پاكلىنىش قۇربانلىقىنىڭ قېنىدىن ئازراق ئېلىپ، ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ كېشىكىگە، قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ ئوتتۇرىدىكى بۆلىكىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ۋە ئىچكىرىكى ھويلا دەرۋازا ئىمارەتلىرىنىڭ ئىشىكىنىڭ كېشىكىگە سۈركەپ قويسۇن. 20 1-ئاينىڭ 7-كۈنى كىشىلەرنىڭ بىخەستەلىكى ياكى ساددىلىقى سەۋەبىدىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىدىن بۇلغانغان ئىبادەتخانىنى پاكلاش ئۈچۈن روھانىي يۇقىرىقىدەك ئىش تۇتسۇن.
21 1-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن باشلاپ يەتتە كۈن ئۆتۈپ كېتىش ھېيتى ئۆتكۈزۈڭلار. ھېيت كۈنلىرى پېتىر نان يەڭلار. 22 ئۆتۈپ كېتىش ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن بىر تۇياق بۇقىنى گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى سۈپىتىدە سۇنسۇن. 23 بۇ يەتتە كۈنلۈك ھېيت جەريانىدا، ئۇ كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن ھەر كۈنى بېجىرىم بولغان يەتتە تۇياق بۇقا، يەتتە تۇياق قوچقار، گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تۇياق تېكىنى مەنكى پەرۋەردىگارغا سۇنسۇن. 24 ھەربىر بۇقا ياكى قوچقارغا قوشۇپ 30 كىلو سۈپەتلىك ئۇن ۋە 6 لىتىر زەيتۇن يېغىنى ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنسۇن.
25 7-ئاينىڭ 15-كۈنى ② باشلىنىدىغان يەتتە كۈنلۈك كەپە تىكىش ھېيتى مەزگىلىدە، پادىشاھ يۇقىرىدىكى مىقدار ۋە ساندا گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقى، كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە زەيتۇن يېغىنى مەنكى پەرۋەردىگارغا سۇنسۇن.

---

① 45: 18 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 11-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.
② 45: 25 مىلادىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 19-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

46

1 ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
ــ ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسىنىڭ شەرقىي
دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئىشىكى ھەپتىنىڭ ئالتە ئىش كۈنىدە تاقاق
تۇرسۇن، پەقەت دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە يېڭى ئاي بايراملىرىدا
ئوچۇق تۇرسۇن. 2 بۇ كۈنلەردە پادىشاھ ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ
شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ خانىسىغا كىرىپ، ئىشىك تۈۋىدە
تۇرسۇن. روھانىيلار پادىشاھنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئامانلىق
قۇربانلىقى ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى قۇربانلىق قىلسۇن.
پادىشاھ ئىشىك تۈۋىدىلا سەجدە قىلسۇن، ئاندىن چىقىپ كەتسۇن.
دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئىشىكى كەچ كىرگۈچە تاقالمىسۇن. 3 دەم
ئېلىش كۈنلىرى ۋە يېڭى ئاي بايراملىرىدا ئىسرائىل خەلقى بۇ
دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ھوزۇرۇمدا ماڭا سەجدە قىلسۇن.
4 پادىشاھ دەم ئېلىش كۈنى ماڭا ئاتاپ ئالتە تۇياق بېجىرىم ئەركەك
پاقلان، بىر تۇياق بېجىرىم قوچقارنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن
سۇنسۇن. 5 قوچقار بىلەن بىرگە 30 كىلو سۈپەتلىك ئۇن، ھەربىر
پاقلان بىلەن بىرگە خالىغان مىقداردا ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنسۇن.
ھەر 30 كىلو سۈپەتلىك ئۇن ئۈچۈن 6 لىتىر زەيتۇن يېغى قوشۇپ
سۇنسۇن. 6 يېڭى ئاي بايراملىرىدا بېجىرىم بولغان بىر تۇياق بۇقا،
ئالتە تۇياق ئەركەك پاقلان، بىر تۇياق قوچقار سۇنسۇن. 7 بۇقا ۋە
قوچقار بىلەن بىرگە 30 كىلو سۈپەتلىك ئۇننى ئاشلىق ھەدىيەسى
سۈپىتىدە سۇنسۇن. پاقلان بىلەن بىرگە خالىغان مىقداردا سۇنسا
بولىدۇ. ھەر 30 كىلو سۈپەتلىك ئۇن ئۈچۈن 6 لىتىر زەيتۇن يېغى
قوشۇپ سۇنسۇن.
8 پادىشاھ ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ دەرۋازا ئىمارىتىگە كىرگەندە،
پەقەت خانىسىغىلا كىرسۇن ۋە كىرگەن يولى بىلەن چىقىپ كەتسۇن.
9 ئىسرائىل خەلقى بەلگىلەنگەن ھېيت كۈنلىرى ھوزۇرۇمدا مەنكى
پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىدىغان ۋاقىتدا شىمالىي دەرۋازا ئىمارىتى
ئارقىلىق كىرگەنلەر جەنۇبىي دەرۋازا ئىمارىتى ئارقىلىق، جەنۇبىي
دەرۋازا ئىمارىتى ئارقىلىق كىرگەنلەر شىمالىي دەرۋازا ئىمارىتى
ئارقىلىق چىقىپ كەتسۇن. ھېچكىممۇ كىرگەن دەرۋازا ئىمارىتى
بىلەن قايتمىسۇن، چوقۇم قارشى تەرىپىدىكى دەرۋازا بىلەن

چىقىپ كەتسۇن. [10] پادىشاھ ھېيت كۈنلىرى خەلق بىلەن بىرلىكتە ئىبادەتخانىغا كىرسۇن ۋە خەلق بىلەن بىرگە چىقىپ كەتسۇن.

[11] بەلگىلەنگەن ھەربىر ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە قۇربانلىقلارغا قوشۇپ ئاشلىق ھەدىيەسى سۇنۇلسۇن. ھەربىر بۇقا ۋە قوچقار بىلەن بىرگە 30 كىلو سۈپەتلىك ئۇن سۇنۇلسۇن. پاقلان بىلەن بىرگە خالىغان مىقداردا بولسۇن. ھەر 30 كىلو ئۇن ئۈچۈن 6 لىتىر زەيتۇن يېغى قوشۇپ سۇنۇلسۇن. [12] ئەگەر پادىشاھ ماڭا خالىس قىلىنىدىغان ھەدىيە سۈپىتىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىق ياكى ئامانلىق قۇربانلىقى سۇنماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ ئىشىكى ئېچىپ بېرىلسۇن. ئۇ دەم ئېلىش كۈنىدە قۇربانلىقلارنى قانداق ئۇسۇلدا سۇنغان بولسا، بۇ قۇربانلىقلارنىمۇ شۇنداق ئۇسۇلدا سۇنسۇن. ئۇ قۇربانلىقلىرىنى سۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، چىقىپ كەتسۇن، دەرۋازا تاقالسۇن.

[13] پادىشاھ ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر ياشلىق بېجىرىم ئەركەك پاقلاندىن بىرنى ماڭا ئاتاپ ئېلىپ كەلسۇن. [14] شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر كۈنى ئەتىگەندە 5 كىلو سۈپەتلىك ئۇنغا 2 لىتىر زەيتۇن يېغى قۇيۇپ، ئاشلىق ھەدىيەسى سۈپىتىدە سۇنسۇن. مەنكى پەرۋەردىگارغا بۇ خىل ئاشلىق ھەدىيەسىنى سۇنۇش سىلەر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەڭگۈلۈك بەلگىلىمىدۇر. [15] شۇڭا ھەر كۈنى ئەتىگەندە پاقلان، ئاشلىق ھەدىيەسى ۋە زەيتۇن يېغى تەييارلاپ، كۈندىلىك كۆيدۈرمە قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنۇڭلار.

## خانلىق يەر ھەققىدە

[16] ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

– ئەگەر پادىشاھ خانلىق يېرىنىڭ بىر قىسمىنى ئوغلىغا سوۋغا قىلىپ بەرسە، بۇ يەر ئوغلىنىڭ مەڭگۈلۈك مىراسى بولىدۇ. [17] ئەگەر ئەمەلدارىغا سوۋغا قىلىپ بەرسە، ئەمەلدارى ھۆرلۈك يىلىغىچە بۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ھۆرلۈك يىلى كەلگەندە، يەر پادىشاھقا قايتىدۇ. پادىشاھنىڭ مۈلكىگە پەقەت ئۇنىڭ ئوغۇللىرىلا ۋارىسلىق قىلىدۇ. [18] پادىشاھ خەلقنى ھەيدىۋېتىپ، يېرىنى تارتىۋالمىسۇن. پادىشاھ پەقەت ئۆز يېرىنىلا ئوغۇللىرىغا مىراس

قالدۇرالايدۇ. شۇندىلا خەلقىم مۈلكى بولغان يېرىدىن ھەيدىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

## ئىبادەتخانىنىڭ ئاشخانىلىرى

[19] ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم مېنى شىمالىي ئىچكىرىكى دەرۋازا ئىمارىتى ئارقىلىق تاشقىرىقى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، ئالدى شىمالغا قارايدىغان روھانىيلارنىڭ مۇقەددەس خانىلىرىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ كىرىش ئېغىزىغا باشلاپ كەلدى. شۇ يەردە ئۇ ئادەم ماڭا غەربىتىكى ئەڭ چەتتىكى بىر يەرنى كۆرسەتتى. [20] ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

- بۇ يەردە روھانىيلار ئەيىب قۇربانلىقلىرى، گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش قۇربانلىقلىرى ۋە ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى پىشۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب قۇربانلىقلار ۋە ھەدىيەلەرنىڭ تاشقىرىقى ھويلىغا ئېلىپ چىقىلماسلىقى ۋە خەلقنىڭ بۇ نەرسىلەرگە تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر. چۈنكى بۇ قۇربانلىقلار ۋە ھەدىيەلەر مۇقەددەستۇر.

[21] ئۇ ئادەم مېنى ئۇ يەردىن يەنە تاشقىرىقى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، ھويلىنىڭ تۆت بۇلۇڭىنى كۆرسەتتى. قارىسام، ھويلىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدا بىردىن كىچىك ھويلا بار ئىكەن. [22] ھەربىر ھويلا تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاشلا 20 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر ئىدى. [23] ھەربىر ھويلىنىڭ ئىچ تەرىپىدە تامنى بويلاپ بىر قاتاردىن تاش ئوچاق بار ئىدى. [24] ئۇ ماڭا:

- بۇلار ئىبادەتخانىدا يۇگۇر-يېتىم ئىشلارنى قىلىدىغان لاۋىيلارنىڭ خەلق سۇنغان قۇربانلىقلارنى پىشۇرىدىغان يەرلىرىدۇر، - دېدى.

## ئىبادەتخانىدىن ئېقىپ چىققان ھاياتلىق دەرياسى

47 [1] ئۇ ئادەم يەنە مېنى ئىبادەتخانىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئالدى شەرققە قارايتتى. قارىسام، ئىبادەتخانىنىڭ بوسۇغىسىنىڭ ئاستىدىن بىر بۇلاق چىقىپ، جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، ئاندىن قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى بىلەن شەرققە قاراپ ئېقىۋېتىپتۇ. [2] ئاندىن ئۇ

مېنى شىمالىي دەرۋازا ئىمارىتى ئارقىلىق تاشقىرىقى هويلىنىڭ سىرتى بىلەن شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتىگە ئېلىپ كەلدى. سۇ شەرقىي دەرۋازا ئىمارىتىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن سىرغىپ چىقىۋاتاتتى. [3] ئۇ ئادەم قولىدىكى ئۆلچەم تانىسى بىلەن ئېقىننى شەرق تەرەپكە قاراپ ئۆلچەشكە باشلىدى. 500 مېتىر ئۆلچەپ بولغاندىن كېيىن، ئېقىننى كېچىشمنى بۇيرۇدى، سۇ ئوشۇقۇمغا كەلدى. [4] ئاندىن ئۇ يەنە 500 مېتىر ئۆلچىدى ۋە ئېقىننى كېچىشمنى بۇيرۇدى، سۇ تىزىمغا كەلدى. ئاندىن ئۇ يەنە 500 مېتىر ئۆلچىدى ۋە ئېقىننى كېچىشمنى بۇيرۇدى، سۇ بېلىمگە كەلدى. [5] ئۇ يەنە 500 مېتىر ئۆلچىدى. سۇ ئېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، كېچىپ ماڭغىلى بولمايدىغان، پەقەت ئۈزگىلى بولىدىغان بىر دەرياغا ئايلانغانىدى. [6] ئۇ ئادەم ماڭا:

- ئەي ئادەم بالىسى، كۆرگەنلىرىڭنى ئېسىڭدە تۇت! - دېدى ۋە مېنى دەريا قىرغىقىغا قايتۇرۇپ ئەكەلدى. [7] مەن دەريا قىرغىقىغا چىققان هامان دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ دەرەخلەرگە تولغانلىقىنى كۆردۈم. [8] ئۇ ئادەم ماڭا مۇنداق دېدى:

- بۇ دەريا شەرققە قاراپ ئېقىپ، ئىئوردان دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق ئۆلۈك دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ تۇزلۇق سۈيى تاتلىق سۇغا ئايلىنىدۇ. [9] تۇزلۇق سۇلار تاتلىق سۇلارغا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەريا قەيەرگە ئېقىپ بارسا، شۇ يەردە هاياتلىق بولىدۇ، جانلىقلار كۆپىيىدۇ، بېلىقلار ناهايىتى مول بولىدۇ. [10] بېلىقچىلار دېڭىزنىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ، بېلىق تۇتىدۇ. بېلىقلارنىڭ تۈرلىرى ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بېلىقلاردەك ناهايىتى كۆپ بولىدۇ. ئېنگەدىدىن ئېن-ئەگلايىمغىچە بولغان يەرلەر بېلىقچىلارنىڭ تورلىرىنى يېيىپ قۇرۇتىدىغان يەرلەرگە ئايلىنىدۇ. [11] لېكىن ئەتراپىدىكى سازلىقلار ۋە كۆلچەكلەر ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇلار تۇز مەنبەسى بولىدۇ. [12] دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە هەر تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ قالمايدۇ. بۇ سۇ ئىبادەتخانىدىن ئېقىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، مېۋىلىك دەرەخلەر هەر ئايدا يېڭى مېۋە بېرىدۇ، مېۋىلىرى ئۈكسۈپ قالمايدۇ. مېۋىلىرى ئوزۇق، يوپۇرماقلىرى شىپا بولىدۇ.

## ئىسرائىل زېمىنىنىڭ چېگرالىرى

[13] ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
- ئىسرائىل زېمىنىنى ئىسرائىللارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىگە مۈلۈك قىلىپ بۆلۈپ بېرىڭلار. يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى ئىككى ئۈلۈش ئالسۇن، [14] قالغانلىرى بىر ئۈلۈشتىن ئالسۇن. مەن بۇ يەرلەرنى ئەجدادلىرىڭلارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدىم. بۇ يەرلەر سىلەرنىڭ مۈلكۈڭلار بولىدۇ.
[15] تۆۋەندىكىلەر زېمىنىڭلارنىڭ چېگرالىرىدۇر:
شىمالىي چېگرايىڭلار ئوتتۇرا دېڭىزدىن باشلىنىپ، خەتلون يولىنى بويلاپ، لىبو-خامات ئارقىلىق زىداد شەھىرىگىچە داۋاملىشىدۇ. [16] ئۇنىڭدىن كېيىن بېروتاغا، ئاندىن دەمەشق بىلەن خامات ئوتتۇرىسىدىكى سىبرايىم شەھىرىگە بېرىپ، خاۋران چېگراسىدىكى خازېر-ھاتتىكوندىن ئۆتىدۇ. [17] شۇنداق قىلىپ، شىمالىي چېگرايىڭلار ئوتتۇرا دېڭىزدىن باشلىنىپ، شەرقتىكى خازار-ئېنان شەھىرىگىچە بارىدۇ. خازار-ئېنان شەھىرى دەمەشق بىلەن خاماتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقاندۇر.
[18] شەرقىي چېگرايىڭلار خاۋران ۋە دەمەشق ئارىسىدىكى يەردىن باشلىنىپ، گىلئاد بىلەن ئىسرائىل زېمىنىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەن ئىئوردان دەرياسىنى چېگرا قىلىپ، ئۆلۈك دېڭىزدىن ئۆتۈپ، جەنۇبتىكى تامار شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ. مانا بۇ سىلەرنىڭ شەرقىي چېگرايىڭلاردۇر.
[19] جەنۇبىي چېگرايىڭلار تامار شەھىرىدىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە سوزۇلۇپ، كادېشتىكى «مېرىبا سۈيى»گىچە بارىدۇ. كېيىن مىسىر چېگراسىدىكى دەريانى پاسىل قىلىپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا يېتىپ بارىدۇ. مانا بۇ جەنۇبىي چېگرايىڭلاردۇر.
[20] غەربىي چېگرايىڭلار ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرى بولۇپ، شىمالىي چېگرايىڭلار باشلانغان يەرگىچە، يەنى لىبو-خاماتنىڭ غەربىگىچە سوزۇلىدۇ.
[21] بۇ زېمىننى ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە بۆلۈپ بېرىڭلار، [22] شۇنداقلا ئاراڭلاردا ياشاۋاتقان يات خەلقلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ مۇشۇ زېمىندا

تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىگىمۇ بۆلۈپ بېرىڭلار. ئۇلارمۇ ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە ئوخشاش زېمىنغا ئىگە بولسۇن. [23] ئۇلار قايسى قەبىلە بىلەن بىرگە ياشىسا، ئۇلارغا شۇ قەبىلىگە تەۋە يەرلەردىن بۆلۈپ بېرىڭلار. بۇ مەنكى ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

## يەتتە قەبىلىگە تەقسىم قىلىنغان يەرلەر

48 [1] ئىگىمىز پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
– تۆۋەندىكىلەر ئىسرائىللارنىڭ قەبىلە نامىلىرى ۋە ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرلەردۇر: دان قەبىلىسىنىڭ يېرى ئىسرائىللارنىڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ شىمالىدا بولسۇن. ئۇنىڭ شىمالىي چېگراسىنىڭ غەرب تەرىپى ئوتتۇرا دېڭىزدىن باشلىنىپ، خەتلوندىن ئۆتىدىغان يولنى بويلاپ، لىبو-خامات ئارقىلىق خازار-ئېنان شەھىرىگە تۇتاشسۇن. خازار-ئېنان دەمەشق بىلەن خاماتنىڭ ئوتتۇرىسىدىدۇر. دان قەبىلىسىنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ. [2] ئاشىر قەبىلىسىنىڭ يېرى دان قەبىلىسىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن. ئۇلارنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ. [3] نافتالى قەبىلىسىنىڭ يېرى ئاشىر قەبىلىسىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن. ئۇلارنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ. [4] ماناسسە قەبىلىسىنىڭ يېرى نافتالى قەبىلىسىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن. ئۇلارنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ. [5] ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ يېرى ماناسسە قەبىلىسىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن. ئۇلارنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ. [6] رۇبېن قەبىلىسىنىڭ يېرى ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن. ئۇلارنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ. [7] يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ يېرى رۇبېن قەبىلىسىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن. ئۇلارنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ.

## مۇقەددەس يەرلەر

[8] ـ سىلەر يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ زېمىنىنىڭ جەنۇبىغا تۇتىشىدىغان زېمىندىن بىر پارچە يەرنى ئالاھىدە مەقسەت ئۈچۈن ئايرىپ قويۇڭلار. بۇ يەرگە خالىلىق يەرلەرنى قوشقاندا شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى قوشنا قەبىلىلەرنىڭ زېمىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئوخشاش بولسۇن، كەڭلىكى 12.5 كىلومېتىردۇر. ئىبادەتخانا ئاشۇ يەرنىڭ مەركىزىدە بولسۇن.

[9] سىلەر مۇشۇ ئالاھىدە يەرنىڭ ئىچىدىن ئۇزۇنلۇقى 12.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 كىلومېتىر بولغان بىر پارچە يەرنى مەنكى پەرۋەردىگارغا بېغىشلاڭلار. [10] ئاندىن مەنكى پەرۋەردىگارغا بېغىشلانغان مۇشۇ مۇقەددەس يەرنىڭ ئىچىدىن ئۇزۇنلۇقى 12.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 5 كىلومېتىر بولغان يېرىمىنى روھانىيلارغا بۆلۈپ بېرىڭلار. ماڭا ئاتىلىدىغان ئىبادەتخانا مۇشۇ يەرنىڭ ئىچىدە بولسۇن. [11] بۇ يەر پەقەت زادوق ئەۋلادلىرىدىن ماڭا بېغىشلىنىپ، ۋەزىپە ئۆتەيدىغان پاك روھانىيلارغا تەۋە بولىدۇ. ئىسرائىللار مەندىن يىراقلاشقان ۋاقىتلاردا، زادوق ئەۋلادلىرى قالغان لاۋىيلاردەك مەندىن يۈز ئۆرۈمىدى. [12] مۇقەددەس يەرنىڭ ئىچىدىكى بۇ يەر زادوق ئەۋلادلىرىنىڭ ئالاھىدە ئۈلۈشى بولۇپ، ئەڭ مۇقەددەس يەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەر لاۋىيلارنىڭ زېمىنى بىلەن قوشنىدۇر.

[13] مەنكى پەرۋەردىگارغا بېغىشلانغان يەرنىڭ يەنە بىر يېرىمى لاۋىيلارغا بۆلۈپ بېرىلسۇن. بۇ يەرنىڭمۇ ئۇزۇنلۇقى 12.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 5 كىلومېتىر بولىدۇ. دېمەك، لاۋىيلارغا ۋە روھانىيلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 كىلومېتىر بولىدۇ.

[14] بۇ يەرلەرنى سېتىشقا ياكى باشقىلارنىڭ يەرلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. بۇ يەرلەر ئىسرائىللارنىڭ زېمىنى ئىچىدىكى ئەڭ ئالاھىدە يەرلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ، پەقەت ماڭا تەۋە مۇقەددەس يەر بولىدۇ.

[15] مۇقەددەس يەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇزۇنلۇقى 12.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2.5 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر پارچە يەر ئاۋامغا تەۋە بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرالغۇ ئۆيلەر ۋە شەھەر بولىدۇ، شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئوتلاقلار بولىدۇ. [16] شەھەر تۆت چاسا شەكىلدە لايىھەلەنسۇن، شەھەرنىڭ شىمال، جەنۇب، شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاشلا 2.25 كىلومېتىردىن بولسۇن. [17] ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنىڭ، يەنى شىمال، جەنۇب، شەرق ۋە غەرب تەرەپلەردىكى ئوتلاقلارنىڭ كەڭلىكى 125 مېتىردىن بولسۇن. [18] مۇقەددەس يەر بىلەن قوشنا بولغان ئاۋامغا تەۋە يەرنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىكى ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىردىن كېلىدىغان قالغان يەرلەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتلار شەھەردىكى ئىشلەمچىلەرنىڭدۇر. [19] بۇ يەرنى تېرىيدىغان شەھەردىكى ئىشلەمچىلەر بارلىق ئىسرائىل قەبىلىلىرىگە تەۋە كىشىلەردۇر. [20] مۇقەددەس يەر بىلەن ئاۋامغا تەۋە يەرنى قوشقاندا، ھەممە تەرەپلىرى 12.5 كىلومېتىردىن بولۇپ، تۆت چاسا شەكىلدە بولىدۇ.

[21] مۇقەددەس يەر بىلەن ئاۋامغا تەۋە يەرنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىكى يەرلەر پادىشاھقا تەۋە بولسۇن. پادىشاھقا تەۋە بۇ يەرلەر 12.5 كىلومېتىر كەڭلىك بويىچە شىمال ۋە جەنۇبتىكى قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن يەرلەرنى بويلاپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي چېگرالىرىغىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ. ئىبادەتخانا جايلاشقان مۇقەددەس يەر بۇ يەرلەرنىڭ مەركىزىدە بولىدۇ. [22] شۇنداق قىلىپ لاۋىيلار، روھانىيلار ۋە ئاۋامغا تەۋە بولغان يەرلەر پادىشاھقا تەۋە بولغان ئىككى يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. پادىشاھقا تەۋە خانلىق يەر شىمالدا يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ يەرلىرى بىلەن، جەنۇبتا بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ يەرلىرى بىلەن چېگرالىنىدۇ.

## بەش قەبىلىگە تەقسىم قىلىنغان يەرلەر

[23] ــ تۆۋەندىكىلەر قالغان قەبىلىلەر ئىگە بولىدىغان يەرلەردۇر. بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ يېرى ئالاھىدە مەقسەت ئۈچۈن ئايرىۋېلىنغان يەر ۋە خانلىق يەرلەرنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن، ئۇلارنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە

سوزۇلىدۇ. [24] شىمون قەبىلىسىنىڭ يېرى بىنيامىن قەبىلىسىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن. ئۇلارنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ. [25] ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ يېرى شىمون قەبىلىسىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن. ئۇلارنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ. [26] زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ يېرى ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن. ئۇلارنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ. [27] گاد قەبىلىسىنىڭ يېرى زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇبىدا بولسۇن. ئۇلارنىڭ يېرى ئىسرائىل زېمىنىنىڭ شەرقىي چېگراسىدىن غەربىي چېگراسىغىچە سوزۇلىدۇ. [28] گاد قەبىلىسىنىڭ يېرىنىڭ جەنۇبىي چېگراسى شەرقتىكى تامار شەھرىدىن باشلىنىپ، كادېشتىكى «مېرىبا سۈيى»گىچە، ئاندىن مىسىر چېگراسىدىكى دەرياغا تۇتىشىپ، ئوتتۇرا دېڭىزغىچە سوزۇلىدۇ. [29] بۇلار ئىسرائىللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىگە مۈلۈك قىلىپ تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان يەرلەردۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان يەرلىرىدۇر. بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

## شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرى

[30] ــ شەھەر دەرۋازىلىرى تۆۋەندىكىدەك بولسۇن: شىمالىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.25 كىلومېتىر بولسۇن. [31] شەھەر دەرۋازىلىرىغا ئىسرائىللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ نامى بېرىلسۇن، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ دەرۋازا «رۇبېن دەرۋازىسى»، «يەھۇدا دەرۋازىسى» ۋە «لاۋىي دەرۋازىسى» دەپ ئاتالسۇن. [32] شەھەرنىڭ شەرقىي سېپىلىمۇ 2.25 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولسۇن ۋە بۇ سېپىلغىمۇ ئۈچ دەرۋازا ياسىلىپ، بۇ دەرۋازىلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا «يۈسۈپ دەرۋازىسى»، «بىنيامىن دەرۋازىسى» ۋە «دان دەرۋازىسى» دەپ ئاتالسۇن. [33] شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.25 كىلومېتىر بولسۇن ۋە بۇ سېپىلغىمۇ ئۈچ دەرۋازا ياسىلىپ، بۇ دەرۋازىلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا «شىمون دەرۋازىسى»، ئىسساكار

دەرۋازىسى» ۋە زەبۇلۇن دەرۋازىسى» دەپ ئاتالسۇن. [34] غەرب تەرەپتىكى سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.25 كىلومېتىر بولسۇن ۋە بۇ سېپىلغىمۇ ئۈچ دەرۋازا ياسىلىپ، بۇ دەرۋازىلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا «گاد دەرۋازىسى»، «ئاشىر دەرۋازىسى» ۋە «نافتالى دەرۋازىسى» دەپ ئاتالسۇن. [35] شەھەر سېپىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى جەمئىي 9 كىلومېتىر بولسۇن. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى «ياھۋەھ شامماھ» [مەنىسى «پەرۋەردىگار مۇشۇ يەردىدۇر»] دەپ ئاتالسۇن.

# دانیال


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |

# دانىيال

## دانىيال نېبۇكادنەزەرنىڭ ئوردىسىدا

1 [1] يەھۇدىيە پادىشاھى يەھوياقىم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 3-يىلى①
بابىل پادىشاھى نېبۇكادنەزەر يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ،
ئۇنى قورشاۋغا ئالدى. [2] ئىگىمىز خۇدا نېبۇكادنەزەرنىڭ يەھۇدىيە
پادىشاھى يەھوياقىمنى تۇتقۇن قىلىشىغا ۋە ئىبادەتخانىدىكى
بىر قىسىم مۇقەددەس بۇيۇملارنى ئېلىپ كېتىشىگە يول قويدى.
نېبۇكادنەزەر بۇ بۇيۇملارنى بابىلدىكى ئۆز ئىلاھى ئۈچۈن ياسالغان
ئىبادەتخانىنىڭ خەزىنىسىگە ئەكىرىپ قويدى.
[3] بابىل پادىشاھى ھەرەمئاغىسى ئاشپىنازغا پەرمان چۈشۈرۈپ:
«بابىلغا ئېلىپ كېلىنگەن ئەسىرلەر ئىچىدىكى يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھ
جەمەتى ۋە باشقا ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىگە تەۋە ياش يىگىتلەرنىڭ
بىر قىسمىنى ئوردىغا باشلاپ كىر. [4] بۇ ياش يىگىتلەر جىسمانىي
جەھەتتە بىجىرىم، كېلىشكەن، پاراسەتلىك، مول بىلىملىك،
ئەقىللىق ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردە پادىشاھ ئوردىسىدا خىزمەت
قىلىشقا لايىق بولسۇن. ئۇلارغا بابىلنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتىنى
ئۆگىتىڭلار» دېدى. [5] پادىشاھ ئۇلارغا ھەر كۈنى ئوردا تامىقى ۋە
شاراب بېرىش، ھەمدە ئۇلارنى ئۈچ يىل تەربىيەلەپ، ئاندىن ئوردا
خىزمىتىگە سېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.
[6] بۇ ياش يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە يەھۇدا قەبىلىسىدىن دانىيال،
خانانىيا، مىشائېل ۋە ئازاريالار بار ئىدى. [7] ھەرەمئاغىسى ئۇلارغا

① 1:1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 605-يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

يېڭى ئىسىم قويدى. دانىيالنى بېلتىشازار، خانانىيانى شادراك،
مىشائىلنى مېشاك، ئازارىيانى ئابېدنىگو دەپ ئاتىدى.
[8] دانىيال ئوردا تامىقى ۋە شاراب بىلەن ئۆزىنى بۇلغىماسلىققا نىيەت
قىلدى. شۇڭا ئۇ ھەرەمئاغىسىدىن ئۆزىنى پاك تۇتۇشقا ئىجازەت
سورىدى. [9] خۇدا دانىيالنى ھەرەمئاغىسىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى
ۋە رەھىمدىللىكىگە نائىل قىلدى. [10] ئەمما ھەرەمئاغىسى دانىيالغا
مۇنداق دېدى:
— مەن پادىشاھ ئالىيلىرىدىن قورقىمەن، ئۇ سىلەرنىڭ يېمەك-
ئىچمەكلىرىڭلارنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان. ئەگەر پادىشاھ سىلەرنىڭ
باشقا يىگىتلەرگە قارىغاندا ئاجىز تۇرغىنىڭلارنى كۆرسە، كاللامنى
ئېلىشى مۇمكىن.
[11] دانىيال ھەرەمئاغىسى تەرىپىدىن ئۆزىنى ۋە خانانىيا، مىشائىل ھەم
ئازارىيالارنى باشقۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاراۋۇلغا مۇنداق دېدى:
[12] — سىز بىزگە كۆكتات ۋە سۇدىن باشقا ھېچ نەرسە بەرمەي،
ئون كۈن سىناپ بېقىڭ. [13] كېيىن بىزنى ئوردا تامىقى يەۋاتقان
باشقا ياش يىگىتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. ئاندىن سىز
بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا قاراپ، بىزنى ئورۇنلاشتۇرۇڭ.
[14] قاراۋۇل ئۇلارنى ئون كۈن سىناپ بېقىشقا قوشۇلدى. [15] ئون
كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرقى ئوردا تامىقى يېگەن باشقا
يىگىتلەردىنمۇ ساغلام ۋە بەستلىك بولۇپ كۆرۈندى. [16] قاراۋۇل
ئۇلارنىڭ ئوردا تامىقى ۋە شارابىنى بىكار قىلىپ، كۆكتات بىلەن
ئوزۇقلىنىشىغا يول قويدى.
[17] خۇدا بۇ تۆت يىگىتنى ئەدەبىيات ۋە پەلسەپەدە مۇكەممەل
بىلىمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلدى ۋە
دانىيالغا ھەر خىل غايىبانە ئالامەت ۋە چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغان
قابىلىيەتنى بەردى.
[18] پادىشاھ بەلگىلىگەن ئۈچ يىل توشقاندىن كېيىن، ھەرەمئاغىسى
ھەممە يىگىتلەرنى پادىشاھ نىبۇكادنەزەرنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ
كىردى. [19] پادىشاھ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، يىگىتلەرنىڭ
ئىچىدە ھېچكىمنىڭ دانىيال، خانانىيا، مىشائىل ۋە ئازارىيالارغا
يەتمەيدىغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇ تۆت يىگىتنى

ئۆز خىزمىتىگە ئېلىپ قالدى. [20] پادىشاھ ئۇلاردىن ھەرقانداق بىر
مەسلىھەتنى سورىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ
ئۆز پادىشاھلىقىدىكى بارلىق سېھىرگەرلەر ۋە پالچىلاردىن ئون
ھەسسە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. [21] دانىيال بابىلدا
پادىشاھ كورەشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 1-يىلىغىچە① تۇرۇپ قالدى.

## پادىشاھ نىبۇكادنەزەرنىڭ چۈشى

2 [1] پادىشاھ نىبۇكادنەزەر ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2-يىلى بىر چۈش
كۆردى. چۈشى سەۋەبلىك كەيپىياتى بۇزۇلۇپ، ئۇيقۇسى قاچتى.
[2] شۇنىڭ بىلەن ئۇ سېھىرگەر، پالچى، مۇنەججىم ۋە ھۆكۈمالارنى
ئۆزىنىڭ چۈشىگە تەبىر بەرگۈزۈش ئۈچۈن چاقىرتىپ كەلدى.
ئۇلار پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندىن كېيىن، [3] پادىشاھ ئۇلارغا:
— مەن بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈم كەيپىياتىمنى بۇزدى، مەن
بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى بىلمەكچىمەن، — دېدى. [4] ئۇلار پادىشاھقا
ئارامىي تىلىدا② جاۋاب بېرىپ:
— پادىشاھ ئالىيلىرى، مەڭگۈ ياشىغايلا! چۈشلىرىنى بىز
خىزمەتكارلىرىغا سۆزلەپ بەرسىلە، چۈشلىرىگە بىز تەبىر بېرەيلى،
— دېيىشتى. [5] پادىشاھ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
— بىلىپ قويۇڭلاركى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ قانداق چۈش
كۆرگەنلىكىمنى ۋە ئۇنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلمىسەڭلار، تېنىڭلار
پارچىلىنىپ، ئۆيۈڭلار خارابىلىككە ئايلىنىدۇ. [6] ئەگەر سىلەر كۆرگەن
چۈشۈمنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تەبىر بېرەلىسەڭلار، مەندىن
كاتتا ئىنئام ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىسىلەر. ئەمدى مېنىڭ چۈشۈمنى
ۋە ئۇنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
[7] ئۇلار پادىشاھقا يەنە جاۋاب بېرىپ:
— پادىشاھ ئالىيلىرى، چۈشلىرىنى بىز خىزمەتكارلىرىغا سۆزلەپ
بەرسىلە، چۈشلىرىگە تەبىر بېرەيلى، — دېيىشتى. [8] پادىشاھ:

---

① 1: 21 پادىشاھ كورەش مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 539-يىلىدا بابىلنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتۇرغان.

② 2: 4 ئەسلى تېكىست بۇ ئايەتتىن باشلاپ 7-باب 28-ئايەتكىچە ئارامىي تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئارامىي تىلى بابىللىقلارنىڭ دۆلەت تىلى ئىدى.

— مەن كېسىپ ئېيتالايمەنكى، سىلەر قارارىمنىڭ قەتئىيلىكىنى
بىلىپ تۇرۇپ، ۋاقىتنى ئارقىغا سوزۇۋاتىسىلەر. [9] ئەگەر سىلەر مېنىڭ
قانداق چۈش كۆرگەنلىكىمنى دەپ بېرەلمىسەڭلار، سىلەرنى پەقەت
جازا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. سىلەر تىل بىرىكتۈرۈپ، ماڭا يالغان گەپ
قىلىپ، قارارىمنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتۈۋاتىسىلەر. سىلەر ھازىر
مېنىڭ قانداق چۈش كۆرگەنلىكىمنى دەپ بېرىڭلار. شۇندىلا مەن
سىلەرنىڭ چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن، —
دېدى. [10] ئۇلار جاۋاب بېرىپ:
— يەر يۈزىدە ھېچقانداق ئادەم ئالىيلىرىنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى
قاندۇرالمايدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ ھېچقانداق بىر ئۇلۇغ ۋە
قۇدرەتلىك پادىشاھ بۇنداق بىر تەلەپنى سېھىرگەر، مۇنەججىم ۋە
ھۆكۈمالاردىن تەلەپ قىلىپ باقمىغان. [11] ئالىيلىرىنىڭ قويغان بۇ
تەلەپى ئىنتايىن قىيىندۇر. بۇ تەلەپنى پەقەت ئىنسانلار ئارىسىدا
ياشىمايدىغان ئىلاھلارلا ئورۇندىيالايدۇ، — دېيىشتى.
[12] بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇلارنى ۋە بابىلدىكى
ئۇلاردەك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قەتل قىلىشقا ئەمر قىلدى. [13] بۇ
ئەمر پۈتۈن خەلققە ئېلان قىلىنىپ، ئىجرا قىلىنىشقا باشلاندى. دانىيال
ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىلدى.
[14] ياساۋۇللار باشلىقى ئاريوك ئۇلارنى قەتل قىلىش ئۈچۈن كەلدى.
دانىيال ئۇنىڭدىن زېرەكلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن:
[15] — پادىشاھ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قاتتىق يارلىقنى چۈشۈردۇ؟
— دەپ سورىدى.
ئاريوك بولغان ئەھۋالنى دانىيالغا سۆزلەپ بەردى. [16] شۇنىڭ
بىلەن دانىيال پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۆزىگە ۋاقىت بەرسە
پادىشاھنىڭ كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
[17] ئاندىن دانىيال ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، دوستلىرى خانانىيا، مىشائېل
ۋە ئازارىيالارغا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.
[18] ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ قەتل قىلىنماسلىقى ئۈچۈن،
دوستلىرىغا:
— بىز ئەرشتىكى خۇدادىن ئۇنىڭ بىزگە رەھىم قىلىپ، بۇ سىرنى
يېشىشىمىزگە ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنەيلى، — دېدى.

[19] شۇ كېچىسى بۇ سىر دانىيالغا غايىبانە ئالامەت ئارقىلىق ئايان
بولدى. شۇنىڭ بىلەن دانىيال ئەرشتىكى خۇداغا مەدھىيە ئوقۇپ،
[20] مۇنداق دېدى:

«مەدھىيەلەيمەن خۇدانىڭ نامىنى تائەبەد،
مەڭگۈ ئۇنىڭغا ياردۇر ئەقىل ۋە قۇدرەت.
[21] ئۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ ۋاقىت ۋە پەسىلنى،
ئۇ بىكار قىلىدۇ ۋە تىكلەيدۇ پادىشاھلارنى.
ئۇ دانىشمەنلەرگە دانالىق، ئاقىللارغا بىلىم ئاتا قىلىدۇ.
[22] ئۇ ئاشكارىلايدۇ غايىب ئىشلار ۋە سىرلارنى،
ئۇ بىلىدۇ بارچە قاراڭغۇلۇقتىكى ئىشلارنى،
چۈنكى ياردۇر يورۇقلۇق ئۇنىڭغا.
[23] شۈكۈر ۋە مەدھىيە ئېيتىمەن، ئى خۇدا ساڭا،
ئى ئەجدادلىرىم ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا،
ماڭا پاراسەت ۋە قۇدرەت قىلدىڭ ئاتا.
بىزگە بەردىڭ تىلىگىنىمىزنى،
بىزگە بىلدۈردۈڭ پادىشاھنىڭ چۈشىنى.»

## دانىيالنىڭ پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشى

[24] دانىيال پادىشاھ تەرىپىدىن بابىلدىكى سېھىرگەر، پالچى،
مۇنەججىم ۋە ھۆكۈمالارنى قەتل قىلىشقا بۇيرۇلغان ئارىيوكنىڭ
ئالدىغا بېرىپ:
– ئۇلارنى قەتل قىلماڭ. مېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ
بېرىڭ، مەن پادىشاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىمەن، – دېدى.
[25] ئارىيوك دانىيالنى دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى
ۋە پادىشاھقا:
– مەن يەھۇدىيە زېمىنىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانلار ئىچىدىن
ئالىيلىرىنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرەلەيدىغان بىرسىنى تېپىپ كەلدىم،
– دېدى. [26] پادىشاھ دانىيالدىن (بېلتىشازار دەپمۇ ئاتىلىدۇ):

– سەن مېنىڭ نېمە چۈش كۆرگەنلىكىمنى بىلەلەمسەن ۋە
چۈشۈمگە تەبىر بېرەلەمسەن؟ – دەپ سورىدى. [27] دانىيال مۇنداق
جاۋاب بەردى:
– ھېچقانداق بىر ھۆكۈما، پالچى، سېھىرگەر ياكى مۇنەججىم
ئالىيلىرى سورىغان بۇ سىرلىق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.
[28] لېكىن ئەرشتە سىرلارنى يېشەلەيدىغان بىر خۇدا بار. ئۇ پادىشاھ
ئالىيلىرىغا چۈش ئارقىلىق كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى
كۆرسىتىپ بەرگەندۇر. سىلى تۆشەكتە ياتقان ۋاقتىلىرىدا مۇنداق
چۈش ۋە ئالامەتلەرنى كۆردىلە. [29] پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلىنىڭ
تۆشەكتە ياتقان ۋاقتىلىرىدا كۆرگەن چۈشلىرى كەلگۈسىدە بولىدىغان
ئىشلاردىن بېشارەتتۇر. سىرلىق ئىشلارنى ئاشكارا قىلالايدىغان
خۇدا سىلىگە كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن بېشارەت
بەرگەندۇر. [30] بۇ سىرنىڭ ماڭا ئاشكارا قىلىنغانلىقى مېنىڭ
دانالىقىمنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىلى كۆرگەن بۇ
چۈشنىڭ مەنىسىنى بىلىشلىرى ئۈچۈندۇر.
[31] پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلى چۈشلىرىدە ئالدىلىرىدا يالتىراپ،
چاقناپ تۇرغان ناھايىتى چوڭ بىر ھەيكەلنى كۆردىلە. بۇ
ھەيكەلنىڭ تۇرقى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولۇپ، [32] ئۇنىڭ بېشى
ساپ ئالتۇندىن، كۆكرىكى ۋە بىلىكى كۈمۈشتىن، قورسىقى ۋە
يوتىسى تۇچتىن ياسالغاندۇر. [33] پاچىقى تۆمۈردىن، پۇتىنىڭ بىر
قىسمى تۆمۈردىن، بىر قىسمى ساپالدىن ياسالغاندۇر. [34] سىلى
ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانلىرىدا، تاغدىن بىر قورام تاش كېسىلدى،
ئەمما ئۇنى كەسكىنى ئادەم قولى ئەمەس ئىدى. ئۇ قورام تاش
دومىلاپ كېلىپ، ھەيكەلنىڭ تۆمۈر ۋە ساپالدىن ياسالغان پۇتلىرىغا
ئۇرۇلدى-دە، ئۇلارنى پارچە-پارچە قىلىۋەتتى. [35] شۇنىڭ بىلەن
پارچىلانغان تۆمۈر، ساپال، تۇچ، كۈمۈش ۋە ئالتۇن پارچىلىرى
خۇددى يازدا خاماندىكى سامانىنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك
غايىب بولۇپ، ھەيكەلنىڭ پارچىلىرىدىن ھېچبىر ئەسەر قالمىدى.
ئەمما ھەيكەلنى چېقىپ تاشلىغان ھېلىقى قورام تاش چوڭ بىر
تاغقا ئايلىنىپ، پۈتۈن يەر يۈزىنى قاپلىدى. [36] بۇ سىلىنىڭ كۆرگەن
چۈشلىرىدۇر، ئەمدى چۈشلىرىگە تەبىر بېرەي.

[37] پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىدۇرلا!
ئەرشتىكى خۇدا سىلىگە سەلتەنەت، كۈچ-قۇدرەت ۋە شان-شۆھرەت
ئاتا قىلدى. [38] ئۇ سىلىنى يەر يۈزىدە ياشاۋاتقان بارلىق ئىنسانلارنىڭ،
ھەتتاكى ياۋايى ھايۋانلار، ئاسماندىكى قۇشلارنىڭ خاقانى قىلغاندۇر.
سىلى چۈشلىرىدە كۆرگەن ھەيكەلنىڭ ئاشۇ ئالتۇن بېشى ئۆزلىرى
بولىلا. [39] سىلىدىن كېيىن سىلىنىڭ پادىشاھلىقلىرىغا يەتمەيدىغان
يەنە بىر پادىشاھلىق بارلىققا كېلىدۇ. كېيىن يەنە ئۈچىنچى بىر
پادىشاھلىق بارلىققا كېلىدۇ، بۇ پادىشاھلىق ھېلىقى تۇچتۇر.
ئۇ پۈتۈن يەر يۈزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. [40] ئاخىرىدا تۆتىنچى
پادىشاھلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ تۆمۈردەك قاتتىق بولۇپ،
تۆمۈر بارلىق نەرسىلەرنى كۇكۇم-تالقان قىلالىغىنىدەك، بۇ
پادىشاھلىقمۇ باشقا پادىشاھلىقلارنى ئۇرۇپ، بىتچىت قىلىدۇ.
[41] سىلى كۆرگەن ساپال بىلەن تۆمۈردىن ياسالغان پۇت ۋە پۇتىنىڭ
بارماقلىرى بۇ پادىشاھلىقنىڭمۇ پارچىلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت
بېرىدۇ. چۈشلىرىدە تۆمۈر بىلەن ساپال ئارىلاش ياسالغاندەك،
بۇ پادىشاھلىقنىڭمۇ تۆمۈردەك كۈچلۈك تەرىپى بولىدۇ. [42] پۇت
بارماقلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ تۆمۈردىن، يەنە بىر قىسمىنىڭ
ساپالدىن ياسالغانلىقى بۇ پادىشاھلىقنىڭ تۆمۈردەك كۈچلۈك
ھەم ساپالدەك ئاجىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. [43] تۆمۈر بىلەن
ساپالنىڭ ئارىلاشقانلىقى ھۆكۈمدارلارنىڭ قۇدا بولۇش يولى
بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىقلىرىنى مۇستەھكەملەش ئويىدا
بولىدىغانلىقىنى، ئەمما تۆمۈر بىلەن ساپال ئارىلاشمايدىغاندەك،
ئۇلارنىڭمۇ بىرلىشەلمەيدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.
[44] ئاشۇ پادىشاھلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان زاماندا، ئەرشتىكى خۇدا
مەڭگۈ مەغلۇپ بولمايدىغان ۋە يوقالمايدىغان بىر پادىشاھلىقنى
بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ پادىشاھلىق باشقا بارلىق پادىشاھلىقلارنى
يانجىپ، يوقىتىپ، ئۆزى مەڭگۈ ھۆكۈم سۈرىدۇ. [45] سىلى
چۈشلىرىدە كۆرگەن ئادەم قولى تەگمىگەن ئەھۋالدا ئۆزلۈكىدىن
كېسىلىپ، دومىلاپ كەلگەن قورام تاشنىڭ تۆمۈر، تۇچ، ساپال،
كۈمۈش ۋە ئالتۇنلاردىن ياسالغان ھەيكەلگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنى چېقىپ
تاشلىغانلىقى ئۇلۇغ خۇدانىڭ پادىشاھ ئالىيلىرىغا كەلگۈسىدە يۈز

بېرىدىغان ئىشلاردىن بېشارەت بەرگەنلىكىدۇر. سىلىنىڭ كۆرگەن بۇ چۈشلىرى راستتۇر، ئۇنىڭ تەبىرىمۇ ئىشەنچلىكتۇر.

## پادىشاھ نىبۇكادنەزەرنىڭ دانىيالغا ئىنئام بېرىشى

[46] پادىشاھ نىبۇكادنەزەر يەرگە باش قويۇپ، دانىيالغا تەزىم قىلدى. پادىشاھ ئادەملىرىگە دانىيالغا ھەدىيە تەقدىم قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىسرىق سېلىش پەرمانىنى چۈشۈردى. [47] ئۇ دانىيالغا:
- سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار ھەقىقەتەن ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى، پادىشاھلارنىڭ ئىگىسى، سىرلارنىڭ يەشكۈچىسى ئىكەن. چۈنكى بۇ سىرنى پەقەت سەنلا ماڭا يېشىپ بېرەلىدىڭ، - دېدى.
[48] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دانىيالغا يۇقىرى مەرتىۋە بەردى ۋە يەنە ئۇنىڭغا كۆپلىگەن قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئىنئام قىلدى. ئۇ دانىيالنى بابىل پادىشاھلىقىغا قاراشلىق بابىل ئۆلكىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ۋە بارلىق دانىشمەنلەرنىڭ ئاقساقىلى قىلىپ تەيىنلىدى. [49] ئۇنىڭدىن باشقا پادىشاھ نىبۇكادنەزەر دانىيالنىڭ ئىلتىماسى بىلەن شادراك، مېشاك ۋە ئابېدنېگولارنى بابىل ئۆلكىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى قىلىپ تەيىنلىدى. دانىيال يەنىلا پادىشاھنىڭ يېنىدا قالدى.

## نىبۇكادنەزەرنىڭ ئالتۇن ھەيكەل تىكلىشى

3 [1] پادىشاھ نىبۇكادنەزەر ئېگىزلىكى 30 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدىغان بىر ئالتۇن ھەيكەلنى ياسىتىپ، ئۇنى بابىل ئۆلكىسىنىڭ دۇرا تۈزلەڭلىكىگە تىكلىدى. [2] ئاندىن ئۇ ئۆلكە باشلىقلىرى، ۋالىيلار، ھاكىملار، مەسلىھەتچىلەر، خەزىنىچىلەر، سوتچىلار، تەپتىشلەر ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى باشقا بارلىق ئەمەلدارلارنى تىكلەنگەن ھەيكەلنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىششقا ئەمر قىلدى. [3] شۇنىڭ بىلەن ئۆلكە باشلىقلىرى، ۋالىيلار، ھاكىملار، مەسلىھەتچىلەر، خەزىنىچىلەر، سوتچىلار، تەپتىشلەر ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى باشقا بارلىق ئەمەلدارلار يىغىلىپ، پادىشاھ نىبۇكادنەزەر تىكلىگەن ھەيكەلنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئۇلار ھەيكەلنىڭ ئالدىدا تۇردى. [4] شۇ چاغدا جاكارچى يۇقىرى ئاۋازدا: «ئەي ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ئەل ۋە خەلقلەر،

ئاڭلاڭلار! بۇ سىلەرگە جاكارلانغان پەرماندۇر. [5] سىلەر بۇرغا، نەي،
لىرا، قالۇن، چىلتار، ناغرا قاتارلىق ھەر خىل سازلارنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلىغان ھامان يەرگە باش قويۇپ، پادىشاھ نىبۇكادنەزەر تىكلىگەن
ئالتۇن ھەيكەلگە سەجدە قىلىڭلار. [6] كىمكى يەرگە باش قويۇپ،
سەجدە قىلمىسا، لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان خۇمدانغا تاشلىنىدۇ»
دەپ جاكارلىدى. [7] شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان
ئەل ۋە خەلقلەر بۇرغا، نەي، لىرا، قالۇن، چىلتار قاتارلىق ھەر خىل
سازلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان يەرگە باش قويۇپ، پادىشاھ
نىبۇكادنەزەر تىكلىگەن ئالتۇن ھەيكەلگە سەجدە قىلىشتى.

## ئۈچ يىگىتنىڭ ئوتقا تاشلىنىشى

[8] بۇ چاغدا بىرنەچچە بابىللىقلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىرىپ،
يەھۇدىيلارنى چاقتى. [9] ئۇلار پادىشاھقا مۇنداق دېدى:
– پادىشاھ ئالىيلىرى، مەڭگۈ ياشىغايلا! [10] پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلى
پەرمان قىلىپ: «بۇرغا، نەي، لىرا، قالۇن، چىلتار، ناغرا قاتارلىق
ھەر خىل سازلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى
يەرگە باش قويۇپ، ئالتۇن ھەيكەلگە سەجدە قىلسۇن. [11] كىمكى
يەرگە باش قويۇپ، سەجدە قىلمىسا، لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان
خۇمدانغا تاشلانسۇن» دەپ جاكارلىغانىدىلە. [12] ئەمما بىرنەچچە
يەھۇدىيلار، يەنى پادىشاھ ئالىيلىرى بابىل ئۆلكىسىگە ئەمەلدار
قىلىپ تەيىنلىگەن شادراك، مىشاك ۋە ئابىدنىگولار ئالىيلىرىنىڭ
ئەمرىگە پەرۋا قىلماي، سىلى تىكلىگەن ئالتۇن ھەيكەلگە سەجدە
قىلمىدى. ئۇلار سىلىنىڭ ئىلاھلىرىغا ئېتىقاد قىلمايدىكەن.
[13] پادىشاھ نىبۇكادنەزەر دەرغەزەپ بولۇپ، شادراك، مىشاك ۋە
ئابىدنىگولارنى ئۆز ھوزۇرىغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. [14] نىبۇكادنەزەر ئۇلارغا:
– شادراك، مىشاك ۋە ئابىدنىگو، سىلەر مېنىڭ ئىلاھلىرىمغا
ئېتىقاد قىلمامسىلەر؟ مەن تىكلىگەن ئالتۇن ھەيكەلگە سەجدە
قىلمىغىنىڭلار راستمۇ؟ [15] ھازىر سىلەر بۇرغا، نەي، لىرا، قالۇن،
چىلتار، ناغرا قاتارلىق ھەر خىل سازلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان
مەن تىكلىگەن ھەيكەلگە سەجدە قىلساڭلار، سىلەرنى كەچۈرىمەن.

ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، سىلەر ھازىرلا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان
خۇمدانغا تاشلىنىسىلەر. شۇ چاغدا قايسى خۇدا سىلەرنى مېنىڭ
قولۇمدىن قۇتقۇزالايدىكىن قېنى؟ ـ دېدى.
16 شادراك، مېشاك ۋە ئابېدنىگولار پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ:
ـ ئالىيلىرى، بىزنىڭ بۇ ئىشتا ئالدىلىرىدا ئۆزىمىزنى
ئاقلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. 17 ئەگەر بىز لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان
خۇمدانغا تاشلانساق، بىز ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان خۇدا بىزنى
ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلاشقا ۋە سىلىنىڭ قوللىرىدىن
قۇتقۇزۇشقا قادىردۇر. 18 پادىشاھ ئالىيلىرى، بىلىپ قالسىلا، ئۇ
بىزنى قۇتقۇزمىغان تەقدىردىمۇ، بىز سىلىنىڭ ئىلاھلىرىغا ياكى
سىلى تىكلىگەن ئالتۇن ھەيكەلگە سەجدە قىلمايمىز، ـ دېدى.
19 شادراك، مېشاك ۋە ئابېدنىگولارنىڭ جاۋابىدىن نىبۇكادنەزەرنىڭ
قاتتىق غەزىپى كېلىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ خۇمداننى
ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن يەتتە ھەسسە ئارتۇق قىزىتىشقا پەرمان
قىلدى. 20 لەشكەرلەر ئىچىدىكى قاۋۇل ئادەملىرىگە شادراك،
مېشاك ۋە ئابېدنىگولارنى باغلاپ، لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان
خۇمدانغا تاشلاشقا بۇيرۇق قىلدى. 21 شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچەيلەن
باغلىنىپ، تون، تامبال، باش كىيىم ۋە باشقا ئېگىنلىرى بىلەنلا
ئوتقا تاشلاندى. 22 پادىشاھ خۇمداندىكى ئوتنى ئۇلغايتىشقا
قاتتىق بۇيرۇق قىلغاچقا، ئۇلارنى ئوتقا تاشلاشقا كەلگەن
لەشكەرلەرمۇ ئوت يالقۇنىدا كۆيۈپ ئۆلدى. 23 بۇ ئۈچەيلەن،
يەنى شادراك، مېشاك ۋە ئابېدنىگولار باغلاقلىق پېتى لاۋۇلداپ
يېنىۋاتقان ئوتقا تاشلاندى.
24 پادىشاھ نىبۇكادنەزەر تۇيۇقسىز ھەيران بولۇپ سەكرەپ كەتتى
ۋە مەسلىھەتچىلىرىدىن:
ـ بىز ئۈچ ئادەمنى باغلاپ ئوتقا تاشلىغان ئەمەسمىدۇق؟ ـ
دەپ سورىدى. ئۇلار:
ـ شۇنداق، پادىشاھ ئالىيلىرى، ـ دېدى. 25 پادىشاھ:
ـ ئەمما مەن ئوت ئىچىدە باغلانمىغان تۆت ئادەمنىڭ ساق-
سالامەت مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسى
ئىلاھىي زاتقا ئوخشايدىكەن، ـ دېدى.

26 ئاندىن پادىشاھ نىبۇكادنەزەر لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان
خۇمداننىڭ ئىغزىغا كېلىپ:
— ئەي شادراك، مېشاك ۋە ئابېدنىگولار، يەنى ئۇلۇغ خۇدانىڭ
خىزمەتكارلىرى، بۇ ياققا چىقىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.
شۇنىڭ بىلەن شادراك، مېشاك ۋە ئابېدنىگولار ئوتتىن چىقتى.
27 ئۆلكە باشلىقلىرى، ۋالىيلار، ھاكىملار ۋە ئوردا مەسلىھەتچىلىرى
ئۇلارنى ئورىۋېلىشتى ۋە ئوتنىڭ ئۇلارنىڭ كىيىملىرى، بەدىنى،
بىر تال مويىنىمۇ كۆيدۈرمىگەنلىكىنى كۆرۈشتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ
تونىدا ئوتنىڭ ئىس پۇرىقىمۇ يوق ئىدى. 28 پادىشاھ نىبۇكادنەزەر:
— شادراك، مېشاك ۋە ئابېدنىگولارنىڭ خۇداسىغا مەدھىيەلەر بولسۇن!
ئۇ پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ، ئۆزىگە ئىشەنگەن خىزمەتكارلىرىنى
قۇتقۇزدى. ئۇلار مېنىڭ ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلىسىمۇ، ئەمما
ئۆز خۇداسىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىلاھقا چوقۇنۇپ، سەجدە
قىلىشنى خالىماي، ھاياتىدىن كېچىشكە رازى بولۇشتى. 29 شۇڭا مەن
شۇنداق پەرمان قىلىمەنكى، قايسى تىلدا سۆزلىشىدىغان ئەل ياكى
خەلق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شادراك، مېشاك ۋە ئابېدنىگولارنىڭ
خۇداسىغا قارشى گەپ قىلسا، ئۇلار چېپىپ تاشلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ
ئۆيلىرى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇلىدۇ. چۈنكى بۇنداق قۇتقۇزالايدىغان
خۇدادىن باشقا خۇدا يوقتۇر، — دېدى.
30 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بابىل ئۆلكىسىدە شادراك، مېشاك ۋە
ئابېدنىگولارنىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈردى.

## نىبۇكادنەزەرنىڭ چۈشىدە دەرەخ كۆرۈشى

4 1 پادىشاھ نىبۇكادنەزەر يەر يۈزىدە ياشايدىغان ھەر خىل
تىلدا سۆزلىشىدىغان ئەل ۋە خەلقلەرگە مەكتۇپ يوللاپ،
مۇنداق دېدى:
— ھەممىڭلارغا ئامانلىق تىلەيمەن! 2 مەن ئۇلۇغ خۇدانىڭ ماڭا
كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى ۋە بېشارەتلىرىنى سىلەرگە خۇشاللىق
بىلەن سۆزلەپ بېرىمەن.

3 نەقەدەر ئۇلۇغ ئۇنىڭ بېشارەتلىرى،

نەقەدەر قۇدرەتلىك ئۇنىڭ كارامەتلىرى،
مەڭگۈلۈكتۇر ئۇنىڭ پادىشاھلىقى
ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشار ھۆكۈمرانلىقى.

4 مەن نىبۇكادنەزەر ئوردامدا باياشات ۋە راھەت ياشاۋاتقانىدىم. 5 بىر
كۈنى كېچىدە قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە كۆرگەن
غايىبانە ئالامەتلەردىن شۇنداق قورقۇپ كەتتىم. 6 مەن بابىلدىكى
بارلىق سېھىرگەر، پالچى، مۇنەججىم ۋە ھۆكۈمالارنى ئالدىمغا
كېلىپ، چۈشۈمگە تەبىر بېرىشكە بۇيرۇدۇم. 7 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
ئالدىمغا كېلىشتى. مەن ئۇلارغا چۈشۈمنى دەپ بەردىم. ئەمما ئۇلار
چۈشۈمگە تەبىر بېرەلمىدى. 8 ئاخىرىدا دانىيال ھۇزۇرۇمغا كەلدى.
(مەن ئۇنىڭغا ئىلاھىمنىڭ ئىسمىغا ئوخشىتىپ، بېلتىشاززار دەپ
ئىسىم قويغانىدىم). ئۇنىڭدا مۇقەددەس ئىلاھلارنىڭ روھى بار
ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا چۈشۈمنى دەپ بەردىم: 9 «ئەي دانىشمەنلەرنىڭ
ئۇستازى بېلتىشاززار، سەندە مۇقەددەس ئىلاھلارنىڭ روھى بارلىقىنى
بىلىمەن، سەن يېشەلمەيدىغان ھېچقانداق سىر يوق. چۈشۈمگە
تەبىر بەرگىن. 10 مەن چۈشۈمدە زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى
ئېگىز بىر دەرەخنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. 11 ئۇ دەرەخ توختىماي
ئۆسۈپ، ئۇچى پەلەككە تاقاشتى. بۇ دەرەخنى زېمىندىكى بارلىق
كىشىلەر كۆرەلەيتتى. 12 ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى كۆركەم، مېۋىلىرى
غۇچچىدە بولۇپ، ھەممە جانلىقلارغا ئوزۇق بولاتتى. ياۋايى ھايۋانلار
ئۇنىڭ ئاستىدا سايىدايتتى. ئاسماندىكى قۇشلار ئۇنىڭ شاخلىرىغا
چاڭگا تىزاتتى. ھەر خىل جانىۋارلار ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىناتتى.
13 مەن تۆشەكىمدە يېتىپ، كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىنى
كۆرۈۋاتاتتىم. شۇ پەيتتە ئاسماندىن بىر كۆزەتكۈچى پەرىشتە
چۈشتى. 14 ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېدى: ‹بۇ دەرەخنى كېسىڭلار،
شاخلىرىنى پۇتاڭلار، يوپۇرماقلىرىنى چۇشۇرۇۋېتىڭلار، مېۋىلىرىنى
قېقىۋېتىڭلار. ھايۋانلارنى سايىسىدىن ۋە قۇشلارنى شاخلىرىدىن
قوغلىۋېتىڭلار. 15 ئەمما دەرەخنىڭ كۆتىكى بىلەن يىلتىزلىرىغا
تەگمەڭلار. ئۇلارنى تۆمۈر ۋە تۇچ بىلەن چەمبەرلەپ، ئوت-چۆپلەر
ئارىسىدا قالدۇرۇڭلار. ئۇ شەبنەملەردە ھۆل بولۇپ، ياۋايى ھايۋانلار

بىلەن بىرگە ئۆسۈملۈك ئارىسىدا قالسۇن. [16] يەتتە مەزگىل① ئۆتكۈچە
ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە تەپەككۇرى بولمايدۇ، بۇ پەقەت
ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. [17] بۇ ھۆكۈمنى مۇقەددەس كۆزەتكۈچى
پەرىشتىلەر جاكارلىدى. ئىنسانلار بۇ ھۆكۈم ئارقىلىق ئۇلۇغ خۇدانىڭ
ئىنسانلارنىڭ پادىشاھلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە
ھۆكۈمرانلىقنى خالىغان كىشىگە بېرىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇ خالىسا
ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىگىمۇ بېرىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ›.
[18] بۇ مەن پادىشاھ نىبۇكادنەزەر كۆرگەن چۈشتۇر. مېنىڭ چۈشۈمگە
پادىشاھلىقىمدىكى ھېچقانداق دانىشمەن تەبىر بېرەلمىدى.
ئەي بېلتەشاززار، سەن مېنىڭ چۈشۈمگە تەبىر بەرگىن. پەقەت
سەنلا بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرەلەيسەن، چۈنكى سەندە مۇقەددەس
ئىلاھلارنىڭ روھى بار».

## دانىيالنىڭ نىبۇكادنەزەرنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشى

[19] دانىيال، يەنى بېلتەشاززار بىر دەم تېنەپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ
خىيالىدىن قورقۇپ كەتتى. پادىشاھ ئۇنىڭغا:
– بېلتەشاززار، چۈشۈم ۋە چۈشۈمنىڭ تەبىرىدىن قورقۇپ
كەتمىگىن، – دېدى. بېلتەشاززار جاۋابەن مۇنداق دېدى:
– پادىشاھىم، مەن بۇ چۈش ۋە چۈشلىرىنىڭ تەبىرىنىڭ سىلىگە
ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلىرىنىڭ بېشىغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.
[20] چۈشلىرىدە كۆرگەن دەرەخ تولىمۇ تېز ئۆسۈپ، ئۇچى پەلەككە
تاقىشىپتۇ. ئۇنى زېمىندىكى بارلىق كىشىلەر كۆرەلەيدىكەن.
[21] ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى كۆركەم، مېۋىلىرى غۇچچىدە بولۇپ،
ھەممە جانلىقلارغا ئوزۇق بولالايدىكەن. ياۋايى ھايۋانلار ئۇنىڭ
ئاستىدا سايىدايدىكەن، ئۇنىڭ شاخلىرىغا ئاسماندىكى قۇشلار چاڭگا
تىزىپتۇ. [22] پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۇ دەرەخ بولسا سىلى ئۆزلىرىدۇر.
سىلى زورىيىپ، ئۇلۇغلىشىپ، ھوقۇقلىرى ئەرشكىچە يېتىپتۇ.
ھۆكۈمرانلىقلىرى زېمىننىڭ ئەڭ چېتىگىچە يېتىپ بېرىپتۇ.

① 4:16 يەتتە مەزگىل ـ مەنىسى ئەسلى تېكستتە ئانچە ئېنىق ئەمەس، يەتتە مەزگىل يەتتە يىلنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

[23] پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلى بىر پەرىشتىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپلا ۋە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپلا: «دەرەخنى كېسىپ تاشلاپ، ئۇنى ۋەيران قىلىڭلار. ئەمما دەرەخنىڭ كۆتىكى بىلەن يىلتىزلىرىغا تەگمەڭلار، ئۇلارنى تۆمۈر ۋە تۇچ بىلەن چەمبەرلەپ، ئوت-چۆپلەر ئارىسىدا قالدۇرۇڭلار. ئۇ شەبنەملەردە ھۆل بولسۇن، ئۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بىرگە يەتتە مەزگىل ياشىسۇن».

[24] پادىشاھ ئالىيلىرى، تۆۋەندىكىلەر ئۇلۇغ خۇدا سىلىنىڭ باشلىرىغا كېلىشىنى بېكىتكەن ئىشلاردۇر. كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ تەبىرى مۇنداقتۇر: [25] «سىلى ئىنسانلار ئارىسىدىن قوغلىنىدىلا ۋە ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بىرگە ياشايدىلا. سىلى كالىغا ئوخشاش ئوت-چۆپ يەيدىلا، شەبنەملەردە ھۆل بولىدىلا. يەتتە مەزگىلدىن كېيىن سىلى دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلىقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىنىڭ پەقەت ئۇلۇغ خۇدا ئىكەنلىكىنى، ئۇ پادىشاھلىقلىرىنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدىلا. [26] پەرىشتىنىڭ ‹دەرەخنىڭ كۆتىكى ۋە يىلتىزلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇڭلار› دېگىنى بولسا، سىلى ئەرشتىكى خۇدانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھلىقلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. [27] شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ ئالىيلىرى، مېنىڭ نەسىھەتىمنى قوبۇل قىلغايلا، گۇناھلاردىن قول ئۈزۈپ، ئادالەتلىك ئىش قىلغايلا، يامانلىق قىلىشتىن يېنىپ، كەمبەغەللەرگە شاپائەت قىلغايلا. شۇنداق قىلسىلىرى، بەلكىم داۋاملىق روناق تاپىدىلا.»

## چۈشتىكى بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى

[28] بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ نەبۇكادنەزەرنىڭ بېشىغا كەلدى. [29] 12 ئايدىن كېيىن ئۇ بابىلدىكى ئوردىسىنىڭ ئۆگزىسىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، [30] مۇنداق دېدى: «ئۇلۇغ بابىل شەھىرىگە قاراڭلار، بۇ پايتەختنى مەن كۈچ-قۇدرىتىم ۋە شان-شەرىپىمنى نامايان قىلىش ئۈچۈن سالدۇرغان ئەمەسمىدىم؟!»

[31] ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئاسماندىن بىر ئاۋاز كەلدى: «پادىشاھ نەبۇكادنەزەر، مەن ساڭا دەپ قوياي، سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ

سەندىن تارتىۋېلىندى! [32] سەن ئىنسانلار ئارىسىدىن قوغلىنىپ، ياۋايى
هايۋانلار بىلەن بىرگە ياشايسەن، كالىغا ئوخشاش ئوت-چۆپ يەيسەن.
يەتتە مەزگىلدىن كېيىن سەن دۇنيادىكى پادىشاھلىقلارغا ھۆكۈمرانلىق
قىلغۇچىنىڭ ئۇلۇغ خۇدا ئىكەنلىكىنى، ئۇ پادىشاھلىقلىرىنى
خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىسەن.»
[33] بۇ ئىش شۇ ئان پادىشاھ نىبۇكادنەزەرنىڭ بېشىغا كەلدى.
ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىن قوغلاندى، كالىغا ئوخشاش ئوت-چۆپ
يېدى. ئۇنىڭ تېنى شەبنەملەردە ھۆل بولدى. ئۇنىڭ چاچلىرى
ئۆسۈپ بۈركۈتنىڭ پەيلىرىدەك، تىرناقلىرى ئۆسۈپ قۇشلارنىڭ
تىرناقلىرىدەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكۈچە، بۇ ئەھۋال داۋاملاشتى.
[34] بەلگىلەنگەن مۇددەت توشقاندا، مەن نىبۇكادنەزەر كۆزۈمنى
ئاسمانغا تىكتىم، كاللام سەگەكلەشتى. ئۇلۇغ خۇدانى مەدھىيەلەپ،
مەڭگۈ ياشايدىغان خۇداغا شۈكۈر ئېيتتىم ۋە ئۇنى ئۇلۇغلىدىم:

«ئۇ مەڭگۈلۈك ھۆكۈمراندۇر، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى
ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچىدۇر.
[35] زېمىندىكى پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە
ئەرزىمەستۇر.
جەننەتتىكى پەرىشتىلەر ۋە زېمىندىكى ئىنسانلارنى قانداق
قىلىشنى خالىسا، ئۇ شۇنداق قىلالايدۇ.
ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشى تۇرالمايدۇ.
‹سەن نېمە قىلغانىدىڭ؟› دەپ ئۇنىڭدىن ھېچكىم
سورىيالمايدۇ.»

[36] كاللام سەگەكلەشكەندىن كېيىن، شان-شەرىپىم، پادىشاھلىقىم
ئەسلىگە كەلدى. مەسلىھەتچىلىرىم ۋە ئەمەلدارلىرىم مېنى ئىزدەپ
كېلىشتى. مەن قايتىدىن پادىشاھ بولۇپ، شۆھرىتىم بۇرۇنقىدىنمۇ
ئاشتى. [37] ھازىر مەن نىبۇكادنەزەر ئەرشتىكى پادىشاھ، يەنى
خۇدانى ماختايمەن، مەدھىيەلەيمەن ۋە ئۇلۇغلايمەن. ئۇنىڭ قىلغان
ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ھەق ۋە ئادالەتلىكتۇر. ئۇ تەكەببۇرلارنىڭ
ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇشقا قادىردۇر.

## تامدىكى سىرلىق يازما

5 [1] بىرقانچە يىللار ئۆتۈپ، پادىشاھ بېلشاززارنىڭ زامانىغا
كەلگەندە، ئۇ مىڭ نەپەر ئەمەلدارنى يىغىپ، چوڭ زىياپەت
بەردى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە شاراب ئىچتى. [2] بېلشاززار كەيپ
بولغاندىن كېيىن، ئۇ بوۋىسى نىبوكادنەزەر يېرۇسالېمدىكى
ئىبادەتخانىدىن ئولجا ئالغان ئالتۇن ۋە كۈمۈش قەدەھلەرنى ئېلىپ
كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئاياللىرى، توقاللىرى ۋە ئەمەلدارلىرى
بىلەن بۇ قەدەھلەردە شاراب ئىچمەكچى بولۇشتى. [3] شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار يېرۇسالېمدىكى ئىبادەتخانىدىن ئولجا ئېلىنغان
ئالتۇن ۋە كۈمۈش قەدەھلەرنى ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ ئاياللىرى،
توقاللىرى ۋە ئەمەلدارلىرى بىلەن شاراب ئىچىشتى. [4] ئۇلار شاراب
ئىچىشىۋاتقاندا، ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، تۆمۈر، ياغاچ ۋە تاشلاردىن
ياسالغان بۇتلارنى مەدھىيەلەشتى.
[5] شۇ چاغدا تۇيۇقسىز بىر ئادەم قولى پەيدا بولۇپ، ئوردىدىكى
چىراغنىڭ نۇرى چۈشكەن ھاكلانغان تامغا خەت يېزىشقا باشلىدى.
پادىشاھ خەت يېزىۋاتقان قولنى كۆرۈپ، [6] ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ
باستى. چىرايى تاتىرىپ، پۇتلىرى ھالسىزلىنىپ، تىزلىرى
تىترەشكە باشلىدى. [7] پادىشاھ ۋارقىراپ، سېھىرگەر، مۇنەججىم ۋە
ھۆكۈمالارنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى:
— كىمكى بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ، مەنىسىنى يېشىپ بېرەلىسە،
ئۇنىڭغا سۆسۈن رەڭلىك شاھانە تون كىيدۈرۈلىدۇ ۋە بوينىغا
ئالتۇن زەنجىر تاقىلىدۇ. ئۇ پادىشاھلىقنىڭ ئۈچىنچى چوڭ
ئەمەلدارى بولىدۇ.
[8] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ بارلىق دانىشمەنلىرى كەلدى. لېكىن
ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ، مەنىسىنى يېشىپ
بېرەلمىدى. [9] پادىشاھ بېلشاززار تېخىمۇ قورقۇپ، يۈزلىرىدە قان
قالمىدى. ئەمەلدارلىرىمۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.
[10] خان ئانىسى پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭىنى
ئاڭلاپ، زىياپەت زالىغا كىردى. ئۇ پادىشاھقا مۇنداق دېدى:

– پادىشاھ ئالىيلىرى، مەڭگۈ ياشىغايلا! قورقۇپ كەتمىسىلە،
چىرايلىرىنىمۇ ئۆزگەرتمىسىلە! [11] پادىشاھلىقلىرىدا بىر ئادەم بار،
ئۇنىڭدا مۇقەددەس ئىلاھلارنىڭ روھى بار. بوۋىلىرى نىبۇكادنەزەر
ھايات چېغىدا بۇ ئادەمنى ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە ئىلاھلاردەك
دانا دەپ بىلەتتى. بوۋىلىرى ئۇنى سېھىرگەر، پالچى، ھۆكۈما،
مۇنەججىملەرنىڭ بېشى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. [12] بۇ ئادەمنىڭ
ئىسمى دانىيال بولۇپ، بوۋىلىرى ئۇنىڭغا بېلتەشازار دەپ ئىسىم
قويغانىدى. ئۇنىڭدا ئالاھىدە ئەقىل ۋە ئىلىم-ھېكمەت بار ئىدى.
ئۇ چۈشكە تەبىر بېرەلەيتتى، سىرلارنى ئاچالايتتى ۋە قىيىن
مەسىلىلەرنى يېشەلەيتتى. ئۇنى چاقىرتىپ كەلسىلە، ئۇ چوقۇم
بۇ خەتلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلەيدۇ.

## دانىيالنىڭ تامدىكى خەتنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشى

[13] شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دانىيالنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ كەلدى.
پادىشاھ ئۇنىڭغا:
– سەن شاھ بوۋام يەھۇدىيە زېمىنىدىن ئەسىرگە ئېلىپ كەلگەنلەر
ئىچىدىكى دانىيال بولامسەن؟ [14] ئاڭلىسام سەندە ئىلاھلارنىڭ
روھى بار ئىكەن، ئىنتايىن ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە دانا ئىكەنسەن.
[15] مەن بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ، مەنىسىنى يېشىش ئۈچۈن ھۆكۈما
ۋە مۇنەججىملەرنى ئالدىمغا ھازىر قىلغانىدىم، ئەمما ئۇلار
بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. [16] مەن سېنىڭ چۈشكە تەبىر
بېرەلەيدىغانلىقىڭنى ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى يېشەلەيدىغانلىقىڭنى
ئاڭلىدىم. ئەگەر سەن بۈگۈن بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ
مەنىسىنى ماڭا يېشىپ بېرەلىسەڭ، ساڭا سۆسۈن رەڭلىك شاھانە
تون كىيدۈرۈپ، بوينۇڭغا ئالتۇن زەنجىر تاقاپ، پادىشاھلىقىمنىڭ
ئۈچىنچى چوڭ ئەمەلدارى قىلىمەن، – دېدى. [17] ئەمما دانىيال
پادىشاھقا مۇنداق دېدى:
– سوۋغاتلىرى ۋە ئىنئاملىرى ئۆزلىرىدە قالسۇن ياكى
باشقىلارغا بەرسىلە! مەن سىلىگە خەتلەرنى ئوقۇپ، مەنىسىنى
يېشىپ بېرەي. [18] پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۇلۇغ خۇدا بوۋىلىرى

نىبۇكادنەزەرنى پادىشاھ قىلىپ، ئۇنىڭغا شان-شەرەپ ۋە
ئۇلۇغلۇقنى بەرگەنىدى. [19] خۇدا ئۇنىڭغا بەرگەن ئۇلۇغلۇق
شۇنچىلىك يۈكسەك ئىدىكى، ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان
ئەل ۋە خەلقلەر ئۇنىڭدىن شۇنداق قورقۇپ، تىترەپ تۇرۇشاتتى.
ئۇنىڭ كىمنى ئۆلتۈرگۈسى كەلسە، شۇنى ئۆلتۈرەتتى، كىمنى
ھايات قالدۇرغۇسى كەلسە، شۇنى ھايات قالدۇراتتى. كىمنى
ئەزىزلىگۈسى كەلسە، شۇنى ئەزىز قىلاتتى، كىمنى خار قىلغۇسى
كەلسە، شۇنى خار قىلاتتى. [20] ئۇ ھاكاۋۇر، جاھىل ئىدى. شۇڭا
ئۇ تەختى ۋە ئۇلۇغلۇقتىن مەھرۇم قىلىندى. [21] ئۇ ئىنسانلار
ئارىسىدىن قوغلىنىپ، ئاڭسىز ھايۋانلارغا ئوخشاپ قالدى،
ياۋايى ئېشەكلەر بىلەن بىرگە ياشىدى. كالىغا ئوخشاش ئوت-
چۆپلەرنى يېدى. تېنى شەبنەملەردە ھۆل بولدى. ئۇ ئاخىرىدا
پۈتۈن دۇنيادىكى پادىشاھلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئۇلۇغ خۇدا
ئىكەنلىكىنى، خۇدانىڭ پادىشاھلىقلارغا ئۆزى خالىغان ئادەمنى
تەيىنلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.
[22] ئى پادىشاھ بېلشاززار، سىلى ئۇنىڭ ئەۋلادى. سىلى گەرچە
بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلسىلىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى
بىلەلمىدىلە. [23] سىلى ھاكاۋۇرلىشىپ، ئەرشتىكى ئىگىمىزگە
قارشى ئىش قىلدىلا. ئىگىمىزنىڭ ئىبادەتخانىسىغا تەۋە بولغان
قەدەھلەرنى ئېلىپ چىقىپ، ئاياللىرى، توقاللىرى ۋە ئەمەلدارلىرى
بىلەن بىرگە ئۇلاردا شاراب ئىچىشتىلە. سىلى يەنە ھېچنېمىنى
كۆرەلمەيدىغان، ئاڭلىيالمايدىغان، ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان
ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، تۆمۈر، ياغاچ ۋە تاشلاردىن ياسالغان
بۇتلارنى مەدھىيىلىدىلە. ئەمما سىلىگە ھايات بەرگۈچى ۋە
ھايات يوللىرىنى بەلگىلىگۈچى خۇدانى ئۇلۇغلىمىدىلا. [24] شۇنىڭ
ئۈچۈن خۇدا قول ئەۋەتىپ، تامغا خەت يازدۇردى. [25] تامغا «سان،
سان، ئېغىرلىق، بۆلۈش①» دەپ يېزىلغاندۇر. [26] بۇ سۆزلەرنىڭ
مەنىسى تۆۋەندىكىچىدۇر:

① 5: 25 سان، سان، ئېغىرلىق، بۆلۈش ئارامىي تىلىدا «مىنە، مىنە، تىقەل، پارسىن» دەپ يېزىلغان.

سان ـ پادىشاھلىقلىرىنىڭ ئاخىرلىشىدىغان كۈنىنىڭ
ساناقلىقلا قالغانلىقىنى،
[27] ئېغىرلىق ـ تارازىدا تارتىلىپ بولغانلىقلىرىنى،
ئىقتىدارلىرىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى،
[28] بۆلۈش ـ پادىشاھلىقلىرىنىڭ مىدىيالىقلار بىلەن
پېرسىيەلىكلەرگە بۆلۈپ بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

[29] شۇنىڭ بىلەن بېلشاززار پەرمان چۈشۈرۈپ، دانىيالغا سۆسۈن
رەڭلىك شاھانە تون كىيدۈردى. ئۇنىڭغا ئالتۇن زەنجىر تاقاپ،
پادىشاھلىقنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ئەمەلدارلىقىنى بەردى.
[30] دەل شۇ كۈنى كېچىدە بابىلنىڭ پادىشاھى بېلشاززار ئۆلتۈرۈلدى.
[31] مىدىيالىق دارىئۇس ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋالدى. شۇ چاغدا
دارىئۇس 62 ياشلاردا ئىدى.

## دانىيالنىڭ شىر سولانغان ئورەككە تاشلىنىشى

6 [1] پادىشاھ دارىئۇس 120 نەپەر ئۆلكە باشلىقىنى تەيىنلەپ،
پۈتۈن پادىشاھلىقنى ئىدارە قىلىشنى قارار قىلدى. [2] ئۇ
ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۈچ ئادەمنى
ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى. دانىيال ئۇلارنىڭ
بىرى ئىدى. [3] دانىيال ئالاھىدە ئەقىل-پاراسەتلىك بولغاچقا، ئۇزۇن
ئۆتمەي ئۇنىڭ باشقا ۋەزىر ۋە ئۆلكە باشلىقلىرىدىن ئىقتىدارلىق
ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇڭا پادىشاھ دانىيالنى ئۆزىنىڭ
پۈتۈن پادىشاھلىقىنى باشقۇرۇشقا قويۇشنى پىلانلىدى. [4] ئەمما
باشقا ۋەزىر ۋە ئۆلكە باشلىقلىرى دانىيالنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەر
ئەيىب، سەۋەنلىك تېپىشقا ئۇرۇندى. لېكىن دانىيال راستچىل،
پاك ۋە ئەستايىدىل بولغاچقا، ئۇلار دانىيالدىن ھېچقانداق قۇسۇر
تاپالمىدى. [5] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار:
ـ ئەگەر بىز دانىيالدىن قۇسۇر تاپماقچى بولساق، پەقەت ئۇنىڭ
دىنىي ئېتىقادىدىن تېپىشىمىز كېرەك، ـ دېيىشتى.
[6] شۇنىڭ بىلەن ئىككى ۋەزىر ۋە ئۆلكە باشلىقلىرى بىرلىشىپ،
پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مۇنداق دېيىشتى:

- پادىشاھ دارىئۇس، ئالىيلىرى مەڭگۈ ياشىغايلا! 7 پادىشاھلىقلىرىنىڭ
ۋەزىرلىرى، ئۆلكە باشلىقلىرى، ۋالىيلىرى، مەسلىھەتچىلىرى
ۋە ھاكىملىرى بولغان بىز ئالىيلىرىنىڭ مۇنداق بىر پەرمان
چۈشۈرۈشلىرىنى مەسلىھەتلەشتۇق: «ئەگەر 30 كۈن ئىچىدە
ھەرقانداق بىر ئادەم مەن پادىشاھ ئالىيلىرىدىن باشقا ھەرقانداق
ئىلاھ ياكى ئادەمگە دۇئا قىلسا، شىر سولانغان ئورەككە تاشلانسۇن،
بۇ پەرمان قەتئىي ئىجرا قىلىنسۇن». 8 پادىشاھ ئالىيلىرى، بۈگۈنلا
يازما پەرمان چۈشۈرگەيلا. مىدىيالىقلار ۋە پېرسىيەلىكلەرنىڭ قانۇنىغا
ئاساسەن يازما پەرماننى ھېچكىم بىكار قىلالمايدۇ.
9 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دارىئۇس بۇ پەرمانغا ئىمزا قويدى.
10 دانىيال بۇ پەرماننىڭ چۈشكىنىنى ئاڭلاپ، ئۆيىگە قايتتى. ئۇنىڭ
ئۆيىدە بىر بالىخانا بار ئىدى. بالىخانىنىڭ دېرىزىسى يېرۇسالېم
تەرەپكە قاراپ ئېچىلغانىدى. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا دېرىزىنىڭ ئالدىدا
تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۈندە ئۈچ قېتىم ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان
خۇداغا دۇئا قىلىپ، دۇئا قىلدى. 11 پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەن
ھېلىقى ئەمەلدارلار دانىيالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆز خۇداسىغا
ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. 12 ئۇلار شۇ ھامان
پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پەرمان ھەققىدە توختالدى. ئۇلار
پادىشاھقا مۇنداق دېدى:
- پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلى: «ئوتتۇز كۈن ئىچىدە ھەرقانداق
بىر ئادەم مەن پادىشاھ ئالىيلىرىدىن باشقا ھەرقانداق ئىلاھ ياكى
ئادەمگە دۇئا قىلسا، شىر سولانغان ئورەككە تاشلانسۇن» دەپ
پەرمان چۈشۈرگەنىدىلە.
- شۇنداق، مۇشۇنداق پەرمان چۈشۈرگەنىدىم. مىدىيالىقلار ۋە
پېرسىيەلىكلەرنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن يازما پەرماننى ھېچكىم بىكار
قىلالمايدۇ، - دېدى پادىشاھ. 13 ئۇلار پادىشاھقا يەنە:
- يەھۇدىيە زېمىنىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان دانىيال سىلى ۋە سىلى
چۈشۈرگەن پەرمانغا بويسۇنماي، ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم ئۆزىنىڭ
ئىلاھىغا دۇئا قىلىۋاتىدۇ، - دېدى.
14 پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قاتتىق بىئارام بولدى ۋە دانىيالنى
قانداق قۇتقۇزۇۋېلىش ھەققىدە ئويلاندى. ئۇ كۈن پاتقۇچە دانىيالنى

قۇتقۇزۇۋېلىشىنىڭ ئامالىنى ئويلىدى. 15 كۆن پاتقاندا دانىيالنىڭ
ئۈستىدىن ئەرز قىلغۇچىلار بىرلىشىپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا
يەنە كەلدى ۋە پادىشاھقا مۇنداق دېدى:
— پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلى بىلىلا، مېدىيالىقلار ۋە پېرسىيەلىكلەرنىڭ
قانۇنىغا ئاساسەن پادىشاھ چۈشۈرگەن پەرماننى ھېچكىم
ئۆزگەرتەلمەيدۇ.
16 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دانىيالنى تۇتۇپ كېلىپ، شىر سولانغان
ئورەككە تاشلاشقا بۇيرۇدى ھەمدە پادىشاھ دانىيالغا مۇنداق دېدى:
— سەن ئىخلاس بىلەن چوقۇنىدىغان خۇدا سېنى قۇتقۇزغاي!
17 ئورەكنىڭ ئېغىزى قورام تاش بىلەن ئېتىپ قويۇلدى. پادىشاھ
ھېچكىمنىڭ دانىيالنى قۇتقۇزۇۋالماسلىقى ئۈچۈن قورام تاشقا
ئۆزىنىڭ مۆھرىنى باستى ۋە ئەمەلدارلىرىمۇ مۆھۈرلىرىنى بېسىشتى.
18 پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېچنېمە يېمىدى،
كۆڭۈل ئاچمىدى ھەم كېچىچە ئۇخلىمىدى.
19 ئەتىسى پادىشاھ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىراپ شىر
سولانغان ئورەككە يول ئالدى. 20 ئۇ شىر سولانغان ئورەكنىڭ ئالدىغا
كېلىپ، ئەنسىرەش ئاۋازى بىلەن:
— ئەي دانىيال، مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ خىزمەتكارى! سېنىڭ ئىخلاس
بىلەن چوقۇنىدىغان خۇدايىڭ سېنى شىرلاردىن قۇتقۇزۇۋالدىمۇ؟
— دەپ سورىدى.
21 دانىيال پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
— پادىشاھ ئالىيلىرى، مەڭگۈ ياشىغايلا! 22 مېنىڭ خۇدايىم ئۆز
پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ، شىرلارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئېتىپ قويدى.
شۇنىڭ بىلەن شىرلار ماڭا زىيانكەشلىك قىلالمىدى. چۈنكى مەن
خۇدا ئالدىدا پاك ئىدىم. پادىشاھىم، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدىمۇ
خاتالىق ئۆتكۈزمىدىم.
23 پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە دانىيالنى شىر سولانغان
ئورەكتىن تارتىپ چىقىرىشقا پەرمان قىلدى. دانىيال ئورەكتىن
تارتىپ چىقىرىلدى، ئۇ ساق-سالامەت ئىدى. چۈنكى ئۇ خۇداسىغا
ئىشەنگەنىدى. 24 شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دانىيالنىڭ ئۈستىدىن
يامان نىيەت بىلەن ئەرز قىلغۇچىلارنى خوتۇن-بالىلىرى بىلەن

قوشۇپ، شىر سولانغان ئورەككە تاشلاشقا پەرمان قىلدى. ئۇلار
تېخى ئورەكنىڭ تېگىگە يەتمەي تۇرۇپلا، شىرلار ئۇلارغا ئېتىلىپ
كېلىپ، ئۇلارنى چايناپ، سۆڭەكلىرىنى ئېزىۋەتتى.
[25] پادىشاھ دارىئۇس يەر يۈزىدىكى ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان
ئەل ۋە خەلقلەرگە مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېدى:

«ھەممىڭلارغا ئامانلىق تىلەيمەن! [26] مەن شۇنداق پەرمان
قىلىمەنكى،
پادىشاھلىقىمدىكى ھەممە ئادەم دانىيال ئېتىقاد قىلىپ
كەلگەن خۇداغا ھۆرمەت قىلسۇن ۋە ئۇنىڭدىن
ئەيمەنسۇن.
چۈنكى ئۇ مەڭگۈ ھايات خۇدادۇر، ئۇ مەڭگۈ مەۋجۇتتۇر.
ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ھەرگىز ۋەيران بولماستۇر.
ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەڭگۈ مەۋجۇتتۇر.
[27] ئۇ قۇتقۇزغۇچىدۇر، نىجاتكاردۇر.
ئۇ ئاسمان ۋە زېمىندىكى مۆجىزە ۋە بېشارەتلەرنىڭ
ئىگىسىدۇر.
ئۇ دانىيالنى شىرلاردىن قۇتقۇزدى.»

[28] دانىيال دارىئۇس پادىشاھنىڭ زامانىدا ۋە پېرسىيەلىك كورەش
پادىشاھ بولغان زاماندا مەرتىۋىلىك ياشىدى.

## دانىيالنىڭ چۈشىدە تۆت مەخلۇق كۆرۈشى

7 [1-2] مەن دانىيال بابىل پادىشاھى بېلشاززار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ
1-يىلىنىڭ بىر كېچىسى بىر چۈش كۆردۈم ۋە چۈشۈمدە
كۆرگەن غايىبانە ئالامەتلەرنى خاتىرىلەپ قويدۇم. مەن كۆرگەن
غايىبانە ئالامەتلەر مۇنداق ئىدى:
تۆت تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن قارا بوراندا دېڭىز سۈيى چايقىلىۋاتاتتى.
[3] تۇيۇقسىز دېڭىزدىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان غايەت چوڭ
تۆت مەخلۇق چىقىپ كەلدى.

4 بىرىنچىسى شىرغا ئوخشايتتى، ئەمما بۈركۈتنىڭكىدەك قانىتى
بار ئىدى. مەن كۆزىتىپ تۇرغىنىمدا، ئۇنىڭ قاناتلىرى يۇلۇۋېتىلدى.
ئۇنى يۆلىگەنىدى، ئۇ خۇددى ئادەمدەك ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە
تۇردى. ئۇنىڭغا ئىنساندەك ئويلايدىغان ئىقتىدار بېرىلگەنىدى.
5 ئىككىنچىسى ئېيىققا ئوخشايتتى. ئۇ كەينى پۇتلىرى بىلەن
ئۆرە تۇراتتى. ئۇ ئۈچ تال قوۋۇرغىنى چىشلىۋالغانىدى. بىر ئاۋاز
ئۇنىڭغا: «قېنى، كۆپرەك گۆش يېگىن!» دەۋاتاتتى.
6 ئاندىن كېيىن ئۈچىنچى مەخلۇقنى كۆردۈم، ئۇ يىلپىزغا
ئوخشايتتى. ئۇنىڭ دۈمبىسىدە قۇشلارنىڭ قانىتىدەك تۆت تال قانات
بار ئىدى. ئۇنىڭ يەنە تۆت بېشى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق
ھوقۇقى بېرىلگەنىدى.
7 شۇ ئەسنادا تۆتىنچى مەخلۇق پەيدا بولدى. ئۇ ئىنتايىن
قورقۇنچلۇق ۋە كۈچلۈك بولۇپ، ناھايىتى ۋەھىمىلىك ئىدى. ئۇ
چوڭ تۆمۈر چىشلىرى بىلەن ئولجىلىرىنى پارچە-پارچە قىلىپ،
يالماپ يۇتاتتى، ئاشقانلىرىنى دەسسەپ چەيلەيتتى. ئۇ ئالدىنقى ئۈچ
مەخلۇققا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئون مۈڭگۈزى بار ئىدى.
8 مەن بۇ مۈڭگۈزلەرگە قاراپ تۇراتتىم. مۈڭگۈزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
بىر كىچىك مۈڭگۈز ئۆسۈپ چىقتى. بۇ مۈڭگۈز ئەسلىدىكى ئون
مۈڭگۈزنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ مۈڭگۈزنى يىلتىزلىرى بىلەن بىرگە
قومۇرۇپ تاشلىدى. ئۆسۈپ چىققان كىچىك مۈڭگۈزنىڭ ئادەمگە
ئوخشاش كۆزى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىزى تەكەببۇرلارچە پو
ئېتىۋاتاتتى.

9 مەن قاراپ تۇراتتىم، بىرقانچە تەختلەر ئۆز ئورۇنلىرىغا
قويۇلدى.
ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغۇچى ئۆز تەختىدە ئولتۇردى.
ئۇنىڭ كىيىملىرى قاردەك، چاچلىرى ئاق يۇڭدەك ئاپئاق
ئىدى.
ئۇنىڭ تەختى ئوت يالقۇنىدىن بولۇپ،
لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان چاقلارنىڭ ئۈستىگە
ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

10 ئوت ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ چىقاتتى.
ئۇنىڭ ئەتراپىدا مىڭلىغانلار خىزمەت قىلاتتى،
ئالدىدا سان-ساناقسىزلار كۈتۈپ تۇراتتى.
سوئال-سوراق باشلىنىپ، پۈتۈكلەر ئېچىلدى.

11 مەن كۆزىتىپ تۇراتتىم، ھېلىقى كىچىك مۈڭگۈز تېخىچە
پو ئېتىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا تۆتىنچى مەخلۇق ئۆلتۈرۈلدى.
ئۇنىڭ جەستى ئوتقا تاشلىنىپ، كۆيدۈرۈۋېتىلدى. 12 قالغان
ئۈچ مەخلۇقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تارتىۋېلىنىپ، يەنە بىر مەزگىل
ياشاشقا يول قويۇلدى.
13 چۈشۈمدە ئىنسانئوغلىغا ئوخشايدىغان بىرسىنىڭ ئەزەلدىن
مەۋجۇت بولغۇچىنىڭ ھوزۇرىغا بۇلۇتلاردا كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆردۈم. ئۇ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغۇچىنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ
كېلىندى. 14 ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق، شان-شەرەپ ۋە سەلتەنەت ئاتا
قىلىندى. ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق ئەل ۋە خەلقلەر
ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەبەدىي بولىدۇ،
پادىشاھلىقى مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ، ھېچقاچان گۇمران بولمايدۇ.

## دانىيال كۆرگەن چۈشنىڭ مەنىسى

15 مەن بۇ غايىبانە ئالامەتلەردىن قورقۇپ، خاتىرجەمسىزلەندىم.
16 شۇنىڭ بىلەن مەن تەخت يېنىدا تۇرغان بىر پەرىشتىدىن
بۇلارنىڭ مەنىسىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا بۇلارنىڭ مەنىسىنى دەپ
بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: 17 «بۇ تۆت مەخلۇق يەر يۈزىدە بارلىققا
كېلىدىغان تۆت پادىشاھلىقتۇر. 18 لېكىن ئاخىرىدا ئۇلۇغ خۇدانىڭ
تەقۋادارلىرى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا
مەڭگۈ ئىگە بولىدۇ.»
19 شۇ چاغدا مەن تۆتىنچى مەخلۇقنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېنىق
بىلىۋېلىشنى ئويلىدىم. ئۇ باشقا ئۈچ مەخلۇققا ئوخشىمايتتى. ئۇ
ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ تۆمۈر چىشلىرى، تۇچ تىرناقلىرى
بىلەن ئولجىلىرىنى پارچە-پارچە قىلىپ، يالماپ يۇتاتتى، ئاشقانلىرىنى
دەسسەپ چەيلەيتتى. 20 مەن يەنە ئۇنىڭ بېشىدىكى ئون تال

مۈڭگۈز ۋە كېيىن ئۆسكەن مۈڭگۈزنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ
مۈڭگۈزنى يۇلۇپ تاشلىغانلىقى ھەققىدىكى ئىشلارنى بىلمەكچى
بولدۇم. كىچىك مۈڭگۈزنىڭ ئادەمگە ئوخشاش كۆزى ۋە ئېغىزى
بار بولۇپ، تەكەببۇرلارچە پو ئاتاتتى. ئۇنىڭ تەسىرى باشقا
مۈڭگۈزلەرگە قارىغاندا چوڭراق ئىدى. [21] مەن كۆزىتىپ تۇراتتىم.
ئۇ مۈڭگۈز خۇدانىڭ تەقۋادارلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى
مەغلۇپ قىلدى. [22] شۇنىڭدىن كېيىن ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغۇچى،
يەنى ئۇلۇغ خۇدا كېلىپ، تەقۋادارلىرى ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلىدى.
تەقۋادارلارنىڭ پادىشاھلىقتا ئىرىشىدىغان كۈنلىرى يېتىپ كەلدى.
[23] ئۇ پەرىشتە مۇنداق دېدى: «تۆتىنچى مەخلۇق يەر يۈزىدە
بارلىققا كېلىدىغان تۆتىنچى پادىشاھلىق بولۇپ، ئۇ باشقا
پادىشاھلىقلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ پۈتۈن دۇنيانى يالماپ يۇتۇپ،
دەسسەپ-چەيلەپ، ۋەيران قىلىدۇ. [24] ئون مۈڭگۈز بۇ پادىشاھلىقتىكى
ئون پادىشاھنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن يەنە بىر پادىشاھ
بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ ئىلگىرىكى باشقا پادىشاھلارغا ئوخشىمايدۇ.
ئۇ ئۈچ پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. [25] ئۇ ئۇلۇغ خۇداغا قارشى
گەپ قىلىدۇ ۋە تەقۋادارلارنى ئېزىدۇ. خۇدا بېكىتكەن مۇقەددەس
بايراملار ۋە قانۇنلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. تەقۋادارلار ئۇنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىدا بىر مەزگىل، ئىككى مەزگىل ۋە يەنە يېرىم
مەزگىل① تۇرىدۇ. [26] ئاندىن ئەرشتە سوئال-سوراق باشلىنىدۇ.
زالىم پادىشاھنىڭ ھوقۇقى تارتىۋېلىنىپ، مەڭگۈلۈك يوق قىلىنىدۇ.
[27] يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنىڭ ھوقۇقى، ھەيۋىسى ۋە
سەلتەنىتى ئۇلۇغ خۇدانىڭ تەقۋادارلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ھەممە ھۆكۈمرانلار
ئۇلۇغ خۇداغا خىزمەت قىلىدۇ ۋە بويسۇنىدۇ.»
[28] كۆرگەنلىرىم مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. قورققىنىمدىن چىرايىمنىڭ
تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، لېكىن بۇ ئىشلارنى پەقەت
ئۆزۈملا بىلىپ قالدىم.

① 7: 25 «بىر مەزگىل، ئىككى مەزگىل ۋە يەنە يېرىم مەزگىل» ـ ئۈچ يېرىم يىلنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

## دانىيال كۆرگەن يەنى بىر غايىبانە ئالامەت

8 [1] مەن دانىيال پادىشاھ بېلشاززارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ
3-يىلى يەنە بىر غايىبانە ئالامەت كۆردۈم. [2] مەن غايىبانە
ئالامەتتە ئېلام ئۆلكىسى ئۇلاي قانىلى بويىدىكى سۇزا قەلئەسىدە
تۇراتتىم. [3] ئالدىمدىكى ئۇلاي قانىلى بويىدا قوش مۈڭگۈزلۈك بىر
قوچقار تۇراتتى. ئۇنىڭ مۈڭگۈزلىرى ئۇزۇن بولۇپ، بىر مۈڭگۈزى
يەنە بىرىدىن ئۇزۇنراق ئىدى. ئۇزۇنراق مۈڭگۈزى كېيىن ئۆسۈپ
چىققانىدى. [4] مەن قوچقارنىڭ غەرب، شىمال، جەنۇب تەرەپلەرگە
ئۈزىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ھېچقانداق ھايۋان ئۇنىڭغا تەڭ
كېلەلمىدى ھەم ئۇلارنى ئۇنىڭدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمىدى. ئۇ
نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىپ، بارغانچە مەغرۇرلىشىپ كەتتى.
[5] مەن نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ ئويلىنىپ تۇرغىنىمدا، غەربتە
بىر تېكە پەيدا بولدى. ئۇ شۇنچىلىك تېز يۈگۈرەتتىكى، پۇتلىرى
يەرگە تەگمەيتتى. ئۇ پۈتۈن زېمىننى ئايلىنىپ كەلگەنىدى.
ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى
تارتىدىغان بىر مۈڭگۈزى بار ئىدى. [6] ئۇ مەن قانالنىڭ بويىدا
كۆرگەن قوش مۈڭگۈزلۈك قوچقارغا قاراپ، غەزەپ بىلەن يۈگۈردى.
[7] مەن تېكىنىڭ قوچقارغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ، ئۇنىڭ قوش
مۈڭگۈزىنى سۇندۇرۇپ تاشلىغانلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن
قوچقار ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلالمىدى. تېكە ئۇنى يەرگە يىقىتتى
ۋە پۇتلىرى بىلەن دەسسىدى. ئۇ شۇنچىلىك كۈچ-قۇدرەتلىك
ئىدىكى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن قوچقارنى قۇتقۇزالمىدى. [8] بۇ تېكە
ئىنتايىن مەغرۇرلىنىپ كەتكەنىدى. بىراق ئۇنىڭ كۈچى تازا ۋايىغا
يەتكەن ۋاقتىدا، مۈڭگۈزى سۇنۇپ كەتتى. ئەمما شۇ مۈڭگۈزنىڭ
ئورنىدىن يەنە يەر يۈزىنىڭ تۆت يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان
ھەم ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تۆت تال مۈڭگۈز ئۆسۈپ
چىقتى. [9] بۇ تۆت مۈڭگۈز ئىچىدىكى بىر مۈڭگۈزدىن يەنە بىر
كىچىك مۈڭگۈز ئۆسۈپ چىقتى. ئۇ بارغانچە چوڭىيىپ، جەنۇب،
شەرق ۋە گۈزەل ئىسرائىلىيە زېمىنىغا قاراپ، ئۆسۈپ باراتتى.
[10] ئۇنىڭ قۇدرىتى ئەرشتىكى ساماۋى قوشۇنغا زەربە بېرىشكە

يېتىپ باردى. ئۇ ھەتتا ساماۋى قوشۇندىكى بەزى يۇلتۇزلارنى ئۈرۈپ، يەرگە چۈشۈردى ۋە دەسسەپ چەيلىدى. [11] ئۇ ئەرشتىكى ساماۋى قوشۇننىڭ سەركەردىسى بولغان خۇدا بىلەن قارشىلىشىپ، ئۇنىڭغا قىلىنىدىغان كۈندىلىك قۇربانلىقلارنى توختاتتى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىنى بۇلغىدى.

[12] پەرۋەردىگارنىڭ خەلقى گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن مۈڭگۈزگە تاپشۇرۇلدى. شۇڭا كۈندىلىك قۇربانلىقلار توختىدى، ھەقىقەت ئاياغ ئاستى قىلىندى. كىچىك مۈڭگۈز ھەممە ئىشدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

[13] مەن ئىككى پەرىشتىنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم. بىرسى: «بۇ ۋەھىيدە دېيىلگەن ئىشلار قاچانغىچە داۋام ئېتەر؟ يىرگىنچلىك ئىشلار قاچانغىچە كۈندىلىك قۇربانلىقنىڭ ئورنىنى ئىگىلەر؟ ئەرشتىكى ساماۋى قوشۇن ۋە مۇقەددەس ئىبادەتخانا قاچانغىچە دەپسەندە بولار؟» دەپ سورىدى. [14] يەنە بىرى: «2300 كېچە ۋە كۈندۈزدىن كېيىن ئىبادەتخانا ئەسلىگە كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

## غايىبانە ئالامەتنىڭ تەبىرى

[15] مەن غايىبانە ئالامەتتە زاھىر بولغان بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەكچى بولدۇم. شۇ چاغدا تۇرقى ئادەمگە ئوخشايدىغان بىرسى ئالدىمدا پەيدا بولدى. [16] مەن تۇيۇقسىز: «جەبرائىل، بۇ غايىبانە ئالامەتتە زاھىر بولغان ئىشلارنىڭ مەنىسىنى بۇ ئادەمگە ئېيتىپ بەرگىن» دېگەن بىر ئاۋازنىڭ ئۇلاي قانىلىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلىدىم.

[17] جەبرائىل ئالدىمغا كەلدى. مەن قورقۇپ، يەرگە باش قويدۇم. ئۇ ماڭا:

– ئەي ئادەم بالىسى، شۇنى بىلگىنكى، بۇ غايىبانە ئالامەتتە زاھىر بولغان ئىشلار زامان ئاخىرىنىڭ بېشارىتىدۇر، – دېدى.

[18] ئۇ ماڭا گەپ قىلىۋاتقاندا، مەن يېشىمنى يەرگە قويدۇم ۋە ھوشۇمدىن كەتكەندەك بولۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا قولىنى تەگكۈزدى ۋە مېنى تۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

[19] ـ پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى كەلگەندىن كېيىن، نېمە ئىشلارنىڭ
يۈز بېرىدىغانلىقىنى ساڭا دەپ بېرەي. چۈنكى بۇ غايىبانە ئالامەتتە
زاھىر بولغان ئىشلار زامان ئاخىرىدىن بېشارەتتۇر. [20] سەن كۆرگەن
قوش مۈڭگۈزلۈك قوچقار مىدىيا ۋە پېرسىيە پادىشاھلىقلىرىنى
كۆرسىتىدۇ. [21] تېكە يۇنان پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى
كۆزى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ مۈڭگۈز بولسا يۇنان پادىشاھلىقىنىڭ
تۇنجى پادىشاھىدۇر. [22] سۇنۇپ كەتكەن بىر مۈڭگۈزنىڭ ئورنىنى
ئىگىلىگەن تۆت مۈڭگۈز بولسا، بۇ پادىشاھلىقتىن بۆلۈنۈپ
چىقىدىغان تۆت پادىشاھلىقتۇر. بۇلار ئالدىنقىسىدەك قۇدرەتلىك
بولمايدۇ. [23] بۇ تۆت پادىشاھلىقنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۇلارنىڭ
گۇناھلىرى چېكىدىن ئېشىپ، ياۋۇز، ھىيلىگەر بىر پادىشاھ
مەيدانغا كېلىدۇ. [24] ئۇ ناھايىتى قۇدرەت تاپىدۇ، ئەمما بۇ ئۆزىنىڭ
كۈچى بىلەن بولمايدۇ. ئۇ كۆپ ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ ۋە
ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. ئۇ
قۇدرەتلىكلەرنىمۇ، خۇدانىڭ تەقۋادارلىرىنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ. [25] ئۇ
ئىنتايىن ھىيلىگەر ۋە ھاكاۋۇردۇر. باشقىلار تەييارلىقسىز تۇرغاندا،
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا ئەڭ
قۇدرەتلىك پادىشاھ بولغان خۇداغىمۇ قارشى چىقىدۇ. بىراق ئۇ
ئاخىرى ۋەيران بولىدۇ، ئەمما ئىنساننىڭ قولى بىلەن بولمايدۇ.
[26] ساڭا دېيىلگەن كەچلىك ۋە ئەتىگەنلىك قۇربانلىقلار توغرىسىدىكى
بۇ ۋەھىي ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما ھازىر ئۇنى سىر ساقلا، چۈنكى
ئۇ ئەمەلگە ئاشقۇچە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ.
[27] مەن ماغدۇرسىزلىنىپ، بىرقانچە كۈن ئاغرىپ، يېتىپ قالدىم.
كېيىن يەنە پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە كەلدىم. ئەمما بۇ غايىبانە
ئالامەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەي، تېڭىرقاپ قالدىم.

## دانىيالنىڭ دۇئاسى

9 [1] مىدىيالىق ئاخاشۋېروشنىڭ ئوغلى دارىئوس بابىلغا
پادىشاھ بولدى. [2] ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ بىرىنچى
يىلى مەن دانىيال مۇقەددەس يازمىلاردىن پەرۋەردىگارنىڭ
يېرۇسالېمنىڭ ۋەيرانچىلىقتا يەتمىش يىل تۇرۇشى ھەققىدە

يەرەمىيا پەيغەمبەرگە ئېيتقان سۆزىنى ئوقۇدۇم. [3] شۇنىڭ
بىلەن مەن ئىگەم خۇداغا يۈزلىنىپ، روزا تۇتۇپ، ماتەملىك
كىيىم كىيىپ، كۈلگە مىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن دۇئا
قىلدىم. [4] دۇئايىمدا گۇناھلىرىمىزنى پەرۋەردىگارىم خۇداغا
ئىقرار قىلدىم:
«ئى پەرۋەردىگارىم خۇدا، سەن ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىكسەن! سېنى
سۆيگەن ۋە ئەمرلىرىڭگە ئىتائەت قىلغانلارغا مېھىر-مۇھەببەت
كۆرستىپ، ئەھدەڭدە تۇرىسەن. [5] بىز گۇناھ ئۆتكۈزدۇق ۋە
خاتالاشتۇق. بىز يامان يولدا ماڭدۇق، ساڭا ئاسىيلىق قىلدۇق،
سېنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىڭغا بويسۇنمىدۇق. [6] خىزمەتكارلىرىڭ
بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدۇق. ئۇلار سېنىڭ نامىڭ
بىلەن پادىشاھلىرىمىزغا، يولباشچىلىرىمىزغا، ئەجدادلىرىمىزغا
ۋە زېمىنىمىزدىكى بارلىق كىشىلەرگە سۆز قىلغانىدى.
[7] ئى ئىگەم، سەن ھەققانىيدۇرسەن. ئەمما بۈگۈن بىزنىڭ ساڭا
ئىتائەت قىلماسلىقىمىز سەۋەبىدىن بىز بارلىق ئىسرائىللارنىڭ،
يەنى يەھۇدىيە ۋە يېرۇسالېمدا ياشاۋاتقانلار ھەمدە سەن تەرەپتىن
يىراقتىكى يېقىن ۋە يىراقتا قوغلانغانلارنىڭ يۈزى نومۇستىن قىزارماقتا. [8] ئى
پەرۋەردىگار، بىز ۋە بىزنىڭ پادىشاھلىرىمىز، يولباشچىلىرىمىز
ۋە ئەجدادلىرىمىز سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىمىزدىن
نومۇس قىلماقتىمىز. [9] ئى ئىگىمىز خۇدا، بىز ساڭا ئاسىيلىق
قىلساقمۇ، سەن يەنىلا رەھىمدىل بولۇپ، بىزنى كەچۈردۈڭ. [10] ئى
پەرۋەردىگار، بىزنىڭ خۇدايىمىز، بىز ساڭا ئىتائەت قىلمىدۇق،
خىزمەتكارلىرىڭ بولغان پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق چۈشۈرگەن
قانۇنلىرىڭغا ئەمەل قىلمىدۇق. [11] بارلىق ئىسرائىللار سېنىڭ
قانۇنلىرىڭغا ئەمەل قىلمىدى ۋە يولۇڭدىن چەتنىدى. سۆزۈڭنى
ئاڭلاشنى رەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەتكارىڭ مۇسا
پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىدىكى قارغىشلار ۋە
قەسەملەر ئۆتكۈزگەن گۇناھىمىز سەۋەبىدىن بېشىمىزغا كەلدى.
[12] سەن بىزگە ۋە بىزنىڭ يولباشچىلىرىمىزغا قىلغان سۆزلىرىڭنى
ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتىڭ. سەن بىزگە زور بالا-قازا ياغدۇردۇڭ.
يېرۇسالېم دۇچ كەلگەن بالايىئاپەت ئەزەلدىن پۈتۈن ئالەمدە بولۇپ

باقمىغانىدى. [13] بۇ بالايىئاپەتلەر مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن
تەۋرات قانۇنىدا يېزىلغىنىدەك بېشىمىزغا كەلدى. ئەمما، ئى
پەرۋەردىگارىمىز خۇدا، بىز تېخى گۇناھلىرىمىزدىن يانمىدۇق،
ھەقىقىتىڭنى تونۇمىدۇق ۋە سەندىن شاپائەت تىلىمىدۇق. [14] شۇڭا
سەن بىزنى جازالىماقچى بولۇپ، بېشىمىزغا بۇ بالايىئاپەتنى
كەلتۈردۈڭ. سەن ھەقىقەتەن توغرا قىلدىڭ، چۈنكى بىز ساڭا
ئىتائەت قىلمىدۇق.
[15] ئى ئىگىمىز خۇدا، سەن ئۆز خەلقىڭنى قۇدرەتلىك قولۇڭ بىلەن
مىسىردىن ئېلىپ چىقتىڭ. شۇڭا سېنىڭ قۇدرىتىڭ بۈگۈنگە قەدەر
تىلغا ئېلىنار. بىز گۇناھ قىلدۇق ۋە خاتالاشتۇق. [16] ئى ئىگەم،
سەن بۇرۇن بىزگە رەھىمدىل بولغانىدىڭ، ھازىرمۇ رەھىمدىل
بولۇپ، غەزەپ-نەپرىتىڭنى ئۆز شەھىرىڭ يېرۇسالېمدىن، يەنى
مۇقەددەس تېغىڭدىن نېرى قىلغىن. چۈنكى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز
ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئەتراپىمىزدىكى ئەللەر
بىزنى، يەنى ئۆز خەلقىڭنى ۋە يېرۇسالېمنى مەسخىرە قىلماقتا.
[17] ئى خۇدا، پېقىرنىڭ دۇئاسى ۋە ئىلتىجايىغا قۇلاق سالغىن. ئى
ئىگەم، ۋەيران بولغان ئىبادەتخاناڭغا ئۆزۈڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن
دىدارىڭنىڭ نۇرىنى چاچقىن. [18] ئى خۇدايىم، ئىلتىجايىمغا قۇلاق
سالغىن. ئۈمىدسىز ھالىتىمىزنى، يەنى ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان
شەھەرنىڭ خارابە ھالىتىنى كۆرگىن. بىزنىڭ ھەق بولغانلىقىدىن
ئەمەس، بەلكى سېنىڭ بەك رەھىمدىل بولغانلىقىڭدىن سەندىن
تىلەۋاتىمىز. [19] ئى ئىگەم، زارىمىزنى ئاڭلىغىن، بىزنى ئەپۇ
قىلغىن! ئى ئىگىمىز، نالىمىزنى ئاڭلاپ، بىرەر تەدبىر قوللانغىن.
ئى خۇدايىم، ئۆز نامىڭ ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەت ئۆتكىن، چۈنكى
بۇ شەھەر ۋە خەلق ئۆزۈڭنىڭدۇر».

## جەبرائىلنىڭ بايانى

[20] مەن دۇئالىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، گۇناھلىرىمنى ۋە خەلقىم
ئىسرائىللارنىڭ گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلدىم. پەرۋەردىگارىم
خۇدادىن ئۇنىڭ مۇقەددەس تېغى يېرۇسالېم ئۈچۈن ئىلتىجا قىلدىم.
[21] كەچلىك قۇربانلىق ۋاقتىدا دۇئا قىلىۋاتاتتىم، ئالدىنقى ۋەھىيدە

كۆرگەن ئادەم، يەنى جەبرائىل ئالدىمغا ئۇچۇپ كەلدى. 22 ئۇ ماڭا
چۈشەندۈرۈپ، مۇنداق دېدى:
— دانىيال، مەن ساڭا چۈشەنچە بەرگىلى كەلدىم. 23 سەن دۇئا
قىلىشنى باشلىغان ۋاقتىڭدىلا ساڭا جاۋاب بېرىلىپ بولۇنغانىدى.
مەن شۇ جاۋابنى ساڭا يەتكۈزگىلى بۇ يەرگە كەلدىم، چۈنكى
خۇدا سېنى ئەزىز كۆردى. دىققەت قىلىپ ئاڭلىساڭلا، ۋەھىينىڭ
مەنىسىنى چۈشىنەلەيسەن.
24 خەلقىڭ ۋە مۇقەددەس شەھىرىڭنىڭ ئىتائەتسىزلىكىنى
ئاخىرلاشتۇرۇشى، گۇناھىنى يۇيۇشى، يامانلىقنى توختىتىشى،
مەڭگۈلۈك ئادالەت ئورنىتىشى، ۋەھىيدىكى بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە
ئېشىشى ۋە مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ پاكلىنىشى ئۈچۈن يەتمىش
كەررە يەتتە مەزگىل بېكىتىلدى. 25 شۇنى بىلىپ قويغىنكى،
يېرۇسالېمنى قايتا قۇرۇش بۇيرۇقى بېرىلگەندىن باشلاپ، تاكى
خۇدا تاللىغان پادىشاھ دۇنياغا كەلگۈچە، يەتتە كەررە يەتتىگە
قوشۇلغان 62 كەررە يەتتە مەزگىل ئۆتىدۇ. گەرچە ئۇ كۈنلەر
مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتسىمۇ، ئەمما يېرۇسالېم شەھىرى كوچا ۋە
خەندەكلىرى بىلەن قايتا قۇرۇلىدۇ.
26 بۇ ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خۇدا تاللىغان پادىشاھ
ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈدەك ئادەم قالمايدۇ.
ئاندىن كېيىن بىر ھۆكۈمران مەيدانغا كېلىپ، قوشۇنلىرى
بىلەن شەھەر ۋە ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلىدۇ. ئاقىۋىتى
خۇددى كەلكۈن كەلگەندەك بولىدۇ. ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ،
ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن تاكى بۇ دەۋر
ئاخىرلاشقۇچە داۋاملىشىدۇ. 27 ئۇ ھۆكۈمران كۆپ خەلقلەر
بىلەن يەتتە مەزگىللىك كېلىشىم تۈزىدۇ، ئەمما ۋاقىتنىڭ
يېرىمى ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قۇربانلىقلار ۋە ھەدىيەلەرنى
توختىتىدۇ. ئۇ ئىبادەتخانىغا ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان
يىرگىنچلىك بىر نەرسە ئورنىتىدۇ. پەرۋەردىگاردىن ئۇ
ھۆكۈمرانغا بېكىتىلگەن ئاخىرقى كۈن كەلگۈچە، بۇ نەرسە
شۇ يەردە تۇرىدۇ.

## پەرىشتىنىڭ دانىيالغا كۆرۈنۈشى

10 [1] پېرسىيە پادىشاھى كورەش ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 3-يىلى
بېلتشاززار دەپمۇ ئاتالغان دانىيالغا خۇدادىن بىر ۋەھيي
كەلدى. بۇ چوڭ بىر ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەقىقىي
بىر ۋەھيي ئىدى. دانىيال غايىبانە ئالامەتلەردىن ئۇنىڭ تەبىرىنى
كۆردى.
[2] ئۇ چاغدا مەن دانىيال ئۈچ ھەپتە ئازابتا يۈردۈم. [3] بۇ ئۈچ
ھەپتە ئىچىدە ئالاھىدە غىزالانمىدىم، يەنى گۆش يېمىدىم، شاراب
ئىچمىدىم ۋە خۇش پۇراق ماي ئىشلەتمىدىم.
[4] 1-ئاينىڭ 24-كۈنى مەن بۈيۈك دەجلە دەرياسىنىڭ بويىدا
ئىدىم. [5] ئۇ ۋاقىتتا مەن يۇقىرىغا قارىغانىدىم، ئۇچىسىغا
زىغىر رەختتىن تىكىلگەن لىباس ئارتقان، بېلىگە ساپ
ئالتۇن كەمەر باغلىغان بىرسىنى كۆردۈم. [6] ئۇنىڭ تېنى
سېرىق ياقۇتتەك جۇلالىنىپ، يۈزلىرى چاقماقتەك يالتىراپ
تۇراتتى. كۆزلىرى ئوتتەك چاقنايتتى. پۇت-قوللىرى پارقىراق
تۇچتەك ۋاللىدايتتى. ئاۋازى بىر توپ ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك
گۈلدۈرمامىلىق ئىدى.
[7] بۇ غايىبانە ئالامەتنى يالغۇز ئۆزۈملا كۆرگەنىدىم.
يېنىمدىكىلەر ھېچنېمە كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار
ۋەھىمىلىك ھېس قىلىپ، قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى.
[8] بۇ ئاجايىپ ئالامەتنى ئۇ يەردە ئۆزۈم يالغۇز كۆردۈم. تېنىم
ماغدۇرسىزلىنىپ، چىرايىمنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس
قىلدىم. پۇت-قولۇمدا جان قالمىغانىدى. [9] ئۇنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلىغان ھامان ھوشۇمدىن كەتكەندەك بولۇپ، يەرگە دۈم
چۈشتۈم. [10] تۇيۇقسىز بىر قول مېنى يۆلىدى، مەن تىزلىنىپ
تۇردۇم، ئەمما پۇت-قولۇم يەنىلا تىترەيتتى. [11] ئۇ ماڭا:
— ئەي دانىيال، خۇدا سېنى ئەزىز كۆرىدۇ! ئورنۇڭدىن تۇرۇپ،
سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا. مەن سېنىڭ يېنىڭغا ئەۋەتىلدىم،
— دېدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، تىترىگەن ھالدا ئورنۇمدىن
تۇردۇم. [12] ئۇ يەنە:
— ئەي دانىيال، قورقما! سەن غايىبانە ئالامەتنىڭ مەنىسىنى
چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتۇپ، خۇدادىن ئىلتىجا
قىلغىنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ئىلتىجايىڭنى ئاڭلىدى. مەن
سېنىڭ ئىلتىجايىڭغا بىنائەن بۇ يەرگە كەلدىم. [13] لېكىن
پېرسىيە پادىشاھلىقىنى قوغدايدىغان پەرىشتە① مېنى 21
كۈن توسۇۋالدى. مەن پېرسىيەدە يالغۇز بولغاچقا، مىكائىل
ئىسىملىك بىر باش پەرىشتە ماڭا ياردەم قىلدى. [14] مەن
كەلگۈسىدە خەلقىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىشلاردىن ساڭا
ئالدىن خەۋەر بەرگىلى كەلدىم. بۇ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان
ئىشلار توغرىسىدىكى غايىبانە ئالامەتتۇر، — دېدى.
[15] ئۇ ماڭا سۆزلەۋاتقاندا، مەن يەرگە تىكىلىپ قارىغىنىمچە زۇۋان
سۈرەلمەي تۇردۇم. [16] ئادەمگە ئوخشايدىغان بۇ پەرىشتە لەۋلىرىمنى
سىلاپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا:
— ھەزرىتىم، بۇ غايىبانە ئالامەتتىن ۋۇجۇدۇم تىترەپ، ماجالىم
قالمىدى. [17] پېقىر ھەزرىتىم بىلەن قانداقمۇ سۆزلىشەلەيمەن؟
ماغدۇرسىزلىنىپ، نەپەسىم ئۈزۈلدى، — دېدىم.
[18] ئۇ ماڭا يەنە بىر قېتىم قول تەگكۈزۈپ، تېنىمگە ماغدۇر
بەردى. [19] ئۇ ماڭا:
— خۇدا سېنى ئەزىز كۆرىدۇ، قورقما، خاتىرجەم بول، چىداملىق،
باتۇر بول! — دېدى.
ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ماڭا تېخىمۇ ماغدۇر كىردى. مەن:
— ھەزرىتىم، سىز ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت بەردىڭىز، ئەمدى
سۆزلەۋېرىڭ! — دېدىم. [20-21] ئۇ ماڭا:
— يېنىڭغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ مەن ساڭا
«ھەقىقەت يازمىلىرى»دىكى سۆزلەرنى ئېلىپ كەلدىم. مەن
قايتىپ بېرىپ، پېرسىيە پادىشاھلىقىنى قوغدايدىغان پەرىشتە

---

① 10: 13 پەرىشتە — پەرىشتىلەرنىڭ بىر قىسمى خۇدادىن يۈز ئۆرۈگەندى. ئۇلار شەيتاننىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى.

بىلەن جەڭ قىلىمەن. كېيىن يۇنان پادىشاھلىقىنى قوغدايدىغان
پەرىشتە مەيدانغا چىقىدۇ. ماڭا ئىسرائىلىيەنى قوغدايدىغان پەرىشتە
مىكائىلدىن باشقا ھېچكىم ياردەم بەرمەيدۇ.
11 [1] مىدىيالىق دارىئۇس ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 1-يىلى مەن باش
پەرىشتە مىكائىلغا ياردەم بېرىپ، ئۇنى قوغدىغانىدىم.

## جەنۇبىي ۋە شىمالىي پادىشاھلىقلار

[2] پەرىشتە يەنە مۇنداق دېدى:
— ئەمدى مەن ساڭا ھەقىقىي بولىدىغان ئىشلارنى ئېيتىپ
بېرەي. پېرسىيە پادىشاھلىقىغا يەنە ئۈچ پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق
قىلىدۇ. كېيىن تۆتىنچى پادىشاھ مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ باشقا
پادىشاھلارغا قارىغاندا ناھايىتى دۆلەتمەن بولىدۇ. ئۇ كۈچىيىپ،
قۇدرەت تاپقاندا، پۈتۈن خەلقنى يۇنان پادىشاھلىقىغا قارشى
جەڭ قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. [3] ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر كۈچلۈك
پادىشاھ مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ پۈتۈن ھوقۇقنى ئىگىلەپ، ئۆزى
خالىغىنىنى قىلىدۇ. [4] ئۇنىڭ پادىشاھلىقى ئەڭ قۇدرەت تاپقاندا،
پادىشاھلىق تۆتكە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. تەختىگە ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق
قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ تەختى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىنىپ،
باشقىلارغا بېرىلىدۇ. لېكىن پادىشاھلىقلار ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن
ۋاقىتتىكىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ.
[5] جەنۇبتىكى پادىشاھ ① قۇدرەت تاپىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ
سەركەردىلىرىنىڭ بىرى تېخىمۇ بەكرەك قۇدرەت تېپىپ، شىمالدىكى
پادىشاھلىقىقا ھۆكۈمران بولىدۇ، ئۇنىڭ كۈچى تېخىمۇ زور بولىدۇ.
[6] بىرنەچچە يىلدىن كېيىن شىمالدىكى پادىشاھ ② جەنۇبتىكى
پادىشاھ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالىدۇ.
لېكىن قىز ئوردىدا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قالالمايدۇ،
پادىشاھمۇ ئوردىدا ئۆزىنىڭ كۈچىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا قىز، قىز

① 11: 5 جەنۇبتىكى پادىشاھ — مىسىر پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ.
② 11: 6 شىمالدىكى پادىشاھ سۈرىيە پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ.

بىلەن بىرگە كەلگەنلەر، قىزنىڭ بالىسى ۋە قىزغا ياردەم بەرگەنلەر
خائىنلار تەرىپىدىن قەستكە ئۇچرايدۇ.
7 كېيىن قىزنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بىرى جەنۇبىي پادىشاھلىققا
پادىشاھ بولىدۇ. ئۇ شىمالىي پادىشاھلىقنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم
قىلىپ، قەلئەسىگە بېسىپ كىرىدۇ ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ.
8 ئۇ شىمالىي پادىشاھلىقتىكى ئىلاھلارنىڭ بۇتلىرىنى ۋە بۇتلارغا
ئاتالغان ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئولجا
ئېلىپ، مىسىرغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە
شىمالىي پادىشاھلىققا ھۇجۇم قىلمايدۇ. 9 كېيىن شىمالدىكى
پادىشاھ جەنۇبتىكى پادىشاھنىڭ زېمىنىغا باستۇرۇپ كېلىدۇ،
لېكىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 10 شىمالدىكى پادىشاھنىڭ
شاھزادىلىرى جەڭگە ھازىرلىنىپ، زور قوشۇن تەشكىللەيدۇ.
شاھزادىلەردىن بىرى جەنۇبىي پادىشاھلىقنىڭ قەلئەسىگە
كەلكۈندەك بېسىپ كېلىدۇ.
11 جەنۇبتىكى پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئۇ شىمالدىكى
پادىشاھقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ زور قوشۇنىنى ئەسىرگە ئالىدۇ.
12 جەنۇبتىكى پادىشاھ دۈشمەن قوشۇنىنى ئەسىرگە ئالغانلىقىدىن
مەغرۇرلىنىپ، تۈمەنلىگەن ئادەملەرنى قىرىپ تاشلايدۇ. بىراق
ئۇنىڭ غەلىبىسى ئۇزۇنغا بارمايدۇ.
13 بىرنەچچە يىلدىن كېيىن شىمالدىكى پادىشاھ بۇرۇنقىدىن
كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەپ، خىل قوراللانغان قۇدرەتلىك قوشۇنىنى
جەنۇبقا باشلاپ كېلىدۇ. 14 ئۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر جەنۇبتىكى
پادىشاھقا قارشى باش كۆتۈرىدۇ. ئەي دانىيال، سېنىڭ خەلقىڭنىڭ
ئىچىدىكى بەزى زوراۋانلارمۇ ئاسىيلىق قىلىپ، غايىلىرىنى
ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ، لېكىن ئۇلار مەغلۇپ بولىدۇ.
15 شىمالدىكى پادىشاھ جەنۇبىي پادىشاھلىققا تەۋە مۇستەھكەم بىر
شەھەرنىڭ سېپىلىگە توپا دۆۋىلەپ، ئۇنى بېسىۋالىدۇ. جەنۇبىي
پادىشاھلىقنىڭ قوشۇنى قارشىلىق قىلالمايدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ
ئەڭ خىل لەشكەرلىرىمۇ قارشىلىق قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ.
16 شىمالدىكى پادىشاھ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ، ھېچكىم

ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلالمايدۇ. ئۇ گۈزەل ئىسرائىلىيە زېمىنىنى
ئىگىلەيدۇ، ئۇنى ۋەيران قىلىش ئۇنىڭ قولىدا بولىدۇ.
17 شىمالدىكى پادىشاھ پۈتۈن قوشۇنىنى توپلاپ، جەنۇبىي
پادىشاھلىقىغا يۈرۈش قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ جەنۇبتىكى پادىشاھنى
يوقىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇنىڭغا
قىزىنى ياتلىق قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.
18 كېيىن شىمالدىكى پادىشاھ دېڭىز بويىدىكى خەلقلەرگە ھۇجۇم
قىلىپ، نۇرغۇن خەلقلەرنى بويسۇندۇرىدۇ. لېكىن ياقا يۇرتلۇق
بىر سەركەردە ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئۇنى نومۇسقا قالدۇرىدۇ.
19 شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوشۇنلىرى بىلەن زېمىنىدىكى ھەرقايسى
قەلئەلەرگە چېكىنىپ كېتىدۇ. كېيىن ئۇ ھالاكەتكە ئۇچراپ ئۆلىدۇ.
20 ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى پادىشاھلىقىنىڭ خەزىنىسىنى
بېيىتىش ئۈچۈن ئەمەلدار تەيىنلەپ، خەلقتىن ھەر تۈرلۈك ئالۋان-
سېلىقلارنى يىغىدۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي تەختكە ۋارىسلىق
قىلغۇچى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇ جەڭدە ئەمەس، سۈيىقەستتە ئۆلىدۇ.
21 شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئىپلاس ئادەم پادىشاھ بولىدۇ. ئۇنىڭ
تەخت ۋارىسى بولۇش ھوقۇقى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ باشقىلارنىڭ
تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ھىيلىگەرلىك قىلىپ،
پادىشاھلىقنى تارتىۋالىدۇ. 22 ئۇ ئۆزىگە قارشى چىققان قوشۇنلارنى،
جۈملىدىن باش روھانىينىمۇ يوقىتىدۇ. 23 كېلىشىم تۈزۈش
ئارقىلىق باشقا خەلقلەرنى ئالدايدۇ. گەرچە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر
ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بارغانسېرى قۇدرەت تاپىدۇ. 24 بايلىقى مول
يەرلەرگە تۇيۇقسىز تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ. ئۇ ئەجدادلىرىدىن
ھېچكىممۇ قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇ ئولجا ئالغان
مال-مۈلۈكلىرىنى ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ
قەلئەلەرگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۈنلىرى
ئۇزۇنغا بارمايدۇ.
25 ئۇ زور قوشۇن توپلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن جەنۇبتىكى
پادىشاھقا ھۇجۇم قىلىدۇ. جەنۇبتىكى پادىشاھمۇ قۇدرەتلىك
قوشۇنى بىلەن جەڭگە ئاتلىنىدۇ، ئەمما جەڭدە مەغلۇپ بولىدۇ.
چۈنكى ئۇ ئۆز ئىچىدە ھەر خىل سۈيىقەستكە ئۇچرايدۇ. 26 ئۇنىڭ

ئەڭ يېقىن ئادەملىرىمۇ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. لەشكەرلىرى
جەڭدە تارمار بولۇپ، كۆپىنچىسى ھالاك بولىدۇ. 27 كېيىن بۇ
ئىككى پادىشاھ بىر داستىخاندا تاماققا داخىل بولىدۇ. لېكىن ھەر
ئىككىلىسى بىر-بىرىنى ئالدايدىغان يامان نىيەتلەردە بولىدۇ.
ئەمما ئاقىۋىتى خۇدا بەلگىلىگەن ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان بولغاچقا،
ئۇلارنىڭ پىلانلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. 28 شىمالدىكى پادىشاھ
نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ، يۇرتىغا قايتىدۇ. لېكىن ئۇ مۇقەددەس
ئەھدىگە ئىشەنگۈچىلەرگە قارشى تۇرۇش نىيىتىگە كېلىدۇ. شۇڭا
ئۇ يولدا خالىغىنىنى قىلىپ، ئاندىن ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ.
29 بەلگىلەنگەن ۋاقىت كەلگەندە، شىمالدىكى پادىشاھ جەنۇبتىكى
پادىشاھقا يەنە ھۇجۇم قىلىدۇ. لېكىن بۇ قېتىمقى ئەھۋال
ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ. 30 كىتتىملىقلار[1]نىڭ كېمىلىرى ئۇنىڭغا
قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇ قورقۇپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.
شىمالدىكى پادىشاھ مۇقەددەس ئەھدىگە ئىشەنگۈچىلەرگە غەزەپ
قىلىش ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقىرىدۇ ۋە مۇقەددەس ئەھدىنى
تەرك ئەتكۈچىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ.
31 شىمالدىكى پادىشاھنىڭ قوشۇنلىرى مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا
باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ يەرنى بۇلغايدۇ. كۈندىلىك قۇربانلىقلارنى
توختىتىپ، «ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان يىرگىنچلىك نەرسە»نى
مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا قويىدۇ. 32 شىمالدىكى پادىشاھ مۇقەددەس
ئەھدىنى تەرك ئەتكۈچىلەرنى شېرىن-شېكەر سۆزلەر بىلەن
ئالداپ، يېنىغا تارتىدۇ. لېكىن خۇداغا ساداقەتمەنلەر قوزغىلىپ،
قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.
33 خەلق ئىچىدىكى دانا يولباشچىلار خەلققە تەلىم بېرىدۇ. لېكىن
مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جەڭدە ھالاك بولىدۇ،
بەزىلىرى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلىدۇ، بەزىلىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ ياكى
بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرايدۇ. 34 خۇدانىڭ خەلقى قىيىنچىلىق مەزگىلىدە
ئازغىنا ياردەمگە ئېرىشىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ سەپلىرىگە
قوشۇلغان بولىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپلىرى چىن نىيەتلىرى بىلەن

[1] 11: 30 رىملىقلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

قوشۇلمايدۇ. 35 بەزى دانا يولباشچىلار ئازاب چېكىدۇ، لېكىن ئۇلار
چەككەن ئازابلىرى ئارقىلىق تاۋلىنىدۇ، پاكلىنىدۇ ۋە قۇسۇرسىز
بولىدۇ. بۇ ئىش تاكى خۇدا بەلگىلىگەن كۈن كەلگۈچە داۋاملىشىدۇ.
36 پادىشاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئۇ تەكەببۇرلىشىپ، ئۆزىنى
«ھەرقانداق ئىلاھلاردىنمۇ ئۇلۇغمەن» دەپ ماختايدۇ. ھەتتا
ھەممە ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى بولغان پەرۋەردىگارغا قارشى سۆزلەپ،
كۇپۇرلۇق قىلىدۇ. ئۇ تاكى خۇدانىڭ غەزىپى كەلگۈچە داۋاملىق
شۇنداق قىلىدۇ. خۇدا ئۆزىنىڭ قارارلىرىنى ئۆزگەرتمەي، چوقۇم
ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. 37 ئۇ ئەجدادلىرى چوقۇنۇپ كەلگەن ئىلاھلارغىمۇ
ھۆرمەت قىلمايدۇ، ئاياللار ئەتىۋارلايدىغان ئىلاھنىمۇ كۆزگە
ئىلمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى ھەرقانداق ئىلاھتىن ئۇلۇغ دەپ قارايدۇ. 38 ئەمما
ئەجدادلىرى چوقۇنۇپ باقمىغان قورغانلار ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ. ئۇ بۇ
ئىلاھقا ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت ۋە باشقا قىممەتلىك سوۋغاتلارنى
تەقدىم قىلىدۇ. 39 ئۇ ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەنىنىڭ قورغانلىرىغا
ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە يات خەلقنىڭ ئىلاھىنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبە
قىلدىم دەپ ئويلايدۇ. ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغۇچىلارغا
شان-شەرەپ ۋە يۇقىرى مەرتىۋە ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنى يەر-زېمىن
بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.
40 زامان ئاخىرى بولغاندا جەنۇبتىكى پادىشاھ شىمالدىكى پادىشاھقا
ھۇجۇم قىلىدۇ. شىمالدىكى پادىشاھ جەڭ ھارۋىلىرى، ئاتلىق
لەشكەرلىرى ۋە كېمىلىرىنى ئىشلىتىپ، كۈچلۈك قايتۇرما زەربە
بېرىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى خۇددى كەلكۈندەك ھەممە يەرنى باسىدۇ.
ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بېسىۋالىدۇ. 41 ھەتتا گۈزەل ئىسرائىلىيە
زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ.
پەقەت ئېدوم، موئاب خەلقى ۋە ئاممونلارنىڭ رەھبەرلىرى قېچىپ
قۇتۇلىدۇ. 42 شىمالدىكى پادىشاھ نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ھۇجۇم
قىلغاندا، مىسىرمۇ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.
43 ئۇ مىسىرنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ۋە باشقا قىممەت باھالىق
بۇيۇملىرىنى تالان-تاراج قىلىدۇ. ئۇ لىۋىيەلىكلەر ۋە كۇشلارنى
بويسۇندۇرىدۇ. 44 كېيىن شەرق ۋە شىمالدىن كەلگەن خەۋەرلەر ئۇنى
ئالاقزادە قىلىدۇ. ئۇ غەزەپلىنىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەنلىرىنى

تەلتۆكۈس يوقىتىدۇ. [45] ئۇ دېڭىز بىلەن مۇقەددەس كۆركەم تاغ
ئارىسىغا شاھانە چېدىرلىرىنى تىكىدۇ. ئۇ شۇ يەردە جان بېرىدۇ،
ھېچكىم ئۇنى قۇتقۇزۇۋالالمايدۇ.

## زامان ئاخىرى

12 [1] پەرىشتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
– ئۇ چاغدا خەلقىڭنى قوغدىغۇچى باش پەرىشتە مىكائىل
مەيدانغا چىقىدۇ. ئاندىن خەلقىڭ ئاپىردە بولغاندىن بۇيان ھېچقاچان
بولۇپ باقمىغان ئاپەتلىك بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. لېكىن
خەلقىڭنىڭ ئىچىدىكى نامى ھاياتلىق دەپتىرىگە پۈتۈلگەنلەرنىڭ
ھەممىسى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. [2] قارا يەر باغرىدا ياتقانلارنىڭ
نۇرغۇنلىرى تىرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا
ئېرىشىدۇ. بەزىلىرى نومۇستا قېلىپ، مەڭگۈلۈك شەرمەندە بولىدۇ.
[3] دانا يولباشچىلار ئاسمان گۈمبىزىدەك نۇرلۇق بولىدۇ، كىشىلەرگە
توغرا يول كۆرسەتكەنلەر يۇلتۇزلاردەك مەڭگۈ پارلاپ تۇرىدۇ.
[4] ئەي دانىيال، سەن ئەمدى بۇ پۈتۈكنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تاكى
زامان ئاخىرىغىچە پېچەتلىۋەتكىن. نۇرغۇن كىشىلەر يۈز بەرمەكچى
بولغان ئىشلار ئۈستىدە يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىشىپ،
چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ.
[5] ئاندىن مەن دانىيال ئەتراپقا قارىسام، يەنە ئىككىيلەن تۇرۇپتۇ.
بىرى دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە، يەنە بىرى قارشى تەرىپىدە ئىكەن.
[6] ئۇلاردىن بىرى دەريانىڭ ئۈستىدە تۇرغان، زىغىر رەختتىن تىكىلگەن
لىباس ئارتقان ھېلىقى بىرىدىن:
– بۇ ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ ئاخىرلىشىدىغىنىغا قانچىلىك ۋاقىت
كېتىدۇ؟ – دەپ سورىدى.
[7] مەن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، مەڭگۈ ھايات
خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ: «بىر مەزگىل، ئىككى مەزگىل
ۋە يەنە يېرىم مەزگىل ① كېتىدۇ. خۇدانىڭ خەلقى ئۇچراۋاتقان بۇ

① 12: 7 «بىر مەزگىل، ئىككى مەزگىل ۋە يەنە يېرىم مەزگىل» – ئۈچ يېرىم
يىلنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

زىيانكەشلىك ئاخىرلاشقاندا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تۈگەيدۇ» دەپ
جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. [8] ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بولساممۇ،
ئەمما نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمىدىم. شۇڭا مەن:
— ھەزرىتىم، بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ — دەپ
سورىدىم. [9] ئۇ مۇنداق دېدى:
— ئەي دانىيال، سەن كېتىۋەرگىن، چۈنكى بۇ سۆزلەر زامان
ئاخىرىغىچە پېچەتلىنىپ، مەخپىي تۇتۇلىدۇ. [10] بۇ ئازابلار
ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەر تاۋلىنىدۇ، پاكلىنىدۇ ۋە قۇسۇرسىز
بولىدۇ. يامانلار چۈشەنمەي، يامانلىق قىلىۋېرىدۇ، پەقەت دانالار
چۈشىنىدۇ. [11] كۈندىلىك قۇربانلىقلارنى توختىتىپ، ۋەيرانچىلىق
ئېلىپ كېلىدىغان يىرگىنچلىك بىر نەرسە ئورنىتىلغان كۈندىن
باشلاپ 1290 كۈن ئۆتىدۇ. [12] ئاخىرغىچە سادىق بولۇپ، 1335 كۈن
ساقلىغانلار نەقەدەر بەختلىك-ھە! [13] ئەي دانىيال، سەن ئاخىرغىچە
سادىق بول، كېيىن ئالەمدىن ئۆتىسەن. زامان ئاخىرىدا ئىنئامىڭنى
ئالغىلى قايتا تىرىلىسەن.

# هوشیا


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | | |

# ھوشىيا

## ھوشىيانىڭ ئايالى ۋە بالىلىرى

1
1 يەھۇدىيەگە ئۇززىيا، يوتەم، ئاخاز ۋە خىزكىيالار ھۆكۈمرانلىق
قىلغان زامانلاردا ۋە ئىسرائىلىيەگە يەھوئاشنىڭ ئوغلى
ياروبىئام II پادىشاھ بولغان ۋاقىتلاردا، بەئەرىنىڭ ئوغلى ھوشىياغا
پەرۋەردىگاردىن ۋەھيي كەلگەندى.
2 پەرۋەردىگاردىن ھوشىياغا تۇنجى قېتىم ۋەھيي كەلگەن چاغدا،
پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا: «سەن بىر پاھىشەنى خوتۇنلۇققا ئالغىن.
ئۇ ساڭا باشقا ئەرلەردىن پەرزەنتلەر تۇغۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭغا
ئوخشاش، بۇ زېمىندىكى كىشىلەرمۇ مەن پەرۋەردىگاردىن يۈز
ئۆرۈپ، ساداقەتسىزلىك قىلماقتا» دېگەندى. 3 شۇنىڭ بىلەن
ھوشىيا دىبلايىمنىڭ قىزى گومەرگە ئۆيلەندى. گومەر ھامىلىدار
بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى.
4 پەرۋەردىگار ھوشىياغا مۇنداق دېدى:
— ئوغلۇڭغا «يىزرىئەل» دەپ ئىسىم قويغىن، چۈنكى پادىشاھ
يېھۇ بۇرۇن يىزرىئەلدە قان تۆككەن. مەن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ
خانىدانلىقىنى جازالايمەن، ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىنىمۇ ۋەيران
قىلىمەن. 5 ئۇ كۈن كەلگەندە، مەن يىزرىئەل تۈزلەڭلىكىدە
ئىسرائىلىيەنىڭ ئوقيالىرىنى سۇندۇرىمەن.
6 كېيىن گومەر يەنە ھامىلىدار بولۇپ، بىر قىز تۇغدى. پەرۋەردىگار
ھوشىياغا مۇنداق دېدى:
— قىزىڭغا «لو-رۇخاما» [مەنىسى «ئىچ ئاغرىتما»] دەپ
ئىسىم قويغىن. چۈنكى مەن ئەمدى ئىسرائىلىيە خەلقىگە ئىچ
ئاغرىتمايمەن، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرمەيمەن. 7 لېكىن مەن

يەھۇدىيە خەلقىگە ئىچ ئاغرىتمەن. مەن پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ خۇداسىدۇرمەن. مەن ئۇلارنى قۇتقۇزىمەن، ئۇلارنى ئۇرۇش، يەنى ئوقيا، قىلىچ، ئات ياكى ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز قۇدرىتىم بىلەن قۇتقۇزىمەن.

[8] گومەر لو-رۇخامانى ئەمچەكتىن چىقارغاندىن كېيىن، يەنە ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. [9] پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:

- ئوغلۇڭغا «لو-ئامى» [مەنىسى «خەلقىم ئەمەس»] دەپ ئىسىم قويغىن. چۈنكى سىلەر ئەمدى مېنىڭ خەلقىم ئەمەس، مەنمۇ سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار ئەمەس. [10] لېكىن شۇنداق بىر ۋاقىتلار كېلىدۇكى، ئىسرائىلىيە خەلقى خۇددى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇمدەك سان-ساناقسىز كۆپىيىدۇ. مەن بۇرۇن ئۇلارغا قەيەردە: «سىلەر مېنىڭ خەلقىم ئەمەس» دېگەن بولسام، يەنە شۇ يەردە ئۇلارغا: «سىلەر مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىدۇرسىلەر» دەيمەن. [11] ئۇ چاغدا ئىسرائىلىيە بىلەن يەھۇدىيە خەلقى بىرلىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە بىر يېتەكچى تەيىنلەيدۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتىدا گۈللىنىدۇ. يىزرىئەلنىڭ① زامانى بۈيۈك بىر زامان بولىدۇ.

2 [1] ئاكا-ئىنىڭلارنى «ئامى» [مەنىسى «مېنىڭ خەلقىم»]، ئاچا-سىڭلىڭلارنى «رۇخاما» [مەنىسى «ئىچ ئاغرىت»] دەپ چاقىرىڭلار.

## گومەر ۋە ساداقەتسىز ئىسرائىلىيەنىڭ ئەيىبلىنىشى

[2] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەيىبلەڭلار، ئاناڭلارنى ئەيىبلەڭلار!
ئۇ ئەمدى مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەس،
مەنمۇ ئۇنىڭ ئېرى ئەمەس.
يۈزىدىكى پاھىشلىك جىلۋىلىرىنى،
ئۆستىدىكى ئۇياتسىز كىيىملىرىنى يوقاتسۇن.
[3] بولمىسا مەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ،

---

① 1: 11 يىزرىئەل ـ «خۇدا تېرىيدۇ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، خۇدانىڭ ئىسرائىللارنى قايتىدىن گۈللەندۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنى ئاندىن تۇغما هالەتكە كەلتۈرىمەن.
خۇددى قومۇلۇقتەك قاقاس چۆلگە ئايلاندۇرۇپ،
ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقىتىپ ئۆلتۈرىمەن.
4 ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگىمۇ ئىچىمنى ئاغرىتمايمەن،
چۈنكى ئۇلار پاھىشەنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر.
5 ئۇلارنىڭ ئانىسى بۇزۇقچىلىق قىلىپ،
نومۇسسىزلارچە ئېغىر ئاياغ بولدى.
ئۇ: «مەن ئاشنىلىرىمنى ئىزدەيمەن،
ئۇلار ماڭا يېمەك-ئىچمىكىمنى، يۇڭ ۋە زىغىر رەختىمنى،
زەيتۇن يېغى ۋە شارابىمنى بېرىدۇ» دەيدۇ.
6 شۇڭا مەن پەرۋەردىگار ئۇنىڭ يولىنى تىكەن بىلەن
توسىمەن،
ئۇ يولىنى تاپالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىغا تام
قوپۇرىمەن.
7 ئۇ ئاشنىلىرىنى قوغلىسىمۇ، يېتىشەلمەيدۇ،
ئىزدىسىمۇ تاپالمايدۇ.
شۇڭا ئۇ: «بىرىنچى ئېرىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتەيچۇ،
بۇرۇنقى ئەھۋالىم هازىرقىدىن ياخشىراق ئىدى» دەيدۇ.
8 لېكىن ئۇ ئۆزىگە ئاشلىق، شاراب، زەيتۇن يېغى
ۋە ئالتۇن-كۈمۈش بەرگۈچىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى
بىلمىدى.
ئۇ بۇلارنى بۇت ئىلاھى بائالغا ئىشلەتتى.
9 شۇڭا ئورما ئورۇش ۋە شاراب چىقىرىش ۋاقتلىرى
كەلگەندە،
مەن ئاشلىق ۋە شارابلىرىمنى ئۇنىڭغا بەرمەيمەن.
ئۇنىڭغا كىيىم-كېچەك ئۈچۈن بەرگەن يۇڭ ۋە زىغىر
رەختلەرنى تارتىۋالىمەن.
10 ئاشنىلىرىنىڭ ئالدىدا كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، يالىڭاچ
قىلىپ قويىمەن.
هېچكىم ئۇنى قولۇمدىن قۇتقۇزالمايدۇ.
11 ئۇنىڭ خۇشال ئۆتكۈزىدىغان بارلىق بايراملىرىنى،

يەنى يېڭى يىل، يېڭى ئاي بايراملىرىنى،
باشقا بەلگىلەنگەن ھېيتلىرىنى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىنى
يوق قىلىمەن.
12 ئۇ: «ئۈزۈمزارلىقىمنى ۋە ئەنجۈرلۈكۈمنى ئاشنىلىرىم ماڭا
ھەق سۈپىتىدە بەرگەن» دەيدۇ.
شۇڭا مەن ئۇلارنى ۋەيران قىلىپ،
چاتقاللىقتا ئايلاندۇرىمەن،
باغلىرىنى ياۋايى ھايۋانلار يەيدۇ.
13 ئۇ بۇت ئىلاھى بائالغا ئاتاپ كۆجە كۆيدۈرگەن كۈنلەر
ئۈچۈن،
ئۇنى جازالايمەن.
ئۇ كۈنلەردە ئۇ ئۈزۈك ۋە زىبۇ-زىننەتلەرنى ئېسىپ،
ئاشنىلىرىغا دۈم چۈشۈپ، مېنى ئۇنتۇدى.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

14 شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۇنى قايتىدىن ئۆزۈمگە
قىزىقتۇرىمەن.
چۆلگە ئاپىرىپ، شېرىن سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى ئالىمەن.
15 ئۈزۈمزارلىقلىرىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىمەن،
«بالايىئاپەت جىلغىسى»نى «ئۈمىد دەرۋازىسى»غا
ئايلاندۇرىمەن.
ئۇ ياشلىقىدا مىسىردىن چىققان چاغدا، ماڭا ئەگەشكەندەك
ئەگىشىدۇ.

16 مەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەنكى،
ئۇ كۈن كەلگەندە، سەن مېنى «ئېرىم» دەپ چاقىرىسەن،
«خوجايىنىم» دەپ چاقىرمايسەن.
17 مەن سېنىڭ ئاغزىڭدىن بائالنىڭ ئىسمىنى يوقىتىمەن،
سەن ئۇنىڭ ئىسمىنى قايتا تىلغا ئالمايدىغان بولىسەن.
18 مەن ئۇ كۈن كەلگەندە ھايۋانلار،
قۇشلار ۋە ئۆمىلىگۈچى جانلىقلار بىلەن ئەھدە تۈزىمەن.

ئۇلار ساڭا چېقىلمايدۇ.
زېمىندىكى ئوقيا، قىلىچلارنى ۋەيران قىلىپ، ئۇرۇشلارنى
يوقىتىمەن،
سەن تىنچ، بىخەتەر ياشايسەن.
19 سېنى مەڭگۈلۈك ئەمرىمگە ئالىمەن.
مەن ساڭا ھەققانىيلىق، ئادىللىق، مۇھەببەت ۋە
شاپائىتىمنى كۆرسىتىمەن.
20 سېنى ئەمرىمگە ئالىمەن ۋە ساڭا ۋاپادار بولىمەن.
شۇندىلا سەن مەن پەرۋەردىگارنى تونۇيسەن.

21 مەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەنكى،
ئۇ كۈن كەلگەندە ئاسماننىڭ ئىلتىجاسىنى ئىجابەت
قىلىمەن،
ئاسمان زېمىننىڭ ئىلتىجاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ.
22 زېمىن ئاشلىق، شاراب ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن جاۋاب
بېرىدۇ.
بۇلار ‹يىزرىئەل› [مەنىسى خۇدا تېرىيدۇ] دەپ جاۋاب
قايتۇرىدۇ.
23 سېنى بۇ زېمىنغا ئۆزۈم ئۈچۈن تېرىيمەن.
مەن ‹ئىچ ئاغرىتما› دەپ ئاتالغانلارغا ئىچ ئاغرىتىمەن،
‹خەلقىم ئەمەس› دەپ ئاتالغانلارنى ئەمدى ‹مېنىڭ
خەلقىم› دەپ ئاتايمەن،
سەن مېنى: ‹سەن مېنىڭ خۇدايىم› دەپ ئاتايسەن.»

## ھوشيانىڭ گومەرگە قايتا كۆڭۈل بېرىشى

3 [1] پەرۋەردىگار مەن ھوشىياغا مۇنداق دېدى:
– سەن يەنە بىر قېتىم باشقا ئەرنى سۆيىدىغان زىناخور ئايالىڭغا كۆڭلۈڭنى بەرگىن. مەن پەرۋەردىگار خۇددى ئىسرائىلىيە خەلقىنى سۆيگەندەك، سەنمۇ ئۇنى سۆيگىن. گەرچە ئۇلار باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ، بۇتلارغا كىشمىش سۇنۇشنى ياخشى كۆرسىمۇ، مەن پەرۋەردىگار يەنىلا ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن.

[2] شۇڭا مەن ئايالىمنى 180 گىرام كۈمۈش ۋە 90 كىلو ئارپىغا سېتىۋالدىم. [3] ئاندىن ئۇنىڭغا:
— سەن مەن بىلەن بىر مەزگىل بىرگە تۇرىسەن، بۇ جەرياندا پاھىشىلىك قىلما، بىرەرمۇ ئەر كىشىگە يېقىنلاشما، مەنمۇ ساڭا يېقىنلاشمايمەن، — دېدىم.
[4] شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىسرائىلىيە خەلقىمۇ بىر مەزگىل پادىشاھسىز ۋە يېتەكچىسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇربانلىقىمۇ، بۇتىسمان تاش تۈۋرۈكلىرىمۇ، روھانىيلىق پەرتۇقىمۇ ۋە ئۆيلىرىدىكى بۇتلىرىمۇ يوق بولىدۇ. [5] شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىلىيە خەلقى نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنى تاللىغان پەرۋەردىگار خۇداغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى بولغان داۋۇتنىڭ ئەۋلادىغا يۈزلىنىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئىخلاسمەنلىك بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ يولىغا قايتىپ، شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلىيە خەلقىنى ئەيىبلىشى

4 [1] ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار!
ئۇ سىلەرنى، يەنى بۇ زېمىندا ياشاۋاتقانلارنى ئەيىبلەيدۇ.
بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان كىشىلەر ساداقەتسىز ۋە
مېھىر-مۇھەببەتسىزدۇر،
ئۇلار خۇدانى تونۇمايدۇ.
[2] سىلەر باشقىلارنى قارغايسىلەر، يالغان سۆزلەيسىلەر،
قاتىللىق، ئوغرىلىق ۋە زىنا قىلىسىلەر.
قان ئۇستىگە قان تۆكىسىلەر، گۇناھلىرىڭلارنىڭ چېكى
يوقتۇر.
[3] شۇڭا بۇ زېمىن ھازا تۇتماقتا.
بۇ زېمىندا ياشايدىغان بارلىق خەلق ئاجىزلىشىدۇ.
دالادىكى ياۋايى ھايۋانلار، ئاسماندىكى قۇشلار،
ھەتتا دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ يوقايدۇ.

[4] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

«ھېچكىم خەلقنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلمىسۇن،
ھېچكىم خەلقنى ئەيىبلىمىسۇن.
ئەي روھانىيلار، مېنىڭ ئەيىبلەيدىغىنىم سىلەردۇرسىلەر.
5 سىلەر مەيلى كۈندۈز ياكى كېچىدە بولسۇن پۇتلىشىسىلەر،
ساختا پەيغەمبەرمۇ سىلەر بىلەن بىرگە پۇتلىشىدۇ.
مەن سىلەرنىڭ ئاناڭلار بولغان ئىسرائىلىيەنى ۋەيران
قىلىمەن.
6 خەلقىم مېنى تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن ۋەيران بولىدۇ.
ئەي روھانىيلار، سىلەر مېنى تونۇشنى رەت قىلدىڭلار.
مەنمۇ سىلەرنىڭ مېنىڭ روھانىيلىرىم بولۇشۇڭلارنى رەت
قىلىمەن.
سىلەر مېنىڭ قانۇنلىرىمنى ئۇنتۇدۇڭلار،
مەنمۇ سىلەرنىڭ ئەۋلادىڭلارنى ئۇنتۇيمەن.
7 سىلەر كۆپەيگەنچە، ئۆتكۈزىدىغان گۇناھىڭلارمۇ
كۆپەيمەكتە،
شەرىپىڭلارنى نومۇسقا ئالماشتۇردۇڭلار.
8 سىلەر روھانىيلار خەلقىمنىڭ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىش
قۇربانلىقى بىلەن ئۆزۈڭلارنى سەمرىتتىڭلار.
شۇڭا خەلقنىڭ گۇناھ قىلىشىغا تەشنا بولدۇڭلار.
9 كەلگۈسىدە خەلقىم قانداق بولسا،
سىلەر روھانىيلارمۇ شۇنداق بولىسىلەر.
مەن ھەممىڭلارنى تۇتقان يوللىرىڭلارغا،
قىلغان قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالايمەن.
10 سىلەر يېسەڭلارمۇ تويمايسىلەر،
بۇتخانىلاردا زىنا قىلساڭلارمۇ، سانىڭلار كۆپەيمەيدۇ.
چۈنكى سىلەر مەن پەرۋەردىگاردىن يۈز ئۆرۈپ، بۇتلارغا
چوقۇندۇڭلار.

11 شارابخورلۇق خەلقىمنى ئەقىل-ئىدراكتىن مەھرۇم
قىلىدۇ.
12 خەلقىم ياغاچ بۇتلاردىن مەسلىھەت،

ياغاچ بۇيۇملاردىن تەلىم سورايدۇ.
خەلقىمنىڭ بۇتقا چوقۇنۇپ شەھۋانىيلىق قىلىشى ئۇلارنى
ئازدۇردى.
ئۇلار ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلدى.
13 ئۇلار تاغلاردا بۇتلارغا قۇربانلىق سۇنىدۇ،
تۆپىلىكلەردە كۆجە كۆيدۈرىدۇ.
ئادەمگە ھۇزۇر بېرىدىغان دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا،
يەنى دۇپ، تېرەك ۋە پىستە دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدا شۇنداق
قىلىشىدۇ.
شۇڭا ئۇلارنىڭ قىزلىرىمۇ ئۇ يەردە پاھىشىلىك قىلىدۇ،
كېلىنلىرىمۇ زىنا قىلىدۇ.
14 لېكىن مەن پاھىشە قىزلىرىنى جازالىمايمەن،
زىناخور كېلىنلىرىنى ئەدەپلىمەيمەن.
چۈنكى ئەرلەرمۇ پاھىشىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ،
بۇتخانىدىكى پاھىشىلەر بىلەن بىرلىكتە قۇربانلىق
سۇنىدۇ،
نادان خەلق ھامىنى ھالاك بولىدۇ.

15 ئەي ئىسرائىلىيەلىكلەر، سىلەر ماڭا ساداقەتسىزلىك
قىلدىڭلار،
لېكىن يەھۇدىيەلىكلەر ئۇنداق گۇناھنى سادىر قىلمىسۇن.
گىلگالغا ھېچكىم تاۋاپ قىلغىلى بارمىسۇن،
بەيتئاۋەنگىمۇ ئاياغ باسمىسۇن،
مەن پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەنمۇ قەسەم قىلمىسۇن.
16 ئىسرائىلىيەلىكلەر جاھىلدۇر،
ئۇلار ئىنەكتەك جاھىل تۇرسا،
مەن قانداقمۇ ئۇلارنى قوزىلارنى يايلاقلاردا باققاندەك
باقالايمەن؟
17 ئىسرائىلىيەلىكلەر بۇتقا مەستانە بولۇپ كەتتى،
ئۇلار ئۆز يولىدا مېڭىۋەرسۇن.
18 ئۇلار ئەيش-ئىشرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن،

بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىرى نومۇسسىزلىقتا ھەۋەس قىلىدۇ.
19 بوران ئۇلارنى سۈپۈرۈپ كېتىدۇ،
ئۇلار بۇتلارغا قىلغان قۇربانلىقلىرى سەۋەبىدىن نومۇسقا
قالىدۇ.»

## ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيە خەلقىنىڭ گۇناھلىرى

5 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي روھانىيلار، ئاڭلاڭلار!
ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار!
ئەي پادىشاھ جەمەتى، دىققەت قىلىڭلار!
سىلەرگە قارشى ھۆكۈم چۈشۈۋاتىدۇ.
چۈنكى بۇتپەرەسلىكىڭلار خەلققە مىزپاھتا قىلتاق،
تابور تېغىدا تور بولدى.
2 ئاسىيلار قىرغىنچىلىقتا تېخىمۇ ھېرىلىپ كەتتى.
لېكىن مەن ھەممىڭلارنى جازالايمەن.
3 مەن ئىسرائىلىيەنى ياخشى بىلىمەن،
ئۇلار ئۆزلىرىنى مەندىن يوشۇرالمايدۇ.
ئۇلار ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزلىرىنى بۇلغىدى.
4 ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۇلارنىڭ مېنىڭ يولۇمغا
قايتىشىغا توسالغۇ بولماقتا.
ساداقەتسىزلىك ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىگىلىگەندۇر.
ئۇلار مەن پەرۋەردىگارنى تونۇمايدۇ.
5 ئىسرائىلىيەنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ئۆزىگە قارشى گۇۋاھ بولىدۇ،
يەنى ئەفرايىم گۇناھلىرىغا پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ،
يەھۇدىيەمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يىقىلىدۇ.
6 ئۇلار كالا، قوي ۋە ئۆچكىلىرى بىلەن كېلىپ،
مەن پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق سۇنماقچى بولۇشىدۇ،
لېكىن ئۇلار مېنى تاپالمايدۇ.
چۈنكى مەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىم.
7 ئۇلار مەن پەرۋەردىگارغا ساداقەتسىزلىك قىلىپ،

ھارامدىن بالا تاپتى.
ئۇلارنىڭ يېڭى ئاي بايراملىرى ئۆزلىرىنى ئېتىزلىرى بىلەن بىرگە ۋەيران قىلىدۇ.

8 گىبئاھ شەھىرىدە بۇرغا، راماھ شەھىرىدە كاناي چېلىڭلار،
بەيتئاۋەندا ئۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇڭلار.
ئەي بىنيامىنلار، ھەممىدىن بۇرۇن جەڭگە ئاتلىنىڭلار!
9 ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، سىلەر جازا كۈنى خاراب بولىسىلەر!
مەن ئىسرائىلىيە قەبىلىلىرىگە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى جاكارلايمەن!
10 يەھۇدىيەنىڭ يېتەكچىلىرى خۇددى پاسىل تاشلىرىنى يۆتكىۋېتىدىغان ئادەملەرگە ئوخشايدۇ،
شۇڭا غەزىپىم خۇددى كەلكۈندەك ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىدۇ.
11 ئىسرائىلىيە بۇتپەرەسلىك يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن،
ھۆكۈمۈمگە مەھكۇم بولۇپ، زۇلۇمغا قالىدۇ.
12 مەن ئىسرائىلىيەنى كۈيە چۈشكەن كىيىمگە،
يەھۇدىيەنى پور ياغاچقا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن.
13 ئىسرائىلىيە ئۆزىنىڭ كېسىلىنى،
يەھۇدىيە ئۆزىنىڭ جاراھىتىنى كۆرگەندە،
ئىسرائىلىيە بېرىپ، كۈچلۈك ئاسسۇرىيە پادىشاھىدىن ياردەم سورايدۇ.
لېكىن ئاسسۇرىيە پادىشاھى ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالمايدۇ،
جاراھەتلىرىنىمۇ ساقايتالمايدۇ.
14 مەن ئىسرائىلىيەگە قارشى شىردەك،
يەھۇدىيەگە قارشى يىرتقۇچ شىردەك بولىمەن.
ئۇلارنى پارچە-پارچە قىلىۋېتىمەن.

مەن ئۇلارنى سۈرەپ ئېلىپ كەتكەندە، ھېچكىم ئۇلارنى
قۇتقۇزالمايدۇ.
15 ئۇلار گۇناھىنى تونۇپ، مېنى ئىزدىمىگۈچە، ئۇلاردىن
ئايرىلىپ تۇرىمەن.
ئۇلار ئازاب تارتقان كۈنلىرىدە مېنى چىن قەلبىدىن
ئىزدەيدۇ».

## تەۋبە قىلىشقا چاقىرىش

6 1 كېلىڭلار، بىز پەرۋەردىگارنىڭ يولىغا قايتايلى!
ئۇ بىزنى يارىلاندۇردى، لېكىن ئۇ يەنە ئۆزى بىزنى
ساقايتىدۇ.
ئۇ بىزگە زەربە بەردى، لېكىن ئۇ يارىلىرىمىزنى ئۆزى
تاڭىدۇ.
2 ئىككى كۈن ئۆتۈپلا ئۇ بىزنى قايتا ھاياتلىققا
ئېرىشتۈرىدۇ،
ئۈچىنچى كۈنى كەلگەندە، ئۇ بىزنى ئورنىمىزدىن دەس
تۇرغۇزىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ياشايمىز.
3 بىز پەرۋەردىگارنى تونۇيلى،
ئۇنى بىلىشكە ئىنتىلەيلى!
تاڭ ئېتىش مۇقەررەر بولغاندەك، ئۇ بىزگە مۇقەررەر ئايان
بولىدۇ.
زېمىنغا كۈز ۋە باھار يامغۇرلىرى چوقۇم ياغقاندەك، ئۇ
چوقۇم كېلىدۇ.

4 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، سىلەرگە قانداق مۇئامىلە
قىلاي؟
ئەي يەھۇدىيە خەلقى، سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلاي؟
سىلەرنىڭ مۇھەببىتىڭلار سەھەردىكى سۈس تۇمانغا
ئوخشايدۇ،

خۇددى شەبنەمدەك غايىب بولىدۇ.
5 شۇڭا مەن پەيغەمبەر ئارقىلىق سىلەرنى قاتتىق تەنقىد
قىلدىم،
سۆزلىرىم بىلەن سىلەرنى ئۆلتۈردۈم.
تاڭنىڭ ئېتىشى مۇقەررەر بولغىنىدەك مېنىڭ ھۆكۈملىرىم
چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.
6 قۇربانلىقنى ئەمەس، مەن رەھىمدىللىكنى ئىستەيمەن،
مەنكى خۇدانى تونۇش كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىشتىن
ئۈستۈن تۇرىدۇ.

7 لېكىن ئۇلار ئادامدا ئەھدىنى بۇزدى.
شۇ يەردە ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلدى.
8 گىلئاد رەزىللىككە تولغان، قانغا مىلەنگەن شەھەردۇر.
9 روھانىيلار خۇددى قاراقچىلاردەك كۈتۈپ تۇرىدۇ.
شەكەمگە ماڭغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، جىنايەت سادىر قىلىدۇ.
10 مەن ئىسرائىلىيەدە يىرگىنچلىك ئىشلارنى كۆردۈم،
ئىسرائىلىيە ماڭا ساداقەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزىنى بۇلغىدى.
11 ئەي يەھۇدىيە، سىلەر ئۈچۈنمۇ مەن بىر جازا كۈنىنى
بېكىتتىم.»

## ئىسرائىلىيەنىڭ گۇناھلىرى

پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ھەر قېتىم خەلقىمنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى،
7
1 ئىسرائىلىيەلىكلەرنى داۋالىماقچى بولغىنىمدا،
ئەفرايىمنىڭ گۇناھلىرى، سامارىيەنىڭ رەزىللىكلىرى
ئاشكارىلىنىپ قالدى.
ئۇلار ئالدامچىلىق قىلىدۇ.
ئۆيلەرگە ئوغرىلىققا كىرىدۇ، كوچىلاردا قاراقچىلىق
قىلىدۇ.
2 لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن رەزىللىكلىرىنى ئېسىمدە
تۇتىدىغانلىقىمنى ئويلىمايدۇ.

ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرى ئۆزلىرىنى قورشاۋغا ئالىدۇ.
ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى دائىم ئالدىمدا ئاشكارىدۇر.

3 ئۇلار رەزىللىكلىرى بىلەن پادىشاھنى،
يالغانچىلىقلىرى بىلەن ئەمەلدارلارنى خۇش قىلىدۇ.
4 ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىناخور بولۇپ،
ئۇلار خۇددى تونۇردىكى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتقا
ئوخشايدۇ.
خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، ئېچىپ تەييار بولغۇچە،
ناۋاينىڭ تونۇرغا يەنە ئوت سېلىشى كېرەك بولمايدۇ.
5 پادىشاھ زىياپەت بەرسە،
ئەمەلدارلىرى قاتتىق مەست بولۇشۇپ،
رەزىللەر بىلەن تىل بىرىكتۈرىدۇ.
6 ئۇلارنىڭ قەلبى تونۇرغا ئوخشار، ئۇنىڭدا سۇيىقەست
كۆيەر.
ئۇلارنىڭ غەزىپى خۇددى ئوتتەك تونۇردا كېچىچە كۆيەر.
تاڭ ئېتىشى بىلەن پارتلاپ چىقار.
7 ئۇلارنىڭ غەزىپى خۇددى تونۇردىكى ئوتقا ئوخشاش
پادىشاھلىرىنى يۇتۇپ كېتەر.
شۇنچە كۆپ پادىشاھلىرى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلسىمۇ،
ھېچكىم مەندىن ياردەم سورىمىدى.

8 ئىسرائىلىيەلىكلەر يات خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ،
خۇددى بىر يۈزى پىشمىغان نانغا ئوخشاپ قالدى.
9 يات خەلقلەر ئۇلارنىڭ كۈچىنى قۇرۇتتى،
لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز.
چاچلىرى ئاقارسىمۇ، يەنىلا بۇنى ھېس قىلمايدۇ.
10 ئىسرائىلىيە خەلقىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ئۆزلىرىگە قارشى
گۇۋاھ بولىدۇ.
شۇنداقتىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنى تاللىغان مەن
پەرۋەردىگار خۇدانىڭ يولىغا قايتمايدۇ

ھەم مەن خۇدانى تونۇشقا ئىنتىلمەيدۇ.

11 ئىسرائىلىيە خەلقى خۇددى پاختەكتەك ئەقىلسىز ۋە
دۆتتۇر.
ئۇلار بىر دەم مىسىردىن ياردەم سورىسا،
بىر دەم ئاسسۇرىيەگە ئۇچىدۇ.
12 ئۇلار ئۇچقاندا، مەن ئۇلارغا تور يايىمەن.
خۇددى ئاسماندىكى قۇشلارنى تۇتقاندەك، ئۇلارنى
تۇتىمەن.
ئۇلارنىڭ توپلاشقانلىقىنى ئاڭلىسام، ئۇلارنى جازالايمەن.
13 ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! چۈنكى ئۇلار مەندىن ۋاز كەچتى.
ئۇلار ھالاك بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار مەندىن يۈز ئۆرۈدى!
مەن ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنى خالايمەن،
لېكىن ئۇلار مەن ھەققىدە يالغان گەپ قىلىشىدۇ.
14 ئۇلار چىن دىلىدىن ماڭا ئىلتىجا قىلىشمايدۇ،
پەقەت تۆشەكلىرىدە يېتىشىپ يىغا-زار قىلىشىدۇ.
ئۇلار مەندىن ۋاز كېچىپ،
ساختا ئىلاھلىرىدىن ئاشلىق، شاراب تىلەپ، بەدەنلىرىنى
تىلىشىدۇ.
15 مەن ئۇلارنى تەربىيەلەپ، بىلەكلىرىنى كۈچلۈك قىلدىم،
لېكىن ئۇلار ماڭا قارشى يامانلىق ئويلايدۇ.
16 ئۇلار ماڭا، يەنى مەن ئۇلۇغ خۇدانىڭ يولىغا قايتىشنى
خالىمايدۇ.
ئۇلار خۇددى كېرەكسىز يادەكتۇر.
ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقان ئەسەبىي
سۆزلىرى سەۋەبىدىن قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ
ۋە مىسىرلىقلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ.»

## ئىسرائىلىيەنىڭ ئەھدىنى بۇزۇشى

8 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«بۇرغا چالغىن!

دۈشمەن مېنىڭ خەلقىمگە خۇددى بۈركۈتتەك ھۇجۇم
قىلىدۇ.
چۈنكى بۇ خەلق مېنىڭ ئەھدەمنى بۇزۇپ،
قانۇنلىرىمغا خىلاپلىق قىلدى.
2 ئىسرائىلىيەلىكلەر مەندىن:
‹ئى خۇدايىم، بىز سېنى تونۇدۇق› دەپ نىدا قىلىدۇ.
3 لېكىن ئۇلار نېمە ياخشى بولسا، شۇنى رەت قىلىدۇ.
شۇڭا دۈشمەنلەر ئۇلارنى قوغلايدۇ.
4 ئۇلار مەندىن سورىماستىن پادىشاھلارنى تىكلىدى،
ماقۇللۇقۇمنى ئالماستىن ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى.
ئۇلار ئالتۇن، كۈمۈشتىن بۇت ياساپ، ئۆزلىرىنى ھالاك
قىلىدىغان بولدى.
5 سامارىيەلىكلەرنىڭ بۇ موزاي بۇتىنى رەت قىلىمەن،
ئۇلارغا غەزىپىم ئوت بولۇپ يانىدۇ.
ئۇلار يەنە قاچانغىچە ناپاك ياشايدۇ؟
6 بۇ موزاي بۇتنى ئىسرائىلىيەلىك ئۇستىلار ياسىغان،
ئۇ ئىلاھ ئەمەستۇر.
سامارىيەدە چوقۇنۇلغان بۇ بۇت پارە-پارە قىلىۋېتىلىدۇ.

7 ئىسرائىلىيەلىكلەر شامال تېرىپ، بوراندىن ھوسۇل ئالىدۇ.
ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرى دان تۇتمايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇن
چىقمايدۇ.
ھوسۇل ئالغان تەقدىردىمۇ، ھوسۇلنى يات خەلقلەر
يەيدۇ.
8 ئىسرائىلىيە يۇتۇۋېلىندى،
ئۇ باشقا ئەللەر ئارىسىدا كېرەكسىز قاچا-قۇچىغا ئوخشاپ
قالدى.
9 ئۇلار خۇددى ئىگىسىز ياۋايى ئېشەكتەك،
ئاسسۇرىيەگە بېرىپ، ئۇلاردىن ياردەم تىلىدى.
ئىسرائىلىيە خەلقى ئۆزلىرىنى ئاشنىلىرىغا ساتتى.

10 گەرچە ئىسرائىلىيە ئۆزلىرىنى باشقا ئەللەرگە ساتقان
بولسىمۇ،
مەن ئەمدى ئۇلارنى يىغىپ، بىراقلا جازالايمەن.
ئۇلار كۈچلۈك پادىشاھنىڭ زۇلۇمىدا ئازابلىنىدۇ.
11 ئىسرائىلىيە خەلقى گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن نۇرغۇن
قۇربانلىق سۇپىلىرىنى ياسىدى،
لېكىن بۇ قۇربانلىق سۇپىلىرى ئۇلارنىڭ گۇناھ قىلىش
ماكانى بولۇپ قالدى.
12 مەن ئۇلارغا شۇنچە كۆپ قانۇنلارنى بەلگىلىدىم،
لېكىن ئۇلار بۇ قانۇنلارنى غەلىتە ھېس قىلىپ، رەت
قىلدى.
13 ئۇلار ماڭا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ، گۆشلىرىنى ئۆزلىرى
يېيىشتى.
لېكىن مەن پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ بۇ قۇربانلىقلىرىنى
قوبۇل قىلمايمەن.
مەن ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى ئېسىمدە تۇتۇپ، ئۇلارنى
جازالايمەن.
مەن چوقۇم ئۇلارنى مىسىرغا قايتۇرۇۋېتىمەن.
14 ئىسرائىلىيە خەلقى ئۆزلىرىنى ئاپىرىدە قىلغان ئىگىسىنى
ئۇنتۇپ قالدى،
كۆپلەپ سارايلارنى قۇردى.
يەھۇدىيە خەلقىمۇ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى
مۇستەھكەملىدى.
لېكىن مەن ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە قورغانلىرىنى كۆيدۈرۈپ
تاشلايمەن.»

## ئىسرائىلىيەگە جازا كۈنىنىڭ كېلىشى

9 1 ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، خۇشال بولماڭلار،
يات ئەللەردەك خۇشال بولۇپ كەتمەڭلار!
سىلەر ئېرىڭگە ساداقەتسىزلىك قىلغان پاھىشىگە ئوخشاش
خۇدايىڭلارغا ساداقەتسىزلىك قىلدىڭلار.

ئالغان ھوسۇلۇڭلارنى بائال ئاتا قىلدى دەپ بىلدىڭلار.
2 لېكىن سىلەر ئاشلىقىڭلارنى ئۆزۈڭلار يېيەلمەيسىلەر ۋە
شەربىتىڭلارنى ئۆزۈڭلار ئىچەلمەيسىلەر،
شارابىڭلارمۇ بولمايدۇ.
3 ئەمدى سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ زېمىنىدا قالالمايسىلەر.
سىلەر مىسىرغا قايتىسىلەر
ھەم ئاسسۇرىيەدە ھارام يېمەكلىكلەرنى يەيسىلەر.
4 سىلەر ئەمدى پەرۋەردىگارغا ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى
سۇنالمايسىلەر.
سۇنغان قۇربانلىقلىرىڭلاردىنمۇ پەرۋەردىگار خۇرسەن
بولمايدۇ.
قۇربانلىقلىرىڭلارنى كىم يېسە، شۇ مۇسىبەت بولغان
ئائىلىنىڭ تامىقىنى يېگەنگە ئوخشاش ناپاك بولىدۇ.
سىلەرنىڭ قۇربانلىقىڭلار بىلەن پەقەت ئاچلىقنى
بېسىشقىلا بولىدۇ،
لېكىن ئۇلارنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئېلىپ
كىرىشكە بولمايدۇ.

5 ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، پەرۋەردىگار بەلگىلىگەن ھېيت-
بايرام كۈنلىرى نېمىمۇ قىلارسىلەر؟
6 سىلەر ئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلساڭلارمۇ،
مىسىر بەربىر سىلەرنى بىر يەرگە توپلايدۇ،
نوپ شەھىرى سىلەرنى يەرگە كۆمىدۇ.
كۆمۈشلىرىڭلار ئازغاننىڭ ئارىسىدا قالىدۇ،
چېدىرىڭلارنى تىكەنلەر بېسىپ كېتىدۇ.
7 جازا كۈنى كېلىشكە ئاز قالدى،
جازالىنىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى!
ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، بۇنى بىلىڭلار.
سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار ئېغىر،
قەلبىڭلار ئۆچمەنلىككە تولغاندۇر.
سىلەر: «پەيغەمبەرلەر ھاماقەت،

پەرۋەردىگاردىن ۋەھىي كەلگەن ئادەملەر ساراڭ» دەيسىلەر.
8 پەيغەمبەرلەر خۇدانىڭ ئىسرائىلىيە خەلقى ئۈچۈن
ئەۋەتكەن كۆزەتچىلىرىدۇر.
لېكىن ئۇلار قەيەرگە بارسا، شۇ يەردە ئۇلارنىڭ يولىغا
تۇزاق قۇرۇلدى.
ئۇلار خۇدانىڭ خەلقىنىڭ ئارىسىدا ئۆچمەنلىككە دۇچار
بولدى.
9 ئىسرائىلىيە خەلقىنىڭ گىبئاھتىكى بۇرۇنقى چاغلىرىغا
ئوخشاش گۇناھى چېكىدىن ئاشتى.
خۇدا ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى ئېسىدە ساقلاپ،
ئۇلارنى گۇناھلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ.

10 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن دەسلەپ ئىسرائىللارنى تاپقاندا،
خۇددى چۆللۈكتە ئۈزۈم تاپقاندەك بولغانىدىم،
ئەجدادلىرىڭلارنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە،
خۇددى ئەنجۈر دەرىخىدىكى تۇنجى پىشقان ئەنجۈرلەرنى
كۆرگەندەك بولغانىدىم.
لېكىن ئۇلار بائال-پېئورغا كەلگەندە،
ئۆزلىرىنى ئادەمنى نومۇس قىلدۇرىدىغان بۇتقا بېغىشلاشقا
باشلىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن ئاشۇ بۇتقا
ئوخشاش يىرگىنچلىك بولۇپ قالدى.

11 ئەمدى ئىسرائىلىيەنىڭ شەرىپى خۇددى قۇشتەك ئۇچۇپ
كېتىدۇ،
ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بالا تۇغالمايدۇ، قورساق كۆتۈرەلمەيدۇ،
ھەتتا ھامىلىدارمۇ بولالمايدۇ.
12 گەرچە ئۇلار بالا چوڭ قىلسىمۇ،
لېكىن مەن ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىمەن، بىرسىنىمۇ تىرىك
قالدۇرمايمەن.

مەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي!
13 مەن ئىسرائىلىيەنى كۆرگەندە،
ئۇ تىر شەھىرىگە ئوخشاش، ناھايىتى گۈزەل جاي ئىدى.
لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ.»

14 ئى پەرۋەردىگار، ئۇلارغا بەرگىن،
قانداق جازانى خالىساڭ، شۇنى بەرگىن.
ئۇلارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتسۇن، ئەمچەكلىرى قۇرۇپ
كەتسۇن.

15 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇلارنىڭ گىلگالدا قىلغان رەزىللىكلىرى ئۈچۈن
مەن ئۇلارغا شۇ يەردە نەپرەتلىنىشكە باشلىدىم.
ئۇلارنىڭ قىلغان يامانلىقلىرى تۈپەيلىدىن،
ئۇلارنى زېمىنىمدىن قوغلاپ چىقىرىمەن.
ئۇلارنى ئەمدى ياخشى كۆرمەيمەن.
ئۇلارنىڭ بارلىق يېتەكچىلىرى ئاسىيلاردۇر.
16 ئىسرائىلىيەلىكلەر زەربىگە ئۇچرايدۇ،
ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ،
ئەمدى مېۋە بەرمەيدۇ.
گەرچە پەرزەنت يۈزى كۆرگەن تەقدىردىمۇ،
مەن ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك بالىلىرىنى ئۆلتۈرىمەن.»

17 خۇدايىم ئۇلارنى چوقۇم رەت قىلىدۇ،
چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىدى.
ئۇلار چوقۇم يات ئەللەردە سەرگەردان بولىدۇ.

10
1 ئىسرائىلىيە بۈك-باراقسان ئۈزۈمزارلىق ئىدى.
ئۈزۈمدىن شۇنچە كۆپ ھوسۇل ئالاتتى.
ئىسرائىلىيەلىكلەر ئۈزۈمدىن قانچە كۆپ ھوسۇل ئالغانچە،
بۇتلىرى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ قۇربانلىق سۇپىلىرىنى
ياسىدى.

يېرىدىن چىققان مەھسۇلاتلىرى قانچە مول بولغانسېرى،
ئۇلار بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلەرنى شۇنچە بېزىدى.
2 ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھىيلىگە تولغاندۇر، ئەمدى ئۇلار
جازالىنىشى كېرەك.
پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ بۇتلىرى ئۈچۈن ياسىغان قۇربانلىق
سۇپىلىرىنى ۋەيران قىلىدۇ،
بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلىرىنىمۇ چېقىپ تاشلايدۇ.
3 ئۇ چاغدا ئۇلار:
«بىز پەرۋەردىگارغا ھۆرمەت قىلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن،
بىزنىڭ پادىشاھىمىز يوق.
پادىشاھىمىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بىزگە نېمە قىلىپ
بېرەتتى؟» دەيدۇ.
4 ھەقىقەتەن پادىشاھلار يالغان گەپ قىلىدۇ، يالغان قەسەم
قىلىدۇ، يالغاندىن ئىتتىپاق تۈزىدۇ.
شۇڭا ئېتىزلاردا زەھەرلىك چۆپلەر كۆپىيىپ كەتكەندەك،
دەۋالارمۇ كۆپىيىپ كەتتى.
5 سامارىيەلىكلەر بەيتئاۋەندىكى موزاي بۇتتىن ئەنسىرەيدۇ،
موزاي بۇتقا چوقۇنغانلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتىدۇ.
بۇتپەرەس روھانىيلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايدۇ.
موزاي بۇتنىڭ شان-شەرىپىدىن خۇرسەن بولغانلار ھازا
تۇتىدۇ،
چۈنكى ئۇ بۇت ئۇلاردىن ئايرىلىدۇ.
6 ئۇ ئاسسۇرىيەگە ئېلىپ بېرىلىپ،
قۇدرەتلىك ئاسسۇرىيە پادىشاھىغا سوۋغا قىلىنىدۇ.
ئەفرايىم شەرمەندە بولىدۇ،
ئىسرائىلىيە ئۆمىدىنى بۇتقا باغلىغانلىقى ئۈچۈن نومۇستا
قالىدۇ.
7 سامارىيەنىڭ پادىشاھى ھالاك بولىدۇ،
ئۇ خۇددى سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن قۇرغاق شاختەك
غايىب بولىدۇ.

8 ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ گۇناھ سادىر قىلغان
سەجدىگاھلىرى ۋەيران قىلىنىدۇ.
ئۇلارنىڭ قۇربانلىق سۇپىلىرىنى تىكەن ۋە ئازغان بېسىپ
كېتىدۇ.
ئىسرائىلىيەلىكلەر تاغلارغا: «بىزنى بېسىڭلار!»،
ئېدىرلارغا: «ئۈستىمىزگە غۇلاڭلار» دەپ ئۆتۈنىدۇ.

9 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي ئىسرائىلىيەلىكلەر، گىبئاھتا بولغان ۋاقتتىن بۇيان
گۇناھ قىلىپ كەلدىڭلار، پەقەت ئۆزگەرمىدىڭلار.
ئەجەبا ئۇرۇش بالاسى قايتىدىن گىبئاھقا كەلمەسمۇ؟!
10 مەن خالىغان ۋاقتىمدا سىلەرنى جازالايمەن.
ئەللەر بىرلىشىپ، سىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ.
قوش گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى جازالايدۇ.
11 ئەفرايىم ئۆگىتىلگەن ئىنەكتۇر، خامان تېپىشنى ياخشى
كۆرىدۇ.
مانا ئەمدى ئۇنىڭ گۈزەل بوينىغا بويۇنتۇرۇق سالىمەن.
يەھۇدىيەنى سوقىغا قېتىپ، ياقۇپنى سۆرەمىگە سالىمەن.
12 سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ھەققانىيلىق ئۇرۇقىنى تېرىڭلار،
ئۇنىڭدىن مېھىر-مۇھەببەت ھوسۇلى ئېلىڭلار.
قەلب ئېتىزىڭلارنى يۇمشىتىڭلار.
ھازىر سىلەرگە مەن پەرۋەردىگارىڭلارنى ئىزدەش ۋاقتى
كەلدى.
مەن كېلىپ، ئۈستۈڭلارغا ھەققانىيلىقنىڭ يامغۇرىنى
ياغدۇرىمەن.
13 لېكىن سىلەر رەزىللىك تېرىپ،
ئادالەتسىزلىكتىن ھوسۇل ئالدىڭلار،
يالغانچىلىقنىڭ مېۋىسىنى يېدىڭلار.
سىلەر ئۆزۈڭلار ئىشەنگەن يولۇڭلاردا ماڭدىڭلار
ۋە لەشكەرلىرىڭلارنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشەندىڭلار.
14 شۇڭا ئۇرۇش چۇقانلىرى سىلەردىن ئاڭلىنىدۇ،

بارلىق قەلئەلىرىڭلار ۋەيران بولىدۇ.
خۇددى پادىشاھ شالمان بەيت-ئاربەلنى ئۇرۇشتا ۋەيران
قىلغاندەك ۋەيران بولىدۇ.
ئۇ چاغدا ئانىلار بوۋاقلىرى بىلەن بىرگە يەرگە ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈلىدۇ.
15 ئەي بەيتەللىكلەر، سىلەرمۇ ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار
بولىسىلەر،
چۈنكى رەزىللىكىڭلار چېكىدىن ئاشتى.
شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇ، ئۇ كۈن تاڭ ئاتقاندا
ئىسرائىلىيە پادىشاھى پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ.»

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلىيەنى كەچۈرۈشى

11 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئىسرائىل خەلقىنى بالا ۋاقتىدا سۆيدۈم.
ئوغلۇمنى مىسىردىن مەن چاقىردىم.
2 مەن خەلقىمنى قانچە چاقىرغانچە، ئۇلار مەندىن شۇنچە
يىراقلاشتى.
بائالغا قۇربانلىق قىلىپ، بۇتلارغا كۈجە كۆيدۈردى.
3 ئىسرائىلىيەگە مېڭىشنى ئۆگەتكىنى مەن ئىدىم.
مەن ئۇلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ يېتەكلىدىم.
ئۇلار شىپالىق بەرگەنلىكىمنى بىلمىدى.
4 مەن ئۇلارنى مېھرىبانلىق ئارغامچىسى
ۋە مۇھەببەت يىپى بىلەن يېتەكلىدىم.
ئۇلارنىڭ بويىندىكى بويۇنتۇرۇقنى بوشىتىپ،
ئۇلارغا غىزا بېرىش ئۈچۈن ئېگىلدىم.

5 لېكىن ئۇلار مىسىرغا قايتۇرۇلىدۇ،
ئاسسۇرىيە ئۇلارنى باشقۇرىدۇ.
چۈنكى ئۇلار مېنىڭ يولۇمغا قايتىشنى رەت قىلدى.
6 قىلىچ ئۇلارنىڭ شەھىرىگە باستۇرۇپ كېلىدۇ
ۋە شەھەر دەرۋازىلىرىنى ۋەيران قىلىدۇ.

ئۇلار يامان نىيەتلىرى سەۋەبىدىن بەربات بولىدۇ.
7 خەلقىم دائىم مەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ.
گەرچە ئۇلار مېنى ئۇلۇغ خۇدا دەپ چاقىرسىمۇ،
لېكىن مەن ئۇلارنى يۇقىرىغا كۆتۈرمەيمەن.

8 ئەي ئىسرائىلىيە، مەن سەندىن قانداقمۇ ۋاز كېچەي،
سېنى قانداقمۇ تاشلىۋېتەي،
سېنى قانداقمۇ ئادماھ شەھىرىگە ئوخشاش گۇمران قىلاي،
ساڭا قانداقمۇ زىبوييم① شەھىرىگە ئوخشاش مۇئامىلە
قىلاي؟!
كۆڭلۈم بۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايدۇ،
چۈنكى قەلبىم مۇھەببەتكە تولۇپ تاشقاندۇر.
9 مەن سېنى قەھر-غەزىپىم بىلەن جازالىمايمەن
ھەم سېنى ۋەيران قىلىشنى قايتا ئويلىمايمەن.
چۈنكى مەن ئىنسان ئەمەس، خۇدادۇرمەن،
ئاراڭلاردىكى مۇقەددەس خۇدادۇرمەن.
مەن غەزەپ بىلەن كەلمەيمەن.
10 بىر كۈنى خەلقىم ماڭا ئەگىشىدۇ،
مەن شىردەك ھۆركىرەيمەن.
ھۆركىرىگىنىمدە، پەرزەنتلىرىم غەرب تەرەپتىن تىترىگەن
ھالدا كېلىشىدۇ.
11 ئۇلار خۇددى مىسىردىن قۇشقاچلاردەك،
ئاسسۇرىيەدىن كەپتەرلەردەك تىترىگەن ھالدا قايتىپ
كېلىشىدۇ.
مەن ئۇلارنى ماكانلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

---

① 11: 8 پەرۋەردىگار سودوم بىلەن گومورا شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلغاندا، ئادماھ ۋە زىبوييم شەھەرلىرىنىمۇ بىرلىكتە ۋەيران قىلغان.

## ئىسرائىلىيە بىلەن يەھۇدىيەنىڭ ئەيىبلىنىشى

12 ئىسرائىلىيە خەلقى يالغانچىلىقى ۋە ھىيلىگەرلىكى بىلەن
مېنى قورشىۋالدى.
يەھۇدىيە خەلقىمۇ خۇداغا، يەنى ئىشەنچلىك ۋە مۇقەددەس
خۇداغا ئىتائەت قىلمايدۇ.

# 12

1 ئىسرائىلىيە خەلقى شامالنى ئوزۇق قىلار،
كۈن بويى شەرق شامىلىنى قوغلاپ يۈرەر.
ئۇلارنىڭ يالغانچىلىق ۋە زوراۋانلىقى كۆپەيمەكتە.
ئۇلار ئاسسۇرىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ،
مىسىرغا زەيتۇن يېغى ئەۋەتىدۇ.
2 پەرۋەردىگار يەھۇدىيەنى ئەيىبلەيدۇ،
ياقۇپنى تۇتقان يولىغا لايىق،
قىلمىشلىرىغا مۇۋاپىق جازالايدۇ.
3 ياقۇپ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا ئاكىسىنىڭ
تاپىنىنى تۇتىۋالغانىدى،
كېيىن ئۇ چوڭ بولۇپ، خۇدا بىلەن چېلىشتى.
4 ئۇ پەرىشتە بىلەن چېلىشىپ، ئۈنىڭدىن ئۈستۈن كەلدى.
كېيىن ئۇ يىغلاپ، پەرىشتىدىن بەخت تىلىدى.
ئۇ بەيتەلدە خۇدا بىلەن كۆرۈشتى.
ئۇ يەردە خۇدا ھەممىمىز بىلەن پاراڭلاشتى.
5 پەرۋەردىگار قۇدرەتلىك سەردار خۇدادۇر،
ئۇنىڭ نامى «ياھۋەھ»تۇر.
6 شۇڭا سىلەر خۇدايىڭلارنىڭ يولىغا قايتىڭلار،
مېھىر-مۇھەببەتلىك ۋە ئادالەتلىك بولۇڭلار،
ھەمىشە خۇدادىن ئۈمىد كۈتۈڭلار.

7 ئىسرائىلىيە خەلقى سەممىيەتسىز سودىگەرگە ئوخشايدۇ،
ئۇلار قولىدىكى ساختا تارازا بىلەن باشقىلارنى ئالداشنى
ياخشى كۆرىدۇ.

8 ئۇلار ماختىنىپ: «بىز باي بولدۇق، ئۆزىمىزگە تايىنىپ
باي بولدۇق،
ھېچكىم بىزدىن خاتالىق ياكى گۇناھ تاپالمايدۇ» دەيدۇ.

9 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«لېكىن مىسىردىكى ۋاقىتلاردىن بۇيان،
مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئىدىم.
سىلەر بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا چېدىردا تۇرغىنىڭلاردەك،
مەن سىلەرنى يەنە چېدىردا تۇرغۇزىمەن.
10 مەن سىلەرگە پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق
نۇرغۇن غايىبانە ئالامەتلەرنى كۆرسەتتىم ۋە تەمسىللەرنى
سۆزلىدىم.»

11 گىلئادلىقلار گۇناھقا پاتمىدىمۇ؟ ئۇلار ھەقىقەتەن
يارامسىز خەلقتۇر.
ئادەملەر گىلگالدا بۇقىلارنى قۇربانلىق قىلمىدىمۇ؟
لېكىن ئۇلارنىڭ قۇربانلىق سۇپىلىرى ۋەيران قىلىنىپ،
ئېتىز قىرىدىكى تاش دۆۋىلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.
12 ياقۇپ ئارام رايونىغا قېچىپ كەتكەنىدى.
ئۇ يەردە ئۇ ئۆيلىنىش ئۈچۈن بىرسىگە خىزمەتكار بولدى،
ئايال ئېلىش ئۈچۈن قوي باقتى.
13 پەرۋەردىگار پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئىسرائىللارنى مىسىردىن
باشلاپ چىقتى
ھەم شۇ پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇلارنى قوغدىدى.
14 لېكىن ئىسرائىلىيە خەلقى پەرۋەردىگارنى قاتتىق
رەنجىتتى.
شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگار ئۇلاردىن قانغا
قان ئالىدۇ،
خورلۇقنى خورلۇق بىلەن قايتۇرىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلىيەگە بولغان غەزىپى

13 [1] ئەفرايىم قەبىلىسىنىڭ ئىسرائىلىيەلىكلەر ئارىسىدىكى ئورنى ئەڭ يۇقىرىدۇر.
ئۇلار ئېغىز ئاچسىلا، ئادەملەر قورقىنىدىن تىترەپ كېتىشىدۇ.
لېكىن ئۇلار بائالغا چوقۇنۇپ، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنى ۋەيران قىلىشتى.
[2] ھازىر ئۇلار گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلىشماقتا.
ئۇلارنىڭ ئۇستىلىرى ئۆز تەسەۋۋۇرى ۋە ھۈنىرىگە تايىنىپ،
كۈمۈشلىرى بىلەن بۇت ياسايدۇ.
ئاندىن باشقىلار ئۇلار ھەققىدە:
«ئۇلار ئادەملەرنى قۇربانلىق قىلارمىش، موزاي بۇتلارنى سۆيەرمىش» دېيىشىدۇ.
[3] شۇڭا ئۇلار خۇددى سەھەردىكى تۇمان ۋە ئەتىگەندىكى شەبنەمدەك،
خامان ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن توپاندەك،
تۈرخۇندىن ئۇچۇپ چىققان ئىستەك بىر دەمدىلا غايىب بولىدۇ.

[4] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەر مىسىردىن چىققاندىن بېرى،
مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلاردۇرمەن.
مەندىن باشقا خۇداغا ئېتىقاد قىلماڭلار،
مەندىن باشقا قۇتقۇزغۇچىڭلار يوقتۇر.
[5] مەن قۇرغاق چۆل-جەزىرىدە ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالدىم.
[6] مەن سىلەرنى غىزالاندۇردۇم ۋە تويدۇردۇم.
لېكىن قورسىقىڭلار تويغاندىن كېيىن، سىلەر ھاكاۋۇرلىشىپ، مېنى ئۇنتۇدۇڭلار.
[7] شۇڭا مەن سىلەرگە شىرغا ئوخشاش ھۇجۇم قىلىمەن،

يول بويىدا يىلپىز كەبى پايلاپ تۇرىمەن.
8 مەن سىلەرگە خۇددى بالىسىدىن ئايرىلغان ئېيىقتەك
ئېتىلىپ،
تېنىڭلارنى پارە-پارە قىلىۋېتىمەن.
شۇنداق، مەن سىلەرنى شىردەك يۇتۇۋېتىمەن،
ياۋايى ھايۋانلاردەك تىتىۋېتىمەن.
9 ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، مەن سىلەرنى ۋەيران قىلىمەن.
چۈنكى سىلەر ماڭا، يەنى مەدەتكارىڭلارغا قارشى
تۇرۇۋاتىسىلەر.
10 پادىشاھىڭلار قېنى؟ ئۇ سىلەرنى ھەممە شەھىرىڭلاردا
قۇتقۇزالامدۇ؟
يېتەكچىلىرىڭلار نەدە؟ سىلەر بۇرۇن:
‹بىزگە پادىشاھ ۋە شاھزادىلەر بەرگەيسەن› دەپ
يالۋۇردۇڭلار،
11 مەن غەزەپلەنسەممۇ، يەنىلا سىلەرگە پادىشاھ بەردىم.
ئەمدى دەرغەزەپ بىلەن پادىشاھىڭلارنى ئەمەلدىن
قالدۇرىمەن.

12 ئىسرائىلىيەنىڭ گۇناھلىرى خاتىرىلەنگەندۇر،
ئۇلار ساقلىنىدۇ.
13 ئىسرائىلىيە تولغىقى تۇتقان ئانىنىڭ ئەقىلسىز ئوغلىدۇر.
تۇغۇت ۋاقتى كەلگەندە، ئۇ ئانىسىنىڭ قارنىدىن چىقىشنى
خالىمايدۇ.
14 مەن ئۇنى گۆردىن، يەنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزايمۇ؟
ئەي ئۆلۈم، ئېلىپ كەل ۋابايىڭنى!
ئەي ئۆلۈكلەر ماكانى، كۆرسەت ھالاكىتىڭنى!
مەن ئەمدى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمايمەن.
15 گەرچە ئىسرائىلىيەلىكلەر قېرىنداشلىرى ئارىسىدا
گۈللەنسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭ بۇلاقلىرى ۋە قۇدۇقلىرى مەن پەرۋەردىگار
شەرقتىن،

يەنى قۇملۇقتىن ئەۋەتكەن ئىسسىق شامالدا قۇرۇپ
كېتىدۇ.
ئۇنىڭ خەزىنىسىدىكى ھەممە بايلىقلىرى بۇلاپ كېتىلىدۇ.
16 سامارىيە قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن چوقۇم جازالىنىدۇ،
چۈنكى ئۇ ئۆز خۇداسىغا ئاسىيلىق قىلدى.
ئۇلار قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ،
باللىرى يەرگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ،
ھامىلدار ئاياللىرىنىڭ قارنى يېرىلىدۇ.»

## خۇدانىڭ يولىغا قايتىشقا چاقىرىش

14 1 ئەي ئىسرائىلىيەلىكلەر، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ
يولىغا قايتىڭلار!
گۇناھىڭلار سىلەرنى يىقىتتى.
2 توۋا قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ يولىغا قايتىڭلار
ۋە مۇنداق دۇئا قىلىڭلار:
«بارلىق گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن،
شاپائەت قىلىپ، بىزنى قوبۇل قىلغايسەن،
مەدھىيەلىرىمىزنى قۇربانلىق ئورنىدا قوبۇل قىلغايسەن!
3 ئاسسۇرلار بىزنى قۇتقۇزالمايدۇ،
ئەمدى جەڭ ئاتلىرىغا ئىشەنمەيمىز.
ئۆزىمىزنىڭ قوللىرى بىلەن ياسىغان بۇتلارنى ئەمدى
ھەرگىز ئىلاھىمىز دېمەيمىز.
ئى پەرۋەردىگار، يېتىم ئىسرائىلىيە سەندىنلا رەھىم-
شەپقەتكە ئېرىشىدۇ.»

4 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئۇلارنىڭ ساداقەتسىزلىك كېسىلىنى داۋالايمەن،
ئۇلارنى چەكسىز سۆيىمەن،
ئۇلارغا بولغان غەزىپىم بېسىلدى.
5 مەن ئىسرائىلىيە خەلقىگە شەبنەم بولىمەن.
ئۇلار خۇددى نىلۇپەردەك ئېچىلىدۇ،

لىۋاننىڭ كېدىر دەرەخلىرىدەك يىلتىز تارتىدۇ.
6 ئۇلار يومران بىخ چىقىرىپ،
زەيتۇن دەرىخىدەك گۈزەللىشىدۇ،
لىۋاننىڭ كېدىر دەرەخلىرىدەك پۇراق چاچىدۇ.
7 ئۇلار ماڭا قايتىپ، مېنىڭ سايەمدە ياشايدۇ.
ئۇلار زىرائەتلەردەك كۆكلەيدۇ،
ئۈزۈم تاللىرىدەك چىرايلىق چېچەكلەيدۇ.
لىۋان شارابىدەك نامى جاھانغا تارايدۇ.
8 ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، مېنىڭ بۇتلار بىلەن ئىشىم يوق،
سىلەرنىڭمۇ ئىشىڭلار بولمىسۇن.
دۇئايىڭلارغا قۇلاق سالغۇچى ۋە ھالىڭلاردىن خەۋەر
ئالغۇچى مەن پەرۋەردىگاردۇرمەن.
مەن بۈك-باراقسان قارىغايغا ئوخشايمەن.
مەن ئالغان مول ھوسۇلۇڭلارنىڭ مەنبەسىدۇرمەن.»

## خۇلاسە

9 دانالار بۇ ئىشلارنى چۈشەنسۇن،
ئەقلى بارلار بۇ ئىشلارنى بىلىپ يەتسۇن.
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ يولى ھەق يولدۇر.
ھەققانىيلار بۇ يولدا ماڭار،
گۇناھكارلار ئۇنىڭدا پۇتلىشىپ يىقىلار.

# یوئیل


1 2 3

# يوئېل

1 1 بۇ پەرۋەردىگاردىن پېتۇئېلنىڭ ئوغلى يوئېلغا كەلگەن
ۋەھىيلەردۇر.

## چېكەتكە ئاپىتى

2 ئەي ئاقساقاللار، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار!
ئەي يەھۇدىيە خەلقى، ئاڭلاڭلار!
ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ زامانىڭلاردا
يۈز بېرىپ باققانمۇ بۇنداق ئىشلار؟
3 بۇ ئىشلارنى پەرزەنتلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار،
پەرزەنتلىرىڭلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە سۆزلەپ
بەرسۇن.
ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە
سۆزلەپ بەرسۇن.

4 ياش چېكەتكىلەر كېلىپ، بىر قىسىم زىرائەتلەرنى يەپ
كەتتى،
ئۇلاردىن قالغىنىنى يېتىلگەن چېكەتكىلەر كېلىپ يېدى،
ئۇلاردىن قالغىنىنى تۇخۇمدىن يېڭى چىققان چېكەتكىلەر
كېلىپ يېدى،
ئۇلاردىنمۇ قالغىنىنى تولۇق يېتىلمىگەن چېكەتكىلەر
كېلىپ يەپ تۈگەتتى.

5 ئەي مەستلەر، ئويغىنىڭلار، يىغلاڭلار.
ئەي مەيخورلار، ھەممىڭلار پەرياد قىلىڭلار.

يوقتۇر ئەمدى سىلەرنىڭ ئىچكۈدەك شارابىڭلار!
6 بىر توپ چېكەتكە خۇددى بىر ئەلگە ئوخشاش،
زېمىنىمىزغا ھۇجۇم قىلدى.
ئۇلار كۈچلۈك ھەم سان-ساناقسىز ئىدى.
ئۇلاردا ئەركەك شىرنىڭ چىشلىرى،
چىشى شىرنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى بار ئىدى.
7 ئۇلار ئۈزۈمزارلىقىمىزنى ۋەيران قىلدى،
ئەنجۈرلۈكىمىزنى پايخان قىلدى
ۋە ئۇلارنىڭ قوۋزاقلىرىنى سويۇپ،
پەقەت قۇرۇق شاخلىرىنى قالدۇردى.

8 ئەي خەلقىم، سىلەر توي قىلىشقا پۈتۈشكەن يىگىتى
ئۆلۈپ كەتكەن قىزغا ئوخشايسىلەر،
ماتەملىك كىيىم كىيىپ، ھازا تۇتۇڭلار.
9 پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى ئاشلىق ۋە ئىچىملىك
ھەدىيەلىرىمۇ توختىدى.
پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان روھانىيلار ھازا
تۇتماقتا.
10 ئېتىزدىكى زىرائەتلەر ۋەيران بولدى،
يەرلەر ھازا تۇتماقتا.
ئاشلىقلار خاراب بولدى،
شاراب تۈگىدى،
زەيتۇن يېغىمۇ يوق بولدى.

11 ئەي دېھقانلار، قايغۇرۇڭلار!
ئەي باغۋەنلەر، نالە-پەرياد قىلىڭلار!
چۈنكى ئېتىزدىكى بۇغداي ۋە ئارپىلار ۋەيران بولدى.
پۈتۈن ھوسۇلۇڭلار خاراب بولدى.
12 ئۈزۈم تاللىرى قۇرۇدى،
ئەنجۈرلەر سولىشىپ قالدى،
باغدىكى ئانار، خورما ۋە ئالما دەرەخلىرى ئۆلدى.

كىشىلەردە خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

## توۋا قىلىشقا چاقىرىش

13 ئەي روھانىيلار، ماتەملىك كىيىم كىيىپ، ھازا تۇتۇڭلار.
ئەي قۇربانلىق سۇپىسى ئالدىدىكى خىزمەتكارلار، نالە-پەرياد قىلىڭلار،
ئەي خۇدانىڭ خىزمەتكارلىرى، كېچىدە ماتەملىك كىيىمىڭلار بىلەن يېتىڭلار.
چۈنكى ئەمدى خۇدايىڭلارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا
سۇنۇلىدىغان ئاشلىق ۋە ئىچىملىك ھەدىيەلىرى قالمىدى.
14 روزا تۇتۇشقا چاقىرىڭلار،
مۇقەددەس يىغىلىشنى ئېلان قىلىڭلار.
زېمىنىڭلاردىكى ئاقساقاللار ۋە بارلىق خەلقنى يىغىپ،
پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا پەرۋەردىگارغا يىغلاڭلار.

15 پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنىنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئاز قالدى،
ئۇ كۈن شۇنچە دەھشەتلىكتۇر!
ئۇ ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان كۈنىدۇر.

16 يېمەكلىكلىرىمىز كۆز ئالدىمىزدا ئېلىپ كېتىلدى.
خۇدايىمىزنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى شاد-خۇراملىق غايىب بولدى.
17 ئۇرۇقلار تۇپراقتا سېسىپ كەتتى،
زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتتى،
ئاشلىق ئامبارلىرى بوش قالدى،
ئۇلار خاراب بولدى.
18 چارۋا ماللار ئاچلىقتىن نالە قىلماقتا،
كالا پادىلىرى ئوت تاپالماي، ھەر تەرەپكە قاترىماقتا،
قوي پادىلىرىمۇ قىينالماقتا.

19 ئى پەرۋەردىگار، ساڭا يالۋۇرىمەن،
چۈنكى ئوتلاقلارنى ئوت يالماپ كەتتى،
دالادىكى دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلدى.
20 ياۋايى ھايۋانلارمۇ ھالسىراپ، سەندىن ياردەم كۈتىدۇ.
چۈنكى ئېقىنلار قۇرۇپ كەتتى،
دالادىكى ئوتلاقلارنى ئوت كۆيدۈرۈپ تۈگەتتى.

## پەرۋەردىگارنىڭ «چېكەتكە قوشۇنى»

2 1 سىئوندا بۇرغا چېلىڭلار،
پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس تېغىدىن خەلقنى
ئاگاھلاندۇرۇڭلار!
زېمىندىكى بارلىق ئادەملەر تىترىسۇن!
پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنى يېقىنلاپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ
كېلىدىغانلىقىغا ئاز قالدى.
2 ئۇ كۈن قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك ۋە قارا بۇلۇتلۇق كۈندۇر.
قاراڭغۇلۇق تاغلارنى قاپلىغاندەك،
زور كۈچلۈك قوشۇن زېمىننى قاپلايدۇ.
بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلار بۇرۇنمۇ بولمىغان
ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدۇ.
3 ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوت يانىدۇ،
ئارقىسىدىمۇ ئاتەش يالقۇنلايدۇ.
ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن زېمىن ئېرەم باغدەك گۈزەل بولسا،
كېلىپ كەتكەندىن كېيىن قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ.
ھېچنېمە ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.
4 ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئاتقا ئوخشايدۇ،
ئۇلار خۇددى ئۇرۇش ئېتىدەك چېپىپ يۈرۈشىدۇ.
5 ئۇلاردىن جەڭ ھارۋىلىرىدەك چاراسلىغان ئاۋاز چىقىدۇ.
ئۇلار تاغ چوققىلىرىدا سەكرەپ يۈرىدۇ.
ئۇلاردىن يەنە قۇرۇق پاخال كۆيگەندەك قاراسلىغان ئاۋاز
ئاڭلىنىدۇ.

ئۇلار خۇددى ئۇرۇشقا سەپ تۈزگەن چوڭ قوشۇنغا
ئوخشايدۇ.

6 خەلق ئۇلارنى كۆرۈپ، ھوشىنى يوقىتىدۇ
ۋە چىرايلىرىدا قان قالمايدۇ.
7 ئۇلار ھۇجۇم قىلىۋاتقان باتۇرلارغا،
سېپىلغا يامىشىۋاتقان لەشكەرگە ئوخشايدۇ.
ئۇلار سەپ بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ،
سەپلىرىنى قەتئىي بۇزمايدۇ.
8 ھېچكىم بىر-بىرىنى قىستاشماي،
ھەركىم ئۆز يولىدا ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ.
ئۇلار توسۇقلاردىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ،
ھېچكىم ئۇلارنى توسالمايدۇ.
9 ئۇلار شەھەرگە قاراپ ئېتىلىدۇ،
سېپىللارنىڭ ئۈستىدە چېپىشىدۇ.
ئۆيلەرگە يامىشىدۇ،
دېرىزىلەردىن ئوغرىدەك كىرىدۇ.
10 ئۇلار نەگىلا بارسا،
ئاسمان-زېمىن تىترەيدۇ.
كۈن، ئاي تۇتۇلىدۇ،
يۇلتۇزلارمۇ چاقنىمايدۇ.
11 پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ بۇ خاس «قوشۇن»ىغا بۇيرۇق
چۈشۈرىدۇ،
ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سانى يوقتۇر.
ئۇنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغانلار كۈچلۈكتۇر.
پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنى شۇنچىلىك قورقۇنچلۇقتۇر،
ئۇنىڭغا كىممۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟

## پەرۋەردىگارنىڭ يولىغا قايتىشقا چاقىرىش

12 پەرۋەردىگار: «ھازىرمۇ روزا تۇتۇڭلار، يىغلاڭلار، ھازا
ئېچىڭلار،

پۈتۈن قەلبىڭلار بىلەن يولۇمغا قايتىڭلار» دەيدۇ.
13 كىيىمىڭلارنى ئەمەس، قەلبىڭلارنى يىرتىپ، ئۆزگىرىڭلار.
پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ يولىغا قايتىڭلار!
چۈنكى ئۇ شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىلدۇر،
ئاسانلىقچە غەزەپلەنمەيدۇ، چەكسىز
مېھىر-مۇھەببەتلىكتۇر.
بالايىئاپەت كەلتۈرۈشنى خالىمايدۇ.
14 كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۇ نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ،
سىلەرگە ئىچى ئاغرىشى ۋە بەخت ئاتا قىلىپ،
مول ھوسۇل بېرىشى مۇمكىن.
ئۇ چاغدا سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار خۇداغا ئاشلىق ۋە
ئىچىملىك ھەدىيەلىرىنى سۇنالايسىلەر.

15 سىئون تېغىدا بۇرغا چېلىڭلار،
روزا تۇتۇشقا چاقىرىڭلار،
مۇقەددەس يىغىلىشنى ئېلان قىلىڭلار.
16 خەلقنى يىغىڭلار،
ئۇلار ئۆزلىرىنى پاكلىسۇن.
ياشانغانلارنى ۋە بالىلارنى يىغىڭلار،
ھەتتا بوۋاقلارمۇ يىغىلسۇن.
يېڭى توي قىلغان قىز-يىگىتلەر ھۇجرىلىرىدىن چىقسۇن.
17 پەرۋەردىگارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان روھانىيلار
ئىبادەتخانىنىڭ كىرىش ئېغىزى بىلەن قۇربانلىق
سۇپىسىنىڭ ئارىلىقىغا يىغىلسۇن.
ئۇلار مۇنداق دەپ دۇئا قىلسۇن:
«ئى پەرۋەردىگار، ئۆز خەلقىڭنى ئايىغايسەن.
ئۆز خەلقىڭنى يات ئەللەرنىڭ خورلۇقى ۋە مەسخىرىسىگە
قالدۇرمىغايسەن.
يات ئەللەرنىڭ: ‹قېنى ئۇلارنىڭ خۇداسى؟› دېگەن سۆزىگە
قويمىغايسەن.»

## پەرۋەردىگارنىڭ جاۋابى

18 ئۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار ئۆز زېمىنىغا ئىچىنىپ،
خەلقىگە ئىچ ئاغرىتىدۇ.
19 ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەرگە ئاشلىق، شاراب ۋە زەيتۇن يېغى بېرىمەن،
سىلەرنى تويدۇرىمەن.
ئەمدى سىلەرنى باشقا ئەللەردە يەنە خار قىلمايمەن.
20 شىمالدىن كەلگەن دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىمەن،
ئۇلارنى قاقاس ۋە چۆل بىر يەرگە قوغلىۋېتىمەن.
ئالدىن يۈرەر قوشۇننى ئۆلۈك دېڭىزغا،
قالغان قوشۇنلارنى ئوتتۇرا دېڭىزغا غەرق قىلىمەن.
ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭ سېسىق پۇرىقى جاھاننى بىر
ئالىدۇ.»

پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن بۈيۈك ئىشلارنى قىلدى.
21 ئەي زېمىن، قورقما،
خۇشال بول، شادلان!
چۈنكى پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن بۈيۈك ئىشلارنى قىلدى.
22 ئەي دالادىكى ھايۋانلار، قورقماڭلار،
ئوتلاقلار ياپيېشىل كۆكلەيدۇ،
مېۋىلىك دەرەخلەر مېۋە بېرىدۇ،
ئەنجۈر، ئۈزۈم شاخلىرى مېۋىگە تولىدۇ.
23 ئەي سىئون خەلقى، شادلىنىڭلار،
پەرۋەردىگارىڭلار خۇدادىن خۇشاللىق تېپىڭلار.
ئۇ ئۆز ۋاقتىدا يامغۇرلارنى ياغدۇرىدۇ،
چۈنكى ئۇ ئىشەنچلىكتۇر.
سىلەرگە بۇرۇنقىغا ئوخشاش كۈز ۋە باھار يامغۇرى
ياغدۇرۇپ بېرىدۇ.
24 خامىنىڭلار ئاشلىققا تولىدۇ،
شاراب ۋە زەيتۇن يېغىڭلار ئىدىشلارغا پاتماي قالىدۇ.

25 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«يېتىلگەن چېكەتكىلەر، تۇخۇمدىن يېڭى چىققان
چېكەتكىلەر،
تولۇق يېتىلمىگەن چېكەتكىلەر ۋە ياش چېكەتكىلەر
يەپ كەتكەن زىرائەتلەرنى ئەمدى مەن سىلەرگە تولۇقلاپ
بېرىمەن.
ئۇ كۈچلۈك «قوشۇن»نى سىلەرگە قارشى مەن
ئەۋەتكەنىدىم.
26 سىلەر ئەمدى تويغۇچە يەيسىلەر،
مەن، يەنى پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ نامىنى
مەدھىيىلەيسىلەر،
چۈنكى مەن سىلەر ئۈچۈن بۈيۈك ئىشلارنى قىلدىم.
ئەمدى مېنىڭ خەلقىم قايتا نومۇسقا قالمايدۇ.
27 ئۇ ۋاقىتتا سىلەر مېنىڭ ئىسرائىلىيەدە ئىكەنلىكىمنى،
مېنىڭ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا ئىكەنلىكىمنى
ۋە مەندىن باشقا ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر.
ئەمدى مېنىڭ خەلقىم بولغان سىلەر قايتا نومۇسقا
قالمايسىلەر.»

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىنسانلارنى ئۆز روھىغا چۆمدۈرۈشى

28 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«بۇ ئىشلاردىن كېيىن مەن پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئۆزۈمنىڭ
روھىغا چۆمدۈرىمەن،
ئوغۇل-قىزلىرىڭلار ۋەھىيلىرىمنى يەتكۈزىدۇ.
سۆزلىرىم ياشانغانلارغا چۈشلىرى ئارقىلىق،
يىگىتلەرگە غايىبانە ئالامەتلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ.
29 ئاشۇ كۈنلەردە مەيلى قۇل، مەيلى دېدەك بولسۇن،
ھەممىسىنى روھىمغا چۆمدۈرىمەن.
30 مەن ئاسمان-زېمىندا مۆجىزە كۆرسىتىمەن،
سىلەر قان، ئوت ۋە تۈتۈنلەرنى كۆرىسىلەر.
31 قۇياش غۇۋالىشىدۇ، ئاي قان رەڭگىگە كىرىدۇ.

پەرۋەردىگارنىڭ بۈيۈك ۋە ھەيۋەتلىك كۈنى كېلىشتىن
بۇرۇن
بۇ ئىشلار يۈز بېرىدۇ.
32 ئۇ چاغدا پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى
قۇتقۇزۇلىدۇ.»
پەرۋەردىگارنىڭ دېگىنىدەك،
سىئون تېغىدا ۋە يېرۇسالېم شەھىرىدە ھايات قالغان
كىشىلەر بولىدۇ،
ھايات قالغانلار دەل پەرۋەردىگار چاقىرغان كىشىلەردۇر.

## پەرۋەردىگارنىڭ يات ئەللەرنى جازالىشى

3 1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇ كۈنلەر كەلگەندە، مەن يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن
يەھۇدىيەنى قايتا گۈللەندۈرىمەن،
2 ھەممە ئەللەرنى يىغىپ، يەھوشافات [مەنىسى
‹پەرۋەردىگار سوتلايدۇ›] جىلغىسىغا ئاپىرىمەن.
ئۇ يەردە مەن ئۇلارنى سوتلايمەن.
چۈنكى ئۇلار مېنىڭ خەلقىمنى،
يەنى مېنىڭ مۈلكۈم بولغان ئىسرائىللارنى
يات ئەللەرگە تارقىتىۋېتىپ، زېمىنىمنى بۆلۈشتى.
3 ئۇلار خەلقىمنى تاللاپ قۇل قىلىشقا چەك تاشلاشتى.
ئوغۇللارنى پاھىشىلەرگە تېگىشتى،
قىزلارنى شارابقا سېتىشتى.

4 ئەي تىر، سىدون شەھەرلىرى ۋە فىلىستىيەنىڭ بارلىق
رايونلىرى، ماڭا نېمىشقا بۇنداق مۇئامىلىدە بولىسىلەر؟
سىلەر مەندىن ئۆچ ئالماقچىمۇ؟ ئەگەر مەندىن ئۆچ ئېلىۋاتقان
بولساڭلار، مەنمۇ سىلەردىن ئۆچ ئېلىپ، بېشىڭلارغا تېزلا بالا-قازا
چۈشۈرەي. 5 سىلەر مېنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىمنى، قىممەتلىك
خەزىنىلىرىمنى بۇلاپ كېتىپ، ئۇلارنى بۇتخانىلىرىڭلارغا قويدۇڭلار.
6 يېرۇسالېمنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەنىڭ خەلقىنى ئۆز

يۇرتلىرىدىن ئايرىپ، يۇنانلىقلارغا ساتتىڭلار. [7] سىلەر ئۇلارنى
نەگە ساتقان بولساڭلار، مەن ئۇلارنى شۇ يەرلەردىن قايتۇرۇپ
كېلىمەن. سىلەر ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولساڭلار، مەنمۇ
سىلەرگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىمەن. [8] ئوغۇل-قىزلىرىڭلارنى
يەھۇدىيەلىكلەرگە سېتىپ بېرىمەن. يەھۇدىيەلىكلەر ئۇلارنى
يىراقتىكى سىبائى خەلقىگە ساتىدۇ. بۇلار مەن پەرۋەردىگارنىڭ
ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

[9] سىلەر باشقا ئەللەرگە مۇنداق دەپ جاكارلاڭلار:
‹ئۇرۇشقا هازىرلىنىڭلار!
لەشكەرلىرىڭلارنى، پۈتۈن باتۇرلىرىڭلارنى يىغىپ،
ئۇرۇشقا ئاتلىنىڭلار.
[10] ساپىنىڭلاردىن قىلىچ،
شاخ پۇتايدىغان پىچىقىڭلاردىن نەيزە سوقۇڭلار.
ئاجىزلارمۇ مەن باتۇر دېسۇن.
[11] ئەي ئەتراپتىكى بارلىق ئەللەر،
تېز بولۇڭلار، يەھوشافات جىلغىسىغا يىغىلىڭلار!›»

ئى پەرۋەردىگار، لەشكەرلىرىڭنى ئەۋەتكەيسەن.

[12] «ئەتراپتىكى ھەممە ئەللەر ئورۇنلىرىدىن قوزغالسۇن،
يەھوشافات جىلغىسىغا يىغىلسۇن.
مەن پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئۇ يەردە سوتلايمەن.
[13] زىرائەتلەر پىشتى، ئورغاق سېلىڭلار.
ئۈزۈم ئېزىش كۆلچىكى ئۈزۈمگە تولدى، كېلىپ ئېزىڭلار.
خۇددى شاراب ئىدىشلىرىدىن شاراب تاشقاندەك،
ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىمۇ تولۇپ تاشتى.»

[14] مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن كىشىلەر سوت بولىدىغان
جىلغىدىدۇر.
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنى يېقىنلاپ كەلمەكتە.

15 ئۇ كۈنى ئاي، كۈن تۇتۇلىدۇ، يۇلتۇزلارمۇ چاقنىمايدۇ.
16 پەرۋەردىگار سىئون تېغىدىن نەرە تارتىپ،
يېرۇسالېمدىن گۈلدۈرمامدەك گۈلدۈرلىگەندە،
ئاسمان-زېمىن لەرزىگە كېلىدۇ.
لېكىن پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنىڭ پاناھگاھى،
ئىسرائىل خەلقىنىڭ قورغىنى بولىدۇ.

## يەھۇدىيەنىڭ بەختكە ئېرىششى

17 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«شۇندىلا سىلەر مېنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا
ئىكەنلىكىمنى،
مۇقەددەس تېغىم سىئوندا ياشايدىغانلىقىمنى بىلىسىلەر.
يېرۇسالېم مۇقەددەستۇر،
يات ئەللەر ئۇ يەرگە يەنە تاجاۋۇز قىلالمايدۇ.

18 ئۇ ۋاقىت كەلگەندە، تاغلاردىن تاتلىق شەربەت تامىدۇ.
ئېدىرلىقلاردا سۈت ئاقىدۇ،
يەھۇدىيەدىكى بارلىق جىلغىلاردا سۇلار دولقۇنلايدۇ.
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى بىر بۇلاقتىن سۇ
ئېقىپ كېلىپ،
شىتتىم ۋادىسىنىڭ قۇرۇق يەرلىرىنى سۇغۇرىدۇ.
19 لېكىن مىسىر قاقاسلىقتا،
ئىدوم چۆلگە ئايلىنىدۇ.
چۈنكى ئۇلار يەھۇدىيە خەلقىگە زوراۋانلىق قىلىپ،
يەھۇدىيە زېمىنىدا گۇناھسىزلارنىڭ قېنىنى تۆكتى.
20 لېكىن يەھۇدىيە مەڭگۈ ياشايدۇ،
يېرۇسالېم ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىدۇ.
21 مەن پەرۋەردىگار قان قەرزىگە بوغۇلغان دۈشمەنلەرنى
جازاسىز قويمايمەن.
مەن سىئوندا ياشايمەن.»

# ثاموس


1 2 3 4
5 6 7 8
9

# ئاموس

1 1 ئۇززىيا يەھۇدىيەگە، يەھوئاشنىڭ ئوغلى ياروبئام ئىسرائىلىيەگە
پادىشاھ بولغان مەزگىللەردە، يەنى قاتتىق يەر تەۋرەشتىن
ئىككى يىل ئىلگىرى، تەقۋالىق چارۋىچى ئاموسقا ئىسرائىلىيە
توغرۇلۇق ۋەھىي كېلىشكە باشلىدى.
2 ئاموس مۇنداق دېدى:

«ھۆركىرەر پەرۋەردىگار سىئون تېغىدىن،
ياڭرار ئۇنىڭ ئاۋازى يېرۇسالېمدىن.
قۇرۇپ كېتەر پادىچىلارنىڭ يايلاقلىرى،
قۇرۇپ كېتەر كارمەل تېغىنىڭ چوققىسى.»

## ئىسرائىلىيەنىڭ قوشنا ئەللىرىنىڭ جازالىنىشى

3 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«دەمەشق خەلقى گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلدى.
مەن ئۇلارنى جازالىماي قويمايمەن!
تۆمۈر چىشلىق تۇلۇق بىلەن خامان ئەزگەندەك،
ئۇلار گىلئادتىكى خەلقىمنى يانچىپ ئەزدى.
4 شۇڭا مەن پادىشاھ خازائېلنىڭ ئوردىسىغا ئوت
ياغدۇرىمەن،
بۇ ئوت پادىشاھ بەنھادادنىڭ قورغانلىرىنىمۇ يالماپ
يۇتىدۇ.
5 مەن دەمەشق شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ بالداقلىرىنى
سۇندۇرۇپ تاشلايمەن.
ئاۋېن جىلغىسىنىڭ ھۆكۈمرانىنى يوقىتىمەن،

بەيت-ئەدەننىڭ سەلتەنەت ھاسىسىنى تۇتقان
ھۆكۈمرانىنى يوق قىلىمەن.
ئارام خەلقى قىر زېمىنىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

6 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«گازا خەلقى گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلدى.
مەن ئۇلارنى جازالىماي قويمايمەن!
ئۇلار يېزىلاردىكى پۈتۈن كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ،
ئېدومغا قۇللۇققا ساتتى.
7 شۇڭا مەن گازا شەھىرىنىڭ سېپىلىغا ئوت ياغدۇرىمەن.
بۇ ئوت ئۇنىڭ قورغانلىرىنى يالماپ يۇتىدۇ.
8 مەن ئاشدود شەھىرىنىڭ ھۆكۈمدارىنى يوقىتىپ،
ئاشقىلون شەھىرىنىڭ سەلتەنەت ھاسىسىنى تۇتقان
ھۆكۈمرانىنى يوق قىلىمەن.
مەن ئەقرون شەھىرىگە قارشى قول كۆتۈرىمەن.
ئامان قالغان فىلىستىيەلىكلەر قىرىپ تاشلىنىدۇ.
بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

9 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«تىر خەلقى گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلدى.
مەن ئۇلارنى جازالىماي قويمايمەن!
ئۇلار يېزىلاردىكى پۈتۈن كىشىلەرنى ئېدومغا قۇللۇققا
سېتىپ،
ئۆزلىرى تۈزگەن ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىسىنى بۇزدى.
10 شۇڭا مەن تىر شەھىرىنىڭ سېپىلىغا ئوت ياغدۇرىمەن.
بۇ ئوت ئۇنىڭ قورغانلىرىنى يالماپ يۇتىدۇ.»

11 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئېدوم خەلقى گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلدى.
مەن ئۇلارنى جازالىماي قويمايمەن!

ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان ئىسرائىللارغا قىلىچ
كۆتۈرۈپ،
ئۇلارغا قىلچە رەھىم-شەپقەت قىلمىدى.
ئۇلارغا چەكسىز قەھر قىلدى،
غەزىپى پەقەت پەسەيمىدى.
12 شۇڭا مەن تېمان شەھىرىگە ئوت ياغدۇرىمەن.
بۇ ئوت بوزرا شەھىرىنىڭمۇ قورغانلىرىنى يالماپ
يۇتىدۇ.»

13 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئاممون خەلقى گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلدى.
مەن ئۇلارنى جازالىماي قويمايمەن!
ئۇلار ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن
گىلئادتىكى ھامىلدار ئاياللارنىڭ قارنىنى ياردى.
14 شۇڭا مەن رابباھنىڭ شەھەر سېپىللىرىغا ئوت
ياغدۇرىمەن.
بۇ ئوت ئۇنىڭ قورغانلىرىنى يالماپ يۇتىدۇ.
ئۇرۇش كۈنىدە چۇقان-سۈرەنلەر ئاڭلىنىدۇ،
جەڭ شىددەتلىك بوراندەك ئەۋج ئالىدۇ.
15 ئاممونىنىڭ پادىشاھى سۈرگۈن قىلىنىدۇ.
ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەمەلدارلىرىمۇ سۈرگۈن قىلىنىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

2

1 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«موئاب خەلقى گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلدى.
مەن ئۇلارنى جازالىماي قويمايمەن!
ئۇلار ئېدوم پادىشاھىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى كۆيدۈرۈپ،
ھاك ئورنىدا ئىشلەتتى.
2 مەن موئابقا ئوت ياغدۇرىمەن.
بۇ ئوت قىرىيوتنىڭمۇ قورغانلىرىنى يالماپ يۇتىدۇ.
ئۇرۇش چۇقانلىرى ئاڭلانغاندا،
لەشكەرلەر سۈرەن سېلىشقاندا،

جەڭ بۇرغىلىرى ياڭرىغاندا،
موئاب خەلقى ھالاك بولىدۇ.
3 مەن موئابنىڭ ھۆكۈمدارىنى يوقىتىمەن.
ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرىنى قىرىپ تاشلايمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

4 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«يەھۇدىيە خەلقى گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلدى.
مەن ئۇلارنى جازالىماي قويمايمەن!
ئۇلار مېنىڭ قانۇنۇمدىن يۈز ئۆرۈپ،
ئەمرلىرىمگە بويسۇنمىدى.
ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ھەق يولدىن ئازدى.
ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ شۇنداق قىلغانىدى.
5 شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يەھۇدىيەگە ئوت ياغدۇرىمەن.
بۇ ئوت يېرۇسالېمنىڭ قورغانلىرىنى يالماپ يۇتىدۇ.»

## خۇدانىڭ ئىسرائىلىيەگە بېرىدىغان جازاسى

6 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئىسرائىلىيە خەلقى گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلدى.
مەن ئۇلارنى جازالىماي قويمايمەن!
ئۇلار دۇرۇس ئادەملەرنى ئەرزىمەس كۈمۈشكە،
كەمبەغەللەرنى بىر جۈپ چورۇققا سېتىشتى.
7 ئۇلار ئاجىزلارنى خۇددى كوچىدىكى توپىنى دەسسىگەندەك
دەسسىدى.
يوقسۇللارغا ئادالەتسىزلىك قىلدى.
ئاتا بىلەن ئوغۇل ئوخشاش بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىپ،
مۇقەددەس نامىمنى بۇلغىدى.
8 ئۇلار ئۆزلىرىگە گۆرۈگە قويۇلغان كىيىملەرنى
قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا تېگىگە سېلىپ يېتىشتى.
ئۇلار بۇتخانىلاردا ناھەق ئېلىنغان جەرىمانىلەر بىلەن
سېتىۋېلىنغان شارابلارنى ئىچىشتى.

9 ئەي خەلقىم، كۆز ئالدىڭلاردا
ئامورلارنى ۋەيران قىلغان مەن ئەمەسمىدىم؟!
ئۇلار خۇددى كېدىر دەرەخلىرىدەك ئېگىز،
دۇپ دەرەخلىرىدەك مەزمۇت بولسىمۇ،
ئۇلارنى ئۈچىدىن يىلتىزىغىچە پۈتۈنلەي ۋەيران
قىلىۋەتمىگەنمىدىم؟!
10 ئامورلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىشىڭلار ئۈچۈن
سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ،
چۆل-باياۋانلاردا قىرىق يىل يېتەكلىگەن مەن
ئەمەسمىدىم؟!
11 مەن پەرزەنتلىرىڭلاردىن پەيغەمبەرلەرنى تەيىنلىدىم،
ئاراڭلاردىن ماڭا ئۆزىنى ئالاھىدە بېغىشلىغان ياشلارنى
تاللىدىم.
ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، ئەجەبا دېگىنىم توغرا
ئەمەسمۇ؟!
12 بىراق سىلەر ماڭا ئالاھىدە بېغىشلىغان بۇ كىشىلەرنى
شاراب ئىچىشكە مەجبۇرلىدىڭلار.
سىلەر پەيغەمبەرلەرنى ۋەھىي يەتكۈزۈشتىن توستۇڭلار.

13 ئاشلىق بېسىلغان هارۋا يەرنى چىڭدىغاندەك،
ئەمدى مەن سىلەرنى چىڭداپ، مىجىقىڭلارنى
چىقىرىۋېتىمەن.
14 يەل تاپانلارمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ،
ھەتتا كۈچلۈكلەرنىڭمۇ قارشى تۇرۇشقا ماغدۇرى
يەتمەيدۇ.
باتۇر لەشكەرلەرمۇ ئۆز جېنىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.
15 ئوقياچىلار پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.
يەل تاپانلارمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.
ھەتتا ئاتلىق لەشكەرلەرمۇ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ئامالسىز
قالىدۇ.

16 ئۇ كۈنى ئەڭ باتۇر لەشكەرلەرمۇ قوراللارنى تاشلاپ
قېچىشىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

3 1 ئەي مىسىردىن ئېلىپ چىقىلغان پۈتكۈل ئىسرائىلىيە
خەلقى، پەرۋەردىگارنىڭ سىلەرگە قارشى ئېيتقان سۆزلىرىگە
قۇلاق سېلىڭلار:
2 «يەر يۈزىدىكى ھەممە خەلقلەر ئارىسىدىن يالغۇز
سىلەرنىلا تاللىدىم.
لېكىن سىلەر گۇناھ قىلدىڭلار، شۇڭا مەن سىلەرنى
جازالايمەن.»

## پەرۋەردىگار سۆزلىسە، پەيغەمبەر ھەرىكەتكە ئۆتەر

3 ئىككى ئادەم دېيىشىپ قويماي تۇرۇپ،
بىرگە سەپەر قىلامدۇ؟
4 ئۆۋ تۇتالمىغان شىر چاتقاللىقتا ھۆركىرەمدۇ؟
ئوزۇق بولمىسا ئۆڭكۈردىكى ياش شىرلار ئۆزئارا خىرىس
قىلىشامدۇ؟
5 ئەگەر يەمچۈك بولمىسا،
قۇش تۇزاققا چۈشەمدۇ؟
قىسماققا ھېچ نەرسە قىسىلمىسا،
قىسماق ئۆزلۈكىدىن قىسىلىپ قالامدۇ؟
6 شەھەردىن بۇرغا ئاۋازى ئاڭلانسا،
كىشىلەر ساراسىمىگە چۈشمەي قالامدۇ؟
پەرۋەردىگار ئىرادە قىلمىسا،
شەھەر بالايىئاپەتكە ئۇچرامدۇ؟
7 دەرھەقىقەت، ئىگىمىز پەرۋەردىگار
ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن مەقسەتلىرىنى خىزمەتكارلىرى بولغان
پەيغەمبەرلىرىگە
ئايان قىلماي تۇرۇپ، ئىش قىلمايدۇ.
8 ئەنە، شىر ھۆركىرەۋاتىدۇ! كىم قورقماي تۇرالايدۇ؟
ئەنە، ئىگىمىز پەرۋەردىگار سۆزلەۋاتىدۇ!

كىم ئۇنىڭ ۋەھىيلىرىنى جاكارلاشنى رەت قىلالايدۇ؟

## سامارىيەنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى

9 ئاشدود ۋە مىسىر ئوردىسىدىكىلەرگە:
«سىلەر سامارىيەدىكى تاغلارغا يىغىلىپ،
ئۇ يەردىكى قالايمىقانچىلىق ۋە زۇلۇملارنى كۆرۈپ
بېقىڭلار» دەپ جاكارلانسۇن.
10 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مېنىڭ خەلقىم ھەق ئىش قىلىشنى بىلمىدى.
ئۇلار سارايلىرىنى زومىگەرلىك بىلەن ئېرىشكەن بايلىقلار
بىلەن تولدۇردى.»
11 شۇ سەۋەبتىن ئىگىمىز پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«دۈشمەن بۇ زېمىننى قورشاۋغا ئېلىپ،
قەلئەلىرىڭلارنى ۋەيران قىلىدۇ،
سارايلىرىڭلارنى تالان-تاراج قىلىدۇ.

12 مەن پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەنكى، پادىچى شىر ئاغزىدىن قوينى تارتىۋالماقچى بولغىنىدا، ئۇنىڭ قولىدا پەقەت قوينىڭ ئىككى تۇيىقى ياكى قۇلىقىنىڭ بىر پارچىسىلا قالغىنىغا ئوخشاش، دۈشمەن ھۇجۇمىدىن كېيىن سامارىيەدىكى ئىسرائىللارنىڭ قولىدا پەقەت ئورۇن-كۆرپىلىرىنىڭ پارچىلىرىلا قالىدۇ.

13 مەن ئىگەڭلار، قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيمەنكى،
سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار ھەمدە ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنى
ئاگاھلاندۇرۇڭلار!
14 مەن ئىسرائىلىيە خەلقىنى گۇناھلىرى ئۈچۈن جازالىغان
ۋاقتىمدا،
بەيتەلدىكى قۇربانلىق سۇپىلىرىنىمۇ ۋەيران قىلىمەن.
قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۇرتۇپ چىققان تۆت بۇرجىكى
چېقىپ تاشلىنىدۇ.

15 مەن بايلارنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق سارايلىرىنى
ۋە پىل چىشى بىلەن بېزەلگەن ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلىمەن.
ھەشەمەتلىك سارايلار ئۆرۈۋېتىلىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

## ئىسرائىلىيە خەلقىنىڭ خۇدانىڭ يولىغا قايتمىغانلىقى

4 1 ئەي باشاندىكى بورداقلغان ئىنەكلەردەك سامارىيە
ئاياللىرى، قۇلاق سېلىڭلار.
تۆپىلىككە جايلاشقان سامارىيەدىكى ئاياللار، قۇلاق
سېلىڭلار.
سىلەر نامراتلارغا زۇلۇم قىلىپ، موھتاجلارنى ئېزىسىلەر.
سىلەر ھەمىشە ئەرلىرىڭلارغا: «بىزگە يەنە شاراب ئەكېلىپ
بېرىڭلار!» دەيسىلەر.
2 ئىگىمىز پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ مۇقەددەس نامى بىلەن
قەسەم قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:
«شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى،
خۇددى بېلىقلار قارماققا ئىلىنغىنىدەك،
سىلەرمۇ قارماققا ئىلىنىسىلەر،
ھەممىڭلار شۇنداق ئەكېتىلىسىلەر.
3 سىلەر سېپىل يوچۇقلىرىدىن تارتىپ چىقىرىلىپ،
ھارمونغا ھەيدەپ ئاپىرىلىسىلەر.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

4 سىلەر بەيتەلگە بېرىپ، گۇناھ قىلىۋېرىڭلار.
گىلگالغا بېرىپ، قانغۇچە گۇناھ قىلىۋېرىڭلار!
ھەر كۈنى ئەتىگەندە قۇربانلىقلىرىڭلارنى ئاپىرىپ،
ھەر ئۈچىنچى كۈنى كىرىمىڭلارنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى
ئاتاۋېرىڭلار.
5 خېمىرتۇرۇچ سېلىنغان نانلىرىڭلارنى مىننەتدارلىق
ھەدىيەسى سۈپىتىدە كۆرۈپ،

ئۆزۈڭلارنىڭ خالىس ھەدىيەڭلاردىن ماختىنىپ
يۈرۈۋېرىڭلار.
بۇ سىلەر ئىسرائىلىيە خەلقىنىڭ ياخشى كۆرۈپ قىلىدىغان
ئىشلىرىڭغۇ!
بۇ مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

6 مەن بارلىق شەھەرلىرىڭلاردا ئاچارچىلىق پەيدا قىلدىم،
ھەممە يېزاڭلارنى نانغا زار قىلدىم.
شۇنداقتىمۇ، سىلەر يەنىلا يولۇمغا قايتمىدىڭلار.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

7 مەن ھوسۇل پەسلىدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن
يامغۇرنىمۇ توختىتىۋەتتىم.
بىر شەھەرگە يامغۇر ياغدۇرسام،
يەنە بىر شەھەرگە ياغدۇرمىدىم.
بىر ئېتىزغا يامغۇر ياغدۇرۇلسا،
يەنە بىر ئېتىز يامغۇرسىز قاغجىراپ قالدى.
8 ھالسىزلانغان پۇقرالار يېزىمۇ يېزا سۇ ئىزدەپ، دەلدەڭشىپ
قالدى.
لېكىن ئۇلار قانغۇدەك سۇ ئىچەلمىدى.
شۇنداقتىمۇ، سىلەر يەنىلا يولۇمغا قايتمىدىڭلار.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

9 مەن باغلىرىڭلار ۋە ئۈزۈمزارلىقىڭلارنى قۇرۇتتۇم ۋە
سېسىتتىم.
چېكەتكىلەر ئەنجۈر ۋە زەيتۇن دەرەخلىرىڭلارنى يەپ
تۈگەتتى.
شۇنداقتىمۇ سىلەر يەنىلا يولۇمغا قايتمىدىڭلار.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

10 مەن ئىلگىرى مىسىرلىقلارنى مۇپتىلا قىلغان ۋاباغا
سىلەرنىمۇ مۇپتىلا قىلدىم.
باھادىر يىگىتلىرىڭلارنى قىلىچتا ئۆلتۈردۈم.
ئاتلىرىڭلار تارتىۋېلىندى.
بارگاھلىرىڭلارنى ئۆلۈكلەرنىڭ سېسىق پۇرىقى بىلەن
تولدۇردۇم.
شۇنداقتىمۇ، سىلەر يەنىلا يولۇمغا قايتمىدىڭلار.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

11 مەن خۇددى سودوم بىلەن گومورانى ۋەيران قىلغاندەك،
سىلەرنىمۇ ۋەيران قىلدىم.
سىلەر خۇددى ئوتتىن تارتىۋېلىنغەن چوغلىغا ئوخشاپ
قالدىڭلار.
لېكىن سىلەر يەنىلا يولۇمغا قايتمىدىڭلار.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!

12 ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى،
مەن سىلەرنى جازالايمەن.
ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى،
ماڭا ھېساب بېرىشكە تەييارلىنىڭلار!»

13 تاغ ۋە شامالنى ياراتقۇچى پەرۋەردىگار خۇدادۇر،
ئۇ ئوي-خىياللىرىنى ئىنسانلارغا ئايان قىلغاندۇر.
ئۇ قاراڭغۇلۇقنى تاڭ نۇرىغا ئايلاندۇرار،
ھەتتا ئۇ زېمىننىڭ يۇكسەكلىكلىرىدە ماڭار.
ئۇنىڭ ئىسمى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار خۇدادۇر.

## تووۋا قىلىشقا دەۋەت قىلىش

5 1 ئەي ئىسرائىلىيەلىكلەر، سىلەر ھەققىدە ئېيتىلغان بۇ ماتەم
كۈيۈمگە قۇلاق سېلىڭلار:
2 «پاك قىز ئىدى ئىسرائىلىيە، يىقىلدى،

ئۇ ئورنىدىن تۇرالماس ئەمدى.
ئۇ تاشلىنىپ قالار ئۆز زېمىنىدا،
يۆلەپ تۇرغۇزغۇچى يوقتۇر يېنىدا.»

3 ئىگىمىز پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيە خەلقىگە مۇنداق دەيدۇ:
«بىر شەھەردىن جەڭگە چىققان مىڭ جەڭچىدىن،
پەقەت يۈزى ئامان قايتىپ كېلەر.
يەنە بىر شەھەردىن جەڭگە چىققان يۈز جەڭچىدىن،
پەقەت ئونى ئامان قايتىپ كېلەر.»

4 پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيە خەلقىگە مۇنداق دەيدۇ:
«ھايات قالىسىلەر مېنى ئىزدىسەڭلار!
5 لېكىن بەيتەلگە بارماڭلار!
گىلگالغىمۇ بېرىپ يۈرمەڭلار!
بەئەرشەباغىمۇ چۈشمەڭلار!
چۈنكى گىلگال خەلقى چوقۇم سۈرگۈن قىلىنىدۇ،
بەيتەل يوقىلىدۇ.»

6 پەرۋەردىگارغا تەلپۈنۈڭلار، ھايات قالىسىلەر.
بولمىسا، ئەي يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى،
پەرۋەردىگار سىلەرگە ئوتتەك يوپۇرۇلىدۇ.
بۇ ئۆچمەس ئوت بەيتەلنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.
7 سىلەر ئادالەتنى قىرتاق قىلدىڭلار،
ھەققانىيلىقنى چۆرۈپ تاشلىدىڭلار.

8 پەرۋەردىگار ئۈكەر ۋە ئورىيون يۇلتۇزلىرىنى ياراتقۇچىدۇر.
ئۇ ئايلاندۇرغۇچىدۇر قاراڭغۇلۇقنى تاڭغا،
كۈندۈزنى ھەم كېچىگە.
ئۇ دېڭىزدىن سۇ ئېلىپ سەپكۈچىدۇر زېمىنغا،
ئۇنىڭ نامى «ياھۋەھ»تۇر.
9 ئۇ كۈچلۈكلەرنى ھالاك قىلار،

قورغانلىرىنى ۋەيران قىلار.

10 سىلەر شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئادالەتنى ياقىلىغۇچى
ئاقساقاللارغا ئۆچ،
سىلەر ھەق سۆزلىگەنلەردىن بىزار.
11 سىلەر يوقسۇللارغا زۇلۇم قىلىپ،
ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى ئالۋان-سېلىق بىلەن قاقتى-
سوقتى قىلىسىلەر.
شۇڭا سىلەر يونۇلغان تاشلاردىن سېلىنغان چىرايلىق
ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرالمايسىلەر،
ھەم ئۆزۈڭلار ياخشى ئۆستۇرگەن ئۈزۈمزارلىقىڭلاردىن
چىققان شارابلارنى ئىچەلمەيسىلەر.
12 قىلمىشىڭلارنىڭ كۆپلۈكىنى،
گۇناھىڭلارنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلىمەن.
سىلەر بىگۇناھلارغا زۇلۇم قىلىپ، پارا ئالىسىلەر،
شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا نامراتلارغا ئادالەتسىزلىك
قىلىسىلەر.
13 شۇڭا مۇشۇنداق رەزىل زامانلاردا،
ئەقىللىق ئادەملەر سۈكۈتتە تۇرىدۇ.
14 سىلەر رەزىللىك ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق
ھەققىدە ئىزدىنىڭلار،
شۇندىلا ھايات قالىسىلەر،
ھەمدە قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار خۇدا ئۆزۈڭلار
ئېيتقاندەك سىلەرگە يار بولىدۇ.
15 يامانلىقتىن يىرگىنىپ، ياخشىلىقنى سۆيۈڭلار.
شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ئادالەتنى تەشەببۇس قىلىڭلار.
شۇنداق قىلساڭلار، ئەي يۇسۇپ ئەۋلادلىرىدىن ئامان
قالغانلار،
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار خۇدا بەلكىم سىلەرگە
شاپائەت كۆرسىتەر.

16 ئىگىمىز، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار خۇدا مۇنداق دەيدۇ:
«ھەربىر شەھەر مەيدانلىرىدىن نالە-پەرياد،
ھەربىر كوچىدىن يىغا-زار كۆتۈرۈلىدۇ.
دېھقانلار ھازا تۇتۇشقا،
مەرسىيەچىلەر يىغلاشقا چاقىرتىلىدۇ.
17 ئۈزۈمزارلىقلار يىغا-زارغا تولىدۇ،
چۈنكى مەن زېمىنىڭلاردىن ئۆتىمەن، سىلەرنى جازالايمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

## پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى

18 پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!
نېمە ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ كۈنىنىڭ كېلىشىنى كۈتىسىلەر؟
بۇ كۈن يورۇقلۇق ئەمەس، بەلكى زۇلمەت ئېلىپ كېلىدۇ!
19 ئاشۇ كۈنى سىلەر خۇددى شىردىن قۇتۇلۇپ، ئېييىققا يولۇققان ئادەمگە،
ياكى ئۆيگە ساق قايتىپ كېلىپ، تامغا يۆلىنىشىگىلا قولىنى يىلان چېقىۋالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالىسىلەر.
20 پەرۋەردىگارنىڭ كۈنى يورۇقلۇق ئەمەس، بەلكى زۇلمەت ئېلىپ كېلىدۇ.
ئۇ كۈندە قاراڭغۇلۇق بولىدۇ، يورۇقلۇق بولمايدۇ.

21 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ھېيت-بايراملىرىڭلاردىن سەسكىنىمەن، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىمەن.
ئىبادەت سورۇنلىرىڭلاردىن بىزارمەن.
22 گەرچە سىلەر ماڭا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار
ۋە ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى تەقدىم قىلساڭلارمۇ،
مەن ئۇلارنى قوبۇل قىلمايمەن.

سلەرنىڭ بوردالغان موزىيىڭلاردىن سۇنىدىغان ئامانلىق قۇربانلىقلىرىڭلارغا پەرۋايىم پەلەك.
[23] ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ ئېيتقان مۇناجاتلىرىڭلارنى مەندىن يىراق قىلىڭلار.
چىلتارلىرىڭلارنىمۇ ئاڭلىغۇم يوق.
[24] بۇنىڭ ئورنىغا ئادالەتلەر ئېقىن سۇدەك،
ھەققانىيلىقىڭلار قۇرماس دەريادەك ئاقسۇن.

[25] ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى، سىلەر چۆل-باياۋاندا ياشىغان قىرىق
يىل جەريانىدا، راست ماڭىلا كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە ئاشلىق
ھەدىيەلىرىنى سۇندۇڭلارمۇ؟ [26] ھازىر سىلەر ئۆزۈڭلار ياسىۋالغان
بۇتلىرىڭلار، يەنى ئىلاھىي شاھىڭلار سىكۇت ۋە يۇلتۇز ئىلاھىڭلار
كىيۇننى كۆتۈرۈپ يۈرىسىلەر. [27] شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرنى
دەمەشقتىنمۇ تېخىمۇ يىراق بولغان جايلارغا سۈرگۈن قىلىمەن.
بۇ مەن پەرۋەردىگار، يەنى قۇدرەتلىك سەردار خۇدانىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر.»

## ئىسرائىللارنىڭ جازالىنىشى

6 [1] يېرۇسالېمدا راھەت-پاراغەتتە ياشاۋاتقانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!
تۆپىلىككە جايلاشقان سامارىيە شەھىرىدە خاتىرجەملىكتە ياشاۋاتقانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!
سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئەڭ مۇھىم ئەلنىڭ كاتتا ئادەملىرى دەپ ئويلايسىلەر،
ئىسرائىلىيە خەلقى سىلەردىن ياردەم سوراپ، ئالدىڭلارغا كېلىدۇ.
[2] سىلەر خەلققە پو ئېتىپ مۇنداق دەيسىلەر:
«كالنېھ شەھىرىگە بېرىپ كۆرۈڭلار!
ئۇ يەردىن بۈيۈك بولغان خامات شەھىرىگە بېرىڭلار!
ئاندىن فىلىستىيەلىكلەرنىڭ گات شەھىرىگە بېرىڭلار!
بۇ ئىككى پادىشاھلىق بىزدىنمۇ كاتتىمىكەن؟

ئۇلارنىڭ زېمىنى بىزنىڭ زېمىنىمىزدىنمۇ چوڭمىكەن؟»
[3] سىلەر كۈلپەت كۈنىنىڭ كېلىشىنى خېلى يىراق دەپ
ئويلايسىلەر،
لېكىن قىلمىشىڭلار جازا كۈنىنىڭ كېلىشىنى
يېقىنلاشتۇرىدۇ.
[4] ھالىڭلارغا ۋاي! سىلەر پىل چىشى بىلەن نەقىشلەنگەن
كاتلاردا سوزۇلۇپ،
دىۋانلاردا يانپاشلاپ ياتىسىلەر.
قويلارنى ۋە سېمىز موزايلارنى يەيسىلەر.
[5] سىلەر ئۆزۈڭلارنى پادىشاھ داۋۇتقا ئوخشىتىپ،
چىلتارلارغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىسىلەر.
[6] چوڭ قەدەھلەردە شاراب ئىچىپ،
ئەڭ ئېسىل مايلارنى ئۆزۈڭلارغا سۈرتىسىلەر.
ئەمما سىلەر ئۆز خەلقىڭلارنىڭ زاۋاللىققا يۈز
تۇتقانلىقىدىن ئەنسىرىمەيسىلەر.
[7] شۇڭا سىلەر ھەممىدىن ئاۋۋال سۈرگۈن قىلىنىسىلەر،
سىلەرنىڭ كەيپ-ساپا قىلىپ ياتىدىغان ۋاقتىڭلار
ئاياغلىشىدۇ.

[8] ئىگىمىز پەرۋەردىگار، يەنى قۇدرەتلىك سەردار خۇدا قەسەم قىلىپ مۇنداق دېدى:
«ئىسرائىلىيە خەلقىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن نەپرەتلىنىمەن.
ئۇلارنىڭ قورغانلىرىنى ئۆچ كۆرىمەن.
شەھەرلەرنى ۋە ئۇلاردىكى بارلىق نەرسىلەرنى
دۈشمەنلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن.»

[9] ئەگەر بىر ئۆيدە پەقەت ئون ئادەم ھايات قالغان بولسا،
ئۇلارمۇ ئۆلىدۇ. [10] ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرى
جەسەتنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەندە، ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالغان
ئادەمدىن: «ئۆيدە باشقا ئادەم بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۆي
ئىچىدىكى ئادەم «يوق» دەپ جاۋاب بېرىپ، پەرۋەردىگارنىڭ

نامى بىلەن قەسەم قىلىشقا باشلىغاندا، كەلگۈچى: «ئارتۇق
گەپ قىلما، پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى تىلغا ئالمايلى، بولمىسا
بىزمۇ ئۆلىمىز!» دەيدۇ.

[11] پەرۋەردىگار ئەمر قىلماقتا،
چوڭ ئۆيلەر بۇزۇپ تاشلىنىدۇ،
كىچىك ئۆيلەر ۋەيران قىلىنىپ، ئۇششاق داشگالغا
ئايلىنىدۇ.
[12] ئات قىيا تاشلار ئۈستىدە چاپالامدۇ؟
ئۆكۈز دېڭىزنى يەردەك ئاغدۇرالامدۇ؟
لېكىن سىلەر شۇنداق قىلىپ، ئادالەتنى زەھەرگە
ئايلاندۇردۇڭلار،
ھەققانىيەتنىڭ شېرىن مېۋىلىرىنى قىرتاق قىلدىڭلار.
[13] سىلەر لودىبار شەھىرىنى ئىشغال قىلغىنىڭلاردىن
پەخىرلىنىسىلەر.
سىلەر ماختىنىپ: «قارنايىم شەھىرىنىمۇ ئىگىلەشكە
قۇربىمىز يەتتى!» دەيسىلەر.
[14] لېكىن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار خۇدا مۇنداق دەيدۇ:
«قاراپ تۇرۇڭلار، ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى،
مەن سىلەرگە قارشى بىر ئەلنى قوزغىتىمەن.
ئۇلار شىمالدىكى لىبو-خاماتتىن جەنۇبتىكى ئارابا
جىلغىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى زېمىنىڭلارنى
بېسىۋېلىپ،
سىلەرنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ.»

## چېكەتكە توغرىسىدىكى غايىبانە ئالامەت

7 [1] ئىگەم پەرۋەردىگار ماڭا بىر غايىبانە ئالامەتنى كۆرسەتتى.
خۇدا بىر توپ چېكەتكىلەرنى زېمىندا پەيدا قىلىپتۇ.
بۇ ۋاقىت دېھقانلارنىڭ پادىشاھقا ئالۋان-سېلىق تاپشۇرۇپ
بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم تېرىغان زىرائەتلىرىنىڭ يېڭىدىن
ئۈنۈشكە باشلىغان ۋاقتى ئىكەن. [2] چېكەتكىلەر زېمىندىكى

ئۆسۈملۈكلەرنى يەپ بولغاندىن كېيىن، مەن پەرۋەردىگارغا مۇنداق دېدىم:
— ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنى كەچۈرگەيسەن، ئۇلار بەك ئاجىزدۇر، قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟!
3 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار قارارىنى ئۆزگەرتىپ: «بۇ ئاپەت يۈز بەرمەيدۇ» دېدى.

## ئوت توغرىسىدىكى غايىبانە ئالامەت

4 ئاندىن ئىگەم پەرۋەردىگار ماڭا باشقا بىر غايىبانە ئالامەتنى كۆرسەتتى. ئۇ ئۆز خەلقىنى كۆيدۈرۈپ جازالاش ئۈچۈن ئوتقا ئەمر قىلىپتۇ. ئوت يەر ئاستىدىكى بۈيۈك سۇلارنى قۇرۇتۇپ، زېمىننى كۆيدۈرۈشكە باشلاپتۇ. 5 مەن:
— ئى ئىگەم پەرۋەردىگار، ئۆتۈنەي، توختىغايسەن. ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى بەك ئاجىزدۇر، قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟!
— دېدىم.
6 شۇنىڭ بىلەن ئىگەم پەرۋەردىگار قارارىنى ئۆزگەرتىپ: «بۇ ئاپەتمۇ يۈز بەرمەيدۇ» دېدى.

## تامنىڭ ئەگرى، تۈزلۈكى ھەققىدىكى غايىبانە ئالامەت

7 ئاندىن كېيىن ئىگەم پەرۋەردىگار ماڭا يەنە بىر غايىبانە ئالامەت كۆرسەتتى. ئىگەم تامنىڭ يېنىدا تامنىڭ تۈزلۈكىنى تەكشۈرىدىغان تانىنى تۇتۇپ تۇرغانىكەن. 8 ئۇ مەندىن:
— ئاموس، سەن نېمىنى كۆردۈڭ؟ — دەپ سورىدى. مەن:
— تامنىڭ تۈزلۈكىنى تەكشۈرىدىغان تانىنى كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ:
— مەن ئەمدى ئىسرائىل خەلقىمنىڭ تۇتقان يولىنىڭ ئەگرى، تۈزلۈكىنى مۇشۇ تانا بىلەن تەكشۈرىمەن. مەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ تۇرالمايمەن. 9 ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرى چوقۇنىدىغان غەيرىي سەجدىگاھلار ۋەيران قىلىنىدۇ، ئىسرائىلىيە خەلقىنىڭ چوقۇنىدىغان جايلىرى خاراب بولىدۇ. مەن قىلىچ بىلەن ياروبئامنىڭ خاندانلىقىنى يوقىتىمەن، — دېدى.

## روھانىي ئامازىيانىڭ ئاموسقا قارشى تۇرۇشى

[10] بەيتەل شەھىرىنىڭ روھانىيسى ئامازىيا ئىسرائىلىيە پادىشاھى ياروبئامغا ئادەم ئەۋەتىپ، مۇنداق ئۇچۇر بەردى:

«ئاموس ئىسرائىلىيە خەلقى ئارىسىدا ساڭا قارشى قوزغىلاڭ قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتى قالمىدى. [11] ئۇ: ‹ياروبئام قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئىسرائىلىيە خەلقى ئۆز زېمىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىدۇ› دەيدۇ.»

[12] ئاندىن ئامازىيا ئاموسقا مۇنداق دېدى:
— ئى غايىبنى بىلگۈچى، بۇ يەردىن كەت، يەھۇدىيە زېمىنىغا كەت. شۇ يەردە ۋەھىي يەتكۈزۈپ، جېنىڭنى باق! [13] لېكىن بەيتەلدە ھەرگىز ۋەھىي يەتكۈزگۈچى بولما. چۈنكى بۇ يەردە خانلىق سەجدىگاھ ۋە خەلقىنىڭ چوڭ بۇتخانىسى بار.
[14] ئاموس ئامازىياغا مۇنداق جاۋاب بەردى:
— مەن پەيغەمبەرمۇ ھەم پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادىمۇ ئەمەس ئىدىم، پەقەت چارۋىچى ئىدىم. ئەنجۈر دەرەخلىرىنىمۇ پەرۋىش قىلاتتىم. [15] پەرۋەردىگار مېنى پادىلىرىمدىن ئايرىپ، ماڭا: «بېرىپ ئىسرائىلىيەدىكى خەلقىمگە ۋەھىي يەتكۈزگىن» دېدى. [16] سەن ماڭا: «ئىسرائىلىيەگە قارشى ۋەھىي يەتكۈزۈشنى ۋە ئىسھاق ئەۋلادلىرىغا قارشى سۆزلەشنى توختات» دېدىڭ. ئەمدى پەرۋەردىگارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قۇلاق سال! [17] ئەي ئامازىيا، پەرۋەردىگار ساڭا مۇنداق دەيدۇ:

«ئايالىڭ شەھەردە پاھىشە بولىدۇ،
ئوغۇل-قىزلىرىڭ قىلىچ ئاستىدا ھالاك بولىدۇ.
زېمىنىڭ باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ،
ئۆزۈڭ ياقا يۇرتتا ئۆلىسەن.
ئىسرائىلىيە خەلقى ئۆز زېمىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىدۇ.»

## پىشقان مېۋە توغرىسىدىكى غايىبانە ئالامەت

8 [1] ئىگىمىز پەرۋەردىگار ماڭا بىر غايىبانە ئالامەتنى كۆرسەتتى.
ئۇنىڭدا مەن بىر سېۋەت پىشقان مېۋىنى كۆردۈم. [2] ئۇ:
- ئاموس، نېمىنى كۆردۈڭ؟ - دەپ سورىدى. مەن:
- بىر سېۋەت پىشقان مېۋە، - دەپ جاۋاب بەردىم. ئاندىن
پەرۋەردىگار ماڭا:
- ئىسرائىل خەلقىمنىڭ ۋاقىت-سائىتى توشتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ
گۇناھلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ تۇرالمايمەن. [3] ئۇ كۈن كەلگەندە،
ئوردىدىكى ئاياللارنىڭ ناخشا ئاۋازلىرى يىغا-زارغا ئايلىنىدۇ. ھەممە
يەرنى جەسەت قاپلاپ، شەھەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.
بۇلارنى مەنكى ئىگەڭلار پەرۋەردىگار ئېيتقانمەن! - دېدى.

[4] يوقسۇللارغا زۇلۇم سېلىپ، نامراتلارنى ۋەيران قىلىشقا
ئۇرۇنلانغانلار قۇلاق سېلىڭلار.
[5] سىلەر ئۆز-ئۆزۈڭلارغا: «يېڭى ئاي بايرىمى ئۆتۈپ
كەتسىلا، ئاشلىقلىرىمىزنى ساتالايتتۇق.
دەم ئېلىش كۈنى ئۆتۈپ كەتسىلا، بۇغداي ئامبارلىرىمىزنى
ئاچالايتتۇق.
كەمچىنىمىزنى كىچىكلىتىپ، باھاسىنى ئۆستۈرۈپ،
ساختا تارازا بىلەن ئالدامچىلىق قىلالايتتۇق.
[6] كەمبەغەللەرنى ئەرزىمەس كۈمۈشكە،
موھتاجلارنى بىر جۈپ چورۇققا سېتىۋالالايتتۇق.
ئاشلىقلارنى توپانغا ئارىلاشتۇرۇپ ساتالايتتۇق» دەيسىلەر.

[7] پەرۋەردىگار، يەنى ئىسرائىللار پەخىرلىنىدىغان پەرۋەردىگار
مۇنداق قەسەم ئىچتى:
«مەن ئۇلار قىلغان ھەرقانداق قىلمىشلارنى ھەرگىز
ئۇنتۇپ قالمايمەن.
[8] شۇ سەۋەبتىن زېمىن تەۋرەيدۇ،
زېمىندىكى بارلىق ئىنسانلار ھازا تۇتىدۇ.

پۈتۈن زېمىن مىسىردىكى نىل دەرياسىدەك لەرزىگە
كېلىپ،
بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەيدۇ.»

9 ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«شۇ كۈنى مەن چۈشتە قۇياشنى پاتۇرۇپ،
زېمىنىنغا قاراڭغۇلۇق چۈشۈرىمەن.
10 ھېيتلىرىڭلارنى ماتەمگە،
خۇشال ناخشاڭلارنى يىغا-زارغا ئايلاندۇرىمەن.
ھەممىڭلار ماتەملىك كىيىملەرنى كىيىپ،
چېچىڭلارنى چۈشۈرىسىلەر.
سىلەرنى يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەمدەك
ئازابقا قويىمەن.
پۈتۈن كۈن شەك-شۈبھىسىزكى، قايغۇلۇق بىر كۈن
بولىدۇ.»

11 ئىگىمىز پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى،
مەن زېمىننى ئېچىرقىتىمەن،
بۇ نان ۋە سۇغا بولغان ئېچىرقاش بولماستىن،
بەلكى مېنىڭ سۆزلىرىمگە بولغان ئېچىرقاش بولىدۇ.
12 ئادەملەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاش ئۈچۈن
دېڭىزدىن دېڭىزغا، شىمالدىن شەرققە سەپەر قىلىدۇ،
لېكىن ئۇلار سۆزۈمنى ھېچ يەردىن تاپالمايدۇ.
13 ئۇ كۈندە ياش قىزلار ۋە قىران يىگىتلەر چاڭقاشتىن
ھالسىزلىنىدۇ.
14 ‹ئەي دان شەھىرىنىڭ ئىلاھى، ئەي بەئەرشەبا شەھىرىنىڭ
ئىلاھى› دەپ،
سامارىيەنىڭ يىرگىنچلىك بۇتلىرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم
ئىچكەنلەر يىقىلىدۇ،
قايتا ئورنىدىن تۇرالمايدۇ.»

## ئىسرائىلىيەنىڭ ۋەيران بولۇشى تоغرىسىدىكى غايىبانە ئالامەت

9 [1] ئاندىن مەن بىر غايىبانە ئالامەت كۆردۇم. ئۇنىڭدا ئىگەم
پەرۋەردىگار قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ
مۇنداق دېدى:

«ئىبادەتخانا تۈۋرۈكلىرىنىڭ بېشىغا ئۇرۇڭلار،
ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلى تەۋرىسۇن.
ئۆگزىسىنى بۇزۇڭلار، ئاستىدا تۇرغان كىشىلەرنى باسسۇن.
مەن هايات قالغانلارنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرىمەن.
هېچكىم قاچالمايدۇ، هېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!
[2] ئۇلار گۆر كولاپ كىرىۋالسىمۇ،
كىرىۋالغان جايلىرىدىن تارتىپ چىقىرىمەن.
ئۇلار ئاسمانغا چىقىۋالسىمۇ،
ئاسماندىن تارتىپ چۈشۈرىمەن.
[3] ئۇلار كارمەل تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىۋالسىمۇ، تۇتۇپ
كېلىمەن.
ئەگەر ئۇلار مېنى كۆرمىسۇن دەپ دېڭىزنىڭ تېگىگە
شۇڭغۇۋالسا،
دېڭىز يىلىنىنى ئۇلارنى چېقىشقا ئەۋەتىمەن.
[4] ئۇلارنى دۈشمەنلىرى سۈرگۈن قىلسا،
شۇ يەردە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە قىلىچنى بۇيرۇيمەن.
مەن ئۇلارغا بەخت ئەمەس،
بەلكى بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىشنى نىيەت قىلدىم.»

[5] ئىگىمىز قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار زېمىنغا تېگىپ
كەتسە،
زېمىننى ئېرىتىپ، زېمىندا ياشاۋاتقانلارنى قايغۇغا سالىدۇ.
پۈتۈن زېمىن مىسىردىكى نىل دەرياسىدەك
بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەيدۇ.

6 ئۇ ئەرشتە ئۆي سېلىپ،
ئۇلىنى زېمىنغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ،
دېڭىز سۈيىنى زېمىنغا يامغۇر قىلىپ ياغدۇرىدۇ!
ئۇنىڭ نامى «ياھۋەھ»تۇر.

7 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي ئىسرائىلىيە خەلقى،
سىلەرچە كۇش خەلقى مېنىڭ نەزىرىمدە ئىسرائىللاردەك
قىممەتلىك ئەمەسمۇ؟
مەن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىققىنىمدەك،
فىلىستىيەلىكلەرنى كرىت ئارىلىدىن،
ئارامىلارنى قىر زېمىنلىرىدىن ئېلىپ چىقمىدىممۇ؟
8 مەن ئىگەڭلار پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ گۇناھقا تولغان
پادىشاھلىقىڭلارغا كۆز تىككەنمەن.
مەن ئۇنى يەر يۈزىدىن يوقىتىمەن.
لېكىن مەن ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھالاك
قىلمايمەن.
9 مەن ئەمر-پەرمان چۈشۈرۈپ، ئىسرائىلىيە خەلقىنى يات
ئەللەرنىڭ ئارىسىدا دان تاسقىغاندەك تاسقايمەن.
لېكىن غەلۋىرىمدىن بىر تال تاشمۇ يەرگە چۈشمەيدۇ.
10 خەلقىم ئارىسىدىكى بارلىق گۇناھكارلار قىلىچ ئاستىدا
ھالاك بولىدۇ.
بۇلار دەل: ‹بىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ، بېشىمىزغا بالا-قازا
كەلمەيدۇ› دېگەن ئادەملەردۇر.»

## ئىسرائىلىيەنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى

11 «ۋاقتى كەلگەندە، داۋۇتنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كەپىسىنى
قايتىدىن قۇرىمەن.
بۇزۇلغان تاملىرىنى ئوڭشاپ، خارابىلىكلىرىنى قايتا بىنا
قىلىمەن.
مەن ئۇنى ئەسلىدىكىدەك قايتا قۇرۇپ چىقىمەن.

12 ئىسرائىلىيە خەلقى ئېدومدىن ئامان قالغانلارغا ۋە
مېنىڭ نامىم ئاستىدىكى بارلىق ئەللەرگە ئىگە بولىدۇ.»
بۇ سۆزلەرنى ئېيتقۇچى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى مەن
پەرۋەردىگاردۇر.

13 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«شۇنداق ياخشى كۈنلەر كېلىدۇكى،
دېھقانلار مول ھوسۇلنى يىغىپ بولغۇچە،
يەنە بىر يەر ئاغدۇرۇش ۋاقتى كېلىدۇ.
ئۈزۈملىرىنى يانجىپ بولغۇچە،
يەنە بىر ئۈزۈم پىششىقى كېلىدۇ.
تاغلاردىن شەربەت تېمىپ، دۆڭلەردىن ئېقىپ چۈشىدۇ.
14 مەن سۈرگۈن قىلىنغان خەلقىم ئىسرائىللارنى قايتۇرۇپ
كېلىمەن.
ئۇلار ۋەيران بولغان شەھەرلەرنى قايتا قۇرۇپ، ئۇ يەرلەردە
ياشايدۇ.
ئۇلار ئۈزۈمزارلىقلارنى بەرپا قىلىپ، ئۈزۈم شارابلىرىنى
ئىچىدۇ.
باغلارنى بەرپا قىلىپ، مېۋىلىرىنى يەيدۇ.
15 مەن ئۇلارنى ئۇ زېمىندا يىلتىز تارتقۇزىمەن.
ئۇلار مەن ئاتا قىلغان بۇ زېمىندىن ئەمدى يۇلۇپ
تاشلانمايدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارىڭلار خۇدانىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

# ئوبادىيا

## ئېدومنىڭ جازالىنىشى

1 [1] بۇ مەن ئوبادىياغا كەلگەن ۋەھىي بولۇپ،
ئىگىمىز پەرۋەردىگارنىڭ ئېدوم خەلقى توغرىسىدا
ئېيتقانلىرىدۇر.
بىز پەرۋەردىگاردىن بىر خەۋەر ئالدۇق،
ھەرقايسى ئەللەرگە بىر ئەلچى ئەۋەتىلىپتۇ.
ئەلچى: «ئېدومغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىڭلار!»
دەيدۇ.

[2] پەرۋەردىگار ئېدومغا مۇنداق دېدى:
«ئاڭلا، مەن ئەمدى سېنى ئەللەرنىڭ ئارىسىدىكى ئاجىز
بىر ئەل قىلىپ قويىمەن،
سېنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ!
[3] تەكەببۇرلۇقۇڭ سېنى ئالدايدۇ.
سېنىڭ پايتەختىڭ قىيادىكى قورغاندۇر،
ئۆيۈڭ ئېگىز تاغدىدۇر.
شۇڭا سەن كۆڭلۈڭدە:
‹كىم مېنى بۇ يەردىن تارتىپ چۈشۈرەلەيدۇ؟› دەپ
ئويلايسەن.
[4] لېكىن سەن بۈركۈتتىن ئېگىز ئۇچۇپ، يۇلتۇزلار ئارىسىغا
ئۇۋا سالساڭمۇ،
مەن يەنىلا سېنى ئۇ يەردىن تارتىپ چۈشۈرىمەن.

5 كېچىسى ئۆيگە ئوغرى كىرسە، ئوغرى پەقەت ئۆزى
خالىغان نەرسىسىنى ئالىدىغۇ؟
كىشىلەر ئۈزۈملەرنى يىغقاندا ئازراق قالدۇرۇپ قويىدىغۇ،
لېكىن سېنىڭ دۈشمىنىڭ ھېچنېمە قالدۇرمايدۇ.
6 ئەي ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى، سىلەر پۈتۈنلەي تالان-تاراج
قىلىنىسىلەر!
يوشۇرۇپ قويغان بايلىقىڭلار تېپىۋېلىنىدۇ ۋە ئېلىپ
كېتىلىدۇ.
7 سىلەرنىڭ بارلىق ئىتتىپاقدىشىڭلار سىلەرنى ئۆز
زېمىنىڭلاردىن قوغلىۋېتىدۇ،
سىلەر بىلەن تىنچ ئۆتكەن كىشىلەر سىلەرنى ئالدايدۇ ۋە
مەغلۇپ قىلىدۇ،
سىلەر بىلەن بىللە غىزالانغان كىشىلەر سىلەرگە تۇزاق
قۇرىدۇ،
سىلەر غەپلەت ئىچىدە قېلىپ، ھېچنېمىنى بىلمەيسىلەر.»

8 بۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئېدومنىڭ دانىشمەنلىرىنى
ھەمدە ئەساۋنىڭ تاغلىرىدىن كەلگەن مەسلىھەتچىلەرنى
يوقىتىمەن!
9 ئەي تېمان شەھىرى، سېنىڭ لەشكەرلىرىڭ ھودۇقۇپ
كېتىدۇ.
ئەساۋنىڭ تاغلىرىدىكى خەلقنىڭ ھەممىسى قىرغىن
قىلىنىدۇ!
10 ئەي ئېدوم، ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا، يەنى تۇغقانلىرىڭغا
زوراۋانلىق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن،
ئىزا-ئاھانەتكە قالىسەن
ھەمدە مەڭگۈلۈككە ۋەيران قىلىنىسەن.
11 ئۇلار تاجاۋۇزغا ئۇچرىغاندا، سەن ئۇلارغا ياردەم قىلماي،
يىراق تۇرۇۋالدىڭ.

ياتلار يېرۇسالېمدىكى بايلىقنى تالىشىپ، چەك تاشلاپ،
تالان-تاراج قىلغاندا،
سەن خۇددى ئىسرائىللارنىڭ بىر دۈشمىنىگە ئوخشاپ
قالدىڭ.
12 تۇغقانلىرىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان كۈندە،
ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشال بولماسلىقىڭ كېرەك
ئىدى.
يەھۇدىيە خەلقى ۋەيران بولغان كۈندە، شادلانماسلىقىڭ
كېرەك ئىدى.
ئۇلار بەختسىزلىككە يولۇققان كۈندە، مەسخىرە
قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى.
13 مېنىڭ خەلقىم بالا-قازاغا ئۇچرىغان كۈندە، سەن ئۇلارنىڭ
شەھىرىگە كىرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.
ئۇلار بالا-قازاغا ئۇچرىغان كۈندە، سەن خۇشال
بولماسلىقىڭ كېرەك ئىدى.
ئۇلار بالا-قازاغا ئۇچرىغان كۈندە، سەن ئۇلارنىڭ
بايلىقلىرىنى بۇلىماسلىقىڭ كېرەك ئىدى.
14 سەن تۆت كوچىنىڭ ئېغىزىدا تۇرۇۋېلىپ، قېچىۋاتقانلارنى
قىرماسلىقىڭ كېرەك ئىدى.
ئۇلار ۋەيران بولغان كۈندە، سەن ئۇلارنى دۈشمەنلەرگە
تۇتۇپ بەرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.»

## پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنىنىڭ يېقىنلىشىشى

15 «مەن پەرۋەردىگارنىڭ پۈتكۈل ئەللەرنى جازالايدىغان كۈنى
يېقىنلاشماقتا!
ئەي ئېدوم، سەن قىلمىشىڭغا يارىشا جازالىنىسەن!
رەزىللىكىڭ ئۆز بېشىڭغا كېلىدۇ!
16 مېنىڭ خەلقىم مۇقەددەس تېغىمدا جازا شارابىنى تولۇق
ئىچىۋەتتى،
ئەمدى سەن ۋە ئەتراپىڭدىكى ئەللەرمۇ بۇ جازا شارابىنى
تولۇق ئىچىسلەر.

شۇنداق، سىلەر جازا شارابىنى ئىچسىلەر.
سىلەر خۇددى ھېچقاچان مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەك
يوقاپ كېتىسىلەر.
17 لېكىن سىئون تېغى قاچقانلارنىڭ پاناھلىنىدىغان جايىغا
ئايلىنىدۇ،
ئۇ بىر مۇقەددەس زېمىن بولىدۇ.
ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى قايتىپ كېلىپ، ئۆز زېمىنىغا ئىگە
بولىدۇ.
18 ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتقا،
يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى يالقۇنغا ئوخشايدۇ.
لېكىن ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى پاخالغا ئوخشايدۇ.
ئۇلار كۆيۈپ، پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ.
ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھېچكىم قالمايدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

19 كېيىن نەگېب چۆللۈكىدە ياشىغان خۇدانىڭ خەلقى ئېدوم
تاغلىرىنى قايتىدىن ئىگىلەيدۇ.
غەربىي ئېدىرلىقلاردا ياشىغانلار فىلىستىيەلىكلەرنىڭ
زېمىنىنى ئىگىلەيدۇ.
ئۇلار ئەفرايىم ۋە سامارىيە زېمىنلىرىنى ئىگىلەيدۇ.
بىنيامىنلار گىلئاد زېمىنىنى ئىگىلەيدۇ.
20 سۈرگۈن قىلىنغان ئىسرائىل خەلقى ئۆز زېمىنىغا قايتىپ
كېلىدۇ،
ئۇلار فەنىكىيە زېمىنىنىڭ زارىفات شەھىرىگىچە بولغان
جايلارنى ئىگىلەيدۇ.
يېرۇسالېمدا تۇتقۇن قىلىنىپ، سفاراد شەھىرىدە
سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلەر قايتىپ كېلىدۇ،
ئۇلار نەگېب چۆللۈكىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلەيدۇ.
21 ئۇلار غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سىئون تېغىغا كېلىپ،
ئېدوم تاغلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
پادىشاھلىق پەرۋەردىگارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

# يُونُس

1 2 3 4

# يۇنۇس

## يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ پەرۋەردىگارغا بويسۇنماسلىقى

1
1 بىر كۈنى ئامىتاينىڭ ئوغلى يۇنۇسقا پەرۋەردىگاردىن ۋەھىي
كەلدى. 2 پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى:
ــ سەن دەرھال بۈيۈك شەھەر نىنەۋىگە بېرىپ، شەھەردىكىلەرگە
ھۆكۈمۈمنى جاكارلا، چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ نەقەدەر رەزىل
ئىكەنلىكىنى كۆردۈم.
3 لېكىن يۇنۇس ئۆزىنى پەرۋەردىگاردىن قاچۇرۇش ئۈچۈن
تارشىشقا قاراپ يول ئالدى. ئۇ يافغا شەھىرىگە بېرىپ، تارشىشقا
بارىدىغان بىر كېمىنى تاپتى. ئۇ: «ئۇ يەرگە قېچىپ بارسام،
پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدىن يىراق بولىمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ
كېمىنىڭ يول ھەققىنى تۆلەپ، كېمىگە چىقىپ، كېمىچىلەر بىلەن
بىرگە تارشىشقا قاراپ يولغا ئالدى.
4 بىراق پەرۋەردىگار دېڭىزغا كۈچلۈك بوران ئەۋەتتى. دېڭىزدا
دەھشەتلىك بوران چىقىپ، دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، كېمىنى
پارچىلىۋەتكىلى تاس قالدى. 5 شۇنىڭ بىلەن كېمىچىلەر قاتتىق
ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ھەركىم ئۆز ئىلاھلىرىغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن نىدا
قىلدى. ئۇلار كېمە يېنىكلىسۇن دەپ، كېمىدىكى ماللارنى دېڭىزغا
تاشلاشتى. بۇ ۋاقىتتا يۇنۇس كېمىنىڭ ئاستىنقى بۆلۈمىدە قاتتىق
ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. 6 كېمە باشلىقى يۇنۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ:
ــ نېمىشقا ئۇخلاپ ياتىسەن؟ ئورنۇڭدىن تۇر، ئىلاھىڭغا يالۋۇر!
بەلكىم ئۇنىڭ نەزىرى بىزگە چۈشسە، بىز ئامان قالارمىز، ــ دېدى.
7 كېمىچىلەر:

- بىزنىڭ بۇ بالايىئاپەتكە دۇچار بولۇشىمىزغا كىمنىڭ سەۋەبچى
بولغانلىقىنى بىلىپ باقايلى، - دېيىشتى ۋە چەك تاشلاشتى، چەك
يۇنۇسقا چىقتى. 8 ئۇلار ئۇنىڭدىن:
- ئېيتقىنا، كىمنىڭ سەۋەبىدىن بۇ بالايىئاپەتكە دۇچار بولدۇق؟
سەن نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن، قەيەردىن كەلدىڭ، قايسى
خەلقتىنسەن؟ - دەپ سوراشتى. 9 يۇنۇس ئۇلارغا:
- مەن ئىبرانىيمەن، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقنى ياراتقان ئەرشتىكى
پەرۋەردىگارغا ئېتىقاد قىلىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى.
10 يۇنۇس يەنە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگاردىن قېچىپ
يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. كېمىچىلەر بۇنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن
قورقۇشۇپ كەتتى. ئۇلار:
- نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟ - دېيىشتى. 11 بوران-چاپقۇن
ئەۋجىگە چىقتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن:
- قانداق قىلساق دېڭىز دولقۇنى پەسىيدۇ؟ - دەپ سوراشتى.
12 يۇنۇس ئۇلارغا:
- مېنى دېڭىزغا تاشلاڭلار، دېڭىز دولقۇنى پەسىيدۇ. مەن شۇنى
بىلىمەنكى، سىلەر مېنىڭ سەۋەبىمدىن مۇشۇنداق دەھشەتلىك
بوران-چاپقۇنغا ئۇچرىدىڭلار، - دەپ جاۋاب بەردى.
13 لېكىن كېمىچىلەر يۇنۇسنى دېڭىزغا تاشلىماي، ئەكسىچە
پالاقنى جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇپ، كېمىنى قىرغاققا ئېلىپ بارماقچى
بولدى، ئەمما ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. چۈنكى بوران-چاپقۇن
تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققاندى. 14 شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرۋەردىگارغا:
- ئى پەرۋەردىگار، سەندىن ئۆتۈنىمىزكى، بۇ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن
بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىزنى ھالاك قىلمىغايسەن. بىگۇناھ ئادەمنىڭ
قېنىنى تۆكۈش گۇناھىنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە يۈكلىمىگەيسەن.
چۈنكى، ئى پەرۋەردىگار، سەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىرادەڭ
بويىچە قىلدىڭ، - دەپ يالۋۇردى.
15 ئاندىن ئۇلار يۇنۇسنى كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ، دولقۇنلاپ تۇرغان
دېڭىزغا تاشلىدى، بوران شۇ ئان توختىدى. 16 كېمىچىلەر بۇ
ۋەقەنى كۆرۈپ، پەرۋەردىگاردىن قاتتىق قورقۇشتى. ئۇلار

پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ، قىلغان قەسەملىرىنى ئادا قىلىشتى.
17 پەرۋەردىگار يوغان بىر بېلىقنى يۇنۇسنى يۇتۇۋېلىشقا
ئەۋەتكەنىدى. يۇنۇس بېلىقنىڭ قورسىقىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز تۇردى.

## يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسى

2 1 يۇنۇس بېلىقنىڭ قورسىقىدا پەرۋەردىگارى خۇداغا مۇناجات
دۇئا قىلدى:

2 «نالە قىلدىم پەرۋەردىگارغا كۈلپەتتە قالغىنىمدا،
قۇلاق سالدى ئۇ ماڭا.
پەرياد قىلدىم چوڭقۇر يېرىدىن ئۆلۈكلەر ماكانىنىڭ،
قۇلاق سالدىڭ نالەمگە سەن مېنىڭ.
3 سەن تاشلىدىڭ مېنى تېگىگە چوڭقۇر دېڭىزنىڭ،
قورشىۋالدى مېنى كۈچلۈك سۇلار،
بېسىپ ئۆتتى ئۈستۈمدىن دولقۇنلىرىڭ، ئۆركەشلىرىڭ.
4 مۇناجات دېدىم شۇ پەيتتە:
‹چۈشۈپ كەتتىم مەن سېنىڭ نەزىرىڭدىن،
كۆرىمەن يەنە مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭنى لېكىن.
5 سۇلار ئورىدى مېنى،
چوڭقۇرلۇق قورشىدى مېنى،
دېڭىزدىكى ئوت-چۆپلەر چىرمىۋالدى بېشىمنى.
6 چۆكۈپ كەتتىم دېڭىزدىكى تاغلارنىڭ ئاستىغا،
چىقىش يوللىرى مەڭگۈگە ئېتىلگەن جايغا.
لېكىن ئى پەرۋەردىگارىم خۇدا،
قۇتقۇزۇۋالدىڭ جېنىمنى ئۆلۈكلەر ماكانىدىن.
7 تېنىمدىن چىقاي دېگەندە جېنىم،
ئى پەرۋەردىگار، سېنى ياد ئەتتىم.
يەتتى دۇئايىم ساڭا،
سېنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخاناڭغا.
8 ئەرزىمەس بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار

سىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىڭنى رەت قىلار.
9 لېكىن مەن سۇنارمەن دائىم،
شۈكۈر ئېيتىپ قۇربانلىق ساڭا.
ۋاپا قىلارمەن قىلغان قەسەملىرىمگە،
چۈنكى نىجاتلىق كېلەر سەن پەرۋەردىگاردىنلا.»»

10 شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگار بېلىققا بۇيرۇق قىلدى.
بېلىق يۇنۇسنى قۇرۇقلۇققا قۇسۇپ چىقاردى.

## يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ پەرۋەردىگارغا بويسۇنۇشى

3 1 پەرۋەردىگاردىن يۇنۇسقا ئىككىنچى قېتىم ۋەھىي كەلدى.
2 پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
- سەن دەرھال بۈيۈك نىنەۋى شەھىرىگە بېرىپ، مەن ساڭا
تاپشۇرغان سۆزلەرنى شەھەردىكىلەرگە جاكارلىغىن، - دېدى.
3 يۇنۇس پەرۋەردىگارنىڭ سۆزىگە بىنائەن نىنەۋىگە باردى.
نىنەۋى ئىنتايىن چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇنى ئارىلاپ چىقىشقا
ئۈچ كۈن كېتەتتى. 4 يۇنۇس شەھەرگە كىرىپ، شەھەرنى بىر كۈن
ئارىلىغاندىن كېيىن:
- قىرىق كۈندىن كېيىن نىنەۋى شەھىرى خاراب بولىدۇ! -
دەپ جاكارلىدى.
5 شۇنىڭ بىلەن نىنەۋىلىكلەر خۇداغا ئىشىنىپ، روزا تۇتۇشقا
قارار قىلدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى-
تۆۋەن بولۇشىغا قارىماي، ھەممىسى ماتەملىك كىيىم كىيىپ،
توۋا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. 6 نىنەۋى پادىشاھى بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ، تەختىدىن چۈشۈپ، تونىنى سېلىۋېتىپ، ماتەملىك كىيىم
كىيىپ، كۈلگە مىلىنىپ ئولتۇردى.
7 پادىشاھ ئۆزىنىڭ ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ نامىدا نىنەۋىلىكلەرگە
مۇنداق پەرمان چۈشۈردى: «مەيلى ئادەم، مەيلى ھايۋان، يەنى
مەيلى كالا، مەيلى قوي بولسۇن، ھەممىسى ھېچنېمە يېمىسۇن،
ھېچنېمە ئىچمىسۇن. 8 پۈتكۈل ئادەملەر ماتەملىك كىيىم كىيسۇن،
ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ كىيدۈرۈلسۇن. ھەربىر ئادەم خۇداغا قاتتىق

يالۋۇرسۇن، ھەممە يامان يوللىرىدىن يانسۇن، زوراۋانلىقتىن قول
ئۈزسۇن. [9] كىم بىلىدۇ، بەلكىم خۇدا نىيىتىدىن، قەھر-غەزىپىدىن
يېنىپ، بىزنى ھالاك قىلمامدۇ تېخى!»
[10] خۇدا ئۇلارنىڭ توۋا قىلغانلىقلىرىنى، يەنى يامان يوللىرىدىن
يانغانلىقىنى كۆرگەندە، ئىلگىرى ئۆزى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
چۈشۈرمەكچى بولغان بالايىئاپەتلەرنى ئۇلارغا چۈشۈرمىدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ نىنەۋىلىكلەرگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشى

4 [1] يۇنۇس بۇ ئىشتىن تولىمۇ نارازى بولۇپ، ناھايىتى
ئاچچىقلاندى. [2] شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارغا مۇنداق دېدى:
– ئى پەرۋەردىگار، يۇرتۇمدىكى ۋاقتىمدا سېنىڭ شۇنداق
قىلىدىغانلىقىڭنى ئويلىغانىدىم! مەن سېنىڭ ئىنتايىن مېھرىبان
ۋە رەھىمدىل خۇدا ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. سېنىڭ ئاسانلىقچە
غەزەپلەنمەيدىغانلىقىڭنى، مېھىر-مۇھەببىتىڭنىڭ چەكسىزلىكىنى،
بالايىئاپەت كەلتۈرۈشنى خالىمايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. شۇڭا
تارشىشقا قاچمىغانمىدىم؟! [3] ئى پەرۋەردىگار، ئەمدى جېنىمنى
ئالغىن! تىرىك ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى!
[4] پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
– ئاچچىقلىنىشىڭ توغرىمۇ؟ – دېدى.
[5] شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، شەھەرنىڭ
شەرق تەرىپىگە بىر چەللە تىكىپ، ئۇنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ،
نىنەۋى شەھىرىدە نېمە ۋەقە يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۈتتى.
[6] پەرۋەردىگار خۇدا يۇنۇسنى كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇش
ئۈچۈن بىر قاپاقنى ئۈندۈرۈپ، ئۇنىڭ پىلىكىدىن بىر باراڭ
ياساپ، يۇنۇسنىڭ بېشىغا سايە قىلدى. يۇنۇس قاپاق پىلىكىدىن
ئىنتايىن خۇش بولدى. [7] لېكىن ئەتىسى ئەتىگەندە خۇدا ئۆزى
بىر قۇرتنى ئەۋەتتى. بۇ قۇرت كېلىپ، قاپاق پىلىكىنى يەپ،
ئۇنى قۇرۇتۇۋەتتى. [8] كۈن چىققاندا، خۇدا كۈنچىقىش تەرەپتىن
ئىسسىق شامال چىقاردى. قىزىق ئاپتاپ يۇنۇسنىڭ بېشىغا
چۈشۈپ، ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى. شۇڭا ئۇ ئۆلۈمنى تىلەپ:

«تىرىك ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى!» دېدى. 9 لېكىن
خۇدا ئۇنىڭدىن:
- بۇ قاپاق پېلىكى ئۈچۈن شۇنچە ئاچچىقلىنىشىڭ توغرىمۇ؟
- دەپ سورىدى.
- توغرا، ئاچچىقىمدا ئۆلگۈدەك بولدۇم! - دەپ جاۋاب بەردى
يۇنۇس. 10 پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا:
- سەن ئۆزۈڭ ئۆستۈرمىگەن ھەم ئەمگەك سىڭدۈرمىگەن، بىر
كېچىدە ئۆسۈپ، ئىككىنچى كېچىسى قۇرۇپ كەتكەن بىر تۈپ
قاپاق پېلىكى ئۈچۈن ئىچىڭ ئاغرىغان يەردە، 11 مەن ئاق-قارىنى
پەرقلەندۈرەلمەيدىغان 120 مىڭ ئادىمى ۋە نۇرغۇن ھايۋانلىرى بار
نىنەۋەدەك چوڭ شەھەرگە ئىچ ئاغرىتماي تۇرالامدىم؟! - دېدى.

# مکاه

1 2 3 4
5 6 7

# مىكاھ

## سامارىيە بىلەن يېرۇسالېمغا مەرسىيە

1 [1] يەھۇدىيە پادىشاھلىرىدىن يوتەم، ئاھاز ۋە خىزكىيا
ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، پەرۋەردىگاردىن موراشت
يېزىسىدىكى مىكاھقا ۋەھىيلەر كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا كەلگەن
بۇ ۋەھىيلەر سامارىيە ۋە يېرۇسالېم ھەققىدە ئىدى.

2 ئەي بارلىق خەلقلەر، قۇلاق سېلىڭلار!
ئەي زېمىن ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتلار، سۆزۈمنى
ئاڭلاڭلار!
ئىگىمىز پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدا
تۇرىدۇ.
ئۇ يەردە ئۇ سىلەرگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ.
3 قاراڭلار، پەرۋەردىگار ماكانىدىن ئايرىلىپ،
تاغ چوققىلىرىنى دەسسەپ كېلىۋاتىدۇ.
4 ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تاغلار خۇددى مومدەك
ئېرىمەكتە.
جىلغىلار يېرىلىپ، قىيا تاشلار خۇددى سۇدەك تاغ
باغرىدىن ئاقماقتا.
5 ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىتائەتسىزلىكى ۋە
ئىسرائىل خەلقىنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن بۇ ئىشلار يۈز
بېرىدۇ.
ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ نەدە ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقىنى
بىلەمسىلەر؟

سامارىيەدە ئەمەسمۇ؟!
يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ قەيەردە بۇتپەرەسلىك قىلغانلىقىنى
بىلەمسىلەر؟
يېرۇسالېمدا ئەمەسمۇ؟!

6 شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن پەرۋەردىگار سامارىيە شەھىرىنى ۋەيران قىلىمەن،
شەھەر ئورنىغا ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلىنىدۇ.
بۇ شەھەرنىڭ تاشلىرىنى جىلغىغا غۇلىتىمەن،
شەھەردىكى ئۆيلەرنىڭ ئۇللىرى ئېچىلىپ قالىدۇ.
7 سامارىيەنىڭ بارلىق بۇتلىرىنى كۇكۇم-تالقان قىلىمەن.
ئۇنىڭ بۇتلىرىغا سۇنغان پۇتكۇل ھەدىيەلىرى
كۆيدۈرۈلىدۇ.
مەن ئۇنىڭ بارلىق بۇتلىرىنى ۋەيران قىلىمەن.
ئۇنىڭ بۇتخانىدا پاھىشىلىك قىلىپ توپلىغان ھارام
بايلىقلىرى
باشقا ئەلدىكى بۇتپەرەسلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.»

8 شۇڭا مەن مىكاھ سامارىيە ئۈچۈن ھازا تۇتۇپ، پەرياد
قىلىمەن.
يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ كېزىپ يۈرىمەن.
چىلبۆرىدەك، ھۇۋقۇشتەك ھۇۋلاپ، پەرياد قىلىمەن.
9 سامارىيەنىڭ يارىسىنى ساقايتقىلى بولمايدۇ،
بۇ بالا-قازا يەھۇدىيەگىمۇ يېتىپ بارىدۇ.
بالا-قازا خەلقىم ياشايدىغان شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا،
يەنى يېرۇسالېمغا قىستاپ كەلمەكتە.

10 بۇنى گات شەھىرىگە بىلدۈرمەڭلار.
پەقەت يىغلىماڭلار،
بەيت-لەئافرادا قايغۇدىن توپىدا ئېغىناڭلار.
11 ئەي شافىر ئاھالىسى،

يالىڭاچ ۋە خورلۇق ئىچىدە سۈرگۈن بولىسىلەر.
زائانان ئاھالىسى شەھەردىن چىقىشقا پېتىنالمايدۇ.
بەيت-ئېزەل ئاھالىسى ئېچىنىپ يىغلايدۇ،
ئۇلار ئەمدى سىلەرگە پاناھ بولالمايدۇ.
12 ماروت ئاھالىسى ئەنسىرەپ، مەدەت كۈتىدۇ.
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ ئاپىتى
يېرۇسالېمنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ قالدى.
13 ئەي لاكىش ئاھالىسى،
ھارۋىلارغا يۈگۈرۈك ئاتلارنى قېتىپ، قېچىڭلار!
چۈنكى سىلەر ئىسرائىلىيەنىڭ گۇناھلىرىغا ئەڭ ئاۋۋال ئەگىشىپ،
سىئون خەلقىنىڭ گۇناھ قىلىشىغا سەۋەبچى بولدۇڭلار.
14 شۇڭا سىلەر موراشتىگات ئاھالىلىرىگە خوشلىشىش سوۋغاتلىرىنى بېرىڭلار.
ئاكزىب شەھىرىنىڭ ئاھالىسى ئىسرائىل پادىشاھلىرىنى ئالدايدۇ.
15 ئەي مارېشا خەلقى، پەرۋەردىگار ئۇستۇڭلارغا بىر ئىشغالىيەتچى ئەۋەتىدۇ.
ئىسرائىل خەلقىنىڭ يېتەكچىلىرى ئادۇللام غارىغا قېچىپ بارىدۇ.
16 ئەي يەھۇدىيەلىكلەر، چېچىڭلارنى چۈشۈرۈۋېتىڭلار.
جانجىگەر ئوغۇل-قىزلىرىڭلار ئۈچۈن نالە قىلىڭلار.
بېشىڭلار تازقارىنىڭ بېشىدەك تاقىر بولسۇن.
چۈنكى ئوغۇل-قىزلىرىڭلار سۈرگۈن قىلىنىدۇ.

## زالىملارنىڭ قىسمىتى

2 1 تۆشەكتە يېتىۋېلىپ، باشقىلارغا يامانلىق ۋە رەزىللىك قىلىشنى ئويلىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!
ئۇلار ئويلىغان رەزىل ئىشلىرىنى قىلىدۇ،
چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.
2 ئۇلار باشقىلارنىڭ يېرىنىڭ كويىدا بولسا يېرىنى،

باشقىلارنىڭ ئۆيىنىڭ كويىدا بولسا، ئۆيىنى تارتىۋالىدۇ.
بىرسىنى ئۆيىدىن،
يەنە بىرسىنى مىراسىدىن ئايرىيدۇ.

3 شۇڭا پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن سىلەرگە شۇنداق بىر بالا ھازىرلاۋاتىمەنكى،
سىلەر بۇ بالادىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر.
بېشىڭلارغا شۇنداق ئېغىر بىر كۈن كېلىدۇكى،
ئۇ كۈن كەلگەندە، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيسىلەر.
4 ئۇ كۈن كەلگەندە، يات خەلقلەر سىلەرنى زاڭلىق قىلىپ:
‹بىز تۈگەشتۇق، پەرۋەردىگار زېمىنىمىزنى باشقىلارغا
بېرىۋەتتى.
مۈلكىمىزنى ئېلىپ كەتتى،
بىزگە خائىنلىق قىلغانلارغا يەرلىرىمىزنى ئېلىپ بەردى›
دەپ مەسخىرە ناخشىسى ئوقۇشىدۇ.»

5 پەرۋەردىگارنىڭ جامائىتى ئىچىدە قايتىدىن يەر تەقسىم قىلىش
ئۈچۈن چەك تاشلانغاندا، سىلەر ئۈچۈن چەك ئالىدىغانلار بولمايدۇ.

6 خەلق ماڭا مۇنداق دېدى:
«بىزگە بۇنداق گەپلەرنى قىلما،
بۇنداق بالا-قازالار ھەققىدە بېشارەت بەرمە.
بىز ھەرگىز شەرمەندە بولمايمىز!»

7 ئەي ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، بۇنداق دېسەڭلار بولامدۇ؟
پەرۋەردىگارنىڭ سەۋر-تاقىتىنىڭ چېكى يوقمۇ؟
ئۇ مۇشۇنداق بالا-قازالارنى كەلتۈرەمسۇ؟
مېنىڭ سۆزلىرىم دۇرۇس ئادەملەرگە پايدىلىق ئەمەسمۇ؟
8 يېقىندىن بۇيان سىلەر خەلقىمگە قارشى دۈشمەنگە
ئايلىنىپ قالدىڭلار.

سىلەر ئۇرۇشتىن قايتىپ يولدىن خاتىرجەم
ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ چاپانلىرىنى سالدۇرۇۋالدىڭلار.
9 خەلقىمنىڭ قىز-ئاياللىرىنى بەختلىك ئائىلىلىرىدىن
قوغلىدىڭلار.
ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئۇلارغا ئاتا قىلغان بەختىمنى
مەڭگۈلۈك تارتىپ ئالدىڭلار.
10 ئورنۇڭلاردىن قوپۇڭلار! بۇ يەردىن كېتىڭلار.
بۇ زېمىن ئەمدى سىلەرگە خاتىرجەم ماكان بولالمايدۇ!
بۇ زېمىننى سىلەر گۇناھىڭلار بىلەن بۇلغىدىڭلار،
ئۇنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدىڭلار.
11 ئەگەر بىر يالغانچى ۋە ئالدامچى سىلەرگە:
«سىلەردە مەي، شاراب مول بولىدۇ» دېسە،
ئۇ سىلەرنىڭ ياخشى پەيغەمبىرىڭلارغا ئايلىنىدۇ.

## خەلقنىڭ قۇتقۇزۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بېشارەت

12 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي ياقۇپ ئەۋلادلىرى، ھەممىڭلارنى يىغىمەن،
ھايات قالغان ئىسرائىل خەلقىنى يىغىمەن.
سىلەرنى قوي پادىلىرىنى قوتانغا يىغقاندەك يىغىمەن.
سىلەر خۇددى يايلاقتىكى قوي پادىسىدەك توپلىشىسىلەر.
زېمىنلىرىڭلار يەنە ئادەملەر بىلەن ئاۋاتلىشىدۇ.
13 مەن پەرۋەردىگار يول ئېچىپ، ئالدىڭلاردا ماڭىمەن.
سىلەر شەھەر دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ،
يېڭىباشتىن ھۆرلۈككە ئېرىشىسىلەر.
سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار بولغان مەن پەرۋەردىگار
سىلەرگە يول باشلايمەن، ئالدىڭلاردا ماڭىمەن.»

## يېتەكچى ۋە ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەيىبلىنىشى

3 1 مەن مىكاھ مۇنداق دەيمەنكى،
ئەي ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى،

ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى،
سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار!
ئەجەبا، سىلەر ئادالەتنى بىلمەمسىلەر؟
2 سىلەر ياخشىلىقتىن نەپرەتلىنىسىلەر،
رەزىللىكنى ياخشى كۆرىسىلەر.
خەلقىمنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويىسىلەر،
گۆشىنى شىلىسىلەر.
3 خەلقىمنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر،
تېرىسىنى تەتۈر سويىسىلەر.
قازانغا سېلىنىدىغان گۆشتەك،
سۆڭەكلىرىنى چېقىپ، گۆشلىرىنى پارچىلايسىلەر.
4 لېكىن بىر ۋاقىت كېلىدۇكى،
سىلەر پەرۋەردىگاردىن ئۆتۈنىسىلەر.
ئەمما پەرۋەردىگار جاۋاب بەرمەيدۇ.
سىلەرنىڭ رەزىللىكىڭلار سەۋەبىدىن
پەرۋەردىگار سىلەردىن دىدارىنى يوشۇرىدۇ.

5 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي خەلقىمنى ئازدۇرغان ساختا پەيغەمبەرلەر،
سىلەر پەقەت قارنىڭلارنى تويدۇرغانلار ئۈچۈن ئامانلىق تىلەيسىلەر،
قارنىڭلارنى تويدۇرمىغانلارغا ھۇجۇم قىلىسىلەر.
6 قاراڭغۇلۇق سىلەرنى قاپساپ كەلمەكتە،
ئەمدى ساختا غايىبانە ئالامەتلەرنى تونۇيالمايسىلەر.
سىلەرنى زۇلمەت قاپلايدۇ، پال ئاچالمايسىلەر.
سىلەر ئۈچۈن قۇياش پاتىدۇ،
كۈندۈز قاراڭغۇلۇققا ئايلىنىدۇ.
7 رەمچىلەر خىجىللىقتا،
پالچىلار نومۇستا قالىدۇ.
شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈزى تۆكۈلىدۇ.
چۈنكى ئۇلارغا مەن خۇدادىن جاۋاب كەلمەيدۇ.»

8 لېكىن مەن پەرۋەردىگارنىڭ روھىغا چۈمدۈم،
قۇدرەت، ئادالەت ۋە كۈچكە تولدۇم.
مەن ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى،
ئىسرائىللارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە سالىمەن.
9 ئەي ياقۇپ ئەۋلادلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى،
ئىسرائىل خەلقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى،
سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار!
سىلەر ئادالەتنى ئۆچ كۆرىسىلەر،
ھەقىقەتنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىسىلەر.
10 سىلەر سىئوننى قاننىڭ،
يېرۇسالېمنى رەزىللىكنىڭ ئۈستىگە بەرپا قىلدىڭلار.
11 شەھەردىكى يېتەكچىلەر پارا ئېلىپ، ھۆكۈم چىقىرىدۇ.
روھانىيلار بەرگەن تەلىمى ئۈچۈن ھەق ئالىدۇ.
ساختا پەيغەمبەرلەر پۇل ئۈچۈن پال ئاچىدۇ.
شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ياردىمىنى
كۈتۈپ:
«پەرۋەردىگار ئارىمىزدا،
بېشىمىزغا ئاپەت كەلمەيدۇ» دەيدۇ.
12 شۇڭا سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن
سىئون تېغى خۇددى ئېتىزلاردەك ئاغدۇرۇلىدۇ،
يېرۇسالېم خارابىلىككە ئايلىنىدۇ،
ئىبادەتخانا جايلاشقان تاغنى چاتقاللار قاپلايدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ تېغى

4 1 شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى،
پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسى جايلاشقان تاغ
تاغلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرىدۇ.
ئۇ ھەممە تاغلاردىن بۈيۈك تۇرىدۇ،
خەلقلەر ئۇ يەرگە سەلدەك ئېقىپ كېلىدۇ.
2 نۇرغۇن ئەللەر كېلىپ، مۇنداق دېيىشىدۇ:
«كېلىڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ تېغىغا چىقايلى،

ياقۇپ ئېتىقاد قىلغان خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا بارايلى.
ئۇ يەردە پەرۋەردىگار بىزگە ئۆز يولى توغرۇلۇق تەلىم
بېرىدۇ،
بىز ئۇنىڭ يولىدا ماڭىمىز».

پەرۋەردىگارنىڭ تەلىمى سىئوندىن،
سۆزى يېرۇسالېمدىن تارقىلىدۇ.
3 ئۇ خەلقلەر ئارىسىدىكى مەسىلىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.
يىقىن-يىراقتىكى كۈچلۈك ئەللەر ئارىسىدىكى دەتالاشلارنى
ھەل قىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن خەلقلەر قىلىچلىرىنى ساپانغا،
نەيزىلىرىنى شاخ پۇتايدىغان پىچاققا ئايلاندۇرۇشىدۇ.
ئەللەر بىر-بىرىگە قىلىچ كۆتۈرمەيدۇ،
ئۇرۇش مەشقى ئېلىپ بارمايدۇ.
4 ھەركىم ئۆزىنىڭ ئۆزۈم بارىڭى ۋە ئەنجۈر دەرەخلىرى
ئاستىدا خاتىرجەم ئولتۇرىدۇ،
ھېچكىم ئۇلارنى قورقۇتمايدۇ.
چۈنكى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۆزى شۇنداق دەپ
ئېيتتى.
5 باشقا ئەللەر ئۆز ئىلاھلىرىنىڭ يولىدا ماڭىدۇ،
لېكىن بىز مەڭگۈ پەرۋەردىگارىمىز خۇدانىڭ يولىدا
ماڭىمىز.

## ئىسرائىل خەلقىنىڭ سۈرگۈندىن قايتىشى

6 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ۋاقتى كەلگەندە، توكۇر بولۇپ قالغان خەلقىمنى
يىغىمەن.
سۈرگۈن قىلىنغان، ئۆزۈم ئازاب سالغانلارنى قايتۇرۇپ
كېلىمەن.
7 مەن ئۇ توكۇرلارنى ئاساسلىق خەلقىم قىلىمەن.
مەن سۈرگۈن قىلىنغانلارنى كۈچلۈك بىر ئەل قىلىمەن.

مەن پەرۋەردىگار شۇ كۈندىن باشلاپ سىئون تېغىدا تۇرۇپ،
ئۇلارغا مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن.
8 ئەي يېرۇسالېم، سەن خەلقىنىڭ كۆزىتىش مۇنارى ۋە
قەلئەسىسەن.
سېنىڭ سەلتەنىتىڭ ئەسلىگە كېلىپ، يەنە بىر قېتىم
پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بولىسەن.»

9 ھازىر نېمىشقا ھۆڭرەپ يىغلايسىلەر؟
نېمىشقا تولغىقى تۇتقان ئايالدەك يىغلايسىلەر؟
سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار يوقمۇ؟
دانىشمەنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟
10 ئەي سىئون خەلقى،
سىلەر تولغىقى تۇتقان ئايالدەك قاتتىق ئىڭراڭلار،
چۈنكى سىلەر ئەمدى بۇ شەھەردىن ئايرىلىسىلەر.
دالادا ياشايسىلەر، ئەسىرگە ئېلىنىپ بابىلغا ئەكېتىلىسىلەر.
كېيىن پەرۋەردىگار سىلەرنى ئۇ يەردە قۇتقۇزىدۇ،
دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىدۇ.

11 ھازىر نۇرغۇن ئەللەر سىلەرگە قارشى يىغىلدى.
ئۇلار: «بىز سىئوننى بۇلغايلى،
ئۇنىڭ بۇلغانغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرەيلى»
دېيىشىدۇ.
12 لېكىن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەيدۇ،
مەقسەتلىرىنى چۈشەنمەيدۇ.
خۇددى بۇغداي باغلىرىنى خامانغا يىغقانغا ئوخشاش،
پەرۋەردىگار ئۇلارنى يىغدى، ئەمدى جازالايدۇ.
13 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي سىئون خەلقى، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار،
دۈشمەنلىرىڭلارنى يانجىڭلار!
سىلەرگە تۆمۈر مۈڭگۈز، تۇچ تۇياق ئاتا قىلىمەن،
سىلەر نۇرغۇن ئەللەرنى يانجىپ، ۋەيران قىلىسىلەر.

ئۇلارنىڭ بايلىقىنى، يەنى ناتوغرا يول بىلەن توپلىغان
بايلىقىنى
مەن پەرۋەردىگارغا، يەنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىگىسىگە
ھەدىيە قىلىسىلەر.»
5 [1] ئەي يېرۇسالېم، ھازىرلا قوشۇنۇڭنى،
دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ، سېنى قورشىۋالدى.
ئۇلار تاياق بىلەن ئىسرائىل خەلقىنىڭ يېتەكچىسىنىڭ
يۈزىگە ئۇرىدۇ.

## بەيتلەھەمدىن چىقىدىغان ھۆكۈمران

[2] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي ئەفراتادىكى بەيتلەھەم،
سەن يەھۇدا قەبىلىسىگە قاراشلىق كىچىك بىر يەرسەن.
لېكىن سەندىن بىرسى مەن ئۈچۈن چىقىدۇ،
ئۇ ئىسرائىلىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
ئۇنىڭ نەسەبى ئەلمىساقتا تۇتىشىدۇ.»
[3] پەرۋەردىگار ئىسرائىللارنى دۈشمىنىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.
پەقەت ھامىلىدار ئايال بالىسىنى تۇغقاندا،
ئاندىن ئۇ بالىنىڭ ئامان قالغان ئىسرائىل قېرىنداشلىرى
ئىسرائىللارنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كېلىدۇ.
[4] ئۇ قەددىنى رۇسلاپ،
پەرۋەردىگارى خۇدانىڭ كۈچى ۋە بۈيۈك نامى بىلەن
خەلقىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ.
خەلق خاتىرجەم ياشايدۇ.
ئۇ چاغدا ئۇنىڭ داڭقى ئالەمنىڭ چېتىگىچە يېتىپ بارىدۇ.
[5] ئۇ بىزگە ئامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ.
ئاسسۇرلار زېمىنىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ، قورغانلىرىمىزغا
بۆسۈپ كىرگەندە،
بىز ئۇلارغا قارشى يەتتە نەپەر يېتەكچى ۋە سەككىز نەپەر
سەركەردە تەيىنلەپ، ئۇلارغا زەربە بېرىمىز.

6 ئۇلار قىلىچلىرى بىلەن ئاسسۇرلارغا ۋە نىمرودنىڭ
زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
ئاسسۇرلار بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، چېگرايىمىزغا ئاياغ
باسقاندا،
ئۇ بىزنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ.

7 ياقۇپنىڭ ھايات قالغان ئەۋلادلىرى نۇرغۇن ئەللەر ئارىسىدا
خۇددى پەرۋەردىگار چۈشۈرگەن شەبنەمگە،
ئوت-چۆپلەرگە ياغقان يامغۇرغا ئوخشايدۇ.
ئۇلار ھېچكىمگە تايانمايدۇ،
ھېچكىمنى كۈتمەيدۇ.
8 ياقۇپنىڭ ئامان قالغان ئەۋلادلىرى ئەللەر ئارىسىغا، يەنى
نۇرغۇن ئەللەر ئارىسىغا،
خۇددى ئورماندا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدىكى
شىردەك،
قويلار ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرگەن ياش شىردەك بۆسۈپ
كىرىپ،
ئولجىلىرىنى پارە-پارە قىلىپ تاشلايدۇ.
ھېچكىم ئولجىلارنى قۇتقۇزالمايدۇ.
9 ئەي ئىسرائىل خەلقى، دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە
قىلىسىلەر،
بارلىق دۈشمەنلىرىڭلار ۋەيران بولىدۇ!

10 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇ كۈن كەلگەندە،
جەڭ ئاتلىرىڭلارنى يوقىتىمەن.
جەڭ ھارۋىلىرىڭلارنى پاچاقلاپ تاشلايمەن.
11 زېمىنىڭلاردىكى شەھەرلىرىڭلارنى ۋەيران قىلىمەن،
قورغانلىرىڭلارنى چېقىپ تاشلايمەن.
12 سىلەردىكى سېھرگەرلىكنى يوقىتىمەن.
سىلەردە پالچىلار قالمايدۇ.

13 بۇتلىرىڭلارنى ۋە بۇتسىمان تاش تۈۋرۈكلىرىڭلارنى
يوقىتىمەن.
سىلەر ئەمدى ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياسىغان نەرسىلەرگە
چوقۇنمايسىلەر.
14 سىلەردىكى ئىلاھە ئاشېرانىڭ ياغاچ بۇتلىرىنى يوقىتىمەن،
شەھەرلىرىڭلارنى ۋەيران قىلىمەن.
15 ماڭا بويسۇنمىغان خەلقلەرگە قەھر-غەزىپىمنى ياغدۇرۇپ،
ئىنتىقام ئالىمەن.»

## پەرۋەردىگارنىڭ ئەيىبلىشى

6 1 ئەي ئىسرائىللار، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق
سېلىڭلار.
ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، تاغلارغا بېرىپ، ئۆزۈڭلارنى
ئاقلاڭلار.
ئەرزىڭلارنى ئېدىرلار ئاڭلىسۇن.
2 ئەي تاغلار، پەرۋەردىگارنىڭ ئەيىبلىشىنى ئاڭلاڭلار!
ئەي زېمىننىڭ مەڭگۈلۈك ئۇللىرى، قۇلاق سېلىڭلار.
چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنىڭ ئۈستىدىن دەۋا
ئېچىۋاتىدۇ،
ئىسرائىللارنى ئەيىبلەۋاتىدۇ.

3 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي خەلقىم، مەن سىلەرگە نېمە قىلدىم؟
سىلەرگە بىرەر ئېغىرلىقىم چۈشتىمۇ؟ جاۋاب بېرىڭلار!
4 مەن سىلەرنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ، قۇللۇقتىن
قۇتۇلدۇردۇم.
مۇسا، ھارۇن ۋە مەريەملەرنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا
يېتەكچى قىلىپ ئەۋەتتىم.
5 ئەي خەلقىم، سىلەر موئاب پادىشاھى بالاقنىڭ
سۇيىقەستىنى،
بېئورنىڭ ئوغلى بىلئامنىڭ جاۋابلىرىنى ئەسلەپ بېقىڭلار.

شتىتىمەدىن گىلگالغا قىلغان سەپىرىڭلار جەريانىدا
يولۇققانلىرىڭلارنى ئەسلەپ بېقىڭلار.
شۇندىلا سىلەر مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەققانىي
ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر.»

## ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىشى

6 ئەرشتىكى خۇداغا سەجدە قىلغىنىمدا،
نېمە ئېلىپ باراي پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىغا؟
ئۇنىڭغا ئاتاپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلايمۇ؟
بىر ياشلىق تورپاقنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلايمۇ-يە؟
7 پەرۋەردىگارغا ئاتاپ مىڭلىغان قوچقار قۇربانلىق قىلسام،
تۈمەنلىگەن دەريالاردا زەيتۇن يېغىنى ئاققۇزسام،
ئۇ مەندىن رازى بولارمۇ؟
قىلمىشلىرىم ئۈچۈن تۇنجى ئوغلۇمنى قۇربانلىق
قىلايمۇ؟
گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ پۇشتىدىن جۇدا بولايمۇ؟
8 ياق، ئەي ئىنسان،
نېمىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى پەرۋەردىگار ساڭا
بىلدۈردى.
پەرۋەردىگارنىڭ سەندىن كۈتىدىغىنى نېمە؟
ئۇ سېنىڭ ئادىل، رەھىمدىل بولۇشۇڭنى ۋە ئۆزىنىڭ
يولىدا كەمتەرلىك بىلەن مېڭىشىڭنى كۈتىدۇ.

## رەزىللەرنىڭ ۋەيران بولۇشى

9 پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىش دانالىقتۇر.
پەرۋەردىگار يېرۇسالېمدا خىتاب قىلماقتا، ئۇ مۇنداق
دەيدۇ:
«تاياق ۋە ئۇنى ئەۋەتكۈچى مەندىن قورقۇڭلار!
10 مەن رەزىللەرنىڭ ئۆيىدىكى ھارام بايلىقلارغا يەنە كۆز
يۇمارمەنمۇ؟
ئۇلارنىڭ ساختا گىر تاشلىرى لەنەتلەنگەندۇر.

11 ناتوغرا تارازا ۋە ساختا تارازا تاشلىرىنى قوللانغان
كىشلەرنى بوش قويۇۋېتەرمەنمۇ؟
12 شەھەردىكى بايلار زوراۋانلىق،
ئاھالىلەر يالغانچىلىق قىلماقتا،
ئۇلارنىڭ تىلى ھىيلىگە تولغاندۇر.
13 شۇڭا مەن سىلەرگە ئېغىر زەربە بېرىشكە باشلىدىم،
گۇناھلىرىڭلار سەۋەبىدىن سىلەرنى يوقىتىمەن.
14 يېسەڭلارمۇ قورسىقىڭلار تويمايدۇ، يەنىلا ئاچ يۈرىسىلەر.
بايلىق يىغىسىلەر، لېكىن يىغقان بايلىقىڭلارنى
ساقلىيالمايسىلەر.
يىغقىنىڭلارنى ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىمەن.
15 تېرىغىنىڭلاردىن ھوسۇل ئالالمايسىلەر.
زەيتۇنلۇقۇڭلاردىن بەدىنىڭلارنى مايلىغۇدەك ماي،
ئۈزۈمۈڭلاردىن گېلىڭلارنى نەملىگۈدەك شاراب چىقمايدۇ.
16 چۈنكى سىلەر پادىشاھ ئومرىنىڭ ناچار ئەمرلىرىگە
ئىتائەت قىلىپ،
ئوغلى ئاخابنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىغا
شېرىك بولدۇڭلار.
ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭدىڭلار.
شۇڭا مەن سىلەرنى ۋەيران قىلىمەن.
ئاھالىلەرنى مەسخىرىگە قويىمەن،
سىلەر باشقا ئەللەرنىڭ خورلۇقىغا ئۇچرايسىلەر.»

## پەرۋەردىگارنىڭ قۇتقۇزۇشىنى كۈتۈش

7 1 ھالىمغا ۋاي!
يازنىڭ مېۋىلىرى يىغىلىپ بولغان، ئۈزۈملەر ئۈزۈلۈپ
تۈگىگەن،
يېگىلى ھېچقانداق ئۈزۈم تاپالمىغان،
كۆڭلىدە ئارزۇ قىلغان تۇنجى پىشقان ئەنجۈرمۇ قالمىغان
ئادەمگە ئوخشاپ قالدىم.
2 سەمىمىي ئادەملەر ئۆلۈپ تۈگىدى.

زېمىندا دۇرۇس ئادەم قالمىدى.
ھەممە ئادەم قان تۆكمەن دەپ، بىر-بىرىنى پايلاپ
تۇرۇشىدۇ.
ھەتتا قېرىنداشلىرىغىمۇ تۇزاق قۇرىدۇ.
3 ئۇلارنىڭ قوللىرى رەزىللىك قىلىشقا ئۇستىدۇر.
ئەمەلدار ۋە سوتچىلار پارىخوردۇر.
ھوقۇقدارلار خالىغىنىنى قىلىدۇ،
ھەممىسى تىل بىرىكتۈرۈپ، ئېغىز بۇرۇن يالىشىدۇ.
4 ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى يانتاقتىن،
ئەڭ دۇرۇسلىرى تىكەنلىك چىتلاقتىن بەتتەردۇر.
پەيغەمبەرلەر ئېيتقان جازا كۈنى كەلدى.
ئەمدى ساراسىمىگە چۈشىدىغان ۋاقتىڭلار بولدى.
5 قوشناڭلارغا ئىشەنمەڭلار،
دوستلىرىڭلارغا تايانماڭلار،
ھەتتا قوينۇڭلاردىكى ئاياللىرىڭلارغىمۇ ئاغزىڭلار چىڭ
بولسۇن.
6 ئوغۇل ئاتىسىنى كەمسىتىدۇ،
قىز ئانىسىغا، كېلىن قېيىنئانىسىغا قارشى چىقىدۇ.
ھەركىمنىڭ دۈشمىنى ئۆز ئائىلىسىدىكى كىشىلەردۇر.
7 لېكىن مەن پەرۋەردىگارغا تەلپۈنىمەن،
قۇتقۇزغۇچىم خۇدانى كۈتىمەن.
خۇدايىم ئىلتىجايىمغا چوقۇم قۇلاق سالىدۇ.

8 ئەي دۈشمەنلىرىم، ھالىمىزدىن شادلانماڭلار،
يىقىلغان بولساق، ئورنىمىزدىن تۇرىمىز.
قاراڭغۇلۇقتا قالغان بولساق،
پەرۋەردىگار بىزگە نۇر بولىدۇ.
9 بىز پەرۋەردىگارغا قارشى گۇناھ قىلدۇق.
شۇڭا ئۇ بىزنى ياقىلاپ، ئاقلىغۇچە،
بىز پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىگە چىدايمىز.
ئۇ بىزنى يورۇقلۇققا باشلاپ بارىدۇ.

بىز ئۇنىڭ ھەققانىيلىقىنى كۆرىمىز.
10 ئۇ چاغدا دۈشمەنلىرىمىز بۇنى كۆرىدۇ.
بۇرۇن بىزنى مەسخىرە قىلىپ:
«قېنى، پەرۋەردىگارىڭلار خۇدا؟» دېگەنلەر شەرمەندە
بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ جازالانغانلىقىغا شاھىت بولىمىز،
ئۇلار ئەمدى خۇددى كوچىدىكى لايدەك دەسسىلىدۇ.

11 ئەي ئىسرائىللار،
ھامان بىر كۈنى سېپىللىرىڭلار قايتىدىن قۇرۇلىدۇ.
ئۇ كۈن كەلگەندە، زېمىنىڭلار كېڭىيىدۇ.
12 ئۇ كۈن كەلگەندە، خەلقلەر سىلەرگە كېلىشىدۇ.
ئاسسۇرىيەدىن مىسىرغىچە، مىسىردىن فىرات دەرياسىغىچە
بولغان يەرلەردىكى شەھەرلەردىن،
يىراق دېڭىزلاردىن ۋە يىراق تاغلاردىن كىشىلەر سىلەرگە
كېلىشىدۇ.
13 لېكىن يەر-زېمىن كىشىلەرنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن
قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ.

14 ئى پەرۋەردىگار، ساڭا تەۋە پادىلارغا پادىچى بولغايسەن،
ئۇلارنى قوغدىغايسەن!
ئەتراپىدا مول ئوتلاقلار بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلار يەنىلا چاتقاللىقتا ئايرىم ياشىماقتا.
ئۇلارنى بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا ئوخشاش،
باشان ۋە گىلئادنىڭ مۇنبەت ئوتلاقلىرىدا ئوتلاتقايسەن.

15 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«خۇددى ئەجدادلىرىڭلار مىسىردىن ئايرىلغان چاغدا
ئۇلارغا مۆجىزە كۆرسەتكىنىمدەك،
سىلەرگىمۇ مۆجىزە كۆرسىتىمەن.»

16 باشقا ئەللەر بۇنى كۆرۈپ،
ئۆزلىرىنى كۈچلۈك چاغلىۋالغانلىقلىرىدىن نومۇس
قىلىشىپ،
قوللىرىدا ئېغىزلىرىنى تۇتۇشىدۇ.
قۇلاقلىرى گاس بولىدۇ.
17 ئۇلار يىلاندەك،
يەر بېغىرلىغۇچى جانلىقتەك توپا يالايدۇ،
ئۇۋۇلىرىدىن تىترىگەن ھالدا چىقىپ كېلىشىدۇ.
ئۇلار پەرۋەردىگارىمىز خۇدادىن دەھشەتكە چۈشىدۇ،
ئۇنىڭدىن قورقىدۇ.

## پەرۋەردىگارغا مەدھىيە

18 قايسى ئىلاھ ساڭا ئوخشاش كەچۈرۈمچان؟
قايسى خۇدا ساڭا ئوخشاش سۈرگۈندىن ھايات قالغان ئۆز
خەلقىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەن؟
سېنىڭ غەزىپىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر،
چۈنكى سەن مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشتىن خۇرسەن
بولىسەن.
19 سەن يەنىلا بىزگە ئىچ ئاغرىتىسەن.
ئەيىبلىرىمىزنى ئاياغ ئاستىغا،
پۈتكۈل گۇناھلىرىمىزنى دېڭىزنىڭ تەكتىگە تاشلايسەن.
20 سەن قەدىمدە ئەجدادلىرىمىزغا ۋەدە قىلغىنىڭدەك،
ياقۇپ ئەۋلادلىرىغا ئىشەنچىڭنى كۆرسىتىسەن،
ئىبراھىم ئەۋلادلىرىغا مېھىر-مۇھەببەت بېغىشلايسەن.

# ناهُوم

[1](#) [2](#) [3](#)

# ناھۇم

1
[1] بۇ نىنەۋى شەھىرى توغرىسىدىكى ۋەھىي بولۇپ، بۇنى ئەلقوشلۇق ناھۇم خاتىرىلەپ قالدۇرغان.

## پەرۋەردىگارنىڭ نىنەۋىگە غەزەپلىنىشى

[2] پەرۋەردىگار ساداقەتسىزلىكنى ئۆچ كۆرىدىغان ۋە ئىنتىقام ئالىدىغان خۇدادۇر.
پەرۋەردىگار ئىنتىقام ئالىدىغان ۋە غەزەپلىنىدىغان خۇدادۇر.
پەرۋەردىگار دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئالىدۇ،
ئۇ ئۆز رەقىبلىرىگە قەھرى بىلەن قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ.
[3] پەرۋەردىگارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى زوردۇر،
ئۇ ئاسانلىقچە غەزەپلەنمەيدۇ،
لېكىن ئۇ گۇناھكارلارنى جازالىماي قويمايدۇ.
ئۇ بوران ۋە قۇيۇن ئىچىدە يۈرەر،
بۇلۇتلار ئۇنىڭ ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزانلاردۇر.
[4] ئۇ دېڭىزغا: «قۇرۇپ كەت» دەپ ئەمر قىلسا، دېڭىز قۇرۇپ كېتىدۇ،
ئۇ بارلىق دەريالارنىمۇ قۇرۇتۇۋېتىدۇ.
باشاننىڭ ياپيېشىل يايلاقلىرى ۋە كارمەل تېغىدىكى بوك-باراقسان ئورمانلىقلار قۇرۇپ قاقشال بولىدۇ،
لىۋان تاغلىرىدىكى گۈللەر توزۇيدۇ.
[5] ئۇ كەلگەندە تاغلار تەۋرەيدۇ،

ئېدىرلار ئېرىپ كېتىدۇ.
ئۇنىڭ ئالدىدا يەر-زېمىن ۋە پۈتكۈل ئىنسانلار تىترەپ
تۇرىدۇ.
6 خۇدانىڭ غەزىپى تاشسا، كىممۇ چىدىيالىسۇن؟
كىممۇ ئۇنىڭ غەزەپ ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟
ئۇنىڭ غەزىپى خۇددى ئوتتەك ياغىدۇ.
قورام تاشلار ئۇنىڭ ئالدىدا پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ.

7 پەرۋەردىگار شاپائەتلىكتۇر،
ئۇ كۈلپەتلىك كۈنلەردە ئادەملەرگە قورغاندۇر،
ئۇ ئۆزىدىن پاناھلىق ئىزدىگەنلەرنى قوغدايدۇ.
8 لېكىن ئۇ كەلكۈن بىلەن نىنەۋىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىدۇ،
ئۇ دۈشمەنلىرىنى زۇلمەتكە قوغلايدۇ.

9 ئەي نىنەۋىلىكلەر، نېمە ئۈچۈن پەرۋەردىگارنىڭ
ئىرادىسىگە قارشى سۈيىقەست ئۇيۇشتۇرىسىلەر؟
ئۇ سىلەرنى شۇنچىلىك خانىۋەيران قىلىدۇكى،
ئۇنىڭ يەنە سىلەرنى خانىۋەيران قىلىشىغا ھاجەت
قالمايدۇ.
10 سىلەر خۇددى ئىرماش-چىرماش بولۇپ كەتكەن
تىكەنلىككە
ۋە شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ كەتكەن ئادەملەرگە
ئوخشايسىلەر.
سىلەر قۇرۇق سامانغا ئوخشاش پۈتۈنلەي كۆيۈپ
تۈگەيسىلەر.
11 ئاراڭلاردىن رەزىللىك بىلەن سۈيىقەست ئۇيۇشتۇرغان ۋە
پەرۋەردىگارغا قارشى يامان غەرەزدە بولغان بىرى چىقتى.

12 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي خەلقىم يەھۇدىيەلىكلەر، ئاسسۇرلار قانچە كۈچلۈك
ۋە كۆپ بولسىمۇ،

ئۇلار يەنىلا ۋەيران بولۇپ، يوق بولىدۇ.
مەن ئىلگىرى سىلەرنى ئازابقا سالغانىدىم،
ئەمدى سىلەرنى قايتا ئازابلىمايمەن.
13 مەن ئاسسۇرلارنىڭ بوينۇڭلارغا سالغان بويۇنتۇرۇقىنى
سۇندۇرۇپ تاشلايمەن،
ئۇلارنىڭ سىلەرگە سالغان كىشەنلىرىنى ئۈزۈۋېتىمەن.»

14 ئەي نىنەۋىلىكلەر، پەرۋەردىگار سىلەر توغرۇلۇق مۇنداق
پەرمان چۈشۈردى:
«سىلەرنىڭ نامىڭلارنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئەۋلادلىرىڭلار
قالمايدۇ.
مەن ئىلاھلىرىڭلارنىڭ بۇتخانىلىرىدىكى ئويما ۋە قۇيما
بۇتلارنى پاچاقلاپ تاشلايمەن.
مەن سىلەر ئۈچۈن گۆر تەييارلاۋاتىمەن، چۈنكى سىلەر
ئەرزىمەس ئادەملەرسىلەر.»

15 قاراڭلار، تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ،
خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ قەدەملىرى يېتىپ
كەلمەكتە،
ئۇ تىنچلىقنى جاكارلىماقتا!
ئەي يەھۇدىيەلىكلەر، ئەمدى ھېيتلىرىڭلارنى
تەبرىكلەۋېرىڭلار!
قىلغان قەسەملىرىڭلارغا ئەمەل قىلىۋېرىڭلار!
قەبىھ ئاسسۇرلار ئەمدى سىلەرگە ھەرگىز ھۇجۇم
قىلالمايدۇ،
ئۇلار پۈتۈنلەي يوقىتىلىدۇ.

## نىنەۋىنىڭ ۋەيران بولۇشى

2 1 ئەي نىنەۋىلىكلەر، ۋەيران قىلغۇچىلار كېلىپ، سىلەرگە
ھۇجۇم قىلماقچى!
سېپىللىرىڭلارغا قاراۋۇللارنى قويىۋېرىڭلار،

يوللارنى مۇھاپىزەت قىلىۋېرىڭلار،
قوشۇنلىرىڭلارنى يىغىپ،
كۈچۈڭلارنى توپلاۋېرىڭلار!
2 ئەي نىنەۋىلىكلەر، سىلەر يەھۇدىيەنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ،
ئۇلارنىڭ ئۈزۈمزارلىقلىرىنى بۇزۇۋەتكەن بولساڭلارمۇ،
لېكىن پەرۋەردىگار خۇددى ئىسرائىلىيەنىڭ شان-شەرىپىنى
ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغاندەك،
ياقۇپنىڭ ئەجدادلىرى بولغان يەھۇدىيەنىڭ شان-
شەرىپىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

3 سىلەرنى يوقىتىدىغان دۈشمەن لەشكەرلىرى قىزىل
كىيىملەرنى كىيىدۇ،
ئۇلارنىڭ قالقانلىرى قىپقىزىل بولۇپ، پارقىرايدۇ.
جەڭ كۈنىدە ھارۋىلارنىڭ تۆمۈرلىرى ئوتتەك چاقنايدۇ،
ئۇلار نەيزىلىرىنى ئوينىتىدۇ.
4 جەڭ ھارۋىلىرىنى كوچا-كويلاردا ئۇچقاندەك ھەيدەپ،
دالالاردا ئۇيان-بۇيان چېپىشىپ يۈرىدۇ.
ھارۋىلار مەشئەللەردەك يېنىپ،
چاقماقتەك ئالغا ئېتىلىدۇ.
5 لەشكەر باشلىرى چاقىرتىلىدۇ.
ئۇلار ئالدىرىغىنىدىن بىر-بىرىگە پۈتلىشىپ كېتىدۇ.
دۈشمەن دەرۋازىنى بۇزۇپ ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان
كۆتەكنىڭ ئۈستىگە قالقان بولىدىغان لەمپە ئورنىتىدۇ.
6 دەريا بويىغا سېلىنغان قوۋۇقلار ئېچىلىدۇ،
ئوردا ئوتتا كۆيۈپ كېتىدۇ.

7 مۇقەررەركى، نىنەۋىلىكلەر ئەسىرگە ئېلىنىپ، سۈرگۈن
قىلىنىدۇ،
كېنىزەكلەر كەپتەردەك ئۈنلىشىپ، پەرياد قىلىپ،
كۆكرەكلىرىگە مۇشتلاپ، ھازا تۇتىدۇ.
8 خۇددى ئېچىۋېتىلگەن تۇغاندىن ئېتىلىپ چىققان سۇدەك،

خالايىق نىنەۋى شەھىرىدىن قېچىشىدۇ.
لەشكەر باشلىرى: «توختاڭلار! توختاڭلار!» دەپ
ۋارقىراشسىمۇ،
لېكىن ھېچكىم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىمايدۇ.

9 ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئولجا ئېلىڭلار!
بۇ يەردە پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىقلار بار،
قىممەتلىك خەزىنىلەر سان-ساناقسىزدۇر.
10 نىنەۋى شەھىرى يىقىلدۇ، پۈتۈنلەي قۇرۇقدىلىپ، ۋەيران
بولىدۇ.
نىنەۋىلىكلەرنىڭ يۈرەكلىرى سۇ بولۇپ،
پۇت-قوللىرىدا جان قالمايدۇ،
تەنلىرى جۇغۇلداپ، چىرايلىرىدا قان قالمايدۇ.

11 نىنەۋى شەھىرىگە نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ شىرلار ئۇۋىسىغا
ئوخشاش ئىدىغۇ!
ئۇ يەردە ياش شىرلار غىزالىناتتى،
شىر ئارسلانلىرى ئەركەك ۋە چىشى شىر بىلەن بىخەتەر
ياشايتتى.
12 شىر كۈچۈكلىرىگە ئولجىلارنى يېتەرلىك پارچىلاپ، تىتىپ
بېرەتتى،
چىشى شىر ئۈچۈن تىرىك ئولجىنى بوغۇپ ئۆلتۈرەتتى،
ئۆڭكۈرى ئولجا بىلەن توشۇپ كېتەتتى.
ئۇۋىسىغا گۆش پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ كېتەتتى.

13 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئاڭلاپ تۇر، ئەي نىنەۋى، مەن ساڭا قارشىدۇرمەن!
جەڭ ھارۋىلىرىڭنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن،
ياش ئارسلانلىرىڭ قىلىچتا ھالاك بولىدۇ،
مەن ئەمدى يەر يۈزىدە ساڭا ئولجا قالدۇرمايمەن.
بۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلىرىڭنىڭ ئاۋازلىرى ئۆچىدۇ.»

## نىنەۋىنىڭ جازالىنىشى

3 1 ھالىڭغا ۋاي، قانخورلۇققا تولغان شەھەر،
ھالىڭغا ۋاي، يالغانچىلىققا چۆمگەن شەھەر،
ھالىڭغا ۋاي، ئولجىلارغا كۆمۈلگەن شەھەر،
سەندە تالان-تاراج ھېچقاچان ئۈزۈلمەس.
2 قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇرار،
قامچىلارنىڭ تاراسلاشلىرى،
چاقلارنىڭ جاراق-جۇرۇقلىرى،
ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى،
جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ تاراقلاشلىرى.
3 ئاتلىق لەشكەرلەر ئالدىغا قاراپ ئېتىلىدۇ.
قىلىچلار چاقنايدۇ، نەيزىلەر يالتىراپ تۇرىدۇ.
نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ.
سان-ساناقسىز جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ.
ئادەملەر جەسەتلەرگە پۇتلىشىپ تۇرىدۇ.
4 چۈنكى سەن ئۆزۈڭنى ناز-كەرەشمىلىك بۇزۇق
پاھىشىدەك تۇتتۇڭ.
جادۇگەرلىك بىلەن ئەللەرنى ئۆزۈڭگە جەلپ قىلىپ،
بۇزۇقچىلىق بىلەن ئۇلارنى ئۆزۈڭگە قۇل قىلدىڭ.
سېھىر-جادۇلىرىڭ بىلەن خەلقلەرنى ئۆزۈڭگە
ئەگەشتۈردۈڭ.
5 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەي نىنەۋى، ئاڭلاپ تۇر! مەن ساڭا قارشىدۇرمەن!
مەن كۆڭلىكىڭنىڭ ئېتىكىنى قايرىۋېتىپ، يۈزۈڭگە يېپىپ
قويىمەن.
ئەللەرگە سېنىڭ يالىڭاچ تېنىڭنى كۆرسىتىمەن.
ئەللەر ئالدىدا سېنى شەرمەندە قىلىمەن.
6 ئۈستىبېشىڭغا نىجاسەت ياغدۇرۇپ،
سېنى رەسۋا قىلىمەن.
كۆپچىلىككە سېنىڭ تاماشاڭنى كۆرسىتىمەن.

7 سېنى كۆرگەنلا ئادەم سەندىن قېچىپ:
‹نىنەۋى خاراب بولدى!
كىممۇ سەن ئۈچۈن قايغۇ-ھەسرەت چېكەر؟› دەيدۇ.
ساڭا تەسەللى بېرىدىغان ئادەم ئەسلا يوقتۇر!»

## نىنەۋىنىڭ ۋەيران بولۇشتىن ساقلىنالماسلىقى

8 ئەي نىنەۋى،
سەن نو شەھىرىدىن بىخەتەر ئەمەس!
ئۇ شەھەر نىل دەرياسىنىڭ يېنىدا بولۇپ،
سۇلار ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئوراپ تۇراتتى.
دەريا ئۇنى ئىستىھكامدەك قوغدايتتى.

9 كۇش ۋە مىسىر ئۇنىڭ چەكسىز كۈچ-قۇدرىتى ئىدى.
پۇئۇت ۋە لىۋىيە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئىدى.
10 شۇنداقتىمۇ نو خەلقى ئەسىرگە ئېلىنىپ، سۈرگۈن بولدى.
ئۇلارنىڭ بوۋاقلىرى دوقمۇش-دوقمۇشلاردا يەرگە ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈلدى،
مۆتىۋەرلەرگە چەك تاشلاندى،
يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى كىشەنلىنىپ تۇتۇپ
كېتىلدى.

11 ئەي نىنەۋىلىكلەر، سىلەرمۇ ئەمدى مەست ئادەمدەك
دەلدەڭشىپ قالىسىلەر،
سىلەر دۈشمەنلىرىڭلاردىن يوشۇرۇنۇپ،
ئۆزۈڭلارغا پاناھ ئىزدەپ يۈرىسىلەر.
12 سىلەرنىڭ بارلىق قورغانلىرىڭلار خۇددى تۇنجى مېۋىگە
كىرىپ،
مەي باغلىغان ئەنجۈر دەرىخىگە ئوخشايدۇ.
دەرەخ ئىرغىتىلسا، ئەنجۈرنى ئىستىگۈچىنىڭ
ئاغزىغا چۈشىدۇ.
13 جەڭچىلىرىڭلار خۇددى ئاجىز قىزلارغا ئوخشاپ قالىدۇ.

شەھەرىڭلارنىڭ دەرۋازىلىرى دۈشمەنلىرىڭلارغا كەڭ
ئېچىلىدۇ،
ئوت دەرۋازاڭلارنىڭ بالداقلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

14 سىلەر سۇلارنى زاپاس ساقلاپ،
دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قورشاۋىغا تەييارلىق قىلىۋېرىڭلار!
قورغانلىرىڭلارنى مۇستەھكەملىۋېرىڭلار!
پۇتلىرىڭلار بىلەن لاي ئېتىپ، كېسەك قۇيۇپ،
سېپىللىرىڭلارغا ئىشلىتىۋېرىڭلار!
15 مەيلى قانداقلا قىلماڭلار، ئوت يەنىلا سىلەرنى يالماپ
يۇتىدۇ.
قىلىچ بوينۇڭلاردا بولىدۇ.
خۇددى زىرائەتلەر چېكەتكىلەر تەرىپىدىن قىرىپ
تاشلانغاندەك، سىلەرمۇ قىرىپ تاشلىنىسىلەر.

كۆپىيىۋېرىڭلار، خۇددى چېكەتكىلەردەك كۆپىيىۋېرىڭلار!
16 سىلەرنىڭ سودىگەرلىرىڭلار ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىنمۇ
كۆپ بولۇپ،
ئۇلار بىر توپ چېكەتكىلەردەك ھەممىنى قۇرۇقداپ،
ئۇچۇپ كېتىدۇ.
17 سىلەرنىڭ سەركەردىلىرىڭلار خۇددى سوغۇق كۈنلەردە
چىتلاقلارنى قاپلىغان بىر توپ چېكەتكىلەرگە
ئوخشايدۇ.
لېكىن قۇياش چىققاندا، ئۇلار ھېچكىم بىلمەيدىغان
يەرلەرگە ئۇچۇپ كېتىدۇ.

18 ئەي ئاسسۇرىيە پادىشاھى، سېنىڭ ئەمەلدارلىرىڭنىڭ
كۆزى يۇمۇلدى،
سېنىڭ ئېسىلزادىلىرىڭ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى!
سېنىڭ خەلقىڭ تاغلارغا چېچىلىپ كەتتى.
ئۇلارنى يىغىدىغان بىرمۇ كىشى قالمىدى.

19 سېنىڭ جاراھىتىڭنى ساقايتىش مۇمكىن ئەمەس،
سېنىڭ ياراڭ ئەجەللىكتۇر.
سېنىڭ تۈگەشكەنلىكىڭنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى
خۇشاللىقتىن چاۋاك چالىدۇ.
كىم سېنىڭ تۈگىمەس زوراۋانلىقىڭنىڭ دەردىنى
تارتمىغان؟!

# خاباقوُق

[1](#) [2](#) [3](#)

# خاباقۇق

1
[1] بۇ خاباقۇق پەيغەمبەرگە كەلگەن ۋەھيدۇر.

## خاباقۇقنىڭ نالە قىلىشى

[2] ئى پەرۋەردىگار، قاچانغىچە نالە قىلسام، قۇلاق سالارسەن؟
«زوراۋانلىق بولۇۋاتىدۇ!» دەپ چاقىرساممۇ،
قۇتقۇزمامسەن؟
[3] نېمە ئۈچۈن مېنى شۇنچىۋالا ناھەقچىلىكنى كۆرۈشكە
زورلايسەن؟
نېمە ئۈچۈن يامانلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ، پەرۋا قىلمايسەن؟
قاياققا قارىسام، كۆرگىنىم ۋەيرانچىلىق ۋە زوراۋانلىق،
ھەممە يەردە جېدەل-ماجىرا، ئۇرۇش-تالاش.
[4] قانۇن كۈچىنى يوقاتقان،
ئادالەتمۇ يوقالغان.
رەزىللەر ھەققانىيلارنى قورشىۋالغانلىقى ئۈچۈن،
ناھەق ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ جاۋابى

[5] يات ئەللەرگە نەزەر سېلىڭلار،
ئۇلارغا ياخشىلاپ قاراپ بېقىڭلار!
كۆرگەنلىرىڭلاردىن ھەيران قالىسىلەر.
مەن سىلەرنىڭ زامانىڭلاردا شۇنداق بىر ئىش قىلىمەنكى،
ھەتتا بىرسى سىلەرگە ئېيتسىمۇ، ئىشەنمەيسىلەر
[6] مانا، مەن رەھىمسىز ۋە قىزىققان بابىل خەلقىنى
كۈچەيتىمەكچىمەن.

ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە يۈرۈش قىلىپ، باشقىلارنىڭ
يۇرتلىرىنى ئىگىلىۋالىدۇ.
7 ئۇلار قورقۇنچلۇق، ۋەھشىي خەلقتۇر.
ئۇلار ئىنتايىن ھاكاۋۇر بولۇپ، قانداق خالىسا، شۇنداق
ھۆكۈم چىقىرىدۇ.
8 ئۇلارنىڭ ئاتلىرى يىلپىزدىن تېز،
كۆگۈمدىكى ئاچ بۆرىدىن ھوشياردۇر.
ئۇلارنىڭ ئاتلىقلىرى يىراقتىن چېپىشىپ كېلىدۇ ۋە
خۇددى بۈركۈتتەك ئولجىلىرىغا تاشلىنىدۇ.
9 ئۇلار پەقەت زوراۋانلىق قىلىش ئۈچۈنلا كېلىدۇ.
ئۇلار خۇددى قۇملۇقتىكى بوراندەك باستۇرۇپ كېلىپ،
قۇمدەك ھېسابسىز كىشىلەرنى ئەسىر ئالىدۇ.
10 ئۇلار پادىشاھلارنى مەسخىرە،
ھۆكۈمدارلارنى زاڭلىق قىلىدۇ.
ئۇلار مۇستەھكەم شەھەرلەرنى كۆرۈپ، كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.
ئۇلار توپا دۆۋىلەپ، سېپىلغا چىقىپ،
شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىدۇ.
11 ئۇلار خۇددى شىددەتلىك بوراندەك تېز كېلىدۇ ۋە تېز
كېتىدۇ،
بۇ گۇناھكار ئادەملەرنىڭ «ئىلاھى» ئۆزلىرىنىڭ
كۈچلىرىدۇر.

## خاباقۇقنىڭ يەنە نالە قىلىشى

12 ئى پەرۋەردىگار، مۇقەددەس خۇدايىم،
سەن ئەزەلدىن بارسەن، مەڭگۈ يوقالمايسەن!
ئى پەرۋەردىگار، سەن بىزنى جازالاش ئۈچۈن بابىللىقلارنى
تاللىدىڭمۇ؟
ئەي پاناھگاھىمىز، بىزنى جازالاش ھوقۇقىنى ئۇلارغا
بەردىڭمۇ؟
13 كۆزلىرىڭ شۇنچىلىك پاككى، رەزىللىككە قاراپ
تۇرالمايسەن،

ياماnلىقلا چىداپ تۇرالمايسەن.
شۇنداق ئىكەن، سەن نېمە ئۈچۈن بۇ مەككارلارغا چىداپ
تۇرىسەن؟
ھەققانىيلار رەزىللەرگە يەم بولۇۋاتسا، نېمىشقا جىم
تۇرىسەن؟
14 سەن ئىنسانلارنى دېڭىزدىكى بېلىقلاردەك،
باشلامچىسى يوق دېڭىز مەخلۇقلىرىدەك قىلىپ قويدۇڭ.
15 بابىللىقلار ئۇلارنى قارماق بىلەن تۇتىدۇ،
تور تاشلاپ، سۈزۈۋالىدۇ،
تورنى تارتقاندا، خۇشال بولۇپ، شادلىنىدۇ.
16 شۇنداق قىلىپ، بابىللىقلار ئۆز تورىغا چوقۇنۇپ، ئۇنىڭغا
قۇربانلىق قىلىدۇ.
تورىغا ئاتاپ، كۈجە كۆيدۈرىدۇ.
چۈنكى ئۇلار بۇ تورلىرى بىلەن باياشات ياشايدۇ،
ئۇلارنىڭ تائاملىرى ناھايىتى مولدۇر.
17 ئۇلار قاچانغىچە تورنى تاشلاپ،
ئەللەرنى داۋاملىق رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىدۇ؟
2 1 مەن كۆزىتىش مۇناردا كۆزەتچىلىك،
سېپىلدا قاراۋۇللۇق قىلىمەن.
قاراپ باقاي، پەرۋەردىگار ماڭا قانداق جاۋاب بېرەركىن.
پەرۋەردىگار قىلغان شىكايىتىمگە جاۋاب بەرگەندە، ئۇنىڭغا
نېمە دېيىشىمنى ئويلاپ كۆرىمەن.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىككىنچى جاۋابى

2 پەرۋەردىگار ماڭا جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
«ساڭا ئايان قىلغانلىرىمنى خاتىرىلىۋالغىن!
ئۇنى تاش تاختىغا ئېنىق قىلىپ پۈتۈۋالغىن!
جاكارچى يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپمۇ، ئۇنى ئاسان
ئوقۇيالايدىغان بولسۇن!
3 چۈنكى بۇ ۋەھيي بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئۇ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە بولۇپ، ھەرگىز
يالغان چىقمايدۇ.
گەرچە ئاستا كېلىۋاتقاندەك بىلىنسىمۇ، سەۋر قىلىپ كۈتكىن.
ئۇ جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، ھەرگىز كېچىكمەيدۇ.

4 سۆزلىرىم شۇكى:
ئۆزىنى چوڭ تۇتقان ئادەمگە قارا، ئۇنىڭ نىيىتى دۇرۇس
ئەمەس.
لېكىن ھەققانىيلار خۇداغا ساداقەتمەنلىك بىلەن ياشايدۇ.
5 شاراب ئادەم ئالدايدۇ.
ھاكاۋۇر ئادەم ھېچقاچان جىم تۇرمايدۇ.
ئۇ خۇددى جەسەتكە تويماس گۆردەك
ياكى ئۆلۈكلەر ماكانىدەك ئاچ كۆزدۇر.
ئۇ بارلىق ئەللەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ،
خەلقلەرنى ئەسىرگە ئالىدۇ.
6 لېكىن بۇ ئەللەر بويسۇندۇرغۇچىنى مەسخىرە ۋە تەنە
گەپلەر بىلەن مازاق قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:
‹ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي مال-دۇنيا ئوغرىلاپ، بايلىق
يىغقانلار،
ئالدامچىلىق بىلەن بېيىغانلار!
بۇ قىلمىشىڭلار قاچانغىچە داۋاملىشار؟›
7 لېكىن سىلەر بويسۇندۇرغان ئەللەر تۇيۇقسىز قەرز
ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ.
ئۇلار قوزغالسا، سىلەر تىترەيسىلەر.
ئۇ چاغدا سىلەر ئۇلارنىڭ ئولجىسى بولىسىلەر.
8 چۈنكى سىلەر نۇرغۇن ئەللەرنى تالان-تاراج قىلدىڭلار.
شۇڭا ئۇلارنىڭ ھايات قالغانلىرى ئەمدى سىلەرنىمۇ تالان-
تاراج قىلىدۇ.
چۈنكى سىلەر ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈپ،
زېمىن ۋە شەھەرلىرىنى پۇقرالىرى بىلەن قوشۇپ ھالاك
قىلدىڭلار.

9 ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي ناھەق يول بىلەن پۇل تېپىپ، ئۆيىنى
مال-دۇنياغا تولدۇرغانلار!
زىيان-زەخمەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇۋىسىنى ئېگىز
يەرگە قۇرغانلار!
10 ئۆزۈڭلارنىڭ سۇيىقەستى ئۆز نامىڭلارغا داغ چۈشۈردۇ.
سىلەر نۇرغۇن خەلقلەرنى يوقاتقانلىقىڭلار ئۈچۈن،
ئۆزۈڭلارغا ھالاكەت ئېلىپ كېلىسىلەر.
11 ھەتتا ئۆيۈڭلارنىڭ تېمىدىكى تاشلارمۇ سىلەرگە قارشى
ۋارقىرىشىدۇ،
تورۇستىكى ياغاچ لىمىلارمۇ سىلەرگە قارشى ئەكس سادا
ياڭرىتىدۇ.

12 ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي قان تۆكۈش بەدىلىگە شەھەر
قۇرغانلار،
رەزىللىك بىلەن شەھەر بەرپا قىلغانلار!
13 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئىنسانلار تۇپلىغان
بايلىقىنىڭ ئوتقا ئوتۇن بولىدىغانلىقىنى،
ئەللەرنىڭ بىھۇدە مېھنەت قىلىپ، ھالىدىن
كېتىدىغانلىقىنى ئىرادە قىلغان ئەمەسمۇ؟
14 خۇددى دېڭىز سۇغا تولغاندەك،
پۈتۈن يەر يۈزى پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىكى
بىلىمگە تولىدۇ.

15 ھالىڭلارغا ۋاي، ئەي قوشنا ئەللەرگە شاراب ئىچكۈزگەنلەر!
سىلەر ئۇلارنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا
تولۇملاپ شاراب ئىچكۈزدۈڭلار.
16 سىلەر شان-شەرەپكە ئېرىشمەيسىلەر، بەلكى شەرمەندە
بولىسىلەر.
نۆۋەت سىلەرگە كەلدى، ئىچىڭلار، خەتنىسىزلىكىڭلار
ئاشكارىلانسۇن!

پەرۋەردىگارنىڭ ئوڭ قولىدىكى ئازابقا تولغان قەدەھنى
ئىچىش نۆۋىتى سىلەرگە كەلدى.
شان-شەرىپىڭلانىڭ ئورنىنى شەرمەندىلىك ئالىدۇ.
17 سىلەر لىۋان ئورمانلىقلىرىنى كېسىپ تاشلىغان بولساڭلار،
ئەمدى ئۆزۈڭلارمۇ شۇنداق كېسىپ تاشلىنىسىلەر!
سىلەر ياۋايى ھايۋانلارنى قىردىڭلار،
ئەمدى ياۋايى ھايۋانلارنى سىلەرنى دەھشەتكە سالىدۇ!
چۈنكى سىلەر كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈپ،
زېمىن ۋە شەھەرلىرىنى پۇقرالىرى بىلەن قوشۇپ ھالاك
قىلدىڭلار.

18 بۇتنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كەلسۇن؟
ئۇنى ئادەم ئويۇپ چىققانغۇ!
قۇيما بۇت يالغانچىلىقنىڭ مەنبەسىدۇر.
ئۆزى ياسىۋالغان، گەپ قىلالمايدىغان بۇتقا چوقۇنۇش
نېمىدېگەن ئەخمەقلىق-ھە!
19 ياغاچقا: ‹ئويغان!›، جانسىز تاشقا: ‹تۇر!› دېگۈچىلەرنىڭ
ھالىغا ۋاي!
بۇ بۇتلار سىلەرگە يول كۆرسىتەلەمدۇ؟
قاراپ بېقىڭلارچۇ، گەرچە ئۇنىڭ سىرتى ئالتۇن-كۈمۈش
بىلەن قاپلانغان بولسىمۇ،
ئۇ بىر جانسىز نەرسىغۇ!
20 پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ مۇقەددەس دەرگاھىدىدۇر،
پۈتكۈل جاھان ئۇنىڭ ئالدىدا جىم تۇرسۇن.»

## خاباقۇق پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسى

3 1 خاباقۇق پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسى («شىگيونوت»① تا
ئېيتىلغان):

① 3: 1 شىگيونوت ـ مەنىسى نامەلۇم بولۇپ، ئۇ مەلۇم مېلودىيەنىڭ ئىسمى
ياكى مۇزىكا ئىلمىدىكى بىر ئاتالغۇ بولۇشى مۇمكىن.

2 ئى پەرۋەردىگار، سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئاڭلىدىم،
ئەيمىنەرمەن ئۇلۇغۋار ئىشلىرىڭدىن، ئى پەرۋەردىگار.
زامانىمىزدا شۇ ئىشلارنى قايتا قىلغايسەن،
شۇ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىڭنى كىشىلەر بىلسۇن.
غەزەپلەنگەندىمۇ رەھىمدىللىكىڭنى ئېسىڭدىن
چىقارمىغايسەن.

3 كۆردۈمكى كەلگەنلىكىنى خۇدانىڭ تېمان زېمىنىدىن،
كۆردۈمكى چۈشكەنلىكىنى مۇقەددەس خۇدانىڭ پاران
تېغىدىن.
سېلاھ
ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى كۆكنى قاپلىدى،
تولدى پۈتكۈل يەر-زېمىن ئۇنىڭغا ئېيتىلغان
ھەمدۇسانالارغا.
4 ئۇنىڭ جۇلاسى خۇددى تاڭ نۇرىدەك پارلاق،
قۇدرەت يوشۇرۇنغان قولىدىن چېقىلار چاقماق.

5 قورقۇنچلۇق كېسەللەر يۈرەر ئۇنىڭ ئالدىدا،
ھەم كېلەر ۋابا ئۇنىڭ ئارقىسىدا.
6 توختىغاندا ئۇ، كېلەر لەرزىگە جاھان.
نەزەر سالغىنىدا، تىترىشەر ئەللەر ھامان.
بولسىمۇ قەدىمي تاغلار كۇكۇم-تالقان،
تۈزلىنىپ كەتسىمۇ ئەبەدىي داۋان،
ئۆزگەرمەس ئۇنىڭ قىلغانلىرى ھامان.
7 كۆردۈمكى، چېدىرلاردىكى غەمگە پاتقان كۇشان قەبىلىسىنى،
كۆردۈمكى، چېدىرلاردىكى ۋەھىمىدىن تىترىگەن مىديان
خەلقىنى.

8 ئى پەرۋەردىگار، ئاچچىقلانغانمىدىڭ دەريالارغا؟
غەزەپلەنگەنمىدىڭ ئېقىنلارغا؟

ئاتلىرىڭنى مىنىپ، غەلىبە بىلەن جەڭ ھارۋىلىرىڭنى
ھەيدىگىنىڭدە،
تاشقانمىدى قەھرىڭ دېڭىزلارغا؟

9 تۇرار ئوقيايىڭ جەڭگە تەييار،
تۇرار ئوقداندا لىق ئوقلار. سېلاھ
ئايرىدىڭ تاشقىن بىلەن يەر يۈزىنى،
10 تەۋرەندى تاغلار كۆرگەندە سېنى.
كەلكۈن كېلىپ، سۇلار ئۆركەشلەپ،
يەتتى پەلەككە شاۋقۇنلىرى.
11 چاقنىشىدا ئۇچۇۋاتقان ئوقلىرىڭنىڭ،
جۇلاسىدا پارقىراق نەيزەڭنىڭ،
توختاپ قالدى كۈن بىلەن ئاي ئەرشتە.
12 زېمىنغا قەدەم تاشلىدىڭ غەزىپىڭدە،
ئېزىپ تاشلىدىڭ ئەللەرنى قەھرىڭدە.
13 ھەم كەلدىڭ ئۆز خەلقىڭنى قۇتقۇزۇشقا،
تاللىغىنىڭغا نىجاتلىق بېرىشكە!
سەن رەزىللەرنىڭ يول باشلامچىسىنى ئۇردۇڭ،
ۋەيران قىلدىڭ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى.
سېلاھ
14 يوقاتتىڭ ئۆز قورالى بىلەن دۈشمەننىڭ سەركەردىسىنى.
بوراندەك ئاتلانغاندى تارقىتىۋېتىشكە ئۇلار بىزنى،
كۆرەڭلىگەن بىزنى ئاسان قولغا كېلىدىغان ئولجا دەپ.
15 ئاتلىرىڭ بىلەن چەيلەپ، چالغىتتىڭ دېڭىزنى،
تاشقىنلاتتىڭ دېڭىزدىكى ئۇلۇغ سۇلارنى.

16 ئاڭلاپ بۇلارنى شۈركەندى تېنىم.
شاۋقۇندىن ھەم تىترىدى لېۋىم.
قورقۇنچتىن بوشاپ كەتتى پۇت-قوللىرىم،
غال-غال تىترەپ، دەلدەڭشىپ تۇرالماي قالدىم.
كۈتەرمەن شۈندىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن،

بىزگە ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا بالايىئاپەت كېلىدىغان كۈننى.

17 مەيلى مېۋە بەرمىسۇن ئەنجۈر دەرىخى،
ياكى يوق بولسۇن تاللاردا ئۈزۈم،
مەيلى مېۋە بەرمىسۇن زەيتۇن دەرىخى،
ياكى بەرمىسۇن ئېتىزلار ھوسۇل،
مەيلى يوقىلىپ كەتسۇن قوتاندىكى قويلار،
ياكى يوقىلىپ كەتسۇن ئېغىلدىكى كالىلار،
18 شادلىنارمەن يەنىلا پەرۋەردىگاردىن،
خۇشاللىق تاپارمەن نىجاتكارىم خۇدادىن.
19 كۈچ-قۇۋۋىتىمدۇر ئىگەم پەرۋەردىگار.
پۇتلىرىمنى قىلار ئۇ كېيىكنىڭكىدەك،
ماڭارمەن شۇندا مەن ئېگىز تاغلاردا.
(تارلىق سازلار تەڭكىشىدە ئېيتىلسۇن دەپ، نەغمىچىلەر بېشىغا تاپشۇرۇلغان.)

# زبفانيا

1 2 3

# زىفانىيا

1 [1] بۇ زىفانىياغا پەرۋەردىگاردىن كەلگەن ۋەھىيدۇر. زىفانىيا كۇشىنىڭ ئوغلى، كۇشى گىدالىيانىڭ ئوغلى، گىداليا ئامارىيانىڭ ئوغلى، ئاماريا خىزكىيانىڭ ئوغلىدۇر. بۇ ۋاقىتتا ئامونىنىڭ ئوغلى يوشىيا يەھۇدىيەگە پادىشاھ ئىدى.

## پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنى

[2] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سۈپۈرۈپ
تاشلايمەن.
[3] ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، ئاسماندىكى قۇشلارنى،
دېڭىزدىكى بېلىقلارنى ھالاك قىلىمەن.
رەزىللەرنى يوقىتىمەن، يەر يۈزىدىن ئىنسانلارنى يوق
قىلىمەن.
بۇنى مەن پەرۋەردىگار جاكارلىدىم.
[4] مەن يەھۇدىيە ۋە يېرۇسالېمدا ياشاۋاتقانلارنى جازالاش
ئۈچۈن قول كۆتۈرىمەن.
ئىلاھ بائالغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى يوق
قىلىمەن،
بۇتپەرەس روھانىيلار ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ.
[5] ئۆگزىلەرگە چىقىۋېلىپ، كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا
چوقۇنىدىغانلارنى،
ماڭا سەجدە قىلىپ، مېنىڭ نامىمدا قەسەم قىلغان
تۇرۇقلۇق،

يەنە ئىلاھ مولەكنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغانلارنى ھالاك
قىلىمەن.
6 مەندىن يۈز ئۆرۈگەن، مېنى ئىزدىمىگەن،
مەندىن مەسلىھەت سورىمىغانلارنى يوق قىلىمەن.»

7 ئىگىمىز پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا جىم تۇرۇڭلار،
چۈنكى پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنى كېلىدىغانغا ئاز قالدى.
ئۇ ئۆز خەلقىنى قۇربانلىققا تەييارلاپ، قۇربانلىق
قىلغۇچىلارنى تاللىدى.

8 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن قۇربانلىق قىلىدىغان كۈنى ئەمەلدارلارنى، خان
جەمەتىدىكىلەرنى ۋە
يات خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە بېرىلگەنلەرنى
جازالايمەن.
9 ئۇ كۈنى بۇتپەرەسلەرنىڭ ئادەتلىرىگە ئوخشاش بوسۇغا
دەسسىمەيدىغانلارنى ۋە
خوجايىنلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە
زوراۋانلىق ۋە ئالدامچىلىق قىلغانلارنى جازالايمەن.»
10 پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇ كۈنى سىلەر ‹بېلىق دەرۋازىسى›دىن يىغا ئاۋازىنى،
شەھەرنىڭ يېڭى مەھەللىسىدىن پەرياد ئاۋازىنى
ۋە تاغلاردىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋازنى ئاڭلايسىلەر.
11 ئەي شەھەر مەركىزىدە ياشايدىغان كىشىلەر، پەرياد
قىلىڭلار.
چۈنكى پۈتۈن سودىگەرلەر ھالاك بولىدۇ،
سېتىقچىلار يوقىتىلىدۇ.
12 ئۇ چاغدا مەن يېرۇسالېمنى چىراغ بىلەن يورۇتۇپ،
تەكشۈرۈپ چىقىمەن.
گۇناھقا پېتىپ ئولتۇرغان بىپەرۋا گۇناھكارلارنى،

يەنى ‹پەرۋەردىگار ياخشىلىقمۇ قىلمايدۇ، يامانلىقمۇ
قىلمايدۇ› دېگۈچىلەرنى جازالايمەن.
13 ئۇلارنىڭ مال-دۇنيالىرى بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرايدۇ،
ئۆيلىرى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇلىدۇ.
ئۇلار ھېچقاچان ئۆزلىرى سالغان ئۆيلەردە ئولتۇرالمايدۇ.
ئۇلارغا ئۆز ئۈزۈمزارلىقىدىن چىققان شارابنى ئىچىش
نېسىپ بولمايدۇ.»

14 پەرۋەردىگارنىڭ چوڭ جازا كۈنىنىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى،
ئاز قالدى، ئۇ كۈن ناھايىتى تېزلا كېلىدۇ!
ئۇ كۈلپەتلىك بىر كۈندۇر!
ئۇ چاغدا ئەڭ باتۇر ئەزىمەتمۇ پەرياد قىلىدۇ!
15 ئۇ غەزەپ، دەرد-ئەلەم كۈنىدۇر،
خاراب بولىدىغان، ۋەيران بولىدىغان كۈندۇر،
قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك ۋە قارا بۇلۇتلۇق كۈندۇر.
16 ئۇ كۈن بۇرغىلار چېلىنىپ، چۇقان-سۈرەنلەر سېلىنىپ،
مۇستەھكەم شەھەرلەر ۋە ئېگىز مۇنارلارغا ھۇجۇم
قىلىنىدىغان كۈندۇر.

17 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ئىنسانلارغا بالايىئاپەت ئەكېلىپ،
ئۇلارنى ئەمالاردەك تېمىسقىلاپ ماڭدۇرىمەن.
چۈنكى ئۇلار ماڭا قارشى گۇناھ قىلدى.
ئۇلارنىڭ قانلىرى يۇندىدەك تۆكۈلىدۇ،
جەسەتلىرى چىرىتىپ تاشلىنىدۇ.»

18 پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى كەلگەن كۈنى
ئالتۇن-كۈمۈشلىرىمۇ ئۇلارنى قۇتقۇزالمايدۇ.
ئۇنىڭ غەزەپ ئوتى پۈتۈن زېمىننى كۆيدۈرۈپ،
يەر يۈزىدىكى ھەممە ئىنسانلارنى دەھشەتلىك ھالدا ھالاك
قىلىدۇ.

## خەلقنى توۋا قىلىشقا مۇراجىئەت قىلىش

2
1 ئەي نومۇسسىز خەلق، ئۇيغۇۋقنى ئاچ!
2 ۋاقىتلار توپىدەك توزۇماستا ۋە بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېتىپ كەلمەستە،
پەرۋەردىگارنىڭ غەزەپ ئوتى ياناماستا،
ئۇنىڭ قەھر-غەزەپ كۈنى يېتىپ كەلمەستە
ئۇيغۇۋقنى ئاچ!
3 ئەي پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرلىرىگە كەمتەرلىك بىلەن قۇلاق سالغۇچىلار،
پەرۋەردىگارغا يۈزلىنىڭلار!
ئادالەتنى قوغلىشىڭلار،
كەمتەر بولۇڭلار.
پەرۋەردىگارنىڭ جازا كۈنىدە،
بەلكىم سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىدىن قوغدىلىپ قالىسىلەر.

## ئىسرائىلىيەنىڭ قوشنىلىرىنىڭ ھالىغا ۋاي

4 گازا شەھىرىدە ھېچكىم قالمايدۇ،
ئاشقىلون قاقاسلىشىپ كېتىدۇ.
ئاشدودلۇقلار چۈشكىچە قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.
ئەقرون ئاھالىلىرىمۇ شەھەردىن يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىنىدۇ.
5 ئەي دېڭىز بويىدىكى كىرىتلەر، ھالىڭلارغا ۋاي!
ئەي كەنئاندا تۇرىدىغان فىلىستىيەلىكلەر،
پەرۋەردىگار سىلەرگە قارشى مۇنداق دەيدۇ:
«مەن سىلەرنى ۋەيران قىلىمەن،
بىرىڭلارنىمۇ قويماي يوق قىلىمەن.»
6 دېڭىز بويىدىكى سىلەر ياشىغان يەرلەر باياۋانغا ئايلىنىپ،
پەقەت مالچىلارنىڭ كەپىلىرى بىلەن قوي قوتانلىرىلا قالىدۇ.

7 يەر-زېمىنلىرىڭلارنى ئامان قالغان يەھۇدىيە خەلقى
ئىگىلەيدۇ.
ئۇلار ئۇ يەرلەردە قوي بېقىپ،
كېچىسى ئاشقىلوندىكى ئۆيلەردە ياتىدۇ.
پەرۋەردىگار خۇدا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ،
ئىلگىرىكى پاراۋان ھاياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

8-9 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن موئابلارنىڭ مەسخىرىلىرى
ۋە ئاممونلارنىڭ ھاقارەتلىرىنى ئاڭلىدىم.
ئۇلار خەلقىمنى مەسخىرە قىلىپ،
زېمىنلىرىنى بېسىۋالىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى.
مەن، يەنى ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا
مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
موئاب جەزمەن سودومدەك،
ئاممونلار گومورادەك ۋەيران بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى شور ۋە تىكەن بېسىپ،
مەڭگۈلۈك چۆل-باياۋانغا ئايلىنىدۇ.
ئامان قالغان خەلقىم ئۇلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ،
زېمىنلىرىنى بېسىۋالىدۇ.»

10 موئاب ۋە ئاممونلار تەكەببۇرلىشىپ،
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ خەلقىنى مەسخىرە
قىلىپ، ھاقارەتلىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار جازاسىنى يەيدۇ.
11 پەرۋەردىگار ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ ۋە
دۇنيادىكى ساختا ئىلاھلارنى يوقىتىدۇ.
ئاندىن دۇنيادىكى ھەربىر خەلق ئۆز تۇپرىقىدا ئۇنىڭغا
ئىبادەت قىلىدۇ.

12 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

«ئەي كۈشلار، سىلەرمۇ ئۇرۇشتا ئۆلىسىلەر.»

13 پەرۋەردىگار شىمالدىكى ئاسسۇرىيەگە قارشى قول كۆتۈرۈپ،
نىنەۋى شەھىرىنى قاقاس چۆل-باياۋانغا ئايلاندۇرىدۇ.
14 ئۇ يەر كالا، قوي، ۋە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ماكانى بولۇپ قالىدۇ.
خارابىلەردىكى تۈۋرۈكلەرنى ھۇۋقۇشلار ماكان قىلىپ،
دېرىزىلەردە ھۇۋلىشىدۇ.
قاغىلار بوسۇغىلاردا قاقىلدىشىدۇ.
ئىمارەتلەرنىڭ كېدىر ياغاچلىرى قومۇرۇلۇپ كېتىدۇ.
15 خۇشال ياشاۋاتقان بۇ شەھەر: «مەن بۇيۇكتۇرمەن،
تەڭدىشىم يوقتۇر» دەپ ماختىنىپ،
ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلىدۇ.
بىراق ئۇ قاقاسلىشىپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىدۇ.
ئۇ يەردىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر قوللىرىنى شىلتىشىپ،
مەسخىرە قىلىشىدۇ.

## يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ گۇناھلىرى

3 1 ئاسىيلىققا، چىرىكلىككە ۋە زۇلۇمغا تولغان
يېرۇسالېمنىڭ ھالىغا ۋاي!
2 ئۇ ھېچكىمگە بويسۇنمىدى.
ھېچكىمنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلمىدى.
ئۇ پەرۋەردىگارغا تايانمىدى،
خۇداغا يېقىنلاشمىدى.
3 ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ھۆركىرىگەن شىرلارغا ئوخشايدۇ.
سوراقچىلىرى بىر تال سۆڭەكنىمۇ ئەتىگە قالدۇرمايدىغان ئاچ بۆرىلەردەكتۇر.
4 پەيغەمبەرلىرى تەكەببۇر، ھىيلىگەردۇر.
روھانىيلىرى ئىبادەتخانىنى بۇلغاپ،

خۇدانىڭ قانۇنىنى دەپسەندە قىلىدۇ.
5 پەرۋەردىگار يەنىلا ئادالەتلىكتۇر، ئۇ يېرۇسالېمدىدۇر.
ئۇ ئادالەتسىز ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ.
ھەر كۈنى ھەقىقەتنى ئۈزۈپ قويماي نامايان قىلسىمۇ،
لېكىن ئادالەتسىزلەر نومۇس قىلمايدۇ.

6 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«يات خەلقلەرنى يوقاتتىم،
ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سېپىل مۇنارلىرىنى گۇمران قىلدىم.
ئۇ يەردىن ھېچكىم ئۆتمەيدىغان بولدى.
ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى خارابىگە ئايلاندۇردۇم.
كوچىلىرىنى چۆللەشتۈرۈپ، ھېچكىمنى قالدۇرمىدىم.
7 ئۇ چاغدا: ‹خەلقىم چوقۇم مەندىن ئەيمىنىپ، تەربىيەمنى
قوبۇل قىلىدۇ.
شۇنداق بولغاندا، بېكىتكىنىم بويىچە ئۇلارنىڭ
تۇرالغۇلىرىنى ۋەيران قىلىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى
قالمايدۇ› دەپ ئويلىغانىدىم.
لېكىن ئۇلار يامان ئىشلارغا تېخىمۇ مەپتۇن بولۇپ
قالدى.»

8 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئەمدى مېنى كۈتۈڭلار،
مېنىڭ جازا كۈنۈمنى كۈتۈڭلار!
مەن ھەممە ئەللەر ۋە خەلقلەرنى يىغىپ،
ئۇلارغا قەھر-غەزىپىمنى چېچىش قارارىغا كەلدىم.
پۈتۈن دۇنيا غەزەپ ئوتۇم بىلەن ۋەيران قىلىنىدۇ.»

## يېرۇسالېمنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى

9 «كېيىن ئەللەرنىڭ ماڭا ئىبادەت قىلىشى ۋە
بىرلىكتە خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن
ئۇلارنىڭ تىللىرىنى پاكلايمەن.

10 تارقىتىۋېتىلگەن خەلقىم كۇش دەريالىرىنىڭ قارشى
قىرغاقلىرىدىن كېلىپ،
ماڭا ھەدىيە سۇنىدۇ.
11 ئەي خەلقىم،
ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈگىنىڭلار ئۇچۇن،
نومۇس قىلىشىڭلارنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.
چۈنكى مەن ئىچىڭلاردىكى تەكەببۇر ۋە ھاكاۋۇرلارنى
يوقىتىمەن.
سىلەر مېنىڭ مۇقەددەس تېغىمدا قايتا كىبىرلىك
قىلمايسىلەر.
12 مەن ئىچىڭلاردىكى كەمتەر ۋە ئىتائەتمەن كىشىلەرنى
قالدۇرىمەن.
ئۇلار مېنىڭ نامىمدىن پاناھلىق ئىزدەيدۇ.
13 ھايات قالغان ئىسرائىللار
يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ،
يالغان سۆزلىمەيدۇ،
ئالدامچىلىق قىلمايدۇ.
ئۇلار يەپ-ئىچىپ خاتىرجەم ياشايدۇ،
ھېچكىم ئۇلارنى قورقۇتمايدۇ.»

## خۇشاللىق مۇناجاتى

14 ئەي سىئون قىزى، تەنتەنە قىل، ئەي ئىسرائىل، چۇقان
سال!
ئەي يېرۇسالېم قىزى، خۇشاللىقتا چۆم!
15 پەرۋەردىگار سېنى جازالاشتىن ياندى!
ئۇ سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى قوغلاپ چىقاردى.
پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيەنىڭ پادىشاھىدۇر،
ئۇ ساڭا ياردۇر.
سېنىڭ ئەمدى بالا-قازادىن قورقۇشۇڭ بىھاجەتتۇر.
16 شۇ كۈنى يېرۇسالېمغا مۇنداق دېيىلىدۇ:
«ئەي سىئون، قورقما!

قوللىرىڭ بوشىشىپ كەتمىسۇن،
17 پەرۋەردىگارىڭ خۇدا ساڭا ياردۇر،
ئۇ قۇدرەتلىك قۇتقۇزغۇچىدۇر.
ئۇ سەندىن خۇشال بولۇپ، تەنتەنە قىلىدۇ.
ئۇ مۇھەببىتى بىلەن ساڭا تەسەللى بېرىدۇ.
ئۇ سەندىن شادلىنىپ، ناخشا ئېيتىدۇ.»

18 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«سىلەر ھېيت قىلالمىغانلىقىڭلاردىن مەيۈسلەنگەنىدىڭلار،
ئەمدى سىلەرنى يىغىمەن، نومۇستا قالدۇرمايمەن.
19 شۇ چاغدا مەن سىلەرگە زۇلۇم سالغانلارنىڭ ھەممىسىنى
جازالايمەن.
ئاجىزلارنى قۇتقۇزۇپ، سۈرگۈندىكىلەرنى يىغىمەن.
سىلەر نومۇستا قالغان ھەربىر ئەلدە
سىلەرنى شەرەپلەندۈرىمەن.
20 ئۇ چاغدا مەن سىلەرنى يىغىپ،
يۇرتۇڭلارغا ئاپىرىمەن.
مەن ئەللەرنىڭ كۆز ئالدىدا سىلەرنىڭ ئىلگىرىكى پاراۋان
ھاياتىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن ۋە
سىلەرنى پۈتۈن ئەللەرنىڭ ئارىسىدا مەدھىيە ۋە شان-
شەرەپكە سازاۋەر قىلىمەن.»

# هاگاي


1 2

# ھاگاي

## ئىبادەتخانىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى

1 [1] پادىشاھ دارىئۇسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2-يىلى 6-ئاينىڭ 1-
كۈنى① پەرۋەردىگاردىن ھاگاي پەيغەمبەر ئارقىلىق شىئالتىيېلنىڭ
ئوغلى، يەنى يەھۇدىيەنىڭ باشلىقى زىرۇببابەلگە ۋە يەھوزاداقنىڭ
ئوغلى باش روھانىي يوشۇۋاغا ۋەھىي كەلدى. [2] پەرۋەردىگار مۇنداق
دېدى: «بۇ خەلق پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن
قۇرۇشنىڭ ۋاقىت-سائىتى تېخى يېتىپ كەلمىدى، دەپ يۈرىدۇ».
[3] پەرۋەردىگاردىن ھاگاي پەيغەمبەرگە يەنە بىر ۋەھىي كەلدى:
[4] «ئىبادەتخانام تېخىچە خاراب ھالەتتە تۇرۇۋاتسا، سىلەرنىڭ ھازىر
ھەشەمەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان ۋاقتىڭلارمۇ؟ [5] نېمە ئىش
قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى ئويلاپ بېقىڭلار. [6] سىلەر كۆپ تېرىيسىلەر،
لېكىن ئاز ھوسۇل ئالىسىلەر. يەيسىلەر، لېكىن تويمايسىلەر. سۇ
ئىچىسىلەر، لېكىن يەنىلا چاڭقاپ تۇرىسىلەر. كىيىم كىيىسىلەر،
لېكىن ئىسسىمايسىلەر. ئىش ھەققىڭلار خۇددى تۆشۈك ھەميانغا
سېلىنغان پۇلدەك يوقاپ كېتىدۇ.
[7-8] سىلەر بېشىڭلارغا كەلگەن بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ
بېقىڭلار! ئەمدى سىلەر تاغقا چىقىپ، ياغاچ كېسىپ كېلىپ،
ئىبادەتخانامنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىڭلار. شۇندىلا مەن خۇرسەن
بولىمەن ھەم ئۇ يەردە ئۇلۇغلىنىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر! [9] سىلەر مول ھوسۇل ئېلىشنى ئۈمىد قىلغانىدىڭلار،
بىراق ھوسۇلۇڭلار ئاز چىقتى. ھوسۇلۇڭلارنى ئۆيۈڭلارغا ئېلىپ

---

① 1:1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 520-يىلى 8-ئاينىڭ 29-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

كەلگىنىڭلاردا، مەن يەنە بەرىكەتنى ئۈچۈرۈۋەتتىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى مېنىڭ ئىبادەتخانام تېخىچە خاراب ھالەتتە تۇرسىمۇ، سىلەر ئۆز ئۆيۈڭلارنى ياساش بىلەن بولۇپ كەتتىڭلار. [10-11] شۇ سەۋەبتىن يامغۇر ياغماي، قۇرغاقچىلىق بولۇپ يېرىڭلار ھوسۇل بەرمىدى. مەن ئېتىز ۋە ئېدىرلىقلىرىڭلاردا قۇرغاقچىلىق بولۇشقا ئەمر قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن زىرائەتلەرگە، ئۈزۈمزارلىقلارغا، زەيتۇنلۇقلارغا، يەنى يەردىن چىقىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە، شۇنداقلا ئادەم ۋە چارۋا ماللارغىمۇ زىيان يەتتى. ئەمگىكىڭلارمۇ بىكارغا كەتتى.»

[12] شۇنىڭ بىلەن شېئالتىيەلنىڭ ئوغلى زەرۇببابەل، يەھوزاداقنىڭ ئوغلى باش روھانىي يوشۇۋا ۋە سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن بارلىق خەلق پەرۋەردىگار ئەۋەتكەن ھاگاي پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، پەرۋەردىگار، يەنى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدادىن كەلگەن بۇ ۋەھىيگە ئەمەل قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگاردىن قورققانىدى. [13] پەرۋەردىگارنىڭ خەۋەرچىسى ھاگاي پەيغەمبەر خەلققە يەنە ۋەھىي يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگار دەيدۇكى، مەن سىلەرگە يار بولىمەن!»

[14] پەرۋەردىگار شېئالتىيەلنىڭ ئوغلى، يەنى يەھۇدىيەنىڭ باشلىقى زەرۇببابەل، يەھوزاداقنىڭ ئوغلى باش روھانىي يوشۇۋا ۋە بارلىق خەلقنى روھلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشنى باشلىۋەتتى. [15] بۇ ۋەقە پادىشاھ دارىئوس ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2-يىلى 6-ئاينىڭ 24-كۈنى ① يۈز بەردى.

## يېڭى ئىبادەتخانىنىڭ شان-شەرىپى

2 [1] شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ② پەرۋەردىگاردىن ھاگاي پەيغەمبەرگە يەنە ۋەھىي كەلدى: [2] «شېئالتىيەلنىڭ ئوغلى، يەنى يەھۇدىيەنىڭ باشلىقى زەرۇببابەلگە، يەھوزاداقنىڭ ئوغلى

① 1: 15 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 520-يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
② 2: 1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 520-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

باش روهانىي يوشۇۋاغا ۋە سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن بارلىق
خەلققە سۆزۈمنى يەتكۈزگىن. [3] ئىبادەتخانىنىڭ بۇرۇنقى
ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈشى كىمنىڭ ئېسىدە بار؟ قاراپ بېقىڭلار!
بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ھازىرقى ھالىتى قانداق؟ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى
ھالىتىدىن ئەسەر بارمۇ؟ [4] مەن پەرۋەردىگار يەنە شۇنداق دەيمەنكى،
ئەي زىرۇببابەل، جاسارەتلىك بول! ئەي يەھوزاداقنىڭ ئوغلى باش
روھانىي يوشۇۋا، جاسارەتلىك بول! ئەي بۇ يەردىكى بارلىق خەلق،
سىلەرمۇ جاسارەتلىك بولۇڭلار! ھازىرلا ئىشقا كىرىشىڭلار. مەنكى
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار سىلەرگە يار بولىمەن، بۇ مېنىڭ
ۋەدەم! [5] سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار مىسىردىن چىققاندا، مەن
ھەرقاچان ئۇلارغا يار بولۇشقا ۋەدە بەرگەنمەن. ھازىرمۇ مېنىڭ
روھىم سىلەرگە ياردۇر، قورقماڭلار!
[6] مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار يەنە شۇنداق دەيمەنكى،
مەن ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاسمان-زېمىن، دېڭىز-ئوكيان ۋە
قۇرۇقلۇقنى يەنە بىر قېتىم زىلزىلىگە سالىمەن. [7] مەن پۈتكۈل
ئەللەرنى زىلزىلىگە سالىمەن. ئۇلارنىڭ مال-دۇنياسى بۇ
ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار
يەنە شۇنداق دەيمەنكى، مەن بۇ ئىبادەتخانىنى شان-شەرەپكە
تولدۇرىمەن. [8] كۈمۈش مېنىڭكىدۇر، ئالتۇنمۇ مېنىڭكىدۇر. [9] بۇ
ئىبادەتخانىنىڭ كەلگۈسى بۇرۇنقىدىنمۇ پارلاق بولىدۇ. مەن بۇ
يەردە ئۇلارغا تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلىمەن! بۇ مېنىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىمدۇر!»

## بەخت-سائادەتنىڭ خۇداغا ئىتائەتمەنلىكتىن كېلىدىغانلىقى

[10] پادىشاھ دارىئوسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2-يىلى 9-ئاينىڭ
24-كۈنى ① پەرۋەردىگاردىن ھاگاي پەيغەمبەرگە ۋەھىي كەلدى:
[11] «مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، سەن
روھانىيلاردىن تەۋرات قانۇنلىرى توغرىسىدا مۇنداق سوئال

① 2: 10 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 520-يىلى 12-ئاينىڭ 18-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

سورىغىن: [12] ‹ئەگەر بىرسى مۇقەددەس قۇربانلىق گۆشتىن بىر پارچىنى پېشگە ئوراپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ پېشى نانغا، تائامغا، شارابقا، زەيتۇن يېغىغا ياكى ھەرقانداق بىر يېمەكلىككە تېگىپ كەتسە، بۇلارمۇ مۇقەددەس يېمەكلىك بولامدۇ؟›»

ھاگاي پەيغەمبەر روھانىيلاردىن سورىغانىدى، ئۇلار «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

[13] ھاگاي پەيغەمبەر يەنە روھانىيلاردىن:

- ئەگەر جەسەتنى تۇتۇپ، ناپاك بولۇپ قالغان بىرسى مۇشۇنداق يېمەكلىكلەرنىڭ بىرەرىگە تېگىپ كەتسە، بۇ يېمەكلىكلەرمۇ ناپاك بولامدۇ؟ - دەپ سورىدى. روھانىيلار:

- ھەئە، ناپاك بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بېرىشتى.

[14] ھاگاي پەيغەمبەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى:

- پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ خەلق ناپاكتۇر. ئۇلار قىلغان ھەرقانداق ئىش ۋە ماڭا سۇنغان ھەرقانداق قۇربانلىقلىرىمۇ ناپاكتۇر! [15] سىلەر ھازىردىن باشلاپ ئىبادەتخانامنىڭ ئۇلىنى قويۇشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلارنى ئويلاپ بېقىڭلار! [16] ئۇ چاغدىكى ئەھۋالىڭلار قانداق ئىدى؟ ئۇ چاغدا كىشىلەر خامىنىدىكى ئاشلىقنىڭ يىگىرمە تاغار چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن پەقەت ئون تاغارلا چىقاتتى. بىر كۆپ شارابنىڭ ئەللىك كومزەك چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن يىگىرمە كومزەكلا چىقاتتى. [17] مەن پەرۋەردىگار يەنە شۇنداق دەيمەنكى، ئۇ چاغدا زىرائەتلىرىڭلارنى قۇرۇتتۇم، سېسىتتىم ۋە مۆلدۈر ياغدۇردۇم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر يەنە مېنىڭ يولۇمغا قايتىشنى رەت قىلدىڭلار. [18] بۈگۈن 9-ئاينىڭ 24-كۈنى، يەنى ئىبادەتخانامنىڭ ئۇلى پۈتكەن كۈندۇر. سىلەر بۈگۈندىن باشلاپ نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار. [19] ئامباردا ئۇرۇق يوق. ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار ۋە زەيتۇن دەرەخلىرىنىڭ ھېچقايسىسى مېۋە بەرمىدى. ئەمما مەن بۈگۈندىن باشلاپ سىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلىمەن!»

## پەرۋەردىگارنىڭ زىرۇببابەلگە بەرگەن ۋەدىسى

[20] شۇ كۈنى، يەنى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى پەرۋەردىگاردىن
ھاگايغا ئىككىنچى قېتىم ۋەھيي كەلدى: [21] «سەن يەھۇدىيەنىڭ
باشلىقى زىرۇببابەلگە ئېيتقىن. مەن ئاسمان-زېمىننى زىلزىلىگە
سالىمەن. [22] پادىشاھلىقلارنىڭ تاج-تەختىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،
كۈچ-قۇدرىتىنى يوقىتىمەن. جەڭ ھارۋىلىرىنى ۋە ئۇلارنى
ھەيدىگۈچىلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن. ئاتلىق لەشكەرلىرى
ئاتلىرى بىلەن يىقىلىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىدۇ. [23] مەنكى
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار يەنە شۇنداق دەيمەنكى، بۇ ئىشلار
يۈز بەرگەن كۈنى مەن سېنى، يەنى شىئالتىيەلنىڭ ئوغلى بولغان
خىزمەتكارىم زىرۇببابەلنى مۆھۈرلۈك ئۈزۈكۈم[①] قىلىمەن.
چۈنكى مەن سېنى تاللىدىم! بۇ مەن، يەنى قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر!»

---

[①] 2: 23 يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھى يەھوياكىن خۇدانىڭ يولىدا ماڭمىغانلىقى
ئۈچۈن، خۇدا يەرەمىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەمدى ئۆزىنىڭ
مۆھۈرلۈك ئۈزۈكى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كۆپ ئۆتمەي بۇ پادىشاھ
بابىللىقلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، بابىلغا ئېلىپ كېتىلىدۇ. زىرۇببابەل
ئۇنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، خۇدا ئۇنىڭغا «مەن سېنى مۆھۈرلۈك ئۈزۈكۈم
قىلىمەن» دەيدۇ. («يەرەمىيا» 22: 24)

# زكريا


| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | | |

# زىكرىيا

## خۇدانىڭ يولىغا قايتىش توغرىسىدىكى چاقىرىق

1 [1] پېرسىيە پادىشاھى دارىئوسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2-يىلىنىڭ
8-ئېيىدا①، پەرۋەردىگاردىن بەرەكىيانىڭ ئوغلى، ئىددونىڭ
نەۋرىسى بولغان زىكرىيا پەيغەمبەرگە ۋەھيى كەلدى. پەرۋەردىگار
ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
[2] — مەن پەرۋەردىگار ئىلگىرى ئەجدادلىرىڭلارغا قاتتىق
غەزەپلەنگەنىدىم. [3] شۇڭا سەن خەلققە مۇنداق دېگىن: «مەنكى
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەنكى، سىلەر مېنىڭ
يولۇمغا قايتىپ كېلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قايتاي. [4] سىلەر
ئەجدادلىرىڭلارنىڭ جاھىللىقىنى دورىماڭلار. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر
ئۇلارغا مېنىڭ: ‹يامان يوللىرىڭلاردىن يېنىپ، رەزىل ئىشلاردىن
قول ئۈزۈڭلار!› دېگەن سۆزلىرىمنى جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلار سۆزۈمگە قۇلاق سالمىدى ھەم ماڭا ئېتائەت قىلمىدى.
[5] قېنى ئاشۇ ئەجدادلىرىڭلار، قېنى ئاشۇ پەيغەمبەرلەر، ئۇلار مەڭگۈ
ياشىدىمۇ؟ [6] لېكىن مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم بولغان پەيغەمبەرلەر
ئارقىلىق ئېيتقان سۆزلىرىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم ئەمەلگە
ئېشىپ، ئەجدادلىرىڭلارنىڭ بېشىغا كەلمىدىمۇ؟! نەتىجىدە،
ئۇلار توۋا قىلىشىپ: ‹قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ماڭغان
يوللىرىمىزغا ۋە قىلغان قىلمىشلىرىمىزغا تېگىشلىك جازايىمىزنى
بېرىپ، ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى› دەپ ئېتىراپ
قىلىشتى.»

① 1:1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 520-يىلىنىڭ 10-ياكى 11-ئېيىغا توغرا كېلىدۇ.

## 1-غايىبانە ئالامەت ـ ئاتلار

7 دارىئۇس پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2-يىلىنىڭ 11-ئېيىدا،①
يەنى شىبات ئېيىدا 24-كۈنى بەرەكىيانىڭ ئوغلى، ئىددونىڭ
نەۋرىسى بولغان مەنكى پەيغەمبەر زىكرىياغا پەرۋەردىگاردىن
يەنە بىر بېشارەت كەلدى.
8 مەن بۇ بېشارەتنى كېچىدە غايىبانە ئالامەتتە كۆردۈم. بىرسى
تورۇق ئاتقا مىنىپ، جىلغىدىكى مىرتا دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا
تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدە تورۇق ئات، قوڭۇر ئات ۋە ئاق ئاتقا
مىنگەنلەر تۇراتتى.
9 مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان بىر پەرىشتە بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن:
ـ تەقسىر، بۇلار كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:
ـ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن، ـ دېدى.
10 ئۇ ۋاقىتتا مىرتا دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرغۇچى جاۋاب بېرىپ:
ـ ئارقامدىكىلەر پەرۋەردىگار دۇنيانى چارلاشقا ئەۋەتكەنلەردۇر،
ـ دېدى.
11 چارلاشقا بارغانلار مىرتا دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرغان
پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسىگە:
ـ بىز دۇنيانى چارلاپ چىقتۇق. پۈتۈن دۇنيا تىنچ ۋە جىمجىت
ئىكەن، ـ دەپ مەلۇمات بېرىشتى. 12 ئاندىن پەرۋەردىگارنىڭ
پەرىشتىسى:
ـ ئى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار، سەن يېرۇسالېم ۋە
يەھۇدىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە غەزەپلەنگىلى يەتمىش يىل
بولدى. قاچانغىچە ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلمايسەن؟ ـ دېدى.
13 شۇندا پەرۋەردىگار مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىگە
مېھرلىك سۆزلەر بىلەن تەسەللى بەردى. 14 مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان
پەرىشتە ماڭا مۇنداق دېدى:
ـ سەن خەلققە شۇنداق دەپ جاكارلىغىن: «قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگار دەيدۇكى، يېرۇسالېمغا، جۇملىدىن سىئون تېغىغا ئىچىم

① 1:7 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 519-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

قاتتىق ئاغرىيدۇ. [15] مېنىڭ راھەت-پاراغەتتە ياشاۋاتقان ھاكاۋۇر
ئەللەرگە قاتتىق غەزىپىم بار. چۈنكى مەن خەلقىمگە ئازراققىنە
غەزەپلىنىپ قويسام، ئۇ ئەللەر خەلقىمگە ھەددىدىن زىيادە كۆپ
كۈلپەتلەرنى كەلتۈردى. [16] شۇڭا مەن يېرۇسالېمغا رەھىم-شەپقەت
كۆرسىتىش ئۈچۈن قايتىپ كەلدىم. يېرۇسالېمدا ئىبادەتخانام
قايتا قۇرۇلىدۇ. يېرۇسالېم قايتىدىن قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۆلچەپ
چىقىلىدۇ.» [17] سەن يەنە مۇنداق جاكارلىغىن: «قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ‹مېنىڭ شەھەرلىرىم قايتا گۈللىنىدۇ.
مەن سىئونغا تەسەللى بېرىپ، يېرۇسالېمنى قايتىدىن تاللايمەن.›»

## 2-غايىبانە ئالامەت - مۈڭگۈز ۋە تۆمۈرچىلەر

[18] مەن يەنە يۇقىرىغا قاراپ، تۆت مۈڭگۈزنى كۆردۈم. [19] مەن
بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن:
- بۇلار نېمىنىڭ بېشارىتى؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا:
- بۇ مۈڭگۈزلەر يەھۇدىيە، ئىسرائىلىيە، جۈملىدىن يېرۇسالېمنىڭ
خەلقىنى تەرەپ-تەرەپكە چېچىۋەتكەن كۈچلۈك ئەللەردۇر، - دەپ
جاۋاب بەردى.
[20] پەرۋەردىگار يەنە ماڭا تۆت تۆمۈرچىنى كۆرسەتتى. [21] مەن
پەرىشتىدىن:
- بۇ تۆمۈرچىلەر نېمە ئىش قىلىشقا كەلدى؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:
- مۈڭگۈزلەر يەھۇدىيە خەلقىنى تەرەپ-تەرەپكە چېچىۋەتكەن
ۋە ئۇلارنى ئەزگەن ئەللەر بولسا، تۆمۈرچىلەر خەلقىنى ھۇجۇم
قىلىپ، تەرەپ-تەرەپكە چېچىۋەتكەن ئاشۇ مۈڭگۈزلەرنى ئالاقزادە
قىلىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغانلاردۇر، - دەپ جاۋاب بەردى.

## 3-غايىبانە ئالامەت - ئۆلچەم تانىسى

2 [1] مەن يەنە قارىدىم ۋە قولىدا ئۆلچەم تانىسى تۇتۇپ كېتىۋاتقان
بىر يىگىتنى كۆردۈم. [2] مەن ئۇ يىگىتتىن:
- نەگە كېتىۋاتىسىز؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:
- يېرۇسالېمغا، شەھەرنى ئۆلچەشكە، شەھەرنىڭ كەڭلىكى ۋە
ئۇزۇنلۇقىنى بىلىشكە كېتىۋاتىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى.

[3] ئاندىن مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە ئۆزىگە قاراپ
كېلىۋاتقان يەنە بىر پەرىشتىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن
ئۇچراشتى. [4] كەلگەن پەرىشتە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
– تېز بول! ئاۋۇ كېتىۋاتقان ياش يىگىتكە مۇنداق دەپ ئېيتقىن:
«ئادەم ۋە چارۋاماللارنىڭ كۆپلىكىدىن يېرۇسالېم شەھىرىگە
سىغماي قالىدۇ، سېپىللار بولمايدۇ. [5] پەرۋەردىگار دەيدۇكى، مەن
ئۆزۈم يېرۇسالېمنىڭ ئەتراپىدا ئوت سېپىلى، ئىچىدە شان-شەرىپى
بولىمەن!»

## سۈرگۈندىكىلەرنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى

[6] پەرۋەردىگار: «تېز بولۇڭلار، مەن سىلەرنى دۇنيانىڭ تۆت
بۇلۇڭىغا چېچىۋەتكەنىدىم، ئەمدى شىمالدىكى بابىلدىن قېچىپ
چىقىڭلار! [7] ئەي بابىلغا سۈرگۈن قىلىنغان سىئون خەلقى، تېز
بولۇڭلار، قېچىڭلار!» دەيدۇ.
[8] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئايان
بولۇشى ئۈچۈن سىلەرنى تالان-تاراج قىلغان ئەللەرگە قارشى
مېنى ئەۋەتتى. سىلەرگە چېقىلغانلىق خۇددى پەرۋەردىگارنىڭ
كۆز قارىچۇقىغا چېقىلغانلىقتۇر. [9] پەرۋەردىگار: «كۆرۈپ
تۇرۇڭلار، مەن بۇ ئەللەرگە قارشى مۇشتۇمنى كۆتۈرىمەن.
ئۇلارنىڭ قۇللىرى ئۆزلىرىنى تالان-تاراج قىلىدۇ» دەيدۇ.
شۇ چاغدا سىلەر قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ مېنى
ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر. [10] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئەي
سىئون قىزى①، چۇقان سېلىڭلار، تەنتەنە قىلىڭلار! چۈنكى
مەن كېلىپ ئاراڭلاردا ياشايمەن. [11] ئۇ كۈنلەردە نۇرغۇنلىغان
خەلقلەر مەن پەرۋەردىگارغا باغلىنىپ، مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ.
مەن ئۆزۈم سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ياشايمەن. ئەنە شۇ چاغدا
مەنكى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ زىكرىيانى سىلەرگە
ئەۋەتكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. [12] مەن يەھۇدىيەنى مۇقەددەس

① 2: 10 سىئون قىزى – سىئون يېرۇسالېمدىكى بىر تاغ بولۇپ، بۇ يەردە
«سىئون قىزى» يېرۇسالېم ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە سىمۋول قىلىنغان. ئۇ يەنە
«يېرۇسالېم قىزى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

زېمىندىكى مۈلكۈم قىلىمەن ۋە يېرۇسالېمنى قايتىدىن «مېنىڭ شەھىرىم» قىلىپ تاللايمەن. [13] ئەي ئىنسانلار، مېنىڭ ئالدىمدا سۈكۈتتە تۇرۇڭلار! چۈنكى مەن مۇقەددەس ماكانىمدىن قوزغىلىپ كەلمەكتىمەن.»

## 4-غايىبانە ئالامەت - باش روھانىي يوشۇۋا

3 [1] ئاندىن پەرۋەردىگار ماڭا باش روھانىي يوشۇۋانىڭ پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرسەتتى. شەيتان يوشۇۋانىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىۋاتاتتى. [2] بۇ چاغدا پەرۋەردىگار شەيتانغا:

- ئەي شەيتان، سېنىڭ شىكايىتىڭنى رەت قىلىمەن! مەن، يەنى يېرۇسالېمنى تاللىغان پەرۋەردىگار سېنىڭ شىكايىتىڭنى رەت قىلىمەن! بۇ ئادەم خۇددى ئوتتىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان چوقچىلىغا ئوخشامدۇ؟ - دېدى.

[3] يوشۇۋا پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئالدىدا مەينەت كىيىملەر بىلەن تۇراتتى. [4] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلارغا:

- ئۇنىڭ مەينەت كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىڭلار! - دېدى. ئاندىن يوشۇۋاغا:

- قارا، مەن سېنىڭ گۇناھىڭنى كۆتۈرۈۋەتتىم، ئەمدى ساڭا بايراملىق كىيىملەرنى كىيدۈرىمەن، - دېدى.

[5] مەن ئېغىز ئېچىپ:

- ئۇلار يەنە يوشۇۋانىڭ بېشىغا پاكىز سەللە ئوراپ قويسۇن، - دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يوشۇۋانىڭ بېشىغا پاكىز سەللە يۆگىدى، ئۇچىسىغا يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈردى. پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى. [6] پەرۋەردىگارنىڭ پەرىشتىسى يوشۇۋاغا كەسكىن قىلىپ، مۇنداق دېدى:

[7] - قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەن مېنىڭ يولۇمدا مېڭىپ، مەن ساڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلساڭ، ئىبادەتخانامنى ۋە ئۇنىڭ ھويلىلىرىنى باشقۇرىسەن.

سىنىڭ بۇ يەردە تۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇشۇڭغا ئىجازەت بېرىمەن. [8] ئەي باش روھانىي يوشۇۋا ۋە سەن بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغانلار، قۇلاق سېلىڭلار. سىلەر يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ بېشارىتىدۇرسىلەر. مەن «نوتا» دەپ ئاتالغان خىزمەتكارىمنى ئەۋەتىمەن. [9] قاراڭلار، مەن يوشۇۋانىڭ ئالدىغا بىر تاش قويدۇم، ئۇنىڭ يەتتە يۈزى بار. مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە خەتلەرنى ئويۇپ، بۇ زېمىندىكى بارلىق گۇناھلارنى بىر كۈندىلا كۆتۈرۈۋېتىمەن. [10] ئاشۇ كۈنى ھەربىرىڭلار قېرىنداشلىرىڭلارنى چاقىرىپ، ئۈزۈمزارلىقىڭلارغا بېرىپ، ئۆز ئۈزۈم بارىڭى ۋە ئەنجۈر دەرىخىڭلارنىڭ ئاستىدا خاتىرجەم ئولتۇرىسىلەر. بۇ مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## 5-غايىبانە ئالامەت ـ چىراغدان ۋە زەيتۇن دەرەخلىرى

4 [1] مەن بىلەن سۆزلەشكەن ئاشۇ پەرىشتە قايتىپ كېلىپ، خۇددى مۈگدەپ قالغان ئادەمنى نوقۇپ سەگەكلەشتۈرگەندەك، مېنى نوقۇپ سەگەكلەشتۈردى. [2] ئۇ مەندىن:

ـ نېمىنى كۆردۈڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ مەن ساپ ئالتۇندىن ياسالغان بىر چىراغداننى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قاچا قويۇلغان بولۇپ، قاچىنىڭ گىرۋەكلىرىدە يەتتە دانە چىراغ، ھەربىر چىراغدا يەتتە تالدىن پىلىك بار ئىدى. [3] چىراغداننىڭ يېنىدا يەنە ئىككى تۈپ زەيتۇن دەرىخى بار ئىدى. ئۇلار قاچىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە ئىدى، ـ دېدىم ۋە [4] مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن:

ـ تەقسىر، بۇلار نېمىنىڭ بېشارىتى؟ ـ دەپ سورىدىم. [5] ئۇ:

ـ بۇلارنىڭ نېمىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ـ دەپ ياندۇرۇپ سورىدى. مەن:

ـ ياق تەقسىر، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. [6] ئاندىن ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

ـ پەرۋەردىگار زىرۇببابەلگە مۇنداق دەيدۇ: «قۇدرىتىڭلار ياكى كۈچۈڭلار بىلەن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ روھىم بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىسىلەر. بۇ مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان

سۆزلىرىدۇر. 7 ئەي تاغدەك چوڭ توسالغۇ، سەن زىرۇببابەلنىڭ
ئالدىدا نېمە ئىدىڭ؟ سەن زىرۇببابەلنىڭ ئالدىدا تۈزلەڭلىكتەك
تۈزلىنىپ كېتىسەن. زىرۇببابەل ئىبادەتخانىغا ئەڭ ئاخىرقى
تاشنى قويغاندا، خەلق: ‹خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى مۇشۇ
ئىبادەتخانىغا يار بولغاي!› دەپ چۇقان سېلىشىدۇ.»
8 پەرۋەردىگار يەنە ماڭا مۇنداق دېدى:
9 − زىرۇببابەل ئۆز قولى بىلەن ئىبادەتخانىنىڭ ئۇلىنى
قويدى، ئۇنىڭ قولى بۇ قۇرۇلۇشنى چوقۇم تاماملايدۇ. شۇندىلا
ئۇ مەن، يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ سېنى خەلققە
ئەۋەتكەنلىكىمنى بىلىپ قالىدۇ.
10 قۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشىنى كىچىك ئىش دەپ كۆزگە ئىلمىغانلار
ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان زىرۇببابەلنىڭ
قولىدىكى تامنىڭ تۈزلۈكىنى تەكشۈرىدىغان تانىنى كۆرگەندە
خۇشاللىقتا چۆمىدۇ.
(يەتتە دانە چىراغ پەرۋەردىگارنىڭ پۈتۈن زېمىننى كۆزىتىپ
تۇرىدىغان يەتتە كۆزىدۇر.)
11 پەرىشتىدىن:
− چىراغداننىڭ ئوڭ-سول تەرەپلىرىدىكى بۇ ئىككى زەيتۇن
دەرىخى نېمىنىڭ بېشارىتى؟ − دەپ سورىدىم 12 ۋە ئۇنىڭدىن يەنە
− ئالتۇن رەڭلىك زەيتۇن يېغى ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئىككى دانە
ئالتۇن نوكەشنىڭ يېنىدىكى ئىككى دانە زەيتۇن شېخى نېمىنىڭ
بېشارىتى؟ − دەپ سورىدىم. 13 ئۇ مەندىن:
− بۇلارنىڭ نېمىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ −
دەپ سورىدى. مەن:
− ياق تەقسىر، − دەپ جاۋاب بەردىم. 14 ئۇ ماڭا:
− بۇ ئىككى شاخ پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىگىسى ئۆزىگە خىزمەت
قىلدۇرۇش ئۈچۈن تاللىغان ئىككى كىشىنىڭ بېشارىتىدۇر، − دېدى.

## 6-غايىبانە ئالامەت − ئۇچۇۋاتقان يازما

5 1 مەن يەنە يۇقۇرىغا قارىدىم ۋە ئۇچۇۋاتقان بىر يازمىنى
كۆردۈم. 2 پەرىشتە مەندىن:

– نېمىنى كۆردۈڭ؟ – دەپ سورىدى. مەن:
– ئۇچۇۋاتقان بىر يازمىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون
مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر كېلىدىكەن، – دەپ جاۋاب بەردىم.
3 ئاندىن ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:
– بۇ يازمىغا پۈتۈن دۇنيانى قارغايدىغان قارغىش سۆزلەر
پۈتۈلگەندۇر. بىر يۈزىگە ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ يوقىتىلىشى
ھەققىدىكى قارغىشلار، يەنە بىر يۈزىگە ساختا قەسەم قىلغانلارنىڭ
ۋەيران قىلىنىشى ھەققىدىكى قارغىشلار پۈتۈلگەندۇر. 4 قۇدرەتلىك
سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ قارغىشنى ئەۋەتتىم. ئۇ
ئوغرىنىڭ ئۆيىگە ۋە مېنىڭ نامىم بىلەن ساختا قەسەم قىلغانلارنىڭ
ئۆيىگە چۈشىدۇ. ئاندىن ئۇ شۇ ئۆيلەردە ماكانلىشىپ، ئۇلارنى
پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىدۇ، ئۆيلىرىنىڭ بىر دانە تاش، بىر تال
ياغىچىمۇ قالمايدۇ.»

## 7-غايىبانە ئالامەت – ئىدىش ئىچىدىكى ئايال

5 مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتە يېنىمغا كېلىپ:
– قارا، نېمە كېلىۋاتىدۇ، – دەپ سورىدى مەندىن. مەن:
6 – ئۇ نېمە؟ – دەپ قايتۇرۇپ سورىدىم. ئۇ:
– ئۇ بىر ئۆلچەم ئىدىشىدۇر. ئۇنىڭغا زېمىندىكى بارلىق
كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى قاچىلانغاندۇر، – دەپ جاۋاب بەردى.
7 ئاندىن ئىدىش ئۈستىدىكى قوغۇشۇن قاپقاق ئېلىۋېتىلدى.
ئىچىدە بىر ئايال ئولتۇراتتى. 8 پەرىشتە:
– بۇ ئايالنىڭ ئىسمى «رەزىللىك»تۇر، – دېدى. ئاندىن
چىقىشقا ئۇرۇنغان ئايالنى ئىدىشنىڭ ئىچىگە قايتىدىن تىقىپ،
قاپقاقنى يېپىۋەتتى.
9 مەن يەنە ئىككى ئايالنىڭ شامالدا لەيلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆردۈم. ئۇلارنىڭ قاناتلىرى لەيلەكنىڭ قاناتلىرىغا ئوخشايتتى.
ئۇلار كېلىپ، ئىدىشنى ئېلىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.
10 مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن:
– ئۇلار ئىدىشنى نەگە ئاپىرىدۇ؟ – دەپ سورىدىم. 11 ئۇ ماڭا:

– ئۇنى بابىلغا ئېلىپ بارىدۇ. بابىللىقلار بۇ ئىدىش ئۈچۈن بىر
سەجدىگاھ سالىدۇ. سەجدىگاھ پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۇنىڭ
ئۈچۈن ياسالغان سۇپىغا قويۇشىدۇ، – دەپ جاۋاب بەردى.

## 8-غايىبانە ئالامەت – تۆت هارۋا

6 [1] ئاندىن مەن يەنە نەزەر سېلىپ، تۆت جەڭ هارۋىسىنىڭ ئىككى
تاغ ئارىسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ تاغلار تۇچتىن
ئىدى. [2] بىرىنچى جەڭ هارۋىسى تورۇق ئاتقا، ئىككىنچىسى قارا
ئاتقا، [3] ئۈچىنچىسى ئاق ئاتقا، تۆتىنچىسى چىپار ئاتقا قېتىلغانىدى،
بۇ ئاتلار كۈچلۈك ئىدى.
[4] مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەرىشتىدىن:
– تەقسىر، بۇلار نېمىنىڭ بېشارىتى؟ – دەپ سورىدىم.
[5] پەرىشتە ماڭا مۇنداق جاۋاب بەردى:
– ئۇلار پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىگىسىنىڭ هوزۇرىدىن تۆت تەرەپكە
قاراپ كېتىۋاتقان ساماۋى شاماللار. [6] قارا ئاتلىق جەڭ هارۋىسى
شىمالغا، ئاق ئاتلىق جەڭ هارۋىسى غەربكە ۋە چىپار ئاتلىق جەڭ
هارۋىسى جەنۇبقا بارىدۇ. [7] بۇ كۈچلۈك ئاتلار پۈتۈن زېمىننى
چارلاشقا تەقەززادۇر.
پەرىشتە ئۇلارغا:
– بېرىڭلار، زېمىننى چارلاپ كېلىڭلار – دېدى.
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار چارلاشقا كەتتى. [8] ئۇ مېنى يەنە چاقىرىپ:
– مانا قارا! شىمالغا بارغان ئاتلار پەرۋەردىگارنى غەزىپىدىن
ياندۇردى، – دېدى.

## يوشۇۋاغا تاج كىيدۈرۈش توغرىسىدىكى ئەمر

[9] پەرۋەردىگار ماڭا يەنە مۇنداق دېدى:
[10] – سەن سۈرگۈندىن قايتقان خەلداي، توبىيا ۋە يىدايالار بابىلدىن
سوۋغا قىلىپ ئەكەلگەن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، شۇ كۈنىلا
زېفانىيانىڭ ئوغلى يوشىيانىڭ ئۆيىگە بارغىن. [11] ئاندىن مۇشۇ
ئالتۇن-كۈمۈشلەر بىلەن بىر تاج ياسىتىپ، ئۇنى يەھوزاداقنىڭ
ئوغلى باش روهانىي يوشۇۋانىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويغىن ۋە

[12] ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ئېيتقىن، قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «بىر ‹نوتا› پەيدا بولۇپ، ئۆز تۇۋىدىن بىخلىنىپ چىقىدۇ. ئۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى قايتىدىن سالىدۇ. [13] مېنىڭ ئىبادەتخانامنى سالىدىغان كىشى شۇدۇر. ئۇ پادىشاھلىق شان-شەرىپكە ئىگە بولۇپ، تەختتە ئولتۇرۇپ، ھۆكۈم سۈرىدۇ ۋە روھانىينىڭ ۋەزىپىسىنىمۇ ئادا قىلىدۇ. بۇ ئىككى ۋەزىپە بىر-بىرىگە تاقاشمايدۇ. [14] بۇ تاج مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا قويۇلىدۇ. ئۇ خەلداي، توبىيا، يېدايا ۋە زىفانىيانىڭ ئوغلى يوشىيالارنى ئەسلىتىدىغان خاتىرە بولىدۇ.»

[15] يىراقتىن كىشىلەر كېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى سېلىشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇ چاغدا سىلەر مەن زىكرىيانى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىسىلەر. ئەگەر سىلەر پەرۋەردىگارغا تولۇق ئىتائەت قىلساڭلار، بۇ ئىشلار چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## ئادىل ۋە مېھىر-شەپقەتلىك بولۇشقا چاقىرىش

7 [1] پادىشاھ دارىئوسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 4-يىلىنىڭ 9-ئېيىدا، يەنى كىسلېۋ ئېيىنىڭ 4-كۈنى ① پەرۋەردىگاردىن زىكرىياغا يەنە بىر ۋەھيي كەلدى.

[2] بەيتەللىكلەر سارئەزەر ۋە رەگەم-مەلەكنى ھەم ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى يېرۇسالېمغا پەرۋەردىگاردىن ئىلتىپات سوراشقا ئەۋەتكەندى. [3] ئۇلار كېلىپ، قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى روھانىيلار ۋە پەيغەمبەرلەردىن: «يىللاردىن بېرى ئىبادەتخانا ۋەيران قىلىنغان خاتىرە كۈننى ئەسلەپ، ياز ئاخىرىدا قىلىپ كېلىۋاتقان قايغۇ ئىچىدىكى روزىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇرىمىزمۇ؟» دەپ سورىدى.

[4] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:

[5] — سەن بۇ زېمىندىكى بارلىق خەلققە ۋە روھانىيلارغا مۇنداق دەپ ئېيتقىن: «سىلەر يەتمىش يىلدىن بېرى ياز ئوتتۇرىسى ۋە

---

① 7: 1 مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 518-يىلى 12-ئاينىڭ 7-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

كۆز ئايلىرى روزا تۇتۇپ قايغۇلارنى ئىپادىلىدىڭلار. ئەمما بۇنى
راست مەن پەرۋەردىگار ئۈچۈن قىلغانمىدىڭلار؟! [6] سىلەرنىڭ يەپ-
ئىچىشىڭلارمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ نەپسىڭلار ئۈچۈن بولغان ئەمەسمىدى؟!
[7] بۇنداق سۆزلەرنى مەن پەرۋەردىگار ئىلگىرىمۇ پەيغەمبەرلىرىم
ئارقىلىق سىلەرگە جاكارلاپ كەلگەن ئەمەسمىدىم؟ ئەينى چاغدا
يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيە شەھەرلىرىگە ئادەملەر ماكانلىشىپ،
ئاۋاتلاشقانىدى. نەگىب چۆللۈكى ۋە غەربىي ئېدىرلىقلارغىمۇ
ئادەملەر ئولتۇراقلاشقانىدى.»

[8] پەرۋەردىگار زىكرىياغا يەنە مۇنداق دېدى:

[9] — مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيمەن: «سىلەر
ھۆكۈمدە ئادىل بولۇپ، بىر-بىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببەت ۋە
رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىڭلار. [10] تۇل ئايال، يېتىملەرگە، يات
خەلقلەردىن بولغان مۇساپىرلارغا ۋە نامراتلارغا زۇلۇم قىلماڭلار.
قەلبىڭلاردا بىر-بىرىڭلارغا يامانلىق ئويلىماڭلار. [11] ئەجدادلىرىڭلار
سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىشنى خالىمىدى. ئۇلار جاھىللىق قىلدى،
مەندىن يۈز ئۆرۈپ، قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالدى. [12] ئەجدادلىرىڭلار
يۈرەكلىرىنى تاشتەك قاتتىق قىلىپ، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر مېنىڭ
روھىم ئارقىلىق يەتكۈزگەن تەلىملىرىم ۋە باشقا سۆزلىرىمگە
ئەمەل قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار
ئۇلارغا قاتتىق غەزەپلەندىم. [13] مەن ئۇلارنى چاقىرغاندا، ئۇلار مېنىڭ
چاقىرىشىمغا قۇلاق سالمىدى. شۇڭا ئۇلار مېنى چاقىرغاندىمۇ،
مەنمۇ ئۇلارنىڭ چاقىرىشىغا قۇلاق سالمىدىم. [14] مەن ئۇلارنى
خۇددى بوران ئۇچۇرۇۋەتكەندەك، يات ئەللەرگە ئۇچۇرۇۋەتتىم.
ئۇلارنىڭ زېمىنى قاقاسلىققا ئايلىنىپ، ھېچكىم ئۇ يەرگە ئاياغ
باسمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار باياشات زېمىنىنى چۆللۈككە
ئايلاندۇردى.»

## يېرۇسالېمنى قايتا گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى ۋەدە

8 [1] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگاردىن ماڭا مۇنداق ۋەھىي
كەلدى. [2] ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىئونغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ.
ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىغانچە، دۈشمەنلىرىگە غەزىپىم تاشىدۇ.»

[3] پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىئونغا قايتىپ كېلىپ،
يېرۇسالېمدا ياشايمەن. ئەنە شۇ چاغدا يېرۇسالېم شەھىرى
‹ساداقەتلىك شەھەر›، مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ
سىئون تېغى ‹مۇقەددەس تاغ› دەپ ئاتىلىدۇ.»
[4] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «بوۋاي ۋە
مومايلار كوچىلاردا ھاسىلىرىنى تۇتۇشۇپ ھال-مۇڭ بولۇپ
ئولتۇرۇشىدىغان، [5] شەھەر كوچىلىرى ئويناۋاتقان بالىلار بىلەن
تولىدىغان كۈنلەر قايتا كېلىدۇ.»
[6] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىشلار
ھازىر ئامان قالغان خەلقىمگە مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن
مەن ئۈچۈن ئىمكانسىز ئەمەستۇر! بۇ مەن قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»
[7] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن خەلقىمنى
كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىشتىكى ئەللەردىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەكېلىمەن.
[8] ئۇلارنى يېرۇسالېمدا ياشاشقا قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن. ئۇلار مېنىڭ
خەلقىم بولىدۇ، مەن ساداقەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن ئۇلارنىڭ
خۇداسى بولىمەن.»
[9] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئىبادەتخانامنى
قايتا قۇرۇپ چىقىشقا جاسارىتىڭلار بولسۇن! بۇ سۆزلەرنى بۇرۇن
ئىبادەتخانامنىڭ ئۇلى سېلىنغان كۈنى پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەنىدى
ۋە بۈگۈنمۇ سىلەر بۇ سۆزلەرنى يەنە ئاڭلاۋاتىسىلەر. [10] ئىبادەتخانا
قۇرۇلۇشىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئادەملەرمۇ ۋە ھايۋانلارمۇ ئۆز
مېھنىتىگە يارىشا ھەققىنى ئالالمايتتى. دۈشمەن سەۋەبىدىن
ھېچكىم خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلمەيتتى. مەن ھەممىنى
بىر-بىرىگە قارشى قىلىپ قويغانىدىم. [11] لېكىن ھازىر مەن ئامان
قالغان بۇ خەلقىمگە بۇرۇنقىدەك مۇئامىلە قىلمايمەن. [12] خەلقىم
خاتىرجەم ھالدا زىرائەتلەرنى تېرىيدۇ. ئۈزۈم تاللىرى ساپاق-
ساپاق ئۈزۈملەرگە تولىدۇ. ئاسماندىن شەبنەم چۈشۈپ، زېمىن
مول ھوسۇل بېرىدۇ. مەن ئامان قالغان خەلقىمگە بۇ بەختنى ئاتا
قىلىمەن. [13] ئەي يەھۇدىيە ۋە ئىسرائىلىيە خەلقلىرى، ئىلگىرى
سىلەر ئەللەر ئارىسىدا لەنەتكە قالغان خەلق دەپ ئاتالغان بولساڭلار،

ئەمدىلىكتە مەن سىلەرنى قۇتقۇزىمەن. سىلەر بەخت مەنبەسى
بولىسىلەر، شۇڭا قورقماڭلار، بەلكى جاسارەتلىك بولۇڭلار!»
14 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرى
ئەجدادلىرىڭلار غەزىپىمنى قوزغىغاندا، مەن ئۇلارغا بالايىئاپەت
ئېلىپ كېلىشنى قارار قىلىپ، قارارىمدىن يانمىغانىدىم. 15 شۇنىڭغا
ئوخشاش، ئەمدى مەن يېرۇسالېم ۋە يەھۇدىيە خەلقىگە ياخشىلىق
قىلىشنى قەتئىي قارار قىلدىم. سىلەر قورقماڭلار، 16 لېكىن مۇنداق
قىلىڭلار: بىر-بىرىڭلارغا راستچىل بولۇڭلار، ھۆكۈمدە ئادىل
بولۇپ، تىنچلىق ئورنىتىڭلار. 17 قەلبىڭلاردا بىر-بىرىڭلارغا
يامانلىق ئويلىماڭلار. يالغان قەسەم قىلىشتىن توختاڭلار، چۈنكى
مەن بۇ ئىشلاردىن نەپرەتلىنىمەن. بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر.»

## روزا تۇتۇش توغرىسىدىكى سوئال

18 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگاردىن ماڭا ۋەھيي كەلدى. 19 ئۇ
مۇنداق دەيدۇ: «ياز بېشى، ياز ئوتتۇرىسى، كۈز، قىش ئايلىرىدىكى
روزا تۇتۇش كۈنلىرى يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ خۇشاللىق بىلەن
تەنتەنە قىلىدىغان بايراملىرىغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا سىلەر ھەقىقەت
ۋە تىنچلىقنى سۆيۈڭلار.»
20 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق
زامانلار كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا نۇرغۇن ئەللەر ۋە نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ
ئاھالىلىرى يېرۇسالېمغا كېلىدۇ. 21 بىر شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى
يەنە بىر شەھەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ‹يۈرۈڭلار،
تېز بولۇڭلار! پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە ئىلتىپات قىلىشىنى تىلەيلى،
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلايلى! يۈرۈڭلار، بىز
بىرگە بارايلى!› دېيىشىدۇ. 22 كۆپ خەلقلەر ۋە كۈچلۈك ئەللەر
يېرۇسالېمغا كېلىپ، مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارغا ئىبادەت
قىلىدۇ ھەم مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئىلتىپات قىلىشىمنى تىلەيدۇ.»
23 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئاشۇ كۈنلەردە
ھەر خىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان، ھەر خىل ئەللەرگە مەنسۇپ ئون
ئادەم بىر يەھۇدىينىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئۇنىڭغا:

‹بىزمۇ سىز بىلەن بىرگە بارايلى! چۈنكى بىز خۇدانىڭ سىلەرگە
يار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق› دېيىشىدۇ.»

## ئىسرائىلىيە دۈشمەنلىرىنىڭ جازالىنىشى

9 [1] بۇ پەرۋەردىگارنىڭ خادراك زېمىنى ۋە دەمەشق
شەھىرىگە قارشى چۈشۈرگەن ۋەھىيسىدۇر.
پەرۋەردىگار ھەقىقەتەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھەم بارلىق
ئىسرائىللارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.
[2] ئۇ خادراكقا چېگراداش بولغان خاماتنىمۇ كۆرۈپ تۇرىدۇ.
گەرچە تىر ۋە سىدونلۇقلار ئۆزلىرىنى ناھايىتى ئەقىل-
پاراسەتلىك ھېسابلىسىمۇ،
ئۇلارنىمۇ پەرۋەردىگار كۆرۈپ تۇرىدۇ.
[3] تىر خەلقى ئۆزلىرى ئۈچۈن پۇختا سېپىل ياسىدى.
ئۇلارنىڭ بايلىقىدىن كۈمۈشلىرى توپىدەك، ئالتۇنلىرى
كوچىلاردىكى لايدەك دۆۋىلەندى.
[4] لېكىن ئىگىمىز ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى تارتىۋالىدۇ.
دېڭىزدىكى ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدۇ.
تىر شەھىرى ئوتقا يەم بولىدۇ.
[5] ئاشقېلون خەلقى بۇنى كۆرۈپ، قورقۇپ كېتىدۇ.
گازا خەلقىمۇ، ئازابتىن تولغىنىدۇ.
ئەقرون خەلقىمۇ ئۈمىدسىزلىنىدۇ.
گازانىڭ پادىشاھى ئۆلتۈرۈلىدۇ،
ئاشقېلون ئادەمسىز قالىدۇ.
[6] ئاشدود شەھىرىدە نەسلى بۇزۇلغان خەلقلەر ياشايدۇ.
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«مەن فىلىستىيەلىكلەرنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى
يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن.
[7] ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن قېنى بار ھارام گۆشلەرنى،
چىشلىرىدىن يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى تارتىپ
چىقىرىمەن.

فىلىستىيەلىكلەردىن ئامان قالغانلىرى مەن پەرۋەردىگارغا
تەۋە بولۇپ،
يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ.
ئەقرون خەلقى يەبۇسلاردەك خەلقىم قاتارىدىن ئورۇن
ئالىدۇ.
8 دۈشمەنلەرنىڭ بېسىپ كىرمەسلىكى ئۈچۈن،
ئۆز ئىبادەتخانامنى قوغدايمەن.
يات خەلقلەر ئەمدى خەلقىمگە زۇلۇم سالالمايدۇ،
چۈنكى مەن زېمىنىمنى كۆزىتىپ تۇرىمەن.»

## كەلگۈسىدىكى پادىشاھ

9 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«شادلان ئەي سىئون قىزى،
چۇقان سال قىزىم يېرۇسالېم!
مانا، پادىشاھىڭ يېنىڭغا كېلىۋاتىدۇ.
ئۇ كىچىك پېئىلدۇر، ئۇ ئېشەككە،
يەنى تەخەيگە مىنىپ كېلىۋاتىدۇ.
10 مەن ئىسرائىلىيەدىن جەڭ ھارۋىلىرىنى،
يېرۇسالېمدىن جەڭ ئاتلىرىنى يوقىتىمەن.
ئۇرۇش قورالىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلايمەن.
ئاندىن ئۇ ئەللەرگە تىنچلىق جاكارلار.
ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دېڭىزدىن دېڭىزغىچە،
فىرات دەرياسىدىن تېخىمۇ يىراق بولغان زېمىنىنىڭ
چېتىگىچە بولىدۇ.
11 سىلەر بىلەن قۇربانلىقنىڭ قېنى ئارقىلىق تۈزگەن ئەھدەم
بولغانلىقى ئۈچۈن،
سۇرگۈندىكى خەلقىڭلارنى سۇسىز ئازگالدىن ئازاد
قىلىمەن.
12 ئەي ئۈمىدۋار تۇتقۇنلار، ئۆز قورغىنىڭلارغا قايتىڭلار!
بۈگۈن شۇنداق جاكارلايمەنكى،
يوقاتقىنىڭلارنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بېرىمەن.

13 مەن يەھۇدىيەنى يادەك ئېگىمەن،
ئىسرائىلىيەنى ئوق كەبى بەتلەيمەن.
ئەي سىئون خەلقى، مەن ئوغۇللىرىڭلارنى ئويغىتىپ،
يۇنان خەلقىگە قارشى ھۇجۇم قىلدۇرىمەن.
مەن سىلەرنى جەڭچىلەرنىڭ قىلىچىدەك ئىشلىتىمەن.»

14 پەرۋەردىگار ئۇلارغا ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ،
پەرۋەردىگارنىڭ ئوقلىرى خۇددى چاقماقتەك ئۇچىدۇ.
ئىگىمىز پەرۋەردىگار بۇرغا چېلىپ،
جەنۇبتىن چىققان بورانلار ئارىسىدا كېلىدۇ.
15 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار ئۆز خەلقىنى قوغدايدۇ.
ئۇلار سالغا بىلەن تاش ئېتىپ،
دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.
ئۇلار جەڭدە مەستلەردەك چۇقان سالىدۇ،
قۇربانلىق سۇپىسىنىڭ بۇرجەكلىرى قانغا مىلەنگەندەك،
ئۇلار دۈشمەنلىرىنىڭ قېنىغا مىلىنىدۇ.
16 ئۇ كۈنى پەرۋەردىگارىمىز خۇدا ئۆز خەلقىنى
خۇددى پادىچى ئۆز پادىلىرىنى قۇتقۇزغاندەك قۇتقۇزىدۇ.
ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ زېمىنىدا خۇددى پادىشاھنىڭ
تاجىدىكى ياقۇتلاردەك چاقنايدۇ.
17 ئۇلار نەقەدەر قالتىس، نەقەدەر گۈزەل-ھە!
ئاشلىق ۋە شارابلار يىگىت-قىزلارغا قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز خەلقىنى قايتىدىن يىغىشى

10 1 باھار پەسلىدە پەرۋەردىگاردىن يامغۇر تىلەڭلار،
قارا بۇلۇت، چاقماقنى ياراتقان پەرۋەردىگاردۇر.
ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن يامغۇر ياغدۇرۇپ،
ئېتىزلارنى كۆكەرتىدۇ.
2 بۇتلاردىن مەسلىھەت سوراش بىھۇدىدۇر.
پالچىلارنىڭ سالغان پاللىرى يالغاندۇر.
ئۇلارنىڭ چۈشلەرگە تەبىر بېرىشلىرى تۇتۇرۇقسىزدۇر.

ئۇلار قۇرۇق تەسەللى بېرىشىدۇ.
شۇڭا خەلق ئازغان قويلاردەك يۈرۈشىدۇ،
پادىچىسىز قېلىپ ئازاب ئىچىدە قىينىلىدۇ.

3 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«خەلقىمنىڭ سەركىلىرىگە غەزەپلىنىمەن.
مەن بۇ يېتەكچىلەرنى جازالايمەن.
مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار پادىلىرىمغا،
يەنى يەھۇدىيە خەلقىگە كۆڭۈل بۆلىمەن.
مەن ئۇلارنى كۈچلۈك جەڭ ئاتلىرىغا ئايلاندۇرىمەن.
4 يەھۇدىيە خەلقىدىن خۇددى ئۇل تېشىدەك،
چېدىر قوزۇقىدەك،
جەڭ ئوقياسىدەك يېتەكچىلەر چىقىدۇ.
5 ئۇلار جەڭ مەيدانىدىكى باتۇرلاردۇر.
ئۇلار كوچىدىكى لايىنى چەيلىگەندەك دۈشمەنلىرىنى
چەيلەيدۇ.
ئۇلار جەڭ قىلىدۇ، چۈنكى مەن پەرۋەردىگار ئۇلارغا
ياردۇرمەن.
ئۇلار دۈشمەنىنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرىنى نومۇستا قويىدۇ.

6 مەن يەھۇدىيە خەلقىنى كۈچلۈك قىلىمەن،
ئىسرائىلىيە خەلقىنى قۇتقۇزىمەن،
ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن.
مەن ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت كۆرستىمەن.
ئۇلار ئۆزلىرىنى ھېچقاچان رەت قىلىنمىغاندەك ھېس
قىلىشىدۇ.
مەن ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى خۇدادۇرمەن،
ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سالىمەن.
7 ئىسرائىلىيە خەلقى خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى باتۇرلاردەك
بولىدۇ.
ئۇلار شارابتىن ھۇزۇرلانغاندەك خۇشاللىقتا چۆمىدۇ.

بۇلارنى كۆرۈپ، پەرزەنتلىرىمۇ خۇشال بولۇشىدۇ
ۋە مەن پەرۋەردىگاردىن شادلىنىدۇ.

8 مەن ئىسقىرتىپ، ئۇلارنى يىغىمەن.
ئۇلارنى چوقۇم قۇتقۇزىمەن.
ئۇلارنىڭ سانى بۇرۇنقىدەك كۆپ بولىدۇ.
9 گەرچە مەن ئۇلارنى يات ئەللەرگە چېچىۋەتكەن بولساممۇ،
ئۇلار ئاشۇ يىراق جايلاردا مېنى ئەسكە ئالىدۇ.
ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى هايات قېلىپ،
ئىسرائىلىيەگە قايتىپ كېلىدۇ.
10 مەن ئۇلارنى مىسىردىن قايتۇرۇپ كېلىمەن،
ئاسسۇرىيەدىن يىغىپ ئەكېلىمەن.
مەن ئۇلارنى گىلئاد هەم لىۋان زېمىنلىرىغىچە
ئورۇنلاشتۇرىمەن،
هەتتا بۇ جايلارمۇ ئۇلارغا تارلىق قىلىدۇ.
11 خەلقىم كۈلپەت دېڭىزىدىن ئۆتكەندە،
دولقۇنلار پەسلەيدۇ.
نىل دەرياسىنىڭ چوڭقۇر سۇلىرى قۇرۇيدۇ.
ئاسسۇرلارنىڭ هەيۋىسى سۇنىدۇ.
مىسىرلىقلارنىڭ سەلتەنەت هاسىسى يوقىلىدۇ.
12 مەن پەرۋەردىگار خەلقىمنى كۈچلۈك قىلىمەن،
ئۇلار مېنىڭ يولۇمدا ماڭىدۇ.
بۇ مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.»

## زوراۋان پادىشاهلارنىڭ زاۋال تېپىشى

11 1 ئەي لىۋانلىقلار، قوۋۇقلىرىڭلارنى ئېچىڭلار!
يالقۇنلۇق ئوت كېدىر دەرەخلىرىڭلارنى يالماپ
يۇتسۇن.
2 ئەي قارىغايلار، يىغلاڭلار،
چۈنكى كېدىر دەرەخلىرى ئۆرۈلدى.
هەيۋەتلىك دەرەخلەر ۋەيران بولدى.

ئەي باشاننىڭ دۇپ دەرەخلىرى، ھازا تۇتۇپ يىغلاڭلار،
چۈنكى قويۇق ئورمانلىقلار كېسىلدى.
3 پادىچىلارنىڭ يىغا-زارلىرىغا قۇلاق سېلىڭلار،
چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇنبەت يايلاقلىرى نابۇت قىلىندى.
شىرلارنىڭ ھۆركىرەشلىرىگە قۇلاق سېلىڭلار،
چۈنكى ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى چاتقاللار نابۇت
قىلىندى.

## ئىككى خىل پادىچى

4 پەرۋەردىگارىم خۇدا ماڭا مۇنداق دېدى:
– سەن بېرىپ بوغۇزلىنىشقا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان قويلارغا
پادىچى بولغىن! 5 قوي سېتىۋالغۇچىلار قويلارنى بوغۇزلايدۇ،
لېكىن جازالانمايدۇ. قوي ساتقۇچىلار: «خۇداغا شۈكۈر، مەن باي
بولدۇم!» دەيدۇ. ھەتتا پادىچىلارنىڭمۇ قويلارغا رەھمى كەلمەيدۇ.
6 مەن پەرۋەردىگار دەيمەنكى، بۇ زېمىندىكى كىشىلەرگە ئەمدى
رەھىم قىلمايمەن. مەن ئۇلارنى بىر-بىرىنىڭ ھەم پادىشاھىنىڭ
قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇلار بۇ زېمىننى ۋەيران قىلىدۇ، مەن
ھېچكىمنى قۇتقۇزمايمەن.
7 شۇنىڭ بىلەن مەن زەكەرىيا بوغۇزلانماقچى بولغان قويلارغا
پادىچى بولدۇم. مەن قولۇمغا ئىككى تاياق ئالدىم. ئۇلارنىڭ بىرىنى
«شاپائەت» تايىقى، يەنە بىرىنى «ئىناقلىق» تايىقى دەپ ئاتىدىم
ۋە پادىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىم. 8 بىر ئاي ئىچىدە مەن ئۈچ
پادىچىنى ھەيدىۋەتتىم. قويلارغا سەۋر-تاقىتىم قالمىدى. قويلارمۇ
مەندىن بىزار بولدى. 9 مەن ئۇلارغا مۇنداق دېدىم:
– سىلەرنىڭ پادىچىڭلار بولۇشنى خالىمايمەن. ئۆلىدىغانلىرى
ئۆلۈۋەرسۇن، ھالاك بولىدىغانلىرى ھالاك بولۇۋەرسۇن، ساق
قالغانلىرى بىر-بىرىنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشسۇن.
10 مەن «شاپائەت» دەپ ئاتالغان تاياقنى قولۇمغا ئېلىپ سۇندۇرۇپ،
پەرۋەردىگارنىڭ ھەممە ئەللەر بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنى بىكار
قىلغانلىقىنى جاكارلىدىم. 11 شۇ كۈنى ئەھدە بىكار بولدى. مېنى

كۆزىتىپ تۇرغان زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار بۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ
سۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. [12] ئاندىن مەن ئۇلارغا:
— ئەگەر سىلەر ماڭا ئىش ھەققى بېرىشنى لايىق كۆرسەڭلار،
بېرىڭلار، بەرمىسەڭلارمۇ ئىختىيارىڭلار، — دېدىم. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار ماڭا ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگە بەردى.
[13] ئاندىن پەرۋەردىگار ماڭا:
— ئۇنى كۇلالچىغا تاشلاپ بەر! بۇ ئۇلارنىڭ ماڭا لايىق كۆرگەن
ئەڭ ياخشى باھاسىكەن! — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ئوتتۇز تەڭگىنى ئېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ
ئىبادەتخانىسىدىكى كۇلالچىغا تاشلاپ بەردىم. [14] ئاندىن مەن
«ئىناقلىق» دەپ ئاتالغان ئىككىنچى تاياقنى قولۇمغا ئېلىپ،
سۇندۇرۇۋەتتىم. شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىيە بىلەن ئىسرائىلىيە
ئارىسىدىكى ئىناقلىقنى بۇزۇپ تاشلىدىم.
[15] ئاندىن پەرۋەردىگار ماڭا مۇنداق دېدى:
— سەن يەنە پادىچىنىڭ نەرسىلىرىنى قولۇڭغا ئېلىپ، پادىچى
بولغىن. ئەمما بۇ قېتىم نادان پادىچى بولغىن. [16] چۈنكى مەن
بۇ زېمىندا ھالاك بولغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايدىغان،
ئازغانلارنى ئىزدىمەيدىغان، يارىلانغانلارنى ساقايتمايدىغان، ساقلارنى
ئوتلاتمايدىغان پادىچىدىن بىرنى تەيىنلەيمەن. ئۇ سېمىز قويلارنى
سويۇپ يەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ تۇياقلىرىنىمۇ يۇلۇپ تاشلايدۇ.

[17] پادىلىرىنى تاشلىۋەتكەن ناچار پادىچىنىڭ ھالىغا ۋاي!
قىلىچ ئۇنىڭ بىلىكىنى چاپسۇن،
ئوڭ كۆزىنى ئويسۇن!
قولى قۇرۇسۇن،
ئوڭ كۆزى كور بولسۇن!

## يېرۇسالېمنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى

12 [1] بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىلىيە توغرىسىدىكى ۋەھىيسىدۇر.
ئاسماننى يېيىپ، زېمىننىڭ ئۇلىنى قويغان، ئىنسانغا روھ
ئاتا قىلغان پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:

2 «مەن يېرۇسالېمنى ئەتراپىدىكى ئەللەرنى مەست قىلىپ
قويىدىغان بىر قەدەھ شاراب قىلىپ قويىمەن. ئۇلار يېرۇسالېمنى
قورشىۋالغاندا، يەھۇدىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىمۇ قورشاۋغا ئېلىنىدۇ.
3 ئۇ كۈن كەلگەندە، مەن يېرۇسالېمنى مىدىرلاتقىلى بولمايدىغان
تاش قىلىمەن. ئۇنىڭغا قارشى بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلغان بارلىق
ئەللەر ئۇنى يۆتكىمەكچى بولسا، ئۆزلىرىنى يارىلاندۇرىدۇ. 4 مەن
پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيمەنكى، ئۇ كۈن كەلگەندە، بارلىق ئاتلارنى
ئۈركۈتىمەن ۋە ئات ئۈستىدىكى لەشكەرلەرنى ئەقلىدىن ئازدۇرىمەن.
مەن يەھۇدىيەگە ھامىيلىق قىلىمەن، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ
ئاتلىرىنى كور قىلىمەن. 5 يەھۇدىيەنىڭ يېتەكچىلىرى ئۆزلىرىگە
شۇنداق دېيىشىدۇ: ‹يېرۇسالېم ئاھالىلىرى قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگاردىن كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشىدۇ›.
6 ئۇ كۈن كەلگەندە، مەن يەھۇدىيەنىڭ يېتەكچىلىرىنى ئوتۇن
ئارىسىدىكى چوغ، سامان ئارىسىدا يېنىپ تۇرغان مەشئەل قىلىمەن.
ئۇلار ھەر تەرەپتىن قورشاۋغا ئالغان بارلىق ئەللەرنى كۆيدۈرۈپ
تاشلايدۇ. يېرۇسالېم خەلقى ئۆز جايىدا، يەنى يېرۇسالېمدا ئامان-
ئېسەن ياشايدۇ. 7 مەن پەرۋەردىگار ئالدى بىلەن يېرۇسالېمنىڭ
سىرتىدىكى يەھۇدىيە خەلقىگە غەلىبە ئاتا قىلىمەن. شۇنداق
بولغاندا، داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە يېرۇسالېم خەلقىنىڭ ئېرىشكەن
شان-شەرەپلىرى باشقا يەھۇدىيە خەلقىنىڭ شان-شەرەپلىرىدىن
ئېشىپ كەتمەيدۇ. 8 ئۇ كۈن كەلگەندە، مەن پەرۋەردىگار يېرۇسالېم
خەلقىنى قوغدايمەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئاجىزلىرىمۇ
پادىشاھ داۋۇتتەك كۈچلۈك بولىدۇ. داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرى خەلقىنىڭ
ئالدىدا خۇددى ماڭا ۋە مېنىڭ پەرىشتەمگە ئوخشاش يول باشلايدۇ.
9 ئۇ كۈن كەلگەندە، مەن يېرۇسالېمغا قارشى چىققان بارلىق
ئەللەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاتلىنىمەن.

## نەيزە تىقىلغۇچى ئۈچۈن تۇتۇلغان ھازا

10 مەن داۋۇت ئەۋلادلىرى ۋە يېرۇسالېم خەلقىنى مېھىر-شەپقەت
روھىغا ۋە دۇئا ئىستىكىگە چۆمدۈرىمەن. ئۇلار ماڭا، يەنى ئۆزلىرى
نەيزە تىققۇچىغا قارايدۇ. ئۇلار خۇددى يالغۇز پەرزەنتىگە ماتەم

تۇتقاندەك ماتەم تۇتىدۇ ۋە تۇنجى پەرزەنتىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن
هازا ئاچقاندەك، قاتتىق هازا ئېچىشىدۇ. [11] ئۇ كۈن كەلگەندە،
يېرۇسالېمدا كۆتۈرۈلگەن داد-پەرياد خۇددى مىگىددو تۈزلەڭلىكىدىكى
هاداد-رىممون دېگەن جايدا كۆتۈرۈلگەن داد-پەريادقا ئوخشاش
كۈچلۈك بولىدۇ. [12] پۈتۈن ئىسرائىل زېمىنى هازا تۇتىدۇ. هەربىر
جەمەت ئايرىم-ئايرىم هالدا هازا تۇتىدۇ، شۇنداقلا ئەر ۋە ئاياللارمۇ
ئايرىلىپ هازا تۇتىدۇ. داۋۇتنىڭ جەمەتى، ناتاننىڭ جەمەتى، [13] لاۋىي
قەبىلىسى، شىمئى جەمەتىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. [14] باشقا جەمەتلەرمۇ
ئەر-ئاياللار ئايرىلىپ تۇرۇپ هازا تۇتۇشىدۇ.

13 [1] ئۇ كۈن كەلگەندە، پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە
يېرۇسالېم خەلقى ئۈچۈن بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقىدۇ.
بۇ بۇلاق ئۇلارنىڭ بارچە گۇناھلىرى ۋە ناپاكلىقىنى يۇيىدۇ.»

## بۇتلار ۋە ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ يوقىتىلىشى

[2] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇ كۈن كەلگەندە، مەن بۇ زېمىندىن بۇتلارنى يوقىتىمەن.
ئۇلارنىڭ نامى ئۇنتۇلىدۇ. مەن يەنە ساختا پەيغەمبەرلەرنى ۋە
خەلقنىڭ ناپاكلىققا ئىنتىلىش روھىنى بۇ زېمىندىن يوقىتىمەن.
[3] ئەگەر بىر ساختا پەيغەمبەر يەنە يالغاندىن ۋەھىي يەتكۈزسە،
ئۇنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا: ‹سەن ئەمدى ئۆلىسەن، چۈنكى
سەن پەرۋەردىگارنىڭ نامىدا يالغان ۋەھىي يەتكۈزدۈڭ!› دەيدۇ ۋە
ۋەھىي يەتكۈزۈۋاتقان ئۆز ئوغلىنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرىدۇ. [4] ئۇ
كۈن كەلگەندە، ساختا پەيغەمبەرلەر ۋەھىي يەتكۈزۈشتىن نومۇس
قىلىدىغان بولىدۇ. ئۇلار خەلقنى ئالداش ئۈچۈن كىيىۋالىدىغان
يۇڭدىن توقۇلغان پەيغەمبەرلىك تونلىرىنى كىيمەيدىغان
بولىدۇ. [5] ئۇلار: ‹مەن پەيغەمبەر ئەمەس، پەقەت دېھقانمەن، ياش
ۋاقتىمدىن تارتىپلا دېھقانچىلىق قىلىپ كەلدىم› دەيدۇ. [6] ئەگەر
بىرى: ‹ئۇنداقتا مەيدەڭدىكى يارا ئىزلىرى ① نەدىن كەلدى؟›

---

① 13: 6 بۇتپەرەسلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىدىن تىلەك
تىلىگەندە، بەدەنلىرىنى پىچاق بىلەن تىلىشاتتى.

دەپ سورىسا، ئۇ: ‹مەن دوستۇمنىڭ ئۆيىدە يارىلانغانىدىم›
دەپ جاۋاب بېرىدۇ.»

## پادىچى ۋە قويلارنىڭ تەقدىرى

7 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ:
«غىلاپتىن چىق ئەي قىلىچ، پادىچىمغا قارشى ئاتلان!
ماڭا يېقىن تۇرغۇچىغا قارشى چىق!
پادىچىنى ئۇر، قويلىرى پاتىپاراق بولسۇن.
مەن قوزىلارغا قارشى قولۇمنى كۆتۈرىمەن.
8 مەن پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى،
بۇ زېمىندىكى ئادەملەرنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى يوقىلىدۇ،
پەقەت ئۈچتىن بىرى تىرىك قالىدۇ.
9 مەن ئۇلارنى ئوتتا سىنايمەن.
ئۇلارنى تاۋلانغان كۈمۈشتەك پاك قىلىمەن.
ئۇلارنى ئالتۇننى تاۋلىغاندەك تاۋلايمەن.
ئۇلار مېنىڭ نامىمنى چاقىرىدۇ.
مەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىمەن.
مەن: ‹بۇلار مېنىڭ خەلقىمدۇر› دەيمەن،
ئۇلار: ‹پەرۋەردىگار بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇر› دېيىشىدۇ.»

## ئاخىر زاماندىكى پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

14 1 ئەي يېرۇسالېملىقلار، قاراڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ جازا
كۈنى يېقىنلاشماقتا! دۈشمەنلەر مال-مۈلكۈڭلارنى كۆز
ئالدىڭلاردا تالان-تاراج قىلىپ، بۆلۈشىدۇ. 2 پەرۋەردىگار بارلىق
ئەللەرنى يىغىپ، يېرۇسالېمغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرىدۇ.
شەھەر قولدىن كېتىپ، ئۆيلەر بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىدۇ، قىز-
ئاياللار دەپسەندە قىلىنىدۇ. شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېرىمى سۈرگۈن
قىلىنىپ، يېرىمى قالدۇرۇلىدۇ. 3 ئاندىن پەرۋەردىگار بۇرۇنقى
ۋاقىتلاردىكىدەك كېلىپ، يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلغان ئەللەر
بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. 4 شۇ كۈنى پەرۋەردىگار يېرۇسالېمنىڭ
شەرقىدىكى زەيتۇن تېغىغا قەدەم باسىدۇ. زەيتۇن تېغى ئىككىگە

بۆلۈنۈپ، يېرىمى شىمالغا، يېرىمى جەنۇبقا يۆتكىلىدۇ.
ئوتتۇرىسىدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كەڭ بىر جىلغا پەيدا
بولىدۇ. 5 سىلەر ئازال دېگەن جايغىچە سوزۇلغان بۇ جىلغىدىن
قېچىپ ئۆتىسىلەر. سىلەر خۇددى يەھۇدىيە پادىشاھى ئۇززىيا
دەۋرىدە خەلق يەر تەۋرەشتىن قاچقاندەك قاچىسىلەر. ئۇ ۋاقىتتا
پەرۋەردىگارىم خۇدا بارلىق پەرىشتىلىرى بىلەن بىرگە كېلىدۇ.
6 ئۇ كۈن كەلگەندە، يورۇقلۇق ھەم سوغۇق بولمايدۇ، شۇنداقلا
قىروۋمۇ چۈشمەيدۇ. 7 ئۇ كۈن ئالاھىدە بىر كۈن بولۇپ، ئۇ كۈننى
پەقەت پەرۋەردىگارلا بىلىدۇ. ئۇ كۈندە كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ
پەرقى بولمايدۇ. كەچ ۋاقتى بولغاندىمۇ يورۇق بولىدۇ.
8 ئۇ كۈن كەلگەندە، ھاياتلىق سۈيى يېرۇسالېمدىن ئېقىپ
چىقىدۇ. ئۇنىڭ يېرىمى ئۆلۈك دېڭىزغا، قالغان يېرىمى ئوتتۇرا
دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ. بۇ سۇ ياز ۋە قىش پەسلىمۇ مۇشۇنداق
ئېقىپ تۇرىدۇ.
9 پەرۋەردىگار پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ پادىشاھى بولىدۇ. ئۇ كۈن
كەلگەندە، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ يېگانە پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى
ۋە نامىنىڭمۇ يېگانە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.
10 يەھۇدىيەنىڭ شىمالىدىكى گەبادىن تارتىپ، يېرۇسالېمنىڭ
جەنۇبىدىكى رىممونغىچە بولغان بارلىق زېمىن تۈزلەڭلىككە
ئايلىنىدۇ. لېكىن يېرۇسالېم يەنىلا ئۆز جايىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.
شەھەر «بىنيامىن دەرۋازىسى»دىن كونا دەرۋازىنىڭ ئورنىغا سېلىنغان
«بۇلۇڭ دەرۋازىسى»غىچە ھەم خانانئېل مۇنارىدىن پادىشاھنىڭ
ئۈزۈم ئېزىش كۆلچەكلىرىگىچە كېڭىيىدۇ. 11 ئادەملەر ئۇ يەردە
ياشايدۇ. بۇ شەھەر ھېچقاچان قايتىدىن ۋەيران قىلىنمايدۇ.
يېرۇسالېم بىخەتەر جاي بولىدۇ.
12 پەرۋەردىگار يېرۇسالېمغا قارشى چىققان بارلىق ئەللەرگە ۋابا
بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار تىرىك مۇردىلارغا ئايلىنىپ، تەنلىرى
چىرىپ كېتىدۇ. كۆزلىرى كۆز چانىقىدا، تىللىرى ئېغىزلىرىدا
چىرىيدۇ.
13 ئۇ كۈن كەلگەندە، پەرۋەردىگار ئۇ ئەللەرنى ئالاقزادە قىلىدۇ.
ھەممە ئادەم ياقا سىقىشىپ، بىر-بىرىگە قارشى قول كۆتۈرۈشىدۇ.

[14] ھەتتا يەھۇدىيە خەلقىمۇ يېرۇسالېمدا جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئەتراپىدىكى
ئەللەرنىڭ بايلىقلىرى، يەنى ئۈلارنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش ۋە
كىيىم-كېچەكلىرى ئولجا ئېلىنىدۇ. [15] دۈشمەن قوشۇنلىرىدىكى
ئات، قېچىر، تۆگە، ئېشەك ۋە بارگاھلىرىدىكى بارلىق ھايۋانلارغىمۇ
ئوخشاشلا ۋابا تېگىدۇ.
[16] كېيىن يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلغان بارلىق ئەللەردىن ھايات
قالغانلىرى ھەر يىلى يېرۇسالېمغا كېلىپ، ئالەمنىڭ پادىشاھى،
يەنى قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىدۇ ۋە كەپە تىكىش
ھېيتىنى ئۆتكۈزىدۇ. [17] ئەگەر يەر يۈزىدىكى خەلقلەرنىڭ بىرەرسى
يېرۇسالېمغا كېلىپ، ئالەمنىڭ پادىشاھى، يەنى قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلمىسا، ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يامغۇر ياغمايدۇ.
[18] ئەگەر مىسىرلىقلار بېرىشنى رەت قىلسا، ئۇلارنىڭ زېمىنىغىمۇ
يامغۇر ياغمايدۇ. كەپە تىكىش ھېيتىغا بېرىشنى رەت قىلغان باشقا
ئەللەرگە تەگكەن ۋابا بىلەن ئۇلارغىمۇ زەربە بېرىلىدۇ. [19] مانا بۇ
كەپە تىكىش ھېيتىنى تەبرىكلەشكە بارمىغان مىسىرلىقلار ۋە باشقا
ئەللەرگە بېرىلىدىغان جازادۇر.
[20] ئۇ كۈن كەلگەندە، ئاتلارنىڭ يۈگەنلىرىدىكى قوڭغۇراقلارغا
«پەرۋەردىگارغا ئاتالدى» دېگەن خەتلەر ئويۇلىدۇ. پەرۋەردىگارنىڭ
ئىبادەتخانىسىدىكى ئادەتتىكى قازانلار قۇربانلىق سۇپىسىدا
ئىشلىتىلىدىغان داسلارغا ئوخشاش مۇقەددەس بولىدۇ.
[21] يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن يەھۇدىيەدىكى ھەربىر قازان
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارغا ئاتىلىپ، مۇقەددەس بولىدۇ.
ئىبادەت قىلىشقا كەلگەنلەر قۇربانلىقلىرىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن
ھەرقانداق قاچىنى ئىشلەتسە بولىۋېرىدۇ. ئۇ كۈن كەلگەندە،
قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئەسلا
سودا-سېتىق بولمايدۇ.

# مالاکی

1 2 3 4

# مالاكى

1 [1] بۇ پەرۋەردىگارنىڭ مالاكى پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىللارغا
چۈشۈرگەن ۋەھىيسىدۇر.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئىسرائىللارغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى

[2] پەرۋەردىگار: «مەن سىلەرگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىپ
كەلدىم» دەيدۇ.
لېكىن سىلەر: «راستمۇ، سەن بىزگە قانداق مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسەتتىڭ؟» دەپ سورايسىلەر.
پەرۋەردىگار جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: «ئەساۋ ياقۇپنىڭ ئاكىسى
ئەمەسمۇ؟ لېكىن مەن ئەجدادىڭلار ياقۇپقا مېھىر-مۇھەببەت
كۆرسەتتىم، [3] ئەمما ئەساۋنى رەت قىلدىم. ئەساۋغا تەقسىم
قىلىنغان تاغلارنى دەشت-باياۋانغا ئايلاندۇرۇپ، چىلبۆرىلەرگە
تاشلاپ بەردىم».
[4] ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئېدوملۇقلار بەلكىم: «بىزنىڭ
يۇرتىمىز ۋەيران قىلىنسىمۇ، ئەمما بىز بۇ خارابىلىكنى قايتىدىن
قۇرۇپ چىقالايمىز» دېيىشى مۇمكىن. بىراق قۇدرەتلىك سەردار
پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «بەلكىم ئۇلار يەنە قايتىدىن قۇرۇپ
چىقار، ئەمما مەن يەنە ۋەيران قىلىمەن. ئۇلارنىڭ زېمىنى ‹رەزىللىككە
تولغان زېمىن›، خەلقى ‹پەرۋەردىگارنىڭ مەڭگۈلۈك غەزىپىگە
ئۇچرىغان خەلق› دەپ نام ئالىدۇ. [5] سىلەر ئۇ ئىشلارنى ئۆز
كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ: ‹پەرۋەردىگار ئىسرائىلىيەنىڭ سىرتىدىمۇ
بۈيۈكتۇر!› دەيسىلەر.»

## پەرۋەردىگارنىڭ روھانىيلارنى تەنقىد قىلىشى

[6] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئوغۇل ئاتىسىنى،
چاكار خوجايىنىنى ھۆرمەت قىلار. ئەگەر مەن بىر ئاتا بولسام، قېنى
ماڭا بولغان ھۆرمەت؟ ئەگەر مەن بىر خوجايىن بولسام، قېنى
ماڭا بولغان ئىتائەتمەنلىك؟ سىلەر روھانىيلار مېنىڭ نامىمنى
دەپسەندە قىلدىڭلار، ئەمما سىلەر ‹قانداق دەپسەندە قىلدۇق؟›
دەپ سورايسىلەر.
[7] سىلەر ناپاك قۇربانلىقلارنى قۇربانلىق سۇپامغا قويۇپ، ماڭا
ئاتىدىڭلار. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر يەنە ‹سېنى قانداق خاپا
قىلدۇق؟› دەپ سورايسىلەر. سىلەر مېنىڭ قۇربانلىق سۇپامنى
ھۆرمەت قىلمىساقمۇ بولىۋېرىدۇ، دەپ ئويلايسىلەر. [8] سىلەرنىڭ
كور مالنى قۇربانلىق قىلغىنىڭلار توغرىمۇ؟ ئاقساق-چولاق ۋە
كېسەل مالنى قۇربانلىق قىلغىنىڭلار توغرىمۇ؟ مەن قۇدرەتلىك
سەردار پەرۋەردىگار شۇنداق دەيمەنكى، ئۆلكە باشلىقىغا شۇنداق
سوۋغات بېرىپ، سىناپ بېقىڭلارچۇ قېنى، ئۇ خۇرسەن بولامدىكىن،
ئۇ سىلەرگە ھىممەت كۆرسىتەمدىكىن؟!
[9] ئەمدى سىلەر مەن خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن
يېلىنىپ بېقىڭلار. سىلەر ئاشۇنداق قۇربانلىقلارنى سۇنساڭلار،
مەن سىلەرگە شەپقەت قىلارمەنمۇ؟!»
[10] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاراڭلاردىن
بىرىڭلار ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقىۋېتىسەڭلار بولاتتى.
شۇنداق قىلساڭلار، مېنىڭ قۇربانلىق سۇپامدا ئوت يېقىپ،
ئەرزىمەس قۇربانلىقلارنى سۇنۇپ ئولتۇرمايتتىڭلار. مەن سىلەردىن
رازى ئەمەسمەن. ئەمدى مەن سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن قۇربانلىق
قوبۇل قىلمايمەن. [11] كۈنچىقىشتىن تارتىپ كۈنپېتىشقىچە بولغان
ئارىلىقتىكى خەلقلەر مېنىڭ نامىمنى ئۇلۇغلايدۇ. ھەممە يەردە
مېنىڭ نامىمغا ئاتاپ ئىسرىق سالىدۇ ۋە پاك ھەدىيەلەرنى سۇنىدۇ.
مېنىڭ نامىم پۈتكۈل خەلقلەر ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىدۇ.
[12] ئەمما سىلەر روھانىيلار ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلدىڭلار. سىلەر
مەن ئىگەڭلارنىڭ قۇربانلىق سۇپىسىنى كۆزگە ئىلمايسىلەر. بىز

بۇ سۇپىدا ئەرزىمەس يېمەكلىكلەر ۋە قۇربانلىقلارنى سۇنساقمۇ بولىۋېرىدۇ، دەپ ئويلايسىلەر. [13] سىلەر ئىگەڭلارغا خىزمەت قىلىشنى بەك ئاۋارىچىلىك دەپ ئويلايسىلەر، مېنى مەنسىتمەيسىلەر. ئويلاپ بېقىڭلار، سىلەر ئوغرىلاپ كەلگەن ياكى ئاقساق-چولاق ۋە كېسەل هايۋانلارنى قۇربانلىق قىلساڭلار، مەن سىلەرنىڭ قوللىرىڭلاردىن شۇنداق قۇربانلىقلارنى قوبۇل قىلارمەنمۇ؟! [14] ئىگىسىگە ئۆز ماللىرى ئارىسىدىن بىجىرىم ئەركەك مالنى قۇربانلىق قىلىشقا ۋەدە قىلىپ تۇرۇپ، ئەيىبى بار بولغان مالنى قۇربانلىق قىلغان ئالدامچىغا قارغىش تەگسۇن.»

قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇلۇغ پادىشاھتۇرمەن، پۈتكۈل ئەللەر نامىمدىن ئەيمىنىدۇ.»

## پەرۋەردىگارنىڭ روھانىيلارنى ئاگاھلاندۇرۇشى

2 [2-1] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئەي
روھانىيلار، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن ئەمر. ئەگەر سۆزۈمگە
قۇلاق سالمىساڭلار ۋە نامىمنى ھۆرمەتلەشنى چىن قەلبىڭلارغا
پۈكمىسەڭلار، مەن سىلەرگە قارغىش ياغدۇرىمەن. قارغىش
ئامىتىڭلارنى ئاپەتكە ئايلاندۇرىدۇ. دەرۋەقە شۇنداق قىلدىم، چۈنكى
سىلەر نامىمنى ھۆرمەتلەشنى چىن قەلبىڭلارغا پۈكمىدىڭلار.
[3] مەن سىلەرنىڭ ئەۋلادىڭلارنى جازالايمەن ۋە سىلەرنىڭ ھېيتلاردا
قىلغان قۇربانلىقىڭلارنىڭ پوقلىرىنى يۈزۈڭلارغا سۈركەيمەن ۋە
سىلەرنى شۇ پوقلار بىلەن بىرگە تاشلىۋېتىمەن. [4] شۇندىلا سىلەر
مېنىڭ لاۋىيلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا
قىلغان ئەمرىمنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ قالىسىلەر. بۇ مېنىڭ، يەنى
مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمدۇر!
[5] لاۋىيلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنىڭ مەقسىتى ھاياتلىق ۋە
ئامانلىق ئاتا قىلىش بولۇپ، دەرۋەقە مەن بۇلارنى ئۇلارغا ئاتا
قىلدىم. بۇ ئەھدە ئۇلارنىڭ مېنى ھۆرمەتلىشى تەلەپ قىلىنغانىدى.
ھەقىقەتەن ئۇلار ماڭا ئىخلاسمەن بولدى ۋە مېنى ھۆرمەتلىدى.
[6] لاۋىيلار خەلققە ھەقىقەتنى ئۆگەتتى، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ناتوغرا
سۆزلەر چىقمىدى. ئۇلار ئىناقلىق ۋە توغرا يولدا مەن بىلەن بىرگە

ماڭدى. ئۇلار نۇرغۇن كىشىلەرنى گۇناھ يولىدىن قايتۇرۇپ كەلدى.
[7] روھانىيلارنىڭ ۋەزىپىسى پەرۋەردىگارغا ئالاقىدار ھەقىقىي بىلىمنى
ئۆگىتىشتۇر. خەلق ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلاردىن ساۋاق ئالىدۇ،
چۈنكى ئۇلار قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئەلچىلىرىدۇر.
[8] بىراق ھازىر سىلەر روھانىيلار پەرۋەردىگارنىڭ يولىدىن چەتنەپ
كەتتىڭلار. سىلەرنىڭ تەلىملىرىڭلار نۇرغۇن كىشىلەرنى گۇناھ
يولىغا باشلىدى. سىلەر مېنىڭ لاۋىيلار بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنى
بۇزدۇڭلار. [9] شۇڭا مەن سىلەرنى پۈتۈن خەلق ئالدىدا كەمسىتىلىشكە
ۋە خارلىنىشقا دۇچار قىلدىم. چۈنكى سىلەر مېنىڭ يولۇمدا ماڭماي،
كىشىلەرگە تەلىم بەرگىنىڭلاردا ئايرىمىچىلىق قىلدىڭلار.»

## نىكاھ ۋە ئاجرىشىش توغرىسىدا

[10] ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى خۇدا بىر ئەمەسمۇ؟ ھەممىمىزنى
خۇدا ياراتقان ئەمەسمۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز نېمە ئۈچۈن
بىر-بىرىمىزنى ئالداپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ خۇدا بىلەن تۈزگەن
ئەھدىسىنى بۇزىمىز؟ [11] يەھۇدىيە خەلقى پەرۋەردىگارغا
سەممىيەتسىزلىك قىلدى. ئۇلار ئىسرائىلىيەدە، ھەتتا يېرۇسالېمدا
يىرگىنچلىك گۇناھ ئۆتكۈزدى. ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنىدىغان
ئاياللار بىلەن توي قىلىپ، پەرۋەردىگار ياخشى كۆرىدىغان
ئىبادەتخانىنى بۇلغىدى. [12] ئۇلار كىم بولۇشىدىن ھەم قانداق
ھەدىيە سۇنۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى پەرۋەردىگار ئىسرائىل
خەلقىنىڭ ئارىسىدىن يوقاتقاي.
[13] سىلەر قىلغان يەنە باشقا ئىشمۇ بار. پەرۋەردىگارنىڭ قۇربانلىق
سۇپىسى كۆز يېشىڭلارغا غەرق بولدى، ئۇن سېلىپ، ئۆكسۈپ
يىغلايسىلەر. چۈنكى پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ ھەدىيەلىرىڭلارنى
پەرۋايىغا ئالمىدى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. [14] سىلەر يەنە:
«پەرۋەردىگار نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ھەدىيەلىرىمىزنى قوبۇل
قىلمايدىغاندۇ؟» دەپ سورايسىلەر. پەرۋەردىگار ياش چېغىڭلاردا
ئاياللىڭلارغا قىلغان قەسىمىڭلارغا گۇۋاھتۇر. چۈنكى سىلەرنىڭ
نىكاھلىنىپ ئالغان ھەمراھىڭلار سىلەرگە سادىق بولغان بولسىمۇ،
ئەمما سىلەر ئۇلارغا ساداقەتسىزلىك قىلدىڭلار.

[15] پەرۋەردىگار سىلەرنى ئايالىڭلار بىلەن بىر تەن، بىر جان
قىلمىغانمىدى؟! تېنىڭلار ۋە روھىڭلار پەرۋەردىگارغا مەنسۇپ
ئەمەسمۇ؟! پەرۋەردىگار سىلەردىن نېمىنى كۈتىدۇ؟ ئۇ سىلەرنىڭ
بىر تەن، بىر جان بولۇشۇڭلار ئارقىلىق خۇدا يولىدا ماڭىدىغان
پەرزەنتلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتىدۇ. شۇڭا قەلبىڭلارنى پاك
تۇتۇپ، قەدىناس ئايالىڭلارغا سادىق بولۇڭلار. [16] پەرۋەردىگار، يەنى
ئىسرائىللار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خۇدا: «مەن ئاجرىشىشتىن
نەپرەتلىنىمەن. ئاجرىشىش خۇددى بىرسىگە قىلىنغان زوراۋانلىققا
ئوخشايدۇ. شۇڭا قەلبىڭلارنى پاك تۇتۇپ، ساداقەتسىزلىك
قىلماڭلار!» دەيدۇ.

## پەرۋەردىگارنىڭ ئۆز ئەلچىسىنى ئەۋەتىشى

[17] سىلەر گەپ-سۆزۈڭلار بىلەن پەرۋەردىگارنى بىزار قىلدىڭلار.
لېكىن سىلەر: «بىز قانداق بىزار قىپتۇق؟» دەپ سورايسىلەر. سىلەر:
«پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرىدە يامانلىق قىلغۇچىلارمۇ ياخشىدۇر،
يەنە كېلىپ پەرۋەردىگار ئۇلاردىن خۇرسەندۇر» دەيسىلەر. يەنە
سىلەر: «قېنى ئادىل خۇدا؟» دەپ بىلجىرلايسىلەر.

3 [1] قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «ئەمدى
مەن پەرۋەردىگار ئۆز ئەلچىمنى ئەۋەتىمەن، ئۇ ماڭا يول
هازىرلايدۇ. ئۇ توساتتىن ئۆز ئىبادەتخانىسىغا كېلىدۇ. ئۇ سىلەر
تەلمۈرۈۋاتقان ئىگەڭلار شۇدۇر. سىلەر تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان
ئەھدە خەۋىرىنى يەتكۈزگۈچى ئەلچى ئۇنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ
چوقۇم كېلىدۇ!
[2] ئەمما ئۇ كەلگەندە، كىممۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ ئۇ زاھىر
بولغاندا، كىممۇ ئۇنىڭ ئالدىدا دەس تۇرالايدۇ؟ چۈنكى ئۇ
كۈمۈش تاۋلايدىغان ئوتقا، كىرلەرنى يۇيۇپ ئاقارتىدىغان
كۈچلۈك سوپۇنغا ئوخشايدۇ. [3] ئۇ كۈمۈشنى تاۋلايدىغان ئادەمگە
ئوخشاش لاۋىيلارنىمۇ تاۋلاپ، ئالتۇن-كۈمۈشتەك پاكلايدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەن پەرۋەردىگارغا مەن قوبۇل قىلالايدىغان
ھەدىيەلەرنى سۇنالايدۇ. [4] شۇندىلا يېرۇسالېم، شۇنداقلا پۈتۈن

يەھۇدىيەلىكلەرنىڭ سۇنغان ھەدىيەلىرى مەن پەرۋەردىگارنى
بۇرۇنقىدەك خۇرسەن قىلىدىغان بولىدۇ.
[5] شۇ چاغدا مەن سىلەرنى سوراققا تارتىمەن، مەندىن قورقمايدىغان
بارلىق سېھىرگەر، زىناخورلار، ساختا گۇۋاھچىلار، مەدىكارلارنىڭ
ئىش ھەققىگە قارا سانايدىغانلار، تۇل ئايال، يېتىم-يېسىرلارنى
خورلايدىغانلار ۋە يات ئەللەردىن بولغان مۇساپىرلارنى بوزەك
قىلىدىغانلاردىن ھېساب ئالىمەن».

## ئوندىن بىر ئۈلۈش ھەدىيە

[6] «مەن پەرۋەردىگار مەڭگۈ ئۆزگەرمەستۇرمەن. شۇ سەۋەبتىن
ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان سىلەر ھالاك قىلىنمىدىڭلار.
[7] سىلەر ئەجدادلىرىڭلار زامانىدىن تارتىپ مېنىڭ ئەمر-
پەرمانلىرىمدىن چەتنەپ، ماڭا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ
كەلدىڭلار. ئەمدى سىلەر مېنىڭ يولۇمغا قايتىپ كېلىڭلار،
مەنمۇ سىلەرگە قايتا يار بولاي. بىراق سىلەر: ‹بىز ئەزەلدىن
سېنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىڭدىن چەتنەپ كەتمىگەن تۇرساق،
قانداق قايتىمىز؟› دەپ سورايسىلەر.
[8] ئىنسان خۇدانىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىيالامدۇ؟ دەرھەقىقەت،
سىلەر مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ئوغرىلىدىڭلار. بىراق سىلەر: ‹بىز
قانداقلارچە ئوغرىلىيالايمىز؟› دەپ سورايسىلەر. سىلەر ماڭا تېگىشلىك
بولغان ئوندىن بىر ئۈلۈشنى ۋە ھەدىيەلەرنى ئوغرىلىدىڭلار.
[9] پۈتۈن خەلق مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ئوغرىلىغانلىقىڭلار ئۈچۈن،
سىلەر قارغىشقا قالىسىلەر. [10] سىلەر ئەمدى ئوندىن بىر ئۈلۈشنىڭ
ھەممىسىنى ئىبادەتخانا ئامبىرىغا ئەكېلىڭلار. ئىبادەتخانامدا
يېتەرلىك ئاشلىق بولسۇن. بۇ ئىشتا مېنى، يەنى قۇدرەتلىك
سەردار پەرۋەردىگارنى سىناپ بېقىڭلار! سىلەر مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن
جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ، سىلەرگە مول بەخت-سائادەت
ياغدۇرغانلىقىمنى كۆرىسىلەر. [11] مەن زىرائەتلىرىڭلارنى زىيانداش
ھاشاراتلارنىڭ ۋەيران قىلىشىدىن قوغدايمەن. سىلەرنىڭ ئۈزۈملىرىڭلار
پىشقۇچە چۈشۈپ كەتمەي سايىقىدا تۇرىدۇ. [12] زېمىنىڭلارنىڭ
مۇنبەتلىكىدىن بارلىق ئەللەر: ‹ئۇلارنىڭ بېشىغا بەخت قونۇپتۇ›

دېيىشىدۇ!» مانا بۇلار قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان
سۆزلىرىدۇر.

## پەرۋەردىگارنىڭ رەھىمدىللىكى

13 پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ماڭا قارشى گەپ قىلدىڭلار.
ئەمما سىلەر مەندىن: ‹بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بىز ساڭا قانداق قارشى
گەپ قىلدۇق؟› دەپ سورايسىلەر. 14 سىلەر يەنە: ‹خۇداغا ئىبادەت
قىلىش بىهۇدىدۇر. ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن ھېچ
پايدا يوقتۇر. قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ھەسرەت
چېكىپ، گۇناھلىرىمىزغا توۋا قىلىپ نېمىگە ئېرىشتۇق؟ 15 ھازىر
تەكەببۇرلار بەخت تېپىپ، يامانلىق قىلغۇچىلار گۈللەپ ياشناۋاتىدۇ.
ئۇلار خۇدانى سىناپ تۇرۇپ، يەنە جازاسىز يۈرىدىغۇ!› دەيسىلەر.»
16 پەرۋەردىگاردىن ئەيمەنگۈچىلەر بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئۆزئارا
پاراڭلاشقاندا، پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى.
پەرۋەردىگاردىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭ نامىنى ھۆرمەتلىگۈچىلەرنىڭ
ئىسمى پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىدا يازمىغا پۈتۈلدى.
17 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھۆكۈمىمنى
ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئاشۇ كۈندە، مەندىن ئەيمەنگۈچىلەر ماڭا
مەنسۇپ بولۇپ، مېنىڭ قىممەتلىك خەلقىم بولىدۇ. خۇددى ئاتا
ئۆزىنىڭ ۋاپادار بالىسىغا رەھىم قىلغاندەك، مەنمۇ ئۇلارغا رەھىم
قىلىمەن. 18 شۇ چاغدا سىلەر مېنىڭ ھەققانىي ئادەم بىلەن رەزىل
ئادەمنى، ماڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم بىلەن قىلمايدىغان ئادەمنى
پەرقلەندۈرىدىغانلىقىمنى بىلىپ قالىسىلەر.»

## پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكۈم كۈنىنىڭ يېقىنلىشىشى

4 1 قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق
بىر كۈن كېلىدۇكى، ئۇ كۈن خۇددى لاۋۇلداپ ئوت كۆيىۋاتقان
تونۇردەك بولىدۇ. ئۇ كۈنى تەكەببۇرلار ۋە يامانلىق قىلغۇچىلار
پاخالدەك كۆيدۈرۈپ تاشلىنىدۇ. ئۇلاردىن نە يىلتىز، نە شاخ-
شۇمبا قالمايدۇ. 2 ئەمما مېنىڭ نامىمنى ھۆرمەتلىگەن سىلەرگە
بولسا ئادالەتنىڭ قۇياشى چىقىپ، شىپالىق نۇرلىرىنى چاچىدۇ.

سىلەر يايلاقتا قويۇۋېتىلگەن موزايلاردەك شادلىنىپ، سەكرەپ يۈرىسىلەر. [3] مەن ھۆكۈمۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈندە، سىلەر يامانلىق قىلغۇچىلارنى خۇددى ئايىغىڭلار ئاستىدىكى كۈلدەك دەسسەيسىلەر. بۇ مەن قۇدرەتلىك سەردار پەرۋەردىگارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر.

[4] مەن سىناي تېغىدا خىزمەتكارىم مۇسا ئارقىلىق بارلىق ئىسرائىل خەلقىگە چۈشۈرگەن تەۋراتتىكى ئەمر-پەرمانلىرىمنى چىن قەلبىڭلارغا پۈكۈڭلار.

[5] بىلىپ قويۇڭلاركى، مەن پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن سىلەرگە ئىلياس پەيغەمبەرنى ئەۋەتىمەن. [6] ئۇ ئاتىلارنى بالىلىرىغا، بالىلارنى ئاتىلىرىغا چىن يۈرەكلىرىدىن ياراشتۇرىدۇ. شۇنداق بولمىسا، مەن بۇ زېمىنغا لەنەت ياغدۇرىمەن.»